

چاغاتاي تىلىنىڭ

ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

چاغاتاي تىلىنىڭ
ئىزاھلىق لۇغىتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن
غەنىزات غەيۇرانى، ئەكبەر ئەلى
مەسئۇل كوررېكتورى: غەنىزات غەيۇرانى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ
خەتتات: ئوبۇلقاسىم مۆمىن

چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

تۈزگۈچىلەر: مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، غەنىزات غەيۇرانى
ئىسمائىل قادىر، ئابلىمىت ئەھەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 51.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—3,000
ISBN7—228—07052—6/H. 483
باھاسى: 100 يۈەن

چاغاتاي تىلىنىڭ
ئىزاھلىق لۇغىتى

تۈزگۈچىلەر:
مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن
غەنىزات غەيۇرانى
ئىسمائىل قادىر
ئابلىمىت ئەھەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
察哈台语详解词典/艾尼扎提,买买提吐尔逊巴吾东编著
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002.3
ISBN7－228－07052－6

Ⅰ.察… Ⅱ.①黄… ②买… Ⅲ.①突厥语族—词
典②词典—突厥语族、维吾尔语 （中国少数民族语言）
Ⅳ.H510.6

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第016183号

责任编辑：艾尼扎提·艾如拉尼
买买提吐尔逊·巴吾东,艾克巴尔· 艾力
责任校对：艾尼扎提·艾如拉尼
封面设计：王洋
美 术 字：吾布力哈斯木·毛明

察哈台语详解词典 （维吾尔文）

买买提吐尔逊·巴吾东，艾尼扎提·艾如拉尼
斯马义·卡迪尔,阿布里米提·艾海提 编著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米 16开本 51.75印张 2插页
2002年4月第1次印刷 2002年4月第1版
印数:1—5,000

ISBN7－228－07052－6/H.483 定价： 100.00元

كىرىش سۆز

چاغاتاي تىلى XIV - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XX - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئورتاق قوللانغان تىل بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خاقانىيە ۋارىيانتى بىلەن ئىدىقۇت ۋارىيانتىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. شۇڭا بۇ تىل قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى، يەنى ئۇنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى. چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق جايلارنى ئۆز ئوغۇللىرىغا مىراس تەرىقىسىدە تەقسىم قىلىپ بەرگەندە ھازىرقى شىنجاڭ، ماۋارەئۇننەھر، يەتتە سۇ قاتارلىق جايلارنى چاغاتايغا بەرگەن. چاغاتاي بۇ كەڭ زېمىندا 1224 -- 1242 - يىللىرى ھاكىمىيەت تۇتقان ۋە بۇ ھاكىمىيەت تاكى 1370 - يىللارغىچە داۋاملىشىپ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن 37 كىشى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان ئەنە شۇ «چاغاتاي خانلىقى» قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خېلىدىن بېرى بۇ تىلنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دېگەن مۇۋاپىق نام بىلەن ئاتاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىل تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغاندىن بېرى (مەملىكىتىمىزنىڭ سىرتىدا ئۆتكەن ئەسىردە باشلانغان) ئىلىم ئەھلى بۇ نام بۇ ئەدەبىي تىلنى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بىرقەدەر ئېنىق ئاجرىتىپ بېرەلەيدۇ، دەپ قارىغانلىقى ھەم بۇ تىل شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ ئادەتلىنىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىلىم ساھەسىدە يەنىلا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتاش داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

چاغاتاي تىلى فونېتىكا، گراممatika ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندى جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاش بىلەن بىللە ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ خېلى زور تەسىرىگە ئۇچراپ، نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە - پارسچە سۆز - ئىبارىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقى ۋە بىرمۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئوقۇش - يېزىش ئىشلىرى ئاستا - ئاستا ئاساسەن ئەرەب - پارس تىللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب - پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان زىيالىيلار تەدرىجىي كۆپەيدى. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەنە شۇنداق كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت ئۇقۇملار ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىشقا، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار سۆزلەرنىڭ ئورنىغىمۇ ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەر ئىشلىتىشكە، ھەتتا ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر تولاراق ئەرەبچە ياكى پارسچە يېزىلىشقا يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب - پارس تىللىرىغا چوقۇنىدىغان بىر قىسىم تۈركىي تىللىق زىيالىيلار ئىچىدە «تۈركىي تىل شېئىر يېزىشقا يارىمايدۇ»، «ئەرەب تىلى ھەسەل تىل»، «پارس تىلى شېكەر تىل»، «تۈركىي تىل قوپال، تىكەنلىك تىل» دەيدىغان تۈركىي تىلدىن يۈز ئۆرۈشتەك ئىنتايىن

خاتا پىكىر ئېقىمى پەيدا بولدى. بۇ چاغدا لۇتفى، سەككاكى، خارەزمى، ئاتايى قاتارلىق شۇ زاماننىڭ تۈركىي تىللىق مەشھۇر شائىر ـ ئەدىبلىرى تۈركىي تىل بىلەن مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يېزىپ، دىۋانلار تۈزۈپ بۇ خىل ئېقىمغا زەربە بەردى. نەتىجىدە XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گراماتىكا قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ ئىختىيارىدا مىكلاپ ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەر ئىشلىتىلىدىغان بىر باسقۇچ يەنى «چاغاتاي تىلى» شەكىللەندى.

XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە چاغاتاي تىلىنىڭ ئەلشىر نەۋايىنى يادرو قىلغان ھۈسەيىن بايقارا، مۇھەممەت سالىھ، بابۇر، ئۇبەيدى، شىكەستە قاتارلىق ۋەكىللىرى مەيدانغا كېلىش بىلەن بۇ تىل زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشتى ۋە تۇراقلاشتى. بولۇپمۇ ئەلشىر نەۋايىنىڭ زور ئىستېداد ۋە تالانت بىلەن يېزىلغان ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى بۇ تىلنى كلاسسىك دەۋرگە ئېلىپ كىردى ھەم بۇ دەۋردە چاغاتاي يېزىق ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر ئالدىنقىغا نىسبەتەن سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. گەرچە چاغاتاي تىلىنىڭ بۇ ئىككى باسقۇچىدا ئەلشىر نەۋايى، لۇتفى قاتارلىق مەشھۇر شائىر ۋە ئەدىبلەر تۈركىي تىل بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، تۈركىي تىلىنىڭ ھەممىگە قادىر پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە ئۇنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان، بۇ ئارقىلىق تۈركىي تىلنى تۆۋەن كۆرۈشتەك خاھىشلارغا ئېغىر زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئىسلام مەدەنىيىتى غالىب تۇرۇۋاتقان ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىش ۋەزىيىتىنى تىزگىنلىيەلمىدى. بەلكى نەۋايى دەۋرىدە ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش سالمىقى تېخىمۇ ئۆرلىدى. شۇنىڭدەك ئەلشىر نەۋايى قاتارلىقلار ئۆزلىرىمۇ ئەسەرلىرىدە ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرىنى كۆپلەپ ئىشلىتىشتىن خالىي بولالمىدى.

چاغاتاي تىلى XVII ئەسىردىن ئېتىبارەن ئەرەب ـ پارس تىللىرى سۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى تەدرىجىي ئازىيىپ، بارغانسېرى ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا يېقىنلىشىشتەك بىر خىل يۈزلىنىش بويىچە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇ ھال XIX ئەسىردىن باشلاپ تېخىمۇ ئوچۇق گەۋدىلەندى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا خاراباتى، خىرقىتى، زەلىلى، نىزارى، زىيائى، ھىجران، موللا شاكىر، بىلال نازىم، نافىس، موسا سايرامى، ئەرشى، خەستە، شەھىدى، شەۋقى، سالاھى، مەھزۇن، نۆبىتى، قەلەندەر، سەبۇرى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، گۇمنام، موللا سىدىق يەركەندى، مۆجىزى، رەھنۇرى، مەشھۇرى، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق يۈزلەپ شائىر، ئەدىبلەر مەيدانغا كەلدى. بۇلار ئىجاد قىلغان مەيلى نەزمى مەيلى نەسرىي ئەسەرلەر ياكى تەرجىمە ئەسەرلىرى بولسۇن بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ نەۋايى مىسرالىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ نەۋايى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا يېقىنلىشىشتەك يۈزلىنىشىنىڭ بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، چاغاتاي تىلىنىڭ بۇ 300 يىلدىن ئارتۇقراق تەرەققىيات جەريانى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاش جەريانى بولدى. شۇنداق قىلىپ، 600 يىلغا يېقىن تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن چاغاتاي تىلى XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاساسەن تاماملاپ، ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ

سەھنىسىگە چىقىشىغا يول بەردى.

زاماننىڭ تەرەققىياتى، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنىڭ تېز يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى، بولۇپمۇ ئالتە ئەسىر داۋام قىلغان چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئاجايىپ مول ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىش، بىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلمەكتە. بىراق، چاغاتاي تىلىنى ئۆگىنىش، بۇ تىل بىلەن يېزىلغان ۋە بۇ تىلغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە ياردەم بەرگۈدەك سىستېمىلىقراق تۈزۈلگەن قورال كىتابلار (لۇغەتلەر) نىڭ كەملىكى بۇ قىزغىنلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پايدىسىز ئامىل بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا بىز بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىپ، چاغاتاي تىلىنى ئۆگەنگۈچى ۋە بۇ تىل بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا قىزىقىدىغانلارغا (ئومۇمەن ھاجەتمەنلەرگە) ئازراق بولسىمۇ ياردىمى بولار دېگەن مەقسەت بىلەن بۇ لۇغەتنى تۈزۈپ چىقتۇق. كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە پايدىلانغۇچىلارنىڭ لۇغەت ھەققىدىكى تەنقىدىي پىكىرلىرىنى قارشى ئالىمىز.

لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. بۇ لۇغەتكە چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ۋە چاغاتايچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن ئەرەبچە، پارسچە ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلمەيدىغان ياكى ناھايىتى كەم ئىشلىتىلىدىغان كونا ئۇيغۇرچە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن 21 مىڭدىن ئارتۇقراق كىرگۈزۈلدى.

2. سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.

3. سۆزلەر قۇرنىڭ بېشىغا ھازىرقى ئىملادىكى يېزىلىشى بويىچە قارا ھەرپ بىلەن يېزىلىپ، يېنىغا (ئوتتۇرا ئىسكوپكىنىڭ ئىچىگە) چاغاتايچە يېزىلىشى، ئۇنىڭ يېنىغا (كىچىك ئىسكوپكىنىڭ ئىچىگە) ئېتىمولوگىيىلىك (تىل تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان) قىسقارتمىلار يەنى ئەرەبچە سۆزلەرگە «ئە»، پارسچە سۆزلەرگە «پ»؛ ئەگەر بىرىككەن ياكى ياسالما سۆزلەرنىڭ بىرىنچى تەركىبىي ئەرەبچە، ئىككىنچى تەركىبىي پارسچە بولسا «ئە + پ»؛ بىرىنچى تەركىبىي پارسچە، ئىككىنچى تەركىبىي ئەرەبچە بولسا «پ + ئە» شەكلىدە بېرىلدى. مەسىلەن:

ئابدەست [آبدست] (پ) ئەپچىل، چاققان؛ ئۆتكۈر.
ئابشار [آبشار] (پ) شارقىراش، شارقىراتما.
ئابۋاب [آبواب] (ئە) ئىشىك، دەرۋازا.
ئالەمتاب [عالم تاب] (ئە + پ) دۇنيانى يورۇتقۇچى.
ئالەمسۇز [عالم سوز] (ئە + پ) جاھاننى ئۆرتىگۈچى، كۆيدۈرگۈچى.
بەخۇسۇس [بەخصوص] (پ + ئە) مەخسۇس، ئالاھىدە؛ خۇسۇسەن.
بىبەسەر [بی بصر] (پ + ئە) كۆزى يوق، كور؛ قارىغۇلارچە؛ نادان.

4. ھەربىر سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ رەقەم بىلەن ئايرىلغان مەنىلىرىگە بىر ـ ئىككىدىن نەزمىي ياكى نەسرىي مىساللار كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن:

زۇلال [زلال] (پ) 1) تىنىق، سۈزۈك، تازا، شېرىن سۇ:

كىمكى ئىچتى رەھمەتىڭ دەرياسىدىن بىر جۇرئەئى،
بارچە ئالەمدىن مۇنەززەھ بولدىيۇ بولدى زۇلال.

— مەنسۇر باخشى.

2) مەنبە؛ تەرىپ:

لەبىڭ قەندىدىن قىلدىم تەمەننا،
سېنىڭ شېرىن زۇلالىڭنى ئىشتىتىم.

— خىرقەتى.

3) شاراب، مەي:

ھەمىيەت داغى مانىئ ئولدى بەسى،
كى ئەلدىن زۇلالىغە تۇشگەي خەسى.

— نەۋايى.

زەۋجە [زوجە] (ئە) ئايال، ئايالى، خوتۇن، خوتۇنى، جۈپتى:

بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخان پادىشاھنىڭ زەۋجەلەرى ئېردى.
— مۆجىزى.

زۇلف [زلف] (پ) چاچ   چاچ ئۆرۈمى: ئىشىق ئوتىدا داغلايدۇر، زۇلفى بىلەن باغلايدۇر، ئۆكتۇرگەلى چاغلايدۇر، بۇقۇل نەزىيان ئەتمىش.
— ۋەفايى.

زۇلف دامى — چاچ قىلتىقى، چاچ تۇزىقى:
كۆڭۈل ۋەھشىسىن ئول بىر زۇلف دامىغە ئەسىر ئەتكىل،
نەچاغ سەييادلەرغە بىر كىيىك ئۆزرە تالاش ئولسۇن.
— ئەرشى.

زۇلف رۇخسار — چاچ ۋە چىراي، چاچ - يۈز:
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى قوياسكى ئول ئەغيارلار،
ئاي بۇلۇتقا بولدى پىنھان زۇلف رۇخسار ئالدىدا.
— نەۋبەتى.

5. ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزلەرگە ئۇيغۇرچە قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر بولسا، ئۇنداق سۆزلەرگە ئېتىمولوگىيىلىك (تىل تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان) قىسقارتمىلار بېرىلمىدى. مەسىلەن:

جەراھەتلىغ [جراحتليغ] جاراھەتلىك، يارىدار.
رەڭلىغ [رنك ليغ] چىرايلىق، رەڭلىك؛ مەنىلىك؛ جەزىبىلىك.

6. ھەربىر سۆزدىن كېيىن تەركىبىدە شۇ سۆز بار سۆز بىرىكمىلىرى ھازىرقى ئىملايىمىزدىكى يېزىلىشى ۋە ھازىرقى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلدى. چاغاتايچە يېزىلىشى بېرىلمىدى. مەسىلەن:

ئەبر [ابر] (پ) بۇلۇت.
ئەبرى باران — يامغۇر بۇلۇتى؛ قاتتىق يامغۇر.
ئەبرى بالا — ئاپەتلىك بۇلۇت.

جاھ [جاه] (ئە) 1) مەنسەپ، ئەمەل، مەرتىۋە. 2) دۆلەت، بايلىق. 3) بۈيۈكلۈك، شان - شەرەپ.
ئالي جاھ — يۇقىرى مەرتىۋە.
جاھ بەزمى — ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى، يۇقىرى مەنسەپ.
جاھۇجەلال — شان - شەۋكەت، مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغلۇق.

7. پېئىللارنىڭ ئاساسەن نۆل دەرىجىسى ئېلىندى. مەسىلەن:

ئاۋۇچلاماق [اوچلاماق] ئوچۇملىماق، سىقىملىماق.
تاقاشماق [تاقاشماق] تەڭلەشمەك، بەسلەشمەك.
تاڭلاماق [تانكلاماق] 1) ئاڭلىماق، قولاق سالماق، ئىشتىمەك. 2) ئەجەبلەنمەك، ھەيران قالماق، تاڭ قالماق.

لۇغەتنى تۈزۈشتە پايدىلىنىلغان لۇغەتلەر ۋە مىسال ئېلىنغان مەنبەلەر

1. «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» تاشكەنت، 1985 ـ يىل نەشرى.
2. «نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى»، تاشكەنت، 1972 ـ يىل نەشرى.
3. شەيخ سۇلايمان بۇخارى «لۇغەتى چاغاتاي»، ئىستانبول مىهران مەتبەئەسى، ھىجرىيە 1300 ـ يىل.
4. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
5. «تۈركچە قامۇس»، ئىستانبول، مائارىپ كۈتۈپخانىسى.
6. «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىل نەشرى.
7. «ئەرەبچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىل نەشرى.
8. «تۈركچە سۆزلۈك»، ئەنقەرە. 1959 ـ يىل نەشرى.
9. نەۋايى «خەمسە»، قولىيازما.
10. نەۋايى «چاھار دىۋان»، قولىيازما.
11. «دىۋانى ئەرشى»، قولىيازما.
12. «دىۋانى نەۋبەتى»، قولىيازما.
13. «دىۋانى مەشھورى»، قولىيازما.
14. ئىبراھىم ئىبن يۈسۈپ خوتەنى «مەنتىقۇت ـ تەير»، قولىيازما.
15. نەۋايى «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
16. نەۋايى «تاپمادىم»، غەزەللەر، تاشكەنت، 1989 ـ يىل.
17. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
18. مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى.
19. «زەلىلى دىۋانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى.
20. «نىزارى داستانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى.
21. «بولاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1 ـ سانىدىن تاكى 1993 ـ يىلغىچە بولغان بارلىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەر.

لۇغەتنىڭ «ئا، ئە، ت، ج، د، ر، ز، ژ، ف، غ، ك، گ، ل، ھ، ۋ، ئې، ئى، ي» ھەرپلىرىنى مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن، ئابلىمىت ئەھەتلەر؛ «ب، پ، چ، خ، س، ش، ق، م، ن، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» ھەرپلىرىنى غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىرلار ئىشلىدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن چاغاتاي يېزىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

№	ئۇيغۇر ئېلىپبە-سىدىكى ھەرپلەر	چاغاتاي يېزىقىدا ئىپادىلىنىشى		مىساللار
1	ئا	سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدا	آ عا ؤا	آدم (ئادەم) عالم (ئالەم) سؤال (سوئال)
		ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدا	ا ا ى	صدا (سەدا) مسافر (مۇساپىر) هدى (ھۇدا)
2	ئە	سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدا	ا، ئ، ع، ؤ عە أ ئە	ابد (ئەبەد) قرائت (قىرائەت) بدعت (بىدئەت) رؤساء (رۇئەساء) جمعه (جۇمئە) جرأت (جۈرئەت) نشئه (نەشئە)
		ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدا	(ـَ)	بدل (بەدەل) خبر (خەبەر)
3	ب	ب		بازار (بازار) باطل (باتىل)
4	پ	پ		پاسبان (پاسىبان) پاشنه (پاشنە)
5	ت	ت، ط ة		تاج (تاج) خط (خەت) صلاة (سەلات)
6	ج	ج		جنايت (جىنايەت) جهالت (جەھالەت)
7	چ	چ		چرخ (چەرخ) چشم (چەشم)
8	خ	خ		خاتمه (خاتىمە) خجل (خەجىل)
9	د	د		دريا (دەريا) دوست (دوست)
10	ر	ر		رحمت (رەھمەت) رخسار (رۇخسار)
11	ز	ذ ز ض ظ		ذليل (زەلىل) زبان دراز (زەبان دەراز) ضعيف (زەئىپ) ظالم (زالىم)
12	ژ	ژ		ژاله (ژالە)
13	س	ث س ص		ثابت (سابىت) سعادت (سەئادەت) صحنه (سەھنە)
14	ش	ش		شادمان (شادمان) شربت (شەربەت)
15	غ	غ		غبار (غۇبار) غلام (غۇلام)
16	ف	ف		فخر (پەخر) فرمان (پەرمان)
17	ق	ق		قبر (قەبر) قرعه (قۇرئە)

81	ك	ك		كريم (كەرىم) كلام (كەلام)
19	گ	گ		گلنار (گۈلنار) گياه (گىياھ)
20	ڭ	نگ		رنگ (رەڭ) جنگ (جەڭ)
21	ل	ل		لازم (لازىم) لشكر (لەشكەر) لغت (لۇغەت)
22	م	م		ماهيت (ماھىيەت) مدرسه (مەدرەسە)
23	ن	ن		ناطق (ناتىق) نتيجه (نەتىجە)
24	ھ	ح ھ ە		حاكم (ھاكىم) حق (ھەق) هجران (ھىجران) پادشاه (پادشاھ)
25 26 27 28	ئو ئۇ ئۆ ئۈ	سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدا	او، عو، ئو، ٶور ا ع	اوتاجى (ئوتاجى) عود (ئود) مسئول (مەسئۇل) رٶوف (رەئوف) الفت (ئۈلپەت) عشر (ئۆشر)
		ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدا	ـو (ـُ)	روح (روھ) خوب (خوب) حصول (ھۇسۇل) سرور (سۇرۇر) غصون (غوسۇن)
29	ۋ	و		وكيل (ۋەكىل) دوۋاء (دەۋاء) دولت (دەۋلەت)
30	ئې	سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدا	اي، ئي، عي، ا، ع، ئ	ايجاد (ئىجاد) جبرائيل (جەبرائىل) عيش (ئىيش) اسراف (ئىسراف) عشق (ئشق) مسائل (مەسائىل)
31	ئى	ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدا	ـيـ (ـِ يِ، ى) (ـ)	جيل (جىل) زير (زىر) غبارى (غۇبارى) بشارت (بىشارەت) مسكين (مىسكىن)
		سۆز ئاخىرىدا	ئي عي	جزئى (جۇزئى) شافعى (شافىئى)
32	ي	ى		يار (يار) يزدان (يەزدان)

چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

ا ب پ ت ث ج چ ح خ د ذ ر ز ژ س ش ص ض ط ظ ع غ ف ق ک گ نگ ل م
ن و ھ ی

ئىزاھات

1. چاغاتاي يېزىقى ئېلىپبەسىدە 33 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى بار. سوزۇق تاۋۇشلارغا مەخسۇس ھەرپ بەلگىلەنمىگەن ۋە ئېلىپبە جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلمىگەن.

2. بۇ جەدۋەلدىكى «ب پ ت ج چ خ د ر ز ژ س ش غ ف ق ک گ ل م ن و ه ی» قاتارلىق 23 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى بىلەن ئوخشاش. لېكىن «ۋ» چاغاتاي يېزىقىدا چېكىتسىز يېزىلىدۇ، «ھ» نىڭ سۆز ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان «ە» شەكلىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ شەكىل بەزى سۆزلەردە مۇشۇ شەكىل قوشۇلغان ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ «ئە» تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ: خانه (خانە)، حلقه (ھەلقە)، شیشه (شىشە)، لېكىن «ە» نىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش «ئى» تەلەپپۇز قىلىنغان بەزى سۆزلەردە ۋە باشقا ئايرىم سۆزلەردە «ھ» ئېنىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

سه (سىھ) مه (مەھ) سیاه (سىياھ) کوتاه (كوتاھ)

3. جەدۋەلدىكى «نگ» سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە «ڭ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، سۆز ئوتتۇرىسىدا بەزىدە «ن» ۋە «گ» گە ۋەكىللىك قىلىدۇ:

رەنگ (رەڭ) رنگی (رەنگى)
جنگ (جەڭ) جنگاور (جەنگاۋەر)

4. «ث ح ذ ص ض ط ظ ع» قاتارلىق سەككىز ھەرپ ئەرەب تىلىغا خاس ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر بولۇپ، چاغاتاي يېزىقىدا ئەرەب تىلىغا خاس سۆزلەرنى ئۆز ئىملاسى بىلەن يېزىش ئادەتلىنىلگەچكە بۇ ھەرپلەر ساقلاپ قېلىنغان. لېكىن بۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل فونېما بولمىغانلىقتىن «ث ص» تاۋۇشلىرى «س» بىلەن؛ «ح» تاۋۇشى «ھ» بىلەن؛ «ذ ض ظ» تاۋۇشلىرى «ز» بىلەن؛ «ط» تاۋۇشى «ت» بىلەن؛ «ع» تاۋۇشى بوغۇم بېشى بولغاندا شۇ بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن، يېپىق بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە «ئ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: علم (ئىلىم)، ممنوع (مەمنۇئ).

5. ئەلىف (ا) ئېلىپبە جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ ئايرىم بىر ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك روللىرى بار: 1) سۆز بېشىدا كېلىپ سوزۇق تاۋۇش «ئە، ئى، ئۇ» نى ئىپادىلەيدۇ: اثر (ئەسەر)، استاذ (ئۇستاز)، اسم (ئىسىم). 2) ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇم تەركىبىدە «ئا» نى ئىپادىلەيدۇ: کامل (كامىل)، جسارت (جەسارەت). 3) سۆز بېشىدا «ي، و» دىن ئىلگىرى كېلىپ ھەمزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ: ايجاد ← إيجاد (ئىجاد)، اولی ← أولی (ئۇلا)، «اي» «ئى» نى ياكى ئۇنىڭ سوزۇلما ۋارىيانتى ۋە «ئې» نى ئىپادىلەيدۇ؛ «او» «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» نى ياكى ئۇنىڭ سوزۇلما ۋارىيانتىنى ئىپادىلەيدۇ. 4) يېپىق بوغۇم ئاخىرىدىكى ھەمزە (ء) نىڭ تەگلىك ھەرپى بولىدۇ: شأن (شەئن)، بأس (بەئس).

6. بۇ جەدۋەلدىكى «و، ی» ھەرپلىرى «ۋ، ي» ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلىگۈچى بەلگە ئورنىدا كېلىدۇ. «و» ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇم تەركىبىدە كېلىپ بۇ بوغۇمنىڭ «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ: نوگ (نوگ) نفوس (نوفۇس) منقول (مەنقۇل) وقوف (ۋۇقۇف).

«ی» ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇم تەركىبىدە كېلىپ، شۇ بوغۇمنىڭ «ئى (ئې)» تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ:

تسلیم (تەسلىم) مجید (مەجىد)
سلبی (سەلبى) فارسی (فارسى)

«ى» بەزى ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا ئەلىپقا ئوخشاش «ئا» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ: صدى = صدا (سەدا) معنى (مەئنا).

7. بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىگەن لېكىن يېزىقتا ئۇچرايدىغان «ة» ئالامىتى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ «ت» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. حلاقة (ھەلاقەت) زكاة (زەكات) «وا» مەخسۇس پارسچە سۆزلەردە قوللىنىلىپ، ئىككى ئۈزۈك ئارىسىدا كەلگەندە «ئا» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

خواجه (خاجە) خوار (خار)
خواست (خاسەت) خواب (خاب)

8. چاغاتاي يېزىقىدا ئەرەب - پارس يېزىقىنىڭ ئىملاسى بويىچە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇم تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار كۆپ ھاللاردا ئايرىم ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنمەي دىئاكرىتىك بەلگىلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، بۇ بەلگىلەر مۇقەددەس كىتاب (قۇرئان) دىن ئېلىنغان نەقىل، باشلانغۇچ دەرسلىكلەر، بەزى شېئىرىي ئەسەرلەردە بېرىلگەندىن باشقا ئادەتتىكى كىتابلاردا قويۇلمىغان، لېكىن ئوقۇش جەريانىدا تولۇقلاپ ئوقۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇ بەلگىلەر تۆۋەندىكىچە:

1) «ـَ» (زەۋەر ياكى پەتھە) «ئە»نى ئىپادىلەيدۇ:
بدن (بەدەن)، بشر (بەشەر).

2) «ـِ» (زىر ياكى كەسرە) «ئى»نى ئىپادىلەيدۇ:
جسم (جىسىم)، تمثال (تىمسال)

3) «ـُ» (پېش ياكى زەممە) «ئۇ»نى ئىپادىلەيدۇ:
كتب (كۇتۇب)، بقعه (بۇقئە)

4) «ـْ» (سۇكۇن) شۇ ھەرپنىڭ يېپىق بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: ابر (ئەبر)، خصلت (خىسلەت)

5) «ـّ» (تەشدىد) ئۈستىگە مۇشۇ بەلگە قويۇلغان ئۈزۈك تاۋۇشنى تەكرارلاشنى ئىپادىلەيدۇ: معلم (مۇئەللىم) مدرس (مۇدەررىس)

6) «ـٓ» (مەد) ئەلىپنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ (آ) «ئا» ئوقۇلىدۇ: اب (ئاب)، آسار (ئاسار)

7) «ـً» (قوش زەۋەر) رەۋىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ھەم «ا» (ئەلىپ) قوشۇلۇپ «ئەن» ئوقۇلىدۇ: تماما (تەمامەن) ابدا (ئەبەدەن). ئەگەر سۆز ئاخىرىدا (ة) بولسا قوش زەۋەر شۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ، ئەلىپ قوشۇلمايدۇ: نسبةً (نىسبەتەن)، حقيقةً (ھەقىقەتەن).

8) «ء» (ھەمزە) بۇ بەلگىنىڭ سۆز ئوتتۇرىسى، سۆز ئاخىرىدا كېلىشى ئەرەب تىلىغا خاس ئادەت. ئۇ ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردە تۆۋەندىكىدەك قوللىنىلغان: ① بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەندە «ئ، ؤ و أ» ياكى «ئي، ؤو، ئو» شەكلىدە:

تأمل (تەئەممۇل) مسئله (مەسئەلە)
مؤيد (مۇئەييد) رئيس (رەئىس)
مسئول (مەسئۇل)، دقائق (دەقائىق)
رؤوف (رەئۇف) قرائت (قىرائەت)

② بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە «أ ؤ و ئ ء» شەكلىدە كېلىدۇ: مأيوس (مەئيۇس) مؤمن (مۇئمىن) هجائ (ھەجائ) ماء (مائ).

مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ………… 1
لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ………… 4
لۇغەتنى تۈزۈشتە پايدىلىنىلغان لۇغەتلەر ۋە مىسال ئېلىنغان مەنبەلەر ………… 5
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن چاغاتاي يېزىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ………… 7
لۇغەت تېكىستى ………… 1

ئا ………… 1
ئە ………… 23
ب ………… 75
پ ………… 119
ت ………… 136
ج ………… 177
چ ………… 202
خ ………… 214
د ………… 243
ر ………… 291
ز ………… 332
ژ ………… 370
س ………… 371
ش ………… 414
غ ………… 443
ف ………… 460
ق ………… 488
ك ………… 512
گ ………… 545
ل ………… 572
م ………… 587
ن ………… 656
ھ ………… 698
ئو ………… 733
ئۇ ………… 735
ئۆ ………… 741
ئۈ ………… 743
ۋ ………… 744
ئې ………… 762
ئى ………… 766
ي ………… 798

ئا

ئا [آ] 1) ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى؛ 2) ئۈندەش: ئەي! ، ھەي! . 3) بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ قاراتمىلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:

ئا يىگىت — ئەي يىگىت.

بۇلبۇلا — ھەي، بۇلبۇل.

«دېدى گۇل، بۇلبۇلا سالدىڭ فىراقىڭ»

— خىرقەتى.

نىگارا — ھەي نىگار:

يافەلەك جەۋرى نىگارا، يا سېنىڭ دەردىڭ ماڭا.

— ئاتايى.

ئاب [آب] (پ) سۇ؛ كۆچمە م: ياش.

ئاب جۇش — قايناق سۇ.

ئاب دىيدە — 1) كۆز يېشى. 2) سۇغا چىلانغان، نەمدەلگەن، ھۆللەنگەن.

ئاب رەھا — سۇ يولى، ئېرىق.

ئاب زىلال — سۈزۈك سۇ.

ئابى ئاتەش رەڭ — كۆچمە م: مەي، مۇسەللەس.

ئابى بەقا — مەڭگۈلۈك سۇيى، ھاياتلىق سۇيى:

ئەدەمدە باغلاپ ئىدىم كۆل ئاغىز خىيالىن مەن،
كى مۇندە خىزىردەك ئابى بەقا تىلەي كەلدىم

— لۇتفى.

ئابى جارى — راۋان ئېقىۋاتقان سۇ.

ئابى چەشىم — كۆز يېشى.

ئابى چەشمە — بۇلاق سۇيى.

ئابى رەۋان — ئېقىن سۇ.

ئابى زەمزەم — مەككىدىكى زەمزەم بۇلىقىنىڭ سۇيى؛ تەۋەررۈك سۇ.

ئابى زىندەگانى — «ئابى ھەيات» قا قاراڭ.

ئابى كەۋسەر — جەننەتتىكى كەۋسەر ناملىق بۇلاقنىڭ سۇيى:

ئۇد، ئەنبەر تۇفراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،
دۇررى - مارجان تاشلىرىدۇر كوھسارى كاشغەر.

— گۇمنام.

ئابى ھەيات — ئەپسانىۋى ھاياتلىق سۇيى، تىرىكلىك سۇيى؛ بۇ سۇنى ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ياشايدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۇ قانداقتۇر بىر بۇلاقتىن چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغانلىقتىن ھەم بۇ بۇلاق سۇيىگە خىزىر پەيغەمبەر مۇيەسسەر بولغان دېيىلىپ، «خىزىر سۇيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ:

گەر مۇسۇلمان زادە بولساڭ، ئۆزۈڭ ئىنساب ئەيلىگىل،
مەن سۇساپ كەتسەم ئۆلۈپ ھازىر تۇرۇپ ئابى ھەيات.

— قەلەندەر.

ئابى ھەيۋان — «ئابى ھەيات» قا قاراڭ:

خىزىر يەڭلىغ ئۆمىر ئۈچۈن ئەل ئابى ھەيۋان ئىستەسە،
بىزنى ئۆلتۈرمەككە مەھۋەش يارنىڭ زەھەر ئابى بار.

— گۇمنام.

ئابى ھىرۋان — رەھمەت سۇيى:

قىلما پىرسىز ئابى ھىرۋاندىن خىيال،
پىرسىز ئۆل سۇنى تاپماقلىق مەھال.

— خەراباتى.

ئابا [آبا] 1) ئاپا، چوڭ ئاپا؛ 2) ئاچا.

ئاباد [آباد] (پ) 1) گۈللەنگەن، ئاۋات؛ مول، پاراۋان. 2) ئوبدان، ياخشى. 3) چىرايلىق، ئېسىل.

خانەئى ئاباد — پاراۋان ئائىلە (ئۆي):

كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ قالسا، زەلىلى يېمەگىل غەم،
كىم كۆردى جۇنۇن ئىقلىمىدە خانەئى ئاباد.

— زەلىلى.

كىشۋەر ئاباد — گۈللەنگەن، ئاۋات مەملىكەت.

ئابادان [آبادان] (پ) «ئاباد» غا قاراڭ.

ئابادان نەۋكەر — ۋەزىپىسىنى ياخشى بېجىرگۈچى نۆۋكەر.

ئابادگەر [آبادگر] (پ) ئاۋات قىلغۇچى؛ ئاۋاتلىق تىلىگۈچى، ياخشىلىق كۈتكۈچى.

ئابادى [آبادى] (پ) 1) گۈللىنىش، ئاۋاتلاشماق؛ 2) ئاھالە رايونى، مەھەللە.

ئاباۋۇ ئەجداد [آباواجداد] (ئە) ئاتا - بوۋا، ئەجداد.

جەددۇ ئابا — ئاتا - بوۋا.

يەتتە ئابا — يەتتە ئاتا؛ كۆچمە م: يەتتە ئاسمان.

ئابائ [آباء] (ئە) [بىرلىكى: ئەب] 1) ئاتىلار، ئاتا - بوۋىلار، ئەجداد. 2) ئابرۇي، قەدىر - قىممەت، ھۆرمەت؛ غورۇر. 3) پارقىراق، يالتىراق.

ئاب پاش [آب پاش] (پ) 1) سۇ سەپكۈچى. 2) سۇ سەپكۈچ؛ ۋارونكا.

ئابتابە [آبتابه] (پ) 1) ئاپتۇۋا، چۆگۈن. 2) سۇ كوزىسى (كومزىكى). 3) سەپەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇ قاپىقى.

ئابخور [آب خور] (پ) 1) سۇغىرىش ئورنى. 2) سۇ مەنبەسى، بۇلاق؛ قۇدۇق. 3) كۆچمە م: تەقدىر، قىسمەت. 4) ئامەت، تەلەي، نېسىۋە.

ئابخورد [آبخورد] (پ) 1) دەم ئېلىش ئورنى، ھاردۇق ئېلىش ئورنى، قونالغۇ. 2) تەقدىر؛ 3) ئامەت، تەلەي. 4) سۇ ئىچىلىدىغان جاي، سۇ ئېلىنىدىغان جاي.

ئابخورىش [آبخورش] (پ) سۇ ئىچىلىدىغان جاي، سۇ ئېلىنىدىغان جاي.

ئابدار [آبدار] (پ) 1) مول سۇ. 2) كۆچمە م: سۈزۈك؛ تىنىق؛ ساپ؛ يالتىراق:

چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ —
يۇپ يۈزىدىن قارىسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

— تەجەللى.

3) توغرا، ئېنىق. 4) ئۆتكۈر.

ئابدار نوكتە — ئوچۇق، روشەن (تورا، ئېنىق) ھېكمەتلىك سۆز ۋە پىكىر.

خەنجەرى ئابدار — ئۆتكۈر خەنجەر، پارقىراق خەنجەر:

پۇتىغا كىيىپ مۇزەئى ھەككەدار،
بىلىگە ئاسىپ خەنجەرى ئابدار.

— موللا شاكىر.

لەئلى ئابدار — 1) تىنىق، يالتىراق لەئل؛ ساپ لەئل. 2) كۆچمە م: يارنىڭ لېۋى.

ئابدان [آبدان] (پ) «ئابادان» غا قاراڭ.

ئابدان كاغەز — ياخشى قەغەز، سىلىق قەغەز.

ئابدەست I [آبدست] (پ) 1) ئەپچىل، چاققان؛ يېنىك؛ چېۋەر؛ قولى گۈل. 2) ئۆتكۈر.

ئابدەست II [آبدست] (پ) تون، تون چاپان.

ئابدەست III [آبدست] (پ) 1) پاكىزلىماق، تازىلىماق؛ قول يۇماق. 2) تەرەتكە ئىشلىتىدىغان سۇ. 3) تەرەت ئالدىغان جاي.

ئابدەست IV [آبدست] (پ) 1) توغرا، تۈز، تۈپتۈز؛ ئادىل، دۇرۇس، ھەققانى. 2) ئوچۇق - ئاشكارا.

ئابدەھان [آب دهان] (پ) 1) شېرىق سۇ، شۆلگەي. 2) ئاغزى ئىتتىك ئادەم.

ئابرومەند [آبرومند] (پ) 1) ھۆرمەتلىك، ئىززەتلىك، قەدىردان، ئابرۇيلۇق؛ غۇرۇرلۇق. 2) سالاپەت؛ مەرتىۋە. 3) يۈز، ئابرۇي، شۆھرەت. 4) گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەن.

ئابرو(ي) [آبرو (ى)] (پ) 1) نام، ئابرۇي، ئاتاق، شۆھرەت، ھۆرمەت، نوپۇز، 2) قەدىر - قىممەت؛ غۇرۇر.

ئابشار [آبشار] (پ) شارقىراش، شارقىراتما:

دىدەدىن دەريا تۆكۈلگەن نەقلى ئۇمىد ئابشار
غۇنچەئى كۆڭلۈمنى كەلكۈن ئەيلەدى پەسلى بەھار.

— دىۋان قارى

ئابكار [آبكار] (پ) 1) سۇچى، سۇ توشۇغۇچى؛ 2) مەي ياسىغۇچى، ساتقۇچى.

ئابكەش [آبكش] (پ) 1) دەرەخنىڭ ياش نوتىسى، چىۋىق. 2) دەرەخنىڭ سۇ تارتىدىغان تومۇرى. 3) سۇ توشىغۇچى، سۇچى.

ئابگەرم [آبگرم] (پ) 1) ئارىشاڭ، ئارىشاڭ سۈيى. 2) ئىسسىق سۇ. 3) كۆز يېشى. 4) شاراب، مەي.

ئابگۈن [آبگون] (پ) 1) پارقىراق، ئۈنچىدەك، مەرۋايىتتەك، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان. 2) كۆكۈچ رەڭ. 3) شىشە، ئەينەك.

پەردەئى ئابگۈن — ئاسمان مەنزىرىسى.

چەرخى ئابگۈن — كۆچمە م: ئاسمان، پەلەك.

ئابگىر [آبگير] (پ) 1) كۆل، كۆلچەك. 2) سۇ ئېلىنىدىغان جاي. 3) قاينام، گىرداب؛ 4) (دەريا، ئۆستەڭلەرنىڭ) قىرغىقىدىكى رايون. 5) ھامام (مۇنچا) غا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى.

ئابگىن [آبگين] (پ) 1) نەملىك، ھۆللۈك؛ 2) شىشە، ئەينەك.

ئابگىنە [آبگينه] (پ) شىشە، ئەينەك؛ ئىدىش؛ ئەينەك قاچا (ئىستاكان). 3) سۇ ئېلىنىدىغان جاي. 4) ساپال سىرى.

ئاب نەبات [آب نبات] (پ) ناۋات؛ قەنت - گېزەك.

ئاب نەمەك [اب نمك] (پ) تۇز ئېرىتمىسى، تۇز سۈيى.

ئابنۇس [آبنوس] (پ) 1) قارا رەڭلىك قاتتىق خۇش پۇراقلىق دەرەخ.

تەختى ئابنۇس — ئابنۇس ياغىچىدىن ياسالغان تەخت؛ كۆچمە م: قارا، قارا تۇس.

ئابۇتاب [آب وتاب] (پ) 1) تاۋلىنىش؛ ياشناش؛ 2) يېتىلمەكلىك. 3) تىنىقلىق، ساپلىق، پارلاقلىق، لاۋۇلدىماقلىق.

ئابۇخاك [آب وخاك] (پ) 1) يەر، تۇپراق، زېمىن. 2) ۋەتەن.

ئابۇدانە [آب ودانه] (پ) 1) تۇرمۇش، تىرىكچىلىك. 2) تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، تىرىكچىلىك يولى. 3) يېمەكلىك، يېمەك - ئىچمەك. 4) قىسمەت.

ئابۇرەڭ [آب ورنگ] (پ) 1) نۇر، پارقىراق، يالتىراق.

2) جامال، ھۆسن.

ئابۇشقە [آبوشقه] 1) ئاتا. 2) بوۋاي. 3) ئەر. 4) جۈپ؛ ئەر ياكى خوتۇن؛ خوتۇننىڭ ئېرى. 5) دوست:

پەلەكتىن يېتىپ ئانچە بىتابلىق،
ئابۇشقە بىلە قىلدى ھەم خابلىق.

— ئا، نىزارى.

ئابۇگىل [آب وگل] (پ) 1) سۇ ۋە لاي، سۇ - تۇپراق (ئىنسان گەۋدىسىنىڭ يارىتىلىشىدىكى قېلىپقا ئىشارە). 2) تۇغما تەبىئەت. 3) يەر بۆلىكى. 4) ئۆي.

ئابۇ ھەۋا [آب وهوا] (پ) 1) ھاۋا، كىلىمات، ئىقلىم. 2) سۇ ۋە تۇپراق.

يۈزۈڭنى قىلۇر تازە كۆزۈم ياشىيۇ ئاھىم،
گۈل تازە بولۇر تاپسە بەلى ئابۇ ھەۋانى.

— سەككاكى.

ئابۋاب [آبواب] (ئە) ئىشىك، دەرۋازا:

ئابۋاب شادمەنلىك دايىم كۈشادە بولسۇن،
دۇنيادە باردۇرسەن دىللارنى شادمان قىل.

— دىۋان قارى.

ئابى جۇ [آب جو] (پ) 1) ئارزۇ قىلىنغان سۇ، ئىزدەلگەن سۇ:

قەددىڭىز سەۋرى رەۋانۇ لەئلىڭىز ئابى زىلال،
تەشنەلىك دەفئىغە ئابى جۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

2) ئىچىملىك (مەي ۋە شارابقا ئوخشاش).

ئابىد [عابد] (ئە) 1) تائەت - ئىبادەتنى كەم قىلمايدىغان، خۇداغا سېغىنىدىغان، تەقۋادار ئەر؛ ئىبادەت قىلغۇچى:

تەمامى ئابىدۇ زاھىد جەمالىڭ ئارزۇ ئەيلەپ،
ۋىسالىڭغە يېتەلمەي جۇملە ئالەم مەست شەيدادۇر.

— سادايى.

2) ئابىد (ئەرلەرنىڭ ئىسمى).

ئابىدە I [عابده] (ئە) 1) تائەت ئىبادەتنى كەم قىلمايدىغان، خۇداغا سېغىنىدىغان، تەقۋادار ئايال. 2) ئابىدە (خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىسمى).

ئابىدە II [آبده] (ئە) 1) قەبرە ئۈستىگە ئورنىتىلغان يادىكارلىق؛ تارىخىي ماددىي يادىكارلىق. 2) مۇھىم بىر ۋەقەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان بىنا ياكى تىكلەنگەن ھەيكەل؛ قىممەتلىك ئەسەر.

ئابىد فىرىب [عابدفريب] (ئە + پ) تەقۋادار ۋە نامازخان كىشىنى ئالدىغۇچى.

ئابى دىنار [آب دنار] (پ + ئە): شىپالىق ئۈچۈن ئىچىلىدىغان شەربەتلەر نامى:

ئېرۇر ئابى دىنار ياكىم بۇزۇر.
تاپۇر بىرغىنا ئىچسە چايىنىڭ ھۇزۇر

— موللا شاكىر.

ئابىر [عابر] (ئە) [كۆپلۈكى: ئابىرەين] ئۆتكۈچى، ئۆتۈپ كەتكۈچى، ئۆتكۈنچى، يولۇچى.

ئابىر ئەيلەمەك — ئۆتكۈزمەك، يۈرگۈزمەك.

ئابى رو [آب رو] (پ) ئابرۇي، نومۇس.

ئابى روكناباد [آب روكناباد] دەريا ئىسمى (ئىراننىڭ شىرازى ۋىلايىتىدە «رۇكناباد» دېگەن جاينىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا):

ئابى رۇكناباد، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،
خۇلددىن ئەفزۇن تۇمەنىڭ لالە زارى كاشغەر.

— گۇمنام.

ئابىلە [آبله] (پ) (تىب) 1) چىپچەك. 2) قاپارتما، سۇلۇق قاپارتما. 3) ئىشلەش ۋە كۆپ يول مېڭىش ئارقىلىق ئالىقان ۋە تاپاندا پەيدا بولىدىغان قاپارتما:

يۈزى سارىغ گۇلدى، قولى ئابىلە،
شىكەنجى زەمانغە بولۇپ شامىلە.

— ئا. نىزارى.

4) داغ.

ئابىي I [آبى] (پ) بېھى.

دەرەخت ئابىي — بېھى دەرىخى.

شەربەتى ئابىي — بېھى شەربىتى.

ئابىي II [آبى] (پ) 1) ھۆل، نەملەنگەن. 2) ھاۋارەڭ. 3) كۆچمە م: خىجىل بولۇش؛ تەرگە چۆمۈش.

ئابيار [آبيار] (پ) سۇ نازارەتچىسى، مىراپ.

ئاتابېك ~ ئاتەبېك [اتابيك] 1) تەربىيىچى. 2) ئابباسىيە دەۋرىدىكى تۈرك سەركەردىلىرىنىڭ دۆلەت باشلىقى دەرىجىسىدىكى ئەمەل نامى.

ئاتار - تۇتار [آتار توتار] 1) ئوق ئاتماق، مەرگەنلىك. 2) چاققانلىق؛ تېزلىك. 3) ئۆتكۈرلۈك؛ كەسكىنلىك. 4) شىددەت. 5) زورلۇق. 6) قىزىققانلىق، غەزەپ. 7) توپ تۈرىدىكى بىر خىل قورال ئىسمى.

ئاتاغ [آتاغ] 1) بىرەرسىگە بېغىشلانغان، ئۇنىشىپ قويۇلغان (قىز). 2) ۋەدىلەشىلگەن نەرسە. 3) نەزەردىن ئۆتكەن. 4) ۋەدە، قارار. 5) ھەسسە، قىسمەت.

ئاتاغلاماق [آتاغلاماق] ۋەدە بەرمەك، شەرت قىلماق؛ نىشانلىماق.

ئاتاغلىغ [آتاغليغ] 1) بېشى باغلاغلىق، ۋەدىلەشىلگەن (قىز):

مېھر زۇلفىغە كۆڭلى باغلىغ ئېدى،

گويىيا بۇ ئاڭا ئاتاغلىق ئىدى.

— نەۋايى.

2) يېقىنلىق.

ئاتالا [آتالا] بىر خىل تاماق تۈرى:

ياخشىدۇر شاھ قۇرس شەربەتىدىن،
پەقىر ئىچرە ئاتالا ۋە ئوماچ.

— مۇنىس.

ئاتەش [آتش] (پ) ئوت:

ئانىڭدەك بولدى بۇلبۇل زار غەمكەش،
تۇشۇپ گۈل ھۆسنىدىن جانىغە ئاتەش.

— خىرقەتى.

ئاتەش ئالۇد [آتش الود] (پ) ئوتلۇق، يالقۇنلۇق، قىزغىن.

ئاتەش ئەفرۇز [آتش افروز] (پ) 1) يالقۇنلاتماق، ياندۇرماق، تۇتاشتۇرماق. 2) ئوت ياققۇچى؛ ئوت بىلەن ئويناشقۇچى.

ئاتەش ئەفزۇن [آتش افزون] (پ) 1) زىيادە ئوت؛ كۈچلۈك ئوت. 2) ياندۇرۇلغان مەشئەل.

ئاتەش ئەنداز [آتش انداز](پ) 1) ئوت ياققۇچى؛ ئوت قالىغۇچى. 2) ئوت چاچقۇچى.

ئاتەش ئەنگىز [آتش انگىز] (پ) ئوت كۈچەيتكۈچى؛ يالقۇنلۇق:

لەبىڭ نۇقلى شەكەرتەك ئاتەش ئەنگىز،
سالۇر يۈز مىڭ كۆڭۈلدە ئاتەشى تىز.

— لۇتفى.

ئاتەشبار [آتشبار] (پ) ئوت چاچقۇچى، ئوت ياندۇرغۇچى، يالقۇنلاتقۇچى.

ئاتەشپارە [آتاش پاره] (پ) ئوت پارچىسى؛ كۆچمە م: مەڭزى قىزىل يار، ئوتتەك قىزغىن دىلبەر:

تۇرغالى بىرلە ئاتەشپارەدۇر ئول شوخكىم،
يوقتۇر بارىمنى ئانىڭ ئاياغى كۆيدۈرۈر.

— نەۋايى.

ئاتەشپەرەست [آتش پرست] (پ) ئوتقا چوقۇنغۇچى:

ئەي نەۋايى، بولدى ئول بۇت كافىرى ئاتەشپەرەست،
نى ئەجەب، ۋەھ ـ ۋەھ ئەگەر ئۆرسا جانىڭە زۇننار نار.

— نەۋايى.

ئاتەشتاب [آتشتاب] (پ) 1) ئوت نۇرى، ئوت ئىسسىقى، ئوت ھارارىتى؛ ئوت كۈچى. 2) ئوت ياققۇچى. 3) ئوت ئوچىقى.

ئاتەشخانە [آتاشخانه] (پ) 1) مەش، ئوت ئوچىقى. 2) ئوت قالايدىغان ئۆي (جاي)، ئوتخانا. 3) ئاتەشپەرەسلەر بۇتخانىسى.

ئاتەشدان [آتشدان] (پ) ئوتخانا.

ئاتەشدانلىغ [آتشدانليغ] كۆيدۈرۈش، ياندۇرۇش.

ئاتەشرىز [آتش ريز] (پ) ئوت سالغۇچى، كۆيدۈرگۈچى، ياندۇرغۇچى.

ئاتەش رىزە [آتش ريزه] (پ) ئوت پارچىسى، چوغ، ئۇچقۇن.

ئاتەش زەبان [آتش زبان](پ) قىزغىن سۆزلىگۈچى؛ سۆزى ئوتلۇق؛ تىلى راۋان.

ئاتەش زەدە [آتش زده] (پ) ئوت كەتكەن، ئوت چۈشكەن، ئۆرتەنگەن.

ئاتەش سۇخەن [آتش سخن] (پ) تۆھمەت قىلغۇچى، بوھتان چاپلىغۇچى، قارىلىغۇچى؛ ئەيىبلىگۈچى، كايىغۇچى؛ مەسخىرە قىلغۇچى، مازاق قىلغۇچى.

ئاتەش فىشان [آتش فشان] (پ) 1) ئوت چاچماق؛ ئوت چاچقۇچى. 2) يانار تاغ، ۋولقان.

ئاتەش فىشانلىغ [آتش فشانليغ] ئوت چاچماقلىق، ئوت چاچراتماقلىق.

ئاتەش فىگەن [آتش فگن] (پ) ئوت سالغۇچى، قاقشاتقۇچى:

يانە سەنسىز ئاھ ئوتى شۇئلە رەندۇر،
كى گەردۇنغە ھەر ئۇچقۇن ئاتەش فىگەندۇر.

— نەۋايى.

ئاتەشكارلىغ [آتشكارليغ] 1) ئوت ئىشلىتىش؛ ئوتتا قىزىتىش؛ ئوت يېقىش. 2) تۆمۈرچىلىك.

ئاتەشكەدە [آتشكده] (پ) ئوت پەرەسلەر ئىبادەتخانىسى؛ ئوتخانا:

ئىشق بىر ئوتدۇركى كۆڭلۈمدۇر ئاڭا ئاتەشكەدە،
ئول ۋىساقىن كۆيدۈرۈر، بىزنى ۋىساقى كۆيدۈرۈر.

— نەۋايى.

ئاتەشگاھ [آتشگاه] (پ) 1) ئوتخانا، ئوچاق؛ 2) ئوتقا چوقۇنغۇچىلار (ئاتەشپەرەسلەر) ئىبادەتخانىسى.

ئاتەشگەھ [آتشگه] (پ) «ئاتەشگاھ» قا قاراڭ.

ئاتەشگۇن [آتشگون] (پ) ئوت رەڭ، چوغقا ئوخشاش، ئوتتەك.

ئاتەشناك [آتش ناك] (پ) ئوتلۇق، يالقۇنلۇق، قىزغىن:

مېھىر ئەمەس، مەشئەل يارۇتقان قەلئەنى ئەفلاكدىن،
كىم فەلەككە سالدى ئوت رۇخسارى ئاتەشناكدىن.

— نەۋايى.

كۆچمە م: 1) يارنىڭ لېۋى. 2) قىزىل مەي.

ئاتەشناك ئىشىق — قىزغىن مۇھەببەت.

لەئلى ئاتەشناك — قىپقىزىل چوغدەك لەئل.

ئاتەشۋار [آتش وار] (پ) ئوتقا ئوخشاش، ئوتتەك، ئاتەشتەك.

ئاتەشىن [آتشين] (پ) 1) ئوتلۇق، يالقۇنلۇق:

ئۆزۈمنى ئاتەشىن ھۆسنىڭگە ئۇرسام،
ئوشۇل ئوت بىرلە كۆل بولسام، تۈزۈلسام.

— خىرقەتى.

2) ئوتتەك قىزىل؛ چوغ، چوغدەك.

ئاتەشىن ئارەز — قىزىل يۈز، مەڭزى قىزىل.

ئاتەشىن ئاھى — ئوتلۇق ئاھ:

لەئلى گۈن ياشى ئاتەشىن ئاھى،
يالغۇز ئېردى، يوق ئېردى ھەمراھى.

— تۆت ئىمام تەزكىرىسى.

ئاتەشىن لەئل — قىپقىزىل لەئل.

ئاتەشىن ئۇزار — «ئاتەشىن ئارەز» گە قاراڭ.

ئاتەشىن ۋەرد — قىپقىزىل گۈل، ئوت رەڭلىك گۈل.

ئاھى ئاتەشىن — «ئاتەشىن ئاھى» غا قاراڭ.

لەئلى ئاتەشىن — «ئاتەشىن لەئلى» گە قاراڭ.

لەئلى ئاتەشىن ئەتمەك — قىزىتماق، قىزارتماق.

ئاتقاماق [آتقاماق] قىرائەت قىلماق، يادلاپ ئوقۇماق.

ئاتىشلىغ [آتيشليغ] ئوق ئېتىشتا ماھىر، مەرگەن.

ئاتىفەت [عاطفت] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋاتىف] مېھرىبانلىق، شەپقەت، مۇرۇۋۋەت.

ئاتىقماق [آتيقماق] نامى چىقماق، مەشھۇر بولماق، شۆھرەت قازانماق، داڭق چىقارماق.

ئاتىل [عاطل] (ئە) 1) ھۇرۇن، بوشاڭ. 2) توختاپ قالغان، بوش، ئىشسىز. 3) ئۆزىنى چەتكە تارتقان.

ئاتىم [آتيم] مەنزىل، بىر ئوق يەتكۈچە ئارىلىق:

قورغاندىن دەريا بىر ئوق ئاتىمى بولغاي.

— بابۇر.

ئاج [عاج] (ئە) 1) پىل چىشى؛ پىل سۆڭىكى.

ئەي فۇزۇلى، بەن مالامەت مۈلكىنىڭ سۇلتانى يىم،
بەرقى ئاھىم تاجى زەرسىمى سەرەشكىن تەختى ئاج.

— فۇزۇلى.

2) كۆچمە م: ئاق، روشەن، يورۇق.

ئاجور [آجور] تەرخەمەك.

ئاجوز [آجوز] ئەرزان.

ئاجۇر [آجور] (پ) «ئاجىر» غا قاراڭ.

ئاجۇرپەز [آجرپز] (پ) خىش پىشۇرغۇچى.

ئاجۇن [آجون] دۇنيا، جاھان، ئالەم، دەھر:

سەندەك ئاجۇندا بىر كۆزى ئەين بەلا قانى،
مەندەك ئانىڭ جەفاسى بىلە مۇبتەلا قانى؟

— لۇتفى.

ئاجۇنلۇغ [آجونلوغ] دۇنياۋى، دۇنيالىق؛ دۇنيا بىلەن باغلىق.

ئاجى I [آجی] موماي، چوڭ ئانا.

ئاجى II [آجی] بىئارامىلىق، ئاغرىقلىق؛ كۆچمە م: خۇشياقماسلىق.

ئاجىر [آجر] (پ) خىش.

ئاجىر پارە — خىش پارچىسى.

ئاجىرغانماق [آجيرغانماق] رەھىم - شەپقەت قىلماق، ھىمايىسىگە ئالماق.

ئاجىز [عاجز] (ئە) 1) ماغدۇرسىز، زەئىپ. 2) كۈچسىز، بوش:

گۈل دۇكان شەرھىن قىلاي ئەمدى رەقەم،
گەرچە ئەۋسافىدا ئاجىزدۇر قەلەم.

— ئا. نىزارى.

3) كۆچمە م: ئىلاجىسىز، ناتەۋان:

تەلەپ قىلسە ئاجىز بالاسىن ئاتام،
ئاقىزسە ياشىنى شىكەستە ئانام.

— ئا. نىزارى.

4) كەمبەغەل، پېقىر. 5) قارىغۇ.

ئاجىزانە [عاجزانه] (ئە + پ) 1) ئاجىزلارچە، ناتەۋانلارچە. 2) ئىتائەتمەنلەرچە، تۆۋەنلىك بىلەن.

ئاجىزە [عاجزه] (ئە) 1) ئاجىز ئايال. 2) قىز بالا، قىز.

ئاجىز ناتەۋان [عاجز ناتوان] (ئە + پ) ئاجىز ۋە زەئىپ، ناھايىتى ئاجىز.

ئاجىغ [آجيغ] «ئاچىغ» قا قاراڭ.

ئاجىغلانماق [آجيغلانماق] ئاچچىقلانماق، ئازابلانماق؛ ھاياجانلانماق.

ئاجىغلىغ [آجيغليغ] ئاچچىقلىق؛ غەزەپلىك. كۆچمە م: غەملىك، قايغۇ - ئەلەملىك.

ئاجىغماق [آجغماق] ئاغرىنماق، رەنجىمەك، قايغۇلاماق.

ئاچار [آچار] 1) مېۋە - چېۋە. 2) كۆكتات. 3) مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەر.

ئاچمالىق [آچمالىق] سوپۇن؛ كىر تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر.

ئاچۇق [آچوق] 1) ئاشكارا، ئوچۇق، ئېنىق، ئېچىلغان. 2) كەشىپ قىلىنغان. 3) بوشىتىلغان. 4) هاياسىز، ئەدەپسىز.

ئاچۇن [آچون] «ئاجۇن» غا قاراڭ.

ئاچىتماق [آچيتماق] جاننى قىينىماق، ئاغرىتماق.

ئاچىغ [آچيغ] ئاچچىق، غەزەپ، دەرد، ئەلەم؛ غەم - غۇسسە؛ (كۆڭلى) غەش، خىرە:

تىلىم ئاچىغ، دىلىم قاتىغ، ئۆزۈم زالىم،
قۇرئان ئوقۇپ، ئەمەل قىلماي يالغان ئالىم.

— ئەھمەد يەسەۋي.

ئاچىغ باش [آچيغ باش] 1) بەڭۋاش، چېچىلاڭغۇ، باش - باشتاق. 2) يالاڭ باش.

ئاچىغلىق [آچيغليق] ئاچچىقلىق، غەزەپلىك؛ دەردلىك؛ ئەلەملىك، غەملىك، غەشلىك، خىرەلىك، قايغۇلۇق:

ھەم دەردىدە بار ئىدى قاتىغلىق،
ھەم ئەندىشە بار ئىدى ئاچىغلىق.

— نەۋائى.

ئاچىقگۇي [آچيق گوي] توغرا سۆزلۈك، ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىگۈچى.

ئاچىقماق [آچيقماق] ئاچ قالماق، ئېچىرقىماق.

ئاختا [آختا] پىچىۋېتىلگەن، جىنسىي بەزلىرى ئېلىپ تاشلانغان.

ئاختا ئات — پىچىۋېتىلگەن (ئاختا قىلىنغان) ئات.

ئاختا قۇل — جىنسىي بەزلىرى ئېلىپ تاشلانغان قۇل، خادىم.

ئاختاچى [آختاچى] ئات باقار؛ مىراخور (خانلىقلاردا ساراي ئاتخانىلىرىغا باشچىلىق قىلغۇچى مەنسەپدار).

ئاخسۇم [آخسوم] 1) مەست، بەك مەست. 2) پۇشايمان. 3) يۇتۇم. 4) ھەملە. 5) ئاداۋەت، گىنە؛ غۇم.

ئاخسۇملاماق [آخسوملاماق] 1) قىلىقسىزلىق قىلماق. 2) يۇتۇم - يۇتۇم ئىچمەك. 3) ئاداۋەت ساقلىماق. 4) مۇجمۇم قىلماق.

ئاخور [آخور] (پ) 1) ئوقۇر. 2) ئاتخانا؛ چوڭ ئاتخانا.

ئاخۇند [آخوند] (پ) ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشى؛ موللا، ئوقۇتقۇچى.

ئاخىر [آخر] (ئە) 1) سوڭ. 2) تۈگىگەن، پۈتكەن.

ئاخىر ئولماق — تۈگىمەك، پۈتمەك، ئاخىرىغا يەتمەك.

ئەۋۋەل ۋە ئاخىر — باشلىنىشى ۋە ئاخىرى؛ ھەر ۋاقىت.

ئەۋۋەلىنۇ ئاخىرىن — بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەر.

ئاخىرەت [آخرت] (ئە) 1) ئۇ دۇنيا، باقىي دۇنيا (ئۆلگەندىن كېيىنكى ئالەم). 2) قىيامەت. 3) دىنىي: كىشى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا باشلىنىدىغان ھايات.

ئاخىرەتلىك [آخرتليك] 1) ئۇ دۇنيالىق، باقىي دۇنيالىق؛ 2) قىيامەتلىك. 3) كۆچمە م: كېپەنلىك. 4) دىنىي چۈشەنچىدە كىشى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا باشلىنىدىغان ھاياتلىق.

ئاخىر زەمان [آخرزمان] (ئە) دىنىي چۈشەنچىدە دۇنيانىڭ، ھايات ۋە بارلىقنىڭ ئاخىرقى چاغلىرى، قىيامەتكە يېقىن قالغان زامان.

بوسۇغەدىن كۆڭگۈرە قوپتى راۋان،
دېدى: مەنەم فىتنەئى ئاخىر زەمان.

— ئەھمەدى.

ئاخىرگاھ [آخركه] (ئە + پ) ئەڭ كېيىنكى ۋاقىت.

ئاخىرۇلئەمر [آخرالامر] (ئە) ئەڭ ئاخىرىدا؛ ئەڭ ئاخىرى، ئىشنىڭ كەينىدە.

ئاخىرىن [آخرين] (ئە + پ) كېيىنكىلەر.

ئاداب [آداب] (ئە) [بىرلىكى: ئەدەب] ئىنسانىي قائىدەلەر، خۇش خۇلق، خۇش مۇئامىلىلەر، يۈرۈش - تۇرۇشتىكى ياخشىلىقلار:

ئۆتۈپ ئۆمرۈڭ ئەدا بولدى كۆزۈڭ غەفلەت ئىلە دەرخاب،
تاپىپ بىر پىرى كامىلنى نىچۈن ئۆرگەنمەدىڭ ئاداب.

— سەدائى.

ئادات [عادات] (ئە) [بىرلىكى: ئادەت] ئادەتلەر؛ كۆنۈكۈپ، سىڭىشىپ قالغان ئىش - ھەرىكەتلەر، ئەنئەنىلەر.

خەۋارىقى ئادات — ئادەتتىن تاشقىرى بولىدىغان، ئادەتكە كىرمەيدىغان ئىشلار.

ئاداش [آداش] 1) ئاخىر، ئاياغ، تامام؛ 2) ئوخشاش ئىسىملىكلەر؛ تەڭتۇشلار.

ئاداق [آداق] ئاياغ، ئاخىر؛ نىهايەت:

فۇرقەتىڭدە تۆكتى، شاھىم، كۆزلەرىم دۇررى يەتىم،
ئول ئاداقىڭغا تۇشۇپ، ھالىنى ئېيتسا تۇت قۇلاق.

— لۇتفى.

ئادەم [آدم] (ئە) كىشى، ئىنسان؛ پىكىر قىلىش، سۆزلەش ۋە ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە جانلىق زات.

ئادەم ئاتا [آدم اتا] دىنىي چۈشەنچىدە: يەر يۈزىدە تۇنجى يارىتىلغان كىشى (پەيغەمبەر)، ھاۋا ئانىنىڭ جۈپتى.

ئادەم ئەلەيھىسسەلام [آدم عليه السلام] (ئە) «ئادەم ئاتا» غا قاراڭ.

ئادەم سەفى [آدم صفى] (ئە) ئادەم ئەلەيھىسسالام.

ئادەم كۈش [آدم کش] (ئە + پ) 1) ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل؛ جاللات. 2) كۆچمە م: رەھىمسىز؛ شەپقەتسىز.

ئادەمىي [آدمی] (ئە) ئادەمزات، ئادەم بالىسى. 2) ئادەملىك، كىشىلىك، ئىنسانىي.

ئادەمىيانە [آدميانه] (ئە + پ) ئادەملەرچە، ئىنسانلارچە.

ئادەمىيەت [آدمیت] (ئە) ئىنسانىيەت، ئادەملىك.

ئادەمىيۋەش [آدمی وش] (ئە + پ) ئادەمگە ئوخشاش، ئادەم سۈپەت.

ئادى [عادى] 1) رىۋاتلەردىكى بىر قوۋم بولۇپ، ئېگىز بويلۇق، ناھايىتى چوڭ ئادەملەر، دەپ تەرىپلىنىدۇ. 2) ئىسمى، ئېتى:

بوتۇڭنى سەرۋ ئوقۇماق ئەلگە ئادەت ئولدى ۋەلي،
ئەرەم نىھالى ني نىسبەت بۇ دېۋەچە ئادى بىلەن.

— ئاتايى.

ئادىل [عادل] (ئە) ئادالەتلىك، ئىنساپلىق؛ ھەققانىي.

ئادىل نىھاد — تۈپتىن ئادالەتلىك.

ئادىم [آديم] قەدەم.

ئادىم ئاتماق — 1) قەدەم تاشلىماق. 2) كۆچمە م: ئىلگىرى سىلجىماق، ئالغا باسماق.

ئادىم ئالماق — قەدەم ئالماق.

ئادىم قويماق — 1) قەدەم باسماق، يۈرمەك. 2) بىرەر جايغا يېتىپ بارماق، ئېرىشمەك.

ئادىنە [آدينه] (پ) جۈمە (كۈنى).

ئار [عار] (ئە) 1) ئۇيات، نومۇس؛ خىجالەتچىلىك، ئۇيۇلۇش تۇيغۇسى. 2) ئابرۇي، پەخىر.

ئارا I [آرا] (پ) «بېزەك، زىننەت؛ بېزىگۈچى، زىننەتلىگۈچى» دېگەنگە ئوخشا ئۇقۇملارنى ئاڭلىتىدىغان سۆزلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچە.

ئارا ئەيلىمەك — بېزىمەك، زىننەتلىمەك.

ئالەم ئارا — دۇنيا زىننىتى.

جىلۋە ئارا — چىرايلىق جىلۋە قىلغۇچى.

خۇد ئارالىغ — مەغرۇرلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك.

دىلئارا — كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرغۇچى سۆيۈملۈك.

مەجلىسئارا — مەجلىسنى بېزىگۈچى، مەجلىسنى قىزىتقۇچى.

ئارا II [آرا] ئارا، ئوتتۇرىلىق.

ئاراغا كىرمەك — ۋاستە بولماق.

ئارالارىدا — ئوتتۇرىلىرىدا.

شول ئارادا — شۇ ئوتتۇرىدا، شۇ مۇھلەت ئىچىدە.

ئاراست [اراست] (پ) «ئاراستە» گە قاراڭ.

ئاراستە [آراسته] (پ) بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن، تەرتىپلىك، ياسىتىغلىق:

ھەمە تاملارى نەقشى ئاراستە،
كى سەڭگى رىخام بىرلە پىراستە.

— ئا. نىزارى.

ئاراستەلىق [آراستەليق] ئاۋات، تەرتىپلىك، سەرەمجانلىق؛ بېزەلگەنلىك.

ئارام [آرام] (پ) 1) تىنچ، سۈكۈنات؛ قارار. 2) راھەت، ئىستىراھەت، ھۇزۇر. 3) ئولتۇرۇپ قېلىش، بىر جايدا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرۇپ قېلىش.

ئارام ئالماق — تىنماق، بىر جايدا تىنىپ قالماق، ئىستىراھەت قىلماق.

ئارامبەخش [آرام بخش] (پ) ئارام بەرگۈچى؛ راھەت، ھۇزۇر، ئاسايىشلىق بېغىشلىغۇچى.

ئارامجوي [آرام جوي] (پ) تىنچلىق ئىزدىگۈچى؛ تىنچ جاي قىدىرغۇچى؛ ئۆز تىنچلىقىنى خالىغۇچى.

ئارامگاھ [آرامگاه] (پ) تىنچلىنىدىغان، راھەتلىنىدىغان جاي؛ ياتاقخانا.

ئارامگىر [آرامگير] (پ) 1) تىنچلانغۇچى، ئارام ئالغۇچى؛ 2) جايلاشقان، ئورناشقان.

ئارامى جان [آرامی جان] (پ) جانغا، تەنگە ئارام بېرىدىغان، راھەت، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان.

ئارامىش [آرامش] (پ) تىنچلىق، تىنچىش.

ئارامىياب [آرام ياب] (پ) ئارام ئالغۇچى، ئارام ئالغان، تىنچلانغان.

ئاراي [آراي] (پ) «ئارا I » گە قاراڭ.

ئارايىش [آرايش] (پ) بېزەك، زىننەت، پەرداز:

سۈرەتىم گۈلشەنگە ئارايىش دۇرۇر.
ھەيئەتىم كۆرگەنگە ئاسايىش دۇرۇر.

— نەۋايى.

ئارايىش تاپماق — 1) زىننەتلەنمەك، بېزەلمەك. 2) تەرتىپلەنمەك، تەھرىرلەنمەك.

ئارايىش جەھان — جاھان زىننىتى.

ئارايىش زاھىرى — تاشقى بېزەك؛ زىننەت.

ئارايىش قىلماق — تەرتىپلىمەك، بېزىمەك، پەردازلىماق، زىننەتلىمەك.

ئارايىش كۆرگۈزمەك — «ئارايىش قىلماق» قا قاراڭ.

ئارايىشى مەششاتە — بېزەكلەش، بەت زىننەتلەش تارغىقى.

ئارە [آرا] «ئارا I » گە قاراڭ.

ئارەز I [عارض] (ئە) يۈز، بەت چېھرە، چىراي، جامال

ئاتەشىن ئارەز — ئوتلۇق چىراي، قىپقىزىل چېھرە، گۈزەل يۈز:

يا رەب، ئول ئارەزمىدۇر يا لالە ئەرئەر ئۈستىنە،
يا شەقايىق بەرگىدۇر سەرۋى سەنەۋۋەر ئۈستىنە.

— ئاتايى.

قۇمۇلغان ئارەز — نۇرلۇق يۈز:

قۇمۇلغان ئارەزى جانلارغە لايىق،
ئاياقىدىن باش بويى خانلارغە لايىق.

— لۇتفى.

ئارەز II [عارض] (ئە) 1) يۈز بېرىش پەيدا بولۇش، 2) ۋەقە، ھادىسە. 3) توسالغۇ.

ئارەز III [عارض] (ئە) شىكايەت قىلغۇچى، دەرد تۆككۈچى؛ دەۋاگەر، ئەرز قىلغۇچى؛ ئەيىبلىگۈچى.

ئارەستەگى [آراستگى] (پ) بېزەلمەكلىك، سەرەمجالاشماقلىق.

ئارەمىدە [آرميده] (پ) تىنچ، ئارام ئالغان.

ئارەمىدە بولماق — تىنچلانماق، ئارام ئالماق.

ئارەنج [آرنج] (پ) جەينەك.

ئارتانماق [آرتاناق] «ئارتىنماق» قا قاراڭ.

ئارتۇقسى [آرتوقسى] ئارتۇقچە، كۆپ، زىيادە:

يۈز گۈزرە خال سىياھلىڭ كى خۇش ياراشىپتۇر،
كى داغىدىن تاپار ئارتۇقسى زىبۇ فەرلالە.

— لۇغەتى چاغاتاي.

ئارتۇقسىلىغ [آرتوقسليغ] ئارتۇقچىلىق، ئۈستۈنلۈك، كۆپلۈك.

ئارتىلماق [آرتيلماق] مىنمەك.

ئارتىنماق [آرتيناماق] ئاشماق، ئېشىپ ئۆتمەك، تىرىشماق، تىرمىشىپ چىقماق، ئارتىلماق.

ئارد [آرد] ئارقا، كېيىن.

ئاردىچە [آرديچه] كەينىچە، ئارقىچە، ئارقىسىدىن.

ئاردىچە بارماق — ئارقىسىدىن بارماق.

ئارزۇ [آرزو] (پ) 1) ئىستەك، خاھىش. 2) ھەۋەس، مەيل.

ئارزۇ ئەتمەك — 1) ئىستىمەك، خالىماق. 2) ھەۋەس قىلماق.

ئارزۇ قىلماق — «ئارزۇ ئەتمەك » كە قاراڭ.

ئارزۇ خاھ [آرزوخواه] (پ) ئارزۇ قىلغۇچى، خالىغۇچى، ئۈمىدۋار.

ئارزۇ دارى [آرزوداری] (پ) ناخشا، كۈي نامى.

ئارزۇ مەند [آرزومند] (پ) ئارزۇ قىلغۇچى، خالىغۇچى؛ ئىنتىزار:

دىدى: *ۋەسلىڭە بارسەن ئارزۇمەند؟*
دىدى: *بارمەن خەيالى بىرلە خۇرسەند.*

— نەۋايى.

ئارسىز [عارسيز] نومۇسسىز، ئۇياتسىز، نومۇس قىلمايدىغان، نومۇسسىزلىق.

ئارغاداماق [آرغاداماق] 1) ئالدىماق، ئاۋۇتماق، تەسەللى بەرمەك. 2) ھىيلە قىلماق.

ئارقەخەتى [آرقەخطى] كىشىنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى.

ئارمان [آرمان] (پ) 1) ئارزۇ، غايە. 2) ھەسرەت، ئەپسۇس، ئېچىنىش.

ئارۇق [آروق] 1) پاكىز، تازا. 2) ئورۇق، ياداڭغۇ. 3) كەم.

ئارىتماق [آريتماق] كەتكۈزمەك، پاكلىماق، تازىلىماق.

ئارىز [عارض] (ئە) تەبىئىي بولمىغان، كېيىن پەيدا بولغان، يۈز بەرگەن، ھاسىل بولغان.

ئارىز بولماق — پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك؛

ئارىز ئولماق — «ئارىز بولماق» قا قاراڭ.

ئارىزە [عارضه] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋارىز] ھادىسە؛ بەختسىز ھادىسە، ئاجىزلىق، كېسەللىك.

ئارىزەدەست بەرمەك — ھادىسە يۈز بەرمەك.

ئارىغ I [آريغ] «ئەرىخ» كە قاراڭ.

ئارىغ II [آريغ] ئورۇق، ئازغىن.

ئارىغسىزلىق [آريغسزلىق] ناپاكلىق.

ئارىف [عارف] (ئە) بىلگۈچى، تونىغۇچى، مەرىپەتلىك، دانا، بىلىمدان:

مەقامى ئارىف ھەم ئاشىق ئىدى پاك،
بىمىسلى ئېردىلەر مانەندى مەنسۇر.

— سەدائى.

ئارىفى كامىل — تولۇق، مۇكەممەل بىلگۈچى (مەرىپەتلىك)، يېتۈك.

ئارىلماق [آريلماق] ئايرىماق؛ خالاس بولماق، تازىلانماق.

ئارىماق [آريماق] «ئارىلماق» قا قاراڭ.

ئارى I [آری] ھە، شۇنداق، توغرا، راست، شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن:

يۇزۇڭنى تۇتتۇم ئارتۇق ئايۇ كۈندىن،
كىشىنىڭ كۆزىدۇر ئارىي تارازۇ.

— لۇتفى.

ئارىي II [عارى] (ئە) 1) يالىڭاچ. 2) بوش، خالىي؛ تىنىق، تازا.

ئارىي ئەتمەك — خالاس قىلماق.

ئارىي قىلماق — تازىلىماق.

ئارىي ئولماق — خالىي بولماق، بوشانماق.

ئارىي - ئارىي [آرى آرى] (پ) ھە - ھە، راست - راست، ئەلۋەتتە؛ بەللى؛ شۇنداق، ھەقىقەتەن.

ئارىيەت [عاريت] (ئە) 1) ئار - نومۇس، ئىززەت - نەپس. 2) ئۇيات، شەرم. 3) ئەسلى ئۆزىنىڭ بولمىغان بىرەر نەرسىنى ۋاقىتلىق سوراپ ئېلىش.

ئارىيەت دەۋلەت — قولدىن - قولغا ئۆتىدىغان ۋاقىتلىق بايلىق.

ئارىيەت ئىستىمەك — ئارىيەت ئېلىشنى خالىماق.

ئاز [آز] 1) ئاچ كۆزلۈك، ھېرىسلىك:

قاراغۇ قىلىپدۇر كۆزۈڭ ھېرىس ئاز،
نە ئىمان سەندە، نە زەۋقى نەماز.

— زەلىلى.

2) بېرىلگەنلىك.

ئازاد [آزاد] (پ) 1) ئەركىن، ھۆر؛ 2) ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىلگەن، بوش.

ئازادە [آزاده] (پ) 1) ئازاد، ئەركىن. 2) توغرا، ئەيىبسىز. 3) غەمسىز، تەشۋىشسىز؛ شاد.

ئازادە سەرۋ — تىك ئۆسكەن سەرۋ؛ كۆچمە م: قەددى - قامىتى كېلىشكەن يار.

ئازادئى دەۋران — دەۋرنىڭ ئەركىسى:

تابۇدەمدە دەھر ئارا ئازادئى دەۋران ئىدىم،
تۇشتى باشىمغە سىپىنىڭ نادانلىقىڭدىن ماجەرا.

— قەلەندەر.

ئازادەكىش [آزادەكيش] (پ) نازۇك تەبىئەتلىك.

ئازادگان [آزادگان] (پ) «ئازادە» گە قاراڭ.

ئازادەلىغ [آزادەليغ] ئەركىنلىك، ئازادلىق، خالاسلىق؛ 2) پاكىزلىق، تازىلىق.

ئازادەۋەش [آزادەوش] (پ) ئازادە سۈپەت، ئەركىن؛ كۆڭلى ھېچنەرسىگە مايىل بولمىغان؛ ساپ كۆڭۈل؛ پاكىز.

ئازادى [آزادى] (پ) ئەركىن، ھۆر، ئازاد:

ئەي گۈل يۈزىگە ھۆر پەرى بەندەئى جانى،
ئالتەك بويۇڭ ئازادى ئېرۇر سەرۋى رەۋانى.

— سەبۇرى.

ئازارى [آزارى] (پ) قىينالغان، خارلانغان، ئازاب چەككەن، ئېزىلگەن.

ئازارى جان [آزارى جان] (پ) جانغا ئازار بەرگۈچى، قىينىغۇچى، رەنجىتكۈچى.

ئازاغلاق [آزاغلاق] «ئازالماق» قا قاراڭ.

ئازاق [آزاق] ئاياغ (پۇت):

ئەي سەككاكى بۇ شاھ قاپقىن غەنىمەت تۇت چۇ زۇلفىغە،
ئازاقىن باغلاغان قۇش سەن، ئۇچارغە ھىچ ھەۋا قىلما.

— سەككاكى.

ئازالماق [آزالماق] 1) ئازايتماق، كېمەيمەك. 2) يېتىشمەسلىك. 3) سىقىلماق.

ئازەر [آذر] (پ) 1) ئوت، ئالاۋ. 2) قەۋس ئېيىنىڭ يەنە بىر خىل نامى. 3) ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى بۇتتاراش (بۇت ياسىغۇچى) ئازەر.

ئازەر پەرەست [آذرپرست] (پ) ئوتپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى.

ئازەرم [آزرم] (پ) 1) ئۇيات، شەرم، ھايا. 2) مېھرى، مۇھەببەت، شەپقەت، مېھرىبانلىق. 3) غەزەپ.

ئازغاشماق [آزغاشماق] يولدىن چىقماق، ئازماق:

مۇبارەك ئوغلى بىر كۈن ئازغىشىپ راھ،
ئەجايىپ سۇ ساغاندە كۆردى بىر چاھ.

— لۇغەتى چاغاتاي.

ئازغۇرماق [آزغورماق] ئاداشتۇرماق، يولدىن چىقارماق، ئازدۇرماق.

كۆز سالما ئەرۇسى دەھر رۇخسارىغە ئەي مەھزۇن،
ھەر كۈن نەچە سەندەكنى ئازغۇردى بۇ مەككارە.

— مەھزۇن.

ئازغۇن [آزغون] 1) يولدىن ئازغان؛ توغرا يولدىن چىققان، ئايىنىغان:

خالىقا كۆڭلۈمدە دۇنيابى دىنى،
مەن ئېرۇرمەن بەندەلەرنىڭ ئازغۇنى.

2) ئاسىي. 3) ئورۇق.

— سۈپى ئەللەيار.

ئازمايىش [آزمايش] (پ) سىناش، ئىمتىھان.

ئازمايىش ئەيلەمەك — سىناپ، ئىمتىھان ئېلىپ كۆرمەك.

ئازمايىش قىلماق — «ئازمايىش ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئازمۇدە [آزموده] (پ) سىناق، سىناقتىن ئۆتكەن:

ئولەر كىم سىزنى مېھرى ئاز دەرلەر،
مېنى دەرلەر ۋەفادە ئازمۇدە.

— ئاتايى.

ئازمۇن [آزمون] (پ) «ئازمايىش» قا قاراڭ:

شاھقە مەلۇم بولغان ئول ئىشقى جۇنۇن،
ئىستەدى ئاشىقنى قىلماق ئازمۇن.

— نەۋايى.

ئازمۇنلۇق [آزمونلوق] سىناشلىق.

ئازۇردە [آزرده] (پ) ئازار چەككەن، رەنجىگەن؛ قىينالغان؛ ئازابلانغان.

ئازۇردە جان — جېنى قىينالغان:

ئىشق ئارا بىچارە ئەيلەپ ناتەۋان قىلغان فەلەك،
ھەجرىنىشىن يەتكۈزۈپ ئازۇردە جان قىلغان فەلەك.

— ئا. نىزارى.

ئازۇردە خاتىر — كۆڭلى ئازار يېگەن.

ئازۇردە دىل — دىلى رەنجىگەن.

ئازۇقلاماق [آزوقلاماق] ئوزۇقلاندۇرماق، غىزا بەرمەك.

ئازىتماق [آزتماق] 1) يوقىتىپ قويماق، ئاداشتۇرۇپ قويماق. 2) تەرتىپلىمەك، زىننەتلىمەك:

ئۆركۈرمەپ يولدىن ئاتى چىققان ئىمىش،
بىر - ئىككى قول ئىلە ئازىتقان ئىمىش.

— نەۋايى.

ئازىقماق [آزيقماق] ئاداشماق، يولدىن ئازماق.

ئازىم [عازم] (ئە) 1) بىرەر ئىشنى بېجىرىشقا نىيەت قىلغۇچى. 2) يۈرگۈچى، كەتكۈچى، سەپەرگە چىققۇچى.

ئازىم بولماق — كەتمەك، جۆنەپ كەتمەك؛ سەپەرگە يول ئالماق.

ئازىمى دەشتى ئادەم — يوقلۇق چۆلىگە مېڭىش.

ئازىنە [آدينه] (پ) جۈمە، جۈمە كۈنى.

ئاس [آس] 1) يۇڭى ئاق رەڭلىك ۋە يۇمشاق كەلگەن بىر خىل ھايۋان ۋە ئۇنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا؛ 2) سىبىرىيە تەرەپتىكى بىر ۋىلايەتنىڭ نامى.

ئاس - ئاس [آس آس] تىب: سەۋدا كېسىلى، مالخوليا.

ئاسا [آسا] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ: 1) تىنچىتقۇچى، راھەتلەندۈرگۈچى، راھەتلىك. 2) ئوخشاش، كەبى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

كى مەجنۇن ئاسا رەۋان بولدى ئول،
پەرىشان خاتىر يۈرۈپ كەچتى يول.

— ئا. نىزارى.

جان ئاسا — جاندەك، جانغا ئوخشاش.

دەريا ئاسا — دەرياغا ئوخشاش، ناھايىتى كۆپ.

دىل ئاسا — كۆڭۈل راھىتى.

سۇبھى ئاسا — تاڭغا ئوخشاش، يورۇق.

سۇبھى ئاسا قىلماق — تاڭدەك يورۇتماق.

قەترە ئاسا — تامچىدەك، ناھايىتى ئاز:

ئۆزىدىن ئەلگە دەريا - قەترە ئاسا،
ۋەلى ئەلدىن ئۆزىگە قەترە - دەريا.

— نەۋايى.

ئاسار [آثار] (ئە) [بىرلىكى: ئەسەر] 1) ئەسەرلەر. 2) نىشانلار، بەلگىلەر. 3) تەسىرلەر. 4) ھادىسىلەر؛ ۋەقەلەر:

ھېكايەت قىلىپ دەھرى ئاسارىنى،
ئىكەۋلەن دىبان قەۋلى ئەخبارىنى.

— ئا. نىزارى.

ئاسارئەتىقە — قەدىمكى يادىكارلىقلار.

نەسىمى قۇدسىي ئاسار — 3) كۆچمە م: تازا، بىغۇبار شامال، تاڭ شامىلى.

ئاساۋ [آساو] شاش، كۆندۈرۈلمىگەن (ئات):

مىنسەڭ ئەي شاھى فەلەك مەركەبىنى كۈن يەڭلىغ،
بولما مەغرۇر گاھى ئول ئەشھەب ئېرۇر ئىسرۇ ئاساۋ.

— مۇنىس.

ئاسايىش [آسايش] (پ) تىنچلىق، ئارام، خاتىرجەم، تەشۋىشسىز؛ پاراغەت، راھەت.

ئاسايىش تاپماق — تىنچلانماق، ئارام ئالماق، پاراغەت تاپماق؛ راھەتلەنمەك.

ئاسايىشتە [آسايشته] (پ) «ئاسايىش» قا قاراڭ.

ئاسايىشگاھ [آسايشگاه] (پ) دەم ئالىدىغان، راھەتلىنىدىغان، ھۇزۇرلىنىدىغان جاي.

ئاستان [آستان] (پ) «ئاستانە» گە قاراڭ.

ئاستان خاكى — پايتەخت تۇپرىقى.

ئاستانە [آستانه] (پ) 1) بوسۇغا. 2) ساراي. 3) بىرەر كىشىنىڭ ھۇزۇرى:

بىر نەزەر كۆرۈپ ئاشىق جان بېرۇرنى مىننەت تۇت،
ئاستانەڭى مەئشۇقى ياستانۇنى نىيمەت تۇت.

— زەلىلى.

4) پايتەخت. 5) ئوردا.

ئاستان بوس — ئاستانە سۆيۈش، خىزمەتكارلىق.

ئاستانى قەبۇل — قوبۇلخانا، ھەممىنى قايىل قىلىدىغان جاي.

ئاستەر [استر] (پ) ئەستەر (كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئىستىرى).

ئاستىن [استين] 1) يەڭ، كىيىمنىڭ يېڭى. 2) پەس، تۆۋەن، تەرىپى، ئاستى، كەسىر.

ئاسرامىش [آسراميش] 1) قوغداش، ئاسراش. 2) ئىگىدارچىلىق قىلىش، باشقۇرۇش، ھىمايە قىلىش.

ئاسرو [آسرو] (پ) «ئەسرو» غا قاراڭ.

ئاسمان [آسمان] (پ) كۆك، ساما، پەلەك.

ئاسماني تۆرت دەفتەر — كۆكتىن چۈشكەن تۆت كىتاب (زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان).

ئاسمان دەۋ [آسمان دەۋ] (پ) كۆككە ئۇچقۇچى، كۆكنى كەزگۈچى.

ئاسۇدە [آسوده] (پ) تىنچ، تىنچلانغان؛ خاتىرجەم.

ئاسۇدە خاتىر — كۆڭلى تىنچ، تەشۋىشسىز، خاتىرجەم.

ئاسۇدەلىق [آسودەليق] تىنچلىق، خاتىرجەملىك:

ساغىنىپ ئاسۇدەلىق بىرلە ۋەتەن،
باغ بوستان بىرلە گۈلزارى چەمەن.

— نەۋايى.

ئاسىب [آسيب] (پ) زىيان، زەرەر؛ مۇسىبەت؛ ئاپەت، كۈلپەت، تىنچسىزلىق:

سەھەرى مەتلۇبى، پۇر مىھنەت تەرىقى ئىمتىھان،
مەنزىلى مەقسۇدى پۇر ئاسىبى راھى ئازمۇن.

— فۇزۇلى.

ئاسىبى زەمان — زامانە كۈلپەتلىرى، زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن يەتكەن مۇسىبەت.

ئاسىغ [آسيغ] پايدا، نەپ:

ھاسىلى خىزمەت ئەمەل ئالمادى ئادەمى ئۇجىب،
گۈردە نىچۈك ئاسىغ ئىتەر نۇقرە بىلەن زەر مەتائ.

— زەلىلى.

ئاسىغلانماق [آسيغلانماق] ئىشلىمەك؛ پايدىلانماق، مەنپەئەتلەنمەك، نەپ ئالماق؛ تىجارەت قىلماق.

ئاسي [عاصى] (ئە) گۇناھكار؛ يولدىن ئازغان؛ ئىسيانكار:

بەختىسىز ئۆتكەن كۈنۈمگە ئەمدى رەنجۇرمەن بۇ كۈن،
تاڭلا ئەۋلاد ئالدىدا رىسۋايى ئادي خىجلىتىم.

— مەھزۇن.

ئاسي ئۈممەت — گۇناھكار قەۋم.

ئاسىيۇ ئابي — گۇناھكار؛ ئىنكار قىلغۇچى.

ئاسىيا [آسيا] (پ) 1) ئاسىيا قىتئەسى. 2) تۈگمەن:

خەرابى چىھرەگەندۇم گۈنى بىپەرۋا ئۈچۈن ھەر بار،
قەرار ئەتمەي چۇچەرخى ئاسىيادەك چۆرۈلۈر باشىم.

— زەلىلى.

ئاش - ئاش [آش آش] مۆجىزە؛ تەشەببۇسكار، باشلامچى.

ئاشارى [آشارى] ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن نۇرغۇن.

ئاشام I [آشام] (پ) 1) يېيىش، ئىچىش:

قىلىپ تەلبەلىك، خوردۇ ئاشام يوق،
بۇ بىچارەدە لەھزە ئارام يوق.

— ئا. نىزارى.

2) سۆزگە قوشۇلغاندا كۆپىنچە ئىچكۈچى مەنىسىدە كېلىدۇ.

ئاشام ئەتمەك — ئىچمەك.

ئاشام ئەيلەمەك — «ئاشام ئەتمەك» كە قاراڭ.

دۇرد ئاشام — مەي ساقىندىسىنى ئىچكۈچى.

ئاشام II [آشام] تەبىقە، مەرتىۋە، دەرىجە.

ئاشاماق [آشاماق] «ئاشام I » غا قاراڭ.

ئاشامە [آشامە] «ئاشام I » گە قاراڭ.

ئاشكار [آشكار] (پ) ئايان، كۆرۈنۈپ تۇرغان؛ ئوپئوچۇق، ئايدىڭ.

ئاشكار ئەيلەمەك — كۆرسەتمەك، ئوچۇق كۆرسەتمەك.

ئاشلاماق [آشلاماق] غىزالاندۇرماق.

ئاشنا [آشنا] (پ) دوست، بۇرادەر:

جەمالۇ جاھ ئېلىدىن يۈز فەراغەتىم باردۇر،
ئورامۇڭ ئىتى ماڭا ئاشنا، كېرەك بولسا.

— لۇتفى.

ئاشناروي [آشناروى] (پ) تونۇش - بىلىش؛ دوستلارچە.

ئاشناۋەش [آشناوش] (پ) ئاشنا سۈپەت، دوستقا ئوخشاش.

ئاشۇب [آشوب] (پ) 1) غوۋغا، توپىلاڭ؛ ھاياجان:

فەلەك ئاشۇبىدىن كىم مەن كەبى زارۇ نىزار ئولغاي،
جەھان زۇلمى ئۇلۇس بىدادىدىن بى ئېتىبار ئولغاي.

— سەبۇرى.

2) داد - پەرياد؛ قورقۇنچ. 3) كۆچمە م: ئويغىنىش، قوزغىلىش.

دىل ئاشۇب — كۆڭۈلگە غوۋغا سالغۇچى، ھاياجان سالغۇچى؛ يېقىملىق.

ئاشۇر [عاشور] (ئە) ھىجرىيە يىل ھېسابىنىڭ بىرىنچى ئېيى بولغان مۇھەررەمنىڭ 10 - كۈنى (مۇھەررەم ئورنىدا ئاشۇر، ئاشۇرا ئېيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

ئاشۇرا [عاشورا] (ئە) «ئاشۇر» غا قاراڭ.

ئاشۇفتە [آشفته] (پ) 1) پەرىشان؛ چېچىلغان؛ چۇۋۇلغان. 2) بىرىلگەن، مەپتۇن، ئاشىق، شەيدا:

ماڭا مۇشكۇل كۆرۈندى ئەي، پەرىرولار تاماشا قىل،
جۇنۇن سەھراسىدىن ئاشۇفتەگى رىسۋانى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

ئاشۇفتە دەستار — سەللىسى چۇۋۇلغان؛ ئۆزگە ئېتىبار بەرمىگۈچى.

ئاشۇفتە دىل — كۆڭلى مەپتۇن بولغان:

گەر ئېلىندىم زۇلفىغە كۆرمەك مېنى ئاشۇفتە دىل،
دانەخور ئەتتى توزاققە بىزنى گۇل لەئل ئۈزرە خال.

— لۇتفى.

ئاشۇفتە مىزاج — ئەھۋالى پەرىشان؛ ئېسىنى يوقاتقان.

ئاشۇفتە نىھاد — پەرىشان تەبىئەت؛ قارارسىز؛ بىئارام.

ئاشۇفتە ھالى — ھالى پەرىشان؛ ھاياجانغا چۈشكەن؛ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان.

ئاشۇفتەخۇ [آشفتەخو] (پ) پەرىشان تەبىئەت، ھالى پەرىشان:

پانىي، دىۋانىي، ئاشۇفتەخۇ،
نېچە سۆز گەر سەندىن ئەتتى گۇيېتى گۇ.

— نەۋايى.

ئاشۇفتە دىماغ [آشفتەدماغ] (پ) مەجنۇن سۈپەت:

پەرىشاندۇر كۆڭۈل تا كاكۇلۇڭ تارىدىن ئايرىلدى،
دىماغ ئاشۇفتە بولغاي بىۋەتەن ئەلبەتتە، ئەلبەتتە.

— زەلىلى.

ئاشۇفتەلىغ [آشفتەليغ] پەرىشانلىق؛ مەپتۇنلۇق، بېرىلگەنلىك.

ئاشۇفتەۋار [آشفتەوار] (پ) «ئاشۇفتەۋەش» كە قاراڭ.

ئاشۇفتەۋەش [آشفتەوش] (پ) مەجنۇنلارچە، ھالى پەرىشان.

ئاشۇقماق [آشوقماق] ئىنتىلمەك، تاقەتسىزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلماق، ئالدىرىماق؛ ھولۇقماق، بىسەرەمجان بولماق:

چۈ ئول دايە ئولدەم يۈگۈردى قوپۇپ،
يېتىپ قەيس باشىغە ئول ئاشۇقۇپ.

— ئا. نىزارى.

ئاشۇلە [آشولە] بىر تۈرلۈك كۈي - نەغمىنىڭ ئىسمى.

ئاشىق [عاشق] (ئە) ئىشققا گىرىپتار بولغۇچى، مۇھەببەتكە بېرىلگۈچى، سۆيگۈچى، خۇشتار.

ئاشىقى بىچارە — بىچارە ئاشىق.

ئاشىقانە [عاشقانە] (ئە + پ) ئاشىقلارغا ئوخشاش، ئاشىقلاردەك، ئاشىقلارچە؛ مۇھەببەتلىك.

ئاشىق پىشە [عاشق پيشە] (ئە + پ) بېرىلگەن ئاشىق.

ئاشىقنەۋاز [عاشق نواز] (ئە + پ) ئاشىقنى ئەركىلەتكۈچى، شەپقەت قىلغۇچى.

ئاشىيان [آشيان] (پ) 1) ئۇۋا. 2) ئۆينىڭ يۇقىرى قەۋىتى. 3) ئۆي - جاي؛ ماكان، ۋەتەن.

شەجەردىن كۆرۈنمەس ئىدى ئاسمان،
كى بىر شاختىن ئەتتى چىقىپ ئاشىيان.

— ئا. نىزارى.

بىر ئۆينى ئىكاۋ ئەيلەدى ئاشىيان،
كى ئول ئاشياندا تۇتتى مەكان.

— ئا. نىزارى.

ئاشىيانە [آشيانە] (پ) «ئاشىيان» غا قاراڭ.

ئاغ [آغ] 1) ئاق. 2) ئاغ (شىمىنىڭ).

ئاغا [آغا] 1) ئاكا. 2) چوڭ ئاكا. 3) ھۆرمەتلىك زات. 4) باشلامچى. 5) جامائەت يېتەكچىسى:

شاھىكى ئاتاڭ ئاكا ئاغادۇر،
ئول ساڭا ئاتادۇر ۋە ئاغادۇر.

— نەۋايى.

ئاغاچ [آغاچ] 1) دەرەخ، ياغاچ:

پەھلىۋانلار، بادپالار سەكرە دەندە ھەر نېگە،
تىغل ھەم جەۋلان ئىدەر، ئەمما ئاغاچدەن ئاتى ۋار.

— فۇزۇلى.

2) مەنزىل، مۇساپە؛ پەرسەڭ (ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى):

ئابادى، خەرابى، دەرياسى، دۈزى،
يۈز قىرىق ئالتە ئاغاچ يولدۇر بۇ دۇنيا.

— مەخدۇم قۇلى.

ئاغاچە [آغاچە] چاغاتاي تىلىدا خان ۋە بەگلەرنىڭ ئاياللىرىغا قارىتا ھۆرمەت نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. م: ئاغاچە خانىم ۋە ئاغاچە خوتۇن.

ئاغاچ قاۋۇنى [آغاچ قاونى] 1) تەرخەمەك. 2) لىمون.

ئاغاچلىق [آغاچلق] ئورمانلىق.

ئاغارماق [آغارماق] ئاقارماق:

ساچۇ ساقالىڭ ئاغاردى،
كۆزلەرىڭ فىروزەدەك.
قول - ئاياغىڭ قىپقىزىل،
خۇمدانىدا پىشقان كۈزەدەك.

— لۇغەتى چاغاتاي.

ئاغاز [آغاز] (پ) باشلاش، باشلىنىش، كىرىشىش، ئېپتىدا.

ئاغاز ئەتمەك — «ئاغاز ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ئېچىپ يانە سۆزنى ئاغاز ئېتەي،
غەرىب بىنەۋا ئەھلىن ھەمراز ئېتەي.

— ئا. نىزارى.

ئاغاز ئەيلەمەك — باشلىماق.

ئاغاز قىلماق — «ئاغاز ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئاغازۇئەنجام — بىرەر ئىشنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى؛ باشلىنىش ۋە تۈگەللىنىش.

شەرھى ئاغاز — شەرھى قىلىشنى باشلاش.

قىسسە ئاغاز — قىسسەنى باشلىماق.

ئاغالىغ [آغاليغ] بۈيۈكلۈك، قېرىنداشلىق.

ئاغسەقال [آغسقال] ئاقساقال، مويسىپىت، مەھەللىنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى.

ئاغۇ [آغو] ئوغا، زەھەر:

پىغان بىلەن ھەسرەت چۈشتى باشىمە،
بىر يېتىممەن ئاغۇ چۈشتى ئاشىمە.

— غېرىب ـ سەنەم.

ئاغۇش [آغوش] (پ) قۇچاق، باغىر، قويۇن.

ئاغۇش ئەيلەمەك — قۇچاقلىماق، قويىنغا، باغرىغا ئالماق:

سەرۋ قامەتى گۈل پۇش، زۇلفى كاكۇلى پەردۇش،
ئەيلەدى كەفەن ئاغۇش، ئەقلىڭ ئۇلسە ئىبرەت تۇت.

— زەلىلى.

ئاغۇش بولماق — قۇچاقلاشماق، بىللە يېتىشماق:

ياغىپ غەم باشىغە چۇ بىھۇش ئولۇپ،
كۆزى ياش ھەم خۇن ئاغۇش بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

ئاغۇشتە [آغوشته] (پ) «ئاغىشتە» گە قاراڭ.

ئاغىر [آغير] 1) ۋەزمىن، ئېغىر. 2) قىممەت. 3) سالماقلىق. 4) كۆچمە م: ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان.

ئاغىر ساتماق — قىممەت (باھادا) ساتماق.

ئاغىرلاماق [اغيرلاماق] 1) ئۇلۇغلىماق، ھۆرمەتلىمەك. 2) ئەركىلىمەك. 3) باھالىماق.

ئاغىشتە [آغشته] (پ) ئارىلاشقان، مىلەنگەن، بۇلغانغان؛ كىرىشكەن:

بۇكى ھەر بوستان ئارا سەرگەشتە سەن،
قان بىلەن تۇپراققە ئاغىشتە سەن.

— نەۋايى.

ئافات [آفات] (ئە) [بىرلىكى: ئافەت] ئاپەتلەر، بەختسىزلىكلەر.

ئافاق [آفاق] (ئە) [بىرلىكى: ئۇفۇق] ئاسمان، ئۇپۇقلار؛ دۇنيا، ئالەم.

ئەرسەئى ئافاق — يەر يۈزى، دۇنيا يۈزى:

ئافاق ئىچىگە ھىجر تۈنىدە نەزەر ئەيلەڭ،
مەھتاب ئەمەس شۇئلەئى ئاھىم يارۇتۇپدۇر.

— زەلىلى.

ئافاقسۇز [آفاق سوز] (ئە + پ) جاھاننى كۆيدۈرگۈچى، ھەممىنى ئۆرتىگۈچى:

لىك تەرسا زادەئى ئافاق سۇز،
شەيخنى ئول نەۋگى قىلغان تىيرە رۇز.

— نەۋايى.

ئافاقگەرد [آفاق گرد] (ئە + پ) دۇنيانى كەزگۈچى، جاھانكەچتى.

ئافاقگىر [آفاقكير] (ئە + پ) دۇنيانى ئىگىلىگۈچى، جاھانگىر؛ شۆھرەتلىك.

ئافەت [آفت] (ئە) [كۆپلۈكى: ئافات] 1) بالا، بالايىئاپەت؛ مۇسىبەت. 2) كۆچمە م: ناھايىتى چىرايلىق يار.

ئافەت ئەنگىز — زىيان يەتكۈزگۈچى، ئاپەت قوزغىغۇچى.

ئافەت زەدە — زور بالا ـ قازاغا ئۇچرىغان.

ئافەتى جان — جانغا ئاپەت سالغۇچى؛ كۆچمە م: ئاجايىپ گۈزەل مەھبۇبە.

ئافەرىدە [آفريده] (پ) يارىتىلغان، يارالغان؛ مەخلۇق.

ئافەرىدگار [آفريدگار] (پ) ياراتقۇچى، تەڭرى.

ئافەرىن I [آفرين] (پ) ياخشى، ياشا، بارىكاللا (ئۈندىش):

ئەي نىگارا، ئافتابى تەلئەتىڭگە ئافەرىن،
باغ ئىچىندە سەرۋى يەڭلىغ قامەتىڭگە ئافەرىن.

— سەدائى.

ئافەرىن II [آفرين] (پ) ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى.

ئافەرىنى سۇنئ — يارىتىش سەنئىتى.

جان ئافەرىن — جان ياراتقۇچى؛ خۇدا.

جەھان ئافەرىن — جاھاننى ياراتقۇچى.

سۇخەن ئافەرىن — سۆز ياراتقۇچى.

ئافەرىنەندە [آفريننده] (پ) ياراتقۇچى، ئاللا.

ئافەرىنەندەئى زەمىن — زېمىننى ياراتقۇچى.

ئافەرىنىش [آفرينش] (پ) يارىتىلىش، ۋۇجۇدقا كېلىش:

زەررە ـ زەررە ئافەرىنىشدىن كى خۇرشىدى ۋۇجۇد،
مەھۇ بولمايدۇر تەجەللىدىن تەلەبكار ئولمىشىم.

— زەلىلى.

ئافەرىنىش تەرھى — يارىتىش رىجەسى.

ئافتاب [آفتاب] (پ) قۇياش، كۈن نۇرى.

ئافتاب كۈرەسى — قۇياش شارى.

ئافتابى خاۋەرىي — شەرق قۇياشى، قۇياش:

سايەئى ئۇممۇدى زايىل، ئافتابى شەۋقى گەرم،
رۇتبەئى ئەدبار ئالى پايەئى تەدبىرى دۇن.

— فۇزۇلى.

ئافتابى زەرد — كۈننىڭ پېتىۋاتقان مەزگىلى.

ئافتابە [آفتابه] (پ) 1) ئاپتۇۋا. 2) سەپەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇ قاپىقى؛ سۇدان.

ئافتابەچى [آفتابەچى] ئۆردا ـ سارايلاردا، مېھمانلارغا ئاپتۇۋا تۇتىدىغان مۇلازىم.

ئافتاب پەرەست [آفتاب پرست] (پ) 1) كۈنگە چوقۇنغۇچى؛ 2) ئاپتاپپەرەس.

ئافتاب تەلئەت [آفتاب طلعت] (ئە + پە) گۈزەل، مېھرى ئىسسىق.

ئافتابرو [آفتاب رو] (پ) 1) قۇياشقا قارىغان (تەرەپ)؛ نۇرلۇق چېھرە. 2) قۇياش يۈزلۈك، قۇياشتەك گۈزەل.

ئافتاب زەدە [آفتاب زده] (پ) كۈندە كۆيگەن، قارايغان؛ كۆچمە م: ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنگەن، كۆيۈپ كاۋاپ بولغان.

ئافىيەت [آفيت] (ئە) ساغلام، ساقلىق؛ ساقىيىش تىنچلىق؛ ئامان ـ ئېسەن، بەختلىك:

بەرھەنە بولمايىن بۇ قۇلزۇمى ۋەھدەتتە سۇ يەڭلىغ،
لىباسى ئافىيەت بىرلە ئۆزۈم ئەۋۋارە ئەيلەرمەن.

— زەلىلى.

فۇزۇلى بولدى گەنجى ئافىيەت مەيخانە گەنجىدە،
مۇبارەك مۈلۈكدۇر ئول، مۈلكى ۋەيران ئولمىسۇن يا رەب.

— فۇزۇلى.

ئافىيەت ئەھلى — ساغلام، پاكىز، كىشىلەر.

ئاق I [اق] ئاق (زىت مەنىسى: قارا). 2) تازا، پاك.

ساقال ئاقى — ساقالغا چۈشكەن ئاق، ساقالنىڭ ئاقارغان قىسمى:

ساقال ئاقى ئۆلۈمگە پىشىرەۋدۇر،
كى ياشلىق سەبزىسىگە چۈشكەن قىرەۋدۇر.

— نەۋايى.

كۆز ئاقى — كۆزنىڭ ئېقى.

ئاق II [عاق] (ئە) باش تارتماق، يۈز ئۆرۈمەك.

ئاق پەدەر — 1) ئاتىسى لەنەت ئوقۇغان، لەنەتلىگەن؛ يۈز ئۆرۈگەن. 2) لەنىتى.

ئاق قىلماق — (ئۆز پەرزەنتىگە) لەنەت ئوقۇماق، نەپرەتلىنىپ يۈز ئۆرۈمەك، ۋاز كەچمەك.

ئاقار [آقار] 1) تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. 2) ئاقىدىغان، دائىم ئېقىپ تۇرىدىغان.

ئاقباش [آق باش] 1) يالاڭ باش. 2) قوناق.

ئاقبالداق [آق بالداق] قازاندا قورۇپ ئېتىلدۇرغان دان (يېمەكلىك).

ئاق تۇيغۇن [آق تويغون] بوز قارچىغا.

ئاقچە [اقچە] 1) ئاغىچا (ئانا):

ئاقچە ئانا ـ مېھرىبانىم،
يارىم غېرىبجانىنى كەلتۈر.

— غېرىب ـ سەنەم.

2) پۇل؛ 3) قوغۇننىڭ بىر تۈرى:

دېدى: *كىم ئاقچە قوغۇنلارنى ئىلغار؟*
دېدىكىم: *بەرگىنەي، تورلۇق قوغۇن بار.*

— مەھزۇن.

ئاق خەت [آق خط] ھەرپلىرى ئاق رەڭدىكى خەت؛ مۆھۈر خېتى؛ ئاق سىزىق.

ئاقسۆڭەك [آق سونكاك] ئېسىلزادىلەر، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى.

ئاقسۇم [آقسوم] «ئاخسۇم» غا قاراڭ.

ئاقسۇملاماق [آقسوملاماق] «ئاخسۇملاماق» قا قاراڭ.

ئاقشام [اق شام] 1) كۈنپېتىش بىلەن تۈن باشلىنىش ئارىلىقىدىكى گۈگۈم پەيتى؛ 2) كەچ، كەچقۇرۇن.

ئاق نامە [عاق نامە] (ئە) مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش توغرىسىدىكى پۈتۈك (خەت)، ۋەسىيەتنامە.

ئاقئۆي [آق اوى] كىگىزدىن ئىشلەنگەن ئۆي، ئوتاۋ، چېدىر.

ئاق ئۆيلۈك [اق اويلوك] مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان، سۈرگۈن قىلىنغان.

ئاق ئۆيلۈك قىلماق — خەلق ئارىسىدىن قوغلاپ چىقارماق، سۈرگۈن قىلماق.

ئاقىب [عاقب] ۋارىس، مىراسخور.

ئاقىبەت [عاقبت] (ئە) [كۆپلۈكى: **ئەۋاقىب**] 1) ئاخىر، بىرەر ئىشنىڭ ئاخىرى، نەتىجە. 2) ئاخىرىدا، نەتىجىدە.

ئاقىبەت ئەندىش — ئاخىرىنى ئويلىغۇچى.

ئاقىبەت مەھمۇد — ئاخىرى ماختىنارلىق، ئاخىرى ياخشى، ئاخىرى خەيرلىك.

ئاقىبەت ئەندىش [عاقبت انديش] (ئە + پ) ئالدىن كۆرەلەيدىغان، ئالدىن بىلەلەيدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئالدىن كۆرەرلىك؛ ئاخىرىنى ئويلىغۇچى.

ئاقىبەت بىخەير [عاقبت بخير] (ئە) 1) نەتىجىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك؛ نەتىجىسى ياخشى بولىدىغان؛ 2) ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگۈچى.

ئاقىبەتۇلئەمر [عاقبت الامر] (ئە) ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجە، خۇلاسە؛ ئاخىر.

ئاقىر قەرھا [عاقرقرحا] (ئە) بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى، ئېقىلقارا.

ئاقىزماق [آقيزماق] ئېقىتماق، ئاقتۇرماق.

ئاقىل [عاقل] (ئە) 1) ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسى، دانىشمەن، ئەقىللىق، دانا. 2) ئەقىل بىلەن ئېيتىلغان، قىلىنغان (ئەرلەر توغرىسىدا):

دۈناكۈن بىر فەيلەسوفنۇ ئاقىلى كۆرگەن كىشى،
ئىلغايئالمايدۇر بۇ كۈن مەجنۇن شەيدادىن مېنى.

— ئاتايى.

ئاقىلانە [عاقلانە] (ئە + پ) ئاقىل كىشىلەرگە ئوخشاش ئاقىللارچە ئويلاپ، ئەقىل بىلەن.

ئاقىلە [عاقلە] (ئە) 1) ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسى، ئەقىللىق، دانىشمەن، دانا (ئاياللار توغرىسىدا).

ئاقىلە زەن [عاقلەزن] (ئە + پ) 1) ئەقىللىق، يېتۈك. 2) ۋايىغا يەتكەن، تولغان (ئاياللار توغرىسىدا).

ئاقىل فەرىب [عاقل فريب] (ئە + پ) 1) دانالىق، ئەپچىللىك، ئۇستىلىق، ماھارەت. 2) يېقىملىق، مېھرى ئىسسىق، جەزبىلىك، دىلبەر.

ئاقىل مەرد [عاقل مرد] (ئە + پ) 1) ئەقىللىق، يېتۈك. 2) ۋايىغا يەتكەن، تولغان (ئەرلەر توغرىسىدا).

ئاكا [آكا] چوڭ قېرىنداش، ئاغا.

ئاكە [آكە] «ئاكا» غا قاراڭ.

ئاكەچە [آكەچە] ئايلا، ئاچا، خانئاچا، ئاغچا؛ (بۇ يەردە «چە» قوشۇمچىسى ئايال جىنسىنى كۆرسىتىدۇ. م: ئاكا ـ ئاكاچە ...) .

ئاكچى [آكچى] «ئاكاچە» گە قاراڭ.

ئاكو [آكو] شەخس، ئادەم، ئىنسان.

ئاكىف [عاكف] 1) تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغۇچى، زاھىت، دەرۋىش. 2) ئىخلاسمەن، تەقۋادار، تەڭرىگە چىن دىلىدىن بېرىلىپ ئېتىقاد قىلغۇچى.

ئاگاھ [آگاه] (پ) 1) ئاگاھ، خەۋەردار، ۋاقىپ:

كۆڭۈل دەردىغە بىر دەرمان قىلىڭ ئەمدى،
چۈ جانىم دەردىدىن ئاگاھ سەن ـ سەن.

— ئاتايى.

2) ئەقىللىق، پاراسەتلىك؛ ھوشيار؛ زېرەك، سەگەك.

دىل ئاگاھ — كۆڭلى تويغان، دىلى سەزگەن.

ئاگاھلىغ [آگاەليغ] «ئاگاھى» غا قاراڭ:

ئەيلە ئالغايمەن ساڭا ھەمراھلىغ،
ھالەتىمدىن بۇيلە تاپ ئاگاھلىغ.

— نەۋايى.

ئاگاھۋار [آگاەوار] (پ) ھوشيارلىق بىلەن، ئاگاھلىق بىلەن؛ سەگەكلىك بىلەن.

ئاگاھۋەش [آگاەوش] (پ) 1) خەۋەردارراق، ئاگاھراق. 2) ھوشيارراق؛ ئەقىللىقراق، پاراسەتلىكرەك؛ سەگەكرەك.

ئاگاھى [آگاهى] (پ) ئاگاھلىق، خەۋەردارلىق. 2) ھوشيارلىق، زېرەكلىك، سەگەكلىك.

ئاگەھ [آگە] (پ) «ئاگاھ» قا قاراڭ.

ئاگەھى [آگهى] (پ) «ئاگاھى» غا قاراڭ.

ئاگىن [آكين] (پ) 1) تولۇق؛ ئارىلاش. 2) نەقىشلىك.

گۈل ئاگىن — گۈلدار، بېزەلگەن.

ئاڭ I [آنك] 1) ئەقىل، ئىدراك؛ زېھىن؛ پەم. 2) چۈشەنچە، سېزىم. 3) ئاڭ.

ئاڭ II [آنك] ئوۋ (ئوۋلانغان ياكى ئوۋلىنىدىغان جان ـ جانىۋارلار) .

ئاڭا [آنكا] ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن:

ئاڭا سوردى: نىچۈكدۇر ئول غەرىبىم،
مۇھىببىدىن ياد ئېتەرمۇ ئول ھەبىبىم.

— لۇتفى.

ئاڭاچە [آنكاچە] ئاڭغىچە، ئۇنىڭغا قەدەر.

ئاڭدىبان [آنكديبان] تاسادىپىي، تۇيۇقسىزلا، ئۇشتۇمتۇت.

ئاڭدىماق [آنكديماق] تىڭشىماق؛ پايلىماق، مارىماق:

خىلۋەتدە ئاڭا بۇ نەۋھەلەر ئىش،
ئاڭدىپ ئاناسى كەمىندە ئېرمىش.

— نەۋايى.

ئاڭدىنماق [آنكدينماق] «ئاڭدىماق» قا قاراڭ.

ئاڭلاماق [آنكلاماق] 1) پەملىمەك، ئەسلىمەك، يادلىماق. 2) ئۇقماق، چۈشەنمەك، سەزمەك، بىلمەك.

ئاڭماق [آنكماق] 1) ئۇقماق، چۈشەنمەك، پەملىمەك. 2) ئەسلىمەك، ياد ئەتمەك:

دۇر تىشىڭۇ گۈل يۈزۈڭنى ئاڭىپ ئانچە يىغلادىم،
كىم، ماڭا مىڭ نەۋھە بىرلە ئەبرى نەيسان يىغلادى.

— سەككاكى.

ئاڭىز [آنكيز] ئىڭىز.

ئال I [آل] 1) ئالدى تەرەپ، ھۇزۇرى. 2) ئۇدۇل، قارشىسى. 3) چېكە، پېشانە. 4) جامال، چىراي:

ئال بىرلە سالدى ئالمە ياڭاقلىڭ كۆڭۈلگە تار،
بىر بۇرقە ئال كۆرەيىن ئانىڭ نازۇك ئالىنى.

— سەككاكى.

ئالتىنە — «ئالىلىدا» غا قاراڭ:

بۇ شىۋە بىلە سەن يۈرسەڭ ھەر چەمەن ئىچرە،
ھۆر يۈرۈمىگەي ئالتىنە رىزۋان چەمەنىندە.

— ئاتايى.

ئالىلىدا — ئالدىدا.

ئاللىغە — ئالدىغا:

بەزى ئاللىغە كېلىپدۇر مۈشكىلات،
كىم، سېنىڭ رەئيىڭدىن ئىستەرلەر نىجات.

— نەۋائى.

ئالىدا — «ئاللىدا» غا قاراڭ.

ئالىغە — «ئاللىغە» گە قاراڭ.

ئالىندە — «ئاللىدا» غا قاراڭ:

ھەر كۆڭۈلكى جان تىلەر ھەم ۋەسلى جانان ئارزۇلار،
ئەھلى ئىشق ئالىندە مۈشرىكدۇركى، ئىمان ئارزۇلار.

— ئاتائى.

ئال Ⅱ [آل] (ئە) ھال، قىزىل، قىزىل تۈس، قىزغۇچ:

گۈلىستان زەينى جەمالىڭدىن سېنىڭ،
گۈل خىجىل رۇخسارى ئالىڭدىن سېنىڭ.

— نەۋائى.

ئال ئەتمەك — قىزىل قىلماق، قىزارتماق.

ئال ئەيلەمەك — «ئال ئەتمەك» كە قاراڭ.

بادەئى ئال — قىزىل مەي.

ھۇللەئى ئال — قىزىل كىيىم.

ئال Ⅲ [آل] (ئە) ھىيلە، نەيرەڭ.

ئال Ⅳ [آل] (ئە) ئائىلە، خاندان، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداش.

ئالى ئەبا — «ئالى نەبي» گە قاراڭ.

ئالى ئەسھاب — سەھابە ئائىلىلىرى، ئەۋلادلىرى.

ئالى رەسۇل — «ئالى نەبي» گە قاراڭ.

ئالى نەبي — پەيغەمبەر ئائىلىسى؛ (مۇھەممەد پەيغەمبەر، قىزى فاتىمە زۆھرا، كۈيئوغلى ھەزرەت ئەلى، ئوغۇللىرى ھەسەن ۋە ھۈسەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

ئالا [آلا] «ئالاي» غا قاراڭ.

ئالات [آلات] (ئە) [بىرلىكى: ئالەت] ئەسۋابلار، قوراللار، ياراغلار.

چىنىنى ئالات — چىنە ئىدىشلار.

ئالا توپىلان [آلا توپيلان] غەلۋە - ماجىرا؛ تەرتىپسىز توپىلاڭ؛ تەرتىپسىزلىك، ئالىتوپىلاڭ.

ئالاچوغ [آلاچوغ] چەللە، كەپە، ئۇۋا.

ئالاچوق [آلاچوق] «ئالاچوغ» قا قاراڭ.

ئالاچى [آلاچى] قاتىل، ئۆلتۈرگۈچى، جان ئالغۇچى، جاللات.

ئالار [آلار] ئۇلار:

مەسىھا خىزىر ئىدى ئالەمدە جان بەخش،
ئالار ئۆلدەمدە - يۇ، بۇ دەمدە سەن - سەن.

— لۇتفى.

ئالارتماق [آلارتماق] ئالايماق، ئالايتماق؛ غەزەپتىن كۆزى قاراڭغۇلاشماق.

ئالاقماق [آلاقماق] تارمار بولماق، بەربات بولماق؛ بۇزۇلماق.

ئالاڭ [آلانک] تۈپلىك، ئېدىر، داۋان، ئېگىز - پەسلىك:

قەتئى قىلغۇنچە رىيا دەشتى ئارا يۈزمىڭ ئالاڭ.

— نەۋائى.

ئالامان [آلامان] مۇنتىزىم بولمىغان ئەسكەرلەر (پارتىزان).

ئالامانچى [آلامانچى] بۇلاڭچى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇچى؛ باشباشتاق، يارىماس.

ئالاۋ [آلاو] 1) ئوت، يالقۇن، يالقۇنلاپ يېنىپ تۇرغان ئوت:

كۆرۈندى ئالاۋدىن ئاڭا بىر نىشان،
ئانى كۆردى مەجنۇن تاپىپ تازەجان.

— ئا. نىزارى.

2) ئىسسىقلىق، ھارارەت؛ 3) كۆچمە م: غەيرىتى يۇقىرى، جۇشقۇن.

ئالاۋلىماق [آلاوليماق] يالقۇنلىماق، يالقۇنلاپ يېنىپ تۇرماق، كۆيمەك.

ئالاي [آلای] (پ) بۇلغىغۇچى، مىلىگۈچى؛ بويىغان.

چېھرى ئالاي — يۈزىنى بويىغۇچى؛ ئالدامچى، ھىيلىگەر.

مەي ئالاي — مەي يۇققان، مەي ئارىلاش.

ئالايىش [آلایش] (پ) بۇلغىنىشلىق، ئىپلاسلىق؛ كىرلىك، خىرە.

ئالائ [آلاء] (ئە) نازۇنېمەتلەر، يېمەك - ئىچمەكلەر، مەئىشەت ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر.

ئالەپەكە [آلەپکە] گۈردەكنىڭ بىر تۈرى.

ئالەت [آلت] (ئە) «ئالات» قا قاراڭ.

ئالەم [عالم] (ئە) 1) پۈتۈن مەۋجۇدات، بارلىق كائىنات. 2) بۇ دۇنيا، دۇنيا، ئالەم.

ئالەمى ئافاق — كەڭ دۇنيا:

ئالەمى ئافاقنىمۇ گەرچە تاماشا ئەيلەدىم،
لەبلەرىڭگە گەۋھەرۇ لەئلى بەدەخشان ئوخشىماس.

— سەدائى.

ئالەمى ئەدەم — يوقلۇق دۇنياسى.

ئالەمى فانى — يوقالغۇچى دۇنيا.

ئەھلى ئالەم — ئالەم كىشىلىرى.

پادىشاھى ئالەم — جاھاننىڭ شاھى.

ئالەم ئارا [عالم ارا] (ئە + پ) ئالەمنى بېزىگۈچى، دۇنيا زىننىتى.

ئالەم ئاراي [عالم اراى] (ئە + پ) «ئالەم ئارا» غا قاراڭ.

ئالەم ئەفرۇز [عالم افروز] (ئە + پ) دۇنيانى يورۇتقۇچى.

ئالەم پەناھ [عالم پناه] (ئە + پ) ئالەمنىڭ (ئالەمدىكى كىشىلەر ۋە مەملىكەتلەرنىڭ) پاناھى.

ئالەمتاب [عالم تاب] (ئە + پ) دۇنيانى يورۇتقۇچى، ئالەمگە ئىسسىقلىق بەرگۈچى.

ئافتابى ئالەمتاب — 1) ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش؛ 2) كۆچمە م: قۇياش يۈزلۈك گۈزەل.

ئالەمسوز [عالم سوز] (ئە + پ) جاھاننى ئۆرتىگۈچى، كۆيدۈرگۈچى:

ئىشق ئالەمسوز ئېرۇر، جانسوز ھەم،
شەۋق ئوتىدىن كۆفر، ئىمان سوز ھەم.

— نەۋايى.

ئالەمشۇمۇل [عالم شمل] (ئە + پ) خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

ئالەمفۇرۇز [عالم فروز] (ئە + پ) «ئالەم ئەفرۇز» غا قاراڭ.

ئالەم گەرد [عالم گرد] (ئە + پ) دۇنيا كېزەر؛ تېز يۈرەر، چاپقۇر.

ئالەم گەردلىك [عالم گرديك] دۇنيا كەزمەكلىك، تېز يۈرۈشلۈك، چاپقۇرلۇق.

ئالەمگىر [عالمگير] (ئە + پ) دۇنيانى بويسۇندۇرغان، قولىغا ئالغان، ئىشغال قىلغان، جاھانگىر.

ئالەمى كۇبرا [عالم كبرا] (ئە) 1) چەكسىز ئالەم، پۈتكۈل، بارلىق، كائىنات. 2) يۈرەك، دىل.

ئالەمەين [عالمين] (ئە) ئىككى ئالەم (باقىي ۋە فانىي دۇنيا) .

ئالبان [آلبان] زورلۇق بىلەن يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت، سېلىق، ئالۋان.

ئالپ [آلپ] باتۇر، قەھرىمان، باھادىر، پالۋان.

ئال تامغا [آل تمغا] قىزىل تامغا، خان يارلىقلىرىغا بېسىلغان تامغا.

ئالتايى I [آلتايى] قىزىل تۈلكە، ئالتاي تۈلكىسى ۋە ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن جۇۋا:

قىزىلگۈل تابى توق ئانچەكى سىماب،
يوق ئالتايىچە يانغان شۇئلەغە تاب.

— نەۋايى.

ئالتۇن بىلىگە [آلتون بيلكا] يارلىق، پەرمان، تۈرك شاھلىرىنىڭ يارلىقى.

ئالتۇنلۇغ چىبىن [آلتونلوغ چيبين] تىللا چىۋىن، يالتىراق چىۋىن.

ئالتۇن مۇغ [آلتون موغ] كىمخاب، ئالتۇندىن توقۇلغان رەخت.

ئالتۇن ۋەرەق [آلتون رورق] قاشلىق (خال ۋە قاشقا سۈرتىدىغان بىر خىل قارا بوياق) .

ئالچى [آلچى] 1) ئۇشۇق ئويۇنىدىكى ئۇشۇقنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئاسمانغا قاراپ تۇرغان ھالىتى (ئۇتقانغا بىشارەت) . 2) ئەلچى. 3) تاغ چوققىسى. 4) ئۈستۈن، غالىب.

ئالچىق [آلچىق] جاسۇس، ئىشپىيون، ئەييار.

ئالداراماق [آلداراماق] 1) ئالدىرىماق، ئالمان - تالمان ھەرىكەت قىلماق. 2) گاڭگىرىماق؛ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماق؛ تەمتىرىمەك.

ئالداغ [آلداغ] ھىيلە، ھىيلە - نەيرەڭ.

ئالداغچى [آلداغچى] ھىيلىگەر، ئالدامچى، مەككار.

ئالداغلىق [آلداغليق] ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، مەككارلىق.

ئالغۇن [آلغون] تۆپە، ئېگىزلىك؛ كىچىك تاغ.

ئالغىنچى [آلغينچى] توپلىغۇچى، يىغقۇچى.

ئالقاماق [آلقاماق] دۇئا قىلماق، ماختىماق؛ قوللىماق:

سەندە ناز ئولدى نەۋايىدا نىياز ئەرمەس ئەجەب،
كىم سەن ئانى قارغىغان سايەسىنى ئول ئالقامىش.

— نەۋايى.

ئالمە باش [آلمەباش] ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى.

ئالۇج [آلوج] ئالۇچا (ئۆرۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل مېۋە) .

ئالۇد [آلود] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «ئارىلاش، بۇلغانغان، كىرلەشكەن» گە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

خاب ئالۇد — ئۇيقۇ باسقان، ئۇيقۇسىزلىق، ئۇيقۇ ئارىلاش.

خۇن ئالۇد — قان ئارىلاشقان، يۇققان، قانلىق، قانغا بويالغان:

ئېردى باشدىن ئاياغى خۇن ئالۇد،
كۆڭۈل ئوتىدىن ئېردى ئاھىدا دۇد.

— تۆت ئىمام تەزكىرىسى.

زەھەر ئالۇد — زەھەر ئارىلاشقان، زەھەر قوشۇلغان، زەھەرلىك.

مەي ئالۇد — مەي ئارىلاش، مەي يۇققان؛ مەي تەگكەن.

ئالۇدە [آلوده] (پ) مىلەنگەن، بۇلغانغان، ئىپلاس.
ئالۇدە دامەن — 1) ئىپلاس، يارىماس؛ نومۇسسىز، بۇزۇق. 2) ئېتەكى بۇلغانغان.
خاك ئالۇدە — توپىغا مىلەنگەن:

يىقىتمىش ئانى ئىشق غارەت قىلىپ،
ياتىپ خاك ئالۇدە راھەت قىلىپ.

گەردە ئالۇدە — چاڭ باسقان.

ئالۇدەلىق [آلودەلیق] ئىپلاسلىق، بۇلغانغانلىق، بۇزۇقلۇق.

ئالۇفتە [آلفته] (پ) 1) بىرىلگەن، ئاشىق، ھەيران. 2) پەرۋاسىز؛ نازۇك تەبىئەت؛ سەتەڭ.

ئالۇفتەۋار [آلفتەوار] (پ) ئالىفتىلارچە، ئالىفتىلىق بىلەن ئىش تۇتقۇچى.

ئالىجەناپ [عالى جناب] (ئە) 1) ئالىي پەزىلەتلىك، ئۇلۇغ، ئېسىل. 2) ئالىي ھىممەت. 3) ناھايىتى ياخشى؛ مىسلىسىز.

ئالىفتە [آلفته] (پ) «ئالۇفتە» گە قاراڭ.

ئالىم [عالم] (ئە) [كۆپلۈكى: ئۇلەما] يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيە ئىگىسى، يېتۈك، چوڭقۇر ئىلىملىك.

ئالىمۇلغەيب [عالم الغیب] (ئە) غايىب سىرلارنى بىلگۈچى؛ كۆچمە م: خۇدا.

ئالىن [آلين] پېشانە، ماڭلاي.

ئالىھى [آله] (ئە) تەڭرى، ئىلاھ، خۇدا.
فانۇسى ئالىھى — ئىلاھى پانۇس:

كۆڭلۈمدە چىراغى ئىشق ياندۇرماق ئۈچۈن،
گوياكى فانۇسى ئالىھى بولدۇم.

ئالىي [عالى] (ئە) 1) يۈكسەك، يۇقىرى، ئېگىز، بەلەن. 2) ياخشى.
ئالىي بۇرۇج — ئېگىز چوققىلار؛ ئاسمان.
ئالىي جاھ — ئالىي دەرىجىلىك، ئۇلۇغ، يۇقىرى مەرتىۋلىك.
ئالىي دەرگاھ — يۇقىرى دەرىجىلىك قەسىر، ساراي.
ئالىي سىفات — يۇقىرى خۇسۇسىيەتلىك.
ئالىي شان — يۈكسەك مەرتىۋلىك، ئەلا قەدىرلىك.
ئالىي مەقام — يۈكسەك، يۇقىرى دەرىجىلىك.
ئالىي مەكان — يۇقىرى مەرتىۋلىك.
ئالىي نەژاد — يۇقىرى نەسەبلىك، ئالىي جىنسلىق.
ئالىي نىھاد — زاتى ئۇلۇغ.
ئالىي ھەسەب — يۈكسەك پەزىلەتلىك.
فەرمانى ئالىي شان — ئالىي ۋە مۆتىۋەر پەرمان، پادىشاھلىق پەرمانى.

ئالىيە [عاليه] (ئىسە) 1) يۈكسەك، ئۇلۇغ، بۈيۈك (ئاياللارغا قارىتا). 2) ئالىيە (ئىسىم).

ئام [عام] (ئە) ئامما، كۆپچىلىك، ئومۇمىي («خاس» نىڭ قارشىسى):

ئاتاي خاسلىق دەئۋىي قىلۇرسەن ياخشىلار،
كۆڭۈلدە ساقلاكىم ئەسرۇ ياماندۇر ئام غەۋغاسى.

— ئاتايى.

ئام بولماق — ئومۇمىي بولماق، كۆپچىلىككە يېيىلماق.
بارى ئام — ئومۇمىي رۇخسەت، ئومۇمىي قوبۇل.

ئاماچ I [آماج] (پ) نىشان، قارا (ئوق ئېتىپ مەشق قىلىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان قارا، نىشان تاختىسى):

سەن بولۇپ تىرتەگنە ئاماچى،
تاپدى ئەلتاف شاھنى راجى.

— كامىل.

ئاماچ ئەيلەمەك — مۆلچەرلىمەك، نىشانغا ئالماق، قارىغا ئالماق.

ئاماچ II [آماج] يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان، بۇسۇقا.

ئاماچخانا [آماچخانه] (پ) ئوق ئاتىدىغان جاي، مەشق ئورنى.

ئامادە [اماده] (پ) تەييار، تەييارلانغان:

كى ئامادە قىلدى توي ئەسبابىنى،
زىياپەتكە ئاچتى ھەم ئەيۋانىنى.

— ئا. نىزارى.

ئامادە ئەتمەك — «ئامادە ئەيلەمەك» كە قاراڭ.
ئامادە ئەيلەمەك — تەييارلىماق، ھازىرلىماق.
ئامادە تۇتماق — تەييارلىماق؛ تولدۇرماق؛ ئورنىغا قويماق.
ئامادە قىلماق — «ئامادە ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئامال [آمال] (ئە) [بىرلىكى: ئەمەل] ئۈمىدلەر، تىلەكلەر، ئىستەكلەر، غايىلار.

ئامان [امان] (ئە) ساق ـ سالامەت، ئامان ـ ئېسەن.

ئامەد [آمد] (پ) ئامەت، تەلەي؛ بەخت؛ تەقدىر.

ئامراغ [امراغ] يېقىن، ئۆلپەت.

ئامراق [آمراق] «ئامراغ» قا قاراڭ.

ئاممە [عامه] (ئە) «ئام» غا قاراڭ.

ئامۇ [آمو] ئامۇ دەريا.

ئامۇدە [آموده] (پ) 1) تۆلەم، تۆلىتىلگەن. 2) بىزىتىلگەن؛ يىپقا تىزىلغان (لەئل ۋە گۆھەر ھەققىدە).

ئامۇرزىش [آمرزش] (پ) «ئامىرزىش» قا قاراڭ.

ئامۇرزىكار [آمرزگار] (پ) كەچۈرگۈچى، ئەپۇ قىلغۇچى، كەڭچىلىك قىلغۇچى.

ئامۇز [آموز] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «ئۆگەنگۈچى، بىلگۈچى، بىلەرمەن، ئالغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىلىم ئامۇز — بىلىم ئالغۇچى، ئىلىم ئۆگەنگۈچى.

ئامۇزگار [آموزكار] (پ) 1) ئۆگەتكۈچى، 2) تەجرىبىكار، بىلىمدان:

ھەرنەكىم كۆردى ئاتامدىن رۇزگار،
ھەم ئانى بولدى ماڭا ئامۇزگار.

— نەۋايى.

ئامى [عامى] (ئە) ساۋاتسىز، ئوقۇمىغان؛ ئاۋام.

ئامىختە [آميخته] (پ) ئارىلاش، ئارىلاشتۇرۇلغان، بىرىكتۈرۈلگەن، قوشۇلغان.

ئامىر I [آمر] (ئە) ئەمر قىلغۇچى، بۇيرۇغۇچى؛ ھۆكۈمدار.

ئامىر II [عامر] (ئە) ئاۋات، گۈللەنگەن، مەمۇرلۇق.

ئامىرزىش [آمرزش] (پ) كەچۈرۈش، ئەپۇ قىلىش، كەڭچىلىك قىلىش.

ئامىز [آميز] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «ئارىلاش، بىرىككەن، قوشۇلغان، مىلەنگەن، . . . لىق، . . . دار» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

خۇن ئامىز — قانلىق، قانغا مىلەنگەن، قان ئارىلاش:

كۆزى خۇنغە ئامىز ئىرۇر گەندەلىپ،
قىزىلگۈلنىڭ ئولدى خەزانى قەرىب.

— ئا. نىزارى.

رەڭ ئامىز — رەڭدار، پارلاق.

ئامىزىش [آميزش] (پ) ئارىلىشىش، بېرىش - كېلىش.

ئامىل I [عامل] (ئە) 1) ئەمەل قىلغۇچى، ئىشلىگۈچى، ئىشچى. 2) ئەمەلدار، ھاكىم.

ئامىل II [عامل] (ئە) سەۋەب.

ئامىن [آمين] (ئە) پاتىھەدە: «**ئىلاھا** شۇنداق بولسۇن، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلىڭ» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان دۇئا ئىبارىسى.

ئان [آن] (پ) ۋاقىت، پەيت، لەھزە، دەم.

بىر ئان — بىردەم.

ئانت [آنت] ۋەدە، قەسەم:

ئانت ئىچىپسەن گويىياكىم ئەھدۇ ھۆسنۈڭدە بىكىم،
قىلماغايسەن بىر جەراھەتلىك كۆڭۈل دەرمانىنى.

— لۇتفى.

ئانتخور [آنت خور] قەسەمخور.

ئانجاق [آنجاق] شۇنچە، شۇنچىلىك:

لۇتفى سۆزىنىڭ لۇتفىنە تەبئىڭ يېتەر، ئانجاق،
ئەمسەنتەكى، مەھبۇبى سۇخەندىن يېتىلىپسەن.

— لۇتفى.

ئانچە [آنچه] بىرمۇنچە، شۇنچە، خېلى:

قىلىپ رەڭنا قەدىڭ يادىن سەھەردە ئانچە يىغلادىم،
كۆزۈمنىڭ جۇيبارى ئىچرە سەرۋى تا رەۋان بولدى.

— سەككاكى.

ئانچىنان [آنچنان] شۇنچە، شۇنچىلىك؛ شۇنىڭغا قەدەر، شۇنىڭغا ئوخشاش؛ خېلى، خېلىلا: بۇ ئوتنى كۆرۈپ شاد
ئولۇپ ئانچىنان، كى ئول شۇئلە — سارىغە بولدى رەۋان.

— ئا. نىزارى.

ئاندىماق [آنديماق] «ئاڭدىماق» قا قاراڭ.

ئانقەدەر [انقدر] شۇ قەدەر، شۇنىڭغا قەدەر، شۇ چاغقىچە.

ئاھ [اه] 1) مېھىر، خۇشاللىق، سېغىنىش قاتارلىق ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ. 2) دەرد - ئەلەم، نالە - پىغان ۋە ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاھى ئاتەشبار — ئوت چاچقۇچى ئاھ:

ئاھى دەرد ئالۇد — دەردلىك، ھەسرەتلىك ئاھ.

ئاھى دىلسوز — دىلنى كۆيدۈرگۈچى ئاھ:

ئاھى سەخت — قاتتىق ئاھ:

گورىستانغا بارماق ئىدى ئىككى ۋەقت،
پىغان - نەۋھە ئەيلەپ ئۇرۇپ ئاھى سەخت.

— ئا. نىزارى.

ئاھى سەرد — سوغۇق ئاھ، ئاچچىق ئاھ تارتىش:

كۆرۈپ لەيلى ئولدەم چېكىپ ئاھى سەرد،
قىزىلگۈل يۈزى ئىشقىدىن بولدى زەرد.

— ئا. نىزارى.

ئاھە [اهه] پولاتتىن ياسالغان قەدىمكى ئۇرۇش قوراللىرىدىن بىرى.

ئاھەڭ I [آهنگ] (پ) 1) قەست، نىيەت، ئىستەك، ئىنتىلىش. 2) باشلاش. 3) يۈزلىنىش.

ئاھەڭ II [آهنگ] (پ) رەۋىش، تەرز، يوسۇن؛ ئوخشاش، كەبى.

ئايىنە ئاھەڭ ئەينەككە ئوخشاش، ئەينەكتەك.

ئاھەڭ III [آهنگ] (پ) ئاھاڭ، كۈي، ئاۋۇش ئېقىمى.

ئاھەن [آهن] (پ) تۆمۈر.

ئاھەن پارە — پارچە تۆمۈر.

ئاھانجامە [آهن جامه] (پ) تۆمۈرتون؛ تۆمۈرچىلەر

ئىش كىيىمى.

ئاھەنرەبا [آهن ربا] (پ) 1) ماگنىت. 2) كۆچمە م: ئۆزىگە تارتقۇچى، جەلپ قىلغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى.

ئاھەنگەر [آهنكر] (پ) تۆمۈرچى.

ئاھەنگۇداز [آهن كداز] (پ) 1) تۆمۈر ئاۋۇلغۇچى، تۆمۈرچى. 2) تۆمۈر (چويۇن) نى ئېرىتىدىغان ئوچاق.

ئاھەنىن [آهنين] (پ) تۆمۈردىن ئىشلەنگەن.

ئاھەنىن چەڭگ [آهنين چنك] تۆمۈر پەنجە، پەنجە، پەنجىلىك؛ ناھايىتى كۈچلۈك.

ئاھەنىن دىز [آهنين دز] (پ) پولات قورغان، مۇستەھكەم قەلئە.

ئاھۇ I [آهو] (پ) كىيىك.

ئاھۇ II [آهو] (پ) ئەيىب، گۇناھ.

ئاھۇئەفغان [اهوافغان] ئاھ - پىغان، نالە - پىغانلار:

تەزەللۇم تىيرى دەۋراندىن، قۇتۇلماي ئاھۇ ئەفغاندىن،
تويۇپمەن يار ئۇچۇن جاندىن كى باقمالڭ ئىنتىزارىمغە.

— ئا. نىزارى.

ئاھۇبەچچە [آهوبچە] (پ) كىيىك بالىسى (ئوغلىقى).

ئاھۇبەررە [آهوبره] (پ) «ئاھۇبەچچە» گە قاراڭ.

ئاھۇچەشىم [آهوچشم] (پ) بوتا كۆز.

ئاھۇزار [آهوزار] (پ) «ئاھۇ ئەفغان» غا قاراڭ.

ئاھۇفىغان [آهوفغان] «ئاھۇ ئەفغان» غا قاراڭ.

ئاھۇگىرلىك [آهوكيرليك] ئەيىب تاپماقلىق، ئەيىب ئىزدىمەكلىك.

ئاھۇنالە [آهوناله] «ئاھۇ ئەفغان» غا قاراڭ.

ئاھۇۋاۋەيلا [آهوواويلا] (پ) ئاھ، ئىھ، ۋاي (ھەسرەت چېكىش، ئازابلىنىشقا ئوخشاش ئىچكى ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ).

ئاھۇۋاۋەيلا! كۆرۈڭ، بىزلەرنى شەيدا قىلدى ئىشق،
سىررىيو پىنھانلارىم بىر - بىر ھۇۋەيدا قىلدى ئىشق.

— سەدائى.

ئاھۇيى خوتەن [آهوىختن] خوتەن كىيىكى.

ئاھۇيى مۇشك [آهوىمشك] (پ) ئىپار كىيىك:

ئايا دىلبەر ئەگەر كۆرسەڭ ئەمەس ھەر ياسىمەن ھاجەت،
يەنە بىر ئىۋە - ئەنبەر ئاھۇيى مۇشك خوتەن ھاجەت.

— سەدائى.

ئاھىستە [آهسته] (پ) 1) ئاستا، تىۋىشسىز. 2) ئالدىرىماستىن. 3) بىلىنەر - بىلىنمەستىن، سەل - پەل. 4) ھودۇقماستىن، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن. 5) بىلدۇرمەي، بىلىندۇرمەي، ئاشكارا قىلماي، يوشۇرۇنچە. 6) ئېھتىياتلىق بىلەن، ئاۋايلاپ، ئاستاغىنە.

ئاھىستە - ئاھىستە [آهسته آهسته] (پ) ئاستا - ئاستا، تىۋىشسىز، تىنچ، جىمجىت، يەڭگىل:

تۈن ئاقشام كەلدى كۆلبەمگە مېنىڭدەك دىلرەبا يالغۇز،
كۆرۈپ ئاھىستە - ئاھىستە ئانىڭدەك بىر سەفا يالغۇز.

— سەدائى.

ئاھىستە خو(ي) [آهستەخو (ى)] (پ) سىپايە، سىلىق، نازاكەتلىك، ئەدەپلىك.

ئاھىستەرەۋ [آهستەرو] (پ) ئاستىلىق، سۇسلۇق؛ ئاستا، سۇس (يول ماڭغاندىكى ھەرىكەت)، روھسىز:

ئەي ئەجەل! ئاھىستە رەۋ زۇلمى نەمايان ئەيلىدىڭ،
قىبلەگاھىمنى قارا يەر بىرلە يەكسان ئەيلەدىڭ.

— ئا. نىزارى.

ئاۋ [او] شىكار، ئوۋ:

كۆزى - قاشىندىن ئوق - يانى كېتەرمەس،
كۆڭۈللەر قۇشلارىن ئاۋلار ھەمىشە.

— ئاتايى.

ئاۋارە [اواره] (پ) 1) سەرگەردان؛ 2) بەختسىز؛ 3) ماكانسىز:

بىر كۆرۈپ بىچارەلىك بىرلە بولۇپ مەجنۇن سۈپەت،
يۈرگەن ئاۋارە بولۇپ بى خانىمانىم قايدا سەن؟

— ئا. نىزارى.

ئاۋازە [آوازه] (پ) 1) خەۋەر، دېرەك. 2) داڭق، نام، شۆھرەت:

چىقمادى ئاۋازەئى ئۆمر ئىچىدە سەندىن ئەغنىيا،
ھاتەمى تەيدەك جەھانگىر ئولغالى ئىھسان كىبرەك.

ئاۋان [اوان] (ئە) [بىرلىكى: ئان] ۋاقىتلار، زامانلار، دەۋرلەر، چاغلار.

ئاۋەخ [اوخ] ئا! ۋاي! ئاھ - ۋاھ! (ئۈندەش سۆز).

ئاۋەر [آور] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «كەلتۈرىدىغان، كەلتۈرگەن، كەلتۈرگۈچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيام ئاۋەر — خەۋەر كەلتۈرگۈچى.

رەشك ئاۋەر — قىزغانچۇقلۇق.

نۇكتە ئاۋەر — 1) چوڭقۇر مەنىلىك. 2) پاساھەتلىك. 3) چىرايلىق سۆزلىگۈچى، ياخشى جاۋاب قايتۇرغۇچى.

ئاۋەردە [آورده] (پ) كەلتۈرۈلگەن.

ئاۋرىنماق [آورينماق] 1) ئىنتىرىلمەك. 2) بىر نەرسىگە قول تەگكۈزمەك. 3) تىپىنماق.

ئاۋۇتماق [اووتماق] 1) يىغىدىن توختاتماق، تەسەللى بەرمەك:

ئەل ئارا شۆھرەت پەساھەتتىن بولۇپ،
نۇكتە بىرلە غەملىك ئەلنى ئاۋۇتۇپ.

— نەۋائى.

ئاۋۇچ [اَوج] 1) ئوچۇم، چاڭگال؛ سىقىم، ئالىقان. 2) چاۋاك.

ئاۋۇچ ئاچماق — چاڭگال ئاچماق.

ئاۋۇچ خاك — (بىر) سىقىم تۇپراق.

ئاۋۇچ قاقماق — چاۋاك چالماق:

كىرگامىز گۈل شەھ يولىغە جان بىلە،
جان ئاۋۇچلاپ دىدەئى گىريان بىلە.

— نەۋائى.

ئاۋۇچلاماق [اَوجلاماق] ئوچۇملىماق، سىقىملىماق.

ئاۋۇرت [اَورت] قوۋۇز.

ئاۋۇنتۇرماق [اَوونتورماق] «ئاۋۇتماق» قا قاراڭ.

ئاۋىز [اَويز] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «ئېسىلغان، ئېسىقلىق» قا ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

دەست ئاۋىز — 1) قولدا ئېسىلغان. 2) ۋاستە؛ قۇتۇلۇش ۋاستىسى. 3) سوۋغا، ھەدىيە.

ئاۋىزە [اَويزه] (پ) 1) ئېسىلغان، ئېسىقلىق، ئاسما. 2) ھالقا، ئىسىرغا، زىرە.

ئاۋىزە قىلماق — ئاسماق، ئېسىپ قويماق، تاقاپ قويماق.

ئائىد [عائد] (ئە) تەئەللۇق، دائىر، تېگىشلىك.

ئائىدە [عائده] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋائىد] تېگىشلىك، باغلىق بولغان (بىرەر نەرسىگە).

ئائىلە [عائله] (ئە) 1) خوتۇن. 2) ئاتا - ئانا ۋە بالا - چاقىلار.

ئائىنە [اَئينه] (پ) «ئايىنە» گە قاراڭ.

ئايا [اَيا] (پ) 1) ئەي! . . . ھەي! . . . 2) سوراق ۋە ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرگۈچى ياردەمچى سۆز: «ئەجەبا، ئۇنداقمۇ؛ ياكى، بەلكى، ئېھتىمال» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

ئايا بىلمەي — نېمە دېيىشنى بىلمەي.

ئايامەھۋەشا — ئەي ئاي يۈزلۈك!

ئايات [اَيات] (ئە) [بىرلىكى: ئايەت] 1) نىشانلار، بەلگىلەر. 2) قۇرئان جۈملىلىرى:

جەمالىڭ مۇسەھەپىنىڭ ئاياتىدىن،
ھەدىسى يۇسۇفى كەنئان بولۇپدۇر.

— ئاتايى.

ئاياتى شىفا — شىپا بەخش ئايەتلەر.

ئاياتى مۇبىن — بايان ئەتكۈچى ئايەتلەر.

ئاياز [اَياز] 1) ئوچۇق ھاۋا، ئايدىڭ. 2) كېچىنىڭ سوغۇقى. 3) كۆچمە م: ئادىللىق:

سەيد بى پەرۋا يۈرۈرگە شەھبازى بولماسا،
مەملەكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسا.

— زەلىلى.

ئاياغ [اَياغ] «ئاياق» قا قاراڭ.

ئاياق [اَياق] 1) قەدەھ، قاچا، كاسا، جام. 2) ئاياغ، پۇت.

دەۋر ئاياقى — ئايلانغۇچى قەدەھ، دەۋر قەدەھى:

تۇتار ئېردى ساقىي دەما - دەم ئاياق،
بولۇپ مەست، ھېچكىم ئەمەس ئاندا ساق.

— ئا. نىزارى.

ئاياقچى [اَياقچى] 1) شاراب قۇيغۇچى، قەدەھ تۇتقۇچى، ساقىي. 2) مەي ساتقۇچى:

ئاياقچى ماڭا جام قىل مەرھابا،
ئانى نوش ئېتىپ كۆزنى ئەيلەي پەنا.

— ئا. نىزارى.

ئايالغۇ [اَيالغو] «ئەيالغۇ» غا قاراڭ.

ئايان [اَيان] (ئە) كەلگۈچى.

ئايان بولماق — كەلمەك.

ئايەندە [اَينده] (پ) 1) كەلگۈچى، كېلىدىغان؛ كېيىنكى؛ 2) كېلەچەك، كەلگۈسى.

خۇش ئايەندە — خۇش كەلگۈچى؛ يېقىملىق، گۈزەل تۇيۇلغۇچى.

ئۆلكى يېقمايدۇر ۋۇجۇدى قەسرىن ئىشق ئايەندەئى،
ۋەسلى خىلۋەتگاھ دىۋارىنى بۇنياد ئەتمەسۇن.

— مەھزۇن.

ئايتمان [اَيتمان] ئېيتمايمەن.

ئايدىن [اَيدين] ئايدىڭ (كېچە).

ئايرو [اَيرو] 1) ئايرىم، ئۆزگە، بۆلەك، باشقا؛ جۇدا. 2) ئايرىلىپ، ئايرىپ.

سەندىن ئايرو — سەندىن باشقا، سېنىڭسىز:

ئاندىن ئايرو ئاشىقۇ دىۋانەمەن،
ئەقلى ھۇشۇ سەبردىن بىگانەمەن.

ئايرى [اَيرى] باشقا، غەيرىي؛ بۆلۈنۈش، تەقسىملىنىش، چېچىلىش.

ئايرى - ئايرى [اَيرىاَيرى] باشقا - باشقا.

ئايرىلىق [اَيريليق] ئايرىلىش، پىراق، ھىجران.

ئاي زەۋرەقى [اَىزورقى] ئېگىلگەن قېيىققا ئوخشاش، ئىنچىكە يېرىم ئاي شەكلى.

ئايىردۇك [آيىردوك] ئايرىسۇن.

ئايىرماق [آيىرماق] ئايرىماق، ئايرىلماق، تەقسىملەمەك؛ چاچماق.

ئايرمان [آيىرمان] ئايرىمايمەن.

ئايرمان ساچىڭ بەندىدىن مەن كۆڭۈلنى.

— نەۋايى.

ئايىقماق [آيىقماق] 1) ھېيىقماق. 2) ھوشيار تۇرماق.

ئايىلدۇرماق [آيىلدورماق] 1) ئايرىلدۇرماق. 2) ھوشيار قىلماق، ھوشىغا كەلتۈرمەك.

ئايىلماق [آيىلماق] ھوشيارلانماق، ھوشىغا كەلمەك، ئۆزىگە كەلمەك؛ تۈزۈلمەك.

ئايىم [آيىم] 1) نازىنىن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، بەرنا. 2) يۇقىرى تەبىقە ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئايال ۋە قىزلارنىڭ ئىسمىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن قوشۇلىدىغان نام. 3) ئانا:

دەۋلەتىڭدىن كۆككە يەتتى بارچە قۇللارنىڭ باشى،
ئۇشبۇ نەتالىشىدۇر ئايىم بىزگە يەتسەڭ تاڭ ئاتار.

— ئاتايى.

ئايىن I [آيىن] (پ) 1) رەسىم، ئادەت، قىلىق، رەۋىش؛ تەرز، تەرتىپ، ئۇسۇل، مۇراسىم. 2) ئوخشاش، كەبى.

ئايىنە ئايىن — ئەينەككە ئوخشاش.
ئايىنى داد — ئادالەت رەسمى.
ئايىنى فەساھەت — پاساھەت رەۋىشى.
ئايىنى فەنا — پانىيلىق تەرزى.
ئايىنى قەتلۇگىن — ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈش ئادىتى.
ئايىنى ھەرب — ئۇرۇش تەرتىپى.
ئايىنى ۋىفان — مۇھەببەت بىرىكىش.
شاھلىق ئايىنى — شاھلىق قائىدە ـ يوسۇن:

شاھلىق ئايىنىغە راجىڭ بولاي،
ئۆزگە شەھغە نە ئۈچۈن تابىڭ بولاي.

— نەۋايى.

گەۋھەر ئايىن — گۆھەردەك، گۆھەرگە ئوخشاش.

ئايىن II [آيىن] (پ) 1) زىننەتلىمەك، بېزىمەك، ياسىماق پەردازلىماق. 2) ياسانماق. 3) رەتلىمەك.

ئايىننەما [آيىنەما] (پ) چىرايلىق بېزەلگەن.

ئايىنە [آيىنە] (پ) ئەينەك:

ئايىنەئى باسەفا — يورۇق، نۇرلۇق ئەينەك.

ئايىنە سىنىڭ يۈزۈڭ كۆرۈبان،
لاپ ئۇرسا يۈزۈندە يوق سەفاسى.

— سەككاكى.

ئايىنە بەند [آيىنەبند] (پ) زىننەتلەش، بېزەش؛ ياساش، پەردازلاش:

دىلئارانى ئانداغ تۇتۇپ ئەر جۇمىند،
شەھەرنى تەمام ئەتتى ئايىنە بەند.

— ئا. نىزارى.

ئايىنەدار [آيىنەدار] (پ) ئەينەك ساقلىغۇچى، ئەينەك تۇتقۇچى:

لېكىن ئولمىش كۆزلەرىمدە گەرچە مەن خەففاش ئەمەس،
ئۆيلە ئالەم قارا كىيىم يەلداغەدۇر ئايىنە دار.

— تەجەللى.

ئايىنە سان [آيىنەسان] (پ) ئەينەكتەك، سۈزۈك.

ئايىنە فام [آيىنەفام] (پ) «ئايىنە گۇن» غا قاراڭ:

رەھىم ئېيتىپ ھالىمغە ئول، باشىم قۇچاغىغە ئالىپ،
تۇتسە يۈزىنى نەفەس تەھقىقىغە ئايىنە فام.

— مەھزۇن.

ئايىنەكىردار [آيىنە كيردار] (پ) «ئايىنە سان» غا قاراڭ.

ئايىنە گۇن [آيىنەگون] (پ) ئەينەك رەڭ، ئەينەكتەك، ئەينەككە ئوخشاش، يالتىراق، سۈزۈك.

ئايىنە ۋار [آيىنەوار] (پ) ئەينەكتەك، ئەينەككە ئوخشاش:

ئول قىلىبان جىلۋەئى ھۆسن ئاشكار،
سەن كۆڭۈل بىرلە ئاڭا ئايىنەۋار.

— نەۋايى.

ئە

ئەئادى [اعادى] (ئە) [بىرلىكى: ئەدۇۋ] دۈشمەنلەر.

ئەئالى [اعالى] (ئە) [بىرلىكى: ئالى] يۇقىرى دەرىجىلىكلەر، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەر، ئۇلۇغلار، ئالىي زاتلار.

ئەئەزز [اعز] (ئە) ئەڭ ئەزىز، ئەڭ ئىززەتلىك، ئەزىزراق.

ئەئەززى ئەسھاب — سۆھبەتداشلارنىڭ ئەڭ ئەزىزى.

ئەئەززى ئەھباب — دوستلارنىڭ ئەڭ ئەزىزى، ھۆرمەتلىكى.

ئەب [اب] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەبائ] ئاتا، پەدەر:

«ئاتاڭ ئايۇ ئاناڭ خورشىد ئىدى ئەركىنلىكى سەن تۇغدۇلۇڭ،
ۋەلې ھۆسنۇ لەتافەتتە نې ئەب ئوخشار ساڭانى ئۇمم.»

— نەۋائى.

ئەبا [عبا] (ئە) دەرۋىش ۋە قەلەندەرلەر كىيىدىغان، يولۇق چەكمەندىن تىكىلگەن كالتا، يەڭسىز ئۈست كىيىم (يېپىنچا).

ئەبابىل [ابابيل] (ئە) تاغ قۇشى؛ ئۇزۇن قانات، قارلىغاچلار.

ئەباتىل [اباطيل] (ئە) 1) ئىغۋا، ئۇششاق سۆز، پىتنە - پاسات، پىتنە - ئىغۋا، مىش - مىش گەپ، ئۆسەك سۆز، سۆز - چۆچەك، قۇرۇق گەپ؛ 2) «باتىل» غا قاراڭ.

ئەبائ [اباء] (ئە) رەت قىلىش، باش تارتىش.

ئەبەد [ابد] (ئە) [كۆپلۈكى: ئاباد] پايانى يوق كېلەچەك زامان («ئەزەل» نىڭ قارشىسى): مەڭگۈلۈك؛ ئەبەدىي؛ دائىمىي؛ ئەبەد؛ چەكسىزلىك، دائىملىق.

ئەبەد نۇقتەسى — يىگانە خال، گۈزەللىكنىڭ دائىمىي ۋە ئۆزگەرمەس بەلگىسى.

ئەبەد ھەيات — تۈگىمەس، مەڭگۈ ھايات.

ئەبەد ئۆمەرى — تۈگىمەس، باقىي ئۆمۈر.

ئەبەدا [ابدا] (ئە) دائىما، ھەمىشە.

ئەبەدۇلئەبەد [ابدالابد] (ئە) دائىما، ھەمىشە، ئەبەدىي؛ ئاخىرى، پايانى يوق؛ ئۈزلۈكسىز، چەكسىز.

ئەبەدىي [ابدى] (ئە) دائىمىي، دائىملىق، مەڭگۈلۈك.

ئەبەس [عبث] (ئە) بىھۇدە، پايدىسىز، ئورۇنسىز، كېرەكسىز، بىكار، بىكارغا:

ئەبەس بىرلە دىلنى بىرىپ دەھرىگە،
كېمە ئۆزرە چىقتۇق تۇشۇپ بەھرىگە.

— ئا. نىزارى.

ئەبەن [اباً] (ئە) «ئەبەن ئەن جەددەن» گە قاراڭ.

ئەبەن ئەن جەددەن — ئاتا بوۋىدىن تارتىپ، بوۋىدىن بوۋىغا، نەسلىدىن نەسلىگە (قالغان).

ئەبەۋى [ابوى] (ئە) ئاتا:

رىزا بولسا فەرزەندلەردىن ئەبەۋى،
تۇغار باشىغە بەختىنىڭ كەۋكەبى.

— ئا. نىزارى.

ئەببەدەت [ابدت] (ئە) «ئەببەدەت ئەھسانەھۇ» غا قاراڭ.

ئەببەدەت ئەھسانەھۇ — ياخشىلىقنى (ئېھسانلىرىنى) ئەبەدىيلەشتۈرسۇن، ياخشىلىقى (ئېھسانى) ئەبەدىي بولسۇن! (دۇئا).

ئەبتەر [ابتر] (ئە) 1) كالتە، قىسقا، ئۈزۈلگەن؛ خۇنۇك، نۇقسانلىق. 2) ئەرزىمەس، كېرەكسىز، بىكار، پايدىسىز. 3) تىنچسىز. 4) ۋەيران، خاراب:

ئۆلۈمغە چارە يوقدۇر ئەي بەرادەر،
ئۆلۈم ۋەھمىدە ھەرجان بولغاي ئەبتەر.

— خەراباتى.

5) خەستە، ناتىۋان. 6) پەرىشان، بەختسىز:

سۇنبۇل ئولسۇن يا زىرە يا زەئفىران يا ئۆدكىم،
بارچەنى ئەبتەر قىلۇر ئول سۇنبۇلى ئەنبەر شىكەن.

— گۇمنام.

7) ئارۇز ئىلمىدىكى بىر خىل ئاتالغۇ.

ئەبتەر شىۋە [ابتر شيوه] (ئە + پ) ھەردەم خىيال.

ئەبتەرۋەش [ابتروش] (ئە + پ) بەختسىزرەك، خارابلاشقاندەك، پەرىشانغا ئوخشاش.

ئەبتەرىي [ابترى] (ئە + پ) 1) ئەڭ بەختسىز؛ دىۋانە؛ 2) ئەخلاقسىز.

ئەبجەد [ابجد] (ئە) قەدىمكى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى سىرە (تەرتىپ) كۆرسەتكۈچى سەككىز ئۇيدۇرما سۆزنىڭ بىرىنچىسى ۋە شۇ ئويدۇرما سۆزلەر مەجمۇئەسىنىڭ نامى (بۇنىڭدىكى ھەربىر ھەرپ بەلگىلىك سان قىممىتىگە ئىگە). ئەرەبچە تەرتىپى، ئەبجەد ھېسابىغا ئوخشاش.

تەختەئى ئەبجەد — ئەبجەد تاختىسى:

ئەيلەر مېنى لەۋھى قەلەم سىرىدىن ئاگاھ،
ئىلكىمگە ھەنۇز ئالمايىن ئول تەختەئى ئەبجەد.

— زەلىلى.

ئەبجەدخان [ابجدخوان] (ئە + پ) مەكتەپكە يېڭى كەلگەن بالا، ئېلىپبەنى ئۆگىنىشكە باشلىغان ئوقۇغۇچى.

تىفلى ئەبجەدخان — ئەبجەد ئۆگەنگۈچى بالا.

ئەبد [عبد] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەبىد/ ئىباد] قۇل، بەندە.

ئەبدال [ابدال] (ئە) 1) ۋەلىيلىكنىڭ (ئەۋلىيالىقنىڭ) بەلگىلىك بىر دەرىجىسىگە ئېرىشكەن گۇرۇھ؛ ئەۋلىيالار، خۇداغا يېقىنلار. 2) تائەت - ئىبادەت قىلغۇچىلار، دەرۋىشلەر؛ 3) قەلەندەر، دىۋانە.

ئەبدالۋەش [ابدال وش] (ئە + پ) ئەۋلىيا تەبىئەت؛ دەرۋىش سۈپەت؛ قەلەندەر سۈپەت.

ئەبدان [ابدان] (ئە) [بىرلىكى: بەدەن] بەدەنلەر، تەنلەر، كىشىنىڭ ھەممە ئەزاسى.

ئەبر [ابر] (پ) بۇلۇت.

ئەبرى باران — يامغۇر بۇلۇتى، قاتتىق يامغۇر:

تۆكۈپ ئەشكىنى ئەبرى باران كەبى،
ئاقىپ ياشلار لەئلى رۇممان كەبى.

— ئا. نىزارى.

ئەبرى بەلا — بالا بۇلۇتى، ئاپەتلىك بۇلۇت، پالاكەت بۇلۇتى.

ئەبرى بەھار — باھار بۇلۇتى؛ كۆكلەم بۇلۇتى:

چۇ بىداد ئېتىپ چەرخى ناسازۋار،
بەلا ياغدۇرۇپ مىسلى ئەبرى بەھار.

— ئا. نىزارى.

ئەبرى بەھاران — «ئەبرى بەھار» غا قاراڭ.

ئەبرى بەھارىي — كۆك يېغىن بۇلۇتى.

ئەبرى پۇربا — «ئەبرى بەھارىي» غا قاراڭ.

ئەبرى خىرام — بۇلۇتقا سەكرەيدىغان؛ بۇلۇتتەك تېز چاپىدىغان.

ئەبرى رەھمەت — رەھمەت يېغىنىنى كەلتۈرىدىغان، بەھرىمەن قىلىدىغان بۇلۇت.

ئەبرى غۇرران — گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇت.

ئەبرى قىيرمانەندە — قارا بۇلۇت.

ئەبرى كافۇرېيز — قار ياغدۇرغۇچى بۇلۇت.

ئەبرى كەرەم — كەرەم بۇلۇتى؛ ساخاۋەت بۇلۇتى.

ئەبرى گەۋھەربار — 1) گۆھەر ياغدۇرغۇچى بۇلۇت. 2) ساخاۋەتلىك كىشى، مەنپەئەتدار ۋە بەھرىمەن قىلغۇچى شەخس.

ئەبرى گەۋھەر سەنج — گۆھەر ياغدۇرغۇچى بۇلۇت.

ئەبرى گىريان — ياش تۆككۈچى بۇلۇت:

ئىشق بەھرىدىن ۋۇجۇدۇم قەترەلەر جەزب ئەتمەسە،
نې ئۈچۈن ئۇششاق ئىچىدە ئەبرى گىرياندۇر كۆزۈم.

— گۇمنام.

ئەبرى مۇتىر — يامغۇر بۇلۇتى؛ كۆپ يېغىنلىق بۇلۇت.

ئەبرى نەۋبەھار — باھار مەۋسۇمىنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى كۆك يېغىن بۇلۇتى.

ئەبرى نەيسا — «ئەبرى بەھار» غا قاراڭ.

ئەبرى ھەسرەت — زەرەر يەتكۈزگۈچى، ھەسرەت بۇلۇتى.

ئەبرى ئېھسان — كۆچمە م: سېخىيلىق، مەردلىك، ياخشىلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن ساخاۋەت قىلغۇچى.

ئەبرار [ابرار] (ئە) ياخشىلار، ياخشىلىق بىلەن تونۇلغانلار، پاك كىشىلەر، ياخشىلىق ئىگىلىرى، ئەدەپ - ئەخلاقلىقلار.

ئەبر ئاسا [ابرآسا] (پ) بۇلۇتقا ئوخشاش.

ئەبرەس [ابرص] (ئە) 1) بەدىنىگە ئاق چۈشكەن؛ تېرىسى ئاقارغان. 2) پېيسە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم.

ئەبرەش [ابرش] (ئە) 1) قىزىل ئالا ياكى قارا ئالا تۈس. ئاق ۋە قىزىل رەڭ ئارىلاش، رەڭگارەڭ. 2) ئالا - بۇلا ئات، خالدار ئات:

تاڭ يوقكى ئۆزگە مەھۋەش ھەر نەچچە بولسە دىلكەش،
سەكرەتكەنىڭدە ئەبرەش گەر بولسە پايمالىڭ.

— مەھزۇن.

ئەبرخىرام [ابرخرام] (پ) بۇلۇتقا ئۆرلەيدىغان (سەكرەيدىغان)، بۇلۇتتەك تېز چاپىدىغان.

ئەبركەف [ابركف] (پ) كۆچمە م: قولى ئوچۇقلۇق، سېخىيلىق.

ئەبركىردار [ابر كردار] (پ) بۇلۇتقا ئوخشاش، بۇلۇتلۇق.

ئەبرۇ [ابرو] (پ) قاش:

مۇھەببەت ياسىدىن كىرپىك بەس ئوقىنى بەلەند ئەتتى،
مېنىڭ جانىمنى قۇربان ئەتكەلى پەيۋەستە ئەبرۇبى.

— زەلىلى.

كەمان ئەبرۇ — قېشى كاماندەك، ئەگمە قاش، قايرىلما قاش.

ئەبرىشىم [ابريشيم] (پ) 1) يىپەك. 2) يىپەك گەزلىمە، شايى.

ئەبكار [ابكار] (ئە) [بىرلىكى: بىكر] قىزلار؛ يېڭى، تازا، نازۇك.

مەئنى ئەبكارى — كۆچمە م: نازۇك پىكىرلەر، ساپ پىكىرلەر.

ئەبكەم[ابكم] (ئە) 1) تىلسىز، كېكەچ: گاچا. 2) لال (خىجالەتتىن تىلى تۇتۇلغان، دۇدۇقلىماق).

ئەبكەم قىلماق — خىجالەت قىلماق، كېكەچلەندۇرمەك.

ئەبكەملىق[ابكم ليق] تىلسىزلىق؛ كېكەچلىك؛ لال بولماق؛ گاجىزلىق.

ئەبلەغ[ابلغ] (ئە) ئەڭ بالاغەتلىك؛ بالاغەتلىكرەك، يېتۈكرەك.

ئەبلەق[ابلق] (ئە) 1) ئالا - بۇلا، ئاق - قارا تۇس. 2) ئالا پوستىن. 3) يۇڭلىرى ئالا يوللۇق ئات، ئالا - چىپار ئات، زىرايە. 4) كۆچمە م: كېچە - كۈندۈز، دەۋر.

زەمانە ئەبلەقى — كېچە - كۈندۈز:

زەمانە ئەبلەقى قالغاي رەۋىشدىن،
گۈل ئاشۇيى زەمان سەكرەتسە ئەبرەش.

— نەۋايى.

ئەبلەھ[ابله](ئە) نادان، تەنتەك، ئەقىلسىز؛ پەمسىز، دۆت، ئەخمەق:

خەلقىغە مەردۇد ئەبلەھدۇر بىلىڭ،
ھەق قاتىدە مەلئۇن گۇمرەھدۇر بىلىڭ.

— خەراباتى.

ئەبلۇك[ابلوك] (ئە) پەسكەش، مۇناپىق؛ ئىككى يۈزلەمە.

ئەبنا[ابنا] (ئە) [بىرلىكى: ئىبن] ئوغۇللار، باللار، پەرزەنتلەر، ئەۋلاد.

ئەبنايى ئەمم — ئاكا - ئۇكىلارنىڭ پەرزەنتلىرى.

ئەبنايى جىنس — جىنسداشلار، تەڭتۇشلار؛ ئىنسانلار، ئادەملەر؛ پىكىرداشلار.

ئەبنايى دەھرى — دۇنيا ئەھلى. «ئەبنايى دەۋران» غا قاراڭ.

ئەبنايى دەۋران — دەۋر پەرزەنتلىرى؛ زامانداشلار، تەڭتۇشلار.

ئەبنايى روزگار — بىرگە كۈن كەچۈرگۈچىلەر.

ئەبنايى زەمان — زامان ئەھلى.

ئەبھاس[ابحاث] (ئە) [بىرلىكى: بەھس] 1) تالاش - تارتىش، مۇنازىرە، بەس - مۇنازىرە، پىكىر يۈرگۈزۈش. 2) ماۋزۇ، تېما.

ئەبھەر[ابهر] (ئە) بوتاكۆز گۈل، نەرگىس.

ئەبھەر شەمم — نەرگىس پۇراقلىق، بوتاكۆز ھىدلىق، خۇشبۇي.

ئەبۇ[ابو] (ئە) ئاتا؛ ئادەتتە ئاتاقلىق ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ:

ئەبۇ بەكر — بەكرىنىڭ ئاتىسى.

ئەبۇتتۈرك[ابوالترک] (ئە) 1) تۈرك ئاتىسى، تۈرك خەلقىنىڭ بوۋىسى، ئەجدادى. 2) يافەسنىڭ كونا ئىسمى، لەقىمى.

ئەبۇس[عبوس] (ئە) خۇنۇك، بەتبەشىرە، كۆرۈمسىز.

ئەبۇشقە[ابوشقه] ئەر، قېرى ئەر (خوتۇنىنىڭ ئېرى)، بوۋاي:

فەلەكدىن يېتىپ ئانچە بىتابلىق،
ئەبۇشقە بىلە قىلدى ھەمخابلىق.

— ئا. نىزارى.

بىر ياندىن ئوغۇل غەمۇ شىكەنجى،
بىر ياندىن ئەبۇشقە دەردۇ رەنجى.

— نەۋايى.

ئەبۇلبەشەر[ابولبشر] (ئە) ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى، ئادەم ئەلەيھىسسالام.

ئەبۇلغازى[ابوالغازى] (ئە) سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ لەقىمى.

ئەبۇلفورس[ابولفرس] (ئە) پارسلارنىڭ ئاتىسى؛ پارس خەلقىنىڭ بوۋىسى، ئەجدادى.

ئەبولھىند[ابوالهند] (ئە) ھىندى ئاتىسى، ھىندى خەلقىنىڭ بوۋىسى، ئەجدادى.

ئەبۋاب[ابواب] (ئە) [بىرلىكى: باب] 1) ئىشىكلەر، دەرۋازىلار، بۆلەكلەر، قىسىملار. 2) كىتاب بابلىرى، بۆلۈملىرى:

ئاڭا تاپشۇرۇپ بوردى ئاداب ئۈچۈن،
ئۇكۇش ئىلمىغە فەتھى ئەبۋاب ئۈچۈن

— ئا. نىزارى.

ئەبۋابۇلمەئانى[ابواب المعانى] (ئە) مەنە ئىشىكلىرى، يوللىرى.

ئەبىد[عبيد] (ئە) [بىرلىكى: ئەبد] قۇللار، بەندىلەر.

ئەبىر[عبير] (ئە) خۇشبۇي ماددىلار بىرىكمىسى، خۇشبۇي ماددا (ھىد)، ئەنبەر، ئىپار.

ئەبىرى جەننەت — جەننەتكە مەنسۇپ ئەنبەر، خۇشبۇي ھىد.

ئەبىر ئاسا[عبيرآسا] (ئە + پ) ئىپار ھىدلىق، خۇشپۇراق تارقاتقۇچى؛ خۇش ھىدلىق؛ تەبىئىي يېقىملىق، ئىپاردەك، ئىپارغا ئوخشاش:

ئەبىرەفشان[عبيرافشان] (ئە + پ) 1) ئەبىر (ئىپار ياكى خۇشبۇي ماددىلار) چېچىلغان («ئەبىر» گە قاراڭ)، ئەبىر (ئىپار ياكى خۇشبۇي ماددىلار) بىلەن خۇش-

بۇي قىلىنغان؛ ئىپار بويلۇق. 2) يېقىملىق ھىد تارقاتقۇچى، خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى، ئەبىر چاچقۇچى.

ئەبىربىز [عبيربيز] (ئە + پ) «ئەبىر ئاسا» غا قاراڭ.

ئەبىر سىرىشت [عبيرسرشت] (ئە + پ) 1) ئىپار ئارىلاش، خۇشبۇي. 2) كۆچمە م: ئەڭ قاراڭغۇ؛ «ئەبىر ئاسا» غا قاراڭ.

ئەبيات [ابيات] (ئە) [بىرلىكى: بېيت] بېيىتلار، شېئىرلار:

ئەبياتىڭ ئەي زەلىلى بوستان ئىچىدە ئەيتۇر،
سەرۋى بەلەندى ئۆزرە، قۇمرىنى بى نەۋايى.

— زەلىلى.

ئەبيات ئەتمەك — بېيىت (شېئىر) ئىجاد قىلماق.

ئەبياز [ابيض] (ئە) ئاق، ئاپئاق.

ئەبياز پۇش [ابيض پوش] (ئە + پ) ئاق كىيگەن، ئاققا ئورالغان، ئاق رغان.

سۇبھى ئەبياز پۇش — كۆچمە م: تاڭ، ئاپئاق تاڭ، ئاقارغان تاڭ.

ئەپپانى [اپپانى] (ئە + پ) كاچاتلاش، مۇشت بىلەن ئۇرۇش؛ تۇرتكە.

ئەتا [عطاء] (ئە) بېغىشلاش، ھەدىيە قىلىش؛ ئىنئام، ھەدىيە، ساخاۋەت.

ئەتائەتمەك — بېغىشلىماق، ئىنئام بەرمەك؛ تۆھپە قىلماق، ساخاۋەت كۆرسەتمەك.

ئەتا ئەيلىمەك — «ئەتا ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئەتا قىلماق — «ئەتا ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئەتابېك [اتابيك] «ئاتابېك» كە قاراڭ.

ئەتارىد [عطارد] (ئە) مېركۇرى يۇلتۇزى (ئەپسانىلەردە بۇ يۇلتۇز يازغۇچىلارنىڭ ھامىيسى ھېسابلىنىدۇ. پارسچىسى: دەبىر).

ئەتاكىش [عطاكيش] (ئە + پ) ئاتا قىلغۇچى، بەخش ئەتكۈچى.

ئەتالىق [اتاليق] ئاتىلىق، ئاتا ۋەزىپىسىنى بېجىرىش.

ئەتايا [عطايا] (ئە) تۆھپىلەر، ھەدىيىلەر، ئىنئام ـ ئېھسانلار.

ئەتەش [عطش] (ئە) 1) تەشنالىق. 2) خۇمار، بىرەر نەرسىگە ھەۋەسلەنمەك:

مەستى مەي مۇھەببەتىڭ بادەنى ئىچتى ھۇنۇز،
نالەگى ئىل ـ ئەتەش قىلۇر بولماسا بىر زەمان قەدەھ.

— زەلىلى.

ئەتەكە [اتكه] تەربىيىچى، مۇرەببىي.

ئەتباق [اطباق] (ئە) [بىرلىكى: تەبەق] تەبىقىلەر؛ قەۋەتلەر، قاتلاملار.

ئەتبائ [اتباع] (ئە) تەۋەلەر، پۇقرالار، ... قاراشلىق كىشىلەر؛ تەرەپدارلار؛ ئەگەشكۈچىلەر.

ئەتتار [عطار] (ئە) ئۇپا ـ ئەڭلىك، دورا ـ دەرمان ۋە تۈرلۈك خۇشبۇي نەرسىلەرنى ساتقۇچى؛ تېنزىكەش؛ 2) «مەنتىقۇتتەير» نىڭ مۇئەللىپى ـ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ لەقىمى:

ئەھلى ئىرفان سالىكى ئەتۋارى گۇل،
مەئرىفەت بازارىنىڭ ئەتتارى گۇل.

— نەۋايى.

ئەتتارلىق [عطارليق] خۇش پۇراقلىق، خۇرسەن قىلغۇچى يېقىملىق سۆزلەر:

تارتىبان گاھ ئىززەتۇ گاھ خارلىق،
ئەيلەبان ئەقشامغىچە ئەتتارلىق.

ئەتىر [عطر] (ئە) ئەتىر، خۇشبۇي ماددا؛ خۇشبۇيلۇق.

ئەتىر ئەنگىز — ئەتىر ھىدلىق؛ خۇش پۇراق.

ئەترى رۇھ ئەفزا — جانلاندۇرغۇچى ئەتىر.

ئەتراك [اتراك] (ئە) [بىرلىكى: تورك] تۈركلەر (ئەرەبلەر تۈرك سۆزىنى ئەتراك قىلىپ، كۆپلۈك ئۈچۈن قوللىنىدۇ).

ئەتراكى فەقىر — كەمبەغەل، بىچارە تۈركلەر.

ئەترەفزاي [عطر فزاى] «ئەترفىزاي» غا قاراڭ.

ئەترفىزاي [عطرفيزاي] (ئە) خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى.

ئەتشان [عطشان] (ئە) تەشنا.

ئەتف [عطف] (ئە) 1) گراماتىكىلىق ئاتالغۇ، سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى. 2) يۈزلەنمەك، ئاغماق؛ بۇرۇلۇش.

ئەتفال [اطفال] (ئە) [بىرلىكى: تىفل] گۆدەكلەر، ياش باللار:

بۇ ھەنگامەدە لەيلى رەنجۇر ئىدى،
كى ئەتفاللار سىلكىدىن دۇر ئىدى.

— ئا. نىزارى.

ئەتفالى جۇنۇن — باللىق ساراڭلىقى، ياشلىق تەلۋىلىكلىرى.

ئەتفالى غەم — كۆچمە م: تۈرلۈك ـ تۈمەن غەم ـ قايغۇلار.

ئەتفالى نۇجۇم — كىچىك يۇلتۇزلار.

ئەتقىيا [اتقيا] (ئە) تەقۋادارلار، يامان ئىشلاردىن ساقلانغۇچى كىشىلەر.

ئەتكە [اتكه] «ئەتەكە» گە قاراڭ.

ئەتلال [اطلال] (ئە) ئەسكى بىنا ۋە ۋەيرانىلىقلار (خارابىلىكلەر) نىڭ نىشانىلىرى (ئىزلىرى) .

I **ئەتلەس** [اطلس] (ئە) 1) ئەتلەس، گەزلىمە. 2) پەردە، توسۇق، توسۇقتىكى نەرسە.

ئەتلەس II [اطلس] (ئە) كۆك، ئاسمان.

ئەتلەسى چەرخ — ئاسمان.

ئەتلەسى فەلەك — ئاسمان؛ ئاسمان رەڭدارلىقى؛

ئەتلەسى گەردۇن — ئاسمان، ئاسمان بېزىكى، رەڭدارلىقى.

ئەتناب [اطناب] (ئە) چۇلۋۇرلار، ئارقانلار، (ئارغامچىلار) ؛ كەمەند؛ تۇزاق.

ئەتۋار [اطوار] (ئە) [بىرلىكى: تەۋر] 1) يۈرۈش - تۇرۇش، خۇلق، ھەرىكەت، قىلمىقلار، پېئىللار. 2) يول، ئۇسۇل، تەرتىپ، ئادەت. يوسۇن. 3) باب (بابىدا) يول (يولىدا) ، ساھە (ساھەسىدە) .

ئەتۋارى پىسەندە — ياخشى، يېقىملىق خۇلق - ئەتۋار؛ يېقىملىق قىلمىقلار.

سالىكى ئەتۋارلىق قىلماق — سوپىلىق يولىنى تۇتماق.

ئەتىبباﺋ [اطباء] (ئە) [بىرلىكى: تەبىب] تېۋىپلار، ھەكىملەر، داۋالىغۇچىلار:

ھەكىمۇ ئەتىببانى جەمئ ئەتتى شاھ،
كى شەھزادە رەنجىگەن بول چارە خاھ!

— ئا. نىزارى.

ئەتئىمە [اطعمه] (ئە) [بىرلىكى: تەئام] تائاملار؛ يېمەكلەر.

ئەتىيە [عطيه] (ئە) ھەدىيە، سوۋغا، تارتۇق قىلىنغان نەرسە.

ئەجايىبول - مەخلۇقات [عجايب المخلوقات] (ئە) 1) ئاجايىپ مەخلۇقلار. 2) تۈرلۈك مەخلۇقلار ھەققىدىكى بىر كىتابنىڭ نامى.

ئەجەب [عجب] (ئە) قىزىق؛ تەئەججۇپ، ئاجايىپ - غارايىپ، ھەيرەتكە سالىدىغان.

ئەجەب قالماق — ھەيرەتتە قالماق، تەئەججۇپلەنمەك.

ئەجەب - ئەجەب [عجب - عجب] (ئە) قىزىق - قىزىق؛ يېڭى - يېڭى؛ ئاجايىپ — ئاجايىپ؛ ھەيرەتلىك.

ئەجەبلىق [عجب ليق] ئاجايىپلىق، تەئەججۇپلىك، چۈشەنمەسلىك.

ئەجەبۋەشلىك [عجب وشليک] ئەجەبلەنمەكلىك، تەئەججۇپلەنمەكلىك.

ئەجەل [اجل] (ئە) ئەجەل، ئۆلۈم؛ ئۆلۈم پەيتى، ئۆلۈم مۆھلىتى.

ئەجەل پەيكى — ئۆلۈم ئەلچىسى.

ئەجەل پەيمانەسى — ئەجەل مۇددىتى، ئۆلۈم پەيتى.

ئەجەل تاشى — ئۆلۈم تېشى.

ئەجەل تىيغى — ئۆلۈم خەنجىرى؛ ئۆلۈم تىغى.

ئەجەل جەمى — ئۆلۈم پەيتى، ئۆلۈم ھالىتى.

ئەجەل چابوكى — ئۆلۈم چەۋەندازى؛ ئۆلۈم ئالامەتلىرى.

ئەجەل خارى — ئۆلۈم تىكىنى؛ ئۆلۈم ئازابى.

ئەجەل خەيلى — ئۆلۈم لەشكىرى؛ ئۆلۈم غالىبلىقى.

ئەجەل دامى — ئۆلۈم تۇزىقى، ھالاكەت تۇزىقى.

ئەجەل دەرۋازەسى — ئۆلۈم دەرۋازىسى، ئىشىكى؛ ئۆلۈم يولى، ئۆلۈم ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىشى.

ئەجەل دەۋزەخى — ئۆلۈم دوزىخى، ئازابلىق، مۇشەققەتلىك ئۆلۈم.

ئەجەل زەھرى — ئۆلۈم ئوغىسى، زەھىرى.

ئەجەل سەررىشتەسى — ئۆلۈم يىپىنىڭ ئۇچى؛ ئۆلۈم ۋاستىلىرى.

ئەجەل سەرسەرى — ئەجەل شامىلى، ئۆلۈم قۇيۇنى.

ئەجەل شامى — ئۆلۈم ئاخشىمى، ئۆلۈم قاراڭغۇلۇقى، ئۆمۈر تۈگىگەن پەيت.

ئەجەل قەسرى — ئۆلۈم قورغىنى، يوقلۇق ئالىمى.

ئەجەل قەفەسى — ئۆلۈم قەپىسى، گۆر.

ئەجەل قۇللابى — ئۆلۈم تانىپى، ئۆلۈم چاڭگىلى.

ئەجەل گورى — ئۆلۈم گۆرى.

ئەجەل مەيى — ئۆلۈم شارابى.

ئەجەل نەخلى — ئۆلۈم دەرىخى.

ئەجەل ئۇيقۇسى — ئۆلۈم ئۇيقۇسى.

ئەجەل ئىلكى — ئۆلۈم قولى.

ئەجەل يېلى — ئۆلۈم شامىلى؛ ئاخىرقى نەپەس، ئۆلۈم نىشانىسى.

ئەجەم [عجم] (ئە) ئەرەب خەلقلىرى ۋە مەملىكەتلىرىدىن باشقىسى؛ ئىران (كۆپىنچە ئىران مەملىكىتى ۋە خەلقىگە ئېيتىلىدۇ) :

مەرھەبا سۇلتان ساتۇق بۇغرائى خانىم مەرھەبا،
مەشھەدىڭنى مەككەئى مۇلكى ئەجەم دەرلەر رەۋا.

— زەلىلى.

ئەجەم تىلى — پارس تىلى؛ ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل.

ئەجەم شۇئەراسى — پارس شائىرلىرى.

ئەجەم مۇلۇكى — ئىران پادشاھلىرى.

ئەجەمىي [عجمى] (ئە) پارسىي.

ئەجداد [اجداد] (ئە) [بىرلىكى: جەد (د)] ئاتا - بوۋىلار، بوۋا، ئەجداد.

ئەجدەر [اجدر] «ئەژدەر» گە قاراڭ.

ئەجر [اجر] (ئە) ئەجىر؛ مۇكاپات.

ئەجرام [اجرام] (ئە) جىسىملار، ئاسمان جىسىملىرى.

ئەجز [عجز] (ئە) 1) كۈچسىز، زەئىپلىك، ئاجىزلىق، بىچارىلىق، ئىقتىدارسىزلىق؛ 2) بىمارلىق؛ 3) ئاجىزلىقنى، تۆۋەنلىكنى تەن ئېلىش:

زىيارەت قىلىپمەن چۈ ئەيلەپ دۇئا،
تۆمەن ئەجز ئىلە كۆرگۈزۈپ ئىلتىجا.

— ئا. نىزارى.

ئەجز **ئەتمەك** — ئاجىزلىق قىلماق.

ئەجز **كېتۈرمەك** — زەئىپلىك كۆرسەتمەسلىك.

ئەجزۇ **تەھەييۇر** — ئاجىزلىق ۋە ھەيرەتلىنىش.

ئەجزۇ **نىياز** — ئاجىزلىق ۋە يالۋۇرۇش؛ ئىلتىجا.

ئەجزا [اجزا] [بىرلىكى: جۇزۇ/ جۇز] 1) بىر نەرسىنىڭ بۆلەكلىرى، بۆلەكلەر، پارچىلار. 2) مۇقاۋىلانمىغان كىتاب ياكى دەپتەرنىڭ بۆلەكلىرى، پارچىلىرى، كىچىك رىسالە (بروشور).

قۇياش **ئەجزاسى** — قۇياش زەررىلىرى.

ئەجز پەيۋەندە [عجزپيوند] (ئە + پ) ئاجىزلىق، زەئىپلىككە مۇپتىلا؛ مادارسىز، ماغدۇرسىز.

ئەجزكەش [عجزكيش] (ئە + پ) ئاجىز، ئاجىزلىق؛ ئاجىزلىق كۆرسەتكۈچى.

ئەجساد [اجساد] (ئە) [بىرلىكى: جەسەد] جەسەتلەر، گەۋدىلەر، ئۆلۈكلەر.

ئەجلاف [اجلاف] (ئە) ساددا ۋە گول كىشىلەر، بىلىمسىزلەر، قوپال كىشىلەر.

ئەجلال [اجلال] (ئە) ئېھتىرام، ھۆرمەت، ھۆرمەتلىك؛ ھۆرمەت قىلماق، ھۆرمەتلىمەك؛ قەدىرلىك.

ئەجمەل [اجمل] (ئە) ياخشى، گۈزەل، ئەڭ گۈزەل، بەك چىرايلىق.

ئەجناس [اجناس] (ئە) [بىرلىكى: جىنس] 1) جىنسلار، تۈرلەر؛ 2) تاۋارلار، ماللار:

قەزا كاتىبى چەكتى ئانداغ رەقەم،
ھەمە شەيئ ئەجناسىدۇر كەلگەدەم.

— ئا. نىزارى.

ئەجنا **سۇتەقدىر** — مال ۋە مەبلەغ.

ئەجنەبىي [اجنبى] (ئە) باشقا، يېگانە، يات، يات كىشى.

ئەجنەبىي **سۆز** — باشقا سۆز، يات سۆز.

ئەجۇبە [عجوبه] (ئە) ئاجايىپ؛ ئەجەبلەندۈرگۈچى؛ ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ - غارايىپلار.

ئەجۇبە **پەيكەر** — ئاجايىپ قامەتلىك، ئاجايىپ چىرايلىق، كىشىنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرغۇچى جامال.

ئەجۇز [عجوز] (ئە) 1) قېرى خوتۇن (ئايال)، كەمپىر. 2) كۆچمە م: كونا ئالەم؛ 3) جادۇگەر، مەككار.

ئەجۇزە [عجوزه] (ئە) «ئەجۇز» غا قاراڭ.

ئەجۋىبە [اجوبه] (ئە) [بىرلىكى: جەۋاب] جاۋابلار.

ئەجىب [عجيب] (ئە) 1) ئاجايىپ، ھەيران قالارلىق. 2) ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان؛ ئاجايىپ ياخشى.

ئەجىللە [اجله] (ئە) [بىرلىكى: جەلىل] ئۇلۇغلار، كاتتىلار، بۈيۈك زاتلار.

ئەجىللەئى **ئەسھاب** — ئۇلۇغ سۆھبەتداشلار.

ئەجىللەئى **ئەھباب** — ئۇلۇغ دوستلار، مۆتىۋەر قەدىردانلار.

ئەخا [اخا] (ئە) تۇغقانلار، دوستلار.

ئەخەسس I [اخص] (ئە) خاسراق، مەخسۇسراق؛ ئەڭ خاس. ئەڭ مەخسۇس؛ ئەڭ خاسلار، ئالىي تەبىقىلەر، ئەڭ يېقىنلار:

«…… ئەگەر چەندە ئۇلار ئەخەسسى ئەرباب ۋە ئەئەززى ئەھباب ئىردىلەر، ……»

— قىدىرى.

ئەخەسسى **ئەسھاب** — ئەڭ يېقىن سۆھبەتداشلار.

ئەخەسس II [اخس] (ئە) 1) ئەڭ پىخسىق، ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل. 2) پەس، خار - كىچىك (كىشىلەر).

ئەشرەف **ئەخەسس** — چوڭ - كىچىكلەر.

ئەخەۋىي [اخوى] 1) ھەمنەپەسلىك، بۇرادەرلىك، دوستلۇق. 2) ئەخەۋىي (تەسەۋۋۇپ ئاتالغۇسى).

ئەخبار [اخبار] (ئە) خەۋەرلەر، مەلۇماتلار، ئۇچۇرلار.

ئەخبار **راۋىيلەرى** — خەۋەر بەرگۈچىلەر، ھېكايە قىلغۇچىلار.

ئەخباس [اخباث] (ئە) يامان خۇسۇسىيەتلەر، پەسكەشلەر، يارىماسلىقلار؛ ناپاكلىقلار.

ئەخبەس [اخبث] (ئە) ئەڭ ئىپلاس، يامان، پەسكەش، يارىماس؛ ناپاك.

ئەختەچى [اختەچى] 1) ئات باقار، ئاتقا قارىغۇچى، ئاتلار بىلەن ھەپىلەشكۈچى. 2) خەۋەرچى، ئەلچى، خەت توشىغۇچى. 3) كىشىلەرنىڭ لەقىمى.

ئەختەر [اختر] (پ) 1) يۇلتۇز:

تولۇن ئەيلەدى چۈنكى ئەختەر كەبى،
كى سامىن قۇلاقىدا گەۋھەر كەبى.

— ئا. نىزارى.

2) تەقدىر، قىسمەت، بەخت. 3) يۈز، جامال، چىراي، ھۆسن. 4) بايراق، تۇغ. 5) مەنزىل، ماكان؛ شولا.

ئەختەر چىچەكلەرى — چاقنىغان يۇلتۇزلار.

ئەختەر قارا بولماق — بەختسىزلىككە يولۇقماق.

ئەختەر يارۇتماق — يۇلتۇز كۆلۈپ باقماق.

ئەختەرى بەخت — بەخت يۇلتۇزى.

ئەختەرى بەلەند سايە — كۆچمە م: شاھزادە ئۇلۇغلار.

ئەختەرى پۇرتاب — پارلاق يۇلتۇز؛ ئەڭ پارلاق يۇلتۇز.

ئەختەرى تابناك — تاۋلىنىپ تۇرىدىغان (يالتىراق) يۇلتۇز.

ئەختەرى تالىئ — ئىقبال يۇلتۇز.

ئەختەرى جەھانتاب — جاھانغا نۇر بەرگۈچى يۇلتۇز؛ جاھاننى نۇرلاندۇرغۇچى يۇلتۇز.

ئەختەرى سەئد — بەخت يۇلتۇزى.

ئەختەرى سۇۋگە تۇشمەك — بەختسىز بولماق، نابۇت بولماق.

ئەختەرى سۇھەيلى — سۇھەيلى يۇلتۇزى.

ئەختەرى فەر خۇندە — بەخت يۇلتۇزى، ئىقبال يۇلتۇزى.

ئەختەرى مەسئۇد — مۇبارەك يۇلتۇزى، بەخت يۇلتۇزى.

ئەختەرى مۇنخەسىف — تۇتۇلغان يۇلتۇز، قۇياش نۇرىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۆز نۇرىنى يوقاتقان يۇلتۇز.

ئەختەرى نەھس — شۇم يۇلتۇز، بەختسىزلىك يۇلتۇزى.

ئەختەرى ئىشق — ئىشق - مۇھەببەت يۇلتۇزى.

ئەختەر شۇناس [اخترشناس] (پ) مۇنەججىم، ئاسترونوم.

ئەختەرفىشان [اخترفشان] (پ) كۆز يېشى؛ يىغا.

ئەخرەب [اخرب] (ئە) ئارۇز ئۆلچەملىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

ئەخز [اخذ] (ئە) ئېلىش.

ئەخز ئەتمەك — «ئەخز ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەخز ئەيلەمەك — ئالماق، تارتىۋالماق؛

ئەخز مالى ھەرام — مەنئى قىلىنغان مالنى ئېلىش ھارام.

ئەخزەر [اخضر] (ئە) كۆپكۆك، يېشىل، سەۋزە رەڭ:

كۆرۈنۇر سىپېھرى ئەخزەر، سەمەن چۇ سۇنبۇلە تەر،
كېچىلەردە ئاي ئەختەر، تاڭ ئېتىپ قايان قىلۇرسەن.

— زەلىلى.

ئەخزەر بولماق — كۆكەرمەك، كۆپكۆك بولماق.

ئەخزەر خىلئەت — يېشىل تون.

ئەخزەر گىياھ — يېشىل ئۆسۈملۈك.

سىپېھرى ئەخزەر — كۆپكۆك ئاسمان.

ئەخزەرپۇش [اخضرپوش] (ئە + پ) يېشىل كىيىملىك، يېشىل كىيىم كىيگەن؛ كۆك كىيىم كىيگەن؛ دەرۋىش، سوپى.

ئەخزەرگون [اخضركون] (ئە + پ) يېشىل رەڭلىك، يېشىل رەڭ.

ئەخزەرۋەش [اخضروش] (ئە + پ) يېشىل، يېشىلغا مايىل.

ئەخزەرىي [اخضرى] (ئە) يېشىل رەڭلىك، كۆپكۆك بويالغان؛ ھاۋارەڭ.

ئەخسوم [اخسوم] «ئاخسوم» غا قاراڭ.

ئەخسۇملەماق [اخسوملاماق] «ئاقسۇملاماق» قا قاراڭ.

ئەخگەر [اخكر] (پ) 1) يېنىپ تۇرغان ئوت؛ چوغ:

داغى پەرزەنت جىسمىم ئارا جانىمنى ئۆرتەپ قىلدى كۆل،
نەچچە يىغلاپ ئۆچمەدى خاكستەر ئىچرە ئەخگەرىم.

— مەھزۇن.

2) ئاشىق.

ئەخگەر قىلماق — ياندۇرماق، ئوتقا سالماق.

ئەخگەر كۆڭلى — چوغدەك يېنىپ تۇرغان يۈرەك.

ئەخگەر ئولماق — چوغلانماق، يانماق.

ئەخگەرنىشىن [اخكرنشين] (پ) چوغدەك تۇرغۇچى، كۆيگەن، ئۆرتەنگەن؛ چوغقا چۈشكەن؛ ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغان.

ئەخلات [اخلاط] (ئە) [بىرلىكى: خىلىت] 1) خىلىتلار، ئارىلاشمىلار. 2) ئەخلەتلەر. 3) كۆچمە م: ھەر خىل پىكىرلەر.

ئەخلاق [اخلاق] (ئە) خۇلق، قىلىق، پېئىل؛ ئەدەپ، ئەخلاق.

ئەخلاقى ھەمىدە — ياخشى، ماختاشقا ئەرزىيدىغان خۇلق، ئەدەپ.

ئەخى I [اخى] (ئە) «ئەخىي» گە قاراڭ.

ئەخى II [اخى] ئاخىر (ياردەمچى سۆز)؛ نەتىجە.

ئەخىي [اخى] (ئە) 1) ئالىي ساخاۋەت ئىگىسى، ئەڭ

سېخىي كىشى. 2) ئاكا ـ ئۇكا دوست، ئاغىنە، ھەمنەپەس؛ 3) كىشى ئىسمى؛ لەقەم.

ئەد(د) [عد] 1) سان، ساناق، ھېساب. 2) قاتار؛ 3) باش، دانە، نەپەر. 4) بۆلەك، پارچە؛ 5) مەرتەم، قېتىم.

بىھەددۇ ئەد(د) — سان ـ ساناقسىز.

ھەددۇ ئەد — سان ـ ساناق، چەك ـ چېگرا؛

I **ئەدا** [ادا] (ئە) 1) بايان، ئىپادىلەش. 2) ئۆتەش؛ تۆلەش، بېجىرىش. 3) تەلەپپۇز؛ مەنە. 4) سۆز؛ ئىبارە. 5) بىرەر ئىشنىڭ ئىجراسى، بېجىرىلىش يوسۇنى؛ تەلەپپۇزغا سېلىش. 6) سۆز ئاخىرى، قوشۇمچە.

ئەدا ئەيلەمەك — بېجىرمەك.

ئەدا بولماق — بەجا كەلتۈرۈلمەك؛ ئەمەلگە ئاشماق؛ ئاخىرىغا يەتكۈزۈلمەك، تۈگىمەك.

ئەدا تاپماق — ئىپادىلەنمەك.

ئەدا قىلماق — يېزىپ تۈگەتمەك.

ئەدا تۈزمەك — 1 بەجا كەلتۈرمەك، بېجىرمەك، ئۆتىمەك. 2) ئورۇنلاشتۇرماق. 3) يەتكۈزمەك. 4) باشتىن ساقىت قىلماق؛ 5) بايان ئەتمەك، ئىپادىلىمەك.

ئەدا يەتمەك — ئاخىرىغا يەتمەك، تۈگەتمەك، تامام بولماق.

ئەدائى قەرز قىلماق — بۇرچىنى ئۆتىمەك.

ئەدائى مەئنەۋىي — ئىچكى روھى، قەلبىنى سۆزسىز بايان قىلىش.

ئەدا II [ادا] (پ) ناز ـ كەرەشمە، گۈزەل قىلىقلار.

ئەدالە [عداله] (ئە) ئادىللىق.

جامى ئەدالە — ئادىللىق قەدەھى؛ ئىنساپ يۈزىسىدىن تۇتۇلغان جام.

ئەدالەت [عدالت] (ئە) ھەققانىيەت؛ ئىنساپلىق، شەپقەتلىك، ئادىللىق.

ئەدالەت ئالەمى — ئىنساپ، رەھىمدىللىك دۇنياسى؛ دەۋرى.

ئەدالەت ئەۋجى — ئادالەت، ئاسمىنى؛ ياشاش يۈكسەكلىكى.

ئەدالەت پەرتەۋى — ئادالەت نۇرى، شولىسى، يالقۇنى.

ئەدالەت تەرقى — ئىنساپ، ئادىللىق يوليورۇقى، قانۇنى.

ئەدالەت جەھانى — ئادىللىق دۇنياسى، ئالىمى، دەۋرى.

ئەدالەت چەمەنى — ئادالەتنىڭ پەيتى.

ئەدالەت سىپىھرى — ئادالەت ئاسمىنى، يۈكسەك ئادىللىق.

ئەدالەت گۈستەر — ئادالەتنى كېڭەيتكۈچى، يايغۇچى.

ئەدالەت ھەۋاسى — ئىنساپ يوليورۇقى.

ئەدالەت ئۆيىدىن سەددى ئىسكەندە ئەتمەك — ھەققانىيلىك تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىمەك.

ئەدالىق [ادالىق] 1) جاراڭلىق. 2) ئىپادىلىك.

ئەدامەئۇمرەھۇ [ادامەعمره] (ئە) تەڭرى ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزاق قىلسۇن!

ئەدانى [ادانى] (ئە) [بىرلىكى: ئەدنا] ناھايىتى تۆۋەن كىشىلەر، خارلار.

ئەداۋەت [عداوت] (ئە) دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، قارىمۇ قارشىلىق، ئۆزئارا زىددىيەت.

ئەداۋەت ئەبۋابى — ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ئىشىكى.

ئەداۋەت كۆرگۈزمەك — قارشىلىق قىلماق.

ئەداۋەت ئەييامى — دۈشمەنلىك دەۋرى، مۇددىتى.

ئەداۋى [اداوى] (ئە) دورىلار، ئوق ـ دورىلار، پارتلاتقۇچ دورىلار؛ دورا ـ دەرمانلار.

ئەدەب [ادب] (ئە) 1) ياخشى تەربىيە، مۇۋاپىق ھەرىكەت، ياخشى خۇلق. 2) ئىلىم، بىلىم، پەزىلەت ۋە كامالەت. 3) تەلىم ـ تەربىيە. 4) تەنبىھ؛ جازا.

ئەدەب ئەتمەك — جازاسىنى تارتماق.

ئەدەب ئەھلى — ئەدەپلىكلەر؛ دانىشمەن كىشىلەر.

ئەدەب بۇيرۇماق — جازا بەلگىلىمەك.

ئەدەب بىناسى — ئەدەپ ۋە ئەخلاق چېگراسى، پەردىسى.

ئەدەب تەركى — ئەدەپسىزلىك.

ئەدەب رەسمى — ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىسى، تەرتىپى.

ئەدەب قىلماق — 1) تەربىيە بەرمەك، ئەدەپ ئۆگەتمەك؛ 2) جازا بەرمەك، جازالىماق؛ ئاگاھلاندۇرماق.

ئەدەبگاھ [ادبگاه] (ئە + پ) تەربىيە ئورنى، مەكتەپ.

ئەدەد [عدد] (ئە) 1) سان؛ مىقدار؛ ساناق، ھېساب:

قەدەمنى ئەدەد بىرلە باسقىل ساناپ،
كى ئاگاھلىق بىرلە ھەريان قاراپ.

— ئا. نىزارى.

2) قاتار. 3) باش، دانە، نەپەر. 4) بۆلەك، پارچە. 5) مەرتەم.

ئەدەددىن فۇزۇن — ھەددىدىن زىيادە، سان ـ ساناقسىز:

ئەدەددىن فۇزۇنراق ئىدى لەشكەر،
شۇ جاڭگەتدە يەكتا ئىدى ھەر بىرى.

— ئا. نىزارى.

ئەدەد كەسرەتى — سانىنىڭ كۆپلۈكى.

ئەدەد مەخلەسى — ساناش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان سان؛ يىغىندى.

ئەدەدسىز [عددسيز] سان - ساناقسىز، ھېسابسىز، كۆپ.

ئەدەدلىغ [عدديغ] سانلىق.

ئەدەس [عدس] (ئە) ماشنىڭ بىر خىلى، يېسمۇق، ئاق ماش.

ئەدەش [عدش] (ئە) نامى ئوخشاش، ئىسىمداش.

ئەدەم [عدم] (ئە) 1) يوق، يوقلۇق. 2) نابۇت، ئۆلۈم.

ئەدەم ئەتمەك — يوقاتماق، يوق بولماق؛ ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرماق.

ئەدەم ئەيلەمەك — يوق قىلماق، نابۇت قىلماق.

ئەدەم بولماق — 1) يوقالماق، يوق بولماق؛ 2) ئۆلمەك، يەر يۈزىدىن يوقالماق. 3) يامان ئەھۋالغا قالماق.

ئەدەم تەرىقى — يوقلۇق يولى.

ئەدەم تۈنى — پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋالقى يوقلۇق.

ئەدەم خانە قاھى — ئۆزىنى (خۇدادىن ئۆزگىنى) ئۇنۇتۇش جايى.

ئەدەم دەرياسى — يوقلۇق دەرياسى؛ يوقلۇق ئېقىمى.

ئەدەم دۇرجى — ئۆزلۈكنى يوقىتىدىغان جاي.

ئەدەم رىشتەسى — يوقلۇق يىپى، يوقلۇق تۈزىقى.

ئەدەم سەھراسى — يوقلۇق سەھراسى.

ئەدەم شامى — يوقلۇق قاراڭغۇلۇقى، يوقلۇق تۈنى.

ئەدەم قىلماق — يوق قىلماق.

ئەدەم كۈنجى — يوقلۇق بۇرجىكى.

ئەدەم كۈيى — يوقلۇق كوچىسى، مەنزىلى.

ئەدەم كىشۋەرى — يوقلۇق مەملىكىتى، ئۇ دۇنيا.

ئەدەم مۈلكى — يوقلۇق مەملىكىتى.

ئەدەم مىسرى — يوقلۇق شەھرى؛ يوقلۇق مەملىكىتى.

ئەدەم نىھانخانەسى — يوقلۇق، يوشۇرۇنلۇق؛ كۆرۈنمەسلىك؛ يوقتىن بار بولۇش، تۇغۇلۇش، دۇنياغا كېلىش.

ئەدەم ۋىلايەتى— يوقلۇق، نابۇتلۇق ۋىلايىتى.

ئەدەم ئىقلىمى — يوقلۇق مەملىكىتى.

ئەدەم يولىن تۇتماق — يوقىتىشقا كىرىشمەك.

ئەدەمى تەئەييۇن — تايىنى يوق؛ ئىشەنچسىزلىك؛ بەڭۋاشلىق.

ئەدەمى تەربىيە — تەربىيىلەنمەسلىك.

ئەدەمى تەمەئ — تەمەسىزلىك، تەمە قىلماسلىق.

ئەدەمى مۇناسىبەت — باغلانمىغان، باغلانماي قالغان.

ئەدەمى ئۇلفەت — كۆڭۈل يېقىنلىقىنىڭ بولماسلىقى، ئاشناسىزلىق، ئۆزئارا قەدىرسىزلىك.

ئەدەمكام [عدم كام] (ئە + پ) قەدەم قويمىغان، ئۆچرىمىغان؛ بار بولمىغان.

ئەدەمۋار [عدم وار] (ئە + پ) يوقتا ئوخشاش، يوقتەك، يوقلۇق.

ئەدەمۋار ئەيلەمەك — يوقاتماق، ئۇنتۇماق.

ئەدەن [عدن] (ئە) يەمەندە ئەڭ ياخشى مەرۋايىتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر ئارالنىڭ نامى.

دۇررى ئەدەن — ئەدەن ئۈنچىسى:

مىڭ ساغەر ئىچىلسە ئۆيلەكىم ئابى ھەيات،
يەرنىڭ تېھىدا دۇررى ئەدەن بولسا كېرەك.

— قىدىرى.

ئەدەۋات [ادوات] (ئە) [بىرلىكى: ئەدات] ئەسۋابلار، قوراللار.

ئەدل [عدل] (ئە) 1) ئادالەت، ئادىللىق، توغرىلىق، ھەققانىيلىق؛ ھەقلىق:

ئەگەر ئەدل ئىلە چىقسە ئاتى ئانىڭ،
جەھان ئىچرە ياخشى سىفاتى ئانىڭ.

— ئا. نىزارى.

2) ئىنساپ.

ئەدل ئاياغى — مۇرۇۋۋەت، جامى؛ ياخشىلىق؛ مەرھەمەت.

ئەدل ئەمرى — ئادىللىق يوليورۇقى؛ ئادىللىق كۆرسەتمىسى.

ئەدل ئەھلى — ئادالەتلىكلەر، ئادىللار.

ئەدل ئەۋزانى — ھەقىقەت ئۆلچىمى، مىزانى.

ئەدل ئەيلەمەك — ئىنساپ، ھەققانىيلىق كۆرسەتمەك، ئادالەت يولىنى تۇتماق.

ئەدل بارۇسى — ئادالەت قولى؛ ئىرادە.

ئەدل بوستانى — ئادالەت بېغى؛ ئادالەتنىڭ گۈللىنىشى، ياشنىشى.

ئەدل بۇنيادى — ھەققانىيلىقنى ئورنىغا قويۇش، ئادالەتنى تىكلەش.

ئەدل تەرىقى — ئادالەت يوليورۇقى.

ئەدل جويبارى — ئادالەت، ئىنساپنىڭ يولغا قويۇلۇشى.

ئەدل زەنجىرى — ئادالەت زەنجىرى.

ئەدل سازىنى تۈزمەك — ئادالەت ئورناتماق.

ئەدل قانۇنى — ئادالەت يوليورۇقى.

ئەدل قۇياشى — ئادىللىق، ئادالەتچىلىكنىڭ پارلاق ئەنئەنىسى.

ئەدل قىلماق — ئادالەت يۈرگۈزمەك.

ئەدلۇداد — ئادالەت، ئىنساپ، ھەققانىيلىق بىلەن ئەرز سوراش.

ئەدل ئۆيىنى مەئمۇر ئەيلەمەك — ئادالەتلىك، ھەققانىيلىقنى ئورنىغا قويماق؛ ئادالەتلىك بۇرچىنى ئادا قىلماق.

ئەدلچە [عدلچە] ئادالەتكە ئوخشاش؛ ئادالەتچىللىك، ئادىللىقچە.

ئەدن [عدن] (ئە) جەننەت، باغ.

ئەدنا [ادنا] (ئە) 1) تۆۋەن، ئەڭ پەس. 2) ئازغىنا. 3) كىچىككىنە، ئەرزىمىگەن:

بۇ دېھقانچىلىق كەسپى ئەئلا دۇرۇر،
كى ئاندىن بۆلەك بارچە ئەدنا دۇرۇر.

— غەرىبى.

4) تۆۋەن تەبىقە ئادەملىرى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن تەبىقىسى؛ خار - زار كىشىلەر:

ئەدنازادە — تۆۋەن ئادەملەر پەرزەنتى، ئەۋلادى.

ئەدنا مەقام — ئەڭ پەس ئورۇن؛ ئەڭ تۆۋەن ئورۇن.

ئەۋ ئەدنا — پەسرەك، پېقىنراق (قۇرئاندىكى بىر ئايەتكە ئىشارە).

ئەدھان [ادھان] (ئە) خۇشبۇي ماددا؛ ياغلار.

ئەدھەم [ادھم] (ئە) 1) قارا؛ قارا تورۇق ئات. 2) ئىسىم (پادىشاھلىقتىن ۋاز كېچىپ، تەسەۋۋۇپ - سوپىلىق يولىغا كىرگەن بەلخ پادىشاھى ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى):

چۇ ئىبراھىمى ئەدھەم تەختۇ تاجىدىن كۆزەر ئەيلەپ، ئۆزىنى
ئاجىز بىچارەۋۇ بىخانىمان قىلغانى.

— زەلىلى.

ئەدۇ [عدو] (ئە) «ئەدۇۋ» غا قاراڭ.

ئەدۇۋ [عدو] (ئە) دۈشمەن، ياۋ، رەقىب:

يېقىلدى دەپ زەلىلنى ئەدۇۋ شا ئولماغىل ھەرگىز،
مەدەدكارى ئانىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغرا خانىم بار.

— زەلىلى.

ئەدۇۋ دامى — دۈشمەن تۇزىقى؛ دۈشمەننىڭ ھىيلىسىگە گىرىپتار بولۇش.

ئەدۇۋدىن مۇبەررا قىلماق — دۈشمەندىن خالىي قىلماق، قۇتۇلدۇرماق.

ئەدۇۋ قەسدى قىلماق — دۈشمەننى يوقىتىشقا بەل باغلىماق.

ئەدۇۋبەند [عدوبند] (ئە + پ) دۈشمەننى ئەسىر قىلغۇچى، قولغا چۈشۈرگۈچى.

ئەدۇۋەش [عدووش] (ئە + پ) دۈشمەنلەرچە قىلىق، دۈشمەنلىك قىلىش؛ دۈشمەنگە ئوخشاش ئىش تۇتقۇچى، دۈشمەن سۈپەت.

ئەدۋار [ادوار] (ئە) [بىرلىكى: دەۋر] 1) دەۋرلەر، ئايلىنىشلار. 2) مۇزىكا ئىلمىنىڭ بىر ساھەسى. مۇزىكا نەزەرىيىسى، شەرق مۇزىكىسىنىڭ كونا نوتا ئۇسۇلى. 3) مۇزىكشۇناسلىق؛ مۇزىكىغا ئائىت كىتابلار.

ئەدۋار ئىلمى — مۇزىكشۇناسلىق ئىلمى، مۇزىكا نەزەرىيىسى.

ئەدۋىيە [ادويە] (ئە) [بىرلىكى: دەۋا] داۋالار، دورىلار.

ئەدىب [اديب] (ئە) 1) تەربىيىچى، مۇئەللىم (ئوقۇتقۇچى). 2) ئەدەبىياتچى.

ئەدىل [عديل] (ئە) 1) قەدىر - قىممەتتە بىر - بىرى بىلەن باراۋەر بولغان ئىككى نەرسە ياكى ئىككى ئادەمنىڭ ھەر بىرى. 2) تۆگە ئۈستىدە ئىككى كاجىۋاندا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ ھەر بىرى. 3) ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر.

ئەدىلسىز [عديل سيز] (ئە) مىسلىسىز، ئوخشىشى يوق، تەڭداشسىز؛ يېگانە.

ئەدىم [عديم] (ئە) يوق، بولمىغان، تېپىلماس.

مىسلىڭ ئەدىم — ئوخشىشىڭ، تەڭدىشىڭ يوق.

ئەدىمۇلمىسل [عديم المثل] (ئە) تەڭدىشى يوق، ئوخشىشى يوق.

ئەدئىيە [ادعيە] (ئە) [بىرلىكى: دۇئا] دۇئالار.

ئەديان [اديان] (ئە) [بىرلىكى: دىن] دىنلار.

ئەر [ار] (پ) 1) «ئەگەر» باغلىغۇچىسىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى (كلاسسىك ئەدەبىياتتا ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن «ئەگەر» سۆزى «ئەر» شەكلىدە قىسقارتىلىپ ئىشلىتىلگەن). 2) خاھ، خاھى:

ئەگەر مۇسلىھمەن ئەر مۇفسىد، ۋەگەر ئاشىقمەن ئەر ئابىد،
نې ئىشىڭ بار سېنىڭ زاھىد، مېنىڭكى ئىختىيارىم بار.

— بابىر.

ئەرابە [عرابە] (پ) ھارۋا.

ئەراجىف [عراجيف] (ئە) بىھۇدە سۆزلەر، مىش - مىش گەپلەر.

ئەرازى [اراضى] (ئە) [بىرلىكى: ئەرز] يەرلەر، زېمىنلار، جايلار، ماكانلار.

ئەرازىل [اراذل] (ئە) ئەڭ رەزىللەر، پەسكەشلەر؛ ئەڭ تۆۋەن (پەس) تەبىقە ۋەكىللىرى؛ ناكەسلەر:

سەلاھ خەيلى يەكسان ئەرازىل بىلە،
فەساد ئەھلى خۇرسەند ئەرازىل بىلە.

— ئا. نىزارى.

ئەرايىس [عرايس] (ئە) [بىرلىكى: ئەرۇس] كېلىنلەر، كېلىنچەكلەر؛ گۈزەللەر.

ئەرەب [عرب] (ئە) 1) ئەرەب خەلقى؛ ئەرەب كىشىسى. 2) ئەرەبىستان، ئەرەب مەملىكىتى.

ئەرەب بەررى — ئەرەب مەملىكىتى، ئەرەبىستان.

ئەرەبىي [عربى] (ئە) 1) ئەرەبچە؛ ئەرەبكە، ئەرەب تىلىغا تېگىشلىك؛ ئەرەب، ئەرەب خەلقىگە مەنسۇپ.

ئەرەبىيات [عربيات] «ئەرەبىيەت» كە قاراڭ.

ئەرەبىيە [عربيه] (ئە) ئەرەب تىلى ئىلمى.

ئەرەبىيە ئۇلۇمى — ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسى، ئەدەبىيات قائىدىلىرى، مەنتىق، ئارۇز، قاپىيە ئىلىملىرى.

ئەرەبىيەت [عربيت] (ئە) ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى؛ ئەرەب تىلىغا ئائىت، ئەرەبچە.

ئەرئەر [عرعر] (ئە) قارا ئارچا، تاغ سەرۋى دەرىخى:

قاشى مېھراب تا مۇنبەر، كۆزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر،
قەدى چۇن سەرۋ يا ئەرئەر يۈرۈشى كەبكى خۇشرەفتار.

— نەۋبەتى.

ئەرەز [عرض] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئەسلىدە بولماي، كېيىن پەيدا بولغان ۋاقىتلىق سۈپىتى.

ئەرەس [ارس] (ئە) ئەزەربەيجاندىكى بىر دەريانىڭ نامى.

ئەرەسات [عرصات] (ئە) [بىرلىكى: ئەرسە] 1) بوش مەيدان مەنىسىدىكى ئەرسە سۆزىنىڭ كۆپلۈكى؛ 2) غوۋغا، توپىلاڭ، قىيامەت.

ئەرەستۇ [ارسطو] (يۇنانچە + ئە) يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئارىستوتېل ئىسمىنىڭ ئەرەبچە شەكلى.

ئەرەش [ارش] (ئـە) ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى (50 ـ 60 س.م) .

ئەرەفات [عرفات] (ئە) ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

ئەرەق I [عرق] (ئە) تەر.

ئەرەقى پېشانى — پېشانە تەرى.

ئەرەق II [عرق] (ئە) ئىچىملىك، ھاراق.

ئەرەق رىز [عرق ريز] (ئە + پ) تەر تۆككۈچى؛ مېھنەتكەش، مېھنەت سۆيەر.

ئەرەقناك [عرقناك] (ئە + پ) تەرلىك، تەرلىگەن.

ئەرەقنىشىن [عرقنيشين] (ئە + پ) تەرگە چۆمۈلگەن، تەرگە پاتقان.

ئەرەقنىشىن گۈل — مەھبۇبەنىڭ قىزىرىپ تەرلىگەن يۈزى.

ئەرباب [ارباب] (ئە) 1) بىرەر ئىشقا لايىق كىشىلەر، ئىش ئىگىلىرى، پەزىلەت ئىگىلىرى. 2) ئەمەلدارلار، ئۇلۇغلار:

كەئبەئى ئەربابى ھاجەت قاشلارىڭ مېھرابىدۇر،
قىبلەئى ئەھلى مۇھەببەت خاكى دەرگاھىڭ سېنىڭ.

— ئاتايى.

ئەربابى بىيىنىش — كۆرگۈچىلەر، بىر ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى كۆرەلەيدىغانلار.

ئەربابى تەغافۇل — غەپلەت ئىگىلىرى، غاپىللار، غەپلەتتە قالغانلار.

ئەربابى دىن — دىن ئەربابلىرى:

دېدى: *ئەي ماگا پىر ئەربابى دىن،*
ئەمانەت سۆزۈمنى تۇتۇڭ مۇتەئىن.

— ئا. نىزارى.

ئەربابى مەئانى — مەنە بىلگۈچى كىشىلەر؛ ئالىملار.

ئەربابى ھەقىقەت — ھەقىقەت يولىنىڭ ئىگىلىرى؛ ھەقىقەت كۆزلىگۈچىلەر.

ئەربابى ۋەزايىف — ۋەزىپە ئىگىلىرى، دۆلەت ئەربابلىرى.

ئەرباغ [ارباغ] سېھىر، كۆز بوياش، ئەپسۇن؛ ئۇرۇلۇپ - چىرمىشىپ تۇرۇش.

ئەربەدە [عربده] (ئە) شاۋقۇن - سۈرەن، توپىلاڭ، قىيچۇ (چۇقان) ، غوۋغا؛ مەستانە ۋارقىراش.

ئەربەدە ئەيلەمەك — شاۋقۇن - سۈرەن سالماق، ۋارقىراپ - جارقىرىماق، قىيا - چىيا قىلماق؛

ئەربەدە بۇنياد ئەتمەك — شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرمەك، توپىلاڭ، تەرتىپسىزلىك قىلماق.

ئەربەدە قىلماق — «ئەربەدە ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

بەبرىكى جۇنۇن بېشەسىن ئەربەدە قىلدى،
رۇباھ سۈپەت ئەقىل قىلىپدۇر ھەزەر ئىشق.

— زەلىلى.

ئەربەدەجۇ [عربده‌جو] (ئە + پ) غوۋغا قوزغاتقۇچى، توپىلاڭچى.

ئەربەدەگەر [عربده‌كر] (ئە + پ) جاڭجالكەش، غوۋغاچى، ماجىراچى.

ئەربەئىن [اربعين] (ئە) 1) چىللە، قىرىق كۈن؛ قىرىق كۈن ئىبادەت قىلىش:

ئەربەئىن ئولتۇردى بولغايكىم رىيادىن شەيخلەر،
قول ئاچىپ ھەرگىز دۇئا قىلماس نىيازى بولماسا.

— زەلىلى.

2) جامى ئەسىرىنىڭ نامى. 3) قىرىق ھەدىس (ئەسەر نامى) .

ئەربەئىن ئەھلى — قىرىق ھەدىس يازغانلار.

ئەربەئىن ھەدىس — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەشھۇر قىرىق ھەدىسى، قىرىق سۆزى، نەسىھىتى.

ئەرتەنماق [ارتناماق] «ئەرتىلماق» قا قاراڭ.

ئەرتىلماق [ارتيلماق] 1) ئاشماق، ئېشىپ ئۆتمەك. 2) پاكلانماق، ئېرتىلماق.

ئەرجۇمەند [ارجمند] (پ) 1) ئېزىز، ئىززەتلىك، قەدىرلىك، قىممەتلىك، ھۆرمەتلىك، شەرەپلىك، مۆتىۋەر، دانىشمەن، ئەقىللىق:

ھەمە جاندارلار بولۇپ بەھرىمەند،
كى ھەمدۇل سەنا بىرلەردۇر ئەرجۇمەند.

— غەرىبى.

2) ئەرزىيدىغان، لايىق، سازاۋەر. 3) مەشھۇر، ئۇلۇغۋار. 4) يېتىشىش قىيىن بولغان نەرسە.

ئەرجۇمەند ئەتمەك — سازاۋەر قىلماق؛ ئىززەتلىك قىلماق، ئېزىزلىمەك؛

ئەرجۇمەند ئەيلەمەك — ئىززەتلىك، ئابرۇيلۇق قىلماق، ئىززەتلىمەك، ھۆرمەتلىك.

ئەرجۇمەند بولماق — ئىززەتلىك، قەدىرلىك بولماق؛ بەھرىمەن بولماق.

ئەرجۇمەند تۇتماق — ئۆزىنى چوڭ تۇتماق؛

تۇتار ئېردىم ئانداغ بەسى ئەرجۇمەند،
بارى مۇلكلەردىن ئىدى دىل پەسەند.

— ئا. نىزارى.

ئەرجۇمەند قىلماق — «ئەرجۇمەند ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەرچە [ارچە] (پ) «ئەگەرچە» نىڭ قىسقارغان شەكلى؛ ئەگەر، ئەگەرچە، گەرچە.

ئەردەۋان [اردوان] (پ) قەدىمكى ئىراندىكى ئەپسانىۋى بىر پادىشاھنىڭ نامى؛ 2) ئىراندىكى قەدىمكى بىر ۋىلايەتنىڭ نامى.

ئەردەۋىل [اردويل] ئاقسۇنىڭ قەدىمكى نامى:

شەھرى ماچىندىن زەلىلى تەلبە ئەيلەپدۇر سەفەر،
ئەردەۋىل ئىلە كۆچارۇ سەير تۇرپاندۇر تەمەئ.

— زەلىلى.

ئەرراس [عراس] (ئە) ھاڭراش، ھۆركىرەش (يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋارقىرىشى).

ئەرراس ئىزھار قىلماق — ھاڭرىماق.

ئەرراف [عراف] (ئە) 1) پالچى، رەممال، يۇلتۇزغا قاراپ پال باققۇچى، مۇنەججىم. 2) داخان، باخشى، پېرىخون. 3) سەنئەتكار، سەنئەت ئەھلى.

ئەررە [ارە] 1) ھەرە (ياغاچ كېسىشتە ئىشلىتىدىغان سايمان). 2) لەھەڭ بېلىقنىڭ ئارقا قانىتىنىڭ چىشلىرى:

باشىغە قويۇپ ئول زىمان ئەررەئى،
دەمىن ئاسۋادى، چىقمادى، زەررەئى.

— ئا. نىزارى.

ئەررەفىق [الرفيق] (ئە) «ئەررەفىقۇ سۇممەتتەرىيق» قا قاراڭ.

ئەررەفىقۇ سۇممەتتەرىيق — «ئاۋۋال يولداش بول، ئاندىن سەپەرگە چىق» مەنىسىدىكى ئەرەبچە ئىبارە (ماقال).

ئەرز I [ارض] (ئە) يەر، زېمىن، يەر يۈزى:

ئاسمانۇ ئەرزۇ ئەبرۇ ئافتاب،
ئافەرىنىش بەھرىدىن گويا ھۇباب.

— زەلىلى.

ئەرز سەتھى — يەر يۈزى، يەر ئۈستى.

ئەرزۇ سەما — يەر ۋە ئاسمان؛

ئىشق بىر ئوتدۇركى ئۆچمەس تۈنۇ كۈن سوزانەدۇر،
ئۆچقۇنى تۈشمەس ساڭا ئەرزۇ سەمادا ئىستەگىل.

— گۇمنام.

ئەرزى ساكىن — جىمجىت تۇرغان يەر، بەقارار تۇرغان يەر.

ئەرزى ۋە سىئ — كەڭ يەر، دۇنيا.

ئەرزى كۇتۇب — يەر كىتابلىرى، دۇنياۋى كىتابلار.

ئەرز II [عرض] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئېنى، كەڭلىكى.

ئەرز III [عرض] (ئە) 1) بايان، مەلۇمات؛ ئىزھار، مۇراجىئەت، ئىستەك، ئىلتىماس؛ شىكايەت. 2) كۆرسىتىش، نامايىش قىلىش؛ ھاۋالە قىلىش.

ئەرز ئەتمەك — 1) بايان قىلماق، (مەقسىتىنى) ئىزھار قىلماق. 2) كۆرسەتمەك، نامايىش قىلماق، قوبۇل قىلىشقا ھاۋالە قىلماق.

ئەرز ئەيلەمەك — ئەرز قىلماق، بايان قىلماق؛ ئىزھار قىلماق.

ئەرز قىلماق — «ئەرز ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەرزگە يەتكۈزمەك — بايان ئەتمەك.

ئەرز ئولماق — بىلدۈرمەك؛ مەلۇم قىلماق.

ئەرزى پەيام — خەۋەر يەتكۈزۈش، دېرەك بېرىش.

ئەرزى تەزەللۇم — زۇلۇم كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىش.

ئەرزى دۇئا ئەيلەمەك — دۇئايى سالام ئېيتماق، بىلدۈرمەك.

ئەرزى رۇخسار — يۈز كۆرسىتىش، بەت ئېچىش.

ئەرزى فەساھەت — پاساھەت مەيدانى، بابى، ساھەسى.

ئەرزى كارامەت ئەيلەمەك — مۆجىزە كۆرسەتمەك.

ئەرزى كەرەم قىلماق — سېخىيلىق كۆرسەتمەك.

ئەرزى مۇسىقى — مۇزىكا ئاڭلىتىش.

ئەرزى نىياز — 1) سالام، دۇئا. 2) زارلىنىش، يالۋۇرۇش.

ئەرزى نىياز ئەتمەك — «ئەرزى نىياز ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەرزى نىياز ئەيلەمەك — 1) موھتاجلىق دەردىنى بايان قىلماق، ھاجەتمەنلىكنى بىلدۈرمەك. 2) دۇئايى سالام ئېيتماق؛ ھاجەت مەقسىتىنى بىلدۈرمەك؛

كۆڭۈل مۇددەئاسىنى راز ئەيلەبان،
كى قۇللۇغدا ئەرزى نىياز ئەيلەبان.

— ئا. نىزارى.

ئەرزى نىياز قىلماق — «ئەرزى نىياز ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەرزى نىياز ئۇلماق — زارلانماق، يالۋۇرماق، ئىلتىجا قىلماق.

ئەرزى نىياز ئىزھارى بولماق — موھتاجلىقنى ئىزھار قىلماق.

ئەرزى ھال ـ ھال — ئەھۋال بايانى.

ئەرزى ھال ئەيلەمەك — (مەقسىتىنى) ئىزھار قىلماق.

ئەرزى ھۈنەر — ھۈنەر كۆرسىتىش.

ئەرزى ئىخلاس ئەيلەمەك — ئىخلاس، سەمىمىي دوستلۇق كۆرسەتمەك، ئىزھار قىلماق.

ئەرزى ئىمان ئەتمەك — ئىمانغا دەۋەت قىلماق، مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلماق.

ئەرزاق [ارزاق] (ئە) [بىرلىكى: رىزق] رىزقلار، ئوزۇقلار.

ئەرزال [ارذال] (ئە) [بىرلىكى: رەزىل] 1) پەسكەشلەر؛ رەزىللەر؛ پەس ئادەملەر؛ تۆۋەن؛ قەبىھ، پەس. 2) تۆۋەن تەبىقە، تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى، ئاۋام خەلق.

ئەرزال تەمەللۇقى — پەس كىشىلەرنىڭ خۇشامىتى.

ئەرزالۇ ئەشراب — تۆۋەن ۋە يۇقىرى تەبىقىلەر.

ئەرزالۇ دۇرد ئاشام — مەي ساقىندىسىنى ئىچكۈچى تۆۋەن كىشىلەر.

ئەرزانىي [ارزانى] (پ) بېرىش، بېغىشلاش، لايىق كۆرۈش؛ سازاۋەر؛ مۇيەسسەر؛ لايىق، مۇۋاپىق.

ئەرزانىي ئەتمەك — «ئەرزانىي ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەرزانىي ئەيلەمەك — لايىق كۆرمەك، بېغىشلىماق.

ئەرزانىي تۇتماق — مۇيەسسەر قىلماق.

ئەرزە [عرضه] (ئە) ئەرز؛ ئىلتىماس؛ ئىزھار؛ شىكايەت.

ئەرزە قىلماق — بايان قىلماق، بىلدۈرمەك.

ئەرزەداشت [عرضه‌داشت] (ئە + پ) ئەرز قىلىش، ئەرز تۇتۇش؛ ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىش؛ ئىستەك، مەقسەتنى خەت ئارقىلىق بىلدۈرۈش.

ئەرزە داشت قىلماق — ئەرز قىلماق، بايان قىلماق، مەقسىتىنى ئېيتماق.

ئەرزەندە [ارزنده] (پ) ئەرزىيدىغان، لايىق، مۇناسىپ:

بېكىسلەرگە يەتتى چۈ ئەرزەندەلىك،
ماڭا چۈن يېتىپ ئىسرۇ شەرمەندەلىك.

— ئا. نىزارى.

2) ئەركە، سۆيۈملۈك.

ئەرسە [عرصه] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەرسات] 1) مەيدان، سەھنە، بىنا قۇرۇلىدىغان كەڭ مەيدان؛ كەڭلىك:

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھ ئاقلىغىدىن نۇرى بار.
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.

— تەجەللى.

2) شاھمات تاختىسى. 3) ئالەم، دۇنيا:

ئەرسەئى ئاسمان — ئاسمان بوشلۇقى؛ يۈزى.

ئەرسەئى ئافاق — ئۇپۇقلار كەڭلىكى؛ كۆك، ئاسمان:

شورىشى جۇنۇنۇڭدىن تولدى ئەرسەئى ئافاق،
رەقس قىل زەلىلى سەن تابەكەي فەراموشى.

— زەلىلى.

ئەرسەئى ئالەم — ئالەم بوشلۇقى، يەر يۈزى.

ئەرسەئى باگاھ — پادىشاھ زىياپەتخانىسىنىڭ سەھنەسى.

ئەرسەئى بەزم — بەزم مەيدانى، سەھنىسى.

ئەرسەئى خاك — كۆچمە م: دۇنيا، يەر يۈزى، يەر مەيدانى.

ئەرسەئى شەترەنج — شاھمات تاختىسى.

ئەرسەئى مەھشەر — قىيامەتتە بارچە ئىنسانلار تۈپلىنىدىغان مەيدان، قىيامەت مەيدانى.

ئەرش [عرش] (ئە) 1) ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، يۇقىرى قەۋىتى. 2) ئەڭ يۇقىرى جاي، يۈكسەك جاي. 3) تەخت.

ئەرش بۇرجى — ئاسماننىڭ يۇقىرى چوققىسى.

ئەرش جەنان — ئەڭ يۇقىرى ئورۇن.

ئەرش سۇتۇنى — ئاسمان تۈۋرۈكى، دۇنيا تايانچى.

ئەرش قەندىلى — كۆچمە. م: قۇياش ياكى ئاي.

ئەرشى ئەئزەم — ئەڭ ئۇلۇغ ئەرش؛ ئۇلۇغۋار.

ئەرشى ئەئلا — ئەڭ يۈكسەك ئەرش:

كى شەھزادە كەۋنەين ئارا شەھسەۋار،
بۇلار ئەرشى ئەئلاغەدۇر گۇشۋار.

— ئا. نىزارى.

ئەرشى بەرىن — يۇقىرى، يۈكسەك ئاسمان.

ئەرشى سەرىر — (ئاسمان) تەختى كۆتۈرۈلگەن، يۇقىرىلىغان؛ يۈكسەلگەن.

ئەرشى مۇئەللا — ئەرشىئەلا.

ئەرش ئاسا [عرش آسا] (ئە + پ) ئاسمانغا ئوخشاش يۈكسەك؛ ئاسمانغا يەتكەن؛ باغرى كەڭ.

ئەرشايىن [عرشايين] (ئە) ئەرشىئەلا دەرىجىسىدىكى، ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى.

ئەرشەد [ارشد] (ئە) ئەڭ يېتۈك، دانا.

ئەرش پەرۋاز [عرش پرواز] (ئە + پ) يۈكسەك، يۇقىرى پەرۋاز، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگۈچى.

ئەرشسا (ي) [عرش ساى] (ئە + پ) ئاسمانغا ئوخشاش يۈكسەك؛ ئاسمانغا يەتكەن، ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغا تەگ، ئەرشكە ئوخشاش.

ئەرش فەرسا [عرش فرسا] (ئە + پ) ئەرشكە ئوخشاش يۈكسەك، ئاسماندەك ئېگىز.

ئەرشى ئەئزەم ئېلى [عرش اعظم ايلى] (ئە) كۆچمە م: پەرىشتىلەر.

ئەرغەدال [ارغدال] تۆپە؛ تاغ ۋە تاغدەك ئېگىزلىكنىڭ باغرى:

باز نىيادىن قىلىبان ئىنتىقال،
قۇمغە كىرىپ يۇردۇك ئاشىپ ئەرغەدال.

— زەلىلى.

ئەرغەدەماق [ارغداماق] ئالدىماق، ھىيلە بىلەن يەڭمەك.

ئەرغەنۇن [ارغنون] (يۇنانچە) بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابى.

نە ھاجەت نالەگى نەي، يا رەبابۇ بەربەتۇ قانۇن،
سۇرۇدى ئەرغەنۇندىن شورىشى پەيمەندۇرپەيدا.

— زەلىلى.

ئەرغەۋان [ارغوان] (پ) باھاردا ئېچىلىدىغان قىزىلگۈللۈك دەرەخ، قىزىلگۈل، قىزىل.

ئەرغەۋان بولماق — قىزارماق.

ئەرغەۋانى مەي — قىزىل مەي.

ئەرغەۋان خەد [ارغوان خد] (پ) قىزىل يۈزلۈك، گۈزەل مەڭىزلىك.

ئەرغەۋان رىز [ارغوان ريز] (پ) قان - ياش تۆككۈچى، قاتتىق يىغلىغۇچى.

ئەرغەۋان گۈن [ارغوان كون] (پ) كۆچمە م: قىزىل تۈسلۈك.

ئەرغەۋانىي [ارغوانى] (پ) قىزىل رەڭلىك، توق قىزىل.

ئەرغەۋانىي تون — قىزىل تون.

ئەرغۇشتەك [ئەرغوشتك] مۇزىكىلىق بىر ئۇسسۇل، ئويۇن.

ئەرغۇۋان [ارغوان] (پ) «ئەرغەۋان» غا قاراڭ:

بولۇپ چېھرىسى زەئفدىن ئەرغۇۋان،
نەدۇر ئەرغۇۋان گۈل، دېگىن زەئفەران.

— ئا. نىزارى.

ئەرفەئ [ارفع] (ئە) ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ يۈكسەك، يۈكسەكرەك، ئېگىزرەك.

ئەرفەئى دەرەجات — دەرىجىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى.

ئەرقام [ارقام] (ئە) [بىرلىكى: رەقەم] 1) رەقەملەر، سانلار. 2) يېزىقلار.

ئەرقەم [ارقم] (ئە) 1) ئالىچىپار. 2) ئالىچىپار يىلان.

ئەرك [ارک] ساراي، قەسىر، ئېگىز قورغان، ئىچكى قەلئە؛ پادىشاھنىڭ شەھەر ئىچىدىكى قورغان - سارىيى.

ئەركان [اركان] (ئە) [بىرلىكى: رۇكن] 1) تۈۋرۈكلەر، تايانچلار. 2) تەركىبىي قىسىملار، ئاساسلار. 3) بۇرجەكلەر. 4) رۇكنىلار (ئارۇزدا).

ئەركانى دەۋلەت — دۆلەت تايانچلىرى، دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرى؛ ئەمەلدارلار، ئەربابلار.

ئەرلات [ارلات] تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى.

ئەرمەنۋار [ارمن وار] (پ) ئەرمەنچە.

ئەرمەنى [ارمنى] (پ) ئەرمەنىستانلىق.

ئەرمەنىي ساز [ارمنى ساز] (پ) ئەرمەنچە، ئەرمەنىستانلىقلار ئىشلىگەن.

شەرابى ئەرمەنىي ساز — ئەرمەنچە شاراب، ئەرمەن مېيى، شارابى.

ئەرمۇغان [ارموغان] تارتۇق، ھەدىيە.

ئەرنەب [ارنب] (ئە) توشقان.

ئەرۇز [عروض] (ئە) 1) شېئىر ۋەزىنلىرى ھەققىدىكى پەن، شەرق پوئېزىيىسىدىكى شېئىر ئۆلچەم. 2) ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر، ئەسەر. 3) ئەرەبىستاندىكى بىر ۋادىنىڭ نامى.

ئەرۇز ئەھلى — ئارۇز ئىلمىگە ئائىت تۈرلۈك ئەسەرلەر يازغان ئالىملار.

ئەرۇز فەنى — شېئىر ۋەزىنلىرى، ئۆلچەملىرى ھەققىدىكى پەن.

ئەرۇس [عروس] (ئە) [بىرلىكى: ئەرائىس] 1) كېلىن، كېلىنچەك. 2) باھار چېچەكلىرى:

ھەر تەرەپى چىقتى سەدائى خۇرۇس،
جىلۋە بىرىپ گۈلشەن ئىچىندە ئەرۇس.

— زەلىلى.

ئەرۇسى پەردەنىشىن — پەردە ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئىپپەتلىك كېلىنچەك.

ئەرۇسى گەردۇن — ئاسمان كېلىنى؛ ئاي.

ئەرۇسانە [عروسانه] (ئە + پ) كېلىنلەرچە، كېلىنلەرگە خاس؛ گۈزەل.

ئەرۇسەك [عروسک] (ئە + پ) ئويۇنچۇق، قورچاق.

ئەرۋاھ [ارواح] (ئە) [بىرلىكى: روھ] روھلار.

ئەرۋاھى قۇددۇسى — مۇقەددەس روھلار (پەرىشتىلەر).

ئەرى [ارى] 1) ھەرە، ھەسەل ھەرىسى:

لەب ئارا ئاغزىڭ چۈچۈك تىل بىرلە گويا ئاڭلاسام،
شەھدلىغ نىشى بىلە گۈل بەرگىنى تەشمىش ئەرى.

— نەۋائى.

2) تازا، ساپ، پاك.

ئەرىتماق [ارىتماق] 1) تازىلىماق، پاكلىماق؛ 2) كۆتۈرمەك، بىر تەرەپ قىلماق.

ئەرىز [عريض] (ئە) ئەنلىك، كەڭ.

ئەرىغ [ارىغ] 1) پاكىز، ساپ، تازا، تىنىق. 2) يېڭى. 3) ياخشى، دۇرۇس. 4) ئۇزاق. 5) مەھرۇم. 6) پايدىسىز. 7) ئېرىق (سۇ ئاقىدىغان):

گۈرۈھى ئېرىدى دەردۇ داغ ئىچىندە،
ئەرىغ قازماقتا شاغىل تاغ ئىچىدە.

— نەۋائى.

8) كۆز يېشىنىڭ ئېقىشى؛ «ئارىغ» قا قاراڭ.

ئەرىغلىغ [ارىغ لىغ] 1) پاكىزلىق، تىنىقلىق؛ پاكلىق. 2) ئېرىقتا ئاقىدىغان، ئېرىقتىكى.

ئەرىق [ارىق] 1) «ئەرىغ» گە قاراڭ. 2) باشقىچە؛ ساپ.

ئەرىماق [ارىماق] تازىلانماق، پاك بولماق.

ئەرىن [عرين] (ئە) ئورمان، توقاي، جاڭگاللىق؛ يىرتقۇچلار، ھايۋانلار؛ يىرتقۇچ ھايۋان ياشايدىغان توقاي، جاڭگال.

ئەز [از] (پ) سۆز ئالدى قوشۇمچە؛ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «- دىن، - تىن» رولىدا كېلىدۇ.

ئەزتەھى دىل — ئىستايىدىل، چىن كۆڭۈلدىن.

ئەزرويى لۇتف — ياخشىلىق يۈزىسىدىن، ياخشىلىقتىن.

ئەزا [عزا] (ئە) 1) ماتەم، مۇسىبەت، ھازا. 2) داد - پەرياد، ۋارقىراش.

ئەزا تۇتماق — ماتەم تۇتماق، يىغلىماق، ھازا تۇتماق.

ئەزا سورىماق — كۆڭۈل سورىماق، تەسەللى بەرمەك، تەزىيە بىلدۈرمەك.

ئەزاب [عذاب] (ئە) مۇشەققەت، ئازار، دەرد، ئەلەم، ئازاب.

ئەزاب ئايەتلەر — ئازاب توغرىسىدىكى (قۇرئان) ئايەتلىرى (جۈملىلىرى)، ئازاب ئالامەتلىرى.

ئەزاب ئەتمەك — ئازاب بەرمەك، قىينىماق.

ئەزاب ئەيلەمەك — قىينىماق، ئازار بەرمەك، رەنجىتمەك.

ئەزابى ئەلىم — تاقەتسىزلىك ئازابى.

ئەزاب يەتكۈزمەك — ئازابلىماق، ئازاب بەرمەك، قىينىماق.

ئەزازىل [عزازيل] (ئە) 1) شەيتاننىڭ ئەسلى ئىسمى. 2) كۆچمە م: ئەسكى، يامان؛ نەيرەڭۋاز.

ئەزامەت [عزامت] (ئە) شۇملۇق؛ غەرەز، خۇسۇمەت؛ يامانلىق.

ئەزەب [عزب] (ئە) بويتاق، ئۆيلەنمىگەن.

ئەزەل [ازل] (ئە) ئەڭ ئاۋۋال، باشلىنىش، باشلىنىشى نامەلۇم بولغان قەدىمكى زامان.

ئەز ئەزەل — ئەزەلدىن، قەدىمدىن.

ئەزەل خەتتى — تەقدىر، ئەزەلدە پۈتۈلگەن (يازمىش).

ئەزەل دىۋانى — قىسمەت، تەقدىر، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەلەي.

ئەزەلدىن تائەبەد — ئەڭ ئاۋۋالدىن ئەڭ ئاخىرغىچە؛ پۈتۈن، بارلىق، داۋامىدا؛ باشتىن - ئاياغ.

ئەزەل ساقىيسى — كۆچمە م: تەقدىر پۈتكۈچى؛ تەڭرى، خۇدا.

ئەزەل سۇبھى — ئەزەل تېڭى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تېڭى.

ئەزەل قەسسامى — قىسمەت پۈتكۈچى، يارانقۇچى، خۇدا.

ئەزەل قىسمەت — ئەڭ ئاۋۋالقى نېسىۋە، تەقدىر، تەقسىمات.

ئەزەل نەققاشى — 1) تەقدىر سۈرەتچىسى؛ 2) كۆچمە م: يارانقۇچى، تەڭرى، خۇدا.

روزى ئەزەل — ئەزەل كۈنى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۈنى.

ئەزەلىل [ازلل] (ئە) ئارۇز ۋەزنى زىھافلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

ئەزەلىي [ازلى] (ئە) ئەزەلگە تەۋە، ئەزەلىي، دائىمىي.

ئەزەمەت [عظمت] (ئە) 1) ئۇلۇغۋارلىق، ئۇلۇغلۇق؛ بۈيۈكلۈك. 2) سەلتەنەت، ھۆكۈمرانلىق، ئەمەلدارلىق.

ئەزەمەت كۆرگۈزمەك — چوڭچىلىق قىلماق، كېرىلمەك.

ئەزبەر [ازبر] (پ) ياد، ياددىكى، يادلانغان.

ئەزبەر ئەيلەمەك — يادلىماق؛ ئېسىدە تۇتماق.

ئەزبەر قىلماق — «ئەزبەر ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەزبەر ئوقۇماق — يادقا ئوقۇماق.

ئەزبەس [ازبس] (پ) چۈنكى، شۇنىڭ ئۈچۈن؛ ھەر ھالدا، ھەر قاچان، قانداقتۇ.

ئەزبەسكى [ازبسكه] (پ) «ئەزبەس» كە قاراڭ.

ۋادەكى ھەيرەتدە ئەزبەسكى ھەرارەت چەكمىشىم،
سايە بەخش ئولغاي مېنىڭ باشىمغە گوياكى ھۇما.

— زەلىلى.

ئەزداد [اضداد] (ئە) [بىرلىكى: زىد] زىتلار، مۇخالىپلار، زىددىيەتلەر، قارىمۇ قارشىلىقلار.

ئەزرا [عذرا] (ئە) پاك قىز. 2) ۋامىق ئاشىق بولغان قىز («ئۈزرا» غا قاراڭ).

ساقىئى ئەزرا ئۇزار — نەپىس كىيىم كىيگەن گۈزەل ساقىي.

ئەزرائىل [عزرائيل] (ئە) ئۆلۈم پەرىشتىسى، جان ئالغۇچى پەرىشتە، ئەزرائىل.

ئەزرەق [ازرق] 1) (ئە) كۆك، كۆك تۈس، يېشىل؛ ھاۋا رەڭ؛ 2) كۆچمە م: ئاسمان.

سىپىھرى ئەزرەق — كۆك ئاسمان.

ئەززەشەئنۇھ (ۇ) [عزشاء نه] (ئە) ئاللا ئەزىزدۇر؛ ئۇلۇغ، شانلىق.

ئەززەمەن قەنەئ [عزمن قنع] (ئە) قانائەت قىلغان (قانائەتچان) كىشى ئىززەتلىك بولىدۇ؛ قانائەتلىك كىشى ئەزىزدۇر.

ئەزفەر [اذفر] (ئە) ئۆتكۈر ھىد؛ ئۆتكۈر ھىدلىق؛ تازا؛ خالىس.

مۇشكى ئەزفەر — ئىنتايىن خۇشبۇي ئىپار.

ئەزكىيا [ازكيا] (ئە) [بىرلىكى: زەكىي] زېرەكلەر، زەكىيلەر.

ئەزل [عذل] (ئە) بوشىتىش، چەتلىتىش، ئۇزاقلاشتۇرۇش؛ مەنسەپتىن چۈشۈرۈش.

ئەزل ئەتمەك — بوشاتماق، ۋەزىپىدىن چۈشۈرمەك؛ ھەيدىمەك؛ ئۇزاقلاشتۇرماق، يوقاتماق.

ئەزل قىلماق — 1) يىراقلاشتۇرماق، سۈرگۈن قىلماق؛ ئەمەلدىن بوشاتماق. 2) رەت قىلماق؛ ئىستېپا بەرمەك.

ئەزلۇ فەۋت — چەتلىشىش ۋە يوقىتىش.

ئەزم I [عزم] (1) بىرەر ئىشقا نىيەت قىلىش، ئىنتىلىش، يۈرۈش، مېڭىش:

گويەك بولدى ئاتايى ھەرتەرەف سەرگەشتە ھال،
ئول سەنەملەر شەھسەۋارى ئەزمى چەۋگان قىلغالى.

— ئاتايى.

2) ئىرادە، قەتئىي، قارار:

ۋەلې ئەمدى ئەزمىم بۇ دۇركىم خۇداي،
ئەگەر بولسە ئۆمرۈمگە مۇھلەت قىزاي.

— نەۋايى.

ئەزم ئەتمەك — بىرەر ئىشقا قەست، نىيەت قىلىش، ئاتلىنىش؛ كېتىش، جۆنەش؛

دېدى شەھەر ئىچىنى سەرەنجام ئېتىپ،
چىرىك بىرلە جامغا يۈرۈڭ ئەزم ئۆتىپ.

— مۇللا شاكىر.

ئەزم ئەيلەمەك — «ئەزم ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئەزم قىلماق — «ئەزم ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئەزم كوسىن ئۇرماق — يولغا چىقىش ناغرىسىنى چالماق، سەپەرگە تەييارلانماق.

ئەزمى ئەسەر — زور تىسىر؛ ھەددىدىن ئارتۇق تەسىر.

ئەزمى بېداد ئەيلەمەك — زۇلۇمنى مەقسەت قىلماق؛ ياۋۇز نىيەت بىلەن ئاتلانماق.

ئەزمى تەسبىھۇمۇسەللا قىلماق — تەسۋى ۋە جاينامازغا ئىنتىلمەك. تەسۋى ۋە جاينامازنى قولىغا ئالماق؛ ناماز ئوقۇپ، تىلاۋەت قىلىشقا كىرىشمەك.

ئەزمى تەۋاف قىلماق — زىيارەتكە بېرىشنى نىيەت قىلماق.

ئەزمى جەۋلان ئەيلەمەك — كەزمەك، قەست، نىيەت قىلماق.

ئەزمى خىلۋەت قىلماق — خىلۋەتكە كىرمەك، يوشۇرۇنماق.

ئەزمى دەير قىلماق — بۇتخانا تەرەپكە بارماق؛ ئاتلانماق.

ئەزمى راھ — يولغا چىقىش.

ئەزمى زۇننار ئەيلەمەك — باشقا دىنغا ئۆتمەك؛ بۇتپەرەس بولماق، بۇتقا چوقۇنماق.

ئەزمى سەفەر ئەيلەمەك — سەپەرگە ئاتلانماق؛ نىيەت قىلماق.

ئەزمى سەما — ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش.

ئەزمى سەما ئەتمەك — ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەك.

ئەزمى سەيد — ئوۋغا چىقىش.

ئەزمى ھەرەم قىلماق — ھەجگە بارماق؛ ئىختىيار قىلماق؛ كەئبە يولىغا قەدەم قويماق.

ئەزم ۋەتەن — ۋەتەنگە يول ئېلىش، ۋەتەنگە يۈزلىنىش.

ئەزم ۋىسال ئەيلەمەك — ۋىسالغا ئىنتىلمەك، بارماق، ۋىسالغا يەتمەك؛ مەقسەتكە يېتىشكە ئىنتىلمەك.

II **ئەزم** [عظم] (ئە) سۆڭەك، ئۇستىخان.

ئەزمى رەمىم — چىرىگەن سۆڭەك، ئەسكى سۆڭەك.

ئەزم ساز [عزم ساز] (ئە + پ) تەييارلىق كۆرگۈچى؛ بىر ئىشنى يولغا قويغۇچى.

ئەزھا [اضحى] (ئە) قۇربانلار.

ئەزھا ئېيدى — قۇربان ھېيتى.

ئەزھار [ازهار] (ئە) چېچەكلەر، گۈللەر؛ گۈزەللىك؛ زىننەتلىك.

ھەدايىقى نامەتەناھىي ئەزھارى — پايانسىز باغلارنىڭ گۈللىرى؛ بىرەر ئەسەرنىڭ سۆز بايلىقى؛ رەڭمۇرەڭلىكى.

ئەزھارۇمىنەششەمس [ازهار من الشمس] (ئە) قۇياشتىن يورۇقراق، روشەنرەك، ناھايىتى ئېنىق، مەلۇم؛ ئەڭ مەشھۇر.

ئەزھان [اذهان] (ئە) [بىرلىكى: زېھىن] زېھىنلەر، پەم - پاراسەتلەر.

ئەزھەر [اظهر] (ئە) ناھايىتى ئوچۇق، ئەڭ پارلاق، ياخشى كۆرۈنەرلىك.

ئەزۇبەت [عذوبت] (ئە) شېرىنلىك، تاتلىقلىق؛ يېقىملىق.

ئەزۋاج [ازواج] (ئە) [بىرلىكى: زەۋج / زەۋجە] زەۋجىلەر (خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرى؛ نىكاھ بىلەن باغلانغان ئەر - خوتۇنلار، ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرى).

ئەزۋاق [اذواق] (ئە) [بىرلىكى: زەۋق] زوقلار، سۆيۈنۈشلەر.

ئەزىتماق [ازيتماق] «ئازىتماق» قا قاراڭ.

ئەزىز [عزيز] (ئە) 1) تېپىلماس. 2) ئۇلۇغ، قەدىر - قىممەتلىك، مۆتىۋەر، مۆھتەرەم. 3) سۆيۈملۈك. 4) تەڭدىشى ئاز، تەڭداشسىز؛ ئۇلۇغۋار. 5) شاھ؛ كاتتا ئەمەلدار؛ ئۇلۇغ زات. 6) قەدىر - قىممىتى يۇقىرى، تەۋەررۈك.

ئەزىز بىلمەك — ئەزىزلىمەك، قەدىرلىمەك؛

ئەزىز تۇتماق — ئەزىزلىمەك، ھۆرمەتلىمەك، قەدىرلىمەك.

ئەزىقماق [ازيقماق] «ئازىقماق» قا قاراڭ.

ئەزىم [عظيم] (ئە) 1) ئۇلۇغ، كاتتا، بۈيۈك، زور. 2) مۇھىم. 3) ئېغىر، قىيىن. 4) ئىنتايىن كۆپ، ھېسابسىز. 5) باي، مەرتىۋىلىك.

ئەزىم شانى — ئۇلۇغ، شانلىق، مەرتىۋىلىك.

ئەزىمۇ جۇسسە — گەۋدىسى زور.

ئەزىمۇششەئن — يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئېتىبارلىق، ھۆرمەتلىك.

ئەزىمە [عزيمه] (ئە) «ئەزىمەت» كە قاراڭ.

ئەزىمەت [عزيمت] (ئە) 1) كاتتا. 2) قەست، نىيەت، جەزم؛ ئىنتىلىش:

تۇت ئەي ساقىي ئىچمەك ئەزىمەت قىلاي،
چۇ شامى تىرىكلىك غەنىيمەت قىلاي.

— ئا. نىزارى.

3) يۈزلىنىش؛ سەپەرگە مېڭىش.

ئەزىمەت ئەتمەك — سەپەرگە ماڭماق، كەتمەك.

ئەزىمەت بولماق — يېتىپ بارماق؛ يوللانماق.

ئەزىمەت قىلماق — 1) قارار، ئەھد قىلماق، بىرەر يەرگە بېرىشقا ئاتلانماق، كەتمەك؛ سەپەرگە ماڭماق. 2) ئىنتىلمەك؛ يول ئالماق. 3) قوشۇن تارتىپ بارماق؛ يۈرۈش قىلماق؛ جۆنىمەك. 4) ۋاپات قىلماق، ئۆلمەك؛ يوللانماق؛ ئۆتمەك.

ئەزىمۇششان [عظيم الشان] (ئە) ئۇلۇغ، كاتتا، يۇقىرى مەرتىۋىلىك؛ ئەتىۋارلىق، ھۆرمەتلىك.

ئەزىيەت [ازيت] (ئە) ئازار، ئازاب، ئوقۇبەت.

ئەژدەر [اژدر] (پ) ھەيۋەتلىك چوڭ يىلان، ئەپسانىۋى يىلان، ئەجدىھا.

ئەژدەرئاسا [اژدرآسا] (پ) ئەجدىھادەك، ئەجدىھاغا ئوخشاش.

ئەژدەرمار [اژدرمار] (پ) بوغما يىلان، چوڭ يىلان.

ئەژدەرھا [اژدارها] (پ) «ئەژدەھا» غا قاراڭ.

ئەژدەۋەرەش [اژدروش] ئەجدىھاغا ئوخشاش، ئەجدىھادەك؛ قورقۇنچلۇق، ھەيۋەتلىك.

ئەژدەھا [اژدها] (پ) 1) ئەجدىھا؛ ئاغزىدىن ئوت پۈركۈگۈچى ۋە كىشىگە ھەيۋە قىلغۇچى، دەم تارتقۇچى ئەپسانىۋى ۋەھشىي مەخلۇق. 2) قەست قىلغۇچى، ھالاك قىلغۇچى؛ بالا؛ ئاپەت، دۈشمەن. 3) قورۇقچى، كۈچلۈك كۆزەتكۈچى.

ئەژدەھاسىنى مور ئەيلەمەك — 1) ئەجدىھاسىنى چۈمۈلە قىلىۋەتمەك. 2) كۆچمە م: زوراۋانلىققا زەربە بەرمەك، كۈچسىزلەندۈرمەك.

ئەژدەھا ئۆيى — ئەجدىھا ماكانى.

ئەژدەھاكۇش [اژدهاكش] (پ) ئەجدىھا ئۆلتۈرگۈچى، قورقماس، باتۇر:

قەتلىم ئەتمەسلەر غەمۇ دەردىڭ ۋەلى تەھقىرىدىن،
مور قەتلىن ئەژدەھا كۈشلار قاچان ئەيلەر پەسەند.
— نەۋايى.

ئەژدەھالىق [اژدهاليق] زوراۋانلىق.

ئەژدەھالىق قىلماق — زوراۋانلىق قىلماق.

ئەژدەھاۋەش [اژدهاوش] (پ) ئەجدىھا سۈپەت، ئەجدىھاسىمان، ئەجدىھاغا ئوخشاش: غەم ـ ئەندىشە يەتكۈزگۈچى.

ئەژىر [اژير] (پ) ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق.

ئەسا [عصا] (ئە) ھاسا تاياق:

ناگەھانى زاھىر ئولدى مۇستەفا،
بەردىلەر بۇ يەتتە تەنگە بىر ئەسا.
— زەلىلى.

ئەسا تۇتماق — ھاسا تايانماق.

ئەسايى كەلىم — مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تايىقى، ھاسىسى.

ئەساپقۇر [اساپقور] (ئە) «ئەسەپقۇر» غا قاراڭ.

ئەساتىر [اساطير] (ئە) ئەپسانىلەر، ئويدۇرمىلار.

ئەسارەت [اسارت] (ئە) ئەسىرلىك، تۇتقۇنلۇق.

ئەساس [اساس] (ئە) 1) تايانچ، ئۇل. 2) ئاساس؛ زېمىن. 3) تەرتىپ، تۈزۈم. 4) كۆركەملىك، پىتۈكلۈك. 5) مۇستەھكەم بىنا. 6) سەۋەب، نېگىز؛ باھانە:

چۈ شەۋكەتدە گەردۇن ئەساس ئېردى ئول،
كى تەخت ئۈزرە زەررىن لىباس ئېردى ئول.
— ئا. نىزارى.

ئەساس تۈزمەك — «ئەساس سالماق»قا قاراڭ.

ئەساس سالماق — بىرەر نەرسىنى ئورناتماق؛ مەيدانغا كەلتۈرمەك. مۇستەھكەملىمەك؛ ئىش باشلىماق، ئۇل سالماق.

ئەساس كەلىسا — خرىستىئانلار ئىبادەتخانىسى؛ مەنزىلى، ئۇلى.

ئەساسى ئىختىلال — پەرىشانلىق سەۋەبى.

ئەساغىر [اصاغر] (ئە) [بىرلىكى: ئەسغەر] كىچىكلەر، ئەڭ كىچىكلەر، نارەسىدىلەر.

ئەكابىردىن ئەساغىرغىچە — كاتتىلاردىن كىچىكلەرگىچە.

ئەسافىل [اسافل] (ئە) [بىرلىكى: ئەسفەل] پەسلەر، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر، نادانلار.

ئەساكەش [عصاكش] (ئە + پ) ھاسىغا تايانغۇچى، ھاسىلىق.

ئەساكىر [عساكر] (ئە) [بىرلىكى: ئەسكەر] ئەسكەرلەر.

ئەساكىرى مەنسۇرە — غالىب ئەسكەرلەر، يېڭىلمەس قوشۇن.

ئەسالەت [اصالت] (ئە) ئېسىللىق، ئېسىلزادىلىك، ئۇلۇغلۇق، زاتى (نەسلى) پاكلىق.

ئەسالىق [عصاليق] ھاسىلىق، تاياقلىق.

ئەسالىق قىلماق — ھاسا، ياراغ ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەك.

ئەسامى [اسامي] (ئە) [بىرلىكى: ئىسىم] ئىسىملار، ناملار، ئاتالمىلار.

ئەسامى كۇتۇب — كىتاب نامىلىرى.

ئەسەب [اصب] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەئساب] 1) نېرۋا جىددىيلىكى. 2) قىيىن، قىيىنچىلىق، دىشۋارچىلىق.

ئەسئەب [اصعب] (ئە) ناھايىتى قىيىن، ئىنتايىن مۈشكۈل، كۆپ مۇشەققەتلىك؛ قىيىنچىلىق، مۇشكۇللۇك؛ قىيىن؛ قىيىنراق، قاتتىقراق.

ئەسەپقۇر [اساپقور] (ئە) قوينىڭ يەلكە سۆڭىكى، ئۇچىسى.

ئەسەد [اسد] (ئە) 1) شىر، ئارسلان. 2) شەمسىيە يىلىنىڭ بەشىنچى ئېيى.

ئەسەد بۇرجى — 1) ئەسەد ئېيى. 2) كۆچمە م: پادىشاھ دەرگاھى، ئوردىسى، تەختى. 3) غەلىبە.

ئەسەد بېشەسى — ئەسەد بۇرجى (نۇقتىسى: قەدىمكى ئاسترونومىيە ئىلمىدا قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت دائىرىسى ئون ئىككى نۇقتا بويىچە ھېسابلىنىدۇ).

ئەسەد كىردارلىق — شىردەك، شىر قىلىقلىق؛ زوراۋانلىق.

ئەسەدۇللاھ [اسدالله] (ئە) خۇدانىڭ شىرى. (ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا بېرىلگەن نام).

ئەسەر [اثر] (ئە) 1) ئالامەت، نىشان، ئىز، بەلگە؛ نىشانە. 2) كىتابلار، داستانلار، ئىجادىيەتلەر. 3) تەسىر:

ئاگا كىم، ئىشق، ھالى بولدى غالىب،
ئەسەر قىلماس نەسىھەتگۇي پەندى.
— ئاتايى.

ئەسەر ئەتمەك — تەسىر يەتكۈزمەك.

ئەسەر ئەيلەمەك — تەسىر قىلماق.

ئەسەر قىلماق — «ئەسەر ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەسەر ئولماق — مەۋجۇت بولماق؛ تەسىر تاپماق.

ئەسەر يەتكۈزمەك — 1) تەسىر قىلماق؛ 2) خەۋەر كەلتۈرمەك؛ نىشانە كۆرسەتمەك.

ئەسەرلىق [اثرليق] تەسىرچان، جەلپ قىلارلىق.

ئەسەس [عسس] (ئە) مىرشەپ؛ كېچە قاراۋۇلى، پاسىبان، ساقچى:

قۇرقۇبان خاجە ئەسەسدىن قاچتىلا،

مەسجىدى ئۇچرادى، ئىشكىن ئەچتىلا.

— زەلىلى.

ئەسئەسە [عصعصه] (ئە) داغدۇغا.

ئەسەف [اسف] (ئە) ئەپسۇسلانماق، قايغۇ.

ئەسەفا [اسفا] (ئە) ئەپسۇس، ئېچىنىش، نادامەت.

ئەسەم [اصم] (ئە) قۇلىقى ئاڭلىماس، گاس، پاڭ؛ ساراڭ.

ئەسەن [اسن] (ئە) يېشى چوڭ، ئەڭ قېرى.

ئەسەھ [اصح] (ئە) ئەڭ توغرا؛ توغرىراق، دۇرۇسراق.

ئەسب [اسب] (ئە) ئات.

ئات ئوغلىغە بەرمەدى ئىختىيار،
كى بىر ياخشى ئەسبىغە ئەيلەپ سەۋار.

— نىزارى.

ئەسبى ئەرەب — ئەرەب ئېتى.

ئەسبى راۋان — يۈگۈرۈك ئات.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ئەسبى رەۋان،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گاۋى دۇۋان.

— خەراباتى.

ئەسبى سىياھ — قارا ئات.

ئەسباب [اسباب] (ئە) [بىرلىكى: سەبەب] 1) سەۋەبلەر، باھانىلەر؛ ياراغلار؛ ۋاستىلەر. 2) ئەسۋاب، ئۈسكۈنە جاھازلار، كېرەكلىك ياراقلار. 3) مال - دۇنيا، قىممەت باھا نەرسىلەر، بېزەك بۇيۇملىرى. 4) داستىخان، نازۇ نېمەتلەر. 5) ئېلاج. 6) كىشەنلەر، بەند قىلىش ۋاستىلىرى. 7) ئەمگەك، سۆيۈش. 8) قابىلىيەت؛ بەرداش، تاقەت:

ياساپ خۇسرەۋانە چۇ ئەسبابى بەزم،
قىلىپ مۇندا بارچە كېرەكلىكنى جەزم.

— نىزارى.

ئەسبابى ئالەت — قورال - سايمانلار.

ئەسبابى ئەيش — ئەيش - ئىشرەت، كۆڭۈل ئېچىشقا كېرەكلىك زۆرۈرىي نەرسىلەر.

ئەسبابى سەئادەت — بەختلىك بولۇش ۋاستىلىرى، يوللىرى.

ئەسبابى سۇۋارىي — باشقا سەۋەبلەر؛ دۇنياۋى مەشغۇلاتلار.

ئەسبابى مۇرە — كۆڭۈل تارتقان (خالىغان) بۇيۇملار.

ئەسبابى نەجات — قۇتۇلۇش ۋاستىلىرى، نىجاتلىق يوللىرى.

ئەسبابى نەغمات — مۇزىكا سايمانلىرى.

ئەسبابى ھەرب — ھەربىي قوراللار، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى.

ئەسباق [اسباق] (ئە) [بىرلىكى: سەباق] ساۋاقلار، دەرسلەر، تەلىملەر؛ تەجرىبىلەر.

ئەسباھ [اصباح] (ئە) سۇبھىلەر، ئەتىگەنلەر، چۈشتىن بۇرۇن.

ئەستار [استار] (ئە) [بىرلىكى: سەتر] پەردىلەر.

ئەستەغفىرۇللاھ [استغفرالله] (ئە) خۇدادىن ياخشىلىق، كەچۈرۈم سورايمەن («توۋا! ئۇزۇلۇڭ كەچۈر! خۇدا ساقلىسۇن!») غا ئوخشاش مەنە ئىپادىلەيدىغان ئۈندەش سۆز.

ئەسىر [عصر] (ئە) 1) دەۋر، زامان، ئەسىر. 2) كۈنپېتىشقا يېقىن ۋاقىت؛ پېشىن ۋە شام نامازلىرى ئارىلىقىدىكى ۋاقىت.

ئەسىر قىيامى — ئەسىر نامىزىغا تۇرۇش.

ئەسرار [اسرار] (ئە) [بىرلىكى: سىر] سىرلار، يوشۇرۇن نەرسىلەر:

گۈلشەندە خىرام ئەيلەپ ئىدى گۇل قەدى قامەت،
ئەي دوست بەيەكبار،
ئالەم ئېلىغە تۇشتى چۇ ئەشۇبى قىيامەت،
فاش بولدى بۇ ئەسرار.

— زەلىلى.

ئەسرارى تاب — كۈچ، قۇۋۋەت، چىدام سىرلىرى.

ئەسرارى شىگەرف — ئاجايىپ سىرلار.

ئەسرارى قۇدس — ئىلاھى سىرلار.

ئەسرارى ھەقايىق — ھەقىقەت سىرلىرى.

ئەسرارى ھەقىقەت — ھەقىقەت سىرلىرى، ئىلاھى سىرلار.

ئەسرارى ۋەھدەت — تەنھالىق، بىرلىك، يېگانىلىق سىرلىرى.

ئەسرارى ئىرفان — بىلىم سىرلىرى.

ئەسرارى ئىشق — ئىشق سىرلىرى:

نىھان ئېردى كۆڭلىدە ئەسرارى ئىشق،
كى شۇئلە ئۇرۇپ ئاغزىدىن نارى ئىشق.

— ئا. نىزارى.

ئەسرارى ئىلاھى — تەسەۋۋۇپقا ئائىت دىنىي سىرلار.

ساھىب ئەسرار — سىرداش.

ئەسرەئ [اسرع] (ئە) سۈرئىتى تېز، ئەڭ تېز يۈرۈشلۈك.

ئەسرۇ [اسرو] (پ) 1) ناھايىتى كۆپ، ھەددىدىن زىيادە، غايەت كۆپ، تالاي، ھېسابسىز:

بادەئى ھۇسنۇڭ بىلە مەغرۇر بولما ئەسرۇكىم،

ئاقىبەت غەم شەربەتىن ئىچەرۇر فەلەك پەيمانەسى.

— ئاتايى.

2) تېز. 3) قاتتىق.

ئەسسار [عصار] (ئە) جۇۋازچى، ياغچى.

ئەسسار ئۆيى — جۇۋازچى ئۆكۈزى (ئۆي، كالا).

ئەسغەر [اصغر] (ئە) كىچىكرەك؛ ناھايىتى كىچىك، ئەڭ كىچىك.

ئەسفار [اسفار] (ئە) [بىرلىكى/: سفر / سەفەر]كىتابلار؛ مەكتۇپلار.

ئەسفارى سەما — كۆكتىن چۈشكەن كىتابلار؛ ئاسمان سەپەرلىرى.

ئەسفارى سەماۋى — «ئەسفارى سەما» غا قاراڭ.

ئەسفەر [اصفر] (ئە) سېرىق، ساپسېرىق، ناھايىتى سېرىق.

ئەسفەل [اسفل] (ئە) پەس، ئەڭ تۆۋەن؛ پەسرەك.

جانىبى ئەسفەل — تۆۋەن تەرەپ، پەس تەرەپ.

ئەسفەلنىشىن [اسفل نشين] (ئە + پ) پەستە، تۆۋەندە ئولتۇرىدىغان، پەس ئورۇنلۇق؛ پەس، تۆۋەن مەرتىۋىلىك.

ئەسفەندان [اسفندان] (پ) قىچا.

ئەسفىيا [اصفيا] (ئە) [بىرلىكى؛ سەفىي] پاكلار، تاللانغانلار.

ئەسقال [اثقال] (ئە) ئېغىرلىقلار، يۈكلەر؛ ئېغىر يۈكلەر، نەرسىلەر.

كېلىپ ئەسمەگى كۆردى ئەھۋالنى،
بولۇپدۇر نەدامەت ۋە ئەسقالنى.

— ئا. نىزارى.

ئەسكى [اسكى] كونا، قەدىمكى:

كى ئەسكىرگەن ئېردى دەرەختى ھەيات،
ئاڭا بولدى لازىم لىباس مەمات.

— ئا. نىزارى.

ئەسكى رەبات — كونا لەڭگەر (كونا دۇنيا).

ئەسلا [اصلا] (ئە) ھېچ، ھېچ ۋاقىت، ھېچقاچان؛ مۇتلەق.

ئەسلاف [اسلاف] (ئە) [بىرلىكى: سەلەف] ئالدىنقىلار، ئاتا ـ بوۋىلار.

ئەسلەم [اسلم] (ئە) ئاروز ۋەزىنلىرىدىن بىرى.

ئەسلەن [اصلاً] (ئە) ئەسلىدە، ھەقىقەت، تۈپ ماھىيىتى بىلەن.

ئەسلەھە [اسلحه] (ئە) [بىرلىكى: سەلاھ] قوراللار، قورال ـ ياراغلار؛ ھەربىي ھازىرلىقلار.

ئەسما [اسما] (ئە) [بىرلىكى: ئىسىم] 1) ئىسىملار، ئاتلار، ناملار. 2) ئاتاش، نام قويۇش.

ئەسمار [اثمار] (ئە) [بىرلىكى: سەمەر/ سەمەرە] 1) مېۋىلەر:

بۇ ئاقشام ئانىڭ بىرلە ئەمدى ياتاي،
كى بۇ نەخلى ئەسماردىن بىر ئاتاي.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: نەتىجىلەر.

ئەسمائ [اسماع] (ئە) ئىشىتكەن، ئاڭلىغان.

ئەسمائ ئەتمەك — ئىشىتمەك، ئاڭلىماق.

ئەسنا [اثنا] (ئە) زامان، پەيت، چاغ، ۋاقىت؛ ئارا، ئوتتۇرا؛ ھالەت.

ئەسناف [اصناف] (ئە) [بىرلىكى: سىنىف] سىنىپلار، تۈرلەر، خىللار، ژانىرلار.

ئەسنام [اصنام] (ئە) [بىرلىكى: سەنەم] بۇتلار، سەنەملەر.

ئەسھاب [اصحاب] (ئە) [بىرلىكى: ساھىب] سۆھبەتداشلار، ئۈلپەتلەر، دوستلار؛ ئاغىنىلەر، مەجلىس، زىياپەت ئەھلى:

كى تەسلىم ئېتەر يار ـ ئەھبابلار،
يىغىلغان بۇ مەجمەئدە ئەسھابلار.

— غەرىبى.

ئەسھابى جاۋىندانىي — دائىمىي، ئەبەدىي سۆھبەتداشلار، دوستلار.

ئەسھابى دىن — دىندارلار، دىن ئەھلىلىرى.

ئەسھابى رىسالەت — دوستلۇق ئەلچىلىرى، رىسالە ئىگىلىرى.

ئەسھابى رىسالەت ئايىن — پەيغەمبەرنىڭ ھەمسۆھبەتلىرى.

ئەسھابى كەننۇجۇم — مېنىڭ سۆھبەتداشلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشاشتۇر.

ئەسھابى كەھف — يەتتە ئەسھاب (قىسسىسى)؛ غار دوستلىرى:

ئەي زەلىلى، سەن سەگى ئەسھابى كەھف ئولدۇڭ بۇ كۈن،
جەگەرى تەييار ئىشىكى بولدى غارى ئاشىقان.

— زەلىلى.

ئەسھابى ھۈنەر — ھۈنەر ئىگىلىرى، سەنئەتكارلار:

تەۋەققۇئ ئولدۇر ئەسھابى ھۈنەردىن،
كى چۈن فەيز ئالسالار بۇ مۇختەسەردىن.

— لۇتفى.

ئەسھابى يەمىن — ئىشەنچلىك سۆھبەتداشلار.

ئالىي ئەسھاب — بىر ئائىلە كىشىلىرى ۋە سۆھبەتداشلار.

ئەسھەل [اسهل] (ئە) ئەڭ ئاسان، قولاي، ئاسانراق.

ئەسھەل قىلماق — ئاسان قىلماق.

ئەسۋاب [اثواب] (ئە) [بىرلىكى: سەۋب] كىيىملەر، كىيىم ـ كېچەك؛ تونلار.

ئەسۋات [اصوات] (ئە) [بىرلىكى: سەۋت] تىۋۇشلەر، ئاۋازلار، سادالار.

ئەسۋەد [اسود] (ئە) قارا.

ئەسۋىلە [اسوله] (ئە) [بىرلىكى: سەۋال] سوئاللار، سوراقلار.

ئەسىر I [اسير] (ئە) 1) تۇتقۇن، ئەسىر، بەند. 2) مۇپتىلا، ئىختىيارسىز، ئاشىق. 3) موھتاج، قاراشلىق، تەۋە.

ئەسىر ئەتمەك — ئۆزىگە قاراتماق؛ مەھلىيا، رام قىلىۋالماق.

ئەسىر ئەيلىمەك — 1) بەند قىلماق، مۇپتىلا قىلماق. 2) نەپسىنى يەڭمەك، غالىب كەلمەك. 3) مەجبۇر قىلماق، مەجبۇرلىماق.

ئەسىر بولماق — 1) قولغا چۈشمەك، تۇتقۇن بولماق؛ قارام بولماق. 2) مۇپتىلا بولماق، ئىختىيارسىز ئاشىق بولماق، يولۇقماق، گىرىپتار بولماق. 3) غەرق بولماق، پاتماق.

ئەسىر قىلماق — 1) تۇتماق، قولغا چۈشۈرمەك، بەند قىلماق. 2) ئۆلتۈرمەك، ھالاك قىلماق.

ئەسىرى ئەندۇھ — دەرد، غەمگە مۇپتىلا بولغان.

ئەسىر فىراق — جۇدالىقتا قالغان؛ پىراق ئەسىرى؛ ئايرىلغان، ھىجران (ئايرىلىش) تۇتقۇنى.

ئەسىرى كۇفر — مەپتۇن بولغان؛ ئىشق يولىدا ھەر قانداق نەرسىنى تەرك قىلماق؛ مۇھەببەتكە بېرىلگەن.

ئەسىرى مېھەن — مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغان.

ئەسىرى ئىزتىراب — ئازاب، قايغۇ، ئەلەمگە يولۇققان.

ئەسىر II [اثير] (ئە) ئالىي، يۇقىرى، ئېگىز؛ ئاسمان، پەلەك.

چەرخى ئەسىر — ئېگىز ئاسمان؛ ئاسماننىڭ يۈكسەك قەۋىتى.

سىپىھرى ئەسىر — «چەرخى ئەسىر» گە قاراڭ.

ئەسىرانە [اسيرانه] (ئە + پ) ئەسىرلەرچە، تۇتقۇنغا ئوخشاش.

ئەسىرلىك [اسيرليک] مەھبۇسلۇق، بەندىلىك، تۇتقۇنلۇق.

ئەسىغ [اسيغ] پايدا، بەھر، نەپ.

ئەسىل [اصل] (ئە) ھەقىقىي؛ نەسلى پاك؛ شەرەپلىك.

ئەش [اش] شېرىك، دوست، ئۈلپەت، جۈپ.

ئەشئار [اشعار] (ئە) [بىرلىكى: شېئىر] شېئىرلار، غەزەللەر:

چۇ مايىل بولۇپ تەبئى ئەشئارغە،
تىزار ئېردى سۆز جەۋاھىرىن تارغە.

— ئا. نىزارى.

ئەشئە [اشعه] (ئە) [بىرلىكى: شۇئائ] شولىلار، نۇرلار:

... مۇلك شەبىستانى بىر دەۋلەتنى مەشئەلى بىرلە رەۋشەن بولدى، ئۇچقۇنى ئەشئەسىدىن بەدرى مۇنىر سۇھادەك ياشۇرۇندى.

— قىدىرى.

ئەشئەئى زات — نۇرانە زات؛ تەڭرى نۇرى.

ئەشئەئى لەمەئات — پارقىرىغان نۇرلار.

ئەشئەئى مېھر — مېھىر نۇرلىرى.

ئەشەد (د) [اشد] (ئە) ئەڭ قاتتىق؛ قاتتىقراق.

ئەشەرات [عشرات] (ئە) [بىرلىكى: ئەشەرە] ئونلار.

ئەشەرە [عشره] (ئە) ئون، ئون دانە.

ئەشەرەئى كامىلە — كامالەتكە يەتكەن ئون قىز.

ئەشئەرىيە [اشعريه] (ئە) كالام (ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئېتىقاد قائىدىسى توغرىسىدىكى ئىلىمدە) بىر ئېقىم.

ئەشباھ I [اشباه] (ئە) [بىرلىكى: شىبىھ / شەبىھ] ئوخشاشلىقلار.

ئەشباھ II [اشباح] (ئە) 1) ئۇزاقتىن كۆرۈنگەن بىرەر شەكىلنىڭ قارىسى، شەپە؛ 2) گەۋدىلەر.

ئەشبەھ [اشبه] (ئە) ناھايىتى ئوخشاش؛ ئوخشاشراق.

ئەشتۇر [اشطر] (ئە) [بىرلىكى: شەتر] 1) يېرىم، بىر قىسىم. 2) شېئىرنىڭ يېرىم مىسراسى. 3) يۆنىلىش.

ئەشجار [اشجار] (ئە) [بىرلىكى: شەجەر] دەرەخلەر:

تىرىپ ئۈندۈرۈپ نەچچە ئەشجارىنى،
كى پەيدا قىلىپ بەلكى ئەنھارىنى.

— غەرىبى.

ئەشجار تەربىيەتى — دەرەخلەر پەرۋىشى.

ئەشجارۇ ۋەرد — گۈل، ئەتىرگۈل كۆچەتلىرى.

ئەشرار [اشرار] (ئە) يامان ئادەملەر، بۇزۇقلار.

ئەشراف [اشراف] (ئە) [بىرلىكى: شەرىف] شەرەپلىك ۋە ئەتىۋارلىق كىشىلەر، شەرەپ ئىگىلىرى، ئالىي تەبىقە، ئالىي زاتلار.

ئەشراف ئىنبىساتى — ئۇلۇغلار سۆھبىتى، شادلىقى، خۇش چاقچاقلىقى.

ئەشرەف [اشرف] (ئە) شەرەپلىكرەك، ئەڭ شەرەپلىك؛ ئۇلۇغ، ئىززەتلىك، ئالىي زات:

تۇشۇپ بارگاھىغە قىلدى خىيال،
كى ئەشرەفلەرىغە دېدى ئەرزھال.

— ئا. نىزارى.

ئەشرەفى ئەۋساف — ئەڭ ئالىي، شەرەپلىك سۈپەت، خۇسۇسىيەت.

ئەشرەفى خەلق — يارىتىلغان مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ ئىززەتلىكى، ئەڭ ئۇلۇغى.

ئەشرەفىي [اشرفى] (ئە) ئاقچا نامى (قەدىمكى ئىران تىللاسىنىڭ نامى).

ئەشرىبە [اشربه] (ئە) ئىچىلىدىغان نەرسىلەر، ئىچىملىك، ئىچىملىكلەر.

ئەشغال [اشغال] (ئە) [بىرلىكى: شۇغل] مەشغۇلاتلار، ئىشلار:

گۈلىستان ئارا كەلدى ئەتغاللار،
قىلىپ چۇن سەياھەتكە ئەشغاللار.

— ئا. نىزارى.

دېدى ئەي بۇرادەر نېچۇك ھالدۇر،
ۋۇقۇئ ئەيلەگەن تۇرفە ئەشغالدۇر.

— ئا. نىزارى.

ئەشغال كەسرەتى — ئىش (مەشغۇلات) نىڭ كۆپلۈكى.

ئەشقىيا [اشقيا] (ئە) [بىرلىكى: شەقىي] 1) يارىماس؛ ياۋۇز كىشىلەر، زالىملار، ياۋۇزلار. 2) بەختسىزلەر:

كۆڭۈلدىن چىقار بەگزى ئۇجب رىيا،
داغى قىلماغىل زۇمرەئى ئەشقىيا.

— ئا. نىزارى.

ئەشك [اشک] (پ) 1) كۆز يېشى. 2) نۇر زەررىچىلىرى. 3) كۆز.

ئەشك ئارتىماق — يېشىنى ئېرتماق.

ئەشك ئاقماق — يېشى ئاقماق.

ئەشك ئەختەرى — ياش تامچىلىرى.

ئەشك ئەفشان — ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى.

ئەشك بەھرى — كۆز يېشى دېڭىزى، ياش دېڭىزى.

ئەشك تۇخمى — كۆز يېشى؛ ياش تامچىسى؛ يىغا سەۋەبلىرى، ۋاسىتىلىرى.

ئەشك جۇيبارى — كۆزدىن ئاققان ياشلار.

ئەشك خۇنابى — قانلىق كۆز يېشى.

ئەشك دانەسى — ياش تامچىسى.

ئەشك دەرياسى — كۆز يېشى دەرياسى.

ئەشك دۇرلەرى — «ئەشك ئەختەرى» گە قاراڭ.

ئەشكىدىن ئەنجۇم تۆكۈش — ناھايىتى ئەلەملىك يىغلاش.

ئەشك ژالەسى — ياش مۆلدۈرلىرى؛ شەبنەملىرى.

ئەشك ساچماق — ياش تۆكمەك.

ئەشك سەيلى — كۆز يېشى سېلى؛ تىنىمسىز كۆز يېشى، قاتتىق يىغا.

ئەشك سۇۋى — كۆز يېشى.

ئەشك سۇيى — «ئەشك سۇۋى» غا قاراڭ.

ئەشك سېلابى — «ئەشك سەيلى» گە قاراڭ.

ئەشك سېلى — «ئەشك سەيلى» گە قاراڭ.

ئەشك سابى — كۆز يېشىنىڭ يىرىڭلىنىشى (يىرىڭلىق كۆز يېشى).

ئەشك فىشان — «ئەشك ئەفشان» غا قاراڭ.

ئەشك قانى — قانلىق كۆز ياش.

ئەشك قانىن ئاقىزماق — ياش ئاققۇزماق، قان يىغلىماق.

ئەشك كەسرەتى — كۆز يېشىنىڭ كۆپلۈكى.

ئەشك گەۋھەرى — كۆز يېشى دانىلىرى، تامچىلىرى؛ كۆز گۆھىرى.

ئەشك مەۋجى — كۆز يېشى دولقۇنى.

ئەشكنى رەۋانە ئەيلەمەك — ياش ئاققۇزماق.

ئەشك ئېۋرۇلماق — كۆزگە ياش كەلمەك.

ئەشكى ئاب — كۆز يېشى:

تولا نالە ئەيلەپ ئۇرۇپ پېچۇتاب،
تۆكۈپ ئاندا شەبنەم كەبى ئەشكى ئاب.

— ئا. نىزارى.

ئەشكى ئەنجۇمرېز — تامچە - تامچە ياش تۆكۈش.

ئەشكى تەھەسسۇر — ئەپسۇس، ھەسرەت يىغىسى.

ئەشكى جىگەرگۇن — جىگەررەڭ كۆز يېشى.

ئەشكى رەۋان — ئېقىۋاتقان كۆز يېشى.

ئەشكى رىيازەت — ئىبادەت يىغىسى.

ئەشكى سىيم ئەندۇد — ئاق ساقالغا تامچىلىغان كۆز يېشى.

ئەشكى سىيمىن — «ئەشكى سىيم ئەندۇد» غا قاراڭ.

ئەشك شەفەقگۇن — شەپەق رەڭگىدىكى قىپقىزىل كۆز يېشى.

بىر **ئەشكى غەلتان** — تامچىلاپ ئاققۇچى كۆز يېشى؛ توختاۋسىز ئاققان كۆز يېشى.

ئەشكى گۈلرەڭ — گۈل رەڭ كۆز يېشى.

ئەشكى گۈلگۇن — تاقەتسىز يىغا نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان كۆز يېشى؛ قانلىق ياش.

ئەشكى گۈلنار — قانلىق ياش؛ قان يىغلاش.

ئەشكى لەئلىگۈن — لەئلى رەڭلىك كۆز يېشى.

ئەشكى نەدامەت — پۇشايمانلىق كۆز يېشى.

ئەشكى ئىشرەت — خۇرسەنلىك يېشى، خۇشاللىق يىغىسى.

ئەشكى نىياز — ئۈمىدۋارلىق نەتىجىسىدە يالۋۇرۇپ يىغلىغاندا تۆكۈلىدىغان كۆز ياشلىرى.

ئەشكى نىياز ئەيلەمەك — ياش تۆكۈپ يالۋۇرماق.

ئەشكى نىياز تۇفانى — موھتاجلىقتا، زارلىنىپ يىغلىغاندا تۆكۈلىدىغان كۆز يېشى؛ موھتاجلىق كۆز يېشى؛ ئۈمىدۋارلىق كۆز يېشى.

ئەشكى ھەسرەت — ئەپسۇسلىنىش، ھەسرەت يېشى؛ نادامەت يىغىسى.

ئەشك ياغدۇرماق — يىغلىماق، ياش ئاققۇزماق.

ئەشك ياغماق — ياش تۆكمەك، ياش ئاقماق.

ئەشك يامغۇرى — ناھايىتى كۆپ ئاققان كۆز يېشى تامچىلىرى.

ئەشك يولىن تۇتماق — يىغىنى توختاتماق، يېشىنى توختاتماق.

ئەشكال [اشكال] (ئە) [بىرلىكى: شەكىل] 1) شەكىللەر، تۈرلەر، جىنسلار، خىللار. 2) گېئومېترىك شەكىللەر، سۈرەتلەر. 3) قىياپەت، كۆرۈنۈش. 4) مۈشكۈللۈكلەر، چىگىشلىكلەر. 5) ئاسمان جىسىملىرىنىڭ مەلۇم بىر پەيتتە ھاسىل قىلغان ئالاھىدە گېئومېترىك شەكلى.

ئەشكالى سىپېھر — ئاسمان شەكىللىرى.

ئەشكانى [اشكانى] (پ) قەدىمكى ئىران پادشاھلىرىنىڭ بىر سۇلالىسى.

ئەشكەستە [اشكسته] (ئە) شىكەستە، سۇنۇق.

ئەشكەستەلىغ [اشكستەليغ] شىكەستىلىك، سۇنۇقلۇق.

ئەشكبار [اشكبار] (پ) ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى، كۆپ يىغلىغۇچى.

ئەشكبار ئەتمەك — يىغلاتماق.

ئەشكبار ئەيلەمەك — «ئەشكبار قىلماق» قا قاراڭ؛

ئەشكبار قىلماق — يىغلىماق، ياش تۆكمەك.

ئەشكپاش [اشك پاش] (پ) كۆپ يىغلىغۇچى.

ئەشكرىز [اشكريز] (پ) ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى، يىغلاپ تۇرغۇچى.

ئەشكرىز بولماق — يىغلىماق، ياش تۆكمەك، يىغلاڭغۇ بولماق.

ئەشكرېزان [اشك ريزان] (پ) «ئەشكرېز» غا قاراڭ.

ئەشكرېزان ئولماق — ياش تۆكمەك، يىغلىماق.

ئەشكرېزلىغ [اشك ريزليغ] ياش تۆكمەكلىك، يىغلىماقلىق.

ئەشكفىشان [اشك فشان] (پ) كۆز يېشىنى چاچقۇچى، يىغلىغۇچى.

ئەشكناك [اشكناک] (پ) ياش ئاققۇزغۇچى (تۆككۈچى)، ياشلىق، يىغلىق.

ئەشكناك ئەيلەمەك — كۆزىدىن ياش ئاققۇزماق، كۆزىگە ياش ئالماق، يىغلىماق.

ئەشمە [اشمه] 1) قول بىلەن ئىشلىگەن، ئارغامچا. 2) جاي ئىسمى:

ئۇشبۇ سۆز ئۈستىدە يېتىپ ئەشمەگە،
دەلۋەرسەن بىرلە سالىپ چەشمەگە.

— زەلىلى.

ئەشھەب [اشهب] (ئە) 1) ئېقىمتۇل، كۇل رەڭ ۋە شۇ خىل رەڭدىكى ئات. 2) بوز ئات؛ ئاق، ئېقىش بوز ئات.

ئەشھەبىنىڭ تۇياغى — ئاتنىڭ تۇيىقى.

ئەشھەر [اشهر] (ئە) ئەڭ مەشھۇر.

ئەشىر [عشر] (ئە) ئوندىن بىر.

ئوشرى ئەشىر — يۈزدىن بىر.

ئەشيا [اشيا] (ئە) [بىرلىكى: شىيئە] 1) دوستلار تۈپى. 2) نەرسىلەر، بۇيۇملار، مەۋجۇدات (جانسىز).

ئەغراز [اغراض] (ئە) [بىرلىكى: غەرەز] غەرەزلەر، مەقسەتلەر، مۇددىئالار.

ئەغزىيە [اغذيه] (ئە) [بىرلىكى: غىزالار] غىزا، يېمەكلىكلەر؛ ئوزۇقلەر، تائاملار.

ئەغلات [اغلاط] (ئە) [بىرلىكى: غەلەت] سەۋەنلىكلەر، خاتالىقلار، يېڭىلىشلار.

ئەغلاتى ئاممە — خەلق ئاممىسىنىڭ خاتالاشتۇرۇشى:

... شۇنىڭدىن بۇيان ئول يۇرت ئاقسۇن ئاتالدى،
كېيىن ئەغلاتى ئاممە بىرلە ئاقسۇ ئاتالىپ قالدى.
ئەسلىدە بۇ شەھەرنى ئەردەۋىل دەر گېردىلەر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر.

ئەغلال [اغلال] (ئە) [بىرلىكى: غول] بويۇنتۇرۇقلار، زەنجىرلەر، كىشەنلەر:

چۈبىدىلنى كەلتۈردى خۇسرەۋغە پات،
سالىپ بەند ئەغلالنى قاتمۇ قات.

— ئا. نىزارى.

ئەغلالۇ سەلاسىل — زەنجىر ۋە كىشەنلەر.

ئەغلەب [اغلب] (ئە) كۆپ؛ كۆپچىلىك؛ كۆپرەك.

ئەغلەز [اغلظ] (ئە) ئەڭ كەپسىز، ئەڭ قوپال.

ئەغنەماق [اغنماق] ئېغىنىماق، يەردە يېتىپ دومىلىماق.

ئەغنىيا [اغنيا] (ئە) [بىرلىكى: غەنى] بايلار، دۆلەتمەنلەر:

بۇ كەشمىردىن بىر ئۇلۇغ سوداگەر،
ئۆزى ئەغنىيا ئېردى مالى گۆھەر.

— موللا شاكىر.

ئەغيار [اغيار] (ئە) [بىرلىكى: غەير] بىگانىلەر، يادلار، باشقىلار، غەيرىيلەر؛ رەقىبلەر، دۈشمەنلەر:

ۋۇجۇدىغە دۈشمەن ئوقى كار ئەمەس،
خۇدا يار ئىدى، ئىسلە ئەغيار ئەمەس.

— ئا. نىزارى.

ئەفئا [افعا] (ئە) «ئەفئى» گە قاراڭ:

كى ئىشرەت قۇرۇپ، مەي ئىچمەي دەمبە دەم،
چىبكەردىن بۇرۇن ئۆمر ئەفئاسى دەم

— ئا. نىزارى.

ئەفازىل [افاضل] (ئە) [بىرلىكى: ئەفزەل] پەزىلەتلەر؛ پەزىلەت ئىگىلىرى، كاپالەت ئىگىلىرى؛ ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىلەر.

ئەفازىلى دەۋران — زامان ئۇلۇغلىرى.

ئەفئال [افعال] (ئە) [بىرلىكى: فىئىل] 1) ئىش-ھەرىكەتلەر؛ ئىشلار، قىلىقلار؛ قىلمىشلار؛ 2) ئادەت، ئەخلاق:

كۆرۈپ شەيخ سەئىدى بۇلار ھالىنى،
بۇ بىگانەلەر فىئىل-ئەفئالىنى.

— ئا. نىزارى.

ئەفئالى تەبەئ — بويسۇنۇش، قارىغۇلارچە ئەگىشىش يوسۇنى، ئادىتى.

ئەفائىل [افاعل] (ئە) ئارۇز ۋەزىن رۇكنىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

ئەفەن [عفن] (ئە) ئەڭ بەتبۇي، سېسىق پۇراقلىق.

ئەفتادە [افتاده] (پ) 1) يىقىلغان، دەرمانسىز، زەئىپ، تاشلاندۇق؛ ئېزىلگەن، قىينالغان:

كەرەم قىل خۇداۋەند مەن زارغە،
كى ئەفتادەئى ئىسرۇ بىمارغە.

— ئا. نىزارى.

2) كەمتەرلىك يۈزىسىدىن «مەن» ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەفتادە ئەتمەك — قىينىماق، ئازابلىماق.

ئەفتادە بولماق — ئېزىلمەك، قىينالماق.

ئەفتادەئى ئىشق — ئىشق قۇربانى؛ ئىشقتا مۇپتىلا بولغان؛ ئىشقتا (يولىدا) ئېزىلگەن.

ئەفتادەلىغ [افتادەليغ] ئاجىزلىق، بىچارىلىك، زەئىپلىك، مەيۈسلۈك، چۈشكۈنلۈك.

ئەفتادەلىغ ئەييامى — قىيىنچىلىق، خار-زارلىق پەيتلىرى.

ئەفتادەۋەش [افتادەۋش] (پ) دەرمانسىزلارچە، زەئىپلەرچە؛ ئاشىق سۈپەت؛ بىچارە ھال؛ كەمبەغەلگە ئوخشاش، غېرىبانە.

ئەفتانۇ خېزان [افتانو خيزان] (پ) يىقىلا-قوپا، يىقىلىپ-قوپۇپ.

ئەفراد [افراد] (ئە) [بىرلىكى: فەرد] كىشىلەر، شەخسلەر.

ئەفراد بىلمەك — قاتارغا كىرگۈزمەك، سەپداش بولماق.

ئەفراز [افراز] (پ) كۆتۈرۈش، يۈكسەلدۈرۈش.

ئەفراشتە [افراشته] (پ) «ئەفراز» غا قاراڭ:

دېدى: ئەيلەگىل بەزم ئاراستە،
مۇزىييەن بىساتىنى ئەفراشتە،

— ئا. نىزارى.

ئەفرەنج [افرنج] (ئە) پەرەڭ، ياۋروپا.

ئەفرۇختە [افروخته] (پ) لاۋۇلداپ تۇرغان، يالتىراق، پارلاق، پارلىغان، قىزىرىپ يانغان؛ ياندۇرۇلغان؛ ئوت ياققان.

ئەفرۇز [افروز] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ: «كۆيدۈرگۈچى، ياندۇرغۇچى، يورۇتقۇچى، روشەن قىلغۇچى، ئايدىڭلاشتۇرغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

ئەدل نۇرى تۇرۇر جەھان ئەفرۇز،
پەرتەۋى مۇلك ئىچىدە زۇلمەت سوز.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر.

ئەفرىدۇن [افريدون] (پ) قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى.

ئەفزا [افزا] (پ) كۆپىنچە سۆزگە قوشۇلۇپ «ئاشۇرغۇچى، كۆپەيتكۈچى» گە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

ئىشق ئەسرارىن ئىشىتمەك ئىستەمەڭ ئەي ئەھلى دەرد،
نۇكتەئىدۇر ھەيرەت ئەفزا قىسسەئى تۇفان خۇرۇش.

— سەبۇرى.

دەۋلەت ئەفزا — بايلىق كۆپەيتكۈچى.

راھەت ئەفزا — راھەتنى ئاشۇرغۇچى، كۆپەيتكۈچى.

روھ ئەفزا — روھلاندۇرغۇچى.

ئەفزار [افزار] (پ) ئىسۋاب، ئىش قورالى.

ئەفزاي [افزاى] (پ) «ئەفزا» غا قاراڭ:

ۋەزىرى ئەنىڭ مۇلك ئارايى چىن،

ئاناڭ ئەقلىدە زىبىيە ئەفزايى چىن.

— ئا. نىزارى.

ئەفزايىش [افزايش] (پ) زورايتىش، كۆپەيتىش؛ ئارتتۇرۇش.

ئەفزۇد [افزود] (پ) كۆپىيىش، ئارتىش، ئۇلغىيىش.

ئەفزۇن [افزون] (پ) 1) ئارتۇق، زىيادە، كۆپ؛ كۆپرەك. 2) ئەۋزەل، يۇقىرى، ئۈستۈن:

غەمزەلىرىم بارچەدىن ئەفزۇن ئىرۇر،
لەيلى مېنىڭ غەمزەمە مەجنۇن ئىرۇر.

— ئەھمەدى.

ئەدەددىن **ئەفزۇن** — سانسىز، ساناقسىز، ھېسابسىز.

ئەفزۇن ئەتمەك — ئاشۇرماق، كۆپەيتمەك.

ئەفزۇن ئەيلەمەك — ئارتتۇرماق؛ كۆپەيتمەك؛ كۆپەيتتۇرمەك.

ئەفزۇن بولماق — ئارتماق، زىيادە بولماق؛ ئارتۇقراق بولماق.

ئەفزۇن قىلماق — ئارتتۇرماق، كۆپەيتۈرمەك.

ئەفزۇن ئولماق — كۆپەيمەك، ئارتماق.

ئەفزۇنلۇغ [افزون لوغ] «ئەفزۇنلىغ» قا قاراڭ.

ئەفزۇنلىغ [افزون ليغ] ئارتۇقلۇق، زىيادىلىك، كۆپلۈك.

ئەفسار [افسار] (پ) نوختا، تىزگىن.

ئەفسار ئۇرماق — نوختا سالماق؛ ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلماق.

ئەفسانە [افسانه] (پ) 1) ھېكايە، نەقىل، داستان؛ رىۋايەت:

ۋۇجۇدۇم خىرمەنىدىن ھاسىلىم بىر دانەدۇر پەيدا،
ۋەلې گۈل دانەدىن، ئالەمدە يۈز ئەفسانەدۇر پەيدا.

— زەلىلى.

2) يالغان، ئويدۇرما، بىمەنە سۆز. 3) مەشھۇر، ھەممىگە تونۇلغان. 4) ماختالماق؛ داۋراڭ.

ئەفسانە ئەيلەمەك — ھېكايە قىلماق، چۆچەك سۆزلىمەك؛ نەقىل كەلتۈرمەك؛

ئەفسانە بولماق — كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چۈشمەك، تۈرلۈك رىۋايەتلەرگە سەۋەب بولماق.

ئەفسانە سەنج — 1) ئەفسانە ئېيتقۇچى، ھېكايە قىلغۇچى؛ 2) سۆزگە نەزەر سالغۇچى، تەنقىدىي نەزەر بىلەن ئاڭلىغۇچى.

ئەفسانە قىلماق — رىۋايەتلەر توقۇماق.

ئەفسانەئى دەرد — دەردلىك ئەپسانە، غەم - غۇسسە بىلەن تولغان ھېكايە.

ئەفسانەئى ئىشق — ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدىكى ئەپسانىلەر.

ئەفسانە پەرداز [افسانه فرداز] (پ) ھېكايە توقۇغۇچى، ھېكايىنى (چىرايلىق قىلىپ) ئېيتقۇچى.

ئەفسانە سەراي [افسانه سراى] نەقىل قىلغۇچى، ھېكايىچى.

ئەفسانە گۇزار [افسانه كزار] (پ) ھېكايە ئېيتقۇچى، سەرگۈزەشتىلەر سۆزلىگۈچى.

ئەفسانەلىغ [افسانه ليغ] مەشھۇرلۇق؛ ئەپسانىلىق؛ كۆپ سۆزلىمەكلىك.

ئەفسانەۋەش [افسانهوش] (پ) ئەپسانىۋى؛ ناتوغرا؛ يالغان.

ئەفسەر [افسر] (پ) پادشاھلىق تاجى، جىغا؛ تاج؛ تەخت؛ بىرەر نەرسىنىڭ بېشى، ئۈچى.

ئەفسەررۇم — رۇم شاھلىقى، پادشاھلىقى.

ئەفسەر نىگار — تاج نەقىش بىلەن بېزىتىلگەن.

ئەفسەرى رىفئەت — يۈكسەكلىك، مەرتىۋىلىك تاج.

ئەفسەرى گەردۇندىن ئۆتمەك — شاھلىق مەرتىۋىسى يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرۈلمەك.

ئەفسەھ [افصح] (ئە) ئەڭ گۈزەل (فەسىھ) سۆزلىگۈچى، سۆزگە چېچەن (ئۇستا).

ئەفسەھۇلكەلام [افصح الكلام] (ئە) 1) ئەڭ گۈزەل، فەسىھ سۆز ئىگىسى، سۆزگە چېچەن (ئۇستا)، ناتىق. 2) ماھىر يازغۇچى، روشەن بايان قىلغۇچى.

ئەفسۇردە [افسرده] (پ) روھسىزلانغان، سولغان، سولغۇن، چۈشكۈن، بوشاشقان؛ غەملىك:

ۋىلايەت بولۇپ ئىردى پەژمۇردەگى،
ئەدۇ خەيلى زەربىدىن ئەفسۇردەگى.

— ئا. نىزارى.

ئەفسۇردە دىل — كۆڭلى سۇنۇق، چۈشكۈن.

ئەفسۇس [افسوس] (ئە) پۇشايمان، ئېچىنىش، ئەپسۇس.

ئەفسۇن [افسون] (پ) 1) سېھىر، نەيرەڭ، ھىيلە، مىكىر. 2) جادۇ، نەيرەڭ دۇئاسى؛ جادۇگەرلەرنىڭ سېھرى. 3) ئەپسانە، ھېكايە؛ نەيرەڭ.

ئەفسۇن ئەيلەمەك — ئالدىماق، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلەتمەك؛ سېھىرلىمەك.

ئەفسۇن تىراز — قارا جادۇ، ئىشق سەۋداسىغا سالىدىغان تۇمار.

ئەفسۇنى كەشمىر — كەشمىر جادۇسى.

ئەفسۇنساز [افسون ساز] (پ) 1) سېھىرلىگۈچى،

سىھىر بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلغۇچى، ھەيران قالدۇرغۇچى. 2) ماھىر ھېكايىچى، ئاجايىپ داستانچى.

ئەفشان [افشان] (پ) 1) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «چاچقۇچى؛ تارتقۇچى؛ چېچىش؛ چېچىلغان» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. 2) كىتاب بېتىگە چېچىلغان زەر؛ نەقىشلىك بېزەك؛ بېزىق؛ تەۋسىپ:

ئاھ ئۇرارمەن ھەر زامان ئالەمگە مۇشك ئەفشان تولۇر،
چۈنكى زۇلفۇڭ بويىدىن كۆڭلۈم بولۇپدۇر مۇشكدار.

— گۇمنام.

زەرۋەرق ئەفشان قىلماق — ئالتۇن زەررىسىنى چاچماق (كىتاب ۋاراقلىرىغا).

مۇشك ئەفشان بولماق — مۇشك (ئىپار) چاچماق، خۇش پۇراق تارقاتماق.

ئەفغان [افغان] (پ) 1) قايغۇ ـ ئەلەمدىن نالە قىلىش، پەرياد قىلىش، ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاش؛ ئاۋاز، سادا. 2) يىغانلار، پەريادلار، نالىلەر.

ئەفغان ئەتمەك — «ئەفغان قىلماق» قا قاراڭ.

ئەفغان ئەيلەمەك — يىغلىماق، داد ـ پەرياد قىلماق.

ئەفغان تارتماق — نالە ـ پەرياد قىلماق.

ئەفغان تۈزمەك — داد ـ ۋاي سالماق، پەرياد، نالە قىلماق.

ئەفغان چەكمەك — پەرياد، يىغان چەكمەك، نالە قىلماق.

ئەفغان قىلماق — يىغان چەكمەك، نالە قىلماق.

ئەفغان ئوتى — ئاھۇ ـ پەرياد ئوتى؛ ئىشق ئوتى.

ئەفغانلىق [افغان ليق] ئاھۇ پەرياد چېكىۋاتقان، يىغانلىق.

ئەفقەر [افقر] (ئە) يوقسۇلراق؛ ئەڭ يوقسۇل، ئەڭ كەمبەغەل.

ئەفكار [افكار] (پ) «ئەفگار» غا قاراڭ.

ئەفكەن [افكن] (پ) «ئەفگەن» گە قاراڭ.

ئەفكەندە [افكنده] (پ) «ئەفگەندە» گە قاراڭ:

ئارەزىنىڭ ئۈستىدە قاشلار كۆك ئاينىڭ ئەفكەندەسى،
ئاي يۈكۈنۈپ، كۈن ساغىنىپ سەجدە ئەيلەر بەندەسى.

— ئەرشى.

ئەفكەندەلىغ [افكندەليغ] «ئەفگەندەلىك» كە قاراڭ.

ئەفگار [افكار] (پ) 1) يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن، مەجرۇھ. 2) ئۆرتەنگەن؛ ئېزىلگەن؛ ناچار؛ غەملىك.

ئەفگار ئەتمەك — يارىلاندۇرماق، جاراھەتلەندۈرمەك.

ئەفگار ئەيلەمەك — جاراھەتلەندۈرمەك، يارىدار قىلماق، قىينىماق، ئازابلىماق.

ئەفگار قىلماق — «ئەفگار ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەفگار كۆڭۈل — دەردلىك يۈرەك.

ئەفگار ئولماق — جاراھەتلەنمەك، ئېزىلمەك.

ئەفگار ئىستەمەك — قىينىماق، جەبىر ـ جاپا قىلماق.

ئەفگارلىغ [افكارليغ] ئاجىزلىق، جاراھەتلىك، مەجرۇھلۇق، يارىدارلىق.

ئەفگەن [افكن] (ئە) كۆپىنچە باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «تاشلىغۇچى؛ ئاتقۇچى؛ يىقىتقۇچى؛ چۈشۈرگۈچى؛ سالغۇچى؛ تارتقۇچى؛ چاچقۇچى؛ ياغدۇرغۇچى؛» مەنىلەردە كېلىدۇ.

خەدەڭگ ئەفگەن — ئوق ئاتقۇچى.

زۇلمەت ئەفگەن — قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلغۇچى.

شەمئى نۇر ئەفگەن — نۇر چاچقۇچى شام.

لۇئبەت ئەفگەن — ھىيلىگەر.

ئەفگەندە [افكنده] (پ) 1) تۆۋەن، پەس، تاشلاندۇق؛ يىقىلغان؛ بەختسىز، بىچارە، ئاجىز، موھتاج. 2) تەۋە، قارام.

ئەفگەندەئى بىئېتىبار — نەزەردىن قالغان كىشى، لاياقەتسىز كىشى.

بەندەئى ئەفگەندە — تاشلاندۇق بەندە (يېزىقتا كەمتەرلىك يۈزىسىدىن «مەن» ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ).

ئەفگەندەلىك [افكنده ليک] چۈشكۈنلۈك، زارلىق، پېقىرلىق، موھتاجلىق، بىچارىلىك؛ زەئىپلىك.

ئەفلاك [افلاک] (ئە) [بىرلىكى: فەلەك] پەلەكلەر، ئاسمان؛ ئاسمان قەۋەتلىرى:

يەتتە ئەفلاك ئۆزرەكىم مېئراج ئۈچۈن قويدۇڭ قەدەم،
گەردى نەئلىيىڭنى قىلمىشلەر مەلائىك تۇتىيا.

— زەلىلى.

ئەفلاك جامى — ئاسمان گۈمبىزى؛ بەخت ـ سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇش.

ئەفلاك جىرمى — كۆكتىكى يۇلتۇزلار.

ئەفلاك سەيرى — ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى.

ئەفلاك سىفەت — ئالىي سۈپەت.

ئەفلاك شاھى — شاھلار شاھى؛ قۇياش.

ئەفلاك شەھرىستانى — بېزەكلىك پەلەكلەر.

ئەفلاكۇ ئەنجۇم — ئاسمان ۋە يۇلتۇزلار.

ئەفلاك ئېلى — پەلەكلەر يۇرتى، ئېلى؛ پەلەك ھەرىكىتى.

ئەفلاكى ئالىي — ئەڭ يۇقىرى ئاسمان.

ئەفلاكى بەلا — بالا ئاسمىنى، بەختسىزلىك ئاسمىنى.

ئەفلاكى كەجرەفتار — ئەگرى، تەتۈر ئايلانغۇچى پە-

لەك.

ئەفلاكى مەشئەل ئەفرۇزى — يورۇقلۇق بەرگۈچى ئاسمان قەۋەتلىرى.

پەردەئى ئەفلاك — ئاسمان پەردىسى.

يەتتى ئەفلاك — يەتتە قات ئاسمان.

ئەفلاكچە [افلاكچه] ئالىي، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك، يۈكسەك ئاسمان.

ئەفلاك رەۋ [افلا ک رو] (ئە + پ) ئاسمان كېزەر.

ئەفلاك سۇز [افلاک سوز] (ئە + پ) كۆكنى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى.

ئەفلەج [افلج] (ئە) پالەچ كېسىلىگە يولۇققان كىشى.

ئەفن [عفن] (ئە) «ئەفەن» گە قاراڭ.

ئەفۇ [عفو] (ئە) كەچۈرۈش، گۇناھىدىن ئۆتۈش؛ ئۆز رىزقىنى قوبۇل قىلىش.

ئەفۇ ئەتمەك — «ئەفۇ ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئەفۇ ئەيلىمەك — گۇناھىدىن كەچمەك، كەچۈرمەك.

ئەفۇ قىلماق — «ئەفۇ ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئەفۇ كۆرگۈزمەك — ئىلتىپات قىلماق، كەچۈرمەك.

ئەفۋاج [افواج] (ئە) [بىرلىكى: فەۋج] گۇرۇھلار، توپلار.

ئەفۋاھ [افواه] (ئە) ئېغىزلار.

ئەفۋەللاھ [افوالله] (ئە) تەڭرى ئەپۇ قىلسۇن، خۇدا ساقلىسۇن!

ئەفئى [افعى] (ئە) 1) يىلان، كاتتا يىلان، زەھەرلىك يىلان:

سالامەت ئاتەشىگە باقماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن،
چۇ مارى ئەفئى يەڭلىغ چاقماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن.

— زەلىلى.

2) كۆچمە م: چاچ، سۆيگىنىنىڭ چېچى؛ چاچ ئۆرۈمى:

ئەفئى مۇئەنبەر — خۇشبۇي قارا يىلان؛ كۆچمە م: سۆيگىنىنىڭ قارا، خۇشبۇي چېچى؛

ئەفئى مۇشكىن — 1) قارا يىلان. 2) كۆچمە م: قارا، خۇشبۇي چاچ.

ئەفىف [عفيف] (ئە) ئىپپەتلىك (نومۇسلۇق)، پاك، پاكىز، تازا؛ يارامسىزلىقلاردىن خالىي.

ئەفيون [افيون] (پ) كۆكنار، ئەپيۇن؛ قارا دورا.

ئەفيون كەسرەتى — ئەپيۇننىڭ كۆپلۈكى، موللۇقى.

ئەفيونى [افيونى] (پ) ئەپيۇنكەش.

ئەقاسى [اقاصى] (ئە) ئۇزاقلار.

ئەقاقىر [عقاقر] (ئە) بىر خىل دورىنىڭ نامى (ئۆسۈمـ

لۈك يىلتىزى).

ئەقالىم [اقاليم] (ئە) [بىرلىكى: ئىقلىم] ئىقلىملار، مەملىكەتلەر، قىتئەلەر، ئۆلكىلەر.

ئەقالىمى جەھان — پۈتۈن دۇنيا، دۇنيا مەملىكەتلىرى.

ئەقالىمى سەبئە — يەتتە ئىقلىم، پۈتۈن يەر يۈزى؛ بارچە قىتئەلەر.

ئەقەبە [عقبه] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەقەبات] 1) قىيىنچىلىق، مۇشەققەت، توسۇق؛ مۇشەققەتلىك، خەتەرلىك يوللار، تاغ يوللىرى. 2) كاتتا ۋە ئېغىر ئىش.

ئەقەللى [اقل] (ئە) ئەڭ ئاز.

ئەقبە [عقبا] (ئە) «ئەقەبە» گە قاراڭ.

ئەقبەھ [اقبح] (ئە) [بىرلىكى؛ قەبىھ] ئەڭ يامان، ئەڭ خۇنۇك.

ئەقتاب [اقطاب] (ئە) 1) قۇتبىلار. 2) پېشۋالار، ئەۋلىيالار. 3) كۆچمە م: بىرەر گۇرۇھ ياكى قوۋمنىڭ يېتەكچىلىرى (باشلىقلىرى):

ئاندا باردۇر قىرىق مەردانى خۇدا،
قۇتبۇلئەقتابى جەھانى ئەۋلىيا.

— زەلىلى.

ئەقتابى زەمان — زامانە ئۇلۇغلىرى.

ئەقتار [اقطار] (ئە) [بىرلىكى: قۇتر] 1) چەت - ئەتراپلار. 2) ئايلانمىلار، دائىرىلەر.

ئەقتائ [اقطاع] (ئە) پارچە - پارچە نەرسىلەر، نان بۆلەكلىرى، پارچىلىرى.

ئەقد [عقد] (ئە) 1) باغلاش، تۈگۈن، بەند. 2) نىكاھ، جۈپلىشىش. 3) تاللاش، ئىختىيار قىلىش.

ئەقد ئەتمەك — «ئەقد ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئەقد ئەمر — نىكاھقا دائىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار.

ئەقد ئەيلىمەك — نىكاھ قىلماق؛ نىكاھقا ئالماق؛ تاللىماق؛ ئىگىلىمەك، قولغا ئالماق.

ئەقد بەزمى — نىكاھ تويى.

ئەقد تەزۋىج — نىكاھلاش.

ئەقد سىلكى — باغلاش يىپى.

ئەقد بولماق — «ئەقد ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئەقد مىساھى — نىكاھ شەرتلىرى.

ئەقدۇ كابىن — نىكاھ ۋە تويلۇق.

ئەقدام [اقدام] (ئە) [بىرلىكى: قەدەم] قەدەملەر؛ ھەرىكەت؛ ئەگىشىش:

چۇ لەيلى ئىشىكىغەچە گام ئۇرۇپ،
زەمان ئىنمايىن يەرگە ئەقدام ئۇرۇپ.

— ئا. نىزارى.

ئەقدام ئۇرماق — قەدەم باسماق؛ ھەرىكەت قىلماق؛ يول يۈرمەك.

ئەقداھ [اقداح] (ئە) [بىرلىكى: قەدەھ] قەدەھلەر، كاسىلار، مەي پىيالىلىرى.

ئەقدەس [اقدس] (ئە) ئەڭ مۇقەددەس؛ ئەڭ مۇبارەك.

ئەقدەم [اقدم] (ئە) ئەڭ ئىلگىرى، ئەڭ مۇقەددەم؛ ئىلگىرىرەك، ئالدىنراق؛ يۇقىرى، ئالىي.

ئەقدەم كۆرمەك — يۇقىرى بىلمەك.

ئەقران [اقران] (ئە) [بىرلىكى: قەرىن] تەڭتۇشلار، تەڭ ياشتىكىلەر؛ يېقىنلار.

ئەقرەب [عقرب] (ئە) چايان، چايان بۇرجى.

ئەقرەبا [اقربا] (ئە) [بىرلىكى: قەرىب] ئۇرۇغ - تۇغقانلار، ئەڭ يېقىن كىشىلەر.

ھەمە ئەقرەبا بىرلە بولدى رەۋان،
چۇ گۇل قەريە ئەشجارى بولدى ئەيان.

— ئا. نىزارى.

ئەقسا [اقصا] (ئە) 1) ئەڭ ئۇزاق (يىراق) قىرغاق؛ بىرەر ئۆلكە ياكى شەھەرنىڭ يىراق بۇرجىكى. 2) چەت، ئۇزاق؛ يۇقىرى، تۆر.

ئەقسا بىلاد — ئەڭ يىراق مەملىكەتلەر.

ئەقسايى رۇم — رۇمنىڭ ئەڭ چەت جايى.

مەسجىدى ئەقسا — قۇددۇس شەھىرىدىكى كاتتا مەسچىت.

مەقسەدى ئەقسا — ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت.

ئەقسام [اقسام] (ئە) قىسىملار، ئۈلۈشلەر، بۆلەكلەر.

ئەقسۇم [اقسوم] «ئاخسۇم» غا قاراڭ.

ئەقشام [اقشام] كەچقۇرۇن، كەچكى پەيت؛ تۈن، ئاخشام.

ئەقشام زۇلمەتى — تۈن قاراڭغۇسى.

ئەقشام كۆلى — ئاخشام خىرە - شىرەلىكى، تۈگىشى.

ئەقشامغى [اقشام غى] تۈندىكى، كېچىدىكى، ئاخشامقى.

ئەقشام قۇرۇن [اقشام قرون] كەچقۇرۇن.

ئەقىل [عقل] (ئە) [كۆپلۈكى: ئۇقۇل] 1) ئەقىل، ئىدراك، زېھىن. 2) دانالىق، بىلىمدانلىق؛ پەم - پاراسەت.

ئەقل ئەللىدە — ئاڭلىق چۈشىنىش بويىچە؛ ئەقلەن.

ئەقل ئالماق — مەپتۇن قىلماق، ھەيران قالدۇرماق.

ئەقل ئەھلى — ئەقىللىقلار، ھوشيارلار.

ئەقل پىرى — تەپەككۇر ئۇستازى؛ پاراسەتلىك كىشىلەر.

ئەقل چىرى — ئەقىل كۈچى، ئەقىل قۇۋۋىتى.

ئەقل خىرمەنى — ئەقىل مۇجەسسەملىكى، يىغىندىسى.

ئەقل دۆن — ئەقلى پەس.

ئەقل دېھقانى — ئاڭلىق چۈشەنچە، مۇلاھىزە؛ تەجرىبىلىك، ئاڭلىق كىشى.

ئەقل سەررافى — ئەقىل زەرگىرى، ئەقىل باھالىغۇچىسى.

ئەقل كۇيى — ئەقىل - ئىدراك يولى.

ئەقل كۇل — 1) كاتتا ئەقىل؛ ئىلاھىي ئەقىل (تۇغما ئەقىل). 2) جىبرىئىل.

ئەقل مۇھەندىسلەرى — دانىشمەنلەر، ئالىملار، بىلىمدانلار.

ئەقل مىزانى — ئاڭ، ئەقىل ئۆلچىمى، تارازىسى.

ئەقل نام ئاۋەرى — نام قويغۇچى ئەقىل.

ئەقل ھېسابى — ئاڭ دائىرىسى، چېگراسى.

ئەقل ئوتى — زېھىن ئۆتكۈرلۈكى، ھوشيارلىق.

ئەقلۇ فەھمى خۇردەدان — نازۇك، تولغان ئەقىل.

ئەقل ئۆيى — مېڭە، پىكىر - خىيال.

ئەقل ۋەسۋاسى — ئەقىل ۋەسۋەسىسى؛ مەپتۇنلۇق؛ ئەقىل دولقۇنى.

ئەقل ئىشىگى — ئەقىل ئىشىكى؛ ئەقىل يولى. ئاڭلىق يول.

ئەقلى جەۋھەرشۇناس — يېتۈك، كامىل ۋە سۆزنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ياخشى چۈشەنگۈچى كىشىلەرنىڭ ئىدراكلىرى.

ئەقلى خۇردەبىن — ئەقلى ئۆتكۈر، سەزگۈر، پەم - پاراسەتلىك.

ئەقلى خۇدبىن — پەقەت ئۆزىنى ئويلىغۇچى، ئۆزى ھەققىدىلا پىكىر قىلغۇچى شەخس.

ئەقلىدىن بىگانە — ئەقلىدىن ئازغان، تەلۋە.

ئەقلى زايىل — ئەقلى كەتكەن؛ ئەقلىدىن ئېزىش، ئەقىلسىز بولۇپ قېلىش.

ئەقلى زۇلمانىي — ئەقىلسىز، دۆت.

ئەقلى سەركەش — ئىتائەتسىز، قەيسەر ئەقىل.

ئەقلى سەلاھ — توغرا، ساغلام پىكىر.

ئەقلى سىتەمكار — جەبىر - زۇلۇم قىلغۇچى، جاپا يەتكۈزگۈچى ئەقىل؛ ئىشق يولىنى توسىدىغان ئەقىل.

ئەقلى كۇلل — «ئەقل كۇل» غا قاراڭ.

ئەقلى مەسلەھەتبىن — مەسلىھەت كۆرسەتكۈچى، توغرا يول، توغرا پىكىرگە ئۈندىگۈچى ئەقىل.

ئەقلى مۇجەررەد — ساپ ۋە ئۆتكۈر ئەقىل؛ ئابستراكت ئەقىل.

ئەقلى مۇستەقىم — ئېغىشمايدىغان، ئىككىلەنمەيدىغان،

مۇستەقىل ئەقىل؛ بىر پىكىرلىك ئادەم.

ئەقلى مۇھاسىب — پەم - پاراسەتكە قايىل بولغۇچى؛ ئالى. ئەقىل - ئىدراك.

ئەقلام [اقلام] (ئە) [بىرلىكى: قەلەم] قەلەملەر.

ئەقلايىن [عقلايين] (ئە) ئاقىلانە، ئاقىللارچە، دانالىق بىلەن.

ئەقلەن [عقلاً] (ئە) ئەقىل يۈزىسىدىن.

ئەقىل زۇدا [عقل زدا] (ئە) ئەقلىنى ئالغۇچى، ھوشسىزلاندۇرغۇچى؛ ئەقلىنى يوقىتىدىغان، ئەقلىدىن ئايرىيدىغان.

ئەقىل كۇش [عقل كش] (ئە + پ) ئەقلىنى يوقاتقۇچى، ئەقلىگە نۇقسان يەتكۈزگۈچى.

ئەقلىيات [عقليات] (ئە) ئەقىلگە ئائىت، ئەقلىي بىلىملەر.

ئەقمىشە [اقمشه] (ئە) [بىرلىكى: قۇماش] ھەرخىل توقۇلما ماللار، ماتالار.

ئەقۋال [اقوال] (ئە) [بىرلىكى: قەۋل] سۆزلەر، گەپلەر، رىۋايەتلەر:

چۇ مەردۇملۇق ئەقۋالى پەيان ئولۇپ،
رەۋان چەكمەكى جان نەمايان ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

ئەقۋام [اقوام] (ئە) [بىرلىكى: قەۋم] قوۋملار.

ئەقۋىيا [اقويا] (ئە) [بىرلىكى: قەۋىي] كۈچلۈكلەر، قاۋۇللار، قۇۋۋەتلىكلەر؛ چوڭلار.

ئەقىدە [عقيده] (ئە) 1) ئېتىقاد، ئىشەنچ؛ ئىخلاس. 2) چۈشەنچە، پىكىر، بىلىش.

ئەقىدە قىلماق — 1) ئىشەنچ ھاسىل قىلماق؛ ئېتىقادلىق بولماق. 2) گۇمان قىلماق:

تەڭرى خانىن ئەچۇق ئەقىدە قىلىپ،
خەلقدىن روزى ئىستەگەن گومراھ.

— نەۋايى.

ئەقىق [عقيق] (ئە) قىممەت باھالىق قىزىل تاش، ھېقىق:

لەئلى لەبىڭ كۆرەي دەبان كۆز ياشىم ئەيلەدىم ئەقىق،
خالى خەتىڭنى بىلمەدىم تۇرفە كىتابەتى دەقىق.

— زەلىلى.

ئەقىق ناب — ساپ، سۈزۈك، ھېقىق.

ئەقىقى بىغەش — تازا، ساپ ھېقىق؛ كۆچمە م: قىزىل مەي، مەينىڭ قىزىللىقى.

ئەقىقى ناب — «ئەقىق ناب» قا قاراڭ.

ئەقىقى يەمەن — 1) يەمەن ھېقىقى؛ قىپقىزىل ھېقىق. 2) كۆچمە م: قىپقىزىل لەۋ.

لەب ئەقىقى — لەۋ قىزىللىقى.

ئەقىلە [عقيله] (ئە) باشچى، يولباشچى. 2) ئەقىللىق ئايال؛ پەرەنجىگە ئورالغان ئايال. 3) زەئىپ، ئاجىز.

ئەقىم [عقيم] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەقەيىم] تۇغماس، پەرزەنتسىز؛ نەتىجىسىز، مېۋىسىز.

زەنى ئەقىم — «ئەقىمە» گە قاراڭ.

مەردى ئەقىم — پەرزەنتسىز ئادەم.

ئەقىمە [عقيمه] (ئە) تۇغماس ئايال.

ئەكابىر [اكابر] (ئە) [بىرلىكى: ئەكبەر] ئەڭ ئۇلۇغلار، ئەڭ كاتتىلار؛ مەرتىۋىلىك كىشىلەر، مەنسەپدارلار.

ئەكابىرۇ ئىزام — ئەڭ كاتتا، چوڭ كىشىلەر.

ئەكابىر ۋە ئەشراف — ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەتىۋارلىق زاتلار.

ئەكابىرە [اكابره] (ئە) ساسانىيلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ لەقىمى.

ئەكاسىرە [اكاسره] (ئە) «ئەكابىرە» گە قاراڭ.

ئەكباد [اكباد] (ئە) جىگەرلەر.

ئەكباد پەيۋەند — جانجىگەرلەر، تۇغقانلار.

ئەكبەر [اكبر] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەكابىر] ئۇلۇغ، كاتتا؛ ئەڭ كاتتا.

ئەكتاف [اكتاف] (ئە) [بىرلىكى: كتف] يەلكىلەر.

ئەكرەم [اكرم] (ئە) ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ سېخىي، ئەڭ ياخشى، تولىمۇ ھىممەتلىك.

ئەكرەمۇلئەكرەمىن — كەرىم (ياخشى، ئالىيجاناب، ھىممەتلىك) لەرنىڭ كەرىمى؛ تەڭرى، خۇدا.

ئەكرىمۇززەيفە [اكرم الضيفه] (ئە) «مېھماننى ھۆرمەت قىلىڭىزلار» دېگەن مەنىدىكى ىبرىكمە.

ئەكس [عكس] (ئە) 1) سۈرەت، تەسۋىر، شەكىل؛ ئىنكاس. 2) شولا، يالقۇن. 3) (بىرەر نەرسىنىڭ) ئەكس تەرىپى، ئەكسى، قارىمۇ قارشى، زىت.

ئەكس ئەيلەمەك — كۆرسەتمەك، تەسۋىر قىلماق، تەسۋىرلىمەك.

ئەكس تاپماق — ئەكسى تەسۋىرىنى كۆرمەك، قوبۇل قىلماق.

ئەكس تۇتماق — قارشى، زىت ئىش قىلماق.

ئەكس تۈشمەك — سۈرىتى، تەسۋىرى چۈشمەك.

ئەكس سالماق — تەسۋىرىنى سىزماق، ئەكس ئەتتۈرمەك.

ئەكس كۆرگۈزمەك — شولىسى چۈشمەك، ئەكس كۆ-

رۇنەك.

ئەكسەر [اكثر] (ئە) 1) كۆپ، كۆپچىلىك، كۆپ سانلىق. 2) ئىنتايىن نۇرغۇن. 3) دائىملىق. 4) كۆپىنچە، ئومۇمەن. 5) كۆپرەك، ئوشۇقراق.

ئەكسەرىيەت [اكثريت] (ئە) كۆپچىلىكى، يېرىمىدىن كۆپرەكى.

ئەككە [عكه] (ئە) سېغىزخان.

ئەكل [اكل] (ئە) يېمەكلىك؛ يېمىش؛ تاماق:

فەراغەت تاپىپ ئەكل ـ ئاشامدىن،
چىقاردى سۆزىن سەرۋ گۈلفامدىن.

— ئا. نىزارى.

ئەكلۇ شۇرب — يېمەك ـ ئىچمەك.

ئەكمەل [اكمل] (ئە) ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ يېتۈك، ئەڭ كامىل؛ گۈزەل:

ھەر كىشىكىم ئىلمىدە ئەكمەل دۇرۇر،
بەلكى مەلائىكدىن ئول ئەفزەل دۇرۇر.

— موللا مۇھەممەد تۆمۈر.

ئەكمەلى دەۋران — دەۋرنىڭ يېتۈك كىشىسى.

ئەكمەلى ئىنسان — ئەلا ئىنسان، ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشىسى:

گۇمنام، يۈگۈر ئەكمەلى ئىنسان كەتتى،
كۆڭلۈڭ سەدەفىن تۆت لەبى نەيسان كەتتى.

— گۇمنام.

ئەكمەھ [اكمه] (ئە) تۇغما كور.

ئەكناف [اكناف] (ئە) ئەتراپلار، تەرەپلەر، تۆت ئەتراپ، ئۆپچۆرە، چېگرا.

ئەكنۇن [اكنون] (پ) ئەمدى؛ ئەمدىلىكتە؛ شۇ ۋاقىت، شۇ پەيت، شۇ دەم:

چەكتىم جەفانى ئەكنۇن تەندە ھالەت قالمادى،
كەزدىم شەھرۇ بەيابان دىلدە ھەسرەت قالمادى.

— مەشرەپ.

ئەلا I [الا] (ئە) ھاي، ئاگاھ بول، ئاڭلا! (ئۈندەش سۆز).

ئەلا II [على] (ئە) …… ئۈستىگە، …… گە؛ يۈكسەكلىك، ئالىي دەرىجە.

ئەلا قەدرى مەراتىبىھىم — ئۆز مەرتىۋىلىرىگە يارىشا.

ئەلا كۇللى ھال — ھەر ھالدا.

نۇرەن ئەلا نۇر — نۇر ئۈستىگە نۇر.

ئىززۇ ئەلا — ئىززەت ۋە يۈكسەك مەرتىۋە، دەرىجىگە ئىگىلىك:

تەمەننادۇر خەرابات ئەھلى ئىچرە خاكسار ئولماق،
كىبرەكىمەس دەھر ئېلىنىڭ بەزمىدە ئىززۇ ئەلا بىزگە.

— مەھزۇن.

ئەلاچە [الاجه] ئەلا، ئالا ـ بۇلا، چىپار؛ سەگەز (ماتا).

ئەلاچە ھاشىيەلىك تون — ئالا ـ بۇلا جىيەكلىك تون.

ئەلاچۇغ [الاجوغ] «ئالاچۇق» قا قاراڭ.

ئەقل ئەلاچۇغى — ئەقىل ئۇۋىسى، مېڭە؛ كۆڭۈل.

ئەلاچۇغ ئېلى — كۆچمەنچى خەلق.

ئەلاچۇق [الاجوق] «ئالاچۇق» قا قاراڭ.

ئەلاخان [الاخان] خانىۋەيران.

ئەلاخان ئەيلەمەك — خانىۋەيران قىلماق؛

ئەلاخانۇ ئەلامان — ئۆي ـ جايسىز، ماكانسىز، خانىۋەيران؛ ھايات تەشۋىشلىرى.

ئەلاقە [علاقه] (ئە) 1) مۇناسىۋەت، باغلىنىش؛ مۇئامىلە، ئالاقە. 2) سەللىنىڭ ئۇچى، ھالاقىسى.

ئەلالا [علالا] (ئە) 1) شاۋقۇن ـ سۈرەن؛ غوۋغا، قىيا ـ چىيا. 2) ئاۋاز؛ 3) ماجىرا؛ گەپ:

يامان ئادەمىلەر چۇ غوۋغا قىلىپ،
جەھان ئىچرە تۇرفە ئەلالا قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

ئەلالا ئەيلەمەك — داد ـ پەرياد قىلماق. شاۋقۇن كۆتۈرمەك.

ئەلالا تۇشمەك — غوۋغا، توپىلاڭ باشلانماق.

ئەلا سالماق — شاۋقۇن ـ سۈرەن سالماق، غوۋغا كۆتۈرمەك.

ئەلامان [الامان] «ئەلاخان» غا قاراڭ.

ئەلامەت [علامت] (ئە) 1) بەلگە، نىشان، ئىز. 2) ھادىسە.

ئەلئان [الان] (ئە) ھازىرلا، شۇ پەيتىدە.

ئەلانىيە [علانيه] (ئە) ئاشكارا، ئوچۇق.

ئەلاھازەلقىياس [على هذاالقياس] (ئە) شۇنىڭغا قىياسەن، شۇنىڭغا ئوخشاش؛ ئېھتىمال:

كۆزۈ لەئلى بەرق سىررىن بىلمەك ئەتسەڭ ئىلتىماس،
ئۆرتەمەكلىكدۇر جەھان ئەھلىن ئەلاھازەلقىياس.

— ئەرشى.

ئەلايىق [علايق] (ئە) [بىرلىكى: ئەلاقە] 1) باردى ـ كەلدىلەر، ئالاقىلەر، باغلىنىشلار، مۇناسىۋەتلەر. 2) دۇنيا ـ مالغا ھەۋەس قىلىش:

ئاتايى، كەچ بۇ دۇنيادىن، ئەلايىق تەركىنى قىلكىم،
سەلاتۇ سەۋم ئاشىقغە بۇ كۆن تەركى ئەلايىقدۇر.

— ئاتايى.

ئەلەپەكە [الاپكه] ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى.

ئەلەپۇكە [الاپوكه] «ئەلەپەكە» گە قاراڭ.

ئەلئاتەش [العطش] (ئە) ئۇسساش، ئۇسسۇزلۇق، تەشنالىق.

ئەلەددەۋام [علي الدوام] (ئە) دائىما، ھەمىشە، ھەممە ۋاقىت، ئۈزلۈكسىز:

ئەسبابى ئەيش بولسا مۇھەييا ئەلەددەۋام،
ئەلەمدە يوق مۇغەننى، دانا سۇخەنئۋەرى.

— سەبۇرى.

ئەلئەدل [العدل] (ئە) ئادالەت، ئادىللىق.

ئەلەر [الار] (ئە) 1) ئۇلار. 2) ئۇ (ھۆرمەت مەنىسىدە).

ئەلەز (زە) [الذ] (ئە) ئەڭ لەززەتلىك.

ئەلەست [الست] (ئە) 1) مەن ئەمەسمۇ؟ 2) ئەزەلىيەت، ئىپتىدائىي زاماننىڭ دەسلەپكى پەيتى.

جامى ئەلەست — تەقدىر نېسىۋىسى.

گۈلزارى ئەلەست — دۇنيانىڭ باشلىنىشى.

ئەلەسسەباھ [على الصباح] (ئە) ئەتىگەن تاڭدا، ئەزادا، ئەتىگەنلەپ.

ئەلەسسەۋىيە [على السويه] (ئە) باراۋەر، باپباراۋەر، تەڭ.

ئەلئەسمائ [الاسماء] (ئە) ئەلئەسمائۇ تەنزىلۇ مىنەسسەمائ — ئىسىملار ئاسماندىن چۈشىدۇ.

ئەلەف [علف] (ئە) ئوت، كۆكات (كۆكتات)، زىرائەت، يېمىش.

ئەلەف بەھا — زىرائەتلەرنىڭ كۆكىگە قاراپ بەلگىلەنگەن سېلىق.

ئەلەلخۇسۇس [على الخصوص] (ئە) خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

ئەلەلئىتلاق [على الاطلاق] (ئە) مۇتلەق ئومۇمىيەتلىك بىلەن، ئومۇمىي رەۋىشتە.

ئەلەلئىجمال [علي الاجمال] (ئە) قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، يىغىپ ئېيتقاندا.

ئەلەلئىھتىمال [على الاحتمال] (ئە) ئېھتىمالغا يېقىن:

بارىپ ئول شەھەرگە قىلىڭلار سوئال،
بىلۇر ئادەمى بار ئەلەلئىھتىمال.

— ئا. نىزارى.

ئەلەم I [علم] (ئە) 1) ئالامەت، بەلگە، نىشان. 2) بايراق، تۇغ. 3) كۆتۈرۈلگەن؛ كۆچمە م: يالقۇن:

ئوت ئەلەم تارتار ئىمىش ئەفلاككە،
بەرق تۇشكەندەك خىسۇ خاشەككە.

— نەۋايى.

ئەلەم ئەيلەمەك — كۆچمە م: مەشھۇر قىلماق، ھەممىگە تونۇتماق؛ بايراق قىلىپ كۆتۈرمەك.

ئەلەم بولماق — كۆچمە م: مەشھۇر بولماق، نام چىقارماق، تونۇلماق.

ئەلەم تارتماق — «ئەلەم چەكمەك» كە قاراڭ.

ئەلەم چەكمەك — 1) بايراق تىكمەك؛ بايراق كۆتۈرمەك. 2) يۈرۈش قىلماق؛ گۈزەللىك كۆرسەتمەك. 3) يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك؛ ئۆرلىمەك:

سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۆزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئارا تۇرلۇك رەقەم چەكتى.

— ئەرشى.

ئەلەم سۈتۈنى — بايراق دەستىسى؛ غەلىبە بەلگىسى.

ئەلەم قىلماق — «ئەلەم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەلەم كۆتۈرمەك — بايراق كۆتۈرمەك؛ كۆتۈرۈلمەك؛ چىقماق (قۇياش)؛ نۇر تاراتماق.

ئەلەم ئۇرماق — 1) بايراق تىكمەك؛ جەزم قىلماق، مەقسەت قىلماق. نام چىقارماق؛ يېگانە بولماق. 2) كۆتۈرۈلمەك؛ زورايماق، كۈچەيمەك، ئەۋج ئالماق؛ مەرتىۋىگە ئېرىشمەك. 3) نىشانە، بەلگە بەرمەك.

ئەلەمى زەركەش — زەرلەنگەن بايراق؛ قۇياش.

ئەلەمى نىگۈنسار بولماق — تەسلىم بولماق. تەن بەرمەك؛ يەر بىلەن يەكسان بولماق.

ئەلەمى يىقۇق — كۆچمە م: ئاجىز، قولى قىسقا؛ مەغلۇپ.

سۈتۈنى ئەلەم — «ئەلەم سۈتۈنى» غا قاراڭ.

ئەلەم II [علم] (ئە) ئاتاقلىق ئات.

ئەلەم III [الم] (ئە) 1) ئاغرىق، دەرد، ئەلەم؛ رەنج، غەم، قايغۇ، ئازاب، ھەسرەت.

ئەلەم چەكمەك — دەرد تارتماق، قىينالماق، ئازاب تارتماق.

ئەلەم قويماق — غەم-ئەندىشىگە سالماق، خاپا قىلماق.

ئەلەم يەتكۈزمەك — ئازار بەرمەك، ئاغرىتماق.

ئەلئەمان [الامان] (ئە) ئۈندەش سۆز: ياردەم بېرىڭ! قۇتقۇزۇڭ!

لەھزە - لەھزە باش چېكەر ئىشقىم شەرابى، ئەي رەفىق،
ئەلئەمان، شەۋقى مۇھەببەت شۇئلەسىدىن ئەلئەمان.

— نەۋايى.

ئەلەم ئەنگىز [الم انكيز] (ئە + پ) 1) ئەلەم قوزغاتقۇچى، ئەلەمگە سالغۇچى. 2) غەملىك، قايغۇلۇق، دەردلىك.

ئەلەم پەرۋەرد [الم پرورد] (ئە + پ) دەرد - ئەلەملىك، ھەسرەتلىك.

ئەلەمتىراز [علم طراز] (ئە) سۈرەتلىك بايراقنى بېزىگۈچى.

ئەلەمسەنج [الم سنج] (ئە + پ) غەم ۋە ھەسرەتلىك؛ ئازاب تارتقۇچى.

ئەلەمشوي [الم شوي] (ئە + پ) دەرد - ئەلەمنى كەتكۈزىدىغان.

ئەلەمكەش [علم كش] (ئە + پ) بايراقچى، بايراق كۆتۈرگۈچى؛ بايراقدار:

كى مەھزۇن دېدى: «بۇ نە يەگلىغ ئۇمۇر؟
ئەلەمكەش باشىدا تاپىپدۇر زۇھۇر.

— ئا. نىزارى.

ئەلەمكەش ئولماق — كۆچمە م: يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەك.

ئەلەن [علن] (ئە) ئاشكارا، ئايان، ئوچۇق.

ئەلەن ئەتمەك — ئاشكارا قىلماق.

ئەلەيھىسسەلام [عليه‌السلام] (ئە) ئۇنىڭغا سالاملار بولسۇن! (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان ھۆرمەتنامە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، دېگەنگە ئوخشاش).

ئەلباس [الباس] (ئە) [بىرلىكى: لىباس] «ئەلبىسە» گە قاراڭ.

ئەلبورز [البرز] (پ) ئىران مازەندەرانىدىكى تاغنىڭ نامى.

ئەلبىسە [البسه] (ئە) [بىرلىكى: لىباس] لىباسلار، كىيىملەر، ئۈستۈۋاشلار.

ئەلتاف [الطاف] (ئە) [بىرلىكى: لۇتف] 1) ئىلتىپاتلار، مەرھەمەتلەر، يۇمشاقلىقلار، ياخشىلىقلار؛ 2) يېقىملىقراق.

ئەلتەف [الطف] (ئە) ئەڭ ئىلتىپاتلىق، ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇلايىم.

ئەلدەلدەغە [الدالداغه] ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى.

ئەلسىنە [السنه] (ئە) [بىرلىكى: لىسان] تىللار.

ئەلغەرەز [الغرض] (ئە) خۇلاسە، نەتىجە (شۇكى):

تۇرمادۇق ئول لەنگەر ئارا، ئەلغەرەز،
يول يۈرۈمەك بولدى قەلەندەرگە فەرز.

— زەلىلى.

ئەلف [الف] (ئە) مىڭ (1000).

ئەلفە - ئەلفە — مىڭ - مىڭ، مىڭلاپ.

ئەلفۇ ئەلف — «ئەلفە - ئەلفە» گە قاراڭ.

ئەلفاز [الفاظ] (ئە) [بىرلىكى: لەفز] 1) لەۋزلەر، سۆزلەر، ئىبارىلەر، جۈملىلەر. 2) سۆز قىلىش ئۇسۇلى، تەلەپپۇز. 3) تىل:

زەمانىكى ئول شەھگە كەچمىش خەيال،
قىلۇر نەزم ئەلفازى دەفئى مەلال.

— ئا. نىزارى.

ئەلفازى شىرىن — تاتلىق (شېرىن) سۆزلەر.

ئەلفازى فەسىھ — گۈزەل سۆز، چىرايلىق نۇتۇق.

تۈرك ئەلفازى — تۈرك سۆزلىرى.

چىن ئەلفاز — راست سۆزلەر.

ئەلفەقىرۇلھەقىر [الفقيرالحقير] (ئە) پېقىر ۋە كەمتەرىن، پېقىر ۋە كەمتەر.

ئەلفىراق [الفراق] (ئە) ئايرىلىش، ئاجرىلىش ئالدىدا ئېيتىلىدىغان «ئەلۋىدا» رولىدىكى ئۈندەش سۆز:

يىراقلىقدىن ئانداغ يىراقتىن يىراق،
زىھى ئۇن چېكىپ: ئەلفىراق، ئەلفىراق.

— ئا. نىزارى.

ئەلقاب [القاب] (ئە) [بىرلىكى: لەقەب] 1) لەقەملەر، ناملار، تەخەللۇسلار. 2) سۈپەتلىگۈچى، ماختىغۇچى سۆزلەر.

ئەلقەماق [القماق] ئالقىشلىماق (قارغىماقنىڭ زىت مەنىسى)، كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىماق.

ئەلقىسسە [القصه] (ئە) خۇلاسە؛ ھېكايىمىزغا كېلەيلى؛ شۇنداق قىلىپ؛ خالاس.

ئەلكاسىب [الكاسب] (ئە) ھۈنەرۋەن، كاسىپ.

ئەلكاسىبۇ ھەبىبۇللاھ — كاسىپ (بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى) ئاللانىڭ دوستىدۇر.

ئەلكەن [الكن] (ئە) تىلسىز؛ كېكەچ؛ گاچا؛ لال.

ئەلكىن [الكن] مېھمان:

ئارپا، بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ياخشى بىلەن يامانلارنى ئەلكىن ئايرىيدۇ.

— خەلق قوشىقى.

ئەللاف [علاف] (ئە) 1) ئاشلىق سودىگىرى. 2) تۈگمەنچى؛ 3) ئۇن بازىرى.

ئەللام [علام] (ئە) ئەڭ بىلىملىك، ئالىم؛ تەڭرى.

ئەللامە [علامه] (ئە) ئاتاقلىق، بۈيۈك ئالىم:

جۇنۇن دەرسىنى ئېيتۇرمەن مەگەر پىرى مۇغان بىلگەي،
زەلىلى سۆزىنى نازۇك ئەيلەدىڭ، ئەللامە بىلمەيدۇر.

— زەلىلى.

ئەللامەئى كىشۋەر — مەملىكەتنىڭ يېتۈك ئالىمى.

ئەللامۇل غۇيۇب — غايىبنى بىلگۈچى:

يەنە غايىبقا ئەللامۇل غۇيۇبسەن،
قۇلۇڭ ئەيىبگە سەتتارۇل ئۇيۇبسەن.

— خەراباتى.

ئەللان [علان] (ئە) تۆھپىكار.

ئەللاھ [الله] (ئە) ئاللا (خۇدانىڭ نامى)؛ خۇدا، تەڭرى.

ئەللاھ — ئەللاھ! خۇدا ـ خۇدا؛ كۆچمە م: ئەي! ئەجەبا! (ھەيرەت، تەئەججۇپنى ئىپادىلەيدىغان ئۈندەش).

ئەلماس [الماس] ئالماس، قىممەت باھا قېزىلما مىتال.

ئەلمۇتەخەللىس [المتخلص] (ئە) تەخەللۇسلۇق، تەخەللۇس قويغان، نام ئالغان، لەقەملىك.

ئەلمۇتەكەللىم [المتكلم] (ئە) سۆز ئىگىسى، سۆزلىگۈچى.

ئەلمۇلەققەب [الملقب] (ئە) لەقەملەنگەن، لەقەملىك.

ئەلمۇلكۇلەھۇ [الملكله] (ئە) مۈلۈك ئۇنىڭغا (خۇداغا) تېگىشلىك.

ئەلمىننەتۇ [المنة] (ئە) شۇكۇر، تەشەككۇر.

ئەلمىننەتۇ لىللاھ — خۇداغا شۇكۇر.

ئەلھان [الحان] (ئە) [بىرلىكى: لەھن] 1) ياخشى، يېقىملىق ئاۋازلار، ئاۋۇشلار؛ قۇشلارنىڭ سايرىشى. 2) كۈي، ئاھاڭ، نەۋا:

مۇغەننى دەرد مەندانە غەزەلخان،
تۈزۈپ بۇلبۇل نەۋا بۇ قۇمرى ئەلھان.

— لۇتفى.

ئەلھانسەرا [الحان سرا] (ئە + پ) سايرىغۇچى؛ ناخشىچى.

ئەلھاننەماي [الحان ماى] (ئە + پ) تۈرلۈك ئاھاڭدا كۈيلىگۈچى، شېرىن تىل بىلەن ھېكايە قىلغۇچى.

ئەلھەزەر [الحذر] (ئە) 1) ئېھتىيات قىلماق، ئاۋايلىماق، پەخەس بولماق، دىققەت قىلماق. 2) كۆپىنچە ئۈندەش مەنىسىدە ئېيتىلىپ: «ھەزەر قىل! ساقلان! پەخەس بول! ساقلا!» غا ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

جەفايۇ جەبر يەتكۈر گەچ سىپېھرى نىلۇفەر تەنھا،
قەدەم دەرۋازەئى فەقر ئۈزرە قويدۇم ئەلھەزەر تەنھا.

— زەلىلى.

ئەلھەق [الحق] (ئە) ھەقىقەتەن، توغرىسى، راستتىن.

ئەلھەمدۇلىللاھ [الحمدلله] (ئە) 1) بارلىق مەدھىيە تەڭرىگە خاس؛ خۇداغا ھەمدىلەر بولسۇن. 2) خۇداغا شۇكۇر:

كەلدىم ئىشىككە دەپ «شەيئى لىللاھ»،
كۆردۈم يۈزۈڭنى، ئەلھەمدۇلىللاھ.

— مەشرەب.

ئەلھۆكمۇلىللا [الحكم لله] (ئە) ھۆكۈم قىلىش ئاللانىڭ ئىشىدۇر، خۇدانىڭ ھۆكۈمى شۇنداق.

ئەلۋان [الوان] (ئە) [بىرلىكى: لەۋن] رەڭلەر، بوياقلار، رەڭگارەڭ، تۈرلۈك ـ تۈمەن.

ئوتۇن گەر نەچچە ئەلۋاندۇر، كۆيۈپ ئوت بولسە يوق فەرقى،
ئەدەد مەئدۇم ئۇلۇر ئول ئوت كەبى سوزۇ جەلالىڭدىن.

— گۇمنام.

ئەلۋاھ [الواح] (ئە) [بىرلىكى: لەۋھە] لەۋھەلەر، تېكىست تاختىلىرى.

ئەلۋىدائ [الوداع] (ئە) كېتەر (ئايرىلىش) ۋاقتىدا خەيرلىشىش (خوشلىشىش) ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان: خەير، قېلىڭ ... مەنىلىرىدىكى سۆز؛ خەير ـ خوش، ئەلۋىدا، ياخشى قېلىڭ:

قىلىپ ئول زەمان پىر ئىلە ئەلۋىدائ،
چۇ شەھزادە بارماقغە قىلدى شۇجائ.

— ئا. نىزارى.

ئەلۋىدا قىلماق — خەيرلەشمەك؛ تەرك ئەتمەك؛ ۋىدالاشماق.

ساغەرى ئەلۋىدا — كېتىش، خەيرلىشىش ئالدىدا ئىچىلىدىغان مەي.

ئەلى [على] (ئە) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىلىرىدىن تۆتىنچىسى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى.

ئەلى زۇلفىقارى — ئەلىنىڭ قىلىچى.

ئەلىف [الف] (ئە) 1) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى بىرىنچى ھەرپ «ا» نىڭ نامى:

كى مىژگان ئوقىنى قاش ياسىدىن ئول ماھ رۇخسار،
ئەلىف ئىرمەس ئوقىدۇر «جان» ئىچىندە جانغە ئاتقاندۇر.

— ئەرشى.

2) ئوق، نەيزە؛ ھايات ۋاستىسى. 3) «ئەبجەد» ھېسابىدا بىر. 4) كۆچمە م: تىك شەكىل، تىك قامەت:

ئەلىف ئىردى قەدىم، ئەي شاھى خۇبان، ئەمدى نۇن يەڭلىغ،
ستەمگەرىي مۇرۇۋۋەت كۆرمەدىم دۇنيايى دۇن يەڭلىغ.

— زەلىلى.

5) كۆچمە م: كىشىنىڭ بەدىنىگە چېكىلگەن خال (داغ) نىڭ تىك تۇرغاندىكى شەكلى. 6) ئاھ، نالە، ئىز، نىشانە؛ ئەكس.

ئەلىف چەكمەك — ئېلىپ شەكلىدە سىزماق، يازماق.

ئەلىف كەسمەك — 1) بەدەنگە يۈزگە ئېلىپ شەكلىدە خال ئويماق. 2) مۇشەققەت چەكمەك.

ئەلىق [اليق] (ئە) «لايىق» نىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى. (ئەڭ لايىق، ئەڭ مۇۋاپىق).

ئەلىل [عليل] (ئە) ئىللەتلىك، نۇقسانلىق كېسەل؛ بىمار

(ئاغرىق)؛ غىش؛ دەردمەن، ئاجىز.

ئەلىل قىلماق — خار قىلماق؛ تارتىنماق؛ ھەزەر قىلماق؛ ئاغرىتماق؛ ئاجىزلاشتۇرماق.

ئەلىم I [عليم] (ئە) بىلەرمەن (بىلگۈچى)، دانا، خەۋەردار.

ئەلىم II [اليم] (ئە) ئەلەملىك؛ ئەلەم قىلغۇچى، مۇشەققەتلىك؛ ئېغىر.

ئەزابى ئەلىم — ئېغىر ئازاب، قاتتىق ئازاب.

ئەلىيۇلئەزىم [علي العظيم] (ئە) ئەڭ ئالىي، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ يۈكسەك:

ئىلاھا، سىفاتىڭ، ئەلىيۇلئەزىم،
كى ئەللاھ زاتىڭ، سىفاتىڭ قەدىم.

— ئا. نىزارى.

ئەلىيەق [ئەلىيەق] (ئە) ئەڭ لايىق، ئەڭ مۇناسىپ؛ مۇناسىپراق، لايىقراق؛ ئوخشاشراق؛ كېلىشكەن.

ئەما [عمى] (ئە) كور، قارىغۇ، ئەما؛ كورلۇق.

ئەمارەت [امارت] (ئە) ئەمىرلىك، ھاكىملىق، بەگلىك، ئەمىرگە قاراشلىق، مەنسەپدارلىق؛ ھۆكۈمرانلىق؛ بۇيرۇق قىلىش.

ئەمارەت دىۋانى — مەھكىمە.

ئەمارەت سىيتى — ئەمىرلىك، ھاكىملىق شان ـ شۆھرىتى.

ئەمارەت مەئاب [امارت مآب] (ئە) ئەمىرلىك مەنسەپىدىكى (ئەمىرنىڭ ئۇنۋانى)؛ ئەمىرلىك مەنسەپىدە تۇرغۇچى؛ ئەمىرلىكنى كۆزەتكۈچى.

ئەمارىي [عمارى] (ئە) 1) ئادەم توشۇش ئۈچۈن تۆگە ياكى پىلغا ئارتىلغان كاجىۋا، بالداق. 2) كۆچمە م: جىنازا، تاۋۇت:

چۈبىر نەئش ئەمارىغە كىردى ئىكەۋ،
كى ئۆلگەن كىلىن بىرلە جانسىز كۈيەۋ.

— ئا. نىزارى.

ئەماسىل [اماثل] (ئە) [بىرلىكى: مىسل] ئوخشاشلار؛ «ئەمسال 1» گە قاراڭ.

ئەمامە [عمامە] (ئە) سەللە، دەستار:

ئەفەندى سەن مەگەر ئىسلام ئېلىنىڭ شەھرىدە ئەلۋاق،
باشىڭدا بىر قۇچاق ئەمامەڭى جۈجى زەرىن دەرلەر.

— زەلىلى.

ئەمان [امان] (ئە) 1) خەۋپسىزلىك، ئاسايىشلىق؛ نەجات، قۇتۇلۇش، خالاس بولۇش.

ئەمان تاپماق — 1) تىنچلىق، پاراغەتتە بولماق. 2) نىجات تاپماق، قۇتۇلماق.

ئەمان ھىرزى — سېھىر ۋە جادۇغا قارشى يازدۇرۇلغان تۇمار.

ئەمانىي [امانى] (ئە) ئەپۇ، كەچۈرۈم.

خەتتى ئەمانىي — كەچۈرۈم خېتى، ئازادلىق خېتى.

ئەمەد [عمد] (ئە) ياغاچ، تۈۋرۈك.

ئەمەل I [عمل] (ئە) 1) ئۈمىد، ئىستەك، تىلەك، ئارزۇ. 2) ئىش، ھەرىكەت؛ ئىجرا. 3) مەنسەپ؛ خىزمەت؛ ۋەزىپە.

ئەمەل ئەھلى — ئەمەلدارلار.

ئەمەل ئەيلەمەك — 1) (بىرەر ئىشنى) بېجىرمەك، ئىجرا قىلماق. 2) رىئايە قىلماق؛ ئىش تۇتماق.

ئەمەل قىلماق — «ئەمەل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەمەل مۇفلىسلىغى — ياخشى ئىشلارنىڭ بولماسلىقى.

ئەمەل مىزانى — ئەمەل ئۆلچىمى.

ئەمەل ھىرىسى — ئەمەلگە بېرىلىش.

ئەمەل II [امل] (ئە) كۈي، ناخشا، ئاھاڭ.

ئەمەل ئەھلى — كۈيچى، كۈيلىگۈچى.

ئەمەلۇ قەۋل — كۈي ـ ئاھاڭ.

ئەمەلە [عمله] (ئە) 1) ئەمەلدارلار. خىزمەتچىلەر. 2) ئىش بېجىرگۈچىلەر. 3) پائالىيەت؛ ئىشلىنىش.

ئەمتار [امطار] (ئە) [بىرلىكى: مەتەر] يامغۇرلار، ھۆل ـ يېغىن؛ تامچىلار.

ئەمجاد [امجاد] (ئە) يۈكسەك دەرىجىلىك، شۆھرەتلىك، ئالىي نەسەب.

ئەمدا [عمدا] (ئە) قەستەن، بىلىپ تۇرۇپ، ئەتەي، ئەتەيلەپ.

ئەمدەن [عمداً] (ئە) «ئەمدا» غا قاراڭ.

ئەمر [امر] (ئە) 1) بۇيرۇق، ھۆكۈم، پەرمان. 2) ھەققىدە، خۇسۇسىدا، توغرىسىدا. 3) ئىش، ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە.

ئاۋ ئەمرى — ئوۋ ئىشى.

ئەمر ئەتمەك — «ئەمر قىلماق» قا قاراڭ.

ئەمر ئەيلەمەك — بۇيرۇق بەرمەك، بۇيرۇماق، پەرمان قىلماق.

ئەمردىن غەيرى — بۇيرۇقتىن تاشقىرى.

ئەمر قىلماق — بۇيرۇماق، پەرمان بەرمەك.

ئەمرۇنەھىي — بۇيرۇش، ئۈندەش (ياخشى يولغا) ۋە قايتۇرۇش (يامان يولدىن).

ئەمرۇنەئى — قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ئىشلار.

ئەمرى خىلاف — بۇيرۇققا خىلاپ ئىش قىلىش.

ئەمرى غەرىب — دىققەتنى جەلپ قىلغۇچى ھادىسە.

ئەمرى مەھال — قىيىن، بىجىرىش مۇشكۇل بولغان ئىش:

ئانىڭ خىزمەتىنى چۇ قىلسام خىيال،
كى ئەجرىنى ياندۇرماق ئەمرى مەھال.

— ئا. نىزارى.

ئەمرى مەئرۇف — ياخشىلىققا ئۈندەش.

ئەمرى ھىدايەت — توغرا بۇيرۇق، ھەققانىي بۇيرۇق؛ توغرا يول.

ئەمرى ئىتتىفاقىي — بىر - بىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا بىر خىل ئىش قىلىپ قويۇش، ئەينەن بىر خىل شېئىر يېزىش؛ تۇيۇقسىز بىرەر ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى.

ئەمراز [امراض] (ئە) [بىرلىكى: مەرەز] كېسەللىكلەر.

ئەمراغ [امراغ] (ئە) ئۆزىگە تارتىش، خۇشال قىلىش، بەزلەش.

ئەمراغ ئەتمەك — ئۆزىگە تارتماق، خۇشال قىلماق، بەزلىمەك.

ئەمرەد [امرد] (ئە) ياش، يىگىت.

ئەمرەق [امرق] (ئە) دوستلۇق، ئۈلپەت؛ ئامراق.

ئەمرۇد [امرود] (پ) نەشپۈت، ئامۇت.

ئەمرىبەدىئ [امربديع] (ئە + پ) گۈزەل، يېقىملىق ئىش، قىزىق ئىش.

ئەمرى مەۋھۇم [امر موهوم] (ئە) ھاياتىي گەپ.

ئەمرى مەئھۇد [امر معهود] (ئە) ئادەتتىكى ئىش.

ئەمسار [امصار] (ئە) [بىرلىكى: مىسىر] كاتتا شەھەرلەر.

ئەمسال I [امثال] (ئە) [بىرلىكى: مىسل] ئوخشاشلار، تەڭتۇشلار، تەڭداشلار.

ئەمسال II [امثال] (ئە) [بىرلىكى: مەسەل] مەسەللەر، ماقاللار، مىساللار؛ دەلىللەر.

ئەمسىلە [امثله] (ئە) [بىرلىكى: مىسال] مىساللار، ئۆرنەكلەر.

ئەمكىنە [امكنه] (ئە) [بىرلىكى: مەكان] تۇرار جايلار، ئورۇنلار.

ئەملاك [املاك] (ئە) [بىرلىكى: مۈلك] مۈلۈكلەر، بايلىقلار، يەر - سۇلار، كىشىنىڭ ئىختىيارىدىكى بۇيۇملار.

ئەملاك ئەتمەك — ئۆز مۈلكىگە ئايلاندۇرماق.

ئەملەھ [املح] (ئە) ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن، ئەڭ يېقىملىق.

ئەملەھ ئولماق — گۈزەللەشمەك، ئەڭ گۈزەل بولماق.

ئەمم [عم] (ئە) قېرىنداش.

ئىبن ئەمم — ئىككى تۇغقان بۇرادەرلەر:

ئەندەلىبى مەن ھەمىشە بوستانى ھەمدىدىن،
نەئت پاكى ئىبن ئەمم مۇستەفا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

ئەمما بەئد [امابعد] (ئە) مەقسەتكە كەلسەك، شۇنداق قىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن.

ئەممار [امار] (ئە) بۇيرۇغۇچى، ئۈندىگۈچى (يامان يولغا).

نەفسى ئەممار — يامان يولغا ئۈندىگۈچى نەپس.

ئەممارە [اماره] (ئە) «ئەممار» غا قاراڭ.

ئەممارە نەفس — «نەفسى ئەممارە» گە قاراڭ.

نەفسى ئەممارە — يامان يولغا ئۈندىگۈچى نەپس:

مەلەك تەسلىمى شەيتان كىبرىدەكتۇر بۇكى ئەقل ئۆزرە،
قىلىپ مەئمۇرى ئەمر ئىستەر ئەمارەت نەفسى ئەممارە.

— نەۋايى.

ئەممال [عمال] (ئە) 1) ئەمەل قىلغۇچى، ئىش كۆرگۈچى؛ 2) سېلىق سالغۇچىلار.

ئەمن [امن] (ئە) 1) ئامانلىق، تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق. 2) تىنچ؛ خىلۋەت؛ راھەت.

ئەمنى مەنزىل — تۇرار جاينىڭ خاتىرجەملىكى، خەۋپسىزلىكى؛

مەنزىل ئەمن — تىنچ جاي.

ئەمن ئاباد [امن آباد] (ئە + پ) 1) تىنچلىق جايى؛ تىنچ جاي، راھەت - پاراغەتلىك جاي؛ 2) تىنچ - ئامانلىق تىلىكى؛ ئالقىش.

ئەمنۇ ئەمان [امن وامان] (ئە) تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق ۋە راھەت.

ئەمنىيەت [امنيت] (ئە) تىنچلىق، ئامانلىق؛ خەۋپسىزلىك؛ خاتىرجەملىك.

ئەمنىيەت رۇب [امنيت روب] (ئە + پ) تىنچلىقنى بۇزغۇچى، تىنچسىزلاندۇرغۇچى.

ئەمۋات [اموات] (ئە) [بىرلىكى: مەييىت] ئۆلۈكلەر.

ئەمۋات ئەتمەك — كۆچمە م: خازان قىلماق؛ قىشلىق ئۇيقۇغا كىرگۈزمەك (دەرەخلەرنى).

باخ ئەمۋاتى — كۆچمە م: قىش ئۇيقۇسىدىكى دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر.

ئەمۋاج [امواج] (ئە) [بىرلىكى: مەۋج] مەۋجلەر، دولقۇنلار.

ئەمۋال [اموال] (ئە) [بىرلىكى: مال] ماللار، ئەشيالار، مال - مۈلۈك، مال - دۇنيا، بايلىقلار:

ئەمۋالى بولسا ھەددى ئەدەددىن فۇزۇن داغى،
ئەگزازى بولسە ھەمەدىن ئارتۇق ھەمە مەھەل.

— سەبۇرى.

ئەمىر [امير] (ئە) [كۆپلۈكى: ئۇمەرا] پادىشاھ، رەئىس، ھۆكۈمدار، ھاكىم، باشلىق، بەگ، پېشۋا.

ئەمىرزادە [اميرزاده] (ئە + پ) پادىشاھنىڭ ئوغلى، شاھزادە.

ئەمىرۇلمۇئمىنىن [اميرالمؤمنين] (ئە) 1) مۇسۇلمانلار ئەمىرى؛ 2) خەلىپىلەرگە بېرىلگەن نام؛ (ئەمىر سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئادەتتە «مىر» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.)

ئەمىرۇلئۇمەرا [اميرالامراء] (ئە) ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى، شاھلارنىڭ شاھى:

ئەيلەدىلەر ۋەسپى ئەمىرانە چىن،
بەلكى ئەمىرۇلئۇمەرا خانە چىن.

— زەلىلى.

ئەمىق [عميق] (ئە) چوڭقۇر، تېرەن:

تاپمادى بۇ مەلامەتنىڭ ھېچ فەرشتە يۇ پەرى،
يۇسۇف مىسرى رەشك ئېتەركىم چەھى غەبغەبىڭ ئەمىق.

— زەلىلى.

ئەمىق ئەيلەمەك — ئەتراپلىق پىكىر قىلماق.

ئەمىق زېھىن — ئۆتكۈر زېھىن، تېرەن (چوڭقۇر) پىكىر.

ئەمىق ئولماق — چوڭقۇر بولماق.

جەھالەت ئەمىقى — جاھالەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى:

ئەقىدە يولىدىن كىمەرسە چىقار،
جەھالەت ئەمىقىغە ئۆزىنى تىقار.

— ئا. نىزارى.

فىكرى ئەمىق — چوڭقۇر پىكىر:

تەئەممۇل بىلە قىلدى فىكرى ئەمىق،
خىيالات بەھرىدە بولدى غەرىق.

— ئا. نىزارى.

ئەمىن [امين] (ئە) 1) ساقلىغۇچى؛ ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇچى، سادىق، ئىشەنچلىك؛ توغرا؛ خەزىنىچى. 2) خەۋپسىز، تىنچ، سالامەت:

بەلايۇ فىتنەدىن دايىم ئەمىندۇر،
مۇرەببىئى بۇ تۈركىستان زەمىندۇر.

— زەلىلى.

3) ۋەكىل.

ئەمىيم [عميم] (ئە) ئومۇمى؛ ئاما؛ ھەممىگە يېيىلغان، بارچىگە تەڭ.

ئەمىيمى لۇتف — بارچىگە تەڭ ئىلتىپات.

لۇتفى ئەمىيم — «ئەمىيمى لۇتف» قا قاراڭ.

ئەنا [عنا] (ئە) 1) مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، ئازاب؛ ئوقۇبەت، كۈلپەت؛ رەنج. 2) ھەسەت؛ ئىغۋا.

ئەھلىئەنا — ھەسەتخورلار، ئىغۋاگەرلەر، خاپىلىق كەلتۈرگۈچىلەر.

رەنجۇ ئەنا — رەنجىش ۋە مۇشەققەت.

ئەنادىل [عنادل] (ئە) [بىرلىكى: ئەندەلىب] بۇلبۇللار.

ئەناسىر [عناصر] (ئە) ماددىلار، ئېلېمېنتلار، بىرەر نەرسىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى؛ ئۇنسۇرلار:

ئەناسىردىن قىلىبسەن ئادەمىزاد،
بىراۋنى دىۋىدەك، بىرنى پەرىزاد.

— خەراباتى.

ئەناسىرى ئەربەئە — تۆت ئۇنسۇر، ئېلېمېنت (سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت).

ئەناسىرى ئەفلاك — پەلەك جىنسلىرى، ئۇنسۇرلىرى.

ئەنام [انام] (ئە) كىشىلەر، خەلق.

بەينەل ئەنام — خەلق ئارىسىدا.

كاففەئى ئەنام — بارچە ئادەملەر، بارچە خەلق.

ئەنامىل [انامل] (ئە) پەنجە ئۇچلىرى.

ئەنان [عنان] (ئە) بۇلۇت.

ئەنانىيەت [انانيت] (ئە) 1) مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق، ئۆزۈمچىلىك. 2) ئىززەت نەپسى، غۇرۇرى.

ئەنانىيەت خاشاگىن ساۋۇرماق — كىبىر ۋە تەكەببۇرلۇقنى يوقاتماق، يەڭمەك.

ئەناۋىن [عناوين] (ئە) [بىرلىكى: ئۇنۋان] نام - نىشانلار، بەلگىلەر، ئۇنۋانلار.

ئەنە [انا] (ئە) مەن.

ئەنە ئەفەسەھ — مەن ئۆتكۈر ناتىقمەن.

ئەنە ئەفسەھ — «ئەنەئەفەسەھ» كە قاراڭ.

ئەنەس [انس] (ئە) پەيغەمبەر ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

ئەنەلھەق [اناالحق] (ئە) مەن ھەقمەن:

مەستانە ئەنەلھەق ئۇزە ئەسرارنى كۆردۇم،
مەنسۇر بولۇپ باش ئالىبان دارنى كۆردۇم.

— گۇمنام.

ئەنبار [انبار] (پ) 1) خامان، ئامبار. 2) ئەخلەت، سۈپۈرۈندى.

ئەنبار ئەيلەمەك — يىغماق، جەملىمەك.

ئەنباركەش [انبار كيش] (پ) ئەخلەت توشۇغۇچى، يىغقۇچى.

ئەنباز [انباز] (پ) 1) شېرىك، ئۈلپەت؛ جۈپ، ئەش:

گەھى قەتر ئىچرە بالىق بىرلە ھەمساز،
گەھى مەۋج ئۈستىدە كۆن بىرلە ئەنباز.

— لۇتفى.

ئەنباز كەلمەك — ماس كەلمەك، مۇۋاپىقلاشماق.

ئەنباز ئولماق — شېرىك، ئورتاق بولماق.

ئەنبانچە [انبانچه] (پ) خالتا، تۇۋرا.

ئەنبە [انبه] (پ) ئىران ۋە ھىندىستان مېۋىلىرىدىن بىرى.

ئەنبەر [عنبر] (ئە) 1) خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەييارلانغان خۇشبۇي قارا ماددا؛ خۇش پۇراق. 2) كۆچمە م: يارنىڭ قارا، خۇشبۇي چېچى.

ئەنبەر سارا — ساپ ئەنبەر، ئەلا خۇش پۇراق ئەنبەر؛ ناھايىتى يېقىملىق پۇراق.

ئەنبەر نەسىم — ئەنبەر ھىدىنى كەلتۈرگۈچى، خۇش پۇراق تارقاتقۇچى.

ئەنبەرى سۇنبۇل — ئەنبەر پۇرايدىغان چاچ:

نې سىرۋ بىلە گاھدا بۇ شەكلى شىمايىلدۇر،
نې ئەنبەرى سۇنبۇلدا بۇ نەۋئى سىلاسىلدۇر.

— گۇمنام.

ئەنبەر ئاسا [عنبر آسا] (ئە + پ) ئەنبەرگە ئوخشاش، ئەنبەردەك.

ئەنبەر ئالۇد [عنبر آلود] (ئە + پ) ئەنبەر ئارىلاش: ئەنبەردەك قاپقارا.

ئەنبەر ئەفشان [عنبرافشان] (ئە + پ) ئەنبەر (خۇش پۇراق) چېچىلغان؛ ئەنبەر چاچقۇچى، تارقاتقۇچى.

ئەنبەر ئەفشان ئەيلەمەك — خۇش پۇراق تارقاتماق، يايماق.

ئەنبەر بار [عنبر بار] (ئە + پ) ئەنبەر ياغدۇرغۇچى، يېقىملىق ھىد تارقاتقۇچى.

ئەنبەر بىز [عنبر بيز] (ئە + پ) ئەنبەر چېچىلغان، خۇشبۇي.

ئەنبەرسا [عنبرسا] (ئە + پ) «ئەنبارساي» غا قاراڭ.

ئەنبەرساي [عنبرساى] (ئە + پ) 1) ئەنبەر سۈرتۈلگەن خۇشبۇي؛ 2) تاڭ قاراڭغۇلۇقى.

ئەنبەر سىرىشت [عنبرسرشت] (ئە + پ) ئەنبەرلىك، ئەنبەر ئارىلاش، خۇشبۇي.

ئەنبەر شەمىم [عنبر شميم] (ئە) ئەنبەر ھىدلىق، خۇشبۇي.

ئەنبەرفىشان [عنبرفشان] (ئە + پ) خۇش پۇراق تارانقۇچى، ئەنبەر چاچقۇچى.

ئەنبەرۋەش [عنبروش] ئەنبەرگە ئوخشاش، ئەنبەر پۇراقلىق.

ئەنبەرىن [عنبرين] (ئە + پ) 1) ئەنبەر ھىدلىق، خۇشبۇي؛ ئەنبەر ئارىلاشقان؛ 2) قارا نەرسە:

ئەنبەرىن خالىڭ فىداسى قىلغالى ئۈششاقلار،
جان قولۇرىن ئىلكىگە ئالىپ دەما ـ دەم ساناشۇر.

— ئەرشى.

ئەنبەرىن ئەفئى — قارا يىلان؛ كۆچمە م: ئۆرۈلگەن ئۇزۇن قارا چاچ.

ئەنبەرىن تەناب — كۆچمە. خۇشبۇي پۇرايدىغان، ئەمبەر ھىدلىق چاچ.

ئەنبەرىن خال — قارا خال، مەڭ.

ئەنبەرىن دۇد — كۆچمە م: خۇشبۇي، ئەنبەر پۇرايدىغان قاپقارا چاچ.

ئەنبەرىن زۇلف — 1) خۇشبۇي، ئەنبەر ھىدلىق قارا چاچ؛ 2) قاراڭغۇ كېچە.

ئەنبەرىن فام — ئەنبەر تۈسلۈك، ئەنبەر ھىدلىق چاچ.

ئەنبەرىن ھىلال — (ھىلال: ئۈچ كۈنلۈك ئاي) كۆچمە م: قاراقاش.

ئەنبۇر [انبور] (پ) ئامبۇر، قىسقۇچ.

ئەنبۇھ [انبوه] (پ) 1) ئۇيۇشقان، توپلانغان. 2) تولا، ناھايىتى كۆپ، سان ـ ساناقسىز. 3) جامائەت، گۇرۇھ:

نەمايان كۆرۈپ بېستۇن كۇھنى،
ئاڭا ئىشلەگەن خەيلى ئەنبۇھنى.

— ئا. نىزارى.

ئەنبۇھ ئولماق — كۆپەيمەك، ئارتماق.

ئەنبىيا [انبيا] (ئە) [بىرلىكى: نەبىي] پەيغەمبەرلەر، نەبىيلەر، ئەلچىلەر: تائەتدە ئۇزۇن ئۆمر شۇمارى ئاخىر، تاپقىندابىل ئەنبىيا شىئارى ئاخىر.

نەۋايى

ئەنبىيا ھەلقەسىنىڭ خاتىمى — پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرى (مۇھەممەد پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ):

ئەنبىيائى مۇرسەلىن — ئەلچىلەر، كىتاب ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر.

ئەنجام [انجام] (پ) 1) ئاقىۋەت، ئاخىر، تۈگەش؛ نەتىجە، بېجىرىش؛ تۈگەللىنىش:

ئەزەلدىن جەھان رەسمى ئەنجامىدا،
ئەمەس ئىنسۇجىن ئەسلە ئارامىدا.

— ئا. نىزارى.

ئەنجام **ئەيلەمەك** — كۆچمە م: قەست قىلماق؛ لايىق كۆرمەك.

ئەنجام **بەرمەك** — تۈگەتمەك، ئاخىرىغا يەتكۈزمەك.

ئەنجام **تاپماق** — ئاخىرىغا يەتمەك، تۈگىمەك، تامام بولماق.

ئەنجامۇ **ئاغاز** — ئاخىر ۋە باشلىنىش.

ئەنجامى **ئەدل** — ئادالەت نەتىجىسى.

ئەنجامىغا **يەتكۈزمەك** — تۈگىمەك، تامام بولماق.

ئەنجۇم [انجم] (ئە) [بىرلىكى: نەجىم] 1) يۇلتۇزلار. 2) ئۈنچە، مەرۋايىتلار:

يىغلىدى ھەممە خەلق ئەنجۇم كەبى،
نە ئەنجۇم كەبى، يىل ئانى قۇم كەبى.

— ئا. نىزارى.

ئەنجۇم **ئەنجۇمەنى** — يۇلتۇزلار توپى.

ئەنجۇم **تۆكمەك** — كۆچمە م: ياش تۆكمەك.

ئەنجۇم **تىرناغى** — يۇلتۇز قىرلىرى.

ئەنجۇم **خەيلى** — يۇلتۇزلار لەشكىرى؛ يۇلتۇزلار توپى.

ئەنجۇم **دۇررى** — يۇلتۇزلار.

ئەنجۇم **دىرەملەرى** — يۇلتۇز تەڭگىلىرى؛ يۇلتۇز نۇرلىرى، كۆرۈنۈشلىرى.

ئەنجۇم **ساچماق** — كۆچمە م: بەخت - سائادەت بەرمەك.

ئەنجۇم **سىپاھ** — سانسىز، ساناقسىز، ھېسابسىز قوشۇنلار؛ ئەسكىرى يۇلتۇزدەك كۆپ.

ئەنجۇم **سىپاھى** — يۇلتۇزلار لەشكىرى.

ئەنجۇم **قىياس** — يۇلتۇزغا ئوخشاش.

ئەنجۇم **كۆزى** — يۇلتۇزلار يورۇقلۇقى، نۇرلۇق كۆرۈنۈش.

ئەنجۇم **گۇرۇھ** — كىشىلىرى يۇلتۇزدەك كۆپ.

ئەنجۇم **گۈلى** — يۇلتۇزلار گۈلى؛ ھېسابسىز گۈل.

ئەنجۇمى **ئەشك** — ياش تامچىلىرى.

ئەنجۇمى **پەيكان** — ھېسابسىز نەيزىلەر، تىغلار؛ كۆز ئوقى.

ئەنجۇمى **رەخشان** — پارلاق يۇلتۇزلار.

ئەنجۇمى **سىپېھرنىشىن** — ئاسمانغا تاقالغان يۇلتۇزلار؛ ئېگىز، يورۇق يۇلتۇزلار.

ئەنجۇمى **شەبگەرد** — «ئەنجۇمى شەبگىر» گە قاراڭ.

ئەنجۇمى **شەبگىر** — تۈندە سەير قىلغۇچى (ئايلىنىپ يۈرگۈچى) يۇلتۇزلار.

ئەنجۇمۇ **نەھس** — يامانلىق كەلتۈرگۈچى يۇلتۇزلار.

ئەنجۇمى **ئۇلۇۋۋى رىفئەت** — يۈكسىلىشنىڭ ئالىي يۇلتۇزلىرى؛ ئەڭ ئېگىز، يۈكسەك يۇلتۇزلار.

ئەنجۇمەن [انجمن] (ئە) 1) يىغىلىش، مەجلىس، يىغىن، بەزمە، مەرىكە. 2) كۆپچىلىك، جامائەت:

ھەمراھ ئىدى يەتتە قەلەندەر بىلەن،
سۆھبەتتىمىزدىن ھەمەيەر ئەنجۇمەن.

— زەلىلى.

ئەنجۇمەن **ئەھلى** — بەزمىدىكىلەر؛ مەجلىس، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى.

ئەنجۇمەنى **غەم** — خاپىلىق، ماتەم يىغىنى؛ دەرد - ئەلەمنىڭ كۆپلۈكى، كۆلپەتلەر يىغىندىسى.

ئەنجۇمەن ئاراي [انجمن آرای] (ئە + پ) يىغىلىشقا ھۆسن بەرگۈچى، بېزىگۈچى.

ئەنجۇمەن پەردازلىغ [انجمن پردازليغ] مەجلىسنى قىزىتماقلىق.

ئەنجۇمەن دىيدە [انجمن ديده] (ئە + پ) مەجلىس كۆرگەن، كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك.

ئەنجۇمەن ساز [انجمن ساز] (ئە + پ) 1) مەجلىس قۇرغۇچى؛ 2) كېڭەش بىلەن ئىش قىلغۇچى.

ئەنجۇم رەباي [انجم رباى] (ئە + پ) يۇلتۇزنى ئۆزىگە تارتىدىغان؛ يۇلتۇزلارنى نىشانغا ئالغۇچى:

ھەم ئوقى تىرە كىبچە ئەنجۇم رەباي،
ھەم قىلىچى زەھەم بولۇپ يېگى ئاي.

— نەۋايى.

ئەنجۇم رىز [انجم ريز] (ئە + پ) 1) يۇلتۇزلارنىڭ نۇر ياغدۇرۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئۆچۈشى. 2) يامغۇرغا ئوخشاش كۆز يېشى.

ئەنجۇم سان [انجم سان] (ئە) يۇلتۇزدەك، يۇلتۇزغا ئوخشاش؛ ئەتراپىنى يۇلتۇز ئورىغاندەك.

ئەنجۇمشۇناس [انجم شناس] (ئە + پ) يۇلتۇزشۇناس، ئاسترونوم، مۇنەججىم.

ئەنجۇم گۇرۇھ [انجم كروه] (ئە + پ) كۆپ پۇقرالىق (شاھ)، كىشىلىرى يۇلتۇزدەك كۆپ.

ئەنداز [انداز] (پ) 1) تاشلىغۇچى، ئاتقۇچى؛ سالغۇچى. 2) تاشلاش، ئېتىش. 3) قەست، دۈشمەنلىك. 4) مۆلچەر؛ ئىنتىلىش؛ نىشانغا ئېلىش.

خارە **ئەنداز** — تاش ئاتقۇچى.

ئەندازە [اندازه] (پ) 1) ئۆلچەم، قېلىپ، ئەندىزە. 2) نەمۇنە؛ قىياس؛ سېلىشتۇرۇش؛ ئوخشاش. 3) يۈكسەكلىك، ئېگىزلىك.

ئەندازەسىز [اندازەسز] ئۆلچەمسىز، چەكسىز، چېگراسىز، ھېسابسىز؛ قىياسسىز.

ئەندام [اندام] (پ) 1) بەدەن، بوي، گەۋدە، قەددى ـ قامەت، تەن؛ جىسىم:

چۈ خۇسرەۋ كۆرۈپ بۇ سىفەت يالپال،
ئەجەب شىر ئەندامۇ ساھىب جامال.

— ئا. نىزارى.

2) ئەپت ـ بەشىرە؛ قىياپەت. 3) زىننەت؛ تەرتىپ؛ يارىشقلىق؛ كۆركەملىك. 4) كۆرۈنۈش.

ئەندام **بەرمەك** — زىننەت بەرمەك؛ تەرتىپكە سالماق.

ئەندامى **رۇھئەۋزا** — روھلاندۇرغۇچى قىياپەت.

ئەندەر [اندر] (پ) ئىچىدە، ئارىسىدا؛ ··· ـ دا، ··· ـ دە.

زەر ئەندەر زەر — ئالتۇن، ئالتۇن ئىچىدە.

ئەندەرز [اندرز] (پ) پەند ـ نەسىھەت؛ ۋەسىيەت.

ئەندەك [اندک] (پ) بىرئاز، ئازغىنا؛ جىندەك:

ئەندەك ئاھىم، قورقمەن، توققۇز فەلەكنى ئۆرتەگەي،
گەر قويى يۈزلەنسە بىللە تا سەمەكنى ئۆرتەگەي.

— ئەرشى.

ئەندەلىب [عندليب] (ئە) بۇلبۇل:

ئەندەلىبى بىنەۋا يەڭلىغ قاچانغە يىغلايىن،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە بىردەم بەختى بىدار ئولماسا.

— زەلىلى.

ئەندەلىبى **خۇشنەۋا** — يېقىملىق كۈيلىگۈچى بۇلبۇل؛ كۆچمە م: پەيغەمبەرلىك بەلگىسى.

ئەندەلىبى **سۇخەنۋەر** — سۆزلىگۈچى (گەپ قىلغۇچى) بۇلبۇل، شېرىن سۆز بۇلبۇل؛ بىلىمدانلىق كۈيچىسى.

ئەندەلىبى **نەغمە سەراي** — كۈيلىگۈچى بۇلبۇل؛ كۆچمە م: بىلىمدىغان، دانىشمەن.

ئەندەلىبۋار [عندليب وار] (ئە + پ) بۇلبۇلغا ئوخشاش، بۇلبۇلدەك، بۇلبۇل سۈپەت:

چېكىپ ئەندەلىبۋار ئاھۇ فىغان،
ئوقۇپ ئىشق ھەرفى بىلەن داستان.

— ئا. نىزارى.

ئەندۇختە [اندوخته] (پ) ھاسىل قىلىنغان، توپلانغان، يىغىلغان، نەتىجە.

ئەندۇختەئى **ئىشتىياق** — زوق ـ شوق، ئىستەك يىغىندىسى، دولقۇنى.

ئەندۇد [اندود] (پ) سۇۋالغان؛ قاپلانغان؛ سۈرتۈلگەن؛ (كۆپىنچە مۇستەقىل سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ.)

سىيمى زور ئەندۇد — كۈمۈش ئۈستىگە ئالتۇن قاپلانغان.

ئەندۇز [اندوز] (پ) كۆپىنچە سۆزلەرگە قوشۇلۇپ: 1) ئالغۇچى؛ ھاسىل قىلغۇچى؛ قازانغۇچى. 2) ئېلىش، ھاسىل قىلىش؛ قازىنىش، ··· قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىشرەت ئەندۇرز — راھەتلىك، پاراغەتلىك.

ئەندۇھ [اندوه] (پ) غەم، قايغۇ، ئەلەم، دەرد، رەنج.

ئەندۇھ **تۇفراغى** — قايغۇ، ئەلەم تۇپرىقى.

ئەندۇھ **غىزاسى** — غەم يېيىش، ئەلەم چېكىش.

ئەندۇھ **يەئجۇجى** — غەم لەشكىرى.

ئەندۇھ **يېلى** — غەم شامىلى.

ئەندۇھى **دەۋران** — دەۋر، زامان، غەم ئەلەملىرى.

ئەندۇھى **فۇرقەت** — ئايرىلىش غېمى، دەردى، قايغۇسى.

ئەندۇھى **فىراق** — پىراق قايغۇسى.

ئەندۇھى **ھىجران** — ئايرىلىش قايغۇسى.

ئەندۇھ ئاسا [اندوهآسا] (پ) غەم ئارىلاش، قايغۇ ـ غەم بىلەن.

ئەندۇھ ئەفزا [اندوهافزا] (پ) غەم، قايغۇ كەلتۈرگۈچى؛ مۇڭلۇق، قايغۇلۇق، غەمكىن.

ئەندۇھزا [اندوهزا] (پ) قايغۇ، غەم كەلتۈرگۈچى، ئارتتۇرغۇچى.

ئەندۇھزا **خەيلخانەسى** — غەم ـ قايغۇلار ئۆيى.

ئەندۇھگىن [اندو ەكين] (پ) غەملىك، قايغۇلۇق.

ئەندۇھلىغ [اندوهليغ] قايغۇلۇق.

ئەندۇھناك [اندوهناك] (پ) قايغۇلۇق، غەملىك، دەردلىك:

ھىدايەت زەمانىدا ئول زاتى پاك،
كىرىپ كەئبە يولىغە ئەندۇھناك.

— ئا. نىزارى.

ئەندىش [انديش] (پ) 1) پىكىر، ئوي، خىيال؛ مۇلاھىزە. 2) پىكىر قىلغۇچى، ئويلىغۇچى. 3) مۇلاھىزىلىك.

ئەندىشە [انديشه] (پ) 1) پىكىر، ئوي، خىيال، مۇلاھىزە. 2) خەۋپ، قورقۇنچ. 3) مەقسەت، قەست:

ئالىپ قولغە مىتىن بىلە تىشەنى،
سۇ ئاچماق ئۈچۈن قىلدى ئەندىشەنى

— ئا. نىزارى.

ئەندىشە **قىلماق** — ئويلىماق، پىكىر قىلماق.

ئەندىشەئى **گۇمراھ** — كۆچمە م: ئېتىقاد.

ئەندىشەئى **نۇر** — چوڭقۇر خىيال، پىكىر.

ئەندىشەۋار [انديشەروار] (پ) مۇلاھىزىلىك پىكىر؛ مەقسىتى ئوخشاش.

ئەندىشەۋار **بولماق** — پىكىر، مەقسەت جەھەتتىن ئوخـ

شىماق، پىكىر، مەقسىتى ئوخشاش بولماق؛ مۇلاھىزىلىك بولماق.

ئەنزار [انظار] (پ) قاراشلار، نەزەرلەر؛ بېقىشلار؛ تەكشۈرۈش.

كەۋكەب ئەنزارى — يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋتى.

ئەنساب [انساب] (ئە) [بىرلىكى: نەسەب] نەسەبلەر، نەسىللەر.

ئەنسار [انصار] (ئە) ياردەمچىلەر؛ ياردەم بەرگەنلەر؛ مەدەت بەرگۈچىلەر، تەرەپدارلار؛ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە مەدەت بەرگەن مەدىنە ئاھالىسى، ئەنسارلار.

ئەنسەب [انسب] (ئە) ئەڭ مۇناسىپ، ئەڭ لايىق؛ مۇناسىپراق، لايىقراق.

ئەنشى [انشى] (ئە) ئىنشا، يېزىق، خەت، ئىجاد.

ئەنشى ئەتمەك — ئىنشا قىلماق، يازماق، ئىجاد قىلماق.

ئەنفاس [انفاس] (ئە) [بىرلىكى: نەفەس] 1) نەپەسلەر، تىنىقلار؛ دەملەر. 2) تىل، ئاۋاز، سۆز؛ سۆزلەش ئاھاڭى.

ئەنفاسى جان بەخش — «ئەنفاسى مەسىھا» غا قاراڭ.

ئەنفاسى رۇھۇللاھى — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپەسى، جان بەخش ئەتكۈچى، تىرىلدۈرگۈچى نەپەسلەر؛ ئۆتكۈر نەپەس.

ئەنفاسى فەسىھ — يېقىملىق نەپەسلەر.

ئەنفاسى قۇدسى — «ئەنفاسى مۇقەددەس» كە قاراڭ.

ئەنفاسى مەسىھ — ئەيسا نەپەسلىرى.

ئەنفاسى مەسىھا — جان بېغىشلىغۇچى نەپەسلەر، ئۆتكۈر نەپەسلەر:

سۈرەتى يۇسۇف، نىگارا سەندەدۇر،
دايىم ئەنفاسى مەسىھا سەندەدۇر.

— لۇتفى.

ئەنفاسى مۇقەددەس — پاك، مۇقەددەس نەپەسلەر.

ئەنفاسى نەفھەئى سەندەل — سەندەل دەرىخىنىڭ ئىسى كېلىدىغان نەپەسلەر.

ئەنفاسى ئىساسىرىشت — ئەيسا دېمى بىلەن يۇغۇرۇلغان؛ ھاياتبەخش، جانلاندۇرغۇچى.

ئەنفەئ [انفع] (ئە) ئەڭ پايدىلىق؛ پايدىلىقراق، پايدىلىق.

ئەنفۇس [انفس] (ئە) [بىرلىكى: نەفس] شەخسلەر، جانلار.

ئەنقا [عنقا] (ئە) 1) قاپ تېغىدا ياشايدىغان ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى، ئەنقا. 2) تېپىلماس، نادىر، يېگانە:

كۆزلەرىڭدەك بەسكى تۇتتۇم گۇشە ئۇزلەت قاقىدە،
فەرق ئېتە ئالماي دۇرۇرلار زەررە ئەنقارىن مېنى.

— ئاتايى.

ئەنقەرىب [عنقريب] (ئە) يېقىندا، يېقىن كۈندە، يېقىن ئارىدا؛ ئېھتىمال:

ئەي گۆرىستان ئەھلى بىر - بىر تۇتۇڭىز راھى ئەدەم،
كىم مەلۇل ئۆلمەك بۇ كۈن تاڭلا قىيامەت ئەنقەرىب.

— زەلىلى.

ئەنكەبۇت [منكبوت] (ئە) ئۆمۈچۈك:

قارا زۇلفۇڭ خەيالى چىرمادى باشىدىن ئاياغىمنى،
مەگەر بىر ئەنكە بۇتىغە مەگەسدەك سەيدى تار ئولدۇم.

— گۇمنام.

ئەنكە بۇتى پەردەدارى — ئۇۋا ياسىغۇچى ئۆمۈچۈك.

ئەنكەر [انكر] (ئە) ناھايىتى يېقىمسىز (ئاۋاز ھەققىدە)؛ خۇنۇك؛ يېقىمسىزراق.

ئەنكەرۇلئەسۋات — ئەڭ يېقىمسىز، خۇنۇك ئاۋاز، ئاۋۇش.

ئەنكەل [عنكل] (ئە) گىرىپتار، باغلىنىپ قالغان، بېرىلىپ قالغان، ئاشىق.

ئەنگەبىن [انكبين] (پ) «ئەنگۈبىن» غا قاراڭ:

زەھر ئىچەر يار ئىلكىدىن ھەرزار رىندى مەيپەرەست،
ھۇرى جەننەت ئەنگەبىندىن ئەيلەگەن ھەلۋا بىلۇر.

— گۇمنام.

ئەنگەچە [انكچه] ئۈنچىغىنچە؛ ئۇ پەيتكىچە؛ ئۇ ۋاقىتقىچە.

ئەنگەل [انكل] (پ) دەخلى يەتكۈزگۈچى؛ ئارتۇقچە، بىگانە؛ يېقىمسىز كىشى.

ئەنگۈبىن [انكبين] (پ) ھەسەل، بال:

لەئلى ھەدىسىدە دىمانىڭىم، سىفەت ئۆيلە كىرىپىگىن،
ئەغزىمە چۈنكى سانچىلۇر نىش بۇ ئەنگۈبىن ئارا.

— نەۋايى.

ئەنگۈر [انكور] (پ) ئۈزۈم:

ياپۇرماغى ئارا ئەنگۈر شاھى،
سىپەر تارتىپ يۈزىگە چۈن سىپاھى.

دانەئى ئەنگۈر — ئۈزۈم دانىسى:

كەچكۈل ئىچرە دانەئى ئەنگۈر ئىدى،
دانە ئېرمەس ئېردى، ئەينى نۇر ئىدى.

دەرەختى ئەنگۈر — ئۈزۈم تېلى، تال.

ئەنگۈرىستان [انكورستان] (پ) ئۈزۈمزارلىق، ئۈزۈملۈك باغ.

ئەنگۈشت [انكشت] (پ) بارماق (قول ياكى پۇتنىڭ.)

ئەنگۈشتخاي [انكشت خاى] (پ) ھەيرەتتە قالغان،

ھەيران؛ ئەپسۇسلىنىش.

ئەنگۈشتنەما [انكشت نما] (پ) بارماق بىلەن سانىغۇدەك؛ ئەتىۋارلىق؛ كۆزگە كۆرۈنەرلىك؛ شۆھرەت، داڭق چىقارغان؛ ئابرۇيلۇق؛ ھەممىنى قايىل قىلىدىغان.

ئەنگىز [انكيز] (پ) 1) قوزغىتىش؛ قوزغاتقۇچى، ئويغاتقۇچى. 2) قەست. 3) باشلاش؛ مەشغۇل بولۇش:

سەن ئانداق نازۇ ئىشرەت بىرلە ئەنگىز،
مەن ئۇش مۇنداق سىپەرشكىم بىرلە خونرېز.

— لۇتفى.

ئەنگىز ئەيلەمەك — باشلىماق، بايان قىلماق؛ كۆتۈرمەك.

ئەنگىز قىلماق — «ئەنگىز ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

بۇ دەۋلەتدىن ھەسەد ئېتىپ زەمانە،
يەنە ئەنگىز قىلدى مىڭ باھانە.

— لۇتفى.

فىتنە ئەنگىز — پىتنە قوزغىغۇچى؛

ئىشرەت ئەنگىز — شادلىق قوزغىغۇچى.

ئەنھار [انهار] (ئە) دەريالار؛ قانالّلار، ئېقىن سۇلار:

سالىپ تەرھى مىيشمار ئىشىغە بۇلار،
قىلىپ جارى ئەنھار ئىچرە سۇلار.

— ئا. نىزارى.

ئەنھى [انهى] (ئە) خەۋەر، مەلۇمات.

ئەنۋار [انوار] (ئە) [بىرلىكى: نۇر] 1) نۇرلار، يورۇقلۇقلار، روشەنلىكلەر. 2) كۆچمە م: چېھرە، نۇرلۇق چېھرە:

ئەنۋارى تەجەللىيى ئىلاھاغا تولۇپدۇر،
تاسەر سەرى ئالەمگە زەلىلى چۇ نەزەر قىل.

— زەلىلى.

ئەنۋارۇلھۇدا — توغرا يول نۇرلىرى:

«ئىشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل كەئسى ئەنۋارۇلھۇدا»
(قۇياشتەك چاقناپ تۇرغان قەدەھنىڭ شولىسىدىن توغرا يول نۇرلىرى پارلايدۇ.)
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سەدا.

— نەۋايى.

ئەنۋارى شاھەنشەھ — ئۇلۇغ شاھلىق بەلگىسى، شاھلىق نۇرلىرى؛ ئۇلۇغ كۆرۈنۈش.

ئەنۋارى قۇدس — مۇقەددەس نۇرلار.

ئەنۋارى ئىشراق — پارلىغان نۇر.

ئەنۋاء [انواء] (ئە) [بىرلىكى: نەۋئ] تۈرلەر، خىللار؛ خىلمۇ خىل، ھەر خىل، تۈرلۈك - تۈمەن.

ئەنۋائى بەلىيەت — تۈرلۈك خاپىلىقلار؛ ھەر خىل كۆرگۆلۈكلەر.

ئەنۋائى زەرەر — تۈرلۈك - تۈمەن زەرەرلەر.

ئەنۋائى قىسىق — تۈرلۈك - تۈمەن يامان ئىشلارنى قىلماق.

ئەنۋائى نېئمەت — خىلمۇ خىل نېمەت:

يېتىلۇر بىس لەتىق ئەنۋائى نېئمەت.
كېلىپ قىلسا بۇلۇر تۈرلۈك مەئىشەت.

— لۇتفى.

ئەنۋائى نىيازمەندلىغ — تۈرلۈك - تۈمەن ھاجەتمەنلىك.

ئەنۋائى ئىززا ۋە زەرەر — ناھايىتى كۆپ، تۈرلۈك كۆلپەتلەر ۋە زىيانلار، ئەزىيەتلەر.

ئەنۋەر [انور] (ئە) ئەڭ نۇرلۇق، ئەڭ روشەن، پارلاق:

باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
رۇخۇڭنى چۇن مەھى ئەنۋەر تەجەللىئى خۇدا دەرلەر.

— زەلىلى.

ئەنىس [انيس] (ئە) 1) ئۈلپەت، دوست، يېقىن، ئورتاق، ئاشنا، ھەمدەم، ھەمدەرد، ھەمسۆھبەت، سىرداش؛ 2) يېقىنلىق.

ئەنىس بولماق — ئۈلپەت بولماق.

ئەنىسى ئەنجۇمەن — مەجلىس ئۈلپىتى؛ كۆڭۈلگە يېقىن دوست، ھەمسۆھبەت؛ سىرداش.

ئەنىسى جاۋىدانىي — مەڭگۈلۈك دوست؛ ئايرىلماس ئۈلپەت.

ئەنىسى خىلۋەت — يالغۇزلۇقتىكى ھەمدەم، سىرداش دوست.

ئەنىف [عنيف] (ئە) 1) قوپال، رەھىمسىز؛ قەھىرلىك. 2) ئۆچەكەشكۈچى.

ئەنىن [انين] (ئە) نالە قىلىش.

ئەھادىس [احاديث] (ئە) [بىرلىكى: ھەدىس] پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى؛ ھەدىسلەر؛ سۆزلەر، گەپلەر.

ئەھادىس رەسۇل — پەيغەمبەر سۆزلىرى، ھەدىسلىرى.

ئەھادىسى مۇستە فاۋىي — پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەدىسلىرى.

ئەھالى [احالى] (ئە) خەلقلەر، كىشىلەر، ئادەملەر، ئاھالە.

ئەھەب (ب) [احب] (ئە) ناھايىتى سۆيۈملۈك، ئەڭ ياخشى.

ئەھەد [احد] (ئە) بىر، يالغۇز؛ بىرەركىم، بىرسى.

باغى ئەھەد — جەننەت، خۇدانىڭ بېغى.

ھېچ ئەھەد — 1) ھېچكىم. 2) كۆچمە م: خۇدا، تەڭرى.

ئەھمەق [احمق] (ئە) ئەڭ لايىق، مۇناسىپ؛ ھەقلىقراق.

ئەھەم (م) [اهم] (ئە) ناھايىتى مۇھىم.

ئەھباب [احباب] (ئە) [بىرلىكى: ھەبىب] دوستلار، يارانلار، سۆيۈملۈكلەر؛ سىرداشلار:

دۇرۇدۇ سەلام ئالى ئەسھابىغە،
كى تەسلىم ئەۋلادۇ ئەھبابىغە.

— ئا. نىزارى.

ئەھباب مۇلاقاتى — دوستلار سۆھبىتى.

ئەھبار [احبار] (ئە) دانىشمەنلەر، دانالار، ئالىملار.

ئەھد I [عهد] (ئە) ۋەدە، ۋەدە بېرىش، سۆز بېرىش، قەسەم، شەرت؛ ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەت.

ئەھد ئەتمەك — قەتئىي قارار قىلماق، سۆز بەرمەك، ئەھدۇ پەيمان قىلماق.

ئەھد ئەيلەمەك — ۋەدىلەشمەك، بىر سۆزدە بولماق.

ئەھد باغلىماق — قەتئىي قارار قىلماق، ۋەدە بەرمەك.

ئەھد شىكەن — ۋەدىنى بۇزغۇچى.

ئەھد مىساق — ئەھدۇ پەيمان، قەتئىي ۋەدە بېرىش.

ئەھدۇ قەۋل — شەرتلىشىش، قول باغلىشىش.

ئەھدى مەھكەم — ئۆز سۆزىدە تۇرغۇچى، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى.

ئەھدى يالغان — ئالدامچى؛ ۋاپاسىز. ۋەدىسى يالغان.

ئەھد II [عهد] (ئە) 1) دەۋر، زامان، ئەسىر. 2) ھايات، ئۆمۈر.

ئەھدى پەئىد — ئۇزاق مۇددەت؛ يىراق زامان، قەدىم زامان.

ئەھرار [احرار] (ئە) [بىرلىكى: ھۆر] 1) ئازاد، ئەركىن. 2) ئالىيجاناب، ھىممەتلىك؛ ئالىيجاناب ۋە ھىممەتلىكلەر؛

يەنە ھەزرەتى خاجە ئەھرارنى،
مۇھىببى خۇدا، پاك ئەبرارنى.

— ئا. نىزارى.

ئەھرەمەن [اهرمن] (پ) ئەڭ دەھشەتلىك دىۋە:

مەنى كۆرسە قاچادۇر شەيخۇلئىسلام ئەھرەمەن يەڭلىغ،
نىچۇن بويىنۇمدا زۇلفى تارى چىرماشقان تۇمارىم بار.

— گۇمنام.

ئەھزان [احزان] (ئە) غەملەر، قايغۇ - ئەلەملەر، قايغۇلار.

ئەھسەن [احسن] (ئە) 1) ناھايىتى ياخشى، ئەڭ گۈزەل؛ ياخشىراق، گۈزەلرەك. 2) ماختاش، ئاپىرىن.

ئەھسەن ئەيلەمەك — ياخشىلىماق، تۈزەتمەك.

ئەھسەنۇلقەسەس — قىسسەلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى، قىسسە ۋە ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى.

ئەھسەنى تەقۋىم — ئەڭ چىرايلىق سۈرەت، ئىنسان سۈرىتى.

ئەھسەنتە [احسنت] (ئە) 1) قايىل، تەھسىن، ئاپىرىن، بەللى! 2) ياخشى قىلدىڭ:

ھەمە دېدى: ئەھسەنتە ئەي نەۋجەۋان،
كى قىلماس بۇ ئىشنى جەھان پەھلەۋان.

— ئا. نىزارى.

ئەھشا [احشا] (ئە) ئىچكى ئەزالار (قېرىن، يۈرەك، جىگەر، بۆرەككە ئوخشاشلار).

ئەھشام [احشام] (ئە) خادىملار، تەۋەلەر، قاراشلىقلار.

ئەھفاد [احفاد] (ئە) ئەۋلاد، ئەۋلادلار؛ نەۋرىلەر.

ئەھقەر [احقر] (ئە) ناھايىتى قەدىرسىز، ناھايىتى ئېتىبارسىز، ناھايىتى خار؛ كۈچسىز.

ئەھكام [احكام] (ئە) [بىرلىكى: ھۆكۈم] 1) ھۆكۈملەر، يوليورۇقلار، نىزاملار، قانۇنلار، پەرمانلار، بۇيرۇقلار؛ نەتىجىلەر. 2) ئاسترونومىيىدە يۇلتۇزلار ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىش. 3) گەپ؛ مەسىلە.

ئەھكامى نامەئدۇد — سان - ساناقسىز ھۆكۈملەر؛ ھادىسىلەر.

نۇجۇم ئەھكامى — يۇلتۇزلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار.

ئەھل [اهل] (ئە) 1) ئىگە، ساھىب؛ تېگىشلىك. 2) ئائىلە، ئايال. 3) ئاھالە. 4) ئاشىق؛ ساداقەتلىك، لايىق.

ئەھلۇ ئەۋلاد — ئائىلە ۋە پەرزەنتلەر، ئۇرۇق - ئەيماق.

ئەھلى ئالەم — ئالەم ئاھالىسى، بارچە ئادەملەر.

ئەھلى ئەدەب — ئەدەب ئەھلى، ئەدەبلىك كىشىلەر.

ئەھلى ئەدەم — يوق بولغان؛ نابۇت بولغان.

ئەھلى ئەزا — ھازىدار كىشىلەر، ماتەملىك كىشىلەر.

ئەھلى ئازاب — ئازاب چەككۈچىلەر، مەزلۇملار.

ئەھلى ئەزىمەت — يولغا، سەپەرگە چىققان كىشىلەر.

ئەھلى ئەس — زامانداشلار.

ئەھلى ئەقل — ئەقىل ئىگىلىرى، دانالار، ئەقىللىقلار.

ئەھلى ئەلەم — دەرد - ئەلەم تارتقۇچىلار، ئازاب تارتقۇچىلار.

ئەھلى ئەنا — مۇشەققەتتە، قىيىنچىلىقتا قالغانلار.

ئەھلى ئەيان — ئىمانى كامىللار، ھەقىقىي ئىشەنچ ئىگىلىرى.

ئەھلى ئەيش — مەئىشەتپەرەسلەر، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلەر.

ئەھلى ئەييام — زامانە كىشىلىرى.

ئەھلى باتىن — يوشۇرۇن سىرلارنى بىلگۈچىلەر، كىبلە-

چەكنى كۆرگۈچىلەر، ئەۋلىيالار؛ تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرى؛ بىلىمدانلار. دانىشمەن كىشىلەر؛ كۆڭلىنى خۇداغا باغلىغانلار.

ئەھلى بەزم — زىياپەتتىكىلەر، بەزمىدە ھازىر بولغانلار.

ئەھلى بەقا — باقىيلار، ئەبەدىيلەر؛ ئەبەدىي تىرىكلەر؛ تەڭرىگە يېقىن كىشىلەر.

ئەھلى بەلىييەت — رەنج، مۇشەققەت، ئازاب چەككۈچىلەر؛ بالاغا قالغانلار.

ئەھلى بەيئ — ئۆي ئىگىلىرى؛ دەللاللار.

ئەھلى بىنىش — كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر؛ يىراقنى (ئۇزاقنى) كۆزلىگۈچىلەر؛ دانا، دانىشمەنلەر؛ زېرەك، ھوشيارلار.

ئەھلى پەرخاش — جەڭچىلەر.

ئەھلى تاج — شاھلار، تاج ئىگىلىرى.

ئەھلى تەبئ — ئىقتىدارلىق كىشىلەر، شائىرلار، ئەدىبلەر.

ئەھلى تەجاھۇل — جاھالەت ئەھلى، جاھىللار.

ئەھلى تەختۇتاج — پادىشاھلار.

ئەھلى تەرەب — بەزم ئەھلى، خۇش چاقچاق كىشىلەر.

ئەھلى تەرىق — مەلۇم بىر مەسلەك كىشىلىرى، سوپىلىققا مەنسۇپ كىشىلەر، مۇرىت.

ئەھلى تەرىق بولماق — زاھىد ۋە سوپىلار قاتارىغا كىرمەك.

ئەھلى تەزەللۇم — مەزلۇملار، ئېزىلگەنلەر.

ئەھلى تەسەۋۋۇف — سوپىلار، خۇدا كۈيلار، نەپسىدىن كەچكەنلەر.

ئەھلى تەقۋا — «ئەھلى تەقۋى» گە قاراڭ.

ئەھلى تەقۋى — تەقۋادارلار.

ئەھلى تەلەب — ئۇمۇمەن بىرەر تىلەك، ئىستەك ئارقىسىدا يۈرگۈچىلەر.

ئەھلى تەلەۋۋۇن — تۈرلۈك تۈستە كۆرۈنگۈچىلەر، شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرغۇچىلار.

ئەھلى تەمكىن — سۆلەتلىك كىشىلەر؛ ئېغىر، ۋەزمىن، تەمكىن كىشىلەر.

ئەھلى تەمىز — ئاجراتقۇچى، پەرقلەندۈرگۈچىلەر؛ زېرەك كىشىلەر.

ئەھلى تەنەئئۇم — نېمەت ئىگىلىرى، پالۋان ياشىغۇچى كىشىلەر.

ئەھلى تەھقىق — بىلىمدانلار، ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەر؛ شېئىرشۇناسلار.

ئەھلى تەئرىخ — تارىخچىلار، تارىخشۇناسلار.

ئەھلى تەئيىد ئولماق — قۇۋۋەتلىك، ئىرادىلىك بولماق.

ئەھلى تۇزاب — تۇپراققا قوشۇلغانلار، ئۆلۈكلەر.

ئەھلى تۇرۇق — 1) كەسىپداشلار. 2) سوپىلارغا ئەگەشكەن كىشىلەر.

ئەھلى جاھ — مەنسەپدارلار، يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر، بايلار.

ئەھلى جەدەل — بەسلەشكۈچىلەر، بەس تالاشقۇچىلار.

ئەھلى جافا — جاپاكەشلەر، جاپا چەككۈچىلەر.

ئەھلى جەھان — بارچە ئادەملەر، پۈتۈن دۇنيا ئەھلى.

ئەھلى جۇد — ساخاۋەتلىك كىشىلەر، سېخىيلار.

ئەھلى جۇلۇس — مەجلىستىكىلەر، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى.

ئەھلى جۇنۇن — شەيدالار، ئاشىقلار؛ دىۋانىلەر، سەۋدايىلار.

ئەھلى خانەقاھ — نامازخانلار.

ئەھلى خەرابەت — 1) مەيخانا ئەھلى. 2) كۆچمە م: ۋەھدەت مېيى بىلەن مەست بولغانلار.

ئەھلى خۇراسان — خۇراسان خەلقى، ئاھالىسى.

ئەھلى خىرەد — ھوشيارلار، ئەقىل - ئىدراكلىقلار، زېرەكلەر.

ئەھلى خىزمەد — خىزمەت كۆرسەتكەنلەر، خىزمەتتىكىلەر.

ئەلى دانىش — بىلىمدانلار، دانىشمەنلەر.

ئەھلى دەرد — دەردمەنلەر، ئاغرىقلار؛ ئاشىقلار.

ئەھلى دەرك — چۈشەنگۈچىلەر، بىلگۈچىلەر.

ئەھلى دەرۋىش — دەرۋىشلەر.

ئەھلى دەقىق — دىققەت قىلغۇچىلار، ئېتىبار بەرگۈچىلەر.

ئەھلى دەۋر — دەۋر، زامان كىشىلىرى.

ئەھلى دەۋران — دەۋر، زامان كىشىلىرى؛ زامان ئەھلى، زامانداشلار.

ئەھلى دەۋزەخ — دوزىخىلار.

ئەھلى دەۋلەت — دۆلەتمەنلەر؛ بايلار.

ئەھلى دەير — بۇتخانا ئەھلى.

ئەھلى دۇنيا — ھەممە ئادەملەر، دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەر؛ دۇنيانى دوست تۇتقۇچىلار:

كافىر بولساڭ ئىشقى بول، ئەھلى دۇنيا بولمىغىل،
زاھىد سۈپەت دۇنيا دەپ، ھەرگىز مۇردار بولمىغىل.

— مەشرەب.

ئەھلى دىل — 1) پاكىز كىشىلەر؛ سوپىلار. 2) يۈرەك

سىرلىرىنى سەزگۈچى، سىرداش، غەمخور؛ كۆڭۈل بەرگەن، ئاشىق.

ئەھلى دىن — 1) دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار، دىندارلار. 2) زاھىدلار.

ئەھلى دىيار — ۋەتەن، ئۆلكە خەلقى.

ئەھلى رەھمەت — مېھرىبانلار، شەپقەتچىلەر، غەمخورلار، كۆڭۈل كۆتۈرگۈچىلەر؛ گۇناھى كەچۈرۈلگەنلەر.

ئەھلى رۇزگار — زامان كىشىلىرى.

ئەھلى رىيا — مۇناپىقلار، مەككارلار.

ئەھلى زاھىر — 1) يۈزەكى نەرسىلەرنى بىلگۈچىلەر، يۈزەكى كۆرۈنۈشنى بايقىغۇچىلار؛ يۈزەكى قارىغۇچىلار. 2) روشەن، ئېنىق پىكىر قىلغۇچىلار، دانىشمەنلەر.

ئەھلى زەڭ — ھەبەشتەك قاپقارا.

ئەھلى زەمان — زامانداشلار، زامانە ئەھلى؛ زامان كىشىلىرى.

ئەھلى زۇلم — زالىملار؛ زالىم تەبىئەتلىك كىشىلەر.

ئەھلى زۇھد — دىندارلار، سوپىلىقتا بېرىلگەن كىشىلەر.

ئەھلى زىندان — زىنداندىكىلەر، تۇتقۇنلار.

ئەھلى سەئادەت — سائادەتمەنلەر، بەختىيارلار.

ئەھلى سەخا — ساخاۋەتلىك كىشىلەر، سېخىيلار.

ئەھلى سەفا — كۆڭلى ساپ كىشىلەر، پاك كىشىلەر.

ئەھلى سەفەر — يولۇچىلار، سەپەر قىلغۇچىلار.

ئەھلى سەلامەت — ساق - سالامەت قېلىشنى ئىزدىگەنلەر؛ سالامەتلەر، ساقلار، پاكلار، ياخشى كىشىلەر.

ئەھلى سەلاھ — ياخشى كىشىلەر، تەقۋادارلار، پاكلار.

ئەھلى سەۋال — سوئال بەرگۈچىلەر، سورىغۇچىلار.

ئەھلى سەۋدا — ئىشق سەۋداسىغا يولۇققان كىشىلەر، سەۋدايىلار، شەيدالار.

ئەھلى سۇرەت — يۈزەكى، نادان ئادەملەر، تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال كىشىلەر.

ئەھلى سۇلۇك — تەسەۋۋۇپچىلار.

ئەھلى سۇننەت — سۇننىيلەر، سۇننىي مەزھىپىگە ئەگەشكۈچى مۇسۇلمانلار.

ئەھلى سىدق — توغرا سۆزلۈك كىشىلەر، سادىقلار، ساداقەتلىكلەر، توغرىلار؛ راستچىللار.

ئەھلى شەست — سالغا، سىرتماق تاشلىغۇچىلار.

ئەھلى شەقاۋەت — بەدبەختلەر؛ بەختى قارىلار.

ئەھلى شۇھۇد — شاھىدلار، گۇۋاھلار، گۇۋاھچىلار.

ئەھلى غۇرۇر — مەغرۇرلار، غۇرۇرغا بېرىلگەنلەر.

ئەھلى غىنا — 1) سازەندىلەر، ناخشىچىلار. 2) بايلار. 3) ھېچنەرسىنى نەزىرىگە ئىلمايدىغان ھېممەتلىكلەر.

ئەھلى فەزەئ ۋە نەفىر — قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن نالە قىلغانلار.

ئەھلى فەزل — پەزىلەت ئىگىلىرى، ئىلمىي كىشىلەر.

ئەھلى فەزلۇكەمال — پەزىلەتلىك، يېتۈك كىشىلەر؛ ئالىم ۋە دانا كىشىلەر.

ئەھلى فەساد — يول توسارلار، قاراقچىلار.

ئەھلى فەن — پەن، ھۈنەر ئىگىلىرى، يېتۈك، بىلىملىك، ماھىر كىشىلەر.

ئەھلى فەنا — ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئىلاھىيغا بېرىلگەن ئادەملەر، تەسەۋۋۇپچىلار.

ئەھلى فۇزۇن — پەن، ھۈنەر ئىگىلىرى؛ بىلىمدانلار.

ئەھلى قەبۇل — خۇلق - مىجەزى ياخشى كىشىلەر، خەلققە ياقىدىغانلار، خەلق ياقتۇرىدىغانلار.

ئەھلى قەلەم — قەلەم ئىگىلىرى، ئەدىبلەر، شائىرلار؛ كاتىپلار.

ئەھلى قۇبۇر — قەبرىدە ياتقانلار، ئۆلۈكلەر:

ھەر يېتىمى كى بۇ جەھان ئىچرەدۇر،
يىغلار ئاناڭ ھالىغە ئەھلى قۇبۇر.

— زەلىلى.

ئەھلى قۇلۇب — كۆڭلى ساپ، ۋىجدانى پاك كىشىلەر؛ قەلب ئىگىلىرى.

ئەھلى كەرەم — سېخىي، قولى ئوچۇق كىشىلەر:

گەدادۇر جەنابىڭدا ئەھلى كەرەم،
ئەتا قىلماغاي بەرمەسەڭ سەن دەرەم.

— ئا. نىزارى.

ئەھلى كەلام — سۆز ئۇستىلىرى، ئەدىبلەر، ناتىقلار.

ئەھلى كەمال — ھېكمەت، كامالەت ئىگىلىرى، ئالىملار.

ئەھلى كەمىن — ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچىلار.

ئەھلى كۇفرۇدىن — كاپىرلار، دىنسىزلار.

ئەھلى گۇناھ — گۇناھكارلار.

ئەھلى ماتەم — ماتەم تۇتقانلار.

ئەھلى مەئانىي — مەنە ئىگىلىرى، مەنە ۋە بايان ئالىملىرى.

ئەھلى مەجلىس — ئۇلپەتلەر، سۆھبەتداشلار؛ يىغىنغا توپلانغانلار.

ئەھلى مەززەللەت — خار، تۆۋەن كىشىلەر.

ئەھلى مەشرەب — ئىچىملىك مۇخلىسلىرى.

ئەھلى ماقالەت — سۆز، نۇتۇق ئەھلى؛ گەپدانلار.

ئەھلى مەكتەب — مەكتەپتىكىلەر؛ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇت-

قۇچىلار.

ئەھلى مەلامەت — مالامەت، تاپا - تەنە قىلغۇچىلار.

ئەھلى مەئرىفەت — مەرىپەت، ئىلىم ئىگىلىرى.

ئەھلى مەئنى — مەنە ئىگىلىرى، بىلىمدانلار؛ سۆخەندانلار.

ئەھلى مۇتېئ — ئىتائەتكارلار؛ بويسۇنغۇچىلار، باش ئەگكۈچىلەر.

ئەھلى مۇسىبەت — غەم، ئەندىشە، قايغۇ - ئەلەم چەككۈچىلەر.

ئەھلى مۇناجات — يىلىنىپ يالۋۇرغۇچىلار.

ئەھلى مۇھەببەت — ئاشىقلار؛ دوستلار؛ مۇھەببەتلىكلەر.

ئەھلى نامۇس — نومۇسلۇق، نومۇسچان كىشىلەر.

ئەھلى نەجات — قۇتۇلغانلار، نىجات تاپقانلار، خالاس بولغانلار.

ئەھلى نەدەم — پۇشايمان قىلغۇچىلار، ئەپسۇسلانغۇچىلار.

ئەھلى نەزەر — ياخشى قارىغۇچىلار، نەزەر سالغۇچىلار.

ئەھلى نەسىم — يەل، يېقىملىق شامالدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار.

ئەھلى نەشات — ۋاقىتنى شادلىق بىلەن ئۆتكۈزگۈچىلەر، خۇشاللىق ئىزدىگۈچىلەر.

ئەھلى نۇجۇم — مۇنەججىملەر، ئاسترونوملار.

ئەھلى نۇقسان — جاھىللار؛ نادانلار؛ نۇقسانلىقلار.

ئەھلى ھال — تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسىدە: ئىشق يولىدا ئۆزىنى يوقىتىش ھالىتىگە چۈشكەن سوپىلار.

ئەھلى ھەربى — ھەربىيلەر، سىپاھلار، ئەسكەرلەر.

ئەھلى ھەق — تەڭرىگە يېقىنلار.

ئەھلى ھەقىقەت — سوپىلىقتا، سوپىلىق مەسلەكلىرىدە خۇداغا يېتىشكەن كىشىلەر.

ئەھلى ھەيا — ھايالىقلار، ئىپپەتلىكلەر؛ ئەندىشە بىلەن يۈرگۈچىلەر.

ئەھلى ھۇزۇر — ھازىرلار، ئاگاھلار، ھوشيارلار.

ئەھلى ھۇش — ھوشيارلار، زېرەكلەر.

ئەھلى ھۆسن — گۈزەللەر، زىبالار.

ئەھلى ھۈنەر — ھۈنەر ئىگىلىرى، ھۈنەرۋەنلەر.

ئەھلى ھىجاز — ھىجاز خەلقى، ئاھالىسى.

ئەھلى ھىجران — ئايرىلىش ئازابىدا كۈن كەچۈرۈۋاتقانلار.

ئەھلى ھېكمەت — بىلىمدانلار، دانىشمەنلەر؛ پەيلاسوپلار.

ئەھلى ئۇقۇل — ئاقىللار، دانالار، ئەقىل ئىگىلىرى.

ئەھلى ئۆبۇر — كەزگۈچى، ساياھەتچى، ئۆتكۈنچى، كېزىپ يۈرگۈچىلەر؛ سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر.

ئەھلى ئۇسۇل — دىنىي قانۇن ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار.

ئەھلى ۋەرەئ — تەقۋادارلار، پەرھىزكارلار؛ پاكلار:

ئەگەر ئىشق ئافەتىن كۆرمەي دېسەڭ ئەھلى ۋەرەئ بىلگىم،
تىلىمگە ئىشق ئاتىن كەلتۈرمەگىل زىنھار مەن يەڭلىغ.

— گۇمنام.

ئەھلى ۋەسل — يېتىشكەنلەر، ئېرىشكەنلەر.

ئەھلى ۋەفا — ۋاپادارلار، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلار.

ئەھلى ۋەھدەت — خۇدانىڭ بىرلىكىنى تەن ئېلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنغان كىشىلەر.

ئەھلى ۋەيل — دوزاختىكىلەر، دوزاخ ئەھلى.

ئەھلى ۋۇسۇل — يېتىشكەن، ئېرىشكەنلەر.

ئەھلى ۋۇقۇف — خەۋەردار كىشىلەر، بىلگەنلەر، خەۋەردارلار.

ئەھلى ۋىداد — دوستلار.

ئەھلى ۋىسال — يېتىشكەنلەر، ئېرىشكەن ئاشىقلار.

ئەھلى ۋىفاق — ھەمكارلىق، دوستلۇققا ئىنتىلگۈچىلەر.

ئەھلى ئېھتىدا — توغرا يولدا ماڭغۇچىلار؛ يول تاپقانلار.

ئەھلى ئېھتىياج — موھتاج كىشىلەر.

ئەھلى ئىئتىبار — ئىبرەت ئالغۇچى كىشىلەر، ئىبرەت ئىگىلىرى.

ئەھلى ئىدراك — ئەقىللىقلار، ئىدراكلىق كىشىلەر؛ پاراسەتلىك، زېرەك كىشىلەر.

ئەھلى ئىرادەت — مۇرىتلار، مۇخلىسلار.

ئەھلى ئىرتىداد — دىندىن قايتقانلار؛ مەسلەكتىن يانغانلار؛ ھەيدەلگەنلەر.

ئەھلى ئىرفان — بىلىم، مەرىپەت ئەھلى.

ئەھلى ئىسلام — مۇسۇلمانلار.

ئەھلى ئىسيان — ئىتائەتسىز كىشىلەر، قوزغىلاڭچىلار، ئىسيانكارلار.

ئەھلى ئىشق — ئاشىقلار.

ئەھلى ئىلىم — ئىلىم ئىگىلىرى؛ ئالىملار.

ئەھلى ئىمان — مۇسۇلمانلار، مۆمىنلەر، دىنغا ئېتى-

قاد قىلغۇچىلار.

ئەھلى ئىبادەت — ھال ـ ئەھۋال سورىغۇچىلار.

ئەھلى يەقىن — خۇدانى تونۇغانلار، خۇداگۇيلار.

ئەھلەن [اهلاً] (ئە) ئەھلەن ۋە سەھلەن (بەزىدە «مەرھابا» سۆزى ھەم قوشۇلىدۇ) : «خوش كېلىپسىز، ياخشى كېلىپسىز، مەرھەمەت!» كە ئوخشاش ياخشى تىلەكلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەھلىلىق [اهل ليق] ئىگىلىك، ساھىبلىق؛ مەھرەملىك (دوستلۇق، بۇرادەرلىك؛ چورىلىق)، بىر دىللىق.

ئەھلۇللاھ [اهل الله] (ئە) ئەۋلىيالار، خۇداغا يېقىنلار:

يەتتە تەن كەلتۇر ئۇ ئەھلۇللاھدىن،
بەگەزان ھاجەت تىلە ئەللاھدىن.

— زەلىلى.

ئەھلىيەت [اهليت] (ئە) يېقىن بولۇش، يېقىنلىق.

ئەھمال [احمال] (ئە) [بىرلىكى: ھەمل] يۈكلەر.

ئەھمال ۋە ئەسقال — يۈكلەر ۋە ئېغىر نەرسىلەر.

ئەھمەر [احمر] (ئە) قىپقىزىل، قىزىل:

سەفا گۈلشەنىنىڭ گۈلى ئەھمەرى،
ۋەفا ئالەمىنىڭ مەھى ئەنۋەرى.

— ئا. نىزارى.

لالەئى ئەھمەر — قىزىل لالە:

چىمەن سارىغە ناگەھ تۈند بادى يەتسە قەھرىگەدىن،
نە قالغاي لالەئى ئەھمەر، نە قالغاي سۈنبۇلى رەئنا.

— زەلىلى.

ئەھمەرىي [احمري] (ئە) قىزىل؛ قىزىلغا مەنسۇپ.

ئەھمەق [احمق] (ئە) گول، نادان، ئەخمەق.

ئەھۋال [احوال] (ئە) [بىرلىكى: ھالەت] ھالەتلەر، ھاللار، ئەھۋال.

ئەھۋالى مەسەل — خار ـ زارلىقتا نەمۇنە.

ئەھۋەل [احول] (ئە) ئالغاي، ئەلەس كۆز (كۆزى بىرەر نەرسىنى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلىپ كۆرىدىغان) ، غىلاي:

كۆرمەيدۇ مەردى ئەھۋەل، ئەگرى ئەجەللى نەبەل،
روبى زەمىنگە مەشئەل خۇرشىد ـ ماھ ئەمەسمۇ.

— زەلىلى.

ئەھىببا [احبا] (ئە) [بىرلىكى: ھەبىب] ئەھىببالار، دوستلار، سۆيۈملۈكلەر، جورىلار.

ئەھىببايى دەۋران — دەۋران، زامانە دوستلىرى.

ئەھيا [احيا] (ئە) 1) قايغۇلار، مىسكىنلىكلەر. 2) ۋۇجۇدقا چىقىش؛ تىرىك؛ جانلاندۇرۇش، تىرىلدۇرۇش:

كۆڭۈل ئارەزىن مەيدە ھەمرا قىلاي،
ئانىڭ كەيفىدە دىلنى ئەھيا قىلاي.

— ئا. نىزارى.

ئەھيانەن [احياناً] (ئە) بەزەن؛ بەزى ۋاقىتتا، گاھى ـ گاھى.

ئەۋ [او] ئۆي، خانا:

گۈل نەۋرۇزنى كۆتەرىپ ئەۋگە ئېلىتكەنى.

— لۇتفى.

كۆز ئەۋى — كۆز چانىقى.

ئەۋاخىر [اواخر] (ئە) [بىرلىكى: ئاخىر] ئاخىرلار، كېيىنلەر؛ بىرەر دەۋرنىڭ ئاخىرلىرى، كېيىنكى بەتلەر.

ئەۋارىز [عوارض] (ئە) [بىرلىكى: ئارىزە] پەيدا بولغان نەرسىلەر، ھادىسىلەر؛ تۈرلۈك تاسادىپىيلىقلار، ئىشلار، مەشغۇلاتلار؛ يامانلىقلار، ئىللەتلەر.

ئەۋاسىت [اواسط] (ئە) [بىرلىكى: ۋەسەت] ئوتتۇرىلار؛ ئوتتۇرا ھاللار؛ ئوتتۇرا زامان.

ئەۋام [عوام] (ئە) ئومۇم، ئامما؛ خەلق، خالايىق؛ ئاددىي كىشىلەر.

ئەۋام ئەرازىلى — ئاددىي خەلقنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىلەرى.

ئەۋامۇنناس [عوام الناس] (ئە) خەلق ئاممىسى، ئومۇم خەلق، ئاددىي خەلق، پۇقرا.

ئەۋامىر [اوامر] (ئە) [بىرلىكى: ئەمر] ئەمرلەر، بۇيرۇقلار.

ئەۋان I [اوان] (ئە) ۋاقىت، پەيت، زامان، مەۋسۇم.

شەباب ئەۋانى — ياشلىق پەيتى.

ئەۋان II [عوان] (ئە) 1) ئۆي ئىشى بىلەن مەشغۇل ئايال. 2) ئەرلىك ئايال. 3) دۆلەت پاسىبانى، مىرشاب؛ قاتتىق قوللۇق، جازالىغۇچى جاللات.

ئەۋانى [اوانى] (ئە) [بىرلىكى: ئىنا] ئىدىشلار؛ قاپلار.

ئەۋانىي سىمىن — كۈمۈش ئىدىشلار.

ئەۋائىل [اوائل] (ئە) [بىرلىكى: ئەۋۋەل] ئاۋۋاللار، ئىلگىرىلەر، دەسلەپ، بىرەر نەرسىنىڭ باشلىنىش دەۋرى، ئىپتىدائىيسى؛ ئاۋۋالقى دەۋرلەر.

ئەۋايىل [اوايل] (ئە) «ئەۋائىل» غا قاراڭ.

ئەۋباش [اوباش] (پ) بىتقىلىق، بەڭۋاش، تەرسا، ساياق:

ھەردەم يىتىمبان پەلەككە ھۇيۇم،
ئەۋباش ئىلە بارچە گوفتۇ گۇيۇم.

— قىدىرى.

ئەۋباشلىق [اوباش ليق] تەرتىپسىزلىك، تەربىيىسىزلىك، ئۆز بىشىمچىلىق.

ئەۋتاد [اوتاد] (ئە) [بىرلىكى: ۋەتەد] 1) قوزۇقلار، تايانچلار. 2) قەبىلە پىشۋالىرى، بىرەر جامائەتنىڭ ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك كىشىلىرى؛ ئەۋلىيالار؛ تۆت ئەۋلىيانىڭ باشلىقى؛ خۇداغا يېتىشكەنلەر. 3) ئىككى ھىجالىق ئارۇز رۇكنى.

ئەۋتار [اوتار] (ئە) چالغۇ تارلىرى.

ئەۋتان [اوطان] (ئە) [بىرلىكى: ۋەتەن] ئورۇن، ماكان؛ ۋەتەنلەر؛ ئىستىقامەت جايلىرى.

ئەۋج [اوج] (ئە) 1) ئېگىز، يۇقىرى. 2) بىرەر نەرسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى؛ چوققا. 3) ئېگىزلىك. 4) ئاسمان، پەلەك:

مەگەر ئىسلام ئېلىنىڭ نالەسى ئەۋجىگە يەتمەيدۇر،
بەرەھمەن باش كۆتەردى كۇفردىن بۇتخانەدۇر پەيدا.

— زەلىلى.

ئەۋج ئالماق — كۆچەيمەك، زورايماق.

ئەۋج بەرمەك — يۇقىرى دەرىجىگە، يۇكسەك مەرتىۋىگە يەتكۈزمەك، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەك.

ئەۋج تاپماق — يۇكسەك ئورۇن ئالماق، يۇقىرى دەرىجە ۋە مەرتىۋىگە يەتمەك؛ تەرەققىي قىلماق.

ئەۋج تۇتماق — يۇكسەك دەرىجىگە، يۇقىرى ئورۇنغا، ئېگىز چوققىلارغا كۆتۈرۈلمەك.

ئەۋج تىلەمەك — يۇقىرى مەرتىۋە ۋە يۇكسەك ئورۇنغا ئىنتىلمەك، مايىل بولماق.

ئەۋجى رىفئەت — يۇقىرى مەرتىۋە، يۇكسەك دەرىجە.

ئەۋجى سەلتەنەت — پادشاھلىق ئورنى.

ئەۋجى سىپىھر — ئاسمان چوققىسىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئورنى.

ئەۋجى شەرەف — ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسى، بۈيۈكلۈكنىڭ يۇقىرى چوققىسى.

ئەۋج كەمال تاپماق — كامالەت چوققىسىغا ئېرىشمەك.

ئەۋجى مۇقەرنەس — ئاسمان، ئاسمان گۈمبىزى.

ئەۋجى ھەقىقەت — ھەقىقەت ئاسمىنى؛ ھەقىقەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى.

ئەۋجى ۋەلا — ئەڭ يۇكسەك:

مەقامى ئانىڭ بولدى ئەۋجى ۋەلا،
ۋەلا ئەۋجىدە يەڭنى شەمسۇز زۇھا.

— ئا. نىزارى.

ئەۋجىگاھ [اوجى كاه] (ئە + پ) يۇقىرىسى، يۇقىرى ئورۇن، يۇكسەك جاي:

ئۆتتۈڭ بۇ كېچە بولدى خۇرشىد فاش،
سەما ئەۋجىگاھىدا توردى قۇياش.

— ئا. نىزارى.

ئەۋد [عود] (ئە) قايتىش، ئارقىغا قايتىش.

ئەۋد ئەتمەك — قايتماق، قايتىپ كەلمەك؛ قايتىلىماق.

ئەۋد ئەيلەمەك — «ئەۋد ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئەۋد قىلماق — «ئەۋد ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئەۋر [عور] (ئە) يالىڭاچ.

ئەۋر ئولماق — يالىڭاچ بولماق.

ئەۋراد [اوراد] (ئە) [بىرلىكى: ۋىرد] بامدات، تاڭ نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ياكى ئايەت؛ دۇئالار؛ ۋەزىپىلەر («ۋىرد» قا قاراڭ).

مەنۇ رۇخسارۇ زۇلفۇڭ زىكرۇ فىكرى،
خەلايىق سۇبھۇ شام ئەۋراد ئوقۇرلەر.

— ئاتايى.

ئەۋراق [اوراق] (ئە) [بىرلىكى: ۋەرەق] 1) ۋاراقلار، سەھىپىلەر. 2) بەرگلەر؛ ياپراقلار:

لالە يافراغى ۋەيا ئەۋراقى گۇلدىن دەفتەرى،
مىسرەئى شوخىنى تەھرىر ئەتكەلى دىۋان كېرەك.

— زەلىلى.

3) بۆلەكلەر، پارچىلار، قىسىملار. 4) قەغەزلەر، ھۆججەتلەر. 5) يازمىلار (شېئىر، رىسالە ۋە باشقىلار)، كىتابلار. 6) بىرەر نەرسىلەر مەجمۇئەسى، قامۇسى، يىغىندىسى.

ئەۋراقى سىيم — كۈمۈش ۋاراقلار؛ كۆچمە م: قۇياش نۇرلىرى.

جەمال ئەۋراقى — كىشىنىڭ يۈزى (مەڭزى).

ئەۋرەت [عورت] (ئە) ئەۋرەت، جىنسىي ئەزا، ئۇياتلىق جاي، نامەھرەمگە كۆرسىتىشكە بولمايدىغان ئەزالار (دىنىي چۈشەنچىدە: ئەرلەر ئۈچۈن كىندىكتىن تىزىغىچە بولغان قىسمى؛ خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن جەينەكتىن بوينىغىچە ۋە بوينىدىن تۆۋەنكىچە بولغان قىسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

سەترى ئەۋرەت — ئەۋرەتنى يېپىش (يوشۇرۇش).

ئەۋرەڭ [اورنك] (پ) 1) تەخت، ئوردا:

چىقارسام بۇ ئەۋرەڭگە شەھزادەنى،
كۆزۈم نۇرى دىلبەند فەرھادنى.

— ئا. نىزارى.

2) تاج. 3) شەرەپ؛ گۈزەللىك. 4) ئەقىل: بىلىم. 5) ئاسمان. 6) ھۈكەر يۇلتۇز (يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىن بىرىنىڭ نامى). 7) شەۋكەت (ئەل ئىچىدە قازانغان كاتتا ئابرۇي، ھۆرمەت؛ شان - شۆھرەت).

ھەفتە ئەۋرەڭ — يەتتە تەخت:

گەردۇنى ھەفت ئەۋرەڭ، شىنگەرفى ئۇ تۇمۇررەڭ،

يا مىسسىز نۇقرەۋۇ دەڭ، يا كۆھسار ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

ئەۋرۇلمەك [اورولماك] 1) ئايلانماق، ئۆرۈلمەك. 2) مەشغۇل بولماق؛ قايغۇرماق.

ئەۋزار [اوزار] (پ) ئەسۋاب، قورال («ئەفزار» غا قاراڭ).

ئەۋزان [اوزان] (ئە) [بىرلىكى: ۋەزن] 1) ۋەزنىلەر؛ ئۆلچەملەر (شېئىرىي ئۆلچەم)؛ ئارۇز ۋەزنىلىرى. 2) مۇزىكىدىكى ئۆلچەم.

ئەۋزائ [اوضاع] (ئە) [بىرلىكى: ۋەز°] ھالەتلەر؛ ئەھۋاللار؛ شارائىتلار.

ئەۋزەھ [اوضح] (ئە) روشەن؛ روشەنرەك، ئوچۇقراق؛ ئەڭ روشەن، ئەڭ ئوچۇق.

ئەۋساف [اوصاف] (ئە) [بىرلىكى: ۋەسف] سۈپەتلەر، تەرىپلەر، ماختاشلار.

ئەۋسافى پەسەندىدە — يېقىملىق سۈپەتلەر، مۇۋاپىق ھالەتلەر.

ئەۋسافىن بىتمەك — تەرىپ - تەۋسىپىنى يازماق.

ئەۋسافى ھەمىدە — ياخشى سۈپەتلەر مەدھىيىسى.

ئەۋسافى ھىلم — تاقەت، بەرداش؛ يۇمشاقلىق سۈپەتلىرىنىڭ ماختىلىشى.

ئەۋسەت [اوسط] (ئە) 1) ئوتتۇرا، ئوتتۇرىچە. 2) قىسقا، ئىخچام.

ئەۋسەت سۆز — قىسقا سۆز، ئىخچام سۆز.

خەيرۇلئۇمۇرى ئەۋسەتۇھا — ھەممە ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىچىسى ياخشى.

ئەۋسەتۇنناس [اوسط‌الناس] (ئە) ئوتتۇرا تەبىقىدىن بولغان كىشىلەر.

ئەۋسەئ [اوسع] (ئە) كەڭرەك؛ ناھايىتى كەڭ.

ئەۋقات [اوقات] (ئە) [بىرلىكى: ۋەقت] 1) ۋاقىتلار، پەيتلەر؛ كۈنلەر. 2) ئۆمۈر، ھايات؛ زامان، دەۋر. 3) ئۆمۈر كەچۈرۈش، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش:

تەلبەۋۇ رەسۋايى خەرابات ئۇچۇن،
ئاشىقى بەدنام ھەر ئەۋقات ئۇچۇن.

— زەلىلى.

ئەۋقات جامى — ۋاقىتلار جامى؛ ۋاقىت جەريانى؛ ۋاقىتنىڭ سىغدۇرۇش ھەجمى.

ئەۋقات سۈرمەك — ھايات كەچۈرمەك، ئۆمۈر ئۆتكۈزمەك.

ئەۋقاف [اوقاف] (ئە) [بىرلىكى: ۋەقف] ۋەخپىلەر، ۋەخپە قىلىنغان مۈلۈكلەر (مەسچىت، مەدرىسە، قارىيخانا، خانىقا ئەمىناتى ئۈچۈن بەلگىلەپ قويۇلغان دارامەتلەر — سۇ ۋە باشقا مۈلۈكلەر، «ۋەقف» گە قاراڭ).

ئەۋلا [اولا] (ئە) ياخشىراق، تۈزۈكرەك؛ ئەڭ ياخشى.

ئەۋلاد [اولاد] (ئە) [بىرلىكى: ۋەلەد] پەرزەنتلەر، ئوغۇللار؛ ئوغۇل - قىزلار؛ نەسىل.

ئەۋلادى كىرام — ياخشى ئەۋلاد.

ئەۋلادلىغ [اولادليغ] پەرزەنتلىك، تۇغقانلىق، قېرىنداشلىق.

ئەۋلاد مانەند [اولاد مانند] (ئە + پ) ئوغلىدەك، پەرزەنتىدەك، قېرىنداشتەك.

ئەۋلى [اولى] (ئە) ياخشىراق، ئەۋزەلرەك، تۈزۈكرەك؛ ئەڭ ياخشى.

ئەۋلىيا [اوليا] (ئە) [بىرلىكى: ۋەلىي] ۋەلىيلەر، دوستلار؛ ئېتىقادلىق، دىندار كىشىلەر؛ مۇقەددەس، ئەزىز ئادەملەر؛ روھانىيلار.

ئەۋلىيائى مۇرسەلىن — خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلەر.

ئەۋلىيائى ئىزام — ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئەۋلىيالار.

ئەۋلىيائۇللاھ [اولياءاللّه] (ئە) خۇدانىڭ دوستلىرى، يېقىنلىرى؛ خۇداغا يېقىن كىشىلەر.

ئەۋن [عون] (ئە) ياردەم، مەدەت، كۆمەك.

ئەۋھام [اوهام] (ئە) [بىرلىكى: ۋەھم] ۋەھىمىلەر، قورقۇنچلار، ئويلار، تۇيغۇلار، بىھۇدە خىياللار.

ئەۋۋارە [اواره] (ئە) ئاۋارە، ئامالسىز؛ سەرگەردان، تېنىمگەن:

بەيابانى فىراق ئىچرە بەسى ئەۋۋارەلەر سىزمۇ؟
قايۇ ئەۋۋارەلەر، دەرد ئىچرە باغرى پارەلەر سىزمۇ؟

— ئەرشى.

ئەۋۋارەئى بىخانۇمان — ئۆي - جايسىز، سەرگەردان؛ تېنىمگەن.

ئەۋۋەل [اول] (ئە) 1) بىرىنچى، ئاۋۋالقى، دەسلەپ؛ ئالدىن، ئىلگىرى. 2) باشلانغۇچ؛ ئىپتىدائىي، باش.

ئەۋۋەلى ئافەرىنىش — يارىتىلىشنىڭ بېشى (دەسلىپى).

ئەۋۋەلى جۇلۇس — مەجلىس، مۇراسىمنىڭ باشلىنىشى.

ئەۋۋەلى ھال — دەسلەپ، ئاۋۋال.

ئەۋۋەلا [اولا] (ئە) بىرىنچىدىن؛ ئالدىدىن، باشتىن.

ئەۋۋەلئاقشام [اول آقشام] كەچقۇرۇن، تۈن باشلىنىش پەيتى.

ئەۋۋەلەن [اولن] (ئە) بىرىنچىدىن؛ دەسلەپ، باشتىن،

ئاۋۋالدا، دەسلەپكى ۋاقىتتا.

ئەۋۋەلغى [اولغى] «ئەۋۋەلگى» گە قاراڭ:

كۆڭلۈم ئىچرە دەردۇ غەم ئەۋۋەلغىلەرغە ئوخشىماس،
كىم ئۇل ئاينىڭ ھەجرى ھەم ئەۋۋەلغىلەرغە ئوخشىماس.

— نەۋايى.

ئەۋۋەلگى [اولكى] بىرىنچى، دەسلەپكى، ئالدىنقى، ئاۋۋالقى، بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى.

ئەۋۋەلىن [اولين] (ئە) ئالدىنقى، ئالدىنقىلار.

ئەۋۋەلىنۇ ئاخىرىن — ئالدىنقى (ئاۋۋالقى) لار ۋە ئاخىرقىلار «باشلىنىش ۋە تۈگەللىنىش.»

ئەۋۋەلىيەت [اوليت] (ئە) ئىلگىرىلىك، بىرىنچىلىك؛ قەدىمكىلىك؛ ئەزەلدىن بارلىق.

ئەئادى [اعادى] (ئە) دۈشمەنلەر.

ئەئتاف [اعطاف] (ئە) مېھرىبانلىقلار، مەرھەمەتلەر.

ئەئجەم [اعجم] (ئە) 1) كۆچمە م: نادان، ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن. 2) ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان، سۆزلەش ئىقتىدارى تۆۋەن

ئەئجەمى [اعجمى] (ئە) «ئەئجەم» گە قاراڭ.

ئەئجۇبە [اعجوبه] (ئە) «ئەجۇبە» گە قاراڭ.

ئەئجۇبەئى ئىلاھى، كەۋنەين پادشاھى،
خىزگاھىبىر بارگاھى چەرخى كەيۋان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

ئەئجۇبەلىق [اعجضبەليق] ئاجايىبلىق، غارايىبلىق.

ئەئدا [اعدا] (ئە) [بىرلىكى: ئەدۇۋ] دۈشمەنلەر.

ئەئدا سىپاھى — دۈشمەن لەشكىرى.

ئەئداد [اعداد] (ئە) [بىرلىكى: ئەدەد] سانلار، ساناقلار، ھېسابلار.

ئەئدادىدە تۇتماق — سانغا قوشماق، قاتاردا سانىماق، ھېسابقا قوشماق.

ئەئراب [اعراب] (ئە) ئەرەبلەر، كۆچمەنچى ئەرەبلەر؛ سەھرايى ئەرەبلەر:

سوردىلەر ئەئرابلەردىن كىم قايان،
رەۋزەئى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.

— زەلىلى.

ئەئرابى [اعرابى] (ئە) بەدەۋىي (سەھرادا كۆچمەنچى)، ئەرەبلەر.

ئەئراز [اعراض] (ئە) [كۆپلۈكى ئەرەز] «ئەرەز» گە قاراڭ.

ئەئزا [اعضاء] (ئە) 1) تەن ئەزالىرى، قىسىملىرى؛ 2) بەدەن، تەن، گەۋدە.

ئەئزەم [اعظم] (ئە) ئەڭ كاتتا، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئۇلۇغ:

كى فارۇقى ئەئزەم ئەدالەت سىرىشت،
ھەياكانى ئوسمان ئىبادەت سىرىشت.

— ئا. نىزارى.

ئەسسەۋادول ئەئزەم — ئەڭ زور كۆپچىلىك، مۇتلەق كۆپ سانلىقلار.

ئەئزەم سەۋاد — كاتتا شەھەر، كاتتا ئۆلكە.

ئەئقەل [اعقل] (ئە) ئەقىللىقراق؛ ئەڭ ئەقىللىق.

ئەئقەلى دۇزگار — زامانىسىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق كىشىسى.

ئەئلا [اعلا] (ئە) ئالىي، يۈكسەك، يۇقىرى؛ ئۈستۈن؛ يۈكسەكرەك، ئالىيراق:

بولسا جەننەتدە ئاتابى سەنسىزىن قىلغاي فىغان،
سالدىلار دەۋزەخكە دەپ فىردەۋسى ئەئلادىن مېنى.

— ئاتايى.

ئەئلا مەقام — يۇقىرى، يۈكسەك مەرتىۋە، دەرىجە.

ئەئلام [اعلام] (ئە) [بىرلىكى: ئەلەم] 1) بايراقلار؛ 2) ئاتاقلىق ئاتلار (ئىسىملار). 3) مەلۇم قىلىش، ئۇقتۇرۇش:

خوجەغە قىلدى سەلام ئىكرام ئېتىپ،
بارچە ئەھۋالاتىنى ئەئلام ئېتىپ.

— زەلىلى.

ئەئلەم [اعلم] (ئە) زور ئالىم، بۈيۈك ئالىم؛ ناھايىتى دانا، كاتتا ئىلىم ئىگىسى، دانىشمەن.

ئەئلەمى ئۇلەما — ئالىملارنىڭ ئەڭ بىلىمدانى.

ئەئما [اعما] (ئە) 1) كور؛ كۆزى ئاجىز؛ كۆرمەس، قارىغۇ؛ 2) بىلىمسىز، نادان؛ خەۋەرسىز.

ئەئما كەلمەك — بىلىمسىزلىك، ئاجىزلىق قىلماق.

ئەئمال [اعمال] (ئە) [بىرلىكى: ئەمەل] ئەمەللەر، ئىشلار، قىلمىشلار.

ئەئمال نامەسى — قىلىنغان ئىشلار خاتىرىسى.

ئەئمالى خەير — ياخشى ئىشلار.

ئەئمالى قەبائىھ — يامان، رەزىل، قەبىھ قىلمىشلار.

ئەئۋاد [اعواد] (ئە) قۇرۇق سۆلەت.

زۇمرەئى ئەئۋادۇ تەكاسۇل — بىر توپ بىكارچى، مېھنەتتىن باش تارتقۇچىلار.

ئەئۋام [اعوام] (ئە) يىللار، زامانلار.

ئەئۋان [اعوان] (ئە) ياردەمچىلەر.

ئەئىززە [اعزه] (ئە) [بىرلىكى: ئەزىز] ئەزىزلەر، ھۆرمەتلىكلەر؛ چوڭلار؛ دانىشمەنلەر.

ئەئىززەئى ئەھباب — ئەزىز دوستلار؛ ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك جورىلار؛ كۆڭلى يېقىن كىشىلەر.

ئەئىممە [ائمه] (ئە) [بىرلىكى: ئىمام] ئىماملار، پېشۋالار.

ئەئىممەئى ئىسلام — ئىسلام ئىماملىرى، ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋالىرى.

ئەئيان [اعيان] (ئە) 1) ئاقسۆڭەكلەر، ئېسىلزادىلەر، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىكلەر، تونۇلغان، ئاتاقلىق كىشىلەر. 2) كۆزگە كۆرۈنگەن، ئاشكارا، ئوچۇق، چۈشىنىشلىك:

پادشاھا، يوقتۇر ھېچ پىنھان ساڭا،
زاھىرۇ باتىن ھەممە ئەئيان ساڭا.

— خەراباتى.

ئەئيانى ھەزرەت — (پادشاھ) ھۇزۇرىدىكى مەنسەپدارلار.

ئەيالەت [ايالت] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەيالات] ۋىلايەت، بىرەر مەمۇرىي دائىرە.

ئەيالغۇ [ايالغو] 1) مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن بىرى. 2) ئۇلەن، كۈي، ئاھاڭ، تەسىرلىك قوشاق.

ئەيالغۇچى [ايالغوچى] مۇزىكانت.

ئەيىب [عيب] (ئە) نۇقسان، خاتا، كەمچىلىك، گۇناھ.

ئەيىب كۆزى — نۇقسان ئىزدىگۈچى، كۆز.

ئەيىبپوش [عيب پوش] (ئە + پ) ئەيىب يوشۇرغۇچى، سىر ساقلىغۇچى، بىراۋنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرمەسلىككە سالغۇچى، ئەيىب كەچۈرگۈچى.

ئەيىبجو [عيب جو] (ئە + پ) ئەيىب ئاختۇرغۇچى، كەمسىتكۈچى؛ قارا نىيەت؛ پىتنە - پاسات تارقاتقۇچى.

ئەيىبجوي [عيب جوى] (ئە + پ) «ئەيىبجو» غا قاراڭ.

ئەيىبجويلىق [عيب جويليق] ئەيىب تېپىش، كەمچىلىك ئىزدەش؛ قارا نىيەتلىك، پىتنە - پاسات تارقاتماقلىق.

ئەيىبجويلىك [عيب جويليك] «ئەيىبجويلىق» قا قاراڭ.

ئەيىبگو [عيب كو] (ئە + پ) چېقىمچى، يامانلىغۇچى، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى يايغۇچى، يۈزىگە سالغۇچى.

ئەيىبگوي [عيب كوى] (ئە + پ) «ئەيىبگو» غا قاراڭ.

ئەيىبىنلىغ [عيبين ليغ] بەتنىيەتلىك، قارا كۆڭۈللۈك، ئىرناق تېگىدىن كىر ئىزدەش.

ئەيىبىنلىق [عيبين ليق] «ئەيىبىنلىغ» گە قاراڭ.

ئەيت [ايت] 1) ئېيتماق، سۆزلىمەك. 2) يازماق، پۈتمەك. 3) ئوقۇماق. 4) كۈيلىمەك.

ئەيتام [ايتام] (ئە) [بىرلىكى: يەتىم] يېتىملار.

ئەيتىكلىك [اعتيكليك] چېقىمچىلىق، ئېغىۋا؛ گەپ - سۆز؛ تەنە.

ئەيزەن [ايضاً] (ئە) يەنە، بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇنىڭدىن باشقا.

ئەيش [عيش] (ئە) تۇرمۇش، ياخشى تۇرمۇش؛ ھايات. 2) خۇشاللىق، كۆڭۈللۈك؛ خۇشال - خۇراملىق، شادلىق، راھەت - پاراغەت، كۆڭۈل خۇشلۇقى:

كەتتى چۇ سەرسەرى جەھان، كەلدى نەسىمى نەۋ بەھار.
تەلبە زەلىلى ئەيشىدىن كۆڭلىدە نائۇمىد ئەمەس.

— زەلىلى.

ئەيش ئەتمەك — خۇرسەنچىلىك، كەيپ - ساپا قىلماق، كۆڭلىنى خۇش قىلماق.

ئەيش ئەھلى — ئەيش - ئىشرەت قىلغۇچىلار، بەزمىدىكىلەر.

ئەيش ئەيلەمەك — ئەيش - ئىشرەت قىلماق، كەيپ - ساپا سۈرمەك.

ئەيش بەزمى — ئويۇن - كۈلكە، خۇرسەنچىلىك، خۇشاللىق بەزمىسى.

ئەيش تەھرىسى — ئەيش - ئىشرەت ئىستىكى.

ئەيش جامى — شادلىق قەدەھى.

ئەيش خەتى — خۇشاللىق خېتى.

ئەيش دەۋرانى — خۇشاللىق ۋاقتى؛ خۇشاللىق چاغلىرى.

ئەيش سازى — ئەيش - ئىشرەتكە لازىمەتلىك جابدۇق ۋە ئوزۇقلار.

ئەيش سۇبھى — ۋىسال ئۈمىدى؛ خۇشاللىقنىڭ باشلىنىشى.

ئەيش كامى — ھالاۋەت؛ ھايات تەمى.

ئەيش گۈلبۈنى — شادلىق گۈللەپ - ياشنىغان چاغ.

ئەيش گۈلى — خۇشاللىقنىڭ ياشنىغان پەيتى.

ئەيشۇ تەرەب — شادلىق، خۇرسەنلىك، ئويۇن - كۈلكە:

ئەيشۇ تەرەبدە ئەي پەرى سەن كەبى دىلرەبا كېرەك.
دەردۇ غەمىڭدە ئۆلگەلى مەن كەبى مۇبتەلا كېرەك.

— گۇمنام.

ئەيشۇ كام — خۇشاللىق ئىستىكى؛ پاراغەت، مەقسەتكە ئېرىشىش.

ئەيشۇ مۇراد — مەقسەتكە، شادلىققا يېتىش.

ئەيشۇ نەشاد — شاد - خۇراملىق، خۇشۋاخلىق.

ئەيشۇ ئىشرەت — ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا.

ئەيشى خىلۋەت — خالىي جايدىكى خۇشال تۇرمۇش:

دىلبەرا ھۆسنۈڭ شىكارى نەقشى تابىدۇر فەلەك،
ئەيشى خىلۋەت ئىچرە ھەمتارىڭ ئەمەس ئېردى مەلەك.

— گۇمنام.

ئەيشى سۇرۇر — ئەيش - ئىشرەت خۇشاللىقى، ھايات سۆيۈنچىسى، شاد تۇرمۇش.

ئەيشى مۇدام — دائىملىق راھەت - پاراغەت مەيى، شادلىق كەيپى.

ئەيشى مۇستەدام — دائىمىي خۇرسەنچىلىك؛ ئۈزلۈكسىز ئەيش - ئىشرەت.

ئەيش پەرداز [عيش پرداز] (ئە + پ) تىرىكچىلىك قىلغۇچى، ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈچى.

ئەيشساز [عيش ساز] (ئە + پ) ئەيش - ئىشرەتساز، ئەيش - ئىشرەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

ئەيشساز بولماق — ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولماق.

ئەيش گۈزىن [عيش كوزين] (ئە + پ) ياخشى كۈن كەچۈرگۈچى، ياخشى مەئىشەت، ئىشرەتپەرەس، ئەيش - ئىشرەتنى سۆيگۈچى.

ئەيلەدىك [ايلاديك] ئەيلىدۇق، قىلدۇق، (پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى).

ئەيلەيۇ [ايلايو] ئەيلەپ، قىلىپ (پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكلى).

ئەيماق [ايماق] ئېيتماق، دېمەك.

ئەيمان [ايمان] (ئە) 1) ئۇلۇغ قول، ئۇلۇغ تەرەپ. 2) قەسەملەر؛ ۋەدىلەر:

ئاشىق ئۆلمايدۇر كىشى تا كەچمەگۈنچە جانىدىن،
زۇلفىغە مەھرەم بولۇرمۇ ئۆتمەسە ئەيمانىدىن.

— زەلىلى.

ئەيمەن [ايمن] (ئە) 1) ئەرەبىستاندىكى بىر جاينىڭ نامى؛ 2) دەرەخ نامى:

ئەيمەن دەرەختىدىن كىم مۇساغە ئوت كۆرۈندى،
ئىننى ئەنەللاھ ئەيتۇر ئەسرارى جان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

نارى ئەيمەن — ئوت يالقۇنلاپ تۇرىدىغان دەرەخ.

ئەين I [عين] (ئە) 1) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ع» ھەرپىنىڭ نامى.

ئەين II [عين] (ئە) 1) كۆز قارىچۇقى. 2) بۇلاق. 3) بەلگە؛ ئەينەك، كۆزگۈ. 4) ماھىيەت؛ جەھەت. 5) مەنبە سەۋەب:

تۇرفەتۇل ئەين ئىچرە رو بولدى بەلا،
ئارى - ئارى مۇستەجاب ئولدى دۇئا.

— زەلىلى.

ئەينەن تۇسەمما سەلسەبىل — سەلسەبىل ناملىق بۇلاق.

ئەينى بىباكلىك — ئىتائەتسىزلىكنىڭ ئەينى ئۆزى.

ئەينى بىنىش — ئۆتكۈر كۆز، چوڭقۇر چۈشەنگۈچى، بىلىملىك كىشىلەر.

ئەينى تەلەتتۇف — نازۇك مۇئامىلىدە بولۇش تۈپەيلى، بىرلا ياخشىلىق ئۈچۈن.

ئەينى جەلادەت — ئەزىمەتلىك يۈزىسىدىن، چاققانلىق، تېزلىك.

ئەينى رەسۋالىق — ئۆتە رىسۋالىق؛ رەسۋالىقنىڭ ئۆزى.

ئەينى رەشك — رەشك تۈپەيلى، رەشك تەقەززاسى بىلەن، رەشكىلىك قاراش (نەزەر).

ئەينى زەمان — زاماننىڭ ياخشىسى، ئۇلۇغى.

ئەينى سەفا — ساپ ئىرادە، گۈزەل ئارزۇ.

ئەينى كەرەم — ياخشىلىق يۈزىسىدىن.

ئەينى كەسافەت — كاساپەت مەنبەسى؛ ناھايىتى كاساپەت.

ئەينى مەقسۇد — ئەسلى مەقسەت، ھەقىقىي مەقسەت.

ئەينى مۇھەببەت — مۇھەببەت تۈپەيلى؛ خالىس مۇھەببەت.

ئەينى ناز — ناز تۈپەيلى؛ نازلىق كۆز؛ پەقەت ناز قىلماقلىق.

ئەينى نەزاھەت — ھەقىقىي پاكلىق، ئەسلى پاكلىق.

ئەينى نۇر — نۇرنىڭ دەل ئۆزى، ئۆز يورۇقلۇقى.

ئەينى ھەيات ئەفزا — ھايات بېغىشلىغۇچى، تىرىلدۈرگۈچى، ئىلتىپاتلىق كۆز.

ئەينى ئىززەت — ئىززەت يۈزىسىدىن، ۋەجىدىن.

ئەينى ئىفلاس ۋە فەلاكەت — ئىنتايىن چۈشكۈنلۈك ۋە پالاكەت.

ئەينى ئىنايەت — ئىنايەتنىڭ ئەينى ئۆزى؛ خالىس مېھرىبانلىق.

ئەينى يەرەقان — سېرىق كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان كىشىنىڭ كۆزى.

ئەينە [اين] (ئە) قەيەردە؟

ئەينەلمەفەر — قاچىدىغان جاي قەيەردە؟

ئەينەين [عينين] (ئە) ئىككى كۆز.

ئەينۇلكەمال [عين الكمال] (ئە) كامالەت، بالاغەت، پەقەت كامالەت سەۋەبىدىن.

ئەينۇلھەيات [عين الحيات] (ئە) 1) ھايات بۇلىقى، ھايات سۈيى؛ 2) ئەسەر نامى:

ئەرىقنى دەبان ئىسمى «نەھرۇننەجات»،
كى سەرشارىنىڭ ئاتى «ئەينۇلھەيات».
— ئا. نىزارى.

ئەينۇلىيەقىن [عين اليقين] (ئە) بىرەر نەرسىنى ماھىيەتى بىلەن ئېنىقلاش ۋە كۆرۈش، بىرەر نەرسە ھەققىدىكى ئېنىق مەلۇمات:

كۇفرۇ ئىمان ئايەتىنىڭ شەرھىنى ساھىب نەزەر،
كۆزلەرىڭ ئاقۇ قاراسىندەك كۆرەر ئەينۇلىيەقىن.
— ئاتايى.

ئەينۇلىيەقىن ئەھلى — ئۆتكۈر كۆزلۈكلەر؛ چىن، ھەقىقەتنى بىلگۈچى، مۇلاھىزە قىلغۇچى كىشىلەر.

ئەينىيەت [عينيت] (ئە) ئەينى ئۆزى؛ ئۆزلۈك.

ئەيۋان [ايوان] (ئە) 1) ئالدى ئوچۇق يوكسەك بىنا، قەسىر. 2) ئالتىنچى قەۋەت ئاسمان، پەلەك؛ ئالتىنچى قەسىر:

بوساغاڭدا كۆك تىرەر ئېردى باشىم لۇتفۇڭ بىلە،
يەرگە چالدىڭ شىشەدەك ئەيۋانى مىينادىن مېنى.
— ئاتايى.

3) قۇياشنىڭ 12 بۇرجىكىدىن بىرى.

ئەيۋانى رىفئەت — يوكسەك (قەسىر)؛ ئاسمان.

ئەيۋانى مۇنەققەش — بېزەكلىك، نەقىشلىك قەسىر، پەلەك، چەرخ.

ئەيۋانى مىينا — كۆك ئاسمان.

ئەيبانە [عيبانه] (ئە) جەرىمانە، تۆلەم.

ئەيىغ [ايىغ] ئېيىق.

ئەيقىماق [ايقماق] ئايرىلماق؛ ئويغانماق؛ ھوشيار بولماق، ھوشىغا كەلمەك؛ چۆچۈمەك؛ پەملىمەك.

ئەيىلدوماق [ايىلدورماق] ئويغاتماق، ھوشىغا كەلتۈرمەك؛ ئاجراتماق.

ئەيلىماق [ايىلماق] «ئەيقىماق» قا قاراڭ.

ئەيياب [عياب] (ئە) ئەيىبلىگۈچى.

ئەييار [عيار] (ئە) ھىيلىگەر، مەككار؛ سېھىرگەر.

ئەييار كۆز — ھىيلىگەر كۆز.

دىلبەرى ئەييار — سېھىرلىگۈچى دىلبەر.

ئەييارە [عياره] (ئە) مۇناپىق، ھىيلىگەر، ئالدامچى، مەككار؛ كونا دۇنيا.

ئەيياش [عياش] (ئە) مەئىشەتكە بېرىلگەن، مەئىشەتپەرەس، ئەيش - ئىشرەتنى سۆيگۈچى.

ئەييام [ايام] (ئە) [بىرلىكى: يەۋم] كۈنلەر، دەۋر؛ پەيت، چاغلار، زامانلار، ۋاقىتلار.

ئويغۇسىز ئۆتكەزگى سەن ئەييامنى،
بىھۇدە ئۆتكەزمە سۇبھى - شامنى.
— خەراباتى.

ئەييامى ئەدل كۆرگۈزمەك — ئادالەت، ئىنساپ كۆرسەتمەك؛ ھەققانىيلىك دەۋرى، زامانى بولماق.

ئەييامى شەباب — يىگىتلىك دەۋرلىرى، ياشلىق دەۋرى.

ئەييامى فاتىي — ئۆتكەن كۈنلەر، ئۆتكۈنچى پەيتلەر.

ئەييامى ۋىسال — يېتىشىش كۈنلىرى، ئۇچرىشىش پەيتلىرى.

زەئىف ئەييامى — كۈچسىزلىك پەيتلىرى، ئاجىزلىق دەۋرى.

ئەييۇھەسساقىي [ايهاالساقى] (ئە) ئەي ساقىي.

ئەييۇھەننەس [ايهاالناس] (ئە) ئەي ئادەملەر، ئەي خالايىقلار!

بىلىڭ ئەييۇھەننەس بىتتى بالام،
ئانى بەرسە ئورنىغا بەرگۈم غۇلام.
— ئا. نىزارى.

ب

ب چاغاتاي ئېلىپبەسىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى.

با [با] (پ) 1) بىرەر سۆپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئالدى قوشۇمچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆپەت ياسىغۇچى «لىق، چى، دار» قوشۇمچىلىرىنىڭ رولىدا كېلىدۇ:

سۆلۈكەتدە ماھىر ئەجەب باۋەدەب،
تەكەللۇم قىلۇر سەۋتكە غۇنچە لەب.

— ئا. نىزارى.

2) بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «بىلەن، ئارقىلىق» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: با قەلەم ـ قەلەم بىلەن، با تەرتىپ ـ تەرتىپ بىلەن، با مەسلىھەت ـ مەسلىھەت بىلەن. 3) «بە I» گە قاراڭ.

باب I [باب] (ئە) 1) ئىشىك، دەرۋازا، قوۋۇق:

كى شاھزادە ئاچتى كەرەم بابىنى،
كۆرۈپ شاھى فەغفۇر بۇ ئىنئامىنى.

— ئا. نىزارى.

2) بۆلۈم، قىسىم، باب:

سۆزلەشىبان ھەربىرى بىر بابىدىن،
تىز رەۋان ئۆتتىلەر تىزنابىدىن.

— زالىلى.

3) جەھەت، ساھە، مەسىلە:

پاكلىق بابىدا يوقتۇر بىر سىنىڭدەك دەھر ئارا،
كىم يۈزۈڭنى كۆردى دەر: مەريەمدىن ئېرمىشدۇر ئەفىف.

— ئۇبەيدى.

باب II [باب] (پ) ماس، مۇۋاپىق، لايىق، باب.

بابا [بابا] بوۋا؛ مويسىپىت؛ قېرى؛ بۇرۇن ياشىغان كىشىلەر، ئەجدادلار.

بابەت [بابت] (ئە) جەھەت؛ توغرىسىدا، ھەققىدە؛ تۈر، خىل.

بابەركەت [بابركت] (پ + ئە) بەرىكەتلىك، مول.

بابەھا [بابها] (پ) باھالىق، قىممەت.

بابەھائ [بابهاء] (پ + ئە) ھۆسن، جامال، گۈزەللىك، روشەنلىك.

بابزەن [بابزن] (پ) كاۋاپ زىخى.

بابۇل خىلاپ [باب الخلاف] (ئە) ئەگرىلىك، ناتوغرىلىق.

بابىل [بابل] (ئە) ئىراقتا قەدىمكى زاماندا مەشھۇر بولغان بىر شەھەر.

باپەندە [بافنده] (پ) باپكار، توقۇمىچى:

ۋۇجۇدىغە باپەندەنىڭ تۇشتى تاب،
زەبان چەرخىغە ئەشتى سۆزدىن تەناب.

— غەرىبى.

بات [بات] (پ) تېز، ئىلدام، ئىتتىك، پات:

قارا ساچىڭ كۆڭۈلگە كەلسە دەرمەن،
قەرارىمغەكى بات بول باشىڭ ئال، قاچ.

— ئاتايى.

بات ئەيلەمەك — تېز قىلماق، قەتئىي بەرمەك:

گەر مالنى ئەسبابى نىجات ئەيلەگەسەن،
دەرۋىشكە سەدقىسىنى بات ئەيلەگەسەن.

— نەۋايى.

باتەئەب [باتعب] (پ + ئە) 1) ھارغان، ھاردۇق يەتكەن، چارچىغان. 2) مادارسىز، كۈچسىز:

يەنە خاجە سورىدىكى، ئەي باتەئەب،
ھەلەب شەھرىگە كەلمەكىڭ نې سەبەب.

— ئا. نىزارى.

باتەرتىپ [باترتيب] (پ + ئە) تەرتىپ بىلەن، تەرتىپلىك.

باتەنەززۇل [باتنزل] (پ + ئە) چۈشكۈنلۈك بىلەن، ئۆزىنى پەس كۆرۈپ.

بات ـ بات [بات ـ بات] (پ) تېز ـ تېز، پات ـ پات.

باتراغ [باتراغ] تېزرەك، پاتراق.

باتماق [باتماق] 1) چۆكمەك، غەرق بولماق، پاتماق؛ 2) يوشۇرۇنماق، كۆمۈلمەك، يوقالماق:

فەلەك ياتىب ئاياغ ئىلگىن ئۇزاتىپ،
ئېشەك يەڭلىغ قارا بالچىققا باتىب.

— نەۋايى.

باتمان I [باتمان] ئېغىرلىق ئۆلچىمى، پاتمان.

باتمان II [باتمان] پاتمايمەن.

باتىل [باطل] (ئە) 1) بۇزۇق، بۇزۇلغان؛ بوش،

قۇرۇق:
... ئىلاھا باتىل ئىشلاردىن ماڭا بەرگىل پۇشەيمانلىق.
— ئەھمەد يەسەۋى.

2) ئاساسسىز، بىھۇدە؛ ناتوغرا، ناھەق:
قازىلار پەتۋايى بەريان ھەقنى باتىل قىلدىلار،
كۇفر ئېتىپ ئىمانە كەلمەس، كەلمەكىكە ئار ئەتدىلەر.
— موللا مۇھەممەد نىيازى.

3) يالغان، ساختا:
تەمبۇرەنىڭ باتىلە پەرۋەردەسىن،
يىرتايىن ئول باشتىن ـ ئاياغ پەردەسىن.
— ئەھمەدى.

باتىل ئەتمەك — بۇزماق.
باتىل بولماق — بۇزۇلماق.
باتىل خەيال — بىھۇدە، بۇزۇق خىيال.

باتىن [باطن] (ئە) 1) ئىچ، ئىچكى دۇنيا، كۆڭۈل:
قىلىپ باتىنىدە خۇدادىن تەلەب،
خالاس ئولماقىغە نىچۇكدۇر سەبەب.
— ئا. نىزارى.

2) يوشۇرۇن، مەخپىي، پىنھان:
خۇدانىڭ خەلقىغە كۆپ جەبر ئەيلەر،
كى باتىن كۆزلەرنى كور ئەيلەر.
— مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.

باتىن ئەئما — زېھنسىز، ئوقۇشسىز.
باتىن ئۆي — كۆڭۈل ئۆيى.
باتىنى قارا زاھىرى ئاق — ئىچى قارا كۆرۈنۈشى ئاق، ئىككى يۈزلىمچى.

باتىنەن [باطناً] (ئە) ئىچىدىن، يوشۇرۇن.
باتىنەن ۋە زاھىرەن — ئىچىدىن ۋە تېشىدىن.

باج [باج] (پ) پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىكىلەرنىڭ ئۆزگە قاراشلىق جايلاردىن ئالىدىغان سېلىقى؛ باج، ياساق:
چۇ شاھلارغا قىلساڭ ئەگەر تاجىنى،
كى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئالىپ باجىنى.
— غەرىبى.

باجۇد [باجود] (پ + ئە) مەرھەمەتلىك، ھىممەتلىك، سېخىي.
ۋۇجۇدى باجۇد — مەرھەمەتلىك شەخس.

باخەبەر [باخبر] (پ + ئە) خەۋەردار، خەۋىرى بار:
بۇلاردىن سوراب مەن، ئايا راھبەر،
بۇ ئىشدىن فەقىرنى قىلىڭ باخەبەر.
— ئا. نىزارى.

باختەر [باختر] (پ) 1) غەرب، كۈنپېتىش.
باختەردىن تا بەخاۋەر — غەربدىن شەرقىچە.
2) بەلخ شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى.

باختەن [باختن] (پ) يېڭىلمەك، ئۇتتۇرماق؛ زىيان تارتماق.

باخسۇم [باخسوم] تېرىق، بۇغداي ياكى قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك.

باخنامە [باخنامه] (پ) 1) لەقەم. 2) نام، ئۇنۋان، ئاتاق.

باخۇسۇس [باخصوص] (پ + ئە) 1) مەخسۇس قىلىنغان، خاس. 2) خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

باخىرەد [باخرد] (پ) ئەقىل، ھوشقا ئىگە؛ ئەقىللىق، دانا.

باد [باد] (پ) يەل، شامال:
قىلىپ باد يەڭلىغ جەھاننى گۇزەر،
خەبەر ئالماقىغە شەھەرمۇ شەھەر.
— ئا. نىزارى.

بادى ئەجەل — ئەجەل شامىلى، ئۆلۈم خەۋىرى:
بولۇپ غەرق كىشتى، فۇرۇ كەتتى ئەل،
كى تەقدىر ئىلە ئەستى بادى ئەجەل.
— ئا. نىزارى.

باد پەنەھ — شامالدىن پاناھلىنىدىغان جاي.
بادى خەزان — كۈز شامىلى:
دەر ئېردىكى تىترەپ چۇبادى خەزان،
كى ئۆچتى چىداغىم نىتەي، ئاھ، جان.
— ئا. نىزارى.

بادى سەبا — تاڭ شامىلى، مەيىن شامال.
بادى سەرسەر — ئىتتىك شامال، قاتتىق شامال، بوران:
بولۇپ بادى سەرسەر مەسەللىك ئېتى،
قاباتىپ تۇرار جۇرغا تىگىنىڭ ئېتى.
— موللا شاكىر.

بادى سۇبھ — سەھەر شامىلى:
كىم ئايغاي شەرھى ھالىمنى قاتىڭدە،
چۇ بادى سۇبھ يەتمەس ھەزرەتىڭدە.
— لۇتفى.

بادى مۇخالىف — تەتۈر شامال:
چۇ قوزغالدى بادى مۇخالىف شەدىد،
خەلايىق جانىدىن ئۈزۈلدى ئۈمىد.
— ئا. نىزارى.

بادام [بادام] (پ) بادام؛ بادام شەكىللىك:
كاكۇلىنىڭ تارى داغى بادامدۇر،
كۆزلىرى گۇياكى چۈن بادامدۇر.
— زەلىلى.

بادامە [بادامه] (پ) بادام شەكىلدىكى، بادام نۇسخا.

بادامە مۇھەر — بادام شەكىلدىكى مۆھۆر.

باد ئاۋەرد [باد آورد] (پ) يەل كەلتۈرگەن، شامال ئېلىپ كەلگەن؛ مۇشەققەتسىز قولغا كەلگەن.

بادە [بادە] (پ) مەي، شاراب:

ھەمە قاچتى مەندىن ھەرامزادەلەر،
چەراكىم فەقىردا تۈگەپ بادەلەر.

— ئا. نىزارى.

بادە ئاشام — مەيپەرەس، شارابخور.

بادە بەزمى — مەي زىياپىتى، ئىچىملىك ئولتۇرۇشى.

بادەئى ئەسفەر — سېرىق مەي.

بادەئى تەھۇرا — ساپ، تازا مەي.

بادەئى سەندەل — سەندەل پۇراقلىق مەي.

بادەئى گۇلپام — قىزىل، ياقۇت رەڭ مەي.

مەدەئى گۇلگۇن — قىزىل رەڭلىك سۈزۈك مەي.

بادەئى ناب — تازا، تىنىق، ساپ مەي:

ئىلىندە بىر پىيالە بادەئى ناب،
مۇنىڭدەك كەلدى ئول گۇلبەرگى سىيراب.

— لۇتفى.

بادەئى ھۇمرا — قىزىل مەي.

بادەئى ئىشرەت — خۇشاللىق شارابى، ئىشرەت شارابى:

نەسىب ئەتمىش فەلەك خۇنابەئى ھەسرەتنى غەم بىرلە،
كۆرەرمۇ بادەئى ئىشرەتنى ئول ھەرگىز رەۋا بىزگە.

— مەھزۇن.

بادەئى ئىشق — ئىشق، سۆيگۈ، ۋىسال مەيى:

بادەئى ئىشقىڭدىن ئەت كۆڭلۈمنى مەست،
لېك ئول يەڭلىغكى بولغاي مەي پەرەست.

— نەۋايى.

بادەپالا [بادەپالا] (پ) مەينى سۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان لاتا، داكا، مەي سۈزگۈچ.

بادە پەرەست [بادە پرست] (پ) مەيپەرەس، مەيگە بېرىلگەن.

بادە پەيماي [بادە پيماى] (پ) مەي قۇيغۇچى؛ مەي ئىچكۈچى:

بۇ بەزمى غۇسسە ئىچرە بادە پەيماي،
بولۇر ھەرلەھزە مۇنداق مەجلىسئاراي.

— نەۋايى.

بادە پۇرۇش [بادە فروش] (پ) مەي ساتقۇچى.

بادە كەش [بادە كش] (پ) مەيخور، شارابخور:

سەن ئەمدى غەم يېمە كۆڭلۈڭنى خۇش تۇت،
تەرەب بىرلە ئۆزۈڭنى بادەكەش تۇت.

— نەۋايى.

بادە نۇش [بادە نوش] (پ) مەي ئىچكۈچى، مەي ئىچكەن، مەيگە ئۆگەنگەن.

باد بان [بادبان] (پ) يەلكەن، يەلكەنلىك كېمە، كېمە چېدىرى:

خىرەد كىشتى ئۆزرە تىكىپ بادبان،
قىلۇر بەھر ئىچرە قۇيۇندەك رەۋان.

— ئا. نىزارى.

بادپا [بادپا] (پ) يەلتاپان، تېز يۈرەر؛ چاپقۇر ئات:

يەنە ئەمر قىلدى پەرى ئەي ئاتا،
يەنە كەلتۈرۈڭ تېزرەك بادپا.

— ئا. نىزارى.

باد پاي [باد پاي] (پ) «بادپا» غا قاراڭ:

چاپىپ ھەر تەرەپ بادپايى سەمەند،
شىكار ئەيلەبان بارچە پەستۇ بەلەند.

— ئا. نىزارى.

بادنەما [بادنما] پ) شامال يۆنىلىشىنى كۆرسەتكۈچى ئەسۋاب.

بادىنجان [بادنجان] (پ) پېدىگەن (چەيزە).

بادىيە [باديه] (ئە) چۆل، باياۋان، سەھرا:

كۆررۇندىكى ئاندىن ئەجەب بادىيە،
سەمەرلىك يەر ئېردى ئۇشول ۋادىيە.

— ئا. نىزارى.

بار I [بار] دۇر، ئېرۇر (كېسىملىك جۈملە ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان قوشۇمچە) :

شوخلۇقتىن ئويناشىپ جان ئالسا ھەردەم كۆزلەرى،
غەم ئەمەستۇر جان بىرۇردە لەئلى شەككەر بارى بار.

— مەھزۇن خوتەنى.

بار II [بار] (پ) يۈك.

بارى ئەندۇھ — غەم يۈكى.

بارى دىل — كۆڭۈل يۈكى، كۆڭۈلدىكى تەشۋىش.

بار III [بار] (پ) 1) مېۋە؛ ھوسۇل. 2) قورساقتىكى بالا:

بولۇپ ھامىلەدىن شىكەم ئىچرە بار،
تۇغارغە بۇ يەرنى قىلىپ ئىختىيار.

— زەلىلى.

بار IV [بار] مەررە، قېتىم، نۆۋەت:

قىلىپ نەغمىنى ئۈچ قاتار،
بۇ نەخش غەزەلنى نەچچە بار.

— موللا شاكىر.

بار **ئەۋۋەل** — دەسلەپكى قېتىم، بىرىنچى قېتىم، تۇنجى قېتىم.

باردىگەر — كېيىنكى قېتىم، ئىككىنچى قېتىم.

بىر بار — بىر قېتىم:

مەيخانىسىگە يول بەرسە بىر بار،
گۈزەلۈكنى تاشلاپ بولسام سەبەبكار.

— خەستە.

بار V [بار] (پ) ئىجازەت، رۇخسەت، ئىزىن؛ قوبۇل.

بار **ئەھلى** — ساراي مەمۇرلىرى.

بار **بەرمەك** — كىرىشكە رۇخسەت بەرمەك، قوبۇل ئەتمەك.

بار **تاپماق** — كىرىشكە ئىجازەت ئالماق، قوبۇل ئېتىلمەك.

بارى **ئام** — ئومۇمىي قوبۇل.

بارى ئام **بەرمەك** — ھەممىنى قوبۇل قىلماق.

بار **ئىستەمەك** — رۇخسەت، ئىجازەت سورىماق.

بار VI [بار] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: ياغدۇرغۇچى، تۆككۈچى، تارقاتقۇچى، ، ياغقۇچى مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

ئەنبەر بار — ئەنبەر تارقاتقۇچى، گۈزەل ھىدلىق.

بارىد بار — سوغۇق تارقاتچۇچى.

كافۇر بار — كافۇر ياغدۇرغۇچى.

باراب [باراب] (پ) سۇغىرىلىدىغان يەر.

باراج [باراج] (پ) تۇغۇت ئانىسى.

بارئاغۇش [بارآغوش] بىر باغلام، بىر قۇچاق، بىر يۈدە (ئوتۇن).

باران [باران] (پ) يامغۇر:

نە نامازۇ روزىيۇ نە ئەيلەدىم ھەججۇ ـ زەكات،
بولدى ئەمدى كۆز ياشىم چۇن مىسلى باران ئەلۋىدا.

— سەدائى.

تىير باران — ئوق ياغدۇرۇش.

سەڭگى باران — تاش ياغدۇرۇش.

بارە I [بارە] (پ) مەررە، قېتىم؛ «بار IV» غا قاراڭ.

بارە II [بارە] (پ) ھەق…، خۇسۇس…،

بارەسىدە [بارەسيدە —] خۇسۇسىدا، ھەققىدە:

بىزنىڭ بارەمىزدە چېكىپ رەنجىنى،
ئاڭا ئەرزىمەس بەرسە مىلك گەنجىنى.

— ئا. نىزارى

بارە III [بارە] (پ) قەلئە، قورغاننىڭ تېمى.

بارە IV [بارە] (پ) ئات، ئۇلاغ.

بارە-بارە [بارە-بارە] (پ) بىر قېتىم ـ بىر قېتىم، ئاستا ـ ئاستا، بارا ـ بارا.

بارەندە [بارندە] (پ) ياغقۇچى.

بارەندە **ئەبر** — يامغۇرلۇق بۇلۇت.

باربار [باربار] (پ) قايتا ـ قايتا، تەكرار ـ تەكرار.

باربەست [باربست] (پ) يۈك تېڭىش.

بارخانە [بارخانە] (پ) چېدىر؛ مال ئامبىرى، ئامبار.

باردار [بار دار] (پ) 1) مېۋىلىك. 2) ھامىلىدار، ئېغىر ئاياغ. 3) يۈك كۆتۈرگۈچى ھامال.

بارسىپ [بارسيب] سىلكىپ، گويىنتىپ:

ساچ باغ ئۆچىنى بارسىپ،
مۇنساكىنى يۆرگەنىپ،
يولغا كىردى تەبرەنىپ،
يۈگۈرۈپ يۈرۈر ئېردىيا.

— موللا مۇھەممەت نىيازى.

باركەش [بار كش] (پ) يۈك توشۇغۇچى، ھامال.

بارگاھ [بارگاه] (پ) 1) پادىشاھ قوبۇلخانىسى، قەسىر، ساراي:

تىكىلدى ئىككى ياندىن بارگاھلار،
مۇۋاپىق بولدى ئىككى پادىشاھلار.

— لۇتفى.

2) چېدىر، ئۆتاق:

پەقىر نامراتلارغا ھەم بەردى ئات،
ئاق ئۆي چادىرۇ بارگاھ بىرلە كات.

— موللا شاكىر.

3) مازار، قەسىر:

خەلق تاۋاپ ئەتمەك ئۈچۈن بارگاھ،
بارماقىنى بەرمەس ئىلكىدىن رەھا.

— زەلىلى.

فەلەك بارگاھى — ئاسمان قەسىر، يۈكسەك ئاسمان.

بارھا [بارها] (پ) بىرنەچچە قېتىم، بىرنەچچە مەررە.

بارۇت [باروت] (پ) مىلتىق دورىسى، پورۇخ.

بارۇت ساز [باروت ساز] (پ) مىلتىق دورىسى ياسىغۇچى.

بارۇتگەر [باروت كر] (پ) مىلتىق دورىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇستا.

بارۇر I [بارور] (پ) مېۋىلىك، ھاسىل بولغان.

بارۇر II [بارور] بارىدىغان:

قايدا باراي مەن ئەي سەنەم، يوقتۇر يەنە بارۇر يېرىم،
ئىشىق ئېلىنىڭ بولۇپدۇرۇر سەجدەگاھى بۇ بابىڭىز.

— ئۇبەيدى.

بارۇھ [باروح] (پ + ئە) روھلۇق، جانلىق، ياشناپ

تۇرغان.

بارىي [بارى] (ئە) يارانقۇچى، ئاپىرىدە قىلغۇچى ئاللا.

بارىبان [بارىبان] بېرىپ.

بارىد [بارد] (ئە) سوغۇق.

بارىد رەتىب — ھۆل سوغۇق.

بارىد يابىس — قۇرۇق سوغۇق.

بارىقە [بارقە] (ئە) نۇرلۇق، روشەن، چاقنايدىغان.

بارىقەئى زىيا — نۇرنىڭ پارلىشى.

بارىقەئى سەرمەدىي — ئەبەدىي روشەنلىك.

بارىقەئى لەتاپەت — يارقىن، ئىللىق گۈزەللىك.

بارىك [بارىك] (پ) ئىنچىكە، نازۇك.

بارىكەللاھ [بارك الله] (ئە) ئاللا بەرىكەت بەرسۇن! خۇدا مۇبارەك قىلسۇن! :

دېدى *بارىكەللاھ مۇرادىڭغا* يەت،
نەگىش خاتىرەڭگە يېتەر، *قىل ئەبەت.*

— ئا. نىزارى.

بارىكبىن [بارىك بىن] (پ) نازۇك نەرسىلەرنى كۆرۈپ بىلەلەيدىغان، ئۆتكۈر، زېرەك.

بارىكبىنلىك [بارىك بىن لىك] زېرەكلىك، ئۆتكۈر زېھىنلىك.

بارىندەك [بارندەك] (پ) يامغۇرلۇق بۇلۇتتەك:

جەھان خۇررەم بولۇپ خۇددى بارىندەك،
سۇزۇلۇپ چەشمەلەر مايى مايىنتەك.

— لۇتفى.

بارەۋاج [بارواج] (پ + ئە) راۋاجلانغان، ئىشى ئالغا باسقان:

مۇساپىر بولۇر ئاقسۇدا بارەۋاج،
تاپۇر نامۇراد بولسا خەرجۇ - خەراج.

— موللا شاكىر.

بارىياب [بارياب] (پ) قوبۇل قىلىنغان، كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان.

باز I [باز] (پ) لاچىن:

چۇ ناز ئول تەزەرۇ گاشكار ئەيلەبان،
بەسى بازۇ شاھىن شىكار ئەيلەبان.

— نەۋايى.

باز II [باز] (پ) يەنە، قايتا:

چۇ بىر جامنى باز مەملۇ ئېتىپ،
ماڭا تۇتتى جامنى خۇشبۇ ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

باز III [باز] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە «ئوينىغۇچى، ئويناتقۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: مەيمۇنباز - مايمۇن ئويناتقۇچى، ئىشقىباز - ھەقىقىي ئاشىق.

باز ئەتمەك — ئويناتماق:

كەبكدېك رەفتار ئىلە ھەر سارى ئەيلەپ جىلۋەلەر،
بەندى زۇلفىن باز ئېتىپ ئەنبەر فىشانلىقلار مۇدۇر.

— گۇمنام.

باز IV [باز] (پ) ئېچىش، ئېچىلىش؛ ئوچۇق:

ئۆتۈپ ئېردى ئول كۈن بۇ يەڭلىغ ئۇمۇر،
ئەجەب ۋاقىئە باز تاپتى زۇھۇر.

— ئا. نىزارى.

بازار [بازار] (پ) سودا - سېتىق قىلىنىدىغان جاي، بازار.

بازارگان [بازاركان] (پ) بازارچى، سودىگەر، ئېلىپ - ساتار.

بازارى [بازارى] (پ + ئە) بازارلىق، بازار ئەھلى.

بازئاۋەرد [باز آورد] (پ) قايتا كەلتۈرۈش؛ ھەدىيە، سوۋغا.

بازەۋق [با ذوق] (پ + ئە) زوقمەن، زوقمەنلىك بىلەن.

بازبان [بازبان] (پ) لاچىنۋاز، لاچىننى شىكارغا ئۆگەتكۈچى، لاچىن بىلەن شىكار قىلغۇچى.

بازبىن [بازبين] (پ) بېلەت ساتقۇچى.

بازجۇست [بازجست] (پ) ئاختۇرۇش، تەكشۈرۈش.

بازجۇست ئەيلەمەك — قىدىرماق.

بازگەشت [بازگشت] (پ) قايتىش، يېنىش.

بازگەشت ئەيلەمەك — قايتماق، قايتىپ كەلمەك.

بازگۇن [بازگون] (پ) : 1) تەتۈر، چەپ، ئەكس. 2) بەختسىز.

بازگۇنە [بازگونە] (پ) «بازگۇن» غا قاراڭ.

بازگوي [بازگوي] (پ) ناخشا، غەزەلدە بىر سۆزنى ياكى بىر بېيىتنى قايتىلاپ تەكرار ئېيتىش.

بازۇ [بازو] (پ) بىلەك:

كى بازۇسىدۇر مىسلى شاخى چىنار،
يۈزى ئاي مەسەللىك كۆزى تاجدار.

— ئا. نىزارى.

بازۇيى ئەدل — ئادالەت قولى.

بازۇلۇق [بازولوق] 1) بىلەكلىك. 2) كۆچمە: كۈچلۈك:

چۈكمىم زور بازۇلۇق ئەيلەپ پەدىد،
كېلىپ لەرزىگە كۆھ ئانداغكى بېد.

— ئا. نىزارى.

بازى [بازى] (پ) ئويۇن؛ ئالداش.

بازى **بەرمەك** — ئالدىماق.

بازى **يېمەك** — ئالدانماق.

بازىچە [بازيچه] (پ) 1) ئويۇنچۇق؛ قوچاق؛ 2) چاقچاق.

بازىچەئى **ئەتفال** — بالىلار ئويۇنچۇقى.

بازىگەر [بازيگر] (پ) ئويۇنچى، مەسخىرىۋاز.

باسەفا [باصفا] (پ + ئە) ساپالىق، تازا، يېقىملىق:

كۆرۈپمەن ئەجەب گۈنبەزى باسەفا،
كى ئۇستاد ئىلكىدە تاپمىش بەنا.

— ئا. نىزارى.

باسرۇغ [باسروغ] 1) ئاق ئۆي ئۈستىگە ياپىدىغان كىگىز. 2) باسقۇچ (باسىدىغان).

باسقۇن [باسقون] تاجاۋۇز، ھۇجۇم.

باسۇت [باسوت] ياردەم، قوللاش، مەدەت، ياردەمچى، يۆلىگۈچى، كۆيۈنگۈچى.

باسىبان [باسيبان] بېسىپ:

ئون كىشىدە ئالتە ئېشەك، ئىككى قوي،
گاھ باسىبان يۇقارى، گاھىدا ئوي.

— زەلىلى.

باسىت [باسط] (ئە) 1) ئېچىلغان، يېيىلغان. 2) كۆڭۈل ئاچقۇچى.

باسىرە [باصره] (ئە) كۆرۈش قۇۋۋىتى، كۆرۈش سەزگۈسى؛ كۆز.

باسىق [باسيق] بېسىلىق، چىدامىلىق.

باسىن [باسن] باسما، مەتبەئە.

باسىنج [باسنج] زۇلۇم، ئېزىش.

باسەۋەللاھ [باسوى الله] (ئە) ئاللادىن باشقىسى:

ئاھىكىم ئول بادەدىن نوش ئەيلەسەم،
باسەۋەللاھنى فەراموش ئەيلەسەم.

— خەراباتى.

باشەرەف [باشرف] (پ + ئە) شەرەپكە ئىگە، ئالىيجاناب، ئېسىل:

تىلەر ئەردى ھەقدىن كى قابىل خەلەف،
مۇناجات ئەيلەپ شەھى باشەرەف.

— ئا. نىزارى.

باشەفىق [باشفيق] (پ + ئە) شەپقەتچى، ھېسداشلىق قىلغۇچى:

مەلىكە دېدى: خاجەئى باشەفىق،
نەچۈك كەل دۇرۇر سىزگە بولغان رەفىق.

— ئا. نىزارى.

باشۇكۇھ [باشكوه] (پ) شەۋكەتلىك، سەلتەنەتلىك؛ تەنتەنىلىك؛ تەمكىن، سالماق:

شەھەنشاھ ئانداغ ئېرۇر باشۇكۇھ،
خەزايىن ئاڭا بار ئىدى كوھ ـ كوھ،

— ئا. نىزارى.

باشارماق [باشارماق] باشقۇرماق، يولغا سالماق.

باشام [باشام] (پ) پەردە، ئىشىك ياكى دېرىزە پەردىسى.

باشامە [باشامه] (پ) ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسى.

باشقان [باشقان] باشلىق، يۇرت چوڭى.

باشقالىق [باشقاليق] ئىختىلاپ، ئايرىمىلىق، جۇدالىق.

باشى [باشى] (پ) رەھبەر، باشلىق، سەردار.

باشىر [باشير] سۆت بىلەن:

ئانىڭدەك ئەتتىلەر بارچەسى تەدبىر،
كى بىر ـ بىرىگە قاۋۇشقاي شەھدۇ باشىر.

— لۇتفى.

باغ [باغ] (پ) گۈلزار، گۈلشەن، باغ.

باغۇ **بوستان** — باغ ۋە گۈلزارلار، ياشنىغان باغ:

يەنە ئەيلەدى باغۇ ـ بوستانلار،
كى پەيدا قىلىبان گۈلىستانلار.

— غەرىبى.

باغۇ**راغ** — باغ ۋە دالا، باغ ۋە ئوتلاق:

ئاندا گەر قىلسالڭ تەمەئكىم سەرۋىيۇ ھەم باغۇ راغ،
مۇندا بىر ۋەيرانە ئىچرە گۈشەئى دىۋار تۇت.

— مەھزۇن.

باغى **ئىرەم** — جەننەت بېغى؛ كۆچمە: ناھايىتى ياخشى باغ:

يا پەرى يا ھۇر يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەرىم دۇچارى كاشغەر.

— گۇمنام.

باغى **ۋىسال** — ۋىسال بېغى.

باغى **جەننەت** — جەننەت بېغى، بوستان.

باغى **جىنان** — «باغى جەننەت» كە قاراڭ:

مەلامەت ئوقىدىن جىسمىمدە ھەدسىز يارەلەردۇر كىم،
بولۇرمۇ ئىشق ئېلىگە يارەلەر باغى جىنان بىر كۈن.

— گۇمنام.

باغى **رەھمەت** — رەھمەت بېغى.

باغى **رىزۋان** — جەننەت.

باغات [باغات] (پ) باغلار، باغلىق جايلار.

باغى [باغى] (ئە) باش تارتقۇچى؛ ئازغۇنلۇق.

باقى [باقى] (ئە) 1) ئەبەدى، دائىمىي، مەڭگۈ:
ئەلقىسسە، بۇ شاھلارغا ھەياتلىق باقى بولماي، جەھان سەلتەنەتىنى بىرىپ، بۇ فەلەكى غەددار پات فۇرسەتتە ياندۇرۇپ ئالدى.

— موللا سىدىق.

2) قالدۇق، ئېشىپ قالغان نەرسە:
نېچۈك جان بەرمەسۇن ۋەسلىڭ تىلەپ دەردۇ فىراقىدىن،
قەلەندەرغە ۋىسالۇ دەۋلەتۇ ھەم ئۆمرى باقىدۇر.
— ئۇبەيدى.

باقىئى ئۆمر — قالغان ئۆمۈر:
قەدەھگەردان قىلىبان ساقىئى ئۆمر،
كەچۈردىلەر مۇنىڭدەك باقىئى ئۆمر.

— لۇتفى.

باقىمەندە [باقى مانده] (پ) قالدۇق، قالدۇق قەرز؛ باقىمەندە.

باك [باك] (پ) 1) قورقۇنچ، خەۋپ، ۋەھىمە:
دەرىن ئەردىكى باغرىن چاك قىلسا،
يۈرەكىنى چىقارىپ باك قىلسا.

— لۇتفى.

2) زەرەر:
جان ئەگەر ئول ئارەز ئۈچۈن بارسا يوق، كۆڭلىدە رەھىم،
سۈسىزىن يۈز بالىغ ئۆلسە بەھرىغە نې باك ئېرۇر.
— لۇتفى.

3) ئەندىشە، يىغا - زار:
ئاقىل ھۇۋەيدا بولۇپ ئەيلەدى باك،
بىرەھنە سەبر باقاسىنى قىلدى چاك.

— ئەھمەدى.

باكاۋۇل [باكاول] پادىشاھنىڭ تاسقىنى ئېتىدىغان خىزمەتچى، ئاشپەز:
باكاۋۇل پادىشاھغە پەركەچىدۇر،
بىلىپ دىۋانغە ئىش يەتكۈرگۈچىدۇر.

— مەھزۇن.

باكەمال [باكمال] (پ + ئە) كامالەتكە يەتكەن، يېتىلگەن؛ مۇكەممەل؛ تالانتلىق، ئىقتىدارلىق:
ھۈنەرمەنلىكتە ئەجەب باكەمال،
ۋە لېكىن ئاغا ئەردى ئون ئىككى سال.

— ئا. نىزارى.

باكى [باكى] (ئە) يىغلىغۇچى.

باكىر [باكر] (ئە) تاڭ، ئەتىگەن.

باكىرە [باكره] (ئە) توي قىلمىغان قىز.

باڭ [بانک] (پ) قىچقىرىلغان، ۋارقىرىغان ئاۋاز، سادا، پەرياد:
بۇ ۋەسۋاس ئىلە تۈن ئۆتۈپ ئاتتى تاڭ،
كى مۇرغى سەھەر ئول زەمان ئۇردى باڭ.

— ئا. نىزارى.

باڭى بەلەند — يۇقىرى ئاۋاز:
بەيت ئوقۇپ ئۈچ كىشى باڭى بەلەند،
يۈردۈكۈ قالدى سىپىلى ياركەند.

— زەلىلى.

بال I [بال] (پ) قانات.

بالۇ پەر — قانات - قۇيرۇق:
دېمە قىرغول، كەبۇتەر بىرلە ئۆرمىش بالۇ پەر،
شۇڭقار ئىلە ھەم خىرام ئولمىش ھەۋا ئۈستىدە قار.

— سەبۇرى.

بال II [بال] (ئە) كۆڭۈل، دىل، خاتىرە.

بال III [بال] ھەسەل.

بالا [بالا] (پ) ئېگىز، يۇقىرى، ئۈستۈن:
گۈلشەن گۈلى تازە، قەدى سەرۋ ئولمەقى بالا،
قەدىڭ تۈز ئۆلۈپ تازە ئاچىلغانىڭ ئۈچۈندۇر.

— گۇمنام.

بالىباس [بالباس] (پ + ئە) كىيىم كىيگەن، كىيىنلىك:
رەسۇلى خۇدا دېدى ئولدۇركى نىس،
جەھان مەجلىسىدە بولۇر بالىباس.

— غەرىبى.

بالىق [بالق] بېلىق:
گەھى قەئر ئىچرە بالىق بىرلە ھەمساز،
گەھى مەۋج ئۈستىدە كۆن بىرلە ئەنباز.

— لۇتفى.

بالىن [بالين] (پ) ئورۇن - كۆرپە، چۈشەك:
ئانى ياتقۇزۇپ ئۆيدە بالىن ئۆزە،
نە بالىن ئۆزە فەرش قالىن ئۆزە.

— ئا. نىزارى.

بام [بام] (پ) 1) سۈبھى، تاڭ. 2) ئۆگزە، ئۆگزە ئۈستى:
كى بىر ھۇجرا تەئيىن قىلىپ بام ئۆزە،
چىكىپ ئاھۇ - ئەفغان چىقىپ تام ئۆزە.

— ئا. نىزارى.

بامەسلەھەت [بامصلحت] (پ + ئە) مەسلىھەت بىلەن، پىكىرلىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ.

بامداد [بامداد] (پ) ئەتىگەن؛ ئەتىگەنلىك ناماز.

بامىدە [باميده] ئۆگزىدە:
تىڭلادىم ئول ھالىنى ھەيرەت تۈنى،

يەتتى فەلەك بامىدە غەۋغا ئۈنى.
— ئەھمەدى.

بامىقدار [بامقدار] (پ + ئە) مىقدارلىق، باھالىق، قەدرى بار.

بان [بان] (پ) 1) ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن شەيئىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياسايدۇ:
باغبان ـ باغۋەن، پاسبان ـ پاسىۋان، دەرۋازەبان ـ دەرۋازىۋەن:
بۇلار ھەر بىرى بىر جەھانبان ئىدى،
جەھان مۈلكىگە خانۇ خاقان ئىدى.
— ئا. نىزارى.

2) قاراۋۇل، قاراۋۇللۇق قىلغۇچى:
سىپەند ئېرمەس ئوت ئۈزرە گۈل سەنىڭكى دانەئى خالىڭ،
ئەسىرىڭ بەند ئەتمەكلىككە گۈل بانى زەنەخداندۇر.
— گۇمنام.

بانەۋا [بانوا] (پ) ئاۋازى ياخشى، ئاۋازلىق: باي، بەختلىك.

بانۇ [بانو] (پ) ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قوللىنىلىدۇ: خانىم، ئايىم:
تاماشا قىلىپ ساگەتى ماھۇش،
كى بانۇيى ئالى نەسەب شاھۇش.
— ئا. نىزارى.

بانى [باني] (ئە) بىنا قۇرغۇچى، بىناكار.

باھ [باه] (پ) جىنسىي مۇناسىۋەت، جىنسىي قۇۋۋەت.

باھەسرەت [باحسرت] (پ + ئە) ھەسرەتلىك:
مۇنگدەكدە گۈل ئىككى يارى ھەمدەم،
كۇنچە روبەرو باھەسرەتۇ غەم.
— لۇتفى.

باھەم [باهم] (پ) بىرلىكتە.

باھەيات [باحيات] (پ + ئە) ھاياتبەخش، جانلىنىپ تۇرغان.

باھۇزۇر [باحضور] (پ + ئە) ھۇزۇر قىلىپ، راھەتلىنىپ، بىمالال:
كىلىپ تاغۇ تاغدىن بۇ نەزرى نۇزۇر،
بۇ لەشكەر ھەمە ياتدىلار باھۇزۇر.
— موللا شاكىر.

باھۇنەر [باهنر] (پ) ھۇنىرى بار، كەسپى بار.

باھىر [باهر] (ئە) روشەن، ئېنىق، ئاشكارا.

باھىس [باحث] (ئە) ئىزلەنگۈچى، تەتقىقاتچى.

باۋەفا [باوفا] (پ + ئە) ۋاپادار، ئىشەنچلىك، سادىق.

باۋەر [باور] (پ) 1) ئىشەنچ، ئېتىقاد:
كى باۋەر قىلمىسا ئۇشبۇ سۆزۈمگە بىۋەفا دىلبەر،
يېرىپ بۇ كۆكرىكىم خەنجەر بىلەن باغرىمنى كۆرسەتسەم.
— ئا. نىزارى.

2) توغرا، ھەقىقەت.

باۋەر ئەتمەسلىك — ئىشەنمەسلىك، چىنپۇتمەسلىك؛ گۇمان، شۇبھە بىلەن قارىماق:
باۋەر ئەتمەس نەچچە قان يۇتسام يۈزىنىڭ يادىدا،
كۆرمەدىم دەپ كۆزلەرىڭدىن ئىشقىنىڭ ئاسارىنى.
— ناقىس.

باۋەر ئەيلەمەك — ئىشەنمەك، چىنپۇتمەك.

باۋەر بولماق — ئىشەنچلىك بولماق:
بەرمەپ ئېركەن ھەقتەئالا ساڭا ھەرگىز ئېتىقاد،
سىڭا دېدىم ئەرزىمنى بىرى بولمادى باۋەر ساڭا.
— ئۇبەيدى.

باۋەر قىلماق — ئىشەنچ قىلماق:
مەنىڭ ئىشقىمنى باۋەر قىلمادى، قاشىمغە كەلتۈرگىل،
كۆرۈپ ھالىم قولىن تىشلەپ نەچاغلىق شەرمسار ئولسۇن.
— گۇمنام.

باۋۇرچى [باورجی] ئاشپەز:
باۋۇرچى قىلدىلەر تويدى قىبرىننى،
قوغۇنلار ئاراسدا بىھتەرىننى.
— مەھزۇن.

باۋۇرچىخانە [باورجی خانه] ئاشپەزخانا.

باۋۇجۇد [باوجود] (پ + ئە) 1) مەۋجۇتلۇقتا ئىگە، ۋۇجۇدقا كەلگەن. 2) شۇنداق بولسىمۇ، شۇنداق بولۇپ تۇرۇپ:
باۋۇجۇدى مۇنچە نەقد گۈل دونخىسال،
تونگە تىكمىش ئىدى گەردۇن مىسال.
— نەۋايى.

بائېتىقاد [بااعتقاد] (پ + ئە) ئېتىقاد بىلەن، ئېتىقادى بولغان ھالدا:
دېدى: ئاندا شاپۇرى بائېتىقاد،
قىلاي كارىڭىزدا فەقىر ئېتىمباد.
— ئا. نىزارى.

بائىس [باعث] (ئە) 1) سەۋەب، ۋەج، باھانە:
چۇ بائىس بولۇپ دەردى سەرگە خاجە،
كى قائىل بولۇپ دەردى سەرگە خاجە.
— ئا. نىزارى.

2) ئاساس، مەنبە:
سەنسىز بىلمەم ئۆزۈم بەلكىم ئۆلۈك مەن يا تىرىك،

باﺋىسى ئۆمرى ئەزىزۇ ئىفتىخارىم قايداسەن؟

— ئۆبەيدى.

باﺋىسى ئەفگارلىغ — غەمكىنلىك، كۆڭلى غەشلىكنىڭ سەۋەبى.

باﺋىسى تەھەييۇر — ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىشنىڭ ئاساسى.

باﺋىسى دەرد — غەم، دەردنىڭ سەۋەبى.

باﺋىسى غەمكەش — غەم يېيىشنىڭ سەۋەبى:

ئىشق ئارا جانۇ دىلىم ھەردەم كەشاكەشلىقدادۇر،
باﺋىسى غەمكەشلىك ئول دىلجۇ ئىكەنىنى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

باﺋىسى قۇۋۋەت — قۇۋۋەت مەنبەسى.

باﺋىسى ئىفتىخار — ئىپتىخارلىنىشنىڭ سەۋەبى.

باﺋىجازەت [بااجازت] (پ + ئە) رۇخسەت قىلىنغان، ئىجازەت بېرىلگەن؛ رۇخسەت بىلەن.

باﺋىدراك [باادراك] (پ + ئە) ئىدراكلىق، زېھنى ئۆتكۈر، پاراسەتلىك.

باﺋىلىم [باعلم] (پ + ئە) ئالىم، ئىلىملىك.

باﺋىمتىياز [باامتياز] (پ + ئە) ئىمتىيازغا ئىگە، ئىمتىيازلىق.

بايەد [بايد] (پ) 1) جەزمەن، چوقۇم، زۆرۈر. 2) مۇمكىن، ئېھتىمال:

كى بايەدكە شايەد ئاتا ئەيلەگىل،
بۇ ئېھسان ئىشىن بى خەتا ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى.

بە [به] (پ) 1) ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىپ سۈپەت ياسايدۇ:

بەقۇۋۋەت ـ قۇۋۋەتلىك، بەھۇزۇر ـ ھۇزۇرلۇق.

2) بەزى ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئورۇن، يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچە رولىدا كېلىدۇ:

كى ئاندىن يۈرۈپ تېز ئەيلەپ سەمەند،
كى داخىل بولۇپمەن بەجايى خوقەند.

— ئا. نىزارى.

3) جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىپ «مۇ، ۋە، ھەم» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:

يارنى سۈراغلاپ دەشت بەدەشت، كوھ بەكوھ يۈرەي،
مەجنۇن سىفەت دىلبەر ئۈچۈن ئەيلە ئارىسىز.

— موللا بىلال.

4) بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «بىلەن، ئارقىلىق» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:

بەجانۇ دىل ئەتتىڭكى ئەمرىن قوبۇل،
دېدىكىم، قىلايىن قىزىمنى دوخۇل.

— ئا. نىزارى.

بەئەين [بعين] (پ + ئە) ئاجرىتىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئوخشىشى، خۇددى ئۆزى:

ماڭا بۇ سەفەرنىڭ ئىشىدۇر زەدۇر،
بۇ يولنىڭ غەمىدۇر بەئەينى سۇدۇر.

— ئا. نىزارى.

بەباد [بباد] (پ) شامالغا، ھاۋاغا؛ بىكارغا.

بەباد بەرمەك — بىكارغا كەتكۈزمەك، ھاۋاغا ئۇچۇرماق.

بەباد ئولماق — بىكارغا كەتمەك، سورۇلماق.

بەباد ئولماغاي — بىكار كەتمىگەي، يوق بولمىغاي.

بەبر [ببر] (پ) يولۋاس:

بۇ بېشەكىم ئۆتەردە ۋەھىم ئېتىپ لال،
سالۇر بەبر ئاندا پەنجە شىر چەڭگال.

— نەۋايى.

بەبرى خۇنرىز — قان تۆككۈچى، يىرتقۇچ يولۋاس.

بەبرى بەيابان — سەھرا يولۋىسى.

بەت I [بط] (ئە) ئۆردەك.

بەت كەباب — ئۆردەك گۆشىدىن تەييارلانغان كاۋاپ.

بەت II [بت] (پ) «بەد» گە قاراڭ:

ئاران قويدى ئېبسە تاتماغە قۇرسەت،
تاتار ـ تاتماستىن يېغدى سۇفرەنى بەت.

— لۇتفى.

بەتائەت [بطائت] (ئە) ئاستىلىق، سۆرەلمىلىك.

بەتالەت [بطالت] (ئە) 1) بىكار تەلەپلىك، ئىشسىزلىق. 2) باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق؛ دادىل.

بەتەر [بتر] (پ) «بەدتەر» گە قاراڭ:

فۇرقەتىدە كىم ئۆلۈمدىندۇر خەتەر،
سەككىز ئۇچماق، يەتتى دەۋزەختىن بەتەر.

— لۇتفى.

بەتەڭ [بتنگ] (پ) تار، سىقىلغان.

بەتەڭ كەلمەك — سىقىلماق، تويماق:

كەلدىم ئوشۇل ھالدە جاندىن بەتەڭ،
چىقتى خارابەتتە غەۋغايى جەڭ.

— ئەھمەدى.

بەتەمام [بتمام] (پ + ئە) پۈتۈنلەي، تامامەن، تولۇقى بىلەن:

ئالدى سەبرىم گۇل پەرىزاد، دىلىم ئالدى قەددى شەمشاد،
مېنى كۆرۈپ بولدى ناشاد بەتەمامى خەيلى ئەفلاك.

— موللا بىلال.

بەتتال [بطال] (ئە) 1) كېرەكسىز، ئىشتىن چىققان،

قىممىتى يوق. 2) بىكارچى، ئىش قىلمايدىغان. 3) باتۇر، قەھرىمان.

بەتلان [بطلان] (ئە) پايدىسىز؛ يالغان، ساختا، ئىشەنچسىز.

بەتن [بطن] (ئە) قورساق، ئىچ:

چۇ ئىزھار ئېتىپ مەزھەرى ئىشقىنى،
سەدەپ بەتنىدىن گەۋھەر ئىشقىنى.

— ئا. نىزارى.

بەچە [بچه] (پ) گۆدەك، بالا خىزمەتكار، بالا ئويۇنچى:

ئالىپ كىردى ئول قەسىر ئەيۋانغە،
كى ئول بەچە ئولتۇرغۇزۇپ يانىغە.

— ئا. نىزارى.

بەچچە [بچه] (پ) «بەچە» گە قاراڭ.

بەخت [بخت] (پ) شادلىق، مەمنۇنىيەتلىك، ئارمانسىزلىق؛ ئامەت، تەلەي؛ ئىقبال، تەقدىر؛ بەخت.

بەخت ئەختەرى — بەخت يۇلتۇزى.

بەختى بەد — بەختى قارا:

قىلسە مەدەد بۇ بەختى بەد ئۇچراساڭىز بەناگەھى،
كۆيدۈرەردۇر بۇ نازىڭىز، ئۆلتۈرەدۇر ھىجابىڭىز.

— ئۇبەيدى.

بەختى بەلەند — بەختلىك، ئامەتلىك.

بەختى بىدار — ئويغاق بەخت، دائىمىي بەخت.

بەختى كامران — بەختكە ئېرىشكەن، مەقسىتىگە يەتكەن، بەختلىك.

بەختى گۇمراھ — ئاداشقان، بەختسىز.

بەخش [بخش] (پ) بەرمەك، بېغىشلىماق؛ ھەدىيە قىلماق؛ ئىگە بولماق:

ئاتام ئېردى ئول شەھر ئارا تاج بەخش،
كى شەھلىق بىلەن نەچە يىل سۈردى رەخش.

— ئا. نىزارى.

بەخشايىش [بخشاين] (پ) 1) كەچۈرۈم قىلماق. 2) تۆھپە، ھەدىيە، ئىنئام.

بەخشەندە [بخشنده] (پ) بەرگۈچى، بەخش قىلغۇچى.

بەخشىش [بخشش] (پ) ھەدىيە، سوۋغا؛ ئېھسان، سەدىقە.

بەخۇسۇس [بەخصوص] (پ + ئە) مەخسۇس، ئالاھىدە؛ خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

بەخىل [بخيل] (ئە) پىخسىق، بېخىل؛ ئىچى تار، ئاچكۆز.

بەخىيە [بخيه] (پ) تىكىش، كىيىمنىڭ تىكىشى، جىيەك.

بەخىيەساز — جىيەك تىككۈچى.

بەد [بد] (پ) 1) يامان، يارىماس، بۇزۇق:

كېلىپ ئىشكىگە دائىم گەدادەك تەلمۈرۈپ تۇردۇم،
گەدالىق بەد ئىدى دوستلار، گەدادىن بەلكى خار بولدۇم.

— موللا بىلال.

2) سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدە كېلىپ «يامان، بۇزۇق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ:

قىلسە مەدەد بۇ بەختى بەد ئۇچراساڭىز بەناگەھى،
كۆيدۈرەدۇر بۇ نازىڭىز، ئۆلتۈرەدۇر ھىجابىڭىز.

— ئۇبەيدى.

3) بەزى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، ئىسىم بىلدۈرگەن مەنىنىڭ يامانلىق تەرەپتىكى سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت ياسايدۇ:

بەد بەشىرە — سەت چىراي؛ بەدھال ـ ھالسىز؛ بەدخۇي ـ قىلىقى يامان.

بەدئامۇز [بدآموز] (پ) 1) يامانلىققا ئۆگەنگەن. 2) يامانلىقنى ئۆگەتكۈچى.

بەداھەت [بداهت] (پ) 1) روشەن، ئېنىق، چۈشىنىشلىك؛ 2) تاسادىپىي ۋەقە.

بەد ئاۋاز [بدآواز] (پ) ئاۋازى خۇنۇك، ئۈنى يېقىمسىز.

بەدايەت [بدايت] (ئە) باشلىنىش، دەسلەپ:

شەبابەت زەمانى بەدايەت ئىدى،
مېنىڭ ۋەرزىشىم كۆپ ساياھەت ئىدى.

— ئا. نىزارى.

بەدئايىن [بدآيين] (پ) 1) قانۇن ـ شەرىئەتنى ئىنكار قىلىدىغان، گۇناھكار. 2) دىنسىز، دىنغا ئىشەنمەيدىغان.

بەدئەختەر [بداختر] (پ) بەختسىز، بەختى قارا، تەلەيسىز.

بەدەخشان [بدخشان] (پ) ئابغان تۈركلىرى ئورۇنلاشقان بىر ناھىيىنىڭ نامى ۋە ئۇ يەر لەئەل بىلەن تونۇلغان، بەزىدە لەئەل مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ:

بارچە خوش قامەت سەفا تەلئەت ۋە لېكىن باتىنى،
ئاق قوناق لەخى، سۇنۇق شىشە، بەدەخشان كورسى.

— ناقىس.

لەئلى بەدەخشان — بەدەخشاننىڭ قىزىل تېشى؛ قىپقىزىل لەۋ؛ سۆيگىنىنىڭ قىزىل لىۋى:

مۇنچە كۆيدۈرمەك نەدۇر، خۇرشىدى تابانىم، نەسۇد،
يۈرەكىم قان ئەيلەدىڭ لەئلى بەدەخشانىم، نەسۇد.

— ئۇبەيدى.

بەدئەدا [بدادا] (پ) 1) قوپال سۆزلۈك، ئاچچىق تىللىق؛ 2) خۇنۇك، يېقىمسىز تاۋۇش.

بەدەر [بەدر] (پ) قويۇۋېتىلگەن؛ قاچقان.

بەدەر كەتمەك — نام - نىشانسىز، ئىز - دېرەكسىز كەتمەك، قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەي كەتمەك:

بەيابان تەرەپكە بەدەر كەتتى گۇل،
يۈگۈرماق بىلە باقمايىن ئوڭ ۋە سول.

— ئا. نىزارى.

بەدئەفئال [بدافعال] (پ + ئە) قىلمىقى سەت، خۇلقى يامان، قىلىقسىز.

بەدەل [بدل] (ئە) ئالماشتۇرۇش: ئالماشتۇرۇلىدىغان نەرسە:

دېدى: *گۇن بەرابەر كۆمۈشتۇر بەدەل،*
بېرىڭ دەرمەھەل گەسلە قىلماي جەدەل.

— ئا. نىزارى.

بەدەل قىلماق — ئالماشتۇرماق.

بەد ئەمەل [بدعمل] (پ + ئە) يامان قىلىق، بۇزۇق ھەرىكەت.

بەد ئەندام [بداندام] (پ) خۇنۇك، سەت.

بەدئەھد [بدعهد] (پ + ئە) ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، ۋاپاسىز، تۇراقسىز.

بەدئەھدۇپەيمان [بدعهدپيمان] (پ + ئە + پ) ۋەدىسى يالغان، يالغانچى، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان:

بۇكى ئانىڭ ئەھدۇ پەيماندا مەن ئولسام داغى،
ياخشى پۇرسەت تاپساڭ، گۇل بەدئەھدۇ پەيمانىمغا ئايت.

— نەۋايى.

بەدئەھل [بداهل] (پ + ئە) بۇزۇق، پەسكەش، يامان، ناچار.

بەدەۋلەت [بەدولت] (پ + ئە) چوڭ دۆلەتكە، بايلىققا ئىگە، دۆلەتمەن.

بەدەۋى [بدوى] (ئە) كۆچمەن خەلق؛ نادان، مەرىپەتسىز.

بەدەۋىيەت [بدويت] (ئە) كۆچمەنلىك؛ نادانلىق، مەرىپەتسىزلىك.

بەدبار [بدبار] (پ) قوپال، كېلەڭسىز، ئېغىر.

بەدبەخت [بدبخت] (پ) بەختسىز، تەلەيسىز؛ بەختى قارا.

بەدبەشرە [بدبشره] (پ + ئە) سەت چىراي، ئەپتى بۇزۇق.

بەدبەيەن [بدبيەن] (ئە + پ) يامان مەلۇمات، خاتا دەلىل؛ زىيانلىق پىكىر؛ ناتوغرا مۇلاھىزە:

ۋەزىر بەدبايانغا ھاجەت ئەرمەس،
مىسال ئەتمەك ئايانغا ھاجەت ئەرمەس.

— زەلىلى.

بەدبۇ [بدبو] (پ) ھىدى يامان، يېقىمسىز پۇراق، سېسىق پۇراق.

بەدبىن [بدبين] (پ) باشقىلارغا يامانلىق سېغىنغۇچى.

بەدتەر [بدتر] (پ) يامانراق، بەتەر:

ھەم گۇل پەردە يىقىلدى زار - مەدھۇش،
يەنە ئاندىن بەدتەر ماھى قەسەبپۇش.

— لۇتفى.

بەدتەرىن [بدترين] (پ) ناھايىتى يامان، ئەڭ يامان:

ئۆزى پەرۋەرىش ئەيلەگەن بىر خەسىس،
زىھى بەدتەرىن ئىبنى مۇلجەم نەجىس.

— ئا. نىزارى.

بەدتەئم [بدطعم] (پ + ئە) تەمسىز، تەمى يوق.

بەدجەھل [بدجهل] (پ + ئە) پەيلى يامان، ئاچچىقى تېز كېلىدىغان.

بەدخاھ [بدخواه] (پ) يامانلىق سېغىنغۇچى، يامان نىيەتلىك.

بەدخور [بدخور] (پ) ئېغىزغا تېتىمايدىغان، تەمسىز.

بەدخۇ [بدخو] (پ) مىجەزى يامان، يامان خۇيلۇق؛ قوپال، يامان ئادەتلەنگەن:

بارچەغە لۇتف ئەيلەرۇ قىلماس ماڭا ھېچ ئىلتىفات،
بۇ مەنىڭ ھالىمغە گۇل بەدخۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

بەدخۇلق [بدخلق] (پ + ئە) خۇلقى، قىلىقى يامان.

بەدخۇي [بدخوي] (پ) «بەدخۇ» غا قاراڭ:

نەقىلدىم يارەب گۇل بەدخۇي جەۋاب بەرمەس سەلامىمغە،
ئاچىغ سۆز بىرلە دەشنام ئەيلەدى شىرىن كەلامىمغە.

— مەھزۇن.

بەددىل [بددل] (پ) يامان نىيەت، شۈبھىلىك، گۇمانلىق.

بەددىل بولماق — شۈبھىلەنمەك، بەتگۇمان بولماق.

بەددىيانەت [بدديانت] (پ + ئە) دىنىي قائىدىلەرگە رىئايە قىلمايدىغان، ئىنساپسىز، ۋىجدانسىز:

گەر مۇسۇلمان زادە بولساڭ ئەي مەھى نامىھرىبان،
شۇم رەقىبى بەددىيانەت جانىغە بىداد قىل.

— ئۇبەيدى.

بەدر [بدر] (ئە) تولۇن ئاي، ئون تۆت كۈنلۈك ئاي:

ئول ھىلالى قاشلەرىنغە ئوخشاتاي دەپ ئۆزىنى،
بەدر ئۆزىن كۆرگىلى نى يەرگە يەتكۈزۇر ھەر ماھ - ماھ.

— ئەتائى.

بەدرى كەۋاكىب — يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تولۇن ئاي:

ئۇشبۇ جەمائەت بەدرى كەۋاكىب بىز،

مەڭگىسى يوق باتىلۇ بىباك بىز.

— ئەھمەدى.

بەدرى ماھ — تولۇن ئاي، ئون تۆت كۈنلۈك ئاي:

لەبلىڭ ئىستەپ نېدىن جان بەرمەيىن ئابىھەيات ئاندىن،
يۈزۈڭ كۆرگەچ نېچۈك كۆز ئاچمايىن ئول بەدرى ماھىمدۇر.

— گۇمنام.

بەدرى مۇنىر — نۇرلۇق تولۇن ئاي:

سەئادەت سىپىھرىدە بەدرى مۇنىر،
دىيانەت ئېلى ئىچرە رەۋشەن زەمىر.

— ئا. نىزارى.

بەدرەگ [بدرک] (پ) تېگى پەس، ناپاك، ئىپلاس:

بەرىپ قىممەتىنى كەنىزەك ئۈچۈن،
فۇسۇنساز پۈرمەكر بەدرەگ ئۈچۈن.

— ئا. نىزارى.

بەدرەڭ [بدرنگ] (پ) 1) رەڭگى سەت، كۆرۈمسىز:

ئۆزىنى ئەرز قىلدى بەدرەڭ.

— مەھزۇن.

2) رەڭگى سەت بىر خىل قوغۇن.

بەدرۇددۇجا [بدرالدجى] (ئە) تۈندىكى تولۇن ئاي:

ئايا شاھى لەۋلاك بەدرۇددۇجا،
شەفائەت مەيدىن ماڭا قىل ئەتا.

— ئا. نىزارى.

بەدرۇز [بدروز] (پ) يامان كۈن، بەختى قارا، بەختسىز، تەلەيسىز.

بەدزاد [بدزاد] (پ) يامان، يارىماس ئادەم:

يەنە قول ئۆزاتتى پەرىزادغە،
يەنە ئۇردى خەنجەرنى بەدزادغە.

— ئا. نىزارى.

بەدزەبان [بدزبان] (پ) تىلى يامان، يامان سۆزلۈك.

بەدسىگال [بدسگال] (پ) نىيىتى يامان، نىيىتى بۇزۇق:

قەزار كىرىپ باغ ئارا پىرى زال،
بۆيى زاھىرى، باتىنى بەدسىگال.

— ئا. نىزارى.

بەدشەكىل [بدشكل] (پ + ئە) كۆرۈنۈشى سەت، خۇنۈك.

بەدفەرجام [بدفرجام] (پ) ياخشى نەتىجە بەرمەيدىغان، يامان ئاقىۋەتلىك.

بەدكار [بدكار] (پ) ئەخلاقسىز، يارىماس، يامان ئىش قىلغۇچى:

ناقىساكىم قەدرى كەمدۇر ئەھلى ئىلىم، قارىيۇ، دەرۋىشنىڭ،
فاسىقۇ بەدكار، بەدخۇ مۇھتەرەم ئىنسان ئارا.

— ناقىس.

بەدكەردار [بدكردار] (پ) يامان تەبىئەتلىك، يامان قىلىقلىق:

قىلۇرمەن شىكۇەلەر مەككارەلەردىن،
نە بەدكەردار بەد خۇنخارەلەردىن.

— مۇھەممەد سادىق.

بەدكارلىق [بدكارليق] ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقلۇق، ئىپلاسلىق:

ساڭا كەسىب بەد فېئىل بەدكارلىق،
ماڭا كەسبدۇر ئەبرىشىمكارلىق.

— غەرىبى.

بەدگۇمان [بدگمان] (پ) گۇمانخور، يامان نىيەت؛ شۈبھە.

بەدگۇمان ئەيلەمەك — گۇمان قىلماق، شۈبھىلەنمەك.

بەدگۇمان بولماق — شۈبھە بىلەن قارىماق، گۇمانلىماق:

نېتىپ قاشىمدا كۆرەي دېۋلەركى، باردۇر ئىشىم،
مەلايىك ئۆتسە ئانىڭ سارى بەدگۇمان بولماق.

— نەۋايى.

بەدگۇمانلىق [بدگمانليق] ئىشەنمەسلىك، گۇمانخورلۇق.

بەدگۇي [بدگوي] (پ) يامان سۆزلىگۈچى؛ قوپال سۆز؛ تۆھمەتچى، غەيۋەتچى.

بەدگۇيلۇق [بدگويلوق] تۆھمەتچىلىك، غەيۋەتچىلىك:

كىشىدىن ساڭا يەتسە بەدگۇيلۇق،
ئاڭا ئەيلەسەڭ ئۆزنى خوشخۇيلۇق.

— غەرىبى.

بەدگەۋھەر [بدگوهر] (پ) ئەسلى يامان، ئەسلى پەس.

بەدگەۋھەرلىغ [بدگوهرليغ] ئەسلى يامانلىق، ئەسلى-زاتى پەسلىك.

بەدلەھجە [بدلهجه] (پ + ئە) قوپال سۆزلۈك، سۆزى يېقىمسىز، سېسىق گەپ قىلىدىغان.

بەدمەسلەھەت [بەدمصلحت] (پ + ئە) يامان مەسلەھەت بەرگۈچى، بۇزۇق نىيەتلىك:

ئەداۋەت سارىگە بەد مەسلەھەتلەر،
ئىلاج كورىدىن كاچ مەسلەھەتلەر.

— مۇھەممەد سادىق.

بەدمېھر [بدمهر] (پ) شەپقەتسىز، مېھرىسىز، كۆيۈمسىز:

كۆڭۈلنى باغلىما مېھرىغە ئۇل ئېرۇر بەدمېھر،
دەمى بۇزال نېچە ئەلنى ناتەۋان قىلادۇر.

— غەرىبى.

بەدنام [بدنام] (پ) يامان نام چىقارغان، نامى بۇلغانغان، نامىغا داغ چۈشكەن، يامان ئاتلىق:

چىقاردى يۈلەپ بارچە خەددامىلار،
ۋەزىرغە ھەمە قىلدى بەدناملار.

— ئا. نىزارى.

بەدنەپەس [بدنفس] (پ + ئە) نەپسى سوغۇق، يامانلىق كۆتكۈچى.

بەدنەپىس [بدنفس] (پ + ئە) نەپسى يامان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان.

بەدنەما [بدنما] (پ) سەت چىراي، ئەپتى بۇزۇق.

بەدنەماي [بدنماي] (پ) «بەدنەما» غا قاراڭ:

بۇ كەسىب ئىچرە ئۆمر ئۆتسە ھالىڭغا ۋاي،
داغى بەخر ئېتەر سەنمۇ، ئەي بەدنەماي.

بەدنىھاد [بدنهاد] (پ) يامان تەبىئەتلىك، يىرگىنچلىك، سەت، كۆرۈمسىز:

كېچە چىقتى مەككارەئى بەدنىھاد،
قىلىپ ئول زەمان شاھغە خەيرباد.

— ئا. نىزارى.

بەدھال [بدحال] (پ + ئە) 1) ئەھۋالى يامان، ناچار؛ بەختسىز:

چۈ تەبىھ قىلىپ بارچە جۇمھالغە،
كى ئىبرەت قىلىپ جۇملە بەدھالغە.

— ئا. نىزارى.

2) جانسىز. كۈچسىز، مادارسىز:

ۋەلي نەۋرۇز ئانىڭتەك ئەردى بەدھال.
كۆز ئاچمادى ئاڭ ئاتقۇنچە قالىپ لال.

— ئا. نىزارى.

بەدھال ئولماق — ھالسىزلانماق، يامان ئەھۋالغا قالماق، كۆڭلى بۇزۇلماق:

زەمانى تۇرۇپ ئانچە بەدھال ئولۇپ،
ئاڭا سۆز قىلىشقە تىلى لال ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

بەدھەيبەت [بدهيبت] (پ + ئە) كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان، ۋەھىمىلىك؛ سەت، قوپال.

بەدھوش [بدهوش] (پ) ھوشىدىن كەتكەن، ھوشسىزلانغان، بىھوش:

ساقىيا، ھىجران خۇمارى لالۇ بەدھوش ئەيلەمىش،
بەرمەگەيسەن بىزگە يەتسە دەۋرى ساغەر ئىنتىزار.

— نەۋايى.

بەدۆك [بدوك] بۆيۈك، چوڭ؛ ناھايىتى.

بەدىماغ [بەدماغ] (پ + ئە) 1) دىمىغى ئۈستۈن، كىبىرلىك، تەكەببۇر. 2) يۇقىرى پەرۋاز:

بەلكى بۇ فەسلى باغ ئۆتەر، قۇمرىيۇ - تۇتى، زاغ ئۆتەر،
سەرۋ يەنە بەدىماغ ئۆتەر، بەلكى بۇ نەۋبەھار ئۆتەر.

— موللا بىلال

بەدىھە [بديهه] (ئە) ھازىر جاۋابلىق؛ ئۇشتۇمتۇت، بىردىنلا ئېيتىلغان سۆز.

بەدىئ [بديع] (ئە) نەپىس، گۈزەل، نادىر؛ تازا، ساپ.

ئىلمىي بەدىئ — ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىنىڭ 3 - قىسمى؛ ئىستىلىستىكا.

بەدىئ خۇبى مەنزەر — ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك:

يەمەن خانى رەفىئ فەررۇخى ئەختەر،
ئەدەن خانى بەدىئ خۇبى مەنزەر.

— لۇتفى.

بەدىئ ئولماق — گۈزەل، نەپىس بولماق، گۈزەللەشمەك.

بەدىئە [بديعه] (ئە) 1) گۈزەللىك، نەپىسلىك، كۆركەملىك. 2) كىشىنى جەلپ قىلىدىغان، ماختاشقا سازاۋەر بەدەئىي ئەسەر.

بەدىئۇەش [بديعوش] (ئە + پ) مۇكەممەل، ئاجايىپ نادىر يېزىلغان شېئىرلار.

بەدىئى [بديعي] (ئە) سەنئەتلىك، ئىستىتىكىلىق.

بەر I [بر] (پ) 1) سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ «قا، غا؛ دا، دە؛ ئۈستىدە، توغرىسىدا...» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. 2) بەزىدە «بە» قوشۇمچىسىنىڭ رولىدا كېلىدۇ.

بەركەمال — تولۇقى بىلەن؛ بەردەۋام - داۋاملىق.

بەر II [بر] (پ) مېۋە، ھوسۇل، نەتىجە، پايدا، مەنپەئەت:

كىشى ھەنزەل ئېكسە ئاچىغ بەر تاپار،
ۋەگەر نەيشەكەر ئېكسە شەككەر تاپار.

— نەۋايى.

بەر تاپماق — لەززەتلەنمەك، بەھرە ئالماق:

قەدىمىنىڭ سەرۋىدىن تاپماس كىشى بەر،
مېنى كۆرمەس پەرىتەك ئادەمىلەر.

— لۇتفى.

بەر يېمەك — لەززەتلەنمەك، پايدىلانماق:

سېنى ئىستەگەن ئول مىسكىن غەمخار،
ۋىسالىڭدىن يېسۇن بەر ئاخىرى كار.

— لۇتفى.

بەر III [بر] (پ) بەدەن، گەۋدە؛ كۆكرەك.

بەر IV [بر] (ئە) قۇرۇقلۇق، يەر؛ دەشت، چۆل.

بەررۇ بەھر — قۇرۇقلۇق ۋە سۇ، يەر يۈزى.

بەرابەر [برابر] (پ) تەڭ، بىر خىل؛ بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان:

كىم كۆرتەي دېدى ئالەمنى سەراسەر،
تىلەدى كۆرمەدى گۈلنى بەرابەر.

بەرات [برات] (ئە) 1) يارلىق؛ ئازارلىق خېتى:

مۇشكىن خەتىنكى چەشمەگى ھەيۋان نەباتىدۇر،
بىر دانە جان ئەگەكى تىرىكلىك بەراتىدۇر.

— ئاتايى.

2) قەمەرىيە يىلى ھېسابىدا 8 - ئاينىڭ نامى، شەبان؛ بايرام:

ئەي قەلەندەر، گەر تاپىشسام گۈل پەرى پەيكەر بىلە،
شۇم رەقىبغە نەھس، ماڭا باردۇر ئەيدى بەرات.

— ئۇبەيدى.

بەرئامەد [برآمد] (پ) چىقىش، كۆتۈرۈلۈش، يۈكسە-لىش.

بەراي [براي] (پ) ئۈچۈن؛ چۈنكى، ... لىقتىن؛ ھەققىدە.

بەرايى خۇدا — خۇدا ھەققىدە، خۇدالىق ئۈچۈن:

مەنى ئاندا يەتكۈر بەرايى خۇدا،
قۇدۇمىڭغە ياران، بۇ جانىم فىدا.

— ئا. نىزارى.

بەرايا [برايا] (ئە) خالايىق؛ مەخلۇقات:

رەئاياغا قىلمىش مۇرۇۋۋەت بەسى،
بەراياغە ئەيلەپ خۇتۇۋۋەت بەسى.

— ئا. نىزارى.

بەرەس [برص] (ئە) ئاق كېسەل؛ پېسە.

بەرەنداز [برنداز] (پ) بۇزغۇچى، بەربات قىلغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى:

چۈن ئەمەلى بىرلە نەۋاساز ئولۇپ،
گۈل نەي ئۈنى خانە بەرەنداز ئولۇپ.

— نەۋايى.

بەرەندە [برنده] (پ) ئىگە بولغان، ئېرىشكەن، ئالغان؛ ئىگە بولغۇچى؛ يەڭگۈچى، غالىب.

بەرەھنە [برهنه] (پ) 1) قىپيالىڭاچ، كىيىم - كېچەك-سىز:

بولۇپ سەر بەرەھنە بارىپ مەن يەقىن،
سالام ئەيلەدىم يەرگە سۈرۈپ جەبىن.

— ئا. نىزارى.

2) كەمبەغەل، يوقسۇل.

بەرباد [برباد] (پ) شامالغا، ھاۋاغا؛ شامال بىلەن؛ سورۇلغان، يوقالغان؛ ۋەيران، خاراب، يوق:

نەسىمى يار قويىنىدىن تاپىلسە،
سۇلەيمان مۈلكىنى بەرباد ئوقۇرلەر.

— ئەتايى.

بەرباد ئەتمەك — «بەرباد قىلماق» قا قاراڭ:

نىقاب ئاچماقنى بۇ مەھزۇنغە بىر ياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز،
مەنى ئۆرتەپ ئول ئوتقە كۆلنى بەرباد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.

— گۇمنام.

بەرباد قىلماق — يوق قىلماق، تۆگەتمەك، شامالغا ئۇ چۇرۇۋەتمەك.

بەربەت [بربط] (ئە) بەربەت، ئۆردەك شەكلىدىكى چالغ ئەسۋابى:

كى قانۇنۇ تەنبۇرۇ بەربەت، غەجەك،
يەنە چەڭۇ سەمتۇر ياشىل چەمبەرەك.

— ئا. نىزارى

بەربەتزەن [بربطزن] (ئە + پ) بەربەتچى.

بەربەتنەۋاز [بربطنواز] (ئە + پ) بەربەت چالغۇچى

بەربەر [بربر] (پ) 1) ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قەبى خەلقى. 2) ۋەھشىي، ياۋۇز. 3) تەييار، تەييارلانغان، ھ زىرلانغان:

ئايرىلار بولساڭ مېنىڭدىن، ئەي دىلاۋەر، ئەلۋىدا،
مەنمۇ ھەم ئەمدى كېتەرمەن سۈيى بەربەر، ئەلۋىدا.

— موللا بىلال

بەرتەرەپ [برطرف] (پ + ئە) چەتتە، ياقتا؛ ياقلىق بىر ياقلىق، بىر تەرەپتە.

بەر تەرەپ قىلماق — بىر ياقلىق قىلماق؛ تازىلىماق تۈگەتمەك:

كەلدى سەفا لەشكەرىيۇ تۈزدى سەف،
قىلدى ئەدالەت چېرىكىن بەر تەرەف.

— ئەممەدى.

بەرجا [برجا] (پ) مۇناسىپ، ئورۇنلۇق.

بەرجامەندە [برجامنده] (پ) بىر جايدا ئولتۇرۇ قالغان، سەپەرگە چىقمىغان.

بەرجاي [برجاي] (پ) جايغا، ئورۇنغا:

تۇرۇپ تويلاپ گۈل ئەلدە بىر - ئىككى ئاي،
كېتۇردىلەر تەرەپ شەرتىنى بەرجاي.

— لۇتفى.

بەرجەستە [برجسته] (پ) چوقچىيىپ تۇرغان، كۆزگە كۆرۈنەرلىك، گەۋدىلىك.

بەرخ [برخ] (پ) ھەسسە، نېسىۋە، ئۈلۈش؛ قىسمەت.

بەرخەبەر [برخبر] (پ + ئە) خەۋەردار، خەۋەر تاپقان، بىلگەن:

دېمەگىنىز كىم، بەرخەبەر بول، تەلبە كۆڭلۈمدىن چۈگۈل،
قايدە كىم بارسە نەۋايىنى خەبەردار ئەيلەمەس.

— نەۋايى.

بەرخوردار [برخوردار] (پ) 1) بەھرىمەن، پايدىلانغۇچى. 2) بەختىيار، خۇشال، شاد ـ خۇرام.

بەرخوردارلىغ [برخوردارليغ] 1) بەھرىمەنلىك. 2) بەختىيارلىق، شادلىق، خۇشاللىق.

بەرخى [برخی] (پ) بىرئاز، قىسمەن.

بەرد [بەرد] (ئە) سوغۇق:

ساچىپ گۈل كىشى يۈزۈمە ئابى سەرد،
ھەرارەت كېتىپ تەندەكى، بولدى بەرد.

— ئا. نىزارى.

بەردار [بردار] (پ) پايدا ئالغۇچى؛ بېجىرگۈچى، بويسۇنغۇچى.

بەردە [بردە] (پ) قۇل، ئەسىر، تۇتقۇن:

چۇ مۇقبىل قۇلى بەندەگى بەردەسى،
رەسۇلى خۇدانىڭ نەزەر كەردەسى.

— ئا. نىزارى.

بەردەدار [بردەدار] (پ) قۇلدار، قۇل ئىگىسى.

بەردەم [بردم] (پ) قاۋۇل، كۈچلۈك، ساغلام، تېتىك.

بەردەۋام [بردوام] (پ + ئە) داۋاملىق، توختاۋسىز.

بەردۇش [بردش] (پ) يەلكە، مۈرە، ئۈچا.

بەرروي خاك [برروی خاك] (پ) تۇپراقتا، توپىدا؛ تۇپراق ئاستىدا:

قالىبىدىن رۇھ بارىپ ئېردى پاك،
ياتىپ ئۈلۈكلەر كىبى بەرروي خاك.

— ئەھمەدى.

بەررە [برە] (پ) 1) پاقلان، قوي. 2) كېيىك بالىسى:

كى ئاھۇ بەررە لەھمەسى جانۋەر،
ئىزافە ئاڭا شەھدۇ شەكەر.

— ئا. نىزارى.

3) ئاجىز، دەرمانسىز، كۈچسىز، زەئىپ.

بەرزەخ [برزخ] (ئە) 1) ئىككى نەرسىنىڭ ئارىلىقى؛ بوغۇز. 2) جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقى. 3) قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك ھالەت.

بەرزەڭگى [برزنگی] (پ) قاپقارا ئادەم؛ ھەيۋەتلىك.

بەرزگەر [برزگر] (پ) دېھقان، يەر تېرىغۇچە، ئۇرۇق چاچقۇچى.

بەرش [برش] (پ) ئۈمىد، ئارزۇ.

بەرغئاب [برغ آب] (پ) تۇغان، توسما.

بەرف [برف] (پ) قار:

ئەجەب گىريە ئاغاز ئېتىپ مەن شىگەرف،
چېكىپ ئاھى سەردۇ تۆكۈپ ئەشك بەرف.

— ئا. نىزارى.

بەرق [برق] (ئە) 1) چاقماق، چېقىن، يېشىن:

غەم كۈنجىدە ھىجران تۈنى مەن يىغلاماقىم قان،
چۈن بەرق يانىپ ۋەئدەگى يالغانلىق ئۈچۈندۇر.

— گۇمنام.

2) ئوت:

سىنىڭ يادىڭ دىلىم ئارامىدۇر، زىكرىڭ ئېرۇر قەندىم.
كۆڭۈل يورۇتقۇچى شەمئىمۇ جان كۆيدۈرگۈچى بەرقىم.

— موللا بىلال.

3) شولا، نۇر:

ئىشق ئوتىدىن ئاشىقى پاك ئۆرتەنۇر،
بەرقىدىن مەدھى نۇبۇۋۋەت مۇنبەرى.

— سەبۇرى.

بەرق ئەيلەمەك — «بەرق ئۇرماق» غا قاراڭ.

بەرق ئۇرماقا — 1) چاقنىماق، پارقىرىماق. 2) نامايان بولماق، كۆرۈنمەك:

دۇدى ئاھىم بەرق ئۇرۇپ ھەردەم فەلەكنىڭ ئۈستىدە،
بۇ ئەزىز جىسمىم كۆيۈپ كۈل بولدى كەلمەيدۇ ھەنۇز.

— سەدائى.

3) كۆچمە: گۈللەپ ـ ياشناماق، روناق تاپماق.

بەرقۇ شەرار — چاقماق ۋە ئۇچقۇن:

گۇمنامغە جەننەت گۈلى، دەۋزەخ ئوتى تەگدۇر،
ئىشق ئوتى فەنا قىلدى نە بەرقۇ نە شەرارمەن.

— گۇمنام.

بەرقى شەرەر نەما — چاقماق چاقتۇرۇپ، ئۇچقۇنلار كۆرسەتكۈچى:

چىقسە باشىغە تاج تاقىپ كۆيدۈرۈر ئەلنى ئوت ياقىپ،
چەر سارىغە قاراپ باقىپ بەرقى شەرەر نەما كۆرۈڭ.

— گۇمنام.

بەرقى ئاپەت — ئاپەت چاقمىقى، جان ئاپىتى، تېز كەلگەن ئاپەت:

تىيرى بارانى غەمىڭ كۆڭلۈمگە كىم ياغدى، ئېرۇر،
ھەر تەرەفدىن ئافەت لەمئەئى پەيكان ئاڭا.

— نەۋايى.

بەرقى ئەجەل — ئۆلۈم چاقمىقى:

بەرقى ئەجەل چابۇكىگە مەركەبى تېز،

سالىبان رۇھ خەيلى ئىچرە گۈرىز.

— نەۋايى.

بەرقى خاتىف — كۆز قاماشتۇرغۇچى چېقىن.

بەرقى خۇ — چاقماقتەك تېز ماڭغۇچى، چاپقۇر.

بەرقى خىز — «بەرقى خۇ»غا قاراڭ.

بەرقى رەخشان — پارلىغان چاقماق، چېقىن؛ كۆچمە: سۈزۈك مەي.

بەرقى ھەۋا — چاقناق، پارلاق ھاۋا.

بەرقى ۋىسال — ۋىسال نۇرى، ۋىسال ئوتى.

بەرقى ئىشق — ئىشق چاقمىقى، ئىشق ئوتى:

دەردۇ ئەلەم بەھرىدە مەن غەرقى ئىشق،
شۇئلە ۋۇجۇدۇمدىن ئۇرار بەرقى ئىشق.

— ئەھمەدى.

بەرقەرار [برقرار] (پ + ئە) قەتئىي، تۇرغۇن، دائىمىي، قارار تاپقان.

بەرقرەۋ [برق رو] (ئە + پ) چېقىندەك تېز يۈرگۈچى.

بەرقۋەش [برق وش] (ئە + پ) چاقماقتا، چېقىنغا ئوخشاش، چېقىنسىمان:

… بۇراقى بەرقۋەش ئۆزرە چىققانى.

— نەۋائى.

بەرقئاسا [برق آسا] (ئە + پ) چاقماقتەك، چاقماقتا ئوخشاش.

بەقئاسار [برق آسار] (ئە + پ) «بەرقئاسا» غا قاراڭ.

بەرق رەفتار [برق رفتار] (ئە + پ) چاقماقتەك، چاقماقتەك تېز يۈرىدىغان.

بەرق مىسال [برق مثال] (ئە) 1) چاقماقتەك، چاقماقتا ئوخشاش. 2) شاد - خۇرام، كۆركەم:

رۇتبەسى ئانداكى يۈز پەيكى خايال،
ئۆرسا يۈز مىڭ قەدەمى بەرق مىسال.

— نەۋايى.

بەرقۋار [برقوار] (ئە + پ) چاقماقتەك، چاقماقتا ئوخشاش:

چاپار ئېردى ھامۇن ئارا بەرقۋار،
قىلىپ ھەۋزگە يەتكەلى ئىختىيار.

— ئا. نىزارى.

بەرقىن [برقين] (ئە + پ) قەتئىي، قايتمايدىغان، ئىرادىلىك.

بەركە [بركە] (ئە) كۆل.

بەركەئى ماھىيان — بېلىقلىق كۆل.

بەركەمال [بر كمال] (پ + ئە) كامالەتكە يەتكەن، كەمكۈتسىز، مۇكەممەل، يېتىلگەن:

ئانى سۆيگىل ھۆسنى بولغاي بەر كەمال،
بولماغاي مۇمكىن قۇياشىغا زەۋال.

— سەبۇرى.

بەركىتمەك [بركيتماك] تەييارلىماق، تەخ قىلماق:

غەزەلچىغە جەرمەندە تەييار ئېتىپ،
دەغى باخشىلار داپلىرىن بەركىتىپ.

— غەرىبى.

بەرگ I [برگ] (پ) 1) يوپۇرماق؛ مېۋە، ھوسۇل، نەتىجە. 2) ياخشىلىق:

بەرگىم قانى يەر يۈزىنى لالە رەڭ قىلۇر،
كۆرسە كىشى دېگەي ئەجەب لالە زاردۇر.

— موللا بىلال.

بەرگى ئەسفەر — سېرىق يوپۇرماق:

خەزان ئىچرە چۈن بەرگى ئەسفەر ساچىپ،
فەلەك ھەر سارى يۈزمىڭ ئەختەر ساچىپ.

— نەۋايى.

بەرگى سەمەن — ياسىمەن يوپۇرمىقى، ياسىمەن مېۋىسى:

ئىشق ئەسرارىنى ھەر چېھرەسى زىبا بىلمەس،
بۇلبۇل ئەفغانىنى ھەر بەرگى سەمەنسا بىلمەس.

— ناقىس.

بەرگى شەجەر — دەرەخ يوپۇرمىقى.

بەرگى كاھ — سامان پارچىسى.

بەرگى گۈل — گۈل يوپۇرماقلىرى.

بەرگى لالە — لالە يوپۇرمىقى.

بەرگى ئۈمىد — ئۈمىد يوپۇرمىقى، ئۈمىد مېۋىسى.

بەرگى نەي — قوغۇنىڭ بىر تۈرى، ناشپەر:

قوغۇن كەلدى بۇ يەردە بەرگى نەي دەپ،
سۆزۈمنى ئەيتىبان تۇرماي كېتەي دەپ.

— مەھزۇن.

بەرگ II [برگ] (پ) 1) ئەسۋاب، جاھاز، بېزەك. 2) زۆرۈر نەرسىلەر؛ مەجلىس، سەپەر ئەنجاملىرى.

بەرگەسەن [برگاسن] بەرگەيسەن:

كۆزگۈ ئول بولغايكى تارتىپ يۈز بەلا،
بەرگەسەن لەۋھى زەمىرىڭگە جىلا.

— نەۋايى.

بەرگەران [برگران] (پ) ساقىت.

بەرگەران بولماق — ساقىت بولماق، قۇتۇلماق:

كى ئەي فەرزەند، غەمدىن بەرگەرن بول،
بۇ ئىشكىم كامىلىڭ ئولمىش كامران بول.

— نەۋايى.

بەرگەشتە [برگشته] (پ) 1) ئارقىغا قايتقان، ئايلانغان،

2) ئامەتى قايتقان.

بەرگەشتە بەخت — بەختى قارا، بەختسىز، تەلەيسىز.

بەرگەشتەلىك [برگشتەليك] قايتقانلىق، كەينىگە كەتكەنلىك، يۈز ئۆرۈگەنلىك:

فەلەكدىن زىھى يەتتى سەرگەشتەلىك،
بولۇرمۇ بۇ رەڭ بەخت بەرگەشتەلىك.

— ئا. نىزارى.

بەرگرىز [برگ ريز] 1) يوپۇرماق تۆككۈچى؛ خازان، خازان بولۇش:

بەس يوق ئىدى باغ ئارا بۇ رۇستەخىز،
كى ئىتىبان سەرسەرىدەي بەرگرىز.

— نەۋايى.

2) قېرىلىق؛ ئامەتسىزلىك، بىتەلەيلىك.

بەرگرىز بولماق — خازان بولماق.

بەرگرىزان [برگ ريزان] (پ) يوپۇرماق تۆكۈلۈش؛ كۈز.

بەرگۈ [برگو] سىلىق تارتۇق، سوۋغا.

بەرگۈزىدە [برگزيدە] (پ) تاللانغان، تاللاپ ئېلىنغان؛ ئالاھىدە:

بەرگۈزىدە قىلدى ھەق بارچە نەبىلەردىن سېنى،
مۆئجىزاتىڭدىن بىرى چۆللەر گۈلىستاندۇر ساڭا.

— نەۋبەتى.

بەرگۈزىن [برگزين] (پ) تاللاپ ئېلىنغان.

بەرگۈزىن ئەۋقات — ياخشى يېمەكلىكلەر.

بەرگۈم [برگوم] بىرىمەن:

دېدى شاھىغە: شەيخ ئالىيجاناب،
بۇ مەئنى ھوسۇلىغە بەرگۈم جەۋاب.

— ئا. نىزارى.

بەرگۈەش [برگوش] (پ) يوپۇرماقسىمان.

بەرنا [برنا] (پ) 1) ياش، گۈزەل، چىرايلىق؛ 2) ياش يىگىت:

يۈزى شەمسى قەمەر يەڭلىغ قەددى شەمشاد گۈل بەرنا،
ئەگەر بىلسەڭ مېنىڭ يارىم ھەممەئەلدىنكى سەدرەدۇر.

— سەدائى.

بەرنامە [برنامە] (پ) پىلان، پروگرامما.

بەرھەم [برهم] (پ) يوقىلىش: يوقىتىش؛ نابۇت قىلىش:

رەقىبلەردىن غەمىم يوق بىرسە راھەت غەمزەئى چەشمىڭ،
ئانى بەرھەم ئۇرارغا كىرپىكىڭ خەيلى سىپاھىدۇر.

— گۇمنام.

بەرھەم بەربەك — توختاتماق، خاتىمە بەرمەك؛ يوق قىلماق:

ئەگەر يەلدا تۈنىدە ئاي يۈزۈڭدىن پەردەنى ئالساڭ،
بۇ يەلداغا بېرىپ بەرھەم گوشۇل شەبنى زىبا ئەيلەر.

— موللا بىلال.

بەرھەم قىلماق — پاراكەندە، پەرىشان قىلماق، يوقاتماق.

بەرھەم زەدە [برهم زدە] (پ) يوقالغان، ئۆچكەن:

تولا قەھر ئىلە رەڭگى بەرھەم زەدە،
سەلافەت بىلە قىلغۇسى ئەربەدە.

— ئا. نىزارى.

بەرھەق [برحق] (پ + ئە) ھەق، ھەققانىي، چىن، راست، توغرا.

بەرئەفتاد [برافتاد] (پ) يىقىلغان، يىقىلىپ چۈشكەن:

تا ھەمىسۇ ھەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولماس،
تا نەفسۇ ھەۋا قەسرى بەر ئەفتاد ئولماس.

— سەبۇرى.

بەرى I [برى] ھەممە، ھەممىسى، بارى، بارچىسى:

قىز مەئنىسىگە چەندان ئەسرارى ھەمە مەئنا،
شەرھ ئەيلەسە ئاشىقلار ئالەم بەرى ھەيران قىز.

— سەدائى.

بەرى II [برى] (ئە) خالىي، خالىس، پاك، تازا.

بەزە [بزە] (پ) گۇناھ، جىنايەت، ئەيىب:

يوقسە يالغان دىمەكدەكىم بەزەدۇر،
چۈن ئۇزاق چەكتى ئەسرۇ بىمەزەدۇر.

— نەۋايى.

بەزەك [بزك] بېزەك، ياسىنىش، زىننەت.

بەزەكدار [بزكدار] ياسانغۇچى، زىننەتلەنگۈچى، بېزەكلىك؛ بېزەك ئىگىسى:

بەزەكدارلارغە ياساپ سىخلار،
كى زەنجىر ئىشكەل بىلەن مىخلار.

— غەربىي.

بەززاز [بزاز] (ئە) رەخت، گەزلىمە سودىگىرى.

بەزل [بذل] (ئە) ئىنئام، ھەدىيە، سوۋغا:

چىقىپ تەختكە ئەيلەگىل دادى ئەدل،
ئۇلۇغلار بىلەن ئەيلە ئىجلاس بەزل.

— ئا. نىزارى.

بەزل ئەتمەك — بەخش قىلماق.

بەزل ئەيلەمەك — ھەدىيە، ئىنئام قىلماق:

كۆڭلىدە ئۈمىد ئېردى بۇ شاھغە،
كى بەزل ئەيلەسەم تەختىم ئول ماھغە.

— ئا. نىزارى.

بەزلە [بذله] (ئە) لەتىپە، چىرايلىق ۋە يېقىملىق سۆز؛ شېئىرنى بەدىئىي ئوقۇش.

بەزلەگۇ [بذلەگو] (ئە + پ) لەتىپە ئېيتقۇچى، كۈلدۈرگۈچى، ھېكايىچى.

بەزلەگۇي [بذلەكوي] (ئە + پ) «بەزلەگۇ» غا قاراڭ.

بەزلەسەنج [بذلەسنج] (ئە + پ) بەدىئىي سۆز ئۇستىسى، ماھارەتلىك شائىرە.

بەزلۇجۇد [بذل وجود] (ئە) سېخىيلىق، مەردلىك.

بەزم [بزم] (پ) ئويۇن - كۈلكىلىك سۆھبەت، ئولتۇرۇش:

باردۇرۇر كۆڭلى ئانىڭ دەردۇ ئەلەمنىڭ مەسكەنى،
كىمنىكىم ناقابىلۇ بەزمى ھۇنەر پەرزەندى بار.

— ئۆبەيدى.

بەزمئاراي [بزم آراى] (پ) بەزمىنى قىزىتقۇچى، قىزىقچى:

مېزبان يەنە بولدى بەزم ئاراي،
دېدى ئوت ھۇر ئۇلۇپ نىشان ئەفزاي.

— نەۋايى.

بەزم ئەفرۇز — بەزمىنى قىزىتقۇچى.

بەزم ئەھلى — ئولپەتلەر، ئەيش - ئىشرەت قاتناشچىلىرى.

بەزمى دىلفەرىز — كۆڭۈلگە ياقىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان بەزمە.

بەزمى شەۋق — ئەيش - ئىشرەت ئارزۇسى.

بەزمى ئىشرەت — ئويۇن كۈلكە، كەيىپ - ساپا.

بەزمى ۋىسال — يارغا يېتىش، يار بىلەن ئۇچرىشىش بەزمىسى.

بەزمگاھ [بزمگاه] (پ) بەزمە جايى.

بەس [بس] (پ) 1) كۇپايە، يېتەرلىك. 2) كۆپ، غايەت؛ دېمەك، بولدى؛ چۈنكى:

يېتىلۇر بەس لەتىف ئەنۋائى نېئمەت،
كېلىپ قىلسا بولۇر تۈرلۈك مەئىشەت.

— لۇتفى.

بەس بولدى — يېتەرلىك بولدى، كۇپايە قىلدى.

بەس ئەيلەمەك — تەرك قىلماق، توختاتماق.

بەس قىلماق — توختىماق.

بەسا [بسا] (پ) كۆپىنچە: دائىم.

بەسارەت [بصارت] (ئە) 1) ئۆتكۈر كۆزلۈك، ئالدىن كۆرەرلىك. 2) ئەقىللىق، دانا، ھوشيار:

يەمەن سۇلتانى چۈن كۆردى جەمالىن،
بەسارەت بىرلە بىلدى بارچە ھالىن.

— لۇتفى.

بەسارەت ئەھلى — ئۆتكۈر كۆزلۈكلەر:

بەسارەت ئەھلى ئەيلەدى ئىشتىياق،
ھەرەم جانىبىغە چۇ قويغىل ئاياق.

— ئا. نىزارى.

بەساغا [بساغا] مازار، قەبرە، قەبرىستان.

بەسالەت [بسالت] (ئە) باتۇرلۇق، چوڭ يۈرەكلىك.

بەساتىن [بساتين] (ئە) «بوستان» نىڭ كۆپلۈكى، بوستانلار، گۈلباغلار.

بەسەر I [بصر] (ئە) 1) كۆز، كۆرۈش، كۆرۈش قۇۋۋىتى. 2) بىلىم مەلۇمات:

يۈزۈڭدىن گەر يىراق سالسام نەزەرنى،
نېتەرمەن كۆزدە بۇ نۇرى بەسەرنى.

— ئاتايى.

بەسەر II [بسر] (پ) سەرەنجام، تامام.

بەسەل I [بسل] (پ) تېرىق؛ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ كىچىك بىر پارچىسى.

بەسەل II [بصل] (ئە) پىياز.

بەست I [بسط] (ئە) 1) يېيىش، ئېچىش. 2) خۇرسەنلىك.

بەست ئەتمەك — شادلانماق؛ يايماق.

بەست II [بست] (پ) باغلىنىش، بىرىكىش؛ باغلىق، بەنت.

بەستە [بسته] (پ) باغلانغان، بەنت:

ئىشلەرىن گەر شىكەستە بەستە دېدىم،
يۈزىدىن بىرىنى جەستە - جەستە دېدىم.

— نەۋايى.

بەستەئى دام ئەيلەمەك — تۇزاققا ئىلىندۇرمەك.

بەستەئى دامى فىراق — ئايرىلىش تۇزىقىغا ئىلىنغان، ھىجران تۇزىقى:

ئىش تەرىقىدىن يىراق ئەتمىش بەسى،
بەستەئى دامى فىراق ئەتمىش بىسى.

— نەۋايى.

پاي بەستە — ئايىغى باغلانغان، تۇتقۇن.

بەست فىزاي [بسطفزاى] (ئە + پ) شادلىقنى، خۇرسەنلىكنى ئارتتۇرغۇچى.

بەسى [بسى] (پ) 1) كۆپ، ناھايىتى كۆپ، بەك نۇرغۇن:

ئەدۇۋ خەيلىگە سالىپ شور غەۋغا،
بەسى جانلارنى ئايرىپ تەندىن ئاندا.

— مۇھەممەد سادىق.

2) ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك، غايەت، تولىمۇ:

ئاڭ ئاتقۇنچە مۇنىڭدەك باش تۇتتى،
بەسى غەم يېدى - يۇ خۇنابە يۇتتى.

— لۇتفى.

بەسى مۇشكىل — ئىنتايىن قىيىن، ناھايىتى مۇشەققەتلىك.

بەسىت [بسيط] (ئە) 1) كەڭ، يېيىلغان. 2) ئاددىي، مۇرەككەپ بولمىغان.

3) ئارۇز ۋەزنىدە بىر بەھرىنىڭ نامى:
بارچەسىغە بار ئانىڭ ئىلمى مۇھىت،
گەر مۇرەككەپ بولسۇن ئۇل شەي، گەربەسىت.

— نەۋايى.

بەسىر [بصير] (ئە) كۆرگۈچى، ئۆتكۈر كۆزلۈك: سەزگۈر.

بەسىرەت [بصيرت] (ئە) كۆزى ئۆتكۈرلۈك، زېرەكلىك، سەزگۈرلۈك، زېھنى ئۆتكۈرلۈك:
بەسىرەت ئېلىن يىغدى خاقانى چىن،
ئۆزى تەخت ئۈزە بارچە مەسنەد نىشىن.

— ئا. نىزارى.

بەسىرەت كۆزى — ئۆتكۈر كۆز.

كۆھلى بەسىرەت — كۆز سۈرمىسى.

بەشاشەت [بشاشت] (ئە) خۇش چىراي، خۇشال، تەبەسسۇم:
سۈمۈردۈم ئانى كۆپ بەشاشەت بىلە،
كى ئىلكىگە سۆيدۈم بەشارەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

بەشەر [بشر] (ئە) ئىنسان، ئادەمزات؛ ئىنسانىيەت:
بەشەرنىڭ بارچەسى يارىم ئۈچۈن ۋابەسە ھەيراندۇر،
كى بەرداش قىلا ئالغايمۇ مەلائىك كۆرسەلەر، ئايا.

— موللا بىلال.

بەشەرى جىنس — ئادەم ئەۋلادى، ئادەمزات.

بەشەرە [بشره] (ئە) چىراي، ئەپت، تۇرق.

بەشەرىيەت [بشريت] (ئە) ئىنسانىيلىك، كىشىلىك.

بەشەرىي [بشرى] (ئە) ئىنسانىي، ئىنسانغا مەنسۇپ:
مۇر، يوق، نەمۇر، بەلكى پەرى،
نە پەرى، بەلكى ئافەتى بەشەرىي.

— نەۋايى.

بەشەك [بەشك] (پ + ئە) شۈبھىلىك، گۇمانلىق.

بەشەگو [بەشەگو] بەش، بەش دانە.

بەشىر [بشير] (ئە) خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

بەشىك [بشيك] بۆشۈك.

بەغايەت [بغايت] (پ + ئە) ئادەتتىن تاشقىرى، ناھايىتى.

بەغەير [بەغير] (پ + ئە) باشقىچە، بۆلەك، ئۆزگە.

بەغىر [بغر] جىگەر؛ بېغىر؛ قەلب، كۆڭۈل؛ يۈرەك، كۆكس.

بەغىر پارىسى — جىگەر پارىسى.

بەغىر چاكى — قەلب يارىلىرى، كۆڭۈل دەردلىرى.

بەغرى سۇۋ — مەيۈس، غەمكىن، قايغۇلۇق.

بەغىياز [بغياز] (پ) ئىنئام، ئېھسان، مۇكاپات.

بەقا [بقا] (ئە) 1) باقىيلىك، ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك؛ بارلىق:
ئەدەمدە باغلاپ ئىدىم ئۇل ئەغىز خەيالىنى مەن،
كى مۇندا خىزىردەك ئابى بەقا تىلەپ كەلدىم.

— لۇتفى.

2) ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت:
تۇرۇپ نەچچە كۈندىن كېيىن مىزبان،
قەزا يەتتى بولدى بەقاغە رەۋان.

— ئا. نىزارى.

بەقا ئالەمى — ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت.

بەقا دەشتى — مەڭگۈلۈك سەھرا، ئەبەدىيلىك باياۋىنى.

بەقا گۈلشەنى — جەننەت گۈلزارى.

بەقا مۈلكى — ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك ئالىمى، ئۇ دۇنيا.

بەقا نەقدى — مەۋجۇتلۇق دەۋرى.

بەقايى ئەبەد — ئەبەدىي بارلىق.

بەقايى جاۋىد — ئەبەدىي، دائىمىي.

بەقايى سەرچەشم — ئەبەدىي تىرىكلىك مەنبەسى، ئەبەدىيلىك بۇلىقى.

بەقايى كامىل — تۈگىمەس باقىيلىق.

بەقاسىز [بقاسيز] تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئەبەدىي تۇرمايدىغان؛ ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى:
بەقاسىز جەھاننىڭ ئىشىن فەھم قىل،
فەقىر بىنەۋا ھالىغە رەھم قىل.

— ئا. نىزارى.

بەقەر [بقر] (ئە) كالا، سىيىر:
بەقەر چەرمىنى تاسما قىلماق ئىشىڭ،
بۇ ھىرفە ئارا ئۆتتى يازۇ قىشىڭ.

— غەربىي.

بەقەم [بقم] (ئە) قىزىل بوياق ئېلىنىدىغان دەرەخ؛ قىزىل بوياق؛ بەقەمنىڭ غولىغا ئوخشاش قىزىل:
كۆزى خۇن مەسەللىك بولۇر دەمبەدەم،
كى قايناپ تۇرار مىسلى ئابى بەقەم.

— ئا. نىزارى.

بەگسىگ [بگسيگ] بەگكە ئوخشاش، بەگدەك، بەگ كەبى.

بەڭ [بنک] (پ) نەشە:

گۆزىنى ئەرز قىلدى، كەلدى بەدرەڭ،
چىرايى سارغايىپ يىگەن كەبى بەڭ.

— مەھزۇن.

بەڭا [بنکا] ماڭا، مەن ئۈچۈن:

شەرھى ئەھۋالىم ساڭا يەتسە نەسىھەت كەبى تەلخ،
تەلى گۇفتارىڭ بەڭا مەخمۇرە ساغەرتەك لەزىز.

— فۇزۇلى.

بەل [بل] (ئە) 1) بەلكى، ئېھتىمال:

ماڭا ھەم كەبابىنى قىلدى كەرەم،
ياڭى جان كىرىپ بەل كېتىپ ئەسلى غەم.

— ئا. نىزارى.

2) ئەكسىچە:

يوقسا يول بىر كۈن ئىككى كۈنلۈك ئەمەس،
بەل كىشى پايانىغە يەتتۈك دېمەس.

— نەۋايى.

بەلا [بلا] (ئە) قايغۇ، مۇسىبەت؛ ئاپەت، بالا، بالا ـ قازا:

دەشت ئارا نەۋگى بەلالار چېكىپ،
جەۋرى سىتەم بىرلە بەلالار چېكىپ.

— زەلىلى.

بەلا ئەسىرى — ئاپەتكە، بالا ـ قازاغا ئۇچرىغۇچى.

بەلائەھلى — ئاپەتكە ئۇچرىغۇچى، مۇسىبەتكە دۇچار بولغۇچى.

بەلا بەرقى — ئاپەت چاقمىقى.

بەلا خاراسى — بالا ـ قازا، ئاپەت، كۈلپەت تېشى.

بەلا دەشتى — ئاپەت، مۇسىبەت بالا ـ قازا سەھراسى.

بەلا سەيلى — بالا ـ قازا، ئاپەت سېلى، مۇسىبەت ئېقىمى.

بەلا سىپىھرى — بالا ئاسمىنى، ئاپەت كۆكى.

بەلا غۇبارى — بالا ـ قازا، ئاپەت، مۇسىبەت، غەم ـ قايغۇ توزىڭى.

بەلا كۈلبەسى — بالا ـ قازا، ئاپەت، بەختسىزلىك ئۆيى.

بەلا لىۋاسى — بالا ـ قازا، ئاپەت بايرىقى، مۇسىبەت تۇغى.

بەلا مەزرەئى — بالا ـ قازا، ئاپەت مەيدانى، ئاپەت ئېكىنزارى.

بەلا مەسكەنى — غەمخانە؛ كۈلپەت، بەختسىزلىك ئۆيى.

بەلا مەكتۇبى — ئايرىلىش ـ ھىجران خەۋىرى، دەرد ـ ئەلەم دېرىكى.

بەلا مۇغىلانى — بالا ـ قازا، ئاپەت تىكىنى:

ئاياقىغا كىرسە نې بوشقاي بەلا مۇغىلانى،
گەر ئولسا بادىيەدىن كەئبەئى سەفا مەلھۇز.

— نەۋايى.

بەلاۋۇ دەردۇ مېھنەت كويى — بالا ـ قازا، دەرد ـ ئەلەم، جاپا ـ مۇشەققەت كوچىسى، يولى:

تەنىمنى ئۆرتەگەن ئول دىلبەرىمنىڭ ئىشتىياقىدۇر،
بەلاۋۇ دەردۇ مېھنەت كويىگە سالغان فىراقىدۇر.

— قەلەندەر.

بەلاۋۇ ۋەھشەت — بالا ـ قازا ۋە قورقۇنچ، خەۋپ ـ خەتەر.

بەلايى ياغدۇرماق — بالا ـ قازا، كۈلپەت، بەختسىزلىك كەلتۈرمەك.

بەلايى خۇمار — كەيپتىن كېيىنكى باش ئاغرىقى، خۇمارلىق دەردى.

بەلايى ئاسمان — تەقدىر، پېشانىگە پۈتۈلگەن مۇسىبەت.

بەلايى ناگەھان — ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي ئۇچرىغان بالا ـ قازا، كۈلپەت.

بەلايى ئىشق — سۆيگۈ، مۇھەببەت، ئىشق دەردى.

بەلا ئەنگىز [بلاانكيز] (ئە + پ) بالا كەلتۈرگۈچى، پالاكەتكە سالغۇچى، بالاغا قالدۇرغۇچى.

بەلابىل [بلابل] (ئە) [بىرلىكى: بۇلبۇل] بۇلبۇللار.

بەلاجو [بلاجو] (ئە + پ) «بالاجوي» غا قاراڭ.

بەلاجوي [بلاجوي] (ئە + پ) بالا ـقازا تىلىگۈچى، پىتنە سېلىشنى ئىزدىگۈچى.

بەلارەك [بلارك] (پ) يالتىراق تىغ، ئۆتكۈر قىلىچ.

بەلارەك زەربەتى — ئۆتكۈر قىلىچ زەربىسى.

بەلاشۇر [بلاشور] (ئە + پ) بالا تاپقۇچى، بالاغا قويغۇچى.

بالاغەت [بلاغت] (ئە) 1) ۋايىغا يېتىش، يېتىلىش، بالىغلىق. 2) سۆزنى دەل جايىدا ئىشلىتىش، بەدىئىي ئىپادە.

بەلاغەت ئەھلى — يېتىلگەن كىشىلەر، سۆز سەنئىتىنى ئىگىلىگەن كىشىلەر.

بەلاغەت بابى — بەدىئىي ئىپادىلەش، سۆزنىڭ يېتەرلىكلىكى.

بەلاغەت بۇرجى — بالاغەت چوققىسى.

بەلاغەت جەۋاھىرى — سۆز ئۈنچىلىرى، چىرايلىق سۆزلەر.

بەلاغەت تەزيىنى — سۆز زىننىتى.

بەلاكەش [بلاكش] (ئە + پ) جەبرى ـ جاپا تارتقۇچى، ئازاب چەككۈچى، بالاغا قالغان.

بەلاگەردان [بلاگردان] (ئە + پ) بالانى قايتۇرغۇچى؛ سەدىقە، قۇربانلىق.

بەلاھەت [بلاھت] (ئە) ساددىلىق، مۇلاھىزىسىزلىك:

ئون جۇزۇ تۇرۇر ئېردى بارى ھۆسنۈڭ بەلاھەت،
قىسمەت كۇنى ھەق توققۇز ئۈلۈش سىزگە بېرىپدۇر.

— لۇتفى.

بەلەد I [بلد] (ئە) (كۆپلۈكى: بىلاد) : يۇرت، شەھەر، مەملىكەت:

خەزايىن يىغىپ لەشكەرى بىئەدەد،
تەسەررۇپ قىلىپ دىيارى بەلەد.

— ئا. نىزارى.

ئەھلى بەلەد — شەھەر خەلقى، شەھەرلىكلەر:

بولار روھىدىن يەتكۈسى كۆپ مەدەد،
تاپار ئىستىئانەت ھەم ئەھلى بەلەد.

— ئا. نىزارى.

بەلەد II [بلد] (پ) 1) يول باشلىغۇچى؛ ھەمراھ. 2) كەسىپ ئەھلى، بىلگۈچى.

بەلەدىيە [بلديه] (ئە) شەھەرلىك ھۆكۈمەت.

بەلەند [بلند] 1) يۇقىرى، ئېگىز:

چۇ بەردىڭ ئاڭا رۇتبە مۇنداغ بەلەند،
قىلىپ كۆڭلىنى سېنۇمەكلىڭ ئەرجۇمەند.

— نەۋايى.

2) ئۇستۇن، ئەۋزەل:

كۆرۈندى جەزىرە ھەۋاسى بەلەند،
كى قۇشلارىنىڭكىم نەۋاسى بەلەند.

— ئا. نىزارى.

3) مۆتىۋەر، ئالىيجاناب:

ئىلاھا، قىلغاسەن بۇ دەھر ئارا ئۆمرىنى جاۋىدان،
بەلەند ئەيلەپ تەقى ھەم شەۋكەتۇ شەئنىنى يۈز چەندان.

— مۇھەممەد سادىق

بەلەند ئەختەر — خۇش بەخت.

بەلەند پەرۋاز — 1) يۇقىرى، يۈكسەك پەرۋاز. 2) ئالىي دەرىجىلىك، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك.

بەلەندۇ پەست — ئېگىز - پەس، ياخشى - يامان.

بەلەند چىقماق — داڭق چىقارماق.

بەلەند ئىدراك — ئاڭلىق، زېھنىلىك، زېھنى ئۆتكۈر.

بەلدە [بلده] (ئە) شەھەر.

بەلدەئى فاخىرە — پەخىرلىك، كۆركەم شەھەر.

بەلكى [بلكه] (ئە + پ) بەلكى، ئەمما، ياكى؛ ھەتتا؛ ئېھتىمال:

تېرىپ ئۇندۇرۇپ نەچچە ئەشجارنى،
كى پەيدا قىلىپ بەلكى ئەنھارنى.

— غەرىبى.

بەلى [بلى] (پ < ئە) 1) ھە، خوش، شۇنداق؛ بەلكى:

داغى بىر كېلىپ كۆرگەنىم يارنى،
تاپىپ مەن بەلى بەختى بىدارنى.

— ئا. نىزارى.

2) ئەلۋەتتە:

كەنت - بەكەنتنى تاماشا قىلىپ،
تۇشەۋۇ تالقان بەلى پەيدا قىلىپ.

— زەلىلى.

بەلىغ [بليغ] (ئە) ياخشى سۆزلەيدىغان، سۆزمەن.

بەلىيات [بليات] (ئە) [بىرلىكى: بەلىيە] بالالار، قىيىنچىلىقلار، كۈلپەتلەر:

خۇدا ساقلاسۇن بارچە ئاپاتدىن،
مۇبارەك تېنىڭنى بەلىياتدىن.

— ئا. نىزارى.

بەلىيە [بليه] (ئە) بالا، ئاپەت، بەختسىزلىك.

بەلىيەت [بليت] (ئە) «بەلىيە» گە قاراڭ:

ئەقلى - ھوشۇمدىن جۇدا ئەيلەپ، قىلىپ دىۋانەۋار،
تىيرى - بارانى بەلىيەتكە نىشان قىلغان پەلەك.

— ئا. نىزارى.

بەمەۋلا [بمولى] (پ + ئە) ياخشى دوست:

قوپتى قەلەندەرلەر تاماشا قىلىپ،
رۇيى تەۋەككۇلنى بەمەۋلا قىلىپ.

— زەلىلى.

بەنات [بنات] (ئە) [بىرلىكى: بىنت] قىزلار.

بەناگاھ [بناگاه] (پ) تويۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت:

يۈرۈر ئېردى دەريا ئارا بارچە خەلق،
بەناگاھ مۇخالىپ بوران ئۇردى ھەلق.

— ئا. نىزارى.

بەناگاھ قىلىپ قوپتى زەرگەر جەدەل،
سېنىڭ سۆزلەرىڭ بىزنى قىلدى كەسەل.

— غەرىبى.

بەناگۇش [بناگوش] (پ) قۇلاقنىڭ يۇمشاق قىسمى، قۇلاق تۈۋى:

دەمىنى چىقارماي بولۇپ دەرغەزەب،
بەناگۇشىمە بەردى قاتتىغ ئەدەب.

— ئا. نىزارى.

بەند [بند] (ئە) 1) تۈگۈن، بوغۇنچە:

پەيكەرىم ئول يولدا بولۇپ بەندى بەند،
چاش مەھەللەدە يېتىپ تەختى بەند.

— زەلىلى.

2) توسۇلۇش، توسۇق:

يەنە دىۋانىلىك باشلاپ خىرەدمەند،
بولۇپ دىۋانىلەرغە مەۋسۇمى بەند.

— لۇتفى.

3) ئەسىرلىك، تۇتقۇنلۇق ھالەت:

بۇلبۇلى خامۇش بولۇپ تابۇكەي،
بەند ئەسىرى غەزەلۇ چەڭۇ نەي.

— زەلىلى.

4) مەپتۇنلۇق، بېرىلگەنلىك.

بەند ئەتمەك — باغلىماق، تۇتقۇن قىلماق:

بۇيۇردىكى قاسىدنى بەند ئەتتىلەر،
سىياھ چال سارى ئالىپ كەتتىلەر.

— ئا. نىزارى.

بەند ئەيلەمەك — 1) باغلىماق، ئەسىر قىلماق، ئىختىيارسىزلاندۇرماق. 2) توختاتماق، 3) قولغا كەلتۈرمەك، ئىختىيارىنى ئالماق:

دىبسەم: *زۇلفۇڭمۇ كۆڭلۈم ئەيلەدى بەند،*
دەر: *ئەي مىسكىن، ئانىڭ بىر تارىدۇر بۇ.*

— نەۋايى.

4) ئىلىندۇرماق، تۇزاققا چۈشۈرمەك.

بەند بولماق — ئىگىلەنمەك، ئىشغال قىلىنماق.

بەند ئولماق — باغلانماق، يېپىشماق.

بەندى ئەزىم — يىرىك كىشەن، چوڭ كىشەن.

بەندى جۇنۇن — ساراڭنى باغلايدىغان:

پەرىشان ھەر تەرەف زۇلفى سىياھىڭ ئەنبەر ئەفشاندۇر،
سەرى زۇلفۇڭ مەگەركىم ھەلقەئى بەندى جۇنۇن ئولغاي.

— گۇمنام.

بەندى زۇلف — چاچ ئۆرۈمى.

بەندى زىندان — زىندانغا ئېلىش:

تۆمۈردىن تۇزاق ئەتتىڭ ھەيۋان ئۈچۈن،
سەلاسىل ياساپ بەندى زىندان ئۈچۈن.

— غەرىبى.

بەندۇ كۇشاد — ئەسىرلىك ۋە ئازادلىق.

بەندە [بنده] (پ) 1) قۇل، ئەركىسىز كىشى:

سەن سۇلايمانى زەماندىن ماڭا يەتسە مەرتىبە،
بەندە بولۇپ ئىشىكىڭدە دەۋر سۈرمەك ياخشىراق.

— قەلەندەر.

2) تۇتقۇن، ئەسىر:

ئۇلۇستا مۇستەھىقلەرنى قىلىپ شاد،
ھەم ئول دەم بەندىلەرنى قىلدى ئازاد.

— لۇتفى.

3) مەھلىيا:

نۇش قىلىپ جامى مەيى لالە گۇن،
بەندە قىلاي پارەئى بىزور جۇنۇن.

— زەلىلى.

4) كەمىنە، پېقىر.

بەندەئى ئەمر — بۇيرۇققا بويسۇنغان، ئۆز ئىختىيارىدىن چىققان:

بەشىنچىگە چۇن يەتكۈزۈپ گامنى،
قىلىپ بەندەئى ئەمرى بەھرامنى.

— نەۋايى.

بەندەئى بىئار — نومۇسسىز، ئۇياتسىز قۇل:

كۇندە مىڭ سەۋت ئەيلىسەڭ كەتمەس قاشىڭدىن،
سۇبھى شام، ئىشىكىڭدە بۇ سەدائى بەندەئى بىئار كەچ.

— سەدائى.

بەندە پەرۋەر — ئىنسانپەرۋەر، ساخاۋەتلىك.

بەندەئى چاكار — خىزمەتكار قۇل.

بەندەئى چاۋۇش — خىزمەتكار ئىشىك ئاغىسى.

بەندەئى خاكسار — بىچارە، پەقىر قۇل.

بەندە خانە — قۇلنىڭ ئۆيى.

بەندەئى خاس — مەخسۇس قۇل، ئالاھىدە قۇل:

مەنسۇر ئېرۇر ھەق پەرەست،
ئەللاھ بىرلە قەۋلى راست.
ئۆزىنى قىلىپ بەندە خاس،
ئەقىل ھەيران ئەردىيا.

— موللا مۇھەممەد نىيازى.

بەندە زادە — قۇلدىن تۇغۇلغان، قۇل بالىسى.

بەندەئى فەرمان — بۇيرۇققا بويسۇنغۇچى، ئىتائەتكار.

بەندەئى مۇخلىس — ئىخلاسمەن، ساداقەتلىك قۇل.

بەندەئى نەفس — نەپس بەندىسى، ، نەپسى بۇزۇق، ئاچكۆز.

بەندە نەۋاز — رەھىمدىل، مېھرىبان.

بەندەلىك [بندەليك] قۇللۇق، خىزمەتكارلىق؛ ئەسىرلىك:

خۇداغا بەندەلىك قىلغان كىشىكىم دوست سادىقتۇر،
ئاناڭ قىلغان ئىشى كۆللى شەرىئەتكە مۇۋاپىقدۇر.

— نەۋبەتى.

بەندەۋار [بندەوار] (پ) قۇللارچە، قۇل كەبى:

كېلىپ باشىدىن ئۆيرۈلۈپ بەندەۋار،
ياقامنى تۇتۇپ يىغلادىم زار ـ زار.

— ئا. نىزارى.

بەندلىغ [بندلغ] باغلاقلىق، باغلىنىشلىق.

بەند ـ بەند [بندبند] (پ) پارچە ـ پارچە، ئۆگە ـ ئۆگۈ:

يانارىم يوقتۇرۇر مۇمكىن سىينەڭ ئىشقىڭدىن، ئەي دىلبەر،

ئەگەركىم سۆڭەكىمنى بەند - بەندىدىن جۇدا قىلسالڭ.
— قەلەندەر.

بەندى تار [بندتار] (پ) تور، قىلتاق:
ئەي سابا، يەتكۈز بۇگۈن، مەندىن نىگارىمغا دۇئا،
نەچچە ئايدىن ئايرىلۇ چۈشكەن بەندى تارىمغە دۇئا.
— ئا. نىزارى.

بەنى [بنى] (ئە) ئەۋلاد، بالىلار.
بەنى ئادەم — ئادەم بالىلىرى، ئادەم ئەۋلادى:
ستەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ئانىڭدە زەررەئى مېھرۇ ۋەفا يوق، ئەي بەنى ئادەم.
— ئەرشى.
بەنى ئەسفەر — سېرىق جىنس، سېرىق تەنلىكلەر.
بەنى ئىسرائىل — يەھۇدىيلار.

بەھ [به] (پ) 1) ياخشى، ياخشىراق:
قەزارا ۋەزىر زەخمىسى بولدى بەھ،
بولۇپ ئىشقىدىن باغرى قان تەھ - بەتەھ.
— ئا. نىزارى.
2) ئەلڭ ياخشى.

بەھا [بها] (ئە) 1) قىممەت. 2) ھۆسن، گۈزەللىك. 3) روشەنلىك. 4) ئەھمىيەت، قەدىر - قىممەت.

بەھادۇر [بهادر] باتۇر، پالۋان، قۇدرەتلىك:
كېلىپ تۇشتى ئاندىن بەھادۇر جاۋان،
جەنازە باشىدە قىلىپ كۆپ ئىغان.
— ئا. نىزارى.

بەھار [بهار] (پ) ئەتىياز، باھار، كۆكلەم:
تۇگەندى ئىشكى گۈلگۈن، ئەمدى قالمىش زەفەرانى يۈز،
فەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خەزان بىرلە بەھارىمنى.
— نەۋايى.
بەھارى جەمەل — گۈزەل چىراي.
بەھارى ھۆسن — مەھبۇبە، گۈزەل.
بەھارى ۋەسل — يېتىشىش باھارى، ۋىسال كۆكلىمى.
بەھارى ئىشق — سۆيگۈ باھارى، ئىشقىي - مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى.

بەھاران [بهاران] (پ) باھار، باھار پەسلى.

بەھارىستان [بهارستان] (پ) يېشىللىقتا يۈركەلگەن گۈلزارلىق، باغچا.

بەھارگاھ [بهار گاه] (پ) ئەتىياز، ئەتىياز كۈنلىرى.

بەھاسىز [بهاسز] باھاسى يوق، قىممەتلىك، بىباھا:
ئاغالار داغى مۇددەئا ئەيلەدى،
بەھاسىز دىرەمگە بەھا ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.

بەھانە [بهانه] (پ) ئۆزرە، ئاساسسىز سەۋەب، باھانە:
گەھى قىلدى فەلەك جەۋرىنى تەقرىر،
گەھى ئەتتى بەھانە دەستى تەقدىر.
— لۇتفى.
بەھانە قىلماق — ئاساسسىز سەۋەب كۆرسەتمەك، ساختا دەلىل كۆرسەتمەك:
تەرزى نىگاھىدا بەھانە قىلىپ،
روبى زەمىن خانەئى خانە قىلىپ.
— زەلىلى.

بەھەم I [بهم] (پ) 1) بىرلىكتە، بىرگە:
مېنىڭكى مۇرادىم ئېرۇر سۇبھى - شام،
بەھەم بولسا، خىزمەتتە تۇرسام مۇدام.
— موللا شاكىر.
2) بىللە، يانمۇ يان:
جانىبى مەشرىقتە ئىكەن كىرەھەم،
يۇرتى خىتاي بىلەن ئىكەندۇر بەھەم.
— زەلىلى.
بەھەم بولماق — 1) بىللە بولماق، ئېرىشمەك:
ھەركىمكى بەھەم بولمادى بەندى خەم زۇلفۇڭ،
قەسدى ھەممەنىڭ ھەلقەئى چىرماشىڭ ئولۇپدۇر.
— گۇمنام.
2) ھاسىل بولماق، پەيدا بولماق:
ئەگەر بەرسە ھەق سىزگە قابىل خەلق،
تاڭ ئېرمەس بەھەم بولسا ئۇشبۇ شەرەف.
— ئا. نىزارى.

بەھەم II [بهم] (پ) يوقىلىش، نابۇت قىلىش:
سىزگە بەھەم يەتمەگەي گۈل نازەنىن،
سۈرتەي ئاياغىغا بۇ ماھى جەبىن.
— زەلىلى.
بەھەم يەتمەك — يوقىلىش، خاراب بولۇشقا يۈز تۇتماق، كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىماق:
بۇمۇ ھەم يەتمەي بەھەم گەل دىبسە گۈل ئاينىڭ ئىتى،
ھەرنەچچە تاش تۇشسە باشىمدۇر بەلىيەت تاغىدىن.
— گۇمنام.

بەھەمدۇللاھ [بحمدالله] (پ + ئە) ئاللاغا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن، ئاللاغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىپ:
بەھەمدۇللاھ، كۆردۇم جەمالىڭنى مەن،
قىلاي ئەمدى دەفى مەلالىڭنى مەن.
— ئا. نىزارى.

بەھەر I [بحر] (ئە) [كۆپلۈكى: بىھار/بۇھۇر] دەريا، چوڭ دەريا؛ دېڭىز.
بەھەر ئەخزەر — يېشىل دېڭىز.

بەھر نەۋەرد — دەريا كەزگۈچى.

بەھرۇبەر — 1) ھۆل - قۇرۇق، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق. 2) پۈتۈن دۇنيا:

بولغۇدەكسەن دەھر ئارادا پادشاھى بەھرۇبەر،
دەۋلەتۇ بەختۇ سەئادەت بولسە گەرياۋەر ساڭا.

— قەلەندەر.

بەھرى جەھەل — كۆز يېشى دەرياسى.

بەھرى ئەمىق — چوڭقۇر دېڭىز.

بەھرى ئەزىم — ئۇلۇغ دېڭىز، چوڭ دەريا.

بەھرى بىپايان — چەك - چېگرىسىز دېڭىز.

بەھرى بەقا — جەننەت دەرياسى، ئەبەدىيلىك دەرياسى.

بەھرى جۇد — «بەھرى كەرەم» گە قاراڭ.

بەھرى خاك — سۇ - تۇپراق:

ئېرمەس ئۇلار تۇپراغ ۋە سەن نۇرى پاك،
خىلقەت ئۇلارغە، ساڭا بەھرى خاك.

— سەبۇرى.

بەھرى رەھمەت — ئىلتىپات، مەرھەمەت دەرياسى.

بەھرى غەم — غەم دېڭىزى.

بەھرى كەرەم — ھىممەت، مەرھەمەت دەرياسى.

بەھرى كەمال — كامالەت دېڭىزى، تولۇقلۇق، مۇكەممەللىك يەتكۈزىدىغان دەريا.

بەھرى گەردۇن — ئاسمان، پەلەك.

بەھرى گۈزەشت — ئاقار دەريا:

بۇ يار ئۈستىنى دامەنى كوھى رەست،
ئۇ يار ئاستى دەريايى بەھرى گۈزەشت.

— موللا شاكىر.

بەھرى مەۋج — مەۋجلىك دەريا، دولقۇنلۇق دېڭىز:

بۇ ھەيندە يامانلار ئىشى تۇتتى ئەۋج،
كى ئۇردى جەھاندا رىيا بەھرى مەۋج.

— ئا. نىزارى.

بەھرى ۋاسىئ — كەڭ دېڭىز.

بەھرى ئىرفان — ئىلىم - مەرىپەت دېڭىزى.

بەھرى ئىشق — ئىشق دېڭىزى.

بەھر II [بحر] (ئە) (شېئىردا) ۋەزىن، ئۆلچەم مەنىسىدە.

بەھرە [بهره] (پ) قىسمەت، نېسىۋە؛ ئۈلۈش؛ پايدا:

تۇغۇلمىش ئىدى كاشغەر شەھرىدە،
جەھانغا كېلىپان ئاتا بەھرىدە.

— ئا. نىزارى.

بەھرە يەتكۈزمەك — پايدا يەتكۈزمەك، پايدىلاندۇرماق.

بەھرە تاپماق — پايدىلانماق.

بەھرەدار [بهره‌دار] (پ) پايدىلانغۇچى، بەھرە ئالغۇچى.

بەھرەمەند [بهرمند] (پ) بەھرە ئالغۇچى، پايدا ئالغۇچى:

ھەمە جاندارلار بولۇپ بەھرەمەند،
كى ھەمدۇ سەنا بىرلەردۇر گەرجۇمەند.

— ئا. نىزارى.

بەھرەۋەر [بهره‌ور] (پ) پايدىغا ئىگە بولغۇچى، مەنپەئەتلەنگۈچى:

ھەمانا چىقىپ مۈلك مەيدانىدىن،
مېنى بەھرەۋەر قىلدى چەۋگانىدىن.

— ئا. نىزارى.

بەھرەۋەر بولماق — بەھرە تاپماق:

جەھان ئىچرە بول ئىلىم ئىلە بەھرەۋەر،
ھەۋايۇ ھەۋەس يولىدىن قىل ھەزەر.

— ئا. نىزارى.

بەھرەياب [بهره‌ياب] (پ) «بەھرەۋەر» گە قاراڭ.

بەھرەين [بحرين] (ئە) 1) ئىككى دەريا (رۇم ۋە پارس دەرياسى):

ئەي نەۋايى، مەجمەئۇلبەھرەين بولغاي ئاشكار،
مەيلى قىلسە سېلى ئەشكىم ناگاھان جەيھۇن سارى.

— نەۋايى.

2) شەھەر نامى.

بەھرۇلئەبرار [بحرالابرار] (ئە) ياخشىلىق دەرياسى، ياخشىلىق، ساخاۋەت.

بەھرۇننەجات [بحرالنجات] (ئە) 1) نىجاتلىق دەرياسى، قۇتۇلۇش دەرياسى. 2) پەرھاتنىڭ شېرىن ئۈچۈن قازغان كۆلىنىڭ نامى:

مۇجەررا بولۇپ نەھرى ئەينۇلھەيات،
قۇيۇلدى كېلىپ ھەۋزى بەھرۇننەجات.

— ئا. نىزارى.

بەھرىنە [بحرنه] دېڭىزغا:

يولۇڭدا قاش ئېرۇر كۆز بەھرىنە يول،
ساڭا ھەر نېچەكىم مۇنداق گۈزەر بار.

— لۇتفى.

بەھس [بحث] (ئە) تالاش - تارتىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش.

بەھس ئەتمەك — پىكىر يۈرگۈزمەك، مۇنازىرە قىلماق، تارتىشماق:

بەھس ئېتەر ئەردى مۇنەججىم سىفر ئاغزىم نۇقتەسىن،
ھاسىلى مەبھەسنى سوردۇم ئەرسە، ئايتۇر ھېچ، ھېچ.

— قەلەندەر.

بەھمەن [بهمن] (پ) 1) شەمسىيە يىلى ھېسابىدىكى

11 ـ ئاي. 2) قىش ئېيى (يانۋار). 3) ئىران پادشاھلىرىدىن بىرسىنىڭ نامى.

بەھىل [بەحل] (پ + ئە) رازىلىق، رازى:

كۆزۈم نۇرى كەتتى جەھان بولدى داغ،
بەھىلدۇرمەن ئەكنۇن جان ئەتسە خىراج.

— ئا. نىزارى.

بەئۇلۇ [بەعلو] (پ + ئە) يۈكسەك، يۇقىرى.

بەۋادى [بوادى] (ئە) [بىرلىكى: بادىيە] چۆللەر، سەھرالار.

بەۋارىق [بوارق] (ئە) [بىرلىكى: بارىقە] چاقماقلار، يېشىنلەر.

بەۋاسىر [بواسير] (ئە) بوۋاسىر كېسەللىكى، گېمورروي.

بەۋەجھ [بوجه] (پ + ئە) يۈز بىلەن.

بەۋەجھى ئەھسەن — چىرايلىق يۈز بىلەن.

بەۋەقت [بەوقت] (پ + ئە) ۋاقتىدا.

بەۋەقتى بەھار — باھار ۋاقتىدا.

بەۋۋاب [بواب] (ئە) دەرۋازىۋەن، ئىشىك قاراۋۇلى.

بەئىد [بعيد] (ئە) يىراق:

جەھان ئەھلى باردۇر شەقى يا سەئىد،
بىرى يارىغە قۇرب، بىرىدۇر بەئىد.

— غەرىبى.

بەئىدۇلفەھم [بعيدالفهم] (ئە) چۈشەنچىدىن يىراق، چۈشىنىش قىيىن.

بەيابان [بيابان] (پ) سەھرا، چۆل:

تىكىپمىز بەيابان ئارا كۆپ شەجەر،
كى ئول نەخلەردىن بولۇپ كۆپ سەمەر.

— غەرىبى.

بەيات [بيات] 1) قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. 2) ئون ئىككى مۇقامدىن بىرىنىڭ نامى:

زىلەيخائى جۇنۇن لەشكەر چىكىپ ئەيلەر سىياسەت كۆپ،
بەيات ئاھەڭىدىن تاشلارمۇ سەن كۆڭلۈمنى زىندانە.

— ناقىس.

بەياد [بەياد] (پ) ياد قىلىش بىلەن، سېغىنىش بىلەن؛ سېغىنىپ، ياد قىلىپ:

ئەدا ئەيلەدىم ھەر كۈنى بامداد،
قىلىپ ئولتۇرۇپ ئېردىم ھەقنى بەياد.

— ئا. نىزارى.

بەياز [بياض] (ئە) 1) ئاق، ئاقلىق:

ساچىڭ شامى سەۋادى لەيلەتۇلقەدر،
يۈزۈڭ سۇبھى بەيازى لەيلەتۇلبەدر.

— سەبۇرى.

2) شېئىرلار توپلىمى.

بەياز بولماق — ئاقارماق، يورۇماق:

يەنە ئول سەنەم ئەيلەدى ئېتىراز،
چۇ يەتتى سەھەر بولدى سۇبھى بەياز.

— ئا. نىزارى.

بەيازۇ سەۋاد — ئاق ـ قارا، ئاق ـ قارىلىق:

بۇ ھىرفە ئارا ھەم سەلاھۇ ـ فەۋاد،
كى فېئلى ئېرۇر ھەم بەيازۇ ـ سەۋاد.

— غەرىبى.

بەيازۇل بەيز [بياض البيض] (ئە) تۇخۇمنىڭ ئېقى.

بەيازۇل ئەين [بياض العين] (ئە) كۆزنىڭ ئېقى.

بەيان [بيان] (ئە) سۆز، ئىپادىلەش، تەسۋىر؛ تەرىپ، ئىزھار قىلىش: مەلۇمات، دەلىل:

بىھىشت دەۋزەخ تالاشۇر، تالاشماقتا بەيان بار،
دەۋزەخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، مەندە فىرئەۋن، ھامان بار.

— ئەھمەد يەسەۋى.

بەيان ئەيلەمەك — تەرىپلىمەك، ئېيتماق، ئىپادىلىمە:

بەيان ئەيلەسە مەسئەلە مەئرىفەت،
خەرىدار بولۇپ، قىلمادىڭ مەرھەمەت.

— غەرىبى.

بەيانى فەسىھ — گۈزەل، راۋان بايان.

بەيئەت [بيعت] (ئە) ۋەدە بېرىش؛ بويسۇنۇش:

كى بۇ دۇرجىنىڭ ئەيلەگىل بەيئەتىن،
رىزالىق بىلە مەن بېرەي قىيمەتىن.

— ئا. نىزارى.

دەستى بەيئەت — قول بېرىش، تەۋە بولۇش:

زىيارەت قىلىپ دەستى بەيئەت بېرىپ،
قىلىپ ھالى پۇرسىش نەسىھەت قىلىپ.

— موللا شاكىر.

بەيەك [بيك] (پ) بىرلا، بىرغىنا:

كۆنىكىم بۇ يەڭلىغ شىكار ئەيلەبان،
بەيەك پۇشتى ئۆزرە گۇزار ئەيلەبان.

— ئا. نىزارى.

بەيەكبار [بيك بار] (پ) بىريولى؛ تۇساتتىن:

ئوشۇل مەجلىسدەكى ئەل كۈن بەيەكبار،
كۆتەردىلەر بۇ سۆزدىن نالەئى زار.

— لۇتفى.

بەيىت I [بيت] (ئە) [كۆپلۈكى: بۇيۇت] ئۆي، خانا،

جاي:

بىلمەدىم مەن نە ئىش بولدى بۇ كۆن بۇ تۈندە،
يوق ئۇل پەرى رەھنەمايىم بۇ بەيت ئىچىندە.

— سەككاكى.

بەيت كاشانە — ئۆي، خانا.

بەيتى ۋەيرانە — ۋەيرانە، خارابە ئۆي.

بەيت II [بيت] (ئە) ئىككى مىسرا شېئىر.

بەيتۇللاھ [بيت الله] (ئە) مەككە شەھىرىدىكى كەئبىنىڭ نامى؛ ئاللانىڭ ئۆيى.

بەيتۇلمال [بيت المال] (ئە(1) دۆلەت ئىختىيارىغا ئالىدىغان مال - مۈلۈك. 2) دۆلەت خەزىنىسى.

بەيتۇلھەزەن [بيت الحزن] (ئە) غەم ئۆيى، غەمخانا:

سەككاكىنىڭ ئۆرنىنى ئۇشۇل يۇسۇفى سانىن،
يەئقۇب بىكىن ھەجرىدە بەيتۇلھەزەن ئەتتى.

— سەككاكى.

بەيتۇلمەئمۇر [بيت المعمور] (ئە) ئاۋات ئۆي، (دىنى رىۋايەتتە: تۆتىنچى ئاسماندىكى كەبىگە ئوخشاش مۇقەددەس ئۆي) :

غەنىلىق بىلە ئانچە مەشھۇر ئىدى،
دىرەملەر بىلە بەيتۇلمەئمۇر ئىدى.

— ئا. نىزارى.

بەيتۇلمۇقەددەس [بيت المقدس] (ئە) قۇددۇس شەھىرى؛ قۇددۇستىكى زىيارەتگاھ.

بەيتۇلھەرام [بيت الحرام] (ئە) بەيتۇللا ۋە كەئبىنىڭ يەنە بىر نامى:

كى تەختى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام،
ئەجەم مۈلكىدە ئىردى بەيتۇلھەرام.

— ئا. نىزارى.

بەيتۇل ئىنتىزام [بيت الانتظام] (ئە) ئىنتىزاملىق، تەرتىپلىك ئۆي؛ ئىنتىزامغا سالغۇچى ئۆي.

بەيرەم [بيرم] 1) ھېيت، بايرام، شادلىق كۈنى. 2) بىر خىل نازۇك، يۇپقا بۆز.

بەيزا [بيضا] (ئە) ئاق، ئاق رەڭلىك؛ نۇرلۇق:

مۇبەددەل بولۇر كۈنگە ھەم ئۇشبۇ تۈن،
شۇئائى يۈزۈڭدەكى بەيزا، ئىشق.

— موللا بىلال.

يەدى بەيزا — ئاق قول، پارلاپ تۇرىدىغان قول:

ئۇلۇسقا توي بىرۇر بولساڭ قويۇپ ئالتۇن - كۆمۈش ئىمردە،
يەدى بەيزا بىكىن ئىلكىڭ جەھانغە زەرفىشان كەلدى.

— سەككاكى.

بەيزە [بيضه] (ئە) تۇخۇم:

بۇ تاۋۇسغە بەيزە خورشىدۇ ماھ،
قىلۇر رەڭ - بەرەڭ چۈجەسىن جىلۋەگاھ.

— ئا. نىزارى.

بەيزەئى زەر — ئالتۇن تۇخۇم.

بەيزەدار [بيضەدار] (ئە + پ) تۇخۇملۇق، تۇخۇمى بار، ئۇرۇقلۇق.

بەيزەۋار [بيضەوار] (ئە + پ) تۇخۇمدەك، تۇخۇم كەبى.

بەين [بين] (ئە) ئارىسى، ئارىلىقى:

قىلىپ ئىشق تۇغيان، چىكىپ ئوتلۇغ ئاھ،
ئوقۇپ بەيىنىنى دىلبەرى نىك خاھ.

— ئا. نىزارى.

بەين - بەين [بين بين] (ئە) ئارا - ئارىسىدا؛ ياخشىمۇ ئەمەس - يامانمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال؛ باراۋەر.

بەينەلئەخبار [بين الاخبار] (ئە) خەۋەرلەر ئارىسىدا، خەۋەرلەردە.

بەينەلمەنزىلەين [بين المنزلين] (ئە) ئىككى مەنزىل ئارىسى.

بەينەلمىلەل [بين الملل] (ئە) خەلقئارا، جاھان ئىچى.

بەينەھازەلفىراق [بين هذاالفراق] (ئە) بۇ ئايرىلىشتا، بۇ جۇدالىقتا:

ئىرادە قىلىپ خىزمىتىڭدىن يىراق،
كى ئىزھار ئېتىپ بەينە ھازەلفىراق.

— ئا. نىزارى.

بەيئ [بيع] (ئە) سېتىش، سودىلىشىش:

كى بەيئ ئەتكەمەن ئانى بولدى زەرۇر،
كى نەقدىنەلەرگە يېتەدۇر فۇتۇر.

— ئا. نىزارى.

بەيئ ئەتمەك — ساتماق:

دېدى: ئۇشبۇ گەۋھەرنى بەيئ ئەتكەمەن،
ئەگەر ئالماساڭ سەن، يانىپ كەتكەمەن.

— ئا. نىزارى.

بەيئى ۋەسل — ۋەسلىگە يېتىش سودىسى، ۋەسلىنى سېتىۋېلىش:

بارماغىم كۆكسۈمنى يارماغلىققە دايىم بارماغى،
بەيئى ۋەسلىڭغە سانارغە ئاندا ئىردى بارماغىم.

— گۇمنام.

بەيئ شەرا [بيع شرا] (ئە) سېتىش - سېتىۋېلىش، سودا.

بەيئ شەرا ئەيلەمەك — سودا قىلماق:

بىردەمى خوشلۇق يۈزىنى بۇ جەھاندا كۆرمەدىم،
سەن پەرى پەيكەر بىلەن تائەيلەدىم بەيئو شەرا.

— قەلەندەر.

بەيىنە [بينه] (ئە) دەلىل، ئىسپات، ھۆججەت.

بەئد [بعد] (ئە) كېيىن، ... دىن كېيىن.

بەئدە [بعد] (ئە) «بەئد» گە قاراڭ:

بەئدە ھەمدى خالىقى نەئتى رەسۇلى مۇجتەبا،
جانىشىنى زارى پەيەمبەر چەھار يارىم كېلۇر.

— نەۋبەتى.

بەئدەز [بعداز] (ئە + پ) ... دىن كېيىن:

نە ئېردى ئانىڭ مەقسەدىنى تاپىلڭ،
كى بەئدەز ئانى خاك بىرلە ياپىلڭ.

— ئا. نىزارى.

بەئدەزان [بعدازان] (ئە + پ) ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىن:

بۇ كۆڭلۇمدەكى ئىشنى قىلدىم تەمام،
بولۇپ بەئدەزان مۇندا قايىم مەقام.

— ئا. نىزارى.

بەئدەزىن [بعدازين] (ئە + پ) ئاشۇنىڭدىن كېيىن:

ئىمدىكىم لەئلىڭ خەيالى بىرلە ئۇسرۇكمەن مۇدام،
بادەگەر ئابىھەيات ئولسە، كېرەكمەس بەئدەزىن.

— ئاتايى.

بەئزەن [بعضاً] (ئە) بەزى، بەزىدە، ئايرىم پەيتتە، گاھى ـ گاھىدا.

بەئزى [بعضى] (ئە) ... نىڭ بەزىسى، ... نىڭ بىر قىسمى، بىرئاز.

بەئىس I [باس] (ئە) 1) قورقۇش. 2) ئازاب. 3) قاتتىقلىق. 4) باتۇرلۇق.

بەئىس II [بعث] (ئە) 1) ئەۋەتىش، يەتكۈزۈش؛ 2) ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش.

بوتە I [بوته] ئالتۇنچىلارنىڭ ئالتۇن ئېرىتىدىغان قاچىسى:

ئەي كۆڭۈل، ئول سىيمتەن ۋەسلىن قىلۇر بولساڭ ھەۋەس،
قىل يۈزۈڭ ئالتۇنىنى غەم بوتەسىندە ئىمتىھان.

— ئاتايى.

بوتە II [بوته] (1) بوتا، بوتىلاق. (2) كۆچمە م: پەرزەنت، ئوغۇل.

بورچى [بورچى] ئاشپەز:

مىراخور، بەكاۋۇل، بورچى، ئۆيچىسى،
يەنە ناغرا كارنايۇ سۇرنايچىسى.

— موللا شاكىر.

بوريا [بوريا] (پ) بورا:

بىراۋ ئىختىيار ئەيلەدى بورىيا،
قومۇشىدىن بىسات ئەيلەدى خەلقئارا.

— غەرىبى.

بورىياباف [بورياباف] (پ) بورا توقۇغۇچى.

بوساغە [بوساغه] بوسوغا، پەس يەر.

بوستان [بستان] (پ) باغ، گۈلزار، چىمەن:

ئانى جىلۋەگەر قىلدى ئىنسان ئارا،
شەمىمىنى ئانداغكى بوستان ئارا.

— ئا. نىزارى.

بوستان ئەفرۇز — گۈلتاجى خوراز.

بوستان سەرا — بوستاندا سايرىغۇچى، بۇلبۇل.

بوقۇرسا [بوقورسا] بوقۇسا (يەر ھەيدەيدىغان سايمان):

ئەگەر ئەتمەسەڭ بىز بوقۇرساغا تىش،
كى ھەيرەتتە يازىڭ بولۇر ئېردى قىش.

— غەرىبى.

بولجاب [بلجاب] مۆلچەرلەپ، ئېنىقلاپ:

كۈنىن بولجاب ھەم ئول كۈن يولغە تۈشتى،
ئۇرۇپ فەرخار مۈلكىنە ياۋۇشتى.

— لۇتفى.

بولجار [بلجار] مۆلچەر، نىشان:

تۆگىلەر جايى تاغ باشى،
بولجارىمىز يار باشى.
شۇ بولجارغا يەتكەندە،
توختىمايدۇ كۆز ياشى.

— موللا بىلال.

بولغامەن [بولغامن] بولغايمەن، بولىمەن:

گۈل يۈزۈڭ سىرۇ قەدىڭ قىلسام خەيال،
سىرۇ يەڭلىغ بولغامەن سەرگەشتە ھال.

— گۇمنام.

بولۇبان [بولوبان] بولۇپ:

شام ئىدى ئاھىستە قوپۇپ ناگەھان،
يۈردۈم ئوشۇل يولغا بولۇبان رەۋان.

— زەلىلى.

بۇ I [بو] بۇ (كۆرسىتىش ئالماش):

چۇ مۇھرى ئاڭا بەردى پىر يادكار،
كى بۇ مۇھرىدە تۇرفە ئەسرار بار.

— ئا. نىزارى.

بۇ دەم — شۇ ۋاقىت، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە:

مېھىنبانۇ بىرلە قىلىپدۇر ياراش،

ئانىڭ بىرلە بۇ دەم تۇرۇپدۇر مەئاش.

— ئا. نىزارى.

بۇدۇر — مۇنداق، مۇنۇلار:
ۋەسىيەت بۇدۇر، شاھلار قەۋلىدىن،
فەنا ئىستە ئاخىردەكى ھەۋلىدىن.

— ئا. نىزارى.

بۇدۇركىم — شۇنداقكى، … بولسا مۇنداق:
تىرىكلىك كېرەكمەس سېنىڭسىز ماڭا،
مۇرادىم بۇدۇركىم يېتىشسەم ساڭا.

— ئا. نىزارى.

بۇ يەڭلىغ — شۇ كەبى، شۇنىڭغا ئوخشاش:
نەچە ئاي بۇ يەڭلىغ قىلىپ پەرۋىش،
كى سۇتدىن كېچىپ ئاغزىغە چىقتى تىش.

— ئا. نىزارى.

بۇ بالڭ — بۇنداق سادا، بۇنىڭغا ئوخشاش سادا.

بۇ II [بو] (پ) «بۇي» غا قاراڭ.

بۇبەك [بوبک] (پ) 1) كەپتەر. 2) ئاچا - سىڭىل:
ھەر تۈنكى قىلسام ئول بۇبەكى فىتنە يادىنى،
يۈرمەن ياشىمدىن ئىككى كۆزۈمنىڭ سەۋادىنى.

— ئاتايى.

بۇت I [بت] (پ) 1) بۇتپەرەسلەر چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىدىغان سۈرەت ياكى ھەيكەل، بۇت:
ناز ئىلە چىقساڭ ئۆيۈڭدىن بۇ قەدەر رۇخسار ئىلە،
سەجدە ئەيلەر قاشلارىڭغە بۇت بىلە ھەم بۇتتەراش.

— قەلەندەر.

بۇت ئەيلەمەك — بۇت ياسىماق:
شەھەر خەلقىنىڭ ئىسلى بازارى يوق،
كى بۇت ئەيلەمەكدىن بۆلەك كارى يوق.

— ئا. نىزارى.

2) سەنەم، گۈزەل:
ئالدى كۆڭلۈمنى مېنىڭ بىر بۇتى چەۋكان سىكەلەك،
غارەتى دىنىم ئۈچۈن قىلدى پەرىشان سىكەلەك.

— مەھزۇن.

بۇتى نەبۇد — ئالەمدە يوق بىر سەنەم:
بۇتى نەبۇد مەگەر ھۇرى پەرىزاد،
لەبى نازۇك، بويى چۇن سەرۋى ئازاد.

— لۇتفى.

بۇت II [بوت] پۇت، ئاياغ:
قەتل قىل نەفسىڭ ھەۋاسىن ئىستەسەڭ ئازادەلىغ،
بۇت ئۇشاتماي ئازەر ئوغلىغە قاچان تەگدى بەرات.

— ناقىس.

بۇتا [بتا] (پ) ئەي بۇت؛ ئەي گۈزەل.

بۇتتەراش [بت تراش] (پ) بۇت ياسىغۇچى:
چەراكىم بۇلار بارچەسى بۇتتەراش،
ياغاچىدىن سەنەم قىلغۇچى قارى - ياش.

— ئا. نىزارى.

بۇتپەرەست [بت پرست] (پ) بۇتقا سەجدە قىلغۇچى، بۇتپەرەس:
ۋىلايەت ھەمە كافىرۇ بۇت پەرەست،
بۇلار كۇفر تۇغيان مەيى بىرلە مەست.

— ئا. نىزارى.

بۇتخانە [بتخانه] (پ) بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى
مەگەر ئىسلام ئېلىنىڭ نالىسى ئەۋجىگە يەتمەيدۇر،
بەرەھمەن باش كۆتەردى كۇفردىن بۇتخانەدۇر پەيدا.

— زەلىلى.

بۇتراماق [بوتراماق] توزۇماق، تارقىماق، پاراك بولماق:
ئانىڭ ۋەھشەتىدىن ئەجەب تىترەدىم،
سەراسىمەۋار ھەر تەرەف بۇترادىم.

— ئا. نىزارى.

بۇتكەدە [بتكده] (پ) «بۇتخانە» گە قاراڭ.

بۇتگەر [بتگر] (پ) «بۇتتەراش» غا قاراڭ.

بۇتۇن [بطون] (ئە) [بىرلىكى: بەتن] قورساقلار، قېرىنلار.

بۇ جەھل [بوجهل] (ئە) 1) ئەبۇجەھل سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرگە قارشى بولغان بىر ئەرەبنىڭ نامى. 2) كۆچمە م: ناھايىتى جاھىل

بۇخار [بخار] (ئە) پار، تۇمان.

بۇخل [بخل] (ئە) بېخىللىق، پىششىقلىق، پىخسىقلىق:
مەنى گۇمنامىغە بەرمەي زەكانى ھۆسن قايتاردىڭ،
كۆرەرمۇ بۇ خىل ئارا بىر شەھرى يارىمەن كەبى ھەرگىز

— گۇمنام.

بۇخۇر [بخور] (ئە) خۇش پۇراقلىق ئىسرىق.

بۇخۇرات [بخورات] (ئە) [بىرلىكى: بۇخۇر] ئىسرىق.

بۇد [بود] (پ) بارلىق، مەۋجۇتلۇق:
ئول ئاي ئوتىدا بۇد بولدى نابۇد،
جان جانغە كىردى جانانە بولدۇم.

— گۇمنام.

بۇدۇ نابۇد — بار ۋە يوق، بار ئىدى، يوق ئىدى، بارلىق، ھەممە:
كۆڭۈل باغرى ئارا ئەزم ئەتسە دەرمەن باغرى تاشىمدۇر،
يوق ئەتكەن بۇدۇ نابۇدۇمنى ئول پەيۋەستە قاشىمدۇر.

— گۇمنام.

زادۇ بۇد — تۇغۇلغان يەر، ۋەتەن:

سۇرلاردا ھەر بىرىنىڭ زادۇ بۇدىن،
كىممەتتە كۆردى بىر ساھىب ۋۇجۇدىن.

— لۇتفى.

بۇدى يوق — بارلىقى، مەۋجۇتلۇقى يوق.

نابۇدىنگنى قىلدى بۇد — سىنى يوقتىن بار قىلدى.

بۇدۇم — بارلىقىم:

ئۆزۈمدىن كېتىپ مەن چۇ بىخۇد ئولۇپ،
كى بۇدۇم ئانىڭ بىرلە نابۇد بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

بۇراق [براق] (ئە) ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەت پەيغەمبەر مىراج كېچىسى ئاسمانغا چىققاندا مىنگەن ئات؛ چاپقۇر ئات:

ياش قەرزەندىن يۈگۈرتۈپ يۈز سارى ھەردەم كۆزۈم،
چۇن سىنىڭ ئىزىڭنى تاپماي چاپتۇرۇپ گۈلگۈن بۇراق.

— لۇتفى.

بۇرج [برج] (ئە) 1) قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت يولىنى بۆلەپ جايلاشقان ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ يىغىندىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى:

تەۋسەنى دەۋلەت ئۆزە مىنسەڭ سەن، ئەي خۇرشىدى فەر،
قىلغۇدەكسەن سەير بەزمىدە بۇ ئون ئىككى بۇرج.

— قەلەندەر.

2) سېپىلنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان تۆت بۇرجىكى، مۇنار:

ئۇزۇك بىرلە تۇننى سالىپ دۇرج ئارا،
ھەمەل دۇرجىنى ھەم قويۇپ بۇرج ئارا.

— ئا. نىزارى.

بۇرجۇ بارۇ — قەلئەنىڭ مۇنارى ۋە تاملىرى.

بۇرجۇ كاھ — مۇنار ۋە ساراي.

بۇرجى ئاب — جەدى، دەلۋە، ھۇت بۇرجلىرى (قىش ئايلىرى).

بۇرجى ئاتەش — سەرەتان، ئەسەد سۇنبۇل بۇرجلىرى (ياز ئايلىرى).

بۇررا [برا] (پ) ئۆتكۈر، كەسكىن.

خەنجەرى بۇررا — ئۆتكۈر قىلىچ:

ئۆلۈمنى خوش قىلىپ ھىجران ئېلىندىن،
سۇۋۇردى خەنجەرى بۇررا بىلىندىن.

— لۇتفى.

بۇرران [بران] (پ) «بۇررا» غا قاراڭ:

ئۈزۈپ باشىنى تىغى بۇرران بىلە،
سۆكۈپ جىسمىنى تىيرى پەرران بىلە.

— ئا. نىزارى.

بۇررانلىغ [برانليغ] ئۆتكۈرلۈك، كەسكىنلىك.

بۇرقەئ [برقع] (ئە) يۈزگە تارتىدىغان پەردە، چۈمبەل:

يۈزىدىن بۇرقەئىن ئالسا يارۇتۇر مىسلى كۈن شەبنى،
قاماشىپ كۆزلەرى ئولدەم ئۇچالماس مۇرغىكى شەبگار.

— موللا بىلال.

بۇرقەئ ئالماق — نىقابىنى، چۈمبەلنى ئاچماق:

ئال بىرلە سالدى ئالما ياڭاقىڭ كۆكۈلگە تار،
بىر بۇرقەئ ئال كۆرەيىن ئانىڭ نازۇك ئالىنى.

— سەككاكى.

بۇرنا [برنا] بۇرۇن، ئىلگىرى:

شاقاۋۇل يوق ئىدى بۇرنا خوتەندە،
ئەجايىپ دىلجەم ئەردۈك ئۆز ۋەتەندە.

— مەھزۇن.

بۇرناغى [برناغى] بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى:

يازىپ بۇرناغى كاتىپ ئانداغ رەقەم،
سوئالى ئاندىن ئابىغە بۇردەردۇ غەم.

— ئا. نىزارى.

بۇرھان [برهان] (ئە) دەلىل، ھۆججەت.

بۇرھانى ساتىئ — روشەن، ئېنىق دەلىل.

بۇرھانى قاتىئ — كەسكىن دەلىل.

بۇرۇج [بروج] (ئە) [بىرلىكى: بۇرج] بۇرجلار.

بۇرۇدەت [برودت] (ئە) سوغۇقلۇق.

بۇرىدە [بريده] (پ) كېسىلگەن، كېسىك.

بۇزۇغ [بزوغ] 1) بۇزۇق، ۋەيرانە:

بۇ فەرخى بۇزۇغ كۆسەنى تاپىپ،
ياتى باشىغە ئەسكى شالىن ياپىپ.

— ئا. نىزارى.

2) غەمكىن، قايغۇلۇق (كۆڭۈل ھەققىدە).

بۇس [بوس] (پ) «بۇسە» نىڭ قىسقارتىلمىسى؛ «بۇسە» گە قاراڭ:

كېچە - كۈندۈز خەيالىم ئاستان بۇسىنى قىلماغلىق،
ۋىسالى دەۋلەتىن تاپماققە سەگلەر سانى راھىمدۇر.

— گۇمنام.

بۇسە [بوسه] (پ) سۆيۈش، ئۆپۈش:

قىلىپ بۇسەلەر چۇن كەفۇ پايىغە،
سۇرۇپەن يۈزۈمنى يۈزى ئايىغە.

— ئا. نىزارى.

بۇسە قىلماق — سۆيمەك، ئۆپمەك:

كى مەھۇۋۇننى بۇسە قىلىپ دىلبەرى،
كى لەئلى لەبىدىن تاتىپ شەككەرى.

— ئا. نىزارى.

بۇسۇ كەنار — قۇچاقلاپ سۆيۈش:

ھەكىم ئەھلى ئەمر ئەتتى بۇسۇ كەنار،
ۋەلې ئۆزگە ئىشىدىن قىلمىغىز قەرار.

— ئا. نىزارى.

بۇش [بوش] غەزەپ، ئاچچىق:

ھەجىر ئوتى نېچە مەجرۇھ ئېتىپ بۇزدى جىگەرنى،
ۋەسلىڭ بۇشىغە مەرھەمى نې خۇش ياقە كەلدا.

— سەككاكى.

بۇشۇرغانماق [بوشورغانماق] ئىچى پۇشماق، غەزەپلەنمەك، ئاچچىقى كەلمەك:

بۇشۇرغانىپ تۇمەن مىڭ سۆز بىرلە،
كېڭەشتى گۇلتۇرۇپ نەردۇز بىرلە.

— لۇتفى.

بۇغز [بغض] (ئە) دۇشمەنلىك، ئۆچمەنلىك.

بۇغزى ھەسەد — ئىچى تارلىق، كۆرەلمەسلىكتىن بولغان دۇشمەنلىك:

بىرەۋ كىم ساڭا قىلسا بۇغزى ھەسەد،
سىپارىش قىل ئانى جەنابى ئەھەد.

— ئا. نىزارى.

بۇغز بولماق — دۇشمەنلىكنى، ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرمەك:

ھەرنە تاپسە ھەق يولىغە ئېھسان قىلۇر،
بېخىللارنىڭ ئەداۋەتى بۇغز بولماي.

— يەسەۋى.

بۇقئە [بقعه] (ئە) جاي، ئورۇن، زېمىن؛ خانىقا:

قەدەم بىرلە جەھانبان بەنا ئەيلەگەن،
كى بۇ بۇقئەنى جا ـ بەجا ئەيلەگەن.

— ئا. نىزارى.

بۇقەئ [بقع] (ئە) [بىرلىكى: بۇقئە] جايلار، ئورۇنلار؛

ئۈمىد ئىلە باردىم مەدەد ئىستەبان،
مۇبارەك بۇقەئدىن سەنەد ئىستەبان.

— ئا. نىزارى.

بۇقرات [بقراط] قەدىمكى گرېك تېبابەت ئالىمى:

مەئانى ھەرىمىدە سۇقرات ئولاي،
كى سوقرات يوق، بەلكى بۇقرات ئولاي.

— ئا. نىزارى.

بۇڭ [بونك] مۇڭ، غەم:

زەكاتى بىرلە بۇڭدىن دېسەم، ئايتۇر،
قاۋۇڭ، كەتسۇن، بۇ سەككاكى گەدانى.

— سەككاكى.

بۇلئەجەب [بوالعجب] (ئە) ئەڭ قىزىق، تەئەججۇپلىنەرلىك، ئاجايىپ.

بۇلەغائ [بلغاء] (ئە) [بىرلىكى: بەلىغ] سۆزمەنلەر.

بۇلبەشەر [بوالبشر] (ئە) ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، ئادەم ئاتا:

كېلىپ دەھر ئارا ھەزرەتى بۇلبەشەر،
سەمادىن تۇزۇپ مەنزىلى بولدى يەر.

— غەرىبى.

بۇلبۇل [بلبل] (ئە) 1) بۇلبۇل:

مەۋسۇمى بەھار ئولدى گۇل رەڭگىنى ئال ئەيلەر،
بۇلبۇلنى چەمەن ئىچرە شورىدە مەقال ئەيلەر.

— زەلىلى.

2) ئاشىق:

سەھەر تەرفى چەمەندە گۇل بىلە تەنھا شەراب ئىچتى،
ئەجايىب باغبانى سىنەئى بۇلبۇل كەباپ ئەيلەب.

— زەلىلى.

بۇلبۇلى گۇيا — سايرىغان بۇلبۇل.

بۇلبۇلى شەيدا — پىغان قىلغۇچى بۇلبۇل؛ بېرىلگەن ئاشىق.

بۇللۇر [بلور] (ئە) ئەينەكنىڭ بىر تۈرى:

كۇمۇشدىن قىيالە بۇللۇرى سۇراھ،
كى بۇتۇن سۇراھىدا گۇلرەڭ راھ.

— ئا. نىزارى.

بۇلھەۋەس [بوالهوس] (ئە) ھەۋەسكار، ھەۋەس قىلغۇچى:

كەتكۈڭ ئاخىر رىھلەت ئاھەڭگىن تۇزۇپ، ئەي بۇلھەۋەس،
بارچە قالغاي ئايرىلىپ، بارغاي نەدامەت بىرلە غەم.

— سەبۇرى.

بۇلۇغ [بلوغ] (ئە) يېتىلىش، بالاغەتكە يېتىش.

بۇنياد [بنياد] (پ) 1) ئاساس، ئۇل:

چۇ بىر ئايچە يەمەندە چىراغادى شاد،
كۆڭۈل باغلاپ ئول ئەلگە سالدى بۇنياد.

— لۇتفى.

2) سەۋەب:

تۇغيان ئېتەر جۇنۇنۇم زەنجىرى ئىشق كەلتۈر،
ئەفسۇنگەران ئەزايىم بۇنياد ئەگەر قىلماسا.

— زەلىلى.

بۇنياد ئەتمەك — ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك:

ئۇلار قاشىدا دەفمە بۇنياد ئېتىپ،
بۇزۇلغان بىقائىنى ئاباد ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

بۇنياد قىلماق — مەۋجۇت قىلماق، پەيدا قىلماق:

ياقاسىن چاك ئېتىپ فەرياد قىلدى،
كۆيۈكلۈك نەۋھەلەر بۇنياد قىلدى.

— لۇتفى.

بۇي [بوي] (پ) پۇراق، ھىد:
دېدى: *«ئەي بالام، مەن سۆزۈڭگە قۇلاق -*
سالىپمەن، كېلۇر بۇيى دەردۇفىراق» .
— ئا. نىزارى.

بۇي تاماق — ھىدى دىماغقا ئۇرۇلماق:
ۋەسلى باغىدىن دىماغىغە ئانىڭ بۇيى تامار،
كىم سارىغ تا يۈزىنىۋ كۆزنى تا قان ئەيلەمەس.
— قەلەندەر.

بۇي كەلمەك — پۇراق چىچىلماق:
كۆرۈپمەنكى گۈلشەن ئېرۇر بىنەزىر،
كېلۇر بۇيى ئاندىن مۇشكى ئەبىر.
— ئا. نىزارى.

بۇيى خۇش — خۇش پۇراق:
بۇيى خۇش مۇشكى خوتەندىن زىياد،
خارى، خەسى مۇشكى سەمەندىن زىياد.
— زەلىلى.

بۇيى خۇن — قان ھىدى، قان پۇرىقى:
سەبا سەھرايى غەمدىن لالەگۈن جامى جۇنۇن كەلتۈر،
كى دەۋران ساغەرىدىن مەي كېرەكمەز بۇيى خۇن كەلتۈر.
— زەلىلى.

بۇيى ۋەفا — ۋاپادارلىق ئالامىتى، ۋاپا قىلىش بەلگىسى:
جەھاندىن ھىچ ئادەم تاپمادى بۇيى ۋەفا، يىغمالىڭ،
ئانى جەمئ ئەيلەگەنلەر كۆرمەدى غەيرى جەفا ئاخىر.
— زەلىلى.

بۇيلە [بويله] بۇنىڭ بىلەن، بۇنداق:
دېدىلەر ھۇد ھۇدغا كىم پىشۋا،
بۇيلە شاھا فۇرقەتى ئەرمەس رەۋا.
— سەبۇرى.

بۆرك [بورك] بۆك، باش كىيىم، قالپاق.

بۆركە [بوركه] كىچىك قۇل:
بۇ شەھزادەنىڭدۇر ئاتام كۆركەسى،
مۇخادىملارىدىن فەقىر بۆركەسى.
— ئا. نىزارى.

بۆركلۈك [بوركلوك] بۆكلۈك، قالپاقلىق؛ يۆگەكلىك، ئوراقلىق:
بۆركلۈك يۈرگەن قىز ئەردى،
ئۆزى خەلقتىن ئۆز ئەردى.
— موللا مۇھەممەت نىياز.

بۆز [بوز] توقۇلغان ماتا، خام؛
كى بۆز توقۇماقنى ئالىپ باپكار،
جەھان مۈلكىدە بۆز بىلە قىلدى كار. — غەرىبى.

بۇررەندە [برانده] (پ) بۇرەندە (مۇزدۇزلۇق ئەسۋابى) :
ئۆتۈكچىغە بۇررەندە بىزدىن دۇرۇر،
كى نەججارغە رەندە بىزدىن دۇرۇر.
— غەرىبى.

بۇزۇرگ [بزرك] (پ) ئۇلۇغ، زور؛ ھۆرمەتلىك.

بۇزۇرگۇ كۇچەك — چوڭ - كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق:
گۇلى پەردە نىشىننى زار ئەتمە،
بۇزۇرگۇ كۇچەك ئىچرە خار ئەتمە.
— لۇتفى.

بۇزۇرگۋار [بزركوار] (پ) ئۇلۇغۋار، ھۆرمەتلىك، ئاتاقلىق:
تەرەددۇد قىلىپ ئول زەمان بۇزۇرگۋار،
بىنايى شەھەرگە نىچۇك ئورنى بار.
— موللا شاكىر.

بېھ [به] (پ) ياخشى، خوپ، ماقۇل:
مۇشكىن ساچىڭغا ئەنبەرە ئۆزنى تۇتارسەن بېھ،
سەۋدايى خام فاسىل ئېتىپدۇر دىماغىنى.
— لۇتفى.

بېھبۇد [بهبود] (پ) 1) ياخشىلىق، ساغلاملىق، ياخشى ھالەت، خاتىرجەملىك:
چۇ بېھۇدە سۆزلەر، ئاڭا سۇد ئەمەس،
بۇ ئەفغانە ئاشىقغە بېھبۇد ئەمەس.
— ئا. نىزارى.

2) پايدا، نىجات، ئاسايىشلىق:
خىجالەتكە سالماق مېنى سۇد ئەمەس،
شەھەنشاھلىق بىزگە بېھبۇد ئەمەس.
— ئا. نىزارى.

بېھتەر [بهتر] (پ) ياخشىراق:
لەتافەت گۈلشەنىنىڭ گۈللارىنىڭ بېھتەرىدۇرسەن،
يۈزۈڭ يۇلتۇزنى بەيزالىق، ساچىڭ شەبنى قارا ئەيلەر.
— موللا بىلال.

بېھتەرىن [بهترين] (پ) ناھايىتى ياخشى، ئەڭ ياخشى.

بېھجەت [بهجت] (ئە) شادلىق، خۇشاللىق.

بېھراغ [بهراغ] ياخشىراق، ئەڭ ياخشى:
ساڭا قۇل بولغالى بەرھەم ئەمەس قويدۇڭ ئەدەدسىز داغ،
ئېرۇر ھەرقايسى داغىڭ مىڭ ئاچىلغان لالەدىن بېھراغ.
— گۇمنام.

بېھزاد [بهزاد] (پ) ئەسلى زاتى ياخشى.

بىئاب [بي اب] (پ) سۇسىز، قۇرۇق.

بىئابرۇ [بی آبرو] (پ) ئابرۇيى يوق، ئابرۇيسىز.

بىئابۇتاب [بی اب وتاب] (پ) نۇرسىز، پارلاپ، يالتىراپ تۇرمايدىغان، خىرە.

بىئار [بی عار] (پ + ئە) ئار ـ نومۇسسىز، ئۇياتسىز.

بىئارام [بی آرام] (پ) ئارامسىز، تىنچسىز؛ ھالاۋەتسىز، بىقارار.

بىئازار [بی آزار] (پ) كىشىگە ئازار بەرمەيدىغان، دىلىنى ئاغرىتمايدىغان، مۇلايىم.

بىئازەرم [بی آزرم] (پ) ھاياسىز، ئۇياتسىز.

بىئاقىبەت [بی عاقبت] (پ + ئە) ئاقىۋىتى يامان.

بىئەبا [بی ابا] (پ + ئە) تارتىنماي:

سورارمەن سوئال ئەزبەرايى خۇدا،
جەۋابىنى ئايتىڭ ماڭا بىئەبا.

— ئا. نىزارى.

بىئەدەپ [بی ادپ] (پ + ئە) ئەدەپسىز، تەرتىپسىز، ھاياسىز، نادان:

كى تەفتىش ئېتىپ شاھ قىلدى ئەزىم:
«نىدىن مۇنكىر ئولدۇڭ، ئايابىئەدەپ.»

— ئا. نىزارى.

بىئەدەد [بی عدد] (پ + ئە) ھېسابسىز، نۇرغۇن:

شۇم رەقىبنى شاد ئېتىپ، غەمكىن ئېتەرمەن زارىنى،
باردۇرۇر دەردۇ غەمىم ئۇشبۇ سەبەبدىن بىئەدەد.

— قەلەندەر.

بىئەدىل [بی عديل] (پ + ئە) تەڭدىشى يوق، ئوخشىشى يوق.

بىئەمەل [بی عمل] (پ + ئە) ئەمەل قىلمايدىغان، ئەمەلسىز.

بىئەندازە [بی اندازه] (پ) ئۆلچەمسىز، ئەندىزىسىز.

بىئەۋن [بی عون] (پ + ئە) ياردەمسىز، مەدەتسىز.

بىباك [بی باك] (پ) بىپەرۋا، ھېيىقمايدىغان، قورقماس.

چەرخى بىباك — بىپەرۋا پەلەك.

بىباكلىق [بيباكليق] بىپەرۋالىق، ھېيىقماسلىق:

كىبرەكدۇر بۇ ۋەرتە ئارا پاكلىق،
داغى قىلماسۇن ئەسلە بىباكلىق.

— ئا. نىزارى.

بىبەدىل [بی بديل] (پ + ئە) تەڭدىشى يوق، مىسلىسىز:

كى شالگەر ئىشنى ئالىپ بىبەدىل،
تىرەنى سۇنۇچ بىرلە ئەيلەپ ياشىل.

— غەرىبى.

بىبەر [بی بر] (پ) مېۋىسىز، ھوسۇلسىز.

بىبەرلىك [بی برليك] مېۋىسىزلىك.

بىبەرگ [بی برگ] (پ) يوپۇرماقسىز، بەرگسىز؛ مېۋىسىز:

ۋۇجۇدۇم گۈلىستانى بىبەرگدۇر،
بۇ ھەسرەت بىلە پەيكەرىم مەرگدۇر.

— ئا. نىزارى.

بىبەسەر [بی بصر] (پ + ئە) كۆزى يوق، كور؛ قارىغۇلارچە، نادان:

تولا يىغلادى بىبەسەر ئولدى كۆز،
فىراق ئىچرە دايىم نەھىف ئولدى ئۆز.

— ئا. نىزارى.

بىبەقا [بی بقا] (پ + ئە) ئەبەدىي بولمىغان، ۋاقىتىنچە، قىسقا، ئامانەت.

بىباھا [بی بها] (پ + ئە) باھاسى يوق، قىممەتلىك.

بىباھانە [بی بهانه] (پ) سەۋەبسىز، ئاساسسىز، باھانىسىز.

بىبەھر [بی بهر] (پ) بەھرىسىز، پايدىسى يوق.

بىبۇنياد [بی بنياد] (پ) ئاساسسىز، تۈپسىز، ھۇلسىز:

دەمى مەھبۇبەسىز ئاشىق ھەياتىن،
ئەگەر خىزىر ئېرسە بىبۇنياد ئولۇرلار.

— ئاتايى.

بىبى [بيبی، بی بی] (پ) خانىم، خوجايىن ئايال.

بىبىزائەت [بی بضاعت] (پ + ئە) مال ـ مۈلۈكسىز، بىساتسىز، كەمبەغەل.

بىبىم [بی بيم] (پ) قورقۇنچسىز، خەۋپسىز.

بىبىمۇ ۋەھىم — خەۋپ ـ خەتەرسىز.

بىپايان [بی پايان] (پ) چەكسىز، پايانسىز، ئاخىرى يوق.

بىپەدەر [بی پدر] (پ) ئاتىسىز:

گەر كىشى پىر سىزكى گويا بىپەدەر،
بىپەدەر كۆپ يۈرسە يول كۆرگەي خەتەر.

— خەراباتى.

بىپەرتەۋ [بی پر تو] (پ) نۇرسىز، شولىسىز، يالقۇزسىز.

بىپەرۋا [بی پروا] (پ) پەرۋاسى يوق، ئېتىبارسىز، بىغەم:

سەيدى بىپەرۋا يۈرۈر گەر شاھبازى بولماسە،
مەملەكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسە.

بىپەيۋەند [بی پيوند] (پ) باغلىنىشسىز، بىرىكمىگەن،

ئۇلانمىغان.

بىپىر [بى پر] (پ) پىرسىز، رەھبەرسىز، يېتەكچىسىز.

بىتاب I [بى تاب] (پ) 1) بىتاقەت، بىئارام:

جەھان كارى بارىغە بىتاب ئولۇپ،
كى شاھى فەرىدۇنغە ھەمخاب ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

2) كۈچسىز، دەرمانسىز:

قىلىپ بىتاب جىسمىمنى نېتەيكىم ئىشقى تىيرەگگى،
جەھاندا بارمىدۇر مەندەك بەلا دەشتى ئارا قالغان.

— ئا. نىزارى.

بىتابۇ تەۋان — كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز.

3) كېسەل.

بىتاب II [بى تاب] (پ) 1) نۇرسىز، ھارارەتسىز. 2) تاۋلانمىغان، خام.

بىتابلىغ I [بى تابليغ] كېسەللىك.

بىتابلىغ II [بى تابليغ] نۇرسىزلىق، خىرەلىك، ھارارەتسىزلىك.

بىتاقەت [بى طاقت] (پ + ئە) سەۋرسىز، تاقەتسىز، بىئارام.

بىتەئەب [بى تعب] (پ + ئە) مۇشەققەتسىز، قىينالماستىن.

بىتەئەممۇل [بى تامل] (پ + ئە) ئويلانماستىن، مۇلاھىزىسىز.

بىتەئەييۇن [بى تعين] پ + ئە) مۇئەييەن بولمىغان، ئېنىقسىز، بىتايىن.

بىتەخەللۇق [بى تخلق] (پ + ئە) خىلاپسىز، ئۆزگىرىشسىز، ئېنىق.

بىتەكەللۇف [بى تكلف] (پ + ئە) تەكەللۇپسىز، مۇشەققەتسىز.

بى تەمكىن [بى تەمكين] (پ + ئە) بىقارار، سەۋرسىز.

بىتەمىز [بى تميز] (پ) پاك بولمىغان، پاسكىنا، مەينەت:

ئۇچاسىدا بىر ژەندە بولغان لىباس،
كى ئول كەل دۇرۇر بىتەمىز بىقىياس.

— ئا. نىزارى.

بىتەھاشى [بى تحاشى] (پ + ئە) تىلرىتىنماستىن، قورقماي:

چۇ ئول ئاستانەغە يېتىپ ئەردى باش،
كىرىپ ئۆي ئىچىگە كى ئول بىتەھاش.

— ئا. نىزارى.

بىتەھەررۇك [بى تحرك] (پ + ئە) ھەرىكەتسىز.

بىتەھەررۇك بولماق — قىمىرلىيالماس بولماق، ھەرىكەتسىز بولماق.

بىتەھەممۇل [بى تحمل] (پ + ئە) 1) كۆتۈرەلمەيدىغان، چىدامسىز، سەۋرسىز. 2) توختىماي، تېزدىن.

بىتەۋەققۇف [بى توقف] (پ + ئە) توختاپ تۇرماستىن.

بىتەۋەككۇل [بى توكل] (پ + ئە) تەۋەككۇلسىز، تەۋەككۇل قىلماستىن.

بىتەۋەھھۇم [بى توهم] (پ + ئە) قورقۇنچسىز، ۋەھىمىگە چۈشمەي.

بىتەۋجىيە [بى توجيه] (پ + ئە) يۈزىنى بىر تەرەپكە بۇرىماسلىق، مەنىنى باشقىچە چۈشەندۈرەلمەسلىك.

بىتۇش [بى توش] (پ) مادارسىز، كۈچسىز.

بىتۇشو تاب — كۈچ - قۇۋۋەتسىز.

بىتۇشە [بى توشە] (پ) ئوزۇقسىز، تەمىناتسىز.

بىتمەك [بيتمك] يازماق، پۈتمەك.

بىتىك [بيتيك] خەت، مەكتۇپ، نامە.

بىتىكچى [بيتيكجى] خەت يازغۇچى، كاتىپ، مىرزا.

بىج [بيج] ئەمچەك، كۆكس:

ئىككى قۇلاقى گۆلدە ياپۇرماغدەك،
ئىككى بىجى سىينەدە قايماغدەك.

— زەلىلى.

بىجا [بى جا] (پ) نامۇۋاپىق، ئورۇنسىز.

بىجان [بىجان] (پ) 1) جانسىز، ئۆلۈك:

لەئلى يادى بىر نەفەس كۆڭلۈمدە ئانىڭ بولماسا،
يۈز نەفەس سۈرسە مەسىھاداغى بىجاندۇر تەنىم.

— مەھزۇن.

2) كۆچمە: ئاجىز، نازۇك.

بىجان قىلماق — ئۆلتۈرمەك، جانسىزلاندۇرماق:

تۆمۈردىن يەنە ئوقتا پەيكان قىلىپ،
ئەدۇ - خەيلىنى ئاندا بىجان قىلىپ.

— غەرىبى.

بىجامە [بى جامە] (پ) كىيىمسىز.

بىجەدەل [بى جدل] (پ + ئە) جاڭجالسىز، جېدەل قىلماي، تالاشماي.

بىجەزب [بى جذب] (ث + ئە) تارتىش قۇۋۋىتى يوق؛ يېقىمسىز.

بىجۇرم [بى جرم] (پ + ئە) گۇناھسىز، ئەيىبسىز.

بىجۇرئەت [بى جرات] (پ + ئە) جۈرئەتسىز، قورقۇنچاق.

بىجىن [بجين] مايمۇن.

بىجەھەت [بی جهت] (پ + ئە) سەۋەبسىز، ئورۇنسىز.

بىچارە [بی چاره] (پ) چارىسىز، تەدبىرسىز، ئىلاجىسىز.

بىچارىلىك [بی چارەلیک] چارىسىزلىك، ئىلاجىسىزلىق:

چۈشافۇر بىلدى بۇ ئەۋۋارىلىك،
كى ھىجران ئىلىكىدە بىچارىلىك.

— ئا. نىزارى.

بىخاب [بی خواب] (پ) ئۇيقۇسىز، ئويغاق:

مۇئەللىمغە تاپشۇردى ئاداب ئۈچۈن،
سەۋەب قىلدى ھېكمەتتە بىخاب ئۈچۈن.

— ئا. نىزارى.

بىخابۇ خور — ئۇيقۇسىز ۋە تاماقسىز:

تەشنەلەب باغرىم قىزىپ بىخابۇ خور خۇبنار ئولۇپ،
ۋەسلىڭ ئۈمىدى بىلە غەمدىن قۇرۇپ سارغارماغىم.

— گۇمنام.

بىخار [بی خار] (پ) تىكەنسىز:

گۈلى بىخار ئىدىم فەرخار ئىچىندە،
جەھاندا خار بولدۇم خار ئىچىندە.

— لۇتفى.

بىخاست [بی خواست] (پ) 1) توساتتىن، ئىختىيارسىز:

كېلۇر بىر كارۋان ئول يول بىلە راست،
يولۇقۇشتى شەھەنشاھ بىرلە بىخاست.

— لۇتفى.

2) سورماستىن:

مۇخالىف سۆز بىلەن، ئەي قەۋلى ناراست،
مېنى سالدىڭ بۇ سەۋدا ئىچرە بىخاست.

— لۇتفى.

بىخانۇمان [بی خان ومان] (پ) 1) ئۆي - جايسىز، سەرسان - سەرگەردان:

مەجنۇن ئىزدەر لەيلىنى، پەرھاد شىرىننى تىلەر،
بۇلبۇلى بىخانۇمانغە گۈشەئى گۈلزار خۇب.

— قەلەندەر.

2) ۋەيران بولغان، سورۇلغان:

كېزىپ كۆچەلەر مېھمان ئىستەبان،
بۇزۇغ ئىچرە بىخانۇمان ئىستەبان.

— ئا. نىزارى.

بىخەبەر [بی خبر] (پ + ئە) خەۋەرسىز، ۋاقىپسىز:

چۈ ماقتاپ ئۆزۈڭنى بولۇپ بىخەبەر،
تولا سۆز دېدىڭ ئەلگە سالماي نەزەر.

— غەربى.

بىخەتا [بی خطا] (پ + ئە) خاتاسىز، توغرا.

بىخەسارەت [بی خسارت] (پ + ئە) زىيانسىز، زەرەرسىز.

بىخەلەل [بی خلل] (پ + ئە) نۇقسانسىز، بىجىرىم، مۇستەھكەم:

فەراغەت تاپىپ بولدى ئاسۇدە ھال،
بولۇپ ئەيش ئارا بىخەلەل، بىمەلال.

— ئا. نىزارى.

بىخەۋف [بی خوف] (پ + ئە) خەۋپسىز، خەتەرسىز.

بىخەيال [بی خیال] (پ + ئە) خىيال قىلماستىن، ئويلىماستىن.

بىخۇد [بیخود] (پ) 1) ھوشسىز، ھوشىنى يوقاتقان:

ئول زەمان كۆردۈم يۈزۈڭنى ئەيلەدى ئىشقىڭ ئىسىر،
بۇ جەھەتتىن سەرۋىدەك بىخۇد گەھى ھوشيارمەن.

— موللا بىلال.

2) مەست:

ئىچىپ مەينى بىخۇد بولۇپ دەربەدەر،
چۈ دىلبەرنى ئىزدەپ قىلايمەن سەفەر.

— ئا. نىزارى.

بىخۇد ئولماق — ھوشىنى يوقاتماق، ھوشسىزلانماق:

تۈش بىلەن قۇش لەنگەرىگە يەتمىشىم،
بىخۇد ئولۇپ ھۇش ئېلىدىن كەتمىشىم.

— زەلىلى.

بىخۇدانە [بیخودانه] (پ) ھوشسىزلارچە.

بىخۇمار [بی خمار] (پ + ئە) خۇمارسىز.

بىخۇن [بی خون] (پ) قانسىز؛ رەڭگى تاتارغان:

يۈزۈندە بىلگۈلۈك فەررى فەرىدۇن،
جەمالىندىن قامۇلۇر سۇنئى بىخۇن.

— لۇتفى.

بىخىرەد [بی خرد] (پ) ئەقىلسىز، ھوشسىز:

قوپالماي ئورۇندىن ئەقلىدىن بىخىرەد،
ئالىپ ئەقل ھوشىنى ئول سەرۋىقەد.

— ئا. نىزارى.

بىخىلاف [بی خلاف] (پ + ئە) خىلاپسىز، قارشىلىقسىز.

بىد [بید] (پ) تال، تال دەرىخى:

چۈكسە زور بازۇلۇق ئەيلەپ پەدىد،
كېلىپ لەرزىگە كۆھ ئانداغكى بىد.

— ئا. نىزارى.

بىدى لەرزان — مەجنۇنتال:

بۇ باشىم ئايلاندۇرۇر ھەجرىڭ شامالى ھەر تەراق،
گۈلشەنى ئىشقىڭدا قىلغان بىدى لەرزان سەنمۇسەن.

— گۇمنام.

بىداد [بیداد] (پ) جەبىر — زۇلۇم؛ ئادالەتسىزلىك:

گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ ئەي مەھى نا مېھرىبان،
شۇم رەقىبى بەددىيانەت جانىغە بىداد قىل.

— قەلەندەر.

بىداد **ئەيلەمەك** — جەبىر - زۇلۇم قىلماق.

بىدادفەن [بىيدادفن] (پ + ئە) جەبىر - زۇلۇمغا ئۆگەنگەن.

بىدادگەر [بىيدادگر] (پ) زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم، جەبىر سالغۇچى.

بىدادلىق [بىيدادليق] زالىملىق:

قىلىپ ئىشق ئەھلىغە بىدادلىق،
زەمانى ئاڭا بەرمەيىن شادلىق.

— ئا. نىزارى.

بىدار [بىيدار] (پ) ئويغاق؛ ھوشيار، سەگەك:

چۇ نەمرۇد جانىدىن بىزار بولغاي،
يارانلار ئۇيقۇدىن بىدار بولغاي.

— مۇھەممەد سادىق.

بىدار **بولماق** — 1) ئويغانماق، ھوشيار بولماق:

چۇ گۇل ناز ئۇيقۇسىدىن بولدى بىدار،
كۆرەر بۇلبۇل قىلادۇر نالەئى زار.

— لۇتفى.

2) دائىمىي بولماق:

ماڭا بەخت بىدار بولدى نەسىب،
تۈمەن شۈكرى دىلبەرغە بولدۇم قەرىب.

— ئا. نىزارى.

بىدارلىغ [بىيدارليغ] ئويغاقلىق، ھوشيارلىق.

بىداۋ [بىيداو] چاپقۇر ئات:

مۇرەسسە قىلغان ئەتلەس ئۈلۈغ ئەۋلەر،
پەرى ئەخلىك سىلىق بويلۇق بىداۋلەر.

— لۇتفى.

بىدايەت [بدايت] (ئە) باشلىنىش، ئىپتىدا، ئاۋۋال:

ئەيب ئەتمەگىز جەفادىن ئەگەر ئىگرىسە كۆڭۈل،
مەئلۇم ئەمەس مۇرىدقا بۇ ھالەت بىدايەتى.

— سەككاكى.

بىدئەت [بدعت] (ئە) 1) يېڭى پەيدا بولغان ئادەت:

مىنى قويمادى باقىقالى ھەر قايان،
بولۇپ فىئلى بىدئەتكە تورلۇك زىيان.

— ئا. نىزارى.

2) دىنغا خىلاپ يېڭىلىق ۋە كېيىن قوشۇلغان، ئۆرپ - ئادەت:

شەرىئەتكە مۇنكىر بولغان بىدئەتلىرى،
كۆزگە ئىلماي مۇبتەدىئدىن قاچار بولغاي.

— ئەھمەت يەسەۋى.

بىدەرەڭ [بى درنگ] (پ) تېز، دەرھال، توختاۋسىز:

چۇمۇشكىن ساچىم بولدى كاپۇررەڭ،
بۇگۇن - ئەرتە يەتسە قەزا بىدەرەڭ.

— ئا. نىزارى.

بىدەرد [بى درد] 1) دەردسىز، ئاغرىقى يوق. 2) ئىشقسىز، مۇھەببەتسىز.

بىدەرمان [بى درمان] (پ) كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز.

بىدەرىغ [بى دريغ] (پ) 1) ئايىماستىن، شەپقەتسىز، قورقماستىن:

مەلىكە قويۇپ ئالدى ئىلكىگە تىغ،
كېسەي يارنىڭ باشىنى بىدەرىغ.

— ئا. نىزارى.

2) ئويلىماستىن:

بۇ سائەتتە سابىت ئالىپ قولغە تىغ،
ئۆزۈمگە ئۇرارمەن دېدى بىدەرىغ.

— ئا. نىزارى.

بىدەست [بى دست] (پ) قولسىز.

بىدەستۇ **پاي** — قول - ئاياغسىز.

بىدەۋا [بى دوا] (پ + ئە) داۋاسى يوق، ئىلاجى يوق، چارىسىز:

ئوشۇل كۈندىن ماڭا بەردىم كۆڭۈلنى، ئەي پەرى - پەيكەر،
مۇنىڭدەك يوقتۇرۇر بىلدىمكى دەردى بىدەۋا ھەرگىز.

— قەلەندەر.

بىدرۇد [بدرود] (پ) ۋىدالىشىش، تاشلاپ كېتىش:

دېدىم: مەھۋشا، ئىشقىڭ ئەتتى خەراب،
كى بىدرۇدغە قويمادى ئىزتىراب.

— ئا. نىزارى.

بىدرۇد **ئەتمەك** — ۋىدالاشماق:

كى بىدرۇد ئېتىپ قالدىلار جايىدا،
كۆڭۈلنى ئالىپ قالدى مەئۋايىدا.

— ئا. نىزارى.

بىدرەم [بى درم] (پ) پۇلسىز، يوقسۇل:

قىچقىرۇرسەن سىيمۇ زەرلىكلەرنى كۆرسەڭ قاشىڭە،
زەررە ياد ئەتمەي بىلالنى بەلكى بىلدىڭ بىدرەم.

— موللا بىلال.

بىدىل [بى دل] (پ) 1) دىلى سۇنۇق، كۆڭلى يېرىم:

دېدى: ئەي نىگارا، خەبەردار بول،
كى بىچارە بىدىلغا دىلدار بول.

— ئا. نىزارى.

2) مەپتۇن، مەھلىيا:

كېچە قايغۇدىن ئىسرۇ بىدىل ئىدى،
تۈشى كۆردى پىرى بۇ نۇكتە ئىدى.

— ئا. نىزارى.

3) دەردلىك ئاشىق:
توشۇپ بەردى ئالدىن ھەمۇل ئاتنى،
ئوقۇر ئېردى بىدىل بۇ ئەبياتنى.
— ئا. نىزارى.

بىدىماغ [بى دماغ] (پ) روھى چۈشكۈن، سۇلغۇن، ھەسرەتلىك:
كى ناز ئەھلىدەك كىم ئۇزاتىپ ئاياغ،
قىلۇر ئاشىقنى ئەجەب بىدىماغ.
— ئا. نىزارى.

بىدىن [بى دين] (پ + ئە) دىنسىز، غەيرىي دىن.

بىدىيانەت [بى ديانت] (پ + ئە) ۋىجدانسىز، ئىنساپسىز، نومۇسسىز.

بىر [بر] (ئە) ياخشىلىق.
بىررۇ ئەھسان — ياخشىلىق ۋە سېخىيلىق.

بىراھ [بيراه] (پ) يولسىز؛ ئاداشقان، يولدىن ئازغان:
قويغىن ئوشۇل دەئۋىتى بىراھىنى،
مات قىلايىن سەن كەبى يۈز شاھىنى.
— ئەھمەدى.
بىراھ بەيدا — يولسىز چۆل، يولى يوق دەشت:
نەچە يىلدۇر ئول مىنىڭ جانىمغە قەست ئەيلەر، مۇدام،
شەمشەرى ھەجرى ئىلە بىراھ بەيدا قىلدى ئىشق.
— سەدائى.

بىراۋ [براو] باشقا بىر كىشى، كىمدۇر:
بىراۋغە بېرىپدۇر شەھەنشاھلىق،
شەھەنشاھلىق ئىچرە ئاگاھلىق.
— ئا. نىزارى.

بىرەتە [بيرته]بىرەر، بىر دانە، بەزىدە:
بىرەتە كېپىلەرنى چايقابان يەل،
يۈۋار ئەردى زۇھەل ئۆز يۈرتىدىن ئەل.
— لۇتفى.

بىرەنج [بى رنج] (پ) مۇشەققەتسىز، ئەلەمسىز؛ جاپا چەكمەي:
كۆڭۈل ئەنجىدە ئانچە بار ئىدى ئەنج،
كى قىلغاي ئەردى يىللار سەرف بىرەنج.
— لۇتفى.

بىرەھم [بى رحم] (پ + ئە) شەپقەتسىز، رەھىمسىز:
سەلابەت بىرلە ئول بىرەھم كافىر،
ئالارنىڭ شەرھى ھالىن سوردى بىر - بىر.
— لۇتفى.

بىرلە [بيرله] بىللە، بىلەن:
ئول ئاندىن نالەلەر بىرلە خىرامان،
بۇ ھەم مۇندىن فىراق ئوتىندە بەريان.
— لۇتفى.

بىرلەھزە [بيرلحظه] بىردەم، بىرمۇددەت، قىسقا بىر ۋاقىت:
ئەي بېگىم، ئىيد بولدى كەل، بىرلەھزە سەيران قىلغالى،
ئىيدگاھ خەلقىن مېنىڭدەك جۇملە ھەيران قىلغالى.
— ئاتايى.

بىشەرم [بى شرم] (پ + ئە) ھاياسىز، ئۇياتسىز، نومۇسسىز:
بىشەرمۇ ھەيا — ئار - نومۇسسىز:
بىھەمدۇللاھ، كىشى بىلمەس سەدايىن قايسى مەزھەفتە،
كۆرۈپ بۇ زاھىرىنى تورفە بىشەرمۇ ھەيا دەرلەر.
— سەدائى.

بىشەۋەر [بيشەور] (پ) جاڭگالدا ئۆسكەن، ياۋايى.

بىشۇمار [بيشمار] (پ) ھېسابسىز، سان - ساناقسىز، كۆپ:
بار ئەردىكى شاھى بەسى نامدار،
شەھەرلەر مۇسەخخەر ئىدى بىشۇمار.
— ئا. نىزارى.

بىشۇمارە [بيشماره] (پ) «بىشۇمار» غا قاراڭ:
ئايىردى نەۋكەر ئىش تۇغۇ نەغارە،
ۋىلايەت ئەنجۇ مالى بىشۇمارە.
— لۇتفى.

بىشكىب [بى شكب] (پ) سەۋرسىز، تاقەتسىز، ساراسىم:
دېدىكىم: كۆتەر باشىڭ ئەي غەم نەسىب،
بەيان ئەيلە ھالىڭ ماڭا بىشكىب.
— ئا. نىزارى.

بىغايەت [بى غايت] (پ + ئە) چەكسىز، تۈگىمەس:
قاتار كىرپىكى ئوق، قاشى ئەردى يا،
كۆزى جادۇ، ساچى بىغايەت قارا.
— ئا. نىزارى.

بىغەش [بى غش] (پ + ئە) پاكىز، تازا، باشقا نەرسىلەر ئارىلاشمىغان:
خۇمار ئالۇدە مەن لۇتۇق ئەيلەگىل، ئەي دىلبەرى رەئنا،
تەرەھھۇم قىل يەنا كەلتۈر ماڭا سەن بادەئى بىغەش.
— سەدائى.

بىغەم [بى غم] (پ + ئە) غەمسىز، ئەندىشىسىز، دەردسىز.
— بىغەمۇغەش غەم - ئەندىشىسىز:
يېتىشتىلەر ھەرەمغە بىغەمۇغەش.
— لۇتفى.

بىغەۋس [بى غوص] (پ + ئە) سۇغا شۇڭغۇماستىن، شۇڭغۇماي.

بىغەۋسۇ غەۋۋاس— غەۋۋاس سۇ ئاستىغا چۆشمەستىنلا:

ئۇغان تەقدىرىدىن بىغەۋسۇ غەۋۋاس،
تېڭىزدە تاپتىلار بىر گەۋھەرى خاس.

— لۇتفى.

بىغۇبار [بى غبار] (پ) چاڭ - توزانسىز؛ كىرسىز.

بىقائىدە [بى قاعده] (پ + ئە) قائىدىسىز، تەرتىپسىز، قائىدە ئۇقمايدىغان:

گۇل شۇخى شەكەر غەبغەب كۆرمەغۇ ئىدى مەكتەپ،
بىقائىدە زۇر يارەب، ھەر نەۋئى كەلام ئەيتتى.

— ناقىس.

بىقەرار [بى قرار] (پ + ئە) 1) قارارسىز؛ بىئارام، تۇرالمايدىغان:

كېلىپ كۆلبەسىگە بولۇپ بىقەرار،
بولۇپ يانە كۆرمەك ئۈچۈن ئىنتىزار.

— ئا. نىزارى.

2) بىتاقەت، ئىنتىزار:

سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدەك بولماغايمەن بىقەرار ھەرگىز،
ئەگەر دوزەخ ئوتىدەك ئىچىمە يۈز مىڭ شەرەر بولغاي.

— قەلەندەر.

بىقەيد [بى قيد] (پ + ئە) باغلاقسىز، كىشەنسىز.

بىقۇسۇر [بى قصور] (پ + ئە) قۇسۇرسىز، نۇقسانسىز.

بىقىياس [بى قياس] (پ + ئە) چەكسىز، مۆلچەرلىگۈسىز:

ئاغا كەيدۈرۈپ ئانچە فاخىر لىباس،
مەلامەتتە ئانچە بولۇپ بىقىياس.

— ئا. نىزارى.

بىكام [بى كام] (پ) ئۈمىدسىز، مەھرۇم:

قىلىپ ئەسلەرغە توقۇم خاسۇ ئام،
كى رەختىم بىلە ئەيلەدىم ھەم بىكام.

— غەرىبى.

بىكەران [بيكران] (پ) چەكسىز، سان - ساناقسىز، پايانسىز:

كى لەشكەر ئاغا بىھەددۇ بىكەران،
سىپاھىدىن ئانداغ تۇتۇلغان جەھان.

— ئا. نىزارى.

بىكەس [بيكس] (پ) 1) ھېچكىمى يوق، يېگانە، يالغۇز:

ئاتادىن يەتىم قالدى بىكەس بولۇپ،
بۇ ئاستانەدە يۈرسە، خوپ كىس بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

2) ئىگىسىز، يېتىم، يېقىر:

بۇ بىكەس كېلىپ ياتقىلى ئالتە ئاي-
بولۇپدۇر، ئايا پىرى خاجە ساراي.

— ئا. نىزارى.

بىكەسۇ مىسكىن — يېتىم - مىسكىن:

غەرىبۇ بىكەسۇ مىسكىنمەن، ئەي جان،
غەرىبۇ ئاشىقۇ غەمكىنمەن، ئەي جان.

— لۇتفى.

بىكەسلىك [بيكسليك] يالغۇزلۇق، تەنھالىق؛ غېرىبلىق، يېتىملىك:

شاھ زەربەفتى ۋەفاسىزدۇر تەرىقى فەقر تۇت،
تاپتى بىكەسلىك بىلە كۆڭلى بۇزۇلغان ئاندا سۇد.

— سەبۇرى.

بىكر [بكر] (ئە) قىز بالا، ئىپپەتلىك، پاك:

ئېيتىپ خاجە كۆڭلىدە كۆپ شۇكرلەر،
جەھاندا تاپىلغاي دەبان بىكرلەر.

— ئا. نىزارى.

بىكىن [بيكين] ... دەك، كەبى؛ ... مىكىن:

ياز فەسلى بارچە شادۇ، كۆڭلۈمىز غەمناك ئېرۇر،
گۈل بىكىن جان كۆڭلەكى ھىجران ئېلىندىن چاك ئېرۇر.

— لۇتفى.

بىگانە [بيگانه] (پ) 1) يات كىشى، ناتونۇش:

چىلتەن ئىدى جەنانە، بامۇ ھەمراھ - ھەمخانە،
يولۇقتىمۇ بىگانە، يولىڭىزدە دىدىيا.

— موللا مۇھەممەت نىيازى.

2) ئايرىلغان، ئازغان، نادان:

گەرچە شەرىئەتتە چۇ بىگانە مەن،
ئەھلى تەرىقەت بىلە ھەمخانە مەن.

— ئەھمەدى.

3) باشقا يۇرتلۇق، چەت ئەللىك:

قالۇر، ئاكىم، تەخت بىگانەگە،
خەلەف بىزدە يوق قالغۇسى يىگانە.

بىرۇبار [بيروبار] يەككە - يېگانە، دائىمى:

خۇش قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار بىرۇبارىم،
قولۇم تۇتۇپ يولغا سالغىل ئەتتەلھادى.

— سەبۇرى.

بىرىئايەت [بى رعايت] (پ + ئە) ئەندىشىسىز؛ ئېھتىياتسىز؛ رىئايە قىلماسلىق.

بىرىلمەمىش [برلميش] بېرىلمىگەن، بېرىلمىگۈدەك:

زىھى سەئادەت ئېرۇر ساغەتى خەيالى غەمىن،

بىرلەمىش ئانى كەۋنەين خۇشلۇغىغا ئىۋەر.

— سەبۇرى.

بىرىنج I [برنج] (پ) گۈرۈچ:

گۈنچ ئەرخىدىن بىرىنج قىممىتى بەس بەستۇرۇر،
گەرچە يوق مۇندىن مۇكەررەراق نېمەرسە دان ئارا.

— ناقىس.

بىرىنج II [برنج] (پ) مىس ۋە قوغۇشۇننىڭ ئارىلاشمىسى، برونزا:

يەنە نۇقرە تىللا بىرىنج شەمئىدان،
ياقىپدۇر ئانى بارچە بولمىش ئەيان.

— ئا. نىزارى.

بىرىنجىنە [برنجينه] (پ) سېرىق مىس؛ برونزىدىن ياسالغان؛ كۆچمە: سارغىيىش.

بىرىيا [بى ريا] (پ + ئە) راستلىق بىلەن، قىلچىمۇ ساختا قىلماستىن:

تەرەھھۇم قىلىپ بىزگە قىلغىل دۇئا،
دۇئانى ماڭا ئەيلەگىل بىرىيا.

— ئا. نىزارى.

بىريان [بريان] (پ) كۆيۈپ قورۇلغان، كاۋاپ بولغان؛ كاۋاپ:

قىبرىغا ئىچى كۆيدى رەھىم ئەيلەبان،
ئىكى مۇرغى بىر يان بىرىپ نەچچە نان.

— ئا. نىزارى.

بىريان ئەيلەمەك — كۆيدۈرمەك، كاۋاپ قىلماق:

مەقسەدىڭ نېدۇر سىنىڭ ئەي مەھۋەش ساھىبجەمال،
يۈرەكىمنى قان ھەم سىينەمنى بىريان ئەيلەدىڭ.

— قەلەندەر.

بىريان قىلماق — كۆيدۈرمەك، ئۆرتەندۈرمەك:

ئوتلۇق كۆزۈڭ ئالىندە كۆپ بىريان قىلدىم جانۇدىل،
ئۈسرۈك ئول كافىر نەدىن مەيل ئەتمەدىلەر يانىمە.

— سەككاكى.

باغرى بىريان — يۈرىكى كاۋاپ، ئۆرتەنگەن:

بىخۇد بولۇپ يۈرۈر بولغاي مەستۇ ھەيران،
ئەللاھ، دەيۇ كۆزدە ياشى باغرى بىريان.

— ئەھمەد يەسەۋى.

بىزائەت [بضاعت] (ئە) مال - مۈلۈك، ئەسۋاب، سەرمايە:

بۇ نېچۈك ئەلەمدۇر، ئەي يار، كۆرەردۇر يۈزۈڭنى ئەغيار،
مېنى سورغالى قىلىپ ئار كۆرەر سەنمۇ بىزائەت.

— موللا بىلال.

بىزار [بى زار] (پ) پەريادسىز، زارلىماي.

بىزەبان [بى زبان] (پ) تىلسىز، گاچا.

بىزەرەر [بى ضرر] (پ + ئە) زەرەرسىز، زىيانسىز.

بىزەۋال [بى زوال] (پ + ئە) يوق بولماس، دائىمىي.

بىسات [بساط] (ئە) پالاس، گىلەم؛ يەرگە سېلىنغان نەرسە:

بىراۋ ئىختىيار ئەيلەدى بورىيا،
قومۇشتىن بىسات ئەيلەدى خەلقئارا.

— غەرىبى.

ئالەم بىساتى — يەر يۈزى.

بىسەئادەت [بى سعادت] (پ + ئە) سائادەتسىز، بەختسىز، ئىقبالسىز.

بىسەبات [بى ثبات] (پ + ئە) قارارسىز، تۇراقسىز؛ ئۆتكۈنچى:

مەگەر ئەللىك ئۈچ تەن قالىبدۇر ھەيات،
بەقاسىز جاھاننىڭ ئىشى بىسەبات.

— ئا. نىزارى.

بىسەبەب [بى سبب] (پ + ئە) سەۋەبسىز، ئاساسسىز.

بىسەبر [بى صبر] (پ + ئە) سەۋرسىز، بىتاقەت، چىدىغۇسىز:

نەچە بىسەبر سەن قىلمە تەكەللۇم ئىشقىدىن ھەرگىز،
كىشىكىم بۇلھەۋەسدۇر مەھز ئەسرار ئېيتىپ بولماس.

— گۇمنام.

بىسەبرۇ تەھەممۇل — سەۋر - تاقەتسىز:

چۇ ئول ھالەت بىلە كۆردى ئانى گۈل،
يېرىندىن قوپتى بىسەبرۇ تەھەممۇل.

— لۇتفى.

بىسەد [بى صد] (پ) يۈز ئەمەس، تالاي، نۇرغۇن:

مەلىكەمگە لايىق مەتائ مۇندا بار،
بۆلەككە يوگۇرمەڭ بىسەد زىنھار.

— ئا. نىزارى.

بىسەر [بى سر] (پ) باشسىز، بىۋاش.

بىسەرۇ سامان — بىچارە، ھېچنەرسىسى يوق:

مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم كۆرگەن جەھاندا ئىشق ئارا،
بولسا بولغاي ماڭا ئوخشاش بىسەرۇ سامان ئەمەس.

— قەلەندەر.

بىسەرمايە [بى سرمايه] (پ) سەرمايىسىز، مەنبەسىز؛ قولى بوش.

بىسەرۇپا [بى سروپا] (پ) باش - ئاياغسىز؛ چارىسىز، تەمتىرىگەن:

يۈرۈپ نەچچە كۈن بىسەرۇپا بولۇپ،
ھەمە دەردۇ غەمگە مۇھەييا بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

بىستەر [بستر] (پ) ئورۇن - كۆرپە، تۆشەك، ياستۇق:

يىقىتتى مېنى بىستەرى خابغە،
قويۇپ باشنى گۇمبەزدە مېھرابغە.

— ئا. نىزارى.

بىسسەۋاب [بالصواب] (ئە) توغرىسى، ئېنىقى.

ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب — ئاللا توغرىسىنى ياخشىراق بىلگۈچىدۇر.

بىسمىل [بسمل] (ئە) سويۇش، باش كېسىش؛ سويۇلغان.

بىسمىل قۇش — بېشى كېسىلگەن قۇش:

فەنا تىغىدا بىسمىل قۇش كەبى ئەندۇھى دەۋراندىن،
تىنىمدا پىچتا بۇ جانىم ئىچرە ئىزتىراپ ئېردى.

— ناقىس.

بىسمىل قىلماق — سويماق، ئۆلتۈرمەك:

ئوق ئاتىبان قولىغە ئىشكەل سالىپ،
داغى ئوق بىلە ئانى بىسمىل قىلىپ،

— ئا. نىزارى.

نىم بىسمىل — چالا بوغۇزلانغان:

ماتەمدە نىم بىسمىل قۇش كەبى باشىم ئۇرۇپ،
تىغلاماي نەيلەي مەنى بىچارە سەندىن شەھپەرىم.

— مەھزۇن.

بىسۇتۇن [بستون] (پ) پەرھات قازغان تاغنىڭ نامى:

نەمايان كۆرۈپ بىسۇتۇن كوھىنى،
ئاڭا ئىشلەگەن خەيلى ئەنبۇھىنى.

— ئا. نىزارى.

بىسيار [بسيار] (پ) كۆپ؛ مول:

دامەنەڭى بىيشەدە بىر ساي ئىكەن،
مەددى قەد بىسيار ئەجەب جاي ئىكەن.

— زەلىلى.

بىش [بيش] (پ) كۆپ، ئارتۇق.

بىشەبىھ [بی شبیه] (پ + ئە) ئوخشىمايدىغان، ئوخشاشلىقى يوق.

بىگانەۋەش [بیگانەوش] (پ) بىگانە سۈپەت، يانقا ئوخشاش:

دەھرنىڭ بىگانەۋەش زالىغا بولما ئاشنا،
كىم سېنى تا ئاشنا ئەتتى ئۆزى بىگانە دۇر.

— سەبۇرى.

بىگاھ [بیگاه] (پ) ۋاقىتسىز.

گاھۇ بىگاھ — ئۆزلۈكسىز، ھەمىشە:

كېچە - كۈندۈز خەيالى بىرلە ھەمراھ،
ئىشى كۈچى بۇئەردى گاھۇ بىگاھ.

— لۇتفى.

بىگەران [بی کران] (پ) چەكسىز، ھېسابسىز، كۆپ:

يىغىلسا ئەگەر لەشكەرى بىگەران،
قۇتۇلماس بۇلاردىن قاچىپ ھېچقاچان.

— موللا شاكىر.

بىگۇمان [بی گمان] (پ) گۇمانسىز، شۈبھىسىز، شەكسىز:

ھەزرەتى سۇلتان سۆزىدۇر بىگۇمان،
قالدى گۇمان ئىچرە دېدىلەر گۇمان.

— زەلىلى.

بىگۇناھ [بی گناه] (پ) گۇناھسىز، ئەيىبسىز.

بىلاد [بلاد] (ئە) [بىرلىكى: بەلەد] شەھەرلەر، مەملەكەت:

سەپەر مۇددەتىچە ئېلىپ زادىنى،
بىلادغە يەتكۈر بۇ دامادىنى.

— ئا. نىزارى.

بىلادى ئەزىم — ئۇلۇغ شەھەر، چوڭ مەملىكەت:

كى قۇستەنتەنىيە بىلادى ئەزىم،
ئېرۇر ئاندا كۆپراقى نازۇ - نەئىم.

— ئا. نىزارى.

بىلادى جەھان — دۇنيادىكى شەھەرلەر، ئەللەر:

سەمەرقەند بىلادى جەھان سەيقەلى،
نە سەيقەلكى پەرتەۋفىشان مەشئەلى.

— ئا. نىزارى.

بىلازەرۇر [بلاضرور] (ب) زۆرۈرىيەتسىز، كېرەكسىز.

بىلە [بیله] بىلەن، بىللە:

بۇ كاسىغە مەۋجۇد ئىدى بىر ئوغۇل،
كى دەريا لەبىگە بىلە كەلدى ئول.

— ئا. نىزارى.

بىلئەدەد [بالعدد] (ئە) سان بىلەن، رەقەم بىلەن:

چىراغىن ھۇرۇفىنكى ئەھلى خىرەد،
كى تارىخى سالىن دېمىش بىلئەدەد.

— ئا. نىزارى.

بىلئەكس [بالعكس] (ئە) ئەكسىچە.

بىلئەين [بالعين] (ئە) كۆز بىلەن.

بىلخاسسە [بالخاصه] (ئە) خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

بىلخاسسىيە [بالخاصيه] (ئە) خاسىيىتى جەھەتتىن، ئالاھىدىلىكى بىلەن.

بىلفېئىل [بالفعل] (ئە) ئەمەلدە، ئەمەلىيەتتە، راستىن.

بىلقۇۋۋە [بالقوه] (ئە) كۈچ بىلەن، كۈچىگە قاراپ.

بىلقىس [بلقس] (ئە) سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن، ئۇنىڭغا تېپىشماقلارنى ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ھېكمەت-

لىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سەبانىڭ ئايال پادىشاھى:

يا پەرى يا ھۆر ياردۇر يا بىلقىسى ئالى نەسەب،
يا ئۆيىدىن قىلدى ئۇل خۇرشىدى دەۋرانىم تۇلۇئ.

— قەلەندەر.

بىلكۇل [بالكل] (ئە) پۈتۈنلەي، تامامەن.

بىللاھ [بالله] (ئە) ئاللاغا قەسەمكى، خۇدا ھەققى:

ھېچكىشى مەندەك سېنىڭ ئىشقىڭدا سەرگەردان ئەمەس،
باشقىنەڭدىن ئۆرگۈلەي، بىللاھ سۆزۈم يالغان ئەمەس.

— قەلەندەر.

بىللاھكىم — خۇداغا قەسەم قىلىمەنكى:

غەمىڭدىن باشقا، بىللاھكىم، دەم ئورما،
گەر ئەر بولساڭ مېنى بۇ غەمدە قويما.

— لۇتفى.

بىلمان [بيلمان] بىلمەيمەن:

قايسى بىر دەردىم بەيان ئەيلەيكى قايسى كۆلفەتى،
بىلمان يا كەلمەگەي مۇنداق بىراۋغا مېھنەتى.

— مۇھەممەت سادىق.

بىلمەين [بيلماين] بىلمەي، بىلمەستىن:

ئاتاسىغە يەتتىكى سۇرئەت بىلە،
ئۆزىن بىلمەين دەردۇ فۇرقەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

بىلھەقىقەت [بالحقيقت] (ئە) ھەقىقەتەن، راستتىن.

بىلھەم [بيل هم] شۇنى بىلگىنكى...

بىلئىتتىپاق [بالاتفاق] (ئە) ئىتتىپاقلىق بىلەن.

بىلىك [بيليك] ئىلىم، بىلىم:

كۆيمە بۇ سۆزگە چۇ بىلۇرسەن بىلىك،
باس يۈرەكىڭ، قارنىڭغە قويغىن ئىلىك.

— ئەھمەدى.

بىم [بيم] (پ) قورقۇش، قورقۇنچ، ۋەھىمە:

بۇ خوشلۇقىن كەتتى ئىككى ئىقلىم،
ئارادىن قوپتى خەۋفۇ قالمادى بىم.

— لۇتفى.

بىم ئەيلىمەك — قورقماق.
بىم سالماق — قورقۇتماق:

ئۆلۈم يادى كۆپ سالدى كۆڭلۈمگە بىم،
داغى جان بىرۇر خەۋفى دىلدا مۇقىم.

— غەرىبى.

بىمۇ ناكال — خەۋپ - خەتەر.
زىرى بىم — قورقۇنچ، ۋەھىمە ئاستىدا.
بىھەد ئەندازەئى بىم — چېكى بولمىغان قورقۇنچ، چەكسىز ۋەھىمە:

ئالدىمىزدا يەتتە ۋادىدۇر ئەزىم،
ھەر بىرىدە بىھەد ئەندازەئى بىم.

— سەبۇرى.

بىمار [بيمار] (پ) 1) ئاغرىق، كېسەل. 2) دەردكە مۇپتىلا ئاشىق:

كۆرىنۇر ئۇشبۇ جەھان سەنسىز ماڭا بەيتۇل خەزان،
ھەردەمى سەنسىز ئۆتۈپدۇر ئۇل دەمى بىمارمەن.

— موللا بىلال.

بىمانەند [بى مانند] (پ) ئوخشىشى تېپىلمايدىغان، تەڭداشسىز.

بىمايە [بى مايه] (پ) ھېچنەرسىسى يوق، سەرمايىسىز.

بىمەجال [بى مجال] (پ + ئە) كۈچسىز، ئىقتىدارسىز، ماجالى يوق:

باشىغا قويۇپ ئەردى زەررىنە تاج،
بۇ بۇت بىمەجال ئولتۇرۇپ نائىلاج.

— موللا شاكىر.

بىمەدار [بى مدار] (پ + ئە) دەرمانسىز، ھالسىز:

كۆڭۈلنىڭ كارى يادلانماق، يۈرەكنىڭ پېئلى ئۆرتەنمەك،
بۇ ئىشلاردىن بىلىڭلار، بۇ زەئىف تەن بىمەدار بولماق.

— موللا بىلال.

بىمەدارا [بى مدارا] (پ + ئە) مۇرەسسەسىز، كېلىشمەسلىك.

بىمەر [بيمر] (پ) ھېسابسىز، ئۆلچەپ بولمايدىغان.

بىمەرام [بى مرام] (پ) مەقسەتسىز؛ ئۈمىدسىز:

كى مەئشۇق - ئاشىق سۆزىدۇر تەمام،
كېتىپدۇر جەھاندىن بۇلار بىمەرام.

— ئا. نىزارى.

بىمەزە [بى مزه] (پ) تەمسىز، مەزىسى يوق؛ تۇتۇرۇقسىز.

بىمەغز [بى مغز] (پ + ئە) مېغىزسىز، ئەقىلسىز؛ مەنىسىز، مەنىسى يوق:

كى ئەي پۈرگۈكى بىمەغزى پەرىشان،
يەنە قايدىن كېتۇردۇڭ ئۇشبۇ داستان.

— لۇتفى.

بىمەكان [بى مكان] (پ + ئە) ماكانسىز، جايسىز، ئورۇنسىز.

بىمەلال [بى ملال] (پ + ئە) مالال بولماي، ئەركىن، توسقۇنسىز.

بىمەلاھەت [بى ملاحت] (پ + ئە) كۆرۈمسىز، چىرايسىز.

بىمەنزىل [بى منزل] (پ + ئە) ماكانسىز، تۇرار

جايسىز.

بىمەھار [بيمهار] (پ) يۇگەن، چۇلۋۇر:
ئۇچ كىشى گويا شۇتۇرى بىمەھار،
قوندۇق ئوشۇل كىچە باربان يەسار.
— زەلىلى.

بىمەھاسىل [بى محاصل] (پ + ئە) ئۇنۇمسىز، پايدىسىز.

بىمەھەل [بى محل] (پ + ئە) ۋاقتى، پەيتى ئۆتكەن؛
پەردەئى جانىم ئىچىندە ئاسرار ئىدىم مېھرىنى،
بىمەھەل ئەفغانلىرىم قىلدى مېنىڭ سىررىمنى پاش.
— قەلەندەر.

بىمەئنا [بى معنى] (پ + ئە) مەنىسىز، مەزمۇنسىز.

بىمۇرۇۋۋەت [بى مروت] (پ + ئە) ھىممەتسىز، ئادەمگەرچىلىكى يوق.

بىنەسىب [بى نصيب] (پ + ئە) نېسىۋىسىز، بەھرىسىز، ھەسسىسى يوق:
رەقىب تەگنە قىلۇر بىزنى بىنەسىب دەبان،
جەفاسى بىزگە نې يەتمەس نەسىب ھەزرەتىدە.
— ئاتايى.

بىنەفشە [بنفشه] (پ) 1) بىنەپشەرەڭ. 2) شۇ رەڭدە ئېچىلىدىغان خۇش پۇراق گۈل.

بىنەفئ [بى نفع] (پ + ئە) پايدىسىز، مەنپەئەتسىز.

بىنەماز [بى نماز] نامازسىز، ناماز ئوقۇمايدىغان:
دەۋزەخ ئايتۇر مەن ئارتۇق، بىنەمازلار مەندە بار،
بىنەمازلار بوينىدا يىلان بىلەن چايان بار.
— ئەھمەد يەسەۋى.

بىنەمەك [بى نمك] (پ) تۇزسىز، مەززىسىز:
نەلەر كەلتۇرۇپ باشىغە بۇ فەلەك،
قىلىپ ئەيشىنى زۇلم ئىلە بىنەمەك.
— ئا. نىزارى.

بىنەۋا [بى نوا] (پ) 1) پېقىر، يوقسۇل، كەمبەغەل:
غەرىبۇ بىنەۋا، ئاجىز قولۇڭغا رەھىم قىل، يا رەب،
ئۇمىد تۇتتۇم دۇئالاردىن مەنۇ بىچارەئى زارى.
— موللا مۇھەممەد نىيازى.

2) بەھرىسىز، مەھرۇم، بىچارە:
تاپىپ بەھر بىزدىنكى شاھۇ، گەدا،
نەۋا ئاپقۇسىدۇركى ھەر بىنەۋا.
— غەرىبى.

بىنەۋالىغ [بى نواليغ] بىچارىلىك، مەرھۇملۇق:
ئەتەي پەيمانەدىن ئەۋۋارە بولدۇڭ دەرسەن، ئەي ناسىھ،
فەنا دەيرىدە قىلغان بىنەۋالىغدۇر نەۋا بىزگە.
— مەھزۇن.

بىنەۋم [بى نوم] (پ + ئە) ئۇيقۇسىز:
ئۇزى پەنج ۋەقت دائىما سەۋم ئىدى،
كېچىلەرد بىدارۇ بىنەۋم ئىدى.
— موللا شاكىر.

بىنىھايەت [بى نهايت] (پ + ئە) چەكسىز، ئاياغلاشمىغان، پايانى يوق:
قامۇق ئالەمدە ئەدلۇ دادى مەشھۇر،
چىرىگى بىنىھايەت مۇلكى مەئمۇر.
— لۇتفى.

بىنىياز [بى نياز] (پ) بىھاجەت؛ ئېھتىياجسىز:
كى دۇنيا ئىشىدىن ئىدى بىنىياز،
قىلىبان نىياز ئەھلىنى سەرفەراز.
— ئا. نىزارى.

بىنىيام [بى نيام] (پ + ئە) ئۇخلىماي، ئۇيقۇسىز:
شاھ پەرزەندى تۇغقان زات «نەسىبى» دەپ قويدى ئات،
كىچە - كۈندۇز بىنىيام دۇئا قىلۇر ئەردىيا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.

بىھا [بها] (پ) «بىبەھ» گە قاراڭ.

بىھار [بحار] (ئە) [بىرلىكى: بەھر] دېڭىزلار:
گەھى كۆزۈمدىن ئاقار ياشۇ گاھ لەئل تامار،
بىھارۇ كان ھاسىلىدۇر ئانىڭ ئاقار - تامارى.
— سەككاكى.

بىھازا [بهذا] (ئە) بۇنىڭ بىلەن.

بىھازەلقىياس [بهذاالقياس] (ئە) بۇ مۆلچەر بىلەن، بۇ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ قىياسچە:
ئەرۇر چۇن تەفاۋۇت بىلە ئول ئەساس،
ئەسافىلغە تەگرۇ بىھازەلقىياس.
— ئا. نىزارى.

بىھاسىل [بى حاصل] (پ + ئە) پايدىسىز، نەتىجىسىز، مېۋىسىز:
نىچۇك سەن بۇ ئۇزۇن يول ئەمگەكىندىن،
بۇ ئەمسىز ئىشقى بىھاسىل ئېلىندىن.
— لۇتفى.

بىھال [بى حال] (پ + ئە) ھالسىز، مادارسىز، زەئىپ؛ مەيۇس:
بۇلار ئىلغادى ياخشى ئەجناسىنى،
كى بىھال ئېتىپ بىرنەچە ناسىنى.
— ئا. نىزارى.

كى ئالتۇن كۈمۈش ئاندا بىھەد ئىكەن،
كى لەئلۇ جەۋاھىر، زۇمۇرەد ئىكەن.
— ئا. نىزارى.

2) ئىنتايىن، ناھايىتى، غايەت:

كى ئەتراپىدا غار بىھەد تولا،
مۇگەيىەن ئەمەس پىر ياتقان خىلا.

— ئا. نىزارى.

بىھەددۇ بىگەران — ھەددى - ھېسابسىز، سان - ساناقسىز:

كى لەشكەر ئاڭا بىھەددۇ بىگەران،
سىپاھىدىن ئانداغ تۇتۇلغان جەھان.

— ئا. نىزارى.

بىھەددۇ غايەت — چېكى ۋە ئاخىرى يوق، چەكسىز.

بىھەددۇ قىياس — چەكسىز ۋە تەڭسىز:

مەن قىبرى قولدىن ئەگەر سەن ئار قىلساڭ تاڭ ئەمەس،
باردۇر ياش قوللار ساڭا ئالەمدە بىھەددۇ قىياس.

— قەلەندەر.

بىھەددۇ ھېساب — ناھايىتى كۆپ، سان - ساناقسىز:

قىلدىڭىز جەبرۇ جەفا جانىمغە بىھەددۇ ھېساب،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان قىلدىڭىز.

— لۇتفى.

بىھەد بەئەد — ناھايىتى يىراق:

سىز تۇشۇپ ئول شاھدىن بىھەد بەئەد،
ئول ياۋۇقراق سىزگە مەن ھەبلىل ۋەدىد.

— نەۋايى.

بىھەمدەم [بى همدم] (پ) ھەمدەمسىز، ئۈلپەتسىز.

بىھەمدىكە [بحمدك] (ئە) ماڭا ھەمدۇ (ئاللاغا ئېيتىلىدۇ)، شان - شەرىپىڭ بىلەن.

بىھەمدىللاھ [بحمدالله] (ئە) خۇداغا شۈكۈر:

بىھەمدىللاھكى، بولدى مۇنەۋۋەر كۆزۈم،
تۇرۇپ ئاڭلادى يار ئەندەك سۆزۈم.

— ئا. نىزارى.

بىھەمىيەت [بى حميت] (پ + ئە) 1) غەيرەتسىز، بوشاڭ، سۇس:

نەدۇر ئەي بىھەمىيەتلەر بۇ ھەيرەت،
ئەر ئوغلىغە كىرەكتۇر بولسا غەيرەت.

— لۇتفى.

2) پەزىلەتسىز، نومۇسسىز.

بىھەنگام [بى هنكام] (پ) ۋاقىتسىز، پەيتسىز.

بىھەيا [بى حيا] (پ + ئە) ھاياسىز، ئۇياتسىز، ئار - نومۇسسىز:

ئۆتەر بىر - بىر باسىپ شۇم بىھەيالەر ۋەھشەتى بىرلە،
كۆرەلمەيكىم قالۇرلار شۇرۇ - شەر ئاھىستە - ئاھىستە.

— نەۋبەتى.

بىھۇدە [بى هوده] (پ) 1) نەتىجىسىز، پايدىسىز:

بىلدىم ئەھدى يوقتۇرۇر مەيلىڭ ماڭا ئەي پۈرجەفا،
بىھۇدە كۆيمەك ساڭا بۇ داغى ھىجرانىم نەسۇد.

— قەلەندەر.

2) بىكاردىن، بولار - بولماس:

ئۆيى فەلان يەردە ۋەلىي بارماغىل،
بىھۇدە بۇ يولدا يۈرۈپ ھارماغىل.

— زەلىلى.

بىھۇزۇر [بى حضور] (پ + ئە) بىئارام، ھالاۋەتسىز.

بىھۇش [بى هوش] (پ) ھوشسىز، ئۆزىدىن كەتكەن، بىتاب:

تەھەممۇل قىلىپ سۆزدە خامۇش بول،
كى خامۇش بولۇپ بەلكى بىھۇش بول.

— غەرىبى.

بىھۆكمى [بحكم] (ئە) ھۆكۈم قىلىشى بىلەن، ھۆكمى بىلەن.

بىھۆكمى لىللاھ — خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن:

شەھى مىرزەبانكىم، بىھۆكمى لىللاھ،
كى مەسئۇدى قىلدى ئۆز گورىدا شاھ.

— ن. زىيائى.

بىھى I [بهى] (پ) 1) بىھى (مېۋە نامى):

يۈزۈمدىن تىغى ھەجرىڭ زەخمى ھەر سارى ئېرۇر، نې ۋەجھ،
بىھىنى تىغ بىلەن چۇن قەتل قىلماي رەسىم ئەمەس ئەسلا.

— نەۋايى.

2) سېرىق رەڭ؛ سارغايغان چىراي:

بىھى رەڭگىدەك ئولمىش دەردى ھەجرىڭدىن ماڭا سىما،
دىماغىم ئىچرە ھەربىر تۇخمى يەڭلىغ دانەئى سەۋدا.

— نەۋايى.

بىھى II [بهى] (پ) ياخشىلىق، ساغلاملىق:

ئاڭا يىغلار ئېردى سەرەندىب شەھى،
ئاناسىنىڭ ئولغان ئىدى چوڭ بىھى.

— ئا. نىزارى.

بىھىجاب [بى حجاب] (پ + ئە) پەردىسىز، ئوۋۇق؛ يالىڭاچ:

ۋەزىر كىردى شاھ قاشىغە بىھىجاب،
دۇئالار ئەدا ئەيلەدى بىھىساب.

— ئا. نىزارى.

بىھىراس [بى حراس] (پ) قورقماس، يۈرەكلىك؛ قورقماستىن.

بىھىس [بى حس] (پ + ئە) ھېسسىياتسىز؛ رەھىمسىز.

بىھىشت [بهشت] (پ) جەننەت؛ ئەڭ گۈزەل باغ:

ماڭا بىھىشتى ۋىسالىڭ ئەمەستۇرۇر مۇمكىن،
قاچانغىچە چېكەيىن ھەجر دەۋزەخىدە ئەزاب.

— مەھزۇن.

بىھىشت ئاسا — جەننەت كەبى.

بىھىشت ئەدن — مەڭگۈ ياشاپ قالىدىغان جەننەت.

بىھىشتى جاۋىدان — ئەبەدىي، مەڭگۈلۈك جەننەت:

كۆرمەگەي ھەرگىز بىھىشتى جاۋىداندا گۈل يۈزىن،
كىم يۈزى گۈل، كۆزى ئوتلۇغ، خارى مىژگاندىن كىچەر.

— گۇمنام.

بىھىل [بحل] (ئە) كەچۈرۈش، ئەپۇ قىلىش، رازى بولۇش:

بۇ قەۋمى قېرىنداش، ئىنىچە - سىڭىل،
رىزالىق ئالىپ بىر - بىرىدىن بىھىل.

— موللا شاكىر.

بىھىل بولماق — رازى بولماق، بېغىشلىماق:

دوستلار، بىھىل بولۇڭلار بىز بارۇرمىز ئەلۋىداڭ،
شەھرى ئۇقباغە سەفەر ئەيلەپ بارۇرمىز ئەلۋىداڭ.

— نەۋبەتى.

بىھىل قىلماق — كەچۈرۈلۈڭ، ئەپۇ قىلماق:

تۆكسە قانىم كۆزلەرىڭ، قىلدىم بىھىل، تۆكسۇن رەۋان،
كىم قاچان تاپقاي يەنە سەككاكى بۇ نەۋ قاننى.

— سەككاكى.

بىۋە [بيوه] (پ) تۇل، يالغۇز ياشايدىغان ئايال:

دامەنى سەھرايى ھەمىمە چار باغ،
بىۋە خاتۇنلار يېيىشتى گوشتۇ ياغ.

— زەلىلى.

بىۋەجھ [بى وجه] (پ + ئە) سەۋەبسىز، ئاساسسىز، ئورۇنسىز.

بىۋەزن [بى وزن] (پ + ئە) ۋەزنى يوق، يەڭگىل؛ قەدىر - قىممەتسىز.

بىۋەفا [بى وفا] (پ + ئە) ۋاپاسىز؛ رەھىمسىز.

بىۋەھم [بى وهم] (پ + ئە) ۋەھىمسىز، قورقۇنچسىز.

بىۋۇجۇد [بى وجود] (پ + ئە) ۋۇجۇدقا كەلمىگەن، پەيدا بولمىغان. گەۋدىلەنمىگەن:

قەرى ھەم بىۋۇجۇد ئەردىيۇ مۇھتاج،
تويا ئالىش كۆرمەگەن ئاچۇ يالاڭغاج.

— لۇتفى.

بىۋۇقۇف [بى وقوف] (پ + ئە) خەۋەرسىز، ۋاقىپسىز.

بىۋۇھۇم [بى وهوم] (پ + ئە) «بىۋەھم» گە قاراڭ:

گۈلۈ غۇنچە تۇتسە ئۈزىن بىۋۇھۇم،
بەناگاھ كەلسە مۇخالىف سەمۇم.

— ئا. نىزارى.

بىئېتىبار [بى اعتبار] (پ + ئە) ئېتىبارسىز، تىلغا ئېلىنمايدىغان:

ئەجەب زىرە نازۇك ھۇنەر بىزدە بار،
ھۇنەر بىزدەدۇر ئۆزگە بىئېتىبار.

— غەرىبى.

بىئېتىدال [بى اعتدال] (پ + ئە) مۇتىدىل ئەمەس، نورمال بولمىغان، تەرتىپسىز.

بىئېتىماد [بى اعتماد] (پ + ئە) ئىشەنچسىز، تايانچسىز:

بۇ بەگلەردە يوق سەندىكى ئېتىقاد،
بۇ تۇڭگان خۇنرىزى بىئېتىماد.

— موللا شاكىر.

بىئېتىنا [بى اعتنى] (پ + ئە) ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، دىققەت قىلماي.

بىئىبا [بى ابا] (پ) 1) تارتىنماي، ئۇيالماي:

بۇچاڭدىن چىقىپ نەچچە تۇرلۇك سەدا،
بۇ مەنجىڭلار كۆپ يىغلاشىپ بىئىبا.

— موللا شاكىر.

2) تارتىنمايدىغان، ئۇيالمايدىغان.

بىئىجتىناب [بى اجتناب] (پ + ئە) قاچمايدىغان، چەتلەشمەيدىغان، ئۇيالمايدىغان.

بىئىدراك [بى ادراك] (پ + ئە) ئاڭسىز، پەم - پاراسەتسىز؛ بىلمەي يەتمەي:

كى مەن تەۋرەنسەمۇ ئۇ يەردە تۇرمىس،
ئەجەب بىغەمۇ بىئىدراكۇ بىجان.

— سەدائى.

بىئىستىتائەت [بى استطاعت] (پ + ئە) قۇدرەتسىز، كۈچسىز، زەئىپ.

بىئىشتىباھ [بى اشتباه] (پ + ئە) شۈبھىسىز، شەكسىز:

كى سەنسەن كەرەملىك ئۇلۇغ پادشاھ،
ئەھەد لەم يەزەل شاھ بىئىشتىباھ.

— ئا. نىزارى.

بىئىكراھ [بى اكراه] (پ + ئە) مەجبۇرسىز، زورلاشسىز.

بىئىنايەت [بى عنايت] (پ + ئە) رەھىمسىز، مەرھەمەتسىز.

بىئىنتىقال [بى انتقال] (پ + ئە) ئاجرالمايدىغان، كۆچمەيدىغان.

بىئىنتىھا [بى انتهى] (پ + ئە) ئاخىرى يوق، چەكسىز، كۆپ.

بىيارىد [بيارد] (پ) دوست بولماق:

جەنانەگى مەن بەمەن بىيارىد،

ۋىن مۇردە تەنىم بەئۇسپارىد.

— ئا. نىزارى.

بىيەقىن [بى يقين] (ئە) شۈبھىسىز، ئېنىق؛ جەزمەن:

ئايا، مۇسلىمى نەقدىنىڭ قىيمەتىن،
دېگىلى مەتائىنىڭ بارى بىيەقىن.

— ئا. نىزارى.

بىيەكبار [بيكبار] (پ) بىراقلا، بىر يولى؛ تېز:

جىلۋە سالىپ ئۆتتى بىيەكبار گۇل،
كۆرسەتىبان زەررەئى دىيدار گۇل.

— زەلىلى.

بىيىشە [بيشه] (پ) ئورمان، جاڭگال:

مۇسافەت يۇرۇپ كەلدى بىر بىيشەگە،
تەرەددۇد بىلە تۇشتى ئەندىشەگە.

— ئا. نىزارى.

بىيىك [بييك] بۈيۈك، ئۇلۇغ، يۈكسەك:

بار ئەردىكى ھىندۇ دىيارىدا شاھ،
بىيىك رۇتبە تاپقان شەھى نىكخاھ.

— ئا. نىزارى،

بىيىك بارگاھ — كاتتا ۋە ئۇلۇغ ساراي، قەسىر:

چۇھىندۇ ئارا بار ئىدى پادشاھ،
كى ئۆز ۋەقتىدە ئول بىيىك بارگاھ.

— نىزارى.

پ

پا I [پا] (پ) «پاي»غا قاراڭ:

خىراماڭ چاغى لۇتۇق ئەيلەپ نە بولغاي پايمال ئەتسەڭ،
ماڭا بەسكىم تەمەننادۇر كويۇڭدا خاكى پا بولماق.

— ئەرشى.

پا II [پا] (پ) تاب، تاقوت، قۇۋۋەت، ماغدۇر، قۇدرەت:

يوق ئېرسە ئېرۇر بۇ قەۋى، ئول زەئىف،
ئاڭا ھېچ پا بىرلە ئېرمەس ھەرىف.

— نەۋايى.

پا بەرەھنە [پابرهنه] (پ) 1) يالاڭ ئاياغ. 2) كەمبەغەل:

پا بەرەھنە، باش يالاڭ، يىرتىپ ياقە، فەرياد ئېتىپ،
تەلبەگى رەسۋا بولۇپ ھالى پەرىشانمۇ ئېكەن.

— گۇمنام.

پابەرجا [پابرجا] (پ) بىر جايدا قىمىرلىماي تۇرىدىغان، مۇستەھكەم:

كىمسەنىڭكىم مېھر، ماھى كۆڭلىدە قىلماس سۇكۇن،
سىدىق ئەتۋارىندا ئول چۇن چەرخى پا بەرجا ئەمەس.

— ئەرشى.

پا بەست [پابست] (پ) «پا بەستە»گە قاراڭ.

پا بەستە [پابسته] (پ) گىرىپتار بولغان، ئايىغى باغلانغان؛ تۇزاققا چۈشكەن، مۇپتىلا.

پا بەند [پابند] (پ) پۇتى باغلانغان؛ كىشەن، چۇشاك.

پا بەندان [پابندان] (پ) كېپىللىك قىلغۇچى، ھۆددىگە ئالغۇچى.

پا بۇس [پابوس] (پ) ئايىغىنى بۇسە قىلىش؛ ھۆرمەت، تەزىم.

پابۇس **ئەتمەك** — زىيارەت قىلماق.

پاپۇش [پاپوش] (پ) ئاياغ كىيىم، ئاياغ.

پاپۇش دۇزى [پاپوش دوزى] (پ) ئاياغ تىكىش، ئاياغ ياماش.

پاچە [پاچه] (پ) كىچىك پۇت؛ پاچاق.

پادار [پادار] (پ) «پايدار»غا قاراڭ.

پاداش [پاداش] (پ) 1) بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا تۆلىنىدىغان ھەق، بەدەل؛ مۇكاپات:

ئەگەر ئەيلەسە ئول ۋەفادارلىق،
كى پاداشى بولمىش جەفاكارلىق.

— ئا. نىزارى.

2) ھەمراھ.

پەلەكتىن نەلەر كەلدى بۇ باشىمە،
داغى ئىشق ئارا ئۇشبۇ پاداشىمە.

— ئا. نىزارى.

پادە [پاده](پ) پادا، توپ.

پادە - پادە [پاده پاده] (پ) بىرنەچچە پادا، توپ - توپ.

پادەست [پادست] (پ) توختام، كېلىشىم.

پادزەھەر [پادزهر] (پ) زەھەرگە قارشى؛ زەھەرنى قايتۇرغۇچى دورا.

پادشا [پادشا] (پ) «پادشاھ»قا قاراڭ:

بۇ ئەگەر دەرۋىش ئۆزى قىلسا گۇمان ئول پادشا،
يوق ئەجەب چۇن ئىككىسىدە يوق تۇرۇر ئەقلۇمەيا.

— نەۋايى.

پادشاھ [پادشاه] (پ) خان، شاھ، پادىشاھ:

خىرامان چىقىپ تەختقە پادشاھ،
كۆرۈنۈش بېرىپ ئاچتۇرۇپ بارگاھ.

— ئا. نىزارى.

پادشاشەب [پادشاشب] (پ) كېچىسى شەھەر، بازارلارنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار، پاششاپ:

سىرىغ ھىرىنى قىلدى پادشاشەب،
كېچە ھېچكىم يامان ئىش قىلماسۇن دەپ.

— مەھزۇن.

پادشالىغ [پادشاليغ] پادشاھلىق.

پادشاھانە [پادشاهانه] (پ) پادشاھلارچە، دەبدەبىلىك.

پادشاھزادە [پادشاهزاده] (پ) پادشاھنىڭ بالىسى، پادشاھ ئەۋلادى.

پادشاھۋار [پادشاهوار] (پ) پادشاھ كەبى، پادشاھقا ئوخشاش.

پارە [پاره] (پ) 1) پارچە، بۆلەك:

ۋە لېكىن تاپالماي ئاڭا چارەئى،
ئورۇپ يەرگە باغرىن قىلىپ پارەئى.

— ئا. نىزارى.

2) يانچىلغان، ئېزىلگەن:

جەبىلىڭ يۈرىكىم بەسى يارەدۇر،
كى تىرناغى زەخمى بىلە پارەدۇر.

— ئا. نىزارى.

3) كىتابنىڭ بىر بابى، بۆلۈمى:

شەۋكەتى ھۆسنۈڭ بىلە شەئنى جۇنۇنۇمغە باقىپ،
دەفتەرى پەرھاد ـ شىرىن پارەئى ئەفسانەدۇر.

— ئەرشى.

پارە ئەيلەمەك — پارچىلىماق، بۆلەك ـ بۆلەك قىلماق.

پارە بولماق — يانچىلماق.

پارە جىگەر — كۆڭلى ئېزىلگەن، كۆڭلى يېرىم:

دەبان: «كەلسە مۇندا ئەگەر ئاشىقىم،
كۆزى ياشۇ پارە جىگەر ئاشىقىم.»

— ئا. نىزارى.

تەختە پارە — بىر پارچە تاختاي:

قالىپىمەنكى بىر تەختە پارە ئۆزە،
كى سۇ تاشلادى سەڭگىخارە ئۆزە.

— ئا. نىزارى.

جىگەر پارە — سۆيۈملۈك؛ پەرزەنت:

جىگەر پارەسىدىن جۇدا بولدى گۇل،
ئەلەم بىرلە ئاخىر فەنا بولدى گۇل.

— ئا. نىزارى.

پارە ـ پارە [پارەپارە] (پ) پارچە ـ پارچە:

قىلىپ پارە ـ پارە بۇلار سالىنى،
كى دەرياغە غەرق ئەيلەبان مالىنى.

— ئا. نىزارى.

پارەسىز [پارەسىز] پۈتۈن، پارچىلانمىغان، سۇنمىغان.

پارەنج [پارنج] (پ) خوش خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرگە بېرىلىدىغان ئىنئام، سۆيۈنچە.

پارسا [پارسا] (پ) پەرھىزكار، تەقۋادار، خۇداگۇي، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى:

مەلامەت ئەھلىدىن، ئەي پارسا، ھەزەر قىلىپ كۆر،
كى ھۆسن ئەھلى قويماس ئۆز ئىختىيارى بىلە.

— لۇتفى.

پارساۋۇ كۇبرا — تەقۋادار ئۇلۇغلار:

ئۆزرە بولماستىن تەزەللۇل ھەم تەمەللۇلدۇر ھەرام،
قىلماغىل سەن پارساۋۇ كۇبراغە غەلىز.

— شەۋقى.

پارسال [پارسال] (پ) ئۆتكەن يىل.

پارسالىغ [پارساليغ] تەقۋادارلىق، خۇداگۇيلۇق:

كەل ئەمدى ئەرشى، ئۆز كۆڭلۈڭ سەلاھى پارسالىغدىن،
نىچۇككىم پارە ئەيلەپ خىرقە تاردىن رىدا قىلدىم.

— ئەرشى.

زوھدى پارسالىغ — مال ـ دۇنيادىن كېچىپ تەقۋادارلىق قىلىش، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش:

ئاتاۋۇ فەزلىڭ ئەگەر ئىلگە بولماسا، يا رەب،
يوق ئاندا فايدەسى زوھدى پارسالىغنىڭ.

— گۇمنام.

پارۇ I [پارو] (پ) سۇپۇرگۈندى.

پارۇ II [پارو] (پ) كۈرەك؛ پالاق.

پاس [پاس] (پ) 1) كېچىنىڭ بىر قىسمى، سەككىزدىن بىرى:

ئۆتۈپ ئېردى تۈندىن داغى ئىككى پاس،
كى ئۇيقۇغە بارغان ئىدى بارچە ناس.

— ئا. نىزارى.

2) ساقلاش، مۇھاپىزەت، رىئايە.

پاس ئەتمەك — ساقلىماق، مۇھاپىزەت قىلماق:

قاشۇ مىژگان يوق، يامان كۆز تۇشمەسۇن دەپ ھۆسنىغە،
پاس ئېتەرگە ساغداقىن يانىغا ئاسقاندۇر كۆزۈم.

— گۇمنام.

پاس تۇتماق — رىئايە قىلماق، ئەمەل قىلماق:

گەر مۇسۇلمانسەن پەيەمبەر شەرئىگە قىلما خىلاف،
پاس تۇتقىل شەرئدۇر ئىمانىڭى دىلگە غىلاف.

— نەۋبەتى.

پاسبان [پاسبان] (پ) مۇھاپىزەت قىلغۇچى، قاراۋۇل، ساقچى:

ھۇزۇرى غەيرىدىن گەرچە ھەرىمى قۇدس ئېرۇر فارىغ،
كى تۇفراق ئۆزگەدىن تاپماقغە بولدى پاسبان ئاندا.

— ئەرشى.

پاسبانلىق [پاسبانليق] مۇھاپىزەت، ساقچىلىق:

ئەمانلىق كېتىپدۇر، يامانلىق قالىپ،
تۇرۇپدۇر ئاندا شاھ پاسبانلىق قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

پاسۇخ [پاسخ] (پ) جاۋاب.

پاش [پاش] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە «چاچقۇچى»، «سەپكۈچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:

نۇر پاش — نۇر چاچقۇچى.
ئاب پاش — سۇ سەپكۈچى.

پاشەندە [پاشندە] (پ) چاچقۇچى، سەپكۈچى.

پاشكەستە [پاشكستە] (پ) 1) پۇتى سۇنۇق، توكۇر. 2) كۆچمە م: قۇدرەتسىز، ئاجىز.

پاشنە [پاشنە] (پ) 1) پاشنا، سوڭ؛ تاقا. 2) كۆچمە م: ئاستانە.

پاغۇندە [پاغنده] (پ) پاختا، ئېتىلغان پاختا.

پاغۇر [پاغر] (پ) قىل قۇرت كېسىلى.

پافشار [پافشار] (پ) ئېگىلمەس، قەيسەر، كۈچلۈك.

پاك [پاك] (پ) 1) پاك، تازا، ساپ:

قىلىپ سۇبھە گۈل دەم ياقاسىنى چاك،
كى ئەنۋارىدىن قىلدى زۇلمەتنى پاك.

— ئا. نىزارى.

2) بىگۇناھ:

ئىكى پاك ئاشىق جەھاندىن كېچىپ،
كى روھى قۇشى خاكداندىن كېچىپ.

— ئا. نىزارى.

3) خالىس:

مەجازىدا كىم بولسا چۈن پاكرەك،
ھەقىقەت ھېسابىنى قىلغاي دەرەك.

— ئا. نىزارى.

پاك ئايىن — پاكىز، توغرا ئىش تۇتقۇچى.

پاك ئەلفاز — پاك سۆزلەر، يامان نىيەت ئارىلاشمىغان سۆزلەر.

پاك پەيۋەند — ئېسىلزادە.

پاك تەجرىد — بارلىق ھەۋەسلەردىن كەچكەن.

پاك تەدبىر — توغرا تەدبىر.

پاك زاد — ئېسىلزادە، ئۇلۇغ زات.

پاك زېھىن — ئۆتكۈر زېھىن.

پاك شىئار — ياخشى ئادەتلىك، ئەخلاقلىق.

پاكان [پاكان] (پ) پاك، تازا، ساپ بولغان:

يا رەب، مۇھەممەد ھۆرمەتى ھەم چەھار يارلار ئۇلفەتى،
ئەزۋاجى پاكان ئىففەتى مەھشەردە قىل ۋەقتىمنى چاغ.

— شەۋقى.

پاكباز [پاك باز] (پ) ساداقەتلىك، ۋاپادار، چىن ئاشىق:

زاھىدى پاكباز ئەگەر بادەنى ئەيلەر ئېھتىراز،
قورقما سوراھى بويلۇغۇم تۇت ماڭا مېھرىبان قەدەھ.

— زەلىلى.

پاكدامەن [پاك دامن] (پ) ئىپپەتلىك، يامان يولغا ماڭمىغان.

پاكدەست [پاك دست] (پ) پاك قول، ھالال قول.

پاكراي [پاك راى] (پ + ئە) ياخشى پىكىرلىك، بىلىملىك.

پاكرۇ [پاك رو] (پ) پاك يۈزلۈك، پاكىز.

پاكى [پاكى] (پ) پاكىز، تازا.

پاكىزە [پاكيزه] (پ) تازا، ساپ، پاكىز.

پالا [پالا] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ «سۈزگۈچ» دېگەن مەنىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كېلىدۇ.

بادە **پالا** — مەي سۈزگۈچ.

پالەھەڭ [پالهنگ] (پ) نوختا.

پالۇدە [پالوده] (پ) ساپ، سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈلگەن.

پامال [پامال] (پ) «پايمال»غا قاراڭ.

پامالى قەدەم — ئاياغ ئاستىدا قالغان، ئېزىلگەن:

گۈلدەك باشىمە خانا ھەجرىڭدە ئۇتاشقان ئوت،
پامالى قەدەم بولغاي بەزم ئىچرە سەمەن سەنسىز.

— گۇمنام.

پاي [پاي] (پ) 1) ئاياغ:

كېلىپ چۈست پەرھادنىڭ قاشىغە،
كى پەند ئەيلەدى پايىدىن باشىغە.

— ئا. نىزارى.

2) ئاست، تەگ، ئاساس:

ئەگەر بەندە سەن بولمە ئازار بەخش،
شىكەستە بولۇپ ئۆزنى قىل پايى نەقش.

— ئا. نىزارى.

پاياب [پاياب] (پ) تېيىز، كېچىپ ئۆتكىلى بولىدىغان سۇ.

پايان [پايان] (پ) چېگرا، ئاخىر، چەك:

ئەي جەفاچى تۇت غەنىمەت كۆركىنىڭ دەۋرانىنى،
كىم كىشى تاپمايدۇرۇر دەۋرنىڭ پايانىنى.

— مەھزۇن.

پايان ئابە — سۇنىڭ تەكتى.

پايان تاپماق — تامام بولماق.

پايە [پايه] (پ) 1) ئاياغ:

نىگارا خاكى پايىڭغە نىسار ئەز خانۇمانىمدۇر،
دەمى تىيغى ھىلالىڭغە فىدا يۈزقاتلە جانىمدۇر.

— ئەرشى.

2) باسقۇچ، دەرىجە، مەرتىۋە:

سەرۋ نەمەد بىرلە سەركەشلىك قىلۇر قەددىڭ بىلە،
بىلگۈرۈر مەيدان ئىچىندە ھەر كىشىنىڭ پايەسى.

— سەككاكى.

3) ئاست، تەگ:

نەردىبان ئولغاندا سىررىڭ چاغى توققۇز چەرخكىم،
پايەلەردىن پايە ئېردى نەيىسرى ئەگزەم ئەمەس.

— ئەرشى.

پايە تاپماق — مەرتىۋىگە ئىگە بولماق.

پايەندە [پاينده] (پ) دائىمىي، ئەبەدىي، مۇستەھكەم:

رەھىم قىل گۇمنامغە بىر خەستە دۇر زارىڭ سەنىڭ،

دەۋلەتىڭ پايەندە قىلسۇن گۈل خۇدايى زۇلمەنەن.

— گۇمنام.

پايبەست [پايبست] (پ) «پابەستە»گە قاراڭ:

گۆتەر ئەردىم بىبال ئەفسانەئى ئەنقايى مەغرىبدىن،
سەرى زەنجىرى زۇلفۇڭ بىرلە جانا پايبەست ئولدۇم.

— زەلىلى.

پايبەستە [پايبستە] (پ) «پابەستە»گە قاراڭ.

پايبۇس [پايبوس] (پ) «پابۇس»قا قاراڭ.

پايدار [پايدار] (پ) بەرقارار، مەھكەم، دائىمىي.

پايدار بولماق — بەرقارار بولماق، دائىمىي بولماق:

چۇشەھزادە تورپاندا تاپتى قەرار،
ھەمە خاندانلار بولۇپ پايدار.

— ئا. نىزارى.

پايكار [پايكار] (ت) خىزمەتكار، چاكار، نۆكەر.

پايگاھ [پايگاه] (پ) تۇرار جاي؛ بازار:

ئىبادەتىنىڭ قىيامى پايگاھى خانەئى كەئبەڭ،
ئىزىڭ گۈل ئاستانى ئاگى گۆزرە سەجدە گاھىمدۇر.

— گۇمنام.

پايمال [پايمال] (پ) ئاياغ ئاستى، ئاياغ ئاستى قىلىنغان، ئېزىلگەن:

جەمالىڭ بولماسە ھەرگىز تەماشايى گۈل ئەتمەسمەن،
بارى گۈلشەن گۈلى ئالىمدا خەسدەك پايمالىدۇر.

— گۇمنام.

پايمال ئەتمەك — ئاياغ ئاستى قىلماق:

خىراماڭ چاغى لۇتف ئەيلەپ نە بولغاي پايمال ئەتسەڭ،
ماڭا بەسكىم تەمەننادۇر كويۇڭدا خاكى پا بولماق.

— ئەرشى.

پايمال بولماق — ئاياغ ئاستى بولماق، ئېزىلمەك:

مەن خەستە خەستەك تاڭ ئەمەس بولسام يولىدا پايمال،
گۈل گۈل سەمەندىن سەكرەتىپ جەۋلان گۆزە، جەۋلان ئېرۇر.

— مەھزۇن.

پايمال قىلماق — ئەزمەك، ئاياغ ئاستى قىلماق:

كۆڭۈلنى قىلماڭ ئىشق ئارا پايمال،
ئەجەب يوق نەسىب گۈلسە فەررۇخ جەمال.

— ئا. نىزارى.

پەدەر [پدر] (پ) ئاتا، دادا:

كى مەھزۇننى ھەمراھ قىلىپ گۈل سەفەر،
بەلا شۇندا دۇر قايدا بولسا پەدەر.

— ئا. نىزارى.

پەدەرانە [پدرانە] (پ) ئاتىلارچە.

پەدەر بۇزۇرگ [پدر بزرک] (پ) بوۋا.

پەدرۇد [پدرود] (پ) خوشلىشىش، خەيرلىشىش.

پەدرۇد ئەتمەك — خوشلاشماق، خەيرلەشمەك، ۋىدالاشماق:

كى پەدرۇد ئېتىپ چىقتى، بولدى سەۋار،
ئىكەۋ خوبلاشىپ، يىغلاشىپ زار - زار.

— ئا. نىزارى.

پەدرۇد ئەيلەمەك — خەيرلەشمەك، ۋىدالاشماق، خوشلاشماق:

ئاقىزىپ ئىككى كۆزىدىن ئىككى رۇد،
ئاتاسى بىرلە ئەيلەدى پەدرۇد.

— نەۋايى.

پەدىد [پدىد] (پ) پەيدا بولغان، كۆرۈنۈپ تۇرغان، روشەن، ئېنىق:

ئانىڭ رەڭگىدىن زەئفى ئانچە پەدىد،
ئۆرۈپ تاشقە باشىن، بۇلۇبدۇر شەھىد.

— ئا. نىزارى.

پەدىد ئەيلەمەك — پەيدا قىلماق:

ياساپ ھۇجرەنى ئاندا خاجە سەئىد،
مۇزەييەن بىساتىنى ئەيلەپ پەدىد.

— ئا. نىزارى.

پەدىد بولماق — زاھىر بولماق، پەيدا بولماق:

ياڭى ئىككى قەبرى بولۇپدۇر پەدىد،
بۆلەك قەبرلەردىن تۇرۇپدۇر جەدىد.

— ئا. نىزارى.

پەدىد قىلماق — كۆزگە كۆرسەتمەك، پەيدا قىلماق:

ئەجەب ئىشدۇرۇر بولسا بۇ زەر خەرىد،
بۇ يەڭلىغ ھەراكەتنى قىلدى پەدىد.

— ئا. نىزارى.

پەدىد ئولماق — زاھىر بولماق، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرماق:

روبى زەمىن ئۆزرە كۆر سۇبھى دەرەختى بەلەند،
سايە پەدىد ئولمادى تانەزەرى بولماسا.

— زەلىلى.

پەدىدار [پدىدار] (پ) پەيدا بولغان، كۆرۈنگەن:

بارۇ خەزان پەدىدار، قالمىس جەھاندا گۈلزار،
نى باغۇ نى سەمەنزار، فەسلى بەھار ئىچىدە.

— زەلىلى.

پەدىدار بولماق — پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك،

نەۋ بادەئى قىردەۋس ۋە سەرۋى خىرامان، ياخىغچەئى تۈبى،
يا بىر ئەلىفى جانغە بۇرەڭ بولدى پەدىدار، يا قامەتى زىبىا.

— ئەرشى.

پەدىدار قىلماق — پەيدا قىلماق، كۆرسەتمەك.

پەر [پر] (پ) پەي، قانات:

نىگارىم كۆڭلى مۇلكىن ئالغالى ھاجەت ياراغ ئېرمەس،
نىگۇن قەد بىلە ئاھىم بەس، كەرەكمەس باش ئىلە پەر ھەم.

— گۇمنام.

پەر ئاچماق — قانات ئاچماق، ئۇچماق.

پەراكەندە [پراكنده] (پ) تارقالغان، توزىغان، قالايمىقان؛ پەرىشان:

پەراكەندەلەرنى قىلىپ مۇجتەمىئ،
كى ئۈز جايىدا ئەيلەدى مۇرتەفىئ.

— ئا. نىزارى.

پەرەست [پرست] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ تېۋىنغۇچى، چوقۇنغۇچى، بېرىلگۈچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

بادە پەرەست — ئىچىملىككە بېرىلگەن.

ئاتەش پەرەست — ئوتقا چوقۇنغۇچى.

مېھمان پەرەست — مېھماندوست.

پەرەستار [پرستار] (پ) 1) تېۋىنغۇچى، چوقۇنغۇچى. 2) خىزمەتكار، چۆرە. 3) غەمخورلۇق قىلغۇچى.

پەرەستەندە [پرستنده] (پ) 1) تېۋىنغۇچى، قۇللۇق قىلغۇچى. 2) خىزمەتچى، چۆرە. 3) ياخشى كۆرگۈچى.

پەرەستىش [پرستش] (پ) تېۋىنىش، چوقۇنۇش.

پەرەن [پرن] (پ) «پەرەند»گە قاراڭ.

پەرەند [پرند] (پ) يۇپقا يىپەك، ئەۋرىشىم.

پەرەندە [پرنده] (پ) ئۇچار قانات.

پەرتاب [پرتاب] (پ) ئېتىش (ئوق ھەققىدە).

پەرتاب ئەتمەك — ئاتماق.

پەرتەۋ [پرتو] (پ) نۇر، شولا، يورۇقلۇق:

تۇرى پاكىڭ پەرتەۋىدىن بىزگە ئىسيار ئەيلەدىڭ،
دىن ئۆيىگە تا قىيامەت نۇرى ئىماندىن سىراج.

— شەۋقى.

پەرتەۋ ساچماق — نۇر چاچماق:

چەشمى گىريانىم جىلا تاپتى ئىزى پەرتەۋ ساچىپ،
ئىتىنىڭ ھەرنەچچەسى يۈز نەچچەئى مەھدۇر مەگەر.

— ئەرشى.

پەرتەۋرا [پرتورا] (پ) نۇر ئىزى، نۇر سىزىقى، شولا:

مەھۋەشىم رۇخسارىدىن خۇرشىدى پەرتەۋراسى بار،
خىزىر خەتتى ئاستىدا لەئلى مەسىھ ئەنفاسى بار.

— ئەرشى.

پەرتەۋلىغ [پرتوليغ] روشەنلىك، پارلاقلىق.

پەرتەۋى [پرتوى] (پ) نۇرلۇق، نۇرانە:

پەرتەۋى ھۆسنۈڭ قەمەرمۇ، لەززەتى لەئلى شەكەر،
بولۇبان شىرىن سەمەر ھەر سۆزىدىن ھاسىل يىگىت.

— ئەرشى.

پەرخاش [پرخاش] (پ) جەڭ، ئۇرۇش.

پەرخاش قىلماق — جەڭ قىلماق، ئۇرۇشماق.

پەرداخت [پرداخت] (پ) زىننەت، بېزەك.

پەرداخت قىلماق — زىننەتلىمەك.

پەرداز [پرداز] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ «قىلغۇچى، ئەتكۈچى، ئۇستا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەفسانە پەرداز — ھېكايە، چۆچەكلەرنى ئېيتقۇچى.

چارە پەرداز — چارە تاپقۇچى.

خارە پەرداز — تاش يونغۇچى، تاشتىراش.

سېھر پەرداز — سېھىر قىلغۇچى، سېھىرگەر؛ سەنئەتكار.

كىنە پەرداز — دۈشمەنلىك قىلغۇچى، ئاداۋەت ساقلىغۇچى.

نۇكتە پەرداز — مەنىلىك سۆز قىلغۇچى، گۈزەل سۆز ئۇستىسى.

پەردە [پرده] (پ) پەردە، توسۇق:

خەلاس ئولماق ئۈمىد ئەتسەڭ بۇ ئىككى پەردە زۇلمەتدىن،
شەبىستانى ۋۇجۇدۇڭغە ئىبادەت شەمئى كەلتۈرمىش.

— شەۋقى.

پەردە سالماق — پەردە چۈشۈرمەك، پەردە ياپماق:

مەگەر تەشرىف ئەتسە، ئەرشىيا، سال پەردە سىدىنكىم،
كۆزۈڭ مەئۋالار ئەيلەپ، مەسنەدى شاھانە ئاندىن كۆپ.

— ئەرشى.

پەردە كۆپمەك — پەردە كۆتۈرۈلمەك، سىر ئېچىلماق.

پەردەئى ئابگۇن — ئاسمان مەنزىرىسى.

پەردەئى زار — سىر پەردىسى، سىر.

پەردەئى شام — تۈن، كېچە.

پەردەئى شەرم — ھايا پەردىسى، ئۇيات.

پەردەئى مۇشكىن — 1) قارا پەردە. 2) كۆچمە م: قاراڭغۇ كېچە. 3) دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق سازلارنىڭ پەدىسى.

پەردەئى ئىسمەت — پاكلىق پەردىسى.

پەردە باف [پرده باف] (پ) پەردە توقۇغۇچى.

پەردە پۇش [پردەپوش] (پ) پەردە ياپقۇچى؛ توسۇق:

قىلدى دەرياغە بۇ خارىڭ پەردە پۇش،
سېھرى گوتىدىن تۇشمەسۇن دەپ سۇغا جۇش.

— نەۋايى.

پەردەدار [پردەدار] (پ) پەردە تۇتقۇچى؛ ئىشىك باقار:

پەردەدارى ھەزرەتى ھەق بولغانلىق مەئلۇم ئۇچۇن،
مەرقەدىڭ نۇرى تەجەللى جىلۋەسى نۇرى ھۇدا.

— زەلىلى.

پەردەدەر [پردەدر] (پ) پەردە يىرتقۇچى، سىر ئاچقۇچى.

پەردەگى [پردەگی] (پ) پەردىلىك؛ يوشۇرۇن.

پەرران [پران] (پ) ئۇچقان ھالدا، ئۇچىدىغان، ئۇچقۇچى:

ئەي پەرى بىتابلىقدىن بەرقدەك پەررانمۇ سەن؟
ئوت ساچىپ ھەريان يۈزۈڭدىن ئاپەتى دەۋرانمۇ سەن؟

— ئەرشى.

پەرران ئەتمەك — ئۇچۇرماق.
پەرران بولماق — ئۇچماق.
پەرران ئۆتمەك — ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ كەتمەك:

چۇ ئول ئوق بارىپ تەگدى چۈنكى سىنان،
سىنان يوقكى، پەرران ئۆتۈپ ئوق يىلان.

— ئا. نىزارى.

پەرزەدە [پرزدە] (پ) 1) قانات قاقفان. 2) قانىتى قىرقىلغان. 3) چەككۈچ بىلەن چېكىلگەن.

پەرزور [پرزور] (پ) 1) كۈچلۈك، قابىل. 2) شىددەتلىك، قاتتىق.

پەرسەش [پرسش] (پ) سوئال سوراش، سوئال قويۇش؛ سوئال:

پەرسەشى ئىسيان سەۋاب ئەيلەگەي،
ئالەمى ئادەمگە خىتاب ئەيلەگەي.

— زەلىلى.

پەركاھ [پر كاه] (پ) شال پاخلى:

دېدىكىم: «*ئايا دەرد ئەھلىگە شاھ،*
كى ئىشق ئەھلى قاشىگدا بىر پەركاھ.»

— ئا. نىزارى.

پەركەچى [پركەجی] تاج تىككۈچى:

باكاۋۇل پاشاھغە پەركەچىدۇر،
بىلىپ دىۋانغە ئىش يەتكۈرگۈچىدۇر.

— مەھزۇن.

پەركەند [پر كند] (پ) پارچە، بۆلەك.
پەركەند ئەيلەمەك — پارچىلىماق.
پەركەند - پەركەند — پارچە - پارچە.

پەركەندە [پر كندە] (پ) قانىتى يۇلۇنغان.

پەرگار [پر گار] (پ) دۈگىلەك، ئەندىزە، سىركول.

پەرگالە [پر گالە] (پ) تىتىلغان، يىرتىلغان، پارچە، بۆلەك.

پەرگالە - پەرگالە — پارچە - پارچە، پارە - پارە؛ ۋەيران:

چۇ دەريا باشىدا قىلىپ نالە كۆپ،
ئۆزىن قىلدى پەرگالە - پەرگالە كۆپ.

— ئا. نىزارى.

پەرنەيان [پرنیان] (پ) يىپەكتىن توقۇلغان نېپىز رەخت:

ئىشىكىڭ تۇپراقى مەجرۇھ بولغان جانۇ تەنلەرغە،
شىفالىق مەرھەمى بولدى بىساتى پەرنەيان كېلدى.

— سەككاكى.

پەرھىز [پرهیز] (پ) ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ساقلىنىش، پەرھىز:

مەبى لەئلىڭ خەيالى چەشمەسى كۆڭلۈم سارى ئاقىب،
يۇدى پەرھىز تۇپراغىنى ھەرنەچچە غۇبارىم بار.

— گۇمنام.

پەرۋبال [پروبال] (پ) قانات - قۇيرۇق:

باسىپ تۇخمىنى چۇن چىقاردى بالا،
پەرۋبال ئېلەكىم بولۇپ خۇشنەما.

— ئا. نىزارى.

پەرۋبال ئاچماق — قانات - قۇيرۇقنى يايماق، ئۇچماق.

پەرۋا [پروا] (پ) سەۋر - تاقەت؛ رىغبەت، ئېتىبار، قىزىقىش:

نەچچە بىپەرۋا ئېسەڭ گەر ھۇسن ئىستىغناسىدىن،
قىلغاي ئېردىڭ گاھى - گاھى ئەرشىغە پەرۋا يىگىت.

— ئەرشى.

پەرۋاز [پرواز] (پ) 1) ئۇچۇش، قانات قېقىش.
پەرۋاز ئەتمەك — ئۇچماق، قانات قاقماق:

مۇھەببەت ھەۋاسىدا پەرۋاز ئېتەي،
ھەرەمگە بارىپ بىرنەچچە راز ئېتەي.

— ئا. نىزارى.

2) ئۇچقاندەك تېز:

گەر ئالسە قولىغە شەمشىرى جانباز،
سالىپ كۇفر ئەھلىنىڭ جانىغە پەرۋاز.

— موللا پازىل.

پەرۋانە [پروانە] (پ) 1) شام، چىراغ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان كېپىنەك، پەرۋانە:

چۇ پەرۋانە ئەيلەپ ۋۇجۇدىن فەنا،
بولۇر ئاقىبەت شەمئ ھەم بىزنىيا.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: سۆيگىنىگە بېرىلگەن، مەپتۇن بولغان:

يۈزى شەمئىغە ئەسىرۇ پەرۋانەمەن،

كى پەرۋانەدەك ھەرزەمان يانمەن.

— ئا. نىزارى.

پەرۋانەدەك — پىرقىراپ، ئايلىنىپ:

چۇ مەجنۇن كىرىپ يارنىڭ قاشىغە،

كى پەرۋانەدەك ئۆيرۈلۈپ باشىغە.

— ئا. نىزارى.

پەرۋانەۋار [پروانەوار] (پ) پەرۋانە كەبى، پەرۋانىدەك؛ بىرىلگەن:

ئۆرتەدى شەمئىغە داغىم پەرۋانەۋار،

يىغلار گەردى چۇنكى ئەبرى نەۋبەھار.

— خەراباتى.

پەرۋەر [پرور] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ تەربىيىلىگۈچى، قوللىغۇچى، ئۆستۈرگۈچى، قۇۋۋەتلىگۈچى، سۆيگۈچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

جان پەرۋەر — جانلاندۇرغۇچى.

خىرەد پەرۋەر — ئەقىللىق.

سىفلە پەرۋەر — تۆۋەنلىكنى قۇۋۋەتلىگۈچى:

ئىبرۇ سىفلە پەرۋەر ئانىڭ قىلمىشى،

ئەمەسدۇركى ئەمىن ئانىڭدىن كىشى.

— ئا. نىزارى.

غەم پەرۋەر — غەم بىلەن ئۆسكەن، غەمكىن.

ناز پەرۋەر — نازلىق قىلغۇچى:

تۇرفە كىم سەرگەشتەلىك ھەم قىلغاي ئۇل ئەفكەندەلىك،

لېك ئېتەر بۇ شىيۋەلەرنى ناز پەرۋەر ئەگمە قاش.

— ئەرشى.

نەقىش پەرۋەر — نەقىشنى سۆيگۈچى:

قۇدرەتىن نەققاشى ھېكمەت نەقش پەرۋەر ئەيلەدى،

گۇل مىشامىن ئەيلەدى، سۇمبۇل مۇئەتتەر ئەيلەدى.

— ئەرشى.

پەرۋەرد [پرورد] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ تەربىيەلەنگەن، ئۆسكەن دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

دەرد پەرۋەرد — دەرد بىلەن ئۆسكەن، دەردمەن.

ناز پەرۋەرد — ناز قىلىشقا ئۆگەنگەن.

پەرۋەردە [پروردە] (پ) تەربىيىلەنگەن، پەرۋىش قىلىنغان.

پەرۋەردە تاپماق — تەربىيىلەنمەك.

پەرۋەردە قىلماق — تەربىيىلىمەك.

پەرۋەردىگار [پرودگار] (پ) بارلىقنى ياراتقۇچى، خۇدا:

چۇ گەنجى سىكەندەر بولۇپ ئاشكار،

ساغادۇر نەسىب لۇتفى پەرۋەردىگار.

— ئا. نىزارى.

پەرۋەرىش [پرورش] (پ) تەربىيەلەش، ئۆستۈرۈش.

پەرۋىزەن [پرويزن] (پ) غەلۋىر، ئەلگەك.

پەرۋىن [پروين] (پ) ئۈركەر يۇلتۇز:

كى خۇرشىد خاۋەر يۈزى كۆزگۈسى،

قۇلاقىغە پەرۋىن ئېرۇر گۇنجۇسى.

— ئا. نىزارى.

پەرى [پرى] (پ) 1) پەرى. 2) گۈزەل، چىرايلىق:

قاچىپ كىردى تەخت ئاستىغە گۇل زەمان،

پەرى گۇل زەمان بولدى كۆزدىن نىھان.

— ئا. نىزارى.

پەرى پەيكەر — پەرى سۈرەتلىك، گۈزەل، چىرايلىق.

پەرى رۇ — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل:

گەستەسەم گەرچە پەرى رولار تەمامىن دەھر ئارا،

بارچەسى خەرمۇھر، بۇ بىر گەۋھەرى ۋالا يىگىت.

— ئەرشى.

پەرى رۇخ — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل:

كېلىپ بىر گەۋھەرى يەكتا پەرى رۇخ،

نۇبۇۋۋەت بەھرىدىن زىبا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

پەرى رۇخسار — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.

پەرى كەھ — قايسى بىر پەرى، قانداقتۇر بىر پەرى:

چەشم گىريانىم ۋۇجۇدۇمنى قىلۇر ئانداغ خەيال،

ھەلقەئى گىردابىغە تۈشكەن پەرى كەھدۇر مەگەر.

— ئەرشى.

پەرىزاد [پرى زاد] (پ) پەرىدىن تۇغۇلغان، گۈزەل:

خەيال ئەيلەدى: «بۇ مېنىڭ لايىقىم،

ئۆيۈمدە پەرىزاد بولغاي مۇقىم.»

— ئا. نىزارى.

پەرىزاد ئەجناسى — پەرىزاد جىنسى، پەرىزات ئەۋلادى:

ئەرەم باغىنىڭ سەرۋى رەئناسىمۇ،

ۋە ياخود پەرىزاد ئەجناسىمۇ؟

— ئا. نىزارى.

پەرىزادە [پرى زادە] (پ) «پەرىزاد»قا قاراڭ.

پەرىسان [پرى سان] (پ) پەرى كەبى، پەرىگە ئوخشاش؛ گۈزەل.

پەرىشان [پريشان] (پ) 1) چېچىلغان، تارالغان، تەرتىپسىز:

سىبلى ئەشكىم لالەگۇندۇر لەئلە رەخشانىن كۆرۈپ،

خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر زۇلفى پەرىشانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

2) پاراكەندە:

ئويقىدا ئېركەن مەگەر زۇلفۇڭنى تاغىتتى سەبا،

كېيىن بېرەر ئۇسسام كۆزلۈم) چۈشۈم پەرىشان كۆرۈنۈر
— لۇتفى.

پەرىشان ئەيلىمەك — چاچماق؛ پاراكەندە قىلماق، بىئارام قىلماق:

جانۇ كۆڭلۈمگە قويۇپ ئەمدى يېتىملىك داغىنى،
بۇ تىرىكلىكدىن داغى كۆڭلۈم پەرىشان ئەيلەدىڭ.

— ئا. نىزارى.

پەرىشان خاتىر — خاتىرجەمسىز، بىئارام:

كى مەجنۇن ئاسا رەۋان بولدى ئول،
پەرىشان خاتىر يۈرۈپ كەزدى يول.

— ئا. نىزارى.

پەرىشان ئولماق — چېچىلىپ كەتمەك، بىئارام بولماق:

بۇ ئىشقە ئاتاسى پەرىشان ئولۇپ،
دېدى ھەم ئاناسى ھەراسان ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

پەرىشانلىغ [پريشانليغ] تارقاقلىق؛ پاراكەندىچىلىك، بىئاراملىق:

يۈزىگە ساچىتىم ئۆگۈن تەگمىسۇن پەرىشانلىغ،
كۆڭۈلنى ئول تۈنۈر كۈن نېچە مۇپتەلا قىلسا.

— لۇتفى.

پەرىۋەش [پرى وش] (پ) پەرىگە ئوخشاش، گۈزەل:

پەرىۋەش بىلە ئۆچتى ئانداغ پەرى،
ئانى كەلتۈرۈپ بارچەدىن ئىلگەرى.

— ئا. نىزارى.

پەزىر [پذير] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ قوبۇل قىلغۇچى، ياققۇچى، تاپقۇچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

تەبئ پەزىر — كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ياققىدىغان، يېقىملىق.

دەرمان پەزىر — دەرمان تاپقان، دەرمانلىق:

كۆڭۈلنى دەرد ئىلە دەرمان پەزىر ئەت،
كىشىكىم دەردى يوق ئول ھېچ كارە.

— ئەرشى.

دىل پەزىر — كۆڭۈلگە ياققۇچى، يېقىملىق.

سىھھەت پەزىر — ساغلام:

چېكىپ زەخمىنىڭ دەردىنى ئول ۋەزىر،
ياتىپ نەچچە كۈن بولدى سىھھەت پەزىر.

— ئا. نىزارى.

نەسىھەت پەزىر — نەسىھەتنى قوبۇل قىلغۇچى، نەسىھەتنى ئاڭلىغۇچى:

كىمكى بولۇر مۇندا نەسىھەت پەزىر،
باسقان ئانىڭ تۇپراغى مۇشكى ئەبىر.

— زەلىلى.

نەقش پەزىر — نەقىشنى قوبۇل قىلغۇچى، ئۆزلەشتۈرگۈ- چى.

پەزىرە [پذيره] (پ) قوبۇل قىلىش، قارشى ئېلىش.

پەزىرە كەلمەك — ماقۇل بولماق.

پەژمان [پژمان] (پ) غەمكىن، سولغۇن؛ بىئارام.

جانى پەژمان — غەمكىن روھ، ئېزىلگەن ۋۇجۇد.

پەژمۇردە [پژمرده] (پ) 1) سولغۇن، بوزۇلغان، خاراب بولغان:

ۋەلايەت بولۇپ ئېردى پەژمۇردەئى،
ئەدۇ خەيلى زەربىدىن ئەفسۇردەئى.

— ئا. نىزارى.

2) غەمكىن، غەم باسقان:

قەبىلە بارى بىلدى ئول ھالنى،
سوراپ كەلدى پەژمۇردە ئەھۋالنى.

— ئا. نىزارى.

پەژمۇردە بولماق — غەمكىن بولماق؛ ۋەيران بولماق:

كى پەژمۇردە بولدى گۈل ئەھمەر يۈزى،
كىشى بىلمەس ھالىن مەگەر ئول ئۆزى.

— ئا. نىزارى.

پەژمۇردە قىلماق — سولدۇرماق، ۋەيران قىلماق:

فەلەكنى قىلغۇسى پەژمۇردە ئەزبەس سوزى ئەففانىم،
مەدارى مەزھەبۇ ئايىنى شەمئى شەب رەۋان كەتمىش.

— ئەرشى.

پەژمۇردە ھال — ۋەيران، بىئارام:

ۋەزىر ھەم بولۇپ ئانچە پەژمۇردە ھال،
غەزەبدىن قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە خەيال.

— ئا. نىزارى.

پەژۇھ [پژوه] (پ) تەكشۈرگۈچى، تەتقىق قىلغۇچى.

دانىش پەژۇھ — ئىلىم تەتقىق قىلغۇچى.

دىن پەژۇھ — دىن تەتقىق قىلغۇچى.

پەست [پست] (پ) تۆۋەن، پەس.

پەست قىلماق — پەسەيتمەك، توختاتماق:

تۆگەتتى سۆزىن، يۇمدى ئول كۆزىنى،
كى جان تاپشۇرۇپ پەست قىلىپ سۆزىنى.

— ئا. نىزارى.

پەسۇپىش [پس وپش] (پ) ئىلگىرى - كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر:

غەمكى دىن غەمدۇر ئەسلى غەم ئەگەر بىلسەڭ،
چۈنانكى خوب قارا ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن پەسۇپىش.

— شەۋقى.

پەسىج [پسيج] (پ) 1) تەييار، تەييارلاپ قويۇلغان يۈك. 2) قىممەتلىك.

پەشمىن [پشمين] (پ) يۇڭدىن توقۇلغان، يۇڭلۇق.

پەشمىن كىسۋەت — يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىيىم.

پەشمىنە [پشمينه] (پ) 1) يۇڭ چەكمەن، يۇڭدىن توقۇلغان رەخت. 2) يۇڭ كىيىم:

يايىپ ساچىنى ئۆزىنى يۆرگەدى،
كى پەشمىنە بىرلە تەنىن چۆرگەدى.

— ئا. نىزارى.

پەششە [پشه] (پ) پاشا:

ئەگەر ئىشق قىلسە بىرەۋنى ئەسىر،
ئەگەر پەششە بولسا، بولۇر مىسلى شىر.

— ئا. نىزارى.

پەشم [پشم] (پ) يۇڭ، موي.

پەشنەد [پشند] (پ) يېقىمسىز.

پەشىز [پشيز] (پ) 1) ئەرزىمەس. 2) پارچە پۇل، ئۇششاق پۇل.

پەغنە [پغنه] (پ) باسقۇچ، پەلەمپەي.

پەگاھ [پگاه] (پ) ئەتىگەن، سەھەر، تاڭ.

پەلەڭ [پلنگ] (پ) قاپلان:

مەئانى بىشەسىدە شىرۇ ئەژدەھالار بار،
پەلەڭى جەئفەرى سادىقنى ئىستىخارە قىلاي.

— زەلىلى.

پەلىد [پليد] (پ) ناپاك، نىجىس:

كۆرۈڭ قەترە پەلىدنى پاك قىلدى،
كى بەردى جاننى، ئاخىر خاك قىلدى.

— موللا پازىل.

پەناھ [پناه] (پ) 1) ھىمايە، ياردەم، باشپاناھ:

ھەقايىق پەناھ نەچچە قۇتبى ۋەلى،
چۇ كاشغەر نەۋاھىن قىلىپ مەنزىلى.

— ئا، نىزارى.

2) سېغىنىدىغان، ياردەم سورايدىغان جاي:

كېلىپمەن بۇ يەرگە پەناھ ئىستەبان،
سېنى ئىشق ئەھلىغە شاھ ئىستەبان.

— ئا. نىزارى.

پەناھ ئەيلەمەك — سېغىنماق، پاناھلانماق:

تاپاي چۇن فەنا قافىغە شاھ راھ،
سەئادەت ھەرىمىنى ئەيلەي پەناھ.

— ئا. نىزارى.

پەناھ بەرمەك — ئۆز ھىمايىسىگە ئالماق.

پەنج [پنج] (پ) بەش.

پەنج گەنج — بەش خەزىنە؛ خەمسە.

پەنجە [پنجه] (پ) قول، بارماق، چاڭگال:

پەنجەڭنى كۆرەر ئىبسەم، بەناگاھ،
قىلغۇمدۇر خەيال ئەللاھ.

— ئەرشى.

پەنجە خۇرشىد — كۆچمە. م: قۇياش نۇرلىرى.

پەنجاھ [پنجاه] (پ) ئەللىك.

پەنجاھوھەفت — ئەللىك يەتتە:

ۋەرەقغە كىتابەت ئىشى بولدى سەبت،
ھەزارۇ دۇسەدباز پەنجاھۇ ھەفت.

— ئا. نىزارى.

پەند [پند] (پ) نەسىھەت، تەربىيە:

ئەي قاياشىم، سال قۇلاق بۇ پەندىغە،
گەپنى ئاز قىل ئىرشاد ئىرسەڭ قەندىغە.

— خەراباتى.

پەند ئەھلى — نەسىھەت قىلغۇچىلار.

پەند ئەيلەمەك — نەسىھەت قىلماق، تەربىيە بەرمەك:

كېلىپ چۇست پەرھادنىڭ قاشىغە،
كى پەند ئەيلەدى پايىدىن باشىغە.

— ئا. نىزارى.

پەند قىلماق — نەسىھەت قىلماق:

ئانى بىز تاپىپ پەند قىلساق كېرەك،
قابۇل ئەتمەسە بەند قىلساق كېرەك.

— ئا. نىزارى.

پەند پەزىر [پند پزير] (پ) نەسىھەتنى قۇلىقىدا تۇتىدىغان، نەسىھەت ئاڭلايدىغان.

پەھلەۋان [پهلوان] (پ) باتۇر، قەھرىمان، يۈرەكلىك:

نىھان ساقلاسە بىر نەچچە خادىمى،
بولۇپ پاسىبان پەھلەۋان ئادەمى.

— ئا. نىزارى.

پەھلەۋانانە [پهلوانانه] (پ) قەھرىمانلارچە.

پەھلۇ [پهلو] (پ) يان، بېقىن؛ قانات.

پەي I [پى] (پ) ئاياغ، قەدەم:

بۇغەم بەزمىدە تۇت، ئەي ساقى مەي،
ھاياتى ئەبەدكە بولاي ئىلك پەي.

— ئا. نىزارى.

2) ئىز:

كۆڭۈل ئەگرىش خىرەد پەيدىن ئەبەس تۇت،
تۇرۇپ بۇلبۇل زەغەن سەۋتى چەكارە.

— ئەرشى.

پەي سالماق — ئىزىغا چۈشمەك.

پەي قويماق — ئاياغ باسماق.

پەي II [پى] (پ) تومۇر، ئىرۋا يىپلىرى:

ئەز پەي كۆشىغە كىرگەيلەر ھەمە،

ھەربىرىنىڭ كۆڭلىدە يۈز زەمزەمە.

— زەلىلى.

پەيام [پيام] (پ) خەۋەر، دېرەك:

پەيام تاپماق — خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق.

شىرىن پەيام — خۇش خەۋەر، يېقىملىق خەۋەر:

سەلامەت يەتكەچ ئۇق لۇتۇق ئەيلەبان شىرىن پەيامىڭنى،
نە بولدى گەر ئىبەرسەڭ بۇ ھەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەپ.

— ئەرشى.

پەيامئاۋەر [پيامآور] (پ) خەۋەر كەلتۈرگۈچى.

پەياپەي [پياپى] (پ) قاتمۇقات، ئۈستى - ئۈستىلەپ، ئارقىمۇئارقا:

سەبا يەتكۈرسە بۇ ئۇتلۇغ پەياپەي دەرد ئىلە كۆڭلۈم،
نې تالڭ فەرياد قىلسە ئەرغەنۇن بىرلە بەياد ئەيلەپ،

— ئەرشى.

پەيامبەر [پيامبر] (پ) «پەيغەمبەر» گە قاراڭ.

پەيەمبەر [پيمبر] (پ) «پەيغەمبەر» گە قاراڭ:

پەيەمبەر ئىدى ھەزرەتى زىكرىيا،
ئىبەردى بۇ دوستىغا تۈرلۈك بەلا.

— ئا. نىزارى.

پەيەمبەران [پيمبران] (پ) [بىرلىكى: پەيەمبەر] پەيغەمبەرلەر:

يېتىسسەلەرچى ئەجەپ پەرتەۋى شەفائەتدىن،
بىھەققى ھۆرمەتى نامى پەيەمبەران تارىخ.

— شەۋقى.

پەيرەۋ [پيرو] (پ) ئەگەشكۈچى، ئىزىدىن ماڭغۇچى:

مەداين ئېلى شاھى خۇسرەۋ ئىدى،
كى ھورمۇز مەقامىدا پەيرەۋ ئىدى.

— ئا. نىزارى.

پەيرەۋ بولماق — ئەگەشمەك، ئىزىدىن ماڭماق.

پەيرەۋ كەلمەك — ئەگەشمەك، ماسلاشماق.

پەيرەۋلىق [پيروليق] تەۋەلىك، ئەگەشكەنلىك:

ئىشق ئىستەر بولسا مەجنۇن ئەيلەگەي پەيرەۋلىقىم،
بولنى نې بىلگەي كىشى تارەھنەما كۆرسەتمەگەي.

— بابىر.

پەيرەۋى [پيروى] (پ) 1) ئىزىدىن مېڭىش، تەۋە بولۇش. 2) تەۋەلىك.

پەيرەۋى قىلماق — ئەگەشتۈرمەك، تەۋە قىلماق:

لىسانى غەيبىگە سەن پەيرەۋى قىلالماس سەن،
زەلىلى شوخلۇقۇڭ تۇتتى مەرھابا قىلايىن.

— زەلىلى.

پەيرەۋىدە قىلماق — تەۋەلىكدە، ھۆزۈرىدا قىلماق:

مېنى پەيرەۋىدە قىلىپ مۇستەقىم،
جەنابىڭدا بۇ قۇلنى قىلغىل مۇقىم.

— ئا. نىزارى.

پەيغام [پيغام] (پ) خەۋەر، دېرەك:

يارنىڭ پەيغامىدىن تاپتى تەنى فەرسۇدە جان،
ئىسە ئەئجازى مەگەر مۇزمەر دۇرۇر پەيغامىدا.

— بابىر.

پەيغام ئەھلى — ئەلچىلەر، خەۋەرچىلەر.

پەيغام قىلماق — خەۋەر قىلماق، ئاڭلاتماق.

پەيغام ئۇلماق — خەۋەر يەتمەك، ئاڭلانماق.

پايغامگەر [پيغام كر] (پ) خەۋەر قىلغۇچى، سالام يەتكۈزگۈچى.

پەيغەمبەر [پيغمبر] (پ) خۇدادىن بەندىلەرگە خەۋەر كەلتۈرگۈچى، رەسۇل، ئەلچى.

پەيك [پيك] (پ) خەۋەرچى، ئەلچى:

مۇژدە بەرگەيمۇ سۇلەيمانۇ نەبىدىن خەلقئارا،
تاجدارۇ ھۇد - ھۇدى پەيكى سابا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

پەيكى خەيال — خىيالغا كەلتۈرگۈچى، خىيال ئەلچىسى.

پەيكى نەسىم — ئىللىق شامال ئەلچىسى.

پەيكار [پيكار] (پ) ئۇرۇش، جەڭ.

پەيكان [پيكان] (پ) 1) ئوقيا ئوقىنىڭ ئۇچى، ئوق:

ئوقىدا پەيكان ئەمەس بىر قەترە ھەيۋان سۈيىدۇر،
يەتكەچ ئوق جانسىز تەنىمغە جان ئوشۇل پەيكان بىرۇر.

— بابىر.

2) تىكەن. 3) كۆچمە م: كىرپىك:

كۆز ئۇچى بىلەن باقتى، تەگدى تىيرى مىژگانى،
سىينەم ئۆزرە پەيكانى رەھنە قىلدى ۋەيران، قىز.

— نەۋبەتى.

تىيرى پەيكان — ئوق ئۇچى:

تىگىپ تىيرى ئىشقى ئەزىز جانىغە،
ھەدەف بولدى جان تىيرى پەيكانىغە.

— ئا. نىزارى.

ناۋەكى پەيكان — ئوقيا ئۇچىدىكى تۆمۈر:

نەگە تۇردۇڭ دەرسىلەر مەھشەردە لۇتفى دۇنيىدىن،
كۆرگۈزەي باغرىمدەغى ناۋەكلەرنىڭ پەيكانىنى.

پەيكەر [پيكار] (پ) 1) گەۋدە، بوي:

يەپابانى ئەدەمدە پەيكەرىمنى لەختە قان ئەتكەچ،
چۇدۇر رەۋشەن ئولدى خاتىرىم سەيرى جەھان ئەتكەچ.

— زەلىلى.

2) سۈرەت، شەكىل:

تەن ئىچىدىن بەلگۈرۈر جانىڭ سەنىڭ،

شىشە ياسىرغان ئۇلۇپتۇر پەيكارلىق.

— گۇمنام.

3) يۈز، چىراي. 4) كۆرۈنۈش، قىياپەت:

غەرق ئېتىبدۇر پەيكەرىمنى، ئاھكىم، گىردابى غەم،
كىم سالامەت قالغۇسى ئالەمدە بۇ توپان بىلە.

— ئا. نىزارى.

پەرى پەيكەر — پەرى سۈرەتلىك.

دىۋ پەيكەر — بەتھەيۋەت، دىۋە سۈرەت.

كوھ پەيكەر — تاغدەك، تاغ سۈرەتلىك:

بولۇپ كوھ پەيكەر ئاتىغە سەۋار،
قىلىپ ئەژدەھا سارىغا ئىختىيار.

— ئا. نىزارى.

ماھ پەيكەر — ئاي يۈزلۈك.

پەيما [پيما] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ «تارتقۇچى، ئۆلچىگۈچى؛ يۈرگۈچى، كەزگۈچى، تۇتقۇچى» مەنىسىدە كېلىدۇ.

بادە پەيما — مەي تۇتقۇچى؛ ساقى.

بەھر پەيما — دەريا كەزگۈچى، دېڭىز ساياھەتچىسى.

قەدەھ پەيما — قەدەھ تۇتقۇچى:

مەستمەن بىر باقماغىنىدىنكىم، جەھانغا كەلمەگەي،
كۆزلەرى جامى بىلە مۇنداغ قەدەھ پەيما يىگىت.

— گەرشى.

پەيمان [پيمان] (پ) ۋەدە، ئەھدە:

بىر قاتىغ جانلىغ جەھاندا كۆرمەدىم كۆڭلۈم بىكىن،
كىم چىكەر جەبرۇ بۇرۇنقى ئەھدۇ پەيمانىندەدۇر.

— لۇتفى.

پەيمان شىكەن — ۋەدىنى بۇزغۇچى.

پەيمان قىلماق — ئەھدە قىلماق، ۋەدە بەرمەك:

بۇ شەرت ئىلە خەنجەرنى ئالدى پەرى،
قىلىپ ئەھد پەيمان ئاڭا دىلبەرى.

— ئا. نىزارى.

پەيمانە [پيمانه] (پ) 1) پىيالە، قەدەھ:

مۇيەسسەر بولسە گەر ۋەسلى غەنىمەت بىلمەكۇ قوتماق،
كەتۇرمەكدۇر سۇراھى نەچچە ۋۇ پەيمانە ئاندىن كۆپ.

— گەرشى.

2) ئۆلچەم، قاچا:

چۇ مەھزۇنغە شەرت ئەتتى جانانەسى،
كى قەۋل ئەيلەبان ئۆزرر پەيمانەسى.

— ئا. نىزارى.

پەيمانە كەش — مەي ئىچكۈچى.

پەيمانەئى ئۆمر — ئۆمرى توگىگەن.

ئەجەل پەيمانەسى تولماق — ئەجىلى يەتمەك.

پەيمۇدە [پيموده] (پ) يول يۈرگۈچى، سەيياھ:

زەمانە ئەھلى ئىچرە، ئەي كۆڭۈل، ئايا تاپىلغايمۇ،
سېنىڭدەك دەردى پەيمانۇ، مېنىڭدەك دەردى پەيمۇدە.

— بابىر.

پەيۋەست [پيوست] (پ) تۇتاش، ئۇلانغان؛ ھەمىشە، دائىم.

پەيۋەست ئەتمەك — تۇتاشتۇرماق.

پەيۋەستە [پيوسته] (پ) 1) تۇتاشقان، ئۇلاشقان:

قاراقچى بولمىسا ئەبيار كۆزى،
نەغۇ پەيۋەستە ھەربىر دەمدە سەنسەن.

— ئا. نىزارى.

2) ھەمىشە، دائىم:

جادۇ كۆزۈڭكى باردۇر ئانىڭ فىتنە قاشىدە،
پەيۋەستە نازۇ شىۋە ئەرۇر فىكرى باشىدە.

— ئاتايى.

پەيۋەستە قاش — قوشۇما قاش:

كۆڭۈل باغرى ئارا ئەزم ئەتسە دېرمەن باغرى تاشمىدۇر،
يوق ئەتكەن بۇدۇ نابۇدۇمنى ئول پەيۋەستە قاشمىدۇر.

— گۇمنام.

پەيۋەند [پيوند] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ «ئۇلىغۇچى، باغلىغۇچى، تۇتقۇچى، قىلغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

ئەدل پەيۋەند — ئادالەتلىك قىلغۇچى:

مۇشارۇن ئىلەيھ ئەدل پەيۋەند ئېرۇر،
خەلايىق سەلاھى ئاڭا بەند ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

بەند پەيۋەند — بەند قىلىنغۇچى، باغلاقلىق:

بەندى پەيۋەندىكى ئادەم جىسمىدا پەيدا ئېرۇر،
بىتەكەللۇف ئاڭلاغىل دارى مادارى ئاشقان.

— زەلىلى.

پەيۋەند ئەتمەك — باغلىماق، تۇتاشتۇرماق:

مېھرى لۇتفۇڭ نەچچە زىدلەر ئونسۇرىن پەيۋەند ئېتىپ،
باد، خاكۇ ئابۇ ئاتەش بىر ـ بىرىگە ئىختىلات.

— شەۋقى.

پەيۋەند ئەنگۇشت — بارماق ئۈگىلىرى.

پەيۋەند تاپماق — تۇتاشماق، باغلانماق.

پەيۋەند ئولماق — باغلانماق، ئۇلانماق.

چارە پەيۋەند — ئىلاج قىلغۇچى، چارە تاپقۇچى.

دەرد پەيۋەند — دەردلىك.

فەسانە پەيۋەند — ھېكايە ئېيتقۇچى، داستانچى.

قەيد پەيۋەند — بەند قىلغۇچى، ئاسارەتكە سالغۇچى.

ھەۋەس پەيۋەند — ھەۋەس قىلغۇچى، ھەۋەسكە

بىرىلگۈچى.

پەيۋەندلىق [پيوندليق] 1) ئۇلاقلىق؛ 2) قېرىنداشلىق، يېقىنلىق.

پۇتراتماق [پۇتراتماق] (پ) تارقاتماق؛ ئۈركۈتمەك.

پۇتراشماق [پوتراشماق] (پ) تارقىلىشماق:

سۈزۈلدى جەھاندىن ئەلاماتى گەرد،
قاچىپ، پۇتراشىپ يىلىبىسۇن ئەھلى دەرد.

— ئا. نىزارى.

پۇتراماق [پوتراماق] (پ) تارقىماق، چېچىلماق؛ پاراكەندە بولماق:

چۇ خاقان ئەزىمەت قىلىپ ئوغرادى،
سىپاھى ئانىڭ ئارقادىن پۇترادى.

— ئا. نىزارى.

پۇد [پود] (پ) ئارقاق.

تارۇ پۇد — ئۆرۈش ۋە ئارقاق.

پۇر [پر] (پ) كۆپ، نۇرغۇن؛ مول:

كى سەندىن شىكەستە ئاڭا پۇر ئىدى،
ۋەلى ئىشق ئوقى بىرلە مەھجۇر ئىدى.

— ئا. نىزارى.

پۇر ئاب — سۇلۇق، سۇغا تولغان:

يۈزۈڭ ئۆزرە ئەرەقلەر يادى كۆزۈمنى پۇر ئاب ئەيلەپ،
دەۋا تاپماي قىلىپ دەرد ئىچرە دەرمانىمدىن ئايرىلغاچ.

— ئەرشى.

پۇر ئاپەت — ئاپىتى كۆپ، ئاپەتلىك.

پۇر ئەيلەمەك — مول قىلماق، يېتەرلىك قىلماق:

نەچەكىم خەستە جاندۇرمەن مەيى لەئلىڭگە، ئەي ساقى،
تەبەسسۇم جامىنى پۇر ئەيلەگىل، دەفئى ئەت خۇمارىمنى.

— ئەرشى.

پۇر جەفا — جاپاسى كۆپ، جاپالىق:

بىر مەھۋەشى پۇر جافا قولىدىن،
ھەردەم ماڭا يۈز بەلا يېتىدىندۇر.
سەن رەھىم نىگاھى بىرلە باقماي،
مەندىن ساڭا بۇ ۋەفا يېتىدىندۇر.

— ئەرشى.

پۇر خەتەر — كۆپ خەتەرلىك، ناھايىتى قورقۇنچلۇق.

پۇر خۇمار — مەست، كۆزى خۇمارلاشقان.

پۇر دەرد — دەردكە تولغان، دەردى كۆپ.

پۇر دەردانە — دەردمەنلەرچە، كۆپ قايغۇ بىلەن.

پۇر دىل — يۈرەكلىك، قەھرىمان.

پۇر زىيا — ناھايىتى يورۇق، ناھايىتى روشەن:

جەھان رەڭنالارىدىن كۆزلەرىم شەھبازدېك تىكتىم،
بولۇرمۇ كۆزلەرىم كۆندېك يۈزۈڭدىن پۇرزىيا بىر كۈن.

— گۇمنام.

پۇر زىينەت — ناھايىتى زىننەتلىك، ياسىداق.

پۇر غۇسسە — كۆپ قايغۇ، غەم:

چىقتى داغى سىينەڭى پۇر غۇسسەدىن تۇرلۇك سەدا،
بولمە نەۋمىد، ئەي، يارۇغلۇق بولسەگەر فىتلىڭ تەباھ.

— ئەرشى.

پۇر كار — ئىشچان، تەجرىبىلىك:

باشىڭدىن چەرخ ئۆرۈپ مەن رىشتەئى مېھرىڭگە چىرماندىم،
فەلەك ھەم بولمادى ئىشقىڭ ئارا پۇركارمەن ياڭلىغ.

— گۇمنام.

پۇر گۈي — كۆپ گەپ قىلغۇچى.

پۇر مەكر — ھىيلىگەر، مىكىرلىك.

پۇر نۇر — پارلاق، نۇرلۇق:

مېھر ئەگەر پۇر نۇردۇر چەرخ ئەۋجىدە، سالمان نەزەر،
كۆلبەم ئىچرە جىلۋەئى ماھى جەھانىم بولسە بەس.

— ئەرشى.

پۇر ھال — خۇرسەن، شاد.

پۇر ھالەت — ھەر خىل ھالدا.

پۇر ھەزىن — مەيۇس، قايغۇلۇق؛ كۆپ قايغۇ:

مەقسەدكى توختى پۇر ھەزىن قىلدى شۇرۇۋە غەمكىن ھەزىن،
ئەھۋال بەيان قىلدى كېيىن باشىغە ھەرنە كەلگەنىن.

— غەرىبى.

پۇر ھىيلە — ھىيلىگەر، ھىيلىسى كۆپ.

تۇھفەئى پۇر — نۇرغۇن تۇھپە، ئىنئام:

كى تەئيىن قىلىپ تۇھفەئى پۇر بەھا،
قىلىپ ئول زەمان ياخشى قىتئە ئەدا.

— ئا. نىزارى.

پۇر II [پر] (پ) پەرزەنت، بالا:

زەمانى كۆڭۈل غەمدىن ئازاد ئەمەس،
ئاتا چاغلاغان پۇر پەرھاد ئەمەس.

— ئا. نىزارى.

پۇر تاب [پرتاب] (پ) ناھايىتى روشەن، پارقىراق.

پۇر پىچ [پرپيچ] (پ) چىرماش، كۆپ يۆگەلگەن.

پۇر جۇش [پرجوش] (پ) قايناق، زوقلۇق، خۇشال؛ ھاياجانلىق.

پۇر چىن [پرچين] (پ) قورۇقلىرى كۆپ، قورۇقلۇق.

پۇرچىن ئارەز — قورۇق باسقان يۈز.

پۇر خەم [پرخم] (پ) كۆپ بۇرالغان، بۇرام - بۇرام، كۆپ ئېگىلگەن.

پۇر خۇن [پرخون] (پ) قانغا تولغان، قانلىق:

ئەي ئوغۇل زاھىرنى مەجنۇن قىلمىساڭ،
دەرد بىرلە سىينە پۇر خۇن قىلمىساڭ.

— خەراباتى.

پۆر دان [پردان] (پ) كۆپ بىلگۈچى، بىلىملىك.

پۆر سو [پرسو] (پ) يورۇق، نۇرلۇق.

پۆر سوز [پرسوز] (پ) تېز ياندۇرغۇچى، كۆيدۈرگۈچى.

پۆر شور [پرشور] (پ) شاۋقۇن - سۈرەنلىك.

پۆر فەن [پرفن] (پ) نەيرەڭۋاز، ھىيلىگەر:

جەفايۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتۇپسەن،
مۇنىڭدەك ئىشۋە پۆر فەندىن نەھاسىل.

— لۇتفى.

پۆر فۇسۇن [پرفسون] (پ) نەيرەڭلەر، ھىيلىلەر:

ئاتا يەئقۇب ئولمىش گىرىفتارى دۇن،
دىلىن سەيد قىلغان جەھان پۆر فۇسۇن.

— ئا. نىزارى.

پۆزىش [پوزش] (پ) ئۆزرە، كەچۈرۈم.

پۆزىش پەزىر — ئۆزرىنى قوبۇل قىلغۇچى.

پۆش [پوش] (پ) 1) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «كىيگۈچى، كىيگەن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئەخزەر پۆش — يېشىل كىيىملىك.

پەردە پۆش — پەردە يېپىنغان.

پۆست پۆش — تېرە كىيگەن؛ كۆچمە. م: دىۋانە.

زۇمرەد پۆش — يېشىل كىيىم كىيگەن.

زىرىھ پۆش — ساۋۇت كىيگەن.

سىياھ پۆش — قارا كىيىملىك، ماتەم كىيىمى كىيگەن.

2) كىيىم، لىباس:

قەدى شىمشادى شوخى ئەنبەرىن پۆشى پەرىزادى،
كى ئاندىن تۇردە سۆزىنى يەزەدگە شانەدۇر پەيدا.

— زەلىلى.

زەررىن پۆش — زەر بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىم:

نەكاپىر، نەمۇسۇلمان، تالڭ ئاتتى زەررىن پۆش،
كىيەر يەنە كېچەلەردە گەداۋۇ شاھ قارا.

— زەلىلى.

پۆشت I [پشت] (پ) 1) ئارقا، ئارقا گەۋدە:

كۆزدىن پەرىۋەش ئۆچتىلار، سەۋدايى ئىشقىڭ تۇشتىلەر،
خەم بولدى مەھكەم پۆشتىلار، مەستانە ئۆرۈلدى دىماغ.

— شەۋقى.

2) سىرت، تېرە:

سەرۋاد زاھىر ئەيلەپ پۆشت لەبىدىن فەھم قىلمىشمەن،
مۇرىدى ساددەلەرگە خەت بىلەن ئىرشاد قىلغايمۇ؟

— زەلىلى.

پۆشت پا ئۇرماق — تەرك ئەتمەك، كەچمەك.

پۆشت II [پشت] (پ) ئەۋلاد:

كى ئول مۇلك ئالارغا قالىپ نىچە پۆشت،
چىقارماي ئاللاردى سىپىھرى دۆرۆشت.

— نەۋايى.

پۆشتى پەناھ — يۆلىنىدىغان، تايىنىدىغان، يۆلەنگۈچى:

زۇھد ئېلىدىن ئىشق ئېلى ھەرگىزدە كۆز تۇتماس پەناھ،
بۇ نەزەر باز ئەھلىنىڭ پۆشتى پەناھى ئۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

پۆشتە [پشته] (پ) تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

پۆشتىبان [پشتبان] (پ) تىرەك، تايانچ؛ مەدەتكار.

پۆشىدە [پوشيده] (پ) 1) مەخپىي، يوشۇرۇن، بېكىتىكلىك:

كاكۇلى مۇشكىن سەنەمنىڭ چېھرەسىن پۆشىدە تۇت،
جىلۋەئى ھۇسنىدە ئەيلەر ۋەر نە ئالەمنى خەراب.

— زەلىلى.

2) كىيىنگەن، يېپىنغان.

پۆيە [پويه] (پ) يۈگۈرۈش، چېپىش.

پۆيە ئەيلەمەك — يۈرمەك، كەزمەك:

گەھى پۆيە ئەيلەر ئىدى ھەر تەرەف،
بولۇپ گاھ ھىجران ئوقىغە ھەدەف.

— ئا. نىزارى.

پۆيە تاپماق — يۈرۈشكە، بىرىشقا مۇيەسسەر بولماق.

پۆيە سالماق — يۈرۈش قىلماق.

پۆيە ئۇرماق — يۈرمەك، كەزمەك:

ئول ئىتدەك بەياباندا چەكمىش فىغان،
ئۇرۇپ پۆيە ئول سارى بولمىش ئەيان.

— ئا. نىزارى.

پۆيەزەن [پويەزن] (پ) قەدەم باسقۇچى، يۈرگۈچى.

پۆيەسىز [پويەسز] ھەرىكەتسىز، يۈرۈشسىز.

پۆيەگەر [پويەگر] (پ) يۈرگۈچى، يۈگۈرگۈچى:

ئۆمىر ئىچى باشۇ - ئاياغ پۆيەگەر ئولغان كىمدۇر،
ئىشق دەشتىدە مېنى بىسە رۇپادىن غەيرى.

— ئەرشى.

پۆيەندە [پوينده] (پ) كەزگۈچى، يۈگۈرگۈچى.

پۆتكۈرمەك [پتكورماك] (پ) تامامىلىماق، پۆتكۈزمەك:

ماڭا مۇشكىل سېنىڭ ئالدىڭدا ئاسان،
ئىشىم پۆتكۈرمەسلىڭ مەندە نەئىمكان.

— موللا پازىل.

پىتمەس [پتماس] (پ) پۈتمەيدىغان، يازمايدىغان:

نەۋبەتى ئاجىز جەھاندا دوست تۇتقىل ئالىمى،
تاتىرىكدۇرسەن گۇناھىڭنى پىتمەس بولسا پەيىز.

— نەۋبەتى.

پىچ [پيچ] (پ) تولغىنىش، ئورىلىش، بۇرىلىش.

پىچ بەرمەك — قولغا ئورىماق.

پىچ دەر پىچ — ئۈستى - ئۈستىگە ئورالغان، قاتمۇ قات، مەھكەم.

پىچ ئۇرماق — تولغانماق، بۇرالماق.

دەست پىچ — قولغا ئورىماق، چىڭ تۇتماق.

پىچاپىچ [پيچاپيچ] (پ) 1) چىرماشقان، ئورالغان. 2) كۆچمە. م: مۇشكۇل، قىيىن.

پىچان [پيچان] (پ) تولغانغان، چىرمالغان.

ئىشقىپىچان [عشق پيچان] (ئە + پ) ھەشقىپىچەك (بىر خىل سامان غوللۇق گۈل) :

رەھىم ئەيلە، ئەي مەھۋەش، تۇشتى جانىمە ئاتەش،
نەۋبەتى نىھالىڭغە بولدى ئىشقىپىچان قىز.

— نەۋبەتى.

پىچ - پىچ [پيچ پيچ] (پ) بۇرام - بۇرام؛ ئۆرۈم:

ئەي مەسەلسەل زۇلفىدىن جانىمدە يۈز مىڭ پىچ - پىچ،
سورماساڭ ھەردەم بۇقۇلنى، گاھى سورغىل كېچ - كېچ.

— ئاتايى.

پىچۇتاب [پيچو تاب] (پ) 1) تولغىنىش، مىدىرلاش:

كى بىچارەلىكدىن قىلىپ ئىزتىراپ،
كى مۇ ئوتغە تۇشكەن كەبى پىچۇتاب.

— ئا. نىزارى.

2) ھاياجانلىنىش:

كۆڭۈلگە تۇشۇپ ئول زەمان پىچۇتاب،
كى رەئشە بولۇپ جىسمى گويا سىماب.

— ئا. نىزارى.

3) قىينىلىش، ئازابلىنىش:

يۈزۈڭ مېھرىدە كۆڭلۈم زەررە يەڭلىغ ئىزتىراب ئەيلەپ،
ساچىڭ يادىدا تۈنلەر تولغانۇرمەن پىچۇتاب ئەيلەب.

— ئەرشى.

پىچۇتاب ئەيلەمەك — قىينىماق، ئازابلىماق:

فەلەكدە مېھرۇ گۈلشەن ئىچرە گۈللار يافراغىن ناگەھ،
تەزەلزۇل ئىچرە سالدى ئارەزىنى پىچۇ تاب ئەيلەب.

— ئەرشى.

پىچۇتاب سالماق — لەرزىگە سالماق؛ سىلكىتمەك:

كېتەر بۇ چەمەندىنكى رۇزى شەباب،
چۇ گۈل بەرگى ئىچرە سالۇر پىچۇتاب.

— ئا. نىزارى.

پىچۇتاب ئۇرماق — تولغانماق، پەرياد ئۇرماق:

تولا نالە ئەيلەپ، ئورۇپ پىچۇتاب،
تۆكۈپ ئاندا شەبنەم كەبى ئەشكى ئاب.

— ئا. نىزارى.

پىچىدە [پيچيده] (پ) ئورالغان، چىرمالغان؛ تولغانغان

پىچىش [پيچيش] (پ) تولغىنىش، ئورىلىش؛ ئېگىلىش

پىچىن [پيچين] (پ) چىگىش، مۇرەككەپ، قىيىن

پىر [پير] (پ) 1) قېرى، ياشانغان، پېشقەدەم:

كۆرەرلەر بىرنى ئىككى پىرى گۇمراھ،
شەياتىن سەپلەرىگە زەردىۋال شەيخ.

— شەۋقى.

2) بىرەر دىنىي، روھانىي گۇرۇھنىڭ باشلىقى؛ ئىشان، شەيخ، سوپىلار باشلىقى:

بىرۇر ئېردى تەئلىم ئاڭا ئاندا پىر،
ئۆزى پاك دامەن مۇئەللىم دەبىر.

— ئا. نىزارى.

3) بىرەر كەسىپنى ياخشى ئىگىلىگەن كىشى، ئۇستاز، ئاق ساقال:

ئاتام باردۇر مۇندا بىر ماھىكىر،
فەقىر كارىدىن بىخەبەردۇر بۇ پىر.

— ئا. نىزارى.

پىرۇ جەۋان — قېرى - ياش:

ئىلىمسىز ھەسرەتتەدۇر پىرۇ جەۋان،
ئىلىم ئىستەپ كۈنۈ تۈن يۈرگىل رەۋان.

— خەراباتى.

پىرى ئەرباب — تەربىيىچى، ئۇستاز:

كۆرۈشتى كېلىپ پىرى ئەرباب ئىلە،
كى مەكتەبدەكى يارۇ ئەھباب ئىلە.

— ئا. نىزارى.

پىرى دانا — ھەممىدىن خەۋەردار ئەرباب:

كى مۇنداغ دۇرۇر پىرى دانا ئىشى،
بۇ ئىشنى قاچان قىلسۇن نادان كىشى.

— ئا. نىزارى.

پىرى دەير — مەيخانا باشلىقى:

ئۆلگۈدەك دۇرمەن خۇمارىم رەنجىدىن ئەي پىرى دەير،
رەھىم ئېتىپ ئاغزىمغا قەترەمەي تامىز چىقماستا جان.

— مەھزۇن.

پىرى زال — كەمپىر، قېرى خوتۇن:

دېدىم: *«نەۋگەرۇسكى، ئېرۇر پىرى زال،*
ئەجەب ھەرزە گويدۇر ئەفسۇن سىگال.»

— ئا. نىزارى.

پىرى زال ئەتمەك — قېرىتماق؛ مۇكچەيتمەك:

بۇ بىچارەگە كۆپ بولۇبدۇر ۋەبال،
ئەلىف قەددىن ئەتتى فەلەك پىرى زال.

— ئا. نىزارى.

پىرى سەيياد — پېشقەدەم ئوۋچى:

بۇ مەۋزۇنى ئارا پىرى سەيياد مەن،
كى سەيياdلىق ئىچرە ئۇستاد مەن.

— ئا. نىزارى.

پىرى كامىل — كامالەتكە يەتكەن پىر، ئۇستاز:

قۇتۇلماق قايدا مۇمكىندۇركى، قىلماس،
خەلاس ئۇل زەھردىن، گەر پىرى كامىل.

— ئەرشى.

پىرى نۇر — پېشقەدەم يولباشچى، يېتەكچى؛ ئەقىل - پاراسەتلىك قېرى كىشى:

ئەي ئوغۇل بۇ يولغا بىر رەھبە كېرەك،
ئىلكىدە بىر شەمئى پىرى نۇر كېرەك.

— خەراباتى.

پىرى ئۇستاد — پېشقەدەم ئۇستاز، تەربىيىچى:

تەۋەللا قىلىپ پىرى ئۇستادغە،
دېدى: «يەتكۈزۈلۈڭ سەرۋى ئازادغە!»

— ئا. نىزارى.

پىراستە [پيراسته] (پ) بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن؛ تەرتىپلىك:

كى مېھمان سەرانى قىلىپ خاستە،
مۇزەييەن فەراش ئىچرە پىراستە.

— ئا. نىزارى.

پىراستە قىلماق — بېزىمەك، زىننەتلىمەك، تەرتىپكە سالماق:

... گاھى قەدەم كىسۋەتىن پىراستە قىلىپ، تەختەئى تابۇت سەرگەنداز قىلماق...

— ئا. نىزارى.

پىران [پيران] (پ) [بىرلىكى: پىر]: پىرلار:

ئەي گۇمناما، پاكى زەمىران كەتتى،
ئۇقبا تەرەفىگە گۇشە گىران كەتتى.
ياتما، قوپاقوي، نىجىس جەھان ئۈستىدىن،
پاك ئەيلەدى جانۇ - تەننى پىران كەتتى.

— گۇمنام.

پىراھەن [پيراهن] (پ) كۆڭلەك:

گۇلىستاندا چىقار پىراھەنىڭنى،
سەبادەك غۇنچە بىرلە ئوينا سۆيماچ.

— ئاتايى.

پىرايە [پيرايه] (پ) بېزەك، زىننەت:

ئەي قارا زۇلفۇڭ سەنىڭ سەۋدايىلەر سەرمايەسى،
سەرۋ بويلۇقلار يۈزىنىڭ گۇل يۈزۈڭ پىرايەسى.

— گۇمنام.

پىرەھەن [پيرهن] (پ) «پىراھەن»گە قاراڭ:

فانۇس كەبى شۇئلىسىدىن كېچەلا كۆيدۈم،
تا كىيدى قەددى قامەتىغە پىرەھەنى شوخ.

— زەلىلى.

پىرەھەن ئەتمەك — كۆڭلەك قىلماق، كۆڭلەك كىيمەك:

رىشۋالىغ ئوتىنكىم ماڭا ئۇچرار ياقادۇرمەن،
جىسمىمغە سەمەندەر كەبى ئوت پىرەھەن ئەتتىم.

— گۇمنام.

پىرزەن [پيرزن] (پ) موماي؛ قېرى، ياشانغان ئايال:

كۆتەردىكى لەيلىنى ئۇل پىرى زەن،
چىقىپ باشىغە گۇل كەبى سيمتەن.

— ئا. نىزارى.

پىرلىق [پيرليق] (پ) 1) قېرىلىق:

خۇدا بىزگە فەرزەند قىلدى ئەتا،
يېتىپ پىرلىق بولدۇم ئەمدى فەنا.

— ئا. نىزارى.

2) شەيخلىق.

پىرى مۇغان [پيرمغان] (پ) مەيخانىچى:

تەلبە زەلىلى ھوش ئىلە قوي قەدەمىڭ سېكىن - سېكىن،
پىرى مۇغان ئىشكىدە تىنزدىلەر ھەر قايان قەدەم.

— زەلىلى.

پىسە [پيسه] (پ) ئالىچىپار، ئالا - بۇلا.

پىسە يىپەك — ئالىچىپار يىپەك.

پىسە تەناب — ئالا - بۇلا يىپ.

پىسەر [پسر] (پ) 1) بالا، پەرزەنت، ئۆسمۈر، ياش:

ئىرادە بۇ ئېركەن قەزاۋۇ قەدەر،
پىسەر كەلدى مۇندا قالىپدۇر پەدەر.

— ئا. نىزارى.

2) ئوغۇل، يىگىت:

بىرى دەپ: پەردىن يېتىپدۇر ئەسەر،
بىرى دەپكى: سەۋدا بولۇپدۇر پىسەر.

— ئا. نىزارى.

پىسەند [پسند] (پ) ياقتۇرۇش، كۆڭۈل بېرىش؛ ئېتىبار:

بىرى كۆڭلىگە بولسا ئاندا پىسەند،
بولۇرمۇ ئىكىن غەمگە ئۇل سۆرمەند.

— ئا. نىزارى.

پىسەند ئەيلەمەك — ماقۇل قىلماق، ماقۇللىماق:

رەفىقى لەيلى، مەجنۇن روھىگىمىزنى ئەيلەدىم خۇشنۇد،
پىسەند ئەيلەڭكى ئۇل يارىمغە قىلغان جان نىسارىمغە.

— ئا. نىزارى.

پىسەند قىلماق — ياقتۇرماق، كۆڭۈل بەرمەك:

كىشىكىم جەھاندا ئېرۇر دەرد مەند،

كى بۇ نەزمىنى كۆرسە قلغاي پسەند.

— ئا. نزارى.

خۇد پسەند — تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق:

نزارى بولۇپدۇر بەسى خۇد پسەند.
هەۋا قەيدى بولمش يولغە كەمەند.

— ئا. نزارى.

ناپسەند — ناماقۇل؛ يېقمسز.

پسەندە [پسنده] (پ) كۆركەم، يېقىملىق، ياخشى.

پسەندىدە [پسنديده] (پ) تاللانغان، خالىغان، كۆڭۈلگە ياققان.

پستە [پسته] (پ) پستە ۋە پستە دەرىخى.

پستەئى دىلرەبا — مەھبۇبىنىڭ ئاغزىدىكى دىلنى تارتقۇچى پستە (مەھبۇبىنىڭ ئاغزىغا كىنايە قىلىنغان):

تۇرسە كەرشمىلەر قىلىپ، ناز ئىلە باقسە ئايلىنىپ،
بولسە چۇ غۇنچە ئاچىلىپ پستەئى دىلرەبا كۆرۈڭ.

— گۇمنام.

پىش [پيش] (پ) ئىلگىرى، ئالدىن؛ ئالدى:

هەر بەلايى پىش كەلسە ئەۋلىيالار ياندۇرۇر،
ئاڭا هەم هەقدىن ئىنايەت بولسە قۇدرەت باردۇر.

— نەۋبەتى.

پىش ئامەد — ئۆزگىرىش، ۋەقە:

نەچە كەلسە مۇندا پىش ئامەد قىلۇر،
تىلەنمەك بىلە كۆپ خۇش ئامەد قىلۇر.

— ئا. نزارى.

پىش تۇتماق — ئالدىغا قويماق.

پىش قەدەم — ئالدىدا ماڭغۇچى، ئالدىنقى.

پىش نەزەر — كۆز ئالدىدىكى.

پىشاب [پيشاب] (پ) سۈيدۈك.

پىشاپىش [پيشاپيش] (پ) هەممىنىڭ ئالدىدا، هەممىدىن ئىلگىرى.

پىشانى [پيشانى] (پ) 1) پېشانە، ماڭلاي. 2) تەقدىر، تەلەي:

ئولدى بىر نۇرۇڭ رىكابىن نەرگىسى رۇهۇل - ئەمىن،
رەهمەتىڭ پىشانەسىدە دائىما يوق ئەردى هېن.

— ئەرشى.

پىشە [پيشه] (پ) هۈنەر، كەسىپ؛ ئادەت:

دېدى شاهزادە: «كېتۇر تىشەنى،
كى مەئلۇم قىل بىزگە بۇ پىشەنى.»

— ئا. نزارى.

پىشە ئەيلەمەك — ئادەت قىلماق:

ئادەمىيلىق پىشە ئەيلەپ ئىشق ئەفزۇن ئەيلەگىل،
مۇمكىن ئېرمەس ئول پەرىگە گەرچە ئاشىق پەرۋەرى.

— ئەرشى.

پىشە قىلماق — كەسىپ قىلماق، هۈنەر قىلماق:

ئاخىرەت سەرمايەسىدۇر كىم سەخاۋەت پىشە قىل،
رۇزى مەهشەردە شەفائەت ئەيلەگەي خاتەم ساڭا.

— نەۋبەتى.

ئافەت پىشە — ئاپەت كەلتۈرگۈچى، ئاپەتخور:

چىن چىنىدىن ئالىپ ئولدەم ئاچىلسە گۈل كەبى،
بولماغاي ناگەه بۇ ئافەت پىشە، ناگاه ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

دام پىشە — دامىغا چۈشۈرگۈچى، هىيلىگەر:

مىكر ئايىن دام پىشە ئەنبەرىن كاكۇللارىڭ،
خاتىرىم تارقاتماق ئۈچۈن هەر تەرەفكە تاراشۇر.

— ئەرشى.

خىرەد پىشە — ئەقىللىق، ئويلاپ ئىش قىلغۇچى.

هەم پىشە — هەم كەسىپ.

ۋەفا پىشە — ۋاپادار:

گەر بولسە ساڭا جەبرۇ جەفا خۇيۇ ۋەزىفە،
بولدى ماڭا هەم مېهرۇ ۋەفا پىشەۋۇ ئادەت.

— ئاتايى.

پىشەسىز [پيشەسيز] هۈنەرسىز، كەسپى يوق:

خوب ئەمەس چىقماق سەپەرگە تۆشەسىز ھەم پىشەسىز،
هەر قەدەمدە نەچچە خىل كۆلفەت مۇهەييالانمىسۇن.

— ئارەزى.

پىشەۋۇر [پيشەور] (پ) هۈنەرۋەن، كاسىپ.

پىشباز [پيشباز] (پ) كۈتۈۋېلىش، قارشى ئېلىش.

پىشباز چىقماق — قارشى ئېلىپ چىقماق، ئالدىغا چىقماق:

هەمە هېكمەت ئەهلى چىقىپ پىشباز،
تەهىييەت قىلىپ ئەيلەپ ئەرزۇنىياز.

— ئا. نزارى.

پىشخانە [پيشخانه] (پ) قوبۇلخانا.

پىشكار [پيشكار] (پ) باشقۇرغۇچى، غوجىدار.

پىشكەش [پيشكش] (پ) سوغا، تۆهپە:

كۆتەرتىپ هەمە پىشكەش مالنى،
تاپىپ كەلتۈرۈپ نەچچە هەممالنى.

— ئا. نزارى.

پىشگاه [پيشگاه] (پ) ئۆينىڭ تۆرى، ئالدى؛ ئالدى تەرەپ.

پىشۋا [پيشوا] (پ) يولباشچى، رەهبەر.

پىشۋاز [پيشواز] (پ) «پىشبازغا» غا قاراڭ.

پىشىن [پیشین] (پ) 1) ئۆتمۈشتىكى، 2) كۈن ئېگىلگەن چاغ.

پىندار I [پندار] (پ) مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق.

پىندار II [پندار] (پ) ئويلاش، پىكىر قىلىش؛ گۇمان قىلىش.

پىنھان [پنهان] (پ) يوشۇرۇن، مەخپىي:

چۇ زىبرەك دېدى: «بىلمەدىم بۇ زەرۇر،
كى پىنھان ئىدى، تاپتى بۇ ئىش زۇھۇر.»

— ئا. نىزارى.

پىنھان ئەيلەمەك — يوشۇرماق:

خىزمەتىڭدە بولمادىم بىردەمكى ئىشق ئاشۇبىدىن،
ئاغرىنىپ مەندىن كېتىپ ئۆزۈڭنى پىنھان ئەيلەدىڭ.

— ئا. نىزارى.

پىنھان بولماق — يوشۇرۇنماق، غايىب بولماق:

ياشۇرۇپ گۈلدەك يۈزىن گۈلنار شۇپۇكى ئىچرە ۋاي،
گويىيا بولمىش قىزىل ئەبر ئىچرە پىنھان تولۇن ئاي.

— ئەرشى.

پىنھان تۇتماق — سىر تۇتماق:

چۇ ساندۇقنى ئېلىتىپ ئۆيىگە جۇھۇد،
كى پىنھان تۇتۇپ، قىلدى ئەلدىن ھۇسۇد.

— ئا. نىزارى.

پىنھان قىلماق — يوشۇرماق، يۆگىمەك:

ئالىپ باردى پىنھان قىلىپ خاك ئارا،
يانىپ كەلدىلەر ئەل قىلىپ ماجەرا.

— ئا. نىزارى.

پىنھانى [پنهانی] (پ) يوشۇرۇن، يوشۇرۇن ھالدىكى.

ت

تا [تا] (پ) 1) تا، تاكى:
تا سەفەر قىلماققە ئەزىم، ئەي ماھىتابان، ئەيلەدىڭ،
ئىلچىلىككە ئىلچىنى گوياكى زىندان ئەيلەدىڭ.
— قەلەندەر.

2) ـ غىنچە، ـ گىنچە:
كىمسە گەر ئىشىكىڭنى ياستانماقدىن ئۆلمىشتۇر مەلۇل،
ھەجرىڭلە تا رۇزى مەھشەر قىلمە ھىرماندىن خەلاس.
— ئەرشى.

تائات [طاعات] (ئە) [بىرلىكى: تائەت] «تائەت» كە قاراڭ.

تائەبەد [تاابد] (پ + ئە) ئەدەبىي، مەڭگۈ:
تا ئەبەد مەردۇدۇ مەلئۇن ئەيلەبان،
ئىبرەتۇ ئافاقۇ گەردۇن ئەيلەبان.
— نەۋايى.

تائەت [طاعت] (ئە) [كۆپلۈكى: تائات] ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش؛ تائەت ـ ئىبادەت، دىنىي بۇيرۇقلارنى بىجىرىش:
زاھىدلەرنىكى، تائەتۇ تەقۋاسىدۇر رىيا،
كەلسە قولىغە ھەرنە ئاڭا بولسە مۇددەئا.
— سەبۇرى.

تاب I [تاب] (پ) 1) تاقەت، چىدام؛ كۈچ، قۇۋۋەت، مادار، قۇدرەت:
تاب كەلتۈرمەس نەزەر ھۆسنى جەھان ئاراسىغە،
ياشۇرۇن كۆپ پەردە كەينىدىن قارالى ئۆزگەچە.
— ئەرشى.

يۈرەدۇرمەن چىمەندە زارى يىغلاپ،
كۆڭۈلدە سەبر يوق، جىسمىمدەدۇر تاب.
— خىرقەتى.

تابۇ تەۋان — قۇۋۋەت، دەرمان؛
تاۋۇ تەۋانالىغ — قادىرلىق، قۇدرەتلىك؛
2) ئېشىلىش، تولغىنىش:
قوش بالاسى ئاشيان ئۆزرە يىلان كۆرگەچ كەبى،
خاتىرى شەيداۋۇ زۇلفى تابىدىن غەۋغانى كۆر.
— ئەرشى.

تاب ئاچىلماق — تارقالماق (ئېشىلگەن نەرسە ھەققىدە)؛
تاب بەرمەك — 1) يىپ ئەشمەك. 2) كۆچمە م: يەڭمەك.
تاب تاپماق — جىپسىلاشماق، چىرماشماق.
تاب ئۆرماق — چىرمالماق، تولغانماق، بۇرالماق.
رىشتە تاب — ئېشىلگەن، ئېشىپ پىشۇرۇلغان يىپ، «رىشتە» گە قاراڭ.
3) نۇر، تاۋلىنىش؛ ئىسسىقلىق، ھارارەت، ئىسسىتما:
تاپىپ ئايتەك يۈزى كۈن تابىدىن تاب،
تۆتۈپ كۆزلەرى ياش ئورنىدە خۇناب.
— لۇتفى.

ھەر يۈرەكنىڭ ئىشق ئوتىنىڭ سوزىشىدىن تابى بار،
سىغ بىلە پىشقان كەبابدەك سىچقىراپ خۇنابى بار.
— گۇمنام.

تاب سالماق — ئىسسىتماق، قىزىتماق.
جەھانتاب — ئالەمنى يورۇتقۇچى، غايەت قىزدۇرغۇچى.

تاب II [تاب] (پ) تەڭ:
كافىر ئەھلى تاب كېلەلمەسلەر ئانىڭ بىر تىغىغا،
قاتىلۇ جەللاد ئاتالغان نۇرى ئىمانىم كېلۇر.
— موللا بىلال.

تابان I [تابان] تاپان، پاشنا.

تابان II [تابان] (پ) نۇر، يورۇق، يارقىن، پارلاق، يالتىراق؛ شولا:
قايسى بەزم ئولمىش مۇنەۋۋەر بەرقەدىڭدەك شەمئىدىن،
قايسى شەمئىنىڭ شۇئلەسى رۇخسارى تابانىڭچە بار؟
— گۇمنام.

تەخت ئۆزە چىقىپ، ئەي جان، بىگە ھۆكم سۇلتان قىل،
تىرە تۈن ئاراسىدا گۈل يۈزۈڭنى تابان قىل.
— موللا بىلال.

بەرقى تابان — پارلاق چاقماق، يالتىراق چاقماق.
تابان ئەختەر — يورۇق يۇلتۇز.
خۇرشىدى تابان — قۇياش نۇرى، قۇياشنىڭ شولىسى:
لەبلەرىڭغە باردۇرۇر لەئلى بەدەخشان ئېھتىياج،
ئارەزىڭنى كۆرگەلى خۇرشىدى تابان ئېھتىياج.
— قەلەندەر.

ماھى تابان — ئاي نۇرى.
مىھرى تابان — «خۇرشىدى تابان» غا قاراڭ:
يۈزمۇ بۇ يا مىھرى تابان يا يادى بەيزامۇدۇر،
يا كۆڭۈللەر كۆزگۈسى يا بىر گۈلى ھەمراھمۇدۇر.
— ئەرشى.

تابە [تابه] (پ) تاۋا، لېپس (نان، قۇيماق قاتارلىقلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە).

تابەدان [تابدان] (پ) تۈڭلۈك، ئىشىك رۆجىكى.

تابەقەننەئلۇ [طابق النعل] (ئە) ماس كەلدى، ماسلاشتى.

تابەكەي [تابكى] (پ) قاپانغىچە:

كائىناتى بى مەدارىنىڭ ئىچىدە تابەكەي،
بەرقى يەڭلىغ ئۆتكەرۈرمەن ھەيف ئۆمرۈمنى ئەبەس.

— زەلىلى.

تابەندە [تابنده] (پ) تاۋلانغۇچى، پارلىغۇچى، نۇر تارقاتقۇچى:

گويا يۈزىدىن ئاچتى سەنەم گوشەئى بۇرقەئ،
تابەندە بۈگۈن كېچە ئەجايىب قەمەر ئىشق.

— زەلىلى.

تابدار [تابدار] (پ) 1) چىدامىلىق، سەۋرچان. 2) پۇختا، چىڭ، مۇستەھكەم. 3) پارلاق، يالتىراق. 4) دولقۇنسىمان، ئورالغان، يۆگەلگەن، چىرماشقان. 5) بۇدۇر، بۇژغۇن:

بىنەفشە تابدارۇ بەرگى سۇنبۇل ھەم پەرىشاندۇر،
كۆتۈرمەي گۈل يۈزىدىن پەردەئى بادى سەبا ئاخىر.

— زەلىلى.

تابسىز [تابسيز] چىدامسىز، تاقەتسىز:

جىسمى گۈلگۈن، كۆڭلەكنى گۈل ئۈزرە گۈل،
كۆرمەگىمدىن تابسىز يۈزىنىڭ كۆڭۈل.

— نەۋايى.

تابناك [تابناك] (پ) نۇرلۇق، پارلاق؛ مۇنەۋۋەر.

تابۇت [تابوت] (ئە) تاۋۇت، جىنازا:

كى تابۇتلارنىڭ ئالىپ مىخلارىن،
نە مىخلارنى ئالدىم تۆمۈر سىخلارىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تابۇتپوش [تابوت فوش] (پ) تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلىدىغان يوپۇق.

تابۇغ [تابوغ] ئىبادەت قىلماق، باش ئەگمەك، تىۋىنماق.

تابۇق [تابوق] 1) بويسۇنۇش، ئىتائەت. 2) ھوزۇر؛ خىزمەت:

نىسار ئەفشان قىلىپ دۇررى جەۋاھىر،
تابۇقدا قىلدىلار ئىخلاس زاھىر.

— لۇتفى.

تابۇق ئەتمەك — «تابۇق ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تابۇق ئەيلەمەك — تەزىم قىلماق، يۈكۈنمەك؛

تابۇق قىلماق — «تابۇق ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تابۇلغە [تابولغه] دوبۇلغا.

تابۇلغۇ [تابولغو] «تابۇلغە»گە قاراڭ.

تابىئ [تابع] (ئە) [كۆپلۈكى: تەبەئە، تەۋابىئ، تابىئىن] باشقىلارغا ئەگەشكۈچى، بويسۇنغۇچى؛ تەۋە، تەۋەلىكى:

شاھىكى بولسە تابىئىدە نەچچە كىشۋەرى،
تەييار بولسە نەزدىدە يۈز لەكچە لەشكەرى.

— سەبۇرى.

تابىئ بولماق — ئەگەشمەك، بويسۇنماق؛

تابىئى شەرئى نەبى — پەيغەمبەر شەرىئىتىگە تەۋە.

تابىستان [تابستان] (پ) ياز.

تابىستانى [تابستانى] (پ) يازلىق، يازغا تېگىشلىك؛ يازدىكى.

تابىش [تابش] (پ) 1) نۇر، پارلاقلىق، يالتىراقلىق. 2) تەپتى، ھارارىتى. 3) ئىسسىقلىق ھارارەت. 4) كۆچمە م: كۈچ، مادار، قۇۋۋەت:

قىزارتۇر ئوت يېقىن بولغان كىشىنى،
قۇيارمۇ سالمايىن ئوت تابىشىنى.

— خىرقىتى.

تاپاك [طاپاك] تېپىرلاش، بىزەۋەتە بولۇش.

تاپان [تاپان] «تابان I »گە قاراڭ.

تاپو [تاپو] ئىتائەت، سەجدە قىلىش، باش ئېگىش؛ ئەگىشىش.

تاپىرجىمەك [تاپيرجيماك] ھەرىكەتلەنمەك، قىمىرلىماق، تېپىرلىماق.

تاپىنماق [تاپينمق] تىۋىنماق، باش قويماق، سەجدە قىلماق.

تاتار [تاتار] «مۇشك» كە قاراڭ؛

مۇشكى تاتار — تازا ۋە ئەڭ خۇشبۇي ئىپار.

تاتلاماق [تاتلاماق] 1) تاتىلىماق؛ 2) ئاغدۇرماق (يەرنى)، ئارىلاشتۇرماق.

تاتماچ [تاتماچ] «تۇتماچ»قا قاراڭ.

تاتماق [تاتماق] تېتىماق، تېتىپ باقماق:

ئوخشاماس كەئسغە شەمسى كەيفىكى فەيزى مەسبەھ،
لامەكان سەير ئولغۇسى بۇ نەشئەدىن تاتقان گەدا.

— ئەرشى.

ئاران قويدى ئېبسە تاتماغە فۇرسەت،
تاتار ـ تاتماسدىن يىغدى سۇفرەنى بەت.

— لۇتفى.

تاتۇ [تاتو] تاي، تايچاق؛ قەشقەر ئېتى.

تاتۇرماق [تاتورماق] 1) تارتقۇزماق، تارتقۇزۇپ قويماق.

2) ئېتىستماق.

تاج [تاج] (ئە) شاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق بەلگىسى بولغان، قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن باش كىيىم:

كۆرۈپ ئانچە ياخشى سىپاھۇ جۇنۇد،
باشىغە بىلىپ تاج دۇررى شۇمۇد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تاجى دەۋلەت — دۆلەت تاجىنىڭ ئىگىسى:

تاجى - دەۋلەت، تىغى نۇسرەت بىرلە بولغايسەن مۇدام،
كۆز قاراقىدەك سەرىرى ئىززەت ئۆزرە پايدار.

— تەجەللى.

تاجانماق [تاجانماق] 1) باش تارتماق، قايتۇرماق، رەت قىلماق. 2) غورۇرلانماق، كىبىرلەنمەك.

تاجدار [تاجدار] (ئە + پ) «تاجۋەر»گە قاراڭ:

قىلىپ تاجىمىز ھىممىتى تاجدار،
كى دۇرلەر بىلەن ئەيلەدۇك گۇشۋار.

— غەرىبى.

تاجدىھ [تاج دە] (ئە + پ) تاج بەرگۈچى؛ كۆچمە م: زور ۋە قۇدرەتلىك پادشاھ.

تاجىخورۇس [تاج خروس] (ئە + پ) تاجىگۇل.

تاجىر [تاجر] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇججار] سودىگەر، تىجارەتچى:

ئاتام تاجىر ئېردى بەغايەت غەنى،
مۇسافىرلىق ئېردى ئۇلارنىڭ فەنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تاجۋەر [تاجور] (ئە + پ) تاج كىيگەن، پادشاھ، تاجدار.

تار [تار] (پ) 1) يىپ؛ ئارقان؛ تالا. 2) تار (سازنىڭ تارى):

ھەقىقەت ئەھلى تەگرىق ئەتمەيىن فەھم ئەيلەگەي بىردەك،
مۇغەننى ئەرغەنۇن تارىنى نەچچە زىر - بەم چەكتى.

— ئەرشى.

3) چاچ، كىرپىك تالاسى:

ھۇماگەر ئۇستىخانىم كۆرسە كىرپىك تارى دەپ باقماس،
قاچان ئالەمدە مۇنداغ ئېردى جىسمى ناتەۋان پەيدا.

— ئەرشى.

4) شام پىلىكى. 5) ئۈزۈش. 6) قاراڭغۇ. 7) ھەسەت، ئىچى تارلىق. بىسلەشمەك. 8) تار («كەڭ»نىڭ قارشىسى):

ئىككى غۇنچەڭ ئېرمەس ئەي گۇلچىھرە تەڭ،
ئاغزىڭ ئەسرۇ تار، كۆڭلۈڭ ئەسرۇ كەڭ.

— نەۋايى.

زۇلمۇ سىتەمنى زۇلفۇڭنۇ كافىر كۆزۈڭگە ئۆگرەتىپ،
بۇ كەڭ جەھاننى سەن ماڭا بىر تار زىندان ئەيلەمە.

— سەككاكى.

9) تور:

دەردىدىن چىقار جانىم، ھىجۇر ئارا يىقىلدىم كىم،
ئەنكەبۇتنىڭ تارى چىرماشىپ ئاياغىمغە.

— مەھزۇن.

تارمۇي — چاچ تالاسى:

گاھى سۇفىلاردەك ئەيلىسەم ھەق،
ھەر تار مويۇم دېمىش ئەنەلھەق.

— موللا سالىھ.

تارۇپۇد — ئۇرۇش، ئارقاق:

لەشكەرى شەيتان ھۇجۇم ئەتكەندە كۆپ بەردى شىكەست،
تارۇ پۇدى خىرقە دۇشمەنگە سىپاھىگەدۇر سېنىڭ.

— زەلىلى.

تارى ھەيات — تىرىكلىك يىپى، جان، نەپەس؛ تىرىكچىلىك:

ئۇرۇپ شەمسىڭ ئوتىغا گاھى قاناتىن،
ئۆزەي دەپ دۇنيادىن تارى ھەياتىن.

— خىرقەتى.

شەبى تار — قاراڭغۇ كېچە:

مۇھەببەت تارى — مۇھەببەت رىشتىسى، مۇھەببەت يىپى:

جەھاندا بىر مېنىڭدەك يانە زارۇ بىنەۋا يوقتۇر،
مۇھەببەت تارىغە دائىم ئەسىرۇ مۇبتەلا يوقتۇر.

— ئەرشى.

مىكرى تارى — قىلتاق يىپى (مىكرى قىلتىقىنىڭ يىپى):

مىكرى تارىدىن يۈزىگە سالىبان تورلۇك تۈگۈن،
ئۆزىگە ئازادەلەر قەيدىنى مۇئتاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

تاراج [تاراج] (پ) 1) بۇلاڭ، تالان - تاراج:

ئەرشى، يارىڭ نەقدى ئىمانىنى تاراج ئەيلەدى،
نېگە بىس گۇل شوخ زالىم نامۇسۇلمان بولماسا.

— ئەرشى.

2) كۆچمە م: ئىشغال، ئىشغال قىلماق:

كۆڭۈل ئىقلىمىنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غايىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ تارى سىپاھىمدۇر.

— زەلىلى.

تاراج قىلماق — بۇلىماق، تالان - تاراج قىلماق.

تاراغ [تاراغ] تارغاق.

تارام [تارام] بۆلەك، ھەسسە.

تارەك [تارك] باشنىڭ تۆپە قىسمى، باش؛

تاجى تارەك — باش ئۈستىگە قويۇلغان تاج.

تارەم I [طرم] (ئە) 1) ئۈستى گۈمبەزلىك ئېگىز ئۆي، گۈمبەز؛ قۇببە. 2) كۆچمە م: كۆك، ئاسمان.

تارەمى ئەئلا — كۆچمە م: كۆك، ئاسمان.

تارەمى مىنۇ — كۆچمە م: كۆك، ئاسمان.

تارەم II [طارم] (ئە) «تارەم I» گە قاراڭ.

تارتار I [تارتار] يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، كۆككە كۆتۈرۈلۈش، يۈكسىلىش:

شۇئلە تارتار بۇ كېچە ئاھىم فەلەككە، يا مەگەر،
شەمئى نەزرى ئېلتەدۇر ئىيسا پەيەمبەر سارى بىل.

— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

تار - تار II [تار تار] (پ) تالا - تالا، تارقاق:

بىراۋ قىلدى نىساجلىق ئىختىيار،
يازىپ ئەبرەشىم ئەيلەدى تار - تار.

— غەرىبى.

تارى [طارى] (ئە) تۇساتتىن كۆرۈنۈش، كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولۇش؛

تارى بولماق — تۇساتتىن پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك.

تارى قىلماق — كۆرسەتمەك، پەيدا قىلماق.

تارىق [تاريق] تېرىق (دان).

تارىق - **تارىق** — كۆچمە م: ئۇششاق.

تارىقماق [تاريقماق] زېرىكمەك، سىقىلماق:

مەن قۇشى دۇرمەن چىمەندىن چىقماغان،
دىشتۇ ۋادى سەيرىدىن تارىقماغان.

— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

تارىماق [تاريماق] چاچماق، سەپمەك؛ دارىماق؛ پەيدا بولماق:

فىسق تۇخمىن نەفس ئارا ئۈلگىسى تارىر،
سۆز ئارا ھەر غۇتەكىم، ئۇردى ئارىر.

— نەۋايى.

تارىپ تۇخمى كىننى بولۇپ يانە غەش،
مىنى ئۆلتۈرمەكە قىلىپدۇر كەئەش.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تازە [تازە] (پ) 1) يېڭى:

گۇل ئاي ھايات چەشمەسىدىن تازە جان قىلۇر،
ھەرلەھزە قاشى ياسى ماڭا قەسدى جان قىلۇر.

— گۇمنام.

2) چىرايلىق، يېقىملىق:

ئەگەر رىفئەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ ھەر چەند ھەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر تازە گۈل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.

— ئەرشى.

3) پاك، پاكىز، ساپ، تازا؛ ئازادە:

يۈزۈڭنى قىلۇر تازە كۆزۈم ياشىيۇ ئاھىم،
گۈل تازە بولۇر تاپسە بەلى ئابۇ ھەۋانى.

— سەككاكى.

تازە تاپماق — روھلانماق، جانلانماق:

تازە تاپىپ تەندە دىلۇ جان، ھەيات،
بول يۈرۈدۈك تا تەرەپى قۇم رەبات.

— زەلىلى.

تازە جانلىق — يېڭىدىن جانلانغان؛ روھلىنىپ كەتكەن.

تازە دەملىق — يېقىملىق سۆزلۈك.

تازەلىغ [تازەليغ] يېڭىلىق، ياشناپ تۇرغانلىق.

تازى [تازى] (پ) 1) ئەرەبىي، ئەرەبچە، ئەرەب خەلقىگە ۋە ئەرەب، جىنسىغا ئائىت. 2) ئەرەبىي ئات، ئەرەب ئارغىمىقى، چاپقۇر ئات، تۇلپار. 3) ئوۋ ئىتى.

تازىيانە [تازيانه] (پ) قامچا:

ھەر شۇئلەكى ئاھىم ئوتىدىن زەبانەدۇر،
ئەھلى جۇنۇنغە شۇئلە ئەمەس تازىيانەدۇر.

— زەلىلى.

تازىيانە چەكمەك — قامچا ئۇرماق، قامچىلىماق.

تاس I [تاس] (پ) داس، جام،

ھەۋادىس راھىغە ئەل نۇشى ئۈچۈن،
فەلەكنى تاس ئەيلەپ، مېھرىنى كاس.

تاسى نىگۇن — كۆمتۈرۈلگەن داس؛ كۆچمە م: ئاسمان، كۆك.

فەلەك تاسى — كۆچمە م: كۆك، ئاسمان.

تاس II [طاس] (پ) «تاس I» گە قاراڭ.

تاسباز [طاس باز] (پ) نەيرەڭۋاز، كىچىك جاملارنى ئىشلىتىپ ئويۇن كۆرسەتكۈچى سېھىرگەر.

تاسكەش [طاس كش] (پ) 1) قولغا سۇ قۇيغۇچى، ئاپتۇۋچى. 2) ھامال.

تاش [تاش] 1) تاش. 2) سەككىز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە. 3) تاشقىرى، تاشقى:

تاۋۇشكىم ئۆي تاشىدىن كەلسە دەرمەن: باغرى تاشىمدۇر،
ئىشىكدىن سايە كىرگەچ ساغىنۇرمەنكىم، قۇياشىمدۇر.

— نەۋايى.

تاغىتماق [تاغيتماق] يەلپۈتمەك، يېيىلدۇرماق:

سەبا زۇلفۇڭنى تاغىتتى مەگەر ھالى خەيالىمدە،
يازىلدى ئەژدەھا بولدى، ئورالدى ئەھرەمەن بولدى.

— سەككاكى.

ئەي ھۆسن گەنجى، بۇ زەئىف كۆڭلۈمنى ۋەيران ئەيلەمە،
يۈز ئۆزە زۇلفۇڭ تاغىتىپ، ئۆمرىم پەرىشان ئەيلەمە.

— سەككاكى.

تاغمي [طاغى] (ئە) ھەددىدىن ئاشقۇچى؛ ئىسيانچى، قوزغىلاڭچى؛ بويۇن تولغىغۇچى.

I **تاق** [طاق] (ئە) 1) ئىشىك ۋە بىنالارنىڭ ئۈستىدىكى، ئېگىز قىلىپ يېرىم دائىرە شەكلىدە ئىشلەنگەن جاي؛ گۈمبەز:

تائەت بىلە تا بولماسا ئىسيانى مۇجەررەد،
قويماس قەدەمىن كۈنگىرەئى تاقى زەبەرجەد.

— زەلىلى.

2) مېھراب، تەكچىلەرنىڭ تۈپىسىدىكى قايرىلما قىسمى:

مۇئەززىن كەئبە تاقى ئۈزرە كۆلباڭگى سەمەد ئۇردى،
بەرەھمەن دەير ئايۋانىدا ئاھەڭگى سەنەم چەكتى.

— نەۋايى.

3) كۆچمە م: قاش ئەگمىسى:

ئوقتەك بويۇمىز ئېگىلدى ياتەك،
ئول فىتنەلىك ئىككى تاقىڭىزدىن.

— لۇتفى.

تاقى ئەبرۇ — قاش ئەگمىسى؛ ئەگمە قاش:

يوق ئېردى سەجدە ئاھىم ئىچرە تاقى ئەبرۇيۇڭ،
قاشىڭ كۆرۈنسە نەمازىم بارى قەزا قىلايىن.

— گۇمنام.

تاقى ئەفلاك — ئاسمان يۈكسەكلىكى.

كۆك تاقى — كۆك (ئاسمان) گۈمبىزى، ئاسمان (ئاسماننىڭ گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

تاق II [طاق] (ئە) 1) تاق، يالغۇز، يەككە، يېگانە، بىردىنبىر. 2) ئىرسىز ياكى خوتۇنسىز كىشى تۇل ياكى بويتاق:

قىش كۈنىدە ئالما، چىلان تاقىدۇر،
مېۋە مەھەللىدە چىرە تاقىدۇر.

— زەلىلى.

قاچان بولغاي سېنىڭدەك يارى بېھراق،
ياراتمىدۇر سېنى ھەق ھۆسن ئارا تاق.

— خىرقەتى.

تاقى ئافاق — دۇنيادا يەككە - يېگانە.

تاقاشماق [تاقاشماق] تەڭلەشمەك، بەسلەشمەك:

قاچان كۈن چىقسا ئاي، ئەختەر ئۆزىنى ئاشكار ئەتمەس،
ئانىڭدەك دىلبەرىم بىرلە قايۇ خۇبلار تاقاشىبدۇر.

— گۇمنام.

تاقاۋۇتقە [تاقاووتقه] تاقا، ئات تاقىسى.

تاقەت [طاقت] (ئە) كۈچ، قۇۋۋەت، چىدام، بەرداش، سەۋر:

كۆرمەسەم بىردەم ئانى ئارامۇ تاقەت يوق ماڭا،
نەۋبەتى قىلسام جانىم باشىغە ئىسار ئالدىدا.

— نەۋبەتى.

تاقچە I [تاقچه] 1) ئۆي تەكچىسى. 2) ئۇۋا؛ كاتەك.

تاقچە II [طاقچه] «تاقچە 1» گە قاراڭ.

تاقىيە فۇرۇش [تاقيەفروش] (پ) دوپپىچى.

تاڭ [تانک] 1) ئەتىگەن، سەھەر، سەھەر ۋاقتى:

ئەي ۋاي، قاچان شامى فىراقىڭ تاڭى ئاتقاي،
كىم بولدى ماڭا ئۆشبۇ يارۇق دۇنيا قاراڭغۇ.

— ئاتايى.

2) ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش:

ھەرنەچە زەخمىم ئارا بولغانسارى ئۆرپان سۆڭەك،
تاڭ قالۇر ئالەم ئېلى جىسمىمدە بۇ كۆلكۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

تاڭ يېلى — تاڭ شامىلى، سەھەر شامىلى:

كۆر نەزاكەت گۈل كەبى تاڭ يېلىدىن گۈلبەرگىكىم،
مەيلى رەفتار ئەيلەسە زاھىر قىلۇر يۈزدە ئەرەق.

— ئەرشى.

تاڭلا [تانكلا] ئەتە، ئەتىسى:

چىقار تاڭلا شاھى بۇتى قاشىغە،
خەبەر ھەم بېرۇرلەر قارى - ياشىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تاڭلاغى [تانكلاغى] ئەتىكى، ئەتىگە (ئەتىكى كۈنگە) تېگىشلىك.

تاڭلالىق [تانكلاليق] ئەتىلىك، ئەتىگە (ئەتىكى كۈنگە) تېگىشلىك.

تاڭلاماق [تانكلاماق] 1) ئاڭلىماق، قۇلاق سالماق، ئۇقماق. 2) ئەجەبلەنمەك، ھەيران قالماق، تاڭ قالماق.

تاڭىرغاماغ [تانكيرغاماغ] تېڭىرقىماق:

ئىلىكدىن ئىچقىنىب بالىقنى سالدى،
تاڭىرغاب بارماغىن تىشلەدى قالدى.

— لۇتفى.

تاڭىزغاماق [تانكيزغاماق] ئەجەبلەنمەك، تاڭ قالماق.

تالاز [تالاز] بوران، قۇيۇن.

تالغاماق [تالغاماق] تالىلماق، ئاجراتماق، پەرق قىلماق.

تالغۇم [تالغوم] دولقۇن، مەۋج، قاينام.

تالۇن [تالون] تولۇن، تولغان:

سەمەندى نەقش پايىن يەر ئۈزە كۆرگەچ بەدەل قىلمان،
تالۇن ئاي شۇئلەلىغ چولپان ۋە يا كۆكدە قۇياش ئولسۇن.

— ئەرشى.

تالىبە [طالع] (ئە) يامان، ياۋۇز.

تالىئ [طالع] (ئە) 1) كۆتۈرۈلگۈچى، چىققۇچى، كۆرۈن

گۈچى (كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز ھەققىدە):

فەلەكدىن مېھرى ئەنۋار بولدى تالىئ،
قاراڭغۇلۇقنى كۆزدىن قىلدى راجىئ.

— لۇتفى.

2) بەخت، ئىقبال، قىسمەت؛ تەلەي:

بەختى قاچقان بولماسام ھەم تالىئىم شۇم بولماسا،
بولغاي ئېردىمۇ بۇ كۈن رويى ئانارىمدىن جۇدا.

— موللا بىلال.

سەرنەۋشتىم ئېردىمۇ يا تالىئىمنىڭ دونلۇغى،
بۇ ھەممە مەھرويلاردىن بىر دەۋايى تاپمادىم.

— ئەرشى.

تالىئ بولماق — چىقماق، كۆرۈنمەك.

تالىب [طالب] (ئە) تەلەپ قىلغۇچى، ئىزلىگۈچى؛ خالىغۇچى، ئاختۇرغۇچى؛ تالىپ:

ئىلاھا خىرقەتنى ئەيلە تالىب،
ۋىسال ئىستەرگە قىل ئىشقىنى غالىب.

— خىرقەتى.

تالىب بولماق — ئىستىمەك، خالىماق.

تالىبى ئىلىم — ئوقۇغۇچى، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى.

تالىقماق [تاليقماق] تالجىقماق (ئۈزۈلۈپ قالماق)، ئاغرىماق، كېسەل بولماق.

تام [تام] (ئە) 1) تولا، تولۇق، پۈتۈن. 2) كەمچىلىكسىز.

تامات [طامات] (ئە) بىھۇدە، تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر، لاپ.

تامشالماق [تامشالماق] تەمشەلمەك، ئۆرۈنماق:

بى ۋاپادۇر، ئەي قەلەندەر، بۇ جەھان، تامشالماغىل،
قالغۇسىدۇر نېچە قىلساڭ باغىيۇ ئەيۋان سەرا.

— قەلەندەر.

تامغا [تمغا] تامغا، مۆھۈر، نىشانە، بەلگە.

تامغاچى [تمغاچى] 1) تامغا باسقۇچى، مۆھۈردار. 2) ئاتقا تامغا سالغۇچى. 3) باج ئالغۇچى، باجگىر.

تامغە [تمغه] «تامغا»غا قاراڭ.

تامۇغ [تموغ] دوزاخ:

بولۇر كۇفرى ئەھلى بېھىشتىدىن يىراق،
تامۇغدا مۇئەببەد چېكەر ئىھتىراق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تامىئ [طامع] (ئە) تەمەگەر، بىراۋدىن بىرەر نەرسە ئۈمىد قىلغۇچى، بىراۋنىڭ نەرسىسىگە كۆز تىككۈچى.

تامىئە [طامعه] (ئە) «تامىئ»غا قاراڭ.

تامىزماق [تاميزماق] تېمىتماق، تامغۇزماق:

ئۇرۇب جانىغە نەيزە گۈل تىكەندىن،
تامىزىب قەترە - قەترە قان بەدەندىن.

— خىرقەتى.

تانۇغ [تانوغ] گۇۋاھ، شاھىد؛ بەلگە، نىشانە، ئىسپات، دەلىل؛

يالغان تانۇغ — يالغان گۇۋاھ.

تانۇغلۇغ [تانوغ لوغ] گۇۋاھلىق؛ بەلگىلىك.

تانۇق [تانوق] «تانۇغ»قا قاراڭ.

تانۇقلاماق [تانوقلاماق] مۇۋاپىق كۆرمەك، ئېتىراپ قىلماق؛ ئىشەنمەك.

تانۇماق [تانوماق] تونۇماق، بىلمەك، ئۇقماق:

قىلۇر ئېردىم ئانداغ ئاڭا ئىزتىراب،
تانۇي دەپ بۇ جاننىڭ يۈزىگە قاراب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تانىماق [تانيماق] «تانۇماق»قا قاراڭ.

تائۇن [طاعون] (ئە) ۋابا:

تائۇن مەرەزى — ۋابا كېسىلى.

تاۋاچى [تواچى] پادىشاھنىڭ بۇيرۇق ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى تېگىشلىك يەرلەرگە يەتكۈزگۈچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئەمەلدار.

تاۋشالماق [تاۋشالماق] ئېزىلمەك، يانجىلماق، زەئىپلەنمەك، كېسەل بولماق؛ دەردلىك:

تاقەتىم گەر قالمادى تارتارغە مېھنەت تاغىنى،
نە ئەجەب بۇ يۈكنى گەر ئەفلاك چەكسە تاۋشالۇر.

— نەۋايى.

تاۋۇس [طاوس] توز:

كى تاۋۇس پەرىدىن قىلىپ يەلپۈگۈچ،
نە پەردىن كى زەردىن قىلىپ يەلپۈگۈچ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تاۋۇس پەيكەر — توز شەكىللىك، گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك.

تاۋۇشقان [تاووشقان] توشقان.

تاۋۇشماق [تاووشماق] 1) توشماق، كامالەتكە يەتمەك؛ ئاخىرىغا يەتمەك. 2) سەكرىمەك، يۈگۈرمەك، تېز ماڭماق.

تاۋۇق [تاووق] توخۇ:

مۇرغ، تاۋۇقتەك ئېرۇرمەن چۇن سېنىڭ ئىشقىڭدا كىم،
بۇ غەرەزدىن تەلپىنۇرمەن ئاي يۈزۈڭدە دان كۆرۈپ.

— موللا بىلال.

تائىب [تائب] (ئە) تۆۋا قىلغۇچى، تۆۋا قىلغان.

تائىپ ئولماق — تۆۋا قىلماق.

تائىر [طائر] (ئە) «تايىر»غا قاراڭ.

تائىفە [طائفه] قەبىلە؛ كىشىلەر توپى، گۇرۇھ:

خۇبانى جەھان تەلبە كۆرۈبان قاچادۇرلار،
ئادەم ئەمەس ئۇل تائىفە گوياكى پەرىزاد.

— زەلىلى.

تاياغ [تاياغ] تاياق، كالتەك؛ چىۋىق.

تاياغلاماق [تاياغلاماق] ئۇرماق، تاياق سالماق.

تاياق [تاياق] «تاياغ» قا قاراڭ:

ئۇرۇپ ئېردىم ئانىڭ باشىغە تاياق،
جەھەننەمگە قويدى بۇ كەمپىر ئاياق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تايىب [تايب] (ئە) «تائىب»غا قاراڭ.

تايىر [طاير] (ئە) 1) قۇش. 2) ئۇچقۇچى.

تايىرى دەۋلەت — دۆلەت قۇشى.

تايىرى قۇدس — كۆچمە م: روھ، جان.

ئوق تايىرى — كۆچمە م: ئېتىلغان ۋە ھاۋادا كېتىۋاتقان ئوق.

تايىي [طابى] (ئە) تاي نامىلىق قەبىلىگە مەنسۇپ.

تە [ت] ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بەشىنچى ھەرپى ۋە ئۇنىڭ ئاتىلىشى:

«ت» تولۇن ئايدەك يۈزۈڭگە بەندەمەن، شاھى جەھان،
تاقەتىم يوق تەلمۈرۈپ، ئارزۇم قانارىم سەنمۇ سەن؟

— موللا سالىھ.

تەئادۇل [تعادل] (ئە) بىر - بىرىگە تەڭ كېلىش، باراۋەرلىك، تەڭلىك.

تەئادۇل ئەتمەك — باراۋەر قىلماق، تەڭ قىلماق.

تەئادىي [تعادى] (ئە) ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش، دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك.

تەئارۇز [تعارض] (ئە) ئۆزئارا قارشىلىشىش، زىددىيەت، قارشىلىق.

تەئاشۇق [تعاشق] (ئە) بىر - بىرىگە مۇھەببەت باغلىماق، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرمەك.

تەئاقۇب [تعاقب] (ئە) ئىز بېسىپ كېلىش، كەينىگە كىرىش، بىر - بىرىنى نازارەت (تەقىب) قىلىش، سۈگدىشىش.

تەئالەللاھ [تعالى الله] تەڭرى، بىرلا ئاللا:

ئۇلۇغ زاتىدۇرۇر بىچۇن، بى مىسل،
تەئالەللاھ، ئاندىن بارچە ئەسغەر.

— ئەرشى.

تەئام [طعام] (ئە) يېمەكلىك، تاماق:

تەئامىنى ئالدىم يېدىم ئەندەكى،
كېتىپ ئەقلۇ ھۇشۇم ھەمە تەندەكى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئەب [تعب] (ئە) مۇشەققەت، قىيىنچىلىق:

مەن ئولسام فەرەھلىك بىلە رۇز - شەب،
ساڭا يەتسە مۇنداقكى رەنجۇ تەئەب.

— ئا. نىزارى.

يۈرۈپ سال ئارا چۇن قىرىق رۇز - شەب،
بۇ مۇددەتدە يەتمەي ئاڭا ھىچ تەئەب.

— ئا. نىزارى.

تەئەب تارتماق — قىينالماق.

تەئەبناك [تعيبناك] (ئە + پ) 1) مۇشەققەتتە قالغان، قىينالغان. 2) مۇشەققەتلىك، قىيىن.

تەئەججۇب [تعجب] (ئە) ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىش:

ئايا بۇلبۇلكى، زار ئەيلەڭ بۇ تويكى بولدى شاھانە،
تەئەججۇب ئەيلەگىز ئىشق ئىچرە قىلغان كار بارىغە.

— ئا. نىزارى.

تەئەججۇب ئەنگىز [تعجب انكيز] (ئە + پ) كىشىنى ھەيران قالدۇرماق، ئەجەبلەندۈرىدىغان.

تەئەددۇب [تعدب] (ئە) ئەدەپلىك، تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق:

كى مەكتەپكە بەردى ئانى ئىلىم ئۈچۈن،
تەئەددۇب، تەۋازۇئ بىلە ھىلىم ئۈچۈن.

— ئا. نىزارى.

تەئەددۇد [تعدد] (ئە) ساناق؛ سانىلىش، سانى كۆپىيىش؛ كۆپەيتىش.

تەئەددى [تعدى] (ئە) زۇلۇم قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش؛ ھەددىدىن ئېشىش.

تەئەددى پىشە [تعدى پيشه] (ئە + پ) زۇلۇم قىلغۇچى، تاجاۋۇز قىلغۇچى.

تەئەررۇز [تعرض] (ئە) 1) تېگىش، تاقىلىش. 2) قارشىلىق كۆرسىتىش.

تەئەررۇز قىلماق — (1) تەگمەك، تاقالماق. (2) قارشىلىق قىلماق.

تەئەززۇم [تعظم] (ئە) ئۇلۇغلىنىش، كىبىرلىنىش، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش.

تەئەسسۇف [تاسف] (ئە) ئېچىنىش، ئەفسۇسلىنىش؛ كۆيۈنۈش:

كۆرۈپ رەڭگى رۇيۇم تەئەسسۇف قىلىپ،
ئالىپ باردى ئۆيگە تەكەللۇف قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئەسسۇف يېمەك — ئېچىنماق، ئەپسۇسلانماق.

تەئەششۇق [تعشق] (ئە) ئاشىق بولۇش، ئاشىقلىق، سۆيۈش:

تەئەششۇق قىلىپ ساقىئى دىلفىگار،
كەرەم ئەيلە ساغەر قىلاي جان نىسار.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئەققۇل [تعقل] (ئە) ئەقلىگە كەلتۈرۈش، ئەقىل يۈرگۈزۈش.

تەئەققۇل ئەيلەمەك — ئەقلىگە كەلتۈرمەك، ئەقىل يۈرگۈزمەك.

تەئەققۇل قىلماق — «تەئەققۇل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تەئەللۇق [تعلق] (ئە) 1) ئالاقە، باغلىنىش، مۇناسىۋەت؛ تەۋە، ئىگىلىك، تېگىشلىك:
فەرەڭگە تەئەللۇق، ھەۋاسى بەلەند،
بار ئېردىكى شاھى بەسى ئەرجۇمەند.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مال ـ دۇنيا، بايلىق:
قىلىپ يولدا ئانچە تەمەللۇقلارىن،
ئالىپ كەلدى بارچە تەئەللۇقلارىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئەللۇل [تعلل] (ئە) 1) ئىللەتلىنىش، كېسەل بولۇش، يۇقۇملىنىش. 2) باھانە قىلىش، سەۋەب كۆرسىتىش.

تەئەللۇل قىلماق — باھانە قىلماق.

تەئەللۇم [تعلم] (ئە) ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش.

تەئەممۇل [تأمل] (ئە) چوڭقۇر ئويلاش، دىققەت بىلەن پىكىر قىلىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش:
گۈلۈستان ئىرەمنى تەئەممۇل قىلىپ،
يۈرۈپ سۇ ئىچىدە تەۋەككۇل قىلىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئەممۇلسىز [تامل مسيز] ئويلانماستىن، مۇلاھىزىسىز.

تەئەننى [تانى] (ئە) ئاستىلىق، سۇسلۇق، بىرەر ئىشتا تېز بولماي، سۇس، ئاستا ۋە ئېغىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش:
تەئەننىلەر ئەتتى يەنە لاجەرەم،
كى رۇمغە ئەزىيمەت قىلىپ بىشەكەم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئەھھۇد [تعهد] (ئە) ئەھد قىلىش، زىممىسىگە ئېلىش، سۆز بېرىش.

تەئەھھۇد ئەتمەك — ئەھدە قىلماق، سۆز بەرمەك.

تەئەھھۇد قىلماق — «تەئەھھۇد ئەتمەك» كە قاراڭ.

تەئەھھۇل [تأهل] ئۆيلىنىش، خوتۇن ئېلىش.

تەئەييۇن [تعين] (ئە) بەلگىلىك بولۇش، كۆزگە كۆرۈنۈش؛ ئېنىقلىنىش؛ ئاشكارا بولۇش؛ شۆھرەتلىنىش.

ئەدەمى تەئەييۇن — «ئەدەم» گە قاراڭ.

تەئەييۇنات [تعينات] (ئە) [بىرلىكى: تەئەييۇن]بارلىق، مەۋجۇدات، دۇنيادا بار نەرسىلەر؛ «تەئەييۇن» غا قاراڭ.

تەب [تب] (پ) ئىسسىتما، بەزگەك:
ئەزابىڭدىن ئېتىپ خەۋف، ساھىبى تەبدەك كى تىترەرمەن،
بۇ ۋەجھىدىن بولۇپتۇركىم، چىرايىم ھەم سامان يەڭلىغ.
— موللا بىلال.

ساھىبى تەب — بەزگەك، كېسەلمەن.

تەبار [تبار] (پ) قېرىنداش، ئەۋلاد؛ نەسىل، نەسەب.

خېش تەبار — قېرىنداش، ئۇرۇق.

تەبان [تبان] (پ) تۆلەم، ئىشتىراپ.

تەباھ [تباه] (پ) خاراب، بۇزۇق، ۋەيران:
ئەمەسدۇر ئۇستۇخانى خەر ئىتنىڭ ئاستىدا سۆدرەلگەن،
غەمىڭ رەنجى بىلە ئۆلگەن مېنىڭ جىسمى تەباھىمدۇر.
— گۇمنام.

تەباھ بولماق — خاراب بولماق، بۇزۇلماق.

تەباھ روزغار — تۇرمۇشى بۇزۇلغان.

فېئلى تەباھ — بۇزۇق ئىش، قىلىق:
كىردىگارا، لۇتۇق ئېتىپ قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم،
كۆپ يازۇقلار ئەيلەگەن فېئلى تەباھىمنى كەرەم.
— ئەرشى.

تەبايىئ [طبايع] (ئە) [بىرلىكى: تەبىئەت] «تەبىئەت» كە قاراڭ:
چۈن كۈدۈراتى تەبايىئدىن نىچۈك بولغاي خەلاس،
ئەۋلىيا ئىشكىدە تا سۈزى كۈدازى بولماسا.
— زەلىلى.

تەبەئە [تبع] (ئە) تەۋە كىشىلەر، قاراشلىق كىشىلەر.

تەبەر I [تبر] (پ) پالتا:
ياساپ ئوغرىغە بەلكى تىغۇ تەبەر،
سىنىڭ خەنجەرىڭ بىرلە تامنى تېشەر.
— غەرىبى.

تەبەر II [طبر] (پ) «تەبەر I» گە قاراڭ.

تەبەر جەڭگى [تيرچنكى] (پ) ئايپالتا.

تەبەرخۇن I [طبرخون] (پ) 1) چىلان، چىلان دەرىخى؛ 2) كۆچمە م: قىزىل رەڭلىك.

تەبەرخۇن II [تبرخون] (پ) «تەبەرخۇن I» گە قاراڭ.

تەبەررا [تبرا] (ئە) چەتلىشىش، يۈز ئۆرۈش، ئۆزىنى قاچۇرۇش.

تەبەررا ئەيلەمەك — چەتلەشمەك، يۈز ئۆرۈمەك، ئۆزىنى قاچۇرماق.

تەبەررى [تبرى] (ئە) «تەبەررا» غا قاراڭ.

تەبەسسۇم [تبسم] (ئە) مىيىقىدا كۈلۈش:

گۈل پەرىزادىم ماڭا باقىپ تەبەسسۇم ئەيلەدى،
ئىلتىپات ئەتتى قۇلىغە، ئەي رەقىبلەر سىز ئۆلۈڭ!

— قەلەندەر.

تەبەق [طبق] (ئە) 1) تاۋاق، ئاياق:

بۇ يەڭلىغ تەبەقدە غىزالار يېدۈك،
ياراتقان خۇداغە سەنالار دېدۈك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قات، قەۋەت:

ئەشك دۇررىن تىزغالى جىسىم ئۆزرە كۆزلەر ھىكمەتى،
گوييا كەۋكەب ساچىلغان يەر ئۆزرە يەتتى تەبەق.

— ئەرشى.

تەبەقات [طبقات] (ئە) [بىرلىكى: تەبەقە] قاتلاملار، قەۋەتلەر، دەرىجىلەر.

تەبەقچى [طبق چى] تاۋاق (تاماق) توشۇغۇچى.

تەبەھ [تبه] (پ) «تەباھ» قا قاراڭ.

تەبەھكار [تبه‌كار] (پ) جىنايەتچى، گۇناھكار، يولدىن ئازغان، يامان ئىشلارنى قىلغۇچى:

دېدى: *تاجىر ئىبرەس بۇ ئەيياردۇر.*
قەۋافىل ئىچىدە تەبەھكاردۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئەگەرچە بۇ بەندەڭ گۇنەھكاردۇر،
يۈتۈرگەن يولىنى، تەبەھكاردۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەبباخ [طباخ] (ئە) ئاشپەز، يېمەكلىك پىشۇرغۇچى.

تەبخ [طبخ] (ئە) پىشۇرۇش، يېمەكلىك پىشۇرۇش.

تەبخالە [تبخاله] (پ) ئۇچۇق.

تەبخى [طبخى] (ئە) پىشۇرغۇچى، يېمەكلىك پىشۇرغۇچى، «تەبباخ» قا قاراڭ.

تەبدىل [تبديل] (ئە) ئالماشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش:

ھۆسنى گۈل يەڭلىغ قىزارماي زەھر ھىجران سالقىنى،
زەئفىرانغە تەبدىل ئەيلەب كامىشى جانىمۇ ئىبكىن.

— گۇمنام.

تەبرىز [تبريز] (پ) ئىراندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى:

بىر شىر مەرتنى بار دىمپ ئىشىتتىم،
تەبرىز ئىچىندە ئىسمى خۇدا داد.

— موللا بىلال.

تەبل [طبل] (ئە) كاتتا ناغرا، دۇمباق:

گەرچە ئەل ساڭا قاقار مىھرۇ مۇھەببەت تەبلىنى،
كۆلشەنىڭدە يوقتۇرۇر ئەسرار مەندەك بۇلبۇلۇڭ.

— قەلەندەر.

تەبلەك [طبلك] (ئە + پ) كىچىك ناغرا.

تەبۇغ [تبوغ] «تابۇق» قا قاراڭ:

كۆز ياشى يىغلايۇ تۆشەيىن دەر ئاياغىڭە،
بىلمان نەدۇر تەبۇغدە، بۇ سائىل سەۋالىنى.

— سەككاكى.

تەبۇق [تبوق] «تابۇق» قا قاراڭ.

تەبئ [طبع] (ئە) تەبىئەت، مىجەز، خاراكتېر، تالانت:

تۇرفە سۇنئى ئىلاھىدۇر كۆك چاي،
تەبئىنىڭ جىلۋەگاھىدۇر كۆك چاي.

— ئەرشى.

مەندە تەبئى شائىرى يوقتۇر نىشانى ئاشىقى،
ھەرنە فەيزى تاپىمىشەم مەن مەھرەمى ئەسرارىدىن.

— ئەرشى.

بىتتەبئ — ئۆز خاھىشى بىلەن؛

تەبئ ئەھلى — شائىر، سەنئەت ئەھلى؛ زەكىي كىشىلەر:

ئۆرۈج ئەيلەر فەلەككە زارلىقىدىن يىغلاغان ياشىم،
تاماشا قىلغالى تەبئ ئەھلىگە پەۋۋارەدۇر كۆڭلۈم.

— مەھزۇن.

تەبئى ئاجىز — خاراكتېرى بوش.

تەبئى سەلىم — ساق تەبىئەت، ساپ خاراكتېر.

تەبئى مۇلايىم — بىرەر نەرسىنى تېز ئۆگىنىدىغان، زېھنى راۋان.

تەبئى نامەۋزۇن — كېلىشمىگەن خاراكتېر، شېئىر ئېيتىشقا لاياقەتسىز.

شوخ تەبئى — شوخ تەبىئەتلىك:

بېلىنىڭ ئارماندا مەندە نىچۇككىم قالمادى دەرمان،
كى سەندەك شوخ تەبئى شوخ جەۋلانىمدىن ئايرىلغاچ.

— ئەرشى.

تەبئپەرەست [طبع پرست] (ئە + پ) شېئىرغا بېرىلگەن، شائىر.

تەبىئەت [طبيعت] (ئە) خاراكتېر، خۇلق، پەيل، ئەتۋار، مىجەز.

تەبىب [طبيب] (ئە) تېۋىپ، دوختۇر:

يۇرۇپ سوردۇم تەبىبلەردىن: *«نەدۇر بۇ دەردىمە دەرمان؟»*
تەبىب ئايتۇركى: *«ئەي نادان، بۇ دەردى بىداۋا دەرلەر».*

— زەلىلى.

تەبىرى [تبيرى] (پ) دۇمباق، ناغرا:

تەبىرى بېشەئى مەيدان دىۋانى سۇخەندۇرمەن،
كۆڭۈلدىن ماسىۋا قەتئ ئەتكەلى تىغى دۇدەم تەنھا.

— زەلىلى.

تەپ [تب] (پ) «تەب»كە قاراڭ.

تەپانچە I [تبانچە] (پ) شاپىلاق، تەستەك.

تەپانچە II [طبانچە] (پ) «تەپانچە I » گە قاراڭ.

تەتار [تتار] «تاتار»غا قاراڭ.

تەتەببۇئ [تتبع] (ئە) [كۆپلۈكى: تەتەببۇئات] بىرەر نەرسىنىڭ ئارقىسىغا (ئىزىغا) چۈشۈش، ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، ئىزلاش؛ تەتقىق قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش.

تەتەببۇئ ئەيلەمەك — ئەگەشمەك، ئىزدىن بارماق، تەكشۈرمەك.

تەتەببۇئ قىلماق — «تەتەببۇئ ئەيلەمەك»كە قاراڭ:

خاجە سالماننىڭ قەسىدەسىغە تەتەببۇئ قىلىبدۇر.

— نەۋايى.

تەتەممە [تتمە] (ئە) ئاخىرلىشىش، تۈگەللىنىش، تۈگەش.

تەتبىق [تطبيق] (ئە) سېلىشتۇرۇش؛ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئۇيغۇنلاشتۇرۇش.

تەتبىق قىلماق — سېلىشتۇرماق، مۇۋاپىقلاشتۇرماق.

تەتمىيم [تتميم] (ئە) «تەتەممە»گە قاراڭ.

تەتۋىل [تطويل] (ئە) سوزۇش، ئۇزارتىش.

تەتىممە [تتمە] (ئە) داۋامى، قالغان قىسمى.

تەجاھۇل [تجاهل] (ئە) خۇپسەنلىك قىلىش، بىلمەسلىككە سېلىش.

تەجاۋۇز [تجاوز] (ئە) ئۆتۈش، چېگرادىن ئۆتۈش؛ تاجاۋۇز.

تەجاۋۇز ئەيلەمەك — ئۆتمەك، چېگرىدىن ئۆتمەك، تاجاۋۇز قىلماق.

تەجەددۇد [تجدد] (ئە) يېڭىلىنىش.

تەجەررۇد [تجرد] (ئە) ئالاقىسىزلىق، چەتلىنىش، ھەممە نەرسىدىن كېچىش، يالغۇزلۇق.

تەجەررۇئ [تجرع] (ئە) غورتۇلداپ ئىچىش.

تەجەززى [تجزى] (ئە) ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈش.

جۇزئى تەجەززى پەزىر — پارچىلىنىشچان، بۆلۈنىدىغان بۆلەك.

تەجەللى [تجلى] (ئە) كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش:

پەرتەۋى ھۇسنى تەجەللى يا يەدى بەيزا ئېرۇر،
كەئبەئى كويىنى كۆركىم لامەكان ئىماسى بار.

تەجەللىيات [تجليات] (ئە) [بىرلىكى: تەجەللى] كۆرۈنۈشلەر، جىلۋىنىشلەر.

تەجەممۇل [تجمل] (ئە) بېزەك، زىننەت، پەرداز:

سۇلەيمان ھەشمەتى، دارا تەجەممۇل شاھى ئالەم سەن،
زەھى شەمشىرى ئەدلىڭ مەۋجىنى ئابى رەۋان دەرلەر.

— زەلىلى.

تەجەممۇل ئەھلى — دۆلەتمەنلەر، زېبۇ زىننەتلىك كىشىلەر.

تەجدىد [تجديد] (ئە) يېڭىلاش، يېڭىدىن پەيدا قىلىش.

تەجرىد [تجريد] (ئە) ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالىي بولۇش، چەتلىشىش، ئاجراش، يەككىلىك، تەنھالىق:

يەتكۈرۈر بىللاھ مەقامى فەقرىگە تەجرىدلىك،
بولماغىل ھۇرانى جەننەت بىرلە ھەرگىز ئىزدىۋاج.

— زەلىلى.

تەجرىد ئەھلى — ئارتۇقچە نەرسىلەردىن ئۆزىنى خالىي قىلغان كىشىلەر:

قەبۇلىدۇر نە يەئنى بىسكى سور دېپ،
ئانىڭ رەددىدە تەجرىد ئەھلى بىھەد.

— ئەرشى.

تەجنىس [تجنيس] (ئە) 1) ئەدەبىياتتا ئومونىملار (شەكىلداش سۆزلەر) ئارقىلىق سۆز ئويۇنى قىلىش، تۈيۈق.

تەجنىسى تام — تولۇق تەجنىس؛ ئومونىملارنى شېئىر قاپىيەلىرىدە ئىشلىتىش.

2) مۇزىكىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە مۇرەككەپ كۈيلەردىن بىرى.

تەجھىز [تجهيز] (ئە) 1) جاھازلاش. 2) تەييارلاش، مېيىتنى يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن تەييارلاش.

تەجھىل [تجهيل] (ئە) نادان، جاھىل دېپ ھۆكۈم قىلىش؛ نادانلىققا تەن بېرىش.

تەجۋىز [تجويز] (ئە) ماقۇل كۆرۈش، راۋا كۆرۈش، ئىجازەت.

تەجۋىز ئەتمەك — راۋا كۆرمەك، لايىق تاپماق.

تەجۋىف [تجويف] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىنى كاۋاك قىلىش.

تەجۋىف سالماق — كاۋاك قىلماق.

تەخەششۇئ [تخشع] (ئە) كەمتەر، كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق؛ ئەدەپلىك، تاۋازۇلۇق؛ تەكەللۇپ:

ياساۋۇل ئايدى گولدەم تەزەررۇئ بىلە،
قىلىپ كۆپ تەمەللۇق، تەخەششۇئ بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەخەلخۇل [تخلخل] (ئە) بۆلۈنۈش، بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش، بىر - بىرىدىن جۇدا بولۇش.

تەخەلخۇلپەزىر — ئاجرالغان، ئاجرىلىدىغان.

تەخەلخۇل تاپماق — بۆلۈنمەك، ئاجرالماق، جۇدا بولماق.

تەخەللۇت [تخلط] (ئە) 1) ئارىلاشتۇرۇش، بىرىكتۈرۈش. 2) ئۇچرىشىش، يېقىنلىشىش.

تەخەللۇج [تخلج] (ئە) 1) قورقماق، چۆچۈمەك؛ تەمتىرىمەك، ھودۇقماق. 2) ھەيران قالماق، تاڭ قالماق.

تەخەللۇس [تخلص] (ئە) 1) خالاس بولۇش، قۇتۇلۇش. 2) تەخەللۇس (ئۆز ئىسمىدىن باشقا ئىككىنچى بىر نامنى قوللىنىش).

تەخەللۇف [تخلق] (ئە) 1) خىلاپلىق قىلىش. 2) ئىختىلاپ، نامۇۋاپىقلىق، توغرا كەلمەسلىك. 3) ئارقىدا قېلىش.

تەخەللۇق [تخلق] (ئە) 1) مىجەز، خۇلق. 2) سالاپەت، سىپايە؛ كەمتەر.

تەخەللۇل [تخلل] (ئە) ئىناقسىزلىق، كېلىشەلمەسلىك، چىقىشالماسلىق.

تەخەييۇل [تخيل] (ئە) خىيالغا كەلتۈرۈش، خىيال قىلىش.

تەخەييۇل قىلماق — خىيال قىلماق، خىيالغا كەلتۈرمەك.

تەخت [تخت] (پ) پادىشاھنىڭ مۇراسىملاردا ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ئورۇندۇقى، تەخت:

كى تۇججار بەچچە چىقىپ تەختكە،
سەزاۋەر بولدى ئۇلۇغ بەختكە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەختە [تخته] (پ) تاختا، دوسكا؛ پارچە:

ۋەقتىنىڭ ئۇلسۇن خۇشكى مەيدەك، تۆھپە قىلغان بۇۋرەق،
بىر قارا چايى مۇئەنبەر تەختەسىدۇر خۇشگۇۋار.

— تەجەللى.

تەختە كىيىز — كىگىز پارچىسى.

تەختەيى رەمل — رەممال (پالچى) لارنىڭ مەخسۇس تاختىسى (پالچىلار پال ئاچقاندا ئۇنىڭدىكى چېكىت ۋە سىزىقلارغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ).

تەختەسەڭ [تخته سنگ] (پ) 1) تاشتاختا، تاختا تاش. 2) قىرغاق.

تەخت پا [تخت فا] (پ) 1) تاشتاختا، تاختا تاش. 2) قىرغاق.

تەخت پا [تخت فا] (پ) 1) تەختنىڭ پۇتى. 2) تەختنىڭ ئاستى:

ئانىڭ تەخت پايىن يۈزۈمگە سۈرۈپ،
يۈزۈم يوقكى بەلكى كۆزۈمگە سۈرۈپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەختگاھ [تختگاه] (پ) تەخت قۇرۇلغان جاي، پايتەخت، پادىشاھ ياشايدىغان شەھەر، پادىشاھ سارىيى.

تەختگىر [تخت گير] (پ) 1) تەخت ئالغۇچى. 2) كۆچمە م: كۈچلۈك پادىشاھ؛ مۇستەقىل پادىشاھ.

تەخسىس [تخصيص] (ئە) مەخسۇسلاش؛ تەيىنلەش، بەلگىلەش؛ بېكىتىش:

كىشىكىم قىيامەتنى تەخسىس ئېتەر،
گۆزىن كۇفر ئېلىگە تەشخىس ئېتەر.

— ئا. نىزارى.

بەتەخسىس — خۇسۇسەن.

تەخفىف [تخفيف] (ئە) 1) يەڭگىللىشىش؛ ئاجىزلىشىش. 2) ئازىيىش، كېمىيىش.

تەخفىف ئەيلەمەك — يەڭگىللەتمەك.

تەخلىس [تخليص] 1) خالاس قىلىش، قۇتقۇزۇش. 2) تازىلاش.

تەخلىس بەرمەك — قۇتقۇزماق؛ تازىلىماق.

تەخلىئ [تخليع] (ئە) سېلىش؛ سالدۇرۇۋېلىش (كىيىمنى).

تەخمىر [تخمير] (ئە) كىرىشتۈرۈش، ئارىلاشتۇرۇش، خېمىر قىلىش.

تەخمىر ئەيلەمەك — كىرىشتۈرمەك، خېمىر قىلماق.

تەخمىنشۇناس [تخمين شناس] (ئە + پ) تەخمىن قىلغۇچى؛ ھېسابلاپ چىققۇچى:

نەزمۇ نەسرىم كاتىبى تەخمىنشۇناس،
يازسا يۈز مىڭ بەيت ئەگەر ئەردى قىياس.

— نەۋايى.

تەخۋىف [تخويف] (ئە) قورقۇتۇش؛ تەھدىد.

تەخۋىف ئەتمەك — قورقۇتماق.

تەدارۇك [تدارك] (ئە) 1) ئورۇنسىز (خاتا) كەتكەن نەرسىنى ئورنىغا كەلتۈرۈش، تولۇقلاش. 2) ئىلاج، چارە.

تەدبىر [تدبير] (ئە) تەدبىر، چارە، ئۇسۇل، ئامال؛ پىلان، لايىھە:

بۇ تەدبىرنى ئايتىپ مەنى ئامەغە،
داغى چۇلغاغايكىم ياگى جامەغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەدرىج [تدريج] (ئە) ئاستا ـ ئاستا، ئاستىلىق، تەدرىجى.

تەدقىق [تدقيق] (ئە) پارچىلاپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش.

تەدۋىر [تدوير] (ئە) 1) قورشىماق، مۇھاسىرە قىلماق،

ئورىماق. 2) ئايلانماق، پىرقىرىماق، ئايلاندۇرماق، پىرقىراتماق.

تەدۋىن [تدوين] (ئە) 1) تۈپلەش، جەملەش. 2) شېئىر ۋە باشقا ئەسەرلەرنى تۈپلەپ، تەرتىپلەپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈش، دىۋان تۈزۈش.

تەدۋىن قىلماق — تۈپلەپ تەرتىپلىمەك، تۈپلىمە ھالىتىگە كەلتۈرمەك.

تەر [تر] (پ) 1) ھۆل؛ نەم، تەر:

تۇرۇپ ئېرىدىم ئاندا ئاقىپ تەرلەدىم،
بۇ ھالەتنى كۆردى بۇرادەرلەرىم.

— ئا. نىزارى.

2) يېڭى، ساپ، تازا. 3) ئۇچار قاناتلار.

تەر ئەيلەمەك — 1) ھۆل قىلماق، ھۆللىمەك. 2) ئۇيالدۇرماق؛ ئۇيالدۇرۇپ تەرلەتمەك.

تەردامەن — كۆچمە م: گۇناھكار، يارىماس ئىشلارنى قىلغۇچى.

تەرۇ تازە — ياشنىغان، يېڭىلانغان، گۈللىگەن:

تەرۇ تازە بولدۇم بەغايەت سەمەن،
كى ئامادە ئەيلەپ قويارغە كەمەن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەرۇ تازە ئەيلەمەك — ياشناتماق، گۈللەتمەك.

تەرازۇ [ترازو] (پ) 1) ئۆلچەم، ئۆلچەش ئەسۋابى. 2) ھەق، ھەققانىي، توغرا:

يۈزۈڭنى تۇتتۇم ئارتۇق ئايۇ كۈندىن،
«كىشىنىڭ كۆزىدۇر ئارى تارازۇ» .

— لۇتفى.

تەرازىي [تراضى] (ئە) بىر - بىرىدىن رازى بولۇش، شاد بولۇش، خۇشاللىنىش.

تەرازىي قىلماق — رازىلاشماق.

تەراش [تراش] (پ) 1) يونۇغۇچى، تاراشلىغۇچى. 2) قىرىندا.

خارا تەراش — تاش يونۇغۇچى.

تەراكىب [تراكيب] (ئە) [بىرلىكى: تەركىب] «تەركىب» كە قاراڭ.

تەراكىمە [تراكمه] (ئە) [بىرلىكى: تۈركمەن] تۈركمەنلەر.

تەرانە [ترانه] (پ) 1) ناخشا؛ ئاھاڭ؛ مۇقام:

مۇغەننى ئەيلەگەچ مۇنداق تەرانە،
چەمەن چەكتى شەرابى ئاشىقانە.

— زەلىلى.

2) سۆزلىمەك:

دېدىمكى: بۇ قىزغە فەسانە قىلاي،
كۆڭۈل خاھىشىنى تەرانە قىلاي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) سايرىماق:

تەرانە بىرلە كېلىپ گۈلغە ھەر سەھەر بۇلبۇل،
فىراق خارىنىڭ ئازارىنى بەيان قىلادۇر.

— مەھزۇن.

4) ئارۇز ئىلمىدا رۇبائىي ۋەزنىنىڭ نامى.

تەرانە تۈزمەك — ناخشا ئېيتماق، كۈيلىمەك.

تەرانە چەكمەك — «تەرانە تۈزمەك» كە قاراڭ.

تەرانە سۈرمەك — كۈيلەپ ئوقۇماق؛ سۆزلىمەك.

تەرانغۇ [ترانغو] تاغتېرىكنىڭ ئوخشاش بىر تۈرلۈك ياۋايى دەرەخ.

تەراۋەت [طراوت] (ئە) يېڭى، تازا، ساپ، پاكىز؛ ساپلىق، يېڭىلىق:

بەھارى ئارەزىڭ تاپتى تەراۋەت ئەمدى خەت چىقسۇن،
بە رەڭگى ئەرغۇۋانى ياسۇمەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە.

— زەلىلى.

تەراۋىش [تراوش] (پ) سىزىپ چىقىش، تېمىش.

تەراۋىش ئەتمەك — «تەراۋىش ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

تەراۋىش ئەيلەمەك — سىزىپ، تېمىپ چىقماق.

تەرەب [طرب] (ئە) خۇرسەن، شاد، خۇشال:

خوشال، ئول رىندكىم ئۆمىر ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،
تەرەپ جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم - بەدەم چەكتى.

— ئەرشى.

تەرەب ئەنگىز — شادلىق كەلتۈرگۈچى.

تەرەب ساغەرى — شادلىق پىيالىسى، خۇشچاقچاقلىق.

تەرەب شەمئىن — خۇشاللىق شېمى، چىرىقى:

زەمانە قەسد بىرلە باغلادى بەل،
تەرەب شەمئىن ئۆچۈردى فىتنەلىك ئەل.

— زەلىلى.

تەرەبخېز [طرب خيز] (ئە + پ) شادلىق قوزغىغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى.

تەرەبفىزا [طرب فزا] (ئە + پ) شادلىقنى ئاشۇرغۇچى، شادلاندۇرغۇچى.

تەرەبلىق [طربلىق] خۇرسەنلىك، شادلىق، خۇشاللىق.

تەرەبناك [طربناك] (ئە + پ) خۇرسەن، خۇرسەنلىك بىلەن:

مەي تۇتۇپ ساقى بۇ كۈن كۆڭلۈم تەرەبناك ئەيلەمىش،
بادە ئىچكەن شوخلاردەك داغى چالاك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

تەرەددۇد [تردد] (ئە) بىرەر مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇش، ئىككىلىنىش:

سەفەرنىڭ ئىشىنى تەرەددۇد قىلىپ،
ئىتى ھەم بۇرادەرلەرنى ئالىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەرەششۇھ [ترشح] (ئە) 1) سويۇقلۇقنىڭ سىزىپ ئېقىشى. 2) كۆچمە م: بىرەر يوشۇرۇن نەرسىنىڭ بىلىنىپ قېلىشى.

تەرەششۇھ **قىلماق** — 1) سىزماق؛ 2) بىلىنىپ قالماق.

تەرەففۇئ [ترفع] (ئە) يۇقىرى كۆتىرىلىش، يۇقىرىلاش، يۈكسىلىش.

تەرەققۇس [ترقص] (ئە) ئۇسسۇل؛ تولغىنىش؛ تەۋرىنىش؛ قوزغىلىش، چاچراش:

باقىپ ھەرسە ھەريان تەفەھھۇس قىلىپ،
كېلىپ خەشمى ئانداغ تەرەققۇس قىلىپ.
— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

تەرەككۇب [تركب] (ئە) بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسە بىلەن بىرىكىشى؛ بىر نەچچە ماددىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولۇش.

تەرەنجەبىن [ترنجبين] (پ) يانتاق شېكىرى، تەرەنجىۋىل.

تەرەننۇم [ترنم] (ئە) [كۆپلۈكى: تەرەننۇمات] كۈيلەش، قوشاق قېتىش؛ سايراش؛ يېقىملىق سۆزلەش.

خۇشا، گۈل رەندكىم ئۆمر ئەساسى يوقلۇغىن بىلغەچ،
تەرەب جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم-بەدەم چەكتى.
— ئەرشى.

تەرەننۇم **ئەيلەمەك** — كۈيلىمەك؛ سايرىماق؛ چىرايلىق سۆزلىمەك؛

تەرەننۇم **تۈزمەك** — «تەرەننۇم ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

تەرەننۇمگەر [ترنم گر] (ئە + پ) چالغۇچى، سازەندە، كۈيلىگۈچى، قوشاقچى.

تەرەھھۇم [ترحم] (ئە) رەھىم قىلىش؛ غەمخورلۇق، مەرھەمەت:

ماڭا تەرەھھۇم ئېتىپ بەرمەسە مۇرادىمنى،
قىيامەت ئولسا سېنىڭ ياقاڭدا دۇر بىلەكىم.
— گۇمنام.

تەرەھھۇم **ئەيلەمەك** — رەھىم قىلماق.

تەربىئ [تربيع] (ئە) 1) تۆتكە يەتكۈزۈش، تۆتلۈك قىلىش. 2) تۆتكە بۆلۈش. 3) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە — بىر پىلانېتىنىڭ باشقا بىر پىلانېتا بىلەن توقۇنۇشىشى.

تەرجۇمە [ترجمه] (ئە) بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا ئاغدۇرۇش، تەرجىمە:

كىم، بۇ دەفتەرغە بېرىپ تەۋفىق ھەق،
تەرجۇمە رەسمى بىلە يازسام ۋەرەق.
— نەۋائى.

تەرجىھ [ترجيح] (ئە) بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىدىن ئارتۇق كۆرۈش.

تەرجىھ **ئەيلەمەك** — ئۈستۈن (يۇقىرى) كۆرمەك.

تەرجىھ **تاپماق** — ئۈستۈن (يۇقىرى) بولماق.

تەرجىھ **قىلماق** — «تەرجىھ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تەرجىئ [ترجيع] (ئە) قايتۇرۇش، تەكرارلاش.

تەرخان [ترخان] 1) سېلىقتىن ۋە ئەيىبلىنىشتىن ئازا قىلىنغان؛ ئىمتىيازلىق كىشى. 2) شۇنداق ئىمتىيازغا ئىگە بولغان مەنسەپدار.

تەردامانلىق [تردامانليق] كۆچمە م: ئىپلاسلىق، بۇزۇقلۇق، ئەخلاقسىزلىق.

تەردامەنلىق [تردامن ليق] «تەردامانلىق»قا قاراڭ.

تەردىد [ترديد] (ئە) رەت قىلىش، قايتۇرۇش؛ قەتئ بىر پىكىر قىلماسلىق.

تەررار [طرار] (ئە) ئوغرى، يانچۇقچى:

مېنى ئۇچراتماغىل ئول زاھىدى تەررار زەھرىگە،
كۆڭۈل ئەھلىن بەلايى ناگەھاندىن ئاسراغىل، يا رەب.
— ئەرشى.

تەرراھ [طراح] (ئە) 1) نەقىشلىگۈچى، نەققاش، بىنالارنى بېزىگۈچى. 2) ئارخىتېكتور.

تەرراھلىق [طراح ليغ] 1) نەققاشلىق. 2) ئارخىتېكتورلۇق.

تەررە [تره] (پ) تاماققا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كۆكتات («تەرۋە تازە/تەرۇ تازە» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ).

تەررە فۇرۇش [تره فروش] (پ) كۆكتاتچى.

تەرز [طرز] (ئە) ئۇسۇل، چارە؛ يوسۇن، شەكىل:

ئانى شاھەنشەھ بىلىڭ كۆرگەچ زۇمۇرەد تەخت ئۈزە،
بىر گەدا تەرزىدە گۈلخەن ئىچرەدۇر جويەندىسى.
— ئەرشى.

سەبا ئۇشبۇ ساڭا بۇ قۇلنىڭ ئەرزى،
بىلۇرسەن جۇملە ئىشنىڭ ھەرنە تەرزى.
— خىرقەتى.

تەرس [ترس] (پ) قورقۇش، قورقۇنچ، خەۋپ، ۋەھىمە

تەرسا [ترسا] (پ) خرىستىئان، نەسرانىي، ئىسا (ئىسا دىنىدىكى):

كۆپ مۇسۇلماندىن قويۇپ تەرسا بولۇرنى قاۋلاساڭ،
سەن بۇ كۈندىن سۇڭرە ھىچ زۇلفۇڭنى زۇننار ئەيلەمە.
— سەككاكى.

تەرسان [ترسان] (پ) قورقۇش، ۋەھىمە قىلىش:
ھەر كىشى ھەق قەھرىدىن تەرسان بولۇر.
ئول كىشىدىن بارچە خەلقلەر زان بولۇر.
— خەراباتى.

تەرسكار [ترسكار] (پ) پەرھىز تۇتقۇچى، ئۆزىنى ساقلىغۇچى.

تەرسناك [ترسناک] (پ) 1) قورقۇنچلۇق؛ 2) قورقۇنچاق.

تەرسىئ [ترصيع] (ئە) 1) قىممەت باھا تاشلار بىلەن بىرەر نەرسىنى زىننەتلەش، بېزەش. 2) شېئىردا بىرىنچى مىسرا بىلەن ئىككىنچى مىسرانى بىر - بىرىگە ئاھاڭداش، ۋەزىنداش ۋە قاپىيىداش قىلىپ كەلتۈرۈش.

تەرغىب [ترغيب] (ئە) قىزىقتۇرۇش، ئۈندەش، رىغبەتلەندۈرۈش.

تەرفىھ [ترفيه] (ئە) تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق.

تەرفىئ [ترفيع] (ئە) يۇقىرى كۆتۈرۈش، يۈكسەلدۈرۈش؛ مەرتىۋىسىنى ئاشۇرۇش.

تەرق [طرق] (ئە) 1) ئۇرماق، سوقماق. 2) ھۇجۇم قىلماق، زەربە بەرمەك:
زۇلفى سىلسىلىنى گۇل ئاي يۈزىگە نىقاب ئېتەر،
غەمزە قولىغا ئالمايىن نازۇ كەرەشمەدىن تەرق.
— زەلىلى.

تەرك I [ترک] ئۇرۇشتا باشقا كىيىلىدىغان مىس ۋە تۆمۈر قېتىشمىلىرىدىن ئىشلەنگەن باش كىيىم.

تەرك II [ترک] (ئە) تاشلاش، تاشلىۋېتىش؛ ۋاز كېچىش؛ قارىماي قويۇش:
يوقتۇ بارىن تەرك قىلماي يار تاپماق يوقدۇرۇر،
تۇرفەدۇركىم بۇ زەماندىن ئىزدەر ئەل خاھ ئۆزگەچە.
— ئەرشى.
جەفا تەركىن تۇتۇپ، ئەي چەرخى زالىم، بىر تەرەھھۇم قىل،
جەھان كۆل بولغىدەك بولدى مېنىڭ ئاھۇ يىغانىمغە.
— ئا. نىزارى.

تەركى ئەدەب — ئەدەپ (ئەخلاق) قا زىت قىلىنغان ئىش - ھەرىكەت.

تەركى خاب — ئۇيقۇنى تاشلىماق:
كىشىكىم تەشنە كۆرسە گۇل پەرىنى، جىلۋەگەر يۈرمەس،
نېگە ئەرشى كەبى تا روزى مەھشەر تەركى خاب ئەيلەب.
— ئەرشى.

تەركى دۇنيا — دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، يەككە ھالدا تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش.

تەركى ھۇش ئەتمەك — «تەركى ھۇش ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
قويۇپ لەبىمنى مەي ئۆزرە تەركى ھۇش ئەتتىم،
تۇشۇپ ئاياغىغە سەرمەست ئەجىز پەرۋەر ھەم.
— سەبۇرى.

تەركى ھۇش ئەيلەمەك — ھوشىدىن كەتمەك، ھوشىنى يوقاتماق.

تەركىب [تركيب] (ئە) بىرىكتۈرۈش؛ بىرىكمە، تەركىب:
ۋۇجۇدى مەجمەئۇل - بەھرەيىن رەھمەتدىن تاپىپ تەركىب،
بىجىز لۇتفۇ شەفائەت ئىستەسەڭ يوق ھەرقايان ئاندا.
— ئەرشى.

تەرلىك [ترليک/تيرليک] ئىچ كۆڭلەك.

تەرھ [طرح] (ئە) 1) تاشلاش، ئېلىپ تاشلاش:
چەككەندە نەققاشى قەزا گۇل سىرۇ كۆلرۇخ سۈرەتىن،
گويا بىگەنەمەي تاشلامىش تەرھ ئەيلەپ ئاي - كۈن ھەيئەتىن.
— نەۋايى.
2) قۇرۇلغان بىنا. 3) قۇرۇلۇشى، تۈزۈلۈشى، قۇرۇلۇش ۋە ئىمارەتلەرنىڭ پىلان - خەرىتىسى، لايىھە:
يوق پەرقلەر ئىچرە جانا سەن كەبى شېرىن دەھەن،
كۆزلەرىڭ تەرھىغە نەچۇك ئوخشاتاي نەرگىسنى مەن.
— گۇمنام.
4) تەرتىپ، تۈزۈم.
تەرھى ئەجەب — ئاجايىپ بىنا لايىھىسى.
تەرھى ئەجەب سالماق — ئاجايىپ لايىھە تۈزمەك، ئاجايىپ ئىش قىلماق.
تەرھى تەئەب — قىيىنچىلىق، مۇشكۈللۈك.
تەرھى رەقەم قىلماق — لايىھە سىزماق.

تەرۋىج [ترويج] (ئە) راۋاجلاندۇرۇش؛ قىممىتى ۋە ئەتىۋارىنى ئاشۇرۇش.

تەرۋىھ [ترويح] (ئە) خۇشبۇي قىلىش؛ راھەتلەندۈرۈش، دەم بېرىش.

تەرىد I [طريد] (ئە) 1) خىتاب؛ نەرە؛ سۈرەن، شاۋقۇن. 2) كۆچمە م: قاتتىق ھۇجۇم:
تەرىد ئەتكەچ قويۇنتەك ھەملە قىلدى،
بۆلۈنتەك گۆكرەدى، گوتتەك چاقىلدى.
— لۇتفى.
تەرىد ئەتمەك — «تەرىد ئەيلەمەك» كە قاراڭ.
تەرىد ئەيلەمەك — قاتتىق ھۇجۇم قىلماق.

تەرىد II [تريد] (ئە) توغرام، توغرالغان نان.

تەرىد قىلماق — توغرىماق، توغراپ يۇمشاتماق (ناننى).

تەرىي [طرى] (ئە) 1) يېڭى. 2) كۆچمە م: گۈزەل، تازا.

تەرىق [تريق] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇرۇق] 1) يول، ئىز. 2) ئۇسۇل، يوسۇن، قائىدە، رەسىم. 3) مەسلەك. 4) ۋاسىتە، سەۋەب:

بۇ خىلۋەت بەزمىدە مەھجۇر بولماغلىق تەرىقىدە،
بەنى بولغاي ھەمان ئاندا، ۋەلى بولغاي ھەمان ئاندا.

— ئەرشى.

ساھىب تەرىق — مەلۇم بىر مەسلەككە ئىگە كىشى (سوپىلىقتا).

ھەمتەرىق — يولداش، ھەمراھ.

تەرىقەت [تريقەت] (ئە) ئۇسۇل، يول، مەسلەك، سوپىلىق يولى.

تەرىقەت ئەھلى — سوپىلار.

تەرياق [ترياق] 1) ئەپيۇن. 2) زەھەر قايتۇرۇش دورىسى.

تەرياك [ترياك] «تەرياق»قا قاراڭ:

ئېيلەمىش دەم سەرد ئېتىپ گەر چەرخى مۇستەغنا مېنى،
ساقى ئوتلۇغ مەي ئانىڭ دەفئىگە تەرياك ئېيلەمىش.

— ئەرشى.

تەزەررۇئ [تضرع] (ئە) يېلىنىش، يالۋۇرۇش:

بۇ دەريا لەبىگە كېلىپ شاھزاد،
تەزەررۇئلار ئېتتى، قىلىپ ھەققە داد.

— ئا. نىزارى.

تەزەررۇئ ئەتمەك — «تەزەررۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تەزەررۇئ ئەيلەمەك — يالۋۇرماق، يېلىنماق، ئىلتىجا قىلماق.

تەزەرۋ [تزرو] (ئە) قىرغاۋۇل، ياۋا توخۇ:

بارۇر تەرفى چەمەنگە سەيرئۈچۈن بىر شوخ رەئنايى،
خىرامىدىن سالىپ كىبكۇ تەزەرۋ ئىچرە غەۋغايى.

— زەلىلى.

تەزەلزۇل [تزلزل] (ئە) 1) قىمىرلاش، تىترەش. 2) تەۋۋال ئۆزگىرىش. 3) ھولۇقۇش.

تەزەلزۇل تاپماق — قىمىرلىماق؛ تىترىمەك:

فەلەكدە مېھر گۈلشەن ئىچرە گۈللار يافراغىن ناگەھ،
تەزەلزۇل ئىچرە سالدى ئارەزىنى پىچتاب ئەيلەب.

— ئەرشى.

تەزەللۇل [تذلل] (ئە) ئۆزىنى خار تۇتۇش، ئۆزىنى پەس (تۆۋەن) تۇتۇش.

تەزەللۇم [تظلم] (ئە) زۇلۇمدىن شىكايەت قىلىش؛ زۇلۇمدىن زارلىنىش؛ داد ـ پىغان:

بۇ سۆگ ئىچرە ناكەس تەزەللۇم قىلىپ،
ماڭا باقتى ئول شۇم تەكەللۇم قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى

ئەھلى تەزەللۇم — زۇلۇمدىن پەرياد قىلغۇچىلار، مەز لۇملار.

تەزەللۇم ئەتمەك — «تەزەللۇم ئەيلەمەك» كە قارا

خەلق ھالىغە تەرەھھۇم ئەيلەبان،
دىلبەرىغە كۆپ تەزەللۇم ئەيلەبان.

— نەۋائى

تەزەللۇم ئەيلەمەك — زۇلۇمدىن شىكايەت قىلما داد ـ پىغان كۆتۈرمەك.

تەزەۋۋۇج [تزوج] (ئە) جۈپ بولۇش، ئۆيلىنىش.

تەزكىر [تذكير] (ئە) خاتىرىگە كەلتۈرۈش، ئەسلە زىكىر قىلىش.

تەزكىرە [تذكيره] (ئە) 1) خاتىرە، ئەسلەش، ئې ئېلىش ئۈچۈن ۋاسىتە بولغۇچى يازما قەغەزلەر. 2) خاتى مە. 3) كۆچمە م: شائىرلار، ئالىملارنىڭ تەرجىمىھال ئەسەر نەمۇنىلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام.

تەزمىن [تضمين] (ئە) بىراۋنىڭ مەلۇم بىر شېئىر ئايرىم مىسرالىرىنى ئۆز شېئىرى ئىچىگە كىرگۈزۈش؛ ن كەلتۈرۈش.

تەزھىب [تذهيب] (ئە) زەرلەش، ھەل بېرىش، ئال يالىتىش، ئالتۇن قاپلاش، ئالتۇن بىلەن نەقىشلەش.

تەزۋىج [ترويج] (ئە) ئۆيلەندۈرۈش؛ نىكاھ.

تەزۋىر [تزوير] (ئە) ئالداش؛ ھىيلە، مىكىر:

بۇ ئالەم زالىدىن تۇتقىل كەنارە،
ئېرۇر تەزۋىرى ئانىڭ بىشۇمارە.

— ئەرش

تەزئىف [تضعيف] (ئە) بىرنى ئىككى قىلىش (بى ئىككىگە كۆپەيتىش)، ئىككى باراۋەر قىلىش.

تەزئىف ئولماق — ئىككىگە كۆپەيمەك؛ ئىككى بار بولماق.

تەزيىن [تزيين] (ئە) زىننەتلەش، بېزەش:

قاچان ئولسە ئول ھەم بۇ ئايىن بىلە،
بىرەۋ ئولتۇرۇپ تەخت تەزيىن بىلە.

— ئا. نىزار

ئاسمان تەزيىن — ئاسمانغا ئوخشاش بېزەلگەن، ئاس دەك بېزەلگەن.

تەزيىن بەرمەك — زىننەتلىمەك، بېزىمەك.

تەزىين تاپماق — زىننەتلەنمەك، بېزەلمەك.

تەسامۇئ [تسامع] (ئە) ئۆزىنى ئاڭلىغانغا سېلىش.

تەسانىف [تصانيف] (ئە) [بىرلىكى: تەسنىف] «تەسنىف» كە قاراڭ.

تەساھۇل [تساهل] (ئە) بىپەرۋالىق، بىخەستەلىك، سەل قارىماق، ئېتىبارسىزلىق:

خەت يازۇرغە بۇ تەساھۇل بائىسى سەندىن نېدۇر،
قىلدى كاغەزنى قارا دەپ خاندىن ئىشىتتىڭمۇ جار.

— تەجەللى.

تەسەددۇق [تصدق] (ئە) سەدىقە قىلىش، بىرەر نەرسىنى سەدىقە يولى بىلەن باشقىلارغا بېرىش.

تەسەددۇق قىلماق — سەدىقە قىلماق، سەدىقە قىلىپ بەرمەك.

تەسەررۇف [تصرف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەسەررۇفات] 1) ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىش، ئىگىلەش. 2) شېئىردا ئايرىم سۆزلەرنىڭ گراماتىك شەكلىنى شائىر ئۆز رايىغا ئۆزگەرتىش:

يۈز تۈمەن ئەرمان زىمىنىكىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئېرۇر،
دەرد ئاڭا ساھىب تەسەررۇف، غەم ئۇنىڭ ئورتاغىدۇر.

— تەجەللى.

تەسەلسۇل [تسلسل] (ئە) زەنجىر ھالقىلىرىغا ئوخشاش بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىش، ئارقىمۇئارقا تىزىلىش:

سېنىڭ زاتىڭ تەسەۋۋۇردىن مۇنەززە،
ساماۋاتىڭ تەسەلسۇلدىن مۇنەززە.

— خەراباتى.

تەسەللۇف [تصلف] (ئە) ماختانچاقلىق، ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلىش، بىلەرمەنلىك قىلىش.

تەسەۋۋۇر [تصور] (ئە) بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ سۈرىتىنى خىيالىغا كەلتۈرۈش، زېھنىدە گەۋدىلەندۈرۈش:

لەبلەرىڭ كەيفىيەتىن ھەردەم تەسەۋۋۇر ئەيلەسەم،
ئىچەرەم خۇنابە ھەسرەت گاھى ھەم گۈلگۈن شەراب.

— ئەرشى.

تەسەۋۋۇف [تصوف] (ئە) سوپىلىق، سوپىزىم.

تەسبىھ [تسبيح] (ئە) تەسۋى:

زاھىدىكىم كۆردى زۇلفۇڭ كۇفرىن ئىماندىن كېچىپ،
بويىندا تەسبىھنى بېلىگە زۇننار ئەيلەدى.

— سەككاكى.

تەسبىھۇ نەماز — تائەت - ئىبادەت قىلماق، ناماز ئوقۇماق:

تەكيە گاھى زاھىدان گەر بولسا تەسبىھۇ نەماز،
مۇستەھقەغە لۇتفى ئەيلەيدۇر خۇدايى ئاشىقان.

— زەلىلى.

تەسبىھى يۇسىر — دېڭىزدا ئۆسىدىغان بىر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكتىن ئىشلەنگەن تەسۋى.

تەسخىر [تسخير] (ئە) 1) ئىستىلا قىلىش (ھەربىي كۈچ بىلەن)، بېسىۋېلىش، قولغا ئېلىش، ئىگىلەش:

كىشۋەرى ئالەمنى شەھلەر ئەل بىلە تەسخىر ئېتەر.
شەھرى دىل ئالماققە دىلبەرنىڭ سىپاھى ئۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

2) ئىلىندۇرۇش، رام قىلىش. 3) ماقۇل كەلمەك، تەسلىم بولماق.

تەسخىر ئەيلەمەك — رام قىلماق، قولغا ئالماق؛ تەسلىم قىلماق، ماقۇل كەلتۈرمەك.

تەسخىر بولماق — «تەسخىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

مەگەركىم گۇل پەرى تەسخىر بولغاي،
زىلەيخا بىرلە يۇسۇف بىر بولغاي.

— لۇتفى.

تەسرىھ [تصريح] (ئە) ئوچۇق ۋە ئېنىق ئىپادىلەش.

تەسرىھ ئەيلەمەك — ئوچۇق ئىپادىلىمەك، ئېنىق سۆزلىمەك.

تەسفىيە [تصفيه] (ئە) ساپلاشتۇرۇش، تازىلاش، روشەنلەشتۈرۈش، تىندۇرۇش.

تەسفىيە تاپماق — ساپلانماق، روشەنلەشمەك.

تەسكىن [تسكين] (ئە) توختاش؛ توختىتىش، تىنچىتىش؛ ئارام:

ۋائىزا، مەنئ ئەتمەگىل ئىلتىمىپ پەرى ئەيلەپ جۇنۇن،
يوق بۇ دەۋر ئوتىغە تەسكىن يا كۆڭۈل سەۋداسىغە.

— موللا سالىھ.

تەسكىن بەرمەك — ئارام بەرمەك.

تەسكىن تاپماق — توختىماق، ئارام ئالماق، ئارام تاپماق:

بۇ سۆزدىن تاپتى بۇلبۇل كۆڭلى تەسكىن،
تىكەنگە رەشكىدىن كىم ئەيلەدى كىن.

— خىرقەتى.

تەسكىن تۇتماق — بىر يەردە تۇرماق، تىنچلانماق.

تەسلىم [تسليم] (ئە) تاپشۇرۇش؛ بىرەر پىكىرنى قوبۇل قىلىپ كۆنۈش؛ بويسۇنۇش؛ تەن بېرىش، قايىل بولۇش.

ئېرۇر ئالتىنچىنىڭ مەنىسى تەسلىم،
ئەگەر ئالساڭ دىلۇ جان بىرلە تەئلىم.

— خىرقەتى.

تەسمىيە [تسميه] (ئە) ئات (ئىسىم) قويۇش، نام قويۇش، ئاتاش؛

تەسمىيە قىلماق — نام قويماق، ئاتىماق.

تەسنىف [تصنيف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەسانىف] 1)

تۈرلەرگە ئايرىتىش، كلاسسىفىكاتسىيە. 2) بىرەر ئەسەر يارىتىش. 3) مۇزىكىدا بىرەر كۈي يارىتىش.

تەسۋىر [تصوير] (ئە) سۈرەتلەش، بىرەر نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ياكى خىيالىغا كەلتۈرۈش.

تەشەببۇھ [تشبه] (ئە) ئوخشاشلىق، ئوخشاپ قېلىش.

تەشەددۇد [تشدد] (ئە) شىددەتلىنىش، قاتتىقلىشىش، قاتتىقلىق پەيدا قىلىش؛ ئېغىرلىشىش.

تەشبىئ [تشبيع] (ئە) 1) تولماق، لىق تولماق، قاپلىماق. 2) تويماق، تويۇنماق.

تەشبىھ [تشبيه] (ئە) 1) ئوخشىتىش، دوراش، تەقلىد قىلىش. 2) ئوخشىماق، ئوخشىشىپ كەتمەك، ئوخشاپ كەتمەك. 3) خۇددى شۇنداق، شۇنداق.

تەشبىھ **ئەتمەك** — ئوخشاتماق:

گۈلىدۇركىم قىزىل ساچباغ ئۇچىغا سەرنىگۇن ئەيلەپ،
ئۆزىن تەشبىھ يۈزۈڭگە ئەيلەمەكلىك بىرلە ئاسقاندۇر.

— گۇمنام.

تەشت [طشت] (پ) لىگەن؛ ئىدىش.

زەررىن **تەشت** — ئالتۇن لىگەن.

تەشخىس [تشخيص] (ئە) تونۇۋېلىش، ئايرىتىۋېلىش، ئېنىقلاش؛ كېسەللىكنى ئېنىقلاش، دىئاگنوز قويۇش:

كىشىكىم قىيامەتنى تەخمىس ئېتەر،
ئۆزىن كۇفر ئىلىگە تەشخىس ئېتەر.

— ئا. نىزارى.

تەشدىد [تشديد] (ئە) 1) شىددەتلەندۈرۈش، ئېغىرلاشتۇرۇش. 2) ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىككى قېتىم قايتىلاپ (تەكرارلاپ) ئوقۇش؛ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەكرار ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىدىغان دىئاكرىتىك بەلگە.

تەشرىھ [تشريح] (ئە) چۈشەندۈرۈش، ئوقتۇرۇش، ئىزاھلاش، شەرھلەش؛ تەھلىل قىلىش.

تەشرىف [تشريف] (ئە) ئۇلۇغلاندۇرۇش، شەرەپلەندۈرۈش؛ مەرھەمەت قىلىپ كېلىش:

مەگەر تەشرىف ئەتسە، ئەرشىيا، سال پەردەسىدىنكىم،
كۆزۈڭ مەئۋالار ئەيلەپ مەسنەدى شاھانە ئاندىن كۆپ.

— ئەرشى.

تەشرىف **ئەتمەك** — مەرھەمەت قىلىپ كەلمەك.

تەشرىف **كەلتۈرمەك** — «تەشرىف ئەتمەك»كە قاراڭ.

تەشرىفات [تشريفات] (ئە) پادىشاھ تەرىپىدىن بىرەر كىشىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن بېرىلگەن ئۇستىباش.

تەشنە [تشنه] (پ) 1) ئۇسسىماق، ئاغزى قۇرۇماق، چاڭقىماق. 2) تەشنا بولماق؛ ئارزۇ قىلماق، ئىنتىزار بولماق، سېغىنماق:

قويۇپ ناننى ئالدىم تۇمەن شۈكرى دەپ،
بەسى تەشنە بولدۇم قۇرۇق ناننى يەپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەشنەلەپ [تشنه‌لب] 1) (پ) ئۇسسىلىش، تەشنا، چاڭقاش:

ھەركىم ئېردى تەشنەلەب نۇش ئەيلەدى،
سۆز دېمەكدىن تىلنى خامۇش ئەيلەدى.

— نەۋايى.

گۇمنام ئەگەرچە تەشنەلەب يانسا بۇ چەشمە سارىدىن،
بولماسا گەر قەترە نەسىب، بارما دىگەنچە بارادۇر.

— گۇمنام

2) سېغىنىش، ئارزۇ، ئىنتىزارلىق:

مەن شەرابى لەئلىدىن سەرشاردۇرمەن، ئەي رەقىب،
سەن يۈرۈرسەن تەشنەلەب ئىچمەيى مەي رۇخسارىدىن.

— ئەرشى

تەشنىئ [تشنيع] (ئە) مالامەت قىلىش؛ ئەيىبلەش.

تەشھىر [تشهير] (ئە) شۆھرەتلەندۈرۈش، مەشھۇر قىلىش، ھەممىگە بىلدۈرۈش.

تەشھىز [تشحيذ] (ئە) ئۆتكۈرلىتىش، بىلەش، چاقلاش

تەشھىز **خاتىر** — خاتىرىسىنى، زېھنىنى ئۆتكۈرلىتىش

تەشۋىر [تشوير] (ئە) 1) دولقۇن. 2) پالاكەت.

تەشئىر [تشعير] (ئە) چاچ، ساقال قويۇش.

تەغار I [تغار] چوڭ يۇمىلاق ئىدىش، چوڭقۇر كۆپ

تەغار II [طغار] «تەغار I »گە قاراڭ.

تەغارە [تغاره] «تەغار I » گە قاراڭ:

تەرەب ۋەقتىنى، ئەرشى، مۇغتەنەم بىل،
سۇمۇر گەردۇنغە ئۈلچەپ بىر تەغارە.

— ئەرشى

تەغارى I [تغارى] «تەغار I » گە قاراڭ.

كەتۇر، ساقى، تەغارى بەھرى تىمسال،
قەدەھ كىشتىسىن ئول مەي بەھرىغە سال.

— نەۋايى

تەغارى II [طغارى] «تەغارى I » گە قاراڭ.

تەغافۇل [تغافل] (ئە) 1) بىلمەسلىككە سېلىش، كۆرمەسلىككە سېلىش. 2) بىپەرۋالىق، بىخۇدلۇق، بىخەستىلىك:

ئەيلەپ ئىستىغنا ئۇنۇتسالىڭ مېنى گەدانى تاڭ ئەمەس،
كىم تەغافۇل كىشۋەرىدە سەن قاراخان ئەي نىگار.

— تەجەللى

زەنجىرى **تەغافۇل** — غاپىللىق زەنجىرى:

چۇ شەب رەڭ ئەژدەھادەك ھەلقە قىلدىڭ چىنى كاكۇل سەن

ھەمايىلدار ئېتىپ گوياكى زەنجىرى تەغافۇل سەن.

— زەلىلى.

تەغايى [طغايى] تاغا (ئانىنىڭ ئاكا ياكى ئۇكىسى).

تەغەللۇب [تغلب] (ئە) يەڭمەك، غەلىبە قىلماق؛ بويسۇندۇرماق، بېقىندۇرماق، ئىستىلا قىلماق.

تەغەننى [تغنى] (ئە) 1) كۈيلەش؛ ناخشا، ناخشا ئېيتىش. 2) بېيىش.

تەغەييۇر [تغير] (ئە) ئۆزگىرىش، باشقا تۈسكە كىرىش؛ بۇزۇلۇش.

تەغەييۇر **تاپماق** — ئۆزگەرمەك.

تەغرىب [تغريب] (ئە) سۈرگۈن قىلماق؛ قوغلاپ چىقارماق، ھەيدىمەك.

تەغلىت [تغليط] (ئە) 1) تەشۋىشلەنمەك. 2) خاتالاشماق.

تەغلىز [تغليظ] (ئە) 1) قويۇقلاشتۇرماق، زىچلاشتۇرماق. 2) كۈچەيتمەك؛ چوڭقۇرلاشتۇرماق. 3) قوپاللاشتۇرماق، يىرىكلەشتۈرمەك؛ دارىتمىلاپ تىللىماق.

تەغىير [تغير] (ئە) ئۆزگەرتىش:

ياراغ ئولدۇركى ئاتلانساق بۇ شەبگىر،
قىلىب باشدىن ئاياغ تونلارنى تەغىير.

— لۇتفى.

تەغىير **ئەتمەك** — ئۆزگەرتمەك.

تەغىير **تاپماق** — ئۆزگەرمەك.

تەغىير **قىلماق** — «تەغىير ئەتمەك» كە قاراڭ.

تەڤ [تف] (پ) ئىسسىتما، بەزگەك.

تەفاخۇر [تفاخر] (ئە) پەخىرلىنىش.

تەفاخۇر **قىلماق** — پەخىرلەنمەك.

تەفاسىر [تفاسير] (ئە) [بىرلىكى: تەفسىر] تەفسىرلەر؛ «تەفسىر» گە قاراڭ.

تەفاۋۇت [تفاوت] (ئە) ئايرىماق، پەرق:

كارۇ بارى دەھر ئارا يوقدۇر تەفاۋۇت، ئەي خىرەد،
غەم يېمە كۆپ، غەم غۇبارىدىن ئۆزۈڭ مەسرۇر تۇت.

— ئەرشى.

تەفاۋۇت **ئەيلەمەك** — ئايرىماق، پەرقلەندۈرمەك.

تەفەررۇج [تفرج] (ئە) سەيلە، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش:

تەفەررۇج گاھى سۇنئۇڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن كېچەلەردە گۇنبەزى خوزرا.

— زەلىلى.

تەفەررۇس [تفرس] (ئە) پاراسەت بىلەن بىلىۋېلىش، بايقىۋېلىش.

تەفەرئۇن [تفرعون] (ئە) ئادەتتىن تاشقىرى كىبىرلىنىش، تەكەببۇرلىنىش.

تەفەققۇد [تفقد] (ئە) 1) يوقالغان نەرسىنى ئاختۇرۇش، سۈرۈشتۈرۈش. 2) مېھرىبانلىق، مېھرىبانچىلىق كۆرسىتىش.

تەفەھھۇس [تفحص] (ئە) [كۆپلۈكى: تەفەھھۇسات] ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، سۈرۈشتۈرۈش، ئاختۇرۇش:

باقىب ھەرسە ھەريان تەفەھھۇس قىلىب،
كېلىب خەشمى ئانداغ تەرەققۇس قىلىب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەفەھھۇس **ئەيلەمەك** — سۈرۈشتۈرمەك، تەكشۈرمەك.

تەفەھھۇم [تفهم] (ئە) ئۇقماق، چۈشەنمەك، بىلمەك، ئۆزلەشتۈرمەك؛ چۈشىنىشلىك، ئېنىق.

تەفەئئۇل [تفال] (ئە) 1) تەخمىنلەش؛ پال كۆرۈش، پال ئېچىش. 2) ياخشىلىققا ئۆرۈش.

تەفتىك [تفتيك] 1) قوي يۇڭى (باھاردا قىرقىلغان پاكىز يۇڭ)؛ ئىنچىكە قىل؛ تىۋىت.

تەفرىھ [تفريح] (ئە) خۇرسەن قىلىش، شادلاندۇرۇش:

قارا ئەنگۈر ئابىدىن ئەتكەن مۇئەنبەر بادەنىڭ،
ئۆزگە بىر تەئسىرۇ خاسى، باشقا بىر تەفرىھى بار.

— تەجەللى.

تەفرىھ **ئەتمەك** — شادلاندۇرماق.

تەفرىت [تفريط] (ئە) 1) بىرەر ئىشقا سۇسلۇق بىلەن قاراش، نورمال ھەرىكەتتىن ئارقىدا قېلىش، كەمچىلىك سادىر قىلىش. 2) نورمالسىزلىق.

تەفرىد [تفريد] (ئە) يالغۇزلۇق، يەككىلىك، ئۆزىنى دۇنيادىن چەتتە تۇتۇپ، يالغۇزلۇقتا ياشاش.

تەفرىق [تفريق] (ئە) 1) ئايرىش، بۆلۈش. 2) ئايرىلىش، بۆلۈنۈش. 3) پەرقلىنىش.

تەفرىقە [تفريقه] (ئە) ئايرىلىش؛ پەرىشان بولۇش؛ ئاجرىتىش.

تەفزىھ [تفضيح] (ئە) بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاپ رەسۋا قىلىش، شەرمەندە قىلىش.

تەفزىل [تفضيل] (ئە) ئاشۇرۇش، گۈزەل بىلىش.

تەفسان [تفسان] (پ) ناھايىتى قىزىق، ناھايىتى ئىسسىق، تاۋلانغان.

تەفسەندە [تفسنده] (پ) قىزىغان، ئىسسىق، قايناق، قىزغىن.

تەفسىر [تفسير] (ئە) [كۆپلۈكى: تەفاسىر] 1) شەرھ، ئىزاھ، بىرەر تېكستنىڭ مەنىسىنى ئېچىش. 2) قۇرئان

ئايەتلىرىنى ئىزاھلاش ۋە شۇ توغرىدا يېزىلغان كىتاب:

سۇرەئى ئىشقىڭنى تەفسىر ئەتكەلى بار كىمدە تىل،
مەكتەبى خامۇشلۇقغە كىردى ئەربابى بەيان.

— ئەرشى.

تەفسىل [تفصيل] (ئە) بىرەر نەرسىنى ئەتراپلىق، ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىش، كېڭەيتىپ سۆزلەش.

تەفسىل **ئەيلەمەك** — كېڭەيتىپ سۆزلىمەك.

تەفھىم [تفهيم] (ئە) چۈشەندۈرۈش، ئاڭلىتىش.

تەفۋىز [تفويض] (ئە) تاپشۇرۇش، ئىشنى باشقىلارغا يۈكلەش.

تەفۋىز **ئەتمەك** — تاپشۇرماق.

تەقابۇل [تقابل] (ئە) 1) ئۇچراشماق، يولۇقماق. 2) قارىمۇقارشى. 3) سېلىشتۇرماق، تەڭلەشتۇرمەك.

خىتتا ئىقلىمى گەرچە مۇرغىزارى ھۇسن دەيدۇرلەر،
خوتەن رەڭنالارىغە، ئەي كۆڭۈل، قىلما تەقابۇل سەن.

— زەلىلى.

تەقازا [تقاضا] (ئە) خالاش، ئىستەش، تەلەپ قىلىش.

تەقازا **قىلماق** — ئىستىمەك، خالىماق، تەلەپ قىلماق.

تەقەببۇل [تقبل] (ئە) قوبۇل قىلىش.

تەقەببۇل **ئەيلەمەك** — قوبۇل قىلماق.

تەقەببۇل **قىلماق** — «تەقەببۇل ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

تەقەددۇم [تقدم] (ئە) ئىلگىرىلەش، مۇقەددەم بولۇش:

كۆن تۇرسا داغىم، ئولماسا پىنھان، ماڭا قاراپ،
كۆز تىيرەلىككە قالغۇسى تەقەددۇمۇڭ.

— گۇمنام.

تەقەررۇب [تقرب] (ئە) يېقىنلىشىش.

تەقەييۇد [تقيد] (ئە) باغلىنىش.

تەقبىھ [تقبيح] (ئە) يامانلىققا تارتىش، يامانلاش.

تەقتىئ [تقطيع] (ئە) 1) كېسىش؛ بۆلەكلەرگە بۆلۈش، پارچىلاش. 2) شېئىردا مىسرالارنى ئايرىم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ، ۋەزنىنى ئۆلچەش.

تەقدىر [تقدير] (ئە) 1) پەرەز، ئېھتىمال، ھال. 2) باھالاش. 3) پېشانىدىن كۆرۈش:

قاچان ۋابەستە ئولغۇم رىشتەئى ئىشقىڭغە ئۆزلۈكدىن،
ماڭا لېكىن ئەسىر ئولماق چۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر.

— ئەرشى.

تەقدىس [تقديس] (ئە) پاك، مۇبارەك ۋە قۇتلۇق ھېسابلاش، مۇقەددەس ساناش، ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك دەپ بىلىش.

تەقدىم [تقديم] (ئە) 1) بىرەر نەرسىنى بىرسىگە بېرىش. 2) بىرسىنى ئىككىنچى بىرسى بىلەن تونۇشتۇرۇش.

تەقدىمۇ **تەئخىر** — ئالدى - كېيىن، مۇقەددەم - ئاخىر.

تەقرىر [تقرير] (ئە) قارار قىلىش؛ مەقسەتنى (ئاغزاكى) ئاڭلىتىش، بايان قىلىش:

جەفا مەكتۇبىنى ھىجران ئېلىكە شەرھ ئېتە ئالماي،
تىلىم تەقرىر ئېتەرگە ئاجىز ئولدى ھەم قەلەم تەنھا.

— زەلىلى.

تەقرىر **ئەتمەك** — «تەقرىر ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

تەقرىر **ئەيلەمەك** — سۆزلىمەك، تىلغا كەلتۈرمەك:

رويى زەردۇ ئاھى سەردىم كىمگە تەقرىر ئەيلەيىن،
ئۆزىدە بۇ سۇرەت ئولغاچ رازدارىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

تەقسىر [تقصير] (ئە) [كۆپلۈكى: تەقسىرات] كەمچىلىك سادىر قىلىش؛ كەمچىلىك، نۇقسان:

ئەرشىئى مەھجۇردىن ئۆتتى نېچۇن تەقسىرلەر،
ۋەسلىڭە، ئەي شاھى خۇبان، بىر زەمان مەھرەم ئەمەس.

— ئەرشى.

تەقسىر **ئەتمەك** — «تەقسىر ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

تەقسىر **ئەيلەمەك** — كەمچىلىك سادىر قىلماق؛ بىر ئىشنى ئاخىرغا يەتكۈزەلمەسلىك.

تەقسىر **قىلماق** — «تەقسىر ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

تەقسىرات [تقصيرات] (ئە) [بىرلىكى: تەقس] كەمچىلىكلەر، نۇقسانلار.

تەقلىل [تقليل] (ئە) ئازايتىش؛ كېمەيتىش.

تەقلىل **قىلماق** — ئازايتماق، كېمەيتمەك.

تەقۋا [تقوى] (ئە) دىندارلىق، پەرھىزكارلىق.

تەقۋا **ئەھلى** — تەقۋادار كىشى.

تەقۋى [تقوى] (ئە) «تەقۋا» غا قاراڭ:

تەقۋى ئەيلەپ دەير ئارا يول تاپمادۇق، كەل، ئەي رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخارەلەر يەڭلىغ بارالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

تەقۋىم [تقويم] (ئە) 1) توغرىلاش، تىكلەش. 2) بىرەر نەرسىنىڭ سۈرىتى. 3) پىلانېتىلارنىڭ ھال ۋە ھەرىكەتلىرىنى كۆرسەتكۈچى يىللىق جەدۋەل، كالېندار، توپلام.

تەقۋىيە [تقويه] (ئە) «تەقۋىيەت»كە قاراڭ:

قىلسە كۆز غارەت كۆڭۈلنى، يۈز قىلۇر ئۆرتەرگە جەھد،
زۇلف ئاڭا تەقۋىيە ئەيلەپ جىسمى دالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

تەقۋىيەت [تقويت] (ئە) قۇۋۋەتلەش، قۇۋۋەت بېرىش، كۈچەيتىش؛ ياردەم بېرىش:

نەچە كۈن بۇلارنى قىلىپ تەربىيەت،

ساقايدى ياراسى قىلىپ تەقۋىيەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەقى [تقى] تېخى، تېخىمۇ:

ياراشۇر باغ ئىچىگە غۇنچە بۇ گۈل،
تەقى خۇشلۇق باغىشلار ساقىنى مۇل.

— خىرقەتى.

يەنە، يەنىمۇ:

گۈل ئاي مانەندى شىرىندۇركى ئارى مەن ئاڭا پەرھاد،
تەقى ئەيلە مېنى ۋامىق، گۈل ئاينى ھەم قىلىپ ئۇزرا.

— موللا بىلال.

تەك I [تك] (پ) يورغىلاش، يۈگۈرۈش، چېپىش:

نە مۈمكىن سەئيى ئىلە كوبى سارىغە نەچچە ئۇرسام تەك،
تەمەننا ھەلقەسىدۇر ئۇل قۇياش ئىشكىدە سالىنچەك.

— ئەرشى.

تەكۇ پوي — يۈگۈرۈش:

ئانىڭ نەشئەسىدە تەكۇ پوي ئۇراي،
بۇ مەنزىلدىن ئۆزگە ۋەتەندە تۇراي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەكۇ پوي ئەتمەك — «تەكۇ پوي ئۇرماق»قا قاراڭ.

تەكۇ پوي ئۇرماق — يۈگۈرمەك، چاپماق.

تەكۇ تىز — يۈگۈرۈش، چېپىش.

تەكۇ دەۋ — يۈگۈرۈش.

تەك ئۇرماق — يورغىلىماق، يۈگۈرمەك، چاپماق؛

تىز تەك — چاپار، چاپىدىغان، ئىلدام.

تەك II [تك] تەگ، تېگى، تۈۋى، ئاستى:

جەننەت ئەگەر بولسا تەكىدەدۇرۇر،
فەيزى فۇتۇھى جان رەگىدەدۇرۇر.

— زەلىلى.

تەكاسۇل [تكاسل] (ئە) سۇسلۇق، پەرۋاسىزلىق.

تەكاۋەر [تكاور] (پ) يورغا ئات:

شاھانە نەسىھەتىمدۇر گوياكى نۇش دارۇ،
ئاھىستە سۈر تەكاۋەر ھەر گۇشە داد خاھى.

— زەلىلى.

تەكاۋەر سۈرمەك — ئات سالماق، چاپماق، ئاتلىق كىرىپ كەلمەك.

تەكە [تكه] تاغ ئۆچكىسى، تېكە.

تەكەسسۇر [تكسر] (ئە) سۇنۇش، قايرىلىش، جاراھەتلىنىش.

تەكەففۇل [تكفل] (پ) كېپىل بولۇش.

تەكەففۇل قىلماق — كېپىل بولماق.

تەكەللۇف [تكلف] (ئە) 1) ئۆزىنى كۆلپەتكە سېلىش، ئۆزىنى قىيناش، قىينىلىش ۋە ئازابلىنىش ئارقىلىق بىر ئىشنى بېجىرىش؛ 2) ھەشەمەت، بېزەك.

تەكەللۇفلار ئەتتى تەۋازۇئ بىلە،
شەھەر ئىچىدە تۇشتى تەۋابىئ بىلە.

— ئا. نىزارى.

تەكەللۇفلىق [تكلف ليق] ھەشەمەتلىك، بېزەكلىك.

تەكەللۇم [تكلم] (ئە) سۆزلەش، پاراڭ سېلىش، سۆزلەشىش:

ئاشىق ئولغان چاغدا ئۆرتەپ ئانى بەرباد ئەيلەدىم،
قىلما ئەي ناسىھ، تەكەللۇم يوقتۇ بارىمدىن ماڭا.

— مەھزۇن.

تەكەللۇم ئەتمەك — «تەكەللۇم ئەيلىمەك»كە قاراڭ.

تەكەللۇم ئەيلىمەك — سۆزلىمەك، سۆزلەشمەك، پاراڭلاشماق.

تەكەللۇم سۈرمەك — «تەكەللۇم ئەيلىمەك»كە قاراڭ.

تەكەللۇم كۆرگۈزمەك — «تەكەللۇم ئەيلىمەك»كە قاراڭ.

تەكبەند [تكبند] (پ) 1) كەمەر. 2) تۆشلۈك، تۆش تارتقۇ.

تەكبىر [تكبير] (ئە) خۇدانى ئۇلۇغلاپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» ئىبارىسىنى ئېيتىش:

كۆرەرلەركىم مەلەك سىيرەت ئىكى پىر،
ئايۇرلار ئاھۇ نالىش بىرلە تەكبىر.

— لۇتفى.

تەكبىرى تەھرىم باغلىماق — نامازدا خۇدادىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن كېچىپ، قول قوۋۇشتۇرماق.

تۆرت تەكبىرى فەنا — پانىيلىقنىڭ تۆت تەكبىرى؛ كۆچمە م: پانىيلىقنىڭ تۆت يولى.

تەكزار [تكزار] ئۈزۈملۈك، ئۈزۈمزار:

ھەر تەرەپىدە چەمەنۇ تەكزار،
لەبالەب ساي ئۆزرە ياتىپتۇر ھەزار.

— زەلىلى.

تەكزىب [تكذيب] (ئە) بىراۋنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقىرىش.

تەكزىب قىلماق — يالغانغا چىقارماق.

تەكسىر I [تكسير] (ئە) 1) سۇندۇرۇش، جاراھەتلەندۈرۈش. 2) سۇنۇش. 3) قىرىش، يونۇش (تاشقا كۆپتۈرمە سۈرەت چىقىرىش ئۈچۈن).

تەكسىر II [تكثير] (ئە) كۆپەيتىش.

تەكفىر [تكفير] (ئە) كاپىر (دىنغا ئىشەنمىگۈچى) دەپ ھۆكۈم قىلىش.

تەكفىن [تكفين] (ئە) مېيىتنى كېپەنلەش.

تەككە [تكه] «تەكە»گە قاراڭ.

تەكمىل [تكميل] (ئە) كامالىغا يەتكۈزۈش، كامىل قىلىش، تولدۇرۇش، مۇكەممەللەش.

تەكيە [تكيه] (ئە) 1) ياستۇق، تەكيە؛ يۆلەنچۈك، تايانچ. 2) دەرۋىشلەرنىڭ مەخسۇس تۇرار جايى، ئومۇمىي ياتاقخانا.

تەكيە خارا — تاش ياستۇق، قاتتىق ياستۇق.

تەكيەدار [تكيەدار] (ئە + پ) «تەكيە»گە قاراڭ:

ئەي زەلىلى، تەكيەدارى كىشۋەرى تەن بولماغىل،
كىم سېنى شۇكرى ئەزەلدە خانە بەردۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

تەكيەگاھ [تكيەكاه] (ئە + پ) 1) يۆلەنچۈك، يۆلىنىدىغان جاي؛ تايانچۇق. 2) كۆچمە م: ياردەم بەرگۈچى، مۇداپىئە قىلغۇچى:

كۇسەندىنىڭ ئاتى بولدى ئاندىن كۆچا،
كۆچادا بولۇر مەنزىلى تەكيەگاھ.

— موللا شاكىر.

تەگ [تك] «تەڭ 1»گە قاراڭ.

تەگەرگ I [تكرك] (پ) خامپا.

تەگەرگ II [تكرك] مۆلدۈر.

تەگرە [تكرا/تيكرا] ئەتراپ؛

ئانىڭدەك چىرقىراب سىسكەندى ناگاھ،
كىم ئۇل تەگرەدەگى ئول بولدى ئاگاھ.

— لۇتفى.

تەگرەسىدە — ئەتراپىدا.

تەگرۇ [تكرو/تيكرو …]غىچە، …گىچە، …گە، قەدەر؛

ئۇشانغە تەگرۇ — شۇنىڭغىچە.

يار مەلەك خەيلىغە گەردۇن زەۋرەقى نىلىن ئېبرۇر،
ھەجرىدىن تا كۆككە تەگرۇ سېلى ئەشكىم بولدى سەت.

— ئەرشى.

تەگۈرمەك [تكورماك/تيكورماك] تەگكۈزمەك، يەتكۈزمەك.

كۆز تەگۈرمەك — كۆز يەتكۈرمەك؛ تىكىلمەك، ئېتىبارغا ئالماق.

تەڭ [تنك] (پ) 1) تار، قىستاڭ، زىچ. 2) بىر ئېشەكلىك يۈك؛ تاي، توپ، بىر باغلام (يۈك). 3) تۆش تارتقۇ، تۆشلۈك.

تەڭ شەرابلىغ — مەي كۆتۈرەلمەسلىك، مەيدىن يېگىلىش.

تەڭ نەفەس — زىققى نەپەس، نەپەس سىقىلىش.

دىلتەڭ — يۈرىكى، دىلى سىقىق.

تەڭەشتۈرمەك [تينكاشتورماك] تەڭلەشتۈرمەك.

تەڭبەستە [تنك بسته] (پ) 1) مۇستەھكەم. 2) تۆشىپغى، تۆش تارتقۇسى (تۆشلۈك، كەمەلدۈرۈك) چىڭ تارتىلغان (ئات ھەققىدە):

كېچە شەبدىزىن ئەيلەب تەڭبەستە،
ياڭى ئايدىن كېلىپ سەتلىغە دەستە.

— نەۋائى.

تەڭ - تەڭ [تنك تنك] (پ) توپ - توپ، تاي - تاي.

تەڭدىل [تنك دل] (پ) يۈرىكى سىقىلغان.

تەڭرى [تنكرى] ئاللا، خۇدا:

دېدى: ئەي شەھەنشاھ گەردۇن نەما،
سېنى تەڭرى قىلمىش مىسالى ھۇما.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەڭباي [تنكباى] (پ) 1) تار يول. 2) بوغۇز، ھەلقۇم.

تەل [تل] (ئە) تۆپە، دۆڭ، ئېگىزلىك:

تەرزى قاراساي تۇشۇپ تەل كەبى،
ساي يۈزى چۈن قارا بەخمەل كەبى.

— زەلىلى.

تەلاتۇم [تلاطم] (ئە) ئۇرۇلۇش، دولقۇنلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشى.

پۇر تەلاتۇم — دولقۇنلۇق، غايەت زور دولقۇنلۇق.

تەلاج [تلاج] (ئە) ئالغاي.

تەلافىي [تلافى] (ئە) قولدىن كەتكەن نەرسىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش:

نە بولغاي، ئەي سەبا، گەر سائەتى تەركى جەفا تۇتساڭ،
تەلافىي كاش يۈز نەۋمىد ئېتىپ بىر مۇددەئا تۇتساڭ.

— سەبۇرى.

تەلافىي ئەيلەمەك — قولغا كىرگۈزمەك.

تەلافىي ماقەت — يوقالغان نەرسىنى قولغا كىرگۈزۈش.

تەلالا [تلالا] (ئە) 1) ئاھاڭ؛ كۈي. 2) ھايقىرىق:

كى تۇججار بىرلە تاماشا قىلۇر،
ئەجەپ مەينى ئانداغ تەلالا قىلۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەلايە [طلايه] (ئە) قوشۇننىڭ ئىلغار قىسمى، ھىمايىچى ئەترەت.

تەلە [تله] لاي؛ تۇزاق.

تەلەب [طلب] (ئە) سوراش، ئىستەش، خاھىش، مەيل:

ئۆلگۈچە قىلسام تەلەب ۋەسلى مۇيەسسەرمۇ ئىكەن،
ئەسلىنى تاپماق بەسى مۇشكىلكى، ئاسان سۈرەتى.

— ئا. نىزارى.

تەلەب ۋادىيسى — سوپىلىق مەسلىكىدىكى يەتتە ۋادىي (يەتتە دەرىجە) نىڭ بىرىنچىسى.

تەلەبە [طلبه] 1) تەلەپ قىلغۇچىلار. 2) تىلەمچىلەر. 3) ئىلىم ئالغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار.

تەلئەت [طلعت] (ئە) يۈز، بەت، چىراي؛ كۆرۈنۈش، ھۆسن، گۈزەللىك:

بىرىنىڭ ئىككى قاشىدۇر ياڭى ئاي،
بىرىنىڭ تەلئەتىدۇر ئىيدى ئەكبەر.

— ئاتايى.

قەمەر تەلئەت — ئاي يۈزلۈك:

قاشىدا جەۋانى قەمەر تەلئەتى،
بەئەينى پەرىدۇر ئانىڭ خىلقەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ماھى تەلئەت — «قەمەر تەلئەت»كە قاراڭ:

كەلگۈسى بىر - بىر بىسىپ گۈل ماھى تەلئەت ناز ئىلە،
ھەلقە - ھەلقە چىرماشىپ قەددىگە گىيسۇيى ھەبىب.

— موللا بىلال.

تەلەتتۇف [تلطف] (ئە) سىلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئەركىلەش:

دېدىمكى: تەلەتتۇف بىلە باقساڭىز،
مېنىڭدەك غەرىبغە نەزەر قىلساڭىز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەلەززۇز [تلذذ] (ئە) لەززەتلىنىش.

تەلەززۇزات [تلذذات] (ئە) [بىرلىكى: تەلەززۇز] لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر، «تەلەززۇز»غا قاراڭ.

تەلەف [تلف] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلەفات] نابۇت، ھالاك، يوق بولۇش.

تەلەف بولماق — نابۇت بولماق، يوق بولماق، يىتمەك، تۈگىمەك.

تەلەففۇز [تلفظ] (ئە) سۆزلەش، ئېيتىش، دېيىش.

تەلەققىي [تلقى] (ئە) ئېلىش، قوبۇل قىلىش.

تەلەققىي قىلماق — قوبۇل قىلماق.

تەلەممۇز [تلمذ] (ئە) شاگىرتلىق، ئوقۇغۇچىلىق.

تەلەۋۋۇن [تلون] (ئە) 1) رەڭگارەڭ بولۇش، ئۆزگىرىپ تۇرۇش؛ تاۋلىنىش. 2) كۆچمە م: تۇتۇرۇقسىز (بولۇش)، ساۋاتسىز (بولۇش).

تەلەۋۋۇنلۇغ [تلون لوغ] 1) رەڭگارەڭ، ئۆزگىرىشچانلىق. 2) كۆچمە م: ساۋاتسىزلىق.

تەلەئلۇ [تلألو] (ئە) پارلاش، پارقىراش، يالتىراش.

تەلبە [تلبه] (پ) 1) تەلۋە، سەۋدا، مەجنۇن. 2) پەرىشان؛ گاڭگىرىغان. 3) ئاشىق، مەپتۇن، ئىشققا گىرىپتار بولغان:

زەلىلى تەلبەنى دىلبەر كويىدىن قوغلىغانىڭلار
چۇ بۇتخانە ئىچىدىن كافىرۇ تەرسانى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

تەلبەراي [تلبه‌رای] (پ) ساراڭلارچە، تەلۋىگە ئوخشاش:

تەلبەراي ئەتتى كۆڭۈل يادى بىلە مەجنۇن كەبى،
ئەيلەدى ئالەم ئېلىدىن بىزنى پىنھان سۈرمتى.

— ئا. نىزارى.

تەلبەرەتمەك [تیلبارآتماک] ساراڭ قىلماق، تەلۋە قىلماق، ئازدۇرماق.

تەلبىس [تلبيس] (ئە) ھىيلە - مىكىر، نەيرەڭ، يالغان:

بۇ يول ئازغۇرغۇچى كۆرگۈزسە تەلبىس،
ئەجەب يوقتۇركى يولدىن ئازسا ئىبلىس.

— لۇتفى.

تەلتىف [تلطيف] ئەركىلەش، ئەركىلىنىش، شېرىن سۆزلەرنى قىلىش.

تەلتىفى مەقال ئەيلەمەك — ئەركىلەپ سۆزلىمەك.

تەلخ [تلخ] (پ) ئاچچىق:

ھەمىشە گۈل يۈزىن تەدبىرىن ئەتكەي،
لەبىدىن تەلخ ئۆمرىن شىرىن ئەتكەي.

— خىرقەتى.

تەلخ ئەيلەمەك — ئاچچىققا ئايلاندۇرماق، يېقىمسىز قىلماق.

تەلخ گۇفتار — ئاچچىق سۆزلەش.

تەلخ يىغلاماق — ئەلەملىك يىغلىماق، ئاچچىق يىغلىماق.

تەلخكام [تلخ كام] (پ) قايغۇلۇق، قىينىلىپ ئۆتىدىغان؛ ئۈمىدسىز.

تەلخكام ئولماق — قايغۇرماق، قىينىلىپ كۈن كەچۈرمەك.

تەلخىس [تلخيص] (ئە) يەكۈنلەش، خۇلاسىلەش.

تەلقىن [تلقين] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلقىنات] 1) تەلىم، بىرەر مەسىلىنى باشقىلارغا ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش:

ھۆسن ئەتفالىغە لەۋھى ئارەزىدىندۇر سەبەق،
ئايغە تەلقىن ئەيلەگەندەك شۇئلە مېھرى خاۋەرى.

— ئەرشى.

2) مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن قەبرە بېشىدا ئىمام تەرىپىدىن «كەلىماتى مەئلۇمە»نىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى.

تەلقىن ئەيلەمەك — ئېنىق چۈشەندۈرمەك، ئۇقتۇرماق، يادىغا سالماق، ئۈندىمەك.

تەلقىن ئوقۇماق — چۈشەندۈرمەك، ئۇقتۇرۇلماق، يادى-

غا سىلىنماق.

تەلئە [طليعه] (ئە) قوشۇننىڭ ئالدىدا مېڭىپ يول ئاچقۇچى ۋە دۈشمەننىڭ ئەھۋالى، تۇرغان جايى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كەلگۈچى ئەسكەر؛ ئىلغار.

تەمام [تمام] (ئە) 1) ئاخىرلاشماق، تۈگىمەك:

دېدى: خاجە: شاھا، يوق ئېردى بالام،
يېتىشتىكى ئۆمرۈم بولۇرغە تەمام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھەممە، ھەممىسى، بارلىقى، پۈتۈنلەي:

ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەمام ئاڭلادىم،
كى جانىم قۇلاقى بىلە تىڭلادىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بار مەلەك نىشانىدۇرلار ئىشق زاتىدىن تەمام،
ئەرشىيا، كەل، جامى مەي ئىچكىل مۇھەببەت سارىدىن.

— ئەرشى.

تەمەتتۇئ [تمتع] (ئە) [كۆپلۈكى: تەمەتتۇئات] بەھرىلىنىش، پايدىلىنىش، مەنپەئەتلىنىش.

تەمەتتۇئ تاپماق — بەھرىلەنمەك، پايدا تاپماق، مەنپەئەت ئالماق.

تەمەسخۇر [تمسخر] (ئە) مەسخىرە قىلىش، مازاق قىلىش.

تەمەسخۇر قىلماق — مەسخىرە قىلماق، مازاق قىلماق.

تەمەسسۇك [تمسك] (ئە) 1) ھۆججەت، ئىسپات. 2) تۇتماق، تۇتۇۋالماق، يېپىشماق.

پۈتۈن بىزگە بەرگىل تەمەسسۇك خەتى،
داغى ئاندا تۇشسۇن ئۇلۇغلار ئاتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەمەللۇق [تملق] (ئە) يېلىنىش، يالۋۇرۇش؛ ساختا تەزىم:

تەمەللۇقدا قىلدىم بۇلارغە سەلام،
كېلىپ ئۇردى بىر كاج مېنى چولڭ ئاغام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەمەللۇك [تملك] (ئە) ئىگە بولغانلىق، بىرەر مۈلۈكنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئالغانلىق.

تەمەننا [تمنا] (ئە) تىلەك، ئىستەك، ئارزۇ:

ئاتايى خۇد قىلۇر ۋەسلىڭ تەمەننا،
ۋەلى مىسكىنگە مۈلكى جەم تاپىلماس.

— ئاتايى.

تەماننا ئەتمەك — «تەمەننا ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تەمەننا ئەيلەمەك — ئارزۇ قىلماق.

تەمەنناي خام — ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئۈمىد، خام تەمە.

تەمەۋۋۇج [تموج] (ئە) دولقۇنلىنىش، چايقىلىش.

تەمەۋۋۇج سالماق — دولقۇنلاندۇرماق، چايقالدۇرماق.

تەمەۋۋۇل [تمول] (ئە) مالدارلىق، بايلىق، باي بولماقلىق.

تەمەئ [طمع] (ئە) 1) خام خىيال، تەمە. 2) ئارزۇ، ئىستەك، ئۈمىد (غايىۋى). 3) ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتلىك، تويماسلىق:

ۋەسلىڭ تەمەئىدە زاردۇرمەن،
سەرگەشتەئى بىقەراردۇرمەن.

— ئەرشى.

تەم - تەم [تم تم] تامچە - تامچە، قەترە - قەترە:

سەر - بەسەر سۇرگەتدىن ئول ئارەز ئۆزە تەم - تەم ئەرەق،
نەۋنىھال ئۇستىدە قۇدرەت يېلىدىن شىرىن سەمەر.

— ئەرشى.

تەمسىل [تمثيل] (ئە) مىسال كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش.

تەمكىن [تمكين] (ئە) ئېغىرلىق، چىدام؛ ئېغىر تەبئەتلىك، سۆلەت، ھەيۋەت.

تەمكىن تاپماق — ئېغىر بولماق، بىر جايدا قارار تاپماق.

جەلال تەمكىن — ئەزىمەت، سۆلەتلىك، بۈيۈك، ھەيۋەتلىك.

سىپىھر تەمكىن — ئاسماندەك ۋەزمىن، ھەيۋەتلىك.

تەملىك [تمليك] مۈلۈكلۈك، مۈلۈك قىلىپ بېرىش:

مەغفىرەت گەنجى سەڭا تەملىك ئېرۈر، مانىئ ئەمەس،
ئەيلەسەڭ ئىسيانى كۆپ ئۈممەتكە ھەر مىقدار خەرج.

— نەۋايى.

تەممە [تم] (ئە) ئاخىرلاشتى، تامام بولدى، تۈگىدى (كۆپىنچە كىتابلارنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويۇلىدۇ).

تەممە بىل خەير — ياخشىلىق بىلەن تامام بولدى.

تەممە چەكمەك — تامام قىلماق، تامام بولدى دەپ يازماق.

تەمھىد [تمهيد] (ئە) 1) يېيىش. 2) تۈزۈش، تەرتىپلەش، رەتلەش، تۈزىتىش.

تەمۇز [تموز] (پ) شەمسىيە يىلىنىڭ مارت ئېيىدىن باشلاپ بەشىنچى ئېيىغىچە بولغان ئۈچ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى (سەرەتان، ئىيۇل).

تەمۇغ [تموغ] «تامۇغ»غا قاراڭ:

كى ئەھلى زوھد قىلۇر تاڭلا ئىشرەتى جەننەت،
تەمۇغ ئارا نەچە مەيخانەلەر بەنا قىلايىن.

— گۇمنام.

تەمىيز [تمييز] (ئە) 1) ئاجرىتىش (ياخشىنى

ياماندىن)، ئايرىش، پەرقلەندۈرۈش. 2) ئېنىق، روشەن، مەلۇم:

تالىبى ھەقلەرگە بۇ تەمىيزدۇرۇر،
قىل يۈكىغە مورچە كۆپ ئاجىزدۇرۇر.

— خەراباتى.

تەمىيز قىلماق — 1) ئاجراتماق، پەرق قىلماق. 2) بىلمەك، سەزمەك.

تەن [تن] (پ) 1) تەن، بەدەن، جىسىم. 2) ئادەم، شەخس:

بۇ سائەت ئىچىندە بەرھەمەن كېلىپ،
مۇڭلۇق ئارقاسىدىن نەچچە تەن كېلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەناب [طناب] (ئە) ئارغامچا؛ تاناب؛ يىپ؛ چۇلۇۋۇر:

ھەلقە - ھەلقە زۇلفۇڭىز ھەريان پەرىشاندۇر نېتەي،
كىم تەنابى سەيد ئول گېيسۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

تەناسۇب [تناسب] (ئە) بىر - بىرىگە ماس ۋە ئۇيغۇن بولۇش، كېلىشىمكلىك؛ نىسبەت پەيدا قىلىش.

تەناقۇز [تناقض] (ئە) بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى سۆزگە قارشى قويۇلۇشى، ئىككى سۆزنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى كېلىشى، زىتلىق، ئانتونىملىق.

تەنان [تنان] (پ) 1) تەنلەر، بەدەنلەر، گەۋدىلەر، جىسىملار. 2) ئادەملەر، شەخسلەر، كىشىلەر توپى:

دېدى ئاتلانىپ چىقتى نەچچە تەنان،
بالىلار بىللە بولدى تاغقا رەۋان.

— موللا بىلال.

تەناۋۇل [تناول] (ئە) 1) يېمەك، ئىچمەك، ئىستېمال قىلماق:

كېلۇر ئالدىڭىزغە كى ئاندىن تەئام،
تەناۋۇل قىلۇرسەن ئىشىڭ تۇرفە خام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئېرىشمەك.

تەنەززۇل [تنزل] (ئە) 1) تۆۋەنلەش، پەسكە چۈشۈش. 2) ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، كەمىرسىزلىك، كەمتەرلىك:

چۇ مەسئۇد بولماس ئىدى تەندۇرۇست،
تەنەززۇللۇق ئولدى بولۇپ ھالى سۇست.

— ن. زىيائى.

تەنەففۇر [تنفر] (ئە) يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش.

تەنەققۇل [تنقل] (ئە) [كۆپلۈكى: تەنەققۇلات] ئىچىملىك بىلەن بىللە قەنت - گېزەك، يەل - يېمىش يېمەك؛ زاكوسكا.

تەنەند [تنند] (پ) ھۆرۈن، ئىش خۇشياقماس.

تەنەۋۋۇئ [تنوع] (ئە) تۈرلىنىش، خىلمۇ خىل بولۇش، تۈرگە ئايرىلىش.

تەنەئئۇم [تنعم] (ئە) نازۇ - نېمەتلەر ئىچىدە ياشاش، راھەتتە ياشاش:

ئاۋ ئاۋلاپ، قوش سالىپ چىرغاپ ھەمىشە،
كېچە - كۈندۈز تەنەئئۇم قىلدى پىشە.

— لۇتفى.

تەنەئئۇمات [تنعمات] (ئە) [بىرلىكى: تەنەئئۇم] «تەنەئئۇم»غا قاراڭ.

تەنبەل [تنبل] (پ) 1) ھۇرۇن، ئىش خۇشياقماس. 2) كۆچمە م: سېمىز.

تەنبۇره [طنبوره] (ئە) تەنبۇرنىڭ كىچىك بىر تۈرى.

تەنبۇل [تنبول] تائامغا سېلىنىدىغان بىر خىل خۇشبۇي ياپراق (ھىندىستاندا ئۆسىدۇ).

تەنبىھ [تنبيه] (ئە) ئەيىبلەش، كايىش، تاپا - تەنە قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش؛ جازالاش:

بىشىنچى مەنىسىدۇر، ئاگاھ، تەنبىھ،
بارابەر قايدا بولسۇن باغ ئىلە تىھ.

— خىرقەتى.

تەنپۇش [تن پوش] (پ) كىيىم، يېپىنچا.

تەندۇرۇست [تن درست] (پ) ساغلام، سالامەت.

تەندۇرۇست ئولماق — ساقايماق، تۈزەلمەك.

تەنزىھ [تنزيه] (ئە) يامانلىق ۋە يارىماسلىقلاردىن پاك قىلىش ۋە تازىلاش:

ئىككىنچى مەنىسى تەنزىھدۇر بىل،
كۆڭۈلدىن خار خەشەكنى سەن ئېرىتقىل.

— خىرقەتى.

تەنسىف [تنصيف] (ئە) 1) بىرەر نەرسىنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈش؛ 2) ھېساب ئىلمىدا بەلگىلىك ساننىڭ يېرىمىنى بەلگىلەش.

تەنسىف قىلماق — ئىككىگە بۆلمەك، يېرىمىنى ئاجراتماق.

تەنقال [تنقال] بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلىش توغرىسىدا ئەسكەرگە خەۋەر بېرىش ياكى بۇيرۇق قىلىش.

تەنقىر [تنقير] (ئە) ئويۇش، كولاش.

تەنقىر ئەيلەمەك — كولىماق.

تەنقىس [تنقيص] (ئە) كېمەيتىش، ئازايتىش، كەم كۆرسىتىش؛ يېتىشمەسلىك، سىقىلىش.

تەنقىس بەرمەك — سىقماق، كېمەيتمەك.

تەنقىس تاپماق — تۈگەللەنمەك، تۈگىمەك؛ تۈگەپ قال-

ماق.

تەنكىر [تنكير] (ئە) 1) ئېنىقسىز ھالغا كەلتۈرۈش. 2) ئەرەبچىدە بىرەر ئىسىمنى «نەكرە» يەنى ئېنىقسىز ھالغا كەلتۈرۈش (ئىسىم ياكى سۈپەتنىڭ ئالدىغا «ئەل /ال» نى قوشماسلىق).

تەنگە [تنكه] تەڭگە، پۇل.

تەنگەئى بەيئانە — زاكالەت، سودا ئۈستىدە ئالدىن بېرىلگەن پۇل.

تەنگۇداز [تن كداز] (پ) بەدەننى ئېرىتكۈچى، تەننى قىزىتقۇچى.

تەنناز [طناز] (ئە) نازلىق، كېلىشكەن، گۈزەل، نازىنىن:

كىمسە ھەرگىز كۆرمەگەي بۇ تەرز ئىلە بىر نازلىق،
نازى شىرىن پەردىسىدە قىلغاي گۇل تەننازلىق.

— ئەرشى.

تەنھا [تنها] (پ) [بىرلىكى: تەن] 1) يالغۇز، تەنھا، يەككە، يىگانە، بىردىنبىر. 2) پەقەت، پەقەتلا. 3) كىشىلەر توپى:

باده ئىچتىم زەۋقىدە مەي ئەكسىنى كۆردۈم،
ھۆسن باغىدا تەنھا گۇلتۇرۇر خىرامان قىز.

— نەۋبەتى.

تەنۇرە [تنوره] (پ) پەرتۇق (تۆمۈرچىلەر كىيىدىغان)؛

چەرمىن تەنۇرە — تېرىدىن ياسالغان پەرتۇق:

تېمۈرچىدىن تىلەب دەم بىرلە كۆرە،
بېلىگە باغلەبان چەرمىن تەنۇرە.

— نەۋايى.

تەنۇمەند [تنومند] (پ) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك؛ ساغلام؛ سېمىز، گەۋدىلىك.

نا تەنۇمەند — كۈچسىز، ساقسىز، ھالسىز.

تەنۋىر [تنوير] (ئە) نۇرلانماق، يورۇماق، نۇر چاچماق:

كۆزۈم تۇشتى ناگاھ بۇ تەسۋىرغە،
كى تەسۋىر ئەمەس، بەلكى تەنۋىرغە.

— ئا. نىزارى.

تەنۋىن [تنوين] (ئە) «ن» لەشتۇرۇش (ئايرىم ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنى «ن» بىلەن ئېيتىش).

تەھ [ته] (پ) تەگ، ئاست، ئەڭ ئاستى، قەۋەت:

بار ئېردىكى دەريا سۈيى ئانچە ئەۋج،
مېنى تەھكە تاشلاپ ئۇرار ئېردى مەۋج.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەھادى [تهادى] (ئە) ئۆزئارا سوۋغا ئەۋەتمەك، ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلماق.

تەھارەت [طهارت] (ئە) 1) پاكلىق، پاك بولماقلىق، يۇيۇنۇپ تازىلىنىش. 2) ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن پۇت، قول، يۈز قاتارلىق ئەزالارنى يۇيۇش.

تەھاشى [تحاشى] (ئە) بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ چەتلىشىش، چېكىنىش؛ تارتىنىش.

تەھالۇك [تهالك] (ئە) 1) تەشنا بولماق، ئىنتىزار بولماق، ئارزۇ قىلماق؛ بېرىلمەك، ئىزدىمەك. 2) تىرىشماق. 3) جان تىكمەك، جېنىنىڭ بارىچە.

تەھەتتۇك [تهتك] (ئە) پەردە يىرتىلىش، شەرمەندە بولۇش، رەسۋالىق.

تەھەتتۇك بولماق — رەسۋا بولماق، شەرمەندە بولماق.

تەھەررۇك [تحرك] (ئە) قىمىرلاش، ھەرىكەتلىنىش:

يىگىرمە كۈن ئىچرە بۇ ئەتۋاردا،
تەھەررۇك بىلە يۈردى ئەبھاردا.

— ئا. نىزارى.

تەھەررۇك ئەھلى — ھەرىكەت قىلىپ تۇرغۇچى كىشىلەر.

تەھەررۇك ئەيلەمەك — قىمىرلىماق، ھەرىكەت قىلماق.

تەھەررۇك تاپماق — ھەرىكەتلەنمەك.

تەھەررۇكسىز [تحرك سيز] ھەرىكەتسىز، قىمىرلىمايدىغان.

تەھەرمۇز [تحرمز] (ئە) ھارامزادىلىك، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك؛ شەخسىيەتچىلىك.

تەھەسسۇر [تحسر] (ئە) ھەسرەت چېكىش، ئەپسۇسلىنىش.

تەھەككۇم [تحكم] (ئە) 1) ھۆكۈم يۈرگۈزۈش، زورلۇق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش:

ئەل بەختى ئاقلىغى نېتەيىن يەتتى ۋەسلىگە،
بەختىم قارالىغى ماڭا قاتتىق تەھەككۇمۇڭ.

— گۇمنام.

2) غالىب كېلىش. 3) بىرەر نەرسىنىڭ ھۆكۈمىنى خالار - خالىماس قوبۇل قىلىش.

تەھەممەتەن [تحمتن] (پ) 1) باھادىر، پالۋان. 2) رۇستەمنىڭ لەقىمى:

شۇجائەت بابىدا بولساڭ تەھەممەتەن،
بولۇبان زىر دەستىڭ دىۋە ئەسۋەد.

— ئەرشى.

تەھەممۇل [تحمل] (ئە) تاقەت، سەۋر، چىدام، تەمكىنلىك، ۋەزمىنلىك:

تىلەر بولساڭ كۆڭۈل مەقسۇدىنى كۆل،
تەھەممۇل قىل، تەھەممۇل قىل، تەھەممۇل.

— لۇتفى.

تەھەممۇل ئەيلەمەك — چىدىماق، تەمكىن بولماق، ئېغىرلىق قىلماق، سەۋر قىلىپ تۇرماق.

تەھەممۇل پىشە قىلماق — تەمكىنلىكنى كەسىپ قىلماق، ئېغىرلىقنى ئادەت قىلماق:

يانا ئەل تىلىدىن ئەندىشە قىلدى،
زەرۇرەتتىن تەھەممۇل پىشە قىلدى.

— لۇتفى.

تەھەممۇل كۆرگۈزمەك — «تەھەممۇل ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

تەھەممۇللىق [تحمل ليق] چىداملىق، سەۋرلىك، ئېغىرلىق، تەمكىنلىك.

تەھەۋۋۇر [تهور] (ئە) غەزەپ ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش، مەسىلىگە چۈشەنمەي تۇرۇپ، بىردەملىككە قىزىشىپ، غايەت ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش، ھولۇقۇش:

ئۆتۈپ نەچچە مۇددەت تەھەييۇر بىلە،
تەھەييۇر دېمەنكىم تەھەۋۋۇر بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەھەييۇر [تحير] (ئە) ھەيران بولۇش؛ ھەيرانلىق:

قولىن تىشلەدى قىز تەھەييۇر قىلىپ،
ئوقۇغان نەمازنى تەمەسخۇر قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەھەييۇرات [تحيرات] (ئە) [بىرلىكى: تەھەييۇر] «تەھەييۇر»غا قاراڭ.

تەھبەتەھ [تەبتە] (پ) قاتمۇقات:

غۇنچە يەڭلىغ يۈرەكىمنى تەھبەتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يەتىمغە رەھىم قىلماي زۇلۇم بىداد ئەتتىڭىز.

— نەۋبەتى.

تەھت [تحت] (ئە) ئاست، تەگ:

ھېچ ئۆزۈيىم خالى ئېرمەس غۇنچە لەئلىڭ فىكرىدىن،
سۇ شەجەر تەھتىگە يەتسە سېرى بولغاي شاخۇ رەگ.

— گۇمنام.

تەھتى فەرمانىدە — ھۆكۈم ئاستىدا، ئىختىيارىدا، قارىمىقىدا:

تەھتى فەرمانىدە ئالەم كىشۇەرى.

— نەۋايى.

تەھتەس - سەرا [تحت الثرى] (ئە) يەر ئاستى:

نەماز ۋاقتىدىن تا بولۇپ چاشتگاھ،
بۇ مەنچىلىڭ سەپەر قىلدى تەھتەس - سەرا.

— موللا شاكىر.

تەھتۇش - شەرىن [تحت الشرين] (ئە) دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستى:

سېنىڭ بىرلە تامۇغ خۇلد بەرىندۇر،
بىھىشتىم سەنسىزىن تەھتۇش - شەرىندۇر.

— لۇتفى.

تەھدىد [تهديد] (ئە) قورقۇتۇش، دوق قىلىش، تەھدىت.

تەھدىد ئەتمەك — قورقۇتماق، تەھدىت سالماق.

تەھرىر [تحرير] (ئە) يېزىش، ئەسەر يېزىش:

يىراقىراقدىن تۇرۇپ نەۋرۇزى نەۋشاد،
قىلۇر ھەر نەقشىنىڭ تەھرىرىن ئىرشاد.

— لۇتفى.

تەھرىر ئەتمەك — «تەھرىر ئەيلەمەك»كە قاراڭ؛

تەھرىر ئەيلەمەك — يازماق، ئەسەر يازماق.

تەھرىس [تحريص] (ئە) ھېرىسمەن قىلىش، ھېرىسىنى ئويغىتىش، تەمە قوزغىتىش.

تەھرىس ئەيلەمەك — ھېرىسمەن قىلماق.

تەھرىك [تحريک] (ئە) ھەرىكەت، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، قىمىرلىتىش، قوزغىتىش.

تەھرىكە [تحريک] (ئە) «تەھرىك»كە قاراڭ:

قالىپ تەھرىكەدىن ياتىپ مۇردەدەك،
كۆزىن ھەر بىرىگە چاتىپ مۇردەدەك.

— ئا. نىزارى.

قولى بىرلە سالنى قىلىپ تەھرىكە،
يۈرۈر ئېردى، تۇزدى شامال مەئرىكە.

— ئا. نىزارى.

تەھرىم [تحريم] (ئە) مەنئى قىلىش، ھارام قىلىش، قايتۇرۇش، ياندۇرۇش:

...سەبا بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىنى گۈلى قەدەمىدىن تەھرىم قىلىپ، قىزىل گۈل قاشىغە تەكلىق قىلغانى.

— خىرقەتى.

تەھزىب [تهذيب] (ئە) تازىلاش، پاكلاش؛ تازىلىق، پاكلىق.

تەھزىر [تحذير] (ئە) 1) ھەزەر قىلدۇرۇش، قاچۇرۇش؛ چەتلەشتۈرۈش. 2) قورقۇتۇش.

تەھزىل [تهزيل] (ئە) ئاجىز، زەئىپ؛ قۇۋۋەتسىز.

تەھسىل [تحصيل] (ئە) ئوقۇش، بىلىم ئېلىش، بىلىم ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىش.

تەھسىل ئەتمەك — «تەھسىل ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

تەھسىل ئەيلەمەك — ئۆگەنمەك، ئوقۇماق.

تەھسىن [تحسين] (ئە) ئاپىرىن ئوقۇش، تەقدىرلەش، ماقۇللاش، ماختاش:

سەبا ئايدى گۈل بولماس مۇنچە ياخشى،
ئەجەب تەھسىن بۇ گۈلنىڭ تورفە نەقشى.
— خىرقەتى.

تەھسىن ئەتمەك — «تەھسىن ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تەھسىن ئەيلەمەك — ماختىماق، ماقۇللىماق.

تەھقىق [تحقيق] (ئە) 1) بىرەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەش، تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، سۈرۈشتۈرۈش، ھەقىقەتلەش؛ ھەقىقەتەن:

تەھقىقى جەھەننەم بولۇر مەنزىلى،
ئەزابلارنى كۆرگەي بۇ يولنىڭ ئېلى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھەقىقەتلىك، راستلىق:

ئاغزى تەھقىقىدە كۆپدىن بار ئىدى كۆڭلۈمدە شەك،
ناگەھان شەكدىن چىقاردى لۇتق بىرلە خەندەسى.
— ئەرشى.

تەھقىق ئەتمەك — «تەھقىق ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

تەھقىق ئەيلەمەك — تەكشۈرمەك.

تەھقىق قىلماق — «تەھقىق ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئەھلى تەھقىق — ھەقىقەت ئەھلى؛ راستچىللار، راست سۆزلىگۈچىلەر:

يەنە گۇل خاتەمى تەينىڭكى دەۋزەخ ئىچرە كۆيمەسلىك،
دېمىشلەر ئەھلى تەھقىقلەر سەخاۋاتى ئېرۇر بائىس.
— موللا بىلال.

تەھلىل [تحليل] (ئە) 1) ئانالىز. 2) ئېرىتىۋېتىش. 3) مۇرەككەپ بىر نەرسىنى بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ تەكشۈرۈش. 4) تەڭرىنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىش.

تەھنۇقرە [تەنقرە] (پ) ئېگىز كۈمۈش، يۈزى ئالتۇن.

تەھنىيەت [تهنيت] (ئە) قۇتلاش، تەبرىكلەش، مۇبارەكلەش:

سەرىر ئۈزرە چىقتىم تۇزۇپ سەلتەنەت،
خەلايىق كېلىپ ئەيلەدى تەھنىيەت.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەھۇر [طهور] (ئە) ناھايىتى تازا، ئىنتايىن پاك:

گۇل غار ئىچرە چىلتەندۇر، ئىچكەنلەرى تەھۇردۇر،
كاسەلەرى دۇر دۇرۇر، شەراب ئىچەر ئىردىيا.
— م. نىيازى.

تەھۇرا [طهرا] (ئە) «تەھۇر»غا قاراڭ.

تەھۇرا بادەسى — پاكىز شاراب؛ ئۆتكۈر شاراب.

تەھۇرا شەربەتى — ئەڭ شېرىن شەربەت.

تەھۋىل [تحويل] (ئە) 1) بىر نەرسىنى ئۆز ھالىتىدىن باشقا بىر ھالەتكە كەلتۈرۈش، ئايلاندۇرۇش، ئۆزگەرتىش. 2) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە قۇياشنىڭ بىر بۇرجىدىن باشقا بىر بۇرجىغا ئۆتۈشى.

تەھۋىلدار [تحويل دار] (ئە + پ) خەزىنىچى.

تەھىيات [تحيات] (ئە) [بىرلىكى: تەھىيە] «تەھىيە» گە قاراڭ:

كى بىر نامەئى يازدى شاھى بۇخار،
كى بىزدىن تەھىيات ھەزاران ـ ھەزار.
— موللا شاكىر.

تەھىيە I [تحيە] (ئە) 1) سالام، دۇئا، ماختاش. 2) تىرىكلىك (ھايات) بېرىش.

تەھىيە II [تهيە] (ئە) ھازىرلاش، تەييارلاش.

تەۋابىئ [طوابع] (ئە) [بىرلىكى: تابىئ] ئەگەشكۈچىلەر.

تەۋاتۇر [تواتر] (ئە) ئېغىزدىن ئېغىزغا يېيىلىش، تارقىلىش؛ ئاشكارىلىنىش (خەۋەرگە ئائىت).

تەۋاجىر [تواجر] (ئە) «تاجىر»غا قاراڭ:

چۇ دەريا سارىغە گۈزەر ئەيلەدىم،
تەۋاجىرنى كۆردۈم نەزەر ئەيلەدىم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋاچى [تەواجى] جارچى، ئېلانچى؛ مۇخبىر.

تەۋارىخ [تواريخ] (ئە) [بىرلىكى: تاريخ] تارىخلار.

تەۋارۇد [توارد] (ئە) كەينى ـ كەينىدىن، ئارقا ـ ئارقىدىن، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ؛ ئىككى ئىش تەڭ كەلمەك.

تەۋارى [توارى] (ئە) يوشۇرۇنماق، مۆكمەك، مۆكۈنمەك.

تەۋازۇئ [تواضع] (ئە) 1) ئۆزىنى ئەدەپلىك تۇتۇش، كەمتەرلىك. 2) ھۆرمەت، ئىززەت، ئېھتىرام:

ئانىڭ بىرلە ھەمراھ نەچە ئادەمى،
تەۋازۇئدا تۇردى نەچە خادەمى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) كۆچمە م: ئىتائەتمەنلىك، بويسۇنۇش.

تەۋازۇئ ئەيلەمەك — ئۆزىنى ئەدەپلىك تۇتماق، تۆۋەن تۇتماق، ھۆرمەت قىلماق.

تەۋاف [طواف] (ئە) زىيارەت.

تەۋاف قىلماق — مۇقەددەس ھېسابلانغان كىشى، نەرسە، جايلارنى زىيارەت قىلماق.

تەۋافۇر [توافر] (ئە) يېتەرلىك، تولۇق، كۆپ، مول؛ باياشات، مولچىلىق، مەمۇرچىلىق.

تەۋان I [توان] (پ) قۇۋۋەت، كۈچ، قۇدرەت؛ تاقەت، چىدام.

ناتەۋان — كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز، قۇدرەتسىز:

ناتەۋان جانىمغە جانا ئۇلفەتىڭ دەرمان ئىدى،
ماڭا ئەمدى فۇرقەتىڭدىن نې تەۋان قالدى نې تاب.

— ئەرشى.

تەۋان II [توان] «تەبان» غا قاراڭ.

تەۋانا [توانا] (پ) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، قۇدرەتلىك، ساغلام:

بىرى ئايتۇركى: ئەي ھەبىبۇ تەۋانا،
ئېرۇرسەن بارچە ئەھۋالىمغە دانا.

— لۇتفى.

تەۋانا پەيكەر [توانا پيكر] (پ) تېنى قۇۋۋەتلىك.

تەۋانالىغ [تواناليغ] «تەۋانا» غا قاراڭ.

تەۋانگەر [توانگر] (پ) 1) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، قۇدرەتلىك. 2) باي؛ دۆلەتمەن، پۇلدار:

بار ئېردىكى ئاندا ئەجەم خەيلىدىن،
غەنىيۇ تەۋانگەر كەرەم خەيلىدىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋۋاب [تواب] (ئە) 1) قوبۇل قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى. 2) ئاللا، تەڭرى.

تەۋايىف [طوايف] (ئە) [بىرلىكى: تايىفە] گۇرۇھلار، قەبىلىلەر، تائىپەلەر.

تەۋەججۇھ [توجه] (ئە) 1) يۈزلىنىش، يۈزىنى بۇراش، ئىخلاس؛ ھۆرمەت، ئېھتىرام:

بەسىر پادىشاھى مىرزەبان پەرزەندى يوق جەھەتىدىن ئۆزلىت ئىختىيار ئەيلەپ، جەناب ھەزرەتى ئىززەتكە تەۋەججۇھ بىرلە يۈز كەلتۈرگەنى،...

— ئا. نىزارى.

2) دىققەت ـ ئېتىبار. 3) تەڭرىگە يالۋۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش.

تەۋەججۇھ ئەتمەك — يۈزلەنمەك، يالۋۇرماق.

تەۋەججۇھ كۆرسەتمەك — ئىلتىپات قىلماق.

تەۋەسسۇل [توسل] (ئە) ۋاستە قىلىش، تايىنىش؛ باھانە، سەۋەب.

تەۋەسسۇئ [توسع] (ئە) كېڭىيىش، كېڭەيتىش، ئاشۇرۇش.

تەۋەققۇف [توقف] (ئە) توختاش، جىم تۇرۇش، ئىككىلىنىش:

دېدى: سىزنى چىرلار ئەمرى زەمان،
تەۋەققۇفنى تاشلاپ بولۇڭلار رەۋان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋەققۇف ئەيلەمەك — توختىماق، جىم تۇرماق.

تەۋەققۇئ [توقع] (ئە) ئۈمىد بىلەن قاراش؛ ئىنتىزار بولۇش:

تەۋەققۇئ ئولدۇر ئەسھابى ھۇنەردىن،
كى چۇن فەيز ئالسالار بۇ مۇختەسەردىن.

— لۇتفى.

تەۋەققۇئ ئەتمەك — «تەۋەققۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

تەۋەققۇئ ئەيلەمەك — ئۈمىد بىلەن قارىماق، كۈتمەك، كۆز تۇتماق.

تەۋەققى [توقى] (ئە) چېكىنمەك.

تەۋەككەل [توكل] (ئە) 1) پۈتۈن ئۈمىدىنى تەڭرىگە باغلاش، تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە ئىشىنىش. 2) تەۋەككۇل قىلىش، كۆپ ئىككىلەنمەي قىلىنغان ھەرىكەت.

تەۋەللا I [تولا] (ئە) 1) يېلىنىپ سوراش؛ يالۋۇرۇش، ئىلتىجا قىلىش؛ ئۈمىد، ئۈمىدلىنىش. 2) دوست تۇتۇش:

شەھەرگە ياقىن بىر مەكان راستلادى،
تەۋەللا قىلىپ ئۆي سارى باشلادى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋەللا قىلماق — 1) يېلىنماق، يالۋۇرماق؛ ئۈمىد قىلماق. 2) دوست تۇتماق.

تەۋەللا II [تولى] (ئە) «تەۋەللا I » گە قاراڭ.

تەۋەللۇد [تولد] (ئە) تۇغۇلۇش، پەيدا بولۇش:

...مۇھەببەتتىن نە ئىشلار تەۋەللۇد قىلۇر... گۇل سىرنى ئەيان ۋە گۇل سۆزنى بەيان قىلماق.

— خىرقەتى.

تەۋەللۇد تاپماق — تۇغۇلماق.

تەۋئەمان [توامان] (ئە) قوشكېزەك، ئىككېزەك:

مېنى ئەل داغىما فەرھاد بىرلە تەۋئەمان كۆرگەچ،
فەلەك بىدادىدىن ناكام كەتكەن بىنەۋا دەرلەر.

— ئەرشى.

تەۋەھھۇم [توهم] (ئە) ۋەھىمىگە چۈشۈش، قورقۇش:

كى سابىت تەۋەھھۇم بىلە قىلدى زار،
بولۇپ تەختى پارە ئۆزە بەر قەرار.

— ئا. نىزارى.

تەۋەھھۇم ئەيلەمەك — قورقماق، ۋەھىمىگە چۈشمەك.

تەۋبە [توبە] (ئە) 1) يامان قىلمىشقا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن قىلىنغان قارار، بېرىلگەن ۋەدە:

كۇفر زۇلفىدىن يانارغە تەۋبە قىسدىن ئەيلەسەڭ،
كىم بۇ يەڭلىغ تەۋبەلەردىن قىلمە ئىستىغفار بىس.

— ئەرشى.

2) ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدۇ.

تەۋبە شىكەن — تەۋبىسىنى بۇزغۇچى، ۋەدىسىدىن يانغۇچى؛

تەۋبە نەسۇھ — سەمىمىي ۋە ھەقىقىي تەۋبە.

تەۋدىئ [توديع] (ئە) خوشلىشىش، خەيرلىشىش، ۋىدالەشىش.

تەۋدىئ قىلماق — خەيرلەشمەك، خوشلاشماق.

تەۋر [طور] (ئە) 1) يوسۇن، رەۋىش، ئۇسۇل، تەرز؛ ئادەت، قىلىق، تەرتىپ:

كى بۇ ھەركۈندەكى ئىشئار ئەمەستۇر،
ئانىڭ تەۋرى بىلە گۇفتار ئەمەستۇر.

— لۇتفى.

تەۋر ئەتمەك — بىرەر نەرسىگە ئۆگەنمەك، ئادەت قىلماق.

تەۋر ۋەزئ — رەۋىش ۋە تۈزۈلۈش.

تەۋرات [تورات] (ئە) يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي كىتابى (مۇسا پەيغەمبەرگە نازىل بولغان، دېيىلىدۇ).

تەۋرىت [توريت] (ئە) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان كىتاب، تەۋرات.

تەۋرىت كەلىمەسىدىن تاپتى تەراۋەت ئىنجىل،
فۇرقانى ئەمەسدە ھەرفى زەبۇر ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

تەۋزىھ [توضيح] (ئە) ئىزاھلاش، روشەنلەشتۈرۈش.

تەۋزىھ بەرمەك — روشەن قىلماق، ئايدىڭلاشتۇرماق، ئىزاھلىماق.

تەۋزىھ قىلماق — «تەۋزىھ بەرمەك»كە قاراڭ.

تەۋزىئ [توضيع] (ئە) تارقىتىش، بۆلۈپ تارقىتىش، تەقسىملەپ بېرىش.

تەۋسەن [توسن] (پ) شوخ ئات، ئويناق ئات:

مېنىدى چۇ تەۋسەن جۇنۇن كۈندە شەھ سۇۋار ئىشق،
قەنى بۇ ماسەۋا ئۇچۇن ئىلكىدە زۇلفىقار ئىشق.

— زەلىلى.

تەۋسەنى تەخەييۇل — خىيال ئېتى، خىيال.

تەۋسەنلىغ [توسن ليغ] كۆچمە م: شوخلۇق، شاشلىق.

تەۋسىئ [توسيع] (ئە) كېڭەيتىش؛ كەڭچىلىك، كەڭلىك.

تەۋسىف [توصيف] (ئە) سۈپەتلەش، ماختاش:

تەۋسىفى ھۇسنۇڭ تۈگەنمەكلىك مەھال ئېرمىش مەھال،
مېڭىدىن بىرنى بەيان ئەتسەم بولۇر يۈز مىڭ كىتاب.

— قەلەندەر.

تەۋف [طوف] (ئە) ئايلىنىش؛ يۈزنى سۈرتۈش؛ زىيارەت:

تەۋف قىلىپ ئەرتەسى بولدۇم رەۋان،
بولدى ئەجەب گەرم زەمىنۇ زەمان.

— زەلىلى.

تەۋفى ۋىدا * — خەيرلىشىش ۋاقتىدىكى كۆرۈشۈش.

تەۋفگاھ [طوف گاه] (ئە + پ) زىيارەتگاھ، تاۋاپ قىلىنىدىغان جاي؛ «تەۋف، تەۋاف»لارغا قاراڭ.

تەۋفىر [توفير] (ئە) ئاشۇرۇش، چوڭايتىش؛ كۆپەيتىش؛ پايدا:

ئالاچۇقنىڭ ئىگەسى ئەردى بىر پىر،
كى دەريادىن چىقارۇر ئەردى تەۋفىر.

— لۇتفى.

تەۋفىر ئەتمەك — كۆپەيتمەك.

تەۋفىق [توفيق] (ئە) 1) مۇۋاپىقلىنىش، مۇۋاپىقلىق، ئويغۇنلۇق. 2) ياردەم، مەدەت.

گۈلشەنى تەۋفىقدىن ئالغان نەسىم،
كۆڭلىگە تەئسىر ئېتىپ ئەردى ئەزىم.

— نەۋايى.

تۆكۈلدى گۆھەردەك كۆزىدىن ياشى،
بولۇپ تەۋفىق ئاخىر ئانىڭ يولداشى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەۋفىق ئەھلى — تەلىپىگە يەتكەن، ياخشىلىققا ئېرىشكەن كىشىلەر.

تەۋق [توق] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەتۋاق] 1) گۇناھكارنىڭ بوينىغا جازا تەرىقىسىدە سېلىپ، قۇلۇپلاپ قويۇلىدىغان گۈندا، تاقاق؛ گەدەنلىك. 2) كۆچمە م: باشقا چۈشكەن ئېغىر تەشۋىش، دەردىسەر. 3) قۇشلارنىڭ بوينىدىكى ھالقا شەكىللىك سىزىق؛ قۇشلارنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان تاسما. 4) بويۇنغا باغلايدىغان باغ، مارجان يىپى:

گەر تۈشسە سېنىڭ بەندەلىكىڭ تەۋقى بويۇنغە،
بولغۇمدۇر بۇ ھالەتدە ئىكى كەۋنىدىن ئازاد.

— ئەرشى.

تەۋقى غەبغەب — ئېڭەك ئاستى گۆشىنىڭ ئايلانمىسى.

تەۋقى لەئن — لەنەت تاختىسى، تاقىقى، ھالقىسى:

بوينىنى سۇنماي ئەيان ئەتكەندە تەئن،
سالىبان بوينىغە ئانىڭ تەۋقى لەئن.

— نەۋايى.

تەۋقىر [توقير] (ئە) ئىززەتلەش، ھۆرمەتلەش، تەزىم قىلىش.

تەۋقىف [توقيف] (ئە) 1) توختىتىش، توختىتىپ قويۇش. 2) بەند قىلىش.

تەۋقىف گاھ [توقيف گاه] (ئە + پ) توختىتىپ قويۇش ئورنى، بەند قىلىش ئورنى؛ زىندان.

تەۋقىئ [توقيع] (ئە) 1) شاھنىڭ يارلىقى، بۇيرۇق ۋە پەرمانلىرىغا قويۇلغان مەخسۇس بەلگە. 2) شۇنداق بەلگە قويۇلغان بۇيرۇق، پەرمان، يارلىق.

تەۋلە [طوله] «تەۋىلە»گە قاراڭ.

تەۋلىيەت [توليت] (ئە) ۋەخپە يەرلەرنى باشقۇرۇش، مۇتەۋەللىلىك باشقۇرماقلىق.

تەۋھىد [توحيد] (ئە) 1) يەككە دەپ بىلىش، يالغۇزلۇققا ئىشىنىش، يېگانە دەپ ھېسابلاش. 2) ھەقىقەتكە يېتىشىش، كىشى روھىنىڭ ئىلاھ، ئىلاھىي روھ بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى، سوپىلىقنىڭ بەشىنچى دەۋرى:

كىمگە كىم، تەۋھىددىن بەردىڭ كۇشاد،
سىدمەتىدە كۇفر قىلدىڭ ئىتتىھاد.

— نەۋائى.

قىسمى تەۋھىد ئەيلەمەك — ئەزەلدە يەككە قىلىپ ياراتماق:

ھەر كىشىكىم، قىسمى تەۋھىد ئەيلەدىڭ،
باغىسى تەجرىدۇ تەفرىد ئەيلەدىڭ.

— نەۋائى.

بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ مەيى تەۋھىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگەھى جەببارە ياستانمىش.

— ئەرشى.

تەۋئ [طوع] (ئە) رىغبەت، مەيل، خاھىش.

تەۋئ ئەيلەمەك — خالىماق، مەيل (ئىختىيار) قىلماق.

تەۋىل [طويل] (ئە) ئۇزۇن.

تەۋىلە [طويله] (ئە) ئاتخانا، كاتتا ئاتخانا.

تەئب [تعب] (ئە) 1) مىجەز، خۇلق، خاراكتېر، تەبىئىي خۇسۇسىيەت.
2) خاھىش.

تەئبىر [تعبير] (ئە) بايان قىلىش، ئىزاھلاش، مەنىسىنى ئېچىش.

تەئبىر ئەيلەمەك — مەنىسىنى ئاچماق، بايان قىلماق.

تەئبىيە [تعبيه] (ئە) 1) تۈزۈش، تەرتىپكە سېلىش، جاي - جايىغا قويۇش (سەپ ھەققىدە). 2) پىستىرما، بۆكتۈرمە:

رەۋزىسىدە تەئبىيە قەندەلى نۇر،
رەۋشەن ئېتىپ مىسلى تەجەللى زۇھۇر.

— زەلىلى.

تەئبىيە باغلىماق — تىزماق، تەرتىپكە سالماق، بېزەمەك:

تەئبىيە باغلاپ بەسى ئەھلى ھۈنەر،
تاپىپ ئاندىن مۈلكۈ كىشۋەر زىبىۇ زەر.

— نەۋائى.

تەئتىر [تعطير] (ئە) خۇشپۇراق قىلىش، خۇشبۇيلاندۇرۇش.

تەئتىل [تعطيل] (ئە) بىكار تۇرۇش، ئىشنى ياكى ئوقۇشنى توختىتىش، تەتىل:

كى ئۈن تارتماقىغە بىرىلىڭ يارغۇچاق،
جۇ تەئتىل قىلسا ئۇرۇڭلار تاياق.

— ئا. نىزارى.

تەئتىل ئەيلەمەك — ئىشنى توختاتماق.

تەئجىل [تعجيل] (ئە) 1) ئالدىراش، تېزلەشتۈرۈشكە ئىنتىلىش، سۈرئەتنى تېزلىتىشكە تىرىشىش. 2) مولۇقۇش، ھاياجانلىنىش:

سەبا تەئجىل ئېتىپ تا كىردى يولغا،
قىلىپ سۈرئەت قارالماي گۈل ۋە سولغا.

— خىرقەتى.

تەئجىل ئەيلەمەك — ئالدىرىماق.

تەئخىر [تاخير] (ئە) 1) كېچىكتۈرۈش. 2) كېچىكىش.

تەئخىر ئەتمەك — كېچىكتۈرمەك.

ئەرشىيا، مەي ئىچ دەما - دەم، قىلماغىل تەئخىركىم،
«ئەشرەبۇ يا ئەييۇھەلئەتشان» كېلۇر ھەردەم نىدا.

— ئەرشى.

تەئداد [تعداد] (ئە) 1) سان، ھېساب، ئەدەت. 2) ساناش، ھېسابلاش:

ماڭا قىلغانلارىن تەئداد ئېتەرگە،
يوق ئەختەر، تۆكتى كۆك سەڭكى شۇمارە.

— ئەرشى.

تەئدىب [تاديب] (ئە) ئەدەپ بېرىش، جازا بېرىش.

تەئرىز [تعريض] 1) كىنايە بىلەن سۆزلەش. 2) ئېتىراز بىلدۈرۈش.

تەئرىف [تعريف] (ئە) ئىرسە، ۋەقە، ھادىسە، چۈشەنچە قاتارلىقلارنىڭ ئىخچام ۋە ئېنىق ئىپادىسى، تەسۋىرى، خاراكتېرىستىكىسى:

كېلىپ ئېردى رۇمغە فەرەڭ ئەلچىسى،
بۇ تەئرىفنى ئاڭلاپ كۆلەر ئۇل بەسى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئزىب [تعضيب] (ئە) ئازابلاش، رەنجىتىش.

تەئزىر [تعذير] (ئە) كايىش، ئازار بېرىش؛ جازالاش.

تەئزىز [تعزيز] (ئە) ئىززەتلەش، ئەزىز كۆرۈش، ھۆرمەتلەش، ئېھتىرام بىلدۈرۈش.

تەئزىم [تعظيم] (ئە) ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش.

تەئزىم تاپماق — ئۇلۇغلانماق، ھۆرمەتلەنمەك.

ئاڭا تەئزىم ئەتتىم قويۇپ نۇن كەبى،
قىلىپ سەيىھە ئانداغكى مەجنۇن كەبى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئزىيە [تعزيه] (ئە) ماتەملىك كىشىگە تەسەللى بېرىش، ئەھۋال سوراش.

تەئزىيەت [تعزيت] (ئە) «تەئزىيە»گە قاراڭ:

بۇرادەرلەر ئانداغ قىلىپ مەشۋەرەت،
تۈگەشتى ئاتاغە تۇتۇپ تەئزىيەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئلىف [تاليف] (ئە) 1) سازلاش، تەڭشەش. 2) تۈزۈش، ئەسەر يېزىش، ئاھاڭ يارىتىش:

دېدى تەئلىف ئەتكىل بۇ يەڭلىغ كىتاب،
خەلايىق دىماغىغە يەتكۈز گۇلاب.

— غەربى.

3) ئەسەر؛

سەۋت تەئلىف ئەتمەك — كۈي، ئاھاڭ ياراتماق.

تەئلىق [تعليق] (ئە) 1) ئېسىش، ئېسىپ قويۇش؛ ئېسىلىپ تۇرۇش. 2) ھۆسنخەتنىڭ بىر تۈرى (خەتتى تەئلىق)؛ تەئلىق نۇسخا.

تەئلىم [تعليم] (ئە) 1) ئىلىم. 2) ئەدەپ - ئەخلاق، تەربىيە. 3) تەلىمات، نەزەرىيە. 4) كۆرسەتمە، يوليورۇق. 5) ئۆگىتىش، بىلىم بېرىش:

قىشلار ئەتفالىغە تۇغدۇرماق بەسى تەئلىم ئېتىپ،
دەرسى سەرد ئەيلەرگە يوقتۇر بۇ كەبى موللا ساۋۇق.

— ئەرشى.

تەئمىر [تعمير] (ئە) بۇزۇلغان جايىنى ياساش، ئىمارەت سېلىش، بىنا قىلىش.

تەئمىر ئەيلەمەك — بۇزۇلغان جايىنى ياسىماق، ئىمارەت (بىنا) قىلماق.

تەئمىق [تعميق] (ئە) چوڭقۇر پىكىر قىلىش، ئەتراپلىق ئويلاش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش.

تەئمىق قىلماق — چوڭقۇر پىكىر قىلماق، ئەتراپلىق ئويلىماق.

تەئمىم [تعميم] (ئە) ئومۇملاشتۇرۇش، كۆپچىلىك ئارىسىغا تارقىتىش.

تەئمىم ئەيلەمەك — ئومۇملاشتۇرماق، تارقاتماق، يايماق.

تەئمىيە [تعميه] (ئە) يوشۇرۇن، سىرلىق ھالغا كەلتۈرۈش.

تەئمىيە ئامىز — تېپىشماققا ئوخشاش، سىرلىقراق.

تەئن [طعن] (ئە) 1) ئېتىش، ئىرغىتىش (تاش ۋە ئوقنى). 2) تەنە قىلىش، كىشىنىڭ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلىرىنى يۈزىگە سېلىش.

تەئن ئەھلى — تەنە قىلغۇچىلار، گەپ ئويناتقۇچىلار.

تەئنە [طعنه] (ئە) «تەئن»گە قاراڭ.

فەلەك ئەشكىن تۆكۈپ ھەر سۇيە ھالىمغە تۇتار ماتەم،
كۆلەر خۇرشىد قىلىپ تەئنە بۇ چېھرە زەئفىرانىمغە.

— ئا. نىزارى.

تەئنە ساز [طعنه ساز] (ئە + پ) تەنە قىلغۇچى؛ مەسخىرە قىلغۇچى، مەسخىرىلىك كۈلگۈچى.

تەئۋىز [تعويذ] (ئە) تۇمار (كۆز تېگىش ۋە باشقا يامانلىقلارنى قايتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈلگەن دۇئا):

تارەئى موينى كەلتۈر ئەيلەيىن تەئۋىزگە باغ،
يا ئۆزۈڭ بىلگۈنچە بىر يادنامە كەلتۈرگىل ماڭا.

— موللا بىلال.

تەئۋىق [تعويق] (ئە) 1) قايتۇرۇش، كېچىكتۈرۈش، مەنئى قىلىش. 2) بەند قىلىش.

تەئۋىل [تاويل] (ئە) [كۆپلۈكى: تەئۋىلات] 1) سۆزنى ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنىگە بۇراش؛ بايان قىلىش، چۈشەندۈرۈش:

...ئاتاسى ئوغلىغە ئول سۈرەتنىڭ تەئۋىلىنى ئايتىپ، ئوغلىنى سەفەر ئىشىدىن مانىئ ئەيلەگەنى...

— ئا. نىزارى.

2) چۈش ئۆرۈش، چۈشكە تەبىر بېرىش.

تەئيىد [تاييد] (ئە) قۇۋۋەتلەش، مۇستەھكەملەش، تەكىتلەش.

تەئيىن [تعيين] (ئە) تەيىن، تەيىنلەش، بەلگىلەش:

دېدى: *باشلاگىنلار مۇنى ئىچكەرى،*
قىلىڭ جاي تەئيىن سارايدىن نارى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تەئيىن ئەيلەمەك — تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك.

تەي [طى] (ئە) يۈرۈش، كېزىش؛ ئۆتۈش:

ئىككى مۇئەففىق يۈرۈپ تەي قىلدىلار يول،
كېتىپ غەم كۆڭلەرى چۆللەر بولۇپ گۈل.

— خىرقەتى.

تەي ئەتمەك — «تەي ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

تەي ئەيلەمەك — يۈرمەك، كەزمەك.

تەيىي ئەرز — يەر يۈزىنى ياكى ئۇزاق يولنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە كېزىپ چىقىش.

تەير [طير] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇيۇر] 1) ئۇچۇش، پەرۋاز قىلىش:

سەبا ئېردى جەھان ئىچرە سەبۇك سەير،
قىلۇر ئېردى جەھان گۇلزارىدا تەير.

— خىرقەتى.

2) ئۇتۇش، كېزىش:

گۇل كۈنى يولچاق لەبىنى سەير ئېتىپ،
تاڭلاسى دەريا يۈزىدىن تەير ئېتىپ.

— زەلىلى.

3) قۇش، ئۇچار قانات:

قىلۇر ئېردىم ھەر كۈنى بۇ ئالەمنى سەير،
كېزىپ ھەر تەرەفنى ئۇچۇپ مىسلى تەير.

— ئا. نىزارى.

تەير قىلماق — ئۇچماق.

مەنتىقۇتتەير — «قۇشلار سۆھبىتى» (ئەسەر نامى).

تەيران [طيران] (ئە) ئۇچۇش، پەرۋاز:

يەتتە ئەنزا جەۋھەرى تەيراندەك قىلغىل نىسار،
لالەگى داغدار ئۈندى سەراسەر قانىدىن.

— زەلىلى.

تەيران قىلماق — ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق:

چۈن نېچە كۈن بۇيلە تەيران قىلدىلار.

— نەۋايى.

تەيلەسان [طيلسان] (ئە) رىدا (باشقا ئارتىپ ياكى بويۇنغا سېلىپ يۆرۈلىدىغان، رومالغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئۇستىباش):

كىيمىش ئېردى قارا ئەتلەسدىن ھەۋا بىر تەيلەسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار - تار.

— تەجەللى.

تەييار [طيار] (ئە) ئۇچقۇر، قاناتلىق:

زەلىلى جەۋھەرى سادىقنى دەيدۇر مۇرشىدى كامىل،
كى بۇرھانى كەلامىم جەۋھەرى تەييار بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

تەييىب [طيب] (ئە) «تەييىبە»گە قاراڭ.

تەييىبە [طيبه] (ئە) 1) پاك، پاكىز، تازا. 2) ياخشى. 3) خۇشبۇي، خۇش پۇراق:

چىلتەن ئىدى ھەيىبە، بەرگىل ئاڭا نەسىبە،
بارچە ئەرۋاھ تەييىبە، ئاندا ھازىر ئەردىيا.

— موللا مۇھەممەت نىيازى.

ئەرۋاھى تەييىبە — پاك ئەرۋاھلار.

توبەتو [توبتو] (پ) «توبەرتو»غا قاراڭ.

توبەرتو [توبرتو] (پ) قاتمۇقات، ئۈستى - ئۈستىگە:

غەمى ئىشقىڭ كۆڭۈلدە باغلانىپ ئانداغكى توبەرتو،
بولۇپدۇر كۆڭلۈم ئىچرە بەستە - بەستە غۇنچە يەڭلىغ قان.

— ئا. نىزارى.

توبرە [توبره] تۇۋرا:

كى غەلبارغە ئالىپ ئانى تاسقاغىل،
نە قالسا ئانى توبرەغە تاشلاغىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

توبۇلغا [توبولغا] «داۋۇلغا»غا قاراڭ.

تودە [توده] (پ) توپ، توپلام، دۆۋە؛ گۇرۇھ:

مەغرۇر نەماز ئوقۇماغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن،
دېھقان سەمەندەر قاشىدا تودەگى خەسدۇر.

— زەلىلى.

تور [تور] 1) قۇش ۋە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تور. 2) قۇش قونىدىغان ياغاچ، قونداق.

تورسۇق [تورسوق] تۇلۇم.

تورقە [تورقه] كەتان ناملىق ماتادىن تىكىلگەن قىممەت باھا كىيىم («كەتان»غا قاراڭ).

توز [توز] چاڭ، توزان، غۇبار.

توزاڭ [توزانك] يۇمشاق توپا، شورلۇق.

توس [توس] 1) قېيىن ياغىچى، قېيىن ياغىچىنىڭ پوستى. 2) تۇپراق.

توستەغان [توستاغان] قىمىز قويۇپ ئىچىدىغان ياغاچ كاسا، ئاياق، جام؛ كوزا.

توسقال [توسقال] «توسقاۋۇل»غا قاراڭ.

توسقاۋۇل [توسقاوول] 1) يول ئېغىزلىرىغا مەسئۇل قاراۋۇل، كۆزەتچى؛ مۇھاپىزەتچى؛ توسۇپ، تۇتۇپ تۇرغۇچى. 2) مەدەتكار.

توشۇق I [توشوق] قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شېئىرىي شەكىللىرىدىن بىرى، قوشاق:

ئاڭلامايىن سۆزدە تويۇق بەھرىنى،
قايسى تويۇق بەلكى توشۇق بەھرىنى.

— «لۇغەتى چاغاتاي»دىن.

توشۇق II [توشوق] يۈك:

بۇ قالغانلىرى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق،
كۆچۈپ ئۆيدىن ئۆيگە توشۇپدۇر توشۇق.

— موللا شاكىر.

توقۇشماق [توقوشماق] توقۇنۇشماق، دۈچ كەلمەك؛ تەگمەك.

توڭ [تونك] سوغۇق، قاتتىق سوغۇق؛ مۇز:

ئاھۇ ئەشكىمدىن ئېرۇر گوتو سۇ ئىچرە ئاشىق،
زاھىدا، نې غەم ئاڭا گەر قىزىغ ئولغىل گەر توڭ.

— نەۋايى.

توڭراغۇ [تونكراغو] قوڭغۇراق:

توڭراغۇ ئاۋازىدىن مەھمىلدە يار ئولماق كېرەك،
كۆپ نىشات ئاۋەر كېلۇر ئول گۈلگۈزار ئولماق كېرەك.

— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

توڭۇر [تونكور] پەرى؛ جىن، ئالۋاستى.

توڭۇز [تونكوز] 1) توڭگۇز، چوشقا:

قىز ئايتتى: «بولماسە شەيخى كىبار،
قىل توڭۇز كۈتمەكنى بىر يىل ئىختىيار.»

— ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى.

2) تۈركىي خەلقلەر مۇچىلىنىڭ ئون ئىككىنچىسى.

توڭۇلماق [تونكولماق] ئۈمىدسىزلەنمەك، غەمكىن بولماق، كۆڭلى سۇنماق:

ۋەفا قىلغاي دەبان يۈزمىڭ يۈگۈردۈم،
ۋەفانى كۆرمەدىم، ئەمدى توڭۇلدۇم.

— خىرقەتى.

تولاشىق [تولاشق] تولغاشقان؛ ئەگرى - بۈگرى، ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن، تۈگۈلگەن؛ چىرماشقان.

تولان [تولان] بەش ياشلىق (بەش ياشار) ئات.

تولاي [تولاى] كۆپ، تولا، نۇرغۇن؛ توپلانغان، جەملەنگەن:

ئىرۇرمەن بەندەلەرنى سەرنىگۈنى،
تولاي يارۇ بەرادەرنىڭ زەبۇنى.

— سوفى ئاللا يار.

تولغاماق [تولغاماق] قايرىماق، بۇرىماق، ئەشمەك؛ تولغىماق.

باش تولغاماق — بويۇن تولغىماق، تەكلىپنى رەت قىلماق، باش تارتماق:

شەپەق بىرلە قۇرۇزىن تولغاماي باش،
تاشىپ ئىش باشىغە ئاقۇ قىزىل تاش.

— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

تولغامە [تولغامە] پىستىرمىدا ياتقان ئەسكەر، بۆكتۈرمە؛ پاناھلانماق، يوشۇرۇنماق.

تولغاندۇرماق [تولغاندورماق] ئايلاندۇرماق، چايقالدۇرماق، دولقۇنلاتماق:

چۇن قۇيۇننى دەشت ئارا ئايلاندۇرۇپ،
سۇۋدە ئىگىرمىنى داغى تولغاندۇرۇپ.

— نەۋايى.

تولقاماق [تولقاماق] دەرد - ئەلەم چەكمەك، غەم - ئەندىشە قىلماق.

تولقۇم [تولقوم] دولقۇن، مەۋج؛ تاشقىن:

ئىشقىكىم بىر بەھرى بىپايان ئىرۇر، تۇشتىڭ ئاگا،
نەچچە بىر گىردابى تولقۇملار كۆرەرسەن بىگۇمان.

— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

تولۇ [تولو] كەمچىلىكسىز، پۈتۈن، تولۇق.

تولۇن [تولون] تولغان، تولۇق، لىپمۇلىپ:

ئون تولۇن ئاينىڭ قىراغىدىن چۇ ئالدىڭ ئون ھىلال،
كىردى تۇپراغە ھىلال، ئاچتى تولۇن ئايغە جەمال.

— نەۋايى.

تون [تون] كىيىم، تون، لىباس:

ئىرۇر سەرگەشتە خاكى تەن ئارا مەھزۇن كۆڭۈل ھەريان،
تون ئەتكەندەك قويۇندىن جىسمىغە مەجنۇنى سەرگەردان.

— نەۋايى.

تونغۇز [طونغوز] «توڭۇز» غا قاراڭ.

تونلۇق [تونلوق] تونلۇق، تون كىيگەن.

تۇبا [طوبى] (ئە) «تۇبي» غا قاراڭ:

سال سايە مېنىڭ باشىمە، ئەي رەشكى سەنەۋبەر،
كىم غەيرەتى تۇبا داغى رىزۋان يېتىلىپسەن.

— لۇتفى.

تۇبۇچاق [توبوچاق] يۈگۈرۈك، چاپقۇر ئات.

تۇبى [طوبى] (ئە) 1) دىنىي ئېتىقادتا جەننەت دەرىخ دەپ پەرەز قىلىنغان گۈزەل دەرەخ. 2) كۆچمە م: كېلىشكەن قامەت:

سايەئى تۇبىيدىن ئارتۇق خۇم تۇبى رىند ئەھلىغە،
دەير ئارا ياتسە تىكەندە جەننەتۇل - مەئۋا بىلۇر.

— گۇمنام.

تۇتەگي [طوطكى] (پ) يېشىل؛ زەڭگەر.

تۇتەگي رەڭ — يېشىل رەڭ، سەۋزە رەڭ، زەڭگەر رەڭ.

تۇترۇق [توتـروق] 1) تۇتۇرۇق، تۇتاندۇرۇق. 2) ئىشەنچ - سۇبات.

تۇتقۇن [توتقون] ئەسىر، بەند:

تەلەب قىلدى تۇتقۇننى مەجلىس ئارا،
كى سۇرگەي ئانىڭ بىرلە بىر ماجەرا.

— نەۋايى.

تۇتماچ [توتماچ] ئۈنئاش، ئۈگرە ئاش.

تۇتماق [توتماق] 1) ئۇشلىماق. 2) بەرمەك، تەقدىم قىلماق؛ ئۇزاتماق. 3) قولغا چۈشۈرمەك، ئەسىر قىلماق، رام قىلماق؛ ئىگىلىمەك، بېسىۋالماق؛ قاپلىماق. 4) ھېسابلىماق؛ بىلمەك؛ پەرەز قىلماق. 5) قوللىماق؛ قوللانماق. 6) ساقلىماق، ئاسرىماق. 7) چىدىماق. 8) ئەمەل قىلماق. 9) كۆنمەك.

ئاتىنى تۇتماق — نامىنى ئاغزىغا ئالماق، ئاتىماق، تىلغا ئالماق؛

ئارام تۇتماق — ئارام ئالماق، جىم تۇرماق.

ئەۋج تۇتماق — كۆتۈرۈلمەك، يۇقىرىلىماق؛
خەبەر تۇتماق — خەۋەر تاپماق، بىرەرسى ھەققىدە دېرەك ئالماق.
خۇش تۇتماق — شاد قىلماق، شادلىقتا ئۆتكۈزمەك.
رەنج تۇتماق — كېسەل بولماق.
قەدەمىنى سابىت تۇتماق — ئەھدىدە مەھكەم تۇرماق.
ئورنىنى تۇتماق — ئورۇن باسماق، بىراۋنىڭ ئورنىنى باسماق.
ئورۇن تۇتماق — جايلاشماق، ئورناشماق.
ۋىسال تۇتماق — جايلاشماق، ئورناشماق.
ئېتەك تۇتماق — كۆچمە م: 1) بېرىلمەك. 2) ئۇستاز، پىر ۋە ئىشانغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ تەربىيىسىگە كىرمەك.
ياد تۇتماق — ئېسىدە ساقلىماق.
يول تۇتماق — 1) توسماق. 2) يولغا چۈشمەك، يوللانماق.

تۇتۇق [توتوق] 1) پەردە، توسۇق. 2) تۇتۇق.

تۇتىيا I [توتيا] (پ) مىسنىڭ دېتىدىن پەيدا بولغان كرىستال (قەدىمكى زاماندىكى كۆز ئاغرىقىنىڭ دورىسى):

نەزەردىن كەتتى ئاتىن گويىاتىپ گۇل چابۇكى چالاك،
ئىزىنىڭ تۇفراغىن كۆزۈمگە ئەيلەپ تۇتىيا كەتتى.

— ئەرشى.

تۇتىيا II [طوطيا] (پ) «تۇتىيا I »گە قاراڭ.

تۇججار [تجار] (ئە) [بىرلىكى: تاجىر] سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر:

مەتائۇ جەۋاھىر ئالىپ ئاقىلە،
كى تۇججارلاردەك قىلىپ ئامىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۇخم [تخم] (پ) 1) ئۇرۇق، تۇخۇم. 2) مەنبە، نېگىز:

ۋەھشەتىم چۈن قەبر دەھشەت گىردىدىن ھەر باربار،
باۋۇجۇدى تۇخمى تائەتدىن تىجارەت قىلمادىم.

— زەلىلى.

تۇخمە [تخمە] (پ) نەسىل، ئەۋلاد، ئۇرۇق.

تۇخمىيانە [تخميانە] (پ) دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىرىنىڭ ئۇرۇقى.

تۇد [تود] ئۈجمە دەرىخى ۋە مېۋىسى.

تۇر [طور] (ئە) تۇر تېغى (ئەرەبىستاندا).

تۇراب [تراب] (ئە) تۇپراق، يەر:

نەۋائىيا، كېلىبان پىرى دەير ئاچسا ئىشىك،
كۆتەرمە باش ئاياغىدىن باشىڭ گەر ئولسا تۇراب.

— نەۋائى.

ئەھلى تۇراب — كۆچمە م: ئۆلگەن، ۋاپات بولغان كىشىلەر.

تۇربە [تربە] (ئە) 1) تۇپراق، يەر؛ 2) كۆچمە م: قەبرە، مازار. 3) ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بىنا، مەقبەرە.

تۇربەت [تربت] (ئە) «تۇربە»گە قاراڭ.

زەلىلى تۇربەتىدە مۇتىربا بىردەم تەرەننۇم قىل،
تىرىكلىك نەشئەسىدە ھەمدەمى چاڭۇ رەباب ئېردى.

— زەلىلى.

تۇررە [طرە] (ئە) كوكۇل، ئۆرۈلگەن چاچ، چاچنىڭ بۇدۇرى:

قەدى شەمشادى شوخى ئەنبەرىن پوشى پەرىزادى،
كى ئاندىن تۇررە سۆزىنى يازارغە شانەدۇر پەيدا.

— زەلىلى.

تۇررەئى پۇرخەم — بۇدۇر كوكۇل، چاچ.
تۇررەئى سۇنبۇل — سۇمبۇل شاخلىرى:

سەھەرگىم، گۇلشەن ئىچرە گۇل ئاچىلغاي،
گۇل ئۈزرە تۇررەئى سۇنبۇل ساچىلغاي.

— نەۋائى.

تۇررەھات [ترهات] (ئە) [بىرلىكى: تۇرھە] ئېتىقسىز سۆزلەر، بىھۇدە سۆزلەر.

تۇرشروي [تورش روى] (پ) سۆرۈن چىراي، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قاپىقى سېلىنغان.

تۇرغۇ [تورغو] ھۆكۈمنامە ۋە يارلىقتا ئوخشاش ھۆججەتلەرنىڭ ياخشى ۋە ئۇزاق ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا يېپىشتۇرۇلىدىغان داكا، بۆز.

تۇرفە [طرفە] (ئە) يېڭى؛ يېڭىلىق؛ قىزىق، ئەجەبلىنەرلىك، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ نادىر؛ كەم ئۇچرايدىغان:

قوزغالىپ ئەھلى جەھان تۇرلۇك تەماشا ئەيلەگىز،
ئوت ساچىپ ئاھىمدىن ئەيلەي تۇرفە ئاتەشبازلىق.

— ئەرشى.

تۇرفەتۇل - ئەين [طرفةالعين] (ئە) كۆز ئېچىپ يۇمغىچە، دەقىقە، ئەڭ قىسقا مۇددەت:

تۇشتى ئول مەھۋەش يۈزىگە تاكۆز ئاچتىم ھەر كېچە،
ئىستەمەسمەن تۇرفەتۇل - ئەين كۆز ئاچماق ئۇيقۇدىن.

— نەۋائى.

تۇرفەراق [طورفەراق] ئاجايىپراق، قىزىقراق.

تۇرناچى [تورناچى] قاتارلىغۇچى، سەپ تۈزگۈچى (قوشۇننى).

تۇرۇر [تورور] «-دۇر، -تۇر» قوشۇمچىسىنى ئىپادىلەيدىغان (كېسىم بەلگىسى).

تۇرۇق [طرق] (ئە) [بىرلىكى «تەرىق»] يوللار؛ مەسلەكلەر.

ئەھلى تۇرۇق — دەرۋىشلەر.

تۇرۇنج [ترنج] (ئە + پ) لىمون (لىمون دەرىخى ۋە مېۋىسى).

تۇرىسىنا [طورسينا] (ئە) «تۇر»غا قاراڭ.

تۇزاق [توزاق] 1) دام، تۇزاق، قاپقان، قىلتاق. 2) كۆچمە م: ھىيلە - مىكىر، نەيرەڭ؛

رەفىقسىز كېتەرگە ئېرۇر يول يىراق،
ماڭا بۇ پەرىۋەش بولۇپدۇر تۇزاق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۇزلاق [توزلاق] تۇز كانى.

تۇزلۇق [توزلوق] تۇز ئىدىشى، تۇز قاچىسى، تۇز قاپىقى.

تۇش [توش] تەرەپ، ئەتراپ، تامان؛ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل؛ تۇشمۇتۇشتىن؛ ھەر تەرەپتىن.

تۇش - تۇشىدىن — ھەر تەرەپتىن، تۇشمۇتۇشتىن.

تۇشلۇق تۇشى — ھەر كىشى ئۆزىچە، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا.

تۇغ [توغ] بايراق:

غەمدە سارۇلغان تەنىم گەردىن كۆرۈپ شاشماس كۆزىن،
تۇغ كۆرۈپ ئانداغ كىيىكلەركىم تېخىرقاپ قاراشۇر.

— ئەرشى.

تۇغدارى [توغدارى] دۇغداق (بىر خىل قۇش).

تۇغرا [طغرا] (ئە) 1) گېرب، دۆلەت نىشانىسى، پادىشاھنىڭ يارلىق، پەرمان ۋە قارارلىرى يېزىلغان قەغەزنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن مەخسۇس بېزەكلىك بەلگە. 2) مەكتۇپلارنىڭ تۆپىسىگە يېزىلىدىغان مەخسۇس سۆز. 3) كىتابلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرۈلگەن سىزىقلىق رەسىم:

خەتتى لەۋھى ھۆسنىنىڭ دەفتەرىدە مەتلەئى تۇغرا،
كەلامى «لائىلاھە» سەر «ئىللەللاھ» ئەيان دەرلەر.

— زەلىلى.

تۇغرايى سەئادەت — بەخت، ئىقبال بەلگىسى.

خۇجەستە تۇغرا — مۇبارەك (قۇتلۇق) بەلگە.

تۇغماچ [توغماچ] تۈركىي ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

تۇغماق [توغماق] 1) تۇغۇلماق. 2) چىقماق، كۆرۈنمەك (قۇياش ۋە ئاي ھەققىدە).

تۇغۇرماق [توغورماق] تۇغماق.

تۇغيان [طغيان] (ئە) تېشىش، ھاياجانلىنىش، ھەددىدىن ئېشىش، قۇلاق سالماسلىق؛ بويۇن تولغاش؛ قوزغىلىش، ئىسيان كۆتۈرۈش:

جۇنۇن تۇغيانىدىن دىۋانەمەن زەنجىرى يەتكۈزگەي،
مۇرۇۋۋەتتىن چۇ زۇلفى پۇرشىكەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە.

— زەلىلى.

تۇفان [طوفان] (ئە) 1) كۈچلۈك سۇ تاشقىنى، توپان؛ 2) كۆچمە م: زور غوۋغا، توپىلاڭ.

بەلا تۇفانى — زور ۋە دەھشەتلىك ئاپەت:

قىلدى مەگەر ئول نۇھ سىفەت دەئۋىتى پۇرشور،
تۇفانى بەلا ئىچرە بەناگەھ ئاقا قالدىم.

— ئەرشى.

تۇفەيل [طفيل] (ئە) 1) سەۋەب، باھانە، ۋاسىتە. 2) چاقىرىلمىغان مېھمان.

تۇفراغ [تفراغ] تۇپراق، يەر؛ چاڭ، غۇبار:

مۇسىبەتلەر يېتىپ ئاخىر ئاتادىن،
قايۇ فەرزەند ساچماي باشقە تۇفراغ.

— ئەرشى.

تۇفراغ ئەجزاسى — تۇپراق زەررىلىرى.

تۇفراق [تفراق] «تۇفراغ»قا قاراڭ.

تۇفۇلىيەت [طفوليت] (ئە) ياشلىق؛ ياشلىق پەيتى، بالىلىق:

يادىمە مۇنداق كېلۇر بۇ ماجەرا،
كىم، تۇفۇلىيەت چاغى مەكتەب ئارا.

— نەۋايى.

تۇل I [طول] (ئە) 1) ئۇزۇن، ئۇزۇنلۇق؛ بوي. 2) ئۇزۇن مۇددەت؛

تۇل بەرمەك — سوزماق، ئۇزارتماق.

تۇل تاپماق — سوزۇلماق، ئۇزارماق.

تۇلى ئەمەل — بىھۇدە خىيال، بىھۇدە ئۈمىد؛ كۆچمە م: دۇنياغا ھېرىس بولۇش.

تۇلى دەۋران — ئۇزاق دەۋر سۈرۈش.

تۇلى ھەيات — ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇزاق ياشاش.

تۇل II [تول] تۇل (تۇل ئايال).

تۇلاني [طولانى] (ئە + پ) ئۇزۇنسىغا؛ ئۇزۇن تەرەپ، ئۇزۇنچاق.

تۇلۇئ [طلوع] (ئە) چىقىش، كۆرۈنۈش (قۇياش، ئاي):

بىلە ئالمان بۇ تۇلۇئ تالىئىمدۇر قايسى كەۋكەبدىن،
جەھان ئىچرە ماڭا ھەرگىز رەفىقۇ ئاشنا يوقتۇر.

— ئەرشى.

تۇلۇئ ئەتمەك — قۇياش ياكى ئاينىڭ چىقىشى، كۆرۈنۈشى.

تۇمار [طومار] (ئە) 1) ئۈچ بۇرجەك قىلىپ پۈكلەنگەن

نامە، خەت؛ مەكتۇپ. 2) دۇئا يېزىلغان قەغەز:

ئىككى جادۇ كۆزلەرىڭگە ئەھلى ئالەم بەندەدۇر،
ئىسمى ئەئزەم ساچلارى بويىندا تۇمار ئەيلەگەچ.

— نەۋبەتى.

ھىجا تۇمارى — «ھىجا»غا قاراڭ.

تۇماغە I [توماغە] يىگىدىن ئۆگىتىلگەن قۇشنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇلىدىغان قېيىش تۇماق.

تۇماغە II [طوماغە] «تۇماغە I »گە قاراڭ.

تۇمتەراق [طمطراق] (پ) 1) تەنتەنە، دەبدەبە؛ شاۋقۇن - سۈرەن. 2) چىرايلىق كىيىنىپ يۈرگۈچى:

سوزى دىل تەقرىر ئىبتەر چاغ ئاغزىدىن ئوتلار ساچىپ،
تۇمتەراقى سىينە بىرلە نۇكتەرانىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

تۇمۇشماق [تۇموشماق] دومسايماق؛ شۈمشەيمەك، بىر چەتتە ئۆكسۈگەن قىياپەتتە ئولتۇرماق.

تۇنبان [تنبان] (پ) ئىشتان، شىم.

تۇند [تند] (پ) 1) تېز، شىددەتلىك، قاتتىق. 2) ئاچچىق؛ غەزەپ؛ غەزەپلىك. 3) ئاساۋ، بوي بەرمەيدىغان؛ شوخ.

تۇند بادى — «تۇند سەرسەر»گە قاراڭ.

چەمەن سارىغە ناگەھ تۇند بادى يەتسە قەھرىڭدىن،
نە قالغاي لالەگى ئەھمەر، نە قالغاي سۇنبۇلى رەئنا.

— زەلىلى.

تۇند سەرسەر — قاتتىق بوران، سوغۇق شامال، شىۋىرغان.

تۇند سەمەند — چاپقۇر، توسۇن ئات.

تۇند سەيل — كۈچلۈك سەل، قاتتىق سەل (قىيان).

تۇند گىرداب — شىددەتلىك قايىنام، كۈچلۈك قايىنام؛ ئىلاجىسىزلىق.

تۇند مەي — كۈچلۈك مەي، ئۆتكۈر مەي.

تۇند مىزاجلىق — باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماقلىق، قەيسەرلىك؛ ئىتتىكلىك.

تۇند ئولماق — غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق، قىزىشماق.

تۇندۇ تىز — تېز سۈرئەت بىلەن.

تۇند باد [تند باد] (پ) بوران، كۈچلۈك شامال؛ تۇپىلاڭ:

بەھردىن زەۋرەقنى تارتارلار تۇتۇپ ساھىل سارى،
كىم ئانى غەرق ئەتكەلى يەتكۈرمىش ئولغاي تۇند باد.

— نەۋايى.

تۇندخۇ [تندخو] (پ) 1) بىر سۆزلۈك، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرغۇچى، جاھىل. 2) نازۇك تەبىئەت:

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،
زىشت رويۇ تۇندخو سەخت بىھەمتا ساۋۇق.

— ئەرشى.

تۇندلىغ [تندليغ] تېزلىك، ئىتتىكلىك؛ قوپاللىق، توڭلۇق، سوغۇق مۇئامىلىلىك.

تۇنقال [تونقال] «تەنقال»غا قاراڭ.

تۇھفە [تحفە] (ئە) [كۆپلۈكى: تۇھەف] تۆھپە، سوۋغا، تارتۇق:

ئەجايىب تۇھفە بۇ مىھمانغە چۇنكىم شەھد چېكىپ خۇشراق،
يوق ئىبرىمىش جۇز مەتائى فەقر بەھرى ئەرمۇغان ئاندا.

— ئەرشى.

تۇھفە چەكمەك — سوۋغا (تارتۇق) قىلماق؛ تارتۇق تەقدىم قىلماق.

تۇۋاغ [تواغ] تۇۋاق:

يۈزۈمدۇرۇر ئەشھەبنىڭ تۇۋاغى،
باشىمدۇرۇر مەركەبنىڭ ئاياغى.

— نەۋايى.

تۇۋۇرلۇغ [توورلوغ] ئاقئۆينىڭ توڭلۇكىگە يېپىلىدىغان كىگىز.

تۇئمە [طعمە] (ئە) ئوزۇق، تائام، بىر ۋاخلىق يېمەكلىك؛ يەم:

ئىتى ئىچكەن يالاقىدىن ماڭا ھەم تۇئمە يەتكەي دەپ،
تىلەپ كەۋسەر شەرابى زۇھد ئېلى يەڭلىغ خۇمارىم بار.

— گۇمنام.

تۇيناغ [تويناغ] «تۇياق» مەنىسىدە («تۇۋاغ»قا قاراڭ):

ئاتىڭدىن تۈش، ئاتىم تۇيناغىنى ئۆپ،
ئۆزۈڭنى بىل، غۇزۇللۇق قىلماغىل كۆپ.

— لۇتفى.

تۇيناق [توىناق] «تۇيناغ»قا قاراڭ.

تۇيۇر [طيور] (ئە) [بىرلىكى: تەير] قۇشلار:

زەمىننىڭ يۈزىنى قىلدى جەننەت مىسال،
ۋۇھۇشۇ تۇيۇر تاپتى ئاندىن نەۋال.

— غەرىبى.

تۇيوغ [تويوغ] «تەجنىس»كە قاراڭ.

تۇيۇق [تويوق] «تۇيوغ»قا قاراڭ.

تۆبە I [توبە] تۆپە، ئېگىز يەر:

قوپۇپ، ئەي فەلانى، يېتىپ ئال مۇنى،
تۆبەسىزدە مۇنداغ كېلۇر بىر ئۇنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۆپە II [توپە] «تۆبە I» گە قاراڭ.

تۆر [تور] تۆپە، يۇقىرى، يۇقىرى ئورۇن، تۆر (ئۆينىڭ تۆرى):

مەگەركى مەسجىد ئىكەندۇركى، بولدى بۇتخانە،
يۈزۈڭكى، ئىككى قاشىڭدىن تۆرىدەدۇر مېھراب.

— نەۋايى.

تۆرە [تورە] 1) قائىدە، قانۇن، ئىنتىزام؛ ئادەت. 2) ئادەم بويى باراۋەرىدە ياسالغان قالقان. 3) خانزادە، پادىشاھزادە، خان ئەۋلادىغا مەنسۇپ كىشى:

تۆرە بارچە قۇللار ئىلە بەندۇ بەست،
كەمىن ئەيلەبان كەينىدە ئەھلى شەست.

— نەۋايى.

تۆرە ئايىنى — تۆرە ئادىتى، تۆرە بەلگىلىگەن قائىدە:

غەم غىزاسى ئاراسىدە قانى تۈركانە ئاياغ،
تۆرە ئايىنى بىلە تامسا توقۇز، ئاقسا ئوتۇز.

— نەۋايى.

تۆرتەر [تورتار] تۆتتىن.

تۆرتەر مىڭ — تۆت مىڭ تالدىن.

تۆرت زىددى [تورت ضد] تۆت قارىمۇقارشى ماددا (ئوت، سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراق):

سۇنئىدىن كۆرگىلىكى مۇنداق تۆرت زىد،
بولۇپ ئىنسان خىلقەتىدە مۇتتەھىد.

— نەۋايى.

تۆرت ئۇنسۇر [تورت عنصر] «تۆرت زىددى» گە قاراڭ:

تۆرت ئۇنسۇر، يەتتى كۆك ئالتى جىھات،
نادىرۇ ئالىي ئەساسى كائىنات.

— نەۋايى.

تۆرمە [تورما] ئىنچىكە يۇڭدىن توقۇلغان تون.

تۆرمە تون — يۇڭدىن تىكىلگەن تون، چاپان.

تۆرمەك [تورماك] يىغماق، ئورساق؛ ياپماق.

تۆزمەك [توزماك] چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك، تاقەت قىلماق:

كۆڭۈلگە شەمئى جەمالىڭ سالىبدۇرۇر بىر ئوت،
كى تۆزمەگەي ئاڭا پەرۋانە بەل سەمەندەر ھەم.

— نەۋايى.

تۆشە [توشە] ئوزۇق - تۈلۈك؛ يول (سەپەر) ئوزۇقى:

مۇسافىرانى خوتەندىن دۇئا تىلەيدۇرمەن،
ئەدەم يولىدا نە تۆشە، نە بىر ئۇلاغىم بار.

— زەلىلى.

تۆشەك [توشك] 1) ياستۇق، تەكىيە. 2) ئورۇن - كۆرپە:

بۇ بەخمەل تۆشەكدە ياتىپدۇر بىر ئىت،
تۇرار خىزمەتىدە بەش - ئالتە يىگىت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۆكە [توكا] قەبرە، گۆر؛

تۆكە تاشى — قەبرە تېشى (ئۆلگەن كىشىنىڭ كىملىكىنى خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ نام - ئەملىنى يېزىپ قەبرە ئۈستىگە ئورنىتىلغان تاش).

تۆكۈز [توكوز] تەلتۆكۈس؛ تولا:

كى تەييار بولدى كىمە يەتتە يۈز،
بەش - ئون كۈن ئىچىدە بارىسى تۆكۈز.

— ئا. نىزارى.

تۆڭۈلمەك [تونكولماك] قايتماق، بەزمەك، تەزمەك، ئۈمىد ئۈزمەك؛ تۆڭۈلمەك، سوۋۇماق.

تۈبەن [توبن] تۆۋەن، پەس، تەگ:

سالىپ ئەلچى لەھزە باشىنى تۈبەن،
دېدىكىم نە تەدبىر دەيىن سىزگە مەن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۈرك [ترک] 1) تۈرك، تۈركىي خەلق. 2) كۆچمە م: شوخ، گۈزەل.

كىم كۆرسە ئانىڭ يۈزىنى ئايتۇر:
نە تۇرفە ئېرۇر بۇ تۈرك بالاسى.

— سەككاكى.

تۈركى ئەنجۇم — قۇياش.

تۈركى خوتەن — «تۈركى خىتا» غا قاراڭ؛

تۈركى خىتا — كۆچمە م: 1) گۈزەل. 2) قۇياش.

تۈركچە خەت — ھۆسنخەتنىڭ بىر تۈرى، تەئلىق نۇسخا.

تۈركى چىن — «تۈركى خىتا» غا قاراڭ.

تۈركى فەلەك — كۆچمە م: مارس پىلانېتاسى.

تۈركى ھىجاز — مۇزىكىدىكى بىر كۈي نامى.

تۈركانە [تركانە] تۈركلەرچە، تۈركلەرگە خاس، تۈركلەرنىڭكىدەك، تۈركىي، ساددا.

تۈركانە ئاياق — تۈركلەر ئادىتىچە ئىچىلىدىغان مەي، تۈركلەرچە مەي ئىچىش.

تۈركانە ساز — تۈركچە ساز (چالغۇ)، تۈركچە كۈيلەش.

تۈركتاز [تركتاز] (پ) ئات سېلىپ، تۇساتتىن باستۇرۇپ كېلىش، تالان قىلىش ۋە تالان قىلغۇچى:

ئات ئاياغىدا قالۇر فەرھاد - مەجنۇن خۇبلاشىپ،
ئىشق مەيدانىدا قىلسالىڭ نەچچە تۈركتازلىق.

— ئەرشى.

تۈركتاز ئەيلەمەك — 1) تالان قىلماق، تالىماق. 2)

كۆچمە م: ھۇجۇم قىلماق:

نازەنىن چۈن كەلدى ئەيلەب تۈركتاز،
ئەيلەبان ئۈل خەستەغە زاھىر نىياز.

— نەۋايى.

تۈركىگۈي [تركى كوى] (شېئىر ۋە قوشاقلارنى) تۈرك تىلىدا يازغۇچى، تۈرك تىلىدا سۆزلىگۈچى.

تۈرمەك [تورماك] «تۆرمەك» كە قاراڭ.

تۈز [توز] 1) توغرا، تۈز، كېلىشكەن. 2) تەكشى يەر، دالا.

تۈز بولماق — توغرا بولماق.

تۈزلەنمەك — مۇۋاپىقلاشماق، كېلىشمەك.

تۈزرەك [توزراك] 1) توغرىراق، راستىراق. 2) تەكشىرەك، تۈزرەك.

تۈزلۈك [توزلوك] توغرىلىق، ھالاللىق.

تۈزمەك [توزماك] 1) تۈزمەك، تۈزەتمەك، توغرىلىماق؛ بىنا قىلماق، ياراتماق:

يۈز جەفاۋۇ جەۋر ئەسبابىن تۈزەر، كۆركىنىم، بۇ دەھر،
خاتىرىم خۇررەملىغىن ھەر لەھزەكىم ياد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

2) كېلىشتۈرمەك. 3) سازلىماق؛ تەرتىپكە سالماق. تەييارلىماق.

ئەنجۇمەن تۈزمەك — مەجلىس قۇرماق.

مەئاش تۈزمەك — تىرىكچىلىك قىلماق، ھايات كەچۈرمەك.

تۈزۈك [توزوك] تۈز، تۈپتۈز:

چۇ مەسئۇدنى غەم خەيلى ئەتتى زەبۇن،
تۈزۈك قەددى كۆكدىن بولۇپ سەرنىگۇن.

— ن. زىيائى.

تۈزۈكلۈك [توزوك لوك] ياخشىلىق، توغرىلىق، دۇرۇسلۇق.

تۈشلەنمەك [توشلاناك] ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كەلمەك، دۇچ كەلمەك.

تۈشمەك [توشماك] يۈز بەرمەك، كەلمەك.

ئاچچىغ **تۈشمەك** — ئاچچىق بولماق.

ئەگرى **تۈشمەك** — ناتوغرا ئورۇنلاشماق.

پىسەندە **تۈشمەك** — ماقۇل بولماق.

شىگۇفت **تۈشمەك** — ھەيران بولماق.

مەست **تۈشمەك** — مەست بولماق.

تۈگەن [توكان] داغ؛ ئىز، بەلگە؛ جاراھەتنىڭ دېغى.

تۈگەن **قۇيدۇرماق** — داغلىماق، تۆمۈرنى قىزىتىپ تامغا قىلىپ باسماق.

تۈگەن **ئۆرتەمەك** — «تۈگەن قويدۇرماق»قا قاراڭ.

تۈگەنمەك [توكاناك] تاماملانماق، تۈگىمەك، پۈتمەك، ئاخىرىغا يەتمەك:

تىلەپ ئۈل گۈلنى ياشىم ئاققۇزۇپ مەن،
تۈگەندىم رەشك دەردىدىن سىزىپ مەن.

— خىرقەتى.

تۈگۈشمەك [توكوشماك] باغلاشماق، تۈگۈن قىلىشماق.

سۆز رىشتەسىن تۈگۈشمەك — سۆزنى بىر يەرگە قويماق، بىر قارارغا كېلىشمەك، گەپ بىرىكتۈرۈشمەك.

تۈگۈن [توكون] تۈگۈن، ھالقا:

سۇنۇق كۆڭلۈم ئۈزارىڭ شەۋقىدىن تاپمىش تۈگۈنلۈككىم،
ھىلال ئانداغكى ئولمىش مىھرىدىن ئون تۆرت كۈنلۈك مەھ.

— ئەرشى.

تۈگۈنگىنە [توكون كنه] تۈگۈنچە، كىچىككىنە تۈگۈن.

تۈمەن [تمان] 1) ئون مىڭ. 2) يېزا، رايون.

يۈز تۈمەن ۋاي — مىڭ ئەپسۇس.

تۈن [تون] كېچە:

مۇسىبەتلەركى سالدى كۆڭلۈمە ھىجران تۈنى گەردۇن،
يۈزى بىھەد يارالىغ بۇ كۆڭۈلدىن ھەم خەراش ئولسۇن.

— ئەرشى.

تۈن **ئاقشام** — كەچقۇرۇن.

تۈن **پەردەسى** — تۈن قاراڭغۇلۇقى.

تۈن **مۇشكى** — «تۈن پەردەسى» گە قاراڭ.

تۈنقاتار [تونقاتار] پادشاھ تۇرغان جاينىڭ تۈن قاراۋۇلى، كېچىلىك قاراۋۇل.

تۈنمەك [تونمك] تىنماق، تىنچلانماق، تىنچىماق، توختىماق.

تېپۈك [تيپوك] 1) تېپىش، تېپىك؛ تەپكۈ. 2) قىزىل، تەپ (بىر خىل باللار كېسەللىكى):

تاپىپ تەسكىن جەفاكارلار ھۇجۇمى،
تېپۈكدىن تىنسا كۆڭلۈم مەرزۇ بۇمى.

— نەۋايى.

تېپىنگۈ [تيپينكو] ئۈزەڭگە:

شەھسەۋارىمنىڭ ئاياغىن ئۆپكەلى رازى دۇرۇر،
ئاي بىلە كۈن ھەر بىرىسى بىر تېپىنگۈ ئورنىدا.

— نەۋايى.

تېشە [تيشه] (پ) مېتىن:

تاغ ئۈزرە چىقىپ ئېردى تاماشا بىلە شىرىن،
كۆرگۈزدى نەۋا نالەسىدىن تېشەئى فەرھاد.

— زەلىلى.

تېشەۋەر [تيشەور] (پ) 1) ياغاچچى. 2) كۆچمە م: تاش كەسكۈچى:

كېزەر ئېردى باقىپ ھەر پېشەۋەرنى،
كى كۆردى نەچچە چابۇك تېشەۋەرنى.

— نەۋايى.

تېك [تيک] 1) جىم. 2) پەقەت؛ يالغۇز، بىرلا، تاق (جۈپنىڭ قارشىسى)؛

تېك تۇرماق — جىم تۇرماق.

تېكىن [تيكين ⋯]، گىچە، قەدەر:

مېنىڭ بۇ خەستە جانىمغە سېنىڭ دەردىڭ ئېرۇر مەرھەم،
قىيامەتكە تېكىن ھەرگىز بۇ دەردىمغە داۋا قىلماس.

— سەككاكى.

تېگىن [تيكين] «تېكىن»گە قاراڭ.

تېڭىز [تينكيز] دېڭىز:

كۆزنى تېڭىزغە ئۆرۈپ ئاقىبەت،
كۆزىن سۇ يۈزىدە سۈرۈپ ئاقىبەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تېڭىشتۈرمەك [تينكيشتورماك] «تەڭشتۈرمەك»كە قاراڭ:

چۈن ئانىڭ بىرلە تېڭىشتۈردى كۆزىن،
نالە قىلدى ئەشكبار ئەيلەپ كۆزىن.

— نەۋايى.

تىب [طب] (ئە) 1) تىبابەت، مېدىتسىنا، داۋالاش:

ھەزرەتى نۇھدەك ئۆمر كۆرسە بىراۋ ئۆل ھەم نېدۇر،
تىب ئارا خەلقى جەھاننىڭ بولسەلەر لوقمانى ھېچ.

— موللا بىلال.

2) يېقىملىق پۇراق؛ پاكىزلىك، پاكلىق.

تىب **ئىلمى** — تىبابەت ئىلمى.

تىترەتمەك [تيتراتماك] تىترەك، بەزگەك كېسىلى.

تىترەگۈچ [تيتراكوچ] كېلىنلەرنىڭ بېشىغا سانجىپ قويۇلىدىغان بېزەك، جىغا:

ئول بۈتى چابۇكسەۋار ئولغاچ سەمەندىن سەكراتۇر،
تىترەگۈچ باشىغە سانجىپ ئالەم ئەھلىن تىترەتۇر.

— ئەرشى.

تىر [تير] (پ) 1) ئوق، كامان ئوقى، يا ئوقى. 2) ئاتارۇد (مېركۇري) پىلانېتىسى. 3) ئۇزۇن، تىك ياغاچ، ماچتا (كېمە ۋە باشقىلارنىڭ).

تىراز [طراز] (ئە) 1) بېزىگۈچى؛ ياراتقۇچى. 2) يىپەك جىيەك. 3) زىننەت، بېزەك، نەقىش. 4) ئۇسلۇب، رەۋىش، تەرز.

شەمئى تىراز — شامدەك، شامغا ئوخشاش، شامسىمان:

گۈلمۇ ھەم سەن، غۇنچەۋۇ ھەم سەرۋى ناز،
بەزمى ئۇششاق ئىچرە ھەم شەمئى تىراز.

— گۇمنام.

تىرەنداز [تيرانداز] (پ) مەرگەن.

تىردان [تيردان] (پ) ئوقدان.

تىش [تيش] چىش:

ئارەزى شەمس يا قەمەر، تىشلارى دۇرر يا گۆھەر،
غىنچەئى گۈلمۇدۇر بۇ يا كۆرسەم ئانىڭكى قامەتى.

— ئەرشى.

تىش بېركىتمەك — جەزم قىلماق؛ ئەستايىدىل كىرىشمەك، نىيەت قىلماق.

تىش قىرچىللەتماق — 1) چىش غىچىرلاتماق. 2) كۆچمە م: غەزەپلەنمەك.

تىشنى بەغرىگە بېرك قىلماق — چىشنى چىشقا قويماق.

تىش ئۇرماق — چىشلىمەك.

تىش ئىرجەيتماق — ھىجىيىپ كۈلمەك.

تىفل [طفل] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەتفال] 1) بالا، گۆدەك. 2) ياش، بويىغا يەتكەن:

جەفا تىغىنى دەۋران تىفل، ئەي ئەھباب، بىلمەيكىم،
نە تەنھا شىرى نەرگە ئۆردى فىل ئۆزىگە ھەم چەكتى.

— ئەرشى.

تىفلۋەش [طفل وش] (ئە + پ) بالا تەبىئەت، نازۇك، نازىنىن، گۈزەل.

تىلا [تلا] (ئە) پارلاقلىق.

تىلاۋەت [تلاوت] (ئە) ئوقۇش، ئاۋاز چىقىرىپ قىرائەت قىلىش.

تىلسىم [طلسم] (ئە) تىلسىم، جادۇ.

تىلسىمات [طلسمات] (ئە) تىلسىملار، جادۇلار:

ئېرۇر بۇ شەھەرنىڭ ئىچى تىلسىمات،
كىشى كىرسە ھەرگىز تاپالماس نىجات.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تىلمىز [تلميذ] (ئە) [كۆپلۈكى: تەلامىز] 1) شاگىرت، ئوقۇغۇچى. 2) تەۋە، ئەگەشكۈچى.

تىلۇك [تيلوك] 1) كېسىك، تىلىنغان. 2) يىرتىق.

تىم I [تيم] (پ) ئۈستى يېپىلغان بازار، رەستە؛ كارۋان ساراي.

تىم II [تيم] تامچە، قەترە.

تىمار [تيمار] (پ) غەم، قايغۇ، غۇسسە.

تىمتەراق [تمتراق] دەبدەبە؛ زەرەر:

چۈ بۆرىدىن قويغە يەتسە تىمتەراق،
گۈل شۆباندىن ئاندا بىر گەپ ياخشىراق.
— نەۋايى.

تىمچە [تيمچە] تامچە.

تىمسال [تمثال] (ئە) [كۆپلۈكى: تەماسىل] 1) سۈرەت، رەسىم. 2) مىسال؛ ئوخشاش. 3) تەسۋىر؛ يوليورۇق، پەرمان.

تىمساھ [تمساح] تىمساھ (يۇلتۇز نامى).

تىن [تين] ھالاۋەت؛ دەم.

تىن تاپماق — تىنچىماق، تىنماق، دەم ئالماق.

تىهى [تهى] (پ) خالىي، بوش؛ بەھرىسىز.

تىۋە [تيوه] تۆگە:

سەلاتىن رۇسۇمى بىلە شىۋەنى،
تۈزۈپ راست قىلدى نەچە تىۋەنى.
— ئا. نىزارى.

تىي [تى] توختىماق، بەس قىلماق.

تىيەرمەن ئاھۇ ئەشكىمنى ئۇلۇس بىدادىدىن يۇقسە،
ئالۇر دادىم ئالاردىن ئۇشبۇ سەرسەر بىرلە تۇفانىم.
— نەۋايى.

تىيب [طيب] (ئە) «تىيبەت» كە قاراڭ.

تىيبەت [طيبت] (ئە) ياخشىلىق، خۇش تەبىئەتلىك؛ خۇش ھىدلىق.

تىير [تير] (پ) «تىر» غا قاراڭ؛

قولۇمغە ئالىپ مەن چۇ تىيرۇ كەمان،
بۇلار بىرلە بولدۇم پىيادە رەۋان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تىيرى بەلا — بالا ئوقى:

شەھادەتگاھى كۆڭلۈم ئۈزرە يۈز تىيرى بەلا تەگدى،
سىپاھى غەم نە بىلگەيلەركى فەتھى جامە بىلمەيدۇر.
— زەلىلى.

تىيرە [تيره] (پ) 1) قاراڭغۇ؛ قارا. 2) غەم - غۇسسىلىك؛ قايغۇلۇق. 3) خىرە، نۇرسىز:

جەھانغا شەمئى تولسا، چىقىسمۇ كۈن تىيرەلىك كەتمەس،
بۇ رەڭ ئالەمغە، ئەي گۈمنام، جانان نۇرى تۇتاشىپتۇر.
— گۈمنام.

تىيرە ئەختەر — بەختسىز، تەلەيسىز.

تىيرە ئەنجۇم — خىرە يۇلتۇزلۇق.

تىيرە ئەۋقاتلىغ — غەم - غۇسسىلىك، قايغۇلۇق، بەختسىزلىك.

تىيرە بولماق — قارايماق.

تىيرە تۇتماق — قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرماق.

تىيرە تۇفراق — قارا يەر.

تىيرە جەبىن — خىرە يۈزلۈك.

تىيرە چاھ — قاراڭغۇ زىندان.

تىيرە خاك — قارا تۇپراق.

تىيرە دۇد — قارا تۈتۈن.

تىيرە راي — يامان نىيەتلىك، قارا پىكىرلىك.

تىيرە رۇ — قارا يۈزلۈك.

تىيرە روز — قايغۇلۇق.

تىيرە روزگار — بەختى قارا؛ بەدبەخت:

نېگە يادىدا، ئەرشى، روزگارىڭ بولماسۇن تىيرە،
زىبەسكىم دەھر ئارا ئانداق كۆزۈ قاشى قارا يوقتۇر.
— ئەرشى.

تىيرە روي — نادان، كالتە پەم.

تىيرە زات — جاھالەتتە، قاراڭغۇلۇقتا قالغان كىشى.

تىيرە شام — قاراڭغۇ كېچە.

تىيرە گەرد — قويۇق چاڭ، توزان؛ قاراڭغۇلۇق.

تىيرە مىزاج — قاراڭغۇلۇقنى خالىغۇچى.

تىيرە نىهاد — غەملىك، يامان تەبىئەتلىك؛ كۆڭلى قاراڭغۇ.

تىيرە ھال — يامان ئەھۋال.

تىيرەڭ [تيرنك] چوڭقۇر، تېرەن.

تىيردان [تيردان] (پ) «تىردان» غا قاراڭ.

تىيرى باران [تيرباران] (پ) ئوق يامغۇرى؛ ئوق ياغدۇرۇش:

تىيرى بارانى مەلامەتكە ھەدەف بولدى باشىم،
باشىنى باشقۇرماق بەسى مۈشكۈلكى بۇ باران بىلە.
— ئا. نىزارى.

تىيرى دەۋران [تيردوران] (پ) قاراڭغۇ زامان:

تەزەللۇم تىيرى دەۋراندىن، قۇتۇلماي ئاھۇ - ئەفغاندىن،
تويۇپمەن يار ئۈچۈن جاندىن كى باقماڭ ئىنتىزارىمغە.
— ئا. نىزارى.

تىيز پەي [تيزپي] (پ) يۈگۈرمەك، ئىلدام؛ چاپقۇر.

تىيزتەك [تيزتك] (پ) چاپقۇر، ئىلدام.

تىيز تۇند [تيزتند] (پ) تېز سۈرئەت، تېز سۈرئەت بىلەن، ناھايىتى چاپسان، چاپسانلا:

گاھى بولغاي تىيزۇ تۇند رەھمانغە قۇل،
گاھى بولغاي تىيزۇ تۇند شەيتانغە قۇل.
— خەراباتى.

تىيزرەۋ [تيزرو] (پ) يۈگۈرۈك، چاپقۇر.

تىيزكۇش [تيزكوش] (پ) تېز ھەرىكەت قىلىدىغان،

چاققان.

تىيز گەرد [تيزكرد] (پ) تېز يۈرگۈچى، چاپقۇر:

تا نېچە مىڭ يىل سىپېھرى تىيز گەرد،
جەھدۇ جىد بىرلە بولۇپ گېتى نەۋەرد.

— نەۋايى.

تىيز ھۇش [تيزهوش] (پ) ھوشيار، پەملىك.

تىيغ [تيغ] (پ) 1) قىلىچ، خەنجەر، پىچاق. 2) چوققا. 3) نەشتەر:

بۇجان باشىغە، ئەي زالىم، دەمى تىيغىڭ تەمەننادۇر،
زىبەس جان باشىغە مېئراج تىغىڭغە فىدا بولماق.

— ئەرشى.

تىيغى كىن — ئاداۋەت، دۈشمەنلىك قىلىچى، نەپرەت خەنجىرى:

قاراقچىغا تەييار ئېتىپ تىيغى كىن،
كى تۈججار يولىدا تۇتارلار كەمىن.

— غەربى.

تىين [طين] (ئە) لاي.

تىينەت [طينت] (ئە) خاراكتېر، خۇلق، تەبىئەت، پېئىل، يارىتىلىش:

ئىشتىلدى ئانداغ ئۇلۇغ تىينەتلىك،
داغى مەئلۇم ئولدى يەنە سىيرەتلىك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئارىغ تىينەتلىغ — پاكىز تەبىئەتلىك.

ج

جا [جا] (پ) جاي، ئورۇن، ماكان، يەر:
ئىشقىڭ ھەۋەسىدە گەر يۈرۈرمەن،
دىيدەم گۆزەسىدە جا ئېدىندۇر.
— ئەرشى.

جا بولماق — سىغماق، جايلاشماق، ئورۇنلاشماق.

جا بەجا [جابجا] (پ) جاي - جايىدا، رەتمۇ - رەت، تەخمۇ - تەخ:
ھەممە كارىڭىزنى قىلاي جا بەجا،
كۆڭۈلدە نە كەچسە ئانى ھەم ئەدا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جابدۇغ [جابدوغ] جابدۇق، ئۇسكۇنە، ئەسۋاب، ئۆي سەرەمجانى، ئىشلەپچىقىرىش قورالى:
قىلىپ مەشۋەرەت ئەلچى بىرلە بۇ قىز،
سەفەر جابدۇغىن ئەيلەدى رۇستەخىز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جابىر [جابر] (ئە) جەبىر قىلغۇچى؛ زالىم:
ئول بەغايەت زالىم ۋە جابىر ئېردى،
ئەمما باناكەتىي مۇنىڭ ئەكسى بىتىپتۇركىم.
— نەۋايى.

جادە [جاده] (ئە) «جاددە» گە قاراڭ:
جادەئى شەرئ — دىن، شەرىئەت يولى؛ تەرتىپ، نىزام:
يول ئېرۇر جادەئى شەرئ داغى توشەۋۇ سۇۋۇ،
ساڭا ئايىنى ئۇبۇدىيەت؛ ئاڭا فەرزۇ سۇنەن.
— نەۋايى.

جاددە [جاده] (ئە) 1) يول، كاتتا يول؛ كوچا:
تا قايسى ئارىغ تىينەتلىغ يولدىن ئازمىش بولغاي ۋە قايۇ پاك،
خىلقەتلىك جاددەدىن چىقىپ قىلۇر ئىشىن يازمىش بولغاي.
— نەۋايى.
2) قائىدە، نىزام، تەرتىپ. 3) يولىيورۇق:
جەننەتكە بارۇرغە ئىستەسەڭ يول،
بۇ جاددە بىرلە مۇستەقىم ئول.
— نەۋايى.

جاددەئى شەرئ — «جادەئى شەرئ» گە قاراڭ.

جاددەئى نافەرمانلىغ — يولىيورۇققا بويسۇنماسلىق يولىنى تۇتۇش.

جادۇ [جادو] (پ) 1) سېھىر، جادۇ. 2) جادۇ قىلغۇچى، جادۇگەر، سېھىرگەر:
ئىككى جادۇ كۆزلەرىگە ئەھلى ئالەم بەندەدۇر،
ئىسمى ئەئزەم ساچلارى بويىندا تۇمار ئەيلەگەچ.
— نەۋبەتى.

جادۇ قىلماق — سېھىرلىمەك؛ مىكرى قىلماق، كۆز باغلىماق.

جادۇيى دانىشۋەر — بىلىمدان سېھىرگەر.

جادۇيى ھىندى — ھىندى سېھىرگەرى.

نەرگىسى جادۇ — شوخ كۆز، ئويناق كۆز، سېھىرلىك كۆز:
كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ،
تىغلى يەڭلىغكىم يۈگۈرگەي ھەر تەرەپ ئاھۇ كۆرۈپ.
— نەۋايى.

جار [جار] (پ) سادا، ئېلان، ئاۋاز، نەرە؛ بىرەر ئىش توغرىسىدا ۋارقىراپ خەۋەر بېرىش.

جار يەتكۈزمەك — ئېلان قىلماق، ۋارقىراپ خەۋەر قىلماق، جار سالماق:
چۇ ئەل فىكرىدىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ،
يۈرۈش ھۆكمىنى ئەلگە جار يەتكۈزۈپ.
— «لۇغەتى چاغاتاي» دىن.

جارچى [جارچى] جارچى، ئېلان قىلغۇچى، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

جارۇب [جاروب] (پ) سۈپۈرگە:
فەنا فەرراشى ئەيلەپ سۈبھىنىڭ سىيمىن پەرۇ بالىن،
مۇرەسسەئ تارى مىژگانىنى جارۇبى ھەرەم چەكتى.
— ئەرشى.

جارۇبكەش [جاروب كش] (پ) تازىلىق خادىمى (سۈپۈرگۈچى)؛ خىزمەتكار:
فەقىر ھەم ئول ئاستانە جارۇبكەشلەرىدىنمەن.
— نەۋايى.

جارۇبۇلجار [جارو بولجار] (پ) ۋەدە جايى، چاقىرىلغان جاي، تەكلىپ قىلىنغان جاي؛ جەڭ كۈنى يىغىلىدىغان ئورۇن.

جارى [جارى] (ئە) 1) يۈرگۈچى، يۈرىدىغان؛ ئايلىنىپ تۇرىدىغان. 2) ئاققۇچى، ئاقىدىغان؛ ئېقىپ تۇرغان:
سۇيى جارى جەننەتىنما باغى بار،

ئانى كۆرمەگەننىڭ يۈرەك داغى بار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) تەسۋىرلىنىش، نىشانلىنىش. 4) نامايان بولۇش، كۆرۈنۈش. 5) تىلغا ئالماق:

تىلەرمەن كېچە ـ كۈندۈز زار بىرلە،
تىلىمغە جارى ئەيلەپ «رەببەنا» نى.

— خىرقەتى.

جارى بولماق — 1) ئاقماق، ئېقىپ تۇرماق. 2) داۋام قىلماق. 3) تەقەززا قىلماق. 4) يۈرۈشمەك، ئەمەلگە ئاشماق.

جارى بۇلاغ — ئاقار بۇلاق.

جارى ئولماق — «جارى بولماق» قا قاراڭ.

جارىيە [جاريه] (ئە) 1) چۆرە، خىزمەتچى ئايال:

مېنىڭ بىرلە ھەمراھ ئىرۇر جارىيە،
يەنە ساندۇقۇم بار، بىر ئىت سارىيە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قۇل، تۇتقۇنلۇقتىكى ئايال.

جازىب [جاذب] (ئە) 1) تارتقۇچى، رام قىلغۇچى؛ سۆيۈملۈك. 2) مايىل:

مۇندا كىم يەتسە سادىقۇ كازىب،
تەبئى بولغاچ سۇۋ ئىچگەلى جازىب.

— نەۋايى.

جازىبە [جاذبه] (ئە) تارتىش كۈچى، تارتقۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى كۈچ.

جازىم [جازم] (ئە) جەزمەنلەشتۈرگۈچى، مۇقەررەرلەشتۈرگۈچى، قەتئىي قارار قىلغۇچى، بىرەر ئىشقا مەھكەم بەل باغلىغۇچى.

جازىم ئەيلەمەك — قەتئىي نىيەت قىلماق، ئېنىق ئەشەنچ ھاسىل قىلماق.

نىيەت جازىم بولماق — نىيىتى، ئىنتىلىشى ئېنىق (مۇقەررەر) بولماق.

جاسۇس [جاسوس] (ئە) سىر ئالغۇچى، ئايغاقچى.

جاسۇسۇل ـ قەلب — دىل سىرىنى ئوغرىلىغۇچى، بىراۋنىڭ دىلىدىكى مۇددىئاسىنى بىلىشكە ئىنتىلگۈچى.

جافى [جافى] (ئە) جاپا قىلغۇچى، جاپاكار (ئاسامن: ئاسى ـ جافى شەكلىدە كېلىدۇ):

ئاسىيۇ جافى پەرىشانىمەن بەسى.

— نەۋايى.

جالىس [جالس] (ئە) 1) پىكىرداش، دوست، ئۈلپەت. 2) ئولتۇرغان، بىر جايدا ئولتۇرغان.

جام [جام] (پ) 1) قەدەھ، مەي پىيالىسى:

قويۇپ ئالىغە گۈنە ـ گۈنە تەئام،
ئىگەچ ـ ئۇق ئۇتتىلەر تولا ـ تولا جام.

— نەۋايى.

جامى ئەلەست — تەقدىر شارابى؛ ئەزەل جامى؛ ئەزەل كۆنى.

جامى بەقا — جەننەت قەدەھى، شارابى.

جامى بىللۇرى — بىللۇر (خرۇستال) قەدەھ.

جامى تەرەب — شادلاندۇرغۇچى مەي.

جامى جەم — جەمشىت جامى، پادىشاھ جەمشىت ياساتتۇرغان تىلسىملىق جام (نەۋائىنىڭ تەرىپىچە: جەمشىت ھېكىملەرگە بۇيرۇپ ئىككى جام ياساتتۇرغان. بىرىنىڭ ئىسمى «جامى ئىشرەتئەفزاي» — بۇ جامدىكى مەي ئىچكەن بىلەن تۈگىمەس، تولۇق تۇرۇۋېرەر ۋە قىيپاش قىلىنسىمۇ ھەم تۆكۈلمەس ئىكەن؛ ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى «جامى گىتىينەماي» — بۇ جامدىن مەي ئىچكەن پەيتتە دۇنيادا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرار ئىكەن. بۇ جام يەنە «جامى جەھانبىن، جامى جەھاننەما» دەپمۇ ئاتىلىدۇ):

كىشىكىم كويىدا كۆل ياستانىپ، قان ئىچمەك ئىزدەر، ۋەھ،
فەرىدۇن بىل سۇلەيمەن تەختى ئۆزرە جامى جەم چەكتى.

— ئەرشى.

جامى جەھانبىن — «جامى جەم» گە قاراڭ.

جامى جەھاننەما — «جامى جەم» گە قاراڭ.

جامى دۇردئاشام — مەي دۇغىنى (قالدۇقىنى) ئىچكۈچى.

جامى شەبانە — كەچقۇرۇن ئىچىلىدىغان مەي:

كۆز ئاچقايمەن مەگەر مەھشەر سەباھى،
كى ئىچىشمەن ئەجەب جامى شەبانە.

— نەۋايى.

جامى مۇھەببەت — مۇھەببەت شارابى، قەدەھى:

تەشنەلەپ جامى مۇھەببەتدىن نوغا سەرشار ئەمەس،
چۈن ئەزەل ساقىسىدىن ھەردەم ماڭا پەيمانەدۇر.

— ئەرشى.

جامى ھىلالى — يېرىم ئاي شەكلىدە ياسالغان قەدەھ.

جامى ۋەھدەت — 1) يەككە ـ يېگانە، خۇدا، 2) بىرلىك (بىرلىشىش) يولى.

جامى ئىشرەت — ئەيش ـ ئىشرەت جامى، قەدەھى:

كېلىپ گۈلشەندە نۇش ئەت جامى ئىشرەت،
ھەمىشەم مەن بولاي ئالدىڭدا ساقىڭ.

— خىرقەتى.

جامى ئىشرەتئەفزاي — ئەيش ـ ئىشرەتنى ئارتتۇرغۇچى قەدەھ (مەي).

جامە [جامه] (پ) تون، كىيىم، لىباس:

ساڭا گۈل بەردى فۇرقەت نامەسىنى،

يۈزىن قان قىلدى يىرتىپ جامەسىنى.

— خىرقەتى.

جامە باف [جامە باف] (پ) توقۇغۇچى، توقۇمىچى، باپكار:

جامە باف ئامادە قىلدى كارگاھ،
قىلغالى زەربەفت ئانى كىيمەككە شاھ.

— نەۋايى.

جامە چاك [جامە چاك] (پ) 1) يىرتىق تون؛ يىرتىق چاپان. 2) قەدەھ؛ كوزا:

گەر نەۋائىي بولسە مۇغ دىيرىدە مەستۇ جامە چاك،
كىم تىرىكلىكدىن بۇ سۇلتانلىغ ئانىڭ مەقسۇدىدۇر.

— نەۋايى.

جامگىر [جام كير] (پ) جام ئالغۇچى؛ مەيگە ئىنتىلگۈچى؛ مەي ئىچكۈچى.

جامىئ [جامع] (ئە) 1) جەملىگۈچى، توپلىغۇچى؛ ئۆز ئىچىگە قاپسىۋالغۇچى:

ۋە بۇ جەمئىيەتنى «بەش گەنج» جامىئى ۋە ھىند شەكەر ـ رىزى، بەلكى شىرىن كەلامىغە مۇسەلەم تۇتماق.

— نەۋايى.

2) ئادەملەر توپلىنىدىغان جاي؛ مەسچىت.

مەسجىدى جامىئ — كاتتا مەسچىت.

جامىئىيەت [جامعيت] (ئە) 1) تولۇقلۇق، مۇكەممەللىك. 2) قورشىۋالغان؛ قاپلىغان. 3) ئەكس ئەتتۈرگەن، ئىپادىلىگەن. 4) مۇجەسسەملىك؛ مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

جان I [جان] (ئە) «جىن» غا قاراڭ.

جان II [جان] (پ) 1) روھ، تىرىكلىك، ھايات:

ئانىسىزىن جانسىز كۆرەرمەن گەر تېنىم جانلىغ ئېرۇر،
يا ماڭا جان بەرگۈچى يا جانغە دەرمانىمۇ دەيىن.

— ئەرشى.

2) ۋۇجۇد. 3) ھەرىكەت، قۇۋۋەت، ئىمكانىيەت. 4) كۆڭۈل:

چۇ مېھمان ئۇزاتىپ قولىن خانىغە،
قويۇپ مىزبان مىننەتىن جانىغە.

— نەۋايى.

جان بەلاسى — تىرىكلىك ئاپىتى.

جان تەركى ئەتمەك — ئۆلمەك.

جان رىشتەسى — قان تومۇرى؛ كۆڭۈل، ئارزۇ ـ ئۈمىدى، ئىستىكى:

نازۇك بىلمەڭ ئەر خەيال قىلغۇم،
جان رىشتەسىغە مىسال قىلغۇم.

— ئەرشى.

جانغا يەتمەك — جېنىدىن تويماق.

جان كاھى — جاننى ئۆرتەيدىغان.

جان مۈلكى — كۆڭۈل:

ھۆسنىدىن ئافاق ئارا غەۋغا ئىدى،
زۇلمىدىن جان مۈلكىگە يەغما ئىدى.

— نەۋايى.

جان ھىرزى — جان ساقلىغۇچى، جانغا مەدەت بەرگۈچى (دۇئا).

جانۇ تەن — مادار ۋە قۇۋۋەت.

جانۇ جەھان — پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن بارلىق، مەۋجۇدلۇق:

مەي لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسەم رەۋا كامىم،
كى نەقد، جانۇ جەھاننى ئاڭا فىدا قىلايىن.

— ئەرشى.

جان ئۆرتەمەك — جاننى قىينىماق.

جانى ئاغىزغا يەتمەك — قاتتىق ساراسىمىگە چۈشمەك، ئۆرلەر ھالەتكە كەلمەك.

جانى ئەزىز — ئەزىز، شىرىن جان.

جانى زار — بىچارە جان.

جانان — [جانان] (پ) 1) مەھبۇبە، مەشۇقە، سۆيۈملۈك يار:

لۇتۇف ئىلە جانان نىگاھ ئەتسە، نىسار ئەتكۈم بۇ جان،
چۈن نىسار ئەتسە بۇ جان جانان ئىلە قىلمىش قىران.

— ئەرشى.

2) ناھايىتى گۈزەل، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن قىز، نازىنىن. 3) يېقىملىق؛ ئالىيجاناب.

جان ئەفرۇز [جان افروز] (پ) جانغا راھەت بەرگۈچى، ياشناتقۇچى:

سۇبى كەۋسەر سۈيىدەك جان ئەفرۇز،
ئوقى دەۋزەخ يالقىنىدەك پۇر سوز.

— نەۋايى.

جان بەخش [جان بخش] (پ) جان بېغىشلىغۇچى، روھلاندۇرغۇچى:

قوپماغى مۇمكىن ئەمەستۇر بەلكى تەبرەنماغى ھەم،
تاپماسا جان بەخش لەئلىڭ نۇكتەسىدىن جان سەبا.

— نەۋايى.

جانباز [جانباز] (پ) جېنىنى تىككۈچى، بىرەر ئىشتا غەيرەت كۆرسەتكۈچى، پىداكار:

زىرىھۇ قالغان كىبرەك ئىسلام، بىدىن ئەھلىغە،
ئاشىقى جانبازنىڭ ئىستەر سەلامى ئۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

جانپەرۋەر [جان پرور] (پ) جانلاندۇرغۇچى، قۇۋۋەت بەرگۈچى؛ راھەت كەلتۈرگۈچى.

جان خاكسار [جان خاكسار] (پ) كەمسىتىلگەن، يامان ھالەتكە چۈشكەن؛ غېرىب:

خاكى پايى بولدى جانى خاكسارىم قان يۇتۇپ،
كىم چىقىپ لەئلىگىنى ئۆپكەي رىشتەئى زۇلفىن تۇتۇپ.

— نەۋايى.

جاندار [جاندار] (پ) 1) جان ئىگىسى، ھاياتلىق، تىرىك جان، جانلىق. 2) جانىۋار.

جانسوز [جان سوز] (پ) جان ئۆرتىگۈچى، جاننى قىينىغۇچى، ئازاب بەرگۈچى:

بىدىل چىكىبان بىر ئاھى جانسوز.

— نەۋايى.

جانسىپار [جان سپار] (پ) جېنىنى پىدا قىلغۇچى، جېنىنى قۇربان قىلغۇچى، قېنىنى ئايىمىغۇچى، ساداقەتلىك.

جانىستان [جان ستان] (پ) جان ئالغۇچى، ھالاك قىلغۇچى.

جانفۇرۇز [جان فروز] (پ) جانغا ھۇزۇر بەرگۈچى؛ روھلاندۇرغۇچى:

كىم دەردۇ گۇدازۇ سوز بىرلە،
يۇز شۇئلەئى جانفۇرۇز بىرلە.

— نەۋايى.

جانفىزا [جانفزا] (پ) 1) جاننى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى، جانغا راھەت، ئارام بەرگۈچى؛ شادلاندۇرغۇچى:

جانفىزا لەئلىڭ بىلەن شىرىن سۆزۈڭ، سۇۋۇق كۆزۈڭ،
قىلغۇسىدىن نەچچە كۇندۇز كۆزلەرىم بولدى يۇرئاب.

— گەرشى.

2) يېقىملىق.

جانفىزاي [جانفزاى] (پ) «جانفىزا» غا قاراڭ.

جانفىشان [جان فشان] (پ) جېنىنى پىدا قىلغۇچى.

جانكاھ [جانكاه] (پ) جاننى قىينىغۇچى، جانغا ئازاب بەرگۈچى؛ ئۆمۈرنى قىسقارتقۇچى:

يارنى كۆڭلۈمدە جان يەڭلىغ نىھان قىلغاي ئىدىم،
ئەيبى كۆڭلۈمنىڭ بۇدۇركىم، نالەئى جانكاھى بار.

— نەۋايى.

جانگۇداز [جان گداز] (پ) 1) جاننى قىينىغۇچى، ئازاب بەرگۈچى. 2) كۆڭۈلگە ھارارەت سالغۇچى.

جانلىغ [جانليغ] «جانلىق» قا قاراڭ.

جانلىق [جانليق] جانىۋار، ھايۋان.

جانلىق قىلماق — جان كىرگۈزمەك، تىرىلدۈرمەك.

جانىن [جانن] (پ) دىۋە؛ پەرى:

گەر ئاتى ئولۇب زەمان بەدئىي،
زاتى كىبىلىپ ئىنسۇ جانن بەدئىي.

— نەۋايى.

جانىنەۋاز [جان نواز] (پ) 1) ئەركىلىگۈچى؛ يېقىملىق؛ 2) كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدىغان، خۇرسەن قىلىدىغان سۆز.

جان نىسار [جان نثار] (پ) جان پىدا قىلغۇچى:

«نۇن» نىيازىمدۇر مېنىڭ جانىمدىن ئۆزگە يوق نىياز،
شەمئىسەن، پەرۋانەدۇرمەن جاننىسارىم سەنمۇ سەن.

— موللا سالىھ.

جان نىسار ئەتمەك — جاننى پىدا قىلماق، باشقىلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەك.

جانىب [جانب] (ئە) 1) تەرەپ:

شەھەر جانىبىغە ئالىپ يۈردىلەر،
بۇ قىز گۈلشەنىغە بارىپ تۇردىلەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھۆرمەت، ئېھتىرام. 3) سەۋەب.

جانىب تۇتماق — باشقا كىشى تەرىپىگە ئۆتمەك؛ كىشىدىن يىراقلاشماق.

جانىبى ئەسفەل — پەس، تۆۋەن تەرەپ:

فەزلەلەرى دەفئي ئۈچۈن ئىككى يول،
جانىبى ئەسفەلدىن ئولۇپ زاھىر ئول.

— نەۋايى.

جانىبىنى تۇتماق — تەرىپىنى ئالماق. ياقلىماق، ھىمايە قىلماق.

جانىي [جانى] (پ) جانغا تېگىشلىك، كۆڭۈلگە ئەڭ يېقىن دوستلار.

جاھ [جاه] (پ) 1) مەنسەپ، ئەمەل، مەرتىۋە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن:

بىل مۇنىكىم ئۆمرى ۋەفاسىزدۇرۇر،
دەۋلەت ئىلە جاھ بەقاسىزدۇرۇر.

— نەۋايى.

2) دۆلەت، بايلىق. 3) بۈيۈكلۈك، شان ـ شەرەپ، شەۋكەت.

ئالىي جاھ — يۇقىرى مەرتىۋە.

جاھ بەزمى — ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى، يۇقىرى مەنسەپ.

جاھۇ جەلال — شان ـ شەۋكەت، مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغلۇق.

جاھۇ مۈلك — مەرتىۋە، بايلىق.

جاھى رەفىئ — يۈكسەك مەرتىۋە؛ ئەڭ ئۇلۇغ مەنسەپ.

جەمشىد جاھ — ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك، ئۇلۇغ پادىشاھ.

جاھدوست [جاه دوست] (پ) ئەمەلپەرەس.

جاھىل [جاهل] (ئە) نادان، بىلىمسىز:

قاچان ئاقىل كۆرۈپ ئىچمىش تولا زەھەر،
كى جاھىللىقدۇر ئۇلماق ئاڭا مايىل.
— ئەرشى.

جاھىل سىرىشت — نادان تەبىئەت، جاھىل.

جاھىلى خۇدكامە — ئۆزىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئىلىمسىز كىشى.

جاھىلى ناخىرەدمەند — ئەقىلسىز، نادان.

جاھىلىيەت [جاهليت] (ئە) جاھىللىق، ئىلىمسىزلىك؛ ئەرەب جەمئىيىتىدە ئىسلامغىچە بولغان دەۋر.

جاۋەزە [جاوزه] (ئە) جاۋەزەل ـ ئىسنەينى شائ — ئەرەبچە ئىبارە: «كۇللۇسىررىن جاۋەزەل ـ ئىسنەينى شائ» مىسراسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەنىسى: «ھەممە سىر ئىككى چىش ئارىسىدىن ئۆتسە (ھەممىگە) يېيىلىدۇ» دېمەكتۇر.

جاۋىد [جاويد] (پ) ئەبەدىي، دائىمىي، مەڭگۇ، ھەمىشە.

بەقايى جاۋىد — ئەبەدىي ساقلىنىش، ئۆزگەرمەسلىك.

جاۋىد بولماق — دائىمىي بولماق؛ ئەبەدىي قىلماق.

جاۋىد ئۇلماق — «جاۋىد بولماق» قا قاراڭ.

جاۋىدان [جاودان] (پ) «جاۋىد» قا قاراڭ:
خەدەڭگىڭ تەگىنىسگە، ئەرشىيا، كۆكسۈڭ نىشان ئەتكىل،
دېمى پەيكانى ئەزبەسكىم ھەياتى جاۋىدانىمدۇر.
— ئەرشى.

جاۋىدان فۇرقەت — ئەبەدىي ئايرىلغان.

جاۋىدانە [جاودانه] (پ) دائىمىي رەۋىشتە؛ «جاۋىد» قا قاراڭ.

جاۋىدانىي [جاودانى] (پ) 1) دائىمىيلىق، ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك. 2) دائىمىي، ئەبەدىي.

جائىز [جائز] (ئە) مۇمكىن بولغان، رۇخسەت قىلىنغان.

جائىز تۇتماق — ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلىماق؛ رۇخسەت بەرمەك.

جائىزۇل ـ خەتا بولماق — خاتا قىلىشى مۇمكىن بولماق.

جاي [جاى] (پ) «جا» غا قاراڭ:
قىلىپ ھەمنىشىنلىق ئاڭا ئىككى ئاي،
ياندا بېرىپ تۇرغالى ياخشى جاي.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جايگىر [جايكىر] (پ) ئورۇن ئالغۇچى، ئورناشقۇچى، ئورۇن تۇتقۇچى:
مۇررۇۋۋەتكە ھەسەد بولمىش جايگىر،
زىھى خۇش، ئەلۋ مەملەكەت دىلپەزىر.
— نەۋايى.

جايگىر تۇشمەك — ئورۇنغا چۈشمەك.

جايىز [جايز] (ئە) «جائىز» غا قاراڭ.

جايىزۇل ـ خەتا [جايزالخطا] (ئە) خاتا قىلىش مۇمكىن بولغان:
ئادەمى جايىزۇل ـ خەتا بولمىش،
بۇ خەتا بارچەغە رەۋا بولمىش.
— نەۋايى.

جايىزۇل ـ خەتا بولماق — خاتا قىلىشى مۇمكىن بولماق.

جەب [جب] (ئە) ئارۇز قائىدىلىرىدىن بىرى.

جەبەرۇت [جبروت] (ئە) 1) ئەزەمەت؛ بۈيۈك، ئۇلۇغ؛ بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق. 2) كىبىرلىك.
نې ئەزەمەت ئىچرە ئاڭا سۇد ئولۇب،
نې جەبەرۇتىغە زىيان بۇد ئولۇپ.
— نەۋايى.

جەبەل [جبل] (ئە) [كۆپلۈكى: جىبال] تاغ.

جەببار [جبار] (ئە) 1) قۇدرەتلىك؛ قۇدرەت ئىگىسى. 2) جەبىر قىلغۇچى، غەزەپ قىلغۇچى؛ تەڭرى:
كىبرىيا ۋە جەبەرۇت ئەساسى خالىقى جەبباردۇر،
بۇ سىفەتكە ئول سەزا ۋە بۇ سىفەت ئاڭا سەزاۋەردۇر.
— نەۋايى.

جەببار سىفەت — قەھرلىك.

دەرگەھى جەببار — تەڭرىنىڭ دەرگاھى:
بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ مەي تەۋھىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگەھى جەببارە ياستانمىش.
— ئەرشى.

شاھى جەببار — قۇدرەتلىكلەر شاھى، تەڭرى:
سىياسەتلەرنى ئەيلەر شاھى جەببار،
مېنىڭ سارى دۇرۇر ھەر سىرفەكىم بار.
— نەۋايى.

قۇدرەتۇل ـ جەببار — تەڭرىنىڭ قۇدرىتى:
ھەرنە كەلسە باشىڭە تارتماسغە سالىھ چارە يوق،
بۇ مەگەر تەقدىر ئىلاھى قۇدرەتۇل ـ جەببار ئىشىق.
— موللا سالىھ.

جەبر [جبر] (ئە) ئازاب، زۇلۇم؛ ئادالەتسىزلىك:
كۆڭلۈم يۈزىنى جەبر ئىلە چۈن سەندىن ئۆيۈرمان،
ئاغىر نەچە بۇ جەبرۇ سىتەمدۇر ماڭا، ئەي دوست.
— ئاتايى.

جەبر ـ جەفا — «جەبر ـ سىتەم» گە قاراڭ:
قاچان يۈز قايتۇراي جەبرۇ جەفادىن،
غەمىڭ بارۇ ھەم يوق يۈز مىڭ بەلادىن.
— خىرقەتى.

جەبر ـ سىتەم — ئېغىر ئازاب، قاتتىق جاپا:

لۇتفۇ كەرەمىڭنى سەن ئەگەر مەندىن ئاياساڭ،
جەبر ستەمىڭ لۇتفۇ كەرەمدۇر ماڭا، ئەي دوست.

— ئاتايى.

جەبرەئىل [جبرائيل] (ئە) تەڭرى بىلەن پەيغەمبەر ئوتتۇرىسىدا ۋەھيي يەتكۈزگۈچى پەرىشتە نامى.

جەبرەئىلى ئەمىن — ئىشەنچلىك پەرىشتە.

جەبرەئىل ئاسا [جبرائيل اسا] (ئە + پ) جەبرائىلغا ئوخشاش، جەبرائىل سۈپەت:

جەبرائىل ئاسا ئەيان راز ئاڭا،
قۇرب ئەرشى ئەۋجىدە پەرۋاز ئاڭا.

— نەۋايى.

جەبھە [جبهه] (ئە) 1) پېشانە، ماڭلاي. 2) يۈز؛ ئاي يۈزلۈك:

شۈكۈھىڭ جەبھەسىدىن چۈن سۈرەييا،
يەتتى قەترە ئارىقىدەك يەتتى دەريا.

— نەۋايى.

جەبھە تەگۈرمەك — تەزىم قىلماق، يەر ئۆپمەك:

ئاچقاچ ئۇستادىنىڭ ئاتىن كۆردى،
ئۆپۈبان يەرگە جەبھە تەگۈردى.

— نەۋايى.

جەبھەچىنى - پېشانە قورۇقى.

جەبھەئى ھۈر - ھۆر يۈزلۈك، گۈزەل.

جەبىن [جبين] (ئە) 1) ماڭلاي، پېشانە:

جەبىنىدە ئەنۋارى شاھەنشاھى،
كەلامىدە ئەھيايى رۇھۇللاھى.

— نەۋايى.

2) يۈز، بەت؛ جامال.

جەبىنلەرى گۈل - گۈلۈ كىرپىكلەرى خار،
قاپاغلارى كەڭ - كەڭۈ ئاغىزلارى تار.

— نەۋايى.

3) باش:

قويدۇم ئاتىنىڭ ئاياغىغا جەبىن،
دېدىم ئەيا ناسىرى شەرئى مۇبىن.

— نەۋايى.

4) ياۋۇز، پەسكەش، رەزىل.

تىيرە جەبىن — پېشانىسى تەتۈر، شور پېشانە، بەختسىز.

مەھجەبىن — پېشانىسى ئايغا ئوخشاش يالتىراق؛ كۆچمە م: گۈزەل، سۆيۈملۈك؛ سۆيۈملۈكى.

جەت [جت] (ئە) [كۆپلۈكى: جەتۇت] 1) ھىندىستاندا ياشىغۇچى بىر خەلق. 2) ھايۋان ئويناتقۇچى:

ئەيىغ لەگىبىدىن جەتقەكىم نان ئېرۇر،
ئانى ئىتقە سالماق نې ئىمكان ئېرۇر.

— نەۋايى.

جەتۇت [جتوت] (ئە) «جەت» كە قاراڭ.

جەدەل [جدل] (ئە) 1) تارتىشىش، بەسلىشىش، مۇنازىرە. 2) غەيرەت قىلىش، ئۇرۇنۇش، تىرىشىش. 3) تېز، تېز سۈرئەت.

بەھسۇ جەدەل — ئۇرۇش - جاڭجال.

جەدەل ئەتمەك — جۇشقۇنلۇق بىلەن كىرىشمەك؛ تىرىشماق، ھەرىكەت قىلماق، ئۇرۇنماق.

جەدەل قىلماق — ئالدىرىماق.

جەدد [جد] (ئە) ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئاتىسى، بوۋا؛ ئەجداد.

بۇزۇرگۋار جەدد — «جەددى بۇزۇرگۋار» غا قاراڭ.

جەددۇ ئابا — ئاتا بوۋىلار، ئەجدادلار.

جەددۇ ئەب — بوۋا ۋە ئاتا.

جەددى ئەئلا — نەسەب جەھەتتىن ئالىي تەبىقە.

جەددى بۇزۇرگۋار — چوڭ بوۋا، ھۆرمەتلىك بوۋا.

جەددە [جده] (ئە) 1) ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئانىسى، چوڭ ئانا؛ 2) بۇۋى.

جەدۋەل [جدول] (ئە) 1) سىزىق. 2) گرافىك. 3) توسۇق، تام. 4) ئېرىق. 5) رىشتە، ئۆمىد رىشتىسى، يىپ. 6) پىلان.

جەدۋەل تارتماق — كىتاب بەتلىرىنى سىزماق، زىننەتلىمەك.

جەدىد [جديد] (ئە) 1) يېڭى؛ 2) ئارۇز ۋەزنىدىكى بەھىرلەردىن بىرىنىڭ نامى.

جەدى [جدى] (ئە) 1) تاغ ئۆچكىسى؛ كېيىك. 2) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە: ئون ئىككى بۇرجدىن بىرىنىڭ نامى. 3) ئاي نامى (شەمسىيە (قۇياش) يىلى ھېسابىدا قىش پەسلى ئايلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، 22 - دېكابىر — 12 - يانۋارغا توغرا كېلىدۇ).

جەر [جر] (ئە) «جار» غا قاراڭ:

چۇ ئەل فىكرىدىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، يۈرۈش ھۆكمىنى
ئەلگە جەر يەتكۈرۈپ.

— نەۋايى.

جەر يەتكۈزمەك — خەۋەر بەرمەك.

جەراھەت [جراحت] (ئە) 1) يارا، جاراھەت. 2) ئازار، رەنج. 3) ئەلەم. قايغۇ:

نەچچە كۈن بولدى جەراھەت قىلدى جىسمىمنى زەئىف.
ئەيلەبان يار كويىدا شامۇ سەباھ بىدادلىق.

— نەۋبەتى.

4) ئاجىزلىق.

... لەيلى شەھۋاردەك ئەلفازى كۆڭۈل جەراھەتىغە جەۋھەرى رۇھ يەتكۈزدى.

— نەۋايى.

جەراھەت ئەنگىز — جاراھەتلىگۈچى، جاراھەتلەندۈرگۈچى؛ ئازار يەتكۈزگۈچى.

جەراھەتلىغ [جراحتليغ] جاراھەتلىك، يارىدار.

جەراھەتلىق [جراحتليق] «جەراھەتلىغ» قا قاراڭ.

جەراھەتۋار [جراحت وار] (ئە + پ) يارىدارلارچە، جاراھەتلەنگەنگە ئوخشاش:

سىينەم ئۆزرە تەگدىكىم نەزارەسىدىن تىيرى ئىشق،
ناۋەكى پەيكانەدىن بولدۇم جەراھەتۋارلىق.

— نەۋبەتى.

جەرايىم [جرايم] (ئە) [بىرلىكى: جۇرم] گۇناھلار.

جەرەس [جرس] (ئە) قوڭغۇراق، كارۋان تۆگىسىنىڭ قوڭغۇرىقى:

كارۋانى دەرد ئىلە قىڭ مۇھەببەت دەشتىنى،
كىم نىدائى مۇجدەئى ۋەسل ئەيلەر ئاندا ھەر جەرەس.

— نەۋايى.

جەريان [جريان] (ئە) ئېقىش، ئېقىم، ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشى، جەريانى.

جەرچى [جرجى] «جارچى» غا قاراڭ.

جەردە [جرده] (پ) جەدە، جەدە ئات؛ تورۇق ئات.

جەررار [جرار] (ئە) 1) ئۆز تەرىپىگە تارتقۇچى. 2) كاتتا گۇرۇھ (توپ). 3) ئۇرۇشقاق، قورقماس كىشىلەر توپى.

سىپاھى جەررار — جەڭگىۋار قوشۇن.

جەررارلىق [جرارليق] جەڭگىۋارلىق، باتۇرلۇق.

جەرراھ [جراح] (ئە) تېۋىپ، دوختۇر، ۋىراچ:

بىرىنىڭ غەمزەسى جەرراھى ئۇستاد،
بىرىنىڭ كىرپىكى ئالماس خەنجەر.

— ئاتايى.

جەررە [جره] (ئە) «جۇررە» گە قاراڭ.

جەررەباز [جرەباز] (ئە + پ) قۇش نامى:

فەلەك جەۋھەمدە غەرق ئولۇپ جەررە باز،
پەرۇ بال ئۇرار چۈن نىشەبۇ فەراز.

— نەۋايى.

جەرف [جرف] (پ) 1) چوڭقۇر. 2) بىپايان.

جەرگە [جركه] 1) ئايلانما، دائىرە، سەپ، قاتار. ئورىۋىلىش (ئوۋدا). 2) ئەسكەر، قوشۇن. 3) مەرتىۋە.

ئۇلۇغ جەرگەلىك — ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك.

جەرۇھ [جروح] (ئە) «جۇرۇھ» قا قاراڭ.

جەرۇھناك [جروح ناك] (ئە + پ) جاراھەتلىك، يارىلىق:

ئىككەۋلەن بەرەھنە جەرۇھناك ئىدى،
قولى ۋە قۇتى ھەم باشى چاك ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەرىب [جريب] (پ) يەر ئۆلچىمى (تەخمىنەن بىر تاناپ):

مەساھەت بىلە بىغۇسۇنۇ قەرىبىم،
بىلىپ ھەۋزەدەككىم، ئىبرۇر بىر جەرىب.

— نەۋايى.

جەرىدە [جريده] (ئە) 1) دەپتەر. 2) يەككە، تەنھا.

جەرىمە [جريمه] (ئە) 1) گۇناھ، جىنايەت. 2) جەرىمانە.

جەزا [جزا] (ئە) 1) جازا، چارە:

ئىشقلىغ دەئۋاسى قىلسە ھەر كىشى بۇدۇر جەزا،
قەتل ئېتىپ ئەيلەڭ تەماشانى ئۇلۇس غەۋغاسىغە.

— موللا سالىھ.

2) بەدەل؛ مۇكاپات:

... جەمئى مەزاھىب ۋە مىلەل ئەھلى قاشىدە سابىتدۇركىم، ياخشىلىق جەزاسى يوقتۇر يەجۇز ياخشىلىق.

— نەۋايى.

جەزالەت [جزالت] (ئە) 1) موللۇق، ئارتۇقلۇق؛ مۇستەھكەملىك. 2) سۆزگە چېچەنلىك؛ پاساھەت.

جەزائ [جزاء] (ئە) «جەزا» غا قاراڭ.

جەزايىر [جزاير] [بىرلىكى: جەزىرە] «جەزىرە» گە قاراڭ.

ئەھلى جەزايىر — ئاراللاردا ياشىغۇچى:

قاراقچىلار دۇرۇر ئەھلى جەزايىر،
بولۇرلار بىگەران بەھر ئىچرە سايىر.

— نەۋايى.

جەزەئ [جزع] (ئە) بىتاقەتلىك؛ دادۇ پەرياد، غوۋغا:

ھەممە ئەھلى بەيتى قىلىپدۇر جەزەئ،
كى خادىملارى ھەم چېكىپدۇر فەزەئ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەزەئ ئەيلەمەك — بىتاقەتلىك قىلماق؛ دادۇ پەرياد قىلماق؛

جەزەئى ئەكبەر — دىنى تەلىمات بويىچە، قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان دادۇ پەرياد:

مەھشەر كۈنىدە كىم، جەزەئى ئەكبەر ئولغۇسى،

ھەجرىڭدە كەلدى كۆڭلۈمە يۈز ئانچە رۇستەخىز.

— نەۋايى.

جەزەئى مەھشەر — قىيامەت غوۋغاسى.

جەزەئكار [جذعكار] (ئە + پ) دادۇ پەرياد قىلغۇچى، تاقەتسىز، سەۋرسىز:

بۇ دەرد ئىچرە ئۇلكىم، جەزەئكارراق،
رىزا بەرمەگىن دەردى دۇشۋارراق.

— نەۋايى.

جەزب [جذب] (ئە) تارتىش، جەلپ قىلىش، ھاياجانغا چۇشۇش (تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئۆزىدىن كەتكەن ھالىتى):

كۇشاد ئەيلەپ يارىپ گۇل پەردەسىنى،
تېنىگە جەزب ئېتىپ گۇللار ئىسىنى.

— خىرقەتى.

جەزب ئەيلەمەك — 1) تارتماق. 2) شۇمۇرمەك.

جەزب قىلماق — كۆڭۈلنى ئۆزىگە جەلپ قىلماق:

ئانىڭدەككى مەي جەزبى ئانىڭ ئىشى،
ئالا ئالماغاي جەزب قىلماي كىشى.

— نەۋايى.

جەزبى نەزەر — جەلپ قىلىش نەزىرى، تارتىش، ھاياجانلاندۇرۇش نەزىرى:

ھۇر پەرى بولغان بىلەن كۆزىدە يوق جەزبى نەزەر،
بىر نەزەردە قۇل قىلۇر بەشمى سىياھى كۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

جەزبە [جذبه] (ئە) «جەزب» گە قاراڭ.

جەزم [جزم] (ئە) 1) قەتئىي، مۇقەررەر؛ ئېنىق، قارار، نىيەت:

كى بىلدىم بۇ قىزنىڭ خەيالىنى جەزم،
ئىكەۋلەن قاچارغە قىلىپ يولنى ئەزم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەقىرگە دەپ ئېردىلەركىم: «ئۆلچە مۇمكىن بار، بۇ يۇرتنىڭ مەنئىغە سەئى قىلغايسەن ۋە ئۇل مەتلۇب سۇرەت باغلاماغاي، ئەزىمەت جەزم بولسە، بىزگە بىتىپ يىبەرگەيسەن.»

— نەۋايى.

2) ئەرەب ئېلىپبەسىدە يېپىق بوغۇم بەلگىسى، سۇكۇن.

جەزم ئەتمەك — «جەزم قىلماق» قا قاراڭ.

جەزم ئەيلەمەك — «جەزم قىلماق» قا قاراڭ.

جەزم قىلماق — بەل بەغلىماق، قارار قىلماق، بىرەر ئىش ياكى پىكىرنى مۇقەررەر قىلماق.

جەزۋەل [جذول] (ئە) «جەدۋەل» گە قاراڭ.

جەزئ [جزع] (ئە) مۇنچاق؛ كۆز، كۆز ساقىسى:

... قىزىل ئالتۇن قارا توغراغچە كۆرۈنمەي، كۆزى جەزئى بىللۇرىي دۇرۇجىغا تۇشۇپ...

— نەۋايى.

جەزىرە [جزيره] (ئە) [كۆپلۈكى: جەزائىر] 1) ئارال، جۇغراپىيىلىك جاي نامى:

ئالىپ يۈردى دەريا جەزىرە سارى،
بەناگاھ چىقىپ مەن قىراقدىن نارى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) جاڭگال:

ھەم تەنۇمەندۇ ھەم شۇجائۇ دەلىر،
ئۇل سىفەتكىم جەزىرە ئىچرەكى شىر.

— نەۋايى.

جەسەد [جسد] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەجساد] 1) گەۋدە، جىسىم، تەن، بەدەن. 2) سۆڭەك. 3) تۇپراق:

مەجازى ئاپتابىدا قۇرۇتغىل بۇ جەسەدنى پاك،
كى ئاندىن سوختە ئەيلە ئىشق ھەقىقەت ئىچرە ئەي شاھا.

— موللا بىلال.

جەستە [جسته] (پ) 1) سەكرىگەن، ئىرغىپ چىققان. 2) «جەستە - جەستە» گە قاراڭ.

جەستە - جەستە [جستەجسته] (پ) 1) ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن؛ پارچە - پارچە. 2) كەم - كەم. 3) ئاستا - ئاستا؛ 4) ئارىلاپ - ئارىلاپ:

ئىشلەرىن گەر شىكەستە بەستە دېدىم،
يۈزىدىن بىرنى جەستە - جەستە دېدىم.

— نەۋايى.

جەسىم [جسيم] (ئە) يىرىك، كاتتا، گەۋدىلىك.

جەشن [جشن] (پ) ئويۇن - كۈلكە مەجلىسى، بەزمە، زىياپەت.

جەشن تۈزمەك — مەجلىس قۇرماق.

جەشنى ئەزىم — كاتتا مەرىكە.

جەشنى ئەزىم ئەيلەمەك — كاتتا بەزمە قۇرماق، كاتتا توي قىلماق.

جەشنى خۇسرەۋانە — كاتتا شاھلارغا مۇناسىپ يىغىن:

تۈزۈپ مەن ياڭلا جەشنى خۇسرەۋانە،
قىلاي ئەلچىنى ئۆزرى دەپ رەۋانە.

— نەۋايى.

جەفا [جفا] (پ) جاپا، زۇلۇم، سىتەم، ئازار:

ھەر كۈنى مەندىن ۋەفا، ئاندىن جەفا ئۆزرە جەفا،
مەندىن فەقىر ئۇل بىۋەفاغە مۇبتەلا بولدۇم نېتەي.

— موللا سالىھ.

جەفا ئەيلەمەك — جەبىر - زۇلۇم قىلماق، قىينىماق.

جەفا تىيغى — جاپا خەنجىرى، جاپا قىلىچى:

ۋەفا ئېلىگە ئۇرار دەم - بەدەم جەفا تىيغىن،
فەلەك ئىشىنى كۆرۈڭ شوخ بىۋەفاغە باقىڭ.

— ئەرشى.

جەفا قىلماق — «جەفا ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

جەفائى روزگار — زامانە زۇلۇمى.

جەفا پەرداز [جفاپرداز] (پ) جاپا قىلغۇچى، سىتەم قىلغۇچى، زالىم.

جەفاجو [جفاجو] (پ) جاپا (سىتەم) قىلغۇچى، جاپا قىلىش يولىنى ئىزدىگۈچى، زالىم.

جەفاكار [جفاكار] (پ) 1) جاپا قىلغۇچى زالىم:

يەنە كىمنىغە تۇردى بۇرادەرلەرىم.
ۋەفاسىز جەفاكار بەد ئەختەرلەرىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئۆز ئاشىقىنى قىينىغۇچى مەشۇقە:

نې جەفاكەشمەن كۆرۈڭكىم، يار ئاڭا قىلماق جەفا،
سۆز ۋەفادىن زاھىر ئەتسەم ئول جەفاكار ئاللىدا.

— نەۋائى.

جەفاكەش [جفاكش] (پ) قىينالغان، جەبىر - جاپا تارتقان، ئەرزىيەت چەككەن، ئېزىلگەن.

جەفاكوش [جفاكوش] (پ) جاپا قىلىشقا تىرىشقۇچى.

جەفاكىش [جفاكيش] (پ) 1) جاپا قىلىشقا ئادەتلەنگەن:

ئول بىر ئۇرۇبان كۆڭۈلگە يۈز نىش،
بۇ بىر بولۇبان داغى جەفاكىش.

— ئەرشى.

2) ئەرزىيەت، جاپا قىلغۇچى؛ مەھبۇبە.

جەفاگەر [جفاكر] (پ) «جەفا گۇستەر»گە قاراڭ.

جەفاگۇستەر [جفاكستر] (پ) جاپا قىلغۇچى، جاپاچى، ئازار يەتكۈزگۈچى.

جەففەل - قەلەم [جف‌القلم] (پ) 1) قەلەمنىڭ قۇرۇشى، قەلەمنىڭ يېزىشتىن توختىشى؛ 2) چۈشەنمەستىن؛ بىردىن.

جەڭ [جنك] (پ) ئۇرۇش، جەڭ:

كى ئىمانىنى ئايتىپ دىلۇجان بىلە،
قىلىپ جەڭ ئاغاز شەيتان بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەڭجۇ [جنكجو] (پ) «جەڭجوي» غا قاراڭ.

جەڭجوي [جنكجوى] (پ) 1) ئۇرۇشقاق، ئۇرۇش - جاڭجال ئىستىگۈچى. 2) جەڭگىۋار:

بۇ ھەيئەت بىلە چابۇكى جەڭجوي،
تۇرۇپ ئورتادە باشلادى گۇفتۇگوي.

— نەۋائى.

جەڭگى [جنكى] (پ) 1) «جەڭجوي» غا قاراڭ. 2) زورئاۋان:

ئاڭا كىرگەلى شىبرى جەڭگى كېرەك،
مۇڭا ھەم دىلاۋەر نەھەڭگى كېرەك.

— نەۋائى.

جەلا [جلا] (ئە) 1) ۋەتەننى تاشلاپ كېتىش، ۋەتەندىن ئايرىلىش؛ غۇربەتچىلىككە قېلىش:

ئول لەھزە ئەجەب بولۇر ئىش،
يا ئۆلماغۇ يا جەلا بولۇر ئىش.

— نەۋائى.

جەلا ئەتمەك سۈرمەك، كۆچۈرمەك (بىر جايدىن يەنە بىر جايغا)، قوغلىماق.

جەلا بولماق — 1) كەتمەك، تاشلاپ كەتمەك، تەرك ئەتمەك؛ ھىجرەت قىلماق، كۆچمەك. 2) قوغلانماق.

جەلا قىلماق — «جەلا ئەتمەك» كە قاراڭ:

جارى بەلا بىرلە ئېتىپ مۇبتەلا،
ئۆزدىيۇ ساۋۇردى، قىلدى جەلا.

— نەۋائى.

جەلا ئىختىيار قىلماق — ۋەتەننى تەرك قىلماق؛ غۇربەتچىلىكنى ئىختىيار قىلماق؛

جەلايى ۋەتەن — ۋەتەندىن جۇدا بولۇش.

جەلاجىل [جلاجل] (ئە) قوڭغۇراق.

جەلادەت [جلادت] (ئە) ئۇلۇغلۇق؛ مەردلىك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، دادىللىق، جاسارەتلىك؛ چاققانلىق.

جەلادەت ئەيلەمەك — باتۇرلۇق قىلماق، جاسارەت كۆرسەتمەك.

جەلادەت قىلماق — «جەلادەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

جەلال [جلال] (ئە) ئۇلۇغ، بۈيۈك؛ ئەزىمەت، ئۇلۇغلۇق.

ئىززۇ جەلال — بۈيۈكلۈك ۋە ئەزىزلىك:

دېدىم: ئەي جۇداۋەند ئىززۇ جەلال،
ساڭا ئاشكارا ئېرۇر سىررۇ ھال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەلالەت [جلالت] (ئە) ئۇلۇغلۇق، ئۇلۇغۋارلىق، بۈيۈكلۈك.

جەلالىيەت [جلاليت] (ئە) «جەلالەت» كە قاراڭ:

تا ئەگەر ئوت سالسا جەلالىيەتى،
لۇتۇف ئىلە ئۇرغاي سۇۋۇ جەمالىيەتى.

— نەۋائى.

جەلايىر [جلاير] جەلائىر (قەبىلە نامى).

جەلد [جلد] (ئە) چاققان؛ زېرەك؛ ئەپچىل:

نەچە مىڭ جەلد مەللاھى ھۈنەرۋەر،

بىلىغ يەڭلىغ سۆزۈ ئىچرە مەۋجپەرۋەر.

— نەۋايى.

جەلدۇ [جلدو] (ئە) مۇكاپات، ئىنئام:

نەۋائىي، ئوينادى جان، جەلقىدىن بۇرۇن رەھىم ئەت،
چۇ قىلدى جەلدىلىك، ئەمدى كېرەك ئاڭا جەلدۇ.

— نەۋايى.

جەلل [جل] (ئە) «جەللە» گە قاراڭ.

جەللاب [جلاب] (ئە) سودىگەر، ئېلىپ ـ ساتار.

جەللاد [جلاد] (ئە) جان ئالغۇچى، ئۆلۈم ھۆكۈمىنىڭ ئىجراچىسى، جاللات:

دېمەي ئىسلە ھەرفىنى قىلدىم سۈكۈت،
دېدى شاھ: جەللادا! بارىپ قولىنى تۇت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەللادى فەلەك — ئەزرائىل.

جەللادى مەغبۇن — دەرغەزەپ جاللات:

ئېرۇر مەشھۇركىم، جەللادى مەغبۇن،
چۇ سىڭ قان تۆكسە ئەيلەر تىغ مەدفۇن.

— نەۋايى.

جەللە [جله] (ئە) بۈيۈك، ئۇلۇغ، ئالىي.

مەلىكى ئەللام جەللە ۋەئەلا — بۈيۈك ۋە ئالىي مەرتىۋىلىك زور ئالىم.

جەللەت [جلت] (ئە) جەللەت ئەلا ئۇمۇ ۋە شەئنۇھۇ — (ئۇنىڭ نېمەتلىرى ۋە قەدرى ئارتسۇن) مەنىسىدىكى دۇئا.

جەلىس [جليس] (ئە) بىرگە ئولتۇرغۇچى، ھەمسۆھبەت، مەجلىسداش؛ ئورتاق:

بولۇپ جوزۋدانى ئەنىسى ئانىڭ،
كىتابى رەفىقۇ جەلىسى ئانىڭ.

جەلىل [جليل] (ئە) ئۇلۇغ، بۈيۈك.

جەلىلۇل — قەدر [جليل‌القدر] (ئە) ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك، قەدرى يۇقىرى، ھۆرمىتى يۇقىرى:

... شەيخى كۆپ *جەلىلۇل ـ قەدر ۋە كەبىرۇششان ئىكەندۇر.*

— نەۋايى.

جەلىي [جلى] (ئە) 1) روشەن، ئوچۇق، يورۇق؛ كۆزگە كۆرۈنەرلىك. 2) يىرىك يېزىلغان خەت.

جەم [جم] (پ) «جەمشىد» نىڭ قىسقارتىلمىسى («جەمشىد» كە قاراڭ):

ئاتايى خود قىلۇر ۋەسلىڭ تەمەننا،
ۋەلى مىسكىنگە مۇلكى جەم تاپىلماس.

— ئاتايى.

جەم جەنان — «جەم قەدر» گە قاراڭ.

جەم شۇكۇھ — دەبدەبىلىك، جەمشىتتەك سۆلەتلىك.

جەم قەدر — جەمشىت مەرتىۋىلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

جەم ئىقتىدار — زور ئىقتىدارلىق، جەمشىتتەك قۇدرەتلىك.

جەمائەت [جماعت] (ئە) 1) جەمئىيەت. 2) ئادەملەر، كۆپچىلىك، جامائەت، كىشىلەر توپى؛ گۇرۇھ.

جەمائەتى ئەزىزلەر — ئەزىز جامائەت؛ ئۇلۇغلار، چوڭلار گۇرۇھى.

جەمەئاتى فۇزەلا — پازىللار، ئالىملار گۇرۇھى.

جەمائەتى قەلەندەرلەر — بىر گۇرۇھ، بىر توپ قەلەندەرلەر:

بىر كۈن جەمائەتى قەلەندەرلەر ھەمەدانغا يېتىشىپتۇرلەر...

— نەۋايى.

جەمائەتى كەسىر — كاتتا گۇرۇھ، كۆپچىلىك.

جەمائەتى مەشايىخ — شەيخلەر توپى، گۇرۇھى.

جەمائەتخانە [جماعت خانه] (ئە + پ) يىغىلىش جايى، مەجلىسخانا.

جەماد [جماد] (ئە) تاش، جانسىز نەرسە، مىنېرال:

سىنىڭ تەختىڭ بىرنەچە جەماددۇر.

— نەۋايى.

جەمادات [جمادات] (ئە) جانسىز نەرسىلەر، جانسىز تەبىئەت.

جەمازە [جمازه] (ئە) تېز يۈرەر، چاپقۇر تۆگە، يۈگۈرۈك تۆگە:

رۇھىن قىلىب ئول ئۇمىد تازە،
ھەر سارى سۈرەر ئىدى جەمازە.

— نەۋايى.

جەمال [جمال] (ئە) 1) ھۆسن، چىراي، يۈز، بەت، چېھرە:

ئەي نىگارا، كاشكى كۆرسەم جامالىڭ ئەكسىنى،
كۆيدۈما فانۇسدەك شەمئى شەبىستانىم ساڭا.

— نەۋبەتى.

2) گۈزەللىك. 3) ياخشىلىق، ياخشى خۇسۇسىيەت:

... يەئنى خەلقنىڭ جەمالى ئىسابىنىڭ ئىبىساتىدادۇر ۋە فەقر جەمالى ئىسابى تەئەييۇن ۋە مۇسەببىب ئىسباتىداۋە ئاڭا رۇجۇڭدا ۋە رىزا ئانىڭ ئەكامىغە.

— نەۋايى.

تىيرە جەمال — قايغۇلۇق چىراي:

دېدىم: *ئەي پەرىۋەش مەلال ئولماغىل،*
بۇ غەم بىرلە تىيرە جەمال ئولماغىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەمال ئاچماق — يۈز كۆرسەتمەك؛ چىراي ئاچماق.

جەمال ئەفزا — گۈزەللەشتۈرگۈچى، ھۆسن ئارتتۇرغۇ‐

چى؛ ھۆسنى ئارتقان.

جەمال ئەھلى — ھۆسندارلار، گۈزەللەر.

جەمال تۇتماق — يۈز كۆرسەتمەك، كۆرۈنمەك.

جەمەل دەۋرى — ھۆسنلىك پەيتلىرى، ياشلىق.

شەمئى جەمال — نۇرلۇق چىراي:

كەئبەۋۇ خۇلدى بەرىننى كۆلبەئى ئەھزان دېمىش،
كىمسە گەر شەمئى جەمالىڭنى قۇياشقە ئوخشاتۇر.

— ئەرشى.

جەمالىيەت [جماليت] (ئە) «جەمالىييەت» كە قاراڭ:

ئەمما نىچۇككى ۋەھھابلىغى تەقازايى بۇ تەۋۇ مەۋھەبەت ۋە جەمالىيەت قىلدى، قەھھارلىغى داغى بۇلارنىڭ ئەكسى مۇقتەزىي قەھرۇ جەمالىيەت بولدى.

— نەۋايى.

جەمالىييەت [جماليت] (ئە) مەرھەمەت، ئىلتىپات، مېھرىبانچىلىق.

جەمان [جمان] (ئە) «جۇمان» غا قاراڭ.

جەمەل [جمل] (ئە) تۆگە، ئەركەك تۆگە.

جەمرىي [جمرى] (ئە) تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ.

جەمشىد [جمشيد] (ئە) 1) ئۇلۇغ پادشاھ. 2) ئىرانىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى پادشاھلىرىدىن بىرى (ئەدەبىياتتا قىسقارتىلىپ «جەم» شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ):

قانى ئىسكەندەرۇ دارا، قانى جەمشىد، ئەفرىدۇن،
نەسىب ئەتمەي ئۇلارغە تەختىدە ئىچمەككە جامى جەم.

— ئەرشى.

جەمشىد جاھ — ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ پادشاھ.

جەمشىد شۇكۇھ [جمشيد شكوه] (پ) جەمشىتكە ئوخشاش؛ شانۇشەۋكەتلىك.

جەمشىدۋەش [جمشيدوش] (پ) جەمشىت كەبى، جەمشىتكە ئوخشاش:

ئۈزى بىر تەخت ئۈستىدە جەمشىدۋەش،
يانىدا گۈلچېھرەئى خۇرشىدۋەش.

— نەۋايى.

جەممازە [جمازه] (ئە) «جەمازە» گە قاراڭ:

بۇ قافىلە ئەھلىغە ھەرەم شەۋقى تەمام،
جەممازەلەرى پويە بىلەن ئەبىر خىرام.

— نەۋايى.

جەممال [جمال] (ئە) تۆگىلەرنى يولدا يېتىلەپ ماڭغۇچى، تۆگىچى.

جەممالۇ شۇتۇر — تۆگىچى ۋە ئات - ئۇلاغ.

جەمئ [جمع] (ئە) 1) يىغىندى، توپلام؛ قوشۇلما؛ يىغىش، توپلاش؛ توپلانغان، يىغىلغان. 2) بارچە، ھەممە. 3) يىغىن، مەجلىس ئەھلى:

ياپار فانۇس بىرلە شۇئلەسىن شەمئ،
كۆرەرلەر پەردەدىن ئول شۇئلەنى جەمئ.

— نەۋايى.

4) گۇرۇھ، جامائەت.

جەمئ ئەتمەك — 1) يىغماق، توپلىماق، قوشماق؛ 2) تۈزمەك:

ئەمىر ئىقبال سىيىستانىي شەيخ ئەلائۇد دەۋلەدىنكى، ئانىڭ پىرىدۇر ۋە ئانىڭ سۆزلەرىدىن بىر كىتاب جەمئ قىلىپتۇر.

— نەۋايى.

جەمئ ئەيلەمەك — يىغماق، توپلىماق؛ «جەمئ ئەتمەك» كە قاراڭ.

جەمئ بولماق — يىغىلماق، توپلانماق.

جەمئ قىلماق — «جەمئ ئەتمەك» كە قاراڭ.

جەمئ ئولماق — «جەمئ بولماق» قا قاراڭ:

دۇد سالدىم كىرفىك ئىلە كەلمەكىن ئىستەر سەن،
جەمئ ئولۇپ كەلمىش پەرى ھەر ساردىن خۇشھۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

جەمئى بەسىر — ھوشيارلار، دانالار.

جەمئى كەسىر — كاتتا گۇرۇھ؛ كۆپ كىشى.

دىل جەمئ — خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئاراملىقى:

قاچان پەرۋانە كۆيمەي بولدى دىل جەمئ،
قاچان ئوت ياقمىسا شەمئ ئۆزرەدۇر شەمئ.

— خىرقەتى.

جەمئىيەت [جمعيت] (ئە) 1) توپلانغان، جەم بولغان. 2) ئادەملەر گۇرۇھى، مەجلىس ئەھلى. 3) خاتىرجەملىك، تىنچلىق:

ئۈمىد ئۇلكىم، بارچە مىھنەتلەر دەۋلەتكە ۋە··· بارچە پەرىشانلىغلار جەمئىيەتكە بات مۇبەددەل بولغاي.

— نەۋايى.

4) مال - مۈلۈك.

ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامغە بۇ فەرزەندلەر مۇيەسسەر بولغاندىن سوڭ، قوي ۋە سايىر مەۋاشىي ۋە ئۇبەيدىن كۆپ جەمئىيەت ھاسىل بولدى.

— نەۋايى.

جەمئىيەتى زاھىر — توپلانغان جامائەت، گۇرۇھ.

جەمىل [جميل] (ئە) 1) چىرايلىق، گۈزەل، نازىنىن، 2) ياخشى، كۆركەم.

جەمىلە [جميله] (ئە) چىرايلىق، گۈزەل، ساھىبجامال:

ئىففەت ھەرەمىدە ئول جەمىلە،
سەۋداسىدە زار يۈز قەبىلە.

— نەۋايى.

جەمىئ [جمیع] (ئە) ھەممە، بارچە، جەمئىي، پۈتۈن:

بۇ ئۆي ئىچرە جەمىئى پىرۇ بەرنا،
مۇغەننى بىرلە مۇترىب، زىشت رەئنا.

— خىرقەتى.

جەناب [جناب] (ئە) 1) ئاستانە، بوسۇغا، دەرگاھ؛ ھۇزۇر:

ئىلاھا، بىلۇرسەن قۇلۇڭ دەردىنى،
جەنابىڭغە قويدۇم يۈزۈم زەردىنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مەرتىۋە (لىك)، دەرىجە (لىك). 3) ھۆرمەت، ئىھتەرام ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

جەنابى گەردۇن ئىنتىساب — ئالىي مەرتىۋە، ئالىي دەرگاھ.

گەردۇن جەناب — يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

جەنابەت [جنابت] (ئە) غۇسىل قىلىش، چۆمۈلۈش؛ ناپاكلىق:

نې جەنابەتدۇر بۇيۇ بىپاكلىق،
كىم چۆمۈپ تۈن ـ كۈن يېتىشمەس پاكلىق.

— نەۋايى.

جەنازە [جنازه] (ئە) 1) مۇردا. 2) تاۋۇت.

جەناق [جناق] ئېگەرنىڭ قېشى.

جەناھ [جناح] (ئە) قانات، قۇشلار قانىتى:

بۇ قۇشلار جەناھى بىلە چۈن يېتىپ،
شەياتىن غۇبارىنى بەرباد ئېتىپ.

— نەۋايى.

جەناھەين [جناحين] (ئە) ئىككى قانات.

جەنب [جنب] (ئە) يان، يان تەرەپ.

جەندە [جنده] (پ) دەرۋىشلەر تونى، جەندە:

تەرك ئېتىپ دۇنيانى، كىيدى جەندە، باشىغە كۇلاھ،
تا قەلەندەرنىڭ رەقىبىن سەن نىگەھبان ئەيلەدىڭ.

— قەلەندەر.

جەندە پوش [جنده پۆش] (پ) دەرۋىش:

بىر كۈن ئەيلەر ئېردى جامى ئەيش نوش،
كۆردىكىم بارۇرلەر ئىككى جەندە پوش.

— نەۋايى.

گەدايى جەندە پوش — جەندە كىيگەن گاداي:

بۇ سەبۇرى ئىستەمەس ئىززۇ غۇرۇر ھەشمە جەلال،
كۆلخەنۇ فەقر ئىچرە ئۆرتەنگەي گەدايى جەندە پوش.

— سەبۇرى.

جەندەرە [جندره] (پ) 1) مۇقاۋىچىلارنىڭ پرېسى (ماتېرىياللارنى بېسىم بىلەن قىسىدىغان ماشىنا)، ئىسكەنجە. 2) قولباغ.

جەندەلىغ [جندەليغ] جەند كىيىملىك، قۇراق تونلۇق.

جەننات [جنات] (ئە) [بىرلىكى: جەننەت] 1) جەننەتلەر. 2) باغلار، بوستانلار.

جەننەت [جنت] (ئە) «جەننات» قا قاراڭ:

زەمىننىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،
ۋۇھۇشۇ تۇيۇر تاپتى ئاندىن نەۋال.

— غەربىي.

جەننەت **ئەھلى** — ياخشى ئادەملەر، ئۆلۈغلار.

جەننەت سەرىر — شادلىق تەختى.

جەننەتنەما — جەننەتكە ئوخشاش:

سۈيى جارى جەننەتنەما باغى بار،
ئانى كۆرمەگەننىڭ يۈرەك داغى بار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەننەتى نەئىم — ئەڭ نېمەتلىك باغۇ بوستان.

جەننەتئاسا [جنتآسا] (ئە + پ) جەننەت كەبى، جەننەتكە ئوخشاش.

جەننەتئاسار [جنتآسار] (ئە + پ) ئاۋات، مەمۇر؛ جەننەت مىسال:

ۋەلې چۈنكى مەنزۇرى ئولغاچ بۇ نەھر،
ياساپ ئاندا بىر جەننەتئاسار شەھر.

— نەۋايى.

جەنىبەت [جنيبت] (ئە) 1) پادشاھلار سەپەرگە ئىھتەيات ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان ئات؛ مىنىلىدىغان ئات:

لايىق ساڭا كەلدى بۇ جەنىبەت،
ئاتلانكى، مەھەل ئېرۇر غەنىمەت.

— نەۋايى.

2) ھەمراھلىق، بىرگە يۈرۈشلۈك.

جەنىبەت **سۈرمەك** — بىرلىكتە ئاتلىنىپ بارماق:

دېدىلەر ئول يان جەنىبەت سۈرگۈلۈكدۇر،
بۇ ئىش گەر ۋاقېئ ئولسا، كۆرگۈلۈكدۇر.

— نەۋايى.

جەنىبەتكەش [جنيبت كش] (ئە + پ) ئىھتىيات ئاتنى يېتەكلەپ بارغۇچى غۇلام، («جەنىبەت») كە قاراڭ:

دېدى: گۆدەكى بەندە زادەم مېنىڭ،
جەنىبەتكەشى خانەۋادەم مېنىڭ.

— نەۋايى.

جەھالەت [جهالت] (ئە) جاھىللىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك؛ غەپلەت.

جەھان [جهان] (پ) ئالەم، دۇنيا؛ بارلىق:

خەزان بولسە ھەرگەھ جەھاننىڭ گۈلى،

تۇرارمۇ ئۇ يەردە غەرىب بۇلبۇلى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەھان ئەھلى — بارچە خەلقلەر، ئادەملەر.

جەھان باغى — ئالەم؛ بارلىق؛ تەبىئەت.

جەھان دەر جاھان — جاھان ئىچىدە جاھان.

جەھاندىن بارماق — ئۆلمەك.

جەھاندىن كەچمەك — ھايات بەھرىدىن كەچمەك.

جەھاندىن نىھان بولماق — دۇنيادىن يوشۇرۇنماق؛ ئۆلمەك.

جەھان غەمىنى يېمەك — دۇنيانى غەنىيمەت بىلمەك، توۋا - تەزەررۇئ قىلماق.

جەھانغە ۋىدا ئەتمەك — دۇنيا بىلەن ۋىدالاشماق، ئۆلمەك.

جەھان كىشىۋەردى — دۇنيا مەملىكەتلىرى، ۋىلايەتلىرى.

جەھان مۈلكى — دۇنيا، شاھلىق؛ يەر - يۈزى.

جەھانى بىگەران — چەكسىز ئالەم.

جەھانى فانى — ئۆتكۈنچى دۇنيا.

ئىككى جەھان — بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا.

جەھان ئارا [جهان ارا] (پ) جاھاننى بېزىگۈچى، دۇنياغا روشەنلىك بەرگۈچى.

جەھان ئاراي [جهان ارای] (پ) «جەھان ئارا» غا قاراڭ:

مېھرى جاھان ئاراي — جاھاننى بېزىگۈچى قۇياش.

جەھان ئەفرۇز [جهان افروز] (پ) ئالەمنى يورۇتقۇچى؛ ئاۋات قىلغۇچى.

جەھانبان [جهان بان] (پ) جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى، ھۆكۈمدار، پادىشاھ.

جەھانبانلىغ [جهان بانليغ] پادىشاھلىق، ھۆكۈمدارلىق.

جەھانبانلىق [جهان بانليق] «جەھانبانلىغ» قا قاراڭ:

كى چۈن ھەق ئەيلەپ زاھىر ھىدايەت،
ماڭا قىلدى جەھەنبانلىق ئىنايەت.

— نەۋايى.

جەھانبانلىق ئايىنى — پادىشاھلىق يولىيورۇقى.

جەھانبىن [جهان بين] (پ) «جەھانبىيىن» غا قاراڭ.

جەھانبىيىن [جهان بين] (پ) جاھاننى كۆرسەتكۈچى، ئۇزاقنى كۆرگۈچى قىز.

جامى جاھانبىيىن — جاھاننى كۆرسەتكۈچى جام:

ساقىيا، جانى جاھانبىيىن تۇتكى، ئاندىن كەشف ئېتەي،
كىم كۆپ ئىش بۇ كارگەھ ۋەزئىدە مۇبھەمدۇر ماڭا.

— نەۋايى.

چەشمى جاھانبىيىن — ئۇزاقنى كۆرگۈچى كۆز؛ يېتۈك، ئەقىللىق.

جەھان پەناھ [جهان پناه] (پ) جاھان ھامىيسى، جاھاننى ئۆز پاناھىغا ئالغان كىشى، پادىشاھ.

جەھان پەھلەۋان [جهان پهلوان] (پ) دۇنيادىكى ئەڭ زور پالۋان:

رۇستەمغە جەھان پەھلىۋانلىغ لەقەبىن بېرىپ، سىپاھسالار قىلدى.

— نەۋايى.

جەھان پەيما [جهان پيما] (پ) 1) جاھاننى كەزگۈچى، جاھانكەشتى. 2) ئۇچقۇر ئات:

تىلەپ ھىممەت، دۇئا بىرلە قوپۇپ تېز،
جەھان پەيماسى ئۈزرە ئەيلەدى خىز.

— نەۋايى.

جەھان پەيماي [جهان پيماى] (پ) «جەھان پەيما» غا قاراڭ.

جەھانتاب [جهان تاب] (پ) جاھاننى يورۇتقۇچى؛ قىزدۇرغۇچى.

شەمئى جەھانتاب — گۈزەل سۆيۈملۈكى.

مېھرى جەھانتاب — ئالەمنى روشەن قىلغۇچى، جاھانغا نۇر چاچقۇچى قۇياش.

ھۆسنى جەھانتاب — جاھاننى روشەنلەشتۈرگۈچى ھۆسن:

كۆرۈپ شىبرۇيا ئول ھۆسنى جەھانتاب،
ئىچىگە ئىشق ئوتى سالدى نىھانتاب.

— نەۋايى.

جەھان خۇسرەۋ [جهان خسرو] (پ) جاھان پادىشاھى.

جەھاندار [جهاندار] (پ) 1) جاھاننى ئىگىلىگۈچى، جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى؛ زور شاھ. 2) قۇدرەتلىك.

جەھان سوز [جهان سوز] (پ) 1) جاھاننى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى؛ قۇياش. 2) مەھبۇبە. 3) زالىم، سىتەم قىلغۇچى.

جەھان سوز ئەيلەمەك — جاھاننى كۆيدۈرىدىغان، جاھانغا پىتنە (غوۋغا) سالىدىغان قىلماق:

ۋە لېكىن ھۆسن ئوتىن ئەيلەپ جەھان سوز،
بولارنى ئاندىن ئەتتى ئالەم ئەفرۇز.

— نەۋايى.

جەھان كۈشاي [جهان كشاى] (پ) جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى، جاھاننى بېسىۋالغۇچى، زور پادىشاھ.

جەھانگەرد [جهان كرد] (پ) دۇنيانى كەزگۈچى، جاھانكەزدى، جاھانكەشتى:

تۈن ـ كۈنكى قىلۇر سىپىھرى ناۋەرد،
سېنىڭ تەلەبىڭدەدۇر جەھانگەرد.

— نەۋايى.

بەرقى جەھانگەرد — چاقماقتەك تېز يۈرگۈچى.

جەھانگەشتە [جهانكشته] (پ) سایاھەتچى، دۇنيانى كەزگۈچى.

جەھانگىر [جهانگير] (پ) دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى؛ غالىب:

خالى خەتتىنىڭ سىپاھىدىن جەھانگىر ئولدى يار،
ۋەرنە شاھ ئىقلىمىنى ئالغايمۇ لەشكەر بولماسا.

— زەلىلى.

جەھاننەما [جهان نما] (پ) جاھاننەما، جاھاننى كۆرسەتكۈچى.

جەھاننەماي [جهان نماى] (پ) «جەھاننەما» غا قاراڭ.

جەھەننەم [جهنم] (ئە) دوزاخ:

ئۇرۇپ ئېردىم ئانىڭ باشىغە تاياق،
جەھەننەمگە قويدى بۇ كەمپىر ئاياق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەھەننەم خىتتەسى — دوزاخ مەملىكىتى.

جەھد [جحد] (ئە) 1) ئىنكار، تېنىش، رەت قىلىش؛ بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش. 2) تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش؛ غەيرەت.

جەھد ئەتمەك — 1) ئىنكار قىلماق، تانماق. 2) «جەھد ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

جەھد ئەيلەمەك — تىرىشماق، ئەستايىدىل ھەرىكەت قىلماق:

جەھد ئەيلەپ، ئەي سابا، بىر نامە كەلتۈرگىل ماڭا،
گۈل پەرىۋەش نەزدىدىن پەيغامە كەلتۈرگىل ماڭا.

— موللا بىلال.

جەھد قىلماق — «جەھد ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

جەھدۇ تەئجىل — تىرىشىش ۋە ئالدىراش (بىرەر ئىشنى تېزرەك بېجىرىش ئۈچۈن).

جەھدۇ جىد — ئەستايىدىل تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش.

جەھدۇ سۈرئەت — سەمىمىي ئۇرۇنۇش؛ تىرىشىش ۋە ھەرىكەت قىلىش.

جەھدۇ شىتاب — «جەھدۇ تەئجىل» گە قاراڭ.

جەھر [جهر] (ئە) 1) ئوچۇق؛ ئاشكارا. 2) ئاۋازنى چىقىرىپ سۆزلەش.

جەھر ئەتمەك — ئاۋازنى چىقىرىپ سۆزلىمەك.

جەھل [جهل] (ئە) 1) بىلىمسىزلىك، نادانلىق؛ بىلمەسلىك. 2) غەپلەت؛ جاھالەت. 3) ئاچچىق قىلىش. 4) ئاتاقلىق ئات، نام.

جەھل ئەتمەك — نادانلىق قىلماق، بىلىمسىزلىك قىلماق؛ ئاچچىق قىلماق.

جەھل ئەھلى — نادانلار، بىلىمسىزلەر.

جەھل مەيى — نادانلىق، ئىلىمسىزلىك مەيى (شارابى):

... ھۇشيارلەرى جەھل مەيىدىن مەست، ئۇسرۇكلەرى مەي ۋە مەئشۇقە پەرەست.

— نەۋايى.

جەھۇل [جهول] (ئە) ئىنتايىن نادان، ئۆتۈپ كەتكەن بىلىمسىز.

جەھىم [جحيم] (ئە) جەھەننەم، دوزاخ.

نىيرانى جەھىم — دوزاخ ئوتى:

كىم دوستدۇرۇر ئارزۇ نەئىم ئاڭلا ئانى،
دۈشمەن ئىبسە نىيرانى جەھىم ئاڭلا ئانى.

— نەۋايى.

جەۋ [جو] (پ) 1) ئارپا. 2) كىچىك، ئاددىي.

جەۋ بەجەۋ — بىرمۇ بىر، ھەممە، بارلىق.

جەۋاب [جواب] (ئە) جاۋاب:

دېسەڭكىم: «يوق ھەددىڭ ۋەسفىمدە سۆز سورماق، ئەلىم تۇتماق،
جەۋابىم ئولدۇرۇركىم: «ئەركۆرۈنى ھەق گۇۋاھىمدۇر.»

— ئەرشى.

جەۋاب ئايتماق — 1) جاۋاب ئېيتماق. 2) ئەسەر يازماق؛ مەلۇم ئەسەرگە جاۋابنامە يازماق.

جەۋابى تەسدىق — تەستىق جاۋابى.

جەۋابىدە جامە سىنماق — جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلماق:

رەقەم قىلدى فەرخۇندە «شەھنامە» كى،
چۈ سىندى جەۋابىدە ھەر جامەئى.

— نەۋايى.

جەۋاد [جواد] (ئە) سېخىي، ساخاۋەتلىك، قولى ئوچۇق.

جەۋار [جوار] (ئە) «جىۋار» غا قاراڭ.

جەۋارىھ [جوارح] (ئە) بەدەن ئەزالىرى، ئورگانلار: قول، ئاياغ، تىل ۋە باشقىلار:

بارچە جەۋارىھ بىلە ئەگزادە تەڭ،
سۈرەت نەقىشىۋ ھەيۇلادە تەڭ.

— نەۋايى.

جەۋامىئ [جوامع] (ئە) [بىرلىكى: جامىئ] توپلىغۇچىلار، جەم قىلغۇچىلار.

جەۋامىئۇل - كەلىم [جوامع الكلم] (ئە) ئۆزى قىسقا، لېكىن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى.

جەۋان [جوان] (پ) ياش؛ يىگىت؛ زور، «جۇۋان» غا قاراڭ:

جەۋانلىق كېتىپ يوزلەنىپ پىرلىق،
بولۇپ مىسلى رۇباھ كېتىپ شىرلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەۋان دەۋلەت — بەخت - ئىقبال ئىگىسى.

نەۋجەۋان — ياش يىگىت، «نەۋجۇۋان» غا قاراڭ:

بۇ ھەنگامە ئېردىم ھەنۇز نەۋجەۋان،
كى بولدۇم ئاتا ئورنىدا ھۆكمىران.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جەۋانبەخت [جوان‌بخت] (پ) «جۇۋانبەخت» كە قاراڭ.

جەۋانمەرد [جوان‌مرد] (پ) ئالىيجاناب، ھىممەتلىك، ئېسىل خىسلەتلىك؛ ئالىي ھىممەتلىك يىگىت:

كى ھەم شاھ سەن ھەم جەھان پەھلەۋان،
جەۋانمەرد ئۆزۈڭ دەۋلەتىڭ نەۋجەۋان.

— نەۋايى.

جەۋانىب [جوانب] (ئە) [بىرلىكى: جانىب] تەرەپلەر، ئەتراپ، ياقلار:

... ۋە كۆڭلىنىڭ ساپ ۋە كەڭلىگى بۇكىم، ئەتراپ ۋە جەۋانىبلاردىكى پادىشاھلار قاتتىغ - يىرىك ۋە ئاچچىغ - چۇچۇك سۆزلەرنى قىلىپ ئەلچى كىرگۈزسەلەرمۇ، ئۇلۇغلۇق ۋە ئېغىرلىق قىلىپ، ... مۇلايىم، يۇمشاق شىرىن سۆزلەرنى قىلىپ، كەڭلىك بىرلە جەۋابىنى بېرىپ، مۇراسا ۋە مۇدارا تەرىقىنى ئۆزلەرىگە لازىم تۇتادۇر.

— م. سايرامى.

جەۋاھىر [جواهر] (ئە) [بىرلىكى: جەۋھەر] 1) گۆھەرلەر، قىممەت باھا تاشلار، جاۋاھىر:

بۇ يەڭلىغ قىلىپدۇر جەۋاھىرنى پاش،
ساچار زەررەسىنى بەئەينى قۇياش.

2) بەدىئىي يۈكسەك ئىبارە ۋە سۆزلەر، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر:

مۇرەسسەئ جەۋاھىر بىلە بولسە جام،
ۋەلې دەۋر ئەرا جام تاپسە خىرام.

— نەۋايى.

جەۋاھىر ئەفشان — 1) جاۋاھىر چاچقۇچى؛ 2) نۇر چاچقۇچى.

جەۋاھىر فىشان — «جەۋاھىر ئەفشان» غا قاراڭ.

جەۋاھىر نىسار — گۆھەر بېغىشلايدىغان.

جەۋاھىرى ئەسرار — سىرلار جەۋھىرى (ئەسەر نامى).

جەۋاھىرى ئەشىك — ياش دانىلىرى، تامچىلىرى.

جەۋاھىرى سەمىن — قىممەت باھا تاشلار.

جەۋاھىرى نەفائىس — 1) نەپىس جاۋاھىرلار. 2) قىممەت باھا (ئەلا تازا، ساپ) تاشلار. 3) چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن ئەدەبىي ئىبارىلەر. 4) كۆڭۈلگە ناھايىتى يېقىن كىشىلەر.

جەۋاھىرى نەفايىس — «جەۋاھىرى نەفائىس» قا قاراڭ.

مەئادىن جەۋاھىرى — مەدەنلەر جەۋھىرى؛ ئاجايىپ سۆزلەر.

جەۋەك [جوك] (پ) يوللۇق ماتادىن تىكىلگەن پەرىجىنىڭ بىر تۈرى.

جەۋەك ئەتلەس — يوللۇق ئەتلەس:

جەۋەك ئەتلەس ئەيلەپ ئۆزىگە لىباس،
كىيىپ بۆرك ئورنىدا باشىغە تاس.

— نەۋائى.

جەۋدەت [جودت] (ئە) 1) سەزگۈر. 2) نۇقسانسىز؛ كامالەتكە يەتكەن.

جەۋر [جور] (ئە) ئەرزىيەت، زۇلۇم، ستەم، جەبىر، جاپا، ئازار؛ ئادالەتسىزلىك:

مۇنچەمۇ بولغاي ستەم چۇن زۇلىم پىشە سەڭگىدىل،
ھەردەمى يۈز جەۋرى قىلسە ئول قىلۇر ھەم ئازلىق.

— ئەرشى.

جەۋر ئەتمەك — «جەۋر ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

جەۋر ئەندىش — زۇلۇم قىلغۇچى.

جەۋر ئەيلەمەك — 1) زۇلۇم قىلماق. 2) ئەقلىنى ئاداشتۇرماق، شەيدا قىلماق.

جەۋركەش [جوركش] (ئە + پ) ئەرزىيەت تارتقۇچى، جەۋر كۆرگۈچى.

جەۋزا [جوزا] (ئە) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە — 1) ئون ئىككى بۇرجىنىڭ بىرى بولۇپ («بۇرج» غا قاراڭ)، سەرەتان ۋە سەرۋى بۇرجلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ بۇرج يانمۇ يان تۇرغان ئىككى قىز شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. 2) شەمسىيە (قۇياش) يىلى ھېسابىدا باھار پەسلى ئايلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، 22 - ماي — 21 - ئىيۇنلارغا توغرا كېلىدۇ.

ئەتاردۇقا زۇھەل شەمشىرىنى ھەيبەت بىلەن تەڭلەر،
ھەمەل بۇرجىغا لازىمدۇر بۇگۈن جەۋازنى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

جەۋزا ئاياغى — جەۋزا ئېيىنىڭ ئاخىرى.

جەۋزا تۈنى — جەۋزا ئېيى كېچىسى.

جەۋزا كۈنى — يىلنىڭ ئەڭ ئۇزۇن كۈنى، 22 - ئىيۇن.

جەۋزەھر [جوزهر] (پ) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە — 1) ئاينىڭ ھەرىكەت يولى بىلەن قۇياش ھەرىكەت يولىنىڭ كېسىشكەن جايى. 2) قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.

جەۋزەھر دوم — ئاينىڭ ھەرىكەت يولى بىلەن قۇياش ھەرىكەت يولىنىڭ كېسىشكەن ئورنىدىن بىرى.

جەۋز بويا [جوزبويا] (پ) ھىندىستان ياڭىقى؛ دورىلىق ياڭاق.

جەۋز بويى [جوزبويى] (پ) «جەۋز بويا» غا قاراڭ.

جەۋزبويا [جوزبويا] (پ) «جەۋز بويا» غا قاراڭ.

جەۋشەن [جوشن] (ئە) ساۋۇت، قۇياق (سىمدىن توقۇلغان قەدىمكى ئۇرۇش كىيىملىرىدىن بىرى):

مەرز ئۇزرە كىيەر سىپەرگە جەۋشەن،
شەشپەر كۆتەرۈر باشىغە سەۋسەن.

— نەۋايى.

جەۋشەنى زەركار — زەر بىلەن توقۇلغان ساۋۇت.

جەۋف [جوف] (ئە) 1) ئىچ؛ قورساق. 2) بىر نەرسىنىڭ ئىچى، بوشلۇق، كاۋاك. 3) قەلب.

فەلەك جەۋفى — كۆك (ئاسمان) بوشلۇقى.

قەلەم جەۋفى — قومۇش قەلەمنىڭ كاۋىكى.

يەتتى كۆك جەۋفى — يەتتە قات ئاسمان بوشلۇقى.

جەۋلان [جولان] (پ) 1) كېزىش، ئايلىنىش. 2) يۈرۈش، ھۇجۇم. 3) ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ئويناش، ئويناقلاش:

كۆرمەگۈر سېنى دېمىشلەر، كەل، گۈلى رەئنانى كۆر،
نازغىبان جەۋلانغە كىرگەن بۇ ئىكى رەئنانى كۆر.

— ئەرشى.

جەۋلان ئەيلەمەك — ئايلانماق، كەزمەك؛ ئويناقلىماق.

جەۋلان بەرمەك — جىلۋە بەرمەك.

جەۋلان كۈنى — ئۇرۇش، ھۇجۇم كۈنى.

جەۋلانىن ئۆپمەك — سەيىر قىلىپ ئۆتكەن يېرىنى، ئىزىنى سۆيمەك.

جەۋلانگاھ — [جولانگاه] (پ) «جەۋلانگەھ» كە قاراڭ.

جەۋلانگەھ [جولانگه] (پ) جەۋلان قىلىدىغان يەر، مەيدان:

چۈن ئادەمدە يوق ۋەفا، كۆر ئول پەرى ئىشقى ئارا،
جەۋلانگەھىم دەشتى فەنا ۋەيرانەگى غەم مەسكەنىم.

— نەۋايى.

جەۋلەھە [جولهه] (پ) توقۇمىچى، بۆزچى، باپكار.

جەۋھەر [جوهر] (ئە) 1) گۆھەر، قىممەت باھالىق تاش؛ ئېسىل ماددا:

بۇ تاغۇتلارنى ياساپ زەر بىلە،
مۇزەييەن قىلىپسەنكى جەۋھەر بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئاساس، ماھىيەت. 3) نادىر، كەم ئۇچرايدىغان. 4) نازۇك ھېس - تۇيغۇلار. 5) ھايات. 6) تازا، ساپ.

جەۋھەرشۇناس — گۆھەرشۇناس.

جەۋھەر مىسال — گۆھەرگە ئوخشاش.

جەۋھەرى تەقۋا — تەقۋادارلىق ئاساسى.

جەۋھەردار [جوهردار] (ئە + پ) 1) يالتىراق، پارلاق؛ يالتىراپ، جۇۋرلاپ تۇرىدىغان، جىلۋىلىك. 2) قىلىچ.

جەۋھەرىي [جوهرى] (ئە) قىممەت باھا تاشلارنى ئايرىغۇچى، پەرقلەندۈرگۈچى؛ جەۋھەرشۇناس:

قىيمەتى ھۆسنۈڭنى مەندەك ئۆزگەلەر فەھم ئەيلەمەس،
ئاڭلاماس گەۋھەر بەھاسىن گەر ئەمەسدۇر جەۋھەرىي.

— ئەرشى.

جەئبە [جعبه] (ئە) ئوقدان، ساداق.

سىپىھر جەئبەسى — ئاسمان ئوقدانى.

جەئفەرىي [جعفرى] (ئە) زەھەرلىك قارا يىلان:

يەتتە ئەژدا جەئفەرىي تەبىرانەك قىلغىل نىسار،
لالەھايى داغدار ئۇندى سەراسەر قانىدىن.

— زەلىلى.

جەيان [جيان] غەزەپلىك؛ دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق:

قەھرىدىن ئەر شىرى جەيان كۆردى بىيم،
ئۆردى باشىن ئۇي سۈتى ئىچكەن ئېتىم.

— نەۋايى.

جەيب [جيب] (پ) 1) ياقا، كىيىمنىڭ ياقىسى. 2) چۆنتەك، يانچۇق؛ قوينۇن:

ساچىپ ئەبرى دەۋلەت باشىم ئۈزرە دۇر،
تولۇپ جەيب - دامەن گۆھەر بىرلە پۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) يان؛ يېقىنلىق:

ۋەگەر بەرسە ئۆز جەيبى ئىچرە مەھەل،
ئۆزى قەتلىغەدۇر تەنابى ئەجەل.

— نەۋايى.

4) كۆڭۈل، دىل، دىلدىكى مۇددىئا.

جەۋھەرى جەيب — كۆڭۈلنىڭ نازۇكلۇقى.

جەيران [جيران] كېيىك، ئاھۇ، جەرەن:

سۈرمە بىلەنمۇ ئول ئاي كۆزنى قارا ئەيلەمىش،
يوقسە خوتەن جەيرانى مۇشكى ئىچىدە ئاغنەمىش.

— نەۋايى.

جەيش [جيش] (پ) ئەسكەر، لەشكەر، قوشۇن.

جەيش تۈزمەك — قوشۇن تۈزمەك:

ئۈچ ئاي بۇ قەسر ئەرا ھەم تۈزدىلەر جەيش،
سۈرۈدۇ نادە بىرلە قىلدىلەر ئەيش.

— نەۋايى.

جەيھۇن [جيحون] ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى:

نە دەيىن بەختى بەدىمدىن، ئەي مۇسۇلمانلار كۆرۈڭ،
سۇ تىلەپ جەيھۇنغا بارسام بولادۇر جەيھۇن سەراب.

— قەلەندەر.

جەيھۇن ئەتمەك — جەيھۇن كەبى ئاققۇزماق، كۆپ ئاققۇزماق (ياشنى).

جەيھۇن قىلماق — «جەيھۇن ئەتمەك» كە قاراڭ.

جو [جو] (پ) 1) ئېرىق:

كۆزىدىن دۇررى مەرجان ئاققۇزۇپ سۇ،
قانىدىن ئاقتى ھەرياندىن بولۇپ جو.

— خىرقەتى.

2) سۆز بىرىكمىسىدە «ئىستىگۈچى، قىدىرغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

جوبەجو — «جوي» غا قاراڭ.

دەۋاجو — دەۋا ئىزدىگۈچى، قىدىرغۇچى.

رىزاجو — رىزالىق (رازىلىق) ئىزدىگۈچى.

جوب [جوب] (پ) 1) تەڭ، ماس، مۇناسىپ، لايىق:

ئىش ئەزىمۇ يول يىراقۇ خەۋف كۆپ،
ئىچۈك ئولغاي ئەزمىمىز بۇ يولدا جوب.

— نەۋايى.

2) ئورۇن، ماكان.

جوش [جوش] (پ) 1) قايناش:

مۇنى كۆرگەچ غەرىپ بۇلبۇل بولۇپ خۇش،
مۇھەببەت خەمرى كۆڭلىدىن قىلىپ جوش.

— خىرقەتى.

2) غۇلغۇلا، غوۋغا، توپىلاڭ:

ھۇسن دىلجوي، كۆزى يەغماگەرى ئەقلىمى ھوش،
لەئل جان بەخشى، قاشى تىغى، نىگاھى فىتنە جوش.

— سەبۇرى.

3) زوق، زوق - شوق:

بۇ شېرىن سۆزىدىن دىلىم ئۇردى جوش،
بولۇپ مەست ئانداغ يىراق بولدى ھوش.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4) غەيرەت، غەيرەت قىلماق:

سىپاھ بەھرىغە تۈشتى ئول نەۋئ جوش،
كى ئۆتتى فەلەك لۇججەسىدىن خۇرۇش.

— نەۋايى.

5) ھارارەت. 6) قىزىقىش (پەيدا بولماق). 7) ھۇجۇم قىلماق:

مەگەر بەسكى جوش ئۇردى خەلقى كەسىر،
يەر ئەجزاسى بولدى تەخەلخۇل پەزىر.

— نەۋايى.

جوش سالماق — غۇلغۇلا سالماق، غوۋغا (توپىلاڭ) قىلماق.

جوشۇ خۇرۇش — غوۋغا، توپىلاڭ.

جوشان [جوشان] (پ) قايىنىغان ھالدىكى؛ قايناپ تۇرغان؛ دولقۇنلىنىپ تۇرغان.

بەھرى جوشان — قايناپ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىز.

مەراقى جوشان — قايناپ تۇرغان شورپا.

جوڭ — [جونك] كېمە:

ئىكى يۈز جوڭ ھەدىسىز ھەربىرى كەڭ،
فەلەك جوڭىنى ھەر بىر تۇتمايىن تەڭ.

— نەۋايى.

جولدۇ [جلدو] (ئە) «جەلدۇ» غا قاراڭ.

جوي [جوى] (پ) 1) ئېرىق، ئۆستەڭ:

مەگەر شىرىنغە بولدى ئارزۇيى،
چىقارماق خارە ئىچرە تۇرفە جويى.

— نەۋايى.

2) ئېقىن سۇ:

ئۇزۇلدى تەنىدىن باشى گويەدەك،
قىزىل قانلارى ھەم ئاقىپ جويەدەك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئىزدىگۈچى، ئىز - دېرىكىنى قىلغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

قىلدى ماڭا ئول جىلۋەئى ناگەھ باقا قالدىم،
دۇنيا بىلە ئۇقبانى جويىغە ساتا قالدىم.

— ئەرشى.

تۇرفە جوي — ئاجايىپ ئېرىق.

دەۋا جوي — دەۋا ئىزدىگۈچى، قىدىرغۇچى.

دىلجوي — كۆڭۈل ئىزدىمەك؛ كۆڭۈلچەكلىك:

گەرچە كۆپدۇر دىلرەبالار ۋەسلىن ئەتمەن ئارزۇ،
دەھر ئارا دىلجويلۇق ئەتكەن دىلستانىم بولسە بەس.

— ئەرشى.

رىزاجوي — رازىلىق ئىزدىگۈچى.

جويا [جويا] (پ) ئىزدىگۈچى، سۈرۈشتە قىلغۇچى، ئىز - دېرىكىنى قىلغۇچى، قىدىرغۇچى.

جويان [جويان] (پ) «جويا» غا قاراڭ.

جويانى شەھ — پادىشاھ ئىزدىگۈچى:

خىلئەتى ئەخزەر بىلە جويانى شەھ،
يول ئازىققانلارغا بولغىل خىزرى رەھ.

— نەۋايى.

جويانى مەتالىب بولماق — ئىزدەلگەن نەرسىلەرنى قىدىرماق.

جويە [جويە] (پ) ئېرىق، ئېرىقچە:

تاكى بىر جويە ئارا كەسمەكتە تاك،
ئەيلەدى ئانى يىلان سانچىپ ھەلاك.

— نەۋايى.

جويەندە [جويندە] (پ) ئىزدىگۈچى، قىدىرغۇچى، تەلەپ قىلغۇچى:

ئانى شاھەنشەھ بىلىك كۆرگەچ زۇمۇرەد تەخت ئۈزە،
بىرگەدا تەرزىدە گۈلخەن ئىچرەدۇر جويەندەسى.

— ئەرشى.

جويبار [جويبار] (پ) 1) ئېرىق، دەريا، ساي:

نىگاھى تىيغ چەكمىش، ئەي خىزىر، ھەيۋان سۇيى تۇت تەرك،
نېدىنكىم گۇل شەھادەت جويبارىدىن ئىچەرمەن سۇ.

— سەبۇرى.

2) ھەقىقەت ئېقىمى. 3) بەھرىمەنلىك.

جويبارى ئەدل — ئادىللىق، ئىنساپلىق.

لەتافەت جويبارى — گۈزەللىك.

جۇئەل [جعل] (ئە) قارا قوڭغۇز، تېزەك قوڭغۇزى:

جۇئەلدۇر تېزەك توشۇماقدىن زەبۇن،
كى بولمىش قەرارىب يۈزى سەرنىگۇن.

— نەۋايى.

جۇببە [جبە] (ئە) 1) ھەشەمەتلىك، كەڭ، ئۇزۇن ۋە يەڭگىل تون. 2) جەڭدە كىيىدىغان كىيىم، جەڭ كىيىمى.

جۇببەۋۇ دەستار — ھەشەمەتلىك تون ۋە سەللە:

قەدرى تاجى مەئرىفەت بىلمەسمىكىن زاھىد ئېلى،
خاتىرى خۇشدۇر ھەمىشە جۇببەۋۇ دەستارىدىن.

— زەلىلى.

جۇببەئى سىنجاپ — سىنجاپ (قىزىل تۈلكە) تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا:

جۇببەئى سىنجابىڭ ئىچرە ۋەسلە - ۋەسلە قاقىمى،
توغرى ھىجران شامىدا بىر - بىر سەئادەت ئەنجۇمى.

— نەۋايى.

جۇد [جود] (پ) 1) ئىنئام، ئېھسان. 2) سېخىيلىق، قولى ئوچۇقلۇق.

بافەررۇ جۇد — شان - شەۋكەت ۋە ساخاۋەت بىلەن.

جۇد ئەھلى — سېخىيلار.

جۇدا [جدا] (پ) ئايرىلىش، يىراق:

جۇدا بولدۇم فەلەكنىڭ گەردىشىدىن،
كېتىپ ئېردىم گۈلى قەھقە قاشىدىن.

— خىرقەتى.

جۇدا ئەيلەمەك — ئاجراتماق، ئايرىماق.

جۇرئە [جرعە] (ئە) بىر يۇتۇم، بىر ئوتلام؛ ئىچىملىك:

غەم غۇبارى مەي خۇمارىدىن كۆڭۈل كۆزگۈسىدە،
ساقىيا، بىر جۇرئە تۇت ئانداغكى يوقتۇر غەمزەدە.

— ئەرشى.

جۇرئە چەكمەك — بىر ئوتلام مەي ئىچمەك.

جۇرئەت [جرات] (ئە) جۇرئەت (بىرەر ئىشقا پېتىنىش) ، جاسارەت، غەيرەت:

تەلەب بىرلە بولدۇم قىلىپ جۇرئەتى،
ھىسارىدىن چىقارغە ئېتىپ سۈرئەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جۇرئەت بولماق — پېتىنماق، جۇرئەت قىلماق؛ جاسارەت كۆرسەتمەك.

جۇرئەچەش [جرعەچش] (ئە +پ) مەيخور، مەي تېتىغۇچى:

بولۇپ چۇن ئانىڭ جامىدىن جۇرئەچەش،
بولۇپ چەرخ سۇفىيلەرى جۇرئەكەش.

— نەۋايى.

جۇرئەخار [جرعەخوار] (ئە + پ) مەيخور:

بولۇپ ھەم جۇرئەخار جامى ئانىڭ.

— نەۋايى.

جۇرئەخور [جرعەخور] (ئە + پ) «جۇرئەخار» غا قاراڭ.

جۇرئەدان [جرعەدان] (ئە + پ) 1) قەدەھ، رومكا. 2) ئىچىلىدىغان قەدەھنىڭ قېپى. 3) ياندا ئېلىپ يۈرۈلىدىغان سۇ ئىدىشى، سۇ قاپىقى.

جۇرئەرىز [جرعەريز] (ئە + پ) «جۇرئەدان» غا قاراڭ.

جۇرئەكەش [جرعەكش] (ئە + پ) 1) ساقىي، مىراب، مەي قۇيغۇچى. 2) مەي ئىچكۈچى، مەي تېتىغۇچى:

بۇ كۈن فەرھاد ئول ئازادە ۋەشدۇر —
كى، يوقلۇق بادەسىدىن جۇرئەكەشدۇر.

— نەۋايى.

3) مەدەت يەتكۈزگۈچى:

بولۇپ مەيغە چۇ ھوشى گەرەۋ،
ئاغا جۇرئەكەش، بوق مەگەركىم، بىرەۋ.

— نەۋايى.

جۈرئەنۈش [جرعەنوش] (ئە + پ) «جۈرئەكەش» كە قارالڭ.

جۈررە [جرە] (ئە) ھەرقانداق قۇشنىڭ ئەركىكى.

جۈررەباز [جرەباز] (ئە) ئەركەك لاچىن، لاچىننىڭ ئەركىكى.

جۈرم [جرم] (ئە) گۇناھ، ئەيىب، جىنايەت:

ئەرشى ھەم نەۋمىد ئەمەس، چۈنكىم ئىررۇر لۇتفۇڭ ئەمىم،
بارچە جۈرم ئەھلىدىن ئانىڭ جۈرمى ئەرچە كەم ئەمەس.

— ئەرشى.

جۈرم ئەھلى — گۇناھكارلار؛ جىنايەتچىلەر.

جۈرم ئەيلەمەك — گۇناھ قىلماق.

جۈرمۇ ئىسيان — جىنايەت ۋە ئىسيان، ھېسابسىز گۇناھكارلىق.

جۈرمانە [جرمانە] (ئە + پ) قىلىنغان گۇناھ (جىنايەت) ئۈچۈن ئېلىنىدىغان نەرسە، ھەق، جەرىمانە، گۇناھنى، ئەيىبنى ياپقۇچى.

جۈرمشوي [جرمشوى] (ئە + پ) گۇناھنى ئەپۇ قىلغۇچى، كەچۈرگۈچى، گۇناھنى ياپىدىغان:

گۇناھكار بولغاچ ئاڭا ئۆزرر جوي،
كەرەم بەھرىدىن بولغاي ئول جۈرم شۇي.

— نەۋايى.

جۈرۈھ [جروح] (ئە) [بىرلىكى: جەرھ] يارىلار، جاراھەتلەر:

بەسى ھىيلە بىرلە كىرىپ باغ ئارا،
بولۇپ باشى غەم ئىلە جۈرۈھدىن يارا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جۈز [جز] (ئە) 1) باشقا، ئۆزگە، بۆلەك:

ئەرشى، كەۋنەين ئىچىدىن ئىستەمە جۈز فەقر ھۇسۇل،
يوق ئىمىش ئەھلى شەرافەت فۇقەرادىن غەيرى.

— ئەرشى.

2) پارچە، بىرەر نەرسىنىڭ قىسمى، بىر دانىسى. 3) ئەزا، بەدەن ئەزالىرى. 4) ئازغىنە، كىچىككىنە.

جۈزجۈز — بۆلەك ـ بۆلەك، پارچە ـ پارچە.

جۈزۇكۈل — پارچە ۋە پۈتۈن، كاتتا ۋە كىچىك؛ بار ـ يوق؛ ھەممە نەرسە.

جۈزى لايەنفەك — بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان، ئاجرالماس قىسىم.

يوق تۈرۈر جۈز تىيرەلىك — قاراڭغۇلۇقتىن باشقا (نەرسە) يوقتۇر.

جۈزۋ [جزو] (ئە) «جۈز» غا قارالڭ:

مەن قەترەۋۇ سەن دەريا، زاتىڭدا فەنا بولسام،
نە ئەيب مېنىڭ جۈزۋىم كۈرگەندە دېسە ئەل گول.

— گۇمنام.

جۈزۋ ئولماق — پۈتۈننىڭ بىر قىسمى بولماق؛ بىرىكىپ كەتمەك.

جۈزۋۇ كۈل — «جۈزۇكۈل» غا قارالڭ.

جۈزۋى سەغىر — كىچىك بۆلەك.

جۈزۋى لايەتەجەززا — بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەس، ئاجرالماس قىسىم.

جۈزۋى لايەنفەك — ئاجرالمايدىغان بۆلەك.

جۈزۋ ـ جۈزۋ [جزو ـ جزو] (ئە) بۆلەك ـ بۆلەك، پارچە ـ پارچە.

جۈزۋدان [جزودان] (ئە + پ) پوپكا، تېرە سومكا (خالتا):

... ئۈمىد ئەجزاسىن فەقىر جۈزۋدانىغە سالىپ...
ھەر كۈن بىر مەنزىل ۋە ھەر ئاي بىر شەھەر قەتئى قىلغان مۇبتەدىيلەر.

— نەۋايى.

جۈزئ [جزء] (ئە) قىسىم، بۆلەك، پارچە.

جۈزئىي [جزئى] (ئە) بىرئاز، ئازغىنە، كىچىككىنە، قىسمەن، ئەرزىمەس.

جۈزئىيات [جزئيات] (ئە) 1) پارچىلار، بۆلەكلەر، ئەھمىيەتسىز، كىچىك، خۇسۇسىي مەسىلىلەر؛ پارچە، ئەرزىمەس نەرسىلەر. 2) شېئىر، ئۆلچەملىك سۆزلەر.

جۈستۈجو [جستجو] (پ) قىدىرىش، ئاختۇرۇش، ئىزدەش، سورىقىنى قىلىش:

مەن قاچان ئۆزلۈكدىن ئەتتىم جۈستۈجۈ ئەۋۋەلدىن ئوق،
قىسمەتىم كەلمىش زىبەس مەي بىرلە كەيفۇلمۇتتەفەق.

— ئەرشى.

جۈستۈجوي [جستجوى] (پ) «جۈستۈجۈ» غا قارالڭ:

بەس ئىدى ئول رىشتەئى كاكىل مېنى بەند ئەتكەلى،
نە ئۈچۈن تاپماقغە قىلدىڭ جۈستۈجوي ئۆزگە تەناب.

— موللا بىلال.

جۈسسە [جثە] (ئە) 1) تەن، بەدەن، گەۋدە. 2) جەسەت:

بىرى جۈسسە ئىچرە زەبەردەستراق،
يەنە بىرى ھەقىر ئېرديۈ بەستراق.

— نەۋايى.

جۈغرات [جغرات] (ئە) قېتىق؛ قايماق.

جۈڭ [جنك] 1) كېمە؛ 2) تۈرلۈك شېئىرلار ۋە تارىخلار يېزىلىدىغان دەپتەر؛ تاللانغان ئەسەرلەر؛ تەرمىلەر.

جۈل [جل] 1) ئات يوپۇقى، جۇل، توقۇم:

كى زەبەرفەت جۇلنى ياپىپدۇر ئاڭا،
ئون ئىككى لەئلنى ئاسىپدۇر ئاڭا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) تېرە.

جۇلدۇ [جلدو] (ئە) «جەلدۇ» غا قاراڭ:
تۇتۇپ جۇلدۇ ئالۇر يارماقنا قالغان،
دېگىلكىم ئەيلەمىشلەر تاغنى تالقان.
— نەۋايى.

جۇلگە [جلكه] (پ) 1) تاغ ئېتەكى؛ تاغ ئارىلىقى. 2) ئوتلاق، يايلاق؛ كۆكلەمزار.

جۇللاپ [جلاب] (پ) 1) گۇلاب. 2) گۇل سۈيى بىلەن ھەسەل ياكى شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان شەربەت:
لەززەت تاپار ئول نەۋ چۇچۇك جانىم ئالۇردىن،
ئەتقالدەك ئولغان كىبى جۇللاپ ئىللە مۇتەزز.
— نەۋايى.

2) شاراب.

جۇلۇس [جلوس] (ئە) ئولتۇرۇش؛ مەجلىس.

جۇلۇس بۇيۇرماق — قاسماق:
دېدىكىم قىلدىلەرنارىن مەھبۇس،
چاھ قەھرى ئارا بۇيۇردى جۇلۇس.
— نەۋايى.

جۇمادۇس - سانى [جمادى الثانى] (ئـە) «جۇمادىس - سانى» غا قاراڭ.

جۇمادۇل - ئاخىر [جمادى الاخر] (ئە) ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا 6 - ئاي نامى.

جۇمادۇل - ئەۋۋەل [جمادى الاول] (ئـە) «جۇمادىل - ئەۋۋەل» گە قاراڭ.

جۇمادىس - سانى [جمادى الثانى] (ئە) «جۇمادۇل - ئاخىر» غا قاراڭ.

جۇمادىل - ئەۋۋەل [جمادى الاول] (ئە) ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا 5 - ئاينىڭ نامى.

جۇمان [جمان] (ئە) ئۈنچە، مەرۋايىت، مەرۋايىت شەكىللىك كۈمۈش دانىلىرى.

جۇمئە [جمعه] (ئە) ھەپتىنىڭ 5 - كۈنى، جۈمە.

مەسجىدى جۇمئە — جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان كاتتا مەسچىت.

جۇمەل [جمل] (ئە) ھەرپلەر بويىچە ھېسابلاش؛ ئەبجەد ھېسابىدا ھەرپ بويىچە ھېسابلاش قائىدىسى:
بۇ تارىخدا غەرابەت باركى، تارىخنىڭ ئاي ۋە كۈنىنىڭ زىكردىن يىلى ھېسابى جۇمەل قائىدەسى بىلەن ھاسىل بولۇر.
— نەۋايى.

جۇملە [جمله] (ئە) 1) توپ، ھەممە، پۈتۈن، بارچە:
بولۇپ ۋەقتى بەھارى گۇل ئاچىلسا،
باغ ئىچرە جۇملە قۇشلەر نالە قىلسا.
— خىرقەتى.

2) جۈملە (گرامماتىكىدا)، گەپ.

جۇملەئى ئالەم — بارچە ئالەم.

جۇملەئى خەيل — پۈتۈن جامائەت.

ئول جۇملەدىن — شۇ جۈملىدىن.

جۇملەتۇل - مۇلك [جملةالملك] (ئە) 1) پۈتۈن مەملىكەت. 2) دىۋان بېگى، خەزىنىچى.

جۇناغ [جناغ] ئېگەر، «جەناق» قا قاراڭ.

جۇناق [جناق] «جەناق» قا قاراڭ.

جۇنبۇش [جنبش] (پ) «جۇنبىش» قا قاراڭ.
ھەر سارى قارا بۇلۇتقا جۇنبۇش،
ئەيلەب قارا دېۋدەك غۇرۇنبۇش.
— نەۋايى.

جۇنبۇشنەماي [جنبش نماى] (پ) «جۇنبىشنەماي» غا قاراڭ.

جۇنبىش [جىبش] (پ) 1) قىمىرلاش، ھەرىكەت، قوزغىلىش:
قۇرۇغلۇق ئىچرە چۇن قالمادى ھېچ ئىش،
رەۋانى كېمەلەرگە بولدى جۇنبىش.
— نەۋايى.

جۇنبىش قىلماق — قوزغالماق؛ قىمىرلىماق، ھەرىكەت قىلماق.

جۇنبىشنەماي [جنبش‌نماى] (پ) 1) ھەرىكەتچان؛ ھەرىكەتچانلىق؛ ھەرىكەتكە كىرىش. 2) قوزغالغۇچى، ھەرىكەت قىلغۇچى.

جۇنۇد [جنود] (ئە) قوشۇن، لەشكەر:
قىلاي شاھى بەندەر ئۈچۈن ھۆكمى زۇد،
يەتۈرگەي قاشىغە ھەممىن دەم جۇنۇد.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جۇنۇن [جنون] (ئە) 1) ئەقلىدىن ئازغان، سەۋدايى، ئازغانلىق، سەۋدايىلىق:
كۆئلۈڭ بۇزۇلۇپ قالسا، زەلىلى يېمەگىل غەم،
كىم كۆردى جۇنۇن ئىقلىمىدە خانەئى ئاباد.
— زەلىلى.

2) ئاشىقلىق، بىقارارلىق.

جۇنۇن ئاياغى — ئاشىق:
سەۋداغە تۇتۇنغە ساچى مانەند،
ھەر تارى جۇنۇن ئاياغىغە بەند.
— نەۋايى.

جۇنۇن ئەھلى — ئاشىقلار.

جۇنۇن تەئۇرىزى — جۇنۇن، سەۋدايىلىقتىن ساقايتىدۇ، دىپ بويۇنغا ئېسىلغان دۇئا تۇمارى.

جۇنۇن دەشتى — 1) دەشت ۋە سەھراكەبى بىپايان. 2) ھېسابسىز جۇنۇن.

جۇنۇن سەھراسى — ئىشق سەھراسى، مەجنۇنلۇق چۆلى:

ماڭا مۇشكىل كۆرۈندى، ئەي پەرى، رولار تاماشا قىل،
جۇنۇن سەھراسىدىن ئاشۇفتەلىك رىسۋانى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

جۇنۇن قەيدىغە پابەست بولماق — جۇنۇنلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالماق، سەۋدايى ھالىتىگە چۈشۈپ قالماق.

جۇھھال [جهال] (ئە) [بىرلىكى: جاھىل] جاھىللار، نادانلار.

جۇھۇد [جهود] (ئە) «جۇيۇت» قا قاراڭ:

جۇھۇد دىدى: *باردۇر بۇلاردا پۇلۇم،*
بىرەلمىس پۇلۇمنى قىلۇرمەن زۇلۇم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جۇۋال [جوال] (پ) قاپ، تاغار.

جۇۋالگەر [جوالكر] (پ) «قاپ تىككۈچى؛ جۇۋالدۇرۇز:

ۋە شەيخى ئەبۇ ئەسامە ۋە شەيخى ئەبۇل خەيرى ھەبەشىيۇ مۇھەممەد ساھىر جۇۋالگەر... نى كۆرۈپ ئىردى.

— نەۋايى.

جۇۋان [جوان] (پ) يىگىت، «جەۋان» غا قاراڭ:

تاماشاغا كېلۇر پىرۇ جۇۋانلار،
قىلۇر گۈل زەۋقى بىرلە تازە جانلار.

— خىرقەتى.

نەۋجۇۋان — ياش يىگىت، يىگىتچاق.

جۇۋانە [جوانه] (پ) كەپتەر بالىسى، باچكا.

جۇۋانبەخت [جوان بخت] (پ) بەختىيار، بەختلىك، تەلەيلىك؛ كېلەچىكى پارلاق.

جۇۋانغار [جوانغار] قوشۇننىڭ سول قانىتى:

جۇۋانغارغە ھەم ئالتى يۈز مىڭ ئەدەد،
بۇلار باشقە ئاندىنكى بولغاي مەدەد.

— نەۋايى.

جۇۋانمەرد [جوانمرد] (پ) ئەر، يىگىت؛ مەرد، سېخي، ئۇچۇق قوللۇق؛ ئالىيجاناب.

جۇۋۇن [جوون] 1) دەريا، ساي. 2) يۇيۇنۇش، تازىلىنىش.

جۇئ [جوع] (ئە) 1) ئاچلىق. 2) ئىشتىھا.

جۇئ ئەھلى — ئاچلار.

جۇيۇت [جيوت] (ئە) 1) ئەسلى «جىت» بولۇپ، ھىندىستاندا ياشىغۇچى بىر خەلق نامى. 2) جوھۇت، يەھۇدىي.

جۇيۇش [جيوش] (ئە) [بىرلىكى: جەيش] 1) قوشۇنلار، ئەسكەرلەر. 2) گۇرۇھ، توپ.

جېلى [جيلى] سىرتماق، كىشەن، ئىشكال، تاقاق، قول - بويۇندىكى تۆمۈر ھالقا.

جىبال [جبال] (ئە) [بىرلىكى: جەبەل] تاغلار.

جىببە [جبه] (ئە) مېتالدىن ياسالغان قەدىمكى ئۇرۇش كىيىمى، تۆمۈر كىيىم، ساۋۇت.

جىببەچى [جبەچى] 1) ساۋۇت، تۆمۈر كىيىم ياسىغۇچى. 2) قورال - ياراغ ئامبىرىنىڭ باشلىقى. 3) خان سارىيىدىكى مەنسەپدارلاردىن بىرسى.

جىبرىل [جبريل] (ئە) «جەبرەئىل» سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى، «جەبرەئىل» گە قاراڭ:

شەھپەرى جىبرىل يا نەۋرەس نىھالى باغى ئىشق،
جىلۋەگەر يارۇھ شەكلى يا قەدى رەفتامۇدۇر.

— ئەرشى.

جىبىللەت [جبلت] (ئە) 1) خۇي. 2) يارىتىلىش، تۇغما، تەبىئىي. 3) ئۇلۇغلۇق.

جىبىللىي [جبلى] (ئە) 1) تۇغما، تەبىئىي. 2) ۋۇجۇد.

جىبىللىي خىسال — تۇغما (تەبىئىي) خىسلەتلەر.

فەنايى جىبىللىي — تۇغما پانىيلىق (ئۆزلۈكنى يوقىتىپ، ئىلاھىيەتكە سىغىنىش):

چۇن ئۇلارغا فەقرىي زاتى ۋە فەنايى جىبىللىي مەۋجۇد ئىردى.

— نەۋايى.

جىجىغ [جيجيغ] دۇمبە ياغ (ماي).

جىدال [جدال] (ئە) جەڭ، ئۇرۇش؛ نىزا، جاڭجال؛ توپىلاڭ:

تۈزەلدى يەنە ئىككى ياندىن يىسال،
يەنە ئاشكار ئولدى رەسمى جىدال.

— نەۋايى.

جىددى [جد] (ئە) 1) تىرىشىش، تىركىشىش؛ غەيرەت؛ 2) ھەرىكەت.

جىددى ئەيلەمەك — تىرىشماق، تىركەشمەك:

جىددى كۆرگۈزمەك — «جىددى ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

جىددۇ جەھد — تىرىشىش، بىرەر ئىشقا ئەستايىدىل كىرىشىش:

كى ئولتۇردى مۇنداق ئىككى بىخىرەد،

خاپە كىردى سۆزگە قىلىپ جىددۇ جەھد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جىددۇ جەھد ئەتمەك — «جىددۇ جەھد ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

جىددۇ جەھد ئەيلەمەك — ھەرىكەت قىلماق، كىرىشمەك.

جىرغاماق [جرغاماق] زوقلانماق.

جىرم [جرم] (ئە) 1) جىسىم:

غەبغەت گۇل سىيمىن زەقەن دەۋرىدە ئانداغكىم ئىبرۇر،
ھالە ئۆز جىرمىدىن گۇل دەۋرىگە قىلغاندەك كەمەر.

— ئەرشى.

2) ماھىيەت. 3) ئېغىرلىق، ۋەزىن. 4) گەۋدە، بىر نەرسىنىڭ بارلىقى، مەۋجۇتلۇقى.

جىرمى غەبرا — يەر يۈزى، يەر شارى؛ يەر كۆرۈنۈشى.

جىرمى ماۋىي — «يەتتە جىرمى ماۋىي» غا قاراڭ.

جىرمى ھىلال — ئاي شەكلى، كۆرۈنۈشى.

قۇياش جىرمى — قۇياش شەكلى، كۆرۈنۈشى.

يەتتە جىرمى ماۋىي — يەتتە قات ئاسمان.

جىرىب [جريب] (پ) «جەرىب» كە قاراڭ.

جىرىلداماق [جريلداماق] 1) ۋارقىرىماق. 2) غۇدۇڭشىماق، گەپ كۆتۈرەلمەي ئاچچىقلىنىپ سۆزلىمەك.

جىزيە [جزيه] (ئە) سېلىقنىڭ بىر تۈرى (مۇسۇلمان ئەللىرىدە ياشىغۇچى باشقا دىندىكى كىشىلەردىن ئادەم بېشىغا ئېلىنىدىغان سېلىق).

جىسىم [جسم] (ئە) 1) گەۋدە، ئورگانىزم، جىسىم:

ئەشك دۇررىن تىزغالى جىسىم ئۆزرە كۆزلەر ھېكمەتى،
گويىيا كەۋكەب ساچىلغان يەر ئۆزە يەتتى تەبەق.

— ئەرشى.

2) ماددا. 3) شەكىل، پورما. 4) ئەسل، ماھىيەت. 5) ئاسمان يۈزى:

كۆك تەبىئە چۇن ھەرارەت ئاشىپ،
جىسمىغە شەفەقدىن ئوت تۇتاشىپ.

— نەۋايى.

6) چېھرە. 7) تاقەت، سەۋر:

بىرگە ھەجەر جىسمىدىن تۇشەدۇر،
ئاڭا نەقد بەلكىم جىگەر گۇشەدۇر.

— نەۋايى.

جىسىم پەست ئولماق — خار بولماق.

جىسىم مۇلكى — پۈتۈن بەدەن، گەۋدە.

جىسمۇ جان — گەۋدە ۋە روھ.

جىسىم ئۆيى — گەۋدە تۇزۇلۇشى.

جىسىم ۋەيران — كۆڭلى بۇزۇلغان.

جىسمى غەم ئەفسۇرد — غەم بىلەن ئىشتىن چىققان (كاردىن چىققان) گەۋدە.

جىسمى گۇلگۇن — گۇل بەدەن.

جىسمى مەمات — مۇردا:

ئاياقچى كەتۇرگىل شەرابى ھەيات،
نېتاڭكىم تىرىلسە بۇ جىسمى مەمات.

— ن. زىيائى.

جىسمى ناتەۋان — كۈچسىز گەۋدە؛ ئاشىق گەۋدىسى.

جىسمى ئۇريان — يالىڭاچ بەدەن.

جىسمانىيەت [جسمانيت] (ئە) جىسىمغا تېگىشلىك، جىسمىلىق.

جىغ [جغ] پىغان، داد - پەرياد قىلىش.

فەريادۇ جىغ — پەرياد ۋە پىغان:

كىمگە كىمر، دولاب پەرخىدەك سالۇر سەرگەشتەلىك،
بوغزىن ئىپ بىرلىد بوغار قىلغان سايى فەريادۇ جىغ.

— نەۋايى.

جىغان [جيغان] كەمبەغەل، ھېچنەرسىسى يوق، قولى قىسقا.

جىفە [جيفه] (ئە) «جىيفە» گە قاراڭ.

جىك [جيك] يېقىمسىز، سىگمەيدىغان.

جىگەر [جكر] (پ) 1) بېغىر، جىگەر:

ئەجەب جەللاد ئىكەنسەن تاپمادىڭ مەندەك ئەسىرى ئىشق،
كەباب ئەتتىڭ يۈرەك بىرلە جىگەر قانىم شەراب ئەتتىڭ.

— گۇمنام.

2) يۈرەك.

جىگەرى كەباب بولماق — كۆيمەك:

كۆڭلى ئىشى ئىزتىراب بولدى،
گويا جىگەرى كەباب بولدى.

— نەۋايى.

جىگەر پارە [جكر چاره] (پ) پەرزەنت، ئوغۇل - قىز.

جىگەر تاب [جكر تاب] (پ) 1) جىگەرنى ئۆرتىگۈچى. 2) ئەلەملىك، دەردلىك:

بار ئاندا غىزا غەمى جىگەر تاب،
سۇۋ ئورنىدا قەترە - قەترە خۇناب.

— نەۋايى.

جىگەرخار [جكرخوار] (پ) 1) قىينىغۇچى، ئازابلىغۇچى. 2) قاتتىق ئازابلانغان، قايغۇلۇق، غەمكىن.

جىگەرخۇن [جكرخون] (پ) 1) باغرى قان؛ ئادەتتىن تاشقىرى غەم - قايغۇ چەككەن، ئازابتا قالغان، قىينالغان:

سەبا خارىنى ئەيلەپ نىش دىلدوز،
جىگەرخۇن غۇنچەنى ئەيلەر نىھانى.

— ئەرشى.

2) ئاشىق.

جىگەررىش [جكرريش] (پ) كۆڭلى يارا، دەرد - ئەلەملىك؛ باغرى پارە.

جىگەرسوز [جكرسوز] (پ) 1) غەمخور، غەمخورلۇق قىلغۇچى. 2) قاتتىق ئازاب بەرگۈچى، قىينىغۇچى. 3) باغرىنى كۆيدۈرگۈچى. 4) ئېچىنارلىق.

جىگەرگاھ [جكركاه] (پ) جىگەر جايلاشقان ئورۇن؛ ئۆڭ قولتۇق:

بۇ سەۋدا كۆرۈپ تاجىرى ناتەۋان،
جىگەر گاھىدىن ئەتتى نەقدىن رەۋان.

— نەۋايى.

جىگەرگۇن [جكركون] (پ) 1) جىگەررەڭ؛ قىزىل. 2) قانلىق كۆز ياش.

جىگەرگۇنە [جكركونه] (پ) «جىگەرگۇن» غا قاراڭ.

جىلا [جلا] (ئە) روشەنلىك، پارلاقلىق، يالتىراقلىق:

سەرىغ كۆلاھ ئىلە ئول شوخ گۇل قەباغە باقىڭ،
كۆلاھى ئۈزرە ساچىلغان داغى جىلاغە باقىڭ.

— ئەرشى.

جىلا بەرمەك — روشەن قىلماق، روشەنلەشتۈرمەك، پارلاقلاشتۇرماق، پارقىراتماق.

جىلاتاپماق — روشەن بولماق، پارلىماق، پارقىرىماق.

جىلاۋ [جيلاو] (ئە) يۈگەن، تىزگىن، «جىلەۋ» گە قاراڭ:

ئەل ئىنان ئىختىيارى چىقتى يەكسەر ئىلكىدىن،
بويىدە ھەر سارى ئول چابۇككى، قايتۇردى جىلاۋ.

— نەۋايى.

جىلاۋدار [جيلاودار] (ئە + پ) خان، پادشاھ، بەگ ئاتلىق يۈرگەندە ئات تىزگىنىنى تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭغۇچى، ئات يېنىدا يۈرگۈچى؛ ياندا ماڭغۇچى:

پىياز ئوتياشلىق ئىچرە جىلاۋدار.
پەتىنگان ئالدىدا لۇبيا جىلۋەدار.

— زەلىلى.

جىلەۋ [جيلو] (ئە) 1) ئالدى، ئالدى تەرەپ. 2) يۈگەن، تىزگىن.

جىلد [جلد] (ئە) 1) مۇقاۋا، كىتاب مۇقاۋىسى. 2) توم (كىتابقا قارىتا، مەسىلەن: بىرىنچى توم، ئىككىنچى توم ...). 3) تېرە:

قان قويماي سالسا رەگلەرىغە،
جىلدى ياپىشىپ سۆڭەكلەرىغە.

— نەۋايى.

جىلۋە [جلوه] (پ) 1) يالتىراقلىق، پارلاقلىق:

ئاغنامىش گۈلزار ئارا مەئشۇقنۇ ئاشىق بىر بولۇپ،
ئىككى رەڭلىك جىلۋە قىلغان بىر گۈلى رەئنا ئەمەس.

— ئەرشى.

2) ئۆزىنى گۈزەل ۋە پارلاق سۈرەتتە كۆرسىتىش، نازلىق كۆرسىتىش. 3) گۈزەل؛ ناز، كەرەشمە. 4) رەپتار، يۈرۈش، ھەرىكەت.

جىلۋە **ئەيلىمەك** — ئۆزىنى گۈزەل ۋە پارلاق سۈرەتتە كۆرسەتمەك، نازلىق كۆرۈنمەك؛ يالتىراپ كۆرۈنمەك.

جىلۋە **بەرمەك** — گۈزەل، جىلۋىلىك كۆرسەتمەك.

جىلۋە **قىلماق** — 1) نامايىش قىلماق، ئۆزىنى كۆرسەتمەك، كۆرۈنمەك. 2) ئۆزىنى گۈزەل، پارلاق سۈرەتتە كۆرسەتمەك.

جىلۋەئى **زات ئايىنەسى** — ئۆزىنى كۆرسىتىش ئەينەكى.

جىلۋەئى **زۇھۇر قىلماق** — ئۆزىنى نامايان قىلماق؛ ئاشكارا بولماق.

جىلۋەئى **ھۇسن ئەيلىمەك** — ھۆسنىنى كۆز - كۆز قىلماق، جامالىنى كۆرسەتمەك.

جىلۋەدىھ [جلوەده] (پ + ئە) جىلۋىلەنگۈچى يالتىرىغۇچى.

جىلۋەساز [جلوەساز] (پ) جىلۋە قىلغۇچى، يالتىراپ (پارلاپ) كۆرۈنگۈچى، ئۆزىنى گۈزەل سۈرەتتە كۆرسەتكۈچى:

مەلىكە ئۆي ئىچرە بەئىد ئىشۋە ناز،
كى كەبكى دەرىدەك بولۇپ جىلۋە ساز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جىلۋە **ساز ئەتمەك** — جىلۋىلەندۈرمەك، بېزىمەك.

جىلۋە **ساز بولماق** — خۇش كۆرۈنمەك، جىلۋە بىلەن پەيدا بولماق.

جىلۋەگاھ [جلوەكاه] (پ) 1) كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش جايى؛ نامايان بولۇش، يالتىراپ كۆرۈنۈش ئورنى:

تۇرفە سۇنئى ئىلاھىدۇر كۆك چاي،
تەبئىنىڭ جىلۋەگاھىدۇر كۆك چاي.

— ئەرشى.

2) جاي، ئورۇن، تۇرار جاي.

جىلۋە **گاھى گۈلشەنى قۇدس** — پاكلىقنىڭ كۆرۈنۈش جايى.

جىلۋەگەر [جلوەكر] (پ) جىلۋە قىلغۇچى، جىلۋە بىلەن كۆرۈنگۈچى، ئۆزىنى گۈزەل ۋە پارلاق سۈرەتتە كۆرسەتكۈچى:

ئولسە گەر زۇلفۇڭ خەيالى بۇ كۆڭۈلدە جىلۋەگەر،

شانە يەڭلىغ چاك ـ چاك ئولمىش كۆڭۈل مەئۋاسىدىن.
— ئەرشى.

جىلۋەگەر بولماق — كۆرۈنمەك، نامايان بولماق.

جىلۋە گۇستەر [جلوەگستر] (پ) جىلۋە كۆرسەتكۈچى، جىلۋە قىلغۇچى.

جىلۋەنەما [جلوەنما] (پ) «جىلۋە نەماي» غا قاراڭ.

جىلۋەنەماي [جلوەنماى] (پ) 1) جىلۋە كۆرسەتكۈچى، جىلۋە قىلغۇچى. 2) ياشناپ تۇرغان، كۆرۈنگەن.

جىلى [جيلى] «جېلى» غا قاراڭ.

جىلىكار [جلى كار] (پ) 1) ئەمەلدارلىق. 2) تىزگىن.

جىم [جيم] (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ج» ھەرپىنىڭ نامى:

بۆلەكلەر زۇلمى ھەددىن ئول ئىكەۋغە يەتكۈرە ئالماس،
جەفانىڭ «جىم» ى گەر كۆزۈ، سىتەمنىڭ «سىن» ى قاش ئولسۇن.
— ئەرشى.

جىماد [جماد] (ئە) «جەماد» قا قاراڭ.

جىمار [جمار] (ئە) مەيدە تاش (پارچە تاش).

جىن [جن] (ئە) جىن؛ پەرى، مالائىكە.

جىن ئەلالاسى — شاۋقۇن ـ سۈرەن:

قەسر ئۆزرە تۇشتى جىن ئەلالاسى،
مېنى دىۋانە قىلدى سەۋداسى.
— نەۋايى.

جىنۇ بەشەر — جىن ۋە ئادەم.

جىنۇ مەلائىك — دىۋە ۋە پەرىشتە.

جىنان [جنان] (ئە) [بىرلىكى: جەننەت] 1) جەننەت، جەننەتلەر:

مەن نەدەپ ۋەسفىنى ئېيتاي ھۆر جىنان يەڭلىغ ئېرۇر،
ھۆسنى ئىقلىمىدا گويا بارچە قىزلار سەرۋەرى.
— موللا بىلال.

جىنان رەۋزەسى — جەننەت بېغى.

جىنان گۈلشەنى — «جىنان رەۋزەسى» گە قاراڭ.

جىنانۋەش [جنان وش] (ئە + پ) جەننەتكە ئوخشاش؛ باغقا ئوخشاش.

جىنس [جنس] (ئە) 1) تۈر، خىل:

خۇدا ھەر جىنس مەخلۇق ئەتتى پەيدا،
بىرىنى بىرگە ئانداق قىلدى شەيدا.
— خىرقەتى.

2) ئۇرۇق ـ ئايماق؛ جىنس. 3) رەخت، مال، كىيىملىك:

تۆھفەرلەكى يۆبەردى قەيسەرى رۇم،
بولسە جىنسى فەرەڭ دىباسى.
— نەۋايى.

بەشەر جىنسى — ئادەم جىنسى، ئىنسانىيەت.

جىنسى بەشەر — «بەشەر جىنسى» گە قاراڭ:

ۋەفا مەۋجۇت ئەمەس جىنسى بەشەردىن مەن گۇمان قىلسام،
سىرىشتىدۇر تەغافۇل لايىدىن مۇشتەق ئېرۇر ئىنسان.
— ئا. نىزارى.

جىنسى بەنى — «جىنسى ئىنسان» غا قاراڭ.

جىنسى تەير — قۇشلار تۈرى.

جىنسى خىتا — پالاس تۈرى.

جىنسى زىبا — يىپەكتىن توقۇلغان رەخت؛ پالاس.

جىنسى مەخلۇقات — ھايۋانلار جىنسى.

جىنسى مور — ھاشارات تۈرى، چۈمۈلىلەر.

جىنسى ئىنسان — ئىنسانلار، ئادەملەر.

جىنسىيەت [جنسيت] (ئە) جىنسىييەت» كە قاراڭ.

جىنسىييەت [جنسييت] (ئە) ھەمجىنسلىق، جىنسداشلىق.

جىنن [جن] (ئە) «جىن» غا قاراڭ.

جىننۇ ئىنس — جىن ۋە ئىنسان.

جىنناھ [جناح] (ئە) «جەناھ» قا قاراڭ.

جىهات [جهات] (ئە) [بىرلىكى: جىھەت] 1) جەھەتلەر؛ تەرەپلەر. 2) نەرسىلەر، بۇيۇملار، ئەسۋاب، ئەشيا:

ھەم نەقدىڭ ئۈچۈن ئەۋەزدۇر ئاتىم،
ھەم ئۆزگە جىھاتىڭغە جىھاتىم.
— نەۋايى.

3) دۆلەت؛ مال ـ مۈلۈك:

تۈنۈ كۈن تارتقانچە مالۇ جىهات،
تارتتى مېھمانىنى ئالىغە بات.
— نەۋايى.

4) بارلىق:

قالماسە ئالەم مەتائىدىن جىهات،
ئۆزگە نەۋئ ئولغاي ساڭا ئول دەم سىفات.
— نەۋايى.

جىهاد [جهاد] (ئە) دىن يولىدا ئۇرۇشۇش، دىن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.

جىهاد ئەيلەمەك — ئۇرۇشماق، جەڭ قىلماق.

جىهاد قىلماق — «جىهاد ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

رۇم مالىنى ئەيلەبان بەرباد،
ئەيلەر ئەھلى فەرەڭ بىرلە جىهاد.
— نەۋايى.

جىهاد كەمەرىنى ئىجتىهاد بېلىگە باغلىماق — غەيرەت بىلەن جەڭ قىلماق، ئۇرۇشقا ئاتلانماق.

جىهاز [جهاز] (ئە) مال، ئەشيا، نەرسە. بۇيۇم؛ ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر:

كىمكى يار ئاغا ھوش ئىلە خىرەددۇر،
مالىيۇ جىھازى بىئەددەدۇر.

— نەۋايى.

جىھەت [جهت] (ئە) [كۆپلۈكى: جىھات] سەۋەب، ۋەج؛ «جىھات» قا قاراڭ:

پەلەك سەككاكىغە بۇ كۈن قۇلۇڭ سەن دەر، جىھەت زاھىر،
تۈن ئاقشام ئىتلەرىڭ بىرلە ئوتۇرمىش بىر زەمان، ئەي جان.

— سەككاكى.

جىھەت كۆرمەسلىك — سەۋەب، ۋەج تاپماسلىق.

جىۋار [جوار] (ئە) 1) يان؛ قاتار؛ ئەتراپ، يېقىن يەر؛ 2) قوشنا.

جىيفە [جيفه] (ئە) ھارام، ھارام ئۆلگەن ھايۋان:

چۇ سىفلەگەنىج تاپار، مۇجىبى ھەلاكى ئېرۇر،
كى جىيفەدۇر مۇشۇك ئىلكىگە چۈن تۇشەر مەسلۇخ.

— نەۋايى.

2) مال - مۈلۈك، بايلىق.

چ

چابۇك [چابك] (پ) 1) چاققان، تېز، ئىلدام:

كېزەر ئېردى باقىپ ھەر پېشەۋەرنى،
كى كۆردى نەچچە چابۇك تىشەۋەرنى.

— نەۋايى.

ئۇشبۇ سۆزلەرنى جىنەستە ئاڭلابان دەرھال كېلىپ،
چۈشتى چابۇك ئۈجمەنىڭ سىر راھىنى ئالدى كېلىپ.

— ئابدۇقادىر داموللام.

2) شوخ:

خىزمەت چاغىدۇر چابۇك ئول، ئەي قاسىدى دانا، بول بادىيە پەيما.
تاكاشىغەر ئۇلغۇنچە ساڭا مەنزىلۇ مەئۋا، كەز ئۆلكەۋۇ سەھرا.

— ئابدۇجېلىل داموللاھاجى.

چابۇك ئەندىشە — تېز پىكىر، ئۆتكۈر زېھىن.

چابۇك پا — ئايىغى چاققان، تېز؛ تېز يۈرەر.

چابۇك خىرام — «چابۇك پا» غا قاراڭ.

چابۇك خىز — تېز چاپار، چاققان.

چابۇك خەيال — پەملىك، پاراسەتلىك.

چابۇك دەست — چاققان، ئەپچىل.

چابۇك رەقەم — تېز يازار.

چابۇك رەقەم چەكمەك — تېز يازماق:

چۇ سەفھەگە چەكتىمۇ چابۇك رەقەم،
نۇقۇلات سەترىدە چاپتى قەلەم.

— ئا. نىزارى.

چابۇك رىكاب — «چابۇك سەۋار» غا قاراڭ.

چابۇك سەۋار — ئات مىنىشكە ماھىر، چەۋەنداز:

ئول بۇتى چابۇك سەۋار ئولغاچ سەمەندىن سەكرەتۇر،
تىترەگۈچ باشىغە سانجىپ ئالەم ئەھلىن تىترەتۇر.

— ئەرشى.

چابۇك سۇخەن — سۆزمەن.

چابۇك قەدەم — «چابۇك پا» غا قاراڭ.

چابۇك مەۋزۇن — خۇش پىچىم.

چابۇك ئولماق — تېز، چاققان بولماق:

چۈن بولدى ئىجازەت ماڭا ئول ھەزرەتى پىردىن، چابۇك ئولە قاچتىم،
ئانداقكى قەفەسدىن بوشۇغان مۇرغى خۇش ئاۋاز، يا بۇلبۇلى گويا.

— ئابدۇجېلىل داموللاھاجى.

چابۇكلۇق [چابك لوق] چاققانلىق، تېزلىك:

قەدى رۇھ ئافەتى چابۇكلۇق ئىچرە،
بېلى جان رىشتەسى نازۇكلۇق ئىچرە.

— نەۋايى.

چابۇن [چابون] پەردە.

چابون ئەتمەك — پەردىلىمەك، توسماق:

ناگاھ، ئۇكۇ چەكمەگەي دەبان ئۇن،
تۇمشۇغى ئېتىپ كۆزىنى چابۇن.

— نەۋايى.

چابون قىلماق — «چابۇن ئەتمەك» كە قاراڭ.

چاپ [چاپ] (پ) بېسىش؛ باسما.

چاپ ئەتمەك — باسماق.

چاپ قىلماق — «چاپ ئەتمەك» كە قاراڭ.

چاپار [چاپار] (پ) خەت توشۇغۇچى، پوچتىكەش.

چاپان [چپان] چاپان، تون؛ جەندە:

ۋەيا كىيسەم چاپان قىلسام گەدالىق،
ئۇشۇنداغدا بولۇرمۇ ئاشنالىق.

— موللا فازىل.

چاپچى [چاپچى] كىتاب باسقۇچى، باسما ئىشچىسى.

چاپخانە [چاپخانه] (پ) باسمىخانا.

چادىر [چادر] (پ) چېدىر:

چىقىپ نېچۈككى قارا مەخمەلىنە چادىر ئارا،
بەرەھنە ياتسە بۇتى سىيمى پەيكەرى دىلدار.

— ئابدۇجېلىل داموللاھاجى.

چادىر شەب — چايشاپ.

چار [چار] (پ) «چەھار» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى، «چەھار» غا قاراڭ:

چار فەسل دەير ئىچىدە فارىغ ئېرمەس غۇسسەدىن،
چەڭ مۇغەننى چارگاھىڭ، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.

— ئەرشى.

چار ئەناسىر — تۆت زات: سۇ، توپا، ئوت، ھاۋا:

قىبلەنى بىر بىلمەدىم ئالتە جەھەتتىن ھەنوز،
چار ئەناسىر بىلەن ئاڭلاماغ ئەمرۇ مەھال.

— زەلىلى.

چار باغ — شەھەر سىرتىدىكى ھاۋالىق جاي، قورغانلىق

باغ:
دامەنى سەھرايى ھەممە چار باغ،
بىۋە خاتۇنلار يىيىشتى گوشتۇ ياغ.

— زەلىلى.

چارە [چارە] (پ) ئىلاج، تەدبىر:
چۇ فەرھاد ئاندا نەزارە قىلىپ،
كى رەھم ئەيلەدى ئەلگە چارە قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

چارە ئەتمەك — ئىلاج قىلماق.
چارە ئەندىش — چارە ئىزدىگۈچى.
چارە پەرداز — چارە قىلغۇچى، ئىلاج قىلغۇچى.
چارە پەيۋەند — چارە تاپقۇچى، ئىلاج قىلغۇچى.
چارە تاپماق — ئىلاجىنى قىلماق:
ھەۋەس قىلدى ئايىنە نەززارەسىن،
ئانىڭدا تاپارغە كۆڭۈل چارەسىن.

— ئا. نىزارى.

چارە خاھ — چارە ئىزدىگۈچى:
ھەكىمۇ ئەتىببانى جەمئ ئەتتى شاھ:
«كى شەھزادە رەنجىگە بول چارە خاھ!»

— ئا. نىزارى.

چارە رەس — ئىلاج قىلغۇچى.
چارە ساز — چارە قىلغۇچى:
بۇلار رۇھىغە كۆرگۈزۈپمەن نىياز،
فەقىر ناتەۋانغە بولۇپ چارە ساز.

— ئا. نىزارى.

چارە سەنج — چارە قىلغۇچى.
چارە سىگال — چارە كۆرگۈچى.
چارە كۇش — چارە تېپىشقا تىرىشقۇچى، جان كۆيەر.
چارە نەما — چارە كۆرسەتكۈچى.
چارە جو [چارەجو] (پ) چارە ئىزدىگۈچى، ئىلاج تاپقۇچى.
چارەگەر [چارەكر] (پ) چارە كۆرگۈچى.
چار پارە [چار پارە] (پ) تۆت پارچە؛ يىرتىق.
چارچوب [چار چوب] (پ) كىشەك، رامكا.
چارسەد [چارصد] (پ) تۆت يۈز:
يەنە مۇجتەھىدلەر ئىرۇر چار سەد،
كى ئاندا بولۇپ ئىنتىقالى جەسەد.

— ئا. نىزارى.

چارسۇ [چارسو] (پ) 1) تۆت بۇرجەكلىك. 2) تۆت كوچىنىڭ بىرلەشكەن جايى، تۆت كوچا ئاغزى.
چارگاھ [چاركاه] (پ) ئۇيغۇر كۈي ئىككى مۇقامىنىڭ بىرىنىڭ نامى:
چار فەسل دەير ئىچىدە فارىغ ئىرمەس غۇسسەدىن،
چەك مۇغەننى چارگاھنىڭ، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.

— ئەرشى.

چارمىخ [چارميخ] (پ) گۇناھكارلارنى ئىككى قول ۋە ئىككى پۇتىنى باغلاپ ئازابلاش ئۈچۈن تۆت تەرەپكە قېقىلغان مىخ، قوزۇق.
چارىك [چاريك] قوشۇن، لەشكەر، ئەسكەر.
چارىيەك [چاريك] (پ) تۆتتىن بىر ئۈلۈش، چارەك.
چاسۇ [چاسو] (پ) «چارسۇ»غا قاراڭ:
دادام بىرلە ئانامغە چاسۇ ياغلىق،
قويۇپدۇر ئۆزگەگە يانچۇقغە چاغلىق.

— موللا نىياز.

چاش [چاش] (پ) «چاشت»قا قاراڭ:
پەيكەرىم گۈل يولدا بولۇپ بەندى بەند،
چاش مەھەلىدە يېتىپ تەختى بەند.

— زەلىلى.

چاشت [چاشت] (پ) چۈش ۋاقتى:
چاشت بولۇپ ئەردى باۋەر خۇدا،
بولدى نەمايان سەۋادى نىيا.

— زەلىلى.

چاشتگاھ [چاشتكاه] (پ) چۈشكىچە بولغان ۋاقىت.
چاشگاھ [چاشكاه] (پ) «چاشتگاھ»قا قاراڭ:
نەسىب بولۇپ ئەردى مەگەر چاشگاھ،
بولدى زىياد ھەممەدە دەردۇ ئاھ.

— زەلىلى.

چاشنى [چاشنى] (پ) 1) لەززەت، تەم:
سۆھبەتى پىرى مۇغاندىن چاشنى تاپقاچ كۆڭۈل،
ئۈلفەتى دۇنيا پەرەستى سىغلەسىدىن تەگدۇر.

— زەلىلى.

2) بەھرە:
دىماغىم چاشنىسى تاپمادى فەريادى بۇلبۇلدىن،
چەدىسى خەتتۇ خالىڭ قىلمادىم يا ھەرفى كاكۇلدىن.

— زەلىلى.

چاغىر [چاغر] مەي، شاراب:
بەگۇ ئەفيۇن، چاغىر بىلە بوزە،
ئىچەدۇر ئالدىدا قويۇپ كوزە.

— موللا قۇربان.

چاقىر [چاقير] «چاغىر»غا قاراڭ.
چاقىلماق [چاقيلماق] ئوت ئالماق، يانماق؛ ئۆرۈلماق،

چېقىلماق:
چاقىلۇر ئېركەن سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتى ئاھىم بىلە،
كىزلەسەم جان ئىچرە سىررىڭنى كۆزۈم ياشى چاقار.

— ھافىز خارەزمى.

چاقىن [چاقين] چاقماق، چېقىن:
چاقىن ھەرياندىن ئولغاچ بولسە يەردىن تافەلەك زاھىر،
تەجەللى شەۋقىدىن ئارىغە خىلۋەت مەسكەنى جانان.

— ناقىس.

چاك [چاك] (پ) 1) يىرتىق، يېرىق، چاك:
ئۇرۇبان خەنجەرى غەم كۆكسىگە چاك،
قىلىبان ياقاسىدىن تا ئېتەك چاك.

— موللا فازىل.

2) يارا، جاراھەت:
ھەيئەتتە چۇ قىلسە سەيرى ئەفلاك،
بۇ رەيھان سىنەسىن ئېتەر چاك.

— ئابدۇجېلىل داموللاھاجى.

چاك ئەتمەك — 1) يارماق، تىلماق:
قاش ئاتىپ قوزەھ ياسىن، تەگدى تىيرى مىژگانى،
چاك ئېتىپ تىلىپ باغرىم تاپمادىم چى دەرمانى.

— شەھىدى.

2) چاك قىلماق، يىرتماق. 3) ئاچماق، كولىماق.

چاك ئەيلەمەك — «چاك ئەتمەك» كە قاراڭ:
چۇ دەفن ئەتكەلى يەرنى چاك ئەيلەدى،
لەھەد ھۇكمىدە بىر مەغاك ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

خەنجەرى ھىجران ھۇجۇمى ئەيلەدى باغرىمنى چاك،
بىر قىيا باقماق بىلە گۇل غۇنچە خەندان سۇرەتى.

— ئا. نىزارى.

چاك ئېرمەك — چاك بولماق، يىرتىلماق:
ياز فەسلى بارچە شادۇ، كۆڭلۈمىز غەمناك ئېرۇر،
گۇل بىكىن جان كۆڭلەكى ھىجران ئېلىندىن چاك ئېرۇر.

— لۇتفى.

چاكەر [چاكر] (پ) خىزمەتكار، چاكار:
بۇ سوفىيانى رىيايىلاردىن سەفا تاپماي،
غۇلامى چاكەرى رىندان دەردى نۇش ئەردىم.

— زەلىلى.

چاكەر بولماق — خىزمەتچى بولماق:
بۇ يەڭلىغ كۇن ماڭا بولسە مۇيەسسەر،
ماڭا فەتھى زەفەر بولغايلا چاكەر.

— موللا فازىل.

چاكەران [چاكران] (پ) [بىرلىكى: چاكەر] خىزمەتكارلار:
كەربەلادۇر چاكەرانى ئالى مەرۋان قايداسەن،
مەن غۇلامۇ ھەيدەرۇ دۇلدۇل سەۋارى ئاشىقان.

— زەلىلى.

چاك - چاك [چاك چاك] (پ) تىلىم - تىلىم.
چاك - چاك ئەتمەك — تىلىم - تىلىم قىلماق.

چاكلىغ [چاكليغ] يارا، يارىلانغان.

چاڭگال [چنكال] «چەڭگال» غا قاراڭ:
چاڭگالى غەمزەڭگە رەۋان جانىم قۇشى بولغاي ئەسىر،
كۆزۈڭنى باز ئەتكەن ئارا كىم ھەملەئى بار ئەتكەسەن.

— ھافىز خارەزمى.

چال [چال] (پ) خەندەك، ئورەك.

چالاب [چالاب] (پ) سۇ ئورىكى.

چالاك [چالاك] (پ) 1) چاققان، تېز:
بۇ بىچارە تەخى سۆزدە ئىدى پاك،
قاراپ قالدى يۈزىگە شەيخ چالاك.

— موللا فازىل.

2) كېلىشكەن، خۇشبۇي:
مەن پاك نەزەر بىرلە گۇشۇل پاكنى سەۋدۇم،
غەمزە بىلە جان ئالغۇچى چالاكنى سەۋدۇم.

— ھافىز خارەزمى.

چالاك ئەيلەمەك — چاققانلىق قىلماق؛ شوخلۇق قىلماق:
مەي تۇتۇپ ساقى بۇ كۇن كۆڭلۈم تەرەنناك ئەيلەمىش،
بادە ئىچكەن شوخلاردەك داغى چالاك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

چالماق [چالماق] 1) باغلىماق، تاقىماق. 2) ئۇرماق، يىقىتماق:
ساڭا نە بولدى بۇ نە ھالغە قالدىڭ،
مېنى باغرىم بىلەن توفراققە چالدىڭ.

— موللا فازىل.

3) چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالماق.

چالىغ [چاليغ] (پ) يۈگۈرۈك، تېز؛ ئۆتكۈر.

چام [چام] مۆلچەر، قىياس؛ كۈچ، ماجال؛ قەدەم، باسقۇچ.

چاھ [چاه] (پ) 1) قۇدۇق:
تەشنەلىك قالمادى لەبىڭ شورماي،
نى شەرابۇ نەچاھى زەمزەمدە.

— زەلىلى.

2) ئورا، يەر ئاستى ئىمە:
ھەمە ھاسىلىڭنى تىقىپ چاھغە،
تۇرۇپسەن بەھاسىن تىلەپ ئاھغە.

— غەرىبى.

3) زىندان:

باش چېكەرسەن تا فەلەككە خەلقنىڭ ئىكرامىدىن،
ئەي ھەماقەت پىشە، ئەمدى مۇستەئىددى چاھ بول.
— ناقىس.

چاھغە سالماق — قۇدۇققا تاشلىماق؛ غەم - قايغۇغا سالماق:
ئىتقىيا زۇھدنى رىياغا سالىپ،
تائەتنى ياشۇردى چاھغە سالىپ.
— موللا قۇربان.

چاھى زەقەن — ئېڭەكنىڭ چوڭقۇر يېرى:
زۇلفۇڭ كەمەندى بەند ئېتەرگەر زال بولسۇن ۋەر پىژەن،
كىم قىلدى يوق ئىشق ئەھلىدىن يۈزىمىڭنى ئول چاھى زەقەن.
— ناقىس.

چاھى زەنەخدان — كۈلگەندە يۈزدە ھاسىل بولىدىغان زىناق:
مېنى ئاشۇفتەيۇ مەجنۇن قىلۇر زۇلفى پەرىشانىڭ،
كۆڭۈلنى ھەم سالۇر زىندانغە ئول چ ھى زەنەخدانىڭ.
— ھافىز خارەزمى.

چاۋۇش [چاوش] (پ) 1) ھۆدەيچى (ئەرز ئېيتقۇچىلارنى شاھقا مەلۇم قىلغۇچى ئوردا ئەمەلدارى). 2) ئىشىك ئاغىسى، قاراۋۇل:
كارۋان مەنزىلگە يەتتى، كەلمەدى باڭى جەرەس،
ئەي زەلىلى، بىخەبەرسەن كەتتى چاۋۇشى كېچە.
— زەلىلى.

چاي [چاى] چاي.
چاي جۇش — قايناق، قىزىق چاي:
بۇ شىۋەنى مەگرۇز تۇت، ئەي يار نەدىم،
كۆرگىل بۇ نەچە نېئمەت ئەزىمايى ئەزىم.
قىسمەت ئاڭا ئەيلەپ ئېرمىش ئول ھەييى قەدىم،
چىنى بىلەن چاي، چاي جۇش چىلىم.
— ئەرشى.

چەپ [چپ] (پ) سول؛ تەتۈر، كاج.
چەپۇ راست — سول ۋە ئوڭ، سولغا ۋە ئوڭغا.
چەپەر [چپر] (پ) «چاپار»غا قاراڭ:
چەپەر سەييارەسى سەۋۋاقى يۈرگىل ئۆيلە سۈرئەتدە،
كى سەيرىڭنى كۆرۈپ بادى سەبا قالسۇن خىجالەتدە.
— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

چەتر [چتر] (پ) 1) چېدىر:
نۇزۇل ئەيلەدى باغ ئارا نىك بەخت،
كى چەتر ئارا قۇردى زەررىنە تەخت.
— ئا. نىزارى.
2) سايىۋەن:
چۇ زەرب تىغى بىرلە تەنىم ئۆزرە سەتر،
يۈزۈمدە ياپىغلىقكى زەررىن چەتر.
— ئا. نىزارى.

چەترى سىياھ — قاراڭغۇلۇق؛ بەختسىزلىك:
گۇنبەزى گەردۇن سەۋاد كىم دۇدى ئاھىڭدۇر سېنىڭ،
ئەبرى ئەرمەس ئۆرلەگەن چەترى سىياھىڭدۇر سېنىڭ.
— ئەرشى.

چەترى شاھ — بەختلىك:
يار ھۆسنى پەرتەۋى تۈشكەچ كۆڭۈلدۇر چەترى شاھ،
جىلۋە قىلماق كېچەلەر ئەمدى ماڭا، ئەي چېھرى ماھ.
— ناقىس.

چەترى ئىقبال — بەخت، تەلەي.
چەرا [چرا] (پ) ئوتلاق، يايلاق.
چەراغ [چراغ] (پ) چىراغ؛ نۇر، يورۇقلۇق.
چەراغان [چراغان] (پ) «چىراغان»غا قاراڭ:
زەلىلى تەلبەگە ئالەم قاراڭغۇ بولسا غەم يەرمۇ،
چەراغان ئەيلەدى ئالەمنى گويا داغى ھىجرانىم.
— زەلىلى.

چەراكىم [چراكيم] (پ) شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈنكى:
چۇ فەرھاد كۆڭلى مۇشەۋۋەش ئىدى،
چەراكىم ۋۇجۇدىدا ئاتەش ئىدى.
— ئا. نىزارى.

چەراكىم بۇلار بارچەسى بۇتتەراش،
ياغاچتىن سەنەم قىلغۇچى قارى - ياش.
— ئا. نىزارى.

چەراگاھ [چراكاه] (پ) يايلاق، ئوتلاق.
چەرب [چرب] (پ) 1) ماي.
چەربى بادام — بادام مېيى:
كى مالىش بېرىپ چەربى بادامغە،
تەلا ئەيلەدى ھەفت ئەندامغە.
— ئا. نىزارى.

2) چېچەن، ئۇستا.
چەرب دەست — چەبدەس، چاققان؛ ئۇستا.
چەرب زەبان — تىلى ياغلىما؛ سۆزمەن؛ شېرىن سۆز.
چەرخ [چرخ] (پ) 1) چاق 2) ئايلىنىش:
ئەي فەلەك، چەرخىڭ بۇزۇق، كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى،
مەيلى بارۇ مەيلى يوققە ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.
— شەھىدى.
3) كۆچمە: ئاسمان، پەلەك، كۆك. 4) كۆچمە: زامان، دەۋر:
بۇ يەڭلىغ ئېرۇر چەرخنىڭ قىلمىشى،
ۋەفاسىز ئېرۇر دەھر گەردۇن ئىشى.
— ئا. نىزارى.

5) كۆچمە. تەقدىر، تالەي، بەخت:

چۈن نەزەرگە تىرەلىك يوق چەرخ مېھرىن كۆردىكىم،
كويى گەردىن سۈرمە ئەيلەپ، ئەرشى، كۆزۈڭنى يارۇت.

— ئەرشى.

چەرخ ئاسا — چاقسىمان؛ ئاسماندەك.

چەرخ ئاشيان — يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

چەرخ ئەتمەك — ئايلانماق.

چەرخ ئەيلەمەك — «چەرخ ئەتمەك» كە قاراڭ.

چەرخ دەبىرى — مىركۇرىي يۇلتۇزى.

چەرخ دەۋايىرى — پەلەكنىڭ ئايلىنىشى.

چەرخ دەۋران — تەلەينىڭ قايتا كېلىشى:

تۇتاشتى ۋۇجۇدىغە ھىرمان ئوتى،
نە ھىرمان ئوتى، چەرخ دەۋران ئوتى.

— ئا. نىزارى.

چەرخ فەرسا — كۆككە تۇتاشقان، ئەڭ يۇقىرى.

چەرخ قەۋسى — ئۇپۇق.

چەرخ ئۇرماق — ئايلانماق:

باشىڭدىن چەرخ ئۇرۇپ مەن رىشتەئى مېھرىڭگە چىرماندىم،
فەلەك ھەم بولمادى ئىشقىڭ ئارا پەركار مەن يەڭلىغ.

— گۇمنام.

چەرخى ئەتلەس — ئاسمان، كۆك

چەرخى ئەخزەر — كۆپكۆك ئاسمان:

ئەگەرچە چەرخى ئەخزەر باشىغە خۇرشىد تاج ئولدى،
ئېرور مۇھتاج باشىن چەرخ ئېتىپ خورى تەجەللىغە.

— ناقىس.

چەرخى ئەرشا — ئاسمان سۈيەر.

چەرخى ئەنجۇم — يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى.

چەرخى ئەئزەم — بۈيۈك ئاسمان.

چەرخى ئەئلا — ئەڭ ئېگىز ئاسمان.

چەرخى بەرىن — ئېگىز ئاسمان:

زەلىلى، بىسەرۇ سامانلىغىڭنى سورماغىل مەندىن،
ساڭا مەئلۇم ئەمەسمۇ گەردىشى چەرخى بەرىن دەرلەر.

— زەلىلى.

چەرخى بىباك — بىپەرۋا ئالەم.

چەرخى پابەرخا — قىمىرلىماس ئاسمان:

كىمسەنىڭكىم مېھر، ماھى كۆڭلىدە قىلماس سۇكۇن،
سىدق ئەتۋارىندا ئول چۈن چەرخى پابەرجا ئەمەس.

— ئەرشى.

چەرخى پەيما — ئېگىز ئاسمان.

چەرخى پەيمەي — «چەرخى پەيما» غا قاراڭ.

چەرخى پۇرفەن — ھىيلىگەر دۇنيا، مەككار دۇنيا.

چەرخى پىر — كونا دۇنيا.

چەرخى دۇن — تەتۈر ئايلانغۇچى؛ پەسكەش پەلەك.

چەرخى زالىم — زالىم پەلەك، كاج تەقدىر:

مەئلۇم قىلاي ئەمدى ئەرزى ھالىم،
نى قىلدى ماڭا بۇ چەرخى زالىم.

— موللا نىياز.

چەرخى رەفىئ — ئېگىز ئاسمان.

چەرخى كەجرەفتار — تەتۈر ئايلانغۇچى پەلەك:

ئەي ھۇۋەيدا، بولما ئول بۇ چەرخى كەجرەفتارغە،
لەھزەدە يۈز شىيۋەلەر بۇنياد ئەتتۇردى فەلەك.

— ھۇۋەيدا.

چەرخى كەيۋان — زۆھەل يۇلتۇزىنىڭ زاھىر بولۇشى:

ئەنجۇبەئى ئىلاھى كەۋنەين پادىشاھى،
خىرگاھى بارگاھى چەرخى كەيۋان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

چەرخى كۆھەن — كونا دۇنيا.

چەرخى گەردان — پەلەك چاقى، تەقدىر:

چۇ تىترەپ تېنى بىدىلى زار كەبى،
باشى ئايلانىپ چەرخى گەردان كەبى.

— ئا. نىزارى.

چەرخى گەردۇن — «چەرخى گەردان» غا قاراڭ:

كى سەرگەشتەمىز چەرخى گەردۇن كەبى،
نە گەردۇن كەبى بەلكى مەجنۇن كەبى.

— ئا. نىزارى.

چەرخى مەككار — ھىيلىگەر پەلەك:

چەرخى مەككار ھىيلىسىدىنكىم كىنايەت ئەيلەيىن،
ئەھلى ئالەمدىن نەچە تەئرىف شىكايەت ئەيلەيىن.

— ئابدۇقادىر داموللام.

چەرخى مۇخالىف — تەتۈر پەلەك.

چەرخى مۇدەۋۋەر — توختىماي ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك.

چەرخى مۇقەۋۋەس — يايغا ئوخشاش پەلەك.

چەرخى مۇلايىب — ئويناشقۇچى، نەيرەڭۋاز پەلەك.

چەرخى نىگۇن — تەتۈر پەلەك؛ تەلەيسىزلىك:

گۆزىدە سەرگەشتە ئەيلەپ دەھر ئارا چەرخى نىگۇن،
ۋەھشى قىلغان ئېردى كۆڭلۈمنى بەلىيەت تاغىدا.

— ئا. نىزارى.

چەرخى نىلگۇن — كۆك ئاسمان.

چەرخى نىلۇفەر — نىلۇپەر ئاسمان.

چەرخى ۋاژگۇن — تەتۈر پەلەك، كاج پەلەك:

بۇ چەرخى ۋاژگۇن بىچارە ئاشىقلارنى زار ئەتتى،
كى نادانى سەرەفراز ئەيلەبان دانانى خار ئەتتى.

— موللا قۇربان.

چەرخاب [چرخاب] (پ) 1) قايىنام. 2) سۇ تۈگمىنى.

چەرخپەرۋاز [چرخ فرواز] (پ) كۆككە ئۇچقۇچى، پەرۋاز قىلغۇچى.

چەرخزەن [چرخ زن] (پ) ئۇسسۇلچى.

چەرخمانەند [چرخ مانند] (پ) ئاسمان كەبى.

چەرخۋار [چرخ وار] (پ) ئاسماندەك.

چەرخۋەش [چرخوش] (پ) ئاسماندەك كاتتا.

چەرگە [جر كه] (پ) دائىرە، ھالقا؛ گۇرۇھ، توپ.

چەرگە بولماق — توپ بولماق، قىسىلماق:

گۇل ئاغرىق سەندە ئىبرىمىش بىزدە بولدى،
يۈرەك باغرىم تامامى چەرگە بولدى.

— موللا فازىل.

چەرگەر [چركر] (پ) چالغۇچى، سازەندە.

چەرم [چرم] (پ) 1) چەم:

بەقەر چەرمىنى تاسما قىلماق ئىشىڭ،
بۇ ھىرفە ئارا ئۆتتى يازۇ قىشىڭ.

— غەرىبى.

2) تېرە:

باسماغاچ ياتقان كۆڭۈللەرنى يولۇڭدا قامەتىڭ،
بولدى بۇ چەرمىغە ئىككى كاكۇلۇڭدىن دەررىسى.

— ناقىس.

چەرمىن [چرمين] (پ) چەمدىن تىكىلگەن.

چەرىك [چريك] (پ) ئەسكەر؛ قوشۇن.

چەشم [چشم] (پ) كۆز:

رەقىبلەردىن غەمىم يوق بەرسە راھەت غەمزەئى چەشمىڭ،
ئانى بەرھەم ئۇرارغە كىرپىكىڭ خەيكلى سىپاھىدۇر.

— گۇمنام.

چەشم باز — كۆز ئويناتقۇچى:

نەزەر قىلغىل، تەقى ھالىمنى بىلگىل،
ساڭا ئوخشاش چۇ يوقدۇر چەشم بازى.

— ھافىز خارەزمى.

چەشمۇ ئەبرۇ — كۆز - قاش:

نەزەرغە كەلتۈرۈر جانىنى ھافىز،
ئىشارەت ئەيلەسە گۇل چەشمۇ ئەبرۇ.

— ھافىز خارەزمى.

چەشمى خۇن فىشان — كۆزدىن قان ئېقىش؛ قان تېمىش:

كۆزۈ قاشىڭغە جانۇ دىل بارىن ئىسار قىلمىشلار،
لەبىڭ يادىدا گەۋھەر بار چەشمى خۇن فىشانىمدۇر.

— ئەرشى.

چەشمى گىريان — يىغلىغان كۆز، دائىم يىغلايدىغان كۆز.

چەشمەئى ھۇسن — گۈزەل، چىرايلىق كۆز:

چەشمەئى ھۇسنۇڭدىن، ئەي جان، قەترەئى نۇش ئەتكەلى،
خىزىر يەڭلىغ ئالەم ئىچرە زىندەدۇر ئايۇ قۇياش.

— ھافىز خارەزمى.

زەھرى چەشم — يامان كۆز بىلەن قاراش.

چەشمە [چشمه] (پ) بۇلاق:

تاغۇ تىزنىڭ سۇيى كېتىپ نارى،
چەشمەلەردىن سۇھەم ئەمەس جارى.

— موللا قۇربان.

چەشمە سار — بۇلاقلار كۆپ بولغان جاي:

چەشمە سارى مەشرەبىڭ ھەريان قىلۇر تۇرلۇك زۇھۇر،
ئۆزلۈكىدىن كۆكتە كەۋسەر، يەر ئۈزە زەمزەم ئەمەس.

— ئەرشى

چەشمە سۇ — بۇلاق سۈيى:

رەياھىن ۋەرد ئىچرە بىر چەشمە سۇ،
كى ھەيۋان سۈيىدىن ئىبرۇر نۇكتە بۇ.

— ئا. نىزارى.

چەشمەئى دەرد — دەرد - ئەلەم بۇلىقى.

چەشمەئى زىندەگانى — ھاياتبەخش بۇلاق.

چەشمەئى مىھر — قۇياش، ئاپتاپ.

چەشمەئى ھەيات — ھايات بۇلىقى.

چەشمەئى ھەيۋان — تىرىكلىك بۇلىقى، ئابىھايات.

چەشمە يەڭلىغ — بۇلاقتا ئوخشاش، بۇلاقتەك:

ئەمرى سەرەندىب ئىشتتى سۆزىن،
قىلىپ چەشمە يەڭلىغكى ئىككى كۆزىن.

— ئا. نىزارى.

چەشمە نەۋبەھار — ياشلىق بۇلىقى:

چەشمە نەۋبەھارىڭغە مەن نە دېپ بەھا ئايتاي،
لەبلەرىڭ قىزىلگۈلدەك ئابدانە رۇممانى.

— شەھىدى.

كۆز چەشمەسى — كۆز بۇلىقى، كۆز يېشى:

بەلايى ئىشقىدىن بولدى كۆزۈمنىڭ چەشمەسى دەريا،
ئەلىفتەك قەددىم گۇل دەريانىڭ ئىچرە كۆرۈنۈر يەكتا.

— ھافىز خارەزمى.

چەشم بەند [جشم بند] (پ) كۆز باغلىغۇچى.

چەشمخانە [چشم خانه] (پ) كۆز چانىقى، چاناق.

چەشن [چشن] (پ) تەنتەنىلىك يىغىلىش، بەزم.

چەشن تۈزمەك — بەزمە قۇرماق.

چەغانە [چغانه] (پ) ساپايى:

دەرياۋۇ كۇھ دەشتى جۇنۇت ئەيلەگەي مەقام،
ئاۋارەگى ھەمدەمى چەڭ، چەغانەدۇر.
— زەلىلى.

چەغرە [چغر] (پ) خەۋەرچى، ئۇقتۇرغۇچى:
نە ئىمامى شەھر بولدۇم نەمۇئەززىنىان چەغرە،
نەچۇ سۇفىئى رىيايى نەقەلەندەران نۇكرە.
— زەلىلى.

چەڭ I [چك] (پ) تامچە، قەترە.

چەڭ II [چك] (پ) ئېڭەك، مەگىز:
سەن بولماساڭ جەننەت ئاراكىم ئارزۇ قىلغاي ئانى،
ھۇسنۇڭ چەكى ئاچىلمەسە ھەرگۇلكى بار بولغاي خەزان.
— ناقىس.

چەكمەك [چيكماك] 1) تارتماق، باشتىن كەچۇرمەك:
زەۋق ئېتىپ جەبرۇ جەفاسىن جان بىلە چەككەي ئىدىم،
ياد قىلسە گاھى گەھ يارى جەفاكارىم مىنى.
— ھافىز خارەزمى.

2) تارتماق، ئۇرماق:
چەككىل قىلىچىڭنى تەقى مەن خەستەنى چاپقىل،
سەنسىز چۇ تىرىلمەك ماڭا ئەسرى قارا قىندۇر.
— ھافىز خارەزمى.

3) تىكىپ، سىزىپ، ئويۇپ، بېزىمەك:
چۇ سۆز ۋادىسىغە سۇرۇپ رەخشىنى،
قەلەم گامى بىرلە چېكىپ نەقشىنى.
— ئا. نىزارى.

4) قىلماق، ئەتمەك:
فەنا فەرراشى ئەيلەپ سۇبھىنىڭ سىيمىن پەرۇ بالىن،
مۇرەسسەئ تارى مىژگانىنى جارۇبى ھەرەم چەكتى.
— ئەرشى.

5) چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك:
نەچە يىل چېكىپ سەن ئۇچۇن رەنجىنى،
زەماندىن كۆرۇپ تۇرفە ئىشكەنجىنى.
— ئا. نىزارى.

6) ياسىماق، تەييارلىماق:
چۇ بىرلەمئە قەۋسى قۇزەھ چەكتى ياي،
تولۇئ ئەيلەدى كەيندىن تولۇن ئاي.
— ئا. نىزارى.

7) سۆزلىمەك:
يۇرۇبان چېكىپ ئاغزىدا ئەلفىراق،
نىگارى ئۇچۇن تارتىبان ئىشتىياق.
— ئا. نىزارى.

ئاھ چەكمەك — ئاھ ئۇرماق:
چېكىپ ئول زەمان ھەر بىرى ئوتلۇغ ئاھ،
كى بىخۇد يىقىلدى بولۇپ خاكى راھ.
— ئا. نىزارى.

ئاھى سەرد چەكمەك — سوغۇق، ئاچچىق ئاھ ئۇرماق:
كى شەھزادە قاتتىق چېكىپ ئاھى سەرد،
دېدى: *«دۇشمەن ئېرمەس، ئېرۇر شىرى مەرد.»*
— ئا. نىزارى.

ئەفغان چەكمەك — پىغان قىلماق، نالە قىلماق:
ئەجەب نۇكتەكەر بىرلە ئەفغان چېكىپ،
ئۇرۇپ باشىغە دەردى ھىجران چېكىپ.
— ئا. نىزارى.

ئەلەم چەكمەك — ئەلەم تارتماق.

پەركار چەكمەك — دائىرىسىنى سىزماق، بەلگىلىمەك:
نە قەريە يوقكى سەۋادىدا سۇرمەدەك مەركەب،
نە شەھر يوقكى مەدارىدا چەكمەدەك پەركار.
— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

تىغ چەكمەك — تىغ تارتماق، تىغ ئۇرماق.

تىل چەكمەك — سۆزلىمەك:
تورۇپ بەزم چەكتى رىۋايەتكە تىل،
جەھان ۋاقىئاتىن قىلىپ قالۇ قىل.
— ئا. نىزارى.

جام چەكمەك — ئىچكۈلۈك ئىچمەك، مەي ئىچمەك:
ھەمول زار فەرھاد فەرخۇندە فام،
چېكىپ يار يادى بىلە نەچچە جام.
— ئا. نىزارى.

رەقەم چەكمەك — يازماق، پۈتمەك:
رىۋايات نەققاشى چەكتى رەقەم،
كى چىن سەفھەسىگە سۇرۇپدۇر قەلەم.
— ئا. نىزارى.

ساز چەكمەك — ساز چالماق.

سەلا چەكمەك — چاقىرماق، دەۋەت قىلماق.

سىپاھ چەكمەك — ئەسكەر تارتماق.

سىتەم چەكمەك — زۇلۇم كۆرمەك، ئېزىلمەك.

فىراق چەكمەك — ئايرىلىش، جۇدالىق دەردىنى تارتماق:
ئۇرۇپ ئاھ لەيلى چېكىبان فىراق،
مۇھەببەت نەۋاسىغە سالدى قۇلاق.
— ئا. نىزارى.

فىغان چەكمەك — زارلانماق، ئىڭرىماق:
ئول ئىتدەك بەياباندا چەكمىش فىغان،
ئۇرۇپ پويە ئول سارى بولمىش ئەيان.
— ئا. نىزارى.

قول چەكمەك — قولىنى تۇتماق؛ قوللىماق:

قول بەردى ئىنايەت بىلە ئەمدى ماڭا جانان،
گويا ئۆزىنە چەكدى قولىن لۇتۇق ئىلە سۇلتان.

— ھافىز خارەزمى.

قۇللاب چەكمەك — بەند قىلماق، باغلىماق.

نالە چەكمەك — نالە قىلماق، ئاھ ئۇرماق:

فىغان بىرلە نالە چېكەر ھەمدەمى،
مۇشۇ ھەم چىقار چۇن سەدايۇ دەمى.

— ئا. نىزارى.

نەۋا چەكمەك — كۈيلىمەك؛ سايرىماق:

دىلئارا نەۋا چەكتى مۇنداغ كەلام،
چۇ مەسئۇد دىماغىغە يەتتى مەشام.

— ئا. نىزارى.

ئۈن چەكمەك — ئاۋاز چىقارماق، ئۈن چىقارماق؛ نالە قىلماق، يىغلىماق:

دېدى قىز: *«تەۋەھھۇم بىلە چەكمە ئۈن،*
يەنە بىر كېلۇرغە ئاڭا تۆرت كۈن!»

— ئا. نىزارى.

ئىشتىياق چەكمەك — سېغىنماق:

چىقىپ تۈندە لەيلى چېكىپ ئىشتىياق،
سەدا جانىبىغەكى قويدى ئاياق.

— ئا. نىزارى.

چەڭ I [چنک] (پ) ئۇيغۇر سوقما تارلىق چالغۇ ئىسۋابلىرىنىڭ بىرى، چاڭ:

گۈلىستان بولۇبان غۇنچە دىلتەڭ،
سەداغا كەلدىلەر قانۇن ئىلە چەڭ.

— موللا فازىل.

چەڭ زۇلفى — چاڭ تارى.

چەڭ II [چنک] (پ) چاڭگال، قول پەنجىسى.

چەلپەك [چلپك] (پ) سۇت، ماي بىلەن تەييارلانغان نان.

چەلچەلە [چلچله] (پ) قارلىغاچ:

چەلچەلە كۆڭلۈگدە تولتۇردۇڭ خەلايىق بىلمەدى،
ئافتابى ماھى ئەختەر يا گۇۋاھىگدۇر سېنىڭ.

— زەلىلى.

چەلىپا [چليپا] (پ) بۇت؛ خىرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس بەلگىسى، كرېست.

چەم [چم] (پ) تۆكۈلگەن؛ چۈۋۈلغان:

ھېچ تەبىب كەلمەدى باشىم ئۆزە بەرادەران،
سۇرەتى چەم موي ئېرۇر رەنج چېكىپ ئەلەددەۋام.

— زەلىلى.

چەمەن [چمن] (پ) گۈللۈك، باغ، چىمەن، ئوتلاق:

ئەگەر ئول گۈل گۈزەر قىلسە چەمەن سارى بولۇر گۈللار،
بىرى مەستۇ، بىرى بىخۇد، بىرى ۋالە، بىرى شەيدا.

— ئەرشى.

فەسلى گۈل يەتمىش چەمەندە بۇلبۇل ئەيلەر زەمزەمە،
رەقس قىل، ناقىسكى بۇدۇر نەغمەئى زەۋقى ۋىسال.

— ناقىس.

چەمەنزار [چمن زار] (پ) ئوتلاق، چىمەنلىك، يېشىللىق:

ئايا غۇنچە، كۈلمەكنى قىلما ھەۋەس،
چەمەنزار ئارا مەن كەبى بولما خەس.

— ئا. نىزارى.

چەمبەر [چمبر] (پ) دۈگىلەك، ھالقا، چەمبەر، گەردىش.

چەمبەرە [چمبره] (پ) چەمبەرسىمان.

چەمدان [چمدان] (پ) كىيىم ساندۇقى، تېرە ساندۇق، چامادان.

چەند [چند] (پ) 1) بىرئاز. 2) بىرقانچە، بىرنەچچە:

قىلۇر جانىۋارنىڭ تەنى ئىچرە بەند،
ئۆزى ئۆلمەس ھەرگىز زەخىم ئەتسە چەند.

— ئا. نىزارى.

3) بۆلۈم.
4) قاچان:

ھەر چەند ئىشىكىگدە سەھەرلەر قىلامەن داد،
دادىمغە قەنى يەتكەنىڭ، ئەي زالىمۇ بىداد.

— زەلىلى.

چەند ھەزار — نەچچە مىڭ:

بارغۇسى ئەھلى زەمان ئەييامىلاردا چەند ھەزار،
يولغە سالسە قۇۋۋەتى بولسە كېمە يولدىن ئازار.

— ئابدۇقادىر داموللام.

ئەگەر چەند — گەرچە:

ئەگەر چەندىكى بولسامۇ سەبەبدىن ئافەرىنەندە،
ۋەلېك خەلق ئەتكۈچى سەن ـ سەن بېرىپ جاننى نەفەس تەندە.

— شەھىدى.

روز چەند — بىرنەچچە كۈن:

قىلىپ ئېردىم ئانىكى زىندانغە بەند،
خەبەر ئالغانىم يوق ئۆتتۈپ روز چەند.

— ئا. نىزارى.

ھەر چەند — گەرچە:

خوشلامام ئەغيارلار ھەرچەندە قىلسا ئىززەتىم،
جاھىلان سۆز قىلسالار تاپماس قولاقىدە لەززەتىم.

— شەھىدى.

چەندان [چندان] (پ) 1) كۆپلىگەن، نۇرغۇن:

مېنىڭ بىرلە چەندان ئىشى بار ئىدى،
مۇھىم ئىشلىرىمدە ماڭا يار ئىدى.

— ئا. نىزارى.

2) بىرقانچە قېتىم، كۆپلەپ:

بۇ مەجنۇن ئۆپكىلەپ يىغلادى چەندان،
«قىيامەتغىچە يوقتۇر ئاڭا خەندان».

— موللا فازىل.

3) ھەسسە، باراۋەر:

ئۇلاما، قىلغاسەن بۇ دەھر ئارا ئۆمرىنى جاۋىدان،
بەلەند ئەيلەپ تەقى ھەم شەۋكەتۇ شەئنىنى يۈز چەندان.

— مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.

چەھ [چه] (پ) «چاھ»قا قاراڭ:

كىرپىكلەرىڭ چەھلەر قازار، گويا كۆڭۈللەرگە ياسار،
غەمدىن قۇتۇلماي ئۇلگەلى، ئەي ماھۋەش، بەيتۇل - ھەزەن.

— ناقىس.

چەھى غەبغەب — ئېڭەكنىڭ چوڭقۇر يېرى، زىناق:

تاپمادى بۇ مەلاھەتنىڭ ھېچ فەرىشتەيۇ پەرى،
يۈسۈفى مىسرى رەشك ئېتەركىم چەھى غەبغەبىڭ ئەسىق.

— زەلىلى.

چەھار [چهار] (پ) تۆت.

چەھار داڭ — ئالتىدىن تۆت ھەسسە.

چەھار يار — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۆت خەلىپە: ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى:

يا رەب مۇھەممەد ھۆرمىتى ھەم چەھاريارلار ئۇلفەتى،
ئەزۋاجى پاكان ئىففەتى مەھشەردە قىل ۋەقتىمنى چاغ.

— شەۋقى.

چەھار ياك — تۆتتىن بىر.

چەھارپا [چهارپا] (پ) چارۋا.

چەھارۇم [چهارم] (پ) تۆتىنچى:

شەمسى چەھارۇم ئاسمان داغ ئولۇبان خىجىل ھەنۇز،
رۇيى زەمىندە ئۇنگەلى سەبزۇ لالەزار ئىشق.

— زەلىلى.

چەۋرۇلمەك [چورولماك] چۆرۈلمەك، ئايلانماق:

فارىغ ئولسە ئالتەدىن مەردانە يۈركىم باك ئەمەس،
خامى ئوگۇز خامى سول چەۋرۇلسە گەر يەتتى فەلەك.

— ئەرشى.

چەۋكان [چو كان] «جەۋان»غا قاراڭ:

ئالدى كۆڭلۈمنى مېنىڭ بىر بوتى چەۋكان سىكەلەك،
غارەتى دىنىم ئۈچۈن قىلدى پەرىشان سىكەلەك.

— مەھزۇن.

چەۋگان [چوكان] (پ) 1) ئاتلىق ئوينايدىغان توپ (گوي) نى دومىلىتىدىغان ۋە توختىتىدىغان ئۇچى ئەگرى ئۇزۇن تاياق:

مەيداندا قىلسۇن گوي دەمپ باشىمنى قىلدىم خاكى رەھ،
ئىلكىڭگە ئالساڭ نې بولۇر چەۋگانۇ گويىئەندازنى.

— ناقىس.

2) ئات توپى ئويۇنى.

چوب [چوب] (پ) ياغاچ، تاياق:

غەزەب قىلدى مەسئۇد نىگەھبانغە كۆپ،
قىساسغە ئاندىن تۇتۇپ ئۇردى چوب.

— ئا. نىزارى.

چوبان [چوبان] (پ) «چوپان» غا قاراڭ.

چوبدار [چوبدار] (پ) 1) تاياق تۇتقۇچى، توقماقچى:

جۇنۇندىن يەتتە ئەزا لەشكەرى غەمنىڭ ھىسارىدۇر،
بەلى ھەر ئۇستىخانىم ئىشق ئېلىنىڭ چوبدارىدۇر.

— زەلىلى.

2) پادىچى.

چوبدەست [چوب دست] (پ) ھاسا، تاياق.

چوبەك [چوبك] (پ) تاياقچە؛ چىۋىق.

چوبىن [چوبين] (پ) ياغاچ، تاياق.

چوپان [چوپان] (پ) قوي باققۇچى، مالچى، پادىچى:

مەنىڭ قىلدى زەكاتىنى چوپانلار،
ئۆشرەنى ھەم ئۇنۇتتى دېھقانلار.

— موللا قۇربان.

چوق [چوق] تولا، كۆپ.

چۇ [چو] (پ) «چۇن»نىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ: 1) جۈملە بېشىدا «چۈنكى، شۇڭا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ:

چۇ ئىشق ئوتىدىن ئۆلغە بەردى نەمۇد،
ئانىڭ تابىدىن بۇلبۇل ئۆرتەپ ۋۇجۇد.

— ئا. نىزارى.

2) جۈملە بېشىدا: «شۇئان، شۇ چاغ» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ:

چۇ دەريا رەۋشەن ئولدى خاتىرىم سەيرى جەھان ئەتكەچ،
ھەياتى خىزر تاپتىم قەتئى مەنزىل تەرك جەھان ئەتكەچ.

— زەلىلى.

3) ئىككى جۈملە ياكى جۈملە بۆلەكلىرى ئارىسىدا «كى» باغلىغۇچىسى رولىدا كېلىدۇ:

بۇ مۇنچە توق بولغاننى چو قىلدى سۇئىئى بارى بار،
بۇ قۇدرەتنى كۆرۈپ ھەق ھەزرىتىدىن كارۇبار ئىزدە.

— ھافىز خارەزمى.

4) كېيىنكى جۈملىنى ئالدىنقى جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسىگە ئايلاندۇرىدۇ:

ھەقايىق پەناھ نەچچە قۇتبى ۋەلى،

چۆ كاشغەر نەۋاھىن قىلىپ مەنزىلى.

— ئا. نىزارى.

5) بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ «...تەك، دەك» قوشۇمچىسى ۋە «كەبى، ئوخشاش» تىركەلمىلىرى رولىدا كېلىدۇ:

ئالىپ كىردى قەسرى ئارا ئىچكەرى،
تۇرۇپ نەچچە خادىم چۆ كۆك ئەختەرى.

— ئا. نىزارى.

چۆجۇق [چۆجق] تاتلىق، شېرىن، سەرخۇش:

كۈندۈزى ھەم كۆڭلۈم چۆجۇقدۇر،
تالڭ ئاتقۇچە كۆزۈم ئاچۇقدۇر.

— موللا نىياز.

چۇست [چست] (پ) 1) تېز، چاققان:

كېلىپ چۇست فەرھادنىڭ قاشىغە،
كى پەند ئەيلەدى پايىدىن باشىغە.

— ئا. نىزارى.

چۇست دەست — چاققان.

چوستى چابۇك — چاققان، ئەپچىل.

2) تەييار، ھازىرلاندى.

چۇست ئەيلەمەك — تەييارلىماق، ھازىرلىماق:

بۇ خۇشتانى جابدۇقىنى ئەيلەدى چۇست،
بەنى ئۆزرا سارى بەل باغلادى رۇست.

— موللا فازىل.

3) مەھكەم، پۇختا.

چۇست ئەتمەك — مەھكەملىمەك.

چۇغز [چغز] (پ) 1) ھۇۋقۇش، بايقۇش:

نالەئى بۇلبۇل جۇداۋۇ نەغرەئى ئاۋازە چۇغز،
ۋائىمرا، سەن قايداۋۇ تەرزى كەلامى ئاشقان.

— زەلىلى.

2) يامانلىق، ئاپەت:

بارچە تەشۋىشى زەمانە چۇغز بىلكىم ئاشيان،
قىلماس ئېردى گەر بۇ كۆڭلۈم ئۆيى ۋەيران بولماسا.

— ئەرشى.

چۇغزى يەڭلىغ — بايقۇشتەك:

چىقاردى غەرىبنى بۇ يەردىن سوقۇپ،
زەغەن، چۇغزى يەڭلىغ باشىغە چوقۇپ.

— ئا. نىزارى.

چۇغۇل [چغول] غەيۋەتچى، ئىغۋاگەر.

چۇقەھ [چوقه] چوققا؛ دۆۋە:

كۆردى كۆزۈمكىم مېنىڭ نەچچە قۇرۇغان چۇقەھ،
خەت كەبى پەيدا ئىكەن جەبھەسى ئۈزرە رەقەم.

— ناقىس.

چۇلغاشماق [چولغاشماق] ئارىلاش يىغىلماق، چۇلغاشماق:

چۇلغاشىپ بىر ئۆيىگە نامەھرەم،
قىلدۇرۇپ نەغمە ـ ناۋالار ھەم.

— موللا قۇربان.

چۇن [چون] (پ) 1) ئوخشاش، كەبى:

قاشىمدە تۇرۇپدۇركى بىر نەۋ جەۋان،
بولۇپ خەۋف بىرلە يۈزۈم چۇن سامان.

— ئا. نىزارى.

2) چۈنكى:

بىگىملەرگە يەتتى چۇ ئەرزمەندەلىك،
ماڭا چۇن يېتىپ ئىسرۇ شەرمەندەلىك.

— ئا. نىزارى.

3) شۇ چاغ، ۋاقتىكى:

ئۇشبۇ قىسسە نەسرى ئەردى،
چۇن ماڭا بېشارەت قىلدى.
نەزم قىل دەپ ھەم ئايدى،
تۈركى تىلگە دېدىيا.

— موللا مۇھەممەت نىيازى.

5) ئۇنداقتا:

قىرانى سەئد بولغاي ئاشىق ئۈچۈن،
يۈزۈڭ چۇن ماھۇ قاشىڭدۇر تارازۇ.

— ھافىز خارەزمى.

چۇنۇ چەرا — 1) ئۇزۇلمىس دىتالاش، بەس ـ مۇنازىرە:

ھەر قوپال باشىسىز ئېرۇر قويمىش نىفاقۇ ماجەرا،
تۇتسە مەھكەم بىر ئۇلۇغنى چەست ئولۇر چۇنۇ چەرا.

— ئابدۇقادىر داموللام.

2) نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا:

ئول خالىقى ئەفلاكغە ھەمدۇ سەنا،
كىم بەردى قۇياش جىرمىغە ھەر كۈندە زىيا.
خەلق ئەتتى مەلەك بەشەر قۇدرەتىدىن،
يوق كىمسەگە ھەركىم دېگەي ئول چۇنۇ چەرا.

— ناقىس.

چۇنان [چنان] (پ) 1) شۇ قەدەر، شۇنچە:

باقىپ چېھرەسىگە چۇنان يىغلادى،
كى ئىشق ئوتىدا ئانچە ئىسسىغلادى.

— ئا. نىزارى.

2) ئاشۇنداق، شۇنداق:

چۇنان تولغانىپ ئۆردى ئول پىچۇتاب،
دەمى دۇدى بولدى جەھانغە ھىجاب.

— ئا. نىزارى.

3) خۇددى ... گە ئوخشاش:

بۇ مەزمۇننى قىلدى زەبانىدا ۋەرد،
كى سەرگەشتە بولدى چۇنان بادى گەرد.

— ئا. نىزارى.

چۈنانكى [چنانكه] (پ) شۇنچىۋالا، ئاشۇنچىلىك:
غەمىكى دىن غەمدۇر ئىسلى غەم ئەگەر بىلسەڭ،
چۈنانكى چوب قارا ئىبرەت كۈزۈڭ پەسۇ پىش.
— شەۋقى.

چۈنانكىم [چنانكيم] (پ) «چۈنانكى» گە قاراڭ:
چىقىپ نەززارەگە كۆكدىن كەۋالىب،
چۈنانكىم لەيلىگە بولدىلا تالىب.
— موللا فازىل.

چۈنكى [چون كه] (پ) چۈنكى، سەۋەبى شۇكى؛
خۇددى ... غا ئوخشاش:
ئۆرتەدى شەمئىغە دائىم چەرۋانەۋار،
يىغلار ئەردى چۈنكى ئەبرى نەۋ بەھار.
— خەراباتى.

چۈنكىم [چونكيم] (پ) «چۈنكى» گە قاراڭ:
سەناخان بولسە بۇلبۇلتەك قەمۇ جانلار ئەجەب ئىرمەس،
گۈلى ئەيشۇ تەرەب چۈنكىم ئانىڭ ئەھدىندە خەنداندۇر.
— ھافىز خارەزمى.

چۆرگىمەك [چوركيماك] ئورىماق:
ياپىپ ساچىنى ئۆزىنى يۆرگەدى،
كى پەشمىنە بىرلە تەنىن چۆرگەدى.
— ئا. نىزارى.

چۆرى [چورى] بالا خىزمەتچى:
چۆرى كىردى، مەھزۇننى قىلدى خەبەر،
«ئاتا بىرلە ھەجگە قىلىپدۇر سەفەر» .
— ئا. نىزارى.

چۆل [چول] سۇسىز يەر، دەشت.
نەكىم يوللارىدا دىگىز، تاغ ئىرۇر،
گەھى چۆل ـ بەيابان توفراغ ئىرۇر.
— ئا. نىزارى.

چىغ [چيغ] (پ) داد ـ پەرياد:
چىنى تۈركىستان زەمىنىنىڭ خەلقىغە چىغىم كىبلۇر،
شەھرى ماچىنىدىن ئۆتۈپ تەۋفى ئىمامان ئەيلەمەس.
— زەلىلى.

چىكىبان [چيكيبان] چەككەندىن كىيىن، چىكىپ:
كى جەدۋەل چىكىبان، رىجە تارتىبان،
قىلىپ ئاندا ئەنھار شەكلىن ئەيان.
— ئا. نىزارى.

چىھر [چهر] (پ) «چىھرە» گە قاراڭ.

چىھرە [چهره] (پ) 1) يۈز، چىراي:
كۆرۈپ قەيس ئول دەم چىكىپ ئوتلۇغ ئاھ،
بولۇپ ئەرغەۋان چىھرەسى مىسلى كاھ.
— ئا. نىزارى.

2) سىياق، كۆرۈنۈش:
باقىپ چىھرەسىگە چۈنان يىغلادى،
كى ئىشق ئوتىدا ئانچە ئىسسىغلادى.
— ئا. نىزارى.

پەرى چىھرە — تۇرقى گۈزەل، پەرىزاتقا ئوخشايدىغان:
پەرى چىھرە ساقى تۇتۇپ پەي ـ بەپەي،
ھەمە بەزم ئەھلىغە دەۋرىنچى مەي.
— ئا. نىزارى.

چىبىرە [چيره] (پ) 1) ئەپچىل، چاققان. 2) باتۇر، غالىب.

چىبىرەگۈن — غەلىبىدىن دېرەك بېرىلگەن؛ قورشالغان:
ئەترافى باغ چىبىرەگۈن ئەجەب لالەگۈن بۇ كۈن،
قەبرى ئىمامۇ جەئفەرى ئەيپارخۇن بۇ كۈن.
— زەلىلى.

چىبىن [چبين] چىۋىن:
ياتىپدۇر بىر ئىت كۆپ زەئىفۇ نەھىف،
بولا ئالماغان ئول چىبىنغە ھەرىف.
— ئا. نىزارى.

چىرا [چرا] (پ) «چەرا» غا قاراڭ.

چىراغ [چراغ] (پ) چىراغ:
بۇ ئالەمنىڭ چىراغى مەن ئىرۇرمەن،
كى خاتىرلەر فەراغى مەن ئىرۇرمەن.
— موللا فازىل.

چىراغان [چراغان] (پ) 1) رەڭگارەڭ چىراغلار:
تەفەررۇج گاھى سۇنتۇڭدىن فەراۋان،
كەۋاكىبلارنى مانەندى چىراغان.
— زەلىلى.

2) رەڭگارەڭ چىراغ يېقىلغان جاي.

چىراغان بولدى — رەڭگارەڭ چىراغلاشتى:
سەماۋات ئۆزرە قىلدى كەۋكەبىستان،
چىراغان بولدى ئول شەمئى شەبىستان.
— موللا فازىل.

چىراكىم [چراكيم] (پ) «چەراكىم» گە قاراڭ:
تومەنىڭ سەلام، بەلكى قۇللۇق نىسار،
چىراكىم قالىپ ياخشىدىن يادكار.
— ئا. نىزارى.

چىراي [چهرەاى] (پ) گۈزەللىك، جامال.

چىرغاماق [چيرغاماق] شاد ـ خۇرام ياشىماق:
چۇ بىر ئايچە يەمەندە چىرغادى شاد،
كۆڭۈل باغلاپ ئول ئەلگە سالدى بۇنياد.
— لۇتفى.

چىرك [چرك] (پ) 1) بۇزۇقلۇق، چىركىنلىك. 2)

بۇزۇقچىلىق:

كىمنى فۇمشۇ قىلسە خابى غەفلەت،
قىلۇر شەيتان چىركى بىرلە ئۇلفەت.

— موللا فازىل.

چىركى [چركى] (پ) 1) پاسكىنىچىلىق، ئىپلاسلىق، بۇزۇقلۇق:

قىلۇر ۋەسۋاس ئول شەيتان چىركى،
بولۇر ئەلگە ھەمە ھاسىل چىركى.

— موللا فازىل.

2) پاسكىنا، ئىپلاس، بۇزۇق.

چىركىن [چركين] (پ) ئىپلاس، چىرىك:

ناقىسا، دەۋراندا دەۋر ئەتتىمكى ئىستەپ ئوخشاشلىق،
ھېچ تەن مۇلكىدە سەندەك تاپمادىم چىركىن كۆڭۈل.

— ناقىس.

چىرلاماق [چرلاماق] چاقىرماق، قىچقارماق:

ئالىپ كىردى چىرلاپ ئۇنى شول زەمان،
سەلام قىلدى، شەھنى كۆرۈپ نەۋجەۋان.

— ئا. نىزارى.

چىرماماق [چيرماماق] ئورىماق، ئايلاندۇرۇپ ئورىماق.

چىز [چيز] (پ) نەرسە؛ ئىش:

كى چىزى ساڭا ئەرز ئىزھاردۇر،
نەسايىھ سىفەت بىر سۆزۈم باردۇر.

— ئا. نىزارى.

چىگىل [چيكيل] قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى:

كېچەلەر ئەنجۇم فەلەكلەر دادىمە، رەۋشەن دېگىل،
كىم يۈز ئاچمىش قەسرى تاقى ئۆزرە ئول شەمئى چىگىل.

— ناقىس.

چىلتەن [چهل تن] (پ) قىرىق ئەۋلىيا، ماشايىخ:

ئۆزى بىھىشت ھۆردۇر،
چىلتەنلەرگە قوشۇلۇر.
ئىچەر شەراب ئەنتەھۇر،
خاس ئەۋلىيا ئېردىيا.

— موللا مۇھەممەد نىيازى.

چىللە I [چله] (پ) 1) دەرۋىشلەرنىڭ قىرىق كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقماي ئىبادەت قىلىشى:

چىقىپ ئەلدىن چىللەدىنۇ بەشەردىن،
خەيالات ئەيلەبان بارچە خەتەردىن.

— موللا فازىل.

چىللە ئولتۇرماق — ئىبادەت ئۈچۈن بىر جايدا قىرىق كۈن ئولتۇرماق.

2) قىش ۋە ياز پەسىللىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى قىرىق كۈن.

چىللە تابىستان — يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق قىرىق كۈنى، مەۋسۇمى.

چىللە زىمىستان — قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق قىرىق كۈنى، مەۋسۇمى.

چىللە II [چله] (پ) كامالەكنىڭ كىرىچى.

چىللە فۇرۇش [چلەفروش] (پ) كامالەك كىرىچىنى ساتقۇچى.

چىللە خانە [چلەخانە] (پ) چىللە ئۆتكۈزىدىغان ئۆي.

چىللە نىشىن [چلەنشين] (پ) چىللە ئۆتكۈزگۈچى:

پىرى مۇغان ئىشقىدىن مىسرەئى شوخ تازەمەن،
چىللە نىشىن شەيخ ئۆتەر كۆڭلۈم ئاڭا مۇرىد ئەمەس.

— زەلىلى.

چىمگىن [چم كن] (پ) سۇ لېشىدەك؛ لىشلىك:

ئاشىقانە نالەۋۇ كۇلبالىڭ ئېتىپ چىمگىن ئارا،
بۇلبۇلى ئاشۇفتەنى ئۆزۈڭ بىلەن دەمساز قىل.

— ھافىز خارەزمى.

چىن I [چين] (پ) راست، ھەقىقىي:

گەھى ھەزىل بىرلە گەھى چىن ئويۇن —
قىلۇر، بەرمەدىم مەن ئاڭا ھېچ بويۇن.

— ئا. نىزارى.

چىن II [چين] (پ) چۈرۈم؛ چىڭگىلەك:

چىن قىلماق — تۈرمەك، پۈرۈشتۈرمەك:

نېدىن مۇنچە قورقارسەن، ئەي نازەنىن؟
ماڭا قىلما ھەرگىز قاباغىڭنى چىن!

— ئا. نىزارى.

چىنى زۇلف — چىڭگىلەك چاچ:

ئانىڭكىم چىنى زۇلفى پۈرشىكەندۇر،
لەبى شىرىنى شەككەر شىكەندۇر.

— ھافىز خارەزمى.

چىن III [چين] 1) قەدىمكى شەرقىي تۈرك ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىن. 2) جۇڭگو.

چىن IV [چين] (پ) سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ «تەرگۈچى» مەنىدە كېلىدۇ:

گۈل چىن — گۈل تەرگۈچى.

چىن - چىن [چين چين] (پ) تال - تال، پۈرۈم - پۈرۈم:

سەييارەمەن سۆزۈم چىن، ئىلكىمدە ھەلقە چىن - چىن،
ئاھۇيى دەشتى ماچىن، تاپتىم شىكار ئىچىدە.

— زەلىلى.

چىنان [چنان] (پ) «چۇنان»غا قاراڭ:

كۆرۈپ بىر - بىرىنى چىنان يىغلاشىپ،
فەلەكدىن نە ئۆتكەننى مۇڭداشىپ.

— ئا. نىزارى.

خ

خاب [خواب] (پ) 1) ئۇيقۇ:

ھەرام بولسۇن سىنىڭسىز ھۆر ئىلە خاب،
نەسىبىم بولماسۇن بىر قەترەئى ئاب.

— موللا فازىل.

2) چۈش:

قۇلاغى ئىلمەدەك، كۆزى چۈن رىكاب،
بولۇر زەھرە پارە كىشى كۆرسە خاب.

— ئا. نىزارى.

خاب ئالۇد — ئۇيقۇسىرىغان، ئۇيقۇ ئارىلاش، ئۇيقۇ باسقان ھالدا.

خابۇ خەيال — خام خىيال:

سەدقەئى دەردىڭ قىلۇرمەن دۇنيانى ئەيشى خۇشىن،
ئەيشى ئىبرۇر خابۇ خەيال دەرد يولداشىم مىنىڭ.

— ھۇۋەيدا.

خاب جامە — ئۇخلاش كىيىمى.

خاب خانە — «خابگاھ» قا قاراڭ.

خابى ئەدەم — يوقلۇق دۇنياسىنىڭ ئۇيقۇسى، ئۆلۈم ئۇيقۇسى:

بۇلبۇلى بىنەۋا ئىدىم يوق ئىدىكىم چەمەن ھەنۇز،
خابى ئەدەمدە ئەردىلەر سۇنبۇلى ياسەمەن ھەنۇز.

— زەلىلى.

خابى خەرگۇش — يالغان ئۇيقۇ؛ پەرۋاسىزلىق:

تاۋۇشقان ئۇيقۇسى ئاندىن ئالىپ ھۇش،
ساغىنىپ دىلبەرىنى خابى خەرگۇش.

— نەۋايى.

خابى شىرىن — شېرىن ئۇيقۇ:

سەھەر دەردىڭ كىشىنى كۆزىغە ئۇيقۇ بولۇر ئاچچىغ،
بولۇر بىدەردلەرغە خابى شىرىن سۇبھىدەم پەيدا.

— ھۇۋەيدا.

خابى غەفلەت — غەپلەت ئۇيقۇسى:

بەشەر كۆپ خابى غەفلەتدە، ئەمەس ئۆز ھالىدىن ئاگەھ،
غەرىقى بەھرى ئىسيان شەر ئىرۇر، فىئىلۇكارى بەھ.

— موللا قۇربان.

تەركى خاب ئەيلەمەك — ئۇيقۇنى تاشلىماق:

سىپىپ يۈزىگە بوبى ئەنبەر گۇلاب،
پەرى ئول زەمەن ئەيلەدى تەركى خاب.

— ئا. نىزارى.

شەكەر خاب — شېرىن ئۇيقۇ، تاتلىق ئۇيقۇ:

خىتايى يا مۇزەممىل قۇم شەھەنشەھ گۇشىۋار ئەيلەپ،
شەكەر خابىن بۇزۇپ ئولمىش ۋەرەم ئۇممەت غەمىدەپا.

— شەۋقى.

خابگاھ [خواب گاه] (پ) ئۇخلاش ئورنى، ياتاق.

خابگەھ [خاب گه] (پ) «خابگاھ» قا قاراڭ.

خاتەم [خاتم] (ئە) 1) تامغا، مۆھۈر: تامغىلىق ئۈزۈك:

فەتھىل ـ ئەبۋابى فۇيۇزاتىڭدىن ئىبردى ئىززۇ جاھ،
مايەئى مۇئجىز سۇلەيمان ئىلكىدە خاتەم ئەمەس.

— ئەرشى.

2) ئۈزۈك؛ ئۈزۈكنىڭ كۆزى:

بۇتون بىرلە خاتەم ساڭا تۇھفەدۇر،
تونى ھۇللە، خاتەم ئىرۇر بەلكى نۇر.

— ئا. نىزارى.

3) ئاخىر، ئەڭ ئاخىرقىسى:

شەفىئ ئەتتى تەمام پەيغەمبەرنى،
ئەۋەل ئادەم، ئاخىر خاتەم نەبىنى.

— موللا پازىل.

4) «خاتەمۇل ـ ئەنبىيا» نىڭ قىسقارتىلمىسى:

ئاخىرەت سەرمايەسىدۇركىم سەخاۋەت پىشەقىل،
روزى مەھشەردە شەفائەت ئەيلەگەي خاتەم ساڭا.

— نەۋبەتى.

خاتەمۇس ـ سەلتەنەت — پادشاھلىق مۆھۈرى.

خاتەمۇل ئەنبىيا — ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن قوللىنىلىدىغان تەرىپ سۆزلىرىنىڭ بىرى)؛

خاتەمى نەبۇۋۋەت — ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك.

خاتەمى بۇۋۋەت — پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى.

نەققاشى خاتەم — مۆھۈر ئويغۇچى.

خاتۇن [خاتون] خانىم، خېنىم؛ ئايال:

ئاتاسىدىن ئوغۇلنى، ئېرىدىن خاتۇننى تاندۇرمە،
تاپىپ بىر ئەرگە تەگكىل، كۆرگەن ئەلنى ۋەتنى قىلدۇرمە.

— موللا نىياز.

خاتىب [خاطب] (ئە) سۆزلىگۈچى، سۆزلەشكۈچى.

خاتىر [خاطر] (ئە) 1) خىيال، ئوي، پىكىر:

بەيابانى ئەدەمدە پەيكەرىمنى لەختە قان ئەتكەچ،

چۈدۈر بار روشەن گۈلدى خاتىرىم سەيرى جەھان ئەتكەچ.
— زەلىلى.

2) كۆڭۈل:
تۇرۇپ سائەت ئاندا تاماشا قىلىپ،
ئانىڭ كارى خاتىرنى شەيدا قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

خاتىر ئازار — كۆڭلى ئازار يېگەن، كۆڭلى ئاغرىغان.

خاتىر بەست — كۆڭۈل باغلىغان، بېرىلگەن.

خاتىر پەزىر — يېقىملىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان.

خاتىر فەراغ — كۆڭلى تىنچ، خاتىرجەم:
داغى ھەربىر مەھرەمىگە فەزل ئېتىپ بەشدىن ياراغ،
بۇ ياراغ بىرلە ئۇلارنى ئەيلەبان خاتىر فەراغ.
— ئابدۇقادىر داموللا.

خاتىر مەلۇل — كۆڭلى زېرىككەن، رەنجىگەن:
كى خاتىر مەلۇل باقتى پەرزەندىغە،
تەسەللى بېرىپ نۇرى پەيۋەندىغە.
— ئا. نىزارى.

خاتىر نەۋاز — كۆڭۈلنى خۇش قىلغۇچى، مېھرىبان.

خاتىر نىشان — ئەسكە سالىدىغان، ئەسلىتىپ تۇرىدىغان.

خاتىر نىشان قىلماق — ئەسكە سالماق.

خاتىرى تەسكىن تاپماق — كۆڭلى تەسەللىگە ئېرىشمەك، كۆڭلى خاتىرجەم بولماق:
مۇنىڭ بىرلە تەسكىن تاپىپ خاتىرى،
فىراقى دىلىدىن بولۇر ھەم نارى.
— ئا. نىزارى.

خاتىرى غەمناك — كۆڭلى، دىلى غەملىك:
غەمناك كۆڭۈلگە ئۇشانىڭ كۆپ نەزەر بار،
بۇ مەئنا بىلەن خاتىرى غەمناكنى سەۋدۇم.
— ھافىز خارەزمى.

خاتىرى مەھزۇن — دىلى غەملىك، كۆڭلى قايغۇلۇق.

پەرىشان خاتىر — ئېسى جايىدا ئەمەس، كۆڭلى پەرىشان.

يورۇق خاتىر — كۆڭلى ئوچۇق، ئوچۇق پېكىرلىك.

خاتىرات [خاطرات] (ئە) [بىرلىكى: خاتىر] «خاتىر»گە قاراڭ.

خاتىرە [خاطره] (ئە) «خاتىر» گە قاراڭ.

خاتىرخاھ [خاطر خواه] (ئە + پ) كۆڭلى چۈشكەن، كۆڭلىگە ياققان.

خاتىر شۇناس [خاطر شناس] (ئە + پ) ئېسىدە ساقلىغۇچى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى تاپقۇچى.

خاتىمە [خاتمه] (ئە) 1) ئاخىرى، تاماملىنىشى. 2) كىتابنىڭ تۈگىگەن، تاماملانغان قىسمى.

خاج [خاج] (پ) كرېست، سەلىب.

خاج پەرەست — خرىستىئان.

خاجە [خواجه] (پ) 1) بەگ، خوجا، خوجايىن؛ ئەپەندى:
يەنە ھەم ئەزىزى مەقام ئەيلەمىش،
ئۇلار نامىنى خاجە مۇقبىل دېمىش.
— ئا. نىزارى.

2) باي، تۆرە:
تىيالماي ئۆپكەسىنى خاجە نۇئمان،
بارۇر ئېردى ياشى چۈن ئەبر باران.
— موللا فازىل.

خاجەئى باشەفىق — شەپقەتلىك خوجايىن، باي:
مەلىكە دېدى: خاجەگى باشەفىق،
نەچۈك كەلدۈرۈر سىزگە كىم بول رەفىق.
— ئا. نىزارى.

خاجە سەرا [خواجه سرا] (پ) ھەرەم ئاغىسى.

خاجە ۋار [خواجەوار] (پ) خوجايىنلاردەك، باشلىق كەبى.

خاجىگان [خواجكان] (پ) [بىرلىكى: خاجە] «خاجە»گە قاراڭ.

خادە [خاده] ئۇزۇن ۋە سىلىق، تۈز ياغاچ، خادا:
بالالار مەسخىرە قىلىپ قوغلار،
خادە بىرلە سېنى ئۇرۇپ ئۆڭلار.
— موللا نىياز.

خادىم [خادم] (ئە) خىزمەتكار، مۇلازىم، مالاي:
نىھان ساقلەسە بىر نەچە خادىمى،
بولۇپ پاسىبان پەھلەۋان ئادەمى.
— ئا. نىزارى.

خەسۇل ـ خاس خادىم — ئەڭ يېقىن خىزمەتكار.

خادىمان [خادمان] (ئە) [بىرلىكى: خادىم] خىزمەتكارلار، مۇلازىملار:
مېھىنبانۇ فەرمانىغە سۇردى زەبان،
يىغىلدى ھەمە چوڭ ـ كىچىك خادىمان.
— ئا. نىزارى.

خادىمە [خادمه] (ئە) خىزمەتكار خوتۇن ۋە قىز.

خادىملىق [خادم ليق] خىزمەتكارلىق، مۇلازىملىق.

خادىئ [خادع] (ئە) ئالدىغۇچى، ئالدامچى.

خار I [خوار] (پ) قەدىرسىز، ئېتىبارسىز، خار.

خار ئەتمەك — كەمسىتمەك، خارلىماق:
بۇ چەرخى ۋاژگۇن بىچارە ئاشىقلارنى زار ئەتتى،

كى نادانىنى سەرگەفراز گەيلابان دانانى خار گەتتى.

— موللا قۇربان.

خار بولماق — پەس كۆرۈلمەك، خارلانماق:

مەردگول كەددى يەمىن گەيلەپ شەبەن رۇز ياتماسە،
مىھنەت گىلە قول - پۇتى گەرچە گۇزۇلسە قاتماسە،
تارتمايىن مىننەت كىشىدىن گابرويىن ساتماسە،
گافەرىن مۇنداغ كىشىگە كۇلفەت گەلدىن تارتماسە،
گەھلى ھىممەت بولسە مۇنداغ خار بولماس ھىچ زەمان.

— گابدۇقادىر داموللا.

خارۇزار — ناھايىتى گېتىبارسىز، قاتتىق خارلانغان:

باغ گىچىدە مېۋەلەردىن سەن گېرۇرسەن خارۇزار،
گەينى كۇلفەتدىن بولۇرسەن كەچ كۇز گىچرە زارۇزار.

— گابدۇقادىر داموللا.

خارۇزار گەتمەك — قاتتىق خارلىماق.

مۇقەممەر، گوغرى، يالغانچى، ھەرامخور تىنچى راھەتدە،
بىرىپ دۇشمەنگە گىززەت دوستلارنى خارۇ زار گەتتى.

— موللا قۇربان.

خار II [خورا] (پ) سۆز ياسىغۇچى گارقا قوشۇمچە، بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «يېگۈچى»، «گىچكۈچى» مەنىلىرىدىكى سۆز ياسايدۇ:

ھەرام خار — ھارام يېگۈچى.

قەدەھ خار — مەي گىچكۈچى.

خار III [خار] (پ) تىكەن:

گەدىنى مەن ۋۇجۇدە نىسبەت گەتمەن،
گۈلىستان گۆزگە گىرۇر، خار گۆزگە.

— ھافىز خارەزمى.

خار گەفشان — 1) تىكەنلىك. 2) كۆچمە م: قوپال سۆزلۈك.

خار مۇغلان — چۆلدە ئۆسىدىغان بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك:

دولدىن گۇيان خار مۇغلان گىكەن،
چۆل جەزىرەگى بەبەيان گىكەن.

— زەلىلى.

خارى گەزاب — 1) گازابلىغۇچى تىكەن. 2) قىيناق.

خارى خەسەك — تىكەنلىك گوت.

خارى مىژگان — تىكەنگە گوخشاش كىرپىك:

خەمالىك گۈلىستانىندىن قاچان خۇشۇەقت بولغايمەن،
جىگەرنى گۇل بىكىن چۇن پارە گەيلەر خارى مىژگانىڭ.

— ھافىز خارەزمى.

خارى ھەلاك — ھالاك قىلغۇچى تىكەن، زەھەرلىك تىكەن.

خارا I [خارا] (پ) گۇيۇل تاش، گىرانىت:

سىتەم تىغىن گۇزاردا بىدەرىغ گول،
فىداي گورنىغە دۇر خارا ۋە فولاد.

— گەرشى.

خارا تەراش — تاش كەسكۈچى، تاشچى.

خارا شىكەن — تاش قازغۇچى، تاش يارغۇچى.

كى مىتىنى زەربىدە خارى شىكەن،
قىلىپ رەخنە خارانى گول كۇھكەن.

— گا. نىزارى.

خارا كەسمەك — تاش يونماق، تاش پارچىلىماق:

كى خارا كېسىشكە گويۇن باشلادى،
نەچە قۇللەلەرىن كېسىپ تاشلادى.

— گا. نىزارى.

خارا يىرىلمەك — يىرىلمەك، قاتتىق:

گەگەر بولسا مەسئۇد قاشىدا تىرىك،
يانىم گاستىدا گەرچە خارا يىرىك.

— غەرىبى.

مەڭگى خارا — چوڭ قاتتىق تاش، قۇرام:

گۆلۈ بۇلبۇل فىغانىم بىرلە دائىم مەست بولمىشلار،
سىرايەت قىلمادى كۆڭلۈڭگە گويا سەڭگى خارايى.

— زەلىلى.

خارا II [خارا] (پ) پارقىراپ تۇرىدىغان قىممەت باھالىق بىر خىل يىپەك:

خىلئەتى زەربەفت كۆرگەچ گەگىنىدە كۆڭلۈمگە ھۇسن،
بولدى گانداغكىم زەرۇ ياقۇتغە خارا لىباس.

— گەرشى.

خاراۋەش [خاراوش] (پ) تاشقا گوخشاش، مۇستەھكەم.

خاراكەن [خاراكن] (پ) تاش يونىغۇچى، تاش قازغۇچى:

جۇنۇن تاغىدا خاراكەن كەبى ھەردەم قىلۇر گەفغان،
بۇلۇتدەك كۆزلەرىم گاقۇ قاراسى گالىشىپ گىريان.

— گەرشى.

خاراكوب [خاراكوب] (پ) تاش قازغۇچى، تاش چاقتۇچى.

خاراكوب قىلماق — تاش چاقماق.

خاران [خاران] (پ) خار بولغۇچىلار، خارلانغانلار:

يول بىلمىگەن گالىملار،
سىر تۇتمىغان زالىملار،
گەرۇ خاتۇن گامىيلار،
بارى خاران گەردىيا.

— موللامۇھەممەد نىيازى.

خارە [خارە] (پ) «خارا» گە قاراڭ.

خارە گەنداز — تاش قوپۇرغۇچى، تاش گاتقۇچى.

خارە گەفكەن — تاش گاتقۇچى، تاش قازغۇچى.

خارە بۇر — تاش كەسكۈچى:
كى ئۈچ يىل ئىككى يۈز خارە بۇر ئۇستاد،
ئالە ئالماي ھەم ئانچە خارەدىن راد.
— نەۋايى.

خارە پەيماي — تاغ - تاشلارنى كەزگۈچى.

خارەزم [خارزم] ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر شەھەر:
ھافىزغە نەۋا تەگمەسە خارەزمدە، ئاندىن،
قىلار ئىدى ئاھەڭگى شىراز ئىلە سىپاھان.
— ھافىز خارەزمى.

خارەندە [خارندە] (پ) 1) تاتىلىغۇچى، قاشلىغۇچى.
2) تاتىلىغۇچ، قاشلىغۇچ.

خار خار [خار خار] (پ) 1) غەم - قايغۇ، تەشۋىش.
2) قاتتىق ئارزۇ تۈپەيلى پەيدا بولغان ھاياجان.

خار - خەس [خار خس] (پ) ئۇششاق تىكەن، تىكەن باسقان، تىكەنلىك:
يول باشلىغۇچى كەئبە تەۋافىغە نەھاجەت،
ھەر خارى خەسى دەشتى سەۋاد ھەرەمىمدۇر.
— زەلىلى.

خاركەش [خار كش] (پ) ئوتۇنچى.

خارىج [خارج] (ئە) چىققۇچى؛ تاشقىرى، سىرت:
چۈن ئەزە قىسمەتىدىن ھېچنېمە خارىج ئەمەس،
ئەيلەمەس فاقەسىدىن ۋاقىفى ئەسرار گىلە.
— نەۋايى.

خارىج ئەتمەك — چىقارماق، قوغلىماق:
خارىج ئەتتى بىرىنى ئەللامە،
ئىلمى ئەسبابدىن بۇ پىرى ھۇدا.
— شەۋقى.

خارىج نەۋا — ئاۋازى يېقىمسىز، ئاۋازى خۇنۇك.
خارىج روي — نىيىتى بۇزۇق، بۇزۇق نىيەتلىك.

خارىستان [خارستان] (پ) تىكەنلىك، تىكەنزار:
شەبى تارىك چۈن ئالەم زەمانى ھەم ئەمەس رەۋشەن،
ئانىڭسىز ئەدن خارىستانىكىم بار ۋادى ھەم گۈلشەن.
— موللا قۇربان.

خارىق [خارق] (ئە) غەلىتە، پەۋقۇلئاددە:
كۆرمە ئۆزدىن كەم قوتۇر ئىت بولسە ھەم دەۋرىشى سەن،
تاپتى شۆھرەت بىر نەچە ھەيۋانمۇ خارىقلار بىلە.
— ناقىس.

خارىقى ئادەت — ئادەتتىن تاشقىرى.

خاس [خاص] (ئە) 1) مەخسۇس، ئالاھىدە، تېگىشلىك.
2) يېقىن كىشىلەر؛ ئىمتىيازلىق تەبىقە، يۇقىرى تەبىقە.
بەندەئى خاس — يۇقىرى تەبىقىغە مەنسۇپ كىشى:
مەنسۇر ئېرۇر ھەق پەرەست،
ئاللا بىرلە قەۋلى راست،
ئۆزىنى قىلىپ بەندە خاست،
ئەقىل ھەيران ئەردىيا.
— موللامۇھەممەد نىيازى.

خاس ئەتمەك — لايىق كۆرمەك، بەلگىلىمەك.
خاسۇ ئام — ھەممە، بارچە:
چۈتەختىمدە ئولتۇرسە قايىم مەقام،
ئىتائەت ئاڭا قىلسەلەر خاسۇ ئام.
— ئا. نىزارى.

خاس - ئام [خاص عام] (ئە) بارچە، ھەممە:
ئەلالا ئارا ئەيلەدى ئىز دىھام،
كېتىپ ھەۋز سارى بارى خاس - ئام.
— ئا. نىزارى.

خاسە [خاصە] (ئە) 1) ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىك.
2) مەخسۇس؛ خۇسۇسەن، بولۇپمۇ.

خاسەلىق [خاصەليق] ئالاھىدە، مەخسۇسلانغان:
خۇيىدىن چىقتى ئارىغى،
ئاقىپ كىردى چارباغى،
خاسەلىق ئەردى ئۈل باغى،
ھەۋز ئىچىگە توشتىيا.
— موللامۇھەممەد نىيازى.

خاستە [خواستە] (پ) 1) تەلەپ، ئۈمىد، تىلەك، تەكلىپ؛ سوراق:
كى مېھمان سەرانى قىلىپ خاستە،
مۇزەييەن فەراش ئىچرە پىراستە.
— ئا. نىزارى.

2) مال - مۈلۈك، بايلىق.

خاسلىغ [خاص ليغ] يېقىنلىق، مەخسۇسلۇق.
خاسىر [خاسر] (ئە) زىيان تارتقۇچى، زىيان تارتقان.
خاسىيەت [خاصيت] (ئە) 1) مەخسۇس سۈپەت، خۇسۇسىيەت:
كى بۇ جايغە خاسىيەت بۇدۇرۇر،
زەۋايىرغە ھەم خەيرىيەت بۇدۇرۇر.
— ئا. نىزارى.

2) ياخشى خىسلەت، پەزىلەت:
ئۇشبۇ ئاندا مېۋەلەردىن ھەر بىرى تاپتى خەبەر،
ھەربىرى ئۆز خاسىيەت ئەۋسافىدىن بەردى خەبەر.
— ئابدۇقادىر داموللا.

3) نەتىجە، تەسىر.
خاسىيەت بەرمەك — نەتىجە بەرمەك، تەسىر بەرمەك.
مۇخالىف خاسىيەت — قارىمۇ قارشى خۇسۇسىيەت.

خاشاك [خاشاك] (پ) 1) ئەخلەت، سۇپۇرۇندى، خەشەك، خەس:

كۆيدۇرەي دەپ ئاتەشىن مەي بىرلە گۇل بۇت مەستكىم،
ھەجر ئوتى يانىمدا جىسمىم خارۇ خاشاك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

2) ئەرزىمەس، ياراقسىز:

ئايەك يۈزىنە ئايىنە بولغالى كۆڭلۇم،
ھاشاكىم، ئۇشول كۆزگۇدە خاشاكنى سەۋدىم.

— ھافىز خارەزمى.

3) مۇردا.

خاشاك ئەتمەك — قۇرۇتماق، قاغجىراتماق.

خاشاك رۇب — كوچا سۇپۇرگۇچى، ئەخلەت يىغقۇچى.

خاشاكى خەۋاتىر — قۇرۇق، بىھۇدە خىياللار.

خاشاكۆش [خاشاكۇش] (پ) خەشەككە ئوخشاش، خەشەكتەك.

خاشە [خاشە] (پ) «خاشاك» قا قاراڭ.

خاقان [خاقان] پادىشاھ، شاھلار شاھى، خانلار خانى، ئىمپېراتور:

چۇ خاقان ئەزىمەت قىلىپ ئوغرادى،
سىپاھى ئانىڭ ئارقادىن يۆترادى.

— ئا. نىزارى.

خاقانى چىن — چىن پادىشاھى.

خانۇ خاقان — خان ۋە پادىشاھلار:

ئاتا جانىبى خانۇ خاقان ئېرۇر،
ئانا سارىدىن قۇرب سۇلتان ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

خاك [خاك] (پ) 1) توپا، تۇپراق؛ كۈل:

مەزەللەت خاكىغە سۈرتۈپ يۈزىنى، يىغلابان مەجنۇن.
نېچۈككىم بولماغايلار سەن كەبى ئالەمدە بىرلەيلا.

— شەۋقى.

2) پەس كۆرۈلگەن، خار:

ئادەمىلىق تۇپراغىن بەرسەفەنا يېلىگە چەرخ،
ئاھكىم، يوقتۇر كىشى ئەھلى ۋەفادىن خاكراق.

— نەۋايى.

خاك ئەرا — پۈتۈن دۇنيا، يەر يۈزى.

خاك ئەتمەك — ئۆلتۈرمەك.

خاك بولماق — 1) ئۆزىنى پەس تۇتماق. 2) كۆچمە م: ئۆلمەك.

خاك بۇس — 1) تۇپراقنى سۆيۈش. 2) كۆچمە م: قۇللۇق قىلىش، بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش. 3) زىيارەت قىلىش.

خاك قىلماق — توپىغا ئوخشاش قىلماق، تۈگەتمەك، ئۆلتۈرمەك:

كۆزۈڭ قەترە پەلىدىن پاك قىلدى،
كى بەردى جاننى، ئاخىر خاك قىلدى.

— موللا پازىل.

خاكران [خاكران] (پ) يەر يۈزى، دۇنيا، ئالەم:

ئەھلى دىلنى بىھۇزۇر ئەيلەر فىغانى بۇلبۇلان،
خاكرانى دەھرىنىڭ ھەرگىز بەھارى بولماسا.

— زەلىلى.

خاكراھ [خاكراه] (پ) ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقۇچى، كەمتەر؛ خار.

خاكراھ بولماق — ئۆزىنى پەس تۇتماق، كەمتەر بولماق؛ خار بولماق:

ئەگەرچە ئەۋۋەلۇ ئاخىر گەدالار ئىچرە شاھ ئولدۇم،
فىغانكىم شوخلار سەر مەنزىلىدە خاكراھ ئولدۇم.

— زەلىلى.

خاكرەھ [خاكره] (پ) «خاكراھ» قا قاراڭ.

خاكسار [خاكسار] (پ) 1) تۆۋەن، پەس؛ خار، ئەرزىمەس:

ئەگەر يۈرسە بىر يىلكى لەيلۇ ناھار،
سەپەر مېھنەتىدە بولۇپ خاكسار.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: كەمتەر:

مۇلاقات بولدى ئاڭا بىر كىشى،
ئۆزى خاكسارۇ گادايلىق ئىشى.

— ئا. نىزارى.

خاكسار ئەتمەك — ئاياغ ئاستى قىلماق، خارلىماق.

خاكسار ئەدۇۋ — يەر بىلەن يەكسان بولغان دۈشمەن.

خاكسار بولماق — ئاياغ ئاستى بولماق، خارلانماق:

چىقارسام مۇھەببەت ئوتىدىن شارار،
كۆيۈپ چۇن ۋۇجۇدۇم بولۇپ خاكسار.

— ئا. نىزارى.

خاكسارلىق [خاكسارليغ] 1) تۆۋەنلىك، خارلىق. 2) كەمتەرلىك.

خاكسۇد [خاك سود] (پ) توپىغا مىسلەنگەن، چاڭ - توزان باسقان:

يۈزىن مېھردەك ئەيلەگەچ خاكسۇد،
ھەبىبىغە يەتكۈردى ھەقدىن دۇرۇد.

— نەۋايى.

قەدەم خاكسۇد قىلماق — قەدەم قويماق.

خاكى I [خاكى] (پ) توپىدىن بولغان، ئەسلى تۇپراق.

خاكى پا — «خاكى پاي» غا قاراڭ.

خاكى پا بولماق — «خاكى پاي بولماق» قا قاراڭ:

خىرامىڭ چاغى لۇتف ئەيلەپ، نە بولغاي پايىمال ئەتسەڭ،
ماڭا بىسكىم تەمەننادۇر كويىڭدا خاكى پا بولماق.

— ئەرشى.

خاكى پاي — ئاياغ ئاستى توپىسى؛ بويسۇندۇرۇلغان، تەۋە:

ئاتىڭنىڭ خاكى پايىغە زەلىلى يۈزىنى سۈردى،
نىدا كەلدىكى قەسرىڭدىن: كۆزۈڭ سۈر، تۇتىيا دەرلەر.

— زەلىلى.

خاكى پاي بولماق — ئاياغ ئاستىدىكى توپا بولماق، بويسۇنماق، تەۋە بولماق.

خاكى دەر — توپىدا، تۇپراقنىڭ ئىچىدە:

ئۆپە بىلگەيمۇ ئەزاقىنى تەپ،
باشنى يولىندا خاكى دەر قىلدىم.

— هافىز خارەزمى.

خاكى راھ — «خاكراھ» قا قاراڭ:

سەرۋەرانى سەيرفىللاھ بارچەسىغە رەھبەر ئول،
جۇملە خەيلى ئىشقى ئىرفان دەرگەھىدە خاكى راھ.

— ئەرشى.

خاكى رەھ — «خاكرەھ» قە قاراڭ.

خاكى سىياھ ئەيلەمەك — قارا توپىدەك سورىماق (پۇلنى)، بۇزۇپ - چاچماق.

خاكى II [خاكى] (پ) ئۇچىغا سۆڭەك ئۇتۇلغان ۋە ئەڭ يىراققا كىتىدىغان ئوق (ئوقيانىڭ ئوقى).

خاكىستەر [خاكستر] (پ) كۈل:

ئىشىتكىل، ئايا خۇبلار، سەرۋەرى،
كى ئىشقىڭ ئوتى قىلدى خاكىستەرى.

— ئا. نىزارى.

خاكىستەري [خاكسترى] (پ) كۈل رەڭ.

خاكي I [خاكى] (پ) تۇپراقتىن بولغان، تۇپراققا مەنسۇپ:

خاكي قەدەمىنى كۆزۈم چەككەلى سۈرمە،
كۆزۈم قاشىدە دۈرگىلە گەۋھەرگە نى ساندۇر.

— هافىز خارەزمى.

خاكي نىهاد — ئەسلى تۇپراقتىن بولغان.

خاكي II [خاكى] (پ) «خاكى I » گە قاراڭ.

خال I [خال] 1) ئادەم يۈزىدىكى قارا نۇقتا، مەڭ:

يۈزى ئۈستۈندىكى ئول دانەئى خال،
گۈلى لالە ئۆزە مۈشكى خوتەندۇر.

— هافىز خارەزمى.

2) كۆزگە چۈشكەن ئاق:

خەتتۇ خالى ھەسرەتىدىن ئانچە ئەشكىم ئاقتىكىم،
بىر كۆزۈم تۇتتى غۇبادۇر بىر كۆزۈمگە تۈشتى خال.

— نەۋايى.

خالى خەتتى — ئېڭەكتىكى مەڭ:

خالى خەتتى زۇلفى چۈن نەقش نىگار،
مۇرغى كۆڭۈللەرنى قىلۇرلەر شىكار.

— زەلىلى.

خالى سىياھ — قارا خال:

زۇلفۇڭدەكىم ئول خالى سىياھ نافەئى چىنىدۇر،
يالغۇن تىمە، گەر مۈشك تىبەسسۇم ئانىڭى، چىندۇر.

— هافىز خارەزمى.

خالدار [خالدار] خاللىق، خېلى بار:

ھەردەم كۆڭۈل ھەلاكۇ كۆزۈم تىيرە بولماغىن،
بىلگەي بىرەۋكى، يارى ئېرۇر شوخۇ خالدار.

— نەۋايى.

خالىس [خالص] (ئە) 1) غەرەزسىز، سەمىمي، لىللا:

ناقىسا، كۆڭلۈڭنى خالىس قىل ئوقۇشى غەيرىدىن،
ئول پەرى كويىدا جانىڭنى دىسەڭ گەر ئۆتقۇزاي.

2) ساپ، تازا:

ھەر غەشلىغدىنكى ناقىس،
بولدى بۇگۇداز بىرلە خالىس.

— نەۋايى.

3) يالغۇز، تەنھا:

كەرەمدىن جامىمە ئەفيون ئېزىپ مەي بەرگىل، ئەي ساقى،
كى باسماس بادەئى خالىس مىنىڭ ھەجر ئىچرە خۇمماريم.

— ناقىس.

خالىق [خالق] (ئە) ياراتقۇچى، خۇدا:

پادشاھا، جۇرمى ئىسيانىم كەچۈرگىل، خالىقا،
سەندىن ئولمىش ئەفۇ رەھمەت مەغفىرەت تۈرلۈك ئەتا.

— شەۋقى.

خالىقى ئالەم — ئالەمنى ياراتقۇچى، خۇدا.

خالىقى ئەفلاك — ئاسمان - پەلەكنى ياراتقۇچى، خۇدا:

ئول خالىقى ئەفلاكخە يۈز ھەمدۇ سەنا،
كىم بەردى قۇياش جىرمىغە ھەر كۈندە زىيا.
خەلق ئەتتى مەلەك بىرلە بەشەر قۇدرەتىدىن،
يوق كىمسەگە ھەركىم دىگەي ئول چۈنۇ چىراي.

— ناقىس.

خام [خام] (پ) 1) پىشمىغان، پىشۇرۇلمىغان:

بىر كۆرسە ئانى مەجنۇن ھۇسنىگە بولۇر مەفتۇن،
لەيلىگە كۆيۈپ نىچۈن ئىشق ئاشىنى خام ئەتتى؟

— ناقىس.

2) تەجرىبىسىز. 3) بىھۇدە، ئورۇنسىز، ئەمەلگە ئاشمايدىغان.

خامە [خامە] (پ) قەلەم:

رەمۇزى ئىشقى ئىنشا ئەيلەدىم مەن خامە بىلمەيدۇر،
سەراپا ئوت تۇتاشتى خەت يۈزىگە نامە بىلمەيدۇر.

— زەلىلى.

خامە چەكمەك — قەلەم تەۋرەتمەك، يازماق:

چېكىپ خامەسىن، نەقىش قىلدى ئەيان،
كى ئەرمەن دىيارىغە تارتىپ نىشان.

— ئا. نىزارى.

خامە سۈرمەك — قەلەم تەۋرەتمەك، يازماق.

خامە ئۇرماق — «خامە سۈرمەك» كە قاراڭ.

خامكار [خامكار] (پ) ئىش كۆرمىگەن، ئاددىي پىكىر قىلىدىغان؛ كالتە پەم.

خامۇش [خاموش] (پ) ئۈندىمەس، جىم، سۆزسىز، شۈك:

شەھادەت مەيىنى بېكىم نۇش ئېتىپ.
ئۆزىن شاد ئېتىپ، بىزنى خامۇش ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

خامۇش دىماغ — سۆز قىلمايدىغان، جىم تۇرىدىغان، سۆزسىز:

كى مەسئۇد دېدى سۆزنى باشتىن ئاياغ،
ئىشىتتى بۇلار بولدى خامۇش دىماغ.

— ئا. نىزارى.

خامۇش ئولماق — سۆز قىلماسلىق، جىم تۇرماق:

يىغىلدىكى پەرھاد مەدھۇش ئولۇپ،
ياتىپ يانىدا يارى خامۇش ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

خامۇشلىغ [خاموش ليغ] سۈكۈت ساقلاش، جىم تۇرۇش ھالىتى.

خامىس [خامس] (ئە) بەشىنچى.

خامىسە [خامسە] (ئە) «خامىس» قا قاراڭ.

خان I [خان] (پ) 1) داستىخان. 2) رىزىق، تائام، غىزا. 3) پىلانېتا.

خانى گەرەم — ساخاۋەت داستىخىنى.

خانى نەۋال — مەرھەمەت داستىخىنى.

خان II [خان] پادىشاھ، خان.

خان بىننى خان — شاھ ئوغلى، شاھ.

خانە [خانە] (پ) 1) ئۆي، ئائىلە، ماكان، خانا:

ھەمرازى ئاڭا مەلەك ئولۇردى،
ھەم خانە ئاڭا فەلەك ئولۇردى.

— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

2) بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئورۇن، جاي»، مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ. م: كۆتۈبخانە، قىرائەتخانە.

خانە بەرەنداز — قاتتىق ئىسراپخور، بار يوقنى سورۇپ تۆكىدىغان:

چۈن ئەمەلى بىرلە نەۋا ساز ئولۇپ،
ئول نەي ئۈنى خانە بەرەنداز ئولۇپ.

— نەۋايى.

خانە بەردۇش — 1) ئۆي - ماكانسىز، سەرگەردان:

ئەي زەلىلى تەكيەدارى كىشۋەرى تەن بولماغىل،
كىم سەنى تەڭرى ئەزەلدە خانە بەردۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

خانە ۋادە — ئەۋلاد، سۇلالە.

خانەئى خاس — مەخسۇس ئۆي، مەخسۇس ئورۇن:

كېلىپ چۈن كىرىپ خانەئى خاس ئارا،
نەۋا باشلادى مىسلى داستان سەرا.

— ئا. نىزارى.

خانەئى كەلبە — مەككىدىكى مۇسۇلمانلار تاۋاپ قىلىدىغان مۇبارەك ئۆي، تاۋاپ قىلىدىغان جاي:

ئىبادەتنىڭ قىيامى پايگاھى خانەئى كەئبەڭ،
ئىزىڭ ئول ئاستانى ئالى ئۆزرە سەجدەگاھىمدۇر.

— گۇمنام.

خانەقاھ [خانقاه] (ئە) چوڭ مەسچىت؛ شەيخ، سوپى - ئىشانلارنىڭ زىكرى قىلىدىغان جايى:

بۇ دىمدە خانەقاھ كۆنجى كۆرۈنۈر كۆزگە چۈن زىندان،
چىقىپ زىنداندىن، ئەي ئاشىق، چەمەندە لالەزار ئىزدە.

— ھافىز خارەزمى.

خانەقەھ [خانقه] (ئە) «خانەقاھ» غا قاراڭ:

خانەقەھ شەيخى ئۇماچىن ئىچمەكىم يوق ئەمدى سۇد،
ساقى، ئەمدى جامى مەي ئىچ، بول ھەم ئولدەم ھەقشۇناس.

— ئەرشى.

خانەندە [خواننده] (پ) 1) كىتاب ئوقۇغۇچى، كىتاب ئوقۇپ بەرگۈچى:

كاتىبىكىم مېھنەت ئەيلەپ بىر كىتابىنى يازار،
بەزى جا بولسا غەلەت راس ئەيلەمەكتۇر نىكۈكار،
قەست ئىلە ھەرگىز خەتا قىلما ۋەلى تەبئى ئازار،
ۋەرنەكىم راستى ئەقىل بولسا غەلەتلەر بىشۇمار،
قىلغايۇ خانەندەلەر دۇشنام، ھەقارەت ھەرزەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

2) ناخشىچى، غەزەلخان.

خاندان [خاندان] (پ) ئۆي، ئائىلە: ئائىلە كىشىلىرى، ئۇرۇق، نەسىل - نەسەب:

مۇسىبەت سالىپ خاندان ئىچرە ئول،

ئۆزى ھەم تاموغ سارىغە تۇتتى يول.
— ئا. نىزارى.

خانىمان [خانمان] (پ) ئۆي - جاي، ئۆي جاھازلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۆي - بىسات:

زەلىلى تەرك ئېتىپ ئالەمنى كەچتىم خانىمانىمدىن،
تەۋافى ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخان ئەتكەچ.
— زەلىلى.

خانىكە [خانيكه] ئىنىسى ياكى چولڭ ھەدىلىرىنى چاقىرىشتىكى ھۆرمەت سۆزى:

ھەرەملەرنى قىچقىردى ئىقبالىغە،
چۇ خانىكەسىن كەلتۈرۈپ ئالىغە.
— ئا. نىزارى.

خانۇمان [خان ومان] (پ) «خانمان» غا قاراڭ:

نىگارا خاكى پايىڭغە نىسار ئەز خانۇ مانىمدۇر،
دەمى تىيغى ھەلالىڭغە فىدا يۈز قاتلە جانىمدۇر.
— ئەرشى.

خاھىش [خواهش] (پ) ئارزۇ، ئۈمىد، ئىستەك.

خاھىش ئەتمەك — ئىزلىمەك، خالىماق:

ئاتا ئەيلەمىش ھەق ساڭا تەختۇ تاج،
ئەگەر خاھىش ئەتسە قىلۇرمىز ئىلاج.
— ئا. نىزارى.

خاۋەر [خاور] (پ) كۈنچىقىش، شەرق:

كۆڭلۈنى ئالدىيۇ زار ئەيلەدى ئۆزىگە رام ئەيلەپ،
كۆزۈم ئاچتىم، كىرىپ كەۋكەبىدە پىنھان شەمسى خاۋەردەك.
— موللا سالىھ.

مىھرى خاۋەر — شەرق قۇياشى، قۇياش.

خاۋەرى [خاورى] (پ) شەرقىي، شەرققە مەنسۇپ، شەرقچە.

خائىف [خائف] (ئە) يۈرەكسىز، قورقۇنچاق.

خەباسەت [خباسة] (ئە) بۇزۇقلۇق، ئىپلاسلىق، يامانلىق.

خەبەر [خبر] (ئە) خەۋەر، ئۇچۇر:

ئىلكىرى ئەلچى يۈرۈتىبان قاراقاش بىلە شەھەر،
بارچە قاراقاش ئەھلىغە ئول كۈنى يەتتىلەر خەبەر.
— موللا سالىھ.

خەبەر ئالماق — خەۋەرنى ئۇقماق، ئۇچۇرغا ئىگە بولماق؛ قارىماق، كۆيۈنمەك:

قىلىپ ئەقلىنى خىزىردەك راھبەر،
كۆڭۈل سىرىدىن ئاندا ئالغىل خەبەر.
— ئا. نىزارى.

خەبەرمەك — ئەھۋالنى بىلدۈرمەك، خەۋەردار قىلماق:

ئاقىپ مەن، ماڭا ھۇشىدىن يوق ئەسەر،
كى تەقدىرى ھەق بەردى سىزدىن خەبەر.
— ئا. نىزارى.

خەبەر تاپماق — خەۋەردار بولماق، ئۇچۇرغا ئىگە بولماق:

خەبەر تاپقاي ھېچكىم ئانىڭ ھالىدىن،
ۋەزىرۇ نادىم ھەم بۇ ئەھۋالىدىن.

خەبەر قىلماق — خەۋەر بەرمەك، ئەھۋالنى بىلدۈرمەك:

بىلىنى ياد ئەيلەدىم ھەردەم،
ئالەمى غەيبىدىن خەبەر قىلدىم.
— ھافىز خارەزمى.

خەبەرگۇزار — خەۋەر بەرگۈچى، مۇخبىر.

خەبباز [خباز] (ئە) نان ياققۇچى، ناۋاي.

خەبت [خبط] (ئە) ئەقلىدىن ئېزىش، ئەقلىنى يوقىتىش.

خەبت ئولماق — ئەقلىنى يوقاتماق، ئەقلىدىن ئازماق.

خەبچە [خبچه] پورەك.

قەبر ئىچىدە تابەكەي غۇنچە بولۇر سەھى قەدەن،
مەۋسۇمى نەۋ بەھار ئېرۇر خەبچەگە نەۋنىھال ئاچىلىڭ.
— زەلىلى.

خەبىر [خبير] (ئە) خەۋەر بەرگۈچى، خەۋەر قىلغۇچى.

خەبىس [خبيث] (ئە) ئىپلاس، ناپاك.

خەت (ت) [خط] (ئە) [كۆپلۈكى خۇتۇت - خطوط.] 1) سىزىق، يول، ئىز:

ئەگەر ئول ياش بىلە باشىڭ گوشالغاي،
سەئادەت خەتتىدۇر، گەر زەخمى قالغاي.
— نەۋايى.

2) خەت، مەكتۇب، پۈتۈك، يېزىق:

بۇ گۈلشەن ئىچرە ھەريان جىلۋەگەر بەرگى شەجەر ئېرمەس،
ۋەرەقلەردۇر يازىلغان خەتلەرى يەكسەر خەزان مەزمۇن.
— ناقىس.

3) يېڭى چىققان مويلەۋ، مىيىق؛ بۇرۇت.

4) چاچ، كوكۇلا چاچ:

كۆزۈڭ تۈركۈ خەتىڭ ھىندۇيى جادۇ،
كىمى ئاندىن باغلادى قان نافى ئاھۇ.
— ھافىز خارەزمى.

5) ھۆكۈم، پەرمان.

خەتتى بەرات — ئازادلىق خېتى، گۇناھسىزلىق خېتى، يارلىق:

نەمايان بولغانىدىن سۈنبۈلى تەر بولماغىل دىلگىر،
لەبى لەئلى ئەقىقىڭ ئۆزىدە ئول خەتتى بەراتىمدۇر.
— زەلىلى.

خەت - بەخەت — سىزىقمۇ سىزىق.

خەتى پېشانە — پېشانىگە پۈتۈلگەن:

خەتتى پېشانەگى ئازارىلەرنى سەندىن ئاڭلارمەن.
يۈزۈڭ بىرلە قاشىڭنى سەجدەدە لەۋھى قەلەم ئەتكەچ.

— زەلىلى.

خەتى رەيھان — 1) قەدىمكى خەتتاتلىقتىكى خەت نۇسخىلىرىدىن بىرى. 2) بويى رەيھان، رەيھان، قامەتلىك:

ئەي كۆزلەى نەرگىس، خەتى رەيھان، قەدى شەمشاد،
بۇلبۇل كەبى ئىشقىڭدا ئىشىم نالەۋۇ پەرياد.

— ئەرشى.

خەتائ [خطاء] (ئە) يېڭىلىش، خاتا:

قىلىپ بىز بۇ دەرگاھىدا يۈزمىڭ خەتا،
سەن ئەيلەپ كەرەم بىزگە ھەردەم ئاتا.

— موللا قۇربان.

خەتاكار [خطاكار] (ئە + پ) ئەيىبكار، خاتا قىلغۇچى، گۇناھكار.

خەتاكۇش [خطاكوش] (ئە + پ) گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگۈچى.

خەتەرات [خطرات] (ئە) خەۋپ - خەتەرلەر.

خەتەرناك [خطرناك] (ئە + پ) خەتەرلىك، خەۋپلىك؛

يول يىراقدۇر، كۆپ خەتەرناك يول غەمىنى تازە قىل،
شەۋقى بىلسەڭ يول غەمىنى تازە قىلغانىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

خەتتات [خطاط] (ئە) خېتى چىرايلىق، خۇش خەت يازغۇچى.

خەتم [ختم] (ئە) 1) تاماملاش، تۈگىتىش، ئاخىرى. 2) مۆھۈر، تامغا.

خەتمى قۇرئان — ئۆلگەنلەر ئەرۋاھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇش ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم:

قالىپمەن ئاھ نېتەي ئارمان بىلە،
كى ياد ئەتكەمەن خەتمى قۇرئان بىلە.

— ئا. نىزارى.

خەتمى كەلام — «خەتمى قۇرئان» غا قاراڭ:

بۇلاردىن تىلەپ ئىستىئانەت مۇدام،
كى خەتمى كەلام ئەيلابان سۇبھى - شام.

— ئا. نىزارى.

خەتمى قىلماق — 1) بىرەر ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەك. 2) مۇكەممەل بىلمەك.

خەتىب [خطيب] (ئە) نۇتۇق سۆزلىگۈچى، ۋەز ئېيتقۇچى، ئىمام.

خەتىر [خطير] (ئە) خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق.

خەد [خد] (ئە) يۈز، مەڭىز، ياڭاق:

سەباھەتدە جەھان مەشھۇرى ئولساڭ،
ئەگەر يۈسۈف مەسەللىك كۆرگۈزۈپ خەد.

— ئەرشى.

پەرى خەد — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل:

پەرى خەد، پەرىزاد، پەرىۋەش داغى،
پەرى پەيكەران ئىسمى دىلكەش داغى.

— ئا. نىزارى.

قىرمىزى خەد — قىزىل يۈزلۈك:

ئىللا دېمىش كۆرمەي سېنى، ئەي لالەرۇخ، قىرمىزى خەد.
خۇرشىد يۈزۈ جەللاد كۆز، كاكۇللەرى مۇشكى خوتەن.

— ناقىس.

خەدەڭ [خدنك] (پ) ئوق، ئوقيانىڭ ئوقى:

كۆڭۈل مىژگان خەدەڭگىڭ كۆزلەرىڭدە ناگەھان كۆرگەچ،
ھەراسان يەكدەك ئولمىش كافىر ئىلكىدە سىنان كۆرگەچ.

— ئەرشى.

خەدەڭ ئەيلەمەك — ئوق قىلماق:

بۇنى سەبزەرەڭ ئەيلەپ، كەمەرىنى تەڭ ئەيلەپ،
مىۋەسىن خەدەڭ ئەيلەپ، قاشىن كەمان قىلۇرسەن.

— زەلىلى.

خەدەڭ تارتماق — ئوق ئۈزمەك.

خەدەم [خدام] (ئە) [بىرلىكى «خادىم - خادم»] خادىملار، خىزمەتچىلەر، مالايلار.

خەددام [خدام] (ئە) «خادىم» غا قاراڭ:

چىقاردى يۆلەپ بارچە خەددام‌لار،
ۋەزىرغە ھەمە قىلدى بەدناملار.

— ئا. نىزارى.

خەددامىلىق [خدام ليق] مۇلازىملىق، خىزمەتكارلىق، مالايلىق:

چۇ كىشتى ئارا قىلدى خەددامىلىق،
چىقىپ خۇشكىغە يەتتى ئاراملىق.

— ئا. نىزارى.

خەر [خر] (پ) ئېشەك:

ناقىسى دىلخەستەدۇر قۇيرۇقى كالتە ئېشەك،
لېك قىلالماس بۇ سۆز قۇيرۇقى يۈزگەز خەرى.

— ناقىس.

مادە خەر — مادا ئېشەك:

كى ھىممەت يوقدۇرۇر بۇ فىرقەدە نامۇس يانەڭگى،
شەرىئەت ئۇشبۇ سۈرەتلىكنى دەيدۇر مادە خەر سۇلتان.

— موللا نىيازى.

مەردەكى خەر — ئەخمەق ئادەم.

خەراب [خراب] (پ) بۇزۇق، ۋەيران؛ يامان، ناچار:

كۆزلەرىدىن ئۆزگە كىشى كۆرمەي،
گۆشەئى مىھرابدە مەستۇ خەراب.

— هافىز خارەزمى.

خەراب ئەتمەك — «خەراب ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

كى ئوت بىرلە بىزنى خەراب ئەتكۈسى،
كىبە ئىچرە سىخلاپ كەباب ئەتكۈسى.

— ئا. نىزارى.

خەراب ئەيلەمەك — بۇزماق، ۋەيران قىلماق:

كاكولى مۇشكىن سەنەمنىڭ چىھرەسىن يۆشتىدە تۇت،
جىلۋەئى ھۆسنىدە ئەيلەر ۋەرنە ئالەمنى خەراب.

— زەلىلى.

خەراب قىلماق — «خەراب ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

قىلىپ زۇلۇم ئىلە خانىمانىن خەراب،
شەھىد ئەيلەدى ئانى ئەفرەسسىياب.

— ئا. نىزارى.

خەرابات [خرابات] (پ) 1) ۋەيران بولغان، بۇزۇلغان جاي، خارابە. 2) مەيخانا:

ھەر نەۋدىكىم جۇنۇندىن رەقس ئېتەر ئەيب ئەتمەگىز،
جىلۋەئى ساقى خەرابات ئىچرە مەدھۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

خەراباتي [خراباتى] (پ) 1) خاراب بولغان جايدا تۇرغۇچى، دەرۋىش، تەركىدۇنيا. 2) مەي ئىچكۈچى، مەيخانە ئەھلى:

سەبەب بولدى ئالەم خەراباتىغە،
كى ئۇچراپ ئۆزىنىڭ مۇكاپاتىغە.

— ئا. نىزارى.

خەرابە [خرابه] (پ) ۋەيرانە، بۇزۇلغان، تاشلاندۇق، خارابە:

تاشىرغە تاشۇ خىشتۇ بەل ئەرابە،
تۇتۇپ چىن ئىچرە ئابادۇ خەرابە.

— نەۋايى.

خەرابي [خرابى] (پ) ۋەيرانلىق، بۇزۇقلۇق.

خەراج [خراج] (ئە) سېلىق، باج، پاراق.

خەراش [خراش] (پ) 1) يونۇش، تاراشلاش، قىرماق:

يەنە بار ئىدى قارەن سەگگەتەراش،
قىلۇر ئېردى تاشنى باغاچدەك خەراش.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: ئازابلىماق، قىينىماق:

ئانىڭ زەربىدە ساچراغان رىزە تاش،
چىقىپ ئەيلەگەي چەرخ جىسمىن خەراش.

— ئا. نىزارى.

خەراش ئەيلەمەك — 1) يونۇماق، تاراشلىماق، قىرماق:

خەراش ئەيلەدى يەشمىنى ئول زەمان،
چۇشەھزادە بولدى بەسى شادمان.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: ئازابلىماق، قىينىماق.

خەراش قىلماق — «خەراش ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

رىزق ئۈچۈن قىلمە كۆڭۈل لەۋھىنى ھەسرەتتىن خەراش،
ئەيب ئېرۇر ئەھلى خىرەددىن ئەل بىلەن قىلماق تالاش.

— ناقىس.

خەراشىدە [خراشيده] (پ) قىرىلغان؛ خىرىلدىغان، بوغۇق.

خىراشىدە بولماق — قىرىلماق، بوغۇلماق، خىرىلدىماق.

خەرپۇشتە [خرپشته] (پ) گۈمبەز شەكلىدىكى نەرسە؛ راۋاق، چېدىر.

خەرج [خرج] (ئە) 1) خىراجەت، چىقىم، سەرپ:

كەسبىدىن ئەجر بىرلە پۇل تاپىلۇر،
خەمر بىرلە زىناغە خەرجى قىلۇر.

— ئا. نىزارى.

2) خىراجەت قىلىنىدىغان پۇل، سەرپلىنىدىغان مەبلەغ:

ھەقدى رەھمەت خەرجىڭ ئەتسە ھەق ني تاڭ ئولكىم تاپار،
سەن كەبى مەھبۇبى ۋەسلىن ئەيلەگەي ناچار خەرج.

— نەۋايى.

خەرجۇ خەراج — خەج ۋە خىراجەت:

مۇساپىر بولۇر ئاقسۇدا بارەۋاج،
تاپۇر نامۇراد بولسا خەرجۇ خەراج.

— موللا شاكىر.

خەرجى دىرەم — يولدا لازىم بولىدىغان ئوزۇق.

خەرجى سەفەر — يول خىراجىتى.

خەرجى مەئاش — تىرىكلىكتە ئىشلىتىدىغان خىراجەت، ياشاش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان نەرسىلەر.

خەرجلىك [خرج ليك] خەجلەشكە كېرەكلىك:

كۆز تۆكەر ۋەسلىڭ ئۈچۈن دۇررى ئەدەن، ئەي گۈلرۇخ،
خەرجلىك بولسە بۇرەڭ قالمادى ئىمساك ماڭا.

— ناقىس.

خەرچەڭ [خرچنك] (پ) قىسقۇچپاقا:

كۆڭۈل فىراقىڭە تۇشكەچ قىغان چېكەر ھەردەم،
تومۇزدا ئۆيلەكى ئەفغان تولا چېكەر خەرچەڭ.

— ناقىس.

خەرگۆش [خركوش] (پ) ياۋا توشقان.

خەرمەن [خرمن] (پ) چەمبىرەك.

خەرمۆھرە [خرمهره] (پ) ئىشەكمۇنچاق:

نەچچە ھۆسن ئەھلى كېلىپ ياندا‌شسا ئانداغ بەلگۈرۈر،
بىر تىنىغ خەرمۆھرە ئىچىدە گۇيىيا بىر گەۋھەرى.
— ئەرشى.

خەرۋار [خروار] (پ) بىر ئېشەك يۈك (ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، تەخمىنەن 300 كىلوگرام) .

خەرىد [خريد] (پ) سېتىش، ساتماق:
ئاناسى بىلەن گۈل ماڭا زەر خەرىد —
دەبان، كوپ جەدەل قىلدى خاجەسەئىد.
— ئا. نىزارى.

خەرىدار [خريدار] (پ) 1) سېتىۋالغۇچى، تەلەپكار:
مەن جەفاكارى، سەن ۋە فادارىمىز،
يۈز تۈمەن ئەيىب ئىلە خەرىدارىمىز.
— موللا قۇربان.

2) كۆچمە م: بىرەۋگە مۇھەببەت قويغان، كۆڭلى چۈشكەن كىشى، ئاشىق:
مېھىنبانۇ ھەر كۈنى خەبەردار ئىدى،
ھەمول كۆمەكەنگە خەرىدار ئىدى.
— ئا. نىزارى.

خەرىدارلىق [خريداراق] تەلەپكارلىق؛ خېرىدارى بار، خېرىدارغا ئىگە:
كى بىزگە خەرىدارلىق ئەيلەدى،
مەدەد ئەيلەبان يارلىق ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.

خەرىف [خريف] (ئە) كۈز، كۈز پەسلى.

خەزان [خزان] (پ) 1) كۈز پەسلىدە تۆكۈلگەن، سارغايغان ياپراق:
رەۋابى ھۆسن ئۈچۈن چېھرەمنى گاھى ئەيلەمىش ئەز بەس،
بولۇر گۈل ھۆسنى زاھىر بولسەگەر رەڭگى خەزان پەيدا.
— ئەرشى.

2) كۈز، كۈز پەسلى:
خەزان بەرگىدەك سارغايىپ چېھرەسى،
تولا خەۋف ئىلە قالمادى زەھرىسى.
— ئا. نىزارى.

خەزان ئەتمەك — سارغايتماق:
ئەلا ئەي لالە يەڭلىغ گۈلئۇزارىم،
خەزان ئەتتىڭ مېنى ئەي نەۋ بەھارىم.
— موللا پازىل.

3) يانجىلغان، ئازابلانغان؛ دەردلىك:
بۇ گۈلشەن ئىچرە ھەريان جىلۋەگەر بەرگى شەجەر ئېرمەس،
ۋەرەقلەردۇر يازىلغان خەتلىرى يەكسەر خەزان مەزمۇن.
— ناقىس.

خەزان بولماق — 1) سارغىيىپ، قۇرۇپ قالماق. 2) ئازاب - ئوقۇبەتتە ئېزىلمەك، مەجرۇھلانماق:
سېنى دەپ چېكەر بۇلبۇل ئاھۇ فىغان،
ئانى يىغلاتىپ كۆپ بولۇرسەن خەزان.
— ئا. نىزارى.

خەزان قىلماق — سارغايتماق، قۇرۇتماق:
مېنى ئىشق ئوتى قىلىپدۇر خەزان،
ھەنوز سەبزە ئېردىم بولۇپمەن سامان.
— ئا. نىزارى.

بادى خەزان — كۈز شامىلى:
بادى خەزان پەيدار، قالماس جەھاندا گۈلزار،
نى باغۇ، نى سۇمەنزار، فەسلى بەھار ئىچىدە.
— زەلىلى.

فەسلى خەزان — يوپۇرماقلار سارغايغان مەزگىل، كۈز پەسلى:
بەھار كۈنلەرى كەتمىش يېتىپ بۇ پەسلى خەزان،
دەرەختى ئۆمرىنى يۇلماقغە بىغ ئىلە بۇنياد.
— شەۋقى.

خەزانە [خزانه] (ئە) خەزىنە؛ بايلىق.
خەزانە سەنج — خەزىنە ئىگىسى.
خەزانە خاس — پادىشاھنىڭ خۇسۇسىي خەزىنىسى.

خەزانەدار [خزانەدار] (ئە + پ) خەزىنىچى.

خەزانى [خزانى] (پ) سېرىق رەڭلىك.
خازانى ئەيلەمەك — سارغايتماق.
خازانى باغ — قۇرۇپ قالغان باغ.
خازانى بەرگ — سارغايغان يوپۇرماق.

خەزايىن [خزاين] (ئە) خەزىنىلەر (بىرلىكى: خەزىنە) :
سىپاھ ئايدى: «ئانداغ ئىسە مەن ئالاي،
خەزايىنغە مىلك تەڭگەنى مەن سالاي.»
— ئا. نىزارى.

خەزەف [خزف] (ئە) ساپال، ساپال قاچا.

خەزرا [خضرا] (ئە) يېشىل:
تەفەررۇج گاھى سۇنتۇلۇڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن - كېچەلەردە كۈنبەزى خەزرا.
— زەلىلى.

خەزىنە [خزينه] (ئە) خەزىنە؛ بايلىق.

خەس [خس] (پ) 1) قۇرۇق ئوت - چۆپ، پاخال:
ئەيا غۇنچە كۈلمەكنى قىلما ھەۋەس،
چەمەنزار ئارا مەن كەبى بولما خەس.
— ئا. نىزارى.

2) ۋاپاسىز، نائەھلى؛ پەس كىشى:

ئۆچۈرمەككە ئاسان ئېرۇر دەر مەھەل،
نە خەسلەرگە بولغاي، نەقۇلغە خەلەل.

— ئا. نىزارى.

3) ئېزىلگەن، يانجىلغان؛ يارىلانغان:

دېدى: «*شاھزادە دىلىم خەس ئېرۇر،*
بۇ قىلغان كىرامىڭ ماڭا بەس ئېرۇر».

— ئا. نىزارى.

خەسارەت [خسارت] (ئە) زەرەر، زىيان:

قەزاغە كىشى نالە ـ فەرياد ئېتەر،
بۇ شۇم لەفزىدىن كۆپ خەسارەت ئېتەر.

— ئا. نىزارى.

خەسايىس [خصايص] (ئە) [بىرلىكى: خاسىيەت] خۇسۇسىيەتلەر، خاسىيەتلەر.

خەسايىل [خصايل] (ئە) [بىرلىكى: خىسلەت] خىسلەتلەر.

خەستە [خسته] (پ) 1) كېسەل، كېسەلمەن:

يۈزۈڭنى كۆزۈم ئاقىبەتۇلئەمر كۆرسەتەر،
ھەمراھ مەنى خەستەغە چۇن نۇرى يەقىندۇرۇ.

— ھاپىز خارەزمى.

2) قىينالغان، ئازابلانغان؛ دەردمەن:

بىۋەفا ئەيلەمەگەي گۈل نازەنىن،
رەھم قىلسە خەستە ئاشىقلارىنە.

— ھاپىز خارەزمى.

3) ئاجىز، كۈچسىز، زەئىپ:

ھەمىشە خەستەدۇر دەردى بىلەن جان،
بولا بىلمەدى بۇ بىمار ياخشى.

— ھاپىز خارەزمى.

4) بىچارە، مىسكىن:

يېتەرمۇ بىر كەمىنە خەستەگە بۇيى ۋىسالىڭدىن،
دېگەچ شامۇ سەھەرلەر ئەشكى خۇندىن جۇيىبار ئەيلەر.

— شەۋقى.

خەستە ئەيلەمەك — 1) كېسەل قىلماق، مەجرۇھلاندۇرماق. 2) ئازابلىماق، قىينىماق:

دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلەن بىرنەچچە كۆڭلۇم ئېردى خۇش،
فۇرقەت ئىچرە خەستە ئەيلەپ نېگە قىلدىڭ ئىجتىناب.

— ئەرشى.

خەستە جان — ئاغرىق، زەئىپ:

كى سىزدەك بىرەۋ ناتەۋانى ئىدىم،
ئانىڭ ئىشقىدا خەستە جانى ئىدىم.

— ئا. نىزارى.

خەستەجان بولماق — زەئىپلەشمەك، ئاجىزلاشماق:

بۇلار ئىلكىدىن بىر بولۇپ خەستە جان،
فەلەك بىزنى ئەيلەپ ئەجەب ناتەۋان.

— ئا. نىزارى.

خەستە دىل — كۆڭلى سۇنۇق، دەردمەن:

دېدى *خەستە دىلغە شاھى: «ۋاستە —*
قىلالى سەرەندىپ سارى رابىتە».

— ئا. نىزارى.

خەستە ھال — قىيىن ئەھۋالدا قالغان، بىچارە:

گۆھەر سىلكى كەبى مەنزۇمە بىرلە يوقلامىشسىزلەر،
بىزىڭدەك خەستە ھالىنى بۇ يەڭلىغ ھالى غۇربەتتە.

— ئابدۇخېلىل داموللا ھاجى.

خەستە ئولماق — ئازابلانماق، قىينالماق:

قاشلارى ياسى ئوقىنىڭ تەگكەنىنى بىلدى ئەل،
خەستە ئولغان جاندا ھەريان زەخمە پەيكانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

خەشتەۋۇ مىسكىن — ئاجىز ۋە غېرىب، دەردمەن بىچارە:

خوشلاشىبان خەستەۋۇ مىسكىن زەلىل،
بۇلبۇل ئېردى چىقتى قەپەزدىن دېگىل.

— زەلىلى.

خەستە خانە [خسته خانه] (پ) ئاغرىقلارنى داۋالايدىغان ئورۇن.

خەستە ۋار [خەستەوار] (پ) ئاغرىقتەك.

خەستەك [خستك] قۇرىغان ئوت ـ چۆپتەك:

مەن خەستە، خەستەك تاڭ ئەمەس بولسام يولىدا پايمال،
گۈل گۈل سەمەندىن سەكرەتىپ جەۋلان ئۆزە، جەۋلان ئېرۇر.

— مەھزۇن.

خەسدەك [خسدك] «خەستەك» كە قاراڭ:

خەمالىڭ بولماسە ھەرگىز تەماشايى گۈل ئەتمەسمەن،
بارى گۈلشەن گۈلى ئالىندا خەسدەك پايمالدۇر.

— گۇمنام.

خەسم [خصم] (ئە) قارشىلىششى؛ دۈشمەن، رەقىب:

چۇ پەيۋەند ئېتىپ شەستىگە بىر خەدەڭ،
رەھا ئەيلەدى خەسمىغە بىدەرەڭ.

— ئا. نىزارى.

خەسم ئولماق — قارشىلاشماق، دۈشمەنلەشمەك:

بەرادەرلىرى خەسم ئولۇپ ھەر زەمان،
كى تەدبىر ئىلە ئەيلەدى خەستە جان.

— ئا. نىزارى.

خەسى [خصى] (ئە) پىچىلغان، ئاختا.

خەسى قىلماق — پىچماق، ئاختا قىلماق.

خەسىس [خسيس] (ئە) بېخىل، پىخسىق:

ئۆزى پەرۋەرش ئەيلەگەن بىر خەسىس،
زەھى بەد تەردىن ئىبنى مۇلجەم نەجىس.

— ئا. نىزارى.

خەشەب [خشب] (ئە) ياغاچ، ئوتۇن.

خەشخاش [خشخاش] (پ) كۆكنار، كۆكنار غوزىسى.

خەشم [خشم] (پ) قەھر، غەزەپ:

بولۇپ خەشم قىلدى مىنى مۇندا بەند،
بولۇبدۇر بۇ تەختە باشىمدا كەمەند.

— ئا. نىزارى.

خەشمناك [خشمناك] (پ) ئاچچىقلانغان، غەزەپلەنگەن.

خەفائ [خفاء] (ئە) 1) يوشۇرۇنلۇق، مەخپىيلىك. 2) رەنج، كۆڭۈل ئاغرىقى:

قالمادى ئالەم ئىلىدە زەررەئى بۇيى ۋەفا،
ئالسە بەرمەس، كەتسە كەلمەسلىك بىلە سالمىش جەفا،
بارچە ئىش فەندۇ ـ فۇنۇن، مەكر ئولدىلار قالماي سەفا،
ھىچ جىھەتدىن ھىچ دىلدا شاد يوق باردۇر خەفا،
مۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەلەرگە تەڭگو ـ تار ئولدى زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

خەفا ئەيلەمەك — يوشۇرماق، مەخپىي تۇتماق.

خەفالىغ [خەفاليغ] مەخپىي، يوشۇرۇن بولغان:

تەمامى ئىلىمنىڭ فەننىگە ئېردى ئاخۇنۇم ھامىل،
خەفالىغ مەئنىنى سۆز رىشتەسىغە كىم تىزار ئەمدى.

— موللا پازىل.

خەفەقان [خفقان] (ئە) يۈرەك سېلىش، قان بېسىمىنىڭ ئارتىشىدىن بولىدىغان كېسەللىك.

خەفتان [خفتان] (پ) ئۇرۇش كىيىمى.

خەففاش [خفاش] (ئە) شەپەرەڭ.

خەفى [خفى] (ئە) مەخپىي، يوشۇرۇن:

يەتتە فەلەك يەتتە بەھر، يەتتە يەرۇ يەتتە شەھر،
خاھى خەفى، خاھى جەھر، شەۋقۇڭدا زار ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

خەفىيات [خفيات] (ئە) [بىرلىكى: خەفىيە]: مەخپىيەتلەر، يوشۇرۇنلۇقلار:

سىررۇل خەفىيات — مەخپىيەتلىكلەرنىڭ سىرى، يوشۇرۇن سىرلار:

قەبۇل ئەتكىل خۇدايا بۇ مۇناجات،
كى سەن دانايى سەن سىررۇل خەفىيات.

— زەلىلى.

خەفىيە [خفيه] (ئە) يوشۇرۇنلۇق، مەخپىيەت؛ مەخپىي.

خەفىيەت [خفيت] (پ) «خەفىيە» گە قاراڭ.

خەفىف [خفيف] (ئە) يەڭگىل:

سۈرەتى پاكىڭغە بۇ جانىمنى نىسبەت ئەيلەسەم،
ئول كۆرۈنۈر بىس خەفىفۇ، بۇ كۆرۈنۈر بىس گەران.

— ھاپىز خارەزمى.

خەلائ [خلاء] (ئە) 1) خالىي جاي، بوش جاي:

لەئلىلەرنى كۆرسە كۆلۈپ يالبارىب،
خەلائ يىغلابان ئول يۈزى سارغارىب.

— ئا. نىزارى.

خەلائ بولماق — خالىي، پىنھان بولماق، ئۆزىنى چەتكە ئالماق:

خەلايىق بارى ئۆيىغۇغە قىلدى مەيل،
ئاتا ۋە ئانادىن خەلائ بولدى لەيل.

— ئا. نىزارى.

خەلائ ۋە مەلا — ئايرىم ۋە توپ بىلەن:

كى مىراس دۇنياسى بىھەد تولا،
بارى جىنس ئەشيا خەلائ ۋە مەلا.

— ئا. نىزارى.

2) تەرەتخانا.

خەلاب [خلاب] (پ) لاي، پاتقاق.

خەلاجاي [خلا جاى] (ئە + پ) خالاجاي، تەرەتخانا.

خەلاس [خلاص] (ئە) قۇتۇلۇش، ئىلاج تېپىش:

دېدى قىز: «گەر ئەتسەڭ، بۇ ئىشغە سەۋەب،
خەلاسىمغە مەن ھەم قىلايىن تەلەب».

— ئا. نىزارى.

خەلاس ئەيلەمەك — قۇتۇلدۇرماق، ئازاد قىلماق:

جۇدا ئەيلەگىل ئەھلى فەسساقدىن،
خەلاس ئەيلەگىل كىبىر ئەخلاقدىن.

— ئا. نىزارى.

خەلاس بولماق — قۇتۇلماق:

دېدىكىم: «قىلالى دېگىنىز سارى ئەزم،
بىھەمدىللا، بولدۇق خەلاس ئەمدى جەزم».

— ئا. نىزارى.

خەلاس قىلماق — قۇتۇلدۇرماق، ئازاد قىلماق:

كى بىر ئوق بىلە ئەلنى قىلدى خەلاس،
ھەمە زاھىزەنلەردىن ئالدى قىساس.

— ئا. نىزارى.

خەلاس ئولماق — قۇتۇلماق، ئازاد بولماق:

خەلاس ئولماق ئۈمىد ئەتسەڭ بۇ ئىككى پەردە زۇلمەتدىن،
شەبىستانى ۋۇجۇدۇڭغە ئىبادەت شەمئى كەلتۈرمىش.

— شەۋقى.

خەلافەت [خلافت] (ئە) خەلىپىلىك:

مۇستەفادىن سوڭ خەلىفەكىم ئىدى ئايغىل ۋىلا،

مەسنەد ئەۋجى خەلافەتدە ئەبۇبەكرى ئەۋۋەلا.

— زەلىلى.

خەلايىق [خلايق] (ئە) خەلقلەر، كىشىلەر:

خەلايىق كۆپ ئېردى چۇ خاقان بىلە،
كى شەھزادەئى زارى ھەيران بىلە.

— ئا. نىزارى.

خەلە [خله] (ئە) سانجىق، ئاغرىق.

خەلەف [خلف] (ئە) پەرزەنت؛ ۋارىس، ئىز باسار:

چۇ ئۆمرى ئانى سۇرئەت ئايىن ئېتىپ،
خەلەف يوقلۇغى ئانى غەمكىن ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

خەلەف بەرمەك — پەرزەنت تۇغماق:

بى بى بەتنىدىن بەرمەدى بىر خەلەف،
ماڭا رۇزگار ئېردى دۇرسىز سەدەف.

— ئا. نىزارى.

خەلەف بولماق — ۋارىس بولماق، ئىز باسار بولماق:

فەنا ئەزم سارى يېقىن بولدى يول،
ۋەلى يوقكى فەرزەند خەلەف بولغاي ئول.

— ئا. نىزارى.

خەلەق [خلق] (ئە) يىرتىق، تۇزغان.

خەلەل [خلل] (ئە) 1) ئەيىب، نۇقسان:

ئاخىرەت ئەسبابى ئۆزرە تۇشتى سەر تا سەر گىرىھ،
زۇھدتەقۋا رىشتەسىدىن تاپسا بىر مويى خەلەل.

2) ئەندىشە:

جانۇدىل ئولغاي خەلاس شايەد كەسەلدىن، ئەي خۇدا،
شەۋقى پەرۋانە قۇتۇلغايلار خەلەلدىن، ئەي خۇدا.

— شەۋقى.

3) زىيان، ئاپەت:

نە سۇنئۇئىدىن ئەجەب يۈز مىڭ جەھان بولماق يەنا پەيدا،
نەمۇلكۇئىغە خەلەل يۈزمىڭ جەھاندەك بولسە نا پەيدا.

— نەۋايى.

خەلەل بەرمەك — زىيان يەتكۈزمەك:

چۇمەسئۇد بەرمەي كىشىگە خەلەل،
كى ئىنئام، ئېھسان قىلىپ ئەلگە بەل.

— ئا. نىزارى.

خەلەل بولماق — زىيان بولماق:

ئۈچۈرمەككە ئاسان ئېرۇر دەرمەھەل،
نە خەسلەرگە بولغاي، نە قۇلغە خەلەل.

— ئا. نىزارى.

خەلەل يەتمەك — زىيان يەتمەك:

مەن ئۆلسەم جەھاندىن ئاتىم ئۆچمەگەي،
ۋىلايەتلىرىمگە خەلەل يەتمەگەي.

— ئا. نىزارى.

خەلخال [خلخال] (ئە) ئاياغقا تاقىلىدىغان كۈمۈش تاقا.

خەلفەت [خلفت] (ئە) 1) دىنىي جەھەتتە ئوقۇمۇشلۇق كىشى. 2) قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغانلارنىڭ نامىغا قوشۇلغان ئىلمىي مەرتىۋە نامى. 3) كونا (دىنىي) مەكتەپتە موللامغا ياردەملىشىپ بالىلارنى باشقۇرىدىغان ئوقۇغۇچى:

ئەبەردى بالالەرنى مەكتەب ئۈچۈن،
كى مەھزۇن قويۇپ بەردى خەلفەت ئۈچۈن.

— ئا. نىزارى.

خەلق [خلق] (ئە) 1) ئادەملەر، كىشىلەر، ئامما. 2) يارىتىش، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش:

خەلق ئەتمەك — ياراتماق:

قەترەئى ناپاك سۇدىن سۈرەتسىز خەلق ئېتىپ،
مادە ـ نەر، ھۇسنۇ قەبىھ رەڭگىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

— شەۋقى.

خەللاق [خلاق] (ئە) يارىتقۇچى، خۇدا:

خۇداۋەند خەللاق جان ئافەرىن،
كى جان ئافەرىن بەل جەھان ئافەرىن.

— ئا. نىزارى.

جەھان سەفھىغە كەلتۈرمىش ئەدەم ئىقلىمىدىن خەللاق،
ھەمە زىجانغە بولمىش گاھى خوشلۇق گاھى مەھزۇنلۇق.

— شەۋقى.

خەللاقى ئالەم — ئالەمنى يارىتقۇچى، خۇدا:

ئىنايەت قىلسەلەر خەللاقى ئالەم،
بېھىشت ئەنبەر سىرىشتىدىن چىقمادىڭ ھىچ.

— شەۋقى.

خەلئ [خلع] (ئە) قومۇرۇش، ئېلىپ تاشلاش.

خەلىفە [خليفه] (ئە) 1) ئىز باسار، ئورۇن باسار. 2) خەلىپە:

مۇستەفادىن سوڭ خەلىفە كىم ئىدى ئايغىل ۋىلا،
مەسنەد ئەۋجى خەلافەتدە ئەبۇبەكرى ئەۋۋەلا.

— زەلىلى.

خەلىق [خليق] (ئە) ئەخلاقلىق، ياخشى تەبىئەتلىك.

خەلىل [خليل] (ئە) 1) دوست. 2) ئىبراھىم پەيغەمبەر:

رەھمەتىڭ مەۋج ئۇرسەلەر ئاتەشنى گۈلزار ئەيلەسەڭ،
نە ئەجەب قىلساڭ خەلىل يەڭلىغ ئانى بوستان ئارا.

— شەۋقى.

خەلىل ئاسا — ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ئوخشاش:

ئەگەر تىغى قەزا ھەلقىغە يەتسە مەسەل ئەيتماغىل،
خەلىل ئاسا تۇتۇپ فەرمانىنى مەردى خۇدا بولماق.

— زەلىلى.

خەلىلۇللاھ [خليل الله] (ئە) ئاللانىڭ دوستى، ئىبرا-

ھەم پەيغەمبەر:

ئىشق ئوتىنى خارۇخەسدىن دېمە ئۆرگەن دۇد ئېرۇر،
يا خەلىلۇللاھغە سالغان ئاتەشى نەمرۇد ئېرۇر.

— موللا قۇربان.

خەم [خم] (پ) ئېگىلگەن؛ پۈكۈلگەن:

كۈندۈزۈمدۇر كېچە، ئول خۇرشىدى تابان بولماسا،
قامەتىم خەمدۇر، ئەگەر سەرۋى خىرامان بولماسا.

— ئەرشى.

2) تولغانغان، تولغىماچ:

ھەر كىشىكى كۆردى پەرىدۇر دېدى،
رىشتەئى جان پۈرخەم زۇلفى ئىدى.

— زەلىلى.

خەم ئەيلەمەك — پۈكمەك، ئەگمەك:

قامەتىم خەم ئەيلەبان جانىمنى سەكرەتمەك ئۈچۈن،
گاھى قاشىن تەبرەتىب گەھ كۆزلەرىنى ئويناتۇر.

— ئەرشى.

خەم بولماق — 1) ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك:

كۆزدىن پەرىۋەش ئۆچتىلار، سەۋدايى ئىشقىڭ تۈشتىلەر،
خەم بولدى مەھكەم پۈشتىلار، مەستانە ئۆرۈلدى دىماغ.

— شەۋقى.

2) تولغانماق، تەۋرەنمەك:

بولدى خەم كاكۇللارىڭ فىكرىدە جانلار مۇزتەرىب،
سەبرى ئۇممىدى يىراقتۇر سېھرىنىڭ مەفتۇنىدىن.

— ناقىس.

خەم قىلماق — پۈكمەك، ئەگمەك:

تۆكۈپ ئەشكىنى شاھزادە رەۋان،
بېلىن خەم قىلىپ ئۆزرە قىلدى ئەيان.

— ئا. نىزارى.

خەماش [خماش] (پ) كېرەكتىن چىققان، كېرەكسىز، تاشلاندۇق.

خەمان [خمان] (پ) ئېگىلگەن، ئەگمە.

خەم بەخەم [خم بخم] (پ) تولغانغان، بۇرالغان، تولغىماچ.

خەم - خەم [خم خم] (پ) ئەگرى - بۈگرى.

خەمدار [خمدار] (پ) «خەممدە» گە قاراڭ.

خەمر [خمر] (ئە) شاراب، ھاراق.

خەمسە [خمسه] (ئە) 1) بەش. 2) بەشلىك. 3) بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلام:

كىشى ئىستەسە نەقل تەتۈلنى،
تاپار «خەمسە» دە كۆللى تەفسىلنى.

— ئا. نىزارى.

خەممار [خمار] (ئە) مەيپۇرۇش، ھاراق ساتقۇچى.

خەممار خانە — مەيخانا، قاۋاقخانا.

خەمۇش [خموش] (پ) جىمغۇر، تىنچ، جىم؛ خامۇش:

ئانىڭ ۋەھمى بىرلە كېتىپ ئەقلى ھۇش،
دەمى سۆزلەمەي، بەلكى بولدۇم خەمۇش.

— ئا. نىزارى.

خەمۇش ئەتمەك — سۆزلىمەي جىم تۇرماق، جىم بولماق:

ھەنۇز گۈل نازەنىن چىقماي ھەرەمدىن نالە قىلماڭلار،
زەلىلى دىلبەرىنى كۆردى نۇتقىنى خەمۇش ئەتكەچ.

— زەلىلى.

خەمۇش ئەيلەمەك — جىم قىلماق.

خەمۇش بولماق — جىم بولماق، سۆزلىمەي تۇرماق:

ئەي جان قۇلاقى، تۇتمە گۇش، يا رەب، دەۋام سەن ئەيبى پۇش،
سەتتار دېپ بولدۇم خەمۇش، يادىڭ بىلەن بولدۇم فەنا.

— غەرىبى.

خەمۇل [خمول] (ئە) نامسىز؛ يالغۇزلۇق، تەركىدۇنيالىق.

خەممدە [خميده] (پ) ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن:

ئەلىپ قەد ئېردى گۇل بولدى خەممدە،
بۇ ھاللارغا قالىپ مەجنۇن غەممدە.

— موللا فازىل.

خەمىر [خمير] (پ) 1) خېمىر. 2) خېمىرغا ئوخشاش، يۇمشاق:

ھەرنەكىم كەلسە قەزادىن ئۆزنى چۈن تەسلىم ئېتەر،
مەجرىنىڭ پامالى فۇرقەتنىڭ خەمىرىدۇر كۆڭۈل.

— ناقىس.

خەميازە [خميازه] (پ) ئەسنەك:

سەفايى باتىن ئەيلەپ ھەرنەفەستە تازە بولغايسەن،
مەئانى شاھىدىغە بائىسى خەميازە بولغايسەن.

— زەلىلى.

خەنجەر [خنجر] (پ) ئىككى تەرىپى بىسلىق پىچاق، خەنجەر:

بۇ شەرت ئىلە خەنجەرنى ئالدى پەرى،
قىلىپ ئەھد پەيمان ئاڭا دىلبەرى.

— ئا. نىزارى.

خەند [خند] (پ) «خەندە» گە قاراڭ.

ئالىپ باردى، قولۇ پۇتنى بەند،
نەسىھەتلەر ئەيلەپ قىلار ئىدى خەند.

— ئا. نىزارى.

خەند قىلماق — يېقىملىق كۈلمەك:

ئالىب باردى، زىندان ئارا قىلدى بەند

كى سابىت بۇ ئىشقە قىلۇر ئېردى خەند.

— ئا. نىزارى.

خەندان [خندان] (پ) كۈلگەن، كۈلۈپ تۇرغان ھالەت، شاد - خۇراملىق:

بۇ مەجنۇن گۆيكىلەپ يىغلادى چەندان،
قىيامەتكىچە يوقتۇر ماڭا خەندان.

— موللا فازىل.

خەندان ئەيلەمەك — كۈلدۈرمەك، شادلاندۇرماق.

خەندان بولماق — كۈلمەك، شادلانماق:

گۈلىستانى ئەيش ئىچرە بىكىن خەندان بولۇپ،
لۇتۇف بىرلە ھافىزى مەيخارەنى ئاۋاز قىل.

— ھافىز خارەزمى.

خەندان ئويناماق — شاد - خۇرام كۈلۈپ ئوينىماق:

گەر باشىڭنى جەۋر ىىقرازى بىلە كەسسە نىگار،
شەمئىتەك مەجلىس ئارا گىريانۇ خەندان ئويناغىل.

— ھافىز خارەزمى.

گۈلى خەندان — ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈل:

غۇنچە تەك تار ئاغىزغە مەڭزەگەن
گۈلىستان ئىچرە گۈلى خەندان قانى؟ !

— ھافىز خارەزمى.

نارى خەندان — ئېچىلغان ئانار گۈلى؛ يېرىلغان ئانار:

گۈلىستان بىرلە باغ ئىچرە كۈلە كىرىپ يۈزۈڭ ئاچسالڭ،
سالۇر ناز ئىچرە تۇرلۇ نار ئولدەم نارى خەنداننىڭ.

— ھافىز خارەزمى.

خەندانتەك [خندانتيك] كۈلۈپ تۇرغاندەك؛ ئېچىلغاندەك:

نارى خەندانتەك كۆرۈنگەلى ئۇشانىڭ گۈل يۈزى،
ئوتغە ئۆرتەر ھەرنەفەس بۇ جانى ئەفگارىم مېنى.

— ھافىز خارەزمى.

خەندە [خنده] (پ) كۈلكە، تەبەسسۇم:

ئېرۇر ئول خوجەمەن بىچارە بەندە،
خوشى بار شاد ئەيلەر خاھ خەندە.

— موللا فازىل.

خەندە ئەيلەمەك — يېقىملىق كۈلمەك:

بۇ گۈلشەن ئىچىدىن چىقار بىر فىغان.
ئاڭا خەندە ئەيلەر ھەمە بولبۇلان.

— ئا. نىزارى.

شەكەر خەندە — شېرىن، يېقىملىق كۈلۈش، كۈلۈمسىرەش:

نە خىزمەتلەر ئەتتى شەكەر خەندىغە،
كى شاھى سەرەندىب جىگەر بەندىغە.

— ئا. نىزارى.

گۈلى خەندە — گۈلدەك ئېچىلماق.

خەندەئى [خندهء] (پ) كۈلكە، تەبەسسۇم، قارالڭ: «خەندە» :

چۇ شەھزادە ئاڭلاپ قىلىپ خەندەئى،
كىيىپ قاتمۇ قات جامەلەر زىندەئى.

— ئا. نىزارى.

خەندەئى ھەيھاتۇ ھەيھات — ئەپسۇس - نادامەت كۈلكىسى:

گۇۋاھدۇر تەلبەئى مەجنۇن تۇغۇلغە بارچە ئاياتىڭ،
يېتەر ھەردەم فەلەككە خەندەئى ھەيھاتۇ ھەيھاتىڭ.

— موللا نىياز.

خەندەق [خندق] (ئە) ئورا، دۈشمەن ئۆتەلمەسلىك ئۈچۈن قېزىلغان چوڭقۇرلۇق؛ قانال.

خەندەناك [خندەناك] (پ) كۈلۈپ تۇرغان؛ مەسخىرە قىلىپ كۈلگۈچى، زاڭلىق قىلغۇچى.

خەنناس [خناس] (پ) 1) ئازدۇرغۇچى، شەيتان:

ئۆزى مانەندى خەنناسى ھەمە ئىللەتدە سەنناسى،
شەياتىن خەيلىدىن بولغان ئىمەس ھەرگىز بەشەر سۇلتان.

— موللا نىياز.

2) يامان ئىش قىلغۇچى، شەيتان سۈپەت ئادەم:

دېدى: «ئەي دەللەسەن كاپكىيۇ ۋەسۋاس،
ساڭا جىن ئولاشىپ بولدۇڭمۇ خەنناس.»

— موللا فازىل.

خەنناق [خناق] (ئە) بوغۇپ، دىمىقتۇرۇپ ئۆلتۈرگۈچى.

خەۋاتىر [خواطر] (ئە) تىنچسىزلىق، تەشۋىش:

قالماغاندىن سوڭ كۆڭۈللەردە خەتەر،
ھېچ خاتىردە خەۋاتىردىن ئەسەر.

— نەۋايى.

خەۋارىق [خوارق] (ئە) ئاجايىپ - غارايىپلار؛ كارامەت:

قايدە خەۋارىق ئىلە مۆئجىزدۇرۇر،
ئەقل ئانىڭ ئىدراكىدە ئاجىزدۇرۇر.

— نەۋايى.

خەۋارىقى ئادەت — كارامەت.

خەۋاس [خواص] (ئە) 1) خاسىيەتلەر، خۇسۇسىيەتلەر. 2) خاس كىشىلەر، ئۇلۇغ زاتلار.

خەۋاقىن [خواقين] (ئە) خاقانلار.

خەيال [خيال] (ئە) 1) ئوي، پىكىر، نىيەت، مۆلچەر، پەرەز. 2) گۇمان.

خەيال ئەيلەمەك — ئويلىماق، پىكىر قىلماق، مۆلچەرلىمەك، پەرەز قىلماق:

نەچە شاھلارنى مىسال ئەيلەدىم،
ئۇلار كارۇ بارىن خەيال ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى.

خەيالات [خيالات] (ئە) خىياللار، پىكىرلەر، پەرەزلەر؛ گۇمانلار:

خەيالات مەيدانىغا ئەزىم ئېتەي،
كى مەزمۇن ھەرفى بىلەن بەزىم ئېتەي.

— ئا. نىزارى.

خەيالاتى سەۋدا — بۇزۇق خىياللار، يامان ئويلار:

كى دەريانى سەير ئەتسە دەفئە ئولغۇسى،
خەيالاتى سەۋداكى رەفئە ئولغۇسى.

— ئا. نىزارى.

خەير [خير] (ئە) ياخشى، ياخشىلىق، ئىنئام:

مىزبانلەرگە مەلالەت يەتكەي،
خەير بىرلە ئەل ئانى ياد ئەتكەي.

— نەۋايى.

خەيرۇ بەرەكات — ئىجابىي نەتىجىلەر.

خەيرۇ سەلامەت — تىنچلىق، ئامانلىق.

خەيرۇ شەر — ياخشىلىق ـ يامانلىق.

خەيرۇ دۇئا قىلماق — ياخشىلىق تىلىمەك، ياخشى نىيەتتە دۇئا قىلماق.

خەيرات [خيرات] (ئە) ياخشىلىق؛ بەرىكەت.

خەيرئەندىش [خيراندش] (ئە + پ) ياخشى پىكىرلەر، ياخشى نىيەتلەر.

خەيرباد [خەيرباد] (ئە + پ) خەيرلىشىش، خوشلىشىش، ۋىدالىشىش.

خەيرۇلبەشەر [خيرالبشر] (ئە) ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى.

خەيل [خيل] (ئە) 1) نۇرغۇن، تولا؛ گورۇھ، تائىپە:

نە خۇب ئېردىكى تەندىن چىقسە جانىم،
قۇتۇلغاي ئېردى بۇ خەيلى خەيالىم.

— موللا فازىل.

2) ئەل، جامائە:

خەيلىم ئارا سالسە بۇيلە ئەفسۇس،
تۇشسە قارا يەرگە نەڭگۇ نامۇس.

— نەۋايى.

3) ئائىلە، بالا ـ چاقا:

ھەر نېچە ئەدەب بولسە قاتىغ يەتكۈرگىل،
خەيلىڭغە ئەدەب قىلىپ ئاسىغ يەتكۈرگىل.

— نەۋايى.

خەيلۇ سىپاھ — قول ئاستىدىكى ئادەملەر ۋە ئەسكەرلەر.

خەيلى بەشەر — ئىنسانلار.

خەيلى مەۋەددەت — بىر ـ بىرىگە ئىخلاسلىق ۋە مۇھەببەتلىك كىشىلەر.

خەيلى شۇكۇفە — گۇللەر گورۇپپىسى، گۇللەر تويى.

خەيمە [خيمە] (ئە) كىگىز ئۆي، چېدىر:

كىرىپمىز ھەمە كارۋان كېمەگە،
كى ساكىن بولۇپ كېمەدە خەيمەگە.

— ئا. نىزارى.

خەيمەدۇز [خيمەدوز] (ئە + پ) كىگىز ئۆي، چېدىر تىككۈچى.

خوب [خوب] (پ) 1) ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك:

بار ئېردى بىر ئوغلى ئانىڭ خوب دىلىر،
قىلىپ پەند بىرلە ئۇنى سەن ئەسىر.

— ئا. نىزارى.

2) ياخشى، دۇرۇس:

دېدى شاھى قۇلزۇم: «سۆزۈڭ خوب ئېرۇر،
قىياس ئەيلەسەم ئانچە مەرغۇب ئېرۇر.»

— ئا. نىزارى.

3) چىرايلىق، گۈزەل:

تومەن جىلۋە بىرلە كىرىپ گۇل پەرى،
كى مەكتەب ئارا خوبلار سەرۋەرى.

— ئا. نىزارى.

4) ئەۋزەل:

ۋەگەر خۇد گۆزىن بىلسە مەغلۇبدۇر،
نەسىھەت بىلە ئىكتىفا خوبدۇر.

— نەۋايى.

خوب كەس — ياخشى ئادەم؛

ئاتادىن يەتىم قالدى بىكەس بولۇپ،
بۇ ئاستانەدە يۈرسە خوب كەس بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

خوبلار سەرۋەرى — ياخشىلارنىڭ باشلىقى؛ گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى:

دېدى گۇل: «ئايا خوبلار سەرۋەرى،
مېنى قەيد قىلغان ئىدى بىر پەرى.»

— ئا. نىزارى.

خوبۇ جەمىل — گۈزەل ۋە كۆركەم، چىرايلىق ۋە كېلىشكەن:

جۇملەئى جانان ئارا شاھ سەن ئولسالىڭ نە سۆز،
كى بىرى ئېرمەسدۇرۇر سەن كەبى خوبۇ جەمىل.

— ناقىس.

خوبان [خوبان] (پ) 1) چىرايلىق، چىرايلىقلار، گۈزەل، گۈزەللەر، كۆركەم، كۆركەملەر:

ماڭا بىس گۇشەئى خاتىر ئېرۇر گۇل شاھى خۇباندىن،
ئەجەب ئېرمەس ئەگەر ئىشق ئەھلى بولسە بەندە فەرمانىم.

— ئەرشى.

2) ياخشى ئادەم:

خوبانى جەھان تەلبە كۆرۈبان قاچادۇرلەر،

ئادەم ئەمەس ئۇل تائىفە گوياكى پەرىزاد.
— زەلىلى.

خوبلاشماق [خوبلاشماق] خۇشلاشماق، خەيرلەشمەك:
كى پەدرۇد ئېتىپ چىقتى، بولدى سەۋار،
ئىكەۋ خوبلاشىپ، يىغلاشىپ زار ـ زار.
— ئا. نىزارى.

خوبلۇق [خوبلوق] گۈزەللىك، ھۆسندارلىق؛ ياخشىلىق:
قىزنىڭ خوبلۇقى بولغاي ئانادىن،
ئىلىكلارنىڭ ئولۇر ياخشى ئىنادىن.
— موللا فازىل.

خورد I [خورد] (پ) يارشا، مۇناسىپ، لايىق، لاياقەت.

خورد II [خورد] (پ) يېمەك ـ ئىچمەك، تائام، غىزا.
خوردۇ خاب — يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئۇيقۇ:
بەھرە خوردۇ خابىن ئول تاپتى، بۇدۇر ئانداكىم،
قىلدى ئەھيا كېچەسىن، سايىم كېچۈردى كۈندۈزىن.
— نەۋايى.

خورما [خرما] (پ) خورما دەرىخى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى:
كىرىپ بىشە ئىچرە يېدىلەر غىزا،
ئىدى خورما ئاندا ئەدەدسىز تولا.
— ئا. نىزارى.

خوشە [خوشە] (پ) 1) باش، باشاق:
ئوغۇرلاپ كېچە خوشەۋۇ ئۈنچەنى،
كى مەھكەم قىلىپ تولدۇرۇپ گۆشەنى.
— غەرىبى.
2) 12 ئاسمان بۇرجىنىڭ ئالتىنچىسى (سۇمبۇلا):
تۇتۇپ مەھسۇلى ھىرزىن خوشە خىرمەن،
چايانغە كەففەنىڭ ئاستىدا مەسكەن.
— نەۋايى.

خوشەچىن [خوشەچين] (پ) باشاقچى، باش تەرگۈچى:
مەلامەتتە جەھان خوبانلارىكىم خوشەچىنىگدۇر،
نەسىمى رۇھپەرۋەردىن ئاچىلغان خىرمەنى گۈلشەن.
— زەلىلى.

خوشەزار [خوشەزار] (پ) باشاق كۆپ جاي، باشاقلىق:
خوشەزارى دەھر ئارا بىر ھۆسن گۈندەم گۈن كۆرۈپ،
پۇشتى پايى ئۇرماسە فىردەۋسنى، ئادەم ئەمەس.
— ئەرشى.

خۇ [خو] (پ) خۇي، قىلىق؛ تەبىئەت، مىجەز:
مەن ۋەفاۋۇ مېھر ئايىنىنى خۇ قىلغان سارى،
سەن جەفاۋۇ جەۋر رەسمىنى شىئار ئەتكەن يىگىت.
— ئەرشى.
خۇي يۇمشاق — خۇشخۇي، مىجەزى ياخشى:

خۇبەسا [خبثا] (پ) قەبىھ، ئىپلاس ئادەملەر.

خۇفتەن [خفتن] (پ) ئۇخلاش ۋاقتى، كەچ:
ۋەقتى خۇپتەن كېتەدۇر،
تاڭ ئاتقۇنچە ياتادۇر،
ئۆزكە ئىشلار قىلادۇر،
دەبان خەلقلەر ئىدىيا.
— موللا مۇھەممەد نىيازى.

خۇتبە [خطبە] (ئە) 1) جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا خاتىب (خۇتبە ئوقۇغۇچى) تەرىپىدىن مۇنبەرگە چىقىپ ئوقۇلىدىغان پەند ـ نەسىھەت سۆزلىرى:
ئەيلەبان ئىنشاكى مۇنبەر ئۈزرە ئاڭلا خۇتبەدە،
زاھىر ئەتكەي شاھ ئاتىدىن سوڭ دۇئايۇ مىدھەتىن.
— نەۋايى.
2) نىكاھ ۋاقتىدا ئىمام تەرىپىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار مۇقەددىمىسى:
خۇتبە ئەمرىنى ئىفتىتاھ ئەتتى،
خوجەغە سىڭلىنى نىكاھ ئەتتى.
— نەۋايى.
3) سۆيەتلەش، ماختاش.
4) كىتاب مۇقەددىمىسى.

خۇتۇت [خطوط] (ئە) «خەت»نىڭ كۆپلۈكى ـ خەتلەر.

خۇتۇر I [خطور] (ئە) ئويىدا، خاتىرىسىدە ساقلاش، ئەستە تۇتۇش، ئەسلەش.

خۇتۇر II [خطور] (ئە) [بىرلىكى: خەتەر] خەتەرلەر:
دىيانەت بىناسىغە يەتمىش فۇتۇر،
ئىبادەت مەكانىغە بولمىش خۇتۇر.
— ئا. نىزارى.

خۇتۇۋۋەت [خطوت] (ئە) قەدەم، چامدام، ماڭدام:
رەئايىغە قىلمىش مۇرۇۋۋەت بەسى،
بەرايىغە ئەيلەپ خۇتۇۋۋەت بەسى.
— ئا. نىزارى.

خۇجەستە [خجستە] (پ) قۇتلۇق، مۇبارەك؛ بەختلىك:
خۇجەستە زاتىڭ ئول ۋەقتىكى پەيدا قىلدى ئول ھادى،
كى قىلدى خىلئەتىڭنى ئايەتى لەۋلاكغە لايىس.
— موللا قۇربان.
خۇجەستە ئەسەر — تەسىرلىك ئەسەر.
خۇجەستە ئەلپاز — گۈزەل سۆزلەر.
خۇجەستە ئەۋقات — مۇبارەك ۋاقىتلار.
خۇجەستە جەمال — چىرايلىق، ھۆسندار.
خۇجەستە دەۋران — ئاجايىپ ياخشى زامان، دەۋر.
خۇجەستە كەلام — دانا، خۇش گەپ، شېرىن سۆز.
خۇجەستە مەقام — قۇتلۇق جاي.
خۇجەستە مەقدەم — قۇتلۇق قەدەم.

خۇجەستە ھەرىپ — بەختلىك دوست، ياخشى ئۈلپەت.

خۇد I [خود] (پ) جەڭچىلەر كىيىدىغان تۆمۈر قالپاق:

ئاتى نەئلىدىن تاكى خۇدىدا مىل،
كىرىپ كۆك تىمۇر ئىچرە ئانداقكى نىل.

— نەۋايى.

خۇد II [خود] (پ) 1) ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن:

تانماغىلىق ئانى ئەھلى ئەدەبنى ئۆرتەر،
تاتماغىلىق ئانى خۇد ئىككى لەبنى ئۆرتەر.

— نەۋايى.

2) يالغۇز، پەقەت:

تىغەيلى ئانىڭ بارچە جانۇ جىھان،
تاپىپ خۇد ئاندىن بۇ كەۋنى مەكان.

— ئا. نىزارى.

3) ئۆزى، ئۆزىلا:

نە تەشنە بولغانى يادىغا كېلۇر،
نە ھۇشۇ فەھىم خۇد يادىغا كېلۇر.

— موللا فازىل.

4) ھېچ، ھېچقانداق:

ئىبادى ئاسى ـ جافى تاڭلا مەھشەرگاھ ئارا تولغاي،
ھېساب ئالغاندا مەئيۇب ئۇزرلەر خۇد غەيبكە قولغاي.

— موللا قۇربان.

خۇدا [خدا] (پ) يارانقۇچى، ئاللا، تەڭرى:

خۇدا بىزگە فەرزەند قىلدى ئەتا،
يېتىپ پىرلىق بولدۇم ئەمدى فەنا.

— ئا. نىزارى.

خۇدايى زۇلمەنەن — ئېھسانلار ئىگىسى خۇدا:

رەھىم قىل گۇمنامغە بىر خەستەدۇر زارلىڭ سېنىڭ،
دەۋلەتىڭ پايەندە قىلسۇن ئول خۇدايى زۇلمەنەن.

— گۇمنام.

خۇدايار — خۇداغا يېقىن، خۇداغا دوست:

ئايا دوستلار خۇدانىڭ يادىدىن ھېچ بولماغىل غاپىل،
خۇدا يارى بىلە بولغىن بۇ دۇنيا ئىشى بىكارى.

— موللا مۇھەممەد نىيازى.

بەرايى خۇدا — خۇدانىڭ رايى بىلەن، خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن:

تۇمەن رەنج ئىلە قىلدى ئاندىن خەلاس،
بەرايى خۇدا قىلدى جانىمغە خاس.

— ئا. نىزارى.

خۇداداد [خداداد] (پ) 1) سوۋغا قىلغان، ئىنئام قىلغان، بەخش ئەتكەن، ئىلتىپات قىلىنغان.

2) تەبىئىي، تۇغما:

مەھبۇبەكىم بار تۇرۇر ھۇسنى خۇداداد،
بەربەستە ئۇشۇل، زىينەتۇ زىۋەرگە نې ساندۇر.

— ھافىز خارەزمى.

خۇداۋەندە [خداوند] (پ) 1) خۇدا، تەڭرى، ئاللا:

نىدا كويۇڭدا ئۇرمىش «سەۋفە يۇئتىكە فەتەرزا»نى،
رىزالىق ئىزدەبان مەئشۇق ھەمىن ئاشىق خۇداۋەندا.

— شەۋقى.

2) ئىگە، خوجايىن:

خۇداۋەندى ئىنسۇ خۇداۋەندى جان،
خۇداۋەندى مۇلكۇ مەكىنۇ مەكان.

— ئا. نىزارى.

خۇداۋەند تەئالا — ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك خۇدا.

خۇداۋەند كەرىم — ئالىيجاناب، سېخىي خۇدا.

خۇداپەرەس [خداپرست] (پ) خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان.

خۇدبىن [خودبين] (پ) باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھاكاۋۇر، تەكەببۇر، مەنمەنچى:

بۇ كۇن تەبلى تەمەننا قاقماغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن،
مەلامەت ئاتەشىگە ياقماغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن.

— زەلىلى.

خۇدبىنلىق [خودبين ليق] ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق:

كۆرمە ئارادە ئۆزۈڭنى مىسكىنلىك ئارا،
كىم بولدى كىشى ھەلاكى خۇدبىنلىك ئارا.

— نەۋايى.

خۇدپەسەند [خودپسند] (پ) ئۆزىگە ئىشەنگەن؛ تەكەببۇر:

نەۋاساز قۇشنى قەپەس ئىچرە بەند،
چۇمەسئود قاشىدا قويۇپ خۇدپەسەند.

— ئا. نىزارى.

خۇددام [خدام] (ئە) مۇلازىملار، خىزمەتچىلەر، خادىملار:

گەر ساڭا خۇد لەبىۇ خۇددام ئېرۇر،
قايغۇلارى كۆڭلىگە ناكام ئېرۇر.

— نەۋايى.

خۇدراي [خودراى] (پ) باشباشتاق، قەيسەر، جاھىل:

قىرقىپ ئىردى قاشىن ئول بادە نەرەستى خۇدراي،
تازە چىقمىش، نىشەجەب، گەر دېسەم ئانى يېڭى ئاي.

— نەۋايى.

خۇدرەڭ [خودرنگ] (پ) بويالمىغان، ئۆز ئەسلى رەڭگى، باشقا رەڭگە ئارىلاشمىغان رەڭ.

خۇدرۇ [خودرو] (پ) ئۆزى ئۆسۈپ قالغان، ياۋا:

تاشلاغىل ناقىس، رىزا دەشتىغە قويماي ھالىغە،
گەر سېنى تىندۇرماسا ھەريان سۇرۇپ خۇدرۇ كۆڭۈل.

— ناقىس.

خۇدروي [خودرى] (پ) «خۇدرو» غا قاراڭ:

كۆزمۇدۇر يا كافىرى خۇنرىز يا جادۇيى ھىند،
يۈزمۇدۇر يا لالەئى خۇدروي يا بەرگى سۇمەن.

— ھافىز خارەزمى.

خۇدستانلىغ [خودستان ليغ] ئۆزىنى ماختىماق.

خۇدشىكەن [خودشكن] (پ) كەمتەر، كىچىك پېئىل:

خۇدشىكەنگە يەتتى گۈل ئالى مەقام،
خۇدنەما تاپتى بۇ يەڭلىغ ئىنتىقام.

— نەۋايى.

خۇدكار [خودكار] (پ) ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىدىغان، ھەرىكەتچان:

خەبەر ئالدى خەددام خۇدكارلار،
يىغىلدى ھەمە يار، ئەغيارلار.

— ئا. نىزارى.

خۇدكام [خودكام] (پ) پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدىغان:

كىمكى مەندەك ئىشق ئەرا بىسەبرۇ ئارام ئولماسۇن،
يار ئاڭا بىر سەن كەبى بەدمىھرى خۇدكام ئولماسۇن.

— نەۋايى.

خۇدكامە [خودكامه] (پ) «خۇدكام» غا قاراڭ.

خۇدنەما [خودنما] (پ) شۆھرەتپەرەس، ئۆزىنى كۆرسەتىشكە ئىنتىلگۈچى، ئابرۇيپەرەس:

مەرھەلەئى فەنانىكىم ئەھلى بەقا نەزەر قىلىلىڭ،
جەزبە ئېلى سەۋارەدۇر، زاھىد خۇدنەما ياياق.

— زەلىلى.

خۇدنەمالىق [خودناليغ] شۆھرەتپەرەسلىك، ئابرۇيپەرەسلىك.

خۇدنەماي [خودنماى] (پ) «خۇدنەما» غا قاراڭ.

خۇرد [خورد] (پ) ئۇششاق، كىچىك؛ پارچە، پارچىلانغان:

نۇرالماي شەھەر ئىچرە، كەلدىم بۇيان،
كى ماتەم تۇتۇپ بارچە خۇردۇ كەلان.

— ئا. نىزارى.

خۇردى كەلان — چوڭ - كىچىك، ئۇششاق - چوڭ:

تۇشۇپ تاغ باشىدىن ھەمە كافىران،
تۇشۇپ بۇتلارىن ھەمە خۇردى كەلان.

— ئا. نىزارى.

خۇردە [خورده] (پ) «خورد» قا قاراڭ.

خۇردەدان [خوردەدان] (پ) زېھنى ئۆتكۈر، پەملىك:

بەقاسىزدۇر جەھان مۈلكىنى شاھى خۇردەدان كەتمىش،
ۋەلى گەر كەتسە ھەركىمدەك نە بىنامۇ نىشان كەتمىش.

— ئەرشى.

خۇردەدانلىق [خوردەدانليق] ئۆتكۈرلۈك، ھوشيارلىق.

خۇررەم [خرم] (پ) خۇشال، شاد، خۇرسەند:

جەمالى ھۆسنى ئەكسىدىن گۈلىستان يەڭلى خۇررەمدۇر،
ئاناڭ ھۆسنى جەھان ئاراسى تاكىم بولدى جان ئارا.

— ھافىز خارەزمى.

خۇررەم بولماق — خۇشاللانماق، شادلانماق:

جەھان خۇررەم بولۇپ خۇددى بارىنتەك،
سۇزۇلۇپ چەشمەلەر مايى مايىنتەك.

— لۇتفى.

خۇررەم قىلماق — خۇشاللاندۇرماق، شادلاندۇرماق:

قىلىپ سەن جەھاندا مەنى غەم سىرىشت،
كەرەم بىرلە قىل تاڭلا خۇررەم سىرىشت.

— ئا. نىزارى.

خۇررەملىق [خرم ليق] شادلىق، خۇشاللىق، خۇرسەندلىك:

باردۇر يامان ئەلگە ھەمنەشىنلىغدە زەرەر،
خۇررەملىق ئارا رەنجۇ ھەزىنلىغدە زەرەر.

— نەۋايى.

خۇرسەند [خرسند] (پ) رازى، مەمنۇن، خۇشال، شاد:

شەئن - شەۋكەتدە مىسلى قازى كەلان،
داغى خۇرسەند ئېرۇر مۇڭا زىيجان.

— موللا قۇربان.

خۇرسەندلىق [خرسندليق] رازىلىق، مەمنۇنلۇق، خۇشاللىق، شادلىق.

خۇرشىد [خورشيد] (پ) 1) قۇياش، كۈن، ئاپتاپ:

كى خۇرشىدنىڭ ئەۋجى قىلدى زەۋال،
كى مەغرىب سارى ئەيلەدى ئىنتىقال.

— ئا. نىزارى.

2) ناھايىتى گۈزەل، بەك چىرايلىق:

ئول بار ئىكەنۇ ئۆزگە قاچان كۆزگە كۆرۈنسۇن،
خۇرشىد بارىندە مەھۇ ئەختەرگە نى ساندۇر.

— ھافىز خارەزمى.

خۇرشىدى پەرتەۋرا — نۇرلۇق قۇياش:

مەھۋەشىم رۇخسارىدىن خۇرشىدى پەرتەۋراسى بار،
خىزىر خەتتى ئاستىدا لەئلى مەسىھ ئەنفاسى بار.

— ئەرشى.

خۇرشىدى خاۋەر — شەرق قۇياشى:

كى خۇرشىدى خاۋەر يۈزى كۆزگۈسى،
قۇلاقىغە پەرۋىن ئېرۇر ئۈنجۈسى.

— ئا. نىزارى.

خۇرشىد رەخشان — پارلاق قۇياش:

نەماھىكى، خۇرشىد رەخشان كەبى،
چۇ بەرپا قىلىپ خىيمەۋۇ بارگاھ.

— ئا. نىزارى.

خۇرشىدى پەر — كۆركەم، ھەيۋەتلىك قۇياش:

تەۋسەنى دۆۋلەت ئۆزە مىنسەڭ سەن، ئەي خۇرشىدى پەر،
قىلغۇدەكسەن سەير بەزمىدە بۇ ئون ئىككى بۇرج.

— قەلەندەر.

خۇرشىد ماھ — نۇرلۇق ئاي:

بىناگاھ يېتىپ كەلدى خۇرشىد ماھ،
يىراقدىن كۆرۈپ كوھكەن چەكتى ئاھ.

— ئا. نىزارى.

خۇرشىد يۈز — گۈزەل يۈز، چىرايلىق يۈز:

خۇرشىد يۈزۈڭنى ئەي قارىنداش،
ئول كۈن يەنە كۆرمەسەم ئىكەن كاش.

— موللا نىياز.

خۇرشىد راي [خورشيدراى] (پ) ئۆتكۈر، روشەن پىكىرلىك:

رەۋىن بولدى خاقانى خۇرشىدراي،
بۇ ئىلكىدە ئايىنە، ئول بىردە ئاي.

— نەۋايى.

خۇرشىد سىما [خورشيدسيما] (پ) قۇياش يۈزلۈك، گۈزەل.

خۇرشىدۋار [خورشيدوار] (پ) قۇياش كەبى، قۇياشتەك.

خۇرشىدۋەش [خورشيدوش] (پ) قۇياشتەك نۇرلۇق، يارقىن:

ئۆزى بىر تەخت ئۈستىدە جەمشىدۋەش،
يانىدا گۈلچىھرەئى خۇرشىدۋەش.

— نەۋايى.

خۇرۇج [خروج] (ئە) قارشى چىقىش، توپىلاڭ قىلىش:

مەخدۇمى پاكبازى، پەرۋازى شەھبازى،
ساھىبى خۇرۇج غازى، چۈن ئارسلان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

خۇرۇج ئەتمەك — قارشى چىقماق، توپىلاڭ قىلماق:

ئانى ھەم تەماشا قىلىپ نەچچە كۈن،
خۇرۇج ئەتكەلى بەلكى يۆتكەپ ئورۇن.

— ئا. نىزارى.

خۇرۇج ئەيلەمەك — «خۇرۇج ئەتمەك» كە قاراڭ.

خۇرۇس [خروس] (پ) خوراز:

ئۇچسە ئۇچقاي ئىبردلەر تاكىم قاناتىنىڭ زورىدىن،
ھالى مەكيانۇ خۇرۇسنىڭ مادەۋۇ نەردىن ئەمەس.

— ئەرشى.

خۇرۇش [خروش] (پ) قىچقىرماق، چىللىماق، توۋلىماق، ھۆركىرىمەك، پىغان، پەرياد، نالە:

رەڭگى گۈل سىمگۈندۇر، شىشەئى شەبنەمنى نۇش ئەتكەچ،
چەمەن گويا مۇسىبەتخانەدۇر، بۇلبۇل خۇرۇش ئەتكەچ.

— زەلىلى.

خۇرۇش ئەيلەمەك — ۋارقىرىماق، ھۆركىرىمەك، قىچقىرماق، توۋلىماق؛ پەرياد چەكمەك، نالە قىلماق:

سۇ ئالىبان زەررەئى نۇش ئەيلەدىم،
جۇش قىلىپ بەسكى خۇرۇش ئەيلەدىم.

— زەلىلى.

خۇرۇش قىلماق — «خۇرۇش ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

مۇنچە بولۇپ باقمادى قىلدىم خۇرۇش،
بىلمەدى گۈل قەدرىنى بوستان فۇرۇش.

— زەلىلى.

خۇرۇشان [خروشان] (پ) پىغان، پەرياد چەككۈچى، قىچقىرغۇچى، شاۋقۇن سالغۇچى:

بولدى ھەر نەۋاكەش بىر بەھرى جۇشان،
رۇبائىي بەھرى ساز ئەيلەپ خۇرۇشان.

— نەۋايى.

خۇسرەۋ [خسرو] (پ) 1) بۇرۇنقى ئىران پادشاھلىرىدىن بىرسىنىڭ لەقىمى:

مەدايىن ئېلى شاھى خۇسرەۋ ئىدى،
كى ھۇرمۇز مەقامىدا پەيرەۋ ئىدى.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: پادشاھ، شاھ:

باشىمغە تاپىلسە تاقىيىئى نەۋ،
بىلسەم ئانى مىسلى تاجى خۇسرەۋ.

— موللا نىياز.

خۇسرەۋانە [خسروانه] (پ) پادشاھلارچە، پادشاھلاردەك، پادشاھلارغا لايىق:

ياساپ خۇسرەۋانە چۇ ئەسبابى بەزم،
قىلىپ مۇندا بارچە كىبرەكلىكنى جەزم.

— ئا. نىزارى.

خۇسرەۋانى [خسروانى] (پ) پادشاھلىق، پادشاھلارغا تېگىشلىك، پادشاھلارغا مەنسۇپ.

خۇسۇسەن [خصوصاً] (ئە) 1) بولۇپمۇ، ئەڭ مۇھىمى:

خۇسۇسەن پەقىر غەمكەشۇ ناتەۋان،
سىرشكىمنى ھەر سۇيىھى ئەيلەپ رەۋان.

— ئا. نىزارى.

2) ئاتايىن، مەخسۇس:

خۇسۇسەن خىسالى ھەممىدىن بىلىپ،
ئۆلۈغ ئېتىماد ئىشلەرىڭگە قىلىپ.

— نەۋايى.

خۇسۇمەت [خصومت] (ئە) دۈشمەنلىك، ئاداۋەت:
خۇسۇمەت تەرەپتىن يىراق كاردۇر،
دېمەك راست سۆزنى فىراق كاردۇر.
— ئا. نىزارى.

خۇسۇسىيەت [حصوصيت] (ئە) 1) سۈپەت، بەلگىلەر.
2) خاسلىق، مەخسۇسلۇق.

خۇش [خوش] (پ) 1) ياخشى، ماقۇل:
يالغۇز بول، رەنج پەرۋەرد ئولماق،
خۇشراق چۇ يامان رەفىقدەك فەرد ئولماق.
— نەۋايى.

2) چىرايلىق، يېقىملىق:
خۇش ئېرۇر كۆزلەرى بىمارى داغىم،
ۋەلې خۇش كۆزگەيۇ، بىمار كۆزگە.
— ھافىز خارەزمى.

3) شاد، خۇشال، خۇرسەن:
خۇش ئېرۇر كۆزلەرى بىمارى داغىم،
ۋەلې خۇش كۆزگەيۇ، بىمار كۆزگە.
— ھافىز خارەزمى.

خۇش ئەلھان — خۇش ئاۋاز، يېقىملىق ئاۋاز:
سايەئى سەرۋىمەنۇ يارى گۈلۈ بوستانى،
نەغمە سەنج ئولسە دەغى بولبۇلى خۇش ئەلھانى.
— زەلىلى.

خۇش بولماق — شادلانماق، خۇشاللانماق، خۇرسەن بولماق:
مەنىم بىرلە بىسى خۇش بولغاي ئېردىڭ،
قاچان كەتسە ئارادىن بۇ مەڭۇ تۇ.
— ھافىز خارەزمى.

خۇش خەبەر — ياخشى خەۋەر، خۇرسەندلىك بېغىشلىغۇچى خەۋەر، شادلاندۇرغۇچى خەۋەر:
دېدى قىز: «ئىشىتكىل ساڭا خۇش خەبەر،
ماڭا بول كۆرۈنگەن ئېرۇر سىيمبەر».
— ئا. نىزارى.

خۇش سۈلۈك — خۇش مۇئامىلە:
ئېرۇر شاھىمىز ئىسمى تاجۇل مۇلۇك،
كۆزى فەقىرپەرۋەر تورۇر خۇش سۈلۈك.
— ئا. نىزارى.

خۇش نەفەس — ئاۋازى يېقىملىق، تاتلىق ـ شېرىن سۆزلەيدىغان:
ئاسىپدۇر تورۇستا چۇ ئالتۇن قەفەس،
قۇشى بىر ـ بىرىدىن ئېرۇر خۇش نەفەس.
— ئا. نىزارى.

خۇش نىھاد — خۇش تەبىئەتلىك، مىجەزى يېقىملىق:
چۇ شەمبال بولدى بۇ سۆزلەرغە شاد،
كۆلۈپ لەفز ئېيلەپ ھەمۇل خۇش نىھاد.
— ئا. نىزارى.

خۇش ۋەقت — ۋاقتى خۇش، خۇشال ـ خۇراملىق:
سىزلەرنى داغى تۇتۇپ سەلامەت،
خۇش ۋەقتلىغىن قىلىپ كەرامەت.
— موللا نىياز.

خۇشا [خوشا] (پ) نېمىدېگەن ياخشى؛ قانداق ياخشى:
بولۇپ ھەم سەبەب ھالەت بولماغاي ھىجران بەلاسىدىن،
خۇشا، ئىككى كۆڭۈللۈك بولسە ۋەسل ئاقامىدا بىردەك.
— ئىرشى.

خۇشاب [خوشاب] (پ) تازا، ساپ، تىنىق، يالتىراق:
ئەدىب بىرلە بانۇغە بەردى جەۋاب،
كى ھەرلەفزى ئانىڭ چۇ دۇررى خۇشاب.
— ئا. نىزارى.

دۇررى خۇشاب — ساپ، تازا ئۈنچە ـ مەرۋايىت:
فىراقى رەڭگى رۇخسارى لەبىڭدە تۈنلەيۇ كۈنلەپ،
سىرىشكىم يىغلارەم ھەر قەترىسىن دۇررى خۇشاب ئەيلەپ.
— ئەرشى.

خۇشامەت [خوش آمد] (پ) بىرەۋگە تەمەگەرلىك بىلەن خىزمەت قىلىش، خۇشامەت:
كى مەھزۇن خۇشامەت قىلىپ دايىگە،
قىلىپ فەرش توققۇز مەتائ پايىگە.
— مەھزۇن.

خۇشئايەندە [خوش آينده] (پ) خۇش كەلگۈچى، گۈزەل تۇيۇلىدىغان، يېقىملىق:
ئانداغ خۇشئايەندە كۆزۈم قاشىدىن ئاشدى،
كىم گۈلشەنى جاندە يۈرۈسە سەرۋى خىرامان.
— ھافىز خارەزمى.

خۇشباش [خوشباش] (پ) خۇش مۇئامىلە، خۇش ۋاقىت.

خۇشبەرنا [خوش برنا] (پ) چىرايلىق، كېلىشكەن.

خۇشبۇ [خوش بو] (پ) خۇشبۇي، ئىللىق:
دۇد سالدىم كىرفىك ئىلە كەلمەكىن ئىستەردە سىن،
جەمئ ئولۇپ كەلمىش پەرى ھەر سارىدىن خۇشبۇ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

خۇشتالىئ [خوش طالع] (پ + ئە) بەختلىك، بەختىيار، تەلەيلىك:
بىر سۈيىھىكىم ئاڭا كىم تالىئ ئولۇر بادە قويانى،
خۇش بەختى ھۇمايۇن بىلە خۇشتالىئىن فىرۇز.
— نەۋايى.

خۇشتەبىئ [خوش طبع] (پ + ئە) ياخشى تەبىئەتلىك، مىجەزى، خۇلقى ياخشى؛ شائىرانە مىجەزلىك، ئەدىب.

خۇشتەر [خوشتر] (پ) ياخشى، ناھايىتى ياخشى:

فۇقەرالەم ئەتاسىدىن خۇشتەر،
بىنەۋالار سەخاسىدىن پەرۋەر.

— موللا قۇربان.

خۇشتەقرىر [خوش تقرير] (پ + ئە) يېزىقتا مەزمۇننى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگۈچى، چىرايلىق، مەزمۇنلۇق جۈملىلەرنى تۈزگۈچى.

خۇشتەۋر [خوش طور] (پ + ئە) ھەرىكىتى يېقىملىق.

خۇشخان [خوش خوان] (پ) خۇش ئاھاڭ، خۇش ئاۋاز.

خۇشخۇ [خوش خو (ى)] (پ) خۇش تەبىئەتلىك، ياخشى مىجەزلىك، ئوچۇق كۆڭۈل، خۇشخۇي، مۇلايىم:

رەنج بولماس ھەر جەفايىكىم چېكەر ئەغيارىدىن،
يار يادى بىرلە ئادەت ئەيلەگەن خۇشخۇ كۆڭۈل.

— ناقىس.

خۇشرەفتار [خوش رفتار] (پ) چىرايلىق ماڭىدىغان.

خۇشرەڭ [خوش رنك] (پ) رەڭگى چىرايلىق، گۈزەل.

خۇشسائەت [خوش ساعت] (پ + ئە) ياخشى سائەت، ياخشى پەيت.

خۇشك [خشك] (پ) 1) قۇرۇق، سۇسىز:

ياپۇشسە گۈل ئوتىدىن ھۆللۈ خۇشك ئارا،
كۆچۈرمەك نە مۇمكىن سالۇر ماجەرا.

— ئا. نىزارى.

2) قۇرۇق يەر:

كى خۇشكىدا ئولتۇرۇپ ئېردى ئول،
تەۋەھھۇم بىلەن باقىبان ئوڭۇسول.

— ئا. نىزارى.

خۇشك رۇد [خشك رود] (پ) قۇرۇغان دەريا، قۇرۇغان ئېقىن:

كىشى كىم مۇھەببەتى يوق ئانى دەرلەر خۇشك رۇدى،
سەبەبى تەمام ئالەم ئەۋلانىڭ ئېرۇر ۋۇجۇدى.

— زەلىلى.

خۇشك سال [خشك سال] (پ) قۇرغاقچىلىق يىلى:

خۇشك سال ئولدى بۇ يىل ئول نەۋگىكىم گەرد ئىچرە ئەل،
بىر - بىرىن كۆرمەس ئەگەرچە ئولتارۇرلەر روبەرۇ.

— نەۋايى.

خۇشك لەب [خوشك لب] (پ) مەھرۇم، بىبەھرە، تەشنا:

چەشمەئى ھەيۋاندىن ئۆتكەن خۇشك لەب،
بەركەدىن دەفئى ئەتەش قىلغان تەلەب.

— نەۋايى.

خۇشكۇۋار [خوشكوار] (پ) 1) تاتلىق، تەملىك، پۇراقلىق:

گۈلىستان خۇررەمۇ خۇش بولدى، ئەمدى بىر نىگار ئىزدە،
تۇزۇپ زەۋقۇ سەفا سازىن شەرابى خۇشكۇۋار ئىزدە.

— ھافىز خارەزمى.

خۇشگۇي [خوش كوى] (پ) شېرىن سۆز، چىرايلىق سۆز:

سەراۋۇ سەھنى گۈلشەندە بولۇپ نەغمە سەرا ھەردەم،
ئۆزۈڭگە بۇلبۇلۇ خۇشگۇيلارنى دەستيار ئىزدە.

— ھافىز خارەزمى.

خۇشلەھجە [خوش لهجه] (پ + ئە) خۇش ئاۋاز، يېقىملىق سۆزلەيدىغان.

خۇش مەشرەب [خوش مشرب] (پ) ياخشى تەبىئەتلىك، خۇش چاقچاق، خۇشخۇي، لەۋەن.

خۇش مەقال [خوش مقال] (پ + ئە) سۆزگە ئۇستا، گەپدان.

خۇشنەما [خوش نما] (پ) كۆركەم، چىرايلىق، گۈزەل:

باسىپ تۇخمىنى چۇن چىقاردى بالا،
پەرۇ بال ئىلەكىم بولۇپ خۇشنەما.

— ئا. نىزارى.

خوشنەۋا [خوش نوا] (پ) ئاھاڭى يېقىملىق، خۇش ئاۋاز.

خۇشنەۋاز [خوش نواز] (پ) ياخشى چالغۇچى، ئۇستا سازەندە.

خۇشنەۋىس [خوش نويس] (پ) چىرايلىق خەت يازغۇچى، خۇشخەت.

خۇشنۇد [خوشنود] (پ) رازى، مىننەتدار، شاد:

رىزالىق ئەيلەرەم ھەردەم ئانىڭ ياخشى فەئالىغە،
مېنىڭ خۇشنۇدلۇقۇمدىن ئول بىھىشتى جاۋىدان كەتتى.

— موللا سالىھ.

خۇففاش [خفاش] (ئە) قارىغۇ ياپىلاق، شەپەرەڭ.

خۇك [خوك] (پ) توڭگۇز، چوشقا.

خۇكبان [خوكبان] (پ) توڭگۇز باققۇچى.

خۇكچەران [خوك چران] (پ) «خۇكبان» غا قاراڭ.

خۇلد [خلد] (ئە) مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك؛ جەننەت:

قىلىپ نۇكتە دىۋانىنى نەقشى چى،
مۇھەببەت ھەۋاسىدا خۇلدى بەرىن.

— ئا. نىزارى.

خۇلد ئاشيان [خلد آشيان] (ئە + پ) جەننەتكە كىرىدىغان، جەننەتىي.

خۇلد ئايىن [خلد آين] (ئە+پ) جەننەتتەك بېزەكلىك.

خىزىر سۈيى — ئابىھايات (ھايات بېغىشلىغۇچى سۇ).

خىزىرى راھ — يول كۆرسەتكۈچى خىزىر.

خىزىرمانەند [خضرمانند] (ئە + پ) خىزىرگە ئوخشاش.

خىزىرۋەش [خضروش] (ئە + پ) خىزىرگە ئوخشاش:

تەفەككۇر قىلىپ تاپمادى يارنى،
كى غار ئىچرە ئول خىزىرۋەش يارنى.

— ئا. نىزارى.

خىسارەت [خسارت] (پ) زىيان، چىقىم؛ زەخىملەنمەك، زىيان تارتماق:

كى ئىجلاس قىلمە شىكايەت بىلە،
زەبۇن ئەتمە ئۆزنى خىسارەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

خىسال [خصال] (ئە) (بىرلىكى: خىسلەت) خىسلەتلەر، ياخشى سۈپەتلەر:

بۇشەھ (نىڭ) ھەممەدە خىسالىن ئەگەر،
كى ئىقبالى بىرلە كەمالىن ئەگەر.

— ئا. نىزارى.

خىسرەۋ [خسرو] (پ) «خۇسرەۋ» گە قاراڭ.

خىسرەۋى خۇرشىد — شەرق قۇياشى:

خىسرەۋى خۇرشىد شەھى كامكار،
تىكتى جەھانغە ئەلەمى زەرنىگار.

— زەلىلى.

خىسلەت [خصلت] (ئە) سۈپەت، خۇسۇسىيەت، ئادەت، خاراكتېر.

خىشت [خشت] (پ) خىش:

شۇئائى بەرق ئىلە بىر كۆردۇڭ شۇئلەئى بەدرىن،
مۇزەھھەب خىشت ئىلە قىلماي تەفاۋۇت ھارەئى شۇدرىن.

— موللا نىياز.

خىلاپ [خلاف] (ئە) 1) قارشى، قارىمۇ قارشى، زىت:

كى سەرداردىن زۇلۇم شايىئدۇرۇر،
خىلاق ئەمر ئىش ئانچە ۋاقىئدۇرۇر.

— ئا. نىزارى.

2) يالغان:

چۇ ماقتاپ ئۆزۈڭنى تولا ئۇرما لاف،
بۇ ئۇرغان سۆزۈڭ بەئزىسىدۇر خىلاف.

— غەرىبى.

خىلاف ئەتمەك — قارشى ئىش قىلماق، خىلاپلىق قىلماق:

ۋەفاغە ۋەئدە بەرگەندۇر كەرىمدۇر جانى جانانىم،
ۋەفاسىغە خىلاف ئەتمەس غەرىبنى شەرمىسار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

خىلافەت [خلافت] (ئە) خەلىپىلىك، ئورۇنباسارلىق:

خىلافەت تالىشىپ چۇ ئالى يەزىد،
بىرىن كەربەلادە قىلىپدۇر شەھىد.

— ئا. نىزارى.

خىلافەتدىسار [خلافت دثار] (ئە) ئورۇنباسارلىققا مۇناسىپ.

خىلافەت كەردەن — خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش.

خىلال [خلال] (پ) چىش كولىغۇچ.

خىلئەت [خلعت] (ئە) چاپان، تون، ھەشەمەتلىك كىيىم:

ئانىڭ ئەجرىغە دىيدارىنى كۆرسۇن،
كى خىلئەت نىئمەت ئەلۋانىنى كۆرسۇن.

— موللا فازىل.

خىلئەت ئەخزەر — يېشىل تون.

خىلئەتى سەلتەنەت — سەلتەنەت كىيىمى، پادشاھلىق كىيىمى:

قەددىغە ئەزمەتمۇ شەيدادۇر،
خىلئەتى سەلتەنەت تەمەننادۇر.

— موللا قۇربان.

خىلىت [خلط] (ئە) ئارىلاش، ئارىلاشما؛ تېبابەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىدىكى ھەرخىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جىگەردە ھاسىل بولغان مۇرەككەپ سۈيۇقلۇقلار (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) نىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

بولسە تەبئ ئىچرە خىلتدىن ئىللەت،
ماددە بولسە ھەر نېچۈك زەخمەت.

— نەۋايى.

خىلت بولماق — ئارىلاشماق، قوشۇلماق.

خىلتى سەۋدا — نېرۋىسى بۇزۇلغان، ئېلىشىپ قالغان:

دېدىكىم: «*بۇلار خىلتى سەۋدادۇرۇر،*
ئىلاجى مۇنىڭ سەيرى دەريا دۇرۇر».

— ئا. نىزارى.

خىلقەت [خلقت] (ئە) 1) يارىتىلىش، پەيدا بولۇش:

ئانىڭ خىلقەتىدىن جەھان ئاشكار،
كى شەمسۇ قەمەر، بەلكى لەيلۇ نەھار.

— ئا. نىزارى.

2) تاشقى قىياپەت، بەدەن، تەن، ۋۇجۇد:

ئارزۇ ئەيلەمەكىم ئۆزگەلەرنىڭ خىلقەتىنى،
تۇپراق ئولغاي، توزۇغاي ھەشرىدە قىلسۇن نەئىلاج.

— شەۋقى.

خىلۋەت [خلوت] (ئە) 1) ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق، ھېچكىم كۆرمەيدىغان، پىنھان، خالىي:

تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ دەپ يولۇڭغە كىردىلەر شەۋقى،

خۇن پالا [خون پالا (ی)] (پ) قان يۇقى، قان تەگكەن.

خۇنخار [خون خوار] (پ) قانخور، قان تۆككۈچى:

كۆيدۇرۇپ جانۇ كۆڭۈل ھەم قانىن ئىچمەكلىك ئۈچۈن،
لەئلى ئاتەشبار ئىلە گۇل نەرگىسى خۇنخار بىس.

— ئەرشى.

خۇنخارە [خون خوارە] (پ) «خۇنخار» غا قاراڭ.

خۇنرىز [خونريز] (پ) 1) قان تۆككۈچى، قانخور:

كەمەر باغلاپ چىقىپدۇر ئەلنى قەتل ئەيلەرگە خۇنرىزى،
بەلى، شەھلا كۆزىدىن ھەر مىژە خەنجەرى تىيزى.

— زەلىلى.

2) رەھىمسىز، زالىم:

بۇ بەگلەردە يوق سەندىكى ئېئتىقاد،
بۇ تۇڭگان خۇنرىزى بىئېئتىماد.

— موللا شاكىر.

خۇن رىزان [خون ريزان] (پ) قان تۆكۈشكەن، قىرغىن قىلىشقان ھالدا:

ياغىپ قان ھاۋادىنكى باران كەبى،
ئىكى كۈنغىچە خۇن رىزان كەبى.

— ئا. نىزارى.

خۇنسا [خنثا] (ئە) ئىككى جىنسلىق:

نەيەردە ھاجى قىز خۇنساغە بولدى ئىككى ـ ئۈچدىن زىن،
بۇگۈن تاڭلا بولۇرمەن دەپ بۇ خاتۇنلارغا بەرمىش پەن.

— موللا قۇربان.

خۇنفىشان [خون فشان] (پ) قان چاچقۇچى، قاتىل.

خۇنكار [خون كار] (پ) قان تۆككۈچى، قان ئىچەر، جاللات:

بەسكى نەرگىس بۇ چەمەندە جىلۋە خۇنكار ئەيلەدى،
يوق چەمەن نەرگىسلەرى، بەل نەرگىسى بىمارەلەر.

— ئەرشى.

خۇنىن [خونين] (پ) قانلىق، قان رەڭ، توق قىزىل:

نۇكتەئى مەۋھۇم ئەمەس كۆڭلۈمدە ئاغزىڭ يادىدىن،
كىم بۇ خۇنىن غۇنچە ئىچرە داغى پىنھانىمدۇر گۇل.

— نەۋايى.

خىتاب [خطاب] (ئە) 1) سۆز بىلەن قىلىنغان ئىلتىماس، مۇراجىئەت:

ئەگەر يېتىشسە ئەجەل بىر نەفەس ئارام بەرمەس،
خىتاب زاڭىقەتۇل ـ مەۋت ئىلە لەبىل ـ مىر ساد.

— شەۋقى.

2) بۇيرۇق:

قىلدىم ئىبسە كىمسىيا خىتابىڭ،
يىبەردى بۇ يەڭىلىغ خىتاب ئەيلەبان.

— نەۋايى.

خىتاب ئەيلەمەك — ئىلتىماس، مۇراجىئەت قىلماق، بىراۋغا قاراپ سۆزلىمەك:

پۇرسىشى ئىسيان سەۋاب ئەيلەگەي،
ئالەمى ئادىمگە خىتاب ئەيلەگەي.

— زەلىلى.

خىتاب قىلماق — «خىتاب ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

مېھىنبانۇ ھەر نىچە قىلدى خىتاب،
چۇ بىدىل خىجالەتدە بەردى جەۋاب.

— ئا. نىزارى.

خىتتە [خطە] (ئە) مەملىكەت، ئۆلكە؛ شەھەر.

خىتتەئى پاك — گۈزەل ئۆلكە، گۈزەل شەھەر:

گۇل ئايدىن يارۇمىش گۇل خىتتەئى پاك،
قۇياش ئۆيلەكىم بۇ مەركەزى خاك.

— نەۋايى.

خىجالەت [خجالت] (ئە) ئۇيىلىش، ئىزا تارتىش، خىجالەت:

خىجالەت بابىدىن ھەر كۈندە مىڭ تۈرلۈك ئاچىلمىشدۇر،
بۇ رەڭگىمنى كىشى كۆرگەي دېگەيلەر كىم سەمان كاغەز.

— شەۋقى.

خىجالەتزەدە [خجلتزده] (ئە + پ) ئۇيالغان، ئىزا تارتقان، خىجىل بولغان:

سۇنبۇلى زۇلفى بىلەن گۇل يۈزىدىن،
بولدى خىجالەتزەدە مۇشكۇ گۇلاب.

— ھافىز خارەزمى.

خىجلەت [خجلت] (ئە) خىجالەت، ئىزا تارتىش:

تۇنۇ كۈن ئەزم ئەيلەپ ئول ئالەمگە بولغاچ نۇر تاش،
خىجلەت ئەيلەپ ئاي قارالىق بولدى، سارغاردى قۇياش.

— ئەرشى.

خىجىل [خجل] (ئە) ئۇيالغان، ئىزا تارتقان:

خىجىل بولدى بۇ ھالدا تىيرى مىژگان،
دىبدى: بۇ فىئلدىن، كەل ئەمدى سىن يان.

— ئا. نىزارى.

خىدمەت [خدمت] (ئە) خىزمەت، ئىش.

خىدمەتكۇش [خدمت كوش] (ئە + پ) تىرىشىپ ئىشلىگۈچى، تىرىشچان، خىزمەتلەرنى بىجىرگۈچى.

خىراج [خراج] (ئە) 1) سېلىق، تۆلەم، ئورۇش چىقىمى:

ئەمەس سۇلتان جەھان مۇلكىن ئالىپ، ئەلدىن خىراج ئالغان،
جەھان سۇلتانى ناقىس ھالى سورغان ئەھلى ھىممەت بىل.

— ناقىس.

2) ئىشلىتىلىدىغان نەرسە، مەبلەغ، پۇل:

كى بىچارەدۇرمەن ماڭا يوق ئىلاج،
چۈ لازىم بولۇپدۇر ئاتامغا خىراج.

— ئا. نىزارى.

خىراجەت [خراجت] (ئە) لازىم قىلىندىغان پۇل، مەبلەغ، چىقىم:

كۆزۈم ئىزدەمەككە ئىجازەت بېرىڭ،
كى يول جابدۇقىغە خىراجەت بېرىڭ.

— ئا. نىزارى.

خىرام [خرام] (پ) 1) كېزىش، ئايلىنىش، قايتىش:

بولۇپ مەئرىكەنىڭ ئىشى ھەم تەمام،
دېدىكىم: پەرىلەر قىلۇرمىز خىرام.

— ئا. نىزارى.

2) ناز - كەرەشمە بىلەن يۈرۈش، چىرايلىق يۈرۈش:

دۇئا قىلدى ئول پىرى ئالى مەقام،
تىرىلدىيۇ باغ سارى قىلدى خىرام.

— ئا. نىزارى.

3) ھەرىكەت، ئورۇنۇش، ئولتۇرماسلىق:

كى مۇرادى ئانىڭ خىرام بولۇپ،
كۆيى مەقسۇد سارى گام بولۇپ.

— نەۋايى.

خىرام ئەيلەمەك — كەتمەك، جۆنىمەك، ماڭماق:

بېگىم جەننەت ئىچرە خىرام ئەيلەدى،
بۇ دۇنيا ھۇزۇرىن ھەرام ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

خىرام قىلماق — «خىرام ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

بولۇپ ئانچە خۇشدىل قىلدى خىرام،
چۈ مەھۋەش سارى ئاشۇقۇپ قويدى گام.

— ئا. نىزارى.

خىرامان [خرامان] (پ) 1) ئۆزىنى ئوينىتىپ، ناز بىلەن چىرايلىق ماڭماق:

باغى كىسرەتدە نىھانى ۋەھدەتى كۆردى كۆڭۈل،
جىلۋە نەخلىستانىدا نەخلى خىرامانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

2) بىمالال، خاتىرجەملىك بىلەن:

خىرامان چىقىپ تەختكە پادشاھ،
كۆرۈنۈش بېرىپ، ئاچتۇرۇپ بارگاھ.

— ئا. نىزارى.

خىرامان بولماق — ناز بىلەن چىرايلىق ماڭماق:

گەر خىرامان بولسا ئول سەرۋى رەۋان،
جان رەۋان بولۇر ئانىڭ رەفتارىنە.

— ھافىز خارەزمى.

خىرامان تۇتماق — ئۆزىنى چىرايلىق، خاتىرجەم، بىمالال تۇتماق:

خۇدانىڭ قۇللۇغىن بىرلەن خىرامىڭنى خىرامان تۇت،
ئانىڭ يادى بىلەن (ھەر كۈن) ئۆزۈڭنى شاد خەندان تۇت.

— موللا نىياز.

سەرۋى خىرامان — سەرۋىدەك چىرايلىق، قامەتلىك، كېلىشكەن:

بوي چەكتىڭۇ ئافاق ئىچىدە قۇتبى قىيامەت،
ھەي - ھەي، نە بەلا سەرۋى خىرامان يېتىلىپسەن.

— لۇتفى.

خىرە [خيره] (پ) گۆڭگا، تۇتۇق، قاراڭغۇ باسقان، خىرە؛ سۇنۇق:

كېلىپ مەن دەرگەھىڭگە خىرە چەشمىم رەۋشەن ئولغاي دېپ.
نەسىب ئولغايمىكىن شايەد كۆزۈمگە سۈرمەئى مازاغ.

— شەۋقى.

خىرەد [خرد] (پ) 1) ئەقىل، ھوش، پاراسەت:

كۆڭۈل ئىستەيان بىزگە بەردىڭ مەدەد.
قەبۇل ئەتمەگەي بۇ سۆزۈڭنى خىرەد.

— ئا. نىزارى.

2) چۈشەنچە.

گۇيا بۇيلە ھۆكمى ئېتەر خىرەدىم،
كى ساڭا ھەم يېتەر ئىمىش مەدەدىم.

— نەۋايى.

خىرەد ئەھلى — ئاقىللار، دانىشمەنلەر، ئەقىل ئىگىلىرى:

ئىنانمە، ئەي خىرەد ئەھلى، بۇ دۇنيا ئەسرۇ بىپايان،
نەچە ئەللامە ئالىم بولسە يەرنىڭ قوينىدا پىنھان.

— موللا قۇربان.

خىردەد تەرىقى — دانالار ئۇسۇلى، ئاقىللار يولى:

ھەر كىمگە خىرەد تەرىقىنىڭ نىسبەتى بار،
دەۋلەتكە ئەگەر يەتسە ئانىڭ مۇددەتى بار.

— نەۋايى.

خىرەد سەفھەسى — ئەقىل كىتابى:

چۈ سۆز داستانىغە چەكتى رەقەم،
خىرەد سەفھەسىگە چۈشۈردى قەلەم.

— ئا. نىزارى.

خىرەد شەمئى — ئەقىل چىرىغى.

خىرەد لال بولماق — ھەيران بولماق.

خىرەد نىشانى خىرەد — ئەقىل - ئىدراك بەلگىسى.

خىرەدنى زايىل ئەتمەك — ئەقىلنى يوقاتماق، مەست، بىھوش بولماق.

خىرەد پەرۋەر [خردپرور] (پ) ئەقىللىق، دانا.

خىرەد پەيۋەند [خردپيو ند] (پ) ئەقىللىق دېپ ھېسابلانغان.

خىرەد پىشە [خردپیشه] (پ) ئەقىللىق، دانا، ئويلاپ ئىش قىلغۇچى.

خىرەد روب [خردروب] (پ) ئەقىلدىن ئازدۇرغۇچى، ئەقلى - ھوشىنى ئالغۇچى.

خىرەدفەن [خردفن] (پ) ئەقىلنى ئىشلەتكۈچى، ئەقىلدىن پايدىلانغۇچى.

خىرەدلىغ [خردلیغ] ئەقىللىق.

خىرەدمەند [خردمند] (پ) 1) ئەقىللىق، دانا:

ئانىڭ دامىغە، ئەي قۇش، تۇشمەگىل بولساڭ خىرەدمەندى،
فۇسۇن دامىن قۇرۇپ ھەركىمگە بىر تەدبىر ئېتەي سۇلتان.

— موللا نىياز.

2) ئالىم، ئۆلىما:

سىكەندەر مەگابۇ فەرىدۇن ھەسەب،
خىرەدمەندۇ *دانايى ئالىي* نەسەب.

— ئا. نىزارى.

خىرەدنامە [خردنامه] (پ) ئەقىل - ھېكمەت ھەققىدىكى بايانات، ھېكمەت رىسالىسى.

خىرەدنىھاد [خرد نهاد] (پ) ئەقىللىق، ئەقلى بار، زېرەك.

خىرەكەش [خیره‌کش] (پ) قاراڭغۇلۇققا تارتىش، خاپىلىق كەلتۈرۈش.

خىرقە [خرقه] (ئە) ئىسكى چاپان، جەندە، دەرۋىشلەر كىيىمى:

كۆڭۈل ئىقلىمىنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غافىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ تارى سىپاھىمدۇر.

— زەلىلى.

خىرقەئى فەقىر — مەخسۇس پەقىرلىق تونى:

ئاڭلابان ئول دەرد ئىلە ھالات ئاڭا،
خىرقەئى *فەقر ئەتتى ھەۋالات ئاڭا.*

— نەۋايى.

خىرقە كىيمەك — دەرۋىشلەر قاتارىغا ئۆتمەك، سوپىلار يولىدا ماڭماق.

غەم خىرقەسى — غەم تونى:

فىتنە ئەھكامىن سۇرەرگە دانەئى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فۇلاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

خىرقەپوش [خرقه پوش] (ئە + پ) خىرقە كىيگەن، دەرۋىش.

خىرقەتى [خرقتى] (ئە) يىرتىق چاپان كىيگەن كىشى، دەرۋىش.

خىرگاھ [خرکاه] (پ) 1) چېدىر:

فەلەكدۇر يەتتە خىرگاھىكى بىر - بىر ئۆزرە تىكمىشلەر،
ئاڭا قەندىل ئېتىپ خۇرشىدىن ھەي قادىرى دانا.

— زەلىلى.

2) مەنزىل:

ئەنجۇبەئى ئىلاھى، كەۋنەين پادشاھى،
خىرگاھى بارگاھى، چەرخى كەيۋان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

سىپىھرى خىرگاھى — ئاسمان چېدىرى، كۆك، ساما.

خىرگاھۋەش [خرکاه‌وش] (پ) چېدىرغا ئوخشاش، چېدىر كەبى.

خىرگەھ [خرکه] (پ) «خىرگاھ» قا قاراڭ:

ئول پەرى ھۆسنى جەھان ھۆسنى ئارا شەھدۇر مەگەر،
كۆزلەرىم ئاقۇ قارالىق ئىككى خىرگەھدۇر مەگەر.

— ئەرشى.

خىرگەھى [خرکهى] (پ) تۈۋەن ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىدىغان ناخشا.

خىرمەن [خرمن] (پ) 1) ئورۇلغان زىرائەتنى توپلاپ، تېپىپ، تازىلاپ ئالىدىغان جاي، خامان:

چۇ خىرمەن يېرىدە چاچىلغان ئورۇق،
ھەمە مۇرلەرغە بولۇپتۇر ئوزۇق.

— غەرىبى.

2) توپ، نېگىز، ئاساس:

ناز ئىلە ئوتلۇق كۆزى ھەريان باقىپ،
زۇھدۇ ۋەرەئ خىرمەنىگە ئوت ياقىپ.

— نەۋايى.

3) كۆپ، مول:

كۆڭۈلدە ئانچە ئوقۇغىدىن تۆكۈلدى پەيكانىم،
باشاق بىلە بۇ بەلا مەزرەئىدە خىرمەندۇر.

— نەۋايى.

خىرمەنى ئەغيار — دۈشمەن توپى، قارشى چىققۇچىلار، قارشى ھەرىكەت قىلغۇچىلار.

خىرمەنى بەرباد ئولماق — ھوسۇلى زايا بولماق، شامالغا ئۇچماق، يوق بولماق:

تا ھىرسۇ ھەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولماس،
تا نەفسۇ ھەۋا قەسرى بەر ئۇفتاد ئولماس.

— سەبۇرى.

خىزاب [خضاب] (ئە) بوياق، رەڭ.

خىزاب بەرمەك — قىزارتماق، بويىماق.

خىزىر [خضر] (ئە) خىزىر پەيغەمبەر، خىزىر ئەلەيھىسسالام:

ئەبىھايۋان نېگە بولسە جىلۋەئى خىزرى مەسىھ،
قىلماغاي ھەددىن ئاشىپ ئول لەئلى خەندان بىرلە بەھس.

— ئەرشى.

خىزر سۇيى — ئابىھايات (ھايات بېغىشلىغۇچى سۇ).

خىزرى راھ — يول كۆرسەتكۈچى خىزىر.

خىزرمانەند [خضرمانەند] (ئە + پ) خىزىرگە ئوخشاش.

خىزرۋەش [خضروش] (ئە + پ) خىزىرگە ئوخشاش:

تەفەككۇر قىلىپ ئاپمادى يارنى،
كى غار ئىچرە ئول خىزرۋەش يارنى.

— ئا. نىزارى.

خىسارەت [خسارت] (پ) زىيان، چىقىم؛ زەخىملەنمەك، زىيان تارتماق:

كى ئىجلاس قىلمە شىكايەت بىلە،
زەبۇن ئەتمە ئۆزنى خىسارەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

خىسال [خصال] (ئە) (بىرلىكى: خىسلەت) خىسلەتلەر، ياخشى سۈپەتلەر:

بۇشەھ (نىڭ) ھەممەدە خىسالىن ئەگەر،
كى ئىقبالى بىرلە كەمالىن ئەگەر.

— ئا. نىزارى.

خىسرەۋ [خسرو] (پ) «خۇسرەۋ» گە قاراڭ.

خىسرەۋى خۇرشىد — شەرق قۇياشى:

خىسرەۋى خۇرشىد شەھى كامكار،
تىكتى جەھانغە ئەلەمى زەرنىگار.

— زەلىلى.

خىسلەت [خصلت] (ئە) سۈپەت، خۇسۇسىيەت، ئادەت، خاراكتېر.

خىشت [خشت] (پ) خىش:

شۇئائى بەرق ئىلە بىر كۆردۇلڭ شۇئلەئى بەدرىن،
مۇزەھھەب خىشت ئىلە قىلماي تەفاۋۇت ھارەئى شۇدرىن.

— موللا نىياز.

خىلاپ [خلاف] (ئە) 1) قارشى، قارىمۇ قارشى، زىت:

كى سەرداردىن زۇلم شايىئدۇرۇر،
خىلاف ئەمر ئىش ئانچە ۋاقىئدۇرۇر.

— ئا. نىزارى.

2) يالغان:

چۇ ماقتاپ ئۆزۈڭنى تولا ئۇرما لاف،
بۇ ئۇرغان سۆزۈڭ بەئەينىدۇر خىلاف.

— غەرىبى.

خىلاف ئەتمەك — قارشى ئىش قىلماق، خىلاپلىق قىلماق:

ۋەفاغە ۋەئدە بەرگەندۇر كەرەمدۇر جانى جانانىم،
ۋەفاسىغە خىلاف ئەتمەس غەرىبنى شەرمىسار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

خىلافەت [خلافت] (ئە) خەلىپىلىك، ئورۇنباسارلىق:

خىلافەت ئالىشىپ چۇ ئالى يەزىد،
بىرىن كەربەلادە قىلىپدۇر شەھىد.

— ئا. نىزارى.

خىلافەتدىسار [خلافت دثار] (ئە) ئورۇنباسارلىققا مۇناسىپ.

خىلافەت كەردەن — خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش.

خىلال [خلال] (پ) چىش كولىغۇچ.

خىلئەت [خلعت] (ئە) چاپان، تون، ھەشەمەتلىك كىيىم:

ئانىڭ ئەجرىغە دىيدارىمنى كۆرسۇن،
كى خىلئەت نىئمەت ئەلۋانىمنى كۆرسۇن.

— موللا فازىل.

خىلئەت ئەخزەر — يېشىل تون.

خىلئەتى سەلتەنەت — سەلتەنەت كىيىمى، پادىشاھلىق كىيىمى:

قەددىغە ئەزەمەتمۇ شەيدادۇر،
خىلئەتى سەلتەنەت تەمەننادۇر.

— موللا قۇربان.

خىلت [خلط] (ئە) ئارىلاش، ئارىلاشما؛ تېبابەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىدىكى ھەرخىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جىگەردە ھاسىل بولغان مۇرەككەپ سۇيۇقلۇقلار (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) نىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

بولسە تەبئ ئىچرە خىلتدىن ئىللەت،
ماددە بولسە ھەر نېچۈك زەخمەت.

— نەۋايى.

خىلت بولماق — ئارىلاشماق، قوشۇلماق.

خىلتى سەۋدا — نېرۋىسى بۇزۇلغان، ئېلىشىپ قالغان:

دېدىكىم: *«بۇلار خىلتى سەۋدادۇرۇر،*
ئىلاجى مۇنىڭ سەيرى دەريا دۇرۇر».

— ئا. نىزارى.

خىلقەت [خلقت] (ئە) 1) يارىتىلىش، پەيدا بولۇش:

ئانىڭ خىلقەتىدىن جەھان ئاشكار،
كى شەمسۇ قەمەر، بەلكى لەيلۇ نەھار.

— ئا. نىزارى.

2) تاشقى قىياپەت، بەدەن، تەن، ۋۇجۇد:

ئارزۇ ئەيلەمەكىم ئۆزگەلەرنىڭ خىلقەتىنى،
تۇپراق ئولغاي، توزۇغاي ھەشرىدە قىلسۇن نەئىلاج.

— شەۋقى.

خىلۋەت [خلوت] (ئە) 1) ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق، ھېچكىم كۆرمەيدىغان، پىنھان، خالىي:

تەۋەككەلتۇ ئىلەللاھ دەپ يولۇڭغە كىردىلەر شەۋقى،

ئۈمىد ئەتكەچ ۋىسالىڭ خىلۋىتىدىن كۆزنى خار ئەيلەپ.
— شەۋقى.

2) يالغۇز، تەنھا؛ يالغۇزلۇق، تەنھالىق:

بۇ رەڭ خىلۋەتكى نى تاڭ بەلكى ئادەت بۇدۇرۇر بولغاچ،
كى تالىب مىزبان، مەتلۇب بولغاي مېھمان ئاندا.
— ئەرشى.

خىلۋەت ئەيلەمەك — خالىي قىلماق، بوشاتماق.

خىلۋەت تاپماق — يالغۇزلۇق تاپماق، قولاي پۇرسەتتىن پايدىلانماق؛ ئادەمسىز خالىي جاي تاپماق.

خىلۋەتى خالى — باشقا نامەھرەملەر بولمىغان جاي.

خىلۋەتخانە [خلوت خانه] (ئە + پ) ھېچكىم يوق ئۆي، يالغۇزلۇق ئۆيى.

خىلۋەتسەرا [خلوت سرا] (ئە + پ) «خىلۋەتخانە» گە قاراڭ.

خىلۋەتگاھ [خلوت گاه] (ئە + پ) ياتلاردىن خالىي جاي، دەم ئېلىش ئورنى؛ يالغۇزلۇق ئۆيى، بوش ئۆي:

بىرگە بولۇپ مەدرەسە ئارام گاھ،
بىرىگە خىلۋەتگاھ بولۇپ خانەقاھ.
— نەۋايى.

خىلۋەت گۇزىن [خلوت گزين] (ئە + پ) يالغۇزلۇقنى، يالغۇز جاينى ياخشى كۆرگۈچى.

خىلۋەتنىشىن [خلوت نشين] (ئە + پ) خىلۋەتتە، يالغۇز ئولتۇرغۇچى:

بولۇپ خىلۋەتنىشىن تەنھالىقىمىنىڭ ياڭىسى شولدۇر،
كىم ئىككى - ئۈچ نەفەس ئول تەبئى نازۇك بولدى مېھمانىم.
— ناقىس.

خىنا [حنا] (ئە) خېنە:

ئوسما، خىنا بىرلە قىيامەتدۇرۇر،
سۈرمەئى سۈنبۈلگە نە ھاجەتدۇرۇر.
— زەلىلى.

خىيار [خيار] (ئە) ئەرك، ئىختىيار.

د

دابىبە [دابە] (ئە) مىنىشكە بولىدىغان ياكى يۈك توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆت ئاياغلىق ھايۋان (ئومۇمىي ئىسىم).

داپقۇر [داپقور] مەرتە، كەررە.

داج [داج] (ئە) قاراڭغۇ، تۈم قاراڭغۇ، قاپقاراڭغۇ؛ قاراڭغۇلۇق:

كى ئاھستە ماڭدىم تاپالماي ئىلاج،
يولۇمنى كۆرەلمەي نېدىن ئېردى داج.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۈن داجى — تۈن قاراڭغۇلۇقى:

كى تۈن داجى كەتتى يەنە ئاتتى تاڭ،
خورۇس بىرلە تاۋۇس يەنە ئۇردى باڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

داج ئەيلەمەك — قاپقاراڭغۇ قىلماق.

داخىل [داخل] (ئە) 1) كىرگەن، ئىچىدىكى؛ ئىچى، ئىچكىرىسى:

قەدەم تەشرىف ئەيلەپ بولدى داخىل،
كى بىر گۈلنىڭ تۈبىگە بولدى نازىل.

— ناقىس.

2) داخىل، تېگىشلىك:

ئىچىپ ئەگەر ئۆلدى كۆپ، قىلمىش پەناھىم،
بۇ ئىچكەنلەرنى ئۆلگەنلەرگە داخىل.

— ئەرشى.

داخىلى ئەۋباش — ئەقىلسىز، بەڭۋاشلار بىلەن بىرگە بولماق.

داخىلى شەھەر — شەھەر ئىچى؛ شەھەرگە كىرمەك:

بولاي بىر تەرزى بىرلەن داخىلى شەھەر،
كى ئەل ئاڭلاپ بۇ ئىشدىن ئالماسۇن بەھر.

— ناقىس.

دەيرغە داخىل — 1) بۇتخانا ئىچىدە؛ 2) قاۋاقخانا ئىچىدە.

داد [داد] (پ) 1) ئەرز، پەرياد:

سەھەرلەر كويغىنىپ فەرياد ئېتەرمەن،
خۇداغا زار يىغلاپ داد ئېتەرمەن.

— خىرقەتى.

2) ئىنساپ، ئادالەت:

قىلسام ساڭا ھەر نەچە تەزەللۇم،
فەريادۇ فىغانكى، داد تاپمان.

— بابىر.

3) ياردەم:

لۇتفى دىل ئەفگار تىلەر ھەجر ئېلىدىن داد،
ئەھۋالىنى ئول بېگىمۇ خانىمە ئايتىڭ.

— لۇتفى.

داد ئالماق — ئۆچ ئالماق، مەزلۇمنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ، زالىمنى جازالىماق.

داد ئەيلەمەك — ئىنساپ قىلماق، ئادالەت كۆرسەتمەك.

داد بەرمەك — دادىغا يەتمەك.

داد تاپماق — ئادالەت تاپماق.

داد تىلەمەك — ئىنساپ، ئادالەت تىلىمەك.

داد دېمەك — ياردەم تىلەپ شىكايەت قىلماق:

بۇ دىۋانە يىغلاپ ئۆرۈپ بۇتغە باش،
دېمىش «داد» كۆزدىن تۆكۈپ تۇرفە ياش.

— ئا. نىزارى.

داد ئىستەمەك — ياردەم سورىماق، ئادالەت تىلىمەك.

دادىغا يەتمەك — دادىنى (ئەرزىنى) ئاڭلىماق، تىڭشىماق:

ھەرچەندە ئىشىكىڭدە سەھەرلەر قىلارمەن داد،
دادىمغە قانى يەتكەنىڭ، ئەي زالىمى بىداد.

— زەلىلى.

دادىن بەرمەك — بىرەر ئىشنى ئورنىغا قويماق، جايىغا يەتكۈزمەك، ناھايىتى ياخشى بېجىرمەك.

دادىنى بەرمەك — «دادىن بەرمەك» كە قاراڭ:

نەفسى كافىردىن غەزات ئەيلەرگە بىر سۇلتان كېرەك،
كىم ئەسەس دادىنى بەرمەكلىككە ئارى خان كېرەك.

— زەلىلى،

دادىنى ئىشىتمەك — ئەرزىنى ئاڭلىماق، تىڭشىماق:

ئىشىتمىش ئۇلۇغ بۇت مۇنىڭ دادىنى،
بىلىپدۇركى يەنە نىكۇ زارىنى.

— ئا. نىزارى.

دادەك [دادك] 1) چۆرە، دېدەك؛ ئايال خىزمەتكار. 2) جانان، گۈزەل.

دادخاھ [دادخواه] (پ) 1) ئادالەتپەرۋەر، ئادالەت تەلەپ قىلغۇچى، ئادالەت ئىزدىگۈچى؛ شىكايەت قىلغۇچى،

دەۋاگەر:

ئىشىكىڭگە كەلدىم بولۇپ دادخاھ،
كى ئورنۇڭدا قويساڭ مۇنى پادشاھ.

— ئا. نىزارى.

2) ئەرز تىڭشىغۇچى:

«غەيىن» غەۋغا، ، غۇسسە، غەم كەلسە باشىمغە چارە يوق،
غەم غۇبارىم، جان فەراغىم، دادخاھىم سەنمۇ سەن؟

— موللا سالىھ.

دادخاھلىق قىلماق — ئادالەت تەلەپ قىلماق؛ شىكايەت قىلماق.

… خابە ئىتنىڭ ياۋەرلىكى بىلە سۇدىن خەلاس بولۇپ، تۇرلۇك مۇشەققەتلەر بىلە ئۆزىنى بىر شەھەرگە ئىلتكەنىدە، يەنە بۇرادەرلەرى تۇتۇپ، ئول شەھەرنىڭ پادشەھىغە: «بىزنىڭ ئىنىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئەمۋالنى بۇ قۇل ئالىپ قاچىپدۇر» دىپ داد ـ خاھلىق قىلغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دادگەر [دادگر] (پ) 1) ئادالەتپەرۋەر، ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، دادىغا يەتكۈچى، ئادىل:

پادشاھا بۇ قۇلۇڭغە قىل نەزەر،
سەندىن ئۆزگە يوق تۇرۇر بىر دادگەر.

— خەراباتى.

2) ئەرز ئاڭلىغۇچى، ئەرز تىڭشىغۇچى.

دادگەرى مۇلك پەناھ — ئادىل، ئادالەتپەرۋەر پادىشاھ:

ئەرز قىلىپ بارچەنى شاھ ئاللىدە،
دادگەرى مۇلك پەناھ ئاللىدە.

— نەۋايى.

دادگۇستەر [دادگستر] (پ) «دادگەر»گە قاراڭ.

دار [دار] (ئە) 1) ياغاچ:

… ھەمول ئۇچۇردە بىر كارۋان ئول چاھ باشىغە تۇشۇپ، چاھغە دار سالىب، يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى چاھدىن چىقاردىلەر.

— نەۋايى.

2) دار:

قىلدۇرۇڭ سىز يانە بۇ ئەرزىمنى، ئەي ئەھبابلار،
جەۋر ـ زۇلمى بىرلە ئاسسۇن شۇم رەقىبىنى دارغە.

— قەلەندەر.

3) ھويلا، ئۆي ـ جاي، ماكان؛ ئوچۇقچىلىق، دالا، مەھەللە؛ شەھەر، دۆلەت:

كىرىپ سۆز ئىشىتتىم بۇ شەھ دارىغە،
خەيالىم ئىلىنىسەم ئانىڭ تارىغە.

— ئا. نىزارى.

دارۇس ـ سەلتەنەت — پايتەخت، مەركەز.

دارۇل ـ ئەنا — قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەت ئۆيى.

دارۇل خىلافەت — شاھ دەرگاھى، شاھ ئوردىسى.

دارۇل ـ فەنادىن ئەزىم قىلماق — ئۆلمەك، ۋاپات بولماق، پانىي دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا كەتمەك.

دارۇل ـ مۇلك — مەركەز، پايتەخت.

دارى بەقا — مەڭگۈلۈك ئۆيى؛ ئەبەدىيەت، ئۇ دۇنيا.

دارى رەسەن — دارنىڭ ئارغامچىسى:

بەرابەر ئەيلەدىڭ قاشىڭ بىلە زۇلفۇڭنى ئەي دىلبەر،
قانى مەنسۇرى ۋەقتى كۆرگەلى دارى رەسەن پەيدا.

— زەلىلى.

دارى فەنا — پانىيلىق ئۆيى؛ بۇ دۇنيا، ئۆتكۈنچى دۇنيا:

بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ مەيى تەۋھىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگەھى جەببارە ياستانمىش.

— ئەرشى.

دارى فەنادىن ئىنتىقال ئولماق — «دارۇل ـ فەنادىن ئەزىم قىلماق» قا قاراڭ.

دارا [دارا] (پ) 1) ئىگە، ساھىب. 2) شاھ، پادشاھ. 3) دارا ـ دارىيۇس (ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 5 ـ پادشاھى):

قانى ئىسكەندەرۇ دارا، قانى جەمشىد، ئەفرىدۇن،
نەسىب ئەتمەي ئۇلارغە تەختىدە ئىچمەككە جامى جەم.

— ئەرشى.

دارايى دەۋر — «دارايى زەمان» غا قاراڭ.

دارايى زەمان — زامان پادشاھى.

دارايى كىشۋەر — مەملىكەت پادشاھى.

داراپەرەست [داراپرست] (پ) شاھپەرەس، پادشاھپەرەس؛ شاھقا سادىقلار، شاھقا سادىق كىشىلەر.

دارافەر [دارافر] (پ) ھاكىم، شەۋكەتلىك شاھ؛ دارا (ئىران شاھى) دەك شەۋكەتلىك:

قويۇپ شاھى دارافەر ئالىغە يۈز،
نى دارافەر ئىسكەندەر ئالىغە يۈز.

— نەۋايى.

دارايى [دارايى] (پ) يىپەكتىن يۇپقا، نازۇك قىلىپ توقۇلغان بىر خىل ماتا (رەخت).

دارايى ماۋىي — ھاۋا رەڭلىك ماتا (رەخت).

دارەندە [دارنده] (پ) خەۋەرچى، ئەلچى؛ خەت توشۇغۇچى، پوچتىكەش.

دارباز [دارباز] (پ) دارۋاز.

داربازان [داربازان] (پ) دارۋازلار:

تەۋەككۇل دەپ مىسالى داربازان،

دەرەخت ئۈزرە قەدەم قويدۇم ئوشۇل ئان.

— ناقىس.

دارچىنى [دارچينى] دارچىن (ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى).

دارۇ [دارو] (پ) 1) دورا؛ ئىلاج:

ھېچ روبى زەمىندە يوق بۇ گىياھ،
دارۇلار پادىشاھىدۇر كۆك چاي.

— ئەرشى.

جۇنۇن داغىڭە ئىستەر ئېردى دارۇ،
بۇ دارۇ نەفئى قىلماس ئېردى بىر مۇ.

— ناقىس.

ھۇش دارۇ — ھۇشىغا كەلتۈرىدىغان دورا.

2) ئوق - دورا، مىلتىق دورىسى.

دارۇت - تەلەف [دارالتلف] (ئە) يوق بولۇش ئۆيى، غايىبلىق ئۆيى.

دارۇخانە [داروخانه] (پ) دورىخانا.

دارۇس - سەلام [دارالسلام] (ئە) 1) سالامەتلىك ئۆيى؛ تىنچ جاي. 2) ئەرەبىستاندا بىر جاينىڭ نامى؛ باغدات شەھىرى. 3) ئۇ دۇنيا، جەننەت:

بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي خاسۇ ئام،
ئاقىبەت بولغاي ساڭا دارۇس - سەلام.

— خەراباتى.

دارۇس - سەلخ [دارالسلخ] (ئە) قۇشخانا، قوي قاتارلىق ھايۋانلار سويۇلىدىغان جاي، قاسساپخانا.

دارۇس - سۇرۇر [دارالسرور] (ئە) شادلىق ئۆيى، خۇرسەنلىك ماكانى؛ ئۇ دۇنيا، جەننەت.

دارۇش - شىفا [دارالشفا] (ئە) شىپاخانا، كېسەلخانا؛ داۋالىنىدىغان ۋە تېبابەت ئىلمى ئۆگىتىلىدىغان ئورۇن.

دارۇغە [داروغه] شەھەر تەرتىپىنى نازارەت قىلغۇچى مىرشەپ؛ شەھەر باشلىقى، دورغا.

دارۇگىر [داروكير] (پ) ئۇرۇش، جەڭ؛ تالاش، تالاش - تارتىش، توقۇنۇش؛ ئىسيان:

دارۇگىرى ئىشقىنىڭ تاراجىدىن مەنسۇرۋار،
نەغمەئى جۇشى ئەنەل - ھەق چەككەلى مەردانە يوق.

— زەلىلى.

دارۇل - ئەمان [دارالامان] (ئە) تىنچلىق ئۆيى، سالامەتلىك ئۆيى، ئامانلىق ئۆيى، تىنچ ۋە ئاسايىشلىق جاي:

لەيلى باشىغە بەلا ياغدۇردى بۇ نەھار،
چۇن بەناھ بولماقغە، ئەي دارۇل - ئەمانىم، قايدىسەن؟

— ئا. نىزارى.

دارۇل - بەقا [دارالبقا] (ئە) باقىيلىق، ئەبەدىيلىك ئۆيى، ئۇ دۇنيا:

نە ھاجەت ئۆيۈ ئايۋانۇ سەرايۇ بوستان ئەتمەك،
كىرىپ قەبر ئىچرە تەنھا مەنزىلىڭ دارۇل - بەقا ئاخىر.

— زەلىلى.

دارۇل - غۇرۇر [دارالغرور] (ئە) مەغرۇرلۇق ئۆيى؛ بۇ دۇنيا، بۇ ئالەم.

دارۇل - فەنا [دارالفنا] (ئە) پانىيلىق ئۆيى، بۇ دۇنيا، ئۆتكۈنچى دۇنيا:

كۆنىكىم بولۇپمەن ساڭا ئاشنا،
ساڭا دەۋزەخ ئولدى بۇ دارۇل - فەنا.

— ئا. نىزارى.

دارۇل - قەزا [دارالقضا] (ئە) قازىخانا؛ ھۆكۈم ئۆيى:

ماسىۋايى قەتئى ئەيلەيدۇر دامى تىغى زەبان،
روبە روبى جانىبى دارۇل - قەزا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

دارۇل - قۇرب [دارالقرب] (ئە) ئۆز يۇرت، دائىمىي تۇرىدىغان جاي.

دارۇل - ھەۋادىس [دارالحوادث] (ئە) ھادىسىلەر ئۆيى؛ دۇنيا، ئالەم.

دارۇل - ھۇففاز [دارالحفاظ] (ئە) قارىيخانا، قۇرئاننى يادقا ئالدۇرىدىغان جاي.

دارىماق [داريماق] 1) ھازىر بولماق، كەلمەك؛ پەيدا بولماق؛ مەيدانغا كەلمەك. 2) يولۇقماق، دۇچار بولماق.

داس [داس] (پ) ئورغاق (دېھقانچىلىق سايمىنى):

قىلمامىش كۆڭلۈمدە قىرقىلماق مەئاشى سەبردىن،
ھەجرىدە بولغان نىگۇن قەددىم ئاڭادۇر ھۆكمى داس.

— ئەرشى.

ئەمەل داسىنى تۇتماق — ياخشى نام - ئەمەل بىلەن بېزەنمەك.

مېھنەت داسى — مۇشەققەت، مېھنەت ئازابى؛ قىيناق، ئازاب - ئوقۇبەت.

داستان [داستان] (پ) تارىخ؛ ھېكايە، قىسسە، داستان:

كۆلەر ئېردىم بۇرۇن فەرھادى مىسكىن داستانىغە،
بۇ شىرىندۇركى ئانىڭ بىرلە ئوق ھەم داستان بولدۇم.

— بابىر.

خەتمى داستان — ھېكايە ئاخىرى، خاتىمىسى؛ داستاننىڭ تۈگەللىنىشى.

داستان ئاغازى — داستان، قىسسىنىڭ باشلىنىشى.

داستانسەرا [داستانسرا] (پ) داستان ئېيتقۇچى، ھېكايىچى.

داستانسەراي [داستانسراى] (پ) «داستانسەرا» غا

قاراڭ.

داستانگوستەر [استان كستر] (پ) داستان ئېيتقۇچى، ھېكايىچى.

داستدارى [داستدارى] (پ) دەللال؛ ياردەمچى:

نى دەۋرىدە خەيلى داستدارى،
نى ئالىدە سەرۋى گۈل ئۇزارى.

— نەۋايى.

داش I [داش] (پ) خۇمدان؛ ھاك، ساپال ئىدىشلار پىشۇرۇلىدىغان جاي.

داش II [داش] تاش.

داشخانە [داشخانە] (پ) «داش I» گە قاراڭ.

داغ [داغ] 1) بەلگە، نىشانە، ئىز، ئەسەر:

جانىمدە ئەلىف يەڭلىغ ئول سەرۋى مەكان ئەتمىش،
جىسم نۇقتەسىدە داغىن جانىمدە نىھان ئەتمىش.

— ۋەفائى.

2) كۆيۈك، كۆيگەن جاي، داغ:

داغىدىن جىسمىم ئارا ھەر سارى ئاچىلغان سۆڭەك،
كۆرسە، رەھىم ئەتكەي كۆلۈمسۈپ، شاد ئولۇر ئول باغرى تاش.

— ئەرشى.

3) قايغۇ، ھەسرەت، ئەلەم، كۈلپەت؛ ھىجران؛ مۇھەببەت جاپالىرى:

تاۋۇس ئوخشە بار ئىدى ھەر داغىم ئۆزرە نەچچە داغ،
داغلىغ كۆڭلۈمگە شوخ لالەزارىم ئۇچرادى.

— قەلەندەر.

4) ئەپسۇس:

ئەزمىدە ئول قەۋمغە داغ ئۆزرە داغ،
قەتمىدە بۇ خەيلغە باغ ئۆزرە باغ.

— نەۋايى.

5) تاغ:

ئەي نەۋايى، تەلبە كۆڭلۈم ئايىتتى، ئەمدى ئىستەمەن،
نەچچە داغۇ دەشتدىن ئىستەب كېتۇرگەيمەن ئانى.

— نەۋايى.

داغ قويماق — كۆيدۈرمەك؛ قايغۇغا سالماق، ئۆرتىمەك.

داغ كۆيدۈرمەك — قىزىتىلغان نەرسە بىلەن يۈزىگە خال قويماق.

داغى ئەلىف — زىننەت ئۈچۈن كىشىنىڭ يۈزىگە چېكىلگەن ئۇسمارەڭ داغ، خال.

داغى فۇرقەت — ئايرىلىش غېمى، ھىجرانلىقتىن يەتكەن كۈلپەت:

مېنىڭ جانىمغە قويدۇڭ داغى فۇرقەت،
كىشى ئەر كۆرمەگەن دەردۇ بەلانى.

— خىرقەتى.

داغى نىھانىي — يوشۇرۇن ئەلەم.

داغى ھىجران — ھىجران غېمى، كۈلپىتى:

ماڭا گەر قويدى بۇلبۇل داغى ھىجران،
يەنادىن كۆرمەسۇن ئول ھەم ۋەفانى.

— خىرقەتى.

داغى ھىرمان — تىلەك، ئارزۇ، مۇرادقا يېتەلمەسلىك دېغى (كۈلپىتى).

داغى ئۆرتەمەك — داغلىماق، كۆيدۈرمەك؛ تامغا باسماق.

داغدار [داغدار] داغ چۈشكەن، بۇلغانغان.

داغۇلى [داغولى] ئالدامچى؛ ھەييار.

داغۇلىي [داغولى] «داغۇلى» غا قاراڭ.

داغى [داغى] يەنە؛ ھەم، ھەمدە:

تاغنى ئەرىتۇر ئاھىم ئەسەر قىلغۇسى بىر كۈن،
كۆڭلۈڭ نېچەكىم بولسە تېمۇر، تاش داغى پۇلاد.

— لۇتفى.

دافېئ [دافع] (ئە) خالاس قىلماق، قايتۇرماق، يوق قىلماق؛ قايتۇرغۇچى، يوقاتقۇچى:

ئىبەرتىپ ھەر تەرەفكە نەچچە ئادەم،
دېرەكلەپ بىر مۇئالىج دافىئى غەم.

— ناقىس.

دافىئى سەۋدا — (روھىي كېسەللىك) نى يوقاتقۇچى؛ داۋالىغۇچى؛ زېرىكىشنى قايتۇرغۇچى.

دافىئى گەزەند — زەرەرنى قايتۇرغۇچى.

دەردغە دافىئى — دەردنى قايتۇرغۇچى.

رەنجغە دافىئى — كېسەللىكنى، ئاغرىقنى (داۋالاپ) يوق قىلغۇچى.

داڭ [دانک] 1) ھەر بىر نەرسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى؛ مەلۇم ھەسسىسى، مىقدار:

... بۇ مەبلەغ ۋە مىقداردىن چەھار داڭنى ئۆزى ئالغاي،
دۇ - داڭنى ئول ئىككەۋگە يەتكۈرگەي.

— نەۋايى.

2) تاڭ قالماق، ھەيران بولۇپ جايىدا تۇرۇپ قالماق:

مەگەركىم بۇ تۇركى بولۇپدۇر ساراڭ،
باشىم يەرگە قويغاچ تۇرۇپ قالدى داڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دال [دال] (ئە) 1) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى سەككىزىنچى ھەرپ «د» نىڭ نامى. 2) ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن، پۈكۈك:

رەھىم ئېتىپ باقغىل بىرەر ھالىمغە سەن تەگرى ئۈچۈن،
ھەجرۇ فۇرقەتدىن بولۇپدۇر قامەتىم ئانداغكى دال.

— قەلەندەر.

3) سۆيگۈنىنىڭ چېچى، ماڭلىيى (ماڭلاي چاچ)، كوكۇلا:

كاكۇلۇڭ ئەلگە جەھاننى تىيرە قىلغان دۇد ئېرۇر،
ھەر سارى زۇلفۇڭ ئىكى ياندە تۇشكەن دال ئاڭا.

— نەۋايى.

4) دەلىل، بەلگە. 5) دالالەت، دالالەت قىلغۇچى:
بارچە خەلايىق توپ يىكىن تاشلار ئاياقىڭ ئۈزە باش،
بۇ ئىشكە زۇلفۇڭ دال ئېرۇر، سەن ئانى چەۋگان ئەيلەمە.

— زەلىلى.

دال ئەيلەمەك — ئەگمەك، پۈكمەك.

دال تاپماق — يولىيورۇق تاپماق، دالالەتكە ئېرىشمەك.

دال ئولماق — بەلگە، نىشانە بولماق، دەلىل بولماق.

دالۇگۇل — نەقىش، بېزەك؛ ئۈست كىيىمگە چۈشۈرۈلگەن دال «د» شەكلىدىكى گۈل.

دالان [دالان] (پ) دالان، دەھلىز.

دالباي [دالباى] ئوۋ قۇشىغا بېرىلىدىغان گۆش، پارچە گۆش، دالۋاي.

دالدا [دالدا] 1) ئارقا، ئارقا جاي، دالدا (پاناھ) جاي. 2) تايانچ.

دال ـ گۇل [دال گل] (پ) 1) نەقىش، بېزەك. 2) چايشاپ ۋە رومال قاتارلىقلارغا تىكىلگەن گۈللەرنىڭ بىر خىلى، «دال» غا قاراڭ.

دالۇچى [دالوچى] پالچى، قارىسىغا سۆزلىگۈچى:
ئول مۇنەججىم خەلق ئارا ئەبلەھ بولۇر،
دالۇچى ۋە قۇرئەچى گۇمراھ بولۇر.

— خەراباتى.

دام [دام] (پ) 1) تۇزاق، تور:
كۆڭۈل ۋەھشىسىن ئول بىر زۇلف دامىغە ئەسىر ئەتكىل،
نە چاغ سەييادلارغە بىر كىيىك ئۆزرە تالاش ئولسۇن.

— ئەرشى.

2) مىكىر، ھىيلە:
يۈزىدە داملار شەكلىن كۆرۈپ ئول،
قىلۇر جان قۇشلارىن تۇتماقغە چارە.

— ئەرشى.

3) ئاشىق، مۇپتىلا. 4) تۈرلۈك ھايۋانلار.

ئەسىرى دام بولماق — تۇزاققا ئىلىنماق، قولغا چۈشمەك.

دامۇ دەد — 1) زۇلۇم كۆرسىتىش. 2) يىرتقۇچ ۋە يىرتقۇچ بولمىغان ھايۋانلار.

دامى راھ — يولغا قويۇلغان تۇزاق؛ توسۇق.

دام يايماق — ھىيلە قىلماق.

داماد [داماد] (پ) كۈيئوغۇل؛ باغلانغان:
يوق ئېركەن، ئەي قەلەندەر، ئەقلۇ ھۇشۇم،
كى دۇنيا زالىغە داماد بولدۇم.

— قەلەندەر.

دامان [دامان] (پ) «دامەن» گە قاراڭ:
نى بولۇر كەلسەڭ بىرەر بۇ كۈلبەئى ئەھزانىمە،
تەلمۈرۈپ كۆزۈم ئاقاردى گەرچە دامانىڭ تىلەپ.

— قەلەندەر.

پاك دامان — نومۇسلۇق، پاكىز؛ ئېتىكى تازا:
ئولكى تەۋۋابۇن رەھىمدۇر تەۋبە قىلغىل يىغلاغىل،
ۋادەرىغا، بۇ مۇلەۋۋەس پاك دامانىڭغە ھەيف.

— شەۋقى.

دامانە [دامانه] (پ) «دامەنە» گە قاراڭ.

قاف دامانەسى — قاپ تېغى ئېتىكى.

دامە [دامه] (ئە) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «داۋام قىلسۇن، داۋام ئەتسۇن، ئۇزۇن بولسۇن» مەنىلىرىنى بېرىدۇ.

دامە ھەياتۇھۇ — ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن! (دۇئا ئىبارىسى)

دامەن [دامن] (پ) 1) ئېتەك:
ئايا پادشاھا فەقىرلەرغە باق،
سەخا دامەنىنى غەرىبلەرغە قاق.

— ئا. نىزارى.

2) ئۆڭكۈر، چوڭقۇرلۇق، ئويۇلغان، چوڭقۇر جاي. 3) ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى، چەت، ياقا:
دامەنى سەھرا دىمەسلەر لالەزارى بولماسا،
زىينەتى گۈلشەن بىرۇرمۇ سەبزەزارى بولماسا.

— زەلىلى.

4) سەھرا، باياۋان:
كىم يەتتى چۇ ئول دامەنغە مەجنۇن،
كىم سەير ئېتىپ مېھرى گەردۇن.

— نەۋايى.

ئالۇدە دامەن — ئىپلاس، يارىسىلس، نومۇسسىز، بۇزۇق؛ ئېتىكى بۇلغانغان.

پاك دامەن — نومۇسلۇق، پاكىز؛ ئېتىكى تازا.

تەردامەن — نومۇسسىز، گۇناھكار.

دامەنى پاك — «پاك دامەن» گە قاراڭ:
جەھاندا نازەنىن كۆپتۇر ۋە لېكىن،
سىنىڭدەك كىمدە باردۇر دامەنى پاك.

— لۇتفى.

دامەنە [دامنه] (پ) چەت، قىرغاق؛ ئېتەك.

دامەنفىشان [دامن فشان] (پ) 1) ئېتەك يايغۇچى؛ 2) ئۆزىدىن كەتكەن، زوق ـ ئىشتىياقتىن ئۆزىنى ئۇتالمىغان.

دامەنكەشان [دامنكشان] (پ) 1) ئېتەك سۆرەپ

يۇرۇش، سۆرىلىش؛ 2) پېشىنى (ئېتىكىنى) قېقىش؛ ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش.

دامەنگىر [دامنگير] (پ) 1) ھەققىنى تەلەپ قىلغۇچى، دەۋاگەر. 2) ئېتىكىنى تۇتقۇچى، پېشىگە ئېسىلغۇچى.

دامەنگىر بولماق — توختاتماق، تۇتماق؛ توسۇق بولماق.

دامگاھ [دامگاه] (پ) 1) ئوۋ ئۈچۈن تۇزاق قۇرۇلغان جاي. 2) بۇ دۇنيا، پانىي ئالەم.

دامگەھ [دامگه] (پ) «دامگاھ»قا قاراڭ.

دان [دان] (پ) 1) ئۇرۇق، دان:

ئۈنەرمۇ دان ئەگەر نەم تولماسا يەر،
چۈمۈپ دان بىغ ئۇرۇپ بەس كۆرسەتۇر سەر.

— خىرقەتى.

2) يەمچۈك، دان:

چوقۇپ بۇ مۇرغ گۇل دانىنى تۇتۇلدى،
تۇتۇپ بەند ئەتتىلەر قايدىن قۇتۇلدى.

— خىرقەتى.

3) گۈزەللەر يۈزىدىكى خال:

مۇرغى تاۋۇقتەك ئېرۇرمەن چۈن سېنىڭ ئىشقىڭداكىم،
بۇ غەرەزدىن تىلىنۇرمەن ئاي يۈزۈڭدە دان كۆرۈپ.

— موللا بىلال.

4) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «بىلگۈچى» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:

بىسياردان — كۆپ بىلگۈچى.

خۇردە دان — ئىنچىكە (مۇرەككەپ) ۋە نازۇك نەرسىلەرنى بىلگۈچى.

دانا [دانا] (پ) بىلىمدان، ئەقىللىق، دانىشمەن:

تەغافۇلدىنمۇ يا دانالىغىدىنمۇ بىلەلمەنكىم،
ئالىپ ئۇيقۇنى مەندىن لەھزەئى بىدارلىغ بىلمەس.

— ئەرشى.

دانا بولماق — دانىشمەن، ئالىم بولماق.

دانايى ئافاق — يېگانە بىلىملىك، تەڭداشسىز بىلىم ئىگىسى.

دانايى دەۋران — ئۆز دەۋرىنىڭ دانا كىشىسى.

دانايى زاھىد — زاھىدلار داناسى.

دانايى ئىشق — ئىشق ئەھلىنىڭ داناسى، دانىشمەن ئاشىق:

شۈكرىلىللاھ، ئىشقىغە دەرلەر مېنى دانايى ئىشق،
تاكى قىلدىم بۇ خوتەندە سەن بىلەن سەۋدايى ئىشق.

— قەلەندەر.

فەن دانالارى — ئالىملار.

دانامەنىش [دانامنش] (پ) دانا تەبىئەتلىك.

داناۋەر [داناور] (پ) دانا، بىلىملىك، ئالىم.

داناۋەش [داناوش] (پ) دانالارچە، دانا سۈپەت، داناسىمان، بىلىمدان.

دانە [دانه] (پ) 1) ئۇرۇق، دان:

كۆرۈڭ ئىككى ۋەفالىق ئىشقىنىڭ دېھقانىنىڭ ھالىن،
مۇھەببەت دانەسىن ئىككى كۆڭۈللەرگە تېرىشىپدۇر.

— قەلەندەر.

2) يەمچۈك (قۇشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تۇزاق ئەتراپىغا چېچىلغان دان).

3) يالغۇز، يەككە، يېگانە:

گەر يىغىلسە يەر يۈزىدىن قالمايىن ساھىب جەمال،
بارچەسىن گويا سەدەفدۇر، سەن ئارادە دانە سەن.

— قەلەندەر.

4) گۈزەللەر يۈزىدىكى خال:

دانەئى ھۆسنىن كۆرۈپ، ئەي ئەرشىئى ئاشۇفتە دىل،
ئىشق دامىغە سېنىڭدەك مۇبتەلايى تاپمادىم.

— ئەرشى.

5) تامچە، تارام - تارام:

كۆزىدىن دانە - دانە ياش ئاقىزىپ،
گۆھەر خىزمەت قىلىپ بىر - بىر تامىزىپ.

— خىرقەتى.

6) چىش:

... بىر - بىرىگە قاۋۇشماي ئۆز ھالىغە كۈلۈپ، باشى كۆكسىگە تۇشۇپ، ئاغزى ھۇققەسىدىن دانەلەرى تۆكۈلۈپ، ...

— نەۋايى.

دانە خەشخاش — كۆكنار (ئەپيۇن) ئۇرۇقى.

دانە ساپماق — ئۇرۇق چاچماق.

دانەئى ئەنجۇم — يۇلتۇزلار، يۇلتۇز دانىلىرى:

فىتنە ئەھكامىن سۈرۈرگە دانەئى ئەنجۇم ساپىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فۇلاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

دانە پاش [دانه پاش] (پ) 1) دان (ئۇرۇق) چاچقۇچى. 2) دان (ئۇرۇق) چاچقۇچ:

دېگىل دۇددىن شۇئلە دام ئەتتى فاش،
شەرەرلەردىن گولدى ئاڭا دانە پاش.

— نەۋايى.

دانەرىز [دانه ريز] (پ) دان چاچقۇچى:

بىسى ئەل بولۇپ تام ئۆزە دانە رىز،
ئۈچۈرۈپ كەبۇتەر بىرۇر ئەردى خىز.

— نەۋايى.

دانەندە [داننده] (پ) بىلگۈچى، بىلىمدان، بىلەرمەن، ئالىم.

دانىش [دانش] (پ) بىلىم، ئىلىم، مەرىپەت؛ بىلىش؛

مەلۇمات:

بەگزەگە بازارمەنا، بەگزەلەر قىلمىشلا ھېچ،
بىرىگە ئەقلۇ فەھم دانىش، بىرىنى نادان ئەيلەبان.

— مولا سالىھ.

دانىش ئەھلى — ئىلىم ئەھلى، ئالىملار:

نەچچە يارۇ دانىش ئەھلىگە بار ئىبردى گۇلفەتىم،
كۆز ئاچىپ يۇمغۇنچە ئايرىلغاچ ئاشىپدۇر ھەيرەتىم.

— ئەرشى.

دانىش ئامۇز [دانش آموز] (پ) مۇتەئەللىم، بىلىم ئۆگەتكۈچى، بىلىمدان.

دانىش ئايىن [دانش آين] (پ) 1) «دانىشمەند» كە قاراڭ. 2) تىلەك، ئىستەك:

قىلىپ دانىش ئايىن دۇئا ئىپتىدا،
دۇئادىن سۆڭ ئەتتى بۇ يەڭلىغ ئەدا.

— نەۋايى.

دانىشپەرۋەر [دانش پرور] (پ) ئىلىم ھامىيسى.

دانىش پۇجۇھ [دانش پجوه] (پ) تەتقىقاتچى، ئىلىم ئىزدىگۈچى، ئىلىم يولىدا ئىزدەنگۈچى، ئىلىمگە ئىنتىلگۈچى.

دانىش قەرىن [دانش قرين] (پ) بىلىمنى ئۆزلەشتۈرگەن (يېتۈك) ئالىم.

دانىشمەند [دانشمند] (پ) بىلىمدان، بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، دانا، دانىشمەن؛ پەيلاسوپ، ئالىم.

دانىشمەندانە [دانشمندانه] (پ) بىلىمدانلارچە، بىلىملىكلەرچە، ئالىملارچە.

دانىش نەۋەرد [دانش نورد] (پ) بىلىم بىلەن يېتىشكەن، بىلىم جەھەتتە يېتىلگەن.

دانىشۋەر [دانشور] (پ) «دانىشمەند» كە قاراڭ:

يىغىلدى مەسلەھەتدان زۇ فۇنۇنلار،
ھەمە دانىشۋەرى ساھىب ئورۇنلار.

— ناقىس.

داۋ [داو] (پ) 1) شەترەنج (شاھمات)، قىمارغا ئوخشاش ئويۇنلاردا يېڭىدىن يۈرۈش ياكى باشلاش نۆۋىتى. 2) قىماردا ئوتتۇرىغا تىكىلگەن پۇل. 3) ئالىشىش (يۈرۈش ياكى باشلاش) نۆۋىتى.

داۋەر [داور] (پ) شاھ، پادىشاھ؛ ھۆكۈمدار، ھاكىم.

داۋەرى ئەئزەم — ئۇلۇغ پادىشاھ.

داۋۇد [داود] (ئە) ئىسىم، داۋۇد پەيغەمبەر:

يەھياۋۇ نۇھ، ئادەم سىفى داۋۇد سۇلەيمان يىغلادى،
دوستۇڭ مۇھەممەدنى شەفىئ ئەيلەپ ئىجابەتدىن سوراغ.

— شەۋقى.

داۋۇدئاسار [داود آسار] (ئە + پ) داۋۇد پەيغەمبەرگە ئوخشاش.

داۋۇدى [داودى] (ئە) مۇزىكىدا بىر كۈينىڭ نامى:

سۇ ئەيلەي بۇ جەھان خەلقىن ئىبرىتىپ،
مېنىڭ داۋۇدى يەڭلىغ ئۇد سازىم.

— خىرقەتى.

داۋۇدي [داودى] (ئە) «داۋۇدى» غا قاراڭ.

داۋۇلغە [داولغا] «دۇبۇلغا» غا قاراڭ.

دائىر [دائر] (ئە) 1) ئايلانغۇچى؛ ئايلاندۇرغۇچى. 2) دائىر، ئائىت، تېگىشلىك.

دائىر ئەيلەمەك — ئايلاندۇرماق.

دائىر بولماق — ئايلانماق.

دائىر ئولماق — «دائىر بولماق» قا قاراڭ.

دائىرە [دائره] (ئە) 1) دائىرە، مەيدان، ئايلانما سىزىق (چەمبىرەك). 2) چېگرا. 3) ئاسمان، ئالەم تۈزۈلۈشى.

دائىرەئى سىپىھر — ئاسمان چەمبىرىكى، دۇنيا.

دائىرەئى لاجۇۋەرد — ئاسمان.

دائىرەئى ھەقىقەت — ھەقىقەت دائىرىسى.

دائىرەئى ئۆشر — پەلەكنىڭ ئونىنچى دائىرىسى.

دائىم [دائم] (ئە) دائىم، ھەمىشە، ھەممە ۋاقىت.

دائىما [دائما] (ئە) «دائىم» غا قاراڭ.

دائىي [داعى] (ئە) ئىستىگۈچى، تەلەپ قىلغۇچى، خالىغۇچى؛ چاقىرغۇچى، دەۋەت قىلغۇچى:

بىرىگە چاكەرۇ بەندە ئاتايى،
بىرىگە خادىمۇ دائىيى كەمتەر.

— ئاتايى.

دائىيە [داعيه] (ئە) 1) ئارزۇ، مەقسەت؛ ئىستەك، خاھىش؛ ئىرادە. 2) تەقەززا. 3) سەۋەب. 4) چاقىرىق، تىلەك ئىزھار قىلماق؛ چاقىرغۇچى، تىلەك ئىزھار قىلغۇچى، تەشۋىقاتچى:

ئۇلۇغ دائىيەلەرى بىر ئۇلۇغ چال،
دۇرۇست ئەندىشەلەر بىرلە سۆچۈك قال.

— ناقىس.

داي [داى] 1) قۇر، سوقما تام قۇرلىرى:

كىم بارىسىن يەر بىلە ھەمۋار ئېتمەك،
داي ئارا گۈلتۈرتۈگۈ دىۋار ئېتمەك.

— نەۋايى.

2) لاي، سوقما، سوقما تام لېيى:

چېكىپ ھىفزى ئۈچۈن دەۋرىدە دىۋار،
قىلىپ داين ھىسارى ئامەنىنۋار.

— نەۋايى.

دايە [دايە] (ئە) ئىنىكئانا، بالا باققۇچى، بالا تەربىيىلىگۈچى ئانا:

تاپىپ كەلتۈردىلەر بىر سەرۋى سايە،
بۇ گۈل يۈزلۈككە ئانى قىلدى دايە.

— ناقىس.

دايەئى جىگەر سوز — ئىچ كۆيەر ئىنىكئانا.

دايەئى مېھرىبان — مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىنىكئانا:

دېدىم مەن: *ئايا دايەئى مېھرىبان،*
ۋەتەنگە يانارمەن سەھەر بىگۇمان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دايەگانە [دايەگانە] (ئە + پ) ئىنىكئانىلارچە، ئىنىكئانىغا ئوخشاش.

دايگەر [دايكر] سوقمىچى، سوقما تام ئەتكۈچى، تام ئەتكۈچى ئۇستا:

بولۇپ ھەر دايگەر گەردۇنغە پەيۋەست،
قالىپ بەل ئۇرغۇچى بالچىغ ئەرا پەست.

— نەۋايى.

دايىرە [دايرە] (ئە) «دائىرە» گە قاراڭ.

دەبان [دبان] دەپ:

كېلۇرمۇ جان ئېلىنگە گەھ دەبان جانانە ئاندىن كۆپ،
ياساپ مەن ھەجرەلەر كۆپ - كۆپ، ئۇلۇغ كاشانە ئاندىن كۆپ.

— ئەرشى.

دەببابە [دبابە] (ئە) 1) شاھمات ئۇرۇقىدىن بىرى. 2) ئېيىق:

سەفلەر ئىچرە پىل ئىلە زۇررافە ھەم،
رۇخ بىلە دەببابەيۇ كەشافە ھەم.

— نەۋايى.

دەبباغ [دباغ] (ئە) 1) كۆنچى، تېرە پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى. 2) بۇقا تېرىسىدىن قاپقا ئوخشىتىپ ياسالغان، يا ئوقى ئۆتمەيدىغان قېلىن كىيىم؛ تېرە كىيىم. 3) قەدىمكى «شەترەنجى كەبىر» ناملىق شاھماتنىڭ ئوفتىسىر دەرىجىلىك ئۇرۇقىدىن بىرىنىڭ نامى.

دەبدەبە [دبدبە] (ئە) 1) تەنتەنە؛ سۆلەت، ھەيۋەت:

شەھى كامرانلار كەبى دەبدەبە -
تۈزۈپدۇر، دېدىكىم قىلاي تەجرىبە.

— ئا. نىزارى.

2) يۇقىرى ئاۋاز، شاۋقۇن - سۈرەن:

مىنىپ رەخش ئۆزرە قىلىپ يولنى تەي،
تۈزۈپ دەبدەبە مىسلى كاۋۇس كەي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەبدەبە قىلماق — ھەيۋە قىلماق، ھەيۋە كۆرسەتمەك.

دەبقۇر [دبقور] مەرتەم، كەررە.

يەتتە دەبقۇر — يەتتە مەرتەم.

دەبۇر [دبور] (ئە) غەرب شامىلى، غەربتىن شەرققە ئۇرۇلغان شامال.

دەبىر [دبير] (ئە) 1) كاتىپ، مىرزا:

دېدىكىم: *دەبىرغە پۈتۈك نامەئى،*
ئانى ئۆلتۈرۈرگە چېكىلىك خامەئى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئاتارۇد (مېركورىي) سەييارىسى. 3) ھېسابچى، پادىشاھلىق پۇلنى ھېساب - كىتاب قىلغۇچى.

دەبىرى رەقەمسەنج — تەجرىبىلىك كاتىپ.

دەبىرى مەزكۇر — ئەسلىتىلگەن، تىلغا ئېلىنغان، قەيت قىلىنغان كاتىپ.

كۆك دەبىرى — ئاسمان كاتىپى؛ ئاتارۇد يۇلتۇزى.

دەبىرىستان [دبيرستان] (ئە + پ) 1) يېزىقچىلىق ئۆيى. 2) مەكتەپ.

دەبىرىستان ئەھلى — مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.

دەبىستان [دبستان] (ئە + پ) ئوقۇش (ئەدەب - قائىدە ئۆگىنىش) ئۆيى، تەلىم - تەربىيە ئۆيى؛ مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ.

دەجلە [دجلە] (ئە) دەجلە دەرياسى (باغدات شەھىرى يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا).

دەججال [دجال] (ئە) 1) ئالدامچى، ھىيلىگەر. 2) ئەپسانىۋى مەخلۇق.

دەخل [دخل] (ئە) 1) كىرىش (بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە)، ئارىلىشىش، مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئالاقىدە بولۇش؛ بەھرىمەن بولۇش، دەخىل. 2) دارامەت، كىرىم:

خەرج قىلغىل دەخلىنىڭ ئەندازەسى،
بۇيرۇدى بۇ سۆزنى ھېكمەت قارىسى.

— خەراباتى.

دەخل ئەتمەك — «دەخل بەرمەك» كە قاراڭ.

دەخل ئەيلەمەك — كىرىشمەك، ئارىلاشماق، مۇناسىۋەتتە بولماق.

دەخل بەرمەك — ئارىلاشتۇرماق، يېقىنلاشتۇرماق؛ كىرگۈزمەك.

دەخل قىلماق — 1) ئارىلاشماق، مۇناسىۋەتتە بولماق، ئالاقىدە بولماق. 2) باستۇرۇپ كىرمەك، ھۇجۇم قىلماق؛

دەخلى بار — كېرەكلىك، پايدىلىق، زۆرۈرلۈك.

دەخلىنىڭ ئەندازەسى — كىرىم ئۆلچىمى، ئەھۋالى.

دەخمە [دخمە] مەقبەرە.

دەخى [دخى] يەنە؛ تېخى:

چارشەنبە كۈنى يار كېزە كەلدى چەمەن ئىچرە،
بۇلبۇل دەخى كۆردى يۈزىنى، تۈشدى قىغانە.

— نەسىمىي.

دەد [دد] (پ) يىرتقۇچ، ياۋايى ھايۋان؛ شىر.

دەدۇ ۋەھش — ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھايۋانلار.

دەدەك [ددک] «دادەك» كە قاراڭ.

دەدىل [ددیل] (ئە) دادىل، جەسۇر، جەسۇرانە، مەردانە.

دەر [در] (پ) ئىشىك؛

دەرۇ دېۋار — ئىشىك ۋە تام.

دەرا [درا] (پ) قوڭغۇراق:

بولسا گەر ئۆلۈك تىرىلۈر تەۋسەنى ئۈستىدە سەن،
كەلسە مەجنۇنۇڭ قولاقىغە كىرەر ئاۋاز دەرا.

— قەلەندەر.

دەراز [دراز] (پ) ئۇزۇن، دارازا:

بىلەلمەسمەن ئۆمرۈم ئىرۇرمۇ دەراز،
كى بىر يىل ئۆتەرمۇ ۋە يا ئاندىن ئاز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

سۆزۈڭنى تولا قىلماغايسەن دەراز،
قىلىپ مۇختەسەر ئەمدى قىل سۆزنى ئاز.

— ئا. نىزارى.

دەراز دەست — قولى ئۇزۇن؛ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك.

دەراز نەفەس — 1) ئۇزۇن نەپەس، تىنىق 2) ئەزمە، گەپنى چايناپ، سوزۇپ قىلغۇچى.

دەراھىم [دراهم] (ئە) [بىرلىكى: دىرھەم] «دەرھەم» گە قاراڭ.

دەراي [درای] (ئە) «دەرا» غا قاراڭ.

دەرە [دره] (پ) 1) ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى تار يول، ئاچال. 2) ئېگىز - پەس دەشت (چۆل) يەرلەر.

دەرەجات [درجات] (ئە) [بىرلىكى: دەرەجە] دەرىجىلەر، مەرتىۋىلەر؛ ئىززەت - ھۆرمەت:

ئەگەرچە قوي سەرى مەھرەمنى قەلب ھەمدەمگە،
كۆتەر كەرەم بىلە ھەمنى تاپىلغۇسى دەرەجات.

— شەۋقى.

دەفىئ دەرەجات — يۇكسەك دەرىجىلەر.

دەفىئۇد - دەرەجات — يۇقىرى دەرىجىلەر، مەرتىۋىلەر.

دەرەجە [درجه] (ئە) 1) مەرتىۋە، دەرىجە؛ تەرتىپ؛ «دەرەجات» قا قاراڭ.

دەرەخت [درخت] (پ) 1) دەرەخ. 2) قامەت؛ ۋۇجۇد، بارلىق:

كىم ئەسكىرىبان ھەياتى رەختى،
مايىل ئەتسە يىقىلغەلى دەرەختى.

— نەۋايى.

3) بۆلۈم، باب:

... مەشھۇر مۇنداقدۇركى، ئالار سۇلۇك ئەييامىدە قىرق ئەربەئىن چىقارىپتۇرلەر ۋە تۆرت ئەربەئىن بىردەرەخت ئۈستىدە چىقارىپتۇرلەر.

— نەۋايى.

دەرەختى بىسەمەر — مېۋىسىز دەرەخ:

دەرىغا، قىلمادىم تائەت قىرىلىق نەۋبەتى يەتتى،
ۋۇجۇدۇم باغى قۇرۇلدى دەرەختى بىسەمەر يەڭلىغ.

— شەۋقى.

دەرەخش [درخش] (پ) 1) يالتىراش، پارلاش. 2) چاقماق، چېقىن.

دەرەخشان [درخشان] (پ) «دەرەخشەندە» كە قاراڭ.

دەرەخشەندە [درخشنده] (پ) روشەن، پارقىراق، پارلاق، پارقىراپ تۇرىدىغان.

دەرەخشەندە بولماق — پارقىرىماق، پارلىماق.

دەرەفش [درفش] (پ) 1) بىگىز، دەرىش. 2) بايراق، تۇغ، ئەلەم:

... كاۋە ئاھەنگەرنى ئۇلۇق تەربىيەت قىلىپ، تەيەممۇن ئۈچۈن ئانىڭ يىغاچقە باغلاپ ئەلەم قىلغان سەختىيانىنى مۇرەسسەئ قىلدىكىم، دەرەفشى كاۋىيانى ئانى دەرلەر.

— نەۋايى.

دەرەك [درک] (ئە) خەۋەر، دېرەك.

دەرەكۇل - ئەسرار — سىرلاردىن خەۋەر بېرىش.

دەرەڭ [درنگ] (پ) 1) ئاستا، ئالدىرىماي، ئېھتىيات بىلەن. 2) پۇرسەت، ۋاقىت. 3) توختىلىش، قارار تېپىش، ئارام:

بولۇپ جۇملە مۇشتاق ئاڭا ئىچكەلى،
ئۇلار قىلدى مەن يەڭلىغ ئاندە دەرەڭ.

— خۇشھال غەرىبى.

دەرەڭ ئەيلەمەك — تەخىر قىلماق؛ كېچىكمەك.

دەرەڭ بولماق — توختالماق.

دەرەڭ قىلماق — «دەرەڭ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

دەرەم [درم] (ئە) «دىرەم» گە قاراڭ:

بىر دەرەم چاغلىق زەكاتى ھۇسنىدىن قىلمىش دەرىغ،
دۇررى ئەشكىمدىن تەلەب كويىدا ساچسام يۈز تەمەت.

— ئەرشى.

دەرەندە [درنده] (پ) «دەررەندە» گە قاراڭ:

بۇ يەڭلىغ دەرەندە ئىچەي دېسە سۇ،
ئالىپ قۇيرۇغىدا قىلىپ لۇقمە بۇ.

— ئا. نىزارى.

دەرەۋ [درو] (پ) بۇغداي، ئارپىغا ئوخشاش دانلىق زىرائەتلەرنى ئورۇش:

قاچان ساچسە تۇفراققە بۇغداي بىرەۋ،
يوق ئىمكان كىم گۈل ئارپا قىلغاي دەرەۋ.

— نەۋايى.

دەربان [دربان] (پ) دەرۋازىۋەن، ئىشىك ساقچىسى:

نېچۈك قىلغاي ئىشىكدىن قوغلاسە ئىتلارنى دەربانىم،
بۇ غەم بىرلەن يۈزۈم ئەكسىدىن ئولغاچ زەئفىران كاغەز.

— شەۋقى.

دەربايىست [دربايست] (پ) 1) مۇۋاپىق، توغرا كېلىدىغان. 2) كېرەك، زۆرۈر.

دەربايىست بولماق — مۇناسىپ بولماق؛ لازىم بولماق، كېرەك بولماق.

دەر بەدەر [دربدر] (پ) ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈش، كوچىمۇ كوچا چىپىپ يۈرۈش، سەرگەردان؛ بەگۋاش:

نىگارا ئىشتىياقىڭدا زائىفۇ ناتەۋان بولدۇم،
ھەمىشە دەربەدەر ئالەم ئارا بىخانىمان بولدۇم.

— فىراقى.

دەربەر [دربر] (پ) 1) ئۆز ئىچىگە ئېلىش، تەركىبىدە بولۇش، ئىچىدە بولۇش. 2) ئىگە، ئىگە بولماق:

كىمكى ۋەسفىڭنى ئىشىتتى، ئەي پەرىزادى زەمان،
كېچەۋۇ كۈندۈز خەيالى بۇ ئانى دەربەر قىلاي.

— قەلەندەر.

3) كېيىنمەك، ياسانماق؛ ياسىماق، بېزىمەك، زىننەتلىمەك:

شۇم رەقىب ئەيلەر جەفا ئانىڭگە دىلبەر قىلماسۇن،
جەۋر، سەركەشلىك كىتابىن مۇنچە دەربەر قىلماسۇن.

— قەلەندەر.

دەربەست [دربست] (پ) 1) قورشىۋېلىنغان، توسۇقلۇق:

ئانىڭ ئولدى تەراز ھەم دەربەست،
نەچە كىشۋەر داغى ئاڭا پەيۋەست.

— نەۋايى.

2) ھەممە، بارلىق، ھەممىسى.

دەربەند [دربند] (پ) 1) ئىشىك، دەرۋازا؛ ئىشىك ئالدى، بوسۇغا؛ تاغ ئارىلىقىدىكى ئۆتۈشمە، تاغ ئاغزى:

قۇتۇلماغلىق كەمەند زۇلفىدىن كۆڭلۈمگە دۇر مۇشكىل،
نەھەڭ بەھرىغە بىپايان ئىدىم دەربەندى شەست ئولدۇم.

— زەلىلى.

2) قەلئە. 3) جاي نامى (خاس ئىسىم):

… ئەرز قىلدىلاركىم، قىغچاق دەربەندغە مۇستەۋلىي بولۇپتۇر، ئول يولغە ئۆبۇر قىلىپ، … دەربەندنى ئالىپ ئابادان قىلىپ، … ئانداق مەزبۇت قىلدى.

— نەۋايى.

قەلئە دەربەندى — قورغان دەرۋازىسى.

دەربەندلىق [دربندليق] قامال، قورشاۋدا قالماق، مۇھاسىرە ئىچىدە قالماق؛ تۇتقۇنلۇق.

دەرپەي [درپى] (پ) ئارقىمۇ ئارقا، كەينى - كەينىدىن، توختىماي؛ توختاتماي:

نەچچە ئىمساك ئەتكەسەن، ئەي ساقى، مەي دەرپەي تۇتۇپ،
بىر يولى باغۇ يىقىت يا ياز خۇمارىم جام ئىلە.

— ئەرشى.

دەرج [درج] (پ) 1) سۆزلىش، بايان قىلىش. 2) ئورالغان خەت. 3) سەدەپ قۇتىچە؛ خەزىنە. 4) ئاغىز، لەۋ؛ ئەزگۈ (ياخشى) سۆزلەر.

دەرج ئەتمەك — سۆزلىمەك، بايان قىلماق.

دەرج قىلماق — 1) «دەرج ئەتمەك» كە قاراڭ. 2) سۆز، پاساھەت دۇرلىرىنى چاچماق.

دەرجى دەقايىق — نەپىس خەزىنىلەر.

دۇرلەر دەرج قىلماق — ياخشى سۆزلەر ئېيتماق.

دەرخاست [درخواست] (پ) ئىلتىماس، تەلەپ، ئۆتۈنۈش:

غەلەت، كەمىنى يارانلار سىز قىلىڭ راست،
ئېرۇر دەرخاست بىردىن قويماڭىز كاست.

— خىرقەتى.

دەرخاست قىلماق — ئىلتىماس قىلماق، سورىماق؛ تەلەپ قىلماق.

دەرخەر [درخر] (پ) «دەرخۇر» غا قاراڭ.

دەرخەرد [درخرد] (پ) «دەرخۇر» غا قاراڭ.

دەرخۇر [درخور] (پ) لايىق، مۇناسىپ، ئەرزىيدىغان، يارىشا:

جام دەرخۇر ئاڭا كەئسى خۇرشىد،
دىمە خۇرشىدكى، جامى جەمشىد.

— نەۋايى.

دەرخۇرد [درخورد] (پ) «دەرخۇر» غا قاراڭ.

دەرد [درد] (پ) 1) كېسەللىك، دەرد، ئاغرىق. 2) غەم، قايغۇ؛ كۈلپەت، ئازاب، مېھنەت. 3) ئىشىق، سۆيگۈ، مۇھەببەت؛ ئاشىق.

دەرد ئالۇد — خەستە، دەردلىك، غەملىك، دەردكە تولغان، قايغۇلۇق.

دەرد ئەھلى — ئاشىقلار:

قىلىپ جارى مۇھەببەت ئوتىنى تىز،

ئېتىپ دەرد ئەھلى كۆزىنى گۆھەررىز.

— خىرقەتى.

دەرد پەرۋەرد — دەرد ئىچىدە ئۆسكەن، دەردكە يولۇققان، دەردلىك.

دەرد پەيدا بولماق — تولغاق تۇتماق.

دەرد پەيۋەند — دەردكە گىرىپتار بولغان، خاپىلىققا دۇچار بولغان.

دەرد تۆشمەك — غەم چۈشمەك.

دەرد ئېلتماق — قىينىماق، ئازابلىماق.

دەردۇ ئافەت — دەرد ۋە ئاپەت.

دەردۇ ئاھ — دەرد ۋە ئاھ.

دەردۇ بەلا — دەرد ۋە بالا، بالا - قازا، بالايىئاپەت:

تا سىنىگدەك نازەنىنغە ئاشنا قىلدى فەلەك،
مېھنەتۇ دەردۇ بەلاغە مۇبتەلا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

دەردۇ بەلا تىكەنلەرى — غەم، كۈلپەت، جازا، ئاپەت تىكەنلىرى.

دەردۇ بەلا چاقمنى — غەم - كۈلپەت، جاپا، ئازار چاقمىقى، چېقىنى.

دەردۇ ئەلەم — دەرد ۋە ئەلەم، غەم - قايغۇ، ئازاب - ئوقۇبەت:

ھىجرىڭ ئوتىدىن ئاھ ئۇرۇپ شامۇ سەھەر قان يىغلابان،
دەردۇ ئەلەم بىرلە فىغان نالان قىلىپ سىزدى قاراغ.

— شەۋقى.

دەردۇ رەنىخ — دەرد ۋە رەنج:

قارالڭ ھالىمغە كىم ھەيرەت بىلە ئەي ۋامىقۇ - ئۇزرا،
كۆرۈپ ئەيلەپ تەرەھھۇم دەردۇ رەنجى بىشۇمارىمغە.

— ئا. نىزارى.

دەردۇ غەم — دەرد ۋە غەم:

بىرەر لۇتفۇ كەرەمدىن رەھم ئېتىپ ھالىمغە باققايسەن،
نەچە دەردۇ غەمىڭدىن، ئەي مەھى تەررار يىغلارمەن.

— قەلەندەر.

دەردۇ مېھنەت — مېھنەت ۋە ئازاب، مېھنەت ئازابى:

ئىشق ئۇلپەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جۇش ئېتەر،
تۇپراغى ھەسرەت بىلەن بىتكەن ھېسارى كاشغەر.

— گۇمنام.

دەردۇ مېھنەت تاشىغە باش ئۇرماق — كۈلپەتكە دۇچار بولماق، ئازاب - ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولماق، بېشىغا غەم چۈشمەك.

دەردۇ ئىشق ئاتەشكەدەسى — ئىشق مەنبەسى.

دەردى بېخۇدلۇق — ھۇشسىزلىق دەردى.

دەردى بېدەرمان — «دەردى بېدەۋا» غا قاراڭ.

دەردى بېدەۋا — ئىلاجىسىز (ئامال قىلغىلى بولمايدىغان) دەرد؛ داۋالاپ، ساقايتىپ بولمايدىغان ئاغرىق.

دەردى دىل — كۆڭۈل دەردى، كۆڭۈل ئىزتىرابى، غېمى، ھەسرىتى:

قات - قات يۈرەگىم باغلادى قان غۇنچە مەڭىزلىك،
بۇ دەردى دىلىمنى گۈلى خەندانىمە ئايتىڭ.

— لۇتفى.

دەردى فۇرقەت — پىراق دەردى، ئازابى:

سەبا بۇلبۇلنى كەلتۇردى ئوشۇل ۋەقت،
ئاچىلدى دەردى فۇرقەت باغلاغان بەخت.

— خىرقەتى.

دەردى فىراق — ھىجران قايغۇسى، ئايرىلىش ئىزتىرابى، ئايرىلىش:

زەھرە يارىلۇر دەردى فىراقىمدە كۆڭۈلدىن،
ئاھىكى چىقار ئوق كەبى يارىم كېچەلەردە.

— ئاتايى.

دەردى مۇفرىت — ھەددىدىن زىيادە دەرد، كۈلپەت.

دەردى ناياب — كەم ئۇچرايدىغان دەرد، ئازاب.

دەردى ھال — مۇشكۇل ھال - ئەھۋال:

دېدى: گۈل دەردى ھالىم سورمادىڭ دەپ،
تىكەن ھەم جىسمى جانىم ئۆرتەدى دەپ.

— خىرقەتى.

دەردى ھىجران — ھىجران (ئايرىلىش) دەردى، ئازابى:

ئول كۆڭۈلكىم دائىما ئىشى سېنىڭلە ۋەسل ئىدى،
ياندى شەۋقىڭدىن ئەسىرى دەردى ھىجران ئولدى، كەل.

— نەسىمى.

دەردى ئىشتىياق — سېغىنغانلىق، سېغىنىش قايغۇسى؛

دەردى ئىشق — ئىشق دەردى، ئازابى:

تاش يۈرەكى كۆرۈنۇر ئول شوخىنىڭ قورساغ ئارا،
دەردى ئىشقى بىر تىكەندەك بار دۇرۇر تىرناغ ئارا.

— قەلەندەر.

دەردا [دردا] (پ) ئەي، ۋاي، ۋاھ! دەرىخا! ئەپسۇس:

ھەرچەندە سەئيى ئەيلەپ بەزمەڭگە تاپمادىم يول،
دەرداۋۇ يۈز دەرىغا، بولدۇم ئۆزۈم ھىجابى.

— زەلىلى.

دەرداكى [درداكە] (پ) «دەردا» غا قاراڭ.

دەردكەش [دردكش] (پ) دەردلىك، دەردمەن:

جۇنۇندىن ئەقلكۇش، بەل دەردكەش ھەم،
پەرى رۇخسارە، بەل دىۋەنەۋەش ھەم.

— نەۋايى.

دەردلى [دردلى] دەردلىك:

فەقەت ھالىنى كۆرگەنلەر ئېتىپ ئاھ،
ئۇچار ئەترافىدا قۇشلار دەردلى ھەمراھ.

— سەيفى سەرايى.

دەردمەند [دردمند] (پ) 1) دەردلىك، غەملىك، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق؛ كېسەل، دەردمەن:

دەردمىنى تۆكەرگە دەردمەند يوق،
ھالىم ئۇلاشۇرگە مۇستەمەند يوق.

— موللا سالىھ.

2) ئاشىق، ئىشق دەردىگە مۇپتىلا:

ئاشىقمەن، ئول قىلۇر ئەغيارغە مەھبۇبلۇق،
دەردمەندمەن ۋەلي ئول ئۆزگەگە دەرمان بېرۇر.

— بابىر.

دەردمەندانە [دردمندانه] (پ) دەردلىك، غەملىك، قايغۇلۇق؛ دەردمەن كىشىلەردەك.

دەردمەندانە تۇشمەك — ئاشىقانە بولماق؛ غەملىك، قايغۇلۇق كۆرۈنمەك.

دەردمەند شىۋە [دردمند شيوه] (پ) ئادەتتە كېسەلگە ئوخشاش يۈرىدىغان:

… مەۋلانا سەيفي… بەغايەت دەرۋىشۋەش ۋە فانىي سىفەت ۋە دەردمەند شىۋە يىگىتدۇر.

— نەۋايى.

دەردمەندى [دردمندى] (پ) «دەرمەند» كە قاراڭ:

چەرخ ئۆزە خۇرسىدەك بارمەن جەھان ئىچرە غەرب،
دەردمەندى ياپمادىم قىلغاي ماڭا ھەمرازلىق.

— ئەرشى.

دەردناك [دردناك] (پ) 1) دەردلىك، دەردكە، سۆيگۈگە مۇپتىلا (گىرىپتار)، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، غەملىك:

تۇتۇپ ماتەمىنى بولۇپ دەردناك،
پىچاق بىرلە قىلسام ئۆزۈمنى ھەلاك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئاغرىنىشلىق، خاپا:

بۇ ئىشتىن جەھان بولماسۇن دەرناك،
چۇ قايىم مەقام ئولدى پەيدا نې باك.

— نەۋايى.

دەردسەر [دردسر] (پ) باش ئاغرىقى، قىينىلىش؛ قىيىنچىلىق، تەشۋىش:

بولماسا گەر بىللە ئول شوخى پەرى پەيكەر ماڭا،
ئارتادۇر سەيرى چەمەندىن نەچچە دەردسەر ماڭا.

— قەلەندەر.

دەرراك [دراك] (ئە) ئەقىللىق، زېرەك، ئۆتكۈر؛ سەزگۈر.

دەرراك تەبئ — زېھنى ئۆتكۈر.

دەرران [دران] (پ) يىرتقۇچى، پارچە - پارچە قىلغۇچى؛ يىرتقۇچ:

ئەجەل خەنجەرلەرى جىسمىنى دەرران،
ئۆتتۈپ ئاندىن ئەجەل غەۋغاسى نەرران.

— نەۋايى.

شىرى دەرران — يىرتقۇچ شىر.

دەررە [دره] (ئە) قامچا، دەررە.

دەررەندە [درنده] (پ) يىرتقۇچ، ۋەھشىي ھايۋان.

دەرز [درز] (پ) يېرىلغان جاي، يېرىق، دەز، چاك.

دەرز ئەتمەك — يارماق؛ دەز، چاك كەتكۈزمەك.

دەرز - بەردەرز — زىچ، بىر - بىرىگە تېگىپ تۇرغان.

دەرز قىلماق — «دەرز ئەتمەك» كە قاراڭ.

درزابان [درزابان] دەرۋازىۋەن:

دەرۋازىغا ئول يەتدى،
دەرزابان دەم ئايتدى.

— نىيازى.

دەرزىگەر [درزى كر] (پ) قاداقچى (چىنە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى قادايدىغان ئادەم).

دەرس [درس] (ئە) دەرس، ساۋاق:

دەرس تەركىن تۇتماق — دەرس تاشلىماق، ئوقۇماسلىق.

دەرسى سەرد — سوغۇقتا تۇڭدۇرۇپ ئۆگىتىش، سوغۇقتىن دەرس بېرىش:

قىشلار ئەتفالىغە تۇڭدۇرماق بىسى تەئلىم ئېتىپ،
دەرسى سەرد ئەيلەرگە يوقتۇر بۇ كەبى موللا ساۋۇق.

— ئەرشى.

دەرسى ئىشق — سۆيگۈ دەرسى، مۇھەببەت ساۋىقى:

نى ئۈچۈن ئەھلى جەھان ئىشقىدا كامىل ئولماسۇن،
كىم ئېرىلمەي دەرسى ئىشق ئەيلەرگەدۇر قابىل يىگىت.

— ئەرشى.

دەرسگاھ [درسگاه] (ئە + پ) دەرسخانا، مەكتەپ.

دەرك [درك] (ئە) پەم، ئىدراك بىلەن تېپىش، ھېس قىلىش، سېزىش، پەملەش، پەم قىلىش، چۈشىنىش، بىلىش، ئىدراك، ئەقىل:

بارچە ئىسيان ئەھلىگە سەندىن دۇئا، مەندىن نىجات،
رەفئەتىڭ دەركىدە ئانداغ خەير كەلدى مۇدرەكات.

— ئەرشى.

ئەھلى دەرك — ئىدراك ۋە پاراسەت ئىگىلىرى، پەم - پاراسەتلىك كىشىلەر، ئىدراكلىق كىشىلەر؛ دانالار.

دەرك ئەتمەك — پەم - پاراسەت بىلەن تاپماق، سەزمەك، بىلمەك.

دەرك قىلماق — «دەرك ئەتمەك» كە قاراڭ:

يېمەك - ئىچمەكنى ھەم قىلىپ تەرك ئول،
كى مەھۋش ۋىسالىنى قىلىپ دەرك ئول.

— ئا. نىزارى.

دەركى مەئنى — مەزمۇننى بىلىش، چۈشىنىش.

دەركار [دركار] (پ) لازىم، كېرەك، زۆرۈر:

ئەگەر بەختىڭ ئۇ ياغدۇر، ئەختەرىڭ يار،
بۇ پەردىن ئۆت، بۇ تاشنى ئېيلە دەركار.

— ناقىس.

دەرگاھ [درگاه] (پ) 1) ئىشىك، بوسۇغا؛ ئاستانە:

ئۆلەرمەن دەرگاھىڭدىن كەتمەيگەيمەن،
بەغايەت شەرھى ھالىڭنى ئىشتتىم.

— خىرقەتى.

2) ئوردا، پادشاھ قەسرى، ساراي. 3) ئۆي؛ مەرتىۋىلىك كىشىلەر تۇرىدىغان جاي. 4) تەڭرى ھوزۇرى.

دەرگاھى ئالىي — يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئالىي جاي.

دەرگاھى ئەزەل — ئەڭ بۇرۇنقى دەرگاھ، تەڭرىنىڭ ھوزۇرى:

قىلىپ شۈكرانە دەرگاھى ئەزەلگە،
ئۆلەشتۈردى جەۋاھىرلارنى ئەلگە.

— ناقىس.

دەرگاھى كىبرىيان — تەڭرىنىڭ دەرگاھى.

دەرگاھى ھەق — «دەرگاھى كىبرىيان» غا قاراڭ:

قىلىپ دەرگاھى ھەققە شۈكرى - ئېھسان،
بولۇرغە ۋەئد قىلدىم ئاندا مېھمان.

— ناقىس.

دەرگەھ [درگه] (پ) «دەرگاھ» قا قاراڭ:

كېلىپ مەن دەرگەھىڭگە خىيرە چەشمىم رەۋشەن ئولغاي دەپ،
نەسىب ئولغايمىكىن شايەد كۆزۈمگە سۈرمەئى مازاغ.

— شەۋقى.

دەرگەھ نىشىن [درگه نشن] (پ) 1) ساراي ئەھلى؛ 2) پادشاھ.

دەرگىر [درگير] (پ) ئۆزىگە ئالغۇچى، قوبۇل قىلغۇچى، ئورۇنلىغۇچى:

بىلىپ بارچە كىشى مەنىڭ دەرگىر ئەمەس،
رىزادىن ئۆكۈن ھېچ تەدبىر ئەمەس.

— نەۋايى.

دەرمان [درمان] (پ) 1) كۈچ، قۇۋۋەت:

ناتەۋان جانىمغە جانا ئۇلفەتىڭ دەرمان ئىدى،
ماڭا ئەمدى فۇرقەتىڭدىن نې تەۋان قالدى نې تاب.

— ئەرشى.

2) داۋا؛ چارە، تەدبىر، ئىلاج:

بۇ ئۆلۈم دەردىگە دەرمان تاپمايىن لوقمان ھەكىم،
ھىيلە ئەيلەپ ھەم فىلاتۇن جانغە ھېكمەت بىر تەرەف.

— شەۋقى.

دەرمان ئەتمەك — ئىلاج قىلماق، داۋالىماق.

دەرمان قىلماق — «دەرمان ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەرماندە [درمانده] (پ) قىيىن ئەھۋالدا قالغان، ئەھۋالى ناچار، بىچارە:

يار ئەمەس دەرماندە بولغان چاغ ساڭا يار ئولماسا،
كىم يىقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ مەددەتكار ئولماسا.

— زەلىلى.

دەرماندە بولماق — ئامالسىزلىقتىن ئارا يولدا قالماق.

دەرماندە قالماق — «دەرماندە بولماق» قا قاراڭ.

دەرمەھەل [درمحل] (پ + ئە) ئۆز ۋاقتىدا، تېزدىن:

مەن دېدىم: «ئەي بىئەدەپ، سەن غۇنچەغە يەتكۈرمە زەگى» ،
دەرمەھەل كەلدىم ھۇشۇمغە كۆز ئاچىپ كۆردۈم رەقىب.

— موللا سالىھ.

دەرمىيان [درميان] (پ) ئوتتۇرىدا، ئارىدا:

ۋەقتى يەنە ئافەتى زەمانە،
كۆردى ئىككىمىزنى دەرمىيانە.

— موللا سالىھ.

دەرھەم [درهم] (پ) 1) چېتىشقان، چىرماشقان، بىرلىشىپ كەتكەن؛ توپلانغان. 2) ئوراپ ئالغان، ئورىۋالغان. 3) چېچىلغان، پەرىشان بولغان:

ئىشق ئېلىنىڭ ئاھىدىن ئول سەرۋ قەد خەم بولماسۇن،
غەم ئېلىدىن ئول مۇئەنبەر زۇلفى دەرھەم بولماسۇن.

— بابىر.

دەرھەم ئەتمەك — قوشماق، ئارىلاشتۇرماق.

دەرھەم ئەيلەمەك — ئارىلاشتۇرماق؛ ئورىماق.

دەرھەم قىلماق — «دەرھەم ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەرھەم ئۇرماق — توپلىماق.

دەرۋىزە [درويزه] (پ) «دەرىيوزە» گە قاراڭ.

دەرۋېش [درويش] (پ) 1) پېقىر، كەمبەغەل. 2) خۇداگۇي، تەسەۋۋۇپ مەسلەكلىرىدىن بىرىگە مەنسۇپ بولغان كىشى، سوپى، زاھىد، دۇنيانى تەرك قىلغان كىشى. 3) پاك، ساپ دىل؛ 4) شەخس نامى، لەقەم.

دەرۋىش [درويش] (پ) «دەرۋېش» كە قاراڭ:

ئول تۈنىكىم ئىككىنچى دەرۋىش باشىدىن ئۆتكەن ۋاقىئاتنى بىر - بىر تەقرىر قىلىپ ئىتمامىغە يەتكەندە، پادشاھ ئازادە بەخت ئۆز قەسرىگە يانىپ كېلىپ، دەرۋىشلەرنىڭ ئول تاق

ئىچىدە كۆرۈپ ئىدى، ئۇلارنى دەئۋەت قىلغالى كىشى ئىبەرگەنى…

— ئا. نىزارى.

دەرۋىشانە [دورويشانه] (پ) 1) دەرۋىشلەرگە ئوخشاش، دەرۋىشسىمان، دەرۋىشلەرچە. 2) دەرۋىشلەرگە ئاتاپ تەييارلانغان ئاش.

دەرۋىشخوي [دوريش خوى] (پ) دەرۋىشلەرگە ئوخشاش، دەرۋىشلەرچە:

بولۇپ سەلتەنەت تەختىدە فەقىر جوي،
شەھ ئولسە ۋەلي بولسە دەرۋىشخوي.

— نەۋايى.

دەرۋىشدوست [درويش دوست] كەمبەغەللەرگە شەپقەت قىلغۇچى، كەمبەغەلپەرۋەر.

دەرۋىشۋەش [درويش‌وش] (پ) «دەرۋىشخوي» غا قاراڭ.

دەرى [درى] (پ) 1) جىلغا، تاغ ئارىلىقىدىكى چوڭقۇرلۇقتا ياشىغۇچى قۇش:

شەترەنجۇ بەختۇ بەردى سەئادەت سىينىڭ بىلەن،
كىم ئوينادى ئۇتتۇلدىيۇ باغلاندى شەش دەرى.

— سەيفى سەرايى.

2) «دەرە» گە قاراڭ:

پاسىبانى بىمۇرۇۋۋەت رىشكىدىن ياندۇرماغىل،
بۇ دەرى دەرگاھىدىن دىدارى سۇلتاندۇر تەمەئ.

— زەلىلى.

كەبكى دەرى — تاغ كەكلىكى:

مەلىكە ئۈي ئىچىدە بەئد ئىشۋەناز،
كى كەبكى دەرىدەك بولۇپ جىلۋە ساز

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەرىجە [دريجه] (پ) «دەرىچە» گە قاراڭ:

مۇنىڭدىن ھەم ئاچاي يەتتە دەرىجە،
كىرىپ ئىستەي، ياپاي بەختىم بارىچە.

— خىرقەتى.

دەرىچە [دريچه] (ئە) دېرىزە، كۆنگۈرە:

دەرىچە دۈن — ئىشىك - دېرىزە:

ئانا ئىشىككە يەتتى،
دەرىچە دۈن ئاچىلدى.

— نىيازى.

دەرىدە [دريده] (پ) يىرتىق، يىرتىلغان:

كىيىپ جىسمىغە بىر دەرىدە چاپان،
ساپىدۇر پەتىلە، يۇرىدۇر سامان.

— ئا. نىزارى.

دەرىغ [دريغ] (پ) 1) ئەپسۇس! ئەتتەڭ! نادامەت:

دەرىغ، ئول كۆڭلۈم ئىچرە پارە قىلغان يارەلىغ بىلمەس،
ئۆكۈپ جانىم ئارا بارچە غەمنى ئەفكارەلىغ بىلمەس.

— ئەرشى.

2) قىزغىنىش، ئاياش، كۆزى قىيماسلىق:

… فەرزەندىم بەھا ئوددىن ھەقىدە تەربىيەت ۋە شەفقەتنى دەرىغ تۇتماغايسەن.

— نەۋايى.

دەرىغ بولماق — ئېچىنارلىق، ئەپسۇسلىنارلىق بولماق.

دەرىغ تارتماق — ئەپسۇس قىلماق، ئەپسۇسلانماق.

دەرىغ تۇتماق — ئايىماق، قىزغانماق.

دەرىغا [دريغا] (پ) دەرىخا، ھەي ئەتتەڭ، ئەپسۇس، ئىست!» مەنىلىرىنى بېرىدىغان ئۈندەش سۆز:

دەرىغا! ھېچكىم بىلمەس ئىبىسە ئەفتادە ھالىمنى،
نىگارىم لۇتفۇ قەھرىدىن ئۈزۈم كۆرسەم ئەيان كاغەز.

— شەۋقى.

دەرىي [درى] (پ) «دەرە» گە قاراڭ.

دەريا [دريا] (پ) 1) دەريا. 2) دېڭىز:

كىرمەگەيمەن جەننەتۇل - مەئۋاغە دىلبەر بولماسا،
شىشە پۈشى تۇشمەگەي دەرياغە گۆھەر بولماسا.

— زەلىلى،

3) ئېقىن، مۇھىت. 4) چەكسىز، چېگراسىز. 5) ئەسەر، كىتاب («مەنتىقۇت - تەير» گە ئىشارە):

دۇرغە گەرچە ياپماسە ھەم دەستىرەس،
يىغسە دەريا مەۋجىدىن خاشاكۇ خەس.

— نەۋايى.

6) مەنە دەرياسى، ئىلىم:

قەلەندەر سەيرىنى ۋەقتى سەپەردە كىمكى مەنئ ئەيلەر،
ئېرۇر زەنجىر ئىلە باشىدىن ئاياغ دەريانى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

7) بەھرە ئېلىش، ساياھەت قىلىش:

دەريا ئاتا — ئالىي ھىممەت، ناھايىتى ھىممەتلىك، مۇرۇۋۋەتلىك.

دەريايى ئافەت — ئاپەت كەلتۈرگۈچى دەريا.

دەريايى ئەبرار — 1) ياخشىلار دەرياسى. 2) خىسرەۋ دېھلەۋىي قەسىدىسىنىڭ نامى.

دەريايى ئەئزەم — ئۇلۇغ دەريا، كاتتا دەريا:

ئېرۇر ئول دىۋە - دۈشمەن خەسمى مەلئۇن،
ئېرۇر دەريايى ئەئزەم - خىزرى مەيمۇن.

— ناقىس.

دەريايى جەيھۇن — جەيھۇن دەرياسى (ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى):

ۋەسل باغىدا نىگارىم ئەيلەگەچ كۆپ ئىلتىفات،

سۆزنى جۇشى كۆڭلۇمە دەريايى جەيھۇندۇر بۇ كۈن.

— قەلەندەر.

دەريايى خۇنخار — قان ئىچكۈچى دەريا، قانخور دەريا:

ئېرۇرھەر بۇرجىدا دەريايى خۇنخار،
داغى ھەر ياندا تاغى چەرخى دىۋار.

— ناقىس.

دەريايى رەھمەت — رەھىم - شەپقەت دەرياسى، رەھمەت دەرياسى:

شەفائەت بىرلە ھەق دەريايى رەھمەتدىن ئۈمىد ئەتسەڭ،
تەكەببۇر قىلماغىل شەۋقى ئۆزۈڭنى ئەيلەگىل مەئجۇز.

— شەۋقى.

دەريا زەمىر — كەڭ بىلىم دولقۇنىغا ئىگە بولغان كۆڭۈل؛ كۆڭلى كەڭ؛ بىلىملىك:

مۇئەللىم ئىدى ئانچە دەريا زەمىر،
ئانىڭدىن بۇ شەھزادە ئەئلا زەمىر.

— ئا. نىزارى.

دەريايى ساھىل — دەريانىڭ قىرغىقى، ساھىلى:

خۇدايا يەتكۈزۈپ ئول مەغفىرەت دەريايى ساھىلغە،
بىھەققى ھۆرمەتى «تاھا» گۇنەھدىن ئەيلەگەيسەن پاك.

— شەۋقى.

دەريايى شاھى — شاھلىق دەرياسى:

بىلىپ ئول خەستە ھالاتىن كەمامى،
كى بار ئېرمىش دۇرى دەريايى شاھى.

— نەۋايى.

دەريايى شەۋق — دەريا ۋە دېڭىزغا ئوخشاش جۇش ئۇرۇپ دولقۇنلىنىپ تۇرغان زوق ۋە ئىستەك.

دەريايى ئۇممان — ئۇممان دېڭىزى، ئوكيان:

تۆكۈپ ياشىنى قەيس باران كەبى،
نە بارانكى، دەريايى ئۇممان كەبى.

— ئا. نىزارى.

دەريايى ئىلىم — بىلىم ئېقىمى، ئىلىم دەرياسى.

غەرىقى دەريايى رەھمەت قىلماق — رەھمەت دەرياسىغا پاتماق؛ كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق.

دەريا بار [دريابار] (پ) دەريالار، دېڭىزلار، كاتتا دېڭىز، ئوكيان.

دەريا جەناب [دريا جناب] (پ + ئە) كەڭ، پايانسىز دەرگاھ:

سۆز ئاندىن سۇرۇپ شاھى دەريا جەناب،
بېرىپ بۇيلە سۇقراتى دەنا جەۋاب. — نەۋايى.

دەريادىل [ديادل] (پ) 1) دىلى دەريا، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ. 2) زور ئالىم، يېتۈك ئالىم.

دەريا زەدە [دريازده] (پ) دەريا پالاكىتىگە ئۇچرىغان؛ كونىرىغان، ئىشتىن چىققان.

دەريا ستېز [دريا ستيز] (پ) دەريادەك قەھرلىك.

دەريا شۇكۇھ [درياشكو] زىيادە، ھېسابسىز شان - شەۋكەتلىك:

بۇ ئايىن بىلەن شاھى دەريا شۇكۇھ،
يۈرۈپ قىلدى دەريانى يۈكدىن سۇنۇھ.

— نەۋايى.

دەريا كەش [درياكش] (پ) 1) كېمىچى، قېيىقچى. 2) كۆپ ئىچكۈچى.

دەريا گەرد [درياكرد] (پ) دەريادا يۈرگۈچى، غەۋۋاس.

دەريا مايە [دريامايه] (پ) سەرمايىسى دەريا كەبى كۆپ، ھېسابسىز باي.

دەريا نەۋال [دريانوال] (پ) 1) دۆلەت ئىگىسى، دۆلەتلىك كىشى:

يانە قەتلە دارائى دەريا نەۋال،
دېدى: ئەي ھەكىمى مەسىھا مىسال.

— نەۋايى.

2) ھېسابسىز سېخى، زور ھىممەتلىك، خەير - ئېھسانى دەريا كەبى كەڭ.

دەريا نەۋەرد [دريانورد] (پ) دېڭىز ساياھەتچىسى.

دەريا ۋەش [دريا وش] (پ) دەريا كەبى، دەريادەك.

دەريە [دريه] (پ) «دەريا» غا قاراڭ:

گوشۇل ۋەقت مەھزۇن دېدى: «ئەي ئاتا،
سالاي تورنى مەن دەريەغە بىخەتا.

— ئا. نىزارى.

دەريوزە [دريوذه] (پ) 1) گادايلىق، تىلەمچىلىك. 2) گاداي، تىلەمچى، پېقىر. 3) دەرۋىش. 4) خاھىش، ئىستەك.

دەريوزە ئەتمەك — تىلىمەك، تىلەمچىلىك قىلماق؛ ئىستىمەك.

دەريوزە قىلماق — «دەريوزە ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەريوزە نەماي [دريوذەنماى] (پ) تىلەمچى، گاداي چىراي، گادايغا ئوخشاپ قالغان.

دەرموزە [درموزه] (پ) «دەريوزە» گە قاراڭ.

دەژەم [دژم] (پ) «دىژەم» گە قاراڭ.

دەژەمۋار [دژموار] (پ) «دىژمۋار» غا قاراڭ.

دەساتىن [دساتين] (پ) [بىرلىكى: داستان] داستانلار؛ قوشاق، نەغمىلەر، «داستان» غا قاراڭ:

دەساتىنى خاتىر نەۋاز — يېقىملىق داستانلار.

دەست [دست] (پ) 1) قول:

شۇجائەت بابىدا بولساڭ تەھەمتەن،

بولۇبان زېرى دەستىڭ دېۋە ئەسۋەد.
— ئەرشى.

2) ھۆكۈم، پەرمان:
سۆيۈپ ھەم يەنە شاھنىڭ دەستىنى،
ئوقۇپ ئېردىم ئەۋۋەل ئېگىز ـ پەستىنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) كەررە، مەرتەم، نۆۋەت:
ماڭا تەشنە ئانچە بېرىپ ئېردى دەست،
سۈمۈردۈم ھەرارەت ئىشى بولدى پەست.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

چابۇك دەست — چاققان، چېۋەر.

چىرە دەست — باتۇر؛ پالۋان.

دەست ئەندازلى — 1) قول ئۇزىتىش. 2) بىمالال سۆزلەش.

دەست بەدەست — قولمۇ قول؛ ھەمدەم، ھەمراھ.

دەست بەرمەك — 1) ھاسىل بولماق، پەيدا بولماق؛ مۇيەسسەر بولماق، ئېرىشمەك؛ ئىش ئوڭدىن كەلمەك:
ئەيمەنىپ ھاسىد تىلىدىن دەست بەرمەس چۇن سەلام،
كۆز ئۇچى بىرلە يىراقتىن مەرھەبا بولسۇن ساڭا.
— لۇتفى.

2) ئىمكان، ئىلاج، ئىمكانىيەت:
جەۋاب كۈتتى بولۇپ ئۇ ئىشق ئارا مەست،
ۋەلى تەقدىر كۆلۈپ تېز بەرمەدى دەست.
— سەيفى سەرايى.

دەست تاپماق — 1) قولغا چۈشۈرمەك؛ قولغا چۈشمەك، ئەسىر ئېلىنماق. 2) زەپەر، غەلىبە قىلماق؛ ئۈستۈن بولماق؛ غالىب كەلمەك.

چابۇك دەست — قولى ئىتتىك، چاققان، قولى ئەپلىك:
ئىدىممەن شوخ، چابۇك دەستۇ تەننار،
سەبا رەفتارى گۈلگۈن ئەيلەدىم نار.
— ناقىس.

دەستى بەيئەت — تەۋە بولماق، تەۋەلىكىگە ئۆتمەك:
زىيارەت قىلىپ دەستى بەيئەت بېرىپ،
قىلىپ ھال پۇرسىش، نەسىھەت قىلىپ.
— موللا شاكىر.

دەستى تەقدىر — تەقدىر قولى، تەقدىر قىسمىتى:
گەھى قىلدى فەلەك جەۋرىنى تەقدىر،
گەھى ئەتتى بەھانە دەستى تەقدىر.
— لۇتفى.

دەستى كۆتاھ — قولى قىسقا:
خۇش ياراشۇر سەرۋەدەك قەددى ئۇزە سىيم ئالماسى،
ئاھكىم، يەتمەس ئاڭا بۇ دەستى كۆتاھىم مېنىڭ.
— لۇتفى.

دەستار [دستار] (پ) سەللە:
ئەي خىرەدمەندلەر، سۆزۈمگە فەھم ـ ئىدراك ئەيلەلىڭ،
باشىغە كۆك دەستار كىيىپ فەريادۇ ئەفغان ئەيلەبان.
— موللا سالىھ.

ئاشۇفتە دەستار — سەللىسى چۇۋۇلغان.

دەستارخان [دستارخوان] (پ) داستىخان؛ سۇپرا.

دەستاس [دستاس] (پ) قول تۈگمىنى، يارغۇنچاق:
سۈماۋىش دانەسىن دەستاسى گەردۈن،
مېنىڭ يىل دەۋر ئەتسە بولماي تارتماق ئۈن.
— نەۋايى.

دەست ئامۇز [دست آموز] (پ) قولغا ئۆگىتىلگەن، رام قىلىنغان.

دەستان [دستان] (پ) 1) داستان، قىسسە، ھېكايە. 2) مىكىر، ھىيلە. 3) كۈيلەش؛ سايراش، ناۋا، نەغمە. 4) پالۋان (رۇستەمنىڭ لەقىمى):
كۆپرەك تەۋارىخدە رۇستەمى دەستاننى ئانىڭ نەسلىدىن دەپتۇرلەر.
— نەۋايى.

دەستان سەرا [دستان سرا] (پ) «دەستان سەراي» غا قاراڭ.

دەستان سەراي [دستان سرای] (پ) داستان ئوقۇغۇچى، داستان ئېيتقۇچى، كۈيلىگۈچى.

دەست ئاۋىز [دست آویز] (پ) تۆھپە، ھەدىيە، سوۋغا.

دەستە [دسته] (پ) 1) تۇتقۇچ، دەستە، ساپ؛ 2) بىر تۇتام، بىر توپ، بىر دەستە (گۈل):
قىلىپ گۈلنى يىگىتلەر بەستە ـ بەستە،
يىبەرۇر مەئشۇقىغە دەستە ـ دەستە.
— خىرقەتى.

3) مەسخىرە:
جىلۋەگەر ئول كۆزگۈدە جان سۈرەتى،
دەستە بولۇپ ئاڭا ئارىغ ھەيئەتى.
— نەۋايى.

سىيمگۈن دەستە — كۈمۈش ساپلىق؛ كۈمۈش دەستە.

دەستئەفشان [دست افشان] (پ) قول سىلكىش، ۋاز كېچىش.

دەست پېچ [دست پیچ] (پ) 1) قولغا ئوراش، يۆگەش. 2) سەۋەب، ۋاستە؛ «دەست ئاۋىز» غا قاراڭ.

دەستبوس [دست بوس] (پ) قول تۇتۇشۇش.

دەسبوس قىلماق — قول تۇتۇشماق.

دەستبۆرد [دست برد] (پ) 1) توساتتىن ھۇجۇم قىلىش؛ كۈچ ۋە قۇۋۋەت كۆرسىتىش؛ ئېلىشىش. 2)

غەلىبە، ئۈستۈنلۈك. 3) كۈچ، قۇدرەت.

دەستبۇرد ئاشكار ئەيلەمەك — توساتتىن ھەمەل (ھۇجۇم) قىلماق.

دەسترەس [دست رس] (پ) 1) قولى يېتىش، ئىمكانىيەت پەيدا قىلىش. 2) ئىمكانىيەت، پۇرسەت. 3) قۇدرەت، ئىقتىدار، كۈچ، قۇۋۋەت.

دەسترەس تاپماق — ئىمكان تاپماق؛ يېتىشمەك، ئېرىشمەك.

دەسترەسى يوق — ئىمكانى يوق، يېتىشىش مۇمكىن بولمىغان، قولى قىسقىلىق.

دەست رەنج [دست رنج] (پ) 1) قول ئەمگىكى، قول ئىشى. 2) مۇشەققەت.

دەستكار [دستكار] (پ) 1) سەنئەت؛ ھۈنەر؛ سەنئەتكار، ئۇستا. 2) قولدا ئىشلەنگەن؛ ئويمىكارلىق. 3) ياردەمچى، مەدەتكار.

دەستگاھ [دستكاه] (پ) 1) ئەسۋاب - ئۈسكۈنە، ياراغ. 2) بايلىق، دۆلەت، قۇدرەت ۋە ئىمكانىيەت؛ ئىقتىدار:

ھەقايىق پەناھ، مەئرىفەت دەستگاھ،
دەقايىق دىسارۇ مەئارىف پەناھ.

— ئا. نىزارى.

3) ئەمەل، مەرتىۋە:

دەستگاھىن بەلەندراق قىلدى،
قاشىدە ئەرجۇمەندراق قىلدى.

— نەۋايى.

4) ۋەج، سەۋەب:

بۇ دەئۋى دەستگاھىن بىر زەمان يىغ،
چۇ دەئۋى ئىچرە مەئنى يوق، نى ئاسىغ؟

— نەۋايى.

دەستگىر [دستكير] (پ) 1) ياردەمچى، قوللىغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى، مەدەتكار:

ئانىڭ ئاتاسىدۇر ئاتامغە ۋەزىر،
يامان - ياخشى ئىشىدا ئىدى دەستگىر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قولغا ئېلىش، قولغا چۈشۈرۈش؛ قولغا چۈشمەك، ئەسىر ئېلىنماق.

دەستگىر بولماق — 1) مەدەت بەرمەك، ياردەم بەرمەك:

كۆڭۈل ئارەزىن ئەيلە بەردى مۇنىر،
نەۋا يەتكۈرۈپ بىزگە بول دەستگىر.

— ئا. نىزارى.

3) ئەسىر بولماق، ئەسىر ئېلىنماق، قولغا چۈشمەك:

سىزىپ ئېردىكى ئول غۇربەت ئەسىرى،
ھەمانا بولدى دۈشمەن دەستگىرى.

— نەۋايى.

دەستگىر قىلماق — قولغا چۈشۈرمەك، ئەسىر ئالماق:

دېدى: *«كىرمەسۇن قاشىمە ئول ۋەزىر،*
قىلالماس جەھاندا مېنى دەستگىر.»

— نىزارى.

دەستمايە [دستمايه] (پ + ئە) سەرمايە، دەسمايە، نەق پۇل:

ئىدى دەستمايە سەراسەر ئاڭا،
يىگىرمە سەكىز تۈمەن مىلك زەر ئاڭا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەستمۇزد [دستمزد] (پ + ئە) ئىش ھەققى، مائاش:

ئانىڭ چۈن رىشتەگى ئۆمرىنى ئۈزدۈڭ،
ئېرۇر بۇ گەنجى مەخفىي دەستمۇزدۈڭ.

— نەۋايى.

دەستۇ پا [دستو پا] (پ) قول ۋە ئاياغ؛

دەستۇپا ئۇرماق — تەلپۈنمەك، ھەرىكەت قىلماق، تىرىشماق، ئىنتىلمەك.

دەستۇر [دستور] (پ) 1) بۇيرۇق؛ ئىجازەت، رۇخسەت:

نە بائىسدىن بولۇپدۇر سىزگە دەستۇر،
داغى ئول ھۇر كىمدۇر، كىمگە مەقسۇر.

— ناقىس.

2) رەسىم، ئادەت؛ قائىدە، يوسۇن، تەرتىپ:

قەدەم دەستۇرى بىرلە ئول كالانى،
كالا ئېرمەس، جەھانغە ماجەرانى.

— ناقىس.

3) كۆرگەزمە؛ نەمۇنە، قوللانما.

دەستۇر تاپماق — ئىمكانىيەت تاپماق؛ ئىجازەت ئالماق.

دەستۇرۇل - ئەمەل — ئىش - ھەرىكەتنىڭ دەستۇرى، قائىدىسى:

شاھى راھى شەرئىنى تا ئۆلگۈچە تەرك ئەتمەگىل،
قەۋلى پەيغەمبەردۇرۇر ئۈممەتكە دەستۇرۇل - ئەمەل.

— زەلىلى.

دەستۇرخان [دستورخوان] (پ) «دەستارخان» غا قاراڭ:

... ئەلۋان - ئەلۋان تەئاملارنى تارتىپ دەستۇرخاننى يىغىپ بولغاندا بابىر شاھ مۇسىقىغە ئىشارەت قىلىپ ئېردىلار، بۇ ئەزىز تەنبۇرنى قوللارىغە ئېلىپ، «چۆل ئىراق» مۇقامىغە نەۋازىشغە كەلتۈردى.

— مۆجىزى.

دەستيار [دستيار] (پ) ياردەمچى، ھەمايىچى،

كۆمەكچى.

دەشت [دشت] (پ) 1) چۆل، سەھرا، باياۋان:

كېزىپ دەشتلەرنى شىكار ئەيلەدى،
شىكارىكى ئانداغ شىئار ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) جاي نامى:

بىر پەنجشەنبە كۈنى ئول ھەزرەت خىزمەتلەرىدە گازۇرگاھدىن دەشت يۈزى بىلە خىيابان سارى بارىلەدۇر ئېردى.

— نەۋايى.

دەشت بەھايىمى — ياۋايى ھايۋان.

دەشت تۇتماق — دەشت، سەھرا، باياۋاندا تۇرماق.

دەشت قەتئى — دەشت كېزىش.

دەشتنى سىپېھر مەزرەسىدەك كۆكەرتىرمەك — بېيىماق، باي بولماق، مال - دۇنياسى زىيادە كۆپەيمەك.

دەشتۇ جىبال — سەھرا ۋە تاغ، تاغۇ دەشت:

كى باردۇر ماڭا ئانچە مالۇ مەنال،
چۇ يايلاق ماڭا ئۇشبۇ دەشتۇ جىبال.

— ئا. نىزارى.

دەشتى بەيابان — چۆل - باياۋان:

سەبا نەغمە قىلىپ، بۇلبۇل غەزەلخان،
ئىكەۋلەن تەي قىلىپ دەشتى بەيابان.

— خىرقەتى.

دەشتى سەھرا — دەشت ۋە سەھرا، باياۋان:

تا جەمالىڭ كەئبەسىدىن ئارزۇ ئەتكەن كىشى،
دەشتى سەھرالارنى قەتئ ئەيلەپ فەنا بولدى دەرىغ.

— شەۋقى.

دەشتى غەم — غەم - ئەلەم چۆلى، سەھراسى:

بۇ يەردىن قۇدرەتى يەتكۈنچە كەتتى،
كېزىپ بۇ دەشتى غەم بىر يەرگە يەتتى.

— خىرقەتى.

دەشتى كەربالا — ئىراقتا بىر جاينىڭ نامى:

كۆڭۈل ئەھلىنى ھەرگىز سالماغىل فۇرقەت ئارا، يا رەب،
شەھىدى ئىشقىغە ئول نەۋئى دەشتى كەربەلا يوقتۇر.

— ئەرشى.

دەشتى مەلامەت — ئىنتايىن جەزىبىلىك، كۆڭۈل تارتىدىغان جاي.

دەشتى مىينۇ سىرىشت — گۈللەنگەن سەھرا.

دەشتى نەبەرد — ئۇرۇش مەيدانى:

نەسىمىيۇغا بىرسارى سۇردى گەرد،
كۆرۈندى خەلايىققە دەشتى نەبەرد.

— نەۋايى.

دەشتۇ ھامۇن — «دەشتى سەھرا» غا قاراڭ:

كېزىپ فەرھاد يەڭلىغ دەشتى ھامۇن،
ۋەزىرى ئېردى ئاقىل ئاندا مەجنۇن.

— ناقىس.

دەشتى ھىجران — جۇدالىق دەشتى، ھىجران ئازابى:

ئىشق تۇغيان ئەيلەبان بىچارەنى زار ئەيلەدى،
دەشتى ھىجران ئىچرە قىلدى بىزنى ھەريان بۇ كىچە.

— ئا. نىزارى.

فەنا دەشتى — يوقلۇق باياۋىنى، يوقىلىش چۆلى، ئۆلۈم:

فەنا دەشتىغە يۈز كەلتۇر بەقا ھاسىل ئۇمىد بىرلەن،
بارۇرسەن تاڭلا مەھشەر ئىززۇ نازۇ ئىفتىخار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

دەشتبان [دشت بان] (پ) قورۇقچى، نازارەتچى.

دەشت پەيما [دزت پيما] (پ) دەشت كەزگۈچى، سەھرادا يۈرگۈچى.

دەشت پەيماي [دشت پيماى] (پ) «دەشت پەيما» غا قاراڭ.

دەشترەۋ [دشت رو] (پ) «دەشت پەيما» غا قاراڭ.

دەشتنەۋەرد [دشت نورد] (پ) چۆل، سەھرا، باياۋان كەزگۈچى، دەشت ئايلانغۇچى؛ دەشتتە قالغان:

كۆردى شەھكىم سىپاھى دەشتنەۋەرد،
پاتتى ئانداقكى يوق ئالاردىن گەرد.

— نەۋايى.

دەشنام [دشنام] (پ) سۆكۈش، قارغاش؛ ئەيىبىنى ئېيتىپ ئۇيالدۇرۇش؛ ھاقارەت:

خۇش ئېرۇر بارىندەك چۇنكىم ئاچچىغ - چۇچۇك،
لۇتف بىرلە سورسا گەر ھالىمنى ھەم دەشنام ئىلە.

— ئەرشى.

دەشنام ئەتمەك — سۆكمەك، قارغىماق؛ ئۇيالدۇرماق.

دەشنام ئەيلەمەك — «دەشنام ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەشنە [دشنه] (پ) خەنجەر، ئۇچى ئۈتكۈر پىچاق:

قىلاي دەشنەئى بىرلە باغرىنى چاك،
ۋە گەرنە ئۆزۈمنى قىلايىن ھەلاك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەشنەئى خۇنرىز — قان تۆككۈچى خەنجەر.

دەشنە يېمەك — خەنجەر يېمەك؛ جاراھەتلەنمەك.

دەغا [دغا] (پ) ئالدام، ھىيلە، مىكىر؛ ھەييارلىق، ھىيلىگەرلىك:

ئىسيان ئارا قالغان ئىبتىلانىمۇ دەيىن؟
مەئمۇر ئەتكەن نەفسى دەغانىمۇ دەيىن؟

— نەۋايى.

دەغاباز [دغاباز] (پ) ھىيلىگەر، ئالدامچى.

دەغەل [دغل] (ئە) مەككار، ھىيلىگەر، ئالدامچى؛ قىلتاقچى؛ قوپال، نائەھلى:

مەگرىفەتدۇر خالىس ئالتۇن تەمغەسى فەزلۇ ھۇنەر،
ئالتىنى تانى دەغەلدىن، ئارى دىنار ئىستەمە.

— نەسىمى.

دەغەلۇەش [دغل وش] (ئە + پ) 1) مەككارسىمان، ھىيلىگەرگە ئوخشىغان، ھىيلىگەردەك. 2) قوپال، نائەھلى.

دەغدەغە [دغدغه] (پ) 1) قورقۇنچ، ۋەھىمە، دەھشەت. 2) تىنچسىزلىق، تەشۋىش، پەرىشانلىق. 3) دەۋا:

بۇ دەغدەغەدىن كەنارە ئىستە،
ھەم فىكر ئىلە بولسە چارە ئىستە.

— نەۋايى.

4) شەۋكەت، ئۇلۇغۋارلىق. 5) مايىللىق، خاھىش، ئىستەك، ئارزۇ.

دەغى [دغى] «داغى» غا قاراڭ:

گەردىش رۇزكارىدىن تۇلكىنى دەي قىبىن ئاتا،
يار زەماندىن دەغى خۇرۇس ئىلە خۇكنى ئەمەك.

— زەلىلى.

دەف [دف] (پ) داپ:

كى تەنبۇرۇ چەڭگۇ دەفۇ ئەرغەنۇن،
چالىپ جەمئى ئاندا كۆپ ئەھلى فۇنۇن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەفاتىر [دفاتر] (پ) «دەفتەر» گە قاراڭ:

كىلىپ كۆڭلىمە مەجنۇن، لەيلى يادى،
دەفاتىر ئۈستىنە سۆز سىيلى ياغدى.

— سەيفى سەرايى.

دەفائىن [دفاين] (ئە) «دەفايىن» غا قاراڭ.

دەفايىن [دفاين] (ئە) [بىرلىكى: دەفىنە] كۆمۈلگەن بايلىقلار، خەزىنىلەر، كۆمۈكلۈك نەرسىلەر، مال - دۇنيالار:

قىلىپ راست ئانچە دەفايىن شەرەق،
سەفەر ئەزم قىلدىم بۇخارا تەرەف.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەفئە [دفعه] (ئە) [كۆپلۈكى: دەفائەت] مەرتەم، كەررە، قايتا، قېتىم، نۆۋەت:

... خاجەنلاڭ... ئىككىنچى دەفئە سەفەر ئىختىيار ئەتكەنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەفئە - دەفئە — قايتا - قايتا، مەرتەم - مەرتەم.

دەفەئات [دفعات] (ئە) قايتا - قايتا؛ «دەفئە» گە قاراڭ.

دەفئەتەن [دافعته] (ئە) تۇيۇقسىز، كۇتۇلمىگەندە، بىراقلا:

ئىبەردى دەفئەتەن ئىككى ۋەزىرنى،
ئالىپ كەلمەك ئۈچۈن ئول بىنەزىرنى.

— ناقىس.

2) قايتا، قايتىدىن، قايتىلاپ:

كىرەلمەي دەفئەتەن ئارام ئالدى، يىراقدىن كۆزىنى ھەۋلىغە سالدى.

— ناقىس.

دەفەك [دفك] (پ) «دەف» كە قاراڭ.

دەفتەر [دفتر] (پ) [كۆپلۈكى: دەفاتىر] 1) دەپتەر، تىكىلگەن (تۈپلەنگەن) قەغەزلەر:

نە تالىئدۇر ماڭاكىم ئەختەرى بەختىم تاپىلمايدۇر،
فەلەك ئەۋراقىنى ھەر نېچەكىم دەفتەردەك ئاختاردىم.

— بابىر.

2) كىتاب:

شەۋكەتى ھۇسنۇڭ بىلە شەئنى جۇنۇنۇمغە باقىپ،
دەفتەرى پەرھادۇ شىرىن پارەئى ئەفسانەدۇر.

— ئەرشى.

3) داستان:

شەرھ ئەگەر قىلسام جەمالىڭ دەفتەرىدىن بىر ۋەرەق،
ھەر سۆزى مىڭ فەسل ئولغۇر، ھەر فەسلى نەچچە بابلەر.

— نەسىمى.

4) شېئىر توپلىمى. 5) ھېساب - كىتاب توپلىمى:

تىلەپ دەفتەر ئول شاھ دىۋانىدىن،
كى مەخزەن ئىدى جەمئى فەرمانىن.

— نەۋايى.

6) ئۇسلۇب، قائىدە - قانۇن كىتابى. 7) دۇنيا، ئالەم.

دەفتەرى سالۇس — مۇئامىلە قائىدە - قانۇنى.

دەفتەرى ھەجر — ئايرىلىش، جۇدالىق، پىراق ھەققىدە قىسسە، ھىجرانلىق داستانى.

دەفتەرى ھۇسن — گۈزەللىك مەجمۇئەسى، چىراي، بەت:

تا سىنى كۆردۇمەن، ئەي گۈلچېھرەئى نا مېھرىبان،
جەننەتۇ باغى ئىرەمدەك بولدى كۆزۈمگە جەھان،
دەفتەرى ھۇسنۇڭنى قىلدىم نەچچە تۈرلۈ داستان.

— قەلەندەر.

دەفن [دفن] (ئە) يەرگە كۆمۈش، دەپنە قىلىش؛ يوقىتىش؛ قۇتۇلۇش:

چۇ دەفن ئەتكەلى يەرنى چاك ئەيلەدى،
لەھەد ھۆكمىدە بىر مەغاك ئەيلەدى.

— نىزارى.

دەفن ئەتمەك — (يەرگە) كۆممەك، يەرلىككە (گۆرگە) قويماق.

دەفن ئەيلەمەك — «دەفن ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەفن قىلماق — 1) «دەفن ئەتمەك» كە قاراڭ؛ 2) خەزىنە، بايلىق، مال - دۇنيانى يوشۇرماق، كۆممەك.

دەفئ [دفع] (ئە) قايتۇرۇش، يىراقلاشتۇرۇش. ھەيدەش، رەت قىلىش، كەتكۈزۈش، يوقىتىش:

يۈزلەنسە ئەمنۇ فەراغەت غۇسسەۋۇ غەم بولدى دەفئ،
ئەيشۇ ئىشرەت قىلدىيۇ رەنجۇ مۇشەققەت قالمادى.

— بابىر.

دەفئ ئەتمەك — 1) ئادا قىلماق؛ ساقىت قىلماق؛ 2) «دەفئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

نەچەكىم خەستە جاندۇرمەن مەيى لەئلىگگە، ئەي ساقى،
تەبەسسۇم جامىنى پۇر ئەيلەگىل، دەفئ ئەت خۇمارىمنى.

— ئەرشى.

دەفئ ئەيلەمەك — قايتۇرماق، رەت قىلماق؛ يوقاتماق، كەتكۈزمەك:

بەندە ئاجىزغە قەزادىن گور ئەزابى يەتسەلەر،
رەھم ئېتىپ دەفئ ئەيلەگەن سۇلتانى غەففارىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

دەفئ قىلماق — 1) «دەفئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ. 2) ئۆزىنى ساقلاپ قالماق، ئۆزىنى قوغدىماق، قوغدانماق:

ئىزەنگۇ قامچىلاپ دەفئ قىلدى بەھرام،
ئايىتتىكىم: «سەن ئەي سەردارى ئەييام...

— لۇتفى.

دەفئى ئازار ئەيلەمەك — ئازارنى يوقاتماق، كەتكۈزمەك.

دەفئى ئەتەش — تەشنالىقنى يوق قىلىش.

دەفئى بولماق — يوقالماق، ساقىت بولماق:

دېدى: بولدى بىشەك رەۋا ھاجەتىم،
بەھەمدىللاھ، دەفئ بولۇپ ئاپەتىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەفئى جۇنۇن — جۇنۇنلۇقنى قايتۇرۇش، تەلۋىلىكتىن شىپا تېپىش.

دەفئى خۇمار — خۇمارنى قايتۇرۇش، تەشنالىقنى قاندۇرۇش؛ مەستلىكتىن يېشىلىش:

زىھىكىم ئەنبەر ئەفشان كاكۇلۇڭ دەفئى خۇمار ئەيلەپ،
خەيالىڭ خىلۋەتىمدە رۇزى - شەب ۋەقتىمنى قىلمىش چاغ.

— شەۋقى.

دەفئى زەرەر ئەيلەمەك — زىياننى قايتۇرماق، زىياندىن قۇتۇلماق.

دەفئى سەۋدا — سەۋدايىلىقنى داۋالاش، ساراڭلىقنى يوقىتىش:

دەفئى سەۋدايىمغا يازغىل بىر شىپانىڭ نۇسخەسىن،
كىم خىرەد بۇقراتى كۆڭلۈمنى قارا بادىن ئاتار.

— تەجەللى.

دەفئى غەم — غەم - ئەلەمنى يوقىتىش، قۇتۇلۇش:

ئەمدى مەدھۇش بولدى دەپ قىلما خىيال ئەي ساقىيا،
دەفئى غەم ئەيلەپ ماڭا سەن بادەنى ئىنئامە تۇت.

— موللا بىلال.

دەفئى فىراق — ئايرىلىش ئازابىدىن قۇتۇلماق، ۋىسال تاپماق:

زەنجىر دېمەڭ، ئىلكىدىكى دىلبەرنىڭ،
كىم دەفئى فىراقىمغە تۇمارىم كېلەدۇر.

— گۇمنام.

دەفئى مەلال — قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلماق، قۇتقۇزماق:

زەمانىكى گۇل شەھغە كەچمىش خەيال،
قىلۇر نەزم ئەلفازى دەفئى مەلال.

— ئا. نىزارى.

دەفئى مەلامەت — تەنە ۋە نۇقسانلارنى يوقىتىش.

دەفئى ئولماق — كەتمەك، قايتماق، يوقالماق.

دەفىنە [دفينه] (ئە) [كۆپلۈكى: دەفايىن] 1) بايلىق، خەزىنە، مال - دۇنيا؛ كۆمۈلگەن نەرسە. 2) مەنىلەر خەزىنىسى؛ «دەفايىن» غا قاراڭ:

سەفىنە دېمەيكى، خەزىنەدۇر، ھەر بېيتى بىر ئۈي مەئانى گەۋھەرلەردىن ئاندا [دېۋاندا] يۈز دەفىنە.

— نەۋايى.

دەقائىق [دقائق] (ئە) [بىرلىكى: دەقىق] ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنىلەر، نازۇك پىكىرلەر؛ «دەقىق» كە قاراڭ؛

دەقايىق خەيلى — ئىلىم - مەرىپەت كىشىلىرى، دانىشمەنلەر، ئەدىبلەر، بىلىم ئىگىلىرى.

دەققاق [دقاق] (ئە) 1) بىرەر ئىشقا دىققەت بىلەن ئىنچىكىلەپ قارىغۇچى، نازۇك پەم كىشى، زىرىپ ئادەم، چوڭقۇر چۈشەنچىلىك. 2) ئەللاپ (ئۇن ساتقۇچى)، ئۇن سودىگىرى.

دەقىق [دقيق] (ئە) [كۆپلۈكى: دەقائىق] 1) نەپىس، ئىنچىكە، نازۇك، لەتىپ؛ قىيىن، چوڭقۇر مەنىلىك:

لەئلى لەبىڭ كۆرەي دەبان كۆز ياشىم ئەيلەدىم ئەقىق،
خالى خەتتىڭنى بىلمەدىم تۇرفە كىتابەتى دەقىق.

— زەلىلى.

2) دىققەت بىلەن ئۆگىنىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش:

ھەكىملەر مىزاجىنى تەفتىش ئېتىپ،
دەقىق ئىلملار بىرلە ئەندىش ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

3) قىسقا:

... تەرىقەت ئادابى سۇلۇكىدە ئانداق دەقىق رەۋىش بىلە

تەرىقلەرنى تۈزدىلەر.

— نەۋايى.

دەقىق تەئەققۇللۇغ — ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە چۈشەنچىلىك، چوڭقۇر پەم.

نۇكتەئى دەقىق — نازۇك سۆز.

دەكاكىن [دكاكين] (ئە) دۇكانلار؛ «دوكان» غا قاراڭ.

دەكلە [دكلا] «دېكلەي» گە قاراڭ.

دەڭ [دنگ] (پ) 1) ھوشسىزلىق؛ گاراڭ، ئاڭسىز:

بىر قەلەندەر بار ئىدى مەبھۇتى دەڭ،
سۇبھۇ شام ئانىڭ غىزاسى ئېردى بەڭ.

— نەۋايى.

2) ھەيران، ھەيرەت. 3) داڭ، قوڭغۇراق:

گەردۇنى ھەفت ئەۋرەڭ، شىنگەرفىۋۇ تۆمۈررەڭ،
يا مىسسىۇ نۇقرەۋۇ دەڭ، يا كۇھسار ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى

دەڭ ئەيلەمەك — 1) بىھوش قىلماق. 2) ھەيرەتتە قالدۇرماق.

دەڭ قالماق — ھەيران قالماق، ھەيران بولماق، نېمە قىلارىنى بىلمەسلىك.

دەڭ قىلماق — «دەڭ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

دەلال [دلال] (پ) قىلىق، ناز ـ كەرەشمە:

تەركى ئىشق ئەتتى نەۋائى، تۇتۇبان تەقۋىيۇ زۇھد،
ئەي سەنەملەر، ئاڭا كۆپ غەنجۇ دەلال ئەيلەمەڭىز.

— نەۋايى.

دەلالەت [دلالت] (ئە) 1) نىشانە، ئالامەت، بەلگە؛ گۇۋاھلىق؛ شاھىدلىق. 2) كۆرسىتىش، يولغا سېلىش، ئۈندەش. 3) ھەرىكەت قىلماق، ئىنتىلمەك، ئۇرۇنماق.

دەلالەت قىلماق — ئىشارەت قىلماق، كۆرسەتمەك، بىلدۈرمەك؛ ئۈندىمەك.

دەلايىل [دلايل] (ئە) [بىرلىكى: دەلىل] دەلىللەر، ھۆججەتلەر:

يۈزۈڭدۇر شەمئ، ۋەللەيلى نىقابى ئەنبەرىڭ، جانا،
تىلەيدۇر گەر كىشى، باردۇر بۇ مەئنىغە دەلايىل كۆپ.

— ۋەفائى.

دەلايىل كۆرگۈزمەك — دەلىللەر كۆرسەتمەك.

دەلدە [دلدا] دالدا، پاناھ، پاناھ جاي:

دەۋر ئېلى جەۋرىدىن ئۆلدۇم، قېنى مەيخانە يولى،
كىم ئېرۇر قاچقالى كۆپ دەلدەسى بىر لەھزە پەناھ.

— نەۋايى.

دەلق [دلق] (ئە) دەرۋىشلەر كىيىمى، جەندە:

مەخزەنى گەۋھەرى سۇخەن تەلبە زەلىلى تاپماغاچ،
دەلقى قەلەندەرى بىلەن دەر ـ بەدەر گەدا ھەنۇز.

— زەلىلى.

دەلقى پەشمىنە — يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم.

دەلقى خىزرۋەش — كۆك تون؛ يېشىل تون.

سارىغلىغ دەلق — مەللەتون.

دەللاك [دلاک] (ئە) ھامامدا كىشىلەرنى ئۇۋۇلاپ، تېنىنى ئىشقىلاپ يۇيۇپ قويغۇچى كىشى، خىزمەتچى، خىزمەتكار.

دەللال [دلال] (ئە) خىزمەتچى؛ كېلىشتۈرگۈچى، بىدىك:

يارانتى ھەر خېرىدارىغە دەللال،
تۆرەتتى جۇملە مۈشكىللەرگە ھەللال.

— خىرقەتى.

دەللالە [دلاله] (ئە) دەللال، ھىيلىگەر (ئايال)، ۋاسىتىچى، بىدىك (ئايال):

تولا تەكرار ئېتىپ ئازغۇردى ئاخىر،
ئۇشۇل دەللالەئى بەدبەختى كافىر.

— ناقىس.

دەللە [دلە] (ئە) جادۇگەر، ھىيلىگەر، ھەييار (خوتۇن).

دەللەتۇل ـ مۇختالە — ئەپسانىلەردە ھىيلىگەرلىك بىلەن نام چىقارغان ھەييار خوتۇن.

دەللەئى پۇرفەن — كۆپ ھۈنەرلىك دەللە، ناھايىتى ھىيلىگەر.

دەلۋ [دلو] (ئە) 1) چېلەك، سۇغا:

قىرىق غۇلاچ سىيلى جىبۇرتوپ سالىپ،
دەلۋ بىلەن چەشمەسىدىن سۇ ئالىپ.

— زەلىلى.

2) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ئون ئىككى بۇرجىنىڭ ئون بىرىنچىسى؛ قىش پەسلىنىڭ ئۈچىنچى ئېيى:

دەلۋە چاغى، جىدد چاغى، جىلۋەگەردۇر بۇلئەجەب،
يوقدۇرۇر دەۋزەخدە مۇنداغ ھەم يانا ھاشا ساۋۇق.

— ئەرشى.

دەلېر [دلير] (پ) «دەلىر» گە قاراڭ.

دەلىر [دلير] (پ) يۈرەكلىك، شىجائەتلىك، جاسارەتلىك، جەسۇر، پالۋان، باتۇر، دادىل:

ئۆزى شوخ ئەمما بەغايەت دەلىر،
جەمالىغە دەھر ئىچرە شەھلەر ئەسىر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەلىرى زەمان — زاماننىڭ پالۋان، باتۇرلىرى، جاسارەتلىك كىشىلىرى:

بۇ يەڭلىغ جەۋاب بەردى دەرۋىشلەر،
دەلىرى زەمان نىڭ ئەندىشلەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەلىرانە [دليرانه] (پ) جەسۇرلارچە، باتۇرلارچە، دادىللىق بىلەن.

دەلىل [دليل] (ئە) 1) ھۆججەت، ئىسپات، ئاساس؛ گۇۋاھ:

يوق مەكانىڭ كۆزۈمگە پىنھان سەن،
بارلىقىڭغە دەلىل ھەممە ئافاق.

— شەۋقى.

2) باشقۇرغۇچى؛ يول باشلىغۇچى؛ يېتەكچى:

دەلىل ئولدى خىزىر يەڭلىغ تۇتۇپ قول،
ئۇ يەرنى بىر تەرەفكە باشلادى يول.

— ناقىس.

دەلىل ئەيلەمەك — شاھىد قىلماق؛ دەلىل كۆرسەتمەك.

دەلىل بولماق — يېتەكچىلىك قىلماق.

دەلىل ئولماق — ئىسپات بەرمەك، گۇۋاھ بولماق:

شەھىد ھۆكمىدە ئايەت ئولمىش سەبات،
دەلىل ئولدى ئولكىم ئىبرۇرلەر ھەيات.

— ئا. نىزارى.

دەلىلۇللاھ — ئاللانىڭ دەلىلى، تەڭرى ئەۋەتكەن يول كۆرسەتكۈچى.

دەلىل ئاۋەر [دليل اور] (ئە + پ) دەلىل كەلتۈرگۈچى، ھۆججەت كۆرسەتكۈچى.

دەلىلە [دليله] (ئە) «دەلىل» گە قاراڭ:

مۇھىم ئىشلاردا ۋەسىلە قىلىپ،
كى بەيتۇ شىرادا دەلىلە قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەم [دم] (پ) 1) نەپەس، ھايات، ئۆمۈر:

كېچەۋۇ كۈندۈز تىلەر يىغلاپ قەلەندەر تەڭرىدىن،
قىلماغىل ئاخىر دەمىدە ئانى ئىماندىن جۇدا.

— قەلەندەر.

2) پەيت، پۇرسەت، ۋاقىت، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىق:

بىر دەمى ۋەسلى خەيالىدىن كۆڭۈل فارىغ ئەمەس،
سۆھبەتىم ئەھلى جەھان بىرلە ئىبرۇر مەھزى مەئاش.

— ئەرشى.

3) ئەھۋال، ھالەت، تۇرمۇش:

ئىشق ئىسمىدىن ئەت دەمىمنى مۇشكىن،
ئىشق ئوتىدىن ئەت يۈزۈمنى رەڭگىن.

— نەۋايى.

4) ئاۋاز، ئۈن، سادا. 5) كۆيۈك، غەم، ئەندىشە. 6) ئىلھام. 7) شامال، يەل شامالنىڭ ئىسسىق ھارارىتى. 8) ئۆمۈرچىلەرنىڭ كۆرىكى. 9) قىزىل رەڭلىك مەي. 10) بىس (شەمشەرنىڭ بىسى):

بىئەدەبىكى تەئنە ئىلە قىلسا ئەگەر سۆزۈمگە رەد،
تىغى زەبان ئاڭا كۆرۈڭ چۇن دەمى زۇلفىقار ئۆتەر.

— زەلىلى.

دەم ئاچماق — ئېغىز ئاچماق، گەپ قىلماق.

دەم ئەتمەك — دەم (ھاۋا) بەرمەك.

دەم تاپماق — راھەت تاپماق؛ جانلانماق.

دەم تارتماق — سۈمۈرمەك، دەم تارتماق:

دۇنيا ھەممە ئانىڭ سارى يۈز قويسا قەدەم،
دەم تارتار جەھاننى مىسلى ئەژدەھا.

— سەبۇرى.

دەم چەكمەك — ئاھ چەكمەك، ئىچىگە تارتماق.

دەم قىلماق — دەمىدە، دەمىدە قىلماق:

قۇلىن لام ئەلىف قەددىنى خەم قىلىپ،
ئوقۇپ سىرزلارنىڭ ئاڭا دەم قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەم ئۇرماق — نەپەس چىقارماق:

دەم ئۇرسا ئوت ئوتۇن ئۆززە تۇتاشۇر،
ئۆچەر چوغ ھەرنەچە ئوچاقتىن ئاشۇر.

— خىرقەتى.

دەم ئۇرمان — نەپەس چىقارمايمەن، سۆز ئاچمايمەن:

يۈز ئۆيۈرسەڭ تاغى مەن يۈز چەۋۇرمەن،
غەمىڭدىن باشقا، بىللاھكىم، دەم ئۇرمان.

— لۇتفى.

دەمى پەيكان — تىنىق، نەپەس ئوقى:

خەدەڭگىڭ تەئنەسىگە، ئەرشىيا، كۆكسۈڭ نىشان ئەتكىل،
دەمى پەيكانى ئەزبەسكىم ھەياتى جاۋىدانىمدۇر.

— ئەرشى.

دەمى تىغ — تىنىق خەنجىرى، نەپەس تىغى:

بۇ جان باشىغە، ئەي زالىم، دەمى تىغىڭ تەمەننادۇر،
زىبەس جان باشىغە مىئراج تىغىڭغە فىدا بولماق.

— ئەرشى.

دەمى خەش — ياخشى نەپەس؛ ئىلتىپات، ياخشى گەپ.

دەمى دۇد — نەپەس، تىنىق تۈتۈنلىرى، ئىسلىرى:

چۇنان تولغانىپ ئۇردى ئول پىچۇ تاب،
دەمى دۇدى بولدى جەھانغە ھىجاب.

— ئا. نىزارى.

دەمى سۆزلەمەي — بىردەم سۆزلىيەلمەي:

ئانىڭ ۋەھمى بىرلە كېتىپ ئەقلى ھۇش،
دەمى سۆزلەمەي، بەلكى بولدۇم خەمۇش.

— ئا. نىزارى.

دەمى غەمناك — غەمكىنلىك تىنىقلىرى، مۇڭلۇق ئاھلار:

ئەگەر گۈل بىرلەن ئولتۇرسام دەمى غەمناك ئەيلەرمەن،
ۋەگەر غۇنچە بىلە بولسام گىرىبان چاك ئەيلەرمەن.

— قەلەندەر.

دەمى مۇلكەش — پادشاھلىق مېيى (شارابى)، شاھانە مەي:

قوي قىسسەگى جەمشىدنى جامى ئىلكىندىن،
گەر بولسا دەمى مۇلكەش جەندۇر ماڭا، ئەي دوست.

— ئاتايى.

دەمى نىشات — شادلىق نەپەسلىرى:

دەمى نىشات مەي ئەيشى بادەسى تۇتاڭالماس،
سىپىھر دائىر چەرخ نىگۇن گۇمبەزى دەۋۋار.

— سەبۇرى.

دەمى نەقد — ھازىرقى ۋاقىت، يېقىن پۇرسەت.

دەمى ئىيسا — «دەمى ئىيسەۋىي» گە قاراڭ:

قۇياشكىم مېھىر ئەمەس ناز ئەۋجىدە ئول نەۋگىكىم تىنماس،
دەمى ئىيسا بىلە ئاھىم ئۇرۇچى گەر تۇتاش ئولسۇن.

— ئەرشى.

دەمى ئىيسەۋىي — ئەيسا نەپىسى (ئەپسانىلەردە بايان قىلىنىشىچە: ئەيسانىڭ نەپىسى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەرمىش).

دەم يولى — نەپەس يولى، كېكىردەك.

دەما ـ دەم [دمادم] (پ) ئۈزلۈكسىز، ئۈزۈلدۈرمەي، ئارقىمۇ ئارقا:

ئەنبەرىن خالىڭ فىداسى قىلغالى ئۇششاقلار،
جان فۇلۇرىن ئىلكىگە ئالىپ دەما دەم ساناشۇر.

— ئەرشى.

دەم ـ بەدەم [دمبدم] (پ) «دەما ـ دەم» گە قاراڭ:

دەم ـ بەدەم، سائەت ـ بەسائەت مەينى كەلتۇر نۇش ئېتەي،
سۇبھى، شام، بەلكى دەۋام ئۆتكۈزمەيىن ئەييامە تۇت.

— موللا بىلال.

دەمار [دمار] (ئە) 1) تارمار؛ يوق قىلىش، ھالاك قىلىش. 2) يىلتىز، تومۇر. 3) تۈتۈن:

سەنەم زۇلفىدەك ئەيلەبان تارۇمار،
قوپارۇر ئېردى بارچەمىزدىن دەمار.

— نەۋايى.

دەمار چىقارماق — ھالاك قىلماق.

دەمان [دمان] (پ) دەھشەتلىك؛ ھەمىلە قىلغۇچى، نەرە تارتقۇچى؛ قورقۇنچلۇق (كۆپىنچە پىل، شىر، ئارسلانغا ئوخشاش ھايۋانلارغا قارىتىلىدۇ).

پىلى دەمان — ھەيۋەتلىك پىل.

دەمان چەكمەك — نەرە تارتماق.

دەمەك [دمك] 1) (ئىلگىرى ئادەم ئولتۇرغان، كېيىن كۆچۈپ كەتكەن) جاي، تاشلاندۇق يەر، ۋەيرانە، ئەسكى، كونا. 2) سەھرا، دەشت.

دەمدار [دمدار] (پ) قويرۇق، سايە:

ئارقاسىدا نەفسى مۇردارنىڭ،
ئەرگەشىبان چۇن سەگى دەمدارمەن.

— موللا سالىھ.

دەمدەمە [دمدمە] (پ) پاراڭ، مۇھاكىمە، مەسلىھەت:

يىغىپ ئۆز سىپاھىن قىلىپ دەبدەبە،
كى شەھزادە بىرلە تۇزۇپ دەمدەمە.

— ئا. نىزارى.

دەمساز [دمساز] (پ) ھەمدەم، ھەمدەرد، ئۈلپەت، دوست، ھەمسۆھبەت، سۆھبەتداش، سىرداش:

چەكسەم ئول رەشكى پەرى ھەجرىدە تۇرلۇك نالەلەر،
قاندىن ئەتكەي بۇلبۇلى بىخانىمان دەمسازلىق.

— ئەرشى.

دەمساز ئەتمەك — دوست تۇتماق، ئۈلپەت، ھەمدەرد بولماق.

دەمساز ئولماق — «دەمساز ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەم سەرد [دم سرد] (پ) سوغۇق نەپەس؛ يېقىمسىز سۆز قىلغۇچى:

ئەيلەمىش دەم سەرد ئېتىپ گەر چەرخى مۇستەغنا مېنى،
ساقى ئوتلۇغ مەي ئانىڭ دەفئىگە تەرياك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

دەمگىر [دمگير] (پ) نەپەسنى قىسقۇچى، بوغقۇچى.

دەمىدە [دميده] (پ) كۆرۈنمەك، تۇغۇلماق:

سۇبھى دەمىدە بولدى، چەكتى نەۋالى بۇلبۇل،
ئەي پىرى دەير، بەرگىل مەخمۇرلەرغە جامى.

— زەلىلى.

دەنا [دنا] (پ) «دانا» غا قاراڭ:

ئۆزى قادىر، ئۆزى دەنايى بىئەيب،
مېنىڭ ھالىمغە لايىق قىلدى سۆز سەيب.

— خىرقەتى.

دەنائەت [دنائت] (ئە) پەسلىك، پەسكەشلىك.

دەنانىر [دنانير] «دىنار» غا قاراڭ:

دېدىمكى دەنانىر بېرەي بىشۇمار،
ئالىڭلار خەرىدنى مەگەل ـ ئىختىيار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەندان [دندان] (پ) چىش:

ئەنبەر ساچىلۇر زۇلفىڭنى گەر شانە قىلۇر سەن،
شەككەر تۆكۈلۈر ئەز لەبۇ دەندانى فەلانى.

— نەسىمى.

دەندانە [دندانە] (پ) 1) چىش، كۆرەك چىش:

ئەجەل دەندانەسىن يەر باشقە ئاخىر،
كىشى جەمشىددەك گەر بولسە سەرۋەر.

— ئەرشى.

2) قەلئە، قەسىر، كېمىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى بوشلۇق، ئاراچ، كۇنگۇرە:

قەسرى ئۇل ھۆسن شەھىنىڭ ئېرۇر ئانداق ئالىي،
كى فەلەك كۇنگۇرەسى دەندانە ئېمىش.

— نەۋايى.

دەنىي [دنى] (ئە) پەس، پەسكەش، تۆۋەن، رەزىل، يارىماس.

چەرخى دەنىي — پەسكەش پەلەك، ۋاپاسىز پەلەك.

دەنىي ئەۋقات — يامان ۋاقىت.

دەھ [ده] (پ) ئون، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى:

دۇنيا قىزىدىن كېچەلى، ھۇر قىزىنى قۇچالى،
دەھ ئىچىدە ۋەجد ھالى مەشرەپ ئىختىيار قىلدىڭ.

— مەشرەپ.

بىر دەھ — ئون كۈن.

دەھان [دهان] (پ) «دەھانە» گە قاراڭ:

سىيم تەن لەئلى لەبۇ پىستە دەھان دۇردانە،
مەھجەبىن، غەبغەبى چىن، غۇنچەئى خەندان يەئلىغ.

— شەۋقى.

دەھانە [دهانه] (پ) 1) ئېغىز، ئاغزى:

كىرىپ كەلدى ئاندىن ۋەزىر نەھس شۇم،
دېدى: «يىغلاما كۆپ دەھانەڭنى يۇم.»

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) دەرۋازا، كىرىش جايى، ئېغىزى؛ چېگرا.

دەھە [دهه] (پ) «دەھ» كە قاراڭ.

دەھەن [دهن] (پ) «دەھانە» گە قاراڭ:

ئېرۇر زۇلفى مۇشكىن چۇ پىستە دەھەن،
كى ھەر تارى مىژگانلارى سەپ شىكەن.

— ئا. نىزارى.

دەھەنە [دهنه] (پ) «دەھانە» گە قاراڭ.

دەھر [دهر] (ئە) زامان، دەۋر؛ دۇنيا، ئالەم:

جەھان مىكرىغە خۇرسەند ئولمايىن ئاھىستە باسىغلىكىم،
بۇ دەھر ئىچرە بولۇپدۇر فىتنەئى ئاخىر زەمان پەيدا.

— ئەرشى.

2) يەر يۈزى.

سىپاھىدىن تولا كۆردىلەر يەر يۈزىن،
قارا ئەيلابان دەھر تاغۇ تۈزىن.

— نەۋايى.

3) ھايات:

گۈلىنىڭ شەمئىنى مۇنەۋۋەر قىل،
ئەتىرىدىن دەھرنى مۇئەتتەر قىل.

— نەۋايى.

دەھر ئەسبابى — جاھاندارچىلىق ئەسۋابلىرى؛ دۇنيا مۈلكى:

دەھر ئەسبابىن نېتەرسەن كۆر ھەۋادىس ئوقلارىن،
كەيگەنىڭدۇر گەر ساۋۇت، پەرران ئۆتەر، كۆڭلۈڭ ساۋۇت.

— ئەرشى.

دەھر ئەھلى — دۇنيا، زامانە ئەھلى:

تەمەننادۇر خەرابات ئەھلى ئىچرە خاكسار ئولماق،
كىبرەكمەس دەھر ئېلىنىڭ بەزمىدە ئىززۇ ئەلا بىزگە.

— مەھزۇن.

دەھر بازارى — دۇنيا، زامان بازىرى.

دەھر بەريان — دۇنيانى كۆيدۈرگۈچى، جاھانغا ئوت سالغۇچى:

دەھر بەريان، شوخ بەريان زۇلۇم ئېتەر گەردۇن داغى،
كۆرمەدىم مۇنداغ جەفا ئەھلىنى مەن ئەسرۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

دەھر دەيرى — جاھان بۇتخانىسى، خارابە دۇنيا:

دەھر دەيرى ئىچرە مۇنداغ قايدا بىر زىيبا سەنەم،
گويىيا بۇ ھۆسنۇ خەللاقىغە مەزھەردۇر ئەتەم.

— ئەرشى.

دەھر زالى — دۇنيا، ئالەم؛ ھىيلىگەر دۇنيا.

دەھر غەددار — مەككار ئالەم، ۋاپاسىز دۇنيا:

بىمېھر ئىكەن بۇ دەھر شەددار،
بۇ چەرخى فەلەك ئېرۇر سىتەمكار.

— موللا سالىھ.

دەھر مەفخەرى — دۇنيانىڭ شان - شەۋكىتى، شۆھرىتى:

ئايدى رەۋان قەسىدەنى غەررا قىلىپ بۇ كۈن،
ئېلتكىل ئانىڭ قاتىنەكىم ئول دەھر مەفخەرى.

— سەيفى سەرايى.

دەھر ئېلى — ئالەم خەلقى، جاھان ئەھلى:

كۆرە ئالماي ئافىيەتدىن دەھر ئېلى خۇررەملىغىن،
شادلىغ مەئمۇرىسىنى فىتنە ئاباد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

دەھر ئىشى — ئالەمنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرى، دۇنيانىڭ سىر - مۆجىزاتلىرى:

ئىكەۋ بىرلە قالدى ھېكايەت قىلىپ،
گەھى دەھر ئىشىدىن شىكايەت قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەھرى باغى — دۇنيا، ئالەم؛ دۇنيا، ئالەم بېغى؛ تەبىئەت:

لەتافەت گۈلشەنىدە گۈل كەبى سەن سەبزى خۇررەم قال،

مەن گەرچە دەھرى باغىدىن خەزان ياپراغىدەك باردىم.

— بابىر.

دەھرى بىبەقا — تۇراقسىز جاھان، ۋاقىتلىق دۇنيا:

قويۇپ بارغۇمدۇرۇر ئاخىر بۇ دەھرى بىبەقا ھەرگىز،

يۇزىدۇر لەئلۇ گەۋھەر... سىيمۇزەر قىلسام.

— قەلەندەر.

دەھرى دەنىي — پەسكەش دۇنيا، رەزىللىك دۇنياسى.

دەھرى دۇن — ھىيلىگەر ئالەم، مەككار دۇنيا:

دەھرى دۇنىدىن مۇبارەك تەگمەسۇن ئازار نازۇك جىسمىگە،

دەھر ئەھلىدىن مۇبارەك كۆڭلۈڭگە غەم بولماسۇن.

— بابىر.

دەھرى دۇنپەرۋەر — «دەھرى دۇن» غا قاراڭ:

مېنى خار ئەتتىيۇ قىلدى مۇددەئىيغە پەرۋەرىش،

دەھرى دۇنپەرۋەرنى ئۆزگە مۇددەئاسى قالدىمۇ؟

— بابىر.

دەھرى سايىم — روزا تۇتقۇچى، تەقۋادار، روزىدار كىشى:

كۆزى گىريان، ياقاسى چاك دائىم،

يېمەك - ئىچمەك يوق ئېردى دەھرى سايىم.

— ناقىس.

دەھرى فانى — بۇ ئالەم، يوقالغۇچى ئالەم؛ پانىي دۇنيا:

ئۆتتۈپ، ئەلقىسسە، مۇنداق كۆپ زەمانى،

موما تەرك ئەتتى بىر كۇن دەھرى فانى.

— ناقىس.

دەھرى فەنا — ۋاقىتلىق دۇنيا، بۇ ئالەم:

ئەمدى قىلاي بۇ دەھرى فەنادىن ھېكايەتى،

ھەممە ئەلەم ئەھلىدىن ئەيلەي رىۋايەتى.

— سەبۇرى.

دەھرى فىتنە ئەنگىز — پىتنە - پاسات قىلغۇچى دەۋر، زامان، دۇنيا.

دەھرى كۇھەن — كونا ئالەم، قېرى دۇنيا:

تۇتار بىر مەجنۇن باشىنى تۇبەن،

ئانى غەمكىن ئەتمىش بۇ دەھرى كۇھەن.

— ئا. نىزارى.

دەھر نەۋەرد [دهر نورد] (پ) ئالەم كەزگۈچى، سەيياھ.

دەھسەد [دهصد] (پ) مىڭ (سان).

دەھشەت [دهشت] (پ) 1) قورقۇنچ، قورقۇش، چۆچۈش. 2) قىيامەت خەۋپى. 3) تىنچسىزلىق، خەۋپ.

دەھشەتئەنگىز [دهشت انگيز] (پ) قورقۇنچلۇق.

دەھلىز [دهليز] (پ) يۆلەك؛ قازناق، كارىدور، تونىل، دالان:

خادىم ۋە فەۋراشلەر ھەر كېچە... خانەقاھنىڭ گۇنبەزىدە ۋە دەھلىزلەرىدە شەمئ ياندۇرغايلار.

— نەۋايى.

دەھنە [دهنه] (ئە) ئېغىز، ئېقىن، سۇ ئېغىزى، سۇ چىقىش ئورنى، قاپتال، يېرىق، تۆشۈك:

مۇبارەك شەككەر ئەفشان مۇشكى ئاسا ئاب دەھنىدىن،

قۇدۇغدىن ئاب شور بىسيار تاتلىغ بولدى شىرىن ناك.

— شەۋقى.

دەھيەك [دهيک] (پ) ئوندىن بىر.

دەۋ [دو] (پ) 1) سۆز بىرىكمىلىرىدە «يۈگۈرگۈچى، چاپقۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:

قىلىپ ۋەھمە ئاندىن ھەمە مەردەمان،

قاچىبان دەۋۋ دام، شىرى ژەيان.

— ئا. نىزارى.

تېزدەۋ — تېز يۈگۈرگۈچى، تېز چاپقۇچى، چاپقۇر. 2) قىمار ئويۇنىدا قويۇلغان پۇل؛ تەۋەككۈل قىلىش:

دەۋۋ داملارغە بولۇپ ئۇلفەتى،

بۇلاردىن ئاگا يەتمەيىن كۇلفەتى.

— ئا. نىزارى.

دەۋا [دوا] (ئە) 1) دورا، مەلھەم:

نېدۇر ئولكىم سوقۇپ تەرتىب بۇگەلمەس،

باشى زەخمى دەۋا بىرلەن ئوڭەلمەس.

— سەيفى سەرايى.

2) قۇۋۋەت، دەرمان:

پادشاھى ئىسلامنىڭ شەفقەت بىلە چارە سازلىغى بارچە غەمزادىلەر دەردىغە دەۋادۇر.

— نەۋايى.

3) چارە، تەدبىر، ئىلاج:

كى شايەد بىر دەۋايى چىقسە ئاندىن،

بولۇپ غەمسىز ئۆتتۈپ كەتسەم جەھاندىن.

— ناقىس.

دەۋا قىلماق — داۋالىماق.

دەۋا كۆمەك — داۋالىماق.

دەۋاب [دواب] (ئە) ھايۋانلار.

دەۋابب [دواب] (ئە) «دەۋاب» قا قاراڭ.

بەھر دەۋاببى — دېڭىز - سۇ ھايۋانلىرى.

دەۋات [دوات] (ئە) سىياھدان، دۈۋەت:

ئايەتى ئىشق جان ئارا سىزغالى كىرپىكى قەلەم،

بولدى يۈرەك دەۋات ئاڭا غەم خەتىدىن سىيارەدۇر.

— گۇمنام.

دەۋاج [دواج] (پ) 1) يوتقان - كۆرپە؛ تۆشەك. 2) تون، يەڭسىز يېپىنچا:

سۇلتان كۆلدى... بىز ھېلى كەلسەك، دەپ لەشكەرگاھىغە بارىپ ۋەزىر ـ ئەمىرلەرىغە كۆرگەن ۋاقىئەنى بايان قىلدى. باشلارىغە تاج ئۇستىلارىغە دەۋاج يافتى.

— مۇئجىزى.

دەۋاجو [دواجو] (ئە + پ) داۋالىغۇچى.

دەۋاڭ [دوانك] دەۋاڭ دەرياسى («سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدا كۆرسىتىلگەن دەريادىن بىرى).

دەۋام [دوام] (ئە) ئۈزلۈكسىز، دائىم، داۋاملىق، ئەبەدىي، مەڭگۈ:

جەھاندا مېنىڭ ئىستەگىم بۇ ئىدى،
خۇدادىن دەۋام تىلەگىم بۇ ئىدى.

— ئا. نىزارى.

دەۋان [دوان] (پ) تۆبە، ئېگىزلىك، داۋان:

ئەي دەرىغا، خاھىشى نەفسىڭ دەۋاندىن ئۆتمەيىن،
ھەق تەرەفكە يول تاپىلماس ئۇشبۇ رەفتارىڭغە ھەيف.

— شەۋقى.

دەۋاۋىن [دواوين] (ئە) [بىرلىكى: دىۋان] دىۋانلار، كىتابلار، شېئىر توپلاملىرى.

دەۋائىر [دوائر] (ئە) [بىرلىكى: دائىرە] 1) دائىرىلەر، ئايلانمىلار. 2) زۇلۇم، جاپا. 3) مۇسىبەت، ئاپەت:

فەلەكدە دەۋائىركى رەسمىر ئەتتى سۇنتۇڭ،
جەھان كۇنجىدەك ئاندا يۈزىڭ زەۋايا.

— نەۋايى.

دەۋايىر [ئە] (ئە) «دەۋائىر» غا قاراڭ.

دەۋەران [دوران] (ئە) «دەۋران» غا قاراڭ.

دەۋر [دور] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەدۋار] 1) ئايلانما، دائىرە، ھالقا:

ئىمارەتنى سۇ دەۋر ئېتىپ ئايلانىپ،
كېلىپ ناۋەدانغە نەچە تولغانىپ.

— ئا. نىزارى.

2) ئايلىنىش:

يەتتە ئىقلىمنىڭ شەھى بولغۇنچە، ئەي ساھىب جەمال،
قۇللارىڭدەك ئىشكىڭدە دەۋر سۈرسەم كاشكى.

— قەلەندەر.

3) پەيت، مۇددەت، ۋاقىت، زامان:

ئايىتتىم يىغلابان دەۋرىم جەفاسىن،
بىر ئەرنىڭ قىسسەسى، ئاخچى ۋەفاسىن.

— سەيفى سەرايى.

4) ئەترابى، يېنى، چۆرىسى:

گۇل زۇھەلكىم تاپتى ئانىڭ دەۋرىدە ئادەم ۋۇجۇد،
چەرخ ئۆزرە قارا رەڭ ئىلە قىلۇر ئەگدانى خار.

— تەجەللى.

دەۋر ئەتمەك — ئايلانماق.

دەۋر ئەھلى — بىر ۋاقىت ياكى بىر زاماندا ياشىغۇچى خەلق، زامانداشلار:

ساقىيا، تۇتقىل غەنىمەت دەۋرى ئەھلىن نېگەكىم،
دەۋرىڭ ئولغايدۇر ساڭا يەتكىلىكى دەۋراندىن ۋەفا.

— خۇشھال غەرىبى.

دەۋر ئاياغى — دەۋر، نۆۋەت بويىچە ئايلىنىپ تۇرغۇچى مەي قەدەھى؛ دەۋر قەدەھى؛

دەۋر ئاياقى — «دەۋر ئاياغى» غا قاراڭ:

بۇ ھالەتدە خىرامان بولدى ساقى،
مەلىكزادغە يەتتى دەۋر ئاياقى.

— لۇتفى.

دەۋر بىۋەفالىرى — مەلۇم بىر دەۋردە ياشىغان زالىم ۋە جاھىل كىشىلەر، دەۋرنىڭ بىۋاپالىرى.

دەۋرى تاپماق — ئايلانماق: «دەۋر ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەۋر ئېلى — زامانە ئادەملىرى، كىشىلىرى.

دەۋرى تەسەلسۇل — ئۈزلۈكسىز، ئايلىنىپ تۇرىدىغان؛ ئۈزۈلمەس زەنجىر، زەنجىر ھالقىلىرى:

قەرقەف ئاتەشىن بىلە ساقى نەۋ بەھار ئىشق،
دەۋرى تەسەلسۇل ئەيلەمەڭ يەتكۇچە سىنماسۇن زىياڭ.

— زەلىلى.

دەۋرى چەرخ — پەلەكنىڭ ئايلىنىشى.

دەۋرى زەمان — مەلۇم بىر دەۋرنىڭ يەككە ـ يېگانە ھۆكۈمرانى.

دەۋرى سىپھىر — 1) ئاسماننىڭ ئايلىنىشى. 2) تەقدىر.

دەۋرى فەلەك — «دەۋرى سىپھىر» گە قاراڭ.

دەۋرى قەمەر — ئاينىڭ ئايلىنىشى؛ ئاينىڭ دەۋر قىلىشى:

غەمزەسىنىڭ ئالتىنە ئالەم ئەسىر،
كۆزلەرى دەۋرى قەمەر فەتتانىدۇر.

— سەيفى سەرايى.

دەۋرى گەردۇن — پەلەك، ئاسماننىڭ ئايلىنىشى، دۇنيا.

دەۋرى مۇستەئجىل — 1) تېز ئايلانغۇچى. 2) دۇنيا.

دەۋرى نىشات — خۇرسەنلىك نۆۋىتى، شادلىق پۇرسىتى.

دەۋرى ئىشق — سۆيگۈ، مۇھەببەت دەۋرى.

دەۋرى ئىنسان — ئادەملەر توپى، دائىرىسى:

ھەر بىرسىنىڭ جانى مەن خەستەغە قۇربان ئىدى،
ھەمزەبانغە ھال قىلسام، دەۋرى ئىنسان ئەيلەبان.

— موللا سالىھ.

دەۋران [دوران] (ئە) 1) ئايلىنىش، سەير قىلىش؛ پەلەك، دائىرە. 2) ئەسىر، ئۆتۈپ تۇرغان دەۋرلەر، زامان:

دىلرەبالار قەستىدىن ئەيلەپ بولماغىل مەغرۇركىم،
شاھىدى دەۋران ساڭا گەر كۆرسەتۇر بادى بۇرۇت.

— ئەرشى.

3) يەر يۈزى، دۇنيا؛ تىرىكلىك، ھاياتلىق:

تا كۆڭۈل بەردىم ساڭا، ئەي مەھۋەشى ھۆرى زەمان،
راھەتى دەۋران يۈزىنى بىر زەمانى كۆرمەدىم.

— قەلەندەر.

4) پادىشاھلىق، ھۆكۈمرانلىق:

كى، ئەي شەھزادەئى جەمشىدى دەۋران،
سەلاتىن نەسلىنى خاللاقى سۇلتان...

— ناقىس.

قۇلۇڭ گەر بولسىلەر شەھلەر، تاڭ ئېرمەس، ئەي پەرى پەيكەر،
سىنىڭدەك سۈرمەگەن دەۋران جەھان ئىچرە سۇلەيمان ھەم.

— قەلەندەر.

5) نۆۋەت، دۆرەم:

گۈلخەند قىلىپ ئىلگە تۇرۇپ سۇندى ئەياق،
تەئجىل ئەيلەگىل ساقىئى دەۋران ئۆتتى.

— گۇمنام.

دەۋران ئەھلى — زامانە ئەھلى.

دەۋران باغى — دۇنيا، ئالەم، جاھان.

دەۋران بەزمى — دۇنيا، زامانە ئىشرىتى.

دەۋران بۇلەغاسى — جاھاندىكى سۆز ئۇستىلىرى، سۆز سەنئەتكارلىرى؛ ماھارەتلىك ئەدىبلەر، بۈيۈك كىشىلەر.

دەۋران تاجى — دۇنيا تەشۋىشلىرى.

دەۋران سەھىفەسى — جاھان، دۇنيا، ئالەم ۋەرەقلىرى، سەھىپىسى.

دەۋران غۇسسەسى — دەۋر قايغۇسى، جاھان غەملىرى:

نېچە دەۋران غۇسسەسى بولغاي مېنىڭ جانىمغە خاس،
كاشكى ئۆلسەم داغى بۇ غۇسسەدىن بولسام خەلاس.

— بابىر.

دەۋران مېھنەتى — دەۋران جاپالىرى، جاھان مۇشەققەتلىرى:

نېچە بولغاي يار ھىجرانىيۇ دەۋران مېھنەتى،
نەقدى ئۆمرۈم، ئاھكىم، ئۆتتى غەمۇ ماتەم بىلە.

— بابىر.

دەۋران ھەۋادىسى — زامانە ھادىسىلىرى، تۈرلۈك-تۈمەن (ناخۇش) ھادىسىلەر.

دەۋران ئۇرماق — دەۋر سۈرمەك.

دەۋران ئۆيى — دۇنيا، ئالەم.

دەۋران ئېلى — دەۋرنىڭ قولى، زامان زۇلۇملىرى:

يۈلۈپ تاشلامىش ئانى دەۋران ئېلى،
تېگىپدۇر قۇرۇتقاي خەزانىنىڭ يېلى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەۋرانى ئەفلاك — پەلەكنىڭ ئەتراپى، پەلەك ئاستى:

جەفاۋۇ شىيۋەۋۇ فەن ئىلمى ئىچرە،
كۆزۈڭ شاگىردىدۇر دەۋرانى ئەفلاك.

— ئەرشى.

دەۋرانى دۇن — پەسكەش زامان، دەۋر.

دەۋرانى مۇشەئبىد چەرخى پۇرفەن — سىرلىق، نەيرەڭۋاز پەلەكنىڭ ئايلىنىشى.

دەۋرانى ھۆسن — گۈزەللىك دەۋرى، گۈزەللىك پەيتى.

دەۋرانى ۋىسال — ئۇچرىشىش پەيتلىرى، ئۇچرىشىش ۋاقىت-پۇرسەتلىرى.

دەۋرە [دوره] (پ) 1) ئايلانما، دائىرە؛ بىرەر نەرسىنىڭ گىردابى، ئەتراپى. 2) يىغىن، سۆھبەت، بەزمە:

زەقەن چاھى ئۇل دەۋرەنىڭ نۇقتەسى،
تۈشۈپ چاھ ئارا ئەھلى دەۋران بەسى.

— نەۋايى.

دەۋرەئى پەركار — ئايلانما، دائىرە.

دەۋرەئى خەت — يېڭى چىققان بۇرۇت ئەگىمى، مىيىق ئەگمىسى:

دەۋرەئى خەت ئارەزى دەۋرىدە ئانداغكىم ئېرۇر،
مېھىر ئەتراپىدا نىلى رەڭگى پەرخى چەنبەرى.

— ئەرشى.

دەۋرەئى ئىرادەت — ئايلىنىش خاھىشى، ئىرادىسى.

دەۋرىنچ [دورينج] (ئە) ئايلانغۇچى، ئايلىنىپ تۇرغۇچى:

پەرى چېھرە ساقى تۇتۇپ پەي بەپەي،
ھەمە بەزم ئەھلىغە دەۋرىنچى مەي.

— ئا. نىزارى.

دەۋزەخ [دوزخ] (پ) 1) دوزاخ، جەھەننەم:

ئەي خۇدايا شىددەتى مەھشەرنى ئاسان ئەيلەگىل،
يەتتە دەۋزەخ ئىچرە ئۇل نارى شەفاۋەت بىر تەرەف.

— شەۋقى.

2) ئازاب، مۇشەققەت؛ قىيىنچىلىق:

ئالار كۆپ يۈردىيۇ سەھراغە كىردى،
گۈنەشدىن سەھرا ئۇزرە دەۋزەخ ئېردى.

— سەيفى سەرايى.

3) ئاخىرەت ئوتخانىسى:

توزۇغايلار ھەممە دەۋزەخ ئوتىدىن بولغاي ئەمان،
مۇشت خاكى بەشەر ئاتەشكەدە قىلسۇن نە ئىلاج.

— شەۋقى.

دەۋزەخى سوزان — دوزاخ ئوتلىرى، كۆيدۈرگۈچى دوزاخ:

دەۋزەخى سوزان دېسەم، غۇربەت نېچۈن ھەم ئاز ئېرۇر،
ياقۇتۇ فىرۇزەنى ھەم قىلماغىل كاندىن جۇدا.

— قەلەندەر.

دەۋزەخى ھەجر — ھىجران دوزىخى، ئايرىلىش ئازابى:

دەۋزەخى ھەجرىڭدە كۆيدۈم رەھم ئېتىپ سور ھالىمنى،
فۇرقىتىڭنىڭ ئاچچىغىغا زەھەر ئەپيۇن ئوخشىماس.

— قەلەندەر.

دەۋزەخى ھىجران — ھىجران دوزىخى، ئايرىلىش زۇلمى:

ئېرۇر بۇ شەرت ۋىسلىڭ بەزمىدە بەرسەڭ مەيى ئىشرەت،
كى ئەۋۋەل دەۋزەخى ھىجران ئىلە ھەددىسىز ئازاب ئەتتىڭ.

— گۇمنام.

دەۋزەخچە [دوزخچە] دوزاخ كەبى، دوزاخقا تەڭ، دوزاخقا ئوخشاش.

دەۋلەت [دولت] (ئە) 1) دۆلەت، سەلتەنەت؛ قۇدرەت:

كېچەيۇ كۈندۈز تىلەرمەن ھەقتەئالادىن مۇراد،
بولغاسىن دەۋلەت بىلە خۇبلار ئىچىندە ئەرجۇمەند.

— قەلەندەر.

2) بايلىق، مال ـ دۇنيا:

ساڭا بەرگەن بۇ دەۋلەتنى خۇدا ھېچكىمگە بەرمەيدۇر،
بېھىشتنى ئارزۇ قىلماس كىشى كىرسە سەرايىڭغە.

— قەلەندەر.

3) بەخت، سائادەت، ئىقبال؛ تالەي:

بۇ دەۋلەت بىزگە يەتمەسمۇ مۇھەممەد ئۈممەتى قىلدى،
ئەتايى خالىقىل ئەشيا بۇ دەۋلەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

— شەۋقى.

4) ھۆكۈمرانلىق، پادىشاھلىق:

تالەبدە ھەمرەھ خىزرى ئىسكەندەر ئابىھەيات،
بۇ يەڭلىغ بولسە كىشى دەۋلەتى بەقا ئۇچرار.

— شەۋقى.

5) بەھرىمەنلىك، ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىش:

چۈنان ئاشىق ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن ئارزۇ ئەتكەچ،
چىقىپ سەۋتى سەداسىدىن تۈمەن تۈرلۈك فىغان پەيدا.

— شەۋقى.

6) مەدەت، ياردەم؛ مەقسەت:

سەدەفتەك كۆكسۈم ئىچرە گەۋھەرى ئىشقىڭ قىلىپ مەنزىل.
ۋىسالىڭ دەۋلەتىنى ئارزۇ ئەيلەپ كۆڭۈل جويا.

— فىراقى.

دەۋلەت پەناھ — ھۆكۈمران پادىشاھ.

دەۋلەت قۇشى — بەخت قۇشى، بەخت بەلگىسى:

ماڭا يالەپدۇرۇر كىرپىك ئوقىن بىر نەرگىسى مەئشۇق،
دېمەن دەۋلەت قۇشى كېلۇر بولۇرغە كۆڭلۈمە مەقرۇن.

— قەلەندەر.

دەۋلەت ياب — دۆلەت ئىگىسى، ھۆكۈمران.

دەۋلەتى — ئەبەدىيلىك مەملىكىتى، مەڭگۈلۈك ئالەم:

شەۋقى دۇنيانى ئېتىبار ئەتمە،
ئىزدەگىل دەۋلەتى بەقا جايىڭ.

— شەۋقى.

دەۋلەتى پەناھ — «دەۋلەت پەناھ» قا قاراڭ.

دەۋلەتى جاۋىد — دائىمىي بەختىيارلىق، ئەبەدىي دۆلەت.

دەۋلەتى دىيدار — نېسىپ بولۇش، ۋىسال دۆلىتىگە ئېرىشىش.

دەۋلەتى سەرمەد — يۈكسەك، ئالىي دۆلەت.

دەۋلەتى مەفخەر — پەخىرلەنگۈدەك دۆلەت، سۆيۈنەرلىك دۆلەت:

بۇ كۈن يۈسۈف جامالىنى قىلىپتۇر ھەق ساڭا بەخشىش،
نە بەخشىش، بەخشىشى دەۋلەت، نە دەۋلەت دەۋلەتى مەفخەر.

— سەيفى سەرايى.

دەۋلەتى ۋەسل — ۋىسال دۆلىتى، قوشۇلۇش راھىتى:

دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلە بىرنەچچە كۆڭلۈم ئېردى خۇش،
فۇرقەت ئىچرە خەستە ئەيلەپ نېگە قىلدىڭ ئىجتىناب؟

— ئەرشى.

دەۋلەتى ۋىسال — «دەۋلەتى ۋەسل» گە قاراڭ:

ئەگەرچە لازىم ئېسە دەۋلەتى ۋىسالىدىن،
ئىتائەت ئەيلە كېچە، كۈندۈز ئىلە يازۇ قىش.

— شەۋقى.

دەۋلەتخاھ [دولتخواه] (ئە + پ) خەيرخاھ؛ دوست.

دەۋلەتخاھانە [دولتخواهانه] (ئە + پ) خەيرخاھلىق، دوستانە:

خەيالىڭغە كەلگەن دەۋلەتخاھانە سۆزۈڭ بولسە ئايت.

— نەۋايى.

دەۋلەت سەرا [دولتسرا] (ئە + پ) پادىشاھلىق قەسرى، ئوردا.

دەۋلەتمەند [دولتمند] (ئە + پ) 1) باي، مۈلۈكدار.
2) بەختىيار، بەختى كۈلگەن، پارلىغان.

دەۋۋاج [دواج] (پ) «دەۋاج» غا قاراڭ.

دەۋۋار [دوار] (ئە) دەۋر قىلغۇچى، ئايلانغۇچى.

چەرخ دەۋۋار — ئايلىنىپ تۇرغۇچى گۈمبەز، ئاسمان، ئايلانغۇچى پەلەك:

باشىدىن ئايلانىپ چۈن چەرخ دەۋۋار،
يىقىلىپ شەمئ ئالدىغە نىگۇن سار.

— خىرقەتى.

گۈنبەزى دەۋۋار — «چەرخى دەۋۋار» غا قاراڭ:

قايسى كۈن كۆردۈم گۈل ئاينى مەن بولۇپ دىۋانەۋش،
گۈنبەزى دەۋۋارغە يەتتى ئاھۇ ئەفغانىم مېنىڭ.

— موللا بىلال.

دەۋۇلغان [دولغان] «دەۋۇلغە» گە قاراڭ.

دەۋۇلغە [دولغە] دۇبۇلغا، ئۇرۇش كىيىمى، باش كىيىم.

دەغ [دغ] (ئە) تاشلا، يوق قىل (پېئىل).

دەئب [دأب] (ئە) ئادەت، قىلىق، خىسلەت (بۇ سۆز كۆپىنچە: «دەئبۇ پېشە، دەئبۇ فەن، دەئبۇ خىسال، دەئبۇ خو، دەئبۇ شىئار» قاتارلىق شەكىلدە كېلىپ «ئادەت، پېئىل، ئەتىۋار، رەۋىش، خىسلەت» كە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ).

دەئب ئەتمەك — ئادەت قىلماق.

دەئب بولماق — ئادەتلەنمەك؛ ئادەت بولماق.

دەئب ئولماق — «دەئب بولماق» قا قاراڭ.

دەئۋ [دعو] (ئە) «دەئۋە» گە قاراڭ:

سەرۋ ئىلە شەمشاد تۈرلۈك دەئۋ قىلسە، سەن كېلىپ،
قىل خىرام ئەيلەپ خىجىل، سەرۋى رەۋانىم قايداسەن؟

— ئەرشى.

دەئۋا [دعوا] (ئە) دەۋا، دەۋا ـ دەستۇر؛ دەۋا قىلىش، ھەق تەلەپ قىلىش؛ ئىسپاتلاش، دە تالاش:

يۈزۈڭ تا پەردەدىن زاھىر بولۇپتۇر،
سەنەملەر ھۆسن دەئۋاسىن قويۇپتۇر.

— ئاتايى.

ئىشقىلىغ دەئۋاسى قىلسە ھەركىشى بۇدۇر جەزا،
قەتل ئېتىپ ئەيلەڭ تەماشانى ئۈلۈس غەۋغاسىغە.

— موللا سالىھ.

دەئۋا ئەيلەمەك — تالاشماق، تارتىشماق، دەۋا قىلماق؛ ئىسپاتلىماق.

دەئۋا قىلماق — 1) دەۋا قىلماق. 2) ئۆزىنى ئۈلۈغ كۆرسەتمەك.

دەئۋايى ئاشىق — ئاشىقلىق دەۋاسى، مۇھەببەت دەۋاسى؛ سۆيگۈ تەلىپى:

ئەيلەر ئېردىم بىر ئۆزۈم دەئۋايى ئاشىقلىق ساڭا،
ئاقىبەت يۈز مۇنچە مەندىن شەرمىسار ئەتكەن يىگىت.

— ئەرشى.

دەئۋايى شەرئى — شەرئىيەت يولى بىلەن دەۋا قىلىش.

دەئۋات [دعوات] (ئە) «دەئۋەت» كە قاراڭ.

خەيالى، ئاندادۇر گەرچە ئۆزى دەئۋات ئولمىشكىم،
نى تاڭ ئېردى ئەگەر بولسە ئۆزى ھەم ھەرقاچان ئاندا.

— ئەرشى.

دەئۋادار [دعوادار] (ئە + پ) دەۋاگەر، دەۋا قىلغۇچى.

دەئۋە [دعوه] (ئە) دۇئا، تىلەك، ئىستەك.

مۇستەجابۇد ـ دەئۋە — دۇئاسى قوبۇل بولىدىغان:

ئىشق زۇلمى ھەددىدىن ئۆتتى كۆڭلۈمى، ئەي پارسا،
گويىيا پىر مۇستەجابۇد ـ دەئۋە ئانى قارغامىش.

— نەۋايى.

دەئۋەت [دعوت] (ئە) چاقىرىش؛ چاقىرىق، تەكلىپ:

قاشىمغە يەتۈرسۈن ياساۋۇل ئانى،
دېسۇن شاھ دەئۋەت قىلادۇر سېنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەئۋەت قىلماق — چاقىرماق، تەكلىپ قىلماق؛ ئۈندىمەك، دەۋەت قىلماق.

دەئۋەت مەقامى — تەكلىپ ۋە ئۈندەش ھوقۇقىغا ئىگە.

دەئۋى [دعو] (ئە) «دەئۋا» غا قاراڭ:

گەر ماڭا ئىشق ئەھلى شىركەت دەئۋىسىن قىلسەنى غەم،
غەيرەتى ئىشق ئىلغامىش چۈنكىم ئېرۇر ئەسلى مەھەك.

— ئەرشى.

دەئۋىئى ئىشق — سۆيگۈ دەۋاسى. سۆيگۈ تەلىپى، مۇھەببەت تەلەپ قىلىش:

چۈ قىلدىم دەئۋىئى ئىشقىڭ مۇڭا لازىم گۇۋاھ ئولدى،
سارىغ چېھرەمدە قان ياشىمنى كۆر، تەسدىقى قىل جانا.

— فىراقى.

دەئۋىي [دعوى] (ئە) «دەئۋا» غا قاراڭ.

دەي [دى] (پ) قىش مەۋسۈمى (قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق ئېيى)؛ سوغۇق؛ قاتتىق سوغۇق:

ئۆرتەدى ساۋۇغلىغىدىن جىسىم ئىلە جانىمنى دەي،
تۇت ماڭا بىر جامى مەي، ئەي ساقىئى فەرخۇندە پەي.

— قەلەندەر.

دەي سەرسەرى — قىشنىڭ سوغۇق شامىلى.

دەي شىددەتى — قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقى، زىمىستان.

دەيجۇر [ديجور] (ئە) ئەڭ قاراڭغۇ (كېچە)، قاراڭغۇلۇق؛ زۇلمەت.

شامى دەيجۇر — قاپقاراڭغۇ تۈن:

ئاڭا تەگرۇ تۈردىكى كەچ بولدى كۈن،
يېتىپ شامى دەيجۇر ئارا كىردى تۈن.

— ئا. نىزارى.

دەير [دير] (ئە) 1) بۇتخانا، راھىبلار تۇرىدىغان جاي؛ مۇناستىر.

2) مەيخانا، قاۋاقخانا:

سايەئى توبىدىن ئارتۇق خۇم تۈبى رىند ئەھلىغە،
دەير ئارا ياتسە تىكەندە جەننەتۇل ـ مەئۋا بىلۇر.

— گۇمنام.

3) دۇنيا، جاھان، بۇ دۇنيا:

چار فەسل دەير ئىچىدە فارىغ ئېرمەس غۇسسەدىن،
چەك مۇغەننى چارگاھلىق، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.

— ئەرشى.

ئەھلى دەير — 1) بۇتخانا ئەھلى. 2) مەيخانا ئەھلى.

پىرى دەير — «دەير پىرى» گە قاراڭ:

قانىڭ گۇلغىل دەردىغە كىم، ئەرشىيا، گەر پىرى دەير،
جۇرئەتى غەم سافىدىن بەرمەككە ئىمساك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

دەير ئەھلى — «ئەھلى دەير» گە قاراڭ.

دەير پىرى — مەيخانا باشلىقى، مەيخانىچى، خوجايىن:

مەھزۇنا، مەي ئىستەسەڭ سىندۇر كۆڭۈلنى بۇ گەداي،
دەير پىرى مەي بېرۇر سىنغان ساپالىڭنى كۆرۈپ.

— مەھزۇن.

دەيرى خەراب — خاراب بولغان، بۇزۇلغان بۇتخانا، ئىبادەتخانا، چېركاۋ.

دەيرى فەنا — دۇنيا لەززىتىدىن ۋاز كېچىپ، پانىي بولغانلار دۇنياسى.

دەيرى مەكر — ھىيلە - مىكىر دۇنياسى.

دەيرى مېھنەت — مېھنەت، مۇشەققەت دۇنياسى.

فەنا دەيرى — «دەيرى فەنا» غا قاراڭ:

مۇيەسسەر ئولسەلەر جامى ئەزەلدىن كاش شەۋقىغە،
فەنا دەيرىدە كۆرگەيكىم ھەياتى جاۋىدان پەيدا.

— شەۋقى.

دەين [دين] (ئە) قەرز، (ئادا قىلىشقا تېگىشلىك) بۇرچ:

شەھەر ئاھالىسىدىن ساداتى ئالىيشان ۋە ئۇلەمائى ئالىي مەكان ... تەئزىيە تۇتۇپ، لىباسىغە تەغيىر بېرىپ، مەرسىيە ۋە تارىخلەر ئايتىپ، دەيىنىنى ئۆزلەرىغە ئىقرار قىلدىلەر.

— نەۋايى.

دەيۇپ [ديوب] دەپ، سوراپ:

دەيۇپ ئاغا سۇھەيل: «نې گۈل تېرۇرسەن،
ئۆزۈڭ گۈلشەندە كۆركلى گۈل ئېرۇرسەن؟

— سەيفى سەرايى.

دەييار [ديار] (ئە) 1) تۇرغۇچى؛ ئىستىقامەت قىلغۇچى؛ مۇناخ. 2) ئۆي ئىگىسى؛ ھەمشەھەر.

دوبۇلغا [دوبولغا] «دۇبۇلغا» غا قاراڭ.

دوزد [دزد] (پ) ئوغرى:

زۇھدە - تەقۋا گويىيا بىر شەب چىراغ،
بولسە ھەر ئۆيدە چىراغ دوزد ھەم يىراغ.

— خەراباتى.

دوست [دوست] (پ) 1) دوست، يېقىن، ئاشىنا، يار (يار - بۇرادەر). 2) مەھبۇبە، مەشۇق. 3) خۇدا، تەڭرى:

كىم ئاغا جۇز دوست زۇھۇر ئەتمەگەي،
بەلكى ئانىڭ غەيرى خۇتۇر ئەتمەگەي.

— نەۋايى.

دوستدار [دوستدار] (پ) دوست، ئاشىنا؛ دوست تۇتقۇچى.

دوستداران [دوستداران] (پ) «دوستدار» غا قاراڭ:

ئايا دوستداران ساھىب خىرەد،
مەنۇ زارغە ئەيلەگىزلەر مەدەد.

— ئا. نىزارى.

دوستكانى [دوستكانى] (پ) 1) ئىچكۈلۈك ئىچىلىۋاتقان چاغدا، ئۆزى ئىچىشكە تېگىشلىك بولغان مەينى مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن باشقا بىر كىشىگە تەقدىم قىلىش، تۇتۇش، ئۆتۈنۈش، كۆڭۈل ئۆتەش؛ تەقدىم قىلىنغان قەدەھ، دوستلۇق قەدەھى، دوستلار بىلەن ئىچىلىدىغان مەي. 2) كاتتا جام، قەدەھ.

دوستگانى تۇتماق — دوستلۇق يۈزىسىدىن قەدەھ تەقدىم قىلماق.

دوش [دوش] (پ) 1) يەلكە، مۈرە، تاغاق:

ئالىپ دوشىغە ئاينى گەردۇن كەبى،
بولۇپ باشىدە تاجى فەرىدۇن كەبى.

— ئا. نىزارى.

2) ئۆتكەن كېچە، ئۆتكەن كۈن، ئاخشام.

دوش بەردوش [دوش بردوش] (پ) مۈرىمۇ مۈرە، يانمۇيان؛ پەيدىنپەي:

بولۇپ مەھۋ يارىمغە مەدھۇش ئولاي،
نىگارىم بىلە دوش بەردوش ئولاي.

— ئا. نىزارى.

دوكان [دكان] (پ) [كۆپلۈكى: دەكاكىن] 1) دۇكان:

دوكاندا مەتائى ئېرۇر بىشۇمار،
گۇمان بىرلە سالى ئېرۇر قىرىق ياشار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئىشخانا؛ ئىجادىيەت ئۆيى:

بۇ ئىككى نەرسەنىڭ دۇككانى ئولدۇر،
دوكان ئېرمەس، دېگىلكىم كانى ئولدۇر.

— ناقىس.

دوكاننى يۇرۇتمەك — قەلبىدىكى (كۆڭلىدىكى) ئىشلارنى ئورنىغا قويماق.

دوكانچە [دكانچە] بوتكا، كىچىك دۇكان.

دوككان [دوكان] (پ) «دۇكان» غا قاراڭ:

ئالىپ بەردى ئۇلار دوككانى مەھفۇز،
بولۇر ئېردىم تىجارەت بىرلە مەھزۇز.

— ناقىس.

دولبوغە [دولبوغە] «دۇبۇلغا» غا قاراڭ.

دولتۇ [دولتو] سىرتلان (بۆرىگە ئوخشاش بىر خىل يىرتقۇچ هايۋان).

دولاب [دولاب] (پ) چاق، چىغىرىق؛ دائىم بىر يۆنىلىشتە ئايلىنىپ تۇرىدىغان نەرسە:

چۇ نەسىمىي جاۋىدانى يار ئىلە بولدى ۋىسال،
قوي نەچە ئايلانسە كەزسىن بۇ ياشىل دولابلەر.

— نەسىمىي.

دون [دون] (پ) رەزىل، پەس، پەسكەش؛ خار، مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەن. «دۇن» غا قاراڭ:

بۇ نە تالىئىدۇر، مۇسۇلمانلار، نە بەختى ۋاژگۇن،
ھىممەت ئەھلىن بەند ئېتىپ، دونلارنى ئازاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

دونان [دونان] «دونەن» گە قاراڭ.

دونەن [دونن] تۆت ياشار ئات، تۆت ياشلىق ئات:

بىر قۇلۇننى «كۇررە» دەرلەر. ئۆزگە: تاي ۋە غونان ۋە دونەن ۋە تۇلەن ۋە چىرغە ۋە لەنغە دېگۈنچە فەسىھراقلارى تۈركچە دەرلەر ۋە كۆپرەگى مۇنى ھەم بىلمەسلەر.

— نەۋايى.

دۇ [دو] (پ) ئىككى (سان).

دۇ ئاشامە — ئىككى قەۋەتلىك.

دۇ ئالەم — ئىككى ئالەم، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا:

چۇن دەلىل سانىغى دۇ ئالەمگە،
سابىت ئولمىش ھەقايىقى ئەشيا.

— شەۋقى.

دۇ ئەسپە — جۈپ ئات، قوش ئات:

قويۇپ ھەر قافىلە ئۈز مۇلكىنە يۈز،
دۇ ئەسپە ئىلگەرۇ تۇشتى قولاۋۇز.

— لۇتفى.

دۇپارە — ئىككى پارە، ئىككى بۆلەك:

رىيا كۆلاھىنى باشدىن زەلىلى تەرك ئەيلەپ،
چۇ غۇنچەلى سىپھرى خىرقەنى دۇپارە قىلاي.

— زەلىلى.

دۇجەھان — «دۇ ئالەم» گە قاراڭ:

ئىشىكىدە گەدالىقە ئالماس دۇ جەھان گۇمنام،
شەھلىق ماڭا ئول جانا سىز بولماساڭىز مەنسىز.

— گۇمنام.

دۇسالە — 1) قوش يىل، قوش ئاي. 2) قوشۇش، قوشۇلۇش:

خۇمار ئول لەب مەيگۇن خەراب ئەتتى مىنى،
يۈرەك قانىنى زەلىلى مەي دۇسالە قىلاي.

— زەلىلى.

دۇسەرا — ئىككى ئالەم، ئىككى دۇنيا:

ئىبتىدا ئەيلەدىم بەنامى خۇدا،
رەمز كۇن بىرلە خەلق ھەر دۇ سەرا.

— شەۋقى.

دۇ مىژگان — جۈپ كىرپىك، قوش كىرپىك:

كۆڭلۇم قۇشى كۆپ خەستە دۇ مىژگان ئوقىدىنكىم،
سەيدىگە ئاناڭ ئىبردى مەگەر كۆزلەرى جەللاد.

— ئەرشى.

دۇئا [دعاء] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەدئىيە] 1) سالام؛ تىلەك، ئىستەك؛ تەلەپ. مەقسەت؛ خۇدادىن يالۋۇرۇپ ياخشىلىق تىلەش؛ ئۇزاق ئۆمۈر تىلەش:

ئەي، سەبا، يەتكۈز بۇگۈن مەندىن نىگارىمغە دۇئا،
نەچچە ئايدىن ئايرۇ تۇشكەن بەندى تارىمغە دۇئا.

— موللا بىلال.

ئىلاھا، رەھىم ئېتىپ ئەرشى دۇئاسىن مۇستەجاب ئەيلە،
رەھىمى رەھنەماسەنسەن ئاڭا قىل مەغفىرەت ئەرھەم.

— ئەرشى.

2) تۇمار:

ماڭا يازدىڭ دۇئاكىم، ئول پەرىنى كۆرگەمەن ناگاھ،
يازار ئۇچۇن پەرى كۆزگە ئەيان بولغان زەمان تەئۋىز.

— نەۋايى.

دۇئا ئەيلەمەك — ياخشىلىق تىلىمەك:

ۋە لېكىن رەھم شەفقەت بىرلە بىر خالىس دۇئا ئەيلەپ،
قىلىڭلار خەتمە قۇرئان باز نەزرۇللاھ بېرىڭلار ئاش.

— شەۋقى.

دۇئا تىلەمەك — مەدەت تىلىمەك، دۇئاسىنى تىلىمەك:

مۇسافىرانى خوتەندىن دۇئا تىلەيدۇرمەن،
ئەدەم يولىدا نە تۇشە، نە بىر ئۇلاغىم بار.

— زەلىلى.

دۇئا خەتمى — ياخشى تىلەكلەرنىڭ ئادا ئېتىلىشى.

دۇئا قىلماق — «دۇئا ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ياز ئەگەر ناگەھ كىيەر بولساڭ چەمەندە ناز ئىلە،
گۇل ئاياغىڭغە تۇشۇپ، بۇلبۇل دۇئالار قىلغۇسى.

— لۇتفى.

دۇئايى خەير — بىراۋغا ياخشىلىق تىلەپ قىلىنغان دۇئا.

دۇئايى دەئۋەتى — دەۋەت قىلىش، چاقىرىق قىلىش دۇئاسى:

ئوقۇيدۇ ھەر نەپەس ئەھلى زەمانە،
دۇئايى دەئۋەتى بۇ ئاستانە.

— زەلىلى.

دۇئاخان [دعاخوان] (ئە + پ) «دۇئاگوي» غا قاراڭ:

ئەتىببانى كەلتۇردى كۆرمەك ئۇچۇن،
دۇئاخاننى كەلتۇردى ھۇرمەك ئۇچۇن.

— ئا. نىزارى.

دۇئاگو [دعاكو] (ئە + پ) «دۇئاگوي» غا قاراڭ:

ئاجۇندە تا ئانىڭدەك شاھ بولغاي،
دۇئاگو ئىبنى مىرانشاھ بولغاي.

— سەييد ئەھمەت.

دۇئاگوي [دعاكوى] (ئە + پ) دۇئا قىلغۇچى، ياخشى تىلەك تىلىگۈچى؛ تىلەكداش، يېقىن ئادەم؛ ئاشىق:

يۈزۈڭ ئالدە ئۆلمەكتۇر ياراغىم،
دۇئاگويمەن ساڭا تا جان بارىنچە.

— سەييد ئەھمەت.

دۇبارە [دوباره] (پ) ئىككى مەرتەم:

تۈنۈ كۈن شىۋەڭ ئولسۇن ئىشق بارى،
دېسەڭكىم، كۆرگەمەن ئۆمرى دۇبارە.

— ئەرشى.

دۇبدۇرۇن [دوبدورون] (پ) چۇقان - سۈرەن، دۇپۇر - دۇپۇر، دۇپۇرلىگەن ئاۋاز.

دۇبۇلغا [دوبولغا] دۇبۇلغا (ئۇرۇشتا تىغ ياكى ئوقتىن قوغدىنىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان، تۆمۈر - پولاتتىن ياسالغان باش كىيىم).

دۇتا [دوتا] (پ) «دۇتاھ» قا قاراڭ.

دۇتارە [دتاره] (پ) دۇتار، قوش تارلىق چالغۇ ئەسۋابى:

دۇتارە ئۈنى ئەيشۇ فەراغەتنى بېرۇر ياد،
مۇترىبغە قۇلاق تۇتكى، نى دەر نەغمەدە سازى.

— بابىر.

دۇتاھ [دوتاه] (پ) ئىككى پۈكۈلگەن، پۈكۈك؛ ئېگىلگەن، ئېگىك؛ غەم تارتىپ پۈكۈلگەن:

قەمەر ھەر ئاي باشى مۇئجىز نەماي ئىلكىگەدىن،
قاچىپ باشىنى ئوغۇرلاركى، بولۇر ئۆيلە دۇتاھ.

— نەۋايى.

قەددى دۇتاھ — غەم بىلەن پۈكۈلگەن قەد.

دۇتەھ [دوته] (پ) «دۇتاھ» قا قاراڭ:

ئاي كەبى ئەلبەسكىلىڭ ئۆيەي قەسدە چەرخ ئولدى دۇتەھ،
شەيخلىق دەئۋاسىن ئەيلەپ قەددى ئانىڭ خەم ئەمەس.

— ئەرشى.

دۇججاج [دجاج] (پ) توخۇ:

چۇ سۇبھ ئولدى شەبنىڭ قاراسى كېتىپ،
كى دۇججاجلارنىڭ فىغانى يېتىپ.

— ئا. نىزارى.

دۇججاجە [دجاجه] (پ) «دۇججاج» غا قاراڭ:

كى دۇججاجە فەرياد ئېتەر ھەر زەمان،
دەرىغا، ئۆتەر دەپ بەقاسىز جەھان.

— ئا. نىزارى.

دۇچار [دوچار] (پ) ئۇچراش، يولۇقۇش، دۇچ كېلىش:

ياپەرى، ياھۇرى يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۆتتار بولۇر ھەر كىم دۇچارى كاشغەر.

— گۇمنام.

دۇچار بولماق — يولۇقماق، دۇچ كەلمەك.

دۇچار ئولماق — «دۇچار بولماق» قا قاراڭ:

دۇچار ئولماس ئىردىم ساڭا كاشكى،
سەن ھەم باقماس ئېردىڭ ماڭا كاشكى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇچوبە [دوچوبه] چېدىر:

دۇچۇبە ئەۋجى بۇ فىرۇزە خىرگاھ،
ئانىڭ ئىككى كۆمەچى مېھر ئىلە ماھ.

— نەۋايى.

دۇخان [دخان] (ئە) تۈتۈن، دۈت.

دۇختەر [دختر] (پ) قىز، قىز بالا:

جۇملە دۇختەر ئەختەر ئولسا، ئول پەرىۋەش شەمسىدۇر،
بارچە بەلكى لەئل ئولسا، ئول سەدەفنىڭ گەۋھەرى.

— موللا بىلال.

دۇخۇل [دخول] (ئە) داخىل، داخىل بولۇش، كىرىش:

ئاتاسى سۆزىنى قەبۇل ئەيلەدى،
دەلالەتكە ئۆزىنى دۇخۇل ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

دۇخۇل ئەيلەمەك — كىرمەك، كىرىپ كەتمەك.

دۇد [دود] (پ) 1) تۈتۈن، ئىس:

قارا قۇيۇندەك چىقار خەسدەك تېنىمدىن دۇد ئاھ،
كىم خەيالىن ئەيلەسەم ئوتلۇق نىگاھى ئوت ياقار.

— تەجەللى.

دۇدنى تارتىپ ئانى رەد قىلماسام يوقتۇر ئەجەب،
قۇتى دىل ھەم قۇۋۋەتى رۇھى رەۋانىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

2) ئاھ، ئاھۇ نالە؛ ساراسىم؛ پۇشايمان:

ئۆز قىلغان ئىشىنىڭ قەباھەتى خاتىرىگە كېلىپ، دۇد باشىغە ئاشتى.

— نەۋايى.

3) تۇزان، چاڭ - تۇزان؛ خىرە، خىرەلىك. 4) زۇلۇم.
5) غەم، ئەلەم:

رىشتەئى ھىجرانىمۇ بۇ يا سۇنبۇلى باغى بېھىشت،
ئاھ دۇدىدىن نىشان يا زۇلفى ئەنبەر سامۇدۇر.

— ئەرشى.

6) ئىسرىق:

دۇد سالدىم كىرفىك ئىلە كەلمەكىن ئىستەر رىسەن،
جەمە ئولۇپ كەلمىش پەرى ھەر سارىدىن خۇشبۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

ئاھى دۇد ئالۇد — ئادەتتىن تاشقىرى قايغۇلۇق ئاھ؛ تۈتۈن ئارىلاش ئاھ.

تۈن دۇدى — تۈن قاراڭغۇلۇقى، قاراڭغۇلۇق.

دۇدى ئاھ — ئوتلۇق ئاھ، ئاچچىق ئاھ؛ ئاھ تۈتۈنى؛ پىراق مۇشەققىتى:

يۈزى مەيگۈن ئەمەس قانلىغ ياشىم تەئسىرىدۇر، بىلكىم،
قارا كاكۇل ئەمەس باشىمدا يۈتكەن دۇدى ئاھىمدۇر.

دۇدى غەزەب — غەزەپ ئاھى؛ پىراق ئوتى.

دۇدى گۇناھ — ئىسيان تۈتۈنى.

دۇدى ھىجران — پىراق ئوتى، ھىجران، ئايرىلىش ئازابى:

ئەۋجىدىن تا ئەۋجىگە سالماق نەزەر مۇمكىن ئەمەس،
يا ئىرۇر بۇ دۇدى ھىجران [يا] ئۇزۇن ساچمۇ ئىكىن.

— ئەرشى.

دۇداغ [دوداغ] لەۋ، كالپۇك:

ئەسلى ئالچىن، سۆزلەرى چىن، كۆزلەرى تاتار ئىرۇر،
مىڭ ياشار ھەركىم دۇداغى شەربەيىن تاتار ئىرۇر.

— سەيفى سەرايى.

دۇدە [دوده] (پ) 1) كۆيە، قورۇم؛ ئىس، تۈتۈن. 2) ئۇرۇق، ئەۋلاد:

تۇت ئاڭاكىم، ئىرۇر ئىش ئاگاھى،
مەفخەرى دۇدەئى مىرانشاھى.

— نەۋايى.

3) تاڭ قاراڭغۇلۇقى؛ قاراڭغۇلۇق نىشانىسى. 4) تەخت، دەرگاھ.

دۇدەئى كەيقۇباد — كەيقۇباد دەرگاھى؛ تەخت.

دۇدمان [دودمان] (پ) خانىدان؛ قەبىلە، ئائىلە.

دۇر I [دۇرر] (ئە) غا قاراڭ:

لەبلەرى رەشكى لەئل ئولۇپ، لالە داغى ئىرۇر خىجىل،
سۆزلەرىدىن چۇ دۇر تامار، كۆپىدۇر ئانىڭ نەزاكەتى.

— ئەرشى.

دۇرى راز — سىر ئۈنچىلىرى، سىر جاۋاھىرلىرى:

دېدى ئەۋۋەل نەدىمى نۇكتە پەرداز،
تۆكۈپ گەنجىنەئى دىلدىن دۇرى راز.

— ناقىس.

دۇرى رەھمەت — رەھمەت ئۈنچىسى، رەھمەت گۆھەرى:

ئەخىر ئىشقۇ فەنادىن بەقا ئىرۇر ھاسىل،
ئۇلانسەلەر دۇرى رەھمەتكە ئاندا ئابىھەيات.

— شەۋقى.

دۇرى سىيراب — «دۇرى سىراب» قا قاراڭ:

بۇ كۆڭۈلنىڭ سەيدىغە ھەر تارىدۇر تۇللابلار،
خۇب ياراشىپدۇر قۇلاغىڭغە دۇرى سىيرابلار.

— قەلەندەر.

دۇرى مەقسۇد — «دۇررى مەقسۇد» قا قاراڭ:

قولغە كەلتۈرمەك مەھال ئىرمىش دۇرى مەقسۇدنى،
كىم مېنىڭدەك ئۇشۇرۇپ قويسە قەدەم ئۇرچاغىدىن.

— قەلەندەر.

دۇرى ناب — «دۇررى ناب» غا قاراڭ:

مۇلاقات بولدۇمكى بەۋۋابغە،
قاراپ مەن كەتتۈرگەن دۇرى نابغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇرى ئۇممان — «دۇررى ئۇممانى» غا قاراڭ:

دېدى: «بۇ ئىلتىفات ئوبدان بولۇپدۇر،
مېنىڭدەك تاش دۇرى ئۇممان بولۇپدۇر.

— ناقىس.

دۇرى يەكتا — «دۇررى يەكتا» غا قاراڭ:

دېمە ئەي بىخەبەر، ئەرشنى كەمگويۇ كەم ئىستېئداد،
سەدەپ بىر قەترەگە قانىئ بولۇپ تاپتى دۇرى يەكتا.

— ئەرشى.

دۇر II [دور] (پ) ئۇزاق، يىراق؛ يىراقلاشقان:

چۇ سەن سالدىڭ مېنى نەۋرۇزدىن دۇر،
ئانى ماڭا، مېنى ئاڭا قاۋۇشتۇر.

— لۇتفى.

دۇرەخش [درخش] (پ) «دەرەخش»، «دەرەخشان» لارغا قاراڭ.

دۇرەخشان [درخشان] (پ) يالتىراق، پارلاق، يالت - يۇلت قىلىپ تاۋلانغۇچى، نۇرلۇق، يورۇق:

يەر ئۆزە پەيدا ئەمەس خىزىر، فەلەك ئۆزرە مەسىھ،
بولدىلار پىنھان ئىكەۋ لەئلى دۇرەخشانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

بەرقى دۇرەخشان — يالت - يۇلت قىلىپ چاقنىغۇچى چاقماق، ئىتراپنى يورۇتقۇچى چاقماق، چېقىن.

دۇرەخشان ئەيلەمەك — يورۇتماق.

دۇرەخشان بولماق — روشەن بولماق، نۇرلۇق بولماق:

جۇۋانۇ قىز دۇرەخشان بولسا چۇن ماھ،
ھەۋەس ئەھلى ئۇرار ئاھ ئۈستىگە ئاھ.

— خىرقەتى.

دۇرەخشان قىلماق — «دۇرەخشان ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

مېھرى دۇرەخشان — پارلاپ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش.

دۇرەخشەندە [درخشنده] (پ) «دۇرەخشان» غا قاراڭ.

دۇرەر [درر] (ئە) [بىرلىكى: دۇرر] دۇرلار، ئۈنچەلەر، مەرۋايىتلار؛ «دۇرر» غا قاراڭ.

دۇرەر ساچماق — 1) ئۈنچە - مەرۋايىت چاچماق. 2) ئاجايىپ سۆز ئېيتماق.

دۇرەربار [درربار] (ئە + پ) 1) دۇر، ئۈنچە - مەرۋايىت چاچقۇچى. 2) قىممەتلىك، مەنىلىك، نازۇك ۋە نەپىس سۆز ئېيتقۇچى؛ شائىر.

دۇرەفشان [درفشان] (ئە + پ) 1) دۇر، ئۈنچە - مەرۋايىت چاچقۇچى:

قايسى گۈلزار ئىچرە بىر گۈل ئاچىلۇر ھۆسنۈڭ كەبى،
قايسى گۈل بەرگى لەبى لەئلى دۇرەفشانىڭچە بار؟

— گۇمنام.

2) چىرايلىق شېئىرلار تۈزگۈچى؛ گۈزەل سۆزلىگۈچى:

قۇلاق سالغىل ساڭا بىر سۆز ئايتاي،
دۇرەفشانلىق قىلىپ كۆڭلۈڭنى ئاۋتاي.

— خىرقەتى.

دۇرەڭ [دورنك] (پ) 1) ئىككى خىل، ئىككى خىل رەڭ. 2) ئىككى يۈزلىمىچى. 3) ساۋاتسىز.

دۇرئەندىش [دورانديش] (پ) يىراقنى كۆزلىگۈچى، مۇلاھىزىلىك، ئاقىۋەتنى ئويلاپ ئىش قىلغۇچى:

ئەمما بۇ ھىساب خىرەدى دۇربىن ۋەززانى بىلە ۋە ئەقلى دۇرئەندىش مىزانى بىلە راست ئېرمەس.

— نەۋائى.

دۇربار [دربار] (ئە + پ) 1) دۇر، ئۈنچە - مەرۋايىت ياغدۇرغۇچى. 2) چوڭقۇر مەنىلىك، قىممەتلىك ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر قىلغۇچى، گۈزەل سۆزلىگۈچى:

كۆرمەدىم كۆڭلۈم ئالۇرغا سەن كەبى يارى يەنە،
خەستە جانىم تىرگۈزۈرگە لەئلى دۇربارى يەنە.

— ئەرشى.

دۇربار ئەلفاز — 1) نازۇك، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر. 2) كۆز يېشى.

دۇربارلەفز — مەنىلىك سۆز، شېرىن سۆز.

دۇربار يىغلىماق — يىغلىماق، كۆز يېشى تۆكمەك:

سەھابىكىم بولۇپ دۇربار يىغلاپ،
ئاڭا كىرگەن كىشىگە زار يىغلاپ.

— نەۋائى.

دۇرباش [دورباش] (پ) يىراقلاش، قېچىش، ئۇزاقلىشىش؛ چەتكە چىقىۋېلىش.

دۇرباش ئەيلەمەك — يىراقلاشتۇرماق، قاچۇرماق، چەتلەتمەك.

دۇربىن [دوربين] (پ) 1) دۇربۇن. 2) يىراقنى كۆرىدىغان، ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان:

مۇئەييەن كۆرگەنىڭدىن ھەر نەزەردە جەننەتۇ دەۋزەخ،
كەرامەت قۇلزۇمىنىڭ كۆشتەسىدە دۇربىن دىرلەر.

— زەلىلى.

دۇربېين [دوربين] (پ) «دۇربىن» غا قاراڭ.

دۇرپاش [درپاش] (ئە + پ) 1) دۇر، ئۈنچە - مەرۋايىت چاچقۇچى. 2) قىممەتلىك سۆزلەر ئېيتقۇچى. 3) ياش تۆككۈچى؛ 4) كۆز ياشلىرى.

دۇرج [درج] (ئە) 1) سەدەپ، قىممەت باھا تاشلار ساقلىنىدىغان قۇتا، جاۋاھىر قۇتىسى:

يەنە يول كىراسى بىلە خەرجىغە،
بېرىپ نوقرەلەرنى سالىپ دۇرجىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئېغىز، كاۋاك.

دۇرجى دەقايىق — گۈزەل سۆزلەر يىغىندىسى.

دۇرجى لەب — لەۋ قۇتىسى؛ گۈزەل لەۋ:

كۆزى نەچچە قەتلىڭ ئىستەر، بولماغىل نەۋمىدكىم،
دۇرجى لەبدىن تىرگۈزۈرگە خەستە سۆيپ ئىمانى كۆر.

— ئەرشى.

دۇرجى لەئل — ئېغىز، ئاغزى، لەۋ ياقۇتى؛

دۇرجى مۇھەببەت — سۆيگۈ جاۋاھىرى، ئۈنچىسى:

مۇھەببەتنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى «ب» دۇر،
قاچان دۇرجى مۇھەببەت ئېردى بە دۇر.

— خىرقەتى.

دۇرجى ياقۇت — ياقۇت قۇتىسى، گۈزەل لەۋ، ئېغىز:

لەئلى نابىڭ چەشمەسىندە ئابىھەيۋان ياشىرىن،
دۇرجى ياقۇتىڭدە، ئەي جان، دۇررۇ مەرجان ياشىرىن.

— نەسىمى.

دۇرد [درد] (پ) ھەر نەرسىنىڭ قالدۇقى، دۇغى، لايىقىسى.

بادە دۇردى — مەي دۇغى.

دۇردى ئامىز — دۇغ ئارىلاشقان:

شەرابى نىخۇدى ئايىنە يەڭلىغ سافدۇر كۆڭلۈم،
بۇ مەيخانە مەيىدىن ئىچمەگىمىزلەر دۇردى ئامىزى.

— زەلىلى.

دۇردى جامىن سۈمۈرمەك — جام، پىيالىدىكى قالدۇق، ساقىندى (مەينى) سۈمۈرمەك.

دۇرد ئاشام [درد آشام] (پ) مەي دۇغىنى، ساقىندىسىنى ئىچكۈچى.

دۇردان [دردان] (ئە + پ) 1) ئۈنچە قۇتىسى، دۇر ساقلىنىدىغان قۇتا؛ 2) ئۈنچە، مەرۋايىت:

قاشى مېھرابىغە يۈز قويسام كۆزى چولپانچە بار،
لەبلەرى مانەندى لەئلۇ تىشلارى دۇردانچە بار.

— موللا سالىھ.

دۇردانە [دردانه] (ئە + پ) 1) يۇلتۇز ۋە سەييارىلەر:

ھەممۇل چەرخ باغرىغە دۇردانەدۇر،
ھەممۇل بەھرۇ گەۋھەرغە ئەفسانەدۇر.

— نەۋائى.

2) دۇر، ئۈنچە، مەرۋايىت:

پىستە ئاغزىنىڭ ئىچىدە تىشلەرى دۇردانەدۇر،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز، شىرىن گۇفتار ئەيلەگەچ.

— نەۋبەتى.

3) كۆز يېشى، ياش تامچىلىرى:

چۇ بەرنا ئىشىتتى بۇ ئەفسانەنى،
تۆكەر بولدى كۆزدىنكى دۇردانەنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇردكەش [دردكش] (پ) مەي دۇغىنى، ساقىنىدىسىنى ئىچكۈچى، مەيخور؛ ئىچىملىككە بېرىلگەن.

دۇردنوش [دردنوش] (پ) «دۇردكەش» كە قاراڭ.

دۇرر [در] (ئە) [كۆپلۈكى: دۇرەر] 1) دۇر، ئۈنچە، مەرۋايىت:

ساڭا قۇل بولغانىغە فەخر ئېتەرلەر بارچە سەرۋەرلەر،
تىشىڭنى ھەسرەتىدىن قان يۇتارلار دۇررۇ گەۋھەرلەر.

— قەلەندەر.

2) مەنىلەر، سۆزلەر؛ چوڭقۇر مەنىلىك، چىرايلىق، نازۇك پىكىرلەر:

قان ياشىمنى ھەجرىدە، شېئرىمنى ۋەسفىدە كۆرۈڭ،
كىم بۇ يەڭلىغ دۇررۇ گەۋھەر قايسى بەھرۇ كان بېرۇر.

— بابىر.

3) كۆز يېشى، ياش تامچىلىرى، ياش ئۈنچىلىرى:

ئەشك دۇررىن تىزغالى جىسىم ئۈزرە كۆزلەر ھىكمەتى،
گويىيا كەۋكەب ساچىلغان يەر ئۈزە يەتتى تەبەق.

— ئەرشى.

4) پەرزەنت:

مۇكەللەل مىھر دۇرى بىرلە تاجى،
ئانىڭ بىر ئۆزگە دۇرغە ئېھتىياجى.

— نەۋائى.

5) سۆيگۈ، ئىشق:

بولۇپ قىزغە مەۋجۇد چۇ دۇررى مۇراد،
كۇلۇپ غۇنچە يەڭلىغ چۇنان بولدى شاد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇرۇت - تاج — «دۇررى تاج» غا قاراڭ؛

دۇررى ئەدەن — ئەڭ تازا، ساپ ئۈنچە:

ۋەسلىڭ بىلە دەشت ئۈزرە خارا دۇررۇ گەۋھەردۇر،
مانەندى ئۇشاق تاشدۇر ھەر دۇررى ئەدەن سەنسىز.

— گۇمنام.

دۇررى ئەشك — كۆز يېشى، ياش ئۈنچىلىرى:

ئەيا مەھبۇب يولۇڭغە دۇررى ئەشكىمنى نىسار ئەيلەپ،
تەسەددۇق ئەيلەسەم مۇڭلۇغ باشىمنى خار - زار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

دۇررى ئەمانەت — قىممەتلىك تاپشۇرۇقلار.

دۇرى ئەنجۇم — يۇلتۇز دۇردانىلىرى:

يۇگۇرماقدىن سەبا رەفتارى خۇش سۇم،
ئەرەقدىن يەرگە تۆكتى دۇررى ئەنجۇم.

— ناقىس.

دۇررى بەخت — بەخت گۆھىرى، بەختىيارلىق جاۋاھىرى:

بۇ سەرھەد ئېرۇر ھەم ئاڭا پايى تەخت،
فەلەك ياغدۇرۇپدۇر بەسى دۇررى بەخت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇررى بىبەھا — باھاسىز ئۈنچە، قىممەتلىك بايلىق:

نە سۇد ئەمدى ئەگەرچە بولسە چۇن خىرمۇھرەلەر پەيدا،
نېتەي ئەمدى ئىكى ئالەمنى، دۇررى بىبەھا كەتتى.

— ئەرشى.

دۇررى پاك — 1) ساپ، تازا، گۆھەر. 2) نازۇك تەبىئەت. 3) شاھزادىگە ئىشارە:

ۋە ئۈلچە سەلتەنەت دۇرجىنىڭ دۇررى پاكى... سۇلتان مۇھەممەدمىرزا ... بابىدا بىتىلىپ ئېردى.

— نەۋائى.

دۇررى تاج — تاجغا ئورنىتىلغان ئۈنچە.

دۇررى جەۋاھىر — ئۈنچە - مەرۋايىت، قىممەت باھا خەزىنە:

نىسار ئەفشان قىلىپ دۇررى جەۋاھىر،
تابۇقدا قىلدىلەر ئىخلاس زاھىر.

— لۇتفى.

دۇررى جەۋھەر — «دۇررى جاۋاھىر» غا قاراڭ:

سەيفى سەرايى خىزمەتىڭە مەدھ ئوقۇپ تۆكەر،
بەھرى ئېرۇر ئىچىندىن ئالىپ دۇررى جەۋھەرى.

— سەيفى سەرايى.

دۇررى خۇشاب — يالتىراق، ساپ مەرۋايىت:

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب،
ئىككى زۇلفۇڭ سايىغە ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب.

— قەلەندەر.

دۇررى زات — ئەسلى نەسەب.

دۇررى ژالە — ياش، كۆز يېشى، ياش ئۈنچىلىرى:

دېدى: *كۆزدىن تۆكەرسەن دۇررى ژالە؟*
دېدى: *ئىشقىڭ تېگىپتۇر ئاھۇ نالە.*

— خىرقەتى.

دۇررى سەفىد — 1) ئاق ئۈنچە. 2) قورغان نامى:

... ۋەئۆز ئوغلى ئىسفەندىيارنىكىم، دۇررى سەفىد قورغانىدا

مەھبۇس قىلىپ ئېردى، چىقارىپ... ئەرجەسپ ئىنتىقامىغە يىبەردى.

— نەۋايى.

دۇررى سەمىن — قىممەت باھا تاش؛ بىباھا گۆھەر تاش.

دۇررى سىيراب — تازا، پاكىز گۆھەر.

دۇررى شاھانە — شاھلارغا مۇناسىپ، كەم تېپىلىدىغان گۆھەر.

دۇررى شەب ئەفرۇز — كېچىسى يورۇيدىغان، كېچىنى يورۇتىدىغان گۆھەر.

دۇررى شەب چىراغ — كېچىسى چىراغقا ئوخشاش يورۇيدىغان گۆھەر، پارىلداپ يېنىپ تۇرىدىغان گۆھەر.

دۇررى شۇھۇد — سىرە گۆھەر، چولڭ مەرۋايىت:

كۆرۈپ ئانچە ياخشى سىپاھۇ جۇنۇد،
باشىغە بىلىپ تاج دۇررى شۇھۇد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇررى غەلتان — يۇمىلاق گۆھەر:

مەقدەمىڭغە ساچقالى يۇزدىن ئوگۇن يوق ئالتۇنۇم،
بار ۋەلى كۆز بەھرىدە كۆپ دۇررى غەلتانىم مېنىڭ.

— لۇتفى.

دۇررى گەرانمايە — 1) قىممەت باھا ئۈنچە. 2) شاھزادىگە ئىشارە:

ئول دۇررى گەرانمايەنى تەڭرى تەئالا مىرزا بىلەن بېگىم ئۈچۈن پايەندە تۇتسۇن.

— نەۋايى.

دۇررى گەۋھەرخانە — گۆھەر ۋە ئۈنچىلەر خەزىنىسى:

ھەق تەلەب سەن تىنمايىن ھەق سارى قاچ،
دۇررى گەۋھەر خانەگە دەرۋازە ئاچ.

— شەۋقى.

دۇررى گۆھەر — گۆھەر ئۈنچىلىرى، مەرۋايىت:

قاشلارى فەررۇخ ھىلالى تىشلارى دۇررى گۆھەر،
لالە يەڭلىغ لەبلەرىنىڭ لەئلى نا پەيداسى بار.

— ئەرشى.

دۇررى گىرامى — 1) قىممەت باھا گۆھەر؛ 2) مەھبۇب، گۈزەل جانان.

دۇررى لايەنزۇر — تەڭدىشى يوق گۆھەر، ساپ گۆھەر، ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر.

دۇررى مائەۋھا — ۋەھمى (خەۋەر) دۇرلىرى؛ قىممەتلىك خەۋەرلەر.

دۇررى مەقال — سۆز ئۈنچىلىرى؛ سۆزلەش قابىلىيىتى.

دۇررى مەقسۇد — مەقسەت گۆھىرى، ئىنتىلىشكە سەۋەبچى بولغان نەرسە:

بەھرىڭغە كىردىم غەۋۋاس بولاي دەپ،
بىر دۇررى مەقسۇد ئالغالى كەلدىم.

— مەشرەپ.

دۇررى مەكنۇن — تازا، ساپ مەرۋايىت:

لەبلەرىڭدەك لەئلى يوقتۇر، ئاغزىڭ ئوخشە غۇنچەگى،
تىشلەرىڭغە، ئەي پەرىۋەش، دۇررى مەكنۇن ئوخشاماس.

— قەلەندەر.

دۇررى مەنزۇم — شېئىر ئۈنچىلىرى، نەزم تىزمىسى.

دۇررى مەئنى — دۇر كەبى قىممەت باھا مەنىلەر، چىرايلىق، چوڭقۇر مەنىلىك، نازۇك پىكىرلەر.

دۇررى ناب — 1) تازا، تىنىق، ساپ، سۈزۈك، مەرۋايىت؛ قىممەت باھا تاش. 2) قىممەتلىك، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز.

دۇررى ناياب — 1) كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان مەرۋايىت. 2) مەنە دۇرلىرى، ئۈنچىلىرى.

دۇررى نەزمى — نەزم، شېئىر ئۈنچىلىرى:

سېھر قىلغاي سۆزدە لۇتفى ساھىرى كەشمىرتەك،
دۇررى نەزمىغە قۇلاق گەر سالسە ماھى كەبۇلى.

— لۇتفى.

دۇررى ھەقايىق — ھەقىقەت سۆزلىرى.

دۇررى ئۇممانى — ئوكيان، دېڭىز مەرۋايىتى.

دۇررى ئىھسان — ساخاۋەت ئۈنچىلىرى:

دوستلار مەندىن ئىشىت ئەفسانە ئەئيان ئەيلەبان،
بىر - بىرىمىزگە ھەقىقەت دۇررى ئىھسان ئەيلەبان.

— موللا سالىھ.

دۇررى يەتىم — سەدەپتە يالغۇز يېتىشكەن مەۋايىت، قىممەت باھا مەرۋايىت، يېگانە گۆھەر:

سەن كەبى چىقماس نۇبۇۋۋەت بەھرىدىن دۇررى يەتىم،
توغرا بولماس ئىككى ئالەمنىڭ خىراجىدىن خىراج.

— شەۋقى.

دۇررى يەكتا — دۇنيادا يېگانە، قىممەت باھا، تەڭدىشى يوق گۆھەر:

دۇررى يەكتا تاپماس ئېردىكىم سەدەف ئىچرە ۋۇجۇد،
كۆزلەرىم ئەبرى ئەگەر مېھرىڭدە گىريان بولماسا.

— ئەرشى.

دۇررى يەكدانە — «دۇررى يەكتا» غا قاراڭ:

نىھان ئولدى سەدەفدە گەۋھەرى بىر دۇررى يەكدانە،
بۇ دەھر بىبەقا دەپ، خۇشلاماي ئول لامەكان كەتتى.

— موللا سالىھ.

دۇررى يىگانە — «دۇررى يەكتا» غا قاراڭ:

تەلقىنى ئىشقى پىرى تەرىقەتكى ئەيلەدى،
سالدىم بۇ جان قۇلاقىغە دۇررى يىگانەدۇر.

— زەلىلى.

دۇرراج [دراج] (ئە) 1) قىرغاۋۇل، بۆدۈنە تۈرىدىكى بىر خىل قۇش:

چەمەندە بۇلبۇلۇ قۇمرى غەزەلخان،
تۈزۈپ دۇرراجۇ كەكلىك تۈرلۈك ئەلھان.

— لۇتفى.

2) شەخس نامى (خاس ئىسىم):

ئەبۇلھەسەن دۇرراج ئۈچىنچى تەبەقىدىندۇر.

— نەۋايى.

دۇررەتۇت - تاج [درەالتاج] (ئە) تاجغا قادالغان ئۈنچە؛ ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئالىي سۈپەت.

دۇرفىشان [در فشان] (ئە + پ) «دەرافشان»، «دۇرەفشان» لارغا قاراڭ:

چىقىپ سامىلغە ئەيلەپ دۇرفىشانلىغ،
بۇ يەڭلىغ ئەيلەمىشدۇر نۇكتە دانلىغ.

— ناقىس.

دۇرنىسار [درنثار] (ئە) دۇر چېچىش؛ دۇر چاچقۇچى، بەھرە بەرگۈچى يامغۇر:

قىلدى بۇلۇت ئەشكى بىلەن دۇرنىسار،
بولدى چاقىن كۈلكۈسىدىن خاكسار.

— نەۋايى.

دۇرۇد [درود] (ئە) دۇئا، سالام، ئالقىش، مەدھىيە؛ ياخشىلىق تىلەش:

دۇرۇد ئايغىل مۇھەممەد جانىبىغە تىنمايىن، شەۋقى،
ئۈمىدى ۋەسل ئىلە قورقۇنجى فۇرقەتدىن ئېرۇر مەگخۇز.

— شەۋقى.

دۇرۇدى نامەئدۇد — سانسىز - ساناقسىز ماختاش.

دۇرۇ دەراز [دورودراز] (پ) ئۇزۇندىن - ئۇزۇن، سوزۇلغان.

دۇرۇر [دورور] دۇر (ھۆكۈم ياردەمچىسى):

گۆرتەنمەكۇ كۆز ياشىمى تۆكمەكدۇرۇر ئىشىم،
بۇ غۇسسە نى ئۇل شەمئى شەبىستانىمە ئايتىڭ.

— لۇتفى.

دۇرۇست [درست] (پ) 1) تولۇق، كامىل، پۈتۈن. 2) ياخشى، توغرا، راست؛ ئورۇنلۇق. 3) ساغلام، سالامەت. 4) خالىس، سەممىمىي:

كى باردۇر ئاغا تۈرت يارى دۇرۇست،
ئەبۇ بەكرى سىددىق يارى نۇخۇست.

— ئا. نىزارى.

دۇرۇست ئەيلەمەك — قەتئىي كىرىشمەك، جەزم قىلماق.

دۇرۇست قىلماق — توغرا قىلماق؛ ئاساس سالماق.

دۇرۇغ [دروغ] (پ) ئالداش، ئالدىماق؛ ساختا، يالغان:

ئەگەرچە ۋەزىرىنىڭ سۆزىدۇر دۇرۇغ،
سىنىڭ ئەمرىڭ ئانداغ تونۇر ئىچرە چوغ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇرۇشت [درشت] (پ) قوپال؛ قوپاللىق بىلەن.

دۇرۇشتخوي [درشتخوی] (پ) قوپال قىلىقلىق، قوپال خاراكتېرلىك.

دۇرۇشتگوي [دروشكوى] (پ) قوپال سۆزلۈك؛ قوپال مۇئامىلىلىك:

ئەكسەرى فاسىق ۋە بەدخوي، ۋە قالغانى كاج تەبئۇ دۇرۇشتگوي.

— نەۋايى.

دۇزد [دزد] (پ) ئوغرى:

زوھدۇ تەقۋا گويىيا بىر شەب چىراغ،
بولسە ھەر ئۆيدە چىراغ دۇزد ھەم يىراغ.

— خەراباتى.

دۇشاب [دوشاب] (پ) شىرنە، ئۈزۈم شىرنىسى.

دۇشمەن [دشمن] (پ) رەقىب، ياۋ، دۈشمەن.

دۇشمەن تۇتماق — دۈشمەن، رەقىب دەپ بىلمەك، دۈشمەن، رەقىب دەپ ھېسابلىماق.

دۇشنام [دشنام] (پ) تىل، ھاقارەت؛ تىللاش، ھاقارەتلەش، كەمسىتىش، دەشنەم، «دەشنام» غا قاراڭ:

ئەلگە كۆپ ئىنئام ئېتەرسەن، دەم - بەدەم دۇشنامنى،
قەدر بىلمەسلەرگە ئاخىر، مۇنچە ئېھسان قىلماغىل.

— لۇتفى.

دۇشۋار [دشوار] (پ) قىيىن، ئېغىر، مۈشكۈل:

ۋىسالى لەززەتىدىن رۇھ تاپماقلىق ئېرۇر دۇشۋار،
فىراقى شىددەتىدە يوقسە جان بەرمەكلىك ئاساندۇر.

— بابىر.

دۇشۋاردىن دۇشۋار — ناھايىتى قىيىن.

دۇشۋار قىلماق — قىيىنلاشتۇرماق، مۈشكۈللەشتۈرمەك.

دۇشىزە [دوشيزە] (پ) قىز.

دۇشىزەدىن نىقاب ئالماق — غايىبتىن خەۋەر تاپماق.

دۇك [دوک] يىك.

دۇكتەراش [دوک تراش] يىكچى.

دۇگانە [دو كانە] (پ) جۈپ، ئىككىبىزەك؛ ئورتاق:

يوق، يوق، دېمە ئانى ئىككى دانە،
ئۇل دانە ئەمەس ئېردى دۇگانە.

— نەۋايى.

دۇلاب [دولاب] (پ) 1) چىغرىق (قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىدىغان چاق)؛ 2) ئىشكاپ، يەشىك، ساندۇق.

دۇلدۇل [دلدل] (ئە) جەرەن؛ دۇلدۇل:

كى شىرى خۇدا شاھ دۇلدۇل سەۋار،
ئەلىيۇر ـ رىزا ساھىبى زۇلفىقار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇلۇغە [دولوغه] دۇبۇلغا (ئۇرۇشتا كىيىدىغان، تۆمۈردىن ياسالغان باش كىيىم)، «دۇبۇلغا» غا قاراڭ.

دۇم [دم] (پ) «دۇمىن» غا قاراڭ:

كى بۇ دۇمنى قىلغىل سەئادەت سىرىشت،
ۋۇجۇدۇمنى ئەيلە ئىبادەت سىرىشت.

— ئا. نىزارى.

دۇمار [دمار] (پ) «دەمار» غا قاراڭ.

دۇمۇئ [دموع] (ئە) [بىرلىكى: دەمئ] كۆز ياشلىرى:

لالەگۈن دۇمۇئ — لالىدەك (قىپقىزىل) كۆز ياشلىرى.

دۇمىن [دمين] (پ) ئاخىرى؛ ئىككىنچى؛ قۇيرۇقى:

تاشلاسە ھەر ئىت ئەۋۋەلقى ئىشكىن،
ھەر ئىشكىنىڭ ئىتلارى تۇتقاي دۇمىن.

— خەراباتى.

دۇن [دون] (پ) 1) پەس، پەسكەش، رەزىل، ناكەس:

كەتمەگەي مېھرىڭ مېنىڭ باشىمدىن، ئەي ھۇرى زەمان،
قىلسە بۇ گەردۇنى دۇن سۆڭەكلەرىمنى گەر رەمىم.

— قەلەندەر.

2) خار؛ لاياقەتسىز. 3) كاج، بىتەلەي:

سەرنەۋشتىم ئېردىمۇ يا تالېئىمنىڭ دۇنلۇغى،
بۇ ھەمە مەھرۇيلاردىن بىر دەۋايى تاپمادىم.

— ئەرشى.

دۇن سىفەت — پەسكەش، ئەخلاقسىز، يارىماس سۈپەتلىك ئادەم.

دۇن شىئار — رەزىل نىيەتلىك، ياۋۇز.

دۇن مەرتەبە — مەرتىۋىسى پەس، تۆۋەن.

دۇنى لەئىم — لەنىتى؛ زاتى، نەسلى پەس.

دۇنبال [دنبال] (پ) دۇم، ئارقا؛ ئارقا تەرەپ؛ بىرەر نەرسىنىڭ داۋامى، ئاخىرى:

قىزا يەتسە كەتسەم ئىدى ئالىدە،
قالىپمەن نىتەي ئەمدى دۇنبالىدە.

— ئا. نىزارى.

دۇنبالە [دنباله] (پ) 1) ئارقا، ئارقا تەرەپ. 2) قۇيرۇق، قۇيرۇق قىسمى. 3) داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز.

دۇنپەرەست [دون پرست] (پ) پەسكەش، يارىماس، ئەخلاقسىز، رەزىل، ناكەسلەرنى دوست تۇتقۇچى:

بىرەۋكىم ئېرۇر دەھر ئارا دۇنپەرەست،
تەئەللۇق مەيگە قىلىپ ئۆزنى مەست.

— ئا. نىزارى.

دۇنپەرۋەر [دون پرور] (پ) 1) يامان، پەس كىشىلەرنى تەربىيە قىلغۇچى:

بۇ دۇنپەرۋەرلەر ئىچرە ئېتىبارىم بولماغاي ھەرگىز،
پەيەمبەر مۆئجىزى گوخشە ئەگەر شەققۇل ـ قەمەر قىلسام.

— قەلەندەر.

2) چەرخ، پەلەك؛ تەقدىر.

دۇنخىسال [دون خصال] (پ + ئە) پەسكەش، پەس تەبىئەت؛ زاتى، نەسلى پەس؛ يامان، ناچار خۇلق:

بار ۋۇجۇدى مۇنچە نەقد ئول دۇنخىسال،
تونغە تىكمىش ئېدى گەردۇن مىسال.

— نەۋايى.

دۇنسىرىشت [دون سرشت] (پ) پەس خۇلق، ناكەس، يامان تەبىئەت.

دۇنۇۋ [دنو] (پ) «دۇنۇ» غا قاراڭ.

دۇنۇۋۇ [دنو] (پ) «دۇنۇ» غا قاراڭ.

دۇنۇ [دنو] (پ) پەسلىك، تۆۋەنلىك (تۆۋەن دەرىجە، مەرتىۋىدە).

دۇنيا [دنيا] (ئە) 1) جاھان، ئالەم، بارلىق:

ئەي كۆڭۈل، ياخشى ئىككى دۇنيادىن،
بىر نەزەر قىلسا ساڭا دىلدارىڭ.

— بابىر.

2) دۇنيا، بايلىق:

«سوفى مەن» دەپ، زاھىرىڭ ئاراستە ئەيلەپ سۇف ئىلە،
باتىنىڭدىن فىكرى دۇنيا دىسوفى ئەھۋالىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

تەركى دۇنيا قىلماق — 1) ئالەم تەشۋىشلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلماق. 2) مال ـ دۇنيادىن ۋاز كەچمەك:

سالىھى يار كەيىدە گوۋھەرنى جۇستىجۇيىدە،
تەرك ئېتىبانكى دۇنيانى دەر ـ بەدەر گەدا بولاي.

— موللا سالىھ.

دۇنيا ئەرۇسىنى تەلاق قىلماق — دۇنيادىن كەچمەك، دۇنيادىن كۆڭۈل ئۈزمەك.

دۇنيادىن بارماق — ۋاپات بولماق، ۋاپات قىلماق.

دۇنيادىن چىقماق — «دۇنيادىن بارماق» قا قاراڭ.

دۇنيا غەمى — مال ـ دۇنيا، بايلىق غېمى، مال ـ دۇنيا يىغىش ئىستىكى:

تاشلاغىل دۇنيا غەمىنى ئەسلى غەمدۇر ئاخىرەت،
بادى سەر ـ سەردەك ئۆتەر ئۆمرۈڭ بۇ تۇرغانىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

دۇنياۋۇ ماھىفا — دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسە ۋە ھادىسىلەر.

دۇنيايى دۇن — پەسكەش دۇنيا:

بولماغاي ھەرگىز گەدالار ئەل ئالىندا ئېئتىبار،
زىينەتى دۇنيايى دۇننى ئەي، قەلەندەر، زەر كېلىپ.

— قەلەندەر.

دۇنياپەرەست [دنيا پرست] (ئە + پ) «دۇنيا دوست» قا قاراڭ.

دۇنيا دوست [دنيا دوست] (ئە + پ) دۇنيانى دوست تۇتقۇچى، بايلىقنى ياخشى كۆرگۈچى.

دۇنيا گۈزىن [دنيا كزين] (ئە + پ) دۇنيانى (بايلىقنى) خالىغۇچى.

دۇنيالىغ [دنياليغ] 1) دۇنيالىق، بايلىق، مال ـ ئەشيا. 2) ئاخىرەتلىك.

دۇنيە [دنيى] (ئە) «دۇنيا» غا قاراڭ:

تۇتۇپتۇر دۇنيەنى ھۆسنىڭ سەراپاي،
جەمالىڭ چۈن بولۇپتۇر ئالەمئاراي.

— سەيد ئەھمەد.

دەۋات [دوات] (ئە) دۇۋەت، سىياھ قۇتىسى:

كىيىپدۈركى خەلقى فەرەڭ جامەسىن،
ئالىپ قوللارىغە دەۋات خامەسىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دۇۋەت [دوت] (پ) «دەۋات» قا قاراڭ:

كېتۇر ساقىكى، تۇت بادە، ماڭا ئانداغ مۇھىت ئىچسە،
قەلەم ساقى بولۇپ جامى دۇۋەتتىن گەر دىھان كاغەز.

— خۇشھال غەرىبى.

دۇۋاج [دواج] (پ) «دەۋاج» غا قاراڭ.

دۇيۇم [دويم] (پ) ئىككىنچى، ئىككىنچى نۆۋەت، مەرتەم:

يەنە زەرب ئۇردى دۇيۇم بارەئى،
يىقىلدىم تاپالماي ئاڭا چارەئى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دېبەق [ديبق] (پ) قىممەت باھالىق ماتا، ئېسىل رەخت.

دېر [دير] (پ) ئۇزاق (ۋاقىت).

دېر ئەتمەك — ئۇزاقتا سوزۇلماق.

دېرەك [ديرك] (ئە) ئىز، بەلگە؛ خەۋەر.

دېرەكلىمەك — ئىزدىمەك:

دېدىكىم: «ئۇستا بىر نەققاش تاپسۇن،
ھاياڭ بولماي دېرەكلەپ رەختش چاپسۇن».

— ناقىس.

دېكلەي [ديكلاى] قىسقا يەڭلىك ئۇست كىيىم.

دېگۈل [ديكول] ئەمەس.

دېگۈلۈك [ديكولوك] ئېيتقۇلۇق؛ ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپ.

دېگۈنچە [ديكونجه] دېگۈچە، ئېيتقۇچە؛ ··· غىچە، ··· گە قەدەر.

دېگىن [ديكين] «تېگىن» گە قاراڭ.

دېگىنچە [ديكينجه] «دېگۈنچە» گە قاراڭ.

دېمەمەك [ديماماك] دېمەسلىك، ئېيتماسلىق.

دېمەن [ديمان] دېمەيمەن:

ئۆزنى لايىق لۇتفۇ ئېھسانغا دېمەن،
كىم سىياسەت قىلغالى ھەم ئىدېمەن.

— نەۋايى.

دېھ [ديه] (پ) قىشلاق، يېزا.

دېھدار [ديهدار] (پ) قىشلاق ئاقساقىلى (مەنسەپ نامى).

دېھقان [ديهقان] (پ) 1) دېھقان. 2) قىشلاق باشلىقى. 3) تەجرىبىلىك كىشى، ئىش بىلەرمەن؛ ئىش باشقۇرغۇچى. 4) ئىگە، يارانقۇچى، خالىق.

دېھقانى ئەزەل — ئاللا، تەڭرى؛ تەقدىر:

ئەزەل دېھقانى كەلگەيلەر زەمىنى شور ئۆزە شايەد،
ئىنايەتدىن بىرىپ ئىسلاھ زەھى كىم سەبزەزار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

دېھقانى قەزا — «دېھقانى ئەزەل» گە قاراڭ.

دېھقانى سۇنئ — «دېھقانى ئەزەل» گە قاراڭ.

دېھقانلىغ [ديهقانليغ] دېھقانچىلىق.

دېبا [ديبا] (پ) نەپىس يىپەك ماتا؛ يىپەك كىيىم:

ياپىپ نەئش ئۈزرە چۈ زىبا مەتاڭ،
بەسى رەڭگى خۇش ئېردى دېبا مەتاڭ.

— ئا. نىزارى.

دېبايى بىنەفش — بىنەپشە رەڭلىك يىپەك رەخت.

دېبايى چىنى — چىندا توقۇلغان نەپىس رەخت.

دېبايى گۈل رەڭ — ئاچ قىزىل رەڭلىك، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك يىپەك رەخت.

دېبايى زەركار — زەر بىلەن توقۇلغان شايى.

دېبايى چىمەن — چىمەن شايىسى.

سەفھە دېباسى — نەپىس زىننەتلەنگەن بەت، زىننەتلىك سەھىپە.

دېباچە [ديباچه] (پ) 1) كىرىش سۆز، مۇقەددىمە. 2) كىتابنىڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بىرىنچى سەھىپىسى. 3) ھەر نەرسىنىڭ باشلىنىش قىسمى.

دىدبان [ديدبان] (پ) قاراۋۇل، نۆۋەتچى.

دىدەك [ديدك] (پ) چۆرە، خىزمەتچى قىز، چاكار:

كى زالىم قاشىدىن قۇتۇلدى ئۇلەر،
بولۇپ شادۇ خۇررەم دىدەكلەر كۈلەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىرا [درا] (پ) «دەرا» غا قاراڭ.

دىرايەت [درايت] (ئە) ئاڭ، ئەقىل ۋە تەجرىبە ئارقىلىق بىلىش، خەۋەردارلىق.

دىرايەت ئاسا [درايت آسا] (ئە + پ) 1) ئەقىللىق، دانىشمەن، ئۇستاز.

دىرەفش [درفش] (پ) 1) چاقماق. 2) پارقىراق، پارلاق، پارلاپ تۇرغان. 3) بىگىز، دەرمىش. 4) ئۈچ بۇرجەكلىك ۋە زىننەتلىك بايراقچە؛ بايراق.

دىرەفشى كاۋىيانى — قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرسى بولغان زەھھاكقا قارشى خەلق قوزغىلىڭىنى تەشكىللىگەن ئىسپاھانلىق مەشھۇر تۆمۈرچى كاۋەنىڭ چەم بايرىقى.

دىرەم [درم] (ئە) تەڭگە، كۈمۈش تەڭگە؛ تىيىن:

كېلىپ بۇتپەرەستلەر تىزىنى پۈكۈپ،
ئالىپ ھەم بارۇرلار دىرەملەر تۆكۈپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىرەمپاش [درم پاش] (پ) تەڭگە چاچقۇچى، سېخىي.

دىرەمسەنج [درم سنج] (پ) پۇل ئۆلچىگۈچى.

دىرەمسىز [درم سيز] پۇلسىز؛ كەمبەغەل، پېقىر.

دىرەمسىز ئەل — كەمبەغەللەر، يوقسۇللار.

دىرھەم [درهم] (ئە) «دىرەم» گە قاراڭ.

دىرئ [درع] (ئە) ساۋۇت (قەدىمكى ئۇرۇش كىيىملىرىدىن بىرى).

دىز [دز] (پ) قورغان، قەلئە.

ئاھەنىن دىز — تۆمۈر قورغان، مۇستەھكەم قەلئە.

دىژەم [دژم] (پ) 1) ئېزىلگەن، ئازاب چەككەن؛ خار، غەمكىن، سولغۇن، خاراب. 2) غەزەپلىك، قەھرلىك.

دىژەم ئەھلى — ئازاب چەككەن، ئېزىلگەن كىشىلەر، خار - زار ئادەملەر:

دېدى: ئىككى مەرھۇم ئەجەم ئەھلىدىن،
ئوغۇرلۇق قىلىپدۇر دىژەم ئەھلىدىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىژەمۋار [دژەوار] (پ) خارلارچە، غەمكىن ھالدا، سولغۇن قىياپەتتە.

دىسار [دثار] (ئە) سۆز بىرىكمىسىدە «مول، تولۇق» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

بۇقەلەمۇن دىسار — ئۆزگىرىدىغان، ئۆزگىرىشچان؛ ئىرادىسى ئاجىز، سۆزىدە تۇرالمايدىغان؛ ۋاپاسىز.

فەساھەت دىسار — چىرايلىق، ئورۇنلۇق سۆزلەر بىلەن تولغان.

مۇسىبەت دىسار — مۇسىبەت (بەختسىزلىك) بىلەن تولغان.

خىلافەت دىسار — ئالىي مەنسەپلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

دىققەت [دقت] (ئە) 1) ئىنچىكىلىك، نازۇكلۇق:

قان يۇتۇپ دىققەت بىلە ۋەسفىڭنى ئىنشا ئەيلەدىم،
بىلمەدىڭ قەدرىمنى سەن، ئەي ماھ رۇھ ئەفزا، دەرىغ.

— قەلەندەر.

2) نازۇك تەبىئەتلىك. 3) ھوش. 4) ئېھتىيات. 5) ئوي، پىكىر، تەپەككۇر:

مەھۋ ئولدى مىيانىڭدە خەيالىم بۇ سەبەبدىن،
دىققەت قىلىبان قىل كەبى نازۇك سۇخەن ئىستەر.

— تەجەللى.

6) چۈشىنىش ھەددىدىن تاشقىرى قىيىن بولغان مەزمۇن.

دىققەت شىرا — چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك.

دىققەتى گىرىنھاك — پىكىر - خىيالى چىگىش.

دىققەت تۇتماق — ئىنچىكىلەپ كۆزەتمەك؛ ئېتىراپ قىلماق.

دىققەت پىشە [دقت پيشه] (ئە + پ) ھەربىر نەرسىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، ئىنچىكە كۆزەتكۈچى.

دىققەتسازلىغ [دقت سازليغ] مەسىلىگە ئەتراپلىق قارايدىغان؛ قاتتىق ئېتىبار بېرىدىغان.

دىگەر [ديكر] (پ) ئۆزگە، باشقا.

دىگەرگۇن [ديكر كون] (پ) باشقا رەڭدىكى؛ باشقىچە، ئۆزگىچە:

بۇ سۆزنى دەر ئىدى، ئەمما جىگەر خۇن،
بۇرۇنقى ھالىدىن بولدى دىگەرگۇن.

— خىرقەتى.

دىگەرگۇن ئەيلەمەك — باشقىچە ھېس قىلماق.

دىگەرگۇن تاپماق — «دىگەرگۇن ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

دىل [ديل] (پ) 1) يۈرەك، كۆڭۈل، قەلب:

تىغى ھىلالە ئوخشار، ئەي دىل، ساڭا مۇبارەك،
ئىيدى شەھادەتىڭنى قىلسۇن خۇدا مۇبارەك.

— تەجەللى.

2) خاتىرە؛ روھ، مەيل، خاھىش، ھەۋەس.

دىل ئەينەسى — 1) كۆڭۈل ئەينىكى؛ ئەينەكتەك كۆڭۈل:

بولۇپ مەست مەئشۇق جەمالىن كۆرەي،

دىل ئايىنەسىنىڭ غۇبارىن سۈرەي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) كۆچمە م: خاتىرىسى، تەسەۋۋۇرى، خىيالى.

دىلۇ جان — دىل ۋە جان، بارلىق، پۈتۈن ۋۇجۇد:

مېنىڭ ھالىم ئانىڭ يادى خەرابى،
دىلۇ جانىم ئانىڭ ئىشقى كەبابى.

— خىرقەتى.

دىلى گىريان — يۈرىكى يىغلىغان، قايغۇلۇق، غەمكىن، پىغانلىق:

پاكدۇرسەن ھەمە ئىنسان سىفەتىدىن، يا رەب،
مۇنچەلىك بىرلە تەسەللى دىلى گىريان يەڭلىغ.

— شەۋقى.

ئەھلى دىل — پاك كىشىلەر، پەزىلەتلىك كىشىلەر:

ياد قىلسۇن بۇرقەئىن ئەسمەك نەسىمى سۈنبۇلى،
دېسە گەر ئەھلى دىلى ھەرلەھزە ئۆزۈمدىن باراي.

— ئەرشى.

تىيرە دىل — كۆڭلى قاراڭغۇلاشقان؛ كۆڭلى خاپا، دىلى غەش:

كېتىپ شام رەنجۇر ئاتىپ ساڭا تاڭ،
دىلى تىيرە دىلدۇر ئاتاۋۇ ئاناڭ.

— ئا. نىزارى.

جانۇ دىل — «دىلۇ جان» غا قاراڭ:

كۆزۈ قاشىڭغە جانۇ دىل بارىن ئىسار قىلىشلار،
لەبىڭ يادىدا گەۋھەر بار چەشمى خۇن فىشانىمدۇر.

— ئەرشى.

خەستە دىل — كۆڭلى سۇنۇق، پەرىشان، خاپا:

ئىلاھا، ئاچقاسەن بەختىم ئىشىكىن،
كۆتەرگىل خەستە دىلدىن غەم چىرىكىن.

— خىرقەتى.

خۇنى دىل — يۈرەك قېنى:

خۇنى دىلدىن تۇشە ئەيلەپ، ئەرشى، قىل قەتئى تەرىق،
ئىشىق ئەتۋارىندا يوقتۇر مۇندىن ئارتۇغراق مەمەر.

— ئەرشى.

سوزى دىل — 1) يۈرەك ئوتى، قەلب ھارارىتى:

سوزى دىلدىن پەيكەرى قەقنۇسىنىڭ كۆيگەنلەرىن،
فەھم ئېتەرمەن بۇ كۆڭۈلدە سوزى ھىجرانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

2) كۆيگەن يۈرەك، ئۆرتەنگەن قەلب.

شەھرى دىل — دىل مەملىكىتى، كۆڭۈل ئېلى:

كىشۋەرى ئالەمنى شەھلەر ئەل بىلە تەسخىر ئېتەر،
شەھرى دىل ئالماققا دىلبەرنىڭ سىپاھى ئۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

دىلئارا [دل ارا] (پ) 1) كۆڭۈلنىڭ بېزىكى، كۆڭۈلنى زىننەتلىگۈچى؛ كۆڭۈلنى يۇمشىتىدىغان، ئۇۋلايدىغان. 2) يار، مەشۇق، گۈزەل جانان، سۆيۈملۈك مەھبۇب. 3) كىشى ئىسمى:

دىلئارانىڭ دىلىنى ئالدى دىلبەركىم نەۋا ئەيلەپ،
ئانىڭ يادى بولۇپدۇر بۇ كۆڭۈل تەختى ئۆزە سۇلتان.

— ئا. نىزارى.

دىلئاراي [دل آرای] (پ) «دىلئارا» غا قاراڭ.

دىلئارام [دل آرام] دىلغا ئارام بەرگۈچى، مەھبۇبە، مەشۇق، يار، جانان:

دىلئارام كۆپ ئىرۇر، دىلدار كەمدۇر،
بۇ ئىشتىن جانغە پۈر دەردۇ ئەلەمدۇر.

— خىرقەتى.

دىلئازار [دل آزار] (پ) دىلغا ئازار بېرىدىغان، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدىغان؛ كۆڭۈلنى رەنجىتكۈچى، قىيىنىغۇچى:

بېرىپ كۆڭلۈم، ئانى دىلبەر دەبان سەھۋ ئەتكەن ئىرمىشمەن،
غەلەت دىلبەر دېمەكلىك غەيرى دىلئازارلىغ بىلمەس.

— ئەرشى.

دىلئازۇردە [دل آزرده] (پ) كۆڭلى ئازار تاپقان، رەنجىگەن.

دىلئاسا [دل آسا] (پ) كۆڭۈلگە خۇشياقىدىغان، يېقىملىق، غەمخور:

كىرىپ ئۆي ئىچىگە تاپىپ خاجەنى،
دىلئاسالىق ئەتتى سۆيۈندى جېنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلئاساي [دل آسای] (پ) «دىلئاسا» غا قاراڭ.

دىلئاشۇب [دل آشوب] (پ) كۆڭۈلنى تىنچسىزلاندۇرغۇچى، غەش قىلغۇچى، رەنجىتكۈچى' پىتنىخور:

ئاشىقكى بولۇر ھۇسن ئىلە يوق مۇنچە دىلئاشۇب،
ئاندىن داغى بىر ئۆزگە لەتافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.

— لۇتفى.

دىلاۋەر [دلاور] (پ) 1) باتۇر، قەھرىمان، پالۋان؛ يۈرەكلىك. 2) خوش پېئىل، چىقىشقاق. 3) كۆڭۈلنى كۆتۈرگۈچى، خۇرسەن قىلغۇچى:

ئانچەغە تەگرۈ ئەدگۇ ئاتانىڭ خەير ئۆزە قالىپ،
سۆزلەنسۇن ئەل تىلىندە جەھاننىڭ دىلاۋەرى.

— سەيفى سەرايى.

دىلئاۋىز [دل آويز] (پ) كۆڭۈلنى بەند قىلماق؛ مەپتۇن قىلماق؛ يېقىملىق:

قىلۇر تۇرلۇك نەۋا بىھەد دىلئاۋىز،
بولۇر ئانىڭ نىداسىدىن شەكەررىز.

— خىرقەتى.

دىل ئەفرۇختە [دل افروخته] (پ) 1) دىلنى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى. 2) دىلنى شادلاندۇرغۇچى، بەھرىمەن قىلغۇچى.

دىل ئەفكار [دل افكار] (پ) دىلى سۇنۇق، كۆڭلى ۋەيران، ئاشىق؛ مەھبۇب:

تىيرە قىلغان روزىگارىمنى بۇ كۆزى قارەدۇر،
مەئلۇم ئولكىم يوقتۇرۇر مەندەك دىل ئەفكارى يەنە.

دىلبەر [دلبر] (پ) 1) كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى. 2) گۈزەل، جانان، مەشۇق، مەھبۇب:

ئەي يىنجۇ تىشلىق دىلبەرىم، لەئلى گۆھەر بارىڭ ھەقى،
سەككاكىنىڭ ئىككى كۆزىن ھەر لەھزە ئۆمىان ئەيلەمە.

— سەككاكى.

دىلبەرى تەررار — كۆڭۈلنى ئوغرىلىغۇچى گۈزەل، مەشۇق:

نىگە بولدۇم ئانىڭدەك دىلبەرى تەررارغە مايىل،
لەبى لەئلى بەدەخشانۇ يۈزى گۈلزارغە مايىل.

— قەلەندەر.

دىلبەرى تەرسا — خىرىستىئان (ناسارا) گۈزىلى.

دىلبەرى تۆرپان — تۇرپان گۈزىلى، تۇرپان قىزى:

خۇشلاشۇرمەن كاشغەردىن، چىنۇ ماچىن سەير ئېتەي،
ئانداكى كۆڭلۈم قالىپتۇر دىلبەرى تۇرپاندىن.

— زەلىلى.

دىلبەرى خۇنخار — قان ئىچكۈچى مەشۇق، قانخور جانان:

زۇلم كۆرگۈزدى ماڭا ئول شوخ گۈلرۇخسار شەمىڭ،
قىلمادى رەھمى ماڭا ئول دىلبەرى خۇنخار شەمىڭ.

— قەلەندەر.

دىلبەرى سەرمەستان — خوش كەيپ گۈزەل؛ سۆيگۈ شارابىدىن مەست بولغۇچى مەشۇق؛ شوخ؛ بىپەرۋا:

ئەي بۇيى بەھەرىستان، ۋەي ھۆرى نىگارىستان،
ۋەي دىلبەرى سەمەرىستان دىدارىڭغە مۇشتاقمەن.

— نەسىمى.

دىلبەرى رەئنا — گۈزەل مەھبۇب، تەڭداشسىز يار:

نەچە مۇددەتدۇرۇركىم مەن ساڭا، ئەي دىلبەرى رەئنا،
بولۇپمەن ۋالەئى شەيدا، تۈشۈپمەن شاھى خۇبانىم.

— فىراقى.

دىلبەرى گۈلرۇخ — گۈل يۈزلۈك دىلبەر، گۈلدەك گۈزەل يار:

سەن ھۆسن ئېلىنىڭ خانىسەنۇ بەندە تىلەنچى،
سەن دىلبەرى گۈلرۇخسەنۇ مەن بۇلبۇلى مەھجۇر.

— لۇتفى.

دىلبەرى مەھۋەش — ئاي يۈزلۈك گۈزەل، ئايدەك گۈزەل يار، جانان:

ئۇ دىلبەرى مەھۋەشغە، غەمزە بىلە دىلكەشكە،
چېھرەم ئۆزە قان ـ ياشىم ھالىمنى بايان ئەتمىش.

— ۋەفائى.

دىلبەرى نادىر — تەڭداشسىز گۈزەل، تەڭدىشى يوق جانان:

بۇ قاشۇ يۈزۈ كۆزۈڭ سەنئەتى سۇنئى ئىلاھىدۇر،
سېنىڭدەك كۆرمەگەن ھېچكىم جەھاندا دىلبەرى نادىر.

— قەلەندەر.

بۇتى دىلبەر — دىلنى مەھلىيا قىلغۇچى سەنەم؛ گۈزەل سىيما؛ يار، جانان:

بارغالى ئەزم ئەيلەسەم ئول جەننەتى كويى سارى،
بولغۇسى شەھپەر خەيالى ئول بۇتى دىلبەر ماڭا.

— قەلەندەر.

دىلبەرا [دلبرا] (پ) ئەي گۈزەل، ھەي جانان:

سېنى مەن، دىلبەرا، ئول كۈندە كۆردۈم،
ئىكى ئالەم ئارا جان بىرلە سۆيدۈم.

— خىرقەتى.

دىلبەستە [دلبسته] (پ) كۆڭلى باغلانغان، مەپتۇن بولغان، ئاشىق بولغان، قاتتىق بېرىلگەن؛ ئاشىق.

دىلبەند [دلبند] (پ) 1) بىراۋغا كۆڭۈل قويغان، كۆڭۈل بەرگەن، كۆڭلى باغلانغان؛ ئاشىق. 2) كۆڭلىنى رام قىلىۋالغان كىشىسى، سۆيگىنى. 3) جىگەر پارىسى، پەرزەنتى:

بۇلار دېدىكى: ئەي فەرزەندى دىلبەند،
غىزا يەپ ئولتۇرۇڭ خۇررەمۇ خۇرسەند.

— ناقىس.

دىلپەزىر [دلپزير] (پ) يېقىملىق، گۈزەل، كۆڭۈلدىكىدەك:

چۇ ئەسباب ئالىدە تاشدۇر خەمىر،
ھەجەرنى ياغاچدەك ياساپ دىلپەزىر.

— ئا. نىزارى.

دىلپەزىر بولماق — كۆڭۈلگە ياقماق.

دىلپەزىر تەبئلىق — خوش تەبىئەتلىك، خوش مۇئامىلىلىك.

دىلپەرىز تۇشمەك — ماقۇل كېلمەك، ياقماق.

دىلپەسەند [دلپسند] (پ) 1) كۆڭۈلگە خوش كېلىدىغان، كۆڭۈل تارتىدىغان، كۆڭۈلگە ياقىدىغان؛ يېقىملىق:

بولماسە ئېردى نارەنجى ئىگىن دىلپەسەند،
قىلماس ئېردى ئىگىننى نارەنجى خۇرشىدى نەھار.

— قەلەندەر.

2) پەرزەنت، بالا:

دېدىكىم ئاناسى: «ئايا دىلپەسەند،
ئاتاڭنى مەلىك چاھ ئارا قىلدى بەند».

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلتەڭ [دلتنگ] (پ) 1) تەڭلىكتە قالغان، سىقىلغان، غەملىك، قايغۇلۇق، خاپا. 2) ئىچى تار.

دىلتەڭ بولماق — سىقىلماق، ئازابلانماق، قايغۇرماق.

دىل جەمئ [دل جمع] (پ + ئە) خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئاراملىقى:

قاچان پەرۋانە كۆيمەي بولدى دىل جەمئ،
قاچان ئوت ياقماسە شەمئ ئۈزرەدۇر شەمئ.

— خىرقەتى.

دىلجۇ [دل جو] (پ) كۆڭۈل ئىزدىگۈچى، كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى، كۆڭۈلگە تەسەللى بەرگۈچى؛ ئەركىلىگۈچى.

دىلجۇي [دل جوى] (پ) «دىلجۇ» غا قاراڭ.

دىلجۇيلۇق [دل جوى لوق] كۆڭۈلنى ئېلىش، خۇرسەن قىلىش، كۆڭۈل ئوۋلاش، كۆڭۈل ئىزدەش، ھېسداشلىق قىلىش:

گەرچە كۆپدۇر دىلرەبالار ۋەسلىن ئەتمەن ئارزۇ،
دەھر ئارا دىلجۇيلۇق ئەتكەن دىلىستانىم بولسە بەس.

— ئەرشى.

دىلجۇيلۇق ئەيلەمەك — 1) ھال - ئەھۋال سورىماق. 2) مېھرىبان بولماق. 3) يېقىملىق، سۆيۈملۈك بولماق.

دىلخاھ [دل خواه] (پ) 1) كۆڭۈل ئىستىكى، ئارزۇ، ئىنتىلىش. 2) كۆڭۈلگە يېقىن، كۆڭۈل تارتقان، يېقىملىق:

تىلەر كۆڭلۈم سېنى ئالەمدەۋۇ بەس،
بۇ نىسبەتدىن سېنى دىلخاھ دەرمەن.

— لۇتفى.

دىلخاھۋەش [دل خواه‌وش] (پ) «دىلخاھ» قا قاراڭ.

دىلخەراش [دل خراش] (پ) كۆڭۈل دەردلىرىنى قوزغىغۇچى، غەم - قايغۇغا سالغۇچى.

دىلخەستە [دل خسته] (پ) يۈرىكى دەردلىك، دىلى ئېزىلگەن، كۆڭلى ۋەيران؛ ئاشىق:

دىلخەستە ۋەفائىنى گۈل كۆزلەرى مەستانە،
باغرىنى كەباب ئەيلەپ كۆڭلىنى تولا قان ئەتمىش.

— ۋەفائى.

دىلخۇش [دل خوش] (پ) كۆڭلى شاد، خۇرسەن؛ كۆڭۈلنى خۇش قىلغۇچى:

ئۇ يەردە بار ئىكەندۇر ياخشى بىر قۇش،
ئۆزى غەمكەش ئىكەن، ئاۋازى دىلخۇش.

— خىرقەتى.

دىلخۇن [دل خون] (پ) يۈرىكى قان، زەرداپ؛ قاتتىق ئەلەم چەككەن، قاتتىق ئازابلانغان.

دىلدار [دلدار] (پ) 1) كۆڭۈلنى رام قىلغۇچى؛ ئوۋلىغۇچى. 2) يېقىملىق، تەسىرلىك:

تەكەللۇمدىن ئېتىپ تۈرلۈك شەكەررىز،
كۆڭۈل دىلدار ھېكايەت قىلدى ئەنگىز.

— لۇتفى.

3) گۈزەل، جانان:

ساڭا كۆڭلۈمنى ئالدۇردۇم جەھاندا،
كۆرۈپمەن گەرچە كۆپ دىلدارلارنى.

— بابىر.

4) يار، دوست، ئاشنا:

ئەي نىگارا، سەن ئىدىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈم خۇشلۇغى،
ئەمدى بۇ غۇربەت ئىچىدە كىمسەنى دىلدار ئېتەي؟

— موللا بىلال.

دىلدارى مۇساھىب — كۆڭۈلنى مەملىيا قىلغۇچى سۆھبەتداش.

دىلدارلىق [دلدارليق] غەمخورلۇق، خەيرخاھلىق، ھېسداشلىق:

رەئىيەتكە قىلدىم ۋەفادارلىق،
فەقىر ناتەۋانلارغە دىلدارلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلدوز [دلدوز] (پ) 1) كۆڭۈلدىن قايغۇنى يوقاتقۇچى، غەمدىن خالاس قىلغۇچى؛ كۆڭۈلنى ياسىغۇچى، تەسەللى بەرگۈچى. 2) باتۇر، مەرد:

ئاتى گۇل يىگىتنىڭكى بېھروز ئىدى،
يىگىتلىكدە گوياكى دىلدوز ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) دىلنى يارا قىلغۇچى، قىينىغۇچى، ئازابلىغۇچى:

ئاتار بولسە كىشىگە ناۋەكى خۇنرىزى دىلدوزىن،
ئەگەر فۇلادى جەۋسەن كىيسەكىم سۇدەك گۈزەر قىلمىش.

— قەلەندەر.

تىيرى دىلدوز — يۈرەككە سانجىلغۇچى ئوق:

ئەي فەلەك، كۆكسۈڭدە زەخمىن گەرچە كۆپدۇر، ھەزەر،
تىيرى دىلدوز ئۆزگەدۇر، بۇ ناۋەكى ئاھ ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

دىلرەبا [دل ربا] (پ) 1) كۆڭۈلنى تارتقۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى:

خۇش ئىشۋە نەماۋۇ دىلرەباسەن،
ئەمما نېدىنكى بىۋەفاسەن.

— ئەرشى.

2) گۈزەل، ساھىبجامال:

دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،

بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۈزارى كاشىغەر.

3) يار، مەشۇق، جانان:

كۆرۈپدۇر بۇ خوتەندە ئاي يۈزۈڭنى، ئەي ماھى تابان،
فىراقۇ ھەجرىڭە، ئەي دىلرەبا خۇنخار، يىغلاتمە.

— قەلەندەر.

ساقى دىلرەبا — دىلنى تارتقۇچى ساقى:

تەكەللۇم قىلىپ ساقىنى دىلرەبا،
كى مەي دۇردىنى لۇتق ئىلە قىل ئەتا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلرەبايەندە [دل ربايندە] (پ) كۆڭۈلنى جەلپ قىلغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى، كۆڭۈل ئالغۇچى.

دىلرىش [دل ريش] (پ) كۆڭلى يارا، قايغۇغا چۆككەن، كۆڭلى ۋەيران بولغان:

ئالۇر ئېبردى دۇئا دەرۋىشلەردىن،
تەجەررۇد پىشەلىق دىلرىشلەردىن.

— ناقىس.

دىلسوز [دل سوز] (پ) 1) يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى؛ دىلى كۆيگەن، يۈرىكى ئۆرتەنگەن. 2) جانكۆيەر، غەمخور، مېھرىبان:

قالۇرلار ئەھلى فەرزەند يىغلاشىپ قەۋمۇ قارىنداشىڭ،
كىم ئولغاي ئۇندا يولداشىڭ نەماز ـ روزە ئىلە دىلسوز.

— شەۋقى.

دىلسۇختە [دلسوختە] (پ) يۈرىكى كۆيگەن، ئۆرتەنگەن.

دىلسۇختەۋار [دلسوختەوار] (پ) يۈرىكى كۆيگەندەك غەمكىن، ئەلەملىك.

دىلستان [دلستان] (پ) دىلنى تارتقۇچى، كۆڭۈلنى ئەسىر قىلغۇچى، كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى، دىلبەر، مەھبۇب:

بەھارۇ باغ سەيرىن نې قىلايكىم، دىلستانىمنىڭ،
يۈزى گۈل، زۇلفى سۇنبۇل، قامەتى سەرۋى خىراماندۇر.

— بابىر.

دىل سۇۋەيدا [دل سويدا] (پ + ئە) يۈرەكتىكى داغ، جاراھەت، كۆيۈك ئىزى، يارا:

دىل سۇۋەيداسى قارادۇر، ھەق نەزەرگاھى ئوشۇل،
شاھىدى سىررى ئىلاھى ئول قاراغە يارى غار.

— تەجەللى.

دىلشاد [دل شاد] (پ) كۆڭلى شاد، خۇرسەن، مەمنۇن، خۇشال:

ئەلگە ئىشرەت باغىدا خۇررەملىقۇ دىلشادلىق،
مەن غەرىبىڭە غەم بىلە ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.

— نەۋبەتى.

دىلشىكەستە [دل شكستە] (پ) كۆڭلى سۇنۇق، دىلى ئازار يېگەن، غەمكىن، مەيۈس.

دىلشىكەن [دل شكن] (پ) كۆڭۈلنى سۇندۇرغۇچى، خاپا قىلغۇچى، ئازار بەرگۈچى.

دىلفەزا [دل فزا] (پ) كۆڭۈلنى كۆتۈرگۈچى، شادلاندۇرغۇچى، روھلاندۇرغۇچى:

ئەجەب دىلفەزا بەيتى ئەشئارنى،
كى مەزمۇنىدا ياد ئېتىپ يارنى.

— ئا. نىزارى.

دىلفۇرۇز [دل فروز] (پ) 1) يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى؛ كۆڭۈلنى يورۇتقۇچى:

ھىدايەت چىراغى قىلىپ دىلفۇرۇز،
كى زۇلمەت سەراسى بولۇپ مىسلى روز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) كۆڭۈلنى شادلاندۇرغۇچى، مەھلىيا قىلغۇچى، يېقىملىق.

دىلفىرىب [دل فريب] (پ) 1) كۆڭۈلنى ئالدىغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى؛ يولدىن ئازدۇرغۇچى؛ ئۆزىگە تارتقۇچى:

قارىلىقدىندۇر سەنەملەر ساچۇ قاشى دىلفىرىب،
قارىلىقدىن تاپتى قىممەت ئەنبەرۇ مۇشكى تاتار.

— تەجەللى.

دىلفىگار [دلفگار] (پ) دىلى يارا، خەستە، مەجرۇھ:

مۇنچە نېگە ئەيلەدىڭ دىلفىگار؟
يوقتۇر يەنە سەن كەبى ستەمكار.

— ئەرشى.

دىلكەش [دلكش] (پ) دىلنى تارتقۇچى، يېقىملىق، سۆيۈملۈك:

مېنىڭ بەزمەمدە بولسە نەغمە پەرداز،
مۇھەببەتدىن چىقارسە دىلكەش ئاۋاز.

— خىرقەتى.

دىلكەش نەۋا — دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى مۇقام، كۆڭلۇلنى مەھلىيا قىلغۇچى كۈي.

دىلكەش سۇرۇد — يېقىملىق ناخشا؛ ئاۋاز.

ئايىنى دىلكەش — ياخشى ئادەت، يېقىملىق مىجەز، ئېسىل پەزىلەت:

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداغ شوخ بىپەرۋا يىگىت،
خۇلقى خۇش، ئايىنى دىلكەش، ھەيئەتى زىبىا يىگىت.

— ئەرشى.

سەۋتى دىلكەش — «دىلكەش سۇرۇد» قا قاراڭ:

كى ئاندىن سەۋتى دىلكەش بۇ مېنىڭ يارىمغا يەتكۈرگىل،
نەۋا تورلۇك چېكەي شەمئى شەبىستانىمدىن ئايرىلغاچ.

— ئەرشى.

دىلكۇشا [دلكشا] (پ) كۆڭۈلنى ئاچقۇچى، شادلاندۇر-

غۇچى؛ يېقىملىق:

كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۈمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۈشا، ئىشرەتفەزا ھەر سەبزەزارى كاشغەر.

— گۈمنام.

نەۋائى دىلكۈشا — يېقىملىق كۈي.

نۇتقى دىلكۈشا — دىلغا ياقىدىغان سۆز، يېقىملىق نۇتۇق.

دىلكۈشادە [دلكشاده] (پ) 1) ئوچۇق كۆڭۈل. 2) شاد، خۇرسەن.

دىلكۈشادە ئولماق — شاد بولماق، كۆڭلى ئېچىلماق، غەمدىن قۇتۇلماق.

دىلكۈشاي [دلكشاى] (پ) «دىلكۈشا» غا قاراڭ.

دىلگىر [دىلگير] (پ) يۈرىكى سىقىلغان، بوغۇلغان؛ ئازار يېگەن، رەنجىگەن؛ خاپا، غەمكىن:

قىلىپ ھۇسنى ئاتى بۇلبۇلغە تەئسىر،
غەرىب بىچارە بۇلبۇل بولدى دىلگىر.

— خىرقەتى.

دىلمۇردە [دل مرده] (پ) كۆڭلى ئۆلۈك، ئارزۇ - ھەۋەسى يوقالغان، بوشاشقان.

دىلنەۋاز [دل نواز] (پ) 1) دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى، كۆڭۈلنى يايراتقۇچى؛ يېقىملىق؛ يار، جانان، مەشۇق:

مېنىڭ سەن ئىككى ئالەم دىلنەۋازىم،
سېنىڭ ئۈچۈن ئېرۇر سوزۇ گۇدازىم.

— خىرقەتى.

دىمار [ديمار] (ئە) 1) تۈتۈن. 2) ھالاكەت، نابۇت. 3) «دەمار» غا قاراڭ.

دىمار چىقارماق — ھالاك قىلماق:

ئالى ئەبباس ئەيلەبان كىسۋەتلەرىنى قاپقارا،
قارا باسقاندەك مۇخالىفتىن چىقارمىشلار دىمار.

— تەجەللى.

دىماغ [دماغ] (پ) 1) بۇرۇن. 2) مېڭە:

كۆزدىن پەرۋەش ئۇچتىلەر، سەۋدايى ئىشقىڭ تۇشتىلەر،
خەم بولدى مەھكەم پۇشتىلەر مەستانە ئەۋرۇلدى دىماغ.

— شەۋقى.

3) كەيپىيات، روھىي ھالەت. 4) تەبىئەت، كۆڭۈل. 5) ئارزۇ - ئىستەك، خاھىش. 6) خىيال، ئەقىل، ھوش.

دىماغ زەئفى — نېرۋا ئاجىزلىق.

دىماغ خۇش ئولماق — شاد بولماق، خۇشاللانماق.

دىماغ قىزىغ ئولماق — شادلانماق، خۇرسەن بولماق.

دىماغ گەرم ئەتمەك — مەست قىلماق.

دىماغ ئۆيى — مېڭە قاپقىقى.

دىماغى فۇلاد — جاھىل، قەيسەر، گەپكە كىرمەيدىغان.

دىماغى مۇشەۋۋەش — پەرىشان ھالەت.

دىن [دين] (ئە) ئېتىقاد، ئىشەنچ:

خار كۆرسەڭ بايغە ئىززەت ئەيلەبان فەقر ئەھلىنى،
دىننى بەرباد ئەيلەگەيسەن، دىنۇ ئىمانىڭ غالەت.

— شەۋقى.

دىنار [دنار] (ئە) 1) ئالتۇن تەڭگە. 2) پۇل بىرلىكى. 3) قىپقىزىل، چاقناپ تۇرغان:

قويار سەدقەلەر دەپ بۇ دىنارنى،
بىلىپ مۇئتەبەر گۈل نىگۇنسارنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىنپەرۋەر [دين پرور] (ئە + پ) دىن ھامىيسى.

دىنىي [دينى] دىنغا مەنسۇپ، دىنغا ئائىت.

دىۋ [ديو] (پ) 1) دىۋە، شەيتان؛ مەۋھۇتلىك، ناھايىتى زور، كۈچلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ئەپسانىۋى مەخلۇق:

قارىپ ئېردى دىۋلەر قىلىپ ئېھتىمام،
پامەردى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مۇغەمبەر، ئالدامچى، مەككار، ھىيلىگەر. 3) بالا - قازا. 4) دەھشەت. 5) تېز، چاپقۇر، ئىلدام يۈرەر.

دىۋى غۇرۇر — مەغرۇرلۇق، شەيتانلىق، زوراۋانلىق.

دىۋى لەئىن — لەنەتلەنگەن دىۋە:

كىمكى سۇجۇد ئەيلىمەدى ھۇسنۇڭە،
دىۋى لەئىن ئولدىيۇ شەيتانىمىز.

— نەسىمىي.

مىدھەتى دىۋ — دىۋىنىڭ مەدھىيىسى:

ئىستەبە قەددىڭ جەھاندىن بىسكى ئەفرىدۇن ئەسىر،
مىدھەتى دىۋ ئەيلەبان سۇلبى پەرىزاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

دىۋار [ديوار] (پ) 1) تام. 2) چېگرا؛ توسۇق:

ئەجەب باغىكى ھەر دىۋارى ئانىڭ،
شەرافەت سايەسى يەتكىلىغ ھۇمانىڭ.

— ناقىس.

سايەئى دىۋار — تام سايىسى، كۆلەڭگىسى:

دەۋلەت ئىستەپ ئىستەمەن دەۋلەت قۇشىنىڭ سايەسىن،
تەگسە بىر كۈن كويى سارى سايەگى دىۋار بەس.

— ئەرشى.

سەرى دىۋار — تامنىڭ بېشى، كوچىنىڭ بېشى:

مەنى ھەيران باشىغە سايەسى تۈشسە ئەجەب ئېرمەس،
نېتاڭ، خۇرشىدى شەۋكەتكىم سەرى دىۋارە ياستانمىش.

— ئەرشى.

دىۋان [ديوان] (پ) [كۆپلۈكى: دەۋايىن] 1) دەپتەر؛

دىۋان، توپلام؛ مەجمۇئە:
بىلمەسلىك ئەھلى جۇنۇنىنىڭ ھالەتىنى، زاھىدا،
ھەسبى ھال ئاچقىل زەلىلى تەلبەنىڭ دىۋانىدىن.
— زەلىلى.

2) دۆلەت مەھكىمىسى، ھۆكۈمەت ئىدارىسى:
كى دىۋانغا باردىم تەمەللۇق ئۈچۈن،
ئالار سەرۋەرىغە تەئەللۇق ئۈچۈن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) دۆلەت ھېسابات مەھكىمىسى:
دىۋاندا موللالاركى پۈتۈپ دەفتەرى ھىساب،
ئىنسابۇ ئەدل چېھرىسىگە ياپسا ئول نىقاب.
— سەبۇرى.

4) ئوردا، ساراي، قەسىر:
مەجالىس تۈزۈپ بىللە دىۋان ئارا،
ئىكەۋ ئولتۇرۇپ قەسرۇ ئەيۋان ئارا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىۋان باشى — دىۋان باشلىقى، مەھكىمە باشلىقى، ۋەزىر.

دىۋان بېگى — ۋەزىر؛ باش كاتىپ:
دېدىكىم: *ئاتام شەھقە دىۋان بېگى،*
نە دىۋان بېگى، بەلكى ئەيۋان بېگى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

سەفھەئى دىۋان — دىۋان بېتى، سەھىپىسى:
گۈلىستانى سۇخەننى سەير ئېتەردە سەفھەئى دىۋان،
چېكەر باشىغە گۈلدەك مىسرە ئىنى ئىنتىخاب ئەيلەپ.
— زەلىلى.

ھۆسن دىۋانى — گۈزەل چېھرىسى، رۇخسارى.

دىۋانە [ديوانه] (پ) 1) ئەقلىدىن ئازغان، سەۋدايى:
يارنىڭ كويىدا مەن دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت،
خەلق ئاراسىدىن چىقىپ بىگانە بولدۇم ئاقىبەت.
— نەۋبەتى.

2) سەرسان، سەرگەردان؛ گاداي. 3) ئاشىق:
ئەي سەنەملەر سەرۋەرى، جانىم ساڭا دىۋانەدۇر،
كىم چىراغى ھۆسنۈڭگە كۆڭلۈم قۇشى پەرۋانەدۇر.
— ئەرشى.

4) دىۋانە، تىلەمچى:
بۇ دىۋانە ئالسۇن يىغىپ پۇللارىن،
خەزايىن، دەفايىن بىلە قوللارىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىۋانە پەيۋەند — دىۋانىلەرچە.

دىۋانە كىردار — دىۋانە مىجەز، سەۋدايى.

دىۋانە شىئار — دىۋانە سۈپەت، سەۋدايى مىجەز.

دىۋانە مانەند — دىۋانىگە ئوخشاش، سەۋدايىلاردەك.

دىۋانە مىسال — «دىۋانە مانەند» كە قاراڭ.

دىۋانەئى ئاشۇفتە — ئاشىق، شەيدا، سەرسان - سەرگەردان.

دىۋانەئى ئالىي سىفەت — پاك ھەقىقىي ئاشىق.

دىۋانەئى خۇمارى ئەبتەرىي — دائىم ئىچىپ، مەست - ئەلەست بولۇپ يۈرگۈچى كىشى.

دىۋانەئى سىياھپۇش — 1) ئەل نەزىرىدىن قالغان كىشى. 2) ئۆزىنى كەمتەر قىلىپ كۆرسىتىش.

دىۋانەئى شەيدا — ئەقلىدىن ئاداشقان ئاشىق.

دىۋانەئى فاسىقى ئەبتەرىي — يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى ساراڭ.

دىۋانەئى فەرزانە — دانىشمەن، بىلىمدان دىۋانە.

دىۋانە ئولماق — 1) سەۋدايى، تەلۋە بولماق. 2) ئاشىق بولماق، گىرىفتار بولماق.

دىۋانەسار [ديوانه‌سار] (پ) سەۋدايى سۈپەت، ساراڭغا ئوخشاش، تەلۋىلەردەك، دىۋانىلەر كەبى.

دىۋانەگان [ديوانه‌كان] (پ) سەۋدايىلار، دىۋانىلەر:
جان بېرۈردە زىررە تەغيىر ئولمادى،
ئەي پەرى رو، ھالەتى دىۋانەگان.
— زەلىلى.

دىۋانەۋار [ديوانه‌وار] (پ) «دىۋانەسار» غا قاراڭ:
ئەرشىيا، گەرچە نەۋائى ھەم ئەسىر بولمىش ئىكەن،
بولماغاي مۇنداغ ئانى دىۋانەۋار ئەتكەن يىگىت.
— ئەرشى.

دىۋانەۋەش [ديوانه‌وش] (پ) «دىۋانەسار» غا قاراڭ.

دىۋانخانە [ديوان خانه] (پ) دۆلەت كاتىبات مەھكىمىسى.
فەلەك دىۋانخانەسى — ئاسمان.

دىۋانىي [ديوانى] (پ) دىۋانغا تېگىشلىك، مەھكىمىگە تەۋە.

دىۋانىي قىلماق — مۇسادىرە قىلماق، دۆلەت ئىختىيارىغا ئالماق.

دىۋئايىن [ديواين] (پ) 1) دىۋىگە ئوخشاش، دىۋسىمان. 2) ھىيلىگەر، مەككار، قۇۋ.

دىۋباد [ديوباد] (پ) 1) چاڭ - توزان. 2) قۇيۇن. 3) كۈچلۈك، پالۋان.

دىۋبەند [ديوبند] (پ) دىۋە بىلەن ئېلىشقۇچى، دىۋنى يەڭگۈچى، دىۋنى باغلىغۇچى؛ زور، جەسۇر، كۈچلۈك، پالۋان.

دىۋپەيكەر [ديور پيكر] (پ) دىۋدەك؛ ھەيۋەتلىك، بەتشەكىل.

دېۋزاد [ديوزاد] (پ) 1) دېۋدىن تۇغۇلغان، دېۋە ئەۋلادى، دېۋە بالىسى. 2) دېۋدەك. 3) زور گەۋدىلىك، يۈگۈرۈك ئات.

دېۋزادە [ديوزاده] (پ) «دېۋزاد» قا قاراڭ.

دېۋزەدە [ديوزده] (پ) دېۋە ئۇرغان، جىن ئۇرغان.

دېۋسار [ديو سار] (پ) دېۋە شەكىللىك، دېۋىگە ئوخشاش.

دېۋسان [ديو سان] (پ) دېۋىسىمان، دېۋە كەبى؛ زور.

دېۋسىيرەت [ديو سيرت] (پ) دېۋە خۇيلۇق، دېۋە تەبىئەت؛ كۆڭلى قارا، بۇزۇق مىجەزلىك.

دېۋكۈش [ديو كش] (پ) 1) دېۋىنى ئۆلتۈرگۈچى. 2) كۈچلۈك، پالۋان، باتۇر.

دېۋلاخ [ديولاخ] (پ) دېۋە كۆپ جاي، دېۋىلەر ماكانى.

دېۋمانەند [ديوماند] (پ) دېۋىسىمان، دېۋىگە ئوخشاش؛ زور، كۈچلۈك؛ قوپال.

دېۋنەژاد [ديو نژاد] (پ) دېۋە نەسەب، دېۋە ئەۋلادى، دېۋدىن تۆرەلگەن؛ دېۋدەك قەبىھ.

دېۋنىهاد [ديونهاد] (پ) دېۋە تەبىئەت؛ كۆڭلى قارا، قەبىھ.

دېۋۋەش [ديو وش] (پ) «دېۋ مانەند» كە قاراڭ.

دېۋۋەش خەلق — دېۋىگە ئوخشايدىغان كىشىلەر.

دېۋە [ديوه] (پ) «دېۋ» گە قاراڭ:

كىم ئول پەرىسىز قىلغۇسىدۇر دېۋە تەسەۋۋۇر،
ئەرشىكى ئانىڭ بولسە چۇ ھەمخانە پەرىزاد.

— ئەرشى.

دېۋە ئەبتەر — بەتھەيۋەت؛ يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېۋە؛ قورقۇنچلۇق ئادەم:

بار ئېردىكىم ئاڭا يەتتە بەرادەر،
زەخامەتلىك، يوغان باش دېۋە ئەبتەر.

— ناقىس.

دىيار [ديار] (ئە) 1) ئۆلكە، مەملىكەت؛ ئۆلكىلەر، مەملىكەتلەر. 2) يۇرت، ۋەتەن، ئۆي، ماكان:

زىھى ئازادەئى مەن ئىشق ئارا مەجنۇن ئەمەس ھەمراھ،
نە مەندە خانۇمانۇ نە ماڭا يارۇ دىيار ئولغاي.

— سەبۇرى.

دىيارى ئەجەم — ئەجەم مەملىكىتى، ئۆلكىسى:

تاپاي مەنفەئەت دەپ سەفەر ئەيلەدىم،
دىيارى ئەجەمغە گۇزەر ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىيارى خاۋەر — شەرق مەملىكىتى، ئۆلكىسى.

دىيارى كاشغەر — قەشقەر دىيارى، ۋىلايىتى:

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.

— گۇمنام.

دىيارى ھۆسن — 1) گۈزەللىك دىيارى. 2) چىراي، يۈز، چېھرە:

دىيارى ھۆسنىدىن ئەزم ئەيلەسەم كۆلبەم سارى ناگەھ،
يولىنە كۆزلەرىم سەردا بەلەر قىلغۇم پۇرئاب ئەيلەپ.

— ئەرشى.

غەم دىيارى — غەم - قايغۇ دىيارى، دەرد - ئەلەم ماكانى:

سەبا ھەم قىلدى بۇلبۇلنى پۇرسىتىش،
ساڭا بۇ غەم دىيارىدا بەدۇر ئىش.

— خىرقەتى.

دىيانەت [ديانت] (ئە) 1) دىندارلىق، دىن تۇيغۇسى. 2) كۆچمە م. ۋىجدان، ئىنساپ. 3) ھەقىقەت. 4) ئېتىقاد، ئىشەنچ.

بەددىيانەت [بدديانت] (پ + ئە) 1) دىنسىز. 2) ئېتىقادسىز. 3) ئىنساپسىز، ۋىجدانسىز:

مېنىڭ چىقمايدۇ دەردىم، ئەي قەلەندەر، زەررىچە ھەرگىز،
رەقىبى بەددىيانەتنى ئەگەر ئوت ئىچرە كۆيدۈرسەم.

— قەلەندەر.

دىيەت [ديت] (ئە) خۇن باھاسى، خۇن پۇلى (بىراۋنى ئۆلتۈرگەنلىك ئۈچۈن تۆلىنىدىغان قان باھاسى).

ھۆكمى دىيەت — خۇن ھەققى تۆلەش ھۆكۈمى، خۇن ھەققى توغرىسىدىكى كېسىم.

دىيدار [ديدار] (پ) 1) يۈز، چېھرە. 2) ۋىسال، يۈز كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش:

سەبا گۈلنىڭ دىيدارىغە خەبەردار ئىستەپ بارىپ، بۇلبۇلنى تاپقانى.

— خىرقەتى.

دىيدار كۆرمەك — كۆرۈشمەك، ئۇچراشماق.

جىلۋەئى دىيدار — چىراي جىلۋىسى:

گۈلنى نەيلەي، گۈلشەن ئىچرە بولسە گۈلرۇخسار بەس،
شىيۋەئى ھۆسنى مەلاھەت، جىلۋەئى دىيدار بەس.

— ئەرشى.

مەستى دىيدار ئولماق — كۆرۈشۈش ئىشتىياقىدا مەست بولماق، قاتتىق سېغىنماق.

نېمەتى دىيدار — ئۇچرىشىش نېمىتى، ۋىسال:

ئىشق ئەھلى ئىختىيار ئەتمەس بۇ ئالەم راھەتىن،
مۇددەئاۋۇ ئارزۇيىش نېمەتى دىيداردۇر.

— شەۋقى.

دىيدە [دیده] (پ) كۆز:

ئىشقىڭ ھەۋەسىدە گەر يۈرۈرمەن،
دىيدەم گۈزەلىدە جا نىيدىندۇر.

— ئەرشى.

دىيدە بىخاب — ئۇيقۇسىز كۆز.

دىيدەئى پۇرخۇن — قانغا تولغان كۆز.

دىيدەئى جان — جان كۆزى:

تەۋاپ ئەيلەدىم دىيدەئى جان بىلە،
بارىپ ئالدىغە خەتمى قۇرئان بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىيدەئى جەھانبىن — جاھاننى كۆرەلىگۈچى كۆز، ئۆتكۈر كۆز.

دىيدەئى خۇنبار — قانلىق ياش تۆككۈچى كۆز:

ئىلتىفاتى كۆرمەدىم ئول دىلبەرى تەرراردىن،
كەلمەدى رەھمى ئانىڭ بۇ دىيدەئى خۇنباردىن.

— قەلەندەر.

دىيدەئى رەۋشەن — نۇرلۇق، ئۆتكۈر كۆز.

دىيدەئى گىريان — يىغلاپ تورغان كۆز، ياشقا تولغان كۆز.

دىيدەئى ئىبرەت — ئىبرەت كۆزى، ئىبرەت - ساۋاق ئالغۇچى كۆز.

نۇرى دىيدە — 1) كۆز نۇرى. 2) پەرزەنت، سۆيۈملۈك كىشىسى:

كى ئەي نۇرى دىيدەم قايان باردىڭىز؟
سەفەردىن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز؟

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىيدەبان [دیده‌بان] (پ) پايلاقچى، نازارەتچى، كۆزەتچى، قاراۋۇل، ساقچى، مۇھاپىزەتچى.

دىيدبان [دیدبان] (پ) «دىيدەبان» غا قاراڭ.

دىينار [دینار] «دىنار» غا قاراڭ.

ر

رازجو [رازجو] (پ) سىر، مەخپىيەتلىك ئىزدىگۈچى:

كەيفىيەت سوردىكى نە ھال ئېردى بۇ،
شەيخ ئايتدى: كى ئەي رەفىقى رازجو.

— نەۋايى.

رازدار [رازدار] (پ) 1) سىرداش، مۇڭداش:

شاد ئېرۇرمەن جانۇ كۆڭلۈم بىرلە بەرسەڭ مۇژدەئى،
رازدارىم، مېھرىبانىم، غەمگۇسارىمدىن ماڭا.

— مەھزۇن.

2) خەۋەردار. 3) ئىشەنچلىك.

رازۇلۇغ [راضولوغ] رازىلىق، «رازى» غا قاراڭ:

بەرمەگەلى نەھەد تۇرۇر كەلسە قىزاغە رازۇلۇغ،
قانغالى ئارزۇسىغە كۆرمەدىلەر رەۋا چىچەك.

— موللا سالىھ.

رازى [راضى] (ئە) باش ئەگكەن، قوبۇل قىلغان، ئىتائەت قىلغان:

ئەندەلىبغە خاردىن مەجۇنغە ئەتفال تاشىدىن،
رازىدۇر يۈز جەۋرى يەتسە خار ئىلە خاراسىغە.

— موللا سالىھ.

رازى بولماق — كۆنمەك، قانائەت قىلماق، باش ئەگمەك، ئىتائەت قىلماق:

ئەرزى دىلىمنى ئىشتىبان رەھىم ئەيلەسە مەن زارغە،
گۇل سۆيگەلى بولسە بەھەم رازى بولۇرمەن خارغە.

— موللا سالىھ.

رازىق [رازق] (ئە) رىزىق بەرگۈچى، رىزقلاندۇرغۇچى، تويدۇرغۇچى (تەڭرىنىڭ سۈپىتى):

جەمىئى جەھاننىڭ ئېرۇر خالىقى،
ھەمە زى نەفەسنىڭ ئېرۇر رازىقى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رازىيانە [رازيانە] (پ) ئارپابەدىيان.

راست [راست] (پ) 1) چىن، ھەقىقەت؛ توغرا؛ ئوڭ:

… فىرەڭ ئەلچىسى ۋەزىرىنىڭ سۆزى راست چىقىپ ۋە ئانى ئىفشا قىلىپ، شاھ ۋەزىرنى زىنداندىن خەلاس قىلىپ ۋە شاھ قەفەسدەكى ئىككى كىشىنىڭ ھالىنى تەجەسسۇس قىلغانىدا، خاجە نائىلاجلىقىدىن باشىغە كەلگەن سەرگۈزەشتىن بەيان قىلغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئۈدۈل، تۈپتۈز:

كېلۇر بىر كارۋان ئول يول بىلە راست،
يولۇقۇشتى شەھەنشاھ بىرلە بىخاست.

— لۇتفى.

3) لايىق، مۇناسىپ؛ ئوخشاش، ماس؛ خۇددى:

ئەگەر راست بولساڭ ئاڭا مۇڭتەقىد،
كى زىندانغە بارغىل بولۇپ مۇستەئىد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4) تازا، پاكىز:

خىزىردىن ئېبلىس ئېرۇر ئەئما كەبى،
راست زۇمۇررەد بىلە ئەفئا كەبى.

— نەۋايى.

5) مۇزىكا كۈيلىرىدىن بىرى.

راست ئەيلەمەك — راسلىماق، تەييارلىماق:

بۇ شەھ ئەمر قىلدى تەبەھكارنى،
ئاسىلىڭ راست ئەيلەپ ئېگىز دارنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

راست قىلماق — 1) سازلىماق (چالغۇ ئەسۋابلىرىنى):

سەن مەي ئىچىبۇ راست قىلىپ ساز ئىلە ئاھەڭ،
مەن قان يۇتۇبۇ تارتىبان ئەفغان ئىلە نالە.

— نەۋايى.

2) تەييارلىماق، راسلىماق، «راست ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

غەلەت، كەمنى يارانلار سىز قىلىڭ راست،
ئېرۇر دەرخاست بىزدىن قويماڭىز كاست.

— خىرقەتى.

راست كەلتۈرمەك — توغرىلىماق، توغرا كەلتۈرمەك.

راست كەلمەك — ماس كەلمەك، توغرا كەلمەك؛ راست چىقماق.

راستىي - رەستىي — «توغرا بولساڭ قۇتۇلىسەن» مەنىسىدىكى ئىبارە.

راست بەسەر [راست بصر] (پ + ئە) توغرا كۆڭۈل:

تۈز كۆرگۈچى پاك نەزەر، ھۇنەر كۆرگۈچى *راست بەسەر*.

— نەۋايى.

راست رەۋ [راست رو] (پ) توغرا يۈرگۈچى، توغرا، ھالال.

راست رەۋلىق [راست رو ليق] توغرىلىق، ھالاللىق.

راستگار [راست كار] (پ) قۇتۇلۇش؛ ئاقلىنىش، پاكلىنىش:

ئاڭا راستىي - رەستىي كەلگەي بەكار،
قاچان راست بولماي بولۇر راستگار.

— نەۋايى.

راستگار بولماق — قۇتۇلماق.

راستگام [راست كام] (پ) توغرا يۈرگۈچى، توغرا قەدەم تاشلىغۇچى.

راستگو [راستكو] (پ) توغرا سۆزلۈك، توغرىسىنى، ھەق گەپنى قىلغۇچى:

راستگو كىرسە بولماغاي ئاڭا جۇش،
سۇيى بەرگەي ھەۋاسى چەشمەگى نۇش.

— نەۋايى.

راستگوي [راستكوي] (پ) «راستگو» غا قاراڭ:

تاپىلماي ئالەم ئىچرە بىر مۇۋاپىق يار، مەگەر تاپتىم،
ئۆزى ساپۇ سۆزى ساق راستگويلىقدە ئەيان كاغەز.

— خۇشھال غەرىبى.

راست مانەند [راست مانند] (پ) راستقا ئوخشاش.

راسۇ [راسو] (پ) سۆسەرلەر ئائىلىسىدىن بولغان يىرتقۇچ كىچىك ھايۋان.

راسىخ [راسخ] (ئە) [كۆپلۈكى: راسىخىن] 1) مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس، بەرقارار، دائىمىي، مەھكەم تۇرىدىغان. 2) بىلىدىغان، ياخشى بىلگۈچى.

راسىخ بولماق — بەرقارار بولماق، مۇستەھكەم بولماق.

راسىخ تۇتماق — مۇستەھكەم قىلماق، بەرقارار تۇتماق.

راغ [راغ] (پ) 1) ئوتلاق، يايلاق؛ دالا:

نە مەشرىق، نە مەغرىب، نە شەھرۇ نە راغ،
كى بىر سائەت ئولماي بۇ ئىشتىن فەراغ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

قىلىپ راغنى باغ ئىلە بوستان،
كى جارى قىلىپ ئاندا ئابى رەۋان.

— ئا. نىزارى.

2) باغ، باغچە؛ باغ - بوستان:

يەتتى سۇلتانغە بۇ سۆز باشىدىن - ئاياغ،
تىيرە بولدى كۆزلەرگە باغۇ راغ.

— زەلىلى.

راغىب [راغب] (ئە) خالىغۇچى، تەلەپ قىلغۇچى؛ مايىل؛ خاھىش:

ئەگەر راغىب ئىسەم دىل باغىغە ۋەسلى قەدەم قىلماق،
بەكىت كۆڭلۈگە ئىتلار مېھرىنى راغىب قۇياشىمدۇر.

— گۇمنام.

راغىب بولماق — خالىماق، مايىل بولماق:

بۇلبۇل سەبادىن گۈلنىڭ ۋەسفىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى گۈلغە تالىب بولۇپ، بارۇرغە راغىب بولۇپ، سەبادىن بىرنەچچە سوئال سوراغانى.

— خىرقەتى.

راغىب ئولماق — تەلەپ قىلماق، «راغىب بولماق» قا قاراڭ.

رافەت I [رافت] (ئە) ئەسلى «رەئفەت» بولۇپ، ۋەزن ئېتىبارى بىلەن «رافەت» بويىچە ھەم ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ؛ «رەئفەت» كە قاراڭ:

بولدى سەركەشلىكدىن ئانىڭ ئافەتى،
ئەجزۇ تۇفراغلىق يۇ بىرىنىڭ رافەتى.

— نەۋايى.

رافەت II [رافت] (ئە) يېقىنلىق؛ «رەئفەت» كە قاراڭ.

رافىئ [رافع] (ئە) يۇقىرى كۆتۈرگۈچى، يۈكسەلدۈرگۈچى.

راقىم [راقم] (ئە) خەت يازغۇچى، كاتىپ:

... دىۋان تەكمىلىغە مايىل بولغاي ۋە يەنە داغى لەتافەت شىئار نازىملار زەرىفى ۋە زەرافەت دىسار راقىملار لەتايىفى ھەريان ئىستىما تۇشەركىم، كۆپرەك مەتبۇ ۋە مەقبۇل ۋە مەئنى دەرياسىدا مۇنچە غەۋۋاس ئاراسىدا بەيابانغا خۇي قىلغان دىۋانە لىسانىدىن داغى بىگانە بولدى.

— قېدىرخان يەركەندى.

راقىي [راقى] (ئە) دۇئاخان؛ سېھىرگەر، سېھىر قىلغۇچى:

يانە راقىيۇ ساھىرى ھۈنەرى،
دەفئ ئېتەردۈك زىيانى دىۋۇ پەرى.

— نەۋايى.

راك [راك] ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن بىرى:

ھەجرىدە مەن ئوقۇپ غەزەل راك ئىلە مۇختەلىف نەئىن،
بەلكى نەۋادا قىچقىرىپ خەلق ئارا بىنەۋا بولاي.

— موللا سالىھ.

راك، ئۇشاق ۋە ئوشاقنىڭ مەرغۇلەلىرىنى ئىجاد ۋە كەشف قىلىپ ئالەمگە يايغان، شاگىردلارىغە تەئلىم قىلغان ئىردى.

— مۆجىزى.

راكىب [راكب] (ئە) ئاتلىق، ئات (ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى) مىنىپ يۈرگۈچى:

مىنىسە ئەبرىش ئول قۇياش، كۆيمەي نېتەيكىم، بابىرا،
مېنى كۆيدۈرمەككە يەلدۈر مەركەب، ئوتدۇر راكىبى.

— بابىر.

راكىب بولماق — «راكىب ئولماق» قا قاراڭ:

چۇ شەھ باد پەيماغە راكىب بولۇپ،
تەقى قاھ بارماقغە راغىب بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

راكىب ئولماق — بىرەر ئۇلاغقا مىنمەك؛ ئاتلانماق.

راكىئ [راكع] (ئە) رۇكۇ قىلغۇچى، بېشىنى ئەگكۈچى، ئىككى پۈكۈلگۈچى:

ئەي نەۋائى، ئىستەسەڭ بەرگۇ نەۋا بۇ باغ ئارا،
گۈلدەك ئول راكىئ، كېچە بۇلبۇل كەبى بىدار سۈبھ.

— نەۋائى.

راكىئ ئولماق — ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك.

رام [رام] (پ) پەرمانبەردار، بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش:

كۆڭۈل ئىشقىڭ بىلە بولدى بەسى رام،
نى يەرگە يەتكۈسى ئاخىر سەرەنجام.

— سەييد ئەھمەد.

رام ئەيلەمەك — 1) جەلپ قىلماق، ئۆزىگە تارتماق:

دانەنى ئادەمگە سەن دام ئەيلەدىڭ،
نەفسنى ئول دانەغە رام ئەيلەدىڭ.

— خەراباتى.

2) ئىتائەت قىلماق، ئىتائەتكار بولماق.

رام بولماق — مايىل بولماق، بويسۇنماق:

تەسەللى خاتىر دېدىم ياخشى سۆز،
بولۇپ ئەندەكى رام بۇ قىز ئاچتى كۆز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رام قىلماق — «رام ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

رام ئولماق — «رام بولماق» قا قاراڭ:

نېتكۈڭ، ئەي جان، گەرچە ئىستەر بۇتى ئارامىڭ سېنىڭ،
رام ئولغان كۆپدىن ئوق ئارامى جانىم بولسە بەس.

— ئەرشى.

رامىش [رامش] (پ) 1) پاراغەت؛ رەھمەت قىلىش. 2) ناخشا، مۇزىكا:

كى ئول ئۇن بىلە ئەيلەگىل رامىشى،
كى يەتكەي ماڭا بىردەم ئارامىشى.

— نەۋائى.

رامىش ئەيلەمەك — كۈيلىمەك، مۇزىكا چالماق.

رامىشگەر [رامشكر] (پ) ناخشىچى؛ مۇزىكانت:

زۇھرە داغى فەخر ئېتىپ بولمىش ئىدى رامىشگەرى،
خىزمەتىدە خەم قىلىپ قەددىنى چەرخى چەنبەرى.

— ئەرشى.

رامىشي [رامشى] (پ) كۈيلىگۈچى، (مۇزىكا) چالغۇچى.

رامىھ [رامح] (ئە) 1) (ھەرىكەتتىكى) ئاتلىق ئەسكەر. 2) نەيزە تۇتقان، نەيزىلىك. 3) يۇلتۇز نامى.

سىماقى رامىھ — ئەسەد بۇرجى (ئون ئىككى بۇرجنىڭ بىرى) دىكى بىر يۇلتۇزنىڭ نامى؛ «بۇرج» قا قاراڭ:

ئوتاغەلەردىن نەسرى تايىسىرغە رەم، نەيزەلەردىن سىماقى
رامىھ يۈزى دەرھەم.

— نەۋائى.

ران [ران] سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «يۈرگۈزگۈچى، ماڭغۇزغۇچى، كەتكۈزگۈچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

زەئفران — كۈچسىزلىكنى، ماغدۇرسىزلىقنى كەتكۈزگۈچى؛ كۈچكە، ماغدۇرغا كىرگۈزگۈچى.

راھ [راح] (ئە) 1) شادلىق. 2) كۆچمە م: مەي، شاراب:

ئىچۈرگەچ غۇسسە راھىن مىھر ئەياغى،
شەفەق يۈزىگە چىقمىش كۆڭلى قانى.

— ئەرشى.

راھى رەيھانىي — كۆكۈش ۋە خۇشبۇي مەي.

راھى گۈلفام — گۈل رەڭ، ئەتىرگۈل رەڭلىك مەي، قىزىل مەي، قىزىل رەڭلىك شاراب:

تۇمەن جىلۋە بىرلە ئالىپ جامنى،
كى يۇر ئەيلەبان راھى گۈلفامنى.

— ئا. نىزارى.

راھى نەھرۇن - نىجات — نىجاتلىق دەرياسىنىڭ شارابى، ئاسايىشلىق مېيى:

كى بولسۇن ماڭا راھى نەھرۇن - نىجات،
تاپاي زەۋقىدىن جاۋىدانى ھەيات.

— ئا. نىزارى.

راھى ۋەسل — ۋىسال شارابى، ئۇچرىشىش مېيى:

ئايا ساقىيا، تۇت ماڭا راھى ۋەسل،
بولاي زەۋقى - شەۋقىدە مىسباھى ۋەسل.

— ئا. نىزارى.

راھ II [راه] (پ) يول؛ مەسلەك؛ ئېتىقاد:

يەئنى تەرىقەت يولى تۇرفە راھى مۇستەقىم،
ئاندا قەدەم راست قويىكىم خەتەر بولماسا.

— زەلىلى.

راھى ئەدەم — يوقلۇق يولى:

ئەي گۆرىستان ئەھلى بىر - بىر تۇتتۇڭىز راھى ئەدەم،
كىم مەلۇل ئولماڭ بۇ كۈن تاڭلا قىيامەت ئەتقەرىب.

— زەلىلى.

راھى راست — توغرا يول:

يا رەبا، ھەركىم مۇنافىق بولماغاي،
راھى راست بەرگىلكى، •فاسىق بولماغاي.

— خەراباتى.

ئەزمى راھ — يولغا چىقىش:

زەمىن تۇفراغى ھەم بەغايەت سىياھ،
ئانىڭدىن تۇشۇپ ئەيلەدىم ئەزم راھ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۇشە راھى — سەپەر ئوزۇقى، يول ئوزۇق - تۈلۈكلە-

رى:

ياشلىقىمدا گەۋھەرى ئالەتنى بەرباد ئەيلەدىم،
تۇشە راھى ئاخىرەت بىلكۆل ئەدا بولدى، دەرىغ.

— شەۋقى.

تۇشەئى راھ — «تۇشە راھى» غا قاراڭ:

كېتەر يولۇڭغە نە لازىم كۆزۈڭنى ئاچ غافىل،
نەدۇركى تۇشەئى راھىڭ ئاخىرنى قىلغىل ياد.

— شەۋقى.

خاكى راھ — يولنىڭ توپا - تۇپرىقى؛ يولنىڭ چاڭ - توزىنى:

خارلىق ھەددىن ئاشۇرمالىڭ، چۈنكى ئىززەت يولدادۇر،
ئاتىڭىز نەئلىندە بىزنى خاكى راھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ.

— لۇتفى.

شاھ راھ — پادىشاھلىق يول، خان يولى؛ كاتتا يول:

شاھ راھ شەرئىنى تا ئۆلگۈچە تەرك ئەتمەگىل،
قەۋلى پەيغەمبەر دۇرۇر ئۈممەتكە دەستۇرۇل - ئەمەل.

— زەلىلى.

راھەت [راحت] (ئە) تىنچلىق، ھۇزۇر، لەززەت، دەم ئېلىش:

يا كۆڭۈلنىڭ راھەتى يوق يا بەدەننىڭ قۇۋۋەتى،
ئول گۈلى ئەسفەر كەبى چېھرەم قالىپدۇر سارغەرىپ.

— موللا سالىھ.

راھەت سىرىشت — راھەت ئارىلاش:

رەۋزەئى فىردەۋس ئېرۇر ھەرقانچە كىم راھەت سىرىشت،
يوقتۇرۇر مەشھۇرىدە جۇز ئارزۇيى ۋەسلى بار.

— مەشھۇرى.

راھەتۇ ئىشرەت — راھەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت:

مىلىڭ دېدىم ئەرزىمنى، بىرى بولمادى باۋەر ساڭا،
كۆرمەدى ھەرگىز جەھاندە راھەتۇ ئىشرەت يۈزىن.

— قەلەندەر.

راھەتى دەۋران — دەۋرنىڭ راھەت پاراغىتى:

تا كۆڭۈل بەردىم ساڭا، ئەي موھۋەشى ھۇرى زەمان،
راھەتى دەۋران يۈزىنى بىر زەمانى كۆرمەدىم.

— قەلەندەر.

راھەتەين [راحتين] (ئە) ئىككى راھەت.

ئەل - يەئىسۇ ئىھدەر - راھەتەين — ئۈمىدسىزلىك ئىككى راھەتنىڭ بىرى:

ساقىيا، كۆپ ۋەئدە قىلدىڭ، راھ ئىلە راھەت يېتۈر،
يوقسە قىل مەئيۇسكىم، ئەل - يەئسۇ ئىھدەر - راھەتەين.

— نەۋايى.

راھبەر [راهبر] باشقۇرغۇچى؛ يول كۆرسەتكۈچى، يولباشچى، يېتەكچى:

دېدىم: يەتسە ناگاھ بۇلاردىن زەرەر،
مەنى ناتەۋانغە بولۇڭ راھبەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

راھرەۋ [راهرو] (پ) يولۇچى، ساياھەتچى:

كۇفرۇ ئىمان راھرەۋغە كىش ئەمەس،
ئەسلى يولدا بەند راھى بىش ئەمەس.

— نەۋايى.

راھزەن [راهزن] (پ) ئوغرى؛ يول توسار، قاراقچى:

مەستانە نەۋا بىرلە قوياي كەئبە سارى يۈز،
كىم يولدە مېنى مۇغبەچەئى راھزەن ئىستەر.

— تەجەللى.

كى بىر ئوق بىلە ئەلنى قىلدى خەلاس،
ھەمە راھزەنلەردىن ئالدى قىساس.

— ئا. نىزارى.

راھشۇناس [راهشناس] (پ) يول تونۇغۇچى، يول بىلگۈچى:

بولدۇڭ چۇ بەلادە راھشۇناسىم،
باردۇر ساڭا مۇنچە ئىلتىماسىم.

— نەۋايى.

راھنەما [راهنما] (پ) «رەھنەما» غا قاراڭ.

راھنەمۇن [راهنمون] (پ) «رەھنەما» غا قاراڭ.

راھنەۋەرد [راهنورد] (پ) «رەھنەۋەرد» كە قاراڭ.

راھۋار [راهوار] (پ) 1) يولۇچى، يول يۈرگۈچى:

ئايدى يىتىم: ئەي، ئەرەبى راھۋار،
ئۆزگە شۇتۇرنىڭكى ئاياغلەرى بار.

— زەلىلى.

2) يول يۈرمەك، ئاتلانماق، ماڭماق:

كى ئاندىن بولۇپمىز يەنە راھۋار،
قىلىپ ئىختىيارۇ ۋىدائۇ دىيار.

— ئا. نىزارى.

راھىب [راهب] (ئە) [كۆپلۈكى: رۇھبان] خرىستىئان دىنىدىكى تەقۋادارلار، زاھىد، موناخ؛ تەركىي دۇنيا قىلغانلار:

ياراماس قۇلغە ئالۇر ساھىبى،
كېتەر ئۆز يېرىگە ئەمەس راھىبى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

راھىبى جاۋىد ئەتمەك — يولباشچىلىق قىلماق:

كۆڭلۈڭنى زەمان بەھرىسىدىن نەۋمىد ئەت،
نەفسىڭگە بۇ ئىشنى راھىبى جاۋىد ئەت.

— نەۋايى.

راھىلە [راحله] (ئە) ئات - ئۇلاغ، يۈك ھايۋانلىرى:

كىم قىلسە سەفەر يۈك بىلە، خەۋفۇ خەتەرى بار،
نى مال، ئوزۇقۇ راھىلە، بىخەۋفۇ خەتەرمەن.

— گۇمنام.

راھىم [راحم] (ئە) باشپاناھ، مېھرىبان، شەپقەتچى (تەڭرىنىڭ سۈپىتى):

قەلەندەرغە بېرىپسەن ئىلمۇ فەزلى دەۋلەت، ئەي راھىم،
ئەتا قىلغىل يەنە ئاخىر دەمىدە بۇرى ئىمان ھەم.

— قەلەندەر.

راۋەند [راوند] (پ) بىر تۈرلۈك دورا ئۆسۈملۈكى:

بىلە دورى، راۋەند، نىلپەر، كۆن دورى،
سۆرۈنجان، خۇللەنجان، كىبابە، سەلىخ.

— موللا بىلال.

راۋىي [راوى] (ئە) رىۋايەت قىلغۇچى، قىسسە ئېيتقۇچى، نەقىل كەلتۈرگۈچى؛ خەۋەر، مەلۇمات بەرگۈچى:

قۇلاق تۇتقىل رىۋايەت قىلسا راۋىي،
ئىشىتكىل بۇ غەزەلنى دەر ھەۋائىي.

— سەيىد ئەھمەد.

راۋىيى نۇكتەدان — ھېكمەت سۆزلىگۈچى، رىۋايەتچى:

رىۋايەت قىلۇر راۋىيى نۇكتەدان،
كى ئۆتكەن زەماندىن نەچە داستان.

— ئا. نىزارى.

راۋىيان [راويان] (ئە) [بىرلىكى: «راۋىي»] 1) «راۋىي» غا قاراڭ. 2) رىۋايەت، قىسسە:

كەل، ئەي ۋەتەنگوي، ئېيلەگىل راۋىيان،
قىلىپ ئاقسۇدىن ئەمدى بىر داستان.

— موللا شاكىر.

رائىز [رائض] (ئە) تەربىيىلىگۈچى، ئۆگەتكۈچى؛ مەشىق قىلدۇرغۇچى؛ «رايىز» غا قاراڭ:

كۆڭۈلكىم، ئەسرۇ تەۋسەن ئېردى زۇھد ئايىنىدە، كۆڭۈل،
كى ئىشقىڭ رائىزىدىن نې زەبۇنلەردەك يۇۋاشىپدۇر.

— نەۋايى.

رائىي [راعى] (ئە) باشچى، سەركەردە، ھۆكۈمران:

رائىي ئول دېھقانكى نان بەرگەي رىيا،
بولغاي ئول مەھشەر كۈنىدە روسىيا.

— خەراباتى.

رائىيە [رائيه] (ئە) ئاخىرى «ر» ھەرپلىك سۆز:

رائىيە قەسىدەسى — قاپىيىسى ياكى رادىپى «ر» بىلەن تۈگىگەن قەسىدە.

قەسىدەئى رائىيە — «رائىيە قەسىدەسى» گە قاراڭ.

راي I [راى] (ئە) 1) پىكىر، ئوي، قاراش؛ ئەقىل، پەم، پاراسەت:

ئانىڭ رايى بىرلە تۈزەلدى جەھان،
كى ئاباد بولدى بۇزۇلغان مەكان.

— ئا. نىزارى.

2) ئىرادە، خاھىش؛ ئىختىيار:

كېرەك ئۆلتۈر، كېرەك ئەرسە قۇلۇڭمەن،
مۇبارەك بۇيرۇغۇڭدۇر قۇتلۇ رايىم.

— سەيفى سەرايى.

3) قارام، تەۋە:

فەلەك شەمئى رايى مۇنىرى ئانىڭ،
مەلائىك چىراغى زەمىرى ئانىڭ.

— نەۋايى.

4) يول:

سەھەر ۋەقتى بىر راي تاپتى سەۋاب،
ئالىپ غەيب دوشىزەسىدىن نىقاب.

— نەۋايى.

رايى ئەلەم ئاراي — ئالەمنى بېزىگۈچى (بېزەتكۈچى) پىكىر.

رايى ئەلىل — خاتادىن خالىي بولمىغان چۈشەنچە، قاراش.

رايى ئەئزەم — ئۇلۇغ پىكىر؛ كاتتا ئىختىيار، چوڭ ھوقۇق:

خاجەنى رايى ئەئزەم پادىشاھ دارغا ئاسقالى بۇيرۇغان ھالەتتە پادىشاھغە كېسەل ئارىز بولۇپ، مەھبۇسلارنى قويا بەرگىلى بۇيرۇغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رايى پاك — توغرا پىكىر.

رايى خىرەد — ئەقىل، ئىدراك ئىلاجى:

دىماغ ئىچرە خەبت ئولدى بىھەددۇ ئەد،
فۇتۇر ئولدى ئايىنى رايى خىرەد.

— نەۋايى.

رايى دىلپەزىر — كۆڭۈلگە ياقىدىغان سۆز، پىكىر.

رايى رەفىئ — يۈكسەك، ئۇلۇغۋار پىكىر.

رايى سايىب — توغرا پىكىر، ھەقىقانىي پىكىر.

رايى سەۋاب — توغرا ئوي، توغرا قاراش، پىكىر.

رايىغە كىرمەك — بىراۋنىڭ پىكرىگە قوشۇلماق، سۆزىگە كىرمەك.

رايى گەردۇن — قىسمەت، تەقدىر:

رايى گەردۇنغە دەست تاپقۇسىدۇر،
كۆكنى ئالىدە پەست تاپقۇسىدۇر.

— نەۋايى.

راي مەزبۇت — خاتىرسى ياخشى؛ ئەستە مەھكەم ساقلىنىدىغان ئوي - پىكىر:

يىگىتچەكە فىكىر بىرلە رايى مەزبۇت،
خوتۇنى ھۆسن بىرلە خىتتى مەتقۇت.

— ناقىس.

خۇد راي — بىر سۆزلۈك، ئۆز پىكرىنى راست قىلىدىغان؛ ئۆز بېشىمچى.

ھۇمايۇن راي — قۇتلۇق پىكىر، ياخشى ئوي.

راي II [راى] ھىندى پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

رايەت [رايت] (ئە) [كۆپلۈكى: رايات] بايراق:

رايەتى گەردۇنساي — ئاسمانغا، كۆككە تۇتاشقان بايراق.

رايزەن [راى زن] (ئە + پ) 1) پىكىر قىلغۇچى؛ بىلدۈرگۈچى؛ سۆزنى ئۆتكۈزگۈچى، سۆزى ئۆتكۈر:

تۈزۈپ ھېكمەت ئەھلى بىلە ئەنجۇمەن،
بولۇر ئېردى بۇ ئەمردە رايزەن.

— نەۋايى.

2) دانا، ئەقىللىق؛ مەسلىھەتگوي.

رايزەن بولماق — پىكىرلەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك، پىكىر ئالماشتۇرماق.

رايگان [رايكان] (پ) پۇلسىز؛ تېپىۋالغان، بىكارغا كەلگەن نەرسە:

بېرۇرسەن ئاندا قۇشنى رايگانە،
تاپالماي بەرمەشىڭگە ھېچ بەھانە.

— ناقىس.

رايىج [رايج] (ئە) ئىستېمالدىكى، قوللىنىلىۋاتقان؛ ئۆتىدىغان (پۇل، ئاقچا):

ئۆز سولۇكىغە نەتايى ئىستەدى،
قىلماق ئۇ نەقدىنى رايىج ئىستەدى.

— نەۋايى.

رايىجە [رايجه] (ئە) «رايىج» غا قاراڭ.

رايىز [رايض] (ئە) ئات چاپتۇرغۇچى، ئات ئۆگەتكۈچى، چەۋەنداز؛ «رائىز» غا قاراڭ.

رايىھە [رايحه] (ئە) ھىد، ئىس، بۇي.

رەئايا [رعايا] (ئە) [بىرلىكى: رەئىييەت] «رەئىييەت» كە قاراڭ:

تۇرغۇزۇبان شەھر ئىچىدە تۆرت ئاي،
خىزمەت ئېتىپ بەگۇ رەئاياۋۇ باي.

— زەلىلى.

رەب [رب] (ئە) «رەبب» گە قاراڭ:

تەلەبدىن قالما شەۋقى ئىزدە رەبدىن،
دەرى رەھمەت ئاچىلغاي ئىرتىھال شەبىغ.

— شەۋقى.

قەزاراكى بىر كۈن ئىدى نىمشەب،
قىلىپ بەندەلىك مەن بەدەرگاھى رەب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەبا [ربا] (پ) سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدە «تارتقۇچى، ئالغۇچى، كۆتۈرگۈچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:

دېدى پىر: بۇ بەچچە ماڭا ئەقرەبا،
كۆرۈپ خوب بۇت ئەتمىش دىلنى رەبا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

پەردە رەبا ئولماق — پەردىنى كۆتۈرمەك.

رەباب [رباب] (ئە) راۋاب (چالغۇ ئەسۋابى):

قىلمادى جەمشىدۇ ئىسكەندەرگە بۇ دۇنيا ۋەفا،
چالغىل، ئەي مۇترىب، رەبابۇ قانۇنۇ سەتارىنى.

— قەلەندەر.

رەبات [رباط] (ئە) [كۆپلۈكى: رەباتات] مۇساپىرخانا، كارۋان سارىيى، يولۇچىلار قونالغۇ قىلىدىغان ئۆتەڭ:

تازە تاپىپ تەندە دىلدۇجان، ھەيات،
يول يۈردۈك تا تەرەفى قۇم رەبات.

— زەلىلى.

رەباتى ئالىي — ئالىي قونالغۇ جاي، ئالىي كارۋان ساراي:

ئەسكى رەبات — كۆچمە م: دۇنيا.

رەباي [رباى] (پ) «رەبا» غا قاراڭ.

ھۇشرەباي — ھوشسىزلاندۇرغۇچى.

رەبايەندە [رباينده] (پ) ئۆزىگە تارتىدىغان، جەزىبىلىك: ئىككىنچى قىسىم ئولدۇركى، جەمئى ھالەتى ۋەناخوش خەيالاتى ئۆزىگە پىسەندىدە ۋە رەبايەندە، مۇستەھسەن ۋە خوشايەندە كۆرۈنگەي.

— نەۋايى.

رەبب [رب] (ئە) تەڭرى، خۇدا، پەرۋەردىگار، ئاللا:

ئەجەب ئېرمەس كەرەمىدىن ئەتائى شەۋقىغە،
خۇدايى رەببىمىۇ ھەسبى قازىيۇل - ھاجات.

— شەۋقى.

رەببى رەھىم — نامايىتى شەپقەتلىك تەڭرى، پەرۋەردىگار:

ئاسراغاي بارچە يامانلىقدىن سېنى رەببى رەھىم،
تەر چېكىپ ئوتدەك يانىپسەن مەي ئىچىپ مەستانە سەن.

— قەلەندەر.

رەببى غەفۇر — (گۇناھلارنى) كەچۈرگۈچى، ئەپۇ قىلغۇچى ئاللا.

رەببانىي [ربانى] خۇداغا مەنسۇپ:

ئۇلۇمى فەيزى رەببانىي ئەتا قىلمىش خۇدا سانسىز،
ۋۇجۇدۇڭ ئېردىلەركىم ئىلىم ھېكمەت بابىدىن يەنبۇئ.

— شەۋقى.

رەببەنا [ربنا] (ئە) ئەي، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز؛ تەڭرى:

نەچچە كۈن ياتتىم يۈتۈم ئاغرىق بولۇپ، يالغۇز خەفا،

رەببەنا، دۈشمەنگە كۈلكۈ قىلماغىل، دوستغە تەنا.

— موللا سالىھ.

تىلەرمەن كېچە ـ كۈندۈز زار يىرلە،
تىلىمغە جارى ئەيلەپ «رەببەنا» نى.

— خىرقەتى.

رەببۇل ـ جەلىل [رب الجليل] (ئە) ئۇلۇغ تەڭرى:

«زەلەمنا» دېبان يىغلادى نەچچە يىل،
كەرەم ئەيلەدى باز رەببۇل ـ جەلىل.

— غەرىبى.

رەببۇن [ربون] (ئە) تەڭرى، ئاللاھ:

زىيارەتكە سەبەبدۇر نېئمەتى كۇبراغە شۇكر ئەتمەك،
بىسەندەست «ئۇممەتۇن مۇزنىبەتۇن رەببۇن» فۇر مەزكۇر.

— شەۋقى.

رەببىكە [ربك] (ئە) ئىگەڭ، پەرۋەردىگارىڭ، تەڭرىڭ:

بۇيى گۇلنىڭ ئانەزرەتى رەببىكە ئەلادۇر،
بۇ گۇلنى قىلاي تۇھفە ئۇ زىيبا سەنەمىمگە.

— موللا سالىھ.

رەببىل ـ فەلەق [رب الفلق] (ئە) سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى، تاڭ سەھەرنىڭ ياراتقۇچىسى:

يۈز كىرىپ دەۋراندىن ئۇلغاچ ئەيلەمىش كوڭلۇم قەلەق،
شايەد ئەتكەي دەفئ بۇ مۇشكىللەرىم رەببىل ـ فەلەق.

— ئەرشى.

رەببىل ـ ئىززەت [رب العزة] (ئە) قۇدرەت ئىگىسى؛ شەرەپ ئىگىسى:

باشىدىن ئەۋرۇلۇپ قىلسام ئىكەنمەن جانىمە قۇربان،
كېلىپدۇر رەببىل ـ ئىززەتدىنكى «كۇللۇمەن ئەلەيھافان».

— موللا سالىھ.

رەببىئۇل ـ ئەئلا [رب الاعلى] (ئە) ھەممىدىن يۇقىرى خۇدا، مەرتىۋىلىك ئاللا، خۇدا:

تەلىبە مەشرەب يىغلايۇر يا رەببەنا،
«رەببىئۇل ـ ئەئلا» دېسەم بولغايمۇكىن.

— مەشرەب.

رەبت [ربط] (ئە) 1) باغلىنىش، ئۇتىشىش. 2) ئالاقە، ئالاقىدارلىق:

ئۇز كۆرگۈچى پاك نەزەر، ھۇنەر كۆرگۈچى راست،
بەسەر، ئۇلكىم، دىماغىدا خەبت ـ سۆزىدە يوق رەبت.

— نەۋايى.

3) قائىدە، ئىنتىزام:

مۈلك ئىشى زەبتۇ رەبتسىز بولدى،
سەلتەنەت ئەمرى زەبتسىز بولدى.

— نەۋايى.

رەبت ئەيلەمەك — باغلانماق؛ ئالاقە قىلماق.

رەبھ [ربح] (ئە) ① پايدا، ئۇسۇم، جازانە. ② كىرىم، مەنپەئەت.

رەبئ [ربع] (ئە) تۆتتىن بىر، چارەك سائەت.

رەبىت [ربيط] (ئە) 1) زاھىت. 2) باغلانغان، چىگىلگەن.

رەبىئ [ربيع] (ئە) ياز بېشى، كۆكلەم چېغى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ:

كۆرۈپ ئارەزىڭ يىغلاسام يوق بەددىئ،
كېلور سەيل بولغەندە سەيل رەبىئ.

— نەۋايى.

ربىئۇلئاخىر [ربيعالآخر] (ئە) ھىجرىيە يىل ھېسابىدا 4 ـ ئاينىڭ ئاتىلىشى. («رەبىئوسسانى») دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

رەبىئۇل ئەۋۋەل [ربعالأول] (ئە) ھىجرىيە يىل ھېسابىدا 3 ـ ئاينىڭ نامى.

رەت [رت] (پ) يالىڭاچ، يالاڭئاش؛ قۇرۇق.

رەتەب [رطب] (ئە) ھۆل، قۇرۇمىغان، نەم.

رەتل [رطل] (ئە) قەدەھ، كاسا، پىيالە، سۇيۇقلۇق ئۆلچىمى — لېتىر:

چۇ بىر رەتل نۇش ئەيلەبان مەست ئولۇب،
كى ساقىي ئەيلىدە — ئوق پەست ئولۇب.

— نەۋايى.

رەج [رج] (پ) بوشىشىپ كەتكەن؛ ئەزمە كىشى.

رەجائ [رجاء] (ئە) ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك.

رەجاھەت [رجاحت] (ئە) ئاشماق، ئېشىپ كەتمەك، ئۈستۈنلۈك.

رەججالە [رجاله] (ئە) جەمئىيەت داشقىلى؛ يالاقچى؛ پىيادە يۈرگۈچى.

رەججالە بازى — لۈكچەكلىك ھەرىكىتى، مۇتەھەملىك.

رەجە [رجه] (ئە) قاتار، تىزىق، سەپ، تەرتىپ:

تارەجە چەكمەس يەرىگە باغبان،
باغ ھەمان زىبدە جاڭگال ھەمان.

— نەۋايى.

رەجەب [رجب] (ئە) قەمەرىيە ھېسابىدا 7 ـ ئاينىڭ نامى — رەجەب ئېيى.

رەجەز [رجز] (ئە) ئۆزىنى ماختىماق.

رەجئەت [رجعت] (ئە) قايتىش، ئارقىغا يېنىش:

بۇ تەئەججۇبلىق سەفەردىن چۈن تەئەققۇل قىلدى ئۇد،
سەيرگە ئارا قىلغەن كىبى زاھىر ئەتارۇد رەجئەتىن.

— نەۋايى.

رەجۇلىيەت [رجوليت] (ئە) ئەرلىك، ئەركەكلىك،

باتۇرلۇق، يېتىلگەنلىك، بالاغەتكە يەتكەنلىك.

رەخ [رخ] (پ) 1) چاك، يېرىق، سىزىق. 2) چېھرا.

رەخت [رخت] (پ) 1) ئۆي جابدۇقلىرى، مال - مۈلۈك؛ كىيىم - كېچەك، يوتقان، يېپىنچا. 2) سەپەر يۈكى.

رەخت ئاۋىز — كىيىم ئاسقۇچ.

رەخت باغلىماق — يۈك باغلىماق، سەپەر جابدۇقلىرىنى يىغىشتۇرماق، يولغا ھازىرلانماق؛ كېتىشكە تەييارلانماق:

باغلاغىل رەختى سەفەر بارماق ئۈچۈن ئامادە بول،
قالماغاي ئۇشبۇ جەھان ئىچىندە ئاخىر ھېچ شەي.

— قەلەندەر.

رەختى سەفەر باغلىماق — سەپەر يۈكىنى تاڭماق، مېڭىشقا تەييارلانماق.

رەخش [رخش] (پ) 1) يۈگۈرۈك ئات، ئالا ئات، تۇلپار:

ئىتىدەك ئىرشىپ رەخش ئىزىن سۈرمە قىلىپ،
باش ئىشىكگە قويغان يارى غارىم كېلەدۇر.

— گۇمنام.

2) نۇر، يورۇقلۇق؛ چاقماق:

ئاياغىڭ رەخشىنى قەرخۇندە ئۈزەر كۆزلەرىم سۈرتۈپ،
ھەياتى تازە تاپمىش نۇشىدىن سامى گۈلاب ئەيلەپ.

— ئەرشى.

رەخش خىرامى — ئاتنىڭ يورغىلاپ يۈرۈشى.

رەخش سۈرمەك — ئات سالماق، ھۇجۇم قىلماق.

رەخشى تېزتەك — چاپقۇر ئات، يۈگۈرۈك ئات.

رەخشى گەۋھەر — پارلاق، نۇرلۇق گۆھەر.

رەخشان [رخشان] (پ) جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، يالتىراق، پارلاق:

كىم كۆرۈپتۇر دەھر ئارا سەندەك پەرىزادى رەمان،
زۇلفى سۇنبۇل، خالى مۇشكىن، ئارەزى رەخشان يىگىت.

— قەلەندەر.

رەخشان بولماق — پارلىماق، يالتىرىماق، نۇر چاچماق.

رەخشان شىھاب — جۇلالىق چېقىن:

قارا تۈن كەلدى كۆلبەم سارى ئۇل گۈلرۇخ شىتاب ئەيلەپ،
ئېرۈركىم قەترە - قەترە خۇبلارىن رەخشان شىھاب ئەيلەپ.

— مەشھۇرى.

رەخشان قۇياش — پارلاق قۇياش.

رەخشان ياساماق — يورۇتماق؛ كۆركەم قىلماق، پارقىراتماق.

خۇرشىد رەخشان — نۇرلۇق قۇياش، پارلاق قۇياش:

تەلئەتىڭ چۈن ۋەززۇھادۇر ساچلارىڭ ماننەندى شەب،
ھەم شەرافەت ئەۋجىدە خۇرشىد رەخشان سەنمۇسەن.

— موللا سالىھ.

شەمئى رەخشان — نۇرلۇق چىراغ، نۇرلۇق شام:

ئەرشى ئاغنار ئۆلمەلىك قۇشدەك نېچۈككىم يارسىز،
بولماسۇن پەرۋانە، يا رەب، شەمئى رەخشاندىن جۇدا.

— ئەرشى.

لەئلى رەخشان — يالتىراق گۆھەر، نۇرلۇق ياقۇت:

سىلى ئەشكىم لالەگۈندۇر لەئلى رەخشانىن كۆرۈپ،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر زۇلفى پەرىشانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

مېھرى رەخشان — كۈچلۈك نۇرلۇق:

كاكۇلۇڭ جان ئۇقدەسىدۇر ھەم ئىسى مۇشكى خوتەن،
مېھرى رەخشان يا تەجەللى يا مەھى تابانمۇ سەن؟

— ئەرشى.

رەخشەندە [رخشنده] (پ) «رەخشان» غا قاراڭ:

قۇياش ئېرمەس فەلەكدە يارنىڭ رۇخسارەسى دەرلەر،
كۆزى رەخشەندەسىكىم، شۇئلەدىن سەييارەسى دەرلەر.

— زەلىلى.

رەخشەندە بەرق — يالتىراق، پارلاق چاقماق.

رەخشەندە كۆزگۈ — مەشۇقەنىڭ پارلاق جامالى.

رەخشەندە مېھر — پارلاق قۇياش، يورۇق ئاپتاپ.

مەھى رەخشەندەسى — ئاي جىلۋىسى، ئاي نۇرى:

فەرش ئولغان خىشتلاركىم كويىدا قىلمان بەدەل،
ئەيلەسە گەر ئەرز ئۆزىن كۆكنىڭ مەھى رەخشەندەسى.

— ئەرشى.

رەخنە [رخنه] (پ) 1) دەز، يېرىق، تۆشۈك، چاك:

ۋەسل قەسرىدۇر بەلەند، ئانداغ فەلەكنىڭ رەخنەسى،
يارنى قايدىن كۆرەر ئاشىق ئىنايەت بولماسا.

— مەشھۇرى.

2) زەرەر، جاراھەت:

كۆز ئۇچى بىرلە باقتى تەگدى تىرە مىژگانى،
سىنەم ئۆزرە پەيكانى رەخنە قىلدى ۋەيران قىز.

— نەۋبەتى.

رەخنە تۆشمەك — زەرەرلەنمەك.

رەخنە سالماق — 1) بوشاشتۇرماق، سۇسلاشتۇرماق. 2) تەشمەك، دەز كەتكۈزمەك.

رەخنە - رەخنە [رخنه رخنه] (پ) دەز، يېرىق، چاك - چاك:

ئىشق ئېلىنىڭ تۆگمەسى غەم تىدىن قانمۇ ئېكىن،
رەخنە - رەخنە ھەر تەرەف چۈن لالە خەندانمۇ ئېكىن.

— گۇمنام.

رەد [رد] (ئە) قايتۇرۇش، ئىنكار قىلىش؛ قوبۇل قىلماسلىق:

بۇ ئالەم زىبىىدىن بولغىل مۇجەررەد،

فەنا ئەھلى قىلىپدۇرلار ئانى رەد.

— ئەرشى.

«پىرىم ئىقلىم» دەپتۇر بىخىرەددۇر،
ئەگەر «بىر» دېسە ھەم يۈز قاتلا رەددۇر.

— ناقىس.

رەد ئەتمەك — «رەد ئېيلەمەك» كە قاراڭ.

رەد ئەيلەمەك — قايتۇرماق؛ ئىنكار قىلماق.

رەد قىلماق — «رەت ئېيلەمەك» كە قاراڭ:

دۇدنى تارتىپ ئانى رەد قىلماسام يوقتۇر ئەجەب،
قۇتى دىل ھەم قۇۋۋەتى رۇھى رەۋانىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

رەدد [رد] (ئە) «رەد» كە قاراڭ:

قەبۇلىدۇر نە يەئنى بەسكى سور دەپ،
ئانىڭ رەددىدە تەجرىد ئەھلى بىھەد.

— ئەرشى.

رەددۇ بەدەل — رەت قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش:

ھەسەددىن بۇلار ئىچرە بولدى جەدەل،
بۇلار سۆزلەرى بولدى رەددۇ بەدەل.

— غەرىبى.

رەددۇ قەبۇل — رەت قىلىش ۋە قوبۇل كۆرۈش:

ئالىمنى زالىم ئەيلەدى، فاسىقنى پەرسا،
رەددۇ قەبۇل بىرلە ئەجەب كارخانەدۇر.

— زەلىلى.

رەددى باب — ئىشىكتىن قايتۇرۇش، ئىشىكتىن كىرگۈزمەسلىك:

سېنى مەئشۇقلاردىن سۆيمەكىم تاڭلاپ گۇناھ ئېركەن،
نېدۇر ئۇششاقلار سىلكىدىن ئايرىپ رەددى باب ئەتتىڭ.

— گۇمنام.

رەددى بەلا — بالانى قايتۇرۇش:

زىنھار، ئەي مۇسافىر، شام ئولدى بىر دۇئا قىل،
رەددى بەلا دېدىلەر ھەر سۇھبەتى خۇدايى.

— زەلىلى.

رەدىف [رديف] (ئە) 1) ئاتقا مىنگەشكۈچى، ئەگىشىپ سۆڭدىشىپ بارغۇچى. 2) شېئىر تۈزۈلۈشىدە مىسرا ۋە بېيىتلاردا قاپىيەدىن كېيىن تەكرارلىنىدىغان سۆز، رادىپ:

بۇ قائىدە ۋە رەدىف سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئىختىرائىدۇر.

— نەۋايى.

رەز [رز] (پ) تاڭ، ئۈزۈم:

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر يادۇرۇر كانى نەبات،
پاكى جانىڭ شىرەسىدىن رەز چىقارىبدۇر قانات.

— قەلەندەر.

رەز چەمەنى — تەكزار، ئۈزۈمزار.

رەز سۈيى — مەي، مۇسەللەس.

رەز فەرزەندى — مەي، شاراب.

رەز قىزى — ئۈزۈم، تاڭ قىزى؛ مەي، مۇسەللەس:

مەشھۇرى يۈرۈر خۇمار تارتىپ،
رەز قىزىغە ئىنتىزار تارتىپ.

— مەشھۇرى.

فەرزەندى رەز — «رەز فەرزەندى» گە قاراڭ.

رەزالەت [رذالت] (ئە) پەسلىك، پەسكەشلىك، تۆۋەنلىك، پەس تەبىئەتلىك، رەزىللىك:

بىلۇركى، روزى ئاڭا ھەق بېرۇر، ئۆزرىدەكىنىڭ،
بولۇر چۇ بەندەسى، باقىس ئېرۇر رەزالەت ئاڭا.

— نەۋايى.

رەززاق [رزاق] (ئە) رىزىق بەرگۈچى، رىزقلاندۇرغۇچى:

كەرەمىڭ كەڭرۇ ئەھلى ئالەمگە،
لۇتفۇ ئىھسان بىلەن ئەجەب رەززاق.

— شەۋقى.

بەندە ئاجىزغە يېتىشسە نامە ئەئمال ئوڭ تەرەف،
چەپ تەرەفدىن ساقلاغان سۇلتانى رەززاقىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

رەزم [رزم] (پ) ئۇرۇش، جەڭ؛ غوۋغا:

چۇ بەندەر ئىچىدە تۈگەپ كارى رەزم،
ۋەتەن سارى ياناماق ئىشىن قىلدى ئەزم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ماڭا قەتل ئىشىنى قىلىپدۇركى جەزم،
تاپىپ خالى يەرنى ئىكەۋ تۈزسە رەزم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەزم ئەيلەمەك — جەڭ قىلماق، ئۇرۇشماق.

رەزم تۈزمەك — ئۇرۇشماق، ئۇرۇش قىلماق، جەڭ قىلماق.

رەزم سالماق — ئۇرۇش ئاچماق.

رەزم مەيدانى — جەڭ مەيدانى.

رەزمۇ كىن — ئۇرۇش ۋە جاڭجال (ئاداۋەت).

رەزم ئىچىندە تەلەف ئولماق — جەڭدە نابۇت بولماق، قۇربان بولماق؛ يوقاتماق.

رەزمساز [رزمساز] (پ) 1) جەڭچى. 2) جەڭگىۋار:

تۇمەن مىڭ قانىنىڭ ئولسام رەزمسازى،
سېنىڭ قانىڭغە بولغايمۇ مۇۋازى.

— نەۋايى.

رەزمگاھ [رزم گاه] (پ) ئۇرۇش جايى، جەڭ مەيدانى:

بۇ يەڭلىغ سىپاھ باشىن بان ئىككى شاھ،
كى بىر كۈنچىلىك قالدى يول رەزمگاھ.

— نەۋايى.

رەزمگەھ [رزم گه] (پ) «رەزمگاھ» قا قاراڭ.

رەزىل [رذيل] (ئە) پەس، تۆۋەن؛ قەبىھ، ناكەس.
رەزىلى دەنىي — پەس، پەسكەش، بىۋاپا دۇنيا.
رەزىلى دۇنيي — «رەزىلى دەنىي» گە قاراڭ.

رەزىلۋەش [رذيل وش] (ئە + پ) پەسكەش، يىرگىنچلىك.

رەزىن [رزين] (ئە) مەھكەم، قەتئىي؛ مۇھىم:
رايى رەزىن — قەتئىي پىكىر.

رەس [رس] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «قىلغۇچى، يەتكۈچى، يېتىشكۈچى؛ كۆرگۈچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:
چارە رەس — بىرەر ئىشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ يەتكۈچى، ئىلاجىنى قىلغۇچى.
فەرياد رەس — (بىراۋنىڭ) داد - پەريادىنى ئاڭلىغۇچى، رەھىم قىلغۇچى؛ قۇلاق سالغۇچى:

نەچچە شامى غەمدە ئولسام، بولمايىن فەرياد رەس،
شاد ئولۇپ ئىلكىن قاقار بىللاھ ئول مەھرۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

رەسا [رسا] (پ) يېتىش، يېتىشۋېلىش (يېتىشىۋېلىش):

گەرچە تەرىقەتتە ئەمەسمەن رەسا،
تۇشە قىلاي سەبۇر تەۋەككۇل ئەسا.

— زەلىلى.

نەھەددى كىمسەنىڭ باردۇر بىلىشدە ساڭا تەڭ ئولغاي،
فلاتون ئافەرىن ئەيلەر سىنىڭ ئەقلى رەسايىڭغە.

— قەلەندەر.

رەسا ئولماق — يەتمەك، يېتىشمەك.

رەساس [رصاص] (ئە) 1) قوغۇشۇن. 2) ئوق:

گەر شىكەستىم بولسا پەست ئەغياردىن تەئن ئەتمەگىل،
كىم، شىكەستىغە سەبەب ئالماسىنىڭ باردۇر رەساس.

— بابىر.

رەسان [رسان] (پ) سۆز بىرىكمىلىرىدە «يەتكۈزگۈچى، كەلتۈرگۈچى، ئېلىپ كەلگۈچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:
مۇجدە رەسان — خۇش خەۋەر كەلتۈرگۈچى، ئېلىپ كەلگۈچى.
نەفئ رەسان — پايدا يەتكۈزگۈچى.

رەسائىل [رسائل] (ئە) «رەسايىل» غا قاراڭ:

ھەر پەردەكى ئول دەبان مەسائىل،
ئاندىن فۇقەھا يازىپ رەسائىل.

— نەۋايى.

رەسايىل [رسايل] (ئە) [بىرلىكى: رسالە] رىسالىلەر، كىتابچىلار؛ مەكتۇپلار.

رەسەد I [رسد] (پ) ئۈلۈش، ھەسسە:
ۋە ئاساردىن رەسەددۇركىم، بابىلدە ياساپتۇركىم، ھالا تەللى ئەقەرقۇن دەرلەر.

— نەۋايى.

رەسەد II [رصد] (ئە) كۆزىتىش جەدۋىلى تۈزۈش؛ ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل:
رەسەد باغلىماق — ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل تۈزمەك، سەييارىلەرنى ھېسابقا ئالماق.
رەسەد قىلماق — كۆزەتمەك.

رەسەد بەند [رصد بند] (ئە + پ) ئاسترونوم؛ مۇنەججىم:

سۇ ھەيلا ھېكمەت ئايىنى رەسەد بەند،
كى ئول بولغۇسى مەندىن سوڭغى فەرزەند.

— نەۋايى.

رەسەن [رسن] (پ) 1) ئارقان، ئارغامچا؛ تاسما، يىپ:

بەرابەر ئەيلەدىڭ قاشىڭ بىلە زۇلفۇڭنى، ئەي دىلبەر،
قانى مەنسۇرى ۋەقتى كۆرگەلى دارى رەسەن پەيدا.

— زەلىلى.

2) ئۆرۈم، چاچ ئۆرۈمى؛ كۆچمە م: يار:

دۇد سالدىم كىرفىڭ ئىلە كەلمەكىن ئىستەر رەسەن،
جەمئ ئولۇپ كەلمىش پەرى ھەر ساردىن خۇشبۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

رەسەن ئالماق — تاسما، يىپ ئالماق.

رەست [رست] (پ) قۇتۇلۇش، نىجات، نىجات تېپىش.

رەستە [رسته] (پ) 1) قۇتۇلغان، نىجات تاپقان؛ خالاس قىلىنغان. 2) سەپ، قاتار:
شەيخۇل - ئىسلام دەپتۇركى، يەر - كۆك ئەھلىدە ھەركىمدىن رەستە بولغايسەن، سۇد قىلغايسەن.

— نەۋايى.

رەستە بولماق — قۇتۇلماق؛ خالاس بولماق.

رەستگار [رست كار] (پ) قۇتۇلغۇچى، خالاس تاپقۇچى؛ خالاسلىق؛ قۇتۇلماق، خالاس تاپماق.
رەستگار بولماق — قۇتۇلماق، خالاس تاپماق.

رەسم [رسم] (ئە) قائىدە، قانۇن؛ يولىيورۇق:

نېگە بەس قىلدىڭ جەفا رەسمىن ۋەفا ئايىن ئولۇپ،
مەن قاچان دېدىم: قوي ئەمدى مۇنچە ئازار ئولسە بەس.

— ئەرشى.

بۇ ئالەم رەسمى بىرلە ئول چېكەر باش،
تەئەززۇرسىز بولۇر ئىش بولغۇسى باش.

— ناقىس.

رەسمۇ ئايىن — قائىدە - يوسۇن:

جەھاندا قويدى ياخشى رەسمۇ ئايىن،
تۈزەتتى دۇنيىنى سەر تا بەپايىن.

— لۇتفى.

رەسمى ئادەت — ئەدەپ - قائىدە، قائىدە - يوسۇن:

ئۈمىد ئولدۇركى ساھىبخانەدىن ئەئزاز كۆرگەيمىز،
چەرا تەگزىمى مېھمان رەسمى ئادەت خۇيى شان ھادىس.

— شەۋقى.

رەسمى ئىسلام — ئىسلام دىنى قائىدە - يوسۇنى، ئىسلام دىنى ئەدەپ - قائىدىسى:

كېلىپ بەردى سەلامى رەسمى ئىسلام،
سەلامىغە جەۋابىن ئەيلەدۈك خام.

— ناقىس.

رەسۇل [رسول] (ئە) [كۆپلۈكى: رۇسۇل] ئەلچى، پەيغەمبەر:

بەھەققى ئالى نەبى ھۆرمەتى سەھابە كىبار،
رەسۇلغە ئوخشە يەنە ساھىبۇل - ئەلەم بولماس.

— شەۋقى.

رەسۇلى ئەرەب — ئەرەبلەردىن چىققان ئەلچى.

رەسۇلى ئەمىن — ئىشەنچلىك، راستچىل ئەلچى (پەيغەمبەر سۈپىتى).

رەسۇلى خىرەد پىشە — ئەقىل - ئىدراكلىق دانا ئەلچى.

رەسۇلى مۇستەفا — تاللانغان ئەلچى، پەيغەمبەر:

يوق ئىدۇك بار ئەيلەدىڭ لۇتفۇڭنى ئىزھار ئەيلەدىڭ،
ئەۋۋەلا خەلق ئەيلەدىڭ نۇرى رەسۇلى مۇستەفا.

— شەۋقى.

ئەسھابى رەسۇل — پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى:

بەندە ئەجىزغە شەفىئ شايەدكى ئەسھابى رەسۇل،
تابىئىنلەر سەرۋەرى ئول شاھ نۇئمانىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

رەسۇلانە [رسولانە] (ئە + پ) پەيغەمبەرانە، ئەلچىلەرگە خاس؛ ئەلچىلىككە يارىشا.

رەسۇلانە نۇزۇل — ئەلچىلەرگە ئوخشاش بېرىش.

رەسۇلۇللاھ [رسول الله] (ئە) ئاللانىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەر؛ مۇھەممەد پەيغەمبەر:

رەسۇلۇللاھ بىلەن زىينەت بېرىپ ئول ئەنبىيالارغە،
تەمامى ئەھلى جەننەتلەرگە سەرۋەر باغبان كەلمىش.

— شەۋقى.

رەسۋا [رسوا] (پ) رەسۋا، شەرمەندە؛ رەسۋالىق، شەرمەندىلىك:

ھېچ كىشى مەندەك سېنىڭ ئىشقىڭدا شەيدا بولمادى،
چىقتى مەجنۇن، لېك مەندەك ئەلگە رەسۋا بولمادى.

— قەلەندەر.

رەسۋايى ئالەم — پۈتۈن ئالەمنىڭ رەسۋاسى، شەرمەندىسى:

گەرچە ئاشىق لازىمى ئالەمدە رەسۋالىقدۇرۇر،
ئىشق ئارا بابىر كەبى رەسۋايى ئالەم بولماسۇن.

— بابىر.

رەسۋايى جەھان — جاھاننىڭ رەسۋاسى، جاھاننىڭ شەرمەندىسى:

ئىشق ئارا قاچتىم خالايىقتىن داغى مەجنۇن بولۇپ،
كىم مەلامەت بىرلە رەسۋايى جەھان قىلغان فەلەك.

— ئا. نىزارى.

رەسۋايى دەھر — زامان، دەۋرنىڭ رەسۋاسى، شەرمەندىسى:

بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم، كۆردۇم ئەگەرچە نەچچە شەھر،
ئاقىبەت مەندەك بولۇر شەك يوقتۇركىم رەسۋايى دەھر.

— قەلەندەر.

رەسۋايى دەۋران — دەۋرلەرنىڭ رەسۋاسى، شەرمەندىسى:

ھەر زەمان يۈز ناز ئىلە، ئەي شوخ، جەۋلان ئەيلەمە،
ئىشق ئېلىنى دەھر ئارا رەسۋايى دەۋران ئەيلەمە.

— قەلەندەر.

رەسۋايى ئىشق — سۆيگۈ رەسۋاسى، مۇھەببەت شەرمەندىسى:

ماڭا ئوخشە يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر شەيدايى ئىشق،
بولماغان مەندەك كىشى دۇنيادا بىر رەسۋايى ئىشق.

— قەلەندەر.

رەسىدە [رسيدە] (پ) يېتىشكەن، ئېرىشكەن، يېتىلگەن:

نارەسىدە — ۋايىغا يەتمىگەن، بويىغا (بالاغەتكە) يەتمىگەن، نارەسىدە.

نەۋرەسىدە — يېڭىدىن يېتىلگەن، ئۆسمۈر.

رەشاد [رشاد] (ئە) توغرا يول تېپىش، شۇ يولدىن مېڭىش.

رەشاشە [رشاشە] (ئە) 1) شەبنەم. 2) يامغۇر تامچىسى.

رەشەھات [رشحات] (ئە) [بىرلىكى: رەشھە] تامچىلار:

...... ئول چەشمە رەشەھاتىدەك ئەشكى رۇدىن.

— نەۋايى.

رەشك [رشك] (پ) ھەسەت، قىزغىنىش:

سەبا بۇلبۇلغە نەسىھەت قىلىپ ئاۋۇتقانى، رەشك ئوتىنى ساۋۇتقانى.

— خىرقەتى.

لەبلەرى رەشكى لەئل ئولۇپ، لالە داغى ئېرۇر خجىل،
سۆزلەرىدىن چۇ دۇر تامار، كۆپدۇر ئانىڭ نەزاكەتى.
— ئەرشى.

رەشك تەرىقى — ھەسەت يوللىرى.
رەشكى جەننەت — جەننەتنىڭ رەشكى:
كويىدۇرمۇ رەشكى جەننەت يا مەلائىككە مۇتەۋق،
يا كۆگۈللەر خىلۋەتى يا مەسجىدى ئەقسامۇدۇر.
— ئەرشى.

رەشكى قەمەر — ئاينىڭ قىزغىنىشى.

رەشھ [رشح] (ئە) سىزىش، تېمىش.

رەشھە [رشحه] (ئە) [كۆپلۈكى: رەشەھات] تامچە، سىزىپ چىققان سۇ تامچىلىرى:
گۆزى دەريايى رەھمەتتۇر خىرامى مەۋجى رەھمەتتۇر،
ئىكى ئالەم لەبىدە رەشھە لۇتفى ئاتاسىدۇر.
— مەشھۇرى.

رەشىد [رشيد] (ئە) 1) مەرد، باتۇر؛ كامالىغا يەتكەن، ۋايىغا يەتكەن:
يەنە فەرھاد بولمىش نەۋجۇۋان ھەم،
خىرەدمەندۇ رەشىدۇ پەھلەۋان ھەم.
— نەۋايى.

2) توغرا يول تاپقان 3) خاس ئىسىم.

رەغبەت [رغبت] (ئە) خاھىش، مەيل، قىزىقىش، ئارزۇ:
رەغبەت ئەتمەك — خالىماق، قىزىقماق؛ ئۇرۇنماق؛ ئارزۇ قىلماق.
رەغبەت ئەيلەمەك — «رەغبەت ئەتمەك» كە قاراڭ.
رەغبەت قىلماق — «رەغبەت ئەتمەك» كە قاراڭ.

رەغبەتنەماي [رغبت نماى] (ئە + پ) رىغبەتلەنگۈچى، خالىغۇچى، قىزىققۇچى:
نې مەنزىلغە كىم بولسە ئىشرەتفەزاي،
تەبىئەت كىبى بولسا رەغبەتنەماي.
— نەۋايى.

رەغم [رغم] (ئە) بىرەر ئىشنىڭ ئەكسىنى قىلىش، ئەكسىچە ئىش كۆرۈش؛ قارىماستىن، ئېتىبار بەرمەستىن، ھېسابلاشماستىن.
رەغمىغە — قارشىسىغا، ئەكسىگە.

رەف [رف] (پ) كۆچمە م: قىسىلىش، سىقىلىش، تۈنجۇقۇش:
قويمە يۈزىڭنى نىقاب ئىچىندە،
رەف ئولدى ئادەم ھىجاب ئىچىندە.
— نەسىمى.

رەفاقەت [رفاقت] (ئە) 1) دوستلۇق، يولداشلىق؛ مېھرىبانلىق؛ ئېتىبار بېرىش، كۆيۈنۈش:
چىقىپ ئالدىغە مەرھەبا ئەيلەدى،
رەفاقەت روسۇمىن ئەدا ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.

ئەگەر ئىككى كىشى تاپسە رەفاقەت،
بۇ ئىككەۋدىن ئىدى نەقلى ھېكايەت.
— ناقىس.

2) سەپداش، دوست:
چۇ بەندەر بارۇرغە خەيال ئەيلەدىم،
رەفاقەتلەرىمگە سىگال ئەيلەدىم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەفاقەت ئەيلەمەك — دوستلۇق، مېھرىبانلىق كۆرسەتمەك؛ ئېتىبار بەرمەك، كۆيۈنمەك:
ئايا فەرھادۇ شىرىن، ئەيلەگىز بىزگە رەفاقەتلىك،
كى ھىجران ئوتى ھەرگىز بەرمەدى تەسكىن قەرارىمغە.
— ئا. نىزارى.

رەفاھىيەت [رفاهيت] (ئە) پاراۋانلىق، تۇرمۇش باياشاتچىلىقى؛ ياخشى ئەھۋال.

رەفئەت [رفعت] (ئە) يۈكسەكلىك، ئېگىزلىك:
ھەم رەفئەت ئەرشى بارىندە مەكان،
ھەم بۇراقىغە خولدى بارىندە چەرا.
— نەۋايى.

رەفتار [رفتار] (پ) 1) ئادەت، رەسىم:
ئەي ستەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەج رەفتار فەلەك،
گۇزدى بۇ غۇنچەمنى كۆردى بىۋەفا غەددار فەلەك.
— موللا سالىھ.

2) يۈرۈش، يۈرگۈچى:
قايسى كۆز بىرلە سىنىڭدىن ئۆزگىنى مەن كۆزلەيىن،
قايسى پايىم بىرلە سەنسىز كوچىدا رەفتار ئېتەي.
— موللا بىلال.

رەفتار ئەتمەك — يۈرمەك.
رەفتار ئەيلەمەك — «رەفتار ئەتمەك» كە قاراڭ:
كۆر نەزاكەت گۈل كەبى تاڭ يېلىدىن گۈلبەرگىكىم،
مەيلى رەفتار ئەيلەسە زاھىر قىلۇر يۈزدە ئەرەق.
— ئەرشى.

باد رەفتار — شامالدەك يۈرەر.
تېز رەفتار — تېز يۈرەر، يۈگۈرۈك:
ياكى ئات بىرلە ئېشەك بولسە ئىدى تېز رەفتار،
مىنىبان ئۈستىگە ئەل سەيرىدە قىلسۇن نە ئىلاج.
— شەۋقى.

خۇش رەفتار — خۇش يۈرەر؛ ئەۋرىشىم:

بەندەلىكنى تەۋقىنى بوينىغە سالغاي شول زەمان،
كىمكى كۆردى قامەتى ئول سەرۋ خۇش رەفتار شەمئى.

— قەلەندەر.

رەفرەف [رفرف] (ئە) پەلەمپەي، شوتا؛ باسقۇچ؛ يۇقىرىغا چىقىش ياكى تۆۋەنگە چۈشۈش ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما:

دېگەيلەر ئۈممەتى رەفرەف سەۋارىم رۇزى مەھشەردە،
ئۈممىدۇر بىنەسىب ئەتمەس شەفائەت رەمزىدىن ھەرگىز.

— شەۋقى.

رەفز [رفض] (ئە) 1) تاشلاپ كېتىش. 2) رەت قىلىش، ئىنكار قىلىش.

رەفئ [رفع] (ئە) 1) كۆتۈرۈش، يۇكسەلدۈرۈش؛ يۇكسەلىش:

نەدۇر مەندىن تەمەننايىڭ بۇ مۇشتاقانە بەزم ئىچرە،
قولۇم سۇندۇم سوراھى بوينىغە رەفئى ھىجاب ئەيلەپ.

— مەشھۇرى.

2) يۇقىرى، ئېگىز:

مۇھەببەت غەيرەتى گۇلگۇن ھەرىرىن قىلمىش ئانداغ رەفئ،
تۇن ئاقسام تۆكمەئى جەيبىغە گەر مەھكەم ئېرۇر ئىلمەك.

— ئەرشى.

3) يوق قىلىش:

ئانى سىپقاراي ئەيلەي ئەندۇھ دەفئ،
داغى نەشئەسى ئەيلەسۇن غەمنى رەفئ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەفئ ئەتمەك — «رەفئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

رەفئ ئەيلەمەك — كۆتۈرمەك، يوق قىلماق.

رەفئ ئولماق — 1) كۆتۈرۈلمەك، يۇكسەلمەك. 2) يوق بولماق، غايىب بولماق.

رەفئى بولماق — «رەفئ ئولماق» قا قاراڭ.

رەفئى رەۋاق — يۇقىرى، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پەشتاق، راۋاق.

رەفئى مەقام — يۇقىرى جاي، يۇكسەك ماكان.

رەفئى ھىجاب ئەيلەمەك — ئارىدىكى ئۇياتنى يوق قىلماق؛ پەردىنى كۆتۈرمەك، ئېچىپ تاشلىماق.

رەفئى ئولماق — «رەفئ ئولماق» قا قاراڭ.

رەفىق [رفيق] (ئە) ھەمراھ، يولداش، دوست؛ بۇرادەر؛ مەھبۇبە، سۆيگۈنى، سۆيۈملۈكى؛ ھەمدەرد، سىرداش، سۆھبەتداش:

تەقۋى ئەيلەپ دەير ئارا يول تاپمادۇق، كەل، ئەي رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخارەلەر يەڭلىغ بارالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

ئىشتىڭ دوستلار، بۇ كۈن جۇدا بولدۇم نىگارىمدىن،
رەفىقىم، ھەمدەمىم، ئول مېھرىبانىم، گۇلئۇزارىمدىن.

— موللا سالىھ.

رەفىق بولماق — ھەمراھ، دوست بولماق، ئورتاقلاشماق:

دېدى: كۆڭلىڭىزدۇر مەلال، ئەي شەفىق،
تەماشا قىلىڭكى، بولالى رەفىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەفىقۇ ئاشنا — دوست ۋە ئاشنا:

بىلە ئالمان بۇ ئۇلۇغ ئالىيمدۇر كەۋكەبدىن،
جەھان ئىچرە ماڭا ھەرگىز رەفىقۇ ئاشنا يوقتۇر.

— ئەرشى.

رەفىقۇ ھەمدەم — ھەمراھ، دوست؛

رەفىقى جاۋىدانى — ئۆمۈرۋايەت ئورتاق، دائىمىي يار.

رەفىقى رازجو — سىرداش.

رەفىقى زىبا چېھر — گۈزەل سىمالىق (كۆرۈنۈشلۈك) ھەمراھ.

رەفىقى مەھرەم — سىرداش دوست؛ سۆيگۈنى، سۆيۈملۈكى.

رەفىقى مەۋەددەت — مېھر - مۇھەببەتتە ئورتاق.

رەفىئ [رفيع] (ئە) يۇكسەك، ئېگىز، بۈيۈك:

بار ئېردىكى زىندان ئىچى كۆپ ۋەسىئ،
تەھى مەم ئەمىقۇ شىكافى رەفىئ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەفىئ مەكان — يۇكسەك ئورۇنلۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك.

رەفىئۇد - دەرەجات — يۇكسەك، بۈيۈك دەرىجىلەر.

رەقەبە [رقبه] (ئە) 1) گەدەن، بويۇن. 2) قۇل، چۆرى.

رەقەم [رقم] (ئە) 1) سان؛ بەلگە؛ يېزىق؛ يېزىش:

كۆرۈپ بارچەسىنىڭ گۇناھىن ئۆتۈپ،
ئەۋانلارغە بىر - بىر رەقەملەر پۈتۈپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مەكتۇپ، نامە:

كاشىفۇل - ئەسرارلىق زاھىر قىلۇر نەرگىسلەرە،
ئەھسەنەت - تەقۋىم ئانىڭ شەئنىگە بىر مۇختەس رەقەم.

— ئەرشى.

باشىم كېتىپ بارادۇر يانماغاي بۇ سەۋدادىن،
ۋۇجۇد سەفھەسىگە ئىشقىدىن رەقەم بولماس.

— شەۋقى.

3) تەقدىر:

تىيىر ئىلكىدە نە قەلەم، نە رەقەم،
بەلكى رەقەم ئايىتى جەففەل - قەلەم.

— نەۋايى.

رەقەم ئەتمەك — «رەقەم ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

رەقەم ئەيلىمەك — يازماق، پۈتمەك.

رەقەم تاپماق — يېزىلماق، پۈتۈلمەك؛ كۆرسىتىلمەك.

رەقەم چەكمەك — ھۆكۈم چىقارماق؛ يازماق؛ يېزىشقا باشلىماق:

سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۈزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئارا تۇرلۇك رەقەم چەكتى.

— ئەرشى.

رەقەم قىلماق — يازماق، پۈتمەك:

بەيىەنۇدەر، بەيان قىنى ئالىم، بە ئەمەل ھەممە،
فەتىۋا ئۈزرە رەقەم قىلۇر مۇفتى ئەگەرچە تۇجىرۇ.

— زەلىلى.

روزى رەقەم — تەقدىر قىلىنغان كۈن:

كۆرۈپ بىرنى غەنى ئۈزىنى فەقىر، قىلما ھەسەدخورلۇق،
بىرىگە كۆپ، بىرىگە ئاز ئەتا روزى رەقەمدىندۇر.

— مەشھۇرى.

رەقەمخان [رقم خوان] (ئە + پ) سىرداش:

يەنە بىر يان ئۇستادۇ پىرىڭ سىنىڭ،
رەقەمخانى لەۋھى زەمىرىڭ سىنىڭ.

— نەۋايى.

رەقەمزەد [رقم زد] (ئە + پ) رەقەم چېكىش، يېزىش:

رەقەمزەد قىلماق — يازماق.

رەقەمزەدە [رقم زده] (ئە + پ) يېزىلغان، ئىنشا قىلىنغان:

لاجەرەم بۇ شەرىف سىلسىلەنىڭ مەناقىبى شەرھىن ۋە ئەھۋالىن ئالارنىڭ بەئزى قۇدسىيا كەلىماتلارى بىلەكى، مەئارىف نىگارخانەلەرىنىڭ رەقەمزەدەسى بولۇپتۇر، مىسكىيەتۇل - خىتام قىلىلدى.

— نەۋايى.

رەقەمزەن [رقم زن] (ئە + پ) يازغۇچى، كاتىپ:

چىقاردى سەفھەيۇ كىلكىم قەلەمزەن،
ھەمۇل يەر سۇرەتىن بولدى رەقەمزەن.

— نەۋايى.

رەقەمسەنج [رقم سنج] (ئە + پ) دانىشمەن، بىلىمدان.

رەقەمكار [رقم كار] (ئە + پ) 1) يېزىلغان، سىزىلغان. 2) رەقەم چەككۈچى.

رەقەمكەش [رقم كش] (ئە + پ) يازىدىغان، پۈتۈدىغان.

رەقەمى [رقمى] (ئە) رەقەملىك؛ يېزىلغان:

يا رەب، چېكىبان كۆپ رەقەمى جۇرمۇ گۇناھ،
نامەنى قارا قىلدىمۇ ئۆمرۈمنى تەباھ.

— قىدىرخان يەركەندى.

رەقبە [رقبه] (ئە) ئېرىق، ئۆستەڭ بويىدىكى يەر، سۇغا يېقىن يەر.

رەقس [رقص] (ئە) ئويۇن (تۇرلۇك شەكىلدىكى سەنئەت ئويۇنلىرى)؛ ئۇسسۇل:

جەننەت مەگەر بىزە دىسە ئولدەم ئۈزىن جەھان،
رەقس ئۈردى ئاشىقانە يۈرۈپ چەرخ چەنبەرى.

— سەيفى سەرايى.

رەقسان [رقصان] (ئە + پ) ئۇسسۇلچى، ئۇسسۇل ئوينىغۇچى:

ئېيدى ۋەسل بولماس بەھەم ئىشقىڭدا قۇربان بولمايىن،
جان قۇشۇڭ تاغنىڭ ھەۋاسى ئۈزرە رەقسان ئولمايىن.

— مەشھۇرى.

رەققاس [رقاص] (ئە) 1) ئويۇنچى؛ ئۇسسۇلچى:

سەماغ ئەيلەپ ئۇچۇپ تا بولدى رەققاس،
ئىكى قولدەك پەرىدىن چىقتىلار قاس.

— خىرقەتى.

قىلۇر ھەركىم بىلۇر ياخشى قىلىقلار،
غەزەلخانلىق بىلە ھەم رەققاسلىقلار.

— خىرقەتى.

2) تەشۋىشكە ياكى ھاياجانغا، ئىزتىراپقا چۈشكەن؛ تىنچسىز، تىنىمسىز؛ كۆڭلى غەش؛ بىتاقەت، بىئارام:

مېھمان بولماق ئېمىش جان ئۈيىدە،
يۈركۈم، كۆڭلۈم ئولۇپتۇر رەققاس.

— نەۋايى.

رەقىب [رقيب] (ئە) كۆزىتىپ يۈرگۈچى، پايلاقچى، دۈشمەن:

رەقىبىڭ ئولماسۇن مەقسۇدى ھاسىل،
ئەلىفدەك قەددىمى ئول سالدى دالە.

— نەسىمى.

فىراقىڭ زۇلمىدە داد ئىستەرەم داد،
رەقىبىڭ دەستىدىن فەريادۇ فەرياد.

— سەيىد ئەھمەد.

رەقىق [رقيق] (ئە) مېھرىبان، شەپقەتلىك:

كىم قەلبى رەقىق ئېرۇر، ئاڭا مۇھتاج ئول،
تۇقلۇق چۇ كۆڭۈلنى قاتىق ئەيلەر ئاچ ئول.

— نەۋايى.

رەك [رک] (پ) «رەگ» كە قاراڭ:

ھېچ ئۆزۈيىم خالى ئېرمەس غۇنچە لەئلىڭ فىكرىدىن،
سۇ شەجەر تەھتىگە يەتسە، سىر بولغاي شاخۇ رەك.

— گۇمنام.

جەننەت ئەگەر بولسا تەكمدە دۇرۇر،
فەيزى فۇتۇۋ جان رەكمدە دۇرۇر.

— زەلىلى.

رەكەئات [ركعات] (ئە) [بىرلىكى: رەكئەت] «رەكئەت» كە قاراڭ.

رەكئەت [ركعت] (ئە) ئوتتۇلۇۋاتقان نامازنىڭ بىر قىسمى، يەنى بىر قىيام (تىك تۇرۇپ ئوقۇش)، بىر رۇكۇ (ئېگىلىپ ئوقۇش)، سۇجۇت (يېتىپ باش قويۇپ ئوقۇش) قاتارلىقلار، مەسىلەن: پېشىن نامىزى ئون رەكئەت، شام نامىزى بەش رەكئەت دېگەندەك:

ئوقۇغىل تۆرت رەكئەت، ئەي بۇرادەر،
كى ھەر رەكئەتكە بىر قۇليا بەرابەر.

— «فەۋزۇن - نىجات».

رەكىك [ركيك] (ئە) سۇس، زەئىپ:

رەكىك گۇفتار — سۇس، خۇنۇك سۆز، گەپ.

رەگ [رگ] (پ) تومۇر، قان تومۇر:

رەگى گۇل سىيمگۇندۇر شىشەگى شەبنەمنى نوش ئەتكەچ،
چەمەن گويا مۇسىبەتخانەدۇر بۇلبۇل خۇرۇش ئەتكەچ.

— زەلىلى.

رەگ ئۈزمەك — تومۇر ئۈزمەك؛ ئالاقە ئۈزمەك.

رەگ - بەرەگ [ركبرك] (پ) تومۇر - تومۇرلىرى:

قىلىچ زەخمى ئانداغ ئۆتتۈپ رەگ - بەرەگ،
بۇ ئەھۋالنى كۆرەى بىچارە سەگ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەگزەن [رك زن] (پ) 1) تومۇرغا نەشتەر ئۇرۇپ قان ئالغۇچى. 2) چالغۇ تارىنى چەككۈچى، مۇزىكا ئورۇنلىغۇچى، مۇزىكانت.

رەڭ I [رنك] (پ) 1) رەڭ، بوياق، تۈس:

زىبىا سەنەمۇ بادەئى گۇل رەڭسىز ئولماس،
ھەركىمدەئى لۇتفۇ كەرەمى زۇلمىنەن ئىستەر.

— تەجەللى.

2) خىل، تۈر. 3) نەپ، پايدا:

رەڭگى يوقتۇر چۇن قىزىل گۇلدىن ساڭا، ئەي ئەندەلىب،
ئەل قولاغىن ئەسرۇ كۆپ يالقىتما فەريادىڭ بىلە.

— نەۋايى.

4) يۈز، چىراي، بەشىرە؛ كۆرۈنۈش، ھالەت:

مەي ئىچكەن قىز كەبى تۇرسا قىزارىپ،
كىبتەر ئۆزگە سۇچۇك رەڭگى قاۋارىپ.

— خىرقەتى.

ئەزدى كۆڭلۈم جىلۋەگەر كۆرگەچ بۇ رەڭ ئاقىل يىگىت،
بەرقدەك جەۋلان قىلۇردا ھەر تەرەف مايىل يىگىت.

— ئەرشى.

5) ئىنتىزام، يۈرۈش - تۇرۇش، تەرتىپ:

بۇ رەڭ بارماغلىقۇ كەلمەگلىك ئاڭلاپ تىشلەبان بارماغ،
تەجەللى جىلۋە قىلدى بارىبان خۇرشىدى سان ئاندا.

— ئەرشى.

6) بايلىق؛ مەنسەپ، ئەمەل، ھۆكۈم؛ دەرىجە، مەرتىۋە، ئابرۇي:

ھەم ھۇسەينى سۆزىدىن رەڭى غەرىب،
ھەم غەرىبى دەمىدىن بەيتى ئەجەب.

— نەۋايى.

7) كۆز بوياش، ئالداش؛ ئالدامچىلىق؛ 8) خىل، تۈر، قىسىم، يوسۇن:

ھىيلەگەر زاھىدنى كۆرگەچ ئىشق ئېلى بولمىش بۇ رەڭ،
قەسدى جان ئانداغكى بۇركۈت ئەيلەگەي تۈلكۈ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

رەڭ ئەتمەك — بويىماق، پەردازلىماق.

رەڭ ئەيلەمەك — «رەڭ ئەتمەك» كە قاراڭ.

رەڭ تۇتماق — رەڭلەنمەك، بويالماق، قىزارماق.

رەڭ قىلماق — «رەڭ ئەتمەك» كە قاراڭ.

رەڭگارەڭ — ھەرخىل تۈسلۈك، رەڭمۇ رەڭ.

رەڭگى كافۇرىي — ئاپئاق رەڭلىك.

رەڭگى گۇلنار ئولماق — ئانار گۈلىگە ئوخشاش رەڭدە بولماق.

رەڭگى مەلبۇسات — ھەر خىل رەڭلىك كىيىم؛ نەقىشلىك.

رەڭگىنى ياقۇت ئەتمەك — قىزارتتۇرماق، پەدازلىماق، ياشناتماق.

رەڭ II [رەنك] (پ) تاغ ئۆچكىسى:

بەلىغ سەيد ئەيلەبان ھەر يان نەھەڭى،
نىچۇككىم رەڭ سەيد ئەتكەي پەلەڭى.

— نەۋايى.

رەڭ ئامىز [رنك اميز] (پ) 1) رەڭ، بوياقلارنى ئارىلاشتۇرغۇچى، نەققاش. 2) رەڭمۇ رەڭ، رەڭ ئارىلاشقان، تاۋلىنىدىغان.

رەڭ ئامىزلىق — 1) نەققاشلىق، بوياقچىلىق. 2) كۆز بويامچىلىق، ھىيلىگەرلىك.

رەڭ - بەرەڭ [رنك برنك] (پ) رەڭگارەڭ، خىلمۇ خىل، تۈرلۈك:

جەھان ئەيۋانى ئىچرە باش چىقارمىش رەڭ - بەرەڭ گۇللار،
سىنىڭدەك چىقماغاندۇر ھېچ بىرى گۇلبەرگىدىن ھەرگىز.

— شەۋقى.

رەڭرېز [رنك ريز] (پ) بوياقچى.

رەڭرىزلىق — بوياقچىلىق:
كۆرۈپ گۈل رەڭرىزلىق ئىشلەرىنى،
تەراغ كۆلمەككە ئاچىپ تىشلەرىنى.
— نەۋايى.

رەڭگىن [رنكين] (پ) 1) رەڭدار، تاۋلىنىپ تۇرىدىغان؛ رەڭلىك؛ گۈزەل؛ رەڭمۇ رەڭ:
خەيالى شۇئلەئى رەڭگىن قۇياشىم قىبلەگاھىمدۇر،
دەمى فىكرى ھىلالى نازەنىنىم سەجدەگاھىمدۇر.
— ئەرشى.

2) بېزەكلىك، نەقىشلىك. 3) شېرىن، دىلكەش، يېقىملىق:
تۇشۇپ مەزمۇن رەڭگىنكىم، بۇگۇل كۆڭلىگە سالغاچ بەرق،
گۈلىستانى سۇخەن ئىچرە بولۇر بىر نەۋگى گۈل يەكتا.
— ئەرشى.

رەڭگىن بولماق — بويالماق، قىزارماق.

رەڭگىن قىلماق — رەڭدار قىلماق، بېزىمەك، زىننەتلىمەك.

رەڭگىنلىغ — گۈزەللىك، رەڭدارلىق:
لەئل يەڭلىغ رەڭگىنلىغ چىقمىش ئۆيىدىن ئافتاب،
بادەئى رەڭگىن مەي ئىچتى ئول لەبى سەرشارىدىن.
— ئەرشى.

رەڭگىنلىق — «رەڭگىنلىغ» قا قاراڭ.

رەڭلىغ [رنك ليغ] چىرايلىق، رەڭلىك؛ مەنىلىك؛ جەزىبىلىك.

رەم [رم] (پ) قورقۇش، چۆچۈش، ئۈركۈش، ئۈركۈپ قېچىش:
رەم ئۇرما زەلىلى مەئرىفەتدىن ھەرگىز،
دەرۋىش دۇئايى ساھىب خەير ئەيلەر.
— زەلىلى.

رەم ئەتمەك — چۆچۈپ قاچماق، چۆچۈمەك، ئۈركىمەك.

رەم بەرمەك — چۆچۈتمەك، ئۈركۈتۈپ قاچۇرماق.

رەم قىلماق — «رەم ئەتمەك» كە قاراڭ.

رەم قىلىپ قاچماق — ئۈركۈپ قاچماق.

رەم يېمەك — «رەم ئەتمەك» كە قاراڭ.

رەمان [رمان] (پ) ئۈركۈگەن، ئۈركۈپ قاچقان:
ۋەھشەتىم دەشت ئۆزرە زاھىردۇر جۇنۇندىن ئانچەكى،
ۋەھشىكىم مەجنۇنغە رام ئېرۇر مەندىن رەمان.
— نەۋايى.

رەمە [رمه] (پ) توپ، پادا (ئادەملەر توپى، قوي پادىسى دېگەندەك)؛ گۇرۇھ، جەمئىيەت، خەلق:
مۇلك ئەھلىغە مېھرىبانلىغ ئەيلە،
ئانداقكى رەمەغە شۇبانلىغ ئەيلە.
— نەۋايى.

رەمەد [رمد] (ئە) كۆز ئاغرىقى:
قىلىپ نەرگىس ئۆز غۇنچەسىن بەيزەدار،
كى كۆزىندە ئېردى رەمەددىن غۇبار.
— نەۋايى.

رەمەزان [رمضان] (ئە) توققۇزىنچى ئاي (ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا)، روزا ئېيى:
چىراكىم خەير بىسيار ھاسىل ئولغايلار بۇ ئاي ئىچرە،
مۇبارەك رەمەزانىنىڭ جابدۇغىدىن يېڭى جان كەلمىش.
— شەۋقى.

رەمەق [رمق] (ئە) جان چىقىش ئالدىدىكى نەپەس، تىنىق، ئەڭ ئاخىرقى نەپەس:
گوتغە تۇشسە مەھۋ گولماي نېتكۇسى ناگاھ قىل،
قايدا قالسۇن سوزىشى ئىشق ئىچرە بۇ جاندىن رەمەق.
— ئەرشى.

رەمز [رمز] (ئە) [كۆپلۈكى: رۇمۇز] 1) ئىما، ئىشارەت، ئالامەت؛ ئۆز ئارا كېلىشىلگەن يوشۇرۇن بەلگە، شىفىر:
خىلافى رەسم ئۇچۇن بۇ رەمزىدىن بومىش كىشى ئاگەھ،
پەرىزادى پەرى ئاسىبىدىن تەئۋىز تاپغاي ۋەھ.
— ئەرشى.

2) كىنايە:
شوخنىڭ تەبەسسۇمىدە چۇ دىققەت ئىمدى،
رەمز ئىلە نۇكتەئى دەقىق دېدى.
— نەۋايى.

3) مەخپىيەت، مەخپىيەتلىك:
كى ئىشتەرمەن بۇ رەمزنىڭ ئاشكارا،
مەنى يارىڭغە ئايغايسەن، نىگارا.
— ناقىس.

رەمل [رمل] (ئە) [كۆپلۈكى: رىمال] قۇم، قۇم بىلەن پال ئېچىش؛ پالچىلىق.

رەمل مەشقى — پال ئېچىش ئۈچۈن قەغەزگە تۈرلۈك سىزىق ۋە نۇقتىلارنى سىزىپ مەشىق قىلىش، پالچىلىق مەشقى.

رەممال [رمال] (ئە) پالچى، قۇم (تاش) بىلەن پال ئاچقۇچى.

رەمۇز [رموز] (ئە) ئىما - ئىشارەتلەر؛ «رەمز» گە قاراڭ:
ناز قىلىپ رەمۇز ئىلە قىلدى كۆڭۈلنى پۇر جۇنۇن،
بارمىدى ياكى بىلمەدىم لەيلى بىلەن قەرابەتى.
— ئەرشى.

رەمۇزات [رموزات] (ئە) «رەمز» گە قاراڭ.

رەمىدە [رميده] (پ) ئۈركۈگەن، چۆچۈگەن، قورققان؛ چۆچۈپ قالغان، قورقۇپ قالغان؛ ئۈركۈپ قاچقان.

رەمىدە ئەيلەمەك — ئۈركۈتۈپ قاچۇرماق؛ چۆچۈتمەك.

رەمىدە بولماق — يىراقلاشماق، قاچماق.

رەمىدە خاتىر — خاتىرى، كۆڭلى پەرىشان.

رەمىدە ھۇش — ھوشىدىن ئايرىلغان، بىھوش.

رەمىم [رميم] (ئە) كونا، ئەسكى، قەدىمكى؛ ئەسكىرىگەن، چىرىگەن:

كەتمەگەي مېھرىڭ مېنىڭ باشىمدىن، ئەي ھۆرى زەمان،
قىلسە بۇ گەردۇنى دۇن سۆڭەكلىرىمنى گەر رەمىم.

— قەلەندەر.

ئەزمى رەمىم — چىرىگەن سۆڭەك.

رەنج [رنج] (پ) 1) مۇشەققەت، قىيىنچىلىق؛ مېھنەت:

سودىگەركى يامىۇ بولسا نەچە تۈمەن،
بىرلەھزە يەتمەسە ئاڭا ھىچ رەنج - لەھەن.

— سەبۇرى.

يار ۋەسلىن ئىزدەسەڭ قويغىل بۇ ئالەم لەززەتىن،
رەنجى چەكمەي گەنج تاپماي كىم سەفا بولدى دەرىغ.

— شەۋقى.

2) زەخمەت؛ ئازاب، ئازار، دەرد، ئەلەم؛ ئاغرىق:

بۇ دەردىنىڭ ھىچ دەۋاسى يوقتۇر،
بۇ رەنجىنىڭ ھىچ سىفاسى يوقتۇر.

— موللا سالىھ.

بەرمەگىل قولدىن قەنائەت گەنجىنى،
بولغۇسى ئول گەنجى رەنجىڭگە ئىلاج.

— شەۋقى.

رەنج پەرۋەرد — مۇشەققەت بىلەن ئۆسكەن، كېسەلمەن.

رەنج پەيماي — مۇشەققەت تارتقان، رەنجىگەن.

رەنج پەيمۇدەلىغ — قىينالغانلىق، مۇشەققەت تارتقانلىق.

رەنج تاپماق — قىينالماق، مۇشەققەت چەكمەك.

رەنج فەرساي — قايغۇلاندۇرغۇچى، غەم - قايغۇغا سالغۇچى.

رەنج فەرسۇد — جاپا - مۇشەققەتتىن ھارغان، دەرد - ئەلەمدىن ھالسىزلانغان.

رەنج كۆرمەك — «رەنج تاپماق» قا قاراڭ.

رەنجگە سالماق — ئازار بەرمەك، خاپا قىلماق.

رەنجۇ ئەلەم — دەرد - ئەلەم، جاپا - مۇشەققەت:

ماڭا مۇنچە رەنجۇ ئالەم قىلغۇچە،
تومۇغدىن قۇزۇنىراق سىتەم قىلغۇچە.

— ئا. نىزارى.

رەنجۇ ئەنا — ئازاب - ئوقۇبەت، مېھنەت - مۇشەققەت، دەرد - ئەلەم.

رەنجۇ تەئەب — كېسەللىك ۋە ھارغىنلىق:

مەن ئۆلسەم فەرەھلىك بىلە روز - شەب،
ساڭا يەتسە مۇنداقكى رەنجۇ تەئەب.

— ئا. نىزارى.

رەنجۇ رىيازەت — دەرد - ئەلەم، جاپا - مۇشەققەت:

نېكىم تەقدىر بولسا، ئول بولار تەھقىق بىلگەيسىز،
ئېرۇر مەڭگۇ جەدەل، رەنجۇ رىيازەت بارچە بىھۇدە.

— بابىر

رەنقۇ زەلەل — مۇشەققەت ۋە خارلىق.

رەنجۇ مۇشەققەت — جاپا - مۇشەققەت، دەرد - ئەلەم:

يۈزلىنىپ ئەمنۇ فەراغەت غۇسسەۋۇ غەم بولدى دەفئ،
ئەيشۇ ئىشرەت قىلدىيۇ رەنجۇ مۇشەققەت قالمادى.

— بابىر.

رەنجۇ مېھنەت — غەم - غۇسسە، جاپا - مۇشەققەت، دەرد - ئەلەم:

ساڭا بولدى شامى ھەجرىڭ ئاقىبەت سۇبھى ۋىسال،
گەرچە تارتتىڭ، ئەي قەلەندەر، رەنجۇ مېھنەت بۇ كېچە.

— قەلەندەر.

رەنجى خۇمار — خۇمار ئاغرىقى:

ئولتۇرۇر ھەردەم مېنى مەي ئىچمەسەم رەنجى خۇمار،
مەن نېچۈك بولماي ھەمىشە كۈلبەئى خۇممار ئارا.

— مەشھۇرى.

رەنجى رەۋان — جان ئازابى.

رەنجى زەخمەت — جاراھەت، زەخمەت ئاغرىقى، دەردى:

ۋا دەرىغا، بىر كۈنى كەلگەي كەمىنگاھدىن ئۆلۈم،
جان ھىسارى تەنگە ئۇرغاي رەنجى زەخمەت بىر تەرەف.

— شەۋقى.

رەنجى ھادىس — تۇيۇقسىز بالا - قازانىڭ دەرد - ئەلەمى:

ۋەلى بىر ئۆمۈر، بۇ گۈلشەندىن ھەۋادىس،
قىلىپ جانىمغە ھىجران رەنجى ھادىس.

— قمدىرخان يەركەندى.

رەنجان [رنجان] (پ) رەنجىگەن:

ئەزاسىدىن بولۇپ ھەر خەيل رەنجان،
يەنە ھەق مەۋھىبەت ئەيلەپ يېڭى جان.

— نەۋايى.

رەنجە [رنجه] (پ) رەنجىگەن، قىينالغان، ئازابلانغان، سىقىلغان؛ خاپا.

رەنجە ئەيلەمەك — قىينالماق، ئازابلانماق.

رەنجە قىلماق — «رەنجە ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

رەنجۇر [رنجور] (پ) كېسەلمەن، دەردمەن؛ ئېزىلگەن؛ كېسەل، كۈچسىز، ماغدۇرسىز:

ھەببىلاڭ ھۆرمىتىدىن شەۋقى ئىمانىنى مەھكەم قىل،
ئۆلەر ۋەقتىدە شەيتان غارىتىدىن قىلماغىل رەنجۇر.

— شەۋقى.

تاشىدۇر ھۆققەئى ياقۇت ئارا دۇر،
كۆرۈپ سىبھەت تاپار گەر بولسا رەنجۇر.

— خىرقەتى.

رەنجۇر بولماق — ئازابلانماق، قىينالماق؛ كېسەل بولماق، سىقىلماق.

دېدى گۈل بىزدىن ئۆتكەن بولسا مەغرۇر،
مەنى بىچارەدىن كۆپ بولما رەنجۇر.

— خىرقەتى.

رەنجۇرلۇغ — كېسەللىك، بىمارلىق.

رەنجۇر ئولماق — «رەنجۇر بولماق» قا قاراڭ:

يار رەنجۇر ئولدى مەن ئاندىن داغى رەنجۇرراق،
ھالەتىم دىشۋار، ئەي پەرۋاردىگارا، بول تەبىب.

— زەلىلى.

رەنجىدە [رنجيده] (پ) رەنجىگەن، مۇشەققەت تارتقان، ئازاب چەككەن:

قەدەم رەنجىدە قىل كۆڭلۈم ئۈچۈن، ئەي يارىنىڭ ئوقى،
مېنىڭ بۇ ناتەۋان كۆڭلۈمگە چۈن دەرماندىن ئارتۇقسەن.

— بابىر.

رەھ [ره] (پ) يول، ئىز؛ «راھ» گە قاراڭ:

يەئنى تەرىقەت يولى تۇرفە رەھى مۇستەقىم،
ئاندا قەدەم راست قويىكىم، خەتەرى بولماسا.

— زەلىلى.

ئىت كەبى تەلمۈرۈبان خاك رەھىڭ باش قويۇبان،
شەھى ئىقلىم ھەمە مۇھتاجۇ گەدايان يەغلىغ.

— شەۋقى.

رەھ ئاۋەرد — 1) سوۋغا. 2) مەسلەك، ئۇسۇل.

رەھ رەۋان — يولغا راۋان بولۇش، يۈرۈپ كېتىش:

ئەلىپ رۇخسەت ئاندىن بولۇپ رەھ رەۋان،
بۇ مەجمۇئەغە ياپماق ئۈچۈن بىر مەكان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەھا [رها] (پ) خالاس بولغان، قويۇپ بېرىلگەن، بوشىتىلغان؛ قويۇپ بېرىش، بوشىتىش؛ ئازاد، ئەركىن:

نىشانغە ئوقىنى رەھا ئەيلەگەي،
كۆڭۈل مەقسەدىنى ئەدا ئەيلەگەي.

— ئا. نىزارى.

دېدى: *«پۈت ـ قولىنى قىلىڭلار رەھا،*
كى ئەمرىمنى قىلھال كېتۈرسۇن بەجا».

— ئا. نىزارى.

رەھبە [رحبه] (ئە) سەھنە، ئويۇن ـ كۈلكە جايى؛ سۇپا:

مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىي ... بىر رەھبەدە ئولتۇرۇپ ئېرمىشلەر.

— نەۋايى.

رەھبان [رهبان] (ئە) بۇتپەرەسلەر ئۇستازى، رەھبىرى، باشلىقى:

ئاندا نى رەھبان ئىدى نى بەرەھمەن،
لېك بارى بۇتلەر ئىدى سىيمتەن.

— نەۋايى.

رەھبەر [رهبر] (پ) يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى؛ ئۇستاز:

رىزا باشىنى سۇئالىڭغە ئەيلەسەڭ رەھبەر،
سۇئال ئىچىدە كۆتۈر سەرۋى قامەتىڭنى پات.

— شەۋقى.

خەيرۇ شەررۇ رىزقىۇ ئۆمرۇ ئىززەت جۇملەسى،
شەۋقى بىلسەڭ ھەقدىن ئۆزگە ھېچ رەھبەردىن ئەمەس.

— شەۋقى.

رەھدار [رهدار] (پ) يول ساقچىسى، يول نازارەتچىسى، يول كۆزەتچىسى.

رەھرەۋ [رهرو] (پ) يول يۈرگۈچى؛ مۇساپىر، «راھرەۋ» گە قاراڭ:

نەچە تەشنە رەھرەۋنى سىيراب ئېتەر،
ئۈنىڭ سايەسىدە تېخى خاب ئېتەر.

— زەلىلى.

رەھرەۋى جەھان پەيما — تېز يۈرگۈچى جاھانكەشتى.

رەھرەۋى فەرزانە — دانىشمەن يولۇچى.

رەھزەن [رهزن] (پ) قاراقچى، يول توسار؛ «راھزەن» گە قاراڭ:

كېلىپ تەگدى رەھزەن بورقىن ياكى چاڭ،
پۈلىن بەردى ئەمما قۇتۇلدى ئاغالڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بۇ نېچۈك كۆز، بۇ نېچۈك تەرز، بۇ نېچۈك نازۇ نىگاھ،
ھەر بىرى يۈز كارۋانى ئەقلىنىڭدۇر رەھزەنى.

— مەشھۇرى.

رەھشۇناس [رهشناس] (پ) يول تونۇيدىغان، بىلىدغان؛ يول بىلگۈچى، يول تونۇغۇچى:

بولۇپ ئەنجۇم ئەمۋالىغە رەھشۇناس،
تەبىئەتلەرىن داغى ئەيلەپ قىياس.

— نەۋايى.

رەھ فىكەندە [رهفكنده] (پ) يولغا، يەرگە تاشلانغان.

رەھكاۋ [رهكاو] (پ) «راھرەۋ» گە قاراڭ.

رەھكۇب [رهكوب] (پ) يول باسقۇچى، يول يۈرگۈچى.

رەھگۆب بولماق — يول باسماق، يول يۈرمەك.

رەھگۈزار [رەگزار] (پ) 1) قاتناش يولى، كاتتا يول، ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يول. 2) يولۇچى، ئۆتكۈنچى:

دېمە كويىدا ھەر سارى ئاچىلغان نەرگىسى شەھلا،
سەراسەر رەھگۈزارىن لەشكەرى نەززارە ياستانمىش.

— ئەرشى.

رەھگۈزەر [رەگزار] (پ) «رەھگۈزار» غا قاراڭ:

تەرىقەت ئەھلى بۇ كۈن بەردىلەر ئەجەب خەبەر،
قەلەندەرانە ئۆتۈڭلەر جەھان چۇ رەھگۈزەرى.

— زەلىلى.

ئۆتىشبۇ ئالەم گويىيا بىر رەھگۈزەر،
قىلماغىل زىنھار ئاڭا ئەندەك نەزەر.

— خەراباتى.

رەھل [رحل] (ئە) 1) ئەسۋاب؛ يول (سەپەر) جابدۇقلىرى (يۈكى). 2) سەپەرگە چىقىش؛ كۆچۈش. 3) ئوقۇش ۋاقتىدا كىتاب قويىدىغان تاختا، ئورۇندۇق.

رەھم I [رحم] (ئە) رەھىم، شەپقەت، جان كۆيدۈرۈش؛ ئېچىنىش:

رەھمىسى كەلمەس غەرىبنىڭ ئاھىغە،
كىرگەلى قويماس رەقىب دەرگاھىغە.

— غەيرەتى.

رەھم ئەتمەك — «رەھم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

داغدىن جىسمىم ئارا ھەر سارى ئاچىلغان سۆڭەك،
كۆرسە، رەھم ئەتكەي كۆلۈمسۈپ، شاد ئولۇر ئول باغرى تاش.

— ئەرشى.

رەھم ئەھلى — قېرىنداشلار، رەھىمدىللار؛ جان كۆيەرلەر.

رەھم ئەيلەمەك — رەھىم قىلماق؛ ئېچىنماق:

لۇتق ئېتىپ مىسكىن رىزائى ھالىغە رەھم ئەيلەگىل،
بىر نەزەر قىلساڭ ماڭا ھېچ يوقتۇر ئارمانىم مېنىڭ.

— رىزائى.

رەھم قىلماق — «رەھم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ئەجابەتكە بولدى دۇئايىم قەرىن،
ماڭا رەھم قىلدى جەھان ئافەرىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەھم II [رحم] (ئە) بالىياتقۇ؛

رەھم ئىچرە غىزا ھەم ئولكى مەئكۇم،
مەۋايى دىلكۇشا ھەم ئولكى مەئلۇم.

— نەۋايى.

رەھمان [رحمان] (ئە) رەھىم - شەپقەت قىلغۇچى، ئاللا:

يۈزىڭدە سۈرەتى رەھماننى كۆردۈم،
قاشىڭدە قاف ۋەل - قۇرئاننى كۆردۈم.

— نەسىمى.

بەندە ئاجىزغە ئاغىر كەلتۈرسە مىزان پەللەسى،
ياخشى ئەئمال بىرلە شايەد زات رەھمانىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

رەھمانىي [رحماني] (ئە) خۇداغا، تەڭرىگە تېگىشلىك، خۇدانىڭ، خۇدادىن.

رەھمەت [رحمت] (ئە) مەرھەمەت، رەھىم، تەشەككۈر:

مۇھەببىيا ئەيلەگەيلەر ئانچۇنانكىم ئابۇ نېئمەتدىن،
ئوشۇل رەھمەت ئىلە ماھى مۇبارەك رەمەزان كەلمىش.

— شەۋقى.

ئىلاھا، قىل مېنى رەھمەت سىرىشتە،
سالىپ بوينۇمغە مېھرىڭ بىرلە رىشتە.

— خىرقەتى.

رەھمەتەن لىل ئالەمىن — ئالەم ئۈچۈن رەھمەت:

چۇن ۋۇجۇدى رەھمەتەن لىل ئالەمىن،
سەجدەگەھ بولدى ماڭا روبى زىمىن.

— خەراباتى.

رەھمەت شەرابى — ئىلتىپات، تەشەككۈر شەرابى:

بوستان ئىچىندە تۈرلى چەچەك ئەنجۇمەن قۇرۇپ،
رەھمەت شەرابى بىرلە بولۇپ مەست ھەر بىرى.

— سەيفى سەرايى.

رەھمەت قىلماق — شەپقەت قىلماق، مەرھەمەت قىلماق.

رەھمەتىغە بارماق — «رەھمەتىغە ۋاسىل بولماق» قا قاراڭ.

رەھمەتىغە ۋاسىل بولماق — دۇنيادىن ئۆتمەك، قازا قىلماق.

رەھمەتى ھەق — ھەقتائالانىڭ رەھمەتى، ئاللانىڭ مەرھەمىتى:

تەۋبە ئوت، رەھمەتى ھەق بىرلە ئوتۇن بارچە گۇناھ،
تەۋبە رەھمەت ئوتىنىڭ شەرھىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

— شەۋقى.

ئايەتى رەھمەت — رەھىم قىلىش، مەرھەمەت قىلىش توغرىسىدىكى ئايەت:

نەسىب ئەتكىل، ئىلاھا، ئول پەرىغە ئەيش ئىلە ئىشرەت،
ئانىڭ ھەققىدە نازىل بولدى گويا ئايەتى رەھمەت.

— قەلەندەر.

ئەھلى رەھمەت — رەھمەتكە لايىق كىشى:

ئېرۇر تالىبغە تاڭ ئەيش ئولسا نېئمەت،
بارىغە شۈكۈر ئېتەر بىل ئەھلى رەھمەت.

— خىرقەتى.

دەريايى رەھمەت — مەرھەمەت دەرياسى:

شەفائەت بىرلە ھەق دەريايى رەھمەتدىن ئۈمىد ئەتسەڭ،

تەكەببۇر قىلماغىل شەۋقى ئۆزۈڭنى ئەيلەگىل مەئجۇز.

— شەۋقى.

دۇرى رەھمەت — رەھمەت ئۈنچىسى، تەشەككۇر ئۈنچىسى:

ئەخىر ئىشقۇ فەنادىن بەقا ئېرۇر ھاسىل،
ئۆلانسەلەر دۇرى رەھمەتكە ئاندا ئابى ھەيات.

— شەۋقى.

رەھمەتفەزاي [رحمت فزاى] (ئە + پ) رەھىم-شەپقەتلىك؛ مەرھەمەت قىلغۇچى.

رەھمەتۇللاھ [رحمة الله] (ئە) رەھمەتلىك، خۇدانىڭ رەھمىتىگە لايىق، مۆمىن (ۋاپات بولغان كىشى ھەققىدە) :

ۋەگەدەگى لاتەقنەتۇمىن رەھمەتۇللاھدىن ئۈمىد،
شەۋقى، نالان بولماغىل بەس قىبئىلى شەيتانىڭغە ھەيف.

— شەۋقى.

رەھن [رهن] (ئە) رەنە، گۆرۈ:

رەھن ئەتمەك — گۆرۈگە، رەنىگە قويماق.

رەھن ئەيلەمەك — «رەھن ئەتمەك» كە قاراڭ.

رەھنەما [رهنما] (پ) يول باشلىغۇچى، يولباشچى، يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى؛ رەھبەر، «راھنەما» غا قاراڭ:

مېنى خەلق ئەيلەگەن قادىر خۇداسەن،
يولىن يوق ئەيلەگەنگە رەھنەماسەن.

— ناقىس.

تەلەبدە بولساڭ ئەگەر ياخشى رەھنەما ئۇچرار،
كۆڭۈلنىڭ زەڭگىنى ئاچقۇندەك ئاشنا ئۇچرار.

— شەۋقى.

رەھنەماي [رهنماى] (پ) «راھنەما» غا قاراڭ.

رەھنەمۇن [رهنمون] (پ) يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى؛ «راھنەمۇن» غا قاراڭ:

تاپىپ دانا مۇئەللىم زۇفۇنۇنى،
جەمىئى ئەھلى دانىش رەھمەمۇنى.

— ناقىس.

رەھنەۋەرد [رهنورد] (پ) يول يۈرگۈچى، يولۇچى، ساياھەتچى، كەزگۈچى:

دېدىمكى، سۇرمە قىلاي گەردى رەھنەۋەردىڭنى،
قىغانكى، تاپمادى كۆز تۇتىياغە گەردىڭنى.

— نەۋايى.

رەھۋار [رهوار] (پ) تېز، راۋان:

ئول ئەشھەب گەردى پەست ئېردى رەھۋار،
نېچۈككىم بولسە غەلتان دۇررى شەھۋار.

— نەۋايى.

رەھىق [رحيق] (ئە) ساپ، سۈزۈك (تىنىق) مەي، ياخشى مەي.

رەھىل [رحيل] (ئە) 1) كۆچۈش، كېتىش؛ يولغا چىقىش؛ 2) ئۆلۈش.

رەھىل ئاغاز قىلماق — كۆچۈشكە باشلىماق؛ كېتىشكە تەمشەلمەك.

رەھىل ئەتمەك — كۆچمەك، كەتمەك؛ يولغا چىقماق.

رەھىل تۇتماق — كۆچمەك، سەپەر قىلماق.

رەھىلكوش [رحيل كوش] (ئە + پ) 1) يولۇچى. 2) يولغا سالغۇچى:

سۆز ناقەسىنىڭ رەھىلكوشى،
بۇ نەۋائى چېكەر ھۇدى خۇرۇشى.

— نەۋايى.

رەھىم [رحيم] (ئە) مەرھەمەتلىك؛ رەھىملىك، رەھىم قىلغۇچى، مېھرىبان؛ مېھرىبان ئاللا:

ئەگەر يەتسە شەھدىن ماڭا بۇ ستەم،
رەھىم سەن بۇ بەندەڭغە قىلغىل كەرەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىلاھا، رەھىم ئېتىپ ئەرشى دۇئاسىن مۇستەجاب ئەيلە،
رەھىمى رەھنەما سەنسەن، ماڭا قىل مەغفىرەت ئەرھەم.

— ئەرشى.

رەھىمەھۇللا [رحمه الله] (ئە) ئاللا ئۇنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، گۇناھىدىن ئۆتسۇن:

... ۋە مەۋلانا ئەبدۇسسەلام شىرازىي رەھىمە ھۇللاھكى، ئول زەماننىڭ ماھىر ھەكىمى ۋە ھازىق تەبىبى ئېردى — بۇ زەئىفغە مۇئالىج ئېردى.

— نەۋايى.

رەۋ [رو] (پ) قوشما سۆز تەركىبىدە «يۈرگۈچى، كەزگۈچى» مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

رەھرەۋ — يول يۈرگۈچى، كەزگۈچى، ساياھەتچى.

رەۋا I [روا] (پ) 1) لايىق، مۇناسىپ، ماس، مۇۋاپىق. 2) چىقىرىش. 3) يەتمەك، ئېرىشمەك.

رەۋا ئەيلەمەك — مەقسەتكە يەتمەك (يەتكۈزمەك)، ئېرىشمەك (ئېرىشتۈرمەك)؛ ھەل قىلماق، ئاسانلاشتۇرماق:

مەيى لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسەم رەۋا كامىم،
كى نەقد، جانۇ جەھاننى ئاڭا فىدا قىلايىن.

— ئەرشى.

مېنىڭ بۇ دەردىمە، يا رەب، دەۋا قىل،
ماڭا لۇتفۇڭ ئىلە ھاجەت رەۋا قىل.

— خىرقەتى.

رەۋا بولماق — لايىق كەلمەك؛ مۇمكىن بولماق.

رەۋا تۇتماق — لايىق كۆرمەك، مۇناسىپ كەلمەك.

رەۋا كۆرمەك — «رەۋا تۇتماق» قا قاراڭ.

بۇ گۈلشەندە مېنىڭ كۆڭلۈم خۇشى سەن،
نېچۈك مېھنەت رەۋا كۆرسەم ساڭا مەن.

— خىرقەتى.

رەۋا II [روا] (پ) «رەۋان» سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى، يۈرگۈچى، ماڭغۇچى، كەتكۈچى.

رەۋاتىب [رواتب] (ئە) [بىرلىكى: راتبە] بەلگىلەنگەن ھەق؛ مائاش، نەپىقە.

رەۋاج [رواج] (ئە) 1) ئېتىبار:

تاپماغاي ئېردى رەۋاجى قىسسەئى ئابى ھەيات،
زۇلمەت ئىچرە نەچچە يىل خىزرۇ سىكەندەر بولماسا.

— زەلىلى.

2) قوللىنىۋاتقان پۇل. 3) ئامال، چارە:

تاپالمام كېتەرنىڭ ئىلاجىنى ھەم،
بىلەلمەم تۇرارنىڭ رەۋاجىنى ھەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەۋاق [رواق] (پ) پېشايۋان؛ ئايۋان؛ راۋاق.

رەۋان I [روان] (پ) 1) مېڭىش، يۈرۈش، كېتىش:

چىقىپ مەن بۇ يەردىن تاڭ ئاتقان زامان،
يۈرۈپ ئەھلى تۇججار قاشىغە رەۋان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئېقىش، تامچىلاش، تۆكۈلۈش (كۆز يېشى):

ناۋەكى ئىشقىڭ تېگىپ ئانداغ كۆڭۈل مەجرۇھدۇر،
ھەر قايان بولدى رەۋان ھەر قەترە قانىمدىن قىيان.

— ئەرشى.

3) دەرھال، دەررۇ، تېز. 4) سىلىق، سىپايە. 5) قىممەتلىك، قىممەت باھا.

رەۋان ئايتماق — پاساھەت بىلەن سۆزلىمەك، سىلىق ئېيتماق.

رەۋان ئەتمەك — بەجا كەلتۈرمەك، ئورۇنلىماق.

رەۋان ئەيلەمەك — «رەۋان ئەتمەك» كە قاراڭ.

رەۋان ئولماق — يۈرمەك، ماڭماق، يولغا چىقماق. 2) كەتمەك، قايتماق.

رەۋان قەد — خۇش قامەت، بوي - تۇرقى كېلىشكەن.

رەۋان قىلماق — 1) ئەۋەتمەك، يولغا سالماق:

گەردى باد ئايلەپ ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم ۋادىسىدا،
كوھى غەم سەر مەنزىلى سارى رەۋان قىلغان فەلەك.

— ئا. نىزارى.

2) ئۇرماق، سالماق:

غەزەپ بىرلە خەنجەرنى قىلدى رەۋان،
تېگىپ دالىسىغە، كېسىلدى چاپان.

— ئا. نىزارى.

رەۋان II [روان] (پ) جان، روھ؛ ھايات، تىرىكلىك.

رەۋان بەخش — جان بېغىشلىغۇچى، روھلاندۇرغۇچى.

رەۋان تاپماق — جان تاپماق، تىرىلمەك.

رەۋانى پۇر ئەنۋار — نۇرلۇق، پاكىز روھ.

رەۋان كىرگۈزمەك — جانلاندۇرماق.

رەۋانى ھەشمەت — ئۇلۇغلۇق، ھەشەمەتلىك، دەبدەبە.

رەۋان ئاسا [روان آسا] (پ) راھەتبەخش؛ ناھايىتى راۋان.

رەۋانە [روانه] (پ) «رەۋان I » گە قاراڭ:

رەۋانە ئەيلەمەك — كۆز يېشى قىلماق، تۆكمەك، ئاققۇزماق.

رەۋانپەرۋەر [راوان پرور] (پ) ھاياتبەخش.

رەۋان سۇ [راوان سو] ئېقىن سۇ.

رەۋانى [روانى] (پ) دەرھال، تېزدىن، تېز سۈرئەت بىلەن.

رەۋايىھ [روايح] (ئە) يېقىملىق، خۇش پۇراق ھىدلار؛ «رايىھە» گە قاراڭ.

رەۋەندە [رونده] (پ) 1) يۈرگۈچى، كەزگۈچى؛ كەتكۈچى. 2) مۇساپىر. 3) خەت توشۇغۇچى؛ چاپارمەن.

رەۋەندەئى سەما — ئاسمان كېزەر.

رەۋزە [روضه] (ئە) 1) باغ، باغچا؛ گۈلشەن. 2) جەننەت:

ئىقامەت چۈنكى قىلدىڭ، بابىرا، ئول ھۇر كويىدا،
مەقامىڭ رەۋزەدىن ئەئلا، ئۆزۈڭ رىزۋاندىن ئارتۇقسەن.

— بابىر.

3) قەبرە، مازار، زىيارەتگاھ:

رەۋزەسىدە تەگمىيە قەندەلى نۇھۇر،
رەۋشەن ئەيلەپ مىسلى تەجەللى زۇھۇر.

— زەلىلى.

4) باب، بۆلۈم، پەسىل.

رەۋزە بوستانى — جەننەت بوستانى.

رەۋزە پاك — مۇقەددەس مەقبەرە، پاك قەبرە.

رەۋزە مانەند — گۈلباغ، جەننەتتەك.

رەۋزەئى جان — جان گۈلشىنى.

رەۋزەئى جەننەت — جەننەت بېغى:

سۆيۈنۈپ دەرمەن ئانىڭكىم رەۋزەئى جەننەتدۇرۇر،
دەۋزەخ ئەر ئىچىندە بولسام لەئكى رەخشانىم بىلە.

— قەلەندەر.

رەۋزەئى جىنان — جەننەت باغلىرى.

رەۋزەئى خەزرا — ياپيېشىل باغ، يېشىل بوستان.

رەۋزەئى خۇلد — ئەبەدىي جەننەت، دائىم كۆكلەپ تۇر-

ىمغان باغ.

رەۋزەئى دارۇل ـ بەقا — «رەۋزەئى خۇلد» قا قاراڭ.

رەۋزەئى رۇھ ئەفزا — دىلنى شادلاندۇرغۇچى باغ؛ جان بېغىشلىغۇچى گۈلشەن.

رەۋزەئى رىزۋان — «رەۋزەئى جىنان» غا قاراڭ:

مەگەر يا رەۋزەئى رىزۋانىمىدۇر بۇ؟
ئاغىز يا غۇنچەئى خەندانىمىدۇر بۇ؟

— ئاتايى.

رەۋزەئى زەركار — ئالتۇن بېزەكلىك بىنا.

رەۋزەئى فىردەۋس — جەننەت بېغى:

رەۋزەئى فىردەۋس ئېرۇر ھەرقانچە كىم رەھەت سىرىشت،
يوقتۇرۇر مەشھۇرىدا جۇز ئاززۇيى ۋەسلى يار.

— مەشھۇرى.

رەۋزەئى نەزم — شېئىرىيەت بېغى، نەزم گۈلشىنى.

رەۋزەئى ئىرەم — ئىرەم بېغى (ئەپسانىۋى گۈزەل بىر باغنىڭ نامى).

رەۋزەن [روزن] (پ) تۆشۈك؛ تۆڭلۈك؛ دېرىزە:

قىلىپدۇرمەن دىلۇ جانىم نىسارىڭ،
تېنىمنى قىلدى رەۋزەن نىش خارىڭ.

— خىرقەتى.

رەۋزەن ئەيلەمەك — تەشمەك، تۆشۈك ئاچماق؛ دېرىزە ياكى تۆڭلۈك ئاچماق.

رەۋزەن ـ رەۋزەن — ئۆتمىتۆشۈك.

رەۋزەن ئۈزرە رەۋزەن — ئۆتمىتۆشۈك ئۈستىگە تۆشۈك.

رەۋزەنە [روزنه] (پ) 1) «رەۋزەن» گە قاراڭ؛ 2) ئۆزۈم بارىڭىغا ئىشلىتىلىدىغان بادرا.

رەۋشەن [روشن] (پ) 1) روشەن، يورۇق، يارقىن. 2) سۈزۈك، غۇبارسىز، پاك. 3) غەمسىز؛ شاد ـ خۇرام:

چىراغى تىيرە گۇلسە ياغ قۇيماق،
كېلىپ رەۋشەن قىلىپ گۇرنىغە بارماق.

— خىرقەتى.

رەۋشەن ئەتمەك — بېزەك بەرمەك، زىننەتلىمەك.

رەۋشەن ئەيلەمەك — مەلۇم قىلماق، ئاشكارىلىماق.

رەۋشەن چەراغ — نۇر چاچقۇچى؛ پەيز بەرگۈچى.

رەۋشەن دىل — پاك قەلب؛ ئوچۇق كۆڭۈل.

رەۋشەن قىلماق — يورۇتماق.

رەۋشەن گۇۋاھ — ئوچۇق دەلىل.

رەۋشەن ئولماق — نۇرلانماق، روشەنلەشمەك، پارلىماق.

رەۋشەن راي [روشن راى] (پ) مۇتەپەككۇر، دانا، پىكرى روشەن.

رەۋشەن رەۋىش [روشن روش] (پ) گۈزەل ئەخلاقلىق، شان ـ شەرىپىگە داغ تەگكۈزمىگەن.

رەۋنەق [رونق] (ئە) 1) جىلۋە قىلىش، يالتىراش، پارلاش. 2) كۆركەم، گۈزەل:

مەي ئىچەردە گۈل ۋەقتى رەۋنەقى چەمەن ياخشى،
تازە بولدى ھەر مەجلىس شەمئى ئەنجۇمەن ياخشى.

— زەلىلى.

3) روناق، راۋاج، تەرەققىيات:

گۈلىستانى چەمەندە رەۋنەقى ئابى تەراۋەت يوق،
تەرەننۇم ئەيلەگەيمۇ بۇلبۇلى باغى خىتا ئاخىر.

— زەلىلى.

رەۋنەق تاپماق — تەرەققىي قىلماق، يۈكسەلمەك، يۇقىرىغا ئۆرلىمەك، راۋاجلانماق، روناق تاپماق.

رەۋنەقلىق [رونقليق] كۆركەملىك، گۈزەللىك.

رەۋھ [روح] (ئە) ئارام، راھەت.

رەۋىش [روش] (پ) 1) يوليورۇق. 2) ئادەت، قىلىق، مىجەز:

كىچىك ـ چوڭغە مۇنداغ رەۋىش خۇب ئەمەس،
ئىشىتمەي سۆزۈمنى ساڭا ئەرزىمەس.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) رەسىم ـ يوسۇن، قائىدە:

قىلىپ ئىشلارىمدا گۇل ئاگاھلىق،
ئۆتۈپ بۇ رەۋشدە شەھەنشاھلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4) ئىش:

ئېرۇر ئالتىنچى ھازىرلىق بۇ ئىشدە،
رىزا جويەندەلىقدۇر ھەر رەۋشدە.

— خىرقەتى.

رەئد [رعد] (ئە) 1) چېقىن ـ چاقماق ئاۋازى؛ گۈلدۈرماما:

ياقام يىرتىپ، كۆكسىم تىرناپ، ساچىپ ئوت سوزى جانىمدىن،
ئەگەر ئۆلسەم رەئد يەڭلىغ مەنئى فەرياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.

— گۇمنام.

2) ئوت چاچقۇچى قورال؛ توپ.

رەئد ئەسبابى — ئوت چاچقۇچى قورال، توپ.

رەئد تاشى — ئوت چاچقۇچى قورالنىڭ تېشى، ئوقى.

رەئد يايى — ئوت چاچقۇچى قورالنىڭ يايى.

رەئس [رأس] (ئە) باش، باشلىق.

رەئسەن ـ بەرەئس — باشمۇ باش؛ تەڭ.

رەئشە [رعشه] (ئە) تىترەك، لەرزە.

رەئشە قىلماق — تىترەتمەك، لەرزىگە كەلتۈرمەك.

رەئفەت [رافت] (ئە) مېھرىبانلىق، غەمخورلۇق، خەيرخاھلىق، دوستلۇق؛ ھېسداشلىق:

ماڭا مەئلۇم ئولدى ئانىڭ ھىممەتى،
كۆڭۈلگە پەيدار ئولۇپ رەئفەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەئنا [رعنا] (ئە) 1) گۈزەل، چىرايلىق، يېقىملىق؛ زىبا، زىننەتلىك:

دىلبەرىم، سەندەك جەھاندە ھېچكىم رەئنا ئەمەس،
فۇرقەتىڭدە ھېچكىم مەندەك ساڭا شەيدا ئەمەس.

— نەۋبەتى.

2) بىر خىل گۈلنىڭ نامى:

ئەبىرۇ ئەنبەرۇ رەئنايۇ سەۋسەن،
خۇشاگۈل، ياسۇمەن ھەم مىسلى گۈلشەن.

— خىرقەتى.

رەئنايى جەھان — جاھان گۈزىلى:

كى رەئنايى جەھان مەئشۇق ۋەسلىدىن ئۈمىد ئەتكەچ،
قىزىلگۇل ئەشكى خۇندىن سەفھە رۇخسارىغە قان پەيدا.

— شەۋقى.

رەئنايى خوتەن — خوتەن گۈزىلى:

خىتا ئىقلىمى گەرچە مۇرغىزارى ھۆسن دەيدۇرلار،
كى رەئنايى خوتەنغە، ئەي كۆڭۈل، قىلمە تەقابۇل سەن.

رەئنا سىفەتلىك — خۇشپىچىملىق، گۈزەللىك، زىبالىق؛ يېقىملىق.

رەئنا قەد — گۈزەل قامەت، سەۋرى قەد:

قىلىپ رەئنا قەدىڭ يادىن سەھەردە غۇنچە يىغلارمەن،
كۆزۈمنىڭ جويىبارى ئىچرە سەرۋى نارۋەن بولدى.

— سەككاكى.

رەئنالىغ [رعناليغ] خۇش قامەتلىك، گۈزەللىك؛ يېقىملىق؛ مەغرۇرلۇق.

رەئنالىغ قىلماق — ئۆزىنى خۇش قامەت قىلىپ كۆرسەتمەك.

رەئنالىق [رەئناليق] «رەئنالىغ» قا قاراڭ.

رەئنا نىھال — گۈزەل قامەت، خۇش قامەت.

رەئىس [رئيس] (ئە) باش؛ باشلىق، سەردار؛ بىر دۆلەتكە ياكى بىرەر جەمئىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلغۇچى:

ئەكابىر رەئىسلەر چىقىپ سەيرىگە،
تويۇن تۈزدى باقماي شەرۇ خەيرىگە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەئىسى شەرىف — ئەزىز رەئىس، شەرەپلىك رەئىس:

تۇتۇپ جامى زەررىن رەئىسى شەرىف،
قويۇپ ئالدىمىزغا غىزايى لەتىف.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەئىيە [رعيه] (ئە) «رەئىيەت» كە قاراڭ:

تەزۋىر بىرلە بىرنى ئىككى، كۈننى يۈز پۈتۈپ،
سالسە رەئىيەلەرغە دەما ـ دەم تۈمەن ئەزاب.

— سەبۇرى.

رەئىيەت [رعيت] (ئە) 1) پۇقرا، خەلق:

ئەي مەلىك، سورغىل رەئىيەت ھالىنى،
ئىنسۇ ئۈلفەت بىر بەرلە ھەم دادىنى.

— خەراباتى.

2) بىرەر چارۋىدارنىڭ ئىلكىدىكى مال ـ ۋارانلار.

رەئىييەت [رعيت] (ئە) [كۆپلۈكى: رەئايا] «رەئىيەت» كە قاراڭ.

رەئىيەتنەۋاز [رعيتنواز] (ئە + پ) خەلقپەرۋەر، پۇقراپەرۋەر، ئەل سۆيەر:

ئۆزى ئادىل ئېردى رەئىيەتنەۋاز،
ئانىڭ لۇتفى بىرلە ئۇلۇس سەرفەراز.

— ئا. نىزارى.

رەئيى [رأيى] (ئە) ئوي، پىكىر، خىيال؛ ئەندىشە؛ تەدبىر:

نېچە مەقدۇر بار، نېچە ئانىڭ رەئيىچە بارغايمەن،
نېچە بارغانچە سەن ئۆزۈڭنى بىمىقدار تاپقايمەن.

— بابىر.

رەياسەت [رياست] (ئە) 1) رەئىسلىك، يېتەكچىلىك، رىياسەت. 2) ئەمەلپەرەسلىك.

رەياسەت مەسنەدى — ھۆكۈمرانلىق تەختى.

رەياھىن [رياحين] (ئە) [بىرلىكى: رەيھان] رەيھانلار، خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر، گۈللەر، گىياھلار.

رەيب [ريب] (ئە) شۇبھە، گۇمان، شەك:

مېنىڭ تەيىبلىكىمدىن كۆپتۇر ئەيىبىم،
بۇ سۆزگە يوق ئېرۇر ھېچ شەك ۋە رەيبىم.

رەيھان [ريحان] (ئە) «رەياھىن» غا قاراڭ:

بىنەپشە، سۇنبۇلۇ رەيھان دېمەڭ بار،
گۈلى ئەبباس، نا پەرمان دېمەڭ بار.

— خىرقەتى.

رەيھانە [ريحانه] (ئە) رەيھانزار، گۈلزار.

رەيھانى [ريحانى] (ئە) 1) رەيھان ھىدلىق، خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى. 2) رەيھان رەڭلىك.

رو [رو] (پ) 1) يۈز، بەت، بەشىرە، چېھرە؛ «روي» غا قاراڭ:

ئانىڭ بىرلە مۇندا كىرەر ئېردى سۇ،
يېتەردى يۈيۈرغە ئىلىك بىرلە رو.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) توغرىسىدا، ھەققىدە، قارىتا.

رو قىلماق — مايىل قىلماق، قىزىقتۇرماق.

پەرى رو — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل:

ئىستەسەم گەرچە پەرى رولار تەمامىن دەھر ئارا،
بارچەسى خەرمۇھرە، بۇ بىر گەۋھەرى ۋالا يىگىت.

— ئەرشى.

روب [روب] (پ) سۆز تەركىبىدە «كەتكۈزگۈچى، يوق قىلغۇچى؛ يۇيۇپ، سۈپۈرۈپ تاشلىغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

تاش ئۆزرە قىلىپ تەنىنى سەركوب،
مۇژگانىنى ئەيلەبان زەمىن روب.

— نەۋايى.

ئەمنىيەت روب — تىنچلىقنى كەتكۈزگۈچى، بۇزغۇچى؛ تىنچسىزلاندۇرغۇچى.

خىرەد روب — ئەقىلنى ئالغۇچى، ئەقىلدىن ئازدۇرغۇچى.

سالامەت روب — تىنچسىزلاندۇرغۇچى، تىنچلىقنى بۇزغۇچى.

روباب [رباب] (پ) راۋاب (چالغۇ ئەسۋابى)، «رەباب» قا قاراڭ:

مەن چەڭ كەبى ئىككى قات ئولۇپ،
نەۋھە قىلۇرەم روباب ئىچىندە.

— نەسىمى.

روباھ [رباه] (پ) تۈلكە:

بەبىرگە جۇيۇن بىشەسىدىن ئەربەدە قىلدى،
روباھ سىفەت ئەقىل قىلىپدۇر ھەزەر ئىشق.

— زەلىلى.

روبەراھ [روبراه] (ئە) «روبەرەھ» كە قاراڭ:

جەزايىرنى تا فەتھ قىلغۇنچە شاھ،
ھىسابىن ھەكىم ئەيلەبان روبەراھ.

— نەۋايى.

روبەرەھ [روبره] (پ) يولغا چىقىش، سەپەرگە ئاتلىنىش.

روبەرەھ قىلماق — سەپەرگە چىقماق:

بولغىل نەۋايى روبەرەھ، قىلغىل فەنا كويىن پەناھ،
تەرك ئەيلە زۇھدۇ خانقەھ، قىل دەير پىرى خىزمەتىن.

— نەۋايى.

رو بەرو [روبرو] (پ) يۈزمۇ يۈز، روبىرو، مۇقابىل، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل؛ قارشى، قارىمۇ قارشى:

فەرەڭ شاھى شاھ بەندەرنى كەلتۈرۈپ روبەرو قىلماقچى بولغانىدا، بەرەھمەن تەگەررۇز قىلىپ پادشاھنىڭ قاشىدىن چىققانى ...

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

روبەرو ئەيلەمەك — مۇقابىل قىلماق، كۆرۈشتۈرمەك، يۈزلەشتۈرمەك:

رەسۇلى خۇدا ئارزۇ ئەيلەدى،
كى رۇھۇل ـ ئەمىن روبە رو ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

روبەرو قىلماق — «روبە رو ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

بەرەھمەنغە سۇلتان قىلىپ گۇفتىگۇ،
ئالىپ كەلسۇن ئانى قىلاي رو بەرو.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

روبەروي [روبروى] (پ) «روبەرو» غا قاراڭ:

ئاغزىنە رو بەروي قىلۇر لۇتفىغە مىنى،
يوق يەردە نېچە بولغاي ئول ئاينىڭ ھەۋالەسى.

— لۇتفى.

روپوش [روپوش] (پ) يۈزى يېپىقلىق، شەرم ـ ھايالىق؛ يۈزىنى ياپقان، روپاش:

بەرگى ياپراغى بىلەن تا گۇلنى روپۇش ئەيلەمىش،
بۇلبۇلانى باغنى گوياكى خامۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

روتازە [روتازه] (پ) تازا، پاكىز يۈز (چىراي)؛ گۈزەل، چىرايلىق.

رود [رود] (پ) ئېرىق، ئۆستەڭ؛ دەريا؛ جىلغا؛ «رۇد» قا قاراڭ:

گاھ ئايتۇر بىنەۋا يانە سۇرۇدى،
گاھ ئاقىزار سىرىشكى بىرلە رودى.

— لۇتفى.

رود ئولماق — ئېقىن بولماق، ئاقماق:

نەۋايى نالەگى نەي بىرلە بىردەم ھەم سۇرۇد ئولدۇم،
كى تۇفانى سىرىشكىم، چەشمە ـ چەشمە بولدى رود ئولدۇم.

— زەلىلى.

رودى جەيھۇن — جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىنىڭ ئېقىنى:

ئاراده بۇلبۇلۇ سەۋسەن جىگەر خۇن،
ئاقىزىپ كۆزلەرىندىن رودى جەيھۇن.

— لۇتفى.

رودە [روده] (پ) ئىچ ـ قارىن، ئۈچەي ـ باغىر.

قوي رودەسى — قوي ئۈچىيى؛ قوينىڭ ئىچ ـ قارنى، ئۈچەي ـ باغرى:

تېشىپ بىھەد تەنى ئاسۇدەسىنى،
كەباب ئەتكەن كەبى قوي رودەسىنى.

— نەۋايى.

رود باد [روdباد] (پ) سۇ بويى، سۇ ئېقىپ تۇرغان جاي:
ئاندا كەتتىمكى يەتتىم رودباد،
يەتمەدى گەردىگە ئانىڭ گەردباد.
— زەلىلى.

رود بار [رودبار] (پ) 1) ئاقار سۇ؛ دەريا. 2) جىلغا، قانال. 3) دېڭىز؛ دېڭىز قىرغىقى. «رۇدبار» غا قاراڭ.

رودخانه [رودخانه] (پ) دەريا؛ ئېرىق؛ ساي، جىلغا، قانال؛ «رۇدخانه» گە قاراڭ.

روز [روز] (پ) كۈن؛ كۈندۈز:
بۇرۇپ سال ئارا چۈن قىرىق روز - شەب،
بۇ مۇددەتدە يەتمەي ئاڭا ھېچ تەئەب.
— ئا. نىزارى.

روز ئەفزۇن — كۈنسايىن ئارتماق، كۆپەيمەك:
گەنج بەخشكىم، روز ئەفزۇن جەناب ئىسمىدىن كىشىۋەر كۈشالىق سىككەسىنىڭ مىرئاتى بەھبۇدى نەقشىن زاھىر ئەتتى.
— قىدىرخان يەركەندى.

روز چەند — نەچچە كۈن:
قىلىپ ئېردىم ئانى كى زىندانغە بەند،
خەبەر ئالغانىم يوق ئۆتۈپ روز چەند.
— ئا. نىزارى. ن. زىيائى.

روزۇ شەب — كېچە ۋە كۈندۈز؛ ھەمىشە، ھەر دائىم:
شاھى كەنئان ئىشقىدا ھەمچۈن زىلەيخا نەچچە يىل،
يۇسۇفىم دىپ روزۇ شەب قان يىغلابان بىداردۇر.
— شەۋقى.

روزى ئەزەل — ئەزەل كۈنى، ئەڭ دەسلەپكى كۈن:
روزى ئەزەل كۆي دېدى، كۆيدۈم - ياندىم كۈل بولدۇم،
يولدا ياتقان خار ئېردىم، نەزەر تاپتىم گۈل بولدۇم.
— مەشرەپ.

روزى رەخشان — كۈندۈز كۈن، يورۇق كۈن، پارلاق كۈن:
تونۇماس خۇشرۇيي بىلەن بەدرۇيىنى سوفىئى شەھر،
ئەئماغە تۈندىن نە مېھنەت روزى رەخشاندىن نەھەز.
— مەشھۇرى.

روزى رەقەم — ئەزەل كۈندىكى تەقسىمات خېتى، قىسمەت:
كۆرۈپ بىرنى غەنى ئۆزنى فەقىر، قىلماغىل ھەسەدخورلۇق،
بىرىگە كۆپ، بىرىگە ئاز ئەتا روزى رەقەمدىندۇر.
— مەشھۇرى.

روزى مەھشەر — قىيامەت كۈنى:
كىمسە گەر ئىشكىگىنى ياستاناقدىن ئولمىشتۇر مەلۇل،
ھەجر ئىلە تا روزى مەھشەر قىلما ھىرماندىن خەلاس.
— ئەرشى.

روزى نەۋرۇز — باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى، نورۇز كۈنى:
يېڭى يىلنىڭ باشىندە روزى نەۋرۇز،
سەدەفدىن چىقتى بىر دۇررى شەب ئەفروز.
— لۇتفى.

روزى ھەشر — «روزى مەھشەر» گە قاراڭ:
خۇشرەۋۇ فەرھادۇ مەجنۇن باش كۆتەرمەس روزى ھەشر،
بۇ جەھاندا چۈنكى ئىشقىم شەئنە ئەلۋانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

تىيره روز — قارا كۈنگە قالغان، قايغۇلۇق:
نېگە ۋەسلىڭ فۇرقەتىدىن مېنى قىلغۇڭ تىيره روز،
كىم شىئار ئەيلەپ ئۆزۈڭگە مۇنچە ئىستىغنا يىگىت.
— ئەرشى.

نىم روز — يېرىم كۈن:
شەۋق بىلەن زەۋق بىلەن نىم روز،
قۇشنەك ئۇچۇبان يېتىبان تاربوغۇز.
— زەلىلى.

روزانه [روزانه] (پ) 1) كۈندۈزى، كۈن بويى، ھەر كۈنى:
ھەي - ھەي، نې گۇناھكار زەلىلىدۇرمەن،
شەب مەست، سەھەر بەڭگىۋۇ روزانه جۇنۇب.
— زەلىلى.

2) رىزق، ئوزۇق - تۈلۈك؛ كۈندىلىك تىرىكچىلىك كىرىمى:
بىھىشتىن چىقاردى نېچە دانەنى،
ئېرىپ ئەيلەگىل رىزقى روزانەنى.
— غەرىبى.

تىلەمچى گەدالارغە روزانەگى،
تويۇپ شادلىق بىرلە مەستانەگى.
— غەرىبى.

روزه [روزه] (پ) روزا، رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش:
يىتمىشتى بەيرەمۇ رەفئ ئەتتى روزه قايغۇسىن،
ھەلال مۇسقىلى يورۇتتى بادە كۆزگۈسىن.
— نەۋايى.

روزه ئەلەست — ئەزەل كۈنى، ئەڭ بۇرۇنقى كۈن، قىسمەت كۈنى:
زەلىلىدىن رەمۇزى مەئنىئى لاۋۇ نەئەم سورماڭ،
كى مەن دىۋانەئى ئەقل روزه ئەلەست ئولدۇم.
— زەلىلى.

روزه دار [روزەدار] (پ) روزا تۇتقۇچى، روزا تۇتقان كىشى:
ئەقل ئىلە شۇرب ئەيلەمەگەي روزەدار،
لىك ئىككىنچىگە بۇدۇر ئېتىبار.
— نەۋايى.

روز گار [روزگار] (پ) 1) تۇرمۇش؛ تىرىكچىلىك، كۈن كەچۈرۈش:

مېنىڭكى روزگارىمغە ئەجەل چاڭگالىنى ئاچتى،
كى غۇنچە ئاچىلۇر ۋەقتىدە ئەزرائىل ئۈزۈپ قاچتى.

— موللا سالىھ.

مۇنىڭ بىرلە ئۆتۈپ روزگارى،
بولۇپ مەقبۇل قىلغان ئاھۇ زارى.

— ناقىس.

2) تەقدىر، قىسمەت؛ تەلەي، بەخت:

كۆزۈمنىڭ نۇرى ھۇسنۇڭ شەمئى ئېردى،
جۇدا بولدۇم، قارادۇر روزگارىم.

— خىرقەتى.

3) دەۋر، زامان:

بولماسا نامۇ نىشانىم، ئەيب قىلماڭكىم، فىراق،
روزگار ئەۋراقىدە نامۇ نىشانىم ئۆرتەدى.

— نەۋايى.

روزگار ئەھلى — دەۋر، زامان كىشىلىرى.

روزگار ھاۋادىساتى — دەۋر ھادىسىلىرى، ھايات ھاۋادىساتى:

تا روزگار ھەۋادىساتى بىرلە ئول شاھاندا سەلتەنەتى ئاساسىن بەرھەم ئۇردى، …

— قىدىرخان يەركەندى.

روزگار ئېلتمەك — ۋاقىت ئۆتكۈزمەك، ۋاقىتنى سوزماق؛ ھاياتنى ئۆزارتماق.

روزگار كۆھەن — قەدىمدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان ھايات، قېرى دەۋر:

زەمان ئىنقىلابىغە قىلدى سۇخەن،
كۆزەر ئەيلەگەي روزگارى كۆھەن.

— ئا. نىزارى.

تىيرە روزگار — يامان تۇرمۇش؛ قاراكۈن؛ جاپالىق شارائىت:

نېگە يادىدا، ئەرشى، روزگارىڭ بولماسۇن تىيرە،
زىبەسكىم دەھر ئارا ئانداق كۆزۈ قاشى قارا يوقتۇر.

— ئەرشى.

روزنامە [روزنامە] (پ) كۈندىلىك دەپتەر (خاتىرە):

مىرزام دەۋلەت بىلە دېۋاندا ئولتۇرغاندا، ھەر ئىشكىم ۋاقىئ بولۇر، قەلەمىمي قىلىپ، روزنامەدە سەبت قىلىلسە.

— نەۋايى.

روزى [روزى] (پ) رىزق، نېسىۋە؛ «رۇزى» غا قاراڭ:

ئاقار ياش كۆزىدىن ئۈنىڭ دەم بەدەم،
بېرىپ روزى كۆرگەن كىشىلەر دەرەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

روزى ئەيلەمەك — «روزى قىلماق» قا قاراڭ.

روزى بولماق — نېسىپ بولماق، نېسىۋىگە مۇيەسسەر بولماق، (بىرەر نەرسىگە) ئېرىشمەك.

روزى قىلماق — نېسىپ قىلماق، ئېرىشتۈرمەك.

روزى ئولماق — «روزى بولماق» قا قاراڭ.

روسىياھ [روسياه] (پ) گۇناھكار: قارا يۈز:

تىترەتىپ ئەرزۇ سەمانى بىر باقىپ ئول نامۇەر،
ئولدى خالىس دەرگەھىگە كەلسە يۈز مىڭ روسىياھ.

— ئەرشى.

روسىيەھ [روسيه] (پ) «روسىياھ» قا قاراڭ:

گۇناھىم زەڭگى بىرلەن روسىيەھ شەرمەندە قولدۇرمەن،
ئۈمىدىم روزى مەھشەردە يۈزۈم بولغاي قەمەر يەڭلىغ.

— شەۋقى.

روشىناس [روشناس] (پ) 1) رەسمال، مۇنەججىم. 2) مەشھۇر، داڭدار، تونۇلغان، كۆزگە كۆرۈنگەن:

لۇتفىئى گۇمنامنى ئالەمدە قىلغان رۇشىناس،
داغى ئىشقىڭدۇركى دەۋلەتلىق ئىشق دەرلەر ئانى.

— لۇتفى.

رۇفتە [روفته] (پ) سۈپۈرۈلگەن، پاكىزلانغان، تازىلانغان؛ پىشىقلانغان.

روفتە قىلماق — سۈپۈرمەك، پاكىزلىماق، تازىلىماق.

روكەش [ركش] (پ) 1) قاپلىما، ياسىما، ساختا، باشقا نەرسە ئارىلاشقان:

مىسىدۇر ئالتۇن بىلە روكەش، تاشى خۇشنەما ۋە ئىچى ناخۇش.

— نەۋايى.

2) ئۆياتلىق، شەرمەندىلىك:

جەزم ئېدىلەردىكى تەختى گەردۇنۇمۇش،
ئايدۇر، ئەمما كۈنىش بىلە روكەش.

— نەۋايى.

روگەردان [روكردان] (پ) يۈز ئۆرۈگەن، تەتۈر قارىۋالغان، قارشىلاشقان.

روگەردان بولماق — يۈز ئۆرۈمەك، قارشىلاشماق.

روي [روى] (پ) 1) يۈز، بەت، چىراي، چېھرە؛ «رو» غا قاراڭ:

رويۇڭ بىلەن قاشىڭغە تەشبىھ ئەيلەسەم مەن،
دېسەم مۇنى خاتادۇر شەمسۇ قەمەر مىسالىڭ.

— خۇشھال غەرىبى.

2) قوغۇشۇن ۋە قەلەي ئارىلاش مېتال قېتىشمىسى:

ئىچىندە نەمۇدار ئانداق تىلسىم،
كىم ئول ھۇفرە كۈنجىدە بىر روي جىسىم.

— نەۋايى.

رويى ئانار — ئانار يۈزلۈك، يۈزى ئاناردەك قىزىل:

بەختى قاچقان بولماسام هەم تالئىم شۇم بولماسا،
بولغاي ئېردىمۇ بۇ كۈن رويى ئانارىمدىن جۇدا.

— موللا بىلال.

رويى ئەندۇد — قاپلىما، ساختا؛ سىرتى باشقا، ئىچى باشقا.

رويى تەۋەككۇل — تەۋەككۇل قىلىش، تەۋەككۇل ساھەسى:

قويتى قەلەندەرلەر تاماشا قىلىپ،
رويى تەۋەككۇلنى بە مەۋلا قىلىپ.

— زەلىلى.

رويى خاك — يەر يۈزى، زېمىن يۈزى:

بولۇپ سۇبھىنىڭ سىنەسى ئەمدى چاك،
هەمە مەستى خاب ئېردىلەر رويى خاك.

— موللا شاكىر.

رويى رەخشان — نۇرلۇق يۈز، چىراي:

مۇسىنكىم گۈل ئايدادۇر مەگزىنگە كىمنى مەگىز ئېتەي،
كۈندۈز ئۆزنى كېچە كۆردى رويى رەخشانىن كۆرۈپ.

— مەشھۇرى.

رويى رىيا — رىياكارلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، سەممىيەتسىز:

مۇرادىم بولمادى هاسىل، قەلەندەر، بۇ جەھان ئىچرە،
مەگەركىم تەگرىمە مەن تائەتى رويى رىيا قىلدىم.

— قەلەندەر.

رويى زەرد — چىرايى سېرىق:

رويى زەردۇ ئاهى سەردىم كىمگە تەقدىر ئەيلەيىن،
ئۆزىدە بۇ سۇرەت گولغاچ رازدارىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

رويى زەمىن — يەر يۈزى:

هىچ رويى زەمىندە يوق بۇ گىياه،
دارۇلار پادىشاهىدۇر كۆك چاي.

— ئەرشى.

رويى سىياه — قارا يۈز، گۇناهكار؛ يارىماس؛ بەختسىز، بەختى قاچقان:

رەهمەتىڭ ئىشكىن ئاچىپ قەهر ئەتمەي ئەمدى، ئەيلەكىم،
قىلغان ئۆشبۇ جۇرمىدىن رويى سىياهىمنى كەرەم.

— ئەرشى.

رويى لالە ئەھمەر — چىرايى قىزىل لالىدەك، قىزىل يۈزلۈك:

شەهلا كۆزى، رويى لالە ئەهمەر،
سەرۋ قەد گۈل سىيمىن بەدەن يوق.

— موللا سالىھ.

رويى نىگار — يار جامالى:

چەهار چىزكى دىل مىبەرەد بەۋەقتى بەهار،
شەرابى سەبزەئى ئابى رەۋان رويى نىگار.

— ئا. نىزارى.

پاك روي — تازا، توغرا، نومۇسچان.

پەرى روي — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل.

تازە روي — پاك، غۇبارسىز:

مەگانى گۈلىن ئەيلەگىل تازە روي،
خىرەد غۇنچەسىغە بېرىپ رەڭگۇ بوي.

— ئا. نىزارى.

زىشت روي — خۇنۇك چىراي:

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،
زىشت رويۇ تۇند خو سەخت بىھىمتا ساۋۇق.

— ئەرشى.

سىياه روي — «رويى سىياه» قا قاراڭ.

گۈل روي — گۈل يۈزلۈك، گۈزەل چېھرىلىك:

بىر سەرۋ ئېرۇر بويۇڭ، سەرۋ ئۆزرە گۈل رويۇڭ،
لەئلىڭنى خەيال ئەتتىم، گۈل شاخىدىكى بۇلبۇل.

— گۇمنام.

رويكەش [رى كش] (پ) «روكىش» كە قاراڭ.

رويىنتەن [روين تن] (پ) «شاهنامە» دە تەسۋىرلەنگەن قەهرىمانلاردىن ئىسپەندىيانىڭ لەقىمى؛ تۆمۈر تەنلىك:

قېنى دارا داغى قېنى بەهمەن،
قېنى ئىسفەندىيارى رويىنتەن.

— نەۋايى.

كۆك تۆمەردىن ساۋۇت كىيگەن، ئۆتكۈر قىلىچ ئوينىتقۇچى، رويىنتەندەك توققۇز مىڭ بەش يۈز پالۋاننى ...... شەهەر سىرتىغا ئورۇنلاشتۇردى.

— «ئىسكەندەرنامە».

رۇباﺋ [رباع] (ئە) تۆتتىن، تۆت دانىدىن.

رۇبائىي [رباعى] (ئە) تۆتلۈك (بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرى ياكى هەممە مىسراسى قاپىيىداش بولغان بىر خىل شېئىر تۈرى):

تىزغاندا لۇئالىئى رۇبائىي،
مىڭلارچە فۇزۇلىيۇ نەۋايى.

— ئابدۇجېلىل داموللا هاجى.

رۇبائىيات [رباعيات] (ئە) تۆتلۈكلەر:

سالدى شەرهى رۇبائىيات ئاندىن،
رۇبئى مەسكۇن ئارا هەيات ئاندىن.

— نەۋايى.

رۇبائىيە [رباعيه] (ئە) رۇبائىي بەھرىدە ئېيتىلغان شېئىر پارچىسى، تۆتلۈك، «رۇبائىي» غا قاراڭ.

رۇبئ [ربع] (ئە) تۆتتىن بىر، چارەك.

رۇبئى مەسكۇن — يەر يۈزىنىڭ ئىنسان ياشايدىغان،

ئاۋات قىسمى؛ يەر يۈزى، قۇرۇقلۇق:
بۇ رۇبئى مەسكۇن خەلايىقى فەراغەت مەسكەنىدە مۇشەرىفۇل - ھال ئۆز ئەمنىيەت مەئمەنىدە فارىغۇل - بال بولۇپ، ···

— قىدىرخان يەركەندى.

بولۇپ كۆڭلى ئارا بۇ نەۋگى پىندار،
كى بولمىش رۇبئى مەسكۇنغە جەھاندار.

— ناقىس.

رۇتەب I [رطب] (ئە) 1) ھۆل، نەم. 2) يېڭى پىشقان مېۋە، ھۆل مېۋە:

لەئلىڭ ئىسا چاكلىك بىمار كۆڭلۈمنى نېتاڭ،
ئەي مەلاھەت نەخلى، چۈنكىم خەستەسىز بولماس رۇتەب.

— نەۋايى.

رۇتەب II [رتب] (ئە) «رۇتبە» گە قاراڭ.

رۇتبە [رتبه] (ئە) [كۆپلۈكى: رۇتەب] ئۇنۋان، مەرتىۋە، دەرىجە:

دېمەگىل شەھلەرچە يوقتۇر سۆز ئىلمىنىڭ رۇتبەسى،
بولسە مۈشكىل سۆز ئەگەر سەن سەددى ئىسكەندەر دېگىل.

— قەلەندەر.

رۇتبەئى ئەئلا — يۇقىرى ئورۇن، ئالىي مەرتىۋە:

نېتەي، نەيلەي، مۇسۇلمانلار كېتىپدۇر گۈل شەھى ئەئلا،
دەرىغ، گۈل خۇلقى شىرىنۇ دەرىغ، گۈل رۇتبەئى ئەئلا.

— ئەرشى.

رۇتۇبەت [رطوبت] (ئە) ھۆل، نەم؛ نەملىك، ھۆللۈك:

نەفەس يولىغە قىلدى كۆزگۈنى سەد،
چۇ كۆزگۈ يۈزىگە رۇتۇبەت رەسەد.

— ئا. نىزارى.

رۇجۇلىييەت [رجوليت] (ئە) ئەرلىك، ئەركەكلىك؛ باتۇر، قەيسەر.

رۇجۇئ [رجوع] (ئە) 1) قايتىش:

خەلايىق ئۆيىگە رۇجۇئ ئەيلەدى،
رۇجۇئ ئەيلەمەككە شۇرۇئ ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مۇراجىئەت قىلماق؛ يۈكلىمەك، تاپشۇرماق.

رۇجۇئ ئەتمەك — «رۇجۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

رۇجۇئ ئەيلەمەك — قايتماق:

يەنە شاھ پەرىغە قىلىپ شەفقەتى،
رۇجۇئ ئەيلەمەككە بېرىپ رۇخسەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇجۇئ قىلماق — «رۇجۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

شەۋقى، ھالىڭغە رۇجۇئ قىل بولماغىل ئەفسانە گوي،
ئىشق بىرلە زىكرى ھەقدىن ئۆزگەسى بۇركار ئەمەس.

— شەۋقى.

رۇخ I [رخ] (پ) 1) يۈز، بەت، بەشىرە، چىراي، «رۇ» غا قاراڭ:

باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
رۇخۇڭنى چۈن مەھى ئەنۋەر تەجەللىگى خۇدا دەرلەر.

— زەلىلى.

رۇخى تابان — تاۋلىنىپ تۇرغان يۈز، نۇرلۇق يۈز؛ ئىللىق چىراي:

ھىجران تۈنى كۆزگە نەچە بىھەد قارا بولسا،
چۈن سۇبھ ئۈمىدىم رۇخى تابانىڭ ئۈچۈندۇر.

— گۇمنام.

رۇخى زەرد — سېرىق يۈز، يۈزى سارغايغان:

ئەغيار ئىلە جۇفت بىرىمە فەردىم بار،
كىم فۇرقەتى زەئفىدە رۇخى زەردىم بار.

— نەۋايى.

ئايىنە رۇخ — چىراي ئەينىكى، يۈز، چىراي، بەت:

فەخر ئېتەرمەن ۋەسف گۈل ئايىنە رۇخدىن ھەر سارى،
ۋەسف ئېتەرگە گەرچە يۈز مىڭ تۇتىنىڭ گوياسى بار.

— ئەرشى.

پەرى رۇخ — پەرى يۈزلۈك؛ گۈزەل، چىرايلىق:

ئىدىم ناگاھ گوشۇل ئەيۋاندا تەنھا،
ھەرەمدىن بىر پەرى رۇخ بولدى پەيدا.

— ناقىس.

گۈلرۇخ — گۈل يۈزلۈك، گۈزەل.

رۇخ II [رخ] (ئە) شاھمات ئويۇنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى:

خۇبلارنى رۇخ بىلە قىل ماتكىم،
شاھ كۆرمەيدۇر سېنىڭدەك بۇ بىسات.

— نەۋايى.

رۇخام [رخام] (ئە) مەرمەر تاش:

بارچە ياشمۇ سىماغ ئىزارە،
لېك فەرشى رۇخام يەكپارە.

— نەۋايى.

رۇخەس [رخص] (ئە) [بىرلىكى: رۇخسەت] رۇخسەتلەر، ئىجازەتلەر، «رۇخسەت» كە قاراڭ:

تەقۋىنى ئىشق ئارا چۇ ئەزىمەت تىلەر كۆڭۈل،
ئەۋۋەل كېرەككى، بىر تەرەف ئەتسەڭ بارى رۇخەس.

— نەۋايى.

رۇخرۇخ [روخ روخ] (پ) ۋاي - ۋۇي! (ئۈندەش) :

سوردۇم مەگەر بۇ دۇرجى دەھەندۇر دېدىم، دېدى:
رۇخرۇخ دەۋايى دەردى نىھانىڭ ئېرۇر سېنىڭ.

— مەشھۇرى.

رۇھى پەيغەمبەر — پەيغەمبەرنىڭ روھى، ئەرۋاھى:

شەھنشاھىم ساقىكى شاد بولغاي رۇھى پەيغەمبەر،
جەۋاھىر خىرمەنىدە دۇررى يەكتا يادىكارى سەن.

— قەرارى.

رۇھى رەۋان — تىرىك جان، ھەرىكەتلىنىپ تۇرغۇچى روھ:

دۇدنى تارتىپ ئانى رەد قىلماسام يوقتۇر ئەجەب،
قۇتى دىل ھەم قۇۋۋەتى رۇھى رەۋانىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

ئەي رىياھىن راھىمۇ رۇھى رەۋانىم، لۇتۇق ئەلە،
سەر فەرازىم، سەركەشىم، شوخۇ سەئادەت ئەختەرىم.

— نەسىمى.

رۇھىغە قۇت بولماق — روھلاندۇرماق، شادلىق كەلتۈرمەك:

ھۇسنىدىن ئالەم ئەھلى رۇھىغە قۇت،
يۈزى خۇرشىدى ئالەمى بەرقۇت.

— نەۋايى.

رۇھى قۇدسىي — ئىلاھىي روھ، مۇقەددەس روھ:

ھەيرەت ئىلە رۇھى قۇدسىي سۇرەتى قىلدىم خەيال،
نەقشى زىبىباسى بىلەن سەرۋى خىرامانىن كۆرۈپ.

— مەشھۇرى.

رۇھى مۇجەسسەم — كونكرېت، جىسىمغا ئىگە بولغان روھ:

ھەم رۇھى مۇسەۋۋەرسەنۇ ھەم رۇھى مۇجەسسەم،
بۇ لۇتۇق ئىلە سەن فىتنەئى دەۋران يېتىلىپسەن.

— لۇتفى.

رۇھى مۇسەۋۋەر — تەسەۋۋۇردىكى روھ، مەرھۇم روھ.

رۇھى نەۋائىي — نەۋايىنىڭ روھىناتى، ئەرۋاھى:

بىنەۋا ئەرشى تىلەر رۇھى نەۋائىيدىن فۇتۇھ،
مۇرغىزارى نەزم ئارا مۇرغى خۇش ئەلھانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

رۇھ ئاسا [روح آسا] (ئە) روھنى كۆتۈرگۈچى، روھلاندۇرغۇچى؛ كۆڭۈل ئاچقۇچى:

روزى ئەتتى ئەلگە رۇھ ئاسا شەمىم،
كىم شەجەرغە ئاپتى جان ئەزمى رەسىم.

— نەۋايى.

رۇھانە [روحانه] (ئە + پ) روھلۇق، روھ بىلەن، روھقا ئىگە:

تا ئانى ئىچكەچ نەۋائىيغە ئاچىلغاي گۈلىستان،
گەر سەبۇك رۇھانە كىرسە ئوتغە ئانداقكىم خەلىل.

— نەۋايى.

رۇھانىي [روحانى] (ئە) روھقا مەنسۇپ؛ دىندار؛ دىنىي ئەرباب:

تەئالەللاھ، زىھى سۇرەت، زىھى مەھبۇبى رۇھانىي،
كىم ئانىڭ ھۇسنى شەۋقىدىن كۆڭۈللەر بولدى نۇرانىي.

— سەيفى سەرايى.

رۇھانىيەت [روحانيست] (ئە) «رۇھانىييەت» كە قاراڭ.

رۇھانىييەت [روحانيت] (ئە) روھانىيلىق، روھقا مەنسۇپلۇق.

رۇھ ئەفزا [روح افزا] (ئە + پ) روھلاندۇرغۇچى، جانلاندۇرغۇچى، تىرىلدۇرگۈچى:

نە راھەت سەير گۈلشەننىڭ ھەۋاسى،
نە رۇھ ئەفزا مۇغەننىلەر نەۋاسى.

— خىرقەتى.

سەھنى گۈلشەن يا تەجەللى يا مەگەر ئەينى جەمال،
مەشئەلى خۇلدى بەرىن يا مىھر رۇھ ئەفزامۇدۇر.

— ئەرشى.

رۇھ ئەفزاي [روح افزاى] (ئە + پ) «رۇھ ئەفزا» غا قاراڭ:

دەھر ئارا گۈل چېھرەۋۇ ئىساۋۇ رۇھ ئەفزايىسەن،
نې بولۇر بەرسەڭ ئۆلۈك جىسمىمگە سەن جان كاشكى.

— قەلەندەر.

رۇھبان [رھبان] (ئە) «راھىب» قا قاراڭ.

رۇھ بەخش [روح بخش] (ئە + پ) روھ بەرگۈچى، روھلاندۇرغۇچى، جان كىرگۈزگۈچى:

كۆرگۈزۈبان بەرق بۇلۇتدىن دەرەخش،
قەترە خىزر چەشمەسىدەك رۇھ بەخش.

— نەۋايى.

رۇھپەرۋەر [روح پرور] (ئە + پ) روھلاندۇرغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى؛ يېقىملىق:

مەلاھەتدە جەھان خوبانلارىكىم خوشە چىنىڭدۇر،
نەسىمى رۇھپەرۋەردىن ئاچىلغان خىرمەنى گۈل سەن.

— زەلىلى،

رۇھ گۇستەر [رح گستر] (ئە + پ) روھ بەرگۈچى، جان كىرگۈزگۈچى:

مائانىي سەرۋى گۈللارى بىلە رۇھپەرۋەر ۋە مەقاسىدى شەمشاد سۇنبۇللەرى بىلە رۇھ گۇستەر.

— نەۋايى.

رۇھۇل - ئەمىن [روح الامين] (ئە) پەرىشتە جىبرائىل:

مەقدەمى سۇرەت بىلە بەزمىگەكىم قويدۇڭ قەدەم،
شەھپەرى رۇھۇل - ئەمىن ھەم لال ئولۇپ ھەمدەم ئەمەس.

— ئەرشى.

گۇلى رۇخسارە — «گۇلى رۇخسار» غا قاراڭ:
نە ئەنبەر بوي خەتدۇر گۇل گۇلى رۇخسارە ياستانمىش،
كى دۇدى ئاھى ئاشىقلار مەھى ئەنۋارە ياستانمىش.
— ئەرشى.

رۇخسەت [رخصت] (ئە) ئىجازەت، رۇخسەت، «رۇخەس» كە قاراڭ:
تامام قىلدى ئايتىپ ئەرز سۆزىنى گۇمنام،
بۇدۇر: بېرىلڭ رۇخسەت، بولماسا كېرەكىم.
— گۇمنام.
سەبا گۇل دەمدە گۇلدىن رۇخسەت ئالدى،
قويۇپ ۋەقتى سەھەردە يولنى ئالدى.
— خىرقەتى.

رۇخۇت [رخوت] (پ) [بىرلىكى: رەخت] رەختلەر، «رەخت» كە قاراڭ.

رۇد [رود] (پ) 1) مۇزىكا ئەسۋابى، بىر خىل چالغۇ:
گاھى مەجالىسدە تۈزۈپ چاڭى رۇد،
گاھى مۇغەننىيلەر بىلەن ئەيلە رۇد.
— زەلىلى.
2) ئېرىق؛ دەريا؛ ساي، جىلغا، «رود» قا قاراڭ:
فەزاسىدە كۆپ چەشمەيۇ رۇد بار،
بارى يۇب كۆڭۈل كۆزگۈسىدىن غۇبار.
— نەۋايى.

رۇد ئاقىزماق — «رۇد تۆكمەك» كە قاراڭ:
بۇ سۆز بىلە كۆزىدىن ئاقىزىپ رۇد،
دېۋانەسى بىرلە قىلدى پەدرۇد.
— نەۋايى.

رۇد تۆكمەك — كۆز يېشى قىلماق:
تۆكۈپ ئەشكىدىن بارچە يۇزلەرغە رۇد،
دېدىلەر ئاناڭ جانىغە كۆپ دۇرۇد.
— نەۋايى.

رۇدۇجام — دولقۇنلۇق دەريا، دەريا (قەلبىنىڭ) مەۋج ئۇرۇشى:
بورۇنراق كىشكىم چوزۇپ رۇدۇ جام،
جەھاندارلىق تەختىن ئەتتى مەقام.
— نەۋايى.

رۇدۇ راھ — نەغمە بىلەن راھەتلىنىش.

رۇدى سىند — سىند دەرياسى:
شىمالىدا بۇ بېشەنىڭ رۇدى سىند،
جەنۇبىدا زاھىر بولۇپ شەھرى ھىند.
— نەۋايى.

رۇدبار [رودبار] (پ) ئاقارسۇ، «رودبار» غا قاراڭ:
يەنە يۇزدىن ئارتۇق ئېرۇر رۇدبار،
كى ئالۇر ئۇلاردىن ئۇلۇس ئېتىبار.
— نەۋايى.

رۇدخانە [رودخانە] دەريا، ئېرىق، ساي، «رودخانە» گە قاراڭ.

رۇست [رست] (پ) مەھكەم، قاتتىق، مۇستەھكەم، پۇختا:
تۇتۇپ ئەمرىنى مەن قويۇپ ئانچە چۇست،
كى زەرىن قەدەمنى ئالىپ قولغە رۇست.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇست ئەتمەك — «رۇست قىلماق» قا قاراڭ:
كى رۇست ئەتتى ئاتنى كېلىپ كوھكەن،
قىلىپ شۇستۇشۇ پاك ئەيلەپ بەدەن.
— ئا. نىزارى.

رۇست ئەيلەمەك — «رۇست قىلماق» قا قاراڭ.

رۇست قىلماق — مۇستەھكەم قىلماق.

رۇست گام — قاتتىق، پۇختا قەدەم، تەۋرەنمەس قەدەم؛ دادىل:
ھەر بىرىگە بىر ۋەزىرى رۇست گام،
يانە بىر فەرزىنۇ لېكىن كاج خىرام.
— نەۋايى.

رۇستاخىز [رستاخيز] (پ) غوۋغا، توپىلاڭ، قوزغەلاڭ. 2) قىيامەت، مەھشەر؛ «رۇستەخېز» گە قاراڭ.

رۇستائىي [رستائى] (پ) «رۇستايى» غا قاراڭ:
ئايا رۇستائىيكى سەھرا نىشىن،
نىدىن مۇنچە سۆزلەرگە بولدۇڭ قەرىن.
— غەرىبى.

رۇستايى [روستايى] (پ) قىشلاق؛ قىشلاقتا ياشىغۇچى، سەھرالىق.

رۇستەخىز [روستخيز] (پ) «رۇستاخىز» غا قاراڭ:
نەزەر قىلدى خاجە مۇڭا تېز - تېز،
تېگىپ ئىشق ئوتى بولۇپ رۇستەخىز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇستەخىز سالماق — غوۋغا سالماق، توپىلاڭ قىلماق:
چۇ دېھقان كى سۆزدىن بولۇپ دانە رېز،
ئايتماقتا فەزلى سالىپ رۇستەخىز.
— غەرىبى.

رۇستەم [رستم] (پ) «شاھنامە» دە بايان قىلىنغان مەشھۇر شەخس:
بىرىنى ئەيلەدى رۇستەم، بىرىنى نۇشىرۋان،
بىرىنى ئەيلەدى ھاتەم، بىرىنى لۇقمان چەرخ.
— شەۋقى.

رۇستەمى دلستان — «رۇستەم» گە قاراڭ:

ئەگەر بولسە كىم رۇستەمى داستان،
بۇ يەڭلىغ قىلا ئالماغاي پەھلەۋان.

— ئا. نىزارى.

رۇستەمى زەمان — زاماننىڭ رۇستىمى، ئۆز دەۋرىنىڭ پالۋىنى:

مەشرىقى، مەغرىبى، جەنۇب بولسۇن شىمالىغە ئەيان،
كەلدى بالالاغە چېچەك ئافەتى رۇستەمى زەمان.

— موللا سالىھ.

رۇستەم ئاسا [رستم آسا] (پ) رۇستەمگە ئوخشاش، رۇستەمدەك، رۇستەم كەبى:

رۇستەم ئاسا سالغۇسى خۇنخارەلەرغە ئىزتىرار،
قانىمىزنى ئالمۇغۇنچە بولماغايلار بەرقەرار.

— ئەرشى.

رۇستەملىق [رستم ليق] قەھرىمانلىق، پالۋانلىق (رۇستەم كەبى).

رۇستخىز [روستخيز] (پ) «رۇستەخىز» گە قاراڭ:

غەزەل ئەھلىغە ئەۋۋەل ئەيلەپ ستىز،
جەھان ئىچرە سالدىم ئەجەب رۇستخىز.

— نەۋايى.

رۇسۇخ [رسوخ] (ئە) مەھكەم تۇرۇش؛ مەھكەملىك، بەرقارارلىق، ئىغشىماسلىق.

رۇسۇخ تاپماق — ئورناشماق، بەرقارار بولماق.

رۇسۇل [رسل] (ئە) ئەلچىلەر، پەيغەمبەرلەر؛ «رەسۇل» غا قاراڭ:

رۇسۇل پەيغامى — پەيغەمبەرلەر خەۋىرى، دېرىكى.

رۇسۇم [رسوم] (ئە) [بىرلىكى: رەسىم] ئادەتلەر، قائىدىلەر، ئۆدۈملەر، تەرتىپلەر:

ئەي، كاشكى ئول ئەدىبى دانا،
تەرك ئەتسە رۇسۇمى ئەھلى دۇنيا.

— ئابدۇجېلىل دامولla ھاجى.

رۇسۇم ئايىنى — ئۆرپ - ئادەت، رەسىم - قائىدە:

مۇڭا خوب كۆرۈنمىش فىرەڭلەر دىنى،
داغى مەرغۇب ئولمىش رۇسۇم ئايىنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇسۇم بولماق — ئادەت بولماق، ئۆدۈم بولماق:

چىقىپ ئوترۇ خاقانغە ئەيلەپ ھۇجۇم،
ئانىڭدەككى ئول چاغدا بولغاي رۇسۇم.

— نەۋايى.

رۇسۇمى مىزبانلىق — مېھمان كۈتۈش قائىدىلىرى، ئادەتلىرى:

قىلىپ تۈرلۈك رۇسۇمى مىزبانلىق،
ئانامدىن ياخشى قىلدى مېھرىبانلىق.

— ناقىس.

رۇسى [روسه] (پ) سەھرايى:

كۇندۇز ساڭا بىر گەدايى رۇسى،
خۇرشىددىن ئىگنىدە كەدۇسى.

— نەۋايى.

رۇشد [رشد] (ئە) 1) توغرا يول تېپىش، توغرا يولغا چۈشۈش. 2) يېتىلىش؛ يېتۈكلۈك.

رۇشد ئاسارى — يېتۈكلۈك بەلگىلىرى.

رۇشد تاپماق — يول تاپماق، يېتىلمەك.

رۇفۇ [رفو] (پ) ياماش، توقۇش، توقۇپ ياماش.

رۇفۇ قىلماق — توقۇپ ياماق، ياماق سالماق.

رۇفەقا [رفقا] (ئە) [بىرلىكى: رەفىق] «رەفىق» كە قاراڭ.

رۇقئە [رقعه] (ئە) 1) خەت، مەكتۇپ:

ئاتاسى دېدى: «ئەي قىزىم مەرھەبا،
ئوقۇپ رۇقئەنى ئاندا چەكتىڭ نەۋا.»

— ئا. نىزارى.

پۈتۈپ رۇقئە بەردىم قولىغە ئەمەل،
كىشى بەرمەيىن ھېچ سۆزۈمگە خەلەل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ياماق:

چۇ شەيخ خىرقەسىغە رۇقئە تىكتى، جىسمى تۇتاشتى،
سەمۇم ھۇللەسىدەك كۆڭلەكىم يورۇنمۇ ئېركىن؟

— نەۋايى.

رۇقئە ھامىلى — خەت، مەكتۇپ كەلتۈرگەن كىشى.

رۇقئەيى نامە — خەت، پۈتۈك، مەكتۇپ:

بۇ مۇنشى يازىپ رۇقئەيى نامەنى،
ئىشىتسۇن دېدى ئوقۇيىن نامەنى.

— موللا شاكىر.

رۇقئەيى نىياز — ھاجەت سورالغان خەت، ئىلتىماسنامە.

رۇقئەئى [رقعه] (ئە) خەت، مەكتۇپ يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان؛ «رۇقئە» گە قاراڭ:

ئەكابىرلاردىن ئالىپ رۇقئەئى،
ئېرۈركىم خۇراسان ئۇلۇغ بۇقئەئى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇقۇم [رقوم] (ئە) [بىرلىكى: رەقەم] يېزىقلار، رەقەملەر، سىفىرلار:

بىرى مەنتىق رۇسۇمىدە رەقەمكەش،
بىرى ھەيئەت رۇقۇمىغە قەلەمكەش.

— نەۋايى.

رۆكن [ركن] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەركان] ئۈستۈن؛

ئاساس، تايانچ؛ «ئەركان» غا قاراڭ.

رۇكناباد [روكناباد] (پ) جاي ئىسمى (ئىراننىڭ شىراز ۋىلايىتىدە).

ئابى رۇكناباد — ئىراننىڭ شىراز ۋىلايىتىدە «رۇكناباد» دېگەن جاينىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا:

ئابى رۇكناباد، گۇلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،
خۇلدىدىن ئەفزۇن تۈمەن مىڭ لالە زارى كاشغەر.

— گۇمنام.

رۇكۇئ [ركوع] (ئە) پۈكۈلۈش، نامازدا پۈكۈلۈپ تۇرۇش:

قەددىڭى ئىشقىڭدە ئوترۇ كۆزلەرىم نەززارەسى،
نې قىيامۇ نې رۇكۇئ، يوق ئوڭۇ سولغە باقماغىم.

— گۇمنام.

رۇكۇئ ئولماق — ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك.

رۇم [روم] (ئە) قەدىمكى رىم:

ئىسفەندىيارى رۇم چىقىپ تىكتىسە ئەلەم،
بولدى كۆرۈپ ھەزىمەت، ئانى شام لەشكەرى.

— سەيفى سەرايى.

سەندىن يەنە تاپمايىن جەھاندا،
كىردىم يەنە رۇم ئىلەل يەمەن، يوق.

— موللا سالىھ.

رۇم سىپاھى — رۇم لەشكەرى، رۇم قوشۇنى:

مەگەر ئەلچى كەلدى ياقا شەھردىن،
ئەمەس رۇم سىپاھى يانا شەھردىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇمۇ ئىراق — رۇم ۋە ئىراق:

ساقى، بول مەي تۇتغىلۇ ئەي گۇلرۇخان رۇمۇ ئىراق،
بەزم ئەيلەپ تۈگىلۇ يۈز مىڭ ئەجايىب تۇمتەراق.

— موللا سالىھ.

رۇمى شەھۋار — رۇمنىڭ يىرىك (چوڭ) گۆھىرى:

پىلەك ئىچرە ياتار خەرۋار ـ خەرۋار،
كى سۈرەت بىرلە بەندى رۇمى شەھۋار.

— زەلىلى.

رۇم ئەھلى [روم اهلى] 1) ئاق تەنلىك؛ رۇم ئەھلى:

بولۇپ ئەمرىم ئىچرە ھەمە ئەھلى رۇم،
سىپەھلەر قاشىمدا تۇرۇپ چۇن نۇجۇم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) شەترەنج (شاھمات) نىڭ ئۇرۇقلىرى.

رۇممان [رمان] (ئە) ئانار:

غۇنچەئى نىھالىدا ئىككى مېۋەنى كۆردۈم،
ياكى ساڭگىلاچ ئالما، ياكى ئىككى رۇممان قىز.

— نەۋبەتى.

لەئلى رۇممان — ئاناردەك ياقۇت لەۋ، قىپقىزىل لەۋ:

لەئلى رۇممان، ساچى سۇمبۇل، قەددى شامشادى جەھان،
زەئفىران ئەنبەرى ئىشھەب گۇلى رەيھان يەڭلىغ.

— شەۋقى.

رۇممانى [رمانى] (ئە) ئانار رەڭ، قىپقىزىل، توق قىزىل.

لەئلى رۇممانى — قىپقىزىل ياقۇت، ئانار دانىلىرىدەك، ئاناردەك ياقۇت:

زەھىلىق كۆڭلۈم لەبىڭ شەۋقىدە بولمىش قان ئارا،
لەئلى رۇممانى بىلە ياقۇتى ئەھمەر كۆڭلىدە.

— نەۋايى.

رۇمھ [رمح] (ئە) نەيزە:

«ھا» لەر ئۇچى قەتل ئىشىدە تېز ئولۇپ،
رۇمھ ئۇچىدەك ھەر بىرى خۇنرىز ئولۇپ.

— نەۋايى.

رۇمۇز [رموز] (ئە) [بىرلىكى: رەمز] شەرەتلەر، ئىما ـ ئىشارەتلەر.

رۇمۇزى ئىشق — ئىشق سىرلىرى؛ ئۆزئارا بىلىشىدىغان شەرەت، يوشۇرۇن بەلگىلەر:

تۇشۇپدۇر باشىمە سەۋدا، رۇمۇزى ئىشقىدىن غەۋغا،
ئۆزىگە ئەيلەدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.

— مەشرەپ.

رۇمى [رومى] (ئە) رۇملۇق.

رۇمى چېھر — ئاق يۈزلۈك.

رۇھ [روح] (ئە) 1) ئەرۋاھ؛ خاتىرە:

تاپىپ ئىشقىم كەمال ئانداغكى رۇھى ۋامىقۇ فەرھاد،
كېلىپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆيرۈلۈر شەمئى مەزارىمنى.

— ئەرشى.

2) تەبىئەت، مىجەز؛ ئەھۋال:

رۇھۇمغەكى مەيدىن ئېردى ھەر لەھزە فۇتۇھ،
ناسىھ تىلى نىشى قىلدى ئانى مەجرۇھ.

— نەۋايى.

3) جان، نەپەس.

رۇھ تاپماق — تىرىلمەك:

ۋىسالى لەززەتىدىن رۇھ تاپماقلىق ئېرۇر دۇشۋار،
فىراقى شىددەتىدە يوقسە جان بەرمەكلىك ئاساندۇر.

— بابىر.

رۇھ كۆزگۈسى — دىل، كۆڭۈل ئەينىكى.

رۇھۇ كۆڭۈل — جان ۋە كۆڭۈل:

بولدى فىدايى رۇھۇ كۆڭۈللەر مۇفەررىھى،
كۆركلى سىفاتلارىڭ بىلە دىۋانۇ دەفتەرى.

— سەيفى سەرايى.

روھى پەيغەمبەر — پەيغەمبەرنىڭ روھى، ئەرۋاھى:

شەھىنشاھىم ساڭاكى شاد بولغاي روھى پەيغەمبەر،
جەۋاھىر خىرمەنىدە دۇررى يەكتا يادىكارى سەن.

— قەرارى.

روھى رەۋان — تىرىك جان، ھەرىكەتلىنىپ تۇرغۇچى روھ:

دۇدنى تارتىپ ئانى رەد قىلماسام يوقتۇر ئەجەب،
قۇتى دىل ھەم قۇۋۋەتى روھى رەۋانىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

ئەي رەياھىن راھىمۇ روھى رەۋانىم، لۇتق ئەلە،
سەر فەرازىم، سەركەشىم، شوخۇ سەئادەت ئەختەرىم.

— نەسىمى.

روھىغە قۇت بولماق — روھلاندۇرماق، شادلىق كىلتۇرمەك:

ھۆسنىدىن ئالەم ئەھلى روھىغە قۇت،
يۈزى خۇرشىدى ئالەمى بەرقۇت.

— نەۋايى.

روھى قۇدسىي — ئىلاھىي روھ، مۇقەددەس روھ:

ھەيرەت ئىلە روھى قۇدسىي سۇرەتى قىلدىم خەيال،
نەقشى زىبىباسى بىلەن سەرۋى خىرامانىن كۆرۈپ.

— مەشھۇرى.

روھى مۇجەسسەم — كونكرېت، جىسىمغا ئىگە بولغان روھ:

ھەم روھى مۇسەۋۋەرسەنۇ ھەم روھى مۇجەسسەم،
بۇ لۇتق ئىلە سەن فىتنەئى دەۋران يېتىلىپسەن.

— لۇتقى.

روھى مۇسەۋۋەر — تەسەۋۋۇردىكى روھ، مەرھۇم روھ.

روھى نەۋائىي — نەۋايىنىڭ روھىناتى، ئەرۋاھى:

بىنەۋا ئەرشى تىلەر روھى نەۋائىيدىن فۇتۇھ،
مۇرغىزارى نەزم ئارا مۇرغى خۇش ئەلھانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

روھ ئاسا [روح آسا] (ئە) روھنى كۆتۈرگۈچى، روھلاندۇرغۇچى؛ كۆڭۈل ئاچقۇچى:

روزى ئەتتى ئەلگە روھ ئاسا شىمىم،
كىم شەجەرغە تاپتى جان ئەزمى رەمىم.

— نەۋايى.

روھانە [روحانه] (ئە + پ) روھلۇق، روھ بىلەن، روھقا ئىگە:

تا ئانى ئىچكەچ نەۋائىيغە ئاچىلغاي گۈلىستان،
ئەر سەبۇك روھانە كىرسە گوتغە ئانداقكىم خەلىل.

— نەۋايى.

روھانىي [روحانى] (ئە) روھقا مەنسۇپ؛ دىندار؛ دىنىي ئەرباب:

تەئالەللاھ، زەھى سۇرەت، زەھى مەھبۇبى روھانىي،
كىم ئانىڭ ھۆسنى شەۋقىدىن كۆڭۈللەر بولدى نۇرانىي.

— سەيفى سەرايى.

روھانىيەت [روحانيت] (ئە) «روھانىييەت» كە قاراڭ.

روھانىييەت [روحانيت] (ئە) روھانىيلىق، روھقا مەنسۇپلۇق.

روھ ئەفزا [روح افزا] (ئە + پ) روھلاندۇرغۇچى، جانلاندۇرغۇچى، تىرىلدۈرگۈچى:

نە راھەت سەير گۈلشەننىڭ ھەۋاسى،
نە روھ ئەفزا مۇغەننىلەر نەۋاسى.

— خىرقەتى.

سەھنى گۈلشەن يا تەجەللى يا مەگەر ئەينى جەمال،
مەشئەلى خۇلدى بەرىن يا مېھر روھ ئەفزامۇدۇر.

— ئەرشى.

روھ ئەفزاي [روح افزاى] (ئە + پ) «روھ ئەفزا» غا قاراڭ:

دەھر ئارا گۈل چېھرەۋۇ ئىساۋۇ روھ ئەفزايىسەن،
نې بولۇر بەرسەڭ ئۆلۈك جىسمىمگە سەن جان كاشكى.

— قەلەندەر.

روھبان [رهبان] (ئە) «راھىب» قا قاراڭ.

روھ بەخش [روح بخش] (ئە + پ) روھ بەرگۈچى، روھلاندۇرغۇچى، جان كىرگۈزگۈچى:

كۆرگۈزۈبان بەرق بۇلۇتدىن دەرەخش،
قەترە خىزىر چەشمەسىدەك روھ بەخش.

— نەۋايى.

روھپەرۋەر [روح پرور] (ئە + پ) روھلاندۇرغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى؛ يېقىملىق:

مەلاھەتدە جەھان خوبانلارىكىم خوشە چىنىڭدۇر،
نەسىمى روھپەرۋەردىن ئاچىلغان خىرمەنى گۈل سەن.

— زەلىلى،

روھ گۇستەر [رح گستر] (ئە + پ) روھ بەرگۈچى، جان كىرگۈزگۈچى:

مائانى سەرۋى گۈللارى بىلە روھپەرۋەر ۋە مەقاسىدى شەمشاد سۇنبۇللەرى بىلە روھ گۇستەر.

— نەۋايى.

روھۇل - ئەمىن [روح الامين] (ئە) پەرىشتە جىبرائىل:

مەقدەمى سۇرەت بىلە بەزمىگەكىم قويدۇڭ قەدەم،
شەھپەرى روھۇل - ئەمىن ھەم لال ئولۇپ ھەمدەم ئەمەس.

— ئەرشى.

رۇھۇل - قۇدس [روح القدس] (ئە) جىبرائىل؛ مۇقەددەس روھ:

سۇبھى ئاندىن خىلۋەتىمغە نەفھەئى رۇھۇل - قۇدس،
شام مۇندىن كۆنجى فەقرىم رەۋزەئى دارۇس - سەلام.

— نەۋايى.

رۇھۇللاھ [روح الله] (ئە) ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى:

ئەمەس بۇت بۇ ئىشىدىن ئەگەر ئەگاھى،
بىتەر دادىمە ئىيسا رۇھۇللاھى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇئۇنەت [رعونت] (ئە) تەنتەكلىك، يەڭگىللىك، يېنىكلىك؛ «رۇئئۇنەت» كە قاراڭ.

شۇھرەت تونى كىيمەكلىك رۇئۇنەتىدىندۇر،
كىم خىرقەئى فەقرۇ خاتىرىڭنى تىندۇر.

— نەۋايى.

رۇئئۇنەت [رعونت] (ئە) تەنتەكلىك، يەڭگىللىك، يېنىكلىك؛ سەۋرسىزلىك، سەۋر - تاقەتسىزلىك، «رۇئۇنەت» كە قاراڭ.

رۇئيا [رؤيا] (ئە) چۈش، چۈش كۆرۈش (ئۇيقۇدا كۆرگەن غايىب نەرسىلەر):

دېدىم: ئىشق ئالەمى خۇب جىلۋەلى بىر ئالەمدە،
دېدى: مەن بولماسام ئىشق ئالەمى بىر رۇئيادۇر.

— نەسىمى.

رۇئيەت [رؤيت] (ئە) كۆرۈش، قاراش؛ كۆزدىن كەچۈرۈش:

تۇرى ھەقنۇ كىتاب مەستۇرى ئول،
رۇئيەتنۇ مەئرىفەتلە ئايەت مەئلۇم.

— تەجەللى.

رىھ [ريح] (ئە) يەل؛ شامال؛ ھىد:

سەندەل ئاسا شەممۇ رىھ ئاندا،
ئەلگە بارىپ دەمى مەسىھ ئاندا.

— نەۋايى.

رىھلەت [رحلت] (ئە) 1) كۆچۈش، كېتىش؛ يولغا چىقىش، سەپەرگە ئاتلىنىش. 2) ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش.

رىھلەت سەھابى — كۆچۈش بۇلۇتى:

غەم تونى رىھلەت سەھابى جالەسىدۇر، يا ئىبرۇر،
ماتەمىمغە چەرخ ئەنجۇم جەۋھەرىدىن ئەشكرىز.

— نەۋايى.

رىھلەت كوسىن چالماق — ئۇ دۇنياغا كەتمەك، ۋاپات بولماق، ئۆلمەك.

رىئايەت [رعايت] (ئە) 1) ئېتىبارغا ئېلىش، ھۆرمەتلىش، رىئايە:

يەنە بىرى بۇ كىم، ھەر ھەرق غەزەلىياتى ئول يۈتكەن غەزەل بىرلە غەزەللەر ئاراسىدا ئۇسلۇب خاسىيەتىدىن رىئايەت قىلمايىن تۇرۇرلار، ···

— قىدىرخان يەركەندى.

2) ئەندىشە؛ ساقلاش، ساقلىنىش:

بۇ تائىفەنىڭ شەرىئەت رىئايىتى ۋە سۈننەت،
مۇتابەئەتىدىن ئۇلۇغراق ئىشلەرى يوقتۇر.

— نەۋايى.

رىئايەت ئەتمەك — «رىئايەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

رىئايەت ئەيلەمەك — 1) ھۆرمەتلىمەك، ئېتىبارغا ئالماق، نەزەردە تۇتماق، رىئايە قىلماق. 2) ساقلانماق:

خوجە مەيدىن رىئايەت ئەيلەب ئىدى،
ئېھتىياتىن بەغايەت ئەيلەب ئىدى.

— نەۋايى.

رىبقە [ربقه] (ئە) سىرتماق.

رىجال [رجال] (ئە) [بىرلىكى: رەجۇل] ئەرلەر، ئەركەكلەر:

بۇ دەئۋا بىرلە چىقمىش بىر تەرەفدىن،
خاتۇنلار كەلتۇرۇپ ھەلقە رىجال شەيخ.

— شەۋقى.

رىجائ [رجاع] (ئە) قايتىش، بۇرۇلۇش، يېنىش:

بەندە ئاجىز دائىما خەۋفۇ رىجانىڭ ئۈستىدە،
ھەق بىلۇر، مەن بىلمەگەيمەن ئاقىبەت كارىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

رىجائ ئەتمەك — قايتماق، يانماق، بۇرۇلماق:

تارىخىنى بەئدە رىجائ ئەت دېدىم،
ھەيف مۇبارەك يۈزىنى كۆرمەدىم.

— زەلىلى.

رىجائ سۈلكى — قايتىش يولى، يانىدىغان يول:

شەۋقى مەستانەنى ئەھ قورقۇتۇبان خەۋف ئىلە بىيم،
كى ئۇمىد بىرلە رىجائ سۈلكىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

— شەۋقى.

رىدا [ردا] (ئە) ئۈست كىيىم، يېپىنچا؛ شەيخلەر ۋە دەرۋىشلەر كىيىمى، ئۈستىدىن يېپىپ يۈرىدىغان يەڭسىز تون:

رىداغە تارىنى بەرمەم كۆرۈپ تەننازى تەرسانى،
ئاسىپتۇر ئىشق زۇننارىن بويۇنغە شەيخ سەنئانىم.

— مەشھۇرى.

ھەۋايى سۈنبۇلى ئەزبەس كۆڭۈل كويىغە بەند ئولمىش،
نە ھاجەت ئول سەنەمنىڭ تارى زۇلفىدىن رىدا بولماق.

— ئەرشى.

رىز [ريز] (پ) 1) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «تۆككۈچى، چاچقۇچى؛ ئاققۇزغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

قايانكىم مەيل ئېتەر جانان مۇھەببەت ئەھلى رىز ئەيلەپ،
كۆڭۈل ئىچرە نىھانراق ئانى جاندىن ئاسراغىل، يا رەب.
— گەرشى.

چۇ دېھقان كى سۆزدىن بولۇپ دانە رىز،
ئېيتماقتا پەزلىن سالىپ رۇستەخىز.

— غەرىبى.

2) پارچە، ئۇۋاق:
ئەگەر تاشلاسە ئەل بىرەر رىزە نان،
ۋەيا ئاش ئىلە سۇ ۋەيا ئۇستىخان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رىز ئەتمەك — تۆكمەك:
بۇ كۆڭۈل ئايىنەسىنى گەرچە تۇتسە زەڭگۇ غەم،
بادە سافىن رىز ئېتىپ ئۇل نەۋئىكىم پاك ئەيلەمىش.
— گەرشى.

ئەرەق رىز — تەر تۆككۈچى.

ئەشك رىز — ياش تۆككۈچى.
كىمە يۇردى يىلدام بوراندىنمۇ تېز،
چۇمۇپ سۇ ئىچىدە قىلىپ ئەشك رىز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بەرگ رىز — بەرگ، يوپۇرماق تۆككۈچى، چاچقۇچى؛ كۇز:
بۇ كۇن باغى گۇلىستان گۇللارى خۇش بەرگ رىز ئولدى،
سەھەر ھۇيى چىكەردە سەرسەرى ئاھىم خەزان ئەتكەچ.
— زەلىلى.

خاررىز ئەتمەك — تاش پارچىلىماق.

رىزان [ريزان] (پ) چېچىلغۇچى، تۆكۈلگۈچى:
گۇلشەنغە خازان بولۇپ سىتىزان،
ئەشجارىغە سالدى بەرگ رىزان.

— نەۋايى.

رىزە [ريزه] (پ) «رىز» غا قاراڭ:
ئانىڭ زەربىدە ساچراغان رىزە تاش،
چىقىپ ئەيلەگەي چەرخ جىسمىن خىراش.
— ئا. نىزارى.

رىزەچىن [ريزەچين] (پ) پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى، قالدۇق نەرسىلەرنى تەرگۈچى:
بىز فەقىرلەركىم، بۇ جەمائەتنىڭ رىزە چىنى خانى ۋە خۇشەچىنى خىرمەنى تۇتەربىز.

— نەۋايى.

رىزە - رىزە [ريزە ريزە] (پ) «رىز - رىز» غا قاراڭ:
گۇفتارىغە كەلدى ناگاھ ئۇچۇپ لەئلى نۇش خەند،
بىر پىستە كۆردۇم ئوندا تۆكەر رىزە - رىزە قەند.
— مەشھۇرى.

رىز - رىز [ريز ريز] (پ) پارچە - پارچە:

رىز - رىز ئەيلەمەك — «رىز - رىز قىلماق» قا قاراڭ.

رىز - رىز قىلماق — پارچە - پارچە قىلماق، ئۇۋاتماق.

رىزۇ پاش [ريزوپاش] (پ) (بىرەر نەرسىنى يۇيۇش ياكى قىرىشتىن چىققان) قىرىندى، چېپىندى، كېپەك.

رىزا [رضا] (ئە) 1) رازىلىق، بويسۇنۇش، كۆنۈش:
بولماس رىزا بۇ مەرتىبەسىن پەست ئېتەر خەيال،
ھەم مەنسەبى كۆرۈنۇر ئۇنىڭ كۆزىگە كەم.
— سەبۇرى.
قايتا ئالىمان بويۇن ئاندىن نەچە زۇلۇم ئەيلەسە كۆپ،
قولدا يوق ئاچچىغلاسە خاجە رىزادىن غەيرى.
— گەرشى.

2) بۇيرۇق، پەرمان:
بويۇن سۇنغاي رىزايى ھەققە بەندە،
لەبىن زاھىر يۇمار باتىندە خەندە.

— خىرقەتى.

رىزا ئەھلى — قاناائەتلىك ئادەملەر، رازىلار:
يىغى زار قىلماق ئاڭا خۇب ئەمەس،
كى ئەھلى رىزاغە بۇ مەرغۇب ئەمەس.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رىزا بەرمەك — رازىلىق بىرىش، بويسۇنۇش:
ھەرنە ھالەتدۇر رىزا بەر قىسمەتى رەززاقىغە،
دىلنى پاك ئەيلەپ ھەسەددىن قىلماق ئەئلاغە غەلىز.
— شەۋقى.

رىزا بولماق — «رىزا بەرمەك» كە قاراڭ:
شۇم رەقىبى سەگكە قىلدىڭ تا سەن، ئەي گۇل، ئىلتىفات،
ئۆلمە كىمگە رەشكىمدىن، جانا، رىزا بولدۇم بۇ كۇن.
— قەلەندەر.

رىزا يولى — رازىلىق يولى، رىزالىق يوسۇنى:
خۇداغە باغلاغان پەيۋەندى دىلنى،
رىزا يولىغە تاشلاپ مۇشتى گىلنى.

— ناقىس.

رىزاجوي [رضا جوى] (ئە + پ) رازىلىق ئىزدىگۈچى:
سەن شوخ مەست قاتىل، مەن ئاشىقى رىزا جوي،
سەندىن جەفا مۇناسىب، مەندىن ۋەفا مۇبارەك.
— تەجەللى.

رىزامەند [رضامند] (ئە + پ) رازى، كۆنگەن:
رىزامەند يوق ئولسا ئەگەر بۇ جەھان،
جەھان يوقكى بەلكى بەدەن ئىچرە جان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رىزق [رزق] (ئە) ئوزۇق - تۈلۈك، نېسىۋە، ھايات ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر:

رىزقىنى تەڭرىم بېرۇر بەرمەكلىكى يەردىن ئەمەس،
قىز - ئوغۇل فەرزەند تاپماق يا خوتۇن، ئەردىن ئەمەس.

— شەۋقى.

رىزقۇ روز — كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەكلەر:

سۆيە ئۇيقۇسىن ئۆلكى ئەيلەر تەرك،
رىزقۇ روزىن ئۆزىگە توش كۆرگەي.

— نەۋايى.

رىزقى بابى — رىزق توغرىسىدىكى باب، نېسىۋە ھەققىدىكى بايان:

خۇدانى زىكرىنى تەرك ئەيلەبان زەھى غافىل،
ئوقۇرسە نەفسىڭ ئۈچۈن رىزقى بابىدىن ئەۋراد.

— شەۋقى.

رىزقى تەييىب — ئەلا نېسىۋە، مول رىزق:

رىزقى تەييىبكە قەنائەت مەندە يوق،
يەتسە خەيرىدىن سەرايەت مەندە يوق.

— خەراباتى.

رىزقى فەراۋان — مول نېسىۋە، يېتەرلىك رىزق؛

بېرىپ رىزقى فەراۋان كىبرۇ تەرسا، ھىندى، كافىرغە،
قاچان مەھرۇم ئېتەر دوستلارنى خەللاقى جەھان ھادىس.

— شەۋقى.

رىزالىق [رضاليق] «رىزا» غا قاراڭ:

نىدا كويۇڭدا ئۆرمىش «سەۋفە يۇئتىكە فەتەررزا» نى،
رىزالىق ئىزدەبان مەئشۇق ھەممىن ئاشىق خۇداۋەندا.

— شەۋقى.

رىزۋان [رضوان] (ئە) رازىلىق، مەمنۇنىيەت؛ رازىلىق، مەمنۇنىيەت جەننىتى؛ سەككىز جەننەتنىڭ بىرى:

سەن ئاي پەرىلەر ئەختەرىڭدۇر،
رىزۋان ئىلە بارچە چاكەرىڭدۇر.

— ئەرشى.

ئىقامەت چۈنكى قىلدىڭ، بابىرا، ئول ھۆر كويىدا،
مەقامىڭ رەۋزەدىن ئەۋلا، ئۆزۈڭ رىزۋاندىن ئارتۇقسەن.

— بابىر.

ھۆرى رىزۋان — جەننەتتە خىزمەت قىلىدىغان گۈزەل قىز، ھۆر:

جەننەتى فىردەۋس ئاراگەر ھۆرى رىزۋان ئىزدەسەم،
تاپماغايمەن بىر سىنىڭدەك ساھىب ئەسرارى يەنە.

— ئەرشى.

رىسالە [رساله] (ئە) [كۆپلۈكى: رەسايىل] خەت، مەكتۇپ؛ كىتابچە؛ «رەسايىل» غا قاراڭ:

ئىشىت، سامىئا، بۇ ناقىس ئۆزىدىن سۆز،
داغى كۆر بۇ رىسالە، بولسە ئەر كۆز.

— ناقىس.

رىسالە بىتمەك — ئەسەر يازماق:

مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشى ... مۇئەممما فەننىدە رىسالە بىتىپدۇر.

— نەۋايى.

رىسالەت [رسالت] (ئە) 1) پەيغەمبەرلىك، ئەلچىلىك:

بۇ دۇر گۈلدەستەئى باغى رىسالەت تۆرت زىيباكىم،
ئەبا بەكرى، ئۆمەر، ئۇسمان، ئەلىيۇ مۇرتەزاسىدۇر.

— مەشھۇرى.

2) نامە، مەكتۇپ:

ئەلەم نەشرى رىسالەت نۇر ئىلە سىينەئى يارمىشكىم،
خەزىنە بەھرى رەھمەت گەنجى ئىرفان پۇر قىلىپ سەدرا.

— شەۋقى.

رىسالەت قىلماق — ئەلچى ئەۋەتمەك.

رىسالەت ئايىن [رسالت آين] (ئە + پ) ئەلچىلەردەك، ئەلچىلەرگە ئوخشاش:

ئۆيلەكىم، سەدرە كەبى مىنبەر ئۆزە گاھى ھەدىس،
يىغلۇر ھەر سارى ئەسھابى رىسالەت ئايىن.

— نەۋايى.

رىش I [ريش] (پ) ساقال؛ قىل.

رىش باغلىماق — كىلىشمەيدىغان، قامالاشمىغان ئىش قىلماق؛ ساقالغا ياماشماق.

رىش II [ريش] (پ) يارا، جاراھەت؛ ھەسرەت، نادامەت؛ رەنجىش؛ ناتىۋان، زەئىپ؛ «رىش I» گە قاراڭ:

كىرپىك نەدىنكى بەلكى بولۇپ نىش،
ئەل كۆڭلىنى ھەردەم ئەتكەلى رىش.

— ئەرشى.

ئەگەر يەتسە تىكەندىن جانىغە نىش،
بىرەر قىلغان ئىكەن ھالىڭنى ئول رىش.

— خىرقەتى.

رىش ئەتمەك — ياربدار قىلماق، جاراھەتلەندۈرمەك:

ئاغا پويە رىش ئەتمىش ئېردى جىگەر،
كى بىر تۇرفە كىشۋەرغە قىلدى گۇزەر.

— نەۋايى.

رىش ئەيلەمەك — «رىش ئەتمەك» كە قاراڭ.

رىش بولماق — يارىلانماق، جاراھەتلەنمەك.

رىشى قازى — 1) قىلدىن توقۇلغان ياكى شۇنداق نەرسىلەردىن ياسالغان مەي سۈزگۈچ. 2) قازى ساقىلى.

رىشى گاۋ — 1) ئەخمەق، نادان؛ خامتاما؛ تەمەخور. 2) پاخماق ساقال، داپ ساقال.

رىشە [ريشه] (پ) يىلتىز، كۆتىچەك:

چۈن گىياھ بۈتمىش ئۈيلەكىم بىشە،
تۈبىنى مەھكەم ئەيلەمىش رىشە.

— نەۋايى.

رىشت [رشت] (پ) 1) ئېگىرىش (يىپ ئېگىرىش). 2) ئادەت، تەبىئەت.

رىشتە [رشته] 1) يىپ، تانىپ؛ تار؛ پىلىك:
يەنە بولدى تانۇشلۇق ھۆكمى مەزبۇت،
كۆزۈلگەن رىشتە تاپتى ئەقدى مەربۇت.

— ناقىس.

كۆز ئۇچى بىرلەن ئىگىردى شەۋقى نەئتىلىك رىشتەسىن،
جامە تەقۋا سەنسىزىن پۈتمەس بۇدۇركىم ئېھتىياج.

— شەۋقى.

2) جان؛ تومۇر:
زىنھاركى زۇلم رىشتەسىن ئۈز،
ئىنساق ئىلە ئەدل قەسرىنى تۈز.

— نەۋايى.

3) كىشەن:
ئىلاھا، قىل مېنى رەھمەت سەرىشتە،
سالىپ بوينۇمغە مېھرىڭ بىرلە رىشتە.

— خىرقەتى.

سېنى، جانا، ھەمە كۆڭلۇم ئالۇرغە دىلرەبا دەرلەر،
مېنى دائىمكى زۇلفۇڭ رىشتەسىغە مۇتەلا دەرلەر.

— ئەرشى.

رىشتە تابى — يىپ ئۆرۈمى، ئېشىپ تەييارلانغان يىپ.

رىشتەئى ئەنكەبۇت — ئۆمۈچۈك تورى.

رىشتەئى جان — جان رىشتىسى، ھاياتلىق رىشتىسى، يىپى:
ئىككى زۇلفى سايەسىغە ئاي يۈزىدۇر ئافتاب،
كىم يۈزىنى كۆرسە تۈشمىش رىشتەئى جانىغە تاب.

— قەلەندەر.

رىشتەئى دۇر — قىممەت باھادۇر (ئۈنچە - مەرۋايىت) ئۆتكۈزۈلگەن يىپ:
ھەر بىرىسى رىشتەئى دۇرمۇ ئىكىن،
يا لۇئلۇئى دەريائى تەفەككۇرمۇ ئىكىن.

— نەۋايى.

رىشتەئى رەنج — قىزىتما ۋە بەزگەكنى بەند قىلىش ئۈچۈن دۇئاخان تەرىپىدىن بېرىلىدىغان يىپ.

رىشتەئى زۇننار — زۇننار رىشتىسى (چۇلۇۋۇر ياكى بەلۋاغ تانىسى، يىپى):
سۇجۇد كەئبە دەير ئەيلەسەم ئەگەر ئەجەب ئېرمەس،
قولۇمدا ساغەرى سەھبا، بېلىمدە رىشتەئى زۇننار.

— سەبۇرى.

رىشتەئى كاكۇل — چاچ تارلىرى، كوكۇلا رىشتىسى:
بىس ئىدى ئول رىشتەئى كاكۇل مېنى بەند ئەتكەلى،
نە ئۈچۈن تاپماقىغە قىلدىڭ جۇستىجوي ئۆزگە تەناب.

— موللا بىلال.

رىشتەئى مەريەم — مەريەمنىڭ يىپى؛ ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك تالا:
زۇلفىدە سەر رىشتەئى ئىمان بەدەلدۇر كۇفر ئىلە،
نې تەفاۋۇت تۈشسە مەريەم رىشتەسى زۇننار ئارا.

— نەۋايى.

رىشتەئى مەقسۇد — مەقسەت رىشتىسى، مۇرادقا يېتمش ۋاستىسى:
تاپار ئەبھار سەيرىسىز رىشتەئى مەقسۇد ئول سائەت،
كى رەھى ئەجز، تەرىقى فەقر، ئايىنى فەنا تۇتساڭ.

— سەبۇرى.

رىشتەئى نەئت — مەدھىيە، ماختاش رىشتىسى:
ئىگىردى رىشتەئى نەئتىڭنى شەۋقى كۆز ئۇچى بىرلەن،
ئاڭا شايەد ئاسىلغاي دەۋزەخ ئىچرە سۇدرەپ ئېلتۇر چاغ.

— شەۋقى.

رىشتەئى ئۇلفەت — ئۇلپەتچىلىك، دوستلۇق رىشتەسى:
گەر كەبۇتەردەك ئۇچۇرساڭ مەن قاچان كىتكۇم ئۇچۇپ،
باغلانىپ بالۇ پەرىمكىم رىشتەئى ئۇلفەت بىلە.

— مەشھۇرى.

رىشتەئى ھىجران — ئايرىلىش يىپى، ھىجران رىشتەسى:
رىشتەئى ھىجرانمۇ بۇ يا سۇنبۇلى باغى بىھىشت،
ئاھ دۇدىدىن نىشان يا زۇلفى ئەنبەر سامۇدۇر.

— ئەرشى.

رىشتەئى ئىشق — مۇھەببەت رىشتىسى:
قاچان ۋابەستە ئولغۇم رىشتەئى ئىشقىڭغە ئۆزلۈكدىن،
ماڭا لېكىن ئەسىر ئولماق چۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر.

— ئەرشى.

جان رىشتەسى — «رىشتەئى جان» غا قاراڭ:
نازۇك بىلىڭ ئەر خەيال قىلغۇم،
قان رىشتەسىغە مىسال قىلغۇم.

— ئەرشى.

مۇھەببەت رىشتەسى — «رىشتەئى ئىشق» قا قاراڭ:
ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ۋەسفىڭنى سىزدىم،
مۇھەببەت رىشتەسىغە دۇرنى تىزدىم.

— خىرقەتى.

رىشتەتاب [رشتەتاب] (پ) ئېشىپ تەييارلانغان يىپ، يىپ ئۆرۈمى:
قىلىپ ھۆكمىكىم ئەل قىلىپ ئىزتىراب،
كىشىدىن تەمەئ قالماسۇن رىشتە تاب.

— نەۋايى.

رىشتەكەش [رشته كش] (پ) كەشتە تىككۈچى، كەشتەچى.

رىشخەند [ريشخند] (پ) مەسخىرە قىلىش، كۈلكە قىلىش، زاڭلىق قىلىش؛ مەسخىرە.

رىشخەند ئەتمەك — مەسخىرە قىلماق، كۈلكە قىلماق، زاڭلىق قىلماق.

رىشۋە [رشوه] (ئە) پارا:

رىشۋە بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى دەمسىز چاپارلار،
باشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ھەقتىن قاچارلار.

— تەۋفىق.

بىر شىۋە بەرمەسە كىشىگە بىر قوشۇمچە سۇ،
بىتۈمپە ھېچكىم ئىشىغە بەرمەسە نىزام.

— سەبۇرى.

رىشۋە بەرمەك — پارا بەرمەك:

بىرىپ ئېبردى رىشۋە ئەمىرغە تولا،
كى رىشۋە ئەمىرغە بولۇبان بەلا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رىشۋە يېمەك — پارا يېمەك، پارا ئالماق:

رىشۋەلەر يەپ ھۆكمى قازى مۇفتى بولغاندىن دېسەڭ،
ئەين ئىقبالىم بەلەنددۇر ئۆشبۇ ئىقبالىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

رىشۋەت [رشوت] (ئە) «رىشۋە» گە قاراڭ.

رىشۋەتخور [رشوتخور] (ئە + پ) پارىخور، پارا ئالغۇچى، پارا يېگۈچى:

قازىي رىشۋەتخور ئىسلام ھىسارىغە رەخنەگەر ئۆلكى رىشۋەت
بىرىپ قۇزات ئالە ئالغاي.

— نەۋايى.

رىفئەت [رفعت] (ئە) يۇكسەكلىك، يۇقىرىلىق، يۇقىرى مەرتىۋىلىك:

رىفئەت ئارا ئاسمانچە قەدرىڭ،
ۋۇسئەتتە جەھان ـ جەھانچە سەدرىڭ.

— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

ئەگەر رىفئەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ ھەرچەند ھەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر يازە گۇل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.

— ئەرشى.

رىفئەت تاپماق — يۇكسەلمەك، ئېتىبارغا، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشمەك.

رىفئەتى شان — يۇكسەك شۆھرەت، يۇقىرى شەۋكەت:

فەراغى ھەۋەسلەۋۇ رىفئەتى شان،
تەمامىيەۋۇ قارۇ فەرتى ئېھسان.

— ناقىس.

رىفق [رفق] (ئە) مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق.

رىفق ئەيلەمەك — مېھرىبانلىق قىلماق:

رىفق ئەيلەمەكى ھەر ئىشتا ئەۋلا ئاخىر،
كىم، ئەقل دەلىلىدۇر مەدارا ئاخىر.

— نەۋايى.

رىقاب [رقاب] (ئە) [بىرلىكى: رەقەبە] قۇللار.

مالىك رىقابى — قۇل ئىگىسى، خوجىسى:

ئايا قۇتب ساھىبقىرانى ۋىلايەت،
شەھەنشاھ مالىك رىقابى دۇ ئالەم.

— تەجەللى.

رىققەت [رقت] (ئە) نازۇكلۇق، ئىنچىكىلىك؛ يۇمشاقلىق، مۇلايىملىق.

رىققەت ئەيلەمەك — كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلماق، مۇلايىملىق كۆرسەتمەك.

رىكاب [ركاب] (ئە) 1) ئۈزەڭگە:

كۆز ياشىمدىن بار شەرابىم، بار يۈرەكىمدىن كەباب،
ئاتلانۇر بولساڭ قىلاي كۆزۈم چىناقىنى رىكاب.

— قەلەندەر.

قاچان ئالسا ئاتماق ئۇچۇن قولىغە يا،
قويۇر رەخش ئۈزرە رىكابىغە پا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) پەرمان، ھۆكۈم:

ئەي جەھانى ھۆسن زىيبالىق نىقابىڭ ئاستىدە،
دىلرەبائى ئاتى دەۋلەتلىك رىكابىڭ ئاستىدە،

— لۇتفى.

3) بەند (كويزا ـ كىشەن، تاقاق):

بويىنۇڭ ئارا شوخلار تەنابى،
باشىڭ ئۈزە شاھلار رىكابى.

— نەۋايى.

4) شاھ ھۇزۇرى:

دېدى: «لاتەزكۇرۇ مەۋتاكۇنۇ ئىللا بىخەيرىن» نى،
ئۇشۇل شەھەنشاھ رىكابىدا ئىدى روھىل ـ ئەمىن پەرراش.

— شەۋقى.

رىكۋە [ركوه] (ئە) تېرە، چەمدىن ئىشلەنگەن سۇ ئىدىشى، تۇلۇم.

رىكىب [ركيب] (ئە) ئۇلاغ (ئات، تۆگىگە ئوخشاش ھايۋانلار).

رىگ [ريگ] (پ) قۇم.

رىگزار [ريگزار] (پ) قۇملۇق، قۇم ـ شېغىللىق:

تەي قىلىبان مۇجى بىلەن رىگزار،
زاھىر ئۇلۇپ گاھى دەرەختى جۇدار.

— زەلىلى.

رىگىستان [ريگستان] (پ) «رىگزار» غا قاراڭ:

بۇ تۇشكەن يېرىمىز رىگىستان ئېرۇر،
كى گۇل قول تەرەفدە گۇلىستان ئېرۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رىند [رند] (پ) 1) مەيپەرەس؛ ئەيش - ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان:

خۇشا، گۇل رىندكىم ئۆمرى ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،
تەرەب جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم - بەدەم چەكتى.

— ئەرشى.

2) بىغەم، بىپەرۋا؛ قورقماس:

بادە شىشەگە قولدى، خۇنى دىل بەجۇش ئۇردى،
مۇھتەسىب يىقىن بولدى، رىند بىرلە سۇھبەت تۇت.

— زەلىلى.

گۇنبەزى دەستارىدىن قورقۇتمىغىن، ئابىد، مىنى،
رىندلەرنىڭ گۇنبەزى دىۋارىدىن پەرۋاسى يوق.

— مەشھۇرى.

رىند ئەھلى — مەيخور، ئىچەرمەن كىشىلەر، بىغەم، بىپەرۋا ئادەملەر:

سايەئى تۇبىيدىن ئارتۇق خۇم تۇبى رىند ئەھلىغە،
دەير ئارا ياتسە تىكەندە جەننەتۇل - مەئۋا بىلۇر.

— گۇمنام.

رىند ئېلى — «رىند ئەھلى» گە قاراڭ:

ئەيلەكى تەماشا رىند ئېلى باشىدىن ھەردەم، چۇن ياستانىبانكىم،
مەيخانە ئۇچۇن جامى ئەگەر بولسە مۇدەۋۋەر، كىم مەيغەگەدادۇر.

— خۇشھال غەرىبى.

رىندى باخەبەر — بىپەرۋا مەيپەرەس:

دىدى ساھىب دەردى رىندى باخەبەر،
كى ئەي ھەمىيەتدە تۇڭگۇزلەردىن بەتەر.

— نەۋايى.

رىندى شىراز — شائىر خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ لەقىمى.

رىندى فەنا — تۇگىشكەن، يوقالغان، بىغەم كىشى:

ئەرشى، گەر رىندى فەناسەن كەي لىباسى فەقركىم،
زەر قۇماشىدىن مۇرەججەھ كەلدى فەقر ئىچرە لىباس.

— ئەرشى.

رىندى ئىشق پىشە — ئىچىملىك، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگۈچى:

سەن شەيخ زۇھد شىۋە، مەن رىندى ئىشق پىشە،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم، سەھبا ماڭا مۇبارەك.

— تەجەللى.

رىندانە [رندانه] (پ) مەيپەرەسلەردەك؛ «رىند» گە قاراڭ:

بۇ سوفىيانى رىيايىلەردىن سەفا تاپماي،
غۇلامى چاكەرى رىندانە دۇردى نۇش ئېردىم.

— زەلىلى.

رىندانە بولماق — مەيپەرەس بولماق، مەيگە ئامراق بولماق:

يۇمدۇم كۆزۈمنى سەندىن بۆلەكتىن،
كەچتىم بارىدىن، رىندانە بولدۇم.

— مەشرەپ.

رىندەۋەش [رندوش] (پ) مەيپەرەسلەرگە ئوخشىغان، تەبىئىتى بىغەم، بىپەرۋا؛ مەيپەرەسلەردەك:

مەۋلانازادەئى ئەبھەرىيكىم، شەھەرنىڭ مۇفتىيىسى ۋە رىندەۋەش كىشى ئېردى.

— نەۋايى.

رىندى [رندى] (پ) ھىيلىگەر، قۇۋ، تادان؛ «رىند» گە قاراڭ:

ئىشق ئارا قەدر ئىستەسەڭ بىباك بولكىم، ئۆزگەدۇر،
ئەھلى تەقۋا ئاندا، رىندى لاۋۇ بالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

رىۋ [ريو] (پ) مىكىر، ھىيلە، ھىيلە - نەيرەڭ:

چەرخ ئۇرۇبان رىۋ ئىلە نەيرەڭ ساز،
ئويلەكى كۆك خىرقە بىلە تاسباز.

— نەۋايى.

رىۋ ئەيلەمەك — ھىيلە قىلماق، ئالدىماق.

رىۋ كۆرسەتمەك — ھىيلە ئىشلەتمەك.

رىۋ كۆرگۈزمەك — «رىۋ كۆرسەتمەك» كە قاراڭ.

رىۋۇ ئەفسۇن — مىكىر ۋە ھىيلە؛ ئالداش، كۆز بوياش.

رىۋۇ تەزۋىر — مىكىر ۋە ھىيلە.

ھەم ئاخىر بويلە بولدى ئىشغە تەدبىر،
قايۇ تەدبىر، مەكر رىۋۇ تەزۋىر.

— نەۋايى.

رىۋۇ رەڭ — ھىيلە ۋە نەيرەڭ.

رىۋايات [روايات] (ئە) [بىرلىكى: رىۋايەت] سۆز؛ سۆزلەش، ھېكايە ئېيتىش، نەقىل كەلتۈرۈش:

بۇ تۇتى ھەم قىلىپ شىرىن ھىكايات،
داغى رەڭگىن سۇخەنلەردىن رىۋايات.

— ناقىس.

دەبان ھەر كېچە بىر رىۋاياتنى،
قارا باشىدىن ئۆتكەن ھىكاياتنى.

— ئا. نىزارى.

رىۋايات ئەتمەك — ھېكايە قىلماق، نەقىل قىلماق.

رىۋايات ئەيلەمەك — سۆزلىمەك؛ «رىۋايات ئەتمەك» كە قاراڭ.

رىۋايەت [روايت] (ئە) «رىۋايات» قا قاراڭ:

ئەمدى قىلاي بۇ دەھرى فەنادىن ھىكايەتى،
ھەممە ئالەم ئەھلىدىن ئەيلەي رىۋايەتى.

— سەبۇرى.

رىۋايەت گۇداز — رىۋايەت سۆزلىگۈچى، سۆزمەن، ناتىق:

سۇخەندان شىرىن ھىكايەت گۇداز،
تىزىپ سۆزنى مۇنداق رىۋايەت گۇداز.

— ئا. نىزارى.

رىيا [ريا] (ئە) ئىككى يۈزلىمىلىك؛ مۇناپىق، ئىككى يۈزلىمچى؛ ئۆزىنى يامانلىقلاردىن ساقلانغان قىلىپ كۆرسىتىش:

زاھىد سۇپەت شەيخلەرنىڭ مەسجىد سەرى يۈرگۈسى،
قوللاردە تەسبىھى رىيا تائەت قۇرغۇسى.

— مەشرەپ.

زاھىدلەرنىكى، تائەتۇ تەقۋاسىدۇر رىيا،
كەلسە قولىغە ھەرنە ئاڭا بولسە مۇددەئا.

— سەبۇرى.

رىيا ئەھلى — رىياكارلار، ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر:

تاڭ ئەمەس گەرمەست يۈرسەڭ دەھر ئارا، چۈنكىم نەسىب،
با رىيا ئەھلىگە مەسجىدۇ ماڭا مەيخانەدۇر.

— ئەرشى.

رىيا بەھرى — يالغانچىلىق دەرياسى، ساختىپەزلىك ئىقەنى:

بۇ ھەيندە يامانلار ئىشى تۈتتى ئەۋج،
كى ئۆردى جەھاندا رىيا بەھرى مەۋج.

— ئا. نىزارى.

رىيا چەرخى — ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك چەرخى (دەۋر، پەلەك).

رىيا كۆلاھى — ساختىپەزلىك كۆلاھى، ئۆزىنى تەقۋادار زاھىد قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيگەن كۆلاھ:

رىيا كۆلاھىنى باشدىن زەلىلى تەرك ئەيلەپ،
چۈ غۇنچەئى سىپھرى خىرقەنى دۇپارە قىلاي.

— زەلىلى.

رىياۋۇ ئۇجب — رىياكارلىق، شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنلىك:

سەلاھىن گەر كۆرەر زۇھد ئىچرە زاھىد،
رىياۋۇ ئۇجبىدىن كۆرمەس فەسادىن.

— نەۋايى.

رىياۋۇ زۇھد ئەھلى — ساختىپەز ۋە زاھىد كىشىلەر:

مەيۇ مەيخانەنىڭ داگىم رەۋاجى مەندىن ئولغاندىن،
رىياۋۇ زۇھد ئەھلى فەرياد ئەيلەپ دادخاھىمدۇر.

— ئەرشى.

تەركى رىيا — ساختىپەزلىكنى تاشلاش، يالغاندىن قول ئۈزۈش:

يۈز قويدى خانەقاھدىن مەيخانەغە تەجەللى،
جامى شەراب بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك.

— تەجەللى.

مەكرۇ رىيا — ھىيلە ۋە ساختا:

ئەلگە بەردى بەختۇ دەۋلەت، ئىشرەتۇ راھەت تەمام،
ماڭا يەتكەندە مەگەر مەكرۇ رىيا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

رىياز [رياض] (ئە) [بىرلىكى: رەۋزە] باغلار، جەننەتلەر؛ «رەۋزە» گە قاراڭ:

يۈزۈم قىز ئولۇپدۇر بەياز ئەيلەگىل،
مەقامىمنى رەۋزە رىياز ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رىيازى بىھىشت — جەننەت باغلىرى.

رىيازى ئىرەم — ئىرەم (ئەپسانىۋى گۈزەل، خۇش ھاۋا بىر باغنىڭ نامى) بېغى:

ئول ئاچىپ يۈز گۈلى رىيازى ئىرەم،
گۈللار ئۈزرە بۇ ياغدۇرۇپ شەبنەم.

— نەۋايى.

رىيازات [رياضات] (ئە) قىيىنچىلىقلار، مۇشەققەتلەر، ئازابلار، «رىيازەت» كە قاراڭ.

رىيازەت [رياضت] (ئە) قىيىنچىلىق، ئازاب، مۇشەققەت:

رىيازەتنى ئاشۇرمىشلار پەيغەمبەرلەر تەمامىدىن،
مەقام ئاشماق بىلەن بۇ ئالىي ھىممەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.

— شەۋقى.

تەلەب ئەيلەر خۇدايى لامەكاننى،
رىيازەت ئىچرە تاشلاپ خەستە جاننى.

— ناقىس.

رىيازەت چەكمەك — قىيىنچىلىق تارتماق، ئازاب چەكمەك:

تا رىيازەت چەكمەيىن تاپماسكى ۋەسلى يارنى،
تا تىرىكمەن ئەيلەسەم ئالدىدا خىزمەتكارلىق.

— نەۋبەتى.

رىيازەت فۇتەسى — رىيازەت پوتىسى، جىبىر - جاپا لۆڭگىسى:

رىيازەت فۇتەسىن ئىچرە جىسمى زەڭگىنى مەھۋ ئەتكىل،
مۇسەققەل نۇرى ئىمان بىرلە جىسمىڭ شىشەدار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

رىيازي [رياضى] (ئە) 1) رىيازەتلىك، جاپاكەش ئادەم؛ رىيازەت، مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەرگۈچى:

رىيازىي بولسا قازى، بەس ئەجەبدۇر،
كىبرەككىم فىقھ ئىلمى بىلسە قازى.

— نەۋايى.

2) ھېساب ئىلمى، ماتېماتىكا:

تەبكىيۇ رىيازىيۇ ئىلاھىي،
«ئەلىف» ، «بە» ، «تە» دەك ئالىندە كاماھىي.

— نەۋايى.

رىياسەت [رياست] (ئە) ئۇلۇغلۇق؛ رەئىسلىك، باشلىقلىق؛ «رەياسەت» كە قاراڭ.

رىياكەش [رياكش] (ئە + پ) رىياكار، ئىككى يۈزلىمە:

زاھىد سەنۇ كەۋسەر، بىزۇ مۇغ دەيرى نىبدىنكىم،
بىر زەھرى بەلاكىش بىزۇ سىن نوشى رىياكىش.

— نەۋايى.

رىيالىق [رياليق] ئىككى يۈزلىمىچىلىك، مۇناپىقلىق، كۆز بويامچىلىق، رىياكارلىق:

نە مۇمكىن جان قۇشى تاپماق رىيالىق ئۇمر ئىچى بەسكىم،
كى باشدىن - ئوق ئاڭا قىسمەت ئىمىشدۇر مۇبتەلا بولماق.

— ئەرشى.

رىياھ [رياح] (ئە) [بىرلىكى: رىھ] شاماللار؛ يەللەر؛ ھىدلار، «رىھ» قا قاراڭ:

ئاڭا تەگرۈكى شەبىستانى سىپىھر،
يەتكۈرۈر رۇھ دىماغىغە رىياھ.

— نەۋايى.

رىياھىن [رياحين] (ئە) [بىرلىكى: رەيھان] ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ:

تۇپراقتىن تۇرلۇك رىياھىنلەر ھوۋەيدا قىلغاندەك خاتىرىم بوستانلىرىنى لەتايىف گۈللارى بىرلە پىراستە ئەيلەر ئېردى.

— قىدىرخان يەركەندى.

رىيائىي [ريائى] (ئە) ئىككى يۈزلىمىچىلىك؛ ئالدامچىلىق؛ رىياكار؛

زاھىدۇ شەيخى رىيائىيغە قىلىپ لۇتفۇ كەرەم،
ئىشق ئېلىنىڭ ھەر بىرىنى بىنەۋا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

ئاتەتۇ خەيرى سەخا بۇ ئەل رىيائىي ئەيلەمىش،
ئەھلى تەقۋا ئولدۇرۇر تەقۋاسىنى بىلدۇرمىسۇن.

— قەلەندەر.

ز

زابىت [ضابط] (ئە) زەبت ئەتكۈچى، ئىدارە قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى.

زابىت سىپەھدار — باشقۇرغۇچى، قوشۇن باشلىقى:

سۇرۇپ ئەلنى زابىت سىپەھدارلار،
سىياسەت تەرىقىدە غەددارلار.

— نەۋايى.

زابىتە [ضابطه] (ئە) قائىدە، قانۇن، تەرتىپ، نىزام؛ قانۇن ـ قائىدە، نىزامنامە:

ئىشىم بولدى كۇندىن قەۋۋى زابىتە،
تۇتار بولدى چوڭلار ماڭا رابىتە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زابىتەئى دىن — دىن قائىدىسى، دىنىي قائىدىلەر:

زابىتەئى دىنغە نىگەھدار ئۇچۇن،
ئاجىزۇ ھەيرانغە مەدەتكار ئۈچۈن.

— زەلىلى.

زابىتەئى رۇسۇمى شاھىي — شاھلىق ئىدارىسىنىڭ تەرتىپ قائىدىلىرى.

زات [ذات] (ئە) 1) ئەسل، ماھىيەت، ئاساس. 1) تەڭرى ئىگە، ساھىب:

خالىن ئىزدەپ داغ تاپتىم، زاتىن ئەيلەپ كۆپ شەفىق،
چۈنكى، شەيئىللاھ چېكىپ شائىل دىرەم گۆزرە تىلەك.

— ئەرشى.

بار مەلەك نىشانىدۇرلار ئىشق زاتىدىن تەمام،
ئەرشىيا، كەل، جامى مەي ئىچكىل مۇھەببەت سارىدىن.

— ئەرشى.

3) جىسىم، گەۋدە:

دىبدىلىك ۋەيرانە خۇبدۇر گەنجى زاتىم ئاسراماقىغە،
بۇ ئەرمەسنۇ ئىدى مۇلكى ۋۇجۇدۇمنى خەراب ئەتتىلىك.

— گۇمنام.

4) ئىنسان تەبىئىتى، شەخسىيەت؛ كېلىپ چىقىش، نەسىل ـ نەسەب:

سەبا سوردى سىنىڭ ئاتىڭ نە بولغاي،
خەبەر بەرگىن ماڭا زاتىڭ نە بولغاي.

— خىرقىتى.

زاتى ئەللاھ — تەڭرى، ئاللا، خۇدا:

پەنجەڭنى كۆرەر ئىسەم بەناگاھ،
قىلغۇمدۇ خەيال زاتى ئەللاھ.

— ئەرشى.

زاتى بەشەر — بەشەرىيەت، ئىنسانىيەت، ئىنسانلار؛ كىشىلىك.

زاتى پاكى — «زاتى پاكىي» غا قاراڭ:

ئاقار ھەردەم سۇخەنگەھ تۈتى يەڭلىغ ئاغزىدىن شەككەر،
ۋۇجۇدى زاتى پاكىڭ دۇررى ھەققىي شاھ جەھان پەرۋەر.

— قەرارى.

زاتى پاكىي — زاتى پاك، خۇدانىڭ سۈپىتى.

زاتى فەرد — يېگانە شەخس.

زاتى مەلەك — ئەسلى مەلەك، پەرىشتە.

زاتى ۋاھىد — «زاتى فەرد» كە قاراڭ.

ۋەفا ئىستەر ئىسەڭ جۇز زاتى ۋاھىد،
فىلانى ئىستەمە، دېمە فىلانى.

— ئەرشى.

زاتۇل بۇرۇج [ذات‌البروج] (ئە) بۇرجلار ئىگىسى، يەنى سەككىزىنچى پەلەك (كۇرسى):

بۇرجىغە بۇ يەتتى فەلەكدىن ئۇرۇج،
بەلكى ئانىڭ بابىدە زاتۇل ـ بۇرۇج.

— نەۋايى.

زاتى [ذاتی] (ئە) بىر زات، يېگانە زات، ئۇلۇغ زات:

ۋۇجۇدلەر خوبى ئىدى ۋۇجۇدى ئالەم ئاراسى،
بەھاسىز گەۋھەرى ناياب ئىدى زاتى يەكتاسى.

— مەشھۇرى.

زاتىي [ذاتی] (ئە) تەبىئىي، ئەسلى، شەخسىي، تۇغما.

ئىلتىفاتىي زاتىي — شەخسىي، خۇسۇسىي ئىلتىپات.

زاخىر [زاخر] (ئە) دولقۇنلۇق؛ دولقۇنلانغان، كۆتۈرۈلگەن؛ ھاياجانلانغان؛ ھاياجانلىق.

بەھرى زاخىر — دولقۇنلانغان، مەۋج ئۇرغان دەريا:

كېلىپ كۆڭلى ئانىڭدەك بەھرى زاخىر،
كى ئاندا زاخىر ئەۋۋەل تا بەئاخىر.

— نەۋايى.

زاد I [زاد] (پ) بالا، پەرزەنت، ئەۋلاد.

زادۇ بۇد — تۇغۇلغان يېرى، يۇرت:

سورارلاردا ھەر بىرىنىڭ زادۇ بۇدىن،
كىبەتتە كۆردى بىر ساھىب ۋۇجۇدىن.

— لۇتفى.

زادى شەكەررىز — شېرىن سۆزلۈك، يېقىملىق

پەرزەنت.

زادى ئىففەت — پاكلىق سەۋەبلىرى.

زادى ئىففەت مەئاب — ئىپپەتلىك خوتۇن، ئايال.

زاد II [زاد] (پ) «ئازاد» نىڭ قىسقارتىلمىسى.

زاد سەرۋ — ئازاد سەرۋ، تىك ئۆسكەن سەرۋ (قىش - ياز كۆپكۆك تۇرىدىغان، ھىدى يېقىملىق، خۇش قامەت بىر دەرەخ).

زاد III [زاد] (ئە) ئوزۇق، ئوزۇق - تۈلۈك، دەسمايە:

سەپەر مۇددەتىچە ئېلىپ زادنى،
بىلادىغە يەتكۈر بۇ دامادنى.

— ئا. نىزارى.

زاد راھ — «زادى راھ» قا قاراڭ:

دېدى ئەي ئاتا، راست قىل زاد راھ،
كى بىچارە فەرزەندىڭە بول تەباھ.

— ئا. نىزارى.

زادى ئەبەد — مەڭگۈلۈك ئوزۇق.

زادى راھ — يول ئوزۇقى، سەپەر جابدۇقلىرى.

زادى راھىلە — «زادى راھ» قا قاراڭ.

زادە [زادە] (پ) پەرزەنت؛ «زاد I » گە قاراڭ:

گەر مۇسۇلمان زادە بولساڭ، ئۆزۈڭ ئىنساف ئەيلەگىل،
مەن سۇساپ كەتسەم ئۆلۈپ ھازىر تورۇپ ئابى ھەيات.

— قەلەندەر.

زادەئى تەبىئ — 1) كۆڭۈللۈك؛ خۇش پەم. 2) قابىلىيەتلىك، پاراسەتلىك:

نىچە زادەئى تەبىئ ئېرۇر ناپىسەند،
كىشىنىڭ ئۆز ئاللىدە بار ئەرجۇمەند.

— نەۋايى.

زار [زار] (پ) 1) پەرياد، يىغا، پىغان، ئاھ:

بەقالىق يار ھۆسنىن كۆرە ئالماي،
كى زار ئولغۇڭ ئاڭا قىلساڭ نەزارە.

— ئەرشى.

يەتسۇ قايدىن نالەئى زارىم قۇلاغىغە ئانىڭ،
چالدۇرۇر غەۋغا بىلەن بەزمىغە ئول چەڭ - رەباب.

— قەلەندەر.

2) يىغلىغۇچى، پەرياد چەككۈچى، ئاھ تارتقۇچى:

زار كۆڭلۈم سايرار ئول رۇخسارەئى نىكۇ كۆرۈپ،
ئەندەلىبى خۇش نەۋا يەڭلىغ گۈلى خۇشبۇ كۆرۈپ.

— مەشھۇرى.

3) غەمكىن، دەردلىك، ھەسرەتلىك: بىچارە، ئاجىز، كۈچسىز، ناتىۋان، خار:

كۆردۈم نۇرىنىكى زار ئاشىق،
بولدۇم ئاڭا مەنكى يارى سادىق.

— موللا سالىھ.

سىنىڭ ۋەسلىڭ تەمەننا ئەيلەپ ئەي گۈل،
يىلاندەك تولغانۇر بۇ جىسمى زارىم.

— خىرقىتى.

4) موھتاج، تەشنا:

كى يەئنى ئاتا ۋە ئانام باردۇر،
مىنى كۆرگەلى ھەم ئۇلار زاردۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

5) ئىسىملارغا قوشۇلۇپ يەر، جاي ناملىرىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: گۈلزار؛ بىنەفشەزار؛ سەبزەزار، دېگەندەك.

زار ئەيلەمەك — يىغلاتماق، سېغىندۇرماق، موھتاج قىلماق:

گۈل يۈزۈڭغە ئەندەلىب يەڭلىغ قىلىپ زار ئەيلەدىڭ،
گۈلمۇسەن، رەيھانمۇسەن، يا ھۆرمۇسەن، غۇلمانمۇسەن.

— موللا بىلال.

زار بولماق — 1) ئاجىز، ناتىۋان بولماق، غەمكىن بولماق؛ دەرد، ھەسرەت چەكمەك. 2) موھتاج، تەشنا بولماق.

زار - زار يىغلاماق — قاتتىق يىغلىماق، پەرياد ئۇرۇپ يىغلىماق.

«قاف» قاراقىم سىزغۇرۇپ، يىغلاپ يولۇڭدا زار - زار،
بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى فىكرىم، قىيلۇ قالىم سەنمۇسەن؟

— موللا سالىھ.

زار قىلماق — ئاجىز، ناتىۋان قىلماق؛ غەمكىن، پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماق؛ خار، موھتاج، تەشنا قىلماق:

يارەب سەھەر بىدار قىل، ئىشقىڭ غەمىدە زار قىل،
زىكرى شەرىفىڭ جارى قىل ھۇ - ھۇ دەبان قويسام ئاياغ.

— شەۋقى.

زار ئولماق — «زار بولماق» قا قاراڭ.

زارۇبىقەرار — سەۋر - تاقەتسىز موھتاجلىق:

مەن فەقىر دىلخەستەگە رەھىم [ئەيلە] ئەي شاھى جەھان،
كۆرگەلى ۋەسلىڭغە زارۇ بىقەرار بولدۇم نىتەي.

— موللا سالىھ.

زارۇ بىنەۋا — موھتاج ۋە غەمكىن:

جەھاندا بىر مېنىڭدەك يانە زارۇ بىنەۋا يوقتۇر،
مۇھەببەت تارىغە دائىم ئەسىرۇ مۇبتەلا يوقتۇر.

— ئەرشى.

زارۇ زار — نالە، پىغان، قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىماق:

بۇ سالىھ زارۇزار يىغلاپ، باشىغە ئەردلەر ساچتى،
ئانىڭكى ئاھۇ فەريادۇ فىغانى ھەددىدىن ئاشتى.

— موللا سالىھ.

زارۇ زەلىل — خار ۋە خەستە.

زارۇ غەرىب — خار ۋە غېرىب بىچارە:

ئاجىزۇ بىچارەيۇ دەرماندەۋۇ زارۇغەرىب،
سەن ئاغىر دەمدە ئەتا قىلغىل ئاڭا ئىمانىنى.

— قەلەندەر.

زارۇ غەمناك — خار ۋە غەمكىن:
دېدى: بولدۇڭ نە دەپ سەن زارۇ غەمناك؟
دېدى: جانىمنى قىلدى بۇ نازىڭ چاك.

— خىرقىتى.

زارۇ مۇستەمەند — خارۇ زارلىق، موھتاجلىق:
بولمىشەم، ئەي دوست، ھاجەتمەندۇ زارۇ مۇستەمەند،
يوق ئەمەل ساھىب كەرەمگە غەيرۇ ئېھساندىن لەزىز.

— ئابىد قۇمۇلى.

زارۇ مىسكىن — خار ۋە غېرىب، سولغۇن:
ئەرشىنىڭ باشى فەرەھدە ئەرشىدىن ئۆتكۈسىدۇر،
گەر دېسەڭ، بۇ زارۇ مىسكىن خاكى دەرگەھدۇر مەگەر.

— ئەرشى.

زارۇ نىزار — خارۇزار، پېقىر، مىسكىن:
ئولدۇمكى مېنى زارۇ نىزار ئەيلەدى ئىشق،
غەم تىغىدا كۆڭلۈمنى فىگار ئەيلەدى ئىشق.

— ئەرشى.

زارۇ ھەيران — خارلىق ۋە بىچارىلىك:
يارۇ يار دەپ بىھۇدە، ئەي سالىبى، جان چەكمەگىل،
يوقسە مەقسۇدۇڭ ئۈچۈنكىم زارۇ ھەيران سەنمۇسەن.

— موللا سالىبى.

زارى ئەبتەر — خارلىق، پېقىرلىق:
بولۇپ ئىشق ئىچرە بۇلبۇل زارى ئەبتەر،
ئىچىدۇر لەخشەئى چوغ، تاشى ئەخگەر.

— خىرقىتى.

زارى بىمىزائەت — ئاجىز، بىچارە، كەمبەغەل.

زارى غەمكەش — زار ۋە غەملىك:
ئانىڭدەك بولدى بۇلبۇل زارى غەمكەش،
تۇشۇپ گۈل ھۆنىدىن جانغە ئاتەش.

— خىرقىتى.

زارىيىغلاماق — قاتتىق يىغلىماق، ھۆڭرەپ، ھۆركىرەپ يىغلىماق:
سەھەرلەر ئويغانىپ فەرياد ئېتەرمەن،
خۇداغا زار يىغلاپ داد ئېتەرمەن.

— خىرقىتى.

زارىب [ضارب] (ئە) ئۇرغۇچى، زەربە بەرگۈچى:
ئانىڭ خاسىيەتى بۇ كىم مۇھارىب،
ئەگەر بۇ تىغ بىرلە بولسە زارىب.

— نەۋايى.

زارىب بولماق — ئۇرماق، ئۇرۇلماق.

زاغ [زاغ] (پ) قاغا؛ سېغىزغان:
جەھانىنىڭ قۇشلارىدا فەرق نېدۇر؟
ئانىڭدۇر زاغى بۇلبۇل، بۇلبۇلى زاغ.

— ئەرشى.

زاغۇ زەغەن — قاغا ـ قۇزغۇن:
بىلمەگەي ھۆسنى جەمالىڭ مەدھىنى زاغۇ زەغەن،
باغدا گۈل ھەمدۇ سەناسىن بۇلبۇلى گويا بىلۇر.

گۇمنام.

زاك [زاک] (پ) زاك، بوياق (چەم قارايتىش، چەكمەن بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوياق) :
كەبىر، كەرەفشەيۇ سەندال، سەپىت،
كى ئاسفىر، زاك چانتىيانا، خەدىت.

— موللا بىلال.

زاكىر [ذاكر] (ئە) تىلغا ئالغۇچى، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقۇچى؛ ئىبادەتكە قىلغۇچى ئىبادەتكە مەشغۇل بولغۇچى مەشغۇل بولغۇچى:
رەۋاجى ئىزدەسەڭ بازار مەھشەرنىڭ مەتائىدىن،
ھەمىشە زاكىر ئول، شەۋقى، نە شىرىن زىكرىدىن ھەرگىز.

— شەۋقى.

زال I [ذال] (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدە «ذ» ھەرپىنىڭ نامى:
نېچۈككىم بولسا دىل لەفزىغە نۇقتە «زال» بولۇر ھاسىل،
مەزەللەت ئىككى ئايرىلغان كۆڭۈلگە يەتتى خالىڭدىن.

—نەۋايى.

زال II [ذال] (پ) قېرى، كەمپىر، چال:
بار ئېردى شەھەرگە ياقىن پىرى زال،
قارىلىقدا ئېردى بوبى مىسلى دال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زال مەككارە — مەككار كەمپىر:
كى ھەر كۈن ناز بىرلە جىلۋە قىلسە زال مەككارە،
يۈزىنى كۆرسەتىپ كۆڭلىن ئالىپ، ئۆمرىنى قىلغاي كەم.

— ئەرشى.

زالى ئافاق — ئاسمان.

زالى چەرخ —1) پەلەك. 2) بىر كۈنلۈك ئاي، ھىلال.

زالى خىرەد — ئەقىللىق، ئەقىللىق چال، پىر.

زالى دەھر — دۇنيا، ئالەم، جاھان:
كىم قىلىپدۇر كامى دىل ھاسىل بۇ زالى دەھردىن،
سەن تەلاق ئەتمەي ئانىكىم نەدۇرۇر ئەقدى نىكاھ.

— ئابىد قۇمۇلى.

زالى سەرا — خىيال قەسرى، خىيالىي قەسىر، كونا ساراي:
گەرم رەۋلەر زەررەلەر دەك چەرخ ئۇرار مىھىر ئالدىدا،
كىم دېدى دىۋار ئارا زالى سەرادا ئىستەگىل.

— گۇمنام.

زالى فەلەك — ئاسمان، پەلەك.

زالى گەردۇن — ئاسمان، كۆك، پەلەك:

ۋەفاسىزدۇر جەھان ئىشىت بۇ موزمۇن،
تىگەر ھەر كۈن بىرەۋگە زالى گەردۇن.

— قەلەندەر.

زال II [ضال] (ئە) 1) ئاداشقان، يولدىن ئازغان، گۇمراھ. 2) يامانلىققا ئۈندىگۈچى؛ ئازدۇرغۇچى، ئازدۇرۇش:

يوق ئېرىكەن، ئەي قەلەندەر ئەقلۇ ھۇشۇم،
كى دۇنيا زالىغە داماد بولدۇم.

— قەلەندەر.

چەرخ زالىن كۆركى، يۈزۈڭ مىڭ بونياد ئەيلەمىش،
يۈز جەھان شاد ئەھلىنى بىر دەمدە ناشاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

زالىكە [ذالك] (ئە) بۇ (ئالماش).

غەيرى زالىكە — ۋە بۇنىڭدىن باشقىلار:

... ۋە قازان ۋە ئەياق ۋە تەبەق ۋە پىيالە ۋە قاشۇق،
ۋە غەيرى زالىكە كېرەك بولسا تەرتىپ قىلىپ بەرگەي.

— نەۋايى.

زالىم [ظالم] (ئە) زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم؛ ئادالەتسىز:

تا ساڭا بەردىم كۆڭۈل ئەي مىسلى ئالەم يوق ئارا،
يۈرەكىمنى ئەيلەدىڭ، زالىم، يارا ئۈزرە يارا.

— قەلەندەر.

زالىم تەبىئ — زالىم تەبىئەتلىك.

زالىم سىرىشت — زالىم تەبىئەت، ئادالەتسىز.

زالىمۋەش — زالىم كەبى، زالىملارچە.

زالىمى ئالىم نەما — ئۆزىنى ئالىم كۆرسەتكۈچى زالىم:

فەلەك يەڭلىغ جەھاندا زالىمى ئالىم نەما يوقتۇر،
قولىدا تىغدۇركىم كېچە باشىدا دەستارى.

— مەشھۇرى.

زامىن [ضامن] (ئە) كېپىل بولۇش؛ كېپىللىك؛ كېپىل:

مۇۋاپىق، يارلار بىرلە بۇ دەمنى خۇش كەچۈر، بابىر،
نې ئۈچۈنكىم كېلۇر دەمگە بۇلا ئالماس كىشى زامىن.

— بابىر.

زامىن تىلەمەك — كېپىللىك تىلىمەك.

زامىن ئولماق — كېپىل بولماق.

زانۇ [زانو] (پ) 1) يېقىن. 2) تىز (ئادەمنىڭ تىزى):

قىلىپ ئېردى قۇفلىن خەتتا مانۇسى،
يوغانلىقدا گويا تېۋە زانۇسى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زانۇ بەزانۇ — ناھايىتى يېقىن، يانمۇيان؛ يېقىن ئۈلپەت.

زانۇيۇ ھەمدۇش — تىزى تىزىغا، يەلكىسى يەلكىسىگە يېپىشىپ:

بولۇپ بىر لەھزە ھەم زانۇيۇ ھەمدۇش،
رەفىقى ھەمنىشىن، ھەمدەم، ھەماغۇش.

— لۇتفى.

زانۇيى ھەبىب — ئەڭ يېقىن دوست:

چۈن قەدەم رەنجىغە باشىڭنى بىلال قىلغىل نىسار،
گەر كېلىپ كۆلبەڭ ئارا ئولتۇرسا زانۇيى ھەبىب.

— موللا بىلال.

زانى [زانى] (ئە) زىنا قىلغۇچى، پاھىشىۋاز؛ «زىنا»غا قاراڭ.

زاھىد [زاهد] (ئە) 1) تەركىدۇنيا قىلىپ، يەنى دۇنياۋى ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، تائەت - ئىبادەتكە بېرىلگەن دىندار، تەقۋادار، تەقۋادار كىشى، شەيخ:

مېنى مەنئى ئەتمە، ئەي زاھىد، قۇۋۋانمە زىكرە، ئەي سوفى،
كى سەن مەغرۇرسەن زىكرە، مەنەم مۇشتاقى دىيدار.

— نەسىمى.

زاھىد سىفەت شەيخلەرنىڭ مەسجىد سەرى يۈرگۈسى،
قوللارىدە تەسبىھى رىيا تائەت قۇرغۇسى.

— مەشرەپ.

2) پەرھىزچى، ئۆزىنى كۆپ نەرسىدىن چەكلىگۈچى:

زاھىد تۇتۇپ ئۆزىنى، كىيىپ سوفى خىرقەسىن،
كۆزىن يۇمۇپ فۇسۇن بىلە باشىن تەبرەتىپ.

— سەبۇرى.

زاھىدا — ھەي زاھىد، ھەي شەيخ:

زاھىدا، فىردەۋس ئارا جەۋرۇڭ تەماشاسىن نىتەي،
كۆلبەم ئىچرە گەر خەيالى ھۆسنى جانان بولماسا.

— ئەرشى.

زاھىد ئەھلى — شەيخلەر، تەقۋادارلار.

زاھىدۋەش — زاھىد تەبىئەتلىك، «زاھىد»قا ئوخشاش.

زاھىد ئېلى — «زاھىد ئەھلى»گە قاراڭ:

قەدرى تاجى مەئرىفەت بىلمەسمىكىن زاھىد ئېلى،
خاتىرى خۇشدۇر ھەممىشە جۇببەۋۇ دەستارىدىن.

— زەلىلى.

زاھىدى پەرسۇدە — قېرىغان زاھىد، ھارغان، چۈشكۈنلەشكەن سوپى:

ئىشق ئەتۋارىنى ئايتمام زاھىدى پەرسۇدەگە،
كىم قۇرۇق بەرگى گىياھغە ئايى باراندىن نەمەز.

— مەشھۇرى.

زاھىدى تەررار — ئوغرى زاھىد، ئوغرى شەيخ:

مېنى ئۆچراتماغىل ئول زاھىدى تەررار زەھرىگە،

كۆڭۈل ئەھلىن بەلائي ناگەھاندىن ئىسراغىل، يارەب.

— ئەرشى.

زاهىدى خۇدبىن — ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى زاھىد، رىياكار سوپى:

مەغرۇر نەماز ئوقۇماغىل، ئەي زاهىدى خۇدبىن،
مىكر ئىلە رىيادىن.
دىھقان سەمەندەر قاشىدا تۇدەئى خەسدۇر،
مانەند پۇچەك پۇل.

— زەلىلى.

زاهىدى زەرق بەرەست — ئۆزىنى زاھىد قىلىپ كۆرسەتكۈچى ھىيلىگەر، رىياكار.

زاهىر [ظاهر] (ئە) 1) روشەن، پارلاق، يورۇق:

رەۋاجى ھۆسن ئۇچۇن چېھرەڭنى كاھى ئەيلەمىش ئەزبەس،
بولۇر گۈل ھۆسنى زاهىر بولسە گەر رەڭگى خەزان پەيدا.

— ئەرشى.

2) كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئوچۇق - ئاشكارا، ئايان:

نەچچە ئەرزى ھال قىلسام باۋەر ئەتمەس، ۋايكىم،
داغى دىل زاهىر قىلۇرغە ئەمدى كۆكسۈمنى ياراي.

— ئەرشى.

3) تاشقى كۆرۈنۈش، بىرەر نەرسىنىڭ سىرتى، تېشى:

«سوفى مەن» دىمە، زاهىرىڭ ئاراستە ئەيلەپ سۇف ئىلە،
باتىنىڭدىن فىكر دۇنيا سوفى ئەھۋالىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

زاهىر ئەتمەك — «زاهىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

گەنج بەخشىكىم، روز ئەفزۇن جەناب ئىسمىدىن كىشۋەر كۇشالىق سىككەسىنىڭ مىرئاتى بەھبۇدى نەخشىن زاهىر ئەتتى.

— قىدىرخان يەركەندى.

زاهىر ئەيلەمەك — كۆرسەتمەك، بىلدۈرمەك، ئاشكارا قىلماق.

زاهىر بولماق — كۆرۈنمەك، مەلۇم بولماق، بىلىنمەك، ئاشكارا بولماق:

يۈزۈڭ تا پەردەدىن زاهىر بولۇپدۇر،
سەنەملەر ھۆسن دەئۋاسىن قويۇپدۇر.

— ئاتايى.

زاهىر قىلماق — «زاهىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

كاشفۇل - ئەسرارلىق زاهىر قىلۇر نەرگىسلەر،
ئەھسەنۇتتەقۋىم ئاناڭ شەئنىگە بىر مۇختەس رەقەم.

— ئەرشى.

زاهىر ئولماق — «زاهىر بولماق» قا قاراڭ:

زاهىر ئولغاي ھەر نەفەس بىر تۈن ساچىڭنىڭ ھەجرىدە،
ئوتلۇق ئاھىم دۇد يەڭلىغ چىقسا پىچۇ خەم بىلە.

زاهىر ئۇلۇمى — «زاهىر ئىلمى» غا قاراڭ.

زاهىر ئىلمى — مەلۇم پەن، مەۋجۇت پەنلەر.

زاهىرە [ظاهره] (ئە) ئوچۇق، ئاشكارا، «زاهىر» گە قاراڭ:

ئالارغە ئالىي مەقامات ۋە زاهىر، كەرامات كۆپ ئېركەندۇر.

— نەۋايى.

زاهىرەن [ظاهراً] (ئە) كۆرۈنۈشى؛ كۆرۈنۈشچە، ئاشكارا، «زاهىر» گە قاراڭ:

زاهىرەن كەلدى گەرچە زەندەئى پۇش،
فىلھەقىقەت ئەمىرى زىندەئى پۇش.

— ن. زىيائى.

زاهىري [ظاهرى] (ئە) ئاشكارا، ئايان، «زاهىر» گە قاراڭ.

زاهىري سەفا — تاشقى كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكلىق.

زاۋىيە [زاويه] (ئە) [كۆپلۈكى: زەۋايا] 1) بۇرجەك، ئۆي بۇرجىكى؛ بۇلۇڭ. 2) چەت جاي، شەھەردىن يىراق بولغان جاي:

ۋاگەرەئى قىسمەتتۇر ئۇ سەرگەشتەئى تەقدىر،
كىم سەيرگەھى بادىيەۋۇ زاۋىيەلەردۇر.

— مەشھۇرى.

زاۋىيەئى خاك — يەر يۈزى، دۇنيا.

زائىدە [زائده] (ئە) ئارتۇق، ئارتۇقچە، زىيادە؛ كېرەكسىز.

زائىد قىلماق — قوشماق، ئارتتۇرماق.

زائىدە [زائده] (ئە) «زائىد» قا قاراڭ:

سكەندەرگە چۇن يەتتى بۇ قائىدە،
سەۋال ئەتمەدى نۇكتەئى زائىدە.

— نەۋايى.

زائىر [زائر] (ئە) «زايىر» غا قاراڭ:

خەيلى مەلەك قۇببەسىنىڭ زائىرى،
ئۆيلەكى سەرۋ ئۆزرە چەمەن تائىرى.

— نەۋايى.

زاي [زاى] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «تۇغدۇرغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

ۋەھشەتزاي — ۋەھشەت تۇغدۇرغۇچى؛ قورقۇنچلۇق.

زايەندە [زاينده] (پ) تۇغۇلغۇچى، تۇغقۇچى، كۆپەيگۈچى.

زايەندە بولماق — تۇغۇلماق، پەيدا بولماق، كۆپەيمەك.

زايەندە ئولماق — «زايەندە بولماق» قا قاراڭ.

زايچە [زايچه] (پ) مۇنەججىم ۋە رەممال يەنى پالچىلار پال ئېچىشتا ئەمەل قىلىدىغان دۇئالار يېزىلغان جەدۋەل:

يەنە نوجۇم ئىلمىن ئانچە بىلۇر ئېردىلەركىم، ھەر مۇۋەللەد

ئۈچۈن زايچەگە تالىپ بېتىمى ئالۇر گىردىلەر.
— نەۋايى.

زايىئ [ضايع] (ئە) «زايە» قا قاراڭ:
قىلماغىل ئۆمرۈڭنى زايە ئىشقىدىن غافىل بولۇپ،
بىخەبەر بولماق بۇ يولدا پىشەگە ئىنسان ئەمەس.
— سابىت.

زايىر [زاير] (ئە) زىيارەت؛ زىيارەتچى، زىيارەت قىلغۇچى.

زايىقە [ذايقه] (ئە) مەزە (تائام) نىڭ تەمىنى بىلىش ئىقتىدارى:
سەن كېتىپ ئەي جانىجان، جانىمدا راھەت قالمادى،
زايىقەمدە زەۋق، تەبئىمدە لەتافەت قالمادى.
— مەشھۇرى.

زايىل [زايل] (ئە) 1) يوق بولغۇچى، يوقالغۇچى، پانىي؛ يوقىلىدىغان:
بۇ رەڭ زەھەر ئىچكەن ئېرىمىش ھۇشمەند ئول،
كى بەل بىلمەك ئانىڭ ھۇشىنى زايىل.
— ئەرشى.

2) ئۇزۇن، تۈگىمەيدىغان:
نى مېھر ئىلە ماھ ئىچرە بۇ قىسمىم يارۇغلۇق بار،
ھەجرىنىڭ كېچەسى بىلمەم نى ۋەجھ ئىلە زايىلدۇر.
— گۇمنام.

زايىل ئەتمەك — «زايىل ئەيلىمەك» كە قاراڭ:
«زال» زەبۇن ئەيلەپ مېنى ھەجرى فىراقىڭ، ۋايىكىم،
زايىل ئەتكەن ئەقلىمە شىرىن زەبانىم سەنمۇ سەن؟
— موللا سالىھ.

زايىل ئەيلىمەك — يوقاتماق، يوق قىلماق، بىر تەرەپ قىلماق.
زايىل بولماق — يوقالماق، يوق بولماق؛ سۇنماق.
زايىل قىلماق — «زايىل ئەيلىمەك» كە قاراڭ.
زايىل ئولماق — «زايىل بولماق» قا قاراڭ:
دەۋر ئۇزاردا ھەر تەرەف تۈشكەن مۇسەلسەل زۇلفىدىن،
زايىل ئولغاچ ئەقلۇ ھۇشۇم بەس پەرىشان مەن بۇ كۈن.
— مەھزۇن.

زايە [ضايع] (ئە) يوقالغان، يوق بولغان؛ يوقىتىلغان، نابۇت بولغان؛ زەرەر، زىيان؛ بىكارغا كېتىش، بىھۇدە:
بۇلارنى سەفەرگە ئىبەرگەندە، بارغان يېرىدە مال ـ ئەھۋاللارنى زايە قىلغاندىن خەبەر تاپىپ، خاجە ئىستەپ بارىپ، ... ئىككىنچى دەفئە سەفەر ئىختىيار ئەتكەنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زايە ئەتمەك — يوقاتماق، نابۇت قىلماق؛ بىھۇدە كەتكۈزمەك:
دەردىم كۆرۈپ مۇئالەجەدە زايە ئەتمە ئۆمر،
كىم جاندا دەردى ئىشقدۇرۇر بىدەۋا ماڭا.
— بابىر.

زايە بولماق — يوقالماق، نابۇت بولماق، بىكارغا كەتمەك.
زايە قىلماق — «زايە ئەتمەك» كە قاراڭ.
زايە كەچۈرمەك — بىھۇدە ئۆتكۈزمەك:
زۇلفۇڭ يۈزۈڭ فىراقىندە تۈمەن ھەسرەت بىلە،
ھەيفكىم، زايە كەچۈردۇم مۇنچە سالۇ ماھنى.
— نەۋايى.

زايە ئولماق — «زايە بولماق» قا قاراڭ.

زەبان [زبان] (پ) تىل، نۇتۇق:
ھۇر ۋەسلى بىرلە ئۇچماق قۇشلارىن لەفزىن دېمەي،
گاھى ـ گاھى شىيۋەگە شىرىن زەبانىم بولسە بەس.
— ئەرشى.

زەبانى ھال — كۆي ئارقىلىق ئىپادىلەش؛ ھالىنى بايان قىلىش:
ئىشىتكەن ئىسە زەبانى ھالىن،
چىقماس ئىدىيۇ قومۇشدا شەككەر.
— موللا سالىھ.

زەبان ئاۋەر [زبان آور] (پ) سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا، ناتىق:
ئەلقىسسە، پەھلەۋانىنىڭ بارچە نەۋئ ئىشلارىنىڭ خۇشلۇغى بەيانىدا ۋە ھەر تەۋر سىيرەت ۋە سۇرەتىنىڭ دىلكەشلىغىنىڭ شەرھىدە زەبان ئاۋەرلەر تىلى قاسىر ۋە داستان ئۆستەرلەر نۇتقى ئاجىزدۇر.
— نەۋايى.

زەبان ئاۋەرد [زبان آورد] (پ) «زەبان ئاۋەر» گە قاراڭ.

زەبانە [زبانه] (پ) ئۇچقۇن، يالقۇن:
كۆيەر بۇلبۇل مەئانى ئەۋجىدە گەر بولسا ھەم پەرۋاز،
چۇ بەرقى ئاھىدىن ھەربىر زەبانە بىر قەناتىمدۇر.
— زەلىلى.

زەبانە تارتماق — ئۇچقۇنلىماق، يالقۇنلىماق، يالقۇنجىماق.
زەبانە چەكمەك — ئەۋج ئالماق، دولقۇنلىماق.
زەبانە ئۇرماق — 1) «زابانە تارتماق» قا قاراڭ:
زەبانە ئۇردى ئىشق ئوتى، ئۇنىڭ ھەر زەخمىدىن گۇمنام،
كىشى كۆرگەنمۇ ئېركىن مېھر يۈز ئەنۋار مەن يەڭلىغ.
— گۇمنام.

2) سۆزلەشمەك، بايان قىلماق، ئېيتىپ ئۆتمەك.

زەبان بەست [زبان بست] (پ) سۆكۈت ساقلىغۇچى،

خاموش قىلغۇچى، جىمىلىگۈچى؛ خاموش، جىمغور.

مۇتەكەللىمىكى، ئەرەب فۇسەھاسى بەلاغەت گۈلباغىدىن سەپىھر گۈلشەنىدىن ئاشۇرغاندا ئانىڭ بۇلبۇل نۇتقى تەرەننۇمى بىلە ئالارنى زەبان بەست ۋە دەئۋالارى ئاۋازىسىن يەرگە پەست قىلدى.

— نەۋايى.

زەبان بەند [زبان بند] (پ) 1) تىلى تۇتۇق، تىلى بەند قىلىنغان، سۆزلىيەلمەيدىغان، سۆزلەش ئىمكانىيىتى بولمىغان. 2) تىلنى بەند قىلىش، جادۇگەرلىك.

زەبان بەند ئەيلىمەك — تىلنى بەند قىلماق، گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويماق.

زەبان بەند قىلماق — «زەبان بەند ئەيلىمەك» كە قارالسۇن.

زەباندان [زبان دان] (پ) تىل بىلگۈچى، تىلشۇناس:

كىبرەك، مەخفىي فەھمىغە زەباندانى،
يوق، زەباندانىكىم كىبرەك سۆلەيمانى.

— نەۋايى.

زەبەر [زبر] (پ) 1) ئۈست، ئۈستى؛ ئۈستىدە، تۆپىسىدە:

بارچە قارا قاش ئەھلىغە ئول كۆنى يەتتىلەر خەبەر،
كەلدى بالالارغە غەزەب، ئەيلەدى زىر ئىلە زەبەر.

— موللا سالىھ.

2) ئېگىز، يۇقىرى:

بارچەلەرى خادىمى مەشھەد بولۇپ،
مەشھەدى ئەئلاي زەبەر ئولۇپ،

— زەلىلى.

3) ئەرەبچە «فەتھە» دەپ ئاتىلىدىغان دىئاكرىتىك بەلگە. بۇ بەلگە تاۋۇشلارنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ تاۋۇشنىڭ ئىسلى ئاۋازىغا «ئە» تاۋۇشىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

زەبەرجەد [زبرجد] (پ) قىممەت باھا تاش:

ھەمىن سائەت ئىچرە بولۇپ توبرە پۇر،
كى ياقۇت، زەبەرجەد بىلە ئۈنچە دۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەبەرجەد فىشان [زبرجد فشان] (پ) قىممەت باھا تاشلارنى چاچقۇچى، تۆككۈچى:

يېرى سەبزە بىرلە زۇمۇررەد نىشان،
ئاغا چەرخى مىنا زەبەرجەد فىشان.

— نەۋەئى.

زەبەردەست [زبردست] (پ) 1) كۈچلۈك، پالۋان، زوراۋان. 2) قولى گۈل، ماھىر؛ ئىستىبداتلىق، ئىقتىدارلىق:

ھەر كىمكى، ئالەمدە زەبەردەست ئەتتىڭ،
ئاخىر ئەجەل ئىلكىدە ئانى پەست ئەتتىڭ.

— نەۋايى.

زەبەردەست ئەيلىمەك — كۈچلۈك، مەرتىۋىلىك قىلماق.

زەبت [ضبط] (ئە) 1) ئىگىلەش، قولىغا ئېلىش، ئىشغال قىلىش؛ تۇتۇش:

جەھان ئىچرە زەبتىم سالىپ تۇمتەراق،
كېلۇر بولدى رۇمغە ياقىنۇ يىراق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) نازارەت، تەكشۈرۈش؛ ساقلاش:

ھەمە ئالىي نەسەب ئەۋلادى ئەئيان،
ئۇمۇرى مەملەكەتكە زەبتى ئەركان.

— ناقىس.

زەبت ئەتمەك — «زەبت قىلماق» قا قاراڭ.

زەبت ئەيلىمەك — «زەبت قىلماق» قا قاراڭ.

زەبت ئالماق — 1) ئىگىلىمەك، ئىشغال قىلماق، قولىغا ئالماق. 2) تەكشۈرمەك، ئېنىقلىماق.

زەبت قىلماق — ئىگىلىمەك، تۇتماق.

زەبتۇئايىن — ئىنتىزام ۋە تەرتىپ.

زەبھ [ذبح] (ئە) سويۇش، بوغۇزلاش:

ساغا گەر بولماسا ئاشىق مەھى تىغى مۇھەببەتتىن،
نە ئۈچۈن شەمشىر سەر ـ تاپا بولۇر بىسمىل زەبھ ئاسا.

— مەشھۇرى.

زەبھ بولماق — بوغۇزلانماق.

زەبھ قىلماق — سويماق، بوغۇزلىماق.

زەبۇر [زبور] (ئە) دىنىي كىتاب، داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ كىتابى:

ئىشىتكەن زەمان ئول ئىنىسۇ جان، داۋۇد زەبۇرىدىن ھەمان،
بىھۇش يىقىلمىش ھەر زەمان مۇرغى ھەۋالار بىرلە زاغ.

— شەۋقى.

زەبۇن [زبون] (پ) 1) ئاجىز، ناتىۋان، زەئىپ، كۈچسىز، بىچارە، ئېزىلگەن، خارلانغان:

لەيلىنىڭ ھالى زەبۇندۇر يار ئۈچۈن لەيلۇ نەھار،
ئەيلەگىل، يارەب، ماغا مۇشكىلنى ئاسان بۇ كېچە.

— ئا. نىزارى.

دوستلار فۇرقەت ئەزابى شىددەتىن ئەيلەي بەيان،
ئاھ، نېتەي مەن بەندەنى قىلدى زەبۇن ناھار ئىشق.

— موللا سالىھ.

2) مەغلۇپ، يېڭىلىش، يېڭىلگەن؛ ئەرزىمەس:

مېنى قىلدى ئانداغ فىراقى زەبۇن،

كېتىپ ھوش ـ ئەقلىم كېلىپدۇر جۇنۇن.
— ئا. نىزارى.

زەبۇن ئەتمەك — ئەقلىنى ئاجىز قىلماق، زەئىپلەشتۈرمەك؛ بىچارە ھالغا چۈشۈرمەك:

ئايىتتى گۈل: قويۇڭ بۇ ھەرزە سۆزنى،
زەبۇن ئەتمەك نىدۇر ياغىغا ئۆزنى.

— لۇتفى.

زەبۇن ئەيلەمەك — غەلىبە قىلماق، يەڭمەك.

زەبۇن بولماق — مەغلۇپ بولماق، يېڭىلمەك:

يارنىڭ كويىدا ئۆلمەكلىك سەئادەتدۇر ماڭا،
بەلكى ئىشقىدا زەبۇن بولماق ھەلاۋەتدۇر ماڭا.

— موللا بىلال.

زەبۇن قىلماق — يەڭمەك، مەغلۇپ قىلماق، غالىب كەلمەك.

زەبۇنكۇش [زبون كش] (پ) ئاجىزلارنى ئۆلتۈرگۈچى؛ رەھىمسىز، زالىم:

بۇ ئۆتكەن ئىككى يىلكىم، بۇ بەندە باشىغە ھەۋادىسى روزگاردىن يۈز نەۋئ بەلا ۋە ئىشقى زەبۇنكۇش بىدادىن يۈز تۈرلۈك ئىبتىلا يۈزلەندى.

— نەۋايى.

زەبۇنكۇشلۇق [زبون كشلوق] پەس، ئەرزىمەس خارۇزارلىق، ناتىۋانلىق، زەئىپلىك.

زەبۇنۋەش [زبون وش] (پ) ئاجىزلارچە، خارلارچە، بىچارىلەرچە:

ھەق ئاندىن ئاسراسۇنكىم ئول زەبۇنۋەش،
بىراۋنىڭ ئىشقىدىن بولغاي مۇشەۋۋەش.

— نەۋايى.

زەججاج [زجاج] (ئە) كۇلالچى؛ شىشە، ئىدىش ياسىغۇچى؛ شىشە، ئىدىش ساتقۇچى.

زەجر [زجر] (ئە) 1) قىيناش؛ ئازابلاش، ئازاب بېرىش. 2) (پەند ـ نەسىھەت بىلەن) قايتۇرۇش. مەنئى قىلىش؛ توسۇش. 3) زۇلۇم، ئازاب، زورلۇق. 4) بىچارىلىك.

زەخامەت [ضخامت] (ئە) يوغان:

يۈز ئەلىلىك قارى ئەۋجى رىفئەت ئاڭا،
يەنە مۇنچە داغى زەخامەت ئاڭا.

— نەۋايى.

زەخخار [زخار] (ئە) دولقۇن، دېڭىز سۈيىنىڭ شاۋقۇن سېلىپ دولقۇنلىنىشى:

زەمىرى لۇججەئى زەخخارى مەئنى،
كەلامى گەۋھەرى شەھۋارى مەئنى.

— نەۋايى.

زەخم [زخم] (پ) يارا، جاراھەت:

غەمزىمىسىدىن تەگدى كۆپ جانىمغە نەۋەك ئوقلارى،
زەخم بولدى زار جىسمىمنىڭ تاڭمادىنىڭ باشىدىن ـ ئاياغ.

— ئابىد قۇمۇلى.

نىدۇر ئۆلكىم سوقۇپ تەرتىب بۈگەلمەس،
باشى زەخمى دەۋا بىرلەن ئوڭەلمەس.

— سەيفى سەرايى.

2) ئازار، رەنجىش؛ خاپىلىق، مەلامەت؛ كۆڭۈل غەشلىكى؛ دىل ئاغرىقى:

ھەر نەچچە زەخمىم ئارا بولغانسارى ئۆريان سۆڭەك،
تاڭ قالۇر ئالەم ئېلى جىسمىمدە بۇ كۆلكۆ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

3) زەربە، ئۇرۇش كۈچى:

تىكەنىنىڭ زەخمىدىن ئەۋۋەل قۇتۇلغىل،
كېلىپ گۈل قاشىدا ئىشرەتدە بولغىل.

— خىرقىتى.

كۆرۈنمەي كىشىگە ئەدۇ ۋەھمىدىن،
ئەمىن بولغامىز دەپ ئانىڭ زەخمىدىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4) بەختسىزلىك، تەلەيسىزلىك. 5) ئاشىقلىق:

نەچە بولغاي زەخىملىق كۆڭلۈمنى مەھزۇن ئەيلەمەك،
زەخمى قانىدىن كۆزۈم ياشىن جىگەر گۈن ئەيلەمەك.

— نەۋايى.

زەخم ئەيلەمەك — جاراھەتلەندۈرمەك، ياردار قىلماق؛ گىرىپتار قىلماق:

قاشىغە باردىم ئول سائەت، قىلىپ تەگزىم ئول پۇرسەت،
ئاتىپ ئول تىرى مىژگانىن باغرىم زەخم ئەيلەدى ئەييار.

— نەۋبەتى.

زەخم ئۇرماق — «زاخىم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

خۇداغە كۆپ يېقىن بولماق، شەيتونلارغە زەخم ئۇرماق.
بىلىڭ ئەھلى سۇلۇكنىڭ نەفسى ئىسباتى ئېرۇر بائىس.

— موللا بىلال.

زەخمى پەيكان — ئوق بىلەن جاراھەتلەنگەن يارا، جاراھەت:

قاشلارى ياسى ئوقىنىڭ تەككەنىنى بىلدى ئەل،
خەستە ئولغان جاندا ھەريان زەخمى پەيكانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

زەخمى تەرەننۇم — كۆچمە م: چالغۇ ئەسۋابىنىڭ تارى:

بەزمىڭگە لايىق ئولمادى چەڭ ۇ رەبابى ساز،
ئىشق ئەھلى جان رىشتەسى زەخمى تەرەننۇمىڭ.

— گۇمنام.

زەخمى زەبان — تىلدىن (گەپتىن) يەتكەن ئازار، تىل ئازارى.

زەخمى نىھان — يوشۇرۇن يارا، پىنھان دەرد:

ھەزىن كۆڭلۈمنى ئەزىبەس ناۋەكى ئىشقىڭ نىھانىمدۇر.

— ئەرشى.

زەخمى ھىجران — ھىجران يارىسى، ئايرىلىش ئازابى:

كۆرۈپ ئول ئىشتىياقى زەخمى ھىجران،
كى ئىستەپ ۋەسل تاپقاي جانۇ جانان.

— لۇتفى.

زەخمە [زخمه] (پ) 1) ئۇرۇش، زەربە. 2) يارا، زەخمە. 3) ناخۇن (تەمبۇر چېلىش ئۈچۈن سىمدىن تەييارلانغان زەخمەك). 4) كۇي، چالغۇ كۇيى.

زەخمە پەرداز [زخمەپرداز] (پ) كۇيلىگۈچى، چالغۇچى.

زەخمەك [زخمک] (پ) «زەخمە» گە قاراڭ:

لەززەتى فەقر ئاڭلادىم شەۋكەت ئۆيىن ئەيلەپ ھەبا،
زەخمەكى غەم بىرلە كۆڭلۈم سازىدىن چەكتىم نەۋا.

— ئەرشى.

زەخمناك [زخمناک] (پ) «زەخمىن» گە قاراڭ:

خەنجەرى ھىجران ۋۇجۇدۇمنى قىلىپدۇر زەخمناك،
كۆز يولىدىن جارى ئەيلەپ قاننى يۈپمەن قان بىلە.

— ئا. نىزارى.

زەخمىن [زخمين] (پ) يارىدار، جاراھەتلىك؛ غەمدىن ئېزىلگەن:

سەنسىز ئاچىلماس تەجەللى خاتىرىدىن ئۇقدەلەر،
كىم ھىلالى ئىيد ئانىڭ زەخمىنەغەم تىرناغىدۇر.

— تەجەللى.

زەخىرە [ذخيره] (ئە) ئېھتىيات ئۈچۈن يىغىپ قويۇلغان مال، ئوزۇق - تۈلۈك:

بىرىپ تەرتىب ئەۋۋەل فەقىرەلەرگە،
سۇخەنىرىسلەركى قويغان زەخىرەلەرگە.

— ناقىس.

زەخىم [ضخيم] (ئە) كاتتا، زور، ھەيۋەتلىك، گەۋدىلىك:

ۋە ئول تائىفە بەغايەت زەخىم ۋە جەسىم ئەل ئىردىلەر. مەۋلانە قەۋسى... زەخىم ۋە كۈچلىدۇر.

— نەۋايى.

زەد [زد] (پ) ئۇرۇش، جېدەل.

زەدۇ خورد قىلماق — بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلماق، ئۇرۇش، جېدەل قىلىشماق، سىلىشماق.

زەدا [زدا] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، «كەتكۈزگۈچى، ئېرىتكۈچى، تازىلىغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ؛ «غەمزەدا» غا قاراڭ.

زەداي [زداى] (پ) «زەدا» غا قاراڭ:

ئاياقچى بەر ئول ساغەرى غەمزەداي،
دېمە غەمزەداي، جامى ماتەمزە داي.

— نەۋايى.

زەدە [زده] (پ) سۆز بىرىكمىلىرىدە «ئۇرۇلغان، ئېزىلگەن، يانجىلغان» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ؛ «سەۋدازەدە» گە قاراڭ:

تەرك ئەيلەرگە جەھان ئىقلىمىنى ئەر كېرەك،
چۈن مۇسىبەت زەدە خاتىر دىلگىر كېرەك.

— زەلىلى.

زەر [زر] (پ) زەر، ئالتۇن:

ياساپ تىترەگۈچ شەمئە تاج زەر،
تېخى ئىشلەدۈك بەلكى زەردىن كەمەر.

— غەرىبى.

زەر ئەندەرزەر — زەر ئۈستىگە زەر، ئالتۇن ئىچىرە ئالتۇن.

زەر پەيكەر — ئالتۇن يىپ، ئالتۇن قاپلانغان زەرلىك.

زەر قۇماشى — زەردىن توقۇلغان، ئالتۇن ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان قىممەت باھالىق رەخت:

ئەرشى، گەر رىند فەنادىن كىي لىباسى فەقركىم،
زەر قۇماشىدىن مۇرەججەھ كەلدى فەقر ئىچرە لىباس.

— ئەرشى.

زەرقىزى — ئالتۇن قىزى، ئالتۇندەك پاك قىز؛ قۇياش؛ گۈزەل يار، سۆيۈملۈك قىز:

زەر قىزى، ھەڭگىمەسىدىن ئەرشى ئانداغ بولدىكىم،
كۆزلەرىم شەكلى مۇھىتى، مەردۇمى گويىنارغە بەت.

— ئەرشى.

زەرۇ سىيم — ئالتۇن ۋە كۈمۈش، دەپىنە - دۇنيا:

زەرۇ سىيم تاپقان كەبى شاد ئولۇر،
نېدىن ئىتتىغە ئانداغ لەئلنى ئاسۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەرۇ نۇقرە — ئالتۇن ۋە يېمەكلىك، مال - مۈلۈك ۋە يېمەك - ئىچمەك:

كى ئەلقىسسە، پۈتتى سەفەر جابدۇغى،
زەرۇ نۇقرە بىرلە مەتائ ساندۇقى.

— ئا. نىزارى ن. زىيائى.

زەرى مەغرىبىي — تازا، ساپ ئالتۇن؛ ھالال ئالتۇن.

زەرىن ساغەر — ئالتۇن قەدەھ:

بىر ئىلگىدە سەبۇھى مەي، بىر ئىلگىدە زەرىن ساغەر،
كىرىپ ئولتۇردى يانىمدا مېنىڭكىم نەشئەياب ئەيلەپ.

— مەشھۇرى.

زەرائەت [ضراعت] (ئە) ئاجىزلىق، كەمتەرلىك، ئىنتائىتكارلىق؛ بويسۇنۇش.

زەرافەت [ظرافت] (ئە) 1) پاكىز، پاكىزلىق؛ گۈزەل-

لىك، نازۇك تەبىئەتلىك:

بۇ كۈن ھۆسن ئوردىسىدە پادىشاھسەن،
زەرافەت ئالەمىدە مەھلىقاسەن.

— سەيىد ئەھمەد.

2) خۇش چاقچاقلىق؛ چاقچاق سۆزلەر:

دىۋان تەكمىلىغە مايىل بولغاي ۋە يەنە داغى لەتافەت شىئار نازىملار زەرىفى ۋە زەرافەت دىسار راقىملار لەتايىفى ھەريان ئىستىماغ تۇشەركىم، كۆپرەك مەتبۇغ ۋە مەقبۇل مەئنى ۋە دەرياسىدا مۇنچە غەۋۋاس ئاراسىدا بەيابانغا خوي قىلغان دىۋانە لىسانىدىن داغى بىگانە بولدى.

— قىدىرخان يەركەندى.

3) ماھىرلىق، ئۇستىلىق:

كى بىزلەردە ئانچە زەرافەت دۇرۇر،
ھۈنەر ئىلكىمىزدە لەتافەت دۇرۇر.

— غەرىبى.

زەرافەت ئاسار — نازۇك پەملىك؛ خۇش چاقچاق.

زەرافەت ئەندىشە — نازۇك پەملىك، ساپ، پاك كۆڭۈللۈك، ساپ دىل:

بۇ دىققەت پىشە ۋە زەرافەت ئەندىشە ئەزىزلەردىن ئەگەرچە بەگزى ئەجەل مەيىدىن مەست ۋە بىخەبەردۇرلار.

— نەۋايى.

زەرافەت دىسار [ظرافت دثار] (ئە) نازۇك پەم، خۇش چاقچاق.

زەراگىن [زراكين] (پ) ئالتۇن قاپلانغان.

زەراير [زراير] (ئە) [بىرلىكى: زەرىر] 1) «زەرىر» گە قاراڭ. 2) زەررەلەر.

زەراير ساچماق — سارغۇچ تاۋلانماق، سارغۇچ پارقىرىماق.

زەرايىف [ظرايف] (ئە) [بىرلىكى: زەرىف] زىبا، گۈزەل لەتىپ؛ «زەرىف» كە قاراڭ:

زەرايىف باش ئۇرماق — نازۇك مەنىلىك سۆزلەرنى ۋۇجۇدقا، بارلىققا كەلتۈرمەك.

زەر ئەفشان [زرافشان] (پ) زەر، ئالتۇن چاچقۇچى:

مەشئەلى خۇرشىدۇ رەخشان بولۇپ،
رويى زەمىن يەئنى زەر ئەفشان بولۇپ.

— زەلىلى.

زەرئەندۇد [زراندد] (پ) ئالتۇن قاپلانغان، ئالتۇن ئارىلاشتۇرۇلغان، ئالتۇن كەبى يالتىرايدىغان:

كۆرەركىم، شەھەرنىڭ ھەمە قەلئەسى،
زەر ئەندۇد قىلغانكى شۇدۇر بەسى.

— ئا. نىزارى.

زەرب [ضرب] (ئە) 1) ئۇرۇش، زەربە:

ئالىپ قوللارىغە كى ئەسباب ھەرب،
كى قۇبلىغە قاتتىق قىلىپ ئېردى زەرب.

— ئا. نىزارى.

2) كۈچ، قۇدرەت:

كى زەرنى سوقۇپ زەرب ئىلە پەخش ئېتىپ،
ياساپ تۈگمەلەر يۈزىگە نەقش ئېتىپ.

— غەرىبى.

3) شېئىرىيەتكە ئائىت تېرمىن؛ بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىنىڭ ئاخىرقى رۇكنى ياكى سۆزى.

زەربى ئازار — زەربە، رەنجىش، ئازار، ھاقارەت:

جەبىن گۈزرە تەغەييۇر ئەيلەپ ئىزھار،
بېرىپ باتىن قولىدىن زەربى ئازار.

— ناقىس.

زەربى دەست — قول كۈچى؛ قاتتىق كۈرەش، جەڭ.

زەربافت [زربافت] (پ) «زەر بەفت» كە قاراڭ:

ئىسكى چاپان بىلە فارىغ توفراغدا ئولتۇرماق ياخشىراقكى، زەربافت خەفتان كىيىپ بىراۋ ئالىدە تۇرماق…

— نەۋايى.

زەربەت [ضربت] (ئە) ئۇرۇش، ئۇرماق، زەربە:

ئەجايىب بىمەدار ئەتتىڭكى ھەجرىڭ زەربەتى بىرلە،
نەھىف بولدۇم كەلامىڭ داغى شىرىن ھەسرەتى بىرلە.

— موللا بىلال.

زەربەفت [زربفت] (پ) زەردىن توقۇلغان ماتا (رەخت)، تەتىللا، كىمخاب:

خىلئەتى زەربەفت كۆرگەچ ئىگنىدە، كۆڭلۈمگە ھۆسن،
بولدى ئانداغكىم زەرۇ ياقۇتغە خارا لىباس.

— ئەرشى.

زەربخانە [ضربخانه] (ئە+پ) پۇل ياسىلىدىغان جاي؛ ئالتۇن، تەڭگە، چاقا پۇل قاتارلىقلار سوقۇلىدىغان كارخانا.

زەرپاش [زرپاش] (پ) 1) زەر چاچقۇچى؛ ساخاۋەتلىك، سېخىي:

ئىمارەت سەئىيدەكىم بولسا زەرپاش،
بىنا ئانىڭ ئاتى بىرلە بولۇر پاش.

— قىدىرخان يەركەندى.

2) قۇياش.

زەرپەيكەر [زرپيكر] (پ) زەر تۇسلۇك، ئالتۇن رەڭلىك:

ئايى ئۇلۇپ تۈگمەئى زەر پەيكەرى،
ئاقۇ قىزىل ئالما دۇرۇ گەۋھەرى.

— نەۋايى.

زەرخەرىد [زرخريد] سېتىلغۇچى، قۇل، مالاي:

مۇنچە مەلامەت ئەيلەمەڭ ياخشىمۇ روسىيەھ رەقىب

ئىشق غۇلامى مەن بۇگۈن بەندەڭى زەرخەرىد ئەمەس.
— زەلىلى.

زەرد [زرد] (پ) سېرىق، سېرىقلىق؛ سارغايغان:

كېچەلەر بىدار ئەمەس سەن ئىشق دەئۋايىڭ غەلەت،
رەڭگى زەردۇ چەشم تەر يوق ئىشق سەۋدايىڭ غەلەت.
— شەۋقى.

زەرد رۇخسار — چىرايى سارغايغان، چېھرى سولغان:

زەرد ئالۇ زەرد رۇخسار مانەندى ئاشىقى زار،
شەفتالۇ شەھد ئەفشان چۇن لەئل شەككەر ئەفشان.
— مەشھۇرى.

زەرداب [زرداب] (پ) جاراھەتتىن ئاققان سېرىق سۇ، زەرداب:

ئىچىپدۇر سۇ تىكەن گويا زەھەردىن،
تىكەر زەرداب ئاقار جانۇ جىگەردىن.
— خىرقىتى.

زەردار [زردار] (پ) پۇلدار، باي؛ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك:

زىيادە ئەيلەگىل ئىشقىمنى، يارەب قىلما ھەرگىز ئاز،
مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە شۇئلەئى ھىجراندا زەردار ئەت.
— ئا. نىزارى.

زەرد ئالۇ [زردآلو] (پ) ئۆرۈك:

زەرد ئالۇ زەرد رۇخسار مانەندى ئاشىقى زار،
شافتالۇ شەھد ئەفشان چۇن لەئل شەككەر ئەفشان.
— مەشھۇرى.

زەردە [زرده] (پ) 1) سېرىقلىق، سېرىق تۇسلۇك، سارغايغان. 2) ئۆت، سەپرا.

زەردەشت [زردشت] (پ) «زەردۇشت» قا قاراڭ.

زەردەك [زردك] (پ) زەردەك، سەۋزە:

گوشەئىدىن ئاچچىغ ئېتىپ فىياز،
فەررەكچىنىڭ زەردەكى قىل - قىل دەراز.
— زەلىلى.

زەردوز [زردوز] (پ) زەرلىك كەشتە تىككۈچى.

زەردوزلۇق [زردوزلوق] زەردىن تىكىلگەن كەشتە:

ئەگەر شۇنقاردەك باشىڭدا زەردوزلۇق تۇماغىڭدىن تاج
ئەمەستۇر،
شۈكر قىلكىسىم كۆزۈڭ يارۇق دۇنيانى كۆرەرگە موھتاج
ئەمەستۇر.
— نەۋايى.

زەردۇشت [زردشت] (پ) قەدىمكى ئىراندا ئوتپەرەسلىك دىنىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان كىشى (بۇ دىن شۇ نام بىلەن «زەردۇشت دىنى» دەپ ئاتالغان)؛

زەردۇشت ئايىنى — زەردۇشت دىنى.

زەرر I [زر] (پ) «زەر» گە قاراڭ:

نەرگىس ئۆرۈندى تاجى زەررىنى،
كىيدى سەۋسەن لىباسىئى چىنى.
— شەيخ.

زەرر II [ضر] (ئە) زەرەر، زىيان:

سەفەر نەفئى زەررى — سەپەرنىڭ پايدا ۋە زەرىرى (زىيىنى).

زەررابخانە [زراب خانه] (پ) ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەڭگىلەر ساقلىنىدىغان جاي:

... كەۋاكىبى سەييار دۆرۈستى سېككە خوتۇتىدىن مۇئەررادۇرۇر، ئول سادە سىيمىلەر ئاچقان كىشۋەر زەررابخانەسىدە سېككەئى ئەدلىڭغە سوقۇلسۇن.
— نەۋايى.

زەررات [ذرات] (ئە) [بىرلىكى: زەررە] «زەررە» گە قاراڭ.

زەرراتى ئالەم — ئالەم زەررىچىلىرى، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدىيەت:

ھەمە زەرراتى ئالەم ئىچرە يوقتۇر سەندىن ئۆزگە شەي،
كى سەنسەن جىلۋەگەر ھەر سارى پىنھانۇ ئەيان ئىچرە.
— ئابىد قۇمۇلى

زەرراتى جەھان — «زەرراتى ئالەم» گە قاراڭ:

خۇرشىدى گەزەل كىمسەگە بولسا لامىئ،
زەرراتى جەھان نۇرىغە بولماس تابىئ.
— ئابىد قۇمۇلى.

زەرراتى كەۋن — بارلىق زەررىلىرى، پۈتكۈل مەۋجۇدىيەت:

ئاسمانى ئەرشى كۈرسى بىرلە بۇ زەرراتى كەۋن،
جەزبە مەيدانى ئۆزە گەردۇ غۇبارى ئاشىقان.
— زەلىلى.

زەررافە [زرافه] (ئە) 1) زىراپە (بويىنى ئۇزۇن، بويى ئېگىز، تاغىل ھايۋان). 2) «شەترەنجى كەبىر» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى شاھمات ئويۇنلىرىدىن بىرى.

زەررە [ذره] (ئە) 1) ئەڭ ئۇششاق بۆلەك، زەررە، ئاتوم:

ئاھلار كىم ئارەزىڭ مېھرىدە چەكسەم، زەررەدەك،
ئايۇكۈن بەلكىم توققۇز چەرخى بەرىننى تىترەتۇر.
— ئەرشى.

2) ئازغىنە، كىچىككىنە؛ قىلچە؛ ناھايىتى ئاز:

ئاتەشى ئىشق ئىچرە قالدىم مەن سەمەندەردەك بولۇپ،
زەررە قالماي پاك قۇرۇپدۇر تەندىكى قانىم مېنىڭ.
— موللا بىلال.

3) نۇر، قۇياش نۇرلىرى:

بۇ يەڭلىغ قىلىپدۇر جەۋاھىرنى پاش،

ساچار زەررەسىنى بەئەينى قۇياش.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەررە ـ زەررە — پارچە ـ پارچە، ناھايىتى ئۇششاق.

زەررەئى دەردۇغەم — دەرد ـ ئەلەم. غەم ـ غۇسسە زەررىلىرى:

نەسىب ئەت زەررەئى دەردۇ غەمىڭدىن بۇ پەرىشانغە،
قالىپدۇر ھەجر ئارا ۋەسلىڭ تەمانناسىدا بۇ شەيدا.

— ئابىد قۇمۇلى.

زەررەئى دىيدار — ئازغىنە ئۇچرىشىش، بىردەملىك كۆرۈشۈش، ۋىسال زەررىچىسى:

جىلۋە سالىپ ئۆتتى بەيەكبار گۇل،
كۆرسەتىبان زەررەئى دىيدار گۇل.

— زەلىلى.

زەررەئى سەبرۇ قەرار — ئازراق سەۋر ـ تاقەت، كىچىككىنە چىدام:

تاكى نارەنجى ئېگىمنى كىيدىڭ ئەي سۇلتانى ھۆسن،
قالمادى ئىشق ئەھلىدە بىر زەررەئى سەبرۇ قەرار.

— قەلەندەر.

زەررەئى سۇ — بىر تامچە سۇ، بىر زەررە مىقدارىدىكى سۇ:

ئوترا قىردا چىغ ئاۋازە ئەلھەزەر،
زەررەئى سۇ تاپمادى ئەيلەپ گۇزەر.

— زەلىلى.

زەررەئى كەم سەرمايە — 1) كەمىنە (ئادەمنىڭ تاشقىرى كەمتەرلىك يۈزىسىدىن ئۆزىنى زەررىگە ئوخشىتىش)؛ 2) ھېچقانداق قىممىتى يوق نەرسە.

زەررەئى گەردى غۇبار — 1) چاڭ ـ توزان زەررىلىرى. 2) ئاداۋەت:

ياش ئىدىم، يۈزلۈك ئىدىم، دوستلارغە ئېردىم ئېتىبار،
ئارامىزدا يوق ئىدى بىر زەررەئى گەردى غۇبار.

— موللا سالىھ.

زەررەئى مېھرۇۋەفا — ئازغىنە مېھر ـ ۋاپا، مېھر ـ ۋاپانىڭ زەررىچىسى:

سىتەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ئانىڭدا زەررەئى مېھرۇ ۋەفا يوق، ئەي بەنى ئادەم.

— ئەرشى.

زەررەئى نوش — ئازراقلا، بىر تامچە ئىچىش:

سۇ ئالىبان زەررەئى نوش ئەيلەدىم،
جوش قىلىپ بىسكى خۇرۇش ئەيلەدىم.

— زەلىلى.

زەررەئى يەڭلىغ — زەررىچىلەردەك، زەررىگە ئوخشاش:

يۈزۈڭ مېھرىدە كۆڭلۈم زەررە يەڭلىغ ئىزتىراب ئەيلەپ،
ساچىڭ يادىدا تۈنلەر تولغانۇرمەن پىچۇتاب ئەيلەپ.

— ئەرشى.

زەررەۋار [ذرەوار] (ئە+پ) زەررىدەك، زەررە كەبى، زەررىگە ئوخشىغان:

... ئۇتتىكى شىرىن گۇفتارىنىڭ نەفەسى سۇبھ ئاسارى نەسىمى بىلە ئافتابى ئالەم سور ئىشق بەھرىۋەر بانۇ باتىنى مەشرىقىدىن باش چىقارىپ زەررەۋار ئىزتىرابغە تۇشكەنى.

— موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر.

زەررىشتە [زررشتە] (پ) زەر يىپ، ئالتۇن كەبى يالتىراق يىپ: نۇر:

كۆرۈنۈپ كۆزگە ئايدىندەك نەمۇدى،
قۇياش زەررىشتەسىدىن تارۇ پۇدى.

— نەۋايى.

زەررىشتە كەش — زەر بىلەن تىكىلگەن، زەر يىپ بىلەن ئىشلەنگەن:

ياغلىقى ئول ھۆللەئى زەررىشتە كەش،
كىم ئاڭا جانلار چېكىبان رىشتەكەش.

— نەۋايى.

زەررىن [زرين] (پ) زەرلىك، زەر بىلەن زىننەتلەنگەن:

نەچچە غەم چەكسەم خەتىڭدىن بولدى چېھرەم زىينەتى،
لەۋھى زەررىن ئۈزە ئانداغكىم ياراشقاندەك شەمەت.

— ئەرشى.

زەررىن ئەلەم — ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن تۇغ، ئالتۇن ئەلەم، زەر بايراق:

سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۈزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئارا تۈرلۈك رەقەم چەكتى.

— ئەرشى.

زەررىن تاج — ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن تاج، ئالتۇن تاج:

كى خۇشخۇيلۇقدا يەكتا ئېردى زەررىن تاجدىن ئارتۇق،
ئانىڭ ھۆسنى ماڭا ئېردى جەھان ئىراجىدىن ئارتۇق.

— موللا سالىھ.

زەررىن فىيالە — ئالتۇن پىيالە، ئالتۇن قەدەھ:

مەنى قىلسە تاڭلا ھەۋالە ئاڭا،
ئېسىر بولسە زەررىن فىيالە ئاڭا.

زەررىن غەزال — 1) ئالتۇن كېيىك. 2) قۇياش، ئاپتاپ:

ياشۇندى مۇشك ئىچىندە چىن غەزالى،
دېمە چىنكىم، فەلەك زەررىن غەزالى.

— نەۋايى.

زەررىن قەدەھ — ئالتۇن قەدەھ:

تۇتۇپ ئەمرىنى مەن قويۇپ ئانچە بۇست،
كى زەررىن قەدەھنى ئالىپ قولغە رۇست.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەررىن قەفەس — ئالتۇن قەپەس، ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن قەپەس:

تۇتتى تەبئىمگە بولسە ئاشيان زەررىن قەفەس،
نالەگى بۇلبۇلغە ھەمدەم بولسە كۆڭلۈم ئەيب ئەمەس.

— ئەرشى.

زەررىن كەمەر — 1) ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەر. 2) پالۋان، باتۇر:

بىلىن گەرچە كەمەر تاپماي كەمامى،
ۋەلې زەررىن كەمەرلەردۇر سىپاھى.

— نەۋايى.

زەررىن كۇلاھ — ئالتۇن كۇلاھ، ئالتۇن تاج:

چىقىپ ئۆچغۇنلار ئۇرغان ئاھ ئىلە باشىمغە چىرماشغان،
گەدالىق شەھلىقىغە باشىمە زەررىن كۇلاھىمدۇر.

— گۇمنام.

زەررىن لىۋا — ئالتۇن تۇغ، زەر بايراق:

بولدى چۈن زەررىن لىۋا سۈبھ ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۇن فەۋجى فىرار.

— تەجەللى.

زەررىن لىباس — ئالتۇن يىپلىق، زەرلىك رەختتە تىكىلگەن كىيىم:

كى سوزەن قىلۇرغە قىلىپمىز قىياس،
ئۇنىڭدىن پۈتەر بارچە زەررىن لىباس.

— غەرىبى.

زەررىن مەھافە — ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن مەپە، زەر پەيتۇن:

كى زەررىن مەھاگا قىلىپ ئۇستۇۋار،
ئىچىگە كىرىپ دىلبەرى تاجدار.

— ئا. نىزارى.

زەررىنە [زرينه] (پ) ئالتۇندىن ئىشلەنگەن؛ ئالتۇن بېزەك، ئالتۇن ئىسۋاب؛ ئالتۇن تۇسلۇك، ئالتۇنغا ئوخشاش:

ئالىپ كەلدى مىنمەك ئۈچۈن ياخشى ئات،
كى زەررىنە زىن پۇش ئىدى قاتمۇقات.

— ئا. نىزارى.

زەررىنە تاج — ئالتۇندىن ئىشلەنگەن تاج، ئالتۇن تاج:

باشىغە قويۇق ئىبردى زەررىنە تاج،
بۇ بۇت بىمەجال ئولتۇرۇپ نائىلاج.

— موللا شاكىر.

زەررىنە رەڭ — زەر، ئالتۇن رەڭلىك؛ سېرىق.

زەررىنۋەش [زرين وش] (پ) ئالتۇنسىمان، ئالتۇنغا ئوخشىتىلغان:

جۇزۋى ئالتۇن بىلە قىلىپ روكەش،
كى كۆرۈنگەي نەزەرغە زەررىنۋەش.

— نەۋايى.

زەرف [ظرف] (ئە) ئىدىش، كوزا، كاسا:

كىيىپدۇر بويىغە لىباسى بەلەند،
كۆرۈنگەي زەرف ئەل كۆزىگە پىسەند.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۆكۈلدى جان سۈيى تەن زەرفى سۇندى،
فەنا بولدى، يىقىلدى ھەم كۆڭلى تىندى.

— خىرقىتى.

زەرفۇ مەزرۇف — ئىدىش ۋە ئىدىش ئىچىدىكى نەرسە.

زەرفۇ ئىنا — ئىدىش ۋە ئاياق (كاسا).

زەرفى چىنى — چىنە (ساپال) ئىدىش.

زەرفشان [زرفشان] (پ) 1) زەر، ئالتۇن چاچقۇچى، «زەر ئەفشان» غا قاراڭ. 2) نۇر چاچقۇچى، نۇر تارانقۇچى.

زەرق [زرق] (ئە) 1) ئالدام، ھىيلە، كىمىر. 2) مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك. 3) غەيۋەت - پىسقى - پاسات. 4) قەھر - غەزەپ.

زەرق ئەھلى — ئالدامچىلار، ھىيلىگەرلەر؛ ئىككى يۈزلىمچى، مۇناپىق كىشىلەر.

زەرقۇرىيا — ئالدامچىلىق، ساختىلىق، ھىيلە - نەيرەڭ.

زەرقۇ رىياۋۇ شور — «زەرقۇرىيا» غا قاراڭ.

زەرقۇ گەزاف — «زەرقۇرىيا»غا قاراڭ.

زەرقۇ مەكر — «زەرقۇرىيا» غا قاراڭ.

زەرقپەرەست [زرق پرست] (ئە+پ) رىياكار، ھىيلىگەر:

ھەق رەھمەتى ئۈمىدى بىلە تۈن - كۈن مەست،
كۆپ ئارتۇغراقكى، زاھىدى زەرقپەرەست.

— نەۋايى.

زەرقساز [زرق ساز] (ئە+پ) «زەرقپەرەست» كە قاراڭ.

زەركار [زركار] (پ) 1) نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە، سىرتىغا زەر بىلەن ھەل بەرگۈچى، زەر سۈرتكۈچى، پەرداز قىلغۇچى، زەر سۈيى بىلەن نەقىش سالغۇچى، زەرگەر. 2) زەر (ئالتۇن) بىلەن ئىشلەنگەن، بېزەلگەن.

زەركەش [زركش] (پ) 1) رۇدىدىن ئالتۇن ئاجراتقۇچى. 2) ئالتۇن تۇسلۇك (رەڭلىك) بېزەك تارتىلغان؛ زەر (ئالتۇن) بىلەن ئىشلەنگەن زەرلەنگەن.

زەركەش تەناب — زەردىن ئۆرۈلگەن (ئېشىلگەن) يىپ، ئارغامچا، ئارقان.

زەركەش لىباس — زەر كىيىم.

زەرگەر [زركر] (پ) زەرگەر، ئالتۇن، كۈمۈش بېزەكلەر ياسىغۇچى، ئالتۇنچى:

زەرنى سىياھ تابىدە زەرگەر تانۇر،
ئەرنى تانۇر بولسە يانە گەر تانۇر.

— زەلىلى.

زەرگەرى ھەققانى — تەڭرى، ئاللا:
مىسسى ۋۇجۇدۇڭنى سېنىڭ زەر قىلۇر،
زەرگەرى ھەققانى چۇ مەنزەر قىلۇر.

— زەلىلى.

زەرنىشان [زرنشان] (پ) ئالتۇن قادالغان، زەرلىك؛ زەرگە ئوخشاش:
كۆڭۈلكىم زەرنىشان پەيكانلارىڭدىن ناتەۋان بولمىش،
مەگەر بۇ باغ ئارا گۈل بەرگلەر بىرلە خەزان بولمىش.

— نەۋايى.

زەرنىگار [زرنگار] (پ) ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن، زەرلەنگەن، ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بېرىلگەن:
بىر قەسىرى زەرنىگار ياسىغاندەك بىرەر بەيتقە دەخل قىلۇر ئېردى.

— قىدىرخان يەركەندى.

خۇسرەۋى خۇرشىد شەھى كامكار،
تىكتى جەھانغە ئەلەمى زەرنىگار.

— زەلىلى.

زەرھەل [زرحل] (پ+ئە) زەر بىلەن بېزەش، زىننەتلەش؛ ئالتۇن ھەل.

زەرھەل ئەتمەك — زەر بىلەن بېزىمەك، زىننەتلىمەك؛ ئالتۇن ھەل بەرمەك.

زەرھەل ئەيلەمەك — «زەر ھەل ئەتمەك» كە قاراڭ.

زەرھەل قىلماق — «زەر ھەل ئەتمەك» كە قاراڭ.

زەرھەل ئۆتۈك — زەرلەنگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئۆتۈك.

زەرھەلقە [زرحلقە] (پ+ئە) ئالتۇن ھالقا:
ئارەزىڭ زەر ھەلقەلەردىن، ئەي مەلاھەت مەشئەلى،
مۇسەھەفىدۇر لاجۇۋەردۇ ئالتۇن ئانىڭ جەدۋەلى.

— نەۋايى.

زەرۇر [ضرور] (ئە) لازىم، كېرەك، ۋاجىب، زۆرۈر:
بولۇپدۇركى شەھغە كەنىزەك زەرۇر،
ئۆزى سەرۋى قەد بولسا، رۇخسارى ھۆر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەرۇرەت [ضرورت] (ئە) 1) لازىم، كېرەك، ۋاجىب، زۆرۈر. 2) چارىسىزلىك، نائىلاجلىق، ئامالسىزلىق:
يانە ئەل تىلىدىن ئەندىشە قىلدى،
زەرۇرەتدىن تەھەممۇل پىشە قىلدى.

— لۇتفى.

زەرۇرەت بولماق — كېرەك، لازىم بولماق.

زەرۇرەت يۈزىدىن سورىماق — ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن سورىماق، ۋارىسىزلىقتىن، ئامالسىزلىقتىن سورىماق.

زەرۇرەتەن [ضرورةً] (ئە) زۆرۈرىيەتتىن؛ چارىسىز، ئامالسىز، نائىلاج:
خۇسۇسەن ئاللاردەك بۇزۇرگەۋارغە زەرۇرەتەن قۇرئان ئوقۇماق بۇنياد قىلىپتۇرلەر.

— نەۋايى.

زەرۋەرەق [زرورق] (پ) ئالتۇن قەغەز، يۇپقا (نىپىز) ئالتۇن ياپراق؛ تىللا قاداق (ئايالالار پېشانىسىگە تاقايدىغان نېپىز زىننەت بۇيۇمى)؛ زەرلىك نېپىز رەخت:
زەر ۋەرەقتەك بولمىشەم سىيمىن ساقاقىڭ شەۋقىدىن،
كۆركى، نەزەردۇ نىزار ئەتتى مېنى سەۋدايى خام.

زەرۋەش [زروش] (پ) زەرلىك، زەر بىلەن ھەل بېرىلگەن، زەرگە ئوخشاش.

زەرئ I [زرع] (ئە) ئېكىن، دېھقانچىلىق:
ئورماقدا ئەمەل زەرئى فەنا داسىنى تۇت،
ئېبلىس بۇ يولدا ئەقل ۋەسۋاسىنى تۇت.

— نەۋايى.

زەرئ II [ذرع] (ئە) گەز، ئۆلچەم:
سۇۋنىڭ سەتھىغە چۇن بولۇپ رەھشۇناس،
نەچە زەرئ ئېركەننى ئەيلەپ قىياس.

— نەۋايى.

زەرىر [زرير] (ئە) رەخت ۋەيىپ بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سېرىق ئۆسۈملۈك.

زەرىف [ظريف] (ئە) 1) پاك، پاكىز؛ گۈزەل؛ خۇش مىجەز؛ خۇش چاقچاق. 2) ھوشيار، زېرەك، دانا:
شائىر تەبئى ھەمە فەھمۇ زەرىف،
شائىرى غەيبى خۇداغە ھەم قەرىب.

— خەراباتى.

زەرىفۋەش [ظريف وش] (ئە + پ) «زەرىف» كە قاراڭ:
مەۋلانا مۇھەممەد ئامىلىي ـ زەرىفۋەش ۋە نازۇكشىيۋە كىشى ئېردى.

— نەۋايى.

زەغەن [زغن] (پ) قۇزغۇن:
كۆڭۈل ئەگرىش خىرەد پەيدىن ئەبەس تۇت،
تۇرۇپ بۇلبۇل، زەغەن سەۋتى چەكارە.

— ئەرشى.

زاغۇ زەغەن — قاغا ـ قۇزغۇن.

زەفەر [ظفر] (ئە) 1) غەلىبە، غەلىبىلىك، زەپەر:
تۇرۇپ ۋەئدىسىگە ئاگا بەردى زەر،
بەلا ھادىسىدىنكى تاپتىم زەفەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) بەخت، ئىقبال:

خۇداۋەندە بەردى چۇ فەتھى زەفەر،
نىگاھىمغە تۇشتى يەنە بىر شەھەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەفەر بولماق — غەلىبە قىلماق، مەقسەتكە يەتمەك.

زەفەر تاپماق — «زەفەر بولماق» قا قاراڭ.

زەفەر دۇرلارى — غەلىبە گۆھەرلىرى:

ۋە مۇلۇك سىتانىكىم، ئەزم ئەسىرىدىن بەزمە چەمەنىدە ئىنايەت سەھابىدىن زەفەر دۇرلارى ساچىلدى.

— قىدىرخان يەركەندى.

زەفەر ئۇلماق — «زەفەر بولماق» قا قاراڭ.

زەفەر پەيكەر [ظفرپيكر] (ئە+پ) غالىب، يېڭىلمەس.

زەفەر پەيكەر رايەت — غالىبانە كۆتۈرۈلگەن بايراق.

زەفەر نامە [ظفرنامە] (ئە+پ) زەپەرنامە (غەلىبە ھەققىدە يېزىلغان پۈتۈك).

زەقەن [ذقن] (ئە) ئېڭەك، زاڭاق:

شوخ جەۋلان جىلۋە كافىر شىۋەسى سەييادلىق،
سەرۋى قەد، سىيمىن زەقەن ھەم ئارەزى ئوتلۇككىنە.

— ئەرشى.

زەققۇم [زقوم] (ئە) 1) زەھەر، ئوغا:

ئانچە نەزەر سالسە سىراسەردۇر قۇم،
ئابى تەئام ئاندا بەجايى زەققۇم.

— زەلىلى.

2) دەرەخ نامى (مېۋىسى ئاچچىق بىر خىل دەرەخ).

زەققۇمى جەھىم — دوزاختا ئۆسىدىغان دەرەخ.

زەكا [ذكا] (ئە) ئۆتكۈر، ئەقىللىق، زېھنىلىك، زېرەكلىك، سەزگۈرلۈك:

ئالارنىڭ تۇفۇلىيەتدە بۇ نەۋئ زېھىن ۋە زەكاسىدىن مۇتەبەسسىم بەلكى مۇتەئەججىب بولۇر ئېرمىشلەر.

— نەۋايى.

زەكا خەيلى — ئەقىللىق، ئۆتكۈر زېھنىلىك كىشىلەر، ئەقىل ئىگىلىرى.

زەكات [زكات] (ئە) مۇسۇلمانلاردا ھەر يىلى ئومۇمىي بايلىقىدىن شەرىئەت ھۆكمى بويىچە پېقىرلەرگە بېرىلىدىغان قىسمى، زاكات:

جەمالۇ ھۆسن ئىلە سەن بايۇ لۇتفى ئەسرۇ فەقىر،
زەكات ئوچۇن سەدىقەڭدىن نەۋا تىلەي كەلدىم.

— لۇتفى.

زەكاتى ھەيۋان — ھايۋانلاردىن (تۇياق سانى بويىچە) بېرىلىدىغان زاكات.

زەكاتى ھۆسن — چىراي كۆرسىتىش، ھۆسنى بىلەن خۇرسەن قىلىش:

بىر دەرەم چاغلىق زەكاتى ھۆسنىدىن قىلمىش دەرىغ،
دۇررى ئەشكىمدىن تەلەپ كويىدا ساچسام يۈز تەمەت.

— ئەرشى.

زەكاتچى [زكاتچى] زاكات، سېلىق يىغقۇچى ئەمەلدار.

زەكاۋەت [ذكاوت] (ئە) «زەكا» غا قاراڭ.

زەكي [ذكى] (ئە) ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، سەزگۈر:

... ئەمما بەغايەت زېرەك ۋە زەكي ۋە زاھىد ۋە مۇتتەقىي كىشى ئېرمىش.

— نەۋايى.

زەڭ [زنک] (پ) 1) چاڭ، غۇبار؛ كىر، دات:

كۆڭۈل كۆزگۈسىدە ئەگەر بولسا زەڭ،
سىفاتىن ئىشتىب تاپار يۈز سەفا.

— مەشھۇرى.

2) قارا، قارىلىق. 3) قوڭغۇراق:

زەخمىدىن كۆپ قان بارۇردىن قالدى چاھ ئولغان كۆڭۈل،
زەڭگىدەك ئەفغان چېكىپ خەيلىدە بولغاي ئېردى كاش.

— نەۋايى.

زەڭ ئەھلى — ھەبەش، قارا تەنلىكلەر.

زەڭ تۇتماق — داتلاشماق، كىرلەشمەك:

يا قاشىڭغا ئوسما چەككەچ ئايدى ئەل،
قاندا زەڭ تۇتقان قىلىچدۇر يا قاشىڭ.

— زەلىلى.

زەڭۋەش — قوڭغۇراق تەبىئەت، بىھۇدە ئاۋاز چىقىرىدىغان.

زەڭبار [زنكبار] (پ) ھەبەشىستان (زەڭگىلەر ۋىلايىتى).

زەڭبار شاھى - كۆچمە م: كېچە، تۈن.

زەڭگ [زنگ] (پ) قارا، قارىلىق؛ چاڭ - توزان، غۇبار، كىر، دات.

زەڭگۇغەم — غەم كىرلىرى، غەم ۋە بۇغار:

بۇ كۆڭۈل ئايىنەسىنى گەرچە تۇتسە زەڭگۇ غەم،
بادە سافىن رىز ئېتىپ ئول نەۋگىكىم پاك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

زەڭگى ھەۋا — ھەۋەسنىڭ چاڭ - توزانلىرى، داتلىرى:

ئىشق سەيقەل ئۇرۇپ زەڭگى ھەۋالارنى چىقاردى.
ئايىنە بولۇپ تەلئەتى بازارنى كۆردۇم.

— ئۇمىنام.

زەڭگار [زنگار] (پ) يېشىل، زەڭگەر؛ غۇبار، دات:

سىينە زەڭگارىنى تەقۋا سەيقەلىدە پاك قىل،
پاكلىق بىرلە قارا ئايىنەدە جانانەغە.

— ھافىز شىرازى.

سەفالىغ ھەم سەفاسىزلەر بىلەن يۇرسەڭ نە پەرۋايىم،

ئەگەر ئاينەڭى رەۋشەن ۋەگەر زەڭگار بولساڭ بول.

— مەشھۇرى.

زەڭگارگۇن — كۆك تۈسلۈك، كۆك رەڭلىك:

سەرۋلەرى سەركەشۇ زەڭگارگۇن،
ھەربىرى كۆك بارگاھىغە سۇتۇن.

— نەۋايى.

زەڭگارى [زانگارى] (پ) 1) سارغۇچ يېشىل رەڭ، سۇس يېشىل رەڭ. 2) داتلاشقان، دات باسقان:

قويارمەن ئەيىب كۆزۈمگە يار ئەگەر بولسا ماڭا بىمېھر،
ئۈزارى ئەكسىنى سالماس كۆرۈپ كۆزۈمدە زەڭگارى.

— مەشھۇرى.

زەڭگى [زنگى] (پ) قارا، قارىلىق؛ قارا تەنلىك، ھەبەش، نېگىر:

گۇناھىم زەڭگى بىرلەن رۇسىيەھ شەرمەندە قولدۇرمەن،
ئۈمىدىم روزى مەھشەردە يۈزۈم بولغاي قەمەر يەڭلىغ.

— شەۋقى.

يېتىپ كەلدى فىلھال بەش - ئون زەڭگىلەر،
ئۆرۈپ تەنتەنە چالڭ ھەمۇل زەڭگىلەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەڭگى تۈن زەڭگىسى — قاراڭغۇلۇق، تۈن، كېچە.

زەڭگى دىل — كۆڭۈل قارىلىقى، كۆڭۈل غۇبارلىرى:

ئىشىتتى سۆزۈمنى ھەمۇل سەنگى دىل،
جىملا تاپتى ئاندىن كېتىپ زەڭگى دىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەڭگى شىئار — زەڭگىگە ئوخشاش، قاپقارا.

زەڭگىئى خۇنخار — قانخور زەڭگى، ۋەھشىي قارا تەنلىك:

بار ئېردى ئاندا بىر زەڭگىئى خۇنخار،
زۇھەلدىن نەھسراق مىررىخ كىردار.

— لۇتفى.

زەڭگىئى دېۋسىيرەت — ھەرىكەت ۋە ئىشلىرى دېۋىگە ئوخشاش قارا ئادەم؛

زەڭگىئى شەبرەڭ — تۈن قاراڭغۇسىدەك قاپقارا، قاپقارا زەڭگى.

زەڭگبار [زنگبار] (پ) ھەبەشىستانلىق، زەڭگىلەر؛ «زاڭبار» غا قاراڭ:

ئاچماساڭ بۇ غەم قاراڭغۇسىن جەۋابى خەت يازىپ،
بىر قارانى يۈز قارا ئەيلەپ مەن ئاچقۇم زەڭگبار.

— تەجەللى.

زەلال [ضلال] (ئە) توغرا يولدىن ئادىشىش، ئېزىش، خاتالىشىش، يولدىن چىقىش، گۇمراھ:

كۆپ تەئام نەفسىگە بەرمەكلىك ۋەبال،
بىرسەڭ قىلدۇرغاي سېنى فىسقۇ زەلال.

— خەراباتى.

زەلال ئەھلى — ئاداشقانلار، يولدىن ئازغانلار.

زەلالەت [ذلالت] (ئە) خارلىق، پەسلىك:

زەلالەت كويىنىڭ مەھزۇنلارىغە،
جەھالەت دەشتىنىڭ مەجنۇنلارىغە.

— قىدىرخان يەركەندى.

زەلالەت تۈنى — ئىسيان، گۇمراھلىق قاراڭغۇلۇقى.

زەلەمە [ظلمه] (ئە) [بىرلىكى: زالىم] زالىملار:

فۇقەرا ۋە ناتەۋانلار ئانىڭ رىفق ۋە مەدارىسىدىن ئاسۇدە،
زەلەمە ۋە ئاۋانلار ئانىڭ تىغى سىياسەتىدىن فەرسۇدە.

— نەۋايى.

زەللەت [ذلت] (ئە) «زەلالەت» كە قاراڭ:

تەۋەھھۇم ئەيلەگىل ھەقدىنۇ خۇدپىسەند ئولما،
كى قەھرى زەللەت ئېرۇر تۇخمى خۇد نەمالىغىنىڭ.

— گۇمنام.

زەلۇم [ظلوم] (ئە) ئارتۇقچە زۇلۇم قىلغۇچى، ناھايىتى زالىم؛ «زۇلۇم» غا قاراڭ:

زەلۇمۇ جەھۇل — ئۆتۈپ كەتكەن زالىم ۋە جاھىل.

زەلىبىيا [زلبيا] بىر خىل تاتلىق، مايلىق يېمەكلىك:

شائىرانى شەھرى تۈركىستان بەسى نازۇك ئوچۇن،
شام ئىچىدىن شېشە - شېشە زەلبىيا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

زەلىل [ذليل] (ئە) خار، تۆۋەن، پەس:

بۇخارادا ئانداغ بولۇپدۇر زەلىل،
يۈزىگە دېمەي سۆز بولۇر دىپ خىجىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەلىل ئەتمەك — «زەلىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

زەلىل ئەيلەمەك — خار قىلماق، خارلىماق.

زەلىل قىلماق — «زەلىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

زەلىلۇ ناتەۋان — خار ۋە ئاجىز، بىچارە، ناتىۋان:

فىراقىڭ ئەيلەدى ئانداغ زەلىلۇ ناتەۋان گويا،
يۈزۈم ھەمرەڭگى نەيى، نال جىسمى ناتەۋانىمدۇر.

— ئەرشى.

زەلىلانە [ذليلانه] (ئە) بىچارىلەرچە، خارلارچە، خارلىق بىلەن:

زەلىلانە غەۋغاۋۇ فەرياد ئېتىپ،
چۇ شەھنىڭ ۋەسىيەتلەرىن ياد ئېتىپ.

— نەۋايى.

زەم I [ذم] (ئە) خورلىماق، سۆكمەك؛ خورلانغۇچى.

زەم II [ضم] (ئە) جەملەش، قوشۇش، قوشۇلغان، جەم-

لەنگەن:
نۇش لەب بىرلە ئاغىز شەھدىنمۇ دەي شىرىن شەكەر،
يامگەر ھەيۋان سۇيىدۇر ئابى زەمزەم بىرلە زەم.
— ئەرشى.

قابۇغىنىڭ قەناتى چىنان زەم ئىدى،
سالىپ قۇفلى ئانداغكى مەھكەم ئىدى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەم ئەتمەك — «زەم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

زەم ئەيلەمەك — قوشماق، جەملەمەك؛ يۈكلەمەك.

زەم قىلماق — «زەم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
ئاي يۈزۈڭگە ۋالە بولغاندىن بېرى شاد بولمادىم،
بەلكى بۇ سەۋدايى ئىشق شادلىقىنى غەمگە قىلدى زەم.
— موللا بىلال.

زەمان [زمان] (ئە) 1) ۋاقىت، دەۋر، زامان:
چابۇكىمكىم قەتل ئۈچۈن سۈردى يەنە مەيدانغە ئات،
ئادەمى قالماس تىرىك سالغان زەمان جەۋلانغا ئات.
— نەۋايى.

2) مۇددەت، پۇرسەت:
ۋە ياللاشنىڭ پادشاھلىغىنىڭ زەمانى بەش يىل جۇزۋىي ئۆكسۈكدۇر،
— نەۋايى.

زەمان ئەبناسى — زامان پەرزەنلىرى، دەۋر كىشىلىرى:
ھەر نېچە قىلدىم ۋە يا كۆرگۈزدىلەر جەبىر، ئەي كۆڭۈل،
ئەيب قىلما گەر زەمان ئەبناسىدىن ياد ئەيلىمان.
— نەۋايى.

زەمانە [زمانە] (ئە) دەۋر پەلەك، تەقدىر:
دېسەڭ زەمانە سىتېزىنى ھەر زەمان كۆرمەي،
زەماننى خۇش تۇتۇ قىلما زەمانە بىرلە سىتېز.
— نەۋايى.

زەمانى [زمانى] (ئە) بىر ئاز ۋاقىت.

زەمزەم [زمزم] (ئە) 1) توختاتقان؛ توختا. 2) مەككىدە كەبە شىرىپ يېنىدىكى بىر بۇلاق.

زەمىر [ضمير] (ئە) كۆڭۈل، يۈرەك، قەلب؛ ئىچ سىر، ئىچكى دۇنيا؛ ۋىجدان:
مەزمۇن بىلە كۆڭلۈم ئوق كەبى بولدى،
ئەلفازى بىلە زەمىر خۇررەم بولدى.
— نەۋايى.

زەن I [زن] (پ) 1) ئايال، خوتۇن:
بېۋە زەنى ئايدى: ماڭا مۇژدە بەر،
مەن بېرەيىن سىزگە سەنەمدىن خەبەر.
— زەلىلى.

2) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئۇرغۇچى، چالغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:
كىمنى كۆرسە ئاقتادۇر قانىنى دەريا قىلىپ،
قايسى جەللاد ئولغۇسى قاشىڭ كەبى شەمشەرى زەن.
— گۇمنام.

ئىشق ئارا رەسۋالىقىمدۇر تەلبە مەجنۇندىن زەبۇن،
مەۋجى زەن بولدى كۆڭۈلدە ھەر نەفەس دەريايى خۇن.
— زەلىلى.

زەنۇ فەرزەند — ئايال ۋە پەرزەنت، ئائىلە، بالا - چاقا:
بولغاي ئۆز شەئنىنىڭ غۇرۇرىغە بەند،
زەنۇ فەرزەند، دىرەم بىلە خۇرسەند.
— ن. زىيائى.

زەنۇ مەرد — ئەر ۋە ئايال:
قوزۇللاردا ئانداغ ئىبرۇر تۇمتەراق،
كىچىك - چوڭ، زەنۇ مەرد ئىچەرلەر ئەراق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەنى كامىلە — كامىل ئايال:
ئانام ئېردى ئانداغ زەنى كامىلە،
كىچىك سىڭلىمىزغە بولۇپ ھامىلە
— ئا. نىزارى.

زەن II [ظن] (ئە) ئوي، پىكىر؛ تەخمىن، گۇمان، شۈبھە:
يەقىن بولماسە غالىبى زەن كېرەك،
كىشى بارچە ئىشتا خىرەد فەن كېرەك.
— نەۋايى.

زەنان [زنان] (پ) «زەن I » گە قاراڭ:
يىراق قاچساڭ ئېردى تۇغالماس كىشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇرمۇر زەنانلار ئىشى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەنانە [زنانە] (پ) ئايالچە، ئايالدەك:
ئەي كۆڭۈل تاكى ئۆي ئىچرە ئولتۇرۇرسەن زەنانە،
كوچەۋۇ بازار ئىچرە ئەيلەگىل مەردانە رەقس.
— زەلىلى.

زەنەب [ذنب] (ئە) 1) قۇيرۇق:
دېمە تەرىب ئەيلەردە زەنەبدۇر ياخشى،
كىم، ئاندىن ئەل ئىستەرگە ئەدەبدۇر ياخشى.
— نەۋايى.

2) قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز:
ئول ئاي جەمالى ئارا زۇلفىدىن ئەجەب قالدىم،
كى ئاي ئاراسىدا قىلمىش ئەيان زەنەب سۇۋرەت.
— نەۋايى.

زەنب [ذنب] (ئە) [كۆپلۈكى: زۇنۇب] گۇناھ، ئەيىب.

زەنەخ [زنخ] (پ) زىناق؛ ئېڭەك، ساقاق:

قىلماغىل ئۆزۈڭگە زۇلۇم، ئولتۇرماغىل نادان بىلە،
گەررە تارتار پىرقىڭە ھەر بىر زەنەخ ئۇرغان بىلە.

— مەشھۇرى.

زەنەخ چاھى — زىناق چوڭقۇرلۇقى.

زەنەخ ئۇرماق — كۆچمە م: بىھۇدە سۆزلەرنى ئېيتماق، لاپ ئۇرماق؛ ھىجايىماق.

زەنەخدان [زنخدان] (پ) «زەنەخ»كە قاراڭ:

كۆڭۈللەر يۇسۇفتىن ھەردەم ئەسىر ئەتمەك ئۈچۈن، ھەيھات،
زەنەخدانى ئارا نۇن چەشمەسىدەك كۈلكۈ قازمىش چەھ.

— ئەرشى.

زەنبەق [زنبق] (ئە) پىياز گۈل:

زەنبەق ئاندا لالەگۈن بۈتكەي، شەجەرلەر سۇرخ بىد،
ھەر چەمەنغە بارچە سۇۋ قانلىغ سىرىشكىم ياغىنى.

— نەۋايى.

زەنبەل [زنبل] (پ) زەمبىل؛ كاجۇۋا.

زەنبەل باق — زەمبىل توقۇغۇچى، سېۋەت، كاجۇۋا توقۇغۇچى.

زەنبەل بافلىغ — «زەنبەل باف» قا قاراڭ:

ۋە ئاقشام ئۆيىگە ئەزىمەت قىلغاچ، زەنبەل بافلىغدىن ھاسىل قىلغان نىمە بىلە روزا ئاچار ئېردى.

— نەۋايى.

زەنبۇر [زنبور] (پ) «زەمبۇر» غا قاراڭ:

سەن ئانىڭ ۋەسلىن تىلەپ تەرك ئەتمە ئاجىزلىق سۆزىن،
ھەجر زەنبۇرىن ئۇتارغە نالە يەڭلىغ يوق ئەسەل.

— گۇمنام.

زەنبۇر نىشى — ھەرە نەشتىرى.

زەنبورەك [زرنبوك] (پ) توپ، زەمبىرەك:

توپەڭلەر بىلە زەنبورەك ساز ئېتىپ،
شىكار ئەيلەدى ھەر كىشى غاز ئېتىپ.

— نەۋايى.

زەنبۇرخانە [زنبورخانە] (پ) ھەرە ئۇۋىسى، ھەرە كۇنىكى:

بولۇپ مىلڭ غۇسسە ئوقىغە نىشانە،
زەمىرىم بولماسە زەنبۇرخانە.

— نەۋايى.

زەنج [زنج] (پ) ئاھ ئۇرماق، ھەسرەت چەكمەك، خورسىنماق، دەرد تۆكمەك:

چېكىپ يۈز زەنج نەۋايى قايىم ئولدۇم،
ۋەلې تۇرغان يېرىمدە دائىم ئولدۇم.

— ناقىس.

زەنجەبىل [زنجبيل] (پ) زەنجىۋىل، بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى:

ئەگەر قارچىغە توغماسۇن دېسە، يىل،
كۇنۇن ئەرتە بەرمەك كېرەك زەنجەبىل.

— موللا ئەلى قۇشچى.

مېۋەلەرنى خونغە تىزىپ خىل - خىل،
بويى قەلەمفۇر، يېرى زەنجەبىل.

— زەلىلى.

زەنجىر [زنجير] (پ) زەنجىر، كىشەن:

ئەگەر بوينۇمغە زەنجىرى قولۇمغە يۈز كەمەند ئولغاي،
بەناگاھ دەردمەندغە تەرمۇق نادەردمەند ئولغاي.

— قەلەندەر.

زەنجىر ئەتمەك — زەنجىرلىمەك، كىشەنلىمەك:

ئەيلەمىش توغيان مېنىڭ دىۋانەئى كۆڭلۈم مېنىڭ،
زەنجىر ئەتسەڭ بوينۇمە ئول تۇررەئى تەررار جوب.

— قەلەندەر

زەنجىر مانەند — زەنجىرگە ئوخشاش، زەنجىر كەبى.

زەنجىرى ئاھەن — تۆمۈر زەنجىر:

مېنى دىۋانەگە ھاجەت ئەمەس زەنجىرى ئاھەندىن،
خەيالىڭ رىشتەسى جان بويىغە مەھكەم تەناب ئەتتىڭ.

— گۇمنام.

زەنجىرى پا — پۇتقا سېلىنغان زەنجىر:

كۆرۈبان بەئزى ئاشىقلاركى ھەلقە - ھەلقە زۇلفۇڭنى،
ئەزەلدىن بىرىگە سالغان بۇ ھەم زەنجىرى پا دەرلەر.

— زەلىلى.

زەنجىرى تەغافۇل — غاپىللىق زەنجىرى، بىخۇدلۇق كىشىنى:

جۇ ئىشب رەڭ ئەژدەھادەك ھەلقە قىلدىڭ چىنى كاكۇل سەن،
ھەمايىلدار ئېتىپ گوياكى زەنجىرى تەغافۇل سەن.

— زەلىلى.

زەنجىرى جۇنۇن — ئىشق مۇپتىلالىقى.

زەنجىرى زۇلف — زەنجىرگە ئوخشىتىپ ئۆرۈلگەن چاچ ئۆرۈمىلىرى؛ زەنجىرسىمان چاچ ئۆرۈمى:

دىلبەرا زەنجىرى زۇلفۇڭ شانە قىلدىڭ، قىلماغىل،
سەن ھەزاران ئاقىلى دىۋانە قىلدىڭ، قىلماغىل.

— ئىبنى قەمبەر.

زەنجىرى قۇللاب — زەنجىر تۇتقۇسى، گىرە:

بۇكى مەجنۇنلۇقدە تۇشتى كۆڭلۈمە سەۋدايى زۇلف،
قىلغان ئېرمىشمەن مەگەر زەنجىرى قۇللاب ئارزۇ.

— ئەرشى.

زەنجىرى ئىرادەت — ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇش، تەۋە قىلىش.

زەند [زند] (پ) زەردۇشلارنىڭ دىنىي كىتابى؛ «زەردۇشت»قا قاراڭ.

زەنن [ظن] (ئە) «زەن 1 » گە قاراڭ:
ۋەقتىڭ چۈن كۆڭلۈڭنى مەشغۇل قىلساڭ ھەر زەنن ۋە گۇمانغە، كى، خاتىرىڭغە كىرگەي، زايىمۇ قىلغايسەن.
— نەۋايى.

زەھەب [ذھب] (ئە) ئالتۇن، تىللا:
مۇشتەرى قىلدى يەرنى ھەمۋارە،
چىقتى يەردىن زەھەب نەچە پارە.
—ن. زىيائى.

زەھەب نەقرەسى — ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - مال:
چۇ بەندەر شەھىنى بارىپ ئۆلتۈرۈڭ،
زەھەب نەقرەسىنى ماڭا كەلتۈرۈڭ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەھەبۇ نۇقرە — ئالتۇن ۋە يېمەكلىك:
زەھەبۇ نۇقرە ئەيلەدى ئىنئام،
ھەددىدىن بىيشۇمارراق ئىكرام.
— ن. زىيائى.

زەھەر [زھر] (پ) «زەھر»گە قاراڭ:
كىشى يارى بىلە دايىم زەھەر يەر،
ئانى ئىشق ئەھلى زەھر ئېرمەس شەكەر دەر.
— خىرقىتى.

زەھەر تۇخمى — زەھەرنىڭ تېمى:
ئەي تەبىب ئىلاج ئەتمە، دەردىمە دەۋا ئەيلەپ،
زەھەر تۇخمىنى بەرمىش شەربەتىڭ تىماغىمغە.
— مەھزۇن.

زەھەر فىشان — زەھەر چاچقۇچى، زەھەرلىك:
گاھى دەۋاندا نىشان قىلماق،
گاھى ئەلگە زەھەر فىشان قىلماق.
— ن. زىيائى.

زەھر [زھر] (پ) 1) زەھەر، ئوغا:
قاچان ئاقىل كۆرۈپ ئىچمىش تولا زەھر،
كى جاھىللىقدۇر ئولماق ئاڭا مايىل.
— ئەرشى.

2) ئاچچىق ئاغرىق:
قۇتۇلماق قايدا مۇمكىندۇركى، قىلماس
خەلاس ئول زەھردىن ئەگەر پىرى كامىل.
— ئەرشى.

3) مەي، شاراب:
كى فەرسۇدەلىكنىڭ ئىچىپ زەھرىنى،
يۈرۈپسىز كېزىپ يەر ئىلە بەھرىنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەقىبدۇر رۇسىيەھ كامىمغە ھىجران زەھر تولدۇرسە،
ھەياتىم مۇژدەسى لەئلىڭ خەيالى جام ئېرۇر مۇل ھەم.
— گۇمنام.

زەھر ئاب — زەھەرلىك سۇ:
شىرىن لەبىدىن شەھدى ھەلاۋەت قاچان ئىچكۈم،
زەھر ئابىنى ئەندۇڭ ئېرۇر قىسمەتى فەرھاد.
— مەشھۇرى.

زەھر ئاشام — زەھەر ئىچكەن.

زەھر ئاغۇش — زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان، زەھەرلىك:
قايسى ھەلقۇمدۇرۇركى ياخشى نۇش،
ئاقىبەت قىلمادىكى زەھر ئاغۇش؟
— ن. زىيائى.

زەھر ئالۇد — زەھەر ئارىلاش، زەھەرلىك، زەھەرلەنگەن.

زەھر ئەژدەرھا — ئەجدىھانىڭ زەھرى:
سەراسەر مەزھەبى قارۇن ئېرۇر دۇنيانى يىغماغلىق،
كى شىرىن جانغە يەتنى زەھر ئەژدەرھانى يىغماغلىق.
— زەلىلى.

زەھر ئەسرارى — ئاچچىق سىرگۈزەشت، قايغۇ - ھەسرەت:
بۇ زەھر ئەسرارىدىن بىرنەچچە سۆز كىم،
دېدىم مەن، ئاڭلا ئەي مەغرۇر غافىل.
— ئەرشى.

زەھر بەرمەك — پىيىنى قىرقىماق، ئۆمرىنى قىسقا قىلماق.

زەھر تاپماق — زەھەرلەنمەك، قاتتىق ئازابلانماق.

زەھر فىراق — ئايرىلىش زەھرى، جۇدالىق ئازابى:
سىنۇق سەفال ئىلە ئىچسەم ھەمىشە زەھر فىراق،
نە ئارزۇيى مەي جام ئېرۇر نە مىننەتى جەم.
— ئابىد قۇمۇلى.

زەھر كۈمىلىغ — بەختسىزلىك.

زەھر گىياھ — زەھەرلىك ئۆسۈملۈك.

زەھر ھىجران — چىدىغۇسىز ھىجران، ئايرىلىش.
ھۇسنى گۈل يەڭلىغ قىزارماي زەھر ھىجران سالقىنى،
زەئفىرانغە تەبدىل ئەيلەب كاھىشى جانۇ ئېكىن.
— گۇمنام.

زەھرى ئەفيۇن — ئەپيۇن زەھرى:
دەۋزەخى ھەجرىڭغە كۆيدۈم رەھىم ئېتىپ سۈردۈرىبىر،
فۇرقەتىڭنىڭ ئاچچىغىدا زەھرى ئەفيۇن ئوخشامىس.
— قەلەندەر.

زەھرى جۇش — قايناپ تۇرغان زەھەر:
ئەگەر قىلساڭ ئېردى نەسىھەتنى گۇش،

ساقى ئۇرماس ئىردى فەلەك زەھرى جۇش.

— ئە. نىزارى، ن. زىيائى.

زەھرى چەشىم — زەھەرلىك كۆز قاراش.

زەھرى غەم — غەم - غۇسسە زەھرى، قايغۇ - ئەلەم:

كېچە - كۈندۈز كەمتەمەي قىلدى نالە،
ئىزىپ گۈل زەھرى غەم تۇتقاچ پىيالە.

— خىرقىتى.

زەھرى قاتىل — «زەھرى مۇھلىك»كە قاراڭ:

بۇ ئالەم جامىدۇر بىر زەھرى قاتىل،
ھەزەر قىل گەر ئىرۈرسەن مەردى ئاقىل.

— ئەرشى.

زەھرى مۇھلىك — ھالاك قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى زەھەر.

زەھرى ناب — ئۆتكۈر، كۈچلۈك زەھەر.

زەھرى ھەلاك — «زەھرى مۇھلىك»كە قاراڭ.

زەھرى ھەلاھىل — «زەھرى مۇھلىك» كە قاراڭ:

سەمۇمىدۇركى، كۆزگە كۆرۈنمەي ئىنسان ۋۇجۇدىنى زەھرى ھەلاھىلدەك ھەيات نەسىمىدىن ئىفتىراق ئەيلەر.

— ن. زىيائى.

زەھرە [زهره] (پ) 1) ئۆت، سەپرا:

قۇلاقى ئىلمەدەك، كۆزى چۇن رىكاب،
بولۇر زەھرە پارە كىشى كۆرسە خاب.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: جۈرئەت، شىجائەت، جاسارەت:

لىبى ئانىڭ سارى باقارغا زەھرە يوق،
كۆزگە ئول جانىب تەزەردىن بەھرە يوق.

— نەۋائى.

3) ئىنتىلىش، بېرىلىش؛ مايىل، ھەۋەس:

ۋەفا ئىزدە شەۋقى ۋەفادارىدىن،
كۆڭۈل بەرمە دۇنياغە ئوي زەھرە تۇرۇش.

— شەۋقى.

زەھرە يارىلماق — ئۆتى يېرىلماق؛ قورقماق، قورقۇپ كەتمەك:

زەھرە يارىلۇر دەردى فىراقىندە كۆڭۈلدىن،
ئاھىكى چىقار ئوق كەبى يارىم كېچەلەردە.

— ئاتائى.

زەھەر خەند [زهرخند] (پ) ئاچچىق كۈلۈش؛ زەھەرخەند:

دەھر ھەرچەند كۈلسە، ئەرشى، سەن سارى بىل زەھەرخەند،
بارمۇ جان قەسدىن قىلۇردىن ئېھتىمالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

زەھەر خەند ئەيلەمەك — ئاچچىق كۈلمەك.

زەھەر نوش [زهر نوش] (پ) زەھەر ئىچىدىغان.

زەھەر نوش ئەيلەمەك — 1) زەھەر ئىچمەك. 2) قىيىنچىلىق تارتماق، قىينالماق.

زەھىم [زحم] (ئە) قىيناش، ئازابلاش:

ۋە پەراكەندە زەھمەلەر بىلە ئانى ئاخىر قىلدىلار ۋە ئاياغىغە ئىپ تاقىب مەھەللەتقە سۆدرەدىلەر.

— نەۋائى.

زەھمەت [زحمت] (ئە) قىيىنچىلىق، ئازاب، مۇشەققەت، ئازار، ئەلەم، كۈلپەت، رەنج:

يامان بىرلە ھەر كىم تۇتار سۆھبەتى،
ئەمەس نەفئى ھەرگىز يېتەر زەھمەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەھمەت تارتماق — «زەھمەت چەكمەك»كە قاراڭ.

زەھمەت چەكمەك — ئازار (ئەلەم، مۇشەققەت) چەكمەك، كۈلپەت تارتماق.

زەھمەت يەتكۈزمەك — ئازار بەرمەك، ئازار يەتكۈزمەك.

زەھى [زهی] (ئە) تېخى؛ ئەجەبمۇ؛ ھەقىقەتەن، راستتىنلا؛ ھەقىقىي، چىن:

ئۈمىدۇركىم سۇ بەرگەيلەر دەرەختى نەۋ نىھالىمغە،
چۇنان دەريايى رەھمەتدىن زەھى كىم مېۋەدار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

زەھى ھۆسنۈڭ زۇھۇرى كەئبە ھەم بۇتخانەدە پەيدا،
بۇ رەئناغە مۇسۇلمان بىرلە كاپىر ۋالە ھەم شەيدا.

— مەشھۇرى.

بىر قاراپ ۋەلى تاراج ئېتەر ئەقلۇ شەكىب،
ئىشۋەلەر ئەيلەپ قاراقچىدەك زەھى مەستانە يار.

— تەجەللى.

زەۋ [ضو] (ئە) نۇر؛ روشەنلىك:

زەۋ سالماق — نۇر چاچماق، يورۇتماق، روشەنلەشتۈرمەك.

زەۋال [زوال] (ئە) 1) يوقىلىش، يوق بولۇش، ئاخىرلىشىش، تۈگەللىنىش؛ سۇنماق، سۇنۇش، ھالاكەت:

خۇدايا ساقلا بىز مۇئمىنلەرنى ئىمان زەۋالىدىن،
كېتەر بولساق جەھاندىن دەرگاھىڭدىن قىلماغىل مەترۇد.

— شەۋقى.

2) زاۋال، زاۋال ۋاقتى (كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىرگەن پەيت):

گەر تاپار خورشىد چۇش ۋەقتى كەمال،
شول زەمان ئەيلەر يەنە مەيلى زەۋال.

— ئەھمەدى.

زەۋال بولماق — كۈن پاتماق، كەچ كىرمەك.

زەۋال تاپماق — يوق بولماق، پاتماق (قۇياش):

بىر سىنىڭدەك كۆرمەدىم ھېچكىم نىگارى بەر كەمال،
دەۋلەتۇ ئىقبالۇ ھۆسنۇڭ تاپماغاي ھەرگىز زەۋال.

— قەلەندەر.

زەۋال چاغى — كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىرىش ئالدىدىكى پەيت.

زەۋال يەتكۈرمەك — نابۇت قىلماق؛ تۆۋەنلەتمەك.

زەۋاھىر [ظواهر] (ئە) [بىرلىكى: زاھىر] «زاھىر»غا قاراڭ.

فەساھەت زەۋاھىرى بىلە مۇكەللەل نۇكاتلەرىن گۇل مەھبۇبى ئاقىبەت مەھمۇد نەۋتى بىلە مۇزەييەن ۋە مۇھەللا قىلۇرلار.

— نەۋايى

زەۋائىد [زوائد] (ئە) كۆپ، زىيادە، ئارتۇق؛ كۆپلۈك، زىيادىلىك، ئارتۇقلۇق:

ھەم ئانىڭ ئەنجامىن تەئەققۇل قىلسا ئول ھەم مۇجىبى زەۋائىدلەر بولۇر.

— نەۋايى.

زەۋايا [زوايا] (ئە) [بىرلىكى: زاۋىيە] بۇرجەكلەر، بۇرجلار، «زاۋىيە»گە قاراڭ:

فەلەكدە دەۋائىركى رەسم ئەتتى سۇنئىڭ،
جەھان كۈنجىدەك ئاندا يۈز مىڭ زەۋايا.

— نەۋايى.

زەۋج [زوج] (ئە) جۈپى، جورىسى؛ ئەر:

دىلئاراكى تاپتى ھەرمىلىقتە ئەۋج،
بۇ مۇددەتدە مەسئۇد ئاغا بولدى زەۋج.

— ن. زىيائى.

زەۋج ئەيلەمەك — جۈپلەشتۈرمەك، ئەر - خوتۇن قىلماق، قوشماق (بىشىنى).

زەۋجە [زوجه] (ئە) ئايال، خوتۇن؛ جۈپى، خوتۇنى، ئايالى:

بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخان پادشاھنىڭ زەۋجەلەرى ئېردى.

— مۆجىزى.

زەۋرەق [زورق] (پ) 1) قېيىق، كېمە:

كورلار دەرىيادە زەۋرەق تاپماغاي،
كىم ھەرامخور بولسە رەۋنەق تاپماغاي.

— خەراباتى.

2) سۈرەت:

يار مەلەك خەيلىغە گەردۇن زەۋرەقى نىلىن ئېرۇر،
ھەجرىدىن تا كۆككە تەگرۇ سىيلى ئەشكىم بولدى سەت.

— ئەرشى.

زەۋرەق سۈرمەك — باشلىماق، قەدەم قويماق.

زەۋرەقى مەي — (قېيىق شەكلىدە ياسالغان) مەي قەدەھى.

زەۋرەقچە [زورقچه] (پ) كىچىك قېيىق، كىچىك كېمە، قېيىقچە:

ئەيلەدى مەشھۇرىنى نەۋگى ئىسرىيان ئول قۇياش،
چەخلەر زەۋرەقچەگى ئەشكى رەۋانىمدۇر مېنىڭ.

— مەشھۇرى.

زەۋق [ذوق] (ئە) 1) خۇرسەنلىك، شادلىق:

خۇشا، ئول رىندكىم ئۆمر ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،
تەرەب جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم - بەدەم چەكتى.

— ئەرشى.

2) لەززەت، مەززە، ھۇزۇر، كەيپ:

چۇ بىدار بولدۇم بەسى زەۋق ئىلە،
ئالىپ جابدۇقىنى بەسى شەۋق ئىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۇل ئارا ئەيلەپ نەسىمىن قىلسە ھەريان زەۋقى گۇل،
بولسە ئول چاغ ۋەسلى يارۇ، بولماسە ئەغيارەلەر.

— ئەرشى.

بۇ دەير ئىچرە نېچە يۈرگەمەن خۇمار ئالۇد،
سەرابى شەۋق ئىچىپ زەۋقنى راسا قىلايىن.

— ئەرشى.

3) ھەۋەس، خاھىش، مەيل:

تۈشۈپ كىرمە كىمگە كۆڭۈل ئىچرە شەۋق،
تەماشا قىلۇرغە بەسى ئېردى زەۋق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4) ئىستىداد، ماھارەت:

بەسى سۇلتانى ئالەم سەن غۇرۇر ئەتمە ئەمەس دەۋلەت،
خۇدانىڭ شەۋقى زەۋقىدىن ئۇ كۈنلەر بارچە ئەفسانە.

— ھۇزۇرى.

شەفائەتى نەبىۋىيىدىن ئەگەر ئۈمىد ئەتسەڭ،
دۇرۇدنى زەۋق ئىلە ئايتقىلكى مۇستەفا ئۈچرار.

— شەۋقى.

5) ئىشق:

ئەگەر رىفئەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ ھەر چەند ھەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر تازە گۇل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.

— ئەرشى.

زەۋق تائات — تائەت - ئىبادەت ئىشتىياقى، زوقى:

بولۇپ خەم قامەتىڭ مىننەت يۈكىدىن،
قىلۇرسەن بەندەلىك، يوق زەۋق تائات.

— ئابىد قۇمۇلى.

زەۋق تاپماق — لەززەتلەنمەك، مەززە قىلماق.

زەۋق سەھبا — شاراب ھەۋەسى، كەيپى:

تۈشتى ئادەم يەرگە يىغلادى بىھىشت ئەيۋانىدا،

نە ئۈچۈن مەخمۇر مەھزۇن زەۋق سەھبا قىلماسۇن.

— مەشھۇرى.

زەۋقۇ تەئەججۇپ — ئىشتىياق ۋە ئەجەبلىنىش، مەھلىيا بولۇش:

كۆرسە بىلقىس دەۋلەتى ھۇسنۇڭنى ھەسرەتدە قالۇر،
ئەيلەمىش زەۋقۇ تەئەججۇب بەلكى ھەيرەتدە قالۇر.

— قەلەندەر.

زەۋقۇ ھالەت — لەززەت ۋە خۇشاللىق، خۇش كەيپىلىك.

زەۋقۇ ھال ئەھلى — لەززەت، خۇشاللىق ئەھلى.

زەۋق ئىنبىسات — شاد - خۇراملىق.

زەۋق ئەتمەك — لەززەت تاپماق؛ لەززەت بەرمەك، خۇرسەن قىلماق.

زەۋقناك [ذوقناك] (ئە + پ) خۇرسەن، شاد:

تەنى يول گەردىدىن چۈن پاك ئولدى،
چىقىبان خاجە زەۋقناك ئولدى.

— نەۋايى.

زەۋلانە [زولانه] (پ) كويزا، كىشەن:

زۇلفى سەۋداسى نەۋائىنى چىقاردى ئەلدىن،
تەلبە ئەتتىيۇ ئاياغىدە ئانىڭ زەۋلانە.

— نەۋايى.

زەۋئ [ضوء] (ئە) يورۇقلۇق، نۇر، جىلۋە:

فەيز كۆز تۇتما رىيازەتدە تىشلىمەي يۈرەگىڭ،
ئاچمايىن رەۋزەنە ئۆي ئىچرە قۇياش سالمادى زەۋئ.

— نەۋايى.

زەۋىل [زول] (ئە) سېخىيلىق، مەردلىك.

زەئىف [ضعف] (ئە) قۇۋۋەتسىز، كۈچسىز، قۇۋۋەتسىزلىك، كۈچسىزلىك، ھالسىزلىق؛ كېسەللىك:

كويۇڭدا مەن كەبى ئەۋۋارە بولغان زەئىفلىغ ئىتلەر،
سورارسەنمۇ گەھى ھالىن بۇ ئايتقان ئىتنى ياد ئەيلەپ.

— ئەرشى.

زەئىف تارىي بولماق — ئاجىزلىق، خەستىلىك پەيدا بولماق، ئاجىزلاشماق، زەئىپلەشمەك.

زەئىفى جۇنۇن — روھىي كېسەللىكتىن، سەۋدايىلىقتىن بولغان ھالسىزلىق.

زەئىفى جىسمانىي — بەدەن زەئىپلىكى.

زەئىفى ھال — زەئىپ ھالەت، يامان ئەھۋال:

دەرىغا، دەردى ھىجران زەئىفى ھالىمنى خەراب ئەيلەپ،
مۇرادىمغە قاچان يەتكۈم بۇ كۆڭلۈم ئىزتىراب ئەيلەپ.

— موللا سالىھ.

زەئىف يەتكۈزمەك — زىيان يەتكۈزمەك، زەخىملەندۈرمەك:

مەن دېدىم: «ئەي بىئەدەب، سەن غونچەغە يەتكۈرمە زەئىف»،
دەرمەھەل كەلدىم ھۇشۇمغە، كۆز ئاچىپ كۆردۈم رەقىب.

— موللا سالىھ.

زەئفەر [زعفر] (ئە) زەپەر؛ سېرىق، «زەئفەران»غا قاراڭ:

يۈزى بولدى زەئفەر كەبى سارغارىپ،
بۇ ئىككى ئوغۇلغە تولا يالبارىپ.

— ئا. نىزار، ن. زىيائى.

زەئفەران [زعفران] (ئە) زەپىران، بىر تۈرلۈك سارغۇچ خۇشبۇي ئۆسۈملۈك؛ سېرىق رەڭ:

شەھىدى كەربەلا يەڭلىغ تۆكۈپ خۇن، بۇزغالى چېھرەم،
گەھى ئەخزەر گاھى ئەسفەر، بە مىسلى زەئفەراندۇرمەن.

— موللا سالىھ.

زەئفەران ئەتمەك — «زەئفەران ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

زەئفەران ئەفشانىي — زەپىران چاچقۇچى، سېرىق رەڭ بەرگۈچى.

زەئفەران ئەيلەمەك — سارغايتتۇرماق؛ سارغايتماق.

زەئفەران چېھر — سېرىق يۈز، سارغايغان چىراي.

زەئفەران دۇكانىن ئاچماق — يۈز سارغايتماق.

زەئفەرانزار [زعفران زار] (ئە+پ) زەپە ئۆسۈملۈكى تىكىلگەن باغ؛ ئىشقتىن سارغايغان يۈز:

كۆرمە سارىغ بەرگۇ قىل تەززارە رۇخسارىم سارى،
قوي خەزان باغىن، گۈزەر قىل زەئفەرانزارىم سارى.

— نەۋايى.

زەئفەرانىي [زعفرانى] (ئە) 1) زەپىران رەڭ، سېرىق رەڭ، سېرىق. 2) سارغايغان، سولغان.

زەئفەرانىي ئەيلەمەك — سارغايتماق، سولدۇرماق، سولاشتۇرماق.

زەئفران [ضعف ران] (ئە+پ) ھالسىزلىقنى كەتكۈزگۈچى، ماغدۇرىغا كىرگۈزگۈچى؛ داۋا:

سەندەلۇ مۇشكۇ ئەبىرۇ زەئفەران،
تەبئ جەھلىدىن سەراسەر زەئفران.

— نەۋايى.

لەئلى رۇممان ساچى سۇمبۇل قەدى شەمشادى جەھان،
زەئفران ئەنبەرى ئەشھەب گۇلى رەيھان يەڭلىغ.

— شەۋقى.

زەئقە [زعقه] (ئە) تىترەش.

زەئقە ئۇرماق — تىترىمەك.

زەئىم [زعم] (ئە) پەرەز قىلماق؛ پەرەز، قىياس، مۆلچەر؛ پىكىر؛ ئىشەنچ، ئېتىقاد:

بۇسە سۇئالىن ئىتسەم خامۇش ئولۇركى گويا،

زەئىمىدەدۇر «نەئەم» شۇم ئانداغى «لا» مۇبارەك.

— تەجەللى.

زەئىف [ضعيف] (ئە) قۇۋۋەتسىز، كۈچسىز، ئاجىز، ناتىۋان؛ بىچارە، ئىلاجسىز، «زەئىپ» كە قاراڭ:

يا فىراقىنىڭ شىددەتى ياكىم ئەجەلنىڭ مۇددەتى،
ھەم بەدەنىنىڭ قۇۋۋەتى قالماي ئەجەب بولدۇم زەئىف.

— موللا سالىھ.

زەئىف ئەھلى — بىچارىلەر، ئىلاجسىزلار.

زەئىف ئولماق — ھالىدىن كەتمەك، ماغدۇرسىز بولماق:

زەئىف ئولدى گۇشە قىلىپ ئىختىيار،
ماڭا قالدى ئاندىن ھەمە كارۇ بار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەئىفۇ ناتەۋان — ئاجىز، ناتىۋان، بىچارە:

نىگارا، ئىشتىياقىڭدا زەئىفۇ ناتەۋان بولدۇم،
ھەمىشە دەربەدەر ئالەم ئارا بىخانىمان بولدۇم.

— فىراقى.

زەئىفى خاكسار — «زەئىفى نامۇراد» قا قاراڭ.

زەئىفى خەستە — ئىلاجسىز، كۈچسىز بىمار.

زەئىفى شەيدا — ئاشىقى مۇپتىلا، مۇپتىلا بولغان ئاشىق.

زەئىفى غەمناك — غەملىك، پىقىر، خەستە.

زەئىفى ناتەۋان — بىچارە، كۈچسىز، خەستە:

ھەجرى غەم ئەندۇھ فىراق ئەيلەپ زەئىفى ناتەۋان،
نەچچە زار ئولسامكى كەلتۈرمەس داغى پەرۋاسىغە،

— موللا سالىھ.

زەئىفى نامۇراد — كەمتەرلىك يۈزىسىدىن «مەن»، «پىقىر» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز:

... *ۋە بۇ زەئىفى نامۇراد ھەزرەتى شارايىھ خىزمەتىغە مۇشەررەف بولۇپ ئېردىم.*

— نەۋايى.

زەئىفە [ضعيفه] (ئە) ئايال، خوتۇن كىشى:

تۇشۇپ بىر زەئىفە ھەۋا سارىدىن،
سەلام ئەتتى بىزگە كۆرۈپ نارىدىن.

— ئا. نىزارى.

زەيتۇن [زيتون] (ئە) بىر تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخ، زەيتۇن دەرىخى:

چۇ زەيتۇن بولۇپ چەرخ ئىلە مۇتتەسىل،
بولۇپ چەرخ زەيتۇنى ئاندىن خىجىل.

— نەۋايى.

زەيف [ضيف] (ئە) مېھمان:

يەنە بىر بۇ كىسىم ھەر قاچان كەلدى زەيف،
ئاڭا قىلغاسەن بىرمەيىن تۇئمە ھەيف.

— نەۋايى.

زەيل [ذيل] (ئە) 1) ئېتەك؛ چەك، بىرەر نەرسىنىڭ تۈگەللىنىش (ئاخىرلىشىش) جايى، ئاخىرى:

كى شەھبالغە لەفزىن دېدى ئاشكار،
سۆزىن زەيلى ئانداغ ئېرۇر بىشۇمار.

— ئا. نىزارى.

2) داۋامىدا، قاتارىدا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە. 3) ئاخىرقى قاتار، مەخسۇس ئورۇن. 4) ئىلاۋە، قوشۇمچە. 5) ئەتراپ، ئۆپچۆرە.

زەيلۇچە [زيلوچه] (پ) كىچىك گىلەم، پاياندار، پالاس:

ئېپەك زەيلۇچە ھەم سالدۇردى فىلھال،
دېدى: *ئولتۇرسۇن ئول شورىدە ئەھۋال.*

— نەۋايى.

زەين [زين] (ئە) 1) زىننەت، بېزەك. 2) ھۆسن، يارىشىق.

زەينۇل - مىللەت — مىللەتنىڭ بېزىكى ھۆسنى، يارىشىقى.

زور [زور] (پ) كۈچ، قۇۋۋەت، مادار؛ پالۋان، كۈچلۈك؛ زورلاۋان:

بادە زورىدىندۇر ئەل ئىچرە باسى ئوتلۇغ فىغان،
يوقسە مەي گەر ئەرغەنۇن قاندىن چېكەر تۈرلۈك سەدا.

— ئەرشى.

مەلامەت بىرلە ئارتار ئىشق پۇرشۇر،
نەچە تېيغان سايۇ ئانچە قىلۇر زور.

— لۇتفى.

زور ئەتمەك — «زور ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

گاھى كۆل ئىشقى زورئەتسە قۇچاغلار،
گاھى سانجار تىكەن قاچماقنى چاغلار.

— خىرقىتى.

زور ئەيان قىلماق — كۈچىنى نامايىش قىلماق، كۈچىنى كۆرسەتمەك.

زور ئەيلەمەك — كۈچ كۆرسەتمەك، ھەرىكەت قىلماق؛ غەلىبە قىلماق؛ غالىب كەلمەك.

زور پەنجە — پەنجىلىرى كۈچلۈك، پەنجىسى يوغان.

ئېرۇر زور پەنجە قۇۋۋەتلىك يوغان،
بۇ ھەم سەيدگە مىسل تۇيغۇن دۇرۇر.

— موللا ئەلى قۇشچى.

زور قىلماق — تەئەددى قىلماق، مەجبۇر قىلماق، ئىشلەتمەك.

زورئازمۇن [زورازمون] (پ) كۈچ سىناش؛ كۈچ سىنىغۇچى.

زوربازۇ [زوربازو] (پ) كۈچلۈك بىلەك؛ كۈچ، قۇۋۋەت؛ بىلەك كۈچى.

زورخانە [زورخانە] (پ) ھەربىي مەشق قىلىنىدىغان بىنا، جاي.

زوردەست [زوردست] (پ) قولى كۈچلۈك، بەقۇۋۋەت:

قولۇڭدىن مەيغۇ شەستىڭدىن داغى ھەيف،
شۆكۈمۇ زور دەستىڭدىن داغى ھەيف.

— نەۋايى.

زورسەنج [زورسنج] (پ) كۈچ ئۆلچەش؛ كۈچ ئۆلچىگۈچى، «زور ئازمۇن»غا قاراڭ.

زورگەر [زورگر] (پ) زوراۋان، زورلۇق قىلغۇچى، زورلۇق كۆرسەتكۈچى:

زورگەر ھەم ئەيلەدى ھەمراھلىق،
يوق ئاڭا يول رەنجىدىن ئاگاھلىق.

— نەۋايى.

زورمەند [زورمند] (پ) كۈچلۈك، قۇدرەتلىك:

مۇسھىلى ساز ئەتتى بىھەد زورمەند،
بەردىكىم ئانى سۇمۇردى مۇستەمەند.

— نەۋايى.

زۇ [ذو] (ئە) ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ «ئىگە، ساھىب» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ «زى»گە قاراڭ.

زۇئەفا [ضعفا] (ئە) [بىرلىكى: زەئىف] زەئىپلەر، كۈچسىزلەر؛ ئاياللار؛ «زەئىف»كە قاراڭ:

گول زۇئەفانىڭ كەيفىييەتى ھالىن سورۇپ، ئالار دېدىلەر كىم، بىز شۇئەيب پەيغەمبەر قىزلەرى بىز.

— نەۋايى.

زۇباب [ذباب] (ئە) چىۋىن؛ پاشا:

تاقنى قويىكى، ئەنبەرىن مىھراب،
ئۇستىدە خالى ئەنبەرىنە زۇباب.

— نەۋايى.

زۇبدە [زبده] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ياخشى قىسمى، ياخشى نەتىجىسى.

قايان كەتتى، دەرىخا، زۇبدەئى ئەسلى بەنى ئادەم،
كېتىپ ئانداغكى تەئخىر ئەتمەدى بىردەم مەسىھادەم.

— ئەرشى.

زۇجاج [زجاج] (ئە) «زۇجاجە» گە قاراڭ.

زۇجاجە [زجاجه] (ئە) جام؛ شىشە؛ قەندىل:

مۇلەۋۋەن زۇجاجە نىشانى بولۇپ،
كۆك ئەيۋانىنىڭ تابەدانى بولۇپ.

— نەۋايى.

زۇخر [ذخر] (ئە) ئارتۇق ساقلاش، زاپاس قىلىش، «زەخىرە»گە قاراڭ.

زۇد [زود] (پ) تېز، تېزدىن، تېزلىك بىلەن:

يېتىپتۇر بۇ نامە چۇ بەندەرگە زۇد،
كېلىپ شاھى بەندەر ئالىپ كۆپ جۇنۇد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زۇدا [زدا] (پ) «زەدا»غا قاراڭ.

زۇدا - زۇد [زودا زود] (پ) تېز - تېز، تېزلىك بىلەن، تېزدىن:

كى ۋىلايەتدە شاھ ئولۇپ مەئسۇد،
ئول يېتىشسۇن ئىشىككە زۇدا - زۇد.

— نەۋايى.

زۇداي [زداى] (پ) «زەداي» غا قاراڭ.

زۇرەفا [ظرفا] (ئە) [بىرلىكى: زەرىف] ئەقىللىكلەر، زېرەكلەر، دىت ئىگىلىرى؛ نازۇك پەم:

ۋە زەمانىنىڭ شۇئەرا ۋە فۇزەلا ۋە زۇرەفاسىدىن ئالارنىڭ ۋىساقى خالى ئېرمەس ئېردى.

— نەۋايى.

زۇررافە [زرافه] (ئە) «زەررافە» گە قاراڭ.

زۇررىيات [ذريات] (ئە) ئەۋلادلار، نەسىللەر، پەرزەندلەر:

بەنى ئىسرائىل يەئقۇب ئەلەيھىسسالام زۇررىياتىدۇر ۋە ئىسبات ئۇن بىر ئوغلى.

— نەۋايى.

زۇرۇب [ضروب] (ئە) [بىرلىكى: زەرب] «زەرب» كە قاراڭ.

زۇرۇف [ظروف] (ئە) [بىرلىكى: زەرف] «زەرف» كە قاراڭ.

زۇزەنابە [ذوذنابه] (ئە) قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز؛ كومېتا:

گول سەرۋ ئەمەس ئېردى زۇزەنابەڭ،
تەھسىيەتىدىن جەھان خەرابەڭ.

— نەۋايى.

زۇزەنەب [ذوذنب] (ئە) «زۇزەنابە» گە قاراڭ.

زۇغال [زغال] (پ) كۆمۈر.

زۇفۇنۇن [ذوفنون] (ئە) ئىلىم، پەن، ھۈنەرلەر ئىگىسى؛ بىلىملىك، دانىشمەن؛ پەم - پاراسەتلىك:

يىغىلدى مەسلەھەتدان زۇفۇنۇنلار،
ھەمە دانىشۋەرى ساھىب ئورۇنلار.

— ناقىس.

ئىشق ئىلە دىۋانەلىكتە بولمىشەم ساھىب كەمال،
ئىشق ئەھلى ئەمدى بابىرنى دېگەيسىز زۇفۇنۇن.

— بابىر.

زۇكۇر [ذكور] (ئە) ئەركەكلەر، ئەرلەر.

زۇگال [زكال] (پ) «زۇغال» غا قاراڭ.

زۇل [ذل] (ئە) خارلىق، تۆۋەنلىك، پېقىرلىق:

ئېرۇر زېبىب ئېچرە گۇل بىمىسل مەن ھەم زۇل ئارا
كەمسىز،
ئانىڭ ھۇسنىغە مەن ھەيران، مېنىڭ ھالىمغە دىلبەر ھەم.

— گۇمنام.

زۇلال [زلال] (پ) 1) تىنىق، سۈزۈك، تازا شېرىن سۇ:

كىمكى ئىچتى رەھمەتىڭ دەرياسىدىن بىر جۇرئەنى،
بارچە ئالەمدىن مۇنەززەھ بولدىيۇ بولدى زۇلال.

— مەنسۇر باخشى.

2) مەنبە؛ تەرىپ:

لەبىڭنىڭ قەندىدىن قىلدىم تەمەننا،
سېنىڭ شېرىن زۇلالىڭنى ئىشتتىم.

— خىرقىتى.

3) شاراب:

ھەمىيەت داغى مانىئ ئولدى بەسى،
كى ئەلدىن زۇلالىغە تۇشكەي خەسى.

— نەۋايى.

زۇلال تاپماق — 1) شېرىنلىك تاپماق، لەززەتلەنمەك. 2) تىنماق، سۈزۈلمەك، تازىلانماق.

زۇلالى خۇرۇشان — شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

زۇلالى خىزىر — تىرىكلىك سۈيى، ھاياتبەخش سۇ، ئابى ھايات.

زۇلالى زىندەگانىي — «زۇلالى خىزىر» غا قاراڭ.

زۇلالى كەۋسەر — كەۋسەر (جەننەت بۇلىقى) سۈيى، تىنىق ۋە سوغۇق سۇ.

زۇلالى ھەيات — «زۇلالى خىزىر» غا قاراڭ.

زۇلالى ھەيۋان — «سۇلالى خىزىر» غا قاراڭ.

زۇلالىي [زلالى] (پ) ساپ، تىنىق، تازىغا مۇناسىپ.

كۆزنى ئارىغ ئەشكى زۇلالىي قىلىپ،
بەلكى كۆڭۈلنى داغى خالى قىلىپ.

— نەۋايى.

زۇلانە [زولانە] (ئە) «زەۋلانە» گە قاراڭ.

زۇل - ئەكتاف [ذوالاكتاف] (ئە) لەقەم: ئاتاش:

مەشھۇر مۇنداقدۇركىم، ئېگىنلەرىن يارىپ، باغىرلەرىن سۆكتۈرۈپ ئەزاب بىلە ئۆلەرلەر ئېردى. بۇ جىھەتدىن ئانى زۇل - ئەكتاف دېدىلەر.

زۇلەل [ذلل] (ئە) خارلىق، پەسلىك (تۆۋەنلىك)، «زۇل» غا قاراڭ.

زۇلەما [ظلما] (ئە) ناھەق، ناھەقچىلىك، ھەققانىي بولمىغان، پايدىسىز:

زۇلەمالارنى بىر تەرەپ قىلسە،
فۇقەرالارنى كۆزىگە ئىلسە.

— ن. زىيائى.

زۇلجەلال [ذوالجلال] (ئە) ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى؛ تەڭرىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى:

يا غىياسۇل - مۇستەغىس، سەن بەرچەغە فەريادرەس،
ئالىمۇل - ئەسرارى ئالەم، يا ئەلىمى زۇلجەلال.

— مەنسۇر باخشى.

تەڭرىدىن ھەركىم تىلەر مالى ھەلال،
شول زەمان يەتكۈرگۈسىدۇر زۇلجەلال.

— خەراباتى.

زۇلخافىقەين [ذوالخافقين] (ئە) شەرق ۋە غەربنىڭ ھۆكۈمدارى:

ئەبىدەت ئېھسانەھۇ سۇلتان ھۇسەين،
شاھ ئەبۇلغازى مالا - زۇلخافىقەين.

— نەۋايى.

زۇلف [زلف] (پ) چاچ، چاچ ئۆرۈمى:

ئىشق ئوتىدا داغلايدۇر، زۇلفى بىلە باغلايدۇر،
ئۆلتۈرگەلى چاغلايدۇر، بۇ قول نە زىيان ئەتمىش.

— ۋەفائى.

ئىشقىنىڭ ئەلچىسىنە كۆڭلۇم مۇنەققەشدار ئېرۇر،
زۇلفىنە تۇشكەن كۆڭۈللەرنىڭ مەقامى دار ئېرۇر.

— سەيفى سەرايى.

زۇلف دامى — چاچ قىلتىقى، چاچ تۇزىقى:

كۆڭۈل ۋەھشىسىن ئول بىر زۇلف دامىغە ئەسىر ئەتكىل،
نە چاغ سەييادلارغە بىر كىيىك ئۆزرە تالاش ئولسۇن.

— ئەرشى.

زۇلف رۇخسار — چاچ ۋە چىراي، چاچ - يۈز:

ئاي يۈزىنى كۆرگەلى قويماسكى ئول ئەغيارلار،
ئاي بۇلۇتقا بولدى پىنھان زۇلف رۇخسار ئالدىدا.

— نەۋبەتى.

زۇلف زەنجىرى — چاچ ئۆرۈمى، ئاشىقلارنى باغلىۋالغۇچى چاچ، زەنجىردەك چاچ:

خەيالى ۋىسال ئىلە خۇرسەند ئولۇپ،
ئانىڭ زۇلفى زەنجىرىغە بەند ئولۇپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زۇلف قوللابى — چاچ ئۆرۈمى، چاچ بېغى، بېغىشى:

زۇلفى قوللابىغە بۇ جانۇ كۆڭۈل بولدى ئەسىر،
تەلبە قۇشتەك تەلپۈنۈر ھەردەم نەۋا ئەفغان بىلە.

— ئا. نىزارى.

زۇلفۇ چەشمى — چاچ ۋە كۆز:

ئۇششاقە زۇلفۇ چەشمىڭ بولسا بەلاۋە فىتنە،

بول فىتنە ھەم ھۆمايۇن ھەم گۈل بەلا مۇبارەك.

— تەجەللى.

زۆلفۇ خالى — چاچ ۋە خال، چاچ بىلەن مەڭ:

بىرىنىڭ زۆلفۇ خالى دانەۋۇ دام،
بىرىنىڭ قامەتى سەرۋۇ سەنەۋبەر.

— ئاتايى.

زۆلفۇ كاكۇل — چاچ ئۆرۈمى ۋە قىرقىمى، چېچى ۋە كوكۇلىسى:

ئەنبەرى زاراغە خوش بويلۇقنى بىرۇر سۇنبۇلۇڭ،
كىم ئاياغىغە تۇشۇبدۇر ساچۇ زۆلفۇ كاكۇلۇڭ.

— قەلەندەر.

زۆلفى ئەرۇسان — كېلىنلەرنىڭ چېچى:

يايىپ بەرگىنى چۇن زۆلفى ئەرۇسان،
چىقىپدۇر ئاتەشىن تاجۇ خورۇسان.

— زەلىلى.

زۆلفى ئەنبەر بار — ئېپارھىدلىق چاچ، خوش پۇراق قاپقارا چاچ:

باش ئالىپ كەئبەدىن شەيخى ھەرەم، دەير ئىستەدى ئولدەم،
كى گۈل بوت زۆلفى ئەنبەر بار ناگەھ پىچۇ خەم چەكتى.

— ئەرشى.

زۆلفى ئەنبەرى سارا — «زۆلفى ئەنبەر بار» غا قاراڭ:

گۈلتۈرۈر ئەتىر ئەنبەرىستان ئىچرە گۈل خوش دىماغ،
خەتتى مۇشكى ناب زۆلفى ئەنبەرى سارا يىگىت.

— مەشھۇرى.

زۆلفى ئەنبەرىن — «زۆلفى ئەنبەر بار» غا قاراڭ:

پەرى رويىكى ئىسمەت پەردەسىدە ئافتاب ئېردى،
كى زۆلفى ئەنبەرىن رۇخسارىسىدە چۇن نىقاب ئېردى.

— زەلىلى.

زۆلفى پەرىشان — چۇۋۇلغان چاچ، چېچىلىپ تۇرغۇچى چاچ:

سېلى ئەشكىم لالەگۈندۇر لەئلى رەخشانىن كۆرۈپ،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر زۆلفى پەرىشانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

زۆلفى تابدار — ئۆرۈلگەن چاچ.

زۆلفى تابى — چاچ ئۆرۈمى:

قوش بالاسى ئاشىيان ئۆزرە يىلان كۆرگەچ كەبى،
خاتىرى شەيداۋۇ زۆلفى تابىدىن غەۋغانى كۆر.

— ئەرشى.

زۆلفى تارى — چاچ تالاسى.

زۆلفى تەرسا — ناسارا دىنىدىكى قىزلارنىڭ چېچى:

كى ھەر مەرغۇلەسى بىر زۆلفى تەرسا،
بولۇر ئاندىن خىجىل گۆشى نەگىسا.

— ناقىس.

زۆلفى زەمبەر — بۇدۇر چاچ:

چىنۇ ماچىنۇ خىتايدا بولماغاي مانەندىڭىز،
سىزلەيىن بىر قەددى سەركەش زۆلفى چەمبەر بولماغاي.

— قەمبەر ئوغلى.

زۆلفى چەۋگان — چېچى چەۋگان ئوينايدىغان تاياقتەك، چېچى چەۋگاندەك؛ ئۆزۈن چاچ:

كەس باشىمنى گۆيتەك خەيلىڭ ئاداقى ئىچرە سال،
قويما سەرگەردان مېنى، ئەي زۆلفى چەۋگانىم مېنىڭ.

— لۇتفى.

زۆلفى دال — پۈكۈلگەن چاچ، قايرىما چاچ:

يا زەڭگى يا فەرەڭگى بولسۇن دەر، ئەي مۇسۇلمان،
باغلاپ قەدىن خەم ئەتتى يۈز ئۆزرە زۆلفى دالىڭ.

— مەھزۇن.

زۆلفى دەرھەم — چىگىش چاچ، چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچ:

ئىشق ئېلىنىڭ ئاھىدىن گۈل سەرۋ قەد خەم بولماسۇن،
غەم ئېلىدىن گۈل مۇئەنبەر زۆلفى دەرھەم بولماسۇن.

— بابىر.

زۆلفى دىلاۋىز — كۆڭۈلنى باغلىۋالغۇچى چاچ، كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى چاچ:

كۆزى، قاشى قىلىپ مىڭ فىتنە ئەنگىز،
لەبى پۇر شىۋەيۇ زۆلفى دىلاۋىز.

— لۇتفى.

زۆلفى سەۋداسى — مەھبۇبنىڭ چاچلىرىنىڭ ئىشتىياقى، سەۋداسى:

زۆلفى سەۋداسى ئاشىپ ھەددىن، كۆڭۈلگە كېچەكىم،
كۆزگە تاڭ ئولدى سەھەر ئۆتكەنچە تۈندىن نەچچە پاس.

— ئەرشى.

زۆلفى سۇمەنسا — خۇشبۇي چاچ.

زۆلفى سۇمبۇل — سۇمبۇل چاچ، خۇشبۇي قارا چاچ:

كىم كۆرۈپدۇر دەھر ئارا سەندەك پەرىزادى زەمان،
زۆلفى سۇنبۇل، خالى مۇشكىن، ئارەزى رەخشان يىگىت.

— قەلەندەر.

زۆلفى سىلسىلى — «زۆلف زەنجىرى»گە قاراڭ:

زۆلفى سىلسىلىنى گۈل ئاي يۈزىگە نىقاب ئېتەر،
غەمزە قولىغا ئالمايىن نازۇ كەرەشمە دىن تەرق.

— زەلىلى.

زۆلفى سىياھى — قاپقارا چاچ:

يۈزىن مېھرى خەيال ئەتمەك ئىسرى ئىشقىغە گويا،
پەرىشان ھەر تەرەق زۆلفى سىياھىڭ ئەنبەر ئەفشاندۇر.

— گۇمنام.

زۆلفى قۇللاب قاتتىق چاڭگاك چاچ؛ ياڭغان چاچ:

تاپماغۇڭدۇر ئىستەسەڭ مەشھۇرى شەيدادىن كۆڭۈل،

كىم ھەممە شەيدا كۆڭۈل زۇلفى قۇللابىدەدۇر.

— مەشھۇرى.

زۇلفى مۇسەلسەل — «زۇلف زەنجىرى»گە قاراڭ:

كاكۇلىن ئەژدەرھاسى دەي، زۇلفى مۇسەلسەلىنمۇ دەي،
نەرگىسى جادۇسىنىمۇ دەي، كۆڭلۈم ئالۇرغە ئاپەتى.

— ئەرشى.

زۇلفى مۇشكىن — قاپقارا چاچ، ئىپاردەك قارا ۋە خۇش پۇراق چاچ:

نې گۈچۈن ئالەمنى خۇشبۇيۇ مۇنەۋۋەر قىلماسۇن،
ئەنبەر ئاسا زۇلفى مۇشكىنۇ قۇياش رۇخسارى بار.

— قەلەندەر.

زۇلفى يار — يارنىڭ چېچى، مەھبۇبنىڭ چېچى:

مېنى كۆرسە قاچادۇر شەيخۇل - ئىسلام ئەھرەمەن يەڭلىغ،
نېچۈن بوينۇمدا زۇلفى يار چىرماشقان تۇمارىم بار.

— گۇمنام.

زۇلفى يەلدا — قاپقارا چاچ، كېچىدەك قارا چاچ:

ئەي شەھەنشاھى جەھان ئالدىڭدا بۇ ئاجىز غۇلام،
سۇبھى «ۋەششەمسى» يۈزۈڭنى زۇلفى يەلدا قىلدى شام.

— موللا سالىھ.

زۇلفەين [زلفين] (ئە) ئىككى ئۆرۈمە چاچ، ئۆرۈلگەن ئىككى تال چاچ.

زۇلفىقار [ذوالفقار] (ئە) ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تارتۇق قىلغان) :

كى شىرى خۇدا شاھ دۇلدۇل سەۋار،
ئەلىيۇر رىزا ساھىبى زۇلفىقار.

— ئا. نىزارى.

مۇنافىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىدە،
تىلىمدۇر زۇلفىقارۇ ئەقل دۇلدۇل.

— زەلىلى.

زۇلفىن [زلفين] (پ) ئىشىك، ساندۇقلارنىڭ قۇلۇپ سالىدىغان ھالقىسى، قاغىتۇمشۇق:

تۇتۇپ قۇلۇق ئاغزى زۇلفىنى مەھكەم،
ئىتىپ ئىما ئانى ئاچماسقا ئول ھەم.

— نەۋايى.

زۇلقافىيەتەين [ذوالقافيتين] (ئە) ئىككى قاپىيىلىك، قوش قاپىيىلىك بېيىت.

زۇلقەرنەين [ذوالقرنين] (ئە) ئىككى مۈڭگۈزلۈك (دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخس - ئىسكەندەرنىڭ لەقىمى) :

ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىنىڭ يەتتە ئىقلىم پادشاھلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانى.

— ئىسكەندەر نامە.

زۇلقەئدە [ذوالقعده] (ئە) ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا ئون بىرىنچى ئاي نامى.

زۇلل [ذل] (ئە) «زول» غا قاراڭ.

زۇللىسانەين [ذواللسانين] (ئە) ئىككى تىل ئىگىسى، ئىككى تىللىق، ئىككى تىل بىلگۈچى.

زۇلم [ظلم] (ئە) جەۋر، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم؛ ئازاب، دەرد:

كۆڭۈل ئالۇردا ماڭا لۇتق بىھېساب ئەتتىڭ،
يەنە نە ئىبردىكى بۇ زۇلم ئىلە ئىتاب ماڭا.

— ئابىد قۇمۇلى.

فىراقىڭ زۇلمىدە داد ئىستەرەم داد،
رەقىبىڭ دەستىدىن فەريادۇ فەرياد.

— سەيىد ئەھمەد.

زۇلم ئەتمەك — ئۇستۇن كەلمەك؛ زوراۋانلىق قىلماق:

دەرھەر بەريان، شوخ بەريان زۇلم ئېتەر گەردۇن داغى،
كۆرمەدىم مۇنداغ جەفا ئەھلىنى مەن ئىسرۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

زۇلم ئەيلەمەك — «زۇلم ئەتمەك» كە قاراڭ:

قايتا ئالمان بويۇن ئاندىن نەچە زۇلم ئەيلەسە كۆپ،
قولدا يوق ئاچچىغلاسە خاجە رىزادىن غەيرى.

— ئەرشى.

زۇلم بىداد — ئازاب - ئوقۇبەت، ئادالەتسىزلىك:

غۇنچە يەڭلىغ يۈرەكىمنى تەھبەتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يەتىمغە رەھم قىلماي زۇلم بىداد ئەتتىڭىز.

— نەۋبەتى.

زۇلم پەرران قىلماق — زۇلۇم يەتكۈزمەك.

زۇلم چەكمەك — جەۋر - ستەم كۆرمەك.

زۇلمۇ ستەم — زۇلۇم ۋە ئازاب، ئېغىر كۈلپەت:

زۇلمۇ ستەمنى زۇلفۈڭۇ كافىر كۆزۈڭگە ئۆگرەتىپ،
بۇ كەڭ جەھاننى سەن ماڭا بىر تار زىندان ئەيلەمە.

— سەككاكى.

زۇلم ئەھلى — زۇلۇم قىلغۇچىلار، جاپا سالغۇچىلار:

ماڭا قىسمەت ئەزەلدىندۇر بىمەك دەردۇ بەلا قۇتىن،
نە ئىشرەت گۈلشەن ئىچرە، زۇلم ئەھلىدىن غەمگۇزارىم بار.

— گۇمنام.

زۇلمى گەردۇن — پەلەك زۇلمى، ئالەم (جاھاننىڭ) كۈلپەتى:

ئەي مۇسۇلمانلار، نىتەي ئانىڭ بۇ دەردىغە ئىلاج،
ئول پەرىنىڭ جەۋرىغە بۇ زۇلمى گەردۇن ئوخشاماس.

— قەلەندەر.

زۇلمى نەمايان — زۇلۇم كۆرسەتمەك، كۈلپەت سالماق:

ئەي ئەجەل ئاھىستەرەۋ زۇلمى نەمايان ئەيلەدىڭ،

قىبلە گاھىمنى قارا يەر بىرلە يەكسان ئەيلەدىڭ.
— ئا. نىزارى.

زۇلمات [ظلمات] (ئە) 1) «زۇلمەت»كە قاراڭ:
گۇل تەرەفى تۇرفە زۇلمات ئىكەن،
ھەر دۇبە قۇمسىز سۇمۇلات ئىكەن.
— زەلىلى.

2) ئەپسانىۋى جاي نامى:
ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ «ئابى ھەيات» ئىزدەپ زۇلماتقا كىرگەنى.
— «ئىسكەندەرنامە».

ساچ زۇلماتى — قاپقارا چاچ.

زۇلمانىي [ظلمانى] (ئە) 1) قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇققا مەنسۇپ؛ زۇلمەتلىك. 2) قارا، قاپقارا.

زۇلمانىي ھىجاب — 1) قاراڭغۇلۇق پەردىسى. 2) نەپس خاھىشى.

زۇلمەت [ظلمت] (ئە) [كۆپلۈكى: زۇلۇمات] قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت:
قۇتۇلدى ھەجرىدىن ياپتى فەراغەت،
يانىپ ۋەسلى چىراغى، كەتتى زۇلمەت.
— خىرقىتى.

زۇلمەت ئاسا — قاراڭغۇلۇق، قاپقاراڭغۇ زۇلمەتكە ئوخشاش؛ زۇلمەتلىك:
ساقىيا، ئابى ھەياتى مەي بىلە كۆلبەم يارۇت،
كىم فىراق ئوتىدىن ئاندا زۇلمەت ئاسا بولدى دۇد.
— نەۋايى.

زۇلمەت ئامىز — قاراڭغۇلاشقان، قاراڭغۇ چۈشكەن.

زۇلمەت ئەفگەن — 1) قاراڭغۇ. 2) قاراڭغۇلۇق چۈشۈرگۈچى

زۇلمەت ئەفگەن بولماق — قاراڭغۇلۇق چۈشمەك.

زۇلمەت ئەندۇد — قاپقاراڭغۇ، ناھايىتى قاراڭغۇ، زۇلمەت؛ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان.

زۇلمەت ئەھلى — گۇمراھلار؛ غەيرىي دىندىكىلەر؛ جاھىللار.

زۇلمەت زەدا — قاراڭغۇلۇقنى كەتكۈزىدىغان، يوق قىلىدىغان.

زۇلمەت زۇدا — «زۇلمەت زەدا» غا قاراڭ.

زۇلمەت فىشان — قاراڭغۇلۇق چاچقۇچى، پەيدا قىلغۇچى؛ توم قارا، قاپقارا.

زۇلمەت كىردار — قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلغۇچى؛ دۇنيا، جاھان.

زۇلمەت نىشىن — زۇلمەت ئىچىدە ئولتۇرغۇچى، قاراڭغۇلۇقنى ماكان قىلغۇچى.
شەمئىنى دەرمەن تۇتۇن ئىچرە ئىرۇر زۇلمەت نىشىن،
گەر كۆرەر ئىرسەم يۈزىنى زۇلفى ئەنبەر بار ئارا.
— مەشھۇرى.

زۇلمەتى كۇفر — گۇمراھلىق زۇلمىتى، قاراڭغۇلۇقى.

زۇلمەتى مىھر — يورۇقلۇق يېنىدىكى زۇلمەت:
بۇ گەرد ئەمۋاجىدۇركىم زۇلمەتى مىھر،
سۇ ئىستەپ ئاندا ئۆلمىش يۈز ئىسكەندەر.
— ئەرشى.

زۇلمەت ئىسيان — گۇناھكارلىق.

زۇلم پىشە [ظلم پيشه] (ئە + پ) زالىم، ستەمكار:
مۇنچەمۇ بولغاي ستەم چۈن زۇلم پىشە سەنگدىل،
ھەر دەمى يۈز جەۋرى قىلسە ئول قىلۇر ھەم ئازلىق.
— ئەرشى.

زۇلمكار [ظلمكار] (ئە + پ) ئەزگۈچى، زۇلۇم قىلغۇچى، زۇلۇم كۆرسەتكۈچى؛ زالىم:
ئۇ نە يوقدۇر زۇلمكارلاردا پەرۋا،
كىمە مۇڭغايسۇن ئايتىپ دەردۇ دەئۋا.
— سەيفى سەرايى.

زۇلمكەش [ظلم كيش] (ئە + پ) زۇلۇم قىلىشقا ئادەتلەنگەن، زۇلۇمكار:
بارچەغە ئەيلەپ ستەم ھەم ئەيلەپ ئارتۇغراق ماڭا،
زۇلمكەشلىك بابىدا ئەرشىنى ئۇستاد ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

زۇلم گۇستەر [ظلم گستر] (ئە + پ) زۇلۇم قىلغۇچى، زۇلۇم كۆرسەتكۈچى.

زۇلمىنەن [ذوالمنن] (ئە) كۆپ ياخشىلىقلار قىلغان زات؛ تەڭرى؛ ياخشىلىق ۋە ئېھسانلار ئىگىسى؛ ئېھسانلار:
زىبىبا سەنەمۇ بادەئى گۇل رەڭسىز ئولماس،
ھەر كىمسەكى لۇتفۇ كەرەمى زۇلمىنەن ئىستەر.
— تەجەللى.

زۇلھەججە [ذوالحجه] (ئە) ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا ئون ئىككىنچى ئاي نامى.

زۇلھىججە [دوالحجه] (ئە) «زۇلھەججە»گە قاراڭ.

زۇلۇم [ظلوم] (ئە) «زۇلم» غا قاراڭ:
جوھۇد دېدى: *باردۇر بۇلاردا پۇلۇم،*
بېرەلمەس پۇلۇمنى قىلۇرمەن زۇلۇم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زۇلۇمات [ظلمات] (ئە) «زۇلمەت»كە قاراڭ.

زۇلئىقتىدار [ذوالاقتدار] (ئە) ئىقتىدار ئىگىسى؛ ئىقتىدارلىق، قۇدرەتلىك.

زۇمرە [زمره] (ئە) توپ، جامائەت، گۇرۇھ؛ بۆلەك،

قىسىم؛ خىل، تۈر؛ جىنس:

قىلىپ زۇھۇر داغى مەندە پەرتەۋى سىدقى،
بۇ ۋاستە بىلە بولدۇم بۇ زۇمرەگە داخىل.

— ئابىد قۇمۇلى.

قاندا شادان زۇمرەسى مەقبۇلى دانا بولغۇسى،
قاندا نابىنا كېلىپ مەنزۇرى بىنا بولغۇسى.

— مەشھۇرى.

زۇمرەئى ئەۋباش — بەڭۋاشلار.
زۇمرەئى تەھقىق — ھەقىقەتچىلەر توپى، گۇرۇھى.
زۇمرەئى كۇففار — كۇپپارلار توپى، گۇرۇھى.
زۇمرەئى مەھرەم — مەھرەملەر توپى، گۇرۇھى.
زۇمرەئى ھۇججاج — ھاجىلار توپى، گۇرۇھى.
زۇمرەئى ئىشق — ئاشىقلار.

زۇمرەد [زمرد] (پ) «زۇمۇررەد» كە قاراڭ.

زۇمۇخت [زمخت] (پ) 1) بىر خىل ئاچچىق ئۈسۈملۈك؛ ئاچچىق. 2) قوپال، سوغۇق چىراي، سۆرۈن تەلەت.

زۇمۇختۇەش [زمخت وش] (پ) «زۇمۇخت» قا قاراڭ:

ئۆز ئېلىگىدە بىر ئانار بولسا بىلمەسكى، نېچە پەردە ۋە نېچە خانەسى بار ۋە ھەر پەردە ۋە ھەر خانەسىدە نېچە دانىسى بار. گۇل دانە ئاچچىغمۇدۇر يا زۇمۇختۇەش يا چۇچۇكمۇدۇر ۋە يا مەيخۇش.

— نەۋايى.

زۇمۇررەد [زمرد] (پ) يېشىل؛ يېشىل رەڭلىك قىممەت باھا تاش، زۇمرەت:

ئانى شاھەنشەھ بىلىڭ كۆرگەچ زۇمۇررەد تەخت ئۈزە،
بىر گەدا تەرزىدە گۇلخەن ئىچىدۇر جويەندەسى.

— ئەرشى.

تۇشۇپ گۇل ئەكسى بۇلبۇل بولدى چۇن ئوت،
زۇمرۇررەد ئىردە بۇلبۇل بولدى ياقۇت.

— خىرقەتى.

زۇمۇررەد پوش [زمرد پوش] (پ) چىرايلىق، قىممەت باھا كۆك لىباسلىق، يېشىل كىيىملىك:

ئول ئىكى رەھرەۋى زۇمۇررەد پوش،
رەھنەمايى ئانىڭ، نېچۇككى سۇرۇش.

— نەۋايى.

زۇمۇررەد فام [زمرد فام] (پ) «زۇمۇررەد گۇن» غا قاراڭ.

زۇمۇررەد گۇن [زمر كون] (پ) زۇمرەت رەڭلىك، يېشىل رەڭلىك:

گويىيا توتى خەتىڭ بىرلە لەبىڭدىن سۇردى نۇتق،
كىم لىباس ئولدى زۇمۇررەد گۇن ئاڭا مىنقار لەئل.

— نەۋايى.

زۇننار [زنار] (پ) 1) خىرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ بېلىگە باغلايدىغان بەلۋېغى، بەلۋاغ:

شەيخ سەنئاندەك ماڭا گۇل مەھۋەشى تەرسا سىفەت،
قاشلارىنى بۇت قىلىپ زۇلفىنى زۇننار ئەيلەدى.

— قەلەندەر.

سۇجۇدى كەئبەگە دەير ئەيلەسەم ئەگەر ئەجەب ئېرمەس،
قولۇمدا ساغەرى سەھبا، بېلىمدە رىشتەگى زۇننار.

— سەبۇرى.

2) بۇت؛ ئۆزىگە چوقۇندۇرغۇچى، تارتقۇچى:

ھەۋايى كاكۇلى كۇفرۇڭنى ئەيلەبان زۇننار،
ساچىڭ سەۋادى خىيالىنى مەن رىدا قىلايىن.

— ئەرشى.

3) (بويىنغا ئاسىدىغان) زىننەت بۇيۇمى:

يولدا بىر مەھۋەشنى كۆردۇم ئۆزگەچە رەفتارى بار،
باشىدا گۇلگۇن جەلاسى ئۆشىنىدە زۇننارى بار.

— مەھزۇن خوتەنى.

زۇنۇب [ذنوب] (ئە) [بىرلىكى: زەنب] گۇناھلار، ئەيىبلەر، »زەنب» كە قاراڭ.

زۇھا [ضحى] (ئە) يېگى چىققان كۈن، چاشگاھ ۋاقتىدىكى قۇياش:

مەھۋەشى خاتىر كەشۇ شىرىن سۇخەن نازۇك ئەدا،
پاكلىق بابىدا مەريەم، ھۆسن ۋەششەمسۇ زۇھا.

— قەلەندەر.

زۇھەل [زحل] (ئە) زۇھەل يۇلتۇزى، ساتۇرن، ساتۇرن يۇلتۇزى:

ئەتارۇدقا زۇھەل شەمشەرىنى ھەيبەت بىلەن تەڭلەر،
ھەمەل بۇرجىغا لازىمدۇر بۇگۈن جەۋزانى يىغماقلىق.

— زەلىلى.

زۇھەل رەڭ — يۇلتۇز رەڭلىك، چىرايلىق.
زۇھەل رەڭ بولماق — يۇلتۇز رەڭگىدە بولماق.

زۇھەلۋەش [زحل وش] (ئە + پ) زۇھەلگە، ساتۇرن يۇلتۇزىغا ئوخشاش.

زۇھد [زھد] (ئە) دۇنيادىن ۋاز كېچىپ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش، تەقۋادارلىق:

تاكى تاپسە سەلاھ تائەتكە،
ئەيلەسە زۇھد ئىلە ئىبادەتكە.

— ن. زىيائى.

زۇھد ئەھلى — دۇنيادىن ۋاز كەچكەنلەر، دەرۋىشلەر:

زۇھد ئەھلىن قويكى، ھەرچەند نۇش ئېتەر كەۋسەر سۇيىن،
بىردەمى ھەم بولسە بولغىل رىندى دەرد ئاشام ئىلە.

— ئەرشى.

زۇھد ئەيلەمەك — تەقۋادار بولماق، تائەت ـ ئىبادەت

قىلماق:

قورىي ھەقدىن ئىزدەسەڭ ئىلمۇ ئەمەل زۇھد ئەيلەگىل،
دەۋلەتى دۇنياۋۇ ئۇقبا سىيم ئىلە زەردىن ئەمەس.

— شەۋقى.

زۇھد تارۇپۇدى — پەرھىزكارلىق، سوپىلىقتا دالالەت قىلغۇچى ئەسۋابلار.

— نەۋايى.

زۇھد شىيۋە — تائەت ـ ئىبادەتنى ئادەت قىلغۇچى، تەقۋادار:

سەن شەيخ زۇھد شىيۋە، مەن رىندى ئىشق پىشە،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم، سەھبا ماڭا مۇبارەك.

— تەجەللى.

زۇھدفۇرۇش — تائەت ـ ئىبادىتىنى، تەقۋادارلىقىنى سۈيئىستېمال قىلغۇچى؛ رىياكار سوپى.

زۇھدۇ تائەت — تەقۋادارلىق ۋە ئىبادەت:

كۆرمەسەم يۈزۈڭ، ئەي جان، رەقۇ ئۇستىخانلار بولۇر خەشەك،
تەرك ئولۇر بۇ ۋەجھىدىن كىم ھەمە زۇھدۇ تائەت.

— موللا بىلال.

زۇھدۇ تەقۋا — ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىق.

زۇھدۇ تەقۋايۇ سەلاھ — زاھىدلىق، تەقۋادارلىق ۋە دىيانەت:

تا تىرىكسەن تەڭرى يادىنى ئۇنۇتما بىر دەمى،
ئەيلەگىل پىشە بۇ يولدا زۇھدۇ تەقۋايۇ سەلاھ.

— ئابىد قۇمۇلى.

زۇھدۇ رىيا — زاھىدلىق ۋە ساختىپەزلىك، ساختا تەقۋادارلىق:

تەۋبە قىل زۇھدۇ رىيايىغە بۇرۇنراق، ھافىزا،
بەسكى ئاچماسدا ئىشىكنى بۇ كېچە مەيخانەغە.

— ھافىز شىرازى.

زۇھد ئېلى — زاھىدلار، تەقۋادارلار:

مەيۇ مەيخانەنىڭ دائىم رەۋاجى مەندىن ئولغاندىن،
رىياۋۇ زۇھد ئېلى فەرياد ئەيلەپ دادخاھىدۇر.

— ئەرشى.

زۇھدى بەكەمال — كامالەتكە يەتكەن تەقۋادار.

زۇھدى پارسا — يامان ئىشلاردىن ساقلىنىپ تائەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇش:

ئەتاۋۇ فەزلىڭ ئەگەر ئەلگە بولماسا، يارەب،
يوق ئاندا فايدەسى زۇھدى پارسالىغىڭنىڭ.

— گۇمنام.

زۇھدى رىيا — يالغان سوپىلىق، ساختا تەقۋادارلىق:

نىتەي بۇ زۇھدى رىيانى مەسجىدى ئىچرە مۇدام،
بارىپ سەنەمكەدەگە زىكرى رەببەنا قىلايىن.

— ئەرشى.

زۇھر [ظهر] (ئە) چۈش ۋاقتى، قىيام ۋاقتى.

زۇھر رەكەئاتى — چۈش ۋاقتى ئوقۇلىدىغان ناماز رەكەتلىرى.

زۇھرە [زهره] (پ) چولپان يۇلتۇز، زۆھرە، ۋېنېرا:

بۇ سۆز ئەنگىز مەنى ئەفسانە پەرداز،
نەۋادا زۇھرەيۇ زۇھراغا دەمساز.

— لۇتفى.

زۇھرەۋۇ جەبىن — زۆھرە يۇلتۇزىدەك جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايلىق يۈز، جامال؛ جۇلالىنىپ تۇرغان، زۆھرە يۇلتۇزىدەك:

ئەي زۇھرە جەبىن ماھ پەيكەر،
يوقدۇر ساڭا ھۆسندە بەرابەر.

— مەشھۇرى.

زۇھرەۋۇ ئاي — زۆھرە يۇلتۇز ۋە ئاي:

سىنىڭ بەزمىڭدە، ئەي سۇلتانى خۇبان،
ئاياقچى مىھرۇ ساقى زۇھرەۋۇ ئاي.

— سەيىد ئەھمەد.

زۇھرەۋەش [زهره‌وش] (پ) زۆھرە، چولپان كەبى؛ چىرايلىق، پارلاق:

ئۇدۇ سەندەل بىلە ياساپ ئاڭا چەڭ،
زۇھرەۋەش چالماغ ئەيلەبان ئاھەڭ.

— نەۋايى.

زۇھھاد [زهاد] (ئە) [بىرلىكى: زاھىد] زاھىتلار، «زاھىد» قا قاراڭ:

ھەيف يۈز ھەيفكى ئۆمر ئۆتتى ئىبادەت قىلماي،
زۇھھاد سىر چەشمەسىدە ھىچ تەھارەت قىلماي.

— مەشھۇرى.

زۇھھاد كۇش — زاھىدلارنىڭ قاتىلى، زاھىدلارنى ئۆلتۈرگۈچى:

تاپىپ ئاتەشگاھ ئىشقىن ئەھلى ھۇش،
پارسا سوزەندەيۇ زۇھھاد كۇش.

— نەۋايى.

زۇھۇر [ظهور] (ئە) كۆرۈنۈش، پەيدا بولۇش:

خۇشا، ھۆسنۇڭ زۇھۇرى مەسجىدۇ مەيخانەدە پەيدا،
بولۇيدۇر ئىشقىدا ھەيرانۇ بىخۇد مۆئمىنۇ تەرسا.

— ئەرشى.

زۇھۇر ئەتمەك — كۆرۈنمەك، نامايان بولماق، بىلىنمەك، پەيدا بولماق:

ھەرگىز سەلاتىنى ئالى مىقدار مۇلازىمەتى خاتىرىمغە خۇتۇر قىلمايدۇر ئىردى ۋە خەۋاقى سىپىھر ئىقتىدار تەمەننالىسى باتىنىمدا زۇھۇر ئەتمەيدۇر ئىردى.

— قىدىرخان يەركەندى.

زۇھۇرغا كەلمەك — پەيدا بولماق، ۋۇجۇدقا كەلمەك.

زۇھۇر قىلماق — «زۇھۇر ئەتمەك» كە قاراڭ.

زۇھۇرى بىدايەت — دەسلەپ پەيدا بولۇش، تۇنجى كۆرۈنۈش.

زۇۋالە [زوالـه] (پ) زۇۋۇلا (خېمىرنىڭ راسلانغان بىر بۆلىكى):

... خادىملەرى سۇفراسىدە ئاي گىردەسى ۋە قۇياش قۇرسى ئىككى فەتىر ۋە تەبىاخلارى تەختەسىدە كەھكەشان شەكلى ئۇ سەپكەن بىر زۇۋالە خەمىر.

— نەۋايى.

زۇئم [زعم] (ئە) گۇمان، شۈبھە.

زى [ذى] (ئە) ساھىب، ئىگە، «زۇ» غا قاراڭ.

زى ھەيات — ھايات ئىگىسى؛ جانلىق، تىرىك:

زى ھەيات ئۆلمەك ئۈچۈندۇر ئاقىبەت،
بۇيلە تەھقىق ئەتتى ئەھلى مەئرىفەت.

— نەۋايى.

زىبەس [زى بس] (پ) بەس، كۇپايە، بولدى:

نىگە يادىدا ئەرشى، روزگارىڭ بولماسۇن تىرە،
زىبەسكىم دەھر ئارا ئانداق كۆزۈ قاشى قارا يوقتۇر.

— ئەرشى.

ئەبەس ئەرچە يۈرۈرمەن ئاھ ئۇرۇپ ئىشقىڭدا قان يىغلاپ،
زىبەس مەھبۇبلار ئىچرە سېنىڭدەك بىۋەفا يوقتۇر.

— ئەرشى.

زىبەك [زيبک] (ئە) سىماب.

زىبھ [ذبح] (ئە) سويۇش، بوغۇزلاش؛ قۇربان قىلىش.

زىبھ بولماق — ئۆلتۈرۈلمەك، سويۇلماق.

زىبھ قىلماق — ئۆلتۈرمەك، قۇربان قىلماق.

زىج [زيج] (ئە) ئاسترونومىيە جەدۋىلى؛ تەقۋىم:

چۇ بەخت ئەختەرى سەئد ئولمادى نەسىد، ئەيكىم،
سىپىھر زىجىنى ھەل قىلغالى رەسەد قىلدىڭ.

— نەۋايى.

زىج بىتماق — ئاسترونومىك جەدۋەل تۈزمەك.

زىجان [ذي جان] (پ + ئە) جانلىق نەرسىلەر، جانلىقلار، جان، ھايات ئىگىلىرى:

تەڭرىنىڭ رەھمەتىگە زىجانغە،
ئەنبىيا ھېبىرى ياخشى ئىنسانغە.

— ن. زىيائى.

زىد [ضد] (ئە) قارشى، قارىمۇ قارشى؛ ئەكسى:

بىسكى، قىلدىڭ زىددىمە ئەغيارىمە كۆپ ئىلتىفات،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەدىڭ.

— قەلەندەر.

زىد تۆرت زىد — بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تۆت ئۇنسۇر (تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت).

زىدد [ضد] (ئە) «زىد» كە قاراڭ.

زىددەين [ضدين] قارىمۇ قارشىلىق، ئىككى قارىمۇ قارشى ئېلېمېنت:

ھەمىشە تا ئەناسىر تۆرت زىددەين،
قىلۇر تەركىبى ئىنساننى مۇۋافىق.

— نەۋايى.

زىددىيەت [ضديت] (ئە) قارشىلىق، قارىمۇ قارشىلىق، كېلىشەلمەسلىك، زىددىيەت.

زىر [زير] (پ) 1) ئاست، بىرەر نەرسىنىڭ تېگى، ئاستى:

مەسىسى ۋۇجۇدۇڭنى سىنىڭ زىر قىلۇر،
زەرگەرى ھەققانى چۇ مەنزەر قىلۇر.

— زەلىلى.

2) مۇزىكىدا ئەڭ ئىنچىكە، يېقىملىق ئاۋاز، نازۇك تاۋۇش:

ھەقىقەت ئەھلى تەئرىف ئەتمەيىن فەھم ئەيلەگەي بىردەك،
مۇغەنىنى ئەرغەنۇن تارىنى نەچچە زىرۇ بەم چەكتى.

— ئەرشى.

3) سىڭىش، ئولتۇرۇش، ئۆزلىشىش:

سۇھبەتى ئالىم كۆڭۈلغە زىر ئېتەر،
ئول كىشى ھەق بۇيرۇغاننى تېز ئېتەر.

— خەراباتى.

زىرۇ بەم — ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەڭ بوم، نازۇك تاۋۇش:

چالدى مەگەر مۇغەننىيلەر نەغمەئى ئەرغەنۇنى ئىشق،
پىر مۇغان ئىشكىدىن كەلدى سەدايى زىرۇ بەم.

— زەلىلى.

زىرۇ زەبەر — ئاستىن - ئۈستۈن؛ ئاغدۇرۇلغان، تىنچسىز:

زىرۇ زەبەر خەتتىڭنىڭ مەزمۇنىدىن بىلۇرمەن،
ھەر ھەرفىدۇر رىسالە، ھەر نۇكتەسى رىۋايەت.

— زەلىلى.

زىرۇ زەبەر قىلماق — ئاستىن - ئۈستۈن قىلماق؛ مەغلۇپ قىلماق، خارۇزار قىلماق:

نە مۇشكىلدۇر، مۇسۇلمانلار، ئىشتىمەسدۇر پەرىزادىم،
فىغانۇ نالەدىن ئالەمنى ئەر زىرۇ زەبەر قىلسام.

— قەلەندەر.

زىرۇ زەبەر ئولماق — ئاستىن - ئۈستۈن بولماق؛ تۈرلۈك ھالەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرمەك؛ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشمەك، قاتتىق ئازابنى باشتىن كەچۈرمەك.

زىرى تۇراب — تۇپراق ئاستىدا:

بۇ سەھرا شەھەر ئەھلى زىرى تۇراب،

بولۇپ گەردەۋىل شەھرى خاكى تۇراب.

— موللا شاكىر.

زىرى خاك — تۇپا ئاستىدا:

دۇئا بىرلە ئېيلەڭ ئۇلارنى ھەلاك،
ھەمە قەۋمى بەد قاغۇسى زىرى خاك.

— موللا شاكىر.

زىرى نىگىن — بىراۋنىڭ قول ئاستىدىكى، قارام، تەۋە.

زىرائەت [زىراعت] (ئە) تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق؛ زىرائەت:

زىرائەت ئىشىدا رىيازەت قىلىپ،
رىيازەت ئىشىدا زىرائەت قىلىپ.

— غەرىبى.

زىرە [زيره] (پ) «زىر» گە قاراڭ:

ئانىڭ ھەربىر سۆزى كەلدى قۇلاقىمغە بولۇپ زىرە،
بۇ كۆڭلۈم دەر بەدەر ئىزدەر تاپائالماي قايان كەتتى.

— موللا سالىھ.

زىردەست [زير دست] (پ) تەۋە، قارام، بىراۋنىڭ قول ئاستىدا ياشىغۇچى؛ بىراۋنىڭ قولى ئاستىدىكى؛ مەغلۇپ، زەئىپ:

تاكى بەردى، ئەي قەلەندەر، لۇتفىدىن جامى مۇراد،
ئالتىمىنىڭ زىردەستى چەرخى گەردۇندۇر بۇ كۈن.

— قەلەندەر.

زىردەست قىلماق — ئۆزىگە بويسۇندۇرماق، تەۋە قىلماق، مەغلۇپ ۋە مەھكۇم قىلماق.

زىردەست ئولماق — تەۋە بولماق، مەغلۇپ ۋە مەھكۇم بولماق، بويسۇنماق.

زىرىھ [زره] (پ) 1) زىرە، ھالقا. 2) ساۋۇت، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئۇرۇش كىيىمى:

زىرىھۇ قالقان كىيىپ ئىسلام بىدىن ئەھلىغە،
ئاشىقى جانبازنىڭ ئىشتەر سەلاھى ئۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

زىرىھ ئۆزرە زىرىھ — زەنجىر، ھالقا ـ ھالقا.

زىرىھپۇش [زره پوش] (پ) ساۋۇت كىيگەن:

بۇ گەز نەۋرۇز غەيرەتىدىن ئۇرۇپ جۇش،
ئاچىغلانغان بىلە بولدى زىرىھپۇش.

— لۇتفى.

زىرىھگەر [زره‌كر] (پ) 1) زىرە، ھالقا ياسىغۇچى، زەرگەر. 2) ساۋۇت، تۆمۈر كىيىم ياسىغۇچى.

زىست [زيست] (پ) ھايات، تىرىكلىك.

زىست قىلماق — ياشىماق، تىرىكچىلىك قىلماق:

نە ئۆچۈنكى، ھەرگىز نەفسىم مۇرادى بىلە زىست قىلمايدۇرمەن.

— نەۋايى.

زىشت [زشت] (پ) سەت، خۇنۇك يامان:

كى تەقدىر ئۆزگە بولمايدۇر بىتىلگەن سەرنەۋشت ئىچرە،
قارىغان چاغدا گەل ئاغزىدا قالدىم ئىچرە زىشت ئىچرە.

— موللا سالىھ.

زىشت خۇي — خۇيى سەت، خۇيى يامان:

بىر دىرەم بەرسە ساتقا بىر زىشت خۇي،
دېمەگىن يۇسۇف مىسالىڭ خوب روي.

— ئەھمەدى.

زىشت روي — چىرايى سەت، كۆرۈمسىز، سۆرۈن تەلەت:

كۆردى كىم ئەلەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،
زىشتِ رويۇ تۇندخۇ سەخت مىھمەتا ساۋۇق.

— ئەرشى.

زىفاف [زفاف] (ئە) توي، نىكاھ:

زىفاق كېچەسى ئەسھابغە بۇيۇردىلەركى، ...

— نەۋايى.

زىكر [ذكر] (ئە) سۆزلەش، تىلغا ئېلىش، بايان قىلىش؛ شەرھلەش:

يۇزۇڭنى كۆرمەگەننى كۆز دېمەسمەن،
سېنىڭ زىكرىڭ ئەمەسنى سۆز دېمەسمەن.

— خىرقىتى.

بارى ئەلنىڭ تىلىنىڭ زىكرى ئۇل گۇلچېھرە بولۇپدۇر،
مەگەر كىم ئۇل پەرىغە خىزىر، پەيغەمبەر نەزەر قىلدى.

— قەلەندەر.

زىكر ئايتماق — خۇدانىڭ نامىنى تەكرارلىماق، تىلغا ئالماق، ئەسلىمەك:

زىكر ئايتقىل، شۇكرى ئايتقىل، يىغلاغىل شەۋقى مەدام،
بارچە ئەئزا روزى مەھشەردە گۇۋاھ بولدى، دەرىغ.

— شەۋقى.

زىكر ئەتمەك — سۆزلىمەك، تىلغا ئالماق، بايان قىلماق.

زىكر ئەيلەمەك — «زىكر ئەتمەك» كە قاراڭ:

جامۇەي ئىسمىن جۇدا زىكر ئەيلەمەك مەرغۇب ئەمەس،
زىكرىنى ئەيلەر كىشى بىر ھەرف ئىلە قىلغاي ئەدا.

— ئەرشى.

زىكر بولماق — تىلغا ئېلىنماق، بايان قىلماق.

زىكر قىلماق — تىلغا ئالماق، بايان قىلماق، ئەسلىمەك؛ يازماق.

زىكر بالى — قىزغىن ماختاش؛ خىيال قانىتى:

بىكىتىمەس دىلرەباسى زىكرى بالىن،
ئەگەر ئىستەر دىلئارامى جەمالىن.

— خىرقىتى.

زىكرى جەھر — ئاشكارا سۆزلەش، ئاشكارا تىلغا ئېلىش.

زىكرى زەبان — سۆز، سۆز قىلىش، زۇۋان سۈرۈش:

جەمال شاھى جەھان ۋەسلىدىن ئۈمىد ئەتسەڭ،
مۇدام زىكرى زەبان دانە دان قىل، ئەي ھافىز.

— شەۋقى.

زىكرى مەھبۇب — يارنىڭ سۆزى، مەھبۇبنىڭ بايانى:

ئەللاھ ـ ئەللاھ دەپ گۇناھ دەردىڭ دەۋاسىن ئىزدەگىل،
زىكرى مەھبۇب بارچە ئىللەتكە دەۋا بولدى، دەرىغ.

— شەۋقى.

زىكرى ھەق — راست گەپ؛ خۇدانى ئەسلەش:

شەۋقى ھالىڭغە رۇجۇئ قىل بولماغىل ئەفسانە گوي،
ئىشق بىرلەن زىكرى ھەقدىن ئۆزگەسى يۈركار ئەمەس.

— شەۋقى.

زىل [ظل] (ئە) سايە؛ ھامىي:

تەۋانابى بەدەن ھەم قۇۋۋەتى دىل،
چىرايلىغ سۈرەتۇ رەۋشەن چىراي زىل.

— ناقىس.

زىلى رەئفەت — مېھرىبانلىق سايىسى.

زىلى شەفقەت — رەھىمدىللىك، شەپقەت ھامىيلىقى.

زىلى ھەق — «زىلى ئىلاھ» قا قاراڭ.

زىلى ئىقبال — بەخت ئىگىسى.

زىلى ئىلاھ — 1) خۇدانىڭ سايىسى، خۇدانىڭ ھامىيلىقى. 2) پادىشاھ:

شەھرىيارى بار ئىدى شاھلارغە شاھ،
ئالەم ئەھلى باشىدە زىلى ئىلاھ.

— نەۋايى.

زىلى ئىلاھىي — «زىلى ئىلاھ» قا قاراڭ.

زىلال [زلال] (ئە) 1) تىنىق، تازا، سۈزۈك. 2) تىنىق، سۈزۈك، تازا شېرىن سۇ.

زىلالى سافىي — مەنىلىك، مېغىزلىق گەپ.

زىلزىلە [زلزله] (ئە) قىمىرلاش، تىترەش، زىلزىلە:

رۇزى مەھشەر زىلزىلە تۈشكەندە ئالەم ئەھلىغە،
كۆز تۇتار سەندىن شەفائەت ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا.

— زەلىلى.

زىلقەئدە [ذى القعده] (ئە) «زۇلقەئدە» گە قاراڭ.

زىللى [ظل] (ئە) «زىل» گە قاراڭ.

زىللى ئاتىفەت — «زىللى رەئفەت» كە قاراڭ:

تانۇماس ئەسلى ئۆز سىفەتلەرىنى،
بۇ ئۇلۇغ زىللى ئاتىفەتلەرىنى.

— ن. زىيائى.

زىللى جاھ — مەرتىۋە سايىسى، كۆلەڭگىسى؛ ئۇلۇغۋارلىق.

زىللى رەھمەت — مېھرىبانلىق، شەپقەت سايىسى.

زىللى ئىقبال — بەخت، ئىقبال سايىسى.

زىللى ئىلاھ — خۇدانىڭ سايىسى؛ پادىشاھ.

زىللەت [ذلت] (ئە) خارلىق، تۆۋەنلىك، پەسلىك:

قايى دىلغە ئىرادەڭ تۈشتى قويدى لالە يەڭلىغ دىل،
كىشى سادىق ئەمەس ئىشقىڭدا زىللەت يەتتى خالىڭدىن.

— گۇمنام.

زىللۇللاھ [ظل الله] (ئە) خۇدانىڭ سايىسى؛ پادىشاھ:

يانە مۇنداغ دېدى ھەبىبى ئىلاھ،
شاھلار بارەسىدە زىللۇللاھ.

— ن. زىيائى.

زىلھەججە [ذى الحجه] (ئە) «زۇلھەججە» گە قاراڭ.

زىمام [زمام] (ئە) 1) يۈگەن، تىزگىن. 2) ئىختىيار.

زىمامى خىيال — خىيال تىزگىنى، پىكىر يۈگىنى:

كېتىپدۇر قولىدىن زىمامى خىيال،
بولۇپدۇر ئاڭا ئارزۇيى ۋىسال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىمان [ضمان] (ئە) كېپىل، كېپىللىك؛ كېپىل بولۇش:

چۇ شەھ خەلق رىزقىغە بولمىش زىيان،
ئېرۇر ئارتۇق ئۆكسۈك يېتۈرمەك يامان.

— نەۋايى.

زىممە [ذمه] (ئە) مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، بۇرچ؛ قەرز:

ئەمما ئەل زىممەسىدە ئېردى ۋە ئون مىڭنى، ئەلگە كەچتى ۋە ئون مىڭنى ئالدى.

— نەۋايى.

زىمن [ضمن] (ئە) 1) ئارا، ئوتتۇرا، ئىچ؛ ئارىسىدا، ئوتتۇرىسىدا، ئىچىدە. 2) مەقسەت، ئىستەك.

زىن [زين] (پ) ئېگەر:

كى ئەكسەر كۆنلەرى رەخش ئەيلەبان زىن،
ئالىپ كۆپ نەۋجەۋانى ئىلغەت ئايىن.

— ناقىس.

ۋەلەددىن زىرا بولماسا ۋالىدەين،
تاپالماس قىيامەت فەزاسىدە زەين.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىن پوش — يوپۇق، ئېگەرنىڭ يوپۇقى:

ئالىپ كەلدى مىنمەك ئۈچۈن ياخشى ئات،
كى زەررىنە، زىن پوش ئىدى قاتمۇ قات.

— ئا. نىزارى.

زىنا [زنا] (ئە) جىنسىي ئالاقە (ھارام، قانۇنسىز

مۇناسىۋەت).

زىندان [زندان] (پ) 1) قاماقخانا:

كى زىندان ئىچىدە گۇناھكارلار،
كۆپ ئېردى ئىچىدە تەبەھكارلار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قاراڭغۇلۇق، قاراڭغۇ جاي، زىندان:

ئىككىنچى دەفئە پادشاھغە ئەرز قىلىپ چاھغە تاشلاتقىلار دىپ بۇيرۇغانىدا، زىنداندا ئىتىنىڭ ۋەفادارلىقى بىرلە روزگار كەچۈرۈپ، يەنە بىر پەرۋىش سەئيى بىرلە چاھدىن خەلاس بولۇپ، خاجە باشىدىن ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى مەلىكەغە تەئرىف قىلغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) غەم، قايغۇ:

كۆز ئاقارىپ سىزغۇدەك بولدى كۆزىنىڭ مەردۇمى،
گەرچە ئەيشى ـ راھەتىنى مىھنەتى زىندان قىلىپ.

— موللا سالىھ.

زىندان ئەھلى — مەھبۇسلار.

زىندانى [زندانى] (پ) قامالغان، مەھبۇس:

چىن دىپ كەلسە، ئانى ئەمدى،
ئەيلەي كۆڭلۈمدە زىندانى.

— نەۋايى.

زىندە [زنده] (پ) تىرىك، جانلىق، ھاياتلىق:

ئايدى: ئەي مەردى خۇدا خۇب كەلدىڭىز،
بولدى ئۈچ يۈز يىل بىلىڭكىم، زىندە بىز.

— زەلىلى.

مۇنچە كىم زىندەلەرغە بەردى جان،
ئانى ئۆلتۈرمەيىنكى قويدى ئەمان.

— ن. زىيائى.

زىندە پىلى — ھەيۋەتلىك پىل.

زىندە پىلى دەمان — گەۋدىلىك، زور پىل، ھەيۋەتلىك پىل.

زىندە دىل — دىلى روشەن، شاد، دىلىدا كىرى يوق، خۇش چاقچاق.

زىندە قىلماق — تىرىلدۈرمەك، ھاياتلىق بەرمەك:

كىشىنى يوق ئەتمەك ئەگەرچە يەسىر،
ۋەلې زىندە قىلماق ئېرۇر كۆپ بەسىر.

— ئا. نىزارى.

زىندەئى پۇش — ھاياتلىق، تىرىكلىك كىيىمى، لىباسى:

زاھىرەن كەلدى گەرچە زەندەگى پۇش،
فىلھەقىقەت ئەمىرى زىندەگى پۇش.

— ن. زىيائى.

زىندەئى جاۋىد — ئەبەدىي تىرىك.

زىندەكار [زندكار] (پ) تىرىكلىك، ھاياتلىق، ياشناش:

پادشاھلار زىكرىدەكىم ئەگەر ئادىل بولسە، ئادالەت جۇيبارىدىن لەب تەشنەلەرنى سىيران ئېتەر، ۋە گەر دادخاھلىق مۇددەئاسىغە ئۆزى ئامىل بولسە، لەتافەت سەرشارىدىن قۇرۇغان شەجەرلەرغە زىندەكارلىق ھاسىل قىلۇر.

— ن. زىيائى.

زىندەگان [زندگان] (پ) «زىندەگانى» غا قاراڭ:

كى تەھسىلى ۋۇجۇھى زىندەگانلىغ،
زەرۇرەتدۇر كىشىكىم بولسە جانلىغ.

— ناقىس.

زىندەگانى [زندگانى] (پ) ھايات، ئۆمىر، تىرىكلىك، تىرىكلىكتە دائىر:

زۇلمەتكە سەۋادى گەر نىشانى ئېردى،
مەزمۇن ئاڭا ئابى زىندەگانى ئېردى.

— نەۋايى.

زىندىق [زنديق] (ئە) دىنسىز، خۇداسىز، مۇناپىق:

ھەر كىشىكىم ئەھلى سىدىق، سىددىق بولۇر،
ھەر كىشىكىم ئەھلى جەھل زىندىق بولۇر.

— خەراباتى.

زىندىقە [زنديقه] (ئە) خۇداسىز، دىنسىز ئايال:

مانى نەققاشنىڭ مىللەتىكىم زىندىقە ئېردى، ئانىڭ زەمانىدە شائىئ بولدى.

— نەۋايى.

زىنھار [زنهار] (ئە) 1) زىنھار، ئەسلا، ھەرگىز، ھىچ:

ئۆزۈڭنى شاد تۇتقىل، غەم يىمە دۇنيا ئۈچۈن زىنھار،
كى، بىردەم غەم يىمەككە ئەرزىمەس دۇنيايى فەرسۇدە.

— بابىر.

2) ئىلتىجا، ئىلتىماس، يېلىنىپ سوراش:

زىنھار، ئەي مۇسافىر، شام ئولدى بىر دۇئا قىل،
رەددى بەلا دىبدىلەر ھەر سۆھبەتى خۇدايى.

— زەلىلى.

3) ئېھتىياتتا بولۇش، ئاگاھ بولۇش؛ دىققەت، ھوشىيار:

ھوشىيار بولۇپ بارما بەيابان سارى دەۋرىش،
— بۇ ۋادەدە زىنھار.
يول كۆرگۈزۈر ئەلنىڭ ئۈنى ئاۋاز جەرەسدۇر،
— چۇن سەيھەگى دۇلدۇل.

— زەلىلى.

4) ئەلۋەتتە، چوقۇم:

ئۈنىڭ كويىدا قولۇڭنى دەفن ئەيلەگىل زىنھار،
كۆيۈپ فىراق ئوتىدا مەھزۇن ئۆلدى، ئەي ئەھباب.

— مەھزۇن.

زىنھارۇ زىنھار — زادى، ھەرگىز:

ئايا، سەيدى سەنەملەر مەشرەبىندە،

تەمەئ تۇتما ۋەفا زىنھارۇ زىنھار.

— سەيىد ئەھمەد.

زىھ [زه] (پ) 1) ئاپىرىن، تەھسىن. 2) كاماننىڭ يىپى، كىرىچى. 3) قىرغاق، ساھىل، چەت؛ جىيەك.

زىھ ئاتماق — 1) ئاپىرىن ئېيتماق، تەھسىن ئوقۇماق. 2) كاماندىن ئوق ئۈزمەك، ئاتماق.

زىھ قىلماق — كاماننىڭ يىپىنى تارتماق.

زېھن [ذهن] (ئە) زېھىن.

زېھنۇ فىكرى — زېھىن ۋە پىكىر، ئەقىل - ھوش:

راست يولدىن كىشىكى قىلدى خۇرۇج،
زېھنۇ فىكرى ھەۋاغە ئەتسە ئۇرۇج.

— ن. زىيائى.

زېھنى سالىم — ساغلام زېھىن.

زىھاف [زحاف] (ئە) 1) قىمىرلاش، ئۆمىلەش. 2) ئارۇزدا بىر بەھىر (ۋەزىن) نىڭ بۆلەكلىرىدە بولىدىغان ئۆزگىرىش:

ئانىڭ شەرھى بۇدۇركى، ئول دىۋاندە ھەر غەزەل باشىدا ئول غەزەل نە بەھردە ۋە نە ۋەزىندە ئېركەنىن ۋە ئەركانىغە قايسى زىھاف كىرىپ، نە نەۋئ تەغەييۇر تاپقانىن بىتكەيلەر.

— نەۋايى.

زىھافات [زحافات] (ئە) «زىھاف» نىڭ كۆپلۈكى، «زىھاف» قا قاراڭ.

زىھى [زهى] (پ) 1) ياخشى، ئوبدان، جايىدا! 2) گۈزەل، يېقىملىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان. 3) خۇددى، ئۆزى؛ تولىمۇ، ئەڭ. 4) قانداق، قانداقچە، ھەقىقەتەن:

زىھىكىم ئەنبەر ئەفشان كاكۇلۇڭ دەفئى خۇمار ئەيلەپ،
خەيالىڭ خىلۋەتىدە روزۇشەب ۋەقتىمنى قىلمىش چاغ.

— شەۋقى.

زىھى ئازاد — تولىمۇ ئازادە، ئاجايىپ ئەركىن:

زىھى ئازاد تەبئ ئېرمىش سەبۇرى دوستلار بىسى،
غەرىبۇ خاكسار ئاشىق پەژمۇردەھال ئەسرو.

— سەبۇرى.

زىھى دەۋا — ئاجايىپ داۋا، ياخشى دورا، تولىمۇ شىپالىق:

رىزا، قەزاغە بەلاسىغە سەبرى كەلتۈرگىل،
كى ھەمچۇ يۇنۇسۇ ئەييۇب زىھى داۋا ئۇچرار.

— شەۋقى.

زىھى دەۋلەتلى — نەقەدەر دۆلەتلىك، نېمىدېگەن بەختلىك:

زىھى دەۋلەتلى ئاشىقكىم سىنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرەتى جەننەت، نە جەننەت، جەننەتى گەۋھەر.

— سەيفى سەرايى.

زىھى سائىل — ئاجايىپ تىلەمچى، بەختلىك سايىل:

ھەق تەرەفدىن ھەرنەكىم ئىزدەپ تاپىق بەخشىش ئەتا،
ئەي زىھى سائىل، زىھى بازىل، زىھى رىفئەت نىھاج.

— شەۋقى.

زىھى شەقاۋەت — قانداق بەختسىزلىك.

زىھى غافىل — غاپىل، غەپلەتتە قالغان كىشى.

زىھى غەباۋەت — قانداق ئەخمەقلىق.

زىھى لۇتف — ئاجايىپ ياخشىلىق، ئاجايىپ مەرھەمەت:

زىھى لۇتفۇڭ نەسىمىدىن ئاچىلمىش بىر گۈلى رەئنا،
تەرەننۇم چەكتىلەركىم ھەر تەرەفدىن بۇلبۇلى شەيدا.

— شەۋقى.

زىھى ئىشرەت — نەقەدەر ئىشرەت، قانداق راھەت:

زىھى ئىشرەت سىنىڭ ئۆسرۈك كۆزۈڭگە،
كى گۈلزار ئىچرە خۇش مەجلىس تۈزۈپدۇر.

— ئاتايى.

زىۋەر [زيور] (پ) بېزەك، زىننەت:

بۇ زىۋەر بىرلە يۈزىڭ گەنجى قارۇن،
كېلۇر قانچە كىشىگە ئانچە ئىفلاس.

— ئەرشى.

زىۋەر بەرمەك — بېزىمەك؛ بېزەتمەك.

زىۋەر تاپماق — بېزەنمەك، ياسانماق.

زىۋەر كۆرگۈزمەك — چىرايلىق كۆرۈنمەك.

زىيا [ضيا) (ئە) نۇر، يورۇقلۇق؛ روشەنلىك؛ پارلاق:

مۇھەببەت پەيزىدىن يەتكۈر دەمادەم تىيرە كۆڭلۈمگە،
كۆڭۈلدىن غەيرى زىكرىن ئەيلەگەي ئول نۇر زىيا پەيدا.

— ئابىد قۇمۇلى.

زىيا ئەيلەمەك — نۇرلاندۇرماق، يورۇتماق، روشەن قىلماق:

مېنى بۇ بەلادىن رىھا ئەيلەگىل،
مۇكەددەر دىلىمنى زىيا ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىيا تۇتماق — يورۇتماق.

زىيايى چەشم — كۆز روشەنلىكى:

نەھاجەت ھەججى ئەكبەر كاشغەر ئىچرە مەزارىم بار،
زىيايى چەشمىمە خاكى دەرىدىن سۈرمە زارىم بار.

— گۇمنام.

زىياد [زياد] (پ) ئارتۇق، كۆپ:

بولۇپ ئول كىشىدىن كۆڭۈل ئانچە شاد،
كى ئىنئام قىلدىم ئەدەددىن زىياد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىياد ئەتمەك — ئارتتۇرماق، كۆپەيتتۈرمەك.

زىياد قىلماق — «زىياد ئەتمەك» كە قاراڭ.

زىيادە [زيادە] (ئە) ئارتىش، كۆپىيىش ئارتۇق، كۆپ، ئارتۇقچە، ئارتقان:

زىيادە خۇش بولۇپ كەلدى يەقىنراق،
سەلام ئەتتى ئاغا سۇلتانى ئافاق.

— ناقىس.

زىيادە ئەتمەك — «زىيادە ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

زىيادە ئەيلەمەك — كۆپەيتمەك، ئارتتۇرماق.

زىيادەت [زيادت] (ئە) «زىيادە» گە قاراڭ.

بولغان سارى زىيادە زىيادەت تەلەپ قىلۇر،
تويماس مۇرادى ھەر نەچچە بولسا مۇيەسسەرى.

— سەبۇرى.

زىيادەت بولماق — ئارتماق، كۆپەيمەك.

زىيارەت [زيارت] (ئە) بىرەر شەخس ياكى بىرەر مەشھۇر جاينى بېرىپ كۆرۈش، زىيارەت:

زىيارەتكە سەبەبدۇر نېمەتى كۇبراغە شۇكر ئەتمەك،
بەسەندەست «ئۇممەتۇن مۇزنىبەتۇن رەببۇن» غە فۇرمەزكۇر.

— شەۋقى.

زىيارەتگاھ [زيارتكاه] (ئە + پ) زىيارەت جايى، تاۋاپ قىلىنىدىغان مەشھۇر گۆرۈن، زىيارەتگاھ:

قويۇپ توغ ـ ئەلەملەر مەزارەتگاھ،
بولۇپ ئىشق ئېلىگە زىيارەتگاھ.

— ئا. نىزارى.

زىيارىز [ضياريز] (ئە + پ) روشەنلىك، نۇر چاچقۇچى، يورۇتقۇچى:

ئەھ يەسرىب گۆزە بۇ پەرق ئىنىب تېز،
زۇلمەتتە ئەشىئئەسى زىيارىز.

— نەۋايى.

زىيافەت [ضيافت] (ئە) مېھماندارچىلىق، مېھمان كۈتۈش، زىياپەت:

بۇ بىچارەلەرغە ئېئانەت كېرەك،
بۇ ئەۋۋارەلەرگە زىيافەت كېرەك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىيان [زيان] (پ) زەرەر؛ چىقىم، زىيان:

بۇ تەدبىر بىرلە تاپارسەن ئەمان،
سېنى كۆرسە ھەركىم يەتۇرمەس زىيان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىيان قىلماق — زەرەر، زىيان كەلتۈرمەك.

زىيان ـ بۇد [زيان بود] (پ) زىيان ـ زەرەر:

نە نەۋئ ئىش بىرلە تاپتى دىن ئىشى سۇد،
نە ئىشدىن ئاخىرەت تاپتى زىيان ـ بۇد.

— نەۋايى.

زىيانزەدە [زيان زده] (پ) زىيان كۆرگەن، زىيان تارتقان:

فاسىق ۋە خەممار زىيانزەدە ۋە زىيانكار.

— نەۋايى.

زىيانكار [زيانكار] (پ) زىيان يەتكۈزگۈچى، بۇزغۇچى.

زىيائ [ضياع] (ئە) 1) يوقىتىش؛ يوقىلىش، نابۇت بولۇش:

قەرقەف ئاتەشىن بىلە ساقى نەۋنەھار ئىشق،
دەۋرى تەسەلسۇل ئەيلەمەك يەتكۈچە سىنماسۇن رىيائ.

— زەلىلى.

2) مۈلۈكلەر؛ تېرىلغۇ يەرلەر، «زەيئە» گە قاراڭ:

ۋە ئۇل خەلىلغە دېدىكىم، گۇۋاھ بولۇڭكىم، ھەر نېمە مەندىن باردۇر زىيائ ۋە ئەملاكدىن، بارىن ۋەقف قىلدىم.

— نەۋايى.

زىيب [زيب] (پ) 1) بېزەك، زىننەت:

بۇ ئالەم زىيبىدىن بولغىل مۇجەررەد،
فەنا ئەھلى قىلىپدۇرلار ئانى رەد.

— ئەرشى.

2) كۆرك، ھۆسن، چىراي. 3) پەرداز بېرىش؛ ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىش. 4) گۈزەل؛ گۈزەللىك:

ۋەرەق ھۆسن ئەھلى زىيبىغە تازۇتقان گۈلئۇزارىمدۇر،
ئەمەس كىرپىك كۆزۈم ئەترافى ئۆزرە رەشكى خارىمدۇر.

— گۇمنام.

زىيب ئەنگىز — گۈزەللىكى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان، گۈزەللىكى ئاپئاشكارا:

زىيب ئەنگىز شوخى تۇركىيلەرنى،
كۆرۈپ رەشك ئەيلەگەي خۇبانى كابۇل.

— زەلىلى.

زىيب ئەملى — گۈزەللەر.

زىيب بەرمەك — زىننەتلىمەك، بېزىمەك، گۈزەللەشتۈرمەك:

زىيب بېرىپ باشىدە مولۇن تۇماغ،
چېھرە مۇنەۋۋەر ئەۋھەرى شەب چىراغ.

— زەلىلى.

زىيب تاپماق — بېزەلمەك، زىننەتلەنمەك.

زىيب تۇتماق — «زىيب تاپماق» قا قاراڭ.

زىيبۇ ئارايىش — «زىيبۇزەين» گە قاراڭ.

زىيبۇ زەين — زىبۇ زىننەت ۋە پەرداز.

زىيبۇ زىۋەر — «زىيبۇ زەين» گە قاراڭ:

سەن لەتافەت سۈيى بىرلە يۇغرۇلۇپدۇر سەن تەمام،
ئۆزگەلەرنىڭ ھۆسنى بولسا زىيبۇ زىۋەردىن لەتىف.

— ئاتايى.

زىيبۇ زىينەت — «زىيبۇ زەين» گە قاراڭ:

سالىك [سالك] (ئە) يولۇچى، سەپەر قىلغۇچى؛ تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن، مۇساپىر:

ئۆزلۈكنى سەلب ئەيلەمەي سالىككە كەشف ئىزھار ئېتەر،
ئول ئېرۇر خاتۇنكى ھەيز ئىچرە قىلۇر ئىزھار خۇن.

— ناقىس.

سالىم [سالم] (ئە) 1) ئامان، ساق، سالامەت. 2) ئارۇز ۋەزنى بەھرلىرىنىڭ بىرى.

سالىنماق [سالىنماق] تاشلانماق، قالدۇرۇلماق.

سالىھ [صالح] (ئە) توغرا ئىش قىلغۇچى، ياخشى ئىش قىلىدىغان، پاك:

نەۋايى ئاللىگە يازغانىنى كۆرمەيىن بولماس،
ئېرۇر ھەق ئالدىدىن گەر سالىھ ئول ۋەگەر تالىھ.

— نەۋايى.

سالىھە [صالحە] (ئە) پاكىز، توغرا، ساپ ئايال.

سام [سام] (پ) ئىششىق، ياللۇغ.

سامان [سامان] (پ) ئىمكانىيەت؛ ئامال، ئىلاج؛ ياردەم:

كۆرەر بولسام ئەگەر كىم دىلبەرى يۈسۈف نىشانىمنى،
تاپا ئالماي يۈرۈيدۈرمەن جەھاندا بىسەرۇ سامان.

— قەلەندەر.

سامىئە [سامعە] (ئە) ئىشىتىش، ئاڭلاش.

سامىت [صامت] (ئە) جىم تۇرغۇچى، سۈكۈت قىلغۇچى.

سامىر [سامر] (ئە) جادۇگەر، سېھىرگەر.

سامىرىي [سامرى] (ئە) «سامىر» غا قاراڭ.

كۆزنى ئەفسۇنساز ئېتىپ جانبەخش لەبىنى نۆكتە ئەيت،
سامىرىي سېھرىنى مەسىھا مۆجىزىنى ئىزھار قىل.

— نەۋايى.

سامىئ [سامع] (ئە) ئىشىتكۈچى، ئاڭلىغۇچى، تىڭشىغۇچى:

ئىشىت، سامىئ، بۇ ناقىس ئۆزىدىن سۆز،
داغى كۆر بۇ رىسالە، بولسەگەر كۆز.

— ناقىس.

سامىئ بولماق — ئاڭلىماق، تىڭشىماق، ئىشىتمەك:

بولۇر سامىئ بۇدۇر مەجنۇننىڭ جانى،
چىقاردى كۆكسىدىن تۇرلۇك فىغانى.

— موللا پازىل.

سانى [ثانى] (ئە) ئىككىنچى.

سانىئ [صانع] (ئە) ياسىغۇچى، ياراتقۇچى، خۇدا:

نە چۈككىم سانىئى ئىمكانى ئالەم،
ياراتتى قۇدرىتىدىن جىنسى ئادەم.

— ناقىس.

سانىئى غەيب — ياراتقۇچى، خۇدا:

چۇ ئەشيادە كۆرسە كىشى سەنئەتىن،
بىلۇر سانىئى غەيبدىن قۇدرەتىن.

— نەۋايى.

سانىئى قۇدرەت — قۇدرەتلىك خۇدا، قۇدرەت ئىگىسى:

ياراتمايدۇر ئانىڭدەك بۇ جەھاندا سانىئى قۇدرەت،
نەسەب ئەتكىل، ئىلاھا ئول پەرىغە ئەيش ئىلە ئىشرەت.

— قەلەندەر.

سانىھ [سانح] (ئە) بېرىلگەن، قولغا كىرگەن، ئاتا قىلىنغان:

سانىھ بولماق — پەيدا بولماق، قولغا كىرمەك:

سەن ئېتىرازنى قويغىلكى، بارچە ھەقدىندۇر،
چۇ غەيب مەكمەنىدىن ھەرنەكىم بولۇر سانىھ.

— نەۋايى.

سانىيەن [ثانيةً] (ئە) ئىككىنچىدىن.

ساھەت [صاحت] (ئە) مەيدان، كەڭ جاي، دەرگاھ:

ساھەتى ئىچرە خەلق غەۋغاسى،
ئارزۇخاھ ئۆلۈس ئەلالاسى.

— نەۋايى.

ساھىب [صاحب] (ئە) ئىگە، مۇئەللىپ:

ئۇلار كىم ئىردى پەيغەمبەرغە ساھىب،
بولۇپ مەجزۇبى نۇرۇللاھ جازىب.

— ناقىس.

ساھىبۇل مېئراجى — مېئراجقا چىققۇچى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ:

بەردىلەر ئەلفەقرۇ فۇخرىدىن خەبەر،
ساھىبۇل مېئراجى ئول لاۋلەك تاج.

— شەۋقى.

ساھىبى ئەفئال — ئىش ئىگىسى.

ساھىبى خۇرۇج — قارشى باش كۆتۈرۈپ چىققۇچى، توپىلاڭ قىلغۇچى. توپىلاڭچى:

مەخدۇمى پاكبازى، پەرۋازى شەھبازى،
ساھىبى خۇرۇج غازى، چۇن ئارسلان ئەمەسمۇ.

— زەلىلى.

ساھىبى نەزم — شېئىر، نەزم ئىگىسى، شائىر:

ئەيا ساھىبى نەزم گۇيى سۇخەن،
مۇشەۋۋەش خىيالات، ئەفسۇردە تەن.

— ئا. نىزارى.

ساھىبى دەۋلەت — دۆلەت ئىگىسى، دۆلەت باشلىقى، پادىشاھ.

ساھىب ئەزا [صاحب عزاء] (ئە) ھازا ئىگىسى، ھازىدار.

ساھىب ئەسرار [صاحب اسرار] (ئە) سىرلەر

زىنەت ئەيلەمەك — «زىنەت بەرمەك»كە قاراڭ.

زىنەت بەرمەك — بېزىمەك، زىننەتلىمەك:

ھۆسنىغە زىنەت بېرىپ قىلدى يۈرەكنى لەختە قان،
تۆكتى قانىم ساھىبى لۆئلۆگى مەرجانىمغە ئايت.

— خۇشھال غەرىبى.

زىنەت تاپماق — بېزەلمەك، زىننەتلەنمەك.

زىنەت فىزاي — بېزىتىلگەن، زىننەتلەنگەن.

زىنەتى باغ — باغنىڭ زىننىتى، باغنىڭ گۈزىلى؛ قىزىلگۈل:

سەبا ئەيدى ئاڭا، ئەي زىنەتى باغ،
ساڭا قۇل تاپقالى جاندا ئىدى داغ.

— خىرقىتى.

زىنەتى دۇنيايى دۇن — مەككار دۇنيانىڭ زىننىتى، ھىيلىگەر جاھاننىڭ پەردازلىرى:

بولماغاي ھەرگىز گەدالەر ئەل ئالىندا ئېتىبار،
زىنەتى دۇنيايى دۇننى، ئەي قەلەندەر، زەر كېلىپ.

— قەلەندەر.

زىنەتى گۈلشەن — گۈلشەننىڭ گۈزەللىكى، گۈلشەننىڭ كۆركى:

دامەنى سەھرا دېمەسلەر لالەزارى بولماسا،
زىنەتى گۈلشەن بېرۇرمۇ سەبزەزارى بولماسا.

— زەلىلى.

زىنەتى ھۆرى پەرى — ھۆر - پەرىلەرنىڭ زىننىتى:

تىشلەپ ئېلىكىڭنى تەماشا قىلغۇچە رەسۋالىغىم،
زىنەتى ھۆرى پەرى ئول ھۆسنى گۈلزارىمغە باق.

— گۇمنام.

ژ

ژاله [ژاله] 1) مۆللۈك، شەبنەم؛ يامغۇر، مۆلدۈر، يامغۇرسىمان مۇز پارچىلىرى:

تەۋەممۇمدا باغرىم بولۇپ لالەدەك،
ئاقار ئىردى كۆزدىن ياشىم ژالەدەك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

نەۋاگەدەك نىشانە گورنىغە باشىن تۇتار گەرشى،
ئەگەر ئىشقىڭ ھەۋاسىدىن ياغار ھەرژالە تاش ئولسۇن.

— گەرشى.

2) ياش، كۆز يېشى، ياش تامچىلىرى:

دېدى: *كۆزدىن تۆكەرسەن دۇررى ژالە،*
دېدى: *ئىشقىڭ تېگىپدۇر ئاھۇ نالە.*

— خىرقەتى.

ژاله ھىجران — ئايرىلىش ئازابى، جۇدالىق مۆلدۈرى:

ھەۋايى ئىشقىدىن باشىمغە ياغقان ژالە ھىجراندۇر،
كى بۇ بارانغا ئاھىم گەردى بادى چۇنكى قالقاندۇر.

— ئا. نىزارى.

ژالەئى ناب — يالتىراق مۆلدۈر، مۇز پارچىلىرى.

ژەرف [ژرف] (پ) چوڭقۇر، تېرەن؛ ئۇزۇن، ئۇزاق، بىپايان:

قايۇ قەترە سۇۋ بەلكى دەريايى ژەرف،
كى قىلمىش ئاڭا ھەق دەۋاتىمنى زەرف.

— گەرشى.

دەريايى ژەرف — چوڭقۇر ۋە بىپايان دەريا؛ دېڭىز:

يانە بەردىلەر جىلۋە جامى شىكەرف،
تولا مەيدىن ئانداغكى دەريايى ژەرف.

— نەۋايى.

ژەندە [ژنده] (پ) «جەندە» گە قاراڭ:

قامەتىڭ سەۋداسىدىن بولغاچ قەلەندەر سەۋركىم،
باشىدا شەكلى كۆلەھ، بەرگىدىن گۇلدى ژەندەسى.

— گەرشى.

ژەيان [ژيان] (پ) غەزەپلىك، قەھرلىك، دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق:

قەھرىدىن گەرشىرى ژەيان كۆردى بىيم،
ئۆردى باشىن ئۇي سۇتى ئىچكەن يەتىم،

— نەۋايى.

شىرە ژەيان — قەھرلىك شىر، قورقۇنچلۇق مەخلۇق:

ئىشق كويىدە ئەگەر شىرى ژەياندۇر ئىتدۇر،
تاڭ يوق گەر فەخرۇ مۇباھات ئىلە بۇ نۇقتە سۇرەي.

— نەۋايى.

قىلىپ ۋەھمە ئاندىن ھەمە مەردەمان،
قاچىبان دەۋۇدام، شىرى ژەيان.

— ئا. نىزارى.

ژولىدە [ژوليده] (پ) پەرىشان، غىش؛ چۇۋۇق، چۇۋۇلغان، چېچىلغان، يېيىلغان.

ژولىدە مو — چېچى چۇۋۇلغان، ياخماق چاچ:

موي بۇ ژولىدە مولاردىن چۇ دىلگىر ئولماغىز،
زاھىر ئولماس زىينەتى شەھرى، قەلەندەر بولماسا.

— زەلىلى.

س

سائەت [ساعت] (ئە) ۋاقىت، مەزگىل، سائەت:

كى داخىل بولۇپ ياخشى سائەت بىلە،
چۇ ئاندا تۇرۇپمىز ئىبادەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

سابان [سبان] ساپان، قوش.

سابۇن [صابون] (ئە) سوپۇن.

سابىت [ثابت] (ئە) تۇرغۇن، مۇقىم، تەۋرەنمەس، ئۆز سۆزىدە، مەيداندا مەھكەم تۇرىدىغان:

بەيان ئولمىش يۈزۈڭ خۇرشىدىدىن ۋەششەمسى تەفسىرى،
ساچىڭ سەۋداسىغە ۋەللەيلى سابىت ئەيلەمىش سەۋدا.

— شەۋقى.

سابىت ئەتمەك — ئىسپات قىلماق.

سابىت بولماق — قەيد قىلىنماق، يېزىلماق.

سابىت قەدەم — ئۆز گېپى، ئۆز مەيداندا چىڭ تۇرىدىغان، بىر سۆزلۈك، ئۇجەر:

تەلەبدە ھەمچۇ زىلەيخا سابىت قەدەم بولغىل،
مەدەد بېرىلسە بۇ بەختىڭگە مىسىر شاھ ئۇچار.

— شەۋقى.

سابىت قىلماق — «سابىت ئەتمەك» كە قاراڭ.

سابىت ئولماق — «سابىت بولماق» قا قاراڭ.

سابىتات [ثابتات] (ئە) تۇرغۇن يۇلتۇزلار:

يانە بىردە سابىت ئەيلەدىڭ سابىتات،
ئاڭا سەير، ئەمما بۇلەرگە سەبات.

— نەۋايى.

سابىر [صابر] (ئە) سەۋر قىلغۇچى، سەۋرلىك، چىداملىق، تاقەتلىك:

جەھانكىم بولسە مۇنداغ جانغە جابىر،
نە ئىمكاندۇر بۇتەن بولماقغە سابىر.

— ناقىس.

سابىق [سابق] (ئە) ئىلگىرىكى، ئاۋۋالقى، بولۇپ ئۆتكەن، پېشقەدەم:

ئەمەسمەن بەئىز - بەئىز ئولماققا لايىق،
ئەمەسدۇر ھېچنېمە زاتىڭغە سابىق.

— ناقىس.

ساتىر [ساتر] (ئە) پەردە؛ يوشۇرغۇچى، سۇققۇچى:

بار ئېردى ۋەسئۇ خەلق ساير،
ئەشجار گۈلۈسى ئەلگە ساتىر.

— نەۋايى.

ساتىئ [ساطع] (ئە) يالتىرايدىغان، پارقىراق:

جەبىندا ساتىئ رۇ نۇرى سەفا،
جەھەت بۇكى قويماقغە ئات مىرۋەفا.

— ئا. نىزارى.

ساجىد [ساجد] (ئە) سەجدە قىلغۇچى، تەزىم قىلغۇچى:

ھەر سارى بىنا قىلىپ مەساجىد،
ئادەمگە مەلايىك ئاندە ساجىد.

— نەۋايى.

ساچ [ساچ] چاچ، موي:

گۈل پەرىۋەشنىڭ ۋىسالىن تەگرىدىن قىلدىم تەلەب،
تەلئەكى چۇن «ۋەززۇھا» دۇر ساچلارى مانەندى شەب.

— موللا سالىھ.

ساچباغ [ساچ باغ] چاچۋاغ:

ساچباغ ئېرمەستۇركى، گۈل كافىرغىلاق ئەيلەبدۇر،
ئەلەم ئىچرە كۇفر تەئزىمى ئۈچۈن زۇننارىغە.

— نەۋايى.

ساچماق [ساچماق] 1) سەپمەك، چاچماق؛ تاراتماق، يايماق:

فىتنە ئەھكامىن سۇرۇرگە دانەئى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فۇلاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

2) ئەكمەك، تېرىماق:

مەززەئى ئىشق ئىچرە ساچماق قابىلىيەت دانەسىن،
ئەيلەدى كۆك تاسىدىن گويا قەزا دېھقانى قايىل.

— نەۋايى.

ساچىق [ساچيق] تارتۇق؛ چاچقۇ:

ساچىق بىرلە نەۋائى سازى ئانىڭ،
خىتايى جىنس پايەندازى ئانىڭ.

— نەۋايى.

ساخت [ساخت] (پ) تەييارگەرلىك؛ بېزەك.

سادات [سادات] (ئە) ئابرۇيلۇق، مۆتىۋەر ئادەملەر.

سادە [سادە] (پ) ساددا، ئاددىي، توغرا:

شاھىدى سادە كىرەك فايز تەلەب موللاغە،
مۇترىبۇ بادە كېرەك رىندەئى بىپەرۋاغە.

— ناقىس.

ساده سۆز — توغرا، راست سۆز:

كى پېچىدە قىلماي، قىلىپ ساده سۆز،
تەكەللۇف ئۇمۇرىدىن ئازادە سۆز.

— ئا. نىزارى.

سادەلىغ [سادەلىغ] ساددىلىق، تۈزلۈك، گوللۇق.

سادەۋەش [سادەۋش] (پ) ساددىغا ئوخشاش، ساددا بولۇپ كۆرۈنگەن:

سادەۋەش يارىم بەغايەت نۇرغەن ئېرىمىش ئاڭلادىم،
ئاشكارا دوست، پىنھان دۈشمەن ئېرىمىش ئاڭلادىم.

— نەۋايى.

سادىر [صادر] (ئە) پەيدا بولغۇچى، يۈز بەرگۈچى.

سادىر بولماق — يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق.

سادىر ئولماق — «سادىر بولماق» قا قاراڭ:

سادىر ئولۇپ جۈملە يامان ئىشلارىم،
يەندۇرۇپ ئەلنى نەچە، ئەييارمەن.

— موللا سالىھ.

سادىس [سادس] (ئە) ئالتىنچى.

سادىق [صادق] (ئە) راست گەپ قىلغۇچى، توغرا ئىش قىلغۇچى؛ ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق:

دېدى شەيخ: «بۇ پاك ئاشىق ئىكەن،
ھەقىقەت ھەرىمىگە سادىق ئىكەن.»

— ئا. نىزارى.

سادىقانە [صادقانه] (ئە + پ) سادىقلىق، توغرىلىق، ۋاپادارلىق بىلەن:

كى ھۆسن شۇئلە سىدىنكىم يارۇت كۆزۈڭ، ئەرشى،
كى شاھى ھەجرىنى تا سۇبھى سادىقانە قىلاي.

— ئەرشى.

سار [سار] (پ) غەم، قايغۇ، ھەسرەت، ئازاب:

بار مەلەك نىشانىدۇرلەر ئىشق زاتىن تەمام،
ئەرشىيا، كەل، جامى مەي ئىچكىل، مۇھەببەت سارىدىن.

— ئەرشى.

سارا [سارا] (پ) خالىس، ساپ، تازا:

ئەي گۈلشەنى رۇخسارىڭ ئولۇب دەھرغە ئارا،
رۇخسار ئۆزە ساچىڭ گۈل ئۆزە ئەنبەرى سارا.

— نەۋايى.

ساربان [ساربان] (پ) تۆگىچى، تۆگە يېتىلىگۈچى:

قويىنى قويىچىيۇ شۇتۇرنى ساربان،
ئۆي سامانلىقنى تونۇر، ئىت ئوستىخان.

— زەلىلى.

سارت [سارت] پارس، تاجىك.

سارغارماق [سارغارماق] سارغايماق:

قۇياش رەڭگىغە ئەكسىمدىن قىزارماق گاھى سارغارماق،
تەلەتتۇق بىرلە قەھرىڭدىن قىزارماق زەئفىران پەيدا.

— شەرقى.

سارۇلماق [سارولماق] سورۇلماق، ئۇچماق:

رەسىم ئاڭاكىم دەفتەرى ھۆسنىن كۆڭۈل قىلسە ھەۋەس،
يەلدە سارۇلغان ۋەرەقلەردىنمۇ ئەفكار ئەيلەمەك.

— ئەرشى.

سارۇن [سارون] ئورۇن، مەرتىۋىلىك ئورۇن:

ئۆزىن ئالىم ساناپ سارۇن تالاشىپ بىرنەچچە نادان،
ئاناڭ جاھىللىقى گويا قۇياشدىن ھەم داغى تابان.

— موللا قۇربان.

سارى [سارى] 1) تەرەپ، تامان، ياق:

ئەگەر ئول گۈل گۈزەر قىلسە چەمەن سارى، بولۇر گۈللار،
بىرى مەستۇ، بىرى بىخۇد، بىرى ۋالە، بىرى شەيدا.

— ئەرشى.

2) سىرى، ···. بىغانچە:

مەن ۋەفاۋۇ مىھر ئايىنىنى خۇ قىلغان سارى،
سەن جەفاۋۇ جەۋ رەسمىنى شىئار ئەتكەن يىگىت.

— ئەرشى.

ئانا سارى — ئانا تەرەپ:

ئاتا جانىبى خانۇ خاقان ئېرۇر،
ئانا سارىدىن قورب سۇلتان ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

سارىغى [سارغى] تەرەپتىكى، ياقتىكى، تاماندىكى.

ساز I [ساز] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە «قىلغۇچى، ياسىغۇچى، ئىشلىگۈچى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ:

بۇلار روھىغە كۆرگۈزۈپمەن نىياز،
فەقىر ناتەۋانغە بولۇپ چارەساز.

— ئا. نىزارى.

ساز II [ساز] (پ) 1) چالغۇ قورالى، مۇزىكا ئەسۋابى، ساز. 2) سازلانغان، سېزى تۈزۈلگەن. 3) ياخشى، دۇرۇست.

سازەندە [سازەندە] (پ) ساز چالغۇچى، سازچى، مۇزىكانت.

ساف [صاف] (ئە) تازا، پاكىز، ساپ:

كۆڭۈلنى مۇھەببەت بىلەن ساف قىل،
كى مەزمۇن قۇلۇبىغە كەششاف قىل.

— ئا. نىزارى.

ساف ئەيلەمەك — ساپ قىلماق، پاكىزلىماق:

ئۇلارنى داغى مەن تەۋاف ئەيلەدىم،
تەۋاف ئەيلەبان دىلنى ساف ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى.

سافى [صافى] (ئە) 1) ساپلىق، تازىلىق، روشەنلىك. 2)

ساپ، تازا، كىرسىز.

سافى مەشرەب — پاك تەبىئەتلىك، ساپ ۋىجدانلىق.

ساف تەبئ [صاف طبع] (ئە) تەبىئىتى پاك، ياخشى خۇلقلۇق.

ساف چەش [صاف چش] (ئە + پ) ساپ، سۈزۈك مەي ئىچكۈچى.

سافىي ۋەش [صافي وش] (ئە + پ) پاك، ساپ، خالىس:

بۇ سۆيەت سافىي ۋەشى ئالىي نەسەب،
كىم سەفىي كەلدى ئاڭا ھەقدىن لەقەب.

— نەۋائى.

ساغ [ساغ] 1) كېسەل ئەمەس، ساغلام، ساق، سالامەت.
2) ئەس - ھوشى جايىدا، ھوشيار:

قالۇرلار ئاغزىن ئاچىپ ئىشق ئەھلى بۇياندىن،
ساغ ئەلگە كۈلگۈ ئىبرۇر تەلبە ئەيلەگەن ھەرەكەت.

— نەۋائى.

ساغەر [ساغر] (پ) مەي، شاراب پىيالىسى، قەدەھ:

مەرھەبا ساقى بۇگۈن خۇمارىمنى دەفئ ئەيلەسەڭ،
شىشەئى ساغەرنى تولدۇرغىل قۇيۇپ گۈلگۈن شاراب.

— زەلىلى.

ساغەرى ياقۇت فام — ياقۇت رەڭ مەي.

ساغەركەش [ساغركش] (پ) مەي ئىچكۈچى:

سۈۋدىن ئولغان زەماندا ساغەركەش،
ئەيلەگەي مەنئى جۇئۇ دەفئى ئەتەش.

— نەۋائى.

ساغداق [صاغداق] ئوقدان، ئوق خالتىسى:

قاشۇ مىژگان يوق، يامان كۆز تۇشمەسۇن دىپ ھۆسنىغە،
پاس ئېتەرگە ساغداقىن يانىغا ئاسقاندۇر كۆزۈم.

— گۇمنام.

ساغۇ [ساغو] سۇغا، تۇلۇڭ، چېلەك:

بۇ دىدەكىنىڭ ئىلكىدە دەستۇخان،
بىر ساغۇدا جوپپەردە، بىردەستە نان.

— زەلىلى.

ساق [ساق] (ئە) 1) بالدۇر، ئىلگىرى، بۇرۇن:

سەندىن ئىبرۇر مەرتەبەڭگە ساق ئەرش،
سەندىن ئىبرۇر غۇلغۇلەڭتا تەھتى فەرش.

— زەلىلى.

ساقىي [ساقى] (ئە) مەي، شاراب قۇيغۇچى:

كەل، ئەي ساقىي، تەمام بولدى مۇناجات،
دىيىلدى ھەرنەكىم بار ئىبردى ھاجات.

— ناقىس.

ساقىيا [ساقىيا] (ئە + پ) ئەي ساقىي:

ساقىيا كەلتۇر مىيى گۈلگۈننى خۇش دەمدۇر بۇگۈن،
بارچەدىن مەجلىستە مەي ئەھلى مۇقەددەمدۇر بۇگۈن.

— ئاتايى.

ساكىت [ساكت] (ئە) جىملىق، جىمجىتلىق، سۈكۈت:

جەۋان شول تەرزى ئەۋۋەل قىلدى ساكىت،
ئىدى لەب باغلاماق بابىدا سابىت.

— ناقىس.

ساكىن [ساكن] (ئە) 1) بىر جايدا تۇرغۇچى، تۇرغۇن ياشىغۇچى:

كىرىپىمىز ھەمە كارۋان كېمەگە،
كى ساكىن بولۇپ كېمەدە خىيمەگە.

— ئا. نىزارى.

2) سۈكۈن بەلگىسى (O) قويۇلغان ھەرپ.

ساكىنلىك [ساكن ليك] تۇرغۇنلۇق، بىر جايدا تۇرۇشلۇق، ۋەزمىنلىك:

تەدرىج ئىلە تىفل ئولۇر خىراد مەند،
ساكىنلىك ئىلە قامىش بولۇرقەند.

— نەۋائى.

سال I [سال] ياغاچتىن دەريا، كۆللەردە يۈك توشۇش ئۈچۈن ياسالغان قاتناش قورالى.

سال II [سال] (پ) 1) يىل:

مەيۇ تەمام ئولدى ئۆمۈر فىسق بىلەن ماھۇسال،
غافىل ئىدىم بىلمەدىم تەۋبە ئايا زۇل زىلال.

— زەلىلى.

2) ياش:

يېتىپ يەتتەگە سالى ئول ماھىناق،
بولۇپ ساھىبە دەرد ئىلە ئاھىناق.

— ئا. نىزارى.

سالۇماھ — يىل ۋە ئاي:

يارەب، ئەتكىل خەستە ئەرشى بىردەم ئاگەھ ئولمايىن،
غەپلەت ئىچرە ئۆتكەن ئۆشبۇ سالۇ ماھىمنى كەرەم.

— ئەرشى.

سالۇس [سالوس] (پ) ئالدامچىلىق، تىل ياغلىمىچىلىق، يالغانچىلىق، ھىيلە:

بۇ تەلەب ۋادىسىدە ھەر كىمگە بىر مەقسۇدىبىل،
زاھىدا سالۇسىغە جەننەت، ماڭا جانانەدۇر.

— ئەرشى.

سالىس [ثالث] (ئە) ئۈچىنچى:

بولۇر تىيرە كۆزگۈڭ، تولار زەھر جامىڭ،
ئۆتايكىم بول ئىسكەندەرۇ جەمگە سالىس.

— نەۋائى.

سالىك [سالك] (ئە) يولۇچى، سەپەر قىلغۇچى؛ تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن، مۇساپىر:

ئۆزلۈكىن سەلب ئەيلەمەي سالىككە كەشف ئىزھار ئېتەر،
ئول ئېرۇر خاتۇنكى ھەيز ئىچرە قىلۇر ئىزھار خۇن.

— ناقىس.

سالىم [سالم] (ئە) 1) ئامان، ساق، سالامەت. 2) ئارۇز ۋەزنىن بەھرلىرىنىڭ بىرى.

سالىنماق [سالينماق] تاشلانماق، قالدۇرۇلماق.

سالىھ [صالح] (ئە) توغرا ئىش قىلغۇچى، ياخشى ئىش قىلىدىغان، پاك:

نەۋايى ئاللىڭە يازغانىن كۆرمەيىن بولماس،
ئېرۇر ھەق ئالدىدىن ئەر سالىھ ئول ۋەگەر تالىھ.

— نەۋايى.

سالىھە [صالحه] (ئە) پاكىز، توغرا، ساپ ئايال.

سام [سام] (پ) ئىششىق، ياللۇغ.

سامان [سامان] (پ) ئىمكانىيەت؛ ئامال، ئىلاج؛ ياردەم:

كۆرەر بولسام ئەگەر كىم دىلبەرى يۇسۇف نىشانىمنى،
تاپا ئالماي يۈرۈپدۇرمەن جەھاندا بىسەرۇ سامان.

— قەلەندەر.

سامىئە [سامعه] (ئە) ئىشىتىش، ئاڭلاش.

سامىت [صامت] (ئە) جىم تۇرغۇچى، سۈكۈت قىلغۇچى.

سامىر [سامر] (ئە) جادۇگەر، سېھىرگەر.

سامىرىي [سامرى] (ئە) «سامىر» غا قاراڭ.

كۆزىن ئەفسۇنساز ئېتىپ جانبەخش لەبىدىن نۇكتە ئەيت،
سامىرىي سېھرىن مەسىھا مۆجىزىن ئىزھار قىل.

— نەۋايى.

سامىئ [سامع] (ئە) ئىشىتكۈچى، ئاڭلىغۇچى، تىڭشىغۇچى:

ئىشىت، سامىئ، بۇناقىس ئۆزىدىن سۆز،
داغى كۆر بۇ رىسالە، بولسەگەر كۆز.

— ناقىس.

سامىئ بولماق — ئاڭلىماق، تىڭشىماق، ئىشىتمەك:

بولۇر سامىئ بۇدۇر مەجنۇنىنىڭ جانى،
چىقاردى كۆكسىدىن تۇرلۇك فىغانى.

— موللا پازىل.

سانى [ثانى] (ئە) ئىككىنچى.

سانىئ [صانع] (ئە) ياسىغۇچى، ياراتقۇچى، خۇدا:

نە چۈككىم سانىئى ئىمكانى ئالەم،
ياراتتى قۇدرەتىدىن جىنسى ئادەم.

— ناقىس.

سانىئى غەيب — ياراتقۇچى، خۇدا:

چۇ ئەشيادە كۆرسە كىشى سەنئەتىن،
بىلۇر سانىئى غەيبىدىن قۇدرەتىن.

— نەۋايى.

سانىئى قۇدرەت — قۇدرەتلىك خۇدا، قۇدرەت ئىگىسى:

ياراتماپدۇر ئانىڭدەك بۇ جەھاندا سانىئى قۇدرەت،
نەسەب ئەتكىل، ئىلاھا ئول پەرىغە ئەيش ئىلە ئىشرەت.

— قەلەندەر.

سانىھ [سانح] (ئە) بېرىلگەن، قولغا كىرگەن، ئاتا قىلىنغان:

سانىھ بولماق — پەيدا بولماق، قولغا كىرمەك:

سەن ئېتىرازنى قويغىلكى، بارچە ھەقدىندۇر،
چۇ غەيب مەكمەنىدىن ھەرنەكىم بولۇر سانىھ.

— نەۋايى.

سانىيەن [ثانيةً] (ئە) ئىككىنچىدىن.

ساھەت [صاحت] (ئە) مەيدان، كەڭ جاي، دەرگاھ:

ساھەتى ئىچرە خەلق غەۋغاسى،
ئارزۇخاھ ئۆلۈس ئەلالاسى.

— نەۋايى.

ساھىب [صاحب] (ئە) ئىگە، مۇئەللىپ:

ئۇلار كىم ئىردى پەيغەمبەرغە ساھىب،
بولۇپ مەجزۇبى نۇرۇللاھ جازىب.

— ناقىس.

ساھىبۇل مىئراجى — مىئراجغا چىققۇچى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ:

بەردىلەر ئەلفەقرۇ فۇخرىدىن خەبەر،
ساھىبۇل مىئراجى ئول لاۋلەك تاج.

— شەۋقى.

ساھىبى ئەفئال — ئىش ئىگىسى.

ساھىبى خۇرۇج — قارشى باش كۆتۈرۈپ چىققۇچى، توپىلاڭ قىلغۇچى. توپىلاڭچى:

مەخدۇمى پاكبازى، پەرۋازى شەھبازى،
ساھىبى خۇرۇج غازى، چۈن ئارسلان ئەمەسمۇ.

— زەلىلى.

ساھىبى نەزم — شېئىر، نەزم ئىگىسى، شائىر:

ئەيا ساھىبى نەزم گۇيى سۇخەن،
مۇشەۋۋەش خىيالات، ئەفسۇردە تەن.

— ئا. نىزارى.

ساھىبى دەۋلەت — دۆلەت ئىگىسى، دۆلەت باشلىقى، پادشاھ.

ساھىب ئەزا [صاحب عزاء] (ئە) ھازا ئىگىسى، ھازىدار.

ساھىب ئەسرار [صاحب اسرار] (ئە) سىرلەر

ئىگىسى، يوشۇرۇن سىرنى بىلگۈچى، سىرداش.

ساھىب بەيت [صاحب بيت] (ئە) ئۆي ئىگىسى، ئۆي - جايلىق.

ساھىب تاج [صاحب تاج] (ئە) تاج - دۆلەت ئىگىسى.

ساھىب تەخت [صاحب تخت] (ئە + پ) تەخت ئىگىسى، شاھ:

ۋەسل ئۈممىدىدە ساھىب راھلەر،
بەلكى ساھىب تەخت ئالىي شاھلەر.

— نەۋايى.

ساھىب تەرىق [صاحب طريق] (ئە) تەرىقەت يولىغا كىرگەن، يول تاپقان، يولغا چۈشكەن.

ساھىب جاھ [صاحب جاه] (ئە) ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك:

چۇ دەۋران بىۋەفادۇر نەچچە ساھىب جاھ ئىسىلىك، ئەي شەيخ،
گەدالەر خاتىرىن ئاسرەي مەغرۇر ئولماغىل ئىسرۇ.

— نەۋايى.

ساھىب جەمال [صاحب جمال] (ئە) چىرايلىق، گۈزەل:

چۇ تۇرپان نەۋاھىدا تاپمىش كەمال،
كى ئەفرىدۇن ئول شاھ ساھىب جەمال.

— ئا. نىزارى.

ساھىبخانە [صاحب خانه] (ئە + پ) ئۆي ئىگىسى:

ئۈمىد ئولدۇركى ساھىبخانەدىن ئەئزاز كۆرگەيمىز،
چەرا تەئزىمى مىھمان رەسمى ئادەت خۇيى شان ھادىس.

— شەۋقى.

ساھىب خەير [صاحب خير] (ئە) ياخشىلىق قىلغۇچى، ئىنئام - ئېھسان قىلغۇچى:

گوييا ئول كۈن ئەخىيى ساھىب خەير،
شەھەر ئەتراپىنى قىلۇر ئىدى سەير.

— نەۋايى.

ساھىب خىرەد [صاحب خرد] (ئە + پ) ئەقىللىق، دانا:

نە قىلدۇقكى دارايى ساھىب خىرەد،
بارىمىزغە مۇنداق چىكىپ خەتتى رەد.

— نەۋايى.

ساھىبدار [صاحب دار] (ئە + پ) ئىگىدار:

بەندى زەنجىرى جۇنۇنىدىن ساھىبدار ئولمىشەم،
بادەپۇر زۇر ئەردى بىر ساغەردە سەرشار ئولمىشەم.

— زەلىلى.

ساھىب دەلى [صاحب دلى] (ئە + پ) خەزىنە ئىگىسى، خەزىنىدار:

يانا ھەم سىياۋۇش ئىردى ۋەلى،
كى ئۆز ۋاقتىدا ئىردى ساھىب دەلى.

— ئا. نىزارى.

ساھىب دەۋلەت [صاحب دولت] (ئە) دۆلەتمەن، ئىقتىدارلىق، قۇدرەتلىك؛

مىسىردە بار ئىردى ئالىي ھىممەتى،
ئالەمىي مەئنىدە ساھىب دەۋلەتى.

— ناۋايى.

ساھىب دۇئا [صاحب دعا] (ئە) دۇئا قىلغۇچى، خۇدادىن ياخشىلىق تەلەپ قىلغۇچى:

قىلىپ ياد ياران ساھىب دۇئا،
ئۇلار روھىغە ئەيلەيىن ئىلتىجا.

— ئا. نىزارى.

ساھىب دىل [صاحب دل] (ئە + پ) ساپ دىللىق، كۆڭلى پاك:

ياتىپدۇركى ئاندا نەبىيۇ ۋەلى،
مەكان ئەيلەبان نەچچە ساھىب دىلى.

— ئا. نىزارى.

ساھىب راي [صاحب راى] (ئە) پىكىر ئىگىسى، دانا.

ساھىبقىران [صاحب قران] (ئە) جاھانگىر؛ بەختىيار، بەختكە ئېرىشكەن، بەختى ئېچىلغان:

ئاتاب ئاتىنى ئىسيان ئەھلى كۆڭلى ئەرسەسىدەكىم،
يارۇقلار سەپلەرىن سىندۇرغالى ساھىبقىران ئاندا.

— ئەرشى.

ساھىب كەرەم [صاحب كرم] (ئە) سېخىي، مەرد، مەرھەمەتلىك، شەپقەتلىك:

بۇ ساھىب كەرەمدىن قىلىبان ۋىداغ،
يەنە گەشت قىلماققە قىلدىم ئۇجاغ.

— ئا. نىزارى.

ساھىب كەمال [صاحب كمال] (ئە) بىرەر ھۈنەر ياكى كەسىپنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن ئادەم، كامالەتكە يەتكەن، ئالىم:

ئەگەرچى فەننىدە ساھىب كەمال ئېرۇر سەييا،
قاچان بالىغ تۇتا ئالغاي سۇ مەۋجى دامى بىلە.

— نەۋايى.

ساھىب مەقالەت [صاحب مقالت] (ئە) سۆز ئۇستىسى، ناتىق:

فىلاتۇنغە لىكىن ھەۋالەتدۇرۇر،
كى ھىكمەتدە ساھىب مەقالەتدۇرۇر.

— نەۋايى.

ساھىب مۇرەۋۋەت [صاحب مروت] (ئە) ساخاۋەتلىك،

ئادەمگەرچىلىك قىلغۇچى.

ساھىب نەزەر [صاحب نظر] (ئە) ئالدىن كۆرگۈچى، ئۇزاقنى كۆرىدىغان، كارامەت ئىگىسى:

نەزەر تا قۇتبى ئالەم قىلماغۇنچە بىگۇمان بىلگىل،
نەچۇك ئالغاي جەۋاھىر بەھرىدىن ساھىب نەزەر تەنھا.

— زەلىلى.

ساھىب نىساب [صاحب نساب] (ئە) پۇل ۋە مال ـ مۈلكىدىن زاكات بېرىشكە قادىر كىشى.

ساھىب ھال [صاحب حال] (ئە) ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكىدىن خەۋەردار، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدىغان.

ساھىب ھۈنەر [صاحب هنر] (ئە + پ) ھۈنەرۋەن، كاسىپ:

ئېرۇرسەن سەئدۇۋەققاس ساھىب ھۈنەر،
ئاگا ھەم رەسۇل ئەيلەگەندۇر نەزەر.

— ئا. نىزارى.

ساھىب ۋىقار [صاحب وقار] (ئە) ئېغىر، ۋەزمىن، تەمكىن:

شەفائەت سەرىرىدە گۇل تاجدار،
ھىدايەت تەرىقىدە ساھىب ۋىقار.

— ئا. نىزارى.

ساھىب ۋۇقۇف [صاحب وقوف] (ئە) خەۋەردار، بىلىملىك، تەجرىبىلىك.

ساھىب ئېھسان [صاحب احسان] (ئە) ياخشىلىق قىلغۇچى، ھەدىيە، ئىنئام ئىگىسى:

كى مۇندا داغى ساھىب ئېھسان ئېرۇر،
مۇسەممە ئاگا مىر قۇربان ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

ساھىر [صاحر] (ئە) سېھىرگەر، جادۇگەر، ھىيلىگەر؛ ئالدامچى، نەيرەڭۋاز:

نەچە بىمەزە سۆزى كافىردىبان،
بۇلارمۇ ئىجزاتىنى ساھىر دىبان.

— ئا. نىزارى.

ساھىل [صاحل] (ئە) دەريا، دېڭىز، كۆللەرنىڭ بويى، قىرغاق:

باشلەبان گۇل چېرىكىنى ساھىل ئىلە،
سۇ ياقاسىدەغى مەنازىل ئىلە.

— نەۋايى.

ساۋۇتماق [صاووتماق] سوۋۇتماق:

گەھى يادى بىلە ئۆزنى ئۇنۇتۇپ،
گەھى ئىشق ئوتىنى ئۇلدەم ساۋۇتۇپ.

— موللا پازىل.

ساۋۇرماق [ساوورماق] سورۇماق، ئۇچۇرماق:

فەنا يېلىگە ساۋۇرمىش ۋۇجۇد خىرمەنىنى،
تەمامى ئەلگە نەدامەت بىلە پۇشەيمان چەرخ.

— شەۋقى.

ساۋۇغ [ساووغ] «ساۋۇق» قا قاراڭ:

ساۋۇغ ئاھلار چەكتى دەم ـ دەم ياتىپ،
كى ھىجران بەلاسىدا سىڭ غەم يېتىپ.

— ئا. نىزارى.

ساۋۇق [ساووق] سوغۇق:

بىھار كۈنلەرى كەلمىش كېتىپ زىمىستان چەرخ،
ساۋۇقنى شىددەتىنى يوق قىلىپ تابىستان چەرخ.

— شەۋقى.

ساۋۇماق [ساووماق] سوۋۇماق، ئىسسىقلىقىنى يوقاتماق:

ساۋۇسا پەرھادۇ مەجنۇن قىسسەسىدىن كۆڭلۈڭىز،
بەس، مېنىڭ ئىشق ئىچرە ئوتلۇغ داستانىمنى تىلەڭ.

— نەۋايى.

سائىر [سائر] ـ (ئە) باشقا، ئۆزگە.

سائىر ئەفراد — باشقا ئادەملەر، قالغان كىشىلەر:

سائىر ئەفراد ئىشى بۇ بولسە ئولكىم فەرد ئېرۇر،
بارچە ئەلدىن ھۇسن ئارا ئازدۇر ئاگا يۈزمۇنچە ھەم.

— نەۋايى.

سائىر ئەئزا — بەدەننىڭ ھەممە ئەزاسى، ئىنسان بەدىنىنىڭ ئەزالىرى.

سائىقە [صاعقه] (ئە) چاقماق، يېشىن:

ئېسىپ سائىقە چىقتى بادى خىلاف،
تەلاتۇم قىلىپ كېمەنى ئىنھىراف.

— ئا. نىزارى.

سائىل [سائل] (ئە) 1) تىلەمچى، قەلەندەر:

كەرەم سائىلنى مەھرۇم ئەيلەمەسلەر دەپ ئۈمىد بىرلە،
كېلىپمەن دەرگەھىڭغە سەن ئەزىزنى ئىختىيار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

2) سوئال قىلغۇچى، سورىغۇچى، ئىزدىگۈچى:

بولسە ئىككىنچى ھۇسنىگە مايىل،
بولغۇسىدۇر ھەكىم ئاگا سائىل.

— نەۋايى.

سائ [صاع] (ئە) ئاشلىق كەملىدىغان چارەك.

سائىد [صاعد] (ئە) بىلەك:

ئانىڭدەك ئاپتى سىيمىن سائىدىڭ يادى بىلە ئۇلفەت،
كى دەستامۇز قۇشدەك ئانسىز ئولماس ھەر زەمان كۆڭلۈم.

— نەۋايى.

سائىي [صاعى] (ئە) ھەرىكەت قىلغۇچى، تىرىشچان.

سايە [سايە] (پ) 1) سايە، كۆلەڭگە:
گۈلشەنۇ گۈلبەرگى ساقى، سايەئى بەرگى كەدۇ،
بىل غەنىمەت گەر ئېرۇر ئەترافىدا كەنارەلەر.

— ئەرشى.

2) راھەت، شادلىق:
قايدىن تاپقاي ھەيات سەدمايەسىنى،
ھەق ئەيلەدى قىسقە ئۆمرىن سايەسىنى.

— نەۋايى.

سايە سەۋادى — زۇلمەت نىشانى.
سايەئى چەرخ — يۈكسەكلىك.
سايەئى دىۋار — ئازراق دەم ئېلىش، ئازراق راھەتلىنىش:
دەۋلەت ئىستەب ئىستەمەن دەۋلەت قۇشىنىڭ سايەسىن،
تەگسە بىر كۈن كويى سارى سايەئى دىۋارى بەس.

— ئەرشى.

سايە ئەفگەن [سايەافكن] (پ) ھىمايە قىلغۇچى، پاناھ بولغۇچى.
سايەبان [سايەبان] (پ) سايە چۈشۈرگۈچى، سايە چۈشۈرىدىغان، كۈنلۈك، ساتما، چېدىر:
بۇ قۇلنى شەررى دۈشمەندىن ئەمان تۇت،
باشىمغە ئۆز پەناھىڭ سايەبان تۇت.

— ناقىس.

سايەۋەر [سايەور] (پ) سايە چۈشۈرگۈچى.
سايەۋەش [سايەوش] (پ) سايىگە ئوخشاش.
سايىب [صايب] (ئە) توغرا، توغرا يۆنىلىشلىك، نىشانغا توغرا يۆنىلىش بىلەن ماڭغۇچى:
گەھى سايىب، گەھى نازىم، گەھى خاك،
گەھى ھافىز، گەھى تەنزىمى ئەفلاك.

— ناقىس.

سايىر [ساير] (ئە) «سائىر» غا قاراڭ.
دېدى: *ئاي بىرلە كۈنگە «بولمە سايىر»*،
دېدى: *«پەر ئۇرماغىل، ئەي نەسرى تايىر»*.

— ناقىس.

سەئادەت [سعادت] (ئە) بەخت، ئىقبال، تەلەي، بەختىيارلىق:
سەئادەت سەرنەۋشتى فەزلى ھەقدىن بەخت يار ئولسا،
كىبلەر ئالدىغە جەننەت ھۆرۇ غۇلمان ئىنتىزار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

سەئادەت سىرىشت — بەختىيار، تەلەيلىك يارىتىلىش:
كى بۇدۇمنى قىلغىل سەئادەت سىرىشت،
ۋجۇدۇمنى ئەيلە ئىبادەت سىرىشت.

— ئا. نىزارى.

سەئادەت يۇلدۇزى — بەخت يۇلتۇزى:
سۇبھى دەۋلەت تەلئەتى باشىدە دۇررى شەبچىراغ،
تالىئ باشىدە كۆر تولۇئ ئەتكەن سەئادەت يولدۇزىن.

— نەۋايى.

سەئادەتلىغ [سعادت ليغ] بەختلىك، تەلەيلىك.
سەئادەتمەند [سعادت مند] (ئە + پ) بەختلىك، تەلەيلىك، بەختىيار:
قىلدى ئەلقابىڭ ئەزەلدە ھەق شەفىئۇلمۇزنەبىن،
كەلمەدى ئالەمگە بىر سەندەك سەئادەتمەند شاھ.

— ئەرشى.

سەبا [صبا] (ئە) 1) يېقىملىق شامال، تاڭ شامىلى:
سەبا خادىنى ئەيلەپ نىش دىلدۇر،
جىگەر خۇن غۇنچەنى ئەيلەر نىھانى.

— ئەرشى.

2) ئەتىگەن، سەھەر:
دەشت ئۆزرەكى سەير ئۇلەر سەباغە،
بەرگى تازالەر ئۇچار ھەۋاغە.

— نەۋايى.

سەبات [ثبات] (ئە) مەھكەم تۇرۇش، مۇستەھكەم، چىداملىق:
سەباتى ئانىڭ ئەسلە جاۋىد ئەمەس،
زەۋالى داغى غەير ناھىد ئەمەس.

— ئا. نىزارى.

سەبات ئولماق — مۇستەھكەم، پۇختا بولماق، چىڭ تۇرماق:
شەھىد ھۆكمىدە ئايەت ئولمىش سەبات،
دەلىل ئولدى ئولكىم ئېرۇرلەر ھەيات.

— ئا. نىزارى.

سەباغ [سباغ] يۇڭ، پاختا قاتارلىقلارنى ساۋايدىغان ئىككى تال بارماقتەك ئۇزۇن ياغاچ، ساۋىغۇچ، ساۋاغ.
سەباھ [صباح] (ئە) ئەتىگەن، ئەتىگەنلىكى، تاڭ سەھەر:
سەباھدا مۇرغى سۇلەيمان كەبى سەبا يۈرگىل،
مەسادا مەتلۇبى جان ئەينى مۇددەئا ئۇچرار.

— شەۋقى.

سەباھۇ مەسا — ئەتە - كەچ، دائىم:
تا بولايىن مەست مەسا،
نەچە رىيا بىرلە بولاي پارسا.

— نەۋايى.

سەباھەت [صباحت] (ئە) يورۇقلۇق، پارلاقلىق، گۈزەللىك:
سەباھەتدە جەھان مەشھۇرى ئولسالىڭ،
ئەگەر يۇسۇپ مەسەللىك كۆرگۈزۈپ خەد.

— ئەرشى.

سەبەب [سبب] (ئە) ۋەج، باھانە، ئاساس، سەۋەب:
قىلۇر گېردى دىلدا ھەمىشە تەلەپ،
مەجازەت قىلۇر گېردى ئانچە سەبەب.
— ئا. نىزارى.

سەبەب بولماق — ئاساس بولماق، باھانە بولماق:
سەبەب بولدى ئالەم خەراباتىغە،
كى ئۇچراپ كۆزىنىڭ مۇكاپاتىغە.
— ئا. نىزارى.

سەبەد [سبد] نەرسە - كېرەك سېلىش ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئۇششاق تېلى (چىۋىق) دىن ياسالغان قاچا، سېۋەت:
بىر سەبەدكە قوينىڭ ئىچ ئالەتىنى،
سەلىبان ئەمشاۋۇ قازۇراتىنى.
— نەۋايى.

سەبەق [سبق] (ئە) 1) دەرس، تەلىم:
سۆزى دانىش كىتابىدىن سەبەقدۇر،
يۈزى ھۆسن ئاتىدىن كەم ۋەرەقدۇر.
— زەلىلى.

2) مەنە، چۈشەنچە:
ھەر كىمسەگە ئۆلچە قابىلىيەت،
كۆرسۈن سەبەتى غەمۇ بالىيەت.
— نەۋايى.

سەببەتەكەللاھ [ثبتك الله] (ئە) «ئاللا سېنى مۇستەھكەم قىلدى» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە.
ۋەفا يولىدەكى سابىت قەدەم ئېرۇر ناقىس.
دېگەيكى «سەببەتەكەللاھ» كەمال ئەربابى.
— ناقىس.

سەبىت I [ثبت] (ئە) 1) يېزىلغان، قەيت قىلىنغان:
ۋەرەققە كىتاب ئىشى بولدى سەبىت،
ھەزار دوسەد باز پەنجاھۇ ھەفت.
— ناقىس.

2) يازماق، پۈتمەك:
دېدىم: ئەي كۆڭلۈمگە ئوق ئۇرغان، نەدۇر ئاتىڭ دېگىل،
دېدى: باقىكىم ئەيلەمىشلەر ئانى پەيكانىمدە سەبىت.
— نەۋايى.

سەبىت ئەتمەك — مەھكەم قىلماق، مۇستەھكەملىمەك.
سەبىت ئەيلەمەك — «سەبىت ئەتمەك» كە قاراڭ.
سەبىت قىلماق — «سەبىت ئەتمەك» كە قاراڭ.
سەبىت II [سبت] (ئە) شەنبە (شەنبە كۈنى).

سەبر [صبر] (ئە) تاقەت، چىدام، بەرداش:
ئەگەر سەبر بىرلە رىزا بولسا ئول،
قىلۇر مۇددەئاسىن خۇدايىم قەبۇل.
— ئا. نىزارى.

سەبر قىلماق — چىدىماق، تاقەت قىلماق، بەرداشلىق بەرمەك:
ئاتا سۆگىدا سەبر قىلماق كېرەك.
كى ئانىڭ رىزاسىنى ئالماق كېرەك.
— ئا. نىزارى.

سەبرپەيۋەند [صبرپيوند] (ئە + پ) چىدامىلىق، تاقەتلىك:
ئاگا ھاجەت ئېرمەس بىزنىڭ پەندىمىز،
ھەمۇل نوكتەگى سەبرپەيۋەندىمىز.
— نەۋايى.

سەبرخاھ [صبرخواه] (ئە + پ) سەبر - تاقەتلىك، چىدامىلىق.

سەبز [سبز] (پ) يېشىل، يېشىل رەڭ:
ئۆتۈپ نەچچە ۋەقت بولدى فەسلى بەھار،
چەمەن سەبز ئولۇپ، بولدى چۈن لالەزار.
— ئا. نىزارى.

سەبزە [سبزه] (پ) 1) يېشىل كۆك، كۆكات، كۆكلەم، مايسا:
دەرەخت ئۆمرى دائىم سەبزەدۇر دەپ ئېيتماد ئەتمەڭ،
نەسىيمى مەرگ ئەيلەر بەند - بەندىدىن جۇدا ئاخىر.
— زەلىلى.

2) يارنىڭ قېشى:
سەبزەئى خەتتىڭ سەۋادى لەئلى خەندان ئۈستىنە،
خىزر گويا سايە سالمىش ئابى ھەيۋان ئۈستىنە.
— نەۋايى.

سەبزە بولماق — كۆكەرمەك، ياپيېشىل بولماق:
قايدا كەچ بولسا مۇنى سانچىپ قويۇڭ،
سەبزە بولغان يەر ئۆزە مەنزىل ئويۇڭ.
— زەلىلى.

سەبزەئى خەت — ئىنچىكە سىزىق، مىيىق:
لەبى لەئلىڭ ئۆزە ئول سەبزەئى خەتتىڭنى كۆرگۈزسەڭ،
قىلۇر ياقۇتنى شەرمەندە شەكسىز خەتتى رەيھانىڭ.
— ھاپىز خارەزمى.

سەبزەزار [سبزه‌زار] (پ) مايسىلىق، ئوتلاق، كۆكلەم:
دامەنى سەھرا دىمەسلەر لالەزارى بولماسا،
زىننەتى گۈلشەن بىرۇرمۇ سەبزەزارى بولماسا.
— زەلىلى.

سەبزەزار ئەيلەمەك — ئوتلاق، مايسىزارغا ئايلاندۇرماق:
ئەزەل دېھقانى كەلگەيلەر سەمىنى شور ئۆزە شايەد،
ئىنايەتدىن بېرىپ ئىسلاھ زەھى كىم سەبزەزار ئەيلەپ.
— شەۋقى.

سەبز پۇش [سبزپوش] (پ) 1) كۆك لىباسلىق، پۈركەلگەن:

گۈل ئېرۇر شاھى سەبزپۇش قىزى،
كى قۇياش كۆھلىدۇر ئاياغى ئىزى.

— نەۋايى.

2) شەيخ، زاھىد، سوپى:

كۆتەرگەچ باشنى كۆردى سەبز پۇشى،
يۈزى نۇرانە ئانداغكىم سۇرۇشى.

— نەۋايى.

سەبقەت [سبقت] (ئە) ئىلگىرىلىك، ئالدىغا ئۆتۈش:

غەمزە كافىر كۆزلەرىڭنى نەقد تاراجى ئۈچۈن،
سەبقەت ئەيلەرگە ئىككەۋلەن، بىر ـ بىرىنى ماراشۇر.

— گەرشى.

سەبھە [سبحه] (ئە) تەسۋى.

سەبۇ [سبو] (پ) كوزا، مەي كوزىسى:

بۈگۈنكى ساقىئى مەھرۇغە روبىرو بولدۇم،
گەھى چۇ شىشەئى گۇلگۇن گەھى سەبۇ بولدۇم.

— زەلىلى.

سەبۇت [ثبوت] (ئە) ئىسپات، تەستىق؛ ئىسپاتلىماق، تەستىقلىماق، ئاقلىماق:

ئالەمۇ ئادەمگە دۇر نۇرى سىفاتىدىن سەبۇت،
مەھۋ مۇتلەق ئولغۇسى كۆرسەتسەگەر دىيدارىدىن.

— گەرشى.

سەبۇر [صبور] (ئە) سەۋرلىك، تاقەتلىك، چىدامىلىق، بەرداشلىق:

چۈن بولدى سەبۇر تەڭرى دادىغە يېتەر،
سابىر كىشى ئاقىبەت مۇرادىغە يېتەر.

— نەۋايى.

سەبۇر بولماق — سەۋر ـ تاقەتلىك، چىدامىلىق بولماق.

سەبۇرىي [صبوري] (ئە) سەۋر ـ تاقەتلىك، چىدامىلىق.

سەبۇك [سبک] (پ) ئېغىر ئەمەس، يەڭگىل، يېنىك:

ئەي سەبۇك بارانە ساھىل بىھۇدە قىلماق نىدا،
قۇلزۇمى ئاۋارەلىكدە قىلدى سەرگەردان خۇدا.

— زەلىلى.

سەبۇكەش [سبوكش] (پ) مەي قۇيغۇچى، مەي كوزىسىنى توشۇغۇچى.

سەبۇكەشلىك [سبوكش ليك] ئىچىشۋازلىق، مەيخورلۇق؛ مەي توشۇش.

سەبۇكبار [سبكبار] (پ) يۈكى يېنىك، يەڭگىل يۈك:

تاشلاپ ئۆزلۈكنى زەلىلى سەن فەنا يولىغە كىر،
چۈن مۇشەققەتدۇر سەپەر ئۆزرە سەبۇكبار ئولماسا.

— زەلىلى.

سەبوكبار ئولماق — چاققان، يەڭگىل بولماق، خاتىرجەم بولماق:

ئەي نەۋايى، سەفلەغە تەييار ئول،
تاكى مۇمكىندۇر سابۇكبار ئول.

— نەۋايى.

سەبۇكپەر [سبكپر] (پ) تېز ئۇچار، ئۇچقۇر:

بولۇپ بىر ـ بىرلەرىدىن ھەم سەبۇكپەر،
ئالۇرغە قىرغاۋۇل بىرلە كەبۇتەر.

— ناقىس.

سەبۇكپەي [سبك پى] (پ) تېز يۈرگۈچى؛ بىۋاپا:

كى مەندىن سوڭرە گەردۇنى سەبۇكپەي،
چۇمالڭ يىل ئەيلەسە يەر دەۋرىسىن تەي.

— نەۋايى.

سەبۇكرەۋ [سبكرو] (پ) تېز يۈرگۈچى، چاققان:

فەنا جامىن ئىچىپ بولغىن سەبۇكرەۋ،
تەئەللۇقدىن ئېسەڭ گەرچە گىرانباز.

— گەرشى.

سەبۇكرۇھ [سبكروح] (ئە + پ) خۇشخۇي، خۇش چاقچاق.

سەبۇكسەڭ [سبك سنگ] (پ) يېنىك تاش؛ يەڭگىل، قەدىرسىز:

قۇرۇدى گۇل ياغاچ، بولدى سەبۇكسەڭ،
بۇ قىلدى لامەكان سارىغە ئاھەڭ.

— ناقىس.

سەبۇكسەير [سبك سير] (پ) تېز ئۆتەر، تېز يۈرگۈچى:

كېلىپ رەڭ تىكرەسىدىن ۋەھش ئىلە تەير،
بارىپ قاشىغە گۇل پەيكى سەبوكسەير.

— نەۋايى.

سەبۇككام [سبك گام] (پ) قەدىمى يېنىك، تېز يۈرىدىغان.

سەبۇھ [صبوح] (ئە) 1) تاڭ سەھەر، تاڭ ئاتار ۋاقتى. 2) مەي قەدەھى، تاڭ سەھەر باش ئاغرىقىغا ئىچىلىدىغان مەي:

سوبھ راھ ئىستەب ئېتتى مەيلى سەبۇھ،
ياندىن غايىپ ئېردى راھەتى روھ.

— نەۋايى.

سەبۇھ ئەھلى — سەھەردە مەي ئىچىدىغانلار.

سەبۇھى يامغۇر — سەھەردە ياغىدىغان يامغۇر.

سەبۇھ گەشان [صبوح كشان] (ئە + پ) تاڭ سەھەر

مەي ئىچىدىغانلار.

سەبۇھىي [صبوحى] (ئە) تاڭ سەھەردە ئىچىلىدىغان مەي:

چالغىنىپ مىھر سەبۇھىدەك ئەجەب مەستانىسەن،
تەلبەسەن، بىباكسەنۇ ياكى ئوتتەك يانەسەن.

— ئەرشى.

سەبۇھىي جام — «سەبۇھىي مەي» گە قاراڭ.

سەبۇھىي مەي — تاڭ سەھەردە ئىچىلىدىغان مەي، شاراب.

سەبۇھىي قىلماق — تاڭ سەھەردە مەي ئىچمەك.

سەبۇئ [سبع] (ئە) ۋەھشىي، يىرتقۇچ هايۋان.

سەبۇئىيەت [صبوعيت] (ئە) ۋەھشىيلىك، يىرتقۇچلۇق.

سەبئە [سبعه] (ئە) «سەبئى» گە قاراڭ.

سەبئى [سبع] (ئە) يەتتە (سان):

زەمىننى ئەيلەبان سەبزى سەفالات،
مۇئەللەق تۇرغۇزۇپ سەبئى ساماۋات.

— زەلىلى.

سەبئى سەييار — يەتتە پلانېتا (يەتتە سەييارە يولتۇز).

سەبىي [صبى] (ئە) بالا، گۆدەك:

كى فەرزەند يەھيا ھەم ئېردى نەبىي،
كى سىينى سەلابەتدە ئېردى سەبىي.

— ئا. نىزارى.

سەبىل [سبيل] (ئە) يول، سەپەر:

جان ئەزىزىم ئەيلەگەچ يار ئىشىكىدە سەبىل،
كۆڭلۈمگە ئاچتىلەر چەشمە جويى سەلسەبىل.

— زەلىلى.

سەبىل قىلماق — بەخش ئەتمەك، قۇربان قىلماق:

قازان ئاستۇرۇپ قىلدى قويلەر قەتىل،
كى مالىن زىيارەتكە قىلغاي سەبىل.

— نەۋايى.

سەبىھ [صبيح] (ئە) گۈزەل، چىرايلىق، ئاق يۈزلۈك؛ بالاغەتكە يەتكەن مەھبۇبە.

سەتەرۋەن [سترون] (پ) تۇغماس ئايال.

سەتەرۋەنلىك [سترونليك] تۇغمايدىغان، تۇغماسلىق.

سەتتار [ستار] (ئە) 1) ياپقۇچى، خالاس قىلغۇچى:

ئەي خۇدايا، روز مەھشەر قىلمە رىسۋا خەلق ئارا،
شەۋقى ئەيىبىن مەھۋ ئېتەرگە سەن كەبى سەتتاردۇر.

— شەۋقى.

2) ئاللاناڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى.

سەتر I [ستر] (ئە) پەردە، يېپىش، يوشۇرۇش:

كەرەم ئەيلەپ نىگارىم سەتر قىلغان ئەيىبۇ نۇقسانىم،
ئۆزىدىن ئۆزگىگە كۆرسەتمەگەيلەر دەپ نىهان كاغەز.

— شەۋقى.

سەتر ئەتمەك — ياپماق، يوشۇرماق.

سەتر ئەۋرەت — ئۇياتلىق جايىنى ياپماق.

سەترى ھال — ئەھۋالىنى، ئىچكى سىرىنى يوشۇرماق، بىلدۈرمەسلىك.

سەتر II [سطر] (ئە) يېزىق، يېزىقنىڭ ھەربىر قۇرى، سەتر:

چۇ سەفھىگە چەكتىيۇ چابۇك رەقەم،
نە قۇلات سەترىدە چاپتى رەقەم.

— ئا. نىزارى.

سەتھ [سطح] (ئە) يۈز (ھەرقانداق نەرسىنىڭ يۈزى):

قىلىپ ئانچە جەۋلان سەمەندى قەلەم،
نەقۇلات سەتھىگە قويدى قەدەم.

— نەۋائى.

سەتھى خاك — يەر يۈزى.

سەتھلىغ [سطح ليغ] يۈزەلىك:

تايىب ۋادى ئارا ھەر سەتھلىق مەرز،
سىرىشكى خەيلىدىن ھەرسارى يۈز دەرز.

— نەۋايى.

سەججادە [سجاده] (ئە) جايناماز:

بىز ۋەلى دەپ ئولتۇرۇپ سەججادە دە،
كۆزلەرى كىبلىن ھەمىشە مادەدە.

— زەلىلى.

سەجدە [سجده] (ئە) نامازدا پېشانىنى بىر قېتىم يەرگە تەگكۈزمەك:

كېچەۋۇ كۈندۈز يۈرۈپدۇرمەن سۇراغىدا دېدىم،
تۇغنى پېشانەڭگە كۆرگەچ سەجدە چاغىدا دېدىم.

— قەلەندەر.

سەجدە قىلماق — تەزىم قىلماق، تېپىنماق:

ئىبادەت قىلىپ تۇردى مەئبۇدغە،
كېچەلەر قىلىپ سەجدە مەسجۇدغە.

— ئا. نىزارى.

سەجدەگاھ [سجده‌گاه] (ئە + پ) سېغىنىدىغان جاي، مەسچىت، مەسچىت مېھرابى:

پەلەك دېدىكى: «مەن ئالەم پەناھى»،
دېدى يەر: «مەن ئەرەنلەر سەجدەگاھى».

— ناقىس.

سەجئ [سجع] (ئە) نەسرىي شېئىر.

سەخائ [سخاء] (ئە) سېخىيلىق، قولى ئوچۇقلۇق، مەرد-

لىك:

پۇقەرا ھەم گەتاسىدىن خۇشتەر،
بىنەۋالار سەخاسىدىن پەرۋەر.

— موللا قۇربان.

سەخا ئەھلى — سېخىيلەر، قولى ئوچۇقلار.

سەخاسىز [سخاسيز] بېخىل، پىخسىق.

سەخالىق [سخاليغ] قولى ئوچۇق، سېخىي:

بۇلۇتدەك سەخالىق كېرەك مىزبان،
كى تەگدۇر ئاڭا مەرز ئىلە مەرزبان.

— نەۋايى.

سەخاۋەت [سخاوت] (ئە) «سەخا» غا قاراڭ:

كى ئاجىزغە بول لۇتۇف ئىلە مېھرىبان،
سەخاۋەت بىلە ئۆزنى قىل تەۋ ئامان.

— ئا. نىزارى.

سەخاۋەت كۆرگۈزمەك — سېخىيلىق، مەردلىك قىلماق:

بۇ خىل ئەيلىسە نەفسىڭغە ئەداۋەت كۆرگۈز،
ھەرنىمەنكى تاپىلسە سەخاۋەت كۆرگۈز.

— نەۋايى.

سەخەت [سخط] (ئە) قىيىن، تەس؛ غەزەپ، ئاچچىق:

شور - شورى دەرياۋۇ سەدايى دەرەخت،
نالەئى مۇرغان، نەداھايى سەخەت.

— زەلىلى.

سەخت [سخت] (پ) قاتتىق، قېتىپ قالغان؛ مۇستەھكەم:

كى دۇنيا تالاشىپ بۇرەڭ ئەيلەدى،
ئىماملار بىلەن سەخت جەڭ ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

سەختكۇش [سخت كوش] (پ) ئۇجەر، قەيسەر؛ تىرىشچان.

سەختگىر [سخت گىر] (پ) كەك ساقلايدىغان، ئاداۋەتخور، ئۆچ ئالغۇچى.

سەد I [سد] (ئە) توسۇق، تام، سېپىل، ئىستىھكام، قورغان، قەلئە:

تولا چەكتىم جەفاۋۇ جەرى بىھەد،
ئوقۇشىنىڭ يولىغە باغلاندى بىرسەد.

— ناقىس.

سەددى چىن — جۇڭگو قورغىنى.

سەددى راھ — يول توسۇقى.

سەددى سىكەندەر — ئىسكەندەر سالدۇرغان ئېگىز قورغان:

ھەۋارىس يۈزىگە نىقاب ئەيلەدى،
چۇ سەددى سىكەندەر ھىجاب ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

سەددى يەئجۇج — ئەڭ چوڭ دەرۋازا؛ تۆمۈر دەرۋازا:

گەھى سەددى يەئجۇج قىسىم ئەيلەبان،
گەھى يۈز ئەجايىب تىلىسىم ئەيلەبان.

— نەۋايى.

سەد II [صد] (پ) 100 (سان):

سۆبھەئى سەد دانە سۇفىلەر فەراموش ئەيلەگەي،
سومنات ئىچرە بەرەھمەنلەردە زۇننار ئولماسا.

— زەلىلى.

سەد پارە — يۈز پارچە:

گۈل ۋەرەق ئاچىپ چەمەندە مۇسەففەھى ۋەسفىن ئوقۇر،
غۇنچەلەر شەرھى گۈلى ھۆسنى ئۇچۇندۇر سەد بەيان.

— گەرشى.

سەد دانە — يۈز دانە:

ئەي زەلىلى زاھىدى خىلۋەت نىشىن دۇر بىخەبەر،
كۆركى ئەيلەيدۇر قولىدا سۆبھەئى سەددانە رەقس.

— زەلىلى.

سەد ھەزار — يۈز مىڭ:

دىدى خاتۇنغە ئۆتكەن سەرگۈزەشتىن،
دەرىغا سەد ھەزار دەردا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

سەد ھەزاران — يۈز مىڭلاپ:

پايمالى غەم بولۇپ قالغان زەلىلى زاردىن،
سەد ھەزاران بەندەئى يەتكۈر ئەگەر يەتسەڭ سەبا.

— زەلىلى.

سەدا [صداء] (ئە) ئاۋاز، ناۋۇش، ئۈن:

ئول شەفىئولمۇزنەبىن ئىسمى قىلۇر مۇنداق نىدا،
چىقتى داغى سىنەئى پۇرغۇسسەدىن تۇرلۇك سەدا.

— ئەرشى.

سەدايى رەشاد — ھەقىقەت، ئادالەت ئاۋازى.

سەدايى شىۋەن — مۇڭلۇق ئاۋاز، پىغانلىق ئاۋاز:

مۇختەلىف تاپىب سەدايى شىۋەنىن،
قىلدى ئاندىن ۋەزئى مۇسىقى فەنىن.

— نەۋايى.

سەدارەت [صدارت] (ئە) رەئىسلىك، ۋەزىرلىك؛ چوڭ مەنسەپ.

سەداغ [سداغ] ئوقيا خالتىسى، ساداق:

سەداغى ئۆچىدا ئاسرايدۇ بىر بۆلەك قاتىل،
جەھان خەرابىغە ئول كافىرى بەلاغا باقىڭ.

— ئەرشى.

سەداق [سداق] «سەداغ» قا قاراڭ.

سەداقەت [صداقت] (ئە) سادىقلىق، ۋاپادارلىق:

سىدق ئىچرە قاچانكى چىقسە ئاتى ئەرنىڭ،
فاش ئولسە سەداقەتدە سىفاتى ئەرنىڭ.

— نەۋايى.

سەدەد [صدد] (ئە) مەقسەت، نىيەت، قەست، كۆزلەش:

ياركەند ئىچرە زەلىلى تەلبە قويمايدۇ قەدەم،
تا سەدەد كۆمۇ كۆچاۋۇ سەيرى تۇرفان ئەيلەمەس.

— زەلىلى.

سەدەف [صدف] (ئە) 1) سەدەپ:

زەمانە ئەتا قىلدى ھەق بىر پىسەر،
سەدەفا بەتىندىن چىقتى ئوتلۇق گۆھەر.

— ئا. نىزارى.

2) ئىدىش، قاچا؛ ساقلىغۇچى:

ئەگەر ئاشىيانە خۇد خەزەفدۇر،
ۋەلى ئول دۇرغە مەخزەندەك سەدەفدۇر.

— ناقىس.

سەدەف پارە [صدف پاره] (ئە + پ) سەدەپ، ئاق تاش پارچىلىرى.

سەدەپ رېزە [صدف ريزه] (ئە + پ) سەدەپ سۇنۇقى، ئۇششاق سەدەپ.

سەدەپ سان [صدف سان] (ئە + پ) سەدەپ كەبى، سەدەپكە ئوخشاش.

سەدەف كار [صدف كار] (ئە + پ) سەدەپ يىغقۇچى، سەدەپ قادالغان.

سەدەفگۇن [سدف گون] (ئە + پ) سەدەپ كەبى، سەدەپ رەڭ.

سەدەف ۋار [صدف وار] (ئە + پ) سەدەپتەك، سەدەپكە ئوخشاش.

سەدەقە [صدقه] (ئە) خەير - ئېھسان، قۇربان:

نە ئۇچۇنكىم رەسۇل قەۋلى بىلەن،
ياخشى سۆز باردۇر ئويلەكىم سەدەقە.

— نەۋايى.

سەدەقە قىلماق — پىدا قىلماق، بېغىشلىماق، قۇربان قىلماق.

سەد بەرگ [صد برگ] (پ) يۈز ياپراق:

گۈل سۇرۇخۇ سارىغ سەدبەرگ، سەۋسەن،
گۈلى رەئناغە ئەيتۇر بىزنى سەۋ سەن.

— زەلىلى.

سەددەق [صدق] (ئە) راست، توغرا، ھەقىقەت:

چۈنكى ئانىڭ بارچە سۆزى ھەقدۇرۇر،
ئوترۇسىدا ئەل سۆزى «سەددەق» دۇرۇر.

— نەۋايى.

سەدر [صدر] (ئە) 1) ئۇلۇغ، چوڭ (مەنسەپ)؛ باشلىق. رەئىس:

دەۋردۇر سەدر بەدەر كائىنات ئەيلەي بۇگۇن،
ئەژدەھاسەر ئوتلۇغ ئاھىمدىن ئەلەم كەلتۇرمىشەم.

— زەلىلى.

2) كۆكرەك، مەيدە.

سەدرى سۇدۇر — ئەڭ تۆر، ئەڭ يۇقىرى ئورۇن؛ ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى:

سەدرى سۇدۇرى فەقرى ئۇزە ئەيلەپ ئىدىلەر شەھرىيار،
سايە رەسىنگە سالمايىن بالۇپەر ھۇماھۇنۇز.

— زەلىلى.

سەدرە [سدره] (ئە) سىپدە، قارىياغاچ:

خىزمەت ئەيلەپ چۈن رىكابىڭدا مەلائىك خەيلىدىن،
سەدرەدىن ئاشماقغە جەبرەئىل تاپمادى ھەرگىز ئىلاج.

— شەۋقى.

سەدرەمۇنتەھا [سدرەمنتها] (ئە) جەننەتتىكى ياكى ئەرشتىكى بىر دەرەخ:

ئېتىمىپ پەرۋاز سەدرە مۇنتەھاغا،
يېتىمىپ قەۋسەيىن ئەۋئەرنا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

سەدقە [صدقه] (ئە) كەمبەغەللەرگە قىلىنغان ئىقتىسادىي ياردەم، خەير - ئېھسان؛ قۇربان:

نىچۇك دىسە قىلساق ئائا بىر ئىلاج،
باشى سەدقەسىدۇر كىم ئولماس خىراج.

— ئا. نىزارى.

سەديەك [صديك] (پ) يۈزدىن بىر:

يىغلەرسىنى، ئەيكى، كۆپ مەنىڭ ئەيلەدىڭ، يوقتۇر شەكىم،
ئەشكىڭ ئولماقدە سەدىم، گەر بولسە دەردىڭ سەديەكىم.

— نەۋايى.

سەر [سر] (پ) باش، ھەر قانداق نەرسىنىڭ بېشى؛ ئۇچ، چوققا:

ئانىڭدەك خاركىم تەرك ئەيلەگىل سەر،
ئۇرۇپ تىل بىرلە داغىم تامغە خەنجەر.

— ناقىس.

سەرى مو — «سەرى موي» غا قاراڭ.

سەرى موي — باشتىكى تۈكنىڭ ئۇچىچىلىك، قىلچە، ئازغىنا، بەك ئاز:

چۇ ئىستىغنا يۈزىدىن بۇرقەئى ھۇسنىنى ئاچمايدۇر،
ۋۇجۇد ئەسبابىدىن ئاشىقدە بولسە گەر سەرى مويى.

— زەلىلى.

سەرا I [سرا] (پ) ساراي، قەسىر:

باغۇ سەرا بارچە بولۇپ يەرگە تۈز،

زۇلمۇ تەمەئ بولدى ۋەلي بىرگە يۈز.

— نەۋايى.

2) دۇنيا:

كى تەنبىھ ساڭا بۇ سەرانىڭ ئىشى،
ئەزەلدىن ئەبەدكە خۇدانىڭ ئىشى.

— ئا. نىزارى.

سەرا II [سرا] (پ) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ «كۈيلىگۈچى، ئېيتقۇچى، سۆزلىگۈچى…» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

سەراۋۇ سەھنى گۈلشەندە بولۇپ نەغمەسەرا ھەردەم،
ئۆزۈڭگە بۇلبۇلۇ خۇشگۈيلارنى دەستيار ئىزدە.

— ھاپىز خارەزمى.

سەرا III [ثرا] (ئە) 1) يەر. 2) گۆر، قەبرە.

تەھتەسسەرا — يەر ئاستى.

سەراب [سراب] (ئە) ئىسسىق كۈنلەردە دالىدا سۇغا ئوخشاش ۋىللىداپ كۆرۈنىدىغان نەرسە، ئېزىتقۇ:

بۇ قانكى ۋادىئى ئىشق ئىچرە ئاقتى بولسە نى تاڭ،
سامۇم رەڭگىدەك ئول دەشت ئارا سەراب قىزىل.

— نەۋايى.

سەرابوستان [سرابوستان] (پ) باغلىق ھويلا، ئۆي ئەتراپىدىكى باغ، شاھانە قەسىر.

سەراپا [سراپا] (پ) باشتىن - ئاخىر، باشتىن ئاياغ - پۈتۈنلەي:

پەردەپۇش بولغاچ چىمەندە جەگەرى كەلدۈك چىپىمپ.
مەن سەراپا ھايى ھۇيى نالەدىن چۈن ئەندەلىپ.

— زەلىلى.

سەراپەردە [سراپرده] (پ) چوڭ پەردە؛ پادىشاھ چېدىرى.

سەراسەر [سراسر] (پ) ئۇ باشتىن - بۇ باشقىچە، باشتىن - ئاياغ، ھەممىيەر؛ پۈتۈنلەي:

كى مۇنداغ تەرزدە بولسە سەراسەر،
بىزنىگدەكلەر ئوقۇپ: «قايداغ كىتاپ» دەر.

— موللا سابىر.

كى تاكەلدىم جەھانغە، ئەي بەرادەر،
كۆرەر مەنكىم ھەمە غەمدۇر سەراسەر.

— ناقىس.

سەراسىمە [سراسيمه] (پ) ھودۇقۇش، تەمتىرەش، ئالاقزادە، سەراسىم.

سەراغاز [سراغاز] (پ) باشلىنىش، ئەڭ ئاۋۋال، يېڭىدىن.

سەرافەت [صرافت] (پ) ئورۇنسىز، ئارتۇقچە قىلىنغان خەج، ئىسراپ.

سەرافەت بولماق — ئىسراپ بولماق.

سەراي I [سراي] (پ) «سەرا I» گە قاراڭ.

كى داخىل بولۇپمىز چۇ ئاندا بارىپ،
تۈشۈپمىز سەراي ئىچرە يولدا ھارىپ.

— ئا. نىزارى.

سەراي II [سراي] (پ) «سەرا I» گە قاراڭ.

سەرايەت [سرايت] (ئە) كۆچمەك، يۇقماق؛ ئۈنۈم، نەتىجە:

قىلاي ئۆز كۆرگەنىمدىن بىر ھىكايەت،
ئۈمىد ئولدۇركى بۇ قىلغاي سەرايەت.

— ناقىس.

سەرايەندە [سراينده] (پ) ئېيتقۇچى، ناخشا ئېيتقۇچى، غەزەلخان.

سەرەتان [سرطان] (ئە) 1) قىسقۇچ پاقا (راك). 2) ئاسترونومىيىدە 12 بۇرجنىڭ تۆتىنچىسى؛ يازنىڭ بىرىنچى ئېيى (ئىيۇن):

ئەتارۇ، مۇشتەرى، جەۋزاۋۇ بەھرام،
زۇھەل، سەرتان① بىلە زۇھرايى خۇش فام.

— ناقىس.

سەرەفراز [سرافراز] (پ) بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، مەغرۇر؛ يۇقىرى، يۈكسەك؛ خۇرسەند، خۇشال:

ئول قۇش سەفەر ئەيلەپ نى تەرەف گۈلبۇنىن ئاچقاي،
كىم باغ ئارا بىر سەرۋى سەرەفرازى قالىپتۇر.

— نەۋايى.

سەرەفراز ئەيلەمەك — ھۆرمەتلىمەك، خۇشال، خۇرسەند قىلماق:

سەرەفراز ئەيلەدى ھەددىن زىيادە،
بۇلار يانماق ئۈچۈن قىلدى ئىرادە.

— موللا سابىر.

سەرەفراز بولماق — خۇشال، مەمنۇن بولماق، ئېرىشمەك.

سەرەفراز قىلماق — ھۆرمەتلىمەك، خۇشال، خۇرسەند قىلماق:

سوردى ھالىنى قىلىبان سەرەفراز،
بەردى شەۋقىغە بۇ كەلتۈرگەن نىياز.

— زەلىلى.

سەرەفرازلىق [سرافرازليق] ئۇلۇغۋارلىق، يۈكسەكلىك، خۇرسەندلىك.

سەرەفكەندە [سرافكنده] (پ) بېشى ئېگىلگەن، ئۇياتقا

---

① شېئىردا «سەرەتان» سۆزى «سەرتان» قىلىپ يېزىلغان. شائىر بوغۇم ئېتىبارى بىلەن شۇنداق ئىشلەتكەن بولسا كېرەك.

قالغان؛ خىجالەتتە قالغان:

كى ئىنسان بىلە بارچە شەرمەندە بىز،
سىنىلىڭ دەرگاھىڭدە سەرەفكەندە بىز.

— ئا. نىزارى.

سەرەفكەندەلىك [سرافكندەليك] بويسۇنۇشلۇق، ئىتائەتمەنلىك:

زۇھورىدىن ئەتتى ساڭا بەندەلىك،
تومەن قۇللۇق ھەم سەرەفكەندەلىك.

— ئا. نىزارى.

سەرەنداز [سرانداز] (پ) 1) بېشى چۈشكەن، غەمكىن، خاپا:

گەر خەسم جەفاسىدىن سەرەنداز ئولغۇلۇق،
داغىم تەگەبۇ ئەلەمگە ئەنزاب ئولغۇلۇق.

— نەۋايى.

2) باتۇر، غەيرەتلىك، شىجائەتلىك؛ ئەپچىل، چاققان.

سەرەندازلىق [سراندزليق] ئاشقىلىق، سۆكۈنتلۈك.

سەرەنجام [سرانجام] (پ) 1) بېجىرىلىش، تاماملىنىش:

بارىپ دەۋلەت ئەركانى شەھ كامىغە،
تاپىپ شوغل ئول ئىش سەرەنجامىغە.

— نەۋايى.

2) ئاقىۋەت، ئاخىر:

جەمىكى ئىزنى تانىب سەرەنجام،
لەيلى ھەشەمى سەرى ئورۇپ گام.

— نەۋايى.

سەرەنجام ئەيلەمەك — تۈگەتمەك، بىر تەرەپ قىلماق.

سەرەنجام بولماق — تۈگىمەك، بىر تەرەپ بولماق.

سەرەنجام ئۇلماق — «سەرەنجام بولماق» قا قاراڭ.

سەربار [سربار] (پ) باش يۈكى، باشقا قويۇلىدىغان يۈك؛ باشقا چۈشكەن ئېغىرلىق.

سەربارلىق [سربارليق] ئېزىش، قىيناش.

سەرباز [سرباز] (پ) ئەسكەر، چېرىك.

سەربەرەھنە [سربرهنه] (پ) بېشى ئوچۇق، يالاڭباش:

كۆردىلەر كىم ئاندا قىرىق تەن ئولتۇرۇر،
سەربەرەھنە، پابەرەھنە، غەرقى نۇر.

— زەلىلى.

سەربەسەر [سربسر] (پ) باشتىن - ئاياغ، پۈتۈنلەي:

ئولتۇرۇپ زىكرىغە مەشغۇل ئەردىلەر،
چاريارانۇ سەھابە سەربەسەر.

— زەلىلى.

سەربەستە [سربسته] (پ) يېپىق، يوشۇرۇن، مەخپىي.

سەربەلەند [سربلند] (پ) يۈكسەك، ئاتاقلىق، مەشھۇر، داڭدار:

كى شەمشادى بولسۇن بەسى سەر بەلەند،
چۇ ئاشۇپ ئىلە يەتمەسۇن ھىچ گەزەند.

— ئا. نىزارى.

سەربەلەند ئەيلەمەك — خۇش ۋاقىت قىلماق؛ داڭقىنى، شۆھرىتىنى چىقارماق:

بىرىن سەربەلەند ئەيلەدى بىرنى خار،
بىرىن جابەجا قىلدى بىرنى فىرار.

— ئا. نىزارى.

سەربەلەند بولماق — ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماق، شۆھرەت قازانماق:

چۈن ئىلىم ئىلە ئەرجۇمەند بولغاي،
ئافاق ئارا سەربەلەند بولغاي.

— نەۋايى.

سەربەلەند قىلماق — «سەربەلەند ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

تەفەككۇر بابىدا قىل سەربەلەند،
تەخەييۇل دىيارىدا قىل ئەرجۇمەند.

— ئا. نىزارى.

سەربەلەند ئۇلماق — «سەربەلەند بولماق» قا قاراڭ.

سەرپەنجە [سرپنجه] (پ) قول بارماقلىرى، چاڭگال.

سەرپۇش [سرپوش] (پ) قاپقاق، تۇۋاق:

ئەيلەدىم سەرپۇشى خۇمى خۇسرەۋانى ئۆزرەمەن،
گەۋھەرى گەنجى مۇئايىنە خەرىدار ئولماسا.

— زەلىلى.

سەرتاب [سرتاب] (پ) بويسۇنمايدىغان، گەپ ئاڭلىمايدىغان، جاھىل، كاج.

سەرتاسەر [سرتاسر] (پ) باشتىن - ئاياغ، پۈتۈن، پۈتۈنلەي:

سەرتاسەر جەھانغە ياغسا بالايى توفان،
ئەي قەۋمى قورقمالىڭ، ھەق كىشتىبان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

سەرتاراش [سرتراش] (پ) ساتىراش.

سەرجۇش [سرجوش] (پ) راسا قايناماق، قاينام:

سەرجۇش بەھار ئەيلەدى زەررىن چىمەنى شوخ،
بۇلبۇل قىلىبان نالەسىدىن ئەنجۇمەنى شوخ.

— زەلىلى.

سەرچە [سرچه] (پ) شىشە.

سەرچەشمە [سرچشمه] (پ) بۇلاق، بۇلاق بېشى:

يۈرۈپ سەرچەشمە ئىگە قىلدى فائىز،
كى ئەرجەننەت دىسەم ھەم ئېردى جائىز.

— ناقىس.

سەرخەت [سرخط] (ئە + پ) ھۆسن خەت مەشىق

قىلغۇچىلار ئۈچۈن يېزىپ بېرىلگەن خەت ئۈلگىسى:

تاجۇ تۇغرايى مۇھەببەتنامە تا كەلتۈرمىشەم،
سەرخەتى مەشقى جۇنۇندىن ئىپتىدا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

سەرخەم [سرخم] (پ) ھالقا، ئەگمە.

سەرخەيل [سرخيل] (پ) باشلىق، رەھبەر، يولباشچى:

سەرخەيلى سەگى دىلبەر ئەي تەلبە زەلىلى سەن،
يول بەرمەي ئىشكىدە بىللاھ كى ۋەبال ئەيلەر.

— زەلىلى.

سەرخىل [سەرخيل] (پ) باشلىق، قوماندان:

سەرخۇش [سرخوش] (پ) كەيىپ، مەست:

ئالەمنى ئەگەر قوزغەبان ئوت سالسە تالىڭ ئىرمەس،
ئول شۆككى سەرخۇش چىقىبان سىبكىرىتۇر ئەربىش.

— نەۋايى.

سەرد [سرد] (پ) سوغۇق:

ئارادىن كۆتەردى غەمۇ دەردنى،
كى ئاھىدىن ئولغان دەمى سەردنى.

— ئا. نىزارى.

سەردابە [سردابه] (پ) سۇ ساقلاش ئۈچۈن كولانغان ئۈستى يېپىق كۆلچەك:

دىيارى ھۇسنىدىن ئەزم ئەيلەسە كۆلبەم سارى ناگەھ،
يولىنە كۆزلەرىم سەردابەلەر قىلغۇم يۇرئاب ئەيلەپ.

— ئەرشى.

سەردار [سردار] (پ) باشلىق، يېتەكچى، يولباشچى:

كى سەرداردىن زۇلۇم شايىئىدۇرۇر،
خىلاف ئەمر ئىش ئانچە ۋاقىئىدۇرۇر.

— ئا. نىزارى.

سەردار بولماق — باشلىق، رەھبەر بولماق.

سەردەفتەر [سردفتر] (پ) ئەڭ باشتا بولۇش، ئۇلۇغ بولۇش، ئېتىبارغا ئىگە بولۇش؛ دەپتەرنىڭ ئەڭ بېشىغا يېزىلغان:

سەرۋەرى سەردەفتەرى پەيغەمبەران،
ھەزرەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان.

— زەلىلى.

سەرراج [سراج] (ئە) ئېگەر - جابدۇق ياسايدىغان ئۇستا.

سەرراست [سرراست] (پ) تۈز، تۈز كۆڭۈل، ئاق كۆڭۈل.

سەرراف [كراف] (ئە) 1) پۇل ئالماشتۇرغۇچى، پۇل پارچىلىغۇچى.

2) سۆز ئۇستىسى، سۆزمەن:

خەبەر بەرگۈچى سەررافى گۆھەر پاش،
بۇ يەگىلىغ ئەيلەدى نەقدى خەبەر فاش.

— نەۋايى.

سەررىشتە [سررشته] (پ) يىپنىڭ ئۇچى؛ ئىشنىڭ ئاساسى:

بىر نەزەر ئاندىن ئىبرۇر سەررىشتەگى نۇر شادلىغ،
كۆرسە ھالىمنى ئۇ تۇفەيدىن يۇتەر ئىبردى كەمىم.

— ناقىس.

سەرزەمىن [سرزمين] (پ) يەر - جاي، ئۆلكە، مەملىكەت.

سەرزەنىش [سرزنش] (پ) تىل، ئازار، تەنە، تەنبىھ؛ كايىش:

پەلەكدىن يېتىپ ئول زەمان سەرزەنىش،
تەۋەققۇئ تاپىپ باشىغە تۈرفە ئىش.

— ئا. نىزارى.

سەرزەنىش قىلماق — كايىماق، تەنبىھ بەرمەك.

ھەمە سەرزەنىش قىلدى جەللادغە،
كى لەئنەت قىلىپ شاھى بىدادغە.

— ئا. نىزارى.

سەرسام [سرسام] (پ) جۆيلۈمەك، ئېگىز - پەس سۆزلىمەك.

سەرسەبز [سرسبز] (پ) كۆكەرگەن، دائىم كۆپكۆك؛ خۇرسەند، شاد.

سەرسەر [صرصر] (ئە) 1) كۈچلۈك ۋە سوغۇق شامال، دەھشەتلىك بوران:

قەدى سەرۋ باغى بەھارىدا بار،
قىزا سەرسەرى قىلماغاي تارمار.

— ئا. نىزارى.

2) توپىلاڭ، تىنچسىزلىق:

ئانچە كوفر ئەيتە باشلەدى فەرفەر،
كى دەمىدىن ئەيان بولۇپ سەرسەر.

— نەۋايى.

سەرسەرى ئافەت — بالايىئاپەت بورىنى.

سەرسەرى ئاھ — قاتتىق ئاھ، كۈچلۈك پىغان:

بۇگۈن باغى گۈلىستان گۈللەرى خۇش بەرگ دېز ئولدى،
سەھەر ھوي چېكەردە سەرسەرى ئاھىم خەزان ئەتكەچ.

— زەلىلى.

سەرسەرى مېھنەت — مۇشەققەت بورىنى.

سەرسەرى خىرام — شامالدەك يۈگۈرۈك (ئات).

سەرسەرى ھىجران — ئايرىلىش، ھىجران بورىنى.

سەرسەرمانەند [صرصرمانند] (ئە + پ) كۈچلۈك بورانغا ئوخشاش.

سەرسۆخەن [سرسخن] (پ) سۆز بېشى، باشلانما،

مۇقەددىمە، كىرىش سۆز.

سەرشار [سرشار] (پ) لىق، لىپمۇلىپ، تولا، سىراپ:

ۋىسال جامىدىن بىر نەچچە كۈن سەرشار ئىدىم، يارەب،
بۈگۈن كەتتى مېنى فۇرقەت خۇماردا خۇمار ئەيلەپ.

— ئەرشى.

سەرشار ئەتمەك — لىقلىماق، تولدۇرماق؛ قاندۇرماق:

يۈز نىگاھى لۇتۇف ئىلە ئەغيارنى سەرشام ئېتىپ،
گۈلشەنى لۇتفۇڭنى مەندىن نېچەكىم كەم قىلغاسەن.

— ئەرشى.

سەرشىكەن [سرشكن] (پ) تەڭ چېچىش، تەڭ تەقسىم قىلىش؛ بىر ئۈلۈش:

يەنە ئەگدىيۇ ئەسمۇگى سەرشىكەن،
كى مەجنۇن، ۋاقىت بىلە كۈھكەن.

— ئا. نىزارى.

سەرف I [سرف] (ئە) خىراجەت، چىقىم، سەرپ:

ئۇستاد گۈل شاھ ئىلە خەيلىن تېرىپ،
سەرفلەرىغە زىبۇ ئارايىش بېرىپ.

— نەۋايى.

سەرف ئەتمەك — خىراجەت قىلماق، ئىشلەتمەك، چىقىم قىلماق.

سەرف II [صرف] (ئە) تۈرلىش، مورفولوگىيە.

سەرفەراز [سرفراز] (ئە) ئۇلۇغ، بەختىيار، ھۆرمەتلىك:

بۇتاش ئۆزرە قىلدى مۇھەممەد نەماز،
كى ئانچە بولۇپ تەختى سەڭ سەرفەراز.

— ئا. نىزارى.

سەرفەراز ئەيلەمەك — بەختىيار قىلماق، خۇرسەن قىلماق، ھۆرمەتلىمەك، ئۇلۇغلىماق.

سەرفەراز قىلماق — «سەرفەراز ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

كەرەم ئەيلەگىل شاھ بەندە نەۋاز،
مۇھەببەت تەرىقىدە قىل سەرفەراز.

— ئا، نىزارى.

سەرفىتنە [سرفتنه] (پ + ئە) پىتنە باشلىقى، پىتنە باشلىغۇچى، پىتنە قوزغىغۇچى.

دېدىم، ئەتكىل ئارەزىڭ بىرلە كۆزۈڭ ۋەسفىن، دېدى:
ئارەزىم دەۋرى قالار، سەرفىتنەگى دەۋران كۆزۈم.

— نەۋايى.

سەرفىتنەئى ئەييام — پىتنە - پاسات كۈنى.

سەرفىكەندە [سرفكنده] (پ) ئىتائەت، بويسۇنۇش:

قەۋمۇ ھەيلىكى بەندەم ئېردىڭلەر،
نې دېسەم سەرفىكەندەم ئېردىڭلەر.

— نەۋايى.

سەرفىي [صرفى] (ئە) ئەرەب گىراماتىكىسىغا ئائىت.

سەركار [سركار] (پ) ئىش بېشى، نازارەتچى:

ھەمە ئەترافى ئالەمدىن خەبەردار،
ئانىڭ خەيلى ئىچىدە ئەقلى سەركار.

— ناقىس.

سەركەش [سركش] (پ) 1) باش بەرمەيدىغان، ئىتائەتسىز، ئۆجەر، باش تارتقۇچى:

سەرھەلقەۋۇ سەركەشان جەلالى،
دەغى قويادۇر مەدارى ئۆزرە.

— زەلىلى.

2) ئەركەيار:

شوخى سەركەش دېدى: ئەي جاھىل سىرىشت،
رازى گۈلسالىڭ ھەرنە گۈلىمە سەرنەۋىشت.

— نەۋايى.

سەركەش نىھال [سركش نهال] (پ) چىرايلىق، ئېگىز دەرەخ.

سەركۆب [سركوب] (پ) دۈشمەنگە نەيزە ئاتىدىغان ئېگىز جاي؛ قەلئە، قورغان ئەتراپىدىكى ئېگىز توپا دۆۋىسى.

سەركۆفتە [سركوفته] (پ) بېشى يانچىلغان.

سەرگەران [سرگران] (پ) بېشى ئايلانغان، مەست.

سەرگەردان [سركردان] (پ) بېشى ئايلانغان، قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيدىغان، سەرسان، ساياق:

تىلەر سەندىن بۇ سەرگەردان كەمىنە،
بويول قەتتىگە رەخشى يا سەفىنە.

— ناقىس.

سەرگەرم [سركرم] (پ) بېشى قىزىغان، مەست.

سەرگەشتە [سركشته] (پ) بېشى ئايلانغان، گاڭگىرغان، سەرگەردان، ئاۋارە، پەرىشان:

شىكەستە بەستەۋۇ سەرگەشتەۋۇ دىلخەستە ئەۋۋارە،
يۈزۈمنى سۈرتۈبان دەرگاھىغە بەس ناتىۋان كەلدىم.

— زەلىلى.

سەرگەشتە ئاشىق — بېشى ئايلانغان، سەرسان بولغان يار:

خەس ئېمەس گىرداب ئاراكىم باشىگە ئېۋۈرۈلغەلى،
سۇ ئۈزە سەرگەشتە ئاشىق جىسمىنىڭ خاشاكىدۇر.

— نەۋايى.

سەرگەشتەھال — ئەھۋالى ناچار، بىچارە، ئاۋارە:

غەمۇ غۇسسە بىرلە مەلال ئولدىلار،
ئەلەم بىرلە سەرگەشتە ھال ئولدىلار.

— ئا. نىزارى.

سەرگەشتەلىك [سركشتەليك] سەرسانلىق، سەرگەرداد-

لىق، ئاۋارىلىك؛

سەرگۈزەشت [سرگذشت] (پ) بېشىدىن ئۆتكەنلەر، بېشىدىن كەچۈرگەنلەر:

ئىبەرگىل ماڭا ئەمدى ئەفسانە كۈي،
دېگەي سەرگۈزەشت ماڭا مۇيەمۇي.

— ئا. نىزارى.

سەرلەۋھە [سرلوحه] (پ + ئە) تاختىنىڭ بېشى؛ گېزىت - ژۇرناللاردا ماقالىنىڭ ماۋزۇسى.

سەرمايە [سرمایه] (پ) 1) ئاساس، سەۋەب. 2) دۆلەت، بايلىق، مەبلەغ:

قىتىر كىبرەك ئاڭلاسا ئۆزپايەسى،
بەھر ئىلە تەڭ تۇتماسە سەرمايەسى.

— نەۋايى.

سەرمەد [سرمد] (ئە) ئەبەدىي، مەڭگۈ، دائىم، داۋاملىق:

دۇرۇدى بىشەدەد ئىقبالى سەرمەد،
ئەزەل سۇبھى ئەبەد شامى بولۇپ ھەد.

— ناقىس.

سەرمەدىي [سرمدی] (ئە) مەڭگۈ، ئەبەدىي، دائىمىي.

سەرمەست [سرمست] (پ) كەيىپ، خۇش كەيىپ، مەست:

كېتۇر جامى، ياغاچ ئولغاي ئاڭا ئاج،
مەيىن ئىچكەچ بولاي سەرمەستى مىئراج.

— ناقىس.

سەرمەستان [سرمستان] (پ) كەيپىلىك، خۇش كەيپىلىك، مەستلىك.

سەرمەنزىل [سرمنزل] (پ + ئە) كارۋانلار ۋە يولۇچىلارنىڭ بىرىنچى قونالغۇسى:

يوق ئاغىزدىن سورۇبان نۆكتە ئاقىبەت قىلدى،
مېنى موسافىرى سەرمەنزىلى فەنا ئول شوخ.

— نەۋايى.

سەرنەۋشت [سرنوشت] (پ) پېشانىگە پېزىلغان، تەقدىر:

سەئادەت سەرنەۋشتى فەزلى ھەقدىن بەختىيار ئولسا،
كىلەر ئالدىغە جەننەت ھۇرۇ غىلمان ئىنتىزار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

سەرنىگۈن [سرنكون] (پ) بېشى تۆۋەن؛ دۈم كۆمتۈرۈلگەن، ئاستىن - ئۈستۈن:

بىرسى ئىستىغنا ئىچىدە سەرنىگۈن،
بىرلەرنى مەست ئەيلەپدۇر جۇنۇن.

— زەلىلى.

سەرھ [صرح] (ئە) قەسىر.

سەرھەد [سرحد] (پ + ئە) چېگرا، ئاخىرقى چېگرا، ئاخىرقى چەك؛

سەرۋى ئىلە سەنۇبەرچۇن بوستاندا خىجىل بولدى،
قەددىنى بوگۈن ئۇ شوخ سەرھەدى كەمال ئەيلەر.

—زەلىلى.

سەرھەڭ [سرهنگ] (پ) ھەربىي باشلىق، قوماندان:

گەر فىتنە ساچلەر تۇغ ئەيلەسە ئاشىق نېتەڭ،
ئىشق شەھرىدە ئەدالەر ساھدەك سەرھەڭدۇر.

—زەلىلى.

سەرھەلقە [سرحلقه] (پ + ئە) ھالقا شەكلىدە تىزىلغان نەرسىلەرنىڭ (مارجان، مەرۋايىتقا ئوخشاش) ئەڭ چوڭى؛ باشلىق، يېتەكچى:

بۇدەۋردە يوق سەن كىبى خۇشخان ھافىز،
مۇغفاز ئارا سەرھەلقەئى دەۋران ھافىز.

— نەۋايى.

سەرۋپا [سروپا] (پ) ئۈستىباش:

سەرۋپا بەرھەنەلىكدىن بولماس كىشى قەلەندەر،
دۇنياۋۇ ئاخىرەتنى بەرباد ئەگەر قىلماسا.

— زەلىلى.

سەرۋسامان [سروسامان] (پ) ئەسۋاب - ئۈسكۈنە، نەرسە - كېرەك؛ لازىمەتلىك، ياردەم:

زەلىلىدىن سەرۋسامان خەتتا ئىبلى سورما،
موسافىران خوتەن بىرلە خىرقە پۇش ئىردىم.

— زەلىلى.

سەرۋ [سرو] (پ) 1) تىك ۋە تۈز ئۆسىدىغان، قىش - ياز ياپېشىل تۇرىدىغان، چىرايلىق، خۇش قامەت دەرەخ، سەرۋ:

قەددىڭگە سەرۋ ئىلە تۇبى، ساچىڭگە سۇنبۇلى خۇبى،
يۈزۈڭگە ئايۇكۈن، گۈل بىرلە شەمئى ئەنجۈمەن ئاشىق.

— قەلەندەر.

2) قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق، گۈزەل مەشۇق:

مۇيەسسەر بولسە ئۆمرۈمغە ئەگەركىم بىر يۈزىن كۆرسەم،
تەسەددۇق ئەيلەسەم ئول سەرۋىگە بۇتەندە جانىمنى.

— قەلەندەر.

سەرۋى ئازاد — چىرايلىق، لەتاپەتلىك يار:

جەھاندا تاپمادىم، ئەي سەرۋى ئازادىم، دەمى راھەت،
نەچە پىراھەنىمنى ھەجرۇ فۇرقەتدىن قەبا قىلدىم.

— قەلەندەر.

سەرۋى بوستان — سەرۋىدەك چىرايلىق، كېلىشكەن مەشۇق:

بەرمەدى يۇرسەتكى بىردەم ھەمنەشىن بولسا ئاڭا،

گۈل گۈلى باغى جىنانۇ سەرۋى بوستانىم بىلە.
— قەلەندەر.

سەرۋى چالاك — چىرايلىق سەرۋ:
كەنىب شاخى يوق گەرچى خاشاكچە،
قەلەندەرغە دۇر سەرۋى چالاكچە.
— نەۋايى.

سەرۋى خىران — سەرۋدەك چىرايلىق، قامەتلىك جانان:
بوي چەكتىڭگۇ ئافاق ئىچىدە قۇتبى قىيامەت،
ھەي - ھەي، نەبالا سەرۋى خىرامان يېتىلىپسەن.
— لۇتفى.

سەرۋى دىلجوي — مېھرىبان، كۆيۈمچان دىلبەر:
يۈرۈر ئېرمىش كېچەلەر كوچەۋۇ كوي،
كېزىپ ئالەم ئارا گۈل سەرۋى دىلجوي.
— موللا پازىل.

سەرۋى رەۋان — كېلىشكەن مەھبۇب، قەلبى گۈزەل يار؛
قىلمەدىم جانىم پىدا ئالدىڭدا ئەي سەرۋى رەۋان،
ئىچىمە قالدى نەدامەت، سەھسۇۋارىم بىلمەدى.
— قەلەندەر.

سەرۋى رەئنا — خۇش پىچىم، كېلىشكەن، گۈزەل:
ھۆكمى قىلدىكى، سەرۋى رەئنانى،
ئالەم ئەھلىغە شۇرۇ ياغمانى.
— نەۋايى.

سەرۋى سايە — گۈزەل، قامەتلىك جانان:
تاپىپ كەلدىلەر بىر سەرۋى سايە،
بۇ گۈل يۈزۈلۈككە ئانى قىلدى رايە.
— موللا سابىر.

سەرۋى سىھى — بويى كېلىشكەن، گۈزەل مەشۇق:
باقمە ھەقارەت بىلە مۇفلىس ئۈچۈن ئەغنىيا،
سەرۋى سىھى باغ ئارا قايدا سەمەر ئەيلەمىش.
— زەلىلى.

سەرۋى قامەت — كېلىشكەن، گۈزەل قامەت:
رىزا باشىنى سوئالىڭغە ئەيلەسەڭ رەھبەر،
سوئال ئىچىندە كۆتەر سەرۋى قامەتىڭنى پات.
— شەۋقى.

سەرۋ گۈلرۇ — سۆيۈملۈك مەشۇق:
كېچە كەلگۈمدۇر دېبان گۈل سەرۋى گۈلرۇ كەلمەدى،
كۆزلەرىمگە كېچە تاڭ ئاتقۇنچە ئۇيقۇ كەلمەدى.
— نەۋايى.

سەرۋى مەۋزۇن — گۈزەل سەرۋ:
نەرگىسى بادام كۆزۈڭنىڭ رەشكىدىن قان يۇتتىلار،
گۈل ئەلىفدەك قامەتىڭغە سەرۋى مەۋزۇن ئوخشىماس.
— قەلەندەر.

سەرۋەر [سرور] (پ) يېتەكچى، يولباشچى، باشلىق:
تۈمەن جىلۋە بىرلە كىرىپ گۈل پەرى،
كى مەكتەپ ئارا خۇبلار سەرۋەرى.
— ئا. نىزارى.

سەرۋەقت [سروقت] (پ) يوقلاش، يوقلاپ كېلىش، زىيارەت.

سەروبۇن [سروبون] (پ) قەددى كېلىشكەن، خۇش قامەت.

سەرۋىستان [سروستان] (پ) سەرۋ كۆپ ئۆسكەن جاي، سەرۋىزارلىق:
كىچىك بىرلە ئۈلۈغلار سان ئىچىندە،
نىچوككىم سەبزە سەرۋىستان ئىچىندە.
— نەۋايى.

سەرۋ قامەت [سروقامت] (پ) قەددى - قامىتى كېلىشكەن، زىلۋا بوي.

سەرۋ قەد [سروقد] (پ) قامىتى سەرۋدەك مەھبۇبە.

سەرىر [سرير] (ئە) تەخت، ئورۇندۇق، كارىۋات:
شەفائەت سەرىرىدە گۈل تاجدار،
ھىدايەت تەرىقىدە ساھىب ۋىقار.
— ئا. نىزارى.

سەرىھ [صريح] (ئە) ئاشكارا، ئېنىق، ئوچۇق، ئايدىڭ.

سەرىئ [سريع] (ئە) تېز سۈرئەتلىك:
رەھىم ئوتى كۆككە چىقار ئويلا تېز،
كى بەرق ئىنىمەگەي يەرگە ئانداق سەرىئ.
— نەۋايى.

سەزا [سزا] (پ) جازاغا لايىق، جازاغا تېگىشلىك.

سەزاۋار [سزاوار] (پ) لايىق، مۇۋاپىق:
بۇيۇرماغىل يەنەن سەبىر، ئەي تەبىب تەڭرى ئۈچۈن،
كى ئۇشبۇ شەربەت ئەمەس ئەمدى سەزاۋار ماڭا.
— نەۋايى.

سازاۋار ئولماق — لايىق، مۇناسىپ بولماق.

سەس [سس] تاۋۇش، ئاۋاز، ئاھاڭ، سادا.

سەغ [سغ] (پ) تورۇس، ئۆگزە؛ گۈمبەز.

سەغانە [سغانه] (پ) ئارىلىق، دەلىز ئۆي.

سەغر [ثغر] (ئە) چېگرا، چەك.

سەغىر [صغير] (ئە) كىچىك، ياش بالا (ئوغۇل):
سىزدىن ئەر بولسۇن ئەزىم، ئەرخۇد ھەقىر،

تەۋرۇ ۋەڭ ئىچرە سەغىر، ئەرخۇد كەبىر.

— نەۋايى.

سەغىرە [صغيره] (ئە) قىز بالا.

سەف [صف] (ئە) رەت، قاتار، سەپ.

سەفا [صفا] (ئە) 1) پاكلىق، ساپلىق، تازىلىق:

چۇ تۇفراغى ۋۇجۇدۇڭ بوتەگى مىھنەتتە كۆيدۈرگىل،
سەفايى زاھىدۇ باتىندە شەرتى كىميا بولماق.

— زەلىلى.

2) تىنچلىق، ئاسايىشلىق:

گۈلىستان غۇررەمۇ خۇش بولدى، ئەمدى بىر نىگار ئىزدە،
تۇزۇپ زەۋقۇ سەفا سازىن شەرابى خۇشكۇۋار ئىزدە.

— ھاپىز خارەزمى.

3) گۈزەللىك:

سەفا بەرگاھىدا سۇلتان ئولۇپ،
ۋەفاكارگاھىدا بۇرھان بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

سەفايى ئاسمان — سۈزۈك ئاسمان:

ئۇمىد ئەتكەچ تۇشەردىپ تارى زەردىن تىيرە كۆلبەمگە،
جەمالى ئافتابىدىن سەفايى ئاسمان كاغىز.

— شەۋقى.

سەفال [سفال] (پ) سافال قاچا، ئىدىش:

گۆھەر ئورنىغا قالدىلار سەفال شەيخ،
تەنى مۇردار كۆزى ئەھۋەل شىغال شەيخ.

— شەۋقى.

سەفالەت [سفالت] (ئە) خورلۇق، ئابرۇيسىزلىق، تۆۋەنلىك؛ پەسكەشلىك:

زەمىننى ئەيلەبان سەبزى سەفالەت،
مۇئەللەق تورغۇزۇپ سەبئى سەماۋات.

— زەلىلى.

سەفاھەت [سفاهت] (ئە) ئەخمەقلىق، ئەقىلسىزلىق، يەڭگىلتەكلىك.

سەفاھەت ئامىز [سفاهت آميز] (ئە) ئەخمەقلەرچە، نادانلىق بىلەن، قەبىھلەرچە.

سەفاياب [صفاياب] (ئە) پەيزىلىك بولۇش، مۇنەۋۋەر، نۇرلۇق بولۇش:

گاھ سالىپ ئابۇقۇبايس ئۆزە تاب،
ئاندىن بولۇبان ھەرەم سەفاياب.

— نەۋايى.

سەفايىن [صفاين] (ئە) كىمەلەر.

سەفايىھ [صفايح] (ئە) سەھىپىلەر، ۋاراقلار؛ لەۋھەلەر.

سەفەر [سفر] (ئە) ساياھەت، يول، سەپەر:

كى مۇندىن يەنە تەبرەدۈك يۈرگەلى،
سەفەر مىھنەتىدە قەدەم سۈرگەلى.

— ئا. نىزارى.

سەفەرگەشتە [سفرگشته] (ئە + پ) سەپەر قىلغۇچى:

دەر بەدەر شەھەر بەشەھەر ئىزدەكى مەئشۇق سوراغىن،
ھەمچۇ سەييارە سەفەرگەشتە غەرىبان يەڭلىغ.

— شەۋقى.

سەفەرى [سفرى] (ئە) سەپەر قىلغۇچى.

سەفدەر [صفدر] (ئە) باتۇر، جەسۇر:

كۆرسە ئىردى گەر يۈزۈڭنى بولۇر ئىردى ساڭا قۇل،
رۇستەمۇ بەرزۇ بىلە ئىسكەندەر سەفدەر ساڭا.

— قەلەندەر.

سەفرا [صفرا] (ئە) سېرىق؛ جىگەر ئىشلەپ چىقىرىدىغان سېرىق ياكى كۆكۈش سېرىق ئاچچىق سۇيۇقلۇق؛ زەردە، ئاچچىق:

ئىچ قەبىز ئاپار تەرەنجەبىنىدىن،
سەفرا ئارتار سىكەنجەبىنىدىن.

— نەۋايى.

سەفرەت [صفرت] (ئە) سېرىقلىق، رەڭگى ئۆچكەن.

سەفسەتە [سفسطه] (ئە) پايدىسىز، بىھۇدە، قۇرۇق سۆز.

سەفشىكەن [صف شكن] (ئە + پ) سەپ بۇزغۇچى، باتۇر، قەھرىمان.

سەفھە [صفحه] (ئە) 1) قەغەز، ۋاراق، سەھىپە، بەت:

چۇ سۆز داستانىغە چەكتى رەقەم،
خىرەد سەفھەسىگە چۈشۈردى قەلەم.

— ئا. نىزارى.

2) جامال، يۈز، چىھرە:

سەفھە يۈزى دەرد جىلۋەگاھى،
مىستەر خەتى ھەجر شاھراھى.

— نەۋايى.

3) كىتاب، يېزىق، سۆز:

قىلاي سۆز، بۇ سۆزۈم پايانغە يەتسۇن،
يۈتۇلسە سەفھەگە ھەريانغە كەتسۇن.

— ناقىس.

سەفھە ئاچماق — كىتابنى ئاچماق؛ بىر - بىر ۋاراقلىماق.

سەفھەئى ھۇسن — چىرايلىق يۈز، گۈزەل چىھرە:

ساچى سەرفىتنەئى دەۋرانەلىقنى ئەيلەدى ئىزھار،
قارا قاشىنى كۆردۇم سەفھەئى ھۇسنىدە مىسرەئۋار.

— زەلىلى.

سەفىد [سفيد] (پ) ئاق، ئاق توسلۇك:

سەندىن ئېرۇر شام غەرىبانە سەفىد،
سەندىن ئېتەر بارچە ئەسرانى ئۈمىد.
— زەلىلى.

سەفىر [سفير] (ئە) باش ئەلچى.

سەفىل [سفيل] (ئە) بەك نامرات، كەمبەغەل، موھتاجلىقتىكى كىشى.

سەفىنە [سفينه] (ئە) كېمە:
سەفىنەگە ئولتۇردى چۈن كارۋان،
ئانىڭ بىرلە دەريادا بولدى رەۋان.
— ئا. نىزارى.

سەقاغ [سقاغ] ئىڭەك:
كەلگىل، سەنەما، قۇچۇپ دۇداغىڭغە ئۆپەي،
مەگزىڭنى شۇرۇپ-شۇرۇپ قاپاغىڭغە ئۆپەي.
ئېسىلىپ داغى سەقاغىڭغە ئۆپەي،
بەس ئەمدى، دېسەڭ، تۈشۈپ ئاياغىڭغە ئۆپەي.
— ئەرشى.

سەقەر [سقر] (ئە) دوزاخ، جەھەننەم، تومۇغ:
بۇ ئالەم كۆرگۈزۈر گەر لالەۋۇ باغ،
ئېرۇر باغى سەقەر ھەر لالەسى داغ.
— ئەرشى.

سەقەرلات [سقرلات] (ئە) نەپىس يۇڭ رەخت:
ياز يامغۇرى يەڭگەچ ئەيلەدىڭ بات،
يەر چەكمەننى يەشىل سەقەرلات.
— نەۋايى.

سەققا [سقا] (ئە) سۇ بەرگۈچى؛ سۇ سەپكۈچى، سۇ توشۇغۇچى.

سەئقە [صعقه] (ئە) قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراش.

سەقىل [ثقيل] (ئە) ئېغىر، ۋەزمىن.

سەقىم [سقيم] (ئە) كېسەل، ئاغرىق، بىمار، خەستە.

سەگ [سگ] (پ) 1) ئىت، ئوۋ ئىتى:
بۇزۇپ نىيەتىن جاھىلى بىۋەفا،
شەھىد ئەيلەدى ئول سەگى بىھەيا.
— ئا. نىزارى.

2) پەسكەش، رەزىل، ئىت مىجەز:
سەگ رەقىب بىلمەسدۇرۇر، جانا، يۈزۈڭنىڭ قەدرىنى،
گۈلنى رەڭگۇ بويىدىن نې بەھر تاپمىشدۇر گۇلاب.
— قەلەندەر.

سەگباز [سگباز] (پ) ئىت ئۆگەتكۈچى، ئىت ئويناتقۇچى.

سەگبان [سگبان] (پ) ئىت باقار.

سەگسار [سگسار] (پ) ئىتقا ئوخشاش؛ ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى.

سەلا [صلا] (ئە) چاقىرىق، مۇراجىئەت، دەۋا:
كى كەلدى ئۆي ھەرەمىدىن نىدائى،
نىدا كىرمەك ئۈچۈن ئېردى سەلائى.
— نەۋائى.

سەلا سالماق — جار سالماق، مۇراجىئەت قىلماق.

سەلا ئۇرماق — جار سالماق، ئۈندىمەك.

سەلابەت [صلابت] (ئە) كۆركەملىك، ھەيۋەتلىك، ئۇلۇغلۇق؛ قەتئىيلىك، شىجائەتلىك؛ سالاپەت:
كى فەرزەند يەھيا ھەم ئېردى، نەبى،
كى سىينى سەلابەتدە ئېردى سەبى.
— ئا. نىزارى.

سەلات [صلات] (ئە) ناماز، ئىبادەت:

سەلات خەمسە — بەش ۋاخ ناماز.

سەلاتىن [صلاطين] (ئە) سۇلتانلار، پادىشاھلار:
شەيخان شەھرەباتىن، ئاچ مەگرىفەت قاناتىن،
جانىم بۇگۈن سەلاتىن، تەن قەسرى شاھ ئەمەسمۇ؟
— زەلىلى.

سالاتىنى كامگار — قۇدرەتلىك سۇلتانلار.

سالاتىنى مەسنەدنىشىن — يۇقىرى مەرتىۋىلىك سۇلتانلار.

سالاتىنى مازىن — ئۆتكەن سۇلتانلار، قەدىمىي شاھلار.

سەلاتىنزادە [صلاطين زاده] (ئە + پ) شاھزادە.

سەلاس [ثلاث] (ئە) ئۈچ (3).

سەلاسەت [سلاست] (ئە) ئوچۇقلۇق، روشەنلىك، راۋانلىق.

سەلاسىل [سلاسل] (ئە) زەنجىرلەر، كويزىلەر، كىشەنلەر:
شەياتىن لەشكەرىگە داد قىلدى،
سەلاسىل تەبرەتىب پەرياد قىلدى.
— ناقىس.

سەلام [سلام] (ئە) سالام بېرىش، سالام:
تۈمەنمىڭ سەلام، بەلكى قۇللۇق نىسار،
چىراكىم قالىپ ياخشىدىن يادكار.
— ئا. نىزارى.

سەلام بەرمەك — سالام قىلماق:
كېلىپ رۇھۇل-ئەمىن بەردى سەلامى،
يەتۈردى ھەقتە ئاللانىڭ پەيامى.
— ناقىس.

سەلامەت [سلامت] (ئە) ساغلاملىق، ئامانلىق، تىنچلىق:

ئىنشائاللاھ، تۇتۇپ سالامەت،
قىلغاي كۆرۈشۈرنى ھەق كەرامەت.

— موللا نىياز.

سەلاھ [صلاح] (ئە) 1) ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك، تىنچلىق:

كى مەقسەد تىلەپ ئاندا شامۇ سەباھ،
بىھەمدۇللا يەتكۈردى بىزگە سەلاھ.

— ئا. نىزارى.

2) توغرىلىق، ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاش:

ۋەلى بىلمەس ئىدىم بىر ئىستىلاھى،
كى ئولغاي شېئىر ئەھلىنىڭ سەلاھى.

— ناقىس.

3) پەرھىزكارلىق، تەقۋادارلىق، شەيخلىق:

سەلاھ خەيلى يەكسان ئەرازىل بىلە،
فەساد ئەھلى خۇرسەند ئەزازىل بىلە.

— ئا. نىزارى.

سەلاھ ئەھلى — توغرا ئادەملەر، تەقۋادار ئادەملەر.

سەلاھ سۆزى — توغرا سۆز، ھەق گەپ:

گەر يوشۇردى بىلىپ سەلاھ سۆزىنى،
بارچە سەلاھ ئەھلىغە ھاسىلدۇرۇر.

— نەۋايى.

سەلاھەفزاي [صلاح افزاى] (ئە + پ) ھەقىقەتپەرەسلىك، توغرىلىق.

سەلاھىيەت [صلاحيت] (ئە) قابىلىيەت، لاياقەت.

سەلايە [سلايه] (ئە) دورا ياكى سىياھنى ئېزىدىغان تاش.

سەلەۋات [صلوات] (ئە) رەھمەتلەر، دۇئالار:

دەرى مەككەگى مۇئەززەم بىلە رەۋزەگى پەيەمبەر.
سەلەۋات بى نەھايەت ئىبەرىپ دۇرۇد ئەكبەر.

— زەلىلى.

سەلەف [سلف] (ئە) ماختانچاق.

سەلب I [صلب] (ئە) ئاسماق، ئېسىپ ئۆلتۈرمەك.

سەلب II [سلب] (ئە) تانماق، ئىنكار قىلماق، يوققا چىقارماق، يوق قىلماق:

چۇ سەلب ئېردى ئىشىدە ئاررزۇ خاھ،
نەسىھەتگۈيغە بولدى ئاررزۇ گاھ.

— نەۋايى.

سەلب ئەتمەك — تاشلىماق، كەتكۈزمەك، يوق قىلماق.

سەلب قىلماق — «سەلب ئەتمەك» كە قاراڭ.

سەلبى مەئرۇم — يوقاتماق، يوق قىلماق:

كى ئول كىبچە ئۈچۈن ئىلىمدە مەئلۇم،
قىلىپ رۇھۇل - ئەمىندىن سەلبى مەئدۇم.

— ناقىس.

سەلبى ۋۇجۇد — ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىش.

سەلبىي [سلبى] (ئە) نامۇۋاپىق، مۇۋاپىق ئەمەس، ئىنكار قىلىنغان.

سەلتەنەت [سلطنت] (ئە) 1) ھۆكۈمرانلىق، پادىشاھلىق، سۇلتانلىق:

ئەگەر يۈز يىل ئۆمرى سەلتەنەت ئەۋجىگە يەتكەندە،
ۋۇجۇدۇم فانى ئەيلەپ، يەر يۇتۇپ قىلغاي ئانى مەھكەم.

— ئەرشى.

2) دەبدەبە، تەنتەنە:

ئەي نەۋايى، فەقر مۇلكىن تۇت غەنىمەت زىنھار،
كى غىنائۇ سەلتەنەتنىڭ كونتۇرۇر دەردى سەرى.

— نەۋايى.

سەلتەنەت بەھرى — ھۆكۈمرانلىق مۇقامى.

سەلتەنەت بۇرجى — ھۆكۈمرانلىق چوققىسى.

سەلتەنەت قىلماق — ھۆكۈمرانلىق قىلماق.

سەلسەبىل [سلسبيل] (ئە) تازا، تىنىق، مۇزدەك ئېقىن سۇ؛ جەننەت بۇلىقى:

جان ئەزىزىم ئەيلەگەچ يار ئىشكىدە سەبىل،
كۆڭۈلگە ئاچتىلەر چەشمەجوي سەلسەبىل.

— زەلىلى.

سەللە [سله] (ئە) ناماز ئوقۇشتا باشقا ئورايدىغان داكا، سەللە.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللام [صلي الله عليه وسلم] (ئە) ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن.

سەللە مەھۇمۇللاھ [سلمهم الله] (ئە) ئاللا ئۇلارنى ساق - سالامەت قىلسۇن.

سەلىب [صليب] (ئە) خرىستىئانلار بۇتى، كرېست.

سەلىتە [سليطه] (ئە) ئۇياتسىز، ھاياسىز، ناپاك.

سەلىس [سليس] (ئە) روشەن، ئوچۇق، راۋان، سىلىق.

سەلىسەلفاز [سليسا لفاظ] روشەن، سىلىق، راۋان سۆزلۈك، ناتىق.

سەلىقە [سليقه] (ئە) قابىلىيەت، تەبىئەت؛ زەۋق؛ ئۇسلۇب.

سەلىم [سليم] (ئە) ساغلام، سالامەت، ئامان:

مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم بولدى نەسىھەت سۇبھۇ شام،
كىمگە بولسە ئەي قەلەندەر دانىشۇ تەبئى سەلىم.

— قەلەندەر.

سەم [سم] (ئە) 1) ئوغا، زەھەر:

ئەسەلدۇر زىكرى ھەق لەززەت تاپار كامۇلەبلىك ئاندىن،
ئۆزۈڭنى ئورماغىل شەككەر يىلىم دەپ ئۆلتۈرۈر سەمگە.

— ناقىس.

2) ھەمىيارلىق، ئالدامچىلىق:

ھىممىتى ئېلى كۆزدە قورۇتۇپ نەملەرنى،
نەچە قىلۇر ئاشام فەلەك سەملەرنى.

— نەۋايى.

سەما [سما] (ئە) ئاسمان، كۆك:

كېلىپ كېمە بىرىيەردە تۇتتى قەرار،
قىلىبان خەلايىق سەماغە فىرار.

— ئا. نىزارى.

سەمان [سامان] سامان:

قەدەم يۈتكەر ئىدىكىم ئاندا ئۇل نۇر،
سەمانغە كەھرەبا قىلغان كەبى زور.

— ناقىس.

سەماۋات [سماوات] (ئە) «سەما» نىڭ كۆپلۈكى (ئاسمانلار):

زەمىننى ئېيلەبان سەبرى سەفالات،
مۇئەللەق تۇرغۇزۇپ سەبئى سەماۋات.

— زەلىلى.

سەماۋات پەيما [سماوات پيما] (ئە + پ) سامالارنى، ئاسمانلارنى كەزگۈچى.

سەماۋەش [سماوش] (ئە + پ) ئاسمانغا ئوخشاش، ھاۋارەڭ:

سەنەملەر جىلۋەگەر مىھرى سەماۋەش،
ئاياغدىن باش لىباسى كەھرەباۋەش.

— نەۋايى.

سەماۋىي [سماوى] (ئە) ئاسمانغا تېگىشلىك، ئاسمانغا ئالاقىدار، ھاۋارەڭ، كۆك.

سەمائ I [سماع] (ئە) تىڭشاش، ئاڭلاش، ئىشىتىش.

سەمائ II [سماع] (ئە) زىكىر قىلىش:

بىر كۈن ئولغاچ سوفىلار سەۋتى سەمائدىن مەلۇم،
چالدۇرۇپ چەڭ چەغانە، ئويىنادىم ئىسنام ئىلە.

— ئەرشى.

سەمەد [صمد] (ئە) ئەبەدىي، مەڭگۈلۈك؛ خۇدانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى:

يۈزىن كەلتۈردى دەرگاھى ئەھەدگە،
مۇناجات ئەتتى ئەللاھى سەمەدگە.

— ناقىس.

سەمەر [ثمر] (ئە) 1) مېۋە، ھوسۇل؛ نەتىجە:

پەرتەۋى ھۆسنۈڭ قەمەرمۇ، لەززەتى لەئلى شەكەر،
بولۇبان شىرىن سەمەر سۆزىدىن ھاسىل يىگىت.

— ئەرشى.

2) پايدا، مەنپەئەت، نەپ.

سەمەر بەرمەك — ھوسۇل بەرمەك.

سەمەر تاپماق — پايدا تاپماق، نەپ ئالماق.

سەمەر ساچماق — ياخشىلىق قىلماق.

سەمەرات [ثمرات] (ئە) «سەمەرە» نىڭ كۆپلۈكى:

مۇراد ھوسۇلى كېرەك تاشلا گىردى راھەتدىن،
مۇراد چۆرەسىدىن ئۈچلا ئاندادۇر سەمەرات.

— شەۋقى.

سەمەرە [ثمره] (ئە) مېۋە، ھوسۇل، نەتىجە.

سەمەرقەند [سمرقند] ئۆزبېكىستاننىڭ بىر شەھرى، سەمەرقەنت.

سەمەك [سمك] (ئە) بېلىق، بېلىق تۇرىدىكىلەر؛ يەر ئاستى.

سەمەن [سمن] (پ) ئاق، سېرىق رەڭلىك بىر خىل خۇش پۇراق گۈل:

نەچچە قامچى تۇشۇپتۇر گۈل قەدى سىيمىن بەدەن، ئۆزرە،
پەياپەي ساتقە تۇشكەن كەبى سەرۋۇ سەمەن ئۆزرە.

— نەۋايى.

سەمەند [سمند] (پ) رەڭگى سېرىق، يايلى ۋە قۇيرۇقى ئاق ئات؛ چىرايلىق ئات؛ دۈلدۈل، ئارغىماق:

كى ئاندىن يۈرۈپ تىز ئېيلەپ سەمەند،
كى داغىل بولۇپمەن بەجايى خوقەند.

— ئا. نىزارى.

سەمەندى قەلەم — تېز يازىدىغان، چاپقۇر قەلەم:

قىلىپ ئانچە جەۋلان سەمەندى قەلەم،
نەقۇلات سەتھىگە قويدى قەدەم.

— ئا. نىزارى.

سەمەندەر [سمندر] (پ) ئوتتىن پەيدا بولغان ۋە ئوتتا ياشايدىغان ئەپسانىۋى ھايۋان؛ قۇش:

كوھ ئىلە سەھرادا تەلە يۈرگەي سەمەندەر پەيزى ئام،
فەرقى يوق ناقىس، گەدا بول ياكى ساھىب جاھ بول.

— ناقىس.

سەمەندەرلىق [سمندرليق] سەمەندەردەك كۆيۈش، جان پىدا قىلىش.

سەمەندەرۋەش [سمندروش] (پ) سەمەندەرگە ئوخشاش، سەمەندەر كەبى.

سەمۇر [سمور] (ئە) قۇندۇز؛ قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم:

بۇ تۆپراقكى مۇنۇڭدەك تامۇغ ئارا تۇشمىش،
سەمۇرۇ قاقىم ئۈچۈن ئالەم ئاھىغە تەكۇتاز.

— نەۋايى.

سەمۇم [سموم] (ئە) 1) ھەممە نەرسىنى قۇرۇتىدىغان، ھالاكەتلىك ئىسسىق شامال:

سەھەردە نالەۋۇ ئاھىم سەمۇمى ئىشق بىلدىلەر،
سىپاھى ئەقل دەرخاھ ئەردىلەر ئەزبەسكى ئويغاتتىم.

— زەلىلى.

2) زەھەر، ئاچچىقلىق؛
مەرگ سەمۇمىدى ئەر ئەتسە بىيىم،
بىل ئانى ئىسا نەفەسىدىن نەسىم.

— نەۋايى.

سەمىن [ثمين] (ئە) قىممەت باھا، قىممەتلىك:
ئەھلى ئەۋلادىنىڭ غەمىن قىلمە،
نەفسنى لاغىرئەت سەمىن قىلمە.

— ناقىس.

سەمىن گەۋھەر — قىممەتلىك تاش، گۆھەر.

سەمىن كالا — قىممەتلىك مال - مۈلۈك.

سەمىئ [سميع] (ئە) ئىشىتكۈچى، ئاڭلىغۇچى، قۇلىقى ئوچۇق:
بەنامى خۇداۋەند ھەييى قەدىم،
سەمىئۇ، بەسىرۇ غەفۇرۇر رەھىم.

— ئا. نىزارى.

سەنا [ثنا] (ئە) ماختاش، مەدھىيە، داڭلاش:
سەناۋۇ ستايىش ساڭا يا ئەھەد،
كى ھامىد جەنابىڭغە جانۇ خىرەد.

— ئا. نىزارى.

سەنئانى [صنعانى] (ئە) ئۇستا ھۈنەرۋەن؛ سەنئالىق (يەمەننىڭ مەركىزىدىن)
شەيخى سەنئانىدەك كى بۇزۇرگ شەيخنى.
بۇتغە سەجدە قىلدۇرۇر سەۋدايى ئىشق.

— زەلىلى.

سەناج [سناج] تىرە خالتا، تولۇم مەش.

سەناخان [ثناخوان] (ئە + پ) ماختىغۇچى، مەدداھ، سەنا ئېيتقۇچى.

سەنائى [ثنائي] (ئە) ماختاش، مەدھىيە، ئالقىش.

سەنايىئ [صنايع] (ئە) «سەنئەت» نىڭ كۆپلۈكى (سەنئەتلەر، ھۈنەرلەر).

سەنئەت [صنعت] (ئە) ھۈنەر، كەسىپ، ئۇستىلىق؛ ماھارەت:
زەمانىكى خاقان قىلىپ يارلىغ،
قىلىپ ئەھلى سەنئەتكە دىلدارلىغ.

— ئا. نىزارى.

سەنئەت قىلماق — ئۇستىلىق قىلماق، ماھىرلىق قىلماق:
تۇت ھەق تەرەفى كەسبى سەنئەت قىلماق،
ھەقدىن نە يۈزلەنسە قەنائەت قىلماق.

— نەۋايى.

سەنئەت ئايىن [صنعت آيين] (ئە + پ) سەنئەتكە ئوخشاش.

سەنئەتفاش [صنعت فاش] (ئە + پ) مەشھۇر ھۈنەرۋەن، سەنئەتكار.

سەنئەتپەرداز [صنعت پرداز] (ئە + پ) سەنئەتكار، ئۇستا ھۈنەرۋەن.

سەنئەتساز [صنعت ساز] (ئە + پ) سەنئەتكار، ماھىر ئۇستا.

سەنئەت نەما [صنعت نما] (ئە + پ) سەنئەتچى، سەنئەتكار:
كى سەير ئەتكەلى باشىغە تۈشتى ھەۋا،
چىقىپ ئەشت ئېتىپ نەچچە سەنئەت نەما.

— ئا. نىزارى.

سەنە [سنه] (ئە) يىل.

سەنەد [سند] (ئە) 1) تايانچ؛ دەلىلى؛ سەۋەب؛ بىرەر نەرسىنىڭ رەنجىرسىمان بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىشى:
مۇڭا تەگرۇكىم يوق ئىدى بىر ۋەلەد،
بۇ ئىقبال ئەۋجىدە قىلسە سەنەد.

— ئا. نىزارى.

2) ئەۋلاد، ئەجداد، ئۇلۇغ ئەۋلادلىق:
تا نەجاتىمغە ئول مەدەد بولغاي،
نەمەدەد كىم ئۇلۇغ سەنەد بولغاي.

— نەۋايى.

سەنەم [صنم] (ئە) 1) بۇت:
چەراكىم بۇلەر بارچەسى بۇتتەراش،
ياغاچدىن سەنەم قىلغۇچى قارى - ياش.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە. گۈزەل مەھبۇبە، مەشۇقە، يار:
مېنى بەسكىم شەھىد ئەتكەچ ئېرۇر قانىم بىلە گۈلگۇن،
ۋەگەر نە ئول سەنەم تىرناغىدا رەڭگى ھىنا بوقتۇر.

— ئەرشى.

سەنەمكەدە [صنم كده] (ئە + پ) ئىبادەتخانا، بۇتخانا:
بارىپ سەنەمكەدەگە سەجدە ئاشقانە قىلاي،
كى مەنئ ئەيلەسە زاھىد، مەن ئانى يانە قىلاي.

— ئەرشى.

سەنەۋبەر [صنوبر] (ئە) 1) قارىغايغا ئوخشاش خۇش قامەت دەرەخ:
قىلىپ سەرۋۇ سەنەۋبەر بويىدىن قەد،
ھىنارەڭگى بىلەن ئەيلەپ قىزىل خەد.

— ناقىس.

2) كېلىشكەن، چىرايلىق قامەت، بوي:

ۋامىق ـ ئۇزرانىڭ شەرارى ئىشقىدىن ئورتەندىلەر،
ھەم سەنەۋبەر گۇل پەرى ئىشقىدا چەندان خاردۇر.

— شەۋقى.

سەنج [سنج] (پ) بىرىككەن سۆزنىڭ ئىككىنچى تەركىبىدە كېلىپ، تارتقۇچى، چەككۈچى، قىلغۇچى قاتارلىق مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ:

سايەئى سەرۋى مەنۇ يار گۇلۇ بوستانى،
نەغمەسەنج بۇلسە دەغى بۇلبۇل خۇسىلھانى.

— زەلىلى.

سەنجاب [سنجاب] (پ) «سنجاب» قا قاراڭ.

سەنجەق [سنجق] بايراق، ئەلەم، تۇغ، سانجاق.

سەنچماق [سنچ ماق] 1) سانجىماق، قادىماق، تاقىماق:

چىقتى گۇلگۇن تون كىيىپ، گۇل سەنچىبان دەستارىغە،
قىلدى ئالەمنى گۇلىستان، ئولكى گۇلگۇن رەخش ئۈزە.

— نەۋايى.

2) چاقماق:

تاكى بىر جويا ئارا كىسمەكتە تاك،
ئەيلەدى ئانى يىلان سانچىپ ھەلاك.

— نەۋايى.

سەنچىق [سنچيق] ئاغرىق.

سەندان [سندان] (پ) تۆمۈرچى، زەرگەرلەرنىڭ سەندەلى.

سەندەرۇس [صندروس] (پ) 1) سېرىق يېلىم. 2) كۆچمە، سېرىق تۇس.

سەندەل [صندل] (ئە) ياغىچى قارا ـ سېرىق رەڭلىك، ياغىچىنى كۆيدۈرسە بىرخىل خۇش پۇراق چىقىدىغان دەرەخ:

ۋاگىز ئاقىل ئەيلەگەچ مۇگىزە مەجازىدىن،
سەندەلى ئىشق كەلتۈرۈڭ تۇتتى مىنى ئەجەب سۇراڭ.

— زەلىلى.

سەندەل ئاسا [صندل آسا] (ئە + پ) سەندەل دەرىخى كەبى، سەندەل دەرىخىگە ئوخشاش.

سەندەل ئايىن [صندل آيين] (ئە + پ) خۇش ھىدلىق دەرەخكە (سەندەل دەرىخىگە) ئوخشاش.

سەندەل بۇ [صندل بو] (ئە + پ) سەندەل ھىدلىق، خۇشبۇي.

سەندەل بۇي [صندل بوى] (ئە + پ) «سەندەل بۇ» غا قاراڭ.

سەندەل پۇش [صندل پوش] (ئە + پ) قارا سېرىق رەڭلىك كىيىم كىيگەن.

سەندەل گۇن [صندل گون] (ئە + پ) قارا سېرىق رەڭ.

سەندەل نەسىم [صندل نسيم] (ئە) خۇشبۇي، يېقىملىق شامال.

سەنگ [سنك] (ئە) تاش:

خۇدايىم قابىل ئەيلەپ جەۋھەرىنى،
قىلار ئېركەن گەران سەنگ گەۋھەرىنى.

— ناقىس.

سەنگى بەلا — بالا ـ ئاپەت تېشى.

سەنگى خارا — قاتتىق، گرانىت تاش:

تىل ئەيلەر ئانى ئايتىپ ئاشكارا،
ئانىڭىندۇر مۇئەسسەر سەنگى خارا.

— ناقىس.

سەنگى مۇشەققەت — مۇشەققەت تېشى، قىيىنچىلىقلار.

سەنگى مالامەت — مالامەت تېشى؛ ئابرۇيسىزلاندۇرۇش.

سەنگ ئەنداز [سنك انداز] (پ) تاش ئاتقۇچى؛ قەلئە تاملىرىدىن ئوق، تاش ئېتىش ئۈچۈن چىقىرىلغان مەخسۇس تۆشۈك.

سەنگ باران [سنك باران] (پ) تاش بوران، تاش ياغدۇرۇش:

يۈز ئۆردى ئويلاكىم ئەبرى بەھاران،
كى فەرھاد ئۆزرە قىلغاي سەنگ باران.

— نەۋايى.

سەنگ بەست [سنك بست] (پ) مۇستەھكەم.

سەنگ بۇر [سنك بور] (پ) تاش كېسەر.

سەنگ پارە [سنك پاره] تاش پارچىسى، ئۇششاق تاش.

سەنگ دىل [سنك دل] (پ) باغرى تاش، رەھىمسىز.

سەنگ تەراش [سنك تراش] (پ) تاشتاراش ئۇستا، تاش يونغۇچى:

يەنە بار ئىدى قارۇن سەنگ تەراش،
قىلۇر ئېردى تاشنى ياغاچدەك خەراش.

— ئا. نىزارى.

سەنگسار [سنكسار] (پ) تاش بوران قىلىش؛ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمنى بېلىگىچە كۆمۈپ قويۇپ، ئاندىن تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈش:

ئەگەرچە تىغلى تاشى باشىم ئۆزرە سەنگسارىمدۇر،
ۋەلى پىنھان ئالۇرغە ئەل كۆزىدىن كۆھسارىمدۇر.

— زەلىلى.

سەنئ [صنع] (ئە) ساخاۋەت؛ ياخشىلىق، ئىلتىپات، شەپقەت، مەرھەمەت:

گۈلار كەتتى، قويدى مېنى يادكار،
ھەيات گۈلماقىم - سەنئى پەرۋەردىگار.

— ئا. نىزارى.

سەنئ ئەتمەك — ساخاۋەت قىلماق؛ ياخشىلىق، ئىلتىپات، شەپقەت، مەرھەمەت:

ئەدەددە قازاقلار ئېرۇر بىشۇرمار،
تولا خەلق ئېتىپ سەنئ پەرۋەردىگار.

— ئا. نىزارى.

سەھ [سه] (پ) توغرا، خاتاسىز، دۇرۇس.

سەھاب [سحاب] (ئە) بۇلۇت؛ تۇمان:

زۇلفىنى قىلدى پەرىشان يۈزىگە گۇل ھۆرۈۋش،
يا قۇياش يۈزىنى ياپپىدۇر ئىكىن مۇشكىن سەھاب.

— قەلەندەر.

سەھابە [صحابه] (ئە) مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان، نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر؛ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرى:

گۇلتۇرۇپ زىكرىغە مەشغۇل ئەردىلەر،
چار يارانۇ سەھابە سەرىبەسەر.

— زەلىلى.

سەھاب نەما [سحاب نما] (ئە + پ) بۇلۇتقا ئوخشاش.

سەھايىف [صحايف] (ئە) ۋاراقلار، سەھىپىلەر، بەتلەر. (كىتاب بەتلىرى.) .

سەھەر [سحر] (ئە) تاڭ، ئەتىگەن، سەھەر، سۈبھى.

سەھەرگاھ [سحرگاه] (ئە + پ) سەھەر ۋاقتى، تاڭ پەيتى:

تاشى ئانىڭ تەقۋىيى جانگاھىدىن،
ئۇقلادى ھەم ئاھى سەھەرگاھىدىن.

— نەۋايى.

سەھەرگەھ [سحرگه] (ئە + پ) «سەھەرگاھ» قا قاراڭ.

سەھبا [صهبا] (ئە) قىزىل مەي، ئۈزۈم سۈيى، ئالىي سۈپەتلىك مەي:

ئارەزىن جانان ئاچىپدۇر مېھرى نۇر ئەفزا ئەمەس،
خۇش نىگاھى گەرم قىلدى نەشئەئى سەھبا ئەمەس.

— ئەرشى.

سەھرا [صحرا] (ئە) دەشت، چۆل، باياۋان:

يەنە غالجە، سەيرەت، بەدەقشان ئېلى،
كى سەھرادا يۈرگەن، بەيابان ئېلى.

— ئا. نىزارى.

سەھرانەۋەرد [صحرانورد] (ئە + پ) چۆل - باياۋان كەزگۈچى.

سەھرانىشىن [صحرانشين] (ئە + پ) سەھرانى ئۆزىگە ۋەتەن قىلىپ ئالغان، سەھرادا ئولتۇرغۇچى.

سەھرائىي [صحرائى] (ئە) سەھرادا ياشىغۇچى، دائىم سەھرادا يۈرگۈچى.

سەھل [سهل] (ئە) ئاسان، ئوڭاي، قىيىن ئەمەس، يەڭگىل:

چۇ قارۇن دىدى: «شاھ ئالىجەناب،
سەھل ئىشمۇدۇر ئەيلەگىل ئىكتساب» .

— ئا. نىزارى.

سەھم I [سهم] (ئە) ئوق، كامان ئوقى.

سەھمى قەزا — تەقدىر ئوقى.

سەھم II [سهم] (ئە) قورقۇش، خەۋپ، ۋەھىمە؛

نې ۋەفاسىز يار ئىكەن ھالىم كۆرۈپ رەھىم ئەتمەدى،
كۆزگەلەردىك قاشۇ مىژگاندىن ماڭا سەھم ئەتمەدى.

— ناقىس.

سەھن [صحن] (ئە) مەيدان، بوش جاي، ھويلا، سەھنە:

ئېرۇر بۇ سۆز رەھى نازۇك ئىشارەت،
كى ئەتكەي تارلىق سەھنى ئىبارەت.

— ناقىس.

سەھۋ [سهو] (ئە) خاتا، يېڭىلىش، ئۇنتۇش:

بىرىپ كۆڭلۈم ئانى دىلبەر دەبان سەھۋ ئەتكەن ئېرمىشمەن،
غەلەت دىلبەر دېمەكلىك، غەيرى دىل ئازارلىغ بىلمەس.

— ئەرشى.

سەھۋۇلقەلەم [سهوالقلم] (ئە) قەلەم خاتاسى، يېزىقتىكى يېڭىلىش، خاتالىق:

يوق، يوق ئەمەس بۇيلەكى قىلدىم رەقەم،
بەلكى ئېرۇر بارچەسى سەھۋۇلقەلەم.

— نەۋايى.

سەھى [سهى] (پ) تىك، تۈز:

قەبر ئىچىدە تا بەكەي غۇنچە بولۇر سەھى قەدان،
مەۋسۇمى نەۋ بەھار ئېرۇر خەيچەئى نەۋنىھال ئاچىلاڭ.

— زەلىلى.

سەھى كامكار — بەختىيار، قۇدرەتلىك، ھۆكۈمران:

خىسرەۋى خۇرشىد سەھى كامكار،
تىكتى جەھانغە ئەلەمى زەرنىگار.

— زەلىلى.

سەھىپە [صحيفه] (ئە) 1) بەت، ۋاراق؛ كىتاب بېتى. 2) ئالەم، دۇنيا، يەر يۈزى:

مەقسۇدكى بۇيلە تۇرفە مەقسۇد،
يوق دەھر سەھىپەسىدە مەۋجۇد.

— نەۋايى.

سەھىپەئى كاپۇر — ئاق قەغەز؛ ساپ دىل.

سەھىھ [صحيح] (ئە) ساغلام، توغرا، خاتاسىز.

سەھىھ ئاھەڭ — توغرا يۇرۇش.

سەھىھ قىلماق — تۈزەتمەك.

سەھىھىننەسەب [صحيح النسب] (ئە) كېلىپ چىقىشى، نەسلى ياخشى، ساپ:

كى ئول سەيد ئېرمىش سەھىھىننە سەب،
ۋۇجۇدىدا بىسيار فەزلى ھەسەب.

— ئا. نىزارى.

سەئۇبەت [صعوبت] (ئە) قىيىنچىلىق، مۇشەققەت:

ھەجر ئارا چەككەن سەئۇبەتنى ئەگەر نەزم ئەتمەدىم،
رىشتەئى جانىمغە ئەشكىم دانەسىن بىر - بىر تىزاي.

— ناقىس.

سەۋاب I [ثواب] (ئە) خەيرلىك، ياخشى ئىش؛ ياخشى ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات.

سەۋاب II [صواب] (ئە) ئەۋزەل؛ راست، توغرا، خاتاسىز:

يۇرۇنراق كېتۇرسەڭ جەۋابى سەۋاب،
سەۋاب ئولغۇسى بىزگە داغى جەۋاب.

— نەۋايى.

سەۋابىت [ثوابت] (ئە) 1) پىلانېتىلار، يۇلتۇزلار. 2) تۆمۈر قوزۇق.

سەۋاد [سواد] (ئە) 1) قارا، قاراتۇس، قارىلىق:

سەۋادى سايەئى سەرۋى قەدىڭ ئەگەر تۇسسە،
ئىكى جەھاندا ئىكى يۈزۈمە قارقىلايىن.

— ئەرشى.

2) قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت:

شەبى يەلدە بولۇپدۇر نۇرى مەشئەلدىن فىراغىم بار،
سەۋاد ئاھ دىنىكىم شۆئلەدىن دايىم چىراغىم بار.

— زەلىلى.

3) ئەتراپ، تامان، جاي:

مەككەتۇللاھدىن مەدىنە خۇش سەۋاد،
ھەم ھەبىبۇللاھۇ دەپ خەيرۇل بىلاد.

— زەلىلى.

4) شەھەر، ئۆلكە، دىيار، تېررىتورىيە، مەملىكەت:

ئەي ساچىڭ شەيدا كۆڭۈللەرنىڭ سەۋادى ئەئزەمى،
ھەلقە - ھەلقە روھنىڭ سەرمەنزىلىدۇر ھەر خەمى.

— ناۋايى.

5) خەت - يېزىق، ساۋات.

سەۋاد ئەيلەمەك — خەت يازماق.

سەۋادى رەۋان بولماق — ساۋاتى چىقماق، خەت يېزىش، ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالماق.

سەۋار [سوار] (پ) ئۇلاغ مىنگەن، ئاتلىق؛ مىنمەك:

دىگەيلەر ئۇممەتى رەفرەف سەۋارىم رۇزى مەھشەردە،
ئۇمىددۇر بىنەسىب ئەتمەس شەفائەت رەمزىدىن ھەرگىز.

— شەۋقى.

سەۋاش [سواش] ئۇرۇش، جەڭ، ئېلىشىش.

سەۋال [سوال] (ئە) سوئال، سوراق:

فەراغىمدىن كېيىن ئەپ سوردى مەندىن،
سەۋال ئىلە جەۋابلار ئۆتتى چەندىن.

— ناقىس.

سەۋالات [سوالات] (ئە) [«سوئال» نىڭ كۆپلۈكى] سوئاللار، سوراقلار.

سەۋامىئ [صوامع] (ئە) تەركىدۇنيا ئىبادەت قىلىدىغان جاي، ئىبادەتخانا، (خرىستىئانلارنىڭ) مۇناستىر:

مەساجىد، خانەقەھ بىرلە سەۋامىئ،
ياسانغان ھەر تەرەپتە تۇرفە رافىئ.

— ناقىس.

سەۋاھىل [سواحل] (ئە) ساھىللار، قىرغاقلار:

بارى مەنزىل بولۇپ سەۋاھىل ئاڭا،
ساھىلى بەھر بولۇپ مەنازىل ئاڭا.

— نەۋايى.

سەۋەللاھ [سواالله] (ئە) ئاللادىن ئۆزگە:

ئىستەپ «كۇللۇ شەيئىن ھالىكۇن» نى،
كى بولغايسەن سەۋەللاھدىن كەنارە.

— شەۋقى.

سەۋب [صوب] (ئە) تەرەپ، تامان، ياق.

سەۋەب [ثوب] (ئە) كىيىم.

سەۋت [صوت] (ئە) ئاۋاز، ناۋۇش؛ كۈي، ئاھاڭ:

قىزىغ بولغانچە سەۋتى تەبلى پەرداز،
ئىگىز پەرۋازلىقنى قەست ئېتىپ باز.

— ناقىس.

سەۋتى ئەلھان — يېقىملىق كۈيلەر، كۈيلەش، سايراش:

چەك نەۋا، ئەي بۇلبۇلى گۈلزارى شەۋق،
سەۋتى ئەلھانىڭ كېلىپ ئەسرارى شەۋق.

— نەۋايى.

سەۋدا I [سودا] (ئە) 1) ئىشق - مۇھەببەت، شەيدالىق:

ئۆزۈڭ سالدىڭ بۇ سەۋدانى باشىمغە،
تەرەھھۇم قىل ئاقۇزغان كۆز ياشىمغە.

— ناقىس.

2) خىيال، ھەۋەس، ئارزۇ:

زۇلفى سەۋداسى ئاشىب ھەددىن، كۆڭۈلگە كىچەكىم،
كۆزگە تەڭ ئولدى سەھەر ئۆتكۈنچە تۈندىن نەچچە پىل.

— ئەرشى.

3) مەجنۇنلۇق، ئەقىلدىن ئېزىش:

بەيان ئولمىش يۈزۈڭ خۇرشىدىدىن ۋەششەمسى تەفسىرى،
ساچىڭ سەۋداسىغا ۋەللەيلى سابىت ئەيلەمىش سەۋدا.

— شەۋقى.

سەۋدا II [سود] (پ) 1) ئالدى - ساتتى، تىجارەت، سودا:

تۈگەپ نەچچە كۈندە بۇ سەۋدا ئىشى،
يەقىن بولدى ئول كېمەنىڭ يانىشى.

— ئا. نىزارى.

2) مەنپەئەت، بايلىق:

بارۇر ئېردى بىر كېچە شەبگىر ئېتىپ،
بەسى سۇدۇ سەۋدانى تەدبىر ئېتىپ.

— نەۋايى.

سەۋدا III [سودا] (ئە) كېسەللىك نامى؛ ئىنسان ئەزاسىدىكى تۆت خىلتنىڭ بىرى:

ئايدا كۆرگەچ داغ تىمسالىن دىمەڭ ئىشق ئەھلىدىن،
دۇدى ئاھىمدىن قارارىپدۇر يۈزى سەۋدا ئەمەس.

— ئەرشى.

سەۋدا ئامىز [سوداآمیز] (ئە + پ) ئاشىقلىق، شەيدالىق.

سەۋدا ئەفزاي [سودا افزای] (ئە + پ) غەم - تەشۋىش ئارتتۇرغۇچى، كۆپەيتتۈرگۈچى.

سەۋدا پېشە [سودا پیشه] (پ) سودىگەر، سودىگەرچىلىك.

سەۋدائىي [سودائی] (ئە) ئەقلىدىن ئازغان، ساراڭ، تەلۋە:

كۆزدىن پەرىۋەش ئۇچتىلار سەۋدائىي ئىشقىڭ تۇشتىلەر،
خەم بولدى مەھكەم پۈشتىلار مەستانە گۈرۈلدى دىماغ.

— شەۋقى.

سەۋر [ثور] (ئە) ئۆكۈز؛ قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى:

رەھىم قىلماسلار غەرىب بىچارەنىڭ ئەھۋالىغا،
سەۋر ئەر - ئەر ئۆدۈ ئەنبەر مۈشكى تاتادىل غىياس.

— شەۋقى.

سەۋسەن [سوسن] (پ) بىر خىل ئۆسۈملۈك، گۈلسۆسەر:

چېكىپ سەۋسەن تىلى بىرلە فىغانلار،
ئوقۇپ ھەرلەھزە تۈرلۈك داستانلار.

— ناقىس.

سەۋسەنىي [سوسنی] (پ) گۈلسۆسەر رەڭ، يېشىل رەڭ:

سەۋسەنى ئازادە چۈن قامەت چېكىپ ئاچتى كۆزىن،
نەرگىسى پەتتانە يەنكۈزمەس بەلاسى قالمادى.

— ناقىس.

سەۋف [صوف] (ئە) تېرە، يۇڭ:

سەۋف رەختى بىرلە تىكتىلەر كەفەن،
سەپتىلەر سۈنبۇل بىلە مۈشكى خوتەن.

— زەلىلى.

سەۋلەت [صولت] (ئە) 1) ھەيۋەت، سالاپەت، ئۇلۇغۋارلىق. 2) سىياسەت، قەھر - غەزەپ.

سەۋلەجان [صولجان] (ئە) چەۋگان (ئۇچى ئەگرى تاياق بىلەن ئاتلىق ئوينايدىغان توپ ئويۇنى).

سەۋم [صوم] (ئە) روزا.

سەۋم ئەھلى — روزا تۇتقانلار، پەرھىزكارلار:

كۆپ تۆكمە يەر ئەل ئاراسىدىن ئىخراج ئول،
سەۋم ئەھلى ئارا باش قويۇ ساھىب تاج ئول.

— نەۋايى.

سەۋمەئە [صومعه] (ئە) خىرىستىئانلار ئىبادەتخانىسى، مۇناستىر:

شەيخان رىيايىكى سەھەر خىز ئېرۇر،
مىسۋاك ئىلە دەندان تەمەئ تىز ئېرۇر.
ھەرسوفى سەفا تاپماغۇچە سەۋمەئە ئىچرە،
شەيتان لائىنچە فىتنە ئەنگىز ئېرۇر.

— زەلىلى.

سەۋمەك [سومك] سۆيمەك:

گۈلسۇرۇخۇ سارىغ سەد بەرگ، سەۋسەن،
گۈلى رەئناغە ئەتيۇر بىزنى سەۋسەن.

— زەلىلى.

سەئب [صعب] (ئە) قىيىن، ئېغىر، مۇشەققەتلىك:

بولۇپ ھەم سەئب ھالەت بولماغاي ھىجران بەلاسىدىن،
خۇشا ئىككى كۆڭۈللۈك بولسە ۋەسل ئاقشامىدا بىردەك.

— ئەرشى.

سەئبھال [صعب حال] (ئە) قىيىن ئەھۋال:

گەرنەۋائىغە يېتەرمىڭ سەئبھال ئاندىندۇرۇر،
كىم خەبەرسىزلەرنى ھالىدىن خەبەردار ئەيلەدى.

— نەۋايى.

سەئد [سعد] (ئە) 1) بەخت، تەلەي، ئىقبال:

ئاڭا سەئد ئەكبەر بولۇپ مۇشتەرى،
كى بەخش ئەيلىسۇن ھۆكم ئەنگۈشتەرى.

— ئا. نىزارى.

2) ئادەم ئىسمى.

سەئقە [صعقه] (ئە) ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ۋارقىراش؛ ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى.

سەئۋە [صعوه] (ئە) بىر خىل قۇش:

ئېيدىلەر: بىز مەھرەمى زار ئېيلەدۈك،
سەئۈمنى گوياكى شەھباز ئېيلەرۈك.

— زەلىلى.

سەئىي [سعى] (ئە) ھەرىكەت، تىرىشىش، ئۇرۇنۇش، كىرىشىش:

قىلىپ مۈلك سەئيىنى رادۇلئەمان،
ئانىڭ سەئيىدىن بولدى ياخشى، يامان.

— ئا. نىزارى.

سەئىي ئەتمەك — ئىستايىدىل ھەرىكەت قىلماق:

دەۋران قىزىنىڭ ھۈسنىدە بىرچىنى يوق،
گەرچە كۆپ دىسە ئەل بىرىدە ھەم چىنى يوق.
بۇغۇسسەنى دەفئ ئېتەرگە سەئى ئەتسە كىشى،
مۈشكىلدۈر ئاڭا چايى بىلمەن چىنى يوق.

— ئەرشى.

سەئىي قىلماق — قاتتىق تىرىشماق:

ئەمان ئىستەپ قىلىپ كۆپ سەئىي مەشكۇر،
قىلىپ شەھ خىزمەتىن ئىمكانى مەقدۇر.

— ناقىس.

سەئىد [سعد] (ئە) سائادەتلىك، بەختلىك، بەختىيار.

سەيد [صيد] (ئە) ئوۋ، شىكار، ئوۋلانغان نەرسە:

سەيد بىپەرۋا يۈرۈر گەر شەھبازى بولماسا،
مەملىكەت ۋىران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسا.

— زەلىلى.

سەيد ئەتمەك — ئاشىق قىلماق، گىرىپتار قىلماق:

دىلرەبالار گەرچە ئەتمىش غەمزەدىن كۆڭلۈم شىكار،
مېنىڭ كۆڭۈلنى سەيد ئېتەرسەن ئەيلەگەننىڭ مەررىسى.

— ناقىس.

سەيد قىلماق — ئوۋلىماق:

زەمىن ۋەھشىلەرىن قىلماق ئۈچۈن سەيد،
ھەۋاتاكىرلارىن ئەتمەك ئۈچۈن قەيد.

— ناقىس.

سەيدگەر [صيدگر] (ئە + پ) ئوۋچى:

نەچە بولسە چۇمچۇققە جادۇ لەقەب،
كۆپىدىن قىلۇر سەيدگەر كۆپ تەرەب.

— نەۋايى.

سەيدگەھ [صيدگاه] (ئە + پ) ئوۋ قىلىدىغان جاي، شىكارگاھ:

يانىپ كەلگۈنچە ناگەھ سەيدگەھدىن،
كۆرۈندى باغى دىلكەش مىھرۇ مەھدىن.

— ناقىس.

سەير [سير] (ئە) يۈرۈش، تاماشا، ساياھەت:

مەلائىكدىن دىمەسمىز بىز داغى سۆز،
سەيرنى كۆر بارىپ، ئەي ساھىبى كۆز.

— ناقىس.

سەير ئەيلەمەك — ساياھەت قىلماق:

داغى سەير ئەيلەگىل توققۇز فەلەكنى،
نېچۈك خەلق ئەيلەمىشدۈر مەلەكنى.

— ناقىس.

سەير قىلماق — تاماشا، ساياھەت قىلماق:

چۇ قىلدۇرسە بولغاي خەزايىننى سەير،
خەزايىن ئىچىدە دەفايىننى سەير.

— ئا. نىزارى.

سەيران [سيران] (ئە) كېزىپ، تاماشا قىلىپ يۈرمەك.

سەيرفۇرۇش [سيرفروش] (ئە + پ) قۇرۇق ۋەدە بىلەن ئالداش، قۇرۇق گەپ ساتقۇچى.

سەيف I [صيف] (ئە) ياز، ياز مەۋسۇمى.

سەيف II [سيف] (ئە) قىلىچ.

سەيفى [صيفى] (ئە) يازلىق.

سەيفۇر [سيفور] (پ) نىپىز رەخت، ئەتلەس:

كەفەن ئەيلەپ ھەرىر ئىلە سەيفۇر،
سېپىپان گۈل كەفەن ئارا كافۇر.

— نەۋايى.

سەيفۇلمەلىك [صيف الملك] (ئە) پاياشات ۋاقىت:

فىراقىڭ شىددەتىدىن قان يۇتۇپ سەيفۇلمەلىك يىللار،
بەلا دەشتىنى قەتئ ئەيلەپ، كېچىپ جاندىن تاپىپ جانا.

— شەۋقى.

سەيقەل [صيقل] (ئە) پەرداز، جۇلا؛ پەردازلىماق، يالتىراتماق، جۇلا بەرمەك:

سىنە تا ئايىنە ياڭلىغ قىلماساڭ سەيقەلدە ساف،
ئەي بۇرادەر تۇتمىغىل شەكەر شىكەندەك ئۇرمالاف.

— زەلىلى.

سەيقەلى ئايىنە — پارقىراق، جۇلالىق ئەينەك:

كاشغەرنى سەيقەلى ئايىنەگى ئىسلام ئېتىپ،
ھەيبەتىڭدىن چىنى ماچىن ھەددىگە سالدىڭ نىدا.

— زەلىلى.

سەيقەل ئەندۇز [صيقل اندوز] (ئە + پ) پەرداز، جۇلا بەرگۈچى:

ئەي ئىلىم يۈزىگە مەشئەل ئەفرۇز،
فەيز ئايىنەسىگە سەيقەل ئەندۇز.

— نەۋايى.

سەيل [سيل] (ئە) 1) سەل، قاتتىق يېغىن:

كىم ئەلگە جەفا چەھىن تامۇغ زەيلى قىلۇر،
كەۋسەر سۈيىن ئۆزىگە ئۆلۈم سەيلى قىلۇر.

— نەۋايى.

2) كۆچلۈك سۇ ئېقىمى، دولقۇن:

ۋەفا كەلمەدى كاشغەر خەيلىدىن،
بارىبان قۇتۇلدى بەلا سەيلىدىن.

— ئا. نىزارى.

سەيل ئەيلىمەك — ئاقتۇرماق:

يەنە ئەزىم قىلماققا مەيل ئەيلەدىم،
غېرىبلىقدا ئەشكىمنى سەيل ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى.

سەيھە [صيحه] (ئە) قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراش، نەرە.

سەيھۇن [سيحون] (ئە) سىردەريا (سوۋېت ئىتتىپاقىدا):

فىراقىدا ئاقار بىھەد ئىككى كۆزۈم ياشى تۇرماي،
ئانى كۆرگەن گۇمان ئەيلەر بىرى سەيھۇن، بىرى جەيھۇن.

— قەلەندەر.

سەيىد [سيد] (ئە) باشلىق، رەھبەر، خوجايىن، ئىگە:

بىھەقكى سەيىد كەۋنەيىن ئەھمەدى مۇختار،
چەھاريار كەبى مۇھتەشەم ئۈمەم بولمىش.

— شەۋقى.

سەييات [صياد] (ئە) ئوۋچى:

نە ئۆچمەس ئوت ئىرۇر بىر شۆئلە ئۇرغان،
نە بىر سەييات ئىدى ئول دام قۇرغان.

— موللا پازىل.

سەييادى لەئىم — پەسكەش، لەنتى ئوۋچى:

شاھ ئاياغىغە سالىپ بەندى ئەزىم،
يوقكى شاھ، ھەر قايسى سەييادى لەئىم.

— نەۋايى.

سەييادلىق [صيادليق] ئوۋچىلىق.

سەييار [سيار] (ئە) كەزگۈچى، سەير قىلغۇچى:

ئۇلارغا دىدى: مەن تۇججار ئىدىم،
بۇ ئالەم ئارا مەرد سەييار ئىدىم.

— ئا. نىزارى.

سەييارە [سياره] (ئە) يۇلتۇز، پىلانىتا:

قۇياش ئەرمەس فەلەكتە يارنىڭ رۇخسارىسى دەرلەر،
كۆزى رەخشەندەسى كىم شۆئلەدىن سەييارىسى دەرلەر.

— زەلىلى.

سەيياھ [سياح] (ئە) ساياھەتچى.

سەييىد [سيد] (ئە) «سەيىد» كە قاراڭ:

رەسۇلى خۇداغە سەھابە بۇلار،
ئەرەب سەييىدىگە قەرابە بۇلار.

— زەلىلى.

سەييىدلىق [سيدليق] باشلىقلىق، رەھبەرلىك، خوجايىنلىق:

سىنىڭ قىلغان ئىشىڭ تائەت ئەمەس فىسقۇ كىسافەتدۇر،
سىنىڭدەك لەئىنگە دەئۋايى سەييىدلىق قەباھەتدۇر.

— موللا نىياز.

سەييىدىلئەنبىيا [سيدالانبيا] (ئە) پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆتىبەرى:

رەسۇلى خۇدا سەييىدىلئەنبىيا،
كېلىپ زاتى تاجى سەرى ئەۋلىيا.

— ئا. نىزارى.

سوغان [سوغان] پىياز.

سوق [سوق] ئاچ كۆز:

ئۆزىگە ئاشىق ئىردى گاھى مەئشۇق،
مەتائى ھۇسنىگە ئۆز خىلۋەتى سوق.

— ناقىس.

سوقتۇر [سوقتور] ئۆردەكنىڭ بىر خىلى؛ سوخسۇر.

سوقماق [سوقماق] تار يول، كىردى - چىقتى يول.

سوكۇل [سوكول] قارغىشقا قالماق، قارغىشقا قالغان.

سوڭ [سونك] كېيىن:

ئانىڭدىن سوڭ يەنە مەشغۇل بولدۇم،
ئۆزۈمنى يوق قىلىپ مەجھۇل بولدۇم.

—ناقىس.

سوڭرا [سونكرا] «سوڭ» غا قاراڭ:

ئانىڭدەك ئۇردى ئول تاش بىرلە ئانى،
كى ئەۋۋەل مەغزى سونكرا چىقتى جانى.

— موللا سىدىق.

سو(ي) [سو، سوى] (پ) تەرەپ، ياق، تامان:

دۇئا يەتكۈر سەبا يارىمغە سەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە،
سەھەر سەير ئەيلەسەڭ سويى چىمەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە.

— زەلىلى.

سويۇرغال [سويورغال] ئىنئام، بەخش.

سۇبات [ثبات] (ئە) مۇستەھكەم، مۇقىم، پۇختا، چىڭ:

جەھان بەقاسىغە يوقتۇر بۇ گۇلشەن ئىچرە سۇبات،
ئەجەب سەئادەت ئىرۇر چىقسە ياخشىلىق بىلەن ئات.

— شەۋقى.

سۇببۇھ [سبوح] (ئە) خۇدانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، «ھەممە ئەيىبلەردىن خالىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۇببۇھىيان [سبوحيان] (ئە) ھەممە ئەيىبلەردىن خالىيلار، پاكلار:

داغى سىير ئەيلەدى ئول ئاسمانلار،

ھەمە قۇددۇسىيان، سۇببۇھسىيانلار.

— ناقىس.

سۇبھ [صبح] (ئە) 1) تاڭ، تاڭ پەيتى، تاڭ سەھەر:

ياشىم ئاقىزىپكى ۋالە - ۋالە،
تا سۇبھ قىلىپ فىغانۇ نالە.

— موللا نىياز.

2) يۈزنىڭ يورۇقلۇقى، چىرايىنىڭ پارلاقلىقى، گۈزەللىك:

كۆرگۈزمەدى ئانى چەرخىنىڭ ھەر سۇبھى،
جۇز شەنبەئۇ پەنجشەنبەئى ئەنۋەر سۇبھى.

— نەۋايى.

سۇبھ جۇيبەرى — تاڭ دەرياسى، يورۇقلۇق.
سۇبھ سەۋبى — تاڭ تونى، تاڭ قاراڭغۇسى.
سۇبھ سۇپۇرگۇسى — تاڭ شامىلى.
سۇبھۇ شام — ئەتە - كەچ، ئەتىگەن ۋە كەچ:

قۇللارىڭدەك ئىشىكىڭە سۇبھۇ شام،
تاتىرىكمەن دەۋر سۇرسەم مەھۋشىم.

— قەلەندەر.

سۇبھى ئەنۋەر — يورۇق تاڭ، نۇرلۇق تاڭ.
سۇبھى دەم — تاڭ پەيتى.
سۇبھى سادىق — ھەقىقىي تاڭ، تاڭ ئېتىش پەيتى:

تولۇۋ ئەتمەككە ھۇسنى سۇبھى سادىق،
تەقازا ئەيلەدى مەتلەئ مۇۋاپىق.

— ناقىس.

سۇبھى ئۆمر — ياشلىق مەزگىلى:

زىھى سۇبھى ئۆمرۈم يېتىپ شام ئارا،
بۇ سەۋدا بىلەن قالمادى ئەقل ھۇش.

— شەۋقى.

سۇبھى ۋىسال — ۋىسال تېڭى، ئۇچرىشىش پەيتى:

ساڭا بولدى شامى ھەجرىڭ ئاقىبەت سۇبھى ۋىسال،
گەرچە تارتتىڭ، ئەي قەلەندەر، رەنجۇ مىھنەت بۇ كېچە.

— قەلەندەر.

سۇبھان [سبحان] (ئە) ماختاش، مەدھىيىلەش (ئاللانىڭ سۈپەتلىرىدىن:)

قايسى ۋەسفىنى بەيان ئەيلەي بۇ قاسىر تىل بىلە،
ھېچ ياراتمايدۇر ئانىڭدەك خالىقى سۇبھان يىگىت.

— قەلەندەر.

سۇبھاسار [صبح اثار] (ئە) تاڭغا ئوخشاش يورۇقلۇق:

كۆلۈپ چۈن سۇبھ مېھر ئىزھار قىلدى،
غەمىم شامىنى سۇبھاسار قىلدى.

— نەۋايى.

سۇبھانەللاھ [سبحان الله] (ئە) ئاللا ھەممە نۇقسانلاردىن خالىي، پاكدۇر.

سۇبھانەللەزى ئەسرا [سبحان الذي اسرى] (ئە) شۇل كېچىدە مىراجغا چىققۇچى پاكتۇر:

يېتمىشكەچ ئىلتىپاتى يامۇزەممىل قۇم،
بىمېئراجى ۋۇجۇدەش نەسسى سۇبھانەللەزى ئەسرا.

— شەۋقى.

سۇبھانىي [سبحانى] (ئە) ئاللا، تەڭرى.

سۇبھە [سبحه] (ئە) تەسۋى:

سۇبھەئى سەددانە سۇفىلەر فەرامۇش ئەيلەگەي،
سۇمنات ئىچرە بەرەھمەنلەردە زۇننار ئولماسا.

— زەلىلى.

سۇبھگاھ [صبح گاه] (ئە + پ) سۇبھ ۋاقتى، تاڭ پەيتى، تاڭ ئاتار چاغ:

ھىجران تۈنى زەلىلى رەقس ئەيلەمەي بولۇرمۇ؟
نالەڭگە ئۇن قوشارلەر مۇرغان سۇبگاھى.

— زەلىلى.

سۇبھىنىشان [صبح نشان] (ئە + پ) تاڭ خەۋەرچىسى؛ پاكىز:

بارى كىيگەن ھەرىرى سۇبھىنىشان،
كۆزى تاڭ ئاتقۇچە سىتارەفشان.

— نەۋايى.

سۇبۇ [سبو] (پ) سۇ قاچىسى، ساپال چۆگۈن.

سۇبۇت [ثبوت] (ئە) قەتئىيلىك، پۇختىلىق، مۇستەھكەملىك:

سىفاتى سۇبۇتىغە يۈزمىڭ لىسان،
كى بولسا قىلالماس بىرىنى ئەيان.

— ئا. نىزارى.

سۇتۇر [ستور] (پ) ئات، تۆگە قاتارلىق ئۇلاغ.

سۇتۇن [ستون] ئۇستۇن:

فەلەك ئىقبالى تەختىنىڭ سۇتۇنى،
زەمان شەمشىرى ئەمرىنىڭ زەبۇنى.

— ناقىس.

سۇتۇھ [ستوه] (پ) يۈرىكى سىقىلغان؛ خاپا؛ ئاجىز؛ چارچىغان، ئازابلانغان.

سۇجۇد [سجود] (ئە) سەجدە (ناماز ئوقۇغاندا ئېگىلىپ يەرگە باش قويۇش) :

ۋۇجۇدۇڭ گەۋھەرى دەريايى رەھمەتدىن ئېرۇر مەئخۇر،
سۇجۇدۇڭ جەۋھەرى ئەئلايى ئۇلفەتدىن ئېرۇر مەئخۇر.

— شەۋقى.

سۇجۇدات [سجودات] (ئە) سەجدىلەر، چوقۇنۇشلار:

بۇگۈن مىھرابى مۇنبەر ھەرقىدىن دەم ئۇرماغىل زاھىد،

سۇجۇداتىم سەنەم قاشىغە يەڭنى تەركى ھۇش ئەتكەچ.
— زەلىلى.

سۇچۇك [سوچوك] تاتلىق، مەززىلىك، شىرىن:
يەدى قۇدرەت بىلە مەي تۇتتى بىر جام،
مۇھەممەد بولدى نۇش ئەتكەچ سۇچۇك كام.
— ناقىس.

سۇخەن [سخن] (پ) سۆز، نۇتۇق، ئىپادە:
تۇشۇپ مەزمۇن رەڭگىنكىم، بۇ گۇل كۆڭلىگە سالغاچ بەرق،
گۇلىستانى سۇخەن ئىچرە بولۇر بىر نەۋئى گۇل يەكتا.
— ئەرشى.

سۇخەنئەدا [سخن ادا] (پ) گەپكە چېچەن، ئەدىب، شائىر.

سۇخەنپەرداز [سخن پرداز] (پ) ناتىق، شىرىن سۆز.

سۇخەندان [سخندان] (پ) سۆز ئۇستىسى، ناتىق، سۆزمەن:
بىرمەس تەئۋىل چۇن سۇخەندان سۆزگە،
قىل مۇختەسەر ئۇلچە بولغاي ئىمكان سۆزگە.
— نەۋايى.

سۇخەنرەس [سخن رس] (پ) سۆز قىلغۇچى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى:
بىرىپ تەرتىپ ئەۋۋەل فەقرەلەرگە،
سۇخەنرەسلەركى قويغان زەخرەلەرگە.
— ناقىس.

سۇخەنسەرا [سخن سرا] (پ) «سۇخەنپەرداز» غا قاراڭ:
بۇنەزم تارىخە مەئنى دۇررىن تىزىپ ئەرشى،
سۇخەنسەرالە يۈزىن مىسلى كەھرەبا قىلايىن.
— ئەرشى.

سۇخەنسەنج [سخن سنج] (پ) سۆزمەن، گەپچى، سۆزگە چاققان:
شەبىستانى كۆڭلۇمدە تەھرىر ئېتەي،
سۇخەنسەنج ئولۇپ سۆزنى تەقرىر ئېتەي.
— زەلىلى.

سۇخەنگۇي [سخن گوى] (پ) سۆزمەن، گەپچى:
سەنەم شەھر ئىچرە گۇيا خىرمەنى گۇل پەردەپۇش ئولغاچ،
زەلىلى خاكى رىزى قەلئەدە مۇرغى سۇخەنگۇيى.
— زەلىلى.

سۇخەنۋەر [سخن ور] (پ) سۆزمەن، گەپدان:
ئەي ۋائىزى سۇخەنۋەر، گوياچۇ ساز ئولدۇڭ،
ئاچماس دەرىنى مەقسۇد مىفتاھى قىيلۇ قالىڭ.
— غەرىبى.

سۇختە [سخته] (پ) يانغان، كۆيگەن؛ كۆيۈك:
ئەيدى بۇ سۆزنىيۇ فەرۋاز ئەيلەدى،
شۇرشى سۇختەنى ئاغاز ئەيلەدى.
— زەلىلى.

سۇخرە [سخره] (ئە) مەسخىرە، كۈلكە.

سۇخسۇر [سخسر] ئۆردەكتىن كىچىكرەك بىر جانىۋار، قوشماق ئۆردەك:
بىر ئىلتىم تىيۇەدۇر، بىرى ئۇشتۇر،
تۇرۇقۇم لاچىنۇ ۋىيا سۇخسۇر.
— موللا نىياز.

سۇد [سود] (پ) پايدا، نەپ، مەنپەئەت:
قارا قىلمە بۇ يەڭلىغ فىسقى بىرلە نامەئى ئەئمال،
نەدامەت سۇد قىلماس، قولدا يالماس ئوسمە بىرلە خال.
— موللا نىياز.

سۇد ئەتمەك — پايدا يەتكۈزمەك، نەپ بەرمەك:
زەلىلى شەرمىسار ئاخىرەتدە ئۆزرە سۇد ئەتمەس،
بىدەرگاھى خۇدا ھەرھاجەتىڭ بولسە بۇگۇن كەلتۈر.
— زەلىلى.

سۇدۇ زىيان — پايدا ـ زىيان:
زەمزە مەسۇرۇددىن ئەيلەدى بىخەبەر مېنى،
كۆڭلۇم ئىچىدە قالمادى سۇدۇ زىيان بىشۇكىم.
— زەلىلى.

سۇداغ [صداع] (ئە) باش ئاغرىقى:
ۋائىز ئەقل ئەيلەگەچ مەۋئىزە مەجازىدىن،
سەندەلى ئىشق كەلتۇرۇڭ تۇتتى مېنى ئەجەب سۇداغ.
— زەلىلى.

سۇدە [سوده] (پ) پارچىلانغان، مايدىلانغان، ئېزىلگەن:
نەسىمى سۇبھى خەيلى سۇنبۇلى زۇلفۇڭنى تارقاتقاچ،
سەۋادى تۇنچە مۇشكى سۇدادىن ھەريان غۇبار ئېلتۇر.
— نەۋايى.

سۇدە ئەيلەمەك — مايدىلىماق، پارچىلىماق.

سۇدئەندىشە [سوداندیشه] (پ) پايدا قوغلاشقۇچى.

سۇدرەمەك [سودرامك] سۆرىمەك:
بويۇن ئارغامچى سالدى سۇدرەدىلەر،
رەسۇلۇللاھ سارى رەئنا پەرى رۇخ.
— شەۋقى.

سۇدۇر I [صدور] (ئە) باشلىقلار، رەھبەرلەر: كاتتا ئەمەلدارلار، مەنسەپدارلار.

سۇدۇر II [صدور] (ئە) پەيدا بولۇش، كېلىپ چىقىش.

سۇدۇر تاپماق — پەيدا بولماق، سادىر بولماق.

سۇدۇس [سدوس] (ئە) ئۆزۈن چاپان، تون:
بۇراق ئەيلەر ئىدى يۈرمەكتە تەتجىل،

جىلۋىدا سۈدۈس گوياكى جىبرىل.
— ناقىس.

سۈر I [سر] (ئە) توي، بەزم، شادلىق يىغىلىشى:
ئايدىن ئايرۇ ئەيشدىن غەم ياخشىراق،
سۈردىن يۈز قەتلە ماتەم ياخشىراق.
— نەۋايى.

سۈر بولماق — توي بولماق، خۇرسەن بولماق.

سۈر ئۇلماق — «سۈر بولماق» قا قاراڭ.

سۈر II [صور] (ئە) مۆڭگۈزدىن ياسالغان كاناي، سۇناي:
ماڭا يۈزىڭ قىيامەت جىلۋە قىلدى بىلمەيىن زاھىد،
نەسىھەتدە بەيانى ھەيبەتى ئەۋازى سۈر ئەيلەر.
— زەلىلى.

سۈراخ [سوراخ] (پ) تۆشۈك، ئۆڭكۈر:
كىرپىك ئوقىدىن سىنەم ئېرۇر ھەردەمى سۈراخ،
ئوخشاتقان ئۆچۈن ئىككى قاشىڭ سۈرەتى ياغە.
— زەلىلى.

سۈران [سران] شاۋقۇن - سۈرەن، غوۋغا؛ ۋارقىراش.

سۈراھى [صراحى] (ئە) قەدەھ، جام، مەي قۇيۇلىدىغان قاچا:
سۈراھىنىڭ كەنارىدە مۇسەففا بادەنى كۆرۈپ،
خىجالەتتىن نىقابى ئىچرە پىنھان ئابى ھەيۋاندۇر.
— ھاپىز خارەزمى.

سۈرە [سوره] (ئە) قۇرئاننىڭ 114 بابىنىڭ ھەربىرى:
تىلاۋەت ئەيلە ئۆشول سۈرە «كەھف» ئاخىرىدىن،
«لىقا ئەرەبىبىھى فەلىيەئمەل ئەمەلەن» دۇرۇش.
— شەۋقى.

سۈرئەت [سرعت] (ئە) تېزلىك، ئىتتىكلىك، چاپسانلىق.

سۈرەت [صورت] (ئە) 1) سۈرەت، رەسىم:
سۈرەتىڭدىن ئاجىز ئېرسە مانى ئېرمەستۇر ئەجەب،
قايدا نەققاش ئەيلەگەي كەلكى ھەزا تەسۋىرىنى.
— نەۋايى.
2) تاشقى كۆرۈنۈش، شەكىل. 3) يوق، تەرىقە، ھىلە.

سۈرەت ئەھلى — رەسساملار، نەققاشلار.

سۈرەتى دىۋار — دىۋارنىڭ كۆرۈنۈشى، شەكلى.

سۈرەتى زاھىر — تاشقى كۆرۈنۈش.

سۈرئەتئايىن [سرعت آيين] (ئە + پ) تېزلىك بىلەن، جىددەللىپ.

سۈرەتئەنگىز [صورت انگيز] (ئە + پ) سۈرەتنى خىيالىغا كەلتۈرۈش، جامالىنى نامايان قىلىش.

سۈرەتگەر [صورتگر] (ئە + پ) سۈرەتچى، رەسسام.

سۈرئەتنەما [سرعت نما] (ئە + پ) تېز ھەرىكەت قىلغۇچى، چاپسان يۈرگۈچى، ئىتتىك ماڭغۇچى.

سۈرەتنەماي [صورت نماى] (ئە + پ) سۈرەت كۆرسەتكۈچى.

سۈرەييا [ثريا] (ئە) ئۈركەر يۇلتۇزى:
خاكسار ئول دەھر ئارا ئەستەر ئېسەڭ بولماق بەلەند،
تاپتى شەبنەم ئەجرىدىن ۋەسلى سۈرەييادىن نىشان.
— ناقىس.

سۈرخ [سرخ] (پ) قىزىل:
كۆپ ئېرمىش شەھىد قانىنىڭ ھۆرمەتى،
خۇدا نەزدىدە سۈرخ ئېرمىش بەتى.
— ئا. نىزارى.

سۈرخاب [سرخاب] (پ) قىزىل سۇ.

سۈرخ بېد [سوخ بيد] (پ) قىزىل تال:
زەنبەق ئەندە لالەگۈن بۈتكەي، شەجەرلەر سۈرۈخ بېد،
ھەرچەمەنگە بىرسە سۇۋ قانلىغ سىرشكىم ياغىنى.
— نەۋايى.

سۈرۈخ رو [سرخ رو] (پ) قىزىل يۈز؛ شاد، خۇشال.

سۈرخ رولۇق [سورخ رولوغ] قىزىل يۈزلۈك، شادلىق.

سۈرۈد [سرود] (پ) ناخشا، قوشاق، كۈي؛ كۈيلەش، چېلىش:
نەھاجەت نالەئى نەي، يارەبابۇ، بەربەتۇ قانۇن،
سۈرۈدى ئەرغەنۇندىن شۇرۇشى پەيمانەدۇر پەيدا.
— زەلىلى.

سۈرۈد چەكمەك — ناخشا ئېيتماق، كۈيلىمەك:
يۈز نەۋئى نالەئى نەي يۈز سەدايى ئەرغۇنۇن،
بىرسەھەر چەككەن سۈرۈد ئۆزرە خاھىشدۇر سېنىڭ.
— زەلىلى.

سۈرۈدى ئەرغەنۇن — ئەرغەنۇن كۈيى، ئەرغەنۇن ئاۋازى:
سۈرۈدى ئەرغەنۇن ئالەمگە تولسۇن،
فىغانىدىن قىيامەت قايىم ئولسۇن.
— زەلىلى.

سۈرۈدى دەردناك — غەمكىن كۈي:
مۇترىبا، تۈز بىر سۈرۈدى دەردناك،
ساقىيا، بىدەردلىغدىن مەن ھەلاك.
— نەۋايى.

سۈرۈر [سرور] (ئە) خۇرسەنلىك، شادلىق، خۇشاللىق:
تا يۈزۈڭ مېھرى تۇلۇئ ئەيلەپ جەھاننى تۇتتى نۇر،

ئاپتى ئالەم ئول يورۇغلۇق ئىچرە جەننەتتەك سۇرۇر.
— ناقىس.

سۇرۇش [سروش] (پ) پەرىشتە، جەبرائىل:
مۇھتەسىبدىن ھىچ ۋەھىم ئەتمەيدۇ گويا مەيفۇرۇش،
بەردى ئىشرەتدىن خۇمار ئەھلىغە پەيغامى سۇرۇش.
— زەلىلى.

سۇز [سوز] (پ) 1) كۆيدۈرۈش، ئۆرتەش:
سۇز دىلدىن پەيكەرى قەقنۇسنىڭ كۆيگەنلەرىن،
فەھم ئېتەرمەن بۇ كۆڭۈلدە سۇز ھىجرانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

2) سۆز بىرىكمىسىدە «كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى» مەنىلەرىدە كېلىدۇ:
ئەي ئىشق ئوتىن ئەيلەگىن جەھانسۇز،
ھەربىر شەرەرىنى خانۇمانسۇز.
— نەۋايى.

سۇزان [سوزان] (پ) كۆيگەن، يېنىپ تۇرغان، يالقۇنلۇق:
ئەلھەزەر، مۇنداغ بەلايى ناگەھاندىن ئەلھەزەر،
بەرق جىلۋە، شوخ پەيكەر، ئاتەشى سۇزانمۇ سەن؟
— ئەرشى.

سوزىش [سوزش] (پ) كۆيدۈرمەك، ياندۇرماق، تۇتاشتۇرماق:
تەۋەككۇل ئەيلە خۇدا دەرگاھىغە باش قويغىل،
باغىرقانىن ئاقىزىپ ئىشق بىرلە جان سۇزىش.
— شەۋقى.

سۇساماق [سوساماق] ئۇسسىماق، سۇسىرىماق:
فىراقىڭ چۆلىدە ئۆلەر قەلەندەر سۇساپ، ئەي دىلبەر.
مۇھەببەت بادىسىدىن زەردەگى جانىغە قويماسسەن.
— قەلەندەر.

سۇست [سوست] (پ) بوش، كۈچسىز، ئاجىز، سۇس:
پىرلىق ۋەقتى يېتىشتى سۇست بولۇپ ئەنداملار،
تەن زەئىفۇ، جان زەئىفۇ دىل گەدا بولدى دەرىغ.
— شەۋقى.

سۇف [صوف] (ئە) يۇڭ، مامۇق.

سۇفار [سوفار] (پ) يا ئوقىنىڭ ئۇچى:
ئوقى سۇفارى كۆڭۈلدە ئەرقىنزاردى، نې ئەجەب،
كىم بىغىر پەرگالىسى ھەردەم غىنزاسىدۇر ئانىڭ.
— نەۋايى.

سۇفرە [سفره] (ئە) داستىخان.

سۇفرەت [صفرت] (ئە) سېرىقلىق، سېرىق تۇسلۇك.

سۇففە [صفه] (ئە) ئايۋان، سۇپا:
سەفايى سۇففەئى ئەھلى سەفادىن تازەدۇر جانىم،
چىراغى مەئرىفەتدىن نۇر ئالۇر قەندىلى ئىمانىم.
— زەلىلى.

سۇفى [صوفي] (ئە) سوپىزىم يولىنى تۇتقان كىشى، سوپى.

سۇفىيانە [صوفيانه] (ئە + پ) سوپىلار روھى بىلەن، سوپىلىق يولى بىلەن، سوپىلارچە:
قىلسامكى ئۆزۈمنى پارە - پارە،
ئەمدى بولايىن ئىمە سوفىيانە.
— موللا سالىھ.

سۇكر [سكر] (ئە) مەستلىك، كەيپلىك:
خۇدانىڭ بەرگەنىگە قىلمادىم شۇكر،
يىيىشىم بولدى غەدۇر تەغمان بىلە سۇكر.
— قەلەندەر.

سۇككان [سكان] (ئە) تۇرغۇچىلار، بىر جايدا ياشاپ تۇرغۇچىلار، («ساكىن» نىڭ كۆپلۈكى).

سۇكۇت [سكوت] (ئە) جىم تۇرۇش، ئۈندىمەسلىك، سۈكۈت.

سۇكۇن [سكون] (ئە) تىنچىش، ئاسايىش، ھەرىكەتسىزلىك، سەۋر:
كىمسەنىڭكىم مېھر، ماھى كۆڭلىدە قىلماس سۇكۇن،
سىدىق ئەتۋارىدا ئول چۇن چەرخى پا بەرجا ئەمەس.
— ئەرشى.

سۇكۇنات [سكونات] (ئە) جىمجىتلىق:
خىتاب ئەتتى فەلەككە: ئەي فەلەك، تۇر،
تەھەررۇكنى سۇكۇنات خاكىغا ئۇر.
— ناقىس.

سۇگ [سوگ] (پ) ماتەم، ھازا، ئۆلۈم قايغۇسى، مۇسىبەت:
ئاتا سۇگىدا سەبىر قىلماق كېرەك،
كى ئانىڭ رىزاسىنى ئالماق كېرەك.
— ئا. نىزارى.

سۇگۋار [سوگوار] (پ) ماتەملىك، قايغۇلۇق:
بالا دەردىدە بولدىلەر سۇگۋار،
قىلىپ دەم بەدەم نالەئى ئاھۇزار.
— ئا. نىزارى.

سۇلەيمان [سليمان] (ئە) قەدىمكى يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ پادىشاھى داۋۇتنىڭ ئوغلى (ئەقىللىقتا مەشھۇر):
بىر كۇنى ھەزرەتى سۇلەيمانى،
يىغدىلەر جەمئى بولدى ھەيۋانى.
— زەلىلى.

سۇلەيمانۋەش [سليمان وش] (ئە + پ) سۇلەيمان كەبى، قۇدرەتلىك، ئەقىللىقلەرگە ئوخشاش:

سۇلەيمانۇش چىكىپ ئول يەرگە پايە،
كى قۇشلەر تارتىبان باشىغە سايە.

— نەۋايى.

سۇلب [صلب] (ئە) قاتتىق، مۇستەھكەم.

سۇلتان [سلطان] (ئە) سۇلتان، شاھ، ھۆكۈمران:
ئانا جانىبى خانۇ خاقان ئېرۇر،
ئاتا سارىدىن قۇرب سۇلتان ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

سۇلتانى رەززاق — نېمەت بەرگۈچى سۇلتان:
بەندە ئاجىزغا يېتىشسە نامە ئەئمال ئولۇغ تەرەف،
چەپ تەرەفدىن ساقلاغان سۇلتانى رەززاقىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

سۇلتانى رۇسۇل — پەيغەمبەرلەر ئۇلۇغى.

سۇلتانى ساھىبقىران — جاھانگىرلار سۇلتانى.

سۇلتانى غەففار — شەپقەتچىلەر سۇلتانى:
بەندە ئاجىزغە قەزادىن گۆر ئەزابى يەتسەلەر،
رەھم ئېتىپ دەفئ ئەيلەگەن سۇلتانى غەففارىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

سۇلتانى ۋەقت — زامان، دەۋر سۇلتانى.

سۇلتانزادە [سلطان زادە] (ئە + پ) پادشاھ، سۇلتان ئوغلى.

سۇلتانىي [سلطانى] (ئە) ھاكىم، ھۆكۈمدار.

سولس [ثلث] (ئە) ئۈچتىن بىر ($\frac{1}{3}$) :
كىم ئېرمىش ئىشق مەيدانى بەسى كەڭ،
بولالماس روبئى مەسكۇن سۇلسىغە تەڭ.

— ناقىس.

سۇلسان [ثلثان] (ئە) ئۈچتىن ئىككى ($\frac{2}{3}$) .

سۇلھ [صلح] (ئە) يارىشىش، مۇرەسسە:
سالىپ سۇلھدىن سۆز، يۈبەرگەي رەسۇل،
يارىشماق تەرىقىنى قىلغاي قەبۇل.

— ناۋايى.

سۇم [سم] (پ) 1) تۇياق:
پەتھ قىلدىڭ لەشكىرى بىسيارى ھارۇن بۇغراخان،
دۇلدۇلۇڭنىڭ سۇمىدىن دەريادەك ئاقتى قان رەۋان.

— زەلىلى.

2) ئاياغ، پۇت:
يۈگۈرماقدىن سەبا رەفتارى خۇش سۇم،
ئەرەقدىن يەرگە توكتى دۇررى ئەنجۇم.

— ناقىس.

سۇمەن [سمن] (پ) خۇشبۇي ئاق گۈل، ياسىمەن گۈلى:
كۆز مۇدۇر ياكافىرى خۇنرىز يا جادۇيى ھىند،
يۈزمۇدۇر يا لالەئى خۇدرۇي يا بەرگى سۇمەن.

— ھاپىز خارەزمى.

سۇمەنبەر [سمنبر] (پ) ئاق بەدەن، گۈزەل يار:
ئاشۇفتە مېنى ئەيلەدى، ئول شوخ سىتەمگەر جانىمغە بەلادۇر،
سىيمىن تەنۇ رەئنالىغىدا گولدى سۇ مەنبەر چۇن زوھرى سەفادۇر.

— خۇشھال غەربى.

سۇمەنبۇ [سمنبو] (پ) ياسىمەنگە ئوخشاش خۇش ھىد؛ يېقىملىق، گۈزەل مەھبۇبە.

سۇمەنبۇي [سمنبوى] (پ) «سۇمەنبۇ» غا قاراڭ.

سۇمەنبىز [سمنبيز] (پ) خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى.

سۇمەنسا [سمنسا] (پ) ياسىمەنگە ئوخشىغان:
ھەم سۇبھ شەمامەسى سۇمەنسا،
ھەم شام نەسىمى سۇنبۇلاسا.

— نەۋايى.

سۇمەنساي [سمنساى] (پ) «سۇمەنسا» غا قاراڭ:
چېھرە تاماشا قىلىڭ تەرزى گۈلى ياسىمەن،
زۇلفى سۇمەنسايىنى سۇنبۇلى تەر ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

سۇمە [ثم] (ئە) كېيىن، سۇڭرە؛ يەنە.

سۇمنات [سمنات] (پ) بۇتخانا، بۇت نامى.
بەرەھمەن زادە دەۋرى سۇمناتىم ئىچرە يۈرسۇن دەر،
مېنى بۇتخانەئى تەرسا ئىچىدە ئول سەنەم كۆرگەچ.

— زەلىلى.

سۇمناتپەرەست [سمنات پرست] (پ) بۇتپەرەس.

سۇنەن [سنن] (ئە) يول، تۇتۇلغان يول، رەۋىش، ئادەت.

سۇنبادە [سنبادە] (ئە) ئىسۋاب بىلەيدىغان تاش، بىلەي.

سۇنبۇل [سنبل] (ئە) 1) بىر خىل خۇشبۇي قارا رەڭلىك ئۆسۈملۈك:
ئىدى سۇنبۇل بىلە گۈل دەمىۇ يالى،
مۇزەييەن ھۇردەك دىلكەش جەمالى.

— ناقىس.

2) كۆچمە، سۆيگەن يارنىڭ چېچى:
يەتكەچ ئوق بۇنامە بەرگىل سۇنبۇلۇڭدىن نەچچە تار،
قىلسە خۇش كۆڭلىنى ئەرشى يىغلابان گاھى بۇزاب.

— ئەرشى.

سۇنبۇلى پېچان — قايرىما كوكۇلا.

سۇنبۇلى دىلكەش — چاچلىرى كۆڭۈل ئوۋلايدىغان.

سۇنبۇلى سىراب — يۇراقلىق گۈل.

سۇنبۇلى زۇلف — زۇلۇف چاچلىرى:

سۈنبۈلى زۇلفى بىلە گۈل يۈزىدىن،
بولدى خىجالەتزەدە مۇشكۇ گۇلاب.

— ھاپىز خارەزمى.

سۈنبۈلە [سنبله] (ئە) ئاسترونومىيەدە، ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىنىڭ ئالتىنچىسى، ئاي نامى (ئاۋغۇستتا توغرا كېلىدۇ):

شېر يولىدىن ئۆتۈبان گۈشەئى،
سۈنبۈلە رەخشىغە بولۇپ تۇشەئى.

— نەۋايى.

سۈنبۈلئاسا [سنبل آسا] (ئە + پ) سۈنبۈلغا ئوخشاش.

سۈنبۈلئامىز [سنبل آميز] (ئە + پ) سۈنبۈل ئارىلاش، سۈنبۈل قوشۇلغان.

سۈنبۈلىستان [سنبلستان] (ئە + پ) سۈنبۈللۈق، سۈنبۈل ئۆسكەن جاي، باغ:

ئەنبەرى مۇشكىن خوتەن خالىغە بولمىش پايمال،
كاكۇلۇ زۇلفۇڭغە جانا سۈنبۈلىستانىم پىدا.

— قەلەندەر.

سۈننەت [سنت] (ئە) يول، ئادەت؛ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ يولى ۋە قىلغان ئىشلىرى.

سۈننىتى مىشكان — مىشكان كىتابىدىكى سۈننەتلەر:

كىتابى سۈننەتى مىشكاندۇرلەر ئىلمىنىڭ كانى،
بىرىپ ئىركەن مۇبارەك ئاخۇنۇمغە ئىلىم رەببانى.

— موللا نىياز.

سۈننىي [سنى] (ئە) سۈننىي مەزھىبىدىكى؛ سۈننەت ئەملىگە مەنسۇپ.

سۈنئ [صنع] (ئە) ياساش، يارىتىش؛ ئىش؛ ھۈنەر:

لۇتفۇڭ خەفى سۈنئۇڭ جەلى ئىزدەپ تاپالماس ھەردىلى،
سەن لامەكان سەن ياۋەلى يۈرگەي ھەمە سالىپ سوراغ.

— شەۋقى.

سۈھا [سها] (ئە) 1) ئۈركەر توپىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ كىچىك كۆرۈنىدىغىنى.

2) ناھايىتى كىچىك، ئەرزىمەس:

كى بىر قەترە قىلدى دەريا نىھان،
سۈھازىمىنىدە چەرخى ئەئلا ـ نىھان.

— نەۋايى.

سۈھاكىردار [سهاكردار] (ئە + پ) سۈھاغا ئوخشاش، كۆزگە غىرە ـ شىرە كۆرۈنىدىغان.

سۈھان [سهان] (ئە) ئېگەك؛ ھەرە.

سۈھبەت [صحبت] (ئە) سۆزلىشىش، پىكىرلىشىش، سۆھبەت:

ھارام ئىرمىش ۋەگەر مەزلۇملارنىڭ باغى ئاۋازى،
ۋەگەر بىگانەلەرنىڭ سۆھبەتى ھەمرازى ـ ھەمرازى.

— موللا نىياز.

سۆھبەت تۈزمەك — مەجلىس ئاچماق، سۆھبەتلەشمەك.

سۇۋەيدائ [سويدا] (ئە) قارا چېكىت، نۇقتا (بۇ نۇقتا يۈرەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولارمىش):

بۇ مەھۇشىكىم كۆرۈپدۇرسەن ھۇۋەيدا،
ئىرۇر كۆڭلۈم ئىچىدە بىر سۇۋەيدا.

— ناقىس.

سۇۋۇرماق [سوورماق] سۇغۇرماق، يۇلماق.

سۈرمە [سرمه] (پ) قاش ۋە كىرپىكنى بويايدىغان بىر خىل قارا گىرىم، سۈرمە:

ئەسھابۇ ئەۋلادى نەبى شەھزادە كەۋنەينى ئەلى،
جەننەت گۈلىنىڭ بۇلبۇلى قىلسام ئەنى سۈرمە قەراغ.

— شەۋقى.

سۈرمە ئەيلەمەك — سۈرمە قويماق:

جۇن نەزەرگە تىيرەلىك يوق چەرخ مىھرىن كۆردىكىم،
كويى گەردىن سۈرمە ئەيلەپ، ئەرشى كۆزۈڭگى ياروت.

— ئەرشى.

سۈرمەئى ھەيا — ھايا سۈرمىسى:

نەزەركى ئاشىقى مەفتۇنغە ھىچ سالمايدۇ،
بۇ شوخ كۆزلەرىدە سۈرمەئى ھەياغا باقىڭ.

— زەلىلى.

سۈرمە ئالۇد [سرمه آلود] (پ) سۈرمە قويۇلغان، سۈرمە سۈرتۈلگەن:

ئوتلۇغ ئىكى كۆزى سۈرمە ئالۇد،
ئول ئوتغە داغى بۇ سۈرمەدىن دۇد.

— نەۋايى.

سۈرمە ئەندۇد [سرمەاندود] (پ) سۈرمىلەنگەن، سۈرمە قويۇلغان (كۆز)؛ تەشۋىشلىك، بىسەرەمجان.

سۈرمەدان [سرمەدان] (پ) سۈرمە سالىدىغان قۇتا.

سۈرمەگۈن [سۈرمەگون] (پ) سۈرمەرەڭ.

سۈرمەگىي [سرمگى] (پ) سۈرمەرەڭ، قارا.

سۈرۈك [سوروك] پادا، توپ:

زەمان دەبگى بولدى دىل ئازارلىق،
سۈرۈك ناتەۋانلارغا دىشۋارلىق.

— ئا. نىزارى.

سېب [سيب] (پ) ئالما (مېۋە).

سېپمەك [سيپاك] سەپمەك، چاچماق.

سېپىچ [سەپيچ] (پ) باشقا ئىككى ـ ئۈچ ئايلاندۇرۇپ ئورايدىغان سەللە.

سېراب [سيراب] (پ) 1) يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپ، مول - كول:
ھىجران ئوتىدىن ئوزارىدە تاب،
گۈل بەرگى شىرىشلىك بىرلە سېراب.
— نەۋايى.

2) سۇلۇق، ھۆل، نەم.

سېرپەمەك [سيرپمك] سەپمەك، چاچماق، پۈركىمەك.

سېشەنبە [سەشنبە] (پ) سەيشەنبە.

سېگاھ [سيگاه] (پ) ئاھاڭ، كۈي.

سېل [سيل] (ئە) قار ئېرىش، قاتتىق يامغۇر يېغىشتىن ھاسىل بولغان شىددەتلىك سۇ ئېقىنى، تاشقىن، سەل:
ئىشق سېلى يىقەردە كاشانە،
تەگدۇر ئاباد بىرلە ۋەيرانە.
— نەۋايى.

سېلاب [سيلاب] (پ) 1) سەل سۇيى، تاشقىن. 2) كۆز يېشى:
كەلۇ ئېرمەس، تاڭ ئېرمەس بولسە ئەمدى دال يەگلىغ خەم،
بەس ئېرمەس، ئېردى مۇنداغ كۆزلەرىم سېلابىدىن يۇرنەم.
— ئەرشى.

سېل ئەندۇز [سيل اندۆز] (پ) سەلگە ئايلىنىدىغان، سەلگە ئوخشاش.

سېلگىنچەك [سيلگنچاك] تۇمار.

سېھر [سحر] (ئە) نەيرەڭ، كۆز باغلاش، جادۇ، سېھىر:
سېھىرلەر كۆرگۈزدى ئول يۈز غەمزەگى جادۇ بىلە،
مەن نېچۈك جان ئىلتەيىن بىر غەمزەگى خۇنخارىدىن.
— ئەرشى.

سېھرئەنگىز [سحرانگيز] (ئە + پ) سېھىر قىلغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى.

سېھرپەرداز [سحرپرداز] (ئە + پ) سېھىر قىلغۇچى، سېھىر قىلىشقا ئۇستا.

سېھر پەيۋەند [سحرپيوند] (ئە + پ) سېھىر باغلاش؛ ماھارەت كۆرسىتىش.

سېھر ساز [سحرساز] (ئە + پ) مەپتۇن قىلغۇچى، سېھىرلىگۈچى؛ چىرايلىق سۆزلىگۈچى.

سېۋمەك [سيوماك] ياخشى كۆرمەك، كۆڭۈل بەرمەك.

سېۋىنمەك [سيوناك] سۆيۈنمەك، خۇرسەن بولماق.

سى [سى] (پ) ئوتتۇز (سان).

سئايەت [سعايت] (ئە) چېقىمچىلىق، تۆھمەت، بۆھتان.

سىبا [صبا] (ئە) ياشلىق، بالىلىق دەۋر.

سىبائ [سباع] (ئە) يىرتقۇچ ھايۋانلار.

سىپارىش [سپارش] (پ) ھال - ئەھۋال سوراش، ھۆرمەت، مېھرىبانلىق:
ھەر نۇكتەكى ئەيلەبان گۇزارىش،
مەجنۇننى قىلۇر ئىبدى سىپارىش.
— نەۋايى.

سىپارىش قىلماق — 1) تاپشۇرماق:
ئانى چۇن سىپارىش قىلىپ دايەگە،
قىلماڭ پەرۋەرىش يەتكۇزۇلۇڭ ۋايەگە.
— ئا. نىزارى.

2) ھۆرمەتلىمەك، مېھرىبانلىق قىلماق.

سىپاس [سپاس] (پ) ماختاش، مىننەتدارلىق، رەھمەت:
ھەمدۇ سىپاس لايىقى پەرۋەردەگار ئېرۇر،
پەرۋەردەگار ئالەمى ھەژدە ھەزار ئېرۇر.
— زەلىلى.

سىپاھ [سپاه] (پ) 1) ئەسكەر، چېرىك، قوشۇن:
كۆڭۈل ئەقلىمىنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غافىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ تارى سىپاھىمدۇر.
— زەلىلى.

2) ئىقتىدار، قۇۋۋەت:
مىننەتنىڭ ئاستىدا مۈلكۈ سىپاھ،
مۈلكۈ سىپاھ قايسى بولۇر، بەلكى شاھ.
— نەۋايى.

سىپاھ ئەھلى — ئەمەلدارلار، قوماندانلار، ئەسكەر باشلىقلىرى:
قىلۇر خىزمەتدە گويا كىم سىپاھ ئەھلىغە بىر نادان،
نەچە تىللاپ ھەقارەت قىلسە بولمايدۇ داغى نالان.
— موللا نىياز.

سىپاھ تارتماق — لەشكەر ماڭغۇزماق.

سىپاھى غەم — غەم قوشۇنى، غەم لەشكىرى:
كۆڭۈل كەنجىنەسىنى غارەت ئەيلەپدۇر سىپاھى غەم،
تاماشا قىل بۇ جەۋلانىمنى بى تىغۇ سىپەر تەنھا.
— زەلىلى.

سىپاھ ئىلمى — ھەربىي ئىلىم، جەڭ ئىلمى:
كۆڭۈل ئاڭلادى ھەرب ئەسبابى جەڭ،
سىپاھ ئىلمىنى ئۆرگىنىپ بىدەرەڭ.
— ئا. نىزارى.

سىپاھىي [سپاهى] (پ) ھەربىي خىزمەتچى، ئەمەلدار.

سىپاھىيلىغ [سپاهى ليغ] «سىپاھىيلىق» قا قاراڭ.

سىپاھىيلىق [سپاهى ليق] ھەربىيلىك، لەشكەرلىك، ئەمەلدارلىق.

سىپاھىيلىك [سپاهى ليك] «سىپاھىيلىق» قا قاراڭ.

سىپاھىيشېۋە [سپاهى شيوه] (پ) ئەسكەرگە ئوخ-

شاش، ئەسكەر سۈپەت.

سىپەر [سپر] (پ) قالقان:

سەدابى نالەپۇر دەشتۇ بەيابان ئىچرە زىرۇ بەم،
قەنى مەجنۇن ۋەقتى ھال ئولۇپ رەقس ئەيلەگەي بىردەم؛
مېنىڭ توفانى ئەشكىم مەۋج دەريادىن ئەمەسدۇركەم،
كۆڭۈل گەنجىنەسىنى غارەت ئەيلەي دەپ سىپاھى غەم؛
تاماشا قىل بۇ جەۋلانىمنى بىتىغۇ سىپەر تەنھا.

— زەلىلى.

سىپەرىي [سپرى] (پ) ئاخىرىغا يەتكۈزۈلگەن، تۈگەللەنگەن، تۈگەل:

ئېچتى بەھرام قامۇ ئىلۇپەرى،
تۈنەدىكىم ياسالغان ئول سىپەرى.

— نەۋايى.

سىپەھ [سپە] (پ) «سىپاھ» قا قاراڭ.

سىپەھبەد [سپهبد] (پ) ئەسكەر باشلىقى، لەشكەر باشلىقى.

سىپەھدار [سپهدار] (پ) ئەسكەر باشلىقى، سەركەردە؛ ھۆكۈمران.

سىپەھسالار [سپەسالار] (پ) باش قوماندان.

سىپقارماق [سىپقارماق] شۈمۈرمەك، بىر تامچە قالدۇرماي ئىچمەك:

ئەرشى، كەل، ئەمدى خەرابات ئەھلىدىن دەر يۈزەئەت.
جامى بىخۇدلۇقدىن ئانى سىپقارىپ پىرى ھەرى.

— ئەرشى.

سىپىھر [سپهر] ئاسمان، ئاسمان گۈمبىزى؛ پەلەك، تەقدىر؛ زامان:

ۋەجىد بىلەن ئۈچقالى قانچە يىراقدۇر سىپىھر،
سەدرە سارى ئاچتىلەر مۇرغى كۆڭۈل پەرۋبال.

— زەلىلى.

سىپىھر ئەتلەسى — ئاسمان، پەلەك.
سىپىھر خىرگاھى — كۆك، ئاسمان، پەلەك.
سىپىھر زەرگەرى — قۇياش.
سىپىھر لۆجەجەسى — پەلەك، ئاسماننىڭ قەھرى.
سىپىھر مەزرەئەسى — كۆك، ئاسمان، كائىنات.
سىپىھرى ئەخزەر — كۆك ئاسمان:

كۆرۈنۈر سىپىھرى ئەخزەر سەمەن چۇ سۈنبۈلۇتەر،
كېچەلەردە ئاي ئەختەر تاڭ ئېتىپ قايان قىلۇرسەن.

— زەلىلى.

سىپىھرى بەرىن — ئېگىز ئاسمان، ئەرشى ئەلا:

يەنە ئوردۇيىكىم سىپىھرى بەرىن،
كېلىپ ئاندە بىر چادىرى كەمتەرىن.

— نەۋايى.

سىپىھرى پۇرفەن — ھىيلىگەر چەرخ.
سىپىھرى تېزگەرد — زاماننىڭ تېز يۈرەرگەردىشى.
سىپىھرى دەنىي — پەسكەش، نامەرد پەلەك.
سىپىھرى دۇن — بەختسىز تەقدىر، بەختى قارا.
سىپىھرى دىجەم — غەمكىن تەقدىر.
سىپىھرى غەددار — ۋاپاسىز پەلەك، كاج تەقدىر:

ھەيھات، نېتەي بۇ سىپىھرى غەددار،
ھىجرانىڭغە مېنى قىلىپ گىرىفتار.

— موللا نىياز.

سىپىھرى كەھكەشان — سامانيولى.

سىتارە [ستارە] (پ) يۇلتۇز:

ئاچۇق سۆزلۈك ئۈچۈن ھەم خۇش سىتارە،
دەر ئېردى بىر ئاتىنى «ماھپارە» .

— ناقىس.

سىتارە سەھەرى — سەھەر يۇلتۇزى.

فىراق كېچەلەرى كۆركى ئوتلۇق ئاھىمدىن،
سىتارە سەھەرىدەك ئەجەب چىراغىم بار.

— ناقىس.

سىتارەپشان [ستارەفشان] (پ) يۇلتۇز چاچقۇچى، كۆز ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى:

يارى كىيگەن ھەرىرى سۇبھىنىشان،
كۆزى تاڭ ئاتقۇچە سىتارەفشان.

— نەۋايى.

سىتام [ستام] (پ) ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى.

سىتان [ستان] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە «ئالغۇچى، ئىگىلىگۈچى، بويسۇندۇرغۇچى» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. م:
جانىستان — جان ئالغۇچى، كىشۋەرستان - مەملىكەتنى بېسىۋالغۇچى.

سىتايىش [ستايش] (پ) ماختاش، مەدھىيە:

سەناۋۇ سىتايىش ساڭا يا ئەھەد،
كى ھامىد جەنابىڭغە جانۇ خىرەد.

— ئا. نىزارى.

سىتەم [ستم] (پ) جەبىر، زۇلۇم:

قايدادۇر يابىۋەئى يادەردى ناك،
يا سىتەم ئىلكىدە بولغان سىنەچاك.

— زەلىلى.

سىتەمدىدە [ستمديده] (پ) ئازاب چەككەن، قىينالغان.

سىتەمكار [ستمكار] (پ) زۇلۇم قىلغۇچى، جەبىر سالغۇچى، زالىم، زومىگەر:

بىمىھر گىكەن بۇ دەۋرى غەددار،
بۇچەرخى فەلەك ئېرۇر ستەمكار.

— موللا سالىھ.

ستەمكەش [ستمكش] (پ) زۇلۇم چەككەن، ئازاب تارتقان، دەردمەن.

ستەمگەر [ستم كر] (پ) زۇلۇم قىلغۇچى، زومىگەر، زالىم:

مېنىڭدەك بىۋەنى دوزىللە قىلغاندىن شىكايەتكىم،
ستەمگەر بىۋەفادىن شىكۋە بۇ چاغلىق كىفايەتكىم.

— موللا نىياز.

سىتتە [ستە] (ئە) ئالتە (سان).

سىددىق [صديق] (ئە) راست، توغرا سۆزلىگۈچى، چىن سۆزلۈك؛ ئەبۇ بەكرىنىڭ لەقىمى.

سىدرە [سدرە] (ئە) ئاچچىق چىلان؛ دىنىي ئېتىقادقا كۆرە يەتتىنچى ئاسماندىكى بىر دەرەخ:

كۆردى نەبى جەبرەئىل بىر قەدەمى بارالمادى،
سىدرەدىن ئۆل نىچۈك ئۆرتەر بولماسا پەرۇبال ئىشق.

— زەلىلى.

سىدراسا [سدرآسا] (ئە + پ) يەتتىنچى ئاسماندىكى ئەڭ ئېگىز دەرەخقە ئوخشاش.

سىدرەفەرساي [سدرەفرساي] (ئە + پ) ئاسماننى، پەلەكنى بۆزغۇچى.

سىدرەنىشىن [سدرەنشين] (ئە + پ) يەتتىنچى ئاسماندا تۇرغۇچى:

گەرش پەرۋاز گولدىيۇ سىدرەنىشىن،
ئەلگە زاھىر ئەيلەمەي پەرۋاز ئىشىن.

— نەۋايى.

سىدق [صدق] (ئە) توغرىلىق، توغرا سۆزلۈك؛ راستلىق؛ پاكلىق:

ئۇلار سەندىن ئەمەسدۇر، مەن ياراتقان،
ئۇلار كەلتۈرسە سىدقى بىرلە ئىمان.

— ناقىس.

سىدق ئەھلى — راست سۆزلۈك كىشىلەر؛ توغرا يولدىكى كىشىلەر:

چىن بۇ مەقسۇدغە سادىق ئېردى ئول،
سىدق ئەھلىغە مۇۋافىق ئېردى ئول.

— نەۋايى.

سىدقۇ سەفا — توغرىلىق، پاكلىق:

شۇكرى قىلدىلەر كۆرۇبان مۇستەفا،
ئەنبىيالەر سەرۋەرى سىدقۇ سەفا.

— زەلىلى.

سىدقى سەفا — ھەقىقىي، چىن يورۇقلۇق:

ئەي، مېھرى ۋەفا سىپېھرىدە ماھ،
ئەي، سىدقى سەفا سەرىدە ئەي شاھ.

— موللا نىياز.

سىدقى مەزىد — ناھايىتى توغرىلىق؛ راستچىللىق:

كىمە بولدى دەريا ئارا ناپەرىد،
قىلىپ تەجرىبە، بولدى سىدقى مەزىد.

— ئا. نىزارى.

سىر [سر] (ئە) يوشۇرۇن، مەخپىي؛ سىر.

سىرات [صراط] (ئە) كۆۋرۈك، يول؛ دوزاخ ئۈستىگە سېلىنغان ئىنچىكە كۆۋرۈك:

ئەھلى تەرىقەت ئېيدىلەر شەۋقى سىراتى مۇستەقىم،
قەتئىي مەنازىل ئەتكەلى جوززەگى مۇستەفا غەلەت.

— زەلىلى.

سىراج [سراج] (ئە) چىراغ؛ يورۇقلۇق، نۇر:

ئاياغىدا بەشەرلىك ھۆل ياغاچى،
بۇ زۇلمەتخانەنىڭ ئېردى سىراجى.

— ناقىس.

سىرايەت [سرايت] (ئە) ئىچىگە ئۆتۈش، يۇقۇش، تەسىر:

ئەلەم ئېلى سەراسەر غافىل ئەگەر ئەمەسدۇر،
بۇنالەئى جونۇنۇم قىلماسىمىدى سىرايەت.

— زەلىلى.

سىرايەت ئەيلەمەك — يۇقماق، ئىچىگە كىرىپ، سەكىپ كەتمەك، ئۆتمەك:

غەمىڭ قاتتىغلىغىن قىلسا ھىكايەت،
ئىشىتسە تاش، ئاڭا ئەيلەر سىرايەت.

— نەۋايى.

سىرايەت قىلماق — «سىرايەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

بى رەھمىلىكىڭدىن ساڭا قىلمايدۇ سىرايەت،
ئەرگەۋدە ئىسىر ئەيلەدى تەسخىرى فۇسۇنۇم.

— زەلىلى.

سىردار [سردار] (ئە + پ) سىرلىق.

سىرر [سر] (ئە) «سىر» غا قاراڭ:

كۆڭۈل قايسى، خىيالىم قايسىدۇر ھەم،
ئېرۇر سۆزلەتكۈچى سىررىغە مەھرەم.

— ناقىس.

سىررى ئىشق — مەخپىي، يوشۇرۇن ئىشق:

نېچەكىم سىررى ئىشقىنى كۆڭۈلنىڭ كېزەرمەن.
ھەدىسى سوزناكىمدىن بولۇر خۇرشىد تەك پەيدا.

— ھاپىز خارەزمى.

سىرفە [صرفە] (ئە) جەبىر، زۇلۇم، جاپا:

نەچە سىرفەدىن شاھ كېرەكتۇر يىراق،

بۇ يەردە ۋەلى سىرغىسى ياخشىراق.

— نەۋايى.

سىرمەمەك [سيرماماك] ئىلىۋالماق، يۇلۇۋالماق؛ گوغرىلماق.

سىرىش [سريش] (پ) يېپىشتۇرۇش.

سىرىشت [سرشت] (پ) يارىتىلىش، تەبىئەت، خۇلق؛ خىسلەت:

قىلىپ سەن جەھاندا مەنى غەم سىرىشت،

كەرەم بىرلە قىل تائىلا خۇررەم سىرىشت

— ئا. نىزارى.

سىرىشك [سرشك] (پ) كۆز يېشى:

سەۋدا ئاھىم ئىلە ئاي يۈزىنى قارە قىلاي،

سىرىشك قىرمىزىدىن مەتتەسىل فەۋۋارە قىلاي.

— زەلىلى.

سىغار [صغار] (ئە) ياش باللار، گۆدەكلەر.

سىغەر [صغر] (ئە) ياشلىق، كىچىكلىك.

سىغرىقماق [سيغريقماق] يوشۇرۇنماق؛ چاقماق (چىقىمچىلىق قىلماق)؛ خەۋەر بەرمەك.

سىغماق [سيغماق] سىغماق، جايلاشماق.

سىغۇرماق [سيغورماق] 1) تەزىم بىلدۈرمەك، تەزىم قىلماق. 2) سىڭدۈرمەك.

سىغىنماق [سيغيناماق] تېۋىنماق، سەجدە قىلماق؛ ئۈمىد بىلدۈرمەك، ئىخلاس قىلماق:

ياقىنراق سىغىندى ۋىسال ئىستەبان،

ۋىسال ئەۋجىغە ئىتتىسال ئىستەبان.

— نەۋايى.

سىفات [صفات] (ئە) سۈپەتلەر، خۇسۇسىيەتلەر:

كى مەشھۇر ئىدى ياخشى ئاتى بىلەن،

ئاتاپ ھەر بەلەد ۋە سىفاتى بىلەن.

— ئا. نىزارى.

سىفاتۇللاھ [صفات الله] (ئە) ئاللانىڭ سۈپەتلەرى.

سىفاتلىغ [صفات ليغ] ياخشى سۈپەتلىك، خۇسۇسىيەتلىك.

سىفاھان [صفاھان] ئىراندىكى بىر شەھەر، ئىسفەھان:

ئىجازەت بولسا، ئەي سۇلتانى خۇبان،

گوقۇيىن بۇ غەزەلنى دەر سىفاھان.

— سەيىد ئەھمەت.

سىفەت [صفت] (ئە) 1) سۈپەت، خۇسۇسىيەت، خىسلەت:

داغى «تاھا» ۋۇ «ياسىن» دۇر سىفاتى،

قىياس ئەت بۇ سىفەتدىن پاك زاتى.

— ناقىس.

2) ئوخشاش:

ھەمايىل سىفەت تارتىبان قوينىغە،

ئىلىگىن ھەمايىل قىلىپ بوينىغە.

— نەۋايى.

سىفرە [سفره] (ئە) يولچى، سەپەر قىلغۇچى:

مىنى كوچەئى گەدايى نە فەرىبى شەيخ سىفرە،

نەفسى خۇدا تەلەبلەر رەۋشىدە بارمادىم رە.

— زەلىلى.

سىفلە [سفله] (ئە) پەس، پەسكەش؛ پىخسىق:

سۆھبەتى پىرمۇغاندىن چاشنى تاپقاچ كۆڭۈل،

ئۈلفەتى دۇنيا پەرەستى سىفلەسىدىن تەڭدۇر.

— زەلىلى.

سىفلىي [سفلى] (ئە) پەس، تۆۋەن.

سىفلى مەقام — ئەسلى پەس، پەسكەش.

سىفلىي مەكان — پەس ئورۇن، پەستىكى جاي.

سىكەنجەبىن [سكنجبين] (پ) سىركە مۇراببا.

سىكەندەر [سكندر] (پ) ئالېكساندىر ماكادونسكى:

سىكەندەر جەھاندىن قىلۇردا گۇزەر،

ئاناسىغە بىر نامە قىلدى بەدەر.

— ئا. نىزارى.

سىككە [سكه] (ئە) ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلاردىن قۇيۇلغان پۇل، ئاقچا، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن پۇل قۇيۇش:

ئىشىدە ئۇل ئۇن ئىككى ھەر بىرىدۇر دىنار،

كى ئەدل سىككەسىدىن يۈزلەرىدە زىۋەر دۇر.

— نەۋايى.

سىككەئى ئەدل — ئادالەت تىغى.

سىككەئى بىھبۇد — ياخشىلىق.

سىككەئى ئىشق — چىن سۆيگۈ، ھەقىقىي مۇھەببەت:

كەچمەدى تا مەڭگو نامۇسدىن قەلەندەر دەھر ئارا،

سىككەئى ئىشقى مۇھەببەت نەفسى بەرجا بولمادى.

— قەلەندەر.

سىكىن [سيكين] ئاستا، ئالدىرىماي، ئاۋايلاپ:

كىرىپ كۆرسە خىمە ئارا نەچچە قەۋم،

سىكىن ماڭدى، قىلدى دىلئاراغە نەۋم.

— ئا. نىزارى.

سىگاھ [سيگاه] (پ) ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ بىرى:

چىقىپ قاتىپ نەفەس چىقماقغە باگىس بىلمەسەڭ نېدۇر،

تەرەننۇم قىل سىگاھ ئاھەڭگى بىرلە نەغمە رىندانە.

— ناقىس.

سىڭار [سينكار] يايىنىڭ ئۇچىغا باغلايدىغان پەي.

سىڭەك [سينكاك] چىۋىن، پاشا.

سىڭرەمەك [سينكراماك] ئاستا، پەس ئاۋاز بىلەن يىغلىماق.

سىڭۇرمەك I [سينكورماك] قايغۇرماق، غەم قىلماق؛ نالە قىلماق:

كۆپ مەدەددۇر ھەجر ئەندۇھىدە ساۋۇغ ئاھلەر،
كىم سىڭۇرسە مەن كەبى ئۆزىگە قەستى جان قىلۇر.

— نەۋايى.

سىڭۇرمەك II [سينكورماك] سىغدۇرماق، ھەزىم قىلماق.

سىلاھ [سلاح] (ئە) قورال - ياراغ؛ ئەسلىھە، ئەسۋاب.

سىلاھشۇر [سلاح شور] (ئە + پ) قورال تۇتۇشقا ماھىر، باتۇر، جەڭچى.

سىلان [سيلان] (ئە) ئېقىش، ئېقىپ كېتىش

سىلان دەم — قان ئاقماق، قان چىقماق.

سىلە [صله] (ئە) ئىنئام؛ ياخشىلىق؛ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش.

سىلك [سلك] (ئە) 1) بىر نەرسىنى ئۆتكۈزۈپ تىزىدىغان يىپ.

2) تىزىق، قاتار، سەپ.

سىللى [سيلى] (ئە) شاپىلاق؛ مۇشت.

سىلىغ [سيليغ] سىلىق.

سىلسىلە [سلسله] (ئە) 1) زەنجىر:

بەندە زەلىلى سەگى ئىسھاب ئېرۇر،
سىلسىلەسى بويىنۇمە قوللاب ئېرۇر.

— زەلىلى.

2) ئاتا - بوۋىلار تىزىمى، ئەۋلاد؛ سۇلالە:

سىلسىلەئى مەشايخان سۇننەتى تەۋق ئەۋلىيا،
شەيخ رىيايى قول ئاچار كۆرسە نەيەردە بىر تىرەك.

— زەلىلى.

سىلسىلە ئەھلى — تەبىقىلەر، گۇرۇھلار.

سىلسىلەئى زۇلف — چاچ ئۆرۈمىلىرى.

زەنجىرى مۇھەببەت بىلە دەرقەيدى جۇنۇن مەن،
تا تۇشتى كۆزۈم سىلسىلەئى زۇلفى دۇتاغە.

— زەلىلى.

سىم [سيم] (پ) كۈمۈش، تەڭگە؛ مېتال يىپ، ئېلېكتر سىمى، تار (چالغۇنىڭ).

سىماب [سيماب] (پ) سىماب:

قاچانكىم زۇلفى مۇشكىنگىنى سەن ھەرتاب ئەيلەرسەن،
يۈرەكلەر تاش ئەگەر بولسۇن ئانى سىماب ئەيلەرسەن.

— قەلەندەر.

سىمابىي [سمابى] (پ) سىمابقا مەنسۇب، سىماب رەڭ:

كىردى سىمابى لىباس ئىچرە يانە ئۇ گۈلئۇزار،
گۈل قۇياشدەككىم ئاڭا ماندە بولۇر ئەبرى بەھار.

— نەۋايى.

سىمائ [سماع] (ئە) 1) ئىشىتىش، ئاڭلاش، قۇلاق سېلىش.

2) سايراش، كۈيلەش.

سىمۇرغ [سيمرغ] (پ) ئەپسانىۋى چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك قۇش، سۇمۇرۇغ:

ئەجەپ سىمۇرغ سەن قانى بەدەنگە،
قانائەت مۇلكىگە ئەنقا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

سىمۇرغ زال — ئازغان قۇش:

فەيز مۇرغى چۈن قانات يايتى ئىشىڭ يۈتتى سىنىڭ،
ئۇمرۇ دانىش تاپتى شەپقەت ئەيلەگەچ سىمۇرغ زال.

سىمۇرغ بىن [سيمورغ بين] (پ) سۇمۇرۇغنى كۆرگۈچى، كۆزى ئۆتكۈر:

كۆزلەرىڭ سىمۇرغ بىن گەر بولماغاي،
كۆرگۈدەك كۆڭلۈڭ مۇنەۋۋەر بولماغاي.

— نەۋايى.

سىن I [سين] چىراي، شەكىل، تۇس.

سىن II [سين] (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «س» ھەرپەنىڭ نامى؛ ئادەمنىڭ چىشىغىمۇ ئوخشىتىلىدۇ.

سىنان [سنان] (ئە) نەيزە، نەيزە ئۇچى؛ يارنىڭ كىرپىكلىرى:

كىرپىكلىرى سەن تۇزۇپ سىنانىدەك،
ھەر قايىسى بىر جانىمغە نەشتەر.

— موللا سالىھ.

سىنانى قەلەم — قەلەم ئۇچى.

سىنانۋەر [سنان ور] (ئە + پ) نەيزىلىك جەڭچى.

سىنتاش [سنتاش] مەڭگۈتاش، ئابىدە.

سىنج [سنج] چىلدىرما چۆرىسىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوڭغۇراقلار.

سىند [سند] ھىندىستاننىڭ بىر ئۆلكىسى:

گەرچە كۆردۈم ھىندۇ سىند، تۇرانۇ ئىرانۇ بوخار،
مەھۋەشى دىلكەش سىنىڭدەك دىلىستانى كۆرمەدىم.

— قەلەندەر.

سىندۇرماق [سيندۇرماق] سۇندۇرماق، ئوشتۇماق؛ بۇزماق.

سىنىقماق [سينيقماق] شىكەستە يېمەك؛ رەڭگى ئۆچمەك.

سەھھەت [صحت] (ئە) ساقلىق، سالامەتلىك، ساغلاملىق:

مېنى، ئەي دوستلار، ھەريەردە بولسام ياد ئەيلەڭلەر،
تىلەپ ھەقدىن مېنىڭ سەھھەتلىكىم فەرياد ئەيلەڭلار.

— ئەرشى.

سەھھەت تاپماق — داۋالانماق، ساقايماق.

سەھھەتى زات — تەن ساقلىقى.

سەھھەتسىز [صحت سيز] كېسەل، ساقسىز، ئاغرىق.

سەھى [صحى] (ئە) توغرا؛ ئېگىز:

ياد ئەيلىمەڭىز باغداغى سەرۋى سەھىينى،
چۈن جان بىلەن گۈل سەرۋى خىرامانىنى سەۋەرمەن.

— ھاپىز خارەزمى.

سەھى سەرۋ — چىرايلىق ۋە سەرۋ قامەتلىك يار:

ئاچىلدى چەمەن، گۈلئۈزارىم قېنى،
سەھى سەرۋ بويلۇغ نىگارىم قېنى؟

— نەۋايى.

سەھى قەد [صحى قد] (ئە) قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، خۇش قامەت.

سىۋا [سوى] (ئە) باشقا، ئۆزگە.

سىۋەللاھ [سوى الله] (ئە) ئاللادىن ئۆزگە، باشقا.

سىۋۇق [سيووق] سوغۇق، يېقىمسىز:

جانفەزا لەئلىڭ بىلە شىرىن سۆزۈڭ، سىۋۇق كۆزۈڭ،
قىلغۇسىدىن نەچچە كۈندۈز كۆزلەرىم بولدى پۇر ئاب.

— ئەرشى.

سىيادەت [سيادت] (ئە) ئۇلۇغلۇق، باشچىلىق؛ پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مەنسۇپلۇق:

كى تورپان نەۋاھى سەئادەت يېرى،
سەئادەت بىلە ھەم سىيادەت يېرى.

— ئا. نىزارى.

سىياسەت [سياست] (ئە) 1) سىياسەت؛ ھۆكۈمرانلىق قىلىش؛ باشقۇرۇش. 2) قەتل:

تولغاسە بوينىنى بۇ ئالەمدە ئەمرىڭدىن كىشى،
قىل سىياسەت تىغ ئىلە رىشتەئى ئۆمرىن ئەدا.

— قەلەندەر.

3) تەدبىر، چارە؛ ھۆكۈمرانلىق قىلىش؛ ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا قول ئاستىدىكىلەرنى جازالاش، قورقۇتۇش يوللىرى بىلەن ئىتائەت قىلدۇرۇش:

رىسالەتىڭ دەمىدىن شەرقى كۆزگۈسىگە جىلا،
سىياسەتىڭ گوتىدىن كۇفر راكىبىغە جەلا.

— نەۋايى.

سىياسەت قىلماق — قاتتىق جازالىماق، قورقۇتماق، پوپوزا قىلماق:

چۇ فەرمان قىلىپ گۈل پەرى مەرگىگە،
سىياسەت قىلىپ بەلكى گۈل بەرگىگە.

— ئا. نىزارى.

سىياسەتگاھ [سياست گاه] (ئە + پ) جازا مەيدانى، ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدىغان جاي.

سىيانەت [صيانت] (ئە) غەمخورلۇق، ساقلاش، مۇھاپىزەت؛ ئاسراش؛ ساقلىنىش، ئاسرىلىش.

سىياق I [سياق] ھېساب، ئارىفمېتىكا؛ ئېپادە شەكلى.

سىياق II [سياق] (ئە) تەرز، يوسۇن؛ تەرتىپ؛ چىراي، كۆرۈنۈش:

يەتتە باش سەكسەن ئاياغ، گوتتۇز بەدەن مارى سىياق،
خەم بولۇپ گۈل ئۈستىدە تەلپۈنمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن.

— خۇشھال غەربى.

سىياھ [سياه] 1) (پ) قارا:

بۇلۇت ئىبرىمەس فەلەكنىڭ ئۈچى ئۆزرە جىلۋەگەر بولغان،
باشىمغە سايە قىلغان ھەردەمى بەختى سىياھىمدۇر.

— زەلىلى.

2) خەت يازىدىغان سىياھ.

سىياھبەخت [سياهبخت] (پ) بەختى قارا.

سىياھپۇش [سياهپوش] (پ) قارا كىيىم، قارا كىيىملىك:

سەھەر ئالتۇن ئەلەم بىرلەن جەھان ئەفرۇز رەۋان ئولمىش،
سىياھپۇشلار قاچىپ شەب پەردەدىن رەۋشەن جەھان ئولمىش.

— شەۋقى.

سىياھجەردە [سياهجرده] (پ) قارامتۇل.

سىياھگىلىم [سياهگليم] (پ) بەتبەخت، پالاكەت باسقان.

سىياھى [سياهى] (پ) قارا رەڭ.

سىيەر I [سير] (ئە) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان كىتاب:

داغى دەبدۇر «سىيەر» دانلارى سۆز،
بۇ يەڭلىغكىم ئىشىت، سامىئ قويۇپ يۈز.

— ناقىس.

سىيەر II [سير] (ئە) خىسلەت، خۇلق ـ مىجەز؛ ئادەت، تەبىئەت؛ كۆرۈنۈش، يۈرۈش ـ تۇرۇش:

لۇقمانىنىكى بەگزى دىدىلەر پەيغەمبەر،
بەگزى دىدىلەر ھەكىمى پاكىز سىيەر.

— نەۋايى.

سىيەر III [سير] خەت يازىدىغان سىياھ:

زالىمى مەزلۇمىغە قىلسە ستەم،

تىغى باتىن بىرلە قىلغاي سىيەر قەلەم.

— زەلىلى.

سىيەھ [سيه] (پ) «سىياھ» قا قاراڭ.

سىيەھپۇش [سيه‌پوش] (پ) «سىياھپۇش» قا قاراڭ.

سىياھتاب [سيه‌تاب] (پ) قارا تاۋلىنىدىغان؛ قارامتۇل.

سىيەھچال [سيه‌چال] (پ) قۇرۇق، زىندان.

بۇيۇردىكى قاسىدنى بەند ئەتتىلەر،
سىيەھچال سارى ئالىپ كەتتىلەر.

— نەۋايى.

سىيەھ رو [سيه‌رو] (پ) يۈزى قارا؛ بەختسىز.

سىيەھ روي [سيه‌روي] (پ) «سىيەھ رو» غا قاراڭ.

سىيەھ روز [سيه‌روز] (پ) ئېغىر كۈندە قالغان، بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن، جەبىر ۋە زۇلۇم ئاستىدا قالغان.

سىيەھستارە [سيه‌ستاره] (پ) يۇلتۇزى قارا؛ بەختسىز.

سىيەھفال [سيه‌فال] (پ) بەختسىز.

سىيەھكار [سيه‌كار] (پ) ئىچى قارا؛ قارا نىيەت.

سىيەھلىك [سيه‌ليك] پۈتكۈچىلىك، كاتىپلىق:

بۇ يەردە ئىككى يىل قىلدىم سىيەھلىك،
ھەممە قىلغان ئىشىم ئېردى تىبەتلىك.

— ناقىس.

سىيەھنامە [سيه‌نامه] (پ) گۇناھكار، جىنايەتچى.

سىيت [صيت] (ئە) ئەل ئارىسىغا تارالغان گەپ ـ سۆز، خەۋەر.

سىير [سير] (پ) تويۇش، قېنىش:

كىشكى مەي بىرلە سىير بولسە ئاب ئىستەرمۇ،
چۇ تاپسە باغ ئارا گۈلنى گۇلاب ئىستەرمۇ؟

— خۇشھال غەرىبى.

سىيرەت [سيرت] (ئە) يۇرۇش ـ تۇرۇش، ئادەت، ئەخلاق:

سۇرەتى ئادەم ۋەلى سىيرەتتە يوق،
ھېچ قايسى مەزھەبۇ مىللەتتە يوق.

— زەلىلى.

سىيغە [صيغه] (ئە) پورما، شەكىل؛ گراماتىكىلىق شەكىل.

سىيم [سيم] (پ) 1) كۈمۈش، تەڭگە، پۇل:

قىنالىپ يۈرگۈچە ئاچلىققە بۇ بىر قىسىم ھۇنەر،
قەدرى بىلگەنگە مۇنىڭدەك يەنە يوق سىيم ئىلەزەر.

— موللا نىياز.

2) ئاقلىق، ئاق بەدەن:

تەنىم سىيمى ئىچىگنى قىلسە مەھزۇن،
بولۇر ئېركىن يۈزۈڭ گۈل غەمدىن ئالتۇن.

— نەۋايى.

سىيمۇزەر — كۈمۈش ۋە ئالتۇن، ئالتۇن ـ كۈمۈش:

گەر سىېنى كۆرسەم، نىگارا، باشىمە ئەفسەر قىلاي،
ھەم نىسار، ئەي دىلرەبا، باشىڭغە سىيمۇزەر قىلاي.

— قەلەندەر.

سىيمۇ زەھەب — كۈمۈش ۋە ئالتۇن، ئالتۇن ـ كۈمۈش:

بولدى كۆلكۆڭدىن جەمئى كان ئارا سىيمۇ زەھەب،
ساكىنى مەيخانەۋۇ مەسجىد سىېنى ئەيلەر تەلەب.

— ناقىس.

سىيمى ناب — ساپ كۈمۈش.

سىيما [سيما] (ئە) يۈز، چىراي، تەلەت، كۆرۈنۈش، بەت، ئەپت، تۇرۇق:

ساچار ئېردى مەئانى دۇرلاردىن لەفزىدەكىم ئىيما،
كى فەزلۇ ئىلىمكىم ھەم لەتافەت مۇلكىدە سىيما.

— موللا نىياز.

سىيمەندام [سيم اندام] (پ) كۈمۈش تەن، ئاق بەدەن.

سىيمەندۇد [سيم اندود] (پ) كۈمۈش قاپلانغان، كۈمۈش بىلەن ئورالغان.

سىيمبەر [سيم بر] (پ) كۈمۈش بەدەن، ئاق بەدەن؛ گۈزەل مەھبۇب:

مۇنىڭ ھالىدىن شەھ ئىدى بىخەبەر،
نىھان ئاھ ئۇرار ئېردى گۈل سىيمبەر.

— ئا. نىزارى.

سىيمپاش [سيم پاش] (پ) كۈمۈش چاچقۇچى.

سىيمپاش ئەيلەمەك — كۆز يېشى تۆكمەك:

سىيمدەك ئەشك كۆزى فاش ئەيلەپ،
بەرى ئالەمگە سىيمپاش ئەيلەپ.

— نەۋايى.

سىيمپا شەندە [سيم پاشنده] (پ) كۈمۈش چاچقۇچى؛ كۆز ياش تۆكۈش.

سىيمتەن [سيم تن] (پ) كۈمۈش بەدەن؛ گۈزەل، زىبا:

بىر سىېنىڭدەك كۆرمەدىم ئالەمدە شوخى سىيمتەن،
سەرۋ بويلۇق، گۈل مەڭزىلىك سىرىنۇ نازۇك بەدەن.

— قەلەندەر.

سىيم قەلب [سيم قلب] (پ + ئە) ساختا پۇل.

سىيمكەش [سيم كش] (پ) كۈمۈش يۈكلەنگەن، كۈمۈش ئارتىلغان.

سىيمگۈن [سيم گون] (پ) كۈمۈش رەڭ، ئاق

تۈسلۈك:

رەڭگى گۈل سىمگۈندۇر شىشەئى شەبنەمنى نوش ئەتكەچ،
چىمەن گويا مۇسىبەتخانادۇر بۇلبۇل خۇرۇش ئەتكەچ.

— زەلىلى.

سىمىن [سيمين] (پ) كۈمۈشتەك ئاپئاق، كۈمۈش رەڭ:

نە كۈندۈز شەرتدۇر مەي ئىچكەلى شۇربى مۇدامىمدىن،
قەدەھ تۇت ساقىئى سىمىن بەدەنكىم ماھتاب ئېلىپ.

— زەلىلى.

سىمىن بەدەن — ئاق بەدەن، تېنى ئاپئاق:

قەدەھ تۇت ساقىئى سىمىن بەدەنسەن،
قىيامەت قامەتى گۈلى پىرھەن سەن.

— زەلىلى.

سىمىن زەقەن — ئاق يۈزلۈك؛ چىرايلىق:

شوخ جەۋلان جىلۋە كافىر شىۋەسى سەييادلىق،
سەرۋى قەد، سىمىن زەقەن ھەم ئارەزى ئۆتلۈككىنە.

— ئەرشى.

سىمىنبەر [سمين بر] (پ) ئاق بەدەن، زىبا.

سىنە [سينه] (پ) كۆكرەك، كۆكس؛ يۈرەك:

سىنەپۇر دەردى يۈرەكدىن خۇ چىكان،
ئەيدىلەر: «بىزلەرگە بۇ يەردۇر مەكان».

— زەلىلى.

سىنەئى ئەفكار — كۆكسى جاراھەتلەنگەن، قەلبى يارا:

ئوتلۇغ ئاھىمنى چىقارغان سىنەئى ئەفكاردىن،
گۈل جەفاسىنى چېكىپ گۈلشەن ئىچىدە خاردىن.
سابىتى سەييارە يەڭلىغ كۆزلەرى بىداردىن،
پايىمالى غەم بولۇپ قالغان زەلىلى زاردىن،
سەد ھەزاران بەندەكى يەتكۈر ئەگەر يەتسەڭ سەبا.

— زەلىلى.

سىنەئى پاك — ساپ قەلب، پاك يۈرەك:

چۇجۇدۇڭ قەددىڭگە كۆرمىش مۇناسىب خىلئەتى لەۋلاك،
ئەلەم نەشرەھ سىفاتلىغ سىنەئى پاكىڭنى قىلمىش چاك.

— شەۋقى.

سىنەبەند [سينەبند] (پ) ئاشىق يۈرىكىنى ئۆزىگە بەنت قىلغۇچى.

سىنەرىش [سينەريش] (پ) كۆكرىكى تېشىلگەن، كۆڭلى يېرىم.

سىنەسۆز [سينەسوز] (پ) يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى:

ھەرلالە بىر ئەخگەر ئېرۇر، لېك سىنەسۆز،
قاي كۆھى دەرد ئارا بۇ سىفەت لالە باردۇر.

— نەۋايى.

ش

شاب [شاب] (ئە) ياش كىشى، يىگىت، نەۋقىران:

ئاقىپ كۆزلەرىدىن چۇ خۇنابەگى،
يىقىلدى گۆزىدىن كېتىپ شابەگى.

— ئا. نىزارى.

شاباش [شاباش] (پ) ئاپىرىن، ياشا، بەللى.

بۇ قىچقىرغاچ ئىتىنى لەيلى «باش، باش! » ،
تۇرۇپ قالدى بۇ مەجنۇن ئاندا شاباش.

— ئا. نىزارى.

شاپتالۇ [شاپتالو] (پ) شاپتۇل:

دېدى شاپتالۇ: «مەندۇرمەن ئەگلا،
لەززەتىمنىڭ ھېسابى يوق ئەسلا» .

— ئەخمەتشا قاراقاشى.

شاتۇ [شاتو] شوتا:

ئىشىكىنى باغلاسە تۈگۈلۈككە بارغاي،
قويۇپ شاتۇ، باشىن ئاندىن چىقارغاي.

— ناقىس.

شاتىر [شاطر] (ئە) پادىشاھ، خان ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئاتلىق يۈرگەندە ئۇلارنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ ماڭىدىغان ۋە باشقا خىزمەتلىرىنى قىلىدىغان چاقىقان، يۈگۈرۈك خىزمەتچى؛ شاتۇر.

شاتىرانە [شاطرانه] (ئە + پ) شاتۇرغا ئوخشاش، شاتۇركەبى:

مىسالى شاتىرانە چۇستۇ چالاك،
ئېتەكنى قىستۇرۇپ يۈردۈمكى بىباك.

— ناقىس.

شاخ [شاخ] (پ) 1) دەرەخ شېخى، پۇتاق:

مۇنى ئاڭلاپ دەرەخت ئۈستىگە چىقتىم،
ياشۇنۇپ شاخ ئارا باشىمنى تىقتىم.

— ناقىس.

2) ھايۋان ياكى ئېپسانىۋى مەخلۇقلارنىڭ مۈڭگۈزى.

شاخى رەيھان — رەيھان گۈلىنىڭ شېخى:

گۈلشەنى ئىمكاندا بويى ئىشقىدىن تەيىب ئەت دىماغ،
بۇ فەنا باغ بويى شاخى رەيھاندىن گۈزەل.

— ناقىس.

شاخە [شاخه] (پ) كىچىك شاخ، شاخچە.

شاخسار [شاخسار] (پ) شاخ - شۇمبىلار، شاخ - پۇتاقلار:

سەيلى ئىشكىمدىن ئۆتەرگە ئاجىز ئولسالىڭ كېيىكامەن،
باغى ئۆمرۈم شاخسارىن قىلغىلى ئامادە پۇل.

— نەۋايى.

شاد [شاد] (پ) خۇشال، خۇرسەن:

قىلىپ قۇللۇقنى سۇلتان تۇت، كۆڭۈلنى بارچەدىن كەم تۇت،
كۆزۈڭنى كىچە لازىم تۇت، ئۆزۈڭنى شاد - خۇررەم تۇت.

— موللا نىياز.

شاد ئەتمەك — خۇشال، خۇرسەن قىلماق.

دۇئا بىرلە ھەركىم ئانى ياد ئېتەر،
كى تەۋسىن ئىلە روھىنى شاد ئېتەر.

— ئا. نىزارى.

شاد ئەيلەمەك — «شاد ئەتمەك» كە قاراڭ:

مەن نەچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلەر.

— خاراباتى.

شاد قىلماق — خۇشال، خۇرسەن قىلماق:

ئەفۇئەت گۇناھىنى، شاد قىلغىل،
جەننەت ئىشىكىن كۇشاد قىلغىل.

— موللا سالىھ.

شاد ئولماق — خۇشال، خۇرسەن بولماق:

نەدەپ ئېردى ئالىم ئاڭا ياد ئولۇپ،
مۇئەللىم ئانىڭ ئەقلىغە شاد ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

شادۇ خۇررەم — خۇش ۋاقىت، خۇش چاغ:

ئەندىن چىقتىم چۇ شادۇ خۇررەم،
قوينۇم تولا جەيب ھەم ئېتەك ھەم.

— نەۋايى.

شاداب [شاداب] (پ) مول، سىراپ؛ قانغان، بەھرىمەن بولغان:

شەرابى ئەرغەۋانى شىشەئى گۈلگۈنگە تولدۇرمىش،
مېنى شاداب ئېتەرگە ساقىتى مەستانە بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

شادان [شادان] (پ) خۇشال ھالدا، خۇرسەنلىك بىلەن:

تۇرار ئېردۈككى غەمسىز ئىسرۇ شادان،

يىراقتىن بىر يىگىت بولدى نامايان.

— ناقىس.

شادان بولماق — خۇشال، خۇرسەن بولماق:

كۆرۈپ ئانى قارى بولدى شىتابان،
قوچاقىغا ئالىبان بولدى شادان.

— ناقىس.

شادكام [شادكام] (پ) شاد، خۇرسەن:

كىم دېگەيكىم، قوي بىزنىڭ مەنزىلىغەغام،
ناتەۋان ئەزىم ئەتتى ئول يان شادكام.

— نەۋايى.

شادلىغ [شادلىغ] «شادلىق» قا قاراڭ:

چۇشەھزادەگە يەتكۈسى شادلىغ،
زەمانە بولۇر غەمدىن ئازادلىغ.

— ئا. نىزارى.

شادلىق [شادلىق] خۇشاللىق، خۇرسەنلىك:

كى دەرد ئەھلىغە يەتتى بىدادلىق،
چۇمۇلۇك ئەھلىدە يوقتۇرۇر شادلىق.

— ئا. نىزارى.

شادمان [شادمان] (پ) شاد، خۇشال، خۇرسەن:

چۇ پەرھاد ئاندا تۇرۇپ بىر زەمان،
كى تاش سەنئەتىگە بولۇپ شادمان.

— ئا. نىزارى.

شادمان بولماق — شاد، خۇشال، خۇرسەن بولماق:

بەناگاھ بۇخارا بولۇپدۇر ئەيان،
فەقىر ناتەۋانلار بولۇپ شادمان.

— ئا. نىزارى.

شادمان قىلماق — شاد، خۇشال، خۇرسەن قىلماق:

قىلىپ شادمان داغى شاھ ئەيلەدى،
خەلايىققە پۇشتى پەناھ ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

شادمانە [شادمانە] (پ) خۇشال، شاد، مەمنۇن:

ئۇمىد ئىلە بارچە شادمانە،
ئۆيلەر سارى بولدىلەر رەۋانە.

— نەۋايى.

شادمانلىق [شادمانلىق] خۇشاللىق، خۇرسەنلىك:

ئۆلۈك ئىردىمىكىم تىرىلدىم، شادمانلىقدىن دېدىم،
باشىمە گويا بۇ كۈن ئىسايى پەيغەمبەر كېلىپ.

— قەلەندەر.

شاديانە [شاديانە] (پ) شادلىق كۈيى:

گۇل تاق ئۈزە دەردى چاۋىدانە،
چالسۇن بۇ تەرەپتە شاديانە.

— نەۋايى.

شارىب [شارب] (ئە) ئىچكۈچى؛ مەي ئىچكۈچى:

بۇ ئىشقىم بىرلە ئەقلىم بولسە جارىپ،
بولايىن جۇرئەسىدىن قەترە شارىب.

— موللا پازىل.

شارىئ I [شارع] (ئە) توغرا يول، چوڭ كوچا.

شارىئ II [شارع] (ئە) دىنىي قانۇن چىقارغۇچى، قانۇنشۇناس.

شاغىل [شاغل] (ئە) شۇغۇللانغۇچى، مەشغۇل، ئىجرا:

نېچۈك ئەمر ئەيلەسە مەشغۇلى شامىل،
ئەساكىر بارچەسى ئەمرىگە شاغىل.

— ناقىس.

شاغىل ئەيش — كەيپ - ساپا، ھۇزۇر - ھالاۋەت بىلەن مەشغۇل بولۇش:

ئىدى بىر خىلۋەت ئىچرە شاغىلى ئەيش،
يوق دېدى ئاندا خادىملار بىلەن جەيش.

— ناقىس.

شافى [شافى] (ئە) قېنىقارلىق، يېتەرلىك:

ھەر بىرى بىر ئۆزرىكىم قىلدى خىتاب،
بەددى چۇن ھەۋد - ھەۋد ئاڭا شافى جەۋاب.

— نەۋايى.

شاقاقۇل [شقاقل] (ئە) بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.

شاقۇل [شاقول] (ئە) تامچىلىقتا تامنىڭ تۈز ياكى ئەگرىلىكىنى بىلىشكە ئىشلىتىلىدىغان، ئۇچىغا قوغۇشۇن بېكىتىلگەن يىپ.

شاكىر [شاكر] (ئە) شۈكۈر قىلغۇچى، كۆرگەن ياخشىلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقۇچى، مىننەتدار:

ۋۇجۇدى زاتى پاكىڭ رەھمەتەن لىل ئالەمىن دۇرلار،
بۇ نېئمەت بىزگە بەستۇر شاكىر ئولغىل داﺋىما مەشكۇر.

— شەۋقى.

شاگىرد [شاگرد] (پ) ئوقۇغۇچى، ئۆگەنگۈچى، شاگىرت:

مېۋەلەر ئىچرە مەندۇرمەن ئەفزۇن،
ماڭا شاگىرد ۋامىقۇ مەجنۇن.

— ئەخمەتشا قاراقاشى.

شاگىردكىردار [شاگردكردار] (پ) ئۆزىنى شاگىرتتەك تۇتقۇچى، شاگىرت تەبىئەتلىك.

شاگىردلىق [شاگردليق] شاگىرتلىق، ئوقۇغۇچىلىق.

شال [شال] يۇڭ رەخت؛ يۇڭ رەختتە تىكىلگەن كىيىم؛ رومال.

دىدىكىم بىنەزىرى: «قالمادى مال،
ئالىپ كەلدىم ھەمە كىمخاب ئىلە شال».

— ناقىس.

شام [شام] (پ) كەچقۇرۇن، شام؛ قاراڭغۇلۇق، تۈن،

كېچە:
رەھى سۇبھى ئۆمرۈم يېتىپ شام ئارا،
بۇ سەۋدا بىلەن قالمادى ئەقىل ھۇش.

— شەۋقى.

شامۇ سەھەر — كېچە ـ كۈندۈز، دائىم، ھەمىشە:
ياتىپدۇر ئىشىكىڭنى ياستانىپ، شامۇسەھەر يىغلاپ.
بۇرەكىم قان ئېتىپ، كۆزلەرنى خۇنبار يىغلاتىمە.

— قەلەندەر.

شامۇھەبەش — قاراڭغۇ، قاپقاراڭغۇ؛ قاراڭغۇ كېچە، شام:
شامۇ ھەبەش ئىسىر ئېرۇر ھەرخەمى كاكۇلىدە كۆر،
زۇلفى سىلسىلى دەغى چىن ئېلىنى قىلۇر غۇلام.

— زەلىلى.

شامى ئەجەل — ئەجەل كېچىسى، ئەجەل شامى:
بولمىش ئول شامى ئەجەل ئۆمرۈڭ كۈنى ئولتۇرغۇسى،
بولماغايكىم ئۇشبۇ ۋەقتدە مېھرى تاباندىن ۋەفا.

— خۇشھال غەربى.

شامى ئەندۇھ — غەم كېچىسى، قايغۇلۇق تۈن:
بۇ يەڭلىغ ھال ئىلە ئول شامى ئەندۇھ،
ئاڭا ئەندۇھ يۈكلەپ كۆھ تاكۆھ.

— نەۋايى.

شامى دەيجور — ئەڭ قاراڭغۇ تۈن، قاراڭغۇ كېچە.
شامى دۇدەندۇد — قاپقارا تۈن؛ زۇلمەت.
شامى ماھتاب — ئايدىڭ كېچە.
شامى مېھنەت — قىيىنچىلىق، مۇشەققەت كېچىسى.
شامى مېئراج — كۆككە كۆتۈرۈلۈش تۈنى.
شامى نىفاق ئەھلى — مۇناپىقلار، بۆلگۈنچىلىك تەرەپتارلىرى، قارا نىيەتلەر، ئىچى قارىلار.
شامى ھەجر — ھىجران قاراڭغۇلۇقى، ئايرىلىش تۈنى:
ساڭا بولدى شامى ھەجرىڭ ئاقىبەت سۇبھى ۋىسال،
گەرچە تارتتىڭ ئەي قەلەندەر، رەنجۇ مېھنەت بۇ كېچە.

— قەلەندەر.

شامگۈن [شام گون] (پ) قارا، قارا رەڭ.
شامىمە [شامە] (ئە) پۇراش قۇۋۋىتى، ھىدلاش؛ پۇرۇن:
سەباگۇلزار ئىچىدىن نەكھەتى زۇلفۇڭنى كەلتۈردى،
دىماغ ئاشۇفتەلىكدىن بۇي ئالۇرنى شامىمە بىلمەيدۇر.

— زەلىلى.

شامىل [شامل] (ئە) تېگىشلىك؛ يېتەرلىك، ئورۇنلۇق:
تەفەررۇس بىرلە بىلمەك بولدى لازىم،
ئەگەرچە بۇ مۇزەممەت كۆپكە شامىل.

— ناقىس.

شامىيانە [شاميانە] (پ) چېدىر:
تىكىلگەن ھەر تەرەف بىر شامىيانە،
تىلسىماتى سىكەندەردىن نىشانە.

— ناقىس.

شان [شان] (ئە) 1) قەدىر ـ قىممەت، مەرتىۋە، دەرىجە:
ھەر كىشى شانىنكى رەفىئ ئەيلەدى،
ئەمرىغە ئالەمنى مۇتىئ ئەيلەدى.

— نەۋايى.

2) ھۆرمەت، ئىززەت:
رىئايە قىلاي ئولچە ئىمكانىدۇر،
ئانىڭدەك سەرەفرازلەر شانىدۇر.

— نەۋايى.

شانە [شانە] (پ) تارغاق:
بارى ئىشقىڭنى تەھەممۇل قىلغالى كاشانە يوق،
تارى زۇلفۇڭنى يەزەرگە تاقەتى ھەرشانە يوق.

— زەلىلى.

شانەدان [شانەدان] (پ) تارغاقدان.
شاھ [شاھ] (پ) 1) پادشاھ، خان، شاھ:
كى سەن ـ سەن كەرەملىك ئۇلۇغ پادشاھ،
ئەھەد لەم يەزەل شاھ بىئىشتىباھ.

— ئا. نىزارى.

2) ئاللاھ، تەڭرى:
ئىش ئۇلۇغدۇر، شاھ ئۇلۇق، دەرگاھ ئۇلۇق،
يول قاتتىق، ۋادى ئۇزۇن، دىلخاھ ئۇلۇق.

— نەۋايى.

شاھۇ گەدا — ھەممە، بارچە:
بۇخاكى تىيرە ئۆزرەكىم قالۇر ئەي كەدخۇدا ئاخىر،
ئەدەم يولىغە بىر ـ بىر كىرگۈسى شاھۇگەدا ئاخىر.

— زەلىلى.

شاھى ئالەم — پۈتۈن دۇنيانىڭ، ئالەمنىڭ شاھى:
شىكۆھ قىلمە بەختى بەددىن، ئەي قەلەندەركىم، ئەزەل،
بىرنى شاھى ئالەمۇ بىرنى گەدا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

شاھى ئالەمگىر — دۇنيانى ئىگىلىگۈچى شاھ، جاھانگىر.
شاھى ئالىي سەرىر — ئالىي مەرتىۋىلىك شاھ.
شاھى ئالىي سىفەت — يۇقىرى خۇسۇسىيەتلىك شاھ.
شاھى ئالىي نەجاد — ئېسىل شاھ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ شاھ بولۇپ تۇغۇلغان پادشاھ.
شاھى ئەبرار — ياخشى كىشىلەر، پاك ئادەملەر شاھى:
بۇ سۆزدىن ئول شاھى ئەبرار،
فىراقۇ دەردى ئۇممەتكە گىرىفتار.

— ناقىس.

شاھى ئەنجۇم گۇرۇھ — كۆپ يۇقىرالىق شاھ.

شاھى باتەمىز — پاك، ئېسىل شاھ:

ئۆيۈن قىلدىم ساڭا مەن ئەي ئەزىزىم،
جەھان ئىچرەكى شاھى باتەمىزىم.

— موللا پازىل.

شاھى بەندەنەۋاز — رەھىمدىل، مېھرىبان شاھ:

كىم بۇ سۆزلەركى شاھى بەندەنەۋاز،
قىلدى بۇ قولغە مۇجۇبى ئەئزاز.

— نەۋايى.

شاھى بىداد — زالىم، ئادالەتسىز شاھ:

ھەمە سەرزەنىش قىلدى جەللادغە،
كى لەئنەت قىلىپ شاھى بىدادغە.

— ئا. نىزارى.

شاھى جەم جاھ — ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئالىي شاھ:

دېدى يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەي شاھى جەم جاھ،
چۇ كۆردى بۇ غەزەپنى نەفسى بەدخاھ.»

— ناقىس.

شاھى جەھان — جاھاننىڭ شاھى:

سەرىكىم سەجدەنىڭ تۇفراغىدىن گەردى غۇبار ئەرمەس،
ئەگەر شاھى جەھاندۇر تەختسىز يا تاجدار ئەرمەس.

— زەلىلى.

شاھى جەھانە — جاھاننىڭ شاھى:

جەھان ئىچرە ئىدىم مەن بىر بېگانە،
بولۇپ ئالەم ئارا شاھى جەھانە.

— موللا پازىل.

شاھى جەھاندار — جاھاننى ئىگىلىگۈچى، جاھاننى سورىغۇچى، قۇدرەتلىك شاھ:

يۈزىدىن بەھرىۋەر بولغاچ نەمۇدار،
ئېرۇر ئاشىق ئاڭا شاھى جەھاندار.

— ناقىس.

شاھى چالاك — كېلىشكەن، قاملاشقان شاھ:

بۇ بىچارە داغى سۆزدە ئىدى پاك،
قاراپ قالدى يۈزىگە شاھى چالاك.

— موللا پازىل.

شاھى خۇبان — گۈزەللەر شاھى:

نەچە مۇددەتدۇرۇر كىم مەن ساڭا، دىلبەرى رەئنا،
بولۇپ مەن ۋالەئى شەيدا تۇتۇشۇب سەن شاھى خۇبانىم.

— فىراقى.

شاھى خۇردەدان — ئۆتكۈر، ئەقىللىق، دانىشمەن شاھ:

سۇجۇدى دەرگەھىدىن باش كۆتەرمە، ئەرشىيا، ۋەھكىم،
جەھاندا بولمادى مۇنداغكى شاھى خۇردەدان پەيدا.

— ئەرشى.

شاھى خۇرشىدۋەش — قۇياشتەك قۇدرەتلىك شاھ:

ئۇرۇپ شاھى خۇرشىدۋەش بارگاھ،
چېكىپ دەشت ئۈزە سەبزە يەڭلىغ سىپاھ.

— نەۋايى.

شاھى خىرەد — دانا، ئەقىللىق شاھ.

شاھى دانىشقەرىن — كۆپ پەنلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن، بىلىملىك شاھ.

شاھى دەريائەتا — ئالىي ھىممەتلىك شاھ.

شاھى دەريا جەناب — ناھايىتى مۆتىۋەر شاھ.

شاھى دەريا نەۋال — سېخىي شاھ.

شاھى دەلىر — دۈيۈرەك، شىجائەتلىك شاھ.

شاھى دەۋران — يەر يۈزىنىڭ شاھى؛ زامان شاھى:

بەندە ئاجىز قۇلسىرات مۇشكۈلنى ئاسان ئەيلىگەي،
ساقلابان دەۋزەخ ئوتىدىن شاھى دەۋرانىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

شاھى دۇلدۇل — ھەممە نەرسىنى تېز بىلگۈچى، تېز خەۋەر تاپقۇچى شاھ:

داغى ئايدى مۇھەممەددىن خەبەر ئول،
ئىشىتكەچ كۆپ سۆيۈندى شاھى دۇلدۇل.

— ناقىس.

شاھى زەمانە — زاماننىڭ شاھى:

يارىپ تاپقۇم سېنى يا ھەر بەھانە،
بولۇر مەن ئول زەمان شاھى زەمانە.

— موللا پازىل.

شاھى غازى — غالىب شاھ، غەلىبە قىلغۇچى پادىشاھ.

شاھى غالىب — غەلىبە قىلغۇچى، غالىب شاھ:

قىلىپ نۇرىنى پەيدا شاھى غالىب،
ئىدى زاتى بىلە ۋەسلىغە تالىب.

— ناقىس.

شاھى غەددار — خىيانەتكار، مەككار شاھ:

چۇ مۇنداق ۋەئدە قىلدى شاھى غەددار،
ئۆپۈپ يەر تەبرەدى گۇمراھى مەككار.

— نەۋايى.

شاھى غەمخار — غەمخور، مېھرىبان شاھ:

جەھان ئىچرە مېنى ئول شاھى غەمخار،
بۇ يەڭلىغ ھالغە ئەيلەپ گىرىفتار.

— موللا پازىل.

شاھى فەررۇخبەخت — بەختلىك شاھ.

شاھى فەررۇخفال — بەختىيار، كېلەچىكى پارلاق شاھ.

شاھى فەغفۇر — شاھلار شاھى:

كىرىپ يا گۆيىگە ئانداغ قىلىپ زور،
كى كۆرسە ئافەرىن دەر شاھى فەغفۇر.

— ناقىس.

شاھى فىروزىن — بەختلىك شاھ:

كىشىكىم ئۆزگەدىن كور ئەتسە كۆزىن،
كۆرەر ھەقنى بولۇپ شاھى فىروزىن.

— موللا پازىل.

شاھى كىشۋەر خۇدا — مەملىكەتنى ئىدارە قىلغۇچى شاھ، ھۆكۈمران.

شاھى كىشۋەرخىدىۋ — مەملىكەت شاھى، ھۆكۈمران.

شاھى كىشۋەركۇشاي — باشقا مەملىكەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى قۇدرەتلىك شاھ، جاھانگىر.

شاھى گەردۇن جەۋاب — يۇقىرى دەرىجىلىك، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك شاھ:

تەگەققۇل بىلە شاھى گەردۇن جەناب،
قىلىپ ئول رەقەم ئىنتىھابىن ھىساب.

— نەۋايى.

شاھى گەردۇن فىراش — پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ شاھى، جاھان شاھى.

شاھى گەردۇن شۇكۇھ — ئىنتايىن داڭلىق، شان - شەۋكەتلىك شاھ.

شاھى گۇشۋارە — شاھانە ھالقا؛ ئەتۋارلىق:

ئىبرۇلار ئىكى شاھى گۇشۋارە،
ھەسەن بىرلە ھۆسەيىن خوشكۇۋارە.

— موللا پازىل.

شاھى گۈلئۈزار — گۈل يۈزلۈك، گۈزەل شاھ:

كۆزۈم كور ئەيلەبان كۆردۈم نىگارىم،
جەھان ئىچرە شاھى گۈلئۈزارىم.

— موللا پازىل.

شاھى لەۋلاك — ھەممىنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان، بولۇشقا تېگىشلىك شاھ:

ئويانىدى شول زەمان ئول شاھى لەۋلاك،
قىيام ئەيلەپ تەھارەت ئەيلەدى پاك.

— ناقىس.

شاھى مەخزەنفىشان — ساخاۋەتلىك، سېخىي شاھ.

شاھى مەغفۇر — مەرھۇم شاھ، گۇناھى كەچۈرۈلگەن شاھ.

شاھى مۇزەففەر — غالىب، زەپەر قۇچقۇچى شاھ:

بىلىپ خەلق شاھى مۇزەففەر ئانى،
ھەكىمۇ ۋەلىيۇ پەيغەمبەر ئانى.

— نەۋايى.

شاھى نەقشبەند — ھەممىگە قادىر شاھ؛ نەقشبەندلەرنىڭ شاھى:

بەندە ئاجىزغە مەدەد كۆرگۈزسە شاھى نەقشبەند،
ئەۋلىياۋۇ مۇجتەھىدلاردىن مەدەد خاھىشغە ئەرز.

— شەۋقى.

شاھى نەۋھاستە — ياش شاھ.

شاھى ئىشرەتپەرەست — ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن، ئىشرەتپەرەس شاھ.

شاھى ئىھسان — باشقىلارغا ياخشىلىق، خەير - ساخاۋەت، ئىنئام ھەدىيە قىلغۇچى شاھ:

كۆزۈڭ كافىرلىقى يەتمەيدۇرۇركى سۇرمەدار ئەتتىڭ،
مېنى گولتۇرگەلى مايىل بولۇپ سەن شاھى ئىھسانىم.

— فىراقى.

شاھا [شاھا] (پ) ئەي شاھ، (مۇراجىئەت بورمىسى) :

شاھا نەسىھەتىمدۇر گوياكى نوش دارۇ،
ئاممىستە سۇرت تەكاۋۇر ھەر كوشە دادخاھ.

— زەلىلى.

شاھانە [شاھانە] (پ) پادىشاھلارچە، شاھلارغا خاس:

مەگەر تەشرىف ئەتسە ئەرشىيا، سال پەردەسىدىنكىم،
كۆزۈڭ مەئۋالەر ئەيلەپ مەسنەدى شاھانە ئاندىن كۆپ.

— ئەرشى.

شاھانە سەنئەت — دەبدەبىلىك، ماھارەت بىلەن تەييارلانغان، گۈزەل سەنئەت:

قىلىپ قەسىر شاھانە سەنئەت بىلە،
زەرۇ سىيمۇ جەۋھەردە زىينەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

شاھانە بەزم — كاتتا بەزمە، داغدۇغىلىق زىياپەت:

تۈزدىلەر شاھانە بەزمى دىلپەزىر،
بادە ئىچتى ئىشق ئار بولغان ئەسىر.

— نەۋايى.

شاھەندە [شاھندە] (پ) 1) پەرھىزكار.
2) ياخشى، دۇرس:

جۇملەجان پەرۋانەدۇر ۋەسلىڭ چىراغى ئۆزرە كۆر
شۇئلە گۈلگۈن پوش ئىبرۇر سىينەمدە داغى ئۆزرە كۆر،
سەرۋلەر ئەر قامەتنى چار باغى ئۆزرە كۆر.
زەئفەران مەندىن قىزىل بەخمەل تۇماغى ئۆزرە كۆر،
زەرنىگارا قۇببەئى شاھەندە ئىستىغناسى بار.

— زەلىلى.

شاھەنشەھ [شاھنشە] (پ) شاھلار شاھى، ئۇلۇغ شاھ:

يەنە ھەم مەزارى ئەمىرى جەھان،
كى شاھەنشەھى مىر تۆمۈر كورگان.

— ئا. نىزارى.

شاھباز [شاھباز] (پ) لاچىن:

كەبۇتەر لەيلىيۇ، شاھباز مەجنۇن،
بولۇپ شاھىن يەگلىغ جىسمى پۇرخۇن.

— موللا پازىل.

شاھ بەيت [شاەبيت] (پ + ئە) ئاساسىي بېيىت.

شاھراھ [شاھراە] (پ) چوڭ يول، خان يولى:

شاھراھ شەرگىنى تا گۈلگۈچە تەرك ئەتمەگىل،
قەۋلى پەيغەمبەر دۇرۇر ئۈممەتكە دەستۇرۇل ئەمەل.

— زەلىلى.

شاھزادە [شاەزادە] (پ) شاھ ئوغلى، شاھزادە:

بەيان ئەيلەپ ئانى ئەيلەپ مۇبەرھەن،
ئىشىتسە شاھزادە ئانى رەۋشەن.

— ناقىس.

شاھسۇۋار [شاھسوار] (پ) ئات مىنىشكە ماھىر، چەۋەنداز:

كى شەھزادە كەۋنەيىن ئارا شاھسۇۋار،
بۇلار ئەرش ئەئلاغە گۇشۋار.

— ئا. نىزارى.

شاھلىغ [شاھليغ] «شاھلىق» قا قاراڭ.

شاھلىق [شاھليق] شاھ ئىگىدارچىلىقىدىكى، شاھقا مەنسۇپ:

بولۇر ئاقىبەت بىر كۈنى ئاشكار،
بولۇپ شاھلىق تەختىدە بەرقەرار.

— ئا. نىزارى.

شاھۋار [شاەوار] (پ) 1) شاھانە، شاھلارغا يارىشىدىغان:

ھەر تەرەفدىن بىر شەھ ئولدى ئاشكار،
بارچە ئايىنۇ سىپاھى شاھۋار.

— نەۋايى.

2) قىممەتباھا، ئۇلۇغۋار:

ئۈزۈلۈپ رىشتە قولدىن كەتتى دۇررى شاھۋار ئەمدى،
جەۋاھىر كانىدىن چىقماس بۇدۇردەك مەۋجدار ئەمدى.

— موللا نىياز.

شاھۋەر [شاەور] (پ) «شاھۋار» غا قاراڭ.

شاھۋەش [شاەوش] (پ) شاھقا ئوخشاش، شاھلاردەك:

ھەبىبەزا، ئەي شاھبازى شاھۋەش،
ھەيئەتىڭ ھەم خۇش، جەمالىڭ داغى خۇش.

— نەۋايى.

شاھى [شاھى] (پ) يىپەكتىن توقۇلغان بىرخىل گۈلدار نېپىز رەخت، شايى:

تىلەرسەن ئافىيەت ئالەمدە ھاسىدلار جەفاسىدىن،
لىباس ئەتمە تەنىڭگە شاھىيۇ كىمخابلار بىرلە.

— ناقىس.

شاھىد I [شاھد] (ئە) گۇۋاھ، ئۈستىدە قاراپ تۇرغۇچى:

قازىئى مەھشەتكە شاھىدسىز كىرامۇل كاتىبەين،
ئۆزگە ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ گۇۋاھى بولمادىم.

— زەلىلى.

شاھىدى دەۋران — دەۋرلەرنىڭ، زامانلارنىڭ گۇۋاھى:

دىلرەبالەر قەسدىدىن ئەيلەپ بولماغىل مەغرۇكىم،
شاھىدى دەۋران ساڭا كۆرسەتۇر بادى بۇرۇت.

— ئەرشى.

شاھىد II [شاھد] (پ) گۈزەل دىلبەر، سۆيۈملۈك يار:

بادەمىر ئاتىدە شاھىد ئەكسى زاھىد بولمادى،
بادە ئۇ شاھىدقا بولماي نەقد پىندارىم فىدا.

— نەۋايى.

شاھىد ۋەش [شاھدوش] (پ) گۈزەل مەھبۇبە، چىرايلىق يار:

شاھىن [شاھين] (پ) قارچىغا

كەبۇتەر لەيلىيۇ شاھباز مەجنۇن،
بولۇپ شاھىن يەگىلىغ جىسمى پۇرخۇن.

— موللا پازىل.

شائىر [شاعر] (ئە) شېئىر يازىدىغان كىشى، شائىر:

كۆرەر ئېردىم تولا شائىر كىتابىن،
ئوقۇر ئېردىم ۋەرەقلاپ بابۇبابىن.

— ناقىس.

شائىرانە [شاعرانە] (ئە + پ) شائىرلارغا ئوخشاش، شائىرلاردەك، شائىرلارچە؛ شائىرلارغا خاس.

شائىرۋەش [شاعروش] (ئە + پ) شائىرغا ئوخشاش، شائىردەك.

شايەد [شايد] (پ) ئېھتىمال، بەلكىم، ئەجەب ئەمەس، چېغى:

ئەزەل دېھقانى كەلگەيلەر زەمىنى شور ئۈزە شايەد،
ئىنايەتدىن بېرىپ ئىسلاھ زەمىنىم سەبزەزار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

شايىست [شايست] (پ) لايىق، مۇۋاپىق، مۇناسىپ.

شايىستە [شايستە] (پ) «شايىست» كە قاراڭ:

خىزمەتى شايىستە قىلغىل ھىممەتىڭ تۈتغىل بەلەند،
بىر كىيافەت جۇملىدىن مەقبۇلى جەببادىل غىياس.

— شەۋقى.

شايىئ [شايع] (ئە) يېيىلغان، تارالغان، مەشھۇر بولغان، ھەممىگە مەلۇم بولغان:

نەدىن بۇ كىشى مۇنچە زايىئ قىلۇر،
جەھان ئىچرە بۇ ئىشنى شايىئ قىلۇر.

— ئا. نىزارى.

شەئامەت [شعامت] (ئە) نىيىتى بۇزۇقلۇق، شۇملۇق، يامانلىق.

شەئەبناك [شعب ناك] (ئە + پ) زوق - شوخ بىلەن سايرىغۇچى.

شەئەف [شعف] (ئە) چىن سۆيگۈ، ھەددىدىن ئارتۇق سۆيۈش.

شەب [شب] (پ) كېچە، تۈن:

سەندەگۇ كىيگەن شەب ئەندەررۇز ھۆللەڭدەك ئېمەس،
كېچەۋۇ كۈندۈز لىباسىن كىيسەلەر ئايۇ كۈنەش.

— نەۋايى.

شەباب [شباب] (ئە) ياشلىق، يىگىتلىك.

شەباب ئەۋانى — ياشلىق دەۋرى.

شەباب ئەييامى — ياشلىق دەۋرى، ياشلىق كۈنلىرى.

شەبانە [شبانه] (پ) كېچىلىك، تۈندىكى.

شەب ئاۋىز [شب اويز] (پ) مۇشۇكياپىلاق ئائىلىسىدىكى بىر قۇش.

شەبە [شبه] (پ) قارا؛ قارىلىق.

شەبەفرۇز [شب افروز] (پ) كېچىنى يورۇتقۇچى.

شەبەندۇز [شب اندوز] (پ) كېچىنى قاپلىغۇچى.

شەبەھ [شبه] (پ) قاراتاش؛ قاراڭغۇلۇق.

شەبەھگۇن [شبهگون] (پ) قارا رەڭلىك، قارا تۇسلۇك.

شەب پەرەك [شب پرك] (پ) شەپەرەڭ.

شەب پەرەڭ [شب پرنك] (پ) ئەسلىسى: شەب پەرەك.

«شەب پەرەك» كە قاراڭ:

قاراغىل شامۇسەھەر پەرىسىز ئۇچارلار شەب پەرەڭ.
جۇملەسى مۇرغى ھەۋانىڭ ئۇچماغى پەردىن ئەمەس.

— شەۋقى.

شەبتاب [شب تاب] (پ) كېچىسى يورۇيدىغان، تۈندە پارلايدىغان.

شەب چەراغ [شب چراغ] (پ) كېچىسى چىراغدەك يورۇقلۇق بېرىدىغان، تۈننى يورۇتقۇچى.

شەبخىز [شب خیز] (پ) تۈندە ئويغانغۇچى، تۈن بويى ئۇخلىمايدىغان:

ئەگەر مەنسۇر بولماقلىق تىلەر بولساڭ مۇھەببەتتە،
ھەمىشە ھافىزى شەبخىز يەڭلىغ زىندەدار ئىزدە.

— ھاپىز خارەزمى.

شەبدىز [شبدیز] (پ) قارا ئات.

شەبرەڭ [شب رنك] (پ) قاپقارا، توم قارا، تۈندەك قارا؛ قارا ئات:

چۇشەبرەڭ ئەژدەھادەك ھەلقە قىلدىڭ چىنى كاكۇل سەن،
ھەمايىلدار ئېتىپ گوياكى زەنجىرى تەغافۇل سەن.

— زەلىلى.

شەبگەرد [شب گرد] (پ) تۈندە ئايلانغۇچى، تۈن قاراۋۇلى؛ ئاي.

شەبگۇن [شبگون] (پ) قارا رەڭلىك، تۈن كەبى قارا، قاپقارا:

كۆزۈمنى تاكى قىلمىش ئول سەئادەت ئەختەرى مەتلەئ،
قەراغ ئەرمەسكى سەبگۇن ھۇلدەلىن قىلدىم ئاڭا بۇرقەئ.

— نەۋايى.

شەبگىر [شبگير] (پ) تۈندە ئۇخلىمايدىغان، كېچىچە مېڭىپ چىققۇچى:

ئەي بەساقۇمكى بىر كۈندە يول ئۆزرە قالدىڭ،
رەخش بۇ بادىيەدە سۇرگەلى شەبگىر كېرەك.

— زەلىلى.

شەبنەم [شبنم] (پ) شەبنەم:

بىلۇرمەن ئىككىڭىز ھەيران ئېرۇرسىز،
كۆزى شەبنەم كەبى گرىيان ئېرۇرسىز.

— موللا پازىل.

شەبنەم زەدە [شبنم زده] (پ) شەبنەم چۈشكەن، شەبنەم قاپلىغان.

شەبنەم ئەنگىز [شبنم انگيز] (پ) كۆز ياش ئاققۇزغۇچى، يىغلىغۇچى:

پەرىۋش دېۋزادىن سۇردى چۇن تېز،
گۇل ئۆزرە سەرسەر ئولدى شەبنەم ئەنگىز.

— نەۋايى.

شەبخۇن [شبخون] (پ) كېچىسى تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇم:

نەكافىر كۆزلەرىڭ ئالەمنى تەنھا ئەيلەدى تاراج،
شەبخۇن كەلتۈرۈرغەم جانىمە يۈزمىڭ ئىتاب ئەيلەپ.

— زەلىلى.

شەبى رۇز [شبى روز] (پ) كېچە - كۈندۈز؛ دائىم، ھەمىشە:

ئانىڭ ئۈچۈن كۆيەدۇرمەن شەبى رۇز،
تىلىغە جارى بولدى لەيلى فىرۇز.

— موللا پازىل.

شەبىستان [شبيستان] (پ) 1) كېچە قاراڭغۇلۇقى، قاراڭغۇ تۈن:

شەبىستانى كۆڭلۈمدە تەھرىر ئېتەي،
شۇخەنسەنج ئۇلۇپ سۆزنى تەقرىر ئېتەي.

— زەلىلى.

2) كېچىسى قونىدىغان جاي، ياتاق:

تىلەر كېردى خۇدادىن سۈبھە ئىلە شام،
شەبىستانىغە بىر شەمئى سەفا فام.

— موللا سابىر.

شەبىھ [شبيه] (ئە) ئوخشاش، كەبى:

بويۇ باشى ماڭا شەبىھ ئېرمىش،
كۆزۈ قاشى ماڭا شەبىھ ئېرمىش.

— نەۋايى.

شەبى يەلدا [شبى يلدا] (پ) قاراڭغۇ؛ قىشنىڭ ئەڭ ئۇزۇن، قاراڭغۇ كېچىسى:

جەھان گەرتىرە بولسا بىر نەفەسدە ئەي مۇسۇلمانلار،
شەبى يەلدا دېمەڭ كىم كاكۇلىنىڭ قارەسى دەرلەر.

— زەلىلى.

شەت (ت) [شط] (ئە) دەريا ۋە دېڭىز قىرغىقى.

شەتات [شتات] (پ) تارىغان، تارقالغان، چېچىلغان؛ تارقالماق، چېچىلماق؛ ھەر خىل، ئارىلاش:

بۇ جەھانىنىڭ ئىشىكىگە بىر زەررەچە يوقتۇر شەتات،
ھەر سەھەر ۋەقتىدە قىلساڭ يىغلاپ ئىستىغبار خوپ.

— قەلەندەر.

شەتارەت [شطارت] (ئە) شوخلۇق، خۇش چاقچاقلىق، چاققانلىق.

شەترەنج [شطرنج] (ئە) شاھمات؛ قاتار:

داغى شەترەنج ئىلە كاغەز قىمارى،
چاپىقۇ بۆرى، قوي بىرلە قاتارى.

— ناقىس.

شەجەر [شجر] (ئە) 1) دەرەخ، ياغاچ:

بۇ گۈلشەن ئىچرە ھەريان جىلۋەگەر بەرگى شەجەر ئېرمەس،
ۋەرەقلەردۇر يازىلغان خەتلەرى يەكسان خەزان مەزمۇن.

— ناقىس.

2) كېلىشكەن قەددى ـ قامەت:

قەددى ھەۋاسىدىن گەھى شەجەر سەرى نەزەر قىلاي،
يۈزى خەيالىدىن گەھى چەمەن سارى گۈزەر قىلاي.

— نەۋايى.

شەجەرە [شجره] (ئە) مەلۇم بىر ئۇرۇق ـ ئەۋلادنىڭ كېلىپ چىقىش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت تارىخى.

شەخس [شخص] (ئە) ئادەم، كىشى، بىراۋ:

چۇ بۇ شەخس قىلدى تەھسىيەت ئەدا،
«كى قارۇن ئاتىم» مەرد سەنئەت نەما.

— ئا. نىزارى.

شەخس دەھرشەخس — ئادەملەر، خالايىق.

شەخس ئىسلام شەخس — مۇسۇلمان.

شەخس نەشاد — ئۆمرىنى كەيپ ـ ساپا بىلەن ئۆتكۈزگۈچى كىشىلەر.

شەخسىي [شخصى] (ئە) ئۆزىگە، خاس، ئۆز.

شەدداد [شداد] (ئە) 1) قەدىمكى يەمەن ۋىلايىتىدىكى «ئاد» دېگەن بىر قەۋمنىڭ پادىشاھى. 2) كۆچمە: زالىم، شەپقەتسىز، مۇستەبىت ھاكىم.

شەددە [شده] (ئە) 1) قىممەت باھالىق مارجانلار ئۆتكۈزۈلىدىغان باغلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ بىرىككىنى؛ شەدە. 2) تۇغ، بايراق.

شەدىد [شديد] (ئە) شىددەتلىك، قاتتىق، ئېغىر:

بىلمەگەي رەنج شەدىد ئولغاي.
سىھھەت ئەسبابى ناپەدىد ئولغاي.

— نەۋايى.

شەر [شر] (ئە) يامانلىق، گۇناھ:

كى گويا ئاسماندىن يەرگە چۈشتۈم،
ئەمەس يەركىم، ئەزابى شەرگە چۈشتۈم.

— ناقىس.

شەراب [شراب] (ئە) ئىچىملىك، مەي، شاراب، ھاراق:

بىھەد خۇمار ئولدۇم، ساقى، شەراب سۇنغىل،
بولدى كۆزۈڭگە ئوخشاش ئول بادەئى كەمالىڭ.

— خۇشھال غەرىبى.

شەرابى ئەرغەۋان — قىزىلگۈلدىن ئىشلەنگەن شاراب:

شەرابى ئەرغەۋان شىشەئى گۈلگۈنگە تولدۇرمىش،
مېنى شاداب ئېتەرگە ساقىئى مەستانە بولغايمۇ؟

— رەلىلى.

شەرابى ئەنتەھۇر — پاك، تازا سۇ، كەيپ قىلمايدىغان شاراب:

ئاپماغاي ھەرگىز شەرابى ئەنتەھۇرنىڭ لەززەتىن،
بىر پەرى پەيكەرلەبىدىن بىرگىنە سۆيدۈرمىسۇن.

— قەلەندەر.

شەرابى بىخۇدانە — ھوشسىز قىلىدىغان شاراب:

كېتۇر ساقى، شەرابى بىخۇدانە،
كى سەئىب ئىش سالدى ئالىمغە زەمانە.

— نەۋايى.

شەرابى شەۋق — زور ئىستەك، ئۆتكۈر ئىشتىياق شارابى:

بۇدەير ئىچرە نېچە يۈرگە مەن خۇمار ئالۇد،
شەرابى شەۋق ئىچىپ زەۋقنى راس قىلايىن.

— ئەرشى.

شەرابى گۈل — گۈل سۈيى، گۈلدىن ئىشلەنگەن شاراب:

بۇ يەڭلىغ كۆلپەتۇ ئارتىپ ئەلەملەر،
شەرابى گۈل بولدى رەنجۇغەملەر.

— موللا پازىل.

شەرابى لەئل — يارنىڭ لېۋىدەك قىزىل شاراب:

مەن شەرابى لەئلىدىن سەرشاردۇرمەن، ئەي رەقىب،
سەن يۈرۈرسەن تەشنەلىپ ئىچمەي مەي رۇخسارىدىن.

— ئەرشى.

شەرابى ناب — تازا شاراب، سۈزۈك مەي:

چۈن ئەزمى شەرابى ناب ئېتەرلەر،
جەيران قوزىسىن كەباب ئېتەرلەر.

— نەۋايى.

شەرابى ئىرتىبات — دوستلۇق، يېقىنلىق شارابى:

قايناسا خۇمى مۇھەببەتتە شەرابى ئىرتىبات،
سۈرگەلى مەھبۇب سارىدىن يېتىشكەي رويمال.

— ناقىس.

شەرابى ئىشق — ئىشق شارابى:

شەرابى ئىشق ئىچكەنلەر يۈرۈر دۇنيادە مەستانە،
كى ھەركىم ئىچسە بۇ مەيدىن بولۇر ئول مەردۇمەردانە.

— ھۇزۇرى.

شەراب ئالۇد [شراب الود] (ئە + پ) مەي، شاراب يۇقتان، شاراب يۇقى.

شەرار [شرار] (ئە) يالقۇن، ئۇچقۇن:

مۇمكىن ئېرمەستۇركى سەندىن بىر زەمان قالسام تىرىك،
فۇرقەتۇ ھەجرىڭدە باردۇر ئىچىمە يۈزمىڭ شەرار.

— قەلەندەر.

شەرار ئۇچۇرماق — يالقۇنلاتماق:

يەنە مولك ئۇزە تۇتتى بەھمەن قەرار،
ئۇچۇردى زەلالەت ئوتىدىن شەرار.

— نەۋايى.

شەرارى شىددەت — شىددەتلىك يالقۇن:

نىھايەت ئىشتىھايى شەھۋەتىدىن،
يامان نەفسى شەرارى شىددەتىدىن.

— ئەرشى.

شەرارى ئىشق — يالقۇنلۇق ئىشق:

ۋامىق - ئۇزرانىڭ شەرارى ئىشقىدىن ئورتەندىلەر،
ھەم سەنەۋبەر گۈل بەرى ئىشقىدا چەندان خاردۇر.

— شەۋقى.

شەرارە [شراره] (ئە) 1) يالقۇن، ئۇچقۇن. 2) دەرد، ئەلەم.

شەرارەت [شرارت] (ئە) يامانلىق، بۇزۇقلۇق:

دېدى دەۋزەخقە: «يوق قىلغىل ھەرارەت،
بۇ كېچە كۆيمەسۇن ئەھلى شەرارەت.»

— ناقىس.

شەرافەت [شرافت] (ئە) خاسىيەت، پەزىلەت؛ ئابرۇي، شەرەپ، ئالىيجانابلىق:

ئەي گەۋھەرى مەھزەنى شەرافەت،
ئەي جەۋھەرى مەئدەنى سەئادەت.

— موللا نىياز.

شەرائىت [شرائط] (ئە) ئەھۋال، ۋەزىيەت:

شوخى تەرسا سۆز بۇ نەۋئ ئەتتى بەيان،
كىم شەرائىتدىن بەرى بولدى ئەيان.

— نەۋايى.

شەرە [شره] (پ) ئاچ كۆز، تويماس، نەپسى يامان.

شەرەر [شرر] (ئە) شولا، ئۇچقۇن، يالقۇن:

چۇ شەھزادە سالماي بىرىگە نەزەر،
چېكىپ ھەر زەمان ئاھ ئوتلۇق شەرەر.

— ئا. نىزارى.

شەرەرلىك [شررليق] يالقۇنلۇق، ئوتلۇق:

خەيالىڭدىن ئېرۇر مەسجىدلەر ئىچرە،
شەرەرلىك ئاھ ئىلە تۈرلۈك غۇلاغۇل.

— ناقىس.

شەرەف [شرف] (ئە) 1) ئۇلۇغلۇق؛ مەرتىۋە؛ پەخىر؛ ئابرۇي:

مۇلازىملەر چىقىپ ئىستەپ، دىرەكلەپ،
شەرەفنى ھەر بىرى ئۆزگە كېرەكلەپ.

— ناقىس.

2) قەدىر - قىممەت، يۈكسەكلىك:

بولدى تەمسىل ھاسىلىم تاپماي شەرەفتىن قەترەنى،
چۈن تەبىب جەھل ئولدى كۆرۈپ ئەفئالىمنى شەيخ.

— خۇشھال غەرىبى.

3) ئەۋزەللىك:

ھەمەلغە قۇياش بەرگەي شەرەف،
يۈرۈش ئەزمى ئەر بار ئېسە ھەر تەرەف.

— نەۋايى.

4) بەختىيارلىق:

بۇ خاتۇن باردى بۇرجى شەرەفكە،
شۇرۇئى بەندەلىك ئەيلەر تەرەپكە.

— ناقىس.

شەرەڭ [شرنك] (پ) ئاچچىق تاۋۇز:

ئەگەرچە سۇرەتىدە سەرۋۇرەڭدۇر،
قوغانلىق ئىچرە پىشقان بىر شەرەڭدۇر.

— ناقىس.

شەرئەن [شرعا] (ئە) شەرىئەت بويىچە، قانۇنغا ئاساسەن، قانۇنىي:

ھال تارتىپ كىمسەنى كۆرمىس مۇھەققەر ئەھلى ھال،
گەرچە فەرق ئەتمىش كىمكى چوڭنى شەرئەن ئەھلى قال.

— ناقىس.

شەربەت [شربت] (ئە) 1) تاتلىق ئىچىملىك:

ئۇسسىغان يىسىلەر نە راھەتدۇر،
شەربەتنى ئىچسە ھەلاۋەتدۇر.

— ئەخمەتشا قاراقاشى.

2) كېسەلگە بېرىلىدىغان سۇيۇق دورا:

بۇ يۇرماغىل يەنە سەبر، ئەي تەبىب، تەگرى ئۈچۈن،
كى ئۇشبۇ شەربەت ئىمەس ئەمدى شىفاۋەر ماڭا.

— نەۋايى.

3) لەززەت، بەھرە ئېلىش:

ئىشى دائىم ۋىسالىمنى تىلەبدۇر،
جەمالىم شەربەتىگە تەشنەلەبدۇر.

— ناقىس.

شەربەتى زىندەگانى — ھايات سۈيى، ھاياتنى ئۇزارتىدىغان ۋە بەھرە بېرىدىغان شەربەت.

شەربەتى مەرگ — ئەجەل، ئۆلۈم شەربىتى.

شەربەتى ھىجران — ئايرىلىش، ھىجران شەربىتى:

ئىچەرمەن شەربەتى ھىجران ھەمىشە،
فىراقىدا كۆزۈم گىريان ھەمىشە.

— موللا پازىل.

شەرت [شرط] (ئە) 1) بىجىرىلىشى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىش؛ بىرەر نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن لازىم بولغان ئەھۋال، شارائىت:

قۇلاق، باش، قول، ئاياغدىن ئادەم ئولغان مۇئتەبەر
ئېرمەس،
بۇ يول قەتئىدە بىھەد شەرت ئېرۇر مەشرۇتى ئىنسانغە.

— ناقىس.

2) لازىم، كېرەك:

ئاندادۇر شەرت تەۋازۇئ ساڭا،
ئۇترۇسىدە قەتئىي تەۋەققۇئ ساڭا.

— نەۋايى.

شەرتى ئەھسان — ياخشىلىق شەرتى، بىرەر نەرسىنى بېغىشلاش شەرتى.

شەرتى ئىرادەت — خاھىشقا مۇۋاپىق.

شەرتى ئىكرام — سېخىيلىق، ساخاۋەتلىك ئادىتى.

شەرر [شر] (ئە) «شەر» گە قاراڭ:

يا ئوتۇن بولسا ئىدى كۆيدۈرۈبان كۈل قىلغالى،
رۇزى مەھشەر ئوتىنىڭ شەررىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

— شەۋقى.

شەرزە [شرزه] (پ) غەزەپلىك، دەھشەتلىك.

شەرفە [شرفه] (پ) 1) بوش ئاۋاز، شاۋقۇن، شەپە:

شەرفەئى كەلدى ئىشىكدىن ناگەھان،
كۆردىلەر نۇرانەئى مەردى كەلان.

— زەلىلى.

2) كۆلەڭگە.

شەرم [شرم] (پ) ئۇيات، نومۇس:

ئەدا فەھىم ئىشۋەگەر، ساھىب كەرەشمە،
ئارىغ سۈرەت، رەقاسە، شەرم چەشمە.

— ناقىس.

شەرمۇھەيا — ئۇيات ۋە نومۇس، ئار - نومۇس:

يوق ئۈچۈن خەلق ئىچىدە شەرمۇ ھەيا،
مۇنداغ ئىشلار بولۇپدۇر ئەلگە رەۋا.

— موللا قۇربان.

شەرمەندە [شرمنده] (پ) ئۇياتتا قالغان، شەرم - ھايانى يوقاتقان، ھاياسىز، رەسۋا:

ئۇشبۇ خارلىق ھەمىشە بار سەندە،
تەگرىنى ئەتتىڭ ئۆزۈڭنى شەرمەندە.

— موللا نىياز.

شەرمەندە بولماق — ئۇياتقا قالماق، رەسۋا بولماق.

شەرمەندە قىلماق — ئۇياتقا قالدۇرماق، رەسۋا قىلماق:

لەبى لەئلىڭ ئۆزە ئول سەبزەئى خەتتىڭنى كۆرگۈزسەڭ،
قىلۇر ياقۇتنى شەرمەندە شەكسىز خەتتى رەيھانىڭ.

— ھاپىز خارەزمى.

شەرمەندەلىك [شرمندەليك] خىجالەتچىلىك، رەسۋالىق:

ئۆلۈمدىن بەتتەررەك ماڭا زىندەلىك،
ئۇلاردىن قالىپ يەتتى شەرمەندەلىك.

— ئا. نىزارى.

شەرمىسار [شرمسار] (پ) ئۇياتلىق، شەرمەندە:

زەلىلى شەرمىسار ئاخىرەتدە ئۆزرە سۇد ئەتمەس،
بىرەرگاھى خۇدا ھەر ھاجەتىڭ بولسا بۇگۈن كەلتۈر.

— زەلىلى.

شەرمىسار ئەتمەك — ئۇياتتۇرماق، رەسۋا قىلماق:

ئەيلەر ئىردىم بىر ئۆزۈم دەئۋايى ئاشىقلىق ساڭا،
ئاقىبەت يۈز مىنچە مەندىن شەرمىسار ئەتكەن يىگىت.

— ئەرشى.

شەرمىسار ئەيلەمەك — «شەرمىسار ئەتمەك» كە قاراڭ.

ۋەفاغە ۋەئدە بەرگەندۇر كەرىمدۇر جانى جانانىم،
ۋەفاسىغا خىلاف ئەتمەس غەرىبنى شەرمىسار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

شەرمىسار قىلماق — «شەرمىسار ئەتمەك» كە قاراڭ:

تەرەھھۇم ئەيلەگىل، ئەي ئىختىيارسىزنامە،

دەمادەم گۈل ئىچرە شەرمىسار قىلما مېنى.
— نەۋايى.

شەرھ [شرح] (ئە) ئىزاھ، يەشمە:
مىڭدىن بىرنى دېدىم گۈل بولماسۇنلار دەپ مەلال،
شەرھ ئەگەر قىلسام، مۇسۇلمانلار، قىيامەت بۇ كېچە.
— قەلەندەر.

شەرھ ئەيلەمەك — ئىزاھلىماق، يەشمەك، بايان قىلماق، چۈشەندۈرمەك:
بۇ نۇقسانىنامەنى شەرھ ئەيلەگەن قۇل،
تۆكەر مۇنداغ كۆڭۈل مىناسىدىن مۇل.
— ناقىس.

شەرھ ئەتمەك — «شەرھ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

شەرھ قىلماق — «شەرھ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

شەرھى رۇبائىيات — رۇبائىيلار يەشمىسى.

شەرھى ماجەرا قىلماق — ماجىرا سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەك.

شەرھى مەقسۇد — ئارزۇ - ئىستەك شەرھى.

شەرھى موللا — ئەرەبلەرنىڭ گراماتىكىسى:
ئوقۇپ «كافىيە» يەتكەچ «شەرھى موللا»
بولۇپمەن بىر پەرى ھۇسنىگە شەيدا.
— ناقىس.

شەرھى ھال — ھال - ئەھۋال بايانى:
گاھى چېھرەم ئۈزرە ياش ئول شەرھى ھال ئەيلەپ تۇرۇپ،
ئەيلەگەيمەن ئەرزى ھالىمنى نېچۈك ئېيتالام ئىلە.
— ئەرشى.

شەرھى ۋەقايە — ۋەقەلەر شەرھى:
شەرىكلەر باشلاسە «شەرھى ۋە قايە»،
چىقىپمەن ئارقەسىدىن تايە - تايە.
— ناقىس.

شەرھە [شرحه] (ئە) 1) جاراھەت، يارا:
نە شەرھىن ئىشىتكەچ قىلىپ ئەي نالە، سېنى ياد،
كۆز شەرھەلەرىنى كۆرسە، خەراشىڭ ساغىنۇرمەن.
— نەۋايى.

2) پارچە، تىلىم:
يار كەلمەسكە دىلىمنى شەرھە - شەرھە ئەيلەدىم،
ئەي سەبا، چاكى دىلىم ھالىنى جانانىمغە ئايت.
— خۇشھال غەربى.

شەرئ [شرع] (ئە) 1) شەرىئەت، ئىسلام دىنى قائىدە - قانۇنلىرى:
نەچە ئىش بولۇپ شەرئىدىن تاشقارى،
كى ئىنسافدىن ئەيرۇ ياشۇ قەرى.
— ئا. نىزارى.

2) يول، مەسلەك:
ئەي نەۋايى، ئالما يار ئاللىدە يۈز تۇفراغدىن،
كىم بۇ شەۋ ئىچرە مۇھەببەت شېۋەسىدۇر مۇستەھەب.
— نەۋايى.

شەرئى ئەمرى — شەرىئەت بۇيرۇقى:
شەرئى ئەمرىدىن چىقىپ ئابىد ئەگەر تاپسە كەمال،
ئىشق ئەيىنىدىن نەسىبە ئالماغاندۇر ئول جۇنۇن.
— ناقىس.

شەرئى مۇھەممەد — مۇھەممەد شەرىئىتى:
شەرئى مۇھەممەدىگە سەن بىردەم سۇنماساڭ بويۇن،
قىلغان ئىشىڭ خەتا ئېرۇر پىرۇ پەدەر رىزا ئەمەس.
— زەلىلى.

شەرىئەت [شريعت] (ئە) دىنىي قانۇن، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى:
ئۆزۈم قىلماي ئەمەل، ئەلگە شەرىئەت ھۆكمىن ئايتۇرمەن،
ئەمەل ئەيلەپ ئەتا، ھاجەتلىرىمنى ھەم كىفايەت قىل.
— ناقىس.

شەرىئەت شىئار — شەرىئەت يولى، شەرىئەت يولىنى تۇتقۇچى:
ئەدەپ بىرلە بولغىل شەرىئەت شىئار،
ئەمەل بىرلە بولغىل ئىبادەت ۋىسار.
— ئا. نىزارى.

شەرىك [شريك] (ئە) شېرىك:
تولا ئېردى ئاڭا ياقماقدا مەن بىرلە شەرىك، ئەمما،
مېنىڭ بويىنۇمغە تۈشتى بىر نەزەر، دەر زۇلفىنىڭ تارى.
— ناقىس.

شەرىف [شريف] (ئە) شەرەپلىك، ئۇلۇغ، قەدىرلىك، ئەزىز:
ھۆسن ئېلى ئىچرە سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەرگىز شەرىف،
بارچە مەھۋەشلەر سېنىڭ ئالدىڭدا باردۇرلار كەشىف.
— قەلەندەر.

شەرىف ئەلقاب — ياخشى نام، ياخشى لەقەملىك:
قاچان ئاندىن گۇم ئەتسەڭ دەھرۇدارا،
شەرىف ئەلقابى بولغاي ئاشكارا.
— نەۋايى.

شەرىف ئەنفاس — مۇبارەك نەپەس، مۇبارەك ۋاقىت.

شەرىف ئەۋقات — ۋاقىتنى ئەڭ ياخشى مەشغۇلاتلار بىلەن ئۆتكۈزگۈچى.

شەرىف سىفەت — ئۇلۇغ سۈپەت.

شەرىف مەقال — ئۇلۇغ، باھاسىز، تەڭدىشى يوق سۆزلەرنى قىلغۇچى.

شەرىفۇل كەۋنەين — ئىككى دۇنيانىڭ ئۇلۇغ كىشىسى.

شەرىفى مەككە — ئۇلۇغ، شەرەپلىك مەككە:

ھەم شەرىفى مەككە بولدى بىقەرار،
تاغ ئۈستىندە تۇرۇپ ئۈشتۈر سۈۋار.

— زەلىلى.

شەرىفە [شريفه] (ئە) «شەرىف» كە قاراڭ.

شەرئىي [شرعى] (ئە) شەرىئەتكە (ئىسلام دىنى قائىدىلىرىگە) تېگىشلىك.

شەرئىيات [شرعيات] (ئە) شەرىئەت مەسىلىلىرىنىڭ مەجمۇئى.

شەست I [شست] (پ) بېلىقنى سانجىپ ئالىدىغان نەيزە؛ بېلىق تۇتىدىغان قارماق:

قۇتۇلماغلىق كەمەد زۇلفىدىن كۆڭلۈمگە دۇر مۇشكۇل،
نەھەڭ بەھرىكى بى پايان ئىدىم دەربەند شەست ئولدۇم.

— زەلىلى.

شەست II [شست] (پ) ئاتمىش.

شەش [شش] (پ) ئالتە.

شەشپەر [ششپر] (پ) ئالتە قىرلىق گۈرزە:

يەتتى گەر دۇنغە ئاپەت شەشپەرىدىن،
بولۇپ سۇ ھۇت باغرى خەنجەرىدىن.

— نەۋايى.

شەشدەرى [ششدرى] (پ) دۇنيا؛ ئالتە قاناتلىق ئىشىك:

چەرىدىن تاپماس مۇرەۋۋەت يامغۇرى مىڭ يىلغىچە،
گەر بۇ يەڭلىغ ياغدۇرۇر ئوتلار فىراقىڭ شەشدەرى.

— ناقىس.

شەغەب [شغب] (ئە) غوۋغا، تۇپىلاڭ.

شەفائەت [شفاعت] (ئە) ھىمايە قىلىش، قوللاش:

دېگەيلەر ئۈممەتى رەفرەف سەۋارىم رۇزى مەھشەردە،
ئۈمىتدۇر بىنەسىب ئەتمەس شەفائەت رەمزىدىن ھەرگىز.

— شەۋقى.

شەفائەت ئەيلەمەك — ھىمايە قىلماق، قوللىماق؛ ۋاستىلىك قىلماق:

شەفائەت قىلماق — «شەفائەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

شەفائەت قىلىپ ئاسى ئۈممەت ئۈچۈن،
قىلىپ جامى كەۋسەرنى پۇر لەبىبەلەپ.

— ۋەفائى.

شەفائەتخاھ [شفاعت خواه] (ئە + پ) شاپائەت قىلغۇچى، شاپائەت كۆرسەتكۈچى:

بۇ دەۋلەت بىزگە يەتمەسمۇ مۇھەممەد ئۈممەتى قىلدىڭ،
شەفىئ ئەيلەپ شەفائەتخاھىمىزنى ئاقىبەت مەھمۇد.

— شەۋقى.

شەفائەتگەر [شفاعت گر] (ئە + پ) ئىسلاھ قىلغۇچى، ئوتتۇرىغا كىرگۈچى، ۋاستىچى:

ۋەگەر ھۇرمەت ئەھلىنى قىلسە شەفىئ،
شەفائەتگەر ئەسرىغە بولسە مۇتىئ.

— نەۋايى.

شەفائەت پەزىر [شفاعت پذير] (ئە + پ) شاپائەت قىلغۇچى، قوبۇل قىلغۇچى.

شەفەق [شفق] (ئە) كۈن پېتىش ۋاقتىدا ئۇپۇقتا پەيدا بولىدىغان قىزىللىق؛ شەپەق.

شەفەق گۈن [شفق گون] (ئە + پ) شەپەق رەڭ، قىزىل؛ سارغۇچ قىزىل.

شەفەق مىسال [شفق مثال] (ئە) شەپەقتەك؛ قىزىل.

شەفقەت [شفقت] (ئە) رەھىمدىللىك، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق:

سىنىڭ شەفقەتلىرىڭدىن قىلدىم ئۈمىد،
مۇرادىمنى بېرىپ، ياندۇرما نەۋمىد.

— موللا پازىل.

شەفىق [شفيق] (ئە) شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك.

شەفىقانە [شفيقانه] (ئە + پ) مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن.

شەفىئ [شفيع] (ئە) ھىمايىچى، ۋاستىچى؛ شاپائەت قىلغۇچى:

خالىن ئىزدەپ داغ تاپتىم، زاتىن ئەيلەپ كۆپ شەفىئ،
چۈنكى شەيئۇللاھ چېكىپ سائىل دەرەم گۆزرە تىلەك.

— ئەرشى.

شەفىئ ئەتمەك — ھىمايە قىلماق، ۋاستە قىلماق:

شەفىئ ئەتتى تەمام پەيغەمبەرىنى،
ئەۋەل ئادەم، ئاخىر خاتەم نەبىنى.

— موللا پازىل.

مۇقەسسەر شەفىئ ئەتسە تەقسىرىنى،
تەلەتتۇف بىلە قىلسا تەدبىرىنى.

— نەۋايى.

شەفىئ ئولماق — ھىمايىچى، ۋاستە بولماق:

ئىلاھا، بارچە جۈرمىن ئەفۇ ئېتەردە ئول شەفىئ ئولغاچ،
فەراموش ئولماسۇن ئەرشى قۇلۇڭ ھەم ناگەھان ئاندا.

— ئەرشى.

شەفىئۇلئۈمەم [شفيع الامم] (ئە) ئۈممەتلىرىگە شاپائەت قىلغۇچى:

مەئەلقىسسە ئول زاتى ئالىجەناب،
شەفىئۇلئۈمەم شاھى يەۋمىلھىساب.

— ئا. نىزارى.

شەق [شق] (ئە) يېرىش، سۇندۇرۇش، يىرتىش، ئىككى

پارچە قىلىش:

ئۈشبۇدەم قىرىق تەنگە ئەمدى ھەق بولۇپ،
تىترەدى دىۋارى گۇنبەز شەق بولۇپ.

— زەلىلى.

شەققۇل - قەمەر — ئاينى ئىككىگە بۆلدى (مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بېرىلگەن سۈپەت):

بۇرۇن پەرۋەرلەر ئىچرە ئېتىبارىم بولماغاي ھەرگىز،
پەيغەمبەر مۆئجىزى ئوخشە ئەگەر شەققۇل - قەمەر قىلسام.

— قەلەندەر.

شەقاۋەت [شقاوت] (ئە) بەختسىزلىك، تەلەيسىزلىك؛ يارىماسلىق، ياۋۇزلۇق، ئادەملىك سۈپىتىنى يوقاتقانلىق:

مۇقەددەرگە ھەركىم ئاداۋەت قىلۇر،
ھەسەد بىرلە ئۆزنى شاقاۋەت قىلۇر.

— ئا. نىزارى.

شەقاۋەت ئەھلى — يارىماسلار، ياۋۇزلار:

ئۈمىد شەۋقى خۇدادىن بۇسايە راھەتدۇر،
شەقاۋەت ئەھلىگە مەھشەردە ھېچ كەرەم بولماس.

— شەۋقى.

شەقىي [شقى] (ئە) بەختسىز، گۇناھكار:

كىم يۈزىن ئەيلەپ قارا غەمناك ئېرۇر،
شەقىي ئېمەس، كىم ياقاسى چاك ئېرۇر.

— نەۋايى.

شەك [شك] (ئە) شۈبھە، گۇمان، شەك:

ئاڭا شەك قىلدىلەر بىر مەردخامى،
ئانى مەسخ ئەيلەدى گويا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

شەكەر [شكر] (پ) شېرىنلىك، شېكەر:

شەكەرنى نىسبەت ئەتمەسمەن لەبىڭگە،
شەكەر ئۆزگە بۇ شەككەر بار ئۆزگە.

— ھاپىز خارەزمى.

شەكەرخاب [شكرخواب] (پ) شېرىن ئۇيقۇ:

خىتابى يامۇ زەمىنىل قۇم شەھىنشەھ گۇشۋار ئەيلەپ،
شەكەر خابىن بۇزۇپ گۇلمىش ۋەرەم ئۇممەت غەمىدە يا.

— شەۋقى.

شەكەرخاي [شكرخاى] (پ) شېرىن سۆز:

قىلىپ توي جابدۇغىن بىر ئاي، يېرىم ئاي،
ئاخىردەم لەئلىدىن بولدۇم شەكەر خاي.

— ناقىس.

شەكەرخەند [شكرخند] (پ) چىرايلىق تەبەسسۇم قىلغۇچى؛ شېرىن تەبەم ئىگىسى:

ھەبىبى ھەق ئېرۇركىم گۇل شەكەرخەند،
تىشى دۇررى، لەبى لەئلى، سۆزى قەند.

— موللا پازىل.

شەكەرشىكەن [شكرشكن] (پ) شېرىن سۆز قىلغۇچى:

ئۆتىنى مەن قاچان تىلىگە نىسبەت ئەتكەمەن،
بۇ سۇچى سۆز ئۆتمئى شەكەرشىكەن يوق.

— ھاپىز خارەزمى.

شەكەرلەب [شكرلب] (پ) لېۋى شېرىن، شېرىن سۆز، تىلى شېرىن:

گۇل شەكەرلەب قاشىدە جان نې بولۇر،
سۆزگە كەلسە ئابى ھەيۋان نې بولۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

شەكەرىستان [شكرستان] (پ) شېكەرلىك، شېكەر قومۇشى كۆپ ئۆسكەن جاي؛ سۆيۈشكەنلەر سۆھبىتى:

شىرىن لەبى سورغىلۇ سۆزىن جاندىن ئىشتكىل،
ئۆتمي تىلەكىنى شەكەرىستاندىن ئىشتكىل.

— ھاپىز خارەزمى.

شەكسىز [شك سيز] چوقۇم، ئىككىلەنمەي:

ئېيدى جەمالىن كۆرگۈزە جىلۋە قىلۇر بولسە دەمى،
ھافىز ئىشىكىندە ئانىڭ شەكسىز ئۆزىن قۇربان قىلۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

شەككاك [شكاك] (ئە) گۇمانخور، شەك كەلتۈرگۈچى:

نەچچە شەككاكۇ مۇنافىق بار ئىدى،
ئەۋلىياغە ئىشلەرى ئىنكار ئىدى.

— زەلىلى.

شەككاكلىق [شكاك ليق] گۇمانخورلۇق، ئىشەنمەسلىك:

خۇدا كارىغە قىلمە شەككاكلىق،
ئەقىدەڭدە بولسە كېرەك پاكلىق.

— ئا. نىزارى.

شەككەر [شكر] (پ) «شەكەر» گە قاراڭ. (ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بەزىدە «شەككەر» ئوقۇلىدۇ):

شەكەرنى نىسبەت ئەتمەسمەن لەبىڭگە،
شەكەر ئۆزگەيۇ شەككەر بار ئۆزگە.

— ھاپىز خارەزمى.

شەككەر ئەفشان [شكرافشان] (پ) شېكەر چاچقۇچى؛ شېرىن سۆزلۈك:

بىردەمى ئولتۇرمادىم ئول ماھى تابانىم بىلە،
ئۆتمئى شىرىن زەبانۇ شەككەر ئەفشانىم بىلە.

— قەلەندەر.

شەككەرخاب [شكرخواب] (پ) «شەكەرخاب» قا قاراڭ:

ئوڭدا تاپماي تۇشدە كۆرگەچ ئارەزىڭ بىر يول كۆزۈم،
قىلدى كۆزلەر قىلماغاي مۇنداغ شەككەر خاب ئارزۇ.

— ئەرشى.

شەككەرشىكەن [شكرشكن] (پ) «شەكەرشىكەن» گە قاراڭ:

تىلمۇدۇر ياقەند ياخۇد تۇتىئى شەككەرشىكەن،
تىشمۇدۇر يا گەۋھەرى سىيراب يا دۇررى ئەدەن.

— ھاپىز خارەزمى.

شەككەرفىشان [شكرفشان] (پ) «شەككەر ئەفشان» غا قاراڭ:

كۆڭۈل تۇتسىن ئەيلەگىل خۇش زەبان،
كى بولسۇن كەلام ئىچرە شەككەر فىشان.

— ئا. نىزارى.

شەككەرىستان [شكرستان] (پ) «شەكەرىستان» غا قاراڭ:

چۇن مەگەس قەندۇشكەرنى خۇش كۆرەر ئالەم ئېلى،
لەئلى سىيرابىڭ ماڭا كىم شەككەرىستاندىن لەزىز.

— خۇشھال غەرىبى.

شەكۇر [شكور] (ئە) شۈكۈر ئېيتقۇچى.

شەكۋەھ [شكوه] (ئە) شىكايەت، زارلانماق.

شەكىل [شكل] (ئە) 1) قەد، قامەت:

زىنۋەر بىلە شەكلى خوب بولماس،
ھەر قىزكى ئېرۇر يامان لىقالىغ.

— نەۋايى.

2) كۆرۈنۈش، قىياپەت، تۇس، سۇرەت.

شەكلۇ ھەيئەت — شەكىل ۋە كۆرۈنۈش، تەقى - تۇرۇق:

ۋەيا دىۋە ئېرۇركىم شەكلۇ ھەيئەت،
قىلىپ تەبدىل بولمىشدۇر بۇ سۇرەت.

— ناقىس.

شەڭ [شنک] (پ) شوخ، ئويناپ تۇرىدىغان؛ گۈزەل، نازىنىن:

خەراب قىلمەدى ئانچە مېنى مەيى گۈلرەڭ،
كى قىلدى ئارەزمى گۈلرەڭ بىرلە ساقى شەڭ.

— نەۋايى.

شەڭ ئەيلەمەك — نازلانماق، شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇرماق.

شەڭ ئۇرماق — «شەڭ ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

مۇنىڭدىن سولڭ ئاكالارى قىلىپ نەڭ،
ھالاك ئەتمىش ئۇ مەلئۇننى ئۇرۇپ شەڭ.

— ناقىس.

شەڭەرف [شنگرف] (پ) قىزىل سىماب، توق قىزىل سىياھ:

مۇھەممەد سەئىد گەۋھەرىغە سەدەف،
چىقىپ بۇ سەدەفدىن بۇ دۇررى شەڭەرف.

— ئا. نىزارى.

شەڭەرف گۇن [شنگرف گون] (پ) قىزىل سىماب رەڭلىك، قىزغۇچ.

شەماتەت [شماتت] (ئە) بىراۋنىڭ بېشىغا چۈشكەن قىيىنچىلىقتا باشقىسىنىڭ خۇش بولۇشى.

شەمال [شمال] (ئە) شامال:

ئېشىكلەردە شەمال يەڭلىغ كىرىپ بولمە ھەۋاپەيما،
ئەدەب كۇنجىدە بولغىل مۇئتەكىف زىيب ئەيلە ئىمانغە.

— ناقىس.

شەمامە [شمامه] (ئە) ياخشى ھىد، خۇشبۇيلۇق.

شەمايىل [شمايل] (ئە) پېئىل - ئېتىبار، خۇلق؛ سۇرەت، قامەت، تۇزۇلۇش:

بار ئېردى بىر جەۋانى خۇش شەمايىل،
ۋەتەن ئەيلەپ ئىدى شەھردە ھاسىل.

— ناقىس.

2) خىسلەت، ئادەت:

چۇن ئاڭا بۇ سىفەت شەمايىل ئېدى،
دەشت سەيرىغە ئەسرۇ مايىل ئېدى.

— نەۋايى.

شەمايىم [شمايم] (ئە) يېقىملىق ھىدلار.

شەمەت [شمط] (ئە) قارا نەقىش:

نەچچە غەم چەكسەم خەتىڭدىن بولدى چېھرەم زىينەتى،
لەۋھى زەردىن ئۆزرە ئانداغكىم ياراشقاندەك شەمەت.

— ئەرشى.

شەمەي [شمى] ھازىرقى قازاقىستاندىكى بىر شەھەر:

تۇشۇپ بولغە، ھەردەم قىلىپ ئاھۇ ۋەي،
كى بىزگە كۆرۈندى بىناگاھ شەمەي.

— ئا. نىزارى.

شەمس [شمس] (ئە) قۇياش، كۈن، ئاپتاپ.

شەمسۇز زۇھا — تاڭ قۇياشى، ئەتىگەن چىققان كۈن:

مەقامى ئانىڭ بولدى ئەۋجى ۋەلا،
ۋەلا ئەۋجىدە يەئنى شەمسۇز زۇھا.

— ئا. نىزارى.

شەمسۇ قەمەر — قۇياش ۋە ئاي:

پەرىلەرنىڭ ساڭا قۇل بولماقىدىن ئۆزگە يوق چارە،
ئەگەر قەدلەرى سەرۋى، يۈزى شەمسۇ قەمەر بولغاي.

— قەلەندەر.

شەمسى ئەنۋەر — قۇياش نۇرى:

غۇلامى دەرگەھىڭدۇر شەمسى ئەنۋەر،

ئېرۇر سەن پادشاھى مېھر پەرۋەر.

— ناقىس.

شەمس خاۋەر — شەرق قۇياشى:

قارىلىق چاغىم دۇرۇر، ئەي شەمسى خاۋەر، رەھم قىل،
زەرخەرىدە قىلدۇرۇر مىسكىن قەلەندەر، رەھم قىل.

— قەلەندەر.

شەمسە [شمسه] (ئە) ئىمارەتنىڭ تاملىرىغا ۋە پەشتاقلىرىغا قۇياش شەكلىدە چۈشۈرۈلگەن نەقىش؛ ھەل بېرىلگەن، پارقىراق قۇببە:

مۇنەۋۋەر بولۇپ لەۋھە ئەنۋارىدىن،
قىلىپ شەمسە خۇرشىد رۇخسارىدىن.

— نەۋايى.

شەمشاد [شمشاد] (پ) قامەتلىك، چىرايلىق بىر خىل دەرەخ:

ئەي ئەجەب ساچلارى سۇنبۇل قاشى مېھرابى كەمان،
قەدى شامشادى جەھان، مۇنچاقى ئالتۇن ئىغاناق.

— شەۋقى.

شەمشەر [شمشير] (پ) شەمشەر، بىر خىل ئۆتكۈر قىلىچ:

فەلەك ئىقبالى تەختىنىڭ سۈتۈنى،
زەمان شەمشەرى ئەمرىنىڭ زەبۇنى.

— ناقىس.

شەمئ [شمع] (ئە) شام، چىراغ، يورۇق:

مېنى مەكتەبدىن ئەمدى مەنئ قىلدى،
كى پانۇس ئىچرە گويا شەمئ قىلدى.

— موللا پازىل.

شەمئى ئەنجۇمەن — يىغىن، مەجلىستە يورۇتىدىغان شام:

تاڭ ئىرمەسمۇ قەلەندەر رەشكىدىن پەرۋانەدەك كۆي سەن،
نېدىنكىم دەھرنىڭ بەزمىدە شەمئى ئەنجۇمەن سەنسەن.

— قەلەندەر.

شەمئى ئەنۋەر — ئەڭ يورۇق، نۇرلۇق شام:

يا غەم تۈنى ئۆچسە شەمئى ئەنۋەر،
پەرۋانەدىن ئۆلماس ئۆي مۇنەۋۋەر.

— نەۋايى.

شەمئى پىرانۇر — ئەڭ ئەقىللىق، ئەقىل - پاراسەتلىك ياشانغان كىشى:

ئەي ئوغۇل بۇ يولغا رەھبەر كېرەك،
ئىلكىدە بىر شەمئى پىرانۇر كېرەك.

— خاراباتى.

شەمئى تابان — نۇرلۇق يورۇق شام:

تىلاۋەت ئەيلەسەڭ دائىم ئاقىزىپ ئەشكى خۇنبارىڭ،
گۆر ئىچرە شەمئى تابانىڭ تەبارەك فاتىھە شەب - رۇز.

— شەۋقى.

شەمئى جەمال — نۇرلۇق، پارلاق جامال:

قەرارۇ سەبرى قىلماسلار مۇھەببەت شەربەتىن ئىچكەن،
ئانىڭ شەمئى جامالىغە بولۇر مانەندە پەرۋانە.

— ھۇزۇرى.

شەمئى جەھان — جاھاننى يورۇتقۇچى چىراغ:

ئۇزارى شەۋقى ئولغاچ جىلۋەگەر بۇ خىلۋەت ئىچرە، ۋەھ!
كۆيەر شەمئى جەھان ھەر تۈن داغى پەرۋانە ئاندىن كۆپ.

— ئەرشى.

شەمئى چىگىل — چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان كىشى:

كېچىلەر ئەنجۇم فەلەكلەر دادىمە، رەۋشەن دېگىل،
كىم يۈز ئاچمىش قەسرى تاقى ئۈززە ئول شەمئى چىگىل.

— ناقىس.

شەمئى دىلپەزىر — گۈزەل دىلبەرنىڭ كۆركى، چىرايى:

جان شەبىستانىدا شەمئى دىلپەزىر،
شەمئ يوقكىم، مەشئەلى مېھرى مۇنىر.

— نەۋايى.

شەمئى رۇخسار — نۇرلۇق چىراي:

فۇرقەت ئوتىغە يانىپ - يانماي رەۋان جاندىن كېچىپ،
شەمئى رۇخسارى ئۈچۈن پەرۋانە بولدۇم ئاقىبەت.

— ھاپىز خارەزمى.

شەمئى سەفا — نۇرلۇق چىراغ.

شەمئى شەبىستان — قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتقۇچى چىراغ:

تاپتى مىلك فەرمانىلە شەمئى جەمالىدىن فۇرۇغ،
يوقمەنۇ پەرۋانىغە شەمئى شەبىستانىغە ئايت.

— خۇشھال غەرىبى.

شەمئى فىرۇز — يورۇق، نۇرلۇق شام، چىراغ:

گەھى فەرياد ئەيلەپ زار ئۆزىن،
دەمادەم ياندۇرۇپ شەمئى فىرۇزىن.

— موللا پازىل.

شەمئى مۇنەخەسىف — نۇرى توسۇلغان، خىرە يورۇتۇلغان شام:

دېمەيكى شەمئى مۇنەخەسىفدەك،
ئاشىق تەنىدە ئىككى ئەلىفدەك.

— نەۋايى.

شەمئى ھەيات — ھايات شامى.

شەمئى ھىدايەت — توغرا يول كۆرسەتكۈچى شام.

شەمئى ۋەسىل — ۋەسىل شامى:

بىر كېچە كۆلبەم يارۇپ، بۇ شەمئى ۋەسىل ماھۋەش،
بەلكى يۈزىن يۈز تەجەللى ئاشكار ئەتكەن يىگىت.

— ئەرشى.

شەمئۇن [شمعون] (ئە) خرىستىئان دىنىدىكى 12 مۇرىتنىڭ بىرسى:

گۇل يۈزۈڭ مۇشتاقى بولماقدۇر سەبەب ۋەسلىڭغە كىم،
بولدى شەۋقىڭ بىلاكەشلەر يىراق شەمئۇن كەبى.

— ناقىس.

شەمىم [شميم] (ئە) خۇشبۇي ھىد، خۇش پۇراق:

سەبا ئەنبەر شەمىمى زۇلفىدىن جانىمغە يەتكۈزدۈڭ،
كى رىزۋانۇ بىھىشتى تاپماغايكىم مۇنچە خۇش بۇيى.

— زەلىلى.

شەمئۋار [شمع وار] (ئە + پ) شام كەبى، شامغا ئوخشاش:

مېنۇ قارا كېچە، يوق نىسبەتىم ساڭا، ئەي سۇبھ،
كى سەن كۈلەرسەنۇ مەن شەمئۋار يىغلارمەن.

— نەۋايى.

شەمئۋەش [شمع وش] (ئە + پ) شام تەبىئەت، كۆيدۈرگۈچى:

بولۇپ ھۇسنۇڭگە زارۇ ئىشقىڭگە ئارامسىز ھەردەم،
يۈرۈرلەر شەمئۋەش ھەر بىر ساچىڭ باشىدا يۈز غەۋغا.

— ئەرشى.

شەمىيانە [شميانە] (پ) چېدىر، سايىۋەن:

ھەم بارگاھ سەلتەنەتىڭ يەتتە ئاسمان،
مەشئەلى سىتارە ھەر بىرى بىر شەمىيانەدۇر.

— زەلىلى.

شەنىئ [شنيع] (ئە) يامان، خۇنۇك، يارىماس.

شەنىئە [شنيعە] (ئە) «شەنىئ» گە قاراڭ.

شەھ [شە] (پ) شاھ، پادىشاھ:

كى شەھلەرنى قىلسۇن غۇلامى ئانىڭ،
چۇ ئىززەتدە بولسۇن مەقامى ئانىڭ.

— ئا. نىزارى.

شەھى ئادىل — ھەقىقەتپەرۋەر شاھ، ئادىل شاھ:

ھۇسن سەرىرى ئۆزە بولدى جۇلۇسۇڭ سىنىڭ،
بىر شەھى ئادىلكى سەن، يوق ساڭا ئىسلا ئەدىل.

— ناقىس.

شەھى ئالىي — يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇلۇغ شاھ:

بويلە مەشئۇق ئاڭا شەھى ئالىي،
ۋەسلۇ ھەجرىدە بۇ ئىدى ھالى.

— نەۋايى.

شەھى پاكزات — ئېسىلزادە شاھ.

شەھى پۇرخىرەد — دانا، ئاقىل شاھ.

شەھى بىبدىل — روھسىز، قايغۇلۇق شاھ.

شەھى دەھر — جاھان، ئالەم شاھى.

شەھى دىلجوي — كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى، ئەركە شاھ:

كىمكى باشىن بۇ ئىشتا گوي قىلسە،
خەيالى گۇل شەھى دىلجوي قىلسە.

— موللا پازىل.

شەھى زەمانە — زامان، دەۋرى شاھى.

شەھى كاردان — ئىش بىلەرمەن، تەجرىبىلىك شاھ.

شەھى كامران — بەختلىك، بەختىيار شاھ.

شەھى كامياب — بەختىيار، مەقسىتىگە يېتىشكەن شاھ.

شەھى كەۋنەين — پۈتۈن بارلىقنىڭ، ئىككى دۇنيانىڭ شاھى:

خانىقاھى فەقر سەندىن بارھا مەئمۇردۇر،
ئەي شەھى كەۋنەين مەمنۇن ئەيلەگىل كەلمىش گەدا.

— زەلىلى.

شەھى نامۋەر — داڭلىق، مەشھۇر شاھ.

شەھى نەۋجۇۋان — ياش پادىشاھ.

شەھى نۇكتەگوي — چوڭقۇر سۆزلىگۈچى، دانا شاھ.

شەھى نىكبەخت — بەختلىك، بەختىيار شاھ.

شەھى نىكخاھ — ياخشى نىيەتلىك، ساپ دىل شاھ:

بار ئېردىكى ھىندۇ دىياردا شاھ،
بىيىك رۇتبە تاپقان شەھى نىكخاھ.

— ئا. نىزارى.

شەھى ھۇشمەند — ھوشيار شاھ.

شەھادە [شهادە] (ئە) شاھىدلىق، گۇۋاھلىق.

شەھادەت [شهادەت] (ئە) گۇۋاھلىق:

فۇرۇغى مەشئەلى ۋەھدانىيەت ئەيلەپ ئەسەر تەنھا،
شەھادەت ئالەمىگە فەيز تولدى سەربەسەر تەنھا.

— زەلىلى.

شەھادەت مەيى — گۇۋاھلىق شارابى:

شەھادەت مەيىنى بىگىم نۇش ئېتىپ،
ئۆزىن شاد ئېتىپ، بىزنى خامۇش ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

شەھان [شهان] (پ) شاھلار، پادىشاھلار:

بەيان ئېتەي ھەمە ئۆمرۇم بەناسى ئان تارىخ،
مىڭ ئىككى يۈز ئۆتۈبان ھىجرەتى شەھان تارىخ.

— شەۋقى.

شەھەنشاھ [شهنشاه] (پ) شاھلار شاھى، پادىشاھلار پادىشاھى:

شەھەنشاھ ئانداغ ئېرۇر باشۇكوھ،
خەزايىن ئاڭا بار ئىدى كوھ - كوھ.

— ئا. نىزارى.

شەھەنشاھى جەلالەت — داغدۇغىلىق، ئۇلۇغ شاھ:

ئاتا قىلدى شەھەنشاھى جەلالەت،
ئاڭا بىر ئەختەرى بۇرجى كەرامەت.

— ناقىس.

شەھەنشاھى كەۋنەيىن — ئىككى دۇنيا شاھلىرىنىڭ شاھى:

زەھى شاھى لەۋلاك نۇرۇلھۇدا،
شەھەنشاھى كەۋنەيىن بەدرۇد دۇجا.

— ئا. نىزارى.

شەھەنشاھلىق [شهنشاه‌ليق] ئۇلۇغ شاھلىق:

بىرەۋگە بېرىپدۇر شەھەنشاھلىق،
شەھەنشاھلىق ئىچرە ئاگاھلىق.

— ئا. نىزارى.

شەھباز [شهباز] (پ) «شاھباز» غا قاراڭ:

سەيد بىپەرۋا يۈرۈرگەر شەھبازى بولماسا،
مەملەكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسا.

— زەلىلى.

شەھباز قىلماق — ئۇچماق:

مۇيەسسەر يوق ئىدى پەرۋاز قىلماق،
ئۆزىن ئەفلاك ئارا شەھباز قىلماق.

— ناقىس.

شەھبال [شهبال] (پ) چوڭ قانات:

چۇ شەھبال بولدى بۇ سۆزلەرغە شاد،
كۈلۈپ لەبز ئەيلەپ ھەمۇل خۇش نەھاد.

— ئا. نىزارى.

شەھپەر [شهپر] (پ) قۇش قانىتى، چوڭ قانات، قاناتتىكى ئەڭ ئۇزۇن تۈكلەر:

بارغالى ئەزم ئەيلەسەم، ئول جەننەت كويى سارى،
بولغۇسى شەھپەر خەيالى ئول بۇتى دىلبەر ماڭا.

— قەلەندەر.

شەھد [شهد] (ئە) 1) بال، ھەسەل:

لەئلىنىڭ بىر - بىر ھەدىسى شەھددەك شېرىن ئېرۇر،
ئارى - ئارى دائىما ئول بەرگىدىندۇر ئەنگۈسىن.

— نەۋايى.

2) شېرىنلىك، لەززەت؛ 3) شېرىن سۇ.

شەھدۇ شەكەر — ھەسەل ۋە شېكەر:

بىھىشتىم ئولدۇرۇر، جانا، ئەگەر ئالدىدا ئولتۇرسام،
نەچە شەھدۇ شەكەر سۆزلەر قىلىپ لەئلىڭنى كۈلدۈرسەم.

— قەلەندەر.

شەھد ئالۇد [شهدآلود] (ئە + پ) ھەسەل ئارىلاشقان، شېرىن.

شەھدرېز [شهدريز] (ئە + پ) ھەسەل تۆككۈچى.

شەھر [شهر] (پ) شەھەر:

سەرۋى رەۋاندەك چىقسە ئول شەھر ئىچرە غەۋغا بولغۇسى،
بىر غەمزىسىندىن ھەر زەمان يۈز فىتنە پەيدا بولغۇسى.

— ھاپىز خارەزمى.

شەھرى بەلخ — بەلخ شەھرى:

گۈلشەنى ئالەم ئىچىندە گۈلىستانىم شەھرى بەلخ،
گۈلىستانىم دېمەيىنكىم بوستانىم شەھرى بەلخ.

— قەلەندەر.

شەھرۇررەسۇل [شهرالرسول] (ئە) پەيغەمبەرنىڭ ئېيى:

مۇنى بىلگىل بۇ مەئنى بىرلە شەئبان شۇئبىدىن مۇشتەق،
ئانى شەھرۇررەسۇل دەرلەر رەجەبكە تەۋ ئامان كەلمىش.

— شەۋقى.

شەھرۇللاھ [شهرالله] (ئە) ئاللانىڭ ئېيى:

رەجەب تەئرىم مەئنى بىرلە شەھرۇللا ئەسەمدۇرلەر،
كىشى جەڭگۇ جېدەلنى ئېشتمەگەندىن ئەل ئەمان كەلمىش.

— شەۋقى.

شەھرىستان [شهرستان] (پ) شەھەر قورغىنىنىڭ ئىچى، شەھەر ئىچى:

ئېرۇر تەن مۈلكى شەھرىستانى ئەئزەم،
ئىچىدە يۈز تۈمەن دەريايى قۇلزەم.

— ناقىس.

شەھرىل مۇئمىنىن [شهرالمؤ منين] (ئە) مۆمىنلەرنىڭ ئېيى:

كۆرۈڭ بۇ ئىلتىپاتى ھەقنى مۇئمىنلەرگە سۇلتانىم،
ئىزافەت بىرلە شەھرىل مۇئمىنىن ئاندىن بەيان كەلمىش.

— شەۋقى.

شەھرىيار [شهريار] (پ) بۈيۈك پادىشاھ:

سەدرى سۇدۇرى فەقرى ئۆزە ئەيلەپ ئىدىلەر شەھرىيار،
سايەرەمىنگە سالمايىن بالۇپەر ھۇما ھۇنۇز.

— زەلىلى.

شەھزادە [شهزاده] (پ) شاھ ئوغلى:

چۇشەھزادە تورپاندا تاپتى قارار،
ھەمە خاندانلار بولدى پايدار.

— ئا. نىزارى.

شەھزادە كەۋنەيىن — ئىككى ئالەم شاھزادىسى:

ئەسھابۇ ئەۋلادى نەبى، شەھزادە كەۋنەيىن ئەلى،
جەننەت گۈلىنىڭ بۇلبۇلى قىلسام ئەنى سۆرمە قىراغ.

— شەۋقى.

شەھزادەئى خۇرشىد — گۈزەل شاھزادە:

بۇ سۆزگە بەيىينە بۇدۇركى بىر كۈن،
كى ئول شەھزادەئى خۇرشىد مەزمۇن.

— ناقىس.

شەھزادەئى بىدىل — ئاشىق، مەپتۇن شاھزادە:

بۇ تەرەپ شەھزادەئى بىدىل،
چۈن ۋۇقۇب ئانچە ئەيلەدى ھاسىل.

— نەۋايى.

شەھزادەئى مەئدەلەت شىئار — ئادالەتلىك، ئادالەتپەرۋەر شاھزادە.

شەھسۇۋار [شهسوار] (پ) 1) ئات مىنىشكە ئۇستا، چەۋەنداز:

ئافتابى ئاسمانى مەگرىفەت چەكمەس ئەلەم،
لامەكان سەر ھەددىدە بىر شەھسۇۋارى بولماسا.

— زەلىلى.

2) مەھبۇبە، سۆيگەن يار:

قىلمادىم جانىم فىدا ئالدىڭدا، ئەي سەرۋى رەۋان،
ئىچىمە قالدى نەدامەت، شەھسۇۋارىم بىلمەدىم.

— قەلەندەر.

شەھلا [شهلا] (پ) چوڭ قارا كۆز:

بۇ كۆڭۈل ئاشۇفتە يارنىڭ كۆزلەرى شەھلاسىغە،
نەھەدىم بار كىرگەلى ئىزدەپ ئانىڭ مەئۋاسىغە.

— موللا سالىھ.

شەھلىغ [شەلىغ] پادىشاھلىق:

سەئادەتتە مىھرى تولۇئ ئەيلەسۇن،
ئاغا شەھلىغ ھۆكمى تولۇئ ئەيلەسۇن.

— ئا. نىزارى.

شەھناز [شهناز] (پ) مۇزىكىدا بىر كۈينىڭ نامى.

شەھنە [شحنە] (ئە) قاراۋۇل باشلىقى، پاسىبان:

بىر تەرەفدىن شەھنە فەرياد ئەيلەدى،
فىتنەئى غەۋغايى بۇنياد ئەيلەدى.

— زەلىلى.

شەھنەتۇن ـ نەجەف — مەملىكەت پاسىبانى:

شايەد نەۋائى ئەيلەگەي ئول تۆھفەلەر بىلە،
تەرتىبى نەزم مەنقەبەتى شەھنە تۇن ـ نەجەف.

— نەۋايى.

شەھىنشان [شەنشان] (پ) شاھقا ئوخشاش، ئۇلۇغ.

شەھۋار [شهوار] (پ) بۈيۈك ۋە ئەلا:

كېلۇر ئېردى بۇ يولدا پادشەھۋار،
قولاقلارىندا ئېردى دۇررى شەھۋار.

— موللا پازىل.

شەھۋانى [شهوانى] (ئە) شەھۋەتكە ئائىت.

شەھۋەت [شهوت] (ئە) نەپس تىلىگەن نەرسە، نەپس ئىستىكى:

قىزىدى مەي ئوتىدىن چۈن دىماغى،
تولۇپ تاشتى چۇ شەھۋەتىنىڭ ئاياغى.

— ناقىس.

شەھۋەتى جەمائ — جىنسىي تەلەپ:

كىينەۋۇ كىبىرۇ قىلماغىل، شەرت قەلەندەرى بۇدۇر،
تەلبە زەلىلى تەرك ئېتىپ لەززەتى شەھۋەتى جەمائ.

— زەلىلى.

شەھۋەتپەرەست [شهوت پرست] (ئە + پ) جىنسىي تەلەپكە قاتتىق بېرىلگەن.

شەھىد [شهيد] (ئە) دىن، مەزھەب ياكى ۋەتەن، ھەققانىيەت يولىدا جېنىنى پىدا قىلغان كىشى، قۇربان:

كۆپ ئېرمىش شەھىد قانىنىڭ ھۆرمىتى،
خۇدا نەزدىدە سۇرخ ئېرمىش بەتى.

— ئا. نىزارى.

شەھىد ئەيلەمەك — قۇربان، پىدا قىلماق:

بۇزۇپ نىيەتىن جاھىلى بىۋەپا،
شەھىد ئەيلەدى ئول سەگى بىھەيا.

— ئا. نىزارى.

شەھىد قىلماق — ئۆلتۈرمەك:

خىلافەت تالىشىپ چۇ ئال يەزىد،
بىرىن كەر بەلادا قىلىبدۇر شەھىد.

— ئا. نىزارى.

شەھىد ئولماق — قۇربان، پىدا بولماق:

شەھىد ئولسە كىم ئۆلمەگەن ھۆكمىدە،
ھەيات ئولغۇسى ئول خۇدا نەزدىدە.

— ئا. نىزارى.

شەھىدى ئىشق — ئىشق ـ مۇھەببەت قۇربانى:

ئۆزىن ئۆلتۈردى ئاشىق ئىشق بىرلە،
شەھىدى ئىشق ئېرۇر ئىشق ئىچرە غازى.

— ھاپىز خارەزمى.

شەھىدان [شهيدان] (ئە + پ) شەھىدلەر:

فەردايى قىيامەتدە كۆرۈڭ بارچە شەھىدان،
غەيرەتىدىن ئېتەر چاك گىرىبان كەفەنى شوخ.

— زەلىلى.

شەۋاھىد [شواهد] (ئە) گۇۋاھلار، ھۆججەتلەر.

شەۋق [شوق] (ئە) زور ئىستەك، ئۆتكۈر خاھىش، ئىشتىياق:

ئانىڭ كەيفىدە جان بىرەي شەۋق ئىلە،
بولاي ۋەسل چۈن ئاندا مەئشۇق ئىلە.

— ئا. نىزارى.

شەۋقۇ نىياز ئەھلى — ئاشىقلار، موھتاجلار.

شەۋقى ۋەسل — يارغا يېتىشىش ئارزۇسى.

شەۋق ئەنگىز [شـوق انگيـز] (ئـە + پ) قاتتىق ئارزۇ ـ ھەۋەس ئويغاتقۇچى؛ كۆڭۈلگە مۇھەببەت ۋە ئىشتىياق سالغۇچى:

ساقىيا، تۇت قەدەھنى شەۋق ئەڭگىز،
سۇ كەبى سافۇ ئوت يەڭلىغ تىز.

— نەۋايى.

شەۋق ناك [شوق ناك] (ئە + پ) شەۋقلىق، خۇرسەن.

شەۋقى [شوقى] كلاسسىك ئۇيغۇر شائىرى (18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن) مۇھەممەد رەسۇلنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى:
تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ دەپ يولۇڭغە كىردىلەر شەۋقى،
ئۈمىد ئەتكەچ ۋىسالىڭ خىلۋىتىدىن ئۆزنى ئەيلەپ.

— شەۋقى.

شەۋكەت [شوكت] (ئە) كاتتا ئابرۇي، ھۆرمەت، شان ـ شۆھرەت؛ سەلتەنەت:
بۇلار شەۋكەتى پادشاھلىق بىلە،
زىيارەت قىلىپمەن گەدالىق بىلە.

— ئا. نىزارى.

شەۋۋال [شوال] (ئە) ھىجرىيە كالېندارىدا 10 ـ ئاي:
ئەشەلتۇل كەلبە ئەي ئەرسەلتەدىن مۇشتەق ئىرۇر شەۋۋال،
«قەبائىلۇل ئەرەب فىھى تەشۇلۇ تەبرىھان» كەلمىش.

— شەۋقى.

شەئبان[شعبان] (ئە) قەمەرىيە يىل ھېسابىدا 8 ـ ئاي نامى:
مۇنى بىلگىل بۇ مەئنى بىرلەن شەئبان شۆئبىدىن مۇشتەق،
ئانى شەھرۇر رەسۇل دەرلەر رەجەبگە تەۋ ئامان كەلمىش.

— شەۋقى.

شەئبەدە [شعبده] (ئە) نەيرەڭ، ھىيلە، ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق:
گۈلزارى دەھر شەئبەدەسىن كۆيى ئاڭلامىش،
ئىچىندە زەئفەراندىن ئىمەس غۇنچە كۈلگۈسى.

— نەۋايى.

شەئشەئە [شعشعه] (ئە) شولا، نۇر، يورۇقلۇق، قۇياش شولىسى، ئاپتاپ:
ھەلقەزۇلق ياردىن شۆئلە نۇر ئىرۇر بىلىڭ،
تۈن كېچەلەردە يارۇغان شەئشەئە ئەچراغ ئەمەس.

— زەلىلى.

شەئشەئەئى جەمال — نۇرلۇق جامال، نۇرلۇق چىراي:
خارەتى كۇفردىن ئىبتەر كەۋكەبۇ جەلال ئىشق،
پەردە كۆتەرمەيىن دەغى شەئشەئى جەمال ئىشق.

— زەلىلى.

شەئن [شأن] (ئە) يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت، قەدىر ـ قىممەت، ئىززەت ـ ئابرۇي؛ شەرەپ؛ داڭق، شۆھرەت:
ۋەھ، غەلەت قىلدىم تەكەللۇم دە سىنىڭ شەئنىڭدەكىم،
فەيز سەندىن فەيزدۇر، ھال ئولسە ھەم سەن بىرلە ھال.

— ناقىس.

شەياتىن [شياطين] (ئە) 1) شەيتانلار، ئىبلىسلەر:
رىكابىڭدا مەلائىك خەيلىدىن ھەر سارى يۈزمىڭ سەف،
سالىپ ھەر سەف شەياتىن مۈلكىگە تاراج ئىلە يەغما.

— شەۋقى.

2) يولدىن ئازدۇرغۇچىلار:
بىرەۋ ھەققىدە بولماغىل بەدگۇمان،
شەياتىن بىلە بولماغىل تەۋ ئامان.

— ئا. نىزارى.

شەيب [شيب] (ئە) چاچ ـ ساقال ئاقىرىش، قېرىلىق؛ مويسىپىتلىك:
ئەي نەۋايى، سەندەك ئەتكەن زايىئ ئەييامى شەباب،
سۇردى يوق ئەنجۇم كەبى ئەشكى نەدامەت شامى شەيب.

— نەۋايى.

شەيبال [شيبال] (ئە) يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردە.

شەيبە [شيبه] (ئە) قېرىلىق، ياشانغانلىق.

شەيتان [شيطان] (ئە) شەيتان، مەككار، ھىيلىگەر، يولدىن ئازدۇرغۇچى:
بۇ لەندىنىڭ فىغانى مىسلى شەيتانىڭكى ۋەسۋاسى،
ئۆزى مامەندى خەنناسى ھەمە ئىللەتدە سەنناسى.

— موللا نىياز.

شەيتان پەرەست [شيطان پرست] (ئە + پ) شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگۈچى، ئازغۇن:
ئۇ شول ھەيىن ئارا ئېردى يەزدان پەرەست،
خەلايىق ئىدى بارچە شەيتان پەرەست.

— ئا. نىزارى.

شەيتانۋەش [شيطان وش] (ئە + پ) شەيتان كەبى، شەيتانغا ئوخشاش، شەيتاندەك:
ئۆز يولىدا تەگرى تۇتسۇن ئەلنى دۇشمەندىن يىراق،
شەھ قاشىدە كىمكى شەيتانۋەشدۇرۇر ئاندىن يىراق.

— نەۋايى.

شەيخ [شيخ] (ئە) 1) قېرى، مويسىپىت:
دېدى شەيخ «بۇ پاك ئاشىق ئىكەن،
ھەقىقەت ھەرىسگە سادىق ئىكەن.»

— ئا. نىزارى.

2) تەسەۋۋۇف يولىنىڭ باشلىقى؛ مازار باققۇچى؛ شەيخ:
جىلۋەگەر ئول تەب ھىلالى كۆرگەچ ئوق باش ئىندۇرۇڭ،
كەئبەدە گەر سەيرگاھدۇر شەيخ مىھراب ئاززۇ.

— ئەرشى.

شەيخ چالاك — تېتىك، چاققان شەيخ؛ كېلىشكەن شەيخ:
بۇ بىچارە تەخى سۆزدە ئىدى پاك،
قاراپ قالدى يۈزىگە شەيخ چالاك.

— موللا پازىل.

شەيخۇ شاب — قېرى - ياش، ھەممە:

غەزەپ بىرلە چىقىپدۇرسەن، قەلەندەر قورقادۇر بىھەد،
ئەجەب گۈلگۈن قەبانى قەتل شەيخۇشاب ئەيلەرسەن.

— قەلەندەر.

شەيخۇل ئىسلام — ئىسلام دىنىدا ئەڭ يۇقىرى مەرتەۋە:

پەقىر ئىلىم ئەھلىدىن ياخشى كۆرەر، بۇ تۇرفە جاھىلنى،
كى قىلدى شەيخۇل ئىسلامكىم ئىبادەت ئىچرە كاھىلنى.

— موللا نىياز.

شەيخى زەمان — زامان شەيخى:

سۈلۈكى پەقىر ئارا دەرۋىشلەرنىڭ خاكى راھى بول،
تەمەننا قىلمە خۇدبىنلەر ئارا شەيخى زەمانلىقنى.

— ناقىس.

شەيخان [شيخان] (پ) شەيخلەر:

شەيخان رىيايىكى سەھەر خىز ئېرۇر،
مىسۋاك ئىلە دەندان تەمەئ تىز ئېرۇر.

— زەلىلى.

شەيخزادە [شيخ زاده] (ئە + پ) شەيخ ئەۋلادى، شەيخ پەرزەنتى.

شەيخ مانەند [شيخ مانند] (ئە + پ) شەيخقە ئوخشاش، شەيخدەك:

ھادى قىلىبان نەچە خىرەد مەند،
ئەفسانە گۇزارۇ شەيخ مانەند.

— نەۋايى.

شەيخۇخەت [شيخوخت] (ئە) قېرىلىق.

شەيدا [شيدا] (پ) ئاشىق، مەپتۇن:

ئەگەر ئول گۈل گۈزەر قىلسە چەمەن سارى، بولۇرگۈللار،
بىرى مەستۇ برى بىخۇد، بىرى ۋالە، بىرى شەيدا.

— ئەرشى.

شەيدا ئەيلىمەك — ئاشىق، گىرىپتار، مەپتۇن قىلماق:

كەلمەسەڭ ئۆزۈڭ ئەگەر تۇشۇمدە ھەم كۆرسەم يېتەر،
ئەيلەمە ئەي بىۋەفا، بۇ قۇلنى شەيدا بۇ كېچە.

— قەلەندەر.

شەيدا بولماق — ئاشىق، گىرىپتار، مەپتۇن، دىۋانە بولماق:

دەرەختىنىڭ ئۈستۈنىدىن بولدى پەيدا،
دېدىم: «بولدى ئەجەب جانىمغە شەيدا.»

— ناقىس.

شەيدا قىلماق — «شەيدا ئەيلىمەك» كە قاراڭ:

تا جەمالىڭنى جەھاندا ئاشكارا قىلدىلار،
جۇملە ئالەمنى ساڭا جان بىرلە شەيدا قىلدىلار.

— ھاپىز خارەزمى.

شەيدايى [شيدايى] (پ) شەيدا بولغان، گىرىپتار، مەپتۇن:

ساقى، تۇت قەدەھى مىنايى،
كى ئۆلۈس ئەقلى نېتەر شەيدايى.

— نەۋايى.

شەيئ [شيء] (ئە) بىرەر نەرسە.

شەيئۇللاھ [شيء الله] (ئە) خۇدانىڭ نەرسىسى:

شەيئۇللاھ چەكتىلەر مەردانى ھەق،
فەيزگە پۇر بولدى تا ھەفتەم تەبەق.

— زەلىلى.

شوخ [شوخ] (پ) 1) شوخ، ئويناق، چاققان:

ئەگەر ئول شوخلاركىم كەلسە ھەرياندىن خىرام ئەيلەر،
ئېرۇر بۇ لەشكەرى كافىر ۋەيا جەمئى بەلادەرلەر.

— ئەرشى.

2) گۈزەل، گۈزەل مەھبۇبە، سۆيگەن يار:

نېتەيكى يولىدا ئول شوخ زار قىلدى مېنى،
بۇزار بىرلەر گەھى يوقۇبار قىلدى مېنى.

— خۇشھال غەرىبى.

شوخ تەنناز — نازىنىن، خۇش چاقچاق، كېلىشكەن يار:

ساڭا بېرىپ كۆڭۈل ئەي شوخ تەنناز،
شاد ئېردىم دەھر ئارا ناشاد بولدۇم.

— قەلەندەر.

شوخ سىيمىنبەر — ئاق بەدەنلىك گۈزەل:

نې قىلىپدۇرمەن دىگىل ئەي شوخ سىيمىنبەر ساڭا،
قۇلۇڭغا باردۇر مېنىڭ قەتلىم ئۈچۈن خەنجەر ساڭا.

— قەلەندەر.

شوخى پەرىزاد — گۈزەل پەرىزات، پەرىزاتتەك گۈزەل يار:

سېنىڭ قايسى سىفاتىڭنى دەي ئەي، شوخى پەرىزادىم،
جەھاننىڭ مەھۋەشى مەئمۇر سەنسەن بارچىگە ئامىر.

— قەلەندەر.

شوخى تەرسا — غەيرىي دىندىكى گۈزەل، جوھۇت قىزى:

شوخى تەرسا سۆز بۇ نەۋئ ئەتتى بەيان،
كىم شەراڤەتدىن بەرى بولدى ئەيان.

— نەۋايى.

شوخى جادۇ — گۈزەل سۆيۈملۈك.

شوخى خۇدراي — ئۆز بىلەرمەن، ئۆجەريار.

شوخى دىلفىرىپ — يولدىن ئازدۇرىدىغان، ئۆزىگە تارتىدىغان گۈزەل.

شوخى ستەمكار — باغرى تاش، تاش يۈرەك گۈزەل:

مەن ۋەفا ئەھلى دۇرۇرمەن بىر ۋەفادار ئىستەسەم،
يوق سىنىڭدەك بىۋەفا شوخى سىتەمكار ئىستەسەم.

— قەلەندەر.

شوخى سىيمتەن — كۈمۈش بەدەن گۈزەل:

بىر سىنىڭدەك كۆرمەدىم ئالەمدە شوخى سىيمتەن،
سەرۋ بويلۇق، گۇل مەڭىزلىك شىرىنۇ نازۇك بەدەن.

— قەلەندەر.

شوخى شەكەرخەند — چىرايلىق ۋە نازلىنىپ كۈلگۈچى؛ گۈزەل سۆيۈملۈك.

شوخى شىرىن زەبان — شېرىن سۆزلۈك جانان، سۆزى تاتلىق مەھبۇبە.

شوخى قاراقاش — قاراقاش گۈزەل:

ئىشقىڭدە كېتەر باشىم، لەئلىڭ غەمى يولداشىم،
ئول شوخى قارا قاشىم مەندىن نەگۇمان ئەتمىش.

— ۋەفائى.

شوخى شىرىنگو — شېرىن سۆز گۈزەل.

شوخى مەرغۇب — گۈزەل، يېقىملىق يار.

شوخانەچە [شوخانچە] (پ) چىرايلىق، گۈزەل، كىلىشكەن.

سالدى باشىغە ئۇلۇغ فىتنەلەر ئەل قەتلى ئۈچۈن،
گەرچى شوخانەچە پېچىلڭ كۆرىنۇر ئىسىرۇ كىچىك.

— نەۋايى.

شوخ تەبئ [شوخ طبع] (پ + ئە) ھازىر جاۋاب، زېرەك.

شوخ تەبئلىغ [شوخ طبع ليغ] مىجەزى ئوچۇق، خۇشخۇي.

شوخ زېھنلىك [شوخ ذهن ليك] زېھنى ئۆتكۈر، قابىلىيەتلىك.

شوخگىن [شوخ گين] (پ) چاقچاقچى، خۇشخۇي، شوخ.

شوخ شەڭ [شوخ شنگ] (پ) جەزبىلىك، خۇش چاقچاق، جىلۋىلىك:

ئىيتىپ دەير بۇنياد ئۈچۈن بادە نۇش،
ئاڭا كىردى ئول مۇغبەچە شوخ شەڭ.

— خۇشھال غەرىبى.

شور I [شور] (پ) تۇزلۇق يەر، تۇزلۇق، ئاچچىق.

شور II [شور] (پ) غەلۋە، غوۋغا، چۇقان، توپىلاڭ:

نەۋايى زەئفى غالىب ئېردى بۇ كۇي ئىچرە ئول ئاقشام،
ئەگەر ئۆلمەيدۇرۇر، نە ئېردى ئىتلار شورۇغەۋغاسى.

— نەۋايى.

شورۇ شەئەب — چۇقان - سۈرەن، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، پاراكەندىچىلىك، قالايمىقانچىلىق، توپىلاڭ:

خۇداۋەندە بۇ سۆزگە قىلدى غەزىب،
كى دەريا ئارا تۇشتى شورۇ شەئەب.

— ئا. نىزارى.

شورشەر — توپىلاڭ، پاتىپاراقچىلىق، پاراكەندىلىك:

بەرگەسەن، يارەب، بارى ئەلنىڭ مۇرادى مەقسەدىن،
دىن ئېلىگە قىلماغىل دۇنيادا شورۇ شەر نەسىب.

— قەلەندەر.

شورۇ شەغەب بۇنياد قىلماق — پىتنە - پاسات قىلماق، غوۋغا چىقارماق.

شورۇ شەيىن — شاۋقۇن - سۈرەن، توپىلاڭ.

شورابە [شورابه] (پ) كۆز يېشى.

شورە [شوره] (پ) شور يەر، شور يەردە ئۆسىدىغان ئوت:

گۈلشەن ئىچرە چۇن بۇتەرگۇل، شور يەردىن شورە زار،
غەيرى غەرد ئەھلى نە بولغاي ئالەمى غەددار ئارا.

— نەۋايى.

شورەزار [شورەزار] (پ) شورلىشىپ كەتكەن يەر.

شورئەفگەن [شورافگن] (پ) غوۋغا چىقارغۇچى، توپىلاڭ قىلغۇچى، پاراكەندىچىلىك سالغۇچى.

شورەپۇشت [شورەپشت] (پ) شورلاشقان، ئېگىز - پەس.

شوربەخت [شوربخت] (پ) بەختسىز، بەختى قارا.

شورىدە [شوريده] (پ) پەرىشان، گاڭگىرىغان، پاراكەندە؛ ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان:

بۇلبۇلى شورىدە قايدىن كەسب ئېتەر ئېردى نەۋا،
گەر بۇ شورىش ئىلە كۆڭلۈم ئۆيى ۋەيران بولماسا.

— ئەرشى.

شورىدە بۇلبۇل — پاراكەندە، پەرىشان بولبۇل:

جەھان ئەھلىغە قوي بۇ فانى دەۋران ماجەراسىنى،
ئەمەل قىل ئاڭلا بۇ شورىدە بۇلبۇلنىڭ نەۋاسىنى.

— موللا نىياز.

شورىدە ھال — پەرىشان ھالەت، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئەھۋال:

كۆرۈپ شەيخنى شاھ شىرىدە ھال،
مەھابەتلەرىدىن بولۇپ ئەقلى لال.

— ئا. نىزارى.

شورىش [شورش] (پ) غوۋغا، توپىلاڭ، ئىسيان؛ ھاياجان:

كۆڭلۈمە شورىش دەمادەم كەلتۇرۇر ئېرمەس ئەجەب،
خەتلەرىڭ يادىدا قوزغالماق خەيالى مۇرنىڭ.

— موللا پازىل.

شورىشى ئىشق — ئىشق غوۋغاسى:

سىرشت ئولسە چۇ بىزگە شورىشى ئىشق،
نىچۈك قىلغايمىز ئاندىن ماجەرا بەس.

— ئەرشى.

شول [شول] شۇ (كۆرسىتىش ئالماش):
دۇئا قىلدى شول ئەسنادا بۇ لەيلى،
ئۆرۈق - تۇغقان يىغىلدى بارچە خەيلى.

— موللا پازىل.

شوينى [شوينى] شوينا:
دېدى: «ئوغلۇڭ بەنى ئوزرا ئىلىندە،
كىيىپ ئەسكى چاپان، شوينى بىلىندە».

— موللا پازىل.

شۇئائ [شعاع] (ئە) نۇر:
نەزات نۇرى ئېرۇر سەنكى فىكرى شۇئەلى،
شۇئائىڭغا نەزەر ئەتكەچ قوياشقە بولمىش تەڭ.

— ناقىس.

شۇئائى بەرق — چاقماق، چېقىن نۇرى:
شۇئائى بەرق ئىلە بىر كۆردۇڭ شۇئلەئى بەردرىن،
مۇزەھھەب خىشت ئىلە قىلماي تەفاۋۇت ھارەئى شۇدرىن.

-- موللا نىياز.

شۇئەب [شعب] (ئە) شۆبىلەر، تارماقلار، بۆلۈملەر.

شۇئەرا [شعرا] (ئە) شائىرلار:

شۇبان [شبان] (پ) پادىچى، قويچى، چوپان:
ئالى قاچتى ئەشيالىرىم كارۋان،
كى قويىنى شۇبان، تىۋەنى ساربان.

— ئا. نىزارى.

شۇبانى چارە ئەندىش — چارە ئىزدىگۈچى چوپان:
سەھرادە قالىپ غەرىبۇ بىخىش،
ھەيرەتدە شۇبانى چارە ئەندىش.

— نەۋايى.

شۇبھە [شبهه] (ئە) شەك، گۇمان:

شۇتۇر [شتر] (پ) تۆگە:
قويىنى قويچىيۇ شۇ تۇرنى ساربان.
ئۆي سامانلىقنى تونۇر، ئىت ئۇستىخان.

— زەلىلى.

شۇتۇرمادە [شترماده] (پ) چىشى تۆگە، قايمال، ھىڭگان.

شۇتۇرمۇرغ [شترمرغ] (پ) تۆگە قۇش.

شۇجائ [شجاع] (ئە) باتۇر، قورقماس، يۈرەكلىك:
باش ئالىپ كېتەرگە قىلىبان شۇجائ،
سەمەرقەند دىيارىغە قىلدىم ۋىدائ.

— ئا. نىزارى.

شۇجائ قىلماق — باتۇرلۇق قىلماق، جۈرئەت قىلماق:
بۇ ساھىب كەرەمدىن قىلىبان ۋىدائ،
يەنە گەشت قىلماققە قىلدىم شۇجائ.

— ئا. نىزارى.

شۇجائەت [شجاعت] (ئە) باتۇرلۇق، دادىللىق، جاسارەت:
شۇجائەت شەۋقى، ھىممەت بولدى يارى،
سەخاۋەت بىرلە شەفقەت كارى بارى.

— موللا پازىل.

شۇجائەت قىلماق — باتۇرلۇق قىلماق:
قىيامەتدە قولداپ شەفائەت قىلۇر،
شەفائەت قىلۇرغە شۇجائەت قىلۇر.

— ئا. نىزارى.

شۇدرۇن [شودرون] (پ) شەبنەم، قىرو، نەم:
شۇئائى بەرق ئىلە بىر كۆردۇڭ شۇئلەئى بەدرىن،
مۇزەھھەب خىشت ئىلە قىلماي تەفاۋۇت ھارەئى شۇدرۇن.

— موللا نىياز.

شۇرب [شرب] (ئە) 1) ئىچىش، ئىچمەك:
نەكۇندۇز شەرتدۇر مەي ئىچكەلى شۇربى مۇدامىمدىن،
قەدەھ تۇت ساقىئى سىيمىن بەدەنكىم ماھتاب ئەيلەپ.

— زەلىلى.

2) نېسىۋە، ئۈلۈش:
ئىچەر جامى ئەجەلدىن شۇربى «كۇللۇمەن ئەلەيھافان»
بۇ مەينى نۇش ئېتەر چاغ ئاخۇنۇم يەتمىشكە يۈز تۇتقان.

— موللا نىياز.

شۇرب قىلماق — ئىچمەك:
نەتەفاۋۇت شۇرب قىلسە دۇرد ياخۇد سافىن،
دۇردكەشكىم ئىشق ئارا سانى قىلىبتۇر مەشرەبىن.

— نەۋايى.

شۇرتە [شرطه] (ئە) شامال، دەريا شامىلى.

شۇرھە [شرحه] (ئە) ئىزتىراپلار، غۇلغۇلىلار.

شۇرۇت [شروط] (ئە) شەرتلەر.

شۇرۇر [شرور] (ئە) ياۋۇزلۇقلار، يامانلىقلار، ناچارلىقلار.

شۇرۇئ [شروع] (ئە) باشلاش، ئىشقا كىرىشىش:
خۇدا تەۋفىق ئىلە نە ئىستىگە شەۋقى،
شۇرۇئ قىلمىش نەھەد ئىسلا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

شۇرۇئ ئەيلەمەك — «شۇرۇئ قىلماق» قا قاراڭ:
خۇدا ئىسمى بىرلە شۇرۇئ ئەيلەدىم،
نەچە ئەمرلەرنى ۋۇقۇئ ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى.

شۇرۇئ قىلماق — باشلىماق، كىرىشمەك:

چۈ كەلتۈردۈڭ بۇ سۆزلەرنى بەيانغە،
بولۇپ فارىغ شۇرۇئ قىل داستانغە.

— ناقىس.

شۇرۇھ [شروح] (ئە) شەرھلەر، يەشمىلەر، ئىزاھلار:

ئەي مۇدەررىس، ئىشق سىررى دەفتەرى بىر نۇكتەدۇر،
گەرچى مىڭدىن بىر يازىلمايدۇر يازىب يۈزمىڭ شۇرۇھ.

— نەۋايى.

شۇستۇشۇ [شست شو] (پ) يۇيۇنۇش، تارىنىش:

سەگ رەقىبنى قانچە باقساڭ كۆرمەس ئادەم سانىدا،
ئاقارارمۇ گەر قارا كىگىزنى قىلساڭ شوستۇشۇ.

— قەلەندەر.

شۇشە [شوشه] (پ) سۇ ئاقىدىغان نوكەش، ئېرىقچە؛ چوكا مۇز.

شۇغل [شغل] (ئە) ئىش، خىزمەت، ۋەزىپە، مەشغۇللۇق:

ئۆمىرى دۇنيەۋى شۇغلىن كۆرۈپ ئەلنى دىمە ھۇشيار،
كى جۇش ئەيلەر ئۇلار مەغزىدە ھىرسۇئار ئىلە مەئجۇن.

— ناقىس.

شۇغل قىلماق — شۇغۇللانماق، مەشغۇل بولماق، ئىش - خىزمەت بىلەن بولماق:

مەنى قىلدى شاگىردلىككە قەبۇل،
ئانىڭ خىزمەتىگە قىلىپمەن شۇغۇل.

— ئا. نىزارى.

شۇققە [شقه] (ئە) 1) بايراق ياغىچىنىڭ ئۇستىگە باغلاپ قويۇلىدىغان لاتا، پۆپۈك:

ئەلەم شۇققەسى دەغى جىنسى فەرەڭ،
ھەم ئۇل بارچە زەربافتۇ ھەم يەتتى رەڭ.

— نەۋايى.

2) پەردە.

شۇكر [شكر] (ئە) مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، رەھمەت، تەشەككۇر، شۇكۇر:

شۇكر، كۆردۈم سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭنى،
ئىشىتتىم مەن سېنىڭ شېرىن سۆزۈڭنى.

— موللا پازىل.

شۇكرى قىلماق — رەھمەت ئېيتماق، شۇكۇر قىلماق:

دەۋلەتى ئۇزما ئىكەن ۋەسلىڭ، نىگارىم، بىلمەدىم،
ۋەسلىڭگە شۇكر ئەتمەدىم، ئەي گۇلئۇزارىم، بىلمەدىم.

— قەلەندەر.

شۇكرى قىلماق — «شۇكرى ئەتمەك» كە قاراڭ:

شۇكرى قىلدىلەر كۆرۈبان مۇستەفا،
ئەنبىيالەر سەرۋەرى سىدقۇس سەفا.

— زەلىلى.

شۇكرانە [شكرانه] (ئە + پ) شۇكۇر ئېيتىش، مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىش:

كېلىپ شۇكرانە قىلدى خۇداغە،
قويۇپ يۈز ئاستانى كىبرىياغە.

— ناقىس.

شۇكرىللاھ [شكرلله] (ئە) خۇداغا شۇكۇر:

كۆلمۇسۇپ ئاچتى جەمالىن بىر كۈن ئۇل ماھ ئۆزگەچە،
دەرمەن ئۆز ھالىمغە بۇدەم، شۇكرىللاھ ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

شۇكۇرچى [شوكورچى] پادىشاھنىڭ سايىۋەن تۇتقۇچىسى.

شۇكۇفە [شكوفه] (پ) گۇل، چېچەك، غۇنچە، پورەك:

قان يىغلادى چۇن لالە گۇلگۇن شۇكۇفە ئەيلەپ،
دەرد - ئەلەم گۇلىدىن كۆڭلۈمدە داغ غۇربەت.

— زەلىلى.

شۇكۇفت [شكفت] (پ) ئېچىلغان، ياشنىغان.

شۇكۇفتەدىل [شكفتەدل] (پ) ئوچۇق كۆڭۈل.

شۇكۇفتەۋەرد [شكفتەۋرد] (پ) ئېچىلغان گۇل.

شۇكۇھ [شكوه] (پ) 1) ئۇلۇغۋارلىق، پەخىرلىنىش.

2) شان - شۆھرەت، سۆلەت:

ئۈمىد ئولكى ئەئداغە سالغاي شىكەست،
شۇكۇھىنى قىلغاي قارا يەرگە پەست.

— نەۋايى.

3) كۆركەملىك، ھەيۋەتلىكلىك.

شۇكۇھ ئەتمەك — پەخىرلەنمەك، مەغرۇرلانماق.

شۇم [شوم] (ئە) نىيىتى بۇزۇق، يامان، يارىماس، شۇم:

سالىپ بۇ بەلاغە سېنى نەفس شۇم،
قىلىپ باشغە نەفس ھەۋايىڭ ھۇجۇم.

— ئا. نىزارى.

2) بىتەلەي، بەختسىز:

قىسمەت تەقدىرىغە چېچەك كەلدى باھانە قىلدىلار،
شۇم بىشەرم قۇلىغىنە يۈزىنى قارە قىلدىلار،
رەڭگى رويلارىن بۇزۇپ پارە - پارە قىلدىلار،
ئۆچتىلار، بەھرى ئەزرائىل ئالدى، شىكارە قىلدىلار،
تاپشۇرۇبانكى جانلارىن سىرگەتمە مۇنتەھا چېچەك.

— موللا سالىھ.

شۇمار [شمار] (پ) ساناق، ھېساب:

كىم ئول شەيخ سەئدى مۇھەببەت شىئار،
تەرىقەت مەئابى ھەقىقەت شۇمار.

— ئا. نىزارى.

شۇمارە [شماره] (پ) «شومار» غا قاراڭ.

شۇم بەخت [شوم بخت] (پ) بەتبەخت بەختى قارا.

شۇمداغ [شومداغ] شۇنداق:

خۇدايا لەيلىنى كۆرمەي كىنەرمەن،
بۇ ئەلەمدىن تەخى شۇمداغ كېتەرمەن.

— موللا پازىل.

شۇملۇق [شوملوق] بۇزۇق پېئىللىق، بېخىللىق:

دىن ـ دىيانەتدە قالماغاچ خۇبلۇق،
يەتتى بولغاي جەھانغا چۇن شۇملۇق.

— موللا قۇربان.

شۇمۇل [شمول] (ئە) ئورىۋېلىش، ئۆز ئىچىگە ئېلىش، جايلىشىش:

ئەگەر خۇد بۇنەۋ ئەيلەمەسسەن قەبۇل،
نە يەڭلىغكى كۆڭلۈگە ئەيلەر شۇمۇل.

— نەۋايى.

شۆھرەت [شهرت] (ئە) مەشھۇرلۇق، مەلۇملۇق؛ داڭق، شۆھرەت:

ئاتىدۇر «بەھرەۋەر» خۇرشىد سۈرەت،
چىرايلىقلىق بىلە ئالەمگە شۆھرەت.

— ناقىس.

شۆھرەت تاپماق — مەشھۇر بولماق، داڭق چىقارماق:

كۆرمە ئۆزدىن كەم قوتۇر ئىت بولسەھەم، دەرۋىشى سەن،
تاپتى شۆھرەت بىرنەچە ھەيۋانمۇ خارىقلار بىلە.

— ناقىس.

شۇئبە [شعبه] (ئە) تارماق، بۆلۈم، پۇتاق؛ تائىپە، گۇرۇھ:

تۇغۇلمىشدۇر مۇھەببەت ھەق سارىغە شۇئبە ئىماندىن،
تەلەبدىن قالماساڭ ئىخلاس ئىلە بۆزنكرىدىن ھەرگىز.

— شەۋقى.

شۇئبەدە [شعبده] (ئە) ئويۇن، نەيرەڭ:

بىۋەفا ئالەم ئۇچۇن چەكمە بەلا ئەي ئاقىل،
دىل بېرىپ جاھ تىلەپ شۇئبەدە بۇ دۇنياغە.

— ناقىس.

شۇئبەدەباز [شعبدهباز] (ئە + پ) مەسخىرىۋاز، نەيرەڭۋاز، سېھىر قىلغۇچى:

بۇ كېچەكىم سىپىھرى شۇئبەدە باز،
ئالەم ئەھلىغە بولدى شۇئبەدە ساز.

— نەۋايى.

شۇئبەدەساز [شعبدهساز] (ئە + پ) سېھىر بىلەن كۆڭۈلنى ھاياجانلاندۇرغۇچى.

شۇئبەدەفەن [شعبدهفن] (ئە + پ) نەيرەڭگە ئۇستا.

شۇئبەدەگەر [شعبدهگر] (ئە + پ) ھەرخىل ئويۇن كۆرسەتكۈچى.

شۆئلە [شعله] (ئە) نۇر، يالقۇن، ئوت، شولا:

نە ئۆچمەس ئوت ئېرۇر بىر شۆئلە ئۇرغان.
نە بىر سەيياد ئىدى ئو دام قۇرغان.

— موللا پازىل.

شۆئلە ئۇرماق — نۇرلانماق، يالقۇنلانماق، ئوت ئالماق:

نىھان ئېردى كۆڭلىمدە ئەسرارى ئىشق،
كى شۆئلە ئۇرۇپ ئاغزىدىن نارى ئىشق.

— ئا. نىزارى.

شۆئلەئى جانفۇدۇز — كۆڭۈلنى يورۇتقۇچى نۇر.
شۆئلەئى چىراغ — چىراغ نۇرى، يورۇقلۇق.
شۆئلەئى رۇخسار — يۈز، چىراي نۇرى.
شۆئلەئى سۇزناك — ئوتلۇق شولا.
شۆئلەئى گېتىفۇروز — دۇنيانى يورۇتقۇچى نۇر.
شۆئلەئى فىراق — پىراق، ئايرىلىش ئوتى.
شۆئلەئى شەۋق — كۈچلۈك سۆيگۈ، ئىشق ئوتى.
شۆئلەئى نار — ئوتلۇق، ئىسسىق شولا.

شۆئلەئاسا [شعلهآسا] (ئە + پ) پارقىراق، يالتىرىغان.

شۆئلەئەفگەن [شعلهافگن] (ئە + پ) قىزىتقۇچى، يورۇتقۇچى.

شۆئلەئەنگىز [شعلهانگیز] (ئە + پ) نۇرلاندۇرغۇچى، يالقۇنلاتقۇچى:

دېدى قاي دەرد ئوتىدىن شۆئلە ئەنگىز،
دەمىڭ قىلغاي ئوتۇمنىڭ شۆئلەسىن تېز.

— نەۋايى.

شۆئلەپەرۋەر [شعلهپرور] (ئە + پ) ئوتلۇق، يالقۇنلۇق، ئوت ئېلىشقا باشلىغان تۇتۇن.

شۆئلەپەيۋەست [شعله پیوست] (ئە + پ) شولىلىق، يالقۇنلۇق.

شۆئلەزەن [شعلهزن] (ئە + پ) يالقۇنلاتقۇچى، نۇرلاندۇرغۇچى:

چۇ شىرىن سۆزىدە بولۇپ شۆئلەزەن،
ۋۇجۇدىنى پاك ئۆرتەدى كۆھكەن.

— ئا. نىزارى.

شۆئلەكەش [شعلهكش] (ئە + پ) ھارارەتنى كۈچلەندۈرگۈچى.

شۆئلەلىغ [شعلهلیغ] ئوتلۇق، يىنىپ تۇرغان، پارلاپ تۇرغان:

ئەي، شۆئلەلىغ ئاراز بىلە كەۋنەيىن ئارا پەرتەۋ فىشان،
سەن جىلۋەگەر ئەھلى نەزەر قىلسە نەزارە ھەر قايان.

— ناقىس.

شۇئلەلىق [شعلەليق] «شۇئلەلىغ» قا قاراڭ:

سەمەندى نەقش پايىن يەر ئۈزە كۆرگەچ بەدەل قىلماق،
تالۇن ئاي شۇئلەلىق چولپان ۋەيا كۆكدە قۇياش ئولسۇن.

— ئەرشى.

شۇيۇخ [شيوخ] (ئە) شەيخلەر، قېرىلار، ياشانغانلار.

كەمالدىن نەكى ئۆتتى، يەنە تاپار نۇقسان،
كى كۆپ ياشاپ كىرەر ئىتفال چەرگىسىگە شۇيۇخ.

— نەۋايى.

شۇيۇن [شيون] (ئە) مەرتىۋىلەر، دەرىجىلەر.

شۇيۇئ [شيوع] (ئە) تارقىلىش، يېيىلىش.

شېفتە [شفتە] (پ) ئاشىق، مۇپتىلا، مەپتۇن بولغان:

ئۇچماق ئۈچۈن ئۇچار ئىدىم، شېفتەيۇ نىگار ئىدىم،
قىلماپ ئىدى مۇۋاپەقەت بەلكى بۇ جان - تەن ھۇنۇز.

— زەلىلى.

شېفتە بولماق — ئاشىق بولماق.

شېفتە قىلماق — ئاشىق قىلماق.

شېفتەلىغ [شفتەليغ] ئاشىقلىق، مۇپتىلالىق، مەپتۇنلۇق.

شېفتەلىك [شفتەليك] «شېفتەلىغ» قا قاراڭ.

شېفتەھال [شفتەحال] (پ) ھالى پەرىشان، دىۋانە، ئاشىق.

شېۋە [شيوە] (پ) 1) ئادەت، رەۋىش، يوسۇن:

بۇ شېۋە بىلە سەن يۈرۈسەڭ ھەر چەمەن ئىچرە،
ھۆز يۈرۈمەگەي ئالتىنە رىزۋان چەمەنىندە.

— سەككاكى.

2) ھۈنەر:

چۈن ھاكىمى كامىلى ھىندۇ نەجاد،
پىلبالىغ شېۋەسىدە ئۇستاد.

— نەۋايى.

3) ناز، ئەركىلەش، شوخلۇق:

شوخ جەۋلان جىلۋە كافىر شېۋەسى سەييادلىق،
سەرۋى قەد، سىيمىن زەقەن ھەم ئارەزى ئۇتلۇككىنە.

— ئەرشى.

شېۋە ئەيلەمەك — نازلانماق، ئەركىلىمەك، شوخلۇق قىلماق:

نەزەردىن ئۆتسە ناگاھ جىلۋە ئەيلەپ،
ئالۇر يۈزمىڭ كۆڭۈلنى شېۋە ئەيلەپ.

— موللا پازىل.

شېئىر [شعر] (ئە) غەزەل، نەزمە:

ناقىس ئايتۇر شېئىر ئارا ھەرلەھزە، ئەي ئەقلى كەمال،
تەگىيەگاھىم سۆزدە ئاياتى مۇفەسسەردۇر مېنىڭ.

— ناقىس.

شېئىر ئەھلى — شائىرلار:

ۋەلى بىلمەس ئىدىم بىر ئىستىلاھى،
كى ئولغاي شېئىر ئەھلىنىڭ سەلاھى.

— ناقىس.

شىئاب [شعاب] (ئە) ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى ئۆتۈش قىيىن بولغان يوللار.

شىئار [شعار] (ئە) 1) ئادەت، ھاياتتا تۇتقان يول:

شەرىئەت شىئار ھەزرەتى زۇلفىدا،
تەرىقەت تەرىقىغە گۇل رەھنەما.

— ئا. نىزارى.

2) نىشان، بەلگە؛ غايە، مەقسەت:

ئايىنى ۋەفا شىئارىڭ ئولسۇن،
بار ئىمدىكى تەڭرى يارىڭ ئولسۇن.

— نەۋايى.

شىئار ئەتمەك — ئۆزىنى تونۇتماق، ئادەت قىلماق، ئادەتلەنمەك:

مەن ۋەفاۋۇ مېھر ئايىنىنى خۇ قىلغان سارى،
سەن جەفاۋۇ جەۋر رەسمىنى شىئار ئەتكەن يىگىت.

— ئەرشى.

شىئار ئەيلەمەك — «شىئار ئەتمەك» كە قاراڭ:

كىشى شاھلىق ئىختىيار ئەيلەگەي،
ئەدالەت تەرىقىن شىئار ئەيلەگەي.

— ئا. نىزارى.

شىئار ئولماق — ئادەت بولماق:

پەرىلەرگە شىئار ئولمىش ئەگەرچە بىۋەفا بولماق،
ماڭا مۇتتادۇر كويىدا ئانىڭ بىنەۋا بولماق.

— ئەرشى.

شىبل I [شبل] (ئە) بىر ئەۋلىيانىڭ نامى:

سەرۋىپا بەرەھنە بارە بۈگۈن گۇفتگۇي ئىدىم،
شىبل لىباسى كەئبەدە ئەدھەم پالاسىدىن.

— زەلىلى.

شىبل II [شبل] (ئە) شىرنىڭ بالىسى.

شىبھى [شبە] (ئە) ئوخشاش، مىسالى، كەبى:

شىبھەسى، گەر يوق ئېھتىمالى ئانىڭ،
مىسلى سەن گەرچە يوق مىسالى ئانىڭ.

— نەۋايى.

شىتائ [شتاء] (ئە) قىش.

شىتاب [شتاب] (پ) ئالدىراش، ئاشىقىش، سۈرئەت، تېزلىك:

كىيىك سەھرا يولىن كۆزلەپكى چاپتى،
شىتابىدىن كۆزۈمگە بەرق چاقتى.

— ناقىس.

شىتاب ئەيلىمەك — 1) ئالدىرىماق، بىرەر ئىشنى تېزلىك بىلەن بېجىرمەك:

چىقىپ كەتتى تۈنى قاشىدىن قۇياشىم ئىزتىراب ئەيلەپ،
ئانىڭدەك دېكى، جان چىقمىش بۇ جىسمىمدىن شىتاب ئەيلەپ.

— ئەرشى.

2) يۈگۈرمەك.

شىتاب قىلماق — «شىتاب ئەيلىمەك» كە قاراڭ:

يەنە ئىسمەئى چەكتى مۇھلىك جەۋاب،
كۆچۈپ يولغا كىردى قىلىبان شىتاب.

— ئا. نىزارى.

شىتابان [شتابان] (پ) ئالدىرىغۇچى، يۈگۈرگۈچى:

مۇنى كۆرگەچ بىرى قاچتى بەيابان،
كېلىپ ئات چۇلبۇرىن تۇتتى شىتابان.

— ناقىس.

شىتابەندە [شتابنده] (پ) ئالدىراپ، تېز يۈرگۈچى، ئالدىرىغۇچى:

دېدى: *قاي دەشت ئارا شىتابەندە،*
بەلكى جۇيەندە كەلدى يابەندە.

— نەۋايى.

شىتابلىغ [شتابليغ] ئالدىراقسان، ئالدىراڭغۇ.

شىتايى [شتاى] (پ) قىشلىق، قىش مەۋسۇمىگە ماسلاشقان.

شىجائەت [شجاعت] (ئە) ئېغىر ۋە قىيىن شارائىتتا كۆرسىتىلىدىغان مەردلىك، غەيرەت، جاسارەت.

شىددەت [شدت] (ئە) 1) قاتتىقلىق، قىيىنچىلىق، مۇشەققەت:

ھەجر - فۇرقەت شىددەتىدىن بىھىساب،
جانىدىن ھەرلەھزە تويغان بارمۇمكىن.

— قەلەندەر.

2) كۈچ؛ زور غەيرەت، جاسارەت:

مۇھەببەت ئوتى شەۋقىنىڭ شىددەتى،
ئاراغە ئالىپ قالماسە تاقەتى.

— ئا. نىزارى.

شىددەتلىك [شدت ليق] دەھشەتلىك، كۈچلۈك؛ شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

شىر I [شير] (پ) سۈت.

شىرۇ شەكەر — سۈت ۋە شېكەر.

شىر II [شير] (پ) شىر، ئارسلان:

مۇنىڭدەك بولدى ئول مەلئۇن غەزەبناك،
كى بولسە شىر ھەم قىلماس ئىدى باك.

— ناقىس.

شىرى خۇدا — خۇدانىڭ شىرى:

كى شىرى خۇدا شاھ دۇلدۇل سۇۋار،
ئەلىيۇررىزا ساھىبى زۇلفىقار.

— ئا. نىزارى.

شىرى دەلىر — جاسارەتلىك، قورقماس، باتۇر شىر:

سىپېھرى ھەقىقەتدە بەدرى مۇنىر،
كى قافى شەرىئەتدە شىرى دەلىر.

— ئا. نىزارى.

شىرى غەرران — ھۆركىرىگۈچى شىر:

مېنى كۆرمەي يۈگۈرۈر ئېردى ھەريان،
كى بولسە ئۇرغان ئېردى شىرى غەرران.

— ناقىس.

شىرى نەر — ئەركەك شىر:

بەلادەشتى ئەگەرچە يۈز خەتەردۇر يانماغىل زىنھار،
قەدەم مەردانە قوي بۇ ۋادىغە چۈن شىرى نەر تەنھا.

— زەلىلى.

شىرى يەزدان — ئاللانىڭ شىرى.

كى باردۇر بىرلا شاھىمەردان،
پەيغەمبەر سۆزلەرىدۇر شىرى يەزدان.

— موللا پازىل.

شىرا [شرا] (ئە) سېتىۋېلىش.

شىراز [شيراز] (پ) ئىراندىكى بىر شەھەر:

كى ئاندىن يۈرۈپ كەلدى شىرازغە،
قوشۇلدى كېلىپ يار ھەمرازغە.

— ئا. نىزارى.

شىرازە [شيرازه] (پ) كىتابنى مۇقاۋىلىغاندا ئۇنىڭ ۋاراقلىرىنىڭ سۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يىپ بىلەن تېكىش:

كەرەم رىشتەسى بىرلە شىرازەلىك،
مۇغۇلىيە ئىچرە يۈز ئاۋازەلىك.

— زەلىلى.

شىراك [شراك] ئاياغ كىيىمنىڭ بوغقۇچى، تاسما بوغقۇچ.

شىرالغە [شرالغه] ئۇۋلاپ ئېلىنغان ھايۋان ياكى قۇشنىڭ بويۇندىن يۇقىرى قىسمى.

شىرام [شرام] ئورۇن، ئارامگاھ؛ ۋەتەن.

شىران [شران] تېز، پات، دەررۇ؛ يۈگۈرۈك.

شىرە I [شيره] (پ) شەربەت؛ مېۋىنىڭ بىر تۈرى:

كۈلبەمە قويساڭ قەدەم ئەرلۈتۇق ئىلە، تەييار ئېتەي،
مەي جانىم شىرەسىدىن، شەمئىنىڭ كۆز ياغىدىن.

— قەلەندەر.

شىرە II [شيره] (پ) شىرە، جوزا:

مۇزەھھەب شىرەدە ئالتۇن سۇراھى،
بولۇپ ئالتۇن سۇيى لەۋىن ئىچرە راھى.

— نەۋايى.

شىرەفكەن [شيرافكن] (پ) شىرنى يوقاتقۇچى.

شىرەمەرد [شيرمەرد] (پ) باتۇر، پالۋان، ئۆكتەم.

شىربۇزەن [شيربوزن] (پ) شىرنى يەڭگۈچى، شىرنى مەغلۇپ قىلغۇچى.

شىرپەيكەر [شيرپيكر] (پ) شىر كۆرۈنۈشلۈك؛ ھەيۋەتلىك پالۋان.

شىردار [شيردار] (پ) سۈتلۈك (كالا) .

شىرداغ [شيردار] ئۈست كىيىم.

شىردان [شيردان] (پ) سۈت قاچىسى.

شىركەت [شركت] (ئە) قوشۇلۇش، شېرىكلىك:

گەر ماڭا ئىشق ئەھلى شىركەت دەۋۈسىن قىلسە نې غەم،
غەيرەتى ئىشق ئىلغامىش چۈنكىم ئېرۇر ئەسلى مەلەك.

— ئەرشى.

شىرىن [شيرين] (پ) 1) تاتلىق، لەززەتلىك:

پەرتەۋى ھۇسنۇڭ قەمەرمۇ، لەززەتى لەئلى شەكەر،
بۇلۇبان شىرىن سەمەر ھەر سۆزىدىن ھاسىل يىگىت.

— ئەرشى.

2) مەنىلىك، مەزمۇنلۇق:

سەبت ئەيلەمەسەڭ ئەلەرگە رەڭىن،
مەئنىسى دەقىقۇ لەفزى شىرىن.

— نەۋايى.

3) ئادەم ئىسمى؛ پەرھاتنىڭ مەشۇقى.

شىرىن تەكەللۇم [شيرين تكلم] (پ + ئە) شېرىن سۆز.

شىرىن زەبان [شيرين زبان] (پ) شېرىن سۆز:

فەرھادۇ مەجنۇن كۆرمەگەن، ھىجراندا مەندەك كۆيمەگەن،
كۆڭلى قاتىغراق خارەدىن لېكىن ئېرۇر شىرىن زەبان.

— قەلەندەر.

شىرىن سۇخەن [شيرين سخن] (پ) سۆزى تاتلىق، شېرىن سۆز:

قىلىپدۇر ھىكايات شىرىن سۇخەن،
خەبەر بەردى سۆز روزگارى كۇھەن.

— ئا. نىزارى.

شىرىن كەلام [شيرين كلام] (پ + ئە) شېرىن سۆز، خۇش ئاۋاز، خۇش مۇئامىلە:

گوشول تاۋۇس يەڭلىغكىم چەمەندە خۇش خىرام ئەيلەر،
ھەمىشە تۇتىئى گويا بىكىن شىرىن كەلام ئەيلەر.

— ھاپىز خارەزمى.

شىرىن گو [شيرين گو] (پ) شېرىن سۆز، مەنىلىك سۆز قىلغۇچى:

ۋەزگى ئوبدان ناھايىتى خۇشخۇ،
لەفزى مەۋزۇن زەبانى شىرىن گۇ.

— موللا قۇربان.

شىرىن گۇفتار [شيرين گفتار] (پ) شېرىن سۆز، يېقىملىق گەپ قىلغۇچى:

ئاي پۇتۇن سەرۋقەدۇ گۈل رۇخسار،
غۇنچەڭ ئەيتۇر چاغى شىرىن گۇفتار.

— نەۋايى.

شىرىنۋەش [شيرين دش] (پ) شىرىندەك، شىرىنگە ئوخشاش:

ئانىڭدەك مەھۋەشى دىلكەش جەفا ئەندىشە شىرىنۋەش،
قىلىپ ناقىس كەبى سەركەش كىشىگە بولماسۇن ئوترۇ.

— ناقىس.

شىش [شيش] (پ) زىخ؛ بىگىز، جۇۋالدۇرۇز:

ئاھكىم، كەتتى بۇ ئاخشام مېنى زار ئەتكەن يىگىت،
شىش پەرمىژگان بىلە جانىم فىگار ئەتكەن يىگىت.

— ئەرشى.

شىشە [شيشە] (پ) 1) ئەينەك:

چىقتى كۆڭۈل ھىسارىدىن دۇنيايى دۇن بۇگۇن،
ساقى سۇراھى شىشە بىلە سەرنىگۇن بۇگۇن.

— زەلىلى.

2) ئەينەكتە ياسالغان قەدەھ؛ شېشە، بوتۇلكا:

قولىغە شىشەنى ئالدى بەيەكبار،
ئىچىپ بولماي ھەيال ئولدى نىگۇنسار.

— ناقىس.

شىشەئى ساغەر — ئەينەك قەدەھ، ئەينەكتىن ياسالغان رومكا:

مەرھەبا ساقى بۇگۇن خۇمارىمنى دەفئ ئەيلەسەڭ،
شىشەئى ساغەرنى تولدۇرغىل قۇيۇپ گۈلگۈن شاراب.

— زەلىلى.

شىشەپۇش [شيشەپوش] (پ) شېشە كىيىپ دەرياغا چۈشۈپ، گۆھەر ئالغۇچى؛ شېشە مۇنچاقچى:

كىرمەگەيمەن جەننەتۇل مەئۋاغە دىلبەر بولماسا،
شىشەپۇشى تۇشمەگەي دەرياغە گەۋھەر بولماسا.

— زەلىلى.

شىشەدار [شيشەدار] (پ) پارقىراق، نۇرلۇق.

شىشەدار ئەيلەمەك — نۇرلاندۇرماق، پارقىراتماق:

رىيازەت بۇتەسىن ئىچرە جىسمى زەڭگىنى مەھۇ ئەتكىل،
مۇسەققەل نۇرى ئىمان بىرلە جىسمىڭ شىشەدار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

شغال [شغال] (پ) 1) چلبۆره. 2) ۋەھشي، يالماۋۇز:

گۆھەر ئورنغە قالدلار سەفال شەيخ،
تەنى مۇردار كۆزى ئەھۋەل شغال شەيخ.

— شەۋقى.

شغاۋۇل [شغاول] پادشاھ سارييدا تەنتەنلك مۇراسملارنى باشقۇردغان ۋە نازارەت قلدغان چوڭ ئەمەلدار.

شفائ [شفاء] (ئە) كېسەلدن ساقيش، تۈزلش:

سھھەتم بولسا تاپبمەن لەئلى ياددن شفائ،
ناتەۋان ھەم بولسام ئانڭ كۆزلەرى بمارمەن.

— نەۋايى.

شفاخانە [شفاخانه] (ئە + پ) كېسەلخانا، دوختۇرخانا.

شكار [شكار] (پ) ئوۋ؛ ئوۋلاش؛ ئوۋلانغان نەرسە:

كۆنكم بۇ يەڭلغ شكار ئەيلەبان،
بەيەك پۇشتى ئۆزرە گۇزەر ئەيلەبان.

— ئا. نزارى.

شكار قلماق — ئوۋ ئوۋلماق:

ئانڭكى ئسمى ئىردى شاھ بەھرام،
شكار قلۇر ئدى ھەر سۇبھى، ھەر شام.

— موللا پازل.

شكارى [شكارى] (پ) ئوۋچى، ئوۋ قلغۇچى.

شكاف [شكاف] (پ) يېرق، دەز، چاك، تۆشۈك.

شكايەت [شكايت] (ئە) 1) نالش؛ ئەرز، ھال ئېيتش، شكايەت:

قلاي ئازراق شكايەت، ئەي بەرادەر، بۇ جەھان كارى،
خەلايقغە ئۆزنى كۆرسەتۇرلەر موللا بازارى.

— موللا نياز.

2) غەيۋەت:

كى ئجلاس قلمە شكايەت بلە،
زەبۇن ئەتمە ئۆزنى خسارەت بلە.

— ئا. نزارى.

شكايەت ئەيلەمەك — نالماق، ئەرز - ھال ئېيتماق:

باقب دەرمەن، شكايەت ئەيلەين كۆرچاغ ئانى، قالماس،
كۆزۈمگە تابى نەزرادە، تلمگە قۇۋۋەتى تەقدر.

— نەۋايى.

شكايەت قلماق — نالماق، ئەرز ئېيتماق، شكايەت قلماق:

شكايەت قلمە، ناقس، لەبنى باغلاپ رازلق كرگۈز،
كى ھەر تۈرلۈك ھەۋادسكم كلۇر ھەق ساردن مېھمان.

— ناقس.

شكەست [شكست] (پ) سۇنۇق، مەجرۇھ:

قارا زۇلفۇڭ بلە چن مۇشكى قايدا تەڭ بولا بلسۇن،
شكەستى مۇشكى چن ئەيلەر چۇ زۇلفى ئەنبەر ئەفشانڭ.

— ھاپز خارەزمى.

شكەست بەرمەك — زەربە بەرمەك:

سەرۋى ئازادغە بەردى قامەتى تەنھا شكەست،
باغبانى بھۇدە ئېيتۇر سەنەۋ بەردن ھەدس.

— زەللى.

شكەست قلماق — سۇندۇرماق، مەجرۇھلاندۇرماق:

خۇدا قلماسۇن گەۋھەرنى شكەست،
جەھان خەلقنى ئەيلەگەي زىردەست.

— ئا. نزارى.

شكەست يەتمەك — زيان يەتمەك:

كى ئاندن يېتپ شەۋكەتغە شكەست،
بولۇر زىردەستغە ئول زىردەست.

— نەۋايى.

شكەستە [شكسته] (پ) 1) سۇنغان، جاراھەتلەنگەن، مەجرۇھ:

— مەنى شكەستەنى دەۋران شكەستەرەك قلدى،
كۆزۈم ياشنى ئاقزدى، تامار ئىردى تەم - تەم.

— ناقس.

2) ئاجز، زەئپ:

ئۆزۈڭدن بۆلەك بەندە يوق پەناھ،
شكەستە قولۇڭ بارچەسى ئۆزرخاھ.

— ئا. نزارى.

شكەستە بەستە — كەم - كۈتە، چولتا:

شكەستە بەستەۋۇ سەرگەشتەۋۇ دلخەستە ئەۋارە،
يۈزۈمنى سۈرتۈبان دەرگاھغە بەس ناتەۋان كەلدم.

— زەللى.

شكەستە بولماق — جاراھەتلەنمەك، مەجرۇھلانماق؛ ئاجزلماق:

ئەگەر بەندەسەن بولمە ئازار بەخش،
شكەستە بولۇپ ئۆزنى قل پايى نەقش.

— ئا. نزارى.

شكەستە خاتر — جەبرلەنگەن، ئەلەم تارتقان؛ كۆڭلى يېرم:

يات ئله ئۆزدن شكەستە خاترە ئانداقكى مەن،
يار ئله ئەغياردن ئازۇردە جانى مەن كەبى.

— نەۋايى.

شكەستەبال [شكستەبال] (پ) قانتى سۇنغان؛ روھى سۇنۇق، كۆڭلى يېرم.

شكەستەپا [شكستەپا] (پ) ئايغى سۇنۇق، توكۇر؛ ناتۋان، قۇدرەتسز.

شكەستەمەقال [شكستەمقال] (پ + ئە) نۇتۇق

قابىلىيىتى يوق، دۇدۇقلاپ سۆزلىگۈچى.

شىكەم [شكم] (پ) قېرىن، قورساق.

شىكەن [شكن] (پ) 1) سۇنۇقلۇق، پۈكۈكلۈك، بۇزۇلۇش:

داغى مەن كەبى بولمە پەيمان شىكەن،
كۆڭۈل مۈلكىغە ئالمە تۈرلۈك تۈمەن.

— ئا. نىزارى.

2) بىرىككەن سۆز تەركىبىدە كېلىپ، «بۇزغۇچى، سۇندۇرغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

بۇت شىكەن — بۇتنى سۇندۇرغۇچى.

شىكەنج [شكنج] (پ) پۈكۈلۈش، بۇزۇلۇش.

شىكەنجە [شكنجه] (پ) ئازاب، ئوقۇبەت، قىيناق.

شىكوھ [شكوه] (پ) ئۇلۇغ، ئۇلۇغۋار؛ تەنتەنە، تەنتەنىلىك:

شىكوھ قىلغان خەلق ھەيران قالدىلەر،
بەدگۇمانلىقدىن پۇشەيمان قىلدىلەر.

— زەلىلى.

شىكۋە [شكوه] (ئە) نارازىلىق، شىكايەت، نالىش:

مېنىڭدەك بىۋەفانى دوزىللە قىلغاندىن شىكايەتكىم،
ستەمگەر بىۋەفادىن شىكۋە بۇ چاغلىق كىفايەتكىم.

— موللا نىياز.

شىكۋە قىلماق — شىكايەت قىلماق، نارازىلىق بىلدۈرمەك، نالىماق:

شىكۋە قىلما، بەختى بەددىن، ئەي قەلەندەر كىم، ئەزەل،
بىرنى شاھى ئالەمۇ بىرنى گەدا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

شىكىب [شكيب] (پ) 1) سەبىر، تاقەت، چىدام:

تامۇمكىن ئۆزۈڭگە سەبىر يار ئەت،
تەسكىنۇ شىكىب ئىختىيار ئەت.

— نەۋايى.

شىكىبا [شكيبا] (پ) سەبىرلىك، چىدامىلىق، تاقەتلىك.

شىكىل [شكيل] (پ) يىپ، ئارقان.

شىكىل ئەتمەك — باغلىماق، بەند قىلماق.

شىگەرف [شگرف] (پ) ئۇلۇغ، كاتتا؛ كۈچلۈك. 2) ئاجايىپ گۈزەل، كېلىشكەن.

شىن [شين] (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ش» ھەرپىنىڭ نامى.

شىنا [شنا] (پ) سۇدا ئۈزۈش.

شىناخت [شناخت] (پ) تونۇشلۇق، بىلىشلىك.

شىناسا [شناسا] (پ) تونۇش، بىلىش، تونۇپ بىلگەن، مەرىپەت ھاسىل قىلغان:

كۆشايانى تىلسىمى گەنجىنى ئەسرار،
شىناسا ھەزاجى نەبزى ئەسمار.

— ناقىس.

شىناسنامە [شناسنامه] (پ) پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى.

شىناۋەر [شناور] (پ) سۇدا ئۈزگۈچى:

ھەقايىق بەھرىگە چۆمگەن شىناۋەر،
جەمالى ئىشقىنى كۆرگەن دىلاۋەر.

— ناقىس.

شىناۋەرلىك [شناورليك] سۇ ئۈزۈشلۈك، سۇ ئۈزۈش ھەرىكىتى:

قىلۇرسەن نەسەبەبدىن فىسق ئارا مۇنداغ دىلاۋەرلىك،
چېكەرسەن ھەر زەمان دەريايى غەفلەتتە، شىناۋەرلىك.

— موللا نىياز.

شىنگەرف [شنگرف] (پ) قىزىل بوياق، قىزىل رەڭ:

گەردۇنى ھەفت ئەۋرەڭ، شىنگەرف ئۇ تۆمۈررەڭ،
يامىسىۇ نۇقرەۋۇدەڭ، يا كۆھسار ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

شىنگەرف گۇن [شنگرف گون] (پ) قىزىل رەڭ، قىزىل رەڭلىك:

ئىشق ئەبۋابىن چېكەر دەفتەرلەرىندە ئەھلى دەرد،
بۇيلە شىنگەرق گۇن بولدى، شەھىدنىڭ تۇپراغى.

— نەۋايى.

شىنگەرفي [شنگرفى] (پ) قىزىل تۇسلۇك، قىزغۇچ:

يۈزى ئاقۇخەتى لەئلۇ لەبىدە ئول خەتى رەيھان،
كى سۇرخى بىرلە شىنگەرفى زىبى مەئشۇق جەھان كاغەز.

— خۇشھال غەرىبى.

غ

غاب [غاب] (ئە) ئورمان، توقاي:

ئول خىلافەت بىشەسىنىڭ شىرى غابى ئاققا يۈزلەنگەن شادمانلىقنىڭ تەھنىيەتىن سورغالى...

— نەۋايى.

غاجىر [غاجير] بۈركۈتسىمان، بۈركۈتكە ئوخشاش بىر خىل كاتتا يىرتقۇچ قۇش.

غار [غار] (ئە) غار، ئۆڭكۈر:

تىيز تون ئالغىل پەنا غارىغا گۆزنى ئەي بىلال،
دىدى ـ يۇ، قىلدى نەسىھەت نەزم گۇفتارىم ماڭا.

— موللا بىلال.

غارى ئاشىقان — ئاشىقلارنىڭ غارى، تۇرار جايى:

ئەي زەلىلى سەن سەگى ئەسھابى كەھف ئولدۇڭ بۇگۈن،
جەڭگەرى تەييارى ئىشكى بولدى غارى ئاشىقان.

— زەلىلى.

غارى فەنا — پاناھلىنىدىغان غارى، جاي:

خەلق گۆزرە پەردەئى غەفلەت نەدىندۇر بىلمەدىم،
مەن دەغى غارى فەنادىن ئەمدى بىدار ئولمىشەم.

— زەلىلى.

غارەت [غارت] (ئە) [كۆپلۈكى: غارات] تالان ـ تاراج، تالان ـ تاراج قىلىپ بىرەر نەرسىنى ئېلىپ كەتمەك:

قىلسە كۆز غارەت كۆڭۈلنى، يۈز قىلۇر ئۆرتەرگە جەھد،
زۇلف ئاڭا تەقۋىيە ئەيلەپ جىسمىم دالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

غارەت ئەيلەمەك — تالان ـ تاراج قىلماق:

كۆز ئۆچى بىرلە باقىپ كۆڭلۈمنى غارەت ئەيلەدى،
ئوقى تەگدى باغرىمە قىلدى يارا ئۆلتۈرگىدەك.

— نەۋبەتى.

غارەت ئەھلى — تالان ـ تاراج قىلغۇچىلار:

ئىشق بارىنى غارەت ئەتكەي،
غارەت ئەھلىگە ئىشارەت ئەتكەي.

— ئەرشى.

غارەتى دىن قىلماق — دىننى ئاياغ ئاستى قىلماق.

غارەتى شور — ئىشق ـ مۇھەببەتنى بۇلاڭ ـ تالان قىلماق:

كۆزۈم جادۇسىدىن كەشمىرى پۇرشور،
ساچىمىدىن چىن ئىچىدە غارەتى شور.

— لۇتفى.

غارەتگەر [غارتگر] (ئە + پ) ئوغرىلىغۇچى، تالان ـ تاراج قىلغۇچى:

تىكىلمىش كۆزلەرى كۆڭلۈمدە تاقەت نەقدىن ئەتسەم جەمئ،
ستىز ئانداغكى غارەتگەرلەر ئەيلەر خانىمان كۆرگەچ.

— ئەرشى.

غارەتگەرى ئىمان — ئىمانغا چاڭ سالغۇچى، ئىمانغا زەرەر (شىكەست) يەتكۈزگۈچى؛ ئىماننى بۇلىغۇچى:

نە مۇئمىنمەن، نە كاپىرمەن ئىكاۋگە بولۇبان ئاشىق،
كۆزۈڭ غارەتگەرى ئىمان، قاشىڭ مىھرابى ئىمانىم.

— مەشھۇرى.

غارىنشىن [غارنشين] (ئە + پ) غاردا ياشىغۇچى:

ئۆزلەتايىن ھەكىمى غارىنشىن،
ئاڭا تەئبىدىن ئەيلەسە تەلقىن.

— نەۋايى.

غارىب [غارب] (ئە) سۆنۈش، سۆنماق، پاتماق، سۆنغۇچى.

غارىب ئەيلەمەك — پاتۇرماق، سۆندۈرماق.

غارىب بولماق — پاتماق، سۆنماق.

غازە [غازه] (ئە) ئۇپا ـ ئەڭلىك.

غازە سۈرتمەك — ئۇپا ـ ئەڭلىك قويماق، سۈرتمەك.

غازە ئۇرماق — ئىز قالدۇرماق.

غازى [غازى] (ئە) غازات قىلغۇچى، ئۇرۇشلاردا غالىب:

يەتتىلەر مىيل ئۆزرە كەلدىلەر بىرى،
ھەم ۋەلى ھەم غازىلەرنىڭ سەرۋەرى.

— زەلىلى.

غازىي [غازى] (ئە) «غازى»غا قاراڭ.

غازىي نۇسرەت قەرىن — غەلىبىگە ئېرىشكەن، غالىب.

غاسىل [غاسل] (ئە) ئۆلۈك يۇيىدىغان، ئۆلۈك يۇيغۇچى.

غاشىيە [غاشيه] (ئە) ئېگەر ئۈستىگە يېپىلىدىغان يوپۇق، يېپىنچا:

شەيخ خاصى ۋە نەخاصى ھۆكم قىلدى ۋە غاشىيەنى ئېگىنىگە سالىپ ئانىڭ جىلاۋىدا باردى. ئەبۇ جەئفەر خىجىل بولۇپ ئاتدىن تۈشدى.

— نەۋايى.

غافىل [غافل] (ئە) غەپلەتتە قالغان، بىلمەي قالغان؛

خەۋەرسىز:

كېتەر يولۇڭغە نەلازىم كۆزۈڭنى ئاچ غافىل،
نەدۇركى تۇشەئى راھىڭ ئاخىرنى قىلغىل ياد.

— شەۋقى.

غافىل بولماق — غەپلەتتە قالماق، بىپەرۋا بولماق:

قىماغىل ئۆمرۈڭنى رازىيە ئىشقىدىن غافىل بولۇپ،
بىخەبەر بولماق بۇ يولدا پىشەئى ئىنسان ئەمەس.

— ئابىت.

غافىل قالماق — خەۋەرسىز قالماق، غەپلەتتە قالماق.

غافىل ئولماق — بىخەۋەر قالماق.

غافىلۋەش [غافل وش] (ئە + پ) ئۆزىنى بىلمەسلىككە سالغۇچى، بىپەرۋا، بىخەۋەر:

ئايتمان شاھىمنى يا ماھىمنى يەتكۈر باشىمە،
ھەم مەھى غافىلۋەشىمنى، شاھى ئاگاھىمنى ھەم.

— نەۋايى.

غافىلىي [غافلى] (ئە) غاپىللىق.

غالىب [غالب] (ئە) غەلىبە قىلغۇچى، يەڭگۈچى، غالىب:

ئەگەر مەئشۇق ئېرۇر ئاشىققا جازىب،
بولۇرلار ئەھلى ئىشق ئىشقىغە غالىب.

— خىرقەتى.

غالىب كەلمەك — غەلىبە قازانماق، يەڭمەك، ئۈستۈن كەلمەك.

غالىبى مەھز — مۇتلەق ئارتۇق، ئەۋزەل.

غالىيە [غالیه] (پ) 1) قاش ۋە چاچقا سۈرتۈش ئۈچۈن مۇشك، ئەنبەردىن ياسالغان خۇشبۇي قارا ماددا:

بۇلبۇلى نەغمەسەنج ئولۇپ كەلمەدى بىر نەسىم گۇل،
تەلبە زەلىلىگە سەھەر غالىيەئى سەبا كېرەك.

— زەلىلى.

2) قارا؛ ھىد:

تۇن ئاقشام تولغانۇپ سۇنبۇل بىكىن زۇلفۇڭدىن ئاھ ئۇردۇم،
مەۋانى غالىيە تۇتتى، جەھان مۇشكى خوتەن بولدى.

— سەككاكى.

غالىيەساز [غالیه‌ساز] (پ) غالىيە (خۇش ھىد) تارقاتقۇچى.

غالىيەساز ئەيلەمەك — خۇشبۇي قىلماق، خۇشبۇي ھىدلار چاچماق.

غامىز [غامض] (ئە) قىيىن، مۇشكۇل، نا ئېنىق.

غامىز مەسئەلە — قىيىن مەسىلە، نا ئېنىق مەسىلە، چۈشىنىكسىز مەسىلە.

غايەت [غایت] (ئە) 1) چەك، ئاخىر، چېگرا:

چوڭ ـ كىچىك بۇ ھالى كېلۇرنى بىلۇر، ۋەلى ـ
ئارمان ـ ئارزۇسىغا يوق ھەددى غايەتى.

— سەبۇرى.

2) جۇدا، غايەت، ناھايىتى:

غايەتى بىلمەسلىكىندىن مۇددەئى كافىر بولۇر،
گەرسۇجۇد ئەيلەر ئاتايى سىزگە ھەق نۇرىن كۆرۈپ.

— ئاتايى.

غايەتسىز [غايت سيز] چەكسىز، چېگراسىز:

شامى ھىجرانىكى، غايەتسىز ئېرۇر تىيرەلىغى،
ئەدەم ئىقلىمىغە ئول كەلدى سەۋادى ئەگزەم.

— نەۋايى.

غايەتلىغ [غايت ليغ] چېگراسى بار، چەكلىك:

ئول جۇملەدىن مەئشۇق ھۇسن ۋە جەمالىنىڭ بىنىھايەتلىغى ۋە نازۇ ئىستىغناسىنىڭ بىھەددۇ غايەتلىغى.

— نەۋايى.

غايىب [غايب] (ئە) 1) يوق، كۆرۈنمەيدىغان، مەۋجۇت ئەمەس.

كۆزۈمدىن غايىبۇ كۆڭلۈمدە ھازىر ياد ئەيلەرمەن،
ئانىڭ يادى بىلە خۇرشىد كۆڭۈلنى شاد ئەيلەرمەن.

— موللا سالىھ.

2) كېلەچەك:

ماڭا ئۆز غايىبىمدىن بىر نىشان ئەت،
دېسەڭكىم، ھەجرىدىن ئۆلمەي، رەۋان ئەت.

— نەۋايى.

غايىب ئەيلەمەك — يوقاتماق، (جاندىن) ئايرىماق؛ مەھرۇم قىلماق.

غايىب قىلماق — «غايىب ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

غايىبانە [غايبانه] (ئە + پ) چەتتىن، سىرتتىن، كۆرمەي تۇرۇپ:

بولۇپ ئاشىق ئانىڭغە غايىبانە،
ئۆزى قالدى كۆڭۈل بولدى رەۋانە.

— ناقىس

غەباۋەت [غباوت] (ئە) ئەقىلسىزلىك، كالتە پەملىك، تەنتەكلىك:

ئۇلكى ئۆزىن بىگەنگەي زەھى غەباۋەت ۋە ئۇلكى ئۆز سۆزىن بىگەنگەي، زەھى شەقاۋەت!

— نەۋايى.

غەبرا [غبرا] (ئە) يەر، زېمىن، تۇپراق:

نەدىن گەردۇن ئېرۇر سەرگەشتەئى ئىشقىڭ قەرار تاپماي،
نەدىن بىخۇد ياتار شەۋقىڭدە، مەينى ئىچمەيىن غەبرا.

— مەشھۇرى.

غەبغەب [غبغب] (ئە) ئېڭەك، ساقاق، زاڭاق:

يېڭى ئاي رەشكىن تۇتۇپدۇر ھەلقە ئۇرغان غەبغەبىڭ،

نۇكتەگە ۋەھدەتدۇر، ئايا، يۈز ئۆزرە خالۇ خەتلەڭ.

— ئەرشى.

سىيم تەن لەئلى لەبۇ پىستە دەھان دۇردانە،
مەھجەبىن غەبغەبى چىن غۇنچەگە خەندان يەگىلىغ.

— شەۋقى.

غەبن [غبن] (ئە) ھىيلە ـ مىكىر، ئالدام:

كەينى شەرىئەت بارى غەبنى بەلا،
تۈزلۈك ئىلە ھەرخەتى ئانىڭ خەتا.

— نەۋايى.

غەددار [غدار] (ئە) 1) ھىيلىگەر، مەككار، ئالدامچى، خىيانەتچى، نەيرەڭۋاز، مېھرىسىز، ۋاپاسىز، رەھىمسىز، زالىم:

ئەي بۇرادەر بۇ جەھان غەدداردۇر،
گويىيا بىر ئەۋرەتى مەككاردۇر.

— خەراباتى.

2) خائىن، خائىنلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان:

بەل ئاڭا يوق ئېردى تۇش ھەم كۈنتىلىڭ خىشتى غەددار سىپاھى
تۈننىڭ زەنگىشئار چىرىكى شەبىخۇنىدىن فارىغ...

غەددار فەلەك — رەھىمسىز، زالىم پەلەك:

ئەي سىتەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەج رەفتار فەلەك،
ئۈزدى بۇ غۇنچەمنى كۆردى بىۋەفا غەددار فەلەك.

— موللا ساليھ.

غەددار قەدەم — زالىم، رەھىمسىز تەقدىر.

غەدر [غدر] (ئە) 1) مىكىر، ھىيلە، نەيرەڭ. 2) بىۋاپالىق، زالىملىق، رەھىمسىزلىك. 3) خائىنلىق، خىيانەت.

غەدر ئەھلى — خىيانەت قىلغۇچى كىشىلەر، زالىملار، رەھىمسىز كىشىلەر.

غەدرۇ بىداد — خىيانەت ۋە رەھىمسىزلىك.

غەدركىش [غدركيش] (ئە + پ) خىيانەتچى، ئالدامچى؛ ۋاپاسىز:

شەھر تىھى سەۋداگەرى غەدركىش، ئۆزىغە سۇد ۋە مۇسۇلمانلارغە قەھەت ئەندىش.

— نەۋايى.

غەدۇد [غدود] (ئە) ئىللەت، مەرەز؛ يامان:

يوقدۇر بۇ خىلئەتدە قۇسۇرۇ غەدۇد،
قۇدرەت ئىلكىدە قىلىپ تار ـ پۇد.

— زەلىلى.

غەدىر [غدير] (ئە) كۆل، تۇرغۇن سۇ.

غەدىرى ۋەھشەتئەنگىز — دەھشەتلىك دېڭىز، قورقۇنچلۇق دېڭىز.

غەرابەت [غرابت] (ئە) 1) ئاجايىپلىق، قىزىقلىق، نادىرلىق، غەلىتىلىك:

غەرابەت مۇندا بىھەددۇ نىھايەت،
تاپىلماي بۇل ئەجەب سەنئەتقە غايەت.

— نەۋايى.

2) مۇساپىرلىق، غېرىبلىق.

غەرامەت [غرامت] (ئە) پۇشايمانلىق، ئازاب، قىيناق.

غەرامەت يەتمەك — ئازاب يەتمەك، قىيىنچىلىق كەلمەك.

غەرايىب [غرايب] (ئە) ئاجايىپ، ھەيران قالارلىق؛ قىزىق نەرسىلەر، قىزىقچىلىقلار:

بۇ رەڭ داخىللىغىن تەئسىرىن ئاڭلاپ،
غەرايىبكىم بولۇرلار ئاڭا شاغىل.

— ئەرشى.

غارايىب كۆرۈنمەك — قىزىق، ئاجايىپ، يېگانە بولۇپ كۆرۈنمەك:

قوپۇپ ئېردىم ئاندا باشىم قىبلەغە،
غەرايىب كۆرۈندى ئۇشۇل سىفلەغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەرەز [غرض] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەغراز] 1) مەقسەت، نىيەت، مۇددىئا:

غەرەز بۇ شەمئىنى ئۆزىگە يارۇتسا،
بىرى ـ بىرىسى بىلەن كۆڭلىن ئاۋۇتسا.

— خىرقەتى.

2) يوشۇرۇن (مەخپىي) دۈشمەنلىك.

غەرەزئامىز [غرض آميز] (ئە + پ) غەرەزلىك، باشقا بىر مەقسەتنى كۆزلىگەن؛ غەرەز ئارىلاشقان:

بارچە كەلىماتى ھىيلەئەنگىز ۋە مەجمۇئ ھەرەكاتى غەرەزئامىز.

— نەۋايى.

غەرەزگو [غرض كو] (ئە + پ) غەرەز بىلەن سۆز ئېيتقۇچى، ئەسلى مەقسىتىنى يوشۇرۇپ گەپ سورىغۇچى، غەرەزگوي:

ئەي نەۋايى، ۋاقىف ئول ھالىڭغا كىم يار ئاللىدە،
بىس، فەراۋاندۇر غەرەزگو ئەسرۇ پەراندۇر غەرەز.

— نەۋايى.

غەرەۋ [غرو] (پ) 1) قەلەم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قومۇش، خەت يېزىش ئۈچۈن قەلەم قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان قومۇش. 2) ۋارقىراش، جار سېلىش، نالە، پەرياد، «غەرىۋ»گە قاراڭ:

كىرىپ شەھەر ئىچىگە سالايىن غەرەۋ،
بولۇر ئابرۇ كەلسە ئىستەپ بىرەۋ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەرباش [غربلش] تارغاق، «غەرۋاش»قا قاراڭ.

غەربال [غربال] (ئە) غەلۋىر؛ ئەلگەك:

سايىسلىغىغە زۆھەل ئۆرۈپ فال،
گەز دەستە بىلە قولىدا غەربال.

— نەۋايى.

غەررا [غرا] (ئە) پارلاق؛ جۇشقۇن؛ يارقىن، يېقىملىق:

ئايدى رەۋان قەسىدەنى غەررا قىلىپ بۇ كۈن،
ئېلتكىل ئانىڭ قاتىنەكىم ئول دەھر مەفخەرى.

— سەيفى سەرايى.

غەررا قەسىدەلەر — پارلاق ۋە جۇشقۇن قەسىدىلەر.

غەررا نەزم — يارقىن، جۇشقۇن شېئىر.

غەرران [غران] (پ) ھۆركىرىمەك، گۈرۈلدىمەك، خىرىس قىلماق:

تەرىد ئەتكەچ بىلە كۆرگۈزدى جەۋلان،
تېپىندى موي ئېتىپ چۇن شىرى غەرران.

— لۇتفى.

غەررە [غره] (ئە) مەغرۇرلىنىش؛ (بىرەر بىھۇدە نەرسىگە ئارتۇقچە بېرىلىش ئارقىسىدا) ئالدىنىش، ئالدىنىپ قېلىش:

بولماغىل مەشھۇرى غەررە گەرتاپارسەن ئىززۇ جاھ،
تەخت ـ بەخت بىلەن قىلۇركىم ئاقىبەت سۇلتان ۋىداھ.

— مەشھۇرى.

غەرق [غرق] (ئە) غەرق بولۇش، سۇدا ئېقىش، غەرق بولغان، سۇدا ئاققان:

بولۇپ غەرق گويا بەلا بەھرىغە،
ياقىن ئېردى بىشە فەرەڭ شەھرىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەرق ئاب ئەتمەك — سۇغا چۆكتۈرمەك، پاتۇرماق:

ئانىڭ ئىشقى خەراب ئەتتى، يۈرەك ـ باغرىم كەباب ئەتتى،
كۆزۈمنى غەرق ئاب ئەتتى، ياشىمدا بولدى سىر ئاشكار.

— نەۋبەتى.

غەرق ئەيلەمەك — كۆيۈپ كۈل بولماق؛ كۆيدۈرمەك؛ چۆكتۈرمەك، پاتۇرماق.

غەرق ئولماق — پېتىپ كەتمەك، چۆممەك، چۆكمەك:

بىھۇدە غەۋۋاس ناكام ئورماغىل لافۇ كەزاب،
كىرسە غەرق ئولماي قالۇرمۇ ئىشقىنىڭ دەرياسىغە.

— موللا سالىھ.

غەرقى لۇججەئى نۇر — نۇر دەرياسىغا چۆممەك.

غەرقى ھەۋا — ھاۋاغا غەرق بولۇپ؛ ھاۋغا غەرق بولغان؛ ھاۋغا غەرق بولماق.

غەرقاب [غرقاب] (ئە + پ) 1) سۇغا پاتقان، سۇدا ھالاك بولغان؛ غەرق بولغان. 2) گىرداب:

كەبۇد ئېرمىش غۇبارى ئاھدىن بۇ گۇنبەزى ئەخزەر،
كۆزۈم ياشى بىلەن غەرقاب ئېرۇر ئافاقى بەھرۇبەر.

— زەلىلى.

شەيخ دەستۇرلىككە قولىنى ئۇزاتتى، ئىلكىنى تۇتۇپ چەكتى بەھر ساھىلىغە ۋە مەھلەكە غەرقابىدىن سۇدرەدى ئەمن مەنزىلىغە.

— نەۋايى.

غەرقە [غرقه] (ئە) پېتىپ كەتكەن، چۆكۈپ كەتكەن:

گەر قىلماساڭ غەرقەئى دەريايى شەپائەت،
مەشھۇر ھەزىن ئۆلگۈسىدۇر تەشنە سەراپا.

— مەشھۇرى.

غەرقەئى خۇناب ئولماق — قانغا پېتىپ كەتمەك.

غەرۋاش [غرواش] «غەرباش»قا قاراڭ:

جەۋلەھە غەرۋاشىدا ئاھاردەك،
يوقكى زەغەن پەررىدە مۇرداردەك.

— نەۋايى.

غەرىب [غريب] (ئە) [كۆپلۈكى: غۇرەبا] 1) بىچارە، ناتىۋان؛ ھالسىز، ئىگە ـ چاقىسىز؛ خارلانغان، ئاياغ ئاستى قىلىنغان:

چەرخ ئۆزە خۇرشىددەك بار مەن جەھان ئىچرە غەرىب،
دەردمەندى تاپمادىم قىلغاي ماڭا ھەمرازلىق.

— ئەرشى.

رەھمىسى كەلمەس غەرىبنىڭ ئاھىغە،
كىرگەلى قويماس رەقىب دەرگاھىغە.

— غەيرەتى.

2) ئاجايىپ، قىزىق، تەئەججۇپلىنەرلىك، ھەيران قالارلىق نەرسە:

ۋە غەرىبدۇركىم، زاھىر ئۇلۇمىنىڭ تەكمىلى ۋەقتىدە نېچە ئىش ئالارغا مۇيەسسەر بولۇپدۇركىم، بۇ ئۇممەتدە ئۆتكەن ئەكابىر ۋە ساھىب كەماللەردىن ھېچ قايسىغا ۋاقىئ بولغانى زاھىر ئەمەس.

— نەۋايى.

3) ئەۋزەل، ئۇلۇغ؛ بەختىيار:

بۇكى كەلامۇللاھ ئاڭادۇر نەسىب،
كىم يوق ئاڭا مۇئجىزە ئاندىن غەرىب.

— نەۋايى.

غەرىب ئاسار — ئاجايىپ نىشانلار.

غەرىب ئەل — مۇساپىرلار، بىچارىلەر:

بۇ يەڭلىغ ئېرۇر رەسىم ـ ئايىنلارى،
غەرىب ئەلنى كۆرسە كېلۇر گىنلارى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەرىب مائانىلىق — ئاجايىپ مەنىلىك.

غەرىب مىسال — مۇساپىرغا ئوخشاش، مۇساپىركەبى.

غەرىب ھال — ئاجايىپ ئەھۋال، ھەيران قالدىغان

ئەھۋال.

غەرىب ھالەت — «غەرىب ھال»غا قاراڭ.

غەرىب ئۆمۈر — ياخشى، ئاجايىپ ئىشلار، قىزىق، ئاجايىپ ۋەقەلەر.

غەرىبى مۇستەمەند — غېرىپ، مۇساپىر بىچارىلەر:

غەرىبى مۇستەمەندىدىن بىھەمدىللاھ يىراقماسدۇر،
غەمۇ دەردىدىن ئۆلدۇم گۇل پەرى ھەلىمغە باقماسدۇر.

— قەلەندەر.

غەرىبانە [غريبانه] (ئە + پ) غېرىبلارچە؛ غېرىبلىق بىلەن؛ «غەرىب» كە قاراڭ.

غەرىب ئەندام [غريب اندام] (ئە + پ) ئاجايىپ - غارايىپ بەدەن، بوي:

تۇش كۆرەر ھېچ شەكسىزىن گۇل شام،
كى ئىكى سۇرەتى غەرىب ئەندام.

— نەۋايى.

غەرىبخانە [غريب خانه] (ئە + پ) 1) مۇساپىرخانا، غېرىبخانا، غېرىبلار تۇرىدىغان جاي، غېرىبلار ئۆيى. 2) ئاجايىپخانا، مۇزېي. 3) دۇنيا.

غەرىبلىغ [غريب ليغ] 1) بىچارىلىك، ئىلاجسىزلىق؛ مۇساپىرلىق، غۇربەتتە قالغانلىق. 2) ئاجايىپلىق، ھەيران قالارلىق.

غەرىبنەۋاز [غريب نواز] (ئە + پ) غېرىبپەرۋەر، مۇساپىرپەرۋەر:

ۋە غەرىبنەۋاز ئەھلى جاھلەر سەرمايەئى جاھۇ جالالىن غەرىبلەر سەرۋەقىتىغە بەردەۋام تۇتسۇن.

— نەۋايى.

غەرىبىستان [غريبستان] (ئە + پ) غېرىبلار تۇرىدىغان جاي، مۇساپىرخانا، غېرىبخانا، «غەرىبخانە» گە قاراڭ.

غەرىبىستان ئەھلى — غېرىبلار، مۇساپىرلار.

غەرىزە [غريزه] (ئە) تەبىئەت، خۇلق، مىجەز، خاراكتېر.

غەرىزە ھەرارەت — تەبىئىي ھارارەت.

غەرىزىي [غريزى] (ئە) تەبىئىي؛ تۇغما.

غەرىزىي ھەرارەت — ئىنسان ۋە ھايۋاندا نەپەس ئېلىشتىن پەيدا بولغان ئىچكى ھارارەت.

غەرىق [غريق] (ئە) غەرق بولغان، سۇدا ئېقىپ ھالاك بولغان؛ پاتقان، چۆمگەن: «غەرق» كە قاراڭ:

دېيان غەرىق بولدى بۇلبۇل كۆز ياشىغە،
نىچۇك بارغۇم گۇلى قەھقەھ قاشىغە.

— خىرقەتى.

غەرىق ئەيلەمەك — پاتۇرماق، غەرق قىلماق.

غەرىن [غرين] (پ) ئورمان، توقاي.

غەرىۋ [غريو] (پ) ۋارقىراش، جار سېلىش، نالە، پەرياد، «غەرەۋ» گە قاراڭ.

غەزا [غزا] (ئە) دىنىي ئۇرۇش.

غەزا مەيدانى — جەڭ مەيدانى، جەڭگاھ.

غەزات [غزات] (ئە) «غەزا»غا قاراڭ:

نەفس كافىرنى غەزات ئەيلەرگە بىر سۇلتان كېرەك،
كىم ئەمەس دادىنى بەرمەكلىككە ئارى خان كېرەك.

— زەلىلى.

غەزال [غزال] (ئە) كېيىك، ئاھۇ.

غەزالى چابۇكخېز — چاققان، چاپقۇر كېيىك.

غەزالى مۇشكبو — «غەزالى مۇشكىن» گە قاراڭ.

غەزالى مۇشكىن — مۇشكىن كېيىك؛ مۇشك ھىدى بەرگۈچى كېيىك، تىبەت كېيىكى.

غەزالى مۇشكىنبو — «غەزالى مۇشكىن» گە قاراڭ.

غەزلان [غزلان] (ئە + پ) كېيىكلەر، «غەزال» نىڭ كۆپلۈكى.

چۆرەلەرى كۆھ، بەيابانى دەشت،
جۆش قىلۇر تۇرفە غەزالانى دەشت.

— زەلىلى.

سۇرمەئى سۇنبۇل نەھاجەتدۇر خىتا سەھراسىدىن،
نافەئى مۇشكىن غەزالانى خوتەن كەلتۇرمىشەم.

— زەلىلى.

غەزالە [غزاله] (ئە) 1) چىشى كېيىك، چىشى ئاھۇ. 2) ئاپتاپ، نۇر (قۇياش نۇرى):

خەتتىڭ ئارا ئۇزارىڭ سەبزە ئىچىندە لالە،
گۇل چەشمە پۇر خۇمارىڭ لالەداغى غەزالە.

— بابىر.

غەزالە كىردار — ئاھۇ كۆرۈنۈشلۈك، كېيىكتەك.

غەزالەئى چىن — چىن كېيىكى.

غەزەب [غضب] (ئە) قەھر، غەزەپ؛ ئاچچىق؛ «غەزابات» قا قاراڭ:

قىلىپدۇر بۇ ئىشنى ئاتامغە خەبەر،
غەزەب ئوتى ئانداغ ئۇرۇپدۇر شەرەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەزەبات [غضبات] (ئە) غەزەپلەر، «غەزەب» نىڭ كۆپلۈكى.

غەزەبرېز [غضب ريز] (ئە + پ) ئاچچىقلىنىش، غەزەپ چېچىش، قەھر - غەزەپكە كېلىش:

جان قەسدى ئېتەر كىمسە غەزەبرېزلىكى،
ئەلقىسسە كىشىنى ئۆلتۇرۇر تېزلىكى.

— نەۋايى.

غەزەبناك [غضبناك] (ئە + پ) قەھىرلىك، غەزەپلىك، غەزەپلەنگەن؛ قىزىشقان:

بولۇپ فەرھاد ئۇل سۆزدىن تەرەبناك،
كۆلۈپ دېدىكى: ئەي شاھى غەزەبناك.

— نەۋايى.

غەزەل [غزل] (ئە) [كۆپلۈكى: غەزەلىييات] بېيىت، شېئىر، غەزەل:

ھەجرىدە مەن ئوقۇپ غەزەل راك ئىلە مۇختەلىف نەئىن،
بەلكى نەۋادا قىچقىرىپ خەلق ئارا بىنەۋا بولاي.

— موللا سالىھ

لەبى پەيمانىدىن تۆكتى ئەسەلنى،
ئوقۇپ گۇل فۇرقەتىدە بۇ غەزەلنى.

— خىرقەتى.

غەزەل تەرزى — شېئىرىيەت.

غەزەل تەسنىف قىلماق — غەزەل ئېيتماق؛ لىرىك شېئىر ياراتماق.

غەزەلخان [غزل خوان] (ئە + پ) غەزەل ئېيتقۇچى:

چەمەندە بۇلبۇلۇ قۇمرى غەزەلخان،
تۇزۇپ دۇرراج كەكلىك تۇرلۇك ئەلھان.

— لۇتفى.

بېيىت ئوقۇپ شۇدەم بولدى غەزەلخان،
ئۆلۈك تەنگە نەۋاسى كىرگۈزۇر جان.

— خىرقەتى.

غەزەلسەرا [غزل سرا] (ئە + پ) غەزەل، شېئىر ئېيتقۇچى، شائىر:

چەك بىرلە تەرەبفىزا داغى ئول،
نەغمە بىرلە غەزەلسەرا داغى ئول.

— نەۋايى.

غەزەلسەراي [غزل سراي] (ئە + پ) «غەزەلسەرا» غا قاراڭ.

غەزەلگۇي [غزل كوي] (ئە + پ) غەزەل ئېيتقۇچى، غەزەل ئىجاد قىلغۇچى، شائىر، «غەزەلسەرا» غا قاراڭ:

غەزەلگۇي ئەكابىر ۋە شۇئەرا ئاللىدە مۇنداق مۇقەررەردۇركى، غەزەل تەۋرىغە شەيخ مۇختەر ئىدۇرلەر.

— نەۋايى.

غەزەلىيات [غزليات] (ئە) «غەزەل» گە قاراڭ:

يەنە بىرى بۇكىم، ھەر ھەرف غەزەلىياتى ئول پۇتكەن غەزەل بىرلە،
غەزەللەر ئاراسىدا ئۇسلۇب خاسىيەتىدىن رىئايەت قىلمايىن تۇرۇرلار،…

— قىدىرخان يەركەندى.

غەزەنفەر [غضنفر] (ئە) شىر، ئارسلان:

دېدىكى بۇ تۇرغان بۇرادەرلەرىم،
جەفا بىشەسىدە غەزەنفەرلەرىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەزل [غزل] (ئە) ئېگىرىلگەن، ئېگىرىپ تەييارلانغان يىپ.

غەزلفۇرۇش [غزل فروش] (ئە + پ) ئېگىرىلگەن يىپ ساتقۇچى.

غەزلفۇرۇشلۇق دوكانى — ئېگىرىپ تەخ قىلىنغان يىپ ساتىدىغان دۇكان.

غەزۋ [غزو] (ئە) دىنىي ئۇرۇش، «غەزا» غا قاراڭ.

غەزۋ مەسافى — جەڭ مەيدانى.

غەزۋە [غزوه] (ئە) غازات، ئۇرۇش:

ۋە ھەزرەتى رىسالەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇتەبەئەتەغەكىم ئۇھۇد غەزۋەسىدە مۇبارەك تىشلەرى شەھىد بولۇپ ئېردى.

— نەۋايى.

غەسسال [غسال] (ئە) يۇيغۇچى، ئۆلۈك يۇيىدىغان كىشى:

ھەردىرەمكى تۇگۇپ، غەسسالدىن ئۆزگە كىشى ئاچماق مەھال،
ھەر سىيكىم كۆمۇپ، تۇفراغدىن ئۆزگە بىراۋ ئانى يېمەككە يوق ئېھتىمال.

— نەۋايى.

غەسسانىي [غسانى] (ئە) ئەرەبلەرنىڭ غەسسان قەبىلەسىگە مەنسۇپ، غەسسانلىق.

غەسل [غسل] (ئە) يۇيۇش؛ يۇيۇنۇش؛ غۇسل، «غۇسل» غا قاراڭ.

غەش [غش] (ئە) غەم، ھەسرەت؛ كۆڭۈلدىكى ناخۇشلۇق، غەشلىك:

تارىپ تۇخمى كىنىنى بولۇپ يەنە غەش،
مېنى ئۆلتۈرەرگە قىلىپدۇر كەڭەش.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) بىھوشلۇق، ھوشسىزلىق، ھوشسىزلىنىش:

كۇن - تۇن بەزم ئىچرە ئول ئىككى سىتەمكەش،
يىقىلدىلەر تەنەئئۇمدىن قىلىپ غەش.

— نەۋايى.

3) ئارىلاشتۇرۇش، قوشۇش (مەيگە سۇ قوشۇش، ساپ ئالتۇنغا باشقا مېتال قوشۇش)؛ خىيانەت، ئالداش، ھىيلە قىلىش:

دەۋر ئەھلىدە يوق سافىكى، ئانىڭ غەشى يوقتۇر،
جۇز ساقىي دەۋر ئىلگىدە سافىي مەي بىغەش.

— نەۋايى.

4) بۇلغانغان، ئىپلاس:

سۈرەتى دەرۋىشۋىش ۋە مەئنىسى سەراسەر غەش،

— نەۋايى.

غەشلىغ [غش ليغ] نۇقسان، كەمچىلىك، ئارىلاشما.

غەشلىق [غش ليق] «غەشلىغ»كە قاراڭ.

غەشي [غشى] (ئە) كۆڭۈل ئېزىش، ئۆزىدىن كېتىش، هوشىدىن كېتىش.

غەشي قىلماق — كۆڭۈل ئازماق، ئۆزىدىن كەتمەك.

غەشيان [غشيان] (ئە) «غەشي»گە قاراڭ:

سۈيۈر كۆڭلۈڭ ئۆيىدىن خارۇ خەسنى،
كۆڭۈل غەشيان بولۇر، كەتكۈز مەگەسنى.

— خىرقەتى.

غەففار [غفار] (ئە) كەچۈرگۈچى؛ شەپقەت قىلغۇچى (تەڭرىنىڭ سۈپىتى):

بەندە ئاجىزغە قەزادىن گەر ئەزابى يەتسەلەر،
رەھىم ئېتىپ دەفئ ئەيلەگەن سۇلتانى غەففارىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

غەففارۇل - زۇنۇب — گۇناھدىن ئۆتكۈچى:

يەنە ئاسىيغە غەففارۇل - زۇنۇبسەن،
كەرە كۆڭلۈمغە كەششافۇل - قۇلۇبسەن.

— خەراباتى.

غەفلەت [غفلت] (ئە) هوشيارسىزلىق، هەر نەرسىگە بىپەرۋا قاراش، بىخۇدلۇق:

غەفلەت ئىلە هەر زەمان يادىڭنى قىلماي، قىل بۇدەم،
تارتغان ئىشقى مەجازى ئىچرە ئاھىمنى كەرەم.

— ئەرشى

غەفلەت ئايىن — غەپلەتتە قالغان، بىپەرۋا.

غەفلەت دامى قويماق — غەپلەت تۇزىقىغا چۈشمەك؛ غەپلەت تۇزىقى قويماق.

غەفلەت ئۇيقۇسى — سەگەكلىكنى يوقاتقۇچى ئۇيقۇ، بىخۇدلۇق ئۇيقۇسى.

غەفلەت ئەھلى — بىپەرۋا، بىخۇد كىشىلەر:

غەفلەت ئەھلىنى بۇ ئىسيان بىلە يەر يۇتقاي ئىدى،
بىر نەپەس مەردۇ خۇدانىڭكى نامازى بولماسا.

— زەلىلى.

غەفلەتى دۇنيا — بىخۇدلۇق دۇنياسى:

كۆزۈمنى ئاچغالى قويماس مېنى بۇ غەفلەتى دۇنيا،
بولۇرمەن لايىقى خىزمەت ئەگەر تائەت سەھەر قىلسام.

— قەلەندەر.

غەفلەتپەرەست [غفلت پرست] (ئە + پ) غەپلەتتە قالغان، خەۋەرسىز، بىلمەي قالغان:

كى، نە تىلەپ فەھم ئەتتىم ئانى، نە مەست،
خۇد ئېرمەس يەنە تىفلى غەفلەتپەرەست.

— نەۋايى.

غەفۇر [غفور] (ئە) كەچۈرگۈچى، مەغپىرەت قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى:

بۇلبۇل باغى سىيادەت مەنبەئى فەيزى غەفۇر،
جامىدىن جام ئىزدەگەن يا ئەرشىنى گويامۇدۇر.

— ئەرشى.

مېنى سۇغە ئاتتى بۇرادەرلەرىم،
كەرەم ئەيلەدى ئول غەفۇرۇ رەھىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەلال [غلال] (ئە) «غۇل»غا قاراڭ:

تۇتۇپ ئۆشبۇ چاڭ مۇزىنى دەرمەھال،
ئاياقىغا سالدى كىشەن، قولىغا غەلال.

— موللا بىلال.

غەلەبات [غلبات] (ئە) غەلىبە، زەپەر، غالىبلىق، ئۈستۈنلۈك.

غەلەباتى غەزەبات — غەزەپنىڭ ئۈستۈن كېلىشى.

غەلەباتى ۋەقت — (نەپسى) غالىب كەلگەن ۋاقىت.

غەلەبە [غلبە] (ئە) غەلىبە، زەپەر:

هەركىم شەيتانىي ۋەساۋىس ۋە نەفسانىي مەۋاجىز غەلەبەسىدىن دەلىل تىلىمەككە زەلىل ۋە بۇرھان ئىستەمەككە ئەلىل بولسا، ئالار كۆنەشىدىن رەۋشەنراق مۆئجىزە بابىدا بەيىزا كۆرگۈزگەيلەر.

— نەۋايى.

غەلەت [غلط] (ئە) [كۆپلۈكى: غەللات / ئەغلات] يېڭىلىش؛ خاتا، ناتوغرا، يالغان:

باش - ئاياغىمىدىن نىشان بەرمەككە گەر تارتىلسا خەت،
ئول خەتى مەۋھۇمدەك باشىدىن - ئاياغ بولغاي غەلەت.

— ئەرشى.

ئارغۇماق ئاتلارغا مىنگەن خەلفە ئىشان نام ئىلە،
دام تەزۋىر مىكر ئەيلەپ ياخشى ئەتۋارىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

غەلەت بىيمى — يېڭىلىش خەۋپى، خاتا قىلىش ۋەھىمىسى.

غەلەتگە سالماق — يېڭىلىشتۇرمەك، خاتالاشتۇرماق.

غەلەت قىلماق — خاتا يازماق، يېڭىلىشمەك.

غەلەت نەما — خاتا قىلغۇچى، يېڭىلگۈچى.

غەلەيان [غليان] (ئە) قايناش، كۆتۈرۈلۈش؛ هاياجان؛ غەليان:

بەھرامنىڭ ئىشق توفانى تۇغيانىدىن بىخىرەد ۋە مەي ئوتى هەرارەتى غەلەيانىدىن بىخۇد بولغانى...

— نەۋايى.

غەلبار [غلبار] (ئە) «غەربال»غا قاراڭ.

كى غەلبارغە ئالىپ ئانى تاسقاغىل،
نە قالسا ئانى توبرەغە تاشلاغىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەلبىر [غلبير] (ئە) «غەربال»غا قاراڭ.

غەلتان [غلتان] (پ) يۇمىلاق، يۇمىلىغۇچى:

بۇ ياش قەترەلىرىن كۆر يۈزۈم ئۈزە غەلتان،
مۇنىڭ بىكىن يۈرمەس ھېچ فەلەكدە سەييارە.

— سەككاكى.

تىشلارىن يادىدا ھەردەم دۇررى غەلتان يىغلادىم،
بولماغاي ئىشقىڭدا مۇنداغ چەشىم خۇنبارى يەنە.

— ئەرشى.

غەلتان ئەيلەمەك — يۇمىلاتماق.

غەلتان بارماق — يۇمىلىماق، ئاقماق (كۆز يېشى).

غەلىز [غليظ] (ئە) قويۇق، قېلىن؛ قوپال:

ئىلىم ئېلىگە مېھرىبان بول ئەھلى دۇنياغە غەلىز،
ئەھلى دەرۋىشكە ھەلىم بول ئەھلى دۇنياغە غەلىز.

— شەۋقى.

خۇن جىگەردىن تاپتىلىڭ كەيفى شەراب غەلىز،
داغ دىلى سىينەدىن بۇيى كەباب غەلىز.

— زەلىلى.

غەم [غم] (ئە) [كۆپلۈكى: غۇمۇم] 1) قايغۇ، ھەسرەت، ئەلەم، تەشۋىش، كۈلپەت، غەم:

غەمدە سارغۇلغان تەنىم گەردىن كۆرۈپ شاشماس كۆزىن،
تۇغ كۆرۈپ ئانداغ كىيىكلەركىم تىكىرقاپ قاراشۇر.

— ئەرشى.

2) ئىشق، مۇھەببەت:

بۇل ھەۋەسلەر غەمنى ئەيلەپ كېلىڭ ئەھبابكىم،
تەلمۈرۈپ ئوترۇسىدا ئانىڭ تورالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

غەم ئەھلى — دەردلىكلەر، دەردمەنلەر، ئاشىقلار.

غەم خەيلى — غەمكىنلەر، دەردمەنلەر توپى:

سالدى مېنى بۇ غەم ئىچرە ناچار،
غەم خەيلى ئارا قىلىپ نەمۇدار.

— ئەرشى.

غەم خىرقەسى — غەمكىنلەر، دەردمەنلەر جەندىسى:

فىتنە ئەھكامىن سورۇرگە دانەئى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فۇلاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

غەم دەشتى — ھېسابسىز قايغۇ - ئەلەم، غەم تەشۋىشى:

نى ئاسىغ ئوتلۇغ كۆڭۈلدىن مۇنچە ئۆرلەمەك تۈتۈن،
مۇنچە سورۇلماق نىدۇر غەم دەشتىدە گويا قۇيۇن.

— ئەرشى.

غەم دۇدى — قىيىنچىلىق، غەم تەشۋىشى، ئەلەمى.

غەم رەختى — قايغۇ - ئەلەم كىيىم - كېچەكى:

ئېتىپ غەم رەختىنى جان ئۆزرە تەھ - تەھ،
قىلىپ ھەر لەھزەدە يۈز نەۋئى ۋەھ - ۋەھ.

— خىرقەتى.

غەم سەيلى — غەم - قايغۇ يىغىسى:

كۆيۈپ ئەفلاك، ئۆرتەنگەي مەلەك، تىترەر كەۋاكىبلار،
چېكىپ ئەفغان غەم سەيلى شەرھى ماجرا تۇتسالىڭ.

— سەبۇرى.

غەم شامى — غەم قاراڭغۇلۇقى.

غەم شۇئلەسى — غەم - ئەلەم شولىسى؛ قايغۇنىڭ زورىيىشى.

غەم فەرسۇد — غەمدە يانجىلغان، قايغۇدا ئېزىلگەن.

غەم قىلىچى — غەم - قايغۇ زەربىسى، دەردى:

فىراقى ئوتىدا كۆيدۈم تۈگەندىم،
ئايىردى غەم قىلىچى بەندى - بەندىم.

— خىرقەتى.

غەم كۇنجى — غەم بۇلۇڭى:

غەم كۇنجىدە ھىجران تۈنى مەن يىغلاماقىم قان،
چۇن بەرق يانىپ ۋەئدەئى يالغانىڭ ئۆچۈندۇر.

— گۇمنام.

غەم كىشۋەرى — قايغۇ مەملىكىتى، ھېسابسىز غەم - ئەلەملەر.

غەم مۇرغى — ھەددىدىن ئاشقان غەم - قايغۇ:

قىلىپ گۈل خارى جىسمىن مىسلى گۈلشەن،
تېشىپ غەم مۇرغىغە ھەر يەردە رەۋزەن.

— خىرقەتى.

غەم ئوتى — غەم - قايغۇ، ھىجران ئوتى.

غەم ئۆزەغەم — غەم ئۈستىگە غەم؛ ناھايىتى غەمكىن.

غەم ئۆزرەغەم — «غەم ئۆزەغەم» گە قاراڭ:

مېنىڭ جانىمدا بىل غەم ئۆزرە غەمدۇر،
مېنىڭكى ئاھۇ نالىم دەمبەدەمدۇر.

— خىرقەتى.

غەم ئېلى — دەردمەنلەر؛ ئاشىقلار:

ئىشق ئېلىنىڭ ئاھىدىن ئول سەرۋ قەد خەم بولماسۇن،
غەم ئېلىدىن ئول مۇئەنبەر زۇلفى دەرھەم بولماسۇن.

— بابىر.

غەم ئىچىن يارماق — 1) غەملىك، تەشۋىشلىك بولماق؛ 2) شىكايەت قىلماق.

غەمى ھىجران — ئايرىلىش، ھىجران قايغۇسى، جۇدالىق ئەلەمى:

قاچار ئاندىن فىراقۇ مېھنەتۇ دەردى غەمى ھىجران،

كىشكىم ئىشق ئوقىغە سىنەمىۋ جانىن سۇفەر قىلدى.
— قەلەندەر.

غەمى ئىشتىياق — غەم ـ قايغۇلۇق سېغىنىش:
ئىشىم قىلدى مۇشكۇل غەمى ئىشتىياق،
ماڭا غالىب ئولدى ھۇجۇمى فىراق.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەم ئاباد [غم آباد] (ئە + پ) غەملىك، غەمگە باي، غەمگە تولغان:
مەدرەسە كۇنجىنى غەم ئاباد ئېتىپ،
تاڭدىن ئاقشامغەچە فەرياد ئېتىپ.
— نەۋايى.

غەم ئەفرۇز [غم افروز] (ئە + پ) غەم ـ غۇسسىنى يايغۇچى، غەم ۋە ھەسرەتنى تارقاتقۇچى.

غەم ئەندۇد [غم اندود] (ئە + پ) غەمكىن، قايغۇلۇق.

غەم ئەندۇز [غم اندوز] (ئە + پ) غەملىك، قايغۇلۇق، دەردلىك، ئەلەملىك:
قەزارا خاجەنىڭ جۇفتى بۇ غەم ئەندۇز سۆزنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنى ۋە يەنە بىر مەلىكە شىكارغە چىقىپ ئول بىشەدە خاجەنى كۆرۈپ ئۆز جايىغە يەتكۈزۈپ دەئۋا قىلغانى؛...
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەم ئەنگىز [غم انكيز] (ئە + پ) غەم قوزغاتقۇچى، غەم سالغۇچى، قايغۇغا سالغۇچى:
مېنى ھىجراندا ئۆكەر خەلق ۋە لېكىن ئاجىز،
زار كۆڭلۈمگە ئېرۇر بادە غەم ئەنگىز يەنە.
— نەۋايى.

غەمپەرۋەر [غم پرور] (ئە + پ) «غەم پەرۋەردە»گە قاراڭ:
غەمىدىن ئايرو ئىمانكىم، تۇتمىش،
ئۇنىس بۇ خاتىرى غەمپەرۋەر ئاڭا.
— نەۋايى.

غەمپەرۋەرد [غم پرورد] (ئە + پ) غەم ئىچىدە ئۆسكەن، دائىم غەم ئىچىدە يۈرگەن، ئۆمرى غەم بىلەن ئۆتكەن.

غەمخار [غم خوار] (ئە + پ) غەمخور، مېھرىبان؛ غەم يېگۈچى؛ غەمكىن:
غەرەز ئولكىم سىۋەللامدىن كۆڭۈل ئۆز،
كى چىنز ئول يوقتۇرۇر بىر يار غەمخار.
— ئەرشى.

غەمخارى ھەق — ئادىل غەمخور:
پادشاھا قىلماغىل مۇھتاج خەلق،
سەندىن ئۆزگە يوق ماڭا غەمخارى ھەق.
— خەراباتى.

غەمخارە [غم خواره] (ئە + پ) «غەمخار»غا قاراڭ:
كېچەۋۇ كۈندۈز ئىشىم يىغلاماق، كۆچۈم زارى،
غەمىدىن ئۆزگە كىشى يوق قاشىمدە غەمخارە.
— سەككاكى.

غەمخارلىق [غم خوارليق] غەمخورلۇق.

غەمخارلىق قىلماق — غەمخورلۇق قىلماق، مەدەت قىلماق، ئېچىنماق.

غەمخانە [غم خانه] (ئە + پ) غەم ئۆيى، قايغۇ خانىسى:
ئېتىپ ئىشرەتگەھۇ غەمخانەلەرغە،
قۇلاغ سالۇر ئېدىم ئەفسانەلەرغە.
— نەۋايى.

غەمزە [غمزه] (ئە) كۆز قىسىش، كۆز بىلەن ئىشارە قىلىش:
قاراكۆز بىرلە بىر غەمزە قىلىپ يۈزمىڭ جەفا قىلما،
كەرەشمە بىرلە ئالەمنى مەنىڭدەك مۇبتەلا قىلما.
— سەككاكى.

غەمزە چاغى — ناز ـ كەرەشمە ۋاقتى.

غەمزە ئوقى — ناز ۋە دىلبەرانە كەرەشمە بىلەن كىرپىك سوزۇپ قاراش:
غەمزە ئوقى بىرلە ئېتىپ ئېردى يۈرەكىمگە،
بەرداشت قىلالماي ئىشكىمدە ياتا قالدىم.
— ئەرشى.

غەمزەئى بىباك — نازۇ كەرەشمە، ئۆتكۈر غەمزە ۋە ئەركىلىك.

غەمزەئى جادۇ — ناز ـ كەرەشمىلىك ئويناق كۆز:
سىھىرلەر كۆرگۈزدى ئول يۈز غەمزەئى جادۇ بىلە،
مەن نېچۈك جان ئىلتەيىن بىر غەمزەئى خۇنخاردىن.
— ئەرشى.

غەمزەئى چەشم — كۆز قىسىپ قاراش:
رەقىبلەردىن غەمىم يوق، بەرسە راھەت غەمزەئى چەشمىڭ،
ئۇنى بەرھەم ئۇرارغا كىرپىگىڭ خەيلى سىپاھىمدۇر.
— گۇمنام.

غەمزەدا [غمزدا] (ئە + پ) «غەمزۇدە»گە قاراڭ:
قىلىپ شەھ سۆزىنى بۇ يەڭلىغ ئەدا،
ئىشىتتى بۇلار بارچەسى غەمزەدا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەمزەداي [غمزداى] (ئە + پ) «غەمزۇدە»گە قاراڭ:
رىنزالىڭ ئۆلمەسە كۆڭلۈمە غەمزەداي،
بۇ دەرماندەغە ۋايۇ يۈز قەتلە ۋاي!
— نەۋايى.

غەمزەدە [غمزده] (ئە + پ) غەمكىن، قايغۇلۇق:
تەكاۋەرىڭغە باغىر قانىدىن ھىنا باغلا،

ئىشقىغە غەمزەدە جان رىشتەسىن رەسەن قىلغىل.
— نەۋايى.

غەمزۇدا [غمزدا] (ئە + پ) قايغۇنى كەتكۈزگۈچى، غەمدىن قۇتقۇزغۇچى، غەمدىن خالاس قىلغۇچى.

غەمسىرىشت [غم سرشت] (ئە + پ) غەمكىن تەبىئەت، غەمگە پاتقان:
بۇ ھادىس بولۇپدۇر ماڭا سەرنەۋشت،
ۋۇجۇدۇمنى ھەق ئەيلەمىش غەمسىرىشت.
— ئا. نىزارى.

غەمسىرىشتە [غم سرشته] (ئە + پ) «غەمسىرىشت» كە قاراڭ.

غەم فەرسا [غم فرسا] (ئە + پ) غەمنى كەتكۈزگۈچى، بىغەم قىلغۇچى.

غەم فەرسۇد [غم فرسود] (ئە + پ) غەمدە ئېزىلگەن، قايغۇدا قالغان.

غەمفىزا [غم فزا] (ئە + پ) غەمنى ئارتتۇرۇش، غەمنى كۆپەيتىش:
گەر ئىكاۋلان كەلسەلەر ھەم باك ئەمەستۇر، نىچەكىم،
بۇ بىر ئىتسە غەمفىزالىق، ئول بىر ئولغاي غەمزۇداي.
— نەۋايى.

غەمكەدە [غم كده] (ئە + پ) غەمكىن دۇنيا، قايغۇلۇق زامان:
بەھرە ئالۇر ئېردى يىبان ھەر بىرىدىن ئەھلى جەھان،
روزى مەھشەردە نىھان غەمكەدە قىلسۇن نە ئىلاج.
— شەۋقى.

غەمكەش [غمكش] (ئە + پ) غەم تارتقۇچى، غەم قىلغۇچى، ئەلەم چەككۈچى، ئاشىق، مۇپتىلا:
ئانىڭدەك بولدى بۇلبۇل زارى غەمكەش،
تۇشۇپ گۈل ھۇسنىدىن جانىغە ئاتەش.
— خىرقەتى.

غەمگۇزار [غمگزار] (ئە + پ) «غەمگۇسار» غا قاراڭ:
ماڭا قىسمەت ئەزەلدىندۇر يېمەك دەردۇ بالا قۇتىن،
نە ئىشرەت گۈلشەن ئىچرە، زۇلم ئىلمىدىن غەمگۇزارىم.
— گۇمنام.

غەمگۇسار [غمگسار] (ئە + پ) غەمخور، مېھرىبان، غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزگۈچى، غەمدىن خالاس قىلغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، كۆڭۈل كۆتۈرگۈچى، كۆڭۈل ئاچقۇچى:
شاد ئېرۇرمەن جانۇ كۆڭلۈم بىرلە بەرسەڭ مۇژدەئى،
رازدارىم، مېھرىبانىم، غەمگۇسارىمدىن ماڭا.
— مەھزۇن.
ئىستەدۇك ئالەمدە ئۆمرى غەمگۇسارى تاپمادۇق،
غەم كۈنىندە يارۇ ھەمدەم، جامۇ ساغەردىن لەتىف.
— ئاتايى.

غەمگىن [غمكين] (ئە + پ) غەملىك، قايغۇلۇق، خاپا، غەمكىن:
بۇ ئىشتىن بولدى بۇلبۇل كۆڭلى غەمگىن،
دېدى نە دىلرەبادۇر كۆڭلى سەنگىن.
— خىرقەتى.

غەمگىن ئەيلەمەك — قايغۇغا سالماق، خاپا قىلماق.

غەمگىن كۆڭۈل — قايغۇلۇق دىل، دەردلىك كۆڭۈل.

غەمماز [غماز] (ئە) چېقىمچى؛ سۆز تارانقۇچى؛ پاش قىلغۇچى (سىر ۋە مەخپىيەتلىكنى) :
ئەي ئەسىرى غەيرىدىن راز دىلىڭنى ئاسراغىل،
غەمنى غەمخارىڭغە ئايغىل، ئايماغىل غەممازغە.
— ئەسىرى.
ئەي خىرامى قامەتىڭگە مۇبتەلا تەننازلەر،
غەمزەگەر ئاھۇلەرىڭگە ۋالەدۇر غەممازلەر.
— مەشھۇرى.

غەمناك [غمناك] (ئە + پ) غەمكىن، غەملىك، قايغۇلۇق، غەم چەككۈچى، ئاشىق:
بۇ غەم بىرلە ئىدىم مەن زار غەمناك،
بۇ ھەسرەت ناخۇنى كۆكسۈم قىلىپ چاك.
— خىرقەتى،

غەمناك ئەيلەمەك — غەمگە سالماق، خاپا قىلماق؛ غەم، قايغۇ، ھەسرەت چەكمەك:
ئەگەر گۈل بىرلەن ئولتۇرسام دەمى غەمناك ئەيلەرمەن،
ۋەگەر غۇنچە بىلە بولسام گىرىبان چاك ئەيلەرمەن.
— قەلەندەر.

غەنايىم [غنايم] (ئە) غەنىيمەتلەر، ئولجىلار، «غەنىمەت» گە قاراڭ:
سىڭىللەرىن ئەسىرلىكىدىن چىقارىپ، ئەزىم غەنايىم بىلە كەلدى.
— نەۋايى.

غەنەم [غنم] (ئە) قوي:
بىراۋ بولدى قاسساپ كۆپ قىردى جان،
غەنەم ئۆلتۈرۈپ ھەر كۈنى تۆكتى قان.
— غەرىبى.

غەنج [غنج] (ئە) ناز، كەرەشمە.

غەنج ئەيلەمەك — ناز ـ كەرەشمە قىلماق، ئەركىلىمەك.

غەنجۇ دەلال — ناز ـ كەرەشمە.

غەنجۇغە [غنجوغه] غانجۇغا.
ۋە ئاتنىڭ ئىيارىن ئەگەرچە «زىن» دەرلەر، ئەمما كۆپرەك

ئەجراسىن، مىسلى: جىبىلگىر ۋە ھەنا ۋە تۇقۇم ۋە جەزلىغ ۋە غەنجۇغە ۋە چۈبچۈرغىسىن تۈركچە ئايتۇرلار.
— نەۋايى.

غەنچى [غنچى] يىپ (ئارغامچا) نى چىشلەپ ئۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىتنىڭ بويىنىغا باغلانغان ياغاچ.

غەنى [غنى] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەغنىيا] 1) باي، دۆلەتمەن؛ موھتاج ئەمەس، ئېھتىياجسىز؛ ھېچنەرسىدىن قىسىلمايدىغان:
كۆرۈپ بىرنى غەنى ئۆزنى پەقىر، قىلماغىل ھەسەدخورلۇق،
بىرىگە كۆپ، بىرىگە ئاز ئەتا روزى رەقەمدىندۇر.
— مەشھۇرى.

2) بىغەم، تەشۋىشسىز:
كام يەتكۈرمەك غەنىمەت ئاڭلا دەۋران ئەھلىغە،
ئەي غەنى، بۇ دەمكى كامىڭ بىرلەدۇر دەۋران ھەنۇز.
— نەۋايى.

غەنى بولماق — بېيىماق، ئېھتىياجسىز بولماق.
غەنى تۇتماق — باي قىلىپ كۆرسەتمەك.
غەنى لايەزال — ئەبەدىي بىھاجەت، ئېھتىياجسىز:
دېدىم: *ئەي خۇدايى كەرىم بىمىسال،*
ئەھەدسەن، سەمەدسەن، غەنى لايەزال.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غەنىئى بەخىل — بېخىل باي، گىرى باي.

غەنىم [غنيم] (ئە) دۈشمەن، رەقىب:
قىلۇر بېخىل ئۆزىگە غەنىم يارلەرىن،
مەن ئۆزىگە جود بىلە دۈشمەننى ئاشنا قىلايىن.
— مەشھۇرى.

غەنىملەر تەرەفىن تۇتماق — دۈشمەن تەرىپىنى تۇتماق، ھىمايە قىلماق.
غەنىم ئىستەمەك — رەقىب قىدىرماق، ئىستىمەك.

غەنىمەت [غنيمت] (ئە) [كۆپلۈكى: غەنايىم] 1) قۇلاي پۇرسەت، بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن يارىتىلغان قۇلاي پۇرسەت:
ساقىيا تۇتغىل غەنىمەت دەۋرى ئەھلىن نىگە كىم،
دەۋرىڭ ئۇلغايدۇر ساڭا يەڭلىغكى دەۋراندىن ۋەفا.
— خۇشھال غەرىبى.

2) دۈشمەندىن ئېلىنغان مال، ئولجا، قىممەتلىك نەرسىلەر؛ غەنىيمەت؛ بايلىق؛ مال - دۇنيا.

غەنىمەت ئەيلەمەك — پۇرسەتتىن پايدىلانماق، قۇلاي پۇرسەت دەپ قالماق:
خۇداكىم سىزگە بەرمىش مۇنچە دەلەت،
غەنىمەت ئەيلەمەك دەۋلەتدە ئىشرەت.
— ناقىس.

غەنىمەت بىلمەك — «غەنىمەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
مۇيەسسەر بولسەگەر ۋەسلى غەنىمەت بىلمەكۇ قۇتماق،
كەتۇرمەكدۇر سۇراھى نەچچەۋۇ پەيمانە ئاندىن كۆپ.
— ئەرشى.

غەنىمەت تۇتماق — «غەنىمەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.
غەنىمەت ئولماق — «غەنىمەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

غەنىي [غنى] (ئە) «غەنى» گە قاراڭ:
ھەر كىمسەكى بۇ خىل ئىرتىكابىدۇر ئانىڭ،
گەر بولسا غەنىي، بۇ خىل ئەزابىدۇر ئانىڭ.
— نەۋايى.

غەنىيزادە [غنى زاده] (ئە + پ) بايۋەچچە، باينىڭ بالىسى:
گەدازادەئى خىرەدمەند ئەكابىر ھەمرازى، غەنىيزادەئى لەۋەند ئەرزال دەمسازى.
— نەۋايى.

غەۋر [غور] (ئە) 1) ھەرقانداق چوڭقۇرلۇقنىڭ ئاستى، تۈۋى، تەكتى. 2) بىرەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتى، ماھىيىتى، تېگى - تەكتى. 3) تەلەپ.
غەۋر ئەيلەمەك — تەلەپ قىلماق، خالىماق.
غەۋر تاپماق — تېگىگە يەتمەك، چوڭقۇر چۈشەنمەك.
غەۋرىغە يەتمەك — تېگىگە يەتمەك، ھەقىقىتىنى بىلمەك؛ دادىغا يەتمەك.

غەۋس I [غوث] (ئە) ياردەم، مەدەت؛ مەدەتكار، ياردەم كۆرسەتكۈچى:
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ تەبەرىينىڭ مۇرىدىدۇر ۋە ئول ئەبۇ ئەھمەد ھەرىرىينىڭ ئەزىم كەرامات ۋە تېز فىراسەت ساھىبى ئېردى ۋە ئۆز زەمانىنىڭ قىبلە ۋە غەۋسى.
— نەۋايى.

غەۋس II [غوص] (ئە) چۆمۈش، شۇڭغۇش، سۇغا چۆمۈلۈش:
بۇ كۆڭلەر غەۋس ۋەقتى يەتمىش ئېردى،
ئەدەن سۇلتانى سەيتىن ئەتمىش ئېردى.
— لۇتفى.

غەۋس ئەتمەك — 1) سۇغا شۇڭغۇماق، چۆممەك. 2) سۆز مەنىلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلماق.
غەۋس قىلماق — «غەۋس ئەتمەك» كە قاراڭ.
غەۋسى لۇججەئى ھىلاج ئەتمەك — ئۆمۈر بولىقىنىڭ ئەڭ تۈۋىگە يەتمەك.

غەۋغا [غوغا] (ئە) 1) توپىلاڭ؛ شاۋقۇن، شاۋقۇن - سۈرەن؛ جاڭجال؛ تەشۋىش؛ غوۋغا:
بۇ شورىش ئىلە سالاي ئالەم ئىچرە يۇز غەۋغا،

كى تىيرە ئاھ ئىلە كۆك كۆكسىنى يارا قىلايىن.

— ئەرشى.

ئىشقىلىغ دەئۋاسى قىلسە ھەر كىشى بۇدۇر جەزا،
قەتل ئېتىپ ئېلەڭ تەماشانى ئۇلۇس غەۋغاسىغە.

— موللا سالىھ.

2) خۇرسەنچىلىك، ئەيشۇ ئىشرەت؛ قىزىق (قىزغىن) بەزمە:

كېچەلەر گۈل بوت لەبالەب مەي ئىچەر غەۋغا بىلە،
گەر ئىشىتمەس نې ئەجەب دەرد ئەھلى يارەب ـ يارەبىن.

— نەۋايى.

غەۋغا ئەتمەك — داد ـ پەرياد كۆتۈرمەك؛ شاۋقۇن سالماق.

غەۋغا قىلماق — «غەۋغا ئەتمەك»كە قاراڭ.

غەۋغا ياۋۇشماق — غوۋغا، توپىلاڭ كۆتۈرۈلمەك، يېپىلماق (كېڭەيمەك).

غەۋۋاس [غواص] (ئە) سۇ ئاستىدىن نەرسە سۈزگۈچى، غەۋۋاس:

بەھرىغە كىردىم غەۋۋاس بولاي دەپ،
بىر دۇررى مەقسۇد ئالغالى كەلدىم.

— مەشرەپ.

كىرىپ دەريايى ئىشقە مىسلى غەۋۋاس،
كى لەئلۇ گەۋھەرۇ ئۇمماننى كۆردۈم.

— نەسىمى.

غەۋۋاسى ئەزەل — ئاللاھ، تەڭرى.

غەۋۋاسى دۇن — پەسكەش غەۋۋاس:

بەرسەلەر بىش ـ ئون دىرەم غەۋۋاسى دۇن،
بەھر ئىچرە سالۇر ئۆزنى سەرنىگۇن.

— نەۋايى.

غەيب [غيب] (ئە) ھېچكىم بىلمەيدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، غايىب؛ سىر:

تۇرفەكىم سىررى نىھانىم بارىغە كاشىفسەن،
غەيب ئىشىن بىلمەس ئىدى كىمسە خۇدادىن غەيرى.

— ئەرشى.

غەيب مەكمەنى — يوشۇرۇن جاي، خۇدا دەرگاھى.

غەيب ھەززى — غايىبلىق ھالاۋىتى، كۆزگە كۆرۈنمەسلىك لەززىتى.

غەيبەت [غيبت] (ئە) بىراۋنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلىمەك، بىراۋنى بىراۋغا چاقماق.

غەيبدان [غيب دان] (ئە + پ) مەخپىي نەرسىلەرنى بىلگۈچى، ھەر تۈرلۈك سىرلىق نەرسىلەرنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى، خۇدا:

چۇ ئىشيادە كۆرسە كىشى سەنئەتىن،
بىلۇر سانىڭ غەيبدان قۇدرەتىن.

— نەۋايى.

غەيبىي [غيبى] (ئە) غايىبقا خاس، غايىبتىن كەلگەن:

دېدىمكىم مۇبارەك خاتىرىڭكىم مەۋرىدى فۇيۇزى غەيبىيدۇر،
چۇن زامىردۇر نە نەۋئ تاپقايمەن.

— نەۋايى.

غەيبىيە [غيبيه] (ئە) يوشۇرۇن، پىنھان:

بىسا ئىسرارى غەيبىيە ۋە مەئانىيى ھەقىقىيەكى، سۈرەت كىسۋەتىدە ۋە مەجاز لىباسىدە ئەدا قىلىبدۇرلەر.

— نەۋايى.

غەير [غير] (ئە) باشقا، ئۆزگە، يات؛ بىگانە:

كۆزلىمەي ھۇسنۇڭ زۇھۇرىن بارچە ئەشيا ئىچرە كىم،
غەيرىگە سالغان نەزەر قىلغىل نىگاھىمنى كەرەم.

— ئەرشى.

مۇھەببەت پەيزىدىن يەتكۇر دەمادەم تىيرە كۆڭلۇمگە،
كۆڭۈلدىن غەيرى زىكرىن ئېلەگەي ئۇل نۇرزىيا پەيدا.

— ئابىد.

غەير خەيالى — ئۆزگىلەرنى ئويلاش.

غەيرى ئەزغۇلام — غۇلامدىن باشقىلىرى:

شەھنىڭ ئالدىدە يوق غەيرى ئەز غۇلام،
تۇردى ئول قۇل خىزمەتىدە سۇبھ ـ شام.

— خەراباتى.

غەيرى دۇرەڭلىك — ئىككى خىل رەڭلىنىشتىن باشقا.

غەيرى رىزا — رازىلىقسىز.

غەيرى زالىكە — ئۇنىڭدىن (شۇنىڭدىن) باشقا، بۇنىڭدىن تاشقىرى.

غەيرى زىيان — زىيانسىز.

غەيرى سالىم — سالامەت ئەمەس، ساغلام بولمىغان.

غەيرى غەزا — غازات قىلماي، غازاتسىز.

غەيرى مەۋقىڭ — ئورۇنسىز؛ مەۋقەسىز.

غەيراز [غيراز ···] (ئە) دىن باشقا:

يىغلادى ھالىمغا يەر ئالتىندا جۇت،
سايە ماڭا سالمادى غەيراز بۇلۇت.

— زەلىلى.

ساڭا كۆڭلۈمدە يوق ھەرگىز يامانلىق،
ئىككى ئالەمدە غەيراز مېھرىبانلىق.

— خىرقەتى.

غەيرەت [غيرت] (ئە) 1) ھەرىكەتچانلىق، جىددىيلىك، بېرىلىپ ھەرىكەت قىلىش؛ غەيرەت:

بۇلارنى كۆرۈپ جۇش ئۇرۇپ غەيرىتىم،
قىيامىغە ئانداغ يېتىپ جۇرئەتىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) رەشك، ھەسەت، قىزغىنىش:

نارتەك ياڭاقلىق شۇئلەسىن سەن كۆرگۈزۈپ ئەغيارغە،
غەيرەت ئوتى ئىچرە يانە باغرىمنى بىريان ئەيلەمە.

— سەككاكى.

غەيرەت ئايىن — غەيرەتلىك.

غەيرەت تىغى — ھەسەت، رەشك زەربىسى:

مەئشۇق دېدى: باۋەر ئەمەسدۇر ماڭا ئىشقىڭ،
غەيرەت تىغى بىرلە يۈرەكىمنى يارا قىلدىم.

— ئەرشى.

غەيۇر [غيور] (ئە) باتۇر، پالۋان، قورقماس، غەيرەتلىك:

يەنە كۆپرەك ئىبردى سىباغۇ تەيۇر،
كى ئىنسان يېمەككە قىلۇرلەر غەيۇر.

— ئا. نىزارى.

غوتە [غوطه] (ئە) شۇڭغۇش؛ سۇدىن شۇڭغۇپ چۆمۈلۈپ چىقىش:

غوتە ئۇردۇم ئىلىمنىڭ دەرياسىغە،
قىلدى ھەق مەئمۇردۇر يەكتاسىغە.

— خەراباتى.

غوتە تاپماق — «غوتە ئۇرماق»قا قاراڭ.

غوتە ئۇرماق — شۇڭغۇماق، سۇغا شۇڭغۇپ چۆمۈلۈپ چىقماق؛ پاكلانماق، تازىلانماق.

غور [غور] زور تالانغان، باسقۇنغا ئۇچرىغان قەدىمىي بىر شەھەر نامى.

غارەتى غور سالماق — غور شەھىرىنى تالان قىلغاندەك تالان قىلماق.

غۇبار [غبار] (ئە) 1) چاڭ، توزان، غۇبار:

ئىرۇر ئىبردى ئەسا ئەقدادىدىن گام،
ياغىغە غۇبارى يول ئىدى دام.

— ناقىس.

2) خىيرەلىك؛ خاپىلىق:

يارۇتتى دىلىمنى چىنان سۇبھۇار،
كېتىپ ساق بولدى ئىچىمدىن غۇبار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياش ئىدىم، يۈزلۈك ئىدىم، دوستلارغە ئىبردىم ئىبتىبار،
ئارامىزدا يوق ئىدى بىر زەررەئى گەردى غۇبار.

— موللا سالىھ.

3) تىنچسىزلىق، غوۋغا:

جەھان ئىشلارىغە بولۇپ مۇشتەغىل،
غۇبارى ھەۋەسنى قىلىپ مۇكەھىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غۇبار ئەيلەمەك — چاڭ - توزان پەيدا قىلماق، (توپا) سورۇزماق.

غۇبار ئەنگىز [غبارانكيز] (ئە + پ) چاڭ - توزان پەيدا قىلغۇچى؛ توپىلاڭ كۆتۈرگۈچى؛ پىتنە - پاسات پەيدا قىلغۇچى:

تاشلادى ھەريان ئۇلۇس جانىنى سەرگەردان قىلىپ،
گىردبادى فىتنە گوياكىم غۇبار ئەنگىز ئىرۇر.

— نەۋايى.

غۇجغاۋ [غجغاو] ئېشەكنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان مۇنچاق ۋە باشقا نەرسىلەر:

ساقالى شەيخى رىيانىيغە گەرچە كەلدى ھەرام،
ۋەلې كۆلەرگە ئىشەك بويىنىغە كىبرەك غۇجغاۋ؟

— نەۋايى.

غۇرەبا [غربا] (ئە) [بىرلىكى: غەرىب] غېرىبلار، مۇساپىرلار، بىچارىلەر.

غۇرەبا خەيلى — غېرىبلار گۇرۇھى، بىچارىلەر توپى.

غۇرەبا قۇتى — بىچارىلەر ئوزۇقى، يېمەكلىكى.

غۇربەت [غربت] (ئە) 1) مۇساپىرلىق، غېرىبلىق، بىچارىلىك، يالغۇزلۇق، ۋەتەنسىزلىك:

غۇربەت ئىچرە، ئەي كۆڭۈل، ئەلدىن ۋەفا ئىستەرنى قوي،
چۈن ۋەفاسىن كۆرمەدىڭ ھەرگىز دىيارۇ يارنىڭ.

— بابىر.

2) ئۇ دۇنيا:

بارچە غۇربەتغە خىرام ئەيلەدىلەر،
خۇلد باغىنى مەقام ئەيلەدىلەر.

— نەۋايى.

غۇربەت تارتماق — ۋەتەندىن يىراقتا بولماق.

غۇربەت غەمى — مۇساپىرلىق، يالغۇزلۇق غەم - قايغۇسى:

گەر ئەزىزى مىسر ئولسا بار دۇرۇر غۇربەت غەمى،
يۈسۇفى دىلخەستەنى سەن قىلما كەنئاندىن جۇدا.

— قەلەندەر.

غۇربەت ئىختىيار ئەتمەك — دۇنيا ئىشلىرىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتماق، تەركىدۇنيا بولماق.

غۇربەتكەش [غربت كش] (ئە + پ) غېرىبلىق تارتقان، مۇساپىرلىق دەردىنى تېتىپ كۆرگەن، غۇربەتتە قالغان:

ئىشق دەشتىدە ھېچ غۇربەتكەش مۇسافىر كۆرمەسۇن،
مەن غەرىب ئول دەشت ئارا كۆرگەننى كافىر كۆرمەسۇن.

— نەۋايى.

غۇربەتكەراي [غربت كراى] (ئە + پ) غېرىبلىقنى، غۇربەتتە ياشاشنى خالىغۇچى، ئىختىيار قىلغۇچى:

ساڭا لايىق ئىرمەس بۇ سەراي،

كى بولدۇڭ قويۇپ بىزنى، غۇربەتكەراي.
— نەۋايى.

غورران [غران] (پ) ھايقىرىغۇچى، ۋارقىرىغۇچى، ھۆركىرىگۈچى؛ «غۇررەندە»گە قاراڭ.

غۇرران ھىزەبر — ھۆركىرىگۈچى ئارسلان:
نېچۈككىم تېگىنز سارى غۇررەندە ئەبر،
ۋەيا گور خەيلىغە غۇرران ھىزەبر.
— نەۋايى.

غۇررە [غره] (ئە) ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، بىر كۈنلۈك ئاي:
ئاي كۆرۈنۈپ غۇررە كەبى تىفلزاد،
تىفلى راھىڭ چەرخى قەدىمى نىھاد.
— نەۋايى.

غۇررەندە [غرنده] (پ) ۋارقىرىغۇچى، ھايقىرىغۇچى، ھۆركىرىگۈچى؛ گۈلدۈرلىگۈچى.

غۇررەندە ئەبر — گۈلدۈرمىلىق قارا بۇلۇت.

غۇرفە [غرفه] (ئە) بالىخانا، بالىخانا ئايۋىنى؛ ئۆي:
غۇرفەلەردىن فىتنەلەر نەززارەگەر،
قىلغالى بىچارەگە يوق چارەگەر.
— نەۋايى.

غۇرۇب [غروب] (ئە) قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ پېتىشى؛ زاۋال بولۇش.

غۇرۇب قىلماق — 1) پاتماق (قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىقلار).
2) ۋاپات بولماق، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلماق.

غۇرۇر [غرور] (ئە) مەغرۇرلىنىش؛ ۋاقىتىنچە كەلگەن دۆلەت ياكى مەنسەپ بىلەن ئالدىنىش، تەكەببۇرلۇق:
بۇ نەۋبەت جامىنى قويماس ئىچۈرمەي ساقىئى دەۋران،
غۇرۇر ئەتمەي تەۋاناكىم بىرىنى ناتەۋان كۆرگەچ.
— مەشھۇرى.
مۇنچە ھەم بولمىش غۇرۇرى ھۇسن شەيدا تۇرفەكىم،
دېمەگەيسەن ھەرسارىدىن يۈز گىرىفتار ئولسە بەس.
— ئەرشى.

غۇرۇر زەھرى — مەغرۇرلۇق لەززىتى، ھوزۇرى.

غۇرۇر ئولماق — ئۆتكۈنچى نەرسىلەر بىلەن مەغرۇرلانماق.

غۇرۇرەت [غرورت] (ئە) «غۇرۇر»غا قاراڭ:
ئۆتۈپ روزگارىڭ غۇرۇرەت بىلە،
ھەمە ۋەقت ئەيشۇ سۇرۇرەت بىلە.
— ئا. نىزارى.

غۇرۇنبۇش [غرنبش] (پ) ۋارقىراش، ھۆركىرەش، ھايقىرىق:
ھەر سارى قارا بۇلۇتقە جۇنبۇش،
ئەيلەپ قارا دېۋدەك غۇرۇنبۇش.
— نەۋايى.

غۇرۇنبۇش نەماي [غرنبش نماي] (پ) ۋارقىرىغۇچى، ھايقىرىغۇچى، ھۆركىرىگۈچى:
قەلەمى كىشتى ئولگەندە جۇنبۇش نەماي،
تېرەڭ بەھرى بولدى غۇرۇنبۇش نەماي.
— نەۋايى.

غۇرۇنبىش [غرنبش] (پ) «غۇرۇنبۇش»قا قاراڭ.

غۇرۇنبىش ئەيلەمەك — ھۆركىرىمەك، دەھشەتلىك ئاۋاز چىقارماق، نەرە تارتماق.

غۇسسە [غصه] (ئە) غەم، قايغۇ:
بەيان ئەيلەسەم مەن ئەگەر قىسسەنى،
ماڭا ۋە ساڭا كەلتۈرۈر غۇسسەنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غۇسسە بەندى — غەم - قايغۇغا پېتىش، غەم زىندانىدا قېلىش.

غۇسسە تۇغيانى — قايغۇنىڭ زورىيىشى، خاپىلىقنىڭ ھەددىدىن ئېشىشى.

غۇسسە راھى — غەم شارابى، غەم، قايغۇ مېيى:
ئىچۈرگەچ غۇسسە راھىن سىھر ئاياغى،
شەفەق يۈزىگە چىقمىش كۆڭلى قانى.
— ئەرشى.

غۇسسە سەنج — غەم چەككۈچى، قايغۇرغۇچى.

غۇسسە كەش — غەم، ئەلەم، قايغۇ چەككۈچى.

غۇسسە گاھ — غەم - غۇسسىلىك جاي، غەم - ئەلەم ماكانى.

غۇسسەئى زەڭ — غەم - قايغۇ چاڭ - توزانلىرى:
نە ياخشى زىب ئېرۇر ئول گۈلغە بۇ زەڭ،
كېتەر ئەلنىڭ ئىچىدىن غۇسسەئى زەڭ.
— خىرقەتى.

غۇسسە يۇتماق — قايغۇرماق، قاتتىق غەمكىن بولماق.

غۇسسە يۈكى — غەم - غۇسسە يۈكى، ئېغىرلىقى.

غۇسسە پەرداز [غصه فرداز] (ئە + پ) قايغۇرغۇچى (بىراۋ ئۈچۈن)، غەمخور؛ ھەمدەرد:
دايە بىلە نەچە مەھرەمى راز،
بار ئېردىلەر ئاڭا غۇسسە پەرداز.
— نەۋايى.

غۇسل [غسل] (ئە) چۆمۈلۈش؛ پۈتۈن بەدەنگە سۇ تەگكۈزۈپ يۇيۇنۇش:
غۇسل ئېتەرمەن دەمبەدەم، ئەي ئەھلى راز،
سۇ ئۆزەسىدە سالۇرمەن جانىنەماز.
— يۇسۇف خوتەنى.

غۇسل ئەتمەك — «غۇسل ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

غۇسل ئەيلەمەك — چۆمۈلمەك، يۇيۇنماق.

غۇسل بەرمەك — يۇيماق، غۇسل قىلدۇرماق.

غۇسل قىلماق — «غۇسل ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

غۇسلى پاك — چۆمۈلۈپ تازا بولۇش، پاك بولۇش.

غۇفران [غفران] (ئە) كەچۈرۈش، ئەپۇ قىلىش؛ شەپقەت؛ كەچۈرگۈچى، ئەپۇ قىلغۇچى:

تەۋبە قىلغىل پېتىنەگە بول ھەقشۇناس،
قىلغاي ئۇل غۇفران جەھەننەمدىن خالاس.

— خەراباتى.

غۇل I [غول] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەغلال] زەنجىر ھالقا، كىشەن؛ بويۇنتۇرۇق:

قاسىم شەيخ، دەرۋاقۇل شەيخنى ھەم،
تۇتۇپ قەددىنى غۇل بىلەن قىلدى خەم.

— موللا بىلال.

بىلۈرسەنمۇ مېنىڭ ھالىمنى ئەي گۇل،
فىراق زەنجىرىدىن بويىنۇمدادۇر غۇل.

— خىرقەتى.

غۇل II [غول] (ئە) 1) دېۋە؛ جىن. 2) مەركەز، قوشۇن مەركىزى:

قىلىپ غۇلىنى بارچە رۇمىي سىپاھ،
تاپىپ زىينەت ئۇل غۇل ئىلە رەزمگاھ.

— نەۋائى.

غۇلى بىيابان — دەشت - باياۋانلاردا ئادەملەرنى يولدىن ئازدۇرىدىغان جىن، دەشت - باياۋان دېۋىسى:

كويىدىن رەختى سەفەر باغلاسە ئەغيار، نې تاڭ،
باغۇ گۈلشەندە كۆرەر غۇلى بىيابان تەقىس.

— نەۋائى.

غۇلى بىيابانىي — «غۇلى بىيابان»غا قاراڭ.

غۇلام [غلام] (ئە) قۇل؛ خىزمەتكار، مۇلازىم، مۇلازىم بالا:

كەر بالادۇر جەكەرانى ئالى مەرۋان قايدا سەن،
مەن غۇلامۇ ھەيدەرۇ دۇلدۇل سۇۋارى ئاشىقان.

— زەلىلى.

بۇ قاتىل غۇلامدىن تىلەرمىز قىساس،
چاپىلىڭ سىز، بولۇرمىز بەلادىن خەلاس.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غۇلب [غلب] (پ) تۇرۇبا، سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان ساپال تۇرۇبا:

بىرىنىڭ مۇمدەك ئىلگىدە خارە،
قىلىپ سۇۋۇ غۇلبىغە شىر ئاشكارە.

— نەۋائى.

غۇلبەند [غول بند] (پ) دۈشمەنى بەند، ئەسىر قىلغۇچى پالۋان:

بارى دېۋپەيكەر، بارى غۇلۋەش،
بارى غۇلبەندۇ بارى دېۋكەش.

— نەۋائى.

غۇلغۇل [غلغل] (پ) «غۇلغۇلە»گە قاراڭ:

چىمەندە بارچە قۇشلار سالدى غۇلغۇل،
بارىدىن ياخشى سۆزلەر ئېردى بۇلبۇل.

— خىرقەتى.

غۇلغۇلە [غلغله] (پ) شاۋقۇن، سۇنىڭ شارقىرىشى؛ شاۋقۇن - سۈرەن، داۋراڭ:

قۇلاقىمغە ئاڭلاندى بىر غۇلغۇلە،
ھەۋا شەرقە بولدى، زېمىن زىلزىلە.

— ئا. نىزارى.

ئۇلۇس ئىچرە ئانداغكى غەۋغا ئىدى،
غەرەز غۇلغۇلەدىن بۇ رەئنا ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غۇلۇ [غلو] (ئە) «غۇلۇۋ»غا قاراڭ:

ئەقل سەررافى بۇ غۇلۇ ئىچرە،
ئاچتى دوكانىن چارسۇ ئىچرە.

— نەۋائى.

غۇلۇلە [غلوله] (ئە) 1) يۇمىلاق نەرسە، شار؛ ئورالغان ئورام. 2) غوۋغا، غەلۋە:

زەمانە جامى ئۇچۇن ھەر غۇلۇلەئى تەشۋىش،
كى كەلسە كۆڭلۈڭ ئۆيىنى ئاڭا قىلۇرسەن خەنج.

— نەۋائى.

غۇلۇلەبەند [غلولەبند] (ئە + پ) پۇكۈلگەن، ئېگىلگەن؛ ئورالغان.

غۇلۇلە بەند تاشلاماق — دام سالماق، تۇزاق قۇرماق.

غۇلۇۋ [غلو] (ئە) قىيا - چىيا، غوۋغا، غەلۋە، توپىلاڭ.

غۇلۇۋ ئەيلەمەك — 1) يوپۇرۇلماق، ھۇجۇم قىلماق. 2) ھەددىدىن ئاشماق، چېكىدىن، چەكتىن چىقماق.

غۇلۇۋ قىلماق — «غۇلۇۋ ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

غۇلۋەش [غول وش] (پ) دېۋىگە ئوخشاش، دېۋدەك، ھەيۋەتلىك:

بارى دېۋپەيكەر، بارى غۇلۋەش،
بارى غۇلبەندۇ بارى دېۋكەش.

— نەۋائى.

غۇنچە [غنچه] (پ) 1) غۇنچە:

مىژەڭ چۇن ناۋەكى جاندۇر، داغى تەڭ غۇنچەدىن ئاغزىڭ،
بېلىڭ چۇن خەفچەئى گۈلدۇر، قەددىڭ سەرۋى خىرامانىم.

— ئەرشى.

قىزىل گۈل غۇنچەسىن خەندان ئېتەرگە،
يۈزىن سەيىر ئەيلىگە تابان ئېتەرگە.
— خىرقەتى.

2) گۈزەللەر ئاغزى، چىرايلىق، خۇشپىچىم ئېغىز:
ھەر باغدا ئاچىلغان يوق دەھر ئىچرە سىنىڭدەك گۈل،
ھەم غۇنچە ئېرۇر لەئلىڭ، ھەم ھوققە ئىچىندە مۇل.
— گۇمنام.

غۇنچە كۈلمەك — ئېچىلماق.

غۇنچەئى خەندان — ئېچىلغان، ئېچىلىپ، كۈلۈپ تۇرغان غۇنچە، مەھبۇبنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئاغزى:
ئاغزىنى ئىستەپ ئەدەم يولىدا كۆڭلۈم بولدى خاك،
دەھر باغىدا ئاچىلغان غۇنچەئى خەنداندىن ئۈز.
— مەھزۇن.

غۇنچەئى دەرد — ئىشق غۇنچىسى.

غۇنچەئى رەيھان — خۇش پۇراق چاچىدىغان غۇنچە، ئېغىز:
گۈل سۇرخ يەڭلىغ يۈزۈڭگە بۇ بىلال بىچارەنى،
ئەيلەدىڭ مانەندى بۇلبۇل غۇنچەئى رەيھانىغۇ سەن.
— موللا بىلال.

غۇنچەئى نىھال — ياش نوتىنىڭ غۇنچىسى:
غۇنچەئى نىھالىدا ئىككى مىۋەنى كۆردۈم،
ياكى ساڭگىلاچ ئالما، ياكى ئىككى رومان قىز.
— نەۋبەتى.

غۇنچەئى ۋەھدەت — يەككە ـ يېگانە، يالغۇز دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ بېشى (دەسلىپى)، ئاۋۋالقى.

غۇنچە ئەندام [غنچەاندام] (پ) غۇنچە شەكىللىك، غۇنچىغا ئوخشاش:
ھۆسن باغىدا قەدىڭ بولمىش لەتافەت گۈلبۇنى،
تونى گۈلگۈن، تۈگمەنى تا غۇنچە ئەندام ئەيلەدىڭ.
— نەۋايى.

غۇنچەكىردار [غنچەكردار] (پ) غۇنچە تەرىزلىك، غۇنچە كۆرۈنۈشلۈك:
گۈل پەردەلەر ئىچرە غۇنچە كىردار،
بۇ تاشقارى بولدى ئاگا سىردار.
— نەۋايى.

غۇنچەۋەش [غنچەوش] (پ) غۇنچىغا ئوخشاش، غۇنچە كەبى، غۇنچىدەك، گۈزەل؛ «غۇنچە ئەندام» غا قاراڭ:
غۇنچەۋەش نازۇك بەدەنلىك ئاي يۈزىن كۆرگەن ھامان،
بۇ بىلال ئايتۇر: بولۇرمەن ئاھ ـ زارىمدىن جۇدا.
— موللا بىلال.

غىرىۋ [غريو] (پ) شاۋقۇن ـ سۈرەن، توپىلاڭ، غۇۋغا، قىيقاس ـ چۇقان:
چۇ بولدى تۈغماغانىتەك بىر زەماندا،
غىرىۋۇ زىلزىلە تۇشدى جەھاندا.
— لۇتفى.

غىرىۋ چەكمەك — نالە قىلماق، پىغان چەكمەك، داد ـ پەرياد كۆتۈرمەك.

غىرىۋ سالماق — شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرمەك، توپىلاڭ، غۇۋغا قىلماق:
جەڭگى نەقارەۋۇ دۇھۇل چالدىلەر،
دەشتى بەيابانغە غىرىۋ سالدىلەر.
— زەلىلى.

غىرىۋ يەتمەك — ئاھ ـ ۋاھ كۆتۈرۈلمەك، داد ـ پەرياد ئىشىتىلمەك.

غىزا [غذا] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەغزىيە] ئوزۇق، يېمەكلىك، تائام، غىزا؛ ئىچىملىك:
كى ئاندىن كەتۇردى ئۆزىگە غىزا،
قىلۇر ئېرمىش ھەر كۈن بۇ يەڭلىغ سەزا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
قەدرىنى نامۇناسىپ ئەل بىلمەس،
ئەھلى مەشرەب غىزاسىدۇر كۆك چاي.
— ئەرشى.

غىزا تاپماق — غىزا، يېمەكلىك تاپماق.

غىزايى رۇھ — روھ ئوزۇقى، مەنىۋى ئوزۇق؛ روھقا قۇۋۋەت بەرگۈچى.

غىزايى لەتىف — كۆڭۈلگە ياقىدىغان يېمەكلىك:
تۇتۇپ جامى زەردىن رەڭىسى شەرىف،
قويۇپ ئالدىمىزدا غىزايى لەتىف.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

غىلزەت [غلظت] (ئە) قوپاللىق، قوپال تەبىئەتلىك:
كۆپرەكىدە تەبئ غىلزەتى ۋە تەمەئ ئىللەتى پەيدار ۋە ئەقل قىللەتىغە گىرىفتار.
— نەۋايى.

غىلمان [غلمان] (ئە) [بىرلىكى: غۇلام] غۇلاملار، خىزمەتكارلار:
دىلبەرىڭدەك كىم تاپىپدۇر، ئەي قەلەندەر، سەلتەنەت،
جەننەتى كويۇڭغە باردۇر ھۆرۇ غىلمان ئېھتىياج.
— قەلەندەر.

غىلمانۋەش [غلمان وش] (ئە + پ) خىزمەتكاردەك، غىلمان (غۇلاملار) كەبى:
خىتاي چىندە تەنلەب نازەنىنلەر،
بارى غىلمانۋەشۇ ھەۋرا جەبىنلەر.
— نەۋايى.

غىنا [غنا] (ئە) بايلىق؛ مالدارلىق؛ ئېھتىياجسىزلىق.

غىنا ئەھلى — بايلار، دۆلەتمەنلەر.

غىنا بىلمەك — ئارتۇق، ئەۋزەل دەپ بىلمەك.

غىنا ھاسىل ئەتمەك — قولىغا بايلىق كىرمەك (كىرگۈزمەك)، بايلىققا ئېرىشمەك.

غىنا ئىزھارى قىلماق — مەمنۇنلۇق نىشانىسىنى بىلدۈرمەك.

غىيبەت [غيبت] (ئە) غەيۋەت، سۆز - چۆچەك.

غىيبەت قىلماق — ئارقىدىن گەپ قىلماق، غەيۋەت قىلماق؛ چېقىمچىلىق قىلماق.

ف

فاتىھە [فاتحە] (ئە) 1) باشلىنىش؛ قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسى. 2) قول ئېچىپ، بىرەر نەرسىنى سوراپ دۇئا قىلىش؛ ياخشىلىق تىلەش.

پاتىھەتۇش ـ شەباب — ياشلىقنىڭ بېشى (دەسلىپى)، ياشلىق دەۋرىنىڭ ئاۋۋىلى.

فاتىھەسىدىن خاتىمەسىغىچە — باشتىن ـ ئاخىرغىچە، باشتىن ـ ئاياغ، ھەممىسى.

فاتىھە ئوقۇماق — دۇئا قىلماق، ياخشىلىق تىلىمەك.

فاختە [فاختە] (پ) پاختەك، قۇمرى:

فاختە قەندىلىدە خىلۋەت نىشىن،
ئەرشدە گۈل نەۋۋ كى رۇھۇل ـ ئەمىن.

— نەۋايى.

فاخىرە [فاخرە] (ئە) پەرخىرلەنسە ئەرزىيدىغان، ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك.

بەلدەئى فاخىرە — چىرايلىق، گۈزەل، ئاۋات شەھەر.

فار [فار] (پ) پەنەر؛ پانۇس؛ ماياك:

ئىچكەلى سوزان كۆڭۈل قانىن ئوقۇلۇڭ ئاچتى ئاغىز،
گوت تۇشۇپ سۈۋ فارىدىن كۆل بولدى پەيكانىغەچە.

— نەۋايى.

فارسىي [فارسى] (پ) 1) پارسچە، پارسلارغا خاس. 2) پارس تىلى. 3) پارس تىلىدا يېزىلغان.

فارسىدان [فارسى دان] (پ) پارس تىلىنى بىلىدىغان شەخس:

فارسىدانلەر ئەيلەبان ئىدراك،
ئارىي ئېردى بۇ نەفەدىن ئەتراك.

— نەۋايى.

فارۇق [فاروق] (ئە) ھەق ـ ناھەقنى ئاجراتقۇچى؛ ئادالەتلىك.

فارىسگوي [فارس كوي] (پ) پارسچە سۆزلىگۈچى، پارس تىلىدا سۆزلىگۈچى.

فارىغ [فارغ] (ئە) تىنچىغان؛ بوشىغان، قۇتۇلغان؛ بوش، خالىي:

بىردەمى ۋەسلى خىيالىدىن كۆڭۈل فارىغ ئەمەس،
سۆھبەتىم ئەھلى جەھان بىرلە ئېرۇر مەھز مەئاش.

— ئەرشى.

فارىغ ئەتمەك — بوشاتماق، قۇتقۇزماق.

فارىغ بولماق — قۇتۇلماق، بوشىماق، ئازاد بولماق:

چىقتى كۆڭۈلدىن ھەۋەسى كائىنات،
فارىغ بولۇپ قائىدەئى شەش جەھات.

— زەلىلى.

فارىغ تۇفراغ — قۇرۇق، بوش يەر.

فارىغ قىلماق — «فارىغ ئەتمەك» كە قاراڭ.

فارىغ ئولماق — «فارىغ بولماق» قا قاراڭ.

فارىغ بال [فارغ بال] (ئە) خاتىرجەم، كۆڭلى تىنچ، تەشۋىشسىز.

فارىغ دىل [فارغ دل] (ئە + پ) خۇشال، بىپەرۋا:

چۇ مەن بۇ چاققا تېگرۇ غافىل ئېردىم،
بۇ ئىش تەكلىفىدىن فارىغ دىل ئېردىم.

— نەۋايى.

فارىغۇل ـ بال [فارغ البال] (ئە) «فارىغ بال» غا قاراڭ.

فازىل [فاضل] (ئە) 1) ئالىي، دانىشمەن. 2) ئارتۇق، ئارتۇقچە.

فازىل كەلتۈرمەك — ئارتۇق (قالدۇق) چىقارماق.

فاسىد [فاسد] (ئە) بۇزۇلغان، بۇزۇق.

فاسىد ئەتمەك — بۇزماق، يوق ئەتمەك.

فاسىد ئەخلات — بۇزۇقلار بىلەن ئارىلىشىش.

فاسىد خەيال — يامان پىكىر، بۇزۇق ئىشلارنى نىيەت قىلغۇچى.

فاسىد خەيالات — بۇزۇق خىياللار.

فاسىق [فاسق] (ئە) پاسىق، يامان ئىشلارنى قىلغۇچى، يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ئەخلاقسىز:

ئالىمنى زالىم ئەيلەدى، فاسىقنى پەرسا،
رەددۇ قەبۇل بىرلە ئەجەب كارخانەدۇر.

— زەلىلى.

فاسىقى بىنەدامەت — ئەپسۇسلانمايدىغان، پۇشايمان قىلمايدىغان؛ ئەشەددىي.

فاسىل [فاصل] (ئە) ئاجرىتىپ تۇرغۇچى ئارىلىق، پاسىل.

فاسىل بولماق — ئارىنى ئاچماق، ئاجرالماق.

فاش [فاش] (پ) ئوچۇق، ئاشكارا، مەلۇم:

لار، ئارتۇقلۇقلار. 2) ئىلىم.

فەزىلەت [فضيلت] (ئە) پەزىلەت، ئىلىم، دانىش؛ ياخشى خىسلەت.

فەزىھەت [فضيحت] (ئە) [كۆپلۈكى: فەزايىھ] يامانلىق، رەسۋالىق، شەرمەندىلىك.

فەزىھەت قىلماق — رەسۋا، شەرمەندە قىلماق؛ ئابرۇيىدىن كەتكۈزمەك.

فەزىھەت ئاسا [فضيحت آسا] (ئە + پ) شەرمەندىلەرچە، رەزىلانە.

فەزىھەت ئەنگىز [فضيحت انكيز] (ئە + پ) ئۇيالدۇرىدىغان، رەسۋا، شەرمەندە قىلىدىغان.

فەساد [فساد] (ئە) بۇزۇقلۇق، بۇزۇقچىلىق؛ چىرىش:

ھەر فەساد ئالەمدە ئالىمدىن چىقار،
ئول سەبەبدىن كۆپراغى دىندىن چىقار.

— خەراباتى.

فەساد ئالەتى — بۇزۇقلۇق ئىسۋابى، بۇزۇقلۇق ۋاسىتىسى.

فەساد تۇخمىنى ئەكمەك — بۇزۇقلۇق تارقاتماق.

فەساد ئەنگىز [فساد انكيز] (ئە + پ) بۇزۇقلۇق، بۇزۇقچىلىق قوزغىغۇچى، تارقاتقۇچى:

فەسادئەنگىز ئىرۇر ئالەم، جەفا ئەندىش ئىرۇر ئادەم،
ئۆتەرمەن شادلىق دىدارىنى كۆرمەي زەمان ئىچرە.

— مەشھۇرى.

فەسانە [فسانه] (پ) ھېكايە، داستان، سەرگۈزەشت؛ ئەپسانە، ئويدۇرما:

تۇرۇپ ئىردى ناگاھ فەسانە تۈزۈپ،
تۆمۈرچى يۈگۈردى تەرانە تۈزۈپ.

— غەربى.

فەسانە ئاۋەر — خەۋەر كەلتۈرگۈچى، خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

فەسانە ئايتماق — ھېكايە ئېيتماق، سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلىمەك.

فەسانە پەرداز — «فەسانە پەيۋەند» كە قاراڭ.

فەسانە پەيۋەند — ھېكايە ئېيتقۇچى؛ داستانچى.

فەسانە تىراز — ياخشى ھېكايىچى.

فەسانە سىگال — «فەسانە پەيۋەند» كە قاراڭ.

فەسانەئى ئىشق — ئىشق داستانى:

ئىنشا قىلۇرەم فەسانەئى ئىشق،
ئول نەۋئ دەبان نىشانەئى ئىشق.

— ئەرشى.

فەسانەۋار [فسانەوار] (پ) ئەپسانىگە ئوخشاش:

كىم نەچچە نۇكتە ئاشكار دېسۇن،
سەرگۈزەشتىن فەسانەۋار دېسۇن.

— نەۋايى.

فەساھەت [فصاحت] (ئە) پاساھەت، سۆز ئۇچۇق، روشەن، راۋان، يېقىملىق، قائىدىگە مۇۋاپىق بولۇش:

فەساھەت كىشۋەرى ئىچرە ئەگەرچەند،
نەۋايىغە مۇسەللەم ئىردى گۇفتار.

— ئەرشى.

فەساھەت ئايىنى — چىرايلىق سۆزلەش ئۇسلۇبى.

فەساھەت زىۋەرى — چىرايلىق نۇتۇق بېزىكى.

فەساھەت شىئار — پاساھەتلىك نۇتۇق تەرەپدارلىرى.

فەساھەت ئىسار — چىرايلىق، گورزۇنلۇق، پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن تولغان.

فەسەقە [فسقه] (ئە) پاسىقلار، بۇزۇقلار.

فەسەقە خەيلى — پاسىقلار گۇرۇھى، بۇزۇقلار توپى.

فەسخ [فسخ] (ئە) بۇزۇش، بىكار قىلىش (بىرەر قانۇن ـ قائىدە ياكى ئادەت ھەققىدە):

كۆرەر تۇرفە بەرنانى مەبھۇتۇ مەسخ،
كى قىلمىش ئىدى زۇھد زەمىنى فەسخ.

— نەۋايى.

فەسد [فصد] (ئە) تومۇردىن قان ئېلىش.

فەسد قىلماق — تومۇردىن قان ئالماق.

فەسس [فص] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇسۇس] 1) ئۈزۈك كۆزىگە قويۇلغان قىممەت باھا تاش. 2) ئۈزۈك.

فەسل [فصل] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇسۇل] 1) مەۋسۇم:

چار فەسل دەير ئىچىدە فارىغ ئىرمەس غۇسسەدىن،
چەك مۇغەننى چارگاھىڭ، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.

— ئەرشى.

2) بۆلۈم، باب:

شەرھ ئەگەر قىلسام جەمالىڭ دەفتەرىدىن بىر ۋەرەق،
ھەر سۆزى مىڭ فەسل ئولۇر، ھەر فەسلى نەچچە بابلەر.

— نەسىمى.

فەسلۇل ـ خىتاب — تەسەۋۋۇپقا ئائىت كىتاب نامى.

فەسلى بەھار — كۆكلەم، باھار پەسلى.

فەسلى خەزان — كۈز، كۈز پەسلى.

فەسلى رەبىئ — باھار پەسلى.

گويىيا يەر ئۆزرە گۈللار كۆرسەتۇر فەسلى رەبىئ،
سەفھەدە ئەرشى ئاچىلدۇرمىش گۈلى ئەشئارەلەر.

— ئەرشى.

فەسلى نەۋبەھار — باش باھار پەسلى:

فەسلى نەۋباھارىدا گۈل كەبى ئاچىلغان قىز،

ئەدەبىسىزلىك:
ۋە لېكىن تىللاردا كامال ۋە نۇقسان ھەيسىيەتىدىن فاھىش تەفاۋۇتلاردۇركى، ئەلفاز ۋە ئىبارەت ۋەز قىلۇردا تۈرك سارتتا فائىق كېلىپدۇر.
— نەۋايى.

فاھىشە [فاحشە] (ئە) پاھىشە، پاھىشە ئايال.

فاھىشەئى قەھبە — بۇزۇق ئايال، پاھىشە.

فائىدە [فائده] (ئە) پايدا، بەھرە، نەپ؛ نەتىجە:
دەۋا قىلمادى ھېچ ئاڭا فائىدە،
كى تىترەپ تۇرالماي ھەكىم جائىدە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
دېدى پىر: *بۇلارغە ئېرۇر فائىدە،*
ئانى قىلسا ھەركىم تاپار فائىدە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فائىدە بەرمەك — نەپ بەرمەك، مەنپەئەتلەندۇرمەك، پايدا يەتكۈزمەك.

فائىدە يەتكۈزمەك — ياردەم قىلماق.

فائىز [فائض] (ئە) بەرىكەتلىك؛ تولۇپ تاشقان، مول.

فائىزى جۇد — ئىنئام - ئېھسان، ساخاۋەتتە يېگانە (خۇدانىڭ سۈپىتى).

فائىزى مەئانى — مەنىلەر كانى.

فائىزۇل - ئەنۋار [فائض الانوار] (ئە) نۇر يايغۇچى، نۇر تارقاتقۇچى.

فائىق [فائق] (ئە) 1) غالىب، زەبەردەست؛ يۇقىرى، ئۈستۈن، ئەۋزەل:
دېدىم: *سەن بارچەدىن فائىق ئىكەنسەن،*
قىزىل گۇل بەزمىگە لايىق ئىكەنسەن.
— فىرقەتى.
2) مۇناسىپ:
شائىركى، ھەرزەسى كۆلمەككە لايىق،
ئۆز خىيالىدا سەئدىي ۋە خىسرەۋغە فائىق.
— نەۋايى.

فائىق بولماق — ئەۋزەل بولماق.

فائىق تاپماق — ئەۋزەل، مۇناسىپ كۆرمەك.

فائىق كەلمەق — يۇقىرى، ئۈستۈن بولماق.

فائىل [فاعل] (ئە) ئىشلىگۈچى، بېجىرگۈچى، قىلغۇچى.

فائىل ئەتمەك — ئىشلەشكە، بېجىرىشكە قابىلىيەتلىك قىلماق.

فايدە [فايده] (ئە) «فائىدە»گە قاراڭ:
ئىشىتىسەڭ ۋە كۆرسەڭ ئىچىلىڭ ئاغرىغاي،
كېيىن فايدە بەرمەس نەدامەتكە ۋاي.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فايدەمەند [فايدەمند] (ئە + پ) پايدا كۆرگۈچى؛ پايدا كەلتۈرگۈچى:
... بۇ ئەبرى بەھاردۇركى، مەرتەبەدە ئاندىن، بەلەندراق ۋە بەھرەدە ئاندىن فايدەمەندراقدۇركى، ئانىڭ ئۈستىگە سايە سالۇرغا بايىلە ئالۇر.
— نەۋايى.

فايىز [فايض] (ئە) «فائىز»غا قاراڭ:
كۆڭۈلنى تۈز، تىلەسەڭ فايىز ئولسا تۈز مەئنى،
نېدىنكى، ئەگرى ئىسە ئەگرى كۆرگۈزۈر كۆزگۈ.
— نەۋايى.

فايىق [فايق] (ئە) «فائىق»قا قاراڭ:
مۆئەييەن قىلىپ نەچچە لايىق كىشى،
نە لايىق كىشى، بەلكى فايىق كىشى.
— ئا. نىزارى.

فەئال [فعال] (ئە) 1) بىر ئىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشىدىغان، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان؛ ئىشچان، ئاكتىپ. 2) قىلىق، ھەرىكەت:
كۆڭۈلنى ئالدۇرۇپ ئېردىم ئانىڭكى ئىككى خالىغە،
رىزالىق ئەيلەرەم ھەردەم ئانىڭ ياخشى فەئالىغە.
— موللا سالىھ.

فەئەينە [فأين] (ئە) قەيەردە، قېنى:
نە بولدى ياسرىبو بەتھا ئارا ئوقۇتسامكىم،
ئايا مەنازىلە سالما فەئەينە سالماكى.
— نەۋايى.

فەبىھا [فبها] (ئە) كۆڭۈلدىكىدەك، ناھايىتى ياخشى، مەقسەتكە، ئويلىغىنىغا مۇۋاپىق.

فەبىھەل - مۇراد [فبها المراد] (ئە) «فەبىھا»غا قاراڭ.

فەتا [فتا/فتى] (ئە) 1) يىگىت. 2) شىجائەتلىك.

فەتانەت [فطانت] (ئە) ئۆتكۈر زېھىن، زېرەكلىك؛ خۇشپەملىك، ئەقلىي قابىلىيەت.

فەتتان [فتان] (ئە) پىتنە سالغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى؛ جەزىبىلىك:
غەمزەسىنىڭ ئالتە ئالەم ئەسىرى،
كۆزلەرى دەۋرى قەمەر فەتتانىدۇر.
— سەيفى سەرايى.

فەتتاھ [فتاح] (ئە) ئاچقۇچى، بەند ئىشىكلىرىنى ئاچقۇچى؛ مۇشكۇل ئىشلارنى ئاسان قىلغۇچى؛ ئاللاھ، خۇدا.

فەتتاھى باب — ئىشىكنى ئاچقۇچى:

فەتھى قىل بۇ يولنى ئەي، فەتتاھى باب،
ئۆتتى ئۆمرۈم فىسق - ئىسيان بىرلە خاب.
— خەراباتى.

فەتراك [فتراك] (پ) غانجۇغا:
ئۆلۈمدۇر ياخشىراق ئەي دىل تىرىكلىك دەۋلەتىدىن كىم،
ئاسىلىپ رەخش فەتراكىغە سەيدى شەھسۇۋار ئولدۇم.
— گۇمنام.

فەتھ [فتح] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇتۇھ / فۇتۇھات] 1) ئېچىش، ئېچىلىش:
قۇفلى دىل فەتھىغە ئەبرۇ دىلكۇشايىگىدۇر سېنىڭ،
ئۆلمەكىم قەسدىدە چەشمى غەمزەدايىگىدۇر سېنىڭ.
— گۇمنام.

2) ئىشغال قىلىش، ئىگىلەش (شەھەر ياكى مەملىكەتنى). 3) غەلىبە، زەپەر.

فەتھ ئەتمەك — ئىشغال قىلماق، ئىگىلىمەك.
فەتھ باب — ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى؛ ئوچۇق ئىشىك.
فەتھ بەرمەك — ياردەم بەرمەك.
فەتھ بولماق — قارام، تەۋە بولماق.
فەتھ قىلماق — ئالماق، قولغا كىرگۈزمەك.
فەتھ نامە — غەلىبىلىك يۈرۈشلەر ھەققىدىكى سالنامە.
فەتھ ھاسىل قىلماق — تەۋەلىكىگە ئالماق، قارام قىلماق.
فەتھ ئولماق — «فەتھ بولماق»قا قاراڭ.
فەتھۇ ئىقبال — بەخت، ئامەت.
فەتھى بىلاد — شەھەر، ئۆلكىلەرنى بېسىۋېلىش.
فەتھى بىھار ئەيلەمەك — دېڭىزغا يۈرۈش قىلماق.
فەتھى جامە — غەلىبە، زەپەر كىيىمى:
شەھادەتگاھى كۆڭلۈم ئۆزرە يۈز تىيرى بەلا تەگدى،
سىپاھى غەم نە بىلگەيلەركى فەتھى جامە بىلمەيدۇر.
— زەلىلى.

فەتھى زەفەر — غەلىبە، زەپەرنىڭ ياردىمى:
خۇداۋەندە بەردى چۇ فەتھى زەفەر،
نىگاھىمغە تۇشتى يەنە بىر شەھەر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەتھە [فتحه] (ئە) زەبەر، ئەرەب يېزىقىدا ھەرپ ئۈستىگە قويۇلۇپ «ئە» سوزۇق تاۋۇشىنى ئىپادىلىگۈچى بەلگە:
يەنە تۈركچە *ئەلفازدۇركىم، ئاندا «ئەلىف»* ۋە «ۋاۋ» ۋە *«يا»* فەتھە ۋە زەممە ۋە كەسرە ھەرەكەتى *ئورنىغا بىتىلۇر*...
— نەۋايى.

فەتۋا [فتوا/فتوى] (ئە) 1) دىنىي قانۇن يۈزىسىدىن بىرەر مەسىلە ياكى دەۋانىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى، ھالال ياكى ھاراملىقى ھەققىدە بېرىلگەن يازما ياكى ئاغزاكى پىكىر؛ دىنىي كىتاب بويىچە ئىسپاتلاش ئاساسى، كۆرسەتمە. 2) ئىجازەت، رۇخسەت:
بەيىنەۋدەر، بەيان قەنى ئالىم، بەگەمەل ھەممە،
فەتۋا ئۆزرە رەقەم قىلۇر مۇفتى ئەگەرچە تۇجرۇ.
— زەلىلى.

مۇفتى ئىشق قۇتۇپ ئېرۇر بەردىلەر فەتۋا جۇنۇن،
قازى ماڭا چەكارىھدۇر مۇھتەسىبۇ نە خان - بەگ.
— زەلىلى.

فەتىر [فطير] (ئە) 1) پېتىر، پېتىر نان. 2) چەمبەر، چەمبىرەك؛ كۆڭگۈرە:
قۇم قەتئى بولۇپ مېنىڭ سەرىرىم،
كۆك قۇرسى بولۇپ مېنىڭ فەتىرىم.
— نەۋايى.

فەتىلە [فتيله] (ئە) پىلىك، پىلتە:
يارەم فەتىلەسى زەخمىمنى كۆيدۇرۇر ھەر دەم،
مەگەركى قان ئاڭا خاسىيەت ئىچرە بولمىش ياغ.
— نەۋايى.

فەتىلەكەش [فتيلەكش] (ئە + پ) پىلىك تارتقۇچى، شام، جىنچىراغنىڭ پىلىكىگە قارىغۇچى خىزمەتكار.

فەجەرە [فجره] (ئە) بۇزۇقلار، پاسىقلار:
ئول ئىسلام فەجەرەسى دەفئىغە كوشىش قىلغايلار.
— نەۋايى.

فەجر [فجر] (ئە) تاڭ، سۇبھى، تاڭ يورۇقلۇقى.
فەجر تولۇئى — تاڭ ئېتىشى، سۇبھى ۋاقتى.

فەخ [فخ] (ئە) قىسماق، تۇزاق؛ ئالدام:
فەخ نەمادۇر سوفىي سالۇسكىم ئىشقىدۇر،
كىمكى ئاشىق بولسا باردۇر سۇرەتى رىندانەسى.
— مەشھۇرى.

فەخر [فخر] (ئە) پەخىر، ئىپتىخار؛ پەخىرلىنىش، ئىپتىخارلىنىش:
دەۋلەتۇ فەخرۇ سەئادەتدۇر ماڭا،
خىزمەتىڭگە قانچە يۈرسەم مەھۋەشىم.
— قەلەندەر.

فەخر ئەتمەك — «فەخر ئەيلەمەك»كە قاراڭ:
فەخر ئېتەرمەن ۋەسف ئول ئايىنە رۇخدىن ھەر سارى،
ۋەسف ئېتەرگە گەرچە يۈزمىڭ تۇتىنى گوياسى بار.
— ئەرشى.

فەخر ئەيلەمەك — پەخىرلەنمەك:
مەقسۇدى شەۋقى قىشۇياز ئىشقىڭ ئوتى كۆپ خاھ ئاز،
فەخر ئەيلەگەيلەر ئاڭا ناز، قويغىل يۈرەككە داغ - داغ.
— شەۋقى.

فەخرى كىرام — كەرەملىك كىشىلەرنىڭ پەخرى.

فەخرى ئىزام — ئۇلۇغلار پەخرى، ئىپتىخارى.

فەر [فر] (پ) سۆلەت، ھەشەمەت؛ بېزەك؛ پارلاقلىق:

قىلىپ دەستمايە بولۇپ سەۋداگەر،
چىقىپ بىر دۇكانغە قىلىپ كەررۇ فەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرار [فرار] (ئە) قېچىش، ئايرىلىش، كېتىش:

غەنى ئېردى ئانداغ پۇلى بىشۇمار،
ئالىپ بارچەسىنى قىلىپدۇر فەرار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرار ئەيلەمەك — قاچماق، ئايرىلماق، كەتمەك:

بۇ مالنىڭ بەھاسىن قارار ئەيلەدى،
جەۋاھىر تىگمىشتى فەرار ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەراز [فراز] (پ) 1) يۇقىرى، ئېگىز، يۈكسەك. 2) ئېچىش.

فەراز ئەيلەمەك — ئاچماق.

فەراس [فراس] (ئە) ھايۋانلار، ئۆي ھايۋانلىرى:

بىر لەھزەدىن سۆڭرە ئەل گەلە فەراسىن ئول چاھ باشىغە سۇۋارغالى كەلتۈرۈپ، چاھ باشىدىن ياپقان تاشنى ئېلىپ، قەلىن قوي ۋە مەۋاشىيغە سۇۋ بەردىلەر.

— نەۋايى.

فەراسەت [فراست] (ئە) پاراسەت، سەزگۈلۈك، ئەقىل - ئىدراك:

فەراسەت بىلە ئەيلەدى بۇ خىيال،
رەسۇلغە بارىپ ئايتايىن ئەرزۇھال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەراش [فراش] (ئە) زىلچە، گىلەم؛ پالاس:

ماڭا بىر گۇشەئى فەقر فەنا بەس،
فەراش ئورنىدا يىرتۇق بورىيا بەس.

— ئەرشى.

فەراغ [فراغ] (ئە) 1) تىنچلىق، خاتىرجەملىك؛ خۇرسەنلىك؛ بوشاش، ئازادلىق؛ راھەت، پاراغەت:

ئىشق ئەھلىنىڭ كى دەردۇ ئەلەمدۇر فەراغەتى،
ئىشق ئاتى تۇتماسۇن كىشى، گەر ئىستەسە فەراغ.

— گۇمنام.

نە مەشرىق، نە مەغرىب، نە شەھرۇ نە راغ،
كى بىر سائەت ئولماي بۇ ئىشتىن فەراغ.

— ئا. نىزارى.

2) يورۇقلۇق:

مېھر ئىستەدى چۇن ھەمەل فەراغى،
دەشت ئۆزرە بۆتەر كۆزى قۇلاغى.

— نەۋايى.

فەراغ تاپماق — راھەت، خۇرسەنلىككە ئېرىشمەك.

فەراغ بولماق — خاتىرجەم بولماق؛ قۇتۇلماق.

فەراغ قويماق — تىنچلاندۇرماق، راھەتلەندۈرمەك.

فەراغ كەمبۇدەلىغى — راھەت كەملىكى.

فەراغ ئولماق — «فەراغ بولماق» قا قاراڭ.

فەراغ ئىستەمەك — راھەت ئىستىمەك.

فەراغ يەتمەك — خاتىرجەملىككە يېتىشمەك، خاتىرجەملىك، يېتىشمەك، يەتمەك.

فەراغەت [فراغت] (ئە) «فەراغ» قا قاراڭ:

دۇتارە ئۈنى ئەيشۇ فەراغەتنى بېرۇر ياد،
مۇترىبغە قۇلاق تۇتكى، نى دەر نەغمەدە سازى.

— بابىر.

فەراغەت تاپماق — راھەتلەنمەك، لەززەت ئالماق:

كۆدۈرات غەمىدىن فەراغەت تاپىپ،
چەمەنزارلىقدەك تەراۋەت تاپىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەراغەت دوست — خاتىرجەملىكنى خالىغۇچى كىشى.

فەراغەت گەنجى — خاتىرجەملىك.

فەراغەت سەنج — پاراغەت، راھەت كۆرگۈچى، تىنچ، خاتىرجەم، راھەت قىلغۇچى.

فەراغەت ئىستەمەك — راھەت ئىستىمەك.

فەرامۇش [فراموش] (پ) يادىدىن چىققان، ئۇنتۇلغان:

ئەگەر نەچچە تۇتساڭ تامىزماي ئىچەي،
نە ئىش ئۆتسە سەندىن فەرامۇش ئېتەي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرامۇش بولماق — ئۇنتۇلماق، ئېسىدىن چىقىرىلماق.

فەرامۇش ئولماق — «فەرامۇش بولماق» قا قاراڭ:

ئۇلۇسنىڭ غارەتى ئىمانىغە گەر چىقسە ئول كافىر،
فەرامۇش ئولماسۇن ئەرشىكىم، ئاندىن ئاسراغىل، يا رەب.

— ئەرشى.

فەرامۇشخانە [فراموش خانە] (پ) ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدىغان جاي، ئۇنتۇلۇش ئۆيى؛ گۆر:

... ۋۇجۇد بەزمگاھىدىن سۈردى ۋە ئەدەم فەرامۇشخانەسىغە كىيۈردى.

— نەۋايى.

فەراھەم [فراهم] (پ) يىغىلغان، توپلانغان.

فەراھەم قىلماق — توپلىماق.

فەراۋان [فراوان] (پ) كۆپ، مول، پاراۋان:

بېرىپ رىزقى فەراۋان كىبرۇ تەرسا، ھىندى، كافىرغە،
قاچان مەھرۇم ئېتەر دوستلارنى خەللاقى جەھان ھادىس.

— شەۋقى.

فەراۋان ئەيلىمەك — مول، باياشات قىلماق.

فەراۋان سۆز — ئارتۇقچە گەپ - سۆز، ھەددىدىن ئارتۇق سۆزلەش.

فەراۋان قىلماق — «فەراۋان ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

فەرايىز [فرايض] (ئە) [بىرلىكى: فەرىزە] زۆرۈرىي ئىشلار، پەرزلەر، خۇدا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر (مۇسۇلمانلار بىجىرىشكە تېگىشلىك بولغان روزا، ناماز، ھەج، زاكات قاتارلىق مەجبۇرىيەت).

فەرايىزىھا [فرايضها] (ئە) ئۇنىڭ پەرزلىرى:

دەر بەيان فەزلەتى فەرايىزىھا.

— خەراباتى.

فەرەج [فرج] (ئە) نىجات؛ خالاس بولۇش، يەڭگىللىك؛ قۇتۇلۇش:

چۇ ھەق دېدىكى، مەئەل ئۇسرى يۇسرى مۇجدە ساڭا،
نە شىددەت ئولسا ئەيان قىل تەلەب سوڭىچە فەرەج.

— نەۋايى.

فەرەخ [فرخ] (پ) «فەررۇخ» قا قاراڭ:

خەلاس ئەيلەگەيسەن ئانىڭ دامىدىن،
ئىچۈرگىل شەرابى فەرەخ جامىدىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرەس [فرس] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەفراس / فۇرۇس] ئات:

مەئرىفەت مەيدانى چۇن ئايىنە بىگەردى غۇبار،
ئەي زەلىلى جەزبىدىن جەۋلان ئېتىپ مىنگىل فەرەس.

— زەلىلى.

فەرەس سۈرمەك — ئات قويماق، ئات بىلەن يۈرمەك.

فەرەڭ [فرنك] (پ) ياۋروپا؛ ياۋروپالىق، پەرەڭ:

نەچچە يىل فەرەڭدە كۆرۈپ دەۋلەتى،
كېلىپ ئېردى قولغە فۇزۇن شەۋكەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كىچىك - چوڭ فەرەڭلەركى زەھرىن ساچىپ،
ئالىپ كىردى بىزنى قابۇغنى ئاچىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرەڭ ئەھلى — ياۋروپالىقلار:

بۇ ئەندىشە بىرلە ياتىپ ئاتتى تاڭ،
فەرەڭ ئەھلى يۈردى سالىپ چۇن پاراڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرەڭگى [فرنكى] (پ) ياۋروپالىقلارغا خاس:

كى ئېگىنىدە ئېردى فەرەڭگى لىباس،
كى چىرلاپ قاشىغە مىنى تۇتتى پاس.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يا زەڭگى يا فەرەڭگى بولسۇن دەر ئەي مۇسۇلمان،
باغلاپ قەددىن خەم ئەتتى يۈز ئۆزرە زۇلفى دالىڭ.

— مەھزۇن.

فەرەڭىستان [فرنكستان] (پ) «فەرەڭ» گە قاراڭ.

فەرەڭۋەش [فرنكى وش] (پ) ياۋروپاچە، ياۋروپالىقتەك:

كەشمىرنى سېھرسازلىقدا دىلرەبا ۋە دىلكەش ۋە رۇمىيسى
تۈركتازلىقدا كافىرايىنۇ فەرەڭۋەش.

— نەۋايى.

فەرەھ [فرح] (ئە) خۇرسەنلىك، شادلىق؛ كۆڭۈل خۇشلۇقى:

ئەرشىنىڭ باشى فەرەھدە ئەرشىدىن ئۆتكۈسىدۇر،
گەر دېسەڭ، بۇ زارۇ مىسكىن خاكى دەرگەھدۇر مەگەر.

— ئەرشى.

فەرەھ تاپماق — خۇرسەن بولماق:

سەير قىلسە ھەركىشى تاپقاي فەرەھ،
كۆڭلى بولغاي گوييا قەۋسى قەزەھ.

— خەراباتى.

فەرەھ ئامىز [فرح آميز] (ئە + پ) خۇرسەنلىك ئارىلىش؛ خۇرسەنلىك:

مەسدۇر - ئاچچىغ ۋە نەشئەسى تەرەب ئەنگىز،
بولىدۇر - قاتتىغ، ئەمما مەنزىلى فەرەھ ئامىز.

— نەۋايى.

فەرەھ بەخش [فرح بخش] (ئە + پ) خۇرسەنلىك بېغىشلىغۇچى:

گۇلشەنتى چۇ خاقان سەراسەر ھەدىس،
فەرەھ بەخش، بەل رۇھ پەرۋەر ھەدىس.

— نەۋايى.

فەرەھزا [فرح زا] (ئە + پ) خۇشلۇق تۇغدۇرغۇچى:

ئانداغ ھەۋا فەرەھزا جانبەخش رۇھ ئەفزا،
گويا دەمى مەسىھاكىم جىسمىغە بېرۇر جان.

— مەشھۇرى.

فەرەھناك [فرحناك] (ئە + پ) خۇرسەن، شاد - خۇرام:

ئېتىپ يۈز جەۋھەرى پاكىزەنى خاك،
كى ئاندىن بەڭگىتى بولغاي فەرەھناك.

— نەۋايى.

فەرت [فرط] (ئە) ئارتۇقلۇق، ھەددىدىن تاشقىرى.

فەرتى مۇھەببەت — سۆيگۈ، مۇھەببەتنىڭ ئارتۇقلۇقى، كۈچلۈكلۈكى.

فەرتى ئىشتىھا — ئىشتىھانىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كۈچلۈكلۈكى.

فەرتۇت [فرتوت] (پ) 1) قېرى، ناھايىتى قېرى،

ئىشتىن چىققان؛ 2) يىرتىق.

فەرتۇتلۇغ [فرتوت لوغ] «فەرتۇتلۇق»قا قاراڭ.

فەرتۇتلۇق [فرتوت لوق] قېرىلىق، كېسەللىك؛ ئەسكىرىگەنلىك، كونىرىغانلىق.

فەرجام [فرجام] (پ) ئاقىۋەت، تۈگەللىنىش؛ بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسى، ئاخىرى.

فەرخۇندە [فرخنده] (پ) قۇتلۇق، بەختلىك، سائادەتلىك:

كىمسەنى گەردەر ماڭا بىر كەمتەرىن قۇل تۇغدىكىم،
قايسى تالىئ بۇرجىدىن بۇ گەختەرى فەرخۇندەسى.

— ئەرشى.

فەرخۇندە ئەختەر — قۇتلۇق، بەختلىك يۇلتۇز؛ بەختلىك، تەلەيلىك:

ئاتى فەررۇخ ئۆزى فەرخۇندە ئەختەر،
ئانىڭ ھۆكمىندە ئول ئىقلىمۇ كىشۋەر.

— لۇتفى.

فەرخۇندە ئەۋقات — بەختلىك، سائادەتلىك ۋاقىتلار، پەيتلەر.

فەرخۇندە بەخت — بەختى كېلىشكەن، بەختى يار بولغان، بەختلىك، سائادەتلىك.

فەرخۇندە پەي — قۇتلۇق، سائادەتلىك قەدەم:

ئۆرتەدى ساۋۇغلىغىدىن جىسمىم ئىلە جانىمنى دەي،
تۇت ماڭا بىر جامى مەي، ئەي ساقىئى فەرخۇندە پەي.

—قەلەندەر.

فەرخۇندە تالىئ — «فەرخۇندە فال»غا قاراڭ.

فەرخۇندە خۇ — خۇش خۇلق، خۇش پېئىل.

فەرخۇندە راي — دانا، ئاقىل.

فەرخۇندە روزگار — بەختلىك ھايات، تۇرمۇش.

فەرخۇندە زات — بەختلىك كىشى، بەختلىك، قۇتلۇق زات، شەخس.

فەرخۇندە سىفات — قۇتلۇق سۈپەتلىك، بەختلىك خۇسۇسىيەت ئىگىسى.

فەرخۇندە فال — بەختىيار، بەختلىك.

فەرخۇندە فەر — سائادەتلىك، بېزەك، قۇتلۇق سۆلەت.

فەرخۇندە كىشۋەر — بەختلىك، سائادەتلىك مەملەكەت، ئۆلكە، ۋىلايەت.

فەرخۇندە مەئاش — تۇرمۇشى بەختلىك.

فەرخۇندە مەئال — نەتىجىسى خەيرلىك، ئاقىۋىتى ياخشى.

فەرخۇندە نەفەس — قۇتلۇق ئاۋاز، بەختلىك، سائادەتلىك نەپەس.

فەرخۇندە ھال — ياخشى كەيپىياتلىق؛ بەختىيار.

فەرد [فرد] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەفراد] 1) يالغۇز، يەككە، تەنھا؛ ئاجرىغان؛ خالىي.

مەنى دەرد ئەيلەدى ۋەسلىڭ تىلەپ گەرد،
بولۇپمەن ماسىۋايى ئىشقىدىن فەرد.

— گۇمنام.

بىناگاھ تارتىپ ئۆزۈن ئاھى سەرد،
مۇناجات قىلدى بەدەر گاھى فەرد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مەنە جەھەتتىن مۇستەقىل يەككە بىر بېيىت:

ئول جۇملەدىن بۇ مەتلەئدۇركىم، فەرد:
فۇرقەتىڭدىن زەئفەران ئۆزرە تۆكەرمەن لالەلەر،
لالەلەر ئېرمەسكى، باغرىمدىن ئېرۇر پەرگالەلەر.

— نەۋايى.

فەرد ئەيلەمەك — ئايرىماق، ئاجراتماق؛ ئۇزاقلاشتۇرماق.

فەرد بولماق — ئاجرالماق.

فەرد قىلماق — ئاجراتماق، خالىي قىلماق.

فەردى زەمان — دۇنيادا يېگانە؛ زاماندا تەڭداشسىز.

فەردى فەرىدۇن — فەرىدۇنچە ئۇلۇغۋارلىق:

يۈزۈندە بىلگۈلۈك فەردى فەرىدۇن،
جەمالىندىن قامۇلۇر سۇنئى بىخۇن.

— لۇتفى.

فەردا [فردا] (پ) «فەرداي»غا قاراڭ.

فەرداي [فرداى] (پ) ئەتە، ئاڭلا:

مۇستەفا فەردايى مەھشەردە نېچۈك قىلغاي ئىدى،
يەئنى ئۈممەتكە شەفائەتدىن ھىسارى بولماسا.

— زەلىلى.

فەردگوي [فردكوى] (ئە + پ) (مەنە جەھەتتىن مۇستەقىل يەككە بىر) بېيىت ئېيتقۇچى:

تەھەررۇكدىن ئول باش ئىبسە گەرمپوي،
نې تاڭ ئىككى چەۋگاندۇرۇر فەردگوي.

— نەۋايى.

فەرر [فر] (پ) «فەر» گە قاراڭ.

فەررۇ شەۋكەت — ھەيۋەت، سالاپەت، سۆلەت.

فەررى تاج — تاج بېزىكى؛ قەدىر ـ قىممەت، ئىززەت.

فەررى شاھىيى — شاھلىق سۆلىتى.

فەررى شۇكۇھ — نۇرانىيلىق، ئۇلۇغۋارلىق؛ قۇدرەت؛ سۆلەت.

فەرراش [فراش] (ئە) سۈپۈرگۈچى (مازار، مەدرىسە، مەسچىتلەرنى سىيرىپ سۈپۈرگۈچى)؛ يىغىشتۇرغۇچى؛ خىزمەتكار:

فەرراشى غۇبارى ئاستانەڭنىڭ،
ھۆرمەتتە چۇ شەھ پەرى ھۇمادۇر.

— زەلىلى.

... سەباتەك بۇ چەمەن فەرراشىدۇرمەن،
نە يەرگە بارسا گۈل يولداشىدۇرمەن.

— لۇتفى.

فەرران [فران] (ئە + پ) راۋان، تېز.

فەرران **ئوقۇماق** — (تۈتۈلماي، تېنىمەي) تېز، راۋان ئوقۇماق.

فەررەست [فرست] بىرەر نەرسىنى ئۇرغاندا ياكى ئاتقاندا ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئاۋاز:

ئۇچۇپ يەتكەندە زەربى دەستى ئانىڭ،
كى بارىپ ئۈن يىغاچ فەررەستى ئانىڭ.

— نەۋايى.

فەررۇخ [فرخ] (پ) بەختىيار، ئۇلۇغ؛ مۇبارەك؛ گۈزەل:

قاشلارى فەررۇخ ھىلالى تىشلارى دۇررى گۆھەر،
لالە يەڭلىغ لەبلەرىنىڭ لەئلى نا پەيداسى بار.

— ئەرشى.

فەررۇخ **ئايىن** — بەخت كەلتۈرگۈچى؛ بەختىيار قىلغۇچى.

فەررۇخ **ئايىن قىلماق** — بەختىيار قىلماق، خۇرسەن قىلماق.

فەررۇخ **بەخت** — بەختىيار، قۇتلۇق، بەختلىك.

فەررۇخ **بولماق** — شاد بولماق، بەختىيار بولماق.

فەررۇخ **پاي** — قەدىمى قۇتلۇق، قۇتلۇق قەدەم؛ ئەسلى پاك زات.

فەررۇخ **جەمال** — گۈزەل، چىرايلىق، گۈزەل يۈزلۈك؛ ھۆسنلۈك؛ يېقىملىق.

فەررۇخ **دىيدار** — ئوچۇق يۈزلۈك، چىرايى يېقىملىق، مېھرى ئىسسىق؛ بەختلىك، بەختىيار.

فەررۇخ **رەسۇل** — شاد ـ خۇرام، خۇشخۇي ئەلچى.

فەررۇخ **سىپەر** — گۈزەللىك، شادلىق بېغىشلىغۇچى:

تۇھفەڭى رەڭنايى چۇ فەررۇخ سىپەر،
ئادەم ئاتانىڭ قاشىدە قويدىلەر.

— زەلىلى.

فەررۇخ **فال** — 1) بەختىيار، قۇتلۇق. 2) ياخشى نىيەتلىك، ساپ كۆڭۈل.

فەررۇخ **نىھاد** — مۇبارەك ۋۇجۇد؛ ئەسلى پاك، ياخشىدىن تارقالغان.

فەرز [فرض] (ئە) 1) بىجىرىلىش زۆرۈر بولغان ئىش، پەرىز. 2) تەخمىن، مۆلچەر، پەرەز:

ھەممە فەرز ۋاجىب سۈننەت مۇستەھەب،
ئېرۇر راست بارچە مۇباھۇ ئەدەب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بۇ ۋەجھىدىن ئەيلەدىم نەچە ئەرز،
بولدى ماڭا ئەرز ئەتمەكىم فەرز.

— ئەرشى.

فەرز **ئەيلەمەك** — لازىم قىلماق؛ ۋەزىپە قىلماق:

بەنى ياخۇد مەلەك فەرز ئەيلەدىم گەرچە مەكان تاپمىش،
زەمانى ئول مەكان تاپتى بىجىز ئول ھەر زەمان ئاندا.

— ئەرشى.

فەرز بولماق — لازىم بولماق.

فەرزۇ سۈننەت — خۇدا ۋە پەيغەمبەر بۇيرۇقلىرى.

فەرزى ئەين — ئەڭ، ناھايىتى زۆرۈر، لازىم.

فەرزانە *[فرزانه] (پ) 1) ئاقىل، دانا؛ دانىشمەن. 2) يېگانە، تەڭداشسىز.*

فەرزانە تەبىئەت — دانىشمەن، ئاقىل.

فەرزانەۋار *[فرزانەوار] (پ) ئاقىلانە، زېرەكلەرچە:*

قويۇپ گام ئۇرۇپ فەدۇ فەرزانەۋار،
قىلىپ دەشت قەتئىنى دىۋانەۋار.

— نەۋايى.

فەرزەن [فرضا] (ئە) تەخمىنەن؛ مۇبادا، ئەگەردە:

ئەگەر فەرزەن ئۆزى بولسا رىنزامەند،
بولۇرمۇ رازى ئول شوخى شەكەرخەند.

— نەۋايى.

فەرزەند [فرزند] (پ) ئوغۇل ـ قىز، بالا؛ ئەۋلاد:

يوقتۇرۇر فەرزەندى ئادەمدە بۇرەڭ ھۆسنۇ جەمال،
دەرمە بۇ شەكلى شەمايىلدىن فەرىشتەھ دۇر مەگەر.

— ئەرشى.

فەرزەند **بولماق** — پەرزەنت تۇغۇلماق.

فەرزەند **كەلتۈرمەك** — تۇغماق.

فەرزىن [فرزين] (پ) 1) پەرزىن، شاھمات ئۇرۇقىدىن بىرى:

شەھ يانىپ فەرزىن كەبى كاجلار مەقام ئەتمىش نې تاڭ،
راسترەۋلەر ئارىسىدىن گەر تۇتسەلەر رۇھدەك قىراق.

— نەۋايى.

2) قولى ئۇزۇن، ھەر ئىشنى قىلالايدىغان، ھەممىدىن كۈچلۈك:

ھەر بىرىگە بىر ۋەزىرى راستگام،
يەنە بىر فەرزىنۇ لېكىن كاجخىرام.

— نەۋايى.

فەرسا [فرسا] (پ) سۆز تەركىبىدە «بۇزغۇچى؛ پۈتتۈر-

گۈچى، ھالسىزلاندۇرغۇچى، چارچاتقۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئانىڭ قەلئەسى كۆھ ئاسا ئېرۈر،
دېمەي كۆھكىم چەرخ فەرسا ئېرۈر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

چېھرە فەرسا — يۈزگە داغ سالغۇچى.

قەدەم فەرسا — چارچاتقۇچى.

فەرساي [فرساى] (پ) «فەرسا» غا قاراڭ.

فەرسەڭ [فرسنگ] (پ) ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى (بىر فەرسەڭ تەخمىنەن 6.24 كىلومېتىرغا توغرا كېلىدۇ):

كى بىر فەرسەڭ ئولغان بىر يەردىن يىراق،
ئانى كۆرگەنىڭدۇر تولا ياخشىراق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرسۇدە [فرسوده] (پ) 1) توزۇغان، تىتىلغان، ئەسكىرىگەن:

ئۆزۈڭنى شاد تۇتقىل، غەم يېمە دۇنيا ئۈچۈن، زىنھار،
كى، بىردەم غەم يېمەككە ئەرزىمەس دۇنيايى فەرسۇدە.

— بابىر.

2) ھارغان، چارچىغان:

كى فەرسۇدەلىكنىڭ ئىچىپ زەھرىنى،
يۈرۈيمىز كېزىپ بەرر ئىلە بەھرىنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرسۇدە قىلماق — ئازار بەرمەك، خاراب قىلماق.

فەرسۇدە ھال — ھېرىپ - چارچاپ قالغان.

فەرسۇدەئى ھىجران — ھىجران سەۋەبىدىن ھالسىزلانغان، زەئىپلەشكەن.

فەرسۇدەلىغ [فرسودەليغ] «فەرسۇدەلىق» قا قاراڭ.

فەرسۇدەلىق [فرسودەليق] ھارغىنلىق، ھالسىزلىق.

فەرش [فرش] (ئە) 1) تۆر، يۇقىرى تەرەپ:

مېنى قىلدى تەكلىف ئىگىز فەرش ئارا،
مۇغەننى ۋە مۇترىب تۈزۈپ ماجەرا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) تۆشەك، گىلەم، پالاس، يەرگە سېلىنغان نەرسە:

تۆرار فەرش ئۆزرە ئەجەب سەندەلى،
ياپىغلىغ ئانىڭغە ياشىل بەخمەلى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرش ئولغان خىشتلاركىم كويىدا قىلماق بەدەل،
ئەيلەسە گەر ئەرز ئۆزىدىن كۆكنىڭ مەھى رەخشەندەسى.

— ئەرشى.

فەرشۇ ئىزارە — (ھامام، مۇنچا تاملىرىغا قويۇلغان) تاش پىلىت، مەرمەر تاشلار.

فەرشى خەيال — كۆڭۈلگە ئورناشقان پىكىر.

فەرشى رەھى — يولغا يېيىلغان، يولغا سېلىنغان، پاياندار:

ئەرتە خىرام ئەيلەدى يار بەسۇيى چەمەن،
فەرشى رەھى بولدىلەر بەرگى گۈلى نەستەرەن.

— زەلىلى.

فەرشى رۇخام — يەر، زېمىن.

فەرشى سەراپەردە — گىلەم سېلىنغان چېدىر.

فەرشى غەبرا — يەر يۈزى.

فەر - فەر [فرفر] (پ) تېز - تېز؛ قايتا - قايتا:

ئانچە كۈفر ئايتا باشلادى فەر - فەر،
كى دەمىدىن ئەيان بولۇپ سەر - سەر.

— نەۋايى.

فەرفى [فرفى] (پ) نەپىس:

شەرپەرتى دەستارىن باشىغە بۆرۈنچەك قىلغايلاركى، ئەرۇسى مەستۇرەدۇر ۋە كەردىن نامەستۇردۇر كەشىدەلىغ ياغلىغ فەرفىغە لەچەك سالغايلار...

— نەۋايى.

فەرق [فرق] (ئە) 1) باش، پېشانە؛ باشنىڭ قاق تۆپىسى؛ دەرىجە. 2) پەرق:

رەھم ئېتىپ باقغىل بىرەر ھالىمغە زەئفىمدىن قويى،
فەرق ئېتە ئالمان فەلەكدۇر يوقارى يا يەر قويى.

— قەلەندەر.

فەرقەد [فرقد] (ئە) قۇتۇپ يۇلتۇزى يېنىدىكى ئىككى يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ بىرى.

فەرما [فرما] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «بۇيرۇغۇچى» مەنىسىدە كېلىدۇ.

كار فەرما — ئىش بۇيرۇغۇچى، ئىشقا سالغۇچى.

فەرمان [فرمان] (پ) بۇيرۇق؛ ھۆكۈم:

ماڭا بەس گۇشەئى خاتىر ئېرۇر ئول شاھى خۇباندىن،
ئەجەب ئېرمەس ئەگەر ئىشق ئەھلى بولسە بەندە فەرمانىم.

— ئىرشى.

كى فەرمان ئىشىتتى يېتىپ كەلدى چۇست،
ئەمىرنىڭ قاشىغە ھەمە كۆڭلى رۇست.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرمانبەر [فرمانبر] (پ) بويسۇنغۇچى، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلغۇچى.

فەرمانبەردار [فرمانبردار] (پ) بۇيرۇقنى (شەرتسىز، قارشىلىقسىز) بېجىرگۈچى، بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى.

فەرمان پەزىر — بۇيرۇقنى بېجىرگۈچى، بويسۇنغۇچى.

فەرماندېھ [فرمانده] (پ) ھاكىم، شاھ؛ پەرمان

بەرگۈچى:
يانە سۇردى فەرماندىھى روزگار،
كى ئەي دانىش ئەھلىغە ئاموزگار.
— نەۋايى.

فەرمان رەۋا [فرمان روا] (پ) بۇيرۇقى ھەممە يەردە بىجىرىلىشى شەرت بولغان شەخس.

فەرھاد ئاسار [فرهاد اسار] (پ) پەرھادقا ئوخشاش، «فەرھادۋەش» گە قاراڭ.

فەرھاد كۇش [فرهاد كش] (پ) پەرھادنى ئۆلتۈرگۈچى؛ ھەرقانداق زەبەردەست پالۋاننى ئۆلتۈرگۈچى.

فەرھادۋار [فرهادوار] (پ) پەرھادقا ئوخشاش، پەرھادتەك، «فەرھاد ئاسار» غا قاراڭ.

فەرھادۋەش [فرهادوش] (پ) پەرھادقا ئوخشاش:
تاغدىن ئاقشامغىچە غەم تاغىنى قازىپ فەرھادۋەش،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە دەشت ئۆزرە ئازىپ مەجنۇن مىسال.
— نەۋايى.

فەرھەڭ [فرهنك] (پ) قامۇس؛ لۇغەت؛ ئىلىم، بىلىم، ھۈنەر، مەرىپەت؛ بىلىمدانلىق، ئاقىللىق:
بۇ نەۋائ مۇغبەچە مەي تۇتسا دەير ئارا كىشىگە،
كىشى ئەمەس، گەر ئاڭا قالسا دانىشۇ فەرھەڭ.
— نەۋايى.
كۆرۈپ ئول خىسرەۋانە تەختۇ ئەۋرەڭ،
ئاڭا لايىق شۇكۇھۇ ھۇشۇ فەرھەڭ.
— نەۋايى.

فەرئ [فرع] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇرۇئ/فۇرۇئات] شاخچە، شاخابچە، تارماق؛ قىسىم، بۆلەك:
بىئەسلىغە يوق فەھمى مۇيەسسەر نىمەنىڭ،
فەرئ بېرۇر ئەسلىدىن خەبەر ھەر نىمەنىڭ.
— نەۋايى.

فەرىب [فريب] (پ) ئالداش؛ ھىيلە، ھىيلە - مىكىر؛ ئالدىغۇچى:
فەرىب ئەڭگىز كافىر كۆزلەرى مەستانىلىك ئەيلەپ،
مۇسەلسەل ھەر خەمى كاكۇلدە يۈز مىڭ بىجتاب ئەردى.
— زەلىلى.

فەرىد [فريد] (ئە) يېگانە، تەڭدىشى يوق:
ئالىپ ئانچە مىقدار مەتائۇ خەرىد،
يەنە دۇرجىلاردا جەۋاھىر فەرىد.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەرىدى زەمان — زاماننىڭ يېگانىسى، تەڭداشسىزى، داناسى.

فەرىدى شەكەرگەنج — شېرىن سۇخەن (سۆزمەن) لىكتە يېگانە.

فەرىدۇن [فريدون] يېگانە، مەشھۇر؛ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ ئالتىنچى پادىشاھى:
شەھەنشاھى جەھان دارايى ئەگزەم،
فەرىدۇن سىيرەتۇ جەمشىد مەقدەم.
— سەيىد ئەھمەد.
كىشىكىم كويىدا كۆل ياستانىپ، قان ئىچمەك ئىزدەر، ۋەھ،
فەرىدۇن بىلە سۇلەيمان تەختى ئۈزرە جامى جەم چەكتى.
— ئەرشى.

فەرىدۇن ھەسەبلىق — ئىسىرنىڭ يېگانىسى.

فەرىسە [فريسە] (ئە) پەيلىرى چىرايلىق (تېۋىپلارنىڭ چۈشەنچىسىدە كۆك يۆتەلگە دورا بولىدىغان) ئوۋ قۇشى:
تىيىننىڭ ئۆزى تۈكى - يوق بولدى جانىغە ئاپەت،
فەرىسەنىڭ پەرىدىن كەلدى ئۆز باشىغە بەلا.
— نەۋايى.

فەرىشتە [فرشته] (پ) خۇدانىڭ پەرمانلىرىنى بىجىرگۈچى، ياخشى ئىش قىلغۇچى، پەرىشتە؛ پاك، پاكىز:
تاپمادى بۇ مەلاھەتىڭ ھېچ فەرىشتەيۇ پەرى،
يۈسۈفى مىسرى رەشك ئېتەركىم چەھى غەبغەبىڭ ئەمىق.
— زەلىلى.

فەرىشتە خىسال — نۇرانىي، پاكىز.
فەرىشتە زاتلىغ — تەبىئىتى پاك.
فەرىشتە كىردار — پەرىشتە كەبى، پەرىشتىگە ئوخشاش ئىش قىلغۇچى.

فەرىشتەۋەش [فرشتەوش] (پ) پاكلىقتا تونۇلغان، ماختالغان:
ھەم كەلدى فەرىشتەۋەش سىفەتىڭ،
ھەم بولدى مەلەكسىفەت زاتىڭ.
— نەۋايى.

فەرىفتە [فريفته] (پ) 1) ئالداش، ئالدىنىش:
سەن فەرىفتە بولماغىل ئەي خام رىش،
ئاقىبەت ئۇرغاي ساڭا ۋاقتىدا نىش.
— خەراباتى.

2) تەكلىپ:
بۇ سۆزلەرنى ئايتىڭكى شەھزادەگە،
يەنە ھەم فەرىفتە قىلماڭ بادەگە.
— ئا. نىزارى.

فەرىق [فريق] (ئە) پىرقە، گۇرۇھ، توپ، مەزھەب:
يەتمىش ئۈچ زەبان بىلە قىلدى زەلىلىدىن سوئال،
ئەيلەگەلى چۈ ئىمتىھان قىرىق يىل ئىچرە ھەر فەرىق.
— زەلىلى.

فەرىھ [فره] (پ) گۈزەل؛ كۆركۈملۈك:
يانە بىرنى بىر رەۋزە قىلدىڭ نەزىھ،

مۇقىمى ئانىڭ ھۆردىن ھەم پەرىھ.
— نەۋايى.

فەرياد [فرياد] (پ) داد ـ ۋاي، پەرياد:
پىراقىڭ زۇلمىدە داد ئىستەرەم داد،
رەقىبىڭ دەستىدىن فەريادۇ فەرياد.
— سەيىد ئەھمەد.

فەرياد ئەتمەك — ۋاي ـ داد قىلماق؛ سايرىماق:
ياقام يىرتىپ، كۆكۈس تىرناپ، ساچىپ ئوت سۆزى جانىمدىن،
گەر ئۆلسەم رەئد يەڭلىغ مەنئى فەرياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.
— گۇمنام.

فەرياد ئەيلەمەك — ئاھ ـ ۋاي قىلماق، پەرياد قىلماق:
مەيۇ مەيخانەنىڭ دائىم رەۋاجى مەندىن ئولغاندىن،
رىياۋۇ زۇھد ئىبلى فەرياد ئەيلەپ دادخاھىدۇر.
— ئەرشى.

فەريادىغا يەتمەك — ياردەمگە كەلمەك.

فەرياد رەس [فرياد رس] (پ) مەدەت بېرىشكە يېتىپ كەلگەن؛ ياردەمچى:
نەچچە شامى غەمدە ئولسام، بولمايىن فەرياد رەس،
شاد ئولۇپ ئىلكىن قاقار بىللاھ ئول مەھرۇ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

فەريادگەر [فريادكر] (پ) مەدەت سوراپ ۋارقىرىغۇچى، مەدەتكە موھتاج:
كى ئەي خىسرەۋى ئادىلى دادگەر،
نىگە ئەيلەدىڭ بىزنى فەريادگەر؟
— نەۋايى.

فەزا [فضا] (ئە) ئاتموسفېرا، بوشلۇق؛ كائىنات بوشلۇقى؛ مەيدان، كەڭلىك، ئوچۇقچىلىق يەر:
ۋەلەددىن رىزا بولماسا ۋالىدەيىن،
تاپالماس قىيامەت فەزاسىدا زىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەزائى زەمان — زامان ساھەسى، زامان ئەھلى:
ئاڭا مۆھرى ئۆرسۇن فەزائى زەمان،
ئانى بىزگە بەرسەڭ تاپارمىز ئەمان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەزايى ۋەسىئ — كەڭ مەيدان.

فەزايى ئىرەم — ئىرەم بېغى ھاۋاسى.

فەزايىل [فضايل] (ئە) [بىرلىكى: فەزىلەت] پەزىلەتلەر، ياخشى خىسلەتلەر:
مەۋلانا ساھىب بەلخىي... ئۆز غەزەللەرىنى ئۆز ئەمەللەرىغە باغلاپدۇركىم، ئانىڭ فەزايىلىغە دەلالەت قىلغاي.
— نەۋايى.

فەزايىھ [فضايح] (ئە) [بىرلىكى: فەزىھەت] رەسۋالىقلار، شەرمەندىلىكلەر؛ «فەزىھەت»كە قاراڭ.

فەزەئ [فزع] (ئە) قورقۇنچ، ۋەھىمە، دەھشەت؛ پەرياد؛ غۇلغۇلا:
تۇرۇپمەن قاشىدا بۇ يەڭلىغ جەزەئ،
كى يىغلاتىم ئانى قىلىپ كۆپ فەزەئ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
ھەممە ئەھلى بەيتى قىلىپدۇر جەزەئ،
كى خادىملارى ھەم چېكىپدۇر فەزەئ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەزل [فضل] (ئە) 1) ئارتۇقلۇق، ئۈستۈنلۈك؛ يېتۈكلۈك؛ تالانت، كامالەت. 2) مەرھەمەت، ئىلتىپات:
چۇ دېھقان كى سۆزدىن بولۇپ دانە رىز،
ئايتماقتا فەزلىن سالىپ رۇستەخىز.
— غەربى.

فەزل ئەربابى — كامالەت ئىگىلىرى، بىلىملىكلەر.

فەزل ئەھلى — بىلىملىكلەر، ئالىملار.

فەزلۇ دانىش — يېتۈكلۈك:
ئەھلى فەزلۇدانىش ئەلگە بەردى رەنجۇ دەردۇ غەم،
دون ئىبلىن ئالەم ئارا كامىن رەۋا قىلدى فەلەك.
— قەلەندەر.

فەزلۇكەمال — يېتۈكلۈك، كامالەتلىك.

فەزلۇھۇنەر — ھۇنەردىكى ماھارەت، ئۈستۈنلۈك:
مەگرىفەتدۇر خالىس ئالتۇن تەمغەسى فەزلۇھۇنەر،
ئالتىنى تانى دەغەلدىن، ئارى دىنار ئىستەمە.
— نەسىمىي.

فەزلى دەۋلەت — يېتەرلىك دۆلەت، بەخت:
قەلەندەرغە بېرىپسەن ئىلمۇ فەزلى دەۋلەت ئەي راھىم،
ئىتا قىلغىل يەنە ئاخىر دەمىدە نۇرى ئىمان ھەم.
— قەلەندەر.

فەزلى شەرافەت — بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق سەۋىيىدىن:
مەكان ئەر لامەكان ئىبردى بەسى فەزلى شەرافەتدىن،
يەقىن ئول نەۋئىكىم قەۋسەينىدىن تاپتى مەكان ئاندا.
— ئەرشى.

فەزلى ھەق — ھەق تائالانىڭ پەزىلىتىدىن:
چىقىڭ تۆشۈكىدىن بىشارەت بۇدۇر،
سائا فەزلى ھەقدىن ئىشارەت بۇدۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەزلە [فضله] (ئە) [كۆپلۈكى: فەزەلات] ئارتۇق، ئارتۇقچە، زىيادە، كېرەكسىز، قالدۇق:
فەزەلەلەرى دەفئى ئۆچۈن ئىككى يول،
جانىبى ئەسفەلدىن ئولۇپ زاھىر ئول.
— نەۋايى.

فەزلىيات [فضليات] (ئە) 1) دانالىقلار، ئارتۇقچىلىق-

لار، ئارتۇقلۇقلار. 2) ئىلىم.

فەزىلەت [فضيلت] (ئە) پەزىلەت، ئىلىم، دانىش؛ ياخشى خىسلەت.

فەزىھەت [فضيحت] (ئە) [كۆپلۈكى: فەزايىھ] يامانلىق، رەسۋالىق، شەرمەندىلىك.

فەزىھەت قىلماق — رەسۋا، شەرمەندە قىلماق؛ ئابرۇيىدىن كەتكۈزمەك.

فەزىھەت ئاسا [فضيحت آسا] (ئە + پ) شەرمەندىلەرچە، رەزىلانە.

فەزىھەت ئەنگىز [فضيحت انكيز] (ئە + پ) ئويالدۇرىدىغان، رەسۋا، شەرمەندە قىلىدىغان.

فەساد [فساد] (ئە) بۇزۇقلۇق، بۇزۇقچىلىق؛ چىرىش:

ھەر فەساد ئالەمدە ئالىمدىن چىقار،
ئول سەبەبدىن كۆپراغى دىندىن چىقار.

— خەراباتى.

فەساد ئالەتى — بۇزۇقلۇق ئەسۋابى، بۇزۇقلۇق ۋاسىتىسى.

فەساد تۇخمىنى ئەكمەك — بۇزۇقلۇق تارقاتماق.

فەساد ئەنگىز [فساد انكيز] (ئە + پ) بۇزۇقلۇق، بۇزۇقچىلىق قوزغىغۇچى، تارقاتقۇچى:

فەسادئەنگىز ئىرۇر ئالەم، جەفا ئەندىش ئىرۇر ئادەم،
ئۆتەرمەن شادلىق دىدارىنى كۆرمەي زەمان ئىچرە.

— مەشھۇرى.

فەسانە [فسانه] (پ) ھېكايە، داستان، سەرگۈزەشت؛ ئەپسانە، ئويدۇرما:

تۇرۇپ ئىردى ناگاھ فەسانە تۈزۈپ،
تۆمۈرچى يوگۇردى تەرانە تۈزۈپ.

— غەرىبى.

فەسانە ئاۋەر — خەۋەر كەلتۈرگۈچى، خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

فەسانە ئايتماق — ھېكايە ئېيتماق، سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلىمەك.

فەسانە پەرداز — «فەسانە پەيۋەند» كە قاراڭ.

فەسانە پەيۋەند — ھېكايە ئېيتقۇچى؛ داستانچى.

فەسانە تىراز — ياخشى ھېكايىچى.

فەسانە سىگال — «فەسانە پەيۋەند» كە قاراڭ.

فەسانەئى ئىشق — ئىشق داستانى:

ئىنشا قىلۇرەم فەسانەئى ئىشق،
ئول نەۋئ دەبان نىشانەئى ئىشق.

— ئەرشى.

فەسانەۋار [فسانەوار] (پ) ئەپسانىگە ئوخشاش:

كىم نەچچە نۇكتە ئاشكار دېسۇن،
سەرگۈزەشتىن فەسانەۋار دېسۇن.

— نەۋايى.

فەساھەت [فصاحت] (ئە) پاساھەت، سۆز ئۇچۇق، روشەن، راۋان، يېقىملىق، قائىدىگە مۇۋاپىق بولۇش:

فەساھەت كىشۋەرى ئىچرە ئەگەرچەند،
نەۋايىغە مۇسەللەم ئىردى گۇفتار.

— ئەرشى.

فەساھەت ئايىنى — چىرايلىق سۆزلەش ئۇسلۇبى.

فەساھەت زىۋەرى — چىرايلىق نۇتۇق بېزىكى.

فەساھەت شىئار — پاساھەتلىك نۇتۇق تەرەپدارلىرى.

فەساھەت ئىسار — چىرايلىق، ئورۇنلۇق، پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن تولغان.

فەسەقە [فسقه] (ئە) پاسىقلار، بۇزۇقلار.

فەسەقە خەيلى — پاسىقلار گورۇھى، بۇزۇقلار توپى.

فەسخ [فسخ] (ئە) بۇزۇش، بىكار قىلىش (بىرەر قانۇن ـ قائىدە ياكى ئادەت ھەققىدە):

كۆرەر تۇرفە بەرنانى مەبھۇتۇ مەسخ،
كى قىلمىش ئىدى زۇھد زەمىنى فەسخ.

— نەۋايى.

فەسد [فصد] (ئە) تومۇردىن قان ئېلىش.

فەسد قىلماق — تومۇردىن قان ئالماق.

فەسس [فص] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇسۇس] 1) ئۈزۈك كۆزىگە قويۇلغان قىممەت باھا تاش. 2) ئۈزۈك.

فەسل [فصل] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇسۇل] 1) مەۋسۇم:

چار فەسل دەير ئىچىدە قارىغ ئىرمەس غۇسسەدىن،
چەك مۇغەننى چارگاھىڭ، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.

— ئەرشى.

2) بۆلۈم، باب:

شەرھ ئەگەر قىلسام جەمالىڭ دەفتەرىدىن بىر ۋەرەق،
ھەر سۆزى مىڭ فەسل ئولۇر، ھەر فەسلى نەچچە بابلەر.

— نەسىمى.

فەسلۇل ـ خىتاب — تەسەۋۋۇپقا ئائىت كىتاب نامى.

فەسلى بەھار — كۆكلىم، باھار پەسلى.

فەسلى خەزان — كۈز، كۈز پەسلى.

فەسلى رەبىئ — باھار پەسلى.

گويىيا يەر ئۆزرە گۈللار كۆرسەتۇر فەسلى رەبىئ،
سەفھەدە ئەرشى ئاچىلدۇرمىش گۈلى ئەشئارەلەر.

— ئەرشى.

فەسلى نەۋبەھار — باش باھار پەسلى:

فەسلى نەۋباھارىدا گۈل كەبى ئاچىلغان قىز،

مىسلى كاكۇلى سۇنبۇل ھەر تەرەپ ساچىلغان قىز.
— نەۋبەتى.

فەسىھ [فصيح] (ئە) 1) چىرايلىق، ئېنىق ۋە توغرا سۆزلىگۈچى؛ سۆز ئۇستىسى. 2) پاساھەتلىك (نۇتۇق):
فەسىھ لەفزى بىرلە دېدى گۈل شەباب،
تەلەتتۇفلار ئەيلەپ يۈزۈمگە قاراپ.
— ئا. نىزارى.

فەسىھ زەبان — نۇتقى پاساھەتلىك؛ چىرايلىق، ئېنىق ۋە روشەن سۆزلىگۈچى.

فەسىھ كەلاملىق — پاساھەتلىك نۇتۇق ئىگىسى، چىرايلىق ۋە توغرا سۆزلىگۈچى.

فەسىھ گۇفتارلىغ — چىرايلىق سۆزلەش؛ روشەن ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىشىش.

فەش [فش] (پ) سەللىنىڭ ئۇچى (پەتلىسى)، سەللىنىڭ يەلكىگە چۈشۈپ تۇرغان قىسمى؛ پەش:
يۈرەك ئاغدى قىلھال قارادىم ئاڭا،
قىسىپ فەشلەرىنى يۈگۈردى ماڭا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەشان [فشان] (پ) ئوچۇق، ئاشكارا:
گاھى شەررۇ شۇرىدىن مارۇ چەيان،
گاھى خۇشخۇي تىلى شۇكرۇ فەشان.
— خەراباتى.

فەفھەم [فافهم] (ئە) «بەس، (ئەگەر شۇنداق بولسا) ئاڭلا! چۈشەن!» مەنىلىرىنى بىلدۈرگۈچى ئۈندەش سۆز.

فەقە [فقه] پاقا:
فەقە قىغانىنى سۇ ئىچرە سالىپ،
پەشە مەقامى بىلەن سۇرناي چالىپ.
— زەلىلى.

فەقەت [فقط] (ئە) پەقەت، يالغۇز:
ماڭا دېمە مۇنداق بەلا مەئنى سۆز،
بۇ قىلمىشلارىڭدىن فەقەت كۆڭۈل ئۈز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەقەد [فقد] (ئە) [كۆپلۈكى: فىقدان] يوقىلىش؛ يوقىتىش.

فەقر [فقر] (ئە) كەمبەغەللىك، يوقسۇللۇق؛ بىچارىلىك؛ پېقىرلىق؛ كەمتەرلىك:
فەقر دەردىگە چۈنان سەبر ئەيلەگىل،
پادىشاھ ۋەيرانەدىن ئالماس خىراج.
— شەۋقى.

فەقر ئەھلى — بىچارىلەر، كەمبەغەللەر، يوقسۇللار.

فەقر پايمالى — ئېزىلگەن، ئاياغ ئاستىدا قالغان؛ كەمبەغەل.

فەقر تەرىقى — «فەقر يولى»غا قاراڭ.

فەقر جانىبى — دۇنيادىن ۋاز كېچىش.

فەقر كويى — «فەقر يولى»غا قاراڭ:
ئەيلە، يا رەب، فەقر كويى لەززەتىن بىلدۈرمەيىن،
ئېلتكەن كۆڭلۈمنى ئانداغ ئىززۇ جاھىمنى كەرەم.
— ئەرشى.

فەقرۇ فەنا — پېقىرلىق ۋە يوقلۇق (سوپىلىقتا) بىچارىلىك ۋە يوقلۇق، كەمتەرلىك ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغانلىق.

فەقرۇغىنا — كەمبەغەللىك ۋە بايلىق.

فەقر ئېلى — سوپىلار.

فەقرى زاتى — دۇنيانى ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇشقا تەبىئىي مايىللىق (تەسەۋۋۇپتا).

فەقر يولى — بىچارىلىك، يوقسۇللۇق يولى:
ئىشىمدۇر فەقر يولىن تەي قىلىپ قىنىڭ تەئەللۇقدۇر،
ئىچىپ مەي تۈنۈكۈن مەن تالىبى مەيخانە مەشرەب مەن.
— گۇمنام.

فەقر يۈزىدىن — موھتاجلىق تۈپەيلىدىن، سەۋەبىدىن.

فەقرئەندىش [فقرانديش] (ئە + پ) پېقىرانە، كەمبەغەل سۈپەتلىك:
ۋە فارىغى فەقر ئەندىشىنىڭ ياۋغان ئۇماچى ئالغۇچى غەنىيىنىڭ نەباتىي كۇلاچىدىن مەرغۇبراق.
— نەۋايى.

فەقرپېشە [فقرپيشه] (ئە + پ) كەمتەر؛ كەمتەرلىك، ئاددىي يول تۇتۇش.

فەقرجوي [فقرجوى] (ئە + پ) پېقىرلىقنى ئىزدىگۈچى:
بولۇپ سەلتەنەت تەختىدە فەقرجوي،
شەھ ئولسە ۋەلى بولسە دەرۋىش خوي.
— نەۋايى.

فەقىر [فقير] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇقەرا] 1) كەمبەغەل، موھتاج، بىچارە:
كەل ئەي مىسانچى كەرىم خۇش خەبەر نىشان كەلتۈر،
فەقىرغە مەرد خۇدانى رەۋان قىل ئەي ھافىز.
— شەۋقى.

2) پېقىر - كەمتەرلىك يۈزىسىدىن بىرىنچى شەخس كىشىلىك ئالمىشى «مەن» ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ:
ھەر كۈنى مەندىن ۋەفا، ئاندىن جەفا ئۆزرە جەفا،
مەن فەقىر ئول بىۋەفاغە مۇبتەلا بولدۇم نېتەي.

فەقىرى تىيرەراي — نادان، كالتە پەم.

فەقىرى مۇتەھەييىر — ھەيران بولغان بىچارە.

فەقىرى ھەقىر — «مەن، كەمىنە» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

فەقىرانە [فقيرانه] (ئە + پ) پېقىرلارچە، كەمتەرلىك بىلەن:

ئەياقچى، ماڭا جامى پىيرانە تۇت،
دېمان خىسرەۋانە، فەقىرانە تۇت.

— نەۋايى.

فەقىر شىۋە [فقير شيوه] (ئە + پ) ئاددىي كۆرۈنۈشلۈك:

مىر ھۈسەيىن ئەلى جەلايىر... فەقىر شىۋە ۋە فانىيۋەش ۋە بىتەكەللۇق ۋە خۇشتەبئ كىشىدۇر.

— نەۋايى.

فەقىرۋەش [فقيروش] (ئە + پ) كەمتەرىن، ئاددىي:

مەۋلانا غۇبارىي... فەقىرۋەش كىشى ھەم بار.

— نەۋايى.

فەقىھ [فقيه] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇقەھا] ئالىم، بىلىمدان؛ دىنىي ھوقۇق ئىلمىنىڭ بىلىمدانى.

فەقىھى ماھىر — يولىيورۇقنى ياخشى بىلىدىغان، فەقىھى ئىلمى ئۇستازى.

فەڭ [فنک] (ئە) «فەن»گە قاراڭ:

چىداغانچە قىلىپ ئەفسۇنۇ نەيرەڭ،
بارىپ ئەفسۇن ئېتەيىن مىڭ تۈمەن فەڭ.

— لۇتفى.

فەلاخەن [فلاخن] (پ) «فەلاخۇن»غا قاراڭ:

كوھىستان ئەھلى كۆپ ئاتقاي فەلاخەن،
جۇنۇن ئەھلى كۆپ ئايتقاي ياۋا سۆز فەن.

— نەۋايى.

فەلاخۇن [فلاخون] (پ) پالاقمان، تاش ئېتىش قورالى:

بۇ باشىۇ تاش ئارا ھەر كۇن نەچاغ، يا رەب، تالاش ئولسۇن،
فەلاخۇن گەر ئاتار ئول يار تاش ئورنىغە باش ئولسۇن.

— ئەرشى.

فەلان [فلان] (ئە) پالانى، پالانچى، كىمدۇر، كىمدۇر بىرسى:

ۋەفا ئىستەر ئىسەڭ جۇز زاتى ۋاھىد،
فەلانى ئىستەمە، دېمە فەلانى.

— ئەرشى.

بارى ئەلگە ياخشىلىغ قىلغىنكى، مۇندىن ياخشى يوق،
كىم دېگەيلەر: «دەھر ئارا قالدى فەلاندىن ياخشىلىغ.»

— بابىر.

فەلاھ [فلاح] (ئە) قۇتۇلۇش، خالاس تېپىش؛ نىجات.

فەلاھ تاپماق — نىجات تاپماق، قۇتۇلماق.

فەلاھەت [فلاحت] دېھقانچىلىق؛ تېرىقچىلىق:

فەلاھەت فەندە بولساڭ بۇ يەڭلىغ،
كەلامىڭ ئەيلەسە ئەيسانى بىخۇد.

— ئەرشى.

فەلەج [فلج] (ئە) بىرەر ئەزانىڭ ئىشتىن (كاردىن) چىقىشى، پالەچ:

خۇشنەۋىس ھەمكىم، سەھۋى كۆپ بولغاي ـ ئىلگى فەلەج ئىللەتىغە جۇب بولغاي.

— نەۋايى.

فەلەق I [فلق] (پ) پالاق (دىنىي مەكتەپلەردە بالىلارنى جازالاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ياغاچ پالاق).

فەلەق II [فلق] (ئە) تاڭ يورۇقلۇقى؛ سۈبھى ۋاقتى:

كانىنىڭ ياقۇتى شام ئولغان شەفەق،
سۈبھى ئەنۋار سارى ئانداقكىم فەلەق.

— نەۋايى.

فەلەك [فلك] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەفلاك] 1) ئاسمان، كۆك، پەلەك:

فەلەك ئۈستىدە مىھرۇ يەر ئۈزە مەھۋەشلە مەھۇ ئولمىش،
سەمەندىن سەكرەتىپ ئول شوخ بولسە ناگەھان پەيدا.

— ئەرشى.

2) تەقدىر، بەخت، تەلەي:

ئاھ نەيلەي بۇ فەلەك قىلدى نىگارىمدىن جۇدا،
ئەندەلىب يەڭلىغ بولۇپمەن گۈلئۈزارىمدىن جۇدا.

— موللا بىلال.

تا سېنىڭدەك نازەنىنغە ئاشنا قىلدى فەلەك،
مېھنەتۇ دەردۇ بەلاغە مۇبتەلا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

فەلەك ئاشۇبى — فەلەك غوۋغاسى:

فەلەك ئاشۇبىدىنكىم مەن كەبى زارۇ نىزار ئولغاي،
جەھان زۇلمى ئولۇس بىدادىدىن بىئېئتىبار ئولغاي.

— سەبۇرى.

فەلەك ئەختەرى — ئاسمان يۇلتۇزى.

فەلەك ئەھلى — پەرىشتىلەر.

فەلەك ئەۋجى — ئاسمان، پەلەك چوققىسى.

فەلەك ئەۋراقى — تەقدىر ـ قىسمەت سەھىپىلىرى:

نە تالىئىدۇر ماڭاكىم ئەختەرى بەختىم تاپىلمايدۇر،
فەلەك ئەۋراقىنى ھەر نېچەكىم دەفتەردەك ئاختاردىم.

— بابىر.

فەلەك ئەيۋانى — پەلەك قەسرى؛ يۈكسەك پەلەك، ئاسمان:

فەلەك ئەيۋانىنە باش ئۇندۇرۇرمۇ،
قاشىڭ مىھرابىنىڭ تاقىنە مۇشتاق؟

— ئاتايى.

فەلەك بىدادى — تەقدىر، پەلەك زۇلمى:

مىنى ئەل دائىما فەرھاد بىرلە تەۋئەمان كۆرگەچ،
فەلەك بىدادىدىن ناكام كەتكەن بىنەۋا دەرلەر.

— ئەرشى.

فەلەك پىلى — قۇياش.

فەلەك تاجىرى — تەقدىر سودىگىرى؛ تەقدىر بىلەن سودىلاشقۇچى.

فەلەك تاقى — ئاسمان گۈمبىزى، ئاسمان.

فەلەك تۈركى — مىررىخ (مارس).

فەلەك جامى — ئاسمان؛ پانى دۇنيا.

فەلەك جەۋرى — تەقدىر، پەلەك جاپاسى:

فەلەك جەۋرى دۇ ئىسپە قىلدى تەئجىل،
كۆز ئاچقۇنچە سىنى ھەم قىلدى تەبدىل.

— لۇتفى.

فەلەك خانى — پەلەك داستىخىنى:

بۇ فەلەك خانى ئۆزە قىلما گۇمان ئەختەر دەپ،
سەدقەئى ھۇسنۇڭە تولدۇردى دۇررۇ مەرجان قىز.

— گۇمنام.

فەلەك دۇرجى — ئاسمان ساندۇقى، ئاسمان.

فەلەكدىن ئۆتمەك — يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك.

فەلەك زالى — ئاسمان، پەلەك.

فەلەك سەبزەسى — ئاسمان قاراڭغۇلۇقى.

فەلەك سەيرى — ئايلىنىپ تاماشا قىلىش.

فەلەك سىررى — پەلەكتىكىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى.

فەلەك شەبىستانى — تۈن، كېچە.

فەلەك شەمئى — قۇياش.

فەلەك قەدر — يۈكسەك مەرتىۋىلىك، شانۇ شەۋكەتلىك.

فەلەك قەزاسى — تەقدىر ھۆكمى.

فەلەك قەلئەسى — ئاسمان، كۆك، پەلەك.

فەلەككە باش تېگىرمەك — ئەڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەك.

فەلەككە خۇرۇش چەكمەك — پىغان قىلماق.

فەلەككە يەتكۈزمەك — ھەددىدىن ئاشۇرماق.

فەلەك گەردىشى — چەرخ، دۇنيا.

فەلەك گۈنبەزى — ئاسمان گۈمبىزى.

فەلەك مۇشكىلاتى — پەلەك، ئاسمان قىيىنچىلىقلىرى.

فەلەك نەۋەردى — ئاسماندا يۈرگۈچى سەييار.

فەلەك نىفاقى — چەرخ مۇناپىقلىقى؛ تەلەيىنىڭ پەسلىكى.

فەلەك ھادىساتى — «فەلەك ھەۋادىسى»غا قاراڭ.

فەلەك ھەۋادىسى — دۇنيا ھادىسىلىرى.

فەلەك ھەيئەتى — پەلەكنىڭ تۈزۈلۈشى، كۆرۈنۈشى.

فەلەك ھىسارى — ئاسمان قەلئەسى.

فەلەك ھىيلەسى — چەرخ مەككارلىقى.

فەلەكى مۇدەۋۋەر — ئايلىنىپ تۇرغۇچى ئاسمان.

فەلەكى نەقشباز — بېزەكلىك ئاسمان.

فەلەكى نەقشبىن — نەقىشلىك ئاسمان، يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن كۆك، پەلەك.

فەلەكانە [فلكانه] (ئە + پ) يۇقىرى، يۈكسەك:

… قۇلۇمدىن كەلسەكىم ئەفلاكىنىڭ توققۇز ھەۋاسىدا كەۋاكىب جەۋاھىرىن ۋە ئەنجۇم لەئالىسىدىن گۇل ھەزرەت ساچقان دۇرلار ئالىدا نە كۆرۈنگەي ۋە ئانىڭ ھىممەتى جەنابىدا بۇ فەلەكانە مۇھرىق نە بولا ئالغاي.

— نەۋايى.

فەلەك پەيماي [فلك پيماى] (ئە + پ) ئاسماندا يۈرگۈچى، ئاسماندا كەزگۈچى؛ دانىشمەن، پەيلاسوپ.

فەلەك پەيۋەند [فلك پيوند] (ئە + پ) ئاسمانغا ئۇلاشقان، يۈكسەك گۈزەللىك چوققىسىنى ئىگىلىگەن مەھبۇبە؛ يۈكسەك.

فەلەك پەيۋەند قىلماق — ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە، چوققىغا يەتكۈزمەك.

فەلەك تەزيىن [فلك تزيين] (ئە) ئاسمان كەبى بېزەلگەن:

بۇ يەئلىغ فەلەك تەزيىن دەرگاھىدىن ۋە بۇ نەۋئ ئەرشايىن بارگاھىدىن خىتابى سەدمەت ئالىپ ۋە ھۆكمى ھەيرەت ئەنگىز ئېتمىشتى.

— نەۋايى.

فەلەكجاھ [فلك جاه] (ئە + پ) يۈكسەك مەرتىۋىلىك.

فەلەكرەۋ [فلك رو] (ئە + پ) پەلەكتەك تېز يۈرىدىغان:

گاھ دەۋلەتلىق باشىدىن كەتمەيىن چەتر سەھاب،
گاھ فەلەكرەۋ مەركەبىڭە ئەتمەيىن پەيكى سەبا.

— نەۋايى.

فەلەكسا [فلك سا] (ئە + پ) ئەڭ يۇقىرى، يۈكسەك.

فەلەكساي [فلك ساى] (ئە + پ) «فەلەكسا»غا قاراڭ.

فەلەك سەرىر [فلك سرير] (ئە) يۇقىرى، يۈكسەك تەختلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

فەلەك سۈرئەت [فلك سرعت] (ئە) تېزلىك چاقنالىق.

فەلەك شىكاف [فلك شكاف] (ئە + پ) دۇنيانى ئۆرتەش، لەرزىگە كەلتۈرۈش.

فەلەك فەرسا [فلك فرسا] (ئە + پ) پەلەككە يېتىمدىغان، پەلەكنى ئارقىدا قالدۇرىدىغان.

فەلەك مانەند [فلك مانند] (ئە + پ) ئاسماندەك، ئاسمانغا ئوخشاش، كۆك كەبى.

فەلەك نىشانلىغ [فلك نشانليغ] ئالىي مەقسەتنى كۆزلىگەنلىك.

فەلەكۋار [فلك وار] (ئە + پ) ئاسماندەك.

فەلەكۋەش [فلك وش] (ئە + پ) ئاسمانغا ئوخشاش؛ چەكسىز.

فەلەك ئىشتىباھ [فلك اشتباه] (ئە) پەلەككە ئوخشاش ئالىي دەرىجىلىك دەرگاھ.

فەلەكىيات [فلكيات] (ئە) ئاسترونومىيە.

فەللە [فله] (پ) ئوغۇز سۈتى، يېڭى تۇغقان ھايۋانىنىڭ دەسلەپكى سۈتى.

فەم [فم] (ئە) ئاغىز:

نۇقتەئى مەۋھۇم ئېرۇر يامىمى فەم يا ئەينى ئىشق،
يا ئاغىز يا غۇنچە يا يوقلۇق سارى ئىمامۇدۇر.

— ئەرشى.

قامىتىڭ كۆرگۈزمەدى تا قىلمادى مەۋزۇن خىرام،
جۇز تەكەللۇم فەھم ئولماس ئاڭا رۇخسار ئىچرە فەم.

— ئەرشى.

فەن [فن] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇنۇن] 1) ئىلىم، ھۈنەر، سەنئەت؛ كەسىپ:

ئانىڭ پەيرەۋلىغىنى لازىم ئەيلەپ،
بۇ فەندە سەنئەم ئولدۇڭ نەچچە دۇر بار.

— ئەرشى.

جەفايۇ شىۋەيۇ فەن ئىلمى ئىچرە،
كۆزۈڭ شاگىردىدۇر دەۋرانى ئەفلاك.

— لۇتفى.

2) ھىيلە، نەيرەڭ:

قىلۇر قان غەمزەسى كۆزلەرنى باغلاپ،
ھالال ئولسۇنكى سىھر ئەيلەر بۇ فەندە.

— لۇتفى.

3) مەقسەت:

چۈن ساڭا كەئبە تەۋافى ئېردى فەن،
دەير ئىشكىندە نېدىن تۇتتۇڭ ۋەتەن.

— نەۋايى.

فەن ئەسھابى — پەن ئىگىلىرى، ئالىملار، بىلىمدانلار.

فەن ئەھلى — بىلىمدار ھۈنەرۋەنلەر؛ ھۈنەر ئىگىلىرى.

فەن ئەيلەمەك — كەسىپ، ئادەت قىلماق.

فەن قىلماق — «فەن ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

فەن ئولماق — دائىمىي بولماق، ئادەت بولماق.

فەنا [فنا] (ئە) 1) ئۆلۈم، ئەجەل؛ يوقلۇق، يوق بولۇش، ئۆلۈش، تۈگەللىنىش:

نەسىم ئەتكەچ فەنا ئالەم ۋۇجۇدىن،
ساۋۇرمىش گەردىنى چۈن بادى سەرسەر.

— ئەرشى.

تۆكۈلدى جان سۈيى تەن زەرفى سۇندى،
فەنا بولدى، يىقىلدى ھەم كۆڭلى تىندى.

— خىرقەتى.

2) ئۆزلۈكتىن كېچىش، ئۆزىنى ئۇنتۇش؛ تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرىش:

تا جەمالىڭ كەئبەسىدىن ئارزۇ ئەتكەچ كىشى،
دەشتى سەھرالارنى قەتئ ئەيلەپ فەنا بولدى دەرىغ.

— شەۋقى.

فەنا ئەندىشىلىك — خۇدا! گويلۇق.

فەنا ئەھلى — يوقلۇق ئىختىيار قىلغانلار:

بۇ ئالەم زىيبىدىن بولغىل مۇجەررەد،
فەنا ئەھلى قىلىپدۇرلار ئانى رەد.

— ئەرشى.

فەنا بارانى — يوقلۇق يامغۇرى، يوق بولۇش يامغۇرى:

مېنى ئۆلتۈردۈڭۇ ئىشقىڭ ئوتىدا نەچچە كۆيدۈردۈڭ،
فەنا بارانىغە خاكىستەرى جىسمىم سەھاب ئەتتىڭ.

— گۇمنام.

فەنا بەرمەك — ئەجەل بەرمەك.

فەنا تابۇتى — پانىيلىق جىنازىسى:

ۋۇجۇد ئىقلىمى ئىچرە شەھسۇۋارىكىم ئات ئويناتمىش،
فەنا تابۇتىدىن ئۆزگە ئۇنىڭ ئاخىر سۇۋارى يوق.

— مەشھۇرى.

فەنا تەرىيقى — پانىيلىق يولى، بۇ دۇنياغا ئېتىبار بەرمەسلىك.

فەنا تۇفراغىغە يىقىلماق — ئۆلۈش ھالىغا كەلمەك، جان بەرمەك.

فەنا جاددەسى — يوقلۇق كوچىسى.

فەنا جامى ئىچمەك — ۋاپات ئەتمەك، ئۆلمەك:

فەنا جامىن ئىچىپ بولغىل سەبۇكرەۋ،
تەئەللۇقدىن ئېسەڭ گەرچە گىرانبار.

— ئەرشى.

فەنا دارى — يوقلۇق، پانىيلىق ئۆيى؛ بۇ دۇنيا.

فەنا دارىغە ئاسماق — ھالاكەت دارىغا ئاسماق.

فەنا دەشتى — يوقىلىش، پانىي بولۇش باياۋىنى:

فەنا دەشتىغە يۈز كەلتۈر بەقا ھاسىل ئۈمىد بىرلەن،
بارۇرسەن تاڭلا مەھشەر ئىززۇ نازۇ ئىفتىخار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

فەنا دەيرى — يوقىلىش، پانىي بولۇش مەيخانىسى:

مۇيەسسەر ئولسەلەر جامى ئەزەلدىن كاش شەۋقىغە،
فەنا دەيرىدە كۆرگەيكىم ھەياتى جاۋىدان پەيدا.

— شەۋقى.

فەنا شەھرى — يوقلۇق شەھرى:

فەنا شەھرىدەكى ئەۋارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
جۇنۇن تۇغيان ئېتىپدۇر ھەر بىرىنى دەربەدەر تەنھا.

— زەلىلى.

فەنا شىرويەسى — شىجائەتلىك باتۇرنى يوق قىلىش:

فەنا شىرويەسى ئۆلتۈرمىش ئولكىم،
كى خىسرەۋدەك جەھان قىلمىش مۇسەخخەر.

— ئەرشى.

فەناغە ياۋۇق بولماق — يوقىلىشقا يېقىنلاشماق، ئۆمرى تۈگەپ قالماق:

قارىلىقدا بولدى فەناغە ياۋۇق،
ۋەلى مۇنچە ياشداكى فەرزەندى يوق.

— ئا. نىزارى.

فەنا فەرراشى — خىزمەتكارنىڭ تازىلىقى:

فەنا فەرراشى ئېلەپ سۇبھىنىڭ سىيمىن پەرۇ بالىن،
مۇرەسسەئ تارى مىژگاننى جارۇبى ھەرەم چەكتى.

— ئەرشى.

فەنا قاپى — ھالاكەت تېغى:

ئۆزىنى بىنىشان قىلماي، ئۆزى تاپماس نىشان سەندىن،
فەنا قاپىدە پەرۋاز ئەتمەيىن تاپماس كىشى ئەنقا.

— مەشھۇرى.

فەنا قۇشلەرى — يوقلۇققا پەرۋاز قىلغۇچىلار.

فەنا گەردى — ھالاكەت توزانلىرى:

بۇ ئالەمگە بەقا قاندىن مۇيەسسەر،
فەنا گەردى بىلە بولسە مۇخەممەر.

— ئەرشى.

فەنا مۈلكى — يوقلۇق مەملىكىتى:

ۋەلى پىنھان فەنا مۈلكىدە ئول شاھ،
تەئەللۇقدۇر ئاڭا يەتمەككە ھايىل.

— ئەرشى.

فەنا ئوتىغە ئاتماق — يوقاتماق؛ ۋاز كەچمەك.

فەنا ۋادىسى — ھالاكەت ۋادىسى:

تاپاي مەيپەرەستىنىڭ قولىدىن ئەمان،
فەنا ۋادىسىغە بولايىن رەۋان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەنا يولى — پانىيلىق يولى، ھالاكەت يولى:

كىشكى يا خەبەر ئولدى بۇ يول خەتەرلەردىن،
فەنا يولىدا بەقانىڭ ئۈمىدىدە جان داد.

— شەۋقى.

فەنا يېلى — يوقلۇق شامىلى، ئازاب - ئوقۇبەت دولقۇنلىرى.

فەنايى كامىل — سوپىلىقتا مۇكەممەللىككە ئېرىشىش.

فەھش [فحش] (ئە) ئەدەپسىزلىك، بۇزۇقلۇق، زىنا، پاھىش.

فەھش ئايتماق — سۆكمەك، ھاقارەتلىمەك.

فەھم [فهم] (ئە) پەم، ئىدراك، ئەقىل - ھوش؛ بىلىش، چۈشىنىش:

كىم كۆرۈپ نەرگىس بىكىن كۆز بىلە گۈلتەك يۈزىنى،
يەلگە بېرىپ ئەقلۇ فەھمىن مەستۇ ھەيران قالمادى.

— سەككاكى.

فەھم ئەتمەك — «فەھم ئەيلەمەك»كە قاراڭ:

سۇ ئىچكەن كۆز ياشىمدىن فەھم ئېتىپ سورماڭ كۆڭۈل چاكىن،
جەفا شەمشەرىنى رەڭگىن سىتەم تىغىدا قان كۆرگەچ.

— ئەرشى.

فەھم ئەھلى — بىلىمدانلار، ئاقىللار.

فەھم ئەيلەمەك — ئاڭلىماق، چۈشەنمەك؛ پەملىمەك:

قىيمەتى ھۇسنۇڭنى مەندەك ئۆزگەلەر فەھم ئەيلەمەس،
ئاڭلاماس گەۋھەر بەھاسىن ئەر ئەمەسدۇر جەۋھەرى.

— ئەرشى.

فەھم بولماق — چۈشىنىلمەك؛ سېزىلمەك.

فەھم قىلماق — «فەھم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

فەھمۇ ئىدراك — چۈشىنىش ۋە ئاڭلاش.

فەھمى خۇرد — نازۇك پەم؛ سۆزمەن، زېرەك.

فەھىم [فهيم] (ئە) پەم - پاراسەتلىك، چۈشەنگۈچى، زېرەك، ئەقىللىق:

جالىنۇسنىڭ شاگىردىدۇر ۋە ئانىڭ سۆزلەرىدىن بۇ كىم،
قابىلىنىڭ سەئادەتى بۇ دۇركىم، فەھىم بولغاي.

— نەۋايى.

فەۋاسىل [فواصل] (ئە) پاسىللار، بۆلۈملەر، ئايرىمىلار، «فاسىل»غا قاراڭ.

فەۋاكىھ [فواكه] (ئە) [بىرلىكى: فاكىھە] مېۋىلەر.

فەۋاكىھلىغ باغ — مېۋىلىك باغ.

فەۋائىد [فوائد] (ئە) پايدىلار، نەپلەر:

ئاندافكى، ئانىڭ فەۋائىدى ئەتراك ئاراسىدە مەشھۇردۇر.

— نەۋايى.

فەۋايىد [فوايد] (ئە) [بىرلىكى: فايدە] «فەۋائىد»غا قاراڭ.

فەۋت [فوت] (ئە) 1) قولدىن بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېتىش. 2) يوقىتىش، يوقىلىش؛ يوقىتىپ قويۇش. 3) ئۆلۈم، ۋاپات قىلىش.

فەۋت ئەتمەك — ئۆتكۈزۈۋەتمەك، قولدىن چىقارماق، قولدىن بەرمەك.

فەۋت بولماق — 1) ئۆلمەك، ۋاپات بولماق. 2) ئۆتۈپ كەتمەك (ۋاقىت).

فەۋت قىلماق — «فەۋت ئەتمەك»كە قاراڭ.

فەۋت ئولماق — «فەۋت بولماق»قا قاراڭ.

فەۋج [فوج] (ئە) 1) گۇرۇھ، توپ:

يوق كەبۇتەر قەسرىگە قونغان بۇ خۇش سۈرەت بىلە،
تۈشتى بىر فەۋجى فەرىشتە چەرخىدىن ئىززەت بىلە.

— مەشھۇرى.

2) قوشۇن، چېرىك:

ھىسارى غەم دەرى دەرۋازىسىنى مەھكەم ئەيلەپدۇر،
زەلىلى پاسبانى زىرەكى فەۋجى ئەلەم كۆرگەچ.

— زەلىلى.

فەۋج بەرفەۋج — گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ.

فەۋج - فەۋج — گۇرۇھ - گۇرۇھ، توپ - توپ:

غەزەب بەھرىم ئانداغ ئاڭا ئۇردى ئەۋج،
بار ئېردى سىپەھلەر يەنە فەۋج - فەۋج.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەۋجى فىرار — توپى بىلەن قېچىش، يوقىلىش:

بولدى چۇن زەررىن لەۋا سۈيە ئاقلىقدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەسەسىدىن قاراتۇن فەۋجى فىرار.

— تەجەللى.

فەۋجى گۇنەھكار — بىر گۇرۇھ گۇناھكارلار:

زاھىر ئولۇپ زار نىگۇن نىسارلەر،
ھازىر ئولۇپ فەۋجى گۇنەھكارلەر.

— زەلىلى.

فەۋجى لەشكەر — توپ - توپ لەشكەرلەر:

سەرىرۇ دەۋلەتىڭ ئىلكىڭدە بولغاي،
كى فەۋجى لەشكەرىڭ ئالەمگە تولغاي.

— زەلىلى.

فەۋر [فور] (ئە) تېز، «فەۋرەن»گە قاراڭ.

بۇ فەۋردە — شۇ زاماندا:

بۇ فەۋردە ئول كەنىزەك ئاڭا خەبەر بەردىكىم، ئەردۇۋان بىر مۇدھىش تۇش كۆرۈپ، بىلۇر ئەلدىن تەئبىرىن سوردى.

— نەۋايى.

فەۋرەن [فورا] (ئە) تېزدىن، دەرھال.

فەۋق [فوق] (ئە) ئۈستۈن، يۇقىرى.

فەۋقەس - سۈرەييا — سۈرەييا (ھۈكەر) نىڭ تۆپىسىدە؛ سۈرەييادىن يۇقىرى، ئەڭ يۈكسەك.

فەۋقۇل - فەلەك — ئاسمان ئۈستىدە؛ ئاسماندىن يۇقىرى؛ ئەڭ يۈكسەك.

فەۋۋارە [فواره] (ئە) ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاق، فونتان:

كۆزۈمدىن قىترە - قىترە ئەشك گۈلگۈنۈمنى ساچقاندىن،
جۇنۇن خەيلى تاماشا قىلغالى فەۋۋارىسى دەرلەر.

— زەلىلى.

مەۋجلەردىن داملەر قوي ئىستەسەڭ مۇرغى ۋىسال،
ياش سۈيىدە ئىشتىياقىدىن ئىكى فەۋۋارە قىل.

— مەشھۇرى.

فەيەكۇن [فيكن] (ئە) بەس، بولدى:

كىم بولدى چۇ ئەمرى «كۇن» ھۇۋەيدا،
بولدى «فەيەكۇن» غۇلغۇلىسى پەيدا.

— نەۋايى.

فەيز [فيض] (ئە) 1) ئىنئام - ئېھسان. 2) بەرىكەت، موللۇق. 3) كۆركەملىك، نۇرانىيلىق. 4) دىلخۇشلۇق، قۇۋانچ، بەھرە:

زىيائىيغە لۇتۇق ئەيلەبان قىل كەرەم،
يەتۈر فەيز رەھمەت ئاڭا دەمبەدەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

...تەۋقىقۇ ئولدۇر ئەسھابى ھۇنەردىن،
كى چۇن فەيز ئالسالار بۇ مۇختەمەردىن.

— لۇتفى.

فەيز ئاسار — فەيز (بەھرە، دىلخۇشلۇق؛ بەرىكەت؛ ئىنئام - ئېھسان) بېغىشلىغۇچى، كۆرسەتكۈچى:

قولاق سالدى ئانداغ دىلۇجان بىلە،
بولۇپ فەيز ئاسار گىريان بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فەيز ئەھلى — ساخاۋەتلىكلەر؛ ساخاۋەتچىلەر، قولى ئوچۇق ئادەملەر.

فەيز بەخش — ئىنئام قىلغۇچى؛ ئىنئام بەخش ئەتكۈچى.

فەيز تاپماق — بەھرىمەن بولماق، ئارزۇ - ئىستەككە يېتىشمەك؛ دىلخۇشلۇق، قۇۋانچ تاپماق.

فەيز رەسان — فەيز (بەھرە، دىلخۇشلۇق، بەرىكەت، ئىنئام - ئېھسان)، يەتكۈزگۈچى، بېغىشلىغۇچى.

فەيز گۇستەر — فەيز (بەھرە، دىلخۇشلۇق، بەرىكەت، ئىنئام - ئېھسان) تارقاتقۇچى.

فەيز ئېلتماق — بەھرە يەتكۈزمەك.

فەيزى تاپماق — «فەيز تاپماق»قا قاراڭ:

مەندە تەبئىي شائىرى يوقتۇر نىشانى ئاشىقى،
ھەرنە فەيزى تاپمىشەم مەن مەھرەمى ئەسرارىدىن.

— ئەرشى.

فەيزى جۇش — ئىنئام - ئېھسان بولىقى:

ئەيكى، «ئەررەھمان» سىفاتىڭ قۇلزۇمىدۇر فەيزى جۇش،
ئەررەھىم ئىسمىڭ تەزەۋۋرى دائىما رەھمەت خۇرۇش.

— ئەرشى.

فەيزى رەببانىي — پەرۋەردىگار ئىنئام قىلغان ياخشى-

لىق، رەھىمدىللىق:

ئۇلۇمى فەيزى رەببانى ئەتا قىلمىش خۇدا سانىسىز،
ۋۇجۇدۇڭ ئىبرەتلەركىم ئىلمى ھېكمەت بابىدىن يەنبۇئ.

— شەۋقى.

فەيزى غەفۇر — مەغپىرەت (ئەپۇ) قىلغۇچى ئاللانىڭ ئىنئامى:

بۇلبۇلى باغى سىيادەت مەنبەئى فەيزى غەفۇر،
جامىدىن جام ئىزدەگەن يا ئەرشىئى كويامۇدۇر.

— ئەرشى.

فەيزى فۇتۇھ — ياردەم ئېھسان، ئىنئاملىرى:

تاپقۇسىدۇر ھۆسن ئېلى ئىشق ئەھلىدىن فەيزى فۇتۇھ،
تا قانىنى تۆكمەدى ئۇل لەئلى گويا بولمادى.

— قەلەندەر.

فەيزى فىغان — ھېسابسىز نالە ـ پەرياد:

قونۇپ سۆز شاخىغە بۇلبۇلدەك ئەتسەم نالە شەۋقۇڭدا،
بولۇر فەيزى فىغانىمدىن سەر ـ سەر بەرگىلەر گويا.

— ئەرشى.

فەيزى كامىل — موللۇق، بايلاشاتلىق، يېتەرلىك.

فەيزى مەسىھ — جانبەخش ئەتكۈچىنىڭ دىلخۇشلۇقى:

ئوخشاماس كەئىسىغە شەمسى كەيفىكى فەيزى مەسىھ،
لامەكان سەير ئولغۇسى بۇ نەشئەدىن تاتقان گەدا.

— ئەرشى.

فەيز يامغۇرى — بەرىكەت، كۆپ ياخشىلىقلار.

فەيز يەتمەك — بەھر ئالماق، بەھرىلەنمەك.

فەيسەل [فيصل] (ئە) ئايرىش، ئاجرىتىش؛ ھەل قىلىش.

فەيسەل بەرمەك — ئاجراتماق، ئايرىماق؛ ھۆكۈم چىقارماق.

فەيلەسۇف [فيلسوف] (ئە) ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىسى، پەيلاسوپ، دانىشمەن.

فەيلەسۇفۋەش [فيلسوف وش] (ئە + پ) پەيلاسوپقا ئوخشاش، پەيلاسوپ تەبىئەتلىك.

فەيياز [فياض] (ئە) ناھايىتى پەيزى، لۇتق ۋە كەرەم قىلغۇچى، پەيز بېغىشلىغۇچى، بەرگۈچى.

فەييازى جۇد — كەرەمبەخش.

فەييازى ۋۇجۇد — پەيز بېرىپ تۇرغۇچى ۋۇجۇد؛ خۇدا، تەڭرى.

فوتە [فوته/فوطه] «فۇتە» گە قاراڭ:

بېرىپ فوتە بىرلە چىرايلىق لىباس،
لىباسىنى بىر بىر قىلىپ ھەم مىساس.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فوتەئى زەربەفت — زەر قوشۇپ توقۇلغان پوتا، بەلۋاغ.

فورات [فرات] (ئە) فۇرات دەرياسى (ئاسىيادا):

چۆرۈلۈرمەن باشىدىن ئۇل شوخىنىڭ پەرۋانەدەك،
سەگ رەقىبىنىڭ قانىدىن ئاقمىزسا دەريايى فورات.

— قەلەندەر.

كەئبەئى كويۇڭدا قىلدىم كۆزلەرىمنى فەرش كىم،
ئەھلى ئالەم بىرىنى دەرنىل، بىرىنى دەجلە، فورات.

— مەشھۇرى.

فۇئاد [فؤاد] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەفئىدە] يۈرەك، قەلب، دىل، كۆڭۈل:

ئۇل كىم تۈنۈكۈن كۆڭلى مۇرادى ھەقدۇر،
ھەر غۇسسەدە ئارامى فۇئادى ھەقدۇر.

— نەۋايى.

فۇتە [فۇتە/فوطه] پوتا، بەلۋاغ، بەلگە ئورىلىپ باغلىنىدىغان ماتا؛ لوڭگە (ھاممامدا بەل تۆۋىنىگە ئورايدىغان).

فۇتۇر [فتور] (ئە) 1) ھالاكەت؛ شىكەست؛ زەرەر؛ ۋەيران، خاراب. 2) جاراھەتلىك، ۋەيرانلىق، خارابلىق؛ كۈچسىزلىك، زەئىپلىك. 3) ناپاكلىق، ئىپلاسلىق. 4) كەمچىلىك، نۇقسان.

فۇتۇر تۇشمەك — «فۇتۇر يەتمەك» كە قاراڭ.

فۇتۇر سالماق — ۋەيران (خاراب) قىلماق، شىكەست بەرمەك.

فۇتۇر ۋاقىئ بولماق — كەمچىلىك، نۇقسان يۈز بەرمەك.

فۇتۇر يەتمەك — زەرەر يەتمەك.

فۇتۇھ [فتوح] (ئە) [بىرلىكى: فەتھ] «فەتھ» گە قاراڭ:

بىنەۋا ئەرشى تىلەر رۇھى نەۋائىيدىن فۇتۇھ،
مۇرغىزارى نەزم ئارا مۇرغى خۇش ئەلھانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

فۇتۇھۇ زەفەر — غەلىبە ۋە زەپەر:

تاپىپ ھەر كۈنىدە فۇتۇھۇ زەفەر،
بولۇپ ئەھلى تۇججار ئارا مۇئتەبەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فۇتۇھ يېتىشمەك — مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەك، پايدا كۆرمەك، ساۋاب ئىشقا يېتىشمەك.

فۇتۇھات [فتوحات] (ئە) خۇرسەنلىك؛ مۇۋەپپەقىيەتلەر؛ «فۇتۇھ» قا قاراڭ.

فۇتۇھاتى مەككىي — مەككە شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى (ئەسەر نامى).

فۇتۇۋۋەت [فتوت] (ئە) ساخاۋەت، ئالىيجانابلىق، مەرتلىك، يىگىتلىك.

فۇتۇۋۋەت ئەھلى — ساخاۋەت، مەرھەمەت ئىگىسى.

فۇجۇر [فجور] (ئە) توغرا يولدىن ئېزىش؛ بۇزۇقلۇق، يارىماسلىق، ئەخلاقسىزلىق.

فۇرجاھ [فرجاه] (ئە) كەم؛ ئەرزىمىگەن:

يەنە ئوغلانلارنى مىسىرغا بارۇرنى تەكلىف قىلدى. ئۇلار بىزائەتى فۇرجاھ بىلە كەلدىلەر.

— نەۋايى.

فۇرجە [فرجه] (ئە) 1) يېرىق، تۆشۈك، بوش ئورۇن. 2) ۋاقىت، پەيت، پۇرسەت.

فۇرزە [فرضه] (ئە) كېمىلەرنىڭ دەرياغا كىرىش جايى؛ كېمىگە چىقىدىغان جاي، پورت:

يەمەننىڭ فۇرزىسىغە قىلدىلەر مەيل،
سۇدىن تۇفراققە چىقتىلەر بارى خەيل.

— نەۋايى.

فۇرس [فرس] (ئە) پارسلار:

…فۇرس فۇسەھاسى ھەرقايسى ئۇسلۇبداكىم، سۆز ئەرۇسىغە جىلۋە ۋە نامەيش بېرىپ ئېردىلەر.

— نەۋايى.

فۇرقان [فرقان] (ئە) ئاجراتقۇچى، ياخشى - ياماننى پەرق قىلىپ (پەرقلەندۈرۈپ) كۆرسىتىپ بەرگۈچى، قۇرئان.

فۇرقەت [فرقت] (ئە) ئايرىلىش، جۇدالىق:

كۆيدى جانىم فۇرقەتىڭدىن يۈرەكىم ھەم بولدى سۇ،
يەتمەدى زۇلفۇڭ نەسىمىدىن دىماغىم ئىچرە سۇ.

— قەلەندەر.

فۇرقەت ئەزابى — جۇدالىق ئازابى.

دوستلار فۇرقەت ئەزابى شىددەتىن ئەيلەي بەيان،
ئاھ، نېتەي مەن بەندەنى قىلدى زەبۇن ناچار ئىشق.

— موللا سالىھ.

فۇرقەت تۈنلەرى — جۇدالىق كېچىلىرى.

تولغانىپ تۈشكەن ساچىڭ يادىدا فۇرقەت تۈنلەرى،
ياد قىلسام تولغانىپ بىلگىل بەسى مەن پىچۇ تاب.

— ئەرشى.

فۇرقەت خۇمارى — جۇدالىق باش ئاغرىقى.

ۋىسالى جامىدىن بىرنەچچە كۇن سەرشار ئىدىم، يارەب،
بۇ كۇن كەتتى مېنى فۇرقەت خۇمارىدا خەراب ئەيلەپ.

— ئەرشى.

فۇرقەت دەشتى — جۇدالىقنىڭ باياۋىنى.

سالسە فۇرقەت دەشتىدە بۇ گەردۇنى دۇن رەشكىدىن،
گۇلشەنى ۋەسلىڭنى ھەردەم مەن قىلۇرمەن ئارزۇ.

— قەلەندەر.

فۇرقەت نامەسى — ئايرىلىش خېتى:

ساقا گۇل بەردى فۇرقەت نامەسىنى،
يۈزىن قان قىلدى يىرتىپ جامەسىنى.

— خىرقەتى.

فۇرقەت ئوتى — جۇدالىق ئوتى:

ئول ئاناسىنىڭ بالا ھەجرىدە چەككەن فۇرقەتىن،
ھەم تۇتاشقان جانىغە فۇرقەت ئوتىنىڭ ھىرقەتىن.

— موللا سالىھ.

فۇرقەتۇ ھىجران — جۇدالىق ۋە ھىجران:

بىر گۈلنى كۆرمەدىم بۇلبۇلنى دىلشاد ئەيلەسە،
فۇرقەتۇ ھىجرانىدىن بىر لەھزە ئازاد ئەيلەسە.

— قەلەندەر.

فۇرقەتى خۇنخار — قانخور جۇدالىق:

قايسى ھەسرەت بىرلە ئەرمانىدىن ۋەفاسىز ۋەسلىنىڭ،
قايسى مېھنەت بىرلە رەنجىن فۇرقەتى خۇنخارىنىڭ.

— بابىر.

فۇرقەت نەما [فرقت نما] (ئە + پ) ئايرىلغاندەك، جۇدالىقتەك:

سەفەر ئەزمىدە مۇسافىرىدىن ئايرىلۇر چاغدا خەيرباد مەزمۇنلۇق ئەلفازنى رادىف قىلىپ ئايتقان شېئىرنىڭ مەتلەئى فۇرقەت نەما كېلىپدۇر.

— نەۋايى.

فۇرۇد [فرود] (پ) تۆۋەنلەش، چۈشۈش؛ ئولتۇرۇش، پېتىش:

ئەدەم بولدى پەرتەۋ بولۇپ كۈن فۇرۇد،
سىيە جۇرمى باشتىن كۆتەردى سەئۇد.

— ئا. نىزارى.

فۇرۇتەن [فروتن] (پ) كەمتەر؛ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان:

قەدىنىڭ جىلۋىسى ئاللىندە سەرۋى نازنى كۆردۇم،
بۇ بىر ئىسرۇ فۇرۇتەن، ئول بەغايەت سەرفەراز ئېرمىش.

— نەۋايى.

فۇرۇدەست [فرودست] (پ) كۈچسىز، مەغلۇپ:

يەتتى كۆكنى ھەق ئەيلەسۇن نەستىڭ،
يەتتى كەۋكەبنى ھەم فۇرۇدەستىڭ.

— نەۋايى.

فۇرۇز [فروز] (پ) سۆز تەركىبىدە كېلىپ «يورۇتقۇچى، ياندۇرغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

دىل فۇرۇز — كۆڭۈلگە ئوت ياققۇچى؛ يېقىملىق.

شەب فۇرۇز — كېچىنى ياندۇرغۇچى، يورۇتقۇچى.

فۇرۇزان [فروزان] (پ) پارلاق، يالتىراق؛ نۇر چاچقۇچى:

ئىشقىڭدا تامام خەلق سوزان،
شەۋقىڭ ئوتى ھەر تەرەپ فۇرۇزان.

— مەشھۇرى.

فۇرۇزەندە [فروزنده] (پ) شولا چۈشۈرگۈچى، يورۇت-

قۇچى، ياندۇرغۇچى.

فۇرۇش [فروش] (پ) 1) ساتقۇچى:

بارىپ گۈل شەھەرگە كەنىزەك ئالاي،
بار ئېردى كەنىزەك فۇرۇش نەچچە باي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) خەبەردار:

مۇنچە بولۇپ باقمادى، قىلدىم خۇرۇش،
بىلمەدى گۈل قەدرىنى بوستان فۇرۇش.

— زەلىلى.

فۇرۇغ [فروغ] (پ) يورۇقلۇق، روشەنلىك، پارلاقلىق، يالتىراقلىق؛ نۇر:

بەسكى مەن پەرۋانەدۇرمەن چۆرۈلۈپ يار ئىشقىدا،
يۈز فۇرۇغ ئەتسە تاڭ ئېرمەس شۇئلەيى ئىمان مىنى.

— مەشھۇرى.

ھاجەت ئېرمەسدۇر فۇرۇغى مەشئەلى فانۇسى ماھ،
سۈبھى سادىقلىن نە رەۋشەندۇر بۇ ناگۇشى كېچە.

— زەلىلى.

فۇرۇغ ئەفشان — نۇر چاچقۇچى:

فەيزى خۇرشىدى تولۇھ ئەيلەپ فۇرۇغ ئەفشان بولۇر،
دەير - پىرى جەبھەسىن بىر سۈبھى رەخشان كۆرمىشەم.

— مەشھۇرى.

فۇرۇغى مەئرىفەت — مەرىپەت يورۇقى، مەرىپەت نۇرلىرى:

ئاچار ھەق جويلەر كۆڭلىن فۇرۇغى مەئرىفەت بىرلە،
كەۋاكىبدىن سىپىھرى نىلگۇن زىنھار زار ئەيلەر.

— مەشھۇرى.

فۇرۇكەش [فروكش] (پ) بىرەر جايدا تۇرۇش، ئىستىقامەت قىلىش.

فۇرۇكەش قىلماق — ئىستىقامەت قىلماق؛ ياشىماق.

فۇرۇگۇزاشت [فروكذاشت] (پ) ئارقىغا تاشلاش؛ بىپەرۋالىق، ئېتىبارسىزلىق.

فۇرۇگۇزاشت قىلماق — ئارقىغا تاشلىماق، تاشلاپ قويماق، بىپەرۋالىق قىلماق، ئېتىبار بىلمەن قارىماسلىق.

فۇرۇمايە [فرومايه] (پ) ئىسلى (تېگى) پەس؛ بىچارە، ئېتىبارسىز:

ئاندىن ئۆتمىش كەلامىگە نايە،
كى دېگەن نۇكتە ھەر فۇرۇمايە.

— نەۋايى.

فۇرۇئ [فروع] (ئە) [بىرلىكى: فەرئ] شاخچىلار، شاخابچىلار، تارماقلار، بۆلەكلەر، بابلار.

فۇزەلا [فضلا] (ئە) دانىشمەنلەر، پەزىلەت ئىگىلىرى، ئالىملار:

ۋە زەمانىنىڭ شۇئەرا ۋە فۇزەلا ۋە زۇرەفاسىدىن ئالارنىڭ ۋەسافى خالى ئېرمەس ئېردى.

— نەۋايى.

فۇزۇدە [فزوده] (پ) ئارتۇق، كۆپ:

كى بىرار بەيت بېشۇ كەم بولدى،
گەر كەم ئولدى فۇزۇدە ھەم بولدى.

— نەۋايى.

فۇزۇل [فضول] (ئە) 1) كىبىرلىك، ئۆز بېشىمچى، سەپسەتىچى؛ تەنتەك. 2) رەقىب.

فۇزۇللۇق قىلماق — ھەددىدىن ئاشماق، يۈزسىزلىك قىلماق:

ئاتىڭدىن تۈش، ئاتىم تۈيناغىنى ئۆپ،
ئۆزۈڭنى بىل، فۇزۇللۇق قىلماغىن كۆپ.

— لۇتفى.

فۇزۇلىي [فضولى] (ئە) ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارغا ئارىلاشقۇچى، ئارتۇقچە ۋە بىھۇدە سۆزلىگۈچى؛ ئەدەبىي تەخەللۇس، لەقەم:

تىزغاندا لۇئالىشى رۇبائىي،
مىڭلارچە فۇزۇلىيۇ نەۋايى.

— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

فۇزۇن [فزون] (پ) زىيادە، كۆپ، ئارتۇق:

ئىشق جامىدىن ئاچىلغان مەست - بىخۇد بولغان ئەل،
ئەرشى، گەر ھەددىدىن فۇزۇن سەندەك ۋەلى رەسۋا ئەمەس.

— ئەرشى.

دەۋلەتىڭ بولسۇن فۇزۇن دەپ، ئەي پەرى پەيكەر، سېنىڭ،
دۈشمەنىڭنىڭ قەتلىغە ئۆزۈمنى تەييار ئەيلەدىم.

— قەلەندەر.

فۇزۇن ئەيلەمەك — ئارتتۇرماق، كۆپەيتتۇرمەك.

فۇزۇن كۆزگە فۇزۇن قىلماق — كۆزگە ئارتۇقراق كۆرسەتمەك.

فۇسەھا [فصحا] (ئە) [بىرلىكى: فەسىھ] چىرايلىق سۆزلىگۈچىلەر؛ ئېنىق، روشەن گەپ قىلغۇچىلار، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىگۈچىلەر.

فۇسەھايى ۋاجىبۇل - ئىھتىرام — ھۆرمەت - ئېھتىرامغا لايىق سۆزلىگۈچىلەر.

فۇسھەت [فسحت] (ئە) 1) ئوچۇقلۇق، كەڭلىك:

ئاندىن ئەئلادۇر جەناب ئۇل شاھغە،
ئاندىن ئەۋسەئ فۇسھەت ئۇل دەرگاھغە.

— نەۋايى.

2) ئىمكانىيەت:

چۈن بۇ لەفزدە مۇنچە ۋۇسئەت ۋە مەيداندا مۇنچە فۇسھەت

ئاپىلۇر.

— نەۋايى.

فۇسۇردە [فسرده] (پ) روھسىزلانغان، سولغۇن؛ چۈشكۈن.

فۇسۇس [فصوص] (ئە) «فەسىس»گە قاراڭ.

فۇسۇل [فصول] (ئە) [بىرلىكى: فەسىل] 1) پەسىللەر. 2) بۆلۈم، باب، بۆلەك.

فۇسۇلى ئارەستە — تەرتىپ بىلەن جايلاشتۇرۇلغان قىسىملار، بۆلۈملەر.

فۇسۇلى بۇقرات — كىتاب نامى:

ۋە فۇسۇلى بۇقرات ئول جۈملەدىندۇركىم،
ئەتىببا قاشىدا بەغايەت مۆتتەبەردۇر.

— نەۋايى.

فۇسۇن [فسون] (پ) سېھىر، ھىيلە، نەيرەڭ؛ «ئەفسۇن»غا قاراڭ:

سۇرگەلى قەتلىم فۇسۇنى كۆز بىلەن مەسرۇر مەن،
كىم فۇشەيمان ئولماغاي، يا رەبكىم، ئول قاتىل يىگىت.

— ئەرشى.

فۇسۇن پەرداز [فسون پرداز] (پ) ئەپسۇنچى، ھىيلىگەر.

فۇسۇن پەرداز شۇئەرا — ماھىر، يۈكسەك سەنئەتلىك شائىرلار.

فۇسۇن رېز [فسون ريز] (پ) ئالدامچى، يالغاننى تارقاتقۇچى، ئەپسانە يازغۇچى.

فۇسۇنگەر [فسون كر] (پ) 1) ھىيلىگەر، جادۇگەر، ئالدامچى، كۆز بويامچى. 2) مەپتۇن قىلىدىغان، ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان گۈزەل.

فۇسۇنساز [فسون ساز] (پ) نەيرەڭۋاز، ئەپسۇنچى، ئەپسۇن ئوقۇغۇچى:

ئەي كۆزلەرى ساھىرى فۇسۇنساز،
ئەي باشتىن ئاياغ ئىشۋە پەرداز.

— مەشھۇرى.

فۇقەرا [فقرا] (ئە) [بىرلىكى: فەقىر] پېقىرلار، كەمبەغەللەر؛ خەلق، ئامما؛ «فەقىر» گە قاراڭ:

زۇلەمالارنى بىر تەرەپ قىلسە،
فۇقەرالارنى كۆزىگە ئىلسە.

— ن. زىيائى.

ئەرشى، كەۋنەيىن ئىچىدىن ئىستەمە جۇز فەقىر ھۇسۇل،
يوق ئىمىش ئەھلى شەرافەت فۇقەرادىن غەيرى.

— ئەرشى.

فۇقەھا [فقها] (ئە) [بىرلىكى: فەقىھ] فىقھ ئىلمىنىڭ ئالىملىرى، دىنىي ھوقۇق بىلىمدانلىرى:

ھەر يەردىكى ئول دەبان مەسايىل،
ئاندىن فۇقەھا يازىپ رەسايىل.

— نەۋايى.

فۇلاد [فولاد] (ئە) 1) پولات. 2) ئۆتكۈر:

قاشىنى دېسەم كەمان سىيەھ تۇس،
جان ئالغالى فۇلاد شەمشەر.

— موللا سالىھ.

فۇلاد بازۇ — قولى (بىلىكى) كۈچلۈك، پالۋان.

فۇلك [فلك] (ئە) كېمە:

تېگىز قەتىڭ ئېتىپ فۇلكى سايىر بىلە،
گاھى قەتتى ۋادىي جەزايىر بىلە.

— نەۋايى.

فۇللە [فله] (پ) يېڭى تۇغقان ھايۋاننىڭ دەسلەپكى سۈتى، ئوغۇز تەييارلىنىدىغان سۈت:

قەۋس تۇتۇپ چىللە دۇئاسى ئۈچۈن،
جەدى بېرىپ فۇللە غىزاسى ئۈچۈن.

— نەۋايى.

فۇلۇرى [فلورى] (پ) ئالتۇن ئاقچا، لىرا.

فۇلۇس [فلوس] (ئە) پارچە پۇل، تىيىن، تەڭگە:

ئول دېدىكىم، ئەي سەئدى، بىر ئاۋۇچ فۇلۇس كەلتۈرۈپ، دەرۋىشلەر سۇفراسى ئۈچۈن پۇل كەلتۈرۈرسەن.

— نەۋايى.

فۇنۇن [فنون] (ئە) [بىرلىكى: فەن] 1) ھۈنەرلەر، سەنئەتلەر:

كى تەنبۇرۇ چەڭۇ دەفۇ ئەرغەنۇن،
چالىپ جەمئى ئاندا كۆپ ئەھلى فۇنۇن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) پەنلەر، بىلىملەر:

بۇقرات ھەكىم ساھىبى تەدبىر ئىدى، ئۆتتى،
جاماس فۇنۇن بابىدا بىر ئەر ئىدى، ئۆتتى.

— زەلىلى.

فۇنۇن كەسبى — بىلىم، ئىلىم ھاسىل قىلىش.

فۇھش [فحش] (پ) دەشنام، ئاغزى بۇزەپ، بەدگوي.

فۇھش سۆكمەك — دەشنام بەرمەك، سۆكمەك.

فۇيۇز [فيوض] (ئە) [بىرلىكى: فەيز] «فەيز» گە قاراڭ. لۇتۇق، كەرەم، ئېھسان:

دېدىكىم، مۇبارەك خاتىرىڭىزكىم مەۋرىدى فۇيۇزى غەيبىيدۇر، چۈن زاھىردۇر نە نەۋئ تانغايمەن.

— نەۋايى.

فېئىل [فعل] (ئە) [كۆپلۈكى: فىئال / ئەفئال] 1) ئىش، قىلىق، ئادەت. 2) ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرگۈچى

سۆز تۈركۈمى، پېئىل (گراماتىكىدا).

فېئلى تەباھ — يامان ئىش - ھەرىكەت:

كىردىگارا، لۇتۇف ئېتىپ قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم،
كۆپ يازۇقلار ئەيلەگەن فېئلى تەباھىمنى كەرەم.

— ئەرشى.

فېئلى زەمايىم — يامان ئادەت، ناشايان قىلىقلار.

فېئلى زىشت — يامان قىلىق:

كى دەريا قاشىدا ئىككەن ئول كىنىشت،
يېتىپ باردى ئاندا ھەمە فېئلى زىشت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فېئلى شەنىئ — خۇنۇك ئىش؛ يامان ئادەت.

فېئلى شەيتان — شەيتانلارچە قىلىق:

ۋەگەدەكى لاتەقنەتۇ مىن رەھمەتۇللاھىدىن ئۇمىد،
شەۋقى نالان بولماغىل بىس فېئلى شەيتانىڭغە ھەيف.

— شەۋقى.

فى [فى] (ئە) - دا، - دە (ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى).

فى سەبىلىللاھ — 1) خۇدا يولىدا، ئاللاھ ئۈچۈن:

خەلايىق ئارزۇيى جەننەتۇل - مەئۋا ئۈچۈن كۆيسە،
زەلىلى ئۆزلۈكىنى فى سەبىلىللاھ كۆيدۈردى.

— زەلىلى.

2) خۇدا يولىدا ھەدىيە ياكى سەدىقە قىلىش:

مەسجىدۇ كۆلۈ زىيارەتگاھ ئېتىپ،
بارچەسىنى فى سەبىلىللاھ ئېتىپ.

— زەلىلى.

فىللاھ — ئاللا ئۈچۈن، خۇدا ئۈچۈن، تەڭرى ھەققىدە:

سەۋەرانى سەير فىللاھ بارچىسىغە رەھبەر ئول،
جۈملە خەيلى ئىشقى ئىرفان دەرگەھىدە خاكى راھ.

— ئەرشى.

فىئال [فعال] (ئە) [بىرلىكى: فېئىل] قىلمىش، ئادەتلەر، قىلىقلار؛ «فېئىل» گە قاراڭ:

خەتى ھەم فىئالى، سۆزى ئۆزگەچە،
كى ئەھۋالى باشقا يۈزى ئۆزگەچە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فىتادە [فتاده] (پ) چۈشكۈن:

گەرچە بولغاي فىتادەلىك چەكمەك،
چارەدىن بولماغاي ئىلىك چەكمەك.

— نەۋايى.

فىتەن [فتن] (ئە) [بىرلىكى: فىتنە] پىتنىلەر، غوۋغالار، توپىلاڭلار، ئىغۋالار.

فىتر [فطر] (ئە) روزا تۇتۇشنى توختىتىش؛ پەرھىزنى بۇزۇش.

فىتراك [فتراک] (پ) «فىترەك»كە قاراڭ:

فىتراكىغە باغلاپ ئۆيىگە ياندى، ئۆزى ۋە قوشى قىلغانلارىغە قوۋاندى.

— نەۋايى.

فىترەت [فطرت] (ئە) تەبىئەت، تۇغما تەبىئەت؛ يارىتىلمىش.

جۈملە ئالىملارغە مەن ئەئلەم ئىدىم،
فىترەتى دانىشۋەرى ئالەم ئىدىم.

— زەلىلى.

فىترەك [فترک] (پ) غانجۇغا؛ ئېگەرنىڭ ئىككى يېنىدىكى يۈك باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاسما.

فىتنە [فتنه] (ئە) 1) پىتنە، غوۋغا، توپىلاڭ، ئىغۋا. 2) مەپتۇنكارلىق، ئۆزىگە رام قىلىش:

كەلدى يەنە بىزگە فىتنە باشلاپ،
گۈل باغى چەمەنگە ئوتنى تاشلاپ.

— موللا سالىھ.

چەمەنگە نەرگىسىدىن فىتنە تۈشكەن،
ئۆزارىنىڭ بەھارى رەشكى گۈلشەن.

— ناقىس.

فىتنە ئاسار — توپىلاڭ، غوۋغا، جاڭجال.

فىتنە ئەنگىز — پىتنە قوزغىغۇچى، غوۋغا سالغۇچى؛ ئۆزىگە شەيدا قىلغۇچى:

كۆزى، قاشى قىلىپ مىڭ فىتنە ئەنگىز،
لەبى پۈر شىۋەيۇ زۇلفى دىلاۋىز.

— لۇتفى.

فىتنە ئەھكامى — ھۆكۆملەرنى بۇزۇش، بىكار قىلىش:

فىتنە ئەھكامىن سۆرۈرگە دانەگى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فولاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

فىتنە ئەيلەمەك — بۇزغۇنچىلىق قىلماق، غوۋغا قىلماق:

ۋۇسئەتى كۆڭلۈمدە سالسام شادلىغدىن يۈز بەنا،
فىتنەلەر ئەيلەپ دىما - دەم، جۈملە بەرباد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

فىتنە بولغان — مەپتۇن بولغان، بېرىلگەن.

فىتنە جۇش — مەپتۇن قىلىش، رام قىلىش:

ھۆسن دىلجويى، كۆزى يەغماگەرى ئەقلىمى ھۇش،
لەئل جان بەخشى، قاشى تىغى، نىگاھى فىتنە جۇش.

— سەبۇرى.

فىتنە خېز — ناتىنچ، تىنچسىز:

چۈنكى فىكر ئەتتى جان ئەزىز ئېردى،
ئول مەقام ئەسرۇ فىتنە خېز ئېردى.

— نەۋايى.

فىتنە رېز — پىتنە سالغۇچى، تارقاتقۇچى؛

فىتنە ساز — پىتنە قىلغۇچى؛ مەپتۇن قىلغۇچى:

ياقىن كۈندە بىزگە بولۇپ فىتنە ساز،
ئاتا مالى ئەرمەس ئىدى مۇنداغ ئاز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فىتنەفىكەن — پىتنە سالغۇچى؛ مەپتۇن، گىرىپتار قىلغۇچى.

فىتنە قىلماق — 1) بۇزغۇنچىلىق قىلماق، غۇۋغا كۆتۈرمەك. 2) ئاشىقلارنى ھاياجانغا كەلتۈرمەك، مەپتۇن قىلماق.

فىتنە ئوتىنى ياقماق — جاڭجال، توپىلاڭ، غۇۋغا سالماق؛ ئىغۋا پەيدا قىلماق.

فىتنەئى ئاخىر زەمان — ئاخىر زاماندا بولىدىغان پىتنە، غۇۋغالار:

جەھان مىكرىغە خۇرسەند ئولمايىن ئاھىستە باسقىلكىم،
بۇ دەھر ئىچرە بولۇپدۇر فىتنەئى ئاخىر زەمان پەيدا.

— ئەرشى.

فىتنەئى ئاشۇبى ئالەم — ئالەمگە پىتنە - غۇۋغا سالغۇچى، ئالەمدە پىتنە قوزغاتقۇچى:

فىتنەئى ئاشۇبى ئالەم بىلمەدىم كىم ئېركەنىن،
كىم بەلايى خەلق ئول خۇشخۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

فىتنەئى جەھان ئەيلەمەك — جاھانغا غۇۋغا سالماق.

فىتنەئى دەۋران — شۇ دەۋردىكى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى:

ھەم رۇھى مۇسەۋۋەر سەنۇ ھەم رۇھى مۇجەسسەم،
بۇ لۇتفى ئىلە سەن فىتنەئى دەۋران يېتىلىپسەن.

— لۇتفى.

فىتنەئى ئىمان — ئىماننى قاچۇرغۇچى:

كۆزۈڭ سەر فىتنەئى ئىمان نىگاھىڭ ئاپەتى جاندۇر،
قاشىڭ ئىتتىك قىلىچمۇكىم، قىلۇر ئول قەسدى قۇربانىم.

— ئەرشى.

فىتنەگەر [فتنەكر] (ئە + پ) پىتنىچى، پىتنە قىلغۇچى؛ گۈزەل مەشۇقە.

فىتنەلىق [فتنەلىق] غۇۋغالىق؛ مەپتۇنكارلىق:

زەمانە قەسد بىرلە باغلادى بەل،
تەرەپ شەمشىن ئۆچۈردى فىتنەلىق ئەل.

— لۇتفى.

فىدا [فدا] (ئە) پىدا، پىدا قىلىش، قۇربان، بېغىشلاش:

گۇل پەرى رۇخسارىغە بولسۇن ئەگەر يۈزجان فىدا،
جانىمغە بىردۇر ئەگەر، يۈزجان فىدا بولدۇم نېتەي.

— موللا سالىھ.

فىدا ئەيلەمەك — قۇربان قىلماق، بېغىشلىماق:

بەسى كۆڭلۈمنى ئالدىڭ بىر نىگاھى بىرلە، ئەي جانى،
ساڭا ئەمدى فىدا ئەيلەي بۇ جانىم، بەلكى ئىمانىم.

— ئەرشى.

فىدا بولماق — قۇربان قىلىنماق، بېغىشلانماق:

بۇ جان باشىغە ئەي زالىم دەمى تىغىڭ تەمەننادۇر،
زىبىس جان باشىغە مىئراج تىغىڭغە فىدا بولماق.

— ئەرشى.

فىدا قىلماق — «فىدا ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

مەيى لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسەم رەۋا كامىم،
كى نەقد، جانۇ جەھاننى ساڭا فىدا قىلايىن.

— ئەرشى.

فىدايى [فدايى] (ئە) پىدايى، ئۆزىنى قۇربان قىلغۇچى، بىرەر مەسلەك يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار كىشى:

بولدى فىدايى روھۇ كۆڭۈللەر مۇفەررىھى،
كۆركلى سىفاتلارىڭ بىلە دىۋانۇ دەفتەرى.

— سەيفى سەرايى.

فىدايى جان — ھايات بەھرىدىن كېچىپ جان كۆيدۈرگۈچى.

فىد - دارەين [فدارين] (ئە) ئىككى دۇنيادا، ئىككى ئالەم:

«ۋەلا مەۋجۇد فىد - دارەين قەتتى،
فەقەلتە ئىسمەئۇ يا ئەييۇھەنناس.»

— ئەرشى.

فىرات [فرات] (ئە) «فۇرات» قا قاراڭ:

كۆزۈڭ كۆزۈمە چۇ شۇئلە سىزدى،
كۆزۈم كۆرۈبان فىرات ئاقىزدى.

— ئەرشى.

فىرار [فرار] (ئە) قېچىش:

قانىمىزنى ئالماغۇنچە بولماغايلار بەرقەرار،
جۇملەئى خۇنخارەلەر ئۆز شەھرىدىن ئەتكەي فىرار.

— ئەرشى.

فىرار ئەتمەك — «فىرار ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

فىرار ئەيلەمەك — چېكىنمەك، قاچماق:

دېدىكىم بۇ يەردىن فىرار ئەيلەيىن،
يەنە بىر مەكانغە قەرار ئەيلەيىن.

— ئا. نىزارى.

فىرار تاپماق — قاچماق، چېكىنمەك.

فىرارىي [فرارى] (ئە + پ) قاچاق، قاچقۇچى، قاچاققا مەنسۇپ:

كى شاھ سەۋلەتىدىن فىرارىيدۇرۇر،
فەلان قەلئە ئىچرە ھىسارىيدۇرۇر.

— نەۋايى.

فىراش [فراش] (ئە) [كۆپلۈكى: فەرش] تۆشەك، ئورۇن - كۆرپە:

بىر كۆھەن بورىيا فىراش ئېردى،
مۇتتەكا گوشە ئۇزرە تاش ئېردى.

— نەۋايى.

فىراق [فراق] (ئە) ئايرىلىش، جۇدالىق:

فىراقى خەستەدىل ئاشۇفتە بولدى ئايرىلىپ سەندىن،
فىراقىڭ دەردىگە مەھرەم جەفاغە ھەمزەبان بولدۇم.

— فىراقى.

فىراق ئامىز — ئايرىلىش، يىراقلىق دەردىدىن خەۋەر بەرگۈچى.

فىراق تىيرەلىغى — ئايرىلىش قاراڭغۇلۇقى.

فىراق داغىغە مۇبتەلا قىلماق — جۇدالىق ئىزتىرابىغا سالماق.

فىراق دەشتى — ئايرىلىش جۇدالىقى:

فىراق دەشتى ئارا زۇلمەت ئىچرە سەرگەردان،
مەدىنە، مەككە، ھەرەم شامىيان قىل ئەي ھافىز.

— شەۋقى.

فىراق شىددەتى — ئايرىلىش مۇشەققىتى.

فىراق مۇبتەلاسى — ئايرىلىشتا ئىزتىراب چەككۈچى.

فىراق نامە — جۇدالىق مەكتۇپى؛ بىرەر ئەسەرنىڭ نامى:

فىراق نامە يۈتۈپ بۇلبۇلغا ئول گۇل،
سەبادىن بەردى كەل دەپ مەن ساڭا قۇل.

— خىرقەتى.

فىراق ھەيسىيەتى — ئايرىلىش مەنىسى؛ جۇدالىق، يىراق سەۋەبلىرى.

فىراق ئوتى — ئايرىلىش ئازابى:

ئۇنىڭ كويىدا قولۇڭنى دەپن ئەيلەگىل زىنھار،
كۆيۈپ فىراق ئوتىدا مەھزۇن ئولدى ئەي ئەھباب.

— مەھزۇن.

فىراق ئوتىغە سۇۋ ئۇرماق — جۇدالىق ئەلىمىنى پەسەيتتۇرمەك.

فىراق زەبۇن — ئايرىلىش ئازابى:

مېنى قىلدى ئانداغ فىراقى زەبۇن،
كېتىپ ھۇش - ئەقلىم كېلىپدۇر جۇنۇن.

— ئا. نىزارى.

فىراق ئىستىمەسى — جۇدالىق ئەلىمى.

فىراقى ھەجر — ئايرىلىش ئازابى:

«بە» بەلا باشىغە كەلتۈرگەن فىراقى ھەجرىدىن،
پارە قىلغان باغرىمە نازۇك نىھالىم سەنمۇسەن؟

— موللا سالىھ.

فىرئەۋن [فرعون] (ئە) [كۆپلۈكى: فەرائىنە] قەدىمكى مىسىر شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى؛ مۇستەبىت، تەكەببۇر، زوراۋان؛ زالىم:

يا رەب، ماڭا بىر ھادى يولۇمغە بەرگىل،
مۇشكاتى مۇھەممەدى قولۇمغە بەرگىل.
گوڭلانىمادى فىرئەۋن نەفسى مۇكەددەر،
مۇسانىڭ ئەساسىنى سولۇمغە بەرگىل.

— زەلىلى.

فىردەۋس [فردوس] (ئە) [كۆپلۈكى: فەرادىس] جەننەت، باغ؛ سەككىزىنچى جەننەتنىڭ نامى:

جەننەتى فىردەۋس ئارا گەر ھۇرى رىزۋان ئىزدەسەم،
تاپماغەيمەن بىر سىنىڭدەك ساھىب ئەسرارى يەنە.

— ئەرشى.

فىردەۋس ئاسا — جەننەتتەك، جەننەتكە ئوخشىغان.

فىردەۋس ئايىن — جەننەتكە ئوخشىغان، جەننەتكە ئوخشاش.

فىردەۋس ۋەش — جەننەتتەك، جەننەت مىسال، جەننەت كەبى.

فىردەۋسى ئەئلا — ئەڭ يۇقىرى جەننەت، ئالىي جەننەت، سەككىزىنچى جەننەتنىڭ نامى:

دېگىلكىم جەننەتى فىردەۋس ئەئلانى ماكان تۇتتى،
ئىشىكىڭنى سېنىڭ، ئەي دىلرەبا، ھەركىمكى ياستانسۇن.

— قەلەندەر.

فىردەۋسى بەرىن — «فىردەۋسى ئەئلا»غا قاراڭ.

فىرفىرەك [فرفرك] (پ) پىرقىرىغۇچى، پىرىلداق:

باۋە كۆپ ئايتۇردە بىرى چىرچىرەك،
چەرخ كۆپ ئورماقدە بىرى فىرفىرەك.

— نەۋايى.

فىرقە [فرقه] (ئە) [كۆپلۈكى: فۇرۇق] گۇرۇھ، بۆلەك؛ جامائەت؛ مەزھەب.

فىرئون [فرعون] (ئە) «فىرئەۋن» گە قاراڭ:

بۇلار پادشاھىكى مەلئۇن ئېرۇر،
يامانلىقدا ئانداغكى فىرئون ئېرۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فىرۇز [فيروز] (پ) بەختلىك، تەلەيلىك:

چۇ نەۋرۇز بولدى نەۋرۇز ئىچرە فىرۇز،
ئاتادى ئوغلىنىڭ ئاتىنى نەۋرۇز.

— لۇتفى.

فىرۇز بەخت — تەلەيلىك، بەخت - سائادەتلىك.

فىرۇزە [فيروزه] (پ) كۆك رەڭلىك قىممەت باھا تاش:

دەۋزەخى سوزان دېسەم، غۇربەت نېچۈن ھەم ئاز ئېرۇر،
ياقۇتۇ فىرۇزەنى ھەم قىلماغىل كاندىن جۇدا.

— قەلەندەر.

فىرۇزە بەخت — كۆچمە م: بەختىيار؛ بەخت - سائادەتلىك.

فىرۇزە تاق — كۆچمە م: ئاسمان.

فىرۇزە رەڭ — هاۋارەڭ، كۆك.

فىرۇزە فام — «فىرۇزە رەڭ» گە قاراڭ.

فىرۇزە گۈن — كۆك تۈسلۈك، هاۋارەڭ.

فىرىب [فريب] (ئە) مىكىر، هىيلە، نەيرەڭ، ئالداش:

ماڭا مەتلۇبى دەرد سوز ئىبرۇر، زاهىدغە ئاسايىش،
نىچۈككىم مەن ئىبرۇرمەن ئاشىق، ئول هەردەم فىرىب ئىلەھ.

— گەرشى.

فىرىب ئەنگىز — هىيلە - مىكىر پەيدا قىلغۇچى:

فىرىب ئەنگىز شوخ تۈركىيلەرنى،
كۆرۈپ رەشك ئەيلەگەي خوبان كابۇل.

— زەلىلى.

فىرىب بەرمەك — ئالدىماق، هىيلە قىلماق.

فىرىب يەتمەك — ئالدانماق.

فىرىفتە [فريفته] (پ) مەپتۇن، بېرىلگەن؛ ئالدانغان.

فىرىفتە بولماق — مۇپتىلا، مەپتۇن بولماق؛ ئالدانماق؛

فىرىفتە قىلماق — ئۆزىگە تارتماق، جەزب قىلماق، مەپتۇن قىلماق.

فىرىھ [فره] (پ) زىيادە، ئارتۇق، كۆپ.

فىرىھ كەلمەك — ئۈستۈنلۈك، ئارتۇقلۇق قىلماق.

فىزا [فزا] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە «ئارتتۇرغۇچى، كۆپەيتكۈچى؛ بېغىشلىغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

جان فىزا — جانلاندۇرغۇچى، جانغا راھەت بەرگۈچى.

فەرەھ فىزا — شادلاندۇرغۇچى.

فىزاي [فزاى] (پ) «فىزا» غا قاراڭ:

مەيى هۇش ئەهلى جان فىزايى هەم،
جامىدىن بەهرەۋەر نەۋائىي هەم.

— نەۋايى.

فىساغۇرس [فيثاغورس] (ئە) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى پىفاگور.

فىسق [فسق] (ئە) بوزۇقلۇق، ئەخلاقسىزلىق؛ يامانلىق قىلىش، ئاداۋەت كۆرسىتىش:

بىلىڭكىم ئادەمىدۇر ئەھسەنى خەلق،
بولۇپىدۇر فىسق ئىچرە ئادەمى غەرق.

— خەراباتى.

فىسق ئەهلى — ئەخلاقسىزلار، گۇناھ قىلغۇچىلار.

فىسقۇ زەلال — بوزۇقلۇق ۋە ئازغۇنلۇق:

كۆپ تەئام نەفسىگە بەرمەكلىك ۋەبال،
بەرسەڭ قىلدۇرغاي سېنى فىسقۇ زەلال.

— خەراباتى.

فىسقۇ فۇجۇر — پاسىقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق:

قىلمىشىم ئول هەر كۈنى فىسقۇ فۇجۇر،
بەلكى تەمۇغ ئىچىدە فىننارمەن.

— موللا سالىھ.

فىسقى مۇفرىت — ئۆتۈپ كەتكەن پاسىقلىق؛ بوزۇقلۇق.

فىشان [فشان] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «چاچقۇچى، تۆككۈچى» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

گاهى دىۋاندا نىشان قىلماق،
گاهى ئەلگە زەھەر فىشان قىلماق.

— ن. زىيائى.

فىغان [فغان] (پ) نالە، پىغان، داد - پەرياد، ئاھۇ زار:

قاچار بۇلبۇل گۈلىستان ئىچرە گەر چەكسەم فىغانلار هەم،
چەمەن هۆسنىنى ئول سوزى فىغاندىن ئاسراغىل، يا رەب.

— گەرشى.

فىغان ئەيلەمەك — داد - پەرياد قىلماق، ئىڭرىماق، مۆۋلىماق؛ هاڭرىماق:

چۇ كىشتىنى مەللاھ رەۋان ئەيلەدى،
كېلىپ ئىت قىراقدا فىغان ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فىغان تارتماق — دەرد چەكمەك، ئەلەملىك، ئىچىنىشلىق ۋايىساماق.

فىغان چەكمەك — نالە قىلماق، پەرياد چەكمەك.

فىغان هەجرى — جۇدالىق نالىسى، پىغانى.

فىغان هەجرىدە چەكسەم، ۋەسلىدە ئاندىنغۇ هەم ئارتار،
نىچۈككىم گۈل ۋەسالىن تاپسە بۇلبۇل كۆپ چېكەر چەھ - چەھ.

— گەرشى.

فىغانۇ خۇرۇش — ئىچىنارلىق ۋاي - داد، نالە.

فىغانى ئاتەشناك — ئوتلۇق، ئەلەملىك ۋاي - داد، نالە.

فىغانى دەرد ئالۇد — دەردلىك، ئەلەملىك نالە، پىغان.

فىقەرات [فقرات] (ئە) [بىرلىكى: فىقرە] پارچىلار، بۆلۈملەر.

فىقھ [فقه] (ئە) قانۇن؛ دىنىي قانۇن؛ دىنىي قانۇن ھەققىدىكى ئىلىم.

فىقھ ئەهلى — قانۇنشۇناسلار، دىنىي قانۇن - قائىدە

مۇتەخەسسىسلىرى.

فىقھ ئىلمى — دىنىنىڭ يولىيورۇقلىرى، قائىدىلىرى توغرىسىدىكى ھوقۇق ئىلمى.

فىكەن [فكن] (پ) «فىگەن» گە قاراڭ.

نالە فىكەن — نالە قىلغۇچى.

فىكەندە [فكنده] (پ) تاشلاندۇق؛ بەندىكە چۈشكەن:

قەتل ئەگەر قىلسا ھەم فىكەندەسى مەن،
ئەفۇ ھەم ئەيلەر ئېرسە بەندەسى مەن.

— نەۋايى.

فىكىر [فكر] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەفكار] ئوي، خىيال، پىكىر؛ مۇلاھىزە؛ ئەندىشە؛ غەم، تەشۋىش:

جان ئۇتماق فىكرىدە غەم كەگبەتمىنىن،
يۈز ئاچسا كىشىگە بەرمەس يۈزدە بىر تاس.

— ئەرشى.

«قاق» قاراقىم سىزغۇرۇپ، يىغلاپ يولۇڭدا زار ـ زار،
بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمە فىكرىم، قىيلۇ قالىم سەنمۇ سەن؟

— موللا سالىھ.

فىكىر ئەتمەك — «فىكىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

فىكىر ئەيلەمەك — ئويلىماق، خىيالغا كەلتۈرمەك؛ مۇلاھىزە قىلماق.

فىكىر قىلماق — «فىكىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

كى تۇندە كېلىپ ئول لەئىم دارىغە،
قاراپ فىكىر قىلدىكى ھەر سارىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فىكرى ئەمىق — تىرەن، چوڭقۇر پىكىر.

فىكرى سەھىھ — توغرا ئەندىشە؛ ياخشى ئوي، نىيەت.

فىكرى مەھال — ئەمەلگە ئاشمايدىغان پىكىر.

فىكرەت [فكرت] (ئە) 1) بىلىم، ئىدراك. 2) ئويلاش، پىكىر قىلىش، خىيال. 3) تەخمىن، پەرەز.

فىكرەت ئەندىش — پىكىر قىلغۇچى، خىيالغا چۆمگۈچى.

فىكرەت ئەندىش بولماق — پىكىر قىلماق، خىيالغا چۆممەك.

فىكرەت ئەنگىز — «فىكرەت ئەندىش» كە قاراڭ.

فىكرەت پەرەست — پىكىرگە بېرىلگۈچى، خىيالغا پاتقۇچى.

فىكرەت ساز — «فىكرەت ئەندىش» كە قاراڭ.

فىكرەت نەما — ئويلاپ ئىش قىلغۇچى، ئويلاپ ئىش كۆرگۈچى، مۇلاھىزىلىك.

فىكرەت ئۇيى — تەسەۋۋۇر، خىيال.

فىكرەتى نىھان — مەخپىي ئويلاش، يوشۇرۇن خىيال قىلىش.

فىگار [فكار] (پ) جاراھەت؛ جاراھەتلىك، يارىلىق، مەجرۇھ؛ دەرد تارتقان، ئەلەم چەككەن:

ئاھكىم، كەتتى بۇ ئاقشام مېنى زار ئەتكەن يىگىت،
شىش پەر مىژگان بىلە جانىم فىگار ئەتكەن يىگىت.

— ئەرشى.

فىگار قىلماق — جاراھەتلەندۈرمەك، يارىدار قىلماق.

فىگەن [فكن] (پ) سۆز بىرىكمىلىرىدە «سالغۇچى؛ ئاتقۇچى؛ تاشلىغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

خارا فىگەن — تاش ئاتقۇچى.

فىل [فيل] (ئە) پىل:

جەفا تىغىنى دەۋران تىغلى، ئەي ئەھباب، بىلمەيكىم،
نە تەنھا شىرى نەرگە ئۇردى فىل ئۈزىگە ھەم چەكتى.

— ئەرشى.

تالىبى ھەقلەرگە بۇ تەمىز دۇرۇر،
فىل يۈكىغە مورچە كۆپ ئاجىز دۇرۇر.

— خەراباتى.

فىلاتۇن [فلاطون] ئەفلاتۇن (يۇنان پەيلاسوپى):

لۇتفىدىن ئەز بىسكى قىلدى دىلبەرىم كۆڭلۈمنى شاد،
ئادىلمە شاگىردىم ئوخشە يۈز فىلاتۇندۇر بۇ كۈن.

— قەلەندەر.

فىل ـ بەدىيھە [فى البديهه] (ئە) دەرھال، ئويلىماستىن، بىردىنلا؛ نەق مەيداندا:

فىل ـ بەدىيھە دەپ بۇ مەتلەئنى ئوقۇپ يۈز ئافەرىن،
خىسرەۋۇ سالمانۇ جامىي رۇھى ئاڭلاپ نەدرىتىن.

— نەۋايى.

فىل ـ جۇملە [فى الجمله] (ئە) يىغىپ ئېيتقاندا؛ خۇلاسە؛ ھەممىسى بىر بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا.

فىل ـ مەسەل [فى المثل] (ئە) مەسىلەن، مىسال ئۈچۈن:

ئالىمكى بولسا ئىلمدا بىمەسەل، بىبەدەل،
ئەفلاتۇن ئولسا ئالدىدا بىر تىفل فىل ـ مەسەل.

— سەبۇرى.

فىل ـ ھال [فى الحال] (ئە) توختاۋسىز، دەرھال، شۇئاندا:

يېتىپ كەلدى فىل ـ ھال بەش ـ ئون زەنگىلەر،
ئۇرۇپ تەنتەنە چالڭ ھەمول زەنگىلەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

فىل ـ ھەقىقەت [فى االحقيقت] (ئە) ھەقىقەتەن، دەرھەقىقەت:

زاھىرەن كەلدى گەرچە زىندەگى پۈش،

فىل ـ ھەقىقەت ئەمرى زىندەگى پۇش.

— ن. زىيائى.

فىلۇر [فلور] (پ) ئالتۇن ئاقچا، تەڭگە:

بىراۋ ئاڭا دېدىكىم، ئەگەر ساڭا بىر فىلۇرى بەرسەم، نېچۈك بولغاي؟

— نەۋايى.

فىل ـ ۋاقىئە [فى الواقع] (ئە) ھەقىقەتتە:

داغ ئۈزە داغدىن ئاۋارە كۆڭۈلدۇر زايىئە،
نې قارا كۈنلەر ئاڭا ۋاقىئە ئېرۇر فىل ـ ۋاقىئە.

— نەۋايى.

فىلىززات [فلزات] (ئە) [بىرلىكى: فىلىززە] مېتاللار؛ رۇدىلار:

فىلىززات ئارا زاھىر ئەيلەپ تىلىسىم،
مۇنەۋۋەر نامۇدار ئېتىپ ئىككى جىسىم.

— نەۋايى.

فىھرەست [فهرست] (پ) كىتاب مۇندەرىجىسى، كىتاب مۇقەددىمىسى؛ ستاتىستىكا جەدۋىلى.

فىھرىست [فهرست] (پ) مۇندەرىجە، بىرەر كىتاب ئىچىدە مەۋجۇت بولغان بابلار ۋە پاراگرافلار رويخېتى؛ «فىھرەست» كە قاراڭ.

ق

قائان [قاآن] خانلار خانى، خاقان، بۈيۈك پادىشاھ:

كى چىن مۈلكىدە ئېردىلەرغان بارى،
قايۇ خانكى قائانۇ خاقان بارى.

— نەۋايى.

قاب [قاب] (ئە) ئوقيانىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق.

قاباب [قباب] قاماپ، قامال قىلىپ، قاپساپ:

ئالدىلەر بۇ كۆھسار ئىچرە قاباب،
ئوق ئىچىدە كەتتى قىرغىنى بىھساب.

— زەلىلى.

قابارغان [قبرغان] قاپارتقۇ.

قاباق [قاباق] سۇ ئالىدىغان قاپاق:

چىقىپ ئالدى قىلىۋال قولىغە قاباق،
دېدى: *كەلتۈرەي سۇ بارىپ تىزراق.*

— ئا. ئىزارى.

قابالماق [قابالماق] قامالماق، تۈرمىگە چۈشمەك:

ۋىسال باغىنى سورماڭكى، مەن نە بىلگەيمەن،
فىراق مۈلكىدە زىندانى ھەجر ئارا قابالىپ.

— نەۋايى.

قاباماق [قاباماق] قامىماق؛ ئوراپ ئالماق.

قابان [قابان] قاۋان، ياۋا توڭگۇزنىڭ ئەركىكى:

چىقتى ئۇترۇسىدىن سۈھەيلى دەلىر،
ئول سىفەتكىم، قابان مەسافىغە شىر.

— نەۋايى.

قابەقەۋسەيىن [قابەقوسين] (ئە) ئىككى ياي ئارىلىقى، يېقىن ئارىلىق:

ئول ئاغشام بولدىلار ئاي كۆن يۈزۈڭ خۇرشىدىدىن مەھرۇم،
ئۇرۇج ئەيلەپ مەقامىڭ قابى قەۋسەيىن تاكى ئەۋ ئەرنا.

— شەۋقى.

قابتورغاي [قابتورغاي] قۇتا، ساندۇقچە، زىبۇزىننەت ساندۇقى؛ پوسۇلكا.

قابتورقاي [قابتورقاي] «قابتورغاي» غا قاراڭ.

قابقە [قابقه] چېلەكسىمان ئىدىش، تۇڭ.

قابۇ [قابۇ] نىشان.

قابۇرغا [قابورغا] قوۋۇرغا.

قابۇز [قابوز] مۇزىكا ئەسۋابى، قوۋۇز.

قابۇغ [قابوغ] نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى قاپلاپ تۇرغان قاتتىق قىسمى، پوستى.

قابۇق [قابوق] «قابۇغ» قا قاراڭ.

قابزىيەت [قابضيت] (ئە) ئىچ قېتىش، چوڭ تەرەتنىڭ راۋان يۈرۈشمەسلىكى.

قابىز [قابض] (ئە) ئالغۇچى، جاڭگال سالغۇچى.

قابىزىل ئەرۋاھ — جان ئالغۇچى، ئەزرائىل:

قابىزىل ئەرۋاھدىن بولماي ئەمىن،
جۈملە ئىمان ئەيدىلەر جان ۋەھمىدىن.

— زەلىلى.

قابىل [قابل] (ئە) قابىلىيەتلىك، لاياقەتلىك، ئىقتىدارلىق:

تەسەۋۋۇف ئىلمى فىقىھ، ئىلمى نەھۋدە بەسى كامىل،
ھەدىسۇ ئايەتۇ ئىلمىدە ئىدىلەر ھەممىدىن قابىل.

— موللا قۇربان.

قابىل ئەيلەمەك — قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق قىلماق:

خۇدايىم قابىل ئەيلەپ جەۋھەرىنى،
قىلار ئېركەن ئەران سەڭ گەۋھەرىنى.

— ناقىس.

قابىلى بىداد — جەبىر - زۇلۇمغا بەرداشلىق بەرگۈچى، چىدامىلىق:

زۇلمۇ بىدادىڭنى ئەلگە ئاھۇ ئەفغان سالما كۆپ،
زۇلم ئەگەر سىن ئەيلەگۈڭ مەن قابىلى بىداد مەن.

— نەۋايى.

قابىلى لۇتفۇكەرەم — سېخىي.

قاپ [قاپ] كىچىك تاغار، قاپ.

قاپاماق [قاپاماق] «قاباماق» قا قاراڭ.

قاپان [قاپان] (پ) تارازا، قاداق.

قاپاندار [قاپاندار] (پ) تارازىچى، تارازا تارتقۇچى.

قاپقۇچى [قاپقوچى] چىشلىگۈچى؛ پاسىبان.

قاپلان [قاپلان] ① يولۋاس؛ ② ئاي، ئەسەد — ئىيۇل ئېيىغا ئىشارە.

قاپماق [قاپماق] ① تاشلانماق، ھەملە قىلماق. ② چىشلىمەك، چىشلەپ يېمەك (ئىت ھەققىدە).

قاپۇ [قاپو] ئىشىك، دەرۋازا؛ يار، چوڭقۇرلۇق.

قاپۇچى [قاپوچى] ئىشىك باقار، دەرۋازىۋەن.

قاپۇق [قاپوق] جازا مەيدانى؛ قارا، نىشان (ئوق ئاتىدىغان).

قات I [قات] 1) تەرەپ، تامان، يان:

كى جاڭجۇن قاتىغە خىيال ئەيلەدى،
ئىلى مۇلكىگە ئىنتىقال ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

2) هۇزۇر، ئالد:

دېدى ئول شەيخ: «ئەي دانايى مەقۇل،
نىيازىڭ هەق قاتىدا بولدى مەقبۇل.»

— موللا پازىل.

قات II [قات] قەۋەت.

قاتۇن [قاتن] خوتۇن، خېنىم ئاغىچا، خانىش.

قاتىر [قاتر] قېچىر.

قاتىش [قاتيش] ئارىلاش، قېتىشقان، ئارىلاشقان.

قاتىشتۇرماق [قاتيشتورماق] ئارىلاشتۇرماق، قوشماق.

قاتىغ [قاتيغ] قاتتىق؛ مۇشكۇل، قىيىن:

فەرهادۇ مەجنۇن كۆرمەگەن، هىجراندە مەندەك كۆيمەگەن،
كۆڭلى قاتىغراق خارەدىن، كېلىن ئېرۇر شىرىن زابان.

— قەلەندەر.

قاتىغ كەلمەك — قاتتىق تويۇلماق.

قاتىغلاشماق [قاتيغ لاشماق] كەسكىنلەشمەك.

قاتىق I [قاتق] قېتىق، ئايران.

قاتىق II [قاتيق] «قاتىغ» قا قاراڭ.

قاتىل [قاتل] (ئە) ئادەم ئۆلتۈرگۈچى:

كى ئەل جانىغە ئانچە قاتىل بولۇپ،
چۇ تاراج قىلماقغە مايىل بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

قاتىلى چابۇكسۇۋار — ئاتلىق قاتىل.

قاتىلى گەردۇن — دۇنيا قاتىلى.

قاتىلماغلىغ [قاتيلماغليغ] قوشۇلماقلىق:

يارىدىن ئايرىلسا، قاتىلماغلىغىن بىلمەس كىشى.
بىلسەكىم چۇن ئايرىلۇر، ئايرىلماس، قاتىلماس كىشى.

— نەۋايى.

قاتىلماق [قاتيلماق] 1) قوشۇلماق، ئارىلاشماق. 2) دۇچ كەلمەك، تېگىشمەك.

قاتىلۋەش [قاتل وش] (ئە + پ) قاتىلغا ئوخشاش، قاتىلدەك.

قاتىئ [قاطع] (ئە) كەسكىن، قەتئىي، ئۈزۈل - كېسىل:

تۆرت كىتاب مەشهۇردۇر تەۋراتۇ ئىنجىل هەم زەبۇر،
ئەفزەلى قۇرئان تەمام ئول نەسسى قاتىئ هەمچۇ تىغ.

— شەۋقى.

قاتئىيەت [قاطعيەت] (ئە) قەتئىيلىك، كەسكىنلىك، قەتئىيەت.

قاچ [قاچ] (پ) 1) پارچە، كېسىم، تىلىم. 2) يېرىق، دەز. 3) ئېگەرنىڭ بېشى.

قاچىر [قاچير] بىر خىل قۇش.

قادىر [قادر] (ئە) 1) هەر قانداق نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان، قۇدرەتلىك:

بەزۇرى نەئمەۋۇ هەم نىشامەي،
بىئەمرى قادىرى پەرۋەردىگارەي.

— زەلىلى.

2) ئاللا، خۇدا:

قۇربى ئەيۋانىغە تەقۋىي يولىدىن گام ئۇرغان،
ۋاسىلىي بارگاهى قادىرۇ غەپپارقەنى؟

— نەۋايى.

قادىر پاك — نۇقسانسىز، قۇدرەتلىك خۇدا.

قادىرى مۇتلەق — ئىنتايىن قۇدرەتلىك خۇدا.

قارا [قرا] 1) قارا، قارارەڭ:

قارا زۇلفى بىلە كۆزى خۇش ئېرۇر،
چۇ تەررار ئىلە دۇر ئەييار ياخشى.

— هاپىز خارەزمى.

2) قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق:

ئويۇن ئويناپ تەمامى جەمئ بولۇپ،
قارا تۈندە بىرى چۇن شەمئ بولۇپ.

— موللا پازىل.

قارا ئەيلەمەك — قارا قىلماق؛ ۋەيران قىلماق، بۇزماق:

قارا زۇلفۇڭ ئالدى قارارىم مېنىڭ،
قارا ئەيلەدى روزگارىم مېنىڭ.

— ئا. نىزارى.

قارارماق [قارارماق] قارا هالەتكە كەلمەك، قارايماق:

ئايدا كۆرگەچ داغ تىمسالىن دىمەڭ ئىشق ئەھلىدىن،
دۇدى ئاهىمدىن قارارىپدۇر يۈزى سەۋدا ئەمەس.

— ئەرشى.

قاراغ [قراغ] كۆز، كۆز قارىچۇقى:

مېنىڭ هەم بۇ كۆزۈم ئىچرە قاراغىم،
جەهان ئىچرە ئېرۇر خاتىر فەراغىم.

—موللا پازىل.

قاراق I [قراق] «قاراغ» قا قاراڭ:

يۈزۈمنىڭ نۇرىيۇ كۆزدە قاراقىم،
كى بولمىش سەن مېنىڭ خاتىر فەراغىم.

قاراق II [قراق] «قاراقچى» سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى:
ھاجىتى تۈشسە دەپ ئەلدىن كۆپ ئالۇرسەن فۇللارىن،
يول قاراق قىلغاندىن ئارتۇقدۇر بۇ شىۋەڭ، ئەي قاراق.
— ناقىس.

قاراقچى [قاراقچى] يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغۇچى، قاراقچى:
گۆشەئىنى ئىختىيار ئەيلەپ ھوزۇر ئىزدەر ئىدىم،
گۈل قاراقچى كۆزلەرىندىن تاپسام ئېردى مەن ئەمان.
— ھاپىز خارەزمى.

قاراقۇش [قراقوش] ئەنقا، ھۇما، سىمۇرۇغ، دۆلەت قۇشىغا ئوخشاش چوڭ قۇشلارنى كۆرسىتىدۇ.

قارە [قارە] 1) قارا (رەڭ):
جەھان گەرتىيرە بولسا بىر نەفەسدە ئەي مۇسۇلمانلار،
شەبى يەلدا دىمەگكىم كاكۇلىنىڭ قارەسى دەرلەر.
— زەلىلى.

2) قارىچۇق، كۆزنىڭ قارىچۇقى:
ئەي، نەبولغاي كىلىبان كۆزۈمگە قۇيساڭ قارە رەڭ،
سىزدى كۆزۈم قارەسى كەتكەن يولۇڭ سارى قاراپ.
— ئەرشى.

قارىبچى [قاربيچى] ئوقدان، ساداق:
ۋەجىبە ۋە جەۋشەن ۋە كۇھە ۋە قالغاندۇرۇق ۋە قارىچى ۋە ئاھە يوسۇنلۇق ئۇرۇش ئەسبابىنى ھەم تۈرك تىلى بىلەن ئەيتۇرلەر.
— نەۋايى.

قارلاغۇچ [قارلاغۇچ] قارلىغاچ.
قارماتماق [قارماتماق] تۇتقۇزماق، ئۇشلاتماق.
قارماماق [قارماماق] تۇتماق، ئۇشلىماق:
پىرى مۇرشىدنىڭ قاشىغە بارماغان،
نەفسى شەيتاننىڭ قولىنى قارماغان.
— زەلىلى.

قارۇ [قارو] قىساس؛ بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىغا تۆلىنىدىغان ھەق، تۆلەم، بەدەل:
كام ساقىي لەبلەرىدىن تاپتىم ئەمما ئالدى جان،
ئەيكى دەۋراندىن قوش ئىچتىڭ غافىل ئولما قارۇدىن.
— نەۋايى.

قارۇرە [قارورە] (ئە) ئىچىگە ياندۇرغۇچى ماددا قاچىلاپ دۈشمەنگە ئاتىدىغان شىشە قۇتا؛ بومبا.
قارۇرە ئەفكەن [قارورە افكن] (ئە + پ) قارۇرەنى ئاتقۇچى.
قارۇرە ئەنداز [قارورە انداز] (ئە + پ) «قارۇرە ئەفكەن» گە قاراڭ.

قارۇن [قارون] (ئە) باي، ناھايىتى باي كىشى:
چۇقارۇن دېدى: «شاھ ئالىجەناب،
سەھىل ئىشمۇدۇر ئەيلەگىل ئىكتىساب.»
— ئا. نىزارى.

قارۇۋەر [قاروور] ھەق، تۆلەم ئالغۇچى؛ مۇكاپات ئالغۇچى:
چۇن نەۋائىگە ئىكى لەئلى مەيدىن تۇتسە قوش،
قارۇۋەر جان ئىستەسەكىم، جان بىرىپ تاپتى مۇنى.
— نەۋايى.

قارى [قارى] ياشانغان، قېرى:
چەراكىم بۇلار بارچەسى بۇتتەراش،
ياغاچتىن سەنەم قىلغۇچى قارى ـ ياش.
— ئا. نىزارى.

قارىش [قاريش] غېرىچ.
قارىشماق [قاريشماق] يېقىنلاشماق، يېتىشمەك.
قارىغ [قاريغ] قېرىلىق؛ كۈچسىزلىك.
قارىقماق [قاريقماق] كۆز قاماشماق.
قارىماق [قاريماق] قېرىماق، ياشانماق:
باردۇرۇر ئىچىمگە سۆزۈڭ گەرچە بىھەددى ھىساب،
قارىدىڭ ئەمدى، قەلەندەر، قىسسەنى كۆتاھ قىل.
— قەلەندەر.

قارىن [قارىن] قېرىن؛ نەپس، ئاچ كۆزلۈك:
خوجەستەنىڭ بويى ئاغدىر بولدى،
قارىن، قورساقى ھەم ئاغدىر بولدى.
— موللا پازىل.

قاز [قاز] غاز.
قازارا [قضارا] (ئە + پ) «قەزارا» غا قاراڭ:
قازارا ۋەزىر زەخمىسى بولدى بەھ،
بولۇپ ئىشقىدىن باغرى قان تەھ ـ بەتەھ.
— ئا. نىزارى.

قازچى [قازچى] غاز باققۇچى.
قازغاماق [قازغاماق] قازماق، كولىماق.
قازغانماق [قازغانماق] قازانماق، قولغا كەلتۈرمەك.
قازناغ [قازناغ] قازناق:
خاتۇنىكىم ئۆي ئارا پەرداز ئېتىپ ئەلدىن قاچار،
بولمەگۇل ئەلبەتتە باردۇر گويىاشى قازناغ ئارا.
— ناقىس.

قازى [قاضى] (ئە) ھۆكۈم قىلغۇچى، سوتچى:
ھەمە زاھىد بىلە ئالىمۇ قازى،
بادىن قىلدى بۇلار راغىبۇ رازى.
— موللا پازىل.

قازىئى مەھشەر — قىيامەت قازىسى:

قازىئى مەھشەرگە شاھىدسىز كىدامۇل كاتىبەين،
ئۆزگە ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ گۇۋاھى بولمادىم.

— زەلىلى.

قازۇرات [قاذورات] (ئە) ئىپلاسلىقلار، ئەخلەتلەر:

ئۇچقۇن ئولدى ئازىمى چەرخى بەرىن،
قالدى قازۇرات ئۆزە ئىشىنەر چىبىن.

— نەۋايى.

قازۇغ [قازوغ] 1) قوزۇق. 2) ئالتۇن قوزۇق يۇلتۇزى.

قازۇق [قازوق] «قازۇغ» قا قاراڭ.

قازى كەلان [قاضى كلان] (ئە + پ) قازىلارنىڭ چوڭى، باش سوتچى:

شەئىن ـ شەۋكەتدە مىسلى قازى كەلان،
داغى خورسەند ئېرۇر مۇئگازىيجان.

— موللا قۇربان.

قازىئۇلقۇززات [قاضى القضات] (ئە) قازىلارنىڭ قازىسى، باش قازى.

قازىئۇلهاجات [قاضىالحاجات] (ئە) هاجەتنى چىقارغۇچى؛ خۇدا:

ئەجەب ئەمەس كەرەمىدىن ئەتايى شەۋقىغە،
خۇدايى رەببىيۇھەسبى قازىيۇل هاجات.

— شەۋقى.

قاسىد [قاصد] (ئە) 1) ئەلچى، خەۋەرچى:

مۇستەفا ئەندىشە ئىچرە ئەردىلەر
خانەداندىن قاسىدى بەردى خەبەر.

— زەلىلى.

2) قەست قىلغۇچى:

بۇ يەردىكى قاسىدنى بەند ئەتتىلەر،
سىياھ چال سارى ئالىپ كەتتىلەر.

— ئا. نىزارى.

قاسىر [قاصر] (ئە) 1) كەم، قىسقا، كالتە، كوتا:

قاسىرەنىڭكى ھەمدىگەدۇر بولسە مىڭ زىيان،
ھەم بارگاھ سەلتەنەتى يەتتە ئاسمان.

— زەلىلى.

2) كۈچسىز، ئاجىز:

قايسى ۋەسفىنى بەيان ئەيلەي بۇ قاسىر تىل بىلە،
ھىچ ياراتماپدۇر ئانىڭدەك خالىقى سۇبھان يىگىت.

— قەلەندەر.

قاسىر ئولماق — ئاجىز بولماق:

فىغانىكى ئىشق ھەدىسى دەقىق ئېرۇر ئانداق،
كى قاسىر ئولمىش ئانى ئاڭلاماقدىن ئىدراكىم.

— نەۋايى.

قاش [قاش] ھۆزۈر، ئالد (ى)، قارشىسى:

چىقىپ كەتتى تۈنى قاشىدىن قۇياشىم ئىزتىراب ئەيلەب،
ئانىڭدەك دەيكى، جان چىقمىش بۇ جىسمىمدىن شىتاب ئەيلەب.

— ئەرشى.

قاششاق [قاشاق] كەمبەغەل، يوقسۇل، پېقىر.

قاشۇق [قاشوق] ئاش ئىچىدىغان قوشۇق.

قاغۇن [قاغون] قوغۇن:

ئەگەرچە نەي شېكەر كىم نازەنىندۇر،
شەھەنشاھى قاغۇن بېشەكشىرىندۇر.

— زەلىلى.

قاف [قاف] (ئە) 1) ئەرەب ئېلىپبەسىدە «ق» ھەرپىنىڭ نامى:

ئەلىف قەددىنى ئەيلەپ «قاف» ئىلە «نۇن»
جىگەرنى نىش ئەيلەپ كۆزنى پۇرخۇن.

— موللا پازىل.

2) ئەپسانىلەردىكى ئەڭ يىراق، ئەڭ ئېگىز تاغ، يەنى كوھقاپ تېغى:

بىر ھىمايۇن قۇش كىبچە سەدقەڭ بولۇر، ئەي مۇغبەچە،
قاف ئەتقاسىمۇدۇر يا دىير خۇپپاشىمۇدۇر.

— نەۋايى.

قافىلە [قافله] (ئە) كارۋان، سەپەر قىلغۇچىلار توپى:

مەنسۇر ئەنەل ھەق سىرىنى ئەيلەدى زاھىر،
ئول قافىلەدىن ئىلگەرى يولنى توغۇتۇپدۇر

— زەلىلى.

قافىلە باشى — كارۋان بېشى:

ھەمە قافىلە باشى ئېردى ئاتام
نەباشىكى، زەرفاشى ئېردى ئاتام.

— ئا. نىزارى.

قاقۇم [قاقوم] (پ) «قاقىم» غا قاراڭ.

قاقىم [قاقم] (پ) 1) سۆسەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر ھايۋان — بۇلغۇن:

تېخى قاتىل تارتىبان يۇزمىڭ چېرىك.
كۆزگە كەلمەي ئاندە قاقىمچە ئېرىك.

— نەۋايى.

2) شۇ ھايۋاننىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا.

قال I [قال] (ئە) گەپ، سۆز؛ ۋارقىراش:

تەرەننۇم تۈزۈپ بەيت ئۆز ھالىغە،
كى ئىنشا قىلىپ نۇكتە ئۆز قالىغە.

— ئا. نىزارى.

قال II [قال] (ئە) سىناق، سىنىماق:

بۇ رىيازەت بىرلە تاپتىلەر كەمال،

ھاسىل ئەيلەپ ئىلمى ھالۇ ئىلمى قال،
— زەلىلى.

قالباغ [قالباغ] قالپاق، كوۋلا، بۆك، تەلپەك.

قالبۇر [قالبور] غەلۋىر، ئۆتكەمە.

قالتاغاي [قالتاغاى] ئالدامچى، ئوغرى، ھىيلىگەر.

قالتاق [قالتاق] «قالتاغاي» غا قاراڭ:
تاشى چىرايلىق ئىبرۇر باتىنىكى زەھەر ئالۇد،
مىسال پىرەزەنى زاھىرى جەۋان قالتاق.
— شەۋقى.

قالتىبان [قالتبان] ئوغرى، قاراقچى، يول توسار.

قالتىماق [قالتماق] ئەدەپسىز، ھاياسىز، نومۇسى يوق، يۈزسىز.

قالتۇق [قلتق] ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزى.

قالدۇرغۇچ [قلدورغاچ] قارلىغاچ.

قالقان [قلقان] قىلىچ، نەيزە قاتارلىقلارنىڭ زەربىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۈنلۈكسىمان قوغدىنىش قورالى:
گەر جەفا شەمشىرىنى چەكسە گوشۇل سۇلتان ساڭا،
سىنەنى قالقان قىلىپ، ئەي سىنە قالقان، ئويناغىل.
— ھاپىز خارەزمى.

قالقاندۇرۇق [قلقاندرق] قالقان؛ بىر خىل ئۇرۇش قورالى.

قالماش [قلماش] سەپسەتە، بىھۇدە گەپ:
دىمە، ئەي ناسىھكى، «قىلمايسەن سۆزۈم بىرلە ئەمەل»،
خاتىرىمدە قايدا قالمىش مۇنچە قالماشىڭ سىنىڭ.
— نەۋايى.

قالۇن [قالون] ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى:
چالىپ نەققارەۋۇ بۇ چەڭ ئىلە نەي،
كى ئۇدۇ بەربەتۇ قالۇنۇ سۇرنەي.
— موللا پازىل.

قالىب [قالب] (ئە) 1) قېلىپ. 2) كۆچمە، بەدەن، تەن.

قالىب ساز — قېلىپ ياسىغۇچى.

قالىن I [قالين] قېلىن، كۆپ؛ زىچ، قويۇق:
ئانى ياتقۇزۇپ ئۆيدە قالىن ئوزە،
نەقالىن ئوزە فەرش قالىن ئوزە.
— ئا. نىزارى.

قالىن II [قالين] كېلىننىڭ تويلۇقى.

قامەت [قامت] (ئە) قەد، بوي؛ بەدەن تۈزۈلۈشى:
كۈندۈزۈمدۇر كېچە، ئول خورشىدى تابان بولماسا،
قامەتىم خەمدۇر، ئەگەر سەرۋى خىرامان بولماسا.
— ئەرشى.

قامەتى زىبا — گۈزەل قامەت، تەن تۈزۈلۈشى كېلىشكەن:
جان مۇسەۋۋەر بولغانىن كۆرمەك تىلەرسەن ئەي رەفىق،
جىلۋەئى قاش - كۆز ئىلە ئول قامەتى زىبانى كۆر.
— ئەرشى.

قامەتى مەۋزۇن — چىرايلىق، كېلىشكەن قامەت:
ماقەتى مەۋزۇنۇڭ ئۆزرە ئارەزىڭ گۈلگۈنىسى،
سەرۋى باشىدا ئاچىلغان بىر گۈلى ھەمرا ئەمەس.
— ئەرشى.

قامەتلىغ [قامتليغ] ئەۋدىلىك، قامەتلىك:
ھەم گۈلىستان بەزمى ئىچرە سەرۋ قامەتلىغ گۈلى،
ھەم شەبىستان بەزمە ئىھياسىدە شەمئى ئەنۋەرى.
— نەۋايى.

قامۇغ [قاموغ] پۈتۈن، ھەممە، بارچە، بارلىق، جىمى:
بەناگەھ مىسلى ئىسكەندەر كېلىپ ئولتۇردۇڭ ئول تەختتە،
قامۇغ دۈشمەنلىرىڭ قالدى نەدامەت بىرلە ھەسرەتتە.
— قەرارى.

قان [قان] قان:
مەششاتى ھۆسنۈڭ كۆزگۈسىن سەيقەل قىلۇر كافۇر ئىلە،
مەن خۇد ئۆلەرمەن رەشكىدىن قانىم ھىنا بولسە نېتاڭ.
— ناقىس.

قان قىلماق — قان چىقارماق؛ ئۆلتۈرمەك:
قۇربان قىلۇرغە كۆڭلى بار تىيغى فىراقىندىن مېنى،
ئول تۈركى كافىر كىشكىم، بىردەمدە يۈزمىڭ قان قىلۇر.
— ھاپىز خارەزمى.

قان يۇتماق — دەردى ئىچىگە تولۇپ كەتمەك، قاتتىق ئازابلانماق.

قانۇن I [قانون] (ئە) قائىدە، تەرتىپ، قائىدە - تۈزۈم، قانۇن:
ئەدەم بولدى قانۇنى گۇشتەسنى،
ئانىڭدەككى، ئايىنى لۇھدەسنى.
— نەۋايى.

قانۇن II [قانون] ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى، قالۇن:
تەر غەرىبى ناتەۋاننى مۇنچە كۆيدۈرمەك نەدۇر،
نالەئى ئەفغانىمە سەرتارۇ قانۇن ئوخشاماس.
— قەلەندەر.

قانىئ [قانع] (ئە) قانائەت قىلغۇچى، رازى بولغۇچى:
شىئارى ئىشق ئارا كامىل ئىسەڭ يادى ساڭا بەسدۇر،

كى قانىڭدۇر دىماغ ئەھلى دىلى گۇل ۋەسلىدىن بۇغە.

— ناقىس.

قانىڭ بولماق — قانائەت قىلماق، سەبرى قىلماق، رازى بولماق:

دىمە ئەي بىخەبەر، ئەرشىنى كەمگوي كەم ئىستىڭداد،
سەدەف بىر قەترىگە قانىڭ بولۇپ تاپتى دۇرى يەكتا.

— ئەرشى.

قانىڭى دەرۋىش — قاناەتلىك دەرۋىش:

شەھ چۇ تەمەئ قىلدى ئېرۇر لوقمەخاھ،
قانىڭى دەرۋىش ئېرۇر پادشاھ.

— نەۋايى.

قانىڭ ئولماق — سەبرى قىلماق، رازى بولماق:

قانىڭ ئولغىل دەردىغەكىم، ئەرشىيا، گەر پىرى دەير،
جۇرئەئى غەم سافىدىن بەرمەككە ئىمساك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

قانى [قانى] قېنى (سوراق ئالماش):

دېدى قىز: «جەھاننىڭ ۋەفاسى قانى؟
كۆڭۈل باغلانغانغە سەفاسى قانى؟»

— ئا. نىزارى.

قاھىر [قاهر] (ئە) 1) قەھر ـ غەزەپ قىلغۇچى. 2) يەڭگۈچى، غالىب:

سىنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە ھەرگىز زالىمى جابىر،
مەگەر زۇلم ئەتكەلى خەلق ئەتتى جانا خالىقى قاھىر.

— قەلەندەر.

قاۋارماق [قاوارماق] قاپارماق (پۇت، قول):

سىنى ئىزدەپ تاپارغە يوقدۇر ھالىم،
قاۋاردى قالمادى مەندە مەجالىم.

— موللا پازىل.

قاۋرۇلماق [قاۋرولماق] قورۇلماق، پىشماق:

بۇغداي كەبى نەچە قاۋرۇلايىن،
سامان كەبى نەچە ساۋرۇلايىن.

— نەۋايى.

قاۋغۇن [قاوغون] قوغلىغۇچى، تەقىپ قىلغۇچى.

قاۋغۇنچى [قاوغونچي] تەقىپ قىلغۇچى، قوغلىغۇچى.

قاۋماق [قاوماق] قاۋىماق، ھاۋشىماق:

كېچە ئىگرانسام سەرى كوي كويىڭدا ئىتدەك، قاۋماكىم،
نالە قىلماق ئول سەرى كوي ئىچرە راھەتدۇر ماڭا.

— ناقىس.

قاۋۇرچاق [قاورچاق] قورچاق (بالىلار ئويۇنچۇقى).

قاۋۇشتۇرماق [قاوشتورماق] بىر يەرگە قىلماق، بىرىكتۇرمەك؛

قاۋۇشتۇردى بۇ ئىككى پەيغەمبەرىن،
كۆرۈشتۇردى ئاخىر بولار ھەم بەرىن.

— ئا. نىزارى.

قائىدە [قاعده] (ئە) نىزام، قانۇن، تەرتىپ، قائىدە.

قائىل [قائل] (ئە) «قايىل» غا قاراڭ.

قائىم [قائم] (ئە) «قايىم» غا قاراڭ.

قاي [قاي] قايسى:

ساڭا قاي پەرىدىن بۇ ئازاردۇر،
ئەيت، قايسى دىلبەر ساڭا ياردۇر؟

— ئا. نىزارى.

قاياش [قاياش] ئۇرۇق، نەسىل، قېرىنداش؛ دوست:

ئەي قاياشىم قولاق سال بۇ پەندىغە،
گەپنى ئاز قىل ئېرشاد ئېرسەڭ قەندىغە.

— خاراباتى.

قايان [قايان] قايسى تەرەپ، قەيەر؛ قايسى تەرەپكە، قەيەرگە:

نە كۆردى جەھانىبىن يۈزى تىرەدۇر،
قايان باقسە ئاندا نەزەر خىرەدۇر.

— ئا. نىزارى.

قايدا [قايدا] قەيەردە، قاچان.

قايداغ [قايداغ] قانداق:

ئۇ شول ۋەقت رۇزە غەمىنى يېدىڭ،
تەرەددۇددا قايداغ قىلورمەن دىدىڭ.

— ئا. نىزارى.

قايراغ [قاعراغ] بىلەي:

يەنە ھەزرەتى شەيخ ھەبىبى ئەجەم،
كى قايراغدا قىلمىش ۋۇجۇدىن ئەدەم.

— ئا. نىزارى.

قايماغ [قايماغ] قايماق:

قىل ھەزەر سىماسى ئاق شىرىن سۆخەن ئەيياردىن،
باردۇرۇر ئەلبەتتە ئەخلەت ئۈستى ئاق قايماغ ئارا.

— ناقىس.

قايۇ [قايو] قايسى:

قايۇ ناخىرەد بولسە مۆنكىر ئاڭا،
كى رەشك ئەيلەبان بەرسە تەغيىر ئاڭا.

— ئا. نىزارى.

قايىد [قايد] (ئە) 1) يولباشچى، يېتەكچى. 2) ھەربىي باشلىق.

قايىل [قايل] (ئە) 1) ئېيتقۇچى، سۆزلىگۈچى:

ھەركىمكى خىرەد يولى سارى مايىل ئېسە،
بۇ دوست ئاڭا ھەر نەچەكىم قايىل ئېسە.

— نەۋايى.

2) ئىقرار:

ئەي نەۋايى گەر كۆڭۈل كەتتى، مەلالەت كۆرمە كۆپ،
سەنچۇ بىدىللىككە قايىل كۆرۈر گۇل تەلبە تەڭ.

— نەۋايى.

قايىل ئەتمەك — قايىل قىلماق، ئىشەندۈرمەك:

لىسانىمنى مەدھىڭ ئارا قايىل ئەت،
كۆڭۈلنى كى فىكرىڭ ئارا مايىل ئەت.

— ئا. نىزارى.

قايىم [قايم] (ئە) 1) قارار تاپقان، قەتئىي ئورناشقان، ئۆزگەرمەس، دائىم بىر دەك تۇرىدىغان:

چۇ ئەۋرەڭگى شاھلىغىدا قايىم بولۇپ،
ھۆكۈمەتدە ئەلگە مۇلايىم بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

2) ئۇخلىماسلىق؛ كېچىلىرى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش:

سۇبھى كۆزۈ كۆڭۈلنى پاك ئەتمەس نە ئاسىغ،
ئۆتكەرسە تۈننى قايىم يا بولسە كۈندە سايىم.

— نەۋايى.

قايىم مەقام [قايم مقام] (ئە) ئورۇنباسار، ئورنىنى باسقۇچى؛ ياردەمچى:

بۇ كۆڭلۈمدىكى ئىشنى قىلدىم تەمام،
بولۇپ بەگدىزان مۇندا قايىم مەقام.

— ئا. نىزارى.

قەبا [قابا] (ئە) تون، پەرىجە:

غەزەپ بىرلە چىقىپدۇرسەن، قەلەندەر قورقادۇر بىھەد،
ئەجەب گۈلگۈن قەبانى قىتىل شەيخۇشاب ئەيلەرسەن.

— قەلەندەر.

قەبا قىلماق — تون، پەرىجە قىلماق:

جەھاندا تاپمادىم، ئەي سەرۋى ئازادىم، دەمى راھەت،
نەچە پىراھەنىمنى ھەجرۇ فۇرقەتدىن قەبا قىلدىم.

— قەلەندەر.

قەباب [قباب] (ئە) ئۆزىنى چىرايلىق ۋە ئېسىل كۆرسىتىش:

ھەقىقەت جىلۋەگەردۇر دەرھەقىقەت ياشۇرۇپ بولماس،
مەجاز ئەلى زەلىلى تەلبەگە مۇنداغ قەباب ئەيلەپ.

— زەلىلى.

قەباپەيۋەست [قباپيوست] (ئە + پ) تون كىيگەن، تونلۇق:

ماھى كافۇرگۇن قەبا پەيۋەست،
بولۇپ گۇل ھۇجرەدە خۇداپەرەست.

— نەۋايى.

قەبال [قبال] قورشاۋ، قامال.

قەبالماق [قبالماق] «قابالماق» قا قاراڭ.

قەباھەت [قباحت] (ئە) ياۋۇزلۇق، قەبىھلىك، ئوساللىق، يامانلىق:

سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ تائەت ئەمەس فىسقۇ كەسافەتدۇر،
سېنىڭدەك لەندىگە دەئۋايى سەييىدلىق قەباھەتدۇر.

— موللا نىياز.

قەبائىل [قبائل] (ئە) «قەبايىل» غا قاراڭ.

قەبائىھ [قبائح] (ئە) «قەبايىھ» غا قاراڭ.

قەبايىل [قبايل] (ئە) قەبىلىلەر، تۈرلۈك ئۇرۇقلار:

مەساكىنلەردۇر قەبىلدىن قەبىل،
قەبايىللىرىدۇر سەبىلدىن سەبىل.

— ئا. نىزارى.

قەبايىھ [قبايح] (ئە) «قەباھەت» نىڭ كۆپلۈكى.

قەبەسە [قبسه] (ئە) شەھەرچە:

خوجەئى بۇزۇرگۋار قارغالىقدە قەبەسە بۇنياد قىلغانلەرى.

— موللا پازىل.

قەبەل [قبل] قامال، دالدا.

قەبەل قىلماق — قامىماق، دالدىغا ئالماق:

خاھى پىرۇ خاھى بەرناۋۇ گۈزەل،
بەركىدىلەر خان كېلىپ، قىلدى قەبەل.

— موللا پازىل.

قەبر [قبر] (ئە) گۆر، قەبرە.

قەبرپۇش [قبرپوش] (ئە + پ) قەبرە، ئۈستىگە ياپىدىغان رەخت، پەردە:

سىپېھر ئەتلەسىن قەبرپۇش ئەتتىلەر،
كېچە - كۈن فىغانۇ خورۇش ئەتتىلەر.

— نەۋايى.

قەبز [قبض] (ئە) 1) قولغا ئالماق، تۇتماق، تۇتاملىماق، ئۇشلىماق. 2) ھۆججەت، تالون، تىلخەت.

قەبزرۇھ — جان بەرمەك، جان ئۈزمەك، ۋاپات بولماق، ئۆلمەك، ئۆلۈم:

قەبزرۇھ ئەتمەك ئەجەل زەئمىدە مەخسۇسى ئىدى،
دېدى: بار ئىرمىش شىرىكىم ئىككى قەتتالىن كۆرۈپ.

— ناقىس.

قەبزە [قبضه] (ئە) چاڭگال، ئوچۇم، تۇتام، سىقىم؛ دەستە:

قەبزەسىدىن چىققۇچە بۇ ئافتاب،
لەشكەرى سۇلتانىنى قىلدىلەر خەراب.

— زەلىلى.

قەبۇل [قبول] (ئە) 1) ماقۇل بولۇش، رازى بولۇش، مۇۋاپىق تېپىش:

ئالىمنى زالىم ئەيلەدى، فاسىقنى پارسا،
رەددى قەبۇل بىرلە ئەجەپ كارخانەدۇر.

— زەلىلى.

2) ئىلتىپات نەزىرى بىلەن قاراش ۋە تەلىپىگە يەتكۈزۈش.

قەبۇل ئەتمەك — رازى بولماق، رەت قىلماسلىق، مۇۋاپىق تاپماق:

قەبۇل ئەتكىل خۇدايا بۇ مۇناجات،
كى سەن دانايى سىررۇل خەفىييات.

— زەلىلى.

قەبۇل تۇتماق — «قەبۇل ئەتمەك» كە قاراڭ:

بۇ خىزمەتنى جان بىرلە تۇتتۇم قەبۇل،
قىلا ئالماغاي بولسەكىم ئۆزگە قۇل.

— ئا. نىزارى.

قەبۇل قىلماق — «قەبۇل ئەتمەك» كە قاراڭ:

مەدەد قىلغۇچى ئىككى ئالەمدە ئول،
كى ھەركىم دۇئاسىنى قىلغاي قەبۇل.

— ئا. نىزارى.

قەبۇلىيەت [قبوليت] (ئە) لاياقەتلىك، لايىقلىق، مۇناسىپلىق.

قەبىل [قبيل] (ئە) 1) ئوخشاش، كەبى، ئەينى:

سابىقەن ھەم قىسسە ئۆتمىش بۇ قەبىل،
سىدقىغە ئىسھابى كەھف ئەتتى دەلىل.

— نەۋايى.

2) گۇرۇھ، قىسىم؛ جىنس:

مەساكىنلەردۇر قەبىلدىن قەبىل،
قەبايىللەردۇر سەبىلدىن سەبىل.

— ئا. نىزارى.

قەبىلە [قبيله] (ئە) قەبىلە، ئۇرۇق:

ئاتايۇ ئانايۇ قەبىلە بارى،
تاپىپ ئانى ئىلتىپ قەبايىل سارى.

— ئا. نىزارى.

قەبىھ [قبيح] (ئە) سەت، يامان، كۆرۈمسىز، ناچار:

قەبىھ ئەتمەك — يامان قىلماق، يامان قىلىپ ياراتماق:

قەبىھ ئەتتى نەۋايى، ھەق جەھانتى،
ئىلىدىن تۇتماغىل كۆز جۇز قەباھەت.

— نەۋايى.

قەپپان [قپان] (پ) چوڭ گىر.

قەپتان [قپتان] ئۇرۇشتا ساۋۇت (پولات كىيىم) ئىچىگە كىيىدىغان پاختىلىق تون.

قەتار [قطار] (ئە) قاتار، تىزىلغان، تىزىقلىق:

يۈرەكىم قان بولۇپ ئاقتى، بىرەر ھالىمنى سورمايسەن،
رەقىبلەرنىڭ قەتارىدا مېنى، ئەي شوخ، سورمايسەن.

— قەلەندەر.

قەتاران [قطاران] (ئە) قاتارىسىغا، قاتارلىشىپ، ئۇرغۇن قاتار:

كۆڭۈل كۆرگەن زەمان مۇرغى سۇخەنگۇي،
تىبرەكلەر دۇرۇر قەتاران لەبى لەب جۇي.

— زەلىلى.

قەتتىغ [قتغ] قاتتىق.

قەتتىق [قتق] قاتتىق.

قەترە [قطره] (ئە) تامچە، تېمىم:

بۇ ئىشقىم بىرلە ئەقلىم بولسە جارىپ،
بولايىن جۇرئەسىدىن قەترە شارىب.

— موللا پازىل.

قەترەئى بەھر — دەريادىن تامچە، ناھايىتى ئاز:

نېچەكى پەيزى بىلە ئالەم تولۇپ،
قەترەئى بەھرىدىن ئەنىڭ كام بولۇپ.

— نەۋايى.

قەترەئى سۇ — سۇ تامچىسى:

يۈزۈڭ كۆرۈپ قىزاردى گۈل چەمەندە،
چۈبار ئانىڭ يۈزىندە قەترەئى سۇ.

— ھاپىز خارەزمى.

قەترەئى شەبنەم — شەبنەم تامچىسى:

ئەگەر شاھۇ گەدالار فانى بىلەسە ئۇشبۇ ئالەمنى،
يۈزىگە لۇتۇق نىشانىنى قىلغاي قەترەئى شەبنەم.

— ئەرشى.

قەترەئى ناران — كىچىككىنە شولا:

رەھىم ئەيلەدى ھالىمغە ۋۇ كۆز ياشىن ئاقىتدى،
ئانداغكى تۇشەر گۈلىنىڭ ئۈزە قەترەئى ناران.

— ھاپىز خارەزمى.

قەترەبار [قطره‌بار] (ئە + پ) قەترە تۆككۈچى، قەترە ياغدۇرغۇچى.

قەترەئەفشان [قطره‌افشان] (ئە + پ) قەترە چاچقۇچى، زەر چاچقۇچى.

قەترەپاش [قطره‌پاش] (ئە + پ) تامچە چاچقۇچى.

لىك قاچان قەھرى ئوتى چەكسە باش،
ئەفئى سەھابى ئېتىبان قەترەپاش.

— نەۋايى.

قەترەرىز [قطره‌ريز] (ئە + پ) قەترە تۆككۈچى، تامچىلىغۇچى.

قەتل [قتل] (ئە) ئۆلتۈرۈش، قىرغىن:

نې قىلىپدۇرمەن، دېگىل ئەي شوخ سىيمىنبەر ساڭا،
قولۇڭدا باردۇر سىنىڭ قەتلىم ئۈچۈن خەنجەر ساڭا.

— قەلەندەر.

قەتل ئەتمەك — «قەتل قىلماق» قا قاراڭ:
قەتل ئەتتى كۆزۈڭ كەرەشمە بىرلە،
تىرگۈزدى لەبىڭ يەنە بەھادۇر.
— زەلىلى.

قەتل ئەيلەمەك — «قەتل قىلماق» قا قاراڭ.
يادىڭ ئەتتىم ھەجرى جەللادى يېتىپ قەتل ئەيلەدى،
تىغىدىن ھەرلەھزە يۈز تۈرلۈك ھەلاۋەتدۇر ماڭا.
— ناقىس.

قەتل قىلماق — ئۆلتۈرمەك، قىرغىن قىلماق:
سەداقەت قىلىچىن قىلىپ تىزرەك،
كى ئول دىۋنى قەتل قىلماق كېرەك.
— ئا. نىزارى.

قەتلۇ ياغما — تالان - تاراج:
ئېلىمكىم بولۇپ قەتلۇ ياغماغە تۇش،
كېلىپ ئون ئۆلۈشتىن بويان بىر ئۆلۈش.
— نەۋايى.

قەتلى ئام قىلماق — قىرغىن قىلماق، ھەممىنى ئۆلتۈرمەك:
ئىشق تىغى قىلسە يۈزمىڭ قەتلى ئام،
نە قىساسۇ نەدىيەت، نە ئىنتىقام.
— نەۋايى.

قەتلە [قتله] قېتىم، مەرتە، كەررە.

قەتلپەيۋەند [قتل پيوند] (ئە + پ) قەتل قىلغۇچى، ھالاك قىلغۇچى.

قەتلگاھ [قتلگاه] (ئە + پ) جىنايەتچىگە ئاممە ئالدىدا ئاشكارا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان جاي، مەيدان.

قەتىغ [قتغ] «قەتتىغ» قە قاراڭ.

قەتىق [قتق] «قەتتىق» قە قاراڭ.

قەتئ [قطع] (ئە) 1) كېزىش، يۈرۈش، بېسىش؛
چۈدەريا رەۋشەن ئولدى خاتىرم سەير جەھان ئەتكەچ،
ھەياتى خىزىر تاپتىم قەتئ مەنزىل تەرك جەھان ئەتكەچ.
— زەلىلى.

2) ئۈزمەك، كەسمەك:
خىلۋەتى خاس كۆڭۈلدىن سۆھبەتى جان ئۆكسۈمەس،
جان ئەگەر قەتئ تەئەللۇق قىلسا جانان ئۆكسۈمەس.
— زەلىلى.

قەتئ ئەتمەك — كەزمەك، بېسىپ ئۆتمەك:
چۇ كەزگەن يولۇمدىن يۈز ئانچە بەئىد،
مۇنى قەتئ ئېتەرگە ئۈزۈلدى ئۈمىد.
— ئا. نىزارى.

قەتئ ئەيلەمەك — «قەتئ ئەتمەك» كە قاراڭ:
قىراقىڭ دەشتىدىن قان يۇتۇپ سەيفۇلمەسلىك يىللار،
بەلادەشتىنى قەتئ ئەيلەپ، كېچىپ جاندىن تاپىپ جانا.
— شەۋقى.

قەتئ قىلماق — 1) كەزمەك، بېسىپ ئۆتمەك:
كېزىپ قەتئ قىلماقغە يول ئېھتىمال،
بۇ دەشتى دۇرۇر كىم قىيامەت مىسال.
— زەلىلى.

2) ئۈزمەك (ئۈمىد ئۈزمەك):
ئۆشبۇ مۆھلىك ۋەرتە ئىچرە گەرچى ئەلدىن قالمەمىش،
ھېچ ئۈمىدىم قەتئ قىلمان دوستىمدىن ئەمما ئۈمىد.
— نەۋايى.

قەتئى مەنازىل — سەپەر قىلماق، يول يۈرمەك:
ئەھلى تىرىقەت ئېيدىلەر شەرئى سىراتى مۇستەقىم،
قەتئى مەنازىل ئەتكەلى جۇززەئى مۇستەفا غەلەت.
— زەلىلى.

قەد [قد] (پ) بەدەن تۈزۈلۈشى، بوي، قەد، قامەت:
سەۋادى سايەئى سەرۋى قەدىڭ ئەگەر تۈسسە،
ئىكى جەھاندا يۈزۈمە قارا قىلايىن.
— ئەرشى.

قەددى ئەرئەر — سەرۋىدەك كېلىشكەن قەد:
قاش ھىلالى، ئېيدى كىرپىك، ناۋەكى دىلدۇر ئېرۇر،
قەددى ئەرئەر، لەئلى شەككەر، كۆزلەرى شەھلا يىگىت.
— ئەرشى.

قەددى جانان — جانانىڭ قەددى:
قەددى جانانى خىرامان بوستان ئىچرە كۆرۈپ،
يادى شەمشاد ئەيلەمەيۇ تەركى سەرۋ ناز قىل.
— ھاپىز خارەزمى.

قەددى شەمشاد — چىرايلىق قەد، كېلىشكەن قامەت:
قەددى شەمشادە شۇخى ئىنبەردىن پۇشى پەرىزادى،
كى ئاندىن تۇررە سۆزىنى يەزەرگە شانەدۇر پەيدا.
— زەلىلى.

قەددى قامەت — كېلىشكەن، چىرايلىق قامەت:
فانۇس كەبى شۆئلەسىدىن كېچە - لاكۆيدۇم،
تاكىيدى قەددى قامەتىغە پىراھەن شوخ.
— زەلىلى.

قەدەر [قدر] (ئە) 1) مىقدار، دەرىجە:
ئىسلام دىنىنى كۇفىر كۆزىگە نىسار ئېتەي،
يۈز مۇشتەرىچە قەدەر تاپىپدۇر بەھاسىدىن.
— زەلىلى.

2) تەقدىر، يازمىش، پۈتمۈش، ئاللانىڭ ئىرادىسى:
ئەگەر ھەرنە بولسا خۇدانىڭ ئىشى،
تاپالماس قەدەرنىڭ ئىلاجىن كىشى.
— ئا. نىزارى.

قەدەرگىر [قدرگير] (پ) ئوق ئاتقۇچى، مەرگەن.

قەدەرى [قدرى] (ئە) تەقدىردە پۈتۈلگەن، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن؛ تەقدىرچىلىك تەرەپدارى، تەقدىرچى.

قەدەم [قدم] (ئە) چامدام، ئاياغ، قەدەم:

گۈلشەنى دۇنيادا تا قويدۇم قەدەم يۈز شۈكرىكىم،
رەشك، ھەسرەتدىن رەقىبىنىڭ يۈرەكى قاندۇر بۇگۈن.

— قەلەندەر.

قەدەم بەرقەدەم — قەدەممۇ قەدەم، كەينى ـ كەينىدىن:

ئۇلكى قويۇپ بادىيادە ھەر قەدەم،
بۇ ھەم ئېتىپ پۇيە قەدەم بەر قەدەم.

— نەۋايى.

قەدەم تافەرق — باشتىن ـ ئاياغ:

نە ئەجەب باشدىن ئاياغىم دەرد بولسە، ئەي قەزا،
كىم نىگارىمنى قەدەم تا فەرق مەغرۇب ئەيلەدىڭ.

— نەۋايى.

قەدەم سۈرمەك — ماڭماق، قەدەم باسماق:

كى مۇندىن يەنە تەبرەدۈك يۈرگەلى،
سەفەر مېھنەتىدە قەدەم سۈرگەلى.

— ئا. نىزارى.

قەدەم قويماق — 1) بېرىپ يەتمەك:

يول بارۇرلەر ئېدى تۈنۈكۈن ھەم،
قويغۇچە ھىند كىشۋەرىغە قەدەم.

— نەۋايى.

2) قەسد قىلماق. 3) ئاتلانماق. 4) ئىرادە باغلىماق، نىيەت قىلماق، بىرەر ئىشقا كىرىشمەك.

قەدەمفەرساي [قەدم فرساى] (ئە + پ) مېڭىشتىن ئايىغى زەخىملىنىش؛ قەدەم قويۇش.

قەدەمكەش [قدم كش] (ئە + پ) قەدەم باسقۇچى، يول يۈرگۈچى.

قەدەھ [قدح] (ئە) پىيالە، ئىچىملىك قاچىسى، رومكا، قەدەھ:

نەچچە ئۆزلۈك رىشتەسىگە قىلغانى ۋابەستەلىك،
ئال ئاچىغ مەيلىك قەدەھ سىپقار دەمى ئۆزنى ئۇنۇت.

— ئەرشى.

قەدەھى خۇشگۇۋار — تەمى ياخشى، يېقىملىق مەي:

ساقى ئالىپ كەل قەدەھى خۇشگۇۋار،
بىرگە ئالىپ تارتاي ئانى خاجەۋار.

— نەۋايى.

قەدەھى دىلپەزىر — كۆڭۈلگە ياقىدىغان، تەملىك مەي:

ساقى، ئالىب كەل قەدەھى دىلپەزىر،
ئەيلە مېنى جۇرئەسىدىن شىرگىر.

— نەۋايى.

قەدەھپايما [قدح پىما] (ئە + پ) مەي تۇتقۇچى، مەي قۇيغۇچى، ساقى:

مەستىمەن بىر باقماغىدىنىكىم ، جەھەنغا كەلمەگەي،
كۆزلەرى جامى بىلەن مۇنداغ قەدەھپايما يىگىت.

— ئەرشى.

قەدەھخار [قەدح خوار] (ئە + پ) مەي ئىچكۈچى، مەيخور.

قەدەھچەش [قدح چش] (ئە + پ) قەدەھ كۆتۈرگۈچى، مەي ئىچكۈچى.

قەدەھكەش [قدح كش] (ئە + پ) مەيخور، مەي ئىچكۈچى.

قەدەھنۇش [قدح نوش] (ئە + پ) مەي ئىچكۈچى.

قەدەھلىك [قدح ليك] قەدەھكە قۇيۇلغان:

گۈل چاغى گۈلگۈن قەدەھلىك گۈل ئەراقىن سەۋت ئىلە،
بىخۇد ئولماي نەيلەيىن تۈتسا شەكەر گۇفتارە دۇر.

— ئەرشى.

قەدخەم [قدخم] (ئە + پ) قەددى پۈكۈلگەن، قەددى ئېگىلگەن.

قەدر [قدر] (ئە) قەدر كېچىسى — رامزاننىڭ 27 ـ كېچىسى (خاسىيەتلىك كېچە) :

فەيزى ئىشكىن ئاچتىلەر كېچە مەگەركى قەدر ئىدى،
خەيلى كەبۇتەرى مەلەك قىلدىلەر ھەر تەرەپ سەلام.

— زەلىلى.

قەدىر I [قدر] (ئە) 1) جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا تۇتقان ئورۇن، ئابرۇي، نوپۇز، ھۆرمەت:

كى يوق ئادەمى خەيلىگە ئېتىبار،
بۇ ھەيندە فەساد ئەھلىنىڭ قەدرى بار.

— ئا. نىزارى.

قەدىر II [قدير] (ئە) كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، ھەر نەرسىگە قادىر (خۇدا) .

2) قىممەت، دەرىجە:

بادەئى لەئلىڭ ئۇچۇن ئەزمى خەرابات ئەتكەلى،
رىندلەر ئىچرە ئىبرۇر قەدرىم بىيىك، شانىم ئەزىز.

— نەۋايى.

قەدىردان [قدردان] (ئە + پ) ئەل يېقىن، ھۆرمەتلىك؛ مېھرىبان:

فەقىر ئەھلىگە لۇتۇف ئىلە مېھرىبان،
ئەزىز قەدىرلەرگە تەخى قەدىردان.

— ئا. نىزارى.

قەدىردانلىق [قدردانلىق] ئەل يېقىنلىق، مېھرىبانلىق:

تەۋاق ئەتمەدىڭ قەدىردانلىق بىلە،
كى ئەجىز ئەتمەدىڭ ناتەۋانلىق بىلە.

— ئا. نىزارى.

قەدىم [قديم] (ئە) ئىلگىرى، بۇرۇن:
قەدىم ئېردۇڭ بارى مەۋجۇدلەردىن،
ئېرۇرمىز بىز ئۇچار شەمئۇتلەردىن.
— موللا پازىل.

قەرا [قرا] «قارا» غا قاراڭ:
ئەي ئىشق، نېتىپ ئول قەرا كۆزنى كۆرەينىكىم،
كۆزنىڭ قەراسىنى ھەجرىدە ئەشك ئەيلەدى زايىل.
— نەۋايى.

قەرابە [قرابە] (ئە) قېرىنداش، تۇغقان:
رەسۇلى خۇداغە سەھابە بۇلار،
ئەرەب سەييىدىگە قەرابە بۇلار.
— ئا. نىزارى.

قەرابەت [قرابت] (ئە) يېقىنلىق، قېرىنداشلىق، تۇغقانلىق.

قەرار I [قرار] (ئە) 1) تىنچلىق، ئارام، جىملىق، خاتىرجەملىك:
قارازۇلفۇڭ ئالدى قەرارىم مېنىڭ،
قارا ئەيلەدى رۇزگارىم مېنىڭ.
— ئا. نىزارى.

2) ئىلاج:
سەفھەغە يازماي قەرارىم يوق ئىدى،
بۇ رەقەمدە ئىختىيارىم يوق ئىدى.
— نەۋايى.

3) بىرەر ئىش، مەسىلە ھەققىدە قوبۇل قىلىنغان توختام، ھۆكۈم، قارار.

قەرار بەرمەك — 1) ئېنىق پىكىرگە كەلمەك. 2) مۇقەررەر قىلماق.

قەرار تاپماق — مۇستەھكەملەنمەك؛ ئورۇنلىشىپ قالماق، تۇرۇپ قالماق:
بولۇپ ئارزۇ بىزگە ئەمدى يار،
كى ئۆز شەھرىمىز ئىچرە تاپساق قەرار.
— ئا. نىزارى.

قەرار تۇتماق — جايلاشماق، ماكان تۇتماق:
سەفىنە ۋەساقىدا تۇتتى قەرار،
چىقاردى تەنەئۇم ھەزاران، ھەزار.
— ئا. نىزارى.

قەرار قىلماسلىق — خاتىرجەم بولماسلىق، تىنچلىنالماسلىق:
سەنسىز قەرار قىلماسمەن، ئەيىب قىلمەكىم،
ئارامۇ سەبىر سەندىن ئۆزگىن جانۇ تەندە يوق.
— ھاپىز خارەزمى.

قەرارۇ سەبىر — سەۋر - تاقەت:
قەرارۇ سەبرى قىلماسلەر مۇھەببەت شەربەتىن ئىچكەن،
ئانىڭ شەمئى جەمالىغە بولۇر مانەندە پەرۋانە.
— ھۇزۇرى.

قەرار II [قرار] (ئە) ئىدىش، خالتا، قاپ:
ھەر نە بۇتكۇم بار ئېردى غار ئىچرە،
ئىككىسىدىن سالدى بىر قەرار ئىچرە.
— نەۋايى.

قەرارتماق [قرارتماق] قارايتماق.

قەرار تۇرماق [قرارتورماق] قارايتۇرماق.

قەرارماق [قرارماق] «قارارماق» قا قاراڭ.

قەراغ [قراغ] «قاراغ» قا قاراڭ.
ئەسھابۇ ئەۋلادى نەبى شەھزادە كەۋنەين ئەيلى،
جەننەت گۈلىنىڭ بۇلبۇلى قىلسام ئەنى سۈرمە قەراغ.
— شەۋقى.

قەراغات [قراغات] بىر خىل ئۆسۈملۈك — قارىقات:
ھەممە چۆل بولدى ياخشى باغ باغات،
بۇلارنىڭ ئورنىغە ئۈندى قەراغات.
— موللا پازىل.

قەراقچى [قراقچى] قاراقچى، يول توسار.

قەرانفۇل [قرنفل] (ئە) ئۆششاق مىخقا ئوخشايدىغان بىر خىل خۇشبۇي دورا، قەلەمپۇر مۇنچاق:
ئەھ ئول سۇنبۇلى تەر قەرانفۇل ساچىپ،
قەرەنفۇل دەغى گاھى سۇنبۇل ساچىپ.
— نەۋايى.

قەربان [قربان] (ئە) ئوقدان، كامالەك ئوقىنىڭ خالتىسى:
قاشى بۇ چاك كۆڭلىدىن ئەيرۇ،
قىل مەسەل يايى ئېرۇر قەربانىسىز.
— نەۋايى.

قەرچىغاي [قرچيغاي] قارچۇغا:
كۆزۈمدىن ئۇچتى ئول ئاي، پەرىمۇ ۋەيا بىر قۇش،
كەبۇ تەرمەن - ئۇنىڭ ئاۋى، ئول قاچىغاي - ئۇقاب.
— بىلاي نازىم.

قەرداش [قرداش] دوست، بۇرادەر، يېقىن؛ تۇغقان:
چۇ كۆرمەي ۋاپا يار، قەرداشىدىن،
كى تاشلاپ بارىنى كېچىپ باشىدىن.
— ئا. نىزارى.

قەرزخاھ [قرض خواه] (ئە + پ) قەرز بەرگۈچى ۋە قەرزنى تەلەپ قىلغۇچى:
ئەيلەدى چۇن ۋەجھىنى خاكى سىياھ،
ۋەئدە ئېتىپ قىلدى غۇلۇ قەرزخاھ.
— ئا. نىزارى.

قەرغە [قرغه] قاغا.

قەرقەف [قرقف] (ئە) مەي؛ سوغۇق سۇ.

قەرقەف ئىتىشىن بىلە ساقى نەۋ بەھار ئىشق،
دەرۋى تەسەلسۇل ئېيلەمەك يەتكۈچە سىنماسۇن زىياد.

— زەلىلى.

قەرن [قرن] (ئە) ئەسىر، دەۋر:

تارتسە يۈز قەرن خىسرەد خازىنى،
چەكمەگەي ئانىڭ كۆيىدىن ئازىنى.

— نەۋايى.

قەرنە [قرنه] (ئە) ئەسىر:

كوچەۋۇ بازاركوي ئىچرە تاپىلماس ئىستەمەك،
قەرنەلەر ئۆتتى زەلىلىدۇر گەدايى يەتتە تەن.

— زەلىلى.

قەرى I [قرى] ياشانغان، قېرى:

بەرشىم ئېيلەبان ئەۋقات قىلغاي،
قەرى، قىزىۋ جۇۋان سىيماپ قىلغاي.

— موللا پازىل.

قەرى II [قرى] قولنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە بولغان ئارىلىقتا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى؛ گەز:

مەشەققەتتىن يىگىتنى ئەل قەرى دەر،
كى قارىلمىش ئىككى - ئۈچ يۈز قەرى يەر.

— نەۋايى.

قەرىب [قريب] (ئە) يېقىن، قېرىنداش:

كۆزى خۇنغە ئامىز ئېرۇر ئەندەلىب،
قىزىلگۈلنىڭ ئولدى خەزانى قەرىب.

— ئا. نىزارى.

قەرىب بولماق — يېقىنلاشماق:

نەزارىغە ۋەھدەتنى قىلغىل نەسىب،
ھەقىقى جەمالىغە بولسۇن قەرىب.

— ئا. نىزارى.

قەرىب قىلماق — يېقىنلاشتۇرماق:

شەك ئېرمەس خۇدا ئۆزگە قىلسە قەرىب،
چىراكىم بولۇپدۇر شەھادەت نەسىب.

— ئا. نىزارى.

قەرىش [قريش] غېرىچ (قول بارماقلىرىنى ئاچقاندا باش بارماقتىن چىمچىلاقىچە بولغان ئارىلىق):

زۇلفى ئېگنىگە يېتەر گەر سەچى يەرگە سۆدرەلۇر،
تېگدۇرۇر قەيدىم ئۇچۇن گەر بىر قەرىش، بىر يۈز قۇلاچ.

— نەۋايى.

قەرىن [قرين] (ئە) 1) يېقىن، يېقىن ئادەم، ھەمسۆھبەت:

يەنە «ھا» سى ھىجرانغە بولدى قەرىن،
«ئەلىف» دە قەددىدۇر ئەلەمگە يەقىن.

— ئا. نىزارى.

2) باغلىق، كىرىشكەن، مەشغۇل:

كىم مېنى ئەل ئەھلى يەقىن ئاڭلاغاي،
تەۋقىيۇ تاقەتقە قەرىن ئاڭلاغاي.

— نەۋايى.

قەرىن بولماق — يېقىنلاشماق:

كى ھۆيى دىگەنگە بولۇپمىز يەقىن،
ۋە بەلكىم شەھەرگە بولۇپمىز قەرىن.

— ئا. نىزارى.

قەرىنداش [قرينداش] بىر تۇغقان (ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل)؛ قېرىنداش:

كى ئەسرارىن ئەندەك كىچىك ياشىغە،
قىلىپ ئاشكارا قەرىنداشىغە.

— ئا. نىزارى.

خۇرشىد يۈزۈڭنى ئەي قەرىنداش،
ئول كۈن يەنە كۆرمەسەم ئىكەن كاش.

— موللا نىياز.

قەرىيە [قريه] (ئە) يېزا، كەنت، مەھەللە، قىشلاق:

نەچە قەرىيە ۋە كەنتلەرنى باسىپ،
ئۆرە تۆپە مۈلكىگە باردىم يېتىپ.

— ئا. نىزارى.

قەزا I [قضا] (ئە) 1) بالا، قازا، ئەجەل، ئۆلۈم:

قەزا سۆدرەبان ھەربىرىن ھەرقەيان،
بىرىنى بۇيان قويدى، بىرىنى ئۇيان.

— ئا. نىزارى.

2) ئەزەلدىن بەلگىلەنگەن تەقدىر:

فىراق ئىلكىدە ئەي يەئقۇب جانىم بولماغىل دىلگىر،
قەزاغا رو بېرىپ قىلغان ئەمەستۇر ھېچكىم تەغيىر.

— زەلىلى.

3) تەڭرى ئىرادىسى:

بەندە ئاجىزغە قەزادىن گۆر ئەزابى يەتسەلەر،
رەھىم ئېتىپ دەفئ ئېيلەگەن سۇلتانى غەففارىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

قەزا كەلمەك — ئەجەل يەتمەك، ئۆلمەك:

تۇت ئەي ساقىيا بىزگە جامى رىزا،
ئانى سىپقاراي كەلسە نەچچە قەزا.

— ئا. نىزارى.

قەزاۋۇ قەدەر — بالا - قازا، تاسادىپىي ۋەقە:

ئىرادە بۇ ئېركەن نىچۇك ئېيلەيىن،
قەزاۋۇ قەدەرنىڭ ئىشىن بىلمەيىن.

— ئا. نىزارى.

قەزائى مامەزا — بىجىرىلمەسەي قالغان ئىشلارنى

بېجىرىش:

قەزائى مامىزاچۇن فەۋتى ھال ئەيلەر، زىھى ھەسرەت،
مۇۋەففەق ئولكى ئەۋۋەلدىن بولۇر ئۆز ۋاقتىدىن ئاگاھ.

— نەۋايى.

قەزا يەتمەك — ئۆلمەك، ۋاپات بولماق، ئالەمدىن ئۆتمەك:

قەزا يەتسە كەتسەم ئىدى ئالدىدا،
قالىپمەن نېتەي ئەمدى دۇنيالىدا.

— ئا. نىزارى.

قەزايى ۋۇدۇد — ئىرادە قىلىنغان ئۆلۈم:

قىلىپ ئىشنى سوڭرە پۇشەيمان نەسۇد،
بۇ ئېرمىش قىزىڭغە قەزايى ۋۇدۇد.

— ئا. نىزارى.

قەزا II [قضا] (ئە) قازىلىق.

قەزارا [قضارا] (ئە + پ) ئويلىمىغان يەردىن، تاسادىپىي، توساتتىن:

قەزارا كىرىپمىز سەفىنە ئارا،
كىرىپ مال ئانداغ خەزىنە ئارا.

— ئا. نىزارى.

قەزايا [قضايا] (ئە) بۇيرۇقلار، ھۆكۈملەر؛ دەۋالار:

كى دارغە چۇن يەتتى بارغان رەسۇل،
سىكەندەر قەزاياسىغە بەردى تۇل.

— نەۋايى.

قەس [قس] (ئە) پوپ (خرىستىئانلارنىڭ).

بۆشوككە سالدىلار بۇ قەيس قەسنى،
ياتا ئېردى شوراپ ھەردەم لەبىنى.

— موللا پازىل.

قەساس [قصاس] (ئە) ئۆچ ئېلىش، قىساس:

قىساسىغە ئاستى ئانى دارغە،
بالا دەردىدە تۇردى ئۇ زارغە.

— ئا. نىزارى.

قەساۋەت [قساوت] (ئە) رەھىمسىزلىك، زالىملىق، قاتتىقلىق:

قارا بەختىم ئۇشول مەھبۇب جاندىن لەززەت ئالمايدۇر،
دىلىم ھەرگىز ئېرىمايدۇر قەساۋەتدىن ھەجەر يەڭلىغ.

— شەۋقى.

قەسايىد [قصايد] (ئە) قەسىدىلەر:

نەۋا سازلىق ئەيلەدى ئول زەمان،
قەسايىد بىلە نەقشى قىلدى ئەيان.

— ئا. نىزارى.

قەسەب [قصب] (ئە) زەر ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان نېپىز رەخت.

قەسەبە [قصبه] (ئە) چوڭ قىشلاق، شەھەرچە:

كەشمەگەن شەھرۇ قەسەبە قالمادى،
بىر خەبەر ھېچكىم ئۇلاردىن ئالمادى.

— زەلىلى.

قەسەبپۇش [قصب پوش] (ئە + پ) 1) پەردە:

شەھد ئىككى لەبى، ۋەلى رەتەبنۇش،
بەدر ئىككى يۈزى، ۋەلى قەسەبپۇش.

— نەۋايى.

2) زەرباپ تون كىيگەن:

سۇمۇردى ئۆيلە شەمشادى قەسەبپۇش،
كى مۇندىن ئالدى ئانىڭ ئىچىگە ھۇش.

— نەۋايى.

قەسد [قصد] (ئە) مەقسەت، نىيەت:

قىزىغ بولغانچە سەۋتى تەبلى پەرداز،
ئېگىز پەرۋازلىقنى قەسد ئېتىپ باز.

— ناقىس.

قەسد قىلماق — مەقسەت قىلماق، نىيەت قىلماق:

بىسى شىرىن ئىشدۇركى ئەفسانەسىن،
ئەگەر قەسد قىلسە ئانىڭ دانەسىن.

— ئا. نىزارى.

قەسىر [قصر] (ئە) ئوردا، ساراي؛ قورغان:

فەرىدون تەختى بىرلە كىسراۋ تاقىن مىننەتىن چەكمەم،
مەجازى شاھلەر قەسرۇ رەۋاقىن مىننەتىن چەكمەم.

— زەلىلى.

قەسرى تاقى — ساراي گۈمبىزى:

كېچەلەر ئەنجۇم فەلەكلەر دادىمە، رەۋشەن دېگىل،
كىم يۈز ئاچمىش قەسرى تاقى ئۆزرە ئول شەمئى چىگىل.

— ناقىس.

قەسرى دەۋلەت — ھۆكۈمرانلىق بىناسى:

رەزم مەيدانىدىن يانىپ شادان،
قەسرى دەۋلەتنى قىلسالىڭ ئابادان.

— نەۋايى.

قەسرى سەندەل — سەندەل دەرىخىدىن قۇرۇلغان قەسىر.

قەسرى كافۇرى — ئاپئاق، چىرايلىق بىنا.

قەسرنىشىن [قصرنشين] (ئە + پ) قەسىردە تۇرغۇچى.

قەسسام [قسام] (ئە) تەقسىم قىلغۇچى، ئۈلەشتۈرگۈچى، رىزىق بۆلگۈچى:

قەسسامى ئەزەلكىم بۇ جەھاننى ياراتىپدۇر،
بەئزىنى فەقىر، بەئزىنى ئەزىز ياراتىپدۇر.

— مىسكىن.

قەسسامە [قسامە] (ئە) قەسەم، ئانت:

مۇسا ئەلەيھىسسەلام ئول ئىككى قەۋمغە كىم، مەقتۇل ئەلەرنىڭ ئاراسىدە تاپىلىب ئېردى، قەسسامەغە ھۆكم قىلدى.

— نەۋايى.

قەسۇر [قصور] (ئە) «قەسىر» نىڭ كۆپلۈكى — قەسىرلەر:

جەمال گەۋھەرى يەكتاغا مۇتتەزىر بولۇبان. بىھىشت ھۆرى قەسۇر باغى ئالى رىزۋان چەرخ.

— شەۋقى.

قەسىدە [قصيدە] (ئە) بىراۋنى ماختاپ، مەدھىيىلەپ يازغان شېئىر، مەدھىيە:

ئوقۇپ بىر قەسىدە چۇ باغقە قاراپ،
ئىشىتتى بۇ سۆزنى ئاتاسى ماراپ.

— ئا. نىزارى.

قەسىدەگۇي [قصيدەگوى] (ئە + پ) قەسىدە يازغۇچى شائىر.

قەقنۇس [ققنوس ″ ققنس] (پ) ئەپسانىۋى چوڭ قۇش:

سۆز دىلدىن پەيكەرى قەقنۇسنىڭ كۆيگەنلەرىن،
فەھم ئېتەرمەن بۇ كۆڭۈلدە سوز ھىجرانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

قەقنۇسۋار [ققنسوار] (پ) قەقنۇسدەك، قەقنۇس كەبى:

چۇنكى قەقنۇسلىق ئەيلەبان ئىزھار،
ئوت سالىپ ئالەم ئىچرە قەقنۇسۋار.

— نەۋايى.

قەقشال [ققشال] قاقشال.

قەلاۋۇز [قلاوز] يېتەكچى، يول باشلىغۇچى:

غەزەپدۇر بىر قاراقچى سەختگىرى،
ئەلەمچىيۇ قەلاۋۇزۇ بورىيدى.

— موللا پازىل.

قەلئە [قلعە] (ئە) قورغان، ئوردا؛ شەھەر:

تۇرۇسكە دىگەن قەلئە سارى يۈرۈپ،
يېتىپ مۇندا ھەم تۇرغە ئىشلار كۆرۈپ.

— ئا. نىزارى.

قەلئەبەندان [قلعەبندان] (ئە + پ) قامال، مۇھاسىرە:

كېلىپ بۇ شەھەر بولدى قەلئەبەندان،
كىرىپ قورغانغە ئول گۇل بەرگى خەندان.

— نەۋايى.

قەلئەدار [قلعەدار] (ئە + پ) قەلئە باشلىقى، قەلئە بېگى.

قەلئەۋار [قلعەوار] (ئە + پ) قەلئەگە ئوخشاش، قەلئە كەبى.

قەلەم [قلم] (ئە) خەت يېزىش قورالى، قەلەم:

ئالىپ ئىلكىگە ئەژدەرۋەش قەلەمنى،
يازىپدۇر سەفھەگە مۇنداغ رەقەمنى.

— ناقىس.

قەلەم ئەھلى — يازغۇچى، شائىر، ئەدىب؛ خەتتات، نەققاش.

قەلەم بەقەلەم — تامامەن، پۈتۈنلەي، تولۇق.

قەلەم چەكمەك — يازماق، قەيد قىلماق.

قەلەم سالماق — يازماق.

قەلەم سۈرمەك — خەت يازماق.

قەلەم ئۇرماق — يازماق، قەيد قىلماق.

قەلەمدان [قلم دان] (ئە + پ) قەلەم سالىدىغان قاچا، قەلەمدان:

قەلەمدان ئىچرە مەن بولدۇم گىرىفتار،
ۋەگەر نە ئورنۇم ئېردى تاقى دەستار.

— موللا پازىل.

قەلەمرەۋ [قلم رو] (ئە) مۈلك، قول ئاستىدىكى يەرلەر.

قەلەمزەن [قلم زن] (ئە + پ) يازغۇچى، كاتىب؛ مەنسەپدار:

قەلەمزەنگە بولۇپ سۈرمەك قەلەم فەن،
يانىدە كارفەرما ھەم قەلەمزەن.

— نەۋايى.

قەلەم گۇن [قلم گون] (ئە + پ) قارا.

قەلەمكەش [قلم كش] (ئە + پ) يازغۇچى، كاتىپ.

قەلەندەر [قلندر] (پ) تەركىي دۇنيا قىلغان كىشى، دەرۋىش.

قەلەندەران [قلندران] (پ) قەلەندەرلەر:

ئالتۇن ئاياغىدىن غورۇر ئەيلەسە ئەغنىيايى دۇن،
تەرز قەلەندەران كۆرۈڭ كەللەئى ئۇستىخان قەدەھ.

— زەلىلى.

قەلەندەرخانە [قلندرخانە] (پ) قەلەندەرلەرنىڭ جەم بولىدىغان جايى، قەلەندەرلەر چۈشىدىغان ئۆي.

قەلەندەرپىشە [قلندرپيشە] (پ) قەلەندەرلىكنى ئادەت قىلغان كىشى، قەلەندەر.

قەلەندەرۋار [قلندروار] (پ) قەلەندەرلەرچە، قەلەندەرگە ئوخشاش، قەلەندەر كەبى:

قەلەندەرۋار ئولۇبان كوچەئى تەرك ئىچرە سەير ئەتكىل،
كى ئەيسادەك كىشىگە ئىگنەدىن ماجرا ئاخىر.

— زەلىلى.

قەلەندەرۋەش [قلندروش] (پ) قەلەندەر تەبىئەت،

پەرۋاسىز، ھەممە نەرسىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان:
كىم ئېرۇر ئۇشبۇ كىشى قەللاشلىق،
رىندۇ قەلەندەرۋەشۇ ئەۋباشلىق.
— نەۋايى.

قەلب I [قلب] (ئە) 1) يۈرەك، دىل؛ ھەر نەرسىنىڭ مەركىزى، ئوتتۇرىسى:
ئەي خۇدا رەھىم ئەيلەگىل بىچارە ئۇممەت ھالىغە،
رۇشدى ئىرفاندىن كېيىن يارەببى قەلبى لاتۇزىغ.
— شەۋقى.

قەلب ئارا تۇرماق — ئوتتۇرىدا تۇرماق.

قەلب II [قلب] (ئە) 1) ھەرقانداق نەرسىنىڭ تەتۈرى؛ يالغان، ساختا. 2) ھىيلىگەر، ئالدامچى، ناپاك:
گەر ياشۇردى بىلىپ سەلام سۆزىن،
كۆزىنى قەلبۇ ھىلەساز ئەتدى.
— نەۋايى.

قەلبەكى [قلبەكى] (ئە + پ) ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق مەقسەتلىرى بىلەن ئەسلىدىكىگە ئوخشىتىپ قىلىنغان؛ ساختا، ياسالما، يالغان.

قەلبگاھ [قلب گاه] (ئە + پ) ئارىلىق، ئوتتۇرىلىق، مەركەز.

قەلتەبان [قلتبان] (پ) 1) ئەر - ئاياللارنى پاھىشە قىلىشقا تونۇشتۇرغۇچى. 2) ئىپلاس، رەزىل ئادەم.

قەللاب [قلاب] (ئە) ساختا، ئالدامچى، ھىيلىگەر (ئادەم):
مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەند ئەتتى سېنىڭ ئول زۇلفى قەللابىڭ،
نەچۈك قىلساڭ قىل ئەمدى چارە يوقدۇر ئەمدى مەن قايىل.
— موللا ئەلەم.

قەللاش [قلاش] (ئە) ھېچنەرسىسى يوق، مۇقىم بىر يەردە تۇرمايدىغان، ماكانسىز، لاماكان:
فەقىرۇ مىسكىنۇ مۇھتاجلارنى،
گەدائۇ مۇفلىسۇ قەللاشلارنى.
— موللا پازىل.

قەلىل [قليل] (ئە) ئاز، كەم:
كى خەمسە كالامىدا باردۇر تەۋىل،
قىلىپ شىمەئى سۆزنى مۇندا قەلىل.
— ئا. نىزارى.

قەمار [قمار] (ئە) قىمار.

قەمەر [قمر] (ئە) ئاي:
پەرتەۋى ھۇسنۇڭ قەمەرمۇ، لەززەتى لەئلى شەكەر،
بولۇبان شىرىن سەمەر ھەر سۆزىدىن ھاسىل يىگىت.
— ئەرشى.

قەمەر چېھر [قمرچهر] (ئە + پ) چىرايى ئايدەك، ئاي يۈزلۈك، گۈزەل.

قەمەرسىما [قمرسيما] (ئە) ئاي يۈزلۈك، گۈزەل:
فەلەك قالىب يۇراقىدىن ئېمەس ۋەسفى فەلەك سۇرەت،
قەمەر يارۇب جەمالىدىن ئېمەس نەئتىڭ قەمەرسىما.
— نەۋايى.

قەمەرۋەش [قمروش] (ئە + پ) ئايغا ئوخشاش، گۈزەل.

قەمبەر [قمبر] (ئە) كوكۇلا، خورازنىڭ تاجى:
قەدەم قويدۇڭ كۆزۈڭنى چاغلاماي مەقسۇد ئالىيغە،
رەفىق ئولماقغە يول قەتئىدە رۇخسەت قۇركى قەمبەرتاپ.
— ناقىس.

قەمچى [قمچى] قامچا.

قەمىس [قميص] (ئە) كۆڭلەك، ئىچ كىيىم.

قەمىش [قميش] قومۇش.

قەنا [قنا] ئاياللار تىرنىقىغا سۈرتسە تىرناقنى قىزارتىدىغان بىر خىل ئوت، خېنە.

قەنائەت [قناعت] (ئە) 1) ئازغا ياكى بارىغا كۆنۈش، بارى بىلەن كۆپايىلىنىش:
فەقىرلىق بىناسىنى قىلغىل بەلەند،
قەنائەت تەرىقىدە قىل ئەجۇمەند.
— ئا. نىزارى.

2) تەمەسىزلىك:
ھەر كىشى بول زەنجىدىن ئولسە يىراق،
سەبرۇ قەنائەت بەرىدىن ياخشىراق.
— نەۋايى.

قەنائەت ئەيلەمەك — كۆپايىلەنمەك، سەبرى قىلماق، بەرداشلىق بەرمەك.

قەنائەت قىلماق — «قەنائەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

قەنات [قنات] قانات:
ئېرۇر قۇمرى بويىنى ئۆزە تەۋقىدار،
كى ئاۋاز ئەيلەپ قەناتىن ئۇرار.
— ئا. نىزارى.

قەند [قند] (پ) قەنت، شېكەر:
بىرى شەربەت قىلىپ قەندۇ شەكەرنى،
كەباب ئەيلەپ بىرى جانۇ جىگەرنى.
— موللا پازىل.

قەندىل [قنديل] (ئە) نۇرغۇن شام قادايدىغان ئاسما شامدان:
شەرىئەت قەندىلىنى رەۋشەن ئەيلەپ رەھنەمۇن بولدۇڭ،
تەرىقەد مەسنەدىدە مەھدى ئاخىر زەمان ئەيلەر.
— زەلىلى.

قەندىلى جەھان تاب — جاھاننى يورۇتقۇچى قەندىل:
ئاي كېچە قەندىلى جەھان تاب ئاڭا،
قەۋسى قۇزەھ ھەيئەتى مېھراب ئاڭا.
— نەۋايى.

قەنى [قانى] قېنى (سوئال ئالماش):
ھەر سۇبھىدەم بۇ خەستەجان ئىگراپ چىكەر تۈرلۈك فىغان،
ئىمكان قەنى يۇتماسقە قان يوق بولسەگەر گۈل لەئل لەب.
— ناقىس.

قەھەت [قحط] (ئە) ئاچارچىلىق، ئاچلىق.

قەھەت ئەندىش [قحط انديش] (ئە + پ) قەھەتچىلىكنى، قىممەتچىلىكنى خالىغۇچى.

قەھبە [قحبه] (ئە) بۇزۇق، پاھىشە ئايال.

قەھبەۋار [قحبەوار] (ئە + پ) پاھىشە كەبى، بۇزۇق خوتۇندەك.

قەھر [قهر] (ئە) غەزەپ، ئاچچىق:
نىزارنى زار ئەتمەگىل دەھر ئارا،
داغى تاڭلا كۆيدۈرمەگىل قەھر ئارا.
— ئا. نىزارى.

قەھرى خۇدا — خۇدانىڭ غەزىپى:
قەۋمى ئادنى ھەلاك ئەتمىش ئۇشول قەھرى خۇدا،
ئەسلى بىلسەڭ ئۇشبۇ سۆزنى بار سەرسەردىن ئەمەس.
— شەۋقى.

قەھقەھە [قهقهه] (ئە) قاھ - قاھ (ئاۋاز تەقلىد):
بىر كۈنى قىلدى تەكەللۇم ناز ئېتىپ يارىم ماڭا،
قەھقەھە بىرلە كۈلۈپ گۈل يارى دىلدارىم ماڭا.
— بىلال نازىم.

قەھھار [قهار] (ئە) غەزەپلەنگۈچى؛ زالىم؛ ئۆلتۈرگۈچى؛ مۇتلەق ھاكىم؛ خۇدا:
قەددىم ھەمدىڭغە قويغايمەن بەيەكبار،
كى سەن سەن ۋاھىدەل قەھھارۇ جەببار.
— زەلىلى.

قەھھارلىغ [قهارليغ] قەھرلىك، غەزەپلىك.

قەۋافىل [قوافل] (ئە) «قافىلە» نىڭ كۆپلۈكى:
ھەمە كارۋان باشى ئېردى ئاتام،
ئىدى زىردەستى قەۋافىل تەمام.
— ئا. نىزارى.

قەۋائىد [قواعد] (ئە) «قائىدە» نىڭ كۆپلۈكى.

قەۋس [قوس] (ئە) 1) ياي، كامالەك، ياچاق:
قەۋسۇ قۇزەھكە مەشقدۇر قاشى ھىلالىدىن نىشان،
غەمزە ئوقىنى گەزلەگەچ جانۇ كۆڭۈل شىكارىمەن.
— مىسكىن.

2) ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىدىن توققۇزىنچىسى:
قەۋس بولدى يولىدا چىللەنىشىن،
جەدي نەززارەسىدە قۇللەگۇزىن.
— نەۋايى.

قەۋسەيىن [قوسين] (ئە) 1) «قەۋس» نىڭ كۆپلۈكى:
مەكان گەر لامەكان ئېردى بەسى فەزلى شەرافەتدىن،
يەقىن ئول نەۋئەكىم قەۋسەيىندىن تاپتى مەكان ئاندا.
— ئەرشى.

قەۋس مانەند [قوس مانند] (ئە + پ) يايدەك، كاماندەك، كامالەك كەبى ئېگىلگەن.

قەۋل [قول] (ئە) گەپ، سۆز؛ ھەدىس:
تەۋەككۇلغە نۇقسان يېتىپ قەۋلىدىن،
كى فىكىر ئەتمەدىڭ ئاخىر ھەۋلەدىن.
— ئا. نىزارى.

قەۋل ئەيلەمەك — سۆزلىمەك، گەپ قىلماق:
چۇ مەھزۇنغە شەرت ئەتتى جانانەسى،
كى قەۋل ئەيلەبان ئۆزرر پەيمانەسى.
— ئا. نىزارى.

قەۋلى پەيغەمبەر — پەيغەمبەر سۆزى:
شاھ راھ شەرئىنى تا ئۆلگۈنچە تەرك ئەتمەگىل،
قەۋلى پەيغەمبەر دۇرۇر ئۈممەتكە دەستۇرۇل ئەمەل.
— زەلىلى.

قەۋلى راست — راست گەپ، ھەق گەپ:
مەنسۇر ئېرۇر ھەق پەرەس،
ئاللا بىرلە قەۋلى راست،
ئۆزىنى قىلىپ بەندەگى خاس،
ئەقىل ھەيران ئەردىيا.
— «داستانى مەنسۇر» دىن.

قەۋلى كەززاف — يالغانچى، ئالدامچىنىڭ سۆزى:
غەرىش چىقماغىل ئەدل ئىنسافدىن،
كى پەرھىز قىل قەۋلى كەززافدىن.
— ئا. نىزارى.

قەۋل - گۇفتار [قول گفتار] (ئە + پ) گەپ - سۆز:
دېدى ئول كىشى تۇرفە ئەسرارنى،
خەتا ئەيلەدىڭ قەۋل - گۇفتارنى.
— ئا. نىزارى.

قەۋم [قوم] (ئە) 1) كىشىلەر توپى، گۇرۇھى؛ خەلق:
ھەمە گۇمراھلارنىڭ پېشەۋاسى،
يېتەلمەس قەۋمىغە قىلغان خەفاسى.
2) ئۇرۇق:
كەلسە ھەفتاد دۇ مىللەت فىرقەسىدىن قەۋملەر،

ئېتىرازۇ مەزھەبۇ ئايىن ئۈچۈن قىلمالىڭ جەدەل.

— زەلىلى.

قەۋمۇخەيل — ئەل ۋە جامائەت:

قەۋمۇخەيلى بارى قالىپ غافىل،
ئول قارا تۈندە ھەستۇ لايەئقىل.

— نەۋايى.

قەۋمى زىيارەتى — كىشىلەردىن ھال - ئەھۋال سوراش، كىشىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، زىيارەت قىلىش.

قەۋمى نادان — نادان كىشىلەر، نادان، جاھىل ئەل.

قەۋمى نۇھ — نۇھ ئەلەيھىسسالام قوۋمى:

سەرتاسەر جەھانغە ياغسە بەلاي توفان،
ئەي، قەۋمى نۇھ قورقمالىڭ، ھەق كىشتىبان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

قەۋماغ [قاوماغ] قوغلىماق، سۈرمەك.

قەۋۋالە [قواله] (ئە) خۇش سۆھبەت؛ غەزەلچى:

سەدايى شىشە كۆڭلۈمدە ھەردەم يۈز تەرەننۇم بار،
نەھاجەت نەغمە قىلماق بۇ كېچە مەجلىسدە قەۋۋالە.

قەۋى [قوى] (ئە) 1) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك:

ئۇفالدا ياتىپدۇر ھەزرەت مەۋلەۋى،
كى موللام ئاتاپ ھەر زەئىفۇ قەۋى.

— ئا. نىزارى.

2) مەھكەم؛ سەمىمىي؛

لىسانىمنى زىكرىڭغە قىلغىل قەۋى،
بولاي ياد ئېتىپ ساھىبى مەئنەۋى.

— ئا. نىزارى.

قەئدە [قعده] (ئە) ئولتۇرۇش.

قەئدەئى سۇجۇد — ئىبادەتكە، سەجدىگە ئولتۇرۇش:

يوقدۇر سەخاۋۇجۇدۇلىڭ ھەم قەئدەئى سۇجۇدۇلىڭ،
مەھۋە ئولماي ۋۇجۇدۇلىڭ، بوسۇكەنار ئىچىدە.

— زەلىلى.

قەئدۇ قىيام — ئولتۇرماق - قوپماق:

بولسا نەماز ئاشىقان خەلق ئىچىدە تەرك ئەگەر،
باتىنىدىن زۇھۇر ئېتەر سەجدەۋۇ قەئدۇ قىيام.

— زەلىلى.

قەئر [قعر] (ئە) 1) تەگ، تۈۋ، ئاست:

گۆھەر ھايى مەئانى قەئرى دەريادىن ئالغايمۇ،
شىناۋەر شىشە پۈشى قۇلزۇمى ئابى رەۋان ئولماس.

— زەلىلى.

2) دەريا تۈۋى:

فۇرۇزكەتتى ئەشيا تۈشۈپ قەئرىگە،
بۇلار ئاقتى تەختەبىلە بەھرىگە.

— ئا. نىزارى.

قەي [قى] قايسى، قاچان.

قەياش [قياش] «قاياش» قا قاراڭ.

قەياسىرە [قياصره] (ئە) قەيسەرلەر، رۇم پادشاھلىرى.

قەيان [قيان] «قايان» غا قاراڭ.

قەيتۇر [قايتور] قايتىش، قايتىپ كېتىش:

بەناگاھ پەرى چىقتى قەيتۇر ئۆزە،
سەياھەت قىلىپ قەسرى مەشھۇر ئۆزە.

— ئا. نىزارى.

قەيد [قيد] (ئە) 1) كىشەن، ھەپسە؛ باغلانغان، بېكىتىلگەن، بەند:

تۈشۈب شول زەمان بىر بالىق سەيدگە،
كىرىپ تور ئارا تۈشتى ئول قەيدگە.

قەيد ئەتمەك — كىشەنلىمەك، كىشەن سالماق، بەند قىلماق، باغلىماق:

زەمىن ۋەھشىلەرىن قىلماق ئۈچۈن سەيد،
ھەۋا تائىرلارىن ئەتمەك ئۈچۈن قەيد.

— ناقىس.

قەيد ئەيلەمەك — «قەيد ئەتمەك» كە قاراڭ:

سەرۋىنىڭ بويىنغە زۇلفۇڭنى ئەگەر قەيد ئەيلەدىڭ،
قامەتىڭ نەخلىغە ئاشىقلىق گۇناھىدۇر سېنىڭ.

— ناقىس.

قەيدى جۇنۇن — بەند قىلىنغان، باغلانغان ئاشىق:

زەنجىرى مۇھەببەت بىلە دەر قەيدى جۇنۇن مەن،
تا تۈشتى كۆزۈم سىلسىلەئى زۇلفى دۇتاھغە.

— زەلىلى.

2) يېزىش، كىرگۈزۈش.

قەيد قىلماق — يازماق، پۈتۈپ قويماق، كىرگۈزمەك.

قەيدپەيۋەند [قيدپيوند] (ئە + پ) بەند قىلغۇچى، ئاسارەتكە سالغۇچى:

تاگىپ دەردىغە چەرخى قەيد پەيۋەند،
كەمەند ئۆزرە كەمەندۇ بەند ئۆزە بەند.

— نەۋايى.

قەيسەر [قيصر] (ئە) 1) قەدىمكى رۇم پادشاھى، پادشاھ:

مۇقىم كويۇڭ ئالۇرغە ئەگەركى يەتسە بەھەم،
نەچەكى قەيسەر خاقان ئولسە گەر گەدا بولسۇن.

— مىسكىن.

2) باتۇر، قەھرىمان، ئىرادىلىك.

قەيش [قيش] قېيىش، چەم.

قەيماغ [قيماغ] قايماق.

قەييۇم [قيوم] (ئە) دائىمىي، ئەبەدىي، مەڭگۈ:
ئەگەر ھىممەت قىلىپ ئىچسەڭ بۇ مەيدىن،
ئىنايەت تاپقۇڭ ئول قەييۇمى ھەيدىن.

— موللا پازىل.

قەييۇمى مۇتلەق — خۇدانىڭ سۈپىتى؛ دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى.

قەييۇمى ھەقىقى — خۇدا، ئاللا.

قوتان [قوتان] ئايغى، بويىنى، تۇمشۇقى ئۇزۇن بىر خىل يىرتقۇچ قۇش.

قوخلۇق [قخلوق] قورقۇنچلۇق:
ياشى ئوتتۇرا، چىرايى قوخلۇق ئېردى،
ھەممەخاتۇنلار ئىچرە مەخلۇق ئېردى.

— موللا پازىل.

قورغاشۇن [قورغاشون] قوغۇشۇن:
نېكىم نۇقرە بىلە ئالماس كانى،
كى قەرەنۇ قورغاشۇن، ئالماس كانى.

— موللا پازىل.

قورۇقچى [قوروقچى] ھىمايە قىلغۇچى، قاراۋۇل.

قوشۇق [قوشوق] قوشاق، شېئىر:
دىبان نەقش ئۇزرا دەگىنز يار - يار،
قوشۇق ئەيتىبان ئەيتىگىنز يار - يار.

— ئا. نىزارى.

قولداماق [قلداماق] قوللىماق، ياردەم بەرمەك، ھىمايىداشلىق قىلماق:
چۇ تۇرپان ئىلىنىڭ يولىن يولداغاي،
قىيامەتدە قولىن تۇتۇپ قولداغاي.

— ئا. نىزارى.

قويى [قويى] تۆۋەن، تۆۋىنى، ئاستى:
باشىن قويى سالىپ، ئەيدى قەلەمشاھ:
مېنىڭ ھالىمغە بولغىل ئەمدى ئاگاھ.

— موللا پازىل.

قۇباد [قباد] قەدىمكى ئىران شاھلىرىنىڭ بىرسى:
قاشىڭدىن كەمتەرىن قۇل كەلسە ئەرشى موھتەرەم تۇتمىش،
گەھى جەمشىد، گەھى خۇسرەۋ، گەھى شاھى قۇباد ئەيلەپ.
— ئەرشى.

قۇببە [قبه] (ئە) گۈمبەز، يېرىم شار شەكلىدىكى يېپىق جاي:
چەرخ ئۇششاق ئاھى ئوقىدىن مەگەر ۋەھم ئەتتىكىم،
قۇببە قىلدى مېھرىنى ئۆز ھەيئەتى قالقان بولۇپ.

— نەۋايى.

قۇببەتۇل ئىسلام — بەلغ شەھرىگە بېرىلگەن ئۇنۋان:
ساقىيا كەلدى سادايى جامىدىن،
ياد قىلغىل قۇببەتۇل ئىسلامىدىن.

— زەلىلى.

قۇبۇر [قبور] (ئە) قەبرىلەر، گۆرلەر:
ئۆمۈر ئۆتتى بو ھەۋەسدە، جان بۇلبۇلى قەفەسدە،
كامىلغە ھەر نەفەسدە، كەشفى قۇبۇر ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

قۇبۇغ [قبوغ] گۇناھكارلارنىڭ بويىنىغا سالىدىغان تاختا:
قىلىپ قۇللۇغۇڭ سەيلەسەم جان نىسار،
قۇبۇغۇڭدا تۇرسام زەھى بەندەۋار.

— ئا. نىزارى.

قۇت I [قوت] (ئە) 1) يېمەك، ئوزۇق، تاماق:
ئەل غۇلۇسى قىلىپ مېنى مەبھۇد،
غەم كۆڭۈلگە غىزائۇ جانىمە قۇت.

— نەۋايى.

2) روھ، جان:
يىراقتىن كۆرۈپ ئوغلى تابۇتىنى،
ئۇزۇپ چەرخ ئانىڭ ئۆمرىنىڭ قۇتىنى.

— نەۋايى.

قۇت ئەتمەك — ئىچمەك، ئوزۇقلانماق.

قۇت ئولماق — ئوزۇق بولماق، تاماق بولماق.

قۇتى تەئەييۇد — ئوزۇلدۇرمەي بېرىلگەن ياردەم:
مۇساغە بېرىپ قۇدرەتىدىن قۇتى تەئەييۇد،
كۆرگۈزگۈچى دۈشمەن يانىدا ئىلكىنى بەيزا.

— ناقىس.

قۇتى رۇھ — جان ئوزۇقى.

قۇتى ھايات — كۈندىلىك ئوزۇق، تاماق.

قۇت II [قت] بەخت، سائادەت، تەلەي.

قۇتب [قطب] (ئە) ھەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى، مەركىزى؛ ئېتىبار ۋە ھۆرمەت مەركىزى بولغان ئالىم؛ پېشۋا، يولباشچى:
يەنە قوتبلەرنى زىيارەت قىلىپ،
كى ھاجەت تىلەپمەن رىيازەت قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

قۇتبى ئالەم — ئالەمنىڭ پېشۋاسى:
نەزەر تا قۇتبى ئالەم قىلماغۇنچە بىگۇمان بىلگىل،
نەچۈك ئالغاي جەۋاھىر بەھرىدىن ساھىب نەزەر تەنھا.

— زەلىلى.

قۇتبى ئەۋلىيا — ئەۋلىيالار باشلىقى، يولباشچىسى:
مۇرشىدى ئەتۋارۇ قۇتبى ئەۋلىيا،
كۆڭلىدە شەمئى ھىدايەتدىن زىيا.

— نەۋايى.

قۇتبى زەمان — زامان ئالىمى، زامان يولباشچىسى، پېشۋاسى:

ئىلاھا، كى قۇتبى زەمان ھۆرمەتى،
بۇ رەۋزە شەرىفدە نىھان ھۆرمەتى.

— ئا. نىزارى.

قۇتبى قەلەندەر — قەلەندەرلەرنىڭ باشلىقى، پېشۋاسى:

قۇتبى قەلەندەرلەر تاماشا قىلىپ،
رۇيى تەۋەككۇلنى بەمەۋلا قىلىپ.

— زەلىلى.

قۇتبى قىيامەت — ئاجايىپ ئىش:

بوي چەكتىڭۇ ئافاق ئىچىدە قۇتبى قىيامەت،
ھەي - ھەي، نە بەلا سەرۋى خىرامان يېتىلىپسەن.

— لۇتفى.

قۇتبى مۇتلەق — ھەممە جەھەتتىن يېتىشكەن ئالىم:

مەئنى ئەھلىغە ئىمامى بەرھەم،
ھەقدىن ئىسلام ئارا قۇتبى مۇتلەق.

— نەۋايى.

قۇتبى ۋەلى — پېشقەدەم يولباشچىلار، ئالىملار؛ دوستلار:

ھەقايىق پەناھ نەچچە قۇتبى ۋەلى،
چۇكاشغەر نۇاھىن قىلىپ مەنزىلى.

— ئا. نىزارى.

قۇتبۇل ئەقتاب [قطب الاقطاب] (ئە) يولباشچىلارنىڭ يولباشچىسى:

ئانداباردۇر قىرىق مەردانە خۇدا،
قۇتبۇل ئەقتابى جەھانى ئەۋلىيا.

— زەلىلى.

قۇتر [قطر] (ئە) 1) تامان، تەرەپ. 2) دىئامېتىر.

قۇترىن قىياس ئەيلەمەك — ئىچكى تەرەپتىن مۆلچەرلىمەك.

قۇتتائ [قطاع] (ئە) يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلار، قاراقچىلار.

قۇتقارماق [قوتقارماق] قۇتقۇزماق، قۇتۇلدۇرماق:

بەندە ئاجىز مۇبتەلادۇر نەفسى شەيتان دامىگە،
قۇتقارىپ ئالساڭ نە بولغاي شۇم ئەھۋالىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

قۇتلۇغ [قوتلوغ] مۇبارەك؛ مۇقەددەس:

ھەقىقەتتە قۇتلۇغ قاراخان ئاتى،
كى شىرى خۇداغە يېتەر نىسبەتى.

— ئا. نىزارى.

قۇتلۇغلۇغ [قوتلوغ لوغ] مۇبارەكلىش، مۇبارەكلەپ مەلۇم نەرسە ئېلىپ بېرىش، تەقدىم قىلىش:

بۇلار ھەم پېشكەشلەر قىلدى سوۋغات،
ھەمە قۇتلۇغلۇغىغە تىيۈەۋۇ ئات.

— موللا پازىل.

قۇتۇز I [قوتوز] قوتاز.

قۇتۇز II [قوتوز] قۇترىغان.

قۇتۇز بولماق — قۇترىماق:

تەلبەدۇر ناكەس رەقىبىڭ، قەتل ئېرۇر ۋاجىب ئاغا،
مۇندىن ئۆزگە يوق ئىلاجى، ئىتكى ئول بولغاي قۇتۇز.

— نەۋايى.

قۇچقۇ [قوچقو] قۇچاقلىنىدىغان، قۇچاقلاشقا ئەپلىك، قۇچاققا سىغىدىغان.

قۇچماق [قوچماق] قۇچاقلىماق:

تۇشدە كۆرسەم سېنى قۇچۇپ دىلبەرىم،
رەڭگى رويۇم كەتتى ئۆچۈپ دىلبەرىم.

— قەلەندەر.

قۇدەما [قدما] (ئە) ئۆتمۈش ئەۋلادلار، قەدىمكىلەر، بۇرۇنقىلار.

قۇددۇس [قددس] (ئە) پاك، تازا، ساپ:

شەبىستاننىڭ ئار سۇبھۇھلەرىدىن يۈز تۈمەن تاۋۇس،
گۈلىستاننىڭ ئارا قۇددۇسلەرىدىن يۈز تۈمەن دەرراج.

— نەۋايى.

قۇددۇسىيان [قددسيان] (ئە) پەرىشتىلەر:

داغى سەير ئەيلەدى ئول ئاسمانلار،
ھەمە قۇددۇسىيان، سۇبھۇھىيانلار.

— ناقىس.

قۇدرەت [قدرت] (ئە) كۈچ، قۇۋۋەت؛ قادىرلىق:

ھەر بەلايى پىش كەلسە ئەۋلىيالار ياندۇرۇر،
ئاغا ھەم ھەقدىن ئىنايەت بولسە قۇدرەت باردۇر.

— نۆبەتى.

قۇدس [قدس] (ئە) پاك، مۇقەددەس:

ھۇزۇرى غەيرىدىن گەرچە ھەرىمى قۇدس ئېرۇر فارىغ،
كى تۇپراق ئۆزگەدىن تاپماققە بولدى پاسبان ئاندا.

— ئەرشى.

قۇدسى [قدسى] (ئە) پاكلىق، پاكىزلىق، پاكىزلىققا مەنسۇپ.

قۇدسى سىرشت [قدسي سيرشت] (ئە) پاك تەبىئەت، خۇلق.

قۇدسىيە [قدسيه] (ئە) مۇقەددەس، پاك؛ كىتاب نامى.

قۇر I [قور] بەلۋاغ، پوتا:

بېلىگە باغلاپ ئېردى بىر كەمەر بەند،

يانىدا كۆشتىكارى قۇر بىلە بەند.

— موللا پازىل.

قۇر II [قر] (پ) قورال، قورال ـ ياراغ، ئوق دورىسى.

قۇراق [قراق] ياماق، ھەر خىل پارچە ـ پۇرات لاتىلار ۋە شۇنداق لاتىلاردىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن چاپان.

قۇرئان [قران] (ئە) مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى، قۇرئان:

بۇ ئەمرىن ئىشىتتىم دىلۇ جان بىلە،
قىلىپ سۆزىنى مەن ھۆكمى قۇرئان بىلە.

— ئا. نىزارى.

قۇرئانىي [قرانى] (ئە) قۇرئانغا مەنسۇپ.

قۇرئە [قرعه] (ئە) شەرتلىك بەلگە، چەك؛ پال:

كىشتەئى تالىئىم بۇگۇن بەھرى فەنا ئىچىدە غەرق،
يولنى ستارەدىن تانۇر قۇرئە ناخۇدا ھۇنۇز.

— زەلىلى.

قۇرئەنداز [قرانداز] (پ) پالچى، پال باققۇچى.

قۇرب [قرب] (ئە) 1) يېقىنلىق:

ئانا جانىبى خانۇ خاقان ئېرۇر،
ئانا سارىدىن قۇرب سۇلتان ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

2) قابىلىيەت. 3) لايىقلىق.

قۇرباغە [قورباغه] «قۇربەقە» غە قاراڭ.

قۇربان [قربان] (ئە) بىرەر ئۇلۇغ، مۇھىم ئىش تۈپەيلى جان پىدا قىلغان، ھالاك بولغان كىشى:

ئېيدى جەمالىن كۆرگۈزە جىلۋە قىلۇر بولسە دەمى،
ھافىز ئىشىكىندە ئانىڭ شەكسىز ئۆزىن قۇربان قىلۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

قۇربانىي [قربانى] (ئە) قۇربانلىق، قۇربانلىق قىلىنغان، قۇربانلىققا سويۇلىدىغان.

قۇربەت [قربت] (ئە) يېقىنلىق:

كىمكى قۇربەت زەمانە شاھىغە، تاپايىن دېسە كىرسە راھىغە.

— نورۇزاخۇن كاتىپ زىيائى.

قۇربەت تاپماق — يېقىنلاشماق.

قۇربەقە [قربقه] پاقا.

قۇرراء [قراء] (ئە) قارىيلار؛ قۇرئاننى قىرائەت بىلەن يادقا ئوقۇيدىغانلار.

قۇررەتۇلئەين [قرة العين] (ئە) پەرزەنت، كۆز نۇرى.

قۇرس [قرص] (ئە) دۈگىلەك، تۆرۈك نەرسە؛ نان، كاكچا.

قۇرسۇ جەۋىن — ئارپا نان:

نەفس شەررىدىن بولۇڭ ئەمدى ئېمىن،
بەردىلەر ئىلكىگە بىر قۇرسۇ جەۋىن.

— زەلىلى.

قۇرسى پەتىر — دۈگىلەك نان، پېتىر نان.

قۇرسى مېھر — قۇياش.

قۇرتۇلماق [قورتولماق] قۇتۇلماق، ئازاد بولماق.

قۇرچۇق [قورچوق] كىچىك سەللە.

قۇرۇلتاي [قورولتاى] چوڭ ئاممىۋى يىغىن، كېڭەش، قۇرۇلتاي.

قۇزەھ [قزح] (ئە) كامان، ياي، كامالەك:

ئانىڭدا كەملىكى گوياكى بىريا،
بولۇپ قەۋسى قۇزەھ ئالدىدا گويا.

— موللا پازىل.

قۇزات [قضات] (ئە) قازىلار، سودىيەلەر.

قۇزۇغ [قزغ] قۇرۇق.

قۇسۇر I [قصور] (ئە) كەمچىلىك، نۇقسان، ئەيىب، ئېۋەن:

بوستانۇ باغ جايىڭ، كۆشكى ھەرەم سارايىڭ،
ھەرقايسى بىر خۇدايىڭ، ئەقلىڭ قۇسۇر ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

قۇسۇر II [قصور] (ئە) «قەسىر» نىڭ كۆپلۈكى — قەسىرلەر، سارايلار:

چۇ بولدى تۆرت يىل گەردۇن مۇرۇرى،
ياسالدى تۆرت فىردەۋسۇ قۇسۇرى.

— نەۋايى.

قۇفل [قفل] (ئە) قۇلۇپ:

شەھەر تىلسىمدۇر بەدەن قوفل ئانىڭكى ناپەدىد،
مەقسەد ئەگەر كۆشايىش ھىممەتى ئەۋلىيا كېرەك.

— زەلىلى.

قۇفل ئەتمەك — قۇلۇپلىماق، مەھكەملىمەك.

قۇفل قىلماق — «قۇفل ئەتمەك» كە قاراڭ.

قۇفلگەر [قفلگر] (ئە + پ) قۇلۇپ ياسىغۇچى.

قۇل [قول] خىزمەتچى، مالاي، قۇل:

بۇ نۇقسانىنامەنى شەرھ ئەيلەگەن قۇل،
تۆكەر مۇنداغ كۆڭۈل مىناسىدىن مۇل.

— ناقىس.

قۇلەماق [قولاماق] غۇلىماق، يىقىلماق:

چۇ ئەھلى دەرد ئۆچۈن پەيۋەستە قاش ياسىنى تارتىپ سەن،
ماڭا يوق ناۋەكىڭنى خوش كۆشاد ئەتكىم قولاپدۇرمەن.

— نەۋايى.

قۇلزۇم [قلزم] (پ) چولڭ، چوڭقۇر دەريا، دېڭىز:

ئەي سەبۇك بارانە ھاسىل بىھۇدە قىلماڭ نىدا،

قۇلزۇمى ئاۋارەلىكدە قىلدى سەرگەردان خۇدا.
— زەلىلى.

قۇلسىغ [قلسغ] قولسىمان، قولغا ئوخشايدىغان.

قۇلقۇل [قلقل] (ئە) مەيىنىڭ شىشە (بوتۇلكا) ئاغزىدىن چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئاۋاز:
سەنەم ساقى بولۇپ يەتكۈزمەدى دەۋرى قەدەھ بىزگە،
خەبەردار گۇل سۇراھى مەي تۆكەردە ۋەقتى قۇلقۇل سەن.
— زەلىلى.

قۇللاب [قلاب] (ئە) قارماق، چاڭگاق، ئىلگەك:
بەندە زەلىلى سەگى ئەھساب ئېرۇر،
سىلسىلەسى بوينۇمە قۇللاب ئېرۇر.
— زەلىلى.

قۇللابى [قلابى] (ئە) يالغان، ساختا، ياسىما، ئالدامچى؛ ئىلمەك شەكىللىك؛ ئاساسسىز:
كى ئەھسەن قىلىپ ئىلكىنى قاقىبان،
كى قۇللابى ئىشق بوينىغە تاقىبان.
— ئا. نىزارى.

قۇللاب ۋەش [قلاب وش] (ئە + پ) قارماقتەك، ئىلگەكتەك:
«مى» سى ھەلاك ئەتكەلى قۇللاب ۋەش،
مەھلەكى قەلبى ئارا قۇللابكەش.
— نەۋايى.

قۇللە [قله] (ئە) چوققا، تاغ چوققىسى:
كى خارەكېسىشكە ئويۇن باشلادى،
نەچە قوللەلەرنى كېسىپ تاشلادى.
— ئا. نىزارى.

قۇللەئى زۇلۇم — زۇلۇم چوققىسى.

قۇللەئى قاف — تاغ چوققىسى:
ئىقلىمى مۇھەببەتنىڭ سۇلتانى قەناگەتدۇر،
سىمۇرغ سىفەت مەنزىل چۇن قۇللەئى قاف ئەتتىم.
— زەلىلى.

قۇللۇغ [قوللوغ] قۇللۇق، ئىتائەتمەنلىك:
كۆڭۈل مۇددەئاسىنى راز ئەيلەبان،
كى قوللۇغدا ئەرزۇ نىياز ئەيلەبان.
— ئا. نىزارى.

قۇلۇب [قلوب] (ئە) «قەلب» نىڭ كۆپلۈكى — قەلبلەر، يۈرەكلەر، دىللار:
يوقكى يالغۇز شەررىدىن تۇشتى قۇلۇب ئىچرە كۈشاد،
ھەر گىرىھتى داغى ئەرۋاھ ئىچرە سالدى يۈز پۈتۈھ.
— نەۋايى.

قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد [قل هوالله احد] (ئە) ئېتىقىدكى ئاللا بىردۇر:
ۋەھدەت ئاباد ئىچرە سۇلتانى سەلاتىن سەن ئۆزۈڭ،
قۇلھۇ ۋەللاھۇ ئەھەد ئالتۇنىدىن ئەفسەر ساڭا.
— ناقىس.

قۇمارغال [قمارغال] ئورالغان، قورشالغان جاي؛ مۇھاسىرە، قەلئە؛ قورغان.

قۇماش [قماش] رەخت، ماتا؛ كىيىم.

قۇمەلاغ [قوملاغ] تېزەك.

قۇمران [قمران] (ئە) كۈن ۋە ئاي:
يىگىتلەر بار ئىدى قۇمران يەڭلىغ،
يېتىپ سەيدىغە گۇل ۋەيران يەڭلىغ.
— موللا پازىل.

قۇمرى [قمرى] (ئە) تورغاي تىپىدىكى قۇش، بۇلبۇل:
قۇمرى تاماشا ئەتكەلى كەلدى كۆرۈڭ بۇ باغ ئارا،
بالۇ پەرى نەچۈك يېتەر شاخ سەنۇبەرىم ئىگىز.
— زەلىلى.

قۇۋا [قوا] (ئە) قۇۋۋەتلەر، كۈچلەر.

قۇۋانچۇق [قوانچوق] خۇش قىلىدىغان، خۇشاللاندۇرىدىغان نەرسە:
بۇ قەيس ئېردى ئاناسىغە گويۇنچۇق،
بەنى ئامىرغە ئېردى بىر قۇۋانچۇق.
— موللا پازىل.

قۇۋانماق [قواناق] خۇش بولماق، خۇرسەن بولماق:
بەنى ئامىر بۇ نۇگمانغە قۇۋاندى،
بۇلار گوياكى بىر تاغقە قۇۋاندى.
— موللا پازىل.

قۇۋۋە [قوه] (ئە) 1) كۈچ، مادار، دەرمان. 2) ئىقتىدار، ئىمكانىيەت. 3) زوراۋانلىق، چىدام.

قۇۋچى [قوچى] قۇشچى، ئوۋچى، تۇزاق ياسىغۇچى.

قۇياش [قياش] 1) قۇياش، كۈن:
سەمەندى نەقش پايىن يەر ئۆزە كۆرگەچ بەدەل قىلماق،
تالۇن ئاي شۆئلەلىغ چولپان ۋەيا كۆكدە قۇياش ئولسۇن.
— ئەرشى.

2) جامال، كۆرك:
چۇ ئىشقىنىڭ ئوتى سالدى كۆڭۈلگە تاب،
قۇياشىنىڭ يۈزىدىن كېتەردى سەھاب.
— نەۋايى.

3) گۈزەل، مەشۇقە:
نە قۇياشكىم، يۈز قۇياش دىۋانەسى،
ھۆسن شەمئى دەۋرىدە پەرۋانەسى.
— نەۋايى.

قىبەل [قبل] (ئە) تەرەپ، تامان.

قىبلە [قبله] (ئە) مۇسۇلمانلار ئىبادەت قىلغاندا يۈزلىنىپ (ئالدىنى قىلىپ) تۇرىدىغان تەرەپ، مەككە تەرەپ:

سەدرى بابادىن بىرى دەرجۇش ئېرۇر،
رويى قىبلە بىرلەرى خامۇش ئېرۇر.

— زەلىلى.

قىبلەتۇلئەبرار [قبلةالابرار] (ئە) ياخشىلار، ئۇلۇغلارنىڭ قىبلىسى؛ شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارغە بېرىلگەن سۈپەت.

قىبلەتۇلهاجات [قبلةالحاجات] (ئە) هاجەتمەنلەرنىڭ قىبلىسى.

قىبلەتۇلكۇتتاب [قبلةالكتاب] (ئە) كىتابلار مۇراجەئەتگاھى.

قىبلەگاھ [قبلەگاه] (ئە + پ) 1) ئىبادەت قىلىدىغان جاي، قىبلە تەرەپ، سېغىنىش جايى:

ئەي، يۈزۈڭ قىبلە گاھى ئەسلى سەفا،
ئاستانىڭ چۇ جەننەتۇلمەئۋا.

— هاپىز خارەزمى.

2) ئاشىقلار تېپىشىدىغان جاي، زىيارەتگاھ:

ئەي، سەئادەت مەتلەئى ئول ئارەزى ماھىڭ سېنىڭ،
ئەھلى بىينىش قىلبەگاھى خاكى دەرگاھىڭ سېنىڭ.

— نەۋايى.

قىبلەنەما [قبلەنما] (ئە + پ) قىبلىنى كۆرسىتىدىغان ئەسۋاب، كومپاس.

قىپچاق [قيپچاق] قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى.

قىپچە [قپچه] ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلاشتا ئىشلىتىلىدىغان نوتا ياكى بىخ، قىپچا.

سەئادەت گۈلىغە كېلىپ غۇنچە ئول،
شەرەف باغىدا نەۋبەرى قىپچە ئول.

— ئا. نىزارى.

قىتال [قتال] (ئە) ئۇرۇش، جەڭ.

قىتئە [قطعه] (ئە) پارچە، بۆلەك:

قىتئەئى ئابۇ زەمىنىم بار ئىدى،
نەفئى هەر يىلدا ماڭا بىسيار ئىدى.

— زەلىلى.

قىتمىر [قطمير] (ئە) سوڭ، ئاخىر.

قىدەم [قدم] (ئە) مۇقەددەم، قەدىملىك، ئىلگىرىلىك.

قىدەمىيەت [قدميت] (ئە) قەدىمكى، ئەڭ ئىلگىرىكى.

قىدمەت [قدمت] (ئە) قەدىمكى، ئەڭ ئىلگىرىكى.

قىرائەت [قراءت] (ئە) ئوقۇش، ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇش.

گەر قىيامۇ گەر قىرائەت، گەر رۇكۇئۇگەر سۇجۇد،
ھەرنە قىلغاي بىرى ئۈز يېرىندە سادىر بولماغاي.

— نەۋايى.

قىراغ [قيراغ] قىرغاق، چەت، ياقا:

ھەمەلازىم ئامەدنى سالغە سالىپ،
بۇدەريا قىراغىدا ئاتلار قالىپ.

— ئا. نىزارى.

قىراغراق [قيراغراق] چەترەك، قىرغاقراق:

ئانى جانىبىدا يىراغراق قويۇپ،
كى ۋەھمۇ گۇماندىن قىراغراق قويۇپ.

— ئا. نىزارى.

قىراغلاتماق [قيراغلاتماق] يىراقلاتماق، چەتلەتمەك.

قىراق [قيراق] «قىراغ» قا قاراڭ:

كېزىپ سۇ قىراقىن كېچە ئۇيقۇلۇق،
ئۆتۈپ كېچە بولدى سەھەرگە ياۋۇق.

— ئا. نىزارى.

قىران [قيران] يېقىنلىشىش، بىرلىشىش؛ ئىككى سەييارە يۇلتۇزنىڭ بىر بۇرجىدا توقۇنۇشى:

كۆزلەرىڭ ئەژدەردۇر باقما ھەر سارى،
بارچەنى ئەيلەر قىران بىر باقىشىڭ.

— زەلىلى.

قىربان I [قربان] (ئە) خوتۇنى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش، جىما.

قىربان II [قربان] (پ) ئوقدان، كامالەك ئوقىنىڭ خالتىسى:

قانىشى بۇچاك كۆكۈلدىن ئەيرۇ،
فىل مەنبەل يابى ئېرۇر قىربانىسىز.

— نەۋايى.

قىرتىش [قرتش] يىلتىز؛ تېرىنى قىرغاندا چىققان قىرىندى.

قىرغۇي [قيرغوى] قۇرغۇي.

قىرمىز [قيرميز] (پ) قىزىل، قىزىل رەڭ.

قىرمىزى [قيرميزى] (پ) قىزىل رەڭ، قىزىل رەڭگە مەنسۇپ.

قىز I [قز] قىممەت.

قىز II [قز] چۆرە، دېدەك.

قىزغۇت [قزغت] ئىبرەت، ئىبرەت جازاسى.

قىساس [قصاص] (ئە) ئىنتىقام، ئۆچ، قىساس:

دېدى: *قىساس ئەيلەسەڭ ئالىڭدا باش،*
سىيمنى ئال، گەر غەرەزىڭدۇر مەئاش.

— نەۋايى.

قىسسە [قصه] (ئە) ھېكايە، ۋەقە، سەرگۈزەشت:

باغلا لەب، ناقىس، تەكەللۇمدىن ئۈزاتمە قىسسەنى،
كىم دىگىل ھەر بىر نەفەس ئەيشى سۇلايماندۇر ماڭا.

— ناقىس.

قىسسەئى داستان — داستان بولغۇدەك قىسسە:

زۇمۇرىدىن ئەيلەپ چۇ ھالىن بەيان،
بۇ ۋاقىئەدۇرۇر قىسسەئى داستان.

— ئا. نىزارى.

قىسسەخان [قصەخوان] (ئە + پ) ھېكايىچى، داستانچى.

قىسسەساز [قصاساز] (ئە + پ) «قىسسەخان» غا قاراڭ.

قىسمەت [قسمت] (ئە) بۆلۈش، تەقسىم؛ ئۈلۈش:

رازى بول قىسمەتى قەزاۋۇ قەدەر،
كەم ئېرۇر بۇ جەھاندا ئىقبالىڭ.

— شەۋقى.

قىسمەتى رەززاق — ئاللانىڭ تەقسىماتى، خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى:

ھەرنە ھالەتدۇر رىزابەر قىسمەتى رەززاقغە،
دىلنى پاك ئەيلەپ ھەسەددىن قىلمە ئەئلاغە غەلىز.

— شەۋقى.

قىلادە [قلادە] (ئە) ھايۋانلارنىڭ بويىنىغا باغلايدىغان باشباغ؛ تۇياق (مىقدار — ھايۋانلارنى سانىغاندا) :

قىلادەڭ تەۋقىدىن ھەردەم تاپىپ زەۋق،
ساغىنۇرلارمۇ تۇشكەن بويىنۇمە تەۋق.

— نەۋايى.

قىلائ [قلاع] (ئە) «قەلئە» نىڭ كۆپلۈكى — قەلئەلەر، قورغانلار.

قىللەت [قلت] (ئە) ئازلىق، ئازچىلىق، كەمچىلىك.

قىلماغۇ [قلماغو] خاتا ئىش، ئەيىب، گۇناھ.

قىمىرداماق [قيميرداماق] قىمىرلىماق، مىدىرلىماق، ھەرىكەتكە كەلمەك.

قىن [قين] 1) غىلاپ. 2) قىيىن، مۇشەققەت، ئازاب.

قىنائ [قناع] (ئە) ئۈستىدىن ياپىدىغان پەردە.

قىيا [قيا] قىر، ئۇچ؛ تىك.

قىيا باقماق — كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويماق.

قىياس [قياس] (ئە) ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش؛ مۆلچەر، تەخمىن، پەرەز:

داغى «تاھا» ۋۇ «ياسىن» دۇر سىفاتى،
قىياس ئەت بۇ سىفەتدىن پاك زاتى.

— ناقىس.

قىياس ئەتمەك — «قىياس قىلماق» قا قاراڭ.

قىياس قىلماق — پەرەز قىلماق، مۆلچەرلىمەك؛ سېلىشتۇرماق:

ھەمە ئەھلى دانىش قىلىپ ئىختىراس،
كى شەھزادىغە ئىسمىم قىلدى قىياس.

— ئا. نىزارى.

قىيام [قيام] (ئە) تىك تۇرۇش؛ قۇياشنىڭ تىكلىنىشى؛

گەر قىيامۇ گەر قىرائەت، گەر رۇكۇئۇ گەر سۇجۇد،
ھەرنە قىلغاي بىرى ئۆز يېرىندە سادىر بولماغاي.

— نەۋايى.

قىيام ئەيلەمەك — مەشغۇل بولماق، ئىبادەتكە كىرىشمەك:

ئويانىدى شول زەمان ئول شاھى لەۋلاك،
قىيام ئەيلەپ تەھارەت ئەيلەدى پاك.

— ناقىس.

قىيامەت [قيامت] (ئە) 1) ئاخىرقى كۈن، ئاخىرەت كۈنى؛ دىنىي چۈشەنچىدە بۇ دۇنيا ئاخىرلىشىپ، ئۇ دۇنيادا ھەممە تىرىلىپ، سوراق قىلىنىش ئۈچۈن توپلىنىدىغان كۈن:

تۈرى پاكىڭ پەرتەۋىدىن بىزگە بىسيار ئەيلەدىڭ،
دىن ئۆيىگە تا قىيامەت نۇرى ئىماندىن سىراج.

— شەۋقى.

2) توپىلاڭ، غوۋغا:

كىرىپ سۇ تۇبىگە سەلامەت كۈنى،
بولۇپ ئاشكارا قىيامەت كۈنى.

— نەۋايى.

قىيامەتغەچە — دۇنيا يوقالغانغا قەدەر، دائىم:

كى ئىمان چىراغىنى قىل رەۋشەنا،
قىيامەتغەچە ئەيلەگىل ئاشنا.

— ئا. نىزارى.

قىيامەتقەچە — «قىيامەتغەچە» گە قاراڭ.

قىيامەت قىلماق — توپىلاڭ چىقارماق، غوۋغا كۆتۈرمەك:

خەلايىق بۇ ئىشغە نەدامەت قىلىپ،
ھەممە يىغلادىلەر قىيامەت قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

قىيامەت قايىم ئولماق — توپىلاڭ، بىسەرەمجان بولماق،

سۇرۇدى ئەرغەنۇن ئالەمگە تولسۇن،
فىغاندىن قىيامەت قايىم ئولسۇن.

— زەلىلى.

قىيل [قيل] (ئە) ئېيتىلغان سۆز.

قىيلۇقال [قيل وقال] (ئە) گەپ ـ سۆز، بىر ـ بىرىگە

قارشى سۆزلەر:

بادەئى مەگرىپەت كېچە يېقىنراق ئىدى،
تۆتتى يولۇمنى بۇگۈن ۋەسۋەسەئى قىيلۇقال.

— زەلىلى.

قىيماچ [قيماچ] قىيىق، قىيسىق كۆز:

نەرگىس گۈل كۆزدەك ئېمەس، ئەي باغۋەن، باقىپ كۆز ئاچ،
نە ئۈچۈنكىم گۈل پەرى قىيماچ ئېرۇر، بۇيىر تەلاچ.

— نەۋايى.

قىيمەت [قيمت] (ئە) باها؛ قىممەت، قەدىر:

كى بۇ دۇرجىنىڭ ئەيلەگىل بەيئەتىن،
رىزالىق بىلە مەن بېرەي قىيمەتىن.

— ئا. نىزارى.

ك

كابۇل [كابول] ئافغانىستاننىڭ قەدىمكى ئەڭ چوڭ شەھىرى. بۇ شەھەر 1773 ـ يىلىدىن باشلاپ ئافغانىستاننىڭ مەركىزى بولغان:

فىرىبئەنگىز شوخى تۈركىلەرنى،
كۆرۈپ رەشك ئەيلەگەي خۇبانى كابۇل.

— زەلىلى.

كابىن [كابين] (پ) نىكاھتىن ئىلگىرى ئەر تەرەپتىن تويلىشىش شەرتى بىلەن ئايال تەرەپكە بېرىلىدىغان مال ـ پۇل:

ئەي نەۋايى، دەھر شوخى ئاشىقى بولدۇڭ، ۋەلېك،
بىلكى، كابىن نەقدى جاندۇر گەر بولۇرسەن كەدخۇداي.

— نەۋايى.

كاتىب [كاتب] (ئە) [كۆپلۈكى: كۇتتاب] كاتىپ، يېزىقچى؛ خەتتات:

قەزا كاتىبى چەكتى ئانداغ رەقەم،
ھەمە شەيئ ئەجناسىدۇر كەلتەدەم.

— ئا. نىزارى.

كاتىبى ئەمسال — مىساللار كاتىپى؛ تەقدىر:

زىن مەشھۇرىغە يازماي جەفالەر مەشقىن ئەيلەرسەن،
مەگەركىم كاتىبى ئەمسال يامايدۇر ۋىسالىڭنى.

— مەشھۇرى.

كاتىبى قەزا — تەقدىر، پەلەك، چەرخ.

كاج [كاج] (پ) شاپىلاق، «كاچات» سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى:

تەمەللۇقدا قىلدىم بۇلارغە سەلام،
كېلىپ ئۇردى بىر كاج مېنى چوڭ ئاغام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كاج ئۇرماق — كاچاتلىماق، شاپىلاقلىماق.

كاخ [كاخ] (پ) 1) ساراي، قەسىر؛ ئېگىز بىنا. 2) پەلەك، ئاسمان.

كاخى ئالىي — يۈكسەك قەسىر، ئالىي بىنا.

كاخى بەلا — بالا (ئاپەت) قەسىرى، بىناسى.

كاخى رەفىئ — «كاخى ئالىي» غا قاراڭ؛

يەتتى كاخى رەفىئ — يەتتە قات ئاسمان.

كار [كار] (پ) 1) ئىش، ھەرىكەت:

ئۇلۇس كارىنى ئىئتىدال ئەيلەدىم،
كېچە ئۆتكەن ئىشنى خىيال ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) تەسىر؛ زەخمەت:

ئاتتى مىژگان ئوقلارىن ئىككى قاراقچى كۆزلەرى،
بولدى بۇ جىسمىم زەئىف باغرىمغا ئۇ كا ئەيلەگەچ.

— نەۋبەتى.

كار ئازماي — سىنالغان، تەجرىبىدىن ئۆتكەن؛ تەجرىبىكار، ئىش بىلگۈچى.

كار فەرما — ئىش بېشى، ئىش ئىگىسى، پەرمان بەرگۈچى، بۇيرۇغۇچى.

كار فەرماي — «كار فەرما» غا قاراڭ.

كارۇ بار — ئىش، ھەرىكەت، ئىش ۋە ھەرىكەت:

ئەيا بۇلبۇلكى، زار ئەيلەڭ بۇ تويكى بولدى شاھانە،
تەئەججۇب ئەيلەگىز ئىشق ئىچرە قىلغان كارۇ بارىمغە.

— ئا. نىزارى.

كارى بەد — يامان ئىش، يامان ھەرىكەت، تەتۈر قىلىق:

بىناگاھ قىلسا ئاغام كارى بەد،
ۋەيا نىش ئۇرسا بولۇپ مارى بەد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كارى دەھر — دۇنيانىڭ ئىشى:

مەن سىنىڭ ئىشقىڭدا، ئەي لەيلىۋۇ شىرىن كارى دەھر،
مەجنۇن ئوخشە سۆزلەمەككە بىئىبا بولدۇم بۇ كۈن.

— قەلەندەر.

كارى رەزم — جەڭ، جېدەل، ماجىرا:

چۇ بەندەر ئىچىدە تۆگەپ كارى رەزم،
ۋەتەن سارى يانماق ئىشىن قىلدى ئەزم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كارى نىھان — مەخپىي ئىش، سىرلىق ھەرىكەت:

بىناگاھ كېلىپ بىر تۈنى پاسىبان.
ئاڭا پاش ئولۇپدۇر بۇ كارى نىھان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كار ئاگاھ [كارآگاه] (پ) ھوشيار، دانىشمەن، دانا:

بولۇپ بانۇيى كارئاگاھغە پېشە،
ھىسار ئەھلىنى زەبت ئەتمەك ھەمىشە.

— نەۋايى.

كار ئاگەھ [كارآگه] (پ) «كار ئاگاھ» قا قاراڭ:

دېدى: *ئەي رەھنەۋەردى كارئاگەھ،*

نە ھەدىس ئېيردىكىم دېدىڭ ناگەھ.

— نەۋايى.

كاربەند [كاربند] (پ) ئەمەل قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى؛ ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى.

كاربەند **ئولماق** — ئەمەل قىلماق؛ بويسۇنماق؛ ئەمەلگە ئاشۇرماق.

كارخانە [كارخانە] (پ) 1) ئىشخانا. كارخانا. 2) دۇنيا، دەۋر، زامان:

ئالىمنى زالىم ئەيلەدى، فاسىقنى پارسا،
رەددى قەبۇل بىرلە ئەجەب كارخەنەدۇر.

— زەلىلى.

كاردار [كاردار] (پ) مەسلىھەتچى؛ ياردەم بەرگۈچى؛

كى ھەركىم تاپىپ ئۆز يېرىدە قەرار،
كى تەسكىن تاپىپ ھەم شەھى كاردار.

— ئا. نىزارى.

كاردان [كاردان] (پ) ئىش بىلەرمەن، تەجرىبىلىك:

كى مەسئۇدغە ھەمراھ ئىدى بىر كىشى،
ئۆزى كاردانۇ ئۇلۇغ بىر ئىشى.

— ئا. نىزارى.

كاردىدە [كاردیدە] (پ) ئىش كۆرگەن.

كارزار [كارزار] (پ) ئۇرۇش، جەڭ، جاڭجال، ماجىرا.

كارساز [كارساز] (پ) ئىش بېجىرگۈچى؛ مەدەتكار، مۇشكۇلنى ھەل قىلغۇچى، ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزگۈچى؛ ئىشلىگەن، ئىش كۆرگەن؛ ئىشلىگۈچى:

قىلۇر ئۇ شەمئى بىرلە ئىشق بازلىق،
مۇڭا جان ئويناماقدۇر، كارسازلىق.

— خىرقەتى.

كارگاھ [كارگاه] (پ) 1) ئىشخانا، كارخانا. 2) دۇنيا؛ پەلەك؛ تەقدىر؛ مەنزىل، قارارگاھ؛ ئۇمىد ئۆيى:

سەفا بارگەھىدا سۇلتان ئولۇپ،
ۋەفا كارگاھىدا بۇرھان ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

3) ئىنسانلارنىڭ بەدەن (ئەزا) تۈزۈلۈشى.

كارگاھ **ۋەزئى** — دۇنيا تۈزۈلۈشى.

كارگاھى **مانەۋي** — رەسسام مانىينىڭ سۈرەتخانىسى.

كارگاھى **ۋەسىئ** — كەڭ دۇنيا.

كارگەر [كارگر] (پ) 1) ئىشچى، خىزمەتچى. 2) تەسىرلىك، تەسىر قىلغۇچى:

ھەر مۇغەننىيكى، دەردمەندانەراق نەغمە چېكەر، ئانىڭ زەخمەسى زەخمىلىك يۈرەككە كارگەرراق تېگەر.

— نەۋايى.

كارگەھ [كارگە] (پ) «كارگاھ» قا قاراڭ:

تۈتۈپ بىر قەدەھ ئاڭلات، ئەي دەير پىرى،
كى بۇ كارگەھ سىررى مۇبھەم بولۇپتۇر.

— نەۋايى.

كارىھ [كارە] (ئە) ياقتۇرمىغۇچى، خالىمىغۇچى؛ يېقمىسىز، يىرگىنىشلىك:

خانە قەھ ئىچرە نەۋايىغە يېتەر كۆپ مەكرۇھ،
دەيردىن ئول سەرى بارماققە ھەم ئېردى كارىھ.

— نەۋايى.

كارىي [كارى] (پ) تەسىرلىك، تەسىر قىلغۇچى.

كاز [كاز] (پ) كەپە، چەللە؛ «كازە» گە قاراڭ:

قىلىپ نەججارى گەردۇن ھىيلەسازى،
قوبى يېرىدە فەرش ئورنىغە كازى.

— نەۋايى.

كازە [كازە] (پ) قۇدۇق، چوڭقۇرلۇق، ئورا؛ تۇزاق: «كاز» غا قاراڭ:

ۋاقىف ئولكىم، بېشەئى جەھل ئىچرە جىسمىڭ ھۇجرەسى،
نەفس سەييادى ھەۋا سەيدىن تۇتارغە كازەدۇر.

— نەۋايى.

كازۇر [كازور] (پ) «گازۇر» غا قاراڭ.

كازىب [كاذب] (ئە) يالغانچى، كاززاپ:

فۇل تەمە ئەيلەپ گەدا يەڭلىغ مۇرىدلار ئىشكىدە،
پىرى كازىب ئول كىشىدۇر، ئۇشبۇ رەفتارىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

كازىبۋەش [كاذب وش] (ئە + پ) يالغانچىدەك، يالغانچىغا ئوخشاش:

بار ئېرمىش بۇرۇن چاغدا كازىبۋەشى،
ئۆيىگە تۇشۇپ شۇئلەئى سەركەشى.

— نەۋايى.

كاس [كاس] (ئە) 1) كاسا، قەدەھ، قاچا:

ئەمىس قان، بادەدۇركىم، بىخۇد ئەيلەب،
يىقارغە ئەلنى قىلمىش چەرخدىن كاس.

— نەۋايى.

2) تاشپاقا قېپى.

كاسە [كاسە] (پ) «كاس» قا قاراڭ:

نە خۇش بادەكىم كاسەسى تولۇنئاي،
ئۆزى ئاپتابى لەۋامىئ فىزاي.

— مەشھۇرى.

كەشەف ئەيلەپ تەۋەججۇھ بەيزەسىغە،
يارار كۆز بىرلە باسماي كاسەسىغە.

— نەۋايى.

كاسەدار [كاسەدار] (پ) قەدەھ سۇنغۇچى:

داغى يۈزىن قاناتماغىل تەلبە زەلىلى سەن بۇگۈن،
جامى جۇنۇن تۇتار ئۇچۇن لالەئى كاسەدار ئۆتەر.

— زەلىلى.

كاسەگەر [كاسەگر] (پ) كاسا ياسىغۇچى، كۇلالچى:
مەۋلانا سەئىدىي … كاسەگەرلىك سەنئەتىغە مەنسۇپ ئېردى.

— نەۋايى.

كاست [كاست] (پ) كېمىيىشى، ئازىيىشى، پېتىشمەسلىك:

غەلەت، كەمنى يارانلار سىز قىلىڭ راست،
ئېرۇر دەرخاست بىزدىن قويماڭىز كاست.

— خىرقەتى.

بىكەمۇ كاست — كەمچىلىكسىز، نۇقسانسىز.

كاسىب [كاسب] (ئە) كەسىپ قىلغۇچى، قولغا كىرگۈزگۈچى، ئېرىشكۈچى؛ ھۈنەرۋەن:

ئېرۇر كاسىب ھەبىبۇللا، ۋەلى قىلغان فەنا كەسبى،
يوق ئول كاسىبكى دۇنيا مالى جاھىن ئىكتىساب ئەيلەر.

— نەۋايى.

كاسىد [كاسد] (ئە) كاسات، راۋاج تاپمايدىغان؛ مالنىڭ ئۆتمەي قېلىشى.

كاش [كاش] (پ) كاشكى، ئەپسۇسكى، نىھايەت:

مۇيەسسەر ئولسەلەر جامى ئەزەلدىن كاش شەۋقىغە،
فەنا دەيرىدە كۆرگەيكىم ھەياتى جاۋىدان پەيدا.

— شەۋقى.

كاشانە [كاشانە] (پ) كۇلبە، ئۆي، خانا؛ تۇرار جاي، ئاشيان (ئۇۋا)؛ ماكان؛ ئىمارەت:

بۇ كۆڭۈل ئۆيىگە زىيب ئولدى سەفاۋۇ سىدقىدىن،
كىم نۇزۇل ئەتسەڭ نە بولغاي دىلكۇشا كاشانەدۇر.

— ئەرشى.

كاشانەئى ئىشق — ئىشق ئۆيى.

كاشى [كاشى] (پ) بېزەكلىك، زىننەتلىك؛ كاھىش.

كاشى كارلىغ — كاھىش پىشۇرۇش؛ كاھىش بىلەن نەقىشلىش، بېزەش.

كاشىف [كاشف] (ئە) كەشىپ قىلغۇچى، ئاچقۇچى، تاپقۇچى:

تۇرفەكىم سىررى نىھانىم بارىغە كاشىفسەن،
غەيب ئىشىن بىلمەس ئىدى كىمسە خۇدادىن غەيرى.

— ئەرشى.

كاشىف بولماق — ئاچماق، كەشىپ قىلماق.

كاشىفى ئەسرار — پىنھان، يوشۇرۇن سىرلارنى ئاچقۇچى.

كاشىفى ئەسرارى پىنھان — «كاشىفى ئەسرار» غا قاراڭ:

كاشىفى ئەسرارى ھەقايىق — ھەقىقەت سىرلىرىنى ئاچقۇچى.

كاشىفىل - ئەسرار — «كاشىفى ئەسرار» غا قاراڭ:

كاشىفىل - ئەسرارلىق زاھىر قىلۇر نەرگىسلەر،
ئەمسەنۇتتەقۋىم ئانىڭ شەئنىگە بىر مۇختەس رەقەم.

— ئەرشى.

كاغەز [كاغز] (پ) 1) ۋاراق، قەغەز:

خەت يازۇرغە بۇ تەساھۇل بائىسى سەندىن ئىدۇر،
قىلدى كاغەزنى قارا دەپ خاندىن ئىشتىتكىمۇ جار.

— تەجەللى.

2) خەت، نامە، مەكتۇپ:

دەرىغا! قاسىدى كەلتۈرسە يارىمدىن نىشان كاغەز،
تەلەتتۇف بىرلە مىھر ئەتكىز ساۋدىدىن بەيان كاغەز.

— شەۋقى.

كاف [كاف] (ئە) ئەرەب ئېلىپبە تەرتىپىدە «ک» ھەرپىنىڭ نامى:

ۋە بۇ مەنزۇر بولغان ئەلفازنىڭ كافلارىدۇركىم، كاف ئورنىغە بىتىلۇر، ئەمما ئەتەللەففۇزغە كاف ئورنىغە كىرمەس.

— نەۋايى.

كافە [كافە] (ئە) «كاففە» گە قاراڭ:

… ۋە ساير خەلايىق پادشاھدىن گەداغە دىگىنچە ئەلنىڭ مۇھر ۋە تانۇغلۇغى بىلە مۇكەممەل بولۇپدۇر ۋە كاففەئى ئەنام ھۇزۇرىدا كافەغە ھۆكم تاپىپدۇر.

— نەۋايى.

كاففە [كافە] (ئە) ھەممە، بارچە، پۈتۈن.

كاففەئى ئەنام — بارچە كىشىلەر، بارچە ئادەملەر.

كاففەئى خەلايىق — «كاففەئى ئەنام» غا قاراڭ.

كافۇر [كافور] (پ) ئاق، خۇشبۇي ماددا؛ ئاق، ئاقلىق؛ ئاپئاق تۈس؛ نۇر، يورۇقلۇق:

كىرگەچ ئول كافۇر پەردە جىلۋە گۈلگۈن ئەيلەمىش،
كۈن ياشۇنغاچ جەمىئ ئولغان [دەك] ئوفۇق بىرلە شەفەق.

— ئەرشى.

قارا دەرلەر ئاق كۆرۈپ ئانى بۇ مەئنى بىرلە كىم،
مۇرەتى كافۇر يەڭلىغ، سىرەتى دۇرمىش ئىپار.

— تەجەللى.

ساچىپ يەر يۈزىگە چۇ كافۇرنى،
نە كافۇر بەلكى ساچىپ نۇرنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كافوربار [كافوربار] (پ) ئاپئاق قار ياغدۇرغۇچى؛ «كافۇربىز» غا قاراڭ:

تاغۇ سەھراغە كافۇربار بولغانى …

— نەۋايى.

كافۇربىز [كافوربيز] (پ) 1) خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى. 2) قار ياغدۇرغۇچى؛ روشەنلىك پەيدا قىلغۇچى.

كافۇر پاش [كافور پاش] (پ) نۇر چېچىش، يورۇتۇش:

سۇبھ چۈن ئېيلەرگە تۈن رازىنى فاش،
بولدى يەر مۇشكى ئۈزە كافۇرپاش.

— نەۋايى.

كافۇر كىردار [كافور كردار] (پ) كاپۇر رەڭلىك، ئاپئاق:

... باغ لىباسىن كافۇركىردار قىلىپ ...

— نەۋايى.

كافۇرگۇن [كافوركون] (پ) كاپۇر رەڭلىك، ئاق تۈسلۈك، ئاق رەڭلىك؛ ئاق، ئاپئاق.

بادەئى كافۇرگۇن — ئاق رەڭلىك مەي.

كافۇرىي [كافورى] (پ) كاپۇر تۈسلۈك؛ ئاق رەڭلىك؛ كاپۇرغا ئوخشاش.

كافۇرىي ئەسۋاب — ئاق تۈسلۈك، ئاق رەڭلىك كىيىملەر.

كافى [كافى] (ئە) «كافىي» غا قاراڭ:

مەيگە تەرغىب ئەتمەكىم كافىدۇرۇر، ئەي پىرى دەير،
مۇندىن ئۆزگە ئىشنى نەيلەرسەن ماڭا ئىرشاد ئېتىپ.

— نەۋايى.

كافىر [كافر] (ئە) [كۆپلۈكى: كۇففار] 1) ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغۇچى، دىنسىز. 2) باغرى تاش، تاش يۈرەك، جاپا سالغۇچى، رەھىمسىز:

ئۇرار كافىر كۆزۈڭ زۈلفۈڭگە باغلاپ كۈندە مىڭ خەنجەر،
قاچان ئىشق ئاپەتىدىن كۆردى مەنسۇردارمەن يەڭلىغ.

— گۇمنام.

كافىرى قاتىل — رەھىمسىز.

كافىرى نېئمەت — نېمەتنى قەدىرلىمىگۈچى، ياخشىلىقنى بىلمىگۈچى؛ تۈزكور.

كافىرۋەش [كافروش] (ئە + پ) كاپىرغا ئوخشاش؛ نائەھلى؛ رەھىمسىز:

چىقتى ساغەر تولدۇرۇپ كافىرۋەشى مەھ پەيكەرى،
نەقدى دىن ئالىپ ئىچىمغە سالدى مەيدى ئازەرى.

— نەۋايى.

كافىئ [كافع] (ئە) لايىق، مۇناسىپ:

ئىشق ئارا كافىئ ئەمەس ئاقىلۇ فەرزانەغە پەند،
قايدە بەس نەفىئ يەتكۈرگەي مىنى دىۋانەغە پەند.

— نەۋايى.

كافىي [كافى] (ئە) 1) يېتەرلىك، كۇپايە قىلارلىق. 2) قابىلىيەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىش بىلەرمەن.

كاكۇل [كاكول] (پ) چاچ، ماڭلاي چاچ، كوكۇلا:

جىلۋەگەر بولدى ماڭا بىر كەنىزەكى نازۇككىنە،
كاكۇلى ھەريان ساچىلغان، قاپقارا كۆزلۈككىنە.

— ئەرشى.

كالا [كالا] (پ) مال ـ مۈلۈك، بايلىق، ئەشيا؛ ئىسۋاب ـ ئۈسكۈنە:

قىيمەتى ئەجناسىدىن چۈن شەددە باغلار ھەفتىرەڭ،
ھۇسنى بازارى ئارا زاھىر بولۇر كالاسى چوغ.

— نەۋايى.

كالبەد [كالبد] (پ) گەۋدە، جىسىم، تەن، ۋۇجۇد:

كېتىپ مەغزىدىن فەھمۇ ھۇشۇ خىرەد،
قالىپ روھسىز بىر قۇرۇق كالبەد.

— نەۋايى.

كالبۇد [كالبد] (پ) «كالبەد» كە قاراڭ.

كام I [كام] (پ) 1) تىلەك، ئىستەك، مەقسەت:

ئەھلى فەزلۇ دانىش ئەلگە بەردى رەنجۇ دەردۇ غەم،
دۇن ئېلىن ئالەم ئارا كامىن رەۋا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

2) بەھرە، پايدا، بەخت:

مەيى لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسەم رەۋا كامىم،
كى نەقد، جانۇ جەھاننى ئاڭا فىدا قىلايىن.

— ئەرشى.

كام ئەتمەك — تىلىمەك، مەقسەت قىلماق.

كام تاپماق — مەقسەتكە يەتمەك.

كام رەۋا قىلماق — مەقسەتكە يەتكۈزمەك.

كام سۈرمەك — دەۋر سۈرمەك؛ پاراغەتلىك ھايات كەچۈرمەك.

كامى شۇھۇد — تەسەۋۋۇپتا خۇدانى كۆرۈش، ھەممە شەيئىدە خۇدانى كۆرۈش:

كىم ئاڭا يول تاپماغاي رەڭۇ جۇد،
قالماغاي ۋەسل ئىچرە جۇز كامى شۇھۇد.

— نەۋايى.

كامۇ فەراغ — تىلەك ۋە تىنچلىق.

كامۇ ناكام — خالار ـ خالىماس.

كامى بۇتمەك — ئۆمرى تامام بولماق، ئۆمرى ئاخىرلاشماق.

كامى دىل — كۆڭۈل ئىستىكى، بەھرە، لەززەت:

كىم قىلىپدۇر كامى دىل ھاسىل بۇ زالى دەھردىن،
سەن تەلاق ئەتمەي ئانىكىم نەدۇرۇر ئەقدى نىكاھ.

— ئابىد.

كام II [كام] (پ) تاڭلاي، ئېغىز:

رەقىبىدۇر روسىيەھ كامىمغە ھىجران زەھر تولدۇرسە،

ھەياتىم مۇژدەسى لەئلىنىڭ خىيالى جام ئېرۇر مۇل ھەم.

— گۇمنام.

كامە [كامە] (پ) «كام» غا قاراڭ:

ئالارنىڭ تۈزۈپ خاتىرى كامەسىن،
ئالىبان قويۇپ كۆزگە شەھ نامەسىن.

— نەۋايى.

كامجو [كامجو] (پ) مەقسەتكە يېتىشنى ئىستىگۈچى، مەقسەتكە يېتىشكە ئىنتىلگۈچى؛

كامجو بولماق — مەقسىتىگە يېتىشنى ئىستىمەك، مەقسىتىگە يېتىشكە ئىنتىلمەك.

كامجوي [كامجوى] (پ) «كامجو» غا قاراڭ:

خەبەر بۇ سىفەتدۇركىم، ئول كامجوي،
چۇ بولدى مۇھىت ئىچرە ئارامجوي.

— نەۋايى.

كامجوي ئولماق — ئارزۇ، مەقسەتكە يېتىشىشنى ئىستىمەك، تىلىمەك.

كامران [كامران] (پ) 1) مەقسىتىگە ئېرىشكەن، بەختلىك:

ئول پەرى ئوخشە بولۇر دۇنيا ئىچىندە كامران،
كىمگە كىم بەختۇ سەئادەتنى خۇدا يار ئەيلەدى.

— قەلەندەر.

2) ھاكىم، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى:

شەھى كامرانلار كەبى دەبدەبە،
تۈزۈپدۇر، دېدىكىم قىلاي تەجرىبە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كامرانە [كامرانە] (پ) 1) مەقسەتكە يەتكەن كىشىلەردەك؛ ئۈمىد، مەقسەتكە يېتەكلىگۈچى (دەك):

قويۇپ يەر ئۆپۈپ بەردى قاسىد جەۋاب،
يەنە كامرانە قىلدى خىتاب.

— نەۋايى.

كام رەسان [كام رسان] (پ) مەقسەتكە يەتكۈزگۈچى:

تەنغە ھەيات جامىدۇر كام رەسان،
بول تەنغە نىشان كامىدىن جام رەسان.

— نەۋايى.

كام رەۋا [كام روا] (پ) 1) مەقسىتىگە ئېرىشكەن، بەختلىك:

شاھ خىزمەتنى تۈزلىك ئىلە ئەيلەغىل ئەدا،
تا ئىككى جەھاندا بولغاسەن كام رەۋا.

— نەۋايى.

2) خەۋاردار بولماق:

مۇكىسا بولدىلەر چۇ كام رەۋا،
دېدىلەر كىم: بۇ ئىشتۇر ئەمدى دەۋا.

— نەۋايى.

كامكار [كام كار] (پ) «كامگار» غا قاراڭ:

خۇسرەۋىي خۇرشىد شەھى كامكار،
تىكتى جەھانغە ئەلەمى زەرنىگار.

— زەلىلى.

كامكارانە [كامكارانە] (پ) پادىشاھانە، ھۆكۈمرانلارچە:

قويۇپ يەر ئۆپۈپ، بەردى قاسىد جەۋاب،
يەنە كامكارانە قىلدى خىتاب.

— نەۋايى.

كامگار [كام گار] (پ) بەختلىك؛ قۇدرەتلىك؛ ھۆكۈمران:

فىكر ئېتىپ كامگارى دەۋلەتمەند،
دېدى: «ھەركىم كى جابىر ئەتمىش بەند.»

— نەۋايى.

كامگاھ [كام گاه] (پ) مەقسەت جايى، بارار جايى؛ قەبرىستان.

كامگىر [كامگير] (پ) 1) بەھرە ئالغۇچى، شادلانغۇچى.
2) تارتىنغۇچى.

كامىل [كامل] (ئە) يېتۈك؛ تولۇق، نۇقسانسىز، كەمچىلىكسىز، مۇكەممەل:

چۇ شافۇر نەققاشى كامىل ئىدى،
خىيالىغە كەلگەنگە ئامىل ئىدى.

— ئا. نىزارى.

كامىلە [كاملە] (ئە) «كامىل» غا قاراڭ:

ئانام ئېردى ئانداغ زەنى كامىلە،
كىچىك سىڭلىمىزغە بولۇپ ھامىلە.

— ئا. نىزارى.

كامىياب [كامياب] (پ) مەقسىتىگە ئېرىشكەن، بەختىيار:

كېچە ـ كۈندۈز تىلەكىم بۇدۇر، ئەي سۇلتانى ھۇسن،
ئۆمرى دەۋلەتدىن خۇدايىم سىزنى قىلسۇن كامىياب.

— قەلەندەر.

كامىياب بولماق — مەقسىتىگە ئېرىشمەك:

ئول پەرىنىڭ ۋەسلىدىن ھەركىمگە بولسۇن كامىياب،
ھەر دۇئا قىلسۇن شەك ئېرمەسدۇركى بولسۇن مۇستەجاب.

— قەلەندەر.

كان [كان] (پ) مەدەن، خەزىنە، يەر ئاستى بايلىق؛ بايلىق مەنبەسى؛ مەنبە؛ «كانى» غا قاراڭ:

تۈمەن گۈلدۇر، ئەدەدسىز سانى يوقتۇر،
بۇ يەردىن ئۆزگە گۈلنىڭ كانى يوقتۇر.

— خىرقەتى.

دەۋزەخى سوزاندەسەن، غۇربەت نېچۈن ھەم ئاز ئېرۇر،

ياقۇتنى فىرۇزىنى ھەم قىلماغىل كاندىن جۇدا.
— قەلەندەر.

كان ئېلىمەك — تولدۇرماق.
كان بولماق — باي بولماق.
كانى گەنج — خەزىنە كانى؛ ئۇلۇغ ئىنسان:
بىر كۈن ئېگىندە ئوتۇن، جىسمىدە رەنج،
شەھەرغە بارۇر ئېردى ئول كانى گەنج.
— نەۋايى.

كانى لەتافەت — گۈزەللىك، نازۇكلۇق، ياخشىلىق، مۇلايىملىق، ماھىرلىقنىڭ مەنبەسى:
سەككاكىتەك ئاغزىڭنى كۆرۈپ كانى لەتافەت،
چاك ئەيلەدى گۈل غۇنچە گىرىبان چەمەنىندە.
— سەككاكى.

كانى مەئرىفەت قىلماق — ئىلىمگە باي قىلماق، ئالىم بولماق؛
كانى نەبات — ناۋات كېنى؛ شىرىنلىك مەنبەسى:
لەبلەرىڭدۇر شەھدۇشەككەر يادۇرۇر كانى نەبات،
ياكى جانىنىڭ شىرەسىدىن رەز چىقارىپدۇر قەنات.
— قەلەندەر.

كانى [كانى] (پ) كانغا تېگىشلىك، كان بايلىقى قېزىۋېلىنىدىغان نەرسىلەر.

كاھ [كاه] (پ) سامان، سارغايغان، ئاجىزلاشقان؛ «كەھ» كە قاراڭ:
يەقىنلىق ئەيلەمەگىل ئەسلە پىرى ناقىسغە،
كى نىم دانە تاپالماي قولۇڭغە كاھ ئۇچرار.
— شەۋقى.

كاھۋەش [كاهوش] (پ) سامانغا ئوخشاش، سامان رەڭ، ساماندەك سېرىق.
كاھۋەش قىلماق — سامان قىلماق، سارغايتماق.

كاھىل [كاهل] (ئە) سۇس، بوش؛ ھۇرۇن؛ بىپەرۋا:
ھەر كىشى ھەق ئەمرىغە كاھىلدۇرۇر،
بىگۇمان بىلگىل ئانى جاھىلدۇرۇر.
— خەراباتى.

كاھىل خىرام — سۇس ھەرىكەت قىلغۇچى، سۇس يۈرگۈچى.

كاھىن [كاهن] (ئە) غايىبتىن خەۋەر بەرگۈچى، ئەۋلىيا؛ سېھىرگەر:
تەفسىلى بۇ كىم، كاھىنلەر دېدىلەر، فىرئەۋنغەكىم، ئول مەۋلۇد فەلان كېچە ئىسكەندەرىيەدە ئاتا پۇشتىدىن رەھىمغە بارۇر.
— نەۋايى.

كاھى [كاهى] (پ) سامان تۈسلۈك، سامان رەڭلىك، سېرىق:
رەۋابى ھۆسن ئۇچۇ چېھرەمنى كاھى ئەيلەمىش ئەز بەس،
بولۇر گۈل ھۆسنى زاھىر بولسەگەر. رەڭگى خەزان پەيدا.
— ئەرشى.

كاھى ئەتمەك — سارغايتماق.

كاھىۋەش [كاهى‌وش] (پ) سېرىق رەڭلىك:
سامانغە گەر بىرىپ رەنجى نىھانى،
ھەمۇل كاھىۋەش ئەيلەپ كەھرەبانى.
— نەۋايى.

كاۋ [كاو] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «كولىغۇچى، قازغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:
خارەكاۋ — تاش قازغۇچى، تاش كولىغۇچى.

كاۋ - كاۋ [كاوكاو] (پ) كولاش، قېزىش؛ ئىنچىكە تەكشۈرۈش، قېدىرىش:
كۆڭلۈمنۇ باغرىمنى غەمزەڭ تىيغى ئەيلەر كاۋ - كاۋ،
يوق ئەجەب، گەر قان ئاقار ئىككى كۆزۈمدىن ناۋ - ناۋ.
— نەۋايى.

كاۋۇرگا [كاوركا] چوڭ ناغرا:
يانە كارنايۇ كاۋۇرگا ئۈنى،
قىلىپ ئاشكارا قىيامەت كۈنى.
— نەۋايى.

كاۋىش [كاوش] (پ) كولاش، قېزىش؛ چوڭقۇرلىتىش:
رەقەمكەشكى پىكرىن قىلىپ كاۋىشى،
بۇ يەڭلىغ بىرۇر سۆزگە ئارايىشى.
— ئا. نىزارى.

كاۋيانى [كاويانى] (پ) «دىرەفش» كە قاراڭ.

كائىنات [كائنات] (ئە) ئالەم، دۇنيا، جاھان، كائىنات:
قىلمادى زات ئىقلىمىدىن جىلۋەسىدەك ھېچ زات،
تاپتى جۇدۇڭدىن ۋۇجۇد ئانداغ جەمئى كائىنات.
— ئەرشى.

كايىنات [كاينات] (ئە) «كائىنات» قا قاراڭ:
كايىناتى بىمەدارانىڭ ئىچىدە تابەكەي،
بەرق يەڭلىغ ئۆتكەرۇرمەن، ھەيف ئۆمرۇمنى ئەبەس.
— زەلىلى.

كەباب [كباب] (پ) كاۋاپ؛ ئۆرتىنىش، كۆيۈش:
ھەر يۇرەكنىڭ ئىشق ئوتىنىڭ سوزىشىدىن تابى بار،
سىخ بىلە پىشقان كەبابدەك سىچقىراپ خۇنابى بار.
— گۇمنام.

يادىڭدا بىسى خەراب ئولدۇم،
ئىشقىڭ ئوتىدا كەباب بولدۇم.
— ئەرشى.

كاباب ئەتمەك — «كەباب ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

كاباب ئەيلەمەك — كۆيدۈرمەك، ئازابلىماق:

تۇغمىش ئېردى ئېلگەرى مەشرىق ساردىن ئافتاب،
بول ئەجەب پاتتىلاڭ سەن گۇل سارى، مېنى ئەيلەپ كەباب.

— ئەرشى.

كەبك [كبک] (پ) كەكلىك، خۇش ئاۋاز قۇش:

ئەيب ئەمەسدۇر سەرۋدىن ئار ئەتسە مەۋزۇن قامەتى،
جىلۋەئى تاۋۇس ئاھاۋۇ كەبكىنىڭ رەفتارى بار.

— قەلەندەر.

كەبكى دەرى — تاغ كەكلىكى:

مەلىكە ئۆي ئىچرە بەئىد ئىشۋە ناز،
كى كەبكى دەرىدەك بولۇپ جىلۋە ساز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەبۇتەر [كبوتر] (پ) كەپتەر:

گەر كەبۇتەردەك ئۇچۇرساڭ مەن قاچان كەتكۇم ئۇچۇپ،
باغلانىپ بالۇ پەرىم كىم رىشتەئى ئۇلفەت بىلە.

— مەشھۇرى.

كەبۇتەرباز [كبوترباز] (پ) كەپتەرۋاز:

ساقىيا، تارتاي كەبۇتەر دەم، كېتۇر بىر بادەكىم،
بىر كەبۇتەرباز ئۇچۇن ئولدۇم غەمۇ مېھنەت بىلە.

— نەۋايى.

كەبۇد [كبود] (پ) كۆك؛ كۆكۈش (رەڭلىك):

كەبۇد ئېرمىش غۇبارى ئاھدىن بۇ گۇنبەزى ئەخزەر،
كۆزۈم ياشى بىلە غەرقاب ئېرۇر ئافاقى بەھرۇ بەر.

— زەلىلى.

چەرخى كەبۇد — كۆكۈش ئاسمان.

كەبىر [كبير] (ئە) [كۆپلۈكى: كىبار /كۇبەرا] 1) ئۇلۇغ، بۈيۈك، كاتتا، چوڭ، زور؛ يۇقىرى. 2) چوڭ ياشلىق:

ئۇمىد ئولكىم، سەغىر ۋە كەبىر، شەيخۇ شابىنىڭ خاتىرەلەرىغە دىلپەزىر ۋە كۆڭۈللەرىغە ناگۇزىر بولغاي.

— نەۋايى.

كەبىرە گۇناھ — چوڭ گۇناھ، زور گۇناھ، كەچۈرگۈسىز گۇناھ.

كەبىرۇش - شان — ئۇلۇغۋار، مەرتىۋىسى يۇقىرى.

كەپ [كپ] (پ) قول، ئالىقان:

چىقىپ ئالدىغە چۇن مەلىكە كۆرۈپ،
دىلئارا كەپىنى كۆزىگە سۈرۈپ.

— ئا. نىزارى.

كەپەنەك [كپنک] (پ) يۇڭدىن توقۇلغان تاشقى كىيىم، دەرۋىشلەرنىڭ چەكمىنى:

سەلتەنەت خىلئەتىدىن ئارتۇق ئېرۇر دەيردە مەست،
سۇدراسام بادە گەدالىغدە يىرتۇق كەپەنەك.

— نەۋايى.

كەتارە [كتاره] (پ) ئۆتكۈر قىلىچ ۋە خەنجەر:

يولى بىر سوقماق ئىككى سارى خارە،
ئىتىك ھەر خارە ئانداغكىم كەتارە.

— نەۋايى.

كەتان [كتان] (پ) كانابتىن توقۇلغان كىيىملىك:

كەتاننى كى زەردىن قىلىپ بافتە،
ئۇچاسىن سىلاپدۇر تۇتۇپ تەھبەتە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەتانى [كتانى] (پ) كاناپ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم.

كەتم [كتم] (ئە) يوشۇرۇش؛ يوشۇرۇنلۇق؛ پەردە؛ سىر ساقلاش، بىكىتىش.

كەتمى ئەدەم — يوقلۇق، يوقلۇق پەردىسى:

كەتمى ئەدەمدىن نەكىم مەۋجۇد ئولۇپ،
ساجىد ئولۇپ سەن ئاڭا مەسجۇد ئولۇپ.

— نەۋايى.

كەتۇن [كتون] (ئە) بىر تۈرلۈك گەزلىمە؛ «كەتان» غا قاراڭ.

كەتۇرمەك [كيتورمك] كەلتۈرمەك، ئېلىپ كەلمەك؛ ئۇزاتماق، سۇنماق، بەرمەك:

مۇيەسسەر بولسەگەر ۋەسلى غەنىمەت بىلمەكۇ قوتماق،
كەتۇرمەكدۇر سۇراھى نەچچەۋۇ پەيمانە ئاندىن كۆپ.

— ئەرشى.

كەتىف [كتف] (ئە) يەلكە، مۇرە:

قولنى قولتۇغلار ئىچرە مۇئتەكىف ھەم،
قولاغلاردىن ئۆتۇپ ئىككى كەتىف ھەم.

— نەۋايى.

كەج [كج] (پ) ئەگرى، قىڭغىر:

بولماغىل كەجلەر ئىشكىدە گەدا،
راستلىقنى پىشە قىل ساھىب رەۋاج.

— شەۋقى.

كەج تەبىئ — تەتۈر مىجەزلىك، بەتقىلىقلىق؛ كاجلىق؛ تەتۈر پىكىرلىك.

كەج خىرام — تەتۈر ماڭغۇچى.

كەج دەھەن — قىڭغىر ئېغىز:

ئەجەب شۇم تەلئەت قەرى پىرە زەن،
كۆزى ئەجگەسىدە، داغى كەج دەھەن.

— ئا. نىزارى.

كەجەك [كجک] (پ) پالچىلارنىڭ تاياقچىسى:

بىنەفشە ئانداكىم گەردۇن كۆكەرتىپ،
كەجەك يەڭلىغ خىرەد بويىنىنى تارتىپ.

— نەۋايى.

كەججە [كجه] (پ) تىلسىز، گاچا:
ھەرزە ئۇتقۇڭنى فەساھەت ساغىنىپ،
كەججە لەفزىڭنى بەلاغەت ساغىنىپ.
— نەۋايى.

كەجرەفتار [كج رفتار] (پ) تەتۈر ماڭغۇچى، ئايلانغۇچى:
ستەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ئانىڭدا زەررەگە مېھرۇ ۋەفا يوق، ئەي بەنى ئادەم.
— ئەرشى.

2) مەككار، ھىيلىگەر:

كەجرەۋ [كجرو] (پ) «كەجرەفتار» غا قاراڭ:
ئەي فەلەك، كەجرەۋلىغىڭ قوي، بىر زەمان ھالىمغە باق،
غۇنچەدەك كۆڭلۈم بولۇپدۇر تەھ - بەتەھ قان بۇ كېچە.
— ئا. نىزارى.

كەجكۇلاھ [كج كلاه] (پ) 1) دوپپىسىنى قىڭغىر كىيگەن. 2) يار، مەھبۇب:
نەززارەدىن ھۇش ئەقلىنىڭ دەستارى تۈشمەك نە ئەجەب،
مۇنداقكى سەرخۇش سەكرەتۇر ھەريان سەمەنسە گۈل كەجكۇلاھ.
— نەۋايى.

كەچچە [كچه] (پ) «كەججە» گە قاراڭ.

كەچكۇل [كچكول] قەلەندەرلەرنىڭ يېنىغا ئېسىپ يۈرىدىغان قاپىقى.

كەد [كد] (ئە) ئىش، مېھنەت، مۇشەققەت؛
كەد ئەيلەمەك — مېھنەت قىلماق، جاپالىق ئىشلىمەك:
تەمەۋۋۇل كەسرەتىدىن بولساڭ ئانداغ،
كى قارۇن دەرگەھىڭدە ئەيلەگەي كەد.
— نەۋايى.

كەدبانۇ [كدبانو] (ئە + پ) ئەرلىك ئايال؛ روزغارلىق خوتۇن؛ ئۆي خوجايىنى، خېنىم:
مۇۋاپىق تۈشسە كەدبانۇ، دەۋلەت ۋە جەمئىيەتغە بولماقدۇرۇر ھەمزانۇ، ئۇنىڭ ئارايىشى ئاندىن ۋە ئۆيلۈكنىڭ ئاسايىشى ئاندىن.
— نەۋايى.

كەد خۇدا [كدخدا] (پ) 1) ئۆي - ئوچاقلىق ئەر، ئائىلە باشلىقى. 2) ھۆكۈمران، شاھ:
بۇ خاكى تىيرە ئۆزرەكىم قالۇر، ئەي كەدخۇدا ئاخىر،
ئەدەم يولىغە بىر - بىر كىرگۈسى شاھۇ گەدا ئاخىر.
كەدخۇدا بولماق — ئائىلىلىك بولماق، ئۆيلەنمەك.

كەدخۇداي [كدخداى] (پ) «كەدخۇدا» غا قاراڭ:
ئۇل دەفىنەنى ئۇل ئىككى كەدخۇداي بولغانلارغە مۇسەللەم تۇتتىلەر.
— نەۋايى.

كەدد [كد] (ئە) «كەد» كە قاراڭ.

كەدۇ [كدو] (پ) 1) قاپاق، سۇ قاپىقى؛ قەلەندەرلەرنىڭ قاپىقى؛ «كەچكۇل» غا قاراڭ.
كەدۇئەمرۇد — يۇمىلاق (قاپاق شەكلىدىكى) ئامۇت.
كەدۇ كەچكۇلى — قەلەندەرلەرنىڭ تىلەپ تاپقان پۇلىنى سېلىش ئۈچۈن بويىنىغا ئېسىۋالىدىغان قاپىقى.
كەدۇ ناك — يۇمىلاق نەشپۈت.

كەرام [كرام] (ئە) «كەرەم» گە قاراڭ:
بۇلار نەسلىدىن نەچچە ساھىب كەرام،
كى بىر رەۋزەدە ئەيلەمىشلەر مەقام.
— ئا. نىزارى.

كەرامات [كرامات] (ئە) مۆجىزىلەر، بېشارەتلەر؛ ئالدىن كۆرەرلىك:
كۈنىيەتى ئەبۇ - ئابدۇللادۇر ··· كۆپ ھەدىسى بار ۋە زاھىر كەراماتى ۋە تىسانىفى داغى بار.
— نەۋايى.

كەرامەت [كرامت] (ئە) [كۆپلۈكى: كەرامات] مۆجىزە، (بولغۇسى ئىشلار توغرىسىدا ئالدىن بېرىلگەن) بېشارەت، ئالدىن بىلىش:
كەرامەت يوقكى مۇئجىز پەرۋەر ئولغايچ،
چۇ مۇسا كۆرگۈزۈپ گەر ئەلگە يۇز يەد.
— ئەرشى.

كەرامەتگوى [كرامت كوى] (ئە + پ) كارامەت كۆرسەتكۈچى.

كەران [كران] (پ) چەت، قىرغاق، چېگرا.
بىكەران — چەكسىز، چېگراسىز.

كەرانە [كرانه] «كەران» غا قاراڭ:
تۇن ئەتلەسىغە كى يوق كەرانە،
خەيلىدە بىر ئەسكى خەيلخانە.
— نەۋايى.

كەرانبار [كران بار] (پ) ئېغىر يۈكلۈك، يۈكى ئېغىر.

كەرەت [كرت] (ئە) كەررە، مەرتەم.

كەرەشمە [كرشمه] (پ) ناز، جىلۋە، نازلىق بېقىش:
ماڭا ھەر بارە قىلسا ئول كەرەشمە،
كۆزۈمدىن ياش ئاقادۇر چەشمە - چەشمە.
— خىرقەتى.

كەرەگ [كرك] (پ) بۆدۈنە:
بىر تەرەفى جانگالى نەيزار ئىكەن،
رويەۋۇ كەرەگ ئاندا تومەن بار ئىكەن.
— زەلىلى.

كەرەم [كرم] (ئە) ياخشىلىق، ئېھسان، ئالىي جانابلىق،

مېھرىبانلىق، سېخىيلىك، مەرھەمەت:

ماڭا مول كەرەم قىل ئەيا پىرى دەير،
قىلاي چۈن مۇھەببەت ھەۋاسىدا سەير.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەرەم ئەھلى — سېخىيلار، ئالىي جانابلار.

كەرەم ئەيلىمەك — ياخشىلىق قىلماق، سېخىيلىق قىلماق، مەرھەمەت قىلماق.

كەرەم فەرتى — ياخشىلىق، سېخىيلىقنىڭ زىيادىلىكى.

كەرەمكىش [كرم كيش] (ئە + پ) كەرەم (ياخشىلىق) قىلغۇچى، ئېھسان قىلغۇچى، مېھرىبانلىق كۆرسەتكۈچى:

بىس ئول فىل ھەقىقەت كەرەمكىش ئەمەس،
ئۆزۈڭ مۇكرىم ئول بىر سەبەب بىش ئەمەس.

— نەۋايى.

كەرباس [كرباس] (پ) پاختىدىن يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇلغان ماتا، بۆز.

كەردە [كرده] (پ) قىلىنغان.

كەردە نا كەردە — قىلىنغان - قىلىنمىغان.

كەررار [كرار] (ئە) بىرەر ئىشنى تەكرار ئىجرا قىلغۇچى؛ تەكرار، قايتا - قايتا:

كۇفر مەيدانىنى نە ئارا بەردىلەر بۇ كافىران،
زۇلفىقارى ھەيدەرى كەررارىدىن جەۋلان كېرەك.

— زەلىلى.

كەررەمنا [كرمنا] (ئە) مۇكەررەم قىلدۇق (قۇرئاندا ئىنسان ھەققىدىكى بىر ئايەتكە ئىشارەت قىلىنىدۇ).

كەررەناي [كراناى] (پ) كاناي (چالغۇ ئەسۋابى):

يەنە كەررەنايۇ كاۋۇرگا ئۈنى،
قىلىپ ئاشكارا قىيامەت كۈنى.

— نەۋايى.

كەررۇفەر [كروفر] (پ) 1) دەبدەبە، ھەشەمەت؛ كىبرى، مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇق:

قىلىپ دەستمايە بولۇپ سەۋداگەر،
چىقىپ بىر دۇكانغە قىلىپ كەررۇ فەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) شاۋقۇن - سۈرەن، داغدۇغا.

كەررۇفەر سالماق — شاۋقۇن سالماق، داغدۇغا قىلماق.

كەررۇفەر قىلماق — دەبدەبە قىلماق، زورلۇق قىلماق.

كەركەس [كركس] (پ) تاپ يەيدىغان، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش بىلەن شۆھرەت تاپقان بىر خىل قۇش:

ۋە ئول نادان تەڭرىنى ئوقلادىم دەپ كەركەسلەرنى ساندۇق يۇقىرى يانىغە باغلاپ، ئىتلارنى قوي يانىغە باغلاپ يەرگە ئىندى.

— نەۋايى.

كەرگ [كرگ] (پ) كەركىدان.

كەرگەدان [كركدان] (پ) «كەرگ» كە قاراڭ.

كەرگەس [كركس] (پ) «كەركەس» كە قاراڭ.

كەرم [كرم] (ئە) ئۈزۈم تېلى، تاك.

كەرھ [كره] (ئە) يېقىمسىزلىق، نا خۇشلۇق؛ يامانلىق، نارازىلىق:

··· ۋە مۇجىبى كەرھ ۋە مەلالەت بولغايكىم، بۇ نا تەۋان بۇ ھالەت ۋۇقۇئىدىن سۇڭ فەرراشلەرى سۇبھىنىڭ سىمىن سۈپۈرگۈسى بىلە ··· سۈپۈرۈپ.

— نەۋايى.

كەرى [كرى] (پ) يارامىلىق، ئەرزىيدىغان.

كەرى قىلماس — ئەرزىمەس.

كەرىم [كريم] (ئە) سېخىي، ئالىيجاناب، كەرەملىك:

كەرىم سائىلنى مەھرۇم ئەيلىمەسلەر دەپ ئۈمىد بىرلەن،
كېلىپمەن دەرگەھىڭغە سەن ئەزىزنى ئىختىيار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

كەرىم خىلقەت — نەسلى پاك.

كەرىمۇل - ئەخلاق — ياخشى ئەخلاقلىق.

كەرىمۇل - خۇلق — «كەرىمۇل - ئەخلاق» قا قاراڭ.

كەرىمى مۇتەئال — ئۇلۇغ - مەرھەمەتلىك، ھۆرمەتلىك.

كەرىھ [كريه] (ئە) خۇنۈك، يىرگىنىشلىك، يېقىمسىز:

بۇ كىم دەپتۇر كەرىھ ئانىڭ جەمالىن،
نە تىل بىرلە دەپ ئېركىن بۇ مەقالىن.

— نەۋايى.

كەرىھۇز - زات [كريه‌الذات] (ئە) يېقىمسىز، خۇنۈك، يىرگىنىشلىك؛ تېگى پەس.

كەز [كز] (پ) يىپەك:

سەنئەتىڭ سابىباغىدىن كۆك زالى كىيگەن ھۇللەئى ماۋىي،
ھاشىيە بولغان شەفەقدىن زەيلىغە رەڭى گۇل كەز.

— نەۋايى.

كەزا [كذا] (ئە) شۇنداق، شۇ كەبى.

كەزاف [كذاف] (پ) «گەزاف» قا قاراڭ:

بىھۇدە غەۋۋاس ناكام ئۇرماغىل لاپۇ كەزاف،
كىرسە غەرق ئولماي قالۇرمۇ ئىشقىنىڭ دەرياسىغە.

— سالىھى.

كەززاب [كذاب] (ئە) يالغانچى؛ مەككار:

دېدىم چەھكە تاشلاڭ بۇ كەززابنى،
داغى بەرمەڭىز نان بىلە ئابنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەزلەمەك [كيزلاماك] كەزمەك، سەيلە قىلماق، ئايلىـ

ىسپ يۈرمەك.

كەس [كس] (پ) كىشى، شەخس:

بەرھەمەن بارلىق دەپ قوشۇپ نەچچە كەس،
يەنە خىزمەتىمگە يېتىشكۈنچە بەس.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بىكەس [بيكس] (پ) ھېچكىمى يوق، ئىگىسىز، يېتىم.

كەسمەك [كيس ماك] 1) كەسمەك؛ قىرقىماق. 2) تىلماق؛ نەقىش ئويماق. 3) ئۈزمەك؛ يەشمەك؛ ئاجراتماق.

كەسكەن نەئىل — تاقا شەكلىدە ئويۇلغان تامغا:

دەردۇغەم بوستانىنىڭ تاۋۇسىدۇر كۆڭلۈم قۇشى،
گۈل بولۇپ جىسمىدە كەسكەن نەئىل ھەرياندىن ئاڭا.

— نەۋايى.

كەسكۈلەتمەك — پارچىلاپ كەسمەك، قىيمىلىماق.

كەساد [كساد] (ئە) كاسات، بازىرى يوق، خېرىدارى يوق؛ «كاسىد» قا قاراڭ:

ئېلىپ بارغىل ۋۇجۇدۇڭ رەختىنى بازارى مەھشەرگە،
كەساد ئولماسدا رەختىڭ ئانچۇنانكىم ئېتىبار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

كەسافەت I [كثافت] (ئە) 1) تولۇقلۇق؛ قويۇقلۇق. 2) قوپاللىق، يىرىكلىك؛ 3) ئىپلاسلىق، يامانلىق:

ھەياتىڭىز زۇلالى ئەبەدغە دېگىنچە جاري ۋە دەۋلەتىڭىز قۇياشى قىيامەتغىچە زەۋال كەسافەتىدىن ئاري بولسۇن، ئامىن.

— نەۋايى.

كەسافەت II [كسافت] (ئە) 1) خىرەلىك، تۇتۇقلۇق، گۇڭگا. 2) تۇتۇلۇش (ئاي ياكى قۇياشنىڭ تۇتۇلۇشى).

كەسافەت ئەتمەك — تۇتۇلماق (ئاي ياكى قۇياش ھەققىدە).

كەسالەت [كسالت] (ئە) سۇسلۇق، بوشاڭلىق، لەقۋالىق:

تەبىئەتكى خۇيى كەسالەت دۇرۇر،
تەرەددۇد ئاڭا سەئىب ھالەت دۇرۇر.

— نەۋايى.

كەسب [كسب] (ئە) 1) ئۆگىنىش، ھاسىل قىلىش، ئىگىلەش. 2) ھۈنەر، مەشغۇلات:

بۇلبۇلى شورىدە قايدىن كەسب ئېتەر ئېردى نەۋا،
گەر بۇ شورىش ئىلە كۆڭلۈم ئۆيى ۋەيا بولماسا.

— ئەرشى.

كەسب ئەيلەمەك — ئۆگەنمەك، بىلمەك، ئىگىلىمەك.

كەسب ئولماق — ھاسىل بولماق، قولغا كەلمەك.

كەسبى ئايىنى سەئادەت قىلماق — بەخت - سائادەتكە ئېرىشمەك.

كەسبى ھەۋا — سەير قىلىش، يايراش، راھەتلىنىش.

كەسبى ئۇلۇم — ئىلىم ھاسىل قىلىش، بىلىم ئېلىش.

كەسر [كسر] (ئە) سىنىش، ئوشتۇلۇش؛ سۇنغان، ئوشتۇلغان؛ زەئىپلەشكەن.

كەسرى نەفس — 1) نەپسى زەئىپلەشكەن. 2) كەمتەرلىك.

كەسرەت [كثرت] (ئە) كۆپلۈك، موللۇق، كەڭلىك؛ كۆپچىلىك؛ نۇرغۇنلۇق، جىقلىق:

غەمىڭنىڭ كەسرەتىدىن چۈن كەبۇتەرخانەدۇر كۆڭلۈم،
گەر ئۇچسا، قايدىن ئىزدەپ كۆز قاتىدىن دانەزار ئولدۇم.

— گۇمنام.

كەسرەتى ھەسەب — شەرەپ ۋە پەزىلەتنىڭ كەڭ ۋە موللۇقى.

كەسمە [كيسمه] كوكۇلا، چاچ:

قاشىنى سەبزە ئەيلەپ ئوسما بىرلە،
يۈزىگە زىب - زىننەت كەسمە بىرلە.

— خىرقەتى.

كەسىر [كثير] (ئە) كۆپ، مول، جىق، تولا:

ھېچكىم كەسىرى تىغى زەبان سۇخەنۋەران،
ھەرفى بەيان ئېتەلمەگەي ھەمد سەناسىدىن.

— نەۋايى.

كەسىرۇل - ۋۇقۇئ [كثيرالوقوع] (ئە) تېز - تېز (كۆپ) يۈز بېرىدىغان.

كەسىف [كثيف] (ئە) 1) تولۇق؛ قويۇق. 2) قوپال، يىرىك؛ ئىپلاس.

جىرمى كەسىف — يوغان، قوپال گەۋدە.

كەش [كش] (پ) سۆز بىرىكمىلىرىدە «تارتقۇچى، ئالغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:

جەفاكەش — جاپا چەككۈچى.

بەلاكەش — ئازاب تارتقۇچى.

كەشان [كشان] (پ) تارتىدىغان:

ئىتلەر ئىدى ھەرتەرەفى كىش - كەشان،
قالماپ ئىدى مەندە ۋۇجۇدى نىشان.

— زەلىلى.

كەشان ئەيلەمەك — تارتماق.

كەشەف [كشف] (ئە) تاشپاقا؛

كەشەف ئەيلەپ تەۋەججۇھ بەيزەسىغە،
يارار كۆز بىرلە باسماي كەسەسىغە.

— نەۋايى.

كەششاف [كشاف] (ئە) 1) ئاچقۇچى، تاپقۇچى، يەشكۈچى، كەشىپ قىلغۇچى:

كۆڭۈلنى مۇھەببەت بىلە ساف قىل،

كى مەزمۇن قۇلۇبىغە كەششاف قىل.

— ئا. نىزارى.

2) مەشھۇر خارەزملىك ئالىم زەمەخشەرىنىڭ قۇرئانغا يازغان تەفسىرىنىڭ نامى.

كەششافە [كشافه] (ئە) هايۋان نامى؛ قەدىمىي شاھمات ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى:

سەفلەر ئىچرە پىل ئىلە زۇررافە ھەم،
رۇخ بىلە دەبىبابەۋۇ كەششافە ھەم.

— نەۋايى.

كەششەمس [كالشمس] (ئە): كەششەمسى نىسفۇن نەھار — چۈش مەزگىلىدىكى قۇياشتەك.

كەشف [كشف] (ئە) ئېچىش، تېپىش، ئىجاد قىلىش.

كەشف ئەتمەك — ئاچماق، ئىجاد قىلماق؛

كەشفى راز — سىرنى ئېچىش.

كەشنىز [كشنيز] (پ) يۇمغاقسۇت:

بولۇپ مەي شىرىسىدىن ئاتەشئەنگىز،
بېرىپ ئول ئوتقا تەسكىن قۇرسى كەشنىز.

— نەۋايى.

كەشىدە [كشيده] (پ) كەشتە، گۈل تىكمەك.

كەشىدەلىغ ياغلىغ — كەشتە تىكىلگەن تارتۇق، كەشتە تىكىلگەن ياغلىق، كەشتىلىك ياغلىق:

كەشىدەلىغ ياغلىغىدىن فەرقىغە لەچەك سالغايلاركىم،
جۇۋانى مۇخەددەرە ۋە ھۇللە نازۇكلۇغى نامەقدۇردۇر.

— نەۋايى.

كەشىش I [كشيش] (پ) تارتىش، جەلپ قىلىش:

كۆرگەلى ئاشۇفتە زۇلغۇڭنى قەمەرنىڭ دەۋرىدە،
خاتىرىم قىلمىش كەشىش قەتئەن سەرۇ سامان سارى.

— لۇتفى.

كەشىش II [كشيش] (پ) مۇناخ، تەركىدۇنيا قىلغۇچى (خرىستىئان دىنىدىكى).

كەف I [كف] (پ) كۆپۈك:

نە ئاچچىغ سۆكى مەستى ۋەھشەت ئايىن،
لەبىدە كەف، يۈزىدە مەۋجىدىن چىن.

— نەۋايى.

كەف ساچماق — 1) ئېغىزدىن كۆپۈك چاچراتماق. 2) جاۋىلدىماق.

كەف II [كف] (ئە) ئالىقان؛ ئاپان:

كەفىن ئاغزى بىلە مۇفلىس دەم ئېيلەپ،
ئىكى تىز كۆكسى ئىچرە مەھكەم ئېيلەب.

— نەۋايى.

گەر نەۋايى ھەجر دەشتىدىن ئۆتە ئالماس، نە تاڭ،
يول يۈرىي ئالماس كەفى غەم تاشىدىن ئەفگار ئۈچۈن.

— نەۋايى.

كەف ئۇرماق — چاۋاك چالماق.

كەفى پاي — ئاپان، پۇتنىڭ ئاستى.

كەفارەت [كفارت] (ئە) قىلىنغان گۇناھنىڭ يۇيۇلۇشى ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەدەل:

دۇنيا مالىدىن ئۇشبۇ كەنىزەكىم بار. ئەگەر قەبۇل قىلسالىڭ ئول رەنجىم كەفارەتىگە ساڭا بەردىم ۋە ئەگەر قەبۇل قىلمىسالىڭ، ئازاد قىلدىم.

— نەۋايى.

كەفاف [كفاف] (ئە) تويار - تويماس مىقداردىكى ئاماق، ئېھتىياجغا مۇۋاپىق يېمەكلىك.

كەفەن [كفن] (ئە) كېپەن، مۇردىنى ئورايدىغان ئاق ماتا:

مەن مۇندا بۇ كۆن ئاڭلا كېتەرمەن ۋەتەنىمگە،
بۇ گۈلنى سېپىڭلار مېنىڭ ئول كۈن كەفەنىمگە.

— موللا سالىھ.

كەفچە I [كفچه] (پ) بىر خىل ياپىلاق باشلىق زەھەرلىك يىلان:

قىزىق كەفچەنى ئىلكىدىن ئالىپتۇر ۋە باشىغە سۇرۇپدۇركى، مەغزى چىقىبدۇر، ئەياغىدىن سۆدرەپ، گۈلخاندىن تاشقارى تاشلاپدۇر.

— نەۋايى.

كەفچە II [كفچه] (پ) كۆسەي، كەپكۈر.

كەفچە ئۇرار باشلاماق — كەپكۈر، كۆسەي بىلەن تىتماق، ئۇرماق:

... ئۆزى گۈلخانغە كەفچە ئۇرا باشلاپتۇ.

— نەۋايى.

كەفش [كفش] (پ) كەش:

بارىپ كەفشلەرنى يۇتۇمغە كىيىپ،
يەنە ئول گىلىمنى باشىمغە ياپىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەفشدوز [كفش دوز] (پ) كەش تىككۈچى، موزدۇز:

كىچىككىدە كەفشدوزلۇققا مەنسۇپ ئىردى.

— نەۋايى.

كەففە [كفه] (ئە) 1) تارازىنىڭ پەللىسى. 2) قەدىمكى ئاسترونومىيىنىڭ قارىشىچە، ئون ئىككى بۇرجىنىڭ يەتتىنچىسى دەپ پەرەز قىلىنغان مىزان بۇرجى.

كەففەئى مىزان — تارازا پەللىسى:

كەففەئى مىزان ئاڭا ئەفلاك ئولۇپ،
پاتمانى تاشى كۆرەئى خاك ئولۇپ.

— نەۋايى.

كەفلىز [كفليز] (پ) كەپكۈر؛ چۆمۈچ، ساپلىق:

قازان يوقكى ئول ئاندا كەفلىز ئەمەستۇر،
كى بولسۇن يۈزىگە قازانلار قاراسى.

— نەۋايى.

كەفىل [كفيل] (ئە) كېپىل بولغۇچى، كاپالەتلىك قىلغۇچى:

ئاۋارە كۆڭۈل ئىستىپ جان تەندىن ئالۇر ئىشقىڭ،
ئول تەلبەگەكىم ئىتمىش گىيا بۇ كەفىل ئېرمىش.

— نەۋايى.

كەلابە [كلابه] (ئە) غالتەك (يىپ ئورايدىغان):

بىر كەلابەئىپ — بىر غالتەك يىپ.

كەلاغ [كلاغ] (پ) ئالىقاغا:

بارىپ ئاندا كۆك قارغە — زاغى كېلىپ،
كېتىپ تۇتى، ئەمما كەلاغى كېلىپ.

— نەۋايى.

كەلال [كلال] (ئە) چارچاش، هارغىنلىق؛ مالاللىق؛ ئېغىرچىلىق:

كۆرەردىن بۇ ئۆلۈم ئولغاچ كەلالى،
مۇبارەك تەبئىگە يەتسە مەلالى.

— نەۋايى.

كەلالە [كلاله] (ئە) «كەلالەت» كە قاراڭ:

ئەي قامەتى سەرۋۇ كۆزى نەرگىس، ئېڭى لالە،
زۇلفۇڭ ئېرۇر ئول لالە ئۈزە مۇشكى كەلالە.

— سەككاكى.

كەلالەت [كلالت] (ئە) «كەلال» غا قاراڭ.

كەلام [كلام] (ئە) سۆز، گەپ؛ نۇتۇق:

ئەي يارانلار بىز ئۆلەرمىز، يادكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جەهاندا بىر نىشانە ياخشى نام.

— نەۋبەتى.

كەلامى جانفىزا — ئىلهامبەخش سۆز.

كەلامى خەيرى مەئال — ياخشىلىققا باشلىغۇچى سۆز.

كەلامى دىلئەفروز — دىلنى يورۇتقۇچى، كۆڭۈلنى شادلاندۇرغۇچى؛ مەپتۇن قىلغۇچى سۆز.

كەلامى رەببانىي — تەڭرىنىڭ سۆزى، قۇرئان.

كەلامى سەلا ئەفزاي — ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى سۆز.

كەلامى فاسىه — پاساھەتلىك سۆز؛ ئوچۇق، روشەن، چۈشىنىشلىك سۆز.

كەلامى مۇختەسەر — قىسقا سۆز.

كەلام ئاۋەر [كلام آور] (ئە + پ) سۆز كەلتۈرگۈچى.

كەلام ئاۋەر ئەيلەمەك — نۇقتىدىن سۆزلىمەك.

كەلامۇللاھ [كـلام اللـه] (ئە) تەڭرىنىڭ سـۆزى، قۇرئان:

ئېشەك سەۋتى كەلامۇللاھدا كەلدى ئەنكەرۇل ـ ئەسۋات،
ئانىڭ سەۋتىغە تەقرىبۇ تەخاشى ئىستەمەك بولماس.

— نەۋايى.

كەلئەدەم [كالعدم] (ئە) يوقتەكلا، يوققا ئوخشاش:

قىزا كاتىبى چەكتى ئانداغ رەقەم،
هەمە شەيئ ئەجناسىدۇر كەلئەدەم.

— ئا. نىزارى.

كەلبەك [كلبک] (ئە) كۈچۈك، ئىت.

كەللەپۇش [كلەپوش] (پ) دوپپا.

كەلىد [كليد] (پ) ئاچقۇچ، كېلىت:

كۆڭۈل مەخزەنىنىڭ قۇلفى تىل ۋە ئول مەخزەنىنىڭ كەلىدىن سۆز بىل.

— نەۋايى.

كەلىز [كليز] (پ) هەسەل هەرىسى:

نىهايەتدىن ئارتۇق كېلىپ بۇ كەلىز،
بولۇپ بارچە بۇ تاغ ئارا شەهد زىر.

— نەۋايى.

كەلىسا [كليسا] (ي) خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى، چېركاۋ:

شەھ دەۋلەتىدىن يىتتى بۇ دەيرۇ كەلىسا،
ئورنىدا بولدى مەدرەسەيۇ مەسجىدى بىنا.

— نەۋايى.

كەلىم [كلم] (ئە) [بىرلىكى: كەلىمە] 1) سۆزلەر، كەلىمىلەر:

رىيايى خانىقاھدە چۈن كەلىمى مەئرىفەت يوقتۇر،
مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئىشكىدە نەقشى بورىيا بولماق.

— زەلىلى.

2) سۆزلىگۈچى، سۆھبەتداش (كەلىم — مۇسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى. دىنىي رىۋايەتلەردە، تۇر تېغىغا چىقىپ تەڭرى بىلەن سۆزلەشكەن دېيىلىدۇ. ئۇنى «كەلىمۇللاھ» دەپمۇ ئاتايدۇ).

كەلىمات [كلمات] (ئە) [بىرلىكى: كەلىمە] سۆزلەر، جۈملىلەر، گەپلەر، كەلىمىلەر.

كەلىماتى — ئاجايىپ، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر.

كەلىمە [كلمه] (ئە) [كۆپلۈكى: كەلىم / كەلىمات] سۆز، نۇتۇق؛ «كەلىم» گە قاراڭ.

كەلىمۇللاھ [كلم الله] (ئە) تەڭرى بىلەن سۆزلەشكەن (مۇسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى، «كەلىم» گە قاراڭ):

مۇسا كەلىمۇللاھ دېمىش «يارەببى ئەرىنىنزۇر ئىلەيك»،
ئىشقى مۇھەببەت زورىدىن تىترەر ئىممىشلەر لاغ ـ لاغ.

— شەۋقى.

كەمال [كمال] (ئە) [كۆپلۈكى: كەمالات] مۇكەممەللىك، تولۇقلۇق، يېتۈكلۈك، نۇقسانسىزلىق؛ تالانت؛ پەزىلەت:

تاپىپ ئىشقىم كەمال ئانداغكى رۇھى ۋامىقۇ فەرھاد،
كېلىپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆيرۈلۈر شەمئى مەزارىمنى.

— ئەرشى.

كەمال ئەھلى — ئىلىم ئەھلى، ئۇلۇغلار؛
كەمال تۇتماق — كامالەتكە يەتمەك.
كەمال دەرىجىسى — پادىشاھلىق.
كەمالى باتىنى — ئىچكى يېتۈكلۈك.
كەمالى خىرەد — ئەقىل - ئىدراك ئۆتكۈرلۈكى.
كەمالى پەرىپەت — ئىلىم - ئەخلاقتا مۇكەممەللىك.
كەمالى ئىشق — ئىشقنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى.
كەمالى ھۆسن — نۇقسانسىز گۈزەل يۈز، چىراي:

كەمالى ھۆسنۈڭە «ئەلھەمد» ئىلە دۇئا قىلايىن،
يۈزۈڭ سىفاتىنى «ۋەششەمس» ئىلە ئەدا قىلايىن.

— ئەرشى.

كەمالات [كمالات] (ئە) [بىرلىكى: كەمال] 1) مۇكەممەللىكلەر. 2) پەزىلەتلەر. 3) ئالىي دەرىجە:

ھەر كىمدەكى بار ئىسە خىيالى،
كەسب ئەتمەك ئىشق ئارا كەمالى.

— نەۋايى.

كەمان [كمان] (پ) ياي؛ ئەگمە:

قولۇمغە ئالىپ مەن چۇ تىرۇ كەمان،
بۇلار بىرلە بولدۇم پىيادە رەۋان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

قاشىنى دېسەم كەمان سىيەھ تۇس،
جان ئالغالى فۇلاد شەمشەر.

— سالىھى.

كەمان ئەبرو — قېشى يايدەك، ئەگمە قاش.

كەمانخانە [كمان خانە] (پ) ياي ئېتىشنى مەشق قىلىدىغان ئۆي.

كەمانكەش [كمان كش] (پ) مەرگەن، ئاتقۇچى:

يىقىلغاي بۇ ھەمۇل يۈز رويىنتەنۇش،
كى بارۇ ئۆزرە ئېردىلەر كەمانكەش.

— نەۋايى.

كەمانگەر [كمانگر] (پ) ياي ياسىغۇچى ئۇستا.

كەماھى [كماهى] (ئە + پ) بېلىقتەك، بېلىققا ئوخشاش.

كەماھى [كماهى] (ئە) خۇددى شۇنداق، ئۆز پېتى، ئەينەن، تولۇق؛ ماھىيىتى بىلەن.
كەماھى ئاڭلاماق — تېگى - تەكتىدىن ئېنىق بىلمەك.

كەمەر [كمر] (پ) 1) بەلۋاغ، تاسما بەلۋاغ، كەمەر، بەل:

ياساپ تىترەگۈچ شاھقە تاج زەر،
تېخى ئىشلىدۈك بەلگى زەردىن كەمەر.

— غەرىبى.

2) تاغ ئارىلىقى، تاغ يولى:

بېلىڭ سەررىشتەسىغە مۇبتەلا بولغان كۆڭۈل سەيدى،
كىمىكدەكدۇركى، مەھكەم ئەيلەمىش يولىن كەمەر ھەريان.

— نەۋايى.

كەمەر باغلىماق — بەل باغلىماق، تەييارلانماق.

كەمەربەند [كمربند] (پ) 1) كەمەر. 2) خىزمەتكار، خادىم.

كەمەربۇر [كمربر] (پ) كارىز كولىغۇچى:

كۆرەردىن يوق كەمەربۇرلەرگە تويماق،
نې ھەددى پەرگە پۇشتى دەست قويماق.

— نەۋايى.

كەمەرگاھ [كمركاه] (پ) تاغ ئېتىكى، بەل:

كەمەرگاھىدە خەيلى بىنھايەت،
يىسال تارتىپ ھۇجۇم ئەيلەپ بىغايەت.

— نەۋايى.

كەمەند [كمند] (پ) 1) سىرتماق، ھالقا، تۇزاق، بەند؛ ئارغامچا:

ئەگەر بوينۇمغە زەنجىرى قولۇمغە يۈز كەمەند ئولغاي،
بەناگاھ دەردمەندىغە تەرەف نادەردمەند ئولغاي.

— قەلەندەر.

2) يارنىڭ چېچى، رىشتە؛ سەۋەب، ۋەج.
كەمەندى زۇلف — چاچ تۇزىقى، سىرتماققا ئوخشىغان چاچ ئۆرۈمىلىرى.
كەمەندى ھەم - بەھەم — قايتا - قايتا ئىشلىگەن.

كەمبۇدەلىغ [كمبودەليغ] كەملىك، يوقلۇق:

دەۋران ئاراكىمسە رەنج پەيمۇدەلىغى،
بۇشماس ئەگەر ئەمەس فەراغ كەمبۇدەلىغى.

— نەۋايى.

كەمتەرىن [كمترين] (پ) ئەڭ كەمتەر، تۆۋەنچىلىك:

قاشىڭدىن كەمتەرىن قۇل كەلسە ئەرشى مۇھتەرەم تۇتمىش،
گەھى جەمشىد، گەھى خۇسرەۋ، گەھى شاھى قۇباد ئەيلەپ.

— ئەرشى.

كەمپىر [كمپير] (پ) موماي، قېرى ئايال:

ساچىدا قارا يوق ئاغزىدا تىشى،
قاتىغ پىشماق ئېردى بۇ كەمپىر ئىشى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەم سۆخەن [كم سخن] (پ) كەم سۆز، خامۇش:

مەۋلانا ھۇمائىي ... بەغايەت پەقىر ۋە كەمسۇخەن ۋە نامۇراد كىشى كۆرىنۇر.

— نەۋايى.

كەمم [كم] (ئە) مىقدار، قانچىلىك.

كەممى بىلە كەيفى — بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارى بىلەن ھالىتى (قانچىلىك ۋە قانداقلىقى).

كەمىن I [كمين] (ئە) خىلۋەت جاي، پىستىرما؛ قاپقان، تۇزاق:

تەرۇ تازە بولدۇم بەغايەت سەمىن،
كى ئامادە ئەيلەپ قويارغە كەمىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يۇرۇر يوللارىغەكى شەيتان لەئىن،
ئاڭا سىھرى بىرلە قويارلار كەمىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەمىن ئەتمەك — يوشۇرماق، مەخپىي تۇتماق.

كەمىن II [كمين] (پ) كەم، ئازغىنا، نۇقسان، ئەيىب؛ كىچىك.

كەمىن خادىم — ئەڭ كىچىك خادىم.

كەمىن ئىش — كىچىككىنە ئىش، ئازغىنا ئىش.

كەمىنە [كمينه] (ئە) تۆۋەن، ئەرزىمەس، پىقىر:

قەبۇل ئەتسەڭ تابۇقچىمەن كەمىنە،
تەرەھھۇم قىل تابۇقچىلار كەمىنە.

— لۇتفى.

كەمىنە كەنىز — تۆۋەن دەرىجىلىك چۆرە.

كەمىنگاھ [كمين كاه] (پ) يوشۇرۇنىدىغان جاي، پاناھلىنىش ئورنى، پىستىرما جاي:

كەمىنگاھدە بىش مىڭ نەبەرد ئازماي،
نىھانىي قويۇپ شاھى فەرخۇندەراي.

— نەۋايى.

كەمىيەت [كميت] (ئە) «كەمم» گە قاراڭ.

كەن [كن] (پ) سۆز بىرىكمىلىرىدە «كولىغۇچى، قازغۇچى» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ:

كۇھكەن — تاغ قازغۇچى.

كەنار [كنار] (پ) 1) قىرغاق، چەت؛ ساھىل؛ يان، يېنى:

تاماشا ئەيلەگىز بۇ توي ئارا، ئەي ھۇرۇغۇلمانلار،
فىغانۇ نالەلەر ئەيلەپ كېلىباڭ ئەمدى كەنارىمغە.

— ئا. نىزارى.

2) تەرەپ، تامان؛ تۆۋەن. 3) قۇچاق، قۇچاقلاش:

نەۋائىييا، مېنى ئول مەست بەزمىدىن سۈردى،
يوق ئېرسە كام ئىلە ئاندىن كەنارە ئەيلەمەدىم.

— نەۋايى.

كەنار تۇتماق — چەتلەشمەك، يىراقلاشماق، خالىي بولماق.

كەنارە [كناره] (پ) «كەنار» غا قاراڭ:

گۇلشەنۇ گۇلبەرگۇ ساقى، سايەئى بەرگى كەدۇ،
بىل غەنىمەت گەر ئېرۇر ئەترافىدا كەنارەلەر.

— ئەرشى.

كەنارە قىلماق — قىرغاققا چىقماق، چەتكە چىقماق.

كەنارە قىلىنماق — چەتلەشتۈرۈلمەك.

كەنارە ئىستەمەك — چەتلىشىشنى خالىماق.

كەنبۇرە [كن بوره] (پ) ھىيلە، مىكىر، ئالدامچىلىق:

كىشىنىڭ بۇ نەۋئ پەردەدارى كەنبۇرەئى ئەسكى سىناچىغە غازە سۈرتكەي ۋە تىترەيدۇرغان باشىغە تىترەگۈچ سانچقاي.

— نەۋايى.

كەنز [كنز] (ئە) [كۆپلۈكى: كۇنۇز] خەزىنە، توپلانغان مال - دۇنيا.

كەنناڧە [كنافه] (ئە) ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى.

نەۋايى «شەترەنجى كەبىر» ئۇرۇقلىرىدىن بىرى دەپ كۆرسەتكەن.

كەنىز [كنيز] (پ) 1) چۆرە، خىزمەتكار ئايال، دېدەك:

كى ئول چاغ ئىدى كەلدى ئىككى كەنىز،
كىرىپ گۇلشەن ئىچرە ئىكى گۇل مەگىز.

— ئا. نىزارى.

2) تەۋە، ئىتائەتلىك:

گەر زۇلفى ئىلە مۇشكىبىز ئىدىلەر،
ئىككىسى ئاڭا كەنىز ئىدىلەر.

— نەۋايى.

كەنىزەك [كنيزك] (پ) ياش چۆرە، ياش خىزمەتچى ئايال؛ ئىگىسى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن دېدەك:

بار ئېردىكى ئەلنىڭ، كەنىزەكلەرى،
لەتافەتدە گۇلدەك قىزىل رەڭلەرى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەھ [كه] (پ) سامان؛ «كاھ» قا قاراڭ:

ئەگەر كەھ بولسە لۇتفۇڭ ئەيلەدى كوھ،
لەبىڭدىن روھ بولدى جىسمى مەكروھ.

— گۇمنام.

كەھدۇد [كهدود] (پ) سامان تۈتۈنى، سامان ئىسى.

كەھرەبا [كهربا] (پ) 1) سېرىق رەڭلىك تاش، كەھرەۋا:

ئېرنىڭ ئەقىقى گەرچە جەھاندا يېگانەدۇر،
چېھرەم مەگىزلى ھەم يەنە بىر كەھرەبا قېنى؟

— سەككاكى.

2) سېرىق:

بولۇپ بارماقلارى قاندىن خىنا رەڭ،
ۋەلىي لەئلى قۇرۇردىن كەھرەبا رەڭ.

— نەۋايى.

كەھرەباگۈن [كهرباگون] (پ) كەھرىۋا رەڭلىك، سېرىق رەڭلىك؛ كەھرىۋاسىمان:

چۈ قەددى كەھرەباگۈن، مېھرى گەردۈن،
يىغاچلار بەرگى رەڭگىن كەھرەباگۈن.

— نەۋايى.

كەھرەبالىق [كهرباليق] تارتىماقلىق، جەلىپ قىلماقلىق؛ سېرىقلىق.

بىجەزب سەرىغ ئېرۇر رىيالىق،
سەمىغ ئەيلەي ئالۇرمۇ كەھرەبالىق.

— نەۋايى.

كەھرەباۋەش [كهرباوش] (پ) كەھرىۋادەك سېرىق:

سەنەملەر جىلۋەگەر مېھرى سەماۋەش،
ئاياغدىن باش لىباسى كەھرەباۋەش.

— نەۋايى.

كەھف [كهف] (ئە) غار، ئۆڭكۈر:

كەھف ئېلى يەڭلىغ ياتىپ مەن، ئىشقدىن بىر جام ئىچىپ،
ئول ئويانىدى، مىلەڭ قىيامەت بولسە يوق ئويغانماقىم.

— گۇمنام.

كەھفى فەنا — يوقىلىش غارى، ئۆزىدىن كېتىش غارى:

كەھفى فەنا ئىچرە ئالار بولسە گۇم،
مەن ھەم ئولاي رابىئۇھۇم، كەلبۇھۇم.

— نەۋايى.

كەھف ئېلى — غاردا ياشايدىغانلار.

كەھفۇل - ئەنام [كهف الانام] (ئە) كىشىلەرنىڭ تايانچىسى، باشپاناھى.

كەھكەشان [كهكشان] (پ) ئاسماندىكى ئۆزۈنىسىغا كۆرۈنىدىغان ئاق يول، سامانيولى:

جەھاندا ئەجەب كوھدۇر سەركە شان،
كى ئەۋجى تەقابىل بولۇپ كەھكاشان.

— ئا. نىزارى.

كەھگىل [كهكل] (پ) سامانلىق لاي، كاكىل:

ماھۋەش ۋەسلى ئىچرە بولغاچ كامىياب،
دېدىكىم، كەھگىلگە ئۇردىلار گۇلاب.

— نەۋايى.

كەۋاكىب [كواكب] (ئە) [بىرلىكى: كەۋكەب] يۇلتۇزلار:

كۆيۈپ ئەفلاك، ئۆرتەنگەي مەلەك، تىترەر كەۋاكىبلار،
چېكىپ ئەفغان غەم سەيلىيۇ شەرھى ماجەرا تۇتسالڭ.

— سەبۇرى.

كەۋدەن [كودن] (پ) 1) پەمسىز؛ ئەخمەق؛ دۆۋەڭ؛ تەنتەك. 2) ئورۇق، ئىمجان (ئات).

كەۋسەر [كوثر] (ئە) جەننەت بۇلىقى، ماددىي ۋە مەنىۋى توقلۇق:

ئۇدۇگەنىبەر تۇفراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،
دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.

— گۇمنام.

كەۋسەر ئاسا — جەننەت بۇلىقىغا ئوخشاش، كەۋسەرسمان؛ تازا:

نەقد جەننەتدۇر، نەۋايى، كەسۋەر ئاسا مەي ئىچىپ،
ئۆزنى زارۇ ۋالەگى بىر سەرۋى ھۇرىزادە ئەت.

— نەۋايى.

كەۋكەب [كوكب] (ئە) [كۆپلۈكى: كەۋاكىب] يۇلتۇز، سەييارە:

كەلدى ئەخبار ئىچرە شەنبە سەئد ئانىڭ كەۋكەبى،
سەئد ئەكبەر ئۆزرە رەڭگى قارادۇر ساھىب شىكار.

— تەجەللى.

كەۋكەب ئايىن — يۇلتۇزغا ئوخشاش، يۇلتۇزدەك؛ چاقنىغان، پارلاق.

كەۋكەب ئەفشان — 1) يۇلتۇز چاچقۇچى 2) كۆز يېشى.

كەۋكەب ئەفشان قىلماق — ياش تۆكمەك.

كەۋكەب ئەنزارى — ئاسترونومىيىدە: يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت دەرىجىلىرى.

كەۋكەب گۈن — يۇلتۇزلارغا ئوخشاش، پارلاق، تىنىق، چىرايلىق.

كەۋكەبى جەلالەت — پارلاق يۇلتۇز، ئۇلۇغ يۇلتۇز.

كەۋكەبى جەمانتاب — جاھاننى يورۇتقۇچى يۇلتۇز.

كەۋكەبى رەخشەندە — نۇرلۇق يۇلتۇز.

كەۋكەبى سەييار — ئايلانغۇچى يۇلتۇز، سەييارە، پىلانېتا.

كەۋكەبى ئىقبال — بەخت يۇلتۇزى.

كەۋكەبە [كوكبه] (ئە) 1) يۇلتۇز، يۇلتۇزلار توپى. 2) نۇر، يورۇقلۇق، پارلاقلىق:

مېھرى جەمالى كەۋكەبەسى بىلە ئەنجۇمەننى رەۋشەن قىلماغلىغى ... ...

— نەۋايى.

كەۋكەبىستان [كوكبيستان] (ئە + پ) يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان تىنىق ئاسمان؛ يۇلتۇزلار ماكانى:

بۇ لەيلۇ بەدر ئولۇپ شەمئى شەبىستان،
ئۇزارىدىن خەي ئاندا كەۋكەبىستان.

— نەۋايى.

كەۋن [كون] (ئە) مەۋجۇتلۇق، بارلىق؛ دۇنيا:
گەر تۈشسە سېنىڭ بەندەلىكىڭ تەۋقى بويۇنغە،
بولغۇمدۇر بۇ ھالەتدە ئىككى كەۋندىن ئازاد.
— ئەرشى.

كەۋنۇ فەساد — بارلىق ۋە يوقلۇق؛ بارلىققا كېلىش ۋە يوقىلىش.

كەۋنۇ مەكان — بارلىق، كائىنات؛ دۇنيا، ئالەم:
خۇداۋەندى كەۋنۇ مەكانغە سەنا،
دېدىم، كۆپ سۆيۈندۈم يېدىم ھەم غىزا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەۋنەين [كونين] (ئە) ئىككى دۇنيا؛ جىسمانىي ۋە روھىي ئالەم؛ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت:
ئەرشى، كەۋنەين ئىچىدىن ئىستەمە جۇز فەقر مۇسۇل،
يوق ئىمىش ئەھلى شەرافەت فۇقەرادىن غەيرى.
— ئەرشى.

كەۋنەين شاھى — پۈتۈن بارلىق شاھى، ئىككى جاھان پادىشاھى.

كەئب [كعب] (ئە) لوشۇق، توپۇق.

كەئبە [كعبه] (ئە) 1) مەككە شەھىرىدىكى زىيارەتگاھ، مۇقەددەس جاي؛ مۇسۇلمانلار قىبلىسى:
دەيچۇ كويۇڭدا تاپىپ ئىشقىم كەمال ئول نەۋئىكىم،
ئالغامەن ۋەقتى سۇجۇد ئەر كەئبەۋۇ بۇتخانەدۇر.
— ئەرشى.

ئانى كەئبەگە يەتكۈزۈرلۈك بۇ زەمان،
كى مەقسەدنى تەڭرىگە ئەيلە ئەيان.
— ئا. نىزارى.

2) كۆڭۈل؛ مۇرات ـ مەقسەت:
كەئبەكى ئالەمنىڭ ئولۇپ قىبلەسى،
قەدرى يوق ئانداق كى كۆڭۈل كەئبەسى.
— نەۋايى.

كەئبەنى بۇزماق — كۆڭۈل بۇزماق:
بۇ خۇسران بىسكى، چۇن غەم رۇدى تۈزدۈم،
سىرىشكىم سەيلىدىن كەئبەمنى بۇزدۇم.
— نەۋايى.

كەئبەتەين [كعبتين] (ئە) ئىككى كەئبە: 1) مەككە ۋە قۇددۇس شېرىپتىكى زىيارەتگاھ. 2) نەرد ئويۇنىدىكى سۆڭەك، تاش:
كىمكى ئول گۈلنى كۆرۈپدۇر لالەزارى باغ ئارا،
قالدى جىسمى كەئبەتەينى نەرد ئوخشە داغ ئارا.
— قەلەندەر.

كەئس [كأس] (ئە) قاچا، جام، مەي پىيالىسى:
ئوخشامىش كەئسغە شەمسى كەيفىكى فەيزى مەسبە،
لامەكان سەير ئولغۇسى بۇ نەشئەدىن تانغان گەدا.
— ئەرشى.

كەي I [كى] (پ) [كۆپلۈكى، كەيان] بۈيۈك پادىشاھ، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك:
مەگەر يادىڭدا يوقتۇركىم، ساڭا مەن،
دېدىم يۈز قەتلە كەي، مەجنۇنى غافىل.
— نەۋايى.

كەي II [كى] شېئىردا ۋەزىن تەلىپىگە ئاساسەن «كى ئەي» نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى:
كۆرۈپ تۆرتىنچى مەنزەرنى چۇ خالىي،
دېبان، كەي مېھرىسىز گەردۇنى ئالىي.
— نەۋايى.

كەياسەت [كياست] (ئە) زېرەكلىك، ھوشيارلىق، زېھنى ئۆتكۈرلۈك:
سۆزىدىن فەھىم ئولۇپ ئەقلۇ كەياسەت،
يۈزىدىن بىلگۈرۈپ فەھمۇ فەراسەت.
— نەۋايى.

كەيانى [كيانى] (پ) ئىراننىڭ كەيان سۇلالىسىگە مەنسۇپ بولغان شاھلارنىڭ لەقىمى.

كەيانى تەخت (تەختى كەيانى) — كەيانىيلىق تەخت.

كەيانى نەژاد — كەيانى سۇلالىسى نەسلىدىن.

كەيبۇر [كيبر] (پ) 1) كەلىڭ، ئۈچلۈق نەيزە، يانىڭ ياپىلاق ئوق بېشى. 2) جادىھەرە:
نە پەررە غەم سىپاھى كەيبۇرى ئول،
بەلىيەت قەلئەسىنىڭ كۈنگۈرى ئول.
— نەۋايى.

كەيد [كيد] (ئە) مىكىر، ھىيلە، نەيرەڭ، ھەييارلىق، ئالدامچىلىق.

كەيد قىلماق — ئالدىماق.

كەيدۇ راي — ھىيلە ۋە تەدبىر.

كەيف [كيف] (ئە) كەيىپ، مەستخۇشلۇق:
ئىچىپ كەيفى بىرلە بولاي ئەقلى لال،
تاپاي يار ئىلە خىلۋەت ئىچرە ۋىسال.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەيفە [كيف] (ئە) قانداق، قانداقراق؛ قانداقچە؛ قانچە:

كەممى بىلەن كەفى مۇبەرھەن — قانچىلىكى ۋە قانداقلىقى ئېنىق.

كەيفىيەت [كيفيت] (ئە) 1) ھەقىقىي ئىش. 2) خۇرسەنلىك. 3) سۈپەت، خۇسۇسىيەت، كەيپىيات، ھال، ئەھۋال، ھالەت:

فەلەك كەجرەفتار ۋە سىپىھر نا پايدار ئالەمگە گىرىفتار بولغان ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا ۋە دۇنيا ۋە دۇن ۋە چەرخى بۇ قەلەمۇن ھەۋادىسىغە مۇبتەلا بولغان سەلاتىن ۋە ئۇمەرالار كەيفىيىتىدە.

— ئا. نىزارى.

كەيقۇبادي [كيقبادى] (پ) كەيقۇبادقا مەنسۇپ، شەھانە:

قىش بولدى بەھار چەمەن، بىد قىنى،
مۇرغان سەھەر تىلىدا تەۋھىد قىنى.
شاھان كەيانى زىرى خاك ئولماسالار،
كەيخۇسرەۋۇ كەيقۇبادي، جەمشىد قىنى.

— زەلىلى.

كەيل [كيل] (ئە) ئاشلىق ئۆلچەيدىغان كۈرە، چارەك:

شاھىكى فەلەك سارى چۇ مەيل ئولدى ئاكا،
كۆك زەرفى ساچارغا نۇر كەيىل ئولدى ئاكا.

— نەۋايى.

كەيۋان [كيوان] (پ) 1) زۇھەل (ساتورىن) يۇلتۇزى. 2) ئېگىز ئاسمان؛

مۇنشىي كۆرۈپان خەتى سەۋادىن،
كەيۋان يۆزىغە ساچىپ مىدادىن.

— نەۋايى.

كوب [كوب] (پ) كۆپىنچە سۆز بىرىكمىسىدە «ئۇرغۇچى، تەپكۈچى، يەنچىگۈچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

كوب تاپماق — زەربە يېمەك؛ چارچىماق.

كوتاھ [كوتاه] (پ) «كوتەھ» كە قاراڭ:

دېدى: *غەم سىررىنى، ئەي قۇش، ئەيان قىل،*
دېدى: *بۇ سۆزگە، بىل، كوتاھ ئېرۇر تىل.*

— خىرقەتى.

كوتەھ [كوته] (پ) كالتە، قىسقا:

قۇللۇقى يەتسە بەھەم بىچارە ئاجىز بەندەغە،
ياتىبان يار كويىدا، ھەجرىدە كوتەھ زارلىغ.

— نەۋبەتى.

كوتەھ ئەتمەك — قىسقا قىلماق.

كوتەھ ئەندىش — قىسقا ئويلايدىغان، كالتە پەم، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان.

كوتەھ نەزەر — كالتە پەم، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، قىسقا ئويلايدىغان.

كوچەك [كوچك] (پ) كىچىك، كىچىككىنە؛ پارچە.

كوچەكدىل [كوچك دل] (پ) 1) قورققاق، يۈرەكسىز. 2) خۇش خۇلق، خۇش مۇئامىلە؛ كۆڭۈلچەك، خۇشخۇي:

ماڭا بۇ قىسسە بەس مۇشكىل تۇشۇپدۇر،
كىم ئول مەزلۇم كوچەكدىل تۇشۇپدۇر.

— نەۋايى.

كور [كور] (پ) كور؛ كۆزى ئاجىز؛ كۆرمەس، قارىغۇ.

كور چەشمە — سۇ چىقماس بولۇپ قالغان بۇلاق، سۇسىز بۇلاق.

كورەگان [كوركان] 1) ئاتا ھەم ئانا تەرىپىدىن پادىشاھزادە بولغان كىشى لەقىمى. 2) ئەمىر تېمۇرنىڭ لەقىمى:

ئاڭلادىڭ شاھلىغ ئەھۋالىنى ھەم،
كورەگان تەختىيۇ ئىقبالىنى ھەم.

— نەۋايى.

كورەگانىي [كوركانى] خان كۈيۈسى، كۈيۈ؛ كورەگان پادىشاھلار نەسلىدىن:

بىلىپ بۇ نەۋ ئىلمى ئاسمانىي،
كى، ئاندىن يازدى زىجى كورەگانىي.

— نەۋايى.

كوزە [كوزه] كوزا؛ ساپال ئىدىش؛

قويۇپ كوزەغە سۇ يەنە بىر مىھار،
ئالىپ كەلدى يىلدام بۇ كەمپىر زار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كوژ [كوژ] (پ) ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن، مۈكچەيگەن.

كوژ ئەيلەمەك — ئەگمەك، پۈكمەك.

كوس [كوس] (پ) كاتتا ناغرا، پادىشاھ قەسرىدە چېلىنىدىغان غايەت زور ناغرا:

ئىشقى دەۋاسىدا چالدىڭ كوسۇ نەققارەلەر،
ئۇشبۇ تەقلىد بىرلە قىلغان ئىشقى دەۋايىڭغە ھەيف.

— شەۋقى.

كوسى دەۋلەت چالىنماق — دۆلەتكە ئىگە بولماق.

كوسى رەھىل — كارۋان يولغا چىقىش ئالدىدا چېلىنىدىغان ناغرا.

كوسى رەھىل چالماق — يولغا چىقىش ناغرىسىنى چالماق، سەپەر ناغرىسىنى چالماق.

كوسى رىھلەت چالماق — «كوسى رەھىل چالماق» قا قاراڭ.

كوسى ئىسلاھ ۋە ئىمداد چالماق — تۈزىتىش ۋە ياردەم ناغرىسى چالماق، تۈزىتىش ۋە ياردەملىشىش خەۋىرىنى تارقاتماق.

كوسەۋ [كوساو] كۆسەي، ئوت كولىغۇچ:

تىيرەلەر لۇتقى ئەيلەبان تۇتماس سەفا ئەھلى ئېرىن،
يارىغان بىرلە ئۇچى، شەمئ ئۆزىنى تۇتماس كوسەۋ.

— نەۋايى.

كوسزەن [كوس زن] (پ) ناغرا چالغۇچى:

يەنە كوسزەن تۇشتى جۇنبۇش ئارا،
يەنە كوس تۇشتى غۇرۇنبۇش ئارا.

— نەۋايى.

كوفت [كوفت] (پ) زەربە، ئۇرۇش؛ ئۇرۇلۇش، يانچىلىش، ئېزىلىش؛

كوفت تاپماق — زەربە يېمەك، ئۇرۇلماق؛ يانچىلماق، زېدە بولماق.

كوفتە [كوفته] (پ) يانچىلغان، ئۇرۇلغان چارچىغان، زېدە بولغان.

كوفتەگەرلىك [كوفتەكرليک] تۆمۈرچىلىك:

مىر ھاشىمي ... ... كوفتەگەرلىك بىلە مەشھۇردۇر.

— نەۋايى.

كولاك [كولاک] (پ) دولقۇن؛ قاتتىق شامال، بوران:

بەھرىغە ناز ئىلە چۇ كۆز سالىبان،
دېمە كولاك، بەھر قوزغالىبان.

— نەۋايى.

كونام [كنام] (ئە) 1) ئوتلاق. 2) دالا قۇشلىرىنىڭ ئۇۋىسى.

كوھ [كوه] (پ) 1) تاغ:

ئانىڭ قەلئەسى كوھ ئاسا ئېرۇر،
دېمەي كوھكىم، چەرخ فەرسا ئېرۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئېگىز، يۇقىرى.

كوھ پارە — تاغ بۆلىكى.

كوھ تا كوھ — تاغدىن تاغقا؛ كۆپ، تاغلارچە.

كوھ - كوھ — تاغ - تاغ، توپ - توپ.

كوھ ۋىقار — ئېغىر تەبىئەتلىك، چىدامىلىق.

كوھى ئەندۇھ — غەم تېغى:

قافى كىبلىبان چۇ كوھى ئەنبۇھ،
ئەنبۇھ نە مەئنى كوھى ئەندۇھ.

— ئەرشى.

كوھى بەلا — بالا تېغى.

كوھى غەم — غەم تېغى، تاغدەك غەم، ئېغىر قايغۇ:

يىغى زارى بىرلە بويۇم بولدى خەم،
مەگەر كىم يىقىلدى ماڭا كوھى غەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كوھى قاف — ئەپسانىۋى تاغ نامى.

كوھى مەئاني — مەنىلەر خەزىنىسى.

كوھان [كوهان] (پ) ئۆركەش؛ ئېگەر:

ئۇرۇپ تېغى قەلەك جىسمىغە سۇھان،
ئۆتۈپ ئول جىسمىدىن ئانداغكى كوھان.

— نەۋايى.

كوھە [كوهه] (پ) ئۇرۇش ئىسۋابى؛ ساۋۇت:

تۇشۇپ ئېردى بىر كوھە ئاچتى ئانى،
ئۆزالى ھەمۇل كوھە ئۆزرە تەنى.

— نەۋايى.

كوھ ئەفكەن [كوهافكن] (پ) تاغ غۇلاتقۇچى؛ پالۋان؛ «كوھكەن» گە قاراڭ.

كوھەك [كوهک] (پ) سەمەرقەند ئەتراپىدىن ئاقىدىغان زەرەپشان دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

كوھەن [كهن] (پ) «كوھان» غا قاراڭ:

تۇتار بىر مەجنۇن باشىنى تۆبەن،
ئانى غەمكىن ئەتمىش بۇ دەھرى كوھەن.

— ئا. نىزارى.

كوھپەيكەر [كوەپيكر] (پ) كاتتا گەۋدىلىك، بەھەيۋەت، ھەيۋەتلىك (ئات).

كوھپەيۋەند [كوەپيوند] (پ) تاغقا تۇتاشقان؛ يۈكسەك:

... ئىساسى كوھپەيۋەند بىنا قىلىپ ......

— نەۋايى.

كوھتەن [كوهتن] (پ) يوغان، كاتتا، گەۋدىلىك، تاغ كەبى:

پويە چاغى رەخشى ئولۇپ كوھتەن،
ئۇستىدە قاپلان كەبى ئول پويەزەن.

— نەۋايى.

كوھسار [كوهسار] (پ) تاغلىق، تاغلىق جايلار:

ئۇدۇ ئەنبەر تۇفراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،
دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.

— گۇمنام.

كوھسارى فىراق — پىراق تېغى.

كوھكەن [كوهكن] (پ) 1) تاغ قازغۇچى (پەرھادنىڭ لەقىمى):

بىناگاھ يېتىپ كەلدى خۇرشىدماھ،
يىراقدىن كۆرۈپ كوھكەن چەتى ئاھ.

— ئا. نىزارى.

2) زورلاۋان، غالىب:

ئەگەر شىرىن ئۈچۈن فەرھاد ئىشقى كوھكەن بولسا،
نېتالڭ سەككاكى ھەم جانا يولۇڭدا جانكەن بولدى.

— سەككاكى.

كوھكەنۋار [كوهكن وار] (پ) تاغ قازغۇچىدەك، تاغ قازغۇچىلار كەبى، پەرھاد كەبى:

كى مىھر ئەتكەچ ئەيان تاغ ئۆزرە ئەنۋار،

چىقاي تاغ ئۈزرە مەن ھەم كوھكەنۋار.

— نەۋايى.

كوھ - كوھ [كـوهكـوه] (پ) تاغ - تاغ، ناھايىتى كۆپ.

كوھنە [كهنه] (پ) كونا، قەدىمي، قەدىمكى:

نەچچە كۈن بۇ كوھنە دىۋارى شەھەردە تۇرمىسام،
نىگە ھەقنىڭ تەقدىرى قويمايدۇ رىزقىم بار ئۈچۈن.

— سالىھى.

كوھنە دەير — «كوھنە سەرا» غا قاراڭ.

كوھنە سەرا — دۇنيا.

كوھىستان [كوهستان] (پ) تاغلىق يەر، تاغلىق ئۆلكە، تاغلىق مەملىكەت؛ خۇراساننىڭ جەنۇبىدىكى «كوھىستان» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ۋىلايەت:

دەپ ئېردىڭلار نەسىھەتنى ماڭا، ئەي ئەھلى كوھىستان.
مەن ھەم سىزلەرگە دەپ ئېردىمكى شوخى بىھەيادۇربۇ.

— موللا بىلال.

كوھىستاني [كوهستانى] (پ) كوھىستانلىق، تاغدا، تاغلىق شەھەردە ياشايدىغان؛ تاغدا ياشىغۇچىلار:

ھاكىم ... تۆش - تۆشداغى يوللارغا كىشىلەر چاپتۇرۇپ ئوغرىلارنى تۇتۇپ، بىر ئۇلۇغ نەۋكەردىن خاجە خىزمەتىغە يىبارۇر. ئىككى كوھىستاني ئوغرى بىلەن.

— نەۋايى.

كوھي [كوهى] (پ) تاغلىق، تاغلىق ئادەم، تاغدا ياشىغۇچى؛ ياۋايى:

بۇلاردىن كوھىيۇ دەشتىي قىلىپ رەم،
ئالار گورنىن تۇتۇپ بىردەم بۇلار ھەم.

— نەۋايى.

كوي [كوى] (پ) 1) كوچا، يول، چوڭ يول:

ئانىڭ كويىدا كى ئىتلارغە قىلسام ئاشنالىق بەس،
بېرىپ كۆڭلۈمنى قىلسام مىزبانلىق مېھمانىمغە.

— ئا. نىزارى.

گەر ئاشىق گۇلۇپسە نەگەدىن كەچ،
بۇ كوي ئىچىدە ھەيا نېدىندۇر.

— ئەرشى.

2) مەھەللە، قىشلاق. 3) سۇ ئېقىنى، سۇنىڭ ئېقىشى. 4) مەسلەك، مەزھەپ، يول.

كوي بەكوي — كوچىمۇ كوچا؛ مەھەللىمۇ مەھەللە.

كويى خەممار — مەيخانا.

كويى فەقر — دەرۋىشلەر مەنزىلى، كارۋان ساراي.

كۇب [كوب] (پ) 1) كۈپ، مەي قاچىلىنىدىغان كاتتا ساپال ئىدىش. 2) ئاسمان، كۆك:

ئانىڭ گەنجىدىن ھەر دىرەم ئەختەرى،
ياشىل كۇب ئاڭا گۇنبەزى ئەخزەرى.

— نەۋايى.

كۇبەرا [كبرا] (ئە) [بىرلىكى: كەبىر] كاتتىلار، ئۇلۇغلار؛ «كۇبرا» غا قاراڭ:

سۇفىيىيە تەرىقىنىڭ شۇ ئەراسىنىڭ كۇبەراسىدىندۇر.

— نەۋايى.

كۇبرا [كبرا] (ئە) ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ كاتتا:

زىيارەتكە سەبەبدۇر نېمەتى كۇبراغە شۈكر ئەتمەك،
بەسەندەست «ئۇممەتۇن مۇزنىبەتۇن رەببۇن» غە فۇر مەزكۇر.

— شەۋقى.

كۇپ [كوب] (پ) «كۇب» قا قاراڭ:

بىر كۈن خىلۋەت تاپىپ، ئول خۇمخانەنى ئىچكەرىدىن باغلاپ، كۇپلەرنى ئۇشاتە باشلادى.

— نەۋايى.

كۇتتاب [كتاب] (ئە) [بىرلىكى: كاتىب] كاتىپلار؛ كىتاب كۆچۈرگۈچىلەر؛ «كاتىب» قا قاراڭ.

كۇتۇب [كتب] (ئە) [بىرلىكى: كىتاب] كىتابلار ئەسەرلەر.

كۇتۇبى ئاسماني — تەقدىر كىتابى.

كۇتۇبى مۇتەداۋىلات — قوللىنىلىۋاتقان، ئىشلىتىلىۋاتقان كىتابلار.

كۇتۇبخانە [كتب خانه] كۇتۇپخانا؛ كىتابخانا، قىرائەتخانا.

كۇتۇن [كتون] (ئە) ئىنچىكە كاناپ ياكى كەندىردىن توقۇلغان كىيىملىك.

كۇتۋال [كوتوال] (ھ) قورغان، قەلئە باشلىقى؛ قورغان، قەلئە ساقچى ئەترەتلىرى باشلىقى:

قەلئەنىڭ كۇتۋالى ئول زەڭگى،
كۇتۋالى سىپىھردەك رەڭگى.

— نەۋايى.

كۇدۇرەت [كدورت] (ئە) خىرەلىك؛ غەشلىك؛ غەم، قايغۇ؛ غۇبار:

كۇدۇرەت غەمىدىن فەراغەت تاپىپ،
چەمەنزارلىقدەك تەراۋەت تاپىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۇدۇرەت مۇرتەفىئ بولماق — غەشلىك كۆتۈرۈلمەك.

كۇدۇرەت يەتكۈزمەك — غەم، قايغۇ يەتكۈزمەك.

كۇدۇرەتئاسار [كدورت آسار] خىرە كۆرۈنۈشلۈك؛ خىرە، لايقا؛

ۋە ئۇل تېگىزلەر سۇغالسىپ، بىرنەچچە كۈدۈرەتئاسار خەيدەك مۇلەۋۋەسلىكگە فاشلەر تەخۋىت ئېلىدىن زۇلالئاسار تەھەررۈك ۋە بەھرىكىردار تەمەۋۋۇج ئۇقۇشى كۆرگۈزۈرلەر.

— نەۋايى.

كۈرە I [كرە] ئۆلكە، ۋىلايەت، بىرەر نەرسىنىڭ كۆپ چىقىدىغان جايى، كانى، مەنبەسى:

قىلىبان ئىشق «ئەيىنە»ن ھەلقەگى بويىنۇمغە مۇستەھكەم،

كى «شىن» نى شۇئلەسى بىرلە كۆڭۈلنىڭ كۈرەسىن نارئەت.

— ئا. نىزارى.

كۈرە II [كرە] (ئە) «كۈررە I » گە قاراڭ.

كۈرتە [كرتە] كۆڭلەك، كىيىم، ئەستەرسىز كىيىم.

كۈرتە جۇببە — كەڭ يەڭلىك، ئەستەرسىز تون.

كۈرد [كرد] (پ) سۇ، كۆل.

كۈرد دار — سۇ بويى؛ كۆل بويى:

بولدى نامايان يول ئۆزرە كۈرد دار،

لەنگەرۇ لەنگەرچى بىلەن ھەم مازار.

— زەلىلى.

كۈررە I [كرە] (ئە) يۇمۇلاق، تۆرۈك، دۈگىلەك.

كۈررەئى ئەرز — يەر شارى، يەر كۈررەسى.

كۈررەئى خاك — يەر يۈزى.

كۈررە II [كرە] (پ) 1) تەخەي، خوتەك. 2) تاي، تايچاق:

بىر قۇلۇننى «كۈررە» دەرلەر. ئۆزگە: تاي ۋە غۇنان ۋە دۇنان …… دەرلەر.

— نەۋايى.

3) بوتا، بوتىلاق.

كۈرسى [كرسى] (ئە) 1) كۈرس، تەخت، ئورۇندۇق؛ مۇنبەر. 2) ئاسمان:

ئەرش كۆرسىيۇ زەمىنۇ ئاسمان زاتىڭغە غەرق،

سەھۋ ئىكەندۇك ھەرسارى ئىستەپ سېنى ئاختارماغىم.

— گۇمنام.

كۈرسىي نۇھپايە — توققۇز پەلەمپەيلىك مۇنبەر؛ توققۇز قات ئاسمان.

كۈرۇخ [كروخ] مۇساپە ئۆلچىمى، بىرلىكى (تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر ئارىلىق):

چۇ فەيز ئېرۇر مۇتەفاۋىت تاپىلماغاي مەئرۇف،

ئەگەرچە كۈرەھ كەبى كەلدى سۇۋرەت ئىچرە كۈرۇخ.

— نەۋايى.

كۈرۈك [كوروك] كۈرۈك، كۈرۈك مېكىيان.

كۈرىز [كوريز] قېرىلىق، كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قالغان، ماغدۇرسىز.

كۈسۇف [كسوف] (ئە) تۇتۇلۇش (كۈننىڭ تۇتۇلۇشى):

تاپار چاغدا ئۆمرۈم قۇياشى كۈسۇف،

ساڭا خۇد بار ئۆز قىلغانىڭدىن ۋۇقۇف.

— نەۋايى.

كۈش [كش] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئۆلتۈرگۈچى، سويغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

ئادەمى كۈش — ئادەم ئۆلتۈرگۈچى.

خەسم كۈش — دۈشمەننى ئۆلتۈرگۈچى.

كۈشا [كشا] (پ) «كۈشاي» غا قاراڭ:

زۇلفۇڭ، سەنەما، گىرىھ كۈشادۇر،

كىم مۇشكى خىتا دېدى خەتادۇر.

— زەلىلى.

چېھرە كۈشا — چېھرىنى (چىرايىنى) ئاچقۇچى؛ شاد ئەتكۈچى.

كۈشاد [كشاد] (پ) 1) ئوچۇق، ئېچىلغان، بوشىتىلغان؛ يېشىلگەن؛ ئېچىلىش:

ئەفۇ ئەت گۇناھىنى، شاد قىلغىل،

جەننەت ئىشىكىن كۈشاد قىلغىل.

— سالىھى.

2) ئامەت، مۇۋەپپەقىيەت:

ساڭا داغى بولسا كۈشادى ھەۋەس،

بۇ ئالەمدە تاپماق مۇرادى ھەۋەس.

— نەۋايى.

3) ئىمكانىيەت، ئازاد بولۇش، ئاسانلىق.

كۈشاد ئەتمەك — ئاچماق، بوشاتماق:

نەۋا ئەيلەپ كۈشاد ئەتكىل گىرىھلەر،

ئۆلۈك جىسمىم ئارا رۇھى رەۋان بول.

— خىرقەتى.

كۈشاد ئەيلەمەك — ئاچماق؛ ئىجاد قىلماق:

مۇھىم ئىشلارىمنى كۈشاد ئەيلەگىل،

بۇزۇغ خاتىرىمىزكى شاد ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۈشاد بەرمەك — ئاچماق؛ ئوقۇماق؛ شادلانماق، خۇرسەن بولماق.

كۈشاد تاپماق — ئىش ئوڭدىن كەلمەك، ئامەت كەلمەك.

كۈشادە [كشادە] (پ) ئوچۇق، ئېچىلغان؛ كەڭ؛ ئازادە؛ «كۈشاد» قا قاراڭ:

كېتىپ ئەل، كۈشادە بولۇپ چارسۇ،

چىقىپ ئاقساقالغە بولۇپ روبەرۇ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۈشادە بولماق — ئېچىلماق؛ شادلانماق.

كۇشادي [كشادى] (پ) ئېچىلىش؛ خۇرسەن بولۇش، خۇرسەنلىك؛ ئېچىلغان:

بەھەمدۇللاھ بولدى كۇشادي ئىشىك،
سىنى تاپتىم ئاخىر جەھاندا تىرىك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۇشاي [كشاى] (پ) ئاچقۇچى؛ ھەل قىلغۇچى.

بال كۇشاي — قانات يايغۇچى، قانات قاققۇچى، ئۇچقۇچى.

كۇشايىش [كشاييش] (پ) 1) ئېچىلىش، روشەنلىشىش؛ روشەنلەشتۇرۇش؛ خۇرسەنلىك، خۇرسەنچىلىك:

تا بۇ ۋەقتىغەچەكىم، ئارسلانبېك ئاختاچى فەتھ نىشانلەرى بىلە مەزكۇر بولغان ئىنايەتنامەنى يەتكۇردى. كۆڭۈلگە ئاندىن ئاسايىش ۋە كۆزگە كۇشايىش يېتىشتى.

— نەۋايى.

قويا بەردى سۇنى بۇ ئەنھارغە،
بېرىپ چۇن كۇشايىش سەرشارغە.

— ئا. نىزارى.

2) مۇۋەپپەقىيەت، ئامەت:

ئاڭا قىلغاچ نەزەر ئىستەپ كۇشايىش،
جەھان ئىمسالىغە تاپتى نەمايىش.

— نەۋايى.

كۇشتە [كشته] (پ) ئۆلتۈرۈلگەن، ئۆلۈك:

ئۆلۈكلەر ياتۇر كۇشتەدىن پۈشتىلەر،
ياتۇر ئىمجان، پۈت سۇنۇق بەزىلەر.

— موللا شاكىر.

كۇشتە ئەيلەمەك — ئۆلتۈرمەك، نابۇت قىلماق.

كۇشتى [كشتى] (پ) يەككىمۇ يەككە ئېلىشىش، كۇرەش:

باۋۇجۇدى ئولكى، ئۆز فەنىدەكى، كۇشتى بولغايكىم، شۆھرەتى ئول ئىسىم بىلەدۇر ......

— نەۋايى.

كۇشتىدانلىق [كشتى دان ليغ] كۆرەش ئۇسۇلىنى، جەڭ ماھارىتىنى ياخشى بىلىش، پالۋانلىق.

كۇشتىگىر [كشتى كير] (پ) كۇرەشچى، پالۋان:

باۋۇجۇدى ئولكى، ئۆز فەنىدەكى، كۇشتى بولغايكىم، شۆھرەتى ئول ئىسىم بىلەدۇر ۋە ئانچە يەكفەنلىكىدە ۋە مەردۇمئەفكەنلىكىدە كىچىك ياشلىق ئېركەندۇركىم، شاگىردى كۇشتىگىر ئېركەندۇر.

— نەۋايى.

كۇشۇف [كشيف] (ئە) ئېچىلىش، كەشىپ قىلىنىش، ئاشكارا بولۇش؛ «كەشىق» كە قاراڭ.

لەۋ كۇشۇف — ئەگەر ئېچىلسا، ئەگەر كەشىپ قىلىنسا، ئەگەر ئاشكارا بولسا.

كۇف [كف] (پ) بايقۇش؛ بايۋەچچە:

زاھىر ئەتتى ئەجر ئەھۋالىنى كۇف،
كىم ئېرۇرمەن مەن زەئىفۇ يول مەخۇف.

— نەۋايى.

كۇفر [كفر] (ئە) كاپىرلىق، دىنسىزلىق:

ئۇلار شاھى مۇندا مۇقەررەر ئىدى،
دىلى كۇفر بىرلە مۇكەددەر ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۇفر ئەھلى — كاپىرلار:

يۈرۈپ كۇفر ئەھلى ئارا كۆپ تەمىز،
فەرەڭ خانىدىن بەلكى بىلگەي ئەزىز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۇفر دەيرى — كاپىرلىق ئىبادەتخانىسى.

كۇفر زەنگى — كاپىر نېگىر:

بولۇپ كۇفر زەنگى دىلىدىن ئەدەم،
قىلىپ ئۆتكەن ئىشىدىن تەئەسسۇف نەدەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۇفر زۇلفى — قارا چېچى:

چۇ تاراج سەۋادى كۇفر زۇلفۇڭ ئەيلەدى ئاجىز،
نە قۇدرەتدۇر سىپاھى لەشكەرى دارانى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

كۇفرنى فەن قىلماق — بىباش، بەئۇۋاشلىقتا كىرىشمەك، ئادەتلەنمەك.

كۇفران [كفران] (ئە) نېمەت قەدرىنى بىلمەسلىك، تۇزكورلۇق.

كۇفرانى نېئمەت — مىننەتدار بولماسلىق، شۇكۇر قىلماسلىق:

ئۆيۈمگە كەلگەن ئىبردى نەچچە كۈن بىر خۇشلىقتا مېھمان،
ئانىڭكى قەدرىنى بىلمەي بولۇپمەن نېئمەتى كۇفران.

— موللا سالىھ.

كۇففار [كفار] (ئە) [بىرلىكى: كافىر] كاپىرلار، دىنسىزلار:

بىرىنىڭ ئارەزى خۇرشىدى تابان،
بىرىنىڭ كۆزلەرى كۇففارى خەيبەر.

— ئاتايى.

كۇفۇ [كفو] (ئە) تەڭ، باراۋەر، ئوخشاش:

جۇرمى ئىسيان چاھىدىن چىقماق، نەۋايى ئىلتىماس،
سەندىن ئەيلەر، نەچەكىم يوقتۇر ساڭا كۇفۇۋەن ئەھەد.

— نەۋايى.

يوقتۇر ساڭا كۇفۇۋەن ئەھەد — ساڭا ھېچبىر تەڭ ئادەم يوقتۇر.

كۇل [كل] (ئە) ھەممە، بارچە، جەمئىي، بارلىق، پۈتۈن، ھەممىسى، بارچىسى؛ ھەربىرى؛ «كۇلل» غا قاراڭ:

ئەقلى كۇل گوياكى قورسى ئافتاب،
ئەقلى جۇز كەمتەردۇر ئەز زەھرى شەھاب.

— خەراباتى.

كۇلاچ [كلاچ] ھالۋىغا ئوخشاش بىر تۈرلۈك يېمەكلىك، ھالۋا:

لۇقمە ئاگەھلىغ ئىلە سالىك ئەگەر ئەيلەسە نوش،
ياخشىراق ئارپاكۆمەچىكى تەغافىلدە كۇلاچ.

— نەۋايى.

كۇلاغ [كلاغ] (پ) «كەلاغ» قا قاراڭ:

ئەمما ئول سەفىھە رەقەمىن ئۆزلەرىدىن ئۆزگە كىشى بىلمەس ۋە ئول كۇلاغپالەرنى ئول سەۋاد ئەھلىدىن ئۆزگە بىراۋ ئوقۇماس ۋە فەھم قىلماس.

— نەۋايى.

كۇلالە [كلالە] (پ) ئۆرۈلگەن چاچ، ئۆرۈپ تۈرمىلەنگەن، ئورالغان چاچ:

سانچىلماسش ئەجەككىم جانۇ كۆڭۈل چېكەرگە،
ئايىردى ئىككى قوللاب ئول ئەنبەرىن كۇلالە.

— نەۋايى.

كۇلاھ [كلاه] (پ) كۇلاھ، باش كىيىم؛ تاج:

تەرك ئېتىپ دۇنيانى، كەيدى جەندە، باشىغە كۇلاھ،
تا قەلەندەرنىڭ رەقىبىن سەن نىگەھبان ئەيلەدىڭ.

— قەلەندەر.

چىقىپ ئۇچقۇنلار ئورغان ئاھ بىلەن باشىمغە چىرماشقان،
گەدالىق شەھلىقىغە باشىمە زەررىن كۇلاھىمدۇر.

— گۇمنام.

كۇلەھ [كلە] (پ) «كۇلاھ» قا قاراڭ.

كۇلەھدار [كلەدار] (پ) شاھ؛ ئەمەلدار؛ كۇلاھ كىيگەن؛ تاجدار، تاج كىيگەن:

سۇكۇن تاپىپ ئەۋۋەل كۇلەھدارلار،
ئالاردىن قويىراق سىپەھدارلار.

— نەۋايى.

كۇلبە [كلبە] (پ) ھۇجرا، ئۆي؛ ماكان؛ خارابە:

زاھىدا فىردەۋس ئارا جەۋرۇڭ تەماشاسىن نېتەي،
كۇلبەم ئىچرە گەر خىيالى ھۇسنى جانان بولماسا.

— ئەرشى.

كۇلبەئى ئەنا — مۇشەققەت ئۆيى، مۇشەققەتلىك ئۆي.

كۇلبەئى ئەھزان — غەم ئۆيى؛ غەم، مۇشەققەت چېكىلگەن، خاپىچىلىقنى كۆرگەن ئۆي؛ غەمخانا:

نې بولۇر كەلسەڭ بىرەر بۇ كۇلبەئى ئەھزانىمە،
تەلمۈرۈپ كۆزۈم ئاقاردى گەرچە دامانىڭ تىلەپ.

— قەلەندەر.

كۇلبەئى خەممار — مەيخانا، مەي دۇكىنى.

كۇلفەت [كلفت] (ئە) كۇلپەت، مۇشەققەت، رەنج:

يۇرۇر ئېردۇك ئانداغ تۇتۇپ ئۇلفەتى،
يىراق بولدى بىزدىن جەھان كۇلفەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۇلل [كل] (ئە) «كۇل» غا قاراڭ.

كۇللى شەيئىن — ھەممە نەرسە.

كۇللى ياۋمىن — ھەر كۈنى.

كۇللىيو جۇزئىي — ھەممە نەرسە، بارچە مەۋجۇدات.

كۇللىي [كلى] (ئە) 1) تولۇق، كامىل، يۇقىرى دەرىجەدە؛ كاتتا؛ يىرىك؛ كۆپ. 2) ئومۇمىي، ئاساسىي، مۇھىم؛ پۈتۈنلەي، تامامەن:

كۇللىي روۋۇ كىرفىچلارى بارچە سەڭ،
ئانىڭ ئۆرت ھەددى باسا ئېردى كەڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۇللىيۇ جۇزئىي — يىرىك ۋە پارچە؛ بار ۋە يوق.

كۇللىيۇ ئۇمۇر — ئومۇمىي ئىشلار.

كۇللىيات [كليات] (ئە) 1) بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى. 2) شائىرلارنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى. 3) بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدىغان كۆپلۈكلەر؛ ھەممە نەرسە.

مۇردىكى كۇللىيات — ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى.

كۇللىيە [كليە] (ئە) 1) ئومۇمەن، پۈتۈنلەي. 2) ئومۇمىيلىق، پۈتۈنلۈك.

كۇلۇخ [كلوخ] (پ) كېسەك:

جەھانى خاكى ئېرۇر بىر كېسەك، ۋەلې ناپاك،
ئېتەك يېتۇرمەمەك ئەۋلا مۇلەۋۋەس ئولسا كۇلۇخ.

— نەۋايى.

كومەيت [كميت] (ئە) تورۇق ئات، چاپقۇر ئات:

چۇ سۆز كىشۋەرىغە بېرىپدۇر نىزام،
تەكەللۇم كومەيتىغە ئەيلەپ خىرام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۇمەل [كمل] (ئە) يېتۈك، كامىل، مۇكەممەل (كىشىلەر):

ئول جۇملەدىن، ئەزىزى ئېردى، بۇ تائىفەنىڭ كۇمەللىدىن ۋە ھەزرەتى مەۋلانا مۇھەممەد تەبادگانىي كىبار ئەسھابىدىن ئېردى ......

— نەۋايى.

كۇن [كن] (ئە) «بول، پەيدا بول» مەنىسىدىكى بۇيرۇق سۆز:

كى بولدى چۇ ئەمرى «كۇن» ھۇۋەيدا،
بولدى «فەياكۇن» غۇلۇسى پەيدا.

— نەۋايى.

كۇنتۇ [كنت] (ئە) ئىن، ئۇۋا، يوشۇرۇنغان جاي.

كۇنتۇ كەنزەن — «مەن خەزىنىمەن ...» دەپ باشلىنىدىغان ھەدىسكە ئىشارە.

كۇنتۇ نەبىييەن — «مەن پەيغەمبەرمەن» دەپ باشلىنىدىغان ھەدىسكە ئىشارە:

ياشۇرۇن بىلمەگىل ۋاجىب تەئالا ئاشكارادۇر،
كى مەزمۇنى ھەدىس «كۇنتۇكەنزەن» دىن زۇھۇر ئەيلەر.

— زەلىلى.

كۇنج [كنج] (پ) بۇرجەك، بىرەر نەرسىنىڭ بۇرجىكى، چېتى:

رەھىم ئېتىپمەن ناتەۋان ھالىغە، كىردى كۇنج ئارا،
پەردىسىن ياپىپ جەھانغە ماھى تابان بۇ كېچە.

— ئا. نىزارى.

ئۇزلەت كۇنجى — چەتتە، يالغۇزلۇقتا.

كۇنجايىش [كنجايش] (پ) سىغدۇرۇش؛ سىغىش؛ جايلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى:

نۇفۇسى قۇدسىلەر ئەۋجىگە يوق بىر زەررە كۇنجايىش،
ئەجەب ئولدۇركى، بۇ سۇرەت بىلە بولدى ئەيان ئاندا.

— ئەرشى.

كۇند [كند] (پ) ئۆتمەس، كەسمەس؛ ئۆتمەيدىغان، كەسمەيدىغان؛ بېخىل.

كۇند بولماق — ئۆتمەس، ئۆتمەيدىغان بولماق.

كۇند زەبان — تىلى تۇتۇلىدىغان، راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان؛ كېكەچ.

كۇن - فەياكۇن [كن فيكون] (ئە) پۈتۈن، بارلىق:

يەتتى ئىقلىم ئىلە توقۇز گەردۇن،
بەلكى بۇ دەبدەبەگى كۇن - فەياكۇن.

— نەۋايى.

كۇنگۇر [كنكور] (پ) دەرۋىشلەرنىڭ مەلۇم بىر توپى: مىر سەربەرەھنە ... يىگىتلىكدە ئاقىل كۇنگۇرغە مۇتەئەللىق بولۇپ يۇرۇردە ئايتقان ئەبياتىدىن بۇ رۇبائىيدۇر.

— نەۋايى.

كۇنگىر [كنكير] (پ) «كۇنگۇر» غا قاراڭ.

كۇنھ [كنه] (ئە) ئەسلى، ھەقىقەت، ماھىيەت؛ ھەربىر نەرسىنىڭ تومۇرى، يىلتىزى.

كۇنھى زات — بىرەر كىشىنىڭ ئەسلى، ماھىيىتى.

كۇنۇز [كنوز] (ئە) خەزىنىلەر، يوشۇرۇن بايلىقلار، دەپىنىلەر، گەنج: ۋە ئانىڭ مال ۋە تەجەممۇلى ئول يەرگە يەتتىكىم، خەزايىن ۋە كۇنۇزنىڭ كەلىدلەرىنى قىرىق خەچىر كۆتەرۇر ئېردى.

— نەۋايى.

كۇنىشت [كنشت] (پ) يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسى:

كىمسەگە مەئۋا ھەرەمدۇر يا كۇنىشت،
كۆرمەي ئولماس ئۇلچە بولمىش سەرنەۋىشت.

— نەۋايى.

كۇنيە [كنيه] (ئە) «كۇنيەت» كە قاراڭ.

كۇنيەت [كنيت] (ئە) ئەرەبلەردە ھۆرمەت يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان لەقەم:

كى ئالەمدە مەشھۇر ھەزرەت دېبان،
كۇنيەتدە خاجە ھىدايەت دېبان.

— ئا. نىزارى.

كۆھان [كوهان] (پ) ئۆركەش، تۆگىنىڭ ئۆركىشى.

كۆھەن [كهن] (پ) 1) كونا، قەدىمكى. 2) ئىسكى، تىتىلغان، كونىرىغان.

كۆھەن پىر — «كۆھەن سال» غا قاراڭ.

كۆھەن تاق — «كۆھەن مەرز» گە قاراڭ.

كۆھەن دەير — 1) كونا، قەدىمكى ئالەم، دۇنيا. 2) مەيخانا.

كۆھەن سال — قېرى، ياشانغان، يېشى چوڭ.

كۆھەن غەمخانە — «كۆھەن مەرز» گە قاراڭ.

كۆھەن لەك — ئېغىر، قىمىرلىمايدىغان.

كۆھەن مەرز — قەدىمى دۇنيادىن كىنايە.

كۆھەن مەھد — «كۆھەن مەرز» گە قاراڭ.

كۆھەنگەرد [كهن كرد] (پ) قەدىمدىن سەير ئەتكۈچى، كەزگۈچى:

ئانىڭدەك فەرد ئېتىپ چەرخى كۆھەنگەرد،
كى بىر فەرزەندىدىن ھەم ئەيلەبان فەرد.

— نەۋايى.

كۆھل [كحل] (ئە) سۈرمە.

ئەينۇل - يەقىن كۆھلى — ھەقىقەتنى كۆرۈش سۈرمىسى.

كۆھلۇل - جەۋاھىر — ئۈنچىلەر سۈرمىسى؛ قىممەتلىك تاش قوشۇپ (ئارىلاشتۇرۇپ) ئىشلەنگەن سۈرمە.

كۆھلى بەسىرەت — كۆزنى روشەن قىلىدىغان سۈرمە؛ كۆرۈش سۈرمىسى، كۆزنى روشەن قىلغۇچى.

كۆھنە [كهنه] (پ) كونا، ئىسكى؛ «كۆھەن» گە قاراڭ:

كۆھنە رەباتىدۇر جەھان سەربەسەر،
ئادەمى بىر كېچە قونۇبان ئۆتەر.

— زەلىلى.

كۆهنە سال — ياشانغان ئادەم:

بار ئېردىكى چىندە بىراۋ كۆهنە سال،
ئەرەم باغىن ئەتتى ئانىڭدىن سوئال.

— ئا. نىزارى.

كۆهۆلەت [كهولت] (ئە) ئوتتۇرا ياش، 30 بىلەن 50 نىڭ ئارىلىقى؛ چاچ ئاقىرىشقا باشلىغان پەيت:

يەنە چۇن شەبابۇ كۆهۆلەت داغى،
ئېرۇر ئەلگە ئەيشۇ فەراغەت چاغى.

— نەۋايى.

كۆهۆن [كهن] (ئە) «كۆهنەن» گە قاراڭ:

نەمەگكى دۇرۇر سالخوردى كۆهۆن،
بۇ دەرياغە سەير ئەيلەگەن ئەۋجۇ بۇن.

— نەۋايى.

كۆب [كوب] 1) كۆپ، ئارتۇق؛ كۆپچىلىك، ئاساسىي قىسىم؛ ھەممە:

ھەرفەساد ئالەمدە ئالىمدىن چىقار،
ئول سەبەبدىن كۆپراغى دىندىن چىقار.

— خەراباتى.

2) ئۇزاق، داۋاملىق. 3) ناھايىتى، ئىنتايىن؛ ئارتۇق دەرىجىدە؛ غايەت.

كۆبدىن كۆب — ناھايىتى كۆپ، سان ـ ساناقسىز.

كۆپ [كوپ] «كۆب» كە قاراڭ:

قاچان بولدۇڭ كۆزۈمگە جىلۋەگەرسەن،
نىسار ئەتتىم ئۇشۇلدەم كۆپۇ ئازىم.

— خىرقەتى.

كۆپەلەك [كوپالاک] كېپىنەك:

كەلدى زىب ئەھلىغە رەئنالىغۇ ئۇششاقغە سوز،
ئول بىرى چۇن كۆپەلەكدۇر، بۇ بىرى پەرۋانە.

— نەۋايى.

كۆچ [كوچ] يۈك، بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا ئېلىپ كېتىلىدىغان رۇزغار ئەشيالىرى.

كۆچ بەركۆچ — سەپەر ئۈستىگە سەپەر؛ يۈك ئۈستىگە يۈك، ناھايىتى كۆپ يۈك.

كۆچۈنمەك [كوچوناماک] كۆچمەك، يۆتكەلمەك:

خەلايىق كۆچۈندى سالىپ قوزغالان،
مۇبادا قاراقچى قىلۇر دىپ تەلان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۆرە [كوره] 1) نىسبەتەن، كۆرە. 2) ئوچاق، زەرگەر ۋە تۆمۈرچىلەرنىڭ مېتال ئېرىتىدىغان ئوچىقى.

كۆرەئى گۇداز — تاۋلىغۇچى، كۆيدۈرگۈچى، قىزدۇرغۇچى ئوچاق.

كۆرە ئالماي [كوره الماى] كۆرەلمەي:

كۆرە ئالماي ئافىيەتدىن دەھر ئېلى خۇررەملىغىن،
شادلىغ مەئمۇردىسىنى فىتنە ئاباد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

كۆرەكە [كوركا] پالاس، كىگىز:

ئاق ئۆيگ ئىشىك رۇست، تۈگلۈك داغى،
بولۇپ كۆرەكە ئەۋ دەۋرىغە تۈك داغى.

— نەۋايى.

كۆرەگە [كوركا] 1) «كۆرەكە» گە قاراڭ. 2) سۇناي.

كۆرك [كورک] چىراي، ھۆسن، كۆرۈنۈش:

لالە كەبى زاھىر ئەيلەبان كۆرك،
ئەگرى قويۇبان قىزىل تېرى بۆرك.

— نەۋايى.

كۆركەباي [كوركەباى] چىرايلىق، ھۆسنلۈك، گۈزەل:

گەر زەكاتى ھۆسن ئۆلەشمەك ئىستەسەڭ، ئەي كۆرەكە باي،
بىل ياقىنكىم، ئۇشبۇ مۇئلۇغدەك تاپىلماس مۇستەھىق.

— نەۋايى.

كۆركەتمەك [كوركاتماک] 1) ياخشىلاتماق، كۆرۈملۈك قىلماق. 2) كۆرسەتمەك:

مەنزىلىم بۇ يەردە دىپ كۆركەتتىلەر،
كۆزلەرىدىن غەيب ئولۇبان كەتتىلەر.

— زەلىلى.

كۆركەمەك [كوركاماک] پالاسقا ئورالماق، پۈركەنمەك:

باغ ئارا خەت ئىچرە ئاغزىڭدىن قىزارىپ، سارغارىپ،
غۇنچە زەڭگارى لىباسى بىرلە باشىن كۆركەدى.

— نەۋايى.

كۆركەيمەك [كوركاياماک] 1) كۆركەملەشمەك، كۆرۈنۈشلۈك بولماق. 2) ئەسكىرىمەك، كونىرىماق؛

ياشاغان سايى دانىش ئىچرە ياتىپ،
كەتاندەك نەچە ئەسكىرىپ كۆركەيىپ.

— نەۋايى.

كۆرگە [كوركا] 1) مەي ئىدىشلىرى قويۇلىدىغان مەخسۇس تەكچە، ئويۇقچە. 2) مەي ئىدىشى، كۈپ، تۈلۈك:

كىلەمى سالىنىپ گۈلگۈنۇ زىبا،
ياسالىپ كۆرگەسى گۈلرەگۇ دىبا.

— نەۋايى.

كۆرگۈزمەك [كوركوزماک] كۆرسەتمەك، نامايىش قىلماق، نامايان قىلماق، بىلدۈرمەك؛ يوللىماق.

كۆرگۈلۈك [كوركولوک] تەقدىر، پېشانىگە يېزىلغىنى، كۆرگۈلۈك:

دېدى: ئول يان جانىبەت سۈرگۈلۈكتۇر،
بۇ ئىش گەر ۋاقېئ ئولسا كۆرگۈلۈكتۇر.

— نەۋايى.

كۆرگىزمەك [كوركزماك] «كۆرگۈزمەك» كە قاراڭ.

كۆرمان [كورمان] كۆرمەيمەن.

كۆرمەمەك [كورماماك] «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز فورمىسى: كۆرمەسلىك.

كۆز [كوز] 1) كۆز. 2) كۆرۈش قابىلىيىتى؛ كۆز قاراش، دۇنيا قاراش؛ نۇقتىئىنەزەر؛ پىكىر.

كۆز ئاچماق — ئويغانماق، هوشيار بولماق.

كۆز ئەسرىمەك — ئېهتىيات قىلماق، ئاۋايلاپ ساقلىماق.

كۆزتەڭ كەلمەك — كۆز قىسىلماق.

كۆز تۇتماق — كۈتمەك، ئىنتىزار بولماق، ئۈمىد قىلماق، تەمە قىلماق.

كۆز تۇشمەك — 1) كۆرمەك، قارىماق. 2) قوبۇل بولماق، ماقۇل بولماق، مەنزۇر بولماق. 3) كۈتمەك، ئىنتىزار بولماق.

كۆز تىكمەك — 1) ئۈمىد قىلماق. 2) ئويالماق، هايا قىلماق.

كۆز خانەسى — «كۆز ئۆيى» گە قاراڭ.

كۆزدىن يىراق تۇشمەك — ئۇزاقلاشماق، كۆزدىن نېرى كەتمەك.

كۆز سالماق — 1) قارىماق، تىكىلمەك. 2) ئېتىبار بەرمەك.

كۆز سەۋادى — كۆز قارىسى.

كۆزگە تۇتىيا بولماق — دەردكە داۋا بولماق.

كۆزگە كەلمەك — ئۇچرىماق.

كۆزگە كىرمەك — ئېتىبارىنى تارتماق، دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماق.

كۆزگە كىيۇرمەك — كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك.

كۆز مەردۇمى — كۆز قارىچۇقى.

كۆزنى رەۋشەن ئەتمەك — خەۋەردار قىلماق، ئاگاهلاندۇرماق، هوشيار قىلماق.

كۆز ئۆيى — 1) كۆز كاسىسى، چانىقى؛ كۆز ئەتراپى. 2) كەيپىيات؛ هەسەت.

كۆز ئۇچىدىن باقماق — بىپەرۋا قارىماق، سەل قارىماق.

كۆزى ئۇچماق — كۈتمەك، تەقەززا بولماق.

كۆز يارۇماق — شادلانماق.

كۆز يۇمماق — 1) ئۇخلىماق. 2) يۈز ئۆرۈمەك، ۋاز كەچمەك.

كۆزگۈ [كوزكو] 1) ئەينەك، كۆزگۈ:

ئۆزى ئۆز، هۇسنىگە گۇل مەھ مەيل ئېتەر كۆزگۈ كۆرۈپ،
سۇدا گويا تەلپىنۇر قۇش ئەكسىنى ئۇترۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

2) يالتىراقلىق؛ چاقناش، جىلۋە:

قاتلىم تىيغى كۆزگۈسى زەڭ ئولماسۇن،
ئەي مەسىھ، ئۆلگەنىم كۆرسەڭ ئاسرا نەفەس.

— نەۋايى.

كۆش [كوش] (پ) هەرىكەت قىلىش، بىر ئىشنى بېجىرىشكە كىرىشىش.

كۆش قىلماق — هەرىكەت قىلماق؛ قايتا - قايتا ئېيتماق.

كۆشك [كوشك] (پ) هەشەمەتلىك بىنا؛ قەسىر:

ۋە بۇ مەرغەنى كۆشكى بۇ هەۋلى مۇهەۋۋەتئەسىنىڭ هەددى جەنۇبى بىلە هەددى غەربىيسىنىڭ مابەينىدە ۋاقىئ ئېردى ۋە ئول ئىمارەتى ئېردى — بۇرۇن چاغدا تەرھ سالغان ۋە قەدىمدە ياسالغان بىناسى تاشدىن ئېردى.

— نەۋايى.

كۆشىش [كوشش] (پ) ئۇرۇنۇش، هەرىكەت قىلىش، تىرىشىش.

كۆشىش قىلماق — هەرىكەت قىلماق، تىرىشماق:

بۇ يەڭلىغ مىنىڭ كەلگەنىم تۇرفە ئىش،
گۇمانىم، بىگىم رۇهى قىلدى كۆشىش.

— ئا. نىزارى.

كۆك [كۆك] 1) ئاسمان، پەلەك، كۆك:

چەمەندەگۇل، فەلەكدە ئەختەر ئېرمەس قان يۇتۇپ ئەففان،
يۈرەكدۇر يەرۇ كۆكتىن هۇسن ئاختارغان نىگاهىمدۇر.

— گۇمنام.

2) چەرخ، تەقدىر:

قاچان يەتسە كۆكدىن بۇلارغە مۇهىم،
ۋەيا بىر هەۋادىس بىلە خەۋفۇ بىيم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) پىلانېتا:

تۆرت ئۇنسۇر، يەتتى كۆك، ئالتى جىهات،
نادىرۇ ئالىي ئەساسى كائىنات.

— نەۋايى.

4) كۆك (رەڭ، تۈس):

ئەي خىرەدمەندلەر، سۆزۈمگە فەهم - ئىدراك ئەيلەلىڭ،
باشىغە كۆك دەستار كىيىپ فەريادۇ ئەففان ئەيلەبان.

— سالىهى.

5) ئوت، ئوت - چۆپ، مايسا:

كۆك سەبزەسى كۆككە يەتكۈزۈپ باش،
گۇل كۆكدە بولۇپ نۇجۇم ئۇشاق تاش.

— نەۋايى.

6) مۇزىكىدا تاۋۇشلارنىڭ مۇۋاپىقلىقى؛ كۈي، ئاهاڭ:

يىغلاڭ، ئەي شەمئى سۇراھىكى، ئۆلەرىمنى بىلىپ،
مۇترىبى نەغمە سەرا نەۋھە كۆكىن چالدى يەنە.

— نەۋايى.

كۆك دەبىرى — ئاسمان كاتىپى؛ يۇلتۇز.

كۆك ھىسنى — پەلەك قورغىنى، ئاسمان.

كۆكەلتاش [كوكلتاش] بىر ئەمچەك ئەمگەن، ئېمىلداش، قېرىنداش:

قويۇپ نام سابىت ۋەزىر زادەغە،
كۆكەلتاشى قىلدى بۇ شەھشادەغە.

— ئا. نىزارى.

كۆكتالغۇ [كوكتالغو] توك - توك قۇش:

چۇكۆكتالغۇ سەۋدا بولۇر ھەرساباھ،
تاپالماي جەھاننىڭ ئىشىغە سەلاھ.

— ئا. نىزارى.

كۆكدەتمەك [كوكداتماك] 1) كۆكلەتمەك، كۆكەرتمەك. 2) كۈيگە، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتماق.

كۆكرەمەك [كوكراماك] قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىماق، گۈركىرىمەك، گۈلدۈرلىمەك.

كۆكس [كوكس] كۆكرەك، سىينە:

دىدى: *كۆكسىڭ نە قىلدىڭ پارە - پارە،*
دىدى: *ئىشقىڭ جەفاسىغە نە چارە.*

— خىرقەتى.

كۆكنار [كوكنار] (پ) ئەپيۇن، كۆكنار:

مەلامەت قىلماڭىز ياران ئەگەر بولسام خەراباتى،
كېچە كىم يار كويىدا ئىچىپمەن بادەئى كۆكنار.

— نەۋبەتى.

كۆكۈس [كوكس] «كۆكس» گە قاراڭ:

ياقام يىرتىپ، كۆكۈس تىرناپ، ساچىپ ئوت سۆزى جانىمدىن،
ئەگەر ئۆلسەم رەئد يەڭلىغ مەنئى فەرياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.

— گۇمنام.

كۆڭلەكچە [كونكلاكچە] كۆڭلەكچان:

نە قۇتۇر ئىسلام ئارا تۇشكەيكى، ئول كافىر يەنە،
مەست ئولۇپ كۆڭلەكچە چىقتى سەكرەتىپ مەيدان سارى.

— نەۋايى.

كۆڭۈل [كونكول] 1) قەلب، دىل، كۆڭۈل. 2) خاتىرە، پىكىر، خىيال. ئىختىيار. 3) كۆڭۈلدىكى.

كۆڭلى بەھر ئالماق — شاد بولماق، خۇرسەن بولماق.

كۆڭلى بۇزۇلماق — غەمكىن بولماق.

كۆڭلى تىلەمەك — ئىستىمەك، خالىماق.

كۆڭلىدىن كەتمەك — خىيالىدىن كەتمەك، كۆڭلىدىن چىقماق.

كۆڭلىگە شىفا ئىستەمەك — دىل، كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى خالىماق.

كۆڭلىدىن چىقارماق — ئۇنتۇماق، ۋاز كەچمەك.

كۆڭلىگە كىرمەك — كۆڭلىگە كەلمەك.

كۆڭلىگە ئۆتمەك — ئويلىماق، خىيالىدىن ئۆتكۈزمەك.

كۆڭۈل بەرمەك — مۇھەببەت باغلىماق.

كۆڭۈلگە ئالماق — ئەسلىمە؛ قوبۇل قىلماق.

كۆڭۈلنى بىر قىلماق — توغرا بولماق، سۆز ۋە ئىشى بىر بولماق.

كۆڭۈلنى باغلىماق — كۆڭۈل قويماق، بىرەر نەرسىگە ئەستايىدىل، قاتتىق كىرىشمەك.

كۆڭۈلنى يارۇتماق — خاتىرىنى، كۆڭۈلنى روشەن قىلماق.

كۆڭۈل ئۆلمەك — ئۈمىدسىزلەنمەك.

كۆلەكە [كولاكا] «كۆلەڭگە» گە قاراڭ.

كۆلەڭگە [كولانكا] سايە، كۆلەڭگە.

كۆلكە [كولكا] «كۆلەڭگە» گە قاراڭ:

ئۈمىد ئولكىم، زەفەر پەيكەر رايەتىنىڭ ھۇمايۇنفال كۆلكەسىدىن فىراق دەشتىدە ھىجران سەمۇمىدىن مەھرۇر بولغان زەئىفلەر ئاسۇدەھال ··· بولغايلار.

— نەۋايى.

كۆمەك [كومك] 1) ياردەم. 2) ساقلاش، قۇرۇقلاش، بېقىش:

قويدۇم غەمى ئىشقىمنى ئەيان ئەيلەمەكىمدىن،
چەككەي ئېدىلەر كاش تىلىمنى كۆمەكىمدىن.

— نەۋايى.

كۆيدۈرمەك [كويدرماك] 1) كۆيدۈرمەك، ئۆرتىمەك، ياندۇرماق. 2) ئىشقتا مۇپتىلا قىلماق. 3) يوق قىلماق، بۇزماق، ۋەيران، نابۇت قىلماق.

كۆڭۈل كۆيدۈرمەك — ھەيرەتكە سالماق، لال قىلماق.

كۆيكەنەك [كويكنك] كۆكىنەك؛ شوڭقار:

ئوقابۇ كۆيكەنەكنى قىلسالار سەيد،
قاچان قىلغاي ئانىڭ سەيدىنى بۇ سەيد.

— نەۋايى.

كۆيمەك [كوى ماك] 1) يانماق، ئۆرتەنمەك، كۆيمەك؛ كۆل بولماق:

ئەگەر مۇيەسسەر بولماسە ۋەسلى تەلەب ئوتىدا كۆي،

ئىشق تىللاسىنى ئالماق ئىرسە مىھنەتدۇر مەھەك.
— گۇمنام.

2) ئازابلانماق، ئىزتىراب چەكمەك:

كۆمەسەم جانىم كۆيەدۇر بارغالى يوق تاقەتىم،
يەتكەلى دىيدارىڭ ھېچ يوقتۇر بۇ ئىمكانىم مېنىڭ.
— رىزائى.

كۆيمەنمەك [كويمانماک] ئۆرۈنماق؛ كۆيۈنمەك.

كۆيۈك [كويوک] 1) كۆيگەن، ئۆرتەنگەن؛ ئىشق دەردىنى تارتقان. 2) داغ؛ كۆيۈك. 3) غەم، قايغۇ. 4) ئوت.

كۈچ [کوچ] 1) كۈچ، قۇۋۋەت؛ زوراۋانلىق، غالىبلىق.

كۈچ كەلتۈرمەك — زورلۇق قىلماق، ھەملە قىلماق.

كۈچ يەتمەك — زورلۇق قىلماق، قۇۋۋەت كۆرسەتمەك.

كۈچۈن [کوچون] 1) كۈچ بىلەن؛ 2) كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك.

كۈسەند [کوسند] كۆسەن (كۈچانىڭ ئىلگىرىكى نامى):

كۈسەندنىڭ ئاتى بولدى ئاندى كۈچا،
كۈچادا بولۇر مەنزىلى تەكيەگاھ.
— موللا شاكىر.

كۈكرەمەك [کوکرمک] گۈرۈلدىمەك، گۈلدۈرلىمەك، گۈركىرىمەك.

كۈڭرەنمەك [کونکرنمک] ۋايسىماق، قىينىماق، ئىڭرىماق:

لازىمە ئىشق ئولدى ھىجران، بولما ئاشىق كىمسەگە،
ئەندىكىم بولدۇڭ، تەھەممۇل ئەيلەبان كۈڭرەنمەغىل.
— نەۋائى.

كۈل [کل] كۈل، ئوتنىڭ كۆيگەندىن كېيىنكى قالدۇقى:

كۆزۈڭ شەۋقى سالىپ ئالەمگە ئوتلار ئانچەكىم كۆيگەچ،
جەھاننى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغۇسىدۇر سۆزى ئەفغانىم.
— ئەرشى.

كۈل ئەتمەك — قورالسىزلاندۇرماق، يالىڭاچلاپ قويماق؛ يوقاتماق، كۈل قىلماق.

كۈل ئەيلەمەك — كۈل قىلماق، كۈلگە ئايلاندۇرماق:

كۈيدۈرۈپ كۈل ئەيلەدى جىسمىمنى ئانداغ ئىشقكىم،
ئۆمر ئىچى بولدۇم نە بىر ئاغز نې ئەنجام ئىلە.
— ئەرشى.

كۈل بولماق — يوق بولماق، كۈيۈپ كەتمەك:

دىلبەرىما، فىراقىدا سىزدى كۆزۈم قاراغىدا،
كۈل بولۇپ ئىشتىياقىدا بىر يولى مەن ئەدا بولاي.
— سالىبى.

كۈل قىلماق — «كۈل ئەتمەك» كە قاراڭ؛

كۈل ئولماق — «كۈل بولماق» قا قاراڭ:

بۇ يەڭلىغ قىلۇرمەن ئۆلۈغ بۇتغە داد،
ئانىڭ فۇرقەتىدە كۈل ئولدى نىھان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۈلەگەچ [کولاکاچ] كۈلىدىغان، كۈلگۈنچەك.

كۈلەگەچ يۈز — كۈلۈپ تۇرىدىغان يۈز، كۈلگۈنچەك يۈز، ئوچۇق چىرايلىق، مەرى ئىسسىقلىق.

كۈلكۈ [کولکو] كۈلكە، تەبەسسۇم:

ھەر نەچچە زەخمىم ئارا بولغانسارى ئۆريان سۆڭەك،
تاڭ قالۇر ئالەم ئېلى جىسمىمدە بۇ كۈلكۈ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

كۈلكى [کولکی] «كۈلكۈ» گە قاراڭ:

دېدى «شەھ قاشىدا ئىشىڭ تۈت نىھان.
كى بىھۇدە كۈلكى ئېرۇرۇ كۆپ يامان.»
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كۈلۈمسۈمەك [کولومسومک] كۈلۈمسىرىمەك:

داغدىن جىسمىم ئارا ھەر سارى ئاچىلغان سۆڭەك،
كۆرسە، رەھم ئەتكەي كۈلۈمسۈپ، شاد ئولۇر ئول باغرى تاش.
— ئەرشى.

كۈن [کون] 1) كۈن، كۈندۈز، يورۇقلۇق؛ ۋاقىت، پۇرسەت، پەيت، زامان؛ بىر كۈن. 2) قۇياش، كۈن:

ۋىسالى جامىدىن بىرنەچچە كۈن سەرشار ئىدىم، يارەب،
بۇ كۈن كەتتى مېنى فۇرقەت خۇمارىدا خەراب ئەيلەپ.
— ئەرشى.

كۈن غەمگىن ئولماق — يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇققا ئۆتمەك.

كۈنۈتۈن — كۈندۈز ۋە كېچە:

نەكىم بولسە زىندان ئارا نەچچە كۈن،
زىيارەتدە بولسە ئاڭا كۈنۈ تۈن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

قاراكۈن — كۈلپەت، ماتەم، قىيىنچىلىق.

كۈنەس [کونس] «كۈنەش» كە قاراڭ:

سەندەگۇ كىيگەن شەب ئەندەر روز ھۇللەگەدەك ئەمەس،
كېچەيۇ كۈندۈز لىباسىن كىيسەلەر ئايۇ كۈنەس.
— نەۋائى.

كۈنەش [کونش] قۇياش، كۈن:

ئەمىر دەۋلەتشاھ ... ئالەم ئەھلى قاشىدە كۈنەشدىن رەۋشەنراقدۇر.
— نەۋائى.

كۈنتۈش [کون توش] چۈش ۋاقتى. چۈش پەيتى، قىيام پەيتى.

كۈنگۈرە [کنکره] (پ) «كۈنگىرە» گە قاراڭ:

كۈنگۈرەئى خىيال ئۈزە قوندى كەبۈتەرى ھەرەم،
بال - پەرى زىھى - زىھى فىكر ئۈزە مۈھتەرەم ئىمىش.

— زەلىلى.

كۈنگىر [كنكر] (پ) «كۈنگىرە» گە قاراڭ.

كۈنگىرى ھىممەت — چوققا؛ ئەڭ يۇقىرى تەبىقە.

كۈنگىرە [كنكره] (پ) تام، قەلئە؛ پەنجىرە.

كۈيەۋ [كويو] كۈيۈ، ئايالنىڭ كۈيۈسى:

دېدىم: *قورغىنا ئىچرە يۈرەلى ئىكەۋ،*
سۆزۈم باۋەر ئەتسەڭ بولاي ھەم كۈيەۋ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كېپ - كېپ [كيب كيب] كېلىپ - كېلىپ، كېتىپ - كېتىپ:

تاپىشتىلار چۈ بىر - بىرىنى سورۇشۇپ،
بەسى يىغلاشتىلار كېپ - كېپ كۆرۈشۇپ.

— نەۋايى.

كېتەرمەك [كيترماك] كەتكۈزمەك؛ يوقاتماق:

دېير پىرى قۇلى مەنكىم مەي ئىلە،
غەير نەقشىنى كۆڭۈلدىن كېتەرىپ.

— نەۋايى.

كېتۈرمەك [كيتورماك] كەلتۈرمەك:

بەھار ئايىامىدۇر داغى يىگىتلىكنىڭ ئەۋانىدۇر،
كېتۈر ساقى، شەرابى نابكىم، ئىشرەت زەمانىدۇر.

— بابىر.

كى مەردانەلىكنى كېتۈردى بەجا،
جەۋانلىقدا تۈتتى زەمىن ئىچرە جا.

— ئا. نىزار.

كېجىم [كيجم] جەڭ ۋاقتىدا ئاتقا كىيدۈرۈلىدىغان ئوق ئۆتمەس مەخسۇس يوپۇق:

كېجىملەر داغى بارچە پولاددىن،
تاپىپ لەمئە سۈھانى بىداددىن.

— نەۋايى.

كېچىم [كيجم] «كېجىم» گە قاراڭ.

كېد [كيد] (ھ) ھىندى راجىسى (پادشاھى) نىڭ نامى.

كېرىش [كيريش] يايىنىڭ يىپى، كىرىچى؛ كىرىچ:

تۈز بول ئوقدەك گەر تىلەرسەن ئەۋج ياكىم ئەگرىدۇر،
دەۋر ھەر بىر گوشەدىن بوغزىغە سالىپدۇر كېرىش.

— نەۋايى.

كېزە [كيزه] يوشۇرۇن، پىنھان:

چارشەنبە كۈنى يار كېزە كەلدى چەمەن ئىچرە،
بۇلبۇل دەخى كۆردى يۈزىنى، تۈشتى فىغانە.

— نەسىمى.

كېزلەمەك [كيزلاماك] يوشۇرماق:

ۋە لېكىن ئۆچادىن ئۆتۈپ تىزلەدى،
يوق ئىمكان ئاچۇق ئۆزۈنى كېزلەدى.

— نەۋايى.

كېسە [كيسه] (پ) يانچۇق، پۇل قاپچۇقى، ھەميان:

قارار ئېردى ساندۇقىغە ئول دەم - بەدەم،
ئالاي دېسە يوق كېسەسىدە دەرەم.

— ئا. نىزارى.

كېفتە [كيفته] (پ) ھېرىش، چارچاش؛ زېرىكىش؛

كىفتە ئولماق — چارچىماق، زېرىكمەك.

كېمە [كيمه] (پ) كېمە، قېيىق:

زىمىستان ئىدىكىم بىغايەت ساۋۇق،
يېتىپ كەلدى ئاخىر كېمەگە ياۋۇق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كېمە تىيرى — كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك ئورنىتىلغان ئۇزۇن خادا (ماچتا) .

كېمۇخت [كيمخت] (پ) چەم، كۆن؛ تاسما:

قىلىچ سالسا خارانى ئەيلەپ شىكان،
ئولۇپ ئاڭا خارا كېمۇخت غىلاف.

— نەۋايى.

كېمۇختى غەبرا — يەرنىڭ چەمى.

كېمۈر [كيمو] كۆمۈر:

كېمۈر شامۇ دەم ئاندا سۈبھىدەم بىل،
شىھاب ئول كۆرەدىن چىققان ئەلەم بىل.

— نەۋايى.

كېن [كين] كېيىن؛ ئارقا؛

كېندە — ئارقىسىدا؛

كېنىچە — كەينىدىن، ئارقىسىدىن، كەينىچە:

مىھىنبانۇ ئانىڭ كېنىچە راكىب،
سۈرۈب ئەتبائى بىپايان مەۋاكىب.

— نەۋايى.

كىبر [كبر] (ئە) تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، مەنمەنلىك؛ چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق:

ھىرسىنى تەرك ئەت قەنائەت پىشە قىل،
كىبرنى تەرك ئەت ئۆلۈم ئەندىشە قىل.

— خەراباتى.

كىبار [كبار] (ئە) [بىرلىكى: كەبىر] چوڭلار، ئۇلۇغ كىشىلەر:

ئۇلۇل - ئەبسار، بەلكى سىغار ۋە كىبار مۇغەننىيلەرغە، خاس

ئاملارغە، بەلكى شاھ ۋە گەدالار زەمىرلارىغە نامەئلۇم قالماغايكى، ...

— مۆجىزى.

كىبەر [كبر] (ئە) ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك؛ قىبرىلىق، چوڭلۇق:

كى چۈن قىلدى كۆھنۇلاتىدىن تەجاۋۇز،
كىبەر مىھرابىغە قويىمىش ياشى يۈز.

— نەۋايى.

كىبرىت [كبريت] (ئە) 1) قىزىل ياقۇت؛ ئالتۇن:

بۇ خەيلدۇر ھەقىقەت تەرىقىنىڭ سۆخەنۋەرى، بەلكى كىمياگەرى ۋە كىبرىتى ئەھمەرى.

— نەۋايى.

2) ئۇلۇغلۇق:

دىمەيكىم رۇسۇل، ھەر نەكىم تاپتى رۇھ،
بۇ كىبرىتىدىن بارچە تاپىپ فۇتۇھ.

— نەۋايى.

كىبرىيا [كبريا] (ئە) ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك:

زىھى تاجىڭغە گەۋھەرى كىبرىيا،
بۇ گەۋھەردىن ئافاق تاپىپ زىيا.

— نەۋايى.

كىتاب [كتاب] (ئە) 1) كىتاب. 2) خەت، مەكتۇپ، رىسالە:

كۆڭۈلنى ئەيلەدىم يۈز چاك ئىشقىڭدىن، مەن مەھزۇن،
كى ھۇسنۇڭ ۋەسفى يازغايمەن كىتابى كاغەزى گۈلگۈن.

— نەۋايى.

3) ئەسەر:

مەدھىنى بىھىساب يازغايلار،
بەلكى مەۋزۇن كىتاب يازغايلار.

— نەۋايى.

كىتابە [كتابه] (ئە) 1) يېزىق، يېزىلغان، پۈتۈلگەن. 2) ئويۇلغان يېزىق، بىنالارنىڭ پەشتىقىغا، تاملىرىغا ئويۇلغان ۋە يېزىلغان ھۆسنخەت:

ئوقۇغان ئەلنى ھەلاك ئەيلەگەي كىتابىسىدە،
ئىچىمدەكىنى ئەيان قىلسە قەبرىم ئۈزرە تاشىم.

— نەۋايى.

كىتابەت [كتابت] (ئە) يېزىش، پۈتۈش؛ خەت، يېزىق:

لەئلى لەبىڭ كۆرەي دىبان كۆز ياشىم ئەيلەدىم ئەقىق،
خالى خەتتىڭنى بىلمەدىم تۇرفە كىتابەتى دەقىق.

— زەلىلى.

كىتابەت فەنى — يېزىش، كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى.

كىتابەت قىلماق — يازماق، كىتاب تۈزمەك.

كىتابدار [كتاب دار] (ئە + پ) كىتابخانا مۇلازىمى؛ كىتابخانا مۇلازىمەتچىسى:

مەۋلانا سالىھىي ـ ئەگەرچە خۇراسانلىقدۇر، ئەمما كۆپ يىلدۇركى، ھىساردادۇر. ئانداق ئىشتىلۇركىم، ھىساردا پادىشاھنىڭ كىتابدارىدۇر.

— نەۋايى.

كىتپاۋۇل [كيتپاول] قەلئە قاراۋۇلى، ساقچىسى؛ قەلئە باشلىقى:

ئانداغكى، ھىراۋۇل، قاراۋۇل ۋە چىڭداۋۇل ۋە يانكاۋۇل ۋە سوناۋۇل ۋە پاتاۋۇل ۋە كىتپاۋۇل ...

— نەۋايى.

كىتف [كتف] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەكتاف] يەلكە، مۈرە:

كىتفى بىرلە تامنى ۋەيران ئەيلەدى،
خىشتلارنى يەرگە يەكسان ئەيلەدى.

— زەلىلى.

كىتمان [كتمان] (ئە) يوشۇرۇن، سىر ساقلاش، پىنھان تۇتۇش.

كىتمان ئەيلەمەك — يوشۇرماق، پىنھان تۇتماق:

ھەردەم ئىستەر تەلبە كۆڭلۇم ئىشق كىتمان ئەيلەمەك،
بەرقى لامىئىنى قاراڭغۇ ئۆيدە پىنھان ئەيلەمەك.

— نەۋايى.

كىتىف [كيتف] (ئە) «كىتف» گە قاراڭ.

كىرام [كرام] (ئە) [بىرلىكى: كەرىم] 1) ئۇلۇغلار.

2) ئەزىزلەر:

قىلدى پەيغەمبەرگە تەگزىمۇ سەلام،
سۆگرە ئەرز ئەتتىكى: ئەي فەخرى كىرام.

— نەۋايى.

3) كېرەملىك، ساخاۋەتلىك؛ بۈيۈك، مۆھتەرەم.

كىرامەند [كرامند] (پ) قىممەتلىك؛ ئىززەتلىك؛ ئۇلۇغۋار، ئەزىز:

كۆپ ئوزر قىلىپ سۆزىگە پەيۋەند،
نەقدىنە بەسى تاپىپ كىرامەند.

— نەۋايى.

كىرامۇل ـ كاتىبىن [كرام الكاتبين] (ئە) ئىسلام چۈشەنچىسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى مۈرىسىدە تۇرىدىغان ئىككى پەرىشتە (ئوڭ مۈرىسىدىكى ساۋابلىق ئىشلارنى، سول مۈرىسىدىكى گۇناھلىق ئىشلارنى يېزىپ تۇرغۇدەك).

كىرامۇەشلىغ [كرام وش ليغ] ئەزىزلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماقلىق:

دېدىكىم: *«ئولدۇر كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى،*
فەقر يولىندا كىرامۇەشلىغى.»

— نەۋايى.

كىرامىن ـ ناس [كرام الناس] (ئە) كىشىلەرنىڭ

مۆرمەتلىكى.

كىرامي [كرامى] (ئە) ئۇلۇغ، ئالىيجاناب، ساخاۋەتلىك، كاتتا:

ھەركىمكى تەۋازۇئ ئەمرى كامى بولغاي،
ئول فېئىل ئىلە خەلق ئارا كىرامي بولغاي.

— نەۋايى.

كىرامي سىفەت — سېخىيلىق خىسلەتلىرىنىڭ ئىگىسى.

كىرامي بولماق — ساخاۋەتلىك، ئالىيجاناب بولماق.

كىرايە [كرايە] (پ) 1) كىرا؛ ياللاش. 2) ياللىنىش ھەققى، ئىجارە ھەققى.

كىرايەندەلىق [كرايندەليق] لايىقلىق، ئەرزىمەكلىك.

كىرباس [كيرباس] (پ) «كەرباس» قا قاراڭ.

كىرپىچ [كرپيچ] خىش (پىششىق كېسەك):

فەلەك باشىڭنى كىرپىچ مۇتتەكاسى قىلغۇسى ئەر خۇد،
بۇ دەم خۇرشىد خىشتىدىن باشىڭغە مۇتتەكا يەتكەي.

— نەۋايى.

كىردار [كردار] (پ) قىلىق، ئىش، ئادەت، ئەمەل؛ سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «تەرز، رەۋىش، كۆرۈنۈش» مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ:

كىردارىغە *باقىپ ئەسل ھالىن ئاڭلا،*
ئەسلىغە دەلىل ئانىڭ خىسالىن ئاڭلا.

— نەۋايى.

دېدى: *ئەي يىگىت ياخشى كىردارلىق،*
قىلىپ رەھمەتىمدىن ئۇمىدۋارلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كىردىگار [كردكار] (پ) ياراتقۇچى (تەڭرى):

دېدىلەركىم: *كىردىگارىڭ كىم دۇرۇر،*
خالىقۇ پەرۋەردىگارىڭ كىم دۇرۇر.

— نەۋايى.

كىردىگارا [كردكارا] (پ) ئەي ياراتقۇچى! (ئەي تەڭرى):

كىردىگارا، *لۇتف ئېتىپ قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم،*
كۆپ يازۇقلار ئەيلەگەن فېئلى تەباھىمنى كەرەم.

— ئەرشى.

كىرم [كرم] (پ) قۇرت، قۇرت - قوڭغۇز.

كىرمى شەبتاب — قاراڭغۇدا يالتىراپ كۆرۈنىدىغان قۇرت.

كىرى [كرى] (پ) ئەرزىگۈدەك.

كىرى ئەيلەمەس — ئەرزىمەس.

كىرياس [كرياس] (پ) 1) بارگاھ، قەسىر:

يەتتىنچى كۆردى بىر بىيىك كىرياس،
تاقۇ ئەيۋان ئاڭا سىپىھر ئىساس.

— نەۋايى.

2) دەرۋازا؛ ئاستانە. 3) ئاسمان:

بىر ئەجەب يەر قالماغى ئافاق ئارا،
بەلكى بۇ كىرياسى بىلىي تاق ئارا.

— نەۋايى.

كىز [كيز] كىگىز، تەڭلىمات:

ھەر بىر بەسى كەرەشمەدىن جىلۋە قىلۇر چېمەن - چېمەن،
خىلئەتى سەبزە بىتەدۇر بىستەرى زەئفىران كىز.

— زەلىلى.

كىزب [كذب] (ئە) يالغان، نەيرەڭ.

كىزب ئالايىش — ئىپلاس يالغانچىلىق.

كىزب كەتۈرمەك — ئىشەنمەسلىك.

كىزب مەھز — پۈتۈنلەي يالغان.

كىسە [كيسە] (پ) 1) «كېسە» گە قاراڭ. 2) سىپاھلارنىڭ خەت سېلىشى ئۈچۈن بەلۋاغلىرىغا ئېسىپ يۈرىدىغان قاپچۇقلىرى:

گەر كىسە ئارا تولا جەھان مالى ئېسە،
خۇشراق ئاندىن ئەگەر كۆڭۈل خالى ئېسە.

— نەۋايى.

كىسەدۇز [كسەدوز] (پ) خەت قاپچۇقى.

كىسەدوزلۇق [كيسەدوزلوق] خەت سېلىنىدىغان قاپچۇق توقۇماق:

مەۋلانا زەين كىسەدوزلۇق سەنئەتىغە مەنسۇپ ئېردى.

— نەۋايى.

كىسسە [كيسسە] (پ) «كىسە» گە قاراڭ.

كىسۋەت [كسوت] (ئە) 1) كىيىم، كىيىم - كېچەك، ئېگىن، ئۇستۋاش:

جىبرەئىل ئايدىلار: ئەيا ھوشيار،
كىسۋەتى مەردان رىيازەت شىئار.

— زەلىلى.

2) يانچۇق، قاپچۇق، خالتا، توۋرا:

ھەر سارى مەخفي تۆگەنلىك جىسىم ئىلە مۇڭلۇغ كۆڭۈل،
سايىلىدۇركىم ئېرۇر مىلۇ دىرەمدىن كىسۋەتى.

— نەۋايى.

3) گۈزەللىك، بايلىق:

سالىپ كۆڭلۈمە سۆز دېمەك نىيەتىن،
كىيىپ ئەگنىمە داغى سۆز كىسۋەتىن.

— نەۋايى.

كىش I [كيش] (پ) ئادەت، خۇلق؛ يول، مەسلەك؛ دىن.

ۋەفاكىش — ۋاپالىق، ۋاپا قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

كىش II [كيش] (پ) قۇندۇزنىڭ بىر تۈرى؛ قۇندۇز تېرىسى:

مەجنۇننى ياساپ لىباس بىرلە،
تۈن - كۈن كەيى كىشۈ ئاس بىرلە.

— نەۋائى.

كىش III [كيش] (پ) ئوقدان.

كىشت [كشت] (پ) تېرىلغۇ يەر؛ زىرائەت:

ئەي بۇرادەر ئۆشبۇ سۆزنى ئاڭلاغىل،
كىشت - كارىنى كۈن ئۇلتۇرماسدە قىل.

— خەراباتى.

كىشتى [كشتى] (پ) كېمە:

دېدى چوڭ ئاغام: كۆز خۇدا سۆزىنى،
ئالىپ باردى كىشتى لەبىگە مېنى.

— ئا. ئىنزارى، ن. زىيائى.

كىشتى بەھر پەيما — دېڭىز كېمىسى:

گەھى ساز ئېتىپ بەزم دەريا ئارا،
كىرىپ كىشتىئى بەھر پەيما ئارا.

— نەۋائى.

كىشتى ھىلالى — 1) ئىنچىكە ئاي شەكىللىك كېمە، قېيىق. 2) ئىنچىكە ئاي شەكىللىك كېمىگە ئوخشايدىغان قەدەھ، قېيىق شەكىللىك قەدەھ.

كىشتىيى بادە — قېيىق شەكىللىك مەي قەدەھى.

كىشتىبان [كشتى بان] (پ) كېمىچى، كېمىنى باشقۇرغۇچى:

نەھەڭى قۇلزۇمى ۋەھدانىيەدىن غەرق بولدىلەر،
نە كىشتى قالدىيۇ نە كىشتىبانۇ ناخۇدا ئاخىر.

— زەلىلى.

كىشتىبانلىغ [كشتى بان ليغ] كېمىچىلىك.

كىشۋەر [كشور] (پ) 1) مەملىكەت؛ ئۆلكە؛ ۋىلايەت:

شەھكى بولسە تابىئىدە نەچچە كىشۋەرى،
تەييار بولسە نەزدىدە يۈز لەكچە لەشكەرى.

— سەبۇرى.

2) ئىقلىم:

يەتتە ئىقلىم ئۆزرە كۆپ شەھلەر ماڭا مەنزۇر ئىمەس،
كىشۋەرى ھۆسنى مەلاھەت ئۆزرە جانىم بولسە بەس.

— ئەرشى.

كىشۋەرى دەرى — ئۆلكە، ئىقلىم دەردى.

كىشۋەر ئارا [كشور ارا] (پ) مەملىكەتنى زىننەتلىگۈچى، ئاۋاتلاشتۇرغۇچى؛ پادىشاھ:

مۇقەررەردۇركى شاھى كىشۋەر ئارا،
زەمانى قىلمايىن سەبرۇ مەدارا.

— نەۋائى.

كىشۋەر پەناھ [كشور پناه] (پ) مەملىكەتنىڭ ھامىيسى، پادىشاھ:

ئول ئىككەۋدىن بىرى رۇم ئەملىغە شاھ،
يانە بىر زەڭ ئەملىغە كىشۋەر پەناھ.

— نەۋائى.

كىشۋەرخۇدا [كشورخدا] (پ) «كىشۋەر خۇداي» غا قاراڭ.

كىشۋەرخۇداي [كشور خداى] (پ) مەملىكەت ئىگىسى؛ ھۆكۈمدار، پادىشاھ:

يەنە گەردەشىر ئولدى كىشۋەر خۇداي،
جەھان ئەملىغە بولدى رەھمەت فىزاي.

— نەۋائى.

كىشۋەرخىدىۋ [كشورخديو] (پ) مەملىكەت ئىگىسى، ھاكىم، ھۆكۈمدار، پادىشاھ:

يەنە ھورمۇز ئولدى چۇ كىشۋەر خىدىۋ،
سىياسەتلەرى سالدى ئەلگە غىرىۋ.

— نەۋائى.

كىشۋەر دىھى [كشور دهى] (پ) مەملىكەتنى تاپشۇرغۇچى، بويسۇنغۇچى:

موغۇل قۇللار كەبى ئالىندە خانلەر،
بولۇپ كىشۋەر دىھى كىشۋەرستانلەر.

— نەۋائى.

كىشۋەرىستان [كشورستان] (پ) «كىشۋەرگىر» گە قاراڭ:

نەزم كىشۋەرىستانى ھەم سەن - سەن،
بەلكى ساھىبقىرانى ھەم سەن - سەن.

— نەۋائى.

كىشۋەرىستانلىغ [كشورستان ليغ] جاھانگىرلىك.

كىشۋەر كۇشا [كشر كشا] (پ) مەملىكەتنى ئىشغال قىلغۇچى، جاھانگىر؛ غالىب:

بۇ مۇددەتدە كەمەنىكى ئاسار ئىدى،
كى كىشۋەر كۇشا بەل جەھاندار ئىدى.

— نەۋائى.

كىشۋەر كۇشاي [كشور كشاي] (پ) «كىشۋەر كۇشا» غا قاراڭ.

كىشۋەرگىر [كشوركير] (پ) 1) غالىب. 2) يۇرت ئالغۇچى؛ جاھانگىر.

كىفايەت [كفايت] (ئە) كۇپايە، يېتەرلىك، يەتكۈدەك:

كىفايەت قىلىپ مۇندا تەقسىرغە،
مەۋالە قىلىپ مىرئەلى شىرغە.

— ئا. ئىنزارى.

كىفايەت ئولماق — كۇپايە بولماق، يەتمەك.

كىفتە [كيفته] (پ) چەتلىشىش، يىراقلىشىش:

بولدى گۈل مەھۋەشغە ئاندا شىفتەگى،
كىم سەبەق بەھسىدىن گۈلدى كىفتەگى.

— نەۋايى.

كىفتە ئولماق — چەتتە قالماق، ئايرىلىپ قالماق.

كىفل [كفل] (ئە) 1) بىرەر نەرسىنىڭ ھەسسىسى. 2) ئات، تۆگە قاتارلىق مىنىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان گىلەمچە، يوپۇق.

كىلك [كلك] (پ) قومۇش قەلەم:

ھەۋايى سەيرى چىن گەيلەر زىھى بۇ كىلكى نەققاشىم،
خۇدا بىلگەي مېنىڭ ماچىن گىچىدە گەمدى توختاشىم.

— زەلىلى.

قىلىپ سۆز رىۋايەت خىرەدمەندلەر،
ساچىپ كىلكى نۆگى بىرلە قەندلەر.

— ئا. نىزارى.

كىلكى تەقدىر — تەقدىر قەلىمى، ئەزەلدە پۈتۈلگىنى:

بىھەمدىللاھكى، ئاللىمدە گەزەلدىن،
جۇنۇ گىشقىدىن يازدى كىللى تەقدىر.

— نەۋايى.

كىلكى سۇنئ — يارىتىش قەلىمى؛ خۇدانىڭ قۇدرىتى.

كىلكى فۇسۇنپەرداز — ئاجايىپ سۆزلەرنى يازغۇچى قەلەم.

كىلكى قەزا — «كىلكى تەقدىر» گە قاراڭ.

كىلكى نۇكتەپاش — چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى يازغۇچى قەلەم.

كىم I [كيم] (سوراق ئالمىشى):

ئاندىن سوراپدۇرلاركى، بۇ كىشىنى كىم ئۆلتۈردى؟

— نەۋايى.

كىم II [كيم] كى، كىم (باغلىغۇچى):

كىم بوز توقۇماقنى ئالىپ باپكار،
جەھان مۈلكىدە بوز بىلە قىلدى كار.

— غەربى.

ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى كىم قىلدىكى، جەزا كۆرمەدى،
سەلاھ ۋە فەساد تۇخمىن كىم ئەكتىكىم، ئۇرمادى.

— نەۋايى.

كىمخا [كمخا] (پ) كىمخاب، يىپەكتىن توقۇلغان رەخت:

... ۋە مۇتەئەخخىر مەشايىخىدىن زەمانىنىڭ يېگانىسى ھەزرىتى خاجە بەھاۋۇددىن نەقشبەندكى، كىمخا نەقشىنى باغلىماققە مەشھۇردۇرلەر.

— نەۋايى.

كىمخاب [كمخاب] (پ) «كىمخا» غا قاراڭ:

ئەتلەسۇ كىمخاب ئۆزرە فەسلى زىمىستان ئىچرەدۇر،
قارا قۇندۇز، قارا شىرازىغە قەدرۇ ئىفتىخار.

— تەجەللى.

كىمسان [كيمسان] ئالتۇنغا ئوخشاش پارقىراق سېرىق رەڭلىك ماددا؛ بولۇپ، ئۇنى ئۆزۈۋۇتۇپ، نەرسىلەرگە ئالتۇن رەڭ (ھەل) بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ (ئالتۇن) ھەل:

كى كىمساندىن ئالتۇننى فەرق ئەيلەگەي،
قىزىل تابەدىن كۇننى فەرق ئەيلەگەي.

— نەۋايى.

كىمسە [كيمسه] بىرەر شەخس، ئادەم، بىراۋ:

كەئبەۋۇ خۇلدى بەرىننى كۇلبەگى ئەھزان دېمىش،
كىمسە گەر شەمئى جەمالىڭنى قۇياشقە ئوخشىتۇر.

— ئەرشى.

كىميا [كيميا] (ئە) 1) خىمىيە؛ قەدىمكى چۈشەنچىدە: مىس، قەلەيگە ئوخشاش مەدەننى ئالتۇنغا ئايلاندۇرماق:

يۈزۈمنى ئالتۇن ئەتتى، سېنىڭ ئىشقىڭ، ئەي سەنەم،
مۇنداغ باقىرنى ئالتۇن ئېتەر كىميا قېنى؟

— سەككاكى.

بۇ جۇملىدىن كىميا ئىلمىدۇركىم،

— نەايى.

2) ئاجايىپ قىممەتلىك، نادىر نەرسە؛ پاكىز، ساپ.

كىميا ئەسەر — چوڭقۇر تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان سۆزلەر.

كىمياگەر [كيمياگر] (ئە + پ) خىمىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ئالىم (خىمىك):

بۇ يولدا دەردۇ غەمدۇر كىمياگەر،
بۇ ئىشدىن ئىشق ئېلىمدۇر غەمگە چاكەر.

— خىرقەتى.

كىمياۋەش [كيمياوش] (ئە + پ) خىمىيىگە ئوخشاش، نادىر، قىممەت باھا:

چۇن خالىسۇ پاكۇ بىغەش گۈلدى،
ئالتۇن نې كى كىمياۋەش گۈلدى.

— نەۋايى.

كىن [كين] (پ) ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، قىساس؛ كۆرەلمەسلىك؛ نەپرەت؛ جەڭ:

يەنە كىنغە تۇردى بۇرادەرلەرىم،
ۋەفاسىز جەفاكار بەد ئەختەرلەرىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كىنۇ جىدال — ئۇرۇش، جاڭجال، غوۋغا.

كىنۇ رەزم — «كىنۇ جىدال» غا قاراڭ.

كىنايە [كنايه] (ئە) مەسخىرە، زاڭلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياپتا گەپ، دارىتما؛ كىنايە.

كىنايەت [كنايت] (ئە) «كىنايە» گە قاراڭ:

تۇمەن ناز ئىلە بۇ مەقال ئەيلەدى،
كىنايەت بىلە كۆپ سوئال ئەيلەدى.
— نەۋايى.

كىنە [كينه] (پ) «كىن» گە قاراڭ:
ئەيلەبان رەزمۇ كىنە ئىزھارى،
كەلسە-جابىر جەزائىرى سارى.
— نەۋايى.

كىنەپەرەست [كينه‌پرست] (پ) ئاداۋەتخور، دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلىغۇچى:
ئۆچۈڭ ئۆلكى ئەر ئول بولۇپ كىنەپەرەست،
تەگەددى بىلە تاپسە مۈلكۈمگە دەست.
— نەۋايى.

كىنەپەرداز [كينه‌پرداز] (پ) «كىنەۋەر» گە قاراڭ:
تۇتۇپ فەرھادنى غەدر ئەيلەپ ئاغاز،
تىكىپ ئەۋۋەل دار ئولدى كىنە پەرداز.
— نەۋايى.

كىنەخاھ [كينه‌خواه] (پ) «كىنەۋەر» گە قاراڭ:
ئانچە ئايىندىن تولا بۇ رەزمگاھ،
كىم ئۇرۇشتا ئىككى شاھى كىنەخاھ.
— نەۋايى.

كىنە سەنج [كينه سنج] (پ) «كىنەۋەر» گە قاراڭ:

كىنەكەش [كينه‌كش] (پ) «كىنەۋەر» گە قاراڭ:
يولىن تۇتتى بارىغىنىڭ ئاشۇفتەۋەش،
ئاڭا سۇردى بارىق داغى كىنەكەش.
— نەۋايى.

كىنە گۈزار [كينه‌گزار] (پ) «كىنەۋەر» گە قاراڭ.

كىنەۋەر [كينه‌ور] (پ) ئاداۋەت ساقلىغۇچى، دۈشمەنلىك قىلغۇچى؛ ئۆچ ئالغۇچى؛ قىساسكار، ھەسەتخور.

كىن خاھ [كين خواه] (پ) «كىنەخاھ» قا قاراڭ.

كىن سىگال [كين سگال] (پ) ئاداۋەت ساقلىغۇچى:
ھەم بورانغا، ھەم جۇۋانغار كىن سىگال،
ھەم يەنە گۈلۈ ھىراۋۇلدا بۇ ھال.
— نەۋايى.

كىياسەت [كياست] (ئە) زېھنىلىك؛ ئۆلۈغلۈق؛ ھوشيارلىق، زېرەكلىك:
ۋەلى شاھغە نۇرى فەراسەت كېرەك،
شۇناسالىغ ئىچرە كىياسەت كېرەك.
— نەۋايى.

سىكەندەر تەرىقى كىياسەت بىلە،
قىلىپ فەھم ئول ئىشنى فەراسەت بىلە.
— نەۋايى.

كىيد [كيد] (پ) ھىيلىگەر، ئالدامچى، ساختىپەز:
مېھىر - مۇھەببەت ئانىڭ ئېرمەس بەجۇز غەزەب،
جۇز كىيد ئەمەس بۇ قەلەمۇننىڭ ئىنايىتى.
— سەبۇرى.

كىيگۈلۈك [كييگولوك] كىيىملىك، لىباس:
نەفس كىيگۈلۈك ئولسا يالاڭ تەنىمغە ھەۋاس،
ھەسىر نەقشى ھەسىرى لىباس ئورنىغە بەس.
— نەۋايى.

كىيۈرمەك [كيورماك] كىرگۈزمەك؛ كەلتۈرمەك:
بۇ يۈردى يىلقىچى يىلقى كىيۈردى،
تەكەللۇفلار بىلە گۈلنى كۆچۈردى.
— لۇتفى.

يىغىشتۇردىلار ئەلنى تەكلىف ئىلە،
كىيۈرمەككە خەندەقغە تەخۋىف ئىلە.
— نەۋايى.

«گ»

گازۆر [گازور] (پ) كىر يۇغۇچى:

سۇبھە سەۋبىنى گازۆرى ئەفلاك،
مېھر سابۇنى سۈرتۈپ يۇدى پاك.

— نەۋايى.

گاژ [گاژ] (پ) ئورۇن، جاي.

گام [گام] (پ) 1) قەدەم، يۈرۈش:

مەنازىلنى كەزدۈك قويۇپ گام تېز،
بۇلار بىرلە يەتتۈككى بەندەرگە بىز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) يۈنىلىش، قەست، نىيەت، ئىستەك، ئىنتىلىش.

3) ئاياغ:

كى مىنمەكدىن بولۇپ ئارامى ئانىڭ،
دەمى تىنغاي قاپارغان گامى ئانىڭ.

— نەۋايى.

گام بەرگام — «گام بەگام» غا قاراڭ.

گام بەگام — قەدەممۇ قەدەم؛ توختىماي.

گام رەنجە ئەيلەمەك — قەدەم تاشلىماق، يۈرمەك؛ قاتناشماق.

گام قويماق — قەدەم قويماق، يۈرمەك؛ كىرىشمەك.

گام ئۇرماق — يۈرمەك، قەدەم تاشلىماق:

زىيابەت ئىشى ھەم قىلىندى تەمام،
كى سالىبە ئەمىرنىڭ سارى ئۇردى گام.

— ئا. نىزارى.

گاھ [گاه] (پ) 1) گاھ، گاھى، گاھىدا؛ بەزى، بەزىدە؛ ۋاقىت:

ئەرشىنى ئۇنۇتمە گاھ ياد ئەت،
ۋەسلىڭدىن بەلكى ئانى شاد ئەت.

— ئەرشى.

2) سۆز تەركىبىدە كېلىپ «جاي، ماكان، ئورۇن» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

جىلۋەگاھىڭ گاھ باغۇ گاھ راغ،
مۇفتەخىر زىبالىغىڭدىن راغۇ باغ.

— نەۋايى.

3) باغ، دەم ئالىدىغان جاي.

ئارامگاھ — ئىستىراھەت جايى.

كارگاھ — ئىش ئورنى، ئىشخانا.

گاھ - گاھ — بەزەن، ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن.

گاھ - گاھى — «گاھ - گاھ» قا قاراڭ.

گاھلەر — گاھى - گاھى، بەزى - بەزىدە، ئاندا - ساندا.

گاھى [گاهى] (پ) بەزەن، بەزى ۋاقىت، گاھى. «گاھ» قا قاراڭ:

بىناگاھ تارتىپ ئۆزۈن گاھى سەرد،
مۇناجات قىلدى بەدەر گاھى فەرد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گاھى - گاھى — بەزى - بەزىدە، ئاندا - ساندا:

ھۇر ۋەسلى بىرلە ئۇچماق قۇشلاردىن لەفزىن دېمەي،
گاھى - گاھى شىۋەئى شىرىن زەبانىم بولسە بەس.

— ئەرشى.

گاۋ [گاو] (پ) ئۆكۈز، ئەپسانىۋى ئۆكۈز:

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ئەسبى رەۋان،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گاۋى دەۋان.

— خەراباتى.

گاۋمىش [گاوميش] (پ) قوتاز:

ئۇشبۇ ئالەم قىلمادىم بىر ياخشى ئىش،
ياخشىراقدۇر بارچە مەندىن گاۋمىش.

— خەراباتى.

گەبر [گبر] (پ) ئاتەشپەرەست، ئوتقا چوقۇنغۇچى، ئوتقا تېۋىنغۇچى، مەجۇسى:

نى گەبر، نى تەرسا مەن، نى بەرەھمەنۇ، نى شەيخ،
ھەفتاددۇ مىللەتدە بىر نۇقتە خىلاف ئەتتىم.

— زەلىلى.

ھەر بەلا كەلسە ئىلاجى سەبرىدۇر،
كىمكى سەبر ئەتمەسە ئول گەبرىدۇر.

— خەراباتى.

گەبرەك [گبرك] (پ) غەيرى دىندىكى قىز (بالا)، مەجۇسى قىز؛ ساقى:

ئولتۇرۇپ بىر گەبرەكى جام ئەتتى نوش،
كىم كۆرۈپ شەيخ ئەتتى تەركى ئەقلۇ ھۇش.

— نەۋايى.

گەبرەكى [گبركى] (پ) مەي ئىدىشى.

گەج [گج] (پ) گەج، مەخسۇس سۇۋاق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان گەج، ھاك:

ئىككى رەختە سارى رەۋان باردىلەر،
گەجۇ خىشت ئىلە رۇست بۇتكەردىلەر.

— نەۋايى.

گەجەك [گجك] (پ) 1) پېشانىگە چۈشۈپ تۇرغان بۇدۇر چاچ تالالىرى، ماڭلاي چاچ. 2) ئىلمەك، مەخسۇس تاياق.

گەجكارلىق [گجكارليق] گەج بىلەن ئىشلەنگەن، گەجلەنگەن:

ھەم كىرىبان ھەم چىقىپ ئاندىن نەسىم،
تاشىدە گەجكارلىقى سادە سىيم.

— نەۋايى.

گەجىم [گجم] «گېجىم» گە قاراڭ.

گەچە [گچە] (پ) كاچا، تىلى راۋان ئەمەس.

گەچچە [گچە] «گەچە» گە قاراڭ.

گەچكارلىغ [گچ كارليغ] «گەجكارلىق» قا قاراڭ:

بولۇپ گەچكارلىغ سىيمىن رەۋاقى،
نىچۈككىم، قاش ئىچىندە كۆزنىڭ ئاقى.

— نەۋايى.

گەدا [گدا] (پ) 1) تىلەمچى، سايىل؛ گاداي، پېقىر، كەمبەغەل، بىچارە:

ئابىدا، كەلتۈر بەجا سەن قۇللۇغۇڭنى سىدق ئىلە،
يەتكۈسى قۇل بولسا شەھلىغغە ئۇلاردىن ھەر گەدا.

— ئابىد.

ئەگەر شاھۇ گەدالار فانى بىلسە ئۇشبۇ ئالەمنى،
يۈزىگە لۇتف نىشانىنى قىلغاي قەترەئى شەبنەم.

— ئەرشى.

2) بېخىل، چىڭگىز. 3) ئاشىق. 4) تالىپ، ئىزدىگۈچى.

گەدا پېشە — گادايلىقتا ئۆگەنگەن.

گەدا زادە — گاداي بالا.

گەدا زادەئى خىرەدمەند — ئەقىللىق گاداي بالا.

گەدا شېۋە — گادايغا ئوخشاش، تىلەمچىگە ئوخشاش.

گەدالىغ ئەتمەك — تىلىمەك، ئىزدىمەك، ئارزۇ قىلماق.

گەدالىغ ئەشكى ساچماق — موھتاجلىق يىغىسى، تىلەمچىلىك كۆز يېشى تۆكمەك.

گەداۋۇ شاھ — ھەممە، بارلىق، بارچە.

گەدايى مۇۋەھھىش — ۋەھشەتكە، قورقۇنچقا سالغۇچى گاداي؛ قورقۇنچلۇق سايىل (تىلەمچى).

گەدايى نىيازمەند — ھاجەتمەن، موھتاج گاداي.

گەر [گر] (پ) ئەگەر؛ خاھ، خاھى، يا، ياكى؛ گەرچە، ئەگەرچە:

كۆزلەرىم چۈن شىشە ھايى قىرمىزىدەك بولماغاي،
تەلبە كۆڭلۈم گەر جامالىغە گىرىفتار ئولماسا.

— زەلىلى.

گەر ۋەتەن لۇتفى كۆزىندە تۇتمادىڭ، يوقتۇر ئەجەب،
ئەۋ قوپارماغلىق ئىبرۇر دۇشۋار جەيھۇن ئۈستىنە.

— لۇتفى.

گەران [گران] (پ) 1) ئېغىر، ۋەزمىن:

كېمەچىگە دېدىم: بۇ ئىتنى تۇتۇڭ،
گەران كەلسە سۆز ھەم بۇ سائەت يۇتۇڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قىممەت باھا، قەدىرلىك، قىممەتلىك؛ مۇھىم:

قويۇپ تېۋەلەرگە چۇ بارى گەران،
خاجە بىرلە بولدى يولار ھەم رەۋان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) مول، كۆپ مىقداردىكى.

گەران سەنگ — ۋەزنى ئېغىر، ۋەزمىنلىك؛ ئېغىر، ئېغىر تاش.

گەرانە [گرانە] (پ) ساھىل، قىرغاق، چەك، چېگرا:

ئىھاتە ئەيلەدىڭ، ئەي بەھرى ئەشىك، يەر كۆرەسىن،
ئەجەب ئەمەستۇر، ئەگەر يوق تۇرۇر گەرانە ساڭا.

— نەۋايى.

گەرانجان [گران جان] (پ) ۋەزمىن، ئېغىر، ئېغىر - بېسىق؛ تەبىئىيتى، مىجەزى ئېغىر.

گەرانخاب [گران خواب] (پ) ئۇيغانماس، ئۇيقۇسى قاتتىق، قاتتىق ئۇيقۇدىكى:

كۆپ ئۇردى بۇ نەۋ پىچ ئىلە تاب،
كۆز ئاچمادى مەھۋەشى گەرانخاب.

— نەۋايى.

گەرانخېز [گران خيز] (پ) ھورۇن، سۇس، ئىلمان، قولىدىن ئىش چىقماس.

گەرانمايە [گرانمايە] (پ) قىممەت باھا، قىممەتلىك؛ ئەھمىيەتلىك، پايدىلىق؛ ئەسلى، نېگىزى.

دۇررى گەرانمايە — قىممەت باھا دۇر، ئۈنچە - مەرۋايىت:

... كېچە ئاچىرلەرى ئانىڭدەك دۇررى گەرانمايە ئاپقانلاردىن سېۋۈنۈپ.

— نەۋايى.

گەراۋ [گراو] (پ) 1) شەرت، ئەھدە باغلاش؛ شەرتلەشىش:

ئەجەب زىرەككى، دانالىق يۈزىدىن،
گەراۋ ئالغان سۇلەيمان ھۇدھۇدىدىن.

— ناقىس.

2) گۆرۈ.

گەراۋ ئەيلەمەك — گۆرۈ قويماق، گۆرۈ قىلماق (پۇل ياكى قىممەت ئورنىغا بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە قويماق).

گەراۋ بولماق — ئامانەت بولماق، گۆرۈ بولماق.

گەراي [گراى] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە «خالىغۇچى، ئىختىيار قىلغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:

سەن چۇ بولۇپ سەرخۇشۇ خىلۋەت گەراي،
ئاندا قىلىپ ھەرنە تىلەپ نەفسۇ راي.

— نەۋايى.

گەرەۋ [گرو] (پ) «گەراۋ» غا قاراڭ:

رەمزى رەمۇزى نارىغە يوقتۇ بارىم نىياز ئېتىپ،
جانۇ كۆڭۈل گەرەۋ قىلاي شىۋەئى خۇش ئەداسىنە.

— ئەرشى.

گەرچى [گرچى] (پ) گەرچە، ئەگەر:

گەرچى ئىكى نەۋ ئۆتتى رازى،
ئەۋۋەلغىنى ئاڭلاغىل مەجازى.

— نەۋايى.

گەرد I [گرد] (پ) 1) چاڭ، توزان، غۇبار:

نەسىم ئەتكەچ فەنا ئالەم ۋۇجۇدىن،
ساۋۇرمىش گەردنى چۇن بادى سەرسەر.

— ئەرشى.

2) يۇرگۈچى، كەزگۈچى:

قىلدى تەمەننا فەلەك لاجۇۋەرد،
بولغاي ئىدى خاجە ئىشكىدە گەرد.

— زەلىلى.

3) غەم، ھەسرەت:

مەنى دەرد ئەيلەدى ۋەسلىڭ تىلەپ گەرد،
بولۇپمەن ماسىۋايى ئىشقىدىن فەرد.

— گۇمنام.

4) ئەسەر، نىشانە، ئىز؛ پايدا، بەھرە، نەپ. 5) تۇپراق زەررىچىلىرى:

ئىشكىڭ توزى جانلار تۇتىياسى،
بوسۇغاڭ گەردى خانلار خۇن بەھاسى.

— لۇتفى.

6) قالدۇق، يۇق. 7) پەردە، ئەمەلدارلىق لىباسى.

گەردە ئالۇد — چاڭغا پاتقان، چاڭ باسقان، چاڭ ـ توزان قاپلىغان.

گەرد ئالۇدە — «گەرد ئالۇد» قا قاراڭ:

غۇبارى خاكسارى كۆلخەنى ئىشقىڭغە مەن لايىق،
بۇ گەرد ئالۇدەلەرنى دەرگەھىڭغە مۇھتەرەم كۆرگەچ.

— زەلىلى.

گەرد ئەتمەك — ئېزمەك، غەم، ھەسرەتتە قويماق.

گەرد ئەمۋاجى — غەم ـ ھەسرەت دولقۇنى:

بۇ گەرد ئەمۋاجىدىن ئۆركىم زۇلمەتى مېھەر،
سۇ ئىستەپ ئاندا ئۆلمىش يۇز ئىسكەندەر.

— ئەرشى.

گەرد ئەيلەمەك — قاراڭغۇ قىلماق.

گەرد باد — تېز شامال، قۇيۇن:

ئاندا كەتتىم كى يەتتىم رودباد،
يەتمەدى گەردىگە ئانىڭ گەردباد.

— زەلىلى.

گەردى ئەنبەر — ئەنبەر زەررىسى؛ خۇشبۇي، قارا چاچ، چاچ تالالىرى.

گەردى بەلا — بالا غۇبارى، كۆلپەت.

گەردى تەئەب — دەرد، غەم.

گەردى راھ — يول چېڭى، يولنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى.

گەردى سۇرمە — سۇرمە چېڭى؛ نەزەر، ئېتىبار.

گەردى فەنا ئولتىرماق — يىمىرىلمەك. خاراب بولماق.

گەرد II [گرد] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئايلانغۇچى، كەزگۈچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئالەمگەرد — ئالەمنى ئايلانغۇچى.

شەبگەرد — 1) تۈندە كەزگۈچى، تۈندە ئايلانغۇچى؛ تۈن قاراۋۇلى. 2) ئاي.

گەردان [گردان] (پ) ئايلىنىدىغان، ئايلانما:

جەمالىڭ شەمئىگە پەرۋانە ئابىد،
ئانىڭدەك كىم يۇرۇر گەردان بولۇپ نەرخ.

— ئابىد.

گەردان بولماق — ئايلانماق، ئەتراپىدا پەرۋانە بولماق؛ خىزمەتتە بولماق.

گەردان سىپېھر — ئايلانغۇچى ئاسمان، پەلەك.

گۇنبەزى گەردان — ئايلانغۇچى گۇمبەز؛ ئاسمان.

گەردەن [گردن] (پ) گەدەن، بويۇن:

سالىپ گەردەنىمغە قارا رىشتەنى،
بۇتىنىڭ قاشىغە يەتۇردى مېنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گەردەنبەستە [گردن بسته] (پ) بوينى باغلانغان.

گەردەنبەستە قۇل — بوينى باغلانغان قۇل.

گەردەندە [گردنده] (پ) ئايلانغۇچى؛ كەزگۈچى.

گۇنبەزى گەردەندەئى ئالىي بۇنياد — ئايلانغۇچى ئاسمان، پەلەك.

گەردەنفەراز [كردن فراز] (پ) ئۇزۇن بويۇنلۇق، بوينى ئۇزۇن؛ مەنمەنچى، تەكەببۇر:

قىلىپ جىلۋە ھەريان ۋەلي مەستى ناز،

سۇراھى كەبى مەستۇ گەردەنفەراز.

— نەۋايى.

گەردەنكەش [گردن كش] (پ) بويۇن تولغىغۇچى، بويسۇنمىغۇچى، ئىتائەتسىز.

گەردەنى [گردنى] (پ) مۇشت ئۇرماق، مۇشت قويماق:

ئارقاغە دەستارى ئۇچى تەككەنى،
تەبرەنۇرى بىرلە ئۇرۇپ گەردەنى.

— نەۋايى.

گەردنامە [گردنامە] (پ) دۇئا تومارى (بىراۋنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يېزىلغان پۈتۈك).

گەردۇن [گردون] (پ) 1) ئاسمان، پەلەك، چەرخ، كۆك:

مۇسىبەتلەركى سالدى كۆڭلۈمە ھىجران تۈنى گەردۇن،
يۈزى بىھەد يارالىغ بۇ كۆڭۈلدىن ھەم خەراش ئولسۇن.

— ئەرشى.

گەردۇندىن ئۆتەر نالەۋۇ زارىم كېچەلەردە،
بىلمەس نېتەي ئول ماھ ئۇزارىم كېچەلەردە.

— ئاتايى.

2) دۇنيا، ئالەم، جاھان:

سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۈزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئارا تۈرلۈك رەقەم چەكتى.

— ئەرشى.

ئەي مۇسۇلمانلار نېتەي ئانىڭ بۇ دەردىغە ئىلاج،
ئول پەرىنىڭ جەۋرىغە بۇ زۇلمى گەردۇن ئوخشاماس.

— قەلەندەر.

3) يۈكسەك، ئېگىز:

ئارىف كۆزىگە دۇررى دۇن، ئىقلىمى يۇ فەرىدۇن،
توققۇز رەۋاقى گەردۇن، گەردۇ غۇبار ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

گەردۇن ئەساس — يۈكسەك، يۇقىرى، ئالىي.
گەردۇن بەھرى — ئاسمان دېڭىزى؛ دۇنيا، ئالەم.
گەردۇن جەناب — يۇقىرى دەرىجىلىك، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك، قۇدرەتلىك.
گەردۇن خەراش — ئاسمانغا تاقاشقان، ئاسمانغا تىرەلگەن.
گەردۇن خىرام — كۆكتە كەزگۈچى، كۆكتە پەرۋاز قىلغۇچى.
گەردۇن سەرىر — يۈكسەك تەختلىك؛ قۇدرەتلىك شاھ.
گەردۇن سىفەتلىغ — بىۋاپالىق، تەرسالىق، كاجلىق.
گەردۇن شۇكۇھ — ئەڭ يۇقىرى، يۈكسەك شان-شەۋكەتلىك.
گەردۇن شىكاف — ئۆتكۈر، كۆكنى تېشىدىغان.
گەردۇن كوب — كۆكلەرگە كۆتۈرۈلگەن.
گەردۇن مەئاب — ئاسماندا بولىدىغان، ئاسمانغا تېگىشلىك.
گەردۇن مەسنەدا — يۈكسەك تەخت ئىگىسى.
گەردۇن مەقام — يۇقىرى مەرتىۋە، يۇقىرى ئورۇن.
گەردۇن نەما — ئالەمنى باشقۇرغۇچى؛ ئۇلۇغ:

دېدى: *ئەي شەھەنشاھ گەردۇن نەما،*
سېنى تەڭرى قىلمىش مىسالى ھۇما.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گەردۇن نەماي — ئايلانما، دومىلاق، شارغا ئوخشاش (قۇياشقا ئىشارە)؛
گەردۇن نەۋرەد — كۆكتە كەزگۈچى، كۆكتە پەرۋاز قىلغۇچى.
گەردۇنى ئالىي ئەساس — ئەڭ يۈكسەك ئاسمان.
گەردۇنى ھەفتە ئەۋرەڭ — يەتتە قات ئاسماندىكى تەخت:

گەردۇنى ھەفتە ئەۋرەڭ، شىنگەرفى ئۇ تۈمۈررەڭ،
يا مىسسى نۇقرەۋۇ دەڭ، يا كۇھسار ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

گەردۇن ئىھتىشام —زور، ھەشەمەتلىك.
گەردۇنى ۋالا — يۈكسەك ئاسمان.

گەردۇنساي [گردون ساى] (پ) كۆككە، ئاسمانغا تەگكۈچى، ناھايىتى يۈكسەك، يۇقىرى؛ كۆكتە يۈرگۈچى:

ھەمۇل ۋادىيۇ گەردۇنساي خارا،
كى كۆرمىش ئېردىم ئولدى ئاشكارا.

— نەۋايى.

گەردۇنۋار [گردون وار] (پ) كۆك، ئاسماندەك، ئاسمان كەبى.
گەردۇنۋار قەد — كۆك، ئاسماندەك يۈكسەك قەد.

گەردۇنۋەش [گردون وش] (پ) پەلەككە ئوخشاش، ئاسماندەك يۈكسەك:

تىلسىم ئەيلەپ بۇ گەردۇنۋەش ھىسارىن،
قىلىپ مەھزۇن ھىسارى ئىچرە بارىن.

— نەۋايى.

گەردىش [گردش] (پ) يۈرۈش، ھەرىكەت، ئايلىنىش، سەير قىلىش، چەمبىرەك، ئايلانما، دائىرە:

گەردىش رۇزكارىدىن تۈلكىنى دەي قىيىن ئاتا،
تار زەماندىن داغى خەرس ئىلە خۇكنى ئەمەك.

— زەلىلى.

ساقىيائى سىمتەن گەردىشكە كەلتۈرگىل ئاياغ،
ئەرغەنۇن چالغىل مۇغەننىلەر زەلىلى زار ئۈچۈن.

— زەلىلى.

گەردىش نەماي — ئايلانما، ئايلىنىشنى كۆرسەتكۈچى.

گەردىشى ئەييام — زاماننىڭ ئۆتۈشى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى؛ ئۆتكۈنچى دۇنيا.

گەردىشى چەرخ — ئايلىنىش.

گەردىشى دەۋران — زاماننىڭ ئۆزگىرىشى، دەۋرنىڭ ئۆتۈشى؛ ئۆتكۈنچى دۇنيا.

گەردىشى زەمان — ئۆزگىرىش، خىلمۇ خىللىق.

گەرديەزدي [گرديزدى] (پ) گەرد يەزدي مىڭجەز — ئاياللار سالىدىغان تور رومالغا ئوخشاش بىر خىل نەپىس رومال، بۆرتمە شال.

گەرراي [گراى] (پ) 1) قان ئالغۇچى (تومۇردىن). 2) ساتىراش.

گەرم [گرم] (پ) 1) ئىسسىق، قىزىق، قايناق؛ قىزغىن؛ جەزىبىلىك، جۇشقۇن:

يەئنى ھەۋا گەرم ھەرارەت قۇزۇن،
ئىككى ھەرارەتدە جۇنۇن ۋەر جۇنۇن.

— زەلىلى.

سۆھبەتى ساھىب دىلان گەرم ئولدى زاھىد تۇرماغىل،
خىرمەنى ئاتەشكە كىم كىرگەي سەمەندەر بولماسا.

— زەلىلى.

دىماغىڭى بولدى شەراب ئىلە گەرم،
كى سىماب يەڭلىغ بولۇپ كۆڭلى نەرم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) تېز، چاققان. 3) قاتتىق، قەتئىيلىك بىلەن.

گەرم ئەتمەك — ھارارەتلىك قىلماق.

گەرم ئەيلەمەك — ئىسسىتماق، قىزىتماق؛ كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتماق.

گەرم بولماق — قىزىماق؛ چاققان بولماق؛ شوخلاشماق.

گەرم پوي — تېز يۈرەر، تېز چاپار، يۈگۈرۈك، چاپقۇر.

گەرم خويلۇق — 1) سەپرا مىجەز، ئاچچىقلانغۇچى، ئاچچىقچان. 2) قىزغىنلىق، كۈچلۈك ھارارەت.

گەرم خىيز — تېز يۈرەر، ھەرىكەتچان.

گەرم دىماغ — دىمىقى (كۆڭلى) چاغ، خۇرسەن، شات.

گەرم رەۋ — يورغا، چاققان، تېز يۈرەر:

گەرم رەۋلەر زەررەلەردەك چەرخ ئۇرار مىھر ئالدىدا،
كىم دىدى دىۋار ئارا زالى سەرادا ئىستەگىل.

— گۇمنام.

گەرم رەۋ ئەشك — ئىللىق كۆز يېشى.

گەرم رو — ئىسسىق يۈزلۈك (مېھرى ئىسسىق)؛ ئاشىق.

گەرم سەير — ئىسسىق جايلاردا يۈرگۈچى (قۇشلار).

گەرم سىر — ئىقلىمى ئىسسىق مەملىكەت.

گەرم شىكار — قىزغىن ئوۋ.

گەرم كىن — قاتتىق ئاداۋەت، غەزەپ، دۈشمەنلىك.

گەرم نەفەس — يۈرەكتىن (چىن كۆڭۈلدىن) چىقىدىغان تەسىرلىك سۆزلەر.

گەرم ھەنگامە — قىزغىن ئېچىلغان يىغىن.

گەرم ئولماق — جەزىبىلىك بولماق؛ ئەۋج ئالماق؛ ياخشى كەيپىياتلىق بولماق:

سۆھبەتى ساھىب دىلان گەرم ئولدى زاھىد تۇرماغىل،
خەرمەنى ئاتەشكە كىم كىرگەي سەمەندەر بولماسا.

— زەلىلى.

گەرى [گرى] (پ) 1) ئەرزىيدىغان، لايىق، مۇناسىپ:

بەرسەلەر ئىشق ئەھلى يۈزجان ھەربىرى،
ھۆسنى يۈز مىڭ مۇنچەغە قىلغاي گەرى.

— نەۋايى.

2) گۇرۇھ، توپ:

زەبان سەيقەل گەرى ئايىنەئى ئىقلىمى مەئنىدۇر،
ئەيان ئەيلەرگە باتىن مەخزەنىنى لاجەرەم تەنھا.

— زەلىلى.

گەز [گز] (پ) 1) يۇلغۇن؛ ئىلمەك، تاياق. 2) كاماننىڭ پەيسىز ئوقى:

بۇ گەز نەۋرۇز غەيرەتىدىن ئۇرۇپ جوش،
ئاچىغلانغان بىلە بولدى زىرىھپوش.

— لۇتفى.

گەزاف [گزاف] (پ) 1) يالغان، بىمەنە، ئاساسسىز، ئويدۇرما، ساختا. 2) رىياكارلىق.

لافى گەزاف ئۇرماق — يالغان سۆزلىمەك، بىھۇدە، ئاساسسىز گەپ قىلماق، بىھۇدە ۋالاقلىماق.

گەزەك [گزک] 1) مەي ئىچىلگەندىن كېيىن يېيىلىدىغان يېمەك تائام، گېزەك، زاكۇسكا. 2) يارا ياكى جاراھەتنىڭ سوغۇق تېگىپ قىزىرىشى، ئېغىر ئېلىشى:

ھەمۇل ئۆج - تۆرت كۈندە گويا بىر ئۆزۈڭغە تۈگەن قويۇپ،
گۈل جەراھەت گەزەك بولۇپ، ئاخىر بولدى.

— نەۋايى.

گەزەند [گزند] (پ) زەرەر، زىيان، زىيان - زەخمەت، ئاپەت؛ ئازار:

سۆكىر ئېتىپ دەرمەن ماڭا بۇ دەۋلەتى ئەتادۇرۇر،
يەتسە سەندىن ھەر زەمان جانىمغە گەر يۈزمىڭ گەزەند.

— قەلەندەر.

راست ئۈچۈن قامەتى سەرۋ بەلەند،
تىغل تاشىدىن ئاڭا يوقدۇر گەزەند.

— زەلىلى.

گەزەند تېگكۈزمەك — زىيان يەتكۈزمەك.

گەزەند يەتكۈزمەك — زەرەر كۆرسەتمەك، ياردار قىلماق.

گەزەند يەتمەك — زىيان كۆرمەك، زەخمەت چەكمەك.

گەزەندە [گزنده] (پ) نەشتەر ئۇرغۇچى؛ چاقىدىغان، كىشىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان ھاشارات (ھەرە، چايان قاتارلىقلار) :

ئاسۇدە ھەرەندەۋۇ پەرەندە،
ئۇيقۇدا گەزەندەۋۇ دەرەندە.

— نەۋايى.

گەزدەستە [گزدسته] (پ) قامچا:

سايىسىلىغىغە زۇھۇل ئۇرۇپ فال،
گەزدەستە بىلە قولىدا غەربال.

— نەۋايى.

گەزىستان [گزستان] (پ) يۇلغۇنزار، يۇلغۇنلۇق.

گەژدۇم [گژدم] (پ) «كەژدۇم» غا قاراڭ.

گەشت [گشت] (پ) ئايلىنىش، سەير قىلىش، كېزىش؛ سەپەر؛ يۈرۈش - تۇرۇش، ھەرىكەت؛ ئەتراپ، ئايلانما يول:

كېلىپ تەفتىش ئەتدۈك ئەرەم باغىنى،
نە گەشتى، نە گۈل بىرلە يەفراغىنى.

— ئا. نىزارى.

ئەگەر گەشتى لەبى دەريا قىلۇرسەن،
كۆزۈمگە كەلكى، ئۇممان ھاجەت ئېرمەس.

— ئاتايى.

گەشت ئەتمەك — سەير قىلماق، كەزمەك.

گەشت قىلماق — ئايلانماق، كەزمەك، سەير قىلماق.

گەشت ئەيلەمەك — كەزمەك، سەير قىلماق.

گەلە [گله] (پ) توپ، گۇرۇھ، پادا.

گەلىم [گليم] (پ) جۇلجۇل كىيىم:

بەلدە ئاغرامچىيۇ تەندە بىر گەلىم،
خەلقى ئالەمغە سالىپ شورى ئەزىم.

— زەلىلى.

گەنج [گنج] (پ) 1) خەزىنە، بايلىق، گەنج، مال - دۇنيا:

قايسى يەردە تاپىلۇر نىسبەت ساڭا بىرگەنج ھۇسن،
قايسى گەنجىنىڭ ئەژدەرى زۇلفى پەرىشانىڭچە بار؟

— گۇمنام.

2) ئىلىم، بىلىم؛ قىممەت باھا سۆزلەر، توپلام.
3) مەقسەت، مۇددىئا. 4) بەخت قۇشى، سۇمۇرۇغ.

گەنج تۇتماق — خەزىنە، بايلىق توپلىماق.

گەنج رەۋان — راۋان بولغۇچى (ئېقىپ تۇرغۇچى) بايلىق، «گەنجى رەۋان» غا قاراڭ:

ئافاق ئارا قالمادى بىر مۇخلىسى ھەرگىز،
سۆز مەخزەنىدىن گەنج رەۋان بەردىمۇ كەتتىم.

— زەلىلى.

گەنج ھۇسن — ھۇسۇن خەزىنىسى، «گەنجى ھۇسن» گە قاراڭ:

قايسى يەردە تاپىلۇر نىسبەت ساڭا بىر گەنج ھۇسن،
قايسى گەنجىنىڭ ئەژدەرى زۇلفى پەرىشانىڭچە بار.

— گۇمنام.

گەنجى باداۋەرد — شامال كەلتۈرگەن بايلىق، خەزىنە (خىسرەۋى پەرۋىزنىڭ سەككىز خەزىنىسىدىن ئىككىنچىسىنىڭ نامى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، رۇم قەيسەرى پەرۋىزدىن قورقۇپ بايلىقلىرىنى كېمىلەرگە بېسىپ ئارالغا يۆتكەۋاتقاندا، دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ، كېمىلەرنى پەرۋىز تەرەپكە سۈرگەن، پەرۋىز بۇ بايلىقنى قولغا چۈشۈرۈپ «گەنجى باداۋەرد» دەپ ئاتىغان) .

گەنجى بەقا — مەڭگۈ تىرىكلىك؛ ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك بايلىق.

گەنجى بىشىنتىھا — تۈگىمەس خەزىنە.

گەنجى راز — سىرلار خەزىنىسى.

گەنجى رەۋان — ھەرىكەتتىكى خەزىنە، «گەنجى قارۇن» غا قاراڭ.

گەنجى شىنگەرف — تاتلىق، لەززەتلىك ھايات.

گەنجى قارۇن — قارۇن بايلىقى، خەزىنىسى (مۇسا پەيغەمبەر زامانىسىدىكى ئەڭ كاتتا بەدەۋلەت ئادەم) :

بۇ زىنۋەر بىرلە يۈزمىڭ گەنجى قارۇن،
كېلۇر قانچە كىشىگە ئانچە ئىفلاس.

— ئەرشى.

گەنجى قەنائەت — قانائەت خەزىنىسى؛ قانائەتلىك بولۇش، قانائەتكە باي بولۇش.

گەنجى گىران — تۈگىمەس خەزىنە، بايلىق:

بىزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گەنجى گىران،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر رەنجى گىران.

— خەراباتى.

گەنجى مەخزەن — دۆلەتمەنلىك.

گەنجى مەقسۇد — مەقسەت خەزىنىسى، مۇددىئا.

گەنجى ھەقىقى — ھەقىقىي بەخت:

كۆڭۈل مىھرابىنى ۋەسل ئەھلى ئەتمىش قىبلەئى مەقسۇد،
دىلى ۋەيران ئارا گەنجى ھەقىقىي ئىزدەسەڭ مەۋجۇد.

— شەۋقى.

گەنجى ھۇسن — ھۆسن بايلىقى، خەزىنىسى.

گەنجى ئىرفان — ئىلىم بايلىقى، ئىلىم خەزىنىسى:

ئەلەم نەشرى رىسالەت نۇر ئىلە سىنەڭنى يارمىشكىم،

خەزىنە بەھرى رەھمەت گەنجى ئىرفان پۇر قىلىپ سەدرا.

— شەۋقى.

گەنجى ئىشق — ئىشق ماكانى:

ئادەمزادىكى ئېرۇر گەنجى ئىشق،
ۋاقىف ئەمەس چەگمەگۈچە رەنجى ئىشق.

— زەلىلى.

گەنجى ئىقبال — بەخت، ئىقبال خەزىنىسى.

گەنجى ئىلىم — ئىلىم ماكانى، ئىلىم خەزىنىسى.

گەنجپاش [گنج پاش] (پ) 1) ئالتۇن، دۇرلار چاچقۇچى؛ 2) قىممەتلىك سۆز ئېيتقۇچى:

ئانىڭ بۇ گەنجىدىن تاپماي كىشى كام،
نىچۇككىم گەنجپاشى گەنجە ئارام.

— نەۋايى.

گەنج رېز [گنج ريز] (پ) 1) خەزىنە تۆككۈچى. 2) قىممەتلىك، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز ئېيتقۇچى.

گەنج سەنج [گنج سنج] (پ) خەزىنە ئۆلچىگۈچى.

گەنج فىشان [گنج فشان] (پ) خەزىنە چاچقۇچى:

بۇ تىل بىلە كىمسە تاپمادى كام،
جۇز گەنج فىشانى گەنجە ئارام.

— نەۋايى.

گەنجۇر [گنجور] (پ) خەزىنىچى، خەزىنە ساقلىغۇچى:

ئالار ئول خەزايىنغە گەنجۇر ئولۇپ،
ئالارنىڭ نىگاھبانى بۇ مور ئولۇپ.

— نەۋايى.

گەنجىنە [گنجينه] (پ) خەزىنە؛ كان، «گەنج» گە قاراڭ:

سۆزۈڭ دۇررۇ جەۋاھىردۇر، كۆڭۈللەر گەنجىنە لايىق،
نە لايىق، لايىقى خۇسرەۋ، نەخۇسرەۋۇ، خۇسرەۋى كىشۋەر.

— سەيفى سەرايى.

كۆڭۈل گەنجىنەسىنى غارەت ئەيلەپدۇر سىپاھى غەم،
تاماشا قىل بۇ جەۋلانىمنى بىتىغۇ سىپەر تەنھا.

— زەلىلى.

گەنجىنەئى دىل — دىل، كۆڭۈل خەزىنىسى:

دىدى ئەۋۋەل نە دىسى نۆكتە پەرداز،
تۆكۈپ گەنجىنەئى دىلدىن دۇرى راز.

— ناقىس.

گەندە [گنده] (پ) يامان، يارىماس، نىجاسەت.

گەندە دىماغ — تەكەببۇر، دىمىغى ئۈستۈن.

گەندەرەمەك [كندارماك] (بىتبۇيلۇقتىن، نىجاسەتتىن) ئايىناق، ھوشىدىن كەتمەك:

ھەر كىشى زەمزەم سۈيىدىن كەلتۇرۇپ،
گەندەرەبان شىشەدە بەسكىم تۇرۇپ.

— نەۋايى.

گەندۇم [گندم] (پ) بۇغداي:

قاراپ كۆرگىل تەمام ئۇنمەككە بىر ئۇندۇرگۈچى لازىم،
ۋۇجۇدى دانەئى گەندۇمغە ئىسباتى سەمان پەيدا.

— شەۋقى.

گەندۇم گۇن — بۇغداي ئۆڭلۈك (رەڭلىك):

خەرابى چېھرە گەندۇم گۇنى بىپەرۋا ئۇچۇن ھەربار،
قەرار ئەتمەي چۇ چەرخى ئاسىيادەك چۆرۈلۈر باشىم.

— زەلىلى.

گەھ [گه] (پ) گاھ، گاھى، بەزەن، بەزىدە، بەزەندە:

نەچچە كويىدا يۈردۇمۇ گەھ يىقىلىپ گەھى قوپۇپ،
بىر نەزەرنى سالمادى ئاشىقى بىنەۋاسىنە.

— ئەرشى.

گەھكى — ۋاقتىكى، قاچانكى، ھەرقاچان.

گەھ ـ گەھ — گاھى ـ گاھى، بەزى ـ بەزىدە.

گەھۇ بىگاھ — ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، ۋاقتى ـ ۋاقتى؛ ۋاقتلىق ـ ۋاقتسىز.

گەھۇ بىگەھ — ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، ۋاقتى ـ ۋاقتى بىلەن.

گەھۋارە [گهواره] (پ) بۆشۈك، بۆلىگۈچى:

بولماسا بۇ مەرھەلەدە بەس لەۋەند،
پۆشتى چۇ گەھۋارەئى شەرگىدە بەند.

— زەلىلى.

گەھى [گهى] (پ) «گەھ» كە قاراڭ:

يۈزۈڭ دەۋرىدە كۆزلەرىم گەھى لەئلۇ گەھى لۇئلۇئ ـ چىقارۇر،
كۆرسە بۇ سەنئەت، ئۇيالۇر بەھرۇكان، ئەي جان.

— سەككاكى.

گەۋاھىر [گواهير] (پ) «گەۋھەر» گە قاراڭ:

تېرىپ كىسەلەرگە جەۋاھىرلارنى،
ئالىپ تۇرفە ـ تۇرفە گەۋاھىرلارنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گەۋزەن [گوزن] (پ) ياۋايى تاغ بۇقىسى:

گەۋزەن ئولتۇرۇپ چۇن سۇرۇپ گورتەك،
قىلىپ مەي ئارا نەيشەكەردىن گەزەك.

— نەۋايى.

گەۋھەر [گوهر] (پ) 1) گۆھەر، دۇر، قىممەت باھا تاش؛ «گۆھەر» گە قاراڭ:

جۇملە دۇختەر ئەختەر ئولسا، ئول پەرىۋەش شەمسىدۇر،
بارچە بەلكى لەئل ئولسا، ئول سەدەپنىڭ گەۋھەرى.

— موللا بىلال.

2) پەرزەنت. 3) ئەسل، نەسىل ـ نەسەب؛ كېلىپ چىقىشى؛ 4) كۆز يېشى. 5) تۆت ئاناسىر؛ يەر، سۇ، ئوت، ھاۋا. 6) گۈزەل، چىرايلىق، مەھبۇبە:

جەمال گەۋھەرى يەكتاغە مۇنتەزىر بولۇبان،
بىھىشت ھۇرى قەسۇر باغى ئالىي رىزۋان چەرخ.

— شەۋقى.

7) سۆز، گەپ، ئىبارە؛ پىكىر، ئوي؛ مەنىلەر، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر، چىرايلىق، نازۇك پىكىرلەر:

قان ياشىمنى ھەجرىدە، شېئىرىمنى ۋەسفىدە كۆرۈڭ،
كىم بۇ يەڭلىغ دۇررۇ گەۋھەر قايسى بەھرۇكان بېرۇر.

— بابىر.

8) ئەتىۋارلىق، ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق. 9) ئاساسىي خۇسۇسىيەت.

گەۋھەر ئارا — گۆھەر بىلەن زىننەتلەنگەن.

گەۋھەر ئاراي — مەنىلەرنى بېزىگۈچى، بېزەتكۈچى؛ گۆھەر بىلەن زىننەتلىگۈچى.

گەۋھەر ئايىن — گۆھەرلىك، گۆھەر قادالغان.

گەۋھەر ئەفشان — گۆھەر چاچقۇچى، گۆھەر ياغدۇرغۇچى.

گەۋھەر بار — «گەۋھەر ئەفشان» غا قاراڭ.

گەۋھەر پاش — نۇر چاچقۇچى؛ «گەۋھەر ئەفشان» غا قاراڭ.

گەۋھەر زاي — گۆھەر ياراتقۇچى، قىممەت باھا، نادىر مەنىلەر ئىپادە ئەتكۈچى (قىلغۇچى).

گەۋھەر ساچماق — چىرايلىق سۆزلەرنى ئېيتماق.

گەۋھەر شەمايىل — گۆھەر سۈپەت، گۆھەر كەبى ئېسىل.

گەۋھەر فىشان — 1) پايدىلىق، بەرىكەتلىك، قىممەت باھا يامغۇر؛ ھۆل ـ يېغىن؛ نەپ يەتكۈزگۈچى، بەھرىمەن قىلغۇچى. 2) بېزەك بەرگۈچى؛ دۇر چاچقۇچى؛ خەتتات؛ «گەۋھەر ئەفشان» غا قاراڭ.

گەۋھەر نىسار — ياخشى سۆزلەر بىلەن ماختاش؛ «گەۋھەر ئەفشان» غا قاراڭ.

گەۋھەر نىسار قىلماق — 1) ياخشى سۆزلەر بىلەن ماختىماق، گۆھەر چاچماق، گۆھەر ياغدۇرماق. 2) كۆز يېشى تۆكمەك، يىغلىماق.

گەۋھەر نىشان — ئۇلۇغ مەقسەت:

بۇ جەھان ئىچىندە ھەرگىز بولماغاي گەۋھەر نىشان،
ئول كۆڭۈل ئىشقىڭ بىلەن دۇنيادا مەشغۇل ئولمادى.

— قەلەندەر.

گەۋھەر نىگار — گۆھەر بېزەكلىك، قىممەت باھا بېزەكلەر بىلەن بېزىتىلگەن؛ گۆھەر بىلەن بېزەلگەن.

گەۋھەر ھەسەب — «گەۋھەر شەمايىل» غا قاراڭ.

گەۋھەر ئولماق — ئۇلۇغ بولماق، ھۆرمەتلىك بولماق.

گەۋھەرى ئابدار — يېنىپ، يالتىراپ تۇرغۇچى، بىباھا گۆھەر.

گەۋھەرى ئالىي مىقدار — قەدىرى يۇقىرى، ئۈستۈن، ئالىي قەدىر ـ قىممەت.

گەۋھەرى ئەرجۇمەند — يۈكسەك، ھۆرمەتلىك، ئىززەتلىك، شەرەپلىك.

گەۋھەرى ئەشئار — چوڭقۇر مەنىلىك، گۈزەل شېئىرلار:

نە مەۋج ئۇردى بۇگۇن سۆز مەخزەنىدىن گەۋھەرى ئەشئار،
زەلىلى مەئرىفەتتە ئادەمىنىڭ كۆڭلى دەريايى.

— زەلىلى.

گەۋھەرى ئەنجۇم — يۇلتۇز گۆھىرى، گۆھەر كەبى يۇلتۇزلار.

گەۋھەرى پاك — ئۇلۇغلۇق، ئىنساننىڭ پاكلىقى، چىن ئىنسان.

گەۋھەرى جەيب — ككڭۈل، دىل، دىلدىكى (كۆڭۈلدىكى) مۇددىئا.

گەۋھەرى زىبەندە — يارىشىدىغان، چىرايلىق قىلىدىغان، لايىق، يارىشىملىق، مۇناسىپ.

گەۋھەرى شەب چەراغ — كېچىسى چىراغتەك يېنىپ نۇر بەرگۈچى گۆھەر؛ كۆڭۈلنى يورۇتقۇچى، بەھرىمەن قىلغۇچى:

زىيب بېرىپ باشىدە مولۇن تۇماغ،
چېھرە مۇنەۋۋەر گەۋھەرى شەب چەراغ.

— زەلىلى.

گەۋھەرى شەھۋار — شاھلارغا مۇناسىپ گۆھەر؛ ئەڭ ئۇلۇغ، قىممەتلىك.

گەۋھەرى كانىي — ھەقىقىي گۆھەر؛ چىن ئىنسان.

گەۋھەرى مەئانىي — مەنىلەر گۆھىرى، مەنىلىك سۆزلەر، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئىبارىلەر.

گەۋھەرى مەقسۇد — ئەڭ قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولغان بۇرج؛ مەقسەتنىڭ ئەسلى، ئاساسىي مەقسەت؛ مەقسەتنى قەدىرلىگۈچى:

گەۋھەرى مەقسۇدنى ئول تاپمادى بۇ بەھر ئارا،
كىمگە كىم ئىشقى مۇھەببەت دەردى پەيدا بولمادى.

— قەلەندەر.

گەۋھەرى مەقسۇد تاپماق — مەقسەت گۆھىرىگە يېتىشمەك، ئەسلى مەقسەتكە ئېرىشمەك.

گەۋھەرى مەقسۇد تىلەمەك — ئەسلى مەقسەتنى خالىماق.

گەۋھەرى مەئنى — مەنىلىك سۆز، قىممەتلىك گەپ، يېتۈك مەزمۇنلۇق سۆز.

گەۋھەرى مېھر — قۇياش.

گەۋھەرى ناياب — تەڭدىشى يوق، ئاز ئۇچرايدىغان:

ۋۇجۇدلەر خۇبى ئىردى ۋۇجۇدى ئالەم ئاراسى،
بەھاسىز گەۋھەرى ناياب ئىردى زاتى يەكتاسى.

— مەشھۇرى.

گەۋھەرى ئۇلۇۋى — يۇقىرى مەرتىۋىلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك.

گەۋھەرى ئۇممانى — دېڭىز گۆھىرى.

گەۋھەرى ۋەلا — قىممەت باھا تاش.

گەۋھەرى ئىشق — ئىشق ئاساسى، ئىشقنىڭ ماھىيىتى، ئەسلى:

سەدەفتەك كۆكسۇم ئىچرە گەۋھەرى ئىشقىڭ قىلىپ مەنزىل،
ۋىسالىڭ دەۋلىتىنى ئارزۇ ئەيلەپ كۆڭۈل جويا.

— فىراقى.

گەۋھەرى يەكتا — قىممەت باھا تاش؛ ئۇلۇغ زات، ئېسىلزادە، يەككە - يېگانە.

گەۋھەرى يەكدانە — يەككە - يېگانە، ئاز ئۇچرايدىغان.

گەۋھەرلىك [گوهرليك] دانىشمەن كىشىلەر، ئىلىم ئەھلى، ئۇلۇغلار:

سۆزۈمگە پاك مەئانىي گەۋھەرى تاج ۋە ئۆزۈمگە پاك گەۋھەرلىك ئەھلى مەئانىي مۇھتاج بولدى.

— نەۋايى.

گەيبۇر [گيبور] ئوق:

چۈن كى سالدى ئىككى قولىغە ئىشكال،
گەيبۇر ئاتىپ بوغۇزلادى فىلھال.

— نەۋايى.

گور [گور] (پ) 1) قەبرە، مازار، لەھەت، گۆر، يەرلىك:

بەندە ئاجىزغە قەزادىن گور ئەزابى يەتسەلەر،
رەھم ئېتىپ دەفئ ئەيلەگەن سۇلتانى غەففارىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

ھەرەم بولسا، يانە پەرى بىر لەھۇر،
بولۇر ئاقىبەت ھەم ئاڭا جايى گور.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ياۋايى ئېشەك؛ قۇلان:

… بەزى دەپتۇرلاركى، گور ئاۋغە كۆپ مايىل ئىردى.

جاپىبان قوھى دەشت سارى سەمەند،
گور بوينىغە سالۇر ئىردى كەمەند.

— نەۋايى.

گورتەك [گورتك] (پ) «گوردەۋ» گە قاراڭ.

گورخانە [گورخانه] (پ) مەقبەرە:

مىرئەلى دوست… ئاڭا مەئرۇف مەدرەسە ۋە گورخانە ۋە رەباتى بىسدۇر.

— نەۋايى.

گوردەۋ [گوردو] (پ) چاپقۇر، ياۋايى ئېشەك:

مىلك ئات — بارچە ئاھۇ تاقۇ گوردەۋ،
بارى گورۇ ئاھۇدىن ئېلىتىپ گەرەۋ.

— نەۋايى.

گوركەن [گوركن] (پ) گۆر كولىغۇچى، گۆر، يەرلىك قازغۇچى:

ئولكى كىشى ئۆلمەكىدىن شاد ئېرۇر،
گوركەنۇ غاسىلۇ جەللاد ئېرۇر.

— نەۋايى.

گورىستان [گورستان] (پ) گۆرىستان، قەبرىستان، مازار:

تەكيە گاھى خەلق گورىستاندۇرۇر،
شاھۇ گەدا قەبردە يەكساندۇرۇر.

—زەلىلى.

مېنى بىر خەچىرغە سۇۋار ئەيلەدى،
گورىستان ئارا ئىختىيار ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گوش [گوش] (پ) قۇلاق:

ئەي ئوغۇل ھەر تۈنۈ كۈن ساجىد كېرەك،
چەشمە گوش دىستۇ، پا زاھىد كېرەك.

— خەراباتى.

دەرىغ دەردكە ئەۋۋەل نە چەشىم گوش ئېردىم،
يوق ئېردى ئىردۇ ئەناسىر چۇ بىنەقۇش ئېردىم.

— زەلىلى.

گوش ئەيلەمەك — ئاڭلىماق، قۇلاق سالماق.

گوش سالماق — «گوش ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

گوشە [گوشه] (پ) بۇرجەك، چەت، چەت جاي؛ خىلۋەت، بۇلۇڭ:

غەمىڭگە دىلبەرا جاندەك نەچۈكدىن مېھرىبان بولماي،
خىيالىڭ گوشەسىغە بارغانىمدا يارى غارىمدۇر.

— گۇمنام.

سەنا ئايتۇرغە، يارەب، شۇئلەگى تىغى زەبان بەرگىل،
زەلىلى بۇ تەلەبدىن گوشەدە ئولتۇرۇر تەنھا.

— زەلىلى.

گوشە تۇتماق — ئۇزاقلاشماق، يىراقلاشماق، خىلۋەتتە بولماق؛ ئۆزىنى خىلۋەتكە ئالماق:

ياتار ئېردىم ئاندا تۇتۇپ گوشەگى،
تۈگەنمەسدە يانە يېتىپ توشەگى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گوشەئى بۇرقەئ — چۈمپەردە، نىقاب:

گويا يۈزىدىن ئاچتى سەنەم گوشەئى بۇرقەئ،
تا بەندە بۇگۈن كېچە ئەجايىب قەمەر ئىشق.

— زەلىلى.

گوشەئى خاتىر — خاتىرىدە ساقلاش، ئىسلەش.

گوشە ئىختىيار قىلماق — يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلماق:

زەئىپ ئولدى گوشە قىلىپ ئىختىيار،
ماڭا قالدى ئاندىن ھەمە كارۇ بار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گوشەئى خىلۋەت — خىلۋەت جاي.

گوشەئى دامان — ئېتەكنىڭ ئۇچى، پېشى.

گوشەئى دىۋار — ئۆينىڭ بۇلۇڭى:

ئاندا گەر قىلسالڭ تەمەئ ئىككىم سەرۋ، باغۇ راغ،
مۇندا بىر ۋەيرانە ئىچرە گوشەئى دىۋار تۇت.

— مەھزۇن.

گوشەئى زىندان — زىنداننىڭ بۇلۇڭى:

سەلتەنەت تەختى ھەمە ئۈششاقلارغە دەھر ئارا،
كىشۋەرى ئىشق ئىچرە ئېرمەس گوشەئى زىنداندىن ئۆز.

— مەھزۇن.

گوشەئى فەقرفەنا — كەمبەغەللەر پاناھلىنىدىغان خالىي جاي:

ماڭا بىر گوشەئى فەقرفەنا بەس،
فەراش ئورنىدا يىرتۇق بورىيا بەس.

— ئەرشى.

گوشەئى مىھراب — مېھراب بۇرجىكى.

گوشەئى ۋەيرانە — خارابىلىك؛ بۇزۇق، ئىسكى (كونا) ئۆي بۇرجىكى:

گوشەئى ۋەيرانەدە يۈرسەم نىشىمەن نې ئەجەب،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر چۈنكىم ئۇلۇس غەۋغاسىدىن.

— ئەرشى.

گوشە تاب [گوشە تاب] (پ) چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ قۇلىقى:

چۇ مەجنۇن قىلدىڭ ئەمدى، ئەي مۇغەننىي، گوشە تابىڭنى،
كۆڭۈل سەۋداسى تەسكىنى ئۈچۈن بوينۇمغە تۇمار ئەت.

— نەۋائى.

گوشەگىر [گوشەكير] (پ) خالىيدا ياشىغۇچى، تەركىجاھان؛ «گوشەنىشىن» گە قاراڭ:

ئەژدەھايى گوشەگىرى گەنجى مەئنى بولمادىم،
پېچتابىمدىن ئەگەرچە سىياقى مار ئولمىشەم.

— زەلىلى.

گوشەگىران [گوشەگيران] (پ) «گوشەگىر» گە قاراڭ:

ئەي گۇمناما پاكى زەمىران كەتتى،
ئوقبا تەرەفىگە گوشەگىران كەتتى،
ياتما قوپا قوي نىجىس جەھان ئۆستىدىن،
پاك ئەيلەدى جانۇ تەننى پىران كەتتى.

— گۇمنام.

گوشەنىشىن [گوشە نشين] (پ) خىلۋەتنى ئىختىيار قىلغۇچى، دەرۋىشلىك يولىغا كىرىپ، كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچى:

بۇركۈتى زۇلم بەسكى بەلەند ئەيلەدى ئۇرۇج،
يەتكەيمۇ تىيرى گوشەنىشىنلەر دۇئاسىدىن.

— زەلىلى.

گوشتى [گشتى] (پ) كۈرەش، جەڭ.

گوشتى فەنى — كۈرەش ئىلمى؛ جەڭ ئىلمى.

گوشتىگىر [گشت گير] (پ) كۈرەشكە چۈشكۈچى پالۋان؛ لەقەب:

مۇھەممەد پەھلەۋان گوشتىگىركىم، گوشتى فەنى باۋۇجۇدى ئولكىم، ئانىڭ ئانداق ھەم ۋە مۇلكىدۇر...

— نەۋايى.

گوشمال [گوشمال] (پ) جازالاش، تەنبىھ بېرىش.

گوشمال بەرمەك — جازالىماق، تەنبىھ بەرمەك.

گوشۋار [گوشوار] (پ) «گوشۋارە» گە قاراڭ:

قىلىپ تاجىمىز ھەممەنى تاجدار،
كى دۇرلەر بىلەن ئەيلەدۇك گوشۋار.

— غەرىبى.

گوشۋارە [گوشواره] (پ) سىرغا، ھالقا، زىرە:

بىساتلاردا ئەنجۇمدەك ساچىلغان،
نوخۇددۇر گەر ئۈچۈندۇر گوشۋارە.

— ئەرشى.

گوي [گوى] (پ) 1) «ئېيتقۇچى، سۆزلىگۈچى» مەنىسىنى بىلدۈرگۈچى سۆز. 2) چەۋگان ئويۇنىدا ئوينىلىدىغان توپ:

ئۆزۈلدى تەنىدىن باشى گويدەك،
قىزىل قانلارى ھەم ئاقىپ جويدەك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گوي ئولۇپ كويۇڭدا باشىم ياتتى چەۋگانىڭدا كۆپ،
ئايدى ئىنساف ئەيلەسەڭ كەل ئايلانىپ ئانى كەمەر.

— ئەرشى.

گوي قىلماق — ئېگىلمەك، تەزىم قىلماق.

گوي ئۇرماق — گەپ قىلماق، سۆزلىمەك.

گويى غەلتان — يۇمىلىغۇچى توپ.

گويى مىھر — قۇياش توپ.

گويا [گويا] (پ) 1) خۇددى، گويا، گوياكى:

قونۇپ سۆز شاخىغە بۇلبۇلدەك ئەتسەم نالە شەۋقۇڭدا،
بولۇر فەيزى فىغانىمدىن سەرا ـ سەر بەرگلەر گويا.

— ئەرشى.

جەمالى شەمئىدىن سالمىش جەھانغە رەۋشەنالىقنى،
ئۆزىن ئۇردى ئوت ئىچرە ئاشىقى پەرۋانەلەر گويا.

— شەۋقى.

2) سۆزلىگۈچى، گەپ قىلغۇچى، سۆزمەن؛ ئاماڭ:

قىلىپسەن بىرنى گۇڭگۇ بىرنى گويا،
قىلىپسەن بىرنى لەنگۇ بىرنى باپا.

— خەراباتى.

فەخر ئېتەرمەن ۋەسف ئول ئايىنە رۇخىدىن ھەر سارى،
ۋەسف ئېتەرگە گەرچە يۈزمىڭ تۇتىنىڭ گوياسى بار.

— ئەرشى.

گويا بۇلبۇل — سايراپ تۇرغۇچى، خۇش ئاۋاز بۇلبۇل؛ قۇش.

گويا قۇش — «گويا بۇلبۇل» غا قاراڭ.

گويايى سەنا — سانا ئېيتقۇچى:

سىفاتىن قىلماغۇچ كىمدۇر، سەناسىن دېمەگۈچ كىمدۇر،
زەمىندە ھەر گىياھى بار گويايى سەناسىدۇر.

— زەلىلى.

گويەندە [گوينده] (پ) قىسسە سۆزلىگۈچى، ئەپسانە ئېيتقۇچى؛ قوشاق ئېيتقۇچى؛ ھېكايىچى:

شەھەرنىڭ سازەندە ۋە خانەندە ۋە گويەندەسى،
دائىم ئالار سۆھبەتىدە ھازىر بولۇر ئىردى.

— نەۋايى.

گويئەندۇد [گوى اندود] (پ) ئىشقا باغلانغان يۈرەك:

قەلبى گويئەندۇد ئىلە بەيت ئەتسە ۋەسلىن، ئەي كۆڭۈل،
داغىدىن مۇنچە دىرەمكىم مەندە باردۇر، كىمدە بار.

— نەۋايى.

گويى [گويى] (پ) «گويا» غا قاراڭ:

مۇدەۋۋەر گويى سىيمىن يا زەنەخدان،
مۇگەنبەر زۇلفى يا چەۋگانىدۇر بۇ؟

— ئاتايى.

گويىيا [گوييا] (پ) خۇددى، گويا؛ مىسلى:

دەھر دەيرى ئىچرە مۇنداغ قايدا بىر زىبا سەنەم،
گويىيا بۇ ھۆسنى خەللاقىغە مەزھەردۇر ئەتەم.

— ئەرشى.

خەتىڭ پەرۋانە كەلتۈرگەچ تىرىلدى ئۆشبۇ دىۋانە،
ئانى تىرگۈزمەك ئۈچۈن گويىيا كەلتۈردى پەرۋانە.

— بابۇر.

گويىيا [گوييا] (پ) «گويا» غا قاراڭ:

تىنىچ ئەمەسدۇرمەن ماڭا ئارام يوق،
گويىيا ئازغان كۆزۈمگە تەككەن ئوق.

— زەلىلى.

گۇداز [گداز] (پ) 1) ئېرىش، كۆيۈش:

چۇن كۇدۇراتى تەبايىئدىن نىچۈك بولغاي خەلاس،
ئەۋلىيا ئەشكىدە تا سوزى گۇدازى بولماسا.

— زەلىلى.

2) قاتتىقلىق، قاتتىق قوللۇق:

كى سىزلەردە يوقدۇر نەمازۇ نىياز،
چۇ ئىنسان سۆيەت قولىغىزدۇر گۇداز.

— غەرىبى.

3) دەرد، ئەلەم، ئىزتىراپ.

گۇداز ئەيلەمەك — چۈشكۈنلەشتۈرمەك؛ ئېرىتمەك؛ كۆيدۈرمەك؛ دەرد ـ ئەلەمدە قويماق.

گۇداز تاپماق — ئېرىمەك، كۆيمەك، يانماق.

گۇدازىش [گدازش] (پ) ئېرىش، كۆيۈش، ئېرىتىش:

خاجە قىز بىلە سەۋمەئە شەرابىغە مەشغۇل بولۇپ تەۋسىف قىلغانى ۋە خاجە ئول سەنگدىلنى ئىشق ئوتى بىرلە گۇدازىش بېرىپ، مەلىكەغە تەۋقىق ھاسىل بولۇپ، بىجاندىل مۇسۇلمان بولغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۇربىز [گربز] (پ) ھىيلىگەر، مەككار:

سەن ئەمەسسەن زالىمۇ گۇربىز ۋە ئول ئەمەسدۇر مەزلۇمۇ ئاجىز.

— نەۋايى.

گۇرد [گرد] (پ) پالۋان، باھادىر، قورقماس:

گۇردى ئەنجۇمبوس — يۇلتۇزلارنى ئۆپقۇچى؛ بېشى كۆككە يەتكەن غالىب پالۋان.

گۇردى رەزم ئازمۇن — ماھىر، تەجرىبىلىك پالۋان.

گۇردى ۋەھشى فىكەن — يىرتقۇچلارنى قولغا چۈشۈرگۈچى پالۋان.

گۇردە [گرده] (پ) 1) بەل، بېقىن. 2) بۆرەك.

گۇردەگاھ [گردەگاە] (پ) 1) بۆرەك جايى. 2) بەل، بېقىن:

بىرى سۇغلۇبان گۇردەگاھىغە تىغ،
تۆكۈپ يەرگە قانىن ئانىڭ بىدەرىغ.

— نەۋايى.

گۇرز [گرز] (پ) گۇرزە، قەدىمى ئۇرۇش قورالى (چويۇن توقماق)؛

گۇرزى گەرانسەڭ — كاتتا، ئېغىر گۇرزە.

گۇرزە [گرزه] (پ) 1) زەھەرلىك، كاتتا خالدار يىلان. 2) گۇرزە، ئۇرۇش قورالى؛ «گۇرز» غا قاراڭ؛

گۆرزە مارى دەمان — زەھەرلىك، يوغانباش كاتتا يىلان.

گۆرۆسنە [گرسنە] (پ) ئاچ، تەشنا:

تەكىيە قىلىپدۇرلەر غەرىبان شەھەر،
گۆرۆسنەۋۇ تەشنە فەقىران شەھەر.

— زەلىلى.

ئالىپ كەلدىلەر سۈت، قاتتىق نان ـ توقاچ،
تويۇپ ھەر گۆرۆسنە ۋەيا بولسا ئاچ.

— موللا شاكىر.

گۆرۆھ [گروە] (پ) توپ، گۆرۆھ؛ جامائەت:

سۆخەن مەنبەئىنىڭ خىرەدمەندلەرى،
مەئانى گۆرۆھى شەكەرخەندلەرى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۆرۆھى ئاجىزۇ زارۇ زەبۇن — چارىسىزلار گۆرۆھى، توپى.

گۆرۆھى بىخەبەر — خەۋەرسىز غاپىللار.

گۆرۆھى خارۇزار — بىچارىلەر گۆرۆھى.

گۆرۆھى دەردناك — دەردمەنلەر گۆرۆھى.

گۆرۆھى مۇستەمەند — غەملىك، قايغۇلۇقلار گۆرۆھى.

گۆرۆھا ـ گۆرۆھ [گروھا كروە] (پ) توپ ـ توپ، گۆرۆھ ـ گۆرۆھ.

گۆرۆھە [گروھە] (پ) كامانغا سېلىپ ئېتىلىدىغان يۇمىلاق ئوق، ساقا:

يا بىراۋ كەز بىرلە بولغاي قاتىللىق،
يا گۆرۆھە بىرلە قىلغاي بىسمىللىق.

— نەۋايى.

گۆرېز [گريز] (پ) 1) قېچىش، قاچماق:

قىلىپ ياد ھەقنى چۇ ئەيلەپ گۆرېز،
كى مىلتىق ئوقىدىن يۈرۈر ئېردى تېز.

— ئا. نىزارى.

2) ئىلاج، چارە، ئامال. 3) ھەزەر، پەرھىز.

گۆرېز سالماق — قاچماق.

گۆرېزان [گريزان] (پ) قاچقان، قاچقۇچى؛ قاچقان ھالدا:

تائىلا نېتكۈمدۇر سېنىڭ ئالدىڭدا قۇللۇق قىلمادىم،
مىڭ خىجالەتكە سالىپ مەندىن گۆرېزان ئەيلەدىڭ.

— ئا. نىزارى.

گۆرېزگاھ [گريزگاە] (پ) قاچىدىغان جاي، پاناھ، پاناھ جاي:

ئول بەرى ئالەم ئۈزرە شاھ ئولدى،
مالىڭ ھەر يەر گۆرېزگاھ ئولدى.

— نەۋايى.

گۆرىز [گريز] (پ) «گۆرېز» غا قاراڭ:

كۆز ئۆيىدىن ئول پەرى رام قىلدى، مەردۇم ئەشكىدىن،
بولدى چۇن ھەمخانە تەردامەن ئېرۇر ئەۋلا گۆرىز.

— نەۋايى.

گۆرىزان [گريزان] (پ) «گۆرېزان» غا قاراڭ:

تەلبە ئىتىدەك ھەر تەرەفكە يۈز قويۇپ باشىن ئۇرۇپ،
تاش ئۇرۇپ ئىتفال ئاڭا ئاندىن گۆرىزانمۇ ئىكىن.

— گۇمنام.

گۆزار [گذار] (پ) ئۆتۈش، ئۆتۈش جايى، يول:

جان تاپار گۇمنام ئاياغىڭ شەرەفىسىدىن ئەي مەسىھ،
جىلۋە بىلە ناگەھان قەبرىم سارى قىلساڭ گۆزار.

— گۇمنام.

«ۋاۋ» ۋاھكىم، قۇتۇلماس ھەجر ئوتىدىن ئۆلمەيىن،
ۋايكىم ئارامى جان يا جان گۆزارىم سەنمۇ سەن.

— موللا سالىھ.

گۆزار ئەتمەك — «گۆزار ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

گۆزار ئەيلەمەك — ئۆتمەك، يۈرمەك، يول ئالماق.

گۆزارە [گذارە] (پ) ئۆتۈش؛ ئاشۇرۇش:

بۇلار ئەيلەر بىرى ـ بىرىگە نەزارە،
ئېتىپ خۇشلۇقنى ئول ھەددىن گۆزارە.

— خىرقەتى.

گۆزارە ئەيلەمەك — ئۆتمەك، بارماق.

گۆزارە قىلماق — ئۆتمەك؛ ئاشۇرماق.

گۆزارەندە [گذارندە] (پ) 1) تەرتىپكە سالىدىغان، بېزەيدىغان؛ تەرتىپكە سالغۇچى، بېزىگۈچى؛ بېزەتكۈچى. 2) ئۆتكۈزگۈچى؛ ئادا قىلغۇچى؛ بايان قىلغۇچى، نەقىل قىلغۇچى؛ ھېكايىچى.

گۆزارى [گذارى] (پ) يولۇچى، يول يۈرگۈچى:

كىم دەغدەغە تاپماغاي مۇھاجىر،
خاھى گۆزارىيۇ، خاھى تاجىر.

— نەۋايى.

گۆزارىش [گذارش] (پ) بايان، تەبىر، رىۋايەت؛ ھېكايە؛ نەقىل.

گۆزارىش ئەيلەمەك — ھېكايە قىلماق، بايان قىلماق، سۈرەتلىمەك.

گۆزارىش بەرمەك — بايان قىلماق، ھېكايە قىلماق، شەرھلىمەك.

گۆزارىش تاپماق — بايان قىلىنماق (ئېيتىلمەك)، يېزىلماق.

گۆزارىش دىباچەسى — ھېكايىنىڭ مۇقەددىمىسى.

گۆزارىش سۈرەتى تۇتماق — خىيالىدىن كەچمەك، تەسەۋۋۇر قىلماق؛ بايان ئېتىلمەك.

گۆزارىش قىلماق — ھېكايە قىلماق.

گۆزارىش كۆرگۈزمەك — بايان قىلماق، ھېكايە قىلماق.

گۆزاف [گزاف] (پ) «گەزاف» قا قاراڭ.

گۆزەر [گذر] پ) 1) كېچىش؛ قېچىش:

چۇ ئىبراھىمۇ ئەدھەم تەختىنۇ تاجىدىن گۆزەر ئەيلەپ،
ئۆزىنى ئاجىزۇ بىچارەۋۇ بىخانىمان قىلماق.

— زەلىلى.

ئەملى زالىمدىن كىشى قىلسە گۆزەر،
سالماغاي تەڭرىم ئانى نارۇ سەقەر.

— خەراباتى.

2) ئۆتۈش، ئۆتۈش جايى؛ يول ئېلىش:

چۇ دەريا سارىغە گۆزەر ئەيلەدىم،
تەۋجىرانى كۆردۈم نەزەر ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۆزەر ئەيلەمەك — ئۆتمەك؛ يول ئالماق، يۈرمەك؛ كەچمەك:

يەنە بىر شەھەرگە سەفەر ئەيلەسەك،
كى ھىندۇ سارىغە گۆزەر ئەيلەسەك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۆزەر سالماق — بېرىپ كۆرمەك، خەۋەر ئالماق.

گۆزەر قىلماق — ئۆتمەك؛ خىيالىغا كەلمەك، ئەسلەمەك:

مېنىڭ مېھرىم سېنىڭ ئانداقدۇرۇركىم، ئەي دىلئارامىم،
مۇسۇلمان بولمايىن جەۋرۇ جەفايىڭدىن گۆزەر قىلسام.

— قەلەندەر.

گۆزەران [گزران] (پ) ئۆتكۈنچى:

مەھرۇيلەر مېھرى بىلە يۈر ئالەم ئارا دىلشاد،
سالقىن كەبى بۇ ئۆمۈر ئەزىزىڭ گۆزەراندۇر.

— مەشھۇرى.

گۆزەرگاھ [گذركاه] (پ) ئۆتىدىغان جاي، ئۆتۈش جايى، يول، كېچىك:

گۆزەرگاھى رۇسۇ دىيارى فەرەڭ،
قايۇ يەرگە يەتكەچ، ئۆتۈپ بىدەرەڭ.

— نەۋايى.

گۆزەري [گذرى] (پ) ئۆتكۈنچى، «گۆزەران» غا قاراڭ.

گۆزىدە [گزيده] (پ) 1) ماقۇل، يېقىملىق. 2) تارىخىي كىتاب نامى.

گۆزىدە ئەتۋار — تەبىئىتى يېقىملىق، ئەخلاقلىق.

گۆزىر [گذير] (پ) چارە، ئامال، ئىلاج، تەدبىر، ياردەم:

ئىشتىنكى شەھدىن بۇ سۆزنى ۋەزىر،
دېدىكىم بۇ ئىشقە قىلالى گۆزىر.

— ئا. نىزارى.

كى سۇلتان سۆزۈمنى پەزىر ئەيلەدى،
كۆڭۈل ئىللەتىغە گۆزىر ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۆزىن [گزين] (پ) تاللانغان، سايلانغان؛ ماقۇل ۋە مەقبۇل (قوبۇل) بولىدىغان:

ئەيا سايىرى زارى مېھنەت گۆزىن،
سېنى قىلدى ھەق ئەمدى بەلانىشىن.

— ئا. نىزارى.

گۆزىن ئەيلەمەك — سايلىماق، خىللىماق، تاللىۋالماق.

گۆستاخ [كستاخ] (پ) بىئەدەپ، ئەدەپسىز؛ تارتىنمايدىغان، تارتىنماس؛ ئەندىشىسىز؛ ئەركە، ئەركىن:

كېلىپ نەۋرۇز بىلە يانداشتى گۆستاخ،
كۆزىن يۇمدى ـ يۇ، ئاغزىن ئاچتى گۆستاخ.

— لۇتفى.

گۆستاخانە [كستاخانه] (پ) ئەندىشىسىزلىك بىلەن؛ ئەدەپسىزلىك بىلەن:

مەۋلانا مۇھەممەد ئالىم ··· بەھىسە كۆپ گۆستاخانە سۆزلەر ۋە جەۋابلار ئايتۇر ئېردى.

— نەۋايى.

سىياسەت ئەيلەرەم مىژگان سىنانى بىرلە مۇنداقكىم،
كۆزۈم ئول يۈزگە گۆستاخانە باقىپ بەھرىمەند ئەتمىش.

— نەۋايى.

گۆستەر [كستر] (پ) كەڭ، كاتتا؛ يايغۇچى، تارقاتقۇچى، كۆرسەتكۈچى.

زۇلم گۆستەر — زۇلۇم كۆرسەتكۈچى.

گۆستەرمەك [گوستارماک/گسترمک] كۆرسەتمەك.

گۆسفەند [گسفند] (پ) قوي، قويدەك (ياۋاش):

ئەي ئوغۇل كۆڭلۈڭدە تۇت ياخشى پەند،
ئاسىيلار گۆركى ئولدى، مۇئمىن گۆسفەند.

— خەراباتى.

گۆسستە [گسسته] (پ) ئۈزۈلگەن؛ ئۈزۈك، سۇنۇق.

گۆسىل [گسل] (پ) ئۈزۈلۈش؛ سۇنۇش؛ ئاجراش؛ ئۈزۈش، سۇندۇرۇش.

گۆسىل تاپماق — ئۈزۈلمەك؛ سۇنماق؛ ئاجرالماق.

گۆفت [گفت] (پ) سۆز، نۇتۇق، گەپ.

گۆفتۇ شۇنۇد — «گۆفتۇ شۇنىد» قا قاراڭ.

گۆفتۇ شۇنىد — سۆزلەش ۋە ئاڭلاش، سۆزلىشىش، گەپ ـ سۆز.

گۇفتۇ گۇزار — سۆزلىشىش؛ گەپ - سۆز.

گۇفتار [گفتار] (پ) سۆز؛ سۆزلەش، گەپ قىلىش؛ بايان، سۆھبەت:

يوقتۇرۇر دۇنيا ئىشىن ئەي قەلەندەر، خوبلۇقى،
دىلبەرىڭ ۋەسفىدە قىلسالىڭ بىر نەچچە گۇفتار خوب.

— قەلەندەر.

توغرى سۆزلىك، ئەي كۆڭۈل، ھەقگويلەر نۇتقىدەدۇر،
ھەر دىلى ئەگرىدە يوقدۇر، ئارى، گۇفتار ئىستەمە.

— نەسىمى.

گۇفتار ئەتمەك — سايرىماق؛ نالە قىلماق؛ سۆزلىمەك؛ بايان قىلماق:

ئى مۇقەددەس رۇھ يارىم مەن ساڭا گۇفتار ئېتەي،
بۇ نىھان سىررىمنى ئالەم خەلقىغە ئىزھار ئېتەي.

— موللا بىلال.

گۇفتار قىلماق — ئەرز قىلماق.

گۇفتەلىغ [گفتەليغ] سۆز قىلىش، گەپدانلىق، سۆزمەنلىك:

كەلسە غەمنىڭ لەشكەرى باشىمنى ئايلاندۇرماغە،
گۇفتەلىغ قىلسا يانىمغە ئول شىكەرخارىم كېلىپ.

— موللا بىلال.

گۇفتىگۇ [گفتكو] (پ) سۆھبەت، سۆزلىشىش، گەپلىشىش، پاراڭلىشىش؛ نۇتۇق؛ گەپ - سۆز:

ھەمىشە بۇلبۇلى خامۇش ئېردىم، بىلەلمەسمەن،
جەھان ئېلىگە نەدىن مۇنچە گۇفتىگۇ بولدۇم.

— زەلىلى.

گۇفتىگۇي [گفتكوى] (پ) «گۇفتىگۇ» غا قاراڭ:

سەرۇپا بەرەھنە بارە بۈگۈن گۇفتىگۇي ئىدىم،
شىبلى لىباسى كەئبەدە ئەدھەم پالاسىدىن.

— زەلىلى.

گۇفتىگۇي ئەيلەمەك — گەپلەشمەك، سۆزلەشمەك.

گۇفتۇشۇنۇفت [گفت و شنوفت] (پ) سۆزلىشىش، بەس، بەس - مۇنازىرە.

گۇفتۇ شۇنۇفت قىلماق — ئېيتماق، گەپ قىلماق.

گۇفتۇ شۇنىد [گفت و شنيد] (پ) بەس - مۇنازىرە؛ تارتىشىش؛ تالاش - تارتىش:

بۇ ئېردى مۇتتەسىل گۇفتۇ شۇنىدى،
خۇدايىدىن ئوغۇل ئېردى ئۇمىدى.

— نەۋائى.

گۇفتۇگو [گفتكو] (پ) «گۇفتىگو» غا قاراڭ:

زەررەچە ئىلماس كۆزىگە، ئەي قەلەندەر، ئول قۇياش،
دىلبەرىڭ ۋەسفىدە قىلسالىڭ نەچچە دەفتەر گۇفتۇگو.

— قەلەندەر.

گۇفتۇگوي [گفتكوى] (پ) «گۇفتكوى» غا قاراڭ.

گۇفتۇ گۇزار [گفتكوزار] (پ) سۆزلىشىش، سۆھبەت؛ بەس - مۇنازىرە:

ھەممىيەت ئول ئەمەسكى، مەخدۇم يەنە بىراۋغە كۆپرەك مۇلتەفىت بولغاندىن شىكايەت ئىزھار قىلغاي ۋە ئىلەمەندلىغ گۇفتۇگۇزارى.

— نەۋائى.

گۇفتىگو [گفتكو] (پ) «گۇفتىگو» غا قاراڭ:

بەرەھمەنغە سۇلتان قىلىپ گۇفتىگو،
ئالىپ كەلسۇن ئانى قىلاي روبەرو.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۈگۈرت [گوكرد] (پ) «گۈگىرد» قا قاراڭ:

نىل تارتىپ، ئارەزىڭ ئارايىشىن فەن ئەيلەدىڭ،
شۇئلەئى گۈگۈرت بىرلە شەمئى رەۋشەن ئەيلەدىڭ.

— نەۋائى.

گۈگىرد [گوكرد] (پ) گۈڭگۈرت.

گۈگىردى ئەھمەر — قىزىل گۈڭگۈرت، ئالتۇن رەڭ گۈڭگۈرت:

نې كىبرىت، گۈگىردى ئەھمەر ھەم ئول،
نې گۈگىرد، ئىكسىرى ئەكبەر ھەم ئول.

— نەۋائى.

گۈڭ [گنك] (پ) 1) گاچا، تىلسىز؛ كېكەچ:

تەگمەسە گۈلغە سەھەر سالقىنى خەندان ئولماس،
ئىشقىدىن يەتمەي ئىسەر گۈڭ سۇخەندان ئولماس.

— گۇمنام.

2) مەست، ھوشسىز:

گۈل توزۇغان چاغدا بۇلبۇلدەك بولۇپمەن گۈڭگۈلال،
ئاھىكىم بولدى خەزان شاخىدا گۈل بەرگى تەرىم.

— مەھزۇن.

گۈڭ ئەتمەك — سۆزدىن قالدۇرماق، ھەيرەتكە سالماق.

گۈڭ مەقال — تىلى تۇتۇلغان، سۆزلەشكە ئاجىز.

گۈڭگۈ خاموش بولماق — ئېيتىشنى، سۆزلەشنى تەرك قىلماق؛ ئاجىز بولماق.

گۈڭگۈ لال — تىلى تۇتۇلغان؛ ھەيرەتتە قالغان، ھوشسىز:

تەسەۋۋۇر ئېتەرگە زەبان گۈڭگۈلال،
نە ئاقىلدا ئىمكان سۇرەرگە مەقال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۈڭگۈ لال ئەيلەمەك — ھەيران قالدۇرماق.

گۈڭگۈ لاللىق — ئاجىزلىق؛ بىھوشلۇق.

گۈڭرەنمەك [گنك رانماك] غەزەپلىنىپ، ئاچچىقلىنىپ ئۆز - ئۆزىدىن سۆزلىمەك؛ دۇدۇقلانماق، سۆزلەپ قالماق،

گۈڭرىماق:

گۈڭرەنىپ ھەريان ئۆرار ئېردى قەدەم،
غايىبىن ئىستەرگە مەجنۇنى دىژەم.

— نەۋايى.

گۈل [گل] (پ) 1) گۈل؛ گۈزەل، جانان، يار، مەھبۇبە، مەشۇقە:

لەئلىڭكى ئاچىلدى سۆزگە چۇن گۈل،
ئارى چۇ نەۋادىن ئۆلدى بۇلبۇل.

— ئەرشى.

2) زاھىر (ئاشكارا) بولۇش، كۆرۈنۈش، پەيدا بولۇش:

قىلدى چۇ زىينەت بىلە بەغى سىپىھر،
ئەختەرىنىڭ ھەرگۈلىنى رەشكى مىھر.

— نەۋايى.

3) مەھسۇل، مېۋە. 4) ياشلىق دەۋرى، بالاغەتكە يېتىش؛ يېتۈكلۈك دەۋرى. 5) ھەرقانداق ياخشى نەرسىلەر؛ گۈزەللىكلەر؛ ئاجايىباتلار. 6) ئوت، ئالاۋ؛ ئىشق ئوتى، ھارارەتلىك ھالەت؛ ئوت سېلىش. 7) قان، قانلىق ياش:

قاراقچى قانى ئولسا رەختىدە داغ،
بۇ گۈل تاجىرغە ئەيلەر تاغنى باغ.

— نەۋايى.

8) پەرزەنت:

مۇرادى باغى يۈز گۈلدىن بەھرىمەند،
ۋەلى ئول ئۆزگە گۈلغە ئارزۇمەند.

— نەۋايى.

گۈل ئاچىلغاندەك كۆرۈنمەك — خۇرسەن بولغانغا ئوخشىماق، كۆڭلىنى خۇشال قىلغاندەك بولماق.

گۈل ئەترى — گۈلنىڭ ئەتىر كەبى خۇشبۇي ھىدى.

گۈل ئەرۇسى — يېڭى كېلىن، يېڭى كېلىنچەك.

گۈل باشى ئۈزە گۈل ئاچىلماق — دۆلەت، بەخت ئىگىسى بولماق.

گۈل بەدەن — گۈلگە ئوخشاش، چىرايلىق، گۈزەل:

باغرىنى باسىپ تاشقا، يۈتەر قانىنى مەندەك،
ھەركىم سەنمى سەنگدىل گۈل بەدەن ئىستەر.

— تەجەللى.

گۈل بولماق — قىزارماق، گۈل رەڭ بولماق.

گۈل چاغى — باھار پەسلى، گۈل ئېچىلىش پەيتى، گۈل مەۋسۇمى:

گۈل چاغى گۈلگۈن قەدەھلىك گۈل ئىراقىن سەۋت ئىلە،
بىخۇد ئولماي نەيلەيىن تۇتسا شەكەر گۇفتارەلەر.

— ئەرشى.

گۈل خارى ھىجرانى — گۈل تىكىنى ھىجرانى، ئايرىلىقى.

گۈل دەفتەرى — گۈل ياپرىقى، يوپۇرماق.

گۈلدەك بەدەن — تازا بەدەن، ساپ، پاك تەن.

گۈل زىكرى — گۈل ھەققىدە سۆز، گۈل ھەققىدە ھېكايە.

گۈل سەفھەسى — گۈل ياپرىقى.

گۈل كەبى خەندان ئەيلەمەك — كۈلمەك، قاقاقلىماق، خۇرسەن بولماق.

گۈل - گۈل — 1) چىمەن - چىمەن؛ قىپقىزىل؛ 2) ياشنىماق، شاد - خۇرام:

غۇنچەئى كۆڭلۈمنى گۈل - گۈل ئەيلەدى ۋەقتى بەھار،
ھەر سەھەر فەيزى نەسىم سۇبھىدىن ئاغۇشلەر.

— زەلىلى.

گۈل مەۋسۇمى — «گۈل چاغى» غا قاراڭ:

گۈل مەۋسۇمى كەتمىش تېكىبان باد ئىلە سەرسەر،
ئول بادى خەزان ئافەتى باغ جەھەننەمگە.

— موللا سالىھ.

گۈل ۋەقتى — «گۈل مەۋسۇمى» گە قاراڭ.

گۈل ئاتەشىن — قىزىلگۈل، ئاتەش رەڭ گۈل، چوغدەك قىزىلگۈل؛ جەزىبىلىك، گۈزەل جامال.

گۈلى ئەسفەر — سېرىق گۈل:

يا كۆڭۈلنىڭ راھەتى يوق يا بەدەننىڭ قۇۋۋەتى،
ئول گۈلى ئەسفەر كەبى چېھرەم قالىپدۇر سارغەرىپ.

— موللا سالىھ.

گۈلى ئەشئار — گۈزەل شېئىرلار:

گويىيا يەر ئۈزرە گۈللار كۆرسەتۇر فەسلى رەبىئ،
سەفھەدە ئەرشى ئاچىلدۇرمىش گۈلى ئەشئارەلەر.

— ئەرشى.

گۈلى ئەھمەر — قىزىلگۈل:

مەن دېدىم ئايا دىلبەر لەبلەرىڭ گۈلى ئەھمەر،
سەدقەئى جەمالىڭدىن بىزگە ئەيلە ئېھسان قىز.

— نەۋبەتى.

گۈلى تەرىي — سولمىغان، تازا، يېڭى ئېچىلغان گۈل.

گۈلى خەندان — ئېچىلغان گۈل؛ مەھبۇبە:

خۇمرىسەن، مەخمۇرسەن، خۇمر ئەھلىغە خۇمخانەسەن،
چەشمەئى خۇرشىد سەنمۇ يا گۈلى خەندانمۇ سەن؟

— ئەرشى.

گۈلى خەندە — ئېچىلغان گۈل:

بىلە ئالمادىم مەن نىچۈك بەندە دۇر،
بوبى سەرۋى، ئاغزى گۈلى خەندە دۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۈلى خۇشبۇي — خۇش پۇراق گۈل:

زار كۆڭلۈم سايرار ئول رۇخسارەئى نىكو كۆرۈپ،

ئەندەلىب خۇش نەۋا يەڭلىغ گۈلى خۇشبۇي كۆرۈپ.

— مەشھۇرى.

گۈلى رەئنا — رەناگۈل:

كۆرمەگۈر سېنى دېمىشلەر، كەل، گۈلى رەئنانى كۆر،
ئازغىبان جەۋلانغە كىرگەن بۇ ئىكى رەئنانى كۆر.

— ئەرشى.

گۈلى رەيھان — رەيھان گۈل:

لەئلى رۇممان ساچى سۇمبۇل قەدى شەمشادى جەھان،
زەئفىران ئەنبەرى ئەشھەب گۈلى رەيھان يەڭلىغ.

— شەۋقى.

گۈلى رۇخسار — گۈل يۈز، گۈزەل يۈز.

گۈلى رۇخسارە — گۈل يۈزلۈك، گۈزەل:

نە ئەنبەر بۇي خەتدۇر گول گۈلى رۇخسارە ياستانمىش،
كى دۇدى ئاھى ئاشىقلار مەھى ئەنۋارە ياستانمىش.

— ئەرشى.

گۈلى سەباھ — تاڭ گۈلى، تاڭدا ئېچىلغان گۈل؛ تاڭ گۈزىلى.

گۈلى سەد بەرگ — ئەتىرگۈل:

گۈلى سەدبەرگ، قامچاگۈل، ھېبىدان،
تىۋە قۇيرۇق، قەلەقەگۈل، خوبان.

— خىرقەتى.

گۈلى سەرۋىي — ھەرقانداق قىزىل رەڭلىك گۈل.

گۈلى سۇرخ — گۈلسۇرۇخ:

گۈلى سۇرخۇ سارىغ سەدبەرگ سوسەن،
گۈلى رەئناغە ئايتۇر بىزنى سۆي سەن.

— زەلىلى.

گۈلى سۇسەنبەر — مەھبۇبە.

گۈلى سۇنئۇلۇڭ — گۈل يۈزۈڭ:

نە جانىم بۇلبۇلى ھەمدەمىڭغە يۈزمىڭ تىل بىلە گويا،
گۈلى سۇنئۇلۇڭ تەماشاسىغە بەررى بەھرىدۇر جويا.

— زەلىلى.

گۈلى سېراب — نەم گۈل، يېڭى ئېچىلغان گۈل.

گۈلى شەمس — نۇرلىنىپ تۇرىدىغان گۈل:

گۈلى ئەممىش، بەھارى، گۈلى نەرگىس،
خورۇبىس، تاجىگۈل، قەھقە، گۈلى شەمس.

— خىرقەتى.

گۈلى ئىشقى — گۈلگە يېتىش ئارزۇسى، گۈل سۆيگۈسى، يار ۋەسلى.

گۈلى قەھقەھ — شادلىق گۈلى:

ھەر ئىش قىلدىم ئانىڭ كۆڭلىن ئاۋۇتتۇم،
گۈلى قەھقەھ دېگەن گۈلدىن ساۋۇتتۇم.

— خىرقەتى.

گۈلى مەقسۇد — ئەسلى نىگىزى، نەتىجە، چىن مەقسەت.

گۈلى مۇراد — مەقسەت گۈلى.

گۈلى نەۋخاستە — ياش، گۈزەل مەھبۇبە.

گۈلى ھۇمرا — قىزىلگۈل:

ئەگەرچە دىلرەبادۇر نەچچە رەنا،
ئانىڭ بىل زىننەتىدۇر گۈلى ھۇمرا.

— خىرقەتى.

گۈلاب [گلاب] (پ) 1) گۈل سۈيى، ئەتىرگۈل ياپراقلىرىدىن ئېلىنىدىغان خۇشبۇي ئىچىملىك:

يىراق ئەتتى سۈنى ئىچۈردى گۈلاب،
زەرەر يەتكۈسى دەپ قىلىپ ئىنتىجاب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۈلنى كۆرسەم بىخۇد ئولسام ئىشق زورىدىن داغى،
ھەم بېرىپ لەئلىڭ گۈلابىدىن كى ئىمداد ئەيلەگىل.

— موللا بىلال.

گۈلاب ئامىز — گۈل سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان.

گۈلابخانە [گلاب خانە] (پ) گۈل سۈيى، خۇشبۇي ئىچىملىك (گۈل سۈيىدىن) چىقىرىلىدىغان جاي؛ گۈل سۈيى خۇشبۇي ئىچىملىك ساقلىنىدىغان جاي (ئۆي).

گۈلئارايلىق [گل ارای ليق] **گۈل** بىلەن بېزەلگەن؛ خۇش ئاۋاز سايراپ تۇرغان.

گۈلئارايلىق قىلماق — گۈل بىلەن بېزىمەك؛ خۇش ئاۋازدا سايرىماق.

گۈلئاگىن [گل اكين] (پ) گۈلدار، گۈل بىلەن بېزەتىلگەن، گۈل بىلەن بېزەلگەن:

دېگەيلەر سەرۋ قەددۇ خىلئەتىڭنى،
ۋە لېكىن سەرۋ كىم كۆرمىش گۈلئاگىن.

— نەۋايى.

گۈلئامىز [گل اميز] (پ) گۈل ئارىلاش، گۈل ھىدلىق:

نە تەراۋەتدۇرۇر گول يۈزدەكى، خەيدىن قىلمىش،
گۈلنى شەبنەمىزەدە، شەبنەمنى گۈلئامىز يەنە.

— نەۋايى.

گۈلئەفشان [گل افشان] (پ) گۈل چاچقۇچى؛ خۇرسەن ۋە شاد قىلغۇچى، گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغۇچى:

كۆزلەرىم باغى ساچاردا ئەشك گۈلگۈن، ئەشتىلەر،
بۇ بىرى ئەينۇل ـ ھەيات، گول بىرى گۈلئەفشاندىن داغى.

— نەۋايى.

گۈلئەندام [گل اندام] (پ) گۈل بەدەن، گۈزەل قامەتلىك، خۇش پىچىم، نازىنىن.

سەرۋى گۈلئەندام — گۈل قامەتلىك سەرۋ؛ گۈزەل

يار.

گۈلبار [گلبار] (پ) گۈل ياندۇرغۇچى، گۈل تۆككۈچى؛ گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغۇچى:

بىر پەرىزادى پەرى رۇخسارە گۈلبار كىم ئۈچۈن،
بۇ تەرەننۇمنى چۇ مۇرغانى چەمەن كەلتۈرمىشەم.

— زىللى.

گۈلباڭ [گلبانگ] (پ) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن نالە قىلىش، پەرياد چېكىش؛ خۇش ئاۋاز بىلەن سايراش؛ يېقىملىق ئاۋاز؛ بۇلبۇل ئاۋازى:

كى ھاجەت ئىلاجىندا مۇزتەر ئېسە،
چۇ گۈلباڭ بىرلە تەلەب ئەيلەسە.

— ئا. نىزارى.

گۈلباڭ چەكمەك — يۇقىرى ۋە خۇش ئاۋاز بىلەن نالە قىلماق، سايرىماق.

گۈلبەرگ [گل برگ] (پ) 1) گۈل ياپرىقى، گۈل:

جەھان ئەيۋانى ئىچرە باش چىقارمىش رەڭ ـ بەرەڭ گۈللار،
سىنىڭدەك چىقماغاندۇر ھېچ بىرى گۈلبەرگىدىن ھەرگىز.

— شەۋقى.

2) گۈزەل چىراي، كۆركەم يۈز؛ دىلبەر، مەشۇقە:

قۇچالماسىدىن مىنى قۇچقان لەبى بولغايمۇ دىمپ گۈلبەرگ،
قىزىلگۈل يافراغىن پەيۋەندلەر ئەيلەپ قەبا قىلدىم.

— ئەرشى.

گۈلبەرگى تەرى — يېڭى ئېچىلغان گۈل ياپرىقى:

ئەۋۋالا سىراب ئىتتىنىڭ ئىزلارىن ئۆپ، ئەرشىكىم،
ئۆچمەك ئىستەرسەن جەھاندىن نەچچە گۈلبەرگى تەرى.

— ئەرشى.

گۈلبەرگى خەندان — كۈلگۈچى، كۈلۈپ تۇرغۇچى گۈلبەرگى:

نەزاكەت بوستانىدا قەدىڭ سەرۋى خىرامانىدۇر،
نەزاكەت گۈلىستانىدا يۈزۈڭ گۈلبەرگى خەنداندۇر.

— زەلىلى.

گۈلبوي [گلبوى] (پ) ئەتىرگۈل ھىدلىق، خۇشبۇي:

ساقىيا، تۇت ماڭا گۈلبوي قەدەھ،
خەلق كۆڭلىدىن ئەلەمشوي قەدەھ.

— نەۋايى.

گۈلبۇن [گلبون] (پ) گۈل، گۈل تۈپى؛ گۈل دەرىخى، گۈل بەدەن:

ئول پەرى ھۆسن ئەھلىنىڭ گۈلبۇنى نەۋ باھارىدۇر،
خەندەئى دىلكۇشا لەبى ئىشق ئەھلىنىڭ ئانارىدۇر.

— گۇمنام.

گۈلبۇن نىشىن — ئىشق، ھەۋەس، گۈزەل مەھبۇبىگە قارار تېپىش.

گۈلبۇنى خۇجەستە — سىرىق گۈلنىڭ بىر تۈرى؛ ياخشىلىق، خەيرلىك ئىش؛ سائادەتمەنلىك.

گۈلبىز [گل بيز] (پ) گۈل ھىدى چاچقۇچى، گۈل ھىدى تارقاتقۇچى:

باغ ئارا ئېردىڭمۇ كىم، بۇ كېچە گۈلبىز ئىستە ئەل،
بادە ئىچتىڭمۇ كىم، بىھەد ئىشرەتئەنگىز ئىستە ئەل.

— نەۋايى.

گۈلپاش [گل پاش] (پ) گۈل چاچقۇچى:

ئەلگە رۇخسارۇ تەنىڭ ئاچىپ، مەگەر بەردىڭ ھەيات،
كىم ئۇمىد ئەھلىغە گۈلپاشۇ سەمەندبىز ئىستەئەل.

— نەۋايى.

گۈلجەبىن [گل جبين] (پ + ئە) گۈل پېشانە، ئوچۇق پېشانە، ھۆسندار:

گۈلجەبىنىن كۆزگە كۆپ سۇرتەر ئېسەم، ئەيب ئەتمەڭىز،
نەچەكىم بىر گۈلجەبىنلىقدىن بېرۇر ھەر لەھزە ياد.

— نەۋايى.

گۈلجەبىنلىغ [گل جبين ليغ] ھۆسندار، چىرايلىق:

مۇر سۇرەتلىغ پەرىزادى ئەجەب،
گۈلجەبىنلىغ سەرۋى ئازادى ئەجەب.

— نەۋايى.

گۈلچە [گلچە] گۈل كەبى، گۈلدەك:

قارا ۋە زەرد، سۇرخ، كۆك گۈل ئېرۇر كۆپ،
ۋە لېكىن بىل قىزىل گۈلچە ئەمەس خوپ.

— خىرقەتى.

گۈلچېھر [گل چهر] (پ) چېھرىسى گۈلدەك، گۈزەل، ساھىبجامال:

يەنە بىر بۆكى دەپتۇر سەرۋى گۈلچېھر،
ئەرەنلەرگە ئەگەر بار ئېرسە بىمېھر.

— نەۋايى.

گۈلچېھرە [گل چهره] (پ) «گۈلچېھر» گە قاراڭ:

سالىھى گۈلچېھرەنىڭ كويىدا بولمىش بىنەۋا،
دەردۇ ھىجرانىغە گىرىفتارى بەلا بولدۇم نېتەي.

— موللا سالىھ.

گۈلچېھرەئى خۇرشىدۋەش — قۇياشقا ئوخشاش گۈزەل، مەشۇقە.

گۈلچېھرەئى شىرىن زەبان — شېرىن سۆزلۈك مەشۇقە، شېرىن سۆزلۈك گۈزەل:

لايىقى ئىلزەم ئېرۇر قىلسام سىفاتىڭنى بەيان،
بىر سىنىڭدەك يوقتۇرۇر گۈلچېھرەئى شىرىن زەبان.

— قەلەندەر.

گۈلچىن [گل چين] (پ) گۈل تېرىغۇچى، گۈل ئۆستۈرگۈچى، گۈلچى:

فىكرىڭ چەمەنىدە كۆپ رەياھىن،
لېكىن بولۇپ ئاندا خەلق گۈلچىن.
— نەۋائى.

گۈلخەد [گل خد] (پ) گۈل يۈز، كېلىشكەن جامال، گۈزەل:
يۈگۈرمەكلىكدە ھەر گۈنبەزكى سەكرەر گۈل مەھى گۈلخەد،
گۈلى مېھر ئالدارار بىھەد گۈيالۇر گۈنبەزى ئەخزەر.
— نەۋائى.

گۈلخەن [گلخن] (پ) 1) گۈلخان، ئوت، ئالاۋ:
خاكسارى ئاتەشى گۈلخەن نىشىن ئىشقلار،
ئارزۇيى دەۋلەتى مۈلكى سۈلەيمان ئەيلەمەس.
— زەلىلى.
2) ئوت يېقىلىدىغان جاي، ئوتخانا:
ئانى شاھەنشەھ بىلىڭ كۆرگەچ زۇمۇررەد تەخت ئۈزە،
بىر گەدا تەرزىدە گۈلخەن ئىچرەدۇر جويەندەسى.
— ئەرشى.
گۈلخەنغە يۈز قويماق — ئوتقا چۈشمەك، گۈلخانغا يېقىلماق.

گۈلخەنى [گلخنى] (پ) 1) ئوت ياققۇچى، ئوت ياندۇرغۇچى. 2) گاداي، بىچارە؛ بىقارار ئاشىق.
گۈلخەنى مەجنۇن — ئاشىقلىقتا دىۋانە بولغان.
گۈلخەنى مېھنەتكەش — مېھنەتكەش ئوت ياققۇچى، ھال - كۈنى ناچار، پېقىر.

گۈلدەستە [گلدسته] (پ) گۈل باغلىمى، گۈل ئورىمى؛ گۈلدەستە؛ ياخشىلىق، بەختلىك، سائادەتمەنلىك مەجمۇئەسى:
يارىپ تاپتى ھاجىب بۇ دىلخەستەنى،
نە دىلخەستە بەلكى گۈلدەستەنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
قەددىڭدۇر مىسالى سەرۋى ئازاد،
گۈلدەستەگى يا نىھالى شەمشاد.
— ئەرشى.

گۈلدەستەبەند [گلدستەبند] (پ) 1) گۈل دەستىلىگۈچى، گۈل تىزغۇچى. 2) ئالىملار، شائىرلار، ئىلىم ئەھلى. 3) قۇياش.

گۈلرەڭ [گل رنگ] (پ) گۈل رەڭ، گۈل تۈسلۈك؛ قىزىل:
گۈل كەبى جىسمىڭغە، ئەي ساقىي، بىنەفش ئايىن تونۇڭ،
ئۆيلەدۇركىم، بادەئى گۈلرەڭ ئۈچۈن ساغەر بىنەفش.
— نەۋائى.

گۈلرو [گل رو] (پ) گۈل يۈزلۈك؛ گۈزەل، چىرايلىق؛ گۈل چىراي:
كىم تەبەقدەك ئوت ئارا خالىڭ سىپەندى دانەدۇر،
چەشمى بەد دەفئىغە ئول گۈلرو ئىكەنىنى بىلمەدىم.
— گۇمنام.

گۈلروي [گل روى] (پ) «گۈلرۇ» غا قاراڭ:
نازىش ئەتمە ئەي كۆڭۈل ئىشقىدا ئول گۈلرويىڭ،
ھەر تەرەفدە يۈز سېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
— ئەرشى.

گۈلرۇخ [گل رخ] (پ) گۈل يۈزلۈك، چىرايلىق؛ مەھبۇبە، مەشۇقە:
نېچۈك ئەي ئاشىقى شەيدا، دېمەسسەن ۋەسفىدە گۈلرۇخ،
كىم ئول ئەكسى تۈشەر گۈللار گۈلىستان ئىچرەدۇر رەئنا.
— ئەرشى.
قاراتۇن كەلدى كۆلبەم سارى ئول گۈلرۇخ شىتاب ئەيلەپ،
ئېرۇركىم قەترە - قەترە خۇيلارىن رەخشان شىھاب ئەيلەپ.
— مەشھۇرى.

گۈلرۇخسار [گل رخسار] (پ) گۈل يۈزلۈك، چىرايلىق، گۈزەل:
بۇلبۇلى كۆڭلۈڭنى سەدقە قىل، قەلەندەر، دەھر ئارا،
خار زۇلفى، ئارەزى ئول شوخ گۈلرۇخسار خوب.
— قەلەندەر.

گۈلرېز [گل ريز] (پ) گۈل تۆككۈچى، گۈل چاچقۇچى؛ مەشەك، ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئاسماندىكى گۈل شەكلى.
گۈلرېز ئەيلەمەك — گۈل چاچماق، گۈل تۆكمەك.

گۈلزار [گل زار] (پ) 1) گۈلزار، چىمەن، گۈلباغ:
قايسى گۈلزار ئىچرە بىر گۈل ئاچىلۇر ھۆسنۈڭ كەبى،
قايسى گۈلبەرگى لەبى لەئلى دۇرئەفشانىڭچە بار؟
— گۇمنام.
2) يۈز - چىراي، گۈزەللىك:
ئانىڭ گۈلزارى ھۆسنىنى خەزاندىن ئاسراغىل، يارەب،
نىھالى قەددىن ئاسىبى زەماندىن ئاسراغىل، يارەب.
— ئەرشى.
گۈلزارۇ چەمەن — چىمەن ۋە گۈلزار.
گۈلزارى خەلىل — ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ گۈلزارلىقى.
گۈلزارى شەۋق — يېتىشىش، ئېرىشىش ئىشتىياقى.
گۈلزارى ۋىسال — يېتىشىش، ئېرىشىش.
گۈلزارى ئىرەم — ئىرەم بېغى، ئىرەم بېغى كەبى ئەڭ گۈزەل باغ.

گۈلشەكەر [گل شكر] (پ) گۈلقەنت، شېرىن، مەززىلىك:
خارۇ قامۇشنىڭ تۈبىدىن لۇقمەخور،

لىك بېرىپ تۈنۈم ئاڭا گۈلشەكەر.

— نەۋائى.

گۈلشەن [گلشن] (پ) 1) گۈلباغ، چىمەن، باغ:

گەرچە ئەل ساڭا قاقار مېھرۇ مۇھەببەت تەبلىنى،
گۈلشەنىڭدە يوقدۇرۇر ئەسرارى مەندەك بۇلبۇلۇڭ.

— قەلەندەر.

2) ئاۋات؛ زىننەتلىك. 3) كۆڭۈل، كۆڭۈللۈك؛ شاد، خۇرسەن؛ شادلىق، خۇرسەنلىك؛ 4) سۆيگىنى، مەھبۇبە:

ئۇزارىم گۈلشەنى يادىدادۇر كۆڭلۈم بەسى نالان،
ئىكى نەرگىسلەرىڭ شەۋقىدە كۆڭلۈم كۆزگۈسى ھەيران.

— ئەرشى.

5) جەننەت:

خۇدابوي دېمە گۈل جەننەت تەلەبدۇر،
ئۇشۇل گۈلشەن سۇيىگە تەشنەلەبدۇر.

— خىرقەتى.

گۈلشەن ئەتمەك — گۈلزار قىلماق، باغۇ بوستانغا ئايلاندۇرماق.

گۈلشەن قىلماق — «گۈلشەن ئەتمەك» كە قاراڭ.

گۈلشەن ھەرىمىدە مەقام قىلماق — باغ ئارا جايلاشماق، سەير قىلماق.

گۈلشەنى ئەخزەر — گۈلخانا، گۈلزار.

گۈلشەنى ئەسلىي — ئەسلى مەقسەت؛ ئەبەدىي، ھەمىشە باھار، باشقا ئالەم، باشقا دۇنيا، ئۇ دۇنيا.

گۈلشەنى بىھىشت — جەننەت گۈلزارى.

گۈلشەنى تەجرىد — تەركىدۇنيالىق، يالغۇزلۇق گۈلشىنى.

گۈلشەنى تەۋفىق — پاكلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى.

گۈلشەنى چەرخى بەرىن — يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ئاسمان.

گۈلشەنى دەھر — ھايات، ئالەم.

گۈلشەنى دەۋلەت — ياشنىغان، تەرەققىي تاپقان دۆلەت؛ ئىقبال، بەخت.

گۈلشەنى رەياھىنى — تىل ئىمكانىيەتلىرى؛ سۆزلىرى.

گۈلشەنى فىردەۋس — جەننەت بېغى گۈلزارى.

گۈلشەنى مىنا — كۆك، ئاسمان؛ ئەڭ گۈزەل گۈلزار.

گۈلشەنى مىنا سارى ئەزم قىلماق — مىراج، ئاسمانغا چىقماق.

گۈلشەنى ۋەسل — سۆيگىنىگە ئېرىشىش:

نەسىبىم گەر ئەمەسدۇر گۈلشەنى ۋەسلىڭ تەماشاسى،
ئېرۇر باغى ئىرەم دەۋزەخ ماڭا، فىردەۋس ئاتەشكەدە.

— ئەرشى.

گۈلشەنىۋار [گلشن وار] (پ) گۈلشەن، گۈلباغ كەبى، گۈلباغدەك:

تا بېرەي، كۆڭلۈم ئولۇپ گۈلشەنىۋار،
كۆزگە شەھزادە يۈزىدىن ئەنۋار.

— نەۋائى.

گۈلفاش [گل فاش] (پ) 1) گۈل تارقاتقۇچى، گۈل ھىدى تارقاتقۇچى؛ گۈلنىڭ ئېچىلىشى:

قەددىم خەمى بىلە تەبشىيەت قاشىڭ ئولۇپدۇر،
قان يىغلاماقىم سەدقەئى گۈلفاشىڭ ئولۇپدۇر.

— گۇمنام.

2) ئوت چاچقۇچى.

گۈلفام [گلفام] (پ) 1) گۈل رەڭ، قىزىلگۈل رەڭ:

تۈمەن جىلۋە بىرلە ئالىپ جامنى،
كى يۈر ئەيلەبان راھى گۈلفامنى.

— ئا. نىزارى.

2) گۈزەل، جانان:

قۇرۇغ نان ئىسسىغ سۇ قويۇپ جامغە،
يېدۇردۇمكى ئالداپ بۇ گۈلفامغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۈلفام ئەيلەمەك — قىزارتماق.

گۈلفىشان [گل فشان] (پ) گۈل چاچقۇچى، ياخشى ھىد، ئەتىر؛ «گۈلئەفشان» غا قاراڭ:

ۋەھ، نە بەلادۇرۇر بۇ كۆن جىلۋەگەر ئولدى بىر بەتى،
ئارەزى گۈلفىشان ئىكەن، ئامىشادۇر مەلاھەتى.

— ئەرشى.

گۈلقەند [گل قند] (پ) 1) گۈلقەنت (قىزىلگۈل ياپرىقى بىلەن شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان شىرنىلىك). 2) سۆيگىنىنىڭ، مەھبۇبەنىڭ لېۋى.

گۈلكىردار [گل كيردار] گۈلدەك، گۈل كەبى:

نامۇدار ئىچرە گۈلكىردار بولسا،
تەكەللۇم ئىچرە بۇلبۇلۋار بولسا.

— نەۋائى.

گۈلگەشت [گلگشت] (پ) گۈلباغ، گۈزەل جاي، گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن كەڭ تاماشىگاھ:

ئابى رۇكناباد، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،
خۇلد دىن ئەفزۇن تۈمەن مىڭ لالەزارى كاشغەر.

— گۇمنام.

گۈلگەشت ئەتمەك — گۈلباغنى سەير قىلماق (ئايلىنىپ تاماشا قىلماق).

گۈلگەشت ئەيلەمەك — گۈلنى تاماشا قىلماق، گۈل-

زارنى ئايلىنىپ يۈرمەك.

گۈلگۈن [گلگون] (پ) 1) گۈل رەڭ، قىزىل، قىزىل رەڭ:

ئۇرغان ئاھىم سۇبھى چاغى بادەئى گۈلگۈن ئىچىپ،
كۆك ياقاسىن سۇبھىدۇش بىر دەمدە ئۇل چاك ئەيلىمىش.

— ئەرشى.

2) «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا بايان قىلىنغان، شىرىن مىنىدىغان ئاتنىڭ نامى:

ئۇزى گۈل رەڭۇ گۈلمانەند زاتى،
بولۇپ گۈلگۈن خەلايىق ئىچرە ئاتى.

— نەۋايى.

گۈلگۈن ئەشك تۆكمەك — قان يىغلىماق؛ ئەلەمدىن قان ـ قان يىغلىماق.

گۈلگۈن بولماق — قىزارماق.

گۈلگۈن سۇۋ — قان؛ قىزىل رەڭلىك سۇ.

گۈلگۈن سۇۋار — گۈل رەڭلىك ئاتقا مىنگەنلەر:

بۇ مەيدان ئىچرە ھەر گۈلگۈن سۇۋارىكىم قىلۇر جەۋلان،
نەزەردىن ئۆتكۈسى تۇندۇ رەۋان بەرقى جەھان يەڭلىغ.

— مەشھۇرى.

گۈلگۈن سىرىشك — قىپقىزىل كۆز يېشى، قان ئارىلاش كۆز يېشى.

گۈلگۈن شەراب — گۈل رەڭ شاراب، قىزىل، قىزىل رەڭ شاراب:

لەبلەرىڭ كەيفىيەتىن ھەردەم تەسەۋۋۇر ئەيلەسەم،
ئىچەرەم خۇنابە ھەسرەت كاھى ھەم گۈلگۈن شەراب.

— ئەرشى.

گۈلگۈن قەبا — قىزىل كىيىم:

چەمەندە نەيلەيىن ئاچىلسا يۈز گۈل،
گەر ئۇلسە جىلۋەئى گۈلگۈن قەبا بىس.

— ئەرشى.

گۈلگۈن قەدەھ — قىزىل مەي ئىدىشى.

گۈلگۈن قىلماق — قىزارتماق، قان ـ قان يىغلاتماق.

گۈلگۈن مەگىز — «گۈلگۈن يۈز» گە قاراڭ:

شەۋقى ئارەز تۆشكەن ئۇل گۈلگۈن مەگىز ياد ئەيلەمىش،
ئەرشى ئاي رۇخسارىدىن گۈلبەرگ ئۇزرە ياغدۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

گۈلگۈن يۈز — گۈلگە ئوخشاش، گۈل تۇسلۇك.

گۈلگۈنە [گلگونه] (پ) 1) ئۇپا، ئۇپا ـ ئەڭلىك، زىننەت:

گۈلگۈنە قويمىش ئۇل ماھ، سەن قانە پاتتىڭ ئى كۆز،
مىژگانىڭ ئىلكى ئۇزرە رەڭگى ھىنا مۇبارەك.

— تەجەللى.

2) قىزىل، قىپقىزىل:

قامەتى مەۋزۇنۇڭ ئۇزرە ئارەزىڭ گۈلگۈنەسى،
سەرۋى باشىدا ئاچىلغان بىر گۈلى ھەمرا ئىمەس.

— ئەرشى.

گۈلگۈنە ئەيلەمەك — يۈزنى قىزىل قىلماق.

گۈلگۈنپوش [گلگون پوش] (پ) قىزىل كىيگەن، قىزىل كىيىملىك؛ قىپقىزىل.

گۈلگۈنپوش ئەتمەك — قىپقىزىل قىلماق.

گۈلمانەند [گل مانند] (پ) گۈلگە ئوخشاش، گۈل كەبى:

ئۇزى گۈلرەڭۇ گۈلمانەند زاتى،
بولۇپ گۈلگۈن خەلايىق ئىچرە ئاتى.

— نەۋايى.

گۈلمېخ [گل ميخ] (پ) «گۈلمىخ» قا قاراڭ.

گۈلمىخ [گل ميخ] (پ) 1) قالپاقلىق ئۇزۇن مىخ؛ تىكەنلىك مىخ:

چاكلىك كۆكسۇم ئىشىكدۇر، جىسىم ئۆيى بەيتۇل ـ ھەزەن،
ئۇل ئىشىكنىڭ ھەلقەسىدۇر نەئلۇ گۈلمىخى تۇكەن.

— نەۋايى.

2) يۇلتۇزلار:

بۇ زەۋرەققە گۈلمىخ ئېتىپ كەۋكەبىن،
قىلىپ بادبان سۇبھە چادىرشەبىن.

— نەۋايى.

گۈلنار [گلنار] (پ) 1) ئانارگۈل، قىزىلگۈل. 2) قىزىل رەڭ، قىپقىزىل. 3) گۈزەل، يار، مەھبۇبە، مەشۇقە:

نەۋبەتى كىم يارنىڭ كويىدا بولدى بىنەۋا،
رەھىم ئەيلەپ بىرگىنە گۈلنار باقمايدۇر ماڭا.

— نەۋبەتى.

گۈلنار ئەيلەمەك — قىزارتماق.

گۈلنار قىلماق — گۈلزار قىلماق، گۈلزارغا ئايلاندۇرماق.

گۈلنارى خەندان — كۈلۈپ تۇرغان يار:

كۈلەردە كۆرسە ئاغزى بىرلە تىشىن،
بولۇر گۈلنارى خەندان پارە ـ پارە.

— سەككاكى.

گۈلنارگۈن [گلنارگون] (پ) گۈلنار رەڭلىك، ئانارگۈلى رەڭلىك:

ئالار گۈلنارگۈن قەسر ئىچرە گۈلپاش،
كۆتەرمەي لەئلگۈن مەيدىن دەمى باش.

— نەۋايى.

گۈلنارى [گلناری] (پ) ئانار گۈللۈك؛ قىزىل

رەڭلىك:

... فەرھاد بىرلە گۈلنارىي قەسر مەيلى قىلىپ...

— نەۋايى.

گۈلئۈزار [گل عذار] (پ) (پ + ئە) گۈل يۈزلۈك، گۈزەل:

ۋىسالى ھەجرىدىن نالان كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
ماڭا، يا رەب، نەسىب ئەتسەڭ نە بولغاي گۈلئۈزارىمنى.

— ئەرشى.

ئاھ نەيلەي بۇ فەلەك قىلدى نىگارىمدىن جۇدا،
ئەندەلىپ يەڭلىغ بولۇپمەن گۈلئۈزارىمدىن جۇدا.

— موللا بىلال.

گۈلىستان [گلستان] (پ) 1) گۈلزار، گۈلباغ، باغ، چەمەنزار:

قاچار بۇلبۇل گۈلىستان ئىچرە گەر چەكسەم فىغانلار ھەم،
چەمەن ھۆسنىنى ئول سوزى فىغاندىن ئاسرىغىل، يا رەب.

— ئەرشى.

2) ئىنايەت، ھىممەت، ساخاۋەت. 3) (كىشى خۇرسەن بولىدىغان) گۈزەل ئارامگاھ. 4) ياشنىغان، بەخت.

گۈلىستان بولماق — ئاۋات بولماق، ياشنىماق.

گۈلىستان قىلماق — ئاۋات قىلماق؛ ياشناتماق.

گۈلىستانى خەلىل — ئالاۋ، گۈلخان، ئىبراھىم خەلىلۇللاھ تاشلانغان گۈلخان.

گۈلىستانى سۆخەن — نۇتۇق گۈلزارى:

تۇشۇپ مەزمۇن رەڭگىنكى، بۇ گۈل كۆڭلىگە سالغاچ بەرق،
گۈلىستانى سۆخەن ئىچرە بولۇر بىر نەۋئى گۈل يەكتا.

— ئەرشى.

گۇم [گم] (پ) يوقىلىش، غايىب، ئادىشىش، يولدىن ئېزىش؛ يوق، يوقالغان:

دېمىش بەخت ـ تالىئىلارىم بولدى گۇم،
كى قۇستەنتەنىيە مېنىڭ مەۋلۇدۇم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۇم ئەتمەك — «گۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

گۇم ئەيلەمەك — يوق قىلماق، يوقاتماق.

گۇم بولماق — يوقالماق، يوق بولماق، غايىپ بولماق؛ ئۆزلۈكنى يوقىتىپ باشقىچە تۈس ئالماق.

گۇم قىلماق — «گۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ئىشىت بەھرى قۇدرەت تەلاتۇم قىلىپ،
بىرىن جارى ئەيلەپ بىرىن گۇم قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۇم ئولماق — «گۇم بولماق» قا قاراڭ.

گۇماشت [گماشت] (پ) «گۇماشتە» گە قاراڭ:

قىلىپ ئىتتىفاقى كۆپ ئەھلى گۇماشت،
پۈتۈپ سۆندى كەمپىر سارى ئەرزەداشت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۇماشتە [گماشته] (پ) گۇماشتىسا، بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىنغان كىشى، ۋەكىل، نائىب، قولچوماق:

ساسان ئەردۇۋاننىڭ فارس ۋىلايەتىدە بىر گۇماشتەسى ئېردى.

— نەۋايى.

گۇمراھ [گمراه] (پ) «گۇمرەھ» كە قاراڭ:

بۇ گۇمراھ قۇللۇقىغە قىلىپ مەرھەمەت،
خەتا ئىشلارىمنى ئېتىپ مەغفىرەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كەرەم كۆرگۈز ئىنايەت ئەيلەبان يا ئەھمەدا قۇلغە،
سېنىڭ ئۈممەتلەرىڭدىن بىر قۇلى كىم رۇسىيا گۇمراھ.

— شەۋقى.

گۇمراھ ئەتمەك — يولدىن ئازدۇرماق، ئاداشتۇرماق.

گۇمراھ بولماق — ئاداشماق؛ يولدىن ئازماق؛ سەرسان ـ سەرگەردان بولماق:

ئول مۇنەججىم خەلق ئارا ئەبلەھ بولۇر،
دالۇچى ۋە قۇرئەچى گۇمراھ بولۇر.

— خەراباتى.

گۇمراھ قىلماق — «گۇمراھ ئەتمەك» كە قاراڭ.

گۇمراھى مەككار — يولدىن ئازغان مەككار، ھىيلىگەر.

گۇمراھۋەش [گمراەوش] (پ) ئاداشقانغا، ئازغانغا ئوخشاش؛ ئاداشقاندەك:

ئەي نەۋائىي، گەر ھىدايەت ئىتسە، يولغە كىرگەمەن،
گەرچى مۇغ دەيرىدە ھالا بار ئېسەم گۇمراھۋەش.

— نەۋائى.

گۇمرەھ [گمره] (پ) 1) بىچارە، پېقىر، سەرگەردان؛ ئاۋارە. 2) گۇمراھ، يولىنى يوقاتقان، يولدىن ئاداشقان، يولدىن ئازغان؛ مەقسىتىگە يەتمىگەن:

مۆرىدى مۇخلىسىڭدۇر ھەر بىرى لەشكەركەشى ئەرۋاھ،
ھىدايەت قىلغالى گۇمرەھلەنى قۇتبى جەھان دەرلەر.

— زەلىلى.

گۇمشۇدە [گم شده] (پ) يوقالغان، يوق بولغان؛ ئاداشقان:

ھەم غەم تونى كۆرگۈزۈپ ۋەفا سەن،
ھەم گۇمشۇدەلەرغە رەھنەما سەن.

— نەۋائى.

گۇمنام [گم نام] (پ) نامسىز، نامى ئۆچكەن، نامى يوقالغان، ئېتىباردىن قالغان:

شۇملۇغىدىن بەسكى بىئارام ئىدىم،
ھېچ كىشى بىلمەس ئىدى گۇمنام ئىدىم.

— زەلىلى.

گۇن [گون] (پ) [illegible]لەرگە قوشۇلۇپ «رەڭ، تۈس» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

كافۇرگۇن — كاپۇر رەڭلىك؛ ئاق، ئاپئاق.

نىلگۇن — نىل رەڭلىك، كۆك.

گۇناگۇن [گوناگون] (پ) رەڭمۇ رەڭ، خىلمۇخىل، تۈرلۈك - تۈمەن:

رەڭگى گۇناگۇن قىلىپ بىللۇرى ساف،
لەئل ئىلە ياقۇت دەپ ئايتىپ گەزاف.

— نەۋايى.

گۇناھ [گناه] (پ) «گۇنەھ» كە قاراڭ:

تەۋبە ئوت، رەھمەتى ھەق بىرلە كۆتۈن بارچە گۇناھ،
تەۋبە رەھمەت كۆتىنىڭ شەرھىدە قىلسۇن نە ئىلاج.

— شەۋقى.

گۇنە [گونه] (پ) رەڭ، تۈس؛ تۈر، خىل:

قۇياشنىڭ يۈز گۈلى رەڭنا ئېرۇر بىر گۇنەئى ئاندىن،
ئاچىلمىش باشى سۈنبۈلىڭ ئىچرە تۈرلۈك لالەئى ھومرا.

— مەشھۇرى.

گۇنە گۇنە — رەڭمۇ رەڭ، خىلمۇ خىل.

گۇنە گۇنە تەئام — خىلمۇ خىل تائام، يېمەكلىك.

گۇنەئى بەرگى خەزان — رەڭمۇرەڭ كۈز بەرگىلىرى.

ھەرگۇنە — ھەرخىل، تۈرلۈك.

گۇنەش [گنش] (پ) قۇياش:

ئېرمەس بۇ ئىسسىغ گۇنەشدە چەكمەك ئىمكان،
خۇشتۇر كىشىگە بولسە ساۋۇغ سايە مەكان.

— نەۋايى.

گۇنەھ [گنه] (پ) ئەيىب، گۇناھ؛ جىنايەت:

بارچەنىڭ ئول ئەيىبىنى ھەم ئاچقۇچى،
نەچە گۇنەھ ئەھلى بىلە يارمەن.

— موللا سالىھ.

گۇنەۋەرد [گونەورد] (پ + ئە) ھەرخىل گۈل، تۈرلۈك گۈل:

كۆك ئۆلەڭ ئەتراقىدا ھەر گۇنەۋەرد،
ئەنجۇم ئىلە دائىرەئى لاجۇۋەرد.

— نەۋايى.

گۇنبەد [گنبد] 1) گۈمبەز، ئىمارەت قۇببىسى. 2) ئاسمان، پەلەك. 3) سەييارە، پىلانېتا. 4) ئىمارەت، بىنا. 5) تەبىقە:

دېدى، ئەي سايىرى فەلەك پەيماي،
چەرخ گۇنبەدلەرىدە جىلۋە نەماي.

— نەۋايى.

گۇنبەدى ئەيۋان — ئايۋان گۈمبىزى.

گۇنبەدى بېسۇتۇن — ئاسمان، پەلەك.

گۇنبەدى خەزرا — كۆك گۈمبىزى، گۈمبەز، ئاسمان.

گۇنبەدى دەۋۋار — ئايلىنىپ تۇرغۇچى گۈمبەز؛ ئاسمان، كۆك، پەلەك.

گۇنبەدى دەۋۋارسا — «گۇنبەدى دەۋۋار» غا قاراڭ.

گۇنبەدى گۈل — گۈمبەزگە ئوخشاش غۇنچە.

گۇنبەدى لاجۇۋەرد — «گۇنبەدى خەزرا» غا قاراڭ.

گۇنبەدى مىينا — كۆك، ماۋىي ئاسمان؛ پەلەك.

گۇنبەز [گبند] (پ) «گۇنبەد» كە قاراڭ.

گۇنبەزى ئەخزەر — كۆك، ئاسمان:

كەبۇد ئېرمىش غۇبارى ئاھدىن بۇ گۇنبەزى ئەخزەر،
كۆزۈم ياشى بىلە غەرقاب ئېرۇر ئافاقى بەھرۇبەر.

— زەلىلى.

گۇنبەزى جەفاكوش — جاپالىق؛ جاپا سالغۇچى.

گۇنبەزى خەزرا — كۆك گۈمبىزى، ئاسمان.

تەفەررۇج ئاھى سۈنبۈلىڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن - كېچەلەردە گۇنبەزى خەزرا.

— زەلىلى.

گۇنبەزى دەستار — گۈمبەزدەك يوغان سەللە:

گۇنبەزى دەستارىدىن قورقۇتماغىن ئابىد مېنى،
رىندلەرنىڭ گۇنبەزى دەۋارىدىن پەرۋاسى يوق.

— مەشھۇرى.

گۇنبەزى دەۋۋار — ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك، ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى دۇنيا:

بۇ سەنئەت بىلە گوياكىم باشىڭدۇر گۇنبەزى دەۋۋار،
قاشىڭدۇر يا ھىلالى ئەيد يا قەۋسى ئەسرالندۇر.

— گۇمنام.

گۇنبەزى گەردان — ئايلىنىپ تۇرغۇچى گۈمبەز؛ ئاسمان، كۆك، پەلەك.

گۇنبەزى گەردەندەئى ئالىي — ئاسمان؛ چەرخ، پەلەك.

گۇنبەزى گەردۇن — «گۇنبەزى گەردان» غا قاراڭ:

گۇنبەزى گەردۇن سەۋدا دۇدى ئاھىڭدۇر سېنىڭ،
ئەبرى ئېرمەس ئۆرلەگەن چەترى سىياھىڭدۇر سېنىڭ.

— زەلىلى.

گۇنبەزى لاجۇۋەرد — كۆك ئاسمان.

گۇنج [گنج] (پ) خەزىنە؛ ئامبار؛ «گەنج» كە قاراڭ:

كىرگەلى كويى مەلامەتغە ماڭا ئەي پىرى دەير،
كىم سەلامەت گۇنجىدىن چىقماقغە ئىمداد ئەيلەگىن.

— ئابىد.

گۇنجايىش [گنجايش] (پ) سىغدۇرۇشلۇق، كىرگۇ-

زۇشلۇك؛ سىغىدىغان، سىغىشلىق؛ سىغىش:

ۋە لېكىن بۇ دەفتەردە گۇنجايىشى،
ئەمەس سىققۇدەك بارچە ئارايىشى.

— نەۋايى.

گۆھەر [گهر] (پ) 1) گۆھەر؛ مەرۋايىت، قىممەت باھا تاش:

قاشلارى فەررۇخ ھىلالى تىشلارى دۇررى گۆھەر،
لالە يەڭلىغ لەبلەرىنىڭ لەئلى ناپەيداسى بار.

— ئەرشى.

2) چوڭقۇر مەنىلىك سۆز. 3) ئەسلى، نېگىزى.

گۆھەر ساچماق — نۇر چاچماق.

گۆھەرى ئابدار — تازا، ساپ گۆھەر.

گۆھەرى پاك — خالىس، پاك.

گۆھەرى شەبچەراغ — كېچىنى يورۇتىدىغان پارلاق، پارقىراق گۆھەر.

گۆھەرى مەئنى — گۆھەرگە ئوخشاش قىممەت باھالىق؛ گۈزەل مەنىلىك.

گۆھەرى يەكتا — ئەڭ ئېسىل، تەڭداشسىز:

نىگارىم بىر مەجازى ھەم ھەقىقەتدۇر ئۇنىڭ ئىشقى،
مەجازى گەرچە زەردۇر كىم ھەقىقەت گۆھەرى يەكتا.

— موللا بىلال.

گۆھەرى يەكدانە — بىردىنبىر گۆھەر، كەم ئۇچرايدىغان گۆھەر:

زاتى ئىنسان جەۋھەر ئىچرە گۆھەرى يەكدانەدۇر،
چۈنكى ئىنسان ئىشق نەقدىغە تۇزمەتكەن خانەدۇر.

— گۇمنام.

گۆھەر ئەفشان [گهرافشان] (پ) «گەۋھەر ئەفشان»غا قاراڭ:

تاكى خەزان ئېلى زەرئەفشان ئېرۇر،
ئەبرى بەھارى گۆھەر ئەفشان ئېرۇر.

— نەۋايى.

گۆھەربار [گهربار] (پ) گۆھەرلەر ياغدۇرغۇچى، پايدا يەتكۈزگۈچى.

گۆھەربار ئەلفاز — ئېتىبارلىق ۋە مەنىلىك سۆزلەر ئېيتقۇچى.

گۆھەربار خامە — ئۆتكۈر قەلەم، پاساھەت بىلەن يازىدىغان قەلەم.

گۆھەرپاش [گهرپاش] (پ) 1) گۆھەر چاچقۇچى؛ چوڭقۇر مەنىلىك سۆز ئېيتقۇچى؛ 2) كۆز يېشى تۆككۈچى:

دېمە يالغۇز بولۇپ سۆزدىن گۆھەرپاش،
كى سۆزچە يۇز ئىكى كۆزدىن گۆھەر پاش.

گۆھەرچىن [گهرچين] (پ) گۆھەر تېرىش، گۆھەر يىغىش؛ مەنپەئەتدار بولۇش:

گەنجىنەئى فىكرى گەۋھەر ئايىن،
ئاندىن بارى خەلق ئولۇپ گۆھەرچىن.

— نەۋايى.

گۆھەررېز [گهرريز] (پ) گۆھەر تۆككۈچى، چاچقۇچى؛ مەنىلىك سۆزلەر قىلغۇچى:

قىلىپ جارى مۇھەببەت ئوتىنى تېز،
ئېتىپ دەرد ئەھلى كۆزىنى گۆھەررېز.

— خىرقەتى.

گۆھەرفىشان [گهرفشان] (پ) «گەۋھەر ئەفشان»غا قاراڭ:

مۇنداق دېدى سۆز گۆھەرفىشانى،
ئايتۇردا بۇ نۇكتەدىن نىشانى.

— نەۋايى.

گۆھەرۋار [گهروار] (پ) گۆھەر كەبى، گۆھەرگە ئوخشاش:

كى بىر شىشە ساز ئەتتى ساندۇرقۇش،
گۆھەرۋار ساندۇق ئارا كىردى خۇش.

— نەۋايى.

گۇۋا [گوا] (پ) گۇۋاھ، شاھىد، «گۇۋاھ»قا قاراڭ:

ئەي قىلىپ لۇتفۇ ئەتا بىرلە ئۇلۇس كامى رەۋا،
ئەي ۋۇجۇدۇ ئەدەم ئىكىسى ۋۇجۇدىڭغە گۇۋا.

— نەۋايى.

گۇۋارا [گوارا] (پ) تېز ھەزىم بولىدىغان، يېقىملىق، سىڭىشلىك؛ مەززىلىك.

راھى گۇۋارا — تەملىك، مەززىلىك، خۇش تەم مەي.

گۇۋاھ [گواه] (پ) گۇۋاھ، شاھىد، ئىسپات:

بولۇپ زاتى رەخشەندە مىرئات ئاڭا،
گۇۋاھ ئۇشبۇ دەئۋىدە زەررات ئاڭا.

— نەۋايى.

گېتى [گيتى] (پ) ئالەم، دۇنيا، جاھان؛ رۇزگار:

كېچە كەۋاكىبنى مۇزەييەن قىلىپ،
شۇئلەسىدىن گېتىنى رەۋشەن قىلىپ.

— زەلىلى.

گېتى ئاراي — جاھاننى بېزىگۈچى، جاھاننى زىننەتلىگۈچى.

گېتى پەناھ — پادشاھ، ھەممىگە پاناھ، سايىۋەن، پۈتۈن دۇنيا سايىۋىنى.

گېتى فۇروز — ئالەمنى، دۇنيانى يورۇتقۇچى.

گېتى نەما — جاھان ئەينىكى، جاھاننى كۆرسەتكۈچى ئەينەك.

گېتىستان [گيتى ستان] (پ) دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى،

يەر يۈزىنى ئالغۇچى، پادىشاھ:

دېدى، كى ئەي شەھەنشاھى گېتىستان،
ئەدالەتتە دۇنياۋۇ ئۇقباستان.

— نەۋايى.

گېتىنەۋەرد [گيتى نورد] (پ) جاھان كەزگۈچى، جاھانكەچتى.

گېتىنەۋەرد بولماق — جاھان كەزمەك.

گېج [گيج] (پ) ھەيران، ھەيران قېلىش، تاڭ قېلىش، گاڭگىراپ قېلىش.

گېج ئولماق — ھەيران بولماق.

مەغزىنى گېج قىلماق — بېشىنى (مېڭىسىنى) گاڭگىرىتىپ قويماق.

گېزەرمەك [گيزارماك] (پ) ئۆڭمەك، رەڭگى ئۆچمەك.

گىزلەنمەك [گىزلاماك] (پ) بېكىتمەك، يوشۇرماق.

گىر [گير] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئالغۇچى، ئىگىلىگۈچى، تارتقۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ياسىغۇچى قوشۇمچە:

ھۆسن ئالەم گىرۇ زۈلفۈڭ سۆبھە شامى ئاشىقان،
ھەلقە - ھەلقە كاكۈلۈڭ گوياكى دامى ئاشىقان.

— زەلىلى.

گىرامي [گىرامى] (پ) قىممەتلىك، سۆيۈملۈك؛ ئەزىز.

گىرە [گيره] (پ) تۈگۈن، چىگىك، ھالقا:

خۇش ھۇزۇرىدۇر كىشىگە ئىشرەت ئەيلەپ ھەر كېچە،
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ بەستە گىرەلەرنى شىشىپ.

— نەۋبەتى.

گىرد [گرد] (پ) ئايلانما، ئەتراپ؛ قىرغاق:

قىلىپ گۈل ھۇجراسى گىردىندە جەۋلان،
نەۋايى باشلادى گىريانۇ نالان.

— لۇتفى.

گىرد بالىش — يۇمىلاق ياستۇق، تەكىيە.

گىرد بالىشتى — «گىرد بالىش» قا قاراڭ.

گىرد بولماق — ئەتراپقا توپلانماق، جەم بولۇپ تۇرماق.

گىرد باد — ئايلانما شامال، قۇيۇن.

گىرداب [گرداب] (پ) گىرداپ، قاينام، قۇيۇن:

... ئۇزراغىدار ئوتى ھەرارىتىدىن ۋاھۇق جىسمىن ئىشلىك گىردابىدا غەرق قىلغانىدەك...

— مۆجىزى.

گىردابغە تۈشمەك — غەرق بولماق؛ قايناملغا كىرىپ قالماق؛ تەشۋىشكە چۈشمەك؛ قىيىنچىلىققا ئۇچرىماق:

چەشم گىريانىم ۋۇجۇدۇمنى قىلۇر ئانداغ خىيال،
ھەلقەئى گىردابغە تۈشكەن پەرى كەھدۇر مەگەر.

— ئەرشى.

گىردابى غەم — غەم قاينىمى:

غەرق ئېتىپدۇر پەيكەرىمنى، ئاھ كىم، گىردابى غەم،
كىم سەلامەت قالغۇسى ئالەمدە بۇ تۇپان بىلە.

— ئا. نىزارى.

گىردە [گرده] (پ) دائىرە، چۆرە، ئەتراپ، يۇمىلاق:

... مەدرەسەنىڭ ھەر تالىبى ئىلمى ئاللىندە ئەتارىدكىم ...تىفلى ئەجەدخان، خادىملارى سۇفرەسىدە ئاي گىردەسى...

— نەۋايى.

گىردباد [گردباد] (پ) ئايلانما شامال، قۇيۇن:

ھەرفىلەك گىردباد دەشتى ھامۇن ئىچرە ھەيران سەن،
ساڭا خىزىر سىمبەر بىردەمى ئەمداد قىلغايمۇ؟

— زەلىلى.

گىردبالىشت [گردبالشت] (پ) يۇمىلاق ياستۇق، تەكىيە (ئەتراپىغا ئىچىم تولتۇلغان ياستۇق).

گىردگاھ [گردكاه] (پ) 1) بەل؛ بېقىن. 2) كەمەر.

گىرۋدار [گيرودار] (پ) ئېلىشىش؛ جەڭ، ئېلىشماق، جەڭ قىلماق؛ ئېلىشقۇچى، تالاشقۇچى:

سەككىز ئۇجماغىنكى بەرپادۇر بەھارى ئاشىقان،
يەتتە دەۋزەخ ھاي - ھوي گىرۋدارى ئاشىقان.

— زەلىلى.

گىرۋكار [گيروكار] (پ) ئىگىلىگۈچى، قولىغا ئالغۇچى؛ ھۆكۈمران:

سالۇ مەھۇ گەردىشى لەيلۇ نەھار،
بارچە سىنىڭ قۇدرەتىڭ ئەي گىرۋكار.

— زەلىلى.

گىرىبان [گريبان] (پ) ياقا، كىيىمنىڭ ياقىسى:

سەككاكىتەك ئاغزىڭنى كۆرۈپ كانى لەتافەت،
چاك ئەيلەدى گۈل غۇنچە گىرىبان چەمەنىندە.

— سەككاكى.

چەكى گىرىبان ئەتمەك — «چاكى گىرىبان ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

چاكى گىرىبان ئەيلەمەك — 1) ياقا يىرتماق. 2) بوغۇلماق، قايغۇرماق.

چاكى گىرىبان قىلماق — «چاكى گىرىبان ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

گىرىفت [گرفت] (پ) ئېلىش، چاڭ سېلىش؛ دەشنام بېرىش:

يوقكى يالغۇز شەددىدىن تۈشتى قولۇب ئىچرە كۈشاد،
ھەر گىرىفتى داغى ئەرۋاھ ئىچرە سالدى ئۆز فۇتۇھ.

— نەۋايى.

گىرىفتار [گرفتار] (پ) 1) يولۇققان، گىرىپتار، بەند، ئەسىر، مەھكۇم:

ئىشقى مەجازىغە خەرىدارلىق،
سەددى ئىسكەندەرگە گىرىفتارلىق.

— زەلىلى.

ئالىپ قويدى مەينى دىلىم كامىغە،
گىرىفتار بولدۇم ئانىڭ دامىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) مەپتۇن قىلغۇچى، ئاشىق:

جانىمدىن ئۆزگە يارى ۋەفادار تاپمادىم،
كۆڭلۈمدىن ئۆزگە مەھرەمى ئەسرار تاپمادىم.
جانىمدىن ئۆزگە جاننى دىلئەفكار كۆرمەدىم،
كۆڭلۈم كەبى كۆڭۈلنى گىرىفتار تاپمادىم.

— بابىر.

ۋىسلى ئېتەي دېپ گەر ئاتىن تۇتسام زەبانىم ئۆرتەنۇر،
يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر مەندەك گىرىفتارى يەنە.

— ئەرشى.

گىرىفتار ئەيلەمەك — يولۇقماق؛ ئەسىر، بەند قىلماق.

گىرىفتار بولماق — ئەسىر چۈشمەك، قولغا چۈشمەك، يولۇقماق، ئۇچرىماق.

گىرىفتار ئولماق — «گىرىفتار بولماق» قا قاراڭ:

مۇنچە ھەم بولمىش غورۇرى ھۇسن شەيدا تۇرفەكىم،
دېمەگەيسەن ھەر سارىدىن يۈز گىرىفتار ئولسە بەس.

— ئەرشى.

گىرىفتارى ئەسىر بولماق — ئەسىر ۋە مۇپتىلا بولماق.

گىرىفتارى نەجەند بولماق — ئىتائەت ۋە خۇشامەتچىلىك قىلماق.

گىرىفتارۇ نەقىف — ئاشىق بولۇش، ئەسىرلىك.

گىرىفتارى ئەلەم بولماق — دەردكە، ئاغرىققا يولۇقماق:

يىغلاپ ئايتۇر بۇ بىلال بولدۇم گىرىفتارى ئەلەم،
غۇنچەۋەش يارىم ئېرۇر بۇ دەردكە دەرمانىم مېنىڭ.

— موللا بىلال.

گىرىفتارى جەھان — ئەڭ ئېغىر گىرىپتار، ھەممىدىن بەك مەھكۇم:

نېتەي بۇ ئىككى رەنج بىرلە گىرىفتارى جەھاندۇرمەن،
غەمى ئەندۇھنى كۆپدۇر، دەرد بىرلە ھەمزەباندۇرمەن.

— موللا سالىھ.

گىرىفتارى بىقەيد قىلماق — زەنجىرسىز گىرىپتار (بەند) قىلماق.

گىرىھ [گره] (پ) 1) تۈگۈن، چىگىلگەن، چىگىش؛ ئۆرۈم، چاچ ئۆرۈمى:

ماڭا مەي نەشائىسىدۇر زەۋق ئىلە خەندان ئولماق،
غۇنچەلەردەك گىرىھ ھەم ھەربىرى چەندان ئولماق.

— گۇمنام.

گىرىھ زۇلفىدىن ھەلقە سالدىلار بوينۇمغە دام ئەيلەپ،
كۆڭۈلنى ئالدىيۇ زار ئەيلەدى ئۆزىگە رام ئەيلەپ.

— موللا سالىھ.

2) ئەگىرلىك، قىڭغىرلىق. 3) مۇشكۇللۇك، قىيىنچىلىق:

يۈز گىرىھ دەۋراندىن ئولغاچ ئەيلەمىش كۆڭلۈم قەلەق،
شايەد ئەتكەي دەفئى بۇ مۇشكىللەرىم رەببىل ـ فەلەق.

— ئەرشى.

گىرىھ سالماق — قېشىنى تۈرمەك.

گىرىھ ئۇرماق — باغلىماق، چىگمەك، تۈگمەك.

گىرىھكار [گره‌كار] (پ) چىگىشلىشتۈرگۈچى، تۈگۈن پەيدا قىلغۇچى.

گىرىھ كۇشا [گره‌كشا] (پ) «گىرىھ كۇشاي» غا قاراڭ:

زۇلفۇڭ سەنىما گىرىھ كۇشادۇر،
كىم مۇشكى ختا دېبى خەتادۇر.

— زەلىلى.

گىرىھ كۇشاي [گره‌كشاى] (پ) تۈگۈن، چىگىشلەرنى يەشكۈچى؛ قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلغۇچى:

تەسەۋۋۇف ۋە دىققەت مۇشكىلاتىنىڭ گىرىھ كۇشايى شەيخ زەھىرىددىن سەنائىي.

— نەۋايى.

گىرىھگىر [گره‌گر] (پ) تۈگۈنلۈك، چىگىش:

زەنەخدانىم بىلە زۇلفى گىرىھگىر،
ھەزىن كۆڭلۈڭگە ئېركىن چاھۇ زەنجىر.

— نەۋايى.

گىرىھناك [گره‌ناك] (پ) تۈگۈن، چىگىش؛ قىيىن.

گىريان [گريان] (پ) يىغلىغۇچى؛ يىغلاپ تۇرغان:

دۇررى يەكتا تاپماس ئېردىكىم سەدەف ئىچرە ۋۇجۇد،
كۆزلەرىم ئەبرى ئەگەر مېھرىڭدە گىريان بولماسا.

— ئەرشى.

كۆزى گىريان، ياقاسى چاك دائىم،
يېمەك ـ ئىچمەك يوق ئېردى دەھرى سايىم.

— ناقىس.

گىريان ئەتمەك — يىغلاتماق.

گىريان بولماق — يىغلىماق، كۆز يېشى قىلماق.

گىريان كۆز — دائىم يىغلاپ تۇرىدىغان كۆز؛ ياشلىق كۆز:

ئىككى گىرىيان كۆزلىرىم كويۇڭدا يىغلاپ ئولتۇرۇر،
كەئبەدە ئەھلى جەھان كۆرگەن چەھۇ زەمزەم ئەمەس.

— ئەرشى.

گىرىيە [گريه] (پ) يىغا، يىغا ـ زار؛ كۆز يېشى تۆكۈش، يىغلاش:

ھاي ـ ھۇي گىرىيەيى مەستانەدىن بىھۇش ئۇچۇن،
ئەربەئەينى شەيخلەردە قىلمادىم جوشى خۇرۇش.

— زەلىلى.

نە گىرىيە قىلماي، نە زارى بولماي،
نە غەمگە قالماي، ئەي سەرۋ قامەت.

— موللا بىلال.

گىرىيەزار [گريه‌زار] (پ) «گىرىيە» گە قاراڭ:

قۇچاقىغا ئالدى قىلىپ گىرىيە زار،
تۆكۈپ ياش كۆزىدىن بولۇپ سوگۋار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كى تاغنىڭ تۈۋىنىدە قىلۇر گىرىيەزار،
ئىشتىكەن كىشىلەر بولۇر بىقەرار.

— موللا بىلال.

گىزاف [گزاف] (پ) «گەزاف» قا قاراڭ.

گىسۇ [گيسو] (پ) چاچ، ئۆرۈلگەن چاچ، كوكۇلا:

ھەلقە ـ ھەلقە زۇلفۇڭىز ھەريان پەرىشاندۇر نىتەي،
كىم تانابى سەيد ئول گىسۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

كۆڭلۇم ئىبتەر ئول ھەلقەئى گىسۇنى تەسەۋۋۇر،
دىۋانە جۇنۇن دەشتىدە بەيتۇل ھەزەن ئىستەر.

— تەجەللى.

گىسۇيى ئەنبەرىن — قاپقارا خۇش ھىدلىق چاچ.

گىسۇيى پۇرتاب — بۇدۇر قىلىنغان كوكۇلا، چاچ.

گىسۇيى سۇنبۇل — ئۆرۈلگەن سۇنبۇل (چاچ):

تاڭ سەھەرلەر تۇشتى خۇشبۇيلۇق گۇلۇ گۇلشەن ئارا،
سەرسەرى گىسۇيى سۇنبۇل بۇ ئىكەننى بىلمەدىم.

— گۇمنام.

گىسۇيى مۇشكبۇ — پۇراقلىق، ياخشى ھىد تارقاتقۇچى چاچ.

گىسۇيى مۇشكىن — مۇشك ھىدلىق چاچ، خۇشبۇي چاچ.

پاراكەندە بولۇپ گىسۇيى مۇشكىن،
نىھالى ئەرغىۋانداك سەرۋ سىيمىن.

— لۇتفى.

گىسۇيى ھەبىب — ئۆرۈمە چاچلىق يار:

كەلگۇسى بىر ـ بىر بېسىپ ئول ماھى تەلئەت ناز ئىلە،
ھەلقە ـ ھەلقە چىرمىشىپ قەددىغە گىسۇيى ھەبىب.

— موللا بىلال.

گىل [گل] (پ) لاي، پالچىق:

خۇداغە باغلاغان پەيۋەندى دىلنى،
رىزا يولىغە تاشلاپ مۇشتى گىلنى.

— ناقىس.

گىلە [گله] (پ) رەنجىش، خاپا، خاپا بولۇش؛ غەيۋەت ـ شىكايەت:

قىلىپ بىر كۈنى ئول ئىستەمگەر گىلە،
ياتار ئىردىم ئول كۈن ھەرىمىم بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كىم گۇنە قىلسە قىزا چەندان كېلۇر،
كىم گىلە قىلسە قىزا چەندان كېلۇر.

— خەراباتى.

گىلە ئەتمەك — «گىلە قىلماق» قا قاراڭ.

گىلە ئەيلەمەك — شىكايەت قىلماق.

گىلە قىلماق — رەنجىتمەك، خاپا قىلماق.

گىلە ئامىز [گله اميز] (پ) خاپىلىق، خاپىلىق ئارىلاش؛ شىكايەت ئارىلاش:

مەھۇشى بىخەبەر ئەركەندىن ئانىڭ خاتىرى زارى ھەيرانىدىن شەرھى ھال ۋە غەمكەشى غافىل ئەركاندىن ئانىڭ رازى پىنھانىدىن گىلە ئامىز مەقال.

— نەۋايى.

گىلكار [گل كار] (پ) تامچى:

چۇ تامچى ئالىپ كەسپى گىلكارلىق،
جەھاننى قىلىپ قەسرۇ دىۋارلىق.

— غەرىبى.

گىلىم [گليم] (پ) گىلەم، پالاس:

گىلىمى سالىنىپ گۈلگۈنۇ زىبا،
ياسالىپ كۆرگەسى گۈلرەڭ دىبا.

— نەۋايى.

گىن [گين] (پ) «گىنە» گە قاراڭ:

بۇ يەڭلىغ ئىرۇر رەسىم ـ ئايىنلارى،
غەرب ئەلنى كۆرسە كېلۇر گىنلارى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گىنە [گينه] (پ) ئۆچ، ئاداۋەت:

بولدى بەدەشتى كەربەلا ھەددىن ئاشىپ ھەرارەتى،
باشلادى بەچچەلەرگە ئول شور، گىنە ھەم ئەداۋەتى.

— موللا سالىھ.

گىنە داغى سىنەدە ئىللەت دۇرۇر،
دەفئى بىلىڭ تازە تەھارەت دۇرۇر.

— زەلىلى.

گىيا [گيا] (پ) 1) «گىياھ» قا قاراڭ:

قونۇپ يۈزلىرىمغە يولۇم تۇفراغى،

غىزالىم گىيا ۋە شەجەر ياپراغى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئادەم:

ئەقلى كۈل بىر تۇتىيىدۇر گويىيا،
بىر تاۋۇغدۇر ئەقلى جۇزۇى ئەي گىيا.
— خەراباتى.

گىياھ [گياه] (پ) ئۆسۈملۈك، ئوت، گىيا:

ھېچ رويى زەمىندە يوق بۇ گىياھ،
دارۇلار پادشاھىدۇر كۆك چاي.
— ئەرشى.

گىياھى مېھر — مېھرگىيا (دورا ئۆسۈملۈكى).

ل

لا [لا] (ئە) ياق، يوق، ئەمەس (ئىنكارنى ئىپادىلىگۈچى ئالدى قوشۇمچە:)

بۇسە سوئالىن ئەتسەم خامۇش گۈلۈركى گويا،
زەگىسدە دۇر «نەئەم» شۇم ئانداغى «لا» مۇبارەك.

— تەجەللى.

لائەقەل — ھېچ بولمىغاندا، يوق دېگەندە.

لائىلاھە ئىللەللاھ — پەقەت بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ (خۇدا) يوق.

لابە [لابە] (پ) 1) يالۋۇرۇش، ئىلتىجا، ئۆتۈنۈپ سوراش. 2) ئالداش، ھىيلە، نەيرەڭ:

ياشلىغ ئەيلەرمۇ ۋە يا شوخلۇق قىلۇرنى بىلمەدىم،
لابەلەر كۆرگۈزمىش گۈل ھەرلەھزە يۈز تۈرلۈككىنە.

— ئەرشى.

لابەگەر [لابەگر] (ئە + پ) خۇشامەت قىلغۇچى، ھىيلىگەر.

خاجەغە شەھۋەت ئېردى مۇستەۋلى،
قىلمادى سۇد لابەگەر قەۋلى.

— نەۋايى.

لابۇد [لابد] (ئە) چارىسىز، ئامالسىز؛ پەقەت؛ بار - يوقى:

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئالەم ئەسبابىدىن ھېچ نىمە قەبۇل قىلمادى ۋە لابۇدلەردىن بىر پەشمىنە تون ۋە بۆرك ۋە بىر ئەساسى بار ئېردى.

— نەۋايى.

لات [لات] (ئە) 1) بۇت. 2) جاي ئىسمى:

بۇ مەنزىل ئاتىنى دەر ئېردىكى لات،
زىمىنلەردە ئالتۇن ئىكەن قاتۇ قات.

— ئا. نىزارى.

لاتۇمەنات — ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر چوقۇنغان بۇتلارنىڭ نامى.

لاتۇ ئۇززا — «لاتۇمەنات» قا قاراڭ.

لاتەخەف [لاتخف] (ئە) قورقما، ئەندىشە قىلما، خەۋپلەنمە:

ئەي فەنا كويىغە ئاغزىم چۈن تەۋەككۇل بولدى راست،
ھەر نېچە بۇ يول مەخۇف ئولسا قەدەم ئۇر لاتەخەف.

— نەۋايى.

لاتەقۇل [لاتقل] (ئە) سۆزلىمە، ئېيتما، گەپ قىلما:

دەير پىرى بىرلە مەي ئىچسەڭ، نەۋائىي، ئاسرا دەم،
بولسا فەھم ئېبرىق ئۈنىدىن گەرچە قول - قول لاتەقۇل.

— نەۋايى.

لاتپەرەست [لات پرست] (ئە + پ) بۇتقا چوقۇنغۇچى، بۇتپەرەس.

لاتۇسرىفۇ [لاتسرفوا] (ئە) ئىسراپ قىلماڭلار.

لاجەرەم [لاجرم] (ئە) شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ سەۋەبتىن؛ ئەلۋەتتە؛ شەكسىز، شۈبھىسىز:

مېنىڭ ئىشىم سېنىڭ ھۆسنۈڭ نىگارا،
تۈشۈپدۇر لاجەرەم ھۆسنى تەغابۇل.

— زەلىلى.

زەبان سەيقەل گەرى ئايىنەئى ئىقلىمى مەئنىدۇر،
ئەيان ئەيلەرگە باتىن مەخزەنىنى لاجەرەم تەنھا.

— زەلىلى.

لاجۇرئە [لاجرعه] (ئە) بىراقلا، بىر يولى، دەم ئالماستىن، تىنماستىن، توختىماستىن:

قويۇپ قۇلاغىمە ئىلكىنى كى تۆكتى ئاغزىمە جام:
سۈمۈرمىسەم ئانى لاجۇرئە زار ئەيتەر ھەم.

— سەبۇرى.

لاجۇرئە چەكمەك — دەم ئالماي، بىراقلا، بىر يولى سۈمۈرمەك.

لاجۇرئە ئىچمەك — بىراقلا، بىر يولى قالدۇرماي ئىچمەك.

لاجۇۋەرد [لاجورد] (پ) 1) توق (قېنىق) كۆك رەڭلىك تاش. 2) كۆك رەڭ (تۈس):

قىلدى تەمەننا فەلەك لاجۇۋەرد،
بولغاي ئىدى خاجە ئىشكىدە گەرد.

بۇ نە ئەلەم، ئەي فەلەكى لاجۇۋەرد،
سىنەگە ھەردەم قويارسەن داغ - دەرد.

— زەلىلى.

لاجۇۋەردىي [لاجوردى] (پ) توق (قېنىق) كۆك تۈسلۈك، كۆك رەڭلىك.

لاجۇۋەردىي ئەتلەس — كۆچمە: زەڭگەر ئاسمان.

لاجۇۋەردىي تاق — «لاجۇۋەردىي ئەتلەس» كە قاراڭ.

لاجۇۋەردىي چەرخ — «لاجۇۋەردىي ئىتلىس» كە قاراڭ.

لاجۇۋەردىي دەۋات — كۆك رەڭلىك ساپال سىياھدان.

لاچ [لاچ] (پ) ئالدام، ھىيلە ـ مىكىر.

لاچە [لاچە] (پ) «لاچ» قا قاراڭ.

لادە [لادە] (پ) ئەخمەق، ئەقىلسىز، پەمسىز؛ ھاياسىز:

سېنى ئىشقىدىن مەنئ ئېتەر سادە شەيخ،
دىمە سادە شەيخ، ئايتكىم لادە شەيخ.

— نەۋايى.

لازىم [لازم] (ئە) زۆرۈر، كېرەك، لازىم:

قاراپ كۆرگىل تەمام ئۇنمەككە بىر ئۇندۇرگۇچى لازىم،
ۋۇجۇدى دانەگى گەندۇمغە ئىسباتى ساما پەيدا.

— شەۋقى.

لازىم كەلمەك — 1) زۆرۈر بولماق؛ ئېيتماق.
2) زاھىر (ئاشكارا) بولماق؛ كېلىپ چىقماق.

لازىمى ئىشق — دائىمىي ھەمراھ، مەنتىقىي نەتىجە.

لازىمە [لازمە] (ئە) لازىم بولغان، كېرەك بولغان نەرسە:

ھەمە لازىمەسىن مۇھەييا قىلىڭ،
كى شەھلىق رۇسۇمىنى بەرپا قىلىڭ.

— ئا. نىزارى.

لاس [لاس] (پ) ئېپەك تۈزۈندىسى، توزغىقى (قەدىمكى ۋاقىتلاردا سىياھقا قوشۇپ، پارقىرىغۇچى ماددا سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن):

ھەمانەكى يۇر چاغدا لاسىن ئانىڭ،
سىلايە قىلۇردا قاراسىن ئانىڭ.

— نەۋايى.

لاش [لاش] (پ) ئۆلۈك تەن، جەسەت:

ئۆلگەن ئىتىمن، ئەي خەستە نەۋائىيو رەقىبىن،
چۇن كۆرسەم ئىتى ئاللىدە لاشىڭ ساغىنۇرمەن.

— نەۋايى.

لاشە [لاشە] (پ) 1) «لاش» گە قاراڭ. 2) يېغىر ئېشەك؛ ئات:

سەرۋ يانىدە چىقارۇر خاشەسىن،
رەخش خىرامىدە سۇرەر لاشەسىن.

— نەۋايى.

لاغ [لاغ] (پ) 1) ھەزىل، چاقچاق، ئويۇن؛ ئەرمەك.
2) ھىيلە، نەيرەڭ.

لابەۋۇ لاغ — ھەزىل ۋە مازاق؛ بىھۇدە ئويۇنلار؛ ھىيلە ـ نەيرەڭلار.

لاغ ـ لاغ [لاغ لاغ] (پ) 1) لاۋۇلداش؛ چوغنىڭ لاۋۇلداپ يېنىشى:

ئەجۇزىكىم كېلىپدۇر بىكرى مانەند،
چېكەر ئاقسۇن ئوچۇن يۇز لالە لاغ ـ لاغ.

— ئەرشى.

2) تىترەش، لاغىلداپ تىترەش:

مۇسا كەلىمۇللاھ دېمىش «يارەببى ئەرىنىنىزۇر ئىلەيك»
ئىشق ـ مۇھەببەت زورىدىن تىترەر ئىمىشلار لاغ ـ لاغ.

— شەۋقى.

لاغ ـ لاغ ئەيلەمەك — لاۋۇلدىماق.

لاف [لاف] (پ) 1) سۆز، تەرىپ؛ بايان. 2) دەۋا. 3) لاپ، ماختىنىش:

بىھۇدە غەۋۋاس ناكام ئۇرماغىل لافۇ كەزاب،
كىرسە غەرق ئولماي قالۇرمۇ ئىشقىنىڭ دەرياسىغە.

— موللا سالىھ.

لاف ئۇرماق — مۇبالىغە قىلماق، كۆپتۈرۈپ سۆزلىمەك:

«ئاشىقى سادىقمە» دەپ لاف ئۇرماغىل، ئەي بۇلھەۋەس،
نەمەدىڭ باردۇر، نە ئىخلاس ئىشقىغ دەئۋاسىغە.

— موللا سالىھ.

لافى غەزاف — يالغان دەۋا قىلىش.

لافى فەنا ئۇرماق — يوقلۇق لاپىنى ئۇرماق، بايان قىلماق.

لافى ۋەھدەت — يېگانىلىق دەۋاسىنى قىلماق.

لافىز [لافظ] (ئە) سۆزلىگۈچى، تىلغا ئالغۇچى، تەلەپپۇز قىلغۇچى:

شەيخ ئەۋھەدىددىن ۋە مەئانىي ئەداسىغە لافىز خاجە شەمسۇددىن مۇھەممەدۇل ـ ھافىز.

— نەۋايى.

لال [لال] (پ) 1) تىلسىز؛ تىلسىزلىق، تىلى تۇتۇلۇش:

داغى قۇدرەتى يوق ئىشتىمەككە ھەم،
زەبان گۇنگى لالۇ قولاقدۇر ئۇمەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھەيران:

ئىشىتتى سۆزۈمنى بولۇپ ئەقلى لال،
كۆزى تۇردى ئاندىن قىلۇرغە مىسال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لال ئەيلەمەك — ھەيران قىلماق، گاڭگىرىتىپ قويماق:

بۇ يەڭلىغ خىيالى مەھال ئەيلەدىم،
ئۆزۈمنى خىيال ئىلە لال ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لال بولماق — ھەيران بولماق، (ھەيرانلىقتىن قېتىپ) تىك تۇرماق.

لال ئولماق — «لال بولماق» قا قاراڭ.

لال ئولۇپ ۋەسفىڭدە ئەرشى بولدى بۇدەم گەر خەمۇش،

فەخرىنى لۇتفۇڭدىن ئانى بولسە ھەم قىل مۇللەيۇش.
— ئەرشى.

لالە [لالـه] (پ) 1) لالـە (لالـە ناملىـق گـۈل، لەيلىگۈل) :

ئېتىقاد ئەتمە گۈلۈ لالە ئۈنۈپدۇر دەشت ئارا،
ئىشق زەخىم ئەتكەن يۈرەك قانىن تامىزغاندۇر كۆزۈم.
— گۇمنام.

گۈلى كاككۇك، گۈلى نەسرىن، لالە،
گۈلى ھىندۇ، گۈلى كەشمىرۇ ژالە.
— خىرقەتى.

2) قىزىل، قان:
قاشلارى فەررۇخ ھىلالى تىشلارى دۇررى گۆھەر،
لالە يەڭلىغ لەبلەرىنىڭ لەئلى ناپەيداسى بار.
— ئەرشى.

لالە ئەيلەمەك — قىزارتماق.

لالە روي — لالـە يۈزلـۈك، قىـزىل يۈزلۈك، گۈل يۈزلۈك.

لالەرۇخ — لالە يۈزلۈك، قىزىل يۈزلۈك؛ لالىدەك گۈزەل، مەشۇقە.

لالە رۇخسار — قىزىل يۈز، گۈزەل.
ئەلا، ئەي سەرۋى بويلۇق لالە رۇخسار،
كۆزۈڭ جەيرەن مەڭگىدۇر مۇشكى تاتار.
— سەيد ئەھمەد.

لالە ئۇزار — «لالە رۇخسار» غا قاراڭ.
چىقسام كوچىغا، ئول شەھسۇۋارىم كېلەدۇر،
گۈل غۇنچەسىدەك لالە ئۇزارىم كېلەدۇر.
— گۇمنام.

لالە ئۇزاران — لالە يۈزلۈك، قىزىل يۈزلۈك، چىرايلىق:
كەلسە قاشىغە قىلغالى سودا شەھ ـ گەدا،
ھەمە مەھۇشان لالە ئۇزاران سىيم تەن.
— سەبۇرى.

لالەئى ئەشك — قانلىق كۆز يېشى، ئاچچىق يىغا.

لالەئى ئەھمەر — لالىگە ئوخشاش قىزىل:
گەرچە گۈل بولبۇلنى قىلدى يۈرەكىنى قىلدى داغ،
تاپتى داغى يۈرەكىگە لالەئى ئەھمەر نەسىب.
— قەلەندەر.

لالەئى نوئمان — توق قىزىل لالە، ئەڭ چىرايلىق لالە.

لالەبار [لالەبار] (پ) لالە ياغدۇرغۇچى، قىزارتقۇچى:
ساقىي كېتتۇر سۇراھى ئىلە لالە گۈن قەدەھ،
خاسسە بۇ دەمكى سۇبھ ئېلى لالەباردۇر.
— نەۋائى.

لالەزار [لالەزار] (پ) 1) لالىزار:
كۆرۈپ ئەھلى تاماشا نەۋبەھارى لالەزارى دەر،
باغىر قانىن شەفەقگۈن ئەيلەگەن گاھى ئۇزارىمنى.
— ئەرشى.

دامەنى سەھرا دېمەسلەر لالەزارى بولماسا،
زىننەتى گۈلشەن بېرۇرمۇ سەبزەزارى بولماسا.
— زەلىلى.

2) نازاكەت، پاكىزلىك:
ئەي لۇتف جەھانىنىڭ بەھارى،
يۈزۈڭ بۇ بەھار لالەزارى.
— نەۋائى.

لالەستان [لالىستان] [ ] (پ) «لالەزار» غا قاراڭ.

لالەفام [لالەفام] (پ) لالىدەك، قىزىل، «لالەگۈن» غا قاراڭ.

لالەكار [لالەكار] (پ) 1) لالە تىككۈچى، لالە ئۆستۈرگۈچى؛
2) قان ياش سەپكۈچى.

لالەگۈن [لالەگون] (پ) لالىگە ئوخشىغان، لالىرەڭ، قىزىل:
سېلى ئەشكىم لالەگۈندۇر لەئلى رەخشانىن كۆرۈپ،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر زۇلفى پەرىشانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

لالەگۈن لىباس — 1) قىزىل، لالە تۈسلۈك لىباس (كىيىم). 2) قانغا بويالغان.

لالەۋار [لالەوار] (پ) لالىرەڭ، لالىدەك قىزىل:
تېكرەمدە ئاھدىنكى ئېرۇر، ئەي نەۋائىي، ئوت،
كۆز قانىدىن دېمە ئېتەگىم لالەۋاردۇر.
— نەۋائى.

لام [لام] (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ل» ھەرپىنىڭ نامى.

لامەكان [لامكان] (ئە) 1) ماكانسىز، ماكانغا ئالاقىسى يوق:
تەلەب ئەيلەر خۇدايى لا مەكانىنى،
رىيازەت ئىچرە تاشلاپ خەستە جانىنى.
— ناقىس.

2) مەنىۋى ئالەم، ئۇ ئالەم:
ئوخشاماس كەئبىغە شەمسى كەيفىكى فەيزى مەسىھ،
لامەكان سەير ئولغۇسى بۇ نەشئەدىن تاتقان گەدا.
— ئەرشى.

لام-ئەلىف [لام الف] (ئە) 1) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ل» ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپلىرىنىڭ بىرىكمىسى «لا» نىڭ نامى.

2) كۆچمە م: قول قوۋۇشتۇرۇش:

قولىن لام ـ ئەلىف قەددىنى خەم قىلىپ،
ئوقۇپ ھىرزلارنى ئاڭا دەم قىلىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لامىئ [لامع] (ئە) يالتىرىغۇچى، پارلاق؛ نۇر چېچىپ تۇرغۇچى:

خۇرشىدى ئەزەل كىمسەگە بوسا لامىئ،
زەراتى جەھان نۇرىغە بولماس تابىئ.
— ئابىت.

لامىئ بولماق — يالتىرىماق، پارقىرىماق، نۇر چاچماق؛ **لامىئ تۇلۇئ قىلماق** — نۇر تارقاتماق.

لاھەۋل [لاحول] (ئە) دۇئانىڭ بېشى:

يۇمۇپ ئاغزىنى قىز دېمەي قەۋلنى،
مەگەر ئايتۇر ئېردىكى «لاھەۋل» نى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لاھەۋل دېمەك — لاھەۋل (قورققان پەيتتە ئوقۇيدىغان مەلۇم دۇئانىڭ باشلىنىشى) ئوقۇماق؛ مەدەت تىلىمەك.

لاھىق [لاحق] (ئە) قوشۇلغان؛ ئارقىسىدىن بارغان؛ ئارقىسىدىن بارغۇچى:

بۇرۇنقى ئىككى ھەرفى ھەر بىرىنىڭ داغى بىر كەلدى،
تەلەففۇز ھالەتىدە ئولكى سابىق، يوقسە لاھىقدۇر.
— نەۋايى.

لائۇبالى [لاابالى] (ئە) بىپەرۋا، بىغەم، پەرۋاسىز:

سالىپ ھەر سارىدىن تىغى لائۇبالى،
ئەدۇۋدىن قىلغاسەن ئالەمنى خالى.
— نەۋايى.

لائۇبالىۋەش [لاابالى وش] (ئە + پ) بىپەرۋادەك، بىغەمدەك:

ھافىزى سەئد... چۈن لائۇبالىۋەش ۋە شوخ تەبئراق كىشى ئېردى.
— نەۋايى.

لائۇبالىي [لاابالى] (ئە) «لائۇبالى» غا قاراڭ.

لائۇھسى [لااحصى] (ئە) سان ـ ساناقسىز، ساناپ بولماسلىق:

سەنائۇ زاتىڭ ئىچرە تاپىپ ئەجز ئەھلى ئىدراك،
ئەمى لائۇھسى ئايتىپ زەمانى ماڭەرەفناك.
— نەۋايى.

لاۋەبال [لاوبال] (ئە) گۇناھسىز، نۇقسانسىز:

غەمىڭدىن ئۆزگەنىڭ دەفئىن تىلەر بۇ خەستە گۇمنامىڭ،
سىنىڭ ئىشقىڭدا جانا تۇرفە رىند لاۋەبالىدۇر.
— گۇمنام.

ئەرشى، ياشلار ۋەسفىدە ياشلىقلىقىڭنى قويمايسەن،
لاۋەبالىقدىن دېدىڭ سۆزلەر، بول ئەمدى شۆككىنە.
— ئەرشى.

لاۋۇ نەئەم [لاونعم] (ئە) «ياق ـ ھە، ئەمەس ـ شۇنداق»، شۇنداقمۇ ياكى ئەمەسمۇ، ھەمۇ ياكى ياقمۇ:

زەلىلىدىن رەمۇزى مەئنىنى لاۋۇ نەئەم سورماڭ،
كى مەن دىۋانەنى لايەئقىلى روزە ئەلەست ئولدۇم.
— زەلىلى.

لايە [لايه] (پ) يېپەكلىك توقۇما.

لايەتەجەززا [لايتجزا] (ئە) بۆلۈنمەس، ئىككىلەنمەس.

جۇزئى لايەتەجەززا — بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان.

لايەزال [لايزال] (ئە) يوق بولمايدىغان، يوقالمايدىغان، دائىمىي؛ ئەبەدىي، ئۆلمەس:

كەل ئەي مەشرەب ئۇمىد ئەتكىل، خۇدايىڭ لايەزال ئېرمىش،
مۇھەممەد مۇستەفا ھەققى مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈزگىل.
— مەشرەپ.

غەنى لايەزال — مەڭگۈ ھەممىنىڭ ئىگىسى.

دېدىم: *ئەي خۇدايى كەرىم بىمىسال،*
ئەھەد سەن، سەمەد سەن، غەنى لايەزال.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەييۇ لايەزال — تىرىك، دائىمىي؛ خۇدا.

لايەمۇت [لايموت] (ئە) ئۆلمەس، تىرىك:

بارچە قۇشلار ئىچرە ھەييۇ لايەمۇت،
ماڭا قىسىم ئەتمىش ئۇلۇس ئىلكىدە قۇت.
— نەۋايى.

لايەنفەك [لاينفك] (ئە) ئاجرالماس، ئايرىلماس؛ ئاجرالمايدىغان دەرىجىدە چىپىسلىشىپ كەتكەن:

كۆڭلۈمە جۇزۋ ئولدى پەيكانىڭكى، چىقماس تارتىبان،
جۇزۋ ـ جۇزۋ ئولسا كۆڭۈل، ئول جۇزۋ ئېرۇرلايەنفەكىم.
— نەۋايى.

لايەئقىل [لايعقل] (ئە) ئەقىلسىز، دىتسىز، بىھوش:

مۇمكىن ئېرمەس، ئەرشىيا. ھوشىغە كەلمەك تائەبەد،
مەستدۇر كۆرگەچ بۇ يەڭلىغ مەستى لايەئقىل يىگىت.
— ئەرشى.

لايەئقىل ئەيلەمەك — ھوشسىز قىلماق.

لايۇئەدد [لايعد] (ئە) سانسىز، ساناقسىز:

لايۇئەدد ۋە لايۇھسا — ھېسابسىز، سانسىز، ناھايىتى كۆپ.

لايۇئەددۇ [لايعد] (ئە) ھېسابسىز، ساناقسىز:

لايۇئەددۇ ۋە لايۇھسا — سان ـ ساناقسىز.

لايىھ [لايح] (ئە) [كۆپلۈكى: لەۋائىھ] ئوچۇق، ئاشكارا، كۆرۈنۈپ تۇرغان:

بۇ كارخانىغا دەخل ئېيلىمەك ئەدەب ئېرمەس،
نە دەخل كىمسەگە، ھەر نەكى مىھىر ئېتەر لايىھە.
— نەۋايى.

لايىھە [لايحه] (ئە) «لايىھە» قا قاراڭ.

لە [له] (ئە) ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ؛ ئۇنىڭغا نىسبەتەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن:

بۇ نەزم تارىغە مەئنى دۇرىن تىزىپ ئەرش،
سۇخەنسەرا لە يۈزىن مىسلى كەھرەبا قىلايىن.
— ئەرشى.

لەئالىي [لالى] (ئە) [بىرلىك: لۇئلۇ] مەرۋايىتلار، ئۈنچىلەر:

لەئالىيى ئەنجۇم ئايىن — يۇلتۇزدەك چېچىلغان مەرۋايىتلار.

لەب [لب] (پ) 1) لەۋ:

لەبىنى شۇرغالى قىلدى خىيال بۇ گۇمنام،
نەسىب بولماي ئاياغ بوسىغە رىزا بولدۇم.
— گۇمنام.

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب،
ئىككى زۇلفۇڭ سايىسىغە ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب.
— قەلەندەر.

2) ئاغىز، تىل:

شىرىن لەبىدىن بەردى مەگەر ۋەئدەئى ئول شوخ،
جان نەقدىنى ئىلكىمگە ئالىبان بارا قالدىم.
— ئەرشى.

بەھەمدۇللاھ ئولكۈن ئاچىپ سىزگە لەب،
كى ناھەق ئۇلار دەپ گۇناھىن تىلەپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لەب تىشلىمەك — ناز قىلماق؛ لېۋىنى چىشلىمەك.

لەب شور ئەيلىمەك — ئىشقتا دۇچار بولماق؛ ئاشىق بولماق.

لەبىنى بەند ئەتمەك — لېۋىنى باغلىماق (بەند قىلماق)؛ خامۇش بولماق.

لەبىنى مەي ئالۇد ئەتمەك — لەۋ مەيگە تەگمەك، لەۋنى مەي بىلەن ھۆلدىمەك.

لەبى خەندان — كۈلۈپ تۇرىدىغان.

گۈل سۆيەت گۈللۈكتە تۇرساڭ نىستەرىن بولغاي خىجىل،
كۆرمەدىم ھەرگىز مالالىقدا لەبى خەندانىمۇ سەن.
— موللا بىلال.

لەبى لەئلى — لېۋى قىزىل.

لەبى لەئلى تۈنى لەئلى سەراپا لەئل گەر كەلسە،
دېمەك بىر گۈل قەبا، بىلكىم قەزايى ئاسمانىمدۇر.
— ئەرشى.

لەبى لەئلى ئەقىق — چىنتاشتەك قىپقىزىل لەۋ:

نىمايان بولغانىدىن سۇنبۇلى تەر بولماغىل دىلگىر،
لەبى لەئلى ئەقىقىڭ ئۆزرە ئول خەتتى بېراتىمدۇر.
— زەلىلى.

لەبى لەئلى بەدەخشان — بەدەخشان چىنتېشىدەك قىزىل لەۋ.

قايسى گۈلزار ئىچرە بىر گۈل ئاچىلۇر مۇسىنۇڭ كەبى،
قايسى گۈلبەرگ لەبى لەئلى بەدەخشانىڭچە بار.
— گۇمنام.

لەبى لۇتفى — يۇمشاق، مۇلايىم لەۋ.

لەبى لۇتفى بىلە ئوتلۇغ ئۆزارى شىۋەسىن بىلدىم،
بىرىگە قەسد ئىرگۈزمەك ئىكەندەك بىرگە كۆيدۈرمەك.
— ئەرشى.

لەبى مەيگۈن — لەئلى لەۋ؛ مەي، قىزىل رەڭلىك مەي.

لەبى ئۈنابگۈن — ئانار رەڭ لەۋ، قىزىل لەۋ.

لەبالەب [لبالب] (پ) لىپمۇلىق، لىق تولغان؛ يېتەرلىك، يېتەرلىك دەرىجىدە:

دېدىكىم: پىيالە كەتۈرگىل ماڭا،
لەبالەب قۇيۇپ مەي يەتۈرگىل ماڭا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) كەم - كۈتىسىز؛ باراۋەر:

قويۇپ يەنە ئۇستادى بانىي ھەسەب،
قويۇپ تاشنى تاشقا لەبالەب.
— نەۋايى.

لەب - بەلەب [لب بلب] (پ) «لەبالەب» كە قاراڭ.

لەبتەشنە [لب تشنه] (پ) چاڭقىغان، ئۇسسىغان؛ تەشنا:

قايسى لەبتەشنىغە تۇتتى قەدەھى ساق نەشات،
كىم يەنە قىسمى ئانىڭ دۇردى فەنا ئەيلىمەدى.
— نەۋايى.

لەبرىز [لبريز] (پ) لىق تولغان، تولۇپ تېشىپ كەتكەن:

كېچە جامى نۇرغە ئاي جامى كەبى لەبرىز ئېرۇر،
بارسا گەر دەر يۈزە ئەيلەپ گىسرىي دىدارىغە
— مەشھۇرى.

لەبىب [لبيب] (ئە) ئەقىللىق، زېرەك:

دېدىكىم: تاپىڭلار ماڭا بىر تەبىب،
كى جەرراھ بولغاي بەغايەت لەبىب.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لەت [لت] (پ) ئۇرۇش، يانچىش؛ زەربە.

لەت يېمەك — زەربە يېمەك، شىكەستلەنمەك:

... بەگزىكى ئايتىلەر لەت يېدىلەر.

— نەۋايى.

لەتافەت [لطافت] (ئە) گۈزەللىك، نازۇكلۇق؛ مۇلايىملىق؛ مېھرىبانلىق؛ پاكلىق:

بار ئىردىكى ئەلنىڭ كەنىزەكلەرى،
لەتافەتدە گۈلدەك قىزىل رەگلەرى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

سەن كېتىپ ئەي، جانىجان جانىمدا راھەت قالمادى،
زايىقەمدە زەۋق، تەبئىمدە لەتافەت قالمادى.

— مەشھۇرى.

بارىقەئى لەتافەت — گۈزەللىكنىڭ كۆركەم ۋە ياشناقلىقى.

لەتافەت جويبارى — گۈزەللىك؛ پاكلىق.

لەتافەت سۇيى — گۈزەللىك، پاكلىق سۇيى:

سەن لەتافەت سۇيى بىرلە يۇغرۇلۇپدۇرسەن تەمام،
ئۆزگەلەرنىڭ ھۆسنى بولسا، زىبۇ زىيۋەردىن لەتىف.

— ئاتايى.

لەتافەت شەھرى — گۈزەللىك، نازۇكلۇق شەھرى، پاكلىق، مۇلايىملىق شەھرى:

پەرىلەر يۇرتى، بۇتلەر كىشۋەرىدۇر،
لەتافەت شەھرى نازۇكلار يېرىدۇر.

— لۇتفى.

لەتافەت گۈلشەنى — گۈزەللىك، پاكلىق، مېھرىبانلىق گۈلشەنى:

لەتافەت گۈلشەنىدە گۈل كەبى سەبزى خۇررەم قال،
مەن ئەرچە دەھرى باغىدىن خەزان يەفراغىدەك باردىم.

— بابىر.

لەتافەت نەفلى لەتافەت مەھزەنى — گۈزەللىكلەر خەزىنىسى.

لەتايىف [لطايف] (ئە) [بىرلىكى: لەتىفە] لەتىپىلەر، نازۇك مەنىلىك سۆزلەر، ئاجايىپ ھېكايىلەر:

... تۇپراقدىن تۇرلۇك رىياھىنلەر ھۇۋەيدا قىلغاندەك خاتىرىم بوستانلارىن لەتايىف گۈللەرى بىرلە پىراستە ئەيلەر ئىردى.

— قىدىرخان يەركەندى.

لەتايىف تەبئ — نازۇك مىجەز، نازۇك خاراكتېر.

لەتايىف دەرج قىلماق — لەتىپىلەر قەيد قىلماق، ئېيتماق.

لەتتە [لته] (پ) لاتا، رەخت؛ ماتا پارچىسى:

ئاسمان كۆك لەتتىسىغە چىرمالغاندەك مېھرىنى،
بىر قارا رەڭگىن ئىچىدە دۇررى پىنھاندۇر كۆزۈم.

— گۇمام.

لەتىف [لطيف] (ئە) نازۇك، مۇلايىم؛ گۈزەل، كېلىشكەن؛ نەپىس؛ يېقىملىق؛ پاكىز، پاك - غۇبارسىز:

ھەجرىدىن يەتتە ئاتايى نالەسى كۆككە نە ئەيب،
چۈن تاپىلماس دۇنيادا گۈل ماھى پەيكەردى لەتىف.

— ئاتايى.

بىرىپ ئىككىسىگە ياكى جامەلەر،
غىزايى لەتىف خورۇ ئاشامالەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لەتىفە [لطيفه] (ئە) 1) «لەتايىف» قا قاراڭ. 2) ياخشىلىق:

ئىلاھا تەگرى قىلغاي بىر لەتىفە،
كى تاپقاي بۇ شەرەفنى گۈل شەرىفە.

— لۇتفى.

لەجاج [لجاج] (ئە) مەھكەم تۇرۇش؛ جىددىيلىك:

قاقىل نەۋائىي ئۇشبۇ ئىشىكنى لەجاج ئىلە،
كىم سابىت ئولدى فەقردە مەزمۇنى «مەن قەنەئى.»

— نەۋايى.

لەچەك [لچک] رومال، لېچەك:

تۈلۈك ئۆزرە ئايدىنۇ ئايدىندە سۈيە ئىركىنمۇ،
ۋەيا ساچىڭدە بۇرۇنچەك گۈزە لەچەكمۇ ئىكىن؟

— نەۋايى.

لەخت [لخت] (پ) بۆلەك، پارچە.

لەخت - لەخت — پارچە - پارچە، بۆلەك - بۆلەك.

لەختە [لخته] (پ) پارچە-پارچە، زىدە، «لەخت» كە قاراڭ:

ھۆسنىغە زىينەت بىرىپ قىلدى يۈرەكنى لەختە قان،
تۆكتى قانىم ساھىبى لۇئلۇئ مەرجانىمغە ئايت.

— غەرىبى.

لەخشە [لخشه] (پ) 1) پارچە - پارچە، زىدە، «لەخت» كە قاراڭ:

يوق ئىرسە، ئاھۇ فەرياد ئەيب ئەمەس، چۈن لەخشەدۇر جىسمىم،
قەدەم تاقويدى ئىشقىڭ دۇرلارىم فاش ئەتتى كۆز بەل ھەم.

— گۇمنام.

2) ئۇچقۇن، يالقۇن، ئوت، چوغ:

بە ناگاھ كەلدى گۈلنى كۆردى بۇلبۇل،
ئاچىلىپ لەخشە يەڭلىغ ھەر قىزىلگۈل.

— خىرقەتى.

لەخشەئى چوغ — كۆيۈپ تۇرغان، يالقۇنلاپ تۇرغان چوغ:

بولۇپ ئىشق ئىچرە بۇلبۇل زارى ئەبتەر،
ئىچىدۇر لەخشەئى چوغ، تاشى ئەخكەر.

— خىرقەتى.

لەدۇن [لدن] (ئە) غايىۋى، ئىلاھىي، «لەدۇننىي» گە قاراڭ:

نۇش قىلىپ جامى مەيۇ لالەگۇن،
مەۋج ئۇرۇپ كۆڭلىدە ئىلمى لەدۇن.

— زەلىلى.

لەدۇننىي [لدنى] (ئە) غايىب، ئىلاھىي:

لەدۇننىي ئۇلۇم — غايىب ئىلىم، ئىلاھىي ئىلىملەر.

لەرز [لرز] (پ) تىترەش، قىمىرلاش، لەرزە:

دېمىلەركى، بىر نەۋئ يەردۇر بۇ مەرز،
كى سالۇر تىسەۋۋۇر ئانى جانغە لەرز.

— نەۋايى.

لەرزان [لرزان] (پ) تىترىگەن؛ جاراڭلىق، يېقىملىق، لەرزان:

بولۇپ گۇل بۇلبۇلى زارىغا نازان،
ئېگىلۇر ھەر تەرەف چۇن بىد لەرزان.

— خىرقەتى.

لەززات [لذات] (ئە) [بىرلىكى: لەززەت] «لەززەت» كە قاراڭ؛ لەززەتلەر، خۇرسەنلىكلەر، ئەيشۇ ئىشرەتلەر:

جەھان لەززاتىنى شىرىن كۆرەرسەن لېك بەندىگەر،
گىرىفتار ئولما، ۋاقىف بولكى قەيدۇ قەند ئېرۇر مانەند.

— نەۋايى.

لەززەت [لذت] (ئە) تەملىك، تاتلىق، شىرىنلىك؛ ھۇزۇر - ھالاۋەت:

يار ۋەسلىن ئىزدەسەڭ قويغىل بۇ ئالەم لەززەتىن،
رەنجى چەكمەي گەنج تاپماي كىم سەفا بولدى دەرىغ.

— شەۋقى.

لەززەت تاپماق — لەززەتلەنمەك، راھەتلەنمەك.

لەززەتى جىسمانىي — جىسمانىي لەززەت.

لەززەتى لەئلى شەكەر — شېكەردەك تاتلىق، شېكەردەك شېرىن، ئاجايىپ تاتلىق.

پەرتەۋى ھۇسنۇڭ قەمەرمۇ، لەززەتى لەئلى شەكەر،
بولۇبان شىرىن سەمەر ھەر سۆزىدىن ھاسىل يىگىت.

— ئەرشى.

لەززەتى ۋەسلى — قوشۇلۇش لەززىتى:

گەر يىراق تاشلارسە ئۇل ھەم، خوب ئېرۇر، دەر ھېچكىم،
بىلمەس ئېردى لەززەتى ۋەسلىگنى ھىجران بولماسا.

— ئەرشى.

لەزىز [لذيذ] (ئە) لەززەتلىك، مەززىلىك:

ئارەزى رەخشان، ساچى سۇنبۇل، كۆزى بادامى تەر،
ھەر سۆزى قەندىن لەزىزراق، شەككەر ئەفشان سەنمۇسەن.

— موللا سالىھ.

پىستە ئاغزىنىڭ ئىچىدە تىشلەرى دۇردانەدۇر،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز، شىرىن گۇفتار ئەيلەگەچ.

— نەۋبەتى.

لەشكەر [لشكر] (پ) ئەسكەر، قوشۇن، لەشكەر:

خالى خەتتىنىڭ سىپاھىدىن جەھانگىر ئولدى يار،
ۋەرنە شاھ ئىقلىمىنى ئالغايمۇ لەشكەر بولماسا.

— زەلىلى.

لەشكەرى نەززارە — لەشكەرلەرنى تاماشا قىلىش:

دېمە كويىدا ھەرسارى ئاچىلغان نەرگىسى شەھلا،
سەرا - سەر رەھگۇزارىن لەشكەرى نەززارە ياستانمىش.

— ئەرشى.

لەشكەرى يەغما — ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭ - تالىڭى، بۇلاڭچى ئەسكەرلەر:

داغلىغ كۆڭلۇم تالاشقان ئاش ئىلە كۆزلەرگە،
پۇللۇق ئۆي ئۆزرە بۇ كۇلگەن لەشكەرى يەغمانى كۆر.

— ئەرشى.

لەشكەر ئارا [لشكرآرا] (پ) غالىب، يەڭگۈچى؛ جەڭدە قوشۇن سېپىنى تەرتىپكە سالغۇچى:

چۇ كۆڭلى بولۇپ تېنچ، يۈز تىغزەن،
بارى لەشكەر ئارايۇ لەشكەر شىكەن.

— نەۋايى.

لەشكەرشىكەن [لشكرشكن] (پ) جەڭچى؛ سەپ بۇزار؛ غالىب:

بارىن ھازىر ئەتتى تۈزۈپ ئەنجۇمەن،
دېدى ئەنجۇمەن سازى لەشكەرشىكەن.

— نەۋايى.

لەشكەركەش [لشكركش] (پ) لەشكەر بېشى، قوماندان سەركەردە:

مۇرىدى مۇخلىسىڭدۇر ھەر بىرى لەشكەركەشى ئەرۋاھ،
ھىدايەت قىلغالى ئۇمرەھلەرنى قۇتبى جەھان دەرلەر.

— زەلىلى.

لەغۋ [لغو] (ئە) بىمەنە، بىھۇدە، بىكار؛ ئەرزىمەس، كېرەكسىز.

لەغۋ قىلماق — بىكار قىلماق.

لەفز [لفظ] (ئە) سۆز، ئىبارە؛ تىل:

ئەدەب بىرلە بانۇغە بەردى جەۋاب،
كى ھەر لەفزى ئانىڭ چۇ دۇررى خۇشاب.

— ئا. نىزارى.

ھۇر ۋەسلى بىرلە ئۇچماق قۇشلاردىن لەفزىن دېمەي،
گاھى - گاھى شىۋەئى شىرىن زەبانىم بىلسە بەس.

— ئەرشى.

لەفز بەلەفز — سۆزمۇ سۆز.

لەفز بىمەناسى — سۆز تۈزۈلۈشى؛ ئۇسلۇپ.

لەفز جىسمى — يېزىق كۆرۈنۈشى.

لەفزى رەڭگىن — گۈزەل، يېقىملىق سۆز، مەزمۇنلۇق سۆز.

لەفزى مۇھەببەت — شېرىن سۆز.

بىلىڭ تۆرت ھەرف كېرۇر لەفزى مۇھەببەت،
ئانىڭ ھەر ھەرفىن ئەتتىم ھەفتە قىسمەت.

— خىرقەتى.

لەففاز [لفاظ] (ئە) 1) سۆز ئۇستىسى، سۆزمەن، ناتىق. 2) ئەزمە:

كۆڭۈل ئاللىدە غەمنى قىلما تەلەففۇز، تىلىكىم،
يەتكۈرۈر ئەھلى مەئانىيغە مەلالەت لەففاز.

— نەۋايى.

لەقەب [لقب] (ئە) لەقەم، نام، ئاتاق؛ سۈپەت:

ئاتى خىسرەۋ، لەقەب ئاتىغە پەرۋىز،
بۇ ئاتۇ بۇ لەقەب شۆھرەت قىلىپ تىز.

— نەۋايى.

لەقۋە [لقوه] (ئە) لەقۋا، پالەچ؛

مەۋلانا قۇدسىي... ئاغزىدا لەقۋە مەرەزى بار ئېدى.

— نەۋايى.

لەك [لك] (پ) يۈزمىڭ:

كى ھېساب ئىچرە بار ئېدى ئۇن لەك،
ھەر لەكى ئۇن تۇمەن كېلىپ بىشەك.

— نەۋايى.

لەكەد كوب [لكدكوب] (پ) تېپىلىپ يېيىش؛ ئاياغ ئاستى بولۇش، پايمال بولۇش:

لەكەد كوبى زىماندىن يۈز مەلالى،
بولۇپ ئالەم ئېلىنىڭ پايمالى.

— نەۋايى.

لەكەن [لكن] (پ) «لەگەن»گە قاراڭ.

لەكنەت [لكنت] (ئە) دۇدۇقلاش، دۇدۇقلۇق، تىل تۇتۇلۇش، كېكەچلىك:

كى ھەر نىچەكىم دىققەتى باردۇر،
تەلەففۇز ئارا لەكنەتى باردۇر.

— نەۋايى.

لەگەد [لگد] (ئە) تېپىك:

لەگەد قىلماق — تەپمەك، تېپىپ ئەزمەك (يانجىماق).

لەگەد كوب [لگدكوب] (پ) «لەكەد كوب» قا قاراڭ:

بۇ نەۋائى دىماغى ئىچرە ئوتۇب،
كۆڭلىنى جۇنۇن ئېتىپ لەگەد كوب.

— نەۋايى.

لەگەن [لگن] (پ) شامدان؛ لىگەن:

قىلسە جەھاننى قارا فۇرقەتىدىن ھىجر يار،
بۇ فەلەك ئافتابى بىزگە چۇ شەمئى لەگەن.

— زەلىلى.

يېمەككە قويۇپدۇر لەگەندە تەئام،
سۇزۇك سۇ مۇھەييا قىلىپ ياخشى جام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لەڭ [لنگ] (پ) چولاق، ئاقساق.

لەڭ بولماق — ئاقسىماق.

لەڭ قىلماق — ئاقساتماق، چولاق قىلماق.

لەم [لم] (ئە) ئىنكارنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە:

ئەدەم ئەيلىسۇن زۇلم تەئلىمىنى،
«لەمى» جەھد ئېتىپ، «لام» ئىلە «مىمىنى»

— نەۋايى.

لەمئە [لمعه] (ئە) شولا، نۇر؛ «لەمەئات» قا قاراڭ:

ئىستەدىم ھۆسنۈڭ زىياسىن، تەرك ئېتىپ كۈن لەمئەسىن،
دەھرنىڭ گۇمنامدەك گەۋھەرشۇناسى بارمۇكىن.

— گۇمنام.

لەمئە ئەفگەن — شولا تاشلىغۇچى، يورۇتقۇچى؛ پارلىغۇچ.

لەمئە فىگەن — شولا تاشلىغۇچى؛ پارلىغۇچى.

لەمئە كۆرگۈزمەك — يورۇتماق؛ شولا كۆرسەتمەك.

لەمئەئى دىلجوي — دىل (كۆڭۈل) ئارزۇ قىلغان پارلاقلىق.

لەمئەئى رۇخسار — يۈزنىڭ پارلاقلىقى، يورۇقلۇقى.

لەمئەئى مېھرى خاۋەرى — شەرق قۇيىشى، نۇرى؛ سۆيۈملۈك يار.

لەمەئات [لمعات] (ئە) [بىرلىكى: لەمئە] يالقۇنلار، شولىلار، پارلاقلىقلار.

لەمھە [لمحه] (ئە) بىردەم، بىر پەس؛ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتكەن ۋاقىت:

چۇ بىر لەمھە قەۋسى قەزاھ چەكتى ياي،
تولۇغ ئەيلەدى كەينىدىن تولۇن ئاي.

— ئا. نىزارى.

لەميەزەل [لم يزل] (ئە) «لايەزال» غا قاراڭ:

ئوقۇر ئېردىلەر ئاشىقا غەزەل،
بۇ يەڭلىغ ياراتمىش ئانى لەميەزەل.

— موللا شاكىر.

لەميەزەلي [لم يزلى] (ئە) دائىمىي، ئەبەدىي:

سائادەتى لەميەزەلي — دائىمىي بەخت، سائادەتلىك.

لەنج [لنج] (پ) خىرامان يۈرۈش؛ نازلىق يۈرۈش:

دېسەڭكى، فەرد ئولاي ئېلىدىن، كۆڭۈلنى خالى تۇت،
كى، تاق دەرلەر ئەگەر خەنج سارى ئەتسەڭ لەنج.

— نەۋايى.

لەنگەر [لنكر] (پ) 1) كېمىنى توختىتىش ئۈچۈن سۇغا تاشلىنىدىغان تۆمۈر ئىلمەك. 2) مېھمانخانا، غېرىبخانا؛ قونالغۇ، بېكەت:

بولدى نەمايان يول ئۈزرە كۇرد دار،
لەنگەرۇ لەنگەرچى بىلەن ھەم مازار.

— زەلىلى.

لەھەد [لحد] (ئە) گۆر، لەھەت، يەرلىك:

مۇكىر ـ نەكىر كىرگەندە لەھەد ئىچرە ياتارمەن،
ھەرنە قىلساڭ ئەي زاھىد جامى مەيدىن تاتارمەن.

— مەشرەب.

لەھجە [لهجه] (ئە) ئىپادە، شېۋە؛ ئاۋاز.

بەد لەھجە — خۇنۇك، قوپال ئاۋاز.

خۇش لەھجە — چىرايلىق ئاۋاز، خۇش ئاۋاز.

لەھزە [لحظه] (ئە) بىردەم، بىرپەس، بىرئاز؛ قېتىم، دائىم:

يۈز جەفاۋۇ جەۋر ئەسبابىن تۈزەر، كۆركىم، بۇ دەھر،
خاتىرىم خۇررەملىغىن ھەر لەھزەكىم ياد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

يۈرۈپ لەھزە خەلقى زەمانە بىلە،
كى باردىم قاشىغە بەھانە بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لەھزە ـ لەھزە — بىردەم ـ بىردەم؛ ھەر دائىم؛ دەممۇدەم:

لەھزە ـ لەھزە ئارتادۇر دەردۇغەلەم كۆمىنامغە،
ھەر نەفەستە بۇ ستەمدىن ئۇرغان ئاھى ئۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

لەھزەئى [لحظه] (ئە) بىرقانچە مۇددەت، بىرپەس:

سوراي دېدى بارىپ ئۇل قۇشنىڭ ھالىن،
ئىشتەي لەھزەئى شىرىن ماقالىن.

— خىرقەتى.

لەھم [لحم] (ئە) گۆش، ئەت.

لەھم پارە — 1) گۆش، ئەت پارچىسى. 2) يۈرەك.

لەھن [لحن] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەلھان] تاۋۇش، ئاۋاز؛ قوشاق، ناۋا، ئاھاڭ:

تەلەبدە ئىزدەسەلەر ھۆسنى لەھنى داۋۇددىن،
زەبۇر كەلامىدىن ئول جانفەزا سەدا ئۆچرار.

— شەۋقى.

لەھن ئەيلەمەك — كۈيلىمەك، قوشاق قاتماق.

لەھنۇ ئاھەڭ — كۈيلەش، قوشاق قېتىش؛ سايراش.

لەھنى تەرەب — قوشاق؛ خۇش چاقچاق.

لەھنى داۋۇدىي — داۋۇتقا ئوخشاش خۇش ئاۋازلىق.

لەھنى دىلنەۋاز چەكمەك — ساز چالماق؛ كۈيلىمەك.

لەھنى سۇرۇد — قوشاق تاۋۇشى (ئاھاڭى).

لەھنپەرداز [لحن پرداز] (ئە + پ) كۈيلىگۈچى، ساز چالغۇچى:

مۇغەننىيلەر ئانىڭدەك لەھنپەرداز،
كى جانلەر پەردەدىن رەقس ئەيلەپ ئاغاز.

— نەۋايى.

لەھنساز [لحن ساز] (ئە + پ) كۈيلەش، قوشاق قېتىش؛ سايراش.

لەھۋ [لهو] (ئە) ئويۇن ـ كۈلكە؛ بىھۇدە ئىش:

چىقىپ ئول مەكانغە بۇ ئادەت بىلە،
قىلىپ لەھۋ بازى زەرافەت بىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئەبلەھدۇركىم تىلەر ئالەمدە لەھۋ ئىلە تەرەپ،
بەر قەدەم ئولغالى كىم لەۋھى مۇجەللا قىلدىلار.

— ئەرشى.

لەۋھى ئىرشادى — رۇخسەتنامە.

لەۋھە [لوحه] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەلۋاھ] 1) لەۋھە؛ تاختا، يېزىق تاختىسى.

2) روشەنلىك؛ «لەۋھ» كە قاراڭ.

لەئىب [لعب] (ئە) 1) ئويۇن، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش.

2) ھىيلە، نەيرەڭ.

لەئىب ئاۋەر — ئويۇنچى، ئويۇن كۆرسەتكۈچى.

لەئىب ئەفكەن — ئويۇنغا چۈشىدىغان، ئوينىتىدىغان؛ ئوينىغۇچى، ئويۇن كۆرسەتكۈچى، نەيرەڭۋاز.

لەئىب ئەيلەمەك — ئوينىماق.

لەئىب كۆرسەتمەك — ئويۇن كۆرسەتمەك؛ نەيرەڭ قىلماق.

لەئىبۇ گىرىھ — نەيرەڭ ۋە چاقچاقلىق.

لەئل [لعل] (ئە) 1) قىزىل رەڭلىك قىممەت باھا تاش؛ قىزىل ياقۇت؛ نادىر، قىممەتلىك، تېپىلماس:

بولۇرمۇ جەھاندا بۇ يەڭلىغ لەئل،
كى قىلماسەن ھەرگىز جەھانغە بەدل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جۇملە دۇختەر ئەختەر ئولسا، ئول پەرىۋەش شەمسدۇر،
بارچە بەلكى لەئل ئولسا، ئول سەدەپنىڭ گەۋھەرى.

— موللا بىلال.

2) قىپقىزىل لەۋ، سۆيگىنىنىڭ لېۋى:

زۇلفى ئېرۇر شىكەن ـ شىكەن كىم، يۈزىدۇر چەمەن ـ چەمەن،

كىرىپىكىدۇر تىكەن ـ تىكەن، لەئلىدە چەشم جارىدۇر.

— گۇمنام.

ھەياتى تازە ئىستەپ لەئلىك ئارمانىن نەچە چەكتىم،
نە ئۆمرى قۇتى جان تاپتىم، نە دەردىمگە داۋا قىلدىم.

— ئەرشى.

3) بېزەك، بوياق:

پەردەلەرى رىشتەسى ئەل جانىدىن،
لەئلىيۇ شىنگەرفى ئۇلۇس قانىدىن.

— نەۋايى.

4) مەنپەئەت:

چۇ مىبتىن ئۇزاتىپ تىلىن ئۇن سالۇر،
قاتىق خارەدىن لەئلۇ ياقۇت ئالۇر.

— نەۋايى.

5) قىزىل رەڭلىك مەي:

نىچۇك نۇشى مەي لەئلىڭنى ئىيلەي ئارزۇ ئەزبەس،
ھەياتى تازە جانىمغە ئىزىلك ئۆپكەن زەمانىمدۇر.

— ئەرشى.

مەن شەرابى لەئلىدىن سەرشاردۇرمەن، ئەي رەقىب،
سەن يۇرۇرسەن تەشنالەب ئىچمەي مەبى رۇخسارىدىن.

— ئەرشى.

لەئل ئەتمەك — قىزارتماق.

لەئل لەبى — «لەئلى لەب» كە قاراڭ:

لەئل لەبىدىن كام دىل ھاسىل ئېتىپ،
مەجرۇھ كۆڭۈل شاد بولۇپ تاپسا سەھ.

— نەۋبەتى.

لەئل مەخزەنى — لەئلى كانى، خەزىنىسى؛ كۆز يېشى.

لەئل ئولماق — دۇر ۋە گۆھەر قادالغان تاجغا ئوخشىماق.

لەئلۇ سىيمەن — قىزىل ياقۇت ۋە كۈمۈش:

تەلەب كۆردى سابا ئۇشبۇ چەمەننى،
ساچىپدۇرلار مەگەر لەئلۇ سىيمەننى.

— خىرقەتى.

لەئلى ئابدار — تىنىق، پارلاق لەئلى، ساپ، تازا لەئلى.

لەئلى ئاتەشناك — 1) ھارارەتلىك، جەزبىلىك، ئۆتكۈر سۆز. 2) چوغدەك پارقىراپ تۇرغان لەئلى، پارلاپ تۇرغان لەئلى؛

لەئلى ئاتەشىن — ئوتلۇق، چاقناپ تۇرغان لەئلى؛ قىزىل لەئلى؛ قىزىل لەۋ:

لەئلى ئەھمەرىن — 1) قىزىل لەئلى. 2) قىزىل مەي.

لەئلى بەدەخشان — بەدەخشاندىن چىقىدىغان ئەڭ ساپ لەئلى، بەدەخشان لەئلىسى، قىممەت باھا تاش:

لەبلەرىڭغە باردۇرۇر لەئلى بەدەخشان ئېھتىياج،
ئارەزىڭنى كۆرگەلى خۇرشىدى تابان ئېھتىياج.

— قەلەندەر.

لەئلى پەيكانى — كامان ئوقىنىڭ تىغىغا ئوخشاش تاراشلانغان لەئلى.

لەئلى جانبەخش — جان بېغىشلىغۇچ، ھاياتبەخش ئەتكۈچى قىزىل لەۋ:

كۆڭۈل مىرئاتى ئىچرە جىلۋەگەردۇر لەئلى جانبەخش،
مەسىھا ئۆرما دەم يەنى مۇكەددەر ئەيلەمە كۆزگۈ.

— سەبۇرى.

لەئلى جانپەرۋەر — «لەئلى جانبەخش» كە قاراڭ:

لەئلى جەۋھەر — ئەڭ قىممەت ياقۇت:

كۆرگەچ لەبىدىن بولۇپدۇر ھەيران،
تاغ ئىچرە قاچىپدۇر لەئلى جەۋھەر.

— موللا سالىھ.

لەئلى خەندان — مەشۇقىنىڭ تەبەسسۇملۇق لىۋى؛ كۈلۈپ تۇرغان لەۋ؛ كۈلكە يۈگۈرگەن لەۋ:

ئاي ھەيۋان نېكە جىلۋەئى خىزرى مەسىھە،
قىلماغاي ھەددىن ئاشىب ئول لەئلى خەندان بىرلە بەھس.

— ئەرشى.

قايسى گۈلشەن گۈلبۇنى سەرۋى خۇرامانىڭچە بار،
قايسى گۈلبۇن ئۇزرە غۇنچە لەئلى خەندانىڭچە بار.

— گۇمنام.

لەئلى دۇربار — ئەڭ قىممەتلىك، مەنىلىك سۆز قىلغۇچى:

كۆرمەدىم كۆڭلۈم ئالۇرغە سەن كەبى يارى يەنە،
خەستە جانىم تىرگۈزۈرگە لەئلى دۇربارى يەنە.

— ئەرشى.

لەئلى رەخشان — تازا، تىنىق مەي، قىزىل مەي:

سۆيۈنۈپ دەرمەن ئانىڭكىم رەۋزەئى جەننەتدۇرۇر،
دەۋزەخ ئەر ئىچىندە بولسام لەئلى رەخشانىم بىلە.

— قەلەندەر.

لەئلى رەۋان — ئاققان، ئېقىۋاتقان قان؛ قىزىل مەي:

خالى خەتىكى يۈزدەدۇر جەۋھەرىدىن ساچىپ ئاغا،
لەئل ئۆزە لەئلىلۇككە مەن لەئلى رەۋان قاراسىنە.

— ئەرشى.

لەئلى رۇممان — «لەئلى رۇممانى» غا قاراڭ:

لەئلى رۇممان ساچى سۇمبۇل قەدى شەمشادى جەھان،
زەئفىران ئەنبەرى ئەشھەب گۈلى رەيھان يەئلىغ.

— شەۋقى.

لەئلى رۇممانى — ئانار دانىسىغا ئوخشاش لەئلى.

لەئلى رۇھ ئەفزا — روھلاندۇرغۇچى قىزىل لەۋ؛ «لەئلى جانبەخش» كە قاراڭ.

لەئلى رۇھپەرۋەر — «لەئلى رۇھ ئەفزا» غا قاراڭ.

لەئلى سەييال — قىزىل مەي.

لەئلى سىراب — مەي.

لەئلى شەكەر — «لەئلى شەككەر» گە قاراڭ:

قان قاناتمىغە تەگۈرمەس ئېردىم ئۇشبۇ دەھر ئارا،
تۇتىدەك سەيد ئەتتى ئول لەئلى شەكەر گۇفتار شىمە.

— قەلەندەر.

لەئلى شەككەر — شېكەردەك تاتلىق، ياقۇتتەك قىزىل:

شوخلۇقىدىن ئويناشىپ جان ئالسا ھەردەم كۆزلەرى،
غەم ئەمەسدۇر جان بېرۈردە لەئلى شەككەر يارى بار.

— مەھزۇن.

لەئلى شەككەر بار — شېرىن لەۋ؛ شېرىن سۆز.

لەئلى شەھۋار — يىرىك لەئلى، قىممەت باھا تاش.

لەئلى شىرىنكار — خۇش سۆزلىگۈچى ئېغىز، لەۋ.

لەئلى كانىي — بىباھا سۆز.

لەئلى گەۋھەر بار — گۆھەر چاچقۇچى قىزىل لەۋ؛ شېرىن سۆزلۈك.

لەئلى لەب — قىپقىزىل لەۋ:

قان يۇتۇپ شامۇ سەھەر لەئلى لەبىڭ ئارمانىدا،
بىر زەمان كىرپىكلەرىم شاخىدا مەرجان كەم ئەمەس.

— ئەرشى.

لەئلى مەرجان — قانلىق ياش.

ئاگا چىرمالىپ ئىشقى پىچان كەبى،
كى سىمىت ئەيلەگەن لەئلى مەرجان كەبى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لەئلى مەسىھ — قۇتۇلدۇرغۇچى، نىجاتكار:

مەھۋەشىم رۇخسارىدىن خۇرشىدى پەرتەۋراسى بار،
خىزىر خەتتى ئاستىدا لەئلى مەسىھ ئەنفاسى بار.

— ئەرشى.

لەئلى مەھلۇل — ئېرىتىلگەن لەئلى؛ قىزىل مەي؛ «لەئلى مۇزاب» قا قاراڭ؛

لەئلى مۇزاب — 1) ئېرىتىلگەن لەئلى؛ قىزىل رەڭلىك قىممەت باھا تاش. 2) قىزىل مەي.

لەئلى ناب — ساپ لەئلى؛ گۈزەل قىزىل لەۋ؛ ساپ قىزىل مەي:

لەئلى نابىڭ چەشمەسىدە ئابى ھەيران يالشىرىپ،
دۇرجى ياقۇتىڭدە ئەي جان، دۇررۇ مەرجان يالشىرىن.

— نەسىمى.

لەئلى ياقۇت — قىممەت باھالىق قىزىل ياقۇت:

گەرچە نارەنجى كىيىپدۇر، ئەي قەلەندەر دىلبەرىڭ،
بار قۇلاقىدا ئانىڭ ھەم لەئلى ياقۇت ئابدار.

— قەلەندەر.

لەئلى يەكدانە — يىرىك، قىممەت باھا لەئلى.

لەئلى يەمەن — يەمەندىن چىقىدىغان ياقۇت، يەمەن ياقۇتى:

باغرىمغە غەمىڭ تىغى يەتكەچ كۆز ئاقىزغان قان،
ياقۇت ئىلە مەرجاندۇر يا لەئلى يەمەن سەنسىز.

— گۇمنام.

لەئل فام [لعل فام] (ئە + پ) «لەئلگۈن» غا قاراڭ.

لەئلگۈن [لعل گون] (ئە + پ) 1) لەئلى رەڭلىك، قىزىل. 2) قانغا بويالغان:

سىنان ئولۇڭ قولىندە نېچۈك كىم سۇتۇن،
سول ئېگىندە قالقان كېلىپ لەئلگۇن.

— نەۋائى.

لەئلۋەش [لعل وش] (ئە + پ) لەئلى سىمان؛ قىزىل قان ئارىلاش:

سارىغ ۋەرەق ئول ئابكەشىدىن،
ئاشىق يۈزى ئەشكى لەئلۋەشىدىن.

— نەۋائى.

لەئلگۈن [لعل گون] (ئە + پ) «لەئلگۈن» غا قاراڭ:

لەئلگۈن لەبىنى قىدىغان جام ئەگەر ئىلكىمدە دۇر،
نېگە قويغايمەن بۇ دەمدە لەئلى سىراب ئارزۇ.

— ئەرشى.

لەئلي [لعلی] (ئە) 1) لەئلى بىلەن بېزەلگەن. 2) لەئلى رەڭلىك، قىزىل.

لەئن [لعن] (ئە) لەنەت، قارغىش؛ «لەئنەت» كە قاراڭ:

تەۋقى لەئن — لەنەت ھالقىسى.

تەۋقى لەئن سالماق — قارغىشقا ئۇچرىماق.

لەئنەت [لعنت] (ئە) لەنەت، قارغىش:

زىشت ئېرسە گەر ئەلدىن ياشۇرۇر رەھمەت ئاگا،
خوب ئېرسە گەر ئەلگە كۆرگۈزۈر لەئنەت ئاگا.

— نەۋائى.

لەئب [لعب] (ئە) «لەئب» گە قاراڭ.

لەئىم [لئيم] (ئە) پەس، ناكەس، خەسىس:

يەنە قەيد ئەيلەپ شەياتىن رەجىم،
خىيانەتكە تۇردى بۇ ئىككى لەئىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لەئىمى دۇنسىرىشت — پەسكەس، ناكەس.

لەئىمى شەختكوش — پەسكەش، ھەددىدىن ئارتۇق زوراۋان.

لەئىمى مەسخەرە — رەسۋا، شەرمەندە.

لەئىمۋەش [لئيم وش] (ئە + پ) پەسكەشلەرچە، ناكەسلەرچە:

خەسىس تەبئە دوستىدۇر لەئىمۋەش،

گەدا شىۋەلىك ۋە رەزالەت ئانىڭ تەۋرىغە خۇش.

— نەۋايى.

لەئىن [لعين] (ئە) لەنەتى، قارغىش ئۇرغان، مەلئۇن:

بىس تەكەببۇر ئەيلەدىڭ، قالدىڭ لەئىن ۋابەستەسى،
فەتھۇ نۇسرەت تاپقالى قىلغان مۇناجاتىڭ قېنى؟

— مەشرەب.

كى مەسئۇدنى كۆردى بۇ زەڭگى لەئىن،
دېدى: «كەلتۈرۈڭلار قاشىمغە يەقىن!»

— ئا. نىزارى.

لەيل [ليل] (ئە) كېچە، تۈن:

زۈلفىدىن ئولدى كۈن كېچە، ھۆسنىدىن ئولدى تۈن يارۇق،
زۈلفۇ يۈزى مەگەر ئانىڭ لەيل بىلە نەھارىدۇر.

— گۇمنام.

لەيلۇ نەھار — تۈن - كۈن، كېچە - كۈندۈز:

لەيلىنىڭ ھالى زەبۇندۇر يار ئۈچۈن لەيلۇ نەھار،
ئەيلەگىل يارەب ماڭا مۇشكۇلنى ئاسان بۇ كېچە.

— ئا. نىزارى.

لەيلەتۇل -قەدر [ليلةالقدر] (ئە) رامزان ئېيىنىڭ 26 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى مۇبارەك كېچە ھېسابلىنىدۇ؛ قەدىر كېچىسى:

ئىككى گىسۇسى ئىككى لەيلەتۇل - قەدر،
بۇ يەڭلىغ ئىككى لەيل ئىچرە يۈزى بەدر.

— نەۋايى.

لەيلەتۇل - مىئراج [ليلةالمعراج] (ئە) مىئراج كېچىسى (مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ يەتتىنچى ئاسمانغا چىققان كېچىسى) :

زىھى باشىڭ ئۆزە ۋەش - شەمس زېۋەردىن تاج،
ساچىڭ سەۋادىدە ئەفسەرى لەيلەتۇل - مىئراج.

— نەۋايى.

لەيلەن [ليلا] (ئە) كېچىسى، تۈندە:

گىسۇۋۇ يۈزۈڭ سۈنبۈلىيۇ بەرگى گۈلىدىن،
دىۋانە مېنۇ شىفتە لەيلەن ۋە نەھارا.

— نەۋايى.

لەيلىۋەش [ليلى وش] (ئە + پ) لەيلىگە ئوخشاش:

يا يولۇقۇپ ماھرۇخى دىلكەشى،
دەشتى مەلاھەت ئارا لەيلىۋەشى.

— نەۋايى.

لوقمە [لقمه] (ئە) «لۇقمە» گە قاراڭ:

ياتىپ لوقمە قىلسۇن گۆرىستان ئارا،
بولۇپدۇركى بەختى قازاندەك قارا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لوك [لوک] (پ) 1) يوغان، گەۋدىلىك، قوپال. 2) ئېغىر؛ «لۆك» قا قاراڭ. 3) تۆگە.

لولە [لوله] (ئە) بويۇن؛ ئىدىش، قاپاقلارنىڭ بويىنى:

ئەي ھەكىم، ئالغىل سۇراھى لولەسىدىن پەختەكىم،
سۇد ئېرۇر قانىن نېچە دەفئە ئەتسە مەھرۇرى دىماغ.

— نەۋايى.

لولى [لولى] (ئە) 1) لولى، ھېيلىگەر، قۇۋ. 2) قارا كۆز، قارا چاچ گۈزەل، شوخ يار:

لولىيى سىياھروي — قارا يۈزلۈك لولى؛ شوخ؛ بىھايا.

لولىكۆش [لولى كش] (ئە + پ) لولىنى رام قىلىدىغان:

نەۋائىي بولدى لولىۋەشكى، كەلمىش ئاڭا لوكى خىش،
ئانى بىر جامى لولىكۆشكى، لولى تۇتسە بىر ساغەر.

— نەۋايى.

لولىۋەش [لولى وش] (ئە + پ) لولىغا ئوخشىغان؛ گۈزەل، شوخ:

شەمئ چابۇكلۇك ئارا لولىۋەشىمغە يەتمەدى،
دۇدىدىن ھەر نەچەكىم قىلدى مۇتەررا پارچەسىڭ.

— نەۋايى.

لوۋم [لوم] (ئە) مالامەت قىلغۇچى، مالاللىق كەلتۈرگۈچى:

كى بۇ لوۋم نەفسىگە بەندە دۇرمەن،
كۈنەھ بىسيارىدىن شەرمەندەدۇرمەن.

— خەراباتى.

لۇئاب [لعاب] (ئە) تۈكۈرۈك، شال (ئېغىز بوشلۇقىدىكى سۇيۇقلۇق).

لۇبىيا [لوبيا] (ئە) يېسى پۇرچاق، يېسىمۇق:

پىياز ئوتياشلىق ئىچرە جىلاۋدار،
پەتىنگان ئالدىدا لۇبىيا جىلۇەدار.

— زەلىلى.

لۇت [لوط] (ئە) لۇت (ئىسىم، لۇت پەيغەمبەر)؛

لۇت ئوغلى — لۇت پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى.

لۇتق [لطف] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەلتاف] مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق، رەھىمدىللىك؛ ياخشى مۇئامىلە، مەرھەمەت، شەپقەت:

خاھ ئۆلتۈر، خاھ تىرگۈز لۇتفۇڭۇ قەھرىڭ بىلە،
ھەرنە قىلساڭ سەن بىلۇرسەن، مەندە يوقتۇر ئىختىيار.

— گۇمنام.

لۇتف ئەتمەك — «لۇتق ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

نى ئۈچۈن مەن بولمايىن ئالەم ئىچىندە پادشاھ،
لۇتفى ئېتىپ ئول دىلرەبا ئۆزىنى مېھمان ئەيلەدى.

— قەلەندەر.

لۇتف ئەيلەمەك — ياخشىلىق قىلماق، مېھربانلىق قىلماق، مەرھەمەت كۆرسەتمەك:

خىراماڭ چاغى لۇتف ئەيلەپ نە بولغاي پايمال ئەتسەڭ،
ماڭا بەسكىم تەمەننادۇر كويۇڭدا خاكى پا بولماق.

— ئەرشى.

لۇتف قىلماق — «لۇتف ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ماڭا لۇتف قىلدى خۇدايى ئەزەل،
بۇ ھالەتدە يۈزلەندى شەمغە كېسەل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لۇتفۇ تەرەھھۇم ئەيلەمەك — مېھربانلىق، ياخشىلىق قىلماق:

ماڭا لۇتفۇ تەرەھھۇم ئەيلەپ، ئەي دىلبەر، رەقىبىمنى،
غەمۇ دەردۇ ئەلەم، رەشك ئوتىنى جانىغە قويماسسەن.

— قەلەندەر.

لۇتفۇ تەۋفىق — غەمخورلۇق، مېھربانلىق:

«ھې» ھىدايەت، لۇتفۇ تەۋفىقىن ھەم ئۈممىدۋار،
ھۇد ھۇدىغە سەير ئېتەر باغۇ بەھرىم سەنمۇسەن؟

— موللا سالىھ.

لۇتفۇ شەفائەت — ھىمايە قىلىش، غەمخورلۇق، مېھربانلىق.

ۋۇجۇدى مەجمەئۇل - بەھرەين رەھمەتدىن تاپىپ تەركىب،
بىجىز لۇتفۇ شەفائەت ئىستىسەڭ يوق ھەر قايان ئاندا.

— ئەرشى.

لۇتفۇ كەرەم — رەھىمدىل، مېھربانلىق:

بىرەر لۇتفۇ كەرەمدىن رەھم ئېتىپ ھالىمغە باققايسەن،
نەچە دەردۇ غەمىڭدىن، ئەي مەھى تەررار، يىغلارمەن.

— قەلەندەر.

لۇتفۇ مۇھەببەت — مېھربانلىق، ياخشى كۆرۈش:

ئېتابى شوخدا كۆردۈم بەسى لۇتفۇ مۇھەببەتلەر،
نەدەي ئەمدىكى لۇتف مېھرباندىن ئاسراغىل، يا رەب.

— ئەرشى.

لۇتفۇ ئېھسان — ياخشىلىق ۋە ياردەم:

ئۆرتەمەس ئېردى كۆڭۈلنى داغى ھىجران كاشكى،
قىلماس ئېردىڭ بۇ قۇلۇڭغە لۇتفۇ ئېھسان كاشكى.

— قەلەندەر.

لۇتفۇ ئىنايەت — مېھربانلىق، غەمخورلۇق.

لۇتفى ئالىي — ئالىي، يۇقىرى مەرھەمەت.

لۇتفى ئەمىم — ھەممىگە تەڭ ياخشىلىق قىلىش:

ئەرشى ھەم نەمىد ئەمەس، چۈنكىم ئېرۇر لۇتفۇڭ ئەمىم،
بارچە جۇرم ئەھلىدىن ئانىڭ جۇرمى گەرچە كەم ئەمەس.

— ئەرشى.

لۇتفى تەبئ — ئوچۇق كۆڭۈللۈك، مۇلايىم.

لۇتفى خاس — ئالاھىدە، خاس مەرھەمەت.

لۇتفى دىلنەۋازى — دىل، كۆڭۈل تارتىدىغان مېھربانلىق.

لۇتفى مەقال — مۇلايىم، يېقىملىق سۆز.

لۇتفى مۇفرىت — ناھايىتى زور مەرھەمەت، ئالاھىدە مەرھەمەت؛

لۇتفى ئىلاھ — ئاللا مەرھەمىتى، ئىلتىپاتى.

لۇتف نەما [لطف نما] (ئە + پ) مېھربانلىقنى ئىزھار قىلغان خەت، پۈتۈك:

يەر ئۆپۈپ رەھرەۋى جەھانپەيما،
دېدى: كى ئەي كامرانى لۇتف نەما.

— نەۋايى.

لۇتف ئامىز [لطف آميز] (ئە) مەرھەمەتلىك:

... لۇتف ئامىز ئەلفازغە قەھر... قاتقانى...

— نەۋايى.

لۇججە [لجه] (ئە) 1) دېڭىز، دەريالارنىڭ ئەڭ ئاستى، چوڭقۇر جايى؛ گىرداب. 2) ئەڭ ئېگىز چوققا، ئېگىزلىك. 3) گۇرۇھ، توپ؛ توپلام.

لۇغات [لغات] (ئە) [بىرلىكى: لۇغەت] «لۇغەت» كە قاراڭ.

لۇغەت [لغت] (ئە) سۆز؛ لۇغەت (مەلۇم تىلدىكى سۆزلەرنى يىغىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھات بېرىپ، مەلۇم مەقسەت ۋە پرىنسىپقا ئاساسەن تۈزۈلگەن سۆزلەر توپلىمى).

لۇغەز [لغز] (ئە) «لۇغز» غا قاراڭ:

ۋە ئاندا ھەر نەۋئ نەزم ئەسنافىدىن، مىسلى مۇقەتتەئات ۋە رۇبائىيات ۋە مەسنەۋىي ۋە تەئرىخ ۋە لۇغەز.

— نەۋايى.

لۇغز [لغز] (ئە) تېپىشماق، مەنىسى يوشۇرۇن سۆز.

لۇغۇز [لغز] (ئە) «لۇغز» غا قاراڭ.

لۇقمە [لقمه] (ئە) بىر يۇتۇم (بىر قوشۇق) يېمەكلىك؛ بىر ئوتلام سۇ؛ بىر پارچە گۆش:

بۇ يەڭلىغ دەرمەندە ئىچەي دېسە سۇ،
ئالىپ قۇيرۇغىدا قىلىپ لۇقمە بۇ.

— ئا. نىزارى.

لۇقمەخور [لقمه‌خور] (ئە + پ) ئوزۇقلانغۇچى، يېگۈچى:

بىر لۇقمەغە مەن بولۇپ بەلاكەش،
بىر لۇقمەخور ئالەمە ئاساكەش.

— نەۋايى.

لۇقمەگاھ [لقمه‌گاه] (ئە + پ) قىرىن، قورساق، ئاشقازان:

چۇ پىشتى ئەيلەگەي بىر لۇقمەئى خام،

بېرىپ ئۆز لۇقمەگاھى ئىچرە ئارام.

— نەۋايى.

لۇك [لوک] (پ) بىچارە، كۈچسىز، سۇس، ئېغىر:

يەنە بىر ئۇستادى سابۇك ئېردى،
كى ھەم لۇك، سەنئەتى ھەم نازۇك ئېردى.

— نەۋايى.

لۇل [لول] (ئە) ئۇياتسىز، ھاياسىز.

لۇئئاب [لعاب] (ئە) «لۇئاب» قا قاراڭ:

ئەرىغكىم ئابگىرىن ھەنجار ئەيلەپ،
ساۋۇغ ئاغزى لۇئئابىن خەنجەر ئەيلەپ.

— نەۋايى.

لۇئب [لعب] (ئە) «لەئب» كە قاراڭ.

لۇئبەت [لعبت] (ئە) 1) ئويۇنچۇق، قورچاق. 2) ئويۇن، ئويناش؛ خۇرسەن قىلىش. 3) ھىيلە، نەيرەڭ؛ گۈزەل يار، مەھبۇبە.

لۇئبەتى چىن — 1) چىن گۈزىلى، گۈزەل مەھبۇبە؛ 2) قۇياش.

لۇئبەتى سىيمىن بەدەن — ئاق بەدەنلىك مەھبۇبە.

لۇئبەتى سىيمىن بەر — ئاق بەدەن گۈزەل، ئاق بەدەنلىك مەھبۇبە.

لۇئبەتەكباز [لعبتك باز] (ئە + پ) «لۇئبەتباز» غا قاراڭ:

كۆرەيكىم بۇ ھىسارى لۇئبەتەكباز،
يەنە نە نەۋئ لەئب ئەتكەي ئاغاز.

— نەۋايى.

لۇئبەتباز [لعبت باز] (ئە + پ) قورچاق، ئويۇنچۇق ئوينىغۇچى؛ نەيرەڭۋاز، ھىيلىگەر:

ئىشق ئەفسۇنساز بىر ئەييار لۇئبەتباز ئېرۇر،
كىم مەلامەت سىل قولى، رەسۋالىغ ئانىڭ ساغىدۇر.

— تەجەللى.

لۇئبى [لعبى] (ئە) ئويۇنچىلىق.

لۇئبىيى سەنئەت — ئويۇنچىلىق سەنئىتى.

لۇئلۇئ [لؤلؤ] (ئە) گۆھەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىت:

يۇزۇڭ دەۋرىندە كۆزلەرىم گەھى لەئلۇ گەھى لۇئلۇئ،
چىقارۇر، كۆرسە بۇ سەنئەت، ئۇيالۇر بەھرۇكان، ئەي جان.

— سەككاكى.

كۆرمىشەم مەشھۇرى نەزمىنى سەدەفدىن قەدىرسىز،
كىم لەتافەتدە نەۋائى نەزمىنى لۇئلۇئ كۆرۇپ.

— مەشھۇرى.

لۇئلۇئ فىشان — گۆھەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىت تارقاتقۇچى، چاچقۇچى.

لىك [ليک] (پ) ئەمما؛ شۇنچىكى؛ لېكىن:

دېمەڭ لىك ئەبرۇلەرىڭ تاقىنى ياد ئەتكەن زەمان،
ئاقار ئانداغكىم ياشىم ئۇستىدە ئەردۇندەك ھۇباب.

— ئەرشى.

ھېچ كىشى مەندەك سىنىڭ ئىشقىڭدا شەيدا بولمادى،
چىقتى مەجنۇن، لىك مەندەك ئەلگە رەسۋا بولمادى.

— قەلەندەر.

لىمۇ [ليمو] (پ) 1) لىمون:

فەۋاكىھ بەزم ئارا لىمۇۋۇ نارەنج،
بىھى كۆرگەچ ئانى كۆرمەي يەنە زەنج.

— نەۋايى.

2) لىمون رەڭ، سېرىق رەڭ، سېرىق.

لىباس [لباس] (ئە) 1) كىيىم، لىبلس؛ سوۋغا، تارتۇق:

كىيىپ ئالا ـ يېشىل ھەررەڭ لىباسىن،
نىمايىشقا بەلەند ئەيلەپ ھەۋاسىن.

— خىرقەتى.

بېرىپ فوتە بىرلە چىرايلىق لىباس،
لىباسىمنى بىر بىر قىلىپ ھەم مىساس.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) سۆز، ئىبارە؛ ئاجايىپ مەنىلىك سۆز:

شاھىدى مەئنىغە ئەرشى كىيدۇرۇپ تۇرلۇك لىباس،
كۆرگۈزەي ئىمدى خىرەد ئەھلىغە سىئئەتسازلىق.

— ئەرشى.

لىباسى ئافىيەت — ساقلىق كىيىمى؛ بەخت كىيىمى:

بەرەھنە بولغايىن بۇ قۇلزۇمى ۋەھدەتدە سۇ يەئلىغ،
لىباسى ئافىيەت بىرلە ئۆزۈم ئەۋۋارە ئەيلەرمەن.

— زەلىلى.

لىباسى بەلەند — ئېسىل كىيىم:

كېيىپدۇر بويىغە لىباسى بەلەند،
كۆرۈنگەي زەرف ئەل كۆزىگە پىسەند.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

لىباسى گۈلگۈن — گۈل رەڭلىك كىيىم، قىزىل كىيىم:

كىيدىڭ نەچە كۈن لىباسى گۈلگۈن،
ئاندىن بىرى كۆزلەر ئولدى پۇرخۇن.

— ئەرشى.

لىباسات [لباسات] (ئە)[بىرلىكى: لىبلس] كىيىملەر، «لىبلس» قا قاراڭ:

بولماسام لايەئقىلۇ مۇنداق لىباسات ئولماسا،
تۇشمەكىم ئايرۇ نە مۇمكىن ساغەرۇ پەيمانەدىن.

— نەۋايى.

لىجام [لجام] (ئە) يۈگەن، تىزگىن:

خاجە تەئزىم ئىلە قىلدىلەر سەلام،

كۆزگە سۈرتۈبان ئۆزەڭگۈ ھەم لىجام.

— زەلىلى.

لىسان [لسان] (ئە) تىل، سۆز.

لىسان ئاغرىغى — دىل رەنجىشى، خاپىچىلىق.

لىسانۇت ـ تەير — قۇش تىلى.

لىسانۇل ـ غەيب — غايىبتىن كېلىدىغان ئىلھام، ئىلاھىي ئىلھام.

لىسانى غەيب — غايىب تىل:

لىسانى غەيبكە سەن پەرۋى قىلالماس سەن،
زەلىلى شوخلۇقۇڭ تۇتتى، مەرھەبا قىلايىن.

— زەلىلى.

لىسانى ئۆد — ئۆد تىلى؛ ئۆد چالغۇسىنىڭ ئاۋازى.

لىسانى ھال — تاشقى ھالىتىدىن ئىچكى مەنىسىنى بىلىش؛ ئاشكارا بولۇش؛ تاشقى ھالىتى ئارقىلىق ئىچكى ھالىتىنىڭ ئاشكارا بولۇشى.

لىف [لف] (ئە) خورما دەرىخىنىڭ پوستى (قوۋزىقى) ۋە ئۆنىگىدىن ياسالغان يىپ:

يۈزى رەڭگى خورما مەسەللىك كەسىف،
مەھاسىن نامۇدارى خورمايۇ لىف.

— نەۋايى.

لىقا [لقا] (ئە) ئۇچرىشىش، كۆرۈنۈش؛ دىدار:

مالۇ پەرزەندىنى گۈل كۆرگەي بەقا،
كۆرمەگەي مەھشەر كۈنى ھەرگىز لىقا.

— خەراباتى.

لىقا مۇمكىن ئەمەس تەجرىد ھاسىل قىلمايىن، ئەرشى،
خەزان بەرگى كەبى بەرباد ئەيلەي ھەرنە بارىمنى.

— ئەرشى.

لىقا تاپماق — «لىقا كۆرگۈزمەك» كە قاراڭ.

لىقا جۇي — ئۇچرىشىشنى، كۆرۈشۈشنى خالىغۇچى:

ھۆسنۈڭگە ھەمە ئىبرۇر دۇئاگۇي،
مىڭ كۆز ئاچىبان ھەم لىقا جۇي.

— مەشھۇرى.

لىقاسىگە مۇشەررەف بولماق — دىدار كۆرۈشمەك، ئۇچراشماق.

لىقا كۆرگۈزمەك — كۆرسەتمەك؛ ئۇچراشماق.

لىللاھ [لله] (ئە) خۇدا ئۈچۈن، ئەزبىرايى خۇدا؛ خۇداغا خاس:

كۈلمۈسۈپ ئاچتى جەمالىن بىر كۈن ئول ماھ ئۆزگەچە،
دەرمەن ئۆز ھالىمغە بۇ دەم، شۈكر لىللاھ ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

ئەلمىننەتۇ لىللاھ — مىننەت قىلماقلىق خۇداغىلا خاس.

لى مەئەللاھ [لى معلله] (ئە) ئاللا بىلەن خاس بىللە بولۇش ۋاقتى، ئاللا بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى:

باقا تاپتى فەنادىن ئەمدى ئۆلمەك مۇمكىن ئېرمەسدۇر،
بۇ گۇمنام لى مەئەللاھ ۋەقتىنى تاپتى كامالىڭدىن.

— گۇمنام.

ئەي ھەرىمىكىم، ساڭا جۇز سەن ئاڭا مەھرەم ئەمەس،
لى مەئەللاھ، كەلدى شاھىد بەسكى بۇ مۇبھەم ئەمەس.

— ئەرشى.

لىمۇ [ليمو] (پ) «لېمۇ» غا قاراڭ.

لىھاف [لحاف] (ئە) يوتقان، يېپىنچا؛ كىيىم.

گۈلگۈن لىھاف — قىزىل كىيىم.

لىۋا [لوا] (ئە) بايراق، تۇغ، ئەلەم:

كاكۇلى لىۋايى ئەھمەدى دىمپ قىلمىشەم تەۋلى،
پەيۋەستە قاشلارىڭنى ئەجەب زۇلفىقار ئوقۇپ.

— زەلىلى.

بولدى چۈن زەررىن لىۋا سۇبھ ئاقلىقدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.

— تەجەللى.

بەدىئۇل ـ لىۋا — گۈزەل، نەپىس.

لىينەت [لينت] (ئە) مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق:

تىلدىن ئەزۋبەت دىلپەسەندۇر ۋە لىينەت سۇدمەند.

— نەۋايى.

م

ما [ما] (ئە) «ماڭ» قا قاراڭ.

مائەدا [ماعدا] (ئە) ... دىن باشقا، ... دىن تاشقىرى:

مەھۇ مۇتلەق بولسە ئانداغ بادە زورىدىن ئېرىپ،
قايدا قالسۇن بۇ كۆڭۈل جامىدا نەفشى مائەدا.

— ئەرشى.

مائەرەفناك [ماعرفناك] (ئە) بىز سىنى تونۇمىدۇق.

مابەئد [مابعد] (ئە) ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى، داۋامى.

مابەئد ھېكايەت — ھېكايىنىڭ داۋامى.

مابەين [مابين] (ئە) ئارىسى، ئارىلىقى:

ئۆپۈپ تۇپراغىنى فىغان باشلادى،
كى مابەينگە ئۆزىنى تاشلادى.

— ئا. نىزارى.

مات [مات] (پ) ھەيرانلىق؛ يېڭىلىش.

مات قالماق — ھەيران قالماق؛ يېڭىلمەك.

مات قىلماق — ھەيران قالدۇرماق؛ يەڭمەك.

ماتە [مات] (ئە) ئۆلدى:

ئەشەددۇلئەزابى ئەزا بۇلفىراق،
فەقەد ماتە قەلبى مىنەلئىشتىياق.

— ئا. نىزارى.

ماتە قەددەم [ماتقدم] (ئە) ئىلگىرى ئۆتكەن ئىشلار.

ماتەم [ماتم] (پ) ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن قايغۇرۇش، مۇسىبەت، ھازا:

كېلىپ كاشغەرغە تۇرۇپ غەم بىلە،
يارانلار ئۈچۈن بەلكى ماتەم بىلە.

— ئا. نىزارى.

ماتەم تۇتماق — ھازا تۇتماق، قايغۇرماق:

ۋۇجۇدىغە ئالىپ مۇسىبەت غەمىن،
ئەزىز گەۋھەرىنىڭ تۇتۇپ ماتەمىن.

— ئا. نىزارى.

ماتەم زەدە [ماتم زده] (پ) ماتەملىك، قايغۇلۇق، ھازىدار.

ماتەم زەدەلىغ [ماتم زدەلىغ] ھازىدارلىق.

ماتەم سەرا [ماتم سرا] (پ) ماتەم ئۆيى.

ماتەم كەدە [ماتم كده] (پ) ماتەم، قايغۇ ئۆيى، غەمخانا.

ماتەملىك [ماتم ليك] مۇسىبەتلىك، ھازىدار.

ماتەمي [ماتمى] (پ) ماتەم تۇتقان، ھازىدار.

ماتەمي زال — يولدىن ئاداشقان ھازىدار:

سۇرۇشى خەبەر بەردى بىر ھالدىن،
كى دىۋانەگە ماتەمى زالدىن.

— ئا. نىزارى.

ماجەرا [ماجرى] (ئە) 1) ئاققان نەرسە، ئېقىن.

2) يۈز بەرگەن ئەھۋال، جاڭجال، ماجىرا:

كېلىپ شەيخ كۆردى بۇرەڭ ماجەرا،
چۇ فەھم ئەيلەدى ئول كېلىپ خەلق ئارا.

— ئا. نىزارى.

ماجەرا سالماق — ماجىرا قىلماق:

ياپۇشسە، ئول ئوتىدىن مۆلۈ خۇشك ئارا،
ئۆچۈرمەك نەمۇمكىن سالۇر ماجەرا.

— ئا. نىزارى.

ماجەرا قىلماق — 1) ئاقماق، ئېقىن بويلاپ يۈرمەك:

دېدىكىم: *«تۇشەرمەنكى دەريا ئارا،*
خىتا جانىبىغە قىلىپ ماجەرا.
كى تەييار ئەيلەڭ نەچە چولڭ كېمە،
ئالاي ئانچە لازىم ئېرۇر ھەر نىمە.»

— ئا. نىزارى.

2) جاڭجال قىلماق، غەلۋە چىقارماق.

ماجىد [ماجد] (ئە) شان-شەرەپكە ئىگە، ئۇلۇغ، مەشھۇر.

ماچ [ماچ] (پ) ئۆپۈش، سۆيۈش.

ماچ ئالماق — سۆيمەك

ماچە [ماچه] (پ) چىشى، مادا.

ماچىن [ماچين] ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خوتەن رايونى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەي زەلىلى گۈلشەنى ماچىنغە رەنگو بۇ بىرۇر،
نەستەرەنزارى گۈلىستاندىن سەمەن كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

ماخەلە قەللاھ [ماخلق‌الله] (ئە) ئاللا ياراتقان نەرسىلەر.

ماخور [ماخور] (پ) قاۋاقخانا؛ قىمارخانا.

ماخۇليا [ماخوليا] (پ) سەۋدايى؛ روھى كېسەللىك:

بىرى دەپ: *بولۇپدۇركى ماخۇليا،*
بىرى دەپ: *جۇنۇندىن تېگىپدۇر ھەۋا.*
— ئا. نىزارى.

مادار [مدار] (ئە) «مەدار» غا قاراڭ:
بەندى پەيۋەندىكى ئادەم جىسمىدە پەيدا ئېرۇر،
بى تەكەللۇف ئاڭلاغىل دارى مادارى ئاشىقان.
— زەلىلى.

مادام [مادام] (ئە) ھەمىشە:
مېنىڭكى مۇرادىم ئېرۇر سۇبھى - شام،
بەھەم بولسا، خىزمەتتە تۇرسام مادام.
— موللا شاكىر.

مادامۇل ھايات — ئۆمۈرۋايەت، ئۆمۈر بويى.

مادامكى [مادام كە] (ئە + پ) چۈنكى.

مادە [مادە] (پ) مادا، چىشى:
مۇنى يوق قىلىڭ يا ساتىڭ، ئەي ۋەزىر،
كى ئىنسان ئەمەس، سىزگە بۇ مادە شىر.
— ئا. نىزارى.

مادەر [مادر] (پ) ئانا:
سۇبھى سادىقدىن بۇرۇن مادەرلىرى،
تۇشلەرىدە ئېيدىلەر: «كەل - كەل، بېرى».
— زەلىلى.

مادەرى ئىبلىس — شەيتاننىڭ ئانىسى:
باشتىن ئاياق قامەتى تەلبىس ئېرۇر،
بەلكى ئۇزى مادەرى ئىبلىس ئېرۇر.
— ئەھمەدى.

مادە - نەر [مادەنر] (پ) ئەركەك - چىشى:
قەترەئى باپاك سۇدىن سۇرەتىمىزنى خەلق ئېتىپ،
مادە - نەر ھۇسنىنۇ قەبىھ رەڭگىدە قىلسۇن نە ئىلاج.
— شەۋقى.

مادەۋۇنەر [مادەونر] (پ) ئەركەك - چىشى:
ئۇچىسە ئۇچقاي ئېردىلەر تاكىم قاناتىنىڭ زورىدىن،
ھالى مەكيانۇ خۇرۇسنىڭ مادەۋۇنەردىن ئەمەس.
— ئەرشى.

مادىھ [مادح] (ئە) مەدھىيىلىگۈچى، ماختىغۇچى.

مار [مار] (پ) يىلان:
تولغىنىپ ئىردىمكى بولۇپ ماردەك،
يەتتىم ئۇشۇل كۇندە چۇ ئەئيار بەگ.
— زەلىلى.

مار ئولماق — يىلاندەك تولغانماق:
ئەژدەھايى گۆشەگىرى گەنجى مەئنى بولمادىم،
پىچتابىمدىن ئەگەرچە سىياقى مار ئولمىشىم.
— زەلىلى.

مارى پىچان — تولغانغان يىلان. :
قارا زۇلفى ئۇشۇل جانانەنىڭكىم مارى پىچاندۇر،
كۆرەرمەن كۆپ كىشىلەرنى ئانىڭ مەكزىنىدە بىجاندۇر.
— ھاپىز خارەزمى.

مار بىجان — جانسىز يىلان:
كۆيۈپ ئىشق ئوتىغە نىستان كەبى،
بۇ ئوتدا بولۇپ مار بىجان كەبى.
— ئا. نىزارى.

مارباز [مارباز] (پ) يىلان ئوينىتاتقۇچى، سېھىرگەر:
كىتابى مارباز ئىشقىدىن ئەفسۇنى ئۆرگەتكىل،
ۋەگەر نە ئەيلەگەي ئوتى جەھاننى ئەژدەھا ئاخىر.
— زەلىلى.

مازاغ [مازاغ] (ئە) ئۇ توغرا يولدىن تايمىدى (پەيغەمبەرنى مەدھىيىلىگەن ئايەت)؛ توغرىلىق، ئازماسلىق:
سەۋادى سۈرمەئى مازاغ ئالۇرغە خاكپايىدىن،
غەزالانى خوتەننىڭ كۆزلىدە پۈرئىزتىراپ ئەردى.
— زەلىلى.

مازاغۇل بەسەر [مازاغ البصر] (ئە) ئۇنىڭ كۆزى قاماشمىدى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى مەدھىيىلەنگەن ئايەت)؛ تالمايدىغان، نۇرلۇق كۆز:
سۈرمە سابى شەرھى مازاغۇل بەسەردىن دەرس ئوقۇپ،
توفراغىدىن كۆزلەرىگە توتىيا كەلتۈرمىشەم.
— زەلىلى.

مازەندەران [مازندران] (پ) ئىراندىكى بىر ئۆلكىنىڭ نامى:
قامەتىڭ سەرۋىن ئەگەر شەمشاد مىسكىن كۆرمەسە،
ئۇتماغاي ئېردى ئۇياتىن بېشەئى مازەندەران.
— ئاتايى.

مازى [ماضى] (ئە) ئۆتۈپ كەتكەن، ئۆتكەن.

مازىيە [ماضيە] (ئە) «مازى»گە قاراڭ.

مازىھ [مازح] (ئە) چاقچاقچى، ھەزىلچى.

ماسەبەق [ماسبق] (ئە) ئۆتكەن، ئالدىدىكى؛ ئۆتكەن ئىشلار.

ماسەدەقە [ماصدق] (ئە) راست ئېيتىلغان سۆز؛ ئىسپات.

ماسىۋا [ماسوا] (ئە) 1) ... دىن باشقا؛ پەقەتلا:
سەدايى ئېيتىدۇر ئەمدى كېچىپ بۇ مالۇ مۈلكىدىن،
ساڭا ھېچ بارمۇكىن مەندەك كى بولغان ماسىۋا بالغۇز.
— سادايى.

2) باشقىلار، ئۆزگىلەر:
ماسىۋادىن خوجە فارىغ ئەردىلەر،

ھۇجرە خالى بار ئەردى بەردىلەر.

— زەلىلى.

ماسىۋايى قەتئى — باشقىلاردىن كەچتۈرۈش:

لائىلاھە يەئنى ئىللەللاھۇدىن ئالغىل خەبەر،
ماسىۋايى قەتئى ئۈچۈندۇر زۇلفىقارى ئاشىقان.

— زەلىلى.

ماسىۋاللاھ [ماسواالله] (ئە) ئاللادىن باشقا.

ماشا ئاللاھ [ماشاء الله] (ئە) ئاللا خالىغان، ئىرادە قىلغان نەرسە؛ ئاجايىپ، قالتىس.

ماشى [ماشى] (ئە) پىيادە يۈرگۈچى.

مافات [مافات] (ئە) ۋاپات بولغان، ئۆلگەن؛ يوقالغان، قولدىن كەتكەن.

مافەۋق [مافوق] (ئە) ئۈستىدىكى، يۇقىرىدىكى؛ يۇقىرىدا ئېيتىلغان.

مافىززەمىر [مافى الضمير] (ئە) كۆڭۈلدىكى.

مافىها [مافيها] (ئە) ئۇنىڭ ئىچىدىكى، ئۇنىڭدىكى:

سەر بەرەھنە سەير ئىقلىمى جۇنۇن ئاتىڭ نە ئەيىب،
تەركى بۇ دۇنياۋۇ مافىها كۇلاھىڭدۇر سېنىڭ.

— زەلىلى.

ماقەبل [ماقبل] (ئە) ئىلگىرىكى، ئالدىدىكى.

مال [مال] (ئە) 1) بايلىق، دۇنيا، مال - مۈلۈك. 2) چارۋا.

مال ئەھۋال - ئىلمۇ ئىل مال - مۈلۈك، بايلىق:

تۈشۈردى ھەمە مال - ئەھۋالىنى،
ئاناسى سورايدۇ تا ھالىنى.

— ئا. نىزارى.

مالۇ مەنال — مال - مۈلۈك، بايلىق:

شەھەردىن شەھەرگە قىلىپ ئىنتىقال،
كى ھاسىل قىلىپ ئانچە مالۇمەنال.

— ئا. نىزارى.

مالۇ مۈلك — مال - مۈلۈك، دۇنيا، بايلىق:

كۆزگە ئىلماس مالۇمۈلكۇ دۇنيانىڭ ئازادەئى،
كىم ئىچەر مەھبۇب ئېلىندىن جامى مالامالنى.

— ئاتايى.

مالامال [مالامال] (ئە) تولا، كۆپ؛ لىق، لىپمۇلىق:

كۆزگە ئىلماس مالۇمۈلكۇ دۇنيانىڭ ئازادەئى،
كىم ئىچەر مەھبۇب ئېلىندىن جامى مالامالنى.

— ئاتايى.

مالاكەلام [مالاكلام] (ئە) سۆزسىز.

مالايۇتاق [مالايطاق (ئە) تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان.

مالەش [مالش] (پ) ئىشقىلاش، سۈركەش:

كى مالىش بېرىپ چەربى بادامغە،
تەلا ئەيلەدى ھەفت ئەندامغە.

— ئا. نىزارى.

مالىك [مالك] (ئە) ئىگە، ساھىب، خوجايىن.

مالىكى تاجىر — سودىگەر خوجايىن:

مۇسەخخەردۇر ھەمە ئالەم ساڭا ئەي مالىكى تاجىر،
مېنى بازارى مىسىردە غۇلامىڭىم بىباھا دەرلەر.

— سادايى.

مامەزا [مامضى] (ئە) ئۆتكەنكى.

مانەند [مانند] (پ) ئوخشاش:

تەفەررۇج گاھى سۇنئۇڭدىن فەرۋان،
كەۋاكىبلەرنى مانەند چىراغان.

— زەلىلى.

مانەندە [مانندە] (پ) ئوخشايدىغان:

بۆلەندىلىق قىغانى مىسلى شەيتانىنىڭكى ۋەسۋاسى،
ئۆزى مانەندە خەنناسى ھەمە ئىللەتدە سەتناسى.

— موللا نىياز.

مانى [مانى] ئەپسانىۋى رىسسام، نەققاش:

بىرى ئىسمى ئۇستادبانى ئىدى،
بىرى ئاتى نەققاش مانى ئىدى.

— ئا. نىزارى.

مانىئ [مانع] (ئە) مەنئى قىلغۇچى، توسقۇچى؛ توسالغۇ، كاشىلا:

بىلمەي ئەگەر سەنا دېسە مانئى زىكر بولماغاي،
ھېچ مەلامەت ئەيلەمە بولسا بەلى زەبان كەج.

— زەلىلى.

ماھ [ماه] (پ) 1) ئاي، قەمەر:

قىلمادىم دوستىدىن ئۆزگەگە نىگاھ،
چۇن كۆرۈندى ماڭا ئول مېھر ئىلە ماھ.

— ھاپىز خارەزمى.

2) بىر ئاي، 30 كۈن:

ئەخىرىغە يەتكۈنچە ئول ماھنىڭ،
تەمام ئولدى ئەفسانىسى شاھنىڭ.

— ئا. نىزارى.

3) ئاي يۈزلۈك، سۆيۈملۈك، گۈزەل:

مېنى ئەۋارە قىلغان ياركەند شەھرىدە ماھىمدۇر،
قاراڭغۇ ئەيلەگەن ئالەمنى گويا دۇدى ئاھىمدۇر.

— زەلىلى.

ماھ پارە — ئاينىڭ بىر پارسى؛ گۈزەل، چىرايلىق:

ئاچۇق سۆزلۈك ئۈچۈن ھەم خۇش سىتارە،
دەر ئېردى بىر ئاتىنى «ماھ پارە».

— مالىلا سابىر.

ماھ پەيكەر — ئاي سۈرەتلىك، گۈزەل:
دېدى ماھ پەيكەر «سۆزۈم بۇ ئىدى»،
غەزەب قىلدى شەھ: «قەتل قىلغىل» دېدى.
— ئا. نىزارى.

ماھى تاب — تاۋلانغان ئاي، ئايدىڭ:
نە كۈندۈز شەرتدۇر مەي ئىچكەلى شۇربى مۇدامىمىدىن،
قەدەھ تۇت ساقىئى سىيمىن بە دەنكىم ماھى تاب ئەيلەپ.
— زەلىلى.

ماھى تابان — پارلاق، نۇرلۇق ئاي:
ئانىڭ جەبھەسى ماھى تابان كەبى،
ۋۇجۇدىكى مېھرى دەرەخشان كەبى.
— ئا. نىزارى.

ماھى تەمام — تولغان ئاي:
ئېرۇر ماھى تەمام گۈل سەرۋ قەد دىلدارنىڭ يۈزى،
بۇ ھافىز ھەم ئانى كۆرۈپ سۆزىن ئەمدى تەمام ئەيلەر.
ھاپىز خارەزمى.

ماھ تاماھ — ئايمۇ ئاي:
بىر ئوق فەرياد بىرلە ئۆردى بىر ئاھ،
تۇتاشتى ئوت جەھانغە ماھ تاماھ.
— موللا پازىل.

ماھى تەلئەت — ئاي يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق:
نە كۆرىدىكى بىرماھى تەلئەت جىۋان،
بالىق قارنىدىن كۆزگە بولدى ئەيان.
— ئا. نىزارى.

ماھى جەھان — دۇنيانى كەزگۈچى ئاي.
ماھى جەبىن — ئاي يۈزلۈك، گۈزەل:
سىزگە بەھەم يەتمىگەي گۈل نازىنىن،
سۈرەتى ئاياغىغا بۇ ماھى جەبىن.
— زەلىلى.

ماھ رەمزان — رامزان ئېيى.
ماھ رۇخ — ئاي يۈزلۈك، گۈزەل:
ئاتايى ماھ رۇخلەر ئارزۇسىندە،
فەلەكتەك ئىسرۇ سەرگەردان بولۇپتۇر.
— ئاتايى.

ماھ رۇخسار — ئاي يۈزلۈك، گۈزەل:
كى مەسئۇدغە ئەيدى بۇ گۇفتارنى،
كى بەرمەك ئۈچۈن ماھ رۇخسارنى.
— ئا. نىزارى.

ماھۇ سال — ئاي ۋە يىل:
تابەنى بار ئەردىلەر بۇ ئەھلى ھال،
تەۋۋق ئەيلەر ئەردىلەر ھەر ماھۇ سال.
— زەلىلى.

ماھى سەۋم — روزا ئېيى:
بۇ مۇددەتدە ئۆتتى ئاگا نەچچە يەۋم،
يېتىپ كەلدى كۈنلەر ئارا ماھى سەۋم.
— ئا. نىزارى.

ماھى شەرىف — شەرەپلىك، ئۇلۇغ ئاي:
مۇسائىد زەمان ئېردى ماھى شەرىف،
چۇ مەھكۇم ئولۇپ زار ئەبدۇل زەئىف.
— ئا. نىزارى.

ماھى نەۋ — يېڭى ئاي:
جۇن سىپىھرى ئۆزرە رىجالۇللاھ گۈلخەن ئولتۇرۇپ،
ماھى نەۋدىن ئەيلەدىلەر گۈل سەفايى يەتتە تەن.
— زەلىلى.

ماھى ئاشۇر — ئۇشۇر ئېيى، مۇھەررەم ئېيى:
يىلى مار ئەردى ماھى ئۇشۇر،
دېدى ئەمدى پەيمانە تولسا تاشۇر.
— موللا شاكىر.

ماھتەك [ماه تك]ئايدەك، چىرايلىق:
فەقر تونىن قەدرىگە لايىق تىلەر بولساڭ مۇدام،
ئافتابۇ ماھتەك ئۆزۈڭنى ئۆريان ئىزدەگىل.
— ھاپىز خارەزمى.

ماھ ـ ماھ [ماهماه](پ) ئايمۇ ئاي:
ئول ھىلالى قاشلەرىنىغە ئوخشاتاي دىپ ئۆزىنى،
بەدر ئوزىن كۆرگىل نې يېرگە يېتكۈرۈر ھەر ماھـماھ.
— ئاتايى.

ماھۋەش [ماهوش] (پ) ئايغا ئوخشايدىغان، گۈزەل:
بىر كېچە كۆلبەم يارۇپ، بۇ شەمئى ۋەسل مەھۋەش،
بەلكى يۈزىن يۈز تەجەللى ئاشكار ئەتكەن يىگىت.
— ئەرشى.

ماھەزەر [ماحضر] (ئە) ھازىرلانغان، تەييار نەرسە:
رىزقى ئۈچۈن دەربەدەر كەزمە يۈرۈپ بىخەتەر،
بەس ساڭا خۇنى جىگەر، ماھەزەرى بولمىسا.
— زەلىلى.

ماھەزەر ئەتمەك — تەييارلىماق، ھازىرلىماق:
مېھمان ئەگەر كەلسە زەلىلى يىمەگىل غەم،
خۇنى جىگەرىم جەمئ قىلىپ ماھەزەر ئەتتىم.
— زەلىلى.

ماھۇۋەل ۋاقىئە [ماهوالواقعه] (ئە) بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ۋەقەلەر:
تەۋاتۇر بىلە سۆزنى قىلدىم بەيان،
بارى ماھۇۋەلۋاقىئەنى ئايان.
— ئا. نىزارى.

ماھى [ماهی] (پ) بېلىق.
ماھى گىر — بېلىقچى:

بۇ دەريا قىراغىدا بىر ماھىگى،
بار ئىدى، ئوغۇل يوق ئىدى بىنەزىر.

— ئا. نىزارى.

ماھىيەت [ماهيت] (ئە) ھەرنەرسىنىڭ ئەسلى، ھەقىقىتى:

لۇتپى يۈزى ماھىيەتنى رەۋشەن ئېتمىيكىم،
سەن دەۋرى قەمەر ئىچرە سۇخەنۋەر يېتىلىپسەن.

— لۇتپى.

ماۋەرائ [ماوراء] (ئە) كەينىدىكى، ئۇتەرىپىدىكى.

ماۋەرا ئۇننەھر [ماوراء النهر] (ئە) ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جايلار.

ماۋۇمەن [ماومن] ماختانچاقلىق، چوڭچىلىق:

غورۇرى تائەتىڭدىن زاھىدا مەنزىلگە يەتمەس سەن،
مەقامى ماۋۇمەندىن ئۆتمەيىن كىم بىر قەدەم تەنھا.

— زەلىلى.

ماۋى [ماوى] (ئە) كۆك، ھاۋارەڭ.

مائ [ماء] (ئە) سۇ.

مائ جارى — ئاقار سۇ.

مائى مەئىن — تازا ئېقىن سۇ:

سەلسەبىلۇ كەۋسەرۇ مائى مەئىن كېلتۈرسەلەر،
جامى مەي مەجلىسدە بارچەدىن مۇقەددەمدۇر بۇكۈن.

— ئاتايى.

مائى [مائى] (ئە) سۇيۇق.

مائىدە [مائده] (ئە) داستىخان.

مايەشائ [مايشاء] (ئە) خالىغان، ئارزۇ قىلغان نەرسە:

ئىرادەت ئانىڭ قىبىلىدۇر مايەشائ،
ئىرادە بىلەن تۈزدى ئەرزۇ سەمائ.

— ئا. نىزارى.

مايىل [مايل] (ئە) مەيلى، رىغبىتى بار، ئىنتىلگۈچى، مايىل.

مايىل ئەتمەك — مايىل قىلماق، قاراتماق:

لىسانىمنى زىكرىڭ بىلە قايىل ئەت،
كۆڭۈلنى ئۆزۈڭگە بەسى مايىل ئەت.

— ئا. نىزارى.

مايىل بولماق — ئارزۇ قىلماق، خالىماق:

كۆزۈڭ كافىرلىغى يەتمەيدۇركىم سۇرمەدار ئەتتىڭ،
مېنى ئۆلتۈرگەلى مايىل بولۇپ سەن شاھى ئىھسانىم.

— فىراقى.

مەئاب [ماب] (ئە) 1) قايتىدىغان، بارىدىغان جاي؛ پاناھ جاي. 2) ... كەبى، ... دەك:

سىكەندەر مەئابۇ فەرىدۇن ھەسەب،
خىرەدمەند دانايى ئالىي نەسەب.

— ئا. نىزارى.

3) بەزى سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ «ئىگە، ساھىب» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ:

كىم گۇل شەيخ سەئدى مۇھەببەت شىئار،
تەرىقەت مەئابى ھەقىقەت شۇمار.

— ئا. نىزارى.

مەئابىد [معابد] (ئە) «مەئبەد» نىڭ كۆپلۈكى — ئىبادەتخانىلار.

مەئابىر [معابر] (ئە) «مەئبەر» نىڭ كۆپلۈكى — ئۆتۈش يوللىرى، يول ئېغىزلىرى.

مەئاجىن [معاجين] (ئە) «مەئجۇن» نىڭ كۆپلۈكى — خېمىر دورىلار.

مەئاد [معاد] (ئە) قايتىدىغان جاي؛ ئۇ دۇنيا.

مەئادىن [معادن] (ئە) «مەئدەن» نىڭ كۆپلۈكى — كانلار، خەزىنىلەر.

مەئارىف [معارف] (ئە) ئىلىم - پەن، مەرىپەت، بىلىم:

ھەقايىق پەناھ، مەئرىفەت دەستىگاھ،
دەقايىق دىسارۇ مەئارىف پەناھ.

— ئا. نىزارى.

مەئاز [معاز] (ئە) پاناھ جاي.

مەئازەللاھ [معاذالله] (ئە) خۇدا پاناھ بەرسۇن، خۇدا ساقلىسۇن.

مەئاسى [معاصى] (ئە) «مەئسىيەت» نىڭ كۆپلۈكى — گۇناھلار.

ۋەجھى مەئاش قىلغالى ئول يۈز نەزارەنىسىن،
ھەيران دۇرۇر خەلايىق ئاتايى مەئاسىدە.

— ئاتايى.

مەئاش [معاش] (ئە) تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، مەئىشەت.

مەئاف [معاف] (ئە) ئەپۇ، كەچۈرۈم.

مەئاف ئەيلەمەك — ئەپۇ قىلماق، كەچۈرمەك:

شىشە سىندۇردۇم سەھەر مەيخانىدە ئەيىب ئەتمەگىل،
نارەسىدە بىرگۇناھ ئەيلەر شەرىئەتدە مەئاف.

— زەلىلى.

مەئاف قىلماق — ئەپۇ قىلماق، كەچۈرمەك:

كى ئۈممەت گۇناھىنى قىلغىل مەئاف،
قىلىپ بەندەلەر جۇرمىغە ئىئتىراف.

— ئا. نىزارى.

مەئال [مال] (ئە) نەتىجە؛ ئاقىۋەت، ئاخىر.

مەئالەن [مالاً] (ئە) ئاخىرى، ئاخىرىدا.

مەئانى [معانى] (ئە) «مەئنا» نىڭ كۆپلۈكى — مەنىلەر.

مەئانى بىشەسى — پىكىر ـ خىيال جاڭگىلى:

مەئانى بىشەسىدە شىر ـ ئەژدەھالار بار،
پەلەڭ جەڭگەرى سادىقنى ئىستىخارە قىلاي.

— زەلىلى.

مەئانى تاپماق — تاپماق، چۈشەنمەك:

جەۋاھىر خانەئى كۆنجى مەئانى تاپمادىم ئايا،
كۆزۈم توفانى بىرلە خاتىرىم ۋەيرانە بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

مەئانى دۇرلىرى — پىكىر ئۈنچىلىرى:

ساچار ئىبردى مەئانى دۇرلىرىن لەفزىدەكىم ئىيما،
كى فەزلۇ ئىلىكىم ھەم لەتافەت مۈلكىدە سىيما.

— موللا نىياز.

مەئانى گۈلى — ئارزۇ ـ غايە ئىزھارى:

مەئانى گۈلىن ئەيلەگىل تازە روي،
خىرەد غۇنچەسىغە بىرىپ رەڭۇ بوي.

— ئا. نىزارى.

مەئاۋىزە [معاوضه] (ئە) «مۇئاۋىزە» گە قاراڭ:

مەئاۋىزە قىلىپ بۇتغە ئاشۇ مەتائ،
سەنەم بەيئى بىرلە تاپىپ ئىنتىفائ.

— ئا. نىزارى.

مەئاۋى [ماوى] (ئە) «مەئۋا» نىڭ كۆپلۈكى — تۇرار جايلار، پاناھ جايلار:

ئاندىن ئۆتۈپ تۇرفە تاماشا بىلەن،
مەنزىلى مەئاۋى مۇكۇلىيا بىلەن.

— زەلىلى.

مەئايىب [معايب] (ئە) ئەيىبلەر، كەمچىلىكلەر.

مەئە [مع] (ئە) بىلەن، بىرگە.

مەئەل قىسسە [مع القصه] (ئە) شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سۆزنىڭ قىسقىسى:

مەئەل قىسسە، ئەتمەي كۆيەۋ كامى دىل،
كى ئەفسۇس ئەيلەپ بولۇپ مۇنفەئىل.

— ئا. نىزارى.

مەبادى [مبادى] (ئە) «مەبدەئ» نىڭ كۆپلۈكى — مەنبەلەر، سەۋەبلەر؛ قائىدىلەر، پرىنسىپلار.

مەباھىس [مباحث] (ئە) «مەبھەس» نىڭ كۆپلۈكى — مۇنازىرىلەر، سۆھبەتلەر؛ ماۋزۇلار.

مەبدەئ [مبداء] (ئە) باشلىنىش، مەنبە، سەۋەب ئاساس.

مەبرەز [مبرز] (ئە) خالا جاي.

مەبسۇت [مبسوط] (ئە) يېيىلغان، كەڭ؛ چۈشەندۈرۈلگەن.

مەبلەغ [مبلغ] (ئە) نەق پۇل، راسخوت.

مەبھەس [مبحث] (ئە) مۇنازىرە، سۆھبەت؛ ماۋزۇ.

مەبھۇت [مبهوت] (ئە) ھەيران قىلغان، ھەيران.

مەبھۇت بولماق — ھەيران قالماق.

مەبھۇس بولماق — ۋەكىل قىلىنماق، ئەلچى بولماق.

مەبئۇس [مبعوث] (ئە) ئەۋەتىلگەن؛ ۋەكىل قىلىنغان، ئەلچى.

مەبئۇس بولماق — ۋەكىل قىلىنماق، ئەلچى بولماق.

مەتائ [متاع] (ئە) (1) مال، ماتا (رەخت)، نەرسە ـ كېرەك:

ئەيا مۇسلىمى نەقدىنىڭ قىممەتىن،
دېگىل كى مەتائىڭ بارى بىيەقىن.

— ئا. نىزارى.

2) بايلىق، دۆلەت:

ھاسىلى خەرمەن ئەمەل ئالەمدى ئادەمى ئۆجىب،
گۆردە نىچۈك ئاسىغ ئىتەر نۇقرە بىلەن زەرمەتائ:

— زەلىلى.

3) مەززىلىك يېمەكلىك، مەئىشەت:

بۇ دەۋران ئېلى ئىككى يۈزلۈك دۇرۇر،
خىيانەت ماتەئغە كۆزلۈك دۇرۇر.

— ئا. نىزارى.

ماتائى تائەت — تائەت ـ ئىبادەتنىڭ دۆلىتى، ئىبادەتتىن ئېرىشكەن نەتىجە:

رىيايى خەنىقاھدە ئەربەئىين ئولتۇرمادىم ھەرگىز،
مەتائى تائەتىمنى شەيخلەر دائىم غورۇر ئەيلەر.

— زەلىلى.

مەتائى دۇن — ئەرزىمەس نەرسە:

ئەي زەبۇن ھىممەت، مەتائى دۇننى دەپ بولما زەلىل،
پەست ھىممەتلىك زەبۇنلۇقغە ئېرۇر روشەن دەلىل.

— ناقىس.

مەتائى ھەرىر — يىپەك رەخت:

كى ئالتۇن ـ كۈمۈشدىن قويۇپ ئانچە بار،
مەتائى ھەرىرى ئالىب بىشۇمار.

— ئا. نىزارى.

جۇز مەتائ — رەخت پارچىسى، كىچىككىنە نەرسە.

مەتابىخ [مطابخ] (ئە) «مەتبەخ» نىڭ كۆپلۈكى — ئاشخانىلار.

مەتاف [مطاف] (ئە) تاۋاپ قىلىنىدىغان جاي، زىيارەتگاھ.

مەتالىب [مطالب] (ئە) «مەتلەب» نىڭ كۆپلۈكى — تىلەكلەر.

مەتالىئ [مطالع] (ئە) «مەتلەئ» نىڭ كۆپلۈكى — چىقىدىغان ئورۇنلار.

مەتانەت [متانت] (ئە) پۇختىلىق، قاتتىقلىق؛ چىدام، تاقەت.

مەتبەئە [مطبعه] (ئە) باسمىخانا.

مەتبەخ [مطبخ] (ئە) ئاشخانا، تاماقخانا:

مەتبەخى جۇرۇڭدىن ئېتىپ رىزىق خار،
ئادەمۇ ھەيۋانۇ جىنۇ مۇرۇ مار

— زەلىلى.

مەتبەخ ئەھلى — ئاشپەزلەر.

مەتبەخىي [مطبخى] (ئە) ئاشپەز.

مەتبۇخ [مطبوخ] (ئە) پىشۇرۇلغان.

مەتبۇئ [مطبوع] (ئە) 1) بېسىلغان. 2) تەۋە بولغان، قاراشلىق. 3) كىشىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق، لايىق كېلىدىغان.

مەتجەر [متجر] (ئە) سودا بازىرى؛ دۇكان.

مەترۇد [مطرود] (ئە) قوغلانغان، ھەيدەلگەن؛ قوغلاندى:

خۇدا ساقلا بىز مۇمىنلەرنى ئىمان زەۋالىدىن،
كېتەر بولساق جەھاندىن دەرگاھىڭدىن قىلماغىل مەترۇد.

— شەۋقى.

مەترۇك [متروك] (ئە) تەرك قىلىنغان، تاشلانغان.

مەتئۇن [مطعون] (ئە) تەنە قىلىنغان، مالامەتكە قالغان.

مەتىر [مطير] (ئە) يامغۇرلۇق.

مەتىن [متين] (ئە) مۇستەھكەم، قاتتىق.

مەتلەب [مطلب] (ئە) تەلەپ قىلىنغان ئىش، مەسىلە؛ مەقسەت، مۇددىئا:

بۇدۇر مەتلەب ماڭا، ئەي مەھۋەشى شوخى پەرىزادىم،
رەقىبىمنى قىيىناپ زۇلمۇ تەئەددى بىرلە ئۆلتۈرسەم.

— قەلەندەر.

مەتلەئ [مطلع] (ئە) 1) باشلانما، مۇقەددىمە؛ ئاۋۋال:

ھەبىبى خۇدا ئىشقىنىڭ مەتلەئى،
مۇھەببەت گۈلىستانىنىڭ مەنبەئى.

— ئا. نىزارى.

2) (كۈن، ئاي) چىقىدىغان، تۇغىدىغان جاي؛ چىقىش ۋاقتى:

تۇلۇئ ئەتمەككە ھۆسنى سۇبھى سادىق،
تەقازا ئەيلىدى مەتلەئ مۇۋاپىق.

— ناقىس.

3) دەسلەپكى ئىككى مىسرا شېئىر:

خەتتى لەۋھى ھۆسنىڭ دەفتەرىدە مەتلەئى تۇغرا،
كەلامى «لائىلاھە» سىر «ئىللەللاھ» ئەيان ئەيلەر.

— زەلىلى.

مەتلۇب [مطلوب] (ئە) 1) تەلەپ قىلىنغان، ئارزۇ قىلىنغان نەرسە:

تەلبە زەلىلى سەير ئېتەر، كۆڭلىدە مەتلۇبى سەفەر،
يۈرسە جەھاندا دەربەدەر، مەنزىلىدۇر خوتەن ھۇنۇز.

— زەلىلى.

2) مەقسەت، خاھىش:

سەجدە ئەيلەپ قاشلارىڭ ئۆترۈسىدىن ئالمان باشىم،
نى ئۈچۈندۇر مەتلۇب ئېرمىشدۇر ماڭا ھەددى ۋەسەد.

— ئەرشى.

مەتن [متن] (ئە) كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستى؛ شەرھ ۋە ھاشىيەدىن باشقا ئەسلى مەزمۇن.

مەجاز [مجاز] (ئە) 1) ئەسلى مەنىدىن باشقىچە ئىپادىلەنگەن مەنە. 2) ھەقىقىي ئەمەس، ياسىما:

نىشان ئەيلەدى ئىشق ھۆسنى مەجاز،
تەھەققۇق سارى ئەيلەگەن ئىمتىياز.

— ئا. نىزارى.

3) كۆرۈش، قىياپەت:

مەجازىداكىم بولسا چۈن پاكىرەك،
ھەقىقەت ھېسابىنى قىلغاي دەرەك.

— ئا. نىزارى.

مەجاز ئەھلى — زاڭلىق قىلغۇچىلار:

ھەقىقەت جىلۋەگەردۇر دەرھەقىقەت ياشۇرۇپ بولماس،
مەجاز ئەھلى زەلىلى تەلبەگە مۇنداغ قەباب ئەيلەپ.

— زەلىلى.

مەجازەن [مجازاً] (ئە) كۆرۈنۈشتە، شەكىلدە؛ كىنايە بىلەن:

قىلۇر ئېردى دىلدا ھەمىشە تەلەب،
مەجازەن قىلۇر ئېردى ئانچە سەبەب.

— ئا. نىزارى.

مەجازىي [مجازي] (ئە) 1) كۆچمە مەنىدىكى، كىنايىلىك. 2) ھەقىقىي بولمىغان، ياسىما:

ئەگەر سەن ئاشىق ئېرسەڭ بىلھەقىقەت،
ھەقىقەت ئىشق بولماسدۇر مەجازىي.

— ھاپىز خارەزمى.

3) كۆرۈنۈشتىكى، شەكلى:

زەلىلى خانىقاھى كۆڭلۈڭ ئىچرە ئەربەئىين ئولتۇر،
مەجازى شەيخلەرنىڭ سۆھبەتى ئۆجبۇرىيا ئاخىر.

— زەلىلى.

مەجال [مجال] (ئە) 1) كۈچ، قۇۋۋەت، ماغدۇر:

كى مەدھىڭنى قىلماققە مەندە يوق ھال،
ئانىڭ ئىشقىدىن تەندە قالماي مەجال.

— ئا. نىزارى.

2) ئىمكان، مادار؛ ھەرىكەت:

سىنى ئىزدەپ تاپارغا يوقتۇر ھالىم،
قاۋاردى قالىمىدى مەندە مەجالىم.

— موللا پازىل.

مەجالىس [مجالس] (ئە) «مەجلىس» نىڭ كۆپلۈكى — مەجلىسلەر، يىغىنلار.

مەجانىن [مجانين] (ئە) «مەجنۇن» نىڭ كۆپلۈكى — مەجنۇنلار.

مەجرا [مجرى] (ئە) سۇ ئاققان يەر، ئېقىن.

مەجرۇھ [مجروح] (ئە) 1) يارىلانغان، يارىدار:

ئەشكىنىڭ تۇپراقى مەجرۇھ بولغان جانۇ تەنلەرغە،
شىفالىق مەرھەمى بولدى بىساتى پەرنەيان كېلدى.

— سەككاكى.

2) دەردلىك، خەستە:

قىلىپ ئىشق مەجرۇھ ئانىڭ جانىنى،
تۆكۈپ كۆزلەرىدىن قىزىل قانىنى.

— ئا. نىزارى.

مەجزۇب [مجذوب] (ئە) 1) تارتىلغان، ئۆزىگە قارىتىلغان:

ئۆلاركىم ئېردى پەيغەمبەرگە ساھىب،
بولۇپ مەجزۇبى نۇرۇللاھ جازىب.

— ناقىس.

2) جەزب قىلىنغان مەجنۇن:

زەۋق فىغانۇ نالەدۇر مەھبۇب ئەھلى دىل،
كور بولدى كۆزۇ يىغلادى يەئقۇب ئەھلى دىل،
سەبرى ئەتتى، گاھ چەكمەدى ئەييۇب ئەھلى دىل،
پەرۋاز ئېتەر دە يىغلادى مەجزۇب ئەھلى دىل،
شاخى دەرەخ تۇبى ئۆزە ئاشىيا نەدۇر.

— زەلىلى.

مەجلىس [مجلس] (ئە) 1) يىغىن، مەجلىس:

خوشۇل مەجلىسدەكى ئەل كۆن بەيەكبار،
كۆتەردىلەر بۇ سۆزدىن نالەئى زار.

— ئا. نىزارى.

2) بەزمە، ئولتۇرۇش:

ساقى سۇراھى شىشە بىلەن سەرنىگون بۇگۈن،
مەجلىسدە بىس كى نالەئى نەي ئاشقانەدۇر.

— زەلىلى.

مەجمەئ [مجمع] (ئە) 1) يىغىلغان جاي، يىغىن، مەجلىس. 2) گۇرۇھ، توپ، جامائەت:

ياقا چاك ئېتىپ ئول زەمان ئەسمەئى،
قىغان ئەيلەدى ئانداكى مەجمەئى.

— ئا. نىزارى.

مەجمەئول بەھرەين — ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان جايى:

ئەي سەبۇك بارانە ساھىل بىھۇدە قىلماڭ نىدا،
قۇلزۇمى ئاۋارەلىكدە قىلدى سەرگەردان خۇدا؛
تەختە بەندى كىشتىئى تەن بولدى بىر - بىردىن جۇدا،
زەۋرەقى سەبرىم نەزەردە جىلۋەگەر قىل ناخۇدا،
مەجمە ئول بەھرەين ياغلىغ كۆزلەرىم دەرياسى بار.

— زەلىلى.

مەجمۇئ [مجموع] (ئە) ھەممە، بارلىق؛ جەمئىي:

ئىشق سارى كۆرۈنۇر مەجمۇئ مەۋجۇداتدا،
ئىشقنى قۇدرەت بىلە مەئنايى ئەشيا قىلدىلار.

— ھاپىز خارەزمى.

مەجمۇئى كۇھۇدەر — بارلىق تاغ ئېغىزلىرى:

كېزىپ پەيۋەستە بەھرۇبەر ئىچىندە،
يۈرۈپ مەجمۇئى كۇھۇدەر ئىچىندە.

— ئا. نىزارى.

مەجمۇئە [مجموعه] (ئە) توپلام.

مەجنۇن [مجنون] (ئە) 1) لەيلىنىڭ ئاشىقى (كىشى ئىسمى):

خۇسرەۋۇ فەرھادۇ مەجنۇن باش كۆتەرمەس روزى ھەشر،
بۇ جەھاندا چۇنكى ئىشقىم شەئنە ئەلۋانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

2) ئەقلىدىن ئازغان؛ ساراڭ:

كى سەرگەشتەمىز چەرخى گەردۇن كەبى،
نەگەردۇن كەبى بەلكى مەجنۇن كەبى.

— ئا. نىزارى.

3) مەشۇق، مەھبۇب:

نىدىن تەنھا دېگەيلەر خەلقىم مەجنۇن ئاشىقى،
ئېرۇر ھامۇن ئىچىدە بارھا ھەمرايى نەخچىرى.

— زەلىلى.

مەجنۇن قىلماق1) — مەجنۇن، ساراڭ قىلماق؛ ئەقلىدىن ئازدۇرماق:

ئەي ئوغۇل زاھىرنى مەجنۇن قىلمىساڭ،
دەرد بىرلە سىنە پىرخون قىلمىساڭ.

— خەراباتى.

2) بىھوش قىلماق:

كى يەئقۇبنى زار مەھزۇن قىلىپ،
چۇ يۇسۇپ فىراقىدا مەجنۇن قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

مەجنۇنلۇغ [مجنون لوغ] سەۋدايىلىق، بىھوشلۇق، مەجنۇنلۇق:

كى مەجنۇنلۇغ ئاشۇبىنى باشلاغاي،
ئۆزىن ئول كەمەردىن قويى تاشلاغاي.

— ئا. نىزارى.

مەجنۇنۋار [مجنون وار] (ئە+ پ) مەجنۇندەك.

مەجنۇنۋەش [مجنون وش] (ئە + پ) مەجنۇنغا ئوخشاش.

مەجهۇل [مجهول] (ئە) ئېنىقسىز، نامەلۇم:

ئانىڭدىن سولڭ يەنە مەشغۇل بولدۇم،
ئۆزۈمنى يوق قىلىپ مەجهۇل بولدۇم.

— ناقىس.

مەجۇس [مجوس] (ئە) ئاتەشپەرەس.

مەجۇسىي [مجوسى] (ئە) ئاتەشپەرەس، ئاتەشپەرەسلىك:

بۇ ئوتغە بولۇبدۇركى ئاھىم شەمال،
مەجۇسىي ئوتىدەك تاپىپدۇر كەمال.

— ئا. نىزارى.

مەخ [مغ] (پ) تۈك، موي.

مەخادىم [مخاديم] (ئە) «مەخدۇم» نىڭ كۆپلۈكى — خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر، ئۇلۇغ زاتلار:

گۇمان ئەتتى تۇرغان مەخادىملىرى،
دېدى دۈشمەندۇر مۇلازىملىرى.

— ئا. نىزارى.

مەخازىن [مخازن] (ئە) «مەخزەن» نىڭ كۆپلۈكى — خەزىنىلەر.

مەخافەت [مخافت] (ئە) خەۋپ، خەتەر.

مەخدۇم [مخدوم] (ئە) خىزمىتىنى قىلىدىغان كىشى، ئۇلۇغ زات:

يەنە ھەزرەتى پاك مەخدۇم زاد،
كى سەيد شەھەنشاھى ئالى نىژاد.

— ئا. نىزارى.

مەخدۇمى پاكبازى — ھالال خىزمەت قىلغۇچى:

مەخدۇمى پاكبازى، پەرۋازى شەھبازى،
ساھىبى خۇرۇچ غازى، چۈن ئارسلان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

مەخدۇمزادە [مخدوم زاده] (ئە + پ) ئۇستاز ۋە ئۇلۇغلارنىڭ پەرزەنتى.

مەخرەج [مخرج] (ئە) 1) چىقىش ئورنى 2) تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇز ئورنى.

مەخزەن [مخزن] (ئە) 1) خەزىنە:

ئىشقىڭغە ئەگەر تالىب ئېسەم ئەيىب ئەمەسكىم،
دىن مەخزەنىدە جەۋھەرى ئىمانىنى سەۋەرمەن.

— ھاپىز خارەزمى.

2) بايلىق، دەپىنە:

ۋەفا مەلدەنىنىڭ ئېرۇر گەۋھەرى،
سەفا مەخزەنىنىڭ غەرىب جەۋھەرى.

— ئا. نىزارى.

3) ساقلانغان سىر، ئەسرار:

زەبان سەيقەل گەرى ئايىنەئى ئىقلىمى مەئنىدۇر،
ئەيان ئەيلەرگە باتىن مەخزەنىنى لاجەرەم تەنھا.

— زەلىلى.

مەخزۇن [مخزون] (ئە) خەزىنىدە ساقلانغان نەرسە.

مەخسۇس [مخصوص] (ئە) خاس بولغان، ئايرىم.

مەخفى [مخفى] (ئە) يوشۇرۇن.

مەخفى ئەتمەك — يوشۇرماق:

بارچە ھۇش ئەھلى قىلىپدۇر بىزگە تەجرىد ئىختىيار،
پەردەئى فەقر ئىچرە كۆنجىن مەخفى ئەتكەن پەردەدار.

— ئەرشى.

مەخفىيەت [مخفيت] (ئە) يوشۇرۇن نەرسە، سىرلىق ئىش.

مەخلەس [مخلص] (ئە) قۇتۇلۇش، خالاس بولۇش.

مەخلەس تاپماق — قۇتۇلماق، خالاس بولماق.

مەخلۇت [مخلوط] (ئە) ئارىلاشتۇرۇلغان، ئارىلاش.

جەۋاھىرغا مەخلۇت ئېتىپ شىشەنى،
ھۇنەردە قىلىپ تۇرپە ئەندىشەنى.

— غەرىبى.

مەخلۇت قىلماق — ئارىلاشتۇرماق.

مەخلۇق [مخلوق] (ئە) 1) يارىتىلغان نەرسە، مەۋجۇدات.

2) ئادەم، ئىنسان.

كى ئىنسافغە ئۆزنى قىلغىل رىزا،
كى مەخلۇقتىن كۆرمە ئەمر قەزا.

— ئا. نىزارى.

3) كۆرۈمسىز، غەلىتە:

ياشى ئوتتۇرا، چىرايى قوغلۇق ئېردى،
ھەمە خاتۇنلار ئىچرە مەخلۇق ئېردى.

— موللا پازىل.

مەخلۇق ئولماق — يارىتىلماق.

مەخلۇق ئەيلەمەك — ياراتماق.

مەخلۇقات [مخلوقات] (ئە) «مەخلۇق» نىڭ كۆپلۈكى — يارىتىلغان نەرسىلەر، مەخلۇقلار.

مەخمۇر [مخمور] (ئە) 1) مەست، شىركەيپ:

مەخمۇر ئىدى دىلۇجان، قۇيدى مەيئى ئەرغەۋان،
سۇلتانى ساتۇق بۇغراخان پىرى مۇغان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

2) خۇمار:

ۋىسالىڭ ئارزۇ ئەتكەچ تەرەننۇم ئەيلەگەي بۇلبۇل،
نىھانتۇ ئاشكاراگۇل يۈزۈڭ شەۋقىدىن گۈل مەخمۇر.
— شەۋقى.

3) مەست مەيخۇمار كىشى:
سۇبھى دەمىدە بولدى، چەكتى نەۋايى بۇلبۇل.
ئەي پىرى دەير بەرگىل مەخمۇرلەرغە جامى.
— زەلىلى.

مەدار [مدار] (ئە) 1) دائىرە، ئايلانما؛ ئايلىنىش ئوقى:
سەرھەلقەۋۇ سەركەشان جەلالى،
دەغى قويادۇر مەدارى ئۆزرە.
— زەلىلى.

2) كۈچ، قۇۋۋەت، مەجال.

مەدارا [مدارا] (ئە) چىقىشىش، كېلىشىش؛ مادارا:
كېتەر ئەيلەمەي مەدارا، نەسىكەندەرۇ دارا،
بىرىن ئەيلەپ ئاشكارا، بىرىنى نىھان قىلۇرسەن.
— زەلىلى.

مەدارىس [مدارس] (ئە) «مەدرەسە» نىڭ كۆپلۈكى — مەكتەپلەر، مەدرىسىلەر:
مەدارىس ئارا ئىلىم تەكرار ئېتىپ،
سەبەق ئالغالى تىلنى ئىقرار ئېتىپ.
— ئا. نىزارى.

مەدايىن [مداين] (ئە) «مەدىنە» نىڭ كۆپلۈكى — شەھەرلەر.

مەدايىھ [مدايح] (ئە) «مەدھە» نىڭ كۆپلۈكى — مەدھىيىلەر.

مەدەد [مدد] (ئە) ياردەم، مەدەت:
بۇلار روھىدىن يەتكۈسى كۆپ مەدەد،
تاپار ئىستىئانەت ھەم ئەھلى بەلەد.
— ئا. نىزارى.

مەدەد ئەيلەمەك — ياردەم بەرمەك، مەدەت قىلماق:
كى بىزگە خەيردارلىق ئەيلەدى،
مەدەد ئەيلەبان يارلىق ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.

مەدەد قىلماق — ياردەم قىلماق، مەدەت بەرمەك:
بىھەمدۇللا بىزلەرگە قىلدى مەدەد،
بۇلار تۇربەتى بىزگە بولدى سەنەد.
— ئا. نىزارى.

مەدەد ئولماق — ياردەم كۆرسەتمەك، ياردىمى بولماق:
كى جامى ۋەفايىدىن ئولسە مەدەد،
چۈكەۋنەيىن ئارا تاپقۇم ئۆمرى ئەبەد.
— ئا. نىزارى.

مەدەدخۇاھ [مددخواه] (ئە + پ) ياردەم سورىغۇچى:
خىتا ھاكىمى بىزدىن ئاگاھ ئولۇپ،
قىلىپ لۇتۇف بىزگە مەدەد خۇاھ ئولۇپ.
— ئا. نىزارى.

مەدەدكار [مددكار] (ئە + پ) مەدەت قىلغۇچى، ياردەم بەرگۈچى.

مەدەدكارلىق [مددكارليق] مەدەتكارلارغا خاس ياردەم:
ئىجابەت قىلىپ ئەيلىدى يارلىق،
كى يەتكۈردى بىزگە مەدەتكارلىق.
— ئا. نىزارى.

مەدخەل [مدخل] (ئە) كىرىدىغان جاي، ئېغىز، ئىشىك.

مەدخەن [مدخن] (ئە) تۇرخۇن.

مەدداھ [مداح] (ئە) 1) مەدھىيىلىگۈچى، ماختىغۇچى:
ھەبىبىڭ نە ئۆتىغە مەدداھ قىل،
مەۋالىز ئۆمۈرىغە ئىسلاھ قىل.
— ئا. نىزارى.

2) كىشىلەرنى يىغىپ رىۋايەت، قىسسىلەرنى سۆزلىگۈچى.

مەدداھلىق [مداح ليق] مەدھىيىچىلىك:
قۇرۇق ساغەرىم بولسۇنۇ راھلىق،
قىلاي كەينىدە ساقى مەدداھلىق.
— ئا. نىزارى.

مەدرەسە [مدرسه] (ئە) مەكتەپ، مەدرىسە:
مەدرەسە ئىچرە ئالىمان بىھۇدە ئىلىم سەرف ئېتەر،
دەرسى مۇھەببەت ئەيلەسەڭ ئىشقىدىن ئېيتىدا كېرەك.
— زەلىلى.

مەدفەن [مدفن] (ئە) 1) دەپنە قىلىنىدىغان جاي، گۆر:
جەھان ئەھلى چۇن بولدى دۈشمەن ئاڭا،
ياغاچ جىسمىنى قىلدى مەدفەن ئاڭا.
— ئا. نىزارى.

2) قەبرىگاھ:
گورىستانى ئاندا مۇئەييەن ئىدى،
كى مەي ئەھلىغە جايى مەدفەن ئىدى.
— ئا. نىزارى.

مەدفەن قىلماق — يوشۇرماق:
كى بىر پاك جايىنى نىشەمەن قىلىپ،
مۇبارەك ۋۇجۇدىنى مەدفەن قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

مەدفۇن [مدفون] (ئە) كۆمۈلگەن، دەپنە قىلىنغان:
قىيا باقىشلەرىڭدىن ئەي سەنەم ھەر كوشەدە خۇندۇر،
بەسى قۇربانىڭ ئولغان تىيرەئى خاك ئىچرە مەدفۇندۇر.
— زەلىلى.

مەدھ [مدح] (ئە) ماختاش، مەدھىيە:

ئۆزۈڭ مەدھىگە ئەيلەگىل ئاشىنا،
قىلىپ پەرۋەرىش بىزنى يارەببەنا.

— ئا. نىزارى.

مەدھى نەبۇۋۋەت — پەيغەمبەرلىك مەدھىيىسى:

ئىشق ئوتىدىن ئاشىقى پاك ئۆرتەنۇر،
بەرق دىن مەدھى نەبۇۋۋەت مۇنبەرى.

— سەبۇرى.

مەدھىساز [مدح ساز] (ئە + پ) ماختىغۇچى، مەدھىيىلىگۈچى.

مەدھۇش [مدهوش] (ئە) 1) ھوشىدىن كەتكەن، بىھوش:

ھەم گۇل يەردە يىقىلدى زار مەدھۇش،
يەنە ئاندىن بەتەر ماھى قەسەبپۇش.

— ئا. نىزارى.

2) پەرىشان؛ ھەيران:

گەھى ھۇشىدا، گاھى بىھۇش ئىدى،
گەھى يىغلابان گاھى مەدھۇش ئىدى.

— ئا. نىزارى.

مەدھۇش بولماق — ھوشىدىن كەتمەك، بىھوش بولماق:

كى مەدھۇش بولماقغە بولدى يېقىن،
ئۆزىن توختاتىپ تۇردى بىردەم كېيىن.

— ئا. نىزارى.

مەدھۇشلۇق [مدهوش لوق] ھەيرانلىق، پەرىشانلىق:

ئوشۇل دەم بىرىپ رەڭى بىھۇشلۇق،
ئىشتىكەنگە ھەم يەتتى مەدھۇشلۇق.

— ئا. نىزارى.

مەدىدە [مديده] (ئە) سوزۇلغان، ئۇزۇن.

مەدىنە [مدينه] (ئە) 1) شەھەر. 2) سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىدىن بىرى:

يا رەسۇلۇللاھ مەدىنە كىشۋەرىغە يەتمىسەم،
رەۋزەئى پاكىڭغە تۆھفە مىڭ دۇرۇدۇ مىڭ سەنا.

— زەلىلى.

مەرابىز [مرابض] (ئە) «مەربەز» نىڭ كۆپلۈكى — قوتانلار.

مەراتىب [مراتب] (ئە) «مەرتەبە» نىڭ كۆپلۈكى — دەرىجىلەر، مەرتىۋىلەر؛ تېگىشلىك ئورۇنلار:

بۇ سۆز «خەمسە» دە ئانچە تەئۋىل ئېرۇر،
مەراتىب بىلە ئانچە تەفسىل ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

ئۈچ مەراتىب — ئۈچ قېتىم:

ئەي زەلىلى نالە بىرلە ئۈچ مەراتىب ئەيلەدىم
مەشھەدى سۇلتان ساتۇقى بۇغرا خانىينى تەۋاف.

— زەلىلى.

مەرارەت [مرارت] (ئە) 1) ئاچچىقلىق. 2) غەم - غۇسسە، قايغۇ - ئەلەم.

مەراسىد [مراصد] (ئە) «مەرسەد» نىڭ كۆپلۈكى — رەسەتخانىلار.

مەراھىل [مراحل] (ئە) «مەرھەلە» نىڭ كۆپلۈكى — مەنزىللەر:

ئۆبۇر ئەيلەدىم نەچچە مەنزىل بىلە،
كېزىپ تەي قىلىپمەن مەراھىل بىلە.

— ئا. نىزارى.

مەراھىلنى تەي قىلماق — كۆپ يول باسماق:

قىلىپ دەشت ۋادى، مەراھىلنى تەي،
يۈرۈپ نەچچە كۈن راغ ئارا نىك پەي.

— ئا. نىزارى.

مەرايا [مرايا] (ئە) «مىرئات» نىڭ كۆپلۈكى — ئەينەكلەر.

مەرئا [مرعى] (ئە) ئوتلاق.

مەرەز [مرض] (ئە) كېسەللىك، دەرد، ئەلەم.

مەرەق [مرق] (ئە) شورپا.

مەربەز [مربض] (ئە) قوتان.

مەربۇت [مربوط] (ئە) باغلانغان، باغلىق.

مەرتەبە [مرتبه] (ئە) 1) دەرىجە، ئورۇن، مەنسەپ. 2) ئابرۇي، ئىناۋەت، مەرتىۋە:

سەن سۇلايمانى زەماندىن ماڭا يەتسە مەرتەبە،
بەندە بولۇپ ئىشىكىڭدە دەۋر سۈرمەك ياخشىراق.

— ئۇبەيدى.

3) قېتىم، مەررە.

مەرتەبەئى ساقى — ساقىيلىق مەنسەپ:

سەندىن ئېرۇر مەرتەبەئى ساقى گەرىش،
سەندىن ئېرۇر غۇلغۇلە تاتەھتى فەرش.

— زەلىلى.

مەرتۇب [مرطوب] (ئە) ھۆل، نەم.

مەرج [مرج] (ئە) چىمەنزار.

مەرجان [مرجان] (ئە) مارجان.

مەرجۇ [مرجو] (ئە) ئۈمىد قىلىنغان، كۈتۈلگەن.

مەرجۇئ [مرجوع] (ئە) قايتۇرۇلغان، قايتقان.

مەرجەئ [مرجع] (ئە) قايتىدىغان جاي؛ مەنبە.

مەرد [مرد] (پ) 1) ئەر. 2) جەسۇر، باتۇر:

ئۇلارغا دېدى: «مەنكى تۇججار ئىدىم،
بۇ ئالەم ئارا مەرد سەييار ئىدىم».

— ئا. نىزارى.

3) سېخىي، ھىممەتلىك:

كى بىر مەرد جەرراھنىڭ خانىسى،
فەرەڭى ھەكىم بەيت - كاشانىسى.

— ئا. نىزارى.

مەردى كەلان — ياشانغان ئەر:

ھەرنە ئول مەردى كەلان ئەيدى ساڭا،
ئاڭلاغىل گوياكى جان ئەيدى ساڭا.

— زەلىلى.

مەردى مەردان — ناھايىتى باتۇر، جەسۇر، مەرد:

كەلسەلەر دەۋلەت بىلە بەدكارەلەر يەرگە باقار،
دۈشمەنىن شەرمەندە قىلماق مەردى مەردانغە نەخوب.

— قەلەندەر.

مەردان [مردان] (پ) «مەرد» نىڭ كۆپلۈكى — ئەرلەر؛ باتۇرلار.

مەردانى ھەق — ھەقىقىي مەردلەر:

شەيئۇللاھ چەكتىلەر مەردانى ھەق،
فەيزگە يۇر بولدى تاھەفتەم تەبەق.

— زەلىلى.

مەردانە [مردانه] (پ) 1) مەرد، باتۇر. 2) مەردلەرچە، باتۇرلارچە.

مەردانەۋار [مردانەوار] (پ) مەردلەرچە:

كى توختات ئۆزۈڭ قىلماغىل ئاھ - زار،
تەھەممۇل قىلىپ بولكى مەردانەۋار.

— ئا. نىزارى.

مەردانەلىك [مردانەلیك] باتۇرلۇق، مەردلىك:

كى مەردانەلىكنى كېتۈردى بەجا،
جەۋانلىقدا تۇتتى زەمىن گېچرەجا.

— ئا. نىزارى.

مەردەك [مردك] (پ) ئەرزىمەس، پەسكەش ئادەم.

مەردەم [مردم] (پ) «مەردۇم» غا قاراڭ.

مەردەمان [مردمان] (پ) «مەردۇم» نىڭ كۆپلۈكى — ئادەملەر، كىشىلەر:

قىلىپ ۋەھمە ئاندىن ھەمە مەردەمان،
قاچىبان دەۋۋدام، شىرى ژىيان.

— ئا. نىزارى.

مەردۇد [مردود] (ئە) رەت قىلىنغان؛ قوغلانغان، ھەيدەلگەن؛ قوغلاندى:

ئۈمىد ئەيلەپ يۈزۈم سۈرتۈپ كېلىپ مەن ئاستانىڭگە،
خۇدايا ئاسىي قۇلنى دەرگەھىڭدىن قىلماغىل مەردۇد.

— شەۋقى.

مەردۇزەن [مردوزن] (پ) ئەر - ئايال.

مەردۇم [مردم] (پ) 1) ئادەم، كىشى، خەلق. 2) كۆز قارىچۇقى:

مۇھەببەتنامە ياردىن قانلىغ ئەشكىمدىن مىداد ئەيلەب،
ئاڭا كۆز مەردۇمىن بەل مۇزمەرگەتتىم ئىئتىقاد ئەيلەب.

— گەرشى.

مەردۇمان [مردمان] (پ) كىشىلەر، ئادەملەر.

مەردۇمدار [مردم دار] (پ) ئادەمگەرچىلىكى بار، ئەدەپلىك:

كۆزى ھافىز كۆزىنگە خوش كۆرۈنۇر،
چۈن ئېرۇر بارچە مەردۇمدار ياخشى.

— ھافىز خارەزمى.

مەردۇمكۇش [مردم كش] (پ) قاتىل، جاللات.

مەردۇملۇق [مردم لوق] ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانىيلىق:

ھۇمەردۇملۇق ئەقۋالى بايان ئولۇپ،
رەۋان چەكمەكى جان نەمايان ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

مەردۇمى [مردمی] (پ) ئادەمگەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك.

مەررات [مرات] (ئە) «مەررە» نىڭ كۆپلۈكى — قېتىملار، بىرنەچچە قېتىم.

مەررە [مره] (ئە) قېتىم:

دىلرەبالار گەرچە ئەتمىش غەمزەدىن كۆڭلۈم فىگار،
سىنىڭ كۆڭۈلنى سەيد ئېتەرسەن ئەيلەگەنىڭ مەررەسى.

— ناقىس.

مەرسەد [مرصد] (ئە) رەسەتخانا.

مەرسىيە [مرثیه] (ئە) تەزىيە شېئىرى.

مەرغ [مرغ] (پ) ئوت - چۆپ، چىمەن.

مەرغزار [مرغزار] (پ) ئوتلاق، يايلاق؛ چىمەنزار:

چارباغى جەننەتۇل مەئۋاغە سالمايمەن نەزەر،
مەرغزارى ھۆسن ئۈچۈن يارەب خەبەردار ئولمىشەم.

— زەلىلى.

مەرغۇب [مرغوب] (ئە) 1) سۆيۈملۈك، يېقىملىق؛ مەقبۇل:

قىلىپ جەمئى نەزم ئەيلەسە خوبدۇر،
كەلامى تەبىئەتكە مەرغۇبدۇر.

— ئا. نىزارى.

2) خۇش چىراي:

بەلەند پەرياد ئۇرماي ئول پەرىغە يوق ئۈچۈن مەرغۇب،
ھەزىن نالىش ئىلەن جان ئۇدىدىن ئەندەك سەدا قىلدىم.

— گەرشى.

مەرغۇل [مرغول] (ئە) چىرمالغان؛ چىڭگىلەك چاچ.

مەرقەد [مرقد] (ئە) گۆر، قەبرە:

پەردە دارى ھەزرەتى ھەق بولغانلىق مەئلۇم ئۈچۈن،
مەرقەدىڭ ئۈرى تەجەللى جىلۋىسى نۇرى ھۇدا.

— زەلىلى.

مەرقۇم [مرقوم] (ئە) يېزىلغان، سىزىلغان.

مەرقۇم قىلماق — يازماق.

مەركەب [مركب] (ئە) مىنىدىغان ھايۋان، ئۇلاغ:

مىنىدىلەر مەركەب ئۇزە «ياھۇ» دېبان،
سەير ئېتىپ دەشتۇ بەيابانۇ يابان.

— زەلىلى.

مەرگ [مرگ] (پ) ئۆلۈم، ئەجەل:

ھەسبى ھال ئاچقايمىكىنلەر دەپ زەلىلى بەگدە مەرگ،
ئەيلەدىم تۇغرايى دىۋانىم بىنامى ئاشىقان.

— زەلىلى.

مەرگ ئەيلەمەك — يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك:

دەرەخت ئۆمرى داغىم سەبزەدۇر دەپ ئېتىماد ئەتمەڭ،
نەسىيمى مەرگ ئەيلەر بەند ـ بەندىدىن جۇدا ئاخىر.

— زەلىلى.

مەرگ تەخۋىفى — ئۆلۈم خەۋپى.

مەرگ ۋەھمى — ئۆلۈم ۋەھىمىسى.

مەرھەبا [مرحبا] (ئە) 1) خۇش كېلىپسىز:

ئاتاسى دېدى: «ئەي قىزىم مەرھەبا،
ئۇقۇپ رۇقئەنى ئاندا چەكتىڭ نەۋا» .

— ئا. نىزارى.

2) مەرھەمەت، ئىلتىپات:

ھەمە بەندەنىڭ ھاجىتىنى رەۋا —
قىلىپ، ئەيلەگىل لۇتۇق ئىلە مەرھەبا.

— ئا. نىزارى.

مەرھەبا ئەيلەمەك — 1) قارشى ئالماق، تەبرىكلىمەك:

بارى يەر ئۆپۈپ قىلدى قۇللۇق ئەدا،
ھەمە شاھغە ئەيلەدى مەرھەبا.

— ئا. نىزارى.

2) تەقدىم قىلماق، تەكلىپ قىلماق:

چۇ رەھمەت مەيدىن ئەتا ئەيلەگىل،
كەرەم ئەيلەبان مەرھەبا ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى.

مەرھەبا قىلماق — مەرھەبا ئەيلىمەك:

لىسانى غەيبىگە سەن پەيرەۋى قىلالماس سەن،
زەلىلى شوخلۇقۇڭ تۇتتى، مەرھەبا قىلايىن.

— زەلىلى.

مەرھەلە [مرحله] (ئە) 1) مەنزىل، ئۆتەڭ:

جەزەبە ئاتىغا ئىشىقىدىن بىر نەفەسى سۇۋادە بول،
مەرھەلە كۆپ يىراق ئىرۇر، كىرمە بۇ يولغاسەن ياياغ.

— زەلىلى.

2) بىر كۈنلۈك مۇساپە.

مەرھەلەئى فەنا — دۇنيانىڭ بىر كۈنلۈك مۇساپىسى:

مەرھەلەئى فەناغە كىم ئەھلى بەقا نەزەر قىلماڭ،
جەزبە ئېلى سۇۋارەدۇر زاھىد خۇدنەما ياياق.

— زەلىلى.

مەرھەم [مرهم] (ئە) چاپلىنىدىغان دورا، مەلھەم:

ئەشكىڭ تۇپراقى مەجرۇھ بولغان جانۇ تەنلەرغە،
شىفالىق مەرھەمى بولدى بىساتى پەرتەيان كېلدى.

— سەككاكى.

مەرھەم تاپماق — دەۋا، شىپا تاپماق، ساقايماق:

چۇ دەرىگە مەرھەم تاپا ئالمايىن،
ستەمگەر جەھاندىن ۋەفا ئالمايىن.

— ئا. نىزارى.

مەرھەم ياقماق — دەرد ۋە ئازابتىن چىقارماق:

غەمزەڭ ئوقى ھەر نېچە كىم قىلسە جانىمدە يارا،
ئول يارالغە لەئلى سەككەر بارىڭىز مەرھەم ياقار.

— ھافىز خارەزمى.

مەرھەمەت [مرحمت] (ئە) رەھىمدىللىق، شەپقەت، ئىلتىپات:

بەيان ئەيلەسە مەسئەلە مەرىپەت،
خەبەردار بولۇپ قىلمادىڭ مەرھەمەت.

— غەربى.

مەرھۇب [مرهوب] (ئە) قورقۇنچلۇق.

مەرھۇم [مرحوم] (ئە) 1) رەھىم قىلىنغۇچى، ئەپۇ قىلىنغۇچى. 2) ئۆلگەن كىشى ھەققىدە ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز.

مەرھۇن [مرهون] (ئە) گۆرۈگە قويۇلغان، رەنىگە بېرىلگەن.

مەرىز [مريض] (ئە) كېسەل:

چۇ ھىكمەت ئېلى كۆپ مەھارەت قىلىپ،
كەم ئولماي مەرىزى مەرارەت قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

مەزاج [مزاج] (ئە) «مىزاج» غا قاراڭ:

كوشايانى تىلسىمى گەنجىئى ئەسرار،
شىناسان مەزاجى نەبزى ئەسمار.

— ناقىس.

مەزار [مزار] (ئە) زىيارەتگاھ؛ قەبرىگاھ، مازار،

يەنە ھەم مەزارى ئەمىرى جەھان،
كى شاھەنشەھى مىر تۆمۈر كورگان.

— ئا. نىزارى.

مەزارات [مزارات] (ئە) «مەزار» نىڭ كۆپلۈكى — مازارلار، قەبرىگاھلار:

بولۇپدۇر مەزارات ئالى نىشان،
گىئانە بىلە تا قىيامەت ئەيان.

— ئا. نىزارى.

مەزارىستان [مزارستان] (ئە + پ) زىيارەتگاھ، قەبرىگاھ.

مەزارىئ [مزارع] (ئە) «مەزرەئە» نىڭ كۆپلۈكى — ئېكىنزارلار.

مەزاق [مذاق] (ئە) 1) تەم، لەززەت. 2) تېتىش ئەزالىرى:

سالىپ مۆھرىنى ئاغزىڭا دەرمەھەل،
كى قىلسالىڭ سۆيىنى مەزاقىڭدا ھەل.

— ئا. نىزارى.

مەزالىم [مظالم] (ئە) «مەزلەمە» نىڭ كۆپلۈكى — زۇلۇم - سىتەملەر.

مەزاھ [مزاح] (ئە) ھەزىل، مازاق.

مەزاھىب [مذاھب] (ئە) «مەزھەب» نىڭ كۆپلۈكى — مەزھەبلەر.

مەزاھىر [مظاھر] (ئە) «مەزھەر» نىڭ كۆپلۈكى — كۆرۈنۈشلەر.

مەزەللەت [مذلت] (ئە) خورلۇق؛ بىچارىلىك:

تۇتار چەرخ ئۆزرە قەمەردەك مەكان،
مەزەللەت غۇبارى ئارا گۇل نىھان.

— ئا. نىزارى.

مەزەممەت [مذمت] (ئە) ئەيىبلەش، قارىلاش:

تەفەررۇس بىرلە بىلمەك بولدى لازىم،
ئەگەرچە بۇ مەزەممەت كۆپكە شامىل.

— ناقىس.

مەزەننە [مظنه] (ئە) شەك - شۈبھە، گۇمان.

مەزبەلە [مزبله] (ئە) ئەخلەتخانا.

مەزبۇت [مضبوط] (ئە) مەھكەم، مۇستەھكەم.

مەزرەئە [مزرعه] (ئە) «مەزرەئ» گە قاراڭ.

مەزرەئ [مزرع] (ئە) تېرىلغۇ يەر، ئېكىنزارلىق:

ئاخىرەتنىڭ مەزرەئىدۇر ئەسلى بىلسەڭ بۇ جەھان،
قوللۇغۇڭنى سابىت ئەيلەپ يۈرمەگىل ئۆمرۈڭ ئەبەس.

— شەۋقى.

مەزكۇر [مذكور] (ئە) تىلغا ئېلىنغان، سۆزلەنگەن.

مەزلۇم [مظلوم] (ئە) 1) زۇلۇم كۆرگەن، زۇلۇمغا ئۇچرىغان. 2) ئاجىز، بىچارە:

كى ئەركان دەۋلەتكە بەردى خەبەر،
كى مەزلۇم ئىدىم، چۇن يېتىپ كەلدى ئەر.

— ئا. نىزارى.

3) ئايال كىشى:

ھارام ئېرمىش ۋەگەر مەزلۇملارنىڭ باڭى ئاۋازى،
ۋەگەر بىگانەلەرنىڭ سۆھبەتى ھەمرازى - ھەمرازى.

— موللا نىياز.

مەزلەمە [مظلمه] (ئە) زۇلۇم - سىتەم، ئازاب.

مەزمۇم [مذموم] (ئە) ئەيىبلەنگەن؛ نەپرەتلىك.

مەزمۇن [مضمون] (ئە) 1) مەزمۇن، مەنە:

كۆڭۈلنى مۇھەببەت بىرلە ساف قىل،
كى مەزمۇن قۇلۇبىغە كەششاف قىل.

— ئا. نىزارى.

2) كاپالەت، ۋەدە:

دېدى: *«بىر زەمان سەبر قىل، خابكار،*
كى مەزمۇن بىلە ئەيلەيىن ۋەسفى يار».

— ئا. نىزارى.

مەزنۇن [مظنون] (ئە) شەك كەلتۈرۈلگەن، گۇمانلىق.

مەزھەب [مذھب] (ئە) 1) يول، تەلىم، مەسلەك:

سەراسەر مەزھەبى قارۇن ئېرۇر دۇنيانى يىغماغلىق،
كى شىرىن جانىغە يەئنى زەھر ئەژدەرھانى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

2) دىندىكى بىر ئېقىم:

سۈرەتى ئادەم، ۋەلى سىيرەتدە يوق،
ھېچ قايسى مەزھەبۇ مىللەتدە يوق.

— زەلىلى.

مەزھەر [مظھر] (ئە) 1) كۆرۈنۈش؛ نەمۇنە، نىشانە:

دەھر دەيرى ئىچرە مۇنداق قايدا بىر زىبا سەنەم،
گوييا بۇ ھۆسنۇ خەللاقىغە مەزھەردۇر ئەتەم.

— ئەرشى.

2) شولا، ئىپادە:

ماڭا نەلازىم ئېرۇر ماسىۋاغە سۆز سۈرمەك،
كۆڭۈلنى ئايىنەئى مەزھەرى خۇدا قىلايىن.

— زەلىلى.

مەزىد [مزيد] (ئە) ئارتۇق، زىيادە:

كىمە بولدى دەريا ئارا پەدىد،
قىلىپ تەجرىبە، بولدى سىدقى مەزىد.

— ئا. نىزارى.

مەسائ [مساء] (ئە) كەچقۇرۇن، كەچ، ئاخشام: *سەبائدا*
مۇرغى سۇلايمان كەبى سەبا يۈرگىل،
مەسائدا مەتلۇبى جانە ئەيىنى مۇددەئا ئۇچرار.

— شەۋقى.

مەسابە [مشابه] (ئە) دەرىجە، مەرتىۋە.

مەسابىھ [مصابيح] (ئە) «مىسباھ» نىڭ كۆپلۈكى — چىراغلار.

مەساجىد [مساجد] (ئە) «مەسجىد» نىڭ كۆپلۈكى — مەسچىتلار:

مەساجىدخانەقەھ بىرلە سەۋامىئ،
ياسانغان ھەر تەرەفتە تۈرفە رامىئ.

— ناقىس.

مەسادىر [مصادر] (ئە) «مەسدەر» نىڭ كۆپلۈكى — مەنبەلەر.

مەساف [مصاف] (ئە) جەڭ مەيدانى، جەڭگاھ:

شەيخان رىبايىغە ۋەقتىمكى مەساف ئەتتىم،
كۆڭلۈمگە غۇبار ئولماي ئايىنە ساف ئەتتىم.

— زەلىلى.

مەسافەت [مسافت] (ئە) مۇساپە، ئارىلىق، ئۇزۇنلۇق:

كىرىپ يولغە ئول دەم ئاتاۋۇ ئوغۇل،
يۈرۈپ بىرمەسافەت كېلىپ ئىككى يول.

— ئا. نىزارى.

مەساكىن I [مساكن] (ئە) «مەسكەن» نىڭ كۆپلۈكى — تۇرار جايلار.

مەساكىن II [مساكين] (ئە) «مىسكىن» نىڭ كۆپلۈكى — مىسكىنلەر:

فۇقەرا بىرلە مەساكىن مەسرۇفى ئۇشرە زەكات
جايىغە سەرف ئەتمەسەڭ ئول خەير قىلغانىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

مەسالىك [مسالك] (ئە) «مەسلەك» نىڭ كۆپلۈكى — مەسلەكلەر.

مەسەل [مثل] (ئە) 1) مىسال، مەسىلەن:

ئەگەر تىغى قازا ھەلقىڭغە يەتسە مەسەل، ئەيتىماغىل،
خەلىل ئاسا تۇتۇپ فەرمانىنى مەردۇ خۇدا بولماق.

— زەلىلى.

2) ماقال ـ تەمسىل.

مەسەللىك *[مثل ليك] ئوخشاش، ئوخشىغان.*

كۆزى خۇن مەسەللىك بولۇر دەمبەدەم،
كى قايناپ تۇرار مىسلى ئابى بەقەم.

— ئا. نىزارى.

مەسئەلە [مسئله] (ئە) سوئال ـ جاۋاب، مەسىلە:

بەيان ئەيلەسە مەسئەلە مەرىپەت،
خەبەردار بولۇپ قىلمادىڭ مەرھەمەت.

— غەرىبى.

مەسەلسەل [مسلسل] (ئە) «مۇسەلسەل» گە قاراڭ.

ئەي مەسەلسەل زۇلفىدىن جانىمدە يۈزمىڭ پىچ-پىچ،
سورماساڭ ھەردەم بوقۇلنى بارى سورغىل كىچ-كىچ.

— ئاتايى.

مەست [مست] (ئە) 1) مەست، كەيىپ بولغان:

ۋەلايەت ھەمەكافىرۇ بۇت پەرەست،
بۇلار كۇفر تۇغيان مەيى بىرلەمەست.

— ئا. نىزارى.

2) بىھوش، خۇدىنى يوقاتقان:

ئەجەل خەنجەرىغە قىلاي ئۆزنى مەست،
ياتاي سۇبھى مەھشەرغەچە يەڭنى مەست.

— ئا. نىزارى.

مەست بولماق — كەيپىدىن ھوشىنى يوقاتماق:

زەلىلى سۇبھى سادىق ساغەرىدىن مەست بولغايسەن،
فەلەككە ئىلتەدۇر كەيفى سەھەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

— زەلىلى.

مەستانە [مستانه] (پ) مەستلەردەك، مەستلەرچە:

شەرابى ئەرغەۋانى شىشەئى كۆلگۈنگە تولدۇرمىش،
مېنى شاراب ئېتەرگە ساقىئى مەستانە بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

مەستلىك [مست لك] كەيپلىك، بىھوشلۇق:

نەرگىسى جادۇيى دىلبەر بەس خۇمار ئالۇدەدۇر،
مەستلىكىدىن ئەندەكى مەجلىستە ھۇشيار ئولمىشەم.

— زەلىلى.

مەستۇر I [مستور] (ئە) 1) پەردىلەنگەن، يوشۇرۇنغان؛ ئېپپەتلىك:

زەر قىزى كەيفىيەتى سەندەكلەردىن مەستۇردۇر،
بىلمەي ئەسرارىن نېچۈك نەفي قىلغۇلۇق زاھىدا.

— ئەرشى.

2) پىنھان، كۆزدىن خالىي:

مەككەتۇللاھدە بۇ سۆز مەشھۇر ئىدى،
لېك خوجە خەلقىدىن مەستۇر ئىدى.

— زەلىلى.

مەستۇر بولماق — يوشۇرۇلماق، مەخپىي تۇتۇلماق:

تەمەننادۇر شەفائەت ئەيلەسەڭ ئەرزىم شۇئۇد ئەتكەي،
جەنابى ھەق سارىغە ئەرزى ھالىم بولمىغاي مەستۇر.

— شەۋقى.

مەستۇر II [مسطور] (ئە) يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن.

مەسجۇد [مسجود] (ئە) سەجدە قىلىنغۇچى، تەڭرى:

ئىبادەت قىلىپ تۇردى مەئبۇدغە،
كېچەلەر قىلىپ سەجدە مەسجۇدغە.

— ئا. نىزارى.

مەسجىد [مسجد] (ئە) ئىبادەتخانا، مەسچىت:

تاپىپ جايى مەسجىدنى قىلدى مەكان،
سەفەر مېھنەتىدىن تاپىپ چۈن ئامان.
— ئا. نىزارى.

مەسدۇد [مسدود] (ئە) توسۇلغان، چەكلەنگەن.

مەسدۇد قىلماق — توسماق:
بىھەققى ھۆرمەتى «تاھا» ۋە «ياسىن» ھەزرەتى ئەھمەد،
غەرىب ئاجىز قولۇڭغە راي ھەققىنى قىلماغىل مەسدۇد.
— شەۋقى.

مەسرۇر [مسرور] (ئە) خۇرسەن، شاد، خۇشال:
سۇرگەلى قەتلىم قۇسۇنى كۆز بىلەن مەسرۇرمەن،
كىم قۇشايمان ئولماغاي، يارەبكى ئول قاتىل يىگىت.
— ئەرشى.

بەسى مەسرۇر — زور شادلىق:
كەرەم ئەيلەب غەرىب ئۇممەتكە لۇتفۇڭدىن نەۋا بەرسەڭ،
مۇيەسسەر ئولغۇسىدۇر جانۇ دىللارغا بەسى مەسرۇر.
— شەۋقى.

مەسرۇر شاد — شات ـ خۇرام:
نەچە ئىشنى فەرمان قىلىپ خەيرباد،
ئېتىپ، ياندى شەھرىگە مەسرۇرشاد،
— ئا. نىزارى.

مەسرۇر ھال — خۇشال:
چىقىپ كەلدى فەرھاد مەسرۇرھال،
بىرى بىرىسى بىرلە كۆرۈشتى جەمال.
— ئا. نىزارى.

مەسرۇرلۇق [مسرورلوق] خۇشاللىق، شادلىق:
كى لەيلىگە ھەم يەتتى مەسرۇرلۇق،
كۆرۈپ يارنى، كەتتى رەنجۇرلۇق.
— ئا. نىزارى.

مەسرۇف [مصروف] (ئە) سەرپ قىلىنغان پۇل، چىقىم:
فۇقەرا بىرلە مەساكىن مەسۇرفى ئۇشرە زەكات،
جايىغە سەرف ئەتمەسەڭ ئول خەير قىلغانىڭ غەلەت.
— شەۋقى.

مەسرۇق [مسروق] (ئە) ئوغرىلانغان، يوقالغان.

مەسرىف [مصرف] (ئە) خىراجەت، چىقىم.

مەسساھ [مساح] (ئە) يەر ئۆلچىگۈچى، تانابچى:
سۇ ئىچرە قىلىپ كېمە بىرلە شىتاب،
بۇ نەۋئ ئانى مەسساھ چەككەي تاناب.
— نەۋايى.

مەسقۇت [مسقوط] (ئە) تاشلانغان، چىقىرىۋېتىلگەن.

مەسقۇل [مصقول] (ئە) پالتىرىتىلغان، سىلىقلانغان.

مەسكەن [مسكن] (ئە) 1) تۇرار جاي، مەنزىل، ئۆي:
ھاي ـ ھۇي كىردارى ئاشقان قىلماڭ گۇمان،
قەند ئۇستۇندە ھۇجۇم غۇلغۇلى مەسكەنى مەگەس.
— زەلىلى.

2) ئىستىقامەت ئورنى، مەقام:
بۇلار مەسكەنىدە تۇرۇپ ئىككى ئاي،
ئىبادەت قىلىپ ئەزبىرايى خۇداي.
— ئا. نىزارى.

مەسكەنەت [مسكنت] (ئە) بىچارىلىك، مىسكىنلىك.

مەسكۇن [مسكون] (ئە) كىشىلەر ياشاپ تۇرغان جاي، يەر يۈزى.

رۇبئى مەسكۇن — يەر يۈزى، قۇرۇقلۇق.
كىم ئېرمىش ئىشق مەيدانى بەسى كەڭ،
بولالماس رۇبئى مەسكۇن سۇلىسغەتەڭ.
— ناقىس.

مەسلەك [مسلك] (ئە) 1) مەلۇم ئەقىدىگە مەنسۇپ يول. 2) غايە، ئەقىدە.

مەسلەھەت [مصلحت] (ئە) كېڭەشىش، مەسلىھەت:
ئەسەر قىلدى فەرھاد مەھجۇرغە،
تۇرۇپ مەسلەھەت قىلدى شافۇرغە.
— ئا. نىزارى.

مەسلەھەت ئەيلەمەك — مەسلىھەتلەشمەك:
ئەمەلدارلار ئەيلەدى مەسلەھەت،
چىقارماققا بىزنى قىلىپ مەشۋەرەت.
— ئا. نىزارى.

مەسلۇب [مسلوب] (ئە) ئاجرىتىۋېتىلگەن؛ ئېتىبارسىز.

مەسلۇخ [مسلوخ] (ئە) تېرىسى شىلىنغان.

مەسلۇك [مسلوك] (ئە) مېڭىلغان، تۇتۇلغان يول:
ۋەفا تەرىقىدە ئۇلكىم تىلەركى، قىلسا سۇلۇك،
كېرەككى، تۇتسا ۋەفا ئەھلى شىۋەسىن مەسلۇك.
— نەۋايى.

مەسنەد [مسند] (ئە) 1) تايانچ، يۆلەنچۈك:
مەسنەدىدۇر پايتەخت ـ ياركەند،
نېكى نامۇ نېكى بەخت ياركەند.
— زەلىلى.

2) يۇقىرى ئورۇن، دەرىجە:
مۇستەفادىن سوڭ خەلىفەكىم ئىدى ئەيغىل ۋىلا،
مەسنەد ئەۋجى خەلافەتدە ئەبۇ بەكرى ئەۋۋەلا.
— زەلىلى.

3) تەخت:
تەختەگى تابۇت ئېرۇر ئاقىل كۆزىگە تەختۇتاج،
كىم ئەدالىق بورىياسى مەسنەدى بى ئېھتىياج.
— زەلىلى.

مەسنەدنىشىن [مسندنشين] (ئە + پ) 1) تۆردە ئولتۇرغۇچى، تەختتە ئولتۇرغۇچى:

زەلىلى فەقىرنىڭ مەيخانىسىدە سەلتەنەت كۆرگەچ،
تىكىپ تۇغنۇ ئەلەم مەسنەدنىشىن بارگاھىمدۇر.

— زەلىلى.

2) ئەمەلدار، ئورۇن باسار:

بەسىرەت ئىلىن يىغدى خاقانى چىن،
ئۆزگە تەخت ئۆزە بارچە مەسنەدنىشىن.

— ئا. نىزارى.

مەسنەۋى [مثنوى] (ئە) 1) ھەر ئىككى مىسراسى قاپىيىداش بولغان شېئىرىي ئەسەر. 2) جەلالىددىن رۇمىيغا مەنسۇپ ئەسەر.

مەسنۇن [مسنون] (ئە) سۈننەت قىلىنغان، ئادەت بولغان.

مەسنۇئات [مصنوعات] (ئە) ياساپ، ئىشلەپ چىقىرىلغان نەرسىلەر.

مەسنۇئ [مصنوع] (ئە) ياسالغان، يارىتىلغان؛ سۈنئىي.

مەسۇخ [مسوخ] (ئە) بىمەزە، بىمەنە؛ پەسكەش.

مەسئۇد [مسعود] (ئە) سائادەتلىك، بەختلىك:

مەي ۋەھدەت ئەگەر ساقى ئەزەلدىن جامى دىل ئىچرە،
يېتىشسە ئول كىشىنىڭ بولغۇسىدۇر تالئى مەسئۇد.

— شەۋقى.

مەسۇن [مصون] (ئە) ساقلانغان، مۇھاپىزەت قىلىنغان.

مەسىر [مسير] (ئە) سەير قىلىدىغان جاي، سەيلىگاھ.

مەسىھ [مسيح] (ئە) 1) ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى:

يە ئۆزرە پەيدا ئەمەس، خىزىر، فەلەك ئۆزرە مەسىھ،
بولدىلار پىنھان ئىكەۋ لەئلى دۇرەخشانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

2) مەشۇق:

مەھۋەشىم رۇخسارىدىن خۇرشىدى پەرتەۋراسى بار،
خىزىر خەتتى ئاستىدا لەئلى مەسىھ ئەنفاسى بار.

— ئەرشى.

مەسىھا [مسيحا] (ئە) «مەسىھ» گە قاراڭ.

ۋەفا ھەرفىنى سورغاندا ماڭا سەن تازەجان بەردىڭ،
مەسىھا لەبلەرىڭ ئەئجازىدىن گويا جەۋاب ئەيلەپ.

— زەلىلى.

مەسىھۇللاھ [مسيح الله] (ئە) ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا:

تىرگۈزۈپ ئۆلگەن كۆڭۈلنى رۇھپەرەر دەككىنە،
گەرمەسىھۇللاھ دەمىدىن تەنگە جان كىرگەنچە بار.

— موللا سالىھ.

مەشام [مشام] (ئە) پۇراش ئەزاسى، بۇرۇن؛ دىماغ:

مەشامىغە يەتتى سەھەر گۈل ئىسى،
كى ئەقلىغە كەلتۈردى سۈنبۇل ئىسى.

— ئا. نىزارى.

مەشائىل [مشاعل] (ئە) «مەشئەل» نىڭ كۆپلۈكى — مەشئەللەر:

تەفەررۇج گاھى سۈنئىنىڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبىدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن ـ كېچەلەردە گۈنبەزى خەزرا.

— زەلىلى.

مەشايىخ [مشايخ] (ئە) «شەيخ» نىڭ كۆپلۈكى — شەيخلەر؛ ئۇلۇغ كىشىلەر:

مۇئەييەنكى سۇلتان سۇتۇق مەنزەرى،
جەمئى مەشايىخ ئىرۇر سەرۋەرى.

— ئا. نىزارى.

مەشايىخان [مشايخان] (ئە + پ) پېشۋالار، مەشايىخلار:

سىلسىلەئى مەشايىخان سۈننىتى نەۋق ئەۋلىيا،
شەيخ رىيائى قول ئاچار كۆرسە نەيەردە بىر تېرەك.

— زەلىلى.

مەشئەل [مشعل] (ئە) 1) مەشئەل، چىراغ:

شەبى يەلدا بولۇپدۇر نۇرى مەشئەلدىن فەراغىم بار،
سەۋاد ئاھ دىن كىم شۇئلەدىن دايىم چىراغىم بار.

— زەلىلى.

2) يورۇقلۇق، روشەنلىك:

سەمەرقەند بىلادى — جەھان سەيقەلى،
نىسەيقەلكى پەرتەۋ فىشان مەشئەلى.

— ئا. نىزارى.

مەشئەلى ئەيش — ھاياتلىق مەشئىلى:

كۈندۈزۈمدۇر كېچە ئول خۇرشىدى تابانىدىن جۇدا،
مەشئەلى ئەيشىم ئۆچۈك ئول ماھى تابانىدىن جۇدا.

— ئەرشى.

مەشئەلى ستارە — يۇلتۇز يورۇقى، نۇرى:

ھەم بارگاھ سەلتەنەتىڭ يەتتە ئاسمان،
مەشئەلى ستارە ھەربىرى بىر شەمىيانەدۇر.

— زەلىلى.

مەشرەب [مشرب] (ئە) 1) خۇلق، خاراكتېر، ئادەت:

ئېتىراز ئەقلىمى سارى بارماغىل كىم تەڭدۇر،
مەشرەبى ھەفتاد دۇ مىللەتكە كىرگىل كەڭدۇر.

— زەلىلى.

2) ئىچىملىك ئىچىلىدىغان جاي.

مەشرۇئات [مشروعات] (ئە) «مەشرۇئ» نىڭ كۆپلۈكى — شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىشلار:

يۇرقۇسۇز نۇقسانىمە ئىقرار ئولۇپ خەزم ئەيلەدىم،
غەيرى مەشرۇئاتۇ، مەشرۇئانلار نەزم ئەيلەدىم.

— ئابدۇقادىر داموللا.

مەشرۇب [مشروب] (ئە) ئىچىلىدىغان نەرسە، ئىچىملىك.

مەشرۇبات [مشروبات] (ئە) «مەشرۇب» نىڭ كۆپلۈكى — ئىچىملىكلەر.

مەشرۇت [مشروط] (ئە) شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شەرت قىلىنغان.

مەشرۇھ [مشروح] (ئە) شەرھلەنگەن؛ ئىزاھ، بايان.

مەشرۇئ [مشروع] (ئە) شەرىئەتكە ئۇيغۇن؛ قانۇنىي.

مەشرىق [مشرق] (ئە) شەرق، كۈنچىقىش:

جانىبى مەشرىقتە ئىكەن كىمرە ھەم،
يۇرتى خىتا بىلەن ئىكەندۇر بەھەم.

— زەلىلى.

مەشرىق سارى — كۈنچىقىش تەرەپ:

تۇغمىش ئېردى ئىلگەرى مەشرىق سارىدىن ئافتاب،
بول ئەجەب پاتتىڭ سەن ئول سارى، مەنى ئەيلەپ كەباب.

— ئەرشى.

مەششاتە [مشاطه] (ئە) 1) چاچ تارىغۇچى:

يۈزىنىڭ ئۆزرە زۇلفىنى مەششاتەكىم، شانە قىلۇر،
بازارى ھۆسنىندە ئانىڭ يۈز تۈرلۈك غەۋغا بولغۇسى.

— ھاپىز خارەزمى.

2) زىننەت بەرگۈچى، پەردازچى:

سەھايىف يۈزىنى قىلىپ تازەگى،
كى مەششاتە ئەيلەپ سۈرۈپ غەزەگى.

— زەلىلى.

مەششاتەئى رەڭ — زىننەت بەرگۈچى رەڭ:

زەبان ئارالىقىمىدىن مەشق بىس مەششاتەگى رەڭدۇر،
زەلىلىنىڭ سۆزى زۇلفى سەنەمگە شانە بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

مەشغۇف [مشغوف] (ئە) بىر ئىشقا بېرىلگەن، قىزىققان؛ ئىشقى بار.

مەشغۇل [مشغول] (ئە) بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانغان، بەند:

گۈلتۇرۇپ زىكرىغە مەشغۇل ئەردىلەر،
چار يارانۇ سەھابە سەربەسەر.

— زەلىلى.

مەشغۇل بولماق — شۇغۇللانماق:

كى مەشغۇل بول ئىلمى رەببانىغە،
نەزەر ئەيلەگىل تەڭرى قۇرئانىغە.

— ئا. نىزارى.

مەشق [مشق] (ئە) ئىقتىدارنى يېتىلدۈرىدىغان ئىش:

جانىڭنى كەباب ئەتتى زەلىلى ئىسەرى دەرد،
مەن بەگدە غەزەل مەشق قىلۇرسەن نەمەكىن قىل.

— زەلىلى.

مەشقى جۇنۇن — ساراڭلارچە ھەرىكەت ـ قىلىق:

تەلبە زەلىلى مۇنۇز، مەشقى جۇنۇنۇ رۇمۇز،
تۇتى كەبى نالەسوز لەب شەكەرى بولماسا.

— زەلىلى.

مەشكۇر [مشكور] (ئە) شۈكۈر ۋە رەھمەت ئېيتىشقا لايىق؛ رەھمەت ئېيتىلغۇچى:

ۋۇجۇدى زاتى پاكىڭ رەھمەتەن لىل ئالەمىن دۇرلار،
بۇ نېئمەت بىزگە بىستۇر شاكىر ئولغىل دائىما مەشكۇر.

— شەۋقى.

سەئيى مەشكۇر — رەھمەت ئېيتىشقا لايىق ئىش:

ئەمان ئىستەپ قىلىپ كۆپ سەئيى مەشكۇر،
قىلىپ شەھ خىزمەتىن ئىمكانى مەقدۇر.

— ناقىس.

مەشكۇك [مشكوك] (ئە) شۈبھىلىك، گۇمانلىق.

مەشمۇل [مشمول] (ئە) ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان، قورشالغان:

نېچۈك ئەمر ئەيلەسە مەشمۇلى شامىل،
ئەساكىر بارچەسى ئەمرىگە شاغىل.

— ناقىس.

مەشمۇم [مشموم] (ئە) يېقىملىق ھىد، خۇشبۇي.

مەشمۇمات [مشمومات] (ئە) خۇشبۇي نەرسىلەر.

مەشھەد [مشهد] (ئە) 1) گۇۋاھلىق بېرىلگەن جاي. 2) گۇۋاھ بولغۇچى كۆمۈلگەن جاي. 3) ئاتۇشتىكى بىر يېزىنىڭ نامى:

كاشغەر زەمىنى ئىچرە ئەيلەسەڭ سەفەر يارا،
بارغالى زىھى مەشھەد، تۇرغالى تېجەن ياغشى.

— زەلىلى.

مەشھۇد [مشهود] (ئە) كۆزگە كۆرۈنگەن؛ ئاشكارا.

مەشھۇر [مشهور] (ئە) 1) ھەممىگە مەلۇم بولغان، تونۇلغان:

غەنىيلىق بىلە ئانچە مەشھۇر ئىدى،
دىرەملەر بىلە بەيتى مەئمۇر ئىدى.

— ئا. نىزارى.

2) نامى چىققان، داڭلىق، ئاتاقلىق:

خوجەستە ئاتى ھەر مەجلىسدە مەزكۇر،
لىۋايى نۇسرەتى ئالەمگە مەشھۇر.

— زەلىلى.

مەشھۇرات [مشهورات] (ئە) ھەممىگە تونۇلغان، داڭلىق

ئىشلار:

تەمەئ قىلۇر كىشى تويماس چۈنانچە ھەرفى تەمەئ،
قانائەت ئەھلى غەنىي ۋەسفى بىرلە مەشھۇرات.

— شەۋقى.

مەشھۇن [مشحون] (ئە) تولغان، لىق، تولۇق.

مەشئۇف [مشعوف] (ئە) 1) بېرىلگەن، مەپتۇن، شەيدا. 2) خۇشال، شاد - خۇرام:

نىگارىڭ سەفەر ئىچرە مەشئۇفدۇر،
كى ھەمرەھلىغىڭ ئاڭا مەۋقۇفدۇر.

— ئا. نىزارى.

مەشئۇم [مشئوم] (ئە) شۇم، كۆڭۈلسىز.

مەشۋەرەت [مشورت] (ئە) كېڭەش، مەسلىھەت:

قىلىپ خاتۇنى بىرلە ئول مەشۋەرەت،
كى تۇججارلىققە نىدۇر مەسلەھەت.

— ئا. نىزارى.

مەشۋەرەت ئەيلەمەك — «مەشۋەرەت قىلماق» قا قاراڭ:

ھەمە ئەھلى ھىكمەت قىلىپ مەسلەھەت،
بولۇپ مۇتتەفىق ئەيلەبان مەشۋەرەت.

— ئا. نىزارى.

مەشۋەرەت قىلماق — كېڭەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك:

قىلىپ مەشۋەرەت ئەيلەدۈك ئىتتىپاق،
گىرىفتار ئېتىپمىز بەجايى قازاق.

— ئا. نىزارى.

مەشى [مشى] (ئە) ياياق مېڭىش، يۈرۈش.

مەشىيەت [مشيت] (ئە) تىلەك، ئارزۇ؛ ئىرادە.

مەغارە [مغاره] (ئە) غار، ئويۇلغان جاي.

مەغاك [مغاك] (ئە) چوڭقۇر، قېزىلغان يەر:

چۇ دەفن ئەتكەلى يەرنى چاك ئەيلەدى،
لەھەد ھۆكمىدە بىر مەغاك ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

مەغبۇن [مغبون] (ئە) ئالدانغان، زىيان تارتقان.

مەغبۇنلۇق [مغبون لوق] ئالدىنىش، زىيان تارتىش.

مەغرۇر [مغرور] (ئە) غۇرۇرى بار، مەغرۇر:

دىلرەبالەر قەسىدىن ئەيلەپ بولماغىل مەغرۇركىم،
شاھىمدى دەۋران ساڭا گەر كۆرسە تۇربادى يۈرۈت.

— ئەرشى.

مەغرىب [مغرب] (ئە) كۈنپېتىش، غەرب:

ئۆتەر ئەردىم بى بال ئەفسانەئى ئەنقايى مەغرىبدىن،
سەرى زەنجىرى زۇلفۇڭ بىرلە جانا پايى بەست ئولدۇم.

— زەلىلى.

مەغرىب سارى — غەرب تەرەپ:

چۇ خۇرشىدنىڭ ئەۋجى قىلدى زەۋال،
كى مەغرىب سارى ئەيلەدى ئىنتىقال.

— ئا. نىزارى.

مەغز [مغز] (پ) مېڭە؛ ئەقىل.

مەغزابە [مغزابه] (پ) سوپۇنلۇق سۇ، ماغزاپ.

مەغزۇب [مغضوب] (ئە) غەزەپ قىلىنغان، غەزەپكە يولۇققان.

مەغسەل [مغسل] (ئە) غۇسۇل قىلىدىغان، يۇيۇنىدىغان جاي.

مەغفۇر [مغفور] (ئە) گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغان، كەچۈرۈلگەن:

يەنە شاھ بەھرامۇ شافۇر ھەم،
جەنابى ئىلاھىدە مەغفۇر ھەم.

— ئا. نىزارى.

مەغفۇر ئولماق — گۇناھى مەغپىرەت قىلماق:

زىھى دەۋلەت قىلىپ بىزلەرنى ئۇممەت زاتى، پاكىڭغە،
ئەجەب ئېرمەس تۇفەيلىڭدىن ئۇممەت ئولسەلەر مەغفۇر.

— شەۋقى.

مەغفىرەت [مغفرت] (ئە) گۇناھىنى كەچۈرۈش، گۇناھىدىن ئۆتۈش:

تەۋبە قىلغىل يىغلاغىل قىلغان گۇناھىڭ بىھىساب،
مەغفىرەتكە ۋەئدە بەرگەن مېھرىبان غەففاردۇر.

— شەۋقى.

مەغفىرەت تاپماق — گۇناھى كەچۈرۈلمەك، مەغفىرەتكە ئېرىشمەك:

ئىككى پاك ئاشىق تۇفەيلى بىلە،
بۇلار مەغفىرەت تاپتى زەيلى بىلە.

— ئا. نىزارى.

مەغفىرەت قىلماق — گۇناھىنى كەچۈرمەك:

ئىلاھا نىزارىنى قىل مەغفىرەت،
نەسىب ئەيلە ئاخىر نەفس خەيرىيەت.

— ئا. نىزارى.

مەغلۇب [مغلوب] (ئە) يېڭىلگەن:

دېدى ئول كەنىز: «بار مېنىڭ ھاجەتىم،
كى مەغلۇبمەن، ئول ئېرۇر غالىبىم».

— ئا. نىزارى.

مەغلۇت [مغلوط] (ئە) خاتا، غەلەت قىلىنغان؛ خاتا.

مەغلۇل [مغلول] (ئە) بوينىغا تاقاق، زەنجىر سېلىنغان.

مەغمۇم [مغموم] (ئە) غەملىك، غەم باسقان.

مەفاتىھ [مفاتيح] (ئە) «مىفتاھ» نىڭ كۆپلۈكى —

ئاچقۇچلار.

مەفاخىر [مفاخر] (ئە) «مەفخەرە» نىڭ كۆپلۈكى — پەخىرلىنەرلىك ئىش.

مەفاسىل [مفاصل] (ئە) بوغۇملار.

مەفاسىل مەرەزى — بوغۇم ئاغرىقى كېسىلى.

مەفەر [مفر] (ئە) قاچىدىغان جاي، پاناھ جاي.

مەفتۇن [مفتون] (ئە) بېرىلگەن، شەيدا بولغان؛ ئاشىق.

مەفتۇن بولماق — بېرىلمەك، ئاشىق بولماق.

مەفتۇھ [مفتوح] (ئە) پەتھ قىلىنغان، ئىشغال قىلىنغان.

مەفخەر [مفخر] (ئە) شان، شۆھرەت؛ پەخىرلىنىش.

مەفخەرە [مفخره] (ئە) پەخىرلىنەرلىك ئىش.

مەفرەش [مفرش] (ئە) يەرگە سېلىنغان گىلەم، كىگىز.

مەفرۇز [مفروض] (ئە) پەرز قىلىنغان، بۇيرۇلغان.

مەفرۇش [مفروش] (ئە) تۆشەك سېلىنغان، جابدۇلغان.

مەفسەقە [مفسقه] (ئە) بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان جاي.

مەفسۇخ [مفسوخ] (ئە) بۇزۇلغان، بىكار قىلىنغان.

مەفقۇد [مفقود] (ئە) يوقالغان.

مەفھۇم [مفهوم] (ئە) چۈشىنىشلىك، روشەن.

چۇ فىھرىستىدە بارچە مەئلۇم ئېرۇر،
خىرەد ئەھلىغە داغى مەفھۇم ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

مەفھۇم بولماق — چۈشىنەرلىك، روشەن بولماق:

بۇ ئىش ھېكمەتىن قىلدى مەئلۇم ئاڭا،
كۆرۈپ بىزەنى بولدى مەفھۇم ئاڭا.

— ئا. نىزارى.

مەقابىر [مقابر] (ئە) «مەقبەرە» نىڭ كۆپلۈكى — قەبرىلەر، مەقبەرىلەر.

مەقاسىد [مقاصد] (ئە) «مەقسەد» نىڭ كۆپلۈكى — مەقسەتلەر، مۇددىئالار.

مەقال [مقال] (ئە) سۆز، نۇتۇق.

مەقال ئەيلەمەك — سۆزلىمەك:

تۇمەن دەرد ئىلە ئەرزى ھال ئەيلەدىم،
كۆڭۈل ھەسىب ھالىن مەقال ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى.

مەقالات [مقالات] (ئە) «مەقالەت» نىڭ كۆپلۈكى — سۆزلەر، نۇتۇقلار، ماقالىلەر، بابلار.

مەقالە [مقاله] (ئە) سۆز، نۇتۇق؛ ماقالە؛ باب.

مەقالەت [مقالت] (ئە) «مەقالە» گە قاراڭ.

مەقام [مقام] (ئە) 1) ئورۇن، جاي، ماكان:

چۇ تەختىمدە ئولتۇرسە قايىم مەقام،
ئىتائەت ئاڭا قىلسەلەر خاسۇ ئام.

— ئا. نىزارى.

2) دەرىجە، مەرتىۋە:

دۇئا قىلدى ئول پىر ئالى مەقام،
تىرىلدىيۇ باغ سارى قىلدى خىرام.

— ئا. نىزارى.

3) يۇقىرى پەللە؛ يول:

تەفەككۇر مەقامىدا قىل سەر بەلەند،
تەخەييۇل دىيارىدا قىل ئەرجۇمەند.

— ئا. نىزارى.

4) مۇزىكا ئەسىرىگە ئاساس بولىدىغان تەدرىجىي ئەۋجىگە چىقىدىغان ياكى پەسىيىدىغان كۈي، ئاھاڭلار قاتارى.

مەقام ئەتمەك — بىر جايغا ئورۇنلاشماق، ياشىماق:

كۆڭۈل مۈلكىنى شاھەنشاھى ئىشقىڭ چۈن مەقام ئەتتى،
ئاچىپ يۈز پەنجىگە نەققارەسىن ئورغىلكى فەرزانە.

— ناقىس.

مەقام ئەيلەمەك — مەنزىل قىلماق، ئورۇنلاشماق؛ ياشىماق:

دەرياۋۇ كوھ دەشتى جۇنۇن ئەيلەگەي مەقام،
ئاۋارەكى ھەمدەمى چاڭ ـ چەغانەدۇر.

— زەلىلى.

مەقام تاپماق — «مەقام تۇتماق» قا قاراڭ.

مەقام تۇتماق — يۇكسەك ئورۇنغا ئېرىشمەك، ئورۇنلاشماق:

ئىمام ھەسەن زاتى قىلدى خىرام،
كى فىردەۋسى ئەئلادا تۇتتى مەقام.

— ئا. نىزارى.

مەقامغا يەتمەك — دەرىجە، مەرتىۋىگە ئېرىشمەك.

مەقامى خىلۋەت — خىلۋەت جاي.

مەقامى دىلنەۋاز — كۆڭۈلگە ياقىدىغان، يېقىملىق كۈي:

راستىي ئۇششاقى بىبەرگۇ نەۋاغە لۇتف ئېتىپ،
بۇ مەقام ئىچرە مەقامى دىلنەۋاز ئاغاز قىل.

— ھاپىز خارەزمى.

مەقامى نەۋھە — يىغا كۈيى، ماتەم كۈيى.

شەھادەت مەقامى — شېھىتلىق مەرتىۋىسى:

بەقا شەھرىدىن ئىستەدى ئورنىنى،
شەھادەت مەقامىدەكى پۇرىنى.

— ئا. نىزارى.

مەقامات [مقامات] (ئە) «مەقام» نىڭ كۆپلۈكى: 1) ئورۇنلار، جايلار:

بارچەسى غەيرەت ئوتى بىرلە كۆيۈپ،
بەھەسۇ مەقاماتكە جاندىن تويۇپ.

— ئەھمەدى.

2) دەرىجىلەر، مەرتىۋىلەر:

يەنە ھەم ئەزىزلەر تولا باردۇر،
مەقامات ئەھلى مۇندا بىسياردۇر.

— ئا. نىزارى.

مەقەر [مقر] (ئە) قارار تاپقان جاي، تۇرار جاي؛ قارارگاھ:

كافىرىستان ئەردى لېكىن سەربەسەر،
باۋۇجۇدى قىلدىلەر ئاندا مەقەر.

— زەلىلى.

مەقەر تاپماق — ئورۇن، مەنزىل تاپماق؛ قارار تاپماق.

مەقەر تۇتماق — ئورۇن تۇتماق، جاي ئالماق.

مەقەر قىلماق — مەنزىل قىلماق:

يۈرۈپ كاشغەردىن چۇ ئەيلەپ گۇزەر،
كى يول تەي قىلىپ ئوشنى قىلدىم مەقەر.

— ئا. نىزارى.

مەقبەرە [مقبره] (ئە) قەبرە، مازار.

مەقبۇز [مقبوض] (ئە) قولغا چۈشۈرۈلگەن، تۇتۇلغان.

مەقبۇل [مقبول] (ئە) قوبۇل قىلىنغان، ماقۇل كۆرۈلگەن:

خىزمەتى شايەستە قىلغىل ھىممىتىڭ تۇتغىل بەلەند،
بىر كىفايەت جۇملىدىن مەقبۇلى جەببەرىل غىياس.

— شەۋقى.

مەقبۇل ئەتمەك — قوبۇل قىلماق.

مەقبۇل بولماق — ياقماق، ياخشى كۆرۈلمەك.

مەقبۇل تۇتماق — لايىق كۆرمەك، قوبۇل قىلماق:

چۇ مەھزۇن يانىپ ئۆيگە، مەقبۇل تۇشۇپ،
كى ئۇستادى سۆزىنى مەقبۇل تۇتۇپ.

— ئا. نىزارى.

مەقبۇل تۇشمەك — ياقماق، خۇش كەلمەك.

مەقتەل [مقتل] (ئە) قەتل قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن جاي.

مەقتەئ [مقطع] (ئە) شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بېيىتى، تۈگەللىمە؛ بوغۇم.

مەقتۇل [مقتول] (ئە) قەتل قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن:

ئايا لەيلى، كۆزۈڭنى ئەيلەگىل ئول يار مەقتۇلى،
ساڭا بۇ سەئب ھالەتتىن ئول ئىشلار ئانچە ئاساندۇر.

— ئا. نىزارى.

مەقتۇل بولماق — ئۆلتۈرۈلمەك:

ھېچ كىشى مەندەك ساڭا، ئەي شوخ، مەقبۇل ئولمادى،
بولمادى ھەرگىز شەھىدكىم ساڭا مەقتۇل بولمادى.

— ئۇبەيدى غەزەللىرىدىن.

مەقتۇئ [مقطوع] (ئە) كېسىلگەن، كېسىك.

مەقدەم [مقدم] (ئە) 1) قەدەم باسقان جاي، ۋاقىت:

دەبىستانغە زىينەت بېرىپ مەقدەمى،
ئانىڭ ھۆسنىدىن قوزغالىپ ئالەمى.

— ئا. نىزارى.

2) قەدەم بېسىش، قەدەم تەشرىپ قىلىش، كېلىش:

زىيافەت ئىشىدىن فەراغەت تاپىپ،
ۋەزىر مەقدەمىدىن شەرافەت تاپىپ.

— ئا. نىزارى.

3) قەدەم:

شۇ جائۇ ئادىلۇ ھەي ـ ھەي بەھادۇر،
مۇبارەك مەقدەمىدىن مۇلكى مەئمۇر.

— زەلىلى.

غۇبارى مەقدەم — قەدەم باسقان تۇپراق:

ئەرشى ئەزەم گەردى نەئلىگىدىن باشىغە قىلدى تاج،
ئارزۇ ئەتكەچ غۇبارى مەقدەمىگىدىن ئول رەۋاج.

— شەۋقى.

مەقدۇر [مقدور] (ئە) 1) تەقدىردە بەلگىلەنگەن؛ تەقدىر. 2) قۇدرەت، ئىمكانىيىتى يېتىدىغان، قۇدرەت، ئىمكانىيەت:

شەفائەت ئەيلەبان تۇتغىل قولۇمنى يارەسۇلۇللاھ،
ھىدايەت مەنزىلىغە ئانچىنانكىم قالمادى مەقدۇر.

— شەۋقى.

مەقرۇن [مقرون] (ئە) يېقىنلاشقان، يېقىن:

كىچىك ـ چوڭ كەلامىدا مەجنۇن ئىدى،
مەلامەت نىشانىغە مەقرۇن ئىدى.

— ئا. نىزارى.

مەقرۇن بولماق — يېقىنلاشماق، قوشۇلماق.

مەقسەد [مقصد] (ئە) نىيەت، ئارزۇ، مۇراد:

شەھەر تىلسىمدۇر بەدەن قۇفلى ئانىڭكى ناپەدىد،
مەقسەد ئەگەر كۈشايىش ھىممەتى ئەۋلىيا كېرەك.

— زەلىلى.

مەقسۇد [مقصود] (ئە) مەقسەت، ئارزۇ، مۇراد:

كېرەك مەقسۇد ئۈچۈن كۆپ سەبىر قىلماق،
ياراشماس ئۇشبۇ يولدا سەبىر ئازى.

— ھاپىز خارەزمى.

قىبلەئى مەقسۇد — ئارزۇ ـ ئۈمىد قىبلىگاھى:

كۆڭۈل مېھرابىنى ۋەسل ئەھلى ئەتمىش قىبلەئى مەقسۇد،
دىلى ۋەيران ئاراكەنجى ھەقىقىي ئىزدىسەڭ مەۋجۇد.

— شەۋقى.

مەقسۇر [مقصور] (ئە) قىسقارتىلغان، قىسقا.

مەقسۇم [مقسوم] (ئە) تەقسىملەنگەن، بۆلۈنگەن.

مەقلۇب [مقلوب] (ئە) ئۆزگەرتىلگەن، ئاغدۇرۇلغان؛ تەتۈر.

مەقلۇئ [مقلوع] (ئە) قومۇرۇلغان، ئېلىپ تاشلانغان.

مەقھۇر [مقهور] (ئە) قەھر - غەزەپكە ئۇچرىغان.

مەقئەد [مقعد] (ئە) 1) ئولتۇرىدىغان جاي؛ ئورۇندۇق. 2) چوڭ تەرەت يولى:

سۇ كەينىدىن توشۇپ جامپاسىدىن پۇتۇن،
ئانىڭ ئاغزىدىن ئوت مەقئەدىدىن تۈتۈن.

— موللا شاكىر.

مەكاتىب I [مكاتب] (ئە) «مەكتەب» نىڭ كۆپلۈكى — مەكتەپلەر.

مەكاتىب II [مكاتيب] (ئە) «مەكتۇپ» نىڭ كۆپلۈكى — مەكتۇپلار، خەتلەر.

مەكارىم [مكارم] (ئە) «مەكرۇمەت» نىڭ كۆپلۈكى — ياخشىلار، گۈزەللەر.

مەكارىم ئەخلاق — گۈزەل خۇلقلار.

مەكان [مكان] (ئە) 1) جاي، ئورۇن، يەر. 2) تۇرار جاي:

ياتىپدۇركى ئاندا نەبىيۇ ۋەلى،
مەكان ئەيلەبان نەچچە ساھىب دىلى.

— ئا. نىزارى.

مەكانۇ زەمان — ئورۇن ۋە ۋاقىت:

ئەگەر ئىشق ئىسىدىن بوي ئالسە دىماغ،
مەكانۇ زەماندىن تاپار ئول فەراغ.

— ئا. نىزارى.

مەكتەب [مكتب] (ئە) يازىدىغان جاي؛ مەكتەپ:

كى مەكتەپ ئارا قىلماغىل ئىختىيار،
مىنى ھەم ئۆزۈڭنى كى قىلمە فىگار.

— ئا. نىزارى.

مەكتۇب [مكتوب] (ئە) يېزىلغان خەت، مەكتۇپ:

مەكتۇبى جۇنۇن سىر بىسەرى مىسرەئى رەنگىن،
كۆرگۈزدى زەلىلىگە گۈلىستان فەساھەت.

— زەلىلى.

مەكتۇب ئەيلەمەك — خەت پۈتمەك، يازماق.

مەكتۇبات [مكتوبات] (ئە) خەتلەر، مەكتۇپلار.

مەكتۇم [مكتوم] (ئە) مەخپىي تۇتۇلغان؛ يوشۇرۇن، مەخپىي:

ھەۋا ئۆزرە كەبۇتەر بالىدىن كاغەز نەمايەندۇر،
دەرىغا تۇشمە دامىغا چۇن مەكتۇم بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

مەكر [مكر] (ئە) ئالداش؛ ھىيلە، مىكىر.

مەكرۇمەت [مكرمت] (ئە) 1) ھۆرمەت، شەرەپ، ئىززەت. 2) سېخىيلىق، مەردلىك.

مەكرۇھ [مكروه] (ئە) 1) كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، يېقىمسىز، يىرگىنچلىك. 2) ئىستېمال قىلىشقا بولمايدىغان.

مەكرۇھ تۇتماق — يېقىمسىز، يامان بىلمەك.

مەكس [مكث] (ئە) تۇرۇپ قېلىش، توختاش.

مەكس ئەتمەك — تۇرۇپ قالماق، توختىماق.

مەكسەب [مكسب] (ئە) كەسىپ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن نەرسە، پايدا.

مەكشۇف [مكشوف] (ئە) ئېچىلغان، ئوچۇق، مەلۇم.

مەكشوف ئولماق — مەلۇم بولماق، ئاشكارا بولماق:

خوجەئى بۇزۇرگۋار داۋۇرغە كېلىپ، بىر ئەللامەنىڭ ھالى مەكشوف ئولۇپ، مازاراتنى تەئمىر قىلىپ ئەلگە نىشان بەرگۈنچە، بىر تۇل خاتۇن يېرىمنى بۇزماغىل دەپ ماجرا قىلىپ فەرياد قىلغانى.

— زەلىلى.

مەكفۇف [مكفوف] (ئە) تاشلانغان، تەرك ئېتىلگەن.

مەككار [مكار] (ئە) ھىيلىگەر، ئالدامچى، مەككار.

مەككارە [مكاره] (ئە) «مەككار» غا قاراڭ:

كېچە چىقتى مەككارەئى بەدنىھاد،
قىلىپ ئول زەمان شاھغە خەيرباد.

— ئا. نىزارى.

مەككە [مكه] (ئە) سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى، بەيتۇللا ئورۇنلاشقان ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس شەھىرى:

ھەم شەرىفى مەككە بولدى بىقەرار،
تاغ ئۈستىندە تۇرۇپ ئۈشتۈر سۇۋار.

— زەلىلى.

مەككە تۇللاھ — ئاللانىڭ شەھىرى، مەككە:

مەككە تۇللاھدىن مەدىنە خۇش سەۋاد،
ھەم ھەبىبۇللاھۇ دەپ خەيرۇل بىلاد.

— زەلىلى.

مەككەئى مۇئەززەم — ئۇلۇغ مەككە شەھىرى:

دەرى مەككەئى مۇئەززەم بىلە رەۋزەئى پەيەمبەر.
سەلەۋات بى نەھايەت ئىبەرىپ دۇرۇد ئەكبەر.

— زەلىلى.

مەككىي [مكي] (ئە) مەككىلىك؛ مەككىگە مەنسۇپ.

مەكمەن [مكمن] (ئە) خىلۋەت جاي، يوشۇرۇنىدىغان جاي.

مەكنۇز [مكنوز] (ئە) كۆمۈپ ساقلانغان، كۆمۈلگەن.

مەكنۇن [مكنون] (ئە) يوشۇرۇلغان، مەخپىي.

مەكنۇن ئەيلەمەك — يوشۇرماق.
بىر كۈن گۈل ھۆسن ئېلىنىڭ سۇلتانى تۇتقاي دەپ قولاق،
ئىشق لۇتفىنىڭ سۆزىنى دۇررى مەكنۇن ئەيلىدى.
— لۇتفى.

مەكىن [مكين] (ئە) جايلاشقۇچى، ئورۇن ئالغۇچى.

مەكىنۇ مەكان — 1) ئورۇن ۋە جاينىڭ ئىگىسى:
خۇداۋەند ئىنسۇ خۇداۋەندجان،
خۇداۋەند مۈلكۇ مەكىنۇ مەكان.
— ئا. نىزارى.

2) بىرجايدا تۇرۇپ قېلىش:
گۇمان قىلدى شەھزادە كۆرگەن زەمان،
مەگەر سابىت ئولغاي مەكىنۇ مەكان.
— ئا. نىزارى.

مەگەر [مگر] (پ) 1) ئەمما، بىراق، پەقەت:
بەسى دەرد سوزۇ ئەجايىب سۇخەن،
مەگەر لەيلى - مەجنۇن نەۋايىب سۇخەن.
— ئا. نىزارى.

2) مۇبادا:
قىلۇر ئېردى ئىشۋە بۇزەڭگى بەچە،
مەگەر ئۇچرادىكىم ئىزىتقۇ كېچە.
— ئا. نىزارى.

3) ئېھتىمال:
پەرىشان ھەرتەرەپ زۇلفى سىياھىڭ ئەنبەر ئەفشاندۇر،
سەرى زۇلفۇڭ مەگەركىم ھەلقەئى بەندى جۇنۇن ئولغاي.
— گۇمنام.

4) ... مىكىن:
يوقتۇر فەرزەندى ئادەمدە بۇ رەڭ ھۆسنۇ جەمال،
دەرمەبۇ شەكلى شەمايىلدىن پەرىشتەھ دۇرمەگەر.
— ئەرشى.

مەگەركى [مگركى] (پ) ئېھتىمال ئۇ، ئەمما ئۇ...،
فەيزى ئىشكىن ئاچتىلەر كېچە مەگەركى قەدردىن،
خەلى كەبۇتەرى مەلەك قىلدىلەر ھەرتەرەپ سەلام.
— زەلىلى.

مەگەس [مگس] (پ) چىۋىن:
ھاي - ھاي كىرداری ئاشىقان قىلماڭ گۇمان،
قەند ئۈستۈندە ھۇجۇم غۇلغۇلى مەسكىنى مەگەس.
— زەلىلى.

مەڭ [منك] يەم، دان.

مەڭىز [منگيز] ئېڭەك، چىراي:
ئەگەر خاھىش ئەتسەڭ تاپاي ياخشى قىز،
بەشەر ئىچرە باردۇر تولا گۈل مەڭىز.
— ئا. نىزارى.

مەڭىزلىك [منگزليك] چىرايلىق، گۈزەل:
قات - قات يۇرەكىم باغلادى قان، غۇنچە مەڭىزلىك،
بۇ دەردى دىلىمنى كۆلى خەندانىمە ئەيتىڭ.
— لۇتفى.

مەلا [ملا] (ئە) تولۇق، تولا. 2) ئاشكارا:
تاپايىنكى باغدا مەكانى خەلا،
بۇ سۆز بولماغاي ھىچ كىشىگە مەلا.
— ئا. نىزارى.

مەلاز [ملاذ] (ئە) پاناھ جاي؛ پاناھ:
دېمەگىل كۆيىنى بىنامۇ نىشانلارغا مەلاز،
كىم ئەرۇر تاجدىھۇ مۈلك ستانلارغە مەلاز.
— نەۋايى.

مەلال [ملال] (ئە) 1) زېرىكىش، ھارغىنلىق، چارچاش:
مىڭىدىن بىرنى دېدىم ئەل بولماسۇنلار دەپ مەلال،
شەرھ ئەگەر قىلسام، مۇسۇلمانلار، قىيامەت بۇ كېچە.
— ئۇبەيدى غەزەللىرى.

2) ئەنسىرەش، غەم، ئەندىشە:
زەمانىكى ئول شەھغە كەچمىش خەيال،
قىلۇر نەزم ئەلفازى دەفئى مەلال.
— ئا. نىزارى.

مەلال بولماق — ئەنسىرىمەك، خاتىرجەمسىزلەنمەك:
كېلىپ كۆردى مەجنۇننى بولدى مەلال،
ئانىڭ ھالىغە رەھىم ئېيتىپ بولدى لال.
— ئا. نىزارى.

مەلال ئولماق — مەلال بولماق:
غەمۇ غۇسسە بىرلە مەلال ئولدىلار،
ئەلەم بىرلە سەرگەشتە ھال ئولدىلار.
— ئا. نىزارى.

مەلالەت [ملالت] (ئە) 1) ھارغىنلىق، ھاردۇق:
مەلالەت بىلە ئاندا ھەم باردۇق،
ياتىپ نەچچە كۈن دەمقە ئولۇپ ھاردۇق.
— ئا. نىزارى.

2) غەم - ئەندىشە، مالاللىق:
بەيابانى مەلالەتدە ئانىڭ دەردى بىلە قالدىم،
پەيامىمنى سەبا يەتكۈر مېنىڭ شىرىن زەبانىمغە.
— ئا. نىزارى.

مەلامەت [ملامت] (ئە) ئەيىبلەش؛ دەشنەم، تەنە:
كى يەتكەن ئۆمرى ئانىڭ ئاخىرىغە،
مەلامەت كۆپ ئىدى بۇ قاسىرىغە.
— موللا پازىل.

مەلامەت ئاتەشى — ئەيىبلەش ۋە يامان كۆرۈش ئوتى:
بۇگۈن تەبلى تەمەننا قاقماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن،

مەلامەت ئاتەشىگە ياقماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن،

— زەلىلى.

مەلامەت ئەھلى — ئەيىبلىگۈچىلەر، يامان كۆرگۈچىلەر:

مەلامەت ئەھلىدىن، ئەي پارسا ھەزەر قىلىپ كۆر،
كى ھۆسن ئەھلى قويماس ئۆز ئىختىيارى بىلە.

— لۇتفى.

مەلامەت ئەيلىمەك — ئەيىبلىمەك، يامان كۆرمەك.

مەلامەتكەش [ملامت كش] (ئە + پ) مەلامەت چەككۈچى.

مەلاھەت [ملاحت] (ئە) 1) گۈزەللىك، چىراي، ھۆسن:

مەلاھەتتە جەھان خوبانلارىكىم خوشەچىنىڭدۇر،
نەسىمى روھپەرۋەردىن ئاچىلغان خىرمەنى گۈلشەن.

— زەلىلى.

2) تۇزى تەڭشەلگەن، تەملىك، مەززىلىك:

لەبىڭ مەلاھەتى غەۋغا قوپاردى ئالەمدە،
شەكەرنى بويلە كىشى قايدە كۆردى شۇ رەڭىز.

— نەۋايى.

3) ئۆزىگە تارتىش، جازىبە:

بەرگەلى گۈلى باغدىن يار - چۈرۈپۆش ئېرۇر،
مۇنچە مەلاھەت بىلە چەكتى نىقاب غەلىز.

— زەلىلى.

مەلائىك [ملائك] (ئە) «مەلائىكە» گە قاراڭ:

مەلائىكدىن دىمەسمىز بىزداغى سۆز،
سەيرىنى كۆر بارىپ ئەي ساھىبى كۆز.

— ناقىس.

مەلائىك خەيىل — پەرىشتىلەر توپى:

رىكابىڭدا مەلائىك خەيلىدىن ھەرسارى يۈزمىڭ سەف،
سالىپ ھەرسەف شەياتىن مۈلكىگە تاراج ئىلە يەغما.

— شەۋقى.

مەلائىكە [ملائكه] (ئە) «مەلەك» نىڭ كۆپلۈكى — پەرىشتىلەر:

شەرەفەئى ھەر مەلائىكە يەر بىلەن ئاسماندا يۈر،
پۈبەئى غەپلەت ئالمايىن ھەرگىز ئىشتىمەگەي قۇلاق.

— زەلىلى.

مەلەك [ملك] (ئە) 1) پەرىشتە:

داغى سەير ئەيلەگىل توققۇز فەلەكنى،
نىچۈك خەلق ئەيلەمىشدۇرمەن مەلەكنى.

— ناقىس.

2) گۈزەل مەھبۇبە:

مەلەك تەسلىمى شەيتان كىبىرىدەكتۇر بۇكى ئەقل ئۆزرىن،
قىلىپ مەئمۇرى ئەمر، ئىستەر ئىمارەت نەفسى ئەممارە.

— نەۋايى.

مەلەك خەيل — پەرىشتىلەر توپى:

مەلەك خەيلىگە ئەمر قىلغاي خۇدا،
سەفىنەنى بىزگە قىلىپ ناخۇدا.

— ئا. نىزارى.

مەلەكۇل مەۋت — جاننى ئالغۇچى پەرىشتە:

سورسا مەلەكۇل مەۋت: «سەڭا ھور كېرەك» دەپ،
يوق، يوق، مەنگە دىلخاھ دېگۈمدۇر داغى ئۆلگۈم.

— لۇتفى.

مەلەكۇت [ملكوت] (ئە) 1) پادىشاھلىق. 2) ئىگىلىك، ھۆكۈمرانلىق. 3) پەرىشتىلەر دۇنياسى.

مەلەكۋەش [ملكوش] (ئە + پ) پەرىشتە سۈپەت:

مەلەكۋەش كېلىپدۇر سىفاتى ئانىڭ،
پەرى چېھرە بارى ھەياتى ئانىڭ.

— ئا. نىزارى.

مەلەڭ [ملنك] (پ) مەست.

مەلبۇسات [ملبوسات] (ئە) كىيىم - كېچەكلەر.

مەلجا [ملجا] (ئە) پاناھلىنىدىغان جاي، پاناھ جاي.

مەلزۇم [ملزوم] (ئە) لازىم بولغان؛ لازىملىق نەرسە.

مەلسا [ملسا] (ئە) تەكشى، سىلىق.

مەلفۇز [ملفوظ] (ئە) سۆزلەنگەن، تىلغا ئېلىنغان.

مەللاھ [ملاح] (ئە) كېمىچى:

كى مەللاھلار قىلدى ئەفغان بەسى،
چۇ كۆز يولىدىن ئاقىزىپ قان بەسى.

— ئا. نىزارى.

مەلول [ملول] (ئە) مالال بولغان؛ غەمكىن، خاپا؛ قايغۇلۇق:

يار ئەگەر جەفا قىلۇر، بولما ئايا كۆڭۈل مەلۇل،
خالى خەتتى سىياھىدىن خەتتى چۇ لەشكەر موغۇل.

— زەلىلى.

مەلۇل بولماق — غەمكىن بولماق، قايغۇرماق.

ئۇياتتىن سالىپ باشنى يەرگە ئول،
ھەيا ئەيلەبان ئانچە مەلۇل.

— ئا. نىزارى.

مەلۇل ئولماق — غەمكىن بولماق، قايغۇرماق:

ئەي گۆرىستان ئەھلى بىر - بىر تونۇتىڭىز راھى ئەدەم،
كىم مەلۇل ئولماڭ بۈگۈن تاڭلا قىيامەت ئەتقەرىب.

— زەلىلى.

بىھەد مەلۇل — ناھايىتى غەمكىن، خاپا:

خۇدا بەرمەپ ئېردى ئاڭا بىر ئوغۇل،
بالا دەردىدە ئېردى بىھەد مەلۇل.

— ئا. نىزارى.

مەلۇم [ملوم] (ئە) مالامەت ۋەئەلەم چەككەن، دەردىلىك.

مەلئۇن [ملعون] (ئە) لەنەتكە ئۇچرىغان، لەنىتى:

مۇنىڭدەك بولدى گۇل مەلئۇن غەزەبناك،
كى بولسە بىشىرھەم قىلماس ئىدى پاك.

— ناقىس.

مەلىك [ملك] (ئە) پادشاھ:

تىيغالى ھۆكم ئەيلەدى مىرزايى مەلىك،
تاكى قىلغايلەر كىلىپ ئەھيايى مەلەك.

— زەلىلى.

مەلىكە [ملكه] (ئە) ئايال پادشاھ؛ پادشاھنىڭ خوتۇنى.

مەلىھ [مليح] (ئە) 1) شىرىن لەززەتلىك، مەززىلىك:

لەبلەرى كۈلگەچ، تۆكەر تۇز بىرلە شەككەر تەڭ ـ تەڭ،
ئاللاھ ئاللاھ بولۇر ئىرمىش مۇنچە ھەم كۈلگۇ مەلىھ.

— نەۋايى.

2) گۈزەل، چىرايلىق:

كى ھەمراھ چىقتى نەچە دوختەرى،
سەبھۇ مەلىھۇ چۇ ھورۇ پەرى.

— ئا. نىزارى.

3) دىلكەش، خۇش سۆھبەت:

رەئنى گۇلدى جىسمى، يۈزى كەھرەبا،
بىلىپ، لىك سىررىن مەلىھ دىلرەبا.

— ئا. نىزارى.

مەمات [ممات] (ئە) ئۆلۈم، ۋاپات:

ئانىڭ يادىدا بولسە ھەر كىم مەمات،
كى ئىرمەس ئۆلۈم جاۋىدانى ھەيات.

— ئا. نىزارى.

مەمالىك [ممالك] (ئە) «مەملەكەت» نىڭ كۆپلۈكى، مەملىكەتلەر.

مەمەر [ممر] (ئە) ئۆتىدىغان جاي، ئۆتەر يول.

مەمدۇد [ممدود] (ئە) ئۇزارتىلغان، سوزۇلغان.

مەمدۇھ [ممدوح] (ئە) ماختالغان، مەدھىيىلەنگەن.

مەمزۇج [ممزوج] (ئە) ئارىلاشتۇرۇلغان، ئارىلاش.

مەمزۇج ئەتمەك — ئارىلاشتۇرماق.

مەملەكەت [مملكت] (ئە) 1) دۆلەت، مەملىكەت. 2) پادشاھلىق:

فەلەك ئەيلەدى ۋالىئى مەملەكەت،
رەئاياغە بولمىش داغى ئەمنىيەت.

— ئا. نىزارى.

مەملۇ [مملو] (ئە) تولغان، لىق؛ تولۇق.

مەملۇ ئەيلەمەك — تولدۇرۇماق.

مەملۇك [مملوك] (ئە) قۇل.

مەمنۇن [ممنون] (ئە) مىننەتدار، خۇرسەن؛ رازى:

ساچىپ نەۋ جەۋان باشىدىن سىيم ـ زەر،
چۇ مەمنۇن ئولۇپ ئاندا بارغان ھەشەر.

— ئا. نىزارى.

مەمنۇن ئەيلەمەك — خۇرسەن قىلماق، رازى قىلماق:

دىلىڭنى يادى خۇدا بىرلە ئەيلەگىل مەمنۇن،
تىلىڭنى ئىلمۇئەمەل سەفھەسىدە قىل ھەرەكات.

— شەۋقى.

مەمنۇن قىلماق — «مەمنۇن ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

جەمالىڭدىن نىچە مەھرۇم ئولۇپ مەھزۇن يۈرۈي، جانان،
ۋىسالىڭ بىرلە مەمنۇن قىل دىلى ئۇمىدۋارىمنى.

— ئەرشى.

مەمنۇئ [ممنوع] (ئە) مەنئى قىلىنغان.

مەن [من] (ئە) كەم، كەمكى.

مەناب [مناب] (ئە) ئورۇنباسارلىق.

مەنات [منات] (ئە) ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامىيەتكىچە بولغان مەشھۇر بۇتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى:

كۇفر ئىلىگە كۆرگۈزۈبان مۇئجىزات،
سىندۇرۇپ لاتۇمەناتۇ سۇمىنات.

— زەلىلى.

مەنازىل [منازل] (ئە) «مەنزىل» نىڭ كۆپلۈكى — مەنزىللەر:

ئەھلى تەرىقەت ئىيدىلەر شەرئى سىراتى مۇستەقىم،
قەتئى مەنزىل ئەتكەلى جوززەھى مۇستەفا غەلەت.

— زەلىلى.

مەنازىل كەزمەك — كۆپ يول باسماق:

مەنازىل كېزىپ بولدى يولغە رەۋان،
نىشان بەردى چۇن مۇلكى ھىندۇستان.

— ئا. نىزارى.

مەناسىب [مناصب] (ئە) «مەنسەب» نىڭ كۆپلۈكى — مەنسەپلەر، ئەمەللەر.

مەنافىئ [منافع] (ئە) «مەنپەئەت» نىڭ كۆپلۈكى — مەنپەئەتلەر، پايدىلار.

مەنال [منال] (ئە) مال، دۇنيا، بايلىق.

ئەھلى مەنال — مالدار، دۆلەتمەن.

مالۇ مەنال — مال ـ مۈلۈك، بايلىق.

مەنبەئ [منبع] (ئە) بۇلاق، مەنبە، ئاساس:

قىلىپ فەھم مۇزتەر لىكىن ماھىنىڭ،
كى ئاغزى بولۇپ مەنبەئى ئاھىنىڭ.

— ئا. نىزارى.

مەنتۇق [منطوق] (ئە) سۆزلەنگەن، ئېيتىلغان؛ نۇتۇق،

سۆز.

مەنتىق [منطق] (ئە) 1) سۆز، ئىپادە، نۇتۇق. 2) مەنتىق ئىلمى، لوگىكا. 3) ئەلشىر نەۋائىينىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى:

چۇ مەنتىق كىتابىدا تەھرىردۇر،
نەۋايى كەلامىدا تەقرىردۇر.

— ئا. نىزارى.

مەنزەر [منظر] (ئە) 1) كۆرۈنۈش، شەكىل:

يەمەن خانى رەفىنىڭ فەررۇخى ئەختەر،
ئەدەن خانى بەدىنىڭ خۇبى مەنزەر.

— لۇتفى.

2) كۆزنىتىدىغان، نەزەر سالىدىغان جاي، بالكون:

سەراۋۇ باغۇ ئايۋان بىرلە مەنزەر،
ئىماراتىكى جەننەتكە بەرابەر.

— زەلىلى.

مەنزەرە [منظره] (ئە) كۆرۈنۈش، قىياپەت.

مەنزۇر [منظور] (ئە) كۆرۈلگەن؛ كۆرۈنۈشلۈك، كۆركەم.

مەنزۇم [منظوم] (ئە) 1) تىزىلغان، تەرتىپكە سېلىنغان. 2) نەزم ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن:

سەنۇبەردىن قەدى رەئنايى دىلبەر چۇنكى نازۇكدۇر،
ئانىڭدەك مىسرەئى بەرجەستەئى مەنزۇم بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

مەنزۇمە [منظومه] (ئە) شېئىرىي ئەسەر.

مەنزىل [منزل] (ئە) 1) تۇرار جاي، تۇرالغۇ، ئۆي:

قايدا بولسا مۇنى سانچىپ قويۇلۇڭ،
سەبزە بولغان يەر ئۆزە مەنزىل ئۆيۈلۈڭ.

— زەلىلى.

2) ئۆتەڭ؛ مۇساپە، يول:

يۈرۈپ نەچچە مەنزىل قەدەم رەنج ئېتىپ،
رىيازەتدە جانىنى ئەلەم سەنج ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

مەنزىل ئەتمەك — ئورۇنلاشماق، جايلاشماق.

مەنزىل مەقام — تۇرار جاي:

چىللەنىشىن شەيخلەر سەۋمەئەدىن چىقماڭ بەلى،
تەڭرى چۇ لامەكان ئېرۇر يوق ئاڭا مەنزىل مەقام.

— زەلىلى.

مەنزىلگاھ [منزل گاه] (ئە + پ) تۇرار جاي، ماكان.

مەنسەب [منصب] (ئە) مەرتىۋە، دەرىجە، ئەمەل.

مەنسۇب [منسوب] (ئە) قاراشلىق، تەۋە؛ تېگىشلىك.

مەنسۇج [منسوج] (ئە) توقۇلغان، توقۇلما.

مەنسۇخ [منسوخ] (ئە) ئەمەلدىن قالغان، بىكار قىلىنغان.

مەنسۇر [منصور] (ئە) نۇسرەتكە ئېرىشكەن، غالىب:

ئىشانەت ئەيلەگەيسەن ئەھمەدا بىزگاسىي ئۈممەتكە،
خۇدادىن ئۆزگە سەندىن ئۆزگە يوقتۇر ناسىرى مەنسۇر.

— شەۋقى.

مەيى مەنسۇر — كەيپى كۈچلۈك مەي:

مەيى مەنسۇرى تۇتقىل ساقىيا سىر ئاشكار ئەيلە،
ئەگەرچە لالە ياڭلىغ خۇن ھەسرەتدىن ئاياغىم بار.

— زەلىلى.

مەنسۇرۋار [منصور وار] (ئە + پ) غالىبلاردەك:

بۇ دارى فانىدىنكىم كەچدىم بەقا يۇزىنگە،
ھافىز، ئۆزۈمنى ئولدەم مەنسۇرۋار كۆردۇم.

— ھاپىز خارەزمى.

مەنشۇر [منشور] (ئە) تارقىتىلغان؛ نەشر قىلىنغان.

مەنفەئەت [منفعت] (ئە) پايدا، مەنپەئەت.

چۇ تەدبىرگە ئەيلەگىنىز مەسلەھەت،
مىزاجىغە قىلغاي نەئىش مەنفەئەت.

— ئا. نىزارى.

مەنفى [منفى] (ئە) يوق قىلىنغان، ئىنكار قىلىنغان، سەلبىي.

مەنقەبەت [منقبت] (ئە) ياخشى خىسلەت، پەزىلەت؛ ماختاش:

ساھىبى مىئراجى نەئتۇ مەنقەبەت،
ئافتابى ئاسمانۇ مەئرىفەت.

— زەلىلى.

مەنقەل [منقل] (ئە) ئاتەشدان:

قىلىپ خۇرشىدنى گوياكى مەشئەل،
تالۇن ئاينى فەلەك سەھنىدە مەنقەل.

— زەلىلى.

مەنقۇت [منقوت] (ئە) چېكىت قويۇلغان، چېكىتلىك.

مەنقۇش [منقوش] (ئە) نەقىشلەنگەن، بېزەلگەن.

مەنقۇل [منقول] (ئە) نەقىل قىلىنغان، كۆچۈرۈلگەن، كۆچۈرمە.

مەنكۇب [منكوب] (ئە) يامان ئەھۋالغا يولۇققان، بەختسىز.

مەنكۇھە [منكوحه] (ئە) نىكاھلانغان ئايال، نىكاھلىق.

مەنھى [منهى] (ئە) مەنئى قىلىنغان، چەكلەنگەن ئىش.

مەنىش [منش] (ئە) يۈرۈش - تۇرۇش؛ خاراكتېر.

مەنئ [منع] (ئە) توسۇش، چەكلەش، مەنئى.

مەنىڭ ئەيلىمەك — توسماق، توختاتماق:
بارىپ سەنەمكەدەگە سەجدە ئاشىقانە قىلاي،
كى مەنىڭ ئەيلىسە زاھىد، مەن ئانى يانە قىلاي.
— ئەرشى.

مەنىڭ قىلماق — «مەنىڭ ئەيلىمەك» كە قاراڭ.
چۈنان مەنىڭ قىلدى، قەبۇل ئولمادى،
كى بارماقدىن ئۆزگە ھۇسۇل ئولمادى.
— ئا. نىزارى.

مەھ [مه] (پ) 1) ئاي. 2) ئاي يۈزلۈك، گۈزەل يار:
كۆڭۈل يادىدا خۇرسەندۇر، خىيالى بىرلەجان خۇشتۇر.
نەھاجەت بولماسا ئول مەھ قاشىمدا ھەر زەمان پەيدا.
— ئەرشى.

مەھى ئەنۋەر — ناھايىتى نۇرلۇق، پارلاق ئاي:
سەفا گۈلشەنىنىڭ گۈلى ئەھمەرى،
ۋەفا ئالەمىنىڭ مەھى ئەنۋەرى.
— ئا. نىزارى.

مەھى تابان — تولغان، يورۇق ئاي:
ئولتۇرۇپ ئىردىم كى كىردى بىر مەھى تابان يىگىت،
قامەتى سەرۋى سىھى، رۇخسارى نۇر ئەفشان يىگىت.
— ئۇبەيدى غەزەللىرى.

مەھى فەرد — يالغۇز ئاي.

مەھى دۇھەفتە — ئون تۆت كۈنلۈك ئاي.

مەھابەت [مهابت] (ئە) 1) ھەيۋەت، سۈلەت:
مەھابەت بولۇپدۇر سەلابەت ئاڭا،
سەلابەت بولۇپدۇر مەھابەت ئاڭا.
— ئا. نىزارى.

2) ۋەھىمە، قورقۇنچ:
بولۇپ جىسمى لەرزان مەھابەتدىن،
ۋەلى قالماي ئەسلا مۇناجاتدىن.
— ئا. نىزارى.

مەھابىس [محابس] (ئە) «مەھبەس» نىڭ كۆپلۈكى — قاماقخانىلار.

مەھار [مهار] (پ) ئارغامچا:
ئالىپ يالتۇ بىرلە ئۆزۈن بىر مەھار،
ئوتۇن توشۇماقنى قىلىپ ئىختىيار.
— ئا. نىزارى.

مەھارىب [محاريب] (ئە) «مىھراب» نىڭ كۆپلۈكى — مىھرابلار.

مەھارەم [محارم] (ئە) «مەھرەم» نىڭ كۆپلۈكى — سىرداشلار.

مەھازىر [محاضر] (ئە) «مەھزەر» نىڭ كۆپلۈكى — يىغىلىدىغان جايلار:
ھازىر فەراۋان قىلىپ ئالىدا،
نەچە خادىمان تۇردى دۇنبالىدا.
— ئا. نىزارى.

مەھاسىن [محاسن] (ئە) 1) «ھۆسن» نىڭ كۆپلۈكى — گۈزەللىكلەر، خۇش مۇئامىلىلەر. 2) ساقال-بۇرۇت.

مەھافە [محافه] (ئە) ئەسلىسى «مىھەففە». ئات-تۆگىلەرگە ئارتىلىدىغان ئەتراپى يۆگەلگەن كاجۇۋا، تەختىراۋان:
ھەشەم بىرلە ئاندا يېتىپ كەلدى شاھ،
مەھافە بىلە ماھ زەررىن كۇلاھ.
— ئا. نىزارى.

مەھافە ھىجابى — مەپىنىڭ توسۇق پەردىسى:
بۇ سائەتدە چىقتى شامالى شەدىد،
مەھافە ھىجابىنى قىلدى دەرىد.
— ئا. نىزارى.

مەھافىل [محافل] (ئە) «مەھفىل» نىڭ كۆپلۈكى — سورۇنلار.

مەھال I [محال] (ئە) قىيىن، مۈشكۈل:
چۇ شەھزادە ئەيدى: «بۇ ئىشدۇر مەھال،
ۋە ياتۇش دۇرۇر بۇكى ياخۇد خىيال.
— ئا. نىزارى.

مەھال II [محال] (ئە) «مەھەل» نىڭ كۆپلۈكى — جايلار، ئورۇنلار:
زىنھار گۇمان قىلماڭ قۇربىغە يېتەر ئاخىر،
ھەركىمكى رىيازەتنى بىر نەچچە مەھال ئەيلەر.
— زەلىلى.

2) ۋاقىت، پۇرسەت:
دېدىمكى، «سەرەندىبنى قىلسام خىيال،
بارىپ كەلمە كىمگە ئىرۇرمۇ مەھال؟»
— ئا. نىزارى.

مەھەك [محك] (ئە) كۈمۈش ۋە ئالتۇنغا سۈرتۈپ ئۇنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان تاش:
گەر ماڭا ئىشق ئەھلى شىركەت دەئۋىسىن قىلسە نې غەم،
غەيرەتى ئىشق ئىلغامىش چۈنكىم ئىرۇر ئەسلى مەھەك.
— ئەرشى.

مەھەل [محل] (ئە) 1) جاي، ئورۇن. 2) ۋاقىت، زامان، پۇرسەت:
پەيكەرىم ئول يولدا بولۇپ بەندى بەند،
چاش مەھەلىدە يېتىپ تەختى بەند.
— زەلىلى.

مەھەللات [محلات] (ئە) «مەھەللە» نىڭ كۆپلۈكى —

مەھەللىلەر.

مەھەللە [محله] (ئە) تۇرار جاي، كوچا، مەھەللە.

قەبلە قىراغىغە يەتتى يەقىن،
مەھەللە نەۋاھىدا تۇتتى كەمىن.

— ئا. نىزارى.

مەھبەس [محبس] (ئە) قاماقخانا، زىندان.

مەھبۇب [محبوب] (ئە) سۆيۈملۈك؛ دوست:

كى مەھبۇب فەرزەند دىلبەند ئىدى
ھەمىشە ئانىڭ بىرلە خۇرسەند ئىدى.

— ئا. نىزارى.

مەھبۇب پىرايەسى — مەشۇقنىڭ بېزىكى:

كى ئۇششاق سەرمايەسى ئىشقىدۇر،
كى مەھبۇب پىرايەسى ئىشقىدۇر.

— ئا. نىزارى.

مەبۇبى ھەق — ئاللانىڭ سۆيۈملۈك كىشىسى:

رەسۇلى خۇدا بەلكى مەھبۇبى ھەق،
مەھببى خۇدا بەلكى مەتلۇبى ھەق.

— ئا. نىزارى.

مەھبۇبە [محبوبە] (ئە) سۆيۈملۈك يار.

مەھبۇس [محبوس] (ئە) قامالغان، زىندانغا سېلىنغان كىشى.

مەھبۇسلۇق [محبوس لوق] (ئە) تۇتقۇنلۇق، مەھبۇسلۇق:

ماڭا نەچچە كۈن يەتتى مەھبۇسلۇق،
ئەزىز جاندىن ئولدىكى مەئيۇسلۇق.

— ئا. نىزارى.

مەھپارە [مەپارە] (پ) ئاينىڭ پارىسى؛ گۈزەل.

مەھپەيكەر [مەپيكر] (پ) ئاي سۈرەتلىك، ئايدەك گۈزەل.

مەھتاب [مەتاب] (پ) تولۇن ئاي؛ ئايدىڭ:

ئافاق ئىچىگە ھىجر تۈنىدە نەزەر ئەيلەدىڭ،
مەھتاب ئەمەس شۇئلە ئاھىم يارۇتۇپدۇر.

— زەلىلى.

مەھجەبىن [مەجبين] (پ + ئە) پېشانىسى نۇرلۇق؛ گۈزەل:

مۇمكىن ئېرمەس مەھجەبىنلەرغە بۇرەڭ ھۇسن جەمال،
بۇ جەھەتتىن ئۆزى ئۆز ھۇسنىگە دۇر شەيدا يىگىت.

— ئەرشى.

مەھجۇب [محجوب] (ئە) 1) پەردىلەنگەن، يېپىلغان:

كى ئەقل ـ خىرەد سەندە مەئيۇب ئولۇر،
نەزەردىن پەرى چېھرە مەھجۇب ئولۇر.

— ئا. نىزارى.

2) ئۇيالغان، ئۇياتلىق:

ھەقىقەت ئەھلىغە سەن تەئنە قىلماغىل ھەرگىز،
جەھان ـ جەھان غەم ئارا قالسا گەر ئۇلەر مەھجۇب.

— زەلىلى.

مەھجۇر [مهجور] (ئە) ئايرىلىپ قالغان، ھىجراندا قالغان؛ جۇدالىق:

ئەرشىئى مەھجۇردىن ئۆتتى نەچۇك تەقسىرلەر،
ۋەسلىگە ئەي شاھى خۇبان بىر زەمان مەھرەم ئەمەس.

— ئەرشى.

مەھجۇر بولماق — ئايرىلماق، جۇدا بولماق:

بۇ خىلقەت بەزمىدە مەھجۇر بولماغىل تەرىقىدە،
بەنى بولغاي ھەمان ئاندا، ۋەلى بولغاي ھەمان ئاندا.

— ئەرشى.

مەھجۇر قىلماق — ئايرىماق، يىراقلاشتۇرماق:

ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن قىلماغايسەن بىزلەرنى مەھرۇم،
جەمالىڭ ئافتابى پەرتەۋىدىن قىلماغىل مەھجۇر.

— شەۋقى.

مەھجۇرلۇق [مهجورلوق] ئايرىلىش، جۇدالىق:

بالا دەردىدە يەتتى رەنجۇرلۇق،
فەلەكنىڭ جەفاسىدە مەھجۇرلۇق.

— ئا. نىزارى.

مەھد [مهد] (ئە) بۆشۈك:

يەتكۈزدىلەر ئانى مەھد ئىچىندە،
گۈل ياپراغى تۈشتى شەھد ئىچىندە.

— نەۋايى.

2) كاجۇۋا؛ تاۋۇت:

چۇ قانلىغ بەدەننى سالىپ مەھدىگە،
ئالىپ يۈردى گۈل يار ھەم ئەھدىگە.

— ئا. نىزارى.

مەھدۇد [محدود] (ئە) چېگرىلانغان، چېكى بەلگىلەنگەن:

مەھر [مهر] (ئە) يىگىت تەرىپىدىن نىكاھلىنىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان نەق پۇل، مال؛ مەھر ھەققى.

مەھرەم [محرم] (ئە) (1) سىرداش، ئۇلپەت، ھەمدەم:

كۆڭۈل قايسى، خەيالىم قايسىدۇر ھەم،
ئېرۇر سۆزلەتكۈچى سورىغە مەھرەم.

— ناقىس.

2) خاس خىزمەتچى، ئىچكى خىزمەتچى:

ئەي زەلىلى مەھرەم ئولدۇڭ ئىچكەرى،
مۇددەئىنى تاش كۆرۈپ خوپ چاقىشىڭ.

— زەلىلى.

مەھرەم سارا — خاس ئائىلە كىشىلىرىلا تۇرىدىغان ئىچكى ساراي:

جانىبى مەھرەم سەراغە يەتتىلەر،
ئىككى شەھزادە ئۆزىدىن كەتتىلەر.

— زەلىلى.

مەھرەمى ئەسرار — سىرداش دوست:

ئاسرامايىن نەگ جەفاۋۇ جەۋر ئىتەر،
ھەرزەمان ئۆز مەھرەمى ئەسرارىنە.

— ھاپىز خارەزمى.

مەھرەمى راز — سەمىمىي دوست، سىرداش:

ئەيدىلەر: بىز مەھرەمى راز ئەيلەدۈك،
سەئۈمنى گوياكى شەھباز ئەيلەدۈك.

— زەلىلى.

مەھرەمانە [محرمانه] (ئە + ب) دوستلارچە، قېرىنداشلارچە.

مەھرەملىق [محرمليق] (ئە) سىرداشلىق، ھەمدەملىك.

مەھرەمۋەش [محرم وش] (ئە + پ) قېرىنداشتەك.

مەھرۇ [مهرو] (پ) ئاي يۈزلۈك، گۈزەل:

يۈگۈنكى ساقىئى مەھرۇغە روبىرو بولدۇم،
گەھى چۈششەگى گۈلگۈن گەھى سەبۇ بولدۇم.

— زەلىلى.

مەھرۇر [محرور] (ئە) ھارارەتلىك، قىزىتمىسى بار:

ئەمەس ھەجرىڭ كۈيۈك كۆكسۈم ئىلاجى،
كى بولماس شۇئلەدىن مەھرۇر مەھزۇز.

— نەۋايى.

مەھرۇر بولماق — قىزىشماق، كۆيمەك.

مەھرۇر ئەتمەك — كۆيدۈرمەك.

مەھرۇق [محروق] (ئە) كۆيگەن، يانغان:

چۇن رەقەم قىلدى ئاشىقۇ مەئشۇق،
بولدى ئىشق ئەھلى ئۆزىدىن مەھرۇق.

— نەۋايى.

مەھرۇم [محروم] (ئە) ئېرىشەلمىگەن، ئايرىلىپ قالغان:

كۆتەرسە چىراغنى بىرەۋ جەمئىدىن،
كى پەرۋانە مەھرۇم ئىبسە شەمئىدىن.

— ئا. نىزارى.

مەھرۇم ئەيلەمەك — ئېرىشتۈرمەي قويماق، ئايرىۋەتمەك:

كەرىم سائىلنى مەھرۇم ئەيلەمەسلەر دەپ ئۈمىد بىرلەن،
كېلىپمەن دەرگەھىڭغە سەن ئەزىزنى ئىختىيار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

مەھرۇملۇق [محروم لوق] ئىگە بولالماسلىق، نائۈمىدلىك:

ئەزەلدە بۇ يەڭلىغ بولۇپ قىسمەتىم،
كى مەھرۇملۇقىدا يازىلمىش خەتىم.

— ئا. نىزارى.

مەھز [محض] (ئە) خالىس، ساپ:

زەنگىنەئى غەزەلنى ئەل مەھز سۆز بىلۈرلەر،
مۇئمىنگە گۈل كۆرۈنۇر كافىرغە زۇلفىقارى.

— زەلىلى.

2) پەقەت، يالغۇز؛ پەقەتكىنە:

بىخەبەر ئەردىم، دەرىغا بىلمەدىم،
مەھز بىر موللا ۋە ياسوفى دېدىم.

— زەلىلى.

مەھزى ئەدەب — ناھايىتى، ھەقىقىي ئەدەبلىك.

مەھزى كىزب — ساپلا يالغان.

مەھزى نۇقسان — پەقەتلا خاتا.

مەھزى ھەقىقەت — ئېنىق ھەقىقەت:

مەھزى ھەقىقەتنى بىلمىك ئىككى جەھان ۋۇجۇدى يوق،
سەرسەرى بۇ ماسىۋا جىلۋەگى خەتتى خال ئىشق.

— زەلىلى.

مەھزەر [محضر] (ئە) 1) ھازىر بولىدىغان، يىغىلىدىغان جاي، 2) ھۆكۈمنامە.

مەھزەل [مهزل] (ئە) ھەزل، مەسخىرە.

مەھزەل بولماق — مەسخىرە، كۈلكە بولماق:

شەيخ مەھزەل بولدى دېير ئەتفالىغە،
كىم كۈلۈرلەر ئەردى ئانىڭ ھالىغە.

— نەۋايى.

مەھزۇف [محذوف] (ئە) ئۆچۈرۈلگەن؛ چۈشۈپ قالغان.

مەھزۇن [محزون] (ئە) 1) غەمكىن، قايغۇلۇق، خاپا:

ئول ئىشىدا ۋەلي ئانچە مەھزۇن ئىدى،
ئەلىفدەك قەددى غەم بىلە نۇن ئىدى.

— ئا. نىزارى.

2) ئاشىق:

نىقاب ئاچماقنى بۇ مەھزۇنغە بىر ياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز،
مېنى ئۆرتەب ئول ئوتقە كۈلنى بەرباد ئەتمەدىڭ ھەرگىز.

— گۇمنام.

3) كىشى ئىسمى:

كى مەھزۇننى ھەمراھ قىلىپ ئول سەفەر،
بالا شۇندا دۇر قايدا بولسا پەدەر.

— ئا. نىزارى.

مەھزۇن بولماق — غەمگە مۇپتىلا بولماق، قايغۇرماق.

مەھزۇن ئەتمەك — غەمگە مۇپتىلا قىلماق، قايغۇرتماق:

يادى ۋەسلىگەن ئېتىپ مەھزۇن كۆڭۈل سەرمايەسىن،
لەئلىڭ ئارمانىن قىلاي مەرجان كەبى جانىمغە قۇت.

— ئەرشى.

مەھزۇن قىلماق — «مەھزۇن ئەتمەك» كە قاراڭ:
كى يەئقۇبنى زار مەھزۇن قىلىپ،
چۇ يۇسۇپ فىراقىدا مەجنۇن قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

مەھزۇنلۇغ [محزون لوغ] غەمكىنلىك، خاپىلىق.

مەھسۇب [محسوب] (ئە) ھېساب ئېلىنغان، تەكشۈرۈلگەن.

مەھسۇر [محصور] (ئە) قورشالغان.

مەھسۇس [محسوس] (ئە) ھىس قىلىنغان، سېزىلگەن.

مەھسۇل [محصول] (ئە) ھاسىل بولغان ئېرىشىلگەن؛ نەتىجە، مېۋە؛ مەھسۇلات.

مەھشەر [محشر] (ئە) 1) توپلانغان جاي؛ مالىمان:
ھەمە ئىزتىراب ئەتتى مۇزتەر بولۇپ،
فىغان بىرلە گوياكى مەھشەر بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

2) قىيامەت:
كى مەھشەر ئارا قىلمە رىسۋا مېنى،
جەھان زىبىغە قىلمە شەيدا مېنى.

— ئا. نىزارى.

رۇزى مەھشەر — قىيامەت كۈنى:
رۇزى مەھشەر زىلزىلە تۈشكەندە ئالەم ئەھلىغە،
كۆز تۇتارسەندىن شەفائەت ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا.

— زەلىلى.

مەھفۇز [محفوظ] (ئە) مۇھاپىزەت قىلىنغان، ساقلانغان.

مەھفىل [محفل] (ئە) 1) يىغىلىش، ئولتۇرۇش:
كىمىكى بۇ مەھفىل ئىچىدە قىلدى دىلبەردىن ھەۋەس،
گويىا كەلتۈردى بولغايكىم پەيەمبەردىن ھەدىس.

— زەلىلى.

2) سورۇن، بەزمە:
چۇ گۈل ۋەقتى مەھفىلگە تەگدى سەبا،
چۇگەردۇن ھىجابىنى قىلدى رىھا.

— ئا. نىزارى.

مەھفىل ئارا — بەزمىنىڭ كۆركى، سورۇن پەيزى:
گۈل ۋەقتىكىم، گۈل بۇتى دىلئارا،
گۈلشەن سارى بولدى مەھفىل ئارا.

— نەۋايى.

مەھكەم [محكم] (ئە) پۇختا، مۇستەھكەم، چىڭ.

مەھكۇم [محكوم] (ئە) ھۆكۈم قىلىنغان، ھۆكۈم ئاستىغا ئېلىنغان.

مەھل [مهل] (ئە) ۋاقىت، پۇرسەت.

مەھلەكە [مهلكه] (ئە) 1) خەۋپ - خەتەرلىك جاي.
2) خەۋپ - خەتەر، ھالاكەت.

مەھلۇل [محلول] (ئە) ئېرىتىلگەن.

مەھلۇل ئەتمەك — ئېرىتمەك:
گەج ئورنىغە مەھلۇل ئەتىپ ھەفتجۇش،
قويۇپ يەرگە سەنئەتگەرى سەختكۇش.

— نەۋايى.

مەھلىقا [مەلقا] (پ + ئە) ئاي يۈزلۈك:
جان ئەزەلدىن مىھر ئىلە بىر مەھلىقاغا ئۇچرىدى،
گۈل كۆز ئالدۇرغان بىلە مۇنداق بالاغا ئۇچرىدى.

— لۇتفى.

مەھمىل [محمل] (ئە) مەپە، تەختىراۋان؛ كاجىۋا:
ئانى كەلتۈرۈپ ئۈشبۇ مەھمىل ئارا،
تۈشۈردىكى مەجنۇننى مەنزىل ئارا.

— ئا. نىزارى.

مەھۋ [محو] (ئە) يوقىلىش، يوقىتىش:
مەھۋ مۇتلەق بولسە ئانداغ بادە زورىدىن ئېرىپ،
قايدا قالسۇن بۇ كۆڭۈل جامىدا نەقشى مائەدا.

— ئەرشى.

مەھۋ ئەتمەك — يوق قىلماق، ئۆچۈرمەك:
ئەي خۇدايا رۇز مەھشەردە قىلمە رىسۋا خەلق ئارا،
شەۋقى ئەيىبىن مەھۋ ئېتەرگە سەن كەبى سەتتاردۇر.

— شەۋقى.

مەھۋ ئەيلەمەك — يوق قىلماق، يوقاتماق:
بارەكاللاھ تىيرەگى كۇففارنى مەھۋ ئەيلەبان،
رەۋشەنايى تىغى ئەدلىڭدىن تاپىپدۇر دىن زىيا.

— زەلىلى.

مەھۋ ئولماق — يوق بولماق، تۈگىمەك:
فەلەك ئۈستىدە مېھرۇ يەر ئۈزە مەھۋەشلەر مەھۋ ئولمىش،
سەمەندىن سەكرەتىپ گۈل شوخ بولسە ناگەھان پەيدا.

— ئەرشى.

مەھۋەش [مهوش] (پ) ئايغا ئوخشاش، ئايدەك؛ گۈزەل:
بۇ مەھۋەشكىم كۆرۈپدۇرسەن ھۇۋەيدا،
ئېرۇر كۆڭلۈم ئىچىدە بىر سۇۋەيدا.

— ناقىس.

مەھىن [مهين] (پ) ئاي كەبى:
كەلدى كۈنى تەۋفكە بىر نازىنىن،
ئارەزى جەننەت گۈلىدىن ھەم مەھىن.

— زەلىلى.

مەۋاد [مواد] (ئە) «ماددە» نىڭ كۆپلۈكى — ماددىلار.

مەۋارىس [مواريث] (ئە) «مىراس» نىڭ كۆپلۈكى — مىراسلار.

مەۋازىئ [مواضع] (ئە) «مەۋزىئ» نىڭ كۆپلۈكى — ئورۇنلار، جايلار:

چىرە چۇنان مەۋازىئ نىكۇ سىرشىت،
ياد بېرۇر ئايى ھەۋاسى بېھىشت.

— زەلىلى.

مەۋاشى [مواشى] (ئە) ئات - ئۇلاغلار:

مەۋاشىينى ئەلتۇرگە يەكسەر سۈرۈپ،
ۋەتەنگەھلەرىگە دېگىن يەتكۈزۈپ.

— نەۋايى.

مەۋاقىئ [مواقع] (ئە) «مەۋقىئ» نىڭ كۆپلۈكى — ۋەقەلەر، ھادىسىلەر.

مەۋاكىب [مواكب] (ئە) «مەۋكىب» نىڭ كۆپلۈكى — قويرۇقچىلار، مۇلازىملار.

مەۋالى [موالى] (ئە) «مەۋلا» نىڭ كۆپلۈكى — دوستلار، ئىگىلەر.

مەۋالىد [مواليد] (ئە) «مەۋلۇد» نىڭ كۆپلۈكى — تۇغۇلغانلار، پەرزەنتلەر.

مەۋانىئ [موانع] (ئە) «مانىئ» نىڭ كۆپلۈكى — توسۇقلار.

مەۋائىز [مواعظ] (ئە) «مەۋئىزە» نىڭ كۆپلۈكى — ۋەز - نەسىھەتلەر:

ھەبىبىڭ نەۋئۇتىغە مەدداھ قىل،
مەۋائىز ئۇمۇرىغە ئىسلاھ قىل.

— ئا. نىزارى.

مەۋەددەت [مودت] (ئە) دوستلۇق، مېھرىبانلىق؛ مۇھەببەت.

مەۋت [موت] (ئە) ئۆلۈم، ۋاپات بولۇش:

ئەگەر يېتىشسە ئەجەل بىرنەفەس ئەمان بەرمەس،
خىتاب زائىقە تۇل مەۋت ئىلە لەبىل مىرساد.

— شەۋقى.

مەۋج [موج] (ئە) 1) دولقۇن:

كېلىپ چۇن قىراغە نەزەر ئەيلەدى،
كۆرۈپ مەۋجىنى ئانداغ ھەزەر ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

2) جىمىرلاش، جىلۋە:

سۇلەيمان ھەشمەت، دارا تەجەممۇل شاھى ئالەم سەن،
زىھنى شەمشىر ئەدلىڭ مەۋجىنى ئابى رەۋان ئەيلەر.

— زەلىلى.

مەۋج ئۇرماق — دولقۇنلىماق، تاشماق:

بۇ ھىندى يامانلار ئىشى تۇتتى ئەۋج،
كى ئۇردى جەھاندا رىيا بەھرى مەۋج.

— ئا. نىزارى.

مەۋجى بەلا — يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن دولقۇن:

تاپمادى ۋەسلى گەۋھەرىن مەۋجى بەلادە مۇبتەلا،
بولۇپ كۆزۈمنىڭ ياشىدىن ھەر قەترە دەريا بولغۇسى.

— ھاپىز خارەزمى.

مەۋجى ھەزار — مىڭلاپ دولقۇن:

كەسرەت ئېلى ئاتار يا، ۋەھدانىيەتكە ئايا،
بىردۇر ۋۇجۇدى دەريا، مەۋجى ھەزار ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

مەۋجدار [موجدار] (ئە + پ) 1) مەۋج ئۇرغۇچى، دولقۇنلىغۇچى:

كى يانىدا دەريا ئاتى: تەلبەچۈك،
بېسى مەۋجدارۇ سۇيى كۆپ چۇچۇك.

— ئا. نىزارى.

2) جىمىرلاپ جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان، جىلۋىلىك:

ئۇزۇلۇپ رىشتە قولىدىن كەتتى دۇررى شاھۋار ئەمدى،
جەۋاھىر كانىدىن چىقماس بۇ دۇردەك مەۋجدار ئەمدى.

— موللا نىياز.

مەۋجزەن [موج زن] (ئە + پ) «مەۋجۋەر» گە قاراڭ.

مەۋجۋەر [موج ور] (ئە + پ) مەۋج ئۇرغۇچى، دولقۇنلىغۇچى:

چۇن تاپىپ تەسكىن بۇ بەھرى مەۋجۋەر،
قالمايىن ئول مەۋجلەردىن ھېچ ئەسەر.

— نەۋايى.

مەۋجۇد [موجود] (ئە) 1) بار، مەۋجۇت:

كۆزەردە كۆرۈشكەن ساقا سۇت ئەمەس،
ئۆتەر يول ئارا ۋە سىل مەۋجۇد ئەمەس.

— ئا. نىزارى.

2) ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن، يارىتىلغان:

ھەمە مەۋجۇد ئېرۇر بىر قەترەسىدىن،
قىزىل گۈلدۇر خىجىل گۈلچېھرەسىدىن.

— موللا پازىل.

مەۋجۇدات [موجودات] (ئە) بارلىقلار، تىرىك جانلار.

مەۋرىد [مورد] (ئە) كېلىپ چىققان جاي؛ مەنبە.

مەۋرۇس [موروث] (ئە) مىراس قىلىنغان نەرسە.

مەۋزۇن [موزون] (ئە) 1) كېلىشكەن، قاملاشقان:

نەرگىسى بادام كۆزۈڭنىڭ رەشكىدىن قان يۇتتىلار،
ئول ئەلىفدەك قامەتىڭغە سەرۋى مەۋزۇن ئوخشاماس.

— ئۇبەيدى غەزەللىرى.

2) زىلۋا، خۇش پىچىم:

قامەتى مەۋزۇنۇڭ ئۆزرە ئارەزىڭ گۈلگۈنەسى،
سەرۋى باشىدا ئاچىلغان بىر گۈلى ھەمراھ ئەمەس.

— ئەرشى.

3) ۋەزىنگە توشقان، ئۆلچەملىك:

ۋەزنى ئوبدان نىھايەتى خۇشخۇ،
لەفزى مەۋزۇن زەبانى شىرىن گۇ.

— موللا قۇربان.

مەۋزۇن بولماق — تەرتىپلىك بولماق:

ھەر كىشكى ئۆلۈش ئالدىدا مەۋزۇن بولغاي،
قىلغان ئانى ھەر بەخت ھۇمايۇن بولغاي.

— نەۋايى.

مەۋزۇئ [موضوع] (ئە) 1) قويۇلغان؛ تۈزۈلگەن، 2) تېما.

مەۋزىئ [موضع] (ئە) جاي، ئورۇن، ماكان:

بۇ مەۋزىئ ئارا پىرى سەيياد مەن،
كى سەييادلىق ئىچرە ئۇستادمەن.

— ئا. نىزارى.

مەۋسۇف [موصوف] (ئە) سۈپەتلەنگەن، ماختالغان.

مەۋسۇل [موصول] (ئە) ئۇتاشقان، ئۇلاشقان.

مەۋسۇم [موسوم] (ئە) ئاتالغان، نام ئالغان:

ساقى سەھەردە كەلتۈرۈڭ ئەل كۆزىدىن نىھان قەدەھ،
فەسلى بەھار گۈل ئېرۇر مەۋسۇمى ئەرغەۋان قەدەھ.

— زەلىلى.

مەۋسۇم بولماق — ئات قويۇلماق، ئاتالماق.

مەۋسۇم قىلماق — ئاتىماق.

مەۋسىم [موسم] (ئە) پەسىل، مەۋسۇم، ۋاقىت:

بىس ھەۋاگەرم ئولدى مەۋسىمى تومۇز،
ئىمىن - ئامىن بىرلە بولدى نىسفى رۇز.

— زەلىلى.

مەۋسىمى نەۋ بەھار — باش ئەتىياز ۋاقتى:

قەبر ئىچىدە تابەكەي غۇنچە بولۇر سەھى قەدان،
مەۋسىمى نەۋ بەھار ئېرۇر خەبچە نەۋ نىھال ئاچىلىڭ.

مەۋفۇر [موفور] (ئە) مول، كۆپ؛ پاراۋان، يېتەرلىك.

مەۋقۇف [موقوف] (ئە) توختىغان، توختىتىلغان؛ باغلىق:

نىگارىڭ سەفەر ئىچرە مەستۇفدۇر،
كى ھەمراھلىغىڭ ئاڭا مەۋقۇفدۇر.

— ئا. نىزارى.

مەۋقۇف ئەتمەك — توختاتماق؛ قارىتىپ قويماق.

مەۋقۇف بولماق — توختىماق؛ باغلىق بولماق.

مەۋقىف [موقف] (ئە) توختاش جايى؛ بېكەت.

مەۋقىئ [موقع] (ئە) ئورۇن، جاي:

چۇ تۆر تۈنچ ئىقلىم ئىدى مەۋقىئى،
بىس ئولدى قۇياش ساھىبى تالىئى.

— نەۋايى.

مەۋكىب [موكب] (ئە) ئۇلۇغلار بىلەن بىللە يۈرگۈچى قۇيرۇقچى، مۇلازىم.

مەۋلا [مولى] (ئە) خوجا، ئىگە؛ ھامىي؛ دوست؛ ئۇستاز:

قۇتبى قەلەندەرلەر تەماشە قىلىپ،
رۇيى تەۋەككۇلنى بەمەۋلا قىلىپ.

— زەلىلى.

مەۋلانا [مولانا] (ئە) ئۇلۇغ، خوجا، ئۇستاز (ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ھۆرمەت نامى):

فەساھەتدە بەيانى چۇنكى مەۋلانايى رۇم ئەتكەچ،
خىرەد ئەھلى جۇنۇندىن مەست ئۇلۇبان ئافەرىن دەرلەر.

— زەلىلى.

مەۋلەۋى [مولوى] (ئە) ئىگە، ساھىب؛ داموللا:

شەرھ قىلىپ دەبدەبەگى مەسنەۋى،
مەسنەۋى مەئنەۋىيۇ مەۋلەۋى.

— زەلىلى.

مەۋلۇد [مولود] (ئە) تۇغۇلغان، پەرزەنت.

مەۋئۇد [موعود] (ئە) ۋەدە قىلىنغان، سۆز بېرىلگەن؛ ۋەدە:

مىيانچى كېلىپ ئۇشتى مەۋئۇدغە،
كى سەئيي ئەيلەدى ئاندا مەقسۇدغە.

— ئا. نىزارى.

مەۋئىد [موعد] (ئە) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت؛ ئورۇن.

مەۋئىزە [موعظه] (ئە) ۋەز - نەسىھەت:

ۋائىز ئەقل ئەيلەگەچ مەۋئىزە مەجازىدىن،
سەندەلى ئىشق كەلتۈرۈڭ ئۇتتى مېنى ئەجەب سۇداڭ.

— زەلىلى.

مەئىشەت [معيشت] (ئە) 1) تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، 2) يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق تۇرمۇش ۋاسىتىسى:

يېتىلۇر بەس لەتىق ئەنۋائى نىئمەت،
كېلىپ قىلسا بولۇر تۈرلۈك مەئىشەت.

مەئىن [معين] (ئە) ئاقىدىغان، ئاقار.

مائى مەئىن — ئاقارسۇ:

بولۇپ گۈلرەڭ مەي مائى مەئىندەك،
ساف روگو رەنگى لەئلى ئاتەشىندەك.

— نەۋايى.

مەي [مى] (پ) ئىچىملىك، شاراب.

نوش قىلىپ جامى مەي لالەگون،
بەندە قىلاي پەرەگى بىزۇر جۇنۇن.

— زەلىلى.

مەيى ئالۇد — مەي ئارىلاش.

مەيى ئەسفەر — سارغۇچ مەي.

مەيى ئەھمەر — قىزىل مەي.

مەيى بەتى — ئۆردەك شەكلىدىكى مەي ئىدىشى.

مەيى خۇش لىقا — خۇشال ئۇچرىشىش مەيى:

ئەيا ساقىيا بول ماڭا رەھنەما،
كەرەم بىرلە بەخش ئەت مەيى خۇش لىقا.

— ئا. نىزارى.

مەي خۇمارى — مەي، شاراب كەيپى:

غەم غۇبارى مەي خۇمارىدىن كۆڭۈل كۆزگۈسىدە،
ساقىيا بىر جۇرئە تۇت ئانداغكى يوقتۇر غەمزەدە.

— ئەرشى.

مەيى مەئرىفەت — تونۇشۇش مەيى:

يەنە ھەرخى «مىم» مەيى مەئرىفەت،
داغى «دال» ئولۇپ دىن ئارا ئەمنىيەت.

— ئا. نىزارى.

مەيى مەدىھ — ماختاش، مەدھىيىلەش شارابى.

مەيى مۇفەررىھ — شادلاندۇرغۇچى مەي:

ئىچسۇن مەيى مۇفەررىھى گۈلرەڭى غەمزۇ داي،
بۇ دەۋردە كىم ئىستەسە خاتىر فەراغىنى.

— ئاتايى.

مەي ناب — تىنىق، تازا مەي:

مۇھەييا قىلىپ سۆزنىڭ ئىسبابىنى،
كى ھازىر قىلىبان مەيى نابىنى.

— ئا. نىزارى.

مەيئاشام [مى آشام] (پ) مەيخور.

مەيپالا [مى پالا] (پ) مەي سۈزگۈچ.

مەيپەرەست [مى پرست] (پ) ئىچكۈلۈككە بېرىلگەن، مەيخور.

مەيپەرەستان [مى پرستان] (پ) «مەيپەرەست» نىڭ كۆپلۈكى — ئىچكۈلۈككە بېرىلگەنلەر، مەيخورلار:

سۇراھى سەربەلەندۇ مەيپەرەستان مەستى لايەقئەل،
ئەلىف لامى قەدىسىياقىنى مەجلىستە نىگۇن كەلتۇر.

— زەلىلى.

مەيخارە [مى خواره] (پ) كۆپ مەي ئىچكۈچى، مەيخور:

كى مەيخارەلەردەك بولۇپ سەرگىران،
قىلىپ سەۋتى نالە مەۋلامەت نىشان.

— ئا. نىزارى.

مەيخارەلىك [مى خوارەليك] مەيخورلۇق:

قۇرۇپ بەزم شاھانە مەسرۇر ھال،
كى مەيخارەلىككە قىلىپ ئىشتىغال.

— ئا. نىزارى.

مەيخانە [ميخانه] (پ) بىرلىشىپ مەي ئىچىدىغان جاي، ئۆي:

چىقمىسام ھەرگىز ئۇ شول مەيخانىدىن،
بولمىسا ئىلكىم جۇدا پەيمانىدىن.

— خەراباتى.

مەيخۇش [ميخوش] (پ) ئاچچىق - چۈچۈك.

مەيدان [ميدان] (ئە) مەيدان؛ جەڭگاھ.

مەيسەرە [ميسره] (ئە) سول تەرەپ:

ئايا، مەيسەرە دەريا دىلۇ نامدار،
زىيادە ئەيلەگەي دەۋلەتىڭ كىردىگار.

— زەلىلى.

مەيسەرە - مەيمەنە — ئوڭ - سول تەرەپ:

تەۋەججۇھ بىلە سالدى تورنى يەنە،
سۇزۇپ بىر زەمان مەيسەرە - مەيمەنە.

— ئا. نىزارى.

مەيسۇر [ميسور] (ئە) يەڭگىللەشكەن، ئوڭاي، ئاسان.

مەيفۇرۇش [مى فروش] (پ) مەي ساتقۇچى:

تەڭرىم ئىتەر ئاتايىغە چۇن پىرى مەيفۇرۇش،
نى غەم ئەگەر ھەقارەت ئىلە پارسا باقار.

— ئاتايى.

مەيكەدە [ميكده] (پ) مەيخانا، شاراپخانا:

شىشە تۇيى سۇندۇرۇپ كەلدى سۇراھى بويلۇغۇم،
مەيكەدە جاي ئاشىقان مەنزىلى پارسا ئەمەس.

— زەلىلى.

مەيگۇن [ميگون] (پ) مەي رەڭلىك، قىزىل رەڭلىك.

مەيل [ميل] (ئە) خاھىش، ھەۋەس، مەيل:

مەيل ئەيلەمەك — خالىماق، ئىستىمەك:

يەنە ئەزم قىلماقغە مەيل ئەيلەدىم،
غەرىبلىقدە ئەشكىمنى سەيل ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى.

مەيل قىلماق — «مەيل ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

چۇ لەيلى قىلىپ ئىبردى مەكتەبغە مەيل،
مۇنەۋۋەر قىلىپ نۇرنى ئانداغ سۇھەيل.

— ئا. نىزارى.

مەيمەنچى [ميمنچي] سودىگەر:

بۇ دۈشمەن كۆچادىن خەبەر ئاڭلاشىپ،
بۇزىخۇيۇ مەيمەنچى كەتتى قاچىپ.

— موللا شاكىر.

مەيمۇن [ميمون] (ئە) بەختىيار، بەختلىك:

كېلىپ ھەر بىرى كېچە ئانداقكى بوم،
مۇۋاپىققە مەيمۇن، مۇخالىفقە مۇش.

— نەۋايى.

مەينۇش [مينوش] (پ) مەي ئىچكۈچى:

ھاي - ھۇيى بۇ كېچە مەيخانەدىن كەم بولمادى،
بىر تەرەپ پىر مۇغانۇ بىر تەرەپ مەينۇشلەر.

— زەلىلى.

مەئاز [معاز] (ئە) قويچى:

ئىزتىراب ئەيلەپ كىرىپ كەلدى مەئاز،
ئەيدى: «يا پەيغەمبەرى دانايى راز.

— زەلىلى.

مەئبەد [معبد] (ئە) ئىبادەت قىلىدىغان جاي، ئىبادەتخانا.

مەئبەر [معبر] (ئە) ئۆتىدىغان جاي، ئۆتۈش يولى.

مەئبۇد [معبود] (ئە) ئىبادەت قىلىنغۇچى، تەڭرى:

يېتىشتى قىزا خاجە مەسئۇدغە،
بويۇن سۇندى ئول ھۆكمى مەئبۇدغە.

— ئا. نىزارى.

مەئتەل [معطل] (ئە) توختىتىلغان، توختاپ قالغان.

مەئتەل ئەتمەك — توختاتماق.

مەئتەل ئولماق — توختاپ قالماق.

مەئتۇف [معطوف] (ئە) ياندىشىپ كەلگەن، باغلانغان.

مەئجەر [معجر] (ئە) پەنجىرە؛ نىقاب.

مەئجۇن [معجون] (ئە) خېمىر قىلىنغان؛ خېمىر دورا؛ كەيىپ قىلغۇچى بىر خىل خېمىر دورا.

مەئخەز [مأخذ] (ئە) بىرەر نەرسە ئېلىنغان جاي؛ مەنبە.

مەئخۇز [مأخوذ] (ئە) ئېلىنغان:

ۋۇجۇدۇڭ گەۋھەرى دەريايى رەھمەتىدىن ئىبرۇر مەئخۇز،
سۇجۇدۇڭ جەۋھەرى ئەئلايى ئۆلفەتدىن ئىبرۇر مەئخۇز.

— شەۋقى.

مەئدەلەت [معدلت] (ئە) ئادالەت، ئىنساپ.

مەئدەن [معدن] (ئە) 1) يەر ئاستى بايلىقى، كان. 2) ھەربىر نەرسىنىڭ ئەسلى جايى:

ۋەفا مەئدەنىنىڭ ئىبرۇر گەۋھەرى،
سەفا مەخزەنىنىڭ غەرى جەۋھەرى.

— ئا. نىزارى.

مەئدۇد [معدود] (ئە) سانالغان، ساناقلىق.

مەئدۇم [معدوم] (ئە) يوق بولغان، يوق:

كى ئول كېچە ئۆچۈن ئىلمىدە مەئلۇم،
قىلىپ رۇھۇل - ئەمىندىن سەلبى مەئدۇم.

— ناقىس.

مەئرەز [معرض] (ئە) نەرسىلەرنى كۆرسىتىشكە قويۇلغان جاي، كۆرگەزمىخانا.

مەئرۇز [معروض] (ئە) كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلغان؛ ئەرز.

مەئرەكە [معركه] (ئە) مەيدان؛ جەڭگاھ؛ مۇراسىم.

مەئرۇف [معروف] (ئە) تونۇلغان، مەشھۇر.

مەئرىفەت [معرفت] (ئە) بىلىش؛ بىلىم، ئىلىم:

ماڭا خەيلى جۇنۇندىن قاسىدى يەئنى خەبەر بەردى،
تەنىگنى ئەيلەدىلەر مەئرىفەتدىن تەختەبەر بەردى.

— زەلىلى.

مەئزۇر [معذور] (ئە) ئۆزرە ئېيتىلغان، ئۆزرىلىك:

ئەقلىمنى جۇنۇن ئالدى زەنجىرۇ غول ئەگرا ھەم،
ھوشيار بولالماي مەئزۇركى لاف ئەتتىم.

— زەلىلى.

مەئزۇرلۇق [معذورلوق] كەچۈرۈم سورايدىغان ئىش:

فەلەكتىن ماڭا يەتتى رەنجۇرلۇق،
بالادىن ساڭا يەتتى مەئزۇرلۇق.

— ئا. نىزارى.

مەئسۇم [معصوم] (ئە) پاك، گۇناھسىز.

مەئسىيەت [معصيت] (ئە) ئاسىيلىق، گۇناھ:

مەئسىيەت ئەھلىدە چىقاردىم ئەلەم،
روسىيەۋۇ زەرد بولۇپ چۇن قەلەم.

— زەلىلى.

مەئشەر [معشر] (ئە) ئادەملەر توپى، جامائەت.

بىل يەنە تۆرتۈنچى رۇسۇل مەئشەرى،
ھەر بىرى بىر بەھرى سافى گەۋھەرى.

— نەۋايى.

مەئشۇق [معشوق] (ئە) سۆيۈملۈك يار، مەھبۇبە:

نېچەكىم ئۆلتۈرۈر مەئشۇق نازى،
تەقى ئارتار ئاشىقنىڭ نىيازى.

— ھاپىز خارەزمى.

مەئفۇ [معفو] (ئە) ئەپۇ قىلىنغان، كەچۈرۈلگەن.

مەئقۇل [معقول] (ئە) ئەقىلغا مۇۋاپىق، قوبۇل قىلارلىق، دۇرۇس:

دېدى ئول شەيخ: «ئەي دانايى مەئقۇل،
نىيازىڭ ھەق قاتىدا بولدى مەقبۇل.

— موللا پازىل.

مەئقۇل تۇشمەك — ئەقىلغا مۇۋاپىق كەلمەك:

چۇ مەھزۇن يانىپ ئۆيگە، مەقۇل تۇشۇپ،
كى ئۇستادى سۆزىنى مەقبۇل تۇتۇپ.

— ئا. نىزارى.

مەئقۇل كۆرمەك — مۇۋاپىق، لايىق كۆرمەك:

چۇ خاقان سۆزىدىن كۆردى مەئقۇل ۋەزىر،
بۇ ئىشدا بولۇپ شاھغە دەستىگىر.

— ئا. نىزارى.

مەئكۇس [معكوس] (ئە) ئەكسىچە قىلىنغان، ئەكسى.

مەئكۇل [ماكول] (ئە) يېيىلىدىغان نەرسە، يېمەكلىك.

مەئكۇلات [ماكولات] (ئە) «مەئكۇل» نىڭ كۆپلۈكى — يېمەكلىكلەر.

مەئلۇل [معلول] (ئە) ئىللەتلىك، كېسەل:

ئانىڭ تەبئىدە سەرئ مەئلۇل ئىدى،
تەبئەت فەرەھلىككە مەشغۇل ئىدى.

— ئا. نىزارى.

مەئلۇم [معلوم] (ئە) ئېنىق، ئاشكارا، روشەن:

بولمادى مەئلۇم ھىكمەت ئەھلىغە سەيرى قەمەر،
ئەسمانى نىگۇنى سەھنىدە ئەختەر بولماسا.

— زەلىلى.

مەئمەن [مأمن] (ئە) 1) تىنچ، خاتىرجەم جاي؛ پاناھگاھ.

ئىزنى تاپىپ بىرنىشمەن ئارا،
قاراسىن ئالىپ ئىسكى مەئمەن ئارا.

— ئا. نىزارى.

2) ماكان، ۋەتەن:

كى ئول پاك مەئمەندە ئەيلەپ تۇزۇل،
فەنادىن بەقا سارىغە تاپتى يول.

— ئا. نىزارى.

مەئمۇر I [مامور] (ئە) ئەمر قىلىنغان؛ ئىتائەتچان:

سىنىڭ قايىسى سىفاتىڭنى دەي ئەي شوخى پەرىزادىم،
جەھانىنىڭ مەھۋەشى مەئمۇرسەنسەن بارچەگە ئاسىر.

— ئۇبەيدى غەزەللىرى.

مەئمۇر ئولماق — بويسۇنماق، ئىتائەتچان بولماق:

كى مەئمۇر ئولۇپمەن قىلىپمەن زەدۇر،
كى باشدىن ئاياغ بارچە ئەيبۇ قۇسۇر.

— ئا. نىزارى.

مەئمۇر II [معمور] (ئە) گۈللەنگەن، ئاۋات:

خانىقاھى فەقر سەندىن بارھا مەئمۇردۇر،
ئەي شەھى كەۋنەين مەمنۇن ئەيلەگىل كەلمىش گەدا.

— زەلىلى.

مەئمۇر قىلماق — ئاۋات، باياشات قىلماق:

ئىلاھا! سەرايىنى مەئمۇر قىل،
قۇبۇرىنى رەھمەت بىلە نۇر قىل.

— ئا. نىزارى.

مەئنا [معنى] (ئە) «مەئنى» گە قاراڭ:

ئىرۇر ئول شاھ ۋالاقەدر ھەم مەئنايۇ سۇرەتدە،
كىم ئانىڭ قەددىنە كەلسە، لىباسى فەقر بەس زىبا.

— ھاپىز خارەزمى.

مەئنەۋى [معنوى] (ئە) مەنە جەھەتتىكى، مەنىۋى.

مەئنۇس [مأنوس] (ئە) ئۆگىنىلگەن، كۆنگەن؛ ئۈلپەت.

مەئنى [معنى] (ئە) چۈشەنچە، مەزمۇن، مەنە:

تەمامى ئىلمىنىڭ فەننىگە ئىردى ئاخۇنۇم ھامىل،
خافالىغ مەئنىنى سۆز رىشتىسىغە كىم تىزار ئەمدى.

— موللا قۇربان.

مەئنى دۇر — پىكىر ئۈنچىلىرى:

بۇ نەزم تارىغە مەئنى دۇرىن تىزىپ ئەرشى،
سۇخەنساراله يۇزىن مىسلى كەھرە باقىلايىن.

— ئەرشى.

مەئنى ھۇسۇل — ئىپادىلەنگەن مەنە:

دېدى شاھغە شەيخ ئالىيجەناب،
بۇ مەئنى ھۇسۇلىغە بەرگۇم جەۋاب.

— ئا. نىزارى.

مەئۋا [مأوى] (ئە) 1) تۇرار جاي، ماكان:

بىر ئەزىزى بار ئىدىلەر ئاشكار،
مەنزىلۇ مەئۋالەرى ئەردى بۇخار.

— زەلىلى.

2) پاناھ جاي:

كىرىپ غارغە باستى نەچچە قەدەم،
چۇ سوقرات مەئۋاسى بولدى بەھەم.

— ئا. نىزارى.

3) سەككىز جەننەتنىڭ بىرى:

كىرمەگەيمەن جەننەتۇل مەئۋاغە دىلبەر بولماسا،
شىشە پۇشى تۇشمەگەي دەرياغا گەۋھەر بولماسا.

— زەلىلى.

مەئيۇب [معيوب] (ئە) ئەيىبلىك:

كى ئەقل ـ خىرەد سەندە مەئيۇب ئولۇر،
نەزەردىن پەرى چېھرە مەھجۇب ئولۇر.

— ئا. نىزارى.

مەئيۇس [مأيوس] (ئە) ئۈمىدسىزلەنگەن، نائۈمىد.

مۇ [مو] بۇ (كۆرسىتىش ئالماش) :

جەفايۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتۇپسەن،
مۇنىڭدەك ئىشۋە پۇرفەندىن نەھاسىل.

— لۇتفى.

مۇئاتەب [معاتب] (ئە) تاپا ـ تەنىگە ئۇچرىغان، ئەيىبلەنگەن:

بىراۋ بولسا شەھ ئالىندە مۇئاتەب،

مىسلى قىلماسا ئۇل ئىشىدە مۇخاتەب.

— نەۋايى.

مۇئاخەزە [مؤاخذه] (ئە) جازا، دەشنەم؛ كەينىگە چۈشۈش، سۈرۈشتۈرۈش.

مۇئارەزە [معارضه] (ئە) مۇنازىرىلىشىش، تارتىشىش، تالىشىش.

مۇئاسىر [معاصر] (ئە) زامانداش، ئەسىرداش.

مۇئاسىي [معاصى] (ئە) گۇناھكار، جىنايەتچى.

مۇئاشىر [معاشر] (ئە) دوست، ھەمسۆھبەت؛ ھەمراھ.

مۇئالىجە [معالجه] (ئە) چارە، ئىلاج قىلماق؛ داۋالىماق.

مۇئالىج [معالج] (ئە) چارە، ئىلاج قىلغۇچى، داۋالىغۇچى، تېۋىپ، دوختۇر.

مۇئامەلات [معملات] (ئە) «مۇئامەلە» نىڭ كۆپلۈكى — مۇئامىلىلەر.

مۇئامەلە [معامله] (ئە) 1) مۇئامىلە، مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئالاقە باغلاش. 2) سودا - سېتىق.

مۇئامەلات [معاملات] (ئە) «مۇئامەلە» گە قاراڭ.

مۇئامەلەپەرداز [معامله‌پرداز] (ئە + پ) مۇناسىپ، ياخشى مۇئامىلە.

مۇئاۋەزە [معاوضه] (ئە) ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، تېگىشىش:

شەھەر ئەھلىدە يوق زىرا ئۇ ئېكىن،
مۇئاۋەزە قىلۇر بۇتغە ئاشۇ ئېكىن.

— ئا. نىزارى.

مۇئايەنە [معاينه] (ئە) كۆزدىن كەچۈرۈش، قاراش:

ئەيلەدىم سەربۇشى خۇمى خۇسرەۋانى ئۆزدەمەن،
گەۋھەرى گەنجى مۇئايەنە خەرىدار ئولماسا.

— زەلىلى.

مۇئەببەد [مؤبد] (ئە) ئەبەدىي، مەڭگۈ، دائىم:

تەمەننا ئەيلىسەڭ بىر نەۋگى ئىقبال،
كى بولغاي ھەم مۇخەللەد، ھەم مۇئەببەد.

—نەۋايى.

مۇئەببىر [معبر] (ئە) چۈش ئۆرۈگۈچى، چۈشكە تەبىر بەرگۈچى.

مۇئەتتەر [معطر] (ئە) خۇشبۇي، خۇش پۇراق، ئەتىر پۇراقلىق:

گەر شانە قىلسالڭ زۇلفۇڭ خەيالىن،
مۇشك ئىلە بولغاي ئالەم مۇئەتتەر.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇئەتتەر ئەيلەمەك — خۇشبۇي قىلماق:

دەر ئېردى لەيلى: «ئەي دۇررى خۇشاھىم،
مۇئەتتەر ئەيلەگەي ئالەم كۆلاھىم».

— موللا پازىل.

مۇئەتتەر بولماق — خۇشبۇي، خۇش پۇراق بولماق:

مەرغىزار ھەمە شامە مۇئەتتەر بولغاي،
تۇررەئى زۇلفۇڭ ئەگەر ئەيلەسە مۇشكى ئەفشانى.

— زەلىلى.

مۇئەتتەر ئولماق — «مۇئەتتەر بولماق» قا قاراڭ.

بەنا ئەيلەسە ياخشى بىر چارباغ،
كى بۇ يەردىن ئولسە مۇئەتتەر دىماغ.

— ئا. نىزارى.

مۇئەتتەر قىلماق — خۇشبۇي، خۇش پۇراق قىلماق:

مۇئەتتەر قىلدى گۈلشەن گۈللەرىنى ئەنبەرى زۇلفۇڭ،
ھۇجۇم ئەتكەندە فەۋجى كا كۇلۇڭ يا لەشكەرى زۇلفۇڭ.

— زەلىلى.

مۇئەتتەل [معطل] (ئە) بىكار، بىھۇدە؛ ئىشسىز، بوش:

ئېرۇرمەن قادىر ئەندازى مۇكەممەل،
نە ئوق ئاتسام تېگەر بولماي مۇئەتتەل.

— ناقىس.

مۇئەججەب [معجب] (ئە) ھەيران قالارلىق، تەئەججۇپلىنەرلىك:

مۇزەممەتلەر بىلەن ئەيلەپ مۇرەككەب،
ھىكايەتلەر بەيان قىلسە مۇئەججەب.

— ناقىس.

مۇئەججەل I [معجل] (ئە) مۆھلەتسىز، ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك، نەق:

مەھرى مۇئەججەل تىلەبان جان ئالىب،
سوڭرە مۇئەججەل تىلەب ئىمان ئالىب.

— نەۋايى.

مۇئەججەل II [موجل] (ئە) كېچىكتۈرۈلگەن، ۋاقتى ئارقىغا سۈرۈلگەن، نېسى:

مەھرى مۇئەججەل بۇدەم ئەرجان بولۇپ،
تاڭلا مۇئەججەل ئاڭا ئىمان بولۇپ.

— نەۋايى.

مۇئەخخەر [مؤخر] (ئە) ئارقىدا قالدۇرۇلغان، ئاياغدىكى.

مۇئەخخىر [مؤخر] (ئە) ئارقىغا سۈرگۈچى.

مۇئەدد [معد] (ئە) تەييارلانغان، تەييار، ھازىر.

مۇئەددا [مؤدى] (ئە) ئادا قىلىنغان.

مۇئەددەب [مؤدب] (ئە) ئەدەپلىك، خۇش مۇئامىلە،

خۇش پىشىل.

مۇئەررا [معرا] (ئە) خالىي، يالىڭاچ، بوش، ئازاد:

مۇئەررا ئېرۇر شايىبە لەھۇدىن،
مۇبەررا ئېرۇر غەررەگى سەھۇدىن.

— ئا. نىزارى.

مۇئەررىخ [مؤرخ] (ئە) تارىخچى، تارىخشۇناس.

مۇئەررىخانە [مؤرخانه] (ئە + پ) تارىخچىلارغا خاس، تارىخچىلارغا مەنسۇپ.

مۇئەررىف [معرف] (ئە) تەرىپ قىلغۇچى، تونۇتقۇچى، بىلدۈرگۈچى:

مۇئەززەز [معزز] (ئە) ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك:

جەھان ئەيشى قانچە مۇلەززەز ئېرۇر،
غۇرۇر ئىچرە دايىم مۇئەززەز ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

مۇئەززەم [معظم] (ئە) بۈيۈك، ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك؛ مۇھىم:

دىل كەئبەگى مۇئەززەم، ئاغرىتماغىل بەرادەر،
يوقتۇر تەرىقەت ئىچرە مۇندىن يامان گۇناھى.

— زەلىلى.

مۇئەززىن [مؤذن] (ئە) ئەزان ئېيتقۇچى، مەزىن.

مۇئەززىي [مؤزى] (ئە) ئازابلىغۇچى.

كىمكى قەتىغ ئېتسە تەۋەككۇل قەدەم بىرلە تەرىق،
يەغنۇ سەل ئاڭا مۇئەززىي ئەمەسمۇ بەرقى ھەرىت.

— نەۋايى.

مۇئەسسەر [مؤثر] (ئە) تەسىرلەنگۈچى، تەسىرگە ئىگە بولغۇچى:

تىل ئەيلەر ئانى ئايتىپ ئاشكارا،
ئانىڭدىندۇر مۇئەسسەر سەڭگى خارا.

— ناقىس.

مۇئەسسىر [مؤثر] (ئە) تەسىر قىلغۇچى، تەسىرچان، يېقىملىق:

ئەگەر بولماسە ئول مۇيەسسەر ماڭا،
كى ھىجران ئۆتىدۇر مۇئەسسىر ماڭا.

— ئا. نىزارى.

مۇئەسسىر بولماق — تەسىرلەنمەك.

مۇئەسسىر تۈشمەك — تەسىر قىلماق:

تۈشتى گويا بۇلبۇل ئەفغانى مۇئەسسىر گۈلغەكىم،
چاك-چاك ئەتتى گىرىبانىنى دامانىغەچە.

— نەۋايى.

مۇئەسسىرانە [مؤثرانه] (ئە + پ) تەسىرلىك؛ يېقىملىق.

مۇئەسكەر [معسكر] (ئە) ئەسكەرلەر تۇرىدىغان جاي، ئەسكەرگاھ.

مۇئەككەد [مؤكد] (ئە) تەكىتلەنگەن؛ مۇستەھكەم، قەتئىي.

مۇئەككەل [مؤكل] (ئە) ۋەكىل قىلىنغان، بىرەر ئىش ياكى ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان كىشى:

مۇئەككەل قىلدىلار شاھى جەھانغە،
ئەمىس شاھى جەھان، مەھبۇبى جانغە.

— ناقىس.

مۇئەللا [معلا] (ئە) يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئېگىزلىتىلگەن؛ يۈكسەك، ئېگىز.

مۇئەللەق [معلق] (ئە) ئېسىلغان، ئېسىپ قويۇلغان:

زەمىننى ئەيلەبان سەنبىرى سەفالات،
مۇئەللەق تۇرغۇزۇپ سەبئى سەماۋات.

— زەلىلى.

مۇئەللەق ئاتماق — چاقپەلەكتەك ئايلانماق، موللاق ئاتماق:

ئاتسالڭ كەبۇتەر تەنىنە ئوقنى،
ئاتقاي مۇئەللەق ئولدەم كەبۇتەر.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇئەللەق ئۇرماق — «مۇئەللەق ئاتماق» قا قاراڭ.

ئەجەب تايىردۇرۇر چەرخى مۇتەببەق،
ئىشى ئۇرماق كەبۇتەردەك مۇئەللەق.

— نەۋايى.

مۇئەللەم [معلم] (ئە) تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇغان.

مۇئەللىف [مؤلف] (ئە) ئاپتور، يازغۇچى.

مۇئەللىم [معلم] (ئە) ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز:

مۇئەللىمغە تاپشۇردى ئاداب ئۈچۈن،
سەبەب قىلدى ھېكمەتدە بىخاب ئۈچۈن.

— ئا. نىزارى.

مۇئەللىمى ئەۋۋەل — بىرىنچى ئۇستاز؛ بۈيۈك ئالىم.

مۇئەللىمى سانى — ئىككىنچى ئۇستاز.

مۇئەممە [معمى // معما] (ئە) تېپىشماق، ئەدەبىياتتا شېئىرىي يول بىلەن يېزىلغان تېپىشماق. :

كەمەر بەندىنى كۆردۈم رىشتەگى جانىمغە نازۇكدۇر،
رۇمۇزى لەبلەرىدىن بىلمەدىم شەكلى مۇئەممايى.

— زەلىلى.

مۇئەنبەر [معنبر] (ئە) ئەنبەر بىلەن خۇش پۇراق قىلىنغان؛ خۇشبۇي:

سەرۋى نازىم باشىدە تا كۆردى مۇشكىن كاكىلىن،
شەمئ ئەيلەبتۇر مۇئەنبەر دۇرىدىن كاكىل ھەۋەس.

— نەۋايى.

مۇئەننەس [مؤنث] (ئە) ئايال جىنس.

نەچە ئەيىب سىلەردە پەيدا دۇرۇر،
كى سىزگە مۇئەننەس خەبەرداردۇر

— غەربى.

مۇئەييەن [معين] (ئە) ئېنىق، مەلۇم؛ روشەن؛ ئاشكارا؛ مەخسۇس، خاس:

كۆرۈپ شاھ ئۇشبۇ كەرامەتنى،
مۇئەييەن كۆرۈپ بۇ ئەلامەتنى.

— ئا. نىزارى.

مۇئەييەن بولماق — ئېنىق بولماق، ئېنىقلانماق:

بۇ ھەنگام ئارا سۆز مۇزەييەن بولۇپ،
كى تارىخ ھىجرەت مۇئەييەن بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

مۇئەييەن قىلماق — تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك:

چۇ پاكىزە گۈلشەن مۇئەييەن قىلىپ،
جەۋانىبلارىنى مۇزەييەن قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

مۇبادەلە [مبادله] (ئە) ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك.

مۇبارەك [مبارك] (ئە) قۇتلۇق، تەۋەررۈك:

بۇسە سوئالىن ئەتسەم خامۇش ئولۇركى گويا،
زەئمىدەدۇر «نەئەم» شۇم ئانداغى «لا» مۇبارەك.

— تەجەللى.

مۇبارەك بولماق — قۇتلۇق، ئەزىز، تەۋەررۈك بولماق:

ئانداقكى خۇراساندە مۇبارەك بولدى،
مەشرىقدىن مەغرىبغە مۇبارەك بولسۇن.

— نەۋايى.

مۇبارەكباد [مباركباد] (ئە + پ) تەبرىك، قۇتلۇقلاش:

تا كۆڭۈل ئىقلىمىنى ئالغالى بىر بىدادى،
غەم كەلىپ كۈندە قىلۇر بىزنى مۇبارەكبادى.

— زەلىلى.

مۇبارىز [مبارز] (ئە) جەڭچى؛ باتۇر، پالۋان.

بۇ سەۋتۇ ساداسى پەلەكتىن ئاشىپ،
مۇبارىز ئىرانلار يىغانى تاشىپ.

— موللا شاكىر.

مۇباشەرەت [مباشرت] (ئە) يېقىنلىق، جىنسىي ئالاقە؛ مەشغۇلات.

مۇباشىر [مباشر] (ئە) باشقۇرغۇچى، باشلىق.

مۇباھ [مباح] (ئە) رۇخسەت قىلىنغان ئىش، راۋا؛ قىلسا ساۋاب، قىلمىسا يامان بولمايدىغان ئىش.

مۇباھات [مباهات] (ئە) پەخىرلىنىش، ئىپتىخار؛ ماختانماق، كۆز - كۆز قىلماق:

ئەتلەسنى زەلىلى قىلما مۇباھات،
پەشمىنە كۆلاھ بىلە بۇ خىرقەسى مەسدۇر.

— زەلىلى.

مۇباھات ئەيلەمەك — پەخىرلەنمەك، قۇۋانماق:

ھەزل ئېيتىپ دىن ئەھلى ئايىنى بىلە،
كۆپ مۇباھات ئەيلەپ ئۆز دىنى بىلە.

— نەۋايى.

مۇباھاتگۇنە [مباهات گونه] (ئە + پ) پەخىرلىنىش، قۇۋىنىش.

مۇباھەسە [مباحسه] (ئە) بەس - مۇنازىرە، تالاش - تارتىش.

مۇبەددەل [مبدل] (ئە) ئالماشتۇرۇلغان، تېگىشىلگەن، ئايراش قىلىنغان:

مۇبەددەل بولۇر كۈنگە ھەم ئۇشبۇ تۈن،
شۇئائى يۈزۈڭدىن كى بەيزا، ئىشت.

— بىلال نازىم.

مۇبەددەل بولماق — ئالماشماق، ئۆزگەرمەك:

قىلىپ بەزل شاھانە فەرھادغە،
غەمى چۇن مۇبەددەل بولۇپ شادغە.

— ئا. نىزارى.

مۇبەررا [مبرا// مبرى] (ئە) ئازاد، ئەركىن، خالىي:

مۇئەررا ئېرۇر شايىبە لەھۋدىن،
مۇبەررا ئېرۇر غەررەگى سەھۋدىن.

— ئا. نىزارى.

مۇبەررات [مبرات] (ئە) سەدىقىلەر، خەير - ئېھسانلار؛ ياخشىلىقلار.

مۇبەرھەن [مبرهن] (ئە) ئېنىق، روشەن، ئوچۇق، ئىسپاتلانغان:

يەنە ھەر بۇرجىدا بىر تۇرفە گۈلشەن،
كى ھەر گۈلشەندە يۈزمىڭ گۈل مۇبەرھەن.

مۇبەرھەن ئەيلەمەك — دەلىللەر بىلەن تولۇق ئىسپاتلىماق، ئېنىقلىماق، روشەنلەشتۈرمەك:

بەيان ئەتسە ئانى ئەيلەپ مۇبەرھەن،
ئىشىتسە شاھزادە ئانى رەۋشەن.

— نافىس.

مۇبەرھەن قىلماق — «مۇبەرھەن ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

نەدۇر ۋاقىئە ماڭا رەۋشەن قىلىڭ،
كى ئەسرارىنى سىز مۇبەرھەن قىلىڭ.

— ئا. نىزارى.

مۇبەسسىر [مبصر] (ئە) قارىغۇچى، كۆرگۈچى؛ مۇتەخەسسىس:

گۇلكى سۆز نەقدىغە مۇبەسسىردۇر،

ۋەسفى ئىچرە تىلى مۇقەسسىردۇر.

— نەۋايى.

مۇبەمۇ [موبهمو] بىرمۇبىر، ئىنچىكىلەپ:

تەجەللىدىن كىشىكىم مۇبەمۇ ئەئزانى نۇرگەيلەر،
يىدۇ پەيزا چىقارىپ ئاقىبەت كۆڭلىنى نۇر ئەيلەر.

— زەلىلى.

مۇبەمۇي [موبهموى] بىر - بىرلەپ، بىرمۇبىر، ئىنچىكىلىك بىلەن:

ئىبەرگىل ماڭا ئەمدى ئەفسانە كۆي،
دېگەي سەرگۈزەشتە ماڭا مۇبەمۇي.

— ئا. نىزارى.

مۇبتەدەل [مبتدل] (ئە) ئۆزگىرىش، باشقا ھالەتكە ئۆتۈش.

مۇبتەدىئ [مبتدع] (ئە) بىدئەتچى، دىندا يېڭىلىق يارىتقۇچى:

ئەي نەۋائى، قىل فەنا ئىلمىنى ياخشى كەسبىكىم،
ئەيلەگەيسەن دەفئ ئەگەر تەقۋىي بۇيۇرسە مۇبتەدىئ.

— نەۋايى.

مۇبتەدىي [مبتدى] (ئە) بىر ئىشنى يېڭىدىن باشلىغۇچى؛ خام، تەجرىبىسىز.

مۇبتەلا [مبتلى// مبتلا] (ئە) دۇچار، گىرىپتار، ئۇچرىغان، يولۇققان؛ ئاشىق، شەيدا:

چۇ «دال» ئولدى چەكمەككە دەرد - بەلا،
كى ئاتىداكى تۈكتەگە مۇبتەلا.

— ئا. نىزارى.

مۇبتەلا بولماق — 1) گىرىپتار، دۇچار بولماق، تۇتۇلماق:

بالاسىغە يەتتى فەلەكدىن بەلا،
بالا دەردىگە بولدى ئول مۇبتەلا.

— ئا. نىزارى.

2) ئاشىق، شەيدا بولماق:

قاچانكىم ئاي يۈزۈڭنى كۆردۈم ئىرسە، مۇبتەلا بولدۇم،
فىراقىڭ ھەسرىتىدە ئۆرتەنىپ يانىپ ئادا بولدۇم.

— بىلال نازىم.

مۇبتەلا قىلماق — گىرىپتار، دۇچار قىلماق.

مۇبتەلائى دام ئولماق — تۇزاققا چۈشمەك، ئىلىنماق:

بۇ قۇشكىم مۇبتەلائى دام ئولۇبتۇر،
بۇ گۈلشەندە ئاڭا ئارام ئولۇبتۇر.

— نەۋايى.

مۇبتەھىج [مبتهج] (ئە) خۇشال، شادمان.

مۇبھەم [مبهم] (ئە) ناتېنىق، چۈشىنىپ بولمايدىغان؛ يوشۇرۇن، پىنھان.

تۇزۇپ بەزم ئىشرەت قىلىپ قىزنى ئەقد،
كى مۇبھەم مۇرادىن تاپىپ شاھ نەقد.

— ئا. نىزارى.

مۇتابىئەت [متابعت] (ئە) بىراۋنىڭ كەينىدىن ئەگەشمەك، ئىزىدىن ماڭماق:

ھەم رەسۇلغە مۇتابىئەت قىلسە،
مۇجتەھىد سۆزلەرىنى ھەق بىلسە.

— ن. زىيائى.

مۇتابىق [مطابق] (ئە) مۇۋاپىق، ئويغۇن، ماس.

مۇتالىئە [مطالعه] (ئە) دىققەت بىلەن ئوقۇش، ئوقۇپ بىلىش:

يۈزۈڭ مۇتالىئەسىن ھىجر كېچەسى قىلسام،
فەلەكنى خىيمە قىلىپ مەشئەلىم ستارە قىلاي.

— زەلىلى.

مۇتايەبە [مطايبه] (ئە) ھەزىل، چاقچاق.

مۇتايىب [مطايب] (ئە) ھەزىلكەش، چاقچاقچى.

مۇتەئاقىب [متعاقب] (ئە) كەينى - كەينىدىن، ئارقىمۇئارقا.

مۇتەئاقىد [متعاقد] (ئە) ئەھدىلەشكەن، توختاملاشقان؛ شەرتنامە تۈزگۈچى.

مۇتەئەججىب [متعجب] (ئە) ھەيران بولغۇچى، تەئەججۇپلەنگۈچى.

مۇتەئەخخىر [متاخر] (ئە) كېيىنكى، كېيىن كەلگەن؛ ئاخىرقى.

مۇتەئەددىد [متعدد] (ئە) بىرقانچە، نۇرغۇن، كۆپ.

مۇتەئەررىز [متعرض] (ئە) دۈشمەنلىك قىلغۇچى، ئېتىراز بىلدۈرگۈچى.

مۇتەئەززىر [متعذر] (ئە) قىيىن، تەس، مۇشكۇل.

مۇتەئەسسۇف [متأسف] (ئە) ئەپسۇسلىنىش، تەئەسسۇپ.

مۇتەئەسسىر I [متعسر] (ئە) قىيىن، تەس، مۇشكۇل.

مۇتەئەسسىر II [متأثر] (ئە) تەسىرلىك.

مۇتەئەللا [متعلى] (ئە) يۈكسەك، ئېگىز.

مۇتەئەللەق [متعلق] (ئە) قاراشلىق، باغلىق، ئائىت.

مۇتەئەممىل [متأمل] (ئە) دىققەت بىلەن قاراش؛ پىكىر قىلىش.

مۇتەئەننىي [متأنى] (ئە) سەۋرلىك، ئېھتىياتچان، ئالدىراقسان ئەمەس.

مۇتەئەھھىد [متعهد] (ئە) بىرەر ئىشنى ئۆز ئۈستىگە

ئالغۇچى، ۋەدە بەرگۈچى.

مۇتەئەھھىل [متأهل] (ئە) ئائىلىلىك، بالا - چاقىلىق، ئۆيلەنگەن.

مۇتەبائىد [متباعد] (ئە) ئۇزاقلىشىش، بىر - بىرىدىن ئايرىلىش.

مۇتەبەررەك [متبرك] (ئە) مۇبارەك؛ مۇقەددەس، تەۋەررۈك. ئەزىز.

مۇتەبەسسىم [متبسم] (ئە) تەبەسسۇم قىلغۇچى.

مۇتەبەھھىر [متبحر] (ئە) چوڭقۇر بىلىم ئىگىسى، ئالىم.

مۇتەجائىز [متجائز] (ئە) تاجاۋۇز قىلغۇچى.

مۇتەجەللى [متجلى] (ئە) روشەن، ئېنىق، پارلاق؛ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان.

مۇتەدارىك [متدارك] (ئە) ئارۇز ۋەزنى بەھرىلىرىدىن بىرى. لۇغەت مەنىسى يېتىشكۈچى، ئارقىدىن كېلىپ قوشۇلغۇچى. بۇ بەھر كېيىن تېپىلىپ، ئەسلىدىكى 15 بەھرگە 16 - بولۇپ قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

مۇتەرەددىد [مۇتەرەدد] (ئە) ئىككىلەنگۈچى، شەكلەنگۈچى؛ قارارسىز.

مۇتەرەننىم [مترنم] (ئە) سايرىغۇچى، كۈيلىگۈچى، ناخشا ئېيتقۇچى.

مۇتەرجىم [مترجم] (ئە) تەرجىمان.

مۇتەررا [مطرى // مطرا] (ئە) تازا، سۈزۈك، پاكىز، تازىلانغان:

ئىشىكدە مەرغىزارى تۇرنە زىبا،
بېھىشتىنىڭ سامەق ياڭلىغ مۇتەررا.

— ناقىس.

مۇتەررەز [مطرز] (ئە) گۈل تىكىلگەن؛ زىننەتلەنگەن:

ئەي جەمالىڭ رەھمەتىڭدىن گەر زەلىلۇ گەر مۇئەززەز،
سەفھەن كەۋنەيىن ئولۇپ ئاتىڭ ئىرازىدىن مۇتەررەز.

— نەۋائى.

مۇتەزائىد [متزائد] (ئە) كۆپەيگەن، زىيادە.

مۇتەزەررىر [متضرر] (ئە) زەرەرلەنگەن، زىيان تارتقان.

مۇتەزەممىن [متضمن] (ئە) ئۆز ئۈستىگە، زىممىسىگە ئالغان.

مۇتەسەددى [متصدى] (ئە) بىرەر ئىشنى باشلىغۇچى، بىرەر ئىشقا كىرىشكۈچى، تەشەببۇسكار.

مۇتەسەررىف [متصرف] (ئە) تەسەررۇپ قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى، ئىگە، خوجا.

مۇتەسەۋۋىر [متصور] (ئە) تەسەۋۋۇر قىلىنغان، كۆزدە تۇتۇلغان، نىيەت قىلىنغان، پەرەز قىلىنغان.

مۇتەشەررىئ [متشرع] (ئە) شەرىئەتكە ئەمەل قىلغۇچى.

مۇتەشەككىل [متشكل] (ئە) شەكىللەنگەن، تەشكىللەنگەن.

مۇتەغەللىبە [متغلبه] (ئە) زوراۋانلار، زالىملار.

مۇتەغەييىر [متغير] (ئە) ئۆزگەرگەن، ئۆزگەرگۈچى؛ ئۆزگىچە باشقا - باشقا.

مۇتەفاۋىت [متفاوت] (ئە) بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىغان، پەرقلىق، ھەر خىل.

مۇتەفەررىق [متفرق] (ئە) پاراكەندە، تارقاق، چېچىلغان؛ بىر - بىرىدىن پەرقلىق.

مۇتەفەررىئ [متفرع] (ئە) تارماقلارغا بۆلۈنگەن، شاخلانغان.

مۇتەفەككىر [متفكر] (ئە) تەپەككۇر قىلغۇچى، كەڭ پىكىرلىك.

مۇتەقارىب [متقارب] (ئە) ئارۇز ۋەزنىدىكى بەھرىلەردىن بىرى. لۇغەت مەنىسى: يېقىنلاشقۇچى.

مۇتەقازى [متقاضى] (ئە) قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلغۇچى، تەقەززا بولغۇچى.

مۇتەقائىد [متقاعد] (ئە) رەت قىلغۇچى.

مۇتەقائىد بولماق — رەت قىلماق.

مۇتەكاسىر [متكاثر] (ئە) كۆپەيگەن، ئارتقان، پاراۋان.

مۇتەكەببىر [متكبر] (ئە) مەنمەنچى، كىبىرلىك؛ مەغرۇر.

مۇتەكەففىل [متكفل] (ئە) كېپىل بولغان، كېپىللىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

مۇتەكەللىف [متكلف] (ئە) تەكەللۇپلۇق؛ دىققەت بىلەن ئىشلەنگەن، بېزەلگەن.

مۇتەكەللىم [متكلم] (ئە) سۆزلىگۈچى، ناتىق.

مۇتەلاتىم [متلاطم] (ئە) دولقۇنلىنىۋاتقان، مەۋج ئۇرۇۋاتقان.

مۇتەلالا [مطلالا] (ئە) يالتىراپ تۇرغان، يورۇق، روشەن.

مۇتەلەۋۋىن [متلون] (ئە) رەڭگارەڭ، رەڭمۇرەڭ.

مۇتەللا [مطلى] (ئە) تىللا سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئالتۇن سۈيىگە چىلانغان.

مۇتەمەتتىئ [متمتع] (ئە) لەززەتلەنگۈچى؛ بەھرە ئالغۇچى، پايدىلانغۇچى.

مۇتەمەسسىل [متمثل] تەقلىد قىلغۇچى، ئۆزىنى باشقا نەرسىگە ئوخشاتقۇچى.

مۇتەمەككىن [متمكن] (ئە) بىر جايدا تۇرغۇچى، مۇقىم.

مۇتەمەييىز [متميز] (ئە) ئىمتىيازلىق؛ ئاجرىتىلغان، پەرق ئېتىلگەن.

مۇتەنەببىھ [متنبه] (ئە) ئاگاھ، خەۋەردار، ھوشيار.

مۇتەنەففىر [متنفر] (ئە) نەپرەتلەنگۈچى، يىرگەنگۈچى، بىزار.

مۇتەنەۋۋىئ [متنوع] (ئە) ھەر خىل، تۈرلۈك، خىلمۇ خىل.

مۇتەھەتتىك [متهتك] (ئە) رىسۋا، ئابرۇيسىزلانغان.

مۇتەھەررىك [متحرك] (ئە) ھەرىكەتلىك.

مۇتەھەممىل [متحمل] (ئە) بەرداشلىق بەرگۈچى، تاقەت قىلغۇچى.

مۇتەھەييىر [متحير] (ئە) ھەيران قالغان، ھەيران بولغان.

مۇتەھھەر [مطهر] (ئە) تازا، پاك، پاكىز.

مۇتەۋاتىر [متواتر] (ئە) يوشۇرۇن، سۇقۇنغان، پىنھان.

مۇتەۋازىئ [متواضع] (ئە) كىبىرى يوق، كىچىك پېئىل؛ ئەدەپلىك.

مۇتەۋەتتىن [متوطن] (ئە) مۇقىم، تۇرغۇن، بىرەر يەرنى ئۆزىگە يۇرت قىلىپ تۇتقان، ماكانلاشقان.

مۇتەۋەججىھ [متوجه] (ئە) 1) يۈزلىنىش، قاراش.
2) ئۆزىنى بىلدۈرۈش، خاتىرىسىگە سېلىش.

مۇتەۋەررىئ [متورع] (ئە) ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى، خۇدا ۋە دىن يولىدىن چىقمايدىغان، خۇداغا ئىشىنىدىغان.

مۇتەۋەففا [متوفى] (ئە) ۋاپات بولغان، ئۆلگەن.

مۇتەۋەللى [متولى] (ئە) مەدرىسە، مەسچىت، ۋەخپىنى (يەر - مۈلۈكنى) ئىدارە قىلغۇچى، كىرىم - چىقىمنى باشقۇرغۇچى.

مۇتەۋەللىد [متولد] (ئە) تۇغۇلۇش.

مۇتەۋەھھىم [متوهم] (ئە) ۋەھىمە قىلغۇچى.

مۇتەۋۋەل [مطول] (ئە) ئۇزۇن، چوڭقۇر:

چۇ سۆزنى قىلىپ مۇندا مۇجمەل بايان،
نەۋائى قىلىپدۇر مۇتەۋۋەل بەيان.

— ئا. نىزارى.

مۇتتەسىف [متصف] (ئە) سۈپەتلەنگەن، ماختالغان.

مۇتتەسىل [متصل] (ئە) 1) ئۈزلۈكسىز، كەينى - كەينىدىن، توختاۋسىز:

خوجە گۈچ كۆن مۇتتەسىل ئەيلەپ فىغان،
گۇلتۇرۇپ تاشلىقتە تاغاي ئابۇنان.

— زەلىلى.

2) تۇتاش؛

سەۋاد ئاھىم ئىلە ئاي يۈزىنى قارە قىلاي،
سىرشىك قىرمىزىدىن مۇتتەسىل فەۋۋارە قىلاي.

— زەلىلى.

مۇتتەفەق [متفق] (ئە) ئىتتىپاقلاشقان، كېلىشىلگەن.

مۇتتەفىق [متفق] (ئە) بىرلەشكەن، ئىتتىپاقلاشقان، دوست؛ پىكىرداش:

قىلمىغىن بۇ يولدا نەفسىڭنى رەفىق،
بولما ھەرگىز نەفسى بىلەن مۇتتەفىق.

— خاراباتى.

مۇتتەفىق بولماق — كېلىشمەك، بىرلەشمەك، ئىتتىپاق بولماق:

ئىشق ئىلە سەۋدا بولۇبان مۇتتەفىق،
ئەيلەدىلەر دەھر ئارا رىسۋا مېنى.

— نەۋائى.

مۇتتەقى [متقى] (ئە) تەقۋادار، پەرھىز تۇتقان، ھارامدىن ساقلانغان:

بەد گۇمانلىق قىلىپ ۋەلىلەرغە،
ئالىمۇ زاھىدۇ مۇتتەقىلەرغە.

— ن. زىيائى.

مۇتتەكا [متكى] (ئە) يۆلىنىدىغان، تايىنىدىغان نەرسە، يۆلەنچۈك؛ ياستۇق، تەكىيە:

يارەسۇلۇللاھ بىشارەت بىرلە سىز بەرگەن ئەسا،
سايەبانى مەرقۇد گۇلدى مۇتتەكايى يەتتە تەن.

— زەلىلى.

مۇتتەلىئ [مطلع] (ئە) خەۋەردار، ئاگاھ.

مۇتتەلىئ بولماق — خەۋەردار، ئاگاھ بولماق، خەۋەر تاپماق:

ئىستەسەڭ دەيرى فەنا سىررىغە تاپماق ئىتتىلائ،
مەستىلىغىدىن بولماغىل دەۋران ئىشىغە مۇتتەلىئ.

— نەۋائى.

مۇتتەھەم [متهم] (ئە) تۆھمەتكە قالغان؛ ئەيىبلەنگەن، گۇناھكار دەپ ھېسابلانغان.

مۇتتەھىد [متحد] (ئە) بىرلىشىش.

مۇترەبا [مطربا] (ئە) سازلىنىپ؛ شادلىنىپ، خۇشال:

زەلىلى تۇربەتىدە مۇترەبا بىردەم تەرەننۇم قىل،
تىرىكلىك نەشئەسىدە ھەمدەمى چاڭگۇ رەباب گەردى.

— زەلىلى.

مۇترىب [مطرب] (ئە) سازەندە ۋە ناخشىچى:

زاھىرى فەقىرنەما باتىندە ئار ئولسە،
قىلمە مۇترىبى كۆڭگۈل ئويغاتقالى ئۆچتار ھەۋس.

— ناقىس.

مۇترىبى خۇش لەھجە — خۇش ئاۋاز ناخشىچى:

بەزم ئارا خۇشتۇر قەدەھ كەۋكەب ۋەلى ئىرمەس تەمام،
مۇترىبى خۇش لەھجەگى خۇرشىد سىيما بولماسا.

— نەۋايى.

مۇتلەق [مطلق] (ئە) 1) كامىل، ئەلا يېتىلگەن:

كىم ئالىم ئىسە نۇقتەدە بەرھەق دە ئانى،
گەر بەزم تۇزەر بىھىشتى مۇتلەق دە ئانى.

— نەۋايى.

2) ھېچ، ئەسلا، زادى؛ پۈتۈنلەي:

دېدىلەر بىزگە ئول ھەبىبى ھەق:
ئۆلەما كەلدى ئۆچ كۈرۈۋە مۇتلەق.

— ن. زىيائى.

مۇتلەقا [مطلقا] (ئە) ئومۇمەن، پۈتۈنلەي، تامامەن.

مۇتلەقەن [مطلقاً] (ئە) قەتئىي، پەقەت، پۈتۈنلەي:

ئۆزى زاتىدىن مۇتلەقەن يوق خەبەر،
ئۆزىدىن يەنە ئۆزلۈكىدىن ئەسەر،

— ئا. نىزارى.

مۇتمەئىن [مطمئن] (ئە) تىنچلانغان، كۆڭلى ئەمىن تاپقان، شەك - شۈبھىسى قالمىغان:

يېدى شەيخ دورا نەسىنىڭ غەمىن،
زەمانى دىلى بولمادى مۇتمەئىن.

— ئا. نىزارى.

مۇجادەلە [مجادله] (ئە) جېدەل، غوۋغا؛ بەسلىشىش.

مۇجالەسەت [مجالست] (ئە) ھەمسۆھبەتلىك، ئۆلپەتلىك.

مۇجاھەدە [مجاهده] (ئە) غەيرەت، تىرىشچانلىق؛ نەپسىنى يېڭىش يولىدا كۈرەشىش.

مۇجاھىد [مجاهد] (ئە) غازى.

مۇجاھىد بولماق — نەپسىنى يېڭىپ، ئىسلامنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن كۈرەشمەك.

مۇجاھىدات [مجاهدات] (ئە) غەيرەتلەر، كۈرەشلەر، بەسلىشىشلەر.

مۇجاۋىر [مجاور] (ئە) مۇقىم، تۇرغۇن؛ قوشنا.

مۇجاۋىرلىق [مجاورليق] مۇقىملىق.

مۇجاۋىرلىق قىلماق — ئىستىقامەت قىلماق، ياشىماق.

مۇجەدۋەل [مجدول] (ئە) جەدۋەل تارتىلغان، جەدۋەل قويۇپ سىزىلغان.

مۇجەررا [مجرا] (ئە) تۆكمەيدىغان، تۆكمەس:

مۇجەررا بولۇپ نەھرى ئەينۇلھەيات،
قويۇلدى كېلىپ ھەۋزى بەھرۇننەجات.

— ئا. نىزارى.

مۇجەررەد [مجرد] (ئە) يەككە، يالغۇز، تەنھا، ئۆيلەنمەگەن، بويتاق:

تائەت بىلە تا بولماسا ئەيسايى مۇجەررەد،
قويماس قەدەمىن كۆنگىرەگى تاتى زەبەرجەد.

— زەلىلى.

مۇجەسسەم [مجسم] (ئە) گەۋدىلەنگەن؛ تەسۋىرلەنگەن:

ھەم روھى مۇسەۋۋەر سەنۇ ھەم روھى مۇجەسسەم،
بولۇتۇق ئىلە سەن فىتنەگى دەۋران يېتىلىپسەن.

— لۇتفى.

مۇجەللا [مجلا] (ئە) جۇلالانغان، يالتىرىغان.

مۇجەللەد [مجلد] (ئە) جىلد، توپلام قىلىنغان.

مۇجتەبا [مجتبى // مجتبا] (ئە) تاللاپ، خىللاپ ئېلىنغان:

بەئدە ھەمدى خالىقى نەئتى رەسۇلى مۇجتەبا،
جانىشىنى زارى پەيەمبەر چەھار يارىم كېلۇر.

— نەۋبەتى.

مۇجتەمەئ [مجتمع] (ئە) توپلانغان، جەم بولغان، يىغىلغان كىشىلەر توپى:

بۇ ئەفسانىنى ئاڭلاڭىز مۇستەمەئ،
تەئەججۇپ قىلىڭ ئاڭلاغان مۇجتەمەئ.

— ئا. نىزارى.

مۇجتەمەئ قىلماق — توپلىماق، جەم قىلماق:

پەراكەندەلەرنى قىلىپ مۇجتەمەئ،
كى ئۆز جايىدا ئەيلەدى مۇرتەفەئ.

— ئا. نىزارى.

مۇجتەنىب [مجتنب] (ئە) پەرھىز تۇتقۇچى، نەپرەتلەنگۈچى؛ ھەزەر ئەيلىگۈچى.

مۇجتەنىب ئولماق — ھەزەر قىلماق، ھەزەر ئەيلەمەك:

گەر مۇجتەنىب بولسە دەۋر ئارا نۇقسانىدىن،
جۇرئە كەمالى ئۆزرە بىلغىل ئانىدىن.

— نەۋايى.

مۇجتەھىد [مجتهد] (ئە) ئىنتايىن تىرىشچان، بەك

ئىجتىھاتلىق، قالتىس غەيرەتلىك؛ دىن ئۆلىماسى:

ھەم رەسۇلغە مۇتەبىئەت قىلسە،
مۇجتەھىد سۆزلەرىنى ھەق بىلسە.

— ن. زىيائى.

مۇجرىم [مجرم] (ئە) گۇناھكار، جىنايەتچى، ئەيىبدار:

مۇجرىمى سادىق ئېرۇر ئۆزرى بىلە قابىلى فەيز،
مۇلجىمى زىندىقە بولماس مۇتەجەللى فەيياز.

— نەۋايى.

مۇجمەل [مجمل] (ئە) چۈشەنگىلى بولمايدىغان، نائېنىق:

كى مۇجمەل بايان ئەيلەدۈك قەدرى ھال،
نەزەر سالغان ئەل بولماسۇن دىپ مەلال.

— ئا. نىزارى.

مۇجىب [مجب] (ئە) 1) سەۋەب، ئاساس. 2) لازىم، كېرەك:

ھاسىل ئېتمەك مۇندا ئەخلاقى ھەسەن مۇجىبدۇرۇر،
فەزل ئىلە تاپماقغە ھۆسنى ئەمرى ئۇقبادىن نىشان.

— ناقىس.

مۇجىبى بەست بولماق — خۇشاللىققا، خۇرسەنچىلىككە سەۋەب بولماق.

مۇجىبى تەرەددۇد — شۈبھە، ئىككىلىنىش سەۋەبى.

مۇجىبى تەبزىھ — رەسۋالىق، بىمەنىلىك سەۋەبى.

مۇجىبى تەنەففۇر — نەپرەتلىنىش سەۋەبى.

مۇجىبى تەنبىھ — تەنبىھكە لايىق.

مۇجىد (د) [مجد] (ئە) تىرىشقاق، تىرىشچان، جىددىي ھەرىكەت قىلغۇچى:

خۇبلەر بەزمىدە جەمئ ئولماققە بار ئول ئاي مۇجىد،
ھۆسنىن ئىزھار ئەيلەمەككە ئىستەر ئەترافىدە زىد.

— نەۋايى.

مۇخ [مخ] (ئە) مېڭە، زېھىن، ئەقىل.

مۇخاتەب [مخاطب] (ئە) مۇراجىئەت قىلىنغان، خىتاب قىلىنغان شەخس.

مۇخاتەرە [مخاطره] (ئە) خەۋپ، خەۋپ - خەتەر.

مۇخاسەمەت [مخاصمت] (ئە) ئاداۋەت، خۇسۇمەت، دۈشمەنلىك، نىزا.

مۇخالىف [مخالف] (ئە) قارشى، زىت، مۇۋاپىق ئەمەس؛ دۈشمەن:

گۈلۈ غۇنچە تۇتسە ئۆزىن بىۋۇ ھۇم،
بىناگاھ كەلسە مۇخالىف سەمۇم.

— ئا. نىزارى.

مۇخالىف گۇزار [مخالف گذار] (ئە + پ) ئىشنى تەتۈر بېجىرىش، تەتۈر چۈشىنىش.

مۇخالىف پېشە [مخالف پشه] (ئە + پ) تەتۈرلۈككە ئادەتلەنگەن.

مۇخەففەف [مخفف] (ئە) كىچىكلىتىلگەن، يەڭگىللىتىلگەن، قىسقارتىلغان.

مۇخەففەفە [مخففه] (ئە) «مۇخەففەف» كە قاراڭ.

مۇخەممەس [مخمس] (ئە) بەشلىك، شېئىرىيەتتە بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان بىر كۇپلېت ۋە شۇ شەكىل يېزىلغان شېئىر.

مۇخەننەس [مخنث] (ئە) ئىككى جىنسلىق.

مۇخبىر [مخبر] (ئە) خەۋەر قىلغۇچى، خەۋەر يازغۇچى.

مۇختار [مختار] (ئە) تاللانغان، سايلاپ ئېلىنغان، ھەممىگە ماقۇل كېلىدىغان:

بىھەققى سەييىد كەۋنەيىن ئەھمەدى مۇختار،
چەھار يار كەبى مۇھتەشەم ئۇمەم ئولماس.

— شەۋقى.

مۇختەرەئ [مخترع] (ئە) ئىختىرا قىلىنغان، ئويلاپ تېپىلغان.

مۇختەرىئ [مخترع] (ئە) ئىختىرا قىلغۇچى، كەشىپ قىلغۇچى، كەشپىياتچى.

مۇختەسەر [مختصر] (ئە) قىسقا، قىسقارتىلغان، ئىخچام:

ئەگەر زىكىر قىلسام بۇلارنى تەمام،
بۇلار مۇختەسەر سۆز تەۋىلۇلكەلام.

— ئا. نىزارى.

مۇختەسەر قىلماق — قىسقا، ئىخچام قىلماق:

ئاغزى سىررىنگە كىم نەزەر قىلدىم،
جۇملە سۆزۈمنى مۇختەسەر قىلدىم.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇختەلىت [مختلط] (ئە) ئارىلاشقان، بىرلەشكەن:

بىر - بىرى بىرلە بولۇبان مۇختەلىت،
شاھ سەۋال ئەتتى بولۇپ مۇنبەسىت.

— نەۋايى.

مۇختەلىت بولماق — ئارىلاشماق، بىللە بولماق.

مۇختەلىف [مختلف] (ئە) ھەر تۈرلۈك، خىلمۇ خىل تۈرلۈك - تۈمەن، ياڭزىمۇ ياڭزا.

مۇختەلىف بولماق — خىلمۇ خىل بولماق، ئۆزگەرمەك.

مۇخلىس [مخلص] ئىخلاس قىلغۇچى؛ سەمىمىي، سادىق:

خاس ئۆز قولىنغە لۇتق ئېتىپ رەھىم قىلسە يار،

مۇخلىس قەدىمىي قۇل ئاتا ئابدۇررەھىم ئىرۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇخلىس ئۇلماق — چىن يۈرەكتىن بېرىلمەك، ئەگەشمەك:

زىھى مۇخلىس ئۇلمىش خەلايىق ساڭا،
خەلاپەت سەرۋىيى لايىق ساڭا.

— زەلىلى.

مۇخىل [مخل] (ئە) بۇزغۇچى، ئازار بەرگۈچى:

پەششەكى ئەل بويىنغا بولدى مۇخىل،
بولدى تاپانچە بىلە ئوق مۇز مۇھىل.

— نەۋايى.

مۇداخەلە [مداخله] (ئە) ئارىلىشىش، ئارىغا كىرىش، قىسىلىش.

مۇدارا [مدارى] (ئە) مۇرەسسە قىلىش، چىقىشىش، كېلىشىش.

مۇدام I [مدام] (ئە) دائىم، ھەردائىم، داۋاملىق، ھەمىشە:

كۆڭۈلكىم، سادە كۆزۈڭگەي، مۇدام ئازادە كۆرۈڭگەي،
مۇسەففا بادە كۆرۈڭگەي، ئەگە قىلساڭ تاڭ جامى.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇدام II [مدام] (پ) ھاراق، شاراب، مەي:

فەسلى بەھار گۈلدۇر ھەريان شۇكۇفە سەۋسەن،
بەس، ئاشىقانۇ بېدىل شۇربى قىلىڭ مۇدامى.

— زەلىلى.

مۇداۋا [مداوا] (ئە) داۋالاش:

دەرد ئىرۇر ئەسلى دەرمان تېپىۇ ھەر دەرماندەغە،
دەردى جانپەرەۋەر بىلە تۈرلۈ مۇداۋا قىلدىلار.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇدەررىس [مدرس] (ئە) دەرس بەرگۈچى، مەدرىسە مۇئەللىمى:

بولسە مۇفتى مۇدەررىس ئەگلەم،
دىن زەۋالىدىن ھېچ يېمەسلەر غەم.

— ن. زىيائى.

مۇدەسسىر [مدثر] (ئە) كىيىمگە پۈركۈنۈۋالغۇچى (قۇرئاندىكى 74 ـ سۈرە، 1 ـ ئايەتتىكى خىتاب بويىچە مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ.)

يېتىشكەچ ئىلتىپاتى يامۇدەسسىر يامۇزەممىل قۇم،
بىمېئراجى ۋۇجۇدىش نەسسى سۇبھانەللەزى ئەسرا.

— شەۋقى.

مۇدەققىق [مدقق] (ئە) تەتقىقات قىلغۇچى، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگۈچى.

مۇدەۋۋەر [مدور] (ئە) يۇمىلاق، چاق شەكىللىك:

ھالە ئول يۈزگە مۇدەۋۋەر كۆزگۈ،
يۈزىنىڭ ئەكسىدۇر ئول كۆزگۈدە ماھ.

— نەۋايى.

مۇدەۋۋىن [مدون] (ئە) دىۋان تۈزگۈچى، توپلام قىلغۇچى.

مۇدبىر [مدبر] (ئە) ئىشى ئارقىغا كەتكەن، بەختسىز.

مۇددەئا [مدعا] (ئە) دەۋا قىلىنغان نەرسە؛ تەلەپ، خاھىش، مەقسەت:

كى ئىردى بۇ كۆڭۈلنىڭ مۇددەئاسى،
ئەرۇسى سۆزگە كىيدۈرمەك لىباسى.

— ناقىس.

مۇددەئا ئەيلەمەك — خالىماق، مەقسەت قىلماق:

ئاغالار داغى مۇددەئا ئەيلەدى،
بەھاسىز دەرەمگە بەھا ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

مۇددەت [مدت] (ئە) ۋاقىت؛ ۋاقىت ۋە زاماننىڭ مەلۇم بىر قىسمى:

زەلىلى مۇددەتىدۇر ئەل كۆزىدىن بولدى نا پەيدا،
ئىمامانى خوتەننىڭ چارباغىدىن سوراغىم بار.

— زەلىلى.

مۇددەئىي [مدعى] (ئە) دەۋا قىلغۇچى، دەۋاگەر؛ رەقىب:

يارەب، جەزايى مۇددەئىنى سەن ھەمىشە بەر،
ھەر كىم يامانلىق ئەيلەسە بويىنغە شىشە بەر.

— زەلىلى.

مۇدرەك [مدرك] (ئە) چۈشىنىلگەن، ئىدراك قىلىنغان، مەلۇم.

مۇدىر [مدير] (ئە) 1) ئايلاندۇرغۇچى، ئايلاندۇرۇپ يۈرگۈزگۈچى؛ ئىدارە قىلغۇچى:

غەم تۈنى سەرگەشتە باشىم ھەم سىپېھرىدۇر مۇدىر،
ئاندا كەۋكەب زاھىر ئولغان يۈز ئۆزە ھەر قەترە ياش.

— نەۋايى.

2) دەۋر:

ۋۇ بىر قەرى دەۋر ئەتتى چەرخى مۇدىر،
چىقاردى بۇ ئەئجۇبەن دىلپەزىر.

— نەۋايى.

مۇدىق (ق) [مدق] (ئە) دىققەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، پەملىك.

مۇدمىن [مدمن] (ئە) بىرەر ئىش ياكى نەرسىگە ئادەتلەنگۈچى، قاتتىق بېرىلگۈچى.

مۇدھىش [مدهش] (ئە) دەھشەتلىك، قەبىھ.

مۇر I [مر] (ئە) تەمسىز، ئاچچىق.

مۇر II [مر] (پ) چۈمۈلە؛ ئۈششاق ھاشارەت:

مۇر بولسە بولۇر ئۇلۇغ ئەژدەر،
قادادى گويا باشىغە ئەفسەر.

— ن. زىيائى.

مۇرۇمار — چۈمۈلە ۋە يىلان:

ئادەم ئارامىدا بەلكى مۇرۇمار،
يۇرت ئەمىنىيەت مەھەللى نەۋبەھار.

— زەلىلى.

مۇرئات [مرعات] (ئە) بىرەر نەرسىگە رىئايە قىلىش، ھۆرمەت - ئىھتىرام.

مۇراد [مراد] (ئە) تىلەك، مەقسەت، ئارزۇ:

مۇراد ھۇسۇلى كېرەك تاشلا گىردى راھەتدىن،
مۇراد چۆرەسىدىن ئۆشلا ئاندادۇر سەمەرات.

— شەۋقى.

مۇرات تاپماق — مۇرادى ھاسىل بولماق، مۇراد - مەقسىتىگە يەتمەك:

مۇرادىن تاپار ئاندا ھەرزى نەفس،
كى ئول ئەھلى ھاجەتكە فەرياد رەس.

— ئا. نىزارى.

مۇرادى ھەق — ئاللاھنىڭ ئىستىكى، ھەقىقەت:

ئۆلكىم تۈنۈكۈن كۆڭلى مۇرادى ھەقدۇر،
ھەرغۇسسەدە ئارامى فۇئادى ھەقدۇر.

— نەۋايى.

مۇرادات [مرادات] (ئە) مۇرادلار، ئارزۇلار.

مۇراجەئەت [مراجعت] (ئە) 1) قايتىش، جۆنەش. 2) بىراۋغا چاقىرىق ياكى ئىلتىماس قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان سۆز.

مۇرەببەئ [مربع] (ئە) تۆتلىك، تۆت بۇرجەكلىك، كۋادرات، تۆت مىسرالىق شېئىر.

مۇرەببى [مربى] (ئە) تەربىيىلىگۈچى، تەربىيىچى:

مۇئەززەز مۇرەببىي ئاتادىن كېچىپ،
داغى مېھرىبانراق ئانادىن كېچىپ.

— ئا. نىزارى.

مۇرەتتەب [مرتب] (ئە) تەرتىپكە سېلىنغان؛ كامىل، مۇكەممەل:

ياساپ ئېردى مەكتەپ ئاتاسى ئاڭا،
قىلىپ ئۆي مۇرەتتەپ ئاناسى ئاڭا.

— ئا. نىزارى.

مۇرەزا [مرضاء] (ئە) كېسەللەر.

مۇرەسسەئ [مرصع] (ئە) قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن:

ھەشقى مۇرەسسەئ ئەيلەبان شېئىرنى خۇش لىباس قىل،
مەئرىفەت ئەھلىدىن گەھى لۇتف كەلامى ھەم كېرەك.

— زەلىلى.

مۇرەسسەئ ئەفسەر — گۆھەر، ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن تاج:

ھىجرىدىن دىۋانەلەردەك دەربەدەر بولسام گادا،
ئەيىب ئىماستۇر تۇشتى باشىمدىن مۇرەسسەئ ئەفسەرىم.

— مەھزۇن.

مۇرەسسەئ پۇش [مرصع پوش] (ئە + پ) قىممەت باھا كىيىملەرگە ئورالغان:

ئانچە خادىم ئېدى مۇرەسسەئ پۇش،
كى ئىدىلەر ئەخىغە خىزمەتكۇش.

— نەۋايى.

مۇرەغغىب [مرغب] (ئە) رىغبەتلەندۈرگۈچى، زوقلاندۇرغۇچى.

مۇرەففەھ [مرفه] (ئە) تىنچ، تەشۋىشسىز، خاتىرجەم؛ ئارام؛ خۇرسەن.

مۇرەققەئ I [مرقع] (ئە) دەرۋىشلەر كىيىدىغان قۇراق تون.

مۇرەققەئ II [مرقع] (ئە) يامالغان.

مۇرەققەئ ياسىماق — ياسىماق، بىر - بىرىگە ئۇلىماق.

مۇرەققىس [مرقص] (ئە) ئۇسسۇلچى:

چىقىپ يۇردى ئانداق ئالالا بىلە،
مۇغەننى، مۇرەققىس، تىلالا بىلە.

— ئا. نىزارى.

مۇرەككەب [مركب] (ئە) تەركىب تاپقان، تۈزۈلگەن؛ قوشۇلغان، مۇرەككەپ.

مۇرەۋۋەق [مروق] (ئە) تىنىق، سۈزۈك؛ ساپ، تازا:

مۇرەۋۋەق بادەيى سافى تولۇن ئايغا قىلۇر تەئنە،
كىم ئول جەم جامىدا رەخشەندە چۇن خۇرشىدى تاباندۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇرەۋۋى [مروى] (ئە) رىۋايەتچى:

مۇرەۋۋى زامانى چېكىپ تۈرپە رەنج،
بۇ ياڭلىغ دىمىشلەر، ساچىپ ئەلگە گەنج.

— ئا. نىزارى.

مۇرتاز [مرتاض] (ئە) رىيازەت بىلەن نەپسىنى يىغقان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان:

بىراۋكىم ئۆمر خىلافىدىن ئەيلەگەي ئىبىراز،
ئەگەر ئۇلۇس شاھىدۇر يوق ئانىڭ كەبى مۇرتاز.

— نەۋايى.

مۇرتەد (د) [مرتد] (ئە) دىنىدىن ئازغان، دىنىدىن

قايتقان.

مۇرتەزا [مرتضى] (ئە) 1) تاللانغان، خىللانغان؛ سايلانغان:

مۇرتەزا سەرھەلقەئى مەردان راھ ھەق ئۈچۈن،
ئال ئەۋلادىن تاماشا قىل شەھىدى كەر بەلا.

— زەلىلى.

2) ئەلىنىڭ لەقىمى.

مۇرتەفىئ [مرتفع] (ئە) يۇقىرى، يۈكسەك:

پەراكەندەلەرنى قىلىپ مۇجتەمىئ،
كى ئۆز جايىدا ئەيلەدى مۇرتەفىئ.

— ئا. نىزارى.

مۇرجەئ [مرجع] (ئە) قايتۇرغۇچى؛ مۇراجىئەت قىلغۇچى.

مۇردار [مردار] (پ) ئۆلۈمتۈك؛ ھارام بولغان، ناپاك.

گۆھەر ئورنىغە قالدىلار سەفال شەيخ،
تەنى مۇردار، كۆزى ئەھۋەل شىغال شەيخ.

— شەۋقى.

مۇردە [مرده] (پ) ئۆلۈك، جەسەت، جىنازا:

چۇ مۇردە باشىغە ئانى كەلتۈرۈپ،
ئىشارەت بىلە لەبىگە سۈيدۈرۈپ.

— ئا. نىزارى.

مۇردەتەن — ئۆلۈك تەن، ئادەمنىڭ جەسىتى:

كېتىپ جان بەدەندىن، قالىپ مۇردەتەن،
ئىكى جان مەكانى ئىدى بىر بەدەن.

— ئا. نىزارى.

مۇردەۋار [مردەوار] (پ) ئۆلۈكتەك، جەسەتكە ئوخشاش:

ھەمانا يىقىلدى بولۇپ مۇردەۋار،
زەمىندە ياتىپ جىسمى ئەفسۇر دەۋار.

— ئا. نىزارى.

مۇرسەل [مرسل] (ئە) ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن، ئەلچى، روسۇل:

بەھەققى ھۆرمەتى تۇغى - لىۋايى ئەھمەدى مۇرسەل،
زەلىلى يولدىن ئازمىش يولغە سال گۇمراھ دىپ كەلدىم.

— زەلىلى.

مۇرسەلىن [مرسلين] (ئە) پەيغەمبەرلەر، روسۇللار.

مۇرسەئ [مرصع] (ئە) ئالتۇن تاج.

مۇرشىد [مرشد] (ئە) يول باشلىغۇچى، رەھبەر؛ پىر، ئىشان:

پىرى مۇرشىدنىڭ قاشىغە بارماغان،
نەپسى شەيتاننىڭ قولىنى قارماغان.

— زەلىلى.

مۇرشىدى ئاگاھ — ھەممە تەرەپتىن خەۋەردار يولباشچى:

بىلگەچ ئانى مۇرشىدى ئاگاھىدىن،
ھۆكمى جۇلۇس ئولدى ئاڭا شاھىدىن.

— نەۋايى.

مۇرشىدى راھىدىن — دىن يولىغا باشلىغۇچى:

مۇبارەك ئاتى مەۋلەۋى ئەرشىدىن،
ئۆزى قۇتبىدۇر مۇرشىدى راھىدىن.

— موللا مۇھەممەد نىيازى.

مۇرشىد كامىل — تەرىقەت پىرى:

زەلىلى جەفەرى سادىقنى دەيدۇ مۇرشىدى كامىل،
كى بۇرھان كەلامىم جەئفەرى تەييار بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

مۇرشىدى مۇفتەدا — پېشۋا، توغرا يولغا باشلىغۇچى.

مۇرشىدى مۇكەممەل — كامالەتكە يەتكەن، ئۇلۇغ شەيخ.

مۇرشىدى ھادى — توغرا يول كۆرسەتكۈچى رەھبەر:

چۈن تەرىقەت يولىغە كىرمەكنى قىلدىڭ ئىختىيار،
ئەۋۋەلا بىر مۇرشىدى ھارىنى قىلغىل ئىنتىجاب.

— زەلىلى.

مۇرغ [مرغ] (پ) قۇش، قۇشلار:

قاراغىل شامۇ سەھەر پەرىسىز ئۇچارلار شىب پەرەڭ،
جۈملەسى مۇرغى ھەۋانىڭ ئۇچماغى پەردىن ئەمەس.

— شەۋقى.

مۇرغى كول — سۇ قۇشى، ئۆردەك:

شەھەر ئىچىگە كىردىمۇ قىلدىم نۇزۇل،
دانەگى ئابىغا بولۇپ مۇرغى كول.

— زەلىلى.

مۇرغابى [مرغابى] (پ) ئۆردەك.

مۇرغان [مرغان] (پ) قۇشلار:

بۇلبۇلى ئول باغى گۈلىستان بولۇپ،
ھەمدەمى مۇرغان غەزەلخان بولۇپ.

— زەلىلى.

مۇرغزار [مرغ زار] (پ) يېشىللىق، چىمەنزار:

بىنەۋا ئەرشى تىلەر روھى نەۋائىدىن فۇتۇھ،
مۇرغزارى نەزم ئارا مۇرغى خۇش ئەلھانىن كۆرۈپ.

— ئەرشى.

مۇرۇر [مرور] (ئە) يۈرۈش، ئۆتۈش، كېچىش:

بۇدەۋران مۇرۇرى ئېرۇر ۋاژگۇن،
ئۆزىدەك قىلۇر راستىنى سەرنىگۇن.

— ئا. نىزارى.

مۇرۇۋۋەت [مروت] (ئە) ئادەمگەرچىلىك، سېخىيلىق،

مەردلىك؛ ئېھسان؛ ئىنساپ:

رەئايەغە قىلمىش مۇرۇۋۋەت بەسى،
بەرايەغە ئەيلەپ خۇتۇۋۋەت بەسى.

— ئا. نىزارى.

مۇرۇۋۋەت قىلماق — سېخىيلىق، مەردلىك قىلماق؛ ئىنساپ قىلماق:

كى بىزدىن ئەرزە بولسۇن ئول مەھى نامېھرىبانىمغا،
مۇرۇۋۋەت قىلماغان ئوتلار ياقىپ بۇخەستە جانىمغا.

— بىلال نازىم.

مۇرىد [مريد] (ئە) تالىپ، خالىغۇچى؛ بىرەر ئادەمگە ئەگەشكۈچى؛ بىرەر شەيخقە قول بەرگۈچى:

سەۋاد زاھىر ئەيلەب پۇشت لەبىدىن فەھم قىلمىشمەن،
مۇرىدى ساددەلەرگە خەت بىلەن ئىرشاد قىلغايمۇ؟

— زەلىلى.

مۇرىق (ق) [مرق] (ئە) يۇمشاتقۇچى، ئېرىتكۈچى (كۆڭۈلنى):

چۇن نەۋائى رىققەت ئەيلەب، نەزم ئېتەر شەرھى فىراق،
فۇرقەت ئەھلىغە تالىڭ ئېرمەس بولسە ئەشئارى مۇرىق.

— نەۋايى.

مۇزائەف [مضاعف] (ئە) ئىككى مەرتە ئارتتۇرۇلغان، ئىككىگە كۆپەيتىلگەن؛ ئىككى قات، قەۋەتلەنگەن.

مۇزاب [مذاب] (ئە) 1) ئېرىتىلگەن:

فەلەك ساچتى خان باشىغە سىيمى ناب،
بىزىنىڭ شاھ ئاياغىغە لەئلى مۇزاب.

— نەۋائى.

2) قىزىل مەي:

ئېتەر خارەنى مېھر لەئلى مۇزاب،
قىلۇر قەترەنى بەھر دۇررى خۇشاب.

— نەۋايى.

مۇزاد [مزاد] (ئە) زىيادە.

مۇزارىئ [مضارع] (ئە) ئوخشاش؛ ئارۇز بەھرىلىرىدىن بىرى.

مۇزاف [مضاف] (ئە) قوشۇلغان، ئىككىنچى بىرسىگە قوشۇپ كەلتۈرۈلگەن؛ تەۋە، مەنسۇپ.

مۇزافات [مضافات] (ئە) قوشۇمچە ئىشلار ۋە باشقا ئىشلار:

شەھەرنى ئىھاتە قىلىپ تۇشتى ئول،
مۇزافاتلارغە داغى قويدى قول.

— ئا. نىزارى.

مۇزاھىر [مظاهر] (ئە) ياردەمچى، قوللىغۇچى.

مۇزاھىم [مزاحم] (ئە) تەڭلىك پەيدا قىلغۇچى، مۇشەققەتكە دۇچار قىلغۇچى.

مۇزايەقە [مضايقه] (ئە) قىستىلىش، سىقىلىش؛ قىيىنىلىش، تىنچسىزلىق، مۇشكۈللۈك؛ قىستىلاڭ.

مۇزەففەر [مظفر] (ئە) غەلىبە قىلغۇچى، غالىب.

مۇزەككىر [مذكر] (ئە) ئەسلەتكۈچى، يادىغا چۈشۈرگۈچى؛ ۋائىز.

مۇزەممەت [مذمت] (ئە) يامان سۆز، ئاھانەت:

مۇزەممەتلەر بىلەن ئەيلەب مۇرەككەب،
ھىكايەتلەر بايان قىلسە مۇئەججەب.

— ناقىس.

مۇزەممىل [مزمل] (ئە) كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (قۇرئاندىكى 13 ـ سۇرە، 1 ـ ئايەتتىكى خىتاب بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ.)

پېتىشكەچ ئىلتىپاتى يا مۇدەسسىرى يا مۇزەممىل قۇم،
بېمبېشىراجى ۋۇجۇدىش نەسسى سۇبھانەللەزى ئەسرا.

— شەۋقى.

مۇزەھھەب [مذهب] (ئە) ئالتۇن سۈيى بېرىلگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن:

شۇئائى بەرق ئىلە بىر كۆردۇڭ شۇئلەئى بەدرىن،
مۇزەھھەب خىشت ئىلە قىلماي تەفاۋۇت ھەرەمى شۇدرىن.

— موللا نىياز.

مۇزەئپەر [مزعفر] (ئە) زەپەر قوشۇلغان، زەپەرلىك، سېرىق:

ئاچار نەرگىس مۇزەئپەر تاسى چەندان،
بولۇر ئول زەئفەراندىن غۇنچە خەندان.

— نەۋايى.

مۇزەييەل [مذيل] (ئە) قوشۇمچە قىلىنغان، ئىلاۋە قىلىنغان.

مۇزەييەن [مزين] (ئە) زىننەتلەنگەن، بېزەلگەن، چىرايلىق:

ئىدى سۇنبۇل بىلە گۈل دۇممۇ يالى،
مۇزەييەن مۇردەك دىلكەش جەمالى.

— ناقىس.

مۇزەييەن بولماق — زىننەتلەنمەك، بېزەلمەك:

بۇھەنگام ئارا سۆز مۇزەييەن بولۇپ،
كى تارىخى ھىجرەت مۇئەييەن بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

مۇزەييەن قىلماق — زىننەتلىمەك، بېزىمەك:

مۇزەييەن قىلىپ قەسرنى شاھۋار،
نەچە تاج بەخشۇ نەچە تاجدار.

— ئا. نىزارى.

مۇزەييىن [مزين] (ئە) زىننەتلىگۈچى، بېزىگۈچى.

مۇزتەر (ر) [مضطر] (ئە) مەجبۇر بولغان؛ چارىسىز، ئىلاجىسىز، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان:

مۇسافىرمەن خوتەن ئىقلىمى ئىچرە ئاجىزۇ مۇزتەر،
ئىمامۇ جەئفەرۇ سادىق ئاتىغە بەندەۋۇ چاكەر.

— زەلىلى.

مۇزتەرىب [مضطرب] (ئە) قاتتىق ھاياجانلانغان، تىنچسىزلانغان، پەرىشان، بىتاقەت، قارارسىز:

بۇ يەئلىغ مۇزتەرىب، دىۋانە ئېردى،
كى بارچە ئاشنا بىگانە ئېردى.

— ناقىس.

مۇز تەرىب بولماق — ھاياجانلانماق، تىنچسىزلانماق، پەرىشان بولماق، تاقەتسىزلەنمەك:

چۇ فەھم ئەيلەدى لەيلى بۇھالنى،
ئىكەۋ مۇز تەرىب بولغان ئەھۋالنى.

— ئا. نىزارى.

مۇزد [مزد] (ئە) ئىش ھەققى، ئەمگەك ھەققى.

مۇزدپەرۋەد [مزدپرود] (ئە + پ) ئىش ھەققى بېرىشنى نازارەت قىلغۇچى.

مۇزدۇر [مزدور] (پ) مەدىكار، ياللانما ئىشچى.

مۇزمەر [مضمر] (ئە) يوشۇرۇلغان، بىكىتىلگەن؛ دىلدا ساقلانغان؛ مەخپىي، پىنھان:

يارىنىڭ پەيغامىدىن تاپتى تەنى فەرسۇدەجان،
ئېسە ئەئجازى مەگەر مۇزمەردۇرۇر پەيغامىدا.

— بابىر.

مۇزمەر ئەتمەك — دىلدا ساقلىماق، مەخپىي تۇتماق:

مۇھەببەتنامە يازدىم قانلىغ ئەشكىمدىن مىداد ئەيلەپ،
ئاڭا كۆز مەردۇمىن بەل مۇزمەر ئەتتىم ئېتىقاد ئىيلەپ.

— ئەرشى.

مۇزمەھىل [مضمحل] (ئە) يوق بولۇپ كەتكۈچى، ئۆزىنى يوقاتقۇچى؛ ھالاك بولغان، يوقالغان؛ ئېرىپ كەتكەن:

ئول يىگىت ئۇستاددىن بولدى خىجىل،
كۆرگەچ ئانى ئۇستادى مۇزمەھىل.

— نەۋايى.

مۇزمەھىل ئەيلەمەك — ئۆزىنى ھالاك قىلماق، يوقاتماق، ئېرىپ كەتمەك:

بېخىللىق بىلە قىلماغىل مۇشتەمىل،
سەخا بەھرىدە ئەيلەگىل مۇزمەھىل.

— ئا. نىزارى.

مۇزمەھىل بولماق — يوق بولماق، ئۆزىنى يوقاتماق:

تەفەككۇردە خاقان بولۇپ مۇزمەھىل،
تەھەييۇر ئارا بولدى ئەفسۇردە دىل.

— ئا. نىزارى.

مۇزنەبىن [مذنبين] (ئە) گۇناھكارلار:

ئاسىلار پۇشتى پەناھى ياشەفىئەل مۇزنەبىن،
ھەددىن ئارتۇق ئاسى ئۇممەت ئۆزرىگە قىلدىڭ لەجاج.

— شەۋقى.

مۇزىر (ر) [مضر] (ئە) زىيان يەتكۈزگۈچى؛ زىيانلىق نەرسە:

چۇ تەھقىق ئەيلەدىڭ ھىكمەت مۇيەسسىردۇر،
مۇڭا كىم نې مۇفىدۇ نې مۇزىردۇر.

— نەۋايى.

مۇزىي [موزى] (ئە) قىيناغۇچى، قىيىنچىلىق پەيدا قىلغۇچى.

مۇژە [مژه] (پ) «مىژە» گە قاراڭ.

مۇژدە [مژده] (پ) خۇش خەۋەر، سۆيۈنچىلىك خەۋەر:

كى بۇ مۇژدەنى تاپتىلار شەيخ سەئد،
تەلەبدە چۇنان قىلدىلار جەددۇ جەھد.

— ئا. نىزارى.

مۇژدە بەرمەك — خۇش خەۋەر يەتكۈزمەك:

مۇژدە بەرگەيمۇ سۇلەيمانۇ نەبىدىن خەلقئارا،
تاجدارۇ ھۇد ـ ھۇدى پەيكى سەبا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

مۇژدەئى جان — ناھايىتى يېقىملىق خۇش خەۋەر:

نامەئىكى ماڭا مۇژدەئى جانىي ئېردى،
ھىجران غەمىدىن خەتتى ئەمانىي ئېردى.

— نەۋايى.

مۇژدەئى ۋەسل — ۋەسل، دىدار خۇش خەۋىرى:

بۇيى نەسىم گۇل ئالىپ تەرەفى چىمەن بىلەن سەبا،
مۇژدەئى ۋەسلى كەلتۈرۈر ھىجر سىپاھى بول يىراق.

— زەلىلى.

مۇژگان [مژگان] (پ) كىرپىكلەر:

چۇ مۇژگانىم غەمىدىن چىقسا خۇيىڭ،
بولۇرمۇ بىر تىكەن ھەر تارى مۇيىڭ.

— نەۋايى.

مۇسادەقەت [مصادقت] (ئە) سەمىمىيەت، سەمىمىي دوستلۇق، سادىقلىق.

مۇسافەت [مسافت] (ئە) ئىككى جاي ئارىسىدىكى ئارىلىق، يىراقلىق:

مۇسافەت يۈرۈپ كەلدى بىر بىشەگە،
تەرەددۇت بىلە تۈشتى ئەندىشەگە.

— ئا. نىزارى.

مۇسافەرەت [مسافرت] (ئە) سەپەر قىلىش، سەپەرگە

چىقىش، سەپەر.

مۇسافەھە [مصافحه] (ئە) قول ئېلىپ كۆرۈشۈش.

مۇسافىر [مسافر] (ئە) سەپەر قىلغۇچى، سەير قىلغۇچى، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان، بىر يەردە ۋاقىتلىق تۇرغان كىشى.

بۇ غەمكەش مۇسافىرنى ھەم ياد قىل،
كى ياد ئەيلەبان خەستەنى شاد قىل.

— ئا. نىزارى.

مۇسافىران [مسافران] (ئە + پ) مۇساپىرنىڭ:

زەلىلىدىن سەرۇ سامان خىتا ئېلى سورما،
مۇسافىران خوتەن بىرلە خىرقە پۇش ئەردىم.

— زەلىلى.

مۇساھەبەت [مصاحبت] (ئە) ھەمراھلىق، دەرداشلىق، سۆھبەتداشلىق.

مۇساھىب [مصاحب] (ئە) سۆھبەتداش، ئۈلپەت:

بولۇپ تۇتى بىلە ھەمدەم مۇساھىب،
ئانىڭدىن ئۆزگەنى دەر ئېردى غايىب.

— ناقىس.

مۇساۋى [مساوى] (ئە) تەڭ، باراۋەر، ئوخشاش.

مۇسائىد [مساعد] (ئە) ياردەم قىلغۇچى؛ مۇۋاپىق، ئۇيغۇن:

مۇسائىد زەماندا خۇرۇج ئەيلەدى،
ئەمارى ئارا قەيسىنى پەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

مۇسەببىب [مسبب] (ئە) سەۋەبچى، سەۋەب قىلغۇچى؛ ئاللاھ:

گويىيا ئانى سەبەب قىلدى مۇسەببىب نې ئۈچۈن،
كى ئاڭا بۇ قىلماغىدىن نې زىياندۇر، نې ئاسىغ.

— نەۋايى.

مۇسەتتەھ [مستح] (ئە) تەكشى، تۈز، سىلىق.

مۇسەججەل [مسجل] (ئە) مۆھۆرلەنگەن، قارار قىلىنغان؛ قەيت ئېتىلگەن.

مۇسەخخەر [مسخر] (ئە) بويسۇندۇرۇلغان، كۆندۈرۈلگەن، بېقىندۇرۇلغان:

بار ئېردىكى شاھى بەسى نامدار،
شەھەرلەر مۇسەخخەر ئىدى بىشۇمار.

— ئا. نىزارى.

مۇسەخخىن [مسخن] (ئە) ئىسسىتقۇچى، قىزىتقۇچى؛ سېخىي.

مۇسەففا [مصفى] (ئە) تازا، سۈزۈك، پاكىز؛ يېقىملىق.

مۇسەققەل [مصقل] (ئە) پارقىرىتىلغان، پارقىراق:

رىيازەت بۇتەسىن ئىچرە جىسمەت زەڭگىنى مەھۋ ئەتكىل،
مۇسەققەل نۇرى ئىمان بىرلە جىسمىڭ شىشەدار ئەيلەب.

— شەۋقى.

مۇسەلسەل [مسلسل] (ئە) بىر - بىرىگە زەنجىردەك ئۇلانغان، زەنجىر شەكلىدە:

دەۋر ئۇراردا ھەر تەرەف تۈشكەن مۇسەلسەل زۇلفىدىن،
زايىل ئولغاچ ئەقلۇ ھۇشۇم بەس پەرىشان مەن بۈگۈن.

— مەھزۇن.

مۇسەللا [مصلا ‖ مصلى] (ئە) 1) ناماز ئوقۇيدىغان جاي، مەسچىت:

كۆرەرمەن دەپ يۈزۈڭنى چۈن مۇسەللا سارىغا چىقتىم،
رەقىبلەر ئۇچرادى يولدا ئەجەب بىر ئەكسى فال ئولدى.

— ناقىس.

2) جايناماز:

مەيلى ئۈستىدە مۇسەللا سالدىلەر،
كۆز ياشى بىرلە تەھارەت ئالدىلەر.

— زەلىلى.

مۇسەللەت [مسلط] (ئە) ئۈستۈن، ئۈستۈنلۈك، غالىب ھۆكۈمران:

غەپلەتى خابى گىراندىن ھېچ بىدار ئولمادى،
ئادەم ئوغلىغە مۇسەللەتدۇر فەراموشى كېچە.

— زەلىلى.

مۇسەللەم [مسلم] (ئە) تەۋە بولغان، تەسلىم بولغان، بويسۇندۇرۇلغان:

بەلكى شەھلەرغە رۇكنى ئەگزەمدۇر،
چۈنكى ئول نې دىسە مۇسەللەمدۇر.

— ن. زىيائى.

مۇسەللەم بولماق — تەسلىم بولماق، بويسۇنماق.

مۇسەللەم تۇتماق — بويسۇندۇرماق، تەسلىم قىلماق:

تا تەگرى ئېرۇر باقىيۇ ئالەم فانى،
تەگرى تۇتسۇن ساڭا مۇسەللەم ئانى.

— نەۋايى.

مۇسەللەس I [مثلث] (ئە) مەي، شاراب، ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك.

مۇسەللەس II [مثلث] (ئە) ئۈچلىك، ئۈچ بۇلۇڭ؛ ئۈچ مىسرالىق شېئىر.

مۇسەللەھ [مسلح] (ئە) قۇراللانغان، سوقۇش قورالى ئاسقان:

مۇكەممەل مۇسەللەھ بىلەپ شاھزاد،
قىلىپ قەۋم خەيلى بىلە خەيرباد.

— ئا. نىزارى.

مۇسەمما [مسما] (ئە) ئىسمى، نامى ئاتالغان:

كى مۇدان داغى ساھىب ئىھسان ئېرۇر،
مۇسەمما ئاتا مىر قۇربان ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

مۇسەممەم [مصمم] (ئە) بىرەر ئىشقا قەتئىي قارار قىلىنغان.

مۇسەممەن I [مثمن] (ئە) قىممەت باھا:

ۋەزگى گۇل تەختىنىڭ مۇسەممەن ئولۇپ،
ئورتەسىدە بىراۋگە مەسكەن ئولۇپ.

— نەۋايى.

مۇسەممەن II [مثمن] سەككىزلىك، سەككىز قىرلىق؛ سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر.

مۇسەممەنى مەھزۇف — ئارۇز بەھرىلىرىدىن بىرى.

مۇسەننىف [مصنف] (ئە) كىتاب يازغۇچى، مۇئەللىپ، ئاپتور:

مۇسەننىف نۇسخەسىنى ئەيلەپ ھازىر،
بولۇپ بىر خەتكە بەش - ئون مەررە نازىر.

— ناقىس.

مۇسەۋۋەدە [مسوده] (ئە) يازغان نەرسىنىڭ دەسلەپكى، بىرىنچى نۇسخىسى، ئورىگىنال.

مۇسەۋۋەر [مصور] (ئە) تەسۋىرلەنگەن، گەۋدىلەنگەن؛ نامايان:

جان مۇسەۋۋەر بولغانىن كۆرمەك تىلەرسەن ئەي رەفىق،
جىلۋەئى قاش - كۆز ئىلە گۇل قامەتى زىبانى كۆر.

— ئەرشى.

مۇسەۋۋىر [مصور] (ئە) سۈرەتچى، رەسسام، نەققاش، تەسۋىرلىگۈچى:

تەنمۇدۇر نازۇك تەنى ياخۇد مۇسەۋۋىر جانمۇدۇر،
بەرگى گۈلمۇدۇر ئۇشۇل تەن ئۆزرە ياخۇد پىرەھەن.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇسبەت [مثبت] (ئە) ئىسپاتلانغان، ھەقىقەتكە چىققان، دەلىل كۆرسىتىلگەن:

مۇقەددەرگە ھەرگىز فىغان قىلماسۇن،
مۇسبەت بىلەن خەستەجان بولماسۇن.

— ئا. نىزارى.

مۇسبەتخانە [مثبت خانه] (ئە + پ) ئىسپاتلاش ئۆيى، تەجرىبىخانا:

رەڭگى گۈل سىيمگۈندۇر شىشەئى شەبنەمنى نۇش ئەتكەچ،
چىمەن گويا مۇسبەتخانەدۇر بۇلبۇل خورۇش ئەتكەچ.

— زەلىلى.

مۇستەئەد [مستعد] (ئە) تەييارلانغان، تەييار:

مۇستەئەد تىرۇر ئەردى،
بىلمەسمەن نەۋەقىت ئەردى،
مەنسۇر تۇشۇمىكا كىردى،
گۈلدەك سۇنۇپ بەردىيا.

— موللا مۇھەممەت نىيازى.

مۇستەتاب [مستطاب] (ئە) يېقىملىق، ياقىدىغان؛ يۇقىرى دەرىجىلىك:

بولسە ئامىل كۆرۈپ كىتاب ئىچرە،
نەھيى ئىلە ئەمرى مۇستەتاب ئىچرە.

— ن. زىيائى.

مۇستەجاب [مستجاب] (ئە) تىلىگەن نەرسىسى قوبۇل بولۇش:

مۇددەئا چۇن بارى سەۋاب ئېردى،
ھەر دۇئا قىلسە، مۇستەجاب ئېردى.

— نەۋايى.

مۇستەجاب ئەتمەك — قوبۇل قىلماق (دۇئا، تەلەپلىرىنى):

دۇئالەركىم قىلۇرمەن پادشاھا مۇستەجاب ئەتكىل،
بەھەققى ھۆرمەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان كەلدىم.

— زەلىلى.

مۇستەجاب قىلماق — قوبۇل قىلماق:

قىل كەرەمىڭ بىرلە دۇئا مۇستەجاب،
خاھى خەتا بولسۇنۇ خاھى سەۋاب.

— زەلىلى.

مۇستەجاب ئولماق — قوبۇل بولماق، قوبۇل قىلىنماق:

تۇرفەتۇل ئەين ئىچرە رو بولدى بەلا،
ئارى - ئارى مۇستەجاب بولدى دۇئا.

— زەلىلى.

مۇستەخرەج [مستخرج] (ئە) چىقىرىلغان، چىقىرىۋېلىنغان، خارىج قىلىنغان، ھاسىل قىلىنغان.

مۇستەخلەس [مستخلص] (ئە) خالاس بولغان، قۇتۇلغان.

مۇستەدىر [مستدير] (ئە) ئايلانغان، چەمبەرسىمان، يۇمىلاق:

بولۇپ سابىت ئانىڭ قاشىدا ۋەزىر،
كى پەرۋانە ياڭلىغ ئىدى مۇستەدىر.

— ئا. نىزارى.

مۇستەراھ [مستراح] (ئە) ھاجەتخانا، تەرەتخانا.

مۇستەزھەر [مستظهر] (ئە) ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىبىرلىك.

مۇستەسنا [مستثنا] (ئە) تاشقىرى، خالىي، سىرتىدا.

مۇستەغرەق [مستغرق] (ئە) غەرق بولغان، چۆككەن:

نۇش ئېتىپ بولسە مەستۇ مۇستەغرەق،
بىلمەسە ئۆز ۋۇجۇدىنى مۇتلەق.

— زەلىلى.

مۇستەفا [مصطفى] 1) تاللانغان، خىللانغان:

ئەھلى تەرىقەت ئېيدىلەر شەرئى سىراتى مۇستەقى،
قەتئى مەنازىل ئەتكەلى جۇزرەئى مۇستەفا غەلەت.

— زەلىلى.

2) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈپىتى:

مۇكىم قىلماس خۇدا بويۇرغاندەك،
شەرئىدە مۇستەفا بويۇرغاندەك.

— ن. زىيائى.

مۇستەفىد [مستفيد] (ئە) پايدا ئالغۇچى، بەھرىمەن بولغۇچى.

مۇستەقەر [مستقر] (ئە) بىر جايغا قارار تاپقان، ئورۇنلاشقان:

كېلىپ تۇشتى ئاندا بولۇپ مۇستەقەر،
يەمەن شاھى تاپتى بۇلاردىن خەۋەر.

— ئا. نىزارى.

مۇستەقبەل [مستقبل] (ئە) كېلەر زامان، كېلەر ۋاقىت:

مازىيۇ مۇستەقبەلىڭغە بويلەھال،
ھالىڭغە ھەم نېچە خەيالى مۇھال.

— نەۋائى.

مۇستەقى [مستقى] (ئە) ساقىي، قۇيغۇچى، تەشنا، چاڭقاق.

مۇستەقىم [مستقيم] (ئە) 1) توغرا، باراۋەر؛ راست:

يەئنى تەرىقەت يولى تۇرفە رەھى مۇستەقىم،
ئاندا قەدەم راست قويىكىم نەتەرى بولماسا.

— زەلىلى.

2) پاك، ھالال:

كۆڭلۈم تىلەر ھەمىشە ئۇشۇل سەرۋ قەددىنى،
دائىم كۆڭۈل تەبىئەتى چۈن مۇستەقىم ئېرۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇستەكرە [مستكره] (ئە) خۇنۇك، يېقىمسىز، كۆڭۈل ياراتمىغان.

مۇستەمەند [مستمند] (ئە) موھتاج، ھاجەتمەن؛ بىچارە:

بولمىشەم، ئەي دوست، ھاجەتمەندۇ زارۇ مۇستەمەند،
يوق ئەمەل ساھىب كەرەمگە خەيرۇ ئېھساندىن لەزىز.

— ئابىد قۇمۇلى.

مۇستەمىئ [مستمع] (ئە) تىڭشىغۇچى، ئاڭلىغۇچى:

بولدى تۇركىستان زەمىن ئىچرە زەلىلى نەغمە سەنج،
مۇستەمىئدۇركىم گۇلىستان قۇشلەرى ئەمدى كېلىپ.

— زەلىلى.

مۇستەنىر [مستنير] (ئە) نۇرلۇق، پارلاق، يورۇق:

گەرچە شەھلەرغە خۇد ۋەزىر، كېرەك،
لىك ئول كۆڭلى مۇستەنىر كېرەك.

— ن. زىيائى.

مۇستەھزاد [مستهزاد] (ئە) مىسراسى 16 بوغۇمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىرى ئۇزۇن، بىرى قىسقا ئىككى مىسرا قىلىپ يېزىلغان بىر خىل شېئىر شەكلى. بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى: ئارتتۇرۇلغان.

مۇستەھەب [مستحب] (ئە) دوست تۇتۇش؛ ماقۇل كېلىدىغان؛ قىلسا ياخشى، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىش:

ئەي نەۋائى ئالما يار ئالىدە يۈز تۇپراغىدىن،
كىم بۇ شەرئ ئىچرە مۇھەببەت شىۋەسىدۇر مۇستەھەب.

— نەۋائى.

مۇستەھەببات [مستحبات] (ئە) ياخشى چارىلەر، ئاماللار.

مۇستەھسەن [مستحسن] (ئە) ماقۇللانغان، ماقۇل كۆرۈلگەن.

مۇستەھلەك [مستهلك] (ئە) ئىشلىتىلىپ تۈگىگەن؛ ھالاك بولغان.

مۇستەھىق [مستحق] (ئە) ھەقلىق، لايىق، مۇناسىپ:

تەگىيە گاھ زاھىدان گەر بولسا تەسبىھۇ نەماز،
مۇستەھىققە لۇتۇق ئەيلەبدۇر خۇدايى ئاشىقان.

— زەلىلى.

مۇسلىم [مسلم] (ئە) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى، مۇسۇلمان.

مۇسھەف [مصحب] (ئە) 1) قۇرئان، كىتاب:

خالى خەتتىڭ مۇسھەفى ئاياتى ھەق،
ئۇقتەئىدە يوقدۇرۇر ھەرگىز گۇمان.

— زەلىلى.

2) يولىيورۇق:

شۇئلە كەلتۈردىلەر ئاتەشگاھدىن،
مۇسھەف ئىستەپ مۇرشىدى ئاگاھدىن.

— نەۋائى.

مۇسھەفنەۋىس [مصحف نويس] (ئە + پ) كىتاب، مەجمۇئە كۆچۈرگۈچى كاتىپ.

مۇسھىل [مسهل] (ئە) ئىچىنى بوشىتىدىغان دورا (سۈرگە).

مۇسىبەت [مصيبت] (ئە) قايغۇ، ماتەم، غەم.

مۇسىر [مصر] (ئە) ئۆز سۆزىنى ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدىغان، بىرەر ئىشتا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان.

مۇسىقا [موسيقا] (پ) مۇزىكا.

مۇسىقار [موسيقار] (پ) مۇزىكا ئەسۋابى؛ خوش ئاۋازلىق ئەپسانىۋى قۇش.

مۇسىن [مسن] (ئە) ياشانغان، قېرى.

مۇشائىرە [مشاعره] (ئە) شېئىر ئېيتىشىش.

مۇشابەھەت [مشابهت] (ئە) ئوخشىشىش، ماسلىق.

مۇشابىھ [مشابه] (ئە) ئوخشاش، ماس.

مۇشارەكەت [مشاركت] (ئە) شېرىكلىك.

مۇشارىك [مشارك] (ئە) شېرىك.

مۇشار ئىلەيھ [مشاراليه] (ئە) كۆرسىتىلگەن، نامى ئاتالغان، ئىشارە قىلىنغان:

مۇشار ئىلەيھ ئەدل پەيۋەند ئېرۇر،
خەلايىق سەلاھى ئاڭا بەند ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

مۇشاكىل [مشاكل] (ئە) ئارۇز ۋەزىنىدىكى 19 بەھرىنىڭ بىرى. لۇغەت مەنىسى: شەكىلداش. قەرىب بەھرى بىلەن شەكىلداش بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

مۇشاھەدە [مشاهده] 1) كۆرۈش، كۆزىتىش، كۆزدىن كەچۈرۈش؛ تاماشا قىلىش. 2) كۆرۈپ ئېنىقلاش.

مۇشاھىد [مشاهد] (ئە) شاھىد، گۇۋاھ.

مۇشەببەھ [مشبه] (ئە) ئوخشاش، ماس.

مۇشەددەد [مشدد] (ئە) شىددەتلىك، قاتتىق قىلىنغان، تاشدىدلىق.

مۇشەررەف [مشرف] (ئە) شەرەپلىك، شەرەپلەنگەن؛ بىرەر تەلىپىگە ئېرىشكەن.

مۇشەررەف بولماق — يېتىشمەك، ئېرىشمەك؛ شەرەپ تاپماق.

مۇشەففەق [مشفق] (ئە) شەپقەت ـ شاپائەت؛ شەپقەتلىك، شاپائەتلىك:

بىر كۈن ئايدى مۇشەففەقى ئۇممەت،
ئەيلەبان تۈرت فىرقەغە شەفقەت.

— ن. زىيائى.

مۇشەممەئ [مشمع] (ئە) يامغۇر ۋە سۇ ئۆتمەيدىغان پەردە.

مۇشەۋۋەش [مشوش] (ئە) تەشۋىشلىك، بىسەرەمجان، پەرىشان:

كۆرۈپ شەھزادە مۇنداغ باغى دىلكەش،
بولۇپ شەيدا كۆڭۈل بولدى مۇشەۋۋەش.

— ناقىس.

مۇشەۋۋەشلىغ [مشوش ليغ] پەرىشانلىق، تەشۋىشلىنىش، بىسەرەمجانلىق:

يار ھەر بەزم ئىچرە، مەن خارىج مۇشەۋۋەشلىغ بىلە،
ۋەھكى، داخىل ھەم بولا ئالمان سابۇكەشلىغ بىلە.

— نەۋائى.

مۇشەۋۋىش [مشوش] (ئە) تەشۋىشلەندۈرگۈچى، خىيالنى پەرىشان قىلغۇچى.

مۇشەئبىد [مشعبد] (ئە) نەيرەڭۋاز، كۆز بويامچى:

دېدى شاھى مەيمۇن: *«ۋافاسىز فەلەك،*
سىتەمگەر مۇشەئبىد ھەياسىز فەلەك.»

— ئا. نىزارى.

مۇشتاق [مشتاق] (ئە) ئارزۇمەند، ھەۋەسمەن، ئىنتىزار، ئىشتىياق باغلىغان:

دەھر ئارا چۈنكى ئەھلى مۇشتاقى،
گۈيا لەب تەشنەلەرگە دەۋر ساقى.

— ن. زىيائى.

مۇشتاقى دىدار — دىدارىغا ئىنتىزار:

مېنى مەنئ ئەتمە ئەي زاھىد، قۇۋانە زىكرە، ئەي سوفى،
كى سەن مەغرۇر سەن زىكرە، مەنەم مۇشتاقى دىيدار.

— نەسىمى.

مۇشتاقانە [مشتاقانه] (ئە + پ) ئاشىقلاردەك، ئىشتىياق باغلىغانلارغا ئوخشاش.

مۇشتەرەك [مشترك] (ئە) ئومۇمىي، ئوتتۇرىدىكى، شېرىكچىلىكتىكى.

مۇشتەرى [مشترى] (ئە) 1) سېتىۋالغۇچى، خېرىدار:

كى تەگرىنى ئەيلەدىڭ كۆپ باغ ئارا غۇنچە كۆرۈپ ئۇنى،
سەھەر يېڭى ئېچىلغان غۇنچەلەرگە مۇشتەرىدۇر مەن.

— بىلال نازىم.

2) ئوكتاي يۇلتۇزى (يۇپىتېر):

ئاتارىد، مۇشتەرى، جەۋزاۋۇ بەھرام،
زۇھەل، سەرەتان بىلە زۆھرايى خوش فام.

— ناقىس.

مۇشتەغىل [مشتغل] (ئە) شۇغۇللانغان، مەشغۇل:

كىرىپ باغ ئىچىگە ئىككى خەستە دىل،
مەي ئىچمەككە ئۆزنى قىلىپ مۇشتەغىل.

— ئا. نىزارى.

مۇشتەق [مشتق] (ئە) باشقا نەرسىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان، ياسالغان:

ۋەفا مەۋجۇد ئەمەس جىنسى بەشەردىن مەن گۇمان قىلسام،
سەرىشتىدۇر تاغافۇل لايىدىن مۇشتەق ئېرۇر نىسيان.

— ئا. نىزارى.

مۇشتەمىل [مشتمل] (ئە) ئۆز ئىچىگە ئالغان:

قىلىپمەن ھېكايەتلار مۇنەسسىل،
كى ئازادە بەخت سۆزىگە مۇشتەمىل.

— ئا. نىزارى.

مۇشتەھى [مشتهى] (ئە) 1) ئىشتىھانى ئاچقۇچى؛ ئىشتىھالىق:

بىمارى مۇشتەھىغە سەلامەت نىشانىدۇر،
چۈن تەندۇرۇست مۇستەھى ئېرمەس، زىيانىدۇر.

— نەۋايى.

2) ھەۋەس قىلغۇچى، ئارزۇ قىلغۇچى:

ئاندە تۇزۇب مەسنەدى شاھەنشەھى،
ئەيشۇ تەرەب جامى ئۈچۈن مۇشتەھى.

— نەۋايى.

مۇشتەئىل [مشتعل] (ئە) شولا چاچقۇچى، يارقىن، نۇرلۇق.

مۇشرىك [مشرك] (ئە) ئاللاغا شېرىك قوشقۇچى، ئاللانىڭ تەڭدىشى بار دېگۈچى؛ دىنسىز:

جەھاندىن يوق ئەيلەپ چۇ خۇنخارنى،
كى مۇشرىك ئىلە بارچە ئەغيارنى.

— ئا. نىزارى.

مۇشفىق [مشفق] (ئە) شەپقەتلىك، مېھرىبان، مەرھەمەتلىك:

رەھىم ئېتەر ھالىڭغە شايەد مېھرىباندۇر مېھرىبان،
مېھرىبان ئۇستازدىن، مۇشفىق ئاتادىن ھەم ئانا.

— شەۋقى.

مۇشفىقانە [مشفقانه] (ئە + پ) مۇشفىقلەرچە، مېھرىبانلاردەك:

ئەيا دوستلار بۇ فەسانە ئىشت،
بۇ چەندى دۇرۇر مۇشفىقانە ئىشت.

— ئا. نىزارى.

مۇشك [مشك] (پ) قارا رەڭلىك، خۇش پۇراقلىق ماددا، ئىپار:

قاچانكىم زۇلف مۇشكىڭنى سەن ھەر تاب ئەيلەرسەن،
يۈرەكلەر تاش ئەگەر بولسۇن ئانى سىماب ئەيلەرسەن.

— قەلەندەر.

مۇشكى ئەبىر — خۇشبۇي پۇراقلىق ئىپار.

كىمكى بولۇر مۇندا نەسىھەت پەزىر،
باسقان ئانىڭ تۇپراغى مۇشكى ئەبىر.

— زەلىلى.

مۇشكى تاتار — ئەلا، ئازا، ساپ مۇشك:

رەھىم قىلماسلار غەرىب بىچارەنىڭ ئەھۋالىغە،
سەرۋى ئەر ـ ئەر ئۆدۇ ئەنبەر مۇشكى تاتارىل غىياس.

— شەۋقى.

مۇشكى خوتەن — خوتەن ئىپارى:

سەۋۋ رەختى بىرلە تىكتىلەر كەفەن،
سەپتىلەر سۇنبۇل بىلە مۇشكى خوتەن.

— زەلىلى.

مۇشكۇ گۇلاپ — مۇشك ۋە ئەتىر؛ ئىپار ۋە ئەتىرگۈلنىڭ سۈيى:

سۇنبۇلى زۇلفى بىلە گۈل يۈزىدىن،
بولدى خىجالەتزەدە مۇشكۇ گۇلاب.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇشك ناب — ساپ ئىپار:

كى مەگدۇم بولدى، ئىدى مۇشك ناب،
ئاچىپ كۆك ئەرۇسى يۈزىدىن نىقاب.

— ئا. نىزارى.

مۇشكات [مشكات] (پ) چىراغپاي، چىراغ تەكچىسى؛ ئاساس، دەستەك:

يارەب، ماڭا بىر ھادى يولۇمغە بەرگىل،
مۇشكاتى مۇھەممەدى قولۇمغە بەرگىل،
گۇڭلانمادى فىرئەۋن نەفسى مۇكەددەر،
مۇسانىڭ ئەساسىنى سولۇمغە بەرگىل.

— زەلىلى.

مۇشك ئەفشان [مشك افشان] (پ) مۇشك، خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى.

مۇشكبار [مشك بار] (پ) مۇشك ياغدۇرغۇچى؛ مۇشكدەك (ئىپاردەك) خۇشبۇي:

فەيزى نەسىم كاكۇلۇڭ قىلدى چىمەننى مۇشكبار،
گۈلنى شۇكۇفە ئەيلەگەن خاسىيەتى سەبا غەلەت.

— زەلىلى.

مۇشكبۇ [مشكبو] (پ) مۇشك ھىدلىق، خۇشبۇي:

ئەي غىزالى مۇشكبۇ، كەلكىم قۇيۇندەك قالمادى،
مەگەركى زاغ ياشۇنمىش بىنەپشەزار ئىچرە.

— نەۋايى.

مۇشكبىز [مشك بيز] (پ) يېقىملىق، خۇشبۇي پۇراق چاچقۇچى.

مۇشكبىد [مشك بيد] (پ) مۇشك دەرىخى، گۈلى خۇشبۇي دەرەخ.

مۇشكىل [مشكل] (ئە) قىيىن، ئېغىر، تەس؛ مۇشكۈل:

ماڭا مۇشكىل، سېنىڭ ئالدىڭدا ئاسان،
ئىشىم پۈتكۈرمەسەڭ مەندە نە ئىمكان.

— موللا پازىل.

ئاشىقى سادىق ئېسەڭ جانان ئۈچۈن جان ئوينىغىل،
نېچە مۇشكىل بولسا جان ئويناماق ئاسان ئوينىغىل.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇشكۈل ئەيلەمەك — قىيىنچىلىق، مۇشەققەت پەيدا قىلماق:

كۆرگۈزۈپ ئارەزدە خالى كۈن چاغى يەكدا كەبى،
روزىگار ئېلتۇرنى بىزگە ئەيلەدى مۇشكۈل يىگىت.

— ئەرشى.

مۇشكىلات [مشكلات] (ئە) قىيىنچىلىقلار، ئېغىرچىلىقلار.

مۇشكۈل كۈشا (ي) [مشكل كشا // مشكل كشاى] (ئە + پ) قىيىنچىلىق، مۇشكۈللۈكلەرنى ئاسان قىلغۇچى:

بۇ مەخفى نۇكتەنىڭ مۇشكۈل كۈشايى،
بۇ يەڭلىغ بولدى مەئنى رەھنەمايى.

— نەۋايى.

مۇشكىن [مشكين] (پ) مۇشك ھىدلىق، خۇشبۇي:

كاكۇلى مۇشكىن سەنەمنىڭ چېھرىسىن پۇشىدە تۇت،
جىلۋەئى ھۆسنىدە ئەيلەر ۋەزنە ئالەمى خەراب.

— زەلىلى.

مۇشكىن سەھاب — كېچە قاراڭغۇسى:

زۇلفىنى قىلدى پەرىشان يۈزىگە گۈل ھۇرۇۋش،
يا قۇياش يۈزىنى ياپىپدۇر ئىكىن مۇشكىن سەھاب.

— قەلەندەر.

مۇشكىن ھىلال — تۇم قاراقاش، قاراماغلاي چاچ:

ئەنبەرى تەر ئىستىمان يۈز ئۆزرە خالىڭ بارىدا،
كەم كۆرۈنۈر يەڭى ئاي مۇشكىن ھىلالىڭ بارىدا.

— نەۋايى.

مۇشكىنبۇ [مشكين بۇ] (پ) ياخشى، يېقىملىق ھىد، خۇشبۇي:

دەشت ئۆزرە غەزالى مۇشكىنبۇ،
لالەئى سەبزە ئۆزرە قىلغان خۇ.

— نەۋايى.

مۇغ [مغ] (پ) مەجۇسى، ئاتەشپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى؛ مەيپۇرۇش:

بۇنداغ ئاۋازى سۇراھى ئىلكىدە مۇغ چىقسەكىم،
بۇ مۇغەننى ئەرغەنۇندىن ھەممە ئەلجاندىن لەزىز.

— خۇشھال غەرىبى.

مۇغان [مغان] (پ) 1) ئوتقا چوقۇنغۇچىلار، ئاتەشپەرەسلەر. 2) كۆچمە م: مەيپۇرۇش، مەي ساتقۇچى:

مەخمۇر ئىدى دىلۇجان، قۇيىدى مەيىنى ئەرغەۋۇلن،
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان پىرى مۇغان، ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

مۇغانە [مغانه] (پ) مەيپۇرۇشلارچە، ھاراقكەشتەك:

دەير ئىچىگە قوي قەدەم مەستى مەي مۇغانە بول،
خىزىر سۈيىنى ئىستەمە تاپقۇچە روزىگار ئۆتەر.

— زەلىلى.

مۇغايىر [مغاير] (پ) ئەكسىچە، قارىمۇ قارشى، ئۆزئارا قوشۇلمايدىغان، ئوخشاش ئەمەس:

رىشتە بىرلە رىيادىن ھەم خالى،
بولماغاي ھىچ مۇغايىر ئەھۋالى.

— ن. زىيائى.

مۇغەننى [مغنى] (ئە) مۇزىكانت، سازەندە؛ ناخشىچى:

فەرەھ ئىستەب مۇغەننى سىنىتىن چەككەن ئىبرۇر نادان،
مۇزۇرى دىل بىلە چىققان نەفەسدىن زىرۇ بەم كەممۇ؟

— ناقىس.

مۇغەييەر [مغير] (ئە) ئۆزگەرتىلگەن؛ قارىمۇ قارشى، غەيرىي:

چۇ يەڭقۇبغە سۆزنى سەراسەر دېدى،
پەرىز ئەتمەيىن سۆز مۇغەييەر دېدى.

— ئا. نىزارى.

مۇغبەچە [مغبچه] (پ) 1) مۇجۇسى بالا:

مەست ئەگەر ئولسام ئاساغە باغلابان زۇننارنى،
قىل ئەلەم كۆيىڭ ئارا ئەيلەپ مەزار، ئەي مۇغبەچە.

— نەۋايى.

2) مەي توشۇغۇچى؛ مەئشۇقە، سۆيۈملۈك:

مۇغبەچە دىلخەستە خەت كەلگەن بۇگۈن پەيمانە تۇت،
تولدۇرۇپ پەيمانەنى ھەم بادەئى جانەنە تۇت.

— بىلال نازىم.

مۇغتەنەم [مغتنم] (ئە) قولايلىق، پايدىلىق، غەنىيمەتلىك پەيت، پۇرسەت:

سۆيۈندى مەلىكە بويۇن قىلدى خەم،
بۇ سائەتنى گويا بىلىپ مۇغتەنەم.

— ئا. نىزارى.

مۇغىلان [موغلان] (ئە) چۆلدە ئۆسىدىغان تىكەنلىك چاتقال:

خەيالىڭ كەلسە كۆڭلۈمغە بولۇر ئازۇردە مۆژگاندىن،
ھەرەمغە ئەزم قىلغان ئويلەكىم خارى مۇغىلاندىن.

— نەۋايى.

مۇفاخەرەت [مفاخرت] (ئە) پەخىرلىنىش، ئىپتىخار، خۇشاللىنىش.

مۇفارەقەت [مفارقت] (ئە) ئايرىلىشماق، ئۇزاقلاشماق، جۇدالىق.

مۇفەررەد [مفرد] (ئە) يالغۇز، يېگانە.

مۇفەررىھ [مفرح] (ئە) خۇرسەنلىك كەلتۈرگۈچى، شادلىق بېغىشلىغۇچى.

مۇفەسسىر [مفسر] (ئە) شەرھلىگۈچى، شەرھ

قىلغۇچى.

مۇفەسسەل [مفصل] (ئە) شەرھلەنگەن، ئىزاھ بېرىلگەن.

مۇفەسسەل بەيان ئەتسە بولماس تەمام،
بولۇر سەفھە ئىچرە تەۋىلۇل كەلام.

— ئا. نىزارى.

مۇفتى [مفتى] (ئە) شەرىئەت ئىشلىرىدا پەتىۋا چىقارغۇچى، پەتىۋا بەرگۈچى، شەرىئەت ئىشلىرىنىڭ باشلىقى، مۇفتى:

بولسە مۇفتى مۇدەررىس ئەئلەم،
دىن زەۋالىدىن ھېچ يېمەسلەر غەم.

— ن. زىيائى.

مۇفرەد [مفرد] (ئە) يالغۇز، يېگانە، تەنھا، يەككە.

مۇفرىت [مفرط] (ئە) 1) ھەددىدىن ئارتۇق، چېگرىدىن چىقىپ كەتكەن، ھاياسىز. 2) ئېغىر.

مۇفسىد [مفسد] (ئە) نىيىتى يامان، پىتنە - پاساتچى، ئارىنى بۇزغۇچى.

مۇفلىس [مفلس] (ئە) يوقسۇل، كەمبەغەل، بىچارە، سىنىغان:

باقما ماقارەت بىلەن مۇفلىس ئۈچۈن ئەغنىيا،
سەرۋ سىھى باغ ئارا قايدا سەمەر ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

مۇقابەلە [مقابله] (ئە) بىر - بىرىگە قارشى كەلمەك، ئۇدۇل، روبرو تۇرماق، قارشىلاشماق.

مۇقابىل [مقابل] (ئە) قارشى تۇرغۇچى، قارشى، زىت:

دەۋران ئېلىنگە كىمكى ۋەفا نۇشى ئەرز ئېتىپ،
گۈل ھەم مۇقابىلىدە جەفا نىشى ئۆتكۈرۈپ.

— نەۋايى.

مۇقارەنە [مقارنه] (ئە) يېقىنلىشىش، يانمۇيان تۇرۇش.

مۇقارىن [مقارن] (ئە) يېقىن تۇرغان، يانمۇ يان تۇرغان.

مۇقامىر [مقامر] (ئە) قىمارۋاز.

مۇقامىرشىۋە [مقامر شيوه] (ئە + پ) قىمارۋازلارچە، قىمارۋازغا ئوخشاش.

مۇقامىرۋەش [مقامروش] (ئە + پ) قىمارۋازغا ئوخشاش، قىمارۋازدەك.

مۇقاۋەمەت [مقاومت] (ئە) باراۋەر كېلىش، تاقابىل تۇرۇش.

مۇقەتتەئات [مقطعات] (ئە) قىتئەلەر.

مۇقەددەر [مقدر] (ئە) تەقدىردە پۈتۈلگەن، تەقدىردىكى، قىسمەت:

بۇرەڭ تەشمىلەكىم مۇقەررەر ئىكەن،
خۇدادىن يېتىشكەن مۇقەددەر ئىكەن.

— ئا. نىزارى.

مۇقەددەر قىلماق — تەقدىردە شۇنداق پۈتۈلمەك:

مۇقەددەر قىلىپدۇر خۇدايىم ئاڭا،
نەچارە ئېرۇر كىم ساڭا ۋە ماڭا.

— ئا. نىزارى.

مۇقەددەس [مقدس] (ئە) پاك، تازا؛ ئەيىب ۋە نۇقساندىن خالىي؛

ئەي مۇقەددەس رۇھ يارىم، مەن ساڭا گۇفتار ئېتەي،
بۇ نىھان سىررىمنى ئالەم خەلقىغە ئىزھار ئېتەي.

— بىلال نازىم.

مۇقەددەم [مقدم] (ئە) قەدىمكى، بۇرۇنقى، ئىلگىرى، ئالدىن:

بۇرنە ئۆتكەن ھەمە مۇقەددىملەر،
ئۇلەما، مەشايىخ ئەكرەملەر.

— ن. زىيائى.

مۇقەددىمات [مقدمات] (ئە) مۇقەددەمىلەر، كىرىش سۆزلەر، باش سەھىپىلەر.

مۇقەددىمە [مقدمه] (ئە) باش سۆز، كىرىش سۆز.

مۇقەررەب [مقرب] (ئە) يېقىن، دوست، ھەمسۆھبەت:

ھەركىشى بولدى قۇلۇڭ، گۈل كىشىدۇر ئالەم ئارا شەھ،
قۇللەرىڭ قۇربىنىكىم تاپسە ئېرۇر شەھغە مۇقەررىب.

— نەۋايى.

مۇقەررەبىن [مقربين] (ئە) يېقىنلار، دوستلار، دائىم ھەمسۆھبەت بولغۇچىلار.

مۇقەررەر [مقرر] (ئە) قارار قىلىنغان، بولۇشى ئالدىن ئېنىقلاپ قارار قىلىنغان؛ بىر قارار؛ ئېنىق، سۆزسىز:

بۇرەڭ تەشمىلەكىم مۇقەررەر ئىكەن،
خۇدادىن يېتىشكەن مۇقەددەر ئىكەن.

— ئا. نىزارى.

مۇقەررەر بولماق — تايىن تاپماق، قارار قىلىنماق:

مۇقەررەر بولۇپ بىزگە تار بۇغىتاي،
نەمايەن بولۇپ بىزگە ئاندا خىتاي.

— ئا. نىزارى.

مۇقەرنەس [مقرنس] (ئە) نەقىش چىقىرىلغان، نەقىشلىق ئېگىز بىنا.

مۇقەسسىر [مقصر] (ئە) كەمچىلىكى بار، نۇقسانلىق، ئەيىبلىك، گۇناھكار:

ئۇلكى سۆز نەقدىغە مۇبەسسىردۇر،
ۋەسفى ئىچرە تىلى مۇقەسسىردۇر.

— نەۋايى.

مۇقەففەل [مقفل] (ئە) قۇلۇپ سېلىنغان، قۇلۇپلاپ قويۇلغان.

مۇقەللىد [مقلد] (ئە) تەقلىد قىلغۇچى.

مۇقەممىر [مقمر] (ئە) قىمارۋاز.

مۇقەممىرشىۋە [مقمرشوه] (ئە + پ) قىمارۋازلاردەك، قىمارۋازلارچە.

مۇقەننەد [مقند] (ئە) قەنت سېلىنغان؛ مەززىلىك، شېرىن.

مۇقەننەئ [مقنع] (ئە) نىقابلانغان، پەردىلەنگەن؛ نىقاب، پەردە.

مۇقەييەد [مقيد] (ئە) باغلانغان، بەند قىلىنغان، كىشەنلەنگەن، گىرىپتار، بىر ـ بىرىگە باغلىق:

دىۋانە قىلىپ مۇغبەچەلەر دەير ئىشىكىدە،
زەنجىرسىرى زۇلفۇڭ ئىلە قىلدى مۇقەييەد.

— زەلىلى.

مۇقەييەدات [مقيدات] (ئە) قىيدلەر، يېزىقلار.

مۇقبىل [مقبل] (ئە) بەختلىك، ئىقباللىق؛ شەخس نامى:

چۇ مۇقبىل قۇلى بەندەئى بەردەسى،
رەسۇلى خۇدانىڭ نەزەرگەردەسى.

— ئا. نىزارى.

مۇقتەدا [مقتدا] (ئە) ئەگەشتۈرگۈچى، يولباشچى، ئىمام.

مۇقتەزا [مقتضى] (ئە) مەقسەت قىلىنغان، ئىستەلگەن، كېرەك ۋە لازىم قىلىنغان؛ زۆرۈرىيەت، تەلەپ:

نە چۈنكىم شاھلىقنىڭ مۇقتەزاسى،
بۇ ئىشدۇركىم ئېرۇر ئانىڭ رىزاسى.

— ناقىس.

مۇقتەزەب [مقتضب] (ئە) ئارۇز ۋەزنى بەھرىلىرىدىن بىرى. «مۇقتەزەب» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى — كېسىلىش، بۇ «مۇنسەرىھ» بەھرىدىن كېسىۋېلىنغانغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

مۇقرى [مقرى] (ئە) قىرائەت قىلغۇچى، قارىي.

مۇقىر (ر) [مقر] (ئە) ئىقرار بولغان، بويىنىغا ئالغان.

مۇقىم [مقيم] (ئە) تۇرغۇن، دائىمىي، مۇقىم:

بولغالى كويۇڭدا قويمايدۇر قەدەم نارى، مۇقىم،
ئاستانەڭ ئالدىدا گوياكى دەرباندۇر كۆڭۈل.

— ناقىس.

مۇكابەرە ‖ [مكابره] (ئە) كېبىرلىنىش، تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق.

مۇكاتەبەت [مكاتبت] (ئە) ئۆزئارا خەت يېزىشىش.

مۇكاشەفە [مكاشفه] (ئە) كەشىپ قىلىنماق.

مۇكاشىف [مكاشف] (ئە) كەشىپ قىلغۇچى، كەشپىياتچى.

مۇكافات [مكافات] (ئە) ئېرىشىلگەن مۇۋەپپەقىيەت، قىلغان نەتىجىلىك خىزمەتلىرىنى تەقدىرلەپ بېرىلگەن نەرسە، مۇكاپات:

سەبەب بولدى ئالەم خەراباتىغە،
كى ئۆچراپ ئۆزىنىڭ مۇكاپاتىغە.

— ئا. نىزارى.

مۇكالەمە [مكالمه] (ئە) ئۆزئارا سۆزلىشىش، سۆھبەت، مۇزاكىرە.

مۇكەددەر [مكدر] (ئە) كىر، بۇلغانغان؛ خاپا، غەمكىن:

يارەب، ماڭا بىر ھادى يولۇمغە بەرگىل،
مۇشكاتى مۇھەممەدى قولۇمغە بەرگىل.
ئوڭلانمادى فىرئەۋن نەفسى مۇكەددەر،
مۇسانىڭ ئەساسىنى سولۇمغە بەرگىل.

— زەلىلى.

مۇكەررەر [مكرر] (ئە) تەكرارلانغان، قايتا ـ قايتا قىلىنغان، كۆپ قېتىم:

دۇنيا ئىشىكىن ياستانىبان بولما مۇكەررەر،
ئىقلىمى قەنائەت سەرىغە تازا سەفەر قىل.

— زەلىلى.

مۇكەررەر بولماق — قايتىلانماق، تەكرارلانماق:

مۇكەررەر بولۇر سۆزنى قىلسام بەيان،
ھەمە سۆز بولۇپ ئەۋۋەل ئاخىر ئەيان.

— ئا. نىزارى.

مۇكەررەر قىلماق — قايتىلىماق، تەكرارلىماق.

مۇكەررەم [مكرم] (ئە) ھۆرمەتلىك، مۆھتەرەم، ئەزىز، قەدىرلىك:

سالام ئەتكەچ دۇئا قىلدى ئوشول دەم،
كۆرۈشتى پادىشاھ بولدى مۇكەررەم.

— ناقىس.

مۇكەممەل [مكمل] (ئە) كامالەتكە يەتكەن، تولۇق، كەم يېرى يوق.

مۇكەننەس [مكنس] (ئە) پاك، تازا؛ خالىي.

لىباسى پاكلىغ بىرلە مۇلەببەس،
ۋۇجۇدى خىلتى نۇقساندىن مۇكەننەس.

— ناقىس.

مۇكەھھەل [مكحل] (ئە) سۈرمىلەنگەن، سۈرمە

قويۇلغان.

مۇكەممەل كۆز — سۈرمە قويۇلغان كۆز.

گۈل كۆز ئالىدا مۇكەممەل كۆزلەرى ھۆسن ئەملىنىلا،
كۆلگە بولغانغان سۈرۈك دىۋانىلەردۇر گۈلخانى.

— نەۋايى.

مۇكتەسەب [مكتسب] (ئە) كەسىپ قىلىپ تاپقان، قولغا كىرگۈزۈلگەن.

مۇكتەسىب [مكتسب] (ئە) كەسىپدار، ئىشلەپ تاپقۇچى.

مۇكرىم [مكرم] (ئە) ساخاۋەت قىلغۇچى، سېخىي.

مۇكنەت [مكنت] (ئە) قۇدرەت، قۇۋۋەت؛ بايلىق.

مۇل [مل] (پ) مەي، شاراب:

بۇلبۇلى بىچارە بىلگەي قەدرى گۈل،
ئاشىقى مەيخارە بىلگەي قەدرى مۇل.

— زەلىلى.

مۇلازىم [ملازم] (ئە) خىزمەتكار، خىزمەتچى؛ ھەمراھ:

ئوشۇل ۋاقىت ئىدى ئىككى خادىم كېلىپ،
ئانىڭ كەينىدىن كۆپ مۇلازىم كېلىپ.

— ئا. نىزارى.

مۇلازەمەت [ملازمت] (ئە) سۆھبەتداشلىق، ھەمراھلىق؛ مەشغۇل بولۇش، شۇغۇللىنىش؛ يېقىنلىق.

مۇلاسىق [ملاصق] (ئە) يېپىشقان، تۇتاشقان، يانمۇيان.

مۇلاقات [ملاقت] (ئە) ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش:

يوق بادەن ۋەسل ئابى ھەيۋان گۈل ئىمىش،
ئەھباب مۇلاقاتى دېمە جان گۈل ئىمىش.

— نەۋايى.

مۇلاقى [ملاقى] (ئە) ئۇچراشقان، يولۇققۇچى.

مۇلاھەزە [ملاحظه] (ئە) ئوي، پىكىر؛ ئويلاش، مۇلاھىزە.

مۇلاھىز [ملاحظ] (ئە) مۇلاھىزە قىلغۇچى، ئويلاپ ئىش قىلغۇچى.

مۇلائىب [ملاعب] (ئە) ئوينىغۇچى؛ نەيرەڭۋاز، ھىيلىگەر.

مۇلايىم [ملايم] (ئە) يۇمشاق تەبىئەتلىك، ياۋاش؛ يېقىملىق:

چۇ ئەۋرەڭگى شەھلىغىدا قايىم بولۇپ،
ھۆكۈمەتدە ئەلگە مۇلايىم بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

مۇلەببەس [ملبس] (ئە) كىيىلگەن، كىيگەن (كىيىم ھەققىدە):

لىباسى پاكلىغ بىرلە مۇلەببەس،
ۋۇجۇدى خىلقىتى نۇقساندىن مۇكەننەس.

— ناقىس.

مۇلەخخەس [ملخص] (ئە) قىسقارتىلغان؛ خۇلاسىلەنگەن؛ خۇلاسە.

مۇلەززەز [ملذذ] (ئە) لەززەتلىك:

جەھان ئەيشى قانچە مۇلەززەز ئېرۇر،
غۇرۇر ئىچرە دايىم مۇئەززەز ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

مۇلەۋۋەس [ملوث] (ئە) ئىپلاس، بۇلغانغان.

مۇلەۋۋەن [ملون] (ئە) رەڭ بېرىلگەن، رەڭلىك، رەڭمۇرەڭ:

زىمى تۇرلۇك نەۋا قۇشلار تىلىدىن ھەمدىڭ ئايىتى،
مۇلەۋۋەن باغ ئارا گۈل ياپراغىدىڭ سۇنئىڭ ئىسباتى.

— شەۋقى.

مۇلتەز [ملتذ] (ئە) لەززەتلەنگەن، بەھرى ئالغان؛ راھەتلەنگەن.

مۇلتەمەس [ملتمس] (ئە) ئىلتىماس قىلىنغان نەرسە، سورالغان:

كى قىلھال ئىبەردى سەرەندىغە كەس،
بۇلارنى ئويىگە قىلىپ مۇلتەمەس.

— ئا. نىزارى.

مۇلزەم [ملزم] (ئە) سۆزدە يېڭىلىپ ئۇيىلىپ قالغان؛ مات بولغان، خىجالەتتە قالغان:

بېرىپ بىر ـ بىرىگە جەۋابى بەلىغ،
قىلىپ ئانى مۇلزەم چىرايى سەرىغ.

— ئا. نىزارى.

مۇلك [ملك] (ئە) 1) مەملىكەت، ۋەتەن، يۇرت، پادىشاھلىق، ۋىلايەت:

خوتەن مۇلكىدە شاھلىق ئەيلەدى،
ئىبادەتتە ئاگاھلىق ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

2) مال ـ مۈلۈك، بايلىق:

ئىمەس جۇنۇندىن ئەگەر تاغلەردە بولسە قەرارىم،
كى قالدى بەھرى سىرشكىم تۇبىدە مۇلكۇ دىيارىم.

— نەۋايى.

مۇلك ئەئيان — يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى:

چۇ فەرمان قىلىپ شاھ ئەبىركانىغە،
قىلىپ يارلىغ مۇلك ئەئيانىغە.

— ئا. نىزارى.

مۇلكۇ مەكىنۇ مەكان — يۇرت، ئاھالە ۋە ماكان:

خۇداۋەند ئىنسۇ خۇداۋەند جان،

خۇداۋەند مۇلكى مەكىنى مەكان.

— ئا. نىزارى.

مۇلكى تۈركىستان — تۈركىستان يۇرتى.

مۇلكى سۇلەيمان — سۇلايمان يۇرتى:

بىنەۋائى ئىشق بولۇپ، ئۆز مۇرادىڭدىن كېچىپ،
فەقر بىرلە فەخر ئېتىپ مۇلكى سۇلەيمان ئىزدەگىل.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇلكى كەنئان — كەنئان مەملىكىتى:

ئارزۇ قىلدىم سىنى، لېكىن بەدەخشان بارمىدىم،
كۆپ ئۈمىد قىلغان جەھەتدىن مۇلكى كەنئان بارمىدىم.

— بىلال نازىم.

مۇلكئارا (ي) [ملك آراى] (ئە + پ) مەملىكەتكە زىننەت بەرگۈچى، دۆلەتنى بېزىگۈچى:

ۋەزىرى ئانىڭ مۇلكئارايى چىن،
ئانىڭ ئەقلىدە زىب ئەفزايى چىن.

— ئا. نىزارى.

مۇلكەت [ملكت] (ئە) پادشاھلىق:

قايۇ بىزنىڭ ئولغاچ ئەيان نەۋبەتى،
ساغىنىدىكى، جاۋىد ئېرۇر مۇلكەتى.

— نەۋائى.

مۇلك پەناھ [ملك پناه] (ئە + پ) پادشاھ.

مۇلكىيەت [ملكيت] (ئە) مۇلۇككە ئىگە بولۇش.

مۇلۇك [ملوك] (ئە) پادشاھلار:

ئېرۇر شاھىمىز ئىسمى تاجۇل مۇلۇك،
ئۆزى فەقىر پەرۋەر تۈرۈر خوش سۇلۇك.

— ئا. نىزارى.

مۇلۇكانە [ملوكانه] (ئە + پ) پادشاھلارچە، پادشاھلارغا خاس.

مۇلھەق [ملحق] (ئە) ھەمراھ بولغان.

مۇلھەم [ملهم] (ئە) ئىلھاملانغان، رىغبەتلەنگەن.

مۇماس [مماس] (ئە) توقۇنۇشقان، دۇچ كەلگەن؛ تەگكەن؛ زىچ.

مۇمەييىز [مميز] (ئە) ئىمتىيازلىق؛ پەرقلىق؛ پاراسەتلىك، زېرەك:

توشۇپ سەفھەھى كىلىك رەفتارغە،
مۇمەييىز بولۇپ تۈرفە ئەسرارغە.

— ئا. نىزارى.

مۇمتاز [ممتاز] (ئە) تاللانغان، باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغان؛ ئىمتىيازلىق، پەرقلەنگەن.

مۇمتەد (د) [ممتد] (ئە) داۋاملىق؛ ئۇزۇن، سوزۇلما، ئۇزاق.

مۇمتەل [ممتل] (ئە) تولۇق، تولغان، لىپمۇلىپ.

مۇمتەنىئ [ممتنع] (ئە) توختىتىپ قويۇلغان، مەنئى قىلىنغان.

مۇمتەھەن [ممتحن] (ئە) ئىمتىھان قىلىنغان، سىنالغان.

مۇمكىنات [ممكنات] (ئە) ھەممە مەۋجۇدات.

مۇناجات [مناجات] (ئە) يالۋۇرۇش، يىلىنىش؛ خۇداغا يالۋۇرۇپ خىتاب قىلىش:

كەل، ئەي ساقى، تەمام بولدى مۇناجات،
دىيىلدى ھەرنەكىم بار ئېردى ھاجات.

— ناقىس.

مۇناجات ئەتمەك — يالۋۇرماق، يىلىنماق:

يۈزىن كەلتۈردى دەرگاھى ئەھەدكە،
مۇناجات ئەتتى ئىلاھى سەمەدكە.

— ناقىس.

مۇناجات ئەيلەمەك — «مۇناجات ئەتمەك» كە قاراڭ:

بۇ ئاندا نەچچە كۈن قىلىپ ئىشتىكاف،
مۇناجات ئەيلەپ، قىلىپ دىلنى ساف.

— ئا. نىزارى.

مۇنادى [منادى] (ئە) خەۋەر بەرگۈچى، خەۋەرچى، جارچى:

يەنە ئالەمدە شەھرۇ تاغۇ ۋادى،
كېزىپ ئىشق ئەھلىغە قىلغىل مۇنادى.

— نەۋائى.

مۇنازەئەت [منازعت] (ئە) نىزا، خۇسۇمەت، ئۇرۇش، جاڭجال.

مۇنازەرە [مناظره] (ئە) مۇنازىرە، بەس.

مۇناسىب [مناسب] (ئە) مۇۋاپىق، لايىق، توغرا كېلىدىغان:

ۋۇجۇدۇڭ قەددىگە كۆرمىش مۇناسىب قىلئەتى لەۋلاك،
ئەلەم نەشرەھ سىفاتلىغ سىينەئى پاكىڭنى قىلمىش چاك.

— شەۋقى.

مۇنافى [منافى] (ئە) رەت قىلغۇچى؛ قارىمۇ قارشى، زىت، بىر ـ بىرىگە تەتۈر كېلىدىغان، مۇخالىپ.

مۇنافىق [منافق] (ئە) ئىككى يۈزلىمىچى.

مۇنافىقۋەش [منافق وش] (ئە + پ) مۇناپىقلىقتا — ئىككى يۈزلىمىچىلىكتە ئادەتلەنگەن.

مۇنەججىم [منجم] (ئە) يۇلتۇزشۇناس، يۇلتۇزنى تەتقىق قىلغۇچى:

زار بولسا بۇ جەھان خەلقى مۇنەججىم ئەھلىنى،

تۆھمەت ئەتمە سەن زۇھەلگە گۈل پەرىنىڭ رۇيدۇر.

— بىلال نازىم.

مۇنەززەھ [منزه] (ئە) پاك، تازا، پاكىز.

مۇنەققەش [منقش] (ئە) نەقىشلەنگەن، زىننەتلەنگەن، نەقىشلىك:

خىلئەتى جانغا مۇنەققەش بولدى جانان سۈرەتى،
بولدى جانان سۈرەتى بۇ جىسىم ئارا جان سۈرەتى.

— ئا. نىزارى.

مۇنەققەھ [منقح] (ئە) ساپ، تازا؛ توغرا، چوڭقۇر.

مۇنەۋۋەر [منور] (ئە) نۇرلۇق، روشەن، پارلاق، يورۇق:

يانىپ سەئىدىن ئاندىن قىلىپ كۆپ پىغان،
بولۇپ شام گويا مۇنەۋۋەر جەھان.

— ئا. نىزارى.

مۇنەۋۋەر بولماق — نۇرلانماق، پارلىماق، يورۇماق:

بولدى يۈزۈڭدىن ئالەم مۇنەۋۋەر،
قەنى سېنىڭدەك رۇھى مۇسەۋۋەر.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇنەۋۋەر قىلماق — يورۇتماق، نۇرلانماق، پارلاتماق:

ۋۇجۇدى ئانىڭ تەڭرىنىڭ رەھمەتى،
جەھاننى مۇنەۋۋەر قىلىپ خىلقەتى.

— ئا. نىزارى.

مۇنئەتىف [منعطف] (ئە) قايرىلغان، بۇرۇلغان.

مۇنتەبىق [منطبق] (ئە) بىر - بىرىگە مۇۋاپىق، ماس:

دەفئە - دەفئە دۇرى ئاسىم ھەددىسىز ئۈچقۇن بىرلە كۆر،
غەم تۈنىدەك بىر - بىر ئۈزرە چەرخى ئەنجۇم مۇنتەبىق.

— نەۋايى.

مۇنتەخەب [منتخب] (ئە) تاللانغان، خىللانغان.

مۇنتەزىر [منتظر] (ئە) ئىنتىزار بولغۇچى، كۈتكۈچى، ساقلاپ تۇرغۇچى:

مۇنتەزىر قۇللۇقىدا تۇرغايلار،
ھەر زەماندا خۇش ئامىد ئۇرغايلار.

— ن. زىيائى.

مۇنتەسىب [منتسب] (ئە) ئالاقىدار، تېگىشلىك؛ نىسبەتەنلىك.

مۇنتەشىر [منتشر] (ئە) يېيىلغان، تارقالغان؛ ھەممىگە مەلۇم بولغان:

مىسرەئى خەرمەن سۇخەن ئىلە زەلىلى مۇنتەشىر،
ھاسىل ئالالماغاي كىشى يەر ئۈزە ساچمايىن ئۇرۇغ.

— زەلىلى.

مۇنتەفىئ [منتفع] (ئە) پايدىلانغۇچى، بەھرە ئالغۇچى:

لەبلەرىڭدىن ھەر زەمان جانىنى تىلەرمەن مۇنتەفىئ،
مۇنقەتىئ بولماي نەفەس بولماس ئۈمىدىم مۇنقەتىئ.

— نەۋايى.

مۇنتەقىل [منتقل] (ئە) بىرىدىن بىرىگە ئۆتكۈچى، كۆچكۈچى.

مۇنتەقىم [منتقم] (ئە) ئىنتىقام ئالغۇچى، قىساسكار.

مۇنتەھا [منتها] (ئە) ئاخىر، ئاخىرقى چەك، بېرىپ توختىلىدىغان يەر:

قىسمەت تەقدىرىغە چېچەك كەلدى باھانە قىلدىلار،
شۇم بىشەرم قۇلىغىنە يۈزىنى قارە قىلدىلار،
رەڭگى رۇيلارىن بۇزۇپ پارە - پارە قىلدىلار،
ئۆچتىلار، بەھرى ئەزرائىل ئالدى، شىكارە قىلدىلار،
ئاپشۇرۇبانكى جانلارىن سىر ئەتمە مۇنتەھا چېچەك.

— موللا سالىھ.

مۇنچاغ [مونچاغ] مۇنچاق.

مۇندا [موندا] بۇندا:

جاۋانىبغە چاچسۇن بەسارەت گېلى،
يېتۈرسۇنكى مۇندا ۋىزارەت گېلى.

— ن. زىيائى.

مۇندايىن [مونداين] مۇنداق، مۇنچىلا:

گۈل قارا كۆز ئاشنا كىبركەن رەۋان يۈگۈرۈپ قاچار،
مۇندايىن ۋەھشى ئەمەسدۇر ھېچ ئاھۇيى خوتەن.

— ھاپىز خارەزمى.

مۇنسەرىف [منصرف] (ئە) ئۆزگىرىش، ئايىنىش.

مۇنسىف [منصف] (ئە) ئىنساپلىق، ئادىل، ھەققانىي.

مۇنشا [منشى] (ئە) يېزىلغان، پۈتۈلگەن:

ئىسىم ئولۇپ گۈل ھۇجرەدە مۇنشا ئاڭا،
رىشتەئى دۇرخەت بىلە ئىنشا ئاڭا.

— نەۋايى.

مۇنشات [منشات] (ئە) ئىنشالار، مەكتۇپلار، خەتلەر.

مۇنشى [منشى] (ئە) 1) كاتىپ، خەتتات:

كېلىپ گۈل زەمان مۇنشىئى خۇش رەقەم،
كى ئىنشا قىلىپ سۆزنى زەررىن قەلەم.

— ئا. نىزارى.

مۇنفەرىد [منفرد] (ئە) يالغۇز، يېگانە، تەنھا.

مۇنفەسىل [منفصل] (ئە) ئايرىلغان، بىر - بىرىگە قوشۇلمىغان:

قىلىپ مەن ھىكايەتلار مۇنفەسىل،
كى ئازادە بەخت سۆزىگە مۇشتەمىل.

— ئا. نىزارى.

مۇنفەئىل [منفعل] (ئە) تەسىرلەنگەن، ھاياجانلانغان؛

خىجالەتتە قالغان، ئۇيالغان، ئىزا تارتقان، خىجىل:

خوجە بۇ ئەۋازدىن بولدى خىجىل،
ياندىلەر باينىڭ ئۆيىگە مۇنفەئىل.

— زەلىلى.

مۇنفەئىللىك [منفعل ليك] ئۇيالغانلىق، خىجىللىق:

دەھرنىڭ مۇنفەئىللىكى بىردەم،
بولسە كۆپ ئابرۇ كېتەر بەرھەم.

— ن. زىيائى.

مۇنفەك (ك) [منفك] (ئە) ئايرىم - ئايرىم قىلىنغان، ئاجرىتىلغان:

جۇزۋۇ - جۇزۋىمنى فىغانكىم، مۇنفەك ئەتتى تىغى ھەجر،
بىر - بىرىدىن لېك ئۈزۈندۈر جۇزۋى لايەنفەك ماڭا.

— نەۋايى.

مۇنقاد [منقاد] (ئە) بويۇن ئەگكۈچى، بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى.

مۇنقەتىئ [منقطع] (ئە) ئايرىلغان، ئاجرالغان، يىراقلاشقان (دوستلاردىن).

مۇنقەسەم [منقسم] (ئە) بۆلۈنگەن، تەقسىملەنگەن، بۆلەك - بۆلەك بولغان.

مۇنقەسسىم [منقسم] (ئە) بۆلگۈچى، تەقسىم قىلغۇچى.

مۇنكىر [منكر] (ئە) ئىنكار قىلغۇچى، رەت قىلغۇچى، تانغۇچى:

ئول زەماندا بىر ئىدى مۇنكىر بىسى،
يەتتە ئەھمەد دەر ئىدىلەر بەگزىسى.

— زەلىلى.

مۇنكىر بولماق — ئىنكار قىلماق، رەت قىلماق:

باشىن يەرگە سالدى خىجالەت بىلە،
بولۇپ مۇنكىر ئول ھەم جەھالەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

مۇنكىر - نەكىر [منكرنكير] (ئە) گۆردە مۆردىدىن سوئال سورايدىغان ئىككى پەرىشتەنىڭ نامى:

ھەق تەرەفدىن گور ئارا مۇنكىر - نەكىر ئەتكەي سوئال،
تا جەۋابىن بەرمەسەڭ چەندان ئوقۇبەت بىر تەرەق.

— شەۋقى.

مۇنھەت [منحط] (ئە) پەس، تۆۋەن.

مۇنھەدىم [منهدم] (ئە) ۋەيران، خاراب بولغان:

قىلىچىدا پۈتۈكلۈك ئىدى ئىسىملار،
ئانىڭ زەربىدىن مۇنھەدىم جىسىملار.

— ئا. نىزارى.

مۇنھەرىف [منحرف] (ئە) يولدىن ئازغان، ئاداشقان؛ قۇتۇلۇش:

دېدى ھۇدھۇدكىم: ئېرۇرسەن مۇتەرىف،
كى ئىشىڭ بولمىش گۇناھدىن مۇنھەرىف.

— نەۋايى.

مۇنھەزىم [منهزم] (ئە) قاچقان، جاراھەتلەنگەن، يېڭىلگەن، مەغلۇپ.

مۇنھەسىر [منحصر] (ئە) قاراشلىق، باغلىق، مەنسۇپ؛ ھەر تەرەپتىن قورشالغان، قامالغان.

مۇنھەنى [منحنى] (ئە) ئەگرى، قىيسىق، تۈز ئەمەس، ئېگىلگەن.

مۇنىر [منير] (ئە) نۇر چاچقۇچى، روشەنلەشتۈرگۈچى؛ پارلاق، نۇرلۇق:

كۆڭۈل ئارەزىن ئەيلە بەردى مۇنىر،
نەۋا يەتكۈرۈپ بىزگە بول دەستىگىر.

— ئا. نىزارى.

مۇنس [مونس] (ئە) يېقىن دوست، ھەمدەم، ئۈلپەت:

چۇ مەجنۇن دېدى: «ئەي ئەرەب سەرۋەرى،
بۇ مۇنسلارىم كەتتى مەندىن نارى.»

— ئا. نىزارى.

مۇھاجەرەت [مهاجرت] (ئە) چەتكە كۆچمەك، ئۆز يۇرتىدىن كەتمەك.

مۇھاجىر [مهاجر] (ئە) ئۆز يۇرتىدىن كۆچۈپ كەتكۈچى، ماكانىدىن ئايرىلغان، كۆچكۈچى، مۇھاجىر.

مۇھار [محار] (ئە) نوقتا.

مۇھارىب [محارب] (ئە) جەڭچى.

مۇھازى [محاذى] (ئە) قارشى، قارىمۇ قارشى، مۇقابىل.

مۇھاسەرە [محاصره] (ئە) قامال قىلىش، قورشىۋېلىش.

مۇھاسىب [محاسب] (ئە) ھېسابلىغۇچى، ھېسابچى.

مۇھافەزەت [محافظت] (ئە) ساقلاش، ئاسراش، مۇھاپىزەت.

مۇھافىز [محافظ] (ئە) ساقلىغۇچى، مۇھاپىزەتچى.

مۇھاكەمە [محاكمه] (ئە) پىكىر يۈرگۈزۈش، مەسلەھەت، مۇھاكىمە.

مۇھاۋەرات [محاورات] (ئە) سۆھبەتلەر.

مۇھاۋەرە [محاوره] (ئە) بەس، سۆھبەت، سوئال - جاۋاب.

مۇھەببەت [محبت] (ئە) 1) سۆيگۈ، ئىشق:

مەرھەبا ئەيلەپ كۈلۈپ ئۆتتى يېنىمدىن گۈل پەرى،
ھەم مۇھەببەتنىڭ مەيىدىن گۈل زەمان قىلدۇردى نوش.

— بىلال نازىم.

2) يېقىنلىق، دوستلۇق:

نېكى مەن دېدىم مۇھەببەتتىن ئىدى،
بارچە ئىخلاسى مۇۋەددەتتىن ئىدى.

— نەۋايى.

مۇھەببەت ئەھلى — ئىشق ئەھلى، سۆيۈشكەنلەر:

قايانكىم مەيل ئېتەر جانان مۇھەببەت ئەھلى رىز ئەيلەپ،
كۆڭۈل ئىچرە نىھانراق ئانى جاندىن ئاسراغىل، يارەب.

— ئەرشى.

مۇھەببەتنامە [محبت نامه] (ئە + پ) مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان خەت، مەكتۇپ:

جۇملە ئالىملەر ئارا ئەئلامە،
دەفتەرى ئىشق مۇھەببەتنامە.

— زەلىلى.

مۇھەددەب [محدب] (ئە) پۈكۈلگەن، ئېگىلگەن؛ بۆرتۈپ چىققان:

قايۇ يەڭگى گەردۇنغە سالسە ئانى،
مۇھەددەب يۈزىن ئەيلەگەي مۇنھەنى.

— نەۋايى.

مۇھەددىس [محدث] (ئە) قىسسىچى، ھەدىس سۆزلىگۈچى.

مۇھەررا [مهرا] (ئە) قاتتىق پىشقان، مەلەخ - مەلەخ بولۇپ پىشقان.

مۇھەررەر [محرر] (ئە) تەھرىر قىلىنغان، يېزىلغان.

مۇھەررەم [محرم] (ئە) قەمەرىيە يىل ھېسابىدىكى 1 - ئاينىڭ نامى:

ھۇسەيىن داغى ئۇچۇن كىيدى بەھرى بەر گۈلگۈن،
مۇھەررەم ئايى بارىپ خاكى كەربەلاغە باقىڭ.

— زەلىلى.

مۇھەررىر [محرر] (ئە) تەھرىر قىلغۇچى، يازغۇچى، مۇئەللىپ.

مۇھەررىك [محرك] (ئە) ھەرىكەتلەندۈرگۈچى، مىدىرلاتقۇچى.

مۇھەققەر [محقر] (ئە) 1) ھاقارەتلەنگەن، تەھقىرلەنگەن:

ھال تارتىپ كىمسەنى كۆرمەس مۇھەققەر ئەھلى ھال،
گەرچە فەرق ئەتمىش كىچىكۇ چوڭنى شەرئەن ئەھلى قال.

— ناقىس.

2) ئەرزىمەس، كەم، ئازغىنا؛ كىچىك:

ئەي نەۋائى، سەن كۆڭۈل باغىن ئىمارەت قىلكى بار،
سەككىز ئۇچماق جەنبىدە ئانىڭ مۇھەققەر باغچە.

— نەۋايى.

3) پەس؛ كىچىككىنە:

خۇدايى تاجى قەدرىڭغە گەۋھەر قۇياش،
نە گەۋھەر سەدەفدىن مۇھەققەر قۇياش.

— نەۋايى.

مۇھەققەق [محقق] (ئە) ھەقىقەت، توغرىلىق.

مۇھەققىق [محقق] (ئە) تەھقىق قىلغۇچى، ئېنىقلىغۇچى.

مۇھەندىس [مهندس] (ئە) ھەندەسە (گېئومېترىيە) نى ياخشى بىلگۈچى، بىناكارلىق مۇتەخەسسىسى؛ ئىنژېنېر:

كى چىن مۈلكىدە بار ئىدى زاد،
بۇلەر ئەھلى سەنئەت، مۇھەندىس نىھاد.

— ئا. نىزارى.

مۇھەۋۋەتە [محوطه] (ئە) قورۇ - جاي.

مۇھەۋۋەلات [محولات] (ئە) ئەتراپلار.

مۇھەييا [مهيا] (ئە) تەييار، ھازىر، ھازىرلانغان؛ مەۋجۇت:

گەر ئۇل مېھر نۇزۇل ئەتمەكنى ھەر يەرگە خىيال ئەتسە،
مۇھەييا ساغەرى گۈلفام مىناخانە ئاندىن كۆپ.

— ئەرشى.

مۇھەييا قىلماق — تەييارلىماق، ھازىرلىماق:

مۇھەييا قىلىپ رەسىم ئىجلاسىنى،
كى ئېھسان بىلە تويغارىپ ناسىنى.

— ئا. نىزارى.

مۇھەييالانماق [مهيالانماق] تەييارلانماق، ھازىرلانماق:

خوپ ئەمەس چىقماق سەپەرگە تۆشەسىز ھەم پىشەسىز،
ھەر قەدەمدە نەچچە خىل كۆلپەت مۇھەييالانمىسۇن.

— ئارەزى.

مۇھتاج [محتاج] (ئە) ئېھتىياجلىق، ھاجەتمەن:

بولدىلەر بىر ۋەزىرغە مۇھتاج،
گەرچە ئىردى كۆڭۈللەرى مىنھاج.

— ن. زىيائى.

مۇھتەرەم [محترم] (ئە) ھۆرمەتلىك، ئەزىز:

شامۇ دېھلە نېچەكىم مۇھتەرەمدۇر،
خوتەن شەھرىنىڭ ئالدىدا ئەدەمدۇر.

— قەلەندەر.

مۇھتەرەم تۇتماق — ھۆرمەت قىلماق:

قاشىڭدىن كىمتەرىن قۇل كەلسە ئەرشى مۇھتەرەم تۇتمىش،
گەھى جەمشىد، گەھى خۇسرەۋ، گەھى شاھى قۇباد ئەيلەپ.

— ئەرشى.

مۇھتەسىب [محتسب] (ئە) شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى

تەكشۈرگۈچى؛ بازاردىكى جىنس، تارازا ۋە باھانى نازارەت قىلغۇچى؛ مەكتەپلەردە سىنىپ باشلىقى:

زۇلۇم بىرلە مۇھتەسسىب قىلدى پەرىۋەشدىن جۇدا،
چۈنكى بۇلبۇل گۈل كۆرۈپ بولغايمۇ گۈلزاردىن خالاس.

— بىلال نازىم.

مۇھتەشەم [محتشم] (ئە) ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك:

بىھەقكى سەييىد كەۋنەيىن ئەھمەدى مۇختار،
چەھاريار كەبى مۇھتەشەم ئۇمەم بولماس.

— شەۋقى.

مۇھتەمەل [محتمل] (ئە) مۇمكىن، ئېھتىمال، چېغى:

كەلسە ئىككى كىشى جەدەل بىرلە،
ۋەلۋەلە جەڭگۇ مۇھتەمەل بىرلە.

— ن. زىيائى.

مۇھر [مهر] (ئە) مۆھۈر، تامغا، ئۈزۈك تامغا:

ھەر ئاشىقىكى كۆڭلىدە بىر نازەنىنى يوق،
شاھى دەۋرۈركى ئىلكىدە مۇھرنىگىنى يوق.

— زەلىلى.

مۇھرى سۈكۈت — خامۇشلۇق، سۆزلىمەسلىك، گەپ قىلماسلىق:

ھەر نېكىم دەپ ئول سۆزى جانلارغە قۇت،
سالىب ئاغزىغە ئالار مۇھرى سۈكۈت.

— نەۋايى.

مۇھلەت [مهلت] (ئە) بىرەر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئېنىق ۋاقىت بۆلىكى؛ پۇرسەت، مۆھلەت:

تۇرۇپ نەچچە كۈن ئاندا مۇھلەت بىلە،
نە مۇھلەتكى، مېھنەت ـ مۇشەققەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

مۇھلەتفىزاي [مهلت فزاى] (ئە + پ) ئۇزاق مۇددەت، ئۇزاق ۋاقىت.

مۇھلەتفىزاي بولماق — ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلماق:

ۋەلى ئەمدى ئەزمىم بۇدۇركى خۇداي،
ئەگەر بولسە ئۆمرۈمغە مۇھلەتفىزاي.

— نەۋايى.

مۇھلىك [مهلك] (ئە) ئۆلتۈرگۈچى، ھالاك قىلغۇچى؛ ھالاكەتلىك:

يەنە ئىسمەئى چەكتى مۇھلىك جەۋاب،
كۆچۈپ يولغە كىردى قىلىبان شىتاب.

— ئا. نىزارى.

مۇھىب [محب] (ئە) ئاشىق؛ دوست:

نە خۇش ئېردى، ئەي مۇھىبلەر، يار ئەگەر قىلسا قەتل،
بىلسەڭىز ئۇشبۇ قەتل ئەينى شەھادەتدۇر ماڭا.

— بىلال نازىم.

مۇھىت [محيط] (ئە) 1) ئوكيان، دېڭىز:

ئافەرىنشىنى ئىھاتە ئەيلەبان ئانداق ۋۇجۇدۇڭ،
كى مۇھىت ئول دائىرە كۆك نۇقتەدەك كىم بولسە مەركەز.

— نەۋايى.

2) دائىرە.

مۇھىق [محق] (ئە) ھەقلىق، لايىق، مۇناسىپ.

مۇۋازەبەت [مواظبت] (ئە) داۋاملىق ئىشلەش، كىرىشىش.

مۇۋازەنە [موازنه] (ئە) ئىككى نەرسىنى تەڭلەشتۈرۈش، باراۋەرلەشتۈرۈش.

مۇۋازى [موازى] (ئە) يانداش، باراۋەر، تەڭ.

مۇۋاسا [مواسا] (ئە) مۇرەسسە قىلىش، كېلىشىش:

مۇۋاسا قىلىپ مېھرىبانلىق بىلە،
مۇھەببەت قىلىپ قەدىردانلىق بىلە.

— ئا. نىزارى.

مۇۋاسەلەت [مواصلت] (ئە) بىرەر نەرسىگە يېتىشمەك، ئېرىشمەك؛ ۋەسل.

مۇۋافەقەت [موافقت] (ئە) كېلىشىش؛ پىكىرداشلىق، رازىلىقنى ئېلىش، ماسلىشىش:

ئۇچماق ئۈچۈن ئۇچار ئىدىم، شىفتەيۇ نىگار ئىدىم،
قىلماپ ئىدى مۇۋافەقەت بەلكى بۇ جان ـ تەن ھۇزۇر.

— زەلىلى.

مۇۋافىق [موافق] (ئە) ماس، لايىق، كېلىشكەن؛ رازى:

خۇداغە بەندەلىك قىلغان كىشىكىم دوست سادىقدۇر،
ئانىڭ قىلغان ئىشى كۆللى شەرىئەتكە مۇۋاپىقدۇر.

— نۆبىتى.

مۇۋاپىق تارتماق — ماس، لايىق كەلمەك.

چۇن مۇۋافىق تارتىب ئول سازۇ نەۋا،
زۇھرۇ بۇرجىدىن قىلىپ ئەتمەك نەۋا.

— نەۋايى.

مۇۋەججەھ [موجه] (ئە) ماقۇل؛ يېقىملىق، ياخشى.

مۇۋەددەت [مودت] (ئە) دوستلۇق:

يېتىپ ئاگا كەۋنەيىن ئارا شاھلىق،
مۇۋەددەت سەرىرىدە ئاگاھلىق.

— ئا. نىزارى.

مۇۋەززەف [موظف] (ئە) ۋەزىپىسى بەلگىلەنگەن؛ تەمىنلەنگەن.

مۇۋەززەئ [موزع] (ئە) تەقسىم قىلىنغان.

مۇۋەسۋەس [موسوس] (ئە) ۋەسۋەسىگە سالغۇچى.

مۇۋەششەھ [موشه] (ئە) مىسرالار ئارىسىغا يوشۇرۇنـ

غان سۆز؛ شېئىرنىڭ بىر خىل شەكلى. شائىر ئۆز پىكرىنىڭ يىغىنچاقلانغان مەزمۇنىنى ياكى شېئىر مىسرالىرىغا يوشۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان بىر خىل شەكىل. ھەر بىر بېيىتنىڭ تاق مىسراسىنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ بىر ـ بىرىگە قوشسا شۇ مەنە كېلىپ چىقىدۇ.

مۇئبەد [معبد] (ئە) ئاتەشپەرەسلەرنىڭ رەئىسى.

مۇئتاد [معتاد] (ئە) ئادەت؛ ئادەتلەنگەن، ئۆگەنگەن:

پەرىلەرگە شىئار ئولمىش ئەگەرچە بىۋەفا بولماق،
ماڭا مۇئتاددۇر كويىدا ئانىڭ بىنەۋا بولماق.

— ئەرشى.

مۇئتاد ئەيلەمەك — ئۆگەتمەك:

ئون بولۇرى قۇلنى ئازاد ئەيلەبان،
قويدىلەر خىزمەتكە مۇئتاد ئەيلەبان.

— زەلىلى.

مۇئتاد ئەتمەك — ئۆگەتمەك، ئادەت قىلماق:

شەيخ ئەگەر مەسجىدقە، مەن مەيخانەغە بارسام، نې تاڭ،
ئەي نەۋائى، ھەر كىشىگە چارە يوق مۇئتادەدىن.

— نەۋائى.

مۇئتادلىق [معتادليق] ئۆگەنگەنلىك، ئادەتكە ئايلانغانلىق:

ئۈلۈش ئىچرە بولدى بەسى شادلىق،
يەنە بولماغاي توي بۇ مۇئتادلىق.

— ئا. نىزارى.

مۇئتەبەر [معتبر] (ئە) ئېتىۋارلىق، ئابرۇيلۇق، ئىشەنچلىك:

كۆزۈڭ ئەۋرەڭزىب ئەتمىش ماڭا كۆپ نەزەر،
كى تۇججار ئېلىدا بىلىپ مۇئتەبەر.

— ئا. نىزارى.

مۇئتەدىل [معتدل] (ئە) ئوتتۇرىچە، مۆتىدىل.

مۇئتەرىز [معترض] (ئە) ئېتىراز قىلغۇچى.

مۇئتەرىف [معترف] (ئە) تەن ئالغان، ئىقرار قىلغان.

مۇئتەزا [معتزى] (ئە) يېقىنلىق، تۇغقانلىق:

ئاباسىدىن ئانىڭ خاتىر ھەۋاسى،
بۇ مەتلەب كەشف بولدى مۇئتەزاسى.

— ناقىس.

مۇئتەقىد [معتقد] (ئە) ئېتىقاد قىلغۇچى، ئېتىقادلىق، ئىخلاسمەن:

كىمكى مۇرىدى دەير ئولۇپ مۇئتەقىد سەنەم ئىمىش،
ئىشقى بەرەھمەنى بولۇپ خاتىر جامى جەم ئىمىش.

— زەلىلى.

مۇئتەكىف [معتكف] (ئە) ئىبادەت ئۈچۈن خىلۋەت جايغا كىرىۋالغان؛ كىشىلەردىن يىراقلاشقان؛ تەنھا:

ناۋەكىڭ تاكىم ئېرۇر كۆيگەن كۆڭۈلگە مۇئتەكىف،
ئۆرتەگەن يا سەبت قىلغان داغ ئارا بولمىش ئەلىف.

— نەۋائى.

مۇئتەكىفى خانەقەھ — ئىبادەت ئۈچۈن خانىقا (مەسچىت) دا تۇرغان.

مۇئتەمەد [معتمد] (ئە) ئىشەنچلىك، ئىخلاسمەن.

مۇئتەمەن [مؤتمن] (ئە) ئىشەنچلىك، ئىشىنىلگەن.

مۇئجىب [معجب] (ئە) تەكەببۇر، يوغانچى، كىبىرلىك.

مۇئجىزات [معجزات] (ئە) مۆجىزىلەر («مۇئجىزە» نىڭ كۆپلۈكى):

بەرگۇزىدە قىلدى ھەق بارچە نەبىلەردىن سېنى،
مۇئجىزاتىڭدىن بىرى چۆللەر گۈلىستاندۇر ساڭا.

— نەۋبەتى.

مۇئجىزە [معجزه] (ئە) ئادەتتىن تاشقىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسە؛ كارامەت:

بۇ كىبىك نافەسىن دېدى پەيەمبەر،
مېنىڭدۇر مۇئجىزەم، ئاندىن مۇنەۋۋەر.

— قەلەندەر.

مۇئجىزە پەرداز [معجزه پرداز] (ئە + پ) مۆجىزە كۆرسەتكۈچى؛ مۆجىزىنى مۆجىزە بىلەن بېزىگۈچى.

مۇئجىزەتىراز [معجزه طراز] (ئە) نەقىشلىگەن، زىننەتلىگەن، بېزەلگەن.

مۇئجىزەنەماي [معجزه‌نمای] (ئە + پ) مۆجىزە كۆرسەتكۈچى.

مۇئلىم [مؤلم] (ئە) ئاغرىتقۇچى، ئەلەم قىلغۇچى.

مۇئمىن [مؤمن] (ئە) ئىمانى بار، دىندار، مۇسۇلمان:

ئاتاغان ئۆز ئاتلارىنى ھەم ئىمامەل مەھدى دېپ،
بارچە مۇئمىنلار ئاتاسى ئول سۇلەيمانىم كېلۇر.

— بىلال نازىم.

مۇيەسسەر [ميسر] (ئە) ئېرىشىش، ئېرىشكەن؛ ئىگە بولۇش، ئىگە بولغان:

فىراقىڭ تۈنلەرى ۋەسلىڭ خيالى گەر مۇيەسسەردۇر،
پەرى گەر مۇمكىن ئېرمەسدۇر نە ئەيلەي ئىتتىھاد ئەيلەپ.

— ئەرشى.

مۇيەسسەر ئەيلەمەك — ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك؛ يېتىشمەك، ئىگە بولماق:

پەرىدۇن پادشاھ يەتتە ئىقلىم ئەردى، لېكىن ئول،
مۇيەسسەر ئەيلەدى تاجۇ كەمەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

— زەلىلى.

مۇيەسسەر بولماق — ئىگە بولماق، ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك:

مۇيەسسەر بولسا ئۆمرۈمگە ئەگەر كىم بىر يۈزىن كۆرسەم،
تەسەددۇق ئەيلەسەم گۈل سەرۋىگە بۇ تەندە جانىمنى.

— قەلەندەر.

مۇيەسسەر ئولماق — «مۇيەسسەر بولماق» قا قاراڭ:

مۇيەسسەر ئولماسا گەر ئىتلارىڭ ئىزىن ئۆپمەك،
ئۆپۈپ كۆزۈمگە غۇبارىنى تۇتىيا قىلايىن.

— ئەرشى.

مۇيەسەفىد [موى سفد] (پ) چاچ - ساقىلى ئاقارغان، ياشانغان:

ئۆزى داغى گۈل پىر مۇيەسەفىد،
ئانىڭدىن تاپار بەھرە ھەرنائۇمىد.

مېھر I [مھر] (پ) 1) ئىشق، مۇھەببەت:

تۇتۇپ كىن، كۆرگۈزۈر بولساڭ يۈزۈڭنى،
كۆرۈنگەي ئاندا مېھرىڭ كىن ئىچىندە.

— ھاپىز خارەزمى.

2) يورۇق، نۇر:

يۈز ئەنۋارىنىڭ مېھر ئولۇپ بەندىسى،
قۇياشۇ قەمەر بەلكى شەرمەندەسى.

— ئا. نىزارى.

مېھر ئەھلى — ئاشىقلار.
مېھرى ئالەمگىر — نۇر تارقاتقۇچى.
مېھرى جاۋىد — ئەبەدىي مۇھەببەت.

گۈل ھەجر تۈنىگە سۇبھى ئۇمىد،
نە سۇبھى ئۇمىد مېھرى جەۋىد.

— نەۋايى.

مېھرى شەمئى — مۇھەببەت چىرىغى.
مېھرۇ مۇھەببەت — دوستلۇق - يارۇ بۇرادەرلىك.
مېھرى ئىقبال — مۇھەببەت ئارزۇسى.

مېھر II [مھر] (پ) 1) قۇياش:

كىمسەنىڭكىم مېھر، ماھى كۆڭلىدە قىلماس سۆكۈن،
سىدق ئەتۋارىندا گۈل چۇن چەرخى پا بەرجا ئەمەس.

— ئەرشى.

2) ئىشق ئوتى:

دۇررى يەكتا تاپماس ئىردىكىم سەدەف ئىچرە ۋۇجۇد،
كۆزلەرىم ئەبرى ئەگەر مېھرىڭدە گىريان بولماسا.

— ئەرشى.

مېھرى ئارەز — قۇياش يۈزلۈك.
مېھرى ئالەمتاب — ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش؛ گۈزەل سۆيۈملۈك:

چەشمەسى بىرلە مېھرى ئالەمتاب،
قىلدى كۆك سەبزەزارىنى سىيراب.

— نەۋايى.

مېھرى ئەنۋەر — ئەڭ نۇرلۇق قۇياش.
مېھرى جەھانتاب — جەھانغا نۇر چاچقۇچى قۇياش.
مېھرى دەرەخشان — پارلاق قۇياش:

زەررە يەڭلىغ سەن ھەۋايى ئىشقىدە رەقسان بولۇپ،
باش - ئاداقدىن بىلمەيىن مېھرى دەرەخشان ئىزدەگىل.

— ھاپىز خارەزمى.

مېھرى رەخشان — «مېھرى دەرەخشان» غا قاراڭ.
مېھرى رەخشەندە — «مېھرى دەرەخشان»غا قاراڭ:

يۈزى چۇن مېھرى رەخشەندە، لەبى ھەم رۇھ بەخشەندە،
قىلۇر شەككەرنى شەرمەندە، تىلىنىڭ ئاچچى دۇشنامى.

— ھاپىز خارەزمى.

مېھرۇ مەھ — كۈن ۋە ئاي:

يانىپ كەلگۈنچە ناگەھ سەيد ئەھدىن،
كۆرۈندى باغى دىلكەش مېھرۇ مەھدىن.

— موللا سابىر.

مېھرى مۇنىر — نۇرلۇق قۇياش.
مېھرى نەبۇۋۋەت — پەيغەمبەرلىك نۇرى:

كۆرگۈزۈپ مېھرى نەبۇۋۋەتدىن نىشان،
تارى ھەر كىسۇلىرى ئەنبەر فىشان.

— زەلىلى.

مېھر يەڭلىغ — قۇياشتەك:

كى شەھزادە خانلىقغە لايىق خۇجام،
ئىرۇر مېھر يەڭلىغ چىرايلىق خۇجام.

— ئا. نىزارى.

مېھراب [محراب] (ئە) 1) مەسچىتنىڭ ئىمام تۇرىدىغان تۆپىسى ئەگمە جاي، مېھراب.

مېھراب يەڭلىغ — مېھرابنىڭ ئەگمىسىدەك:

كى گۈل مېھراب يەڭلىغ سەبزەئى پەيۋەستە قاشىڭغە،
ھەمىشە سەجدە ئەيلەپ ئاستانەڭنى ئامان كۆرگەچ.

— نەۋبەتى.

2) گۈزەللەر قېشىنىڭ ئەگمىسى:

قاشىڭ مېھرابىنە قارشۇ تىلەرمەن،
سۇجۇد ئەتسەم تەقى قىلسام نەمازى.

— ھاپىز خارەزمى.

مېھرابۋەش [محراب وش] (ئە + پ) مېھرابقا ئوخشاش قايرىلما.

مېھر ئەفرۇز [مھرافروز] (پ) قۇياشتەك يورۇتقۇچى، نۇر چاچقۇچى.

مېھرەين [مھرين] (پ) ئاي ۋە كۈن.

مېھرپەرتەۋ [مھرپرتو] (پ) قۇياشتەك نۇر چاچقۇچى.

مېھرتاب [مھرتاب] (پ) ئىسسىق، ھارارەتلىك:

چۇ لەيلى ئۇزارىن قىلىپ مېھرتاب،

بۇ ئوت بىرلە مەجنۇننى ئەيلەپ كاباب.
— ئا. نىزارى.

مېھر خۇ [مهرخو] (پ) نۇر تەبىئەتلىك:
نىگارى مېھرخۇ كويىدا ناقىس بولدى سەرگەردان،
ئۈمىد ئەيلەر مەگەر بىر زەررە ئاندىن زەرەفشانلىقنى
— ناقىس.

مېھرۇۋەفا [مهرووفا] (پ + ئە) دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىق:
مېھرۇ ۋەفا نېچە تىلەسەڭ مەندە بارى بار،
جەۋرۇ جەفادىن ئۆزگەسى بىر زەررە سەندە يوق.
— ھاپىز خارەزمى.

مېھرۋەش [مهروش] (پ) قۇياشقا ئوخشاش.
ئەنجۇم ئولسە مېھر ئۈزە، ئانچە كۆرۈنمەس لۇتف ئارا،
كىم كەھى تەرقەترمىسىن ئول مېھرۋەش رۇخسارغا.
— نەۋايى.

مېھرىبان [مهربان] (پ) جان كۆيەر، شەپقەتلىك:
زاھىد پاكباز ئەگەر بادەنى ئەيلەر ئېتىراز،
قورقما سۇراھى بويلۇغۇم تۇت ماڭا مېھرىبان قەدەھ.
— زەلىلى.

مېھمان [مهمان] (پ) قونۇق، مېھمان:
ئۈمىد ئىلە بولدۇم ئاڭا مېھمان،
بولۇپ لۇتف بىرلە ماڭا مىزبان.
— ئا. نىزارى.

مېھمانپەرەست [مهمان پرست] (پ) مېھماندوست.

مېھمانسەرا [مهمان سرا] (پ) مېھمانخانا:
كى مېھمانسەراغا كىرىپ يىغلاشىپ،
چۇ مەجنۇن لەيلى بىلەن خوبلاشىپ.
— ئا. نىزارى.

مېھنە [مهنه] (پ) خىزمەتچى، خادىم:
مېھنە شەيخىكىم بۇ يولنى قىلدى سەير،
يار ۋەسلىدىن نەسىبى بولدى خەير.
— نەۋايى.

مېھنەت [محنت] (ئە) 1) مۇسىبەت، بالا ـ قازا:
زەمانىكى مېھنەت ياغىپ دەھرغە،
كى ئابۇ نەمەك ئۆيرۈلۈپ زەھرغە.
— ئا. نىزارى.

2) غەم، دەرد:
ساڭا بولدى شامى ھەجرىڭ ئاقىبەت سۇبھى ۋىسال،
گەرچە تارتتىڭ، ئەي قەلەندەر رەنجۇ مېھنەت بۇ كېچە.
— ئۇبەيدى غەزەللىرىدىن.

3) مۇشەققەت، قىيىنچىلىق:
ئانىڭ مېھنەتىدىن جىسمىدىن زارلىغ،
بولۇپ ئاشكار ئاندا بىمارلىغ.
— ئا. نىزارى.

مېئدە [معده] (ئە) ئاشقازان.

مېئراج [معراج] (ئە) 1) شوتا، 2) يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈش:
باشىغە قويۇپ ھىدايەت تاجىنى،
قىسمەتى ئەيلەب شەرەف مېئراجىنى.
— نەۋايى.

3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن قۇددۇسقا بېرىشى ۋە قۇددۇستىن ئاسمان ۋە ئەرشىئەلاغا چىقىشى:
يەتتە ئەفلاك ئۈز رەكىم مېئراج ئۈچۈن قويدۇڭ قەدەم،
گەردى نەئلىيىڭنى قىلمىشلەر مەلائىك تۇتىيا.
— زەلىلى.

مېئزەنە [مئذنه] (ئە) ئەزان ئوقۇيدىغان جاي، ئەزانخانا.

مېئمار [معمار] (ئە) ئىمارەت قۇرغۇچى ئۇستا، بىناكار:
چېكىپ خامەئى سەفھە مېئمارىغە،
رەقەم سۇردى چۇن تەرھى دىۋارىغە.
— ئا. نىزارى.

مېئمارى ئەزەل — ھەممىدىن بۇرۇنقى ھەم دائىمىي بىناكار، قۇرغۇچى:
باغلامايدۇر ھۆسن ئېلىندە تاق مېئمارى ئەزەل،
قۇشلەرىڭدەك تا بىنايى توققۇز ئايۋان قىلغالى.
— ئاتايى.

مېئيار [معيار] (ئە) ئۆلچەم، تارازا.

مىئاد [ميعاد] (ئە) 1) ۋەدىلەشكەن جاي. 2) ۋەدىلەشكەن ۋاقىت. 3) بەلگىلىك مۇددەت، چەك:
ئەي نەۋايى كەسىب ئايىنى فەنا قىل، ئويلەكىم،
ئومرىنىڭ مىئادى يەتكەندە كېرەك بولساڭ مۇئاد.
— نەۋايى.

مېبەرەد [ميبرد] (پ) (كەلگۈسى زامان پېئىلى) خالايدۇ:
چەھار چىزكى دىل مىبەرەد بەۋەقتى بەھار،
شەرابى سەبزەئى ئابى رەۋان رويى نىگار.
— ئا. نىزارى.

مىتھەرە [مطهره] (ئە) ئاپتۇۋا، ئىۋرىق.

مىجرە [مجره] (ئە) ساندۇقچە، قۇتا.

مىجمەر [مجمر] (ئە) ئىسرىقدان؛ ئوتدان:
نې تۇرفە ھافىز كۆيسە ھەمىشە،
ئوت ئېرۇر ئاھى، سىينە چۇ مىجمەر.
— ھاپىز خارەزمى.

مىداد [مداد] (ئە) سىياھ، رەڭ:

مۇھەببەتنامە يازدىم قانلىغ ئەشكىمدىن مىداد ئەيلەب،
ئاڭا كۆز مەردۇمىن بەل مۇزمەر ئەتتىم ئېئتىقاد ئەيلەب.

— ئەرشى.

مىدھەت [مدحت] (ئە) ماختاش، مەدھىيىلەش:

مەدھ ئىلە چۇن مۇمكىن ئەمەس مىدھەتىڭ،
ئۆزگە جىھەتدىن قىلمايىن خىدمەتىڭ.

— نەۋايى.

مىر [مير] (ئە) ئەمىر سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى:

ئەيا ساقىيا، مىرى رەۋشەن، زەمىر،
نەۋائى لەقەب، نام مىر ئەلىشىر.

— ئا. نىزارى.

مىر غەزەب — جاللاد، كاللا كېسەر:

شەھەرگە پۇر بولدىلەر فەۋجى سىپاھ،
مىر غەزەبلەرگە ئىشارەت قىلدى شاھ.

— زەلىلى.

مىرئات [مرآت] (پ) 1) ئەينەك، كۆزگۈ:

كىرەي راھ بەزمىگە ئاھات ئارا،
كۆرەي يار ئەكسىنى مىرئات ئارا.

— ئا. نىزارى.

2) ساپلىق، پاكلىق:

كۆزلەرىنىڭ ياشىنى ئال ئەيلەگىل،
كۆڭلۈڭنى مىرئاتى جەمال ئەيلەگىل.

— زەلىلى.

مىرئاتى ھۆسن — ھۆسن ئەينىكى.

مىراخور [ميراخور] (پ) ئاتباقارلار باشلىقى:

مىراخور بەكاۋۇل بۇرچى ئويچىسى،
يانا ناغرا كاناي سۇرنايچىسى.

— موللا شاكىر.

مىرار [مرار] (ئە) كېتىش، بېرىش:

چۇ مەسئۇدغە قىلدى بۇ يەرنى قارار،
ئۆزى بولدى شەھبال سارىغە مەرار.

— ئا. نىزارى.

مىراس [ميراث] (ئە) مىراسخورلارغا قالدۇرۇلغان مال - دۇنيا، مىراس:

كى مىراس دۇنياسى بىھەد تولا،
بارى جىنس ئەشيا خەلا ۋە مەلا.

— ئا. نىزارى.

مىرەك [ميرك] (پ) بالا ئەمىر؛ ئەمىرزادە:

مىرەكىم، تىلەكىم چۇ سەن ئولدۇڭغۇ بەس،
نە قىلەي يەنەلەر كۆرەرنى ھەۋەس.

— نەۋايى.

مىرزا [ميرزا] (ئە + پ) «ئەمىر زادە» نىڭ قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشى، ئەمىرزادە، شاھزادە:

ئاڭلابان بۇ سۆزنى مىرزايى كىبار،
ھەم پۇشايمان بولدىيۇ ھەم شەرمسار.

— زەلىلى.

2) تېمۇرىي شاھزادىلىرىنىڭ ئاتىلىشى.

3) كاتىپ، مۇنشى:

گەرنەۋائى ئۆلدى ئىشقى تىيغىدىن زىنھاركىم،
قويغەسىز تۇفراققە يۈز ھالىن دېبان مىرزاسىغە.

— نەۋايى.

مىرزادە [ميرزاده] (ئە + پ) ئەمىرزادە.

مىرزىبان [مرزبان] (پ) چېگرىغا قارىغۇچى، چېگرا قاراۋۇلى:

تۇرۇپ نەچچە كۈندىن كېيىن مىرزىبان،
قارار يەتتى بولدى بەقاغا رەۋان.

— ئا. نىزارى.

مىزاج [مزاج] (ئە) 1) كىشىنىڭ تەبىئىتى، مىجەز:

چۇ تەدبىر ئەيلەگىز مەسلەھەت،
مىزاجىغە قىلغاي نەگىش مەنفەئەت.

— ئا. نىزارى.

2) ئەھۋال، ھالەت:

مىزاجىمغە يەتكەي داغى ئىئتىدال،
كى خۇسرەۋ مېنىڭ بىرلە تاپسۇن ۋىسال.

— ئا. نىزارى.

مىزان [ميزان] (ئە) 1) ئۆلچىگۈچ، تارازا. 2) ئون ئىككى بۇرجىنىڭ يەتتىنچىسى:

چۇن مەھەلدىن بېردى ئايىنى بەھار،
بولدى تەڭ مىزاندا لەيلۇ نەھار.

— نەۋايى.

مىزبان [ميزبان] (پ) مېھمان كۈتكۈچى، ئۆي ئىگىسى، ساھىبخانا:

بۇرەڭ خىلۋەتكى نې تاڭ بەلكى ئادەت ۋە دۇرۇر بولغاچ،
كى تالىب مىزبان مەتلۇب بولغاي مېھمان ئاندا.

— ئەرشى.

مىزبان بولماق — كۈتۈش خىزمىتىنى قىلماق، ساھىبخانا بولماق:

ئۈمىد ئىلە بولدۇم ئاڭا مېھمان،
بولۇپ لۇتف بىرلە ماڭا مىزبان.

— ئا. نىزارى.

مىزبانلىق [ميزبان ليق] مېھماندارچىلىق:

ئانىڭ كويىداكى ئىتلارغە قىلسام ئاشنالىق بەس،
بېرىپ كۆڭلۈمنى قىلسام مىزبانلىق مېھمانىمغە.

— ئا. نىزارى.

مىزراب [مضراب] (ئە) 1) تەمبۇرنى چالىدىغان تىرناق؛

زەخمەك. 2) ئابا مۇسلىم داستانىدىكى مەشھۇر باتۇرلارنىڭ نامى:

نىشاندۇر بۇ مىزراب خارەزمىدىن،
خوجام ئارقاسىدىن سەيىدۋالىدىن.

— موللا شاكىر.

مىژە [مژه] (پ) كىرپىك:

كەمەر باغلاپ چىقىپدۇر ئەلنى قەتل ئەيلەرگە خۇنرىزى،
بەلى، شەھلا كۆزىدىن ھەر مىژە بىر خەنجىرى تىزى.

— زەلىلى.

مىژە ناۋەك — كىرپىك ئوقيالىرى:

مىژەڭ ناۋەكلىرى ھەرقايىسىدۇر كۆڭلۈمگە بىر ئافەت،
جانىم كۆيدۈرگەلى بەرقى نىگاھىڭدەك بەلا يوقتۇر.

— ئەرشى.

مىژدە [مژده] (پ) خۇش خەۋەر.

مىژگان [مژگان] (پ) «مىژە» نىڭ كۆپلۈكى — كىرپىكلەر:

قاشلەرىڭ پەيۋەستە مىژگانىڭ بىلە،
قەتل ئاشىقلارغا چۈن تەيرۇ كەمان.

— زەلىلى.

مىساس [مساس] (ئە) سۇركەش، سىلاش.

مىساق [ميثاق] (ئە) ئەھدە، ۋەدە.

مىسال [مثال] (ئە) 1) ئوخشاش، كەبى:

كى ئىنسان ئارا ھۆسن ئىلە بەر كەمال،
بۇ رەڭ ھۆسن ئىلە ھۆرى جەننەت مىسال.

— ئا. نىزارى.

2) ئىبرەت؛ ئۈلگە، نەمۇنە:

مىسال ئۇشبۇ قەدەر پىرە زال دۇنيانىڭ،
تەمام ئۆزگەسى غەفلەتدە ئەھلى ھەق ئويغاق.

— شەۋقى.

مىسال ئەيلەمەك — نەمۇنە، ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتمەك:

نەچە شاھلارنى مىسال ئەيلەدىم،
ئۇلار كارۇ بارىن خىيال ئەيلەدىم.

— ئا. نىزارى.

مىسال ئولماق — ئۆرنەك، نەمۇنە بولماق:

چۇ ئولسە ئەگەر ئىشق ئىلىدىن مىسال،
كى يەتمىش ئاڭا ھەر زەمان ئۆزگە ھال.

— ئا. نىزارى.

مىساھەت [مساحت] (ئە) كۆلەم، مەيدان.

مىسباھ [مصباح] (ئە) چىراغ.

مىستەر [مسطر] (ئە) سىزغۇچ.

مىسىر [مصر] (ئە) 1) توسۇق، چېگرا، پاسىل. 2) شەھەر:

ساتىپ مىسىر بازارىدا بەندەۋار،
بولۇبدۇر بەسى بەندەلىك بىرلە خار.

— ئا. نىزارى.

2) مىسىر:

ھەزرەتى يەئقۇب نابىناچە سەبر ئەتكىل بۇگۈن،
مىسىر شەھرىدىن نە خۇش بۇ پۇرھەن كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

مىسرائ [مصراع] (ئە) 1) ئىشىكنىڭ بىر قانىتى. 2) بىر قۇر شېئىر:

خاھ فەقىر ئەھلى ۋۇ خاھى شاھ بول،
نەچچە مىسرائ ئېيتەيىن ئاگاھ بول.

— زەلىلى.

مىسرەئ [مصرع] (ئە) «مىسرائ» غا قاراڭ:

تەلبە زەلىلى بارھا مىسرەئى شوخ ئېيتەدۇر،
گەرچە ئىبادەتى سۇخەن قافىيەئى نارەسە غەلەت.

— زەلىلى.

مىسرەئۋار [مصرع وار] (ئە + پ) مىسرا كەبى، قۇردەك:

ساچى سەر فىتنەئى دەۋرانلىقنى ئەيلەدى ئىزھار،
قارا قاشىنى كۆردۈم سەفھەئى ھۆسنىدە مىسرەئۋار.

— زەلىلى.

مىسقال [مثقال] (ئە) 1) ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، تەخمىنەن 4.68 گرامغا تەڭ. 2) ئەڭ يەڭگىل، ئەرزىمەس نەرسە:

كەففەدۇر گەردۇنى ھەم ھەجرىم يۆكىنى چەكسەلەر،
ئەرز جىرمى ئۇل تەرازۇ ئىچرە بىر مىسقال ئېكىن.

— نەۋايى.

مىسقەل [مصقل] (ئە) ئالتۇن، كۈمۈش بۇيۇملىرىنى سۈرتۈپ پارقىرىتىدىغان ئەسۋاب:

پۈتۈن كارىمىز بارچە زەرھەل بىلە،
كى پەرداز ئېتىمىپ زەرنى مىسقەل بىلە.

— غەرىبى.

مىسكىن [مسكين] (ئە) بىچارە؛ پېقىر:

قاچىپ ئول دىلبەر جەفاسىدىن خەيالى ئېتەدۇر،
ھافىزى مىسكىن بىلە ھەمخانە بولدۇم ئاقىبەت.

— ھاپىز خارەزمى.

مىسكىنلىك [مسكين ليك] بىچارىلىك، ئىلاجسىزلىق:

ئەجرۇ مىسكىنلىك ئاڭا كەلتۈرسەم،
ئەجەب ئېرمەس، چۈن گەدامەن، ئول شاھ.

— ھاپىز خارەزمى.

مىسىل [مثل] (ئە) ئوخشاش، ··· دەك:

باشىمغا تاپىلسا تاقىيىڭ نەۋ،
بىلسەم ئانى مىسلى تاجى خۇسرەۋ.

— مولla نىياز.

مىسمار [مسمار] (ئە) مىخ، قوزۇق:

مۇندىنمۇ كەچكىل ھەم ئاندىن، ئىختىيار ئەتسەڭ جەمال،
ئۆشبۇ پەندىمنى قۇلاغىڭدا ئېلىپ مىسمار تۇت.

— مەھزۇن.

مىسۋاك [مسواك] (ئە) ئېغىزنى چايقىغاندا چىشنى تازىلايدىغان ئەۋاب، چىش تازىلىغۇچ:

شەيخان رىيايىكى سەھەر خىز ئېرۇر،
مىسۋاك ئىلە دەندان تەمەئ تىز ئېرۇر.
ھەر سوفى سەفا تاپماغۇنچە سەۋمەئە ئىچرە،
شەيتان لەئىنچە فىتنە ئەنگىز ئېرۇر.

— زەلىلى.

مىخ [ميخ] (پ) قارا بۇلۇت؛ نەم:

چۇ باشىمغا چاپماسىدا ئول دەرد تىغ،
بۇ بەزمى نەشاتىمدا قىل كۆزنى مىخ.

— ئا. نىزارى.

مىفتاھ [مفتاح] (ئە) ئاچقۇچ.

مىقات [ميقات] (ئە) بەلگىلەنگەن ۋاقىت، ئورۇن.

مىقراز [مقراض] (ئە) قايچا:

چۇ مىقراز ئېتىپ موي لەب ئالغالى،
ياساپ قۇلپا دەرۋازەغە سالغالى.

— غەرىبى.

مىقنەئ [مقنع] (ئە) ئاياللار يۈزىنى يۆگەپ يۈرىدىغان پەردە، لېچەك:

تەھەرمۇز تارۇ پۇدى بىرلە مىقنەئ،
تەلەۋۋەن جىنس جىنسىدىن مۇرەققەئ.

— نەۋايى.

مىكر [مكر] (ئە) «مەكر» گە قاراڭ:

سىياۋۇشغە فىتنە ئاغاز ئېتىپ،
ئانىڭ ھەققىدە مىكرلەر ساز ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

مىل [ميل] (ئە) 1) سۈرمە سۈرگۈچ، پەلكۈچ:

چەكتى شەيتان خەيلىنىڭ ئەينىغە مىل،
ھەم ئىنانىدە يۈرۈيدۇر جەبرەئىل.

— زەلىلى.

2) قەبرىدىكى خادا، تۇغ؛ ئۇچلۇق قۇببە:

ئاشىق مۇرادى دىلبەر، زاھىدغە مىلى مىنبەر،
ھاجى ھەرەمنى ئىستەر ھەق لامەكان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

3) بەلگە، مۇنار:

تۇرفە تەل ئەينىدە كىشتىنى شامال،
مىلى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى نەھال.

— زەلىلى.

مىلاد [ميلاد] (ئە) تۇغۇلۇش؛ تۇغۇلغان ۋاقىت.

مىلەل [ملل] (ئە) «مىللەت» نىڭ كۆپلۈكى — 1) مىللەتلەر، خەلقلەر. 2) دىنلار، مەزھەبلەر:

كى، بۇ بابدا بارچە ئەھلى مىلەل،
كۆپ ئەيلەبدۇرۇرلەر تەرىقى جەدەل.

— نەۋايى.

مىلك [ملك] (ئە) ئىگە بولۇش، ئىگىلىك.

مىللەت [ملت] (ئە) 1) خەلق، مىللەت:

سېنىڭ مىللەتىڭدىن چۇ تاپىپ شەرەف،
سەئادەت لىباسى كىيىب ئەشقىيا.

— نەۋايى.

2) دىن، مەزھەب:

ئېتىراز ئىقلىمى سارى بارماغىل كىم تەڭدۇر،
مەشرەبى ھەفتاد دۇ مىللەتكە كىرگىل كەڭدۇر.

— زەلىلى.

مىم [ميم] (ئە) 1) «م» ھەرپىنىڭ نامى:

كى «مىم» مۇھەممەد مۇھەببەت ئېرۇر،
چۇكىم «ھە» سى جانغە ھەلاۋەت ئېرۇر.

— ئا. نىزارى.

2) «ھ» دەك يۇمىلاق:

سورغالى ئاغزىنى چېكەدۇرمەن مەلامەتنى،
چۇن مۇسەھەفى جەمالدە تار ئاغزى مىم ئېرۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

مىن [من] (ئە) «... دىن» مەنىسىدىكى ئەرەبچە سۆز ئالدى قوشۇمچىسى.

مىنا [مينا] (پ) كۆك، ھاۋارەڭ؛ ئاسمان.

مىنايى شىشە — كۆكۈش شىشە.

مىناكار [ميناكار] (پ) شىشىدىن ئىشلەنگەن:

چېكىپ بۇ قەسرى مىناكار تەرھىن،
كىشى ئانداقكى بىر دىۋار تەرھىن.

— نەۋايى.

مىنبەر [منبر] (ئە) مەسچىتلەردىكى خېتىبلەر خۇتبە ئوقۇيدىغان پەلەمپەيلىك ۋە كىچىك قۇببىلىق سۇپا:

ئاشىق مۇرادى دىلبەر، زاھىدغە مىلى مىنبەر،
ھاجى ھەرەمنى ئىستەر، ھەق لامەكان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

مىنبەئد [من بعد] (ئە) بۇنىڭدىن كېيىن.

مىنتەقە [منطقه] (ئە) كەمەر، بەلۋاغ؛ رايون.

مىنەل ئىشتىياق [من الاشتياق] (ئە) سېغىنىش

سەۋەبىدىن:

ئەشەددۇلئەزابى ئەزابۇل فىراق،
فەقەد ماتە قەلبى مىنەل ئىشتىياق.

— ئا. نىزارى.

مىندىل [منديل] (ئە) قولياغلىق، ياغلىق، رومال:

قىلسام ياقامنى يارە، ھىجران تۈنى نەچارە،
مىندىل كىيىپ سەتارە، ئەبلەق سۇۋار ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

مىنفەخ [منفخ] (ئە) كۆرۈك.

مىنقاد [منقاد] (ئە) ئىتائەت قىلغۇچى، ئىتائەتچان.

مىنقار [منقار] (ئە) قۇشنىڭ تۇمشۇقى.

مىننەت [منت] (ئە) قىلغان ياخشىلىقنى پەش قىلىش:

ئەتامەم تۇرفە ئىشتۇر تور فەراق بىل،
ئەگەر يوقتۇر ئانىڭ ياندا مىننەت.

— نەۋايى.

مىنھاج [منهاج] (ئە) يورۇق ۋە داغدام يول.

مىنۋال [منوال] (ئە) قائىدە، ئۇسۇل، تەرتىپ، تەرىز.

مىھاد [مهاد] (ئە) ئورۇن ـ كۆرپە.

مىھار [مهار] (ئە) تىزگىن:

كى مەقامىم دەيرى ئەيلەرمەن گەھى بەيتىل ھەزەن،
ئۇشتۇرى ۋەيسى فەرمىنىڭ گەر مىھارى بولماسا.

— زەلىلى.

مىھان [مهان] (ئە) ئۇلۇغلار، مەرتىۋىلىك كىشىلەر.

مىھەن [محن] (ئە) «مىھنەت» نىڭ كۆپلۈكى — مىھنەتلەر.

مىھتەر [مهتر] (پ) ئۇلۇغ، مەرتىۋىلىك:

قاچانكىم بولارنىڭ كىبتەر سەرۋەرى،
ئۆزىدىن قويالماس ئىكەن مىھتەرى.

— ئا. نىزارى.

مىھۋەر [محور] (ئە) مەركەز، ئوق.

مىۋە [ميوه] (پ) مېۋە:

ئالتە كۈندە، يەتتە كۈندە بۇ دىدەك،
كەلتۈرۈبان مىۋەۋۇ نانۇ نەمەك.

— زەلىلى.

مىيان [ميان] (پ) ئوتتۇرا، بەل.

مىيان بەستە — بەل باغلىغان:

يامان ئىبرەس ئۇل ھەمكى ئازادەگى،
مىيان بەستە يولغا ئامادەگى.

— نەۋايى.

مىيان گىر [ميان كير] (پ) قاتناشقۇچى، ئىشتىراك قىلغۇچى.

مىيانچى [ميانچى] ۋاسىتىچى، ئوتتۇرىدا تۇرغۇچى:

مىيانچى كىلىپ تۇشتى مەۋئۇدغە،
كى سەئي ئەيلەدى ئاندا مەقسۇدغە.

— ئا. نىزارى.

ن

نا [نا] (پ) ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان «... سىز»، «كەم ...» مەنىسىدىكى بولۇشسىز سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە.

مەسىلەن: نا ئۈمىد، ناپاك، نامەرد، نامەلۇم.

نائاباد [ناآباد] (پ) ئاۋات بولمىغان؛ چۆل.

نائا راست [ناآراست] (پ) رەتسىز، چېچىلاڭغۇ.

نائارام [ناآرام] (پ) ئارامسىز، بىئارام.

نائاشنا [ناآشنا] (پ) 1) ناتونۇش، يات:

دەرىغا كىم، مېنى تاشلاپ بۇ كۈن گۇل دىلرەبا كەتتى،
قالىپدۇرلار نەچە نائاشنا گۇل ئاشنا كەتتى.

— ئەرشى.

2) نادان، بىلىمسىز:

كۆڭلى ياد نائاشناغا ئۇچرادىم،
بىلمەدىم ئەمدى پۇر جەفاغا ئۇچرادىم.

— قەلەندەر.

نائەمىن [نا امن] (پ + ئە) تىنچسىز، خاتىرجەمسىز.

نا ئەمىنلىق [نا امن‌ليق] تىنچسىزلىق، خاتىرجەمسىزلىك:

نائەمىنلىق ئولدى خەلق فەرسۇدەلىغى،
ئەمىن ئىچرە بولۇر مەئاش ئاسۇدەلىغى.

— نەۋايى.

نائەھل [نااهل] (پ + ئە) 1) ئۆز ئەھلىدىن ئەمەس، يات:

گۇلكى نا ئەھلىغە باقىب سۇلتان،
نەزەرىن سالسە گۇل زەلىل ئىنسان.

— زىيائى.

2) ناچار، پەس.

ناب I [ناب] (پ) ساپ، تازا.

مەيى **ناب** — ساپ مەي:

مۇھەييا قىلىپ سۆزنىڭ ئەسبابىنى،
كى ھازىر قىلىبان نابىنى.

— ئا. نىزارى.

ناب II [ناب] (ئە) ئۆتكۈر چىش، چىش:

لەئلى نابىڭ ھەۋەسىدىن چېكەرىم خۇن بولدى،
ئاھ، قان بولدى ياشىم، قىلمادى ئىزھار ساڭا.

— غەرىبى.

ناباب [ناباب] (پ) لايىق ئەمەس، ناباب.

نابالىغ [نابالغ] (پ + ئە) بالاغەتكە يەتمىگەن.

نابەختىيار [نابختيار] (پ) بەختىيار ئەمەس، بەختسىز.

نابكار [نابكار] (پ) 1) مۇتتەھەم، ھارامزادە:

چۇ پەيدا بولۇپ بىر نەچە نابكار،
قىلىپ دەھرنى قان بىلە لالەزار.

— ئا. نىزارى.

زالىمى نابكار — مۇتتەھەم زالىم:

دېدىكىم، ئايا زالىمى نابكار،
باشىڭغە بۇ تاشىم ئېرۇر ئىنتىزار.

— ئا. نىزارى.

2) يارىماس:

دېدى: «بىر زەمان سەبر قىل نابكار»،
كى مەزمۇن بىلە ئەيلەيىن ۋەسفى يار.

— ئا. نىزارى.

نابۇد [نابود] (پ) يوق بولۇش، يوقىلىش.

نابۇد بولماق — يوق بولماق، نابۇت بولماق:

چۇ نابۇد بولۇپ بارچە ئەشكاللار،
نەمايان بولۇپ جايىدا ماللار.

— ئا. نىزارى.

نابۇدلۇق [نابودلوق] يوقلۇق، نابۇتلۇق.

نابىنا [نابينا] (پ) كۆرمەيدىغان، كور:

بەلكى گۇل مۇردەدۇركى نابىنا،
بىتەۋەھھۇم قويار بۇ قەيلىغە پا.

— زىيائى.

ناپاك [ناپاك] (پ) پاك ئەمەس، ناپاك؛ ئىپلاس:

قەترەئى ناپاك سۇدىن سۇرەتسىزنى خەلق ئېتىپ،
مادە ـ نەر ھۆسنۇ قەبىھ رەڭگىدە قىلسۇن نەئىلاج.

— شەۋقى.

ناپايدار [ناپايدار] (پ) ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئۆتكۈنچى:

ۋەفا قىلمادى دەھر ناپايدار،
جەھاندىن كېتىپ تەشنەلەپ خار ـ خار.

— ئا. نىزارى.

ناپەدىد [ناپديد] (پ) كۆرۈنمەيدىغان، يوقالغان؛ مەخپىي، غايىب:

سەفىنە چۆكۈپ بولغۇسى ناپەدىد،

كى بۇ كېمەلەردىن ئۈزۈلگەي ئۈمىد.

— ئا. نىزارى.

ناپەدىد بولماق — يوقالماق، غايىب بولماق:

كى ھەمىنىڭ قاراسى بولۇپ ناپەدىد،
ئۇرۇپ باشقا ئاھى چېكىبان شەدىد.

— ئا. نىزارى.

ناپەدىدار [ناپديدار] (پ) كۆرۈنمەيدىغان، سېزىلمەيدىغان؛ يوق.

ناپەدىدار ئەيلەمەك — كۆرۈنمەيدىغان قىلماق، يوقاتماق.

ناپەيدا [ناپيدا] (پ) كۆرۈنمەيدىغان؛ يوق، غايىب:

قاشلارى فەررۇخ ھىلالى تىشلارى دۇررى گۆھەر،
لالە يەڭلىغ لەبلەرىنىڭ لەئلى ناپەيداسى بار.

— ئەرشى.

ناپەيدا بولماق — يوقالماق:

زەلىلى مۇددەتتىدۇر ئەل كۆزىن بولدى ناپەيدا،
ئىمامانى خوتەننىڭ چار باغىدىن سوراغىم بار.

— زەلىلى.

ناپەيدالىغ [ناپيداليغ] يوقلۇق، غايىبلىق.

ناتەمام [ناتمام] (پ + ئە) 1) تۈگىمىگەن، پۈتمىگەن:

ھاجىلەر ھەيرەتتەۋۇ ئىش ناتەمام،
كۈن قىزاردىيۇ يېتىشتى ۋەقتى شام.

— زەلىلى.

ناتەمام كەتمەك — ۋاقىتسىز كەتمەك، بۇرۇن كەتمەك:

دەرىغا، جەھاندىن كېتىپ ناتەمام،
تىرىكلىكنى بىزلەرگە قىلدى ھەرام.

— ئا. نىزارى.

ناتەۋان [ناتوان] (پ) 1) كۈچسىز، ئاجىز:

نىگارا ئىشتىياقىڭدا زارىڭغۇ ناتەۋان بولدۇم،
ھەمىشە دەربەدەر ئالەم ئارا بىخانىمان بولدۇم.

— فىراقى.

2) بىتاقەت، بىتاپ؛ كېسەل:

بىرەۋنى قىلىپ ئىشق ئىلە ناتەۋان،
بىرەۋنى قىلىپ ۋەسل ئىلە كامىران.

— ئا. نىزارى.

ناتەۋانلىق [ناتوانليق] كۈچسىزلىك، زەئىپلىك:

تەۋاق ئەتمەدىڭ قەدردانلىق بىلە،
كى ئەجز ئەتمەدىڭ ناتەۋانلىق بىلە.

— ئا. نىزارى.

ناتەۋانى [ناتوانى] (پ) كۈچسىز، ئاجىز، زەئىپ (كىشى):

ئەي، ھەمدەمى خەيل ناتەۋانى،
ئەي، خۇسرەۋ ئېلى كامىرانى.

— موللا نىياز.

ناتىق [ناطق] (ئە) نۇتۇق سۆزلىگۈچى؛ سۆزمەن، ناتىق:

داغى ھەيرەتتە مەن ناتىقنى بىلمەي،
ئاياغى فىكرىدىن ئىشكەل ئاچىلمەي.

— ناقىس.

ناجايىز [ناجايز] (پ + ئە) رۇخسەت قىلىنمىغان؛ قانۇنسىز.

ناجى [ناجى] (ئە) قۇتقۇزغۇچى، نىجاتچى.

ناجىنس [ناجنس] (پ + ئە) شەرمەندە، پەسكەش.

ناجىھ [ناجح] (ئە) نەتىجە قازانغۇچى؛ نەتىجىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك.

ناچار [ناچار] (پ) چارىسىز، ئامالسىز؛ يارامسىز، يامان.

ناخاھ [ناخواه] (پ) مەيلسىز؛ خالىماي:

كېتەرسەن خاھ ـ ناخاھ چارە يوقتۇر،
پۇشايمانلىغ كۈنۈڭ ياد ئالمادىڭ ھېچ.

— شەۋقى.

ناخۇدا I [ناخدا] (پ) دىنغا ئىشەنمەيدىغان، خۇداسىز.

ناخۇدا II [ناخدا] (پ) كېمە باشلىقى:

نەھەڭگى قولزۇمى ۋەھدانىيەتتىن غەرق بولدىلەر،
نەكىشتى قالدىيۇ نەكىشتىبانۇ ناخۇدا ئاخىر.

— زەلىلى.

ناخۇش [ناخوش] (پ) يېقىمسىز، يامان؛ خۇشال ئەمەس، خاپا.

ناخۇن [ناخن] (پ) تىرناق:

بۇ غەم بىرلە ئىدىم مەن زارى غەمناك،
بۇ ھەسرەت ناخۇنى كۆكسۇم قىلىپ چاك.

— خىرقەتى.

ناخۇشنۇد [ناخوشنود] (پ) يېقىمسىز، يامان؛ خاپا.

ناخىرەد [ناخرد] (پ) ئەقىلسىز:

قايۇ ناخىرەد بولسا مۇنكىر ئاڭا،
كى رەشك ئەيلەبان بەرسە تەغيىر ئاڭا.

— ئا. نىزارى.

ناخىرەدمەند [ناخردمند] (پ) ئەقىلسىز، ئەخمەق.

ناخىرەدمەندلىق [ناخردمندليق] ئەقىلسىزلىق.

نادان [نادان] (پ) بىلىمسىز، نادان.

نادانلىق [نادانليق] بىلىمسىزلىك، نادانلىق.

نادەردمەند [نادردمند] (پ) دەرد تارتمىغان، دەردى يوق:

ئەگەر بوينۇمغە زەنجىر قولۇمغە يۈز كەمەند بولغاي،
بەناگاھ دەردىمەندغە تەرمق نادەردىمەند گولغاي.

— قەلەندەر.

نادىر [نادر] (ئە) ئېپىلمايدىغان، كەم ئۇچرايدىغان، نادىر:

بۇ قاشۇ يۈزۈ كۆزۈڭ سەنئەتى سۇنئى ئىلاھىدۇر،
سېنىڭدەك كۆرمىگەن ھېچكىم جەھاندا دىلبەرى نادىر.

— قەلەندەر.

نادىر دەۋران — شۇ دەۋردە تەڭدىشى يوق يېگانە كىشى.

سەن غەم يېمە ئەي نادىرى دەۋرانىم،
بۇ ھۆسنۇ جەمالىڭ سېنى تابەندە دۇرۇر.

— قەلەندەر.

نادىم [نادم] (ئە) پۇشايمان قىلغۇچى، ئەپسۇسلانغۇچى:

كى مەھزۇنغە ئاندا دېدى خادىمى،
ھەمىشە قاشىدا ئىدى نادىمى.

— ئا. نىزارى.

نار I [نار] (ئە) 1) ئوت:

دانىسكىم ئۇنۇپ دىيار ئىچرە،
قالسە ئەل زۇلم بىرلە نار ئىچرە.

— زىيائى.

2) ئىشق ئوتى:

رەمزى رەمۇزى نارىغە يوقۇ بارىم نىياز ئېتىپ،
جانۇ كۆڭۈل گەرەۋ قىلاي شىۋەئى خوش ئەداسىنە.

— ئەرشى.

3) دوزاخ:

يىغىشتۇر داغى ھەرز گۇفتارنى،
خەيال ئەيلە ئاخىرەدەكى نارنى.

— ئا. نىزارى.

نار ئەتمەك — قىزدۇرماق، كۆيدۇرمەك:

ئوقۇپ ئىشق ھەرفىنى تەكرار ئېتىپ،
كۆڭۈلنى مۇھەببەت بىلەر نار ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

نارى فىراق — ئايرىلىش ئوتى.

نارى ئىشق — ئىشق ئوتى:

نىھان ئېردى كۆڭلىدە ئەسرارى ئىشق،
كى شۇئلە ئۇرۇپ، ئاغزىدىن نارى ئىشق.

— ئا. نىزارى.

نارى ئىشق تەگمەك — ئىشق ئوتى تەگمەك:

تەننى قىلىپ كۈل تېگىپ نارى ئىشق،
يېمەك - ئىچمەكى ھەم بولۇر زار ئىشق.

— ئا. نىزارى.

نار II [نار] (پ) ئانار (قىسقارغان شەكلى):

باغ ئارا شافتالۇ ئۆزمەكلىككە كىردىم ئالما دەر،
باغىبانى ناتەۋان بىن بەردى ئاخىر نارىدىن.

— زەلىلى.

نارى خەندان — ئېچىلغان ئانار گۈلى:

لەئلى شەۋقىدىن دەمادەم قان يۇتار كۆڭلۈم مېنىڭ،
گويىيا جەننەتدە ئۆسكەن نارى خەنداندۇر ماڭا.

— ناقىس.

دانەئى نارەدەك — ئانارنىڭ دانىسىدەك:

كۆزى ئاق ئەگەر بولسا قارەدەك،
قىزىل بولسا تا دانەئى نارەدەك.

— قۇشچى.

نارازى [ناراضى] (پ + ئە) نارازى.

ناراست [ناراست] (پ) ناتوغرا، ئەگرى:

ناراستقا كۆپ ئۇيات ئېرۇر تۈزلۈكدىن،
لېك ئەر كىشىگە نەجات ئېرۇر تۈزلۈكدىن.

— نەۋايى.

ناراستلىغ [ناراست ليغ] ناتوغرىلىق، ئەگرىلىك.

نارەسا [نارسا] (پ) كەمچىل، كەم - كۈتە:

تەلبە زەلىلى بارھا مىسرەئى شوخ ئېيتەدۇر،
گەرچە ئىبارەتى سۇخەن قافىيەئى نارەسا غەلەت.

— زەلىلى.

نارسىدە [نارسيده] (پ) يېتىلمىگەن؛ بويىغا يەتمىگەن:

شىشە سىندۇردۇم سەھەر مەيخانەدە ئەيب ئەتمەگىل،
نارسىدە بىر گۇناھ ئەيلەر شەرىئەتدە مائاق.

— زەلىلى.

نارەنج [نارنج] (پ) 1) ئاپېلسىننىڭ بىر تۈرى. 2) سېرىق تۈس.

نارەنجۋەش [نارنج وش] (پ) ئاپېلسىن رەڭگى.

نارەنجى [نارنجى] (پ) سېرىق رەڭلىك؛ سېرىق تۈسلۈك:

كىيدى نارەنجى ئېگىننى ئېگىنگە گۇل گۈلئۇزار،
قىلغالى ئالەم ئېلىگە جەۋرۇ زۇلمىنى ئاشكار.

— قەلەندەر.

نارەنجى پۇش — سېرىق كىيىم:

قىرمىزى كۆڭلەكدە كۆرۈپ ئەھلى ھۇش،
بىھۇش گولۇپ بولدى چۇ نارەنجى پۇش.

— زەلىلى.

نارەۋا [ناروا] (پ) دۇرۇس ئەمەس، نالايىق:

ھەرامدۇر ئۆشبۇ فىئلى نارەۋالار،
شەرىئەت ھۆكمىدە چەندان ۋە بالا شەيخ.

— شەۋقى.

ناردان [ناردان] (پ) ئانارنىڭ دانىسى:

بۇ مەنىنى بىرلە بىلسەڭ رەمزانىكىم، رەمزىدىن مۇشتەق،
گۇنەھ تاغىنى كۆيدۈرمەككە ياخشى ناردان كەلمىش.
— شەۋقى.

ناركەند [ناركند] (پ) ئانارلىق.

ناركۆك [ناركوك] (پ) كۆكنار، ئەپيۇن.

نارى [نارى] يىراق، نېرى:
بۇلئەجەب قىلماسسەن ئانداغ جىلۋە قىلغاچ تەركى ھۇش،
ئەي كۆڭۈل كەلگىلكى ئەمدى مەن بېرىيۇ سەن نارى.
— ئەرشى.

ناز [ناز] (پ) ئەركىلەك؛ يۈز، قاش، كۆز جىلۋىسى:
ئېتىپ شەكلىنى يۈز تۈمەن ناز ئىلە،
تۇرۇپ كۆھكەن ئۆزرە ئاغاز ئىلە.
— ئا. نىزارى.

ناز قىلماق — ئەركىلىمەك، نازلىق قىلماق؛ نازلانماق:
بۇ سۈرەتدە قۇش بولسە ئەي شاھباز،
كى ئالغىل ئانى يامبۇغە قىلمە ناز.
— قۇشچى.

نازەنىن [نازنين] (پ) 1) كېلىشكەن، گۈزەل يار، مەھبۇبە:
سېنى ئەي نازەنىن تا ئۆلگۈچە تەڭرىمگە تاپشۇردۇم،
مېنى مۇنداغ مۇسافىر ئەيلەدى دەۋرى قەمەر تەنھا.
— زەلىلى.

خىيالى شۇئلەئى رەڭگىن قۇياشىم قىبلەگاھىمدۇر،
دەمى فىكرى ھىلالى نازەنىنىم سەجدەگاھىمدۇر.
— ئەرشى.

2) چىرايلىق، جىلۋەگەر:
قىلىپ ئەقد مەجنۇنغە نەۋفەل قىزىن،
ھەمۇل ئېردى گۈلچېھرەئى نازەنىن.
— ئا. نىزارى.

نازغىبان [نازغيبان] نازلىق قىلىپ، نازلىق بىلە:
كۆرمەگۈر سېنى دېمىشلەر، كەل، گۈلى رەئنانى كۆر،
نازغىبان جەۋلانغا كىرگەن بۇ ئىككى رەئنانى كۆر.
— ئەرشى.

نازلىق [نازليق] ناز ۋە ئەركىلىك بىلەن قىلىنغان ھەرىكەت:
كىمسە ھەرگىز كۆرمەگەي بۇ تەرز ئىلە بىر نازلىق،
ناز شىرىن پەردەسىدە قىلغاي ئول تەننازلىق.
— ئەرشى.

ناز - نازان [ناز نازان] (پ) نازلىنىپ، نازلىق بىلەن:
ناز - نازان كەلمەگەي ئالەمگە سەندەك نازەنىن،
گۈلشەنى فىردەۋس ھۆسنۈڭ خىرمەنىدىن خۇشەچىن،
مېھر ئايىن، ھۆرتەلئەت، سەرۋ قامەت، مەھجەبىن،
ئەرزىمەس بىر كاكۇلۇڭ چىنغە يۈز ئەقسايى چىن،
غۇنچەئى سىرابىسەنمۇ يا گۈلى خەندانمۇ سەن؟
— ئەرشى.

نازۇك [نازك] (پ) نەپىس، نازۇك:
كۆرمەدىم بىردەم جەھاننىڭ راھەتىن،
تاكى ئول نازۇك ئەداغە ئۇچرادىم.
— قەلەندەر.

نازۇك بەدەن — قامىتى كېلىشكەن، گۈزەل:
چېكىپ ئول زەمان ئاھنى تىز - تىز،
كى نازۇك بەدەنگە سالىپ رۇستەخىز.
— ئا. نىزارى.

نازۇك خىيال — ئىنچىكە ئويلايدىغان، زېرەك:
چۇ خۇسرەۋ بۇ سۆز ئاڭلابان بولدى لال،
مۇنىڭ فىكرىدە قىلدى نازۇك خىيال
— ئا. نىزارى.

نازۇك دىل — كۆڭلى ئىنچىكە.

نازۇك نىھال — نازۇك بىخ؛ زەئىپ، نىمجان:
قىلىپ ئول زەمان ئەلچىغە قىلۇقال،
پەرىۋەش داغى ئانچە نازۇك نىھال.
— ئا. نىزارى.

نازۇئىستىغنائ [نازواستغناء] (پ + ئە) ناز ۋە ئەركىلىك:
بىرۋەۋنى مەسنەد ئىززەتدە نازۇ ئىستىغنا،
بىرىنى قىلدى گەداۋۇ بىرىنى سۇلتان چەرخ.
— شەۋقى.

نازىر [ناظر] (ئە) قارىغۇچى، نەزەر سالغۇچى:
كۆكەرگەچ كۆز ئاچىپ ئول بولدى نازىر،
قارايدۇركىم جەمالى تۇرفە ھازىر.
— ناقىس.

نازىر بولماق — كۆرۈنىدىغان بولماق، كۆرۈنمەك:
يارىم بولۇبان كۆزۈمدە نازىر،
ھەر كېچە تۈشۈمدە ئۆيلە ھازىر.
— موللا سالىھ.

نازىر قىلماق — كۆرۈدىغان قىلماق؛ روشەنلەشتۈرمەك:
مۇسافىرنى ئالدىغا ھازىر قىلىپ،
كى باقتى ئاڭا كۆزنى نازىر قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

نازىش [نازش] (پ) نازلىنىش، ئەركىلەش؛ يالۋۇرۇش.

نازىش ئەتمەك — نازلانماق، ئەركىلىمەك؛ يالۋۇرماق:
نازىش ئەتمە ئەي كۆڭۈل ئىشقىدا ئول گۈلرۇيىنىڭ،
ھەر تەرەپتە يۈز سېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
— ئەرشى.

مەزاھىردە ئاتىم، لېكىن نېگە بىر نازىش ئەتمەسمىز،
قۇياش نۇرىدىن ئولسە زەردەلەرنىڭ كۆپ مۇباھاتى.

— ئەرشى.

نازىل [نازل] (ئە) چۈشكەن، ئەۋەتىلگەن:

ئانىڭ فەزلىدىن نۇر ھاسىلدۇر،
ئاڭا فەيزى ھەق كۆندە نازىلدۇر.

— ئا. نىزارى.

نازىل ئەتمەك — چۈشۈرمەك، ئەۋەتمەك:

خاكسارىن ئول قۇياش يۈزلى پەرى مەۋجۇت دېمىش،
تەڭرى بىزگە ئاسماندىن نازىل ئەتمىش بۇ لەقەب.

— نەۋايى.

نازىل بولماق — چۈشمەك، ئەۋەتىلمەك:

ئالىپ يەرنىڭ يۈزىگە بولدى نازىل،
قىلىپ يەر ئۈستىدە سەيرى مەنازىل.

— ناقىس.

نازىل قىلماق — چۈشۈرمەك، ئەۋەتمەك.

نازىم [ناظم] (ئە) تەرتىپكە سالغۇچى، تۈزگۈچى؛ شائىر:

گەھى سايىب، گەھى نازىم، گەھى خاك،
گەھى ھافىز، گەھى تەنزىمى ئەفلاك.

— ناقىس.

ناس [ناس] (ئە) كىشىلەر، ئىنسان؛ خەلق:

مۇھەييا قىلىپ رەسمى ئىجلاسىنى،
كى ئىھسان بىلەن تويغازىپ ناسنى.

— ناقىس.

ناسابىر [ناصابر] (پ + ئە) سەۋرسىز، چىدامسىز.

ناساز [ناساز] (پ) ساز ئەمەس، قاملاشمىغان.

ناسازگار [ناسازگار] (پ) مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، زىيان كەلتۈرىدىغان.

ناسازۋار [ناسازوار] (پ) مۇۋاپىق ئەمەس، ياراشمايدىغان:

چۇ بىداد ئېتىپ چەرخى ناسازۋار،
بەلا ياغدۇرۇپ مىسلى ئەبرى بەھار.

— ئا. نىزارى.

ناسەزا [ناسزا] (پ) مۇناسىپ كەلمەيدىغان، نالايىق.

ناسەزاكار [ناسزاكار] (پ) پەسكەش، يامان ئىش قىلغۇچى:

يا قىماربازۇ زىناكارۇ لەۋەند،
ناسەزاكارۇ ھورۇنۇ خۇد پەسەند.

— زەلىلى.

ناسەزالىق [ناسزاليق] مۇناسىپسىزلىق، لايىقسىزلىق.

ناسەۋاب [ناصواب] (پ + ئە) ناتوغرا.

ناسىب [ناصب] (ئە) تىكلىگۈچى، بەرپا قىلغۇچى.

ناسىخ [ناسخ] (ئە) مەنسۇخ قىلغۇچى؛ كۆچۈرگۈچى.

ناسىر [ناصر] (ئە) ياردەم بەرگۈچى، ياردەمچى.

ناسىھ [ناصح] (ئە) نەسىھەت قىلغۇچى:

چۇ ياردى مۇنى ناسىھى رەھمىسىز،
كى ئاشىق ھەلاكىدىن ئول ۋەھمىسىز.

— ئا. نىزارى.

ناسىھ بولماق — نەسىھەت قىلماق:

ئوقۇدۇق سۆڭرەكىم ھەدىسمۇ كىتاب،
بولدى ناسىھ قىلىپ فەقىرغە خىتاب.

— زىيائى.

ناسىھا [ناصحا] (ئە) ئەي نەسىھەت قىلغۇچى:

بۇ مەي مەئىنىدىن ناسىھا قىلما پەند،
كۆڭۈلنى ئانىڭ كەيفىدە ئەيلە بەند.

— ئا. نىزارى.

ناسىيە [ناصيه] (ئە) پېشانە.

ناشاد [ناشاد] (پ) شاد ئەمەس، غەمكىن، خاپا:

كى ھازىر قىلىڭ بولسە ھەد دادلار،
چۇخۇررەم بولۇڭ ئەمدى ناشادلار.

— ئا. نىزارى.

بۇ ئالەم مۈلكىدۇر يەر ئۆزرە بەدباد،
كېتەر ئاندىن بارى بىردەمدە ناشاد.

— ئەرشى.

ناشاد ئەيلەمەك — خاپا قىلماق، قايغۇغا سالماق:

چەرخ زالىن كۆركى، يۈز زەڭ مىكر بۇنياد ئەيلەمىش،
يۈز جەھان شاد ئەھلىنى بىردەمدە ناشاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

ناشاد بولماق — خاپا بولماق، قايغۇرماق:

ساڭا بېرىپ كۆڭۈل ئەي شوخ تەنناز،
شاد ئىدىم دەھرئارا ناشاد بولدۇم.

— قەلەندەر.

ناشەرئ [ناشرع] (پ + ئە) شەرئەتتىن تاشقىرى؛ ناتوغرا.

ناشۇگۇفت [ناشگفت] (پ) ئېچىلمىغان.

ناشۇكر [ناشكر] (پ + ئە) شۇكۇر قىلمايدىغان، مىننەتدار ئەمەس.

ناشى I [ناشى] (پ) بىلىمسىز، تەجرىبىسىز.

ناشى II [ناشى] (ئە) پەيدا بولغۇچى؛ ئۆسكۈچى، يېتىلگۈچى.

ناشىناس [ناشناس] (پ) تونۇلمىغان؛ تونۇمىغۇچى، تەن

ئالمىغۇچى.

ناغافىل [ناغافل] (پ + ئە) كۈتمىگەندە، تۇيۇقسىز.

ناف [ناف] (پ) كىندىك؛ مەركەز، ئوتتۇرىسى.

نافە [نافە] (پ) ئىپار، مۇشك؛ كىندىك:

نافەئى ئاھۇ — كېيىكنىڭ كىندىكى:

مۆگجىزەئى مۇسادا قىلىپ نىلنى خۇشك،
نافەئى ئاھۇدە قىلىپ خۇننى مۇشك.

— زەلىلى.

نافەئى مۇشك — ئىپار:

سۇرمەئى سۇنبۇل نەھاجەتدۇر خىتا سەھراسىدىن،
نافەئى مۇشكىن غەزلانى خوتەن كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

نافەرمان [نافرمان] (پ) پەرمانغا بويسۇنمايدىغان، ئىتائەتسىز.

نافىئ [نافع] (ئە) مەنپەئەتلىك، پايدىلىق:

بىل بۇ يەڭلىغ ئىشارەنى نافىئ،
كەلدى مۇنداغ دەلىلكىم ساتىئ.

— زىيائى.

ناقە [ناقە] (ئە) چىشى تۆگە.

ناقابىل [ناقابل] (پ + ئە) قابىلىيىتى يوق، قابىلىيەتسىز.

ناقىس [ناقص] (پ) تولۇق ئەمەس، كەم؛ كەمچىلىكى بار:

تىلىم قاسىر دىلىم ناقىس سۆزۈڭگە،
بۇ غەم ئىچرە ھەزىن جانىھا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

ناقىسلىغ [ناقص ليغ] كەملىك؛ كەمچىلىك:

ۋەگەر نە سۆز قىلۇر ھەددىم قاياندۇر،
كى ناقىسلىغ دېگەن سۆزدىن ئەياندۇر.

— ناقىس.

ناقىل [ناقل] (ئە) نەقىل قىلغۇچى، ئېيتقۇچى؛ يەتكۈزگۈچى:

فەسانە دېمەكلىككە ئاقىل كېرەك،
بەيان ئەتكىلى ئەمدى ناقىل كېرەك.

— ئا. نىزارى.

قىلدى بۇ مەشۋەرەتنى ئول ئاقىل،
«بەدرىدىن» دېدى ئىسمىنى ناقىل.

— زىيائى.

ناك I [ناك] (پ) سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ مەلۇم خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۇپەت ياسايدۇ: غەمناك — غەملىك.

ناك II [ناك] (پ) موھتاجلىق؛ ئازاب - ئوقۇبەت:

قايدا دۇر يابىۋەئى يادەردى ناك،
ياستەم ئىلكىدە بولغاي سىينە چاك.

— زەلىلى.

ناكار [ناكار] (پ) ئىشقا يارىمايدىغان؛ كۈچسىز، يارامسىز.

ناكام [ناكام] (پ) 1) مەقسىتىگە يېتەلمىگەن، بەختسىز:

مېنى ئەل داغىما فەرھاد بىرلە تەڭ ئىمان كۆرگەچ،
فەلەك بىدارىدىن ناكام كەتكەن بىنەۋا دەرلەر.

— ئەرشى.

2) نائىلاج، چارىسىز:

بىھۇدە غەۋۋاس ناكام ئۇرماغىل لافۇكەزاب،
كىرسە غەرق ئولماي قالۇرمۇ ئىشقىنىڭ دەرياسىغە.

— موللا سالىھ.

ناكاملىق [ناكام ليق] بەختسىزلىك:

قويۇپ ئىشق ۋادى ئاراچۇن قەدەم،
كى ناكاملىقدا بولۇپدۇر ئەدەم.

— ئا. نىزارى.

ناكەس [ناكس] (پ) پەس، پەسكەش؛ بېخىل.

ناگاھ [ناگاه] (پ) 1) تۇيۇقسىز، تاسادىپىي:

چۇ ئول پىردىن چىقتى ناگاھ سەدا،
ئانىڭدەك سۈرۈشىدىن ئولدى نىدا.

— ئا. نىزارى.

2) ۋاقىت ئۆتمەي، شول ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە:

ئۆزىن كۆردى كېلىپ ئەر ھالەتىگە،
تەئەججۈب ئەيلەدى ناگاھ پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

ئوتقە تۇشسە نەھۇ ئولماي نېتكۈسى ناگاھ قىل،
قايدا قالسۇن سوزىشى ئىشق ئىچرە بۇ جاندىن رەمەق.

— ئەرشى.

ناگاھ - ناگاھ [ناگاه ناگاه] (پ) بەزى - بەزى، ھەمىشە.

ناگەھ [ناگە] (پ) «ناگاھ» قا قاراڭ:

چىمەن سارىغە ناگەھ تۇند بادى يەتسە قەھرىڭدىن،
نە قالغاي لالەئى ئەھمەر نە قالغاي سۇنبۇلى رەئنا.

— زەلىلى.

قىلدى ماڭا ئول جىلۋەئى ناگەھ باقا قىلدىم،
دۇنيا بىلە ئوقبانى جويغە ساتا قىلدىم.

— ئەرشى.

ناگەھان [ناگهان] (پ) 1) توساتتىن، تۇيۇقسىز:

نەزەر قىلدى ئوغلۇم ئاڭا ناگەھان،
بۇ سوقراتنىڭ غارى بولدى ئەيان.

— ئا. نىزارى.

بەلايى ناگەھان — تۇيۇقسىز بالا ـ قازا:
كۈندە يۈز ئۆلگۈنچە فۇرقەت ئىچرە، ئۆلتۈر بىر يولى،
ئەرشىنى ئەمدى بەلايى ناگەھانىم قايداسەن.
— ئەرشى.

2) ۋاقتى كەلمەستىن، ۋاقىتسىز؛ شۇ چاغ:
بەلاكەش چىقىپ خانەدىن ناگەھان،
بىيابان ئارا بولدى بىخۇد رەۋان.
— ئا. نىزارى.

3) بىخەۋەر:
شۇكرىلىللا چىقتىم ئۆيدىن ناگەھان،
مەھۋەشى شىرىن لىقاغا ئۇچرادىم.
— قەلەندەر.

ناگۇزىر [ناگزير] (پ) ئىلاجىسىز، چارىسىز، قۇتۇلالماستىن.

ناگىھان [ناگهان] «ناگەھان» غا قاراڭ:
نىگارىم ئىلتىپاتىدىن تۇمەن تۇرلۇك ئۇمىد ئەتكەچ،
بىتەر دىپ گۇلى قولۇمدىن تۇرفە خوشلۇق ناگىھان كاغەز.
— شەۋقى.

نال [نال] (پ) 1) قومۇش قەلەم، قومۇش. 2) زەئىپ، ئاجىز:
فىراقىڭ ئەيلەدى ئانداغ زەلىلۇ ناتەۋان گويا،
يۈزۈم ھەم رەڭگى نال جىسمى ناتەۋانىمدۇر.
— ئەرشى.

نالان [نالان] (پ) 1) نالە قىلغۇچى؛ نالە ـ پىغانلار:
ئەرشىنى قۇشلار تىلى بىرلە بۇ يەڭلىغ سايراغاچ،
بۇلبۇلى نالانىمۇ بۇ يامۇرغى خۇشخانىمۇ دەيىن.
— ئەرشى.

2) نالە قىلغان ھالدا:
ۋىسالى ھەجرىدىن نالان كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
ماڭا، يارەب، نەسىب ئەتسەڭ نە بولغاي گۈلئۇزارىمنى.
— ئەرشى.

نالايىق [نالايق] (پ + ئە) نالايىق، مۇناسىپ ئەمەس، لايىق كەلمەيدىغان.

نالە [نالە] (پ) زارلىنىش، ئەپغان، پەرياد:
رىزائى ئىشق ئوتىدا مەستۇ شەيدا ۋالەۋۇ ھەيران،
كى قىلسام نالەلەر ھەردەم ماڭا سەندىن ۋەفا يوقتۇر.
— رىزائى.

نالە ـ ئەفغان — پىغان بىلەن قىلىنغان نالە، زارلىنىش:
كىلىپ تاغنىڭ دامەنىغە كىچە،
قىلىپ نالە ئەفغانىنى ئۆزگەچە.
— ئا. نىزارى.

نالە چەكمەك — «نالە قىلماق» قا قاراڭ.

نالە سوز — نالە قىلغۇچى:
تەلبە زەلىلى ھۇنۇز، مەشقى جۇنۇنو رۇمۇز،
تۇتى كەبى نالە سوز لەب شىكەرى بولماسا.
— زەلىلى.

نالە ـ پەرياد — پەرياد چېكىپ قىلىنغان نالە:
قەزاغە كىشى نالە ـ فەرياد ئېتەر،
بۇ شۇم لەفزىدىن كۆپ خەسارەت يېتەر.
— ئا. نىزارى.

نالە قىلماق — نالە ـ پىغان بىلەن ئاھ ئۇرماق، يىغلىماق:
ئۇشۇل ھەيندا شەخسى قىلىپ نالەئى،
قىلىپ يۈزنى پەرگالە ـ پەرگالەئى.
— ئا. نىزارى.

نالەۋۇ ئاھ — ئاھ ئۇرۇپ قىلىنغان نالە:
سەھەردە نالەۋۇ ئاھىم سەمۇمى ئىشق بىلسىلەر،
سىپاھى ئەقل دەرخاھ ئەردىلەر ئەزبەسكى گويغاتتىم.
— زەلىلى.

نالەئى ئاھۇزار — ئاھۇ زار چېكىپ قىلىنغان نالە:
بالا دەردىدە بولدىلار سوگۋار،
قىلىپ دەم ـ بەدەم نالەئى ئاھۇزار.
— ئا. نىزارى.

نالەئى ئەفغان — «نالە ـ ئەفغان» غا قاراڭ:
نالەئى ئەفغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە زار ـ زار،
ئەر مۇيەسسەر قىلماساڭ گۇل گۇلرۇخى دىبلەر نەسىب.
— قەلەندەر.

نالەئى زار — زارلىنىپ قىلىنغان نالە:
چۇيۇق ئىشق ئاتەشى بىر شۇئلە چەكسە تاقەتىڭ ئەي نەي،
باش ئاغرىتمە، دەمى ئىشق ئورماغىل، كۆپ نالەئى زار ئەت.
— غەرىبى.

نالەيۇ ئەفغان — «نالە ـ ئەفغان» غا قاراڭ:
نالەيۇ ئەفغاندىن ئەمدى چارە يوق،
كافىرى قاشى قاراغە ئۇچرادىم.
— قەلەندەر.

نالەيۇزار — «نالەئى زار» غا قاراڭ:
بولۇپ بۇلبۇل كەبى ئاھۇ فىغانۇ، نالەيۇ زارى.
تەرەھھۇم ئەيلەگىل، ئەي گۈلشەنۇ گۈلزار يىغلاتمە.
— قەلەندەر.

نالىش [نالش] (پ) نالە قىلىش، ئاھ ـ پەرياد:
بەلەند پەرياد ئۇرماي گۇل پەرىغە يوق ئۇچۇن مەرغۇپ،
ھەزىن نالىش ئىلەن جان ئۇددىن ئەندەك سادا قىلدىم.
— ئەرشى.

نام [نام] (پ) 1) ئاتاق، شۆھرەت. 2) نام، ئىسىم:

يەنە ھەم ئەزىزى مەقام ئەيلەمىش،
ئۇلار نامىنى خاجە مۇقبىل دېمىش.

— ئا. نىزارى.

نامۇ نىشان — خەۋەر، دېرەك:

تاپالماي ئىزىدىن كى نامۇ نىشان،
غەم ئەندۇھ بىرلە يۇتار ئېردى قان.

— ئا. نىزارى.

نامە [نامە] (پ) 1) خەت، مەكتۇپ:

ئىلتىپات ئەيلەپ يىبەرسۇن نامەئى ئول دىلرەبا،
دىمە نامە دىگىل ئانى تاج ئىلە ئەفسەر ماڭا.

— قەلەندەر.

2) قىلغان ئىش ۋە ئەمەللىرى يېزىلغان خەت:

تەلبە زەلىلى گۇنەھى بىھىساب،
نامەسىدە زەررىچە يوقدۇر سەۋاب.

— زەلىلى.

نامە ئەئمال — «نامەئى ئەئمال» غا قاراڭ:

بەندە ئاجىزغە يېتىشسە نامە ئەئمال ئولاڭ تەرەف،
چەپ تەرەفدىن ساقلاغان سۇلتانى رەززاقىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

نامە سىياھ — گۇناھكار.

نامە قىلماق — خەت يازماق:

سىكەندەر جەھاندىن قىلۇردا ئۇزەر،
ئاناسىغە بىر نامە قىلدى بەدەر.

— ئا. نىزارى.

نامەئى ئەئمال — قىلغان ياخشى - يامان ئىشلار يېزىلغان دەپتەر:

نامەئى ئەئمال ئەگەرچە روسيەھدۇر يىغلاغىل،
سەبزە ئەيلەرگە زىراڭەتگاھنى دېھقان كىبرەك.

— زەلىلى.

نامەئى دىلپەزىر — كۆڭۈلگە ياقىدىغان خەت:

دىدى شاھ ئول دەمكى: «كەلسۇن دەبىر،
رەقەم ئەيلىسۇن نامەئى دىلپەزىر».

— ئا. نىزارى.

نامەئى ئىقبال — مېھرىبانلىق خېتى.

نامەئارا [نامەآرا] (پ) خۇشخەت:

بۇ سۆزنى نوكتەگۇيى نامەئارا،
بۇ يەڭلىغ ئەيلەدى ھەنگامە ئارا.

— نەۋايى.

نامەبەر [نامەبر] (پ) خەت توشۇغۇچى.

نامەربۇت [نامر بوط] (پ + ئە) باغلانمىغان.

نامەردۇم [نامردم] (پ) ئادەمگەرچىلىكى يوق، نامەرد.

نامەسمۇئ [نامسموع] (پ + ئە) ئاڭلانمىغان، ئاڭلاشقا لايىق بولمىغان.

نامەشرۇئ [نامشروع] (پ + ئە) شەرىئەت قائىدىسىگە خىلاپ.

نامەقتۇل [نامقتول] (پ + ئە) ئۆلتۈرۈلمىگەن، ئۆلمىگەن.

نامەھرەم [نامحرم] (پ + ئە) 1) يېقىن تۇغقان ئەمەس، يات:

يوق ئىكەندۇك مۇندا بىر ھەمدەم ماڭا،
بۇ يىغىلغان خەلق نامەھرەم ماڭا.

— زەلىلى.

2) يېقىن تۇغقانچىلىقى بولمىغانلىقتىن بىر - بىرىگە كۆرۈنۈش مەنئى قىلىنغان:

ئىرانلار بىرلە نامەھرەم خاتۇنلار،
ئانى جەمئى ئەيلەمىش ئەھمەق قوپال شەيخ.

— شەۋقى.

نامەئدۇد [نامعدود] (پ + ئە) ساناقسىز، كۆپ.

نامەئلۇم [نامعلوم] (پ + ئە) مەلۇم ئەمەس، نامەلۇم.

نامجۇ [نامجو] (پ) شۆھرەتپەرەس.

نامدار [نام دار] (پ) مەشھۇر، داڭلىق:

سەلتەنەت مەيدانى ئىچرە نامدار،
ئەدل بىرلەن بى نەزىرى روزگار.

— زەلىلى.

ئاتام بار ئىدى دەھردە نامدار،
كى دۇنياسى ئېردى ھەزاران - ھەزار.

— ئا. نىزارى.

نامزەد [نامزد] (پ) ئالدىن بەلگىلەنگەن، ئىسمى كۆرسىتىلگەن، نامزات:

كى ئەفرىدۇن ئولدى ئاڭا نامزەد،
فۇزۇن ئۆمر بەرگەي خۇدايى ئەھەد.

— ئا. نىزارى.

نامۇراد [نامراد] (پ) 1) مۇرادىغا يېتەلمىگەن، بەختسىز:

بابا بىرلە قىلدى بۇلار خەير باد،
چۇ يىغلاپ قالىپ بۇ فەقىر نامۇراد.

— ئا. نىزارى.

2) مۇرادسىز، ئۈمىدسىز:

ھەمە خەلق بىرلە قىلىپ خەيرباد،
تۇشۇپ دەشتىغە بۇ ئىكى نامۇراد.

— ئا. نىزارى.

نامۇراد ئەيلەمەك — ئۈمىدسىز قىلماق، ئۈمىد ئۈزدۈرمەك:

جەھان ئەيشىدىن ئەيلەگىل نامۇراد،

مۇرادىم ھوسۇلىغە بەرگىل كۆشاد.
— ئا. نىزارى.

نامۇس [ناموس] (ئە) ئار، نومۇس، ئۇيات.

نامۇسى ئەكبەر — جىبرىئىل:

دېدى جىبرىلغە: «ئەي نامۇسى ئەكبەر،
مۇزەييەن قىل ئۆزۈڭگە بالۇ شەھپەر».
— ناقىس.

نا مۇسۇلمان [نامسلمان] (پ + ئە) 1) مۇسۇلمان ئەمەس، غەيرىي دىندىكى؛ دىنسىز:

چۇ سۆز بىرلە ئازدۇردى شەيتان قەرى،
كى ئاشىقنى ئول نامۇسۇلمان قەرى.
— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: ئىنساپسىز:

سەۋادا ئىشقىدىن ئانداغ قارا كۆڭلەرگە سالدى نار،
يۈرۈرلەر سايىدەك يانىمداۋۇ باشىمدا ماتەمۋار،
قوتۇلغايمەن مەگەر كويىدا سالغاچ بويىنۇمە زۇننار،
جەفالاركى مېنىڭ جانىمغە قىلدى، قىلمىغان كۆففار،
ئەجايىپ كۆڭلى قاتتىغ تاش باغىرلىغ نامۇسۇلماندۇر.
— ئەرشى.

نامۇلايىم [ناملايم] (پ + ئە) نامۇۋاپىق، ئۇيغۇن ئەمەس؛ قوپال، يېقىمسىز.

نامۇمكىن [ناممكن] (پ + ئە) مۇمكىن ئەمەس.

نامۇناسىپ [نامناسب] (پ + ئە) مۇناسىپ بولمىغان، لايىق ئەمەس:

قەدرىنى نامۇناسىپ ئەل بىلمەس،
ئەھلى مەشرەب غىزاسىدۇر كۆك چاي.
— ئەرشى.

نامېھرىبان [نامهربان] (پ) مېھرسىز، رەھىم - شەپقەتسىز:

غەمىڭدىن ئۆلدۈم، ئەي نامېھرىبان، بىرگىنە سۆيمەسسەن،
جەفاۋۇ، جەۋر - زۇلۇم ئەتمەكدىن، ئەي گۈلچېھرە تويماسسەن.
— قەلەندەر.

مەھى نامېھرىبان — رەھىمسىز گۈزەل جانان:

فۇرقەتىڭدىن ئەي مەھى نا مېھرىبان،
ئەرغەۋان ياڭلىغ يۈزۈمدۇر زەئفەران.
— زەلىلى.

گۈلچېھرەئى نامېھرىبان — رەھىمسىز گۈل يۈزلۈك جانان:

شۈكر لىللاھكىم، گوشۇل گۈلچېھرەئى نامېھرىبان.
فۇرقەتىدە جان بېرۈرنى بىزگە ئاسان ئەيلەمىش.
— قەلەندەر.

نامېھرىبان ھادىس — رەھىمسىز ۋەقە - ھادىسە:

مەئىشەت كەچۈرۈلمەكدىن دەۋرى قىلغاي ئەھلى فەرزەندىڭ،
ئەگەر تەڭ كەلسە ھالىڭ باقماغاي نامېھرىبان ھادىس.
— شەۋقى.

نان [نان] (پ) نان:

ھەمە بۇتلارنى ئېلىپ كارۋان،
ئانىڭ سەئيىگە بەرگۈسى ئاشۇ نان.
— ئا. نىزارى.

نانۇ نەمەك — نان ۋە تۇز:

ئالتە كۈندە - يەتتە كۈندە بۇ دىدەك،
كەلتۈرۈبان مىۋەۋۇ نانۇ نەمەك.
— زەلىلى.

ناھەق [ناحق] (پ + ئە) ناتوغرا، ناھەق:

يا سەفەردە يولدىن ئازغان كارۋان،
يا زەبەر دەستىكى ناھەق تۆكسە قان.
— زەلىلى.

ناھەمۋار [ناهموار] (پ) تەكشى ئەمەس، ئېگىز - پەس؛ يات:

دەۋر ئەگەر سۇرسەڭ سۇلەيماندىن سەن، ئەي ئالى گۆھەر،
قىلدۇرۇر ئاخىر سىنى بۇ چەرخى ناھەمۋار.
— قەلەندەر.

نائۇمىد [نااميد] (پ) ئۈمىدسىز، نائۇمىد:

ئۆزى داغى ئول پىر مۇيى سەفىد،
ئانىڭدىن تاپار بەھرە ھەر نائۇمىد.
— ئا. نىزارى.

نائۇمىد ئەيلەمەك — ئۈمىدىنى ئۈزدۈرمەك، ئۈمىدسىزلەندۈرمەك:

ئاگا رەھىم قىلماي شەھىد ئەيلەدى،
ئەزىز جانىدىن نائۇمىد ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.

ناۋاجىب [ناواجب] (پ + ئە) ۋاجىب بولمىغان، زۆرۈر ئەمەس.

ناۋەرد [ناورد] (پ) ئۇرۇش، جەڭ.

ناۋەك [ناوك] (پ) ئوق، يا ئوقى:

تېنىمدە ناۋەكى زەخمىن نىھايەتسىن سورما،
زىبەسكى بىھەد ئېرۇر دەپ شۇمارە ئەيلەمەدىم.
— ئەرشى.

ناۋەكى خۇنرىز — قان تۆككۈچى ئوق:

ئاتار بولسا كىشىگە ناۋەكى خۇنرىز دىلدۇزىن،
ئەگەر فۇلادى جەۋشەن كىيسەكىم سۇدەك گۈزەر قىلمىش.
— قەلەندەر.

ناۋەكى جان — جاننى ئالىدىغان ئوق:

مىژەڭ چۈن ناۋەكى جاندۇر، داغى تەڭ غۇنچەدىن ئاغزىڭ،
بېلىڭ چۈن خىفچەئى گۈلدۇر، قەدىڭ سەرۋى خىرامانىم.
— ئەرشى.

ناۋەكى ئىشق — ئىشق ئوقى:
ھەزىن كۆڭلۈمنى ئەزبەس ناۋەكى ئىشقىڭ نىشان ئەتكەچ،
كۆزۈم ياشىنى گۈلگۈن ئەيلەگەن زەخمى نىھانىمدۇر.
— ئەرشى.

ناۋدان [ناودان] (پ) تاشلاندۇق ئېرىق، ئورەك:
ئىمارەتنى سۇ دەۋر ئېتىپ ئايلانىپ،
كېلىپ ناۋدانغە نەچە تولغانىپ.
— ئا. نىزارى.

نائىلاج [ناعلاج] (پ + ئە) ئىلاجسىز، نائىلاج:
چۇبانۇ بۇ سۆزدىن بولۇپ نائىلاج،
كى شىرىنغە گۇل دەم بولۇپ ئىمتىزاج.
— ئا. نىزارى.

نائىئتىبار [نااعتبار] (پ + ئە) ئېتىبارسىز، ئەتىۋارى يوق:
بولۇپمەن جەۋابى ئۈچۈن ئىنتىزار،
بۇ سۆز مۇئتەبەر ياكى نائىئتىبار.
— ئا. نىزارى.

ناي [ناي] (پ) قومۇش؛ نەي:
يەتتى بۈگۈن مۇژدە ماڭا نايىدىن،
بادە ئەگەر بولماسا بەرلايىدىن.
— زەلىلى.

نايۇ كوس — نەي ـ ناغرا.

ناياب [ناياب] (پ) ئاز ئۇچرايدىغان، تېپىلماس، ئەتىۋار:
ئەرشى ئۇل دامەن نەھەد تۇتقىل نەۋائى دامەنىن،
نەيلەگۈڭ ناياب ئىش ئىستەپ ئۆز بوھتان ئەيلەبان.
— ئەرشى.

نايابلىق [نايابليق] ئەتىۋارلىق، نادىرلىق، باھاسىزلىق:
يېتىپ جىسمىغە ئانچە بىتابلىق،
يېتىپ جانۇ كۆڭلىگە نايابلىق.
— ئا. نىزارى.

نايىب [نايىب] (ئە) ئورۇنباسار، مۇئاۋىن:
بولسە نايىب ئەگەرچە شەۋكەتلىك،
ئوردا ئىچرە نەچە ھۆكۈمەتلىك.
— زىيائى.

نايىب مەناب — ئورۇنباسار.

نايىبى بەرھەق — ھەقىقىي، ھەققانىي ئورۇنباسار:
ھەزرەتى ئەبۇبەكرى سىددىقۇ ئۆمەر،
نايىبى بەرھەق ۋەلىيىۇ بەھرۇبەر.
— زەلىلى.

نايىم [نايم] (ئە) ئۇخلىغان، ئۇيقۇلۇق.

نايىم بولماق — ئۇخلىماق.

نە I [نه] 1) نېمە، قانداق:
بۇ يەرگە تۈشتى نە بائىس بىلە،
سەپەر ئەيلەدى قايسى ھادىس بىلە؟
— ئا. نىزارى.

ئىشقىدا كېتەر باشىم، لەئلىڭ غەمى يولداشىم،
ئۇل شوخى قارا قاشىم مەندىن نەگۇمان ئەتمىش.
— ۋەفائى.

پادشاھ، ھاكىم، ۋەزىر ھەم ئەغنىيادا بارمەن،
نە ئۈچۈنكىم ناتەۋان موھتاجغە دەركارمەن.
— ئابدۇقادىر داموللام.

2) «نېمىدېگەن» دېگەن مەنىدە ھېس ـ تۇيغۇنى بىلدۈرىدۇ:
مېۋەلەر سۆزلەتمەكىمىدىنكىم ئېرۇرلەر بۇ غەرەز،
نەئەجەب دىل سەختى ھاسىد بىر كەبى ئالسە غەرەز.
— ئابدۇقادىر داموللام.

نەلەيلى زار ئەيلەيدۇر خەيالى،
نە ياخشى ئېردى بىر كۆرسەم ۋىسالى.
— موللا فازىل.

نە II [نه] (پ) 1) بەزى سۆزلەر بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭ بولۇشسىز مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:
نەھاجەت نالەئى نەي، يا رەبابۇ بەربەتۇ قانۇن،
سۇرۇدى، ئەرغەنۇندىن شۇرىشى پەيمانەدۇر پەيدا.
— زەلىلى.

2) ئارتۇق تەكرارلانغان بەزى جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن كېلىپ، ئۇنى ئەسلى بۆلەككە ئىنكار مەنىدە باغلايدۇ:
يىغىلدى ھەممە خەلق ئەنجۇم كەبى،
نە ئەنجۇم كەبى، بەل ئانى قوم كەبى.
— ئا. نىزارى.

تۆكۈپ ياشىنى قەيىس باران كەبى،
نەبارانكى، دەريايى ئۇممان كەبى.
— ئا. نىزارى.

3) پېئىللار بىلەن ئۇنىڭ ئىنكار مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:
چىمەن سارىغە ناگەھ تۇند بادى يەتسە قەھرىگىدىن،
نە قالغاي لالەئى ئەھمەر نە قالغاي سۇنبۇلى رەئنا.
— زەلىلى.

4) پېئىللار بىلەن ئىستىسنا قوشۇمچىسى رولىدا كېلىپ، مۇستەسناسىز بولۇشسىز جۈملە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا چەكلىگۈچى تەكىت قوشۇمچە «پەقەت، پەقەتلا» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:
نە كۆردىكى ئۇل ھۆسنىدە بەركامال،
مۇڭا قۇل دۇرۇر بارچە نازۇك نىھال.
— ئا. نىزارى.

نە كۆردى، تۇرۇپدۇر ئاتا ۋە ئانا،
ئانى مەھۇ قىلدى ئوشۇلدەم ھەيا.

— ئا. نىزارى.

نەئەم [نعم] (ئە) ھەئە، شۇنداق، خوپ.

نەبات I [نبات] (ئە) ئۆسۈملۈك، گىياھ:

نە تاغ يوقكى، ناباتىغە يازمادىڭ كاكۇل،
نە باغ يوقكى، ئەدۇسىغە ئاچمادىڭ رۇخسارى.

— ئابدۇجىلىل داموللا ھاجى.

نەبات II [نبات] (پ) 1) ناۋات:

ئەي فەئالىت خۇشكۇارۇ پۇر شەكەر قەندۇ نەبات،
شاخى ئەرئەر مىدەمەر گۇلگۇنەئى شىرىن ھەيات.

— ئىسمائىل ھاجى.

2) ناھايىتى تاتلىق:

كى شەھزادەئى پاك زاتىم خوجەم،
كى جاندىن چۇچۇكرەك نەباتىم خوجەم.

— ئا. نىزارى.

نەباتات [نباتات] (ئە) ئۆسۈملۈكلەر، گىياھلار، بىرلىكى نەبات.

نەبائ [نباء] (ئە) خەۋەر.

نەبەرد [نبرد] (پ) ئۇرۇش، جەڭ:

قىلىپ ئانچە ھىجران ھۇجۇمى نەبەرد،
كىشىگە دىمەي سۆز مەگەر ئاھى سەرد.

— ئا. نىزارى.

نەبل [نبل] (ئە) 1) ئوق. 2) ئۇلۇغ، ئېسىل:

كۆرمەيدۇ مەردى ئەھۋال، تەگرى تەجەللى نەبل،
رويى زەمىنگە مەشئەل خۇرشىد ماھ ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

نەبۇد [نبود] (پ) بولمىغان، يوق:

ئۆتۈپدۇر باشىڭدىن چۇ قىل ئاز مۇد،
كى ئىنساق ئىلە ئۆزنى قىلغىل نەبۇد.

— ئا. نىزارى.

نەبۇد ئەيلەمەك — يوق قىلماق:

ئانىڭ كەينىدىن بولدى پەيدا جۇنۇد،
ئېتىپ كورد كەۋزەننى ئەيلەپ نەبۇد.

— ئا. نىزارى.

نەبۇد بولماق — يوق بولماق.
نەبۇد قىلماق — يوق قىلماق.

نەبۇۋۋەت [نبوت] (ئە) 1) «نۇبۇۋۋەت» كە قاراڭ:

ئىشق ئوتىدىن ئاشىقى پاك ئۆرتەنور،
بەرقەدىن مەدھى نەبۇۋۋەت مۇنبەرى.

— سەبۇرى.

كۆرگۈزۈپ مىھرى نەبۇۋۋەتدىن نىشان،
تارى ھەر كىسۇلەرى ئەنبەر فىشان.

— زەلىلى.

2) ئالدىن بىلەرلىك، دانىشمەنلىك:

كېلىپ بىر ئەۋھەرى يەكتا پەرى رۇخ،
نەبۇۋۋەت بەھرىدىن زىبا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

نەبى [نبي] (ئە) پەيغەمبەر:

ئەدەدى نەچچە مىلك بار ئەردى.
بارچەسى بۇ نەبىغە يار ئەردى.

— زىيائى.

بىھەققى ئالى نەبى ھۇرمەتى سەھابە كىبار،
رەسۇلغە ئوخشە يەنە ساھىبۇل ئەلەم بولماس.

— شەۋقى.

شەرئى نەبى — پەيغەمبەر شەرىئىتى، يولىيورۇقى:

فەقىرنى شەرئى نەبى ئىچرە كان قىل ئەي ھافىز،
ھەقىرنى سەۋرى سەھى باغىبان قىل ئەي ھافىز.

— شەۋقى.

نەبەۋى [نبوي] (ئە) پەيغەمبەرگە مەنسۇپ بولغان، پەيغەمبەرنىڭ:

ئەگەرچە مەزھەبى ھەرتايىغە گۇلىستاندۇر،
شەرىئەت نەبەۋىدىن تاپىڭ ـ لەبۇيى ئىلاھ.

— زەلىلى.

شەفائەتى نەبەۋى — پەيغەمبەرنىڭ شاپائەت قىلىشى، قوللىشى:

شەفائەتى نەبەۋىيدىن ئەگەر ئۈمىد ئەتسەڭ،
دۇرۇدنى زەۋق ئىلە ئەيتقىل كى مۇستەفا ئۈچرار.

— شەۋقى.

نەبىيۇلخاتىمە [نبي الخاتمه] (ئە) ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر، مۇھەممەد پەيغەمبەر:

يارەسۇلىللا نەبىيۇلخاتىمە،
تەگدى ئاغرىق ياتارلەر فاتىمە.

— زەلىلى.

نەبىيۇللا [نبي الله] (ئە) ئاللانىڭ پەيغەمبىرى، مۇھەممەد پەيغەمبەر:

لېك، ئورنىدىن قوپۇبان بىرلەرى،
ئەيدى: كەل، كەل يا نەبىيۇللا بىرى.

— زەلىلى.

نەپەس [نفس] (ئە) «نەفەس» كە قاراڭ:

ئوت سالىپ كۆزدىن نەپەس تىرگۈزگەلى لەبدىن سورار،
ئۆرتەگەچ جانلار بالاسى ياكى جانانمۇ دەيىن.

— ئەرشى.

نەتائىج [نتائج] (ئە) «نەتىجە» نىڭ كۆپلۈكى،

نەتىجىلەر.

نەتئ [نطع] (ئە) رەڭگى ئۆزگىرىش؛ رەڭگى ئۆزگەرگەن ھالدا:

قالىپ شەيخ بىر نەتئدە سۇئارا،
كۆزىگە جەھان بولدى ئاقۇقارا.

— ئا. نىزارى.

نەتىجە [نتيجه] (ئە) ئۈنۈم، نەتىجە.

نەجات [نجات] (ئە) قۇتۇلۇش، خالاس بولۇش، نىجات:

گۇناھ باشىغا قوشۇپ تۇتكى باشىدىن ئىستىغپار،
ئۇلانىسىلەر دۇرى رەھمەتكە گۇلدىلاركى نەجات.

— شەۋقى.

نەجات تاپماق — قۇتۇلماق:

بۇ جەھان تەختىگە مەغرۇر ئولماغىل ئول بىسە بات،
فەقىر كويىدا مۇقىم ئولغىلكى تاپقايسەن نەجات.

— غەربى.

نەجاسەت [نجاست] (ئە) بۇلغىنىش، مەينەت، پاسكىنىلىق.

نەجەس [نجس] (ئە) ناپاك، مەينەت، پاسكىنا؛ ئىپلاس:

ئۆزى پەرۋەرىش ئەيلەگەن بىر خەس،
زەھى بەدتەرىن ئىبنى مۇلجەم نەجەس.

— ئا. نىزارى.

نەججار [نجار] (ئە) ياغاچچى.

نەججارلىق [نجاريق] ياغاچچىلىق:

ئىراۋ ئىختىيار ئەتتى نەججارلىق،
قىلىپ چۈن ئىمارەتكە ئىمارلىق.

— غەربى.

نەجد [نجد] (ئە) نەجد (ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بىر ئېگىزلىك):

بارىپ نەجد تاغىن مەكان ئەيلەدى،
سىرىشكى بىلەن تاغنى كان ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

نەجم [نجم] (ئە) يۇلتۇز:

سۈنبۈلۈڭ ئەتتى بۇ يەتتى كوھى رەفئ،
نەجم ئەۋھەرلىرى بىلە تەرسئ.

— نەۋائى.

نەجمى سابىت — تۇرغۇن يۇلتۇز:

تەلئەتىڭدۇر نەجمى سابىت بىرلە سەيدى ئەنجۇمەن،
بادى تىسنىم مىشكى مەختۇم فەسا يۇرگۇزگىلى.

— ئىسمائىل ھاجى.

نەجمى ساقىب — ئاقار يۇلتۇز، يورۇق يۇلتۇز.

نەچە [نچه] 1) قانچە، نەچچە:

نەچە مۇددەتدۇرۇركىم مەن ساڭا، ئەي دىلبەرى رەئنا،
بولۇپ مەن ۋالەئى شەيدا تۇشۇپ سەن شاھى خۇبانىم.

— فىراقى.

2) بىرقانچە، بىرنەچچە:

نەچە كۈن سۇرۇپ كېمەنى ناخۇدا،
كى پات چىقمايىن تۆگمە بولدى ئادا.

— ئا. نىزارى.

بۇدۇرمۇ ھۆسن ئىبلىنىڭ مەزھەبى، ئەي دىلبەرى رەئنا،
نەچەلەر ۋەئدە قىلدىڭ بىرىگە، ئەي يار، تۇرمايسەن.

— قەلەندەر.

نەچەند [نچند] (پ) كۆپ ئەمەس، بىرقانچە:

تېگىپ ئەرگە تاپىپ بىرنەچچە فەرزەند،
نەچەند يىل ئۆي بولۇپ ئانھا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

نەچۈك [نچوك] «نىچۈك» كە قاراڭ:

مەن نەچۈك ئايتاي مۇسۇلمانلار ئۆزۈمنى، مەن تىرىك،
بىردەمى ئولتۇرمادىم ئول راھەتى جانىم بىلە.

— قەلەندەر.

بۇ ئىكەۋدە بار نەچۈككىم خاسىيەت مەندىن چىقار،
يۇسۇفى يەئلىغ مۇسەللەس شىرەسى مەندىن چىقار.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نەچۈن [نچون] «نىچۈن» گە قاراڭ:

قاچىپ بولماس ئىكەن ھەرگىز سىبنىڭ قىلغان جەفايىڭغە،
نەچۈنكىم باغلانىپ ئېركەن كۆڭۈل پەندى قەبايىڭغە.

— قەلەندەر.

نەخ I [نخ] (پ) يىپ، تالا.

نەخ II [نخ] (ئە) «نەقد» گە قاراڭ: دەرھال، ئۇدۇل:

ئايرىلىپ بىر يىلدا كەلدىم ئۆز يۇرتۇمنىڭ ئۈستىگە،
نەخ كېلىپ مەن ئول مەھەل ئاغرىغ ـ سىلاغىنىڭ ئۈستىگە،
ئىككى ئاي ئۆتمەي تۇرۇپ تەگدى كېسەل مەن خەستەگە،
ياكى ئۆلمەي، يا تىرىلمەي يىغلاغانىم سەن ئىشىت.

— موللا توختى غەربى.

نەخچىر [نخچير] (پ) 1) ئوۋ، شىكار. 2) ئوۋ ھايۋىنى؛ كېيىك:

نىدىن تەنھا دىگەيلەر خەلقكىم مەجنۇن ئاشىقنى،
ئېرۇر ھامۇن ئىچىدە بارھا ھەمرايى نەخچىرى.

— زەلىلى.

نەخل [نخل] (ئە) 1) خورما دەرىخى. 2) كۆچەت، ياش دەرەخ:

ئەي بۇ چاغلىق قامەتىڭ نەخلىغە رەپتار ئولسە بەس،
يۇر شەكەر لەئلى لەبىڭگە مۇنچە گۇپتار ئولسە بەس.

— ئەرشى.

نەخل ئەسمار — ياش كۆچەتنىڭ مېۋىلىرى:

بۇ ئاخشام ئانىڭ بىرلە ئىمدى ياتاي،
كى بۇ نەخل ئەسمارىدىن بىر تاتاي.

— ئا. نىزارى.

نەخلى ھەيات — ھاياتلىق كۆچىتى:

كى نەخلى ھەياتىغە يەتتى خىزان،
ئەجەل قىلغۇدەكدۇر ئانى بىنىشان.

— ئا. نىزارى.

نەخلى ئۆمىر — ئۆمۈر ۋە ھاياتلىق كۆچىتى:

مېنىڭدۇر كېچەۋۇ كۈندۈز مۇرادىم، ئەي پەرى پەيكەر،
كى قەددىڭ نەخلى ئۆمرۈڭ مېۋەسىدىن يارۋەر بولغاي.

— قەلەندەر.

نەخوب [نەخوب] نېمىدېگەن ياخشى:

كەلسەلەر دەۋلەت بىلە بەدكارەلەر يەرگە باقار،
دۈشمەنىن شەرمەندە قىلماق مەردى مەردانىغە نەخوب.

— قەلەندەر.

نەخوب ئېردى — نېمىدېگەن ياخشى ئىدى:

نەخوب ئېردىكى تەندىن چىقسە جانىم،
قۇتۇلغاي ئېردى بۇ خەيلى خىيالىم.

— موللا فازىل.

نەخۇد [نخود] (پ) نوقۇت.

نەخۇست [نخست] (پ) بىرىنچى؛ ئالدى بىلەن.

نەخۇستىن [نخستين] (پ) بىرىنچى، ئالدىدىكى:

لائىلاھە ھەرفى ئىللەللاھۇنى كۆرمەك ئۈچۈن،
بىر نەھەڭى دۇر نەخۇستىن شەكلى لا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

نەخۋەت [نخوت] (پ) تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق:

كىمكى ھەقنىڭ ئەمرىنى تەرك ئەيلەبان بولسە ھۇرۇن،
كىبىر، نەخۋەت ئەيلەسە مەھشەر كۈنى بولغاي زەبۇن،
ھەسرەتۇ ئەرمان بىلەن يىغلاپ بولۇرلەر قەددى نۇن،
نەچچە مىڭ تۇرلۇك ئەزاپ مەھشەردە چەندان ئاقىۋەت.

— موللا توختى غەرىبى.

نەدا [ندا] (ئە) «نىدا» غا قاراڭ.

نەداھايى سەخت — قوپال ئاۋازلار، ۋارقىراشلار:

شۇر ـ شۇرى دەرياۋۇ سەدايى دەرەخت،
نالەئى مۇرغان، نەداھايى سەخت.

— زەلىلى.

نەدامات [ندامت] (ئە) پۇشايمان، ئەپسۇسلىنىش:

كۆڭلۈمدە تولا ئېرۇر نەدامەت،
چىقماس بۇ فىراق تاكى قىيامەت.

— موللا سالىھ.

نەدامەت ئەيلەمەك — پۇشايمان قىلماق:

كۆرۈپ ئول لەھزە ئاندا بۇ ئەلامەت،
تۆكۈپ ياش كۆزىدىن ئەيلەپ نەدامەت.

— ناقىس

نەدامەتتە قالماق — پۇشايماندا قالماق:

بەناگاھ مىسلى ئىسكەندەر كېلىپ ئولتۇرۇڭ ئول تەختە،
قامۇغ دۈشمەنلىرىڭ قالدى نەدامەت بىرلە ھەسرەتدە،
خۇدا بولغاي ھەۋادارىڭ مۇدام بولغايكى دەۋلەتدە،
شەھىنشەھلەر شەھى سەن ئەي شەھىنشاھىم ئىسالەتدە،
يامان كۆزدىن يىراق تۇتقاي سېنى يالغۇز نىھالى سەن.

— قەرارى.

نەدامەت قىلماق — پۇشايمان قىلماق:

خەلايىق بۇ ئىشغە نەدامەت قىلىپ،
ھەمە يىغلادىلەر قىيامەت قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

نەدامەتسىز [ندامتسيز] پۇشايمانسىز؛ پۇشايمان قىلماستىن:

قىلىپ مەن كائىنات ئەسبابىنىڭ بارى تەماشاسىن،
نەدامەتسىز تەنەئئۇم يوق تەسەررۇپسىز تەماشادىك.

— غەرىبى.

نەدەم [ندم] (ئە) پۇشايمان، ئەپسۇس، ھەسرەت.

ساھىب نەدەم — پۇشايمان قىلغۇچى، توۋا قىلغۇچى:

دېسە ئول غەم نەدۇرئول، كەم نەدۇرئول،
نەمازۇ، رۇزەدىپ ساھىب نەدەم بول.

— ناقىس.

نەدىم [نديم] (ئە) 1) خىزمەتكار، مەھرەم. 2) يېقىن دوست:

بۇ شىۋەنى مەئزۇر تۇت، نەدىم،
كۆرگىل بۇ نەچە نېئمەت ئەزىمائى ئەزىم.
قىسمەت ئاڭا ئەيلەپ ئېرمىش ئول ھەيبى قەدىم،
چىنى بىلەن چاي، چايجۇش چىلىم.

— ئەرشى.

خەبەر تاپغاي ھېچكىم ئانىڭ ھالىدىن،
ۋەزىرۇ نەدىم ھەم بۇ ئەھۋالىدىن.

— ئا. نىزارى.

نەر [نر] (پ) ھەر نەرسىنىڭ ئەركىكى.

شىرى نەر — ئەركەك شىر؛ باتۇر، پالۋان:

ئۇرۇش ۋەقتىدە ئېردى ئول شىرى نەر،
جەھان كۆزى كۆرگەن ئەمەس مۇنداغ ئەر.

— ئا. نىزارى.

نەرد [نرد] (پ) شاھماتقا ئوخشاش بىر خىل ئويۇن ۋە مۇشۇ ئويۇننى ئوينايدىغان كاتەكچە تاختا:

كىمكى ئول گۈلنى كۆرۈپدۇر لالەزارى باغ ئارا،

قالدى جىسمى كەئبەتەينى نەرد ئوخشە داغ ئارا،
بارتەنى ئەز بىس نەزاكەتدىن لىتىق بۇ چاغ ئارا،
تاش يۈرەكى كۆرەنۇر ئۇل شوخنىڭ قورساغ ئارا،
دەردى ئىشقى بىر تىكەندەك باردۇرۇر تىرناغ ئارا.
— قەلەندەر.

نەردبان [نردبان] (پ) شوتا، پەلەمپەي:
نە ئابىدلەر ئىبادەت ئەيلەپ ئاخىر بۇتپەرەست ئولدى،
تەكەببۇر نەردبانى كۆپ بەلەند ئەردىيۇ پەست ئولدى.
— زەلىلى.

نەرراد [نراد] (پ) نەرد ئوينىغۇچى.

نەررە [نره] (پ) ئەركەك.

نەررەشىر — ئەركەك شىر؛ پالۋان:
تەقابىل بولۇپ ئەھرىمەنگە دەلىر،
باشىغە يېتىپ زەرب ئۇرۇپ نەررەشىر.
— ئا. نىزارى.

نەرگىس [نرگس] (پ) نەرگىس گۈلى؛ بوتاكۆز، كۆز:
لەبلەرىڭنىڭ ئالىدا گويا مەسىھادۇر ئۆلۈك،
قەتل ئېتەرگە باردۇرۇر ئول نەرگىسى بىمارخوب.
— قەلەندەر.

نەرگىسى جادۇ — سېھىرلىك كۆز:
نەرگىسى جادۇيى دىلبەر بىس خۇمار ئالۇدە دۇر،
مەستلىكدىن ئەندەكى مەجلىسدە ھۇشيار ئولمىشەم.
— زەلىلى.

نەرگىسى شەھلا — چىرايلىق ۋە قاراكۆز.
دىمە كويىدا ھەر سارى ئاچىلغان نەرگىسى شەھلا،
سەرا - سەر رەھ گۈزارىن لەشكەرى نەززارە ياسانمىش.
— ئەرشى.

نەرگىسى مەست — خۇمار كۆز.

نەرگىسى مەئشۇق — مەشۇقنىڭ شەھلا كۆزى:
ماڭا يالەپدۇرۇر كىرفىك ئوقىن بىر نەرگىسى مەئشۇق،
دىمەن دەۋلەت قۇشى كېلۇر بولۇرغە كۆڭلۈمە مەقرۇن.
— قەلەندەر.

نەرگىسى نىم خاب — چالا ئويغۇدىكى كۆز.

نەرگىسزار [نرگس زار] (پ) نەرگىس گۈلزارى:
ۋەھ، نەخۇشتۇر خۇش نىگاھىم باقسە نەرگىسزارىدىن،
ئىشۋە بىرلە ھال سورسا ئاشىقى بىمارىدىن.
— ئەرشى.

نەرم [نرم] (پ) يۇمشاق، مۇلايىم؛ يۇمشاقلىق:
بىھەيادۇركىم بۇلار زاتىدا ئەسلا شەرمى يوق،
قەتئى رەھم دىلخەستەكىم كۆڭلىدە زەررە نەرمى يوق،
ھەم خۇنۇكدۇر بارچە ئەفئالى ساۋۇقكىم گەرمى يوق،
ياخشى سۆزنى تىڭلاماس، ھەرگىز يۈزىنىڭ چەرمى يوق،
زەبتە يوقلۇقتىن يامانلارنىڭ بولۇپدۇر بۇ زەمان.
— ئابدۇقادىر داموللام.

نەرم ئولماق — يۇمشىماق:
ۋەھ، نەخۇش لەفزى سۈچۈك شاتۇتى يەڭلىغ قارىلار،
خالىسەن لىللاھ ئوقۇر بولسە يېتىپ ئاسارىلار،
سەخت دىللار نەرم ئولۇپ قىلسا فىغانۇ زارلار،
كەلسەلەر پەرۋان ئولۇپ مۇرغانى خۇش گۇفتارىلار،
ھەممەگە بىھتەرۇ مىھتەر بولغۇسىدۇر ھەر زەمان.
— ئابدۇقادىر داموللام.

نەرم قىلماق — يۇمشاتماق:
ۋە ياكىم قىلۇرمۇ سۆز ئەيتۇرمۇ شەرم،
قىلاي ئەمدى كۆڭلىن سۆزۈم بىرلە نەرم.
— ئا. نىزارى.

نەرمۇنەرم [نرم نرم] (پ) ناھايىتى يۇمشاق؛ ئاستا:
نەغمەگى باتىنىنى قىلىپ گەرمۇ گەرم،
ساقى قۇلاقىغە دىدى نەرمۇ نەرم.
— زەلىلى.

نەزارە [نظاره] (ئە) 1) قاراش، كۆرۈش:
بەقالىق يار ھۆسنىن كۆرە ئالماي،
كى زار ئولغۇنىڭ ئاڭا قىلسانىڭ نەزارە.
— گەرشى.

2) نەزەر:
نەزارىم ھەرزامان مەھرەم ئوشۇل روخسارىدىن يانمىش،
ئىبرۇر گۈل تەرگۈچىدەككىم قۇرۇق گۈلزارىدىن يانمىش.
— قەلەندەر.

نەزارە ئەيلەمەك — كۆرمەك:
ئۆزارى ئۆزرە نىقابىن نەزارە ئەيلەمەدىم،
نەزەردە پەردەئى غەيرىڭنى پارە ئەيلەمەدىم.
— ئەرشى.

نەزارە قىلماق — نەزەر سالماق، كۆرمەك:
چۇ فەرھاد ئاندا نەزارە قىلىپ،
كى رەھم ئەيلەدى ئەلگە چارە قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

نەزارەت [نظارت] (ئە) نەزەر سېلىش، كۆزىتىش.

نەزاكەت [نزاكت] (پ) نازۇكلۇق، گۈزەللىك، ئىللىقلىق:
لەبلەرى رەشكى لەئل ئولۇپ، لالە داغى ئىبرۇر خىجىل،
سۆزلىرىدىن چۇ دۇر تامار، كۆپدۇر ئانىڭ نەزاكەتى.
— گەرشى.

نەزاكەتلىك [نزاكت ليك] نازۇك، گۈزەل، ئىللىق:
مەلاھەتدە لەبىڭگە قەندۇ شەككەر قاندا تەڭ بولسۇن،

نەزاكەتلىك قولۇڭغا سۇ قۇيالماس خان قىزى، خانىم.
— فىراقى.

نەزاھەت [نزاهت] (ئە) ساپلىق، پاكلىق.

نەزەر [نظر] (ئە) 1) كۆرۈش، قاراش:
گۈزارى گۈزرە نىقابىن نەزارە ئەيلەمەدىم،
نەزەردە پەردەئى غەيرىنگنى پارە ئەيلەمەدىم.
— ئەرشى.

2) پىكىر، خىيال:
بىسىردۇر، كۆرەرگە ئاڭا يوق ھىجاب،
ئەدىمدۇر نەزەرىدە مىڭ نۇر تاب.
— ئا. نىزارى.

3) ئېتىبار، مەرھەمەت، ئىلتىپات:
دەرگەھىڭغە بارىپ يۈزۈڭنى سۈر،
نەزەرىن تاپ بەقادا ئىززەت كۆر.
— زىيائى.

نەزەر ئەتمەك — قارىماق، نەزەر تاشلىماق:
گۈلۈڭ ئەۋرەڭزىب ئەتمىش ئاڭا كۆپ نەزەر،
كى تۈججار ئېلىدا بىلىپ مۆتىبەر.
— ئا. نىزارى.

نەزەر ئەيلەمەك — ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قىلماق:
ئېرۇر سەئد ۋەققاس ساھىب ھۈنەر،
ئاڭا ھەم رەسۇل ئەيلەگەندۇر نەزەر.
— ئا. نىزارى.

نەزەر تاپماق — ئىلتىپات ۋە ئېتىبارغا ئېرىشمەك:
خان بىلەن بۇزۇرگۋارى باخىبەر،
سەلتەنەت سۇلتانىدىن تاپقان نەزەر.
— زەلىلى.

نەزەر سالماق — 1) قارىماق:
لۇتف ئېتىپ مىسكىن رىزائى ھالىغە رەھم ئەيلەگىل،
بىر نەزەر سالساڭ ماڭا ھېچ يوقتۇر ئارمانىم مېنىڭ.
— رىزائى.

2) كۆڭۈل بەرمەك:
كۆزلىمەي ھۆسنۈڭ زۇھۇرىن بارچە ئەشيا ئىچرەكىم،
غەيرىگە سالغان نەزەر قىلغىل نىگاھىمنى كەرەم.
— ئەرشى.

نەزەر قىلماق — 1) قارىماق، نەزەر سالماق:
نەزەر قىلدى ئايىنەگە شاھزاد،
جەھان سەنئەتى ئاندا بولدى كۆشاد.
— ئا. نىزارى.

2) مەرھەمەت قىلماق، ئىلتىپات قىلماق:
بارى ئەلنىڭ تىلىنىڭ زىكرى گۈل گۈلچېھرە بولۇپدۇر،
مەگەركىم گۈل پەرىغە خىزىر، پەيغەمبەر نەزەر قىلدى.
— قەلەندەر.

بەندە ئاجىز يىغلاماقدىن كۆزگە يوقتۇر چارەسى،
رەھم ئېتىپ ھالىم نەزەر قىل چەشمە خۇنبارىمغە ئەرز.
— شەۋقى.

نەزەرباز [نظرباز] (ئە + پ) ناز بىلەن قارىغۇچى.

نەزەركەردە [نظركرده] (ئە + پ) نەزەر، ئىلتىپات بىلەن پاناھىغا ئېلىنغان كىشى:
چۇ مۇقبىل قولى بەندەئى بەردەسى.
رەسۇلى خۇدانىڭ نەزەرگەردەسى.
— ئا. نىزارى.

نەزەرگاھ [نظرگاه] (ئە + پ) نەزەر تاشلايدىغان، كۆرىدىغان جاي:
دەلىل ئەتكەن بىلە كۆڭلۈم جەھانغا ھەرگىز ئوخشارمۇ،
نەزەرگاھى خۇدايى لامەكاندۇر بۇ قاچان كۆڭلۈم.
— زەلىلى.

نەزد [نزد] (پ) ئالدى، ھۇزۇرى، قېشى:
شەھىد ئولسە كىم ئۆلمەگەن ھۆكمىدە،
ھەيات ئولغۇسى ئول خۇدا نەزدىدە.
— ئا. نىزارى.

ھەبىبغە ھەق ئۆز - ئۆزى ئىلتىپات،
يىبەردى رەسۇل نەزدىگە قانچە ئات.
— قۇشچى.

نەزر [نذر] (ئە) خۇدا يولىدا بىر نەرسىنى بېرىش، سەدىقە قىلىش.

نەزر ئەيلەمەك — نەزىر قىلماق ، سەدىقە قىلماق:
يىغىپ بارچە ئەسباب ئالاتنى،
كى نەزر ئەيلەگىز قان قىلىپ شاتنى.
— ئا. نىزارى.

نەزرۇ نىياز — خەيرلىك ئىش ۋە سەدىقە:
بېرىبان خەلايىقغە نەزرۇ نىياز،
كى ئېھسان ئىلە ئەيلەبان سەرفەراز.
— ئا. نىزارى.

نەزرىللاھ — ئاللا يولىدا قىلىنغان نەزىر، سەدىقە:
ۋەلېكىن رەھمى شەفقەت بىرلە خالىس دۇئا ئەيلەپ،
قىلىڭلار خەتمە قۇرئان باز نەزرىللاھ بېرىڭلار ئاش.
— شەۋقى.

نەزرەت [نضرت] (ئە) كۆركەملىك، گۈزەللىك؛ كۆركەم، گۈزەل:
بولسام كەرەك نەزرەت ۋۇجۇھ، نەززارىمغە ئەينى سۇ جۇھ،
ئول ۋەقتىدە خۇررەم بولۇپ دېسەم بۇدۇر فەرخۇندە باب.
— ئىسمائىل ھاجى.

نەززارە [نظاره] (ئە) 1) كۆزەينەك. 2) كۆرگۈچى، نەزەر سالغۇچى:

ھەۋس قىلدى ئايىنە نەززارىسىن،
ئانىڭدا تاپارغا كۆڭۈل چارىسىن.

— ئا. نىزارى.

2) كۆرۈپ تاماشا قىلغۇچى:

نىچۈك مەن نەگرە چەكمەي ھەم فىغانۇھاي ـ ھۇي ئەتمەي،
سېنى باغى جەنانىنىڭ بىر گۈلى نەززارىسى دەرلەر.

— زەلىلى.

3) كۆزەتكۈچى:

دىمە كويىدا ھەرسارى ئاچىلغان نەرگىسى شەھلا،
سەرا ـ سەر رەھ گۈزارىن لەشكەرى نەززارە ياسانمىش.

— ئەرشى.

نەززارە قىلماق — كۆزەتمەك، قارىماق:

قاچالماي ھەر تەرەف نەززارە قىلدى.
باشىن يەرگە ئۇرۇپ يۈز پارە قىلدى.

— ناقىس.

4) نۇر.

نەززارەئى خۇرشىد — كۈن نۇرى:

نەززارەئى خۇرشىدغە باقماقغە يوقدۇر تاقىتى،
رەھى رەۋاندەك تىترەشۇر بۇرجى مەدارىج ماھتاب.

— ئىسمائىل ھاجى.

نەززارەلىغ [نظارەلیغ] كۆركەم، چىرايلىق:

كۆزلىرىم نەززارەلىغ قەددى جىمالىڭ كۆركەلى،
يۈز شۈكۈھ ھەيبەتلىغ ئىسلام ئىلە بىللە يۈرگەلى.

— ئىسمائىل ھاجى.

نەزم [نظم] (ئە) 1) تەرتىپكە سېلىش، تىزىش. 2) تەرتىپ، تۈزۈم. 3) شېئىرىي ئەسەر، شېئىرىيەت:

باغىس گۈل بولدى ماڭا ئەي، ئەھلى بەزم،
ئەيلەدىم تەزكىرەئى چىلتەننى نەزم.

— زەلىلى.

نەزم ئەلفازى — سۆزلەرنىڭ شېئىر شەكلىگە كېلىشى:

زەمانىكى گۈل شەھغە كەچمىش خەيال،
قىلۇر نەزم ئەلفازى دەفئى مەلال.

— ئا. نىزارى.

نەزم ئەيلەمەك — شېئىر تۈزمەك، يازماق:

قىلىپ جەمئى ئەيلەسە خوبدۇر،
كەلامى تەبىئەتكە مەرغۇبدۇر.

— ئا. نىزارى.

نەزم قىلماق — «نەزم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

نەزم قىلماقغە ئەيلەدىم ئاغاز،
مەۋگىزە سەترەغە بولۇپ ھەمراز.

— زىيائى.

نەزمە [نظمە] (ئە) «نەزم» گە قاراڭ:

مۇقەددەر ئەيلەدى تەھرىر نەزمە تارىخىن،
ئاياغى كامىل ئەمەس نۇقس ئىلە چۇنان تارىخ.

— شەۋقى.

نەزىر [نظیر] (ئە) ئوخشاش، تەڭ:

سەلتەنەت مەيدانى ئىچرە نامدار،
ئەدل بىرلەن بى نەزىرى روزگار.

— زەلىلى.

نەزئ [نزع] (ئە) جان چىقىش ۋاقتىدىكى ھالەت.

نەزئى جان — جان تالىشىش:

نەچەسى ئۆلۈبدۇر، نەچە نىمجان،
ۋە بەئزىمى ياتار، بەزىسى نەزئى جان.

— موللا شاكىر.

نەژەند [نژند] (پ) خار، پەس:

كىشى بەرسە كۆڭۈل بىر مەھۋەشى نا مېھرىبانىغە،
تاڭ ئىرمەستۇر مېنىڭدەك ئەلگە ئەر خارۇ نەژەند ئولغاي.

— قەلەندەر.

نەس [نص] (ئە) 1) تېكىست. 2) دەلىل؛ ھۆكۈم.

نەسسى قاتىئ — كەسكىن ھۆكۈم.

نەسائىم [نسائم] (ئە) «نەسىم» نىڭ كۆپلۈكى: ئىللىق شاماللار.

نەسايىھ [نصایح] (ئە) «نەسىھەت» نىڭ كۆپلۈكى: نەسىھەتلەر:

كى چىزى ساڭا ئەرز ئىزھار دۇر،
نەسايىھ سۇخەن بىر سۆزۈم باردۇر.

— ئا. نىزارى.

نەسەب [نسب] (ئە) ئۇرۇق ـ ئەۋلاد، نەسىل:

قالمادى ئىسلا تەنابى بولدى ئالەم بىنىزام،
يوق ئۇچۇن بىر ھاكىمى مەزبۇتكىم ئالىي كىرام،
ھەربىرى ئۆز بەگ بولۇپ رەئيى ئىلە ئەيلەر خىرام،
ياتتىلار ئەئلا نەسەب ئەسفەل قوپۇپ تاپتى قارام،
بىگۇمان بۇ ئىش ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نەسب [نصب] (پ) تىكلەش، بىرەر مەنسەپكە تەيىنلەش.

نەسب ئەتمەك — تىكلىمەك، تەيىنلىمەك:

كى ئەمر ئەيلەدى كاشغەر سارىغە،
يەنە نەسب ئېتىپ دەھر ئازارىغە.

— ئا. نىزارى.

نەستەر [نستر] (پ) «نەستەرەن» گە قاراڭ:

ھۆللەچىنى تۈگمەسىگە غۇنچەنى تەر ئەيلەدى،
سەبزەدىن گۈل ئاستىغە سەبزىيە نەستەر ئەيلەدى.

— ئەرشى.

نەستەرەن [نسترن] (پ) ئاق ئېچىلىدىغان بىر خىل

گۈل، نەسرىن گۈلى:

ئەرتە خىرام ئەيلەدى يار بىسوبى چىمەن،
فەرشى رەھى بولدىلەر بەرگى گۈلى نەستەرەن.

— زەلىلى.

نەستەرىن [نسترن] (پ) «نەستەرەن» گە قاراڭ:

يار ئەكسىن ئەرشىدە كۆرگەچمۇ بولدى باغ ئارا،
سارغارىپ گەھى قىزارىپ نەستەرىن شەرمەندەسى.

— ئەرشى.

نەسخ [نسخ] (ئە) 1) يوق قىلىش، بىكار قىلىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش. 2) كۆچۈرۈش، نۇسخا ئېلىش. 3) خەتتاتلىقتىكى بىر خىل يېزىش شەكلى.

نەسخە [نسخه] (ئە) «نۇسخە» گە قاراڭ:

غەرقەگى دەريايى شور ئولغاندا ھەرگىز قورقماغىل،
نەسخەگى مەردۇ خۇدادىن نا خۇدا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

نەسر I [نثر] (ئە) 1) تىزىلمىغان، تارقاق. 2) نەسرى ئەسەر، پروزا:

تېرىپ نەسر دەرياسىدىن جەۋھەرى،
تىزىپ رىشتەغە ئەيلەگىز گەۋھەرى.

— ئا. نىزارى.

نەسر II [نصر] (ئە) قۇرغۇي.

نەسر III [نصر] (ئە) ياردەم؛ زەپەر، غەلىبە.

نەسرىن [نسرين] (پ) «نەستەرەن» گە قاراڭ:

ئارەزى نەسرىن، ساچى سۈنبۈل قاشى مىھرابۇ تاق،
ھەر تۈنى يۈز يىلچە بار يادىمدا تارتقان ئىشتىياق،
ھەر زەمان قان يىغلابان كۆزدىن داغى سىزدى قاراق،
ئاخىرى ئۆلتۈرگىدەك فۇرقەت بىلە دەردى فىراق،
كۆرمەسەم بىردەم بۇ تەن جاندىن جۇدا بولغانچە بار.

— موللا سالىھ.

نەسساج [نساج] (ئە) توقۇمىچى، بايكار.

نەسساجلىق [نساجليق] توقۇمىچىلىق، بايكارلىق:

بىراۋ قىلدى نەسساجلىق ئىختىيار،
يازىپ ئەبرىشىم ئەيلەدى تار - تار.

— غەرىبى.

نەسساخ [نساخ] (ئە) كۆچۈرگۈچى.

نەسل [نسل] (ئە) ئۇرۇق، ئەۋلاد، نەسەب:

ھەم ئول بۇلبۇشەر بارچە ئىنسانغا ئەسل،
ھەمە خەيل ئىنسان ئىرۇر ئاڭا نەسل.

— ئا. نىزارى.

بەشەر نەسلى — ئادەم ئەۋلادى:

بەشەر نەسلى بىرلە تۈزەلدى جاھان،
ھەمە كەسپلەر بولدى بىر - بىر ئايان.

— غەرىبى.

نەسۇد [نسود] (پ) نېمە پايدا:

يىقىلدىكى بىھۇش ئولۇپ ئول جۇھۇت،
كېتىپ تەڭگە ئىمدى، پۇشايمان نەسۇد.

— ئا. نىزارى.

نەسىب [نصيب] (ئە) بەھرە، ئۈلۈش، ھەسسە:

ئەيلەگىل يارەب، ماڭا ئول شوخ سىمىنبەر نەسىب،
تۈتمىگى بىچارەغە قىل شەھد ئىلە شەككەر نەسىب.

— قەلەندەر.

نەسىب ئەتمەك — مۇيەسسەر قىلماق:

ۋىسالى ھەجرىدىن نالان كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
ماڭا يارەب، نەسىب ئەتسەڭ نە بولغاي گۈلئۈزارىمنى.

— ئەرشى.

نەسىب ئەيلەمەك — بەرمەك، ئاتا قىلماق، ئىنئام قىلماق:

ئىلاھا نىزارىنى قىل مەغفىرەت،
نەسىب ئەيلە ئاخىر نەفس خەيرىيەت.

— ئا. نىزارى.

مەنى قىلمە دۇنيادا ئىسيان سىرىشت،
نەسىب ئەيلەگىل مۇرغىزارى بېھىشت.

— ئا. نىزارى.

نەسىب بولماق — مۇيەسسەر بولماق، ئېرىشمەك:

شەك ئېرمەس خۇدا ئۆزگە قىلسە قەرىب،
چىراكىم بولۇپدۇر شەھادەت نەسىب.

— ئا. نىزارى.

نەسىب قىلماق — «نەسىب ئەتمەك» كە قاراڭ:

نىزارىغا ۋەھدەتنى قىلغىل نەسىب،
ھەقىقى جەمالىغە بولسۇن قەرىب.

— ئا. نىزارى.

نەسىب ئولماق — «نەسىب بولماق» قا قاراڭ:

كېلىپ مەن دەرگەھىڭگە خىيرە چەشمىم رەۋشەن ئولغاي دىپ،
نەسىب ئولغايمىكىن شايەد كۆزۈمگە سۈرمەگى مازاغ.

— شەۋقى.

نەسىج [نسيج] (ئە) توقۇلما؛ ماتا.

نەسىم [نسيم] (ئە) مەيىن شامال، ئىللىق شامال:

گۈل ئارا ئەيلەپ نەسىمىن قىلسە ھەريان زەۋقى گۈل،
بولسە ئول چاغ ۋەسلى يارۇ بولماسە ئەغيارەلەر.

— ئەرشى.

نەسىم ئەسمەك — ئىللىق شامال چىقماق:

نەسىم ئەسكەچ فەنا ئالەم ۋۇجۇدىن،

ساۋۇرمىش گەردنى چۈن بادى سەرسەر.
— ئەرشى.

نەسىمى ئافەرىنىش — پەيدا قىلغۇچى مەيىن شامال:
ئەۋۋەلكى نەسىمى ئافەرىنىش،
كىم قىلدى ۋۇجۇد سارى جۇنبىش.
— نەۋايى.

نەسىمى سەبا — تاڭ سەھەردىكى مەيىن شامال.

نەسىمى سەھەر — سەھەردىكى مەيىن شامال.

نەسىمى سۇبھ — تاڭ سەھەردە چىققان مەيىن شامال.

نەسىمى شەبگىر — كېچىدىكى مەيىن شامال.

نەسىمى مەرگ — كۆز شامىلى؛ ئەجەل شامىلى:
دەرەخت ئۆمرى دائىم سەبزەدۇر دىمى ئېئتىماد ئەتمەڭ،
نەسىمى مەرگ ئەيلەر بەند - بەندىدىن جۇدا ئاخىر.
— زەلىلى.

نەسىمى نەفەس — مەشۇقنىڭ نەپەس - ھىدىنى ئېلىپ كەلگۈچى مەيىن شامال:
يىغىمدىن كېلۇر ئېردى دەرد - فىراق،
نەسىمى نەفەسدىن تۇمەن ئىشتىياق.
— ئا. نىزارى.

نەسىمى ئىلتىپات — مەشۇقنىڭ مەرھەمىتى، ئىلتىپاتى، خەۋىرى:
نەسىمى ئىلتىپاتىڭدىن نەسىب ئولغايمۇ شەۋقىمغە،
يېتىشكەچ ئۆمرى شۇبھى شام ئارا زۇلمەتدە ۋاشەۋقا.
— شەۋقى.

بويى نەسىم — ئىللىق شامال ئېلىپ كەلگەن ھىد - بۇي:
ئالمايىن بويى نەسىمى خىلئەتىڭ ئەنۋارىدىن،
ھاشە لىللاھ بىر گۈلى بۇ باغ ئارا خۇررەم ئەمەس.
— ئەرشى.

نەسىھەت [نصيحت] (ئە) ياخشىلىققا چاقىرىش، نەسىھەت:
چىقاردى كىشى: «دەرمەھەل ياندۇرۇڭ،
نەسىھەت بىلە ئىشقدىن تاندۇرۇڭ.»
— ئا. نىزارى.

نەسىھەت ئامىز [نصيحت آميز] (ئە + پ) نەسىھەت قىلغۇچى.

نەسىھەت شۇنەۋ [نصيحت شنو] (ئە + پ) نەسىھەت ئاڭلىغۇچى.

نەشات [نشاط] (ئە) شادلىق، خۇرسەنلىك:
كېلىپ ئۈيگە سالدى مۇزمىيەن بىسات،
بۇزۇق كۆلبەسى بولدى جايى نەشات.
— ئا. نىزارى.

نەشات تاپماق — شادلانماق، خۇرسەن بولماق.

نەشاتى سۇرۇر — شاد - خۇراملىق:
دىماغىڭنى ئەستى ھەۋايى غۇرۇر،
كى غەفلەتدە سۇردۇڭ نەشاتى سۇرۇر.
— ئا. نىزارى.

نەشات ئەفزا [نشاط افزا] (ئە + پ) شادلىق پەيدا قىلغۇچى.

نەشات ئەنگىز [نشاط انگيز] (ئە + پ) شادلىق بېغىشلىغۇچى.

نەشتەر [نشتر] (پ) يىلان قاتارلىقلارنىڭ زەھەرى ياكى چاققاندا سانجىيدىغان ئەزاسى، نەشتەر:
كىرپىكلەرى سەف تۈزۈپ سىناندەك،
ھەرقايىسسى بىر جانىمغە نەشتەر.
— موللا سالىھ.

نەشئە [نشئه] (ئە) كەيپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت:
تا قىيامەت ئۈزمە كۆڭلۈڭ، ئەرشىيا، بۇ نەشئەدىن،
بىسكى ئالەم ئىچرە ئۆمرى جاۋانىمدۇر چىلىم.
— ئەرشى.

بۇ فەسل نەشئەسىدىن رەڭ - بەرەڭ تەماشالار،
جەھاننى سەفھەسىگە كەلتۈرۈپ نەمايەن چەرخ.
— شەۋقى.

نەشئەئى مەستانە — مەستلىك كەيپى:
جەھان مەيخانەسىنىڭ مەيپۇرۇشى بادىسىن نەتسۇن،
زەلىلى مىسرەئىدىن نەشئەئى مەستانەدۇر پەيدا.
— زەلىلى.

نەشئەئى ياب — مەي كەيپى:
زەر قىزىنىڭ ھەسرەتىدە تەشنە كەلدىم ساقىيا،
نەشئەئى ياب ئىلە (ئول) لەئلى لەبى ئەفزاسىدىن.
— ئەرشى.

نەشئەئى سەھبا — قىزىل مەي كەيپى:
ئارەزىن جانان ئاچىبدۇر مېھرى نۇر ئەفزا ئەمەس،
خوش نىگاھى گەرم قىلدى نەشئەئى سەھبا ئەمەس.
— ئەرشى.

نەشەست [نشست] (پ) ئولتۇرۇش، يىغىن.

نەشەست ئەتمەك — ئولتۇرماق:
سۇمۇردى ئەمارى تەن ئولدى شىكەست،
قاراڭغۇ ئۆي ئىچرە ئول ئەتتى نەشەست.
— ئا. نىزارى.

نەشئۈنەما [نشوونما] (ئە + پ) ئۆسۈپ - يېتىلىش؛ ئۆسۈش:
تاپىپ كەۋەكىبىدىن تەربىيەت فەۋاسىللەر،

مەزار نەشئۇنەما لالەزار بوستان چەرخ.

— شەۋقى.

نەشۋ [نشو] (ئە) ئۆسۈش؛ پەيدا بولۇش.

نەشۋۇنەما — «نەشئۇنەما» غا قاراڭ.

نەغەم [نغم] (ئە) «نەغمە» نىڭ كۆپلۈكى: نەغمىلەر، ناۋالار، كۈيلەر:

نۇكتە پەردازى سۇخەن ئىقلىمى ئىچرە قالمادى،
دەفتەرى دىباچەگى مەئنى نەغەم كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

نەغەمات [نغمات] (ئە) «نەغمە» نىڭ كۆپلۈكى، «نەغەم» گە قاراڭ.

نەغز [نغز] (پ) چىرايلىق، گۈزەل؛ سىپايە.

نەغز ئەيلەمەك — گۈزەللەشتۈرمەك؛ بەدئىيلەشتۈرمەك:

قاي سۆگەكدۈركى ئانچە ئەيلەپ نەغز،
قويمادى تا سۈمۈرمەيىن ئول مەغز.

— نورۇز ئاخۇن زىيائى.

نەغزى [نغزى] (پ) گۈزەللىك، سىپايىلىق؛ بەدئىيلىك:

دىگىل سۆزنى ئىچىدە مەغزى بولسە،
قايۇ مەغزىكى، سۆزلەر نەغزى بولسە.

— ناقىس.

نەغمە [نغمە] (ئە) ئاھاڭ، كۈي، مۇزىكا:

ئەرەنلەر ئىشى قارچۇغە قۇشلاماق،
سەخاۋەت قىلىپ نەغمەنى خوشلاماق.

— قۇشچى.

نەغمەئى خەيرباد — ياخشى، خەيرلىك كۈي، مۇزىكا.

نەغمەئى سەۋتى مۇغەننى — ناخشىچىلار ئاۋازىنىڭ كۈيى:

نەغمەئى سەۋتى مۇغەننى چۇ دىلگىر ئەيلەدى،
تا ۋۇجۇدۇمنىڭ مەقامىدىن خەبەردار ئولمىشەم.

— زەلىلى.

نەغمەئى قەقنۇس — رىۋايەتتىكى قەقنۇس قۇشىنىڭ تۇمشۇقىدىكى تۆرغۇنلىغان تۆشۈكلەردىن ھەرخىل مۇزىكا كەيى چىققان كۈي:

نەغمەئى قەقنۇس ئىلە تەڭ ئولسە ئاۋازى جەرەس،
سۇر ئىسرافىل ئىلە ئاھىم ئىرور گەر ھەمنەفەس،
تۇتىئى تەبئىمگە بولسا ئاشيان زەررىن قەفەس،
نالەئى بولبۇلغە ھەمدەم بولسە كۆڭلۈم ئەيب ئەمەس،
بار دىماغى گۈلشەنى ماچىندە بىپەرۋاسى بار.

— ئەرشى.

نەغمەئى ئەرغۇنۇن — ئەفلاتۇن ئىجاد قىلغان پىشانىسو-

غا ئوخشاش بىر خىل سازنىڭ كۈيى:

چالدى مەگەر مۇغەننىلەر نەغمەئى ئەرغەنۇنى ئىشق،
پىرمۇغان ئىشكىدىن كەلدى سەدايى زىرۇبەم.

— زەلىلى.

نەغمە ساز [نغمە ساز] (ئە + پ) سازەندە.

نەغمە سەنج [نغمەسەنج] (ئە + پ) نەغمىچى، سازەندە:

بولدى تۈركىستان زەمىن ئىچرە زەلىلى نەغمەسەنج،
مۇستەمىئدۈركىم گۈلىستان قۇشلەرى ئەمدى كېلىپ.

— زەلىلى.

نەغمەكار [نغمەكار] (ئە + پ) نەغمە قىلغۇچى، نەغمىچى.

نەغمەكەش [نەغمەكش] (ئە + پ) ساز چالغۇچى، سازەندە.

نەفائىس [نفائس] (ئە) نەپىس، قىممەتلىك نەرسىلەر.

نەفەس [نفس] (ئە) 1) دەم، نەپەس:

غەزەبدىن يانىپ ئول زەمان پادشاھ،
پۇشايمان قىلىپ ھەرنەفەس چەكتى ئاھ.

— ئا. نىزارى.

2) جان:

بىلدىم نەفەسىنىڭ ھەلاۋەتىنى،
قويدۇم بەرىنىڭ ئەداۋەتىنى.

— نەۋايى.

نەفەس سالماق — چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئالماق:

نەفەس سالغانى گويا ھەر تەرەپكە تىير ئەژدەرھا،
تەلەبىم تەننى سىندۇرماق ئېرۇر تەدبىر ئەژدەرھا؛
بەتەھقىق ئاڭلادىم ئەفسۇن ئەمەس زەنجىر ئەژدەرھا،
مەراھىل تەي قىلۇرمەن قويماسا گەر شىر ـ ئەژدەرھا؛
دەمى تىغى زەبانىم ئول مەھەلدە زۇلفىقارىمدۇر.

— زەلىلى.

زارۇ نەفەس — ئاھۇزار:

مېنى تۇتۇپ ئۇلار سالدى قەفەسغە،
بۇ نە قالدىم يەنە زارۇ نەفەسغە.

— مەجلىسى.

قەتئى نەفەس — نەپەس ئۈزۈلۈش:

دېدىم يانە: «ھەر كىم كەبۇتەرنى بەس
يوق ئەتسە بولۇرسىزمۇ قەتئى نەفەس؟»

— ئا. نىزارى.

نەفس [نفس] (ئە) 1) يېيىش ـ ئىچىشكە، مال ـ دۇنياغا، شەھۋانىيلىققا بولغان مەيل، قىزىقىش:

ۋاي ئول قارىغە، قۇرئان نە غەرەزدىن ياد ئېتەر،
ئۆشبۇ دۇنيادا بىش ـ ئون كۈن ۋەقتىنى ئاباد ئېتەر،
بولسە ھەر يەردە تەمەئ بىرلە سەمەن ئىجاد ئېتەر،

تون كىيىپ، ئۈستۈن باقىپ نەفسىنى دائىم شاد ئېتەر،
بۇ كەبىلەرغە خۇدا تەۋفىق بەرگەي ھەر زمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

2) جان، روھ:

كىشىنىڭ بۇ ۋەقت ئىككىدۇر ھالىتى،
ئېرۇر ئەقلى يا نەفسىنىڭ قۇۋۋىتى.

— نەۋائى.

نەفسى ئەممارە — قاتتىق بېرىلىش، كۈچلۈك مەيل؛ نەپسى يامانلىق:

بەلا كويىغا سالمىش شەۋقىنى بۇ نەفسى ئەممارە،
قۇتۇلماغلىق بىسى مۈشكۈل ئانىڭدىن سىكۋە كەلتۈرمىش.

— شەۋقى.

نەفسى دانى — نەپسى بۇزۇقلۇق.

نەفسى شەررى — يامانلىققا باشلايدىغان نەپس:

نەفسى شەررىدىن بولۇڭ ئەمدى ئەمىن،
بەردىلەر ئىلكىگە بىر قۇرسۇ جەۋىن.

— زەلىلى.

نەفسى شەيتان — كىشىنى ئازدۇرىدىغان نەپس:

پىرى مۇرشىدنىڭ قاشىغە بارمەغان،
نەفسى شەيتاننىڭ قولىنى قارمەغان.

— زەلىلى.

نەفسى شۇم — يامان يولغا باشلايدىغان نەپس، شۇم نەپس:

سالىپ بۇ بەلاغە سېنى نەفسى شۇم،
قىلىپ باشىغە نەفس ھەۋايىڭ ھۇجۇم.

— ئا. نىزارى.

نەفسانىيەت [نفسانيت] (ئە) ئۆز نەپسىگە بېرىلىش.

نەفسپەرۋەر [نفس پرور] (ئە + پ) نەپس بەندىسى، ئاچ كۆز.

نەفسپەرۋەرلىك [نفس پرورليك] نەپسانىيەتچىلىك:

قاچانغە نەفسپەرۋەرلىك قىلۇرسەن،
جەھان مۈلكىنى ئارقە سالمادىڭ ھېچ.

— شەۋقى.

نەفى [نفى] (ئە) رەت قىلىش، ئىنكار.

نەفى ئەتمەك — «نەفى ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

نەفى ئەيلەمەك — رەت قىلماق، ئىنكار قىلماق:

تەرك ئەيلەدىم بۇ جاننى، نەفى ئەيلەدىم جەھاننى،
كۆز كۆرمەس ئاسماننى، گەردۇ غۇبار ئىچىدە.

— زەلىلى.

نەفىر [نفير] (ئە) 1) كاناي. 2) نالە، پەرياد:

نە ئۈمىد گۈلدى ھەممە بەرناۋۇپىر،
كۆككە يەتتى ئاھۇ ئەفغانۇ نەفىر.

— زەلىلى.

نەفىرۇ فىغان — ئاھۇ ئەپغان، نالە - پەرياد:

چىققاي ئۈشۇل لەھزە نەفىرۇفىغان،
ياشلەرى گوياكى چۇ ئابى رەۋان.

— زەلىلى.

فىغانۇ نەفىر — «نەفىرۇ فىغان» غا قاراڭ:

بولۇپ بەندگە زار مەجنۇن ئەسىر،
چېكەر ئېردى ھەردەم فىغانۇ نەفىر.

— ئا. نىزارى.

نەفىس [نفيس] (ئە) نازۇك؛ لەتىپ.

نەفئە [نفع] (ئە) پايدا، مەنپەئەت:

قىلماڭ ھەر دەۋا ئەيلەبان ئېھتىيات،
دەۋا نەفئىدىن بولغايسىز ھەم نىشات.

— قۇشچى.

نەفئە قىلماق — پايدا بەرمەك، پايدا قىلماق:

ئىلىم ھاسىل ئەيلىسەڭ ھەقدىن بولەك ئەغرازىلە،
نەفئە قىلماس ئاخىرەتدە بارچە ئەمۋالىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

نەفئى رەئىيە قىلماق — پۇقرالارغا مەنپەئەت يەتكۈزمەك:

ۋەھ، نەخۇب مۇنىسى ئېسە تۈگچىلە يەئنى تەرجىمان،
بولسەلەر ھەر ۋەجھىدىن مۆئمىنلەغە نەفئى رىسان،
قايسى ئىش نەفئى رەئىيە قىلسە جەھرىن خاھ نىھان،
ئىككى ئالەم دەۋلەتى گوياكى كەلمىش بىگۇمان،
ئىززۇ ئىقبالى زىيادە بولغۇسىدۇر ھەر زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نەفئى ئام — ئاما ئۈچۈن مەنپەئەتلىك:

قىلسە يۇرت كارىنى ئاخۇند، بەگلەگە ۋالى خىتاب،
شەرئىدىن چىقماي قىلىشلار ئىش، نە بۇيرۇپدۇر كىتاپ،
ئالسە شەيخۇ - ئىسلام، رەئىس مەجمۇئ ئىشلاردىن ھىساب،
تاپسە قەلبىن ھەر ئىشىدىن قىلسە قاتتىق ئېھتىساب،
نەفئى ئام ئولماق ئىلە ياخشى بولۇر ئېردى زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نەفئى رەسان — پايدا يەتكۈزگۈچى:

بار كۆمۈلىك ھەم ئاچىلماقدا ئىكەۋلەن تەۋئەمان،
لېك بىسى بىنەفئىمەندۇر، مە بىسى نەفئى رىسان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نەفئىلىق [نفع ليق] پايدىلىق.

نەقارە [نقاره] (ئە) «نەققارە» گە قاراڭ:

مەن ئۆز دەۋرىمدە كۈسى نەزم ئۇردۇم،
سۆز ئەھلى بارچە چالمىشلار نەقارە.

— ئەرشى.

نەقب [نقب] (ئە) «نەقبە» گە قاراڭ.

نەقبە [نقبە] (ئە) لەخمە.

نەقد [نقد] (ئە) 1) پۇل، ئاقچا، قىممەت باھالىق نەرسەلەر:

كەلدى خىرەد بىرلە گەنج ئاچتىلار،
چۈ سۆز نەقدىنى فاش ئېتىپ ساچتىلار.

— ئا. نىزارى.

2) تەييار، نەق:

فەرىدۇن فەزايىن قىلىپ ئاندا نەقد،
كى تىلسىم بىلە قىلدى ئەژدەرنى ئەقد.

— ئا. نىزارى.

3) دەرھال:

زىھى مەزاھىر ھۆسنۈڭكى گەنج ئولۇپ ئىزھار،
گۆھەرنى كانىدە كۆرسەتتى نەقد خىزمەتكار.

— ئىسمائىل ھاجى.

4) جان؛ تىرىكلىك:

تۇت ئەي ساقى، جام جەھانبىن ماڭا،
قىلايكىم بۇ جان نەقدىنى رەھن ئاڭا.

— ئا. نىزارى.

نەقد تاراج — بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىش:

غەمزە كافىر كۆزلەرىڭنى نەقد تاراجى ئۈچۈن،
سەبقەت ئەيلەرگە ئىنكەۋلەن بىر - بىرىنى ماراشۇر.

— ئەرشى.

نەقد جان تاراج — جان پىدا قىلىپ:

نەقد جان تاراج غەمدىن ئاسراماق دىشۋار ئېرۇر،
ئىشق تاسەڭگى مەلامەتدىن ھىسار ئەتمىس ماڭا.

— غەرىبى.

نەقدى جان — جان پىدالىق:

سەبزە رەڭ، ئاقۇ قىزىل، ئىسۋەد لىباسىن كۆرسەتىپ،
غەفلەت ئەيلەپ نەقدى جان ئىلتىپ فۇنۇنىن ئويناتىپ.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نەقد نىسار — قىممەتلىك چاچقۇ:

ئەزەلدىن ئوق كۆڭۈل نەقدى نىسار ئىشق ئولغاندۇر،
ئەمەس ھاجەت پەرىلەرگە كىم ئولدى دىلرەبا بولماق.

— ئەرشى.

نەقدىنە [نقدينە] (پ) نەق پۇل؛ غەنىيمەت:

ھىسارى تەندە تەخت پادشاھى ناتەۋان كۆڭلۈم،
تاماشا ئەيلەدىم نەقدىنەگى ئىككى جەھان كۆڭلۈم.

— زەلىلى.

نەقش [نقش] (ئە) 1) بېزەك، زىننەت، نەقىش:

ئىتلارىڭ نەقشىن سەپالىن گەر نەسىبىم ئەيلەسەڭ،
تەشنەلىكدىن قانىن ئانداغ نەقشى بىرلە سىپقاراي.

— ئەرشى.

2) رەسىم، سۈرەت:

ئەگەر بەندە سەن بولمە ئازار بەخش،
شىكەستە بولۇپ ئۆزنى قىل پايى نەقش.

— ئا. نىزارى.

3) مۇراد، مەقسەت:

بۇ ئەسرارلارنىڭ نەقشىنى بىلدى گۇل،
ئاڭا بارغالى چارەسىن قىلدى گۇل.

— ئا. نىزارى.

4) تەسىر، ئىز:

خاھلاسا ئول ئارىغىكىم بىر نەزەردە مەھۋ ئېتەر،
بولسە كىمنىڭ كۆڭلىدە يۈز نەقش يوقۇ بارىدىن.

— ئەرشى.

نەقش قىلماق — يازماق، سىزماق؛ تەسۋىرلىمەك:

چېكىپ خامەسىن، نەقش قىلدى ئەيان،
كى ئەرمەن دىيارىغە تارتىپ نىشان.

— ئا. نىزارى.

نەقش نىگار — سىزىلغان سۈرەت؛ گۈزەل مەھبۇبە:

خالى خەتتى، زۇلفى چۈن نەقش نىگار،
مۇرغى كۆكۈللەرنى قىلۇرلەر شىكار.

— زەلىلى.

ئەرقىنىڭ ئاياغىدا قىلدى ئىمار،
قىلىپ ئاندا شافۇر نەقش نىگار.

— ئا. نىزارى.

نەقشى مۇھەببەت — سۆيگۈ سىماسى، مەھبۇبەنىڭ سىياقى:

ئىنايەت تەگرىدىن پىرىم چۇ ھىممەت،
مۇيەسسەر بولدىيۇ نەقشى مۇھەببەت.

— مەجلىسى.

نەقشبەند [نقش بند] (ئە + پ) نەقش سالغۇچى، نەققاش.

2) خوجا بەھاۋەددىننىڭ لەقىمى:

بەندە ئاجىزغە مەدەد كۆرگۈزسە شەھى نەقشبەند،
ئەۋلىياۋۇ مۇجتەھىدلەردىن مەدەد خاھىشغە ئەرز.

— شەۋقى.

نەقشبەندىلەر [نقش بنديلەر] خوجا بەھاۋەددىن نەقشبەند تەرەپدارلىرى:

نەقشبەندىلەركى نەقشى بورىيايى دۇرۇر،
ئەتلەسى گەردۇن ئەگەر بالىنى بىستەر بولماسا.

— زەلىلى.

نەقشساز [نقش ساز] (ئە + پ) نەققاش.

نەققاب [نقاب] (ئە) لەخمە كولىغۇچى.

نەققاد [نقاد] (ئە) تەنقىدچى.

نەققارە [نقارە] (ئە) ناغرا:

يۈگۈردى قەلئەنى بىردەمدە ئالدى،
ئۆزىنىڭ ئاتىغە نەققارە چالدى.
— ناقىس.

نەققارە قىلماق — ناغرا چالماق:
سىپاھى ئىشق كۆڭلۈ شەھرىنى قىلۇر تاراج،
بىھايى ھاي ئەجەب جەڭ ئىلە نەققارە قىلاي.
— زەلىلى.

نەققارە خانە [نقاره خانه] (ئە + پ) ناغرا چالىدىغان مەخسۇس ئورۇن:
تۈزۈپ ئورداۋۇ مىرزا خانە،
سالىپ ئاتخانەۋۇ نەققارەخانە.
— ناقىس.

نەققاش [نقاش] (ئە) سۈرەتچى، نەققاش:
رىۋايەت نەققاشى چەكتى رەقەم،
كى چىن سەفھەسىگە سۈرۈپدۇر قەلەم.
— ئا. نىزارى.

نەققاشى سۇنئ — يارىتقۇچى، خۇدا.

نەققاشلىق [نقاش ليق] 1) نەقىشلەنگەن. 2) رەسساملىق، نەققاش.

نەقل [نقل] (ئە) يۆتكەش، كۆچۈرۈش؛ بايان قىلىش؛ رىۋايەت.

نەقل قىلماق — 1) يۆتكىمەك، كۆچۈرمەك. 2) رىۋايەت قىلماق:
قىلىپ ئول كېچە نەقل ئەسھاب كەھف،
داغى مەدھ ئول يار ئەھباب كەھف.
— ئا. نىزارى.

نەقل تەئۋىل — ئۇزۇن بايان:
كىشى ئىستەسە نەقل تەئۋىلنى،
تاپار «خەمسە» دە كۆللى تەفسىلنى.
— ئا. نىزارى.

نەقلى ئاسار — ھېكايە سۆزلىگۈچى:
كېلىپ كۆرسەلەر بارچە تۇججارلار،
بىرى بىرسىدىن نەقلى ئاسارلار.
— ئا. نىزارى.

نەقلى مەيى مەجلىسى — مەي سورۇنىنىڭ قىزىقچىسى:
نام مۇبارەكلىرى ساقى ئىدى،
نەقلى مەيى مەجلىسى باقى ئىدى.
— زەلىلى.

نەقۇش [نقوش] (ئە) «نەقش» نىڭ كۆپلۈكى: نەقىشلەر:
دەرىغ دەردكە ئەۋۋەل نەچەشىم گۇش ئەردىم،
يوق ئەردى ئىسردۇ ئەناسىر چۇيى نەقۇش ئەردىم.
— زەلىلى.

نەقۇلات [نقولات] (ئە) «نەقل» نىڭ كۆپلۈكى: رىۋايەتلەر، ھېكايىلەر:
چۇ سەفھىگە چەكتىيۇ چابۇك رەقەم،
نەقۇلات سەترىدە چاپتى قەلەم.
— ئا. نىزارى.

نەقى [نقي] (ئە) پاك، تازا، ساپ:
ھۇجۇم ئەتكەندە فەۋجى كاكۇلۇڭ يا لەشكەرى زۇلفۇڭ،
كى نەقى لائىلاھە سەۋتى ئىللەللاھ ھىسارىمدۇر.
— زەلىلى.

نەقىر [نقير] (ئە) پارچە - پۇرات نەرسە.

نەقىز [نقيض] قارشى، زىت، ئەكسى.

نەكال [نكال] (ئە) جازا، ئازاب:
تەمەئدە رەزالەت ۋە نەكال،
كەلدى مەئمۇرىغە ئومىدى ۋىسال.
— نەۋايى.

نەكبەت [نكبت] (پ) بەختسىزلىك، پالاكەت.

نەكھەت [نكهت] (ئە) خۇشبۇي ھىد، خۇش پۇراق:
سەبا گۈلزار ئىچىدىن نەكھەتى زۇلفۇڭنى كەلتۈردى،
دىماغ ئاشۇفتەلىكدىن بوي ئالۇرنى شامە بىلمەيدۇر.
— زەلىلى.

نەكىم [ندكم] 1) نىمەدۇر، نىمىنى:
قايان باقسە نەقدىنە بىسياردۇر،
نەكىم ئىستەسە ئاندا ئول باردۇر.
— ئا. نىزارى.

2) ھەرقانداق بىر:
نې شەھنى قويار نەكىم گەدانى،
نە مۇفلىس بىۋە بىنەۋانى.
— موللا سالىھ.

نەگىن [نگين] قىممەت باھالىق تاش؛ ئەڭگۈشتەر:
تىلسىمى مەكانىغە يەتتى يېقىن،
بارى خەيلى بىرلە چۇ ساھىب نەگىن.
— ئا. نىزارى.

نەڭ I [ننگ] (پ) ئار، نومۇس، ئۇيات:
گەر ئاشىق ئولۇپسەن نەڭدىن كەچ،
بۇ كوي ئىچىدە ھەيا نىبدىندۇر.
— ئەرشى.

نەڭۇ ناموس — ئار ۋە نومۇس:
نەدامەت چېكىپ قىلدى ئەفسۇسلار،
يوق ئەتتى ۋەر نەڭۇ ناموسلار.
— ئا. نىزارى.

نەڭۇ نام — شۆھرەت، ئار - نومۇس.

نەڭى نابۇد — يوقلۇق نومۇسى.

نەڭ II [ننگ] نەرسە، شەيئى.

تۇرفە نەڭ — ئاجايىپ، قىزىق نەرسە:

تۇتماغىل ئالەمنى ئەي دانا كۆزۈڭدىن تۇرفە نەڭ،
سۆلھى قىلغىل قىلماغىل ھەفتاددۇ مىللەتكە جەڭ.

— زەلىلى.

نەم [نم] (پ) نەم، ھۆل:

ئۆچالماس جانئۆر تاكىم نەمى بار،
قاناتۇ قۇيرۇغى يوقىدەك غەمى بار.

— ناقىس.

نەما I [نما] (پ) باشقا سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ: 1) «بىلدۈرگۈچى، كۆرسەتكۈچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ:

ئوقۇلمىش قەسىدە مۇرادى ئۈچۈن،
ۋەسىيەت نەما يار يادى ئۈچۈن.

— ئا. نىزارى.

2) «قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ:

كۆڭۈل ئالۇردا نە مۆئجىزە نەما ئىمىشدۇكىسەن،
كۆڭۈل بىرۇردە كۆڭۈلگە جىلا ئىمىشدۇكىسەن.

— ئەرشى.

3) «... گە ئوخشاش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ:

ئەجەب دىلفەزا جايى جەننەت نەما،
ئىچىنى قىلىپ بارچە سۈرەت نەما.

— زەلىلى.

نەما II [نما] (پ) قىياپەت، كۆرۈنۈش:

ئۆششاق ئاراسىدا شاھ ئەرشى،
سۇلتانۇ گەدا نەما نېدىندۇر.

— ئەرشى.

نەماز [نماز] (پ) ئىبادەت، ناماز:

بۇتاش ئۆزرە قىلدى مۇھەممەد نەماز،
كى ئانچە بولۇپ تەختى سەڭ سەر فەراز.

— ئا. نىزارى.

نەماز دىگەر — دىگەر نامىزى، ئەسىر؛ دىگەر ۋاقتى:

نەماز دىگەر ئېردى ئوشۇل سائەتى،
ئانا دېدى: «فەرزەند كۆڭۈل راھەتى.»

— ئا. نىزارى.

نەماز شام — شاما نامىزى؛ شام ۋاقتى:

مۇغبەچەكى دەيردى چىقسا نىماز شام ئەگەر،
سەجدە قىلۇرمە قاشىغە كاكۇل زۇلفىدىن قىسەم.

— زەلىلى.

نەماساز [نماساز] (پ) كۆرۈنۈش، قىياپەتنى تۈزەشتۈرگۈچى:

ئەلقىسسە، بولۇپ ماڭا فۇسۇنساز،
ھەردەم مەنى ئەيلەدى نەماساز.

— ئەرشى.

نەمايان [نمايان] (پ) كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئېنىق، روشەن، ئاشكارا:

بولۇپدۇر مەنزىلىم ئۇنداغ بەيابان،
كىم ئاندا ھىچ سۇ بولماس نەمايان.

— ناقىس.

نىمايان كۆرۈپ بىستۇن كۇھىنى،
ئاڭا ئىشلەگەن خەيلى ئەنبۇھىنى.

— ئا. نىزارى.

نەمايان بولماق — ئېنىق كۆرۈنمەك:

قاش سۈرمىدە بولۇپ نىمايان،
ئەل كۆڭلىن ئېتەر بەسى ھەراسان.

— ئەرشى.

نەمەك [نمك] (پ) تۇز:

زەمانكى مىھنەت ياغىپ دەھرغە،
كى ئابۇ نەمەك ئۆيرۇلۇپ زەھرغە.

— ئا. نىزارى.

نەمەكۇ دانە — ئاش - تۇز:

يىغىپ ئازۇقۇ كۇللى مېۋەلەردىن،
چىغارىپدۇر نەمەكۇ دانەلەردىن.

— مەجلىسى.

نەمرۇد [نمرود] (ئە) ئىبراھىم پەيغەمبەرنى ئوتقا سالغان پادىشاھ:

ئۆزۈڭ قىلغان ئىمارەت بۇزماغايسەن لۇتۇق ئىلە شايەد،
خەلىل يەڭلىغ ئانىكىم ساقلاغايسەن ئەتەشى نەمرۇد.

— شەۋقى.

نەمناك [نمناك] (پ) ھۆل بولغان، نەملەشكەن، نەم:

ئاھ، بىلمەن نەيلەيىم جانىمدە راھەت قالمادى،
كۆزلەرىم نەمناك، سىنەم چاك، كۆڭلۈم دەردناك.

— غەرىبى.

نەمناك ئەتمەك — نەم قىلماق، نەملىمەك:

كىرپىكنى سەبزە ئىلە نەمناك ئېتىپ،
غۇنچە ھەيا پەردەسىنى چاك ئېتىپ.

— زەلىلى.

نەمۇد [نمود] (پ) كۆرۈنۈش، سىما، مەنزىرە:

چۇ ئىشق ئوتىدىن گۈلغە بەردى نەمۇد،
ئانىڭ تابىدىن بۇلبۇل ئۆرتەپ ۋۇجۇد.

— ئا. نىزارى.

نەمۇدار [نمودار] (پ) ئاشكارا، زاھىر، نامايان:

نەمۇدارۇ نىمايان بولسە گەرزەم،

بولۇر بىنىش كۆرۈنگەچ مەئنىي مۇبھەم.

— ناقىس.

نەمۇدار ئەتمەك — كۆرسەتمەك، ئىزھار قىلماق، بىلدۈرمەك:

نەمۇدار ئېتىپ ئىشقىنىڭ گەۋھەرىن،
سالىپ دىلغە ئاندىن ... جەۋھەرىن.

— ئا. نىزارى.

نەمۇدار ئەيلەمەك — «نەمۇدار ئەتمەك» كە قاراڭ:

ئاتەشىن لەئلىكىم ئوت لەبدىن نەمۇدار ئەيلەمەك،
بۇلئەجەبكىم ئوتدىن ئوت ئىزھارى ئازار ئەيلەمەك.

— ئەرشى.

نەمۇدار بولماق — كۆرۈنمەك، ئىزھار بولماق، بىلىنمەك:

يۈزىدىن بەھرىۋەر بولغاچ نەمۇدار،
ئېرۇر ئاشىق ئاڭا شاھى جەھاندار.

— ناقىس.

نەمۇدار قىلماق — «نەمۇدار ئەتمەك» كە قاراڭ:

سالدى مېنى بۇ غەم ئىچرە ناچار،
غەم خەيلى ئارا قىلىپ نەمۇدار.

— ئەرشى.

نەمۇدار ئولماق — «نەمۇدار بولماق» قا قاراڭ:

قاراسى كۆرۈندى بىجىن شەھرىنىڭ،
سەفاسى نەمۇدار ئولۇپ بەھرىنىڭ.

— ئا. نىزارى.

نەھاد [نهاد] (پ) «نىھاد» غا قاراڭ:

چۇ شەھبال بولدى بۇ سۆزلەرغە شاد،
كۆلۈپ لەبىز ئەيلەپ ھەمۇل خوش نەھاد.

— ئا. نىزارى.

نەھار [نهار] (ئە) كۈندۈز:

زۇلفۇ يۈزۈڭنى ئەي پەرى لەيلى نەھار ئوقۇپ،
شەھلا كۆزۈڭنى ئاھۇيى مەردۇم شىكار ئوقۇپ.

— زەلىلى.

خۇرشىدى نەھار — كۈندۈز ئاپتىپى:

بولمەسە ئېردى ئەگەر نارەنجى ئېكىن دىلپىسەند،
قىلماس ئېردى ئېكىنىنى نارەنجى خۇرشىدى نەھار.

— قەلەندەر.

نەھەد [نهد] (پ + ئە) چېكى يوق، ئۆزۈن:

نەھەد زۇلفۇڭ ھەۋاسىن قىلغامەن كۇفر ئىستەبان كۆڭلەر،
ئىتىڭ بويىنى تانابىدىن ئالاي زۇننار ئۈچۈن ئۆلچەك.

— ئەرشى.

نەھەڭ [نهنگ] (پ) چوڭ يىرتقۇچ بېلىق، لەھەڭ:

تېنىڭىزگە كىردىلەر بۇ ئىككى ماھى،
نەھەڭنى كۆيدۈرۈپ بولارنىڭ ئاھى.

— مەجلىسى.

نەھب [نهب] (ئە) تالاش، ئوغرىلاش.

نەھبۇ ياغمو — تالان ـ تاراج:

بۇ مۈلك ئەھلى ئول ئەلگە زارۇ ئەسىر،
بولۇپ نەھبۇ ياغمو قەلىلۈكەسىر.

— نەۋايى.

نەھر [نهر] (ئە) دەريا:

كۆڭۈل تاغىدىن بەھر جارى قىلاي،
چۇ كۆز يولىدىن نەھر جارى قىلاي.

— ئا. نىزارى.

نەھرى نىل — نىل دەرياسى.

نەھرى ئەزىم — ئۇلۇغ، چوڭ دەريا.

نەھرۇل ھەيات — ھاياتلىق بەخش ئېتكۈچى دەريا.

نەھرۇن نەجات — نىجاتلىق بەخش ئېتكۈچى دەريا:

ئەرىقنى دېبان ئىسمى «نەھرۇن نەجات»
سەر شارىنىڭ ئاتى «ئەينۇل ھەيات» .

— ئا. نىزارى.

نەھس [نحس] (ئە) بەختسىزلىك، شۇملۇق.

نەھل [نحل] (ئە) ھەسەل ھەرىسى.

نەھنۇ [نحن] (ئە) بىز.

نەھىف [نهيف] (ئە) 1) ئورۇق:

تولا يىغلادى بىبەسىر ئولدى كۆز،
فىراق ئىچرە دايىم نەھىف ئولدى ئۆز.

— ئا. نىزارى.

2) ئاجىز، نىمجان:

بەرسە قۇۋۋەت فەقىر زەئىفلەرگە،
ھەم ئەسىرۇ يەتىم نەھىفلەرگە.

— زىيائى.

نەھىي [نهى] (ئە) 1) مەنئى قىلىش، توسۇش.

نەھىي مۇنكەر — يامان ئىش قىلىشتىن توسۇش.

ئەمرى مەئرۇف نەھىي مۇنكەرنى بەجە كەلتۈرمەيىن،
جەھد ئەيلەپ پېشە قىلغان ياخشى ئەئمالىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

ئەمرۇ نەھىي — ياخشى ئىشقا بۇيرۇش، يامان ئىشتىن توسۇش. 2) مەنئى قىلىنغان، قىلماسلىق بەلگىلەنگەن:

نەفس دەر: «فىكر ئەھلىغە كەيف ئىلە يۈرمەكلىك رەۋا،»
ئەقل ئايتۇر: «ئەھلى كەيف ئۆمر ئىچرە تاپماسلار نەۋا،»
نەفسى ئايتۇر: «مەشرەب ئويناپ، ئاڭلاغىل نەغمە ـ نەۋا،»
ئەقل ئايتۇر: «نەھىيدۇر بۇ، ئىستەمە ھىرسۇ ھەۋا،»
نەھىي ئىشلاردىن پەناھ بەرگىل، خۇدايا، بۇ زىمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نەئۇت [نعوت] (ئە) «نۇئۇت» قا قاراڭ:
ھەببىلاڭ نەئۇتىغە مەدداھ قىل،
مەۋالىمىز ئۇمۇرىغە ئىسلاھ قىل.
— ئا. نىزارى.

نەۋ [نو] (پ) يېڭى.

نەۋ ئەرۇس — يېڭى كېلىن، كېلىنچەك:
چۇ گەردۇن بىزاھىر ئېرۇر نەۋ ئەرۇس،
بەسى زىبىپ بىرلە قىلىپدۇر جۇلۇس.
— ئا. نىزارى.

نەۋ بەھار — 1) ئەتىياز، كۆكلەم:
تا يۈزىنىڭ خەيالى سەھنى كۆڭۈلگە تۈشتى،
بىر قىشنىڭ ئىچرە كۆرگىل يۈز نەۋبەھار كۆردۈم.
— ھاپىز خارەزمى.

2) ئىللىق چىراي، مېھرىبان:
بۇدۇرۇر گەردۇنى دونۇ چەرخى ۋاژۇنى ئىشى،
مەن خازان بولغان چاغىمدا نەۋ بەھارىم ئۇچرادى.
— قەلەندەر.

نەۋ جەۋان — ياش يىگىت، يىگىت:
ساچىپ نەۋ جەۋان باشىدىن سىيىم - زەر،
چۇ مەمنۇن ئولۇپ ئاندا بارغان ھەشەر.
— ئا. نىزارى.

نەۋ جەۋان ئەتمەك — ياشلىقنى، جۇشقۇنلۇقنى ئۇرغۇتماق:
سېنىڭ ھۇسنۇڭ قارىنى نەۋجەۋانى ئەتسە ئەجەب ئېرمەس،
ئېرۇر مەشھۇر جەھاندا كىمىيا مىسنى قىلۇر ئالتۇن.
— قەلەندەر.

نەۋ جەۋانلىق — ياشلىق، يىگىتلىك؛ جۇشقۇنلۇق:
كى يوتقان زەمان تاپغۇچىمىز سىھھەتى،
يېتىپ نەۋ جەۋانلىق بەدەن قۇۋۋەتى.
— ئا. نىزارى.

نەۋا [نوا] (پ) نەغمە، ئاھاڭ، كۈي:
چەك ئىمدى، ئەرشىيا تۈرلۈك نەۋانى،
نەۋالىق سەۋتىدە چەكسەڭ نەۋا بىس.
— ئەرشى.

نەۋا تاپماق — بەھرىلەنمەك:
بۇ ۋادى ئارا بولغۇمىز رەھنەما،
چۇ رەھبەرلىكىمدە تاپارسەن نەۋا.
— ئا. نىزارى.

نەۋا چەكمەك — كۈيلىمەك؛ سايرىماق:
ئاتاسى دېدى: «ئەي قىزىم مەرھەبا،
ئوقۇپ رۇقئەنى ئاندا چەكتىڭ نەۋا.»
— ئا. نىزارى.

چۇ بۇلبۇل چېكىپ ئاشىقانە نەۋا،
گۈل ئىشقىدا گۈلشەندە ئەيلەپ ھەۋا.
— ئا. نىزارى.

نەۋا قىلماق — «نەۋا چەكمەك» كە قاراڭ:
ئەگەر رىقئەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ ھەرچەند ھەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر تازە گۈل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.
— ئەرشى.

نەۋا نەقشى — نەۋا كۈيى، قوشاق كۈيى:
نەۋا نەقشى بىرلە تەكەللۇم قىلىپ،
كېلۇر ئېردى يىغلاپ تەرەننۇم قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

نەۋا يەتكۈزمەك — بەھرىلەندۈرمەك:
كۆڭۈل ئارەزىن ئەيلە بەدرى مۇنىر،
نەۋا يەتكۈزۈپ بىزگە بول دەستىگىر.
— ئا. نىزارى.

خۇش نەۋا — خۇش ئاۋاز؛ يېقىملىق كۈي.

نەۋا بەخش [نوابخش] (پ) ھاجەتتىن چىقىرىش؛ غەمخور.

نەۋادىر [نوادر] (ئە) نادىر نەرسىلەر.

نەۋاگاھ [نواگاه] (پ) ناۋا قىلىدىغان، سايرايدىغان جاي:
ئەگا سىدرە شاخى نەۋاگاھ ئولۇب،
مۇئا رەۋزە باغى چەراگاھ ئولۇب.
— نەۋايى.

نەۋاگۇ [نواگو] (پ) كۈيچى، سازەندە.

نەۋاز [نواز] (پ) سۆزلەردىن كېيىن «- پەرۋەر» مەنىسىدە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كېلىدۇ:
كەرەم ئەيلەگىل شاھ بەندە نەۋاز،
مۇھەببەت تەرىقىدە قىل سەرفەراز.
— ئا. نىزارى.

نەۋازەندە [نوازنده] (پ) كۈيچى، سازەندە.

نەۋازىش [نوازش] (پ) خۇش مۇئامىلە، مېھرىبانلىق:
دۇچار ئولدى ئاخىر بۇ ئىككى گۇرۇھ،
كۆرۈشتى نەۋازىش بىلەن پۇرشۇكۇھ.
— ئا. نىزارى.

نەۋازىش ئەيلەمەك — مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلماق، ھۆرمەتلىمەك:
مېھمىنانۇ ئەيلەپ نەۋازىش ئاڭا،
كى فەرزەندىدەك قىلدى سازىش ئاڭا.
— ئا. نىزارى.

نەۋازىش قىلماق — «نەۋازىش ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
بارىنى قىلىپ كۆل گۇدازىش قىلۇر،
قايۇ بەندە ئانى نەۋازىش قىلۇر.
— ئا. نىزارى.

نەۋاساز [نواساز] (پ) 1) دادىغا يەتكۈچى؛ غەمخور.
2) كۈيچى سازەندە:
سالىھى قالغان كۆڭۈللەر دەردىن ئاغاز ئەيلەدى،
دوستۇ يارىغە مۇھەببەت بىرلە ھەمراز ئەيلەدى،
ھەم گۈلىستاندىن جۇدا بولغاچ نەۋاز ئەيلەدى،
يا ھۇ يامەنھۇ ۋە ئەللاھ دىپ ئاۋاز ئەيلەدى،
يار يادىدا ئۆزىنى مەستۇ ھەيران ئەيلەدى.
— موللا سالىھ.

نەۋاسازلىق [نواسازليق] كۈيلەش، ناخشا ئېيتىش:
نەۋا سازلىق ئەيلەدى گۈل زەمان،
قەسايىد بىلەن نەقشى قىلدى ئەيان.
— ئا. نىزارى.

نەۋال [نوال] (پ) سوۋغا، ئىلتىپات:
جانىمنى قويۇپ باشىم يۈزىدە،
باشىمنى قىلاي ساڭا رەۋانە.
ۋەھھاب ساڭا مۇيەسسەر ئەتتى،
ئەنۋائى كەرەم نەۋال خانە.
— ئىسمائىل ھاجى.

نەۋ ئاموز [نوآموز] (پ) يېڭى ئۆگەنگۈچى.

نەۋاھى I [نواهى] (ئە) مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر.

نەۋاھى II [نواحى] (ئە) ئەتراپلار:
كى تۇرپان نەۋاھى سەئادەت يېرى،
سەئادەت بىلە ھەم سىيادەت يېرى.
— ئا. نىزارى.

نەۋايى [نواى] (پ) «نەۋا» غا قاراڭ.

نەۋايى ئەرغۇنۇن — ئەرغۇنۇن سازىنىڭ كۈيى:
نەۋايى ئەرغەنۇنى ئىشق ياڭلىغ نالە ئەيلەرسەن،
خەمۇش گۈلخىل زەلىلى دەشتى ھامۇن نەۋ بەھار ئەرمىس.
— زەلىلى.

نەۋايى بۇلبۇل — بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى، سايرىشى:
سۇبھى دەمىدە بولدى، چەكتى نەۋايى بۇلبۇل،
ئەي پىرى دەير بەرگىل مەخمۇرلەرغە جامى.
— زەلىلى.

نەۋايى نالەئى نەي — نەينىڭ مۇڭلۇق ساداسى:
نەۋايى نالەئى نەي بىرلە بىردەم ھەم سۇرۇد گولدۇم،
كى تۇفان سەرشىكىم چەشمە - چەشمە بولدى رۇد گولدۇم.
— زەلىلى.

نەۋايىب I [نوايب] (ئە) ئورۇنباسارلار؛ ۋەكىللەر.

نەۋايىب II [نوايب] (ئە) مۇسىبەتلەر، قايغۇلار:
بىسى دەرد سۇزۇ ئەجايىب سۇخەن،
مەگەر لەيلى - مەجنۇن نەۋايىب سۇخەن.
— ئا. نىزارى.

نەۋئە [نوع] (ئە) «نەۋئ» گە قاراڭ:
دەشت ئارا نەۋئە بالالار چېكىپ،
جەۋرى ستەم بىرلە بالالار چېكىپ.
— زەلىلى.

نەۋەرد I [نورد] (پ) بەزى سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ «ئۆتكۈچى» «كەزگۈچى» دېگەن مەنىلەر يۈكلەنگەن سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ:
رەھ نەۋەرد — يول يۈرگۈچى، يولۇچى.
دەريا نەۋەرد — دەريادىن ئۆتكۈچى.
سەھرا نەۋەرد — سەھرانى كەزگۈچى:
ئىشتىتىمكى، مەجنۇن سەھرا نەۋەرد،
كى باشىدىن ئاياغى ئىدى سۇزى دەرد.
— ئا. نىزارى.

نەۋەرد II [نورد] (پ) ئۇرۇش، جەڭ:
ئىككى - ئۈچ كۈن ئەتىباكى ئەيلەپ جەزەئ،
نەۋەردىدە بولدى بىساتى فەزەئ.
— نەۋايى.

نەۋبەت [نوبت] (ئە) 1) قېتىم، نۆۋەت:
كى قەتل ئەيلەدى يەتتە نەۋبەت ئانى،
قىلىپ زۇلم بىرلە ئۇقۇبەت ئانى.
— ئا. نىزارى.

2) كۈتكەن ۋاقىت، پۇرسەت:
ئىشق دەۋرانى ماڭا تاپشۇردى مەجنۇن نەۋبەتىن،
ئىشق ئارا خالى ئەمەس ئەھلى ۋەفادىن بۇ بىسات.
— غەرىبى.

نەۋبەت - بەنەۋبەت — نۆۋەت بىلەن، ئارقا - ئارقىدىن:
كەتتىلەر ئادەم سەفىدىن تامۇھەممەد مۇستەفا،
بارغۇسىز نەۋبەت - بەنەۋبەت يۈرمەگىل ئۆمرۈڭ ئەبەس.
— شەۋقى.

نەۋبەر [نوبر] (پ) يېڭى، ياش كۆچەت، يېڭى مېۋە:
كۈھەن سال ئولۇپ ئۆمرىنىڭ ئەشجەرى،
يوق ئېردى يانىدا چۇ نىر نەۋبەرى.
— ئا. نىزارى.

نەۋبەرى قىپچە — ياش نوتا:
سەئادەت گۈلىغە كېلىپ غۇنچە ئول،
شەرمۇ باغىدا نەۋبەرى قىپچە ئول.
— ئا. نىزارى.

نەۋدە [نوده] (پ) پەرزەنت:
قىلدى ئەھلى خىرەد شەجەرنى شۇمار،
ئەدەدى ئېردىكىم نەۋدە نۇھ ھەزار.
— زىيائى.

نەۋرەس [نورس] (پ) ئۆسۈۋاتقان، ياش.

نەۋرەس نىھال — ياش كۆچەت:
قەدى گۈلشەن ئىچرە چۇ نەۋرەس نىھال،
نۇقتە يەڭلىغ ئېردى ئۈزارىدا خال.
— ئا. نىزارى.

نەۋرەستە [نورسته] (پ) ياش نوتا، ياش:
دېدى شەيخ: «قىل جەمئى نەۋرەستەنى.
ئارادىن تاي بىدىلۇ خەستەنى.»
— ئا. نىزارى.

نەۋرەسىدە [نورسيده] (پ) يېڭى كەلگەن، دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان؛ يېڭى كەلگۈچى، دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقۇچى:
نەچچە نەۋرەسىدە كېلىپ دەرمەھەل،
ئۆرۈپ شاھ ئەترابىدا نەچچە ئەل.
— ئا. نىزارى.

نەۋرۇز [نوروز] (پ) شەمسىيە يىلى ھېسابىدا يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى، يەنى مارتنىڭ 21 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ؛ باھار ۋاقتى:
بەلا ئالدىڭدا دۇرلەر شادلىقنى پېشە ئەيلەرسەن،
نېچۈككىم بولماغايلار پۇلسىراتدىن ئۆتمەيىن نەۋرۇز.
— شەۋقى.

نەۋرۇزى [نوروزي] (پ) ياش باھارغا تەئەللۇق بولغان، باھار:
بۇ چەرخى ستەمكارە سالدىڭ مېنى،
ئەلەمدە يوق ئەيلەپ ستەم نەۋرۇزى.
— ئىسمائىل ھاجى.

نەۋسەفەر [نوسفر] (پ + ئە) يېڭى سەپەرگە چىققۇچى.

نەۋك [نوك] (پ) 1) قۇشنىڭ تۇمشۇقى. 2) ئوقيانىڭ ئوقى. 3) ئۇچ:
قەلەم نەۋكى بىرلە رىۋايەت قىلاي،
بۇرۇنقى زەماندىن ھېكايەت قىلاي.
— ئا. نىزارى.

نەۋكى قەلەم — قەلەم ئۇچى:
خەيال ئەتتىمكى بۇ يازغان رەقەمدىن،
تەرەششۇھ ئەيلەمىش نەۋكى قەلەمدىن.
— ناقىس.

نەۋكى مىژگان — كىرپىك ئوقى:
نەۋكى مىژگان نىش نۇشى ئەرشى گەر قىلدى ھەۋەس،
باۋەر ئەتمە چىن دەبان قىلدى چۇ ئويناب ئارزۇ.
— ئەرشى.

نەۋكەر [نوكر] (پ) 1) مۇلازىم، خىزمەتچى. 2) ئەسكەر.

نەۋمىد [نوميد] (پ) نائۈمىد، ئۈمىدسىز:
كويىدىن مەھرۇمۇ نەۋمىد ياندىم، ھەسرەتىم باردۇر،
ھەۋەسلىك مۇفلىسەدەككىم قۇرۇق بازاردىن يانمىش.
— قەلەندەر.

نەۋمىد بولماق — ئۈمىدسىزلەنمەك، ئۈمىد ئۈزمەك:
بولۇپدۇر ھالەتى نې غەم، مەدەد قىل تالئىم كىرگەي،
بىرەر جانانغە جانىمنى ئەجەل نەۋمىد بولۇپ يانسۇن.
— قەلەندەر.

نەۋمىد ئولماق — «نەۋمىد بولماق» قا قاراڭ:
چۇ نەۋمىد ئولۇپ ياندى بارغان رەسۇل،
دېدى سۆزنى: «قىلماس بۇ ھالنى قەبۇل.»
— ئا. نىزارى.

نەۋمىدلىغ [نوميدليغ] ئۈمىدسىزلىك:
ئاتاغا يېتىپ ئانچە نەۋمىدلىغ،
تۇشۇپ تەلبە باشىغە تەجرىدلىغ.
— ئا. نىزارى.

نەۋمىدلىق [نوميدليق] «نەۋمىدلىغ» قا قاراڭ:
تاپالماي ئانى يەتتى نەۋمىدلىق،
كى ئول چۇجەگە يەتتى تەجرىدلىق.
— ئا. نىزارى.

نەۋم [نوم] (ئە) ئۇيقۇ:
كىرىپ كۆرسە خىمە ئارا نەچچە قەۋم،
سىكىن ماڭدى، قىلدى دىلئاراغە نەۋم.
— ئا. نىزارى.

نەۋم قىلماق — ئۇخلىماق؛ ئۇيقۇ كەلمەك:
كى مەسئۇد قىلاي دەپ ئىدى مۇندە نەۋم،
ئەدەددىن فۇزۇنراق يېتىپ كەلدى قەۋم.
— ئا. نىزارى.

نەۋنىھال [نونهال] (پ) 1) ياش كۆچەت:
سەر بەسەر سۇرگەتدىن ئول ئارەز ئۆزە تەم ـ تەم ئەرەق،
نەۋنىھال ئۈستىدە قۇدرەت يىلىدىن شىرىن سەمەر.
— ئەرشى.

2) ياشلىق:
سەرسەرى ھىجران قۇرۇتمىش نەۋنىھالىم گۈللارىن،
ئەرغۇۋان چېھرەمنى ئول دەم زەئفىران قىلغان فەلەك.
— ئا. نىزارى.

نەۋھە [نوحه] (ئە) ئۈن سېلىپ يىغلاش، نالە:
بۈگۈن باغى جۇنۇننىڭ بۇلبۇلىدىن نالە كەلمەيدۇ،
گۈلىستان خالىئى گۈل پەردەدە نەۋھە ئەلەم تەنھا.
— زەلىلى.

نەۋھە قىلماق — ئۈن سېلىپ يىغلىماق:
قىلىپ نەۋھەلەر كۆپ ئاتا ۋە بالا،
نەزەردە ئۈلۈكدەك ياتىپدۇر بالا.
— ئا. نىزارى.

نەۋھى تەرەننۇم — مۇڭلۇق كۈي:

گەھى تەييار ئېتىپ جىنسى تەنەئنۇم،
گەھى پەيدا قىلىپ نەۋھى تەرەننۇم.

— ناقىس.

نەۋۋاب [نواب] (ئە) ئورۇنباسار، ۋەكىل؛ نۆۋەتچى.

نەۋىد [نويد] (پ) خۇش خەۋەر:

ھەر نەۋىدكىم جۇنۇندىن رەقىس ئېتەر ئەيب ئەتمەگىز،
جىلۋەئى ساقى خەرابات ئىچرە مەدھۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

نەۋىد بەرمەك — خەۋەر بەرمەك، خەۋەرلەندۈرمەك:

قىلىپ ئىشقنى ئەۋۋەلى ئافەرىد،
ھەمە شەيئىگە بەردى ئاندىن نەۋىد.

— ئا. نىزارى.

نەۋىس [نويس] (پ) سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ «يازغۇچى، كۆچۈرگۈچى» دېگەن مەنىلەر يۈكلەنگەن سۆز بىرىكمەسى ھاسىل قىلىدۇ.

خۇش نەۋىس — چىرايلىق يازغۇچى:

خەتتى زىبا ئىلىم ئەھلىغە ئەجەب نۇر ئۈزرە نۇر،
كاتىبىكىم خۇش نەۋىس ھەم راست نەۋىس نۇر ئۈزرە نۇر،
خەتتى ئەئلانىسى ئىلىم مۇفتاھ رەزىق نۇر ئۈزرە نۇر،
جىلۋەلەر ئەيلەپ تەبەسسۇم تۇرغانى تۇر ئۈزرە نۇر،
ھەق ئەزىز ئەتكەي بۇ يەڭلىغ كاتىبىنى ھەر زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نەۋئ [نوع] (ئە) تۈر، خىل.

بۇ نەۋئ — بۇنىڭغا ئوخشاش:

كى بۇ نەۋئ ئۇلارنى ئەسىرى فىراق،
كۆرەر ھەجر بىدادىدىن ياخشىراق.

— ئا. نىزارى.

بۇ نەۋئى دەۋران — بۇنىڭغا ئوخشاش دەۋر، زامان:

بىلمەيىن بىخەبەر دۇرۇر ئاندىن،
كەتكۈسىدۇر بۇ نەۋئى دەۋراندىن.

— زىيائى.

بۇ نەۋئى گۇفتار — بۇنىڭغا ئوخشاش سۆز:

دېدى: «قىلدىڭ بۇ نەۋئى گۇفتارى،
چىق، كۆرۈنمە بۇ ئوردادىن نارى.»

— زىيائى.

ئول نەۋئىكىم — شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى:

دەيچۇ كويىڭدا تاپىپ ئىشقىم كەمال گۇل نەۋئىكىم،
ئالىغامەن ۋەقتى سۇجۇد ئەر كەئبەۋۇ بۇتخانەدۇر.

— ئەرشى.

ئول نەۋئى — ئۇنىڭغا ئوخشاش:

كۆڭۈل ئەھلىنى ھەرگىز سالماغىل فۇرقەت ئارا، يارەب،
شەھىدى ئىشقىغە گۇل ـ نەۋئى دەشتى كەربالا يوقتۇر.

— ئەرشى.

نەئىم [نعيم] (ئە) نېمەتلەر:

سايە بىرىپ ئەرشى بەلەندى ئەزىم،
جىلۋە بىرىپ جەننەت ئىچرە نەئىم.

— زەلىلى.

نەئت [نعت] (پ) سۈپەتلەش، مەدھىيىلەش؛ سۈپەت، تەرىپ.

مىسرەئى بەرجەستەۋۇ نەئتىڭ زەلىلى ئەيتۇدۇر،
سەن كەرەم بىرلە كەچۈرگەيسەن سۆزى بولسا خەتا.

— زەلىلى.

نەئتومەنقەبەت — سۈپەت ۋە پەزىلەت:

ساھىبى مىئراجى نەئتۇ مەنقەبەت،
ئافتابى ئاسمانۇ مەئرىفەت.

— زەلىلى.

نەئرە [نعره] (ئە) لەرزىگە سالىدىغان ھەيۋەتلىك ۋارقىراش؛ پەرياد:

ئەژدەھايى بىشەنى ھەيبەتدە كىم قىلغاي خەراب،
دۇلدۇل ئۆزرە نەئرەئى ئاۋازى ھەيدەر بولماسا.

— زەلىلى.

نەئرە چەكمەك — لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ھالدا ۋارقىرىماق؛ پەرياد قىلماق:

نىچۈك مەن نەئرە چەكمەي ھەم فىغانۇ هاي ـ ھۇي ئەتمەي،
سىنى باغى جەھانىنىڭ بىر گۈلى نەززارىسى دەرلەر.

— زەلىلى.

نەئش [نعش] (ئە) جىنازا، تاۋۇت:

ياپىپ نەئش ئۈزە چۇ زىبا مەتائ،
بىسى رەڭگى خۇش ئېردى دىبا مەتائ.

— ئا. نىزارى.

نەئل [نعل] (ئە) 1) نال، تاقا. 2) كەش:

ئەرشى ئەزەم گەردى نەئلىڭدىن باشىغە قىلدى تاج،
ئارزۇ ئەتكەچ غۇبارى مەقدەمىڭدىن گۇل رەۋاج.

— شەۋقى.

نەئلەين [نعلين] (ئە) بىر جۈپ كەش:

ئايا ئەھمەد، ئاياغدىن ئالمە نەئلەين،
ئاڭا دۇر خاكى نەئلىڭ سۇرمەئى ئەين.

— ناقىس.

نەئمائ [نعماء] (ئە) نېمەت، ئىنئام:

خەستە ئۇششاق ئەھلىنى تاراج ئېتەرگە گۇل زەمان،
بۇ كۆڭۈل مۈلكى جەۋاب بەرسۇن قاچان نەئماسىغە.

— موللا سالىھ.

نەي [ني] (پ) 1) نەي. 2) قومۇش:

دەفتەرى جانىم گۆرتەدى شۇئلەگى جىلۋە سۇخەن،
ھەرفى زەبان نەغمە سەنج تىغى، نەي قەلەم ئىمىش.
— زەلىلى.

نەيرەڭ [نيرنگ] (پ) ھىيلە، مىكىر؛ ئالداش:
كىلىپ تۇشتىلەر گۇل خەزايىن ئارا،
كى گۇل جابى نەيرەڭ ئايىن ئارا.
— ئا. نىزارى.

نەيلەسۇن [نيلاسون] قانداق قىلسۇن، نىمە قىلسۇن:
نەيلەسۇن ئەرشىكى قىلماي دەمبە دەم تەكرار ئىشق،
ئىشق پىرى مەنڭ ئىتىپ گۆزگەنى مۇنى ئۆرگەتۇر.
— ئەرشى.

نەيلەمەك [نيلامك] قانداق قىلماق، نىمە قىلماق:
ئەرشى گۇل دامەن نەھەد تۇتغىل نەۋائى دامەنىن،
نەيلەگۇلۇڭ ناياب ئىش ئىستىپ گۆز بۇھتان ئىيلەبان.
— ئەرشى.

نەيلەي [نيلاي] قانداق قىلاي، نىمە قىلاي:
بۇل ئەجەب يار ئالدىدا مەھرەم بولۇپ نەچچە رەقىب،
ئاھ نەيلەي، كەلمەگىل دەپ مىنى دائىم قاۋلاشۇر.
— ئەرشى.

نەيلەيىن [نيلايين] قانداق قىلاي:
ئىشق ئوتى كۆيدۈردى ئانداغ يوقۇ بارىم نەيلەيىن،
ئالدى ئىلكىمدىن ئىنانى ئىختىيارىم نەيلەيىن.
— ئەرشى.

نەيىستان [نيستان] (پ) قومۇشلۇق:
ئاتى خوج مۇھەممەد شەرىف پىردۇر،
گۇل نەيىستانى جەھاندا شىردۇر.
— زەلىلى.

نەيىر [نير] (ئە) نۇر چاچقۇچى، نۇرلۇق.
نەيىرى ئەئزەم — قۇياش:
نەردىبان ئولغاندا سىررىڭ چاغى توققۇز چەرخ كىمىم،
پايەلەردى پايە ئەردى نەيىرى ئەئزەم ئەمەس.
— ئەرشى.

نۇبۇۋۋەت [نبوت] (ئە) پەيغەمبەرلىك؛ ئەلچىلىك:
نۇبۇۋۋەت سىلاھىدىن گۇل كىيدى تاج،
چۇنان تاج لەۋلاك تاپتى رەۋاج.
— قۇشچى.

نۇتق [نطق] (ئە) گەپ قىلىش، سۆزلەش؛ گەپ، سۆز.
پايى بەندەم گۇلدۇم سەرى زۇلفى پەرىشانىڭ كۆرۈپ،
نۇتقىدىن قالدىم لەبى لەئلى دۇر ئەفشانىڭ كۆرۈپ.
— غەرىبى.

نۇجۇم [نجوم] (ئە) «نەجم» نىڭ كۆپلۈكى: يۇلتۇزلار:
چۇ مەسنۇدغە ئەتتى بۇ ۋەھمى ھۇجۇم،
تۇشۇپ كۇن زىمىنغە، كۆرۈندى نۇجۇم.
— ئا. نىزارى.
سەما سەتھىدە چەرخ ئەختەر فىشان،
نۇجۇم بىرلە كۆكنى قىلىپ گۇلىستان.
— ئا. نىزارى.

نۇجۇمۇ خىرمەن — يۇلتۇزلار توپى:
داغى سىگەدىن بىرى پايانغا يەتمىس،
نۇجۇمى خىرمەنىدىن دانغە يەتمىس.
— ناقىس.

نۇخۇد [نخود] (پ) «نەخۇد» قا قاراڭ:
بىساتلارىدا ئەنجۇمدەك ساچىلغان،
نۇخۇددۇر گەر ئۇچۇندۇر كۇشۋارە.
— ئەرشى.

نۇخۇست [نخست] (پ) بىرىنچى، ئىلگىرى؛ ئالدىن:
كى باردۇر ئاگا تۆرت يارى دۇرۇست،
ئەبۇبەكرى سىددىق يار نۇخۇست.
— ئا. نىزارى.
«فى» كى نۇخۇستىن كۆرىسەن فاقەدۇر،
تالىبى سادىقغە دەم نەفخە سۇر.
— زەلىلى.

نۇر [نور] (ئە) نۇر، يورۇقلۇق:
خۇداۋەند نۇرۇ خۇداۋەند نار،
خۇداۋەند مۇرۇ خۇداۋەند مار.
— ئا. نىزارى.

نۇرى ئەين — 1) كۆز نۇرى. 2) پەرزەنت:
كى بەستەين نۇرەين بىل نۇرى ئەين،
ئىمام ھەسەن ھەم ئىمام ھۇسەين.
— ئا. نىزارى.

نۇر تامماق — نۇرسىزلانماق:
چۇدەرلەركىم ئۇلەر ھۆرى سىمادۇر،
مۇنىڭدەك سارغارىپ نۇر تامادۇر.
— مەجلىسى.

نۇرى ھۇدا — ياخشى يولغا يېتەكلىگۈچى نۇر، نىشان:
پەردەدارى ھەزرەتى ھەق بولغانىڭ مەئلۇم ئۇچۇن،
مەرقەدىڭ نۇرى تەجەللى جىلۋەسى نۇرى ھۇدا.
— زەلىلى.

نۇرى ھىدايەت — «نۇرى ھۇدا» غا قاراڭ:
چۇ يەتتى بۇ نىدايى با شەرافەت،
كەفش ئالماسىدىن گۇل نۇرى ھىدايەت.
— ناقىس.

نۇرى ئىمان — ئىمان بىلەن دىلنى يورۇتقۇچى نۇر:
قەلەندەرغە بىرىپسەن ئىلمۇ فەزلى دەۋلەت ئەي راھىم،

ئاتا قىلغىل يەنە ئاخىر دەمىدە نۇرى ئىمان ھەم.

— قەلەندەر.

نۇرئامىز [نورآميز] (پ) نۇرلۇق.

نۇرانى [نوراني] (ئە + پ) نۇرلىنىپ تۇرىدىغان، نۇرلۇق:

پەلەك دېدىكى: «مەن نۇرانىدۇرمەن»
دېدى يەر: «مەن جەۋھەركانىدۇرمەن» .

— ناقىس.

نۇر ئەفشان [نورافشان] (ئە + پ) نۇر چاچقۇچى، نۇرلۇق:

نۇر ئەفشان ئولدىلەركىم ھەر تەرەپ،
زۇلمەتى يەلدانى قىلىپ بەر تەرەپ.

— زەلىلى.

نۇرتاب [نورتاب] (ئە + پ) نۇرلىنىش، نۇرانىلىق:

چىراكىم كۆڭۈل مۈلكى ئانچە خەراب،
خىرەد يۇزىدە يوقتۇرۇر نۇرتاب.

— ئا. نىزارى.

نۇردىدە [نورديده] (ئە + پ) كۆز نۇرى:

دېدىكىم: «پەقىر ئەھلى تۇججار ئىدىم،
كى نۇردىدەئى مەردى سەييار ئىدىم.»

— ئا. نىزارى.

نۇرۇلھۇدا [نورالهدى] (ئە) «نۇرى ھۇدا» غا قاراڭ:

زەھى شاھى لەۋلاك نۇرۇلھۇدا،
شەھەنشاھى كەۋنەيىن بەدرۇددۇجا.

— ئا. نىزارى.

نۇزۇل [نزول] (ئە) چۈشۈش.

نۇزۇل ئەتمەك — 1) چۈشمەك:

نۇزۇل ئەت ئاسماندىن يەر تەرەپكە،
يېتەرسەن بۇ كېچە ئانداغ شەرەپكە.

— ناقىس.

2) مېھمان بولۇپ كەلمەك، قونماق:

بۇ كۆڭۈل ئۆيىگە زەيىپ بولدى سەفاۋۇ سىدقىدىن،
كىم نۇزۇل ئەتسەڭ نە بولغاي دىلكۈشا كاشانەدۇر.

— ئەرشى.

نۇزۇل ئەيلەمەك — «نۇزۇل ئەتمەك» كە قاراڭ:

چۇ فەرھاد قىلىپ بىر بىيىك بارگاھ،
نۇزۇل ئەيلەدى ئاندا شەھ بىرلە ماھ.

— ئا. نىزارى.

كى ئول مەئمەندە ئەيلەپ نۇزۇل،
فەنادىن بەقا سارىغە تاپتى يول.

— ئا. نىزارى.

نۇسخە [نسخه] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمەسى، يېزىق:

يۇزۇم سۇنئى ئىلاھى دەفتەرىدىن نۇسخەدۇر گويا،
تۇشۇپدۇر مىسرەئى بەرجەستەلەردەك سۇرەتى قاشىم.

— زەلىلى.

نۇسخەئى تۇمار — دۇئا يېزىلغان، يۆگەلگەن ئۇزۇن قەغەز:

نۇسخەئى تۇمارى غەم بەرسەڭ پەرىزادىم ماڭا،
تەۋق ئېتىپ جان پەردىسىگە يۇرگەگەي ئەردىم بۇگۈن.

— زەلىلى.

نۇسرەت [نصرت] (ئە) 1) غەلىبە، زەپەر:

ئەيلەبان بىر - بىر بۇ سۆزلەرنى بەيان،
فەتھى نۇسرەتلەر بىلەن ئاتلاندى خان.

— زەلىلى.

2) ياردەم، مەدەت:

قويۇب تۇفراققا يۇز، ئەيلەب تەزەررۇئ،
خۇدايىدىن قىلىپ نۇسرەت تەۋەققۇئ.

— نەۋايى.

نۇسرەت شىھاب — غەلىبە نۇرى پارلىغان، غەلىبە كۆزگە كۆرۈنگەن:

ئەييامى ئۆمرۈڭ شاد بول بىغەم سەلىم ئاباد بول،
ئىسلام ئارا ئاماد بول فەتھۇ زەفەر نۇسرەت شىھاب.

— ئىسمائىل ھاجى.

نۇسرەت قەرىن — غەلىبىگە ئېرىشىلگەن.

نۇسرەت تاپماق — غەلىبە قازانماق:

ياكى جەڭ قىلسە ئۆزىنىكىم بەھادىر چاغلابان،
شاھى ئەتلەسلەر كىيىپ زەررىن كەمەرلەر باغلابان،
ھەر كۈنى ياغلىق فەلاۋ بىرلە قوساقنى ياغلابان،
بۇ غەرەزدىن قىلسە جەڭ گەرچە يۇرەكنى داغلابان،
بولمايىن مەقبۇل نۇسرەت تاپمايىن قوغلار زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نۇسۇس [نصوص] (ئە) دەلىللەر، ھۆججەتلەر.

نۇش [نوش] (پ) 1) تاتلىق، شېرىن:

دىلى ئوت ياقماغۇنچە جۇش بولماس،
جەفانى چەكمەگۈنچە نۇش بولماس.

— مەجلىسى.

2) ئىچىش؛ ئىچكەن، تېتىغان؛ تەم:

قايسى ھەلقۇمدۇركى ياخشى نۇش،
ئاقىبەت قىلمادىكى زەھەر ئاغۇش.

— نورۇز ئاخۇن زىيائى.

نۇش ئەتمەك — ئىچمەك:

شەھادەت مەيىنى بېكىم نۇش ئېتىپ،
ئۆزىن شاد ئېتىپ بىزنى خامۇش ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

نۇش ئەيلەمەك — «نۇش ئەتمەك» كە قاراڭ:
كى نۇش ئەيلەبان راھنى شاد ئولاي،
ئاناڭ كەيفىدىن غەمدىن ئازاد ئولاي.
— ئا. نىزارى.

نۇش خەندە — شېرىن كۈلكە:
جەفاۋۇ جەۋرۇ مېھنەت بىرلە ئۆمرى خىزمىتىن قىلسام،
نې بولغاي ئىلتىپاتىدىن ماڭا بىر نۇش خەندە ئولغاي.
— قەلەندەر.

نۇش لەب — شېرىن لەۋ:
بىرى نۇش لەب بىلە گەر دىسە كامى جان بىرەي،
رەشكىدىن ئۆلتۈرمىش ئول بىر تىيرى باران ئەيلەبان.
— ئەرشى.

نۇشادىر [نوشادر] (پ) نۇشۇدۇر.

نۇشدارۇ [نوشدارو] (پ) زەھەرنى قايتۇرغۇچى دورا، تىرياك:
شاھا نەسىھەتىمدۇر گوياكى نۇشدارۇ،
ئاھىستە سۆرت تەكاۋۇر ھەر كوشە دادخاھى.
— زەلىلى.

نۇشدەر [نشدر] (پ) «نۇشادىر» غا قاراڭ:
ۋەلى يۇمشاغاندا قاراغى ئاناڭ،
دىغى ئورنىغە ھەم نۇشدەر سالاڭ.
— قۇشچى.

نۇشىرۋان [نوشيروان] (پ) ئىراننىڭ ئادالەتلىك مەشھۇر شاھى:
سىپاھى ئىشق زۇلۇم ئەتسە، ئەجەب ھالىمنى بىر سورماس،
مۇھەببەت كىشۋەرىغە گەرچە ئول نۇشىرۋانىمدۇر.
— ئەرشى.

نۇقات [نقاط] (ئە) «نۇقەت» كە قاراڭ:
كۆرمەمىش چەشمى سىپېھرى سەن كەبى خۇرشىدنى،
شەمئەدەك رۇخسارە بەدرى ماھى شەئباندىن نۇقات.
— ئىسمائىل ھاجى.

نۇقەت [نقط] (ئە) 1) چېكىتلەر:
قەدى گۈلشەن ئىچرە چۇ نەۋرەس نىھال،
نۇقەت يەڭلىغ ئېردى ئۇزاريدا خال.
— ئا. نىزارى.

2) كۆز يېشى:
ئول ئەشك چېكىپ بۇ يۈزدە خەتلەر،
قەترە كەبى ھەر سەرى نۇقەتلەر.
— نەۋايى.

نۇقەبا [نقباء] (ئە) باشلىقلار، ئۇلۇغلار.

نۇقتە [نقطه] (ئە) 1) چېكىت. 2) تامچە. 3) خال. 4) ئوتتۇرىسى، مەركىزى:
كۆز ئىكى خۇنرىز كافىر ياڭىكى ئاھۇ بەرە،
يا ئىكى جان نۇقتەسى يا نەرگىسى شەھلامۇدۇر.
— ئەرشى.

نۇقتەئى خال — چېكىلگەن قارا خال:
جۇنۇن قاناتىن ئاچىپ، بەسكى ئەيلەبان پەرۋاز،
لەبىڭدە نۇقتەئى خالىڭنى خوب نەززارە قىلاي.
— زەلىلى.

نۇقتەئى خەت — چېكىلگەن خال:
قەلەم لەبىڭدەكى خالىڭنى نۇقتەئى خەت دەر،
كى ئىككى تىللىغىدىن تەلئەتى گۇۋاھ قارا.
— زەلىلى.

نۇقتەئى مەۋھۇم — خىيالىي نۇقتا:
نۇقتەئى مەۋھۇم ئېرۇر يا ئىسمى فەم يا ئەينى ئىشق،
يا ئاغىز يا غۇنچە يا يوقلۇق سارى ئىمامۇدۇر.
— ئەرشى.

نۇقتەئى مۇشكىن — قارا خال.

نۇقتەئى مېھر — قۇياش.

نۇقرە [نقره] (پ) كۇمۇش:
ھاسىلى خىرمەن ئەمەل ئالەمادى ئادەمى ئۇجەب،
گۆردە ئىچۈك ئاسىغ ئېتەر نۇقرە بىلەن زەرمەتاڭ.
— زەلىلى.

نۇقرەئى خام — ساپ كۇمۇش:
ئۇريان قىلغان پۈتۈڭنى ھەرشام،
فەرز ئەيلەدىم ئانى نۇقرەئى خام.
— ئەرشى.

زەرۇ نۇقرە — ئالتۇن - كۇمۇش:
بۇ تۆرتىنى ھەر نەرسە بېرىپ ئال،
زەرۇ نۇقرىسىن بەلكى جان بېرىپ ئال.
— قۇشچى.

زەھەبۇ نۇقرە — ئالتۇن - كۇمۇش:
زەھەبۇ نۇقرە ئەيلەدى ئىنئام،
ھەددىدىن بىشۇمارراق ئىكرام.
— زىيائى.

نۇقرە فام [نقره‌فام] (پ) كۇمۇش رەڭ:
كىرىپ نەقب ئارا ئانچە قىلدى خىرام،
كى ئېردى ئىككى لەۋھەئى نۇقرەفام.
— نەۋايى.

نۇقس [نقص] (ئە) كەملىك، نۇقسان:
مۇقەررەر ئەيلەدى تەھرىر نەزمە تارىخىن،
ئاياغى كامىل ئەمەس نۇقس ئىلە چۇنان تارىخ.
— شەۋقى.

نۇقسۇ كەمال — كەملىك - تولۇقلۇق، كەم - ئارتۇق.

لۇق:

بەيان ئەتكۈم يەنە بىرمۇنچە ھالىم،
ئەگەرچە بولسىمۇ نۇقسۇ كەمالىم.

— ناقىس.

نۇقسان [نقصان] (ئە) كەمچىلىك، ئەيىب؛ خاتا:

تەۋەككۈلغە نۇقسان يېتىپ قەۋلىدىن،
كى فىكر ئەتمەدىڭ ئاخىرى ھەۋلىدىن.

— ئا. نىزارى.

نۇقسانلىق [نقصان ليق] ئەيىب، نۇقسان بولىدىغان ئىش، ئالامەت:

ئەيلەسۇن نەچچە ئەل نىگەھبانلىق،
يەتمەسۇن بۇ شەجەرگە نۇقسانلىق.

— زىيائى.

نۇقساندار [نقصان دار] (ئە + پ) ئەيىب، نۇقسىنى بار.

نۇقل [نقل] (ئە) مەيدىن كېيىن يېيىلىدىغان مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ گېزەك:

تۇتى گە نۇقل شەككەردىن ئېرۇر شىرىن دەھەن،
كىم بۇ جانگە مەي خۇش ئۇلمىش لەئلى شەككەر خاسىدىن.

— ئەرشى.

نۇقۇد [نقود] (ئە) «نەقد» نىڭ كۆپلۈكى: پۇللار، قىممەت باھا نەرسىلەر؛ بايلىقلار:

جان نۇقۇدىنى نىسار ئەتمەي نېتەي، گەر ئەيلەسە،
شىۋەلەر بۇ شوخ شەڭ مايىل بولۇبان ھەر سارى.

— ئەرشى.

نۇقۇش [نقوش] (ئە) «نەقش» نىڭ كۆپلۈكى: نەقىشلەر:

گۇناھدۇر ئوتۇن تەۋبە ئوت بىرلە ياغ،
يوق ئەيلەر گۇنەھ سەفھەسىدىن نۇقۇش.

— شەۋقى.

نۇك [نوك] (پ) «نەۋك» كە قاراڭ:

قەلەم نۇكى بىرلە بولاي مۇشكىبىز،
سۇرۇپ ئىشق ھەرفىن سالاي رۇستەخىز.

— ئا. نىزارى.

نۇكات [نوكات] (ئە) «نۇكتە» نىڭ كۆپلۈكى: ئىنچىكە مەنىلىك سۆزلەر:

ئاڭا قالمادى ئۇرگە تۇرگە نۇكات،
مۇئەللىم ئۇلۇمىنى ياد ئالدى پات.

— ئا. نىزارى.

نۇكتە [نكته] (ئە) 1) ئىنچىكە مەنىلىك سۆز، قىزىق، مەنىسى چوڭقۇر سۆز:

رەيا ھەيىن ۋەرد ئىچرە بىر چەشمە سۇ،
كى ھەيۋان سۇيىدىن ئېرۇر نۇكتە بۇ.

— ئا. نىزارى.

2) ھېكمەت؛ سىر:

ئىشىت ئەمدى يەنە بىر نۇكتە سامىئ،
كى بولدى بۇ رىسالە ئىسمى لامىئ.

— ناقىس.

نۇكتە پەرداز — چوڭقۇر مەنىلىك چىرايلىق سۆز ئېيتقۇچى:

نۇكتە پەردازى سۇخەن ئىقلىمى ئىچرە قالمادى،
دەفتەرى دىباچەگى مەئنى نەغەم كەلتۇرمىشەم.

— زەلىلى.

نۇكتە پەرۋەر — «نۇكتە پەرداز» غا قاراڭ.

نۇكتە پەرۋەردە — ئاجايىپ ۋە ئىنچىكە مەنىلىك.

نۇكتە پەيۋەند — ھېكايىچى، سۆزلىگۈچى.

نۇكتە سۇرمەك — چىرايلىق گەپ قىلماق:

ئەمەس ھەر بەندىگە ئۆزىچە كەلمەك،
بۇ يەڭلىغ بارگەھدە نۇكتە سۇرمەك.

— ناقىس.

نۇكتەئى تەرىقەت — تەرىقەتنىڭ ھېكمىتى؛ سىرى:

مەفھۇم ئېتەلمەگەندىن بىر نۇكتەئى تەرىقەت،
ئەللامەلەرغە تۇشتى يۈز نەۋئى ماجرايى.

— زەلىلى.

نۇكتەئى تەۋھىد — تەۋھىد ھەققىدىكى مەنىلىك سۆزلەر.

نۇكتەئى خۇپ — ياخشى ھېكمەتلەر:

ئىشىت سامىئ بۇ يەردە نۇكتەئى خۇب،
ئەجايىب نۇكتەكىم شىرىنۇ مەرغۇب.

— ناقىس.

نۇكتەئى زائىدە — ئارتۇقچە سۆز:

سىكەندەرگە چۇن يەتتى فايىدە،
سەۋال ئەتمەدى نۇكتەئى زائىدە.

— نەۋايى.

نۇكتەئى شەھرىيار — بۈيۈك پادىشاھنىڭ سۆزى:

بۇلاردىن سوراپ نۇكتەئى شەھرىيار،
جەۋابىدا قىلدى بارىن شەرمسار.

— ئا. نىزارى.

نۇكتەئى مەزمۇم — يامان سۆز.

نۇكتەئى مەۋزۇن — كېلىشكەن سۆز.

نۇكتەئى ۋەھدەت — يالغۇزلۇقنىڭ سىرى:

يېڭى ئاي رەشكىن تۇتۇپدۇر ھەلقە ئۇرغان غەبغەبىڭ،
نۇكتەئى ۋەھدەتدۇر، ئايا، يۈز ئۈزە خالۇ خەتىڭ،
يۈزدە بۇ تەم ـ تەم ئەرەق كۆر، ئەي فەلەك تۆك كەۋكەبىڭ،
قامەتىڭ روھى رەۋان بارامتەردۇر كۆزلەرىڭ،
لالەئى ھەمرامۇسەن يا ئەختەرى رەخشانمۇسەن؟

— ئەرشى.

نۇكتەئارا [نكتەآرا] (ئە + پ) مەنىلىك سۆزلەرنى ئېيتقۇچى.

نۇكتەدان [نكتە دان] (ئە + پ) سۆزنىڭ ئىنچىكە مەنىسىنى چۈشەنگۈچى:

«مىم» مەلائىكىلەر مېنىڭ ھالىمغا ھەيران ھەركىچە،
مېھرىبانىم، نۇكتەدانىم، غەمگۇزارىم سەنمۇسەن؟

— موللا سالىھ.

چۇ بىر نۇكتە ئىنشا قىلىپ نۇكتەدان،
سۈرۈپ ئىشقى ھەرفى بىلەن داستان.

— ئا. نىزارى.

نۇكتەدانلىق [نكتە دانلىق] زېھنى ئۆتكۈرلۈك:

بۇ يەڭلىغ ئەيلەمىشدۇر نۇكتەدانلىغ،
دېمەيكىم نۇكتەدانلىغ، پۇرپىشانلىغ.

— ناقىس.

نۇكتەرەس [نكتەرس] (ئە + پ) چىرايلىق سۆزلىگۈچى:

ۋەلى بۇ تۇرفەدۇر، ئەي نۇكتەرەسلەر،
دىكاكەت تەبئىلىغ نازۇك نەفەسلەر.

— ناقىس.

نۇكرە [نكرە] (ئە) بىلىنمىسىز؛ مۇنكىر:

نەئىمامى شەھەر بولدۇم، نەمۇئەززىنان چەغرە،
نەسۇفىئى رىيايى نەقەلەندەران نۇكرە.

— زەلىلى.

نۇن [نون] (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ن» ھەرپىنىڭ نامى. بۇ يەردە قەددىنىڭ پۈكۈلۈشى «ن» غا ئوخشىتىلغان:

ئۇل ئىشىدا ۋەلى ئانچە مەھزۇن ئىدى،
ئەلىفدەك قەددى غەم بىلە نۇن ئىدى.

— ئا. نىزارى.

نۇن بولماق — پۈكۈلمەك، ئېگىلمەك:

مېنى ئەيلىدى ئۇسرۇزار زەبۇن،
ئەلىفدەك قەددىم غەم بىلە بولدى نۇن.

— ئا. نىزارى.

نۇھ I [نە] (پ) توققۇز:

رۇيى زەمىنگە بولماسا ھائىل ئەگەرچە نۇھ فەلەك،
رەۋزەدىن ئۈرۈلۈر ئىدى مىسلى كەبۇتەران مەلەك.

— زەلىلى.

نۇھ I [نوح] (ئە) نۇھ پەيغەمبەر:

يەھيا ۋە نۇھ ئادەم سەفى داۋۇد سۇلەيمان يىغلادى،
دوستۇڭ مۇھەممەدنى شەفىئ ئەيلەپ ئىجابەتدىن سوراغ.

— شەۋقى.

نۇھۇسەت [نحوست] (ئە) شۇملۇق؛ بەختسىزلىك.

نۇھۇفت [نهفت] (پ) «نۇھۇفتە» گە قاراڭ.

نۇھۇفەت ئەيلەمەك — يوشۇرماق، سىرلىق تۇتماق:

داغى مېھر ئۆزنى نۇھۇفت ئەيلەدى،
فەلەك ئىچرە ئەنجۇم شۇ كۇفت ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

نۇھۇفتە [نهفتە] (پ) يوشۇرۇنغان؛ يوشۇرۇن، مەخپىي سىر.

نۇئمان [نعمان] (ئە) قان؛ قان رەڭگىدىكى:

بەندە ئاجىزغە شەفەئ شايەدكى ئەسھابى رەسۇل،
تابىئىنلەر سەرۋەرى ئۇل شاھ نۇئمانىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

نۆكەر [نوكر] (پ) «نەۋكەر» گە قاراڭ:

ئىتتىفاق ئەيلەپ ھەممە قول بەردىلەر،
قالمادى قول بەرمىگەن بەگۇ نۆكەر.

— زەلىلى.

نى I [ني] نېمە، قانداق:

نى قىلىپدۇرمەن، دېگىل ئەي شوخ سىيمىنبەر ساقىيا،
قولۇڭا باردۇر مېنىڭ قەتلىم ئۈچۈن خەنجەر ساقىيا.

— قەلەندەر.

قانچە قىلسام نالەيۇ ئەفغان، قەلەندەر، سۇرى يوق،
نى غەمى باردۇر ئانىڭ بۇ ئاھۇ ئەفغانىم بىلە.

— قەلەندەر.

نى II [ني] «نە I » گە قاراڭ:

يۈزىنى كۆرەردە نى كۆرۈنسۇن كۆزۈمە زۇلفى،
مۇئمىن قاشىدە كافىرى خەيبەرگە نى ساندۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

نېتاڭ [نى تانك] 1) ئەجەب ئەمەس، ھېچقىسى يوق:

نېتاڭ ئەگەر ئىشۇ بىرلە ئەيلەسەڭ كۆڭلۈم بارىن غارەت،
نېچۈككىم سەن كەبى بۇ ئالەم ئىچرە سېنىڭدەك بىۋەفا يوقتۇر.

— ئەرشى.

2) نېمىشقىدۇر؛ قانداقتۇر:

دۇئا بىرلە ياد ئەتسە ھەر دەردمەند،
ئەگەر بولسا ئاندىن نېتاڭ بەھرە مەند.

— ئا. نىزارى.

نېتەڭ [نيتنك] نېچۈك:

سۇبھى سادىقدەك ياقامنى ياكى ئەيلەرمەن نېتەڭ،
غەيرەتىم كەلدى قەمەرنى نالە ئاغۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

نېتەي [نيتاي] نېمە قىلاي:

دىلرەبا ۋەسلىڭنى ئىزدەپ بىنەۋا بولدۇم نېتەي،
بۇ كۆڭۈل ئاخىر فىراقىڭدا گەدا بولدۇم نېتەي.

— موللا سالىھ.

نېتەي ئەۋۋارە بولماي بىر سېنىڭدەك غەمگۇزارىم يوق،

كۆيۈپ فۇرقەت ئوتىدا مۇبتەلاغى لامەكان بولدۇم.
— فىراقى.

نېتەيىن [نیتایین] نېمە قىلارمەن:
نېتەيىن نەيلەيىن بىچارە دۇرمەن،
كۆزۈمنىڭ ئېلىدىن ئەۋۋارە دۇرمەن.
— مەجلىسى.

نېچەكىم [نیچەكیم] قانچە كۆپ:
بىر كۆرۈندۈردى قاراسىن قاراسام ھەر نېچەكىم،
بىقەرارىم ئەيلەدى ئالغاچ قەرارىم نەيلەيىن.
— ئەرشى.

نېچۈك [نیچوك] نېمە ئۈچۈن:
دېدى: «ئەي ئەنجۈر، نېچۈك لاپ ئۇرغاسەن تاق شاخۇشاق،»
كىمكى يەر بولسە ئۇرار ئەۋۋەل يۈزۈڭگە پاق - پاق.
— ئابدۇقادىر داموللام.

نېچۈككىم [نیچوك كیم] گوياكى، ھەتتاكى:
نېچۈككىم بولماسۇن ئالەم مۇئەتتەر چىقسالىڭ ئۆيۈڭدىن،
ئىپارۇ، ئۇدۇ ئەنبەر، سۇنبۇلۇ مۇشكى خوتەن سەنسەن.
— قەلەندەر.

نېچۈن [نیچون] نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبدىن:
دەۋزەخى سوزان دېسەم، غۇربەت نېچۈن ھەم ئاز ئېرۇر،
ياقۇتۇ فىرۇزەنى ھەم قىلماغىل كاندىن جۇدا.
— قەلەندەر.

نېدۇرۇر [نیدرور] نېمەدۇر؛ نېمە ئۈچۈنكى:
قىلغۇدەكمەن يۈرەكىمنى بۇ سەبەبدىن چاك - چاك،
نېدۇرۇر بىلمەم گۇناھىم قىلدى ئول ئەييارە رەد.
— قەلەندەر.

نېدىن [نیدین] نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن:
قەلەندەر كۆيمەسۇن نېدىن ئانىڭ رەشك ئوتىدا ھەر دەم،
رەقىبنى شاد ئېتەر ھەردەم، ئانى خۇنى جىگەر قىلمىش.
— قەلەندەر.

نېدىندۇر [نیدین‌دور] نېمە ئۈچۈندۇر:
بىلمەدىم ۋەجھىن نېدىندۇر ئەيلەبان قەتئىينەزەر،
زار كۆڭلۈم زار ئەيلەپ زار ئۆزرە زار ئەيلەمەك.
— ئەرشى.

نېدىنكىم [نیدین كیم] نېمە ئۈچۈنكى، نېمە سەۋەبدىنكى:
تاڭ ئېرمەسمۇ قەلەندەر رەشكىدىن پەرۋانەدەك كۆيسە،
نېدىنكىم دەھرنىڭ بەزمىدە شەمئى ئەنجۇمەن سەنسەن.
— قەلەندەر.

نېرۇ [نیرو] (پ) كۈچ، قۇۋۋەت:
يېتىپ غەيبىدىن چۈن بۇ نېرۇ ماڭا،
بولۇپ سۆز دېمەك مەيلى ئەسرۇ ماڭا.
— نەۋايى.

نېز [نیز] (پ) يەنە، ھەم:
نەزەر سالمايدۇ ئاشىق جىلۋە قىلسە دەھ ھەزاران ھۇر،
گۈلى باغى بېھىشتى دىلرەبا نېز سۆرەتى زەينۇر.
— زەلىلى.

نېش [نیش] (پ) نەشتەر.

نېك [نیك] (پ) «نىك» كە قاراڭ.

نېگە [نیگە] نېمىگە، نېمە ئۈچۈن:
دېدى بىر ساھىب خىرەدكىم «نېگە ئىستەرسەن ئانى؟»،
كىم تاپىپدۇر بۇ جەھان ئىچىندە جاننى ئىستەشىپ.
— قەلەندەر.

نېلەر [نیلەر] قانداق نەرسىلەر، نېمىلەر:
دېمەگىل، ئەي كۆڭۈل، قىلدى جەمالى خەيرىنى شەيدا،
قىلىپدۇر مىڭ سېنىڭدەككىم نېلەرنى ئول شەمايىل كۆپ.
— ۋەفائى.

نېمەرسە [نیمرسە] قانداقتۇر بىر نەرسە:
كى تەخت ئۈزرە ياتىپدۇر بىر نېمەرسە،
كى شەھ كۆرگەن ئەمەس مۇنداق كىمەرسە.
— مەجلىسى.

نېئمەت [نعمت] (ئە) 1) يېمەكلىك، نازۇ - نېمەت.
2) ياخشى ئىش، ئېھسان:
بۇ شىۋەنى مەئزۇر تۇت، نەدىم،
كۆرگىل بۇ نەچە نېئمەت ئەزىمايى ئەزىم،
قىسمەت ئاڭا ئەيلەپ ئېرمىش ئول ھەييى قەدىم،
چىنى بىلەن چاي، چايجۇش چىلىم.
— ئەرشى.

نېئمەتى ئەسرار — سىرلارنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى:
تۆكۈپ ئالدىغە نېئمەتى ئەسرار،
مۇھەببەت شىۋەسىنى قىلدى ئىزھار.
— ناقىس.

نېئمەتى دىيدار — يۈز كۆرۈشۈشنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى:
ئىشق ئەھلى ئىختىيار ئەتمەس بۇ ئالەم راھەتىن،
مۇددە ئاۋۇ ئارزۇيىش نېئمەتى دىيداردۇر.
— شەۋقى.

نېئمەتى ئىمان — ئىشىنىش، ئىمان ئىنئام قىلغان نەرسىلەر:
نېئمەتى ئىمان زەۋالىدىن بەسى شەۋقى ھەزىن،
ئىلتىپاتىڭ بەس ئېرۇر ئاخىر نەفەس قىلساڭ نىگاھ.
— شەۋقى.

نىئەم [نعم] (ئە) «نېئمەت» نىڭ كۆپلۈكى: نېمەتلەر:

نىيەتكىم سەنگە ھەق ئىنساب ئەيلەمىش،
ئەگەرچى ئانى بىھىساب ئەيلەمىش.

— نەۋايى.

نىتالىڭ [نتانك] «نېتالىڭ» غا قاراڭ:
نىتالىڭ چۇ بەزمىدە ئەرشىنى يوقلاسە مەھۋەش،
زىبەس چۇ كويىدىن ئانىڭ كەنارە ئەيلەمەدىم.

— ئەرشى.

نىجات [نجات] (ئە) «نەجات» كە قاراڭ:
دەرىغا جەھان كارىدۇر بىسەبات،
فەنا دامىدىن كىمسە ئېرمەس نىجات.

— ئا. نىزارى.

نىجات تاپماق — قۇتۇلماق:
غازىلاركىم قىسە بىللىللاھ قىلۇر جەڭگۇ غەزات،
ئىككى ئالەم دەۋلەتىغە يەتىشلەر تاپتى نىجات،
مەست ئولۇپ ھەق يادىدا جانىن بېرىپ بولسە مەمات،
ۋەھ نەخۇش ئەئلا شەھىدۇركىم ئېرۇر گويا ھەيات،
ئەقرەبا ھەم پەدەرۇ مادەرنى قولدار ھەرزەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نىجات قىلماق — قۇتۇلدۇرماق:
مۇرۇۋۋەت بىلە ئەيلەدى ئىلتىفات،
قىلىپ غۇسسە بىرلە ئەلەمدىن نىجات.

— ئا. نىزارى.

نىچۇك [نيچوك] «نېچۇك» كە قاراڭ.

نىچۇك ئەيلەيىن — قانداق قىلاي:
ئىرادە بۇ ئېركەن نىچۇك ئەيلەيىن،
قەزاۋۇ قەدەرنىڭ ئىشىن بىلمەيىن.

— ئا. نىزارى.

ھەر نىچۇك — ھەرقانداق قىلىپ:
ئەجەب جاي ياكى بەلەند خۇش ھەۋا،
تاپار فەيزى ھەق ھەر نىچۇك بىنەۋا.

— ئا. نىزارى.

نىدا [ندا] (ئە) چاقىرىق، خىتاب، ئاۋاز، ئۈندەش:
كۆرمەك ئىستەپ تاپتى كۆرمەسلىك نىداسىنى كەلىم،
مائەدەفنىڭ ئېردى چۈنكىم سىررىغە مۇلھەم ئەمەس.

— ئەرشى.

نىدا ئەتمەك — چاقىرماق.

نىدا ئەيلەمەك — چاقىرماق:
تۇرۇپ تاغ تۈبىدە سەدا ئەيلەدى،
كى ئول كۆزە يەڭلىغ نىدا ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

نىدا سالماق — ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئېلان قىلماق، خىتاب قىلماق:
كاشغەرنى سەيقەلى ئايىنەگى ئىسلام ئېتىپ،
ھەيبەتىڭدىن چىنى ماچىن ھەددىڭە سالدىڭ نىدا.

— زەلىلى.

نىدا قىلماق — چاقىرماق.

نىدا كەلمەك — ئاۋاز كەلمەك، ئاڭلانماق:
كەلمىش نىدايى: «لەنتەرانى لاكىننىزۇر بەدبەجەل»
نۇرى تەجەللى ئەيلەمىش تۇر ئۈستىگە كۆل بولدى تاغ.

— شەۋقى.

نىدا ئولماق — «نىدا كەلمەك» كە قاراڭ:
چۇ ئول پىردىن چىقتى ناگاھ سەدا،
ئانىڭدەك سۆرۈشىدىن ئولدى نىدا.

— ئا. نىزارى.

نىدۇرھەد [نيدرحد] نېمە ھەددىڭ:
دېدى شاھى شەھبال، كى «ئەي بىخىرەد،
بۇ ئىشلەرنى قىلماق ساڭا نىدۇر ھەد؟»

— ئا. نىزارى.

نىران [نيران] (ئە) ئوت؛ دوزاخ.

نىرانى جەھەننەم — جەھەننەم ئوتى.

نىرانى فىراق — پىراق ئوتى.

نىزام [نظام] (ئە) تەرتىپ، ئىنتىزام، تۈزۈم:
بۇ زەمان رەۋنەقىنىڭ ھېچ ئافتابى قالمادى،
بۇزدى ئەۋۋەلقى نىزاملارنى، تەنابى قالمادى،
بىغەرەز ئىش يوق ئۆچۈن ئانىڭ سەۋابى قالمادى،
دىل پەراكەندە بولۇپ ھېچ كامىيابى قالمادى،
ئۇشبۇ ئىشلار ھەم ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نىزامى مەملەكەت — پادىشاھلىق تۈزۈمى:
نىزامى مەملەكەتنى تۈزدى باشىدىن،
كېچىكىپ ئەيشۇ فەراغەت بىرلە ئاشىدىن.

— ناقىس.

نىزاغ [نزاع] (ئە) جېدەل، ئىختىلاپ؛ ئۇرۇش:
چىقىپ شەيخ ئول كۈن ۋىداغ ئەيلەدى،
جەھان خەلقى بىرلە نىزاغ ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

نىژاد [نژاد] (پ) ئىرق، نەسەب:
ئانىڭ زاتى ئېردى كىيانى نىژاد،
نەچە شەھر ئاڭا ئەيلەگەن، ئىنقىياد.

— ئا. نىزارى.

يەنە ھەزرەتى پاك مەخدۇم زاد،
كى سەيد شەھەنشاھى ئالى نىژاد.

— ئا. نىزارى.

نىسا [نسا] (ئە) ئاياللار، خوتۇنلار.

نىساب [نصاب] (ئە) ئاساس، نېگىز؛ مىقدار، ھەسسە.

نىسار [نثار] (ئە) 1) چېچىش، چاچقۇ:

نىسار باشىدىن تا يەۋمى مەھشەر،
ھەبىبى ھەقغەكىم، بەرق پەيغەمبەر.

— ناقىس.

باغلىدى قارى بەھار ئۇستىخان ئۈستىگە،
ياپىلدى فەيزى نىسار دوستىخان ئۈستىگە.

— ئىسمائىل ھاجى.

2) پىدالىق، پىداكارلىق:

تۇمەنىمىڭ سالام، بەلكى قۇللۇق نىسار،
چىراكىم قالىپ ياخشىدىن يادكار.

— ئا. نىزارى.

نىسار ئەتمەك — پىدا قىلماق؛ چاچماق:

لۇتۇق ئىلە جانان نىگاھ ئەتسە، نىسار ئەتكۈم بۇ جان،
چۈن نىسار ئەتسە بۇ جان جانان ئىلە قىلمىش قىران.

— ئەرشى.

جان نۇقۇدىنى نىسار ئەتمەي نېتەي، گەر ئەيلەسە،
شىۋەلەر بۇ شوخ شەڭ مايىل بولۇبان ھەرسارى.

— ئەرشى.

نىسار ئەيلەمەك — «نىسار ئەتمەك» كە قاراڭ:

چۈنان ئەۋۋارەيۇ سەرگەشتەدۇرلەر ۋامىقۇ پەرھاد،
نىسار ئەيلەپ جانىن ھەددۇ ئەجەب شىرىن ئەجەب ئۈزرا.

— شەۋقى.

نىسار قىلماق — «نىسار ئەتمەك» كە قاراڭ:

مەبادا كېلىپ جاننى قىلسە نىسار،
كى ياتسا ئۆلۈك جىسمى زارۇنىزار.

— ئا. نىزارى.

نىسار ئولماق — پىدا بولماق؛ چېچىلماق:

تېنىمدىن چىققالى يەتتى جۇدالىق جېھەتىدىن جانىم،
نىسار ئولغاي ماڭا جانۇ جەھانىم بەلكى ئىمانىم.

— فىراقى.

كۆزۈم گەۋھەرلەرى خالىڭغە بىر - بىردىن نىسار ئولمىش،
نىھالى قەددىڭە ھەر دەم فىدا روھى رەۋانىمدۇر.

— ئەرشى.

نىسان [نيسان] (پ) باھار يامغۇرى:

ئەگەر شاھۇ گەدالەر فانى بىلسە ئۈشبۇ ئالەمنى،
يۈزىگە لۇتۇق نىساننى قىلغاي قەترەئى شەبنەم.

— ئەرشى.

نىسب [نصف] (ئە) «نىسىف» گە قاراڭ:

ھەر ئەزمىزغە يانە ئوتتۇز مەھرەمى چا بۇكسەۋار،
نىسبى ئاق، نىسبى قارا ئات ئۈزرە بولمىش بەرقەرار.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نىسبەت [نسبت] (ئە) مۇناسىۋەت، مەنسۇپلۇق؛ نەسەب، نىسىل:

ھەقىقەتتە قۇتلۇغ قاراخان ئاتى،
كى شىرى خۇداغە يېتەر نىسبەتى.

— ئا. نىزارى.

نىست [نيست] (پ) يوق، ئەمەس:

بۇلاي كەيفىدىن ئانچە دىدار مەست،
كى دۇنيا سەرەنجامىنى نىست ھەست.

— ئا. نىزارى.

نىسف [نصف] (ئە) يېرىم:

نىسفى بولۇپ ئەردى مەگەر چاشتگاھ،
بولدى زىيادە ھەمەدە دەردۇ ئاھ.

— زەلىلى.

نىسفى جان — يېرىم جان، نىمجان:

بېكىم بولدى ئالەم ئىشىدىن ئامان،
ئانىڭسىز ماڭا زىندەلىك نىسفى جان.

— ئا. نىزارى.

نىسفى روز — يېرىم كۈن، چۈش:

بىس ھەۋا گەرم ئولدى مەۋسۇمى تومۇز،
ئامىن - ئامىن بىرلە بولدى نىسفى رۆز.

— زەلىلى.

نىسيان [نسيان] (ئە) ئېستىن چىقىرىش، ئۇنتۇش:

بىۋەفا دۇنيا ئىچىدە تۇرمايىن،
غەفلەتتۇ نىسيان بىلە ئولتۇرمايىن.

— زەلىلى.

نىش [نيش] (پ) «نېش» گە قاراڭ:

بۇلار ئەيلەدى كېچەگە سەرزەنىش،
قۇياش تىغىدىن يەتتى جانىغە نىش.

— ئا. نىزارى.

نىشات [نشاط] (ئە) «نەشات» قا قاراڭ:

قىلىڭ ھەر دەۋا ئەيلەبان ئېھتىيات،
دەۋا نەفئىدىن بولغايسىز ھەم نىشات.

— قۇشچى.

نىشان [نشان] (پ) 1) بەلگە، ئالامەت:

بۇ جەھان ئىچىندە ھەرگىز بولماغاي گەۋھەرنىشان،
ئول كۆگۈل ئىشقىڭ بىلەن دۇنيادا مەشغۇل ئولمادى.

— قەلەندەر.

2) دېرەك، خەۋەر:

بەر قەلەندەرغە ئىلاھا قۇندۇزى جەننەت نىشان،
يۈسۈفى كەنئانغە قىلغىل شەھرى دەۋراننى نەسىب.

— قەلەندەر.

نىشان ئەيلەمەك — نىشانلىماق، قارىغا ئالماق:

نىشان ئەيلەدى ئىشق ھۆسنى مەجاز،

تەھەققۇق سارى ئەيلەگەن ئىمتىياز.

— ئا. نىزارى.

نىشان بەرمەك — خەۋەر بەرمەك:

بالى - ئاياغىمدىن نىشان بەرمەككە گەر تارتىلسە خەت،
گۈل خەتى مەرھۇمدەك باشدىن - ئاياغ بولغاي غەلەت.

— ئەرشى.

نىشان تارتماق — نىشانلاپ يول ئالماق، قارارلىماق:

چېكىپ خامەسىن، نەقش قىلدى ئەيان،
كى ئەرمەن دىيارىغە تارتىپ نىشان.

— ئا. نىزارى.

نىشانە [نشانه] (پ) 1) بەلگە، نىشان:

كى سۈرگەت بىلە گۈل تەرەف يۈردى گۈل،
نىشانە سارى زەۋرەقىن سۈردى گۈل.

— ئا. نىزارى.

2) قارا:

كۆڭۈل ئۆيىن غەم شوخىغە ئەيلەبان مەئۋا،
كۆزۈم قاراغىن ئاتىلىڭ ئوقىغە نىشانە قىلاي.

— ئەرشى.

3) ئەسەر، ئىز؛ يادنامە:

ئىنشا قىلۇرمەن فەسانەئى ئىشق،
گۈل نەۋۋ دەبان نىشانەئى ئىشق.

— ئەرشى.

نىشانگاھ [نشانگاه] (پ) قارىغا ئېلىنىدىغان جاي.

نىشئە [نشئه] (ئە) «نەشئە»گە قاراڭ:

يار كۆزى كۆزۈم بىلە بولماغۇچە چۇ رۇبەرۇ،
نىشئە بەرمەدى ماڭا بادەئى ساغەرسەبۇ.

— زەلىلى.

نىشەمەن [نشيمن] (پ) ئۇۋا؛ ماكان:

گۇشەئى ۋەيرانە دە يۈرسەم نىشەمەن نى ئەجەب،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر چۇنكىم ئولۇس غەۋغاسىدىن.

— ئا. نىزارى.

نىشەمەن قىلماق — ماكان قىلماق:

كى بىر پاك جايىنى نىشەمەن قىلىپ،
مۇبارەك ۋۇجۇدىنى مەدفەن قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

نىشىن [نشين] (پ) سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ «ئولتۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى يۈكلەيدۇ:

خاتىر نىشىن — ئەسلەپ ئولتۇرغۇچى:

ئەي قەلەندەر دىلكەشۇ خاتىرنىشىن، شىرىن كەلام،
دىلبەرىمنىڭ ۋەسفىدەك بىر داستانى كۆرمەدىم.

— قەلەندەر.

مەسنەدنىشىن — يۆلىنىپ ئولتۇرغۇچى:

يەسرىمەت ئېلىن يىغدى خاقانى چىن،
ئۆزى تەخت ئۆزرە بارچە مەسنەدنىشىن.

— ئا. نىزارى.

ھەجرنىشىن — يالغۇزچىلىق:

ئىشق ئارا بىچارە ئەيلەپ ناتەۋان قىلغان پەلەك،
ھەجرنىشىن يەتكۈزۈپ ئازۇردە جان قىلغان پەلەك.

— ئا. نىزارى.

گۇشەنىشىنان — بۇلۇڭدا ئولتۇرغۇچىلار:

گۇشەنىشىنان دۇئا گويلەرى،
سۈمئە داران رىزا جويلەرى.

— زەلىلى.

نىفاق [نفاق] (ئە) كېلىشەلمەسلىك، ئىختىلاپ، ئاداۋەت:

رەھمۇ شەفقەت ھېچكىمدە قالمادى ھەم ئىشتىياق،
مېھرىبانلىق قەدىردانلىق گورىنغا تۈشتى نىفاق،
ئىككى رەڭ بولدى ھەممە تىلدا ۋىفاق دىلدا نىفاق،
ھەممەكىم بۇ ئىش مۇكافاتىدا تۈشسە ئىفتىراق،
ۋاي بۇكىم ھەم ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نىقاب [نقاب] (ئە) يۈزگە تارتىلىدىغان پەردە:

زەمانى ئۆتۈپ كەلدى بىر ماھۋەش،
نىقابى يۈزىدە ئېرۇر شاھۋەش.

— ئا. نىزارى.

نىقاب ئەيلەمەك — نىقاب تارتماق، نىقابلىماق:

ھەۋادىس يۈزىگە نىقاب ئەيلەدى،
چۇ سەددى سىكەندەر ھىجاب ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

نىقار [نقار] (ئە) ئاداۋەت، دۈشمەنلىك:

دۇنيابى بى مەدارا، تۇرماس كىشىدە يارا،
ئىسكەندەرۇ نەدارا ئۆتتى نىقار ئىچىدە.

— زەلىلى.

نىك [نيك] (پ) ياخشى، گۈزەل:

تەھسىلىمنى توختاتىپ مەن نىك - بەدنى بىلمەدىم،
ياخشى ئىشىغە تاشلاماق دېگەن ئەھەدنى بىلمەدىم،
تابىئى شەيتان بولۇپ مەن فېئلى بەدنى بىلمەدىم،
دۆرى گەۋھەرنى يۈتۈرۈپ تاپمىغانىم سەن ئىشت.

— موللا توختى غەرىبى.

نىكان [نيكان] (ئە) ياخشىلار.

نىكاھ [نكاح] (ئە) توي قىلىشنىڭ رەسىم - يوسۇن بويىچە ئادا قىلىنىشى، توي قىلىش ئەقدىسى:

چۇ مەھزۇن دېدى: «بۇ ئىش ئېرمەس سەلاھ،
رەۋادۇر مۇسۇلمانغە ئەقدى نىكاھ».

— ئا. نىزارى.

نىكاھ قىلماق — نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇپ نىكاھ ئەقىددسىنى تۇرغۇزماق، نىكاھ ئوقۇماق:

بېرىپ توي خىراجىن قىلالى نىكاھ،
تىرىك قىلسا تەڭرىم بارالى سەباھ.

— ئا. نىزارى.

نىك ئەختەر [نيك اختر] (پ) بەختلىك.

نىك ئەندىش [نيك انديش] (پ) ياخشى نىيەت، خەيرخاھلىق:

بۇ ئوغۇلغە دەر ئىبردى ھارۇن نام،
نىك ئەندىش مەخازىنى ئىسلام.

— زىيائى.

نىك بەخت [نيك بخت] (پ) بەختلىك، بەختىيار:

ئەجەم مۇلكىدە باردۇرۇر سەلڭ تەخت،
كى جا قىلدى پەيغەمبەر نىك بەخت.

— ئا. نىزارى.

نىك پەي [نيك پى] (پ) خۇش قەدەم:

قىلىپ دەشت ۋادى، مەراھىلنى تەي،
يۈرۈپ نەچچە كۈن راغ ئارا نىك پەي.

— ئا. نىزارى.

نىك خاھ [نيك خواه] (پ) ياخشى نىيەتلىك؛ خەيرخاھ:

قىلىپ ئىشق تۇغيان، چېكىپ ئوتلۇق ئاھ،
ئوقۇپ بەيىتنى دىلبەرى نىك خاھ.

— ئا. نىزارى.

نىك خۇي [نيك خوي] (پ) خۇش پېئىل:

دېدىكىم ھەققە تە ئاتا «ئەي نىك خۇي،
يىمە ئۇممەت غېمىن تاشلاپ ماڭا قوي».

— ناقىس.

نىك دىل [نيك دل] (پ) كۆڭلى ياخشى، ياخشى نىيەتلىك.

نىك راي [نيك راي] (پ + ئە) ياخشى پىكىرلىك:

كۆرۈپ تىغنى مەسئۇد دېدى: «ھاي ـ ھاي،
مېنى قىلماغىل تەلڭ سەن ئەي نىك راي».

— ئا. نىزارى.

نىك رۇ [نيك رو] (پ) چىرايلىق، گۈزەل.

نىك رۇز [نيك روز] (پ) بەختلىك، پاراۋان.

نىك سىرىشت [نيك سرشت] (پ) گۈزەل يارىتىلغان، تەبىئىي گۈزەل:

چېرە چۇنان مەۋازى نىك سىرىشت،
ياد بىرۇر ئابى ھاۋاسى بىھىشت.

— زەلىلى.

نىك نام [نيك نام] (پ) ياخشى نام ئالغان، ئاتاقلىق، داڭلىق:

بەيان ئەيلەمىشلەر بىل ئەھلى كىرام،
خىرەد بابىدا تاپقاي ئول نىك نام.

— قوشچى.

نىكۇ [نيكو] (پ) ياخشى، گۈزەل.

نىكۇ خىيال — ياخشى نىيەت.

نىكۇكار — ياخشى قىلىق، ياخشى ئىش:

كاتىبىكىم مىھنەت ئەيلەپ بىر كىتابىنى يازار،
بەئزى جا بولسە غەلەت راست ئەيلەمەكدۇر نىكۇكار،
قەسدئىلە ھەرگىز خەتا قىلما ۋەلى تەبئى ئازار،
ۋەرنەكىم راستى ئەقىل بولسە غەلەتلەر بىشۇمار،
قىلغايۇ خانەندەلەر دۇشنام ھەقارەت ھەرزەمان.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نىكۇكىردار — «نىكۇكار» غا قاراڭ:

بەلەند قىلدى فەلەكنىڭ سانىئى قەدرى سىياقىڭنى،
ئۇلۇغلۇق جادەسىدە بەرقەرار قىلغىل نىكۇكىردار.

— ئىسمائىل ھاجى.

نىكۇ نام — «نىك نام» غا قاراڭ:

ئۇشبۇ يەتلىغ خۇش سەئادەت شەھ چىقارسە نىكۇنام،
رازىدۇر ئاللاھ كەرىم، لۇتۇف ئەيلەگەي خەيرۇل ـ ئەنام.

— ئابدۇقادىر داموللام.

نىكۇ ھال — شاد ـ خۇرام، خۇش كەيپىيات:

بىرى بۇدۇر ئولاردىن، ئەي نىكۇھال،
كى شەھبازىكى تۇتسە گەر پەرۇبال.

— ناقىس.

نىكۇەت [نيك ود] (پ + ئە) ياخشى دوست:

دېدى موسا: «داغى يانساڭ ئېدى خوب،
ئىبادەت نىكۇەتى ئۈممەتكە مەرغۇب».

— ناقىس.

نىگار [نگار] (پ) 1) رەسىم، سۈرەت، تەسۋىر:

تەماشا قىلىپ باغۇ قەسرى ئىمار،
جەۋاھىر نىگارۇ بارى زەرنىگار.

— ئا. نىزارى.

شىئارى كافىرىستان بولسە جادى،
مەساجىدلاردا بۇتلارنىڭ نىگارى.

— ناقىس.

2) گۈزەل مەھبۇب، يار:

گۇل كىمسەگە كىم يار ئاڭا چىندۇر،
يوق چىنكى بىر نىگار چىندۇر.
گۇلشەن ئارا بەزم ئېتەرگە گۇل ئەيلەسە ئەزم،
مەرغۇب ئاڭا چاي بىلە چىندۇر.

— ئەرشى.

دەۋلەتى ئۆزمە ئىكەن ۋەسلىڭ نىگارىم بىلمەدىم،

ۋىسلىڭە شۈكرى ئەتمەدىم، ئەي گۈلئۈزارىم بىلمەدىم.
— قەلەندەر.

نىگار ئەتمەك — تەسۋىرلىمەك؛ يازماق.

مەھ نىگار — ئاي يۈزلۈك يار:
سۈرۈپ ئاينى ئەبرى قىلىپ ئاشكار،
جەمالىنى كۆرسەتتى گۈل مەھ نىگار.
— ئا. نىزارى.

نىگارى نازەنىن — گۈزەل يارنىڭ سۈرىتى:
بىردەمى راھەت يۈزىنى كۆرمەدىم، ئەي دوستلار،
تاكى باغرىمنى نىگارى نازەنىن قان ئەيلەدى.
— قەلەندەر.

نىگارا [نگارا] (پ) ئەي گۈزەل:
نىگارا ئىشتىياقىڭدا زەئىفۇ ناتەۋان بولدۇم،
ھەمىشە دەربەدەر ئالەم ئارا بىخانىمان بولدۇم.
— فىراقى.

نىگارەندە [نگارنده] (پ) رەسسام: يازغۇچى.

نىگارخانە [نگارخانه] (پ) رەسسامخانا.

نىگاھ [نگاه] (پ) قاراش، بېقىش:
يۈز نىگاھى لۇتۇق ئىلە ئەغيارنى سەرشار ئېتىپ،
گۈلشەنى لۇتفۇڭنى مەندىن نېچەكىم كەم قىلغاسەن.
— ئەرشى.

نىگاھ ئەتمەك — قارىماق، باقماق:
ئەرشىنى مەھجۇرنى مۇنچە نەزەردىن سالماغىل،
لۇتۇق ئىلە جانان نىگاھ ئەتسە نىسار ئەتكۈم بۇجان.
— ئەرشى.

نىگاھ قىلماق — «نىگاھ ئەتمەك» كە قاراڭ:
كۈلۈمسۈپ باقىپ يار قىلدى نىگاھ،
كى بىچارە بىدىل چېكىپ قاتتىغ ئاھ.
— ئا. نىزارى.

نىگاھبان [نگا هبان] (پ) قارىغۇچى، كۆزەتكۈچى؛ پاسىبان:
دېدىكىم كۆزكە: «سەن بولغىل نىگاھبان،
بولۇر دۈشمەن تۇغى ئاندىن نىمايان».
— ناقىس.

نىگاھبانى جەھان — پۈتكۈل ئالەمنىڭ پاسىبانى:
خۇدايى لامەكان، مەئبۇدى ئالەم،
نىگاھبانى جەھان مەسجۇدى ئادەم.
— ناقىس.

نىگاھبان قويماق — قاراۋۇل قويماق:
كېتىپ ئېردى قىزلار نىگەھبان قويۇپ،
كى ساقلاپ ئانى قالىپ ئېردى تۇرۇپ.
— ئا. نىزارى.

نىگاھبان ئەيلەمەك — كۆزەتمەك، قاراۋۇللۇق قىلماق:
تەرك ئېتىپ دۇنيانى، كەيدى تەنگە جىند، باشغە كۇلاھ،
تا قەلەندەرنىڭ رەقىبىن سەن نىگەھبان ئەيلەدىڭ.
— قەلەندەر.

نىگاھبانلىق [نىگاھبانلىق] قاراۋۇللۇق، پاسىبانلىق:
ئەيلەسۇن نەچچە ئەل نىگەھبانلىق،
يەتمەسۇن بۇ شەجەرغە نۇقسانلىق.
— زىيائى.

نىگاھبانلىق ئەتمەك — قوغدىماق، ساقلىماق:
دېدى بىر كىشىگە: «ئالىپ بار مۇنى،
قاچۇرماي نىگەھبانلىق ئەت ھەركۈنى.»
— ئا. نىزارى.

نىگاھدار [نگاهدار] (پ) قوغدىغۇچى، پاسىبان:
زابىتەئى دىنغە نىگەھدار ئۈچۈن،
ئاجىزۇ ھەيرانغە مەدەدكار ئۈچۈن.
— زەلىلى.

نىگۇن [نگون] (پ) 1) ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن:
سۇراھى سەربەلەند مەيپەرەستان مەستى لايەئقەل،
ئەلىف لامى قەد سىياقىنى مەجلىسدە نىگۇن كەلتۈر.
— زەلىلى.

2) تۆۋەن، پەس؛ يىقىلغان:
قىلىپ قانى گۈل چەشمەنى لالەگۇن،
كى چەشمە باشىدا ياتىپدۇر نىگۇن.
— ئا. نىزارى.

3) تەتۈر:
تۇدە ـ تۇدە ئەيلەبان قويغىل بۇگۇن،
قۇتقارۇرغە نەچچە يۈز بەختى نىگۇن.
— زەلىلى.

نىگۇن ئەتمەك — ئەگمەك، تۆۋەن سالماق:
قەلەم جۈرئەت ئەيلەپ نىگۇن ئەتتى باش،
رەقەم چەكتى مۇنداق قىلىپ ئەشك ياش.
— ئا. نىزارى.

نىگۇن بولماق — ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك:
قىلمامىش كۆڭلۈمدە قىرقىلماق مەئاش سەبردىن،
ھەجرىدە بولغان نىگۇن قەددىم ئاڭادۇر ھۆكمى راس.
— ئەرشى.

نىگۇن قەد — قەددى ئېگىلگەن:
كەمالى رىفئەتنىڭ ئانداغكى بولسە،
ئاياغىنىڭ ئۆپكەلى گەردۇن نىگۇن قەد.
— ئەرشى.

سەر نىگۇن — 1) بېشى تۆۋەن، يىقىلغان:
چۇ مەسئۇدنى خەيلى غەم ئەتتى زەبۇن،
تۈزۈك قەددى كۆكدىن بولۇپ سەرنىگۇن.

— ئا. نىزارى.

2) ئاستىن - ئۈستۈن، تەتۈر:

تالەيىم دۇر سەرنىگۈن بەختىم زەبۇن دەردىم فۇزۇن،
نى ئەجەب دىۋانەلەردەك ئەيلەسەم جۇش خىرۇش.

— سەبۇرى.

نىگۇنسار [نگون سار] (پ) تۆۋەن چۈشكەن، يىقىلغان:

ئاگا رابىئە ھەم خەبەردار ئىدى،
كى ھىجران يۈكىدىن نىگۇنسار ئىدى.

— ئا. نىزارى.

نىگىن [نگين] (پ) 1) ئۈزۈك:

ئەگەر بولسا سۇلەيمان ھىكمەتىدىن،
ۋەيا بولسە نىگىنى ھۆرمەتىدىن.

— مەجلىسى.

2) مۆھۈر:

ھەر ئاشىقى كى كۆڭلىدە بىر نازىنىنى يوق،
شاھى دۇرۇركى ئىلكىدە مۆھرى - نىگىنى يوق.

— زەلىلى.

زىرى نىگىن — بەند قىلىنغان، كونترول قىلىنغان:

ئەي ۋۇجۇدۇڭ شەئنى كەلدى رەھمەتەن لىلئالەمىن،
ئاندىن ئولدى بەھرۇبەر ھۆكمۈڭ بىلەن زىرى نىگىن.

— ئەرشى.

نىگىندار [نگين دار] (پ) مۆھۈردار:

نىگىندار بولسۇن سۇلەيمان سۇفەت،
فەرىدۇن، جەمشىد خاقان سۇفەت.

— ئا. نىزارى.

نىل I [نيل] (ئە) نىل دەرياسى.

نىل II [نيل] (پ) كۆك:

ئاياغى بولۇر گويىيا نىل رەڭ،
ۋەلىكىن مۇنى ئالسە شۇڭقار دەڭ.

— قۇشچى.

نىلگۇن [نيلگون] (پ) نىل رەڭ، كۆك رەڭ:

بولمادى مەئلۇم ھىكمەت ئەھلىغە سەيرى قەمەر،
ئەسمانى نىلگۇنى سەھنىدە ئەختەر بولماسا.

— زەلىلى.

نىلىن [نيلن] (پ) نىل رەڭلىك، كۆك:

يار مەلەك خەيلىغە ئەردۇن زەۋرەقى نىلىن ئېرۇر،
ھەجرىدىن تا كۆككە تەگرۇ سىيلى ئەشكىم بولدى سىت.

— ئەرشى.

نىلۇفەر [نيلوفر] (پ) نىلۇپەر، سۇدا ئۆسىدىغان كۆكۈش ياكى سىرىق رەڭلىك بىر خىل گۈل:

چۇ قىلدى كۈن يۈزى ئالەمنى رەۋشەن،
ئىدىكىم نىلۇفەرمەن، ئاشىقىمەن.

— ناقىس.

نىم [نيم] (پ) يېرىم.

نىم دەۋر — يېرىم دائىرە.

نىمى نىگاھ — قىيا بېقىش:

جان مۈلكىنى سەئىد ئىلە نە ھاجەت ئاگا بۇزماق،
بىرنىمى نىگاھى بىلەكىم ئەيلەدى بەرباد.

— ئەرشى.

نىم باز [نيم باز] (پ) يېرىم ئېچىلغان.

نىمبىسمىل [نيم بسمل] (پ) چالا سويۇلغان.

نىمجان [نيم جان] (پ) چالا ئۆلۈك، يېرىم جان:

نەچەسى ئۆلۈبدۇر، نەچە نىمجان،
ۋە بەئزىن ياتار، بەزىسى نەزئى جان.

— موللا شاكىر.

نىمچە [نيمچە] (پ) قىسقا تاش كىيىم:

نىمچە نارەنجى، قىزىل كۆڭلەك، باشىدا قىرقارا،
سۇنبۇلى بىشىدىن ئۆرۈلگەن تال چىبىق بۆركلۈككىنە.

— ئەرشى.

نىم خاب [نيم خواب] (پ) چالا ئۇيقۇلۇق.

نىمخىز [نيم خيز] (پ) ئولتۇرۇش بىلەن ئۆرە تۇرۇش ئارىلىقىدىكى ھالەت، يېرىم تۇرۇش:

كى نەچچە ياتۇر نەچچەسى نىم خىز،
قوپاي دەپ قوپالماي بولۇپ رەستەخىز.

— موللا شاكىر.

نىمرۇز [نيم روز] (پ) يېرىم كۈن، چۈش:

شەۋق بىلەن زەۋق بىلەن نىمرۇز،
قۇشدەك ئۇچۇبان يېتىپ تار بوغۇز.

— زەلىلى.

نىم شەب [نيم شب] (پ) يېرىم كېچە:

تاڭ ئاتقۇچە ياتارسەن، غەفلەتدە ئۆمرۈڭ ئۆتتى،
بىر نىمشەب چىقارغىل دەرد ئىلە دۇدى ئاھى.

— زەلىلى.

نىمكار [نيمكار] (پ) شاگىرت، بالا ئىشچى.

نىھاد [نهاد] (پ) تەبىئەت، خاراكتېر، مىجەز:

ساچ سۇنبۇلغە گەھى سەبەب ئۇد،
ئۆرلەتكەلى ئەل نىھادىدىن ئۇر.

ئەژدەر نىھاد — ئەجدىھارغا ئوخشاش؛ قورقماس:

رەھا ئەيلەگىل ئوقنى فەرھادۋار،
كى ئەژدەر نىھادىدىن ئۆرلەت دەمار.

— ئا. نىزارى.

بەد نىھاد — يامان مىجەز:

كېچە چىقتى مەككارەگى بەد نىهاد،
قىلىپ گۇل زەمان شاھىغە خەيرباد.

— ئا. نىزارى.

نىهال [نهال] (پ) 1) كۆچەت، نوتا:
دىمە قىلماسدۇر ماڭا گۇل مەھۋەشى ياش ئىلتىپات،
مىۋە بەرمەسدۇر شەجەر تاباردۇرۇر ھالى نىهال.

— قەلەندەر.

2) ياشلىق، ياش:
تاكى، ئەي زالىم، ماڭا جەۋرۇستەم كەم قىلغاسەن،
بۇ نىهالى قامەتىم غەم بىرلە كەم قىلغاسەن.

— ئەرشى.

نىهالى شەمشاد — شەمشاد دەرىخىنىڭ نوتىسى:
قەددىڭدۇر مىسالى سەرۋى ئازاد،
گۇلدەستەگى يا نىهالى شەمشاد.

— ئەرشى.

نىهان [نهان] (پ) يوشۇرۇن، مەخپىي؛ يوشۇرۇنغان:
ساقى سەھەردە كەلتۇرۇپ ئەل كۆزىدىن نىهان قەدەھ،
فەسلى بەھار گۇل ئېرۇر مەۋسۇمى ئەرغەۋان قەدەھ.

— زەلىلى.

ۋەلايەتتە بىر تاغ باردۇر ئەيان،
ھەكىمىكى ئاندا بار ئېرمىش نىهان.

— ئا. نىزارى.

نىهان ئەتمەك — يوشۇرماق:
جانىمدە ئەلىپ يەڭلىغ گۇل سەرۋى مەكان ئەتمىش،
جىسىم نۇقتەسىدە داغىن جانىمدە نىهان ئەتمىش.

— ۋەفائى.

نىهان بولماق — يوشۇرۇنماق:
زىبرىكتى بۇلار زۇلمىدىن گۇل زەمان.
كى روھى بەقا ئىچرە بولدى نىهان.

— ئا. نىزارى.

نىهان قىلماق — يوشۇرماق:
نەسىم جان سارىدىن ئەي سەبا خەبەر كەلتۇر،
ئىلاج زەڭقى مەشامىم نىهان قىل ئەي ھافىز.

— شەۋقى.

زەخمى نىهان — يوشۇرۇن جاراھەت:
ھەزىن كۆڭلۈمنى ئەزبەس ناۋەكى ئىشقىڭ نىشان ئەتكەچ،
كۆزۈم ياشىنى گۇلگۇن ئەيلەگەن زەخمى نىهانىمدۇر.

— ئەرشى.

نىهانە [نهانه] (پ) مەخپىي، يوشۇرۇنچە؛ مەخپىيلىك:
چىقىپ مەھۋەشى ھەم بەھانە بىلەن،
ئاتاۋۇ ئانادىن نىهانە بىلەن.

— ئا. نىزارى.

نىهانكار [نهانكار] (پ) يوشۇرۇن خىزمەتچى.

نىهانى [نهانى] (پ) مەخپىي، يوشۇرۇنچە.

نىهايەت [نهايت] (ئە) ئاخىر، چەك، ئاقىۋەت:
كى مۇنداق تۇشكەنىگەدىن قىل ھىكايەت،
فەلەكنىڭ جەۋرىغە يوقتۇر نىهايەت.

— مەجلىسى.

نىهايەتسىز [نهايتسيز] ئاخىرى يوق، چەكسىز:
نىهايەتسىز سۆيۈندۇم مەھۋەشى شوخ پەرى پەيكەر،
مىنى قۇل ئەتكەلى ئۆزىگە ئەمدى مۇختەسەر قىلمىش.

— قەلەندەر.

نىهۇفتە [نهفته] (پ) كۆرۈنمەس، يوشۇرۇنغان:
كى بولماس غۇنچەدەك ئاغزىم شۇگۇفتە،
لەبىم لەئلۇ تىشىم دۇررۇ نىهۇفتە.

— مەجلىسى.

نىئمەت [نعمت] (ئە) «نېئمەت» كە قاراڭ:
چۇ كاشغەر زەمىن ئېردى جەننەت نىشان،
كى مەئمۇر ئىدى بەلكى نىئمەت فىشان.

— ئا. نىزارى.

نىيابەت [نيابت] (ئە) ۋەكىللىك.

نىياز [نياز] (پ) 1) ئېھتىياج، ھاجەت. 2) ئىلتىجا.
3) تۆھپە، سەدىقە:
«نۇن» نىيازىمدۇر مېنىڭ جانىمدىن ئۆزگە يوق نىياز،
شەمئىسەن، پەرۋانەدۇرمەن، جان نىسارىم سەنمۇسەن؟

— موللا سالىھ.

نىياز ئەتمەك — تۆھپە قىلماق، سەدىقە قىلماق:
رەمزى رەمۇزى نارىغە يوقتۇ بارىم نىياز ئېتىپ،
جانۇ كۆڭۈل گەرەۋ قىلاي شىۋەئى خۇش ئەداسىنە.

— ئەرشى.

نىياز كۆرگۈزمەك — ھاجىتىنى ئىپادىلىمەك، بىلدۈرمەك:
بۇلار روھىغە كۆرگۈزۈپمەن نىياز،
فەقىر ناتەۋانغە بولۇپ چارەساز.

— ئا. نىزارى.

نىيازۇ نەزر — «نەزرۇ نىياز» غا قاراڭ:
ھەر نىيازۇ نەزر كەلسە ئالدىلەر،
خەرج ئېتىبان خانىقاھى سالدىلەر.

— زەلىلى.

ئەرزۇ نىياز — تىلەپ ۋە ئىلتىجا:
كۆڭۈل مۇددەئاسىنى راز ئەيلەبان،

كى قۇللۇغدا ئەرزۇ نىياز ئەيلەبان.

— ئا. نىزارى.

نىيام [نيام] (پ) غىلاپ، قىن:

كى ساچراپ قوپۇپ ئورنىدىن ئۆلنىسا،
پىچاقىن نىيامىدىن ئەيلەپ جۇدا.

— ئا. نىزارى.

تىغى زەبانىڭنى نىيام ئىچرە تۇت،
جەۋھەرى مەئنىنى كەلام ئىچرە تۇت.

— زەلىلى.

نىيەت [نيت] (ئە) كۆڭۈلدىكى مەقسەت، ئارزۇ، ئۈمىد:

كى ھەج قىلماق ئولدى ئانىڭ نىيەتى،
كۆپ ئېردى جەھا ئىچرە خەيرىيەتى.

— ئا. نىزارى.

ھ

ھا [حا] (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ح» ھەرپىنىڭ نامى.

ھاتەم [حاتم] (ئە) سېخىي، سېخىيلىق بىلەن نام چىقارغان كىشى (ھاتەم):

بىرىنى ئەيلەدى رۇستەم، بىرىنى نۇشىرۋان،
بىرىنى ئەيلەدى ھاتەم، بىرىنى لۇقمان چەرخ.

— شەۋقى.

ھاتەمى ئىشق — ئىشق سېخىيسى، ئىشق ساھەسىدىكى سېخىي:

گۇمنامىڭىزنى كۆزلەرى ھاتەمى ئىشق ئەيلەدى،
مەخزەنى كۆڭلىدە ئانىڭ تىلەر ئېرسە بارى بار.

— گۇمنام.

ھاتەملىغ [حاتم ليغ] (ئە) سېخىيلىق، قولى ئوچۇقلۇق.

ھاتىف [هاتف] (ئە) غايىبتىن ئاۋاز بەرگۈچى، چاقىرغۇچى، ئاۋاز چىقارغۇچى.

ھاتىفى فەرخۇندە نەفەس — قۇتلۇق ئاۋاز، غايىبتىن كەلگەن خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى ئاۋاز.

ھاج [حاج] (ئە) ھاجەت:

كۆڭۈلدۇر قىبلەگى تەھقىق نېچۇن سەن ئول گۈي ئېچرە،
بۇ تەن سەنگى سىيەھدۇر سىدقدىن ئۆپمەككە ھاجىم.

— گۇمنام.

ھاجات [حاجات] (ئە) «ھاجەت» نىڭ كۆپلۈكى، ھاجەتلەر، ئېھتىياجلار.

ئەھلى ھاجەت — موھتاجلار، ھاجەتمەنلەر.

ھاجەت [حاجت] (ئە) ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت؛ تىلەك، مەقسەت:

مەنى غەم كۆيىدىن رەھا ئەيلەگىل،
بارى ھاجەتىمنى رەۋا ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھاجەت ئەھلى — موھتاجلار، ھاجەتمەنلەر.

ھاجەت ئەيلەمەك — سورىماق، تەلەپ قىلماق.

ھاجەت قەدەرى — ھاجەتكە قاراپ، زۆرۈرىيەتكە قاراپ.

ھاجەتى تەۋزىھ — ئىزاھ، شەرھ قىلىشقا ئېھتىياجلىق.

ھاجەتمەند [حاجتمند] (ئە + پ) موھتاج، ھاجەتلىك، ئېھتىياجلىق:

بولمىشەم، ئەي دوست، ھاجەتمەندۇ زارۇ مۇستەمەند،
يوق ئەمەل ساھىب كەرەمگە خەيرۇ ئېھساندىن لەزىز.

— ئابىت.

ھاجەتمەند قىلماق — موھتاج قىلماق.

ھاجى [حاجى] (ئە) ھەج قىلغان، كەبىنى تاۋاپ قىلغان، ئىسلامدا بەش پەرھىزدىن بىرىنى ئادا ئەتكەن كىشى:

ھاجىلاركى يۈرگۈسىدۇر ھەجنى ساتىپ،
يەنىكى «ھاجى مەن» دەپ ئانى ئەلگە ئاڭلاتىپ.

— سەبۇرى.

ھاجىب [حاجب] (ئە) 1) توسۇق، قاش. 2) توسۇپ تۇرغۇچى؛ دەرۋازىۋەن، ئىشىك قاراۋۇلى، ئىشىك ئاغىسى؛ پەردىدار:

قۇياش نۇرى ناگاھ ئەسەر ئەيلەدى،
كى ھاجىب بۇ يەڭلىغ خەبەر ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھاجىب ئولماق — توسۇق بولماق.

ھاجىبۇل - ھۇججاب — دەرۋازىۋەنلەر باشلىقى، ئىشىك ئاغىسى.

ھادى [هادى] (ئە) يول باشلىغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى، رەھبەر؛ پىر، مۇرشىد:

چۈن تەرىقەت يولىغە كىرمەكنى قىلدىڭ ئىختىيار،
ئەۋۋەلا بىر مۇرشىدى ھادىنى قىلغىل ئىنتىخاب.

— زەلىلى.

ھادىس [حادث] (ئە) سادىر بولغان، يۈز بەرگەن؛ يېڭىدىن پەيدا بولغان:

ئۆمىد ئولدۇركى ساھىبخانەدىن ئەگزاز كۆرگەيمىز،
چەرا تەگزىمى مېھمان رەسمى ئادەت خويى شان ھادىس.

— شەۋقى.

ھادىس ئەتمەك — يېڭىدىن پەيدا بولماق.

ھادىس بولماق — يۈز بەرمەك، سادىر بولماق، پەيدا بولماق.

ھادىس ئولماق — «ھادىس بولماق» قا قاراڭ.

ھادىسات [حادثات] (ئە) «ھادىسە» نىڭ كۆپلۈكى، ھادىسىلەر، ۋەقەلەر، ئۆزگىرىشلەر.

ھادىساتى روزگار — تۇرمۇش ھادىسىلىرى.

ھادىسە [حادثه] (ئە) ھادىسە، ۋەقە؛ ئۆزگىرىش:

ۋەزىر پۇر تەبىرىنىڭ قىزى ئاتاسىغە بۇ ھادىسە يۈز كەلتۈرگە.

نىنى ئاڭلاپ، فەرەڭ ئەلچىسى بىرلە تاپىشىپ، لىباسى مەردانە كىيىپ خاجە سەگ پەرەست ئۈچۈن ئۆز شەھرىدىن خوراسانغە ئەزىم ئەتكەنى...

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

هادىم [هادم] (ئە) بۇزغۇچى؛ بۇزغۇنچى؛ بەتبەشىرە:

بار ئىركەن قاشىدا نەچە خادىمى،
ئانىڭ ھەر بىرسى بەشەر هادىمى.

— ئا. نىزارى.

هادىي [هادى] (ئە) «هادى» غا قاراڭ.

هادىي سۇبۇل — توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى.

هادىي كامىل — ماھارەتلىك يول باشلىغۇچى، تەجرىبەلىك رەھبەر.

هار [حار] (ئە) ئىسسىق، هارارەتلىك؛ قىزىتما:

ئارەزى بولدى خەزاندەك ئول پەرىنىڭ زەئفىدىن،
بۇ كەسەلنى سەن كۆتەرگىل، يا رەب، ئانىڭ هارىنى.

— قەلەندەر.

هارۇ يابىس — ئىسسىق ۋە قۇرۇق.

هارر [حار] (ئە) «هار» غا قاراڭ.

هاررۇ رۇتەب — ئىسسىق ۋە ھۆل.

هاررى يابىس — قۇرۇق ئىسسىق.

هارۇت [هاروت] (ئە) كۇفە زېمىنىدىكى بابىل شەھرىگە كىشىلەرنى سىناش يۈزىسىدىن، سېھىر تەلىم بېرىش ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پەرىشتىنىڭ بىرى (يەنە بىرى مارۇت).

هارۇن [هارون] 1) ئىمراننىڭ ئوغلى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىسى، نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. 2) هىجرىيە 148 - 198 (مىلادى 765 - 808) - يىللىرى ياشىغان باغدات خەلىپىسى هارۇن رەشىد (هارۇنۇر - رەشىد).

هارۇنۇر - رەشىد [هارون الرشيد] «هارۇن» غا قاراڭ.

هارىس I [حارث] (ئە) 1) دېھقان، تېرىقچىلىق قىلغۇچى:

نەۋائىي، ئەمەل خىرمەنى ئىچرە ئوت سال،
كى بولماق كېرەكمەس بۇ مەزرەئدە هارىس.

— نەۋايى.

هارىس II [حارس] (ئە) ساقچى.

يۈزۈڭ گەنجىنى پاس ئەتمەككە هارىس هاجەت ئىرمەستۇر،
كۆزۈڭ جەللادى يانى ئوزرەدۇر شەمشىرۇ خەنجەر ھەم.

— گۇمنام.

هازەلقىياس [هذاالقياس] (ئە) شۇ يوسۇندا، شۇنداق قىلىپ:

چىقىپ يار باشىغە ھەمە ئامۇ خاس،
شەھەردە كىشى قالماس هازەلقىياس.

— موللا شاكىر.

كۆزۈ لەئلى بەر سىررىن بىلمەك ئەتسەڭ ئىلتىماس،
ئۆرتەمەكلىكدۇر جەھان ئەھلىن ئەلا هازەلقىياس.

— ئەرشى.

هازىر [حاضر] (ئە) 1) شۇ پەيت، شۇ ۋاقىت:

بۇ مەجلىسدە هازىر بار ئىردى ۋەزىر،
كى قىلماي بۇ ئايغان سۆزۈمنى پەزىر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) تەييار:

مۇلازىمغە دېدىم چاپىپ ئاندا يەت،
ئوشۇل يات كىشىنى ماڭا هازىر ئەت.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) مەۋجۇت، پەيدا:

كۆزۈمدىن غايىبۇ كۆڭلۈمدە هازىر ياد ئەيلەرمەن،
ئانىڭ يادى بىلە خۇرشىد كۆڭۈلنى شاد ئەيلەرمەن.

— موللا سالىھ.

هازىر باش — هازىر بول! ھوشيار بول!

هازىر بولماق — كەلمەك، ئىشتىراك قىلماق؛ تەييار بولماق.

هازىق [حاذق] (ئە) [كۆپلۈكى: هۇززاق] بىلەرمەن، ماھىر، ماھارەتلىك، ئۇستا؛ ياخشى بىلگۈچى، ئۆز ھۈنىرىنى ئەڭ ياخشى ئۆزلەشتۈرگەن ئادەم.

هازىق تەبىب — ماھىر، ئۇستا تېۋىپ:

سىنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەرگىز تەبىبى هازىق ئالەمدە،
چۇ بەردىڭ دەرد ئۆزۈڭ، ئەمدى ماڭا بەرگىل يەنە دەردە.

— قەلەندەر.

هازىم [هاضم] (ئە) ھەزىم قىلغۇچى، تاماق (يېمەكلىك) سىڭدۈرۈشكە ياردەم بەرگۈچى:

ساغىنما بارچە پىشىغ سوزنى تەئب ئېتەر ئاشام،
بولۇر مۇقەييىيۇ هازىم چۇ ئىككىسى مەتبۇخ.

— نەۋايى.

هاسىد [حاسد] (ئە) ھەسەت قىلغۇچى، ھەسەتچى، كۆرەلمەس:

ئوتقا تۇتقان قىل مىسالىدەك يۈز قارا هاسىدلەرنىڭ،
قارا كۈنلەر ئىچرە غەمدىن تولغانىپ بولسۇن نىزار.

— تەجەللى.

هاسىد بولماق — ھەسەت قىلماق.

هاسىل [حاصل] (ئە) 1) مېۋە، مەھسۇلات؛ پايدا؛ نەتىجە:

ئىچىپ يۈز زەھرنى ئەيلەپ پۇشەيمان،
ياقالىڭ چاك ئەتسەڭ ئەمدى نە ھاسىل،

— ئەرشى.

2) ئايان، ئېنىق، روشەن. 3) نېسىۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈش ئىستىكى، ئىستەك:

رەقىبىڭ گۇلماسۇن مەقسۇدى ھاسىل،
ئەلىڭدەك قەددىمى گۇل سالدى دالە.

— نەسىمىي.

ھاسىل ئەتمەك — 1) ئېرىشمەك. 2) رازىلىقنى ئالماق.

ھاسىل ئەيلەمەك — 1) ئېرىشمەك، قولغا كىرگۈزمەك. 2) پەيدا قىلماق، ھاسىل قىلماق.

ھاسىل بولماق — پەيدا بولماق.

ھاسىل رام ئۇلماق — مۇيەسسەر بولماق، قولغا كىرگۈزمەك.

ھاسىل ئۇلماق — مەقسەتكە ئېرىشمەك.

ھاسىلى كەلام — سۆزنىڭ قىسقىسى، خۇلاسە، نەتىجە.

سۆز ھاسىلى — سۆز خۇلاسىسى، نەتىجىسى.

كام ھاسىل قىلماق — مەقسەتكە ئېرىشمەك، ئىستەكنى قاندۇرماق.

ھاسىلا [حاصلا] (ئە) «ھاسىلەن» گە قاراڭ:

رىيا ئىچىندە نەكىم ھاسىل ئەتتىڭ، ئەي زاھىد،
دىيەڭ خەلاس ئۆلەي ئەت رەھنۇ، ھاسىلا قەدەھ ئىچ.

— نەۋايى.

ھاسىلەن [حاصلاً] (ئە) مەلۇم بولۇشىچە، نەتىجىدە، قىسقىسى؛ خۇلاسە:

ھاسىلەن شاھ تاپتى چۇن كامىن،
دېمەگىل كامىن، دىلئارامىن.

— نەۋايى.

ھاشا [حاشا] (ئە) ئەلۋەتتە؛ ھېچ، ھېچبىر، ھېچقاچان، ھېچ ۋاقىت:

مۇمكىن ئېرمەس دەھر ئارا بۇ شەكىل ئىلە بىر كافىرى،
بۇ كەبى ھەيئەت ئارا ھەم يوقتۇرۇر ھاشا يىگىت.

— ئەرشى.

ھاشە [حاشه] (ئە) «ھاشا» غا قاراڭ.

ھاشە لىللاھ — خۇدا ساقلىسۇن.

ئالمايىن بۇيى نەسىمى خىلئەتىڭ ئەنۋارىدىن،
ھاشە لىللاھ بىر گۈلى بۇ باغ ئارا خۇررەم ئەمەس.

— ئەرشى.

ھاشىيە [حاشيه] (ئە) [كۆپلۈكى: ھەۋاشى] بىرەر نەرسىنىڭ چېتى، ئايلانمىسى، ئەتراپى.

ۋەرەق ھاشىيەسى — ۋاراقنىڭ چېتى، ھاشىيەسى.

ھافى [حافى] (ئە) 1) يامانلىقتىن ساقلانغۇچى. 2) كەمبەغەل، قولى قىسقا.

ھافىز [حافظ] (ئە) 1) ساقلىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى، مۇھاپىزەت قىلغۇچى. 2) يادقا بىلگۈچى، قۇرئاننى يادقا بىلگۈچى، قارىي. 3) قوشاق، بېيىت ئېيتقۇچى، ھاپىز:

جەمال شاھى جەھان ۋەسلىدىن ئۈمىد ئەتسەڭ،
مۇدام زىكرى زەبان دانە دان قىل ئەي ھافىز.

— شەۋقى.

ھافىزى مۇجەۋۋىد — قۇرئاننى توغرا (خاتاسىز)، تەجۋىد قائىدىسىگە مۇۋاپىق قىرائەت قىلغۇچى، قارىي.

ھافىزى ۋۇسقا — قۇرئاننى يادلىغان.

خۇشخان ھافىز — چىرايلىق ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلغۇچى.

ھافىزە [حافظه] (ئە) يادلاش، يادىدا ساقلاش؛ يادلاش ماھارىتى، يادلاش ئىقتىدارى، ئېسىدە ساقلاش ئىقتىدارى.

ھاكىم [حاكم] (ئە) [كۆپلۈكى: ھۆككام] ھۆكۈم قىلغۇچى، بۇيرۇغۇچى، باشلىق:

تەنىن تاشلاغاندىن كېيىن بەھرىغە،
داغى ھاكىم ئولسۇن ئانىڭ شەھرىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھاكىي [حاكى] (ئە) ھېكايە قىلغۇچى، قىسسە ئېيتقۇچى:

بۇ نامەغە نۇسخە زاتى پاكى،
تەگرى سۆزىدىن ئۆلۈسقا ھاكىي.

— نەۋايى.

ھال [حال] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەھۋال] 1) ھال، ئەھۋال، كەيپىيات. 2) خۇسۇسىيەت، مەنە. 3) پەيت، ۋاقىت، پۇرسەت. 4) ئىختىيار، ئىرادە. 5) ھوش، ئۆزىگە كېلىش، ھوشىغا كېلىش:

كېتىپ ھالىدىن، بولۇپ ئەفتالۇ خەزان،
قانلىق چۆرگۈلۈپ چۇن بەرگ سەبزان.

— خىرقەتى.

ھالا [حالا] 1) ھازىر، شۇ مەھەلدە، شۇ پەيتتە. 2) ھازىرغىچە، شۇ پەيتكىچە.

ھالات [حالات] (ئە) [بىرلىكى: ھالەت] ئەھۋاللار، كەيپىياتلار؛ «ھالەت» كە قاراڭ:

……

زىيائى مەشئەلى نۇرى نەبۇۋۋەت ئېردى كۈن ئاتلىق،
ھەمىشە تائەتۇ تەقۋىيۇ تەسبىھ ئېردى ھالاتلىق.

— ئەرشى.

ھالات ئەدلىسى — ئەھۋاللارنى شەرھلەش، ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىش.

ھالات كەيفىياتى — ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتى.

ھالە [ھاله] (ئە) ئاي ۋە قۇياش ئەتراپىدىكى ئايلانما توسۇق؛ ئاي ياكى قۇياشنىڭ گەردىشى، قوتانلىنىشى:

خەفچەڭى قەد گۈزرە گۈل يەڭلىغ يۈزۈڭ،
مېھرى ئالەم تابىدەك بى ھالەدۇر.

— گۇمنام.

غەبغەب گۈل سىيمىن زەقەن دەۋرىدە ئانداغكىم ئېرۇر،
ھالە ئۈز جىرمىدىن گۈل دەۋرىگە قىلغاندەك كەمەر.

— ئەرشى.

ھالەت [حالت] (ئە) [كۆپلۈكى؛ ھالات] 1) ھال، ئەھۋال؛ ھالەت. 2) ۋاقىت، پەيت:

خاجەنى رايى ئەگەرمە پادىشاھ دارغا ئاسقالى بۇيرۇغان ھالەتدە پادىشاھغە كېسەل ئارىز بولۇپ، مەھبۇسلارنى قويا بەرگەلى بۇيرۇغانى؛...

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) كۆرۈنۈش، قىياپەت. 4) يۈز بەرگەن ھادىسە.

زەۋقۇ ھالەت — خۇرسەنچىلىك ۋە شادلىق پەيتلىرى.

ھالى [حالي] (ئە) دەرھال، تېزدىن، شۇ ھامان:

سەبا زۇلفۇڭنى تاغتىنى مەگەر ھالى خەيالىمدە،
يازىلدى ئەژدەھا بولدى، ئۇرالدى ئەھرەمەن بولدى.

— سەككاكى.

ھالىيا [حاليا] (ئە) ھازىر، شۇ تاپتا، شۇ پەيتتە، «ھالا» غا قاراڭ:

بەغايەت كۆڭلۈم ئىچرە ئاشىناسەن،
دىگىل قايدىن كېلۇرسەن ھالىيا سەن.

— لۇتفى.

ھامۇن [هامون] (ئە) دەشت، سەھرا، چۆل؛ تۈزلەڭلىك:

گەھى مەسكەن ئېردى يېقىلغان سەراي،
گەھى دەشت ـ ھامۇن ئىدى گاھى ساي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھامۇن ئەتمەك — تەكشىلىمەك، تۈزلىمەك.

ھامىل [حامل] (ئە) كۆتۈرگۈچى، كۆتۈرۈپ يۈرگۈچى.

رۇقئە ھامىلى — خەت ئېلىپ بارغۇچى.

سۆز ھامىلى — خەت توشۇغۇچى.

ھامىلى زار — سىر ساقلىغۇچى.

ھامىلە [حامله] (ئە) 1) ھامىلىدار، ئىككى قات ئايال. 2) ھامىلە؛ تۆرەلمە، قورساقتىكى بالا:

بولۇپ ئېردىڭ ئەۋۋەل نەدىپ ھامىلە،
قىلىپ غەمگە مۇنداغ مېنى شامىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھامىلە بولماق — ھامىلىدار بولماق، بويىدا قالماق، ئىككى قات بولۇپ قالماق.

ھامىلە ھەمل قويماق — تۇغماق.

ھامىي [حامى] (ئە) ھىمايىچى، ساقلىغۇچى، قۇرۇقلىغۇچى؛ ھاكىم، پادىشاھ.

ھانىس [حانث] (ئە) ئانت (قەسەم) نى بۇزغان، قەسەمدىن قايتقان (يېنىۋالغان).

ھانىس بولماماق — قەسەمنى بۇزماسلىق.

ھاۋ [هاو] خوپ، ماقۇل؛ ھە، شۇنداق (باشقىلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان ئۈندەش سۆز).

ھاۋىي [حاوى] (ئە) ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى، ئۆزىدە ساقلىغۇچى.

ئاسار ھاۋىيلەرى — كۆپ نەرسىنى يادقا بىلگۈچىلەر، قىسسەچىلەر، تارىخچىلار.

ھائىل I [حائل] (ئە) توسۇق؛ توسقۇچى:

قۇياشدىن سايە قاچماقلىقىغا مائىل،
ئارادە ئەيلەبان شەخسىنى ھائىل.

— نەۋايى.

ھائىل II [هائل] (ئە) دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك:

ئۇلۇغلار سەھمىناكى ئۈيلە ھائىل،
كى ئەيلەپ كۆرگۈچى ھۇشىنى زائىل.

— نەۋايى.

ھايىل I [حايل] (ئە) «ھائىل I » گە قاراڭ:

ئىلكىدە كۆزگۈ بولۇپ ھايىل كۆرەلمەن يۈزىنى،
كىم قۇياش نەززارىسىن مەنئ ئەيلەگەندەك كۆزدە ياش.

— ئەرشى.

ھايىل قىلماق — توسماق، ياپماق؛ پەردە تۇتماق.

ھايىل II [هايل] (ئە) «ھائىل **I** » گە قاراڭ:

ئۈز ئۆزى بىرلە كۆڭلى بولدى مايىل،
ۋەلى ئۇلدەم ئۇياتدىن بولدى ھايىل.

— لۇتفى.

ھايىلە [هايله] (ئە) «ھايىل **I** » گە قاراڭ.

ھەب [حب] (ئە) 1) دانە، دان. 2) يۇمىلاق دورا (تابلېتكا).

ھەبا [هبا] (ئە) 1) چاڭ، توزاڭ، غۇبار. 2) بىھۇدە، بىكار.

ھەبائەن مەنسۇرەن بولماق — چاڭ ـ توزاڭ كەبى توزۇپ، يوق بولۇپ كەتمەك.

ھەبا ئەيلەمەك — 1) خار قىلماق، كەمسىتمەك. 2) توزۇتماق، سورساق، سورۇۋەتمەك؛ يوق قىلماق، بىكارغا كەتكۈزمەك.

ھەبا قىلماق — «ھەبا ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ھەبەش [حبش] (ئە) ھەبەشىستان، ھەبەشىستان خەلقى:

كەئبەۋۇ رۇم ئېتەي نىسار ئارەزىنىڭ خەتاسىنە،
ھىندۇ ھەبەش باغىشلايىن كۆزلەرىنىڭ قەراسىنە.

— ئەرشى.

ھەبەشىي [حبشى] (ئە) ھەبەشىستانلىق، قارا، نېگىر:

ئايدۇر سېنىڭ ئالىڭدە بۇ كۈن بىر ھەبەشىي قۇل،
تانسا يۈزىدە زاھىر ئولۇر داغ نىشانى.

— سەككاكى.

ھەبب [حب] (ئە) «ھەب» كە قاراڭ.

ھەببى نەبات — ناۋات، ناۋات دۇرلىرى.

ھەببە [حبە] (ئە) 1) دان، دانە. 2) ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. 3) نەيزە:

سىنان ۋە ھەربە ۋە پىچاق، بەئزى ھەببە ھەم دەپتۇرلەر،
قالقان ھەم دەپتۇرلەركىم، ئول ياسادى.

— نەۋايى.

ھەببەزا [حبذا] (ئە) قانداق ياخشى، نەقەدەر گۈزەل:

ھەببەزا، ئىشقكى كىرياسى فەزاسىدۇر ئانىڭ،
بارچە بىمەنزىلۇ مەئۋايۇ مەكانلارغە مەلاز.

— نەۋايى.

ھەبس [حبس] (ئە) قاماق؛ قاماقخانا، قەپەس، زىندان؛ قاماش، قولغا ئېلىش؛ «ھبس» گە قاراڭ:

قىلىڭ نەچچە كۆڭلەركى زىندانغە ھەبس،
كىشى بىلمەگەيلەر غىزا بىرلە لەبس.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەبس قىلماق — قاماق، قاماققا ئالماق:

ۋە بىر كۈنى خاجە سەياھەتكە چىقىپ، بۇرادەرلەرىنى كۆرۈپ ئەمەلدار قىلغانىدا، بۇلار بىۋەفالىق قىلىپ، خاجە تۆمۈر قەفەسدە ھەبس قىلغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەبل [حبل] (ئە) يىپ، باغ؛ ئارقان، ئارغامچا.

ھەبلۇل - ۋەرىد — بويۇن تومۇرى.

ھەبلى رەھىل — كۆچۈش، كېتىش يىپى؛ ئەجەل، ئۆلۈم.

ھەبلى مەتىن — 1) مەھكەم، پۇختا، ئۈزۈلمەس يىپ. 2) كۈچلۈك دەلىل.

ھەبىب [حبيب] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەھباب / ئەھىببا] قەدىردان، دوست؛ مەھبۇبە، مەشۇقە، سۆيگىنى:

ئالىپ كەلدىم ئاندىن بۇ يەرگە سېنى،
ئەدۇ بىلمەگىل كىم، ھەبىب بىل مېنى.

— ئا. نىزارى.

كۆز يۇمۇلماستىن بۇرۇن كۆرسەت جەمالىڭ، ئەي ھەبىب،
ئاق ساقالىم قار كۆرۈنۈپ قورۇتۇر قىلماقغە مۇت.

— ئەرشى.

ھەبىب كۆيى — ئاشىقلىق، مۇبتىلالىق.

ھەبىبۇللا [حبيب الله] (ئە) ئاللانىڭ دوستى (ئىبراھىم ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن سۈپەت).

ھەج [حج] (ئە) ئىسلامدا بەش پەرھىزدىن بىرى (مەككىگە بېرىپ كەبىنى، يەنى «كەئبەتۇللاھ» نى زىيارەت قىلىش.)

ھەج سەفەرى — ھەجگە بېرىش.

ھەج قىلماق — مەككىگە بېرىپ بەيتۇللا مەسچىتىنى زىيارەت قىلماق.

ھەج يولى — مەككىگە بېرىشتىكى يول، مۇساپە.

ھەجەر [حجر] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەھجار] تاش:

قارا بەختىم ئوشۇل مەھبۇب جاندىن لەززەت ئالمايدۇر،
دىلىم ھەرگىز ئېرىمايدۇر قىساۋەتدىن ھەجەر يەڭلىغ.

— شەۋقى.

ھەجەر كوب — تاش پارچىلىغۇچى.

ھەجەرۇل - ئەسۋەد [حجرالاسود] (ئە) قارا تاش (كەئبىدە ھاجىلار تاۋاپ قىلىدىغان، تەۋەررۇك دەپ قارىلىدىغان قارا تاش).

ھەجج [حج] (ئە) «ھەج» گە قاراڭ.

ھەججى ئەكبەر — ئۇلۇغ ھەج، ئۇلۇغ جايىنى ھەج قىلىش:

نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر، كاشقەر ئىچرە مەزارىم بار،
زىيابى چەشمىپە خاكى دەرىدىن سۈرمە زارىم بار.

— گۇمنام.

ھەججام [حجام] (ئە) تومۇردىن قان ئالغۇچى تېۋىپ.

ھەججامۋەش [حجام وش] (ئە + پ) تومۇردىن قان ئالغۇچى تېۋىپتەك، تومۇردىن قان ئالغۇچى تېۋىپقا ئوخشاش:

رەگزەن ئولۇپ مۇترىبى ھەججامۋەش،
رەگلەر ئارا قان يۇقىدىن نالەكەش.

— نەۋايى.

ھەجر [هجر] (ئە) ئايرىلىش، جۇدالىق، يېتىشەلمەسلىك:

چەكسەم ئول رەشكى پەرى ھەجرىدە تۈرلۈك نالەلەر،
قاندىن ئەتكەي بۇلبۇلى بىخانمان دەمسازلىق.

— ئەرشى.

ھەجر تارى — ئايرىلىش يىپى، جۇدالىق تارىسى.

ھەجر زەھرى — جۇدالىق زۇقۇمى، ئايرىلىش ئوغىسى (زەھىرى)؛

ھەجر سەھراسى — ئايرىلىش دەشتى، جۇدالىق ئازابى:

ھەجر سەھراسىنى كەزمىش نەچچە يىل سەيغۇلمەلىك،
شاھ پەرىغە ۋەسلى ئولۇپ مەقسەد ئارا دىلداردۇر.
— شەۋقى.

ھەجر شامى — پىراق، ئايرىلىش كېچىسى.

ھەجر ئوتى — ئايرىلىش، يىراقلىق، جۇدالىق ئازابى:
كۆيدۈرەي دەپ ئاتەشىن مەي بىرلە گۇل بۇت مەستكىم،
ھەجر ئوتى يانىمدا جىسمىم خارۇ خاشەك ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

ھەجرۇ فۇرقەت — ئايرىلىش ۋە جۇدالىق.
رەھىم ئېتىپ باقغىل بىرەر ھالىمغە سەن تەڭرى ئۈچۈن،
ھەجرۇ فۇرقەتدىن بولۇپدۇر قامەتىم ئانداغكى دال.
— قەلەندەر.

ھەجرى ئەھباب — ئۇزاقلىق، يىراقلىق كەيپىياتى.

ھەجرى غەم — ئايرىلىش، جۇدالىق غېمى:
ھەجرى غەم ئەندۇھ فىراق ئەيلەپ زەئىفى ناتەۋان،
نەچچە زار ئولسامكى كەلتۈرمەس داغى پەرۋاسىغە.
— موللا سالىھ.

ھەجرى فىراق — جۇدالىق ئازابى:
«زال» زەبۇن ئەيلەپ مېنى ھەجرى فىراقىڭ، ۋايكىم،
زايىل ئەتكەن ئەقلىمە شىرىن زەبانىم سەنمۇسەن؟
— موللا سالىھ.

ھەجرى قەرابەت — يېقىن كىشىنىڭ جۇدالىقى، ئايرىلىشى.

ھەجلە [حجله] (ئە) چېدىر، چىمىلدىق.

ھەجلەئى ناز — ناز پەردىسى؛ ئەركىلىنىش.

ھەجلەنىشىن [حجلەنشين] (ئە + پ) چېدىردا، پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇچى؛ ھايالىق، نومۇسلۇق.

ھەجۋ [هجو] (ئە) ھەجۋ، كۆلكە؛ مەسخىرە.

ھەجۋ ئارا — ھەجۋ قىلغۇچى، مەسخىرە قىلغۇچى.

ھەجۋغە مۇبەددەل بولماق — ھەجۋىگە ئايلىنىپ كەتمەك، يامانلاشقا ئۆتۈپ كەتمەك.

ھەجۋ قىلماق — مەسخىرە قىلماق.

ھەد [حد] (ئە) 1) چەك، چېگرا. 2) سان، ساناق. 3) ھەق، ھوقۇق؛ ئىختىيار؛ ھەد:
نە ھەد مەھجۇر ئەرشىگە ۋىسالىڭ ئىددىئا قىلماق،
سۇلۇك ئىچرە ۋەلى ئەمبەبتە ئەن ئەگرىق پەناھىمدۇر.
— ئەرشى.

4) مەرتىۋە، دەرىجە، مىقدار. 5) كۆپ، چەكسىز، ھېسابسىز:
نە ئەتسەم، نە قىلسام مۇھەييا ئېرۇر،
زەرۇ سىيم ھەدسىز مۇتەررا ئېرۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەددىن ئاشماق — ھەددىدىن ئاشماق؛ ئىمكانىيەتتىن چەتكە چىقماق، چەكتىن ئېشىپ كەتمەك:

ھەددىن سۆك — ھەددىدىن ئارتۇق.

ھەددىن ئۆتە — «ھەددىن سۆك» غا قاراڭ.

ھەددىن ئۆتمەك — «ھەددىن ئاشماق» قا قاراڭ.

نەھەد — قانداق ئىمكانىيەت.

ھەداسەت [حداثت] (ئە) يېڭىلىق؛ ياشلىق، نەۋ قىرانلىق.

سىننى ھەداسەت — ياشلىق چېغى.

ھەدائىق [حدائق] (ئە) باغلار، گۈلزارلار.

ھەدائىقى نامۇتەناھى — چەكسىز باغلار؛ ئاخىرى، چېكى كۆرۈنمەيدىغان باغلار.

ھەدايا [هدايا] (ئە) [بىرلىكى: ھەدىيە] ھەدىيەلەر، تارتۇقلار؛ سوۋغىلار:
كېلىبان ئوترۇ ئەشرافى رەئايا،
چېكىپ مەقدۇرىچە ھەركىم ھەدايا.
— نەۋايى.

ھەدايىق [حدايق] (ئە) «ھەدائىق» قا قاراڭ.

ھەدەر [هدر] (ئە) ئەرزىمەي قېلىش، بىكارغا چىقىش، بىكارغا قان تۆكۈش:
بولدى يۈز مىڭ تىفلنىڭ قانى ھەدەر،
تا كەلىمۇللاھ بولدى تاجۋەر.
— نەۋايى.

ھەدەس [حدث] (ئە) ئىپلاسلىق.

ھەدەس قىلماق — ئىپلاس قىلماق، بۇلغىماق.

ھەدەف [هدف] (ئە) نىشان، نىشان جاي؛ يۆنىلىش نۇقتىسى، ئاماج، قارا:
ھەر نەزەر قىلغاندا تەگدى كۆڭلۈمە مىڭ يەردە ئوق،
بىر ھەدەفنىڭ خەستە كۆڭلۈمدە ياراسى بارمىكىن.
— گۇمنام.

ھەدەف تاپماق — مەقسەتكە ئېرىشمەك.

ھەدەقە [حدقه] (ئە) قارىچۇق، كۆز قارىچۇقى:
فەزلۇ كەمال ھەدەقەسىنىڭ مەردۇمەكى بىينىسى تەكەللۇم ۋە مەقال ھەدىقەسىنىڭ بۇلبۇلى خۇشنەۋاسى... ئەبۇلغازى سۇلتان ھۇسەينى بەھادىرخان.
— نەۋايى.

ھەدد [حد] (ئە) «ھەد» كە قاراڭ:
قۇنار گاھى كېلىپ شاخىغە گۈلنىڭ،
ئۇچار ـ ئۇچماس يوق ئېردى ھەددى قۇلنىڭ.
— خىرقەتى.

ھەددۇ ئەد — چەك، چېگرا؛ ساناق.

هەددى جەنۇبىي — جەنۇبىي چېگرا، جەنۇب تەرەپ.

هەددى غەربىي — غەربىي چېگرا، غەرب تەرەپ.

هەددىن فۇزۇن — هەددىدىن ئارتۇق:

ئىشق جامىدىن ئاچىلغان مەست - بىخۇد بولغان ئەل،
ئەرشى، گەر هەددىن فۇزۇن سەندەك ۋەلى رىسۋا ئەمەس.

— ئەرشى.

هەددى ۋەسەت — ئوتتۇرىچە، هەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرىچىسى؛ ئوتتۇرا هال مىقدار، ئوتتۇرا دەرىجە:

سەجدە ئەيلەپ قاشلارىڭ ئۆترۈسىدىن ئالمان باشىم،
نې ئۈچۈن مەتلۇب ئېرىمىشدۇر ماڭا هەددى ۋەسەت.

— ئەرشى.

هەدداد [حداد] (ئە) تۆمۈرچى:

تۆمۈرچى بىلەن يۈتتى كارىڭ سېنىڭ،
كى هەدداد هەر ئىشدا يارىڭ سېنىڭ.

— غەرىبى.

هەدىد [حديد] (ئە) تۆمۈر.

هەدىس [حديث] (ئە) 1) سۆز، كالام:

بەلادۇر ماڭا هەجرىڭ، دەۋادۇر ماڭا ۋەسلىڭ،
ئىتابىڭ ماڭا ئافەت، هەدىسىڭ ماڭا دەرمان.

— بابىر.

2) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزى. 3) هېكايە، نەقل.

هەدىسى پېچا - پېچ — چىگىش، چىگىش سۆزلەر؛ بىر - بىرىگە باغلانمىغان باياناتلار.

هەدىسى جانبەخش — جان كىرگۈزگۈچى، جان بېغىشلىغۇچى سۆز.

هەدىسى داستان — مەشهۇر، مەشهۇر سۆز (هېكايە).

هەدىسى قەۋىي — كۈچلۈك، دەلىللىك سۆز.

هەدىسى ئىجازەتى هاسىل قىلماق — مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى توپلاش هوقۇقىنى ئالماق، ئۇ هەققتە ئېيتىلغان سۆزلەرنى جەملەشكە رۇخسەت ئالماق.

سەۋم هەدىسى — روزا توغرىسىدا ئېيتىلغان سۆز.

هەدىقە [حديقه] (ئە) [كۆپلۈكى: هەدايىق] باغ، گۈلزار:

ماڭا ئېردى ئاندا هەدىقە ۋە تەن،
كىرىپ دەرمەهەل باغقە گۈل سىيمتەن.

— ئا. نىزارى. ن. زىيائى.

هەدىقە مەهسۇلى — باغ مەهسۇلى، باغدىن بولغان دارامەت.

هەدىقەئى پۇرگۈل — گۈلگە تولغان (پۈركەنگەن) باغ، گۈلزار.

هەدىي [هدى] (ئە) توغرا يول، توغرا يولدىن يۈرۈش، ئاداشماستىن توغرا يولدا ئېلىپ يۈرۈش.

هەدىيە [هدیه] (ئە) سوۋغا، تارتۇق، ئىنئام.

هەدىيە دەستۇرى — هەدىيە تەرىقىسىدە، هەدىيە دەپ.

هەدىيەئى كىرام — ياخشى، قىممەتلىك تۆهپىلەر.

هەدیە [هدیه] (ئە) «هەدىيە» گە قاراڭ.

كى هەدیە بەرەهمەن ئاناسىغە هەم،
ئىبەردىم بىلىپ ۋەقتىنى مۇغتەنەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

هەر [هر] (پ) هەر، هەربىر.

هەر چەند — هەرقانچە:

مەنۇ زاهىد چېكەرمىز ئاهۇ ۋەه بۇ دەهر ئارا هەر چەند،
كى بىر باغ ئىچرە گويا نالە بۇلبۇل، چۇغز ئۇرار قەه - قەه.

— ئەرشى.

هەردەم — هەرۋاقىت.

ئوتلۇق ئاهىمدىن يۈزۈم كۆيمەسلىكىنى بىلمەدىم،
ئەرشى هەردەم سىيلى ئەشكىم ئوتغە ئورغاچمۇ ئىكمىن.

— ئەرشى.

هەرگاه — هەريەر:

هەۋاغە دۇدى ئاهىم تۇتراتۇر ئىشق ئەهلى غەيرەتىدىن،
سەبا تەھرىكىدىن هەرگاه فەرشان بولسا پەرچەملەر.

— بابىر.

هەرگەه — هەردائىم.

قويار ئېردى هەرگەه ئاياغىمغە باش،
ئىتىمغە خەلايىق ئاتار ئېردى تاش.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

هەرلەهزە — هەرۋاقىت.

هەر لەمزە رەقىبلەر سارى باقىپ يۈز ئاچار،
مەن خەستەنى كۆر، بۇ ئىشقا ئارىم كېلەدۇر.

— گۇمنام.

هەرنە — هەرنېمە:

بۇ بارىم بىرلە پاك ئىشكىگدە گەر مۇمكىن ئەمەس سىغماق،
بارى تابغاي ئېردىم هەرنە بارىمنى بىباد ئەيلەپ.

— ئەرشى.

هەرنەچە — هەرقانچە:

رەهمىسى كەلسە شادمەن، قەهرىغە هەم ئىلاج يوق،
هەر نەچە قىلسە زۇلمۇ جەۋر هەممىسىگە رىزا بولاي.

هەريان — هەر تەرەپ:

گۈل ئارا ئەيلەپ نەسىمىن قىلسە هەريان زەۋقى گۈل،
بولسە گۈل چاغ ۋەسلى يارۇ، بولماسە ئەغيارەلەر.

— ئەرشى.

هەرارەت [حرارت] (ئە) 1) ئىسسىقلىق، هارارەت،

ئىسسىتما:
... ئۇزراغىدار ئوتى هەرارەتىدىن ۋاقۇق جىسمىن ئەشك گىردابىدا غەرق قىلغاندەك...

— مۆجىزى.

2) چاڭقىغان؛ تەشنالىق:

ماڭا تەشنە ئانچە بېرىپ ئېردى دەست،
سۇمۇردۇم هەرارەت ئىشى بولدى پەست.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) ئىشق، مۇھەببەت، دەرد، ئەلەم:

يەتتە فەلەكنى ئۆرتەسە ئاھىم ئەگەر چىقىپ نىتاڭ،
چۈنكى تۇشۇپدۇر كۆڭلۈمە ئىشق ئوتىنىڭ هەرارەتى.

— ئەرشى.

هەرارەت ئوتى — ئىسسىقلىق هارارىتى.

هەرارەت ئۆرتەمەك — ئىسسىقلىقى ئېشىپ (هارارىتى ئۆرلەپ) قىزدۇرماق.

هەرارەتئامىز [حرارت آميز] (ئە + پ) قىزغىن، ئوتلۇق، يالقۇنلۇق.

هەرارەتپەزىر [حرارت پذير] (ئە + پ) هارارەتلىك، ئوتلۇق، يالقۇنلۇق.

هەرارەتفىزاي [حرارت فزاى] (ئە + پ) هارارەتنى ئارتتۇرغۇچى، ئاشۇرغۇچى.

هەراس [هراس] (پ) قورقۇنچ؛ قورقۇش:

ئاشىقى شورىدەدىن قورقۇپ قاچار ئەھلى ۋەرەئ،
شىر كۆرگەچ يوق ئەجەب گەر تۈلكەگە بولسە هەراس.

— ئەرشى.

هەراس قىلماق — قورقماق.

هەراسان [هراسان] (پ) قورققان، ۋەھىمىگە چۈشكەن:

كۆڭۈل مىژگان خەدەڭگىڭ كۆزلەرىڭدە ناگەھان كۆرگەچ،
هەراسان يەلدەك ئولمىش كافىر ئىلكىدە سىنان كۆرگەچ.

— ئەرشى.

هەراسان بولماق — قورقماق.

هەراسەت [حراست] (ئە) هەيۋەت.

هەرام [حرام] (ئە) پايدىلىنىش، ئىشلىتىش، ئىستېمال قىلىش شەرىئەت بويىچە مەنئى قىلىنغان نەرسە، هارام:

كۆڭلى تىلەركى دەھرىدە بار پۇلنى ئالسا ئول،
بولسا ئاڭا نەسىپ بۇ ئالەمدە بارچە هەرام.

— سەبۇرى.

هەرام ئەيلەمەك — 1) بۇزماق، مەھرۇم قىلماق. 2) تەرك قىلماق، مەنئى قىلماق، ۋاز كەچمەك.

هەرامخور [حرام خور] (ئە + پ) هارامنى يېگۈچى، هارام نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغۇچى؛ هارامغا ئىنتىلگۈچى:

كورلار دەرىيادە زەۋرەق تاپماغاي،
كىم هەرامخور بولسە رەۋنەق تاپماغاي.

— خەراباتى.

هەرامزادە [حرام زاده] (ئە + پ) هارامدىن تۇغۇلغان، هارامزادە:

هەرامزادە سىيەھ بەختۇ تىبەھكار،
ياپۇشتى ئارقاسىغە دانەئى كار.

— ناقىس.

هەرامنەمەك [حرام نمک] (ئە + پ) تۇزكور، ناشۈكۈر، ياخشىلىقنى بىلمىگۈچى.

هەرامى [حرامي] (ئە) 1) باشقىلارنىڭ مېلىغا، هارام نەرسىگە قول ئۇزاتقۇچى. 2) ئوغرى، بۇلاڭچى، يول توسار. 3) ئالدامچى، ساختىپەز.

هەرئايىنە [هراينه] (پ) هەرقانداق، قانداقلا بولسۇن؛ هەر هالدا، مۇبادا.

هەرەج [حرج] (ئە) قىيىنچىلىق، مۇشكۈللۈك، قاتتىقلىق، قاتتىقچىلىق.

هەرەكات [حركات] (ئە) «هەرەكەت» كە قاراڭ:

دىلىڭنى يادى خۇدا بىرلە ئەيلەگىل مەمنۇن،
تىلىڭنى ئىلمۇ ئەمەل سەفھەسىدە قىل هەرەكات.

— شەۋقى.

هەرەكات ۋە سەكەنات — يۈرۈش - تۇرۇش، بىرەر نەرسىنى ئوقۇشتا (قەسىدە، بېيىت، قۇرئان قاتارلىقلارغا ئوخشاش) قوشۇپ ئوقۇش ۋە توختاش قائىدىلىرى.

هەرەكەت [حركت] (ئە) [كۆپلۈكى: هەرەكات] 1) قىمىرلاش، هەرىكەت. 2) ئەرەب تىلىدا سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، هەرپلەرنىڭ ئاستى - ئۈستىگە قويۇلىدىغان ئالامەتلەر، دىئاكرىتىك بەلگىلەر.

هەرەكەتتىن ئارى ئولماق — قىمىرلاشتىن، هەرىكەتتىن توختىماق، ئۆلمەك.

هەرەم [حرم] (ئە) 1) مەسلەك، يول، مەقسەت تاپقان:

بۇ دەرياغە كىرگەن گەۋھەر مەقسۇد تىلەسە دەم ئاسراماق كېرەك ۋە بۇ هەرەمغە يول تاپقان مەھرەملىك تىلەسە دەم ئۇرماماق كېرەك.

— نەۋائى.

2) خاس ئۆي، خاس جاي؛ باشقىلار (غەيرىي كىشىلەر) كىرگۈزۈلمەيدىغان جاي:

سۆيۈر مەھبۇبى بار ئېردى هەرەمدە،
كى دايىم كۆڭلى ئېردى ئول سەنەمدە.

— لۇتفى.

3) خوتۇن، ئايال:

ۋە تۆرت هەرەمى بار ئېردى.

— نەۋائى.

4) يار، دوست، ئۈلپەت:

ھەرەم بولسا، يانە پەرى بىرلە ھۇر،
بولۇر ئاقىبەت ھەم ئاڭا جاي گور.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

5) مەككە شەھىرى، ھەرەم، مەككە شەھىرىدىكى ئەڭ بۈيۈك مەسچىت:

ھەرەم خەلقىغە بەردى رۇخسەتنى ھەم،
دېدى بەزم قىلسۇن چىقىپ شاھى جەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەرەمى خاس — 1) ئالاھىدە ھەرەم، خاس ھەرەم. 2) سۆيگىنى؛ خاس خوتۇنى.

ھەرەمىغە بار تاپماق — دەرگاھىغا يول تاپماق.

ھەرەمى ئىشق — مەشۇقىنىڭ خاس ئۆيى:

ئىستەر ھەرەمى ئىشقنى مەجنۇن كەبى مەھدى،
بۇ ئەقل ئىلە گۇمراھ ئۇلانلار قاچان ئىستەر.

— تەجەللى.

كۆڭۈل ھەرەمى — كۆڭۈلنىڭ ئەڭ نازۇك جايلىرى.

ھەرەمەين [حرمين] (ئە) ئىككى ھەرەم (مەككە ۋە مەدىنە).

ھەرەمەين شەرىفەين — ئىككى مۇقەددەس شەھەر.

ھەرەمساراي [حرم سراى] (ئە + پ) «ھەرەمسەرا»غا قاراڭ.

ھەرەمسەرا [حرم سرا] (ئە + پ) پادىشاھ ۋە دۆلەتمەن كىشىلەر سارىيىدىكى ئاياللار ئۈچۈن قىلىنغان مەخسۇس ئىچكى ھويلا، ئوردا.

ھەرب [حرب] (ئە) [كۆپلۈكى: ھۇرۇب] ئۇرۇش، جەڭ.

ئالىپ قوللارىغەكى ئىسباب ھەرب،
كى قويلىغە قاتتىق قىلىپ ئېردى زەرب.

— ئا. نىزارى.

ھەرب ئەتمەك — جەڭ قىلماق.

ھەرب ئەھلى — جەڭ قىلغۇچىلار، ئەسكەرلەر، قوشۇن.

ھەرب كوسى — جەڭ پەيتىدە چېلىنىدىغان ناغرا.

ھەربە [حربە] (ئە) نەيزە:

سىنان ۋە ھەربە ۋە پىچاق، بەگزى ھەببە ھەم دەپتۇرلار،
قالقان ھەم دەپتۇرلاركىم، ئول (جەمشىد) ياسادى.

— نەۋايى.

ھەراز [حراز] (ئە) ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى، قورۇقلىغۇچى.

ھەرز [حرز] (ئە) كۆز تۇمارى، تۇمار:

كەرەكمەس ھەرز جانىڭ ھىفزىنە جانا يامان كۆزدىن،
سىپەند ئورنىغە يۈز ئۈستىدە خالىڭ يانىدا غۇل ھەم.

— گۇمنام.

ھەرزە [هرزە] (ئە) پايدىسىز، بىھۇدە، بىمەنە سۆز، قۇرۇق گەپ؛ بىلجىرلاش، ۋالاقلاش، ۋايساش، بىمەنە، بىھۇدە:

ئايىتتى كۆڭۈل: قويۇڭ بۇ ھەرزە سۆزنى،
زەبۇن ئەتمەك نېدۇر ياغقا ئۆزنى.

— لۇتفى.

ھەرزە پەيۋەند — بىھۇدە سۆزلىگۈچى، سەپسەتىچى.

ھەرزە خەيال — بىھۇدە خىيال، پايدىسىز خىيال.

ھەرزە خەيالات — بىھۇدە خىياللار، بىمەنە ئويلار.

ھەرزە دېمەك — بىھۇدە، مەنىسىز سۆزلىمەك.

ھەرزەكار — بىھۇدە ئىش قىلغۇچى.

ھەرزە كەزمەك — بىھۇدە يۈرمەك، پايدىسىز ئايلانماق.

ھەرزە كىش — بىھۇدە گەپلەرنى قىلغۇچى، سەپسەتىچى.

ھەرزە گەرد — پايدىسىز ئايلانغۇچى؛ بىھۇدە كەزگۈچى.

ھەرزە گوي — بىمەنە، بىھۇدە گەپ قىلغۇچى.

ھەرزە گۇفتار — بىھۇدە سۆزلىگۈچى، گەپ ساتقۇچى، بىمەنە گەپلەرنى قىلغۇچى.

ھەرزە مەقال — بىھۇدە سۆزلىگۈچى، بىلجىرلىغۇچى.

ھەرزە ناۋەرد — بىھۇدە يۈگۈرگۈچى، پايدىسىز ئىش قىلغۇچى.

ھەرف [حرف] (ئە) [كۆپلۈكى: ھۇرۇف/ھۇرۇفات] 1) ھەرپ، بەلگە، ئالامەت:

بىلىڭ تۆرت ھەرف ئېرۇر لەفزى مۇھەببەت،
ئانىڭ ھەر ھەرفىنى ئەتتىم ھەفتە قىسمەت.

— خىرقەتى.

2) سۆز، نۇتۇق:

زەھى تاپىپ نىشان ئاندا، ئەمەس مەھرەم نىشان ئاندا،
سىغىپ ئانداكى سىغماس نۇكتەئى ھەرفى بەيان ئاندا.

— ئەرشى.

ھەرف سۇرمەك — سۆزلىمەك.

ھەرف ھەرفىغە يەتمەك — مەزمۇنلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىۋالماق، ھەقىقىي بىلمەك.

ھەرفى نامۇلايىم — قوپال سۆز، يېقىمسىز سۆز، نۇتۇق.

ھەرفى نىدا — ئۈندەش سۆز.

ھەرق [حرق] (ئە) كۆيۈش؛ «ھەرىق» كە قاراڭ.

ھەرق ئەيلەمەك — كۆيدۈرمەك.

ھەرۇن [حرون] (ئە) قەيسەر؛ قەيسەرلىك، جۈرئەت، جاسارەت؛ باشلامچى:

تەۋسەن ئېردىم، ئىشقىدىن بولدۇم زەبۇن،
ئاجىز ئولدۇم گەرچى بار ئېردىم ھەرۇن.

— نەۋايى.

ھەرى [حرى] (ئە) مۇۋاپىق، مۇناسىپ، لايىق؛ چىدام، تاقەت، بەرداش:

جۇنۇنۇم كويىدا بىر تاش زەخمىغە ھەرى بەرمەس،
نەچە فەرھاد سەۋدا تاغىدە مەجنۇن مىسال ئولغاي.

— نەۋايى.

ھەرىر [حرير] (ئە) يىپەك، يىپەك رەخت، يۇپقا ۋە نازۇك رەخت (ماتا):

...

قەددىدىن سەرۋ، لەبىدىن لەئلى شەككەر خاسى بار،
ئەگنىدە كۆڭلەك ھەرىرى جامە تەتىللاسى بار.

— ئەرشى.

ھەرىرۇ دىبان — شايى ـ مەخمەل.

ھەرىرى رەيھانى — كۆك رەڭلىك يىپەك.

ھەرىرى گۈلنار — قىزىل شايى.

ھەرىس [حريص] (ئە) ھېرىس؛ ھېرىسلىك؛ خالاش؛ خالىغۇچى؛ بىرەر نەرسىگە قاتتىق بېرىلگەن. 2) ئاچ كۆز، تويماس، تەمەگەر.

ھەرىسە [هريسه] (پ) يېمەكلىك، تائام.

ھەرىش [هريش] قاتتىق، قوپال:

يېيەر ـ ئىچەردە بارچە ھەرامۇ ھەرىش،
بۇ يېمەك ـ ئىچمەكدىن ئاڭا پەرۋەرىش.

— نەۋايى.

ھەرىف [حريف] (ئە) 1) ئورتاق؛ ئۈلپەت، شېرىك، بىرگە ئىشلىگۈچى، كەسىپداش:

ھەمدەمىم ئېرۇر دەفئۇنەي، ھەرىفىم سۇراھۇ جام،
نە قىلاي كۆزۈمنى يۇماي سىنى كۆرمەسەم دىلئارام.

— مەشرەب.

2) قارشى، مۇقابىل، ئاداۋەتلىك؛ دۈشمەن، رەقىب:

ئۆز سۆزىگە بۇرراۋەردى ھەرىف،
شەياتىن ئاڭا كۈن ئالۇر يالبارىف.

— موللا شاكىر.

3) نازۇك، تەبىئەت، ھوشيار:

سەير ئېتىپ كۆردۈم جەھاننىڭ بىر بىرىن باشدىن ئاياق،
كۆرمەدىم سەندەك يەنە بىر دىلبەرى رەئنا ھەرىف.

— قەلەندەر.

ھەرىف كۆرمەك — تەڭ دەپ سانىماق، تەڭ دەپ بىلمەك.

ھەرىفانە [حريفانه] (ئە + پ) دوستلارچە؛ شېرىكچىلىك، ئۈلپەتچىلىك.

ھەرىق [حريق] (ئە) كۆيگۈچى، يانغۇچى، كۆيدۈرگۈچى، ياندۇرغۇچى.

ھەرىق ئەتمەك — كۆيدۈرمەك.

ھەرىق بولماق — كۆيمەك.

ھەرىق قىلماق — كۆيدۈرمەك، ياندۇرماق.

ھەرىم [حريم] (ئە) 1) ئاشىق، مەپتۇن، ئاشىقى، مەشۇقى:

بەھار ئېردى گۈل ۋەقت قىزىق ئافتاب،
ئالىپ باغدا يۈزدىن ھەرىمىم نىقاب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) خاس جاي، ئوردا.

ھەرىمى ۋەھدەت — يېگانىلىق، تەنھالىق ئۆيى، يېگانىلىق، تەنھالىق جايى.

ھەز [حظ] (ئە) ھۇزۇر، ھالاۋەت، لەززەت، بەھرە؛ شادلىق.

ھەز تاپماق — لەززەتلەنمەك، بەھرىلەنمەك؛ ھۇزۇرلانماق.

ھەزار I [هزار] (ئە) بۇلبۇل.

ھەزار II [هزار] (پ) مىڭ (سان):

ئەگەر قاشىمدە ئوشال گۈلئۇزار بولسا ئىدى،
غەمى يوق ئېردى غەمىم گەر ھەزار بولسا ئىدى.

— سەككاكى.

ھەزار ـ ھەزار — كۆپ، مىڭ ـ مىڭ، مىڭلىغان.

ھەزارۇ ھەزار — مىڭلاپ ـ مىڭلاپ:

يىغىلدى بۇ لەشكەر ھەزارۇ ھەزار،
بۇلار جەمئى بولۇپ يۈردى شۆي مەزار.

— موللا شاكىر.

ھەزاران [هزاران] (پ) نەچچە مىڭلىغان:

ئاتام بار ئىدى دەھرەدەنامدار،
كى دۇنياسى ئېردى ھەزاران ـ ھەزار.

— ئا. نىزارى.

ھەزارە [هزاره] (ئە) ھەزار قەبىلىلىرىدىن بىرى (ئافغان قەبىلىلىرىدىن بىرى) گە مەنسۇپ گۆزەل.

ھەزاربار [هزاربار] (پ) مىڭ مەرتە؛ ناھايىتى كۆپ:

مۇنەججىملەر دېگەن بىلەكىم، ساڭا زابىلىستان ھەكىمىدىن ھەزار بار تىلەپ، گۇناھسىز ئۆلتۈرۈرىدىن ئىجتىناب قىلىپ، قولنى كەستى ۋە رىئايەت قىلاي دېدى.

— نەۋايى.

ھەزاردەستان [هزاردستان] (ئە) بۇلبۇل:

غافىلكى، قۇرۇدى چۇن گۈلىستان،
گۈلباڭ ئەتمەس ھەزار دەستان.

— نەۋايى.

ھەزاقەت [حذاقت] (ئە) تېۋىپلىق؛ ماھىرلىق، بىلىمدانلىق:

خەستە جانىڭنىڭ ئەي كۆڭۈل ئىستەر ئىسەڭ دەۋاسىن ئەر،
چارە قىلغۇرغە لۇتۇف ئىلە باردۇر ئانىڭ ھەزاقەتى.

— ئەرشى.

تەنىم بولدى سالىم، كېتىپ بارچە دەرد،
تەبىب ھەم ھەزاقەت ئارا خوش نەۋەرد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەزەج [حزج] (ئە) شېئىر بەھرىلىرىدىن بىرى.

ھەزەجى مۇرەببەئ — ئارۇز تېرمىنلىرىدىن بىرى.

ھەزەر I [حذر] (ئە) ساقلىنىش، ئېھتىيات قىلىش؛ چەكلىنىش؛ ئېھتىياتچانلىق؛ ئۆزىنى تارتىش:

بۇ ئالەم جامىدۇر بىر زەھرى قاتىل،
ھەزەر قىل گەر ئېرۇرسەن مەردى ئاقىل.

— ئەرشى.

ھەزەر ئەيلەمەك — 1) ساقلانماق، ئۆزىنى تارتماق، ئۆزىنى چەتكە ئالماق:

خىيانەت ئىشىدىن ھەزەر ئەيلەگىل،
بىرەي دەستمايە سەفەر ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) يىرگەنمەك. 3) قورقماق:

ھەزەر ئەيلەر توققۇز ئەفلاك ئاھىم بەرقىدىن، ئەزبەس،
جەھاننى كۆيدۈرۈپ كۆل ئەيلەگەن ئوتلۇغ فىغانىمدۇر.

— ئەرشى.

ھەزەر II [حضر] (ئە) بىر جايدا تۇرۇش؛ تۇرغۇنلۇق.

ھەزەرۇل - مەۋت — ئۆلۈم ئالدى، ئۆلۈش پەيتى، ئۆلۈم ھالىتى.

ھەزەرات [حضرات] (ئە) [بىرلىكى: ھەزرەت] ھەزرەتلەر، ئۇلۇغلار؛ كاتتىلار.

ھەزەراتى ئالىيات — يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئۇلۇغلار.

ھەزەن [حزن] (ئە) خاپا بولۇش، قايغۇرۇش:

كۆڭلۈم ئېتەر ئۇل ھەلقەئى گىسۇنى تەسەۋۋۇر،
دىۋانە جۇنۇن دەشتىدە بەيتۇل - ھەزەن ئىستەر.

— تەجەللى.

ھەزەيان [هذيان] (ئە) بىھۇدە سۆز ئېيتىش، مەنىسى يوق، مەنىسىز سۆزلەرنى قىلىش؛ بىمەنە سۆز.

ھەزەيانات [هذيانات] (ئە) «ھەزەيان» غا قاراڭ:

ئۇل جۇملەدىن بىرى بۇكىم، ئالارغە مۇنكىر ئېردى ۋە ھەزەيانات كۆپ ئايتۇر ئىدى.

— نەۋايى.

ھەزرەت [حضرت] (ئە) ئۇلۇغ، مۆتىۋەر زات، جاناب، ھۆرمەتلىك.

ھەزرەتىدە — ھوزۇرىدا، ئالدىدا، نەزىرىدە.

ھەزرەتى شەيخ — ئۇلۇغ شەيخ.

ھەزرەتى ۋالا — يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

ھەزرەتى ھەق — ئۇلۇغ ھەقىقەت (پاك ۋە بۈيۈك ئاللاھ).

ھەزز [حظ] (ئە) «ھەز» گە قاراڭ:

بېشىنچىدۇر خىيالى ھەززىدىن خوش،
نىچۈك قىلغاي ۋىسالى جامىدىن نوش.

— خىرقەتى.

ھەززى شافىي — كۆپ لەززەت، بەھرە؛ يېتەرلىك دەرىجىدىكى ھوزۇر، ھالاۋەت.

ھەززال [هزال] (ئە) مازاقچى، قىزىقچى، ھەزىلكەش، ھەزىل قىلغۇچى.

ھەززال تەبئ — تەبىئىي ھەزىلگە مايىل كىشى، ھەزىلكەش تەبىئەتلىك.

ھەزل [هزل] (ئە) ھەزىل، مەسخىرە، چاقچاق:

باقار ئېردى گۈلرۇغ ماڭا بەزل ئىلە،
ئۆتۈپ كېچە ئانداغ گويۇن ھەزل ئىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەزل ئامىز — ھەزىل ئارىلاش؛

ھەزل ئەتمەك — ئورۇنسىز، مەسخىرە ئارىلاش سۆزلەمەك.

ھەزل ئەيلەمەك — ئويناشماق، چاقچاقلاشماق.

گەھى ھەزل ئەيلەر ئىدىكى ئىتاب،
تۈشۈپ جىسمى ئىچرە بىسى ئىزتىراب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەزل قىلغى بولماق — ھەزىل (ئويناق) ئادىتى بولماق؛ ھەزىلگە ئادەتلىنىپ قالماق.

ھەزم I [حزم] (ئە) مۇستەھكەملىك؛ قاتتىق قارار قىلىنغان؛ جىددىيلىك؛ ھوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق.

ھەزم ئايىنى — ھوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق.

ھەزمۇ ئازەرم — پىكىر، ئەندىشە.

ھەزم II [هضم] (ئە) ئاش، تائام، يېمەكلىكنىڭ ھەزىم بولۇشى؛ ھەزىم.

ھەزم ئەتمەك — ھەزىم قىلماق، سىڭدۈرمەك.

ھەزىرە [حظيره] (ئە) 1) ئەترابى ئورالغان، ئىھاتىلەنگەن جاي. 2) قەبرىستان:

ھافىز ئەلى جامىي ··· قەبرى شەيخ بەھائۇددىن ئۆمەر (قۇددىسە سىررۇھۇ) نىڭ ھەزىرىسىدەدۇر.

— نەۋايى.

ھەزىز [حضيض] (ئە) 1) پەسلىك، پەس خاراكتېرلىك.

2) تۇپراق.

هەزىزى ئەرز — يەرنىڭ تېگى، يەرنىڭ ئەڭ پەس جايى.

هەزىمەت [هزيمت] (ئە) قايتىش؛ قېچىش، چېكىنىش، يېڭىلىش، مەغلۇپ بولۇش:

ئىسفەندىيارى رۇم چىقىپ تىكىتسە ئەلەم،
بولدى كۆرۈپ هەزىمەت ئانى شام لەشكەرى.

— سەيفى سەرايى.

هەزىمەت ئەتمەك — «هەزىمەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

هەزىمەت ئەيلەمەك — يېڭىلمەك، مەغلۇب بولماق؛ چېكىنمەك، قاچماق؛

هەزىمەت قىلماق — «هەزىمەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

چۇ بادى سۇبهە بۇنياد ئەتتى پەرۋاز،
قارا قۇزغۇن هەزىمەت قىلدى ئاغاز.

— لۇتفى.

هەزىن [حزين] (ئە) غەمكىن، خاپا، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، هەسرەتلىك:

كۆندە مىڭ دەرد ئوقىن ئاتتى هەزىن جانىمغە،
بىرىگە ئەيلەمەدى لەبلەرىدىن دەرمان قىز.

— گۇمنام.

هەزىن ئەيلەمەك — خاپا قىلماق، غەمگە سالماق، قايغۇ كەلتۈرمەك.

هەزىن تەرانە — مۇڭلۇق كۈي.

هەزىن جان — جانغا قايغۇ، ئازاب سالغۇچى:

كۆزى خامىشچە ئالىپ نانىنى،
كېلۇر ئېبردى ئىستەپ هەزىن جانىنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

هەزىن دىل — كۆڭلى مەيۇس، دىلى سۇنۇق، غەملىك:

بۇ مەنزىلى پىرنىڭ مەكانى ئىدى،
ئاگا بۇ هەزىن دىل چۇ هالىن دېدى.

— ئا. نىزارى.

هەزىن كۆڭۈل — «هەزىن دىل» غا قاراڭ.

سەلامەت يەتكەچ ئوق لۇتف ئەيلەبان شىرىن پايامىڭنى،
نە بولدى گەر ئىبەرسەڭ بۇ هەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەپ.

— ئەرشى.

هەزىن نالىش — قايغۇلۇق نالە - زار.

بەلەند پەرياد ئۇرماي پەرغە يوق ئوچۇن مەرغۇب،
هەزىن نالىش ئىلەن جان ئۇددىن ئەندەك سەدا قىلدىم.

— ئەرشى.

ئاهى هەزىن — مۇڭلۇق ئاھ، مۇڭلۇق نالە، قايغۇ - هەسرەتلىك نالە (ئاھ).

هەزيان [هذيان] (ئە) «هەزەيان» غا قاراڭ.

هەسەب [حسب] (ئە) داڭق، شۆھرەت، ئابرۇي، شەرەپ:

ناگاھ هارۇ بىلە مەرىيەمنىڭ خىياللارغە كەچتىكىم، نەسەب ۋە هەسەبدە بىز مۇسادىن كەم ئەمەس بىز.

— نەۋايى.

هەسەد [حسد] (ئە) هەسەت، يامان قاراش، كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق، قىزغىنىش:

مېنىڭ يۈرگەنىمگە هەسەد ئەيلەدى،
شەياتىن ئىشىغە مەدەد ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

هەسەد بەند — هەسەت قىلغۇچى، ئىچى تار، هەسەتخور.

هەسەد بەند قىلماق — هەسەت قىلماق، رەشك قىلماق.

هەسەد يېمەك — قانائەت هاسىل قىلماق؛ بىتەمە بولماق.

هەسەدكار [حسدكار] (ئە + پ) هەسەتچى، كۆرەلمىگۈچى، ئىچى تار.

هەسەدگەر [حسدگر] (ئە + پ) «هەسەدكار» غا قاراڭ.

هەسەن [حسن] (ئە) چىرايلىق، گۈزەل؛ ياخشى.

ۋەجهى هەسەن — گۈزەل يۈز.

هەسەنە [حسنه] (ئە) ياخشىلىق، ياخشى ئىش، ساۋابلىق ئىش، ساۋاب:

ۋە بەئزىنىكىم، جەمىئ مەئۇنەت ۋە بارچە تەكلىفاتدىن ئارتتى - بىقائى خەير بىنا قىلدىم ۋە بۇ مەزكۇر جەمىئ خەيرات ۋە مۇبەرراتنىڭ هەسەنە ۋە سەۋابىنى ئول هەزرەتنىڭ نىسارى ۋە تۇفەيلى قىلدىم.

— نەۋايى.

هەسىب [حسب] (ئە) قەدىر، تۇرمۇش، كۈن كەچۈرۈش دەرىجىسى؛ هال - ئەھۋالى.

هەسبى هال — 1) ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ پىكىر سوراش، ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش، تونۇشتۇرۇش. 2) تۇرمۇش، كۈن كەچۈرۈش دەرىجىسى، هال - ئەھۋالى:

ئىشتەي دىلبەرىڭنىڭ هەسبى هالىن،
ماڭا كۆرسەت ئانىڭ هۆسنى جەمالىن.

— خىرقىتى.

هەسبى هالچە — كۈچى يەتكەنچە، كۈچى يېتىشىچە، ئىمكانىيىتى بارىچە.

هەسبەتەن [حسبة] (ئە) ··· خاتىرە ئۈچۈن.

هەسبەتەن لىللاھ — خۇدا ئۈچۈن؛ خۇدا هەققى - هۆرمىتى ئۈچۈن.

هەست [هست] (پ) بار، مەۋجۇت، بارلىق:

رازى بولدۇم قەزاغە، ئاتىم مەشرەب دېدىلەر،
هەستىم كۆيدى بۇ ئوتقە، خۇبلار ئۇشلاپ دېدىلەر.

— مەشرەب.

ھەستلىغ [هست ليغ] بارلىق، مەۋجۇتلۇق، ئۆزىنى بار دەپ بىلىش، بار ھېسابلاش (سوپىيلىقتا).

ھەستلىغ رەنجۇرلۇغى — مەۋجۇتلۇقتىكى قىينىلىش، ھاياتتىكى قىيىنچىلىق.

ھەسر [حصر] (ئە) 1) چەكلەش، چېگرالاش؛ بىر يەرگە توپلاش، يىغىش، ئەتراپىنى ئوراش؛ چېگرا، چەك. 2) قەلئە، شەھەر:

رەۋان بولدى ئاندىن چىقىپ بەسرىغە،
كېلىپ تۈشتى بىر ئاي ئۆتۈپ ھەسرىغە.

— ئا. نىزارى.

ھەسر بولماق — سىقىلماق، چەكلەنمەك.

ھەسرەت [حسرت] (ئە) غەم - غۇسسە، دەرد - ئەلەم؛ نادامەت، پۇشايمان، ئارمان، ھەسرەت؛ ئىشتىياق، ئىشق ئوتىدا يېنىش، زارىقىپ كۆيۈش؛ سېغىنىش، مۇھەببەت، سۆيگۈ:

سارغارىپ خۇرشىد كۆكتە، يەردە گۈل يەپ ھەسرەتىڭ،
مۇنچە ھەم بولمىش ساڭا ھۆسن ئىچرە ئەي شەھبازلىق.

— ئەرشى.

ھەسرەت ئاۋۇچىن قاقماق — غەم، قايغۇ - ئەلەم چەكمەك.

ھەسرەتا [حسرتا] (ئە) «ھەسرەت» سۆزىنىڭ ئەرەبچە چۇشۇم كېلىشتىكى ھالىتى؛ «ھەسرەت» كە قاراڭ:

تۇرار ئېردىم ئولدەم دېبان ھەسرەتا،
بۇ ئۆتكەن كۈنۈمگە يېيان ھەسرەتا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋاھەسرەتا — ۋاي ئىسست! ۋاي قانداق ھەسرەت!

ھەسۇد [حسود] (ئە) 1) ھەسەت، كۆرەلمەسلىك:

جەھانسازلىقدىن تەكەللۇم تۈزۈپ،
ھەسۇد بىرلە يانە تەزەللۇم تۈزۈپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھەسەتچى، ھەسەت قىلغۇچى، كۆرەلمىگۈچى:

تېگىپ تىيرى ئىشقى قىلىپ يارەئى،
تاپالماي ھەسۇدلار ئاڭا چارەئى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەسىر [حصير] (ئە) بورا؛ چىپتە:

ھەسىري لىباس — بورىغا ئوخشاش؛ قۇراق تون.

ھەسىرباف [حصيرباف] (ئە + پ) بورا توقۇغۇچى، بورىچى.

ھەسىن I [حسين] (ئە) مەقبۇل، قوبۇل، ماقۇل.

ھەسىن II [حصين] (ئە) ئۆتكىلى بولمايدىغان، مۇستەھكەم، قورغان.

توقۇزىنچى ھەسىن — ئاسمان.

ھەشەر [حشر] (ئە) يىغىن، توپ، گۇرۇھ؛ توپلىنىش، يىغىلىش:

سەھەر ياشىل ئەلەمىدىن لىۋالىڭ ئۇزە شۇققە،
مەلەك قىلىن ھەشەرىدىن سىپاھىڭگە ئەفۋاج.

— نەۋايى.

ھەشەرات [حشرات] (ئە) ھاشارەتلار، قۇرت - قوڭغۇزلار.

ھەشارەتئۇل - ئەرز — يەر ھاشارىتى، يەردە يۈرىدىغان ھاشارەتلار.

ھەشەف [حشف] (ئە) تۆۋەن دەرىجىلىك خورما، سۈپەتسىز خورما:

گۆھەردىن چۇ خالى بولۇر سەدەف،
ئېرۇر تاڭ ئول بىر قۇرۇغان ھەشەف.

— نەۋايى.

ھەشەم [حشم] (ئە) 1) ئەتراپىدىكىلەر، يېقىنلار، دائىم بىرگە بولغۇچىلار، يېقىن كىشى. 2) ئەل، قەبىلە، ئۇرۇق - ئايماق. 3) شان - شەۋكەتلىك، داغدۇغا، ھەشەم؛ مەرتىۋە؛ دەرىجە:

بەگلەركى بولسا مەنسەبى ئالى ۋە ھەشەم،
ساندۇقىدا يۈز ئولسا زەر، سىيم ئىلە دىرەم.

— سەبۇرى.

ھەشەمەت [حشمت] (ئە) دەبدەبە، ئۇلۇغلۇق، شان - شەۋكەت، بۈيۈك ئېتىبار، ھۆرمەت:

موغۇلىستان ئىچرە يوقتۇر ھەم تەڭ،
فەرىدۇن ھەشەمەتۇ جەمشىد ئەۋرەڭ.

— زەلىلى.

ھەشت [هشت] (پ) سەككىز.

ھەشر [حشر] (ئە) توپلىنىش، يىغىلىش:

نەكىم بولماسا ھەشردە تەشنەلەب،
يىراق بولسا گۆردە شىكەنجۇ تەئەب.

— ئا. نىزارى، ن. نىيازى.

ھەشر سۈبھى — تىرىلىش كۈنى، توپلىنىش كۈنى، قىيامەت كۈنى.

ھەشرگاھ [حشركاه] (ئە + پ) قىيامەتتىكى ھۆكۈم چىقىرىش ئورنى؛ يىغىلىش مەيدانى:

قىيامەت ھەشرگاھىدە سورالغاي بارچە كىردارىم،
يەقامنى چاك ئېتىپ ۋەللاھ بۇگۈن داد ئايتقانىم بېھراق.

— مەشرەب.

ھەشمەت [حشمت] (ئە) دەبدەبە، سەلتەنەت، شان - شەۋكەت، بۈيۈكلۈك؛ ھۆرمەت؛ ئىززەت، ئېتىبار؛ «ھەشەمەت» كە قاراڭ:

سۇلەيمان ھەشمەتى، دارا تەجەممۇل شاھى ئالەم سەن،
زىبى شەمشىر ئەدلىڭ مەۋجىنى ئابى رەۋان دەرلەر.
— زەلىلى.

ھەشمەت تاپماق — دۆلەتمەن بولماق؛ ھۆرمەت، ئىززەت تاپماق.

ھەشمەت مەتا — شاھانە مال - دۇنيالار؛ رەختلەر.

ھەشمەتران [حشمت ران] (ئە + پ) ھەشەمەتنى، دەبدەبىنى خۇش كۆرگۈچى:
جۇملەئى ئالەم ئىچرە ھەشمەتران،
ئەل ئانى دەرلەر ئېردى جەسرەتخان.
— نەۋايى.

ھەشۋ [حشو] (ئە) 1) ئارتۇقچە سۆز، قوشۇمچە، بىھۇدە ئېيتىلغان سۆز، ئورۇنسىز سۆز، تېمىدىن چەتنەپ ئېيتىلغان گەپ. 2) ئارۇز بەھرىلىرىدىن بىرى.

ھەفت [هفت] (پ) يەتتە.

ھەفتۇم سەقەر — يەتتىنچى دوزاخ:
بۇ مەنجىلىڭ ئىشتىدى بۇ يەڭلىغ خەبەر،
يىقىلدى باشىغە بۇ ھەفتۇم سەقەر.
— موللا شاكىر.

ھەفتاد [هفتاد] (پ) يەتمىش.

ھەفتاددۇ [هفتاددو] (پ) يەتمىش ئىككى:
تۇتماغىل ئالەمنى ئەي دانا ئۆزۈڭدىن تۇرفە نەڭ،
سۇلھ قىلغىل قىلماغىل ھەفتاددۇ مىللەتكە جەڭ.
— زەلىلى.

ھەفتە [هفته] (پ) ھەپتە (يەتتە كۈن):
بارمىسام ھەفتە ئاياغىم گەردى كۆزگە تۇتىيا،
كامىدا ئىزدەپ كېلۇر ئېردى قايان مېھرى گىيا.
— موللا سالىھ.

ھەفتە بەھەفتە — ھەر ھەپتىدە.

ھەفتە سەد — يەتتە يۈز:
يىغىلغان خەلايىقنى قىلدى ئەدەد،
سەككىز تۈمەن ئالتە لەك ھەفتە سەد.
— موللا شاكىر.

ھەفت ئەۋرەڭ [هفت اورنك] (پ) يەتتە تەخت؛ ئەسەر نامى (ئابدۇراخمان جامىي ئەسىرىنىڭ نامى):
گەردۇنى ھەفت ئەۋرەڭ، شىنگەرفى ئۇ تۆمۈر رەڭ،
يامىسۇ نۇفرەۋۇ دەڭ، يا كۆمسار ئەمەسمۇ؟
— زەلىلى.

ھەفتجوش [هفت جوش] (پ) يەتتە خىل مەدەن ئارىلاشمىسىدىن بارلىققا كەلگەن مېتال قېتىشمىسى؛ ئېرىتىلگەن پولات.

ھەفتخان [هفت خوان] (پ) رۇستەم ئۆتكەن (ئەپسانىۋى) دەھشەتلىك، خەۋپ - خەتەرلىك مەنزىل، ئەڭ قىيىن يول.

ھەفت رەڭ [هفت رنك] (ئە) يەتتە رەڭ:
خۇمار ئالۇد تاۋۇسلار بىرلە نەرگىس،
تۈزۈپ ھەفت رەڭ بىرلە تورىيە مەجلىس.
— زەلىلى.

ھەفر [حفر] (ئە) قېزىش، ئويۇش؛ بۇرغىلاش:
چىقىپ يولغا كىردىم ئەجر ئەيلەدىم،
چاقىپ پۇشتەلەرنى ھەفر ئەيلەدىم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەق [حق] (ئە) [كۆپلۈكى: ھوقۇق] 1) ھەقىقىي، ئەسلى؛ ھەقىقەت، راست، توغرا:
رىشۋە بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى دەمسىز چاپارلەر،
باشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ھەقتىن قاچارلەر.
— تەۋفىق.

2) ھەسسە، ئۈلۈش، نېسىۋە، ھەق. 3) ھوقۇق، يولىيورۇق. 4) ئادىل، ئادالەت؛ ئادالەتلىك. 5) ھەق، باھا. 6) لاياقەت. 7) خۇدا، تەڭرى:
يارالتتى ھەق بۇ تەننى جان ئىچىدە،
ئۇ جانىڭ بولسا خوپ جانان ئىچىدە.
— خىرقەتى.

ھەق ئەمرى — خۇدا، تەڭرى بۇيرۇقى.

ھەق بىن — ھەقنى كۆرگۈچى.
ئىنكار ئېلىدىن كۆزۈڭنى يۇم، باقما ئاڭا،
كىم باقتى ئاڭا دىدەئى ھەق بىن كەتتى.
— گۇمنام.

ھەق ۋەھمى — كېيىننى ئويلاپ ئىش قىلىش؛ ناتوغرا ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇش.

ھەقارەت [حقارت] (ئە) ھاقارەت، ھاقارەتلەش؛ پەسلىك، تۆۋەنلىك، پەس كۆرۈش، سۆكۈش، خورلۇق:
گەدالىقدۇر بۇ يولنىڭ ئىبتىداسى،
ھەقارەت كەسب ئېتەر ئىشق ئىنتىھاسى.
— خىرقەتى.

ھەقايىق [حقايق] (ئە) [بىرلىكى: ھەقىقەت] ھەقىقەتلەر، ئاساسلار:
لەبىڭ گويالىغىن گۆھەرشۇناس ئەۋۋەلۇ ئاخىر،
ھەقايىق قۇلزۇمىندىن بىنەھايەت دۇرفىشان دەرلەر.
— زەلىلى.

ھەقايىق ئاسار — ھەقىقەتچىلەر.

ھەقشۇناس [حق شناس] (ئە + پ) ھەقپەرۋەر، ھەقنى سۆيگۈچى؛ كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تەقدىرلىگۈچى؛ بىراۋنىڭ ھەققىنى بىلىدىغان، قەدىرلەيدىغان:

خانىقاھ شەيخى ئۇماچىن ئىچمەكنى يوق ئەمدى سۇد،
ساقى ئەمدى جامى مەي ئىچ، بول ھەم ئولدەم ھەقشۇناس.
— ئەرشى.

ھەققا [حقا] (ئە) ھەقىقەتتە، ھەقىقەتەن:
ھەققاكى قىلىچ كەلسە باشىمغا ئىشىكىڭدىن،
يوقتۇر گۈزەرىم، خاھ ئىنان، خاھ ئىنانما.
— لۇتفى.

ھەققۇللاھ [حق الله] (ئە) خۇدا ھەققى (سېلىقنىڭ بىر تۈرى)، سېلىق.

ھەققۇنناس [حق الناس] (ئە) كىشى ھەققى، باشقا كىشىگە تېگىشلىك نەرسە.

ھەقگو [حق گو] (ئە + پ) «ھەقگوي» غا قاراڭ:
جانۇ كۆڭلۈم نالەسىدىن ئىككى ھەقگو قۇش كەبى،
كېچە ئول ئاي كويىدا ئەفغان ئېرۇر ئەفغان ئۇزە.
— نەۋايى.

ھەقگوي [حق گوى] (ئە + پ) راستچىل، توغرا سۆز، راست سۆزلىگۈچى، توغرا سۆزلىگۈچى:
توغرى سۆزلىك، ئەي كۆڭۈل، ھەقگويلار ئۇتقىدە دۇر،
ھەر دىلى ئەگرىدە يوقدۇر ئارى، گۇفتار ئىستەمە.
— نەسىمى.

ھەقىر [حقير] (ئە) تۆۋەن، پەس، قەدىرسىز، ئېتىبارسىز؛ كۈچسىز، خار، ھالسىزلانغان، كۈچسىزلەنگەن، چارىسىز؛ كىچىك، ئەرزىمەس؛ بىچارە:
كى تۇججارلارنىڭ ئەسىرى بولۇپ،
كىراكەشلەرنىڭ ھەقىرى بولۇپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
ئۇشبۇ تەكەللۇمنى ئىشىتىپ فەقىر،
ئاجىزۇ ھەيرانۇ فەقىرۇ ھەقىر.
— زەلىلى.

ھەقىر جان — ھالسىز، زەئىپ تەن، مادارسىز جىسىم.

ھەقىر جۇسسەلىك — كىچىك گەۋدىلىك، پاكار، پاكىنەك.

ھەقىرى دىلخەستە — ئېتىبارسىز، ئاجىز، دىلى سۇنغان.

ھەقىرى ناتەۋان — كۈچسىز ۋە ئاجىز.

ھەقىقەت [حقيقت] (ئە) ھەقىقەت، ئەسلى، ماھىيىتى، كېلىپ چىقىشى.

ھەقىقەت ئەسرارى — ھەقىقەت، ۋەقەلىك.

ھەقىقەت جەمالى — يېتىشىش ھەقىقىتى.

ھەقىقەت تەرىقى — ھەقىقەت يولى.

ھەقىقەتبىن [حقيقت بين] (ئە + پ) ھەقىقەتنى كۆرگۈچى، ھەقىقەتچى.

ھەقىقەتمەئاب [حقيقت مآب] (ئە + پ) ھەقىقەت مەنبەسى، ھەقىقەتچى.

ھەك [حك] (ئە) قىرىش، تاراشلاش؛ تەھرىرلەش، تەكشىلەش، سىلىقلاش:
لەبىڭدە ئاستىن - ئۈستۈن ئىككى خالىڭ جانغە ئىككى داغ،
نە ئىمكان بولغاي ئول سەئيى ئىلە ئىككى نۇقتەسىدەك ھەك.
— ئەرشى.

ھەكەم [حكم] (ئە) ئۇرۇش، جېدەل، ماجىرا، دەۋا، مۇسابىقە قاتارلىقلاردا ھۆكۈم چىقارغۇچى ئادەم؛ شېئىرىي قەسىدە ياكى يېزىلغان ئەسەرنى ماقۇللىغۇچى ئادەم؛ ھۆكۈم قىلغۇچى، رەھبەر:
سۇرمەن سالدى ئانداغ ئۇرۇپ باشىغە،
ئالىپ باردى ھەيدەپ ھەكەم قاشىغە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەككاك [حكاك] (ئە) قىممەتلىك تاش ۋە مەدەنلەرنى يونۇپ، تاراشلاپ پەردازلىغۇچى؛ ئۇلارغا خەت، گۈل ئويغۇچى؛ تاشتاراش.

ھەككاكى قەزا — ئالدىن يېزىلغان، تەقدىردە پۈتۈلگەن.

ھەككە [حكه] (ئە) تاتىلاش، قاشلاش، تىرمىلاش؛ قىچىشقاق كېسىلىگە دۇچار بولغان.

ھەككەئى شەئەت — شەرمەندىلىك ئىشقىلاش، تاتىلاش، تىرمىلاش.

ھەكىم [حكيم] (ئە) [كۆپلۈكى: ھۇكەما] دانىشمەن، ئالىم؛ پەيلاسوپ؛ تېۋىپ:
بۇ كۆڭلۈم دەردىگە دەرمان تاپمايىن لۇقمان ھەكىم،
ھېيلە ئەيلەپ ھەم فىلاتۇن جانغە ھىكمەت بىر تەرەف.
— شەۋقى.

ھەكىمۇ خىرەدمەند — ئەقىللىق، ھوشيار ئالىم.

ھەكىمى ئەزەل — ئەزەلىي دانىشمەن.

ھەكىمى بىدەرد — نادان، خەۋەرسىز تېۋىپ.

ھەكىمى خىرەد — زور ئالىم؛ دانا.

ھەكىمى دانا — دانىشمەن، پەيلاسوپ.

ھەكىمى دەريا دىل — باغرى، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ دانىشمەن.

ھەكىمى غارنىشىن — غاردا ياشىغۇچى دانىشمەن.

ھەكىمى كائىناتپەيۋەند — مەشھۇر دانىشمەن، پەيلاسوپ.

ھەكىمى ئىلاھىي — ئاللا، تەڭرى.

ھەكىمانە [حكيمانه] (ئە + پ) ھەكىملەرچە، دانىشمەنلەرچە، پەيلاسوپلارچە.

ھەكىمۋەش [حكيم وش] (ئە + پ) ھەكىم سۈپەت، ھەكىمگە ئوخشاش.

ھەكىمى [حكيمي] (ئە) ھەكىملەرچە، «ھەكىمانە» گە قاراڭ.

ھەل I [حل] (ئە) ئېچىش، ھەل قىلىش؛ بىرەر مۇشكۈل مەسىلىنى يېشىش:

بىر فىكر ئىلە مۇتالىئە قىلسا ھەمە كىتاب،
بىر نۇقتە بىرلە بولسا جەھان مۇشكۈلىنى ھەل.

— سەبۇرى.

ھەل قىلماق — بىر تەرەپ قىلماق، ئاسانلاشتۇرماق.

ھەل II [حل] (ئە) ئارىلاشتۇرۇش، كىرىشتۈرۈش، قوشۇش؛ ئېرىتىش، سۈيۇلدۇرۇش، ئېزىش:

ۋىسىل سۇرخ ئەتكەن يۈزۈمگە ھەجر زەھرىن قىلدى ھەل،
شىرەۋۇ ئەنگۈرنى فاسىق ئۇچۇن قىلمە جەدەل.

— گۇمنام.

ھەل ئەيلەمەك — ئارىلاشتۇرماق، كىرىشتۈرمەك، قوشماق؛ ئېرىتمەك، سۈيۇلدۇرماق.

ھەلاك [هلاك] (ئە) نابۇت بولۇش، ئۆلۈش، ھالاك.

ھەلاك ئەيلەمەك — ئۆلتۈرمەك، قەتل قىلماق:

كى فەرياد ئەيلەپ ئالىپ قولغە تىغ،
ھەلاك ئەيلەمىشتۇر ئۆزىن بىدەرىغ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەلاك ئولماق — يوق بولماق، نابۇت بولماق.

ھەلاكى جان — ئۆلتۈرگۈچى، ھالاك قىلغۇچى.

ھەلاكئەنگىز [هلاك انكيز] (ئە + پ) ھالاك قىلغۇچى، ھالاكەت كەلتۈرگۈچى.

ھالال I [حلال] (ئە) «ھەللال» غا قاراڭ.

ھەلال II [حلال] (ئە) ھالال، رۇخسەت ئېتىلگەن، قىلسا بولىدىغان (ھارامنىڭ ئەكسى) :

خىلاف ھەققە يەكسەر بولما بىھۇش،
ھەلال ئولسا شىكار ئەھلى سالۇر قۇش.

— خىرقەتى.

ھەلال بولماق — رۇخسەت ئېتىلمەك، بولماق.

ھەلال لۇقمە — ھالال رىزىق، توغرا يول بىلەن كەسىپ قىلىنغان رىزىق.

ھەلال ئېرمەس — رۇخسەت ئەمەس، جائىز ئەمەس، دۇرۇس ئەمەس.

ھەلاھىل [هلاهل] (پ) ئۆتكۈر، تەسىرچان؛ ھالاك قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى؛ ئاز كۆرۈلىدىغان، تېز ئۆلتۈرىدىغان:

كەۋسەر سۈيىدىن تاتماق ئىشقىڭدا خىيال ئەتمەم،
دەردىمگە دەۋا ئېرمەس، بىر زەھرى ھەلاھىلدۇر.

— گۇمنام.

ھەلاھىل زەھرى — ئۆلتۈرگۈچى زەھەر؛ ئۆتكۈر زەھەر:

ئەمما بۇ ئەتۋارنىڭ ئەكسىدە بولسە ئاتەشدۇركى، جەزىرەدەكى نەباتاتغە ئوت تۇتاشقاندەك، مەملەكەتنى كۆيدۈرۈپ، ۋۇجۇدىن كۈل قىلۇر؛ سۇمۇمدۇركى، كۆزگە كۆرۈنمەي ئىنسان ۋۇجۇدىنى زەھرى ھەلاھىلدەك ھەيات نەسىمىدىن ئىفتىراق ئەيلەر.

— ن. زىيائى.

ھەلاۋە [حلاوه] (ئە) ھالۋا؛ «ھەلاۋەت» كە قاراڭ:

ھەلاۋەنى تەئرىف ئېتەي رەڭ ـ رەڭ،
پىشۇرماققە شەككەر ئېزىپ تەڭ ـ تەڭ.

— نەۋائى.

ھەلاۋەت [حلاوت] (ئە) لەززەت، زوق، چۈچۈكلۈك، مەززىلىك، شىرىنلىك:

ھەر نەچچە ئىشتەمەسەم مەلامەت،
جانىمغە يېتەر تۇمەن ھەلاۋەت.

— ئەرشى.

ھەلاۋەت تاپماق — لەززەتلەنمەك.

ھەلەب [حلب] (ئە) «ھەلەبى» گە قاراڭ:

چىن ـ ماچىن، تۈرك، تاجىكۇ خۇراسان تا ھەلەب،
بارچە ئالەم ئىچرە ئىشقىڭ سالدى يۈز شورۇ تەئەب.

— ئەرشى.

ھەلەبى [حلبي] (ئە) ھەلەب شەھرىگە مەنسۇپ، ھەلەبلىك.

ھەلەكە [هلكه] (ئە) ھالاك، ھالاك بولدى.

ھەلەكەل ـ مەسقۇلۇن — يۈكى ئېغىرلار (گۇناھى كۆپلەر) ھالاك بولدى.

ھەلق [حلق] (ئە) تاماق، بوغۇز.

ھەلقە [حلقه] (ئە) 1) توگۈن، چىگىش، ھالقا. 2) تۇتقا، ھالقا (ئىشىك ھالقىسى)، زەنجىر. 3) دائىرە، تەۋەلىك:

چەشم ئىگرىيانىم ۋۇجۇدۇمنى قىلۇر ئانداغ خىيال،
ھەلقەئى گىردابغە تۈشكەن پەرى كەھدۇر مەگەر.

— ئەرشى.

ھەلقە ئەيلەمەك — 1) ئەگمەك، پۈكمەك، ئەزمەك. 2) دام سالماق، تۇزاق قۇرماق.

ھەلقە بەگوش — پەرمانبەردار؛ سادىق، سەمىمىي.

ھەلقە ئۇرماق — ئىتراپىدا ئولتۇرماق، ئورىۋالماق.

ھەلقە ـ ھەلقە — توگۈن ـ توگۈن:

ھەلقە ـ ھەلقە زۇلفىنى بويىنىغا باغلاپ ئۇ كەمەند،

ئاقىۋەت بىخانۇمان ئەيلەپ گەدا ئۆلتۈرگىدەك.

— نەۋبەتى.

ھەلقەئى دەرس — دەرسنىڭ قىيىن مەسىلىلىرى، چەگىش نۇقتىلىرى.

ھەلقەئى زۇلف — چاچنىڭ چىگىشلىكى، بۇدۇرلىكى.

ھەلقەئى زىكر — تەسەۋۋۇپ تەرىقىدىكىلەرنىڭ زىكر ئۈچۈن دائىرە ھاسىل قىلىپ ئولتۇرۇشى.

ھەلقەئى سەئادەت — بەخت دائىرىسى.

ھەلقەئى مو — تۇزاق.

ھەلقەۋار [حلقەوار] (ئە + پ) ھالقىسىمان، ھالقىغا ئوخشاش.

ھەلقۇم [حلقوم] (ئە) «ھەلق» گە قاراڭ.

نىچۈك ئەيلەي بۇرادەرلەر بولۇپ مەن دەرد ئىلە ھەيران،
يېتىپدۇر ھەلقۇمە جانىم، ماڭا يوق مېھرىبان ئەمدى.

— مەشرەب.

ھەللاج [حلاج] (ئە) پاختىنى چىغرىقتىن چىقىرىپ، چىگىتتىن ئاجراتقۇچى:

ئەۋۋەل ھەللاج ئەمەس ئېردى... بەرماغى بىلە ئىشارەت قىلدى: ماشۇغ چىگىتتىن ئايرىلدى. ئاڭا بۇ جىھەتدىن ھەللاج ئات قويدىلەر.

— نەۋايى.

ھەللال [حلال] (ئە) ئاچقۇچى، ھەل قىلغۇچى، ئاسانلاشتۇرغۇچى:

ياراتتى ھەر خېرىدارغا دەللال،
تۈرەتتى جۈملە مۇشكۇللەرگە ھەللال.

— خىرقەتى.

ھەلۋا [حلوا] (ئە) ھالۋا، شىرنىلىك، «ھەلاۋە» گە قاراڭ:

دەرىغا جانۇ دىل تاپغاي ئىدىلەر ئۆمرى ئارا لەززەت،
دەرەختى نەۋ بەھارىم ئىچرە ھەلۋا نىشىكەر يەڭلىغ.

— شەۋقى.

ھەلۋاچى [حلواچى] ھالۋىچى، پادىشاھ ۋە ئەمىرلەر سارىيىدىكى شىرنىپەزلىك مەنسىپى.

ھەلۋافۇرۇش [حلوافروش] (ئە + پ) ھالۋا ساتقۇچى، شىرنىلىك ساتقۇچى.

ھەلۋاگەرلىك [حلواگرليک] ھالۋا پىشۇرۇش كەسپى، ھۈنىرى.

ھەلۋىيات [حلويات] (ئە) ھالۋىلار، شىرنىلىكلەر:

ۋە ئەشرىبە ۋە فەۋاكىھ ۋە ھەلۋىيات ھەمۇل ئەتئىمەغە يارەشا مۇقەررەر ئېردىكىم، تارتىلۇر ئېردى.

— نەۋايى.

ھەلىم [حليم] (ئە) 1) يۇمشاق، مۇلايىم:

ئىلم ئىلىگە مېھرىبان بول ئەھلى دۇنياغە غەلىز،
ئەھلى دەرۋىشكە ھەلىم بول ئەھلى دۇنياغە غەلىز.

— شەۋقى.

2) گۆش ۋە بۇغدايدىن ئۇزاق قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان تائام، ھەلىم.

ھەلىم قىلماق — ھەلىم پىشۇرماق.

ھەم I [هم] (ئە) [كۆپلۈكى: ھۇمۇم] غەم، قايغۇ، مۇشكۇللۇك، مۇشكۇل ئىش.

ھەم II [هم] (پ) باغلىغۇچى سۆز؛ ھەم، يەنە، تېخى:

سورۇندا بولسا ئورنى ھەممەدىن يۇقارىراق،
ھەم قازى بولسا، ئىلكىدە نەچچە ئەمەل.

— سەبۇرى.

ھەمئاشىيان [هم آشيان] (پ) بىر ئۇۋىدا، بىر ئۆيدە ياشىغۇچى، بىرگە ھايات كەچۈرگۈچى.

ھەمئاغۇش [هم آغوش] (پ) قۇچاقلاشقان، باغرىغا ئالغان:

بولۇپ بىر لەھزە ھەم زانۇيۇ ھەمدۇش،
رەفىقى ھەمنىشىن، ھەمدەم، ھەمئاغۇش.

— لۇتفى.

ھەمئاغۇش ئەيلەمەك — قۇچاقلاشماق، بىرلىشىپ كەتمەك.

ھەماقەت [حماقت] (ئە) ئەخمەقلىق؛ ھاماقەت.

ھەمامە [حمامه] (ئە) كەپتەر:

يۇقارىدىن ئىندى ئىككى بۇركۇت،
قىلدىلەر ئىككى ھەمامەنى قۇت.

— نەۋايى.

ھەمان [همان] (پ) باراۋەر، تەڭ، ئوخشاش، خۇددى، خۇددى ئۆزى؛ ھامان، بىلەن:

بۇ خىلۋەت بەزمىدە مەھجۇر بولماغلىق تەرىقىدە،
بەنى بولغاي ھەمان ئاندا، ۋەلى بولغاي ھەمان ئاندا.

— ئەرشى.

ھەمان ئاندا — ھېلىغىچە ئاشۇ يەردە.

تۇگەتمەك ھەمان — تۈگىتىش بىلەن.

ھەمانا [همانا] (پ) 1) گويا، بەلكى، ... گە ئوخشايدۇ. 2) شۈبھىسىز ئەلۋەتتە. 3) مادامىكى، قاچانكى.

ھەمانچە [همانچه] شۇنچە، شۇنچىلىك.

ھەمئاۋەرد [هم اورد] (پ) 1) كۈرەشتە، جەڭدە بىر - بىرى بىلەن ئېلىشقۇچى، جەڭ قىلغۇچى. 2) تەڭ، باراۋەر.

ھەمئاۋەرد بولماق — ئېلىشماق، قارشىلاشماق،

ئۇرۇشماق.

ھەمئاۋەرد ئولماق — «ھەمئاۋەرد بولماق» قا قاراڭ.

ھەمئاۋەردلىق [ھم اوردليق] رەقىبلىك.

ھەمايىل [حمايل] (ئە) كۆتۈرۈپ يۈرۈلىدىغان نەرسە، بويۇنغا ئېسىپ يۈرۈلىدىغان نەرسە؛ ئېسىپ يۈرۈلىدىغان نەرسىنىڭ بېغى؛ قىلىچ ياكى كىتاب جىلتىلىرىنىڭ بېغى:

جۇنۇنۇم ئارتتى بويىنۇڭغە ھەمايىل بولغالى زۇلفۇڭ،
ئەجايىبدۇر بولۇر دەۋزەخ جۇنۇن سالسە سالاسىل كۆپ.

— ۋەفائى.

كۆزۈڭ كەبى ئالەمدە نې يەردە قاراقچى بار،
ئىككى قىلىچى دايىم ئۈستىدە ھەمايىلدۇر.

— گۇمنام.

ھەمايىل ئەتمەك — قۇچماق، قۇچاقلىماق.

قولنى ھەمايىل قىلماق — «قولى ھەمايىل بولماق» قا قاراڭ.

قولى ھەمايىل بولماق — قۇچماق، قۇچاقلىماق.

ھەمە [همه] (پ) ھەممە، بارلىق، پۈتۈن:

ساڭا ئاشكارا ئېرۇر ھالىمىز،
گۇنەھ بىرلە ئۆتتى ھەمە سالىمىز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمەل [حمل] (ئە) قۇياش يىلى ھېسابىدا بىرىنچى ئاي نامى (مارت ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ):

بىشارەت تاپىپ ئىردى ۋەقتى ھەمەل،
بۇ بىش يۈز كىشىنى ئالىپ دەر مەھەل.

— موللا شاكىر.

ھەمەل ئەيۋانى — ھەمەل بۇرجى.

ھەمەل بۇرجى — قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئون ئىككى بۇرجنىڭ بىرىنچىسى:

ئەتارۇدقا زۇھەل شەمشەرىنى ھەيبەت بىلەن تەگلەر،
ھەمەل بۇرجىغا لازىمدۇر بۈگۈن جەۋزانى يىغماقلىق.

— زەلىلى.

ھەمەل ئوتلاغى — باھار، كۆكلەم.

ھەمەلۇ سەۋر — باھار ئايلىرى (مارت ـ ئاپرېل).

ھەمئەھد [هم عهد] (پ + ئە) ھەمپىكىر، پىكىرداش؛ زاماندىش.

ھەمبەر [همبر] (پ) تەڭ، باراۋەر:

قىراغىدە دەرەختى كۆككە ھەمبەر،
بۇ ھەيۋان سۈيى، ئول خىزرى پەيەمبەر.

— نەۋايى.

ھەمپا [همپا] (پ) «ھەمپاي» غا قاراڭ.

ھەمپا بولماق — دائىم بىرگە بولماق.

ھەمپاي [همپاى] (پ) ھەمراھ، يولداش.

ھەمپەر [همپر] (ئە) جۈپ بولۇش، بىرگە بولۇش؛ بىرگە ئۇچۇش.

ھەمپىشە [هم پيشه] (پ) ھەمكەسىپ، كەسىپداش.

ھەمتا [همتا] (پ) تەڭ، شېرىك، دوست:

ھىلاك نېشى ئانىڭ غەمزىسىغە يوق ھەمتا،
ھەيات جەۋھەرى لەئلى لەبىغە يوق ھەمتەڭ.

— نەۋايى.

ھەمتەبەق [هم طبق] (پ + ئە) ھەمتاۋاق، ھەمداستىخان، بىر تاۋاق، بىر داستىخاندىن تاماق يېگەنلەر.

ھەمتەرىق [هم طريق] (پ + ئە) ھەمراھ، يولداش.

ھەمتەك [هم تك] (پ) بىرگە يۈرگۈچى، باراۋەر يۈگۈرگۈچى، تەڭلەشكۈچى، تەڭ يۈگۈرگۈچى.

ھەمتەكلىك ئەتمەك — بىرگە بارماق.

ھەمچۇ [همچو] (پ) ئوخشاش؛

دەر بەدەر شەھەر بەشەھەر ئىزدەكى مەئشۇق سوراغىن،
ھەمچۇ سەييارە سەفەرگەشتە غەريبان يەڭلىغ.

— شەۋقى.

ھەمخاب [هم خواب] (پ) ئەر ـ خوتۇن، بىر ياستۇققا باش قويغۇچىلار، ياستۇقداش.

ھەمخابە [هم خوابه] (پ) «ھەمخاب» قا قاراڭ:

كۆڭۈلدىن شۇئلەلىق ئاھى چىقاردى،
كۆزى ھەمخابەدەك ئويقۇغە باردى.

— نەۋايى.

ھەمخانە [هم خانه] (پ) بىر ئۆيدە تۇرغۇچى، دوست، ئۈلپەت.

ھەمد [حمد] (ئە) ماختاش، مەدھىيە، ھەمد؛ شۈكۈر، تەشەككۈر، رەھمەت:

نە جانىم بۇلبۇلى ھەمدىڭغە يۈزمىڭ تىل بىلە گويا،
گۈلى سۇنئۇڭ تەماشاسىغە بەررى بەھرىدۇر جويا.

— زەلىلى.

ھەمدۇ سەنا — ماختاش ۋە سانا (تەشەككۈر، رەھمەت) ئېيتىش:

بىلمەگەي ھۆسنى جەمالىڭ مەدھىنى زاغۇ زەغەن،
باغدا گۈل ھەمدۇ سەناسىن بۇلبۇلى گويا بىلۇر.

— گۇمنام.

ھەمداستان [هم داستان] (پ) شېرىك، پىكىرداش.

ھەمداستانە [هم داستانه] (پ) دوستانە، دوستلارچە.

ھەمدەرد [همدرد] (پ) جان كۆيەر دوست، ھەمدەرد:

ھەمدەرد ئىلە ھالىمنى دېيىنكىم، تۆشە باۋەر،
ئول دەمكى يولۇقسە ماڭا مەھشەر كۈنى فەرھاد.

— لۇتفى.

ھەمدەرد بولماق — دوستلاشماق، ھەمراھ بولماق.

ھەمدەردانە [همدردانه] (پ) ھەمدەردلەردەك، جان كۆيەر دوستلارچە.

ھەمدەرس [همدرس] (پ + ئە) مەكتەپداش، ساۋاقداش.

ھەمدەست [هم دست] (پ) قولداش، بىرگە ئىشلىگۈچى، ياردەم بەرگۈچى:

ئانىڭ كەيفى بىرلە بولاي مەستمەن،
نىگارىم بىلە بەلكى ھەمدەستمەن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمدەست بولماق — قولداش بولماق، دوست بولماق، بىرگە بولماق.

ھەمدەستلىغ [هم دست ليغ] «ھەمدەستلىق» قا قاراڭ.

ھەمدەستلىق [هم دست ليق] قولداشلىق، ئورتاقلىق.

ھەمدەم [همدم] (پ) سۆھبەتداش، ئۈلپەت، بىرگە يۈرگۈچى، دوست:

سەر بەسەھرا ئۇرغۇمۇ جاندىن داغى كەچكۈمدۇرۇر،
بۇ جەھان ئىچرە ماڭا جانان ئەگەر ھەمدەم ئەمەس.

— ئەرشى.

ھەمدەم بولماق — دوست بولماق؛ دائىم بىرگە بولماق.

ھەمدەمى رۇھۇل - ئەمىن — جىبرەئىل؛ ئۈلپىتى، دوستى.

ھەمدۇنە [حمدونه] (پ) مايمۇن:

كى ھەيرەتتە قالدى بۇ ھەمدۇنەلەر،
تۇرۇپ چۆرىسىدە قەبىھ گۇنەھلەر.

— ئا. نىزارى.

ھەمرا [حمرا] (ئە) «ھۇمرا» غا قاراڭ:

قامەتى مەۋزۇنىڭ ئۆزرە ئارەزىڭ گۈلگۈنەسى،
سەرۋى باشىدا ئاچىلغان بىر گۈلى ھەمرا ئەمەس.

— ئەرشى.

ھەمراز [همراز] (پ) سىرداش، سىرداش دوست، يېقىن دوست؛ ئۈلپەت:

ئانىڭ ۋەسلىگە خارى بولسا ھەمراز،
قىيا باقماي ماڭا گۈل قىلسا كۆپ ناز.

— خىرقەتى.

ھەمرازلىق [همرازليق] سىرداشلىق؛ ئۈلپەتچىلىك؛ دوستلۇق:

چەرخ ئۆزرە خورشىد دەك بار مەن جەھان ئىچرە غەرىب،
دەردمەندى تاپمادىم قىلغاي ماڭا ھەمرازلىق.

— ئەرشى.

ھەمراھ [همراه] (پ) «ھەمرەھ» كە قاراڭ:

يۈتۈپ ئاز مەھەلدە سەفەرنىڭ ئىشى،
بارۇر بولدى ھەمراھ نەچە يۈز كىشى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمراھ چەكمەك — دوست قىلىۋالماق، ئۈلپەت قىلماق.

ھەمرەڭ [همرنك] (پ) رەڭداش، بىرخىل رەڭدىكى:

فىراقىڭ ئەيلەدى ئانداغ زەلىلمۇ ناتەۋان گويا،
يۈزۈم ھەمرەڭگى نەيى، نال جىسمى ناتەۋانىمدۇر.

— ئەرشى.

ھەمرەھ [همره] (پ) ھەمراھ، يولداش، سىرداش:

تەلەبدە ھەمرەھ خىزرى ئىسكەندەر ئابىھەيات،
بۇ يەڭلىغ بولسە كىشى دەۋلەتى بەقا ئۇچرار.

— شەۋقى.

ھەمزەبان [هم زبان] (پ) سۆھبەتداش، سىرداش، تىلى بىر، بىر - بىرىنى ياخشى چۈشەنگۈچى:

ئىشق ئوتى باشىمدا يانغاچ ھەمزەبانىمدۇر چىلىم،
نالەلەر تۈرلۈك چېكەر دائىم فىغانىمدۇر چىلىم.

— ئەرشى.

ھەمزاد [هم زاد] (پ) قېرىنداش، ئېلىمداش، بۇرادەر، ئاكا - ئۇكا:

يانە بەھرام مۇلكئاراغە، فەرزەند،
ئۆزىن فەرھادغە ھەمزادۇ دىلبەند.

— نەۋايى.

ھەمزانۇ [همزانو] (پ) دوست، يانمۇيان، يانداش، بىرگە، ھەمدەم.

ھەمزە [همزه] (ئە) ئەرەب يېزىقىدىكى بەلگىلەردىن بىرىنىڭ نامى، ھەمزە.

ھەمسايە [همسايه] (پ) قوشنا، ھەقەمسايە.

ھەمسەبەق [هم سبق] (پ + ئە) ساۋاقداش، مەكتەپداش، سىنىپداش.

ھەمسەدا [هم صدا] (پ + ئە) ئاھاڭداش، ھەمسادا.

ھەمسەر [هم سر] (پ) باراۋەر، تەڭ.

ھەمسەرلىق [هم سرليق] باراۋەرلىك، تەڭلىك.

ھەمسەفەر [هم سفر] (پ + ئە) يولداش، سەپەرداش، سەپەردە بىللە بولغۇچى.

ھەمسەڭ [هم سنك] (پ) باراۋەر، تەڭ؛ ئېغىرلىقى، ۋەزنى ئوخشاش:

بەھرامىغە ئېرمەس ئېردى ھەمسەڭ،
قانى بىلە تۇتمامىش ئىدى رەڭ.

— نەۋايى.

ھەمسەير [هم سير] (پ + ئە) بىرگە كەزگۈچى، بىرگە

سەير قىلغۇچى، بىرگە ئايلانغۇچى.

ھەمسىن [هم سين] تەڭداش:

باۋۇجۇدى ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام ئەبۇ ـ يۇسۇف ۋە ئالار
ئەبنائى جىنسى ۋە ھەمسىنلەرى.

— نەۋائى.

ھەمشۇرب [هم شرب] (ئە + پ) ئۈلپەت، دوست.

ھەمفەن [هم فن] (پ + ئە) كەسىپداش.

ھەمقا [حمقا] (ئە) كەم ئەقىل (ئايال).

بەقلى ھەمقا — سىبىز ئوت:

رىۋۇرەڭ ئەھلى مۇرىدى بولماغىلكىم، خىزر ئەمەس،
خىرقەسىن ھەر ئەھمەق ئەتسە بەقلى ھەمقادەك ياشىل.

— نەۋائى.

ھەمقەد [هم قد] (پ + ئە) بويداش، تەڭداش، بويى تەڭ.

ھەمقەدەم[هم قدم] (پ + ئە) بىرگە يۈرگۈچى، دوست، ئۈلپەت.

ھەمقەدەم بولماق — بىرگە يۈرمەك.

ھەمقەدەملىق [هم قدم ليق] ھەمراھلىق، يولداشلىق.

ھەمكار [همكار] (پ) شېرىك، بىرگە ئىشلىگۈچى.

ھەمكارە [همكاره] (پ) «ھەمكار» غا قاراڭ.

ھەمكاسە [همكاسه] (پ) شېرىك، ئۈلپەت، ھەمتاۋاق.

ھەمكىسۋەت [هم كسوت] (پ + ئە) بىر خىل كىيىنگەن.

ھەمكام [هم كام] (پ) ھەمقەدەم، ھەمراھ.

ھەمل [حمل] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەھمال] 1) ئويلاش، گۇمان قىلىش؛ تەبىر؛ كۆتۈرۈش، چىداش، بەرداشلىق بېرىش؛ يۈكى ئېغىرلىق:

غەم مەنىڭ زاتىمغا ۋاجىب بولدى، بولماس مۇمتەنىڭ،
ئۆزگە ھەمل ئەتمە، جەفا كۆتىرۇرگە ئىمكان قالمادى.

— سەككاكى.

2) قۇرساقتىكى بالا؛ تۆرەلمە.

ھەمل ئەتمەك — تەبىر بەرمەك.

ھەمل ئەيلەمەك — «ھەمل ئەتمەك» كە قاراڭ.

ھەمل ئەيىامى — تۇغۇش، كۆزى يۇرۇش كۈنلىرى.

ھەمل قويماق — تۇغماق، كۆزى يورۇماق.

ھەمل قىلماق — 1) گۇمان قىلماق؛ 2) تۇغماق، قورساقتىكى يۈكنى بوشاتماق.

ھەملە [حمله] (ئە) قىسقا ھۇجۇم، تاشلىنىش، ئېتىلىش، ئىنتىلىش.

ھەملە قىلماق — تاشلانماق؛ «ھەملە كۆرگۈزمەك» كە قاراڭ:

تەرىد ئەتكەچ قوۋيۇنتەك ھەملە قىلدى،
بۆلۈتدەك گۈكرەدى، ئوتتەك چاقىلدى.

— لۇتفى.

ھەملە كۆرگۈزمەك — ھۇجۇم قىلماق، ئېتىلماق.

ھەممال [حمال] (ئە) هامبال، يۈك توشۇغۇچى.

ھەممالۋەش [حمال وش] (ئە + پ) هامبالغا ئوخشاش، هامبالدەك.

ھەممام [حمام] (ئە) هاممام.

ھەممام ئاسايىشى — هاممام تىنچلىقى.

ھەممەساف [هم مصاف] (پ + ئە) بىرگە جەڭ قىلغۇچى، جەڭدە بىللە بولغۇچى، ئۇرۇشداش.

ھەممەشرەب [هم مشرب] (پ + ئە) تەبىئىتى، پېئىل ـ ئەتىۋارى بىر خىل.

ھەممەھد [هم مهد] تاۋۇتداش، تاۋۇتتا، يەرلىكتە بىرگە ياتقۇچى.

ھەممەھمىل [هم مهمل] (پ + ئە) ئۈلپەت، دائىم بىرگە بولىدىغان.

ھەمنەبەرد [هم نبرد] (پ) «ھەممە ساف» قا قاراڭ.

ھەمنەفەس [هم نفس] (پ + ئە) ئورتاق، دوست:

نەغمەئى قەقنۇس ئىلە تەڭ ئولسە ئاۋازى جەرەس،
سۇر ئىسرافىل ئىلە ئاھىم ئېرۇر گەر ھەمنەفەس.

— گەرشى.

ھەمنەڭ [هم ننک] (پ) باشقىلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە باراۋەرلىشىش، ئورتاقلىشىش.

ھەمنەۋا [هم نوا] (پ) پىكىرداش، بىر پىكىردىكى:

كى دايىسىنى ھەمنەۋا بىلمەدى،
بىللە يۈرمەكىنى رەۋا بىلمەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمنىشان [هم نشان] (پ) ئالاقىدار، ئوخشاش.

ھەمنىشەست [هم نشست] (پ) ھەمسۆھبەت، سۆھبەتداش، بىرگە ئولتۇرغۇچى، ئۈلپەت:

يامان بىرلە ھەركىم بولۇر ھەمنىشەست،
ئاتار قولدا بولسا كەمان تىرى شەست.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمنىشىن [هم نشين] (پ) «ھەمنىشەست» كە قاراڭ:

ئۇلار بىرلە ئۈلفەت ئولۇپ روزۇ شەب،
قىلىپ ھەمنىشىنلىق بولۇپ ھەم تەرەپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمنىشىن بولماق — سۆھبەتداش بولماق.

ھەمۇل I [حمول] (ئە) شۇنداق، خۇددى ئۆزى، ئاشۇ،

ئاشۇنداق، دەرھال؛ شۇئان:

بۈگۈن كېچە ئۆزنى خاس ئەيلەگىل،
ھەمۇل ئاشىقىڭنى خەلاس ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمۇل سەگپەرەست كىم خۇراساندادۇر،
نېتاڭ كىم كەتۇرسىن ئەگەر ئاندادۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمۇل سۆز ئايتماق — ئاشۇ سۆزنى، شۇنداق سۆزنى ئېيتماق.

ھەمۇل قۇش — شۇنداق قۇش، خۇددى شۇنداق قۇش.

ھەمۇل كۈنلەرى — ئاشۇ كۈنلەر.

ھەمۇل II [حمول] (ئە) چىدامىلىق، سەۋرلىك، سەۋر، چىدام:

تەكەللۇفلار ئەيلەپ يىدۈردى ماڭا،
ھەمۇل شەربەتىدىن ئىچۈردى ماڭا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمۇل ئەتمەك — چىدام، چىداشلىق بەرمەك، سەۋر قىلماق.

ھەمۇن [همون] دەشت، چۆل:

كى مەئمۇرەيۇ تاغۇ ھەمۇن ئېرۇر،
كى ئاتى ئانىڭ رۇبئى مەسكۇن ئېرۇر.

— نەۋايى.

ھەمۋار [هموار] (پ) باراۋەر، تەكشى، تەپتەكشى؛ تەڭ:

تۆكمەسۇن دېسەڭ باشىمغە چەرخ خۇناب ياشىنى،
بولسا تاغ يەڭلىغ ئۆزۈڭنى يەر بىلەن ھەمۋار تۇت.

— مەھزۇن.

ھەمۋار ئايتماق — سىلىق ئېيتماق، مەنىلىك يازماق.

ھەمۋارە [همواره] (پ) ھەمىشە، دائىم، مۇتتەسىل، «ھەمۋار» غا قاراڭ:

نېتەي يۈز ئاھ چەككەن بىرلە يەردىن ئۆرلىمەس ھەرگىز،
مەلامەت تاشىدىن تۇپراق بىلەن ھەمۋارەدۇر كۆڭلۈم.

— مەھزۇن.

ھەمۋىساق [هم وثاق] (پ + ئە) بىر ئۆيدە، بىر خانىدا ياشىغۇچى، ئىستىقامەت قىلغۇچى، «ھەمخانە» گە قاراڭ.

ھەمىدە [حميده] (ئە) ماختىلىدىغان، ماختاشقا لايىق، ياخشى.

ھەمىدە ئەتۋار — ياخشى خۇلق، يۈرۈش - تۇرۇش، ياخشى ھەرىكەت.

ھەمىدە ئەخلاق — ماختاشقا لايىق، ياخشى خۇلقلار، ياخشى ئەخلاقلار.

ھەمىدە ئەفئال — چىرايلىق قىلىق؛ ياخشى خىسلەتلەر.

ھەمىدە خىسال — چىرايلىق، ياخشى خىسلەتلەر.

ھەمىدۇن [هميدون] (پ) ھازىر، شۇ زامان.

ھەمىم [حميم] (ئە) ئىسسىق، قايناق.

دەشتى ھەمىم — چۆل - جەزىرە.

ھەمىمۋار [هميم وار] (ئە + پ) ئىسسىقتەك، قايناققا ئوخشاش جۇشقۇن.

ھەمىن [همين] (پ) شۇ، ئۇشبۇ، مانا شۇ:

ھەمىن سائەت ئىچرە بولۇپ تۇبرە پۇر،
كى ياقۇت، زەبەرجەد بىلە ئۈنچە دۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەمىنانلىق [همينان ليق] بىرگىلىك، يولداشلىق.

ھەمىنانلىق ئەيلەمەك — بىرگە بولماق، بىرگە بارماق.

ھەمىيەت [حميت] (ئە) ئار - نومۇسنى ساقلاش ۋە ئۇنى ھىمايە، مۇھاپىزەت قىلىش.

ھەنا [هنا] ئېگەر (ئاتنىڭ ئېگىرى) تۈرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى:

جىبىلگىر ۋە ھەنا ۋە توقۇم ۋە جەزلىغ ...... يوسۇنلۇق كۆپىنى تۈركچە ئايتۇرلار.

— نەۋايى.

ھەنجار [هنجار] (پ) يول، قائىدە، تەرتىپ، رەۋىش، يوسۇن.

ھەنجەر [حنجر] (ئە) تاماق، ھەلقۇم، بوغۇز.

ھەندەسە ئايىن [هندسه‌آيين] (ئە + پ) ئىنژېنېرلىقنى كەسىپ قىلغان.

ھەنزەل [حنظل] (ئە) ئىتقوغۇنى:

كىشى ھەنزەل ئېكسە ئاچچىغ بەر تاپار،
ۋەگەر نەيشەكەر ئېكسە شەكەر تاپار.

— نەۋايى.

ھەنگام [هنگام] (پ) پەيت؛ پۇرسەت؛ غەنىيمەت ۋاقىت، قولاي پۇرسەت.

ھەنگام تۇتماق — سۆھبەتلەشمەك.

ھەنگامە [هنگامه] (پ) 1) ھادىسە، ۋەقە:

ياساۋۇلغا بەردى تۇتۇپ نامەنى،
مۇھىبلەر يۇبەرگەي بۇ ھەنگامەنى.

— موللا يۇسۇپ.

2) يىغىن؛ تاماشا، بەزمە:

بېرىپ ئات، قىممەت باھا جامەلەر،
كى دىۋان ئارا تۈزدى ھەنگامەلەر.

3) گەپ، گەپ - سۆز.

زەرقىزى ھەنگامەسىدىن ئەرشى ئانداغ بولدىكىم،
كۆزلەرىم شەكلى مۇھىتى مەردۇمى گويىنارغە بەت.

— ئەرشى.

ھەنگامە ئارا — يىغىننى، سۆھبەتنى قىزىتقۇچى.

ھەنگامە تۇتماق — «ھەنگامە تۈزمەك» كە قاراڭ.

ھەنگامە تۈزمەك — يىغىلىش قىلماق، توپلىنىشماق، توپلىنىپ گۇرۇڭلاشماق، سۆھبەتلەشمەك.

ھەنگامە فۇرۇز — سۆھبەتنى قىزىتقۇچى.

ھەنگامەئى دەرد — ئىشق غۇۋغاسى، ئىشق ماجىراسى.

ھەنگامەئى شەۋق — قىزىقارلىق سۆھبەت، تاماشا.

ھەنۇز [هنوز] (پ) ھېلىغىچە، تا شۇ ۋاقىتقىچە:

ياراتتى قويدى، يارانىمىش ئۆزۈڭدە ئەي شەۋقى،
ئەجەب ئەمەس كەرەمىدىن قەبۇل دۇئاسى ھەنۇز.

— شەۋقى.

ھەنۇز خام ئېردى — ھېلى خام ئىدى.

ھەۋا I [هوا] (ئە) ھاۋا، ئىقلىم:

ھەۋا ساف بولدى بەغايەت ئىسسىغ،
كىشى چۆمگەلى ھەم يوق ئېردى ئارىغ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەۋا II [هوا] (ئە) يۇقىرىلىق، يۈكسەكلىك؛ ئاسمان:

نەچە بىرەھىم ئىلكىگە بولۇپمەن مۇبتەلا ئاخىر،
ساۋۇرمىشلار ھەۋاغە ھەر كۈنى غەمكىن غۇبارىمنى.

— ئەرشى.

ساخاۋەت ھەۋاسى — ساخاۋەت ئاسمىنى.

ھەۋا III [هوا] (ئە) ئارزۇ، مەيل، ئىستەك، خاھىش، ھەۋەس:

نە ھەد زۇلفۇڭ ھەۋاسىن قىلغامەن كۇفر ئىستەبان كۆڭلەر،
ئىتىڭ بويىنى تەنابىدىن ئالاي زۇننار ئۈچۈن ئۆلچەك.

— ئەرشى.

ھەۋايى خۇرشىد — مەنمەنلىك، ئۆزىنى يۇقىرى تۇتۇش.

ھەۋا IV [هوا] (پ) پەرۋاز قىلىش، ئۇچۇش:

ئىشىتكەن زەمان گۈل ئىنىسۇجان، داۋۇد زەبۇرىدىن ھەمان،
بىھوش يىقىلمىش ھەر زەمان مۇرغى ھەۋالار بىرلە زاغ.

— شەۋقى.

ئاياقچى ماڭا راھ قىلغىل ئەتا،
ئىچىپ ئانى ھەر سارى ئەيلەي ھەۋا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەۋا ئەيلەمەك — ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق.

ھەۋا تۇتماق — «ھەۋا ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ھەۋا V [هوا] (ئە) ئىشق، مۇھەببەت؛

دىماغىم ئىسسىتتى ھەۋانىڭ يېلى،
كى ئىشرەت قىلۇرغە بولۇپ مايىلى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەۋادار [هوادار] (ئە + پ) تەرەپدار؛ خەيرىخاھ، مۇخەلىس؛ ئاشىق، ھەۋەسكار.

ھەۋادارلىغ [هوادارليغ] تەرەپدارلىق، مەددەتكارلىق.

ھەۋادىس [حوادث] (ئە) [بىرلىكى: ھادىسە] ھادىسىلەر، ۋەقەلەر؛ ئۆزگىرىشلەر:

غۇبار ئەيلەپ ئۇچۇرغاندىن ھەۋادىس سەر ـ سەرى ھەريان،
بەلا تاشى ئارا مەجنۇن كەبى ئەۋۋارەدۇر كۆڭلۈم.

— مەھزۇن.

ھەۋادىس راھى — يول ھادىسىلىرى:

ھەۋادىس راھىغە ئەل نۇشى ئۈچۈن،
فەلەكنى تاس ئەيلەپ، مېھرىنى كاس.

— ئەرشى.

ھەۋادىس قۇدۇرەتى — كۆڭۈل غەشلىك ھادىسىسى.

ھەۋادىسى ئەفلاك — زامان ھادىسىلىرى.

ھەۋادىسى ئەييام — كۈندىلىك ھادىسىلەر، ئۆزگىرىشلەر، زامان ئۆزگىرىشلىرى.

ھەۋارىيون [حواريون] (ئە) ئىسا پەيغەمبەرنىڭ ئون ئىككى شاگىرتى.

ھەۋاس [حواس] (ئە) [بىرلىكى: ھاسسە] ھېسلار، سەزگۈلەر:

كۆزۈ قاشى، يۈزۈ زۇلفى، لەئلىدىن گۈل بەس بولۇپ،
ئالدى مەندىن جىلۋەلەر ئەيلەپ بۇ بەش ھۇشىن ھەۋاس.

— ئەرشى.

ھەۋاسس [حواس] (ئە) «ھەۋاس» قا قاراڭ.

ھەۋاسسي خەمسە — بەش سەزگۈ ئەزالىرى.

ھەۋاشى [حواشى] (ئە) [بىرلىكى: ھاشىيە] ھاشىيەلەر، بىرەر نەرسىنىڭ چەت ۋە قىرغىقى، كىتابتىكى ئەسلى تېكىستكە يېزىلغان شەرھگە قىلىنغان شەرھ ۋە ئىزاھلار (بۇنداق شەرھلەر ئادەتتە كىتاب چېتىگە يېزىلىدۇ).

ھەۋاشىي [حواشى] (ئە) «ھەۋاشى» غا قاراڭ.

ھەۋالانماق [هوالانماق] ھاۋادا پەرۋاز قىلماق، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرمەك، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەك.

ھەۋالە [حواله] (ئە) «ھەۋالەت» كە قاراڭ:

ئاغزىنە روبەروي قىلۇر لۇتفىغە مېنى،
يوق يەردە نېچە بولغاي ئۇل ئاينىڭ ھەۋالەسى.

— لۇتفى.

ھەۋالە بولماق — ئۆزىتىلماق، تەقدىم قىلىنماق.

ھەۋالە قىلماق — 1) ئورۇنۋالماق، مۇھاسىرە قىلماق. 2) ھاۋالە قىلماق، تەقدىم قىلماق، تاپشۇرماق.

ئىشق ھەۋالەسى — سۆيگۈ ئىزھارى.

ھەۋالەت [حوالت] (ئە) ھاۋالە، تاپشۇرۇق؛ تاپشۇرۇش، تەقدىم قىلىش.

ھەۋان [هوان] (ئە) خارلىق، تۆۋەنلىك:

ئىشىتتىمكى، بار ئىدى بىر ناتەۋان،
فەلەك زۇلمىدىن قىسمى رەنجۇ ھەۋان.

— نەۋايى.

ھەۋائىج [حوائج] (ئە) «ھەۋايىج» كە قاراڭ.

ھەۋائىي [هوائى] (ئە) «ھەۋايى» غا قاراڭ:

قولاق تۇتقىل رىۋايەت قىلسا راۋى،
ئىشىتكىل بۇ غەزەلنى دەر ھەۋائىي.

— سەيىد ئەھمەد.

ھەۋايى [هوايى] (ئە) ئاشىق، بىقارار، سەرگەردان:

ھەۋايى سۇنبۇلى ئەزبەس كۆڭۈل كويىغە بەند ئولمىش،
نەھاجەت سەنەمنىڭ تارى زۇلفىدىن رىدا بولماق.

— ئەرشى.

ھەۋايىج [حوايج] (ئە) [بىرلىكى: ھاجەت] ھاجەتلەر، زۆرۈرىيەتلەر، ئېھتىياجلار:

ھەمە ئەيىبلەردىن مۇبەررا ئېرۇر،
ھەۋايىج ئىشىدىن مۇئەررا ئېرۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەۋەس [هوس] (ئە) ئارزۇ، ھەۋەس؛ خام خىيال:

ئەيلەمىشمەن ئاڭلاماي قادىرلىغىم ۋەسفىن ھەۋەس،
كىم قاچان ئەيلەر قارىنى بەزمىگە داخىل يىگىت.

— ئەرشى.

ھەۋەس ئەھلى — ئارزۇ، ھەۋەس قىلغۇچىلار.

جەۋانۇ قىز دۇرەخشان بولسا چۈن ماھ،
ھەۋەس ئەھلى ئۇرار ئاھ ئۈستىگە ئاھ.

— خىرقەتى.

ھەۋەس ئەيلەمەك — ئارزۇ قىلماق، ئىستىمەك.

ھەۋەس قىلماق — «ھەۋەس ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ھەۋەسى كائىنات — كائىناتقا بولغان ھەۋەس، قىزىقىش:

چىقتى كۆڭۈلدىن ھەۋەسى كائىنات،
فارىغ ئولۇپ قائىدەئى شەش جەھات.

— زەلىلى.

كۇشادى ھەۋەس — ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى.

مۇرادى ھەۋەس — ئارزۇغا يېتىشىش؛ مۇرات - مەقسەتكە يېتىشىش ئارزۇسى.

ھەۋەسكىش [هوس كيش] (ئە + پ) ھەۋەسكار، ھەۋەسكە بېرىلگەن.

ھەۋەسناك [هوسناك] (ئە + پ) ھەۋەسكار، بىرەر ئىشقا ئىشتىياق باغلىغۇچى: مايىل.

ھەۋەس پەيۋەند — ھەۋەس قىلغۇچى، خامتەمە، ھەۋەسكە بېرىلگەن.

ھەۋدەج [هودج] (ئە) [كۆپلۈكى: ھەۋادىج] كاجىۋا:

ئول مەھى مەھمىلنىشىن ھەۋدەجدە كۆڭلۈم تاشقارى،
نې ئەجەب گەر تىنماي ئەفغان چەكسە ئانداقكىم جەرەس.

— نەۋايى.

ھەۋر [هور] (ئە) قىزىشىش، غەزەپ.

ھەۋرا [حورا] (ئە) ھۆرلەر، گۈزەللەر؛ «ھۆر I » گە قاراڭ.

ھەۋرا جەبىن — ئاي يۈزلۈك، گۈزەل.

ھەۋرا نەجاد — گۈزەللەر نەسلىدىن، ھۆر سۈپەتلىكلەر.

ھەۋز I [حوز] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئىچى، ئىچكى دائىرىسى؛ زېمىن، دائىرە.

ھەۋز II [حوض] (ئە) كۆل.

ھەۋزى كەۋسەر — كەۋسەر سۈيى.

ھەۋزە [حوضه] (ئە) «ھەۋز I » گە قاراڭ.

ھەۋسەلە [حوصله] (ئە) 1) بىرەر ئىشقا جىددىي كىرىشىش، تىرىشچانلىق. 2) ئىدىش؛ خۇرجۇن، خالتا. 3) تاقەت، چىدام.

ھەۋل [هول] (ئە) دەھشەت، قورقۇنچ، قورقۇش:

گۇمانسىز دەر ئېردىم بۇدۇر راست قەۋل،
دېسەم قەۋل ئېرمەس ئىكەن جانغە ھەۋل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ساچار، باران، ئاچار گۇل يەر يۈزىدە،
بۇ يەڭلىغ جانۇ ھەيات ھەۋل كۆزىدە.

— خىرقەتى.

ھەۋلناك [هولناك] (ئە + پ) قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك.

ھەۋلى [هولى] (ئە) مويلا؛ قورۇ:

كىرەلمەي دەفئەتەن ئارام ئالدى،
يىراقتىن كۆزىنى ھەۋلىغە سالدى.

— ناقىس.

ھەۋىلى [هويلى] (ئە) «ھەۋلى» گە قاراڭ.

ھەي [حى I] (ئە) 1) ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تۇرىدىغان جايى، قىشلاق، مەھەللە:

تۇرۇپ ئاندا ھەر سارى مەنزۇر ئىدى،
كى ھەي سارىدىن كۆزىگە نۇر ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرى:

كى ھەي ئەھلىنىڭ تىفلى بىھەد ئىدى،
ئاراسىدا بىر سەرۋ گۇلخەد ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەي II [حى] (ئە) تىرىك، جانلىق.

ھەي - لايمۇت — زادى ئۆلمەيدىغان.

ھەيا [حيا] (ئە) ئۇيات، ئار، نومۇس، شەرم، ھايا، ئەدەپ:

ئۈچىنچىدۇر ھەيا مۈلكىنى ئالماق،
ئۇ يۈزىدىن ئۆزگە يۈزدىن كۆزنى ئالماق.

— خىرقەتى.

ھەيا ئەھلى — ھايالىقلار؛ شەرم، ھايا ئەھلى.

ھەيا ئەيلىمەك — ئۇيالماق.

ھەيا بەھرى — ھايالىق، ئەدەپلىك.

ھەيا پەردىسىن چاك ئەتمەك — ھاياسىزلىق قىلماق، ئەدەپسىزلىك قىلماق.

ھەياۋۇ ئەدەپ — شەرم (ھايا) ۋە ئەدەپ.

ھەيئات [هيات] (ئە) شەكىللەر، كۆرۈنۈشلەر؛ بۆلەك - بۆلەك نەرسىلەر.

ھەيات [حيات] (ئە) 1) تىرىكلىك، ھايات:

بىھەمدۇللاھ كۆردۈم سىنى مەن ھەيات،
ئۈمىد ئۇلكى ئەكنۇن تاپارمىز نەجات.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قۇۋۋەت، روھ، جان:

ھەياتى تازە ئىستەپ لەئلىڭ ئارمانىن نەچە چەكتىم،
نە ئۆمرى قۇتى جان تاپتىم، دەردىڭگە داۋا قىلدىم.

— ئەرشى.

ھەيات ئەھلى بىلمەك — روھ، جان دەپ بىلمەك.

ھەيات بەزمى — بار بولۇشلۇق، تىرىكلىك.

ھەيات چىراغى — ھاياتلىق بەختى.

ئەگەر بولسە لەھزە قاشىدىن بەئىد،
ھەيات چىراغى بولۇپ ناپەدىد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەيات سۈيى — ئابىھايات، ھاياتلىق، ئۆلمەسلىك سۈيى.

ھەيات قۇشى — جان، روھ.

ھەيات گۈلى — ياشلىق، بالىلىق دەۋر.

ھەيات مۈلكى — دۇنيا.

ھەيات ئۆيى — تىرىكلىك ئۆيى، تىرىكلىك بىناسى.

ھەياتى ئەبەد — ئەبەدىي تىرىكلىك، مەڭگۈلۈك.

ھەياتى جان — تىرىكلىك.

ھەياتى جاۋىدان — ئەبەدىي ھايات:

خەدەڭگىڭ تەئنەسىگە، ئەرشىيا، كۆكسۈڭ نىشان ئەتكىل،
دەمى پەيكانى ئەزبەسكىم ھەياتى جاۋىدانىمدۇر.

— ئەرشى.

ھەياتى جاۋىدانىي — ئەبەدىي تىرىكلىك، مەڭگۈ ھايات.

ھەياتى يۈز ياشۇرماق — ئۆلمەك، ھالاك بولماق.

ھەياتئەفزا [حيات افزا] (ئە + پ) ھاياتنى ئۇزارتقۇچى.

ھەياتبەخش [حيات بخش] (ئە + پ) ھايات بېغىشلىغۇچى.

ھەيال [هيال] (ئە) كىچىككىش، ئالدىرىماسلىق؛ بىپەرۋالىق، سۇسلۇق:

ھەيال بىرلە كەلسە ئىدى كاشكى،
جانى چىققاي ئىردى دىدى كاشكى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەيئەت [هيئت/هيات] / (ئە) 1) شەكىل، كۆرۈنۈش، سۈرەت. 2) ئاسترونومىيە ئىلمى، ئاسترونومىيە.

ھەيئەتى تۇلانىي — ئۇزۇنچاق شەكىل، كۆرۈنۈش (سامانيولى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

ھەيئەتى مەخرۇت — سىلىقلانغان شەكىل (مۇنارلارغا ئىشارە).

ھەيئەتى مۇستەدىر — يەر شارى.

ھەيئەتپەزىر [هيات پذير] (ئە + پ) شەكىللەنگۈچى، بىرەر شەكىلگە كىرگۈچى.

ھەيئەفشان [حي افشان] (ئە + پ) تىرىكلىك بېغىشلىغۇچى.

ھەيبەت [هيبت] (ئە) قورقۇنچ، خەۋپ، ھەيۋەت:

ئەژدىھايى پىشەنى ھەيبەتتە كىم قىلغاي خەراب،
دۇلدۇل ئۈززە نەئرەئى ئاۋازى ھەيدەر بولماسا.

— زەلىلى.

ھەيبەتلىغ [هيبتليغ] قورقۇنچلۇق، خەۋپلىك، ھەيۋەتلىك:

كۆزلەرىم نەززارەلىغ قەددى جەمالىڭ كۆرگەلى،
پۇرشۇكۇھ ھەيبەتلىغ ئىسلام ئىلە بىللە يۈرگەلى.

— ئىسمائىل ھاجى.

ھەيجا [هيجا] (ئە) ئۇرۇش، جەڭ، كۈرەش.

ھەيجا ئالەتى — جەڭ ئەسلىھەلىرى، قورال - ياراغلىرى.

ھەيرەت [حيرت] (ئە) ھەيرانلىق، داڭ قېلىش، بىرەر نەرسىگە ئەقلىنىڭ يەتمەسلىكى؛ ئىككىلىنىش، شۈبھىلىنىش:

ئۇزارىڭ شەۋقىدە تۈنلەر ماڭا ھەيرەت بولۇپ ئەفزۇن،
نەۋالار ئەيلەگەنچە ئەيلەي - ئەيلەي تا سەبا قىلدىم.

— ئەرشى.

ھەيرەت ئەيلەمەك — ئەجەبلەنمەك، ھەيران بولماق، داڭ قالماق.

ھەيرەت غالىب بولماق — زىيادە ھەيران بولماق، ناھايىتى ھەيران بولماق.

هەيرەت قىلماق — «هەيرەت ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

هەيرەت ئوتى سالماق — ئىشق يالقۇنىنى ئۆرتەتمەك؛ لال قالدۇرماق، ئىشققا مۇپتىلا قىلماق.

هەيرەتى ئەبرار — ياخشى كىشىلەرنىڭ هەيرانلىقى.

هەيرەتئاباد [حيرت آباد] (ئە + پ) هەيرەت مۈلكى:

هەرنە سەندىن ئۆزگەدۇر هەيران ساڭا،
هەيرەتئاباد ئىچرە سەرگەردان ساڭا.

— نەۋايى.

هەيرەتئەنگىز [حيرت انكيز] (ئە + پ) هەيرەتكە سالغۇچى، تاڭ قالدۇرغۇچى؛ هەيرانلىقتا قالدۇرغۇچى.

هەيرەتفىزاي [حيرت فيزاى] (ئە + پ) هەيرەتكە سالغۇچى، هەيران قالدۇرغۇچى.

هەيرەتۇل - فۇقەها [حيرت الفقها] (ئە) دىنىي هوقۇق؛ فىقهى بىلىمدانلىرىنىڭ هەيرانلىقى.

هەيزە [هيضه] (ئە) ۋابا.

هەيسىيەت [حيثيت] (ئە) نىشان، بەلگە؛ سەۋەب، ۋاستە، ئېتىبار، لاياقەت.

هەيسىييەت [حيثيت] (ئە) «هەيسىيەت» كە قاراڭ.

هەيف [حيف] (ئە) ئەپسۇس، ئەتتەڭ:

گۈلكى تەۋۋابۇن رەهمىدۇر تەۋبە قىلغىل يىغلاغىل،
ۋادەرىغا بۇ مۇلەۋۋىس پاك دامانىڭغە هەيف.

— شەۋقى.

هەيف ئەتمەك — «هەيف دېمەك» كە قاراڭ.

هەيف دېمەك — ئېچىنماق، ئەپسۇسلانماق.

هەيكەل [هيكل] (ئە) 1) شەكىل، جىسىم، گەۋدە؛ كۆرۈنۈش. 2) تۇمار. 3) ئىمارەت، بۇتخانا؛ ئىبادەتخانا.

هەيلىغ [حى ليغ] تىرىكلىك:

سەندەدۇر هەم بىرلىكۇ هەم بارلىغ،
هەيلىغۇ قادىرلىغۇ غەففارلىغ.

— نەۋايى.

هەين [حين] (ئە) ۋاقىت، پەيت، پۇرسەت، چاغ:

بۇ هەيندە قارىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ،
تۆكۈپ سۇنى ناگاھ كوزىسىن يارىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بۇ هەيندە يامانلار كىشى ئۆتتى ئەۋج،
كى ئۇردى جەهاندا رىيا بەهرى مەۋج.

— ئا. نىزارى.

هەيهات [هيهات] (ئە) «ۋادەرىغا، دەرىغ، ۋاه» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگۈچى ئۈندىش سۆز:

كۆڭۈللەر يۇسۇفىن هەردەم ئەسىر ئەتمەك ئۈچۈن، هەيهات،
زەنەخدانى ئارا نۇن چەشمەسىدەك كۆلكۈ قازمىش چەه.

— ئەرشى.

هەيولا [هيولا] (ئە) هەربىر نەرسىنىڭ ئەسلى ۋە ماهىيىتى.

هەيون [هيون] (ئە) 1) قامەت، تاشقى كۆرۈنۈش. 2) ئات ياكى تۆگە.

هەيۋان [حيوان] (ئە) [كۆپلۈكى: هەيۋانات] 1) هەربىر جانلىق نەرسە، تىرىك مەخلۇق، هايۋان. 2) تىرىكلىك، دائىم بارلىق:

نۇش لەب بىرلە ئاغىز شەهدىنمۇ دەي شىرىن شەكەر،
يا مەگەر هەيۋان سۇيىدۇر ئابى زەمزەم بىرلە زەم.

— ئەرشى.

هەيۋان چەشمەسى — تىرىكلىك بۇلىقى، «چەشمەئى هەيۋان» غا قاراڭ.

هەيۋان سۇيى — تىرىكلىك سۇيى (ئەپسانىۋى سۇ)، هاياتلىق سۇيى:

جەننەت گۈلى غەمسىن كەسەر ئەي گۈل تەبەسسۇمۇڭ،
هەيۋان سۇيىغە جان بېرۇر ئابى تەكەللۇمۇڭ.

— گۇمنام.

چەشمەئى هەيۋان — تىرىكلىك سۇيى، ئىچكەن ئادەم ئەبەدىي ياشايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىنىدىغان سۇ.

سايىر هەيۋان — باشقا هايۋان، باشقا تىرىك نەرسىلەر.

هەيۋانات [حيوانات] (ئە) «هايۋان» غا قاراڭ، هايۋانلار.

هايۋانات تەسخىرى — هايۋانلارنىڭ بويسۇنۇشى، هايۋانلارنىڭ ئىتائەت قىلىشى.

هەيۋانۋەش [حيوان وش] (ئە + پ) 1) تىرىلدۈرگۈچى، هايات بەرگۈچى كەبى. 2) هايۋانغا ئوخشاش.

هەيۋانۋەش چەشمە — تىرىكلىك بۇلىقى.

هەيۋانىي [حيوانى] (ئە) هايۋانغا مەنسۇپ.

هەيۋانىي تەئام — هايۋان گۆشىدىن تەييارلانغان تائام؛ گۆشلۈك يېمەكلىك.

هەيۋانىيەت [حيوانيت] (ئە) هايۋانلىق، هايۋانىيەت.

هەييى [حى] (ئە) تىرىك، جانلىق.

هەييۇتەۋانا — خۇدانىڭ سۈپىتى.

بىرى ئايتۇركى: ئەي هەييۇ تەۋانا،
ئېرۇرسەن بارچە ئەهۋالىمغە دانا.

— لۇتفى.

هەييى دادگەر — ئەرز - دادىغا يەتكۈچى؛ ئادالەتلىك؛ تىرىك ئادىل (ئاللانىڭ سۈپىتى).

هەييى قەدىر — قۇدرەتلىك، هەمىشە تىرىك (ئاللانىڭ سۈپىتى)؛

هەييى قەدىم — ئەزەلدىن تىرىك (ئاللانىڭ سۈپىتى):

بەر ئامانلىق ماڭا بۇ دۇنيادا ئەي ھەيىي قەدىم،
ئاخىر دەمدە ماڭا قىل نۇرى ئىماننى نەسىب.
— قەلەندەر.

ھەيىي لايەزەل — ئەبەدىي تىرىك (ئاللانىڭ سۈپىتى).

ھەيىي لايەمۇت — ئۆلمەسلىك، دائىمىي، ئۆلمەس (ئاللانىڭ سۈپىتى).

ھەيىي مۇجىب — سەۋەبچى؛ ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى (ئاللانىڭ سۈپىتى).

ھەيىي ۋۇجۇد — تىرىك، بار مەنىسىدە (ئاللانىڭ سۈپىتى).

ھەيىز [حيز] (ئە) ئىچكى دائىرە؛ مەۋقە؛ جاي، ماكان؛ چېگرا.

ھەيىزى ئىمكان — ئىمكان دائىرىسىدە؛ مۇمكىن بولغانغا قەدەر.

ھۇباب [حباب] (ئە) 1) كۆپۈك، سۇ يۈزىدە پەيدا بولىدىغان كۆپۈكچىلەر:

دېمەلىك ئەبرۇلەرنىڭ تاقىنى ياد ئەتكەن زەمان،
ئاقار ئانداغكىم ياشىم ئۈستىدە گەردۇدە ھۇباب.
— ئەرشى.

2) ئاسمان گۈمبىزى.

ھۇباب ئۆيى — كۆپۈك، كۆپۈكچە؛ پانىي دۇنيا، بۇ ئالەم.

يەتتى ھۇباب — ئاسمان.

ھۇبابئاسا [حباب آسا] (ئە) كۆپۈك كەبى، سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك.

ھۇبب [حب] (ئە) سۆيۈش، ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت.

ھۇببۇل - ۋەتەن — ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەننى سۆيۈش:

ئۆزۈم سابىت قەدەم ھۇببۇل - ۋەتەن مەزمۇنىدىن ۋاقىف،
دىلىم سەيرى تەماشايى فەنا دەشتىدە مەھزۇنلۇق.
— شەۋقى.

ھۇبۇبات [حبوبات] (ئە) دانلار، ئۇرۇقلار.

ھۇبۇت [هبوط] (ئە) چۈشۈش، قونۇش، جايلىشىش:

رۇھ ئول دۇرۇركىم، ھەق ئاڭا بەرمىش ئەۋج،
نەفس زۇلمەتقە قالىپ، قىلمىش ئاڭا پايە ھۇبۇت.
— نەۋايى.

ھۇت [حوت] (ئە) 1) كونا ئاسترونومىيىدە ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئون ئىككىنچىسى؛ شەمسىيە (قۇياش) يىلى ھېسابىدىكى ئاي نامى (فېۋرال - مارت ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ). 2) بېلىق:

بالىغلەر بولۇپ دەي نەھەڭگە قۇت،
تالىڭ ئېرمەس نەھەڭكى، قۇت ئەتسە ھۇت.
— نەۋايى.

ھۇجاج [حجاج] (ئە) «ھۇججاج» قا قاراڭ:

سېنىڭ لۇتفۇڭغە زارۇ غەمگە يارۇ خاكسار ئولدۇم،
قەدەم قويساڭ قاياندىن ئىتلارىڭ قىلغان ھۇجاجىم بار.
— گۇمنام.

ھۇجەج [حجج] (ئە) [بىرلىكى: ھۆججەت] ھۆججەتلەر، دەلىللەر، ئىسپاتلار.

ھۇججاج [حجاج] (ئە) ھاجىلار، مەككە ۋە مەدىنىگە بارغان زىيارەتچىلەر؛ كەبىنى زىيارەت قىلغۇچىلار.

ھۇججەت [حجت] (ئە) ھۆججەت، دەلىل، ئىسپات.

ھۇججەتۇل - ئىسلام — مەشھۇر ئىمام غەززالىينىڭ سۈپىتى.

ھۇجرە [حجره] (ئە) ھۇجرا، خانا:

كېلۇرمۇ جان ئېلىنگە گەھ دەبان جانانە ئاندىن كۆپ،
ياساپ مەن ھۇجرەلەر كۆپ - كۆپ، ئۆلۈغ كاشەنە ئاندىن كۆپ.
— ئەرشى.

ھۇجرە ئەزمى ئەيلەمەك — تەنھا بولماق.

ھۇجلە [حجله] (ئە) «ھەجلە» گە قاراڭ.

ھۇد [هود] (ئە) 1) مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئىلگىرى (زەمھاك زامانىدا) ئۆتكەن ھۇد پەيغەمبەرنىڭ نامى. 2) قۇرئاندىكى 114 سۈرىدىن ئون بىرىنچى سۈرىنىڭ نامى.

ھۇدا [هدا] (ئە) توغرا يول، راست؛ دىنى ھەق، دىنى ئىسلام:

ئىشرەقەت مىن ئەگەسى شەمسىل كەئسى ئەنۋارۇل - ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدەكۆر، دەپ جامدىن چىقتى سەدا.
— نەۋايى.

ھۇدھۇد [هدهد] (ئە) ھۆپۈپ:

«ھې» ھىدايەت، لۇتفۇ تەۋفىقىن ھەم ئۈمىدۋار،
ھۇدھۇدىغە سەير ئېتەر باغۇ بەھارىم سەنمۇ سەن؟
— موللا سالىھ.

ھۇدۇد [حدود] (ئە) [بىرلىكى: ھەد] چېگرالار.

ھۇدۇدى باختەردىن تا بەخاۋەر — غەربتىن شەرققىچە.

ھۇدۇسىي [حدوثى] (ئە) پەيدا بولىدىغان.

ھۇدىي [حدى] (ئە) تۆگىچىلەر قوشىقى، غەزەلى.

ھۇدىي چەكمەك — قوشاق (غەزەل) ئېيتماق.

ھۇر I [حر] (ئە) ... ئازاد، ئەركىن، ھۆر. 2) پاك، پاكىز.

ھۇر II [حور] (ئە) شەھلا كۆز، گۈزەل، گۈزەل قىزلار؛

جەننەت قىزلىرى، ھۆر، ھۆر ـ پەرى:

يا پەرى، يا ھۇرى يا باغى ئېرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

— گۇمنام.

ھۇر سىفەت — «ھۇر مىسال» غا قاراڭ:

مەن ئىلى شەھرىدە كۆردۈم ۋاھ ئەجايىب بىر پەرى،
نە پەرىدۇر مەھۋەشكىم ھۇر سىفەتلىك دىلبەرى.

— موللا بىلال.

ھۇر مىسال — ھۆر (پەرى) كەبى، ھۆر سۈپەت، گۈزەل.

ھۇرى بىھىشت — جەننەتتىكى گۈزەل قىزلار، جەننەت قىزلىرى، ھۆرلىرى.

ھۇرى بىھىشت ئايىن — جەننەتتىكى گۈزەل قىزلارغا ئوخشاش.

ھۇرى چىگىل — چىگىل قەبىلىسىنىڭ گۈزىلى.

ھۇرى دەۋران — دەۋرىنىڭ ئەڭ گۈزىلى:

سېنىڭدەك تاپماسام دىلبەر ئەگەر، ئەي ھۇرى دەۋرانىم،
خوتەننى تاشلاپ ئۆز شەھرىمغە يانىپ بارماقىم لازىم.

— قەلەندەر.

ھۇرى رىزۋان — «ھۇرى بىھىشت» كە قاراڭ:

جەننەتى فىردەۋس ئارا گەر ھۇرى رىزۋان ئىزدەسەم،
تاپماغايمەن بىر سېنىڭدەك ساھىب ئىسرارى يەنە.

— ئەرشى.

ھۇرى زەمان — «ھۇرى دەۋران» غا قاراڭ.

كىمگە قىلساڭ شەفقەتىڭنى قىلماغىل ھۇرى زەمان،
دەردىڭ ئۆلتۈردى مېنى، ئەي شوخ، دەرمانىڭ تىلەپ.

— قەلەندەر.

ھۇرى غىلمان — جەننەت قىزلىرى، جەننەتتىكى خىزمەتكار ھۆرلەر:

ئاشىقى سادىق قىيا باقماس پەرىلەر ھۇسنىگە،
تەرك ئېتىپ جەننەتى رىزۋان ھۇرى غىلماندىن كېچەر.

— گۇمنام.

ھۇرى ئىين — ئاق يۈزلۈك، قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك گۈزەل قىز.

ھۇرا [حورا] (ئە) «ھۇر I» نىڭ بىرلىكى، «ھۇر I» گە قاراڭ.

ھۇرا جەبىن — ھۆر يۈزلۈك، چىرايلىق، گۈزەل.

ھۇرەتمەك [موراتماك] ئۇزاقلاشتۇرماق، يىراقلاشتۇرماق، قاچۇرماق، ئۈركۈتمەك.

ھۇرزاد [حورزاد] (ئە + پ) ھۆر (پەرى) دىن تۇغۇلغان، گۈزەل، گۈزەللەر نەسلى.

ھۇرمەت [حرمت] (ئە) 1) ھۆرمەت، ئېھتىرام:

نەچە كۈندۇركى بىر شوخى سىتەمگەر ئىشقى زورىدىن،
كېچىپمەن ھۇرمەتىمدىن گەرچە ھۇرمەتدارلىغ بىلمەس.

— ئەرشى.

2) ھارام نەرسە، شۈبھىلىك نەرسە:

قەرداشىڭنىڭ ھەرەمى ھالىدىن ۋاقىف بول ۋە مۇھافىزەت قىلكى، ھەمل ئەييامىدە لۇقمەئىكى، ئاندا ھۇرمەت يا شۇبھە بولغاي، يېمەگەي.

— نەۋايى.

ھۇرمەت شىئارلىق — ھەممىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ھۆرمەتنى ئادەت قىلىۋالغان.

ھۇرنەجاد [حورنجاد] (ئە) ھۆر نەسلىدىن، ھۆر نەسەبلىك.

ھۇرۇف [حروف] (ئە) [بىرلىكى: ھەرف] ھەرپلەر؛ سۆزلەر، ئىبارىلەر:

ۋەسفىنى قىلسام سىفەت ھەرگىز تۈگەنمەس ئاي يىل،
يىل ھۇرۇفىنى تەمام قىلماي مەگەر لال ئولدى تىل.

— موللا سالىھ.

ھۇرۇفى ئىللەت — ئەرەب گرامماتىكىسىدا «ا، و، ى» ھەرپلىرى «ھۇرۇفى ئىللەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ھۇرۋەش [حوروش] (ئە + پ) ھۆر ـ پەرىگە ئوخشاش، گۈزەل:

سىزنىڭدەك ھۇرۋەش ئادەم تاپىلماس،
پەرى يۈزلۈك مەسىھادەم تاپىلماس.

— ئاتايى.

ھۇرۋەش مەھبۇب — ھۆر ـ پەرىگە ئوخشاش گۈزەل يار.

ھۇرىزاد [حور زاد] (ئە + پ) «ھۇرزاد» قا قاراڭ.

ھۇرىزادە [حور زادە] (ئە) «ھۇرزاد» قا قاراڭ.

ھۇرىلىقا [حورلقا] (ئە) «ھۇر I» گە قاراڭ:

نېتەي جەننەتتە بولسە يۈز تۈمەن ھۇر،
جەھان باغىدە بىر ھۇرىلىقا بەس.

— ئەرشى.

ھۇرىۋەش [حور وش] (ئە + پ) «ھۇرۋەش» كە قاراڭ.

ھۇرىي [حورى] (ئە) گۈزەل، شەھلا كۆز، «ھۇر I» گە قاراڭ.

ھۇززار [حضار] (ئە) [بىرلىكى: ھازىر] مەۋجۇتلار، ھازىر بولغانلار؛ ھازىر بولغان كىشىلەر؛ ئىشتىراكچىلار.

ھۇززارۇل ـ مەجلىس — مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى، مەجلىسكە ھازىر بولغانلار.

ھۇزن [حزن] (ئە) [بىرلىكى: ئەھزان] غەم، قايغۇ،

ھەسرەت، خاپىلىق، غەمكىنلىك.

ھۆزن ئەھلى — دەردمەنلەر.

ھۆزنى جاۋىد ئولماق — دائىمىي قايغۇدا بولماق.

ھۆزۇر [حضور] (ئە) 1) ھۆزۇر، راھەت، زەۋق؛ پاراغەت، ھالاۋەت، ئاسايىش.

بۇلارنىڭ ھەر ھۆزۇرى شەمئىدىندۇر،
قاچان ئۇي ئىچرە بولغان جەمئىدىندۇر.

— خىرقەتى.

2) ئالدى، ھۆزۇر، ھۆزۇرى، ئىختىيارى، ھازىر بولۇش، كۆنۈش:

... چۈن ئاخىرلەرغە يەتتى، بىر كۈن ئۇستاد ھۆزۇرىدا جەمئى ئەئىممە بىلە ئولتۇرۇپ «شەرھىس - سۈننە» ئوقۇر ئېردى.

— نەۋايى.

ئۆز ھۆزۇرۇمغە مېنى قويماس دەمى،
كەلتۈرۈر كۆڭلۈمە ھەردەم ئەلەمى.

— نەۋايى.

ھۆزۇر ئەتمەك — راھەتلەنمەك.

ھۆزۇر قىلماق — راھەتلەنمەك، لەززەتلەنمەك، زوقلانماق.

ھۆزۇرى قەلب قىلماق — قەلب (كۆڭۈل) ئارام ئالماق، ھۆزۇرلانماق.

ھۆزۇز [حظوظ] (ئە) [بىرلىكى: ھەز] لەززەتلەر، راھەتلەر، بەھرىلەر.

ھۆسام [حسام] (ئە) قىلىچ، شەمشەر.

ھۆسن [حسن] (ئە) [كۆپلۈكى: مەھاسىن] گۈزەل چىراي، ھۆسن، كۆرك:

گەر دېسەڭكىم، باق مېنىڭدەككە، كۆزۈڭ يىغ ئۆزگەدىن،
قىيمەتى ھۆسنۈڭگە مەندەك ھەم خەرىدار ئولسە بەس.

— ئەرشى.

ھۆسن ئەھلى — گۈزەللەر.

نەچچە ھۆسن ئەھلى كېلىپ ياندىشسا ئانداغ بەلگۈرۈر،
بىر تىزىغ خەرمۇھرە ئىچرە گويىيا بىر گەۋھەرى.

— ئەرشى.

ھۆسن بۇرجى — گۈزەللىك ئاسمىنى.

ھۆسن خىلقىي — تەبىئىي چىراي، ھۆسن.

ھۆسن قۇياشى — گۈزەللىك نۇرى، پارلاقلىقى.

ھۆسن گەنجى — 1) گۈزەللەر خەزىنىسى. 2) سۆيگەنى.

ھۆسن ھەقىقىي — ئىلاھىي گۈزەللىك.

ھۆسنۇ جەمال — گۈزەللىك ۋە چىرايلىقلىق:

يوقتۇرۇر فەرزەندى ئادەمدە بۇ رەڭ ھۆسنۇ جەمال،
دەرمە بۇ شەكلى شەمايىلدىن فەرىشتەھ دۇر مەگەر.

— ئەرشى.

ھۆسنۇ لەتافەت — گۈزەللىك ۋە نازۇكلۇق.

ھۆسنۇل - مەئاب — «ھۆسنى مەئاب» قا قاراڭ:

دىلنىڭ چەشمى بىدار ئىسە كۆزدە خاب،
زەمى دىل، زەمى چەشم «ھۆسنۇل - مەئاب».

— غەرىبى.

ھۆسن ئېلى — گۈزەللەر، ھۆسندارلار:

بۇ دۇرمۇ ھۆسن ئېلىنىڭ مەزھەبى، ئەي دىلبەرى رەئنا،
نەچەلەر ۋەئدە قىلدىڭ بىرىگە، ئەي يار، تۇرمايسەن.

— قەلەندەر.

ھۆسنى ئەدا — گۈزەل ئىپادە، ياخشى ئۇسلۇب.

ھۆسنى تالىئ — بەختلىك، ياخشى تەلەي.

ھۆسنى تەكەللۇم — ياخشى ۋە مۇلايىم سۆز.

ھۆسنى زىب — چىرايلىقلىق.

ھۆسنى سەۋت — چىرايلىق ئاۋاز، يېقىملىق ئاۋاز.

ھۆسنى شامە — ھىد (پۇراق) بىلىش، ھىدنى ياخشى سىزىش قۇۋۋىتى.

ھۆسنى مەئاب — قايتىپ بېرىشقا تېگىشلىك ياخشى جاي؛ ھۆسندار؛ گۈزەل.

ھۆسۇل [حصول] (ئە) ھاسىل بولۇش، قولغا كىرىش، ئېرىشىش.

ھۆسۇل بولماق — مۇرادىغا يەتمەك.

ھۆسۇل تاپماق — قولغا كىرگۈزمەك.

ھۆش [هوش] (پ) ھۇش، ئەس، سەزگۈ، ئاڭ، ئەقىل:

ھېچ مەجالىم يوق ئۇ كۈن ياتتىم كىرىپ گۈلشەن ئارا،
گاھى مەستۇ گاھى بىھۇش گاھى ھۆشۇمغە كېلىپ.

— موللا سالىھ.

ھۆش ئەھلى — ھوشيارلار، ئەقىللىقلەر؛ ئەس - ھوشى جايىدا كىشىلەر.

ھۆشۇ خىرەد — ئەس (ھوش) ۋە ئەقىل.

ھۆشى ئازماق — ھوشىدىن كەتمەك، ئۆزىنى يوقاتماق.

ھۆشى بارماق — ئۆزىنى يوقاتماق، ھوشسىز بولماق.

ھۆشى يوق — دىۋانە، مەجنۇن؛ مەست.

ھۆشەڭ [هوشنك] (ئە) ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 2 - پادىشاھى.

ھۆشبەر [هوش بر] (پ) مەست قىلغۇچى، ھوشىنى ئالغۇچى.

ھۆشرەباي [هوش رباى] (پ) ھوشىنى ئالغۇچى، ھوشسىزلاندۇرغۇچى.

ھۆشكەردار [هوش كردار] (پ) ھوشيار، ھوشلۇق،

ئەقىللىق.

ھۆشلۇق [ھوشلوق] ھوشيار، ھوشى، سەزگۈسى بار، ئېسى (ھوشى) جايىدا.

ھۆشمەند [ھوشمند] (پ) ھوشيار، ئەقىللىق؛ زېرەك:

يوقتۇرۇر دۇنيا ئىچىندە بىر سېنىڭدەك ھۆشمەند،
ھەم مېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەم دىلفىگارى دەردمەند.

— قەلەندەر.

ھۆشمەندانە [ھوشمندانه] (پ) ئاقىلانە، دانالارچە؛ ھوشيارلىق بىلەن.

ھۆشمەندانە سۆز — ئاقىلانە، دانالارچە ئېيتىلغان سۆز، ھوشيارلىق بىلەن دېيىلگەن سۆز.

ھۆفرە [حفره] (ئە) قۇدۇق، چوڭقۇرلۇق، ئازگال:

ئىچىندە نەمۇدار ئانداق تىلىسىم،
كىم ئول ھۆفرە كۇنجىدە بىر روي جىسىم.

— نەۋايى.

ھۆففاز [حفاظ] (ئە) [بىرلىكى: ھافىز] قارىيلار، ھاپىزلار.

ھۆققە [حقه] (ئە) 1) قۇتىچە، قىممەت باھالىق تاشلار سېلىنىدىغان يۇمۇلاق قۇتا، قىممەت باھالىق نەرسىلەر ساقلىنىدىغان ساندۇق:

بىر باغدا ئاچىلغان يوق دەھر ئىچرە سېنىڭدەك گۈل،
ھەم غۇنچە ئېرۇر لەئلىڭ ھەم ھۆققە ئىچىدە مۇل.

— گۇمنام.

2) مەشۇقەنىڭ ئاغزى:

بۇ بۇلبۇل مەست ئېردى ئۆزگە كەلدى،
ئاچىپ لەب ھۆققەسىنى سۆزگە كەلدى.

— خىرقەتى.

ھۆققەئى دۇردان — جاۋاھىرلار (قىممەت باھا تاشلار) سېلىنىدىغان قۇتىچە.

ھۆققەئى لەبالەب — ئىچى لىق تولغان قۇتىچە.

ھۆققۇئى لەئل — قىزىل لەۋ، يارنىڭ لېۋى.

ھۆققە باز [حقەباز] (ئە + پ) نەيرەڭۋاز.

ھۆكەما [حكما] (ئە) [بىرلىك: ھەكىم] ئالىملار، پەيلاسوپلار؛ دانالار، دانىشمەنلەر. 2) تېۋىپلار، ھەكىملەر.

ھۆككام [حكام] (ئە) [بىرلىكى: ھاكىم] ھاكىملار، ھۆكۈمرانلار، ھۆكۈم قىلغۇچىلار؛ پادىشاھلار.

ھۆكم [حكم] (ئە) 1) ھۆكۈم، بۇيرۇق، پەرمان. 2) خاھىش.

ھۆكم ئەتمەك — بۇيرۇق قىلماق.

ھۆكم فەرما — ھۆكۈم سۈرگۈچى.

ھۆكمى جۇلۇس — ئۆلتۇرۇش بۇيرۇقى، تەكلىپى.

ھۆكمى سىياسەت — سىياسەت تەقەززاسى، يوليورۇقى، سىياسەتكە مۇۋاپىق؛ ئۆلۈم جازاسى.

ھۆكمى شاھى تاپماق — دۇنيا شاھلىقىنى ئىگىلىمەك.

ھۆكمى قەزا — تەقدىر، تەقدىر ھۆكمى.

ھۆكمى كۆل — ياخشى نەتىجىلىك، ھەممىگە ماقۇل بولىدىغان.

ھۆكمران [حكمران] (ئە + پ) ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى، ھۆكۈمران؛ پادىشاھ:

ئانامغا كېلىپدۇر بۇ نەۋۋ ھۆكمران،
ئانىڭ خەۋفى بىرلە بولۇپ ياشى قان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھۆكمرانى زەمان — زامان شاھى، بېگى.

ھۆكۈمەت [حكومت] (ئە) ھۆكۈمرانلىق، ھاكىملىق: ھۆكۈمەت.

ھۆكۈمەت قىلماق — ھۆكۈمرانلىق قىلماق، ئىدارە قىلماق.

ھۆلەل [حلل] (ئە) [بىرلىكى: ھۆللە] زىننەتلىك كىيىملەر، يېڭى كىيىملەر، «ھۆللە» گە قاراڭ.

ھۆلقۇم [حلقوم] (ئە) ھەلقۇم، كېكىردەك، «ھەلق» گە قاراڭ.

ھۆللە [حله] (ئە) بېزەكلىك (زىننەتلىك) كىيىم، نەپىس رەختتىن تىكىلگەن كىيىم:

ئاغاز كىتاب مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە ۋە ھۆللەئى بەستەدام
ۋە شىكەستەئى جام.

— خىرقەتى.

ھۆللەئى ئال — قىزىل رەڭلىك نەپىس كىيىم.

ھۆللەئى چىمەن — چىمەن شايىسى، يىپەكلىك كىيىمى.

ھۆللەئى كافۇرگۇن — ئاق رەڭلىك بېزەك (زىننەت) كىيىمى.

ھۆللەئى ماۋىي — كۆك رەڭلىك كىيىم.

ھۆللەئى نۇر يايماق — نۇر تارقاتماق؛ قۇياش چىقماق.

بېھىشت ھۆللەسى — ئۈستىباش، ئەڭ چىرايلىق، زىننەتلىك كىيىم.

ھۆللەباف [حلەباف] (ئە + پ) يىپەكلىك شايى توقۇغۇچى (بايغۇچى).

ھۆللەپوش [حلەپوش] (ئە + پ) نەپىس رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن، يىپەك كىيىملەرگە ئورالغان:

لال ئولۇپ ۋەسفىڭدە ئەرشى بولدى بۇ دەم گەر خەمۇش،
فەخرىنى لۇتفۇڭدىن ئانى بولسە ھەم قىل ھۆللەپوش.

— ئەرشى.

ھۆللەسان [حلەسان] (ئە + پ) نەپىس يىپەككە ئوخ-

شاش، نەپەس رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كەبى.

ھۆللەۋار [حلەوار] (ئە + پ) زىننەتلەنگەن، بېزەلگەن.

ھۆللەۋار ئەتمەك — زىننەتلىمەك، بېزىمەك.

ھۆلۇل [حلول] (ئە) كىرىش، داخىل بولۇش، قاتنىشىش، بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىش.

ھۆلۇل قىلماق — كىرمەك، كىرىپ جايلاشماق؛ ئورناشماق، سىڭمەك، سىڭىشمەك.

ھۆلۋ [حلو] (ئە) شېرىن، تاتلىق، لەززەتلىك.

ھۆلىيە [حليە] (ئە) كىيىم، بېزەك، زىننەت، تاشقى كۆرۈنۈش؛ تاشقى بەلگىلەر.

ئەقل ھۆلىيەسى — ئەقىل بېزىكى.

بىلىك ھۆلىيەسى — بىلىم زىننىتى.

ھۆما [هما] (پ) ئەپسانىۋى قۇش، دۆلەت قۇشى، كىمنىڭ بېشىغا قونسا (سايىسى چۈشسە) بەختلىك بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىنىدىغان قۇش؛

ھۆما گەر ئۇستىخانىم كۆرسە كىرپىك تارى دەپ باقماس،
قاچان ئالەمدە مۇنداغ ئېردى جىسمى ناتەۋان پەيدا.

— ئەرشى.

ھۆماي [هماى] (پ) «ھۆما» غا قاراڭ:

سەن بىر ھۆمايى مەن بىر گەدايىڭ،
يايغىل باشىمغە چەترى سەئادەت.

— موللا بىلال.

ھۆماي مىسال — دۆلەت قۇشىغا ئوخشاش، بەخت قۇشىدەك.

ھۆمايۇن [همايون] (پ) قۇتلۇق، مۇبارەك، شەرەپلىك؛ قۇۋۋەتلىك:

ھۆمايۇن ئېردىم ئەمما دام ئىشقىغە بولۇپمەن قەيد،
چىگىلمىش رىشتەسى جانغە قۇتۇلماغلىق ئەمەس ئاسان.

— ئا. نىزارى.

ھۆمايۇن ئەلقاب — سائادەتلىك نام، قۇتلۇق ئىسىم.

ھۆمايۇن جەمال — ئۇلۇغ، كۆركەم يۈزلۈك؛ بەختلىك.

ھۆمايۇن فال — كېلەچەكى قۇتلۇق، بەختلىك، بەختىيار؛ ئامەتلىك، ئامەتى كەلگەن.

ھۆمايۇن قۇش — بەخت قۇشى، دۆلەت قۇشى.

ھۆمايۇنفەر [همايون فر] (پ) ئەڭ يۈكسەك، ئالىي دەرىجىدىكى شان ـ شەۋكەت.

ھۆمايۇنۋەش [همايون وش] (پ) بەختلىك، خۇش ۋاقىت.

ھۆمايۇنۋۇرۇد [همايون ورود] (پ + ئە) بەخت كەلتۈرگۈچى، بەختىيار قىلغۇچى؛ ئامەتلىك.

ھۆمرا [حمرا] (ئە) قىزىل:

قۇياشتەك يۈز گۈلى رەڭنا ئېرۇر بىر گۈنەگى ئاندىن،
ئاچىلمىش باغى سۇنئۇڭ ئىچرە تورلۇك لالەگى ھۆمرا.

— مەشھۇرى.

بادەئى ھۆمرا — قىزىل مەي.

ھۆمرەت [حمرت] (ئە) قىزىللىق:

خۇنفىشان كۆزنى يوبان ئاق ئەتتى ئەشكىم كەسرەتى،
گەرچە كەتمەس لالەنىڭ سۇۋۇدىن سەۋادۇ ھۆمرەتى.

— نەۋايى.

ھۆمما [حما/حمى] / (ئە) [كۆپلۈكى: **ھۆممىيات**] ئىسسىتما كېسەللىكى، بەزگەك؛

ھۆمما ئوتى — ئىسسىتما، ھارارەت.

ھۆمۇل [حمول] (ئە) يۈك، يۈكلىنىش؛ ئارتتۇرۇش؛ زىيادە قىلىش، كۆپەيتىش.

ھۆمۇم [هموم] (ئە) [بىرلىكى: هم] مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، تەشۋىش، غەم، قايغۇ.

ھۆمۇمى زائىد — ئارتۇقچە تەشۋىش.

ھۆنە [هونه] كېيىكنىڭ ئەركىكى، ئەركەك كېيىك.

ھۆنەر [هنر] (پ) ھۈنەر، ماھارەت؛ ماھىرلىق:

مەئرىفەتدۇر خالىس ئالتۇن تەمغەسى فەزلۇ ھۈنەر،
ئالتىنى تانى دەغەلدىن، ئارى دىنار ئىستەمە.

— نەسىمى.

ھۆنەر ئەتۋارى — ھۈنەر يولى، ھۈنەر تەرتىپى.

ھۆنەر بىلمەك — ئىش بىلمەك، ئىش بىلىدىغان بولماق.

ھۆنەر كەلمەك — قولىدىن ئىش كەلمەك.

ھۆنەرپەرۋەر [هنرپرور] (پ) ھۈنەرنى سۆيگۈچى، ھۈنەرۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرغۇچى.

ھۆنەركار [هنركار] (پ) ھۈنەرۋەن، سەنئەتكار.

ھۆنەرمەند [هنرمند] (پ) ھۈنەرۋەن، ئىش بىلىدىغان.

ھۆنەرۋەر [هنرور] (پ) ھۈنەرۋەن، پەزىلەتلىك ئادەم، قولىدىن كۆپ ئىش كېلىدىغان كىشى:

يېتىپ كەلدى بارچە ھۈنەرۋەرلەرى،
بار ئىردى گۈيىدە كۈمۈش زەرلەرى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھۆنەرىي [هنرى] (پ) ھۈنەرگە ئائىت، ھۈنەرگە مەنسۇپ.

ھۆنىل ـ ئەمەك [هونى لاماك] 1) ئوقيانى تەييارلىماق، يا (كامان) كىرىچىگە ئوقنى بېكىتمەك؛ ئوق ئۈزۈشكە ھازىرلانماق. 2) ۋىژىلىماق (ئوق ئاۋازى ھەققىدە).

ھۆۋەيدا [هويدا] (ئە) ئايان، روشەن، ئاشكارا، ئېنىق:

لا مەكانىنىڭ شەھرىدە ئاشىقنى شەيدا قىلدى ئىشق،
ئەنبىيائى ئەۋلىيالارنى ھۆۋەيدا قىلدى ئىشق.

— مەشرەب.

ھۆۋىييەت [هويت] (ئە) ماھىيەت، ھەقىقەت:

«ھا» سى ھۆۋىييەتنى قىلىپ جىلۋە گاھ،
«لامى» بىلە قايىل «ئەل - مۈلكۈ لاھ.»

— نەۋايى.

ھۆي [هوى] 1) خۇرسەنلىكتىن ئېيتىلىدىغان سادا. 2) داد، ۋاي، ئاھ - ئاھ:

بۈگۈن باغى گۈلىستان گۈللەرى خۇش بەرگ رىز ئولدى،
سەھەر ھوي چېكەردە سەرسەرى ئاھىم خەزان ئەتكەچ.

— زەلىلى.

ھۆي چەكمەك — ھۆي تارتىپ (ئاھ - ۋاھ چېكىپ) نالە قىلماق.

ھىبە [هبه] (ئە) ھەدىيە، سوۋغا، تارتۇق؛ سەدىقە:

نە ماڭىشدۇركى، تەنلەر ھىبەسى ئانىڭ،
نە ياقىشدۇركى، جانلەر فىداسى ئانىڭ.

— نەۋايى.

ھىبس [حبس] (ئە) قاماش، ھەپسىگە (تۈرمىگە) سىپلىش؛ قاماقخانا؛ تۈرمە، ھەپسە، زىندان.

ھىبس بۇيۇرماق — قاماشقا بۇيرۇماق، قاماققا ھۆكۈم قىلماق.

ھىجا [هجا] (ئە) 1) مەسخىرە، ھەجۋ، ھەجۋىي سۆزلەر. 2) ھەرپلەرنى ئايرىم - ئايرىم ئوقۇش. 3) بوغۇم، سۆز بوغۇمى.

ھىجا تۇمارى — بىمەنە، تۈرلۈك ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن تۇمار؛ ھەجۋنامە.

ھىجاب [حجاب] (ئە) 1) يېپىنچا، پەردە، توسۇق:

ئاڭا ئەيلەدىم مەن بۇ يەڭلىغ خىتاب،
كى شەيتان بولۇپدۇر يولۇڭغە ھىجاب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

قويمە يۈزۈڭنى نىقاب ئىچىندە،
رەڭ ئولدى ئادەم ھىجاب ئىچىندە.

— نەسىمى.

2) ئۇيات، ئۇيىلىش:

ھەر چەند سەگىي ئەيلەپ بەزمەڭگە تاپمادىم يول،
دەردائۇ يۈز دەرىغا، بولدۇم ئۆزۈم ھىجابى.

ھىجاب بولماق — توسۇلماق.

ھىجاب دەفئ بولماق — پەردە كۆتۈرۈلمەك، توسۇپ تۇرغان نەرسە يوق بولماق.

ھىجاب ئوتىغە سۇ ئۇرماق — ئاردىكى ئۇيىلىش، ئەيمىنىشنى يوق قىلماق.

ھىجابى پىنھانى — يوشۇرۇن پەردە.

ھىجابلىغ [حجاب ليغ] پەردىلىك.

ھىجار [حجار] (ئە) [بىرلىكى: ھەجەر] تاشلار، «ھەجەر» گە قاراڭ.

ھىجاز [حجاز] (ئە) 1) مۇزىكىدا بىر مۇقام نامى. 2) ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ قىزىل دېڭىز بويىدىكى غەربىي قىسمى، مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرى جايلاشقان قىسمى.

ھىجران [هجران] (ئە) ئايرىلىش، پىراق، جۇدالىق:

فەھم ئېتەرمەن بولماغۇم ئۆلگۈنچە ھىجراندىن خەلاس،
ھەجرىدە شامۇ سەھەر يۈز ئاھۇ ئەفغاندىن خەلاس.

— ئەرشى.

ھىجران سۆزى — ئايرىلىشنىڭ كۆيدۈرۈشى، جۇدالىق سۆزلىرى.

ھىجران غەمى — ئايرىلىش غېمى.

ھىجران ئوتى — ئايرىلىشتىن كۆيۈش:

ئاھكىم، ھىجران ئوتى ئاخىر مېنى قىلدى كەباب،
ھەجرۇ فۇرقەتدە كۆيۈپ ئەمدى ئەدا بولدۇم نېتەي.

— موللا سالىھ.

ھىجرەت [هجرت] (ئە) ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاينى تاشلاپ باشقا بىر جايغا كۆچۈش؛ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈشى (ئىسلامدا شۇ كۈننى يىل بېشى قىلىپ بېكىتكەن، شۇڭا مۇسۇلمان يىلى ھېسابى «ھىجرىي» يىل دەپ ئاتالغان. ھىجرىيە يىلى مىلادىيە يىلى بويىچە 662 - يىلى 16 - ئىيۇلدىن باشلانغان):

كىشىكى دىلرەبادىن تاپسا ھىجرەت،
ئىچەر بىر كۈن ۋىسالى بىرلە شەربەت.

— خىرقىتى.

تارىخ سەككىز يۈز تۆرت ئېردى ھىجرەت،
كى نەقىش ئەتتىم بۇ مەنزۇرى مۇھەببەت.

— لۇتفى.

ھىجرىي [هجرى] (ئە) ھىجرىيەت، ھىجرىيەگە مەنسۇپ:

مىڭ يۈز ئاتمىشدە ئېردىكىم ھىجرىي سىنە،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىفى بولدى ۋە ۋەسسالام.

— نەۋبەتى.

ھىدايەت [هدايت] (ئە) يول باشلاش، توغرا يول كۆرسىتىش، توغرا يول تېپىش، توغرا يولغا كىرىش:

يولۇمغە رەھبەرلەت ئەھلى ئىنايەت،
ۋىسالىڭ بەزمىغە قىلسۇن ھىدايەت.

— گۇمنام.

ھىدايەت ئەيلەمەك — توغرا يول كۆرسەتمەك، يولغا سالماق.

ھىدايەت بۇلۇتى — توغرا يول بەرىكەتلىرى؛ توغرا يولدا

يۇرۇشتىكى بەرىكەتلەر.

ھىدايەت زىلالى — زىلال (شېرىن) سۇدەك كۆڭۈلگە تەسكىن بەرگۈچى توغرا يول.

ھىدايەت شەجەرەسىنىڭ سەمەرەسى — توغرا يولدا يۈرۈشتىكى كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەتلەر.

ھىدايەت قاسىدى — توغرا يولغا سالغۇچى، توغرا يولغا سېلىشنى خالىغۇچى.

ھىدايەت ئېلى — ياخشىلىققا ئېرىشىشكە مۇيەسسەر بولۇش.

ھىددەت [حدت] (ئە) 1) ئۆتكۈرلۈك، كەسكىنلىك، ئۆتكۈر، تېز؛ تېزلىك. 2) غەزەپ، قىزغىنلىق.

ھىراسەت I [حراثت] (ئە) دېھقانچىلىق، زىرائەتچىلىك، تېرىقچىلىق.

ھىراسەت II [حراست] (ئە) ھىمايە قىلىش، قورۇقلاش.

ھىراۋۇل [هراول] (ئە) قوشۇننىڭ ئىلغار، ئاۋانگارت قىسمى، رازۋېدكىچى.

ھىرەف [حرف] (ئە) [بىرلىكى: ھىرفە] ھۈنەر، سەنئەت؛ كەسىپ.

ھىرز [حرز] (ئە) 1) ساقلايدىغان، ئاسرايدىغان؛ ساقلىنىش، ئامان بولۇش، ئامانلىق جاي، ساقلىنىش جايى. 2) تۇمار:

قىلىپ ھەققە ھەردەم مۇناجاتلار،
ئوقۇپ ھىرزلار بەلكى ئاياتلار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھىرزى ئەمانىي — سېھىر ۋە جادۇنى قايتۇرغۇچى تۇمار، دۇئا.

ھىرزى جان — جاننى ساقلاش تۇمارى.

ھىرس [حرص] (ئە) ئاچ كۆزلۈك، بىرەر نەرسىگە قاتتىق بېرىلىش:

ھەم ئۇمۇرنىڭ بەقاسى يوقلۇغىدىن بېرىپ نىشان،
ئەھلى ھىرس غەفلەتىدىن ئېتەرمەن شىكايەتى.

— سەبۇرى.

ھىرسىدىن كەچمەك — تەمەدىن ساقلانماق، قانائەت قىلماق.

ھىرسۇ شەيدالىغ — ھەددىدىن تاشقىرى بېرىلگەن؛ مەپتۇن.

ھىرسۇ ھەۋا — بىرەر نەرسىگە قاتتىق بېرىلىش، ھەۋەس.

ھىرسۇ ھەۋا غەلەبەسى — ئاچ كۆزلۈك ۋە ھاۋايى نەپسنى يېڭىش.

ھىرسكېش [حرص كيش] (ئە + پ) ئاچ كۆز:

دېدى مۇدمۇد: *«كى ئەي زەبۇنى ھىرسكېش،*
نەفس زۇلمى ئەيلەگەن كۆڭلىڭنى رېش.»

— نەۋايى.

ھىرفە [حرفه] (ئە) [كۆپلۈكى: ھىرەف] ھۈنەر - كەسىپ، تەدبىر:

بۇ ھىرفە ئارا ھەم سەلاھۇ فەساد،
كى پېشلى ئېرۇر ھەم بەيازۇ سەۋاد.

— غەرىبى.

ھىرفە ئەھلى — ھۈنەرۋەنلەر، بىرەر كەسىپ بىلەن مەشغۇل كىشىلەر.

ھىرفەت [حرفت] (ئە) «ھىرفە» گە قاراڭ:

بەنە ھىرفەت ئەھلى تۇتۇپ گوشەلى،
مەئاشى ئۇچۇن ئىستەسە توشەلى.

— نەۋايى.

ھىرفەگەر [حرفەكر] (ئە) «ھىرفەۋەر» گە قاراڭ:

قىلىپ ھىرفەگەرلەر تۇمۇردىن قەفەس،
دېدىم: *ئالدىمە قوي كۆرەي ھەر نەفەس.*

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھىرفەۋەر [حرفەور] (ئە + پ) ھۈنەرۋەن، كاسىپ:

خانە قاھىغە سالدى ئوت كىرگەچ نەۋائىي دەير ئارا،
ھىرفەۋەردەك گەنجكىم تاپتى، دوكانىن ئۆرتەدى.

— نەۋايى.

ھىرقەت [حرقت] (ئە) 1) شولا، كۆلەڭگە. 2) غەم، قايغۇ. 3) كۆيدۈرۈش، ياندۇرۇش؛ كۆيۈش، يېنىش؛ ئوت:

ئىچىم لەئل ئولدى فۇرقەتىدىن، كۆزۈم دۇر يىغدى ھەيرەتىدىن،
ئاياغ، باش شۇئلە ھىرقەتىدىن بۇ يەڭلىغ تەختۇ تاجىم بار.

— گۇمنام.

ئېرۇر نىشمەت ئەگەر مىھنەت ئىچىدە،
بىلىڭ زەر ساپ ئولۇر ھىرقەت ئىچىدە.

— خىرقەتى.

4) كۆيۈنۈش.

ھىرمان [حرمان] (ئە) مەھرۇملۇق، بەھرە ئالالماسلىق، بەھرىمەن بولالماسلىق، يېتىشمەسلىك، ئۈمىدسىزلىك؛ ئاجراپ قالغان؛ چەكلەنگەن، مەنئى قىلىنغان:

ئەي گۇمناما نەۋبەتى ھىرمان كەتتى،
ۋەسل ئولدۇم ئاڭا نەۋبەتى ھىجران كەتتى.
زۇلف ھەلقەسىنى كەمەند ئېتىپ سەيد ئەيلەپ،
يا قاشى بىلە ئوقلارى مۇژگان كەتتى.

— گۇمنام.

ھىرمان ئوقى — مەھرۇملۇق ئوقى.

داغى ھىرمان — مەھرۇملۇق، ئۈمىدسىزلىك دېغى.

ھىزەبر [هزبر] (پ) شىر، ئارسلان، جەسۇر، باتۇر.

ھىزەبرشىكار [هزبرشكار] (پ) ئارسلان ئوۋلىغۇچى، پالۋان، باھادىر.

ھىس [حس] (ئە) سەزگۈ، ھېس - تۇيغۇ.

ھىساب [حساب] (ئە) ئېتىبار، قەدىر، قەدىر - قىممەت. 2) سان، ئەدەد. 3) ئوي، پىكىر. 4) قاتار، توپ. 5) سوراق، تەقدىر.

ھېساب ئالماق — تەكشۈرمەك، ھېساب ئالماق؛ ئىبرەت ئالماق.

ھېساب ئەسرەمەك — ھېسابنى ساقلىماق، ھېسابقا ئالماق.

ھېساب ئەيلەمەك — سانىماق، ھېسابلىماق.

ھېساب ۋەقتى — ساناش، نەتىجە چىقىرىش ۋاقتى.

ھىسار [حصار] (ئە) 1) قەلئە، قورغان، ئىستىھكام:

… ۋە نەچچە مۇددەتدىن كېيىن خاتۇنى ئۆلۈپ، تاجىرنى ھىسارغە سولاغاندا، يەنە بىر فەرەڭنىڭ خاتۇنىنى كەلتۈرۈپ، ھىساردا ئىككەۋلەن تاپىشىپ، ئانچە مۇشەققەتلەر بىلە سىفلىنى تېشىپ، بىر مۇنچە جەۋاھىرلار ئالىپ، ئىككەۋلەن قاچىپ چىققانى……

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) كۆك، ئاسمان:

ئۆيلەكى كەيۋانى نومۇ سەتشئار،
كىم ئېرىدۇر گۇنبەدى نىلى ھىسار.

— نەۋائى.

ھىسار دەۋرى — قەلئە ئەتراپى.

ھىسارنىشىن [حصارنشين] (ئە + پ) قەلئەدە ئولتۇرغۇچى.

ھىسارى [حصارى] (ئە) ئورالغان، قامالدا، قورشاۋدا قالغان، قورغان ئىچىدە قالغان.

ھىسسەمەك [حساماک] (ئە) ھېس قىلماق، سەزمەك.

ھىسن [حصن] (ئە) قورغان، قەلئە، ئىستىھكام.

ھىسنى فەلەك — پەلەك قورغىنى، ئاسمان.

ھىسنى ھەسىن — مۇستەھكەم ئورالغان قورغان، قەلئە.

ھىفز [حفظ] (ئە) 1) ساقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش. 2) تەربىيەت. 3) ئەستە تۇتۇش.

ھىفز ئەتمەك — يادلىماق، ئېسىدە (ئەستە) قالدۇرماق، ئەستە تۇتماق؛ ھىمايە قىلماق؛ ساقلىماق.

ھىفز ئەيلەمەك — ساقلىماق، ئاسرىماق؛ ھىمايە قىلماق.

ھىفز قىلماق — «ھىفز ئەتمەك» كە قاراڭ.

ھىفزىدە ئەسرەدىك — ھىمايىسىدە ئاسرىسۇن.

ھىفزى ھالى — ھالىتىنى، ساقلىقىنى ساقلاش.

ھىقد [حقد] (ئە) ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت.

ھىكايات [حكايات] (ئە) ھېكايىلەر، قىسسىلەر:

ئىشتىكىل خەستە بۇلبۇلدىن ھىكايات،
كېچە - كۈندۈز قىلۇر ئېردى مۇناجات.

— خىرقەتى.

ھىكايەت [حكايت] (ئە) ھېكايە، مەلۇمات:

ئەمدى قىلاي بۇ دەھرى فەنادىن ھىكايەتى،
ھەمە ئالەم ئەھلىدىن ئەيلەي رىۋايەتى.

— سەبۇرى.

ھىكايەت قىلماق — نەقىل قىلماق، رىۋايەت ئېيتماق.

ھىكايەت گۇزار — ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىش، سۆزلەش:

نەكىم ئۆتكەن ئاخشامدا ئىككى كىشى،
ھىكايەت گۇزارلىق ئىدى ۋەرزىشى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھىككە [حكه] (ئە) 1) قىچىشقاق، قوتۇر، تەمرەتكە. 2) كۆرەلمەسلىك، ئىچى قارىلىق.

ھىكمەت [حكمت] (ئە) [كۆپلۈكى: ھىكەم] 1) دانىشمەنلىك، دانالىق. 2) ئىلىم، مەرىپەت. 3) تەدبىر، چارە؛ پايدىلىق ئىش. 4) پەلسەپە. 5) سىر، مەخپىيەتلىك، يوشۇرۇن سەۋەب. 6) مەسەل، مەسەل قىلىش.

ھىكمەت ئايتماق — ھېكمەت سۆزلىمەك؛ نازۇك؛ چوڭقۇر مەنىلىك پىكىر بايان قىلماق.

ھىكمەت شۇكۇھى — بىلىم شۆھرىتى، مەشھۇرلۇقى.

ھىكمەتۇ ئەقل — ئىلىم ۋە ئەقىل.

ھىكمەتى ئىلاھى — خۇدانىڭ خاھىشى، ئىرادىسى.

ھىكمەت ئىلمى — پەلسەپە ئىلمى.

ھىكمەتئاباد [حكمت اباد] (ئە + پ) ھېكمەتكە تولغان جاي، ھېكمەت ماكانى.

ھىكمەتئاسا [حكمت اسا] (ئە + پ) ھېكمەتلىك، سىرلىق.

ھىكمەتئامىز [حكمت اميز] (ئە + پ) ھېكمەتلىك، ھېكمەتكە تولغان.

ھىكمەتئايىن [حكمت ايين] (ئە + پ) بىلىملىك، بىلىمدان، دانىشمەن.

ھىكمەتپەرەست [حكمت پرست] (ئە + پ) دانىشمەن، ھەكىم، پەيلاسوپ.

ھېكمەتپەناھ [حکمت پناه] (ئە + پ) بىلىملىكلەر، بىلىمدانلار ھامىيسى.

ھېكمەتپىشە [حکمت پيشه] (ئە + پ) «ھېكمەتپەرەست» كە قاراڭ.

ھېكمەتجو [حکمت جو] (ئە + پ) «ھېكمەتپەرەست» كە قاراڭ.

ھېكمەتجوي [حکمت جوى] (ئە+ پ) دانىشمەن، دانا، «ھېكمەتجو» غا قاراڭ.

ھېكمەتساز [حکمت ساز] (ئە + پ) دانا، دانىشمەن، پەيلاسوپ، «ھېكمەتپەرەست» كە قاراڭ.

ھېكمەتسىرىشت [حکمت سرشت] (ئە + پ) ھېكمەتلىك، سىرلىق، يوشۇرۇن.

ھېكمەتقىسىم [حکمت قسم] (ئە) دانىشمەن، ھەكىم، پەيلاسوپ؛ «ھېكمەتپەرەست» كە قاراڭ.

ھېكمەتقىياس [حکمت قياس] (ئە) بىلىملىك، بىلىمدان، دانا سەزگۈر.

ھېكمەتكەرد [حکمت کرد] (ئە + پ) دانىشمەن، ئىلىم - ھېكمەت ئىگىسى.

ھېكمەتمەئاب [حکمت ماب] (ئە) پەيلاسوپ، ئالىم، ھەكىم.

ھىلاج [حلاج] (ئە) ئۆمۈر بۇلىقى.

ھىلال [هلال] (ئە) 1) يېڭى ئاي، يېڭى كۆرۈنگەن ئاي. 2) گۈزەللەرنىڭ يېرىم ئاي شەكلىدىكى چىرايلىق قېشى، قىياقتەك قاش:

قاشلارى فەررۇخ ھىلالى تىشلارى دۇررى گۆھەر،
لالە يەڭلىغ لەبلەرىنىڭ لەئلى ناپەيداسى بار.

— گەرشى.

ھىلال ئولماق — ئېگىلمەك؛ ئىنچىكىرىمەك.

ھىلالى جام — يېرىم ئاي شەكلىدىكى مەي كاسىسى.

ھىلالى دۇرەخشەندە — پارلاپ تۇرغۇچى، يالتىراپ تۇرغۇچى ئاي.

ھىلالئايىن [هلال ايين] (ئە + پ) يېڭى كۆرۈنگەن ئاي كەبى، يېڭى چىققان ئايغا ئوخشاش، ئەگمە.

ھىلالىي [هلالى] (ئە) ھىلالغا (يېڭى چىققان ئايغا) ئوخشاش، ئاي شەكلىدىكى.

ھىلالىي جام — ھىلالغا ئوخشاش ئەگمە قەدەھ.

ھىلالىي قاش — ئىنچىكە، چىرايلىق، ئەگمە قاش.

ھىللىيەت [حليت] (ئە) ھالاللىق، پاكلىق:

بىر - بىرى بىلە بەيئەت قىلدىلەركىم، نىمە يېمەگەيلەر تا ھىللىيەتى ئالارغا سابىت بولماغاي.

— نەۋايى.

ھىلم [حلم] (ئە) مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق؛ ياۋاشلىق، يۇمشاق تەبىئەتلىك؛ سەۋر ۋە تاقەت، سەۋرلىك:

كى مەكتەبكە بەردى ئانى ئىلىم ئۆچۈن،
تەئەددۇب، تەۋازۇئ بىلە ھىلم ئۆچۈن.

— ئا. نىزارى.

ھىلم مەئدەنى — مۇلايىملىق كانى، خەزىنىسى.

ھىلمۇ ھەيا ئەھلى — يۇمشاق تەبىئەتلىك ۋە ھايالىقلار.

ھىلۋ [حلو] (ئە) يېقىملىق، شېرىن.

نۇكتە ھىلۋى — سۆز شېرىنلىكى، شېرىنسۇخەنلىك.

ھىمار [حمار] (ئە) ئېشەك.

سەۋتۇل - ھىمار — ئېشەك ئاۋازى.

ھىمەم [همم] (ئە) [بىرلىكى: ھىممەت] «ھىممەت» كە قاراڭ.

ھىمل [حمل] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەھمال] (دۈمبىگە ئارتىلغان) يۈك.

ھىممەت [همت] (ئە) 1) بىرەر ئىشقا جان - دىلى بىلەن ئورۇنۇش، غەيرەت بىلەن كىرىشىش. 2) ساخاۋەت، ئالىيجانابلىق. 3) بەختىيارلىق.

ھىممەت ئەھلى — ھىممەتلىكلەر، سېخىيلار.

ھىممەت تۇتماق — ھىممەت دەپ سانىماق، ھىممەت دەپ بىلمەك.

ھىممەت ئېتەگىن سىلكىمەك — مال - دۇنيادىن ۋاز كەچمەك.

ھىممەتۋەر [همت ور] (ئە + پ) تىرىشقاق، زور ئىرادىلىك؛ مەرد؛ سېخىي:

كى بارسەن خىرەد مەندۇ رەۋشەن رەۋان،
جۇۋان مەردۇ ھىممەتۋەرۇ پەھلەۋان.

— نەۋايى.

ھىن [حين] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەھيان] ۋاقىت، پەيت، زامان:

كى دەۋزەخ يىغلاپ ئايتۇر، ئال بۇ قۇلنى ئۆشبۇ ھىن يارەب،
كى بىزدە قالمادى تاقەت، بۇ ئاشىق ئوتىدىن ئەسلا.

— مەشرەب.

ھىنا [حنا] (ئە) خېنە:

مىنى بەسكىم شەھىد ئەتكەچ ئېرۇر قانىم بىلەن گۈلگۈن،
ۋەگەر نە ئول سەنەم تىرغانىدا رەڭگى ھىنا يوقتۇر.

— گەرشى.

ھىنا باغلىماق — «ھىنا ياقماق» قا قاراڭ.

ھىنا رەڭ — قىزىل، خېنە رەڭلىك:

ھىنا رەڭگى ئەمەس ئىلكىدە قاندۇر،

قاراتماغلىق ئۈچۈندۇر كۆزى قارە.
— ئەرشى.

ھىنا ياقماق — خىنە قويماق.

ھىند [هند] ھىندى:

سوداسى بولسا مۈلك ئەرەب ھەم ئەجەمدە پۈر،
ھىند، پەرەڭ، چىن تا سەرھەددى خوتەن.
— سەبۇرى.

ھىندى ئەھلى — ھىندىستانلىقلار.

ھىند سەۋادى — ھىندىستان ئەتراپى.

ھىندزاد [هندزاد] ھىندى ئەۋلادى، ھىندىلىق.

ھىندۇ [هندو] 1) ھىندىستانلىق؛ ھىندى، ھىندىستان:

بارىپ ھىندۇ سارى تولا ئىستەدۈك،
قاچىپ ئالدىمىزدا مۇڭا يەتمەدۈك.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قارا تۇسلۇك، قارا، گۈزەل مەھبۇبە:

كى قانلىق كۆڭۈلكى، خال مۇشكى نىتەڭ تەسەۋۋۇرىدىن،
گۈلى ئەۋراقىغە بۇلبۇل تىكتى كۆز يا ئوت ئارا ھىندۇ.
— سەبۇرى.

3) قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت.

ھىندۇ بولماق — قۇل بولماق.

ھىندۇ نەجاد — ھىندى نەسەبلىك، ھىندىدىن چىققان.

ھىندۇ ئۇلماق — قارايماق، قارا يۈزلۈك بولماق.

ھىندۇيى چابۇكسۇۋار — چەۋانداز ھىندى.

ھىندۇيى رىختە — مۇزىكا كۈيلىرىدىن بىرى.

ھىندۇيى شام — كېچە قاراڭغۇلۇقى.

ھىندۇئاسا [هندواسا] ھىندىچە.

ھىندۇ ئاسا لەئىب — ھىندىچە ئويۇنغا ئوخشاش.

ھىندۇچە [هندوچه] ھىندىچە، «ھىندۇ ئاسا» غا قاراڭ.

ھىندۇچە ئەششار — ھىندى تىلىدا پۈتۈلگەن شېئىرلار.

ھىندۇۋىي [هندو وى] ھىندىستانلىق؛ ھىندىلارنىڭ دىنىغا مەنسۇپ:

قاشلارىڭدۇر گويى ئىككى ھىندۇۋىي ئاتەشپەرەست،
مەيل قىلغان سەجدەغە گوتلۇق ئۇزارىڭ يانىدا.
— نەۋايى.

ھىندۇۋىي زاد — ھىندى ئەۋلادى، ھىندى.

ھىندۇئىي [هندوئى] «ھىندۇۋىي» غا قاراڭ:

جۇنەئى مىھر چۈن ئۇزار ئاچتى،
ھىندۇئىي شام ئەسكەرى قاچتى.
— نەۋايى.

ھىندىي [هندى] ھىندىستانغا مەنسۇپ (تىل، ئادەم، نەرسە).

ھىننا [حنا] (ئە) «ھىنا» غا قاراڭ.

ھىيەل [حيل] (ئە) [بىرلىكى: ھىيلە] ھىيلىلەر، ئالدامچىلار.

ھىيەل ئىشلىگەن ئاچماق — ھىيلە قىلىشقا كىرىشمەك، ئالداش يولىغا كىرمەك.

ھىيتە [حيطه] (ئە) ئىھاتە قىلىنغان، ئەتراپى ئورالغان جاي؛ دائىرە، ھۆكۈم دائىرىسى.

ھىيتەئى تەسەررۇف — تەسەررۇپ دائىرىسى.

ھىيتەئى تەسەررۇفىغە كىيۈرمەك — تەسەررۇپ دائىرىسىگە كىرگۈزمەك.

ھىيلە [حيله] (ئە) 1) مىكر، ئالدام، ھىيلە. 2) تەدبىر.

ھىيلە ئەندىش — ھىيلە قوزغاتقۇچى، ھىيلە پەيدا قىلغۇچى.

ھىيلە ئەنگىز — «ھىيلەتئەنگىز» گە قاراڭ.

ھىيلە پەرداز — ھىيلە ئىشلەتكۈچى، ھىيلە قىلغۇچى.

ھىيلە پەيۋەند — ھىيلىگەر، ھىيلە ئىشلەتكۈچى.

ھىيلە پىشە — ھىيلىگەر، ھىيلە قىلغۇچى.

ھىيلە قىلماق — ھىيلە، مىكر ئىشلەتمەك، ئالدىماق.

ھىيلەئى شۇم — شۇم ھىيلە، ھالاكەتكە، بەختسىزلىككە ئېلىپ كەلگۈچى ھىيلە.

ھىيلەت [حيلت] (ئە) «ھىيلە» گە قاراڭ:

تەۋقى لەئنەت دىسەلەر بويىنىدە تەسبىھىن نې تاڭ،
مەكرۇ ھىيلەت بىرلە شەيخ ئەل بىرلە قىلسا ئىختىلات.
— نەۋايى.

ھىيلەتئەنگىز [حيلت انكيز] (ئە + پ) ھىيلىگەر، ھىيلە قوزغاتقۇچى.

ھىيلەتساز [حيلت ساز] (ئە + پ) «ھىيلەساز» غا قاراڭ.

ھىيلەتسگال [حيلت سكال] (ئە + پ) مەككار، ھىيلىگەر.

ھىيلەساز [حيلەساز] (ئە + پ) ھىيلىگەر، مەككار، ھىيلە ئىشلەتكۈچى.

ھىيلە سگال [حيلەسگال] (ئە + پ) «ھىيلەساز» غا قاراڭ.

ھىيلەكار [حيلەكار] (ئە + پ) ھىيلە ئىشلەتكۈچى، ئالدامچى.

ھىيلەگەر [حيلەكر] (ئە + پ) ئالدامچى، ھىيلىگەر.

ھىيمە [هيمه] (پ) ئوتۇن، تۇتۇرۇق:

ئاي - كۈن ساڭا ئىككى مەتقەل ئولسۇن،
ھىيمەڭ بارى ئۇدۇ سەندەل ئولسۇن.
— نەۋايى.

ھىيمەۋار [هيمەوار] (پ) ئوتۇندەك، تۇتۇرۇقتا ئوخشاش.

ئو

ئوپچىن [اوپچين] ساۋۇت (ئۇرۇشتا ئوق، نەيزە قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىمنىڭ ئۈستىدىن كىيىدىغان پولات كىيىم) :

ۋە لېكىن ئۈشبۇ پەيكەر پاي تا فەرق،
بولۇپ ئوتدەك تېمۇر ئوپچىن ئەراغەرق.

— نەۋايى.

ئوتاغە [اوتاغه] ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمىگە تاقىلىدىغان مەنسەپ بەلگىسى، ئوتۇغات:

دۇدىكى فەلەككە چىقادۇر ھەر كېچە ئاھىم،
رىندان سەھەر خىزغە گوياكى ئوتاغە.

— زەلىلى.

ئوتەغە [اوتەغە] «ئوتاغە» گە قاراڭ.

ئوترۇ [اوترو] قارشى، مۇقابىل، روبىرو:

سەجدە ئەيلەپ قاشلارىڭ ئوترۇسىدىن ئالمان باشىم،
نې ئۈچۈن مەتلەب ئېرمىشدۇر ماڭا ھەددى ۋەسەت.

— ئەرشى.

ئوترودىن چىقماق — روبىروسىدىن، قارشىسىدىن چىقماق.

ئوترو كەلمەك — قارشى ئېلىشقا چىقماق.

ئوترو يىبەرمەك — قارشى قويماق.

ئوتروغ [اوتروغ] ئارال؛ قونالغۇ.

ئوتقاچ [اوتقاج] ئوت، يالقۇن:

كۆزى، ئاياكۆز قان ئىچمەككە بىر ئاچمۇئىكىن،
جان ئالاجۇقىنە ئوت ياغماققە ئوتقاچمۇ ئىكىن.

— ئەرشى.

ئوتلاغ [اوتلاغ] ئوت كۆپ ئۆسىدىغان يەر، ئوتلاق.

ئوتلى [ئوتلى] ئوتلۇق:

يوق ئىدى مەئلۇم گۈل رەڭگى قىزاردى ئول زەمان،
ئوتلى كۆڭلۈم ئۇردى تاكىم ئاھى ئاتەشپارەلەر.

— ئەرشى.

ئوخشە [اوخشه] ئوخشاش:

كۆزىدۇر گاھى نەرگىس، گاھى بادام،
كىيىككە ئوخشە يوق بىر يەردە ئارام.

— قەلەندەر.

ئودغۇچ [اودغوج] ئوت، يالقۇن، ئوتقاچ.

ئودۇغ [اودوغ] ئويغاق، سەگەك.

ئوراق [اوراق] زىرائەت ۋە ئوت ـ چۆپ ئورىدىغان ئورغاق.

ئوراقچى [اوراقچى] ئورمىچى.

ئوردۇ [ئوردو] (پ) ئەسكەر، قوشۇن چۈشىدىغان لاگىر، قارارگاھ:

ئول مەھى خىرگەھنىشىننىڭ ئاستانىن مەندىن ئۆپ،
ئەي نەۋائى، ھەر قەچان مەيل ئەيلەسەڭ ئوردۇ سارى.

— نەۋايى.

ئورتا [اورتا] ئوتتۇرا، ئارا.

ئورناغ [اورناغ] تۇرار جاي، ئادرېس.

ئوزان [اوزان] ساز چېلىپ ناخشا ۋە ھېكايە ئېيتىدىغان كىشى.

ئوزاغۇكۈن [اوزاغوكون] ئالدىنقى كۈن، ئۈلۈشكۈن.

ئوزماق [اوزماق] بىر خىل كۆي، ئاھاڭ.

ئوشۇل [اوشول] ئاشۇ، شۇ:

تۇغۇلدى ئانادىن ئول ئافەتى جان،
خوتەن بولدى پەرىخانە ئوشۇل ئان.

— قەلەندەر.

ئوغان [اوغان] قۇدرەت، قۇدرەتلىك؛ تەڭرى، خۇدا، ئاللا.

ئوغراغ [اوغراغ] ئىرادە، قارا؛ مەنزىل، نىشان.

ئوغراماق [اوغراماق] بەل باغلىماق، قارار قىلماق، ئىرادە باغلىماق:

بابا ئوغرادى دەرمەھەل ئوشۇقۇپ،
يۈگۈردى شەھەرگە يىقىلىپ ـ قوپۇپ.

— ئا. نىزارى.

ئوغۇر [اوغور] سەۋەب، باھانە؛ مەزگىل، قېتىم.

سىزۋاغو ئوغۇر — سۇغىرىش مەزگىلى.

ئوغۇز [اوغوز] باش سۈت، ئوغۇز سۈتى.

ئوغرى [اوغرى] يوشۇرۇن، يوشۇرۇنغان.

ئوغلان [اوغلان] ئوغۇل:

ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام،
باشلادى ئوغلانلارى بىرلە كەلام.

— دۇربېك.

ئوغۇش [اوغوش] مىللەت، قەبىلە، ئورۇق، ئايماق.

ئوق [اوق] دەل، خۇددى:
گەزەلدىن ئوق كۆڭۈل نەقدى نىسارى ئىشق ئولغاندۇر،
ئەمەس هاجەت پەرىلەرگە كىم ئولدى دىلرەبا بولماق.
— ئەرشى.

ئوقۇبان [اوقوبان] ئوقۇپ:
هەر تەرەف تىمىرى كەرامەت ئاتتىلەر،
شامۇ خۇفتەننى ئوقۇبان ياتتىلەر.
— زەلىلى.

ئوڭالماق [اونكالماق] تۈزەلمەك، ساقايماق:
ساقايماق مۇڭا ئەسلە ئىمكان ئەمەس،
ئوڭالماقمۇ هەم داغى ئاسان ئەمەس.
— ئا. نىزارى.

ئول [اول] ئۇ، شۇ، ئاشۇ:
داغى سەير ئەيلەدى ئول ئاسمانلار،
هەمە قۇددۇسىيان، سۇببۇهىيانلار.
— ناقىس.

ئولجار [اولجار] هەربىي يۈرۈشتە قوشۇنغا بېرىلىدىغان پەرمان، بۇيرۇق، خەۋەر:
چېرىككە ئەيلەبان مىنادۇ بولجار،
تەۋاچى هەر تەرەف يەتكۈزدى ئولجار.
— نەۋايى.

ئولچە [اولچە] ئۇ قەدەر، شۇنچە، بارچە:
رىئايەت قىلاي ئولچە ئىمكانىدۇر،
ئانىڭدەك سەرافرازلەر شانىدۇر.
— نەۋايى.

ئولغاچ [اولغاچ] بولغاچقا:
جەهانغە نۇر تابانى جەمالى جىلۋەگەر ئولغاچ،
ئانىڭكى پەرتەۋىدىن ئەهلى ئالەم شادمان ئولمىش.
— شەۋقى.

ئولغامەن [اولغامن] بولىمەن:
قىيامەتتە قايداغ باراي قاشىڭا،
كى غەرق ئولغامەن ئاندا كۆز ياشىڭا.
— ئا. نىزارى.

ئولغۇسى [اولغوسى] بولغۇسى:
بەندە كەسب ئەيلەب سەبەبكار ئولغۇسى،
فەزلى قىلغاي بەند قىلغاندىن لەجاج.
— شەۋقى.

ئولماغلىغ [اول ماغليغ] بولماقلىق.

ئولماق [اولماق] بولماق:
كى مەغمۇر ئولۇپمەن، قىلىپمەن زەرۇر،
كى باشدىن ئاياغ بارچە ئەيىۇ قۇسۇر.
— ئا. نىزارى.

ئولمىش [اولمش] بولمىش:
سەهەر ئالتۇن ئەلەم بىرلەن جەهان ئەفرۇز رەۋان ئولمىش،
سىبباهپۇشلار قاچىپ شەب پەردەدىن رەۋشەن جەهان ئولمىش.
— شەۋقى.

ئونغاي [اونغاى] ئوڭاي، ئاسان، ئەرزان؛ يەڭگىل:
ئەلگەن زىيان ئانىڭ سۇدى، ئونغاي ئالىپ، ئاغىرساتماق ئانىڭ مەقسۇدى.
— نەۋايى.

ئويانماق [اويانماق] ئويغانماق:
يۇسۇنى سىددىق ئويانىپ مەگەر،
قىلدى ئاغالارىغە تۇشدىن خەبەر.
— دۇربېك.

ئۇ

ئۇبەيدە [عبيده] (ئە) كىچىك قۇل:
رۇزى مەھشەردە ئۇبەيدەم دەپ قىچىرغىل ئەي خۇدا،
باشىمە دەريايى رەھمەتدىن ساچارغىل ئەي خۇدا.
— شەۋقى.

ئۇبباد [عباد] (ئە) خۇداغا قاتتىق ئىشەنگۈچى، ئىبادەت قىلغۇچى.

ئۇببە [ابه] (ئە) قەبىلە، ئۇرۇق، كۆچمەن، چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئورۇنلاشقان جايى.

ئۇببەھەت [ابهت] (ئە) ئۇلۇغلۇق؛ شان ـ شەرەپ:
شەھ ئۇببەھەتۇ ھەشمەتىدۇر ئەدلى بىلە،
ئىقبال دەغى شەۋكەت ئېرۇر ئەدلى بىلە.
— نەۋايى.

ئۇبدان [اوبدان] ئوبدان، ياخشى، بەلەن:
ئەگەر ئۇبدان ئولسە قاراقۇش ئەيان،
ئانىڭ سۇرەتىدە بولۇر بۇ نىشان.
— نورۇزاخۇن كاتىب زىيائى.

ئۇبۇدىيەت [عبوديت] (ئە) قۇللۇق، بەندىلىك؛ بويسۇنماقلىق، بېقىنماقلىق.

ئۇبۇر [عبور] (ئە) ئۆتۈش، كېچىپ ئۆتۈش (دەريادىن):
ئېرۇر بارچە تەقدىر بىرلەن زەرۇر،
بۇ ئىقلىمدىن ئۆزگە سارى ئۇبۇر.
— نەۋايى.

ئۇبۇر ئەيلەمەك — «ئۇبۇر قىلماق» قا قاراڭ.

ئۇبۇر قىلماق — 1) ئارىلاشماق. 2) ئۆتمەك، كەچمەك (دەريادىن).

ئۇتارىد [عطارد] (ئە) مىركۇرى (ئارزۇ يۇلتۇزى):
ئۇتارىدغە زۇھەل شەمشىرىنى ھەيبەت بىلە تەگلەر،
مەھەل بۇرچىغە لازىمدۇر بۇگۇن جەۋزانى يىقماغلىق.
— زەلىلى.

ئۇجماغ [اوجماغ] جەننەت.

ئۇجىب [عجب] (ئە) مەنمەنلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، مەغرۇرلۇق:
زەلىلى خانقاھى كۆڭلۈڭ ئىچرە ئەربە ئەين ئولتۇر،
مەجازى شەيخلەرنىڭ سۆھبەتى ئۇجبۇرىيا ئاخىر.
— زەلىلى.

ئۇچماق [اوچماق] «ئوجماغ» قا قاراڭ.

ئۇد I [اود] ئۆي، كالا، ئۆي يىلى.

ئۇد II [عود] (ئە) كۆيدۈرسە خۇش پۇراق چىقىدىغان بىر خىل دەرەخ:
ساچ سۇمبۇلىغە ئەھى سەبەب ئۇد،
ئۆرلەتكەلى ئەل نىھانىدىن دۇد.
— ئەرشى.

ئۇدو ئەنبەر — ئۇد ۋە ئەنبەر دەرەخلىرى:
رەھمە قىلماسلەر غەرىب بىچارەنىڭ ئەھۋالىغە،
سەرۋى ئەر ـ ئەر، ئۇدۇ ئەنبەر، مۇشكى تاتارىل غىياس.
— شەۋقى.

ئۇدى مىجمەر قىلماق — خۇشبۇي ھىد تارقاتماق:
پەلەك ئۇدى سۆزىدە ئەخگەر قىلىپ،
مەلائىك ئانى ئۇدى مىجمەر قىلىپ.
— نەۋايى.

ئۇد III [عود] (ئە) بىر خىل تارلىق چالغۇ ئەسۋابى:
بەلەند پەرياد ئۇرماي ئول پەرىغە يوق ئۇچۇن مەرغۇب،
ھەزىن نالىش ئىلە جان ئۇدىدىن ئەندەك سەدا قىلدىم.
— ئەرشى.

ئۇدەبا [ادبا] (ئە) ئەدىبلەر، يازغۇچىلار، مۇھەررىرلەر.

ئۇدسۇز [عودسوز] (ئە + پ) خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرگۈچى:
ۋە نەچچە يۈز خادىم ئۇدسۇزلار بىلە بۇخۇرات كۆيدۈرۈپ، ئەل تەرەفىدىن ئەترافىدە ئالىپ يۈرۈرلەر ئېردى.
— نەۋايى.

ئۇدۇل [عدول] (ئە) قايتىش، چېكىنىش، چەتكە چىقىش.

ئۇدۇل قىلماق — قايتماق، چېكىنمەك:
مېھرى خاۋەر نۇرىدىن قىلغان ئۇدۇل،
شەمئى شەمئەل پەرتەۋىن ئەتكەن قەبۇل.
— نەۋايى.

ئۇرۇج [عروج] (ئە) يۈكسىلىش، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، كۆككە ئۆرلەش:
قۇياشكىم مېھر ئەمەس ناز ئەۋجىدە زۇلفىڭىم تىنماس،
دەمى ئەيسا بىلەن ئاھىم ئۇرۇجى گەر تۇتاش ئولسۇن.
— ئەرشى.

ئۇرۇج ئەتمەك — ئۆرلىمەك، يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك:

تىلەپ مەقسۇد ئۇرۇج ئەتتى سەماغە،
ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقسا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

ئۇرۇج ئەيلەمەك — ئېگىز كۆتۈرۈلمەك، يۇقىرى ئۆرلىمەك:

بۇركۈتى زۇلىم بەسكى بەلەند ئەيلەدى ئۇرۇج،
يەتكەيمۇ تىيرى گۇشەنشىنلەر دۇئاسىدىن.

— زەلىلى.

ئۇريان [عريان] (ئە) كىيىمسىز، يالىڭاچ:

كۆرۈپ ئۇريان تەنىمنى دامەنى سەھرايى غەم ئىچرە،
خىرەد ئەھلى جۇنۇندىن ساھىبى دەلقى گەران دەرلەر.

— زەلىلى.

ئۇريان ئەتمەك — «ئۇريان قىلماق» قا قاراڭ.

ئۇريان قىلماق — يالىڭاچ قىلماق، يالىڭاچلىماق:

ئۇريان قىلغان پۈتۈگنى ھەرشام،
فەرز ئەيلەدىم ئانى نۇقرەئى خام.

— موللا سالىھ.

ئۇريانلىق [عريانلىق] يالىڭاچلىق، كىيىم كىيمەسلىك:

كۆنگەكى ئۇريانلىق ئېرۇر زىينەتى،
تىيرە بولۇر بولسا بۇلۇت خىلئەتى.

— نەۋايى.

ئۇز [اوز] چىرايلىق، ياخشى، نەپىس:

خوتەندەك يوقتۇرۇر ھېچيەردە تاربۇز،
سىفاتىن قانچە قىلسام كۆرۈنۈر ئۇز.

— قەلەندەر.

ئۇزار [عزار] (ئە) يۈز، چىراي، بەت:

ئۇزارىم گۈلشەنى يادىدادۇر كۆڭلۈم بەسى نالان،
ئىكى نەرگىسلەرنىڭ شەۋقىدە كۆڭلۈم كۆزگۈسى ھەيران.

— ئەرشى.

ئۇزارلىق [عذارليق] يۈزلۈك، چېھرىلىك:

باغ ئىچرە قىلىپ چەمەن ئۇزارلىق،
ئول گۈلشەن ئاران جان فەزارلىق.

— موللا سالىھ.

ئۇزالماق [اوزالماق] 1) يەرگە ئۇزۇن قىلىپ سالماق:

خۇش ئۇلكى تاغ ئېتەگىن تۇتسا خەلقىدىن قاچىبان،
ئۇزالسا ئاستىدە خارا ئاڭا فاراش ئولسا.

— نەۋايى.

2) ئۇزارماق، سوزۇلماق؛ سوزۇلۇپ ياتماق:

ياشىم تارىن ئۇزاتتىڭ كىم، سېنىڭ ھەم
ئۇزالغاي ئەينى ئىلە، يا رەبكى، ياشىڭ.

— نەۋايى.

ئۇزر [عذر] (ئە) 1) كەچۈرۈم:

ئەي نەۋائى يار ئىتى، ئۇزرۇمنى قەبۇل ئەتكى، تەنىمدە ئەت
تاپمادىڭ ئەسكى سۆڭەكلەرنى كۆمۈردىڭ.

— نەۋايى.

2) ئەيب، نۇقسان، كەمچىلىك:

ئۇزر بولماي ئەھلى مەنسەپكە تەمەللۇق قىلماغىل،
گەر قۇلۇغدىن كەلسە قىلغىل ئەھلى بەدخاھقە غەلىز.

— شەۋقى.

3) ئورۇنلۇق سەۋەب:

ۋەسلىڭگە كەچرەك يېتىشسەم لۇتف ئېتىپ ئۇزرۇمگە باق،
كىم، قەدەم ئورنىن سۈپۈرمەي كۆز بىلە قويماي ئاياق.

— نەۋايى.

ئۇزر ئەتمەك — كەچۈرۈم سورىماق.

ئۇزر قىلماق — «ئۇزر ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئۇزر ئېيتماق — كەچۈرۈم سورىماق.

ئۇزرى مافات — ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراش.

ئۇزرا [اوزرا] ئۇنسۇرىنىڭ «ۋامىق ۋە ئۇزرا» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى:

چۇ ئۇزرا جەمالىن ھۇۋەيدا قىلىپ،
كى بىچارە ۋامىقنى شەيدا قىلىپ.

— ئا. نىزارى.

ئۇزرخاھ [عذرخواه] (ئە + پ) ئۆزرە ئېيتقۇچى، كەچۈرۈم، ئەپۇ سورىغۇچى.

ئۇزرخاھلىق [عذرخواهليق] كەچۈرۈم، ئەپۇ سوراش.

ئۇزگۇن [اوزگون] دولقۇن، تاشقىن:

دەرد كەچۈرۈم، ئىستەسە كەلمەك غەمىم سورىماققا يار،
رازى ئېرمانكىم، سىرىشكىم سەيلىنىڭ بار ئۇزگۇنى.

— نەۋايى.

ئۇزلەت [عزلت] (ئە) بىر تەرەپكە چېكىنىش، كىشىلەردىن چەتتە تۇرۇش، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش:

ئەي زەلىلى گۇشەئى ئۇزلەت ئىچىدىن چىقماغىل،
خەلق كۆزدىن ۋەلى دەرۋىشلەر پىنھان كېرەك.

— زەلىلى.

ئۇزلەتئايىن [غزلت ايين] (ئە + پ) يالغۇزلۇقتا كۈن كەچۈرگۈچى.

ئۇزلەتگۈزىن [عزلت گزين] (ئە + پ) كىشىلەردىن چەتلىشىپ، يەككىلىك، يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلغۇچى ئادەم.

ئۇزلەتگىر [عزلتگير] (ئە + پ) ئۆزىنى دالدىغا ئالغان، كىشىلەردىن چەتلەشكەن.

ئۇزما [عظمى] (ئە) ئۇلۇغ، بۈيۈك، زور:

قايىسى بىلقىس، سارەئى ئۇزما،

قايسى سارە، خەدىچەگە كۈبرا.

— نەۋايى.

ئۇزۇۋ [عضو] (ئە) ئەزا، ئادەم بەدىنىنىڭ بىر ئەزاسى:

تەۋبە تانابىدە دەغى باغلابان،
ئۇزۇۋلەردىن قول ـ ئاياغىن ھەمان.

— زەلىلى.

ئۇسارە [عصاره] (ئە) يېمىش سۈيى، شەربەت.

ئۇسائ [عصاء] (ئە) تاياق، ھاسا.

ئۇستاد [استاد] (پ) ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر، كەسىپ ئۆگەتكۈچى مۇئەللىم، ئۇستاز:

ئىشقى مەكتەبخانەسىدە ئىزتىرابى قىلماسام،
ئۇستادى ئەسفىھانۇ رومۇراي ئەردىم بۇگۈن.

— زەلىلى.

ئۇستادزادە [استادزاده] (پ) ئۇستازنىڭ ئوغلى.

ئۇستۇۋار [استوار] (پ) مەھكەم، چىڭ؛ كۈچلۈك، بەقۇۋۋەت؛ لاياقەتلىك:

موللا سادىقنى قىلىپ شەيخى مازار،
شەيخ، جارۇبكەشنى ئەيلەپ ئۇستۇۋار.

— زەلىلى.

ئۇستۇۋار ئەيلەمەك — مەھكەملىمەك، چىڭىتماق.

ئۇسر [عسر] (ئە) ئېغىر ئەھۋال، قىيىنچىلىق، مۇشكۈللۈك.

ئۇسرۇ [اسرو] نەھايەت، بەك، كۆپ:

نەۋائى ئۇسرۇ بۇزۇلمىش باقىپ نەھايەت ئىلە،
ئانىڭ بۇزۇغلۇغىنى بىر كۆز ئۈچۈن بىرلە ياسا.

— نەۋايى.

ئۇسرۇ بىمار — قاتتىق كېسەل، چىڭ ئاغرىق:

كەرەم قىل خۇداۋەندا مەن زارغە،
كى ئەفتادەگى ئۇسرۇ بىمارغە.

— ئا. نىزارى.

ئۇسرۇ مەلال — بەك ئاۋارە:

جەنابىڭدە فىكرو خىيالىم بۇدۇر،
فىراقىڭدە ئۇسرۇ مەلالىم بۇدۇر.

— ئا. نىزارى.

ئۇسرۇك [اسروك] مەست.

ئۇسلۇب [اسلوب] (ئە) ئادەت، رەۋىش؛ يول، ئىستىل، ئۇسۇل.

ئۇسۇر [عصور] (ئە) «ئەسىر» نىڭ كۆپلۈكى، ئەسىرلەر، زامانلار.

ئۇشال [اوشال] ئاشۇ، شۇ، مۇشۇ:

بەندەغە دىبدىلەر ئالاركىم بۇدەم،
بولغىل ئۇشال قەۋلىڭە ساھىب قەدەم.

— دۇربېك.

ئۇشالدەم [اوشالدەم] شۇ ۋاقىت، شۇ چاغ، شۇ پەيت:

خىلۋەتى خاس ئېردى ئۇشالدەم سەراي،
ھېچ ئەھەد يوق ئىدى غەير ئەز خۇداي.

— دۇربېك.

ئۇشبۇ [اوشبو] شۇ، بۇ، مەزكۇر:

مۇلكۈڭ ئون سەككىز مىڭدىن ئۇشبۇ ئالەم بىر كېلىپ،
ئول بىر ئۆيلۈك قول ساڭا ئادەم ئاتا، ھەۋۋا ئانا.

— شەۋقى.

ئۇشتۇر [اوشتور] (پ) تۆگە:

كى مەقامىم دەيرى ئەيلەرمەن گەھى بەيتىل ھەزەن،
ئۇشتۇرى ۋەيسى قەرەنىنىڭ گەر مىھارى بولماسا.

— زەلىلى.

ئۇشتۇران [اشتوران] (پ) تۆگە بىلەن، تۆگىلىك:

قاراساي ئىمامۇ جەئفەرى سادىق مەزارىدىن،
زەلىلى ئۇشتۇرانى ھەزرەتى ۋەيس قىران كەلدىم.

— زەلىلى.

ئۇشتۇربان [اشتوربان] (پ) تۆگىچى.

ئۇشتۇلۇم [اشتلم] (ئە) زوراۋانلىق؛ جەبر، جاپا، زۇلۇم.

ئۇشتۇلۇم ئەيلەمەك — جەبر سالماق، زوراۋانلىق، زۇلۇم قىلماق:

شۈكر قىلىپ ئەيلەمەسەڭ ئۇشتۇلۇم،
دەبدۇر ئۆزىكىم «لەئەزىدەننەكۇم»

— نەۋايى.

ئۇشتۇلۇم قىلماق — «ئۇشتۇلۇم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ئول قىلىبان ئۇشتۇلۇم خەيلى رىۋۇ،
خەيلى شەياتىن، ئۆزى گورتادە دىۋۇ.

— نەۋايى.

ئۇشر [عشر] (ئە) يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدىغان زىرائەت ھوسۇلىدىن ئوندىن بىرىنى بېرىدىغان سېلىق، ئۆشرە:

فۇقەرا بىرلە مەساكىن مەسرۇفى ئۇشرە ـ زەكات،
جايىغە سەرف ئەتمەسەڭ ئول خەير قىلغانىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

ئۇششاق I [اوشاق] ئۇششاق، مەيدە، كىچىك بالا:

ۋۇجۇدۇڭ بەلا خەيلىغە قەھرىمان،
كى ئۇششاقلارغە بولۇپ ھۆكمران.

— ئا. نىزارى.

ئۇششاق II [عشاق] (ئە) 1) ئاشىقلار.

2) ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ بىرى:

مەن نەۋائى نالەگى نەيدىن ھۇزۇرى تاپمادىم،

گەرغەنۇنى مەجلىسى ئۇششاق خۇش ئاھەڭدۇر.

— زەلىلى.

ئۇششاقسۇز [عشاق سوز] (ئە + پ) ئاشىقلارنى كۆيدۈرگۈچى.

ئۇشلاماق [اوشلاماق] تۇتماق:

ئۈمىد رىشتەسىدىن شەۋقى ئۇشلاغىل مەھكەم،
پۈتۈلدى مۆئجىزە قۇرئاندا «فەقەدىس تەمشەك».

— شەۋقى.

ئۇشمۇنداق [اوشموانداق] مانا شۇنداق، شۇنداق:

ئۈل ئالىب ئىچكەندىن سوڭرە بۇيۇردىكىم، ياغ بولغان ئىلىكنى بۇ خىرقەڭغە سۈرت ۋە دائىم ئۇشمۇنداق قىل.

— نەۋايى.

ئۇشمۇنچە [اوشمونچە] شۇنچىلىك، شۇ قەدەر:

خىزىر ئەلەيھىسسالام دېدىكى، بىزنىڭ ئارامىزدە مۇساھەبەتلىغ ئۇشمۇنچە بولغاي.

— نەۋايى.

ئۇغرۇغ [اغرغ] تاغ ياكى سايىنىڭ تۆگىگەن يېرى.

ئۇفۇق [افق] (ئە) ئاسماننىڭ يەرگە قاراپ ئېگىلگەندەك، يەر بىلەن قوشۇلغاندەك كۆرۈنگەن سىزىقى، ئۈپۈق:

كىرگەچ ئۈل كافۇر پەردە جىلۋە گۈلگۈن ئەيلىمىش،
كۆن ياشۇنغاچ جەمئ ئولغاندەك ئۇفۇق بىرلە شەفەق.

— ئەرشى.

ئۇفۇن [عفن] (ئە) سېسىق، يامان ھىد.

ئۇفۇنەت [عفونت] (ئە) سېسىقلىق، بەتبۇيلۇق:

ئاھى مۇھلىكدۇر، نەۋايى كۆڭلى زەخمى ئىسلانىب،
ئەل ئۆلار، تاپسە ھەۋاغا چۈن ئۇفۇنەت ئىمتىزاج.

— نەۋايى.

ئۇقاب [عقاب] (ئە) بۈركۈت:

ئول شەھى چابۇكسەۋار ئالسە ئۇقابىن ئىلكىگە،
ئىشق ئېلىن سۆدرەتمە ئەيلەب خەستە جىسمىن سۆدرەتۇر.

— ئەرشى.

ئۇقار [اوقار] تۇرنا.

ئۇقەلا [عقلا] (ئە) ئەقىللىقلار، ئاقىل ئادەملەر:

گەر مېھر ئاننىڭ مىسلى دېگەيلەر ئۇقەلا،
مېھر ئاللىدە زەددە يەڭلىغ ئولغاي مەسەلا.

— نەۋايى.

ئۇقبا [عقبا] (ئە) ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا، قىيامەت:

خالىساڭ دۇنيا بىلەن ئۇقبانى ئەي شەۋقى ھەزىن،
دىن ئۇلۇمىن ھاسىل ئەتكىل يۈرمەگىل ئۆمرۈڭ ئەبەس.

— شەۋقى.

ئۇقتەلۇ [اقتلو] (ئە) ئۆلتۈرۈڭلار:

تەرەھھۇم ئايەتىن ئەيلەپ فەرامۇش،
نىدايى ئۇقتەلۇ بولمىش ئاڭا ياد.

— ئەرشى.

ئۇقدە [عقدە] (ئە) بەند، تۈگۈن، چىگىكلىك:

كاكۇلۇڭ جان ئۇقدەسىدۇر ھەم ئېبسى مۇشكى خوتەن،
مېھرى رەخشان يا تەجەللى يامەھى تابانمۇسەن.

— ئەرشى.

ئۇقۇبەت [عقوبت] (ئە) جازا، ئازاب؛ قىيناش، ئازابلاش:

ھەق تەرەفدىن گور ئارا مۇنكىر - نەكىر ئەتكەي سوئال،
تا جەۋابىن بەرمەسەڭ چەندان ئۇقۇبەت بىر تەرەف.

— شەۋقى.

ئۇقۇبەت چەكمەك — ئازابلانماق، قىينالماق:

نەچە يىل چەكسەڭ ھىجران ئىچرەكىم رەنج ئوقۇبەتنى،
كۆرۈبمەن مىنڭ ئوقۇبەت ئاھكىم ھەجرىڭ ئارا پىنھان.

— ئا. نىزارى.

ئۇقۇد [عقود] (ئە) ئەقىدەلەر، قارارلار.

ئۇقۇل [عقول] (ئە) ئەقىللەر:

بۇ سەئىد ئول غەرقى دەرياى ۋۇ سۇل —
كىم ئانىڭ ۋەسفىدە ئاجىزدۇر ئۇقۇل.

— نەۋايى.

ئۇلا I [علا] (ئە) «ئەلا» غا قاراڭ.

ئۇلا II [اولا] يول بەلگىسى، بەلگە.

ئۇلاقماق [اولاقماق] يولنى يوقىتىپ قويماق، ئاداشماق، يېڭىلىشمەك.

ئۇلەرچاغ [اولارچاغ] ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىدىن بىرى.

ئۇلەما [علما] (ئە) «ئالىم» نىڭ كۆپلۈكى — ئالىملار:

ياكى ئۆتسە جەھاندىن ھەر ئۇلەما،
ئامىلارغا ئېرۈركى راھى نەما.

— نورۇزاخون كاتىب زىيائى.

ئۈلفەت [الفت] (ئە) ساياھەت، زىيارەت قاتارلىقلاردا بىرگە بولغان كىشى، ئۈلفەت؛ دوست، ھەمسۆھبەت؛ دوستلۇق، يېقىنلىق:

ۋۇجۇدۇڭ گەۋھەرى دەرياى رەھمەتدىن ئېرۇر مەئخۇر،
سۇجۇدۇڭ جەۋھەرى ئەئلاي ئۈلفەتدىن ئېرۇر مەئخۇر.

— شەۋقى.

ئۈلفەت تۇتماق — ئۆزىنى يېقىن تۇتماق، دوستلاشماق:

تاپىب ئۆز ھالەتىن بۇ ناتەۋاندە،
ماڭا ئۈلفەت تۇتۇب ئول ئاستاندە.

— نەۋايى.

ئۇلۇس [اولوس] خەلق، ئەل، مىللەت، ئامما:

گۈشەئى ۋەيرانەدە يۈرسەم نىشىمەن نى ئەجەب،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر چۈنكىم ئۇلۇس غەۋغاسىدىن.

— ئەرشى.

ئۇلۇغ [اولوغ] 1) چوڭ، كاتتا، بۈيۈك (ئورۇن، مەرتىۋە، دائىرە جەھەتتىن):

ئۇلۇغ دائىيەلەرى بىر ئۇلۇغ چال،
دۇرۇست ئەندىشەلەر بىرلە سۆچۈك قال.

— ناقىس.

2) چوڭ (ياش جەھەتتىن):

ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى خۇدا جۇي،
قىلىپدۇرلار تەۋازۇئۇ ئەدەپ خوي.

— قەلەندەر.

ئۇلۇفە [علوفه] (ئە) ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان مائاش ۋە ئوزۇق - تۈلۈك.

ئۇلۇل ئەزم [اولوالعزم] (ئە) بۈيۈك ئىرادە، زور غەيرەت ئىگىلىرى، ھىممەتلىك ئادەملەر؛ ئۇلۇغلار:

كىيمەدىلەر ئۆزگە ئۇلۇل - ئەزمىلەر،
بەردىلەر ئۆز جۇرىلەرىدىن خەبەر.

— زەلىلى.

ئۇلۇم [علوم] (ئە) ئىلىملەر، ئىلىم - پەنلەر:

خالساڭ دۇنيا بىلەن ئۇقبانى ئەي شەۋقى ھەزىن،
دىن ئۇلۇمىن ھاسىل ئەتكىل يۈرمەگىل ئۆمرۈڭ ئەبەس.

— شەۋقى.

ئۇلۇۋ (ۋ) [علو] (ئە) ئېگىزلىك، يۇقىرىلىق؛ ئالىي، يۇقىرى، يۈكسەك:

ئەفلاك خاتىبدىنكىم ئالەم ئۇلۇۋۋى ئېدى ئانىڭ ھۇمايۇن
يۈزىدىن كەسبى سەئادەت قىلۇرلار بۇندا ئېشىتىلدى.

— نەۋايى.

ئۇلۇۋۋى دەرگاھ — ئەڭ ئالىي ئورۇن:

ئۇلۇۋۋى دەرگاھىڭغە تىكلەنىپ بىردەم باقا ئالماي،
ئىستىڭ سىنغان سەفالىدىن ياسايمەن كۆزۈمە ئەينەك.

— ئەرشى.

ئۇلۇي [علوى] (ئە) ئالىي، يۈكسەك، يۇقىرى.

ئۇليا [عليا] (ئە) ئەڭ ئالىي، ئەڭ يۈكسەك:

ھەمۇل رەۋشەنەك مەھدى ئۇليا ئولۇپ،
شەبىستانىندە مەجلىس ئارا بولۇپ.

— نەۋايى.

ئۇم (م) [ام] (ئە) ئانا.

ئۇمەرا [امرا] (ئە) ئەمىرلەر.

ئۇمەرائى زەۋىل — ئىقتىدارلىق، قۇدرەتلىك ئەمىرلەر.

ئۇمەم [امم] (ئە) ئۇممەتلەر، بىر تىلدا سۆزلىشكۈچى ئىنسانلار؛ بىر پەيغەمبەرگە تەۋە كىشىلەر:

مەشرەبى ئالى ئۇمەمنىڭ شىپىرى شەكەر بارىدىن،
دانە - دانە ئەنگۈبىنى نى جۇدا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

ئۇمدە [عمده] (ئە) تايىنىدىغان نەرسە، ئەڭ مۇھىم ئاساس.

ئۇمر [عمر] (ئە) 1) ياشاش، ھايات كەچۈرۈش؛ ھايات، ئۆمۈر:

نەسىمى ئىلتىپاتىڭدىن نەسىب ئۇلغايمۇ شەۋقىغە،
يېتىشكەچ ئۇمرى سۇبھى شام ئارا زۇلمەتتە ۋاشەۋقا.

— شەۋقى.

2) ياشاش مۇددىتى، ھايات مۇددىتى:

كەچ كەلمەكىدىن ئولسام ئېمەس تاڭكىم،
ئول ئۇمر دەرەڭ ئەيلەر، بۇ ئۇمر شىتاب ئەيلەر.

— نەۋايى.

ئۇمر ئەساسى — سالامەتلىك.

ئۇمر ئەۋسەتى — ھايات ئوتتۇرىسى.

ئۇمر بادەسى — ھاياتلىق كەيپىياتى.

ئۇمر گۈلزارى — ياشلىق، تىرىكلىك گۈلزارى.

ئۇمر نەقدى — ئۆمۈرنىڭ ھەممىسى.

ئۇمرۇ جان — تىرىكلىك.

ئۇمرۇ دەۋلەت — ھايات ۋە بايلىق.

ئۇمرۇ تەبىئي — ياشاش، ھايات مۇددىتى.

ئۇمرى گەرانمايە — قىممەتلىك، بىباھا ئۆمۈر.

ئۇمران [عمران] (ئە) گۈللىنىش؛ ئاۋات، ئاۋاتلاشماق، تەرەققىي قىلماق:

تەلەبدە مۇسىيى ئۇمران كەبى تەجەللىدىن،
نىشانە تۇرجۇدۇڭغە رەۋشەنا ئۆچرار.

— شەۋقى.

ئۇمرفەرسا [عمرفرسا] (ئە + پ) جان ئازابى؛ ھاياتنى نابۇت قىلغۇچى.

ئۇمق [عمق] (ئە) چوڭقۇرلۇق؛ تۈۋ (تۈۋى).

ئۇممال [عمال] (ئە) خەلقتە سېلىق سالغۇچى، خەلقتىن نەپ ئۈندۈرۈۋالغۇچى ئەمەلدار.

ئۇممان [عمان] (ئە) دېڭىز، ئوكيان:

مەن كېتىپ قالسە نەبرەم ئېردى كۆپ راھەت ماڭا،
كەتتى تاشلاپ كۆز ياشىمنى بەھرىنى ئۇممان قىلىپ.

— موللا سالىھ.

ئۇممانىي [عمانى] (ئە) ئۇممانغا خاس.

ئۇممەت [امت] (ئە) پەيغەمبەر يولىدا ماڭغانلار، خەلق،

تائىپە:

ئۇممەتىمدىن بولسە ھاجەتمەند ئەگەر،
ئاغرىقىۇ يا گىرىفتارى سەفەر.

— زەلىلى.

ئۇممەھات [امهات] (ئە) 1) ئانىلار. 2) تۆت ئۇنسۇر (قۇياش، ھاۋا، سۇ، تۇپراق):

ئاباجۇ يۇلەرغە ئات بولدى،
ئول تۆرت ھەم ئۇممەھات بولدى.

— نەۋايى.

ئۇممىد [اميد] (پ) «ئۇمىد» كە قاراڭ.

ئۇممىدۋار [اميدوار] (پ) «ئۇمىدۋار» غا قاراڭ:

جەمالىڭدىن نىچە مەھرۇم ئولۇپ مەھزۇن يۈرۈي، جانا،
ۋىسالىڭ بىرلە مەمنۇن قىل دىلى ئۇممىدۋارىمنى.

— ئەرشى.

ئۇمۇر [امور] (ئە) ئىشلار، نەرسىلەر، ھادىسىلەر:

چۆلەيلى ئاتاسى بىلىپ بۇ ئۇمۇر،
بەدەندە غەزەپىنىڭ ئوتى قىلدى زور.

— ئا. نىزارى.

ئۇمىد [اميد] (پ) ئارزۇ، ئىستەك، تىلەك، ئۈمىد:

جەھان رەئنالارى مەئشۇق ۋەسلىدىن ئۇمىد ئەتكەچ،
قىزىلگۈل ئەشكى خۇندىن سەفھە رۇخسارىغە قان پەيدا.

— شەۋقى.

ئۇمىد كۆزىنى يارۇتماق — ئۇمىدلەنمەك، ياخشىلىق كۈتمەك.

ئۇمىدۇبىيم — ئۇمىد ۋە قورقۇش:

يۈزىندە يۈز سەفا تەقى زۇلفىندە تىيدە ھال،
كۆرگەلى خەستەجان ئىشى ئۇمىدۇبىيم ئېرۇر.

— ھاپىز خارەزمى.

ئۇمىدى جاۋىد — دائىملىق، ئۆچمەس ئۇمىد.

ئۇمىدىدىن پەرەستىش قىلماق — جەننەتكە كىرىش ئارزۇسىدا ئىبادەت قىلماق.

ئۇمىدى رەستىگارلىق — قۇتۇلۇش، خالاس بولۇش ئۇمىدى.

ئۇمىدى ھۇسۇل — يېتىشىش ئۈمىدى.

ئۇمىدى ۋىسال — ۋىسالغا يېتىش ئۇمىدى.

ئۇمىدۋار [اميدوار] (پ) ئۇمىد، ئارزۇ ئىپادىلىگۈچى، ئۇمىدلىك؛ تەشنا، ئىنتىزار:

كۆزۈ يۈزۈڭگە ئۇمىدۋار ئېردى،
جاندە يۈز داغ - ئىنتىزار ئېردى.

— نەۋايى.

ئۇمىنچ [اومينج] ئۇمىد.

ئۇندۇر [اوندور] (ئە) يۈكسەك، ئېگىز، يۇقىرى.

ئۇنس [انس] (ئە) ئۈلپەت، يېقىن دوست.

ئۇنسۇر [عنصر] (ئە) ئېلېمېنت، ئاساسىي ماددا، ئۇنسۇر:

مېھرى لۇتفۇڭ نەچچە زىدلەر ئۇنسۇرىن پەيۋەند ئېتىپ،
باد، خاكۇ ئابۇ ئاتەش بىر - بىرىگە ئىختىلات.

— شەۋقى.

ئۇنسىيەت [انسيت] (ئە) دوستلۇق، ئۈلپەتلىك.

ئۇنقۇچ [اوقوچ] قەرز، بېرىم:

جەۋرۇ بىدادىڭ تۈگەنمەي قالغان ئېرسە جانىمە،
چەرخدىن ھەم ئۇنقۇچ ئالساڭ، ئال دىمان، قالغانچە قىل.

— نەۋايى.

ئۇناپ [عناب] (ئە) چىلان.

ئۇنۋان [عنوان] (ئە) ئاتاق، نام؛ سەرلەۋھە.

ئۇيا [اويا] قېرىنداش، تۇغقان.

ئۇيلە [اويله] ئۇنداق:

يارىم بولۇبان كۆزۈمدە نازىر،
ھەر كېچە چۈشۈمدە ئۇيلە ھازىر.

— موللا سالىھ.

ئۇيۇب [عيوب] (ئە) «ئەيىب» نىڭ كۆپلۈكى — ئەيىبلەر، كەمچىلىكلەر، نۇقسانلار.

ئۇيۇتماق [اويوتماق] ئۇخلاتماق.

ئۇيۇرماق [اويورماق] ئايلاندۇرماق، ئاغدۇرماق، ۋاراقلىماق.

ئۇيۇقلاماق [اويوقلاماق] ئۇخلىماق:

قىرىق يىل ئۇيۇقلادىڭ سەن غەفلەت بىلە زەلىلى،
ئىبرەتىدىن ئاچ كۆزۈڭنى بىر سۇبھىدەمدە بارى.

— زەلىلى.

ئۇيۇماق [اويوماق] ئۇخلىماق.

ئۆ

ئۆپمەك [اوپماك] لەۋنى بىر نەرسىگە تەگكۈزمەك، سۆيمەك:
كەلگىن، سەنەما، قۇچۇپ دۇداغىڭغە ئۆپەي،
مەڭزىڭنى شۇرۇپ - شۇرۇپ قاپاغىڭغە ئۆپەي.
ئېسلەپ داغى سەقاغىڭغە ئۆپەي،
بىس ئەمدى دېسەڭ تۇشۇپ ئاياغىڭغە ئۆپەي.
— ئەرشى.

ئۆت [اوت] ئۆگۈت، نەسىھەت.

ئۆتە [اوته] بەك، ناھايىتى، ئىنتايىن.

ئۆتكەرمەك [اوتكرمك] ئۆتكۈزمەك:
پېشكەش - سوغاتنى بۇ ئىككى بەگ،
ئۆتكەرىپ قويدىلەر ئاندا رەگ بە رەگ.
— زەلىلى.

ئۆتكەسەن [اوتكەسن] ئۆتىسەن:
ئۆتكەسەن ئاخىر جەھاندىن يۈرمەگىل ئۆمرۈڭ ئەبەس،
كار قىلغىل، خەير قىلغىل يۈرمەگىل ئۆمرۈڭ ئەبەس.
— شەۋقى.

ئۆچەشمەك [اوچاشماک] ئۆچەكەشمەك، ئېيتىشماق:
نەچە ئۆچەشىب بۇ نەفسى خۇمكامە ساڭا،
نامە قارا بولغاي ئۆيلەكىم خامە ساڭا.
— نەۋايى.

ئۆچكۈ [اوچكو] ئۆچكە.

ئۆچۈك [اوچوك] ئۆچكەن، ئۆچۈپ قالغان:
كۈندۈزۈمدۇر كېچە ئول خۇرشىدى تاباندىن جۇدا،
مەشئەلى ئەيشىم ئۆچۈك ئول ماھى تاباندىن جۇدا.
— ئەرشى.

ئۆر [اور] يۇقىرىلىق، ئېگىزلىك.

ئۆرت [اورت] ئوت، يالقۇن، ئەلەڭگە:
كۆزىدە سۇ ۋە لېكىن جانىدا ئۆرت،
بولۇب ھەر سارى باقماقدىن كۆزى تۆرت.
— نەۋايى.

ئۆرت سالماق — ئوت قويماق، كۆيدۈرمەك، ياندۇرماق.

ئۆرتەمەك [اورتاماک] كۆيدۈرمەك، ياندۇرماق:
يەتتە فەلەكنى ئۆرتەسە ئاھىم ئەگەر چىقىپ نېتاڭ،
چۈنكى تۇشۇبدۇر كۆڭلۈمە ئىشق ئوتىنىڭ ھەرارەتى.
— شەۋقى.

ئۆرتەمەكلىك [اورتاماك ليک] كۆيدۈرمەكلىك، ياندۇرماقلىق:
كۆزۈ لەئلى بەرق سىررىن بىلمەك ئەتسەڭ ئىلتىماس،
ئۆرتەمەكلىكدۇر جەھان ئەھلىن ئەلاھازەلقىياس.
— ئەرشى.

ئۆرتەنمەك [اورتانماك] كۆيمەك، يانماق:
لەيلىجاننىڭ يادىسىدىن ئىشقى مەجنۇن ئۆرتەنىپ،
بىيد مەجنۇندەك ھەمىشە تولغانۇرغە زاردۇر.
— شەۋقى.

ئۆرتۈگۈن [اورتوگون] خامان.
ئۆرتۈگۈن تەپمەك — خامان تەپمەك.

ئۆرگەتمەك [اورگاتماک] تەلىم بەرمەك، ئۆگەتمەك:
شەيخ دەر، ئىشقنى تەرك ئەت ساڭا ئەقىل ئۆرگەتەيىن،
ئەي نەۋائى، كىمشى بولغايمۇ بۇ نادان ياڭلىغ.
— نەۋايى.

ئۆرگەمچى [اورگمچی] ئۆگەنگۈچى، تەلىم ئالغۇچى، شاگىرت.

ئۆرگەنمەك [اورگاناک] تەلىم ئالماق، ئۆگەنمەك:
تا ئۆلاردىن ئۆلۈم ئۆرگەنگەي،
ئىلمىنىڭ ھەسرەتىگە ئۆرتەنگەي.
— نورۇزاخۇن كاتىپ زىيائى.

ئۆزە [اوزه] «ئۆزرە» گە قاراڭ:
چىراكىم ئاڭا دەرد ئولۇپ دەرد ئۆزە،
تۆكۈپ قان قاشىب چېھرەئى زەرد ئۆزە.
— ئا. نىزارى.

ئۆزرە [اوزره] ئۈستىدە، تۆپىسىدە؛ ھەققىدە:
جۆملە جان پەرۋانەدۇر ۋەسلىڭ چىراغى ئۆزرە كۆر،
شۆئلە گۆلگۈن پۇش ئېرۇر سىينەمدە داغى ئۆزرە كۆر.
سەرۋى ئەرگەر قامەتىنى چار باغى ئۆزرە كۆر،
زەئفەران مەندىن قىزىل بەخمەل تۇماغى ئۆزرە كۆر،
زەرنىگارا قۇببەئى شاھەندە ئىستىغناسى بار.
— زەلىلى

ئۆزگە [اوزگه] باشقا، غەيرىي، يات:
ھۆزۈرى غەيرىدىن گەرچە ھەرىمى قۇدس ئېرۇر فارىغ،
كى تۇپراق ئۆزگەدىن تاپماقغە بولدى پاسىبان ئاندا.
— ئەرشى.

ئۆزگەچە [اوزگەچە] باشقىچە:

ئىلتىپات ئەتتى بۇ كۈن مەن قۇلغە ئول شاھ ئۆزگەچە،
ئۆزگەچە ئاڭلاب مەن ئۆز ھالىمنى بىللاھ ئۆزگەچە.

— نەۋايى.

ئۆزلۈك [اوزلوك] ئۆز خۇسۇسىيىتى، ئۆز پايدىسى؛ خۇسۇسىيەت:

خەلايىق ئارزۇيى جەننەتۇل مەئۋا ئۈچۈن كۆيسە،
زەلىلى ئۆزلۈكىنى فى سەبىلىللاھ كۆيدۈردى.

— زەلىلى.

ئۆك [اوك] جىق، تولا.

ئۆكسۈك [اوكسوك] كەم، ئاز، قىس.

ئۆكسۈمەك [اوكسوماك] كېمەيمەك، ئازايماق:

ەدلىڭ خىرامىدە ئېلىڭ جەفاسى ئۆكسۈمەدى،
غەرىب نەخلىكى دائىم ئاڭا بىرۇر بىر شاھ.

— نەۋايى.

ئۆكۈرمەك [اوكورماك] ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن توۋلىماق، ۋارقىرىماق.

ئۆكۈش [اوكوش] كۆپ، جىق، تولا.

ئۆگمەك [اوگمك] ماختىماق، مەدھىيىلىمەك.

ئۆگۈرۈلمەك [اوگورولماك] بىر تەرەپكە قارىماق، ئۆرۈلمەك.

ئۆگۈن [اوگون] باشقا، غەيرىي، ئۆزگە:

ئاتلەرى دەريا ئۆزە ئويناپ ئۆگۈن،
سويلار ئەردى ئەبرى ياڭلىغ يا تۈتۈن.

— زەلىلى.

ئۆلەڭ I [اولانگ] ئوت، گىياھ، چىمەن.

ئۆلەڭ II [اولانگ] ناخشا، غەزەل.

ئۆلگۈدەك [اولگوديك] ناھايىتى، ئىنتايىن.

ئۆلچەك [اولچاك] ئۆلچەم، ئۆلچەش:

نەھەد زۇلفۇڭ ھەۋاسىن قىلغامەن كۆفر ئەستەبان كۆنلەر،
ئىتىڭ بوينى تەنابىدىن ئالاي زۇننار ئۈچۈن ئۆلچەك.

— ئەرشى.

ئۆلمەلىك [اولمەليك] جان تالاشقان، نىمجان، ئۆلۈمتۈك:

ئەرشى ئاغنار ئۆلمەلىك قۇشدەك نېچۈككىم يارىسىز،
بولماسۇن پەرۋانە، يارەب، شەمئى رەخشاندىن جۇدا.

— ئەرشى.

ئۆلۈكسە [اولوكسە] ئۆلۈمتۈك، نىمجان:

چىبىنلەر جىسمىنى مەجرۇھ ئېتەر چاغ،
ئۆلۈكسە ئۆزرە ئانداغكىم سۈرۈك زاغ.

— نەۋايى.

ئۆلۈمتۈك [اولومتوك] ئۆلۈشكە ئاز قالغان، يېرىم جان، جان تالاشقان:

ئىكى بۇ نەۋئ غالىب خەسم ئۆلۈمتۈك مور قەتلىغە،
چۇ جازىم بولسالەر، ھايھات مىسكىن مورنىڭ قانى.

— نەۋايى.

ئۆلۈمسە [اولۇمسە] «ئۆلۈكسە» گە قاراڭ.

ئۆلۈملۈك [اولوملوك] 1) ئۆلتۈرۈلۈشى لازىم بولغان، ئۆلۈشى مۇقەررەر بولغان (كىشى). 2) دەپنە چىقىملىرى.

ئۆيرۈلمەك [اويرولماك] ئۆرۈلمەك:

يىغىلدى بارى ئول كۆيەۋ قاشىغە،
كى پەرۋانەدەك ئۆيرۈلۈپ باشىغە.

— ئا. نىزارى.

ئۈ

ئۈچاۋ [اوچاۋ] ئۈچىلىسى.

ئۈچاۋلا [اوچاولا] ئۈچى، ئۈچەيلەن:

چىقىپ شەھزادى بىرلە شاھ ئىككەۋلا،
ۋەزىرى كاردان بىرلە ئۈچاۋلا.

— نەۋايى.

ئۈچەلە [اوچالا] ئۈچى، ئۈچىلىسى.

ئۈزۈك I [اوزوك] ئۈزۈلگەن.

ئۈزۈك II [اوزوك] قولغا سالىدىغان ئۈزۈك؛ بارماققا ئۈزۈككە ئوخشاش تاقاپ يۈرىدىغان مۆھۈر:

خاتەمى لەئلىڭ ئەگەر ئاغزىمغە يېتكەچ تىشلەگۈم،
مۆھر ئىبتەردە مۇم ياپىشقان كەبى باسقاچ ئۈزۈك.

— نەۋايى.

ئۈگۈت [اوگوت] نەسىھەت.

ئۈلۈش [اولوش] نىسىۋە:

دەۋلەتۇ نۇسرەت ئۈشبۇ تۇش،
تەڭرى ئەزەلدىن ساڭا بەرگەن ئۈلۈش.

— دۆربېك.

ئۈلۈشلۈك [اولوشلوك] نىسىۋە.

ئۈم [اوم] ئىشتان، شىم.

ئۈنچە [اونچه] ئۈنچە، مەرۋايىت:

گۈل مۇقەققى لەئلى ياقۇت ئىچرە،
ھەربىر تېشى ئۈنچىگە بارابەر.

— موللا سالىھ.

ئۈنچۈ [اونچو] ئۈنچە، مەرۋايىت.

ئۈيمەك [اويمك] تىترىمەك، لىغىلدىماق:

مەۋجى رەفتارى قەددىڭنى كۆرمەسەم ئەي سىمبەر،
جۇشۇشى سىمابەدەك كىم ئۈيمەگەي ئەردىم بۈگۈن.

— زەلىلى.

ۋ

ۋابەست [وابست] (پ) «ۋابەستە» گە قاراڭ.

ۋابەستە [وابسته] (پ) مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار، باغلىنىش؛ ئېرىشىش:

قاچان ۋابەستە ئولغۇم رىشتەئى ئىشقىڭغە ئۆزلۈكىدىن،
ماڭا لېكىن ئەسىر ئولماق چۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر.

— گەرشى.

ۋابەستە بولماق — باغلانماق، مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار بولماق:

تەلەپ دەردى بىلە ۋابەستە بولماق،
فەقىرۇ ئاجىزۇ دىلخەستە بولماق.

— خىرقەتى.

ۋابەستە قىلماق — باغلىماق، مۇناسىۋەتلىك قىلماق.

ۋابەستەئى تەۋفىق — مۇۋەپپەقىيەتكە باغلىق، ئالاقىدار.

ۋابەستەلىك [وابستەليك] ئالاقىدارلىق، باغلىنىشلىق؛

نەچچە ئۈزلۈك رىشتەسىگە قىلغانىن ۋابەستەلىك،
ئال ئاچىغ مەيلىك قەدەھ سىپقار دەمى [illegible] ئۆتۈت.

— گەرشى.

ۋاپەس [واپس] (پ) ئارقىدا، كەينىدە، تۆۋەن.

ۋاجىب [واجب] (ئە) 1) ۋاجىپ، پەرھىز، بېجىرىلىش مەجبۇرىي بولغان زۆرۈرىي شەرت:

دېدىم: *ھەقدىن ئولدى ئىنايەت ئىشى،*
ماڭا ۋاجىب ئولدى ئىبادەت ئىشى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) خۇدا، تەڭرى:

كۆرمىشەم ۋاجىب بەقاسىن رەۋشەن ئانداقكىم قۇياش،
تاكى ئىمكان سايە يەڭلىغ كۆزدە فانىيدۇر ماڭا.

— نەۋايى.

ۋاجىب بولماق — بېجىرىلىش زۆرۈر بولماق.

ۋاجىب بىلمەك — بېجىرىلىش زۆرۈر دەپ بىلمەك.

ۋاجىبۇر - رىئايە — رىئايە، ئەندىشە قىلىنىشى لازىم ۋە [illegible]ۇر؛ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىش زۆرۈر.

[illegible]بۇل - ئىتتىباھ — تەۋە بولۇشى، بويسۇنۇشى [illegible]زىم.

ۋاجىبۇل ئىجتىناب — ئۇزاقلىشىش، يىراقلىشىش لازىم بولغان.

ۋاجىبۇل - ئىزئان — بويسۇنۇشى مەجبۇرىي.

ۋاجىبۇل - ئىمتىسال — پەرمانبەردارلىق؛ بويسۇنۇش مەجبۇرىي بولغان.

ۋاجىبۇل - ئىھتىرام — ھۆرمەت قىلىش لازىم، ھۆرمەت قىلىشى زۆرۈر بولغان.

ۋاجىبى بىززات — ھەقىقەتەن، ھېچقانداق گەپ - سۆزسىز؛ خۇدا.

ۋاجىبات [واجبات] (ئە) زۆرۈرىي بولغان نەرسىلەر، دىنىي مەجبۇرىيەتلەر:

...... خاتىرىمغە تۇشتى، بۇ ئەمرى ۋاجىبات تەركىن قىلۇرغە چارە تاپالمادىم.

— مۆجىزى.

ۋاجىد [واجد] (ئە) ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى، بار قىلغۇچى، ياراتقۇچى:

ئەگەر ۋاجىدۇ مەجىد ئەت ئېتىبار؛
ئەگەر ھەييۇ قەييۇم بىر ھۆكمى بار.

— نەۋايى.

ۋادە [واده] ئۇرۇق، نەسەب؛ بىرەر نەرسىنىڭ ئەسلى.

ۋادەرىغ [وادريغ] (پ) «ۋادەرىغا» غا قاراڭ:

گۈلدىن ئايرىلغان كەبى بۇلبۇل مەسەللىك ئۈن چېكىپ،
ۋادەرىغ، مەن يار ۋەسلىدىن جۇدا بولدۇم نېتەي.

— موللا سالىھ.

ۋادەرىغا [وادريغا] (پ) «ۋاي ئىست» مەنىسىدىكى ئەپسۇس ۋە پۇشايماننى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش سۆز:

ۋادەرىغا، ئالەم ئىچرە ئاشنايى تاپمادىم،
بىر باقىپ كۆڭلۈم ئالۇرغە دىلرەبايى تاپمادىم.

— ئەرشى.

ۋادى [وادى] (ئە) «ۋادىي» گە قاراڭ:

بۇ تەلەب ۋادىسىدە ھەر كىمگە بىر مەقسۇد بىل،
زاھىدا، سالۇسغە جەننەت، ماڭا جانانەدۇر.

— ئەرشى.

ۋادىئى گۇفتار — سۆز ۋادىسى:

ۋادىئى گۇفتارغە مەشھۇرىنى كەلتۈردى ئىشق،
سازدىن چىقماس سەدا مۇترىبدىن ئەلھان بولماسا.

— مەشھۇرى.

ۋادىئى ھەيرەت — ھەيرانلىق ۋادىسى:

ۋادىنى ھەيرەتتە ئەزبەسكى ھەرارەت چەكمىشەم،
سايە بەخش ئولغىل مېنىڭ باشىمغە گوياكى ھۇما.

— زەلىلى.

ۋادىي [وادى] (ئە) ۋادا، جىلغا، ساي، دالا، چۆل - جەزىرە:

قىلىپ دەشت ۋادىي، مەراھىلنى تەي،
يۈرۈپ نەچچە كۈن راغ ئارا نىڭ پەي.

— نىزارى.

ۋادىي نەۋرەد — دەشت كېزەر، چۆل كېزەر.

ۋادىي تەلەب — تەلەپ ۋادىسى.

ۋادىي تەۋھىد — يەككە - يېگانىلىق ۋادىسى؛ تەۋھىد (بىرنىكىش) ئالىمى.

ۋادىي تۈز — توغرىلىق ۋادىسى.

ۋادىي سۇئۇبەت — قىيىنچىلىق، مۇشەققەت ۋادىسى.

ۋادىي فەقرۇ فەنا — پېقىرلىق ۋە پانىيلىق ئالىمى.

ۋادىي فەنا — پانا ۋادىسى.

ۋادىي قەتئ ئەتمەك — كېزمەك، كېسىپ ئۆتمەك.

ۋادىي مەخافەت — خەۋپ - خەتەر يولى، قورقۇنچلۇق ۋادا.

ۋادىي ھەسرەت — ھەسرەت، نادامەت ۋادىسى.

ۋادىي ھەمىم — قىزىغان، ئىسسىق ۋادا.

ۋادىي ھەيرەت — ھەيرەت ۋادىسى.

ۋادىي ئىستىغنا — ئىستىغنا ۋادىسى.

ۋادىي ئىشق — ئىشق ۋادىسى، ئىشق ئالىمى.

ۋادىيە [وادي] (ئە) «ۋادىي» غا قاراڭ:

كۆرۈندىكى ئاندىن ئەجەب بادىيە،
سەمەرلىك يەر ئېردى ئوشۇل ۋادىيە.

— ئا. نىزارى.

ۋار [وار] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «كەبى، ئوخشاش، ... لارچە» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

دۇشمەنۋار — دۇشمەنلەرچە، دۇشمەنگە ئوخشاش.

ۋارەستە [وارسته] (پ) 1) قۇتۇلغان، خالاس بولغان، ئازاد، بوش. 2) بالاغەتكە يەتكەن.

ۋارەستە بولماق — قۇتۇلماق، ئازاد بولماق.

ۋارەستە كۆڭۈل — ئازاد، تەشۋىشسىز كۆڭۈل.

ۋارىد [وارد] (ئە) كەلگەن، كېلىدىغان؛ ئېرىشكەن؛ نەقىل قىلىنغان.

ۋارىد بولماق — نەقىل قىلىنماق؛ كەلمەك؛ ئۇچرىماق، دۇچ كەلمەك؛ يۈز تۇتماق.

ۋارىدات [واردات] (ئە) 1) كېلىشى لازىم بولغان نەرسەلەر، خاتىرىگە كەلگەن نەرسىلەر، ئەقلىي چۈشەنچىلەر. 2) دارامەتلەر، كىرىملەر.

ۋارىس [وارث] (ئە) مىراس ئالغۇچى، مىراسخور، ۋارىس.

ۋارىسى بەرھەق — ھەقلىق مىراسخور، ۋارىسلىقتا ھەقلىق.

ۋارىسى تەختى جەم — بۈيۈك پادىشاھ؛ جەمشىد تەختىنىڭ مىراسخورى.

ۋازىھ [واضح] (ئە) ئوچۇق، ئاشكارا، روشەن:

رىئايىتىڭنى ئەۋلادىمانەند، بەلكى ئەكباد پەيۋەند مەرگىي تۇتماغىنى شاھ ۋە گەدا ئالىدە ۋازىھ ۋە ياخشى - يامان قاشىدە لايىھ بولدى.

— نەۋايى.

ۋازىھ [واضح] (ئە) تۈزگۈچى، ياسىغۇچى؛ بېجىرگۈچى؛ ئىجادكار:

بۇ ئەلنەر ۋازىھى ئەزىزلەرغە جايى تەسلىم ۋە تەھسىندۇركى بەغايەت خوپ قىلىپدۇرلەر.

— نەۋايى.

ۋاژگۇن [واژكون] (پ) دۈم، دۈم بولغان؛ تەتۈر؛ پەس، پەسكەش:

ئىشق جامىن ئىچكەلى شامۇ سەھەر بىھۇش مەن،
ۋاژگۇن جامىم بىلە ئاشۇفتە دەستارىمغە باق.

— گۇمنام.

بۇ نە تالېئدۇر، مۇسۇلمانلار، نە بەختۇ ۋاژگۇن،
ھىممەت ئەھلىن بەند ئېتىپ، دونلارنى ئازاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

ۋاژگۇنە [واژكونه] (پ) «ۋاژگۇن» غا قاراڭ.

ۋاژۇن [واژون] (پ) «ۋاژگۇن» غا قاراڭ:

بۇ دۇرۇر گەردۇنى دۇنۇ چەرخى ۋاژۇنى ئىشى،
مەن خەزان بولغان چاغىمدا نەۋبەھارىم ئۇچرادى.

— قەلەندەر.

ۋاسىت [واسط] (ئە) ئوتتۇرا، ئوتتۇرىدىكى، ئوتتۇراھال.

ۋاسىتە [واسطه] (ئە) ۋاستە؛ ئارقىلىق، سەۋەبلىك، تۈپەيلىدىن؛ چارە، سەۋەب:

قىلىپ زۇھۇر داغى مەندە پەرتەۋى سىدقى،
بۇ ۋاسىتە بىلە بولدۇم بۇ زۇمرەگە داخىل.

— ئابىد.

ۋاسىتە ئەيلەمەك — ۋاسىتە قىلماق.

ۋاسىتە شەمئىن ئۆچۈرمەك — ۋاسىتە - سەۋەبلەرنى مەھۋ (بىكار) قىلماق، يوق قىلماق.

ۋاسىتە قىلماق — ئوتتۇرىغا قويماق، ئارىغا چۈشۈرمەك، ۋاسىتە قىلماق.

ۋاسىل [واصل] (ئە) يېتىشكۈچى، ئېرىشكۈچى؛ ئېرىش-

كەن، يېتىشكەن؛ ئۇلاشماق، ئېرىشمەك:

قىلىپ تەي نەچچە كۈن مەنزىل ـ مەراھىل،
دىيارى بەھرىۋەرگە بولدى ۋاسىل.

— ناقىس.

ۋاسىل ئەيلەمەك — يېتىشمەك، ئېرىشمەك، قوشۇلماق.

ۋاسىل بولماق — «ۋاسىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋاسىل قىلماق — «ۋاسىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋاسىلى دەرگاھ — ئاللاغا، ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېتىشىش.

ۋاسىلى ھەق — ھەققە يەتكەن، خۇداغا يېتىشكەن.

ۋاسىئ [واسع] (ئە) كەڭ، پايانسىز.

ۋافىر [وافر] (ئە) 1) مول، كۆپ، چەكسىز، ھېسابسىز:

كامىل ھىممەت ۋە ۋافىر شۇكرى ئول سانىئغەكىم، ئىنسان خىلقەتى بەيتىنىڭ نەزمىن ئەناسىر تۆرت رۇكنى بىلە تۈزدى.

— نەۋايى.

2) ئارۇز ۋەزنىنگە تېگىشلىك بىر بەھر:

ئالاردىن بىرى كامىل بەھرىدۇر ۋە بىرى ۋافىر بەھرىكىم، مۇسەممەنى سالىمدە ئاز شېئىر ۋاقى بولۇپدۇر.

— نەۋايى.

ۋافىي [وافى] (ئە) 1) سۆزىدە تۇرغۇچى، ۋاپادار. 2) تولۇق، تۈگەل، يېتەرلىك؛ كامىل:

تەئەممۇل بىرلە رايى تاپتى شافىي،
كى بار ئېردى ئانىڭ فىكرىگە ۋافىي.

— نەۋايى.

ۋاقىئ [واقع] (ئە) يۈز بەرگەن، پەيدا بولغان، ۋەقە:

بۇ ۋاقىئنى كۆرگەچ دېدىم ئەلھەزەر،
مۇرۇۋۋەتدىن ئولمىش خاجە بىخەبەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋاقىئ بولماق — يۈز بەرمەك، سادىر بولماق، روي بەرمەك، پەيدا بولماق.

ۋاقىئ ئولماق — «ۋاقىئ بولماق» قا قاراڭ.

ۋاقىئات [واقعات] (ئە) [بىرلىكى: ۋاقىئە] ۋەقەلەر، ھادىسىلەر، «ۋاقىئە» گە قاراڭ:

ئول تۈنىكىم ئىككىنچى دەرۋىش باشىدىن ئۆتكەن ۋاقىئاتنى بىر ـ بىر تەقرىر قىلىپ ئىتمامىغە يەتكەندە، پادشاھ ئازادە بەخت ئۆز قەسرىگە يانىپ كېلىپ ... ئۇلارنى دەئۋەت قىلغالى كىشى ئىبەرگەنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋاقىئە [واقعه] (ئە) [كۆپلۈكى: ۋاقىئات/ۋە قايىئ] / 1) ۋەقە، ھادىسە؛ ھەقىقەت؛ يۈز بەرگەن ئەھۋال؛ ئۇرۇش، جەڭ؛ جاڭجال:

خاجە مەلىكەنى ئىستەپ شاھى بەندەرنىڭ باغى ئىچىگە كىرىپ قىز بىلەن كۆرۈشكەنى ۋە قىز شاھى بەندەر بىلە ئازادە ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بىر ـ بىر بەيان قىلغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) چۈش، چۈش كۆرۈش:

بىر كېچە ئالارنى ۋاقىئەدە كۆرگەندۇركىم، ئانىڭ سارى باقىپ ئايتىپدۇرلەر ...

— نەۋايى.

ۋاقىئە تەئبىرى — چۈش تەبىرى، چۈشكە تەبىر بېرىش.

ۋاقىئەئى فىراق — ئايرىلىش، پىراق ھادىسىسى، ئايرىلىش ۋەقەسى.

ۋاقىئەگو [واقعەگو] (ئە + پ) 1) كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بەرگۈچى، ھېكايە قىلغۇچى، ھېكايىچى. 2) چۈشكە تەبىر بەرگۈچى، تەبىرچى.

ۋاقىئەن [واقعًا] (ئە) ھەقىقەتەن، دەرۋەقە، دەر ھەقىقەت:

ۋاقىئەن ئىشى قىلىپدۇركى، نەزم ئەھلى ئانىڭ تەئەممۇلىدا ھەيران ۋە تەھەممۇلىدا سەرگەرداندۇرلەر.

— نەۋايى.

ۋاقىف [واقف] (ئە) 1) خەۋەردار، بىلگۈچى:

ئادەمىزادنىكى ئېرۇر گەنجى ئىشق،
ۋاقىف ئەمەس چەكمەگۈچە رەنجى ئىشق.

— زەلىلى.

2) ۋەخپە قىلغان، ۋەخپە ئىگىسى (مەسچىت، مەدرىسە، خانىقاھ قاتارلىقلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن يەر ۋە باشقا مۈلۈكلەرنى بېغىشلىغان كىشى).

ۋاقىف ئەسرارى پىنھان — مەخپىي سىرلارنى بىلگۈچى، مەخپىيەتلىكنى بىلگۈچى.

ۋاقىف ئەيلەمەك — خەۋەردار قىلماق، ئاگاھلاتماق.

ۋاقىف بولماق — خەۋەردار بولماق، ئاگاھ بولماق، خەۋەر تاپماق، بىلمەك.

ۋاقىف ئولماق — «ۋاقىف بولماق» قا قاراڭ.

ۋاقىفى ئەسرار — سىرلاردىن خەۋەردار.

ۋالا [والا] (پ) 1) ئالىي سۈپەتلىك، قىممەت باھا يىپەكتىن توقۇلغان يۇپقا ماتا، رەخت. 2) يۇقىرى، ئۈستۈن، ئېگىز؛ ئۇلۇغ، كاتتا؛ قەدىرلىك:

ئىستەسەم گەرچە پەرى رولار تەمامىن دەھر ئارا،
بارچەسى خۇر ـ مىھر، بۇ بىر گەۋھەرى ۋالا يىگىت.

— ئەرشى.

ۋالا بىنەفش — بىنەپشە رەڭ كىيىم.

ۋالايى ماۋىي — ماۋىي رەڭلىك كىيىم.

ۋالە [واله] (ئە) مەپتۇن، شەيدا، بېرىلىش؛ ئاشىق:

يۈزىدۇر بىر مەھى تاپان، لەبىدۇر لەئل يا مارجان،
بولۇپمەن ۋالەئى ھەيران سۆزى شىرىنىۇ خۇشگۇفتار.

— نەۋبەتى.

ۋالە ئەتمەك — «ۋالە ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋالە ئەيلەمەك — مەپتۇن قىلماق، شەيدا قىلماق.

ۋالە قىلماق — «ۋالە ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋالە ئولماق — مەپتۇن بولماق، شەيدا بولماق؛ ھەيران قالماق.

ۋالەۋۇ شەيدا — قاتتىق بېرىلگەن؛ مەپتۇن ۋە شەيدا بولغان.

ۋالىد [والد] (ئە) ئاتا، پەدەر:

تىرىڭ ئېردى ۋالىد بىلە ۋالىدە،
يۈرۈر ئېردى بىر ئىت ئۇلار ئالىدە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋالىدە [والده] (ئە) ئانا:

بەرمەھەلغە بار ئېردى بىر ۋالىدە،
نسارا شەھى قۇل ئىدى ئالىدە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋالىدەيىن [والدين] (ئە) ئاتا - ئانا:

بۇ مەجمۇئ بىرلە يۈرۈر بولدى جەزم،
قىلىپ ۋالىدەين بۇلار بىرلە ئەزم.

— ئا. نىزارى.

ۋالىھ [واله] (ئە) شەيدا، ئەسىر، گىرىپتار، مۇپتىلا؛ بېرىلگەن:

چۇن ئېرۇر پەرۋانە شەمئى مەجلىس ئارا ۋالىھى،
نەيلەسۇن گۇل مەشئەلى مېھرى جەھان ئارايىنى.

— نەۋايى.

ۋالىي [والى] (ئە) ھاكىم؛ ۋىلايەت ھۆكۈمدارى؛ باشلىق، ھۆكۈمدار؛ پادشاھ:

ھەم خەيلى بەنى ئەسەدغە ۋالىي،
يۈز خەيلى بەنى ئەسەدچە مالى.

— نەۋايى.

ۋام [وام] (پ) قەرز: بۇرچ.

ۋام ئەيلەمەك — قەرز ئالماق.

ۋام بەرمەك — قەرز بەرمەك.

ۋامخاھ [وام خواه] (پ) قەرز قىستىغۇچى، قەرز سۆيلەگۈچى:

كۆرمەكلىك ۋامخاھنى ماتەمىدۇر،
ئەلقىسسەكى بۇرچ ئادەمىنىڭ غەمىدۇر.

— نەۋايى.

ۋامىق [وامق] (ئە) ئاشىق، ئىشققا گىرىپتار؛ «ۋامىق ۋە ئۇزرا» قىسسەسىدە ئۇزراغا ئاشىق بولغان شەخس:

... ئۇزراغىدار ئۇتى ھەرارىتىدىن ۋامىق جىسمىن ئىشك گىردابىدا غەرق قىلغاندەك ...

— مۆجىزى.

گۇل ئاي مانەندى شىرىندۇركى ئارى مەن ئاگا پەرھاد،
تەقى ئەيلە مېنى ۋامىق، گۇل ئاينى ھەم قىلىپ ئۇزرا.

— موللا بىلال.

ۋاھ [واه] (ئە) پۇشايمان، ئەپسۇسنى بىلدۈرىدىغان سۆز — ھەتتىگىنەي، خەپ، دەرىخ.

ۋاھە [واهه] (ئە) ئۇرۇش، جەڭ ئەسۋابى، قورالى.

ۋاھەسرەتا [واحسرتا] (پ + ئە) ئاھ، ۋاھ (قاتتىق قايغۇرۇش، ئەلەم تارتىش، ھەسرەت چېكىش قاتارلىق مەندلەردە ئېيتىلىدىغان ئۈندەش سۆز)؛

تەبەسسۇم ئەيلەبان تاكى نەزەر قىلساڭ گورۇستانغە،
قوپۇپ گوردىن بارى مۇردە ھەمە ۋاھەسرەتا دەرلەر.

— زەلىلى.

ۋاھىد [واحد] (ئە) بىردىنبىر، يەككە، يېگانە:

سىدىقىم تەشنىيە كەتتى قالدى ۋاھىد داغىدە،
گۇل كېتىپ، بۇلبۇل مەسەل سايراپ يۈرۈيدۇر باغىدە.

— موللا سالىھ.

ۋاھىدى دانا — يېگانە بىلەرمەن، بىردىنبىر دانا، يېگانە ئاقىل.

ۋاھىمە [واهمه] (ئە) ۋەھىمە، قورقۇنچ، ھەرخىل خىيالغا بېرىلىش:

تۇتۇپ دۇرجىنى سالدى چۇن كېمەگە،
كى ھەيرەت بىلە قالدى ۋاھىمەگە.

— ئا. نىزارى.

ۋاۋ [واو] (ئە) «و» ھەرپىنىڭ نامى:

«ۋاۋ» ۋاھكىم، قۇتۇلماس ھەجر ئوتىدىن ئۆلمەيىن،
ۋايكىم ئارامى جان ياجان گۇزارىم سەنمۇسەن.

— موللا سالىھ.

ۋاۋەيلا [واويلا] (ئە) ئەپسۇس ۋە قايغۇرۇشنى، ھەسرەت ۋە نادامەتنى بىلدۈرگۈچى ئۈندەش سۆز؛ ئەي - ۋاي، ئەپسۇس، ئەتتەڭ:

ئاھۇ ۋاۋەيلا، بۇ فۇرقەتدە بەسى بولدۇم خەراب.
ئالدۇرۇپدۇرمەن كۆڭۈلنى ئۇل قەدى زىباسىغە.

— موللا سالىھ.

ۋائىز [واعظ] (ئە) ۋەز ئېيتقۇچى، پەند - نەسىھەت قىلغۇچى:

كۆنمەدى ئارىف سۆزىگە ۋائىزىڭ،
دېۋە موتېئ ئۆلمەدى ئىنسانىمىز.

— نەسىمى.

ۋائىزى ئەبلەھ — نادان ۋائىز.

ۋائىزگوي [واعظگوى] (ئە + پ) نەسىھەت قىلغۇچى، ۋەز ئېيتقۇچى، پەند - نەسىھەت قىلغۇچى:

كەل ئەي ۋائىزگوي ئەيلەگىل راۋىيان،
قىلىپ ئاقسۇدىن ئەمدى بىر داستان.

— موللا شاكىر.

ۋاي [واى] ئاھ، ۋاي؛ مۇسىبەت، غەم، غۇسسە:

خەت ئۈزرە بولۇپ گەھى سىمەن ساي،
ماتەملىك ئېتەرگە ئىشق ئېلىن، ۋاي.

— ئەرشى.

ئىشىتسەڭ ۋە كۆرسەڭ ئىچىڭ ئاغرىغاي،
كېيىن فايدە بەرمەس نەدامەتكە ۋاي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋاي تارتماق — ئاھۇ پەرياد چەكمەك، قايغۇرماق.

ۋاي چەكمەك — «ۋاي تارتماق» قا قاراڭ.

ۋايە [وايه] (پ) 1) ھەسسە، ئۈلۈش، نېسىۋە؛ پايدا، بەھرە. 2) ئىستەك، تىلەك. 3) ئېھتىيات. 4) ئادەت. 5) مەنىۋى ئوزۇق، روھىي ئوزۇق.

ۋايە تاپماق — ھاجىتى چىقماق، ھاجەتتىن چىقماق.

ۋە [و] (ئە) ۋە (باغلىغۇچى):

ئاغاز كىتاب مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە ۋە ھۇللەئى بەستەدام ۋە شىكەستەئى جام.

— خىرقەتى.

ۋەبا [وبا] (ئە) 1) ۋابا، يۇقۇملۇق كېسەل؛ ئاپەت، بالا:

ئىشقۇ سۆھبەت خەيلىغە تۇشكەچ نەسىمىدىن ۋەبا،
قايدا سالسام زەخم ئىسلانغان يۈرەكنىڭ مەرھەمىن.

— نەۋايى.

2) زەرەر، زىيان يەتكۈزگۈچى:

گۈل ئىسى گەر جۇئەل بەلاسىدۇر،
ھەم گۈل ئىس - ئوق ئانىڭ ۋەباسىدۇر.

— نەۋايى.

ۋەبال [وبال] (ئە) 1) ئۇۋال، ئەيىب، گۇناھ:

غەمىڭدىن ئۆزگەنىڭ دەفئىن تىلەر بۇ خەستە گۇمنامىڭ،
سىنىڭ ئىشقىڭدا جانا تۇرفە رىند لا ۋەبالىدۇر.

— گۇمنام.

2) ئازابلىنىش، ئاياغ ئاستى بولۇش، پايمال بولۇش.

ۋەبال ئولماق — گۇناھ بولماق، ئەيىب بولماق؛ ئۇۋال بولماق.

ۋەبالى جان بولماق — جانغا ئۇۋال، زىيان يەتمەك.

ۋەتەد [وتد] (ئە) ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۆلچەملىرىدىن بىرى (ئارۇزدا ئۈچ ھەرپ ئارقىلىق تەشكىل تاپقان نەزمە).

ۋەتەدى مەجمۇئ — ئىككى ھەرىكەتلىك ھەرپ بىلەن بىر ھەرىكەتسىز ھەرپتىن تەشكىل تاپقان بوغۇم، سۆز، كەلىمە.

ۋەتەن [وطن] (ئە) 1) ئانا يۇرت، ۋەتەن:

يامان كۆرمەڭ مېنى دوستلار ئىگەمنىڭ بىر قۇلىدۇرمەن،
كىشى قەدرىمنى بىلمەيدۇ، ۋەتەننىڭ گەۋھەرىدۇرمەن.

— موللا بىلال.

2) ئورۇن، جاي، ماكان؛ ئۆي، ئولتۇراق جاي:

ئالىپ قوللارىمغە بۇ مەبلەغنى مەن،
ساتىپ ئالغان ئېردىم ئۆزۈمگە ۋەتەن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يولۇمغە مېنىڭ كىم ئۇنۇپدۇر تىكەن،
بۇ تاغدا ۋەتەن ئەيلەمىش كۆھكەن.

— ئا. نىزارى.

ۋەتەن ئەتمەك — «ۋەتەن ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋەتەن ئەيلەمەك — جايلاشماق، ئورناشماق، بىرەر جاينى ئىختىيار قىلماق.

ۋەتەن ئەزمى قىلماق — مەنزىلگە، ۋەتەنگە قايتىشنى نىيەت قىلماق.

ۋەتەنساز [وطن ساز] (ئە + پ) ماكان، جاي، ئۆي.

ۋەتەنساز قىلماق — ئۆي قۇرماق، جاي قىلماق.

ۋەتەنگاھ [وطنگاه] (ئە + پ) تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي، ماكان، مەنزىل:

ئەي دەشتنى ئەيلەگەن ۋەتەنگاھ،
بول ئەزمى شەم، ئول زەمانى ئاگاھ.

— نەۋايى.

ۋەتىرە [وتيره] (ئە) يولىيورۇق؛ رەۋىش:

كېلىپدۇر سىفەت بۇ ۋەتىرە ئاگا،
جىھەت بۇكى بولمىش جەزىرە ئاگا.

— نەۋايى.

ۋەجەب [وجب] (پ) غېرىچ، ئۆلچەم بىرلىكى.

ۋەجەب بەرۋەجەب — غېرىچمۇ غېرىچ.

ۋەجەئ [وجع] (ئە) دەرد، ئەلەم، ئاغرىق، ئازاب:

نە ئۇچۇنكىم تا تىرىكدۇرۇر ئول زالىمى لەئىن،
كۆڭلۈڭگەدۇر ھەلاكەتۇ جانىڭغەدۇر ۋەجەئ.

— نەۋايى.

ۋەجد [وجد] (ئە) مۇھەببەت، سۆيگۈ؛ خۇرسەنلىك، ھاياجان؛ زوق - شوق؛ ھاياجانلىنىش:

ئىشق كىتابىدىن ماڭا مىسرەئى ھەسب ھال ئاچىلىڭ،
خانىقاھ كۆڭۈل ئارا رەۋزەنى ۋەجدۇ ھال ئاچىلىڭ.

— زەلىلى.

ۋەجدۇرەقس ئەيلەمەك — ھاياجانلاندۇرماق.

ۋەجدۇ سەرىر — ھاياجانلىق ئاۋاز.

ۋەجدۇ سەئقە — ھاياجانلىق ئاۋاز؛ چاقىرىق.

ۋەجدۇ ھال — زوق-شوققا تولغان ھالەت.

ۋەجدۇ ھالەت — زوق-شوققا تولغان ھالەت، ھاياجانلىق ھالەت.

ۋەجدۇھال ئەيان ئەتمەك — بىھوش بولماق، ئۆزىدىن كەتمەك؛ ھاياجانلىنىش، جەزبىيە قىلىش سەۋەبىدىن ئۆزىنى يوقاتماق.

ۋەجدۇھال ئەيلەمەك — ئەھۋالنى بىلمەك، خەۋەردار بولماق؛ ھال-ئەھۋالنى بايان قىلماق؛ بىھوش بولماق، ئۆزىدىن كەتمەك.

ۋەجدۇھال بەرمەك — زوق-شوق ئاتا قىلماق؛ ھاياجانلاندۇرماق.

ۋەجدۇھال قىلماق — «ۋەجدۇ ھال ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋەجھ I [وجه] (ئە) 1) سەۋەب، ۋاستە، ۋەج؛ باھانە، يوق:

بۇ ۋەجھىدىن ئەيلەدىم نەچە ئەرز،
بولدى ماڭا ئەرز ئەتمەكىم فەرز.

— ئەرشى.

2) يۈز، بەت، چىھرە.

ۋەجھى ئەكمەل — يېتەرلىك سەۋەب، يول.

ۋەجھى تەسمىيە — ئات (ئىسىم) قويۇش سەۋەبى.

ۋەجھى ھەسەن — 1) گۈزەل چىھرە، چىراي. 2) ئابرۇي، ئېتىبار سەۋەبلىرى؛ ياخشى باھانە.

ۋەجھ II [وجه] (ئە) 1) مەبلەغ، پۇل، مال، بايلىق. 2) ئابرۇي، ئىززەت، ھۆرمەت:

كۆرەي نىچۈك ئىبرۇر تۇرفە سىياقى،
بىلەي، قىلسا ئىنايەت ۋەجھى باقى.

— خىرقەتى.

3) نەرخ، قىممەت، باھا، ۋەج.

ۋەجھى مەئاش — خىزمەت ھەققى، تىرىكچىلىك ۋاستىسى.

ۋەجھى مەي — مەي ھەققى، مەي بەدىلى، مەيگە بېرىلىدىغان مەبلەغ.

ۋەجىھ [وجيه] (ئە) «ۋەجىھە» گە قاراڭ.

ۋەجىھە [وجيهه] (ئە) كۆركەم، سۆلەتلىك، كېلىشكەن؛ شەرەپلىك، ھۆرمەتلىك:

سەييىد سەسەن ئەردەشىر گۆزلەرى داغى فەقىر ۋە فەنا تەرىقى ئەكمەل ۋەجىھە بىلە زاھىر ئېردى.

— نەۋايى.

ۋەخامەت [وخامت] (ئە) قورقۇنچ، ۋەھىمە، خەۋپ:

نې تەن ئارا بولدى زەخامەت ئاڭا،
نې بۇ زەخامەتدە ۋەخامەت ئاڭا.

— نەۋايى.

ۋەداد [وداد] (ئە) دوستلۇق:

ماڭا كىم، ۋەدادىڭە خۇرسەندمەن،
جەنابىڭغە شاگىردى فەرزەندمەن.

— نەۋايى.

ۋەدائ [وداع] (ئە) ۋىدا، ۋىدالىشىش، خەيرلىشىش.

ۋەدايىئ [ودايع] (ئە) ئامانەتلەر؛ «ۋەدىئەت» كە قاراڭ:

سۇڭرە رەئىيىيەتنى ۋەدايىئ دېدى،
خۇررەم ئانى بىلكى بۇ غەمنى يېدى.

— نەۋايى.

ۋەدىئ [وديع] (ئە) «ۋەدىئەت» كە قاراڭ.

ۋەدىئە [وديعه] (ئە) «ۋەدىئەت» كە قاراڭ.

ۋەدىئەت [وديعت] (ئە) [كۆپلۈكى: ۋەدايىئ] ئامانەت؛ روھ، جان:

ۋەدىئەت قويۇپ ئاندا ئەسرارىنى،
سالىپ چۇن مۇھەببەتنىڭ ئەنۋارىنى.

— ئا. نىزارى.

ۋەدىئەتنى تاپشۇردى ھەسرەت بىلە،
بالا دەردىدە داغى كۇلفەت بىلە.

— ئا. نىزارى.

ۋەر I [ور] (پ) ئەگەر، «ۋە ئەگەر» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى:

يەئنى ھەۋا گەرم ھەرارەت فۇزۇن،
ئىككى ھەرارەتدە جۇنۇن ۋەر جۇنۇن.

— زەلىلى.

ۋەر II [ور] (پ) بىرەر نەرسىگە ئىگىلىكنى، ئىگە ئىكەنلىكنى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچە:

بەھرەۋەر — بەھرە ئالغۇچى.
پىشەۋەر — ھۈنەر ئىگىسى، ھۈنەرۋەن.
تاجۋەر — تاجدار، پادىشاھ.

ۋەرەق [ورق] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋراق] 1) قەغەز؛ ۋاراق، سەھىپە:

ۋەرەقغە كىتاب ئىشى بولدى سەبت،
ھەزار دۇسەد باز پەنجاھۇ ھەفت.

— ئا. نىزارى.

2) ياپراق، يوپۇرماق، بەرگ:

ۋەرەق ھۇسن ئەھلى زىبىغە تازۇتقان گۈلئۈزارىمدۇر،
ئەمەس كىرپىك كۆزۈم ئەترافى گۈزرە رەشكى خارىمدۇر.

— گۇمنام.

3) يۈز، بەشىرە، چىراي. 4) يېزىق، يېزىق بەتلىرى.

ۋەرەق تاۋەرەق — ۋاراقتىن ۋاراققىچە.

ۋەرەق گۈلشەنى — يېزىق گۈلزارى:

چۇ سۆز ناقىلىغە قەلەم بولدى قۇل،
ۋەرەق گۈلشەنىدە ئاچىلدۇردى گۈل.

— ئا. نىزارى.

ۋەرەق نىگار — 1) رەسىم سىزىلغان ۋاراق. 2) ۋاراقنى بېزىگۈچى، زىننەتلىگۈچى.

ۋەرەق - ۋەرەق — بىرمۇبىر، ۋاراقمۇ ۋاراق.

ۋەرەقۇل - خەيال — كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىلغان ئوي - خىياللار.

ۋەرەقى ئۈزمەك — ۋاراق يىرتماق.

ۋەرەقى ئاسمان — قەۋەت، قاتلام؛ تەبەقە؛

ۋەرەقى زەرفىشان — زەر بىلەن بويالغان، زىننەتلەنگەن سەھىپە.

ۋەرەقى ماۋىي — ماۋى رەڭ قەغەز.

ۋەرەقنەۋەرد [ورق نورد] (ئە + پ) 1) ۋاراقلىغۇچى، ۋاراقتا كۆز يۈگۈرتكۈچى. 2) خەت پۈتكۈچى، كاتىپ. 3) يازغۇچى، مۇئەللىپ.

ۋەرەم [ورم] (ئە) قاپارچۇق، قاپارتماق.

ۋەرەم ھەيئەتى — قاپارتما شەكلى؛ ئىششىپ، قاپىرىپ چىققان.

ۋەرەئ [ورع] (ئە) تەقۋا؛ پەرھىزكارلىق، خۇداگۈيلۈق:

ئەگەر ئىشق ئافەتىن كۆرمەي دېسەڭ ئەھلى ۋەرەئ بىلكىم،
تىلىڭغە ئىشق ئاتىن كەلتۈرمەگىل زىنھار مەن بەڭلىغ.

— گۇمنام.

ۋەرەئ ئەھلى — تەقۋادارلار:

ئاشىقى شورىدەدىن قورقۇپ قاچار ئەھلى ۋەرەئ،
شىر كۆرگەچ يوق ئەجەب گەر تۈلكەگە بولسە ھەراس.

— ئەرشى.

ۋەرەئ مۈلكى — پەرھىزكارلىق مەقامى (جاي).

ۋەرەئۇ زۇھد — پەرھىز ۋە تەقۋا.

ۋەرەئكەش [ورع كش] (ئە + پ) پەرھىزكار، تەقۋادار:

قەدەھكەشكە خەرابەت بولدى مەرقۇم،
ۋەرەئكەشغە مۇناجات بولدى مەقسۇم.

— نەۋايى.

ۋەرەئكىش [ورع كيش] (ئە + پ) «ۋەرەئكەش» كە قاراڭ.

ۋەرتە [ورطه] (ئە) قىيىنچىلىق، مۇشكۇل، ئېغىر ئەھۋال؛ ھالاكەت گىردابى؛ ھالاكەتلىك ھالەت.

مۇھلىك ۋەرتە — ھالاك قىلىدىغان، ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان قىيىنچىلىق.

ۋەرد [ورد] (پ) ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل:

مېنىڭتەك گوييا كۆردى يۈزۈڭنى ئەبرى نەۋرۇزى،
كۆزىن ياشىدىن يەر يۈزى ۋەردى ياسەمەن بولدى.

— سەككاكى.

ۋەرد تەرمەك — گۈل تەرمەك؛ پايدىلانماق، يۈزىنى تاماشا قىلماق.

ۋەرد ئۇلماق — سۆيۈملۈك بولماق.

ۋەرزىش [ورزش] (پ) ئادەت؛ مەشىق، كۆنۈكمە؛ ئىش، ھەرىكەت؛ مەشغۇلات:

گەرچە بارمەن، ئەل ئارا گۇمنامىلىقدۇر ۋەرزىشىم،
باقماغىل گۈلدەك يۈزۈمگە، جىسمىم ئارا خارىمغە باق.

— گۇمنام.

كېلۈر ئاندا ھەربىر تەرەپدىن كىشى،
كى تۈججارلىقدۇر ئۇلار ۋەرزىشى.

— ئا. نىزاى.

ۋەرزىش ئەتمەك — ئادەت قىلماق، كۆنۈكمە ھاسىل قىلماق.

ۋەرزىش ئەيلەمەك — شۇغۇللانماق، مەشغۇل بولماق؛ قوللانماق.

ۋەرزىش بەرمەك — ئۆگەتمەك، كۆنۈكتۈرمەك.

ۋەرزىش قىلماق — شۇغۇللانماق، مەشغۇل بولماق؛ ئۆگەنمەك.

ۋەرنە [ورنه] (پ) چۈنكى باشقىچە، ئەكسىچە؛ ھەر ھالدا؛ ھەربىر، ھەرقانداق:

خالى خەتتىڭ سىپاھىدىن جەھانگىر ئولدى يار،
ۋەرنە شاھ ئىقلىمىنى ئالغايمۇ لەشكەر بولماسا.

— زەلىلى.

ۋەرىد [وريد] (ئە) تومۇر.

ھەبلۇل - ۋەرىد — بويۇندىكى يوغان قان تومۇر:

سۇ تۇشۇپ ئول شاھدىن بىھەد بەئىد،
ئول يېقىنراق سىزگە مىن ھەبلىل ۋەرىد.

— نەۋايى.

ۋەزارەت [وزارت] (ئە) ۋەزىرلىك.

ۋەزارەت زەيلۇچەسى — ۋەزىرلىك ئورنى.

ۋەزارەت ئىياب — ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

ۋەزان [وزان] (پ) پۇلەنگەن؛ چىققان (شامال)؛ شامالنىڭ ئىسسىشى؛ ئىسسىپ تۇرغان (شامال):

بۇ مەي بويىكىم بولماسا گەر ۋەزان،
تاپار ئېردى مەيخانە كىمدىن نىشان.

— مەشھۇرى.

ۋەزايىف [وظايف] (ئە) [بىرلىكى: ۋەزىفە] «ۋەزىفە» گە قاراڭ:

بۇ ئىككى بۇقئەنىڭ ئىمارەتى ۋە سەكەنەسىنىڭ ۋەزايىفى بىلە

بارچە مەئۇنىتى ئاندىن ھاسىل بولۇپ، شەرت قىلغان دىستۇر بىلە سەرف بولغاي.

— نەۋايى.

ۋەززان [وزان] (ئە) ئۆلچىگۈچى، تارازىۋەن:

ئەمما بۇ ھىساب خىرەدى دۇربىن ۋەززانى بىلە ۋە ئەقلى دۇرئەندىش مىزانى بىلە راست ئېرمىش.

— نەۋايى.

ۋەزن [وزن] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋزان] 1) ئېغىرلىق، ۋەزىن، ئۆلچەم:

كى يۈز تىشە ۋەزنى بىلە پۈتتى ئول،
كى مىتىن سوقۇپ كارىغە ئۇردى قول.

— ئا. نىزارى.

2) شېئىرىي ئۆلچەم، شېئىر ۋەزنى. 3) مۇزىكا، كۈي، ئاھاڭ پەدىلىرى. 4) مىقدار، قەدىر، قىممەت، ئەھمىيەت.

ۋەزن كەففەسى — تارازا پەللىسى.

ۋەزئ [وضيع] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋزائ] 1) پېئىل؛ ئەھۋال، ھال، ھالەت، شەكىل، تۈزۈلۈش؛ رەۋىش، ئۇسۇل، تەرتىپ؛ ئادەت:

كۆرۈپ نەۋرۇز ئانىڭ ۋەزئىنى ناخۇش،
كېلىپ رەھمى، بولۇپ ۋەقتى مۇشەۋۋەش.

— لۇتفى.

2) ئورنىغا قويۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش. 3) پىچىم، يارىتىلىش، ئادەت:

ماڭادۇر سادەۋەشلىك ۋەزئ، مەيدىن سەرنىگۇنلۇق خوي،
ئاچۇق ئەگرا، يارۇق تەن، خەلق ئارا ۋەيرانە مەشرەب مەن.

— مەشرەب.

ۋەزئ قىلماق — 1) تەرتىپكە سالماق، تۈزمەك. 2) ئىختىرا قىلماق، ياراتماق.

ۋەزئى تەۋر — تۈزۈلۈش ۋە كۆرۈنۈش.

ۋەزئى ھەيئەت — تۈزۈلۈش سۈرىتى، كۆرۈنۈشى.

ۋەزئى ئىرفان — مەرىپەتلىك بولۇش، خوش پېئىل بولۇش.

ۋەزئى بىھۇدانە — پەسكەشلىك ھالىتى.

ۋەزئى كارگاھ — دۇنيا تۈزۈلۈشى.

ۋەزئى ھەمل قىلماق — پەيدا بولماق؛ تۇغماق، كۆزى يورۇماق.

ۋەزىر [وزير] (ئە) ۋەزىر.

ۋەزىرى راست گام — ئادىل قەدەم، توغرا يۈرگۈچى ۋەزىر.

ۋەزىرزادە [وزيرزاده] (ئە + پ) ۋەزىرنىڭ ئوغلى، ۋەزىرنىڭ پەرزەنتى:

مەۋلانا يارىي ۋەزىرزادە ئېردى.

— نەۋايى.

ۋەزىفە [وظيفه] (ئە) [كۆپلۈكى: ۋەزائىف/ۋەزايىف]/ 1) ۋەزىپە، تاپشۇرۇق. 2) مائاش، ئايلىق، نەپىقە؛ خىراج:

ھەر ئايدا بولسا ھەرنەچە يامبۇ ۋەزىفەسى،
شاھ ئىلتىفاتى يېتمەس ئاڭا كۈندە دەم - بەدەم.

— سەبۇرى.

ۋەزىئ [وظيع] (ئە) كىچىك؛ پەس، تۆۋەن؛ ئاۋام، ئاددىي:

چۈ يەكسەر يىغىلدى شەرىفۇ ۋەزىئ،
ساز قىلدى ئاغاز بىھەد بەدىئ.

— نەۋايى.

ۋەسائىل [وسائل] (ئە)[بىرلىكى: ۋەسىلە] «ۋەسىلە» گە قاراڭ.

ۋەسايىل [وسايل] (ئە)[بىرلىكى: ۋەسىلە] «ۋەسىلە» گە قاراڭ.

ۋەسەت [وسط] (ئە) ئوتتۇرا، مەركەز:

سەجدە ئەيلەپ قاشلارىنىڭ ئوترۇسىدىن ئالغان باشىم،
نې ئۈچۈن مەتلۇب ئېرمىشدۇر ماڭا ھەددى ۋەسەت.

— ئەرشى.

ۋەسەت بولماق — ئوتتۇرىدا بولماق.

ۋەسەتى سىن — ئوتتۇرا ياش.

ھەددى ۋەسەت — ئوتتۇرىچە مىقدار.

ۋەسەتلىق [وسطليق] ھەر ئىشتا ئوتتۇرىچە بولۇش؛ ئوتتۇراھاللىق:

كىم ئەتسە ۋەسەتلىق يولىندە زۇھۇر،
ئاڭا تۈزسە ئايىنى خەيرۇل - ئۇمۇر.

— نەۋايى.

ۋەسسادە [وساده] (ئە) ياستۇق، تەكيە.

ۋەسساف [وصاف] (ئە) تەرىپلىگۈچى، مەدھىيىلىگۈچى، ماختىغۇچى.

ۋەسسەلام [والسلام] (ئە) تامام، ئاخىر، تۈگىش؛ ۋەسسالام:

ساڭا يۈز ئاتمىشدە ئېردىكىم ھىجرىي سىنە،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەشفى بولدى ۋەسسەلام.

— نەۋبەتى.

ۋەسسەلام قىلماق — تامام قىلماق، ئاخىرلاشتۇرماق.

ۋەسف [وصف] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋساف] تەرىپلەش، ماختاش، سۈپەتلەش:

جەمالىڭ ۋەسفىنى قىلدىم چەمەندە،
قىزاردى گۈل ئۇياتتىن ئەنجۇمەندە.

— ئاتايى.

ۋەسف ئەتمەك — «ۋەسف ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

ۋەسف ئېتەي دەپ گەر ئاتىن تۇتسام زەبانىم ئۆرتەنۇر،

يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر مەنىدەك گىرىفتارى يەنە.

— ئەرشى.

ۋەسف ئەيلىمەك — تەرىپلىمەك، سۈپەتلىمەك، ماختىماق:

قايسى بىر ئۆبدانلىقتىن ۋەسف ئەيلىيىن، ئەي دوستلار،
خاتىرىڭنىڭ خۇشلۇقى ھەم دەردىمە دەرمان يېگىت.

— قەلەندەر.

ۋەسف قىلماق — «ۋەسف ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ۋەسل [وصل] (ئە) ئۇچرىشىش، قوشۇلۇش، يېتىشىش؛ كۆرۈشۈش، يارغا، يار ۋەسلىگە يېتىش؛ يەتكۈزۈش:

مەسەل ئېردىكى ئادەمگە پەرى ۋەسلى ئەمەس مۇمكىن،
ۋەلې بولدى ماڭا يۈز ئانچە مۇشكىل ئاشنا بولماق.

— ئەرشى.

بۇ قىزنى قىلالى ئاتاسىغە ۋەسل،
كى خۇنابە يۇتقان ئاناسىغە ۋەسل.

— ئا. نىزارى.

ۋەسل ئارزۇسى — ۋىسالغا يېتىشىش ئارزۇسى.

ۋەسل ئاشكارا بولماق — ئۇچرىشىدىغىنى ئېنىق بولماق، مەقسەتكە ئېرىشمەك.

ۋەسل ئەييامى — بىر - بىرىگە يېتىشىش، قوشۇلۇش كۈنلىرى.

ۋەسل باغى — يېتىشىش، ئۇچرىشىش بېغى:

ۋەسل باغىدا نىگارىم ئەيلەگەچ كۆپ ئىلتىفات،
سۆزنى جۇشى كۆڭلۈمە دەريايى جەيھۇندۇر بۈگۈن.

— قەلەندەر.

ۋەسل بەزمى — يېتىشىش بەزمىسى؛ ئېرىشىش خۇرسەنچىلىكى.

ۋەسل جامى — يېتىشىش، كۆرۈشۈش قەدەھى.

ۋەسل چاغى — ئېرىشىش پەيتى؛ مەقسەتكە يەتكەن ۋاقىت، پەيت.

ۋەسل دەۋرانى — يېتىشكەن پەيتلىرى، ئېرىشىش دەۋرلىرى.

ۋەسل سەھابى — ۋىسال بۇلۇتى.

ۋەسل شەمئى ياقىلماق — يار بىلەن ئۇچرىشىماق، يارغا يېتىشمەك.

ۋەسل قىلماق — باغلىماق، قوشماق.

ۋەسل كامى — دوستلار سۆھبىتىگە مۇيەسسەر بولۇش؛ ۋىسال بەختى.

ۋەسل كويى — يېتىشىش كوچىسى، ئېرىشىش يولى.

ۋەسل مېئراجى — يېتىشىشنىڭ يۇقىرى جايى، مەقامى.

ۋەسل نۇرى — يېتىشىش شولىسى.

ۋەسل ھەۋاسى — ۋەسلىگە زوق پەيدا قىلىش، ۋىسالغا ئىشتىياق باغلاش.

ۋەسل ئۈمىدى — يېتىشىش ئارزۇسى، نىيىتى.

ۋەسلى جانفىزا — يېتىشىش پەيتىدىكى جان راھەتى، ھالاۋىتى.

ۋەسلى خەيالى — «ۋەسل ئۈمىدى» گە قاراڭ:

ھەر زەمان ۋەسلى خەيالى يۈرەكىم قان ئەيلەمىش،
كۆزلەرىمنى دەمبەدەم لەئلى بەدەخشان ئەيلەمىش.

— قەلەندەر.

ۋەسل ئىشى — ئېرىشىش چېغى؛ يېتىشىش ھەرىكىتى.

ۋەسلە [وصله] (ئە) پارچە، ياماق؛ ياماقلىق تون:

تېگىپ خىرقەلەر ئىگىنىگە ئەھلى راز،
ئانىڭ كاتانى ۋەسلەسىدىن تەراز.

— نەۋايى.

ۋەسلە - ۋەسلە — پارچە - پارچە.

زەرق ۋەسلەسى — ياماق پارچىسى.

ۋەسۋاس [وسواس] (ئە) ۋەسۋەسىگە سالغۇچى، بىقارار قىلغۇچى؛ ئىككىلەندۈرگۈچى، يولدىن ئازدۇرغۇچى؛ ۋەسۋەسە:

ۋەفا ئاندىن ئۈمىد ئەتمەك نە يەڭلى،
ئانىڭدەك سۇد ئېلى كۆڭلىدە ۋەسۋاس.

— ئەرشى.

ۋەسۋاس پەيدا بولماق — كۆڭۈلدە تىنچسىزلىق پەيدا بولماق.

ۋەسۋاس قويماق — قورقۇنچ، ۋەھىمىنى تەرك قىلماق.

ۋەسۋەسە [وسوسه] (ئە) توغرا يولدىن ئازدۇرۇش؛ ئىككىلەندۈرۈش؛ ۋەسۋەسە:

ئىمان تاپقان كىشىگە ھەق رەھمەتىدىن،
غەم يوق شايتان ۋەسۋەسەيۇ زەھمەتىدىن.

— نەۋايى.

ۋەسۋەسى [وسوسى] (ئە) ۋەسۋەسىگە چۈشكەن:

سودا ۋەسۋەسىيدە كۈندۈز تىنالماس ئول،
ئەيلەر كېچە تاڭ ئاتقۇنچە فىكر زەر - سىيمەن.

— سەبۇرى.

ۋەسۋەسى تەبىئەت — ھەربىر نەرسىنى ئويلاپ خىيالى قاچىدىغان كۆڭۈل، ۋەسۋەسىگە چۈشكەن ھالەت.

ۋەسىقە [وثيقه] (ئە) ئىشەنچلىك نەرسە، ئاساسلىنىدىغان نەرسە، نەق دەلىل؛ كاپالەت، ھۆججەت؛ كاپالەتنامە.

ۋەسىقەت [وثيقت] (ئە) ئەھدىنامە، خەت؛ «ۋەسىقە» غە قاراڭ:

فەھم قىلماي بۇلار ھەقىقەتىنى،

تاپمايىن فىكىر ئىلە ۋەسىقەتىنى.

— نەۋايى.

ۋەسىلە [وسيله] (ئە) [كۆپلۈكى: ۋەسايىل] 1) يول، ۋاستە، ۋەسىلە؛ سەۋەب، باھانە:

مۇھىم ئىشلاردا ۋەسىلە قىلىپ،
كى بەيتۇ شىرادا دەلىلە قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) تۆھپە؛ سوۋغا:

خاقانى سەئىد شاھرۇھ مىرزا ...... ئۇستاد قىيامىددىن ...... يىل باشىدا تەقۋىم ئىستىخراج قىلىپ بۇ ۋەسىلە بىلە شايەد مىرزانىڭ مۇبارەك دىدارىن كۆرە ئالغايمەن.

— نەۋايى.

ۋەسىلە بولماق — سەۋەب، باھانە بولماق.

ۋەسىلە ھىجابىن قىلماق — ئارزۇغا يەتمەك، ئارزۇ تۇسۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلماق.

ۋەسىلە ئىستەمەك — يول ئىزدىمەك، سەۋەب ئىزدىمەك.

ۋەسىئ [وسيع] (ئە) كەڭ، بىپايان؛ كاتتا، ئۇلۇغ:

بار ئېردىكى زىندان ئىچى كۆپ ۋەسىئ،
تەمى ھەم ئەمىقۇ شىكافى رەفىئ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەسىئ ئولماق — كەڭ بولماق؛ كېڭەيمەك.

ۋەسىيەت [وصيت] (ئە) ۋەسىيەت، پەند ـ نەسىھەت؛

ۋەسىيەت قىلماق — نەسىھەت قىلماق.

ۋەسىيەتنامە [وصيت نامه] (ئە + پ) ئۆلۈم ئالدىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋەسىيەت خېتى، ۋەسىيەتنامە:

ئانىڭ ساير سۇلتانلەر ئۈچۈن ۋەسىيەتنامەسى باركىم، نەدەستۇر بىلە سەلتەنەت قىلغايلەر.

— نەۋايى.

ۋەش [وش] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئوخشاش، كەبى، دەك» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

قەمەرۋەش — ئايغا ئوخشاش، ئايدەك.

مەلەكۋەش — گۈزەل، چىرايلىق.

ۋەشرەبۇ [واشربوا] (ئە) ئىچىڭلار.

كۇلۇ ۋەشرەبۇ ۋەلا تۇسرىفۇ — يەڭلار، ئىچىڭلار، لېكىن ئىسراپ قىلماڭلار.

ۋەغا [وغا] (ئە) ئۇرۇش، توقۇنۇش؛ غوۋغا؛ جەڭ؛ جاڭجال:

تۇشۇپ چۇن ۋەغا ئالەمىغە دەمى،
دەمى سەگىي ئېتىپ فىتنە ئولۇپ ئالەمى.

— نەۋايى.

ۋەفا [وفا] (ئە) 1) ئەھد، ساداقەت، ۋەدىدە تۇرۇش، ۋاپا:

مەن ۋەفا قىلغانسارى ئارتار جەفاسى يارنىڭ،
دەردىمە نۇشى لەبىدىن بىردەۋا، تاپمادىم.

— ئەرشى.

2) دائىمىلىق، ئەبەدىيلىك:

قىلمادى جەمشىدۇ ئىسكەندەرگە بۇ دۇنيا ۋەفا،
چالغىل، ئەي مۇترىب، رەبابۇ قانۇنۇ سەتارىنى.

— قەلەندەر.

3) ئىشەنچ:

چۇ بەندەر سەرىرىن ئاڭا تاشلادىم،
ئىتىغە ۋەفالىق ئىشىن باشلادىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەفا ئايىن — ۋاپانى ئادەت قىلغان، ۋاپادار:

نىگە بەس قىلدىڭ جەفا رەسمىن ۋەفا ئايىن ئولۇپ،
مەن قاچان دېدىم: قوي ئەمدى مۇنچە ئازار ئولسە بەس.

— ئەرشى.

ۋەفا ئايىنىدىن مەئزۇر تۇتماق — ۋاپاسىزلىق قىلماق، ئەھدىدىن، ۋەدىسىدىن قايتماق.

ۋەفا ئەھلى — ۋاپادارلار، ئەھدىدە تۇرغۇچىلار.

ۋەفا ئەيلەمەك — ساداقەت كۆرسەتمەك، ۋاپا قىلماق.

ۋەفا جامى — يارىدىن ۋاپا كۆرۈش؛ ساداقەت جامى.

ۋەفا قىلماق — ئەھدىدە تۇرماق، ۋاپا قىلماق.

ۋەفا كارگاھى — ۋاپا قىلىدىغان جاي، ۋاپا ئورنى:

سەفا بارگاھىدا سۇلتان ئولۇپ،
ۋەفا كارگاھىدا بۇرھان ئولۇپ.

— ئا. نىزارى.

ۋەفا كۆرگۈزمەك — ۋاپا قىلماق، ياخشىلىق قىلماق، لەۋزىدە تۇرماق.

ۋەفا گۈلى — ئەھدىدە تۇرۇش، سۆزىگە ئەمەل قىلىش.

ۋەفا گۈلى ئاچماق — ۋاپالىق بولماق، ۋاپا قىلماق، لەۋزىدە تۇرماق، سۆزىگە ئەمەل قىلماق، ئەھد ـ پەيمانىدا تۇرماق.

ۋەفا ئامىز [وفاميز] (ئە + پ) ۋاپالىق، ساداقەتلىك؛ ۋاپادار:

ئانى ئىستەپ يەنە قاشىغە دائىم،
ۋەفا ئامىز سۆزلەر دەپ مۇلايىم.

— نەۋايى.

ۋەفات [وفات] (ئە) ئۆلۈم، قازا، ۋاپات.

ۋەفاجوي [وفاجوى] (ئە + پ) ۋاپا ئىزدىگۈچى.

ۋەفادار [وفادار] (ئە + پ) ۋاپادار، ۋاپادار كىشى، دائىمىي دوست، ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتكۈچى، ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى، ساداقەتلىك (يار):

نەدەپ ئىتىغە قىلدىڭ ۋەفادارلىق،

قارىنداشلارىڭغا جەفاكارلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەفاداش [وفاداش] (ئە + پ) ۋاپا قىلغۇچى؛ ياخشىلىق كەلتۈرگۈچى.

ۋەفاسىز [وفاسيز] 1) بىۋاپا، ۋاپاسىز، ئەھدىنى بۇزغۇچى، ئەھدىگە ئەمەل قىلمىغۇچى؛ ساداقەتسىز:

قايسى ھەسرەت بىرلە گەرمانىن ۋەفاسىز ۋەسلىنىڭ،
قايسى مىھنەت بىرلە رەنجىن فۇرقەتى خۇنخارنىڭ.

— بابىر.

2) ۋاقتىنچە، ۋاقىتلىق؛ ئۆتكۈنچى:

ۋەفاسىز جەھاندىن يېتىپ ئافەتى،
تەكەللۇمغە يوقدۇر دەمى تاقەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەفاكېش [وفاكيش] (ئە + پ) ۋاپادار، ۋاپا قىلغۇچى، سۆزىدە، ئەھدىسىدە تۇرغۇچى:

كىم ياندى چۇ نەۋفەلى ۋەفاكېش،
لەيلى ئېلى بولدى فىكرەت ئەندىش.

— نەۋايى.

ۋەقايە [وقايه] (ئە) ھىمايە، قوغدايدىغان؛ قوغداش، ھىمايە قىلىش؛ مۇداپىئە:

گۈلىستانى ۋەقايەدىن بۇي ئالىبان تەرك ئېتىپ دۇنيا،
بەيادى شاھى ئالەم ھەزرەتى ساھىبقىران كەلدىم.

— زەلىلى.

ۋەقايىئ [وقايع] (ئە) [بىرلىكى: ۋاقىئە] ۋەقەلەر، «ۋاقىئە» گە قاراڭ:

ۋەقايىئدا ئانداغ خەتەرى ئانىڭ،
يوق ئېردى ئويۇمدا نەزەرى ئانىڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەقت [وقت] (ئە) ۋاقىت؛ زامان؛ دەۋر؛ پەيت، پۇرسەت؛ پەسىل، مەۋسۇم؛ ئۆمۈر.

ۋەقت بەھارى — باھار پەسلى، باھار ۋاقتى، باھار مەزگىلى، باھار مەۋسۇمى:

كېتىپ قىش، بولسا گەر ۋەقت بەھارى،
كىشىنىڭ بولسا يارى گۈلئۇزارى.

— خىرقەتى.

ۋەقتى سەھەر — سەھەر ۋاقتى، سەھەر مەزگىلى، تاڭ سەھەر:

سەبا ئول دەمدە گۈلدىن رۇخسەت ئالدى،
قويۇپ ۋەقتى سەھەردە يولنى ئالدى.

— خىرقەتى.

ۋەقتى ھەمەل — مارت ئېيى:

بىشارەت تاپىپ ئېردى ۋەقتى ھەمەل،
بۇ بەش يۈز كىشىنى ئالىپ دەر مەھەل.

— موللا شاكىر.

ۋەقت ئىچرە — ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە، پادىشاھلىق پەيتىدە.

ۋەقف [وقف] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋقاف] 1) ۋەخپە (مەسچىت، مەدرىسىلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن بەلگىلىنىپ قويۇلغان دارامەتلىك يەر، دۇكان، ساراي ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەر). 2) تۇرۇش، توختاش (ئوقۇش، سۆزلەش قاتارلىقلاردا). 3) ئارۇز قائىدىلىرىدىن بىرى.

ۋەقف ئەتمەك — نەزىر قىلماق، بېغىشلىماق.

ۋەقف قىلماق — ئاتىماق، بېغىشلىماق؛ تەيىنلىمەك.

ۋەقفى سەھىھى شەرئىي قىلماق — دىن ئۈچۈن نەزىر، ئىنئام ھەدىيە قىلماق.

ۋەقفە [وقفه] (ئە) ۋەخپە؛ توختاش؛ قۇربان قىلىش پەيتى؛ قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى (ئالدىنقى كۈنى):

شەيخ كەمال تۇربەتىي ...... فەقىر ئانى كۆرەرگە كۆپ ئارزۇم بار ئېردى، ئاشنالىغ بۇ نەۋئ ۋاقىئ بولدىكىم، مەشھەددە غەرىب ۋە خەستە بىر بۇقئەدە يېتىلىپ ئېردىم، قۇربان ۋەقفەسى بولدى.

— نەۋايى.

ۋەقفى [وقفى] (ئە) ۋەخپە ھۆكۈمرانلىرى، ئەمەلدارلىرى؛ ۋەخپىدىن دارامەت ئالغۇچىلار:

ۋەقفىيدىن فەرھىز قىلغىل ئەي ھەقىر،
ياخشىراقدۇر ۋەقفىيدىن ئىچكەن چەغىر.

— خەراباتى.

ۋەقفىيە [وقفيه] (ئە) 1) ۋەخپىنامە، ۋەخپە ۋەسىقىسى، مۈلۈكنىڭ ۋەخپىگە ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت. 2) ئەسەر نامى.

ۋەقفىيەت [وقفيت] (ئە) «ۋەقفىيە» گە قاراڭ:

قۇزاتى ئىزام مۇرافەن شەرئىي زىممىدە ۋەقفىيەت ھۆكمى قىلىپ، بۇ مەھدۇداتنى ئۆز سىجىللاتى بىلە مۇۋەششەھ ...... قىلدىلەر.

— نەۋايى.

ۋەكالەت [وكالت] (ئە) ۋەكىللىك، گۇۋاھلىق.

ۋەگەر [وكر] (پ) 1) ئەگەر؛ «ۋە» بىلەن «ئەگەر» دىن تۈزۈلگەن سۆز، يەنى «ۋە ئەگەر» نىڭ قىسقارغان شەكلى. 2) خاھ، ياكى، يا:

ئەگەر شاھ بولسۇن ۋەگەر ئول گەدا،
بىرۇرلەر قىزىنى ئاڭا بىئەيا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەگەرنە [وكرنه] (پ) ناۋادا، ئۇنداق بولمىغاندا:

مۇنىڭ ئىشلارىنى ۋەسەنگە قويۇڭ،

ۋەگەرنە يوق ئېرسە ئىزنى ئويۇك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەگەرنە قۇتۇلماس ئۇلاردىن جانىڭ،
بۇ چۆللەردە قالغاي مالىڭ ھەم تەنىڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەلاتۇسرىفۇ [ولاتسرفوا] (ئە) ئىسراپ قىلماڭلار!

ۋەلادەت [ولادت] (ئە) تۇغۇلۇش، دۇنياغا كېلىش:

ئۆزىگە شەرمۇ بىلدى دانا مۇنى،
كى ئول ۋاقىت ئېردى ۋەلادەت كۈنى.

— نەۋايى.

ۋەلايەت [ولايت] (ئە) ۋەلىيلىك، ئەۋلىيالىق؛ ئەزىزلىك؛ ھاكىملىق؛ ھۆكۈمرانلىق:

ۋەلايەت ئىشىغە بېرىپ ئىنتىزام،
سىپەھلەرغە بەردىم ئەمەل ۋەسسەلام.

— ئا. نىزارى، ن زىيائى.

ۋەلايەت ئاسار — ھۆكۈمرانلىق نىشانىسى.

ۋەلايەت ئەھلى — ۋەلىيلەر، ئەۋلىيالار، كارامەت كۆرسەتكۈچىلەر.

ۋەلايەت دەستگاھ — ھۆكۈمران؛ مۆتىۋەر.

ۋەلايەت سىپىھرى — ۋەلىيلىك چوققىسى، ئەۋجى.

ۋەلايەت شىئار — ۋەلىي، نىشانلىق.

ۋەلەد [ولد] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋلاد] پەرزەنت، ئوغۇل، بالا:

بۇ دەۋلەت بىلە يوق ماڭا بىر ۋەلەد،
قارىلىقدا قىلغاي ئىشىمغە مەدەد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەلەھۇ [وله] (ئە) ۋە ئۇنىڭغا («ۋە» بىلەن «لەھۇ» — ئۇنىڭغا سۆزىنىڭ قوشۇلمىسى):

ئەي نەۋائىي، ئاڭاكىم بار ئېسە بۇ راھ نەسىب،
رەۋۋەخەھۇل - لاھۇ تەئالا ۋەلەھۇ ھۇسنى مەئاب.

— نەۋايى.

ۋەللاھ [والله] (ئە) ئاللا، خۇدا، تەڭرى:

غەيرىڭ كۆڭۈل ئىچرە يوقدۇرۇ، ۋاھ،
بىلكىم يادىڭدا بولسە ۋەللاھ.

— ئەرشى.

ۋەللاھۇ [والله] (ئە) ئاللا، خۇدا، تەڭرى:

تولادىن ئۆز كۆڭۈلنى، بىرگە بەرگىل،
ئەگەر بىردۇر ۋەلي ۋەللاھۇ ئەكبەر.

— ئەرشى.

ۋەللاھۇ ئەئلەم — خۇدا بىلگۈچىدۇر، خۇدا ئۆزى ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب — توغرىسىنى ئاللا ياخشىراق بىلىدۇ، ئاللا ئۆزى توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

ۋەللاھۇ بىللاھ — خۇدا ھەققى، خۇدا ئۈچۈن:

كۆرە بىلمەن سىنىڭ دەردىڭنى، ئەي ماھ،
چىن ئايتۇرمەن مۇنى «ۋەللاھۇ بىللاھ.»

— لۇتفى.

ۋەللەيل [والليل] (ئە) قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى (مەنىسى: تۈن قاراڭغۇسى بىلەن قەسەم ئىچىمەن)؛ بىرەر نەرسىنىڭ قارىلىقىنى تەرىپلەشتە «سۈرەئى ۋەللەيل» (تۈن قاراڭغۇسى) غا ئوخشىتىلىدۇ:

«ۋەششەمسى» يۈزۈڭ قىسسانەسىدۇر،
«ۋەللەيلى» ساچىڭ نىشانەسىدۇر.

— ئەرشى.

ۋەلمۇتەخەللىق [والمتخلق] (ئە) خۇلقلۇق.

ۋەلمۇتەخەللىقۇ بىئەخلاقىللاھ — خۇش خۇلقلۇق، ئەدەپلىك؛ تەربىيىلىك؛ تەڭرى ئېيتقان خۇلق بىلەن خۇلقلانغان.

ۋەلۋەلە [ولوله] (پ) داد - ۋاي، توپىلاڭ؛ پىغان، نالە، پەرياد، شاۋقۇن - سۈرەن:

تۇرار ئېردى مۇنداغ يامان سۆز بىلە،
ئۇلۇس جەمئى بولدى قىلىپ ۋەلۋەلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەلي [ولى] (پ) لېكىن، ئەمما، بەلكى، بىراق:

ئەگەرچە بىنىشان بولماق ماڭا مەتلۇبدۇر، ئەرشى،
ۋەلي مەرغۇبدۇر مەھرۇيلەرغە ئاشنا بولماق.

— ئەرشى.

ۋەلېك [وليك] (ئە) لېكىن، ئەمما، بىراق، بەلكى:

ۋەلېك ئول ئاي ئۇزارىن ئاھ تابى،
نەزەردە قىلمىش ئېردى ماھ تابى.

— نەۋايى.

ۋەلى [ولى] (ئە) ئەۋلىيا، ئەزىز؛ ئىگە، ساھىب:

ۋەلى - غوجا دەپ قىلدىلەر ئىھتىيات،
كى ئىخلاس قىلىپ ئەيلەدى ئىنتىيات.

— موللا بىلال.

لۇتفۇڭ خەفى سۇنئۇڭ جەلى ئىزدەپ تاپالماس ھەردىلى،
سەن لامەكان سەن يا ۋەلى يۈرگەي ھەمە سالىپ سوراغ.

— شەۋقى.

ۋەلىي مۇتلەق — ھەقىقىي ئەۋلىيا.

ۋەلىئەھد [ولى عهد] (ئە) ۋەلىئەھد، پادشاھ مىراسخورى، تاجۇ تەخت مىراسخورى، ۋارىسى.

ۋەلىئەھد بولماق — تاجۇ تەخت مىراسخورى بولماق.

ۋەلىئەھد قىلماق — تاجۇ تەخت مىراسخورى قىلماق.

ۋەلىنىئمەت [ولى نعمت] (ئە) 1) ساھىبى ئېھسان،

ئې

ئېتەك [ايتاك] 1) ئېتەك (تاغ ئېتىكى):
ئېتەك سارى چېرىككە بەردىلەر مەيل،
كى تۆتمىش ئېردى سەھرانى قىزىل سەيل.
— نەۋايى.

2) ئېتەك (كىيىم ئېتىكى):
ئالىپ فىراقىڭ ئوتى جاننى، قان ئاقىپ كۆزدىن،
بۇ لەئلۇ مارجان بىلە دەمبەدەم تولار ئېتەكىم.
— گۇمنام.

ئېر [اير] «ئېرەن» گە قاراڭ:
رىزا بولساڭ ئېر سىينى فەرزەند ئېتەي،
كى جان رىشتەسى بىرلە پەيۋەند ئېتەي.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېرەن [ايران] ئەر، ئەرلەر؛ مەرد، ئەزىمەت:
ھەركىمكى ئەدەبسىزدۇر، ئىشىن ئەبتەر بىل،
ئەلقىسسە ئېرەنلەرغە ئەدەب زىۋەر بىل.
— نەۋايى.

ئېرەنلىك [ايرانليك] ئەرلىك، مەردلىك، باتۇرلۇق:
ئاڭلا ئېرەنلىكدىن ئانى بىنەسىب،
نى دېسە نامەرد ئەمەستۇر غەرىب.
— نەۋايى.

ئېرتە [ايرته] 1) ئەتە؛ 2) ئىلگىرى، ئاۋۋال:
ۋە ھىندىستان مۇلكىدە بىر ـ بىردىن ئېرتە تۇشتىلەر.
— نەۋايى.

ئېرتەكى [ايرتەكى] قەدىمكى، ئىلگىرىكى، ئاۋۋالقى؛ كونا:
ئەي نەۋايى، ھەجرىدىن يىللار كۆيۈپ، ئول بىۋەفا،
دېمەدىكىم، نەيلەر ئول ئۇششاق ئىچىندە ئېرتەكىم.
— نەۋايى.

ئېرتىفائ [ارتفاع] (ئە) يۇكسەك، يۇقىرى؛ كۆتۈرۈلۈش:
قىزى كەلگەننى قىلىپ ئىستىمائ،
بولۇپ غەم تاغى كۆڭلىدىن ئېرتىفائ.
— زەلىلى.

ئېردەم [ايردم] پەزىلەت؛ قۇدرەت:
بارچە ئېردەملەردە ھۇسنىغە يارىشا ئېردى.
— نەۋايى.

ئېردى [ايردى] ئىدى (ياردەمچى پېئىل):
بارۇر بولدۇم ئاناڭ ئۆيى سارىغە،
ماڭىپ ئېردىم ئەندەككىنە نارىغە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېرسە [ايرسا] بولسا (شەرت مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى ياردەمچى سۆز)؛ شۇنداق قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن:
كۇنخان بەسى ئادىل ۋە دىلاۋەر خان ئىدى. يەتمىش يىل خانلىق قىلىپ، دۇنيادىن سەفەر قىلدى. ئېرسە، ئىنىسى ئاي خان تەختىغە ئولتۇردى ۋە يۇرتنى ۋەسىئ، خەلقنى مەئمۇر قىلدى.
— موللا مىر سالىھ.

ئېركەن [ايركان] ئىكەن (ياردەمچى پېئىل):
فىتنەئى ئاشۇبى ئالەم بىلمەدىم كىم ئېركەنىن،
كىم بەلايى خەلق ئول خۇشخۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
— گۇمنام.

ئېركىن [ايركين] ئىكىن، ئىكەن (ياردەمچى پېئىل):
نە بولغاي ئېركىن ئەي دىلبەر مۇسۇلمانزادە گەر بولساڭ،
فىراقى ھەجرىمە جانا ۋىسالىڭنى دەۋا قىلسام.
— قەلەندەر.

ئېرگەنە [ايركنه] چېدىرنىڭ ئىشىكى
ئېرگەنە ياساماق — چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ياسىماق، تۈزىمەك.

ئېرمان [ايرمان] ئەمەسمەن:
ئاستانىڭ تەكيەگاھىمدۇركى، تەختى جاھ ئېرۇر،
لىبىك دەربانىڭ مەداراسىغە ئېرمان مۇستەئىد.
— نەۋايى.

ئېرمەس [ايرماس] ئەمەس:
ماڭا بەس گۇشەئى خاتىر ئېرۇر ئول شاھى خوباندىن،
ئەجەب ئېرمەس ئەگەر ئىشق ئەھلى بولسە بەندە فەرمانىم.
— ئەرشى.

ئېرمىش [ايرميش] ئىمىش (ياردەمچى پېئىل):
ھەرنىمىكىم نە مېھر ئولغاي ئاناڭ يا ھەمدەمى ئەيسا،
يوق ئېرمىش جىلۋەئى جانادىن ئۆزگە ھېچ ئاندا.
— ئەرشى.

ئېرن [ايرن] لەۋ، كالپۇك، «ئىرىن» گە قاراڭ:

ئانىڭ سارى سالدى گەجەكلىك سۈتۈن.

— نەۋايى.

ۋەھشىي [وحشى] (ئە) 1) ۋەھشىي، ياۋايى، يىرتقۇچ:

قىلىپ قانى تاغ دامەنىن لالەزار،
ھەمە ۋەھشىيلەر يىغلادى زار - زار.

— ئا. نىزارى.

2) جاھىل، نادان، نادان ئادەم.

ۋەھشىي غازال — ياۋا كېيىك:

سەييادلىق پەنىدۇر مېنىڭ ئىشق تارىدىن،
ۋەھشىي غازاللەرغە قويۇپمەنكى داملەر.

— مەشھۇرى.

ۋەھشىي سەھرانى سەيد قىلماق — سەھرادا ياشىغۇچى ھايۋانلارنى ئوۋ قىلماق؛ يالغۇزلۇقنى ئىختىيار قىلىپ سەھراغا كەتمەك.

ۋەھشىي فىئال — ياۋايى پېئىللىق، ياۋايى خۇلقلۇق.

ۋەھشىي فىكەن — ياۋايى ھايۋانلارنى قولغا چۈشۈرگۈچى، ئوۋلىغۇچى.

ۋەھكى [وهكى] (پ) تەئەججۇپ، تەئەسسۇپ:

ۋەھكى، ھەجرىڭ ئوتى جىسمى ناتەۋانىم ئۆرتەدى،
ناتەۋان جانىمغە تۇشكەن شۇئلە جانىم ئۆرتەدى.

— نەۋايى.

ۋەھكىم [وهكيم] (پ) «ۋەھكى» گە قاراڭ:

سۇجۇدى دەرگەھىدىن باش كۆتەرمە، ئەرشىيا، ۋەھكىم،
جەھاندا بولمادى مۇنداغكى شاھى خۇردەدان پەيدا.

— ئەرشى.

ۋەھم [وهم] (ئە) «ۋەھىم» گە قاراڭ:

ۋەھمىدىن ئۆرتەندى جانىم قانلار ئۆزرە داغىم،
قويغانىمدىن نەچچەيۈزدە خال ئەمەس بەلكۇ كۆرۈپ.

— ئەرشى.

ۋەھھاب [وهاب] (ئە) ساخاۋەتلىك؛ ئالىي ھىممەت؛ كۆپ ھەدىيە بەرگۈچى؛ سېخىي (خۇدانىڭ سۈپىتى):

سىفاتىڭ كېلىپدۇر غەفۇرۇر - رەھىم،
كى سەتتارۇ ۋەھھاب شاھى كەرىم.

— ئا. نىزارى.

ۋەھھابلىغ [وهاب ليغ] ئالىي ھىممەتلىك، ساخاۋەتلىك:

ئەمما نېچۈككى ۋەھھابلىغ تەقازايى بۇ نەۋئ مەۋھەبەت ۋە جەمالىيەت قىلدى.

— نەۋايى.

ۋەھ - ۋەھ [وه‌وه] (پ) ۋاي - ۋۇي، ۋاھ - ۋاھ، («ئەجەب، ئەجەبا، تەئەججۇپ، ئەجەبلىنىش، پۇشايمان» قاتارلىق مەنىلەرنى ئاڭلاتقۇچى ئۈندەش سۆز):

ئېتىپ غەم رەختىنى جان ئۆزرە تەھ - تەھ،
قىلىپ ھەر لەھزەدە يۈز نەۋئى ۋەھ - ۋەھ.

— خىرقەتى.

ۋەھىد [وحيد] (ئە) يالغۇز، يەككە، يېگانە، «ۋەھدەت» كە قاراڭ.

ۋەھىدى زەمان — دەۋرنىڭ، زامانىنىڭ يېگانىسى.

ۋەھىم [وهيم] (ئە) 1) قورقۇنچ، ۋەھىمە؛ ھاياجان؛ قورققان. 2) خەۋپ، خەتەر. 3) خىيال، گۇمان، ئوي، پىكىر.

ۋەھىم ئەتمەك — «ۋەھىم ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋەھىم ئەيلەمەك — ساقلانماق؛ قورقماق.

ۋەھىمناك [وهيم ناك] (ئە + پ) قورقۇنچ بىلەن، ۋەھىمە بىلەن:

كى بىر - بىر باسىپ كەلدىلەر ۋەھىمناك،
بۇ ئۈچ جىڭغا جىسمەكچى ئۆرار تاك - تاك.

—موللا شاكىر.

ۋەھيى [وحى] (ئە) خەۋەر، يولىيورۇق (ئاللانىڭ).

ۋەھيى ئەسەرلىق — تەسىرلىك، كۈچلۈك سۆز.

ۋەھيى نازىل بولماق — ئاللانىڭ سۆزى، يولىيورۇقى نازىل بولماق، چۈشمەك.

ۋەھيى يوھا — كەلتۈرۈلگەن خەۋەر.

ۋەئدە [وعده] (ئە) ۋەدە، ئەھدە - پەيمان؛ ئىشەندۈرۈش:

بۇ دۇرمۇ ھۆسن ئېلىنىڭ مەزھەبى، ئەي دىلبەرى رەئنا،
نەچەلەر ۋەئدە قىلدىڭ بىرىگە، ئەي يار، تۇرمايسەن.

— قەلەندەر.

ۋەئدە قىلماق — ۋەدە قىلماق، سۆز بەرمەك.

ۋەئدە گاھ — ۋەدىلەشكەن جاي؛ ۋەدىلىشىش جايى.

ۋەئدەئى سۇبھى ۋىسال ئەيلەمەك — سەھەردە ئۇچرىشىش ئۈچۈن ۋەدە قىلماق؛ سۆز بېرىشمەك.

ۋەئدەئى ۋەسل ئەتمەك — ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشىشكە ۋەدە بەرمەك.

ۋەئدەئى ۋەسل ئەيلەمەك — ئۇچرىشىشقا ۋەدە بەرمەك.

ۋەئز [وعظ] (ئە) پەند، نەسىھەت، ۋەز؛ نۇتۇق:

سەرۇپا بەرەھنەلەرنى كۆرۈپ ۋەئز ئايتادۇر،
زاھىد غۇرۇرى غەفلەت ئىلە ئىمرۇدار ئوقۇپ.

— زەلىلى.

ۋەئز جەشنى — نەسىھەت سۆزلىرى، ۋەز (نۇتۇق) سۆزلىنىدىغان يىغىلىش، مەجلىس.

ۋەئزى رەببانىي — پەندى - نەسىھەت خۇداغا مەنسۇپ.

ئىشىت مەشھۇرى نەزمىنى ئىستەر ئېسەڭ سەن ۋەئزى رەببانى،

كى ھەر رەڭگىن سەدالەر سارىدىن گۈلباغگى ۋەھدەتدۇر.
— مەشھۇرى.

ۋەئىد [وعيد] (ئە) قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش، ئاگاھلاندۇرۇش:

دېدى مېھمانىڭ بولۇپ يۈز جەۋر ئىلە ئەيلەي ھەلاك،
ۋەھكى بار ئول شوخنىڭ ھەر ۋەئدەسىدە يۈز ۋەئىد.
— نەۋايى.

ۋەئىللا [والا] (ئە) بولمىسا، ئەمما.

ۋەيا [ويا] ۋەيا، ۋە لېكىن، بەلكى؛ يا، ياكى:

ئانىڭ ئەۋۋەلى يوق ۋەيا ئىنتىھا، ئانىڭ ئاخىرى يوق ۋەيا ئىبتىدا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋەيران [ويران] (پ) 1) خاراب، ۋەيران؛ بۇزۇق:

سەيد بېپەرۋا يۈرۈر گەر شەھبازى بولماسا،
مەملىكەت ۋەيران بولۇر شەھنىڭ ئەيازى بولماسا.
— زەلىلى.

2) مەنزىل:

ئۆرۈپ ئىگام ئاندا گورىستانغەچە،
چېكىپ ئاھ، يەتكۈنچە ۋەيرانغەچە.
— ئا. نىزارى.

2) راھەتسىز؛ تىنچسىز؛ قىيىنىلىش؛ يامان كەيپىيات، غەمكىنلىك:

بارچە تەشۋىشى زەمانە چۇغز بىلكىم ئاشيان،
قىلماس ئېردى گەر بۇ كۆڭلۈم ئۆي ۋەيران بولماسا.
— ئەرشى.

ۋەيران ئەتمەك — بۇزماق، يىمىرمەك.

ۋەيران ئەيلەمەك — بۇزماق، يىقىتماق، خارابىگە ئايلاندۇرماق.

ۋەيران بولماق — خاراب بولماق، بۇزۇلماق؛ جاپا كۆرمەك.

ۋەيران تاپماق — بۇزۇق ۋە خارابە ھالەتتە كۆرمەك.

ۋەيران قىلماق — 1) خاراب قىلماق، بۇزماق، خارابىگە ئايلاندۇرماق. 2) خاپا قىلماق، ئازار بەرمەك.

ۋەيران كۆڭۈل كىشۋەرىن ۋەيران قىلماق — كۆپ جاپا ۋە ئەلەم كۆرگەن كۆڭۈل ۋە جاراھەتلىك دىلنى خاراب قىلماق.

ۋەيرانە [ويرانه] (پ) 1) خارابە، بۇزۇلغان جاي، يىقىلغان بىنا، تاشلاندۇق ماكان، ئۆي. 2) جەبىر تارتقان، ئازاب چەككەن، جاراھەتلەنگەن كۆڭۈل:

پەقىر دەردىگە چۇنان سەبىر ئەيلەگىل،
پادىشاھ ۋەيرانەدىن ئالماس خىراج.
— شەۋقى.

خەستە كۆڭلۈمگە نۇزۇل ئەتسەڭ خىرام ئەيلەپ نېتالىڭ،
نەڭ ئەمەس خۇرشىدغە تۈشمەك ئەگەر ۋەيرانەدۇر.
— ئەرشى.

ۋەيرانە سوز — ۋەيرانىنى، خارابىنى كۆيدۇرۇش.

ۋەيرانىنشىن [ويرانشين] (پ) ۋەيرانىدە، خارابىلىقتا ئولتۇرغۇچى، ياشىغۇچى:

بار ئېردىم مەن چۇغزە ۋەيرانىنشىن،
ھەمىشە ئولۇم ئەھلىغە ھەمنىشىن.
— غەرىبى.

ۋەيس [ويس] (ئە): ۋەيسى قەرەنى - زامان دەرۋىشى، ئەسىر تەلەپكارى؛ خۇدا ۋە رەسۇلغا جان پىدا ئەۋلىيا:

كى مەقامىم دەيرى ئەيلەرمەن ئەھى بەيتۇل - ھەزەن،
گۇشتۇرى ۋەيسى قەرەنىڭ گەر مىھارى بولماسا.
— زەلىلى.

زۇلفۇڭ خۇمىدىن كەلدى ماڭا بۇيى مۇھەببەت،
جان ئەمەدىگە تامۇنى ۋەيسى قەرەن ئەتتىم.
— گۇمنام.

ۋەيل [ويل] (ئە) دوزاخ، دوزاخ نامى:

شەيخ ئەگەر دۇنياغە ئەندەك قىلمە مەيل،
كىرگۈسى دەۋزەخقە ئول دەۋزەخكى ۋەيل.
— خەراباتى.

ۋەيل ئەۋى — دوزاخ.

ۋەيلا [ويلا] (ئە) داد، پەرياد.

ۋەيلا چەكمەك — پەرياد قىلماق، پىغان چەكمەك.

ۋۇجۇد [وجود] (ئە) بارلىق، مەۋجۇتلۇق؛ ھايات؛ تەن، جىسىم، گەۋدە:

بىنا ئەتمىش ۋۇجۇدۇڭ ئۆرۈشىنى نۇر ئەۋۋەلدىن،
ئاڭا سالمىش كۆزۈڭ كىم رىشتەئى لەۋلاكىدىن ئارقاغ.
— شەۋقى.

ۋۇجۇد ئايىنى — بارلىق، ھاياتلىق قانۇنى.

ۋۇجۇد ئەنجۇمەنى — بارلىق، مەۋجۇتلۇق يىغىنى.

ۋۇجۇد بەزمگاھى — بارلىق، ھايات بەزمگاھى.

ۋۇجۇد تەختگاھى — بارلىق، مەۋجۇدات.

ۋۇجۇد تۇتماق — مەۋجۇت بولماق، پەيدا بولماق؛ تەكرارلانماق، يۈز بەرمەك؛ يول قويۇلماق؛ گەۋدىلەنمەك.

ۋۇجۇد جىلۋەگاھى — تۇغۇلۇش.

ۋۇجۇد رەختى — تەن، بەدەن:

بېخىللىك ئەيلەمەگىل ئول ئەجەب يامان خىسلەت،
ۋۇجۇد رەختىنى دەۋزەخدە قىلماغىل شالتاق.
— شەۋقى.

ۋۇجۇد سالماق — گەۋدىلەنمەك، ئۆزىنى كۆرسەتمەك؛ كۆرۈنمەك.

ۋۇجۇد سەفھەسى — ھايات سەھىپىسى:

باشىم كېتىپ بارادۇر يانماغاي بۇ سەۋدادىن،
ۋۇجۇد سەفھەسىگە ئىشقىدىن رەقەم بولماس.

— شەۋقى.

ۋۇجۇد شەھرى — مەۋجۇت ئالەم، بارلىق ئالىمى.

ۋۇجۇدقە كەلمەك — روي بەرمەك، يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق.

ۋۇجۇد گۈلشەنى — تۇغۇلۇش؛ يورۇق دۇنيا.

ۋۇجۇد گۈلىستانى — بارلىق، مەۋجۇت دۇنيا؛ مەۋجۇدات.

ۋۇجۇد مۈلكى — بارلىق مۈلكى.

ۋۇجۇدى ئەدەم بولماق — ھاياتىدىن ئايرىلماق، ئۆلمەك:

مۇنى ئاڭلابان يار شىرىن سەنەم،
چېكىپ ئاھ، بولمىش ۋۇجۇدى ئەدەم.

— ئا. نىزارى.

ۋۇجۇد ئىقلىمى — ھاياتلىق بار جاي، مەملىكەت، قىتئە:

ۋۇجۇد ئىقلىمى ئىچرە شەھسۇۋارىكىم ئات ئويناتمىش،
فەنا تابۇتىدىن ئۆزگە ئۇنىڭ ئاخىر سۇۋارى يوق.

— مەشھۇرى.

ۋۇجۇدى مۇتلەق — ئەبەدىي بارلىق، مەۋجۇدات؛ ئاللا، خۇدا.

ۋۇجۇدى ھەقىقىي — سوپىزىم تېرمىنى؛ بارلىق سۈپەتنى يوقاتقان، روھانىيلاشقان.

ۋۇجۇھ [وجوه] (ئە) [بىرلىكى: ۋەجھ] «ۋەجھ» گە قاراڭ.

ۋۇرد [ورد] (ئە) كېلىش، يېتىش، يېتىشىش:

مەكان تۇتتى چۇن تەخت ئۆزرە يازدىجۇرد،
تەگەددىيۇ زۇلم ئەيلەدى ئەلگە ۋۇرد.

— نەۋايى.

ۋۇرۇد [ورود] (ئە) «ۋۇرد» قا قاراڭ.

ۋۇزەرا [وزرا] (ئە) [بىرلىكى: ۋەزىر] ۋەزىرلەر:

سۇلتان ۋۇزەرا ـ ئۇمەرا، لەشكەرلەرى بىلەن پايتەخت ياركەندىن ئاتلىنىپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەرك مەكان دەشتىگە شىكارغە يۈزلەندىلەر.

— مۇجىزى.

ۋۇزۇھ [وضوح] (ئە) روشەن، ئېنىق، چۈشىنىشلىك؛ ئېنىقلىق، روشەنلىك؛ بايان، ئىزاھ.

ۋۇزۇھ بەرمەك — ئىزاھ بەرمەك.

ۋۇزۇھ تاپماق — ھەقىقەت تاپماق.

ۋۇزۇئ [وضوء] (ئە) تەرەت؛ ناماز ئۈچۈن يۈز، قول ۋە پۇتلارنى تەرتىپ بىلەن يۇيۇش:

گەر ۋۇزۇئ ئۈستۈن ۋۇزۇئ قىلسە كىشى،
نۇرى ئۈستۈن نۇرلۇق بولغاي كىشى.

— خەراباتى.

ۋۇزۇئ ئىبرىقى — تەرەت ئىۋرىقى، تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىۋرىق، چۆگۈن.

ۋۇسئەت [وسعت] (ئە) كەڭلىك، كاتتىلىق، بىپايان؛ مۇساپە:

بولارنىڭ ھېسابى ئەدەددىن فۇزۇن،
شەھەر ۋۇسئەتى ئېردى ھەددىن فۇزۇن.

— ئا. نىزارى.

ۋۇسئەتى مەشرەب — يوليورۇقنىڭ كەڭلىكى، كۆپلۈكى.

ۋۇسلە [وصله] (ئە) «ۋۇسلەت» كە قاراڭ:

خىرقەسىدە ۋۇسلەلەر ئېردى ئەرىغ،
رەڭلەر ئاندا قىزىل، ياشىل، سەرىغ.

— نەۋايى.

ۋۇسلەت [وصلت] (ئە) يېتىشىش، ئېرىشىش، قوشۇلۇش؛ ئالاقە؛

ۋۇسلەت بەشارەتى — يېتىشىش خىيالى، قوشۇلۇش، ئالاقە ئۇچۇرى، بېشارىتى.

ۋۇسلەت قىلماق — يېتىشمەك، قوشۇلماق.

ۋۇسمە [وسمه] (پ) ئالامەت، نىشان، بەلگە؛ ئوسما:

ئەگىنىدە كۆڭلەك ھەرىرى جامە تەتىللاسى بار،
نىمچە نارەنجى سەنەمنىڭ ۋۇسمەدىن قاش ياسى بار.

— ئەرشى.

ۋۇسمە چەكمەك — ئوسما قويماق؛ قېشىنى قارا قىلماق.

ۋۇسۇل [وصول] (ئە) يېتىشىش، ئېرىشىش، مۇشەررەپ بولۇش:

ھەمۇلدەم قاشىمغە بولۇپ ھازىر ئول،
دېدى: پادشاھا مۇرادىڭ ۋۇسۇل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ۋۇسۇل ئەھلى — ئېرىشكەنلەر، قوشۇلۇشقانلار، تېپىشقانلار.

ۋۇسۇل تاپماق — ئېرىشمەك، يېتىشمەك؛ تېپىشماق؛ «ۋۇسلەت» كە قاراڭ.

ۋۇسۇل تەرىيقى — ئېرىشىش يولى، تەرىقى.

ۋۇسۇل ھەرىمىدە ئېئتىكاف قىلماق — چەتنىمەك، خىلۋەتكە ئۆزىنى ئالماق.

ۋۇسئ [وسع] (ئە) كۈچ، قۇدرەت، ئىمكانىيەت.

ۋۇقۇف [وقوف] (ئە) ۋاقىپ، خەۋەردار، ئاگاھ؛ خەۋەر-

دارلىق.

ۋۇقۇف ئەھلى — خەۋەردار كىشىلەر، خەۋەردارلار.

ۋۇقۇف بەرمەك — خەۋەردار قىلماق.

ۋۇقۇف تاپماق — خەۋەردار بولماق.

ۋۇقۇئ [وقوع] (ئە) يۈز بېرىش، ۋەقە سادىر بولۇش، ۋەقە بولۇش، پەيدا بولۇش.

ۋۇقۇئ بولماق — پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك.

ۋۇقۇئ تاپماق — ۋەقە بولماق؛ پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك.

كەسىرۇل ۋۇقۇئ — كۆپ ۋەقە بولىدىغان، تېز - تېز يۈز بېرىدىغان.

ۋۇھ [وه] (پ) ئىھ، ۋاھ، «ۋەھ» كە قاراڭ:

شەغالى تارتىبان ئەفغانى ئەندۇھ،
چېكىپ كىرگەن كىشىنىڭ ھالىغە ۋۇھ.

— نەۋايى.

ۋۇھۇش [وحوش] (ئە) [بىرلىكى: ۋەھش] ۋەھشىي، ۋەھشىي ھايۋانلار، ياۋايى ھايۋانلار، «ۋەھش» كە قاراڭ:

زېمىنىنىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،
ۋۇھۇشۇ تۇيۇر تاپتى ئاندىن نەۋال.

— غەرىبى.

ۋىداد [وداد] (ئە) 1) مۇھەببەت، دوستلۇق. 2) ئۈمىد باغلاش؛ خاھىش.

ۋىداد ئەھلى — مۇھەببەت (دوستلۇق) ئەھلى.

ۋىدائ [وداع] (ئە) خەيرلىشىش، ئايرىلىش؛ تاشلاپ كېتىش؛ خەير - خوش؛ «ۋىدائ» قا قاراڭ:

باش ئالىپ كېتەرگە قىلىبان شۇجائ،
سەمەرقەند دىيارىغە قىلدىم ۋىدائ.

— ئا. نىزارى.

ۋىدائ ئەتمەك — «ۋىدائ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋىدائ ئەيلەمەك — خەيرلەشمەك، ۋىدالاشماق؛ ۋاپات بولماق.

......

كۆزىن ئاچتى، دېدى: كۆردۈم ئۈزۈمنى مەن بېھىشت ئىچرە،
دىماغىم پۇر مۇئەتتەر بولدىيۇ ئەنبەر سىرىشت ئىچرە،
ۋىدائ ئەيلەپ كۆزىن يۇمدى، ئۇچۇپ قۇشتەك رەۋان كەتتى.

— موللا سالىھ.

ۋىدائ قىلماق — «ۋىدائ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ۋىدائى دارى غۇرۇر — مەغرۇرلۇق ئۆيىدىن كېتىش، بۇ دۇنيادىن ئۆتۈش.

ۋىرد [ورد] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋراد] دۇئا؛ ۋەزىپە، ئادەت؛ دائىمىي مەشغۇلات:

بۇلبۇلى ئەللاھۇ يەكفىنى گۈلىن ۋىرد ئەيلەگىل،
بارچەغە ئەللاھۇ يەشفىنى شىفا بولدى دەرىغ.

— شەۋقى.

ۋىرد قىلماق — بىر ئىشنى قايتا - قايتا قىلماق؛ ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلماق.

ۋىردى زەبان ئەيلەمەك — ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلماق، دۇئا قىلماق، ياخشىلىق تىلىمەك؛ ئۈزلۈكسىز شۈكۈر ئېيتماق.

ۋىردى زەبان بولماق — دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرماق؛ تىلىدىن چۈشۈرمەسلىك.

ۋىزارەت [وزارت] (ئە) ۋەزىرلىك؛ «ۋەزارەت» كە قاراڭ:

سۇخرانى ۋىزارەت مەنسەبىغە تەئيىن قىلدى.

— نەۋايى.

ۋىزر [وزر] (ئە) گۇناھ؛ يۈك، ئېغىرلىق؛ ۋەزىن؛ مېھنەت، زەھمەت:

ۋەزىر ۋىزرىدىن مۇشتەقدۇر ۋە بۇ فېئىل ئانىڭ زاتىغە ئەھەق ۋە ئەلياقدۇر.

— نەۋايى.

ۋىسار [وسار] (ئە) يۇمشاق، مۇلايىم:

ئەدەب بىرلە بولغىل شەرىئەت شىئار،
ئەمەل بىرلە بولغىل ئىبادەت ۋىسال.

— ئا. نىزارى.

ۋىساق [وثاق] (ئە) ئۆي، خانا، ماكان؛ ھويلا؛ مەنزىل؛ ۋەدىلەشكەن جاي:

پىيادە بولۇپ شاھ، شەھزادە ھەم،
سۇھەيلا ۋىساقىغە قويدى قەدەم.

— ئا. نىزارى.

ۋىسال [وصال] (ئە) 1) ئۇچرىشىش، بىرلىشىش، ئېرىشىش، يېقىنلىشىش، يېتىشىش:

فىغان ھەجرىدە چەكسەم، ۋەسلىدە ئاندىنمۇ ھەم ئارتار،
نېچۈككىم گۈل ۋىسالىن تاپسە بۇلبۇل كۆپ چېكەر چەھ - ھەھ.

— ئەرشى.

2) يۈز، چىراي، جامال:

ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن قىلماغايسەن بىزلەرنى مەھرۇم،
جەمالىڭ ئافتابى پەرتەۋىدىن قىلماغىل مەھجۇر.

— شەۋقى.

ۋىسال بادەسى — ئۇچرىشىش شارابى:

تەرەھھۇم ئەتمەدىڭ ئەي گۈل مەن شىكەستەگە زىنھار،
ۋىسال بادەسىدىن ئەل چەكتى، مەن غەمىڭگە سىزاۋار.

— سەبۇرى.

ۋىسال تاپماق — يېتىشمەك، ئېرىشمەك.

ۋىسال دەۋلەتى — ئېرىشىش، ئۇچرىشىش بەختى، راھەتى:

شەھدى ئىشق بولۇپ باش بىرىپ چۇ يەھيادەك،
ۋىسال دەۋلەتىدىن نېئمەتى لىقا ئۇچرار.

— شەۋقى.

ۋىسال شەھدى — يېتىشىش، ئېرىشىش، ئۇچرىشىش زوقى، ۋىسال لەززىتى؛

ۋىسال كامى — يېتىشىش مەقسىتى.

ۋىسالى بىھىشت — بىھىشتكە ئېرىشىش:

ئۇلار رۇھى پاكىغە بولمىش نىھان،
ۋىسالى بىھىشت مۇلكىدە جاۋىدان.

— ئا. نىزارى.

ۋىسالى لەززەت — بەختلىك، لەززەتلىك ئۇچرىشىش:

ۋىسالى لەززەتىدىن رۇھ تاپماقلىق ئېرۇر دۇشۋار،
فىراقى شىددەتىدە يوقسە جان بەرمەكلىك ئاساندۇر.

— بابىر.

ۋىسال ئىستەمەك — يېتىشىشنى ئىستىمەك؛ يارىغا يېتىشىشنى خالىماق؛

ۋىسال ئىقبالى — يېتىشىش ئىقبالى.

ۋىسال مەسكەن — ۋىسال مەسكىنى (ماكانى)، ئۇچرىشىش جايى.

ۋىسالى ھەجر — ئايرىلىش، ھىجران:

ۋىسالى ھەجرىدىن نالان كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
ماڭا يارەب، نەسىب ئەتسەڭ نە بولغاي گۇلئۇزارىمنى.

— ئەرشى.

ۋىسالى ھەرەم — ھەرەمگە يېتىش ئارزۇسى:

پەقىر ھەم ئانىڭ ئارقاسىدىن كېتەي،
ۋىسالى ھەرەمىغە پاتراق يېتەي.

— ئا. نىزارى.

ۋىغا [وغا] (ئە) «ۋەغا» گە قاراڭ.

ۋىفاق [وفاق] (ئە) مۇۋاپىقلىق، ئۇيغۇنلۇق، ھەمدەملىك؛ بىرلىشىش:

مەن ئۇنۇتتۇم ئەيلەبان ھازىر ۋىفاق،
سەن داغى ئانى ئۇنۇتساڭ ياخشىراق.

— نەۋايى.

ۋىقار [وقار] (ئە) ئېغىرلىق، چىدام، تەمكىن؛ ۋەزمىنلىك؛ ئۇلۇغۋارلىق؛ سەۋرلىك، بەرداشلىق.

شەفائەت سەرىرىدە گول تاجدار،
ھىدايەت تەرىقىدە ساھىب ۋىقار.

— ئا. نىزارى.

ۋىقار شەمشىن ئۇچىرماق — مەغرۇرلۇقنى يىمىرمەك.

ۋىلادەت [ولادت] (ئە) تۇغۇلماق، دۇنياغا كەلمەك.

ۋىلادەتگاھ — تۇغۇلغان يەر.

ۋىلايەت [ولايت] (ئو) ۋىلايىت؛ ئۆلكە؛ مەملىكەت:

ئەيا قۇتب ساھىبقىرانى ۋىلايەت،
شەھىنشاھ مالىك رىقابى دۇ ئالەم.

— تەجەللى.

ۋىلايەت دەرياسى — ئىلىم خەزىنىسى، ئىجاد خەزىنىسى.

ۋىلايەت دەستگاھ — ۋىلايەت ئۇلۇغى، ئىگىسى؛ مۇتەۋەر.

ئې

ئېتەك [ايتاك] 1) ئېتەك (تاغ ئېتىكى):
ئېتەك سارى چېرىككە بەردىلەر مەيل،
كى تۇتمىش ئېردى سەھرانى قىزىل سەيل.
— نەۋايى.

2) ئېتەك (كىيىم ئېتىكى):
ئالىپ فىراقىڭ ئوتى جاننى، قان ئاقىپ كۆزدىن،
بۇ لەئلۇ مارجان بىلە دەمبەدەم تولار ئېتەكىم.
— گۇمنام.

ئېر [اير] «ئېرەن» گە قاراڭ:
رىزا بولساڭ ئېر سېنى فەرزەند ئېتەي،
كى جان رىشتەسى بىرلە پەيۋەند ئېتەي.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېرەن [ايران] ئەر، ئەرلەر؛ مەرد، ئەزىمەت:
ھەركىمكى ئەدەبسىزدۇر، ئىشىن ئەبتەر بىل،
ئەلقىسسە ئېرەنلەرغە ئەدەب زىۋەر بىل.
— نەۋايى.

ئېرەنلىك [ايرانليك] ئەرلىك، مەردلىك، باتۇرلۇق:
ئاڭلا ئېرەنلىكدىن ئانى بىنەسىب،
نې دېسە نامەرد ئەمەستۇر غەرىب.
— نەۋايى.

ئېرتە [ايرته] 1) ئەتە؛ 2) ئىلگىرى، ئاۋۋال:
ۋە ھىندىستان مۇلكىدە بىر - بىردىن ئېرتە تۇشتىلەر.
— نەۋايى.

ئېرتەكى [ايرتەكى] قەدىمكى، ئىلگىرىكى، ئاۋۋالقى؛ كونا:
ئەي نەۋايى، ھەجرىدىن يىللەر كۆيۈپ، ئول بىۋەفا،
دېمەدىكىم، نەيلەر ئول ئۇششاق ئىچىندە ئېرتەكىم.
— نەۋايى.

ئېرتىفائ [ارتفاع] (ئە) يۈكسەك، يۇقىرى؛ كۆتۈرۈلۈش:
قىزى كەلگەننى قىلىپ ئىستىمائ،
بولۇپ غەم تاغى كۆڭلىدىن ئېرتىفائ.
— زەلىلى.

ئېردەم [ايردم] پەزىلەت؛ قۇدرەت:
بارچە ئېردەملەردە ھۇسنىغە يارشا ئېردى.
— نەۋايى.

ئېردى [ايردى] ئىدى (ياردەمچى پېئىل):
بارۇر بولدۇم ئانىڭ ئۆيى سارىغە،
ماڭىپ ئېردىم ئەندەككىنە نارىغە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېرسە [ايرسا] بولسا (شەرت مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى ياردەمچى سۆز)؛ شۇنداق قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن:
كۆنخان بەسى ئادىل ۋە دىلاۋەر خان ئىدى. يەتمىش يىل خانلىق قىلىپ، دۇنيادىن سەفەر قىلدى. ئېرسە، ئىنىسى ئاي خان تەختىغە ئولتۇردى ۋە يۇرتنى ۋەسىئ، خەلقنى مەئمۇر قىلدى.
— موللا مىر سالىھ.

ئېركەن [ايركان] ئىكەن (ياردەمچى پېئىل):
فىتنەئى ئاشۇبى ئالەم بىلمەدىم كىم ئېركەنىن،
كىم بەلايى خەلق ئول خۇشخۇ ئىكەننى بىلمەدىم.
— گۇمنام.

ئېركىن [ايركين] ئىكىن، ئىكەن (ياردەمچى پېئىل):
نە بولغاي ئېركىن ئەي دىلبەر مۇسۇلمانزادە ئەر بولساڭ،
فىراقى ھەجرىمە جانا ۋىسالىڭنى دەۋا قىلسام.
— قەلەندەر.

ئېرگەنە [ايركنه] چېدىرنىڭ ئىشىكى
ئېرگەنە ياساماق — چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ياسىماق، تۈزىمەك.

ئېرمان [ايرمان] ئەمەسمەن:
ئاستانىڭ تەكيەگاھىمدۇركى، تەختى جاھ ئېرۇر،
لىك دەربانىڭ مەدارىسىغە ئېرمان مۇستەئىد.
— نەۋايى.

ئېرمەس [ايرماس] ئەمەس:
ماڭا بىس گۇشەئى خاتىر ئېرۇر ئول شاھى خوباندىن،
ئەجەب ئېرمەس ئەگەر ئىشق ئەھلى بولسە بەندە فەرمانىم.
— ئەرشى.

ئېرمىش [ايرميش] ئىمىش (ياردەمچى پېئىل):
ھەرنىمىكىم نە مېھر ئولغاي ئانىڭ يا ھەمدەمى ئەيسا،
يوق ئېرمىش جىلۋەئى جانادىن ئۆزگە ھېچ ئاندا.
— ئەرشى.

ئېرىن [ايرن] لەۋ، كالپۇك، «ئىرىن» گە قاراڭ:

گۈل يۈزۈڭنى ئارزۇلاپ يۈز، كۆزنى گۈلزار ئەيلەدى،
شەككەر ئېرنىڭنى تىلەپ جان تەننى ئەفگار ئەيلەدى.

— سەككاكى.

ئېرۇر [ايرور] تەستىق - ھۆكۈم (- دۇر / تۇر) مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى ياردەمچى پېئىل:

دېدى قىز: نە بولسە مۇقەددەر ئېرۇر،
مۇقەددەرغە تەدبىر مۇغەييىر ئېرۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېرىك [ايرك] يېقىمسىز:

كاش، ھەرگىز بولماغاي ئېردىم تىرىك،
ئۆمرنى كۆرگۈنچە بۇ يەڭلىغ ئېرىك.

— نەۋائى.

ئېرىكمەك [ايرك ماك] خىيالغا چۆممەك، خىيالغا پاتماق؛ زېرىكمەك، ئىچى پۇشماق:

بۇ يەتمەستىن بۇرۇن نەۋرۇزى مىسكىن،
ئېرىكىپ ھىجرىسىندىن چىقتى غەمكىن.

— لۇتفى.

ئېزىد [ايزد] خۇدا، تەڭرى:

ئاشىقغە بىسدۇر ئېزىد، غەيرى خۇدا ھەممە زىد،
مەقسۇدى شەيخى زاھىد، غۇلمانۇ ھۇر ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

ئېسە [ايسه] بولسا؛ شۇنداق بولسا:

يەنجەڭنى كۆرەر ئېسەم بەناگاھ،
قىلغۇمدۇ خىيال زاتى ئەللاھ.

— ئەرشى.

ۋەھدەتى زاتىڭ مۇيەسسەر سۇ بىلە تۇفراغىدەك،
كىم بىلۇر بۇ ئىش ئېسە سەندىن مەنى ئاجراتماغىم.

— گۇمنام.

ئېسكەرمەك [ايسكارماك] خىيال قىلماق، ئويلىماق، ئەسكە ئالماق، ئەسلىمەك:

كېچە كۆلبەمغە كەلسەڭ، مۇددەئى مەنئىدىن ئېسكەرمە،
تۇلۇن ئاي سەير ئېتەردە ئىت ھۇراردىن قايدا پەرۋايى.

— نەۋائى.

ئېسىركەمەك [ايسركاماك] كەيىپ بولماق، مەست بولماق:

ئەجەب سەفسەدۇر ئارەزىڭكىم، ئېسىركەپ،
ئانى خەت بىلە قىلمادى تىيرە كاتىپ.

— نەۋائى.

ئېسىز [ايسيز] ئىست، ئەپسۇس:

ئېسىز، ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى دەرىغا باد پەر يەڭلىغ،
يىمەك - ئىچمەك بىلەن ئەيشۇ فەراغەتدە بەقەر يەڭلىغ.

— شەۋقى.

ئېشىك [ايشيك] 1) ئىشىك، دەرۋازا. 2) ئۆي، دالان، ساراي. 3) ھويلا، ئەتراپ.

ئېشىك ئاغاسى — قاراۋۇللار باشلىقى.

ئېشىك ئەھلى — قاراۋۇل، دەرۋازىۋەن.

ئېشىك ئېلى — ھۆكۈمدار، پادشاھ سارىيىدا ھەرخىل ئىشلارنى قىلغۇچى كىشىلەر.

ئېكمەك [ايكماك] تىكمەك؛ تېرىماق؛ چاچماق؛ كۆپەيتمەك:

يىغار دا ئەل ئۆچۈن شۇندىن ئېكىنچى،
ئېرۇر بار ئېكمەكىندۇر ئېلىنچى.

— سەيفى سەرايى.

ئېكىن [ايكين] ئېكىن، زىرائەت.

ئېكىن سۇۋارماق — زىرائەت سۇغارماق.

ئېگەچى [ايكاجى] ئېگىچە، ئاچا.

ئېگەچى - سىڭىل — ئېگىچە - سىڭىل، ئاچا - سىڭىل.

ئېگەرمەك [ايكارماك] ئايلانماق، قايرىلماق، قايتماق، بۇرۇلماق؛ ئايلاندۇرۇش:

ئېگەرمىس كۆك ھىسارى دەۋرىدە تۈركى فەلەك كۆرگەرچ،
ئېۋۇرمەك ئەشھەبىن بىر خىشت ئۆزرە چابۇكسۇۋارىمدىن.

— نەۋائى.

ئېگىرمەك [ايكيرماك] قاسماق، قورشىماق، ئورنىۋالماق؛ «ئېگەرمەك» كە قاراڭ:

خىسرەۋ قورغاننى قەبەب تۇشۇپ دەۋرىدە يەنە قورغان ئېگىرگەنى.

— نەۋائى.

ئېگىلمەك [ايكيل ماك] تەزىم قىلماق، ئېڭىشمەك، ئېگىلمەك؛ ئەپۇ سورىماق:

كىچىك - چوڭ بارىسى قىلۇرلار سۇجۇد،
كىرىپ بىرلە سەن ھەم ئېگىل ئاندا زۇد.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېگىن [ايكن] 1) بويۇن؛ يەلكە، گەۋدە؛ تەن، بەدەن. 2) كىيىم - كېچەك.

ئېگىنگە رىزا كىسۋەتىن سالماق — تەلەپنى (تەلەپىنى) بېجىرىپ خۇرسەن قىلماق، ياخشىلىق سۈپىتىنى ئالماق، ياخشىلىق سۈپىتىگە ئېرىشمەك.

بولمەسە ئېردى ئەگەر نارەنجى ئېگىن دىلپەسەند،
قىلماس ئېردى ئېگىنىنى نارەنجى خۇرشىدى نەھار.

— قەلەندەر.

ئېل [ايل] ئەل، خەلق:

غەمزە بىرلەن باغلادى ئېل ئۆيقۇسىن ساھىر كۆزۈڭ،

بىخۇد ئەتكەن ھەم مېنى ئۇشبۇ ئانىڭ ئەرباغىدۇر.
— تەجەللى.

دېدى پىر: شەھەرنىڭ ئېلى بۇتپەرەست،
كى شەيتان لەئىنغە ئېرۇر پايى بەست.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېلەك [ايلاك] ئەلگەك، ئۇن تاسقايدىغان سايمان:
گەردى بەلا باشىمغە ياغار ئانچەكىم، مەگەر،
چەمبەرلەرىدىن ئەيلەدى گەردۇن ئېلەكلەرىم.
— نەۋايى.

ئېلتمەك [ايلتماك] 1) كەتكۈزمەك، يوق قىلماق؛ ئېلىپ بارماق، ئېلىپ كەلمەك، ئېلىپ بېرىش:
ئىگىردى رىشتەئى نەئتىڭنى شەۋقى كۆز ئۆچى بىرلەن،
ئاڭا شايەد ئاسىلغاي دەۋزەخ ئىچرە سۆدرەپ ئېلتۇرچاغ.
— شەۋقى.

ئەي كۆڭۈل جانىنى خىيالى ئالدىدا قىل پىشكەش،
ھەر نېمە بولسا ئەزىز، ئېلتۇر كىشى مېھمان سارى.
— لۇتفى.

2) كىرگۈزمەك، ئەسلى ھالىغا (ھالىتىگە) كەلتۈرمەك:
نەدىملەر بۇلارنى يۇدۇپ ئالدىلار،
كى ئېلتىپ ياراغە دەۋا سالدىلار.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

سەبەق ئېلتمەك — ئىلگىرىلىمەك؛ ئىلگىرىلەتمەك.
گۇمان ئېلتمەك — گۇمان قىلماق.

ئېم [ايم] ئالدىن، ئەۋۋەل؛ بىردىن:
چاك ئېتىپ كۆڭلۈمنى ئاچىلسۇن دېمەك ئىمكان ئەمەس،
غۇنچەنى ئېمدىن ئاچىپ، گۈل ئەيلىمەك ئاسان ئەمەس.
— نەۋايى.

ئېماڭ [ايمانك] ئەمەسسەن، سەن ئەمەس («ئەمەس» نىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىكنىڭ بولۇشسىز فورمىسى).

ئېھتىمال [احتمال] (ئە) ئېھتىمال، مۇمكىن، مۇمكىنچىلىك:
دەھر ھەرچەند كۆلسە، ئەرشى، سەن سارى بىل زەھرخەند،
بارمۇ جان قەسدىن قىلۇردىن ئېھتىمالى ئۆزگەچە.
— ئەرشى.

ئېھتىمام [اهتمام] (ئە) ئەھمىيەت بېرىش، دىققەت قىلىش؛ تىرىشىش:
بۇ سۆزنى ئىشىتىپ تامام خاسۇ ئام،
تېپىپ خالى ئۆيىنى، قىلىپ ئېھتىمام.
— موللا بىلال.

يۈزۈپ مىر سالىھە قىلىپ ئېھتىمام،
يەمەن شەھرى سارى قىلىبان خىرام.
— ئا. نىزارى.

ئېھتىمام ئەتمەك — «ئېھتىمام ئەيلەمەك» كە قاراڭ.
ئېھتىمام ئەيلەمەك — ئەھمىيەت بەرمەك، غەيرەت قىلماق، تىرىشماق؛ دىققەت قىلماق.
ئېھتىمام قىلماق — «ئېھتىمام ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
ئېھتىمامى مالاكەلام — سۆزسىز كۆپ ئېتىبار بېرىش.

ئېھتىيات [احتياط] (ئە) ساقلاش؛ ساقلىنىش، ئېھتىيات:
سالىپدۇركى ئاندا بەرىشەم بىسات،
كىشى باسماس ئاندا قىلىپ ئېھتىيات.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېھتىيات ئەيلەمەك — ئېھتىيات قىلماق، ئاۋايلىماق.
ئېھتىيات قىلماق — «ئېھتىيات ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئېھتىياج [احتياج] (ئە) موھتاجلىق، ھاجەتمەنلىك، ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت:
قويۇپ يولغە كىردىم بولۇپ نا ئىلاج،
كى بىر پارە نانغە بولۇپ ئېھتىياج.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دىلبەرىڭدەك كىم تاپىپدۇر، ئەي قەلەندەر، سەلتەنەت،
جەننەتى كويىڭغە باردۇر ھۇرۇ غىلمان ئېھتىياج.
— قەلەندەر.

ئېھتىياج چەكمەك — موھتاج بولماق.

ئېھداد [اعداد] (ئە) قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش:
ئوغرى تونىن سويغان ئەمەس ئېردى بىس،
قالغانىنى ئېھدادغە ئالىپ ئىسىس.
— نەۋايى.

ئېھداس [احداث] (ئە) پەيدا قىلىش، يارىتىش؛ جانلاندۇرۇش.
ئېھداس ئەيلەمەك — پەيدا قىلماق، ياراتماق؛ جانلاندۇرماق.

ئېھرام [احرام] (ئە) ھەجگە بارغۇچىلار كىيىمى؛ بىرەر يەرگە بېرىشنى نىيەت قىلىش.
ئېھرام باغلاماق — بەل باغلىماق، قەتئىيەت (قەتئىيلىك) بىلەن كىرىشمەك.

ئېھزار [احضار] (ئە) ھازىرلاش، ھازىر قىلىش؛ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈش.
ئېھزار ئەيلەمەك — ھازىرلىماق، تەييارلىماق؛ ئالدىغا، ھۇزۇرىغا كەلتۈرمەك.
ئېھزار قىلماق — «ئېھزار ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئېھساس [احساس] (ئە) ھېس قىلىش، بىلىش، سېزىش، ئېڭىقلاش.
ئېھساس ئەتمەك — ھېس قىلماق، سەزمەك، بىلمەك؛

ئېھساس ئەيلىمەك — «ئېھساس ئەتمەك» كە قاراڭ؛

ئېھساس قىلماق — «ئېھساس ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئېھسان [احسان] (ئە) ياخشىلىق قىلىش، ئىنئام قىلىش، بېغىشلاش، ھەدىيە قىلىش؛ ھەدىيە، ئىنئام:

فەرەڭ شاھى ئېھسان قىلىپ كۆپ مەتاڭ،
بۇ ئىككى ئوغۇلغە دېدى: ئەلۋىداڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئەلگە كۆپ ئىنئام ئېتەرسەن، دەمبەدەم دۇشنامىنى،
قەدىر بىلمەسلەرگە ئاخىر، مۇنچە ئېھسان قىلماغىل.

— لۇتفى.

ئېھسان ئەيلىمەك — ياخشىلىق قىلماق، ئىنئام قىلماق.

ئېھسان قىلماق — «ئېھسان ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئېھلاك [اهلاك] (ئە) يوقىتىش، يوق قىلىش، ئۆلتۈرۈش؛

خۇدايا غەرق ئىسيان رەھمەتىڭدىن ھەم شەفائەتدىن،
ئۈمىد ئەيلەر بۇ قۇلنى رۇزى مەھشەر قىلماغىل ئېھلاك.

— شەۋقى.

ئېھمال [اهمال] (ئە) بىپەرۋالىق، سۇسلۇق؛ خۇشياقماسلىق.

ئېھمال ئەيلىمەك — بىپەرۋالىق قىلماق، سۇسلۇق قىلماق.

ئېھمال قىلماق — «ئېھمال ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئېھيا [احيا] (ئە 1) ئويغاقلىق. 2) تىرىلدۈرۈش، جانلاندۇرۇش.

ئېھيا ئەيلىمەك — تىرىلدۈرمەك، جانلاندۇرماق.

ئېھيايى ئەمۋات — ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش.

ئېۋ [ايو] ئۆي، خانا؛

كۆز ئېۋى — كۆز كاسىسى.

ئېئجاز [اعجاز] (ئە) مۆجىزە كۆرسىتىش، مۆجىزە يارىتىش.

ئېئجاز ئەھلى — مۆجىزە كۆرسەتكۈچىلەر، پەيغەمبەرلەر.

ئېئجاز سەرھەدى — ئەڭ يېتۈكلۈك دەرىجىسىگە يېقىنلىشىش.

ئېئدام [اعدام] (ئە) يوق قىلىش، يوقىتىش، ئۆلتۈرۈش.

جەزايى ئېئدام — ئۆلۈم جازاسى:

ئەگەر مەۋجۇدۇ مەئدۇم ئولسا ئالەم،
ئاڭا ئىجادۇ ئېئدامى مۇسەللەم.

— نەۋائى.

ئېئراز [اعراض] (ئە) قېچىش، ئۇزاقلىشىش، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئۆزىنى يىراق تۇتۇش؛ يۈز ئۆرۈش.

ئېئراز ئەيلىمەك — يۈز ئۆرۈمەك؛ قايتماق، يېنىۋالماق.

ئېئراز قىلماق — «ئېئراز ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئېئزاز [اعزاز] (ئە) ئىززەت، ھۆرمەت، ئىكرام؛ قەدىرلەش.

ئېئزاز ئەتمەك — ئىززەتلىمەك، ھۆرمەتلىمەك.

ئېئزاز تاپماق — ھۆرمەتكە ئېرىشمەك، مەرتىۋە، ئىززەت تاپماق.

ئېئزاز قىلماق — «ئېئزاز ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئېئلا [اعلا] (ئە) كۆتۈرۈش، يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ئۆرلىتىش؛ ئۆرلەش؛ كاتتا؛ يۇقىرى، يۇقىرىدىكى:

كىچىك - چوڭ بۇ يەرگە كېلۇر دەمبەدەم،
نە ئېئلاسى قالغاي، نە ئەدناسى ھەم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئېئلام [اعلام] (ئە) ئېلان، ئېلان قىلىش، بىلدۈرۈش، مەلۇم قىلىش:

گاھى چىھرەم ئۆزرە ياش ئول شەرى ھال ئەيلەپ تۇرۇپ،
ئەيلەگەيمەن ئەرزى ھالىمنى نېچۈك ئېئلام ئىلە.

— ئەرشى.

ئېئلام ئەيلىمەك — ئېلان قىلماق، مەلۇم قىلماق، بىلدۈرمەك.

ئېئلام بەرمەك — ئاگاھلاندۇرماق، خەۋەر بەرمەك.

ئېئلامگەر [اعلام كر] (ئە + پ) خەۋەر بەرگۈچى؛ چارلىغۇچى؛ جارچى:

مەگەر ئورتادە ئېردى پەيغامگەر،
بىتىپ ھالىن بولدى ئېئلامگەر.

— نەۋائى.

ئېئلان [اعلان] (ئە) ئىزھار، خەۋەر قىلىش؛ «ئېئلام» غا قاراڭ؛

ئېئلان قىلماق — ئىزھار قىلماق، ئاشكارا قىلماق، بىلدۈرمەك، مەلۇم قىلماق.

ئى

ئىئادە [اعاده] (ئە) قايتۇرۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەكرارلاش.

ئىئادە قىلماق — ئەسلىگە كەلتۈرمەك، قايتۇرماق، تەكرارلىماق.

ئىئادەت [اعادت] (ئە) «ئىئادە» گە قاراڭ.

ئىئانە [اعانه] (ئە) «ئىئانەت» كە قاراڭ.

ئىئانەت [اعانت] (ئە) ياردەم، ماددىي ياردەم، مەدەت؛ ئىئانە:

بۇ بىچارىلەرغە ئىئانەت كېرەك،
بۇ ئەۋۋارىلەرگە زىيافەت كېرەك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىبا [ابا] (ئە) ئەندىشىلىك، كۆنمەسلىك، تارتىنىش؛ رازى بولماسلىق؛ تارتىنماق، قورۇنماق؛ رەت قىلماق:

تەۋاق بارگاھى مەئرىفەتكە بى ئىبا كەلگىل،
تەرىقەت ئەھلىنىڭ دەرۋازىسىدىن پاسىبان ئولماس.

— زەلىلى.

ئىبا ئەتمەك — تارتىنماق، كۆنەلمەسلىك؛ ئۇنىماسلىق، رازى بولماسلىق؛ رەت قىلماق.

ئىبا قىلماق — «ئىبا ئەتمەك» كە قاراڭ:

كۆرمەدىم جەۋرۇ جەفادىن ئۆزگە ھەرگىز دەھر ئارا،
لۇتف ئىتەردىن ماڭا گوياكىم ئىبا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

ئىباد [عباد] (ئە) [بىرلىكى: ئەبد] قۇللار؛ بەندىلەر؛ ئىبادەت قىلغۇچىلار.

مۇبارىزۇل - ئىباد — قۇللار پالۋىنى، كۈرەشچىسى.

ئىبادەت [عبادت] (ئە) ئىبادەت، ئىبادەت قىلىش، تىۋىنىش، قۇللۇق قىلىش؛ ناماز:

شەۋقى داغىم يىغلاغىل تائەت - ئىبادەت پېشە قىل،
جۇملە نېئمەتدىن ئۇلۇغ دىدارى نېئمەت بىر تەرەف.

— شەۋقى.

ئىبادەت ئەيلەمەك — سېغىنماق.

ئىبادەت خەيلى — ئىبادەتكە بېرىلگەنلەر، نامازخانلار، تەقۋادارلار.

ئىبادەت قىلماق — «ئىبادەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

كىرىپ خالى يەرگە تەھارەت قىلىپ،
ياتار ئېردىم ھەر تۈن ئىبادەت قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىبادەت ۋىسار — تەڭرىگە مۇلايىملىق بىلەن تىۋىنىش، ئىبادەت قىلىش:

ئەدەب بىرلە بولغىل شەرىئەت شىئار،
ئەمەل بىرلە بولغىل ئىبادەت ۋىسار.

— ئا. نىزارى.

ئىبادەتگاھ [عبادت گاه] (ئە + پ) ئىبادەت قىلىنىدىغان جاي، ئىبادەتخانا؛ مەسچىت، ناماز ئوقۇلىدىغان جاي:

قوبۇر تەۋفى نەمازۇ نىياز ئاگىسىدۇر،
بۇ ۋەجھدىنكى مەزارات ئولۇر ئىبادەتگاھ.

— نەۋايى.

ئىبادۇللاھ [عبادالله] (ئە) ئادەملەر، ئاللانىڭ بەندىلىرى:

ئادىل ۋە ئاقىل پادشاھ ئىبادۇللاھغە زىللى ئىلاھ ......

— نەۋايى.

ئىبارات [عبارات] (ئە) سۆزلەر، ئىبارىلەر، تېكىستلەر. (بىرلىكى: ئىبارەت)

ئانداقكى، ھەر مەھەلدە ھەر نەۋئ مۇناسىب نەزمىلەردىن شېرىن ئىبارات ۋە تەكەللۇم بىلە ۋە بەئزى مەھەلدە رەڭگىن ئىلھان ۋە تەرەننۇم بىلە ئانداق ئەدا قىلۇر ئېردى.

— نەۋايى.

ئىبارەت [عبارت] (ئە) [كۆپلۈكى: ئىبارات] ئىبارە، سۆز؛ بايان، تەلقىن، ئىپادە؛ بايان قىلىش، ئىپادىلەش؛ ئىبارەت:

مۇكەررەر مىسرائىكىم، زىيبى دىۋانى مەلاھەتدۇر،
ئىكى فەرخۇندە بىسمىللاھ قاشىڭدىن ئىبارەتدۇر.

— مەشھۇرى.

ئىباھەت [اباحت] (ئە) مۇمكىنلىك، ئىمكانىيەت؛ يول قويۇلىدىغان، رۇخسەت قىلىنىدىغان:

گۇل زەرافەت ۋە ئىباھەتدۇر ئاندىنكى ئۆتتى سەفاھەت.

— نەۋايى.

ئىبەرمەك [ايبارماك] ئەۋەتمەك، يوللىماق:

خۇدايا لەشكەرى ئىشقىڭ ئىبەرگىل شەۋقى سارىغە،
مۇھەببەت تىغ ئىلە دىل پەردەسى سىينەمنى قىلسۇن چاك.

— شەۋقى.

ئىبتىدا [ابتدا] (ئە) باشلىنىش، باشلاش؛ باش، بېشى،

ئاۋۋال:

قارى ھەم ماڭا ئەزبەرايى خۇدا،
سۆز كەلتۈرمەككە قىلىپ ئىبتىدا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىبتىدادا بۇ ۋۇجۇد ئەتمىش قارالىقدىن زۇھۇر،
ئانى ھەيۋان چەشمەسى تاپمىش قارالىقدا قارار.

— تەجەللى.

ئىبتىدا قىلماق — باشلىماق.

ئىبتىدايى ئەھۋال — باشلىنىش، ئاۋۋالقى، دەسلەپكى ئەھۋال.

ئىبتىلا [ابتلا] (ئە) مۇپتىلالىق، بالاغا گىرىپتار بولۇش، بالاغا قېلىش، جەبر ۋە زۇلۇمغا دۇچار بولۇش، جاپا - مۇشەققەتكە ئۇچراش؛ چۈشكۈنلۈك:

جەھان ئىبتىلاسى قىلىپدۇركى مەست،
پەسەندىدە بىلدىم دېسە سەگپەرەست.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

كىشى ۋەسلىدە قىلما شۈكر ئۆزە شۈكر،
ئاڭا يۈز ھەسرەت ئىچرە ئىبتىلا بەس.

— ئەرشى.

ئىبتىھاج [ابتهاج] (ئە) خۇرسەنچىلىك، شادلىق:

... ۋە مۇستەقىم زېھنى مەۋرىدى فەيزى سۇبھانىي، كەلام ئەھلىغە تەرغىب ۋە ئىبتىھاجلەر ۋە كەلام خەيلىغە رەۋنەق ۋە رىۋاجلەر دەست بەردى.

— نەۋايى.

ئىبتىھال [ابتهال] (ئە) تەلەپ، ئىلتىماس؛ ئۆتۈنۈش، ئىلتىجا:

كى سۇلتانى قىلدى ۋەزىردىن سوئال،
بۇ كىمدۇركى قىلغان ساڭا ئىبتىھال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىبرا [ابرا] (ئە) داۋالاش، ساقايتىش؛ تۈزىتىش؛ شىپا.

ئىبرا قىلماق — تۈزەتمەك؛ داۋالىماق.

ئىبرام [ابرام] (ئە) قىستاش، زورلاش، مەجبۇرلاش؛ جېنىغا تېگىش.

ئىبرام ئەيلەمەك — قىستىماق، زورلىماق؛ قاتتىق تەلەپ قويماق؛ جېنىغا تەگمەك.

ئىبرە [عبره] (ئە) خەزىنە كىرىمى؛ دارامەت؛ سېلىق:

بىر بولۇر ھەمكى، شەھ قۇلاقىغا سالۇر،
قىيمەتى مۈلك، ئىبرەسى ئەھۋال.

— نەۋايى.

ئىبرەت [عبرت] (ئە) ئىبرەت، ساۋاق؛ نەسىھەت؛ ئۆرنەك:

خەلايىق سىينىڭدىن ئالىپ ئىبرەتى،
تەنىڭغە كىچىك - چوڭ ئوقۇر زەجرەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىبرەت ئالماق — ساۋاق ئالماق؛ خۇلاسە چىقارماق.

ئىبرەت ئاينەكى — ئىبرەت ئەينىكى؛ تەسىرلىنىش، ئىبرەت ئېلىش.

ئىبرىق [ابريق] (ئە) ئىۋرىق، ئاپتۇۋا، چۆگۈن؛ قاپاق؛ كوزا؛ ئىدىش.

ئىبرىقى شىگەرف — تاتلىق، شېرىن سۇ قويۇلىدىغان ئىدىش.

ئىبرىقى مەي — مەي ئىدىشى؛ مەي كوزىسى.

ئىبرىقى ۋۇزۇ — تەرەت چۆگۈنى، تەرەت قاپىقى.

ئىبري [عبرى] (ئە) يەھۇدىي، ئىبرانىي:

... ۋە ئاسىيا ئاڭا مۇسا ئات قويدىكىم، ئىبريي تىلى بىلە مەئنىسى سەرۋ دەرەختىدۇر.

— نەۋايى.

ئىبلاغ [ابلاغ] (ئە) يەتكۈزۈش، خەۋەر قىلىش، دېرەك بېرىش:

كىتابىڭ ئۆزگە كۆتۈبدىنكى باردۇرۇر ئەبلاغ،
بەلاغەتىڭغە مۇناسىپ ھەق ئەيلەمىش ئىبلاغ.

— نەۋايى.

ئىبلىس [ابليس] (ئە) شەيتان؛ ھىيلىگەر، ئالدامچى:

بۇ يول ئازغۇرغۇچى كۆرگۈزسە تەلبىس،
ئەجەب يوقدۇركى يولدىن ئازسا ئىبلىس.

— لۇتفى.

ئىبلىس شىئار — شەيتان سۈپەت؛ ھىيلىگەر.

ئىبلىسى لەئىن — لەنەتكە ئۇچرىغان؛ لەنىتى شەيتان.

ئىبن [ابن] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەبنا] ئوغۇل، پەرزەنت:

ئاجۇندە تا ئانىڭدەك شاھ بولغاي،
دۇئاگو ئىبنى مىرانشاھ بولغاي.

— سەيىد ئەھمەد.

ئىبنۇل - ئەجۇز — كەمپىرنىڭ ئوغلى:

ۋە ئول ئۆلۈككىم ئىسا ئەلەيھىسسالام تىرگۈزدى.
ئىبنۇل - ئەجۇز ئېردى.

— نەۋايى.

ئىبنۇل - ۋەقت — زامانە ئوغلانى، زامانىۋى، زامانىغا ماس، زامان، ۋاقىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ، ماسلىشىپ تۇرغۇچى.

ئىبنى سۇلتان ھۈسەين — سۇلتان ھۈسەين ئوغلى.

ئىبھام [ابهام] (ئە) نائېنىقلىق، شۈبھە، گۇمان؛ پىكىرنىڭ مۇجمەللىكى.

ئىتائەت [اطاعت] (ئە) بويسۇنۇش، ئىتائەت:

ئەگەرچە لازىم ئېسە دەۋلەتى ۋىسالىدىن،
ئىتائەت ئەيلە كېچە ـ كۈندۈز ئىلە يازۇ قىش.

— شەۋقى.

ئىتائەت ئەتمەك — بويسۇنماق؛

ئىتائەتى ئەمر — ئەمرىگە، بۇيرۇققا بويسۇنۇش.

ئىتاب [عتاب] (ئە) مالامەت؛ تەنە؛ قەھر، غەزەپ، قىيناق:

بەلادۇر ماڭا ھەجرىڭ، دەۋادۇر ماڭا ۋەسلىڭ،
ئىتابىڭ ماڭا ئافەت، ھەدىسىڭ ماڭا دەرمان.

— بابىر.

ئىتابى شوخدا كۆردۈم بەسى لۇتفۇ مۇھەببەتلەر،
نەدەي ئەمدىكى لۇتفى مىھرىباندىن ئاسراغىل، يا رەب.

— ئەرشى.

ئىتاب ئالۇد — مالامەتلىك، تەنىلىك، قەھرلىك، غەزەپلىك، «ئىتاب ئامىز» غا قاراڭ.

ئىتاب ئامىز — قەھر بىلەن، غەزەپ ئارىلاش.

ئىتاب قىلماق — قەھر، غەزەپ كۆرسەتمەك؛ غەزەپلەنمەك.

ئىتابە [عتابه] (ئە) «ئىتاب» قا قاراڭ:

بۇ تەلبەۋۇ مەدھۇشۇ دىلۇ جانغە نى خۇشدۇر،
گەھ قەھرۇ ئىتابە بىلە، گەھ ئىشۋەيۇ نازى.

— بابىر.

ئىتتىساف [اتصاف] (ئە) تەرىپ، بايان؛ سۈپەت؛ تەرىپلەش، سۈپەتلەش.

ئىتتىساف ئولماق — سۈپەتلەنمەك؛ بايان قىلماق، تەرىپلەنمەك.

ئىتتىسال [اتصال] (ئە) يېپىشىش، بىرلىشىش؛ جىپسىلىشىش، قوشۇلۇش؛ باغلىنىشلىق؛ مۇناسىۋەت، ئالاقە:

تۇرۇپ تەخت ئۈزرە ئۇچەۋ ئىتتىسال،
مىنى بىكەسىدىن ئۇلار سوردى ھال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىتتىسام [اتسام] (ئە) بەلگىلىنىش، نىشانلىنىش؛ ناملىنىش.

ئىتتىسام تاپماق — نامغا ئىگە بولماق، نامغا ئېرىشمەك:

ۋە تۆرتۈنچى دېۋانىم، شۇيۇخەت سىنىنداغى فايدەلەردۇر، «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» ئىتتىسام تاپتى.

— نەۋايى.

ئىتتىفاق [اتفاق] (ئە) 1) كېلىشىش، بىرلىشىش، ماسلىشىش؛ بىر پىكىرگە كېلىش:

پادشاھ ئازادە بەخت خاجەنى ئالىپ كەلگەن ۋەزىرىنىڭ قىزىدىن سۆز سوراپ، ئانىڭ خاتۇن ئىكەنى ئاشكارا بولغان ۋە پادشاھ ۋەزىرىنىڭ ئىتتىفاقى بىرلە ئانى خاجە سەگبەرەستكە نىكاھ بىرلە ئالىپ بەرگەنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) تاسادىپ، كۈتۈلمىگەن ۋەقە.

ئىتتىفاق قىلماق — كېلىشمەك.

ئىتتىفاقى ھەسەنە — كۆڭۈلدىكىدەك ۋەقە، كۆڭۈللۈك ۋەقە.

ئىتتىفاقا [اتفاقا] (ئە) تاسادىپ، تاسادىپەن، كۈتۈلمىگەندە:

ئىتتىفاقا شەھەر نەۋاھىسىغە يەتكەن مەھەلدە تەۋاچى نىشان كەلتۈرۈپ، ئوردۇ سارى قايتاردى.

— نەۋايى.

ئىتتىفاقەن [اتفاقا] (ئە) «ئىتتىفاقا» غا قاراڭ:

مەۋلانا قابىلىي ··· ئىتتىفاقەن بۇ شېئىرى بىلە ئۆزىن ھەجۇ ھەم قىلىپدۇر.

— نەۋايى.

ئىتتىفاقىي [اتفاقی] (ئە) تاسادىپىي:

ئۇلار كۈلۈپ دېدىلەركىم، مۇنداق ئىتتىفاقىي ئىش ئاز ۋاقىئ بولمىش بولغاي.

— نەۋايى،

ئىتتىك [ایتیک] «ئىتىك» كە قاراڭ:

چىقىپ كەلدىم ئۆترۈ ئانىڭ قاشىغە،
ئىتتىك تىغ ئوردۇم كېلىپ باشىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىتتىلائ [اطلاع] (ئە) خەۋەر تېپىش؛ خەۋەردارلىق، ئاگاھلىق:

ئۇلارنىڭ سۆزىنى قىلىپ ئىستىماﺋ،
يامان ـ ياخشى ئىشدىن تاپىپ ئىتتىلائ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىتتىلائ تاپماق — خەۋەردار بولماق، چۈشەنمەك، بىلمەك.

ئىتتىھاد [اتحاد] (ئە) بىرلىك؛ بىرلىشىش، قوشۇلۇش؛ ئىتتىپاق:

فىراقىڭ تۈنلەرى ۋەسلىڭ خىيالى گەر مۇيەسسەردۇر،
پەرى گەر مۇمكىن ئېرمىشدۇر نە ئەيلەي ئىتتىھاد ئەيلەب.

— ئەرشى.

ئىتتىھاد قىلماق — بىرلەشمەك، دوستلاشماق، ئىتتىپاقلاشماق.

ئىتلاف [اتلاف] (ئە) تالاپەت؛ يوق قىلىش، يوقىتىش، بەربات قىلىش.

ئىتلاف خو — يوق قىلىش ئادىتى:

كۆردى ئېسە مۇنىسى ئىتلاف خو،
ئەيلەر ئانىڭ شىۋەسىنى ئارزۇ.

— نەۋايى.

ئىتلاق [اطلاق] (ئە) 1) بوشىتىش، قويۇپ بېرىش، تالاق قىلىش. 2) ئاتاش، تەئەللۇق دەپ بىلىش.

ئىتلاق قىلماق — ئاتىماق، تەئەللۇق دەپ بىلمەك؛ قوللىماق.

ئىتلاقى مۇھال — قويۇپ بەرمەك، تالاق قىلماق.

ئىتمام [اتمام] (ئە) تاماملاش، تۈگىتىش، تۈگەللىنىش، تاماملىنىش، تامام بولۇش:

گۈلنۇ بۇلبۇل سۆزى ھەم تاپتى ئىتمام،
بارى ئىشق ئېردى ئاغاز ئىلە ئەنجام.

— خىرقەتى.

ئىتمام ئەيلەمەك — تاماملىماق، تامام قىلماق، تۈگەتمەك، پۈتتۈرمەك.

ئىتمام تاپماق — تامام بولماق، تۈگىمەك، ئاخىرىغا يەتمەك.

ئىتمام يەتكۈرمەك — تاماملىماق، ئاخىرىغا يەتكۈزمەك.

ئىتمەك [ايتماك] 1) يىتمەك، يوقالماق، يوق بولماق:

بەگزى ئىتسە، بەگزى قالغايلار ئىدى،
كۆزنى ئەترافىغە سالغايلار ئىدى.

— نەۋايى.

2) ئاتماق، تاشلىماق:

گەرچى بار دوزەخچە ئىشقىڭ شۇئلەسى،
بىزنى كۆز ئىلكىڭ بىلە گۈل سارى ئىت.

— نەۋايى.

ئىتمەكچى [ايتماكچى] ناۋاي، نان ياققۇچى:

ئىتمەكچى تونۇرى ئاندىن قىزىق، ئەللاف بازارى ئاندىن ئىسسىق.

— نەۋايى.

ئىتمىنان [اطمينان] (ئە) تىنچىش، ئارام ئېلىش؛ خاتىرجەملىك؛ تولۇق ئىشەنچ؛ راھەت، ئارام؛

ئىتمىنان بولماق — خاتىرجەم بولماق، تىنچىماق.

ئىتمىنان تاپماق — «ئىتمىنان بولماق» قا قاراڭ.

ئىتناب [اطناب] (ئە) تەپسىلاتى بىلەن ئېيتىش، يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلەش، گەپنى سوزۇش.

ئىتناب قىلماق — (گەپنى) سوزماق، ئۇزارتماق.

ئىتۇرمەك [ايترماك] يوقاتماق، يوق قىلماق، يىتتۈرمەك؛ كەتكۈزمەك.

بۇ خۇسرانىزەدەلىقدىن نادىم بولۇپ، تەۋبە قىلىپ مەشايىخ خىزمىتىغە بارىپ، ئۆز دەردىن ئايتىپ، ئىتۇرگەنىنىڭ ئىلاجىن تىلەمىش.

— نەۋايى.

ئىتۇردۇم ئاھ ئىلە ئەغيارنى گۈل يۈز ھەۋادىسىن،
ئانىڭدەككىم، كىشى سودىن كېتەرگەي خەسنى دەم بىرلە.

— نەۋايى.

ئىتىرمەك [ايتيرماك] يوقاتماق، يوق قىلماق؛ يىتتۈرمەك؛ «ئىتۇرمەك» كە قاراڭ:

سۇگرە ساڭا داغى قەھر سۇرگۇم،
خەيلىڭنى بۇ دەشتدىن ئىتىرگۇم.

— نەۋايى.

ئىتىك [ايتيك] ئىتتىك، ئۆتكۈر:

بىرسى چولڭ ئاغامدۇر بىرسى كىچىك،
ستەمكارلىقدا قىلىچدىن ئىتىك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىتىك داس — ئۆتكۈر ئورغاق.

ئىتىك يەل — تېز شامال.

ئىجاب I [اجاب] (ئە) تەستىقلاش، رازىلىق بىلدۈرۈش؛ رۇخسەت قىلىش.

ئىجابسىز [اجاب سيز] رۇخسەتسىز:

چۈن زات ۋە كۆڭۈللەرى ۋە تىينەتلەرى ئەرىغلىقىغە مەشھۇر ۋە مۇقەررەر ئېرمىش، زەمانىنىڭ ئېسىل مىرزازادەلەرى تەرەددۇد ۋە ئىجابسىز ۋە تەھاشى ۋە ئىزتىرابسىز ئۇلار بىلە مۇساھىب بولۇر ئېرمىشلەر.

— نەۋايى.

ئىجاب II [ايجاب] (ئە) تەلەپ، تەلەپ قىلىش؛ مەجبۇرىي؛ مەجبۇرلاش:

بولۇپ رەخنە ئەندەك سەغىرە شىكاب،
كى مىھنەتدە بولدۇم زىيادە ئىجاب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىجابەت [اجابت] (ئە) قوبۇل قىلىش، ماقۇللاش، رازى بولۇش:

دۇئايىمنى قىلدى ئىجابەت خۇدا،
ئۇ شۇل سائەتىدە ئىشىتتىم سەدا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىجابەت ئەيلەمەك — رازى بولماق، ماقۇللىماق.

ئىجاد [ايجاد] (ئە) يارىتىش، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، پەيدا قىلىش، ئىجاد.

ئىجاد ئەتمەك — ياراتماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك.

ئىجاد قىلماق — «ئىجاد ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئىجازەت [اجازت] (ئە) رۇخسەت، ئىجازەت:

بېرىپ ئېردى كىم دەپ ئىجازەت ماڭا،
تۆكۈپ ياش بولۇپتەك قارادىم ئاڭا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىجازەت بەرمەك — رۇخسەت بەرمەك، يول قويماق.

ئىجازەت تىلىمەك — رۇخسەت سورىماق.

ئىجتىبائ [اجتباء] (ئە) تاللاش، تاللىماق؛ تاللانغان:

……

خەتم گۇلۇپ ئاستىدا ھىلىمۇ ھەم شەربەت پەرۋەرى،
مەجمەئۇل ـ بەھرەين رەھمەت ئېردى گۇل بى ئىجتىبائ.

— ئەرشى.

ئىجتىمائ [اجتماع] (ئە) يىغىندى، قوشۇلما، بىرىكمە، جەمئىي؛ توپلىنىش، يىغىلىش:

قىلىپ پارە ـ پارە قەرىنى سىباھ،
ھەمە ۋەھشىلەر بىلدى چۇن ئىجتىمائ.

— ئا. نىزارى.

ئىجتىمائ ئەتمەك — توپلانماق، يىغىلىشماق.

ئىجتىناب [اجتناب] (ئە) تارتىنىش؛ يىراقلىشىش، ئۇزاقلىشىش، چەتلىشىش؛ ساقلىنىش؛ چېكىنىش، قېچىش:

دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلە بىر نەچچە كۆڭلۈم ئېردى خۇش،
فۇرقەت ئىچرە خەستە ئەيلەپ نېگە قىلدىڭ ئىجتىناب.

— ئەرشى.

ئىجتىناب ئەتمەك — «ئىجتىناب ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ئىجتىناب ئەيلەمەك — تارتىنماق، ساقلانماق، چەتلەشمەك، يىراقلاشماق.

ئىجتىھاد [اجتهاد] (ئە) تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش، غەيرەت كۆرسىتىش؛ ھەرىكەت؛ ئىجتىھاد:

مۇسائىد زەمانى تاپىپ شاھزاد،
كى ئايىنەگە ئەيلەدى ئىجتىھاد.

— ئا. نىزارى.

ئىجتىھاد ئەيلەمەك — تىرىشماق، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلمەك.

ئىجرائ [اجراء] (ئە) بېجىرىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ ئورۇنلاش، جارى قىلىش، ئىجرا.

ئىجرا قىلماق — بېجىرمەك، ئەمەلگە ئاشۇرماق.

ئىجرايى ئەھكام — ھۆكۈملەر ئىجراسى.

ئىجلاس [اجلاس] (ئە) مەجلىس، كېڭەش، يىغىلىش.

ئىجلاس قىلماق — يىغىلىش، كېڭەش ئۆتكۈزمەك.

ئىجمال [اجمال] (ئە) قىسقا، قىسقىلىق، خۇلاسە قىلىش:

ئادەم ئىسرارىنىڭ ئىجمالىنە قىلدىڭ تەفسىل،
مۇندىن ئېركىنىكى دېدىڭ ئەلۋەلەدۇ سىنۋۇ ئەبىھ.

— نەۋايى.

ۋە ئانىڭ بەئزى ھالاتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قىسسەسىدە ئىجمال تەرىقى بىلە ئىنشائاللاھ مەزكۇر بولغاي.

— نەۋايى.

ئىچتەكى [ايچتاكى] ئىچىدىكى؛ ئىچىمدىكى:

غەير تاش زەخمىدىن دەردىمنى ئىزھار ئەتمەدىم،
ئىچتەكى پىنھان غەمىم تاشدى نەمۇدار ئەتمەدىم.

— بابىر.

ئىچقىنماق [ايچقينماق] ھەيران بولماق:

ئىلكىدىن ئىچقىنىپ بالىقنى سالدى،
تاڭىرقاپ بارماغىن تىشلەدى قالدى.

— لۇتفى.

ئىچكەرى [ايچكرى] «ئىچكى» گە قاراڭ:

ئەي زەلىلى، مەھرەم گولدۇڭ ئىچكەرى،
مۇددەئىنى تاش كۆرۈپ خوپ چاقىشىڭ.

— زەلىلى.

ئىچكۇ [ايچكو] ئىچكۇلۇك، مەي، شاراب:

ئايىنى تەرەبغە قويدىلەر يۈز،
ئىچكۇ ئىدى نەچچە كېچە ـ كۈندۈز.

— نەۋايى.

ئىچكى [ايچكى] پادىشاھ سارىيىدىكى خاس ئەمەلدار؛ خىزمەتچى، مەھرەم:

پادىشاھ ئىشىكىدە ئەركانى دەۋلەتدىن ئالىيشان بېكلەر ۋە ئالىي مەكان ئىچكىلەر ۋە سۇدۇر ۋە سايىر …

— نەۋايى.

ئىچىن ـ ئارا [ايچىن ارا] ئۆزئارا:

ئۈچ يۈز ئاتمىش يىلغەچە ئۇلار ئىچىن ـ ئارا نىزائ قىلىپ،
رۇمغە ھىچ قايسىنىڭ زەرەرى يەتمەدى.

— نەۋايى.

ئىخبار [اخبار] (ئە) خەۋەر بېرىش، مەلۇم قىلىش، بىلدۈرۈش.

ئىخبار ئەيلەمەك — خەۋەر بەرمەك، بىلدۈرمەك.

ئىختىتام [اختتام] (ئە) تاماملاش، تۈگىتىش؛ تامام بولۇش، تۈگەش، تۈگەللىنىش.

ئىختىتام ئەيلەمەك — تاماملىماق، تۈگەتمەك.

ئىختىتام ئولماق — تامام بولماق، تۈگىمەك.

ئىختىرائات [اختراعات] (ئە) «ئىختىرا» غا قاراڭ؛ يېڭىلىقلار، كەشپىياتلار:

ئىشرەت ئەنگىز ناملىغ بىر مۇقام ھەم بۇ مەلىكەنىڭ ئىختىرائاتلارى ئېردى.

— مۆجىزى.

ئىختىرائ [اختراع] (ئە) يارىتىش، كەشىپ قىلىش، ئىجاد قىلىش، ئىختىرا:

ئەجەم دېگەن بىر مۇقامنى، ئانىڭ ئىككىلە مەرغۇلەلارىنى ئىختىرا قىلىپ ئېردىلار.

— مۆجىزى.

ئىختىرا ئەيلەمەك — يېڭىلىق ياراتماق، كەشىپ قىل-

ماق، ئىجاد قىلماق؛

ئىختىرا قىلماق — «ئىختىرا ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىختىسار [اختصار] (ئە) قىسقارتىش؛ قىسقىلىق.

ئىختىسار ئەيلەمەك — قىسقارتماق، قىسقا قىلماق.

ئىختىسار قىلماق — «ئىختىسار ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىختىساس [اختصاص] (ئە) خاس بولۇش، بىرەر نەرسىگە (ئىلىم - پەن ياكى ھۈنەر، كەسىپ قاتارلىق) خاسلىنىش، مەنسۇپ بولۇش، مۇتەخەسسىس بولۇش؛

ئىچىپ ئاندىن ئەيلەي ئۆزۈمنى خەلاس،
كى شاھى جەھانغە تاپاي ئىختىساس.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىختىساس تاپماق — خاسلاشماق، مەنسۇپ بولماق.

ئىختىفا [اختفا] (ئە) مەخپىي، يوشۇرۇن:

ئۆزۈمنى تۇتۇپ خەلقدىن ئىختىفا،
كىشى تۇيسە ناگاھ قىلۇر دەپ جەفا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىختىفا پەردەسىغە قاچماق — بېكىنمەك، يوشۇرۇنماق.

ئىختىلات [اختلاط] (ئە) ئارىلىشىش، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولۇش، باردى - كەلدى قىلىش؛ ئالاقە.

ئىختىلات قىلماق — ئارىلاشماق، باردى - كەلدى قىلىشماق، ئالاقە قىلماق.

ئىختىلاف [اختلاف] (ئە) كېلىشەلمەسلىك، قارىمۇ قارشىلىق.

ئىختىلافى جۇزۇ ئىلە كۇل — زور قارىمۇقارشىلىقلار، كېلىشەلمەسلىكلەر؛ پارچىلىنىش بىلەن پۈتۈنلۈك ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ.

ئىختىلال [اختلال] (ئە) بۇزۇلۇش؛ زىتلىشىش؛

ئىختىلال تاپماق — بۇزۇلماق، زىتلەشمەك؛ زەخمىلەنمەك، شىكەستىلەنمەك:

ھەسرەت ئاھىدىن فەلەككە ئوت سالۇرمەن ھەر نەفەس،
نە ئىكىن ھىكمەت بۇ كىم تاپماس ئىساسى ئىختىلال.

— نەۋايى.

ئىخراج [اخراج] (ئە) چىقىرىش، ھەيدەش، سۈرگۈن قىلىش؛ يىراقلاشتۇرۇش:

ھەمە پۇل مالىنى تاراج ئېتىلىڭ،
ھەمە ئەھل ئەيالىنى ئىخراج ئېتىلىڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىخراج ئەيلەمەك — چىقارماق، ھەيدىمەك، سۈرگۈن قىلماق.

ئىخراج تاپماق — چىقماق؛ ئۆزاقلاشماق، يىراقلاشماق.

ئىخراج قىلماق — ھەيدىمەك، سۈرگۈن قىلماق؛ يىراقلاشتۇرماق.

ئىخراجى ئولماق — ھەيدەلمەك، سۈرگۈن بولماق؛ يىراقلاشماق.

ئىخراجى مەۋاد — سۈرگۈن؛ سۈرگۈن قىلماق، ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى چىقارماق.

ئىخفا [اخفا] (ئە) يوشۇرۇش، بېكىتىش؛ سىر تۇتۇش.

ئىخفا ئەيلەمەك — يوشۇرماق، سىر تۇتماق:

ماڭا نې ئول بولۇپ، ئەلقىسسە مۇيەسسەرنې بۇ،
گاھ ئانى زاھىر ئېتىپ، گاھ مۇنى ئىخفا ئەيلەپ.

— نەۋايى.

ئىخۋان [اخوان] (ئە) [بىرلىكى: ئەخ] بۇرادەرلەر، قېرىنداشلار، دوستلار.

ئىد [ايد] ھىد، بۇي:

بۇ سۆزدە ئاشنالىقنىڭ ئىدى بار،
ئاڭا ئىرشاد قىلغان مۇرشىد بار.

— لۇتفى.

ئىدبار [ادبار] (ئە) بەختسىزلىك، چۈشكۈنلۈك؛ ئىشى راۋاج تاپمايدىغان، ئالغا باسمايدىغان:

مۇقبىللەر ئىشىدە كۆپ لەتافەت بىلگىل،
ئىدباردە ئول ئىبل ئارا مەسافەت بىلگىل.

— نەۋايى.

ئىددەت [عدت] (ئە) ئىددەت، بەلگىلىك ۋاقىت، مۇددەت:

ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسەلام ئول زەئىفەنىڭ ئىددەتى ئۆتكەندىن سۇڭرە نىكاھ قىلماق بولدى.

— نەۋايى.

ئىددىئا [ادعا] (ئە) مۇددىئا، مەقسەت، ئارزۇ، تەلەپ، ئىستەك:

يارۇقلارغە كى ئەفئ ئىشكىن ئاچۇرماق ئىددىئاسىدىن،
لەۋايىھ مەرھەمەت باشقە چېكىپ شاھى جەھان ئاندا.

— ئەرشى.

ئىدراك [ادراك] (ئە) ئەقىل، ئاڭ، پەم، سېزىم، چۈشەنچە، ئىدراك:

چۇ سەھبا بىلە ئەقلنى پاك ئېتەي،
كۆڭۈل مەقسەدىن فەھم - ئىدراك ئېتەي.

— ئا. نىزارى.

ئىدراك ئەتمەك — «ئىدراك ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىدراك ئەيلەمەك — بىلمەك، سەزمەك، پەملىمەك، چۈشەنمەك.

ئىدراك قىلماق — «ئىدراك ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىدغام [ادغام] (ئە) قوشۇش، بىرىكتۈرۈش، ئاسسىمىلياتسىيە؛ (ئەرەب تىلىدا بىر ھەرپنى تەكرار تەلەپپۇز قىلىش):

ئەگەر ھەرپ ئولسا مۇدغام، ۋەھكى خالىڭ نۇقتە ئىدغامىن،
ئەيان قىلدى كۆزۈمنىڭ مەردۇمى ئىچرە مەقام ئەيلەپ.

— نەۋايى.

ئىدمان [ادمان] (ئە) مەشىق، تەكرار، مەلۇم بىر ئىشنى دائىم بېجىرىپ، قايتىلاپ تۇرۇش:

ئىشنى ئىدمانغا ئەيلەدى مەنسۇب.

— نەۋايى.

ئىر [ایر] جىر، ناخشا، كۈي، «يىر» گە قاراڭ:

تۈركانە ئىر ئىرلاغۇنچە ئانىڭ،
كۆيدۈردى مېنى يالاي بۇلاسى.

— سەككاكى.

ئىراد [ایراد] (ئە) بايان قىلىش، قەيت قىلىش؛ كەلتۈرۈش.

ئىراد ئەتمەك — «ئىراد قىلماق» قا قاراڭ.

ئىراد قىلماق — قەيت قىلماق، بايان قىلماق، كەلتۈرمەك؛ ئېيتماق، ئىجاد قىلماق.

ئىرادە [ارادە] (ئە) «ئىرادەت» كە قاراڭ:

ھەركۈن بۇ فىراق بولۇپ زىيادە،
بۇ جەۋرۇ جەفا ماڭا ئىرادە.

— موللا سالىھ.

ئىرادە ئەيلەمەك — خالىماق، ئىستىمەك، بىرەر مەقسەتنى كۆزلىمەك.

ئىرادەت [ارادت] (ئە) 1) ئىستەك، خاھىش؛ ئىختىيار. 2) ئىرادە، تەقدىر. 3) ئىخلاس، ئېتىقاد، نىيەت.

ئىرادەت ئەھلى — مۇرىتلار، ئىخلاسمەنلەر.

ئىرادەت قىلماق — خالىماق، ئىستىمەك، بىرەر مەقسەتنى كۆزلىمەك.

ئىرادەت ئىلكى بەرمەك — مۇرىتلىققا قول بەرمەك، مۇرىت بولماق.

ئىرادە تۇللاھ [ارادت الله] (ئە) ئاللانىڭ ئىختىيارى، ئاللانىڭ ئەمرى، خاھىشى، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى:

… چۈن ئىرادە تۇللاھ مۇڭا جار بولۇپ ئىردىكىم، ئالەم يۈزىن ئادەم ئەۋلادى تۇتقاي.

— نەۋايى.

ئىراق I [ایراق] يىراق، ئۇزاق.

ئىرلق سالماق — يىراقلاشتۇرماق، ئۇزاقلاشتۇرماق:

شاھغە تا دەۋلەت بار دۇشمەن ئېرۇر خارۇ خاكسار، دەۋلەتغە يەتكۈرگۈچى تەڭرى، ھەم ئالغۇچى، ھەم بەرگۈچى ھەم تەڭرى، ئول بەرسە كىشى ئالا ئالماس، ئول بىتكۈرسە كىشى ئىراق سالا ئالماس.

— نەۋايى.

ئىراق II [عراق] (ئە) ئىراق، مۇزىكىدا كۈي نامى:

ساقى، بول مەي تۇتقىلى ئەي گۇلدۇخان رۇمۇ ئىراق،
بەزم ئەيلەپ تۈزگىلى يۈزمىڭ ئەجايىپ تۇمتەراق.

— موللا سالىھ.

ئىرەم [ارم] (ئە) ئەپسانىۋى گۈزەل، خۇش ھاۋا بىر باغنىڭ نامى:

ئاھىم ئوتىدىن كۆيسە بۇ ئالەم ئەجەب ئېرمەس،
ئوت كەتكۈسىدۇر باغى گۇلىستان ئىرەمىگە.

— موللا سالىھ.

ئىرەم ئاسا — «ئىرەمۋەش» كە قاراڭ.

ئىرەم ئايىن — جەننەتكە ئوخشاش، جەننەتكە لايىق.

رەۋزەئى ئىرەم — ئىرەم بېغى.

ئىرەمۋەش [ارم وش] (ئە + پ) ئىرەم بېغىغا ئوخشاش:

سىكەندەر چۇ بۇ مۇلكى دىلكەش كۆرۈپ،
فەزاۋۇ ھەۋاسىن ئىرەمۋەش كۆرۈپ.

— نەۋايى.

ئىرتىبات [ارتباط] (ئە) باغلىنىش، ئۇلىنىش؛ ئالاقىدار بولۇش:

گەر پەرى سەندەك دېسەم يازغۇرماكىم،
تەلبە ئەلفازىدە بولماس ئىرتىبات.

— نەۋايى.

ئىرتىفائ [ارتفاع] (ئە) كۆتۈرۈلۈش، يۈكسىلىش؛ ئېگىزلىك:

مەسكەنىڭ ئاخىر چۇ تۇفراغدۇر نە ئۆتكەرمەكدۇرۇر،
مەدفەنىڭ ئەيۋانىغە كۆك گۇنبەزىدىن ئىرتىفائ.

— نەۋايى.

ئىرتىكاب [ارتكاب] (ئە) بىرەر ئىشقا كىرىشىش، مەشغۇل بولۇش؛ ھەرىكەت:

ھەر نە ئىمىر ئەتسە قىلۇر زاھىر خىلاف،
ئىرتىكابىدىن تۇتار ئۆزنى مەئاب.

— نەۋايى.

ئىرتىكاب قىلماق — مەشغۇل بولماق، بىرەر ئىشقا كىرىشمەك.

ئىرز [عرض] (ئە) نومۇس، ئىپپەت، پاكلىق؛ شەرەپ، ئابرۇي:

شەبىستانىم ئارا ئارام قىلغاي،
شەمانە سۇبھى ئىرزىم شام قىلغاي.

— نەۋايى.

ئىرس [ارث] (ئە) مىراس؛ ۋارىسلىق:

ئۇلۇسقا ئىرىس بىرلە ھۆكمىران ئول،
ئاتادىن تا ئاتا خىسرەۋنىشىن ئول.

— نەۋايى.

ئىرسال [ارسال] (ئە) ئەۋەتىش، يەتكۈزۈش:

مېھمىنانىغە ئەلچى ئىرسال ئېتىپ،
كى بىر نامەدە ئەرزى ئەھۋال ئېتىپ.

— ئا. نىزارى.

ئىرسال ئەتمەك — «ئىرسال ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئىرسال ئەيلىمەك — ئەۋەتمەك، يەتكۈزمەك؛ ئېرىشتۈرمەك.

ئىرسال قىلماق — «ئىرسال ئەيلىمەك» كە قاراڭ.

ئىرشاد [ارشاد] (ئە) توغرا يول كۆرسىتىش، رەھبەرلىك قىلىش:

سەۋاد زاھىر ئەيلەپ پۇشت لەبىدىن فەھم قىلمىشمەن،
مۇرىدى ساددەلەرگە خەت بىلەن ئىرشاد قىلغايمۇ؟

— زەلىلى.

ئىرشاد ئايىن — پېشۋا يوسۇنلۇق، يولباشچى كەبى.

ئىرشاد ئەتمەك — «ئىرشاد قىلماق» قا قاراڭ.

ئىرشاد ئەھلى — يول كۆرسەتكۈچىلەر.

ئىرشاد ئەيلىمەك — «ئىرشاد قىلماق» قاراڭ.

ئىرشاد پەناھ — توغرا يول كۆرسىتىش ھامىيسى.

ئىرشاد قىلماق — توغرا يول كۆرسەتمەك.

ئىرشاد مەئاب — پېشۋا، يولباشچى، ھىدايەت قىلغۇچى.

ئىرشاد مەسنەدى — رەھبەرلىك ئورنى.

ئىرشادگەر [ارشادكر] (ئە + پ) توغرا يول كۆرسەتكۈچى، پىر:

كىم ئايا ئىسلام ئېلىگە راھبەر،
دىنۇ ئىسلام ئەھلىغە ئىرشادگەر.

— نەۋايى.

ئىرشاد مەند [ارشادمند] (ئە + پ) توغرا يولغا چۈشكەن؛ يول تاپقان.

ئىرفان [عرفان] (ئە) بىلىش، تونۇش؛ مەرىپەت:

ئەلەم نەشرى رىسالەت نۇر ئىلە سىينەڭنى يازمىشكىم،
خەزىنە بەھرى رەھمەت گەنجى ئىرفان پۇر قىلىپ سەدرا.

— شەۋقى.

ئىرفان ئەھلى — مەرىپەتپەرۋەرلەر، بىلىملىكلەر، ئالىملار.

ئىرفان بەھرى — بىلىم دەرياسى؛ بىلىش - تونۇش دائىرىسى، كەڭلىكى.

ئىرفان پەناھ — ئالىم، دانىشمەن، مۇتەپەككۇر؛ بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھامىيسى.

ئىرفان مەخزەنى — بىلىم خەزىنىسى، بىلىم مەنبەسى.

ئىرق [عرق] (ئە) يىلتىز، تومۇر:

چۈن رىيائىي سوفىلەر شەيخنىڭ ئىلتىفاتىن بۇ مەرتەبەدە ئانىڭ جانىبى كۆردىلەر، ھەسەد ئىرقلەرى ھەرەكەتكە كېلىپ، ۋەقت پادشاھىغە يەتكۈردىلەر.

— نەۋايى.

ئىرىك [ايريك] 1) يىرىك، قوپال. 2) كاتتا، يوغان. 3) ئېغىر، مۇشەققەتلىك؛ قىيىن؛ قاتتىق.

ئىرىك پەشمىنە — قوپال، ئېغىر تون.

ئىرىن [ايرن / ايرين] / لەۋ، كالپۇك.

ئىز [ايز] ئىز، نىشان:

كۆرۈۋېدۇركى مۇندا ۋەزىرنىڭ قىزىنى،
ئاڭا ئاشىق ئولمىش ئۆپەدۇر ئىزىنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىزا [ايذا] ئازار، ئازاب؛ رەنج، ئىزا:

بازىشى تىفلانە بولدۇم دەردى ھىجرىڭدە سېنىڭ،
تاش ئاتۇر ئارقامدىن، ئەيلەرگە ئىزا بىرلە جەفا.

— موللا بىلال.

ئىزا ئەتمەك — ئازار بەرمەك، رەنجىتمەك؛

ئىزا قىلماق — ئازار بەرمەك، رەنجىتمەك، ئازابلىماق، قىينىماق؛

ئىزا كۆرمەك — ئازار، ئەزىيەت كۆرمەك، خورلانماق.

ئىزارە [ازاره] (ئە) ئارىلىق، ئۆي تېمىنىڭ يەر بىلەن تەكچە ئارىسىدىكى قىسمى:

ئۆي ئىچرە ھەم كىتابە ھەم ئىزارە،
زەررۇرەتدۇر تۇگەنگەن چاغدا قىلماغ.

— نەۋايى.

ئىزافە [اضافه] (ئە) «ئىزافەت» كە قاراڭ.

ئىزافە ئەتمەك — «ئىزافە قىلماق» قا قاراڭ.

ئىزافە قىلماق — قوشماق.

ئىزافەت [اضافت] (ئە) قوشۇش، تىركەش، باغلاش؛ باغلىنىش؛ قوشۇمچە: ئىككى سۆزنىڭ بىر - بىرىگە مەلۇم تەرتىپ ئاساسىدا باغلىنىشى.

ئىزافەت ئەتمەك — قوشماق، تىركىمەك.

ئىزافەت بولماق — قوشۇلماق، تىركەلمەك.

ئىزام I [عظام] (ئە) [بىرلىكى: ئەزىم] كاتتىلار، ئۇلۇغلار:

يەنە ئول ئېردىكىم، ئۇلۇس ئارا ئەكابىرى ئىزامدىن سايىر ئەۋامغىچە ... كىشى ئاز تاپىلغايكىم، بۇ ناتەۋان بىلە ئىشى

تۈشمەمىش بولغاي.

— نەۋايى.

ئىزام II [عظام] (ئە) [بىرلىكى: ئەزم] سۆڭەك، ئۇستىخان.

ئىزامى رەمىم — چىرىگەن سۆڭەكلەر.

ئىزئان [اذعان] (ئە) بويسۇنۇش.

ۋاجىبۇل - ئىزئان — بويسۇنۇش لازىم بولغان.

ئىزاھ [ايضاح] (ئە) چۈشەندۈرۈش، ئىزاھ.

ئىزاھ قىلماق — بايان قىلماق، چۈشەندۈرمەك، ئىزاھلىماق.

ئىزتىراب [اضطراب] (ئە) 1) ھاياجان، تاقەتسىزلىك، سەۋرسىزلىك، قارارسىزلىق؛ تىپىرلاش، تىت - تىت بولۇش:

نىيدىن سادىق ئەمەس گۇمنام ئىشقىڭ بىلە ئۆلمەككە،
ئانى ئۆلتۈرگەلى مەيداندا بىھەد ئىزتىراب ئەتتىڭ.

— گۇمنام.

2) پەرىشانلىق، خاتىرجەمسىزلىك، تىنچسىزلىق، قىينىلىش؛ تەشۋىش:

قالىپ ھەيرەت ئىچرە دىيەلمەي جەۋاب،
ۋۇجۇدۇمغە ئانچە تۈشۈپ ئىزتىراب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) چاڭ - توزان:

سىنانى قاچان كۆرگۈزۈپ پىچۇ تاب،
سىپىھر ئەجدەرىغە تۈشۈپ ئىزتىراب.

— نەۋايى.

ئىزتىراب ئەتمەك — قارارسىزلانماق، تاقەتسىزلەنمەك، تىنچسىزلانماق.

ئىزتىراب ئەيلەمەك — بىتاقەت بولماق، تىت - تىت بولماق، تەشۋىشلەنمەك، ھاياجانلانماق:

چىقىپ كەتتى تۈنى قاشدىن قۇياشىم ئىزتىراب ئەيلەپ،
ئانىڭدەك دەيكى، جان چىقمىش بۇ جىسمىمدىن شىتاب ئەيلەپ.

— ئەرشى.

ئىزتىراب تۈشمەك — ھاياجان، خاتىرجەمسىزلىك، بىتاقەتلىك پەيدا بولماق.

ئىزتىراب قىلماق — «ئىزتىراب ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

يۈرۈپ ئول سەبادەك قىلىپ ئىزتىراب،
دىدى سەرۋى قەدغە كى ئەي ماھتاب.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىزتىرابۇ ئىزتىرار — بىتاقەتلىك ۋە بىقارارلىق.

ئىزتىرابسىز [اضطراب سيز] تىنچ، بىمالال، بىغەم:

... زەمانىنىڭ ئىسىل مىرزازادەلەرى تەرەددۇد ۋە ئىجابسىز ۋە تەماشىي ۋە ئىزتىرابسىز ئالار بىلە مۇساھىب بولۇر ئىرمىشلەر.

— نەۋايى.

ئىزتىرار [اضطرار] (ئە) چارىسىزلىق، نائىلاجلىق، موھتاجلىق؛ مەجبۇرىيەت، زۆرۈرىيەت، مۈشكۈل ھالەت؛ تىترىمەك:

زۇلفىدىن بۇيى تېگىپ تا ئالدى كۆڭلۈمدىن قەرار،
باد گۇلشەن ئىچرە كىرگەچ گۇلگە تۈشتى ئىزتىرار.

— گۇمنام.

ئىزتىرار تۈشمەك — نا ئىلاجلىقتا قالماق؛ تىترىمەك باسماق.

ئىزتىرار يۈزلەنمەك — چارىسىزلىق، ئامالسىزلىق، مۈشكۈل ھالەت يۈز بەرمەك.

ئىزتىرارىي [اضطرارى] (ئە) ئىختىيارسىزلىق، چارىسىزلىق:

تىلەمەك خۇد گەدا شىئارىدۇر،
لىك بۇ يەردە ئىزتىرارىيدۇر.

— نەۋايى.

ئىزدىھام [ازدحام] (ئە) توپ، كىشىلەر توپى؛ توپلاش، يىغىش، يىغىلىش:

خەلايىقغە تۈشمىش ئىدى ئىزدىھام،
كېتىپ بارۇر ئېردى خاسۇ ئەۋام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىلەيخا پادىشاھنىڭ دەرگاھىغە يۈزلىنىپ، ئىزدىھامنىڭ سەبەبىنى سورغانى ۋە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمالى با كەماللارىنى كۆرۈپ ۋە ئانى تونۇپ، فەريادى بىخۇدانە تارتىپ، بىھۇش يىقىلغانى.

— موللا يۈنۈس.

ئىزدىھام ئەيلەمەك — يىغىلماق، توپلانماق:

چۈ بەرنا دۇكانىغە خىرام ئەيلەدى،
بارۇرغە بەسى ئىزدىھام ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىزدىۋاج [ازدواج] (ئە) ئۆيلىنىش، ئەر - خوتۇن بولۇش، نىكاھلىنىش:

يەتكۈرۈر بىللاھ مەقامى فەقرىگە تەجرىدلىك،
بولماغىل ھۇرانى جەننەت بىرلە ھەرگىز ئىزدىۋاج.

— زەلىلى.

ئىزدىياد [ازدياد] (ئە) ئارتىش، كۆپىيىش:

بەس ئول تۈن نەچە كىم تاپار ئىمتىداد،
يارۇغلۇققەدۇر مۇجىبى ئىزدىياد.

— نەۋايى.

ئىزز [عز] (ئە) كۈچ، قۇدرەت؛ ئىززەت، ھۆرمەت،

قەدىر - قىممەت:

زۇھۇر ئولدى مۇھەممەد ھۆرمىتىدىن جۇملەئى ئالەم،
ئەزەلدىن تا ئەبەدكە سەلتەنەت دىن ئىززۇ جاھىدۇر.

— زەلىلى.

ئىززۇ ئەلا — ئىززەت ۋە ئالىيلىق:

تەمەننادۇر خەرابات ئەھلى ئىچرە خاكسار ئولماق،
كىبرەكەس دەھر ئەھلىنىڭ بەزمىدە ئىززۇ ئەلا بىزگە.

— لۇتفى.

ئىززۇ تەمكىن — ئىززەت ۋە ھەيۋەت.

ئىززۇجاھ — ئىززەت ۋە مەرتىۋە:

ئىشق ئەھلىغە دەرد ئاھ ئاندىن،
ئىشۇقغە ئىززۇ جاھ ئاندىن،

— ئەرشى.

ئىززۇ جاھۇ ئىستىغنا — ئىززەت، مەرتىۋە ۋە تارتىنىش.

ئىززۇ جەلال — بۈيۈكلۈك ۋە ئەزىزلىك.

دىبدىم: *ئەي خۇداۋەندە ئىززۇ جەلال،*
ساڭا ئاشكارا ئىرۇر سىررۇ ھال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىززۇ جەلل — شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق.

ئىززۇ رۇتبە — «ئىززۇ جاھ» قا قاراڭ.

ئىززۇ رىفئەت — ئىززەت ۋە يۈكسىلىش.

ئىززۇ شەرەف — ئىززەت ۋە شەرەپ.

ئىززۇ غۇرۇر — ئىززەت ۋە مەغرۇرلۇق:

بۇ سەبۇرى ئىستەمەس ئىززۇ غۇرۇر ھەشمەت جەلال،
گۇلخەلۇ فەقر ئىچرە ئۆرتەنگەي گەدايى جەندە پۇش.

— سەبۇرى.

ئىززۇ نەزاھەت — ئىززەت ۋە پاكلىق.

ئىززۇ ئۇلا — «ئىززۇ ئەلا» غا قاراڭ.

ئىززۇ ئىقبال — ئىززەت ۋە بەخت:

چۇ تاپتى دايە مۇنداغ ئىززۇ ئىقبال،
ھۇما يەڭلىغ يازىپ ھەردەم پەرۇ بال.

— ناقىس.

ئىززى جاھ — يۇقىرى ئورۇن، يۇقىرى مەرتىۋە:

ئىتىڭ باسقان ئىزىدۇر سەجدەگاھىم،
ئانىڭكى قۇللۇغىدۇر ئىززى جاھىم.

— گۇمنام.

ئىززەت [عزت] (ئە) ئىززەت، ھۆرمەت، ئىكرام؛ ئەزىزلىك:

خەيرۇ شەررۇ رىزقۇ ئۆمرۇ خارۇ ئىززەت جۇملەسى،
شەۋقى بىلمەڭ ھەقدىن ئۆزگە ھېچ رەھبەردىن ئەمەس.

— شەۋقى.

ئىززەت ئەھلى — ئىززەتكە سازاۋەرلەر، ھۆرمەتلىكلەر.

ئىززەت مەسنەدى — ئالىي ئورۇن، ئالىي مەنسەپ.

ئىزلال I [اذلال] (ئە) خارلاش، پەس كۆرۈش.

ئىزلال قىلماق — خارلىماق، پەس كۆرمەك:

... ۋە بەئزى شەرىكىدۇر، دەپ ئىزلال قىلدى ۋە ئۆزىنى خىلۋەتتە زىبە قىلدى.

— نەۋايى.

ئىزلال II [اضلال] (ئە) ئاداشتۇرۇش، يولدىن ئازدۇرۇش.

ئىزلال ئەتمەك — ئاداشتۇرماق، يولدىن ئازدۇرماق.

ئىزلال قىلماق — يولدىن چىقارماق، ئازدۇرماق.

ئىزلال ۋە ئىفساد — ئادىشىش ۋە يامانلىق.

ئىزھار [اظهار] (ئە) ئاشكارا بولۇش، مەلۇم بولۇش؛ كۆرۈنۈش؛ كۆرسىتىش:

نەچە سۆزلەركى يازدىڭ بىخۇدانە،
جەھان فانىلىغىنى ئەيلەپ ئىزھار.

— ئەرشى.

ئىزھار ئەيلەمەك — كۆرسەتمەك، بىلدۈرمەك، بايان قىلماق.

ئىزھار قىلماق — «ئىزھار ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىزھار قىلماق — ئېيتىلماق، دېيىلمەك، بىلدۈرۈلمەك؛ مەلۇم قىلىنماق.

ئىزھارى ئەجز — ئاجىزلىق ئىزھار قىلىش، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈش.

ئىزھارى ئەجزۇ ناتەۋانلىق — ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىكنى بىلدۈرۈش، مەلۇم قىلىش.

ئىزھارى خۇشھاللىق ۋە سۇرۇر قىلماق — خۇرسەنچىلىك ۋە شادلىق ئىزھار قىلماق.

ئىزھارى نىياز قىلماق — يالۋۇرۇش، ئۆتۈنۈشنى بايان قىلماق، ئىپادىلىمەك.

ئىزھارى ئىرادەت ۋە ئىخلاس قىلماق — مۇخلىسلىق ئىرادەت ۋە ئىخلاسنى بىلدۈرمەك.

ئىزھارى ئىستىبداد قىلماق — ئىستىبداتنى، قابىلىيىتىنى، ئىقتىدارىنى كۆرسەتمەك.

ئىس [ايس] ئىس؛ ھىد، بۇي:

كىرىپ ئىستەپ يۈرۈپ ھەر قايسىسىنى،
ئىبەردى ھەر تەرەپ گۈللەر ئىسىنى.

— خىرقەتى.

كى ئەقلىڭغە نۇقسان يېتىپدۇر بەسى،
دىماغىڭنى بۇزمىش تەكەببۇر ئىسى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىس مۇشكى خوتەن — خوتەن ئىپارىنىڭ ھىدى:

كاكۇلۇڭ جان ئۇقدەسىدۇر ھەم ئىسى مۇشكى خوتەن،
سەھرى رەخشان يا تەجەللى يا مەھى تابانمۇسەن؟

— ئەرشى.

ئىس يەتمەك — خەۋەر كەلمەك.

ئىسا [عيسى] (ئە) ئىسا پەيغەمبەر:

كەلدى تىرگۈزگەلى زەئىفىم كۆرۈپ ئۇل ئىسادەم،
كەلگەنى ھەم ئۆز ئىشىن قىلدى، ۋەلې كەتكەنى ھەم.

— نەۋايى.

ئىسا ئاسا مەقال — ئىسادەك جان بېغىشلىغۇچى سۆز.

ئىسار [ايثار] (ئە) چېچىش، بېغىشلاش، ئىنئام:

مۇسۇلمان ئەمەس نامەردكە سەن كۆز ياشىڭ تۆكسەڭ،
غەمىڭنى گەۋھەرىن ئۇل كىمسەگە ئىسار ئېتىپ بولماس.

— گۇمنام.

ئىسار ئەتمەك — بېغىشلىماق، ئىنئام قىلماق.

ئىسار ئەيلەمەك — «ئىسار ئەتمەك» كە قاراڭ:

نۇرى پاكىڭ پەرتەۋىدىن بىزگە ئىسار ئەيلەدىڭ،
دىن ئۆيىگە تا قىيامەت نۇرى ئىماندىن سىراج.

— شەۋقى.

ئىسار قىلماق — تەقدىم قىلماق، بېغىشلىماق.

ئىسەۋي [عيسوى] (ئە) ئىساغا خاس؛ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگۈچى:

قىرائەت گۈلشەنىنىڭ ئىسەۋي نەفەس ئەندەلىبى خۇش ئەلھانلەرى ...

— نەۋايى.

ئىسبات [اثبات] (ئە) دەلىل، ئىسپات (دەلىل بىلەن تەستىقلاش، بىرەر نەرسىنىڭ توغرىلىقىغا شاھىد كەلتۈرۈش):

قاراپ كۆرگىل تەمام ئۇنسەككە بىر ئۇندۇرگۈچى لازىم،
ۋۇجۇدى دانەئى گەندۇمغە ئىسباتى سەمان پەيدا.

— شەۋقى.

ئىسبات ئەيلەمەك — ئىسپاتلىماق، تەستىقلىماق، دەلىللىمەك.

ئىسبەئ [اصبع] (ئە) بارماق، قول بارمىقى.

ئىسبەئىنى مىسۋاك قىلماق — بىرەر ئىشتىن ھەيران بولۇپ بارماقنى چىشلىمەك.

ئىسپەند [اسپند] (پ) ئىسرىق:

نې سائەت كى يۈزلەنسە كامۇ مۇراد،
ساچىپ ئوتقا ئىسپەند، ئوقۇڭ «ئىن يەكاد».

— نەۋايى.

ئىستار [استار] (پ) «ئەستەر» گە قاراڭ؛ ئەستەر، پەردە، توسۇق؛ مەخپىي تۇتۇش:

مەستۇر ئەمر ئىزھارى ۋە زاھىر ئەمر ئىستارى ۋە دۇئا ئىستىجابەتى ...

— نەۋايى.

ئىستەمان [ايستامان] ئىزدىمەيمەن؛ «ئىستەمەم» گە قاراڭ.

ئىستەماك [ايستاماك] خالىماق، سورىماق، تىلىمەك؛ ئىستىمەك، ئىزدىمەك، ئاختۇرماق؛ چاقىرماق:

تىرگۈزمەك ئەگەر ئىستەسەڭ ئىكرامىڭدىن،
بىر جۇرئە ھەۋالە ئەيلەگىل جامىڭدىن.

— نەۋايى.

ۋەفا ئىستەر ئىسەڭ جۇز زاتى ۋاھىد،
فەلانى ئىستەمە، دېمە فەلانى.

— ئەرشى.

ئىستەمەم [ايستامام] ئىزدىمەيمەن، خالىمايمەن؛ ئىستىمەيمەن:

زۇلفى خىيالىدىن بۆلەك كۆڭلۈمە ئىستەمەم ھۇزۇر،
ئۆشبۇ قارارسىز كۆڭۈل تاكى ئانىڭ قارارىدۇر.

— گۇمنام.

ئىستەنمەك [ايستانماك] تىرىشماق، ئىزدەنمەك:

بۇلبۇلى بىچارە كۆڭلۈم گۇل يۈزۈڭنىڭ شەۋقىدىن،
زار يىغلاپ ئىستەنۇرمەن بىر گۈلى پەيدا ئەمەس.

— نەۋبەتى.

ئىستېئداد [استعداد] (ئە) قابىلىيەت، تالانت، ئىقتىدار:

ئاخىر قۇدرەتىمگە لايىق، ئىستېئدادىمغا مۇۋاپىق بۇ رىسالەنى پۈتتۈم، ئالەم ئەھلىغە سوۋغا تۇتتۇم.

— مۆجىزى.

دېمە ئەي بىخەبەر، ئەرشىنى كەمگوي كەم ئىستېئداد،
سەدەف بىر قەترەگە قانىئ بولۇپ تاپتى دۇرى يەكتا.

— ئەرشى.

ئىستېئفا [استيفا] (ئە) ئىستېپا، چېكىنىش، بوشاش، (بىرەر ۋەزىپىدىن) ئۆزىنى چەتكە ئېلىش؛ كەچۈرۈم، ئۆزرە، ئەپۇ سوراش:

بۇ زەئىف خورغە گۇيا ئاسمان يىقىلدى، نە بۇ ئەمرى ئەزىم ئىشتىغالىغە قۇۋۋەت، نە ئۆزرە ئىستېئفاغە قۇدرەت! ...

— مۆجىزى.

ئىستېئفا قىلماق — بىرەر ۋەزىپىدىن چېكىنمەك، ئۆزىنى چەتكە ئالماق، ئىستېپا بەرمەك؛ كەچۈرۈم سورىماق، ئۆزرە ئېيتماق.

ئىستېئمال [استعمال] (ئە) ئىشلىتىش، ئىستېمال:

ئاخىرقى ئۆمرىلىرىدە ئەفيۇننى كۆپ ئىستېئمال قىلغان سەۋەبىدىن ئەقلىدىن ئارى بولۇپ ۋەفات بولدىلار.

— مۆجىزى.

ئىستىئاره [استعاره] (ئه) ئامانهت:

كۆڭۈل ئالىم كۆيىگه باغلاما كۆپ،
كى بهيتىدۇر ساڭا ئۇل ئىستىئاره.

— نهۋايى.

ئىستىئانهت [استعانت] (ئه) ياردهم سوراش، ياردهم تىلهش؛ ياردهم:

مهزاراتدىن ئىستىئانهت تىله،
كى ئهرۋاھلاردىن ئىئانهت تىله.

— ئا. نىزارى.

ئىستىتائهت [استطاعت] (ئه) كۈچ، قۇدرهت، ئىقتىدار:

فهلاكهت ئهييامىدىن زاھىر يۈزىدىن تهئهييۇن ۋه ئىستىتائهت زهمانىغهچه كۆپرهك ئهۋقات بىله ئىكهندۇر.

— نهۋايى.

ئىستىجاب [استجاب] (ئه) قوبۇل بولۇش، ماقۇل بولۇش، مۇناسىپ بولۇش؛ ئهمهلگه ئېشىش:

ئۇشبۇ مهھهل ناله بولۇپ ئىستىجاب،
چىرغه كىم يهتتىم، ئايدىن ۋاقتى خاب.

— زهلىلى.

ئىستىجازه [استجازه] (ئه) ئىجازهت، رۇخسهت سوراش.

ئىستىجازه قىلماق — ئىجازهت، رۇخسهت سورىماق:

بىزنى شهيخ ئهبدۇللاھ تاقىيغه ئېلتىپ، ئاندىن ئىستىجازه قىلىپ ئالارنى ئانىڭ قاشىغه ئېلتدىم.

— نهۋايى.

ئىستىخاره [استخاره] (ئه) چۈش ئارقىلىق كهلگۈسىنى ئالدىن بىلىش؛ پال ئېچىش؛ كهلگۈسىنى چۈش ئارقىلىق بىلىشنى مهقسهت قىلىپ ئۇخلاش:

كۆزىن يۇمسه گهمى يوق ئۇيقۇ زهيلى،
جهھان شورىغه ئوقدۇر ئىستىخاره.

— ئهرشى.

ئىستىخاره قىلماق — پال ئاچماق، پال ئارقىلىق مهقسهتنى بىلىشنى ئارزۇ قىلماق.

ئىستىخراج [استخراج] (ئه) چىقىرىش، ئاجرىتىش، تاللاش، چىقىرىۋېلىش، ئاجرىتىۋېلىش.

ئىستىخراج قىلماق — چىقارماق، ئاجرىتىۋالماق، چىقىرىۋالماق، تاللىۋالماق.

ئىستىخفاف [استخفاف] (ئه) كهمسىتىش، پهس كۆرۈش؛ ھۆرمهتسىزلىك قىلىش:

خهلق جانىبىدىن بىھۆرمهتلىك ئىشىگىن باغلار ۋه كىشىنى ھهزل ئىستىخفافىدىن ساقلار.

— نهۋايى.

ئىستىخلاس [استخلاص] (ئه) خالاس قىلىش، ئازاد قىلىش؛ قۇتقۇزۇش:

ۋه مۇسا ئهلهيھىسسهلام ئۆز ئۇبۇ ـ دىيىتى ئهجزىن زاھىر قىلىپ، ... بهنى ئىسرائىل ئىستىخلاسىغه مهئمۇر بولدى.

— نهۋايى.

ئىستىدئا [استدعا] (ئه) ئىلتىماس، سوراش، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ سورىماق.

ئىستىدئا ئهتمهك — «ئىستىدئا ئهيلهمهك» كه قاراڭ.

ئىستىدئا ئهيلهمهك — ئىلتىماس قىلماق، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ سورىماق.

ئىستىدئا قىلماق — يالۋۇرۇپ سورىماق.

ئىستىدئا كۆرگۈزمهك — ئۈمىد بىلدۈرمهك.

ئىستىدامهت [استدامت] (ئه) بىرهر ئىشنىڭ داۋاملىشىشىنى، داۋاملىق بولۇشىنى ئىزدهش؛ داۋامهت.

ئىستىدلال [استدلال] (ئه) ئىسپات، دهلىل؛ دهلىللىش، دهلىل كهلتۈرۈش؛ بىرهر بهلگه ئارقىلىق بىرهر نهرسىنى بىلىش:

ھهكىم ئول ئىشدا قالىپ لال ھهردهم،
قىلىپ ئاندىن يۈز ئىستىدلال ھهر دهم.

— نهۋايى.

ئىستىراھهت [استراحت] دهم ئېلىش، ئارام ئېلىش، ئىستىراھهت:

زهمانىكى خاقان فهراغهت تاپىپ،
بهلا دهفئ ئېتىپ، ئىستىراھهت تاپىپ.

— ئا. نىزارى.

ئىستىرزا [استرضا] (ئه) رازىلىق سوراش.

ئىستىرزا قىلماق — رازىلىق سورىماق.

ئىستىزھار [استظهار] (ئه) ھامىيلىقنى تهلهپ قىلىش، ياردهم سوراش.

ئىستىزھار ئهيلهمهك — ھامىيلىقنى تهلهپ قىلماق، ياردهم سورىماق.

ئىستىسقا [استسقا] (ئه) يېغىن، يامغۇر تىلهش؛ يېغىن، يامغۇر تىلهپ دۇئا قىلىش.

ئىستىشمام [استشمام] (ئه) ھىدلاش، پۇراش؛ ھىس قىلىش.

ئىستىشمام قىلماق — ھىدلىماق، پۇرىماق؛ ھىس قىلماق.

ئىستىشهاد [استشهاد] (ئه) شاھىد، دهلىل؛ ئىسپات سۈپىتىده مىسال كهلتۈرۈش، دهلىللهش:

يهنه مهشايىخ ۋه ئهئىممه ۋه ئهۋلىيا ئۇللاھدىن ھهم كۆپ ئهزىمۇش ـ شهئىن ئېلىنىڭ نهزمى، بهلكى دىۋانى ۋه مهسنهۋىي

تەرىقى بىلە كىتابلەرى باركىم، ئىستىشھادغە ھاجەت ئىرمەس.

— نەۋايى.

ئىستىغاسە [استغاثه] (ئە) مەدەت تىلەش، ياردەم سوراش.

ئىستىغراق [استغراق] (ئە) خىيالغا پېتىش، چۆمۈش، غەرق بولۇش؛ بىرەر نەرسىگە ھەددىدىن تاشقىرى بېرىلىش؛ ئۆزلۈكىنى ئۇنتۇش:

… باشى تۆبەن يىقىلىپ تۇشۇپ، ئىستىغراق ئەھۋاللار يۈزلەندى، ئۇندىن ئارتۇق كىشى بىھوش بولدى.

— مۆجىزى.

ئىستىغفار [استغفار] (ئە) كەچۈرۈم، ئەپۇ سوراش؛ تاۋاپ قىلىش:

گۇناھ باشىغە قوشۇپ تۇتكى باشدىن ئىستىغفار،
ئۇلانسەلەر دۇرى رەھمەتكە گۇلدىلاركى نەجات.

— شەۋقى.

ئىستىغفار ئەتمەك — تاۋاپ قىلماق، ئەپۇ سورىماق.

ئىستىغفار قىلماق — ئەپۇ سورىماق؛ تاۋاپ قىلماق.

ئىستىغنا [استغنا] (ئە) 1) موھتاج بولماسلىق، موھتاج ئەمەسلىك، ئېھتىياجسىزلىق؛ دۆلەتمەنلىك:

شەھەنشەھلىك ئېرۇر دىلبەر كويىدا بىس گەدا بولماق،
سالىپ كەۋن ئىچرە ئىستىغنايى گوياكى ھۇما بولماق.

— زەلىلى.

2) ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىدا تۇرۇش، ئىززەت - ئابرۇيىنى چۈشۈرمەسلىك؛ ئىززەت - ئابرۇي تۇيغۇسى؛ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، تەكەببۇرلۇق؛ غۇرۇر:

زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ۋىسال كامىنى تەلەب قىلغانى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىبا ۋە ئىمتىناۋ ئېھتىمامىدا ئىستىغنا كۆرگۈزگەنى.

— موللا يۇنۇس.

نەچچە بىپەرۋا ئىسەڭ گەر ھۇسن ئىستىغناسىدىن،
قىلغاي ئېردىڭ گاھى - گاھى ئەرشىغە پەرۋا يىگىت.

— ئەرشى.

3) ناز، كەرەشمە:

يۈز ۋەفا مەندىن، ئانىڭدىن مىڭ جەفا جەۋرى ستەم،
مىڭ نىيازىم بار ئانىڭ بىر ناز ئىستىغناسىغە.

— موللا سالىھ.

ئىستىغنا قىلماق — 1) تارتىنماق، ناز قىلماق. 2) تەكەببۇرلۇق قىلماق.

ئىستىفادە [استفاده] (ئە) پايدىلىنىش؛ ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش:

… بۇ فەقىر ئالار خىزمەتىدە تەئلىم ۋە ئىستىفادە يۈزىدىن ئوقۇپمەن.

— نەۋايى.

ئىستىفادەت [استفادت] (ئە) «ئىستىفادە» گە قاراڭ.

ئىستىفادەت ئەتمەك — پايدىلانماق؛ ئۆگەنمەك، بىلىم ئالماق.

ئىستىفتاھ [استفتاح] (ئە) بىرەر ئىشنىڭ باشلىنىشى؛ باشلاش، كىرىشىش.

ئىستىفتاھ كۈنى — باشلىنىش كۈنى، باشلاش كۈنى.

ئىستىفسار [استفسار] (ئە) (ئىزاھ) سوراش، (ئىزاھ) تەلەپ قىلىش؛ سوراپ بىلىش.

ئىستىفسار قىلماق — سورىماق، سوراپ بىلمەك؛ ئىزاھ، چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلماق.

ئىستىقامەت [استقامت] (ئە) تۇرغۇنلۇق؛ توغرىلىق؛ چىداملىق؛ ئىستىقامىت:

دىلۇ جانىڭنى رەۋشەن ئەيلەگەيسەن يادى ھەق بىرلەن،
ھەمىشە قۇتب يەڭلىغ ئىستىقامەتدىن بولۇپ مەركىز.

— شەۋقى.

ئىستىقامەت تاپماق — مەنزىل تۇتماق، تۇرغۇنلاشماق، جايلاشماق؛ قارار تاپماق.

ئىستىقامەت بولماق — توغرا بولماق.

ئىستىقامەتى سەرمەدىي — ئەبەدىي تۇرغۇنلۇق.

ئىستىقبال [استقبال] (ئە) قارشى ئېلىش، كۈتۈۋېلىش:

ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مالىك مىسرى ھەدىغە يەتكۈزگەنى ۋە پادشاھى مىسر خەبەر تاپىپ، ئەزىز مىسرنى ئىستىقبالىغە ئىبەرگەنى.

— موللا يۇنۇس.

ئىستىقبال قىلماق — قارشى ئالماق، كۈتۈۋالماق.

ئىستىقسا [استقصا] (ئە) تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، بىرەر نەرسىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىشكە، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ئورۇنۇش.

ئىستىقسا قىلماق — تېگى - تەكتىگە يەتمەك، چوڭقۇر تەكشۈرمەك، ئېنىقلىماق.

ئىستىقساس [استقصاص] (ئە) قىساس، قىساسكارلىق؛ «ئىستىقسا» غا قاراڭ:

فارسىي ئىبارەتغە مۇناسىبەتىم ئازراق ئۈچۈن ئىنكار ۋە نەفيىغە ئىسرار كۆرگۈزۈرمەنكىم، فارسىي ئەلفاز ئىستىغناسىن ۋە ئول ئىبارەت ئىستىقساسىن كىشى مەندىن كۆپرەك قىلمايدۇر.

— نەۋايى.

ئىستىقلال [استقلال] (ئە) مۇستەقىللىق؛ ئۆز ئىختىيارىدىكى:

مەنمۇ ئېردىم، يا رەب، ئول ئىقبال ئىلە،

ۋىسلى بەزمىدە ئول ئىستىقلال ئىلە.

— نەۋايى.

ئىستىكمال [استكمال] (ئە) تولۇقلۇق، مۇكەممەللىك.

ئىستىكمالى مەئنەۋىي — مەنىۋى مۇكەممەللىك؛ مەنىۋى جەھەتتىكى تولۇقلۇق.

ئىستىلا [استيلا] (ئە) قولغا ئېلىش، ئىگىلەش، بېسىۋېلىش.

ئىستىلا تاپماق — ئىگىلىمەك، بېسىۋالماق.

ئىستىلاھ [اصطلاح] (ئە) 1) شەرتلىشىلگەن، شەرتلىك ئىبارە، تېرمىن، ئاتالغۇ. 2) ئادەت، رەسمىيەت.

ئىستىلاھ بىلمەك — سۆلھى تۈزۈشنى بىلمەك؛ شەرتلىك ئىبارە، تېرمىنلارنى بىلمەك.

ئىستىلاھات [اصطلاحات] (ئە) ئاتالغۇلار، تېرمىنلار، شەرتلىك ئىبارىلەر:

مەۋلانا مۇقىمى ... سوفىييە ئىستىلاھاتىدىن ھەم ۋۇقۇفى بار ئېردى.

— نەۋايى.

ئىستىمائ [استماع] (ئە) ئىشىتىش، قۇلاق سېلىش، ئاڭلاش، تىڭشاش:

ئۇلارنىڭ سۆزىنى قىلىپ ئىستىمائ،
يامان ـ ياخشى ئىشدىن تاپىپ ئىتتىمائ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىستىمائ ئەتمەك — «ئىستىمائ قىلماق» قا قاراڭ.

ئىستىمائ تۇشمەك — ئاڭلانماق، ئىشىتىلمەك.

ئىستىمائ قىلماق — ئىشىتمەك، قۇلاق سالماق، ئاڭلىماق، تىڭشىماق.

ئىستىمالەت [استمالت] (ئە) مايىل قىلىش، ئۆزىگە تارتىش؛ تەسەللى بېرىش، ئاۋۇتۇش.

ئىستىمالەت بەرمەك — مايىل قىلماق؛ تەسەللى بەرمەك.

ئىستىمداد [استمداد] (ئە) ياردەم سوراش، مەدەت تىلەش:

... ۋىلايەت ئەزىزلىرىدىن سۇبھى ـ شام، بەلكى ئەلەد ـ دەۋام ئىستىمداد تەلەپ قىلىپ، ...

— ئا. نىزارى.

ئىستىمداد ئەتمەك — «ئىستىمداد قىلماق» قا قاراڭ.

ئىستىمداد قىلماق — مەدەت تىلىمەك، ياردەم سورىماق.

ئىستىمزاج [استمذاج] (ئە) بىسراۋنىڭ رايى، مىجەز ـ خۇلقى قاتارلىقلارنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىش.

ئىستىناد [استناد] (ئە) تايانچ: دەلىل، ئىسپات.

ئىستىناد تاپماق — تايانماق؛ دەلىللىمەك، ئىسپاتلىماق.

ئىستىنجا [استنجا] (ئە) پاكلانماق، تازىلانماق:

تاكى ئىستىنجا سارى ئەيلەپ شۇرۇئ،
سوڭرە قىلغايمەن تەھارەتكە رۇجۇئ.

— نەۋايى.

ئىستىھزا [استهزا] (ئە) مەسخىرە قىلىش، مازاق قىلىش، كۈلكە قىلىش:

قارۇن مۇسا ئەلەيھىسسەلامغا ئىھانەت ۋە ئىستىھزا بۇنياد قىلىپ، بىر زەئىفەغە كۆپ مال بېرىپ بۇيۇردى.

— نەۋايى.

ئىستىھزار [استحضار] (ئە) تەييارلىق، ھازىرلىق؛ تەييارلاش، ھازىرلاش:

ئەمما مەسئەلە ئىلقاسىدىن سوڭرە داغى بارى ئۇلۇمغە مەھارەت ۋە ئىستىھزار ئول مەرتەبەدە ئېردىكىم، ھەرگىز ھېچ كىتابغە باقماققە ئېھتىياج بولمادى.

— نەۋايى.

ئىستىھسان [استحسان] (ئە) ماقۇللاش؛ ماختاش، بىراۋ ئۈچۈن ياخشى گەپ قىلىش:

ۋەر ھەركىمگە مەكتۇبى يا رۇقئە بىتىسەلەر ئېرمىش، ئالارغە بۇيۇرۇرلەر ئېرمىش ۋە ئىستىھسان قىلىپ دەر ئېرمىشلەر.

— نەۋايى.

ئىستىھقاق [استحقاق] (ئە) ھەق، ھوقۇق؛ ھەقلىق بولۇش:

مەۋلانا ئەبدۇللاھ ... ھۇنەر ۋە قابىلىيەت ھەم يوق ۋە مۇنداق كىشى شېئىرى ۋە ئىستىھقاق ۋە تەئرىف قىلا ئالغايمىز.

— نەۋايى.

ئىستىھكام [استحكام] (ئە) قۇۋۋەت؛ مەھكەملەنگەن، مۇستەھكەملەنگەن.

ئىستىھكام تاپماق — مۇستەھكەملەنمەك؛ قۇۋۋەتلەنمەك.

ئىستىھلاك [استهلاک] (ئە) ھالاك بولۇش، يوق بولۇش، يوقىلىش؛ ئۆلۈم؛ ھالاك قىلىش، يوق قىلىش، يوقىتىش:

... شۇھۇدلەرى ئىستىغراقغە يەتكەن ۋە ئول ئىستىغراقدىن ئىستىھلاك مەقامىن ھاسىل ئەتكەن. — نەۋايى.

ئىستىھلال [استحلال] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ بولۇشنى ئىزدەش.

ئىستىھلال ئەيلەمەك — بىرەر نەرسىنىڭ بولۇشنى ئىزدىمەك خالىماق.

ئىستىۋا [استوا] (ئە) چۈش ۋاقتى، چۈش پەيتى؛ قىيام

ۋاقتى؛ باراۋەرلىك، تەڭلىك.

ئىسرا [اسرا] (ئە) كېچىسى ماڭدۇرۇش، تۈندە سەير قىلدۇرۇش؛ ئەۋەتىش، يوللاش.

ئىسرار [اصرار] (ئە) قاتتىق كىرىشىش؛ ئىزچىللىق كۆرسىتىش؛ ئۆز سۆزىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىش؛ جاھىللىق:

ۋە فارسىي ئىبارەتغە مۇناسىبەتتىم ئازراق ئۈچۈن ئىنكار ۋە نەفيغە ئىسرار كۆرگۈزۈرمەنكىم، فارسىي ئەلفاز ئىستىفاسىن ۋە ئول ئىبارەت ئىستىقاسىن كىشى مەندىن ياخشىراق بىلمەيدۇر ئېركىن.

— نەۋايى.

ئىسراف [اسراف] (ئە) ئېھتىياجدىن ئارتۇق سەرپ قىلىش، ئىسراپ.

ئىسراف ئەتمەك — «ئىسراف قىلماق» قا قاراڭ.

ئىسراف قىلماق — ئېھتىياجدىن ئارتۇق سەرپ قىلماق، ئىسراپ قىلماق.

ئىسسىغ [ايسيغ] ئىسسىق، قىزىق، ھارارەت؛ ئوتلۇق.

ئىسسىغ دەم — ئوتلۇق ئاھ، يىغا، ھەسرەت.

ئىسسىغ ساۋۇق — ھەر خىل ھالەتلەر.

ئىسسىغ نەفەس — خۇش مۇئامىلە، يېقىملىق سۆز؛ «ئىسسىغ دەم» گە قاراڭ.

ئىسغا [اصغا] (ئە) ئىشىتىش، ئاڭلاش، تىڭشاش.

ئىسغا قىلماق — ئىشىتمەك، تىڭشىماق، ئاڭلىماق.

ئىسقات [اسقاط] (ئە) ئېلىپ تاشلاش، يوق قىلىش، ساقىت قىلىش؛ چۈشۈرۈش؛ ئىسقات.

ئىسقات ئەتمەك — يوق قىلماق، ئېلىپ تاشلىماق؛ چۈشۈرمەك.

ئىسقات قىلماق — «ئىسقات ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئىسلام [اسلام] (ئە) مۇسۇلمانلار دىنى؛ ئىسلام؛ خۇداغا ئىتائەتكارلىق:

ئاڭا تەئلىم ئەتتىم ئىبارەت ئىشىن،
كى ئىمانى ئىسلام دىيانەت ئىشىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىسلام ئايىن — مۇسۇلمانلىقتا (ئىسلام دىنى قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە) رىئايە قىلغۇچى، ئىسلام دىنى قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنغۇچى.

ئىسلام پەناھ — ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى.

ئېسلاماق [ايسلاماق] ئىسلىماق؛ پۇرىماق، ھىدلىماق:

بەزمىدىن بولسە نەسىبىم بىر سۆڭەك، تا ئۆمىر بار،
ئىسلاغايمەن، يوقكى، ئىت يەڭلىغ كۆمۈرگەيمەن ئانى.

— نەۋايى.

ئىسلاھ [اصلاح] (ئە) تۈزىتىش، توغرىلاش، ياخشىلاش.

ئىسلاھ تاپماق — تۈزىتىلمەك، توغرىلانماق؛ تۈزەلمەك.

ئىسلاھ قىلماق — تۈزەتمەك، توغرىلىماق، ياخشىلىماق.

ئىسلاھپەزىر [اصلاح پذير] (ئە + پ) تۈزەتسە، توغرىلىسا، ياخشىلىسا بولىدىغان.

ئىسلاھپەزىر بولماق — تۈزەلمەك، تۈزىلىشكە، ياخشىلىنىشقا ماسلاشماق.

ئىسم [اسم] (ئە) ئات، نام، ئىسىم:

جامۇ مەي ئىسمىن جۇدا زىكر ئەيلەمەك مەرغۇب ئەمەس،
زىكرىنى ئەيلەر كىشى بىر ھەرف ئىلە قىلغاي ئەدا.

— ئەرشى.

ئىسمى ئەئزەم — ئەڭ ئۇلۇغ ئىسىم (ئاللاننىڭ ئىسمى):

ئۆتۈپ ئەھرەمەن جانىبىغە يۈرۈپ،
ئانىڭ شەررىگە ئىسمى ئەئزەم ھۈرۈپ.

— ئا. نىزارى.

ئىسمى زات — ئاتاقلىق، مەشھۇر نام، ئىسىملار.

ئىسمى سىفەت — سۈپەت ئىسىملار.

ئىسمائ [اسماع] (ئە) ئىشىتتىش، ئاڭلاش، قۇلاق سېلىش؛

ئىستىمائ ئەتمەك — ئاڭلىماق، ئىشىتمەك.

ئىستىمائ ئەيلەمەك — «ئىستىمائ ئەتمەك» كە قاراڭ.

ئىسمائى راز — سىرنى (مەخپىيىتىنى) ئاڭلاش.

ئىسمەت [عصمت] (ئە) پاكلىق، ساپلىق، گۇناھسىزلىق؛ مەسۇم؛ مەسۇملۇك:

پەرى رويكى ئىسمەت پەردىسىدە خوب ناز ئەيلەر،
كۆڭۈل دىۋانىسىدۇر مۇددەتى مەئلۇم بولغايمۇ؟

— زەلىلى.

ئىسمەت پەناھ — نومۇسلۇق، ئىپپەتلىك.

ئىسمەتۇد - دۇنيا — دۇنيانىڭ پاكىزلىكى، مەسۇمى.

ئىسنا [اسنا] (ئە) ئىككى.

ئىسنا ۋە خەمسىنە ۋە سەمانە مىئە — سەككىز يۈز.

ئەللىك ئىككىنچى يىلى:

مەۋلانا يەھيا سىبەك ... سەنە ئىسنا ۋە خەمسىنە ۋە سەمانە مىئەدە ئالەمدىن ئۆتتى.

— نەۋايى.

ئىسناد [اسناد] (ئە) ئاساس، دەلىل، پاكىت، ھۆججەت؛ ئىسپات بېرىش، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش:

چۈ تەگرىپ ئېتىپ ئۈنى ھەددادلار،
تۈرۈپ باغلادى تۇرپە ئىسنادلار.
— غەربى.

ئىسناد ئەيلەمەك — ئىسپات بەرمەك.

ئىسناد تاپماق — تەئەللۇقاتلىق بولۇش، تېگىشلىك بولۇش.

ئىسناد قىلماق — «ئىسناد ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىسنەين [اثنين] (ئە) ئىككى (سان).

ئىسنەينەت [اثنينت] (ئە) ئىككىلىك، جۈپلۈك:

ئىشقىدا مەندە ئەسەر يوق، كىمگە بولسە مۇلتەفىت،
تاكى ئىسنەينەت ئولماس، مۇمكىن ئېرمەس ئىتتىھاد.
— نەۋايى.

ئىسنەينىيەت [اثنينيت] (ئە) «ئىسنەينەت» كە قاراڭ.

ئىسۇرمەك [اسورماك] ھوشسىزلانماق:

كىينەتتە پەردەدىن يۈز كۆرگۈزۈپ گۈل،
ئىسۇردى كۆرگەچ گۈل نەۋرۇزنى بىمۇل.
— لۇتفى.

ئىستىما [ايسيتما] قىزىتما، ھارارەت؛ ساقسىزلىق.

ئىستىما شۇئلەسى — قىزىتما ھارارىتى.

ئىسىرغا [ايسيرغا] سىرغا، زىرە، ھالقا.

ئىسىرغاندۇرماق [ايسيرغاندورماق] تويدۇرماق، تويغۇزماق:

ئېلىپ كەلدى ئانى ئۆز مەسنەدىنە،
ئىسىرغاندۇردى لۇتفى بىھەدىنە.
— لۇتفى.

ئىسىغ [ايسيغ] ئىسسىق، قىزىق:

ھەۋا ساف بولدى بەغايەت ئىسىغ،
كىشى چۈمگەلى ھەم يوق ئېردى ئارىغ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىسى [عيسى] (ئە) «ئىسا» غا قاراڭ؛

ئىسىي رۇھۇللاھ — ئىسا پەيغەمبەر.

ئىسىي مەريەم — مەريەمنىڭ بالىسى ئىسا.

ئىسيان [عصيان] (ئە) ئىتائەتسىزلىك، بويسۇنماسلىق؛ قوزغىلاڭ، ئىسيان:

ئاتاپ ئاتىنى ئىسيان ئەھلى كۆڭلى ئەرسەسىدەكىم،
يازۇقلار سەفلەردىن سىندۇرغالى ساھىبقىران ئاندا.
— ئەرشى.

ئىسيان سىرىشت — گۇناھلىق ئىشلارغا بېرىلگەن، ئىتائەتسىز، بويسۇنمىغۇچى.

ئىسيان قىلماق — باش كۆتۈرمەك، قوزغالماق.

ئىسيانى سەخت — قاتتىق گۇناھ.

ئىش [ايش] 1) ئىش، خىزمەت، ۋەزىپە؛ مەشغۇلات، پائالىيەت، قىلمىش:

نەكىم مەخفى تۇتقان ئىدىم دىن ئىشىن،
فەرەڭ بىلمەگەي دەپ دىن ئايىن ئىشىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) تەشۋىش؛ ۋەقە، ھادىسە:

كۆككە ماتەمزادەلەر نەۋھەسى گەر ياۋۇشتى،
مېنى ماتەمزەدەگە لېك قاتتىغ ئىش تۇشتى.
— نەۋايى.

3) جەڭ. 4) ھالەت، ھال ـ ئەھۋال:

مېنىڭ دايىم ئىشىمدۇر ئاھۇ ئەفغان،
بۇ يەڭلىغ دەرد بىرلە چىقماغان جان.
— خىرقەتى.

5) ئەمەل:

گەر ۋۇزۇئ ئۈستۈن ۋۇزۇئ قىلسە كىشى،
نۇرى ئۈستۈن نۇرلۇغ بولغاي ئىشى.
— خەراباتى.

ئىش تۇشمەك — تەشۋىشلەنمەك.

ئىش كۈنى — جەڭ كۈنى، قىيامەت كۈنى،

ئىشا [عشا] (ئە) نۇر، يورۇقلۇق؛ قۇياش:

تۇتۇپ مېھر سەيرى ئۈچۈن ئىرتىفا،
تۇشۇپ سۇقبەدىن سۇقبە سەرى ئىشا.
— نەۋايى.

ئىشئار [اشعار] (ئە) خەۋەردار قىلىش، مەلۇم قىلىش، بىلدۇرۇش.

ئىشارەت [اشارت] (ئە) كۆرسەتمە؛ ئەمر، پەرمان؛ ئىشارەت، ئىما، بەلگە:

چىقىڭ تۆشۈكىدىن بىشارەت بۇدۇر،
سائا فەزلى ھەقدىن ئىشارەت بۇدۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىشارەت ئەھلى — پىكىرنى ئىشارەت ئارقىلىق ئىپادە قىلغۇچىلار.

ئىشبائ [اشباع] (ئە) تولدۇرۇش، قوشۇش؛ تولغان:

... ۋە ھەر ھەرفكى لەفزدە كەلگەي، ئەرگەرچى كىتابەتدە بولماغاي، تەقتىئدە ھىسابغە كىرگەي، نېچۈككىم، مۇشەددەد ھۇرۇف ۋە ئەلىفدەككى، «ھەمزە» ئىشبائدىن ھاسىل بولۇر.
— نەۋايى.

ئىشتىئال [اشتعال] (ئە) يېنىش، جۇلالىنىش، شولا تاشلاش؛ شولا:

... خۇسۇسەنكىم، بۇ زەئىفنىڭ مىزاجى نەچچە كۈن مەي ئوتى ئىشتىئالىغە مۇشتەئىل ئۈچۈن ھالا ئول ئىشتىئال ئەسەرى

تەبىئەتتە مۇشتەئىل بولۇپدۇر.

— نەۋائى.

ئىشتىباھ [اشتباه] (ئە) 1) ماس، مۇناسىپ؛

جەھاندارلارغە سىپىھر ئىشتىباھ،
ۋەلې ئەھلى فەقر ئالىدە خاكى راھ.

— نەۋائى.

2) شۈبھە، گۇمان، شەك:

نە ئىش بولدى ۋاقىئە ساڭا پادشاھ،
نېمە سالدى كۆڭلۈڭگە ئارا ئىشتىباھ.

— ئا. نىزارى.

ئىشتىداد [اشتداد] (ئە) كۈچىيىش، زورىيىش؛ شىددەت.

ئىشتىداد تاپماق — زورايماق، كۈچەيمەك.

ئىشتىراك [اشتراک] (ئە) بىرلىشىش، قاتنىشىش، بىرلىك، شېرىكلىك، ئورتاقلىق:

دۈشمەنى خاكسار جاھىل كىم،
ھەققە دەڭۋايۇ ئىشتىراك ئەتتى.

— نەۋائى.

ئىشتىغال [اشتغال] (ئە) مەشغۇلات؛ مەشغۇل بولۇش، شۇغۇللىنىش:

بۇ زەئىپ خورغە گويا ئاسمان يىقىلدى، نە بۇ ئەمرى ئەزىم ئىشتىغالىغە قۇۋۋەت، نە ئۇزرە ئىستىئفافە قۇدرەت! ...

— مۆجىزى.

ئىمارەت ئىشىغە قىلىپ ئىشتىغال،
ئانىڭ تەرھىدە بارچەنىڭ ئەقلى لال.

— ئا. نىزارى.

ئىشتىغال كۆرگۈزمەك — مەشغۇل بولماق، شۇغۇللانماق.

ئىشتىلمەك [ايشيتيلماک] ئاڭلانماق، تىڭشالماق، ئىشىتىلمەك.

ئىشتىھار [اشتهار] (ئە) مەشھۇرلۇق، شۆھرەت:

سىپاھىكى ئاتى ئىدى ئىختىيار،
ئۇلۇغلۇقدا تاپقان بەسى ئىشتىھار.

— ئا. نىزارى.

ئىشتىھار بەرمەك — مەشھۇر بولماق، شۆھرەت تاپماق.

ئىشتىھار تاپماق — «ئىشتىھار بەرمەك» كە قاراڭ.

ئىشتىياق [اشتياق] (ئە) كۈچلۈك ئىستەك، ئىنتىلىش؛ شەۋق، زوق:

قارا زۇلفۇڭ فىراقىدە پەرىشان رۇزغارىم بار،
يۈزۈڭنىڭ ئىشتىياقىدە نى سەبرۇ نى قەرارىم بار.

ئىشراق [اشراق] (ئە) پارلاش، يالتىراش؛ يورۇش؛ يورۇتۇش.

مېھرى ئىشراق — پارلىغان قۇياش.

ئىشرەت [عشرت] (ئە) ۋاقىتنى خۇرسەنلىك، خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈش، دىلخۇشلۇق، ئىشرەت.

خۇش گۈل كىشىكىم مەشرەبىدۇر شاھانە،
ئۇرداسى بولۇپ لايىق ئاڭا مەيخانە.
مەي ئۇرنىدا چاي ئولسە پەيمانە چىنى،
نى بولغۇسى بۇندىن ئۆزگە ئىشرەت يانە.

— ئەرشى.

ئىشرەت ئاباد — «ئىشرەتگاھ» قا قاراڭ.

ئىشرەت ئەفزاي — «ئىشرەت فىزاي» غا قاراڭ.

ئىشرەت ئەندۇز — «ئىشرەت ئەنگىز» گە قاراڭ.

ئىشرەت ئەنگىز — شادلىق قوزغىغۇچى، ئىشرەت قوزغىغۇچى:

بولۇپ تەچچە كۆن ئىشرەت ئەنگىزلىق،
قىداسىغە ئەيلەپ دىرەمرىزلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىشرەت ئەياغى — شادلىق، خۇرسەنلىك قەدەھى.

ئىشرەت خىيالى — ۋاقىتنى خۇشاللىق، خۇرسەنچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارزۇسى:

قىزىلگۈل تۇرسا نە بار بۇ چەمەندە،
ئەگەر ئىشرەت خىيالى بولسە تەندە.

— خىرقەتى.

ئىشرەت سەرا — «ئىشرەتگاھ» قا قاراڭ.

ئىشرەت فەزا — ئىشرەت يۈكسەلگەن، ئىشرەت ئەۋج ئالغان:

كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۈمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەت فەزا ھەر سەبزەزارى كاشغەر.

— گۇمنام.

ئىشرەت فىزاي — ئەيش - ئىشرەتنى ۋايىغا يەتكۈزىدىغان.

ئىشرەت مەيى — خۇشاللىق، خۇرسەنلىك ئۈچۈن ئىچىلىدىغان مەي:

ئىشتىپ ئاۋۇشىن بۇلبۇل بولۇپ خۇش،
يەنە باشتىن قىلىپ ئىشرەت مەيى جۇش.

— خىرقەتى.

ئىشرەت ھىين — ئەيش - ئىشرەت چېغى، مەئىشەت ۋاقتى.

ئىشرەتى جەننەت — جەننەتتىكى خۇشاللىق، خۇرسەنلىك:

ئىشرەتى جەننەت تىلەپ زاھىد چېكەر مىڭ دەردۇ رەنج،
كۆزلەرىن ئازۇردە قىلغان دادىخاھى ئۆزگەدۇر.

— گۇمنام.

ئىشرەتگاھ [عشرت گاه] (ئە + پ) مەئىشەتخانا، ئىشرەتخانا، كەيپ ـ ساپا ئۆيى:

بىر كېچە ئىشرەتگاھىدىن چىقتى شاھ،
خەلق شاھ كارىغە ئەيلەي دەپ نىگاھ.

— نەۋايى.

ئىشرەتگەھ [عشرت گه] (ئە + پ) «ئىشرەتگاھ» قا قاراڭ:

يېتىپ ئىشرەتگەھۇ غەمخانەلەرغە،
قۇلاق سالۇر ئىدىم ئەفسانەلەرغە.

— نەۋايى.

ئىشغال [اشغال] (ئە) تاجاۋۇزچىلىق؛ ئىگىلەش، بويسۇندۇرۇش، ئىشغال:

بۇ ئىشغال بىرلە ئۆتۈپ گۈل تۈنى،
تۈزۈپ بەزم شاھى ئىككىنچى كۈنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىشفاق [اشفاق] (ئە) شەپقەت، مېھرىبانلىق، خەيرخاھلىق.

ئىشفاق ئەتمەك — شەپقەت قىلماق، مېھرىبانلىق قىلماق.

ئىشق [عشق] (ئە) سۆيگۈ، ئاشىقلىق، مۇھەببەت:

ئەي، كۆزلەرى نەرگىس، خەتى رەيھان، قەدى شەمشاد،
بۇلبۇل كەبى ئىشقىڭدا ئىشىم نالەۋۇ پەرياد.

— ئەرشى.

ئىشق ئاپەتى — ئىشقتىكى ئوڭۇشسىزلىق؛ ئىشق كەلتۈرگەن بالا ـ قازا:

گىرىفتار ئەيلەدى ئىشق ئاپەتىغە خەستە كۆڭلۈمنى،
كى ئاقتارسام ئىچىدە غۇنچە يەڭلىغ تەھ ـ بەتەھ قاندۇر.

— ئا. نىزارى.

ئىشق ئالەمى — سۆيگۈ دۇنياسى:

دېدىم: ئىشق ئالەمى خوب جىلۋەلى بىر ئالەمدە،
دېدى: مەن بولمىسام ئىشق ئالەمى بىر رۇئيادۇر.

— نەسىمى.

ئىشق ئەجدەھاسى — مۇپتىلالىق بالاسى، ئاپىتى.

ئىشق ئەسرارى — سۆيگۈ سىرلىرى:

ئىشق ئەسرارىدىن ئىشىتمەك ئىستەمەڭ ئەي، ئەھلى دەرد،
نۇكتەئى دۇر ھەيرەت ئەفزا قىسسەئى تويان خەرۇش.

— سەبۇرى.

ئىشق ئەھلى — ئاشىقلار:

ئىشق ئىلە دىۋانەلىكتە بولمىشەم ساھىب كەمال،
ئىشق ئەھلى ئەمدى بابىرنى دېگەيسىز زۇفۇنۇن.

— بابىر.

ئىشق باغى — ئاشىقلىق بېغى، سۆيگۈ، مۇھەببەت بېغى:

بۇنىڭدىن بەھر ئالىپ جانۇ دىماغى،
گۈلىنى تازە ئەيلەپ ئىشق باغى.

— خىرقەتى.

ئىشق بىباك — ھېيىقماس، قورقماس سۆيگۈ، مۇھەببەت.

ئىشق پىرى — سۆيگۈ يولىغا ئەڭ بۇرۇن كىرگەن، بۇ ھەقتە جىق ئىشنى باشتىن كەچۈرگەن كىشى، بۇ جەھەتتىكى ئۇستاز:

نەيلەسۇن ئەرشىكى قىلماي دەمبە دەم تەكرار ئىشق،
ئىشق پىرى مەنئ ئېتىپ، ئۆزگەنى مۇنى گۇرگەتۇر.

— ئەرشى.

ئىشق تارى — سۆيگۈ، مۇھەببەت رىشتىسى:

سەييادلىق پەنىمدۇر مېنىڭ ئىشق تارىدىن،
ۋەھشى غازاللەرىغە قويۇپمەنكى داملەر.

— مەشھۇرى.

ئىشق تىغى — سۆيگۈ، مۇھەببەت پىچىقى:

ئىشق تىغى بىرلە جانىم، دەرمە، قۇربان ئەيلەسە،
بولسە يۈزجان، بولماسۇن ھەر كۈندە قۇرباندىن خەلاس.

— ئەرشى.

ئىشق جامى — سۆيگۈ شارابى ئىچىلىدىغان قەدەھ:

ئىشق جامىدىن ئاچىلغان مەست ـ بىخۇد بولغان ئەل،
ئەرشى، گە ھەددىن فۇزۇن سەندەك ۋەلى رەسۋا ئەمەس.

— ئەرشى.

ئىشق خارى — مۇھەببەت تىكىنى:

نەكىم ئىشق خارى تاقالغان ئىدى،
ئانىڭ سەدرىگە ھەم قادالغان ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىشق دامى — سۆيگۈ، مۇھەببەت تۇزىقى:

دانەئى ھۆسنىن كۆرۈپ، ئەي ئەرشىئى ئاشۇفتە دىل،
ئىشق دامىغە سېنىڭدەك مۇبتەلايى تاپمادىم.

— ئەرشى.

ئىشق دەردى — سۆيگۈ يولىدىكى دەرد ـ ئەلەم:

خۇدا خەزىنىسىدىن ئىشق دەردى كەم بولماس،
خۇدادىن ئۆزگە ئانىڭ جانۇ دىلدە غەم بولماس.

— شەۋقى.

ئىشق دەشتى — سۆيگۈ، مۇھەببەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك:

ئۆمر ئىچى باشۇ ئاياغ پويەگەر ئولغان كىمدۇر،
ئىشق دەشتىدە مېنى بىسەرۇپادىن غەيرى.

— ئەرشى.

ئىشق دەئۋاسى — مۇھەببەت يولىدىكى تالاش ـ تارتىش؛ سۆيگۈ تەلىپى:

بىئەدەبلىك ھەددىن ئاشتى ئىشق دەئۋاسىن قىلىپ،

ئۇشبۇ يالغان بىرلە بارسام خالىقى جەبباردۇر.
— شەۋقى.

ئىشق زاتى — شەخسىي ئىشق:
بار مەلەك نىشانىدۇرلار ئىشق زاتىدىن تەمام،
ئەرشىيا، كەل، جامى مەي ئىچكىل مۇھەببەت سارىدىن.
— ئەرشى.

ئىشق زۇننارى — ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بوينىغا ئاسقان زەنجىر:
رىندىغە تارىنى بەرمەم كۆرۈپ تەننازى تەرسانى،
ئاسىپتۇر ئىشق زۇننارى بويۇنغە شەيخى سەنئانىم.
— مەشھۇرى.

ئىشق سەۋداسى — سۆيگۈ يولىدىكى جۇنۇنلۇق:
كىشىگە يەتمەلەر جانان سارىدىن ئىشق سەۋداسى،
مۇنىڭ ئىسلىنى بىل دىدارى نىئمەتدىن ئېرۇر مەئخۇز.
— شەۋقى.

ئىشق سەۋدايى — ئىشق يولىدا ئەس - ھوشىنى يوقاتقان، ئىشق يولىدىكى مەجنۇن:
كېچەلەر بىدار ئەمەس سەن ئىشق دەئۋايىڭ غەلەت،
رەڭگى زەردۇ چەشمى تەر يوق ئىشق سەۋدايىڭ غەلەت.
— شەۋقى.

ئىشق غۇلامى — ئاشىق يىگىت:
مۇنچە مەلامەت ئەيلەمەك ياخشىمۇ روسىيەھ رەقىب،
ئىشق غۇلامى مەن بۇگۈن بەندەگى زەرخەرىد ئەمەس.
— زەلىلى.

ئىشق قۇللابى — ياسالما، يالغانچى ئىشق:
ئىلاھا، ئىشق قۇللابىغە كۆڭلۈمنى گىرىفتار ئەت،
ئانىڭ يولىدىكى مىھنەتلەرىن كەم قىلما، بىسيار ئەت.
— ئا. نىزارى.

ئىشق كويى — ئىشق يولى، ئىشق كوچىسى:
ئەي ئىشق كويىغە تۈشمە ھەرگىز،
جانۇ جىگەرىڭ يارا نىبدىندۇر.
— ئەرشى.

ئىشق مەيى — ئاشىقلار ئىچىدىغان مەي:
مەيگۇن لەبىدىن ئىشق مەيىن ئېلگە سۇنۇپ،
كۆز مەسلىگىدىن كۆزى خۇمارىم كېلەدۇر.
— گۇمنام.

ئىشق نەقدى — ئىشق بايلىقى، ئىشق ئاقچىسى:
زاتى ئىنسان جەۋھەر ئىچرە گەۋھەرى يەكدانەدۇر،
چۇنكى ئىنسان ئىشق نەقدىغە تۈزەتكەن خانەدۇر.
— گۇمنام.

ئىشق نەيرەڭى — سۆيگۈ ھىيلە - مىكرىسى:
قىلىپ بىتاب جىسمىمنى نىتەي كىم ئىشق نەيرەڭى،
جەھاندە بارمۇدۇر مەندەك بەلا دەشتى ئارا قالغان.
— ئا. نىزارى.

ئىشق ئوتى — سۆيگۈ ئوتى، سۆيگۈ تەشنالىقى:
ئىشق ئوتى باشىمدا يانغاچ ھەمزەبانىمدۇر چىلىم،
نالەلەر تۆرلۈك چېكەر دائىم فىغانىمدۇر چىلىم.
— ئەرشى.

ئىشق ئېلى — سۆيگۈگە بېرىلگەنلەر، ئاشىقلار:
«سات» سىبىر ئەتمەكدىن ئۆزگە ئىشق ئېلىگە چارە يوق،
سەبىرسىزمەن بىقەرار، سەبرۇ قەرارىم سەنمۇ سەن؟
— موللا سالىھ.

ئىشقى بىھاسىل — نەتىجە، ئۈنۈم بەرمەيدىغان ئىشق:
نىچۈك سەن بۇ ئۆزۈن يول ئەمگەكىمىندىن،
بۇ ئەمسىز ئىشقى بىھاسىل - ئېلىمىندىن.
— لۇتفى.

ئىشقى مۇھەببەت — سۆيگۈگە قاتتىق بېرىلىش، يارغا بولغان تەشنالىق:
بادەئى ئىشقى مۇھەببەت نوش ئەيلەپ كېچەلەر،
ئىشق رەيھانىدەك بولۇپ تالدەك بويىغا چىرماشىپ.
— نەۋبەتى.

ئىشقباز [عشق باز] (ئە + پ) ئىشققا بېرىلگەن، ئاشىق؛ ئاشىقلىق، مۇھەببەتلىك:
ھەر ئىككىگە شىۋە ئىشقبازى،
نازىيۇ ئەگەر بىرى نىيازى.
— ئەرشى.

ئىشقپىچان [عشق پيچان] (ئە + پ) ھەشقپىچەك، ھەشقپىچەكگۈل:
ئاغا چىرمانىپ ئىشقپىچان كەبى،
كى سىمت ئەيلىگەن لەئلى مەرجان كەبى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىشقپىچەك [عشق پيچاك] (ئە + پ) «ئىشقپىچان»غا قاراڭ:
دەرىغ كۆرسەم ئىدى دىلبەرىم جەمالىدىن،
لەبىگە سۆيسەم ئىدى چىرماشىپ چۇ ئىشقپىچەك.
— شەۋقى.

ئىشكال [اشكال] (ئە) مۇشكۇللۇك، قىيىنچىلىق:
جەمئ ئېتىپ كۆڭلىن بارى ئىشكالىدىن،
قۇتقارىپ ھەر نەۋئ مۇشكىل ھالىدىن.
— نەۋايى.

ئىشكەنج [اشكنج] (پ) «ئىشكەنجە» گە قاراڭ:
نەچە يىل چېكىپ سەن ئۇچۇن رەنجنى،
زەماندىن كۆرۈپ تۈربە ئىشكەنجنى.
— ئا. نىزارى.

ئىشكەنجە [اشكنجه] (پ) قىيناق، ئازاب، ئىسكەنجە.
ئىشكەنجە ئەيلەمەك — قىيىنماق، ئازابلىماق، ئىس-

كەنجىگە ئالماق:

بۇ زىنداندىنكى، جىسمىن رەنجە ئەيلەپ،
چىقاردىڭ يۈز تۈمەن ئىشكەنجە ئەيلەپ.

— نەۋايى.

ئىش - كۈچ [ايش كوچ] مەشغۇلات، خىزمەت: ئىنايەت قىلىپدۇرسىزكىم، مېنىڭ ئىش - كۈچۈم ساڭا ئۆھدەدۇر.

— نەۋايى.

ئىشنەمەك [اشناماك] يالتىرىماق، پارلىماق.

ئىشنەمەك قۇرت — يالتىراق قۇرت.

ئىشۋە [عشوه] (ئە) ناز - كەرەشمە، خۇلق، مەپتۇن قىلغۇچى ھەرىكەت، قىلىق:

نېتاڭ گەر ئىشۋە بىرلە ئەيلەسەڭ كۆڭلۈم بارىن غارەت،
نېچۈككىم سەن كەبى بۇ ئالەم ئىچرە دىلرەبا يوقتۇر.

— ئەرشى.

ئىشۋە پەرداز — ئىشقنا بېرىلگۈچى، ئىشقىۋاز:

ئە كۆزلەرى ساھىرى فۇسۇنساز،
ئەي باشىدىن ئاياغ ئىشۋە پەرداز.

— مەشھۇرى.

ئىشۋە ساز — «ئىشۋەگەر» گە قاراڭ؛

ئىشۋە ئوقى — ناز - كەرەشمە ئوقى؛ جەلپ قىلغۇچى قىلىق:

ئىشۋە ئوقىنى جانىمغە ئاتماي،
بولماي ئاڭا مۇبتەلا بېدىندۇر.

— ئەرشى.

ئىشۋەگەر [عشوه‌گر] (ئە + پ) ناز - كەرەشمە قىلغۇچى، چىرايلىق قىلىق ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق مەپتۇن قىلغۇچى، كۆڭۈلنى ئوغرىلىغۇچى، جەلپ قىلغۇچى؛ مەھبۇبە:

گەدا فەھم ئىشۋەگەر، ساھىب كەرەشمە،
ئارىغ سۈرەت، رىساقەد، شەرمى چەشمە.

— ناقىس.

ئىشتىمەك [ايشيتماك] ئاڭلىماق، تىڭشىماق، قۇلاق سالماق، ئىشتىمەك:

سالىھ قىلىبان بۇ سۆزنى بۇنياد،
دوستلار ئىشىتىپ مېنى قىلىڭ ياد.

— موللا سالىھ.

ئىشىق [ايشيق] نۇر، يورۇقلۇق، روشەنلىك:

مەلاھەت ئەۋجى بىرلە ھۆسن بۇرقىدە ئىشىق ئېرمەس،
يۈزۈڭدۈن شۇئلەسى ھەر يان ئاچىلمىش تەلئەتىڭ ماھى.

— نەۋايى.

ئىغاغ [ايغاغ] پايدىسىز، مەنىسىز: *نادانغە سۆز دېمەك ئىغاغدۇر ۋە كۆپ دېمەگى بورتاغدۇر.*

— نەۋايى.

ئىغتىنام [اغتنام] (ئە) چىڭ تۇتۇش؛ پايدىلىنىش؛ قەدىرلەش، ئەزىزلەش:

قىلىپ مەسلەھەتلەر دېدى چولڭ ئاغام،
كۆڭۈل ئۈز دىيارىن بىلۇر ئىغتىنام.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىغماز [اغماض] (ئە) يوشۇرۇش، بېكىتىش.

ئىغماز ئەتمەك — يوشۇرماق، بېكىتمەك.

ئىغماز ئەيلەمەك — يوشۇرماق، بېكىتمەك.

ئىفادە [افاده] (ئە) دەرس بېرىش، ئوقۇتۇش، ئۆگىتىش؛ پايدا ئېلىش، پايدا بېرىش، ياردەملىشىش:

قەچانكىم قاچارغە ئىرادە قىلۇر،
ئەجايىب مەرىزى ئىفادە قىلۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىفادەت [افادت] (ئە) «ئىفادە» گە قاراڭ:

كىشىكىم يۇرۇسە تىجارەت ئۈچۈن،
نە مېھنەتنى تارتىپ ئىفادەت ئۈچۈن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىفتار [افطار] (ئە) ئېغىز ئېچىش (كەچكى ئىپتار)، روزىنى بۇزۇش، ئىپتار.

ئىفتار قىلماق — ئېغىز ئاچماق، ئىپتار قىلماق.

ئىفتىئال [افتعال] (ئە) 1) پەيدا قىلىش، خىيالەن تەسەۋۋۇرلەش، يېڭىلىق يارىتىش. 2) سەممىي، سادىق بولۇش:

بولماسە تاڭەتدە ھەركىم ئىفتىئال،
بولغاي ئانىڭ ئاغزىغە سەنگۇ ساپال.

— خەراباتى.

ئىفتىتاھ [افتتاح] (ئە) باشلاش، كىرىشىش، ئېچىش.

ئىفتىتاھ ئەتمەك — «ئىفتىتاھ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىفتىتاھ ئەيلەمەك — باشلىماق، كىرىشمەك، ئاچماق.

ئىفتىخار [افتخار] (ئە) پەخىر؛ پەخىرلىنىش، ماختىنىش، ئىپتىخار:

ئىزىڭىز گەردى تاجى ئىفتىخارىم،
نې قىلماققە مېنىڭ نې ئىختىيارىم.

— نەۋايى.

ئىفترا [افترا] (ئە) بوھتان، تۆھمەت.

ئىفتىقار [افتقار] (ئە) پېقىرلىق، موھتاجلىق، بىچارىلىك.

ئىفرات [افراط] (ئە) ھەددىدىن ئېشىش، چەكتىن چىقىش؛ ئاشۇرۇش، ئاشۇرۇۋېتىش، ھەددىدىن زىيادە.

ئىفرات كۆرگۈزمەك — ھەددىدىن ئاشماق.

ئىفراتى جەمال — ھەددىدىن زىيادە چىرايلىق، ناھايىتى چىرايلىق.

ئىفراتى ھىلىم — كۆڭۈل يۇمشاقلىقىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىشى.

ئىفرىت [عفريت] (ئە) دىۋە، شەيتان:

تاۋۇش چۇن ئاڭلادى ئىفرىتى قەتتال،
چىقاردى باشكى، فەھم ئەتكەي نىدۇر ھال.

— نەۋايى.

ئىفساد [افساد] (ئە) بۇزۇش؛ بۇزۇلۇش، بۇزۇقچىلىق:

ۋە كەيخىسراۋنىڭ خاتىرى ئەفراسىياب ئىفسادىدىن جەمئ بولغاندىن سوڭرە ...

— نەۋايى.

ئىفشا [افشا] (ئە) پاش قىلىش، ئېچىش، ئاشكارا قىلىش:

رەئيى ئەزىم پادشاھنىڭ قىزى خىجەنىڭ فەسانەسىنى ئاڭلاغاندىن كېيىن مەلىكەگە ئەسىر قىلىپ، خاجىغا ئۆز ۋاقىئاتىنى ئىفشا قىلۇرغە تەكەللۇم تۈزگەنى ۋە ...

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىففەت [عفت] (ئە) پاكلىق، پاكىزلىك، مەسۇملۇك؛ ئىپپەت، نومۇس.

ئىففەت پەناھ — «ئىففەت مەئاب» قا قاراڭ.

ئىففەت مەئاب — ئىپپەتلىك، نومۇسلۇق.

ئىفلاس [افلاس] (ئە) پۇلسىزلىق، موھتاجلىق، بىچارەلىك؛ ئىپلاس:

بۇ زىنۋەر بىرلە يۇزمىڭ گەنجى قارۇن،
كېلۇر قانچە كىشىگە ئانچە ئىفلاس.

— ئەرشى.

ئىفلاس ئايىن — موھتاجلىقتا كۈن كەچۈرگۈچى.

ئىفنا [افنا] (ئە) يوقىتىش، يوق قىلىش، ھالاك قىلىش؛ يوقىلىش، ھالاك بولۇش.

ئىفنايى مەۋجۇد — بارلىقنىڭ (مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ) يوقىلىشى.

ئىقاب [عقاب] (ئە) جازا، ئازاب، قىيناق.

ئىقالە [اقاله] (ئە) ئايىنىش، سودىدىن قايتىش، سودىنى بۇزۇش:

گەۋھەرى بەيئىن ئىقالە ئەيلەدى،
تۇتتىمىز ۋەجھىن ھەۋالە ئەيلەدى.

— نەۋايى.

ئىقامەت [اقامت] (ئە) بىر جايدا تۇرۇش، مۇقىم بولۇش؛ ياشاش؛ ئىستىقامەت قىلىش:

ئىقامەت چۇنكى قىلدىڭ، بابىرا، ئول ھۇر كويىدا،
مەقامىڭ رەۋزەدىن ئەۋلا، ئۆزۈڭ رىزۋاندىن ئارتۇقسەن.

— بابىر.

ئىقامەت ئەتمەك — «ئىقامەت قىلماق» قا قاراڭ.

ئىقامەت ئەيلەمەك — تۇرۇپ قالماق، ئىستىقامەت قىلماق.

ئىقامەت خەيلى — تۇرغۇن كىشىلەر.

ئىقامەت قىلماق — ياشىماق، ئىستىقامەت قىلماق.

ئىقامەت مەنزىلى — تۇرار جاي.

ئىقبال [اقبال] (ئە) بەخت، ئامەت؛ دۆلەت، بايلىق؛ مۇۋەپپەقىيەت:

ئالىپ كەلدى قويىدى مىنىڭ ئالىمە،
فەلەك رەشك قىلغاي بۇ ئىقبالىمە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ھال - ئەھۋال:

رىشۋەلەر يەپ ھۆكمى قازى مۇفتى بولغاندىن دىسەڭ،
ئەين ئىقبالىم بەلەنددۇر ئۇشبۇ ئىقبالىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

ئىقبال ئاسا — بەخت كەلتۈرگۈچى، قۇتلۇق.

ئىقبال قىلماق — كۈتۈۋالماق، قوبۇل قىلماق.

ئىقبال نىشانى — خۇش خەۋەر بەرگۈچى خەت، خۇرسەنلىك خېتى.

ئىقبالى جاۋىد — ئەبەدىي بەخت.

ئىقبالى ۋىسال — ئۇچرىشىش خۇشاللىقى، بەختى.

ئىقتار [اقطار] (ئە) قاتارلار، سەپلەر.

ئىقتائ [اقطاع] (ئە) مۇكاپات تەرىقىسىدە ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەر - سۇ.

نى ئىقتائ ئالارغە كى دارا قىلىپ،
سىكەندەر ھەم ئانداغ مەدارا قىلىپ.

— نەۋايى.

ئىقتائ قىلماق — يەر ئاجرىتىپ بەرمەك.

ئىقتىباس [اقتباس] (ئە) ئېلىش، ئارىيەت ئېلىش؛ ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش.

ئىقتىباس ئەيلەمەك — ئالماق، كۆچۈرۈۋالماق، ئوخشىتىۋالماق.

ئىقتىدا [اقتدا] (ئە) تەقلىد قىلىش؛ ئەگىشىش:

ئەتلەئەت مىن جەبھەتۇس - ساقى تەجەللىيۇل - ھۇدا،
مۇرشىدى ئەھلى ھەقىقەت ۋەجھىگەيلەر ئىقتىدا.

— ئەرشى.

ئىقتىدا ئەيلەمەك — ئەگەشمەك.

ئىقتىدا قىلماق — تەقلىد قىلماق؛ ئەگەشمەك.

ئىقتىدار [اقتدار] (ئە) ئىقتىدار، كۈچ، قۇدرەت:

بولۇپ ھېكمەتتە مۇنچە ئىقتىدارلىق،
فىلاتۇن گەر ئوقۇر ئالدىڭدا ئەبجەد.

— ئەرشى.

ئىقتىدار تاپماق — قۇدرەت تاپماق؛ قادىر بولماق؛ قۇدرەتلىك سېزىم.

ئىقتىران [اقتران] (ئە) يېقىنلاش، يېقىن كېلىش، يولۇقۇش، ئۇچرىشىش.

ئىقتىزا [اقتضا] (ئە) تەقەززا؛ زۆرۈرىيەت؛ تەلەپ، ئىستەك، ئېھتىياج:

شۈكۈر ئەيلەمەس بۇ دۆلەتكە قانىئ بولماس،
مۇندىن زىيادەلىك قىلۇر نەفسى ئىقتىزا.

— سەبۇرى.

ئىقتىزا ئەيلەمەك — تەقەززا قىلماق.

ئىقتىسار [اقتصار] (ئە) قىسقارتىش، چەك قويۇش، چېگرالاش، سوزماسلىق.

ئىقتىسار ئېتىلمەك — قىسقارتىلماق.

ئىقتىنا [اقتنا] (ئە) ئىگە بولۇش، ئېرىشىش، قولغا كەلتۈرۈش، ئىگىلەش، باردى - كەلدى قىلىش، ئالاقىدە بولۇش:

بار ئېردىكى بىزگە بىراۋ ئاشىنا،
قىلۇر ئېردىم ئانىڭ بىلە ئىقتىنا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) يىغىش، جۇغلاش، مال - دۇنيا، بايلىق توپلاش:

بەلادى ئېرۇركىم ئەجەب خۇشنەما،
زەنۇ ئەر دۇكاندا قىلۇر ئىقتىنا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىقد [عقد] (ئە) تۈگۈن، چىگىش؛ قىممەت باھا مۇنچاق (مەرۋايىت) ئۆتكۈزۈلگەن يىپ، ئۈنچە (مەرۋايىت) تىزىقى:

نەۋائىي، ئاڭلا يەقىنكىم، ھەيات رىشتەسىدۇر،
قولۇڭغە كىرسە ئانىڭ ئىقدى زۇلفىدىن ھەر شاھ.

— نەۋايى.

ئىقدام [اقدام] (ئە) قەدەم قويۇش، مېڭىش، يۈرۈش؛ تىرىشىش، ئۇرۇنۇش.

ئىقدام قىلماق — تىرىشماق، كىرىشمەك.

ئىقلىم [اقليم] (ئە) ۋىلايەت، ئۆلكە، مەملىكەت، ئىقلىم، قىتئە:

كۆڭۈل ئىقلىمىنى تاراج ئېتەرمەن بولماسۇن غافىل،
جۇنۇندىن پارە بولغان خىرقەنىڭ تارى سىپاھىمدۇر.

— زەلىلى.

ئىت كېبى تەلمۈرۈبان خالق رەھمىڭ باش قويۇبان،
شەھى ئىقلىم ھەمە مۇھتاجۇ گەدايان يەڭلىغ.

— شەۋقى.

ئىقلىمگىر [اقليم كير] (ئە + پ) جاھانگىر.

ئىكاۋ [ايكاو] 1) ئىككى، ئىككىسى. 2) رەپىق، يولداش:

خوبلەر ئىچرە بىراۋ كۆڭلۈمنى ئالمىشكىم، ئانى.
مەندىن ئۆزگە كىمسە بىرلە قىلماغىل، يارەب، ئىكاۋ.

— نەۋايى.

ئىكاۋلان [ايكاولان] «ئىكەۋلەن» گە قارالسۇن:

سەبا نەغمە قىلىپ، بۇلبۇل غەزەلخان،
ئىكاۋلان قەي قىلىپ دەشتى بەيابان.

— خىرقەتى.

ئىكەلەسى [ايكالاسى] ئىككىلىسى، ھەر ئىككىسى:

ئەگەر ئىكەلەسى تىل بىلە ئايتۇر قابىلىيەتلەرى بولسە، ئۆز تىللەرى بىلە كۆپرەك ئايتسەلەر ئېردى.

— نەۋايى.

ئىكەۋ [ايكاو] «ئىكاۋ» غا قارالسۇن:

يېتىشىپ ئالدى دەرھال بۇلارنى بىرەۋ،
تۇرار ئېردى زىندان ئۈزە ئول ئىكەۋ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىكەۋلەن [ايكاۋلان] ئىككىيلەن، ھەر ئىككىسى:

... ۋە نەچچە مۇددەتدىن كېيىن خاتۇنى ئۆلۈپ، تاجىرنى ھىسارغە سولاغاندا، يەنە بىر فەرەڭنىڭ خاتۇننى كەلتۈرۈپ، ھىساردا ئىكەۋلەن تاپىشىپ، ئانچە مۇشەققەتلەر بىلە سىفىلنى تېشىپ، بىر مۇنچە جەۋاھىرلار ئالىپ، ئىكەۋلەن قاچىپ چىققانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىكتىساب [اكتساب] (ئە) ئۆگىنىش، كەسىپ قىلىش؛ قولغا كەلتۈرۈش:

چۇ قارۇن دېدى: «شاھ ئالىيجەناب،
سەھىل ئىشمۇدۇر، ئەيلەگىل ئىكتىساب».

— ئا. نىزارى.

ئىكتىساب ئەيلەمەك — ئالماق؛ ھاسىل قىلماق.

ئىكتىساب قىلماق — «ئىكتىساب ئەيلەمەك» كە قارالسۇن.

ئىكتىفا [اكتفا] (ئە) قانائەتلىنىش، كۇپايىلىنىش:

بۇلار ۋاقىئاتى تەۋىلۇ تولا،
قىلىپ مۇختەسەر ئەيلەدۈك ئىكتىفا.

— ئا. نىزارى.

ئىكتىفا بولماق — «ئىكتىفا قىلماق» قا قارالسۇن.

ئىكتىفا قىلماق — قانائەتلەنمەك؛ كۇپايە قىلماق.

ئىكتىفا قىلىلماق — «ئىكتىفا قىلماق» قا قارالسۇن:

بىز زەرۇرەت غايىبانە دۇئا بىلە ئىكتىفا قىلىلىپدۇر.

— نەۋايى.

ئىكتىھال [اكتحال] (ئە) كۆزگە سۈرمە تارتىش:

ئىلنى تېز ئەيلەبكى، ئوتدىن سۆزۈ چىقاردىڭ ـ تۇرفەدۇر،
لىبىڭ تۇفراغى ئانىڭ كۆزلەرگە بەردى ئىكتىھال.

— نەۋايى.

ئىكرام [اكرام] (ئە) ئىززەت، ھۆرمەت، ئىكرام، ئىلتىپات:

كۆرۈپ شاھ ئەيلەپ كۆپ ئىكراملار،
قىلىپ لۇتۇف ـ ئېھسان ئىنئاملار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىكرام ئەيلەمەك — ھۆرمەتلىمەك، ئىلتىپات كۆرسەتمەك.

ئىكرام قىلماق — «ئىكرام ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىكراھ [اكراه] (ئە) يىرگىنىش، يامان كۆرۈش، ياقتۇرماسلىق؛ زورلاش.

خاتىرنى ئىكراھقا سالماق — كۆڭۈلنى يىرگەندۈرمەك.

ئىكراھلىق [اكراهليق] يىرگىنىشلىك، خاپىلىق؛ نەپرەتلىنىش.

ئىكراھلىق ئولماق — يىرگەنمەك، نەپرەتلەنمەك.

ئىكسۇن [اكسون] (پ) يىپەك رەخت؛ يىپەك كىيىم، ھەشەمەتلىك كىيىم.

ئىكسۇن دىبا — يىپەك، نەپىس ۋە ھەشەمەتلىك كىيىم.

ئىكسىر [اكسير] (ئە) ئابى ھايات؛ ئەپسانىۋى تاش ـ ھېكمەت تېشى:

تىيرە بولدى بەدەنى خاك، ئايا پىر مۇغان،
دۇردى مەينى قويى ئاگا زەررەئى ئىكسىر كېرەك.

— زەلىلى.

ئىككى [ايكى] «ئىكى» گە قاراڭ:

كۆرۈڭ ئىككى ۋەفالىق ئىشقىنىڭ دېھقانىنىڭ ھالىن،
مۇھەببەت دانەسىن ئىككى كۆڭۈللەرگە تېرىشىپدۇر.

— قەلەندەر.

ئىككى بۈكەنمەك — مۈكچەيمەك.

ئىككى سەرا — «ئىككى كەۋن» گە قاراڭ.

ئىككى كەۋن — ئىككى دۇنيا، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا.

ئىككى لەئل — ئىككى لەۋ.

ئىككىرەر [ايكى رار] «ئىكىرەر» گە قاراڭ:

بەڭزى يەردە بىرەر ـ ئىككىرەر، بەلكى ئارتۇق ئەبيات ھەم تەرك قىلىپ تۇرۇر.

— نەۋايى.

ئىككىلىك [ايكى ليك] شۈبھە، ئىككىلىنىش؛

بىزنى داغى ئاندا كۆرگەي بىر تۇفەيل،
قىلماغاي كۆڭلى ئىككىلىك سارى مەيل.

— نەۋايى.

ئىكمال [اكمال] (ئە) كامالغا يەتكۈزۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ تاماملاش، تۈگەللەش.

ئىكى [ايكى] ئىككى:

نە سۇد ئەمدى ئەگەرچە بولسە چۈن خىرمۇھرەلەر پەيدا،
نىتەي ئەمدى ئىكى ئالەمنى، دۇررى بىبەھا كەتتى.

— ئەرشى.

ئىكى سەرا — ئىككى دۇنيا، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا.

ئىكىسى — ئىككىلىسى، ئىككىيلەن.

ئىكى كەۋن — «ئىكى سەرا» غا قاراڭ.

ئىكى مىلك — 1) ئىككى مىلك (سان). 2) كۆپ، نۇرغۇن.

ئىكىرەر [ايكي رار] ئىككىدىن، ئىككىلەپ؛ ئىككى مەرتە:

قوين سۆۋدىن ئۆتكەرەدۇر ئېردى، سۆۋۈ ئۇلۇغراق جىھەتىدىن قويلارنى ئىكىرەر ـ ئىكىرەر كۆتەرىپ ئۆتكەرۈر ئېردى.

— نەۋايى.

ئىگە [ايكا] 1) ئىگە، ساھىب؛ تەڭرى:

ئالاچۇقنىڭ ئىگەسى ئېردى بىر پىر،
كى دەريادىن چىقارۇر ئېردى تەۋفىر.

— لۇتفى.

يامان كۆرمەڭ مېنى دوستلار ئىگەمنىڭ بىر قۇلىدۇرمەن،
كىشى قەدرىمنى بىلمەيدۇ، ۋەتەننىڭ گەۋھەرىدۇرمەن.

— موللا بىلال.

2) پادىشاھ، ھۆكۈمدار:

... گۇياكى مۈلك ئىگەسىز قالدىكىم، ئول زالىم ۋە نادان كىشى ئېردى.

— نەۋايى.

ئىگەرمەك [ايكارماك] ئايلاندۇرماق؛ ئات ئويناتماق:

كۆك ئەبلەقىن ئىگەرىپ، ئەي قۇياش، سىنان تارتىپ، مەگەر بۇ زەررەغە قىلدىڭ ئەيان نەبەردىڭنى.

— نەۋايى.

ئىگەلەمەك [ايكالاماك] ئىگە بولماق، ئىگىلىمەك.

ئىگرەمەك [ايكراماك] ئىگرىماق، ۋايىسماق.

ئىگرەنمەك [ايكرانماك] «ئىگرەمەك» كە قاراڭ.

ئىگرىم [ايكريم] قايىنام، گىرداب:

مەدەد قىلدى ئىنايەت بادبانى،
يىراق تاشلادى ئول ئىگرىمدىن ئانى.

— لۇتفى.

ئىگلەنمەك [ايكلاناك] كېسەل بولماق، زەئىپلەشمەك:

ئانداغكى: قۇۋارماق ۋە قورۇقشاماق ··· ۋە ئىگىلەنمەك ···
— نەۋايى.

ئىگنە [ايگنه] يىڭنە:
فىتنە ئەھكامىنى سۈرۈرگە دانەئى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىنى غەم خىرقەسىنى تىكمەككە قولاد ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

ئىگىرمەك [ايگيرماك] ئېگىرمەك، يىپ ئېگىرمەك، يىپ پىششىقلىماق؛ ئورىماق، ئايلاندۇرماق:
كۆز ئۇچى بىرلەن ئىگىردى شەۋقى نەئتىلىك رىشتەسىن،
جامە تەقۋا سەنسىزىن پۈتمەس بۇ دۇركىم ئېھتىياج.
— شەۋقى.

ئىڭراماق [اينكراماق] ئىڭرىماق، دەردلىك يىغلىماق.

ئىڭرەمەك [اينكراماك] «ئىڭراماق» قا قاراڭ.

ئىل [ايل] يىل:
سەخاۋىش دانىسىنى دەستىسى گەردۇن،
مىلى ئىل دەۋر ئەتسە بولماي تارتماق ئۇن.
— نەۋايى.

ئىلا [الى] (ئە) ··· گەچە، ··· گە؛ غەچە، ···، ئەرەبچە «گە» قوشۇمچىسى.

ئىلا ئاخىر — «ئىلا غايە» گە قاراڭ.

ئىلا غايە — ئاخىرىغىچە.

ئىلا يەۋمىدىن — قىيامەتكىچە.

ئىلا يەۋمىل - قىيام — قىيامەتكىچە، قىيامەت كۈنىگىچە:
كۆرمەدىم ئالەمدە سەندەك بىر مەھى شىرىن كەلام،
ھىچ تاپىلماس ئىستەسەم مىسلىڭ ئىلايەۋمىل - قىيام، ···
— قەلەندەر.

ئىلاج [علاج] (ئە) داۋا، شىپا؛ چارە، تەدبىر:
نى ئىلاج ئەيلەيكى، قەدرىمنى نىگارىم بىلمەدى،
فۇرقەتۇ دەردۇ غەممىنى گۈلئۇزارىم بىلمەدى.
— قەلەندەر.

ئىلاج پەزىر — تۈزۈلىدىغان، نەتىجە بېرىدىغان.

ئىلاج قىلماق — داۋالىماق؛ چارە كۆرمەك، چارە تاپماق؛ تەدبىر قىلماق.

ئىلاج يېتىشمەك — داۋا تېپىلماق؛ شىپا تاپماق.

ئىلاج يەتكۈزمەك — داۋالىماق، شىپا يەتكۈزمەك.

ئىلام [علام] (ئە) بەلگە، نىشان؛ خەۋەر، بايان؛ «ئەلامەت» كە قاراڭ:
خاجە بەندەرگە پادشاھ بولغاندا، دەريانىڭ يانىدا فىلال بىنا قىلدۇرۇپ، بىر كۈنى تاماشا قىلماق ئۈچۈن فىلالغە چىقىپ، بىر تاجىر بەچچەنى كۆرگەنى، ئول تاجىر بەچچە خاجەغە ئۆز سەرگۈزەشتىنى ئىلام قىلغانى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىلاھ [اله / الاه /] (ئە) خۇدا، ئاللا، تەڭرى:
قاچان ۋابەستە ئولغۇم رىشتەئى ئىشقىڭغە ئۆزلۈكدىن،
ماڭا لېكىن ئەسىر ئولماق چۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر.
— ئەرشى.

ئىلاھا [الاهى] (ئە) ئەي مېنىڭ پەرۋەردىگارىم:
ئىلاھا، بارچە جۆرمىنى ئەفۋ ئېتەردە ئول شەفىئ ئولغاچ،
فەرامۇش ئولماسۇن ئەرشى قولۇڭ ھەم ناگەھان ئاندا.
— ئەرشى.

ئىلاھى [الهى] (ئە) ئەي خۇدا، يا ئاللا:
ھەرنە كەلسە باشىڭە تارتماسغە، سالىھ چارە يوق،
بۇ مەگەر تەقدىر ئىلاھى قۇدرەتۇل - جەببار ئىشق.
— موللا سالىھ.

ئىلاھىي [الهى] (ئە) خۇداغا تېگىشلىك؛ دىنىي.

ئىلاھىي رۇمۇز — ئىلاھىي ئىشارىلەر؛ تەڭرىگە ئىشارە قىلىنغان نەرسىلەر.

ئىلاي [ايلاى] «ئىلەي» گە قاراڭ.

ئىلايىدە — «ئىلايىندە» گە قاراڭ.

ئىلايىندە — ئالدىدا، ھوزۇرىدا، قېشىدا.

ئىلە [ايله] بىلەن:
خەلقى ئالەم كۆرسە ئەيب ئەتمەس جۇنۇنۇمنى كۆرۈپ،
لەيلى ئىلە مەجنۇندەك ھەم ئۆلتۇر سەمەندى ئار ئىشق.
— موللا سالىھ.

ئىلەن [ايلان] «ئىلە» گە قاراڭ:
بەلەند پەرياد ئۇرماي ئول پەرىغە يوق ئۈچۈن مەرغۇب،
ھەزىن نالىش ئىلەن جان ئۇدىدىن ئەندەك سەدا قىلدىم.
— ئەرشى.

ئىلەي [ايلەى] ئالد، ئالدى، ھوزۇر، ھوزۇرى.

ئىلەيدىن قويماق — بىر تەرەپ بولماق؛ يوقالماق.

ئىلەيگە تۈشمەك — «ئىلەيگە كەلمەك» كە قاراڭ.

ئىلەيگە كەلمەك — يولۇقماق؛ دۇچ كەلمەك، پەيدا بولماق.

ئىلەيىدە — ئالدىدا، ھوزۇرىدا، قېشىدا.

ئېل ئىلەيىدە — خەلق ئالدىدا، خەلق ھوزۇرىدا.

ئىلباس [الباس] (ئە) كىيىندۈرۈش.

ئىلباسۇن [ايلباسون] ئۆردەك؛ ئۆۋ قۇشى:
ۋە كەلدۈك قۇشقاكى، ئاندا مۇقەررىر ۋە مەشھۇر ئىلباسۇن ئۆردەكدۇر.
— نەۋايى.

ئىلتىجا [التجا] (ئە) يېلىنىش، يالۋۇرۇش، پاناھ تى-

لىش؛ ئىلتىجا:

رەسۇلى خۇداغە قىلىپ ئىلتىجا،
دۇرۇدۇ سەلام بىرلە ئەيلە دۇئا.

— ئا. نىزارى.

ئىلتىجا قىلماق — پاناھ تىلىمەك، يېلىنماق؛ سېغىنماق.

ئىلتىجا كەلتۈرمەك — پاناھ تىلىمەك، پاناھلىق سورىماق.

ئىلتىزاز [التذاذ] (ئە) لەززەتلىنىش؛ لەززەت:

جان چۈنكى لەززەت ئەيلەر ئانىڭ لەئلى يادىدىن،
بەرسە نې تاڭ ھەلاۋەتى جانانغە ئىلتىزاز.

— نەۋايى.

ئىلتىزام [التزام] (ئە) بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئۆزىگە زۆرۈر دەپ بىلىش، ئۆز زىممىسىگە ئېلىش؛ مەجبۇرىيەت.

ئىلتىزام ئەيلەمەك — ئۆز ئۈستىگە ئالماق، زىممىسىگە ئالماق.

ئىلتىزام قىلماق — لازىم، زۆرۈر دەپ بىلمەك، بىرەر ئىشنى بېجىرىشنى زىممىسىگە ئالماق.

ئىلتىفات [التفات] (ئە) كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش؛ دىققەت؛ ئىلتىپات:

ماڭا گەر قىلسالىڭ سەن، ئەي خۇرشىد تابان ئىلتىفات،
گەر تىرىك بولسام سېنىڭ ۋەسفىڭدە يۈز دەفتەر قىلاي.

— قەلەندەر.

ئىلتىيام [التيام] (ئە) تۈزۈلۈش، ساقىيىش، پۈتۈش، بىرىكىش:

... ئۇل شەرىف قەۋمغە ھەزرەتى خاجە ۋە ئالارنىڭ شەرىف ۋۇجۇدلەرى بەرەكەتىدىن بۇ شەرىف سىلسىلەنىڭ ئىلتىيام ۋە ئىنتىزامى ئىللا يەۋمىل - قىيام ئىمتىداد تاپقاي.

— نەۋايى.

ئىلدام [ايلدام] 1) تېز، دەرھال، چاپسان. 2) ئۇرۇش، شاپىلاقلاش؛ زەخمەت؛

ئىلدام ئەيلەمەك — تېزلەتمەك.

تىل ئىلدامى — تىل زەخمىتى:

تىل ئىلدامىدىن بولۇر غەرامەت ھاسىل،
يۈز نەۋئ نەدامەتۇ مەلامەت ھاسىل.

— نەۋايى.

ئىلدەي [ايلداى] ئالد، ئالدى.

ئىلدەيلەرىگە — ئالدىلىرىغا.

ئىلدەيىدە — ئالدىدا، ئالدىن.

ئىلدىرىم [ايلديريم] چاقماق، چېقىن:

تۈركلەر دەمنى چاقىنغە، ئاھنى ئىلدىرىمغە نىسبەت بېرىپ دەپدۇرلەركىم:

فىراقىڭ ئىچرە ئۆلۈس ئۆرتەمەككە، ئەي ماھىم،
چاقىن دۇرۇر دەمىمۇ ئىلدىرىم دۇرۇر ئاھىم.

— نەۋايى.

ئىلزام [الزام] (ئە) يېڭىلىش، مەغلۇپ بولۇش؛ قارشى چىقالماسلىق.

ئىلزام بولماق — يېڭىلمەك، مەغلۇپ بولماق.

ئىلزام قىلماق — مەغلۇپ قىلماق، يەڭمەك؛ جىمىقتۇرماق، بېسىقتۇرماق.

ئىلغەماق [ايلغاماق] تېزلىكتە بارماق، تېز يۈرمەك؛ ھۇجۇم قىلماق، ھۇجۇم قىلىپ بارماق:

ئاز كىشى بىرلە بىر تەرەف كەتمىش،
خەسم باشىغە ئىلغەبان يەتمىش.

— نەۋايى.

ئىلغى [ايلغى] «ئىلقى» غا قاراڭ:

ئات ئاڭا تارتاركى، يۈز ئىلقىسى بار،
سىيم ئاڭا بېرۇركى، يۈز ئىلغىسى بار.

— نەۋايى.

ئىلقا [القا] تاشلاش، قوزغىتىش، تەرك.

ئىلقا قىلماق — ئوتتۇرىغا تاشلىماق، قوزغاتماق.

ئىلقى [ايلقى] ئات، يىلقى، ئاتلار تۈپى:

ئات ئاڭا تارتاركى، يۈز ئىلقىسى بار،
سىيم ئاڭا بېرۇركى، يۈز ئىلغىسى بار.

— نەۋايى.

ئىلكى [ايلكى] «ئىلىك» كە قاراڭ؛

سېنىڭ ھەدسىز غەمىڭ ئالدى ئاراغە خەستە جانىمنى،
نېدىن بىگانە غەملەر ئىلكى تەگمەسكە ھىسارىمدۇر.

— گۇمنام.

ئىساسى ئىلكىدە سىپىھر ئافەرىندۇر،
ئەمەس مۆئجىز كۆڭۈل قىلماقغە پارە.

— ئەرشى.

ئىلگى I [ايلكى] «ئىلىك» كە قاراڭ:

پەرىدەك دىلرەبالار باشىدە گۇل،
قىزارىپ ئوت مەسەللىك ئىلگىدە مۇل.

— خىرقەتى.

ئىلگى II [ايلكى] قول، قولى، خىزمەتكار:

قاچان تاپقانى ئىلگىدىن ئىبەرگەي،
خۇمار ئالۇدە مەي ئىچكەي، تىرىلگەي.

— خىرقەتى.

ئىللا [الا] (ئە) مەگەر، بىراق، ئەمما، ... دىن باشقا:

ۋەلېكىن بىراۋكىم مەئىييەتنى بىلمەگەي، ئىللا جىسمىم مەئىييەتنى جىسمىم بىلە يا ئەرەز مەئىييەتنى ئەرەز بىلە ...

— نەۋايى.

ئىللەت [علت] (ئە) كېسەل، كېسەللىك، بىمارلىق؛ سەۋەب؛ ئىللەت، نۇقسان، ئەيىب:

ئەللاھ، ئەللاھ دەپ گۇناھ دەردىڭ دەۋاسىن ئىزدەگىل،
زىكرى مۇھەببەت بارچە ئىللەتكە دەۋا بولدى دەرىغ.

— شەۋقى.

ئىنە داغى سىنەدە ئىللەت دۇرۇر،
دەفئى بىلماق تازە تەھارەت دۇرۇر.

— زەلىلى.

ئىللەللاھ [الاالله] (ئە) بىر خۇدادىن باشقا.

لائىلاھە ئىللەللاھ — بىر خۇدادىن باشقا ھېچبىر ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق زات يوق:

خەتى لەۋھى ھۆسنىنىڭ دەفتەرىدە مەتلەئى تۇغرا،
كەلامى «لائىلاھە» سىر «ئىللەللاھ» ئەيان دەرلەر.

— زەلىلى.

ئىللىيىن [عليين] (ئە) يۈكسەك ئاسمان، ئەڭ يۇقىرى ئاسمان.

ئىلىم [علم] (ئە) بىلىم، پەن، ئىلىم؛ مەرىپەت:

ئىلمىدىن، ئەئمالدىن بولغاي تىپقىن،
ئىلمىسىز، ئەئمالسىز بولغاي لەئىن.

— خەراباتى.

ئىلىم ئەھلى — ئالىملار، بىلىملىكلەر.

ئىلىم تەلەبىسى — ئوقۇغۇچىلار؛ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار.

ئىلمۇ ئەمەل — ئىلىمگە ئېتىقاد قىلماق.

ئىلمۇ فەزل — ئىلىم ۋە پەزىلەت.

ئىلمۇل - يەقىن — ھەر نەرسىنىڭ ماھىيەت ۋە كەيپىياتىنى بىلىش، ئېچىش؛ ئېنىقلىق ئىلمى، مۇقەررەرلىك ئىلمى:

سىنى ئەل ساھىبى سەججادە ئىسلامدىن دەرلەر،
ئىنابەت ئەيلەمەككە مۇرشىدىم ئىلمۇل - يەقىن دەرلەر.

— زەلىلى.

ئىلىم ئېلى — «ئىلىم ئەھلى» گە قاراڭ:

ئىلىم ئېلىگە مېھرىبان بول ئەھلى دۇنياغە غەلىز،
ئەھلى دەرۋىشكە ھەلىم بول ئەھلى دۇنياغە غەلىز.

— شەۋقى.

ئىلمى غەيىب — غايىبنى بىلىش، كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىش.

ئىلمى - لارەيب — شەكسىز توغرا ئىلىم، دىنىي ئىلىم.

ئىلمى لەدۇن — ئىلىمنىڭ سىرى:

نۇش قىلىپ جامى مەيۇ لالەگۈن،
مەۋج ئۇرۇپ كۆڭلىدە ئىلمى لەدۇن.

— زەلىلى.

ئىلمى مۇسىقىي — مۇزىكا ئىلمى، مۇزىكا نەزەرىيىسى.

ئىلمى ھېكمەت — ئىلىمنىڭ سىرىنى بىلىش:

ئۇلۇمى فەيزى رەببانى ئىتا قىلمىش خۇدا سانسىز،
ۋۇجۇدۇڭ ئېردىلەركىم، ئىلمى ھېكمەت بابىدىن يەنبۇئ.

— شەۋقى.

ئىلمەك [ايلماك /ايلمك] ئىلمەك، ئىلغاق؛ تۇزاق:

مۇھەببەت غەيرەتى گۈلگۈن ھەرىرىن قىلمىش ئانداغ رەفىئ،
تون ئاقشام تۆكمەئى جەيبىغە ئەر مەھكەم ئېرۇر ئىلمەك.

— ئەرشى.

ئىلھاد [الحاد] (ئە) دىنسىزلىق، خۇداغا ئىشەنمەسلىك:

شەيخۇل - ئىسلام دەبدۇركى، ھەيرەت ئىككىدۇر: بىرى ئام ھەيرەتى ۋە ئول ئىلھاد ۋە زەلالەت ھەيرەتىدۇر ۋە يەنە بىرى خاس ھەيرەتىدۇر.

— نەۋائى.

ئىلھاق [الحاق] (ئە) قوشۇش، بىرىكتۈرۈش.

ئىلھاق قىلماق — قوشماق، بىرىكتۈرمەك، ئارتتۇرماق.

ئىلھام [الهام] (ئە) ئىلھام، روھىي سەزگۈ، ئىنتىلىش:

تاپىپ مۇژدە ئىلھام ھاتىفى بولۇپ،
كى دىلدارىدىن ئاندا ۋاقىف بولۇپ.

— ئا. نىزارى.

ئىلھامى غەيىب — غايىبتىن (كىشى ئۆزى ئويلىمىغان ئەھۋالدا) بولغان ئىلھام، روھىي سەزگۈ.

ئىلھان [الحان] (ئە) كۈيلەش، خۇش ئاۋاز كۈيلەر، ئاۋازلار، «ئەلھان» غا قاراڭ.

ئىلھانى ئۇششاقسۇز — ئاشىقلار باغرىنى ئۆرتىگۈچى ئاۋاز.

ئىلھاھ [الحاح] (ئە) زورلاش، قىستاش، مەجبۇرلاش؛ زورلۇق.

ئىلھاھ ئەتمەك — قىستىماق؛ زورلىماق، مەجبۇرلىماق.

ئىلىغ [ايليغ] ئىللىق، ئىسسىق:

ھۆسنىدىن مېھر غەرەزدۇر، ئەي ئىشق،
بۇ مەسەلدۇر: «سىلىغىدىن ئىلىغلىق».

— نەۋائى.

ئىلىك [ايليك] 1) قول. 2) ئىلىك. 3) ئۆزلۈك، شەخسىيەت. 4) ياخشى ئەمەل. 5) بۇيرۇق. 6) بىسات. 7) ئىختىيار.

ئىلىك ئاچماق — قول ئۇزارتماق.

ئىلىك تارتماق — چېكىنمەك، ۋاز كەچمەك.

ئىلىك تەبرەتمەك — قول قىمىرلاتماق، بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولماق.

ئىلىك تۇتماق — قوللىماق، ياردەم بەرمەك.

ئىلىك تىشلىمەك — ھەيرانلىقتىن بارماقنى چىشلىگەن ھالدا تۇرماق؛ بارمىقىنى چىشلىمەك، نادامەت قىلماق، ئەپسۇس قىلماق.

ئىلىك چەكمەك — قول تارتماق؛ قول يىغماق.

ئىلىكدىن بارماق — قولدىن چىقماق، ئىختىيارىدىن كەتمەك؛ چارىسىز بولۇپ قالماق.

ئىلىكدىن كەتمەك — «ئىلىكدىن بارماق» قا قاراڭ؛

ئىلىكدىن كەلمەك — قولدىن كەلمەك، ھۆددىسىدىن چىقماق.

ئىلىك سۇنماق — قول ئۇزارتماق، قول سۇنماق، ياردەم قىلماق.

ئىلىك قويماق — قول قويماق، ئىمزالىماق، مۆھۈر باسماق.

ئىلىككە كىيۈرمەك — قولغا كىرگۈزمەك، ئىگىلىمەك.

ئىلىك ئىشقە ئىلىك ئۇرماق — ئىشقا كىرىشمەك.

ئىلىك يەتمەك — تەسىرىنى يەتكۈزمەك، بۇيرۇقىنى، ھۆكۈمىنى ئۆتكۈزمەك:

ئاتايى سەن كىمۇ گۈل سەرۋ قامەت،
ئىلىك يەتمەس نە ھاسىل قولنى سۇنماق.

— ئاتايى.

ئىلىك يۇۋماق — ئۈمىدىنى ئۈزمەك، ۋاز كەچمەك:

گەر دامەنى ۋەسلى سارى قول سۇنساڭ ئاتايى،
باغرىڭنى سۇ ئەيلە داغى جانىڭنى ئىلىك يۇۋ.

— ئاتايى.

ئىلىك يىغىشتىرماق — قول تارتماق.

ئىلىكلەمەك [ايليک لاماک] قولغا كىرگۈزمەك، ئالماق، ئىگىلىمەك:

... گويا بۇ تىكەنلەر سەرزەمىنىش زىمىرىدىن نەزم خەيلى گۈلدەستە بەندلەرى بۇ گۈلشەندىن بەزم تۈزگۈچە گۈل ئىلىكلەي ئالماي يول تۇتۇپتۇرلەر.

— نەۋايى.

ئىلىگ [ايليک] «ئىلىك» كە قاراڭ؛

ئىلىكى [ايليکى] قولى، «ئىلكى» گە قاراڭ.

ئىلىنماق [ايلينماق] ئىلىنماق، تورغا چۈشمەك، قولغا چۈشمەك:

كىرىپ سۆز ئىشتتىم بۇ شەھ دارىغە،
خىيالىم ئىلىنسەم ئاناڭ تارىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىما [ايما] ئىما، ئىشارەت؛ ئىشارەت قىلىش؛ بەلگە:

نۇقتەئى مەۋھۇم ئېرۇر ياممى فەم يا ئەينى ئىشق،
يا ئاغىز يا غۇنچە يا يوقلۇق سارى ئىمامۇدۇر.

— ئەرشى.

سۇرەئى «تاھا» نى زاتىدىن بىر ئىما ئاڭلادىم،
ئايەتى «ۋەللەيلى» شەرھىن زۇلفى يەلدا ئاڭلادىم.
......

— ئەرشى.

ئىمار [عمار] (ئە) «ئىمارەت» كە قاراڭ:

ئەرىقنىڭ ئاياغىدا قىلدى ئىمار،
قىلىپ ئاندا شافۇر نەقش - نىگار.

— ئا. نىزارى.

ئىمارات [عمارات] (ئە) ئىمارەتلەر، «ئىمارەت» كە قاراڭ:

سارايۇ باغۇ ئەيۋان بىرلە مەنزەر،
ئىماراتى كى جەننەتكە بەرابەر.

— زەلىلى.

ئىمارەت [عمارت] (ئە) [كۆپلۈكى: ئىمارات] ئىمارەت؛ قۇرۇلۇش؛ بىنا:

ئىمارەتنى سۇ دەۋر ئېتىپ ئايلانىپ،
كېلىپ ناۋدانغە نەچە تولغانىپ.

— ئا. نىزارى.

ئىمام [امام] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەئىممە] ئىمام، پېشۋا (نامازغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى):

ياد ئېتىپ دائىم سەھەرلەر ئەيلەسە ئاھۇ فىغان.
تەۋق ئېتىپ يۈرمىش ئىماملارنى كۆڭلۈم ھەر زەمان.

— موللا سالىھ.

ئىمامى ئەئزەم — ئۇلۇغ پېشۋا، يولباشچى.

ئىمامان [امامان] (ئە) «ئىمام» غا قاراڭ:

كەلدى زەلىلى تەلبە تەۋق ئەتكەلى ئىمامان،
سەرھەددى چىنۇماچىن دارۇل - ئىمان ئەمەسمۇ؟

— زەلىلى.

ئىمامەت [امامت] (ئە) ئىماملىق، ئىماملىق مەنسىپى.

ئىمامەت قىلماق — ئىماملىق ۋەزىپىسى ئۆتىمەك، ئىمام بولماق، ئىماملىق قىلماق.

ئىمامزادە [امام زاده] (ئە + پ) ئىمامنىڭ ئوغلى:

مەنقۇلدۇركى، ھەججاجى يۈسۈف قەتلىدىن ئىمامزادەلەردىن بىرى قاچىپ ئېردى ۋە كىينىچە جەمئى قاۋۇب كېلۇر ئېردىلەر.

— نەۋايى.

ئىمان [ايمان] (ئە) ئېتىقاد، ئىشەنچ، ئىمان:

شەۋقى غەمكىن بولماغىل شايەدكى ئىماننىڭ قەبۇل،

نىيەتى ئىمان جەزاسى باغ رىزۋانىمغە ئەرز.

— شەۋقى.

ئىمان ئەرز قىلماق — بويسۇنماق، ئىشەنچ بىلدۈرمەك.

ئىمان قىلماق — جەزم قىلماق.

ئىمان كەلتۈرمەك — «ئىمان كېتۈرمەك» كە قاراڭ.

ئىمان كېتۈرمەك — 1) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماق، مۇسۇلمان بولماق. 2) ئىشەنمەك، تەستىق قىلماق.

ئىمان نىشانى — ئىمان بەلگىسى، ئېتىقاد نىشانى.

ئىمانى ھەقىقىي — توغرا، يېگانە ئېتىقاد.

ئىمانسوز [ايمان سوز] (ئە + پ) ئىشەنچىنى يوق قىلغۇچى:

ئىشق ئالەمسوز ئېرۇر، جانسوز ھەم،
شەۋق ئوتىدىن كۇفرۇ ئىمانسوز ھەم.

— نەۋايى.

ئىمەنمەك [ايماناك] ھېيىقماق، تارتىنماق، ئەيمەنمەك:

ئىتلارىڭنىڭ چۇن كەفى ـ لايىن ئويلارمەن ئىمەنىپ.

— نەۋايى.

ئىمتىداد [امتداد] (ئە) سوزۇلۇش، ئۇزىراش؛ داۋاملىشىش.

ئىمتىداد تاپماق — ئۇزاق داۋالاشماق، سوزۇلماق.

ئىمتىزاج [امتزاج] (ئە) ئارىلىشىش، قوشۇلۇش:

چۇ باتۇ بۇ سۆزدىن بولۇپ نا ئىلاج،
كى شىرىنغە ئول دەم بولۇپ ئىمتىزاج.

— ئا. نىزارى.

ئىمتىزاج تاپماق — ئارىلاشماق، قوشۇلماق.

ئىمتىسال [امتثال] (ئە) بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش؛ نەمۇنە ئېلىش، تەقلىد قىلىش:

بۇ ئەمرىغە مەن ئىمتىسال ئەيلەدىم،
جەۋابىڭ شىرىن مەقال ئەيلەدىم.

— مۆجىزى.

ئىمتىلا [امتلا] (ئە) تولۇش؛ تويۇش، تويۇنۇش.

ئىمتىلا قىلماق — تولدۇرماق.

ئىمتىلا مەرەزى — قارنى يامانلىق كېسىلى، ئاچ كۆزلۈك.

ئىمتىنائ [امتناع] (ئە) قوبۇل قىلماسلىق، ئۇنىماسلىق، رەت قىلىش؛ تارتىنىش؛ چېكىنىش.

ئىمتىنائ قىلماق — رەت قىلماق.

ئىمتىھان [امتحان] (ئە) سىناش، تەكشۈرۈش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش، ئىمتىھان:

بۇلبۇل گۈلنىڭ مۇھەببىتىنى ئىمتىھان قىلماق ئۈچۈن تىكەنىنى بەھانە قىلىپ كەتكەنى، گۈل خىزمىتىنى تەرك ئەتكەنى.

— خىرقەتى.

ئىمتىھان ئەيلەمەك — سىنىماق.

ئىمتىياز [امتياز] (ئە) ئىمتىياز؛ پەرق، ئارتۇقلۇق؛ ئارتۇقچە ھوقۇق؛ ئايرىش، پەرق ئېتىش، تونۇش، چۈشىنىش:

چۇن بىلۇرسەن قارەدىن ئاقنى قىلۇرمەن ئىمتىياز،
بولماغىل كۆڭلى قارالاردەك مۇكەددەر زىنھار.

— تەجەللى.

ئىمتىياز ئەيلەمەك — ئىمتىيازلىق قىلماق، ئارتۇقچە ئەھمىيەت بەرمەك، باشقىلاردىن پەرقلەندۈرمەك.

ئىمتىياز بەرمەك — ئۇلۇغۋارلىق؛ ئىمتىياز بەرمەك.

ئىمتىياز تاپماق — ئۈستۈنلۈك قازانماق.

ئىمداد [امداد] (ئە) 1) ياردەم، مەدەت، قوللاش:

گۈلنى كۆرسەم بىخۇد ئولسام ئىشق زورىدىن داغى،
ھەم بېرىپ لەئلىڭ گۇلابىدىن كى ئىمداد ئەيلەگىل.

— موللا بىلال.

2) ئىلتىجا، يېلىنىش؛ ئىلتىماس:

ساڭا چۇن بار ئانىڭ مۇرادى ـ مۇراد،
مەن مۇرادىغە ئەيلەسەم ئىمداد.

— نەۋايى.

ئىمداد ئەتمەك — مەدەت بەرمەك، ياردەم قىلماق.

ئىمداد ئەھلى — مەدەتكارلار، قوللىغۇچىلار.

ئىمداد قىلماق — ياردەم بەرمەك، ياردەملەشمەك؛ قوللىماق.

ئىمداد يەتكۈزمەك — ياردەم بەرمەك، قوللىماق.

ئىمزا [امضا] (ئە) ھۆكۈم، ھۆكۈم يۈرگۈزۈش؛ تەستىق، ئىمزا، قول قويۇش.

ئىمساك [امساك] (ئە) ساقلاش؛ ساقلىنىش؛ پەرھىز، بېخىللىق؛ ئەدەپ، قائىدە:

قانىڭ ئولغىل دەردىغە كىم، ئەرشىيا، گەر پىرى دەير،
جۇرئەئى غەم سافىدىن بەرمەككە ئىمساك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

نەزەر مەندىن ئايار غەمزەڭ ئەجەبدۇر،
كىم، ئۆسرۈكلەردە بولماس رەسم ئىمساك.

— لۇتفى.

ئىمكان [امكان] (ئە) 1) مۇمكىنلىك، مۇمكىنچىلىك، ئىمكانىيەت؛ ئېھتىمال:

لەبىڭدە ئاستىن ـ ئۈستۈن ئىككى خالىڭ جانغە ئىككى داغ،
نە ئىمكان بولغاي ئول سەيئى ئىلە ئىككى نۇقتەسىدەك ھەك.

— ئەرشى.

2) كۈچ، قۇۋۋەت، مادار، تاقەت:

دوستلار يەتتى دىلىمغا ھەر زەمان يۈزمىڭ شىكەست،
قالمادى شەرم يۈزۈمدە، تەندە ئىمكانىم مېنىڭ.

— موللا بىلال.

ئىمكان بولماق — مۇمكىن بولماق.

ئىملا [املا] (ئە) يېزىش، يازدۇرۇش؛ ئىملا، يېزىق؛ بەلگە.

ئىملا بىتمەك — ئىملا، يېزىق ئۆگەنمەك.

ئىملا قىلماق — يازماق، يازدۇرماق.

ئىمن [ايمن] (ئە) تىنچ، ئامان، خەۋپسىز:

كۆرۈنمەي كىشىگە ئەدۇۋ ۋەھمىدىن،
ئىمن بولغامىز دەپ ئانىڭ زەخمىدىن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىن [عين] ئىن، ئۇۋا؛ غىلاپ:

قۇسۇنغە ئايتىبان يالغانۇ چىنىدىن،
چېكەر ئەفئىنى ئەفسۇن بىرلە ئىنىدىن.

— نەۋايى.

ئىنا [انا] (ئە) ئىدىش، كوزا، قەدەھ:

ئۆيلە ئىشقىڭ مەيى لەب تەشنەسىمەنكىم، ئىچمان،
ئاز دېبان بادەم ئۇچۇن بولسە فەلەك جامى ئىنا.

— نەۋايى.

ئىناد [عناد] (ئە) قىيسىقلىق، بويىنى قاتتىقلىق:

نەفسىغە ئانىڭ يېتىپ مۇنداق ئىناد،
نەچە كۈن بۇ ئىش چۇ تاپتى ئىمتىداد.

— نەۋايى.

ئىناس [اناث] (ئە) [بىرلىكى: ئۇنسا] ئاياللار، خوتۇنلار:

ۋە ئىناسنى زۇكۇردىن ئايىردى ۋە دۇرج ئىنچىندە دېدىكىم، ياقۇتى ناسۇفتەدۇر.

— نەۋايى.

ئىنئام [انعام] (ئە) [كۆپلۈكى: ئىنئامات] ئىنئام، ھەدىيە، تارتۇق، سەدىقە:

خۇش ئامەدكە ئېيلەپ كۆپ ئىنئامىنى،
كى ئىنئام بىرلە قويۇپ دامىنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىنئام ئەيلەمەك — ھەدىيە قىلماق، تارتۇقلىماق.

ئىنان I [عنان] (ئە) ئالدى، ھۆزۈر، ئىختىيار، تىزگىن، يۈگەن:

سىنىپ ئاتى سەبا رەفتارى گۈلگۈن،
ئىنانىن ئەتتى سەھرا قىلدى ئول كۈن.

— ناقىس.

بۇراقۇ بەرق ئانداغ دەفتەرى ئۆمرۈمنى تەي ئەيلەر،
ئىنانىن توختاتۇرغە تاپمادىم، ئەي دوست تەدبىرى.

— زەلىلى.

ئىنان ئەزىمىنى قىلماق — قايرىلماق، بۇرۇلماق.

ئىنان تاب — تىزگىننى بۇرىغۇچى، قايرىغۇچى، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكۈچى.

ئىنان تاب ئولماق — يۈز ئۆرۈمەك.

ئىنان تارتماق — تىزگىننى تارتماق.

ئىنانى ئىختىيار — ئىختىيار تىزگىنى، ئىشەنچ.

ئىنانى ئىختىيار ئەسرىمەك — ئۆزىنى تۇتۇۋالماق؛ ئەقىل - ئىدراك بىلەن ئىش كۆرمەك.

ئىنان II [اينان] (پ) ئىشەنچ، ئېتىقاد.

ئىنانكەش [عنان كش] (ئە + پ) يېتەكلىگۈچى، باشقۇرغۇچى، تىزگىننى تارتقۇچى، توختاتقۇچى.

ئىنانگىر [عنان كير] (ئە + پ) تىزگىننى، يۈگەننى تارتقۇچى، توختاتقۇچى.

ئىنانماق [اينانماق] ئىشەنمەك:

ئىنانسام بەرھەمەن سۆزى راستدۇر،
دېمەيكىم سۆزى ھەم ئۆزى راستدۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ھەققاكى قىلىچ كەلسە باشىمغە ئىشىكگەدىن،
يوقتۇر گۇزەرىم، خاھ ئىنان، خاھ ئىنانما.

— لۇتفى.

ئىنانمان [اينانمان] ئىشەنمەيمەن:

ئىنانمان تالىئىمدىن بۇ نەزەرنى،
كى بەرمەدى مۇنەججىم بۇ خەبەرنى.

— لۇتفى.

ئىنايات [عنايات] (ئە) «ئىنايەت» كە قاراڭ:

ئىناياتى ھەقدىن مۇسۇلمان بولۇپ،
يامان ئىشلارىدىن پۇشايمان بولۇپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىنايە [عنايه] (ئە) ئىنايەت، مېھرىبانلىق، مەرھەمەت، ئىلتىپات، «ئىنايەت» كە قاراڭ:

لەھزە ۋەسلى لەھزە ھەجرىڭ رەنجىنى گۇمنامغە -
تاشلادىڭ، بىچارەدۇر، گۇل ھەم ئىنايەئدۇر سېنىڭ.

— گۇمنام.

ئىنايەت [عنايت] (ئە) ئېھسانلار، ياخشىلىقلار، مېھرىبانلىقلار، غەمخورلۇق، ئىلتىپات، ياردەم:

بولۇپ بۇلبۇلغە تەگرىدىن ئىنايەت،
قىزىلگۈل ۋەسلىگە تاپتى ھىدايەت.

— خىرقەتى.

يۇلۇمغە رەھبەرئەت ئەھلى ئىنايەت،

ۋىسالىڭ بەزمىگە قىلسۇن ھىدايەت.
— گۇمنام.

ئىنايەت ئەتمەك — «ئىنايەت قىلماق» قا قاراڭ.

ئىنايەت ئەيلەمەك — ئىلتىپات قىلماق، مەرھەمەت قىلماق، ياردەم قىلماق.

ئىنايەت بەھرى — رەھمەت دېڭىزى:

ھىجرى دەشتىدە سۇسىز جان لەبگە يەتكەن چاغدا بىر،
رەھم ئېتىپ بىر قەترە سۇ يارەب ئىنايەت بەھرىدىن.
— مەھزۇن.

ئىنايەت قىلماق — «ئىنايەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىنايەتى پىنھان — يوشۇرۇن ئىلتىپات.

ئىنايەتنامە [عناعت نامه] (ئە + پ) ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت مەكتۇپى:

شاتىر فەلانىي فەلان ئاي كېچەسىدە فەلان كۈن كېلىپ،
ئىنايەتنامەكىم، بۇ بەندەنى ياد قىلىپ ئېردىڭىز كەلتۈردى.

ئىنەك [اينک] ئەمدى، ئەندى، كېيىن، ئارقىدىن (ياردەمچى سۆز):

ئول دېدىكى، ئەۋۋەل كۆڭلۈڭنى سەھۇ ۋە غەفلەتتىن مۇجەررەد قىل ۋە ھەۋادىن نەفسىڭنى ۋە لەغۋدىن تىلىڭنى، ئىنەك تەجەررۇد ھاسىل بولدى.
— نەۋايى.

ئىنەلمەك [اينالماك] يىلىنماق، يالۋۇرماق:

ۋىسلىن ئىستەپ كۆپ ئىنەلدىم قاۋدى كويىدىن مېنى،
بولسە مۇبرىم شىۋە، ئەلبەتتە، گەدا مەردۇد ئېرۇر.
— نەۋايى.

ئىنبىسات [انبساط] (ئە) يېيىلىش، يېزىلىش؛ شادلىق، خۇرسەنلىك؛ ياشناش، كۆڭلى ئېچىلىش:

كى ئاندا قىلۇر خەلق ئەيشۇ نىشات،
جەھاننىڭ غەمىدىن تاپىپ ئىنبىسات.
— غەربىي.

ئىنبىسات ئەيلەمەك — شادلاندۇرماق، خۇرسەن قىلماق.

ئىنبىسات قىلماق — «ئىنبىسات ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ئىنبىسات ئولماق — ياشىنماق، ئېچىلماق؛ خۇرسەن بولماق، شادلانماق.

ئىنتىباھ [انتباه] (ئە) تەنبىھ؛ ئويغىتىش؛ ھوشيارلىق، ئاگاھلىق:

كى نۇكتە سۇرەرگە تۇرۇپ پادشاھ،
غەرىبلەر بۇ سۆزگە بولۇپ ئىنتىباھ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىنتىباھ قىلماق — تەنبىھ قىلماق، ئاگاھلاندۇرماق.

ئىنتىخاب [انتخاب] (ئە) سايلاش، تاللاش، ئىلغاش:

چۈن تەرىقەت يولىغا كىرمەكنى قىلدىڭ ئىختىيار،
ئەۋۋەلا بىر مۇرشىدى ھادىنى قىلغىل ئىنتىخاب.
— زەلىلى.

ئىنتىخاب ئەيلەمەك — سايلىماق، تاللىماق.

ئىنتىزار [انتظار] (ئە) كۈتۈش، زارىقىپ كۈتۈش؛ كۈتكۈچى، ئىنتىزار:

يوقتۇرۇر بىرھەمىم، زالىم بىر ئانىڭدەك دەھر ئارا،
يولىدا ئاقاردى كۆزۈم ئىنتىزارىم بىلمەدى.
— قەلەندەر.

ئىنتىزار تارتماق — كۈتمەك، ئىنتىزار بولماق.

ئىنتىزار چەكمەك — «ئىنتىزار تارتماق» قا قاراڭ.

ئىنتىزام [انتظام] (ئە) تەرتىپ، ئىنتىزام:

ۋىلايەت ئىشىغە بېرىپ ئىنتىزام،
سىپەھلەرغە بەردىم ئەمەل ۋەسسەلام.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىنتىزام تاپماق — مۇكەممەل بولماق؛ تۈزەلمەك.

ئىنتىساب [انتساب] (ئە) نىسبەت؛ تېگىشلىك؛ بىرەر مەسىلەككە مەنسۇپلۇق.

ئىنتىساب تاپماق — نىسبەت (ئۇلۇش) تاپماق، يېتىشمەك.

ئىنتىشار [انتشار] (ئە) يېيىلىش، تارقىلىش.

ئىنتىشار تاپماق —يېيىلماق، تارقالماق.

ئىنتىفا [انطفا] (ئە) ئۆچۈش، سۆنۈش؛ يوق بولۇش، يوقىلىش.

ئىنتىفا تاپماق — ئۆچمەك، سۆنماق.

ئىنتىفائ [انتفاع] (ئە) نەپ، بەھرىمەنلىك؛ پايدىلىنىش، مەنپەئەتلىنىش:

مەئاۋىز قىلىپ بۇتقە ئاشۇ مىتائ،
سەنەم بەيگى بىرلە تاپىپ ئىنتىفائ.
— ئا. نىزارى.

ئىنتىقاد [انتقاد] (ئە) ئاجرىتىش؛ تەنقىد:

مەسەلەن: قەۋائىد ئەۋۋەلىدە ئىنتىقاد قائىدەسىن ئەدا قىلۇردا ئىستىشھادقە مۇئەمماكىم، كەلتۈرۈپدۇرلەر، ئەگەرچى ئىنتىقاد ھەم مۇئەددا بولۇپتۇر، ئەمما تەركىب يا تەھمىل يا غەيرىھكىم مۇبتەدىنىڭ ئالارغە ھەنۇز شۇئۇرى يوقتۇر.
— نەۋايى.

ئىنتىقاش [انتقاش] (ئە) نەقىشلەنگەن؛ نەقىشلىنىش:

تەبئى ئول مەنزىلدە كۆرگەچ ئىنتىقاش،
كۆردى چەشمە باشىدە بىر تەختە تاش.
— نەۋايى.

ئىنتىقال [انتقال] (ئە) كۆچۈش، بىر جايدىن ئىككىنچى جايغا ئۆتۈش (يۆتكىلىش)؛ ۋاپات بولۇش، ئۆلۈش:

چۇ دەۋلەت كۈنىگە يېتىشتى زەۋال،
بەقا سارى قىلدى پەدەر ئىنتىقال.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىنتىقال ئەتمەك — كۆچمەك؛ ئۆلمەك، ۋاپات بولماق.
ئىنتىقال تاپماق — ئۆتمەك، كۆچمەك.
ئىنتىقال قىلماق — «ئىنتىقال ئەتمەك» كە قاراڭ.
ئىنتىقال ئولماق — كۆچمەك؛ ۋاپات بولماق.

ئىنتىقام [انتقام] (ئە) ئۆچ ئېلىش، قىساس، ئىنتىقام.
ئىنتىقام تاپماق — جازالانماق.
ئىنتىقام تارتماق — ئازابلانماق؛ جازالانماق.
ئىنتىقام تۈزمەك — ئۆچ ئالماق، قىساس ئالماق.

ئىنتىھا [انتها] (ئە) ئاخىر، سوڭ:

ئانىڭ ئەۋۋەلى يوق ۋەيا ئىنتىھا،
ئانىڭ ئاخىرى يوق ۋەيا ئىبتىدا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىنجۇ [اینجو] 1) ئۈنچە، مەرۋايىت، دۇر:

تىشىڭ ئىنجۇسىنى تا كۆردى لۇتفى،
تاپىلماس تاشىدەك بىردۇر ئەدەندە.

— لۇتفى.

2) كۆز يېشى:
يار فىراقىدىن ياشۇ قان تۆكمەك كۆزنىڭ فەنى بولغانىنى بۇ جىھەتدىن ئول بەھرۇ كان ئىنجۇ ۋە لەئل مەخزەنى بولغانىنى غەرىب سۇرەتدە نەزم قىلۇر.

— نەۋايى.

ئىنجىتمەك [اینجعتماک] رەنجىتمەك، خاپا قىلماق:

ئەلەدى يۈز قەتلە سۆز بىر قەتلە قان كۆڭلۈنىكىم،
ئۇرمادى بىر تىيغ ئانى يۈز قەتلە تا ئىنجىتمەدى.

— نەۋايى.

ئىنجىمەك [اینجیماک] رەنجىمەك، خاپا بولماق:

ئەي نەۋائىي، گەر دېسەڭ كۆپ ئىنجىمەي دەۋر ئەھلىدىن،
ھەرنى دەرلەر يا قىلۇرلەر، قىلماغىل پەرۋا بىسى.

— نەۋايى.

ئىنچەك [اینچاک] ئىنچىكە، نازۇك.

قىلىچدىن تېز، قىلدىن ئىنچەك.

— نەۋايى.

ئىنچكە [اینچکه] «ئىنچەك» كە قاراڭ:

... ۋە ئول ئىنچكە ئۈن بىلە يىغلاماقدۇر.

— نەۋايى.

ئىنخىرات [انخراط] (ئە) تىزىلىش؛ تىزىش؛ تاراشلىنىش؛ تېرىلىش، بىرەر گۆرۈھ ئىچىگە كىرىش.
ئىنخىرات تاپماق — تىزىلماق، بىرەر گۆرۈھنىڭ ئىچىگە كىرمەك.

ئىندەمەك [ايندماك] چاقىرماق، چىللىماق، تەكلىپ قىلماق، ئۈندىمەك:

ناگەھان تۈشتى قولۇمغە، ئۈچتى بەختىمنىڭ قۇشى،
ئىندەسەم ئىلكىمگە كەلمەس باغرى قاتتىق تاش تۈلەك.

— گۇمنام.

ئىندەللاھ [عندالله] (ئە) خۇدانىڭ نەزىرىدە:

ۋائىزا ۋەئزىڭنى «ئىندەللاھ» دېگىل،
كىم ئىشتىپ قىلسە ئەبدۇللاھ دېگىل.

— خەراباتى.

ئىندەنناس [عندالناس] (ئە) ئادەملەر ئالدىدا.

ئىندۈرمەك [ايندورماك] چۈشۈرمەك؛ ئەگمەك، پەس قىلماق، تۆۋەنلەتمەك:

جىلۋەگەر ئول تەب ھىلالى كۆرگەچ ئوق باش ئىندۈرۈڭ،
كەئبەدە گەر سەيرگاھدۇر شەيخ مىھراب ئارزۇ.

— ئەرشى.

باش ئىندۈرمەك — باش ئەگدۈرمەك، باش ئېگىشتۇرمەك؛ تەزىم قىلماق.
بوينىغە ئىندۈرمەك — بوينىغا ئالدۇرماق؛ گەدىنىگە قويماق.

ئىندىراج [اندراج] (ئە) بىرەر نەرسە دائىرىسىگە، تەركىبىگە قېتىلىش، قوشۇلۇش.
ئىندىراج تاپماق — بىرەر نەرسە دائىرىسىگە كىرمەك، قوشۇلماق.

ئىنزىئاج [انزعاج] (ئە) بىئارام بولماق، ئەنسىرىمەك، تەشۋىشلەنمەك، چۆچۈمەك، ھودۇقماق؛ قورقماق:

ئانى زەبت قىلماقغە يوقتۇر ئىلاج،
قويۇپ بەردى ئول ئەيلەدى ئىنزىئاج.

— ئا. نىزارى.

ئىنزىۋا [انزوا] (ئە) چەتلىشىش، دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىش، خىلۋەتتە ياشاش؛ تەنھالىق.
ئىنزىۋا بولماق — خىلۋەتنى ئىختىيار قىلماق.
ئىنزىۋا قىلماق — چەتكە ئالماق، يوشۇرماق.

ئىنس [انس] (ئە) ئادەملەر، ئادەم جىنسى:

ئەي مەلەك سورغىل رەئىيەت ھالىنى،
ئىنسۇ ئۈلفەت بىرلە بەرھەم دادىنى.

— خەراباتى.

ئىنسۇجان — «ئىنسۇجىن» غا قاراڭ:
ئىشتىكەن زەمان ئول ئىنسۇجان، داۋۇد زەبۇرىدىن ھەمان،
بىھۇش يىقىلىش ھەر زەمان مۇرغى ھەۋالار بىرلە زاغ.

— شەۋقى.

ئىنسۇ جىن — ئىنسانلار ۋە جىنلار؛ بارچە جانىۋارلار.

ئىنساف [انصاف] (ئە) ئادىللىق، ئادالەت؛ ئىنساپ:

قايان كەتتى ئىنساف، قايان كەتتى بەزل،
ئىشىڭ كۆپ خەتەردۇر مەگەر بولما ئەزل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىنساف بەرمەك — ھەقىقەتكە رىئايە قىلماق، ھەقىقەتنى سۆزلىمەك.

ئىنسان [انسان] (ئە) ئادەم، ئادەم جىنسى، ئىنسان:

قىلماغىل ئۆمرۈڭنى زايىئ ئىشقىدىن غافىل بولۇپ،
بىخەبەر بولماق بۇ يولدا پىشەئى ئىنسان ئەمەس.

— ئابىت.

ئىنسانىي [انسانى] (ئە) كامالەتلىك، يېتۈكلۈك:

ئانى بەشەر خەيلىنىڭ ئىنسانىي بىلە،
ئادەمىيلەر ئادەمىيسىن ئانى بىلە.

— نەۋايى.

ئىنشا [انشا] (ئە) 1) باشلاش، يارىتىش، ئىجاد قىلىش، پەيدا قىلىش:

قىلىپ ئىبردىم ئىنشا بۇ ئەبياتنى،
قەبۇل قىلدى تەڭرىم مۇناجاتنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) يېزىق، خەت؛ يازماق:

رەمۇزى ئىشقى ئىنشا ئەيلەدىم مەن خامە بىلمەيدۇر،
سەراپا ئوت تۇتاشتى خەت يۈزىگە نامە بىلمەيدۇر.

— زەلىلى.

ئىنشا ئەيلەمەك — ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك، يازماق، پۈتمەك.

ئىنشا قىلماق — ئىجاد قىلماق، يازماق.

ئىنشايى ھۆكم ئەتمەك — ھۆكۈمنامە يازماق، پەرمان چىقارماق.

ئىنشائاللاھ [انشاء الله] (ئە) خۇدا خالىسا، خۇدا بۇيرۇسا؛ بەلكى، بەلكىم:

ھىممەتىن كاش رەۋان ئەيلەسە شاھ،
كەلگەلى ئول ئىكەۋ، ئىنشائاللاھ.

— نەۋايى.

ئىنفىئال [انفعال] (ئە) ھاياجانلىنىش؛ تەسىرلىنىش؛ خىجالەت، خىجالەت تارتىش، ئۇيىلىش:

سارغارىپ گاھى قىزارىپ مىھرۇ مەھ بىر ھال ئەمەس،
ئەيلەمىش ئانى ئۇزاردى ئىنفىئالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

ئىنقىتائ [انقطاع] (ئە) كېسىلىش، ئۈزۈلۈش، تۈگەش؛ توختاپ قېلىش:

ئاقىپ ياش كۆزىدىن دىدى ئەلۋىدائ،
مەگەر بولماغايكىم بۇ جان ئىنقىتائ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىنقىراز [انقراض] (ئە) تۈگەللىنىش، تامام بولۇش، يوقۇلۇش:

ئەۋۋەل ئافەرىنىشدىن ئىنقىرازغە دېگىنچە ئەھۋالىكى ۋاقىئ بولۇبدۇر.

— نەۋايى.

ئىنقىلاب [انقلاب] (ئە) ئۆزگەرتىش؛ ئۆزگىرىش:

فەلەك سەيرى ئىزتىرابىدىن ۋە زەمان ھەۋادىسى ئىنقىلابىدىن بۇ ئەۋراق ھەم نابۇد بولغاي.

— نەۋايى.

ئىنقىياد [انقياد] (ئە) بويسۇنۇش، تەۋە بولۇش:

ۋەلى «غوجا» دەپ، قىلدىلەر ئېتىقاد،
كى ئىخلاس قىلىپ ئەيلەدى ئىنقىياد.

— موللا بىلال.

ئىنقىياد قىلماق — ئەمەل قىلماق، بىجىرمەك، بويسۇنماق.

ئىنقىيادى ئەمر — بۇيرۇققا بويسۇنۇش.

ئىنقىياد قىلماق — ئەمەل قىلماق، بىجىرمەك، بويسۇنماق.

ئىنكار [انكار] (ئە) رەت قىلىش، قوبۇل قىلماسلىق، ئىنكار؛ قايتىش، تېنىش:

ئىنكار ئېلىدىن كۆزۈڭنى يۇم، باقما ئاڭا،
كىم باقتى ئاڭا دىدەئى ھەق بىن كەتتى.

— گۇمنام.

ئىنكار ئەتمەك — تانماق، قايتماق (سۆزدىن).

ئىنكار قىلماق — رەت قىلماق، تانماق.

ئىنكىسار [انكسار] (ئە) سۇنۇش؛ سۇنۇق، شىكەستىلىك، ئاجىزلىق؛ كەمتەرلىك:

ئەگەر زەئفىمۇ رەنجى بولسە تارى،
ۋەگەر يەتسە قەرىلىق ئىنكىسارى.

— نەۋايى.

ئىنمەك [اينماك] ئېگىلمەك؛ چۈشمەك، پەسكە چۈشمەك:

بىرەر يىغلاپ ئۇلۇغ تىنسا كۆچەنىپ،
دىماغىندىن كېلۇر قان بىرلە ئىنىپ.

— لۇتفى.

ئىۋىرغول [ايويرغول] قۇمۇلنىڭ قەدىمكى نامى.

ي

يا I [يا] (پ) يا، ياكى (ئايرىغۇچى باغلىغۇچى):

يا پەرى ياھۇر يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۆتتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

— گۇمنام.

يا II [يا] (ئە) ئەي، ھەي (ئۈندەش):

مۇناجات قىلدىم دېدىم: يا ئەللاھ،
سەن ئۇق سەن جەمئى شەھەنشەھغە شاھ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يارەب — ئەي خۇدا، ئەي ئاللا:

نېچۈك بىر بىۋەفا بىر شوخ زالىم شوخ ئىدى، يا رەب،
تۈمەن دەرد ئىلە بىس ئەرشىنى ئەيلەپ بىنەۋا كەتتى.

— ئەرشى.

يا رەببا — ئەي پەرۋەردىگار، ئەي تەڭرىم:

يا رەببا، ھەركىم مۇنافىق بولماغاي،
راھى راست بەرگىكلى فاسىق بولماغاي.

— خەراباتى.

يا رەببەنا — ئەي، بىزنى تەربىيىلىگۈچى ئاللا:

ئۆزۈڭ مەدەتكە ئەيلەگىل ئاشىنا،
قىلىپ پەرۋەرىش بىزنى، يا رەببەنا.

— ئا. نىزارى.

يا رەسۇلىللاھ — ئەي رەسۇلىللاھ (ئەي خۇدانىڭ ئەلچىسى).

يا ھەي — ئەي تىرىكلەر.

يا ھەيىۇ — «يا ھەي» گە قاراڭ.

يامۇغەننىيا — ئەي مۇغەننىي.

نەۋائىيا — ئەي نەۋايى.

يا III [يا] 1) «ياي» نىڭ قىسقارتىلمىسى، كامان:

قاچان ئالسا ئاتماق ئۈچۈن قولىغە يا،
قويۇر رەخش ئۈزرە رىكابىغە پا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئەگمە، قايرىلما (قاش):

ئەلىف تىمسالىكىم جانلار ئارا قاش ياسىدىن ئالغان،
خەدەڭگى تارى مىژگان پارىسىدۇر دېمەگىز ناۋەك.

— ئەرشى.

يا قىلماق — ئەگمەك، بۈكمەك.

ياب [ياب] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «تاپقۇچى، ئالغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

زەر قىزىنىڭ ھەسرىتىدە تەشنە كەلدىم ساقىيا،
نەشئەگى ياب ئىلە ئۇل لەئلى لەبى ئەفزاسىدىن.

— ئەرشى.

بەھرە ياب — بەھرە ئالغۇچى، پايدىلانغۇچى.

يابان [يابان] (پ) چۆل، دەشت؛ دالا:

يېتىپ كەلدى سەبا دەشتى - ياباندىن،
كېلىپ گۈلشەنگە ئۇل سەيرى جەھاندىن.

— خىرقىتى.

يابەندە [يابنده] (پ) تاپقۇچى، تېپىۋالغۇچى، تاپىدىغان:

دېدىكىم دەشت ئارا شىتابەندە،
بەلكى جويەندە كەلدى يابەندە.

— نەۋايى.

يابىس [يابس] (ئە) قۇرۇق، قۇرۇغان؛ قۇرۇتىدىغان؛ قۇرغاق، ئىسسىق:

يەمەن مۈلكى قاچانكىم بولسا يابىس،
بولۇر ئەئرافتەك دۇنيادا تەكسىز.

— لۇتفى.

يابىس ئولماق — قۇرۇق بولماق؛ ئىسسىق بولماق.

ياپماق [ياپماق] 1) ياپماق، بېكىتمەك، قاپلىماق، يوشۇرماق:

تۈرلار فەرش ئۈزرە ئەجەب سەندەلى،
ياپىغلىق ئانىڭغە ياشىل بەخمەلى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) يايماق، سالماق:

گەھى سەر بەرەھنە گەھى ياپىبان،
گەھى يىغماق ئېردى گەھى چاپىنان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) تۇسماق؛ باسماق:

يۈزۈڭ ئاللىدە ھەر نەفەس تۇتما كۆزگۈ،
قۇياشنى قەمەر ياپماق ئېرمەس مۇناسىپ.

— نەۋايى.

4) قىلماق، ياسىماق، ياراتماق:

ياپتى قەۋۋاسى قەزا بىر - بىرىگە مۇشكىن قەۋس،
ئاتقالى كىرپىك ئوقىن جان بىلە كۆڭلۈم سارى ۋاي.

— نەۋايى.

5) يوق قىلماق، تۈگەتمەك:

قىنى سۇلتانۇ شاھىدۇ خەيلى،
بارچەسىن ياپتى ئەجەلنىڭ زەيلى.

— نەۋايى.

ياپۇرغاق [ياپورغاق] يوپۇرماق، ياپراق، بەرگ:

ئاھ ئوتى ئۇچقۇنلارىكىم، چەرخ ئۇرۇپ،
لالە ياپۇرغاقىنى يەل ساۋۇرۇپ.

— نەۋايى.

ياپۇرماغ [ياپورماغ] «ياپۇرغاق» قا قاراڭ:

ياپۇرماغى ئارا ئەنگۇر شاھى،
سىپەر تارتىپ يۈزىگە چۈن سىپاھى.

— زەلىلى.

ياپۇشماق [ياپۇشماق] يىپىشماق، چاپلاشماق؛ ئەگەشمەك؛ پىيىغا چۈشمەك:

يۈزۈڭ ھەجرىغە سەبىر ئەتمەي ئوت ئۆزرە مۇشك چۈشكەندەك،
ئېرمەس خالىڭ ياپۇشقان مەردۇمى چەشمى سىياھىدۇر.

— گۇمنام.

ھەرامزادە سىيەھ بەختۇ تىبەھكار،
ياپۇشتى ئارقاسىغە دانەئى كار.

— ناقىس.

يات [يات] يات، ناتونۇش:

كېتەش ئەيلەدى ئولتۇرۇپ ئۆز ۋە يات،
ھەرىم تەۋفىغە بارسە، تاپغاي نەجات.

— ئا. نىزارى.

ياتماق [ياتماق] ياتماق، جايلاشماق، ئورۇنلاشماق، ئورناشماق؛ ئۇخلىماق:

يەنە مىنگەلى ھەم بىرىپ ياخشى ئات،
غىزا بەردى ئاندىن دېدى: مۇندا يات.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياتا قىلماق — ياتماق، يېتىپ قالماق.

غەمزە ئوقى بىرلە ئاتىپ ئېردى يۈرەكىمگە،
بەرداشت قىلالماي ئىشىكىدە ياتا قالدىم.

— ئەرشى.

ياتۇغان [ياتوغان] چالغۇ ئەسۋابى.

ياتۇغانچى [ياتوغانجى] «ياتۇغان» چالغۇچى، مۇزىكىچى، سازەندە.

ياتۇق [ياتوق] سۇدان (ئەسكەرلەر ياتلىرىدا ئېلىپ يۈرىدغان سۇ قاچىسى).

ياتىش [ياتىش] 1) يېتىش، دەم ئېلىش؛ تۈنەش. 2) قاراۋۇلخانا؛ پوست.

ياتىش تەۋاچىسى — ساقچىلارنى نازارەت قىلغۇچى، نازارەتچى.

ياتىش ئېلى — پاسىبانلار، كېچە ساقچىلىرى.

ياتىش ئىشى — ساقچىلىق، قاراۋۇللۇق خىزمىتى.

ياخۇد [ياخود] ياكى:

ئىكەۋ بولدى ھەيرەتدە ئانداغكى لال،
دېدىلەر ئىكەۋ: تۈشمۇ ياخۇد خىيال؟

— ئا. نىزارى.

ياد [ياد] (پ) خاتىرە، ئەسلەش قابىلىيىتى، ئوي، خىيال:

شىرىن لەبىنىڭ ياددا بىر لەيلىۋەشنىڭ،
قان يۇتقان ئەمەس مەن كەبى مەجنۇن ئىلە فەرھاد.

— ئەرشى.

ياد ئەتمەك — «ياد ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

ياد ئەيلەمەك — ئەسلىمەك، خاتىرلىمەك، خىيالغا كەلتۈرمەك، ئېسىگە چۈشۈرمەك، يادلىماق.

ياد بەرمەك — ئۆگەتمەك.

ياد بىلمەك — يادقا بىلمەك، ئەسلىمەك، خاتىرلىمەك.

ياد قىلماق — «ياد ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

يادەماق [يادىماق] يادىماق، ئورۇقلىماق، كۆچسىزلەنمەك، بوشاشماق، زەئىپلەشمەك.

يادەمان [يادامان /يادىمان] كۆچسىزلەنمەيمەن، بوشاشمايمەن.

يادكار [يادكار] (پ) «يادگار» غا قاراڭ:

بىرىپ خەنجەرىڭنى ماڭا يادكار،
كۆڭۈلنى سەرەنجام ئېتىپ بول سەۋار.

— ئا. نىزارى.

يادىكارى ھەيات — ھايات يادىكارلىقلىرى، ھايات خاتىرىلىرى:

چىقارسە كىشى ياخشىلىق بىرلە ئات،
قالۇر دەھر ئارا يادكارى ھەيات.

— ئا. نىزارى.

يادگار [يادكار] (پ) 1) خاس ئىسىم (كىشى ئىسمى). 2) خاتىرە، ئەستىلىك:

كەتسەم ھەيات بەھارى بولۇپ خەزان،
قالغاي يادگار جەھان ئىچرە جاۋىدان.

— سەبۇرى.

يادنامە [يادنامە] (پ) يادنامە، ئەسلىمە، خاتىرە:

تارەئى موينى كەلتۈر ئەيلەيىن تەئۋىزگە باغ،
يا ئۆزۈڭ بىلگۈنچە بىر يادنامە كەلتۈرگىل ماڭا.

— موللا بىلال.

يار [يار] (پ) يار، دوست، ھەمراھ؛ مەھبۇبە، سۆيگىنى:

يار ئەمەس دەرماندە بولغان چاغ ساڭا يار ئولماسا،
كىم يىقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ مەددەتكار ئولماسا.

— زەلىلى.

يار ئەكسىن ئەرشىدە كۆركەمچۈ بولدى باغ ئارا،
سارغارىپ گاھى قىزارىپ نەستەرىن شەرمەندىسى.

— ئەرشى.

يار بولماق — دوست بولماق، مەدەتكار بولماق.

يار بىلمەك — دوست تۇتماق، دوست دەپ بىلمەك.

يار ئولماق — «يار بولماق» قا قاراڭ.

يارى ئەزىز — ھۆرمەتلىك دوست، ئەزىز بۇرادەر.

يارى دۇرۇست — دۇرۇس، ياخشى دوست:

كى باردۇر ئاڭا تۆرت يارى دۇرۇست،
ئەبۇ بەكرى سىددىق يار نۇخۇست.

— ئا. نىزارى.

يارى سادىق — سادىق، ۋاپادار يار:

كۆردۈم نۇرىنىكىم زار ئاشىق،
بولدۇم ئاڭا مەنكى يارى سادىق.

— موللا سالىھ.

يارى غار — ئاجرالماس يولداش، ھەمراھ؛ ئەڭ ۋاپادار، سادىق يار:

غەمىڭگە دىلبەرا جاندىن نەچۇكدىن مېھرىبان بولماي،
خىيالىڭ گوشەسىغە بارغانىمدا يارى غارىمدۇر.

— گۇمنام.

يار قابىل — قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق دوست:

كىزىپ ئىستەپ جەھاندا يارى قابىل،
بەنەگاھ بولدى بۇلبۇلغە مۇقابىل.

— خىرقەتى.

يارى ئۇششاق — كۆڭلى يېقىن يار - دوستلار.

يارى ۋەفادار — ۋاپادار يار؛ ۋەدىسىدىن يانماس، ئەھدىدە، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان يار، دوست.

يارا [يارا] (پ) (1) كۈچ، قۇۋۋەت، مادار؛ ئىلاج؛ تاقەت، ياردەم:

بۇ ئوتدىن سۇۋ بولۇپ خاراسى ئانىڭ،
ۋەلې يوق سورغالى ياراسى ئانىڭ.

— نەۋايى.

2) «يەرا» غا قاراڭ:

ھەر نەزەر قىلغاندا تەگدى كۆڭلۈمە مىڭ يەردە ئوق،
بىر ھەدەفنىڭ خەستە كۆڭلۈمدەك ياراسى بارمىكىن.

— گۇمنام.

كىمگە ئايتاي بۇ ماجەرانى،
كۆڭلۈمدەكى دام يارانى.

— ئەرشى.

ياراد [ياراد] چالغۇ ئەسۋابى:

ۋاڭنىڭكى، دەستيارسىز ئولماس سۇخەنگۇزار،
ئاڭا يارادۇ مۇڭا ئەيالغۇزچى ھۆكمى بار.

— نەۋايى.

ياران [ياران] (پ) دوستلار:

ئۆلمەيمۇ بۇ دەرتلەرگە مەن، ئەي يارى - ياراننلار،
بىر لەھزەدە مىڭ جانىم ئالارىم كېلەدۇر.

— گۇمنام.

يارانە [يارانە] (پ) دوستانە، دوستلارچە.

يارە [يارە] (پ) يارا، جاراھەت؛ خەستە، كېسەل، «يەرا» غا قاراڭ:

سىفاھىيلار قىلالماي قالدى چارە،
فەقەت قالدۇردى بۇ غەم دىلدا يارە.

— سەيفى سەرايى.

يارەلىغ [يارەلىغ] يارىسى بار، جاراھەتلىك، دەردلىك:

دەرىغ، ئول كۆڭلۈم ئىچرە يارە قىلغان يارەلىغ بىلمەس،
ئۆكۈپ جانىم ئارا بارچە غەمىن ئەفكارەلىغ بىلمەس.

— ئەرشى.

يارەلىق [يارەلىق] «يارەلىغ» قا قاراڭ.

ئاڭا بىر ئاۋۇچ زەر بېرىپ ئارەلىق،
دېدىم قىلماڭىزلار مېنى يارەلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يارغاغ [يارغاغ] 1) تېرە، تۈكى چۈشۈپ كەتكەن تېرە. 2) خام تېرىدىن ئىشلەنگەن ھەميان؛ خالتا.

يارغۇ [يارغۇ] 1) قوبۇل، ھىمايە؛ ماقۇللۇق:

بۇ كەلمەكدىن ئېردى غەرەز بۇ ماڭا،
كى بولغاي جەنابىڭدە يارغۇ ماڭا.

— نەۋايى.

2) قارشىلىق؛ جازالاش، ئۇرۇشۇش؛ ھۆكۈم، قارار.

يارغۇ ئەيلەمەك — ھىمايە قىلماق.

يارغۇچاق [يارغۇچاق] يارغۇنچاق (قول تۈگمىنى):

كى ئۇن تارتماقىغە بىرلىك يارغۇچاق،
چۇ تەئتىل قىلسا ئۇرۇڭلار تاياق.

— ئا. نىزارى.

يارقۇ [يارقو] گەپ - سۆز، غوۋغا؛ بەسلىشىش:

ھەلقەئى دەرس ئىچرە غەۋغادىن دىماغىم تاپتى زەئف،
مەي تۇتۇپ، ساقىي، دەمى قۇتقار مېنى بۇ يارقۇدىن.

— نەۋايى.

يارلىغ [يارلىغ] «يارلىق» قا قاراڭ:

ئاياغىنى قۇچتۇم قىلىپ زارلىغ،
دېدى: سەرۋى نازىم ئېتىپ يارلىغ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يارلىق [يارلىق] 1) ئەمر، پەرمان. 2) ھېرىسمەنلىك؛ دوستلۇق، ھەمكارلىق؛ ياردەم:

ئەگەر ھاجەت ئەھلى قىلىپ زارلىق،

تەزەررۇئ بىلە ئىستەسە يارلىق.
— ئا. نىزارى.

يارلىقاماق [يارليقاماق] كەچۈرمەك، مەرھەمەت قىلماق، ئەپۇ قىلماق، گۇناھىدىن كەچمەك (ئۆتمەك):

يارچەنىڭ قىلغان گۇناھىن ئەفۋ قىل،
يارلىقاپ، لۇتق ئەيلەپ ئازاد ئەيلەگىل.

— نەۋايى.

يارماشماق [يارماشماق] تىرماشماق، چىرماشماق، ياماشماق.

يارماق [يارماق] پۇل، تەڭگە؛ ئاقچا، ئالتۇن.

يارمانماق [يارمانماق] «يارماشماق» قا قاراڭ.

يارۇتماق [ياروتماق] يورۇتماق، روشەن قىلماق؛ ياخشىلىماق، ياخشىلىققا يۈزلەندۈرمەك؛ كۆچەيتمەك، ئەۋجىگە چىقارماق:

تەكاۋۇر سۇرۇپ مېھر گەردۇن كەبى،
جەھان يارۇتۇپ كەلدى ئول كۈن كەبى.

— ئا. نىزارى.

ۋۇجۇدۇڭ شەمئىنى كۆيدۈرمەك ئاخىر،
يارۇتماغلىق ئۈچۈن قۇيسە ئەگەر ياغ.

— ئەرشى.

يارۇغ [ياروغ] 1) «يارۇق» قا قاراڭ. 2) يېرىق، يېرىلغان؛ جاراھەتلەنگەن:

دەستار يىرتۇغلۇغىدىن غەم يېمە، باشى يارۇغلارغە باقىپ تەڭرى ھەمدىدىن ئۆزگە دېمە.

— نەۋايى.

يارۇق [يوروق] يورۇق، روشەن؛ بەخت؛ ساپ، پاكىز، تازا:

زۇلفىدىن ئولدى كۈن كېچە، ھۆسنىدىن ئولدى تۈن يارۇق،
زۇلفۇ يۈزى مەگەر ئانىڭ لەيل بىلە نەھارىدۇر.

— گۇمنام.

يارۇق ئالەم — تىرىكلىك، ھايات.

يارۇق كۆڭۈللۈك — خۇش تەبىئەت، ساپ دىل، سەمىمىي.

يارۇماق [يارۇماق] ياشنىماق، پارلىماق، چاقنىماق؛ يورۇماق، يورۇقلۇق پەيدا قىلماق.

يارىشماق [يارشماق] يۈگۈرۈشمەك، بەسلەشمەك؛ مۇسابىقە.

يارىم [ياريم] يېرىم، پۈتۈننىڭ ئىككىدىن بىرى:

زەھرە يارىلۇر دەردى فىراقىندە كۆڭۈلدىن،
ئاھىكى چىقار ئوق كەبى يارىم كېچەلەردە.

— ئاتايى.

يازغۇرماق [يازغورماق] ئەيىبلىمەك، گۇناھكار قىلماق؛ ئازدۇرماق؛ خاتالاشتۇرماق:

مەن بۇ يولدىن يانماغۇم، يۈزلەنسە ھەر تۈرلۈك بەلا،
قىلماغىل ھەرگىز خىيال، ئەي زاھىدا يازغۇرماغىم.

— گۇمنام.

يازماق [يازماق] 1) يازماق، پۈتمەك؛ سىزماق، كۆچۈرمەك:

نامە يازماق پىكرى كەچسە خاتىرەمگە ھەرقاچان،
بىر قارا داغ يېغىلۇر گويا باشىمغە يار يار.

— تەجەللى.

2) تارقاتماق، كەتكۈزمەك؛ ھەل قىلماق (چىگىش مەسىلىنى)؛ يايماق:

ئاچىلىپ غۇنچەلەر يازدى ۋەرەقلەر،
ئېرۇر ھەر شاخ ئۆزە لەئل تەبەقلەر.

— خىرقەتى.

3) خاتالاشماق، گۇناھ قىلماق:

نە يازدىم، نە يېڭىلدىم دەرگاھىڭدىن،
ئىلاھا گەر دېدىم شۈكرى سەنانى.

— خىرقەتى.

يازمەندانە [يازمندانە] يېزىشقا مەنسۇپ، ياخشى:

ئۆز نىيازى ۋە بەدخۇي يارى نەزى شەرھىدە بۇ نازەنىن مەتلەئى يازمەندانە ۋاقىئ بولۇپدۇر.

— نەۋايى.

يازۇق [يازوق] گۇناھ، ئەيىب:

نار ياغاقلىڭ ئارزۇسىدا جاننى بىمار ئەيلەمە،
ھېچ يوق ئېركەن يازۇقۇم، مېنى گىرىفتار ئەيلەمە.

— سەككاكى.

يازۇقلارغەكى ئەفۋ ئىشكىن ئاچۇرماق ئىددىئاسىدىن،
لەۋايىھ مەرھەمەت باشقە چېكىپ شاھى جەھان ئاندا.

— ئەرشى.

يازۇقسىز [يازوقسيز] گۇناھسىز، ئەيىبسىز، بىگۇناھ:

ئەگەر ئەندىشە قىلماسەن ئۆزۈڭدىن،
يازۇقسىز بىزنى ئۆلتۈرتۇرمۇ سەن ـ سەن.

— لۇتفى.

يازى [يازى] دەشت، چۆل؛ سەھرا:

كۆرۈپ ناگاھ گۈلنۇ نەۋرۇز ئىزىنى،
ياسانىپ ئىزدەدى يازى يۈزىنى.

— لۇتفى.

يازىغ [يازيغ] يېزىق، خەت، پۈتۈك، مەكتۇپ.

يازىغلىغ [يازيغليغ] 1) يېزىلغان، پۈتۈلگەن، نەقىشلەنگەن. 2) تەقدىر:

بىراۋ تاپتى مەشرىقدە گەنجى شىگەرف،

يازىغلىغ ئىشىكىدە بۇ تۇرفە ھەرى.

— نەۋايى.

يازىغلىق [يازيغليق] «يازىغلىغ» قا قاراڭ.

يازىلماق [يازيلماق] 1) يېزىلماق، پۈتۈلمەك:

سەبرۇ تاقەت بىرلە بول مەھزۇن قىزاغە چارە يوق،
لەۋھى مەھپۇزدا يازىلغاندۇر بۇ يەڭلىغ دەفتەرىم.

— مەھزۇن.

2) ھەل بولماق، يېشىلمەك، بىر تەرەپ بولماق؛ تارقالماق، كەتمەك؛ يېيىلماق؛ چېچىلماق، ئېچىلماق:

گىرەلىك غۇنچە مىسلى لەئلى مارجان،
يازىلغان گۈل كەبى مەئشۇقى خەندان.

— خىرقەتى.

سەھەر بولسا ۋەرەقلەرى يازىلۇر،
كەرەشمە، ناز ئىلە ھەريان ئېگىلۇر.

— خىرقەتى.

يازىن [يازين] ئوچۇق، روشەن، چۈشىنىشلىك؛
يازىن قەلەمى قىلماق — خەتنى روشەن، ئوچۇق قىلىپ يازماق.

ياساغلىغ [ياساغليغ] ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى، ئەمەلدار:
... ياساغلىغ ئارا بايلىق مەرغزارى ئىچرە ھەر سۈرۈك قويدىن يىلدا ھەممەدەك مىڭ قوزىغە قانىئ بولماغاندىن يوقسىزلىق شىرائىلەرىدە قوي كۈتۈپ ...

— نەۋايى.

ياساق [ياساق] 1) قارار، تەرتىپ، قانۇن؛ سەپ، ھەربىي ئىنتىزام، جەڭگىۋار تەرتىپ. 2) جازا، سېلىق:

تۈشتى سىپاھى بىرىسىنى چاپقالى،
شاھ ياساقىدىن ئىمان تاپقالى.

— نەۋايى.

ياساماق [ياساماق] قۇرماق، بىنا قىلماق، ياسىماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك؛ تەرتىپ بەرمەك، بېزىمەك، زىننەتلەمەك، يىغىشتۇرۇپ ئازادە قىلماق؛ ئوڭشىماق، تۈزەتمەك، ئىسلاھ قىلماق؛ ھازىرلىماق، تەييارلىماق:

بى بىگە دېدى گۇل ھەرەمگە كىرىپ:
«ھېلى گۈلىنسانى ياساڭ قىچقىرىپ.»

— ئا. نىزارى.

ياساپ ساچلارىمنى ساچىمنى يۇدى،
ئالىپ تىرناقىمنى، تەنىمنى يۇدى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياسەمىن [ياسمين] (پ) «ياسمىن» گە قاراڭ:

تىكەندىن يوقكى، سەرۋۇ ياسەمىنغە،
تەمۇغدىن بەلكى فىردەۋسى بارىنغە.

— نەۋايى.

ياستاماق [ياستاماق] «ياستانماق» قا قاراڭ:

ئەي نەۋائىي، دەير ئارا بولساڭ ئەدالىغ بىرلە مەست،
باش قويار بولساڭ، سەفالىگنى باشىگغە ياستاغىل.

— نەۋايى.

ياستانماق [ياستاناق] ياستۇق قىلماق، تەكيە قىلماق، تايانماق:

كىمسە گەر ئىشىكىڭنى ياستاناقدىن ئۆلمىشتۇر مەلۇل،
ھەجر ئىلە تا روزى مەھشەر قىلمە ھىرماندىن خەلاس.

— قەلەندەر.

ئەي پەرىزادى زەمانۇ ھۆرى دەۋرانىم مېنىڭ،
ئىشىكىڭنى ياستانىپ مەن پاسىبانلىقدۇر ساڭا.

— قەلەندەر.

ياسمىن [ياسمين] (پ) 1) خۇش پۇراق، ئاقۇش سېرىق رەڭلىك گۈل، ياسىمەن. 2) سارغايغان يۈز، ھالى خاراب كىشى.

ياسۇمەن [ياسمن] (پ) «ياسمىن» گە قاراڭ:

بەھارى ئەرەزىڭ تاپتى تەراۋەت ئەمدى خەت چىقسۇن،
بەرەڭگى ئەرغۇۋانى ياسۇمەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە.

— زەلىلى.

مېنىڭدەك گويىيا كۆردى يۈزۈڭنى ئەبرى نەۋرۇزى،
كۆزىن ياشدىن يەر يۈزى ۋەردى ياسۇمەن بولدى.

— سەككاكى.

ياسەمەن [ياسيمن] (پ) «ياسمىن» گە قاراڭ:

ئەبرۇ ئەنبەرۇ رەئنايۇ سەۋسەن،
خوخا گۈل، ياسەمەن ھەم مىسلى گۈلشەن.

— خىرقەتى.

لەبلەرىڭدۇر لەئلۇ تىشلىڭ گەۋھەرۇ دۇررى ئەدەن،
كۆزلەرىڭدۇر نەرگىسۇ بادام، زۈلفۈڭ ياسەمەن.

— قەلەندەر.

ياش I [ياش] 1) ياش، ئۆمۈر:

قارىلىقدا بولدى فەناغە ياۋۇق،
ۋەلى مۇنچە ياشدا كى فەرزەندى يوق.

— ئا. نىزارى.

2) ياش يىگىت، نەۋقىران:

گەرچە ياش نادانلاردەك قەدرىمنى ھەر كۈن بىلمەدىڭ،
بىلگەلى قەدرىمنى ئەمدى قەدرىدانىم قايدا سەن؟

— ئەرشى.

ياش پايانىغە يەتمەك — ئۆلغايماق؛ قېرىماق، ياشاماق، يېشى پايانىغا يەتمەك.

ياش II [ياش] كۆز يېشى:

كى ئوتراتجىسى ھەم قىلىپ ئاھى سەرد،

چىقىپ ياش كۆزىدىن قىلىپ چېھرە زەرد.
— ئا. نىزارى.

ياش ئۆلغايماق — قېرىماق، ياشانماق.
ياش تۆكمەك — يىغلىماق.
ياش ئۇرماق — ياش تۆكمەك، كۆز يېشى قىلماق، يىغلىماق:

بولار خاك دەرگاھىغە باش ئۇرۇپ،
تەزەررۇئ بىلە دىيدەدىن ياش ئۇرۇپ.
— ئا. نىزارى.

ياشار [ياشار] ياش، ياشلىق:

دۇكاندا مەتائى ئېرۇر بىشۇمار،
گۇمان بىرلە سالى ئېرۇر قىرىق ياشار.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياشارتماق [ياشارتماق] 1) پەيدا قىلماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك؛ ساقلىماق؛ ياشارتماق. 2) كۆزىگە ياش ئالماق.

ياشارماق [ياشارماق] 1) كۆزىگە ياش كەلمەك، يىغا تۇتماق. 2) ياشىماق، ئۆمۈر كۆرمەك.

ياشلىغ [ياشلىغ] 1) ياشلىق، يىغلىق؛ ياش تۆكمەكلىك؛ كۆزى ياشقا تولغان، يىغا تۇتقان. 2) ياشلىق، بالىلىق، يەڭگىللىك؛ تەنتەكلىك:

كۆزدۇر ئول تىفل ئورنىيۇ ئىستەر يۈگۈرمەك ئەشك ئىلە،
گويىياكىم بار ئاڭا بائىس بۇ ئىشقە ياشلىغ.
— نەۋائى.

ياشۇرماق [ياشۇرماق] يوشۇرماق، يېكىتمەك؛ سىر تۇتماق، پىنھان ساقلىماق:

جانا، فىراقىڭ خەلق ئارا كۆڭلۈمنى رىسۋا قىلغۇسى،
جاندا ياشۇرغان رازنى ياشىم ھۇۋەيدا قىلغۇسى.
— لۇتفى.

ياشۇنماق [ياشۇنماق] يېكىنمەك، يوشۇرۇنماق؛ پىنھان بولماق:

قاراقچىدۇر كۆزۈڭ باغى جەمال ئىچرە ياشۇنۇپدۇر،
ئاتارغە ئوق ئېرۇر مىژگانلەرىڭ ياسەرۋى بوستاندۇر.
— گۇمنام.

ياشىل [ياشىل] يېشىل، يېشىل رەڭ؛ ياراشقان، ياردىشىملىق؛ گۈزەل:

تەقى تۇرلۇك سۆچۈك ھەم ئەرغەۋانى،
ياشىلۇ ئالۇ ئاقۇ زەئفەرانى.
— خىرقەتى.

بەناگاھ گۈلشەن ئىچرە گۈل ئاچىلدى،
ياشىل بەرگ ئۆزرە گويا قان ساچىلدى.
— خىرقەتى.

ياشىل كىسۈەتلىغلەر — يېشىل كىيىنگەنلەر، يېشىل كىيىملىكلەر.

ياغاچ [ياغاچ] دەرەخ؛ ياغاچ:

قولۇمغە ئۇرۇندى مىسالى ياغاچ،
قارىسام يۈرۈيدۇر ئېتىپ ئىت غۇلاچ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياغدۇ [ياغدۇ] نۇر، زىيا؛ روشەنلىك، يورۇقلۇق:

شەۋقى ئارەز تۇشكەن ئول گۈلگۈن مەگەر ياد ئەيلەمىش،
ئەرشى ئاي رۇخسارىدىن گۈلبەرگ ئۆزە ياغدۇ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

ياغلاماق [ياغلاماق] داغ قىلماق، داغلىماق؛ ياغلىماق.

ياغى [ياغى] ئىتائەتسىز، بويسۇنمىغۇچى؛ دۈشمەن، ياۋ:

ئايىتتى گۈل: قويۇڭ بۇ ھەرزە سۆزنى،
زەبۇن ئەتمەك نېدۇر ياغىغا ئۆزنى.
— لۇتفى.

ياغىقماق [ياغىقماق] دۈشمەنلەشمەك، قارشىلاشماق.

ياغىن [ياغىن] يېغىن (قار، يامغۇر قاتارلىق)؛

نە ئاندا ئىختىيار ئولغاي ماڭا جان ئەيلەمەك قۇربان،
قۇيۇبان ئەشك ياغىن ھەر زەمان ئوتلۇغ ئۇزارىمغە.
— ئا. نىزارى.

ياغىن تۇتماق — يېغىن ياغماق؛ سەل كەلمەك.
ياغىن تۇرماق — يېغىن توختىماق.

ياغىي [ياغى] «ياغى» غا قاراڭ:

دوستلەر، قەتلىمغە ئانداق قىلدى ئول سۇلتانى ھۇسن،
كىم سەلاتىن قويماغايلەر قەتل ئۆچۈن ياغىيغە يۈز.
— نەۋائى.

يافراغ [يافراغ] «يافراق» قا قاراڭ:

قۇچالماسدىن مېنى قۇچقان لەبى بولغايمۇ دېپ گۈلبەرگ،
قىزىلگۈل يافراغىن پەيۋەندلەر ئەيلەپ قەبا قىلدىم.
— ئەرشى.

يافراق [يافراق] 1) ياپراق، بەرگ. 2) يۈز، چىراي.

ياقا [يقا / ياقا] 1) ياقا، كىيىم ياقىسى:

مۇيەسسەر بولماغاي ۋەسلىڭ ماڭا، ئەي دىلبەرى زالىم،
فىراقىڭدىن ياقامنى ھەر زەمانى چاك ئەيلەرمەن.
— قەلەندەر.

2) قىرغاق، چەت، ياقا:

ئەسمەئىي گۈل سۆزۈ ياقاسىدە دەمى،
گۈلتۇرۇپ يۈزدى زەمىرىدىن غەمى.
— نەۋائى.

ياقا چاك ئەتمەك — «ياقا چاك ئەيلەمەك» كە قاراڭ.
ياقا چاك ئەيلەمەك — زار - زار يىغلىماق، ئاچچىق

يىغلىماق.

ياقۇت [ياقوت] (پ) قىزىل؛ قىممەت باھا تاش، ياقۇت:

خىلئەتى زەربەفت كۆرگەچ ئەگنىدە، كۆڭلۈمگە مۇسن،
بولدى ئانداغكىم زەرۇ ياقۇتغە خارا لىباس.

— ئەرشى.

ياقۇتى ئابدار — تازا، ساپ، پارلاق ياقۇت.

ياقۇتى ئەھمەر — 1) قىزىل ياقۇت:

تىشىڭ گويا دۇرى گەۋھەر، لەبىڭ ياقۇتى ئەھمەردۇر،
ساچىڭ چۈن سۈنبۈلى سارا، يۈزۈڭدۇر ماھى تابانىم.

— ئەرشى.

2) مەي، شاراب:

زەخمىلىك كۆڭلۈم لەبىڭ شەۋقىدە بولمىش قانارا،
لەئلى رۇممانىي ئىلە ياقۇتى ئەھمەر كۆڭلىمدەك.

— نەۋايى.

ياقۇتى ئەھمەر سۇيى — قىزىل مەي، شاراب.

ياقۇتى رۇممانىي — ئانار دانىلىرىغا ئوخشاش قىپقىزىل ياقۇت، ئەڭ ئېسىل ياقۇت.

ياقۇتى سىراب — 1) تىنىق، تازا ياقۇت. 2) تىنىق، سۈزۈك، غۇبارسىز مەي.

ياقۇتى مەھلۇل — ئېرىتىلگەن ياقۇت.

ياقۇتى مۇزاب — 1) ئېرىگەن ياقۇت. 2) قىزىل مەي. 3) كۆز يېشى، قانلىق كۆز ياش.

ياقۇتى مۇفەررىھ — كەيپ قىلغۇچى مەي، خۇرسەن قىلغۇچى مەي.

ياقۇتى ناب — 1) قىزىل ياقۇت؛ 2) قىزىل مەي.

ياقۇتفام [ياقوت فام] (پ) «ياقۇتىي» غا قاراڭ.

ياقۇتگۇن [ياقوت كون] (پ) ياقۇت رەڭلىك، قىزىل:

كېتۈر ساقىي، ئول جامى ياقۇتگۇن،
كى ئېل تەبئىدە ئىشرەت ئەتكەي فۇزۇن.

— نەۋايى.

ياقۇتىي [ياقوتى] (پ) «ياقۇتگۇن» غا قاراڭ.

ياقىن [ياقين] يېقىن؛ «يەقىن I » گە قاراڭ:

دېدىم: *مۇمكىن ئېرمەس خەلاس ئولماقلىڭ،*
ياقىندۇركى يەرگە غەۋۋاس ئولماقلىڭ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياڭ [يانك] يېڭى، قايتا؛

ياڭ باشتىن — يېڭىدىن، يېڭىۋاشتىن، قايتىدىن.

ياڭشاماغ [يانكشاماغ] ۋايسىماق؛ ئەزمىلىك قىلماق؛ سايرىماق:

مەقگوي قۇشنىڭ تەمكىن بىلە زىكر ئايتۇرى قاشىدە،
قارلۇغاچنىڭ بىمەھەل ياڭشاماغى مەلالەت كەلتۈرۇر.

— نەۋايى.

ياڭشاماق [يانكشاماق] «ياڭشاماغ» قا قاراڭ.

ياڭى [يانكى] يېڭى؛ قايتا؛ «ياڭ» غا قاراڭ:

ياڭى ئىككى قەبرى بولۇپدۇر پەدىد،
بۆلەك قەبرلەردىن تۇرۇپدۇر جەدىد.

— ئا. نىزارى.

ياڭىلماق [يانكيلماق] يېڭىلمەك، ئاداشماق، خاتا قىلماق.

يالاڭ [يالانك] «يالىڭ» غا قاراڭ:

مەگەركىم كويىدە يالاڭ ئاياغ ئول ئاي خىرام ئەتمىش،
نەۋائىي كۆزلەرىغە سۈرمە بولمىش ئول قارا تۇفراغ.

— نەۋايى.

يالاماق [يالاماق] 1) يالىماق. 2) ئوقنى ياي (كامالەك، كامان) غا ئورناتماق، ئېتىشقا، ئوق ئۈزۈشكە ھازىرلانماق:

جانىمە پەيۋەستە ناۋەك ئاتقالى،
غەمزە ئوقىن قاشىغە يالاپدۇرۇر.

— نەۋايى.

يالاۋ [يالاو] «يەلاۋ» غا قاراڭ.

يالبارماق [يالبارماق] يالۋۇرماق، يېلىنماق، يېلىنىپ سورىماق، ئۆتۈنمەك:

يۈزى بولدى زەئفەر كەبى سارغارىپ،
بۇ ئىككى ئوغۇلغە تولا يالبارىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يالبارۇ [يالبارو] 1) يالۋۇر، يېلىن (بۇيرۇق پېئىل). 2) يالۋۇرۇپ، يېلىنىپ (رەۋىشداش).

يالغۇز [يالغوز] يەككە - يېگانە، تەنھا، تەڭدىشى يوق، يالغۇز؛ پەقەت:

قاراڭغۇ گور ئارا بىر كۈن كىرەر مۇڭلۇغ باشىڭ يالغۇز،
خەراب ئەيلەپ ۋۇجۇدۇڭ شەھرىنى سۇلتانى دىل ئەفرۇر.

— شەۋقى.

يالغۇزۇ بىكەس — تەنھا ۋە يالغۇز؛ چارىسىز.

يالغۇزۇن [يالغوزون] يالغۇز، يەككە - يېگانە.

يالقىتماق [يالقيتماق] زېرىكتۈرمەك، بىزار قىلماق، مالال كەلتۈرمەك؛ چارچاتماق:

رەڭ يوقتۇر چۈن قىزىلگۈلدىن ساڭا، ئەي ئەندەلىب،
ئېل قۇلاغىن ئەسرۇ كۆپ يالقىتما فەريادىڭ بىلە.

— نەۋايى.

يالقىماق [يالقيماق] 1) بىزار بولماق، زېرىكمەك. 2) خورىماق، ھارماق، چارچىماق:

كارۋان يالقىبان ئۇزاردىن ئام،
تاپمىش ئېردى ھەم ئول زەمان ئارام.

— نەۋايى.

يالتىماق [ياليتماق] يالتىراتماق، پارقىراتماق.

يالقىماق [ياليقماق] «يالتىماق» قا قاراڭ:

ۋىسال شامى دېئالمان لەبىڭنى يالقىسام،
ۋەلى تەبانىڭغە كۆز سۈرتۈبان مۆجەكلەر ئىلە.

— نەۋائى.

يالىڭ [يالىنك] يېلىڭ؛ يالىڭاچ:

قول يالىڭ ئەيلەمەك — بىلەكنى يالىڭاچلىماق، بىلەكنى تۈرمەك.

يالىن [يالين] يالقۇن؛ چوغ، ئۇچقۇن:

بۇ ئەفسانە ئىشىتتى ئېرسە نەۋرۇز،
يالىنتەك ئۆردى بىر ئاھى جىگەر سۆز.

— لۇتفى.

يالىنماق [يالينماق] يالۋۇرماق، يېلىنماق، «يالبارماق» قا قاراڭ:

نە ئىتنى گۈل بۇتى بىگانەۋش ئىتىكى ساغىندىم،
ئاشناغە يالىنغان كەبى ئۇل ئىتقا يالىندىم.

— نەۋائى.

يان [يان] يان تەرەپ؛ بېقىن، يانپاش:

سۆيۈپ ماڭلايىغە خۇش ئامەد قىلىپ،
كى ئولتۇردى قىلىھال يانىغە ئالىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يانى يەرگە يەتمەك — كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەك.

يانە [يانە] يەنە؛ ئۆزگە، باشقا:

كۆڭلۈمە قالماپدۇرۇر دۇنيادە ھەرگىز ئارزۇ،
يانە بىر كۆرسەم ئەگەر گۈل غۇنچەڭى خەندانىنى.

— قەلەندەر.

ئانى دەرمەھەل كەلتۈرۈپ خانەگە،
ئۆزى كۆردى، كۆرسەتمەيىن يانەگە.

— ئا. نىزارى.

يانقاۋۇل [يانقاول] مەنسەپ، دەرىجە نامى:

ئانداغكى ھىراۋۇل، قاراۋۇل ۋە چىڭداۋۇل ۋە يانقاۋۇل ...
ۋە داقاۋۇلكىم، ئالار مۇندىن ئۇلۇغيىدۇرلەر.

— نەۋائى.

ياۋە [ياوه] (پ) بىھۇدە، بىھۇدە سۆز؛ يالغان؛ ياۋا.

ياۋە دېمەك — يالغان ئېيتماق، ئالدىماق، بىھۇدە سۆزلىمەك.

ياۋە قۇش — ياۋا قۇش:

ئۇلاپ كۈننى كۈنگە ئۇرۇپ پىچۇ تاب،
قىلۇر ئېردى چۇن ياۋە قۇشدەك شىتاب.

— ئا. نىزارى.

ياۋەر [ياور] (پ) ياردەمچى، مەدەتكار، قوللايدىغان، ھەمكارلىشىدىغان؛ دوست، بۇرادەر:

بۇ غەملىك كۈنىدە بولۇپ ياۋىم،
دېمەي ياۋەرىم كىم بولۇپ داۋەرىم.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياۋەر بولماق — مەدەتكار بولماق، ھەمكارلاشماق.

ياۋەر ئولماق — «ياۋەر بولماق» قا قاراڭ:

دېدىمكى: نە جان سەن ماڭا بىر قارا،
ماڭا ياۋەر ئولساڭ بۇ زىندان ئارا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياۋغان [ياوغان] ياغسىز:

مۇباھات قىلماس يەمەكدىن كۆلاچ،
غەمىن بىلمەس ئەر تاپسە ياۋغان ئوماچ.

— نەۋائى.

ياۋم [ياوم] (ئە) كۈن، كۈندۈز، «يەۋم» گە قاراڭ؛

ياۋمى دىن — قىيامەت كۈن.

ياۋمۇ لەيل — كېچە ۋە كۈندۈز، كېچەيۇ كۈندۈز.

ياۋۇتماق [ياووتماق] يېقىنلاشتۇرماق؛ ئۇچراتماق:

كىشى تا بىرنى قويماي ھىزنى تۇتقاي،
بۇ بىرسى قاشىغە قايدىن ياۋۇتقاي.

— خىرقەتى.

ياۋۇشماق [ياووشماق] يېقىنلاشماق، قوشۇلماق؛ يېقىن كەلمەك، يېتىشمەك:

قولاقىمغە يەتتىكى ئولدەم تاۋۇش،
دېدى: ئەي مۇسافىر تەنابغە ياۋۇش.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بىيىكبارە جانغە ياۋۇشتى ئوتى،
مەگەركىم قامىشغە ياپۇشتى ئوتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياۋۇق [ياووق] يېقىن؛

ياۋۇق كەلمەك — يېقىن كەلمەك، يېقىنلاشماق:

ياۋۇق كەلدى دېدى ماڭا: ئەي ئەزىز،
قىلۇرسىز بۇ ئۆيدە نە ئىشلارنى سىز.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ياۋۇماق [ياووماق] يېقىنلاشماق، يېقىن كەلمەك؛ يېتىشمەك:

بولۇپ ئول نەۋ ئەترافىدە ساكىن،
كى بولماي ئېل ياۋۇماق ئاندە مۇمكىن.

— نەۋائى.

ياي [ياى] 1) ياي، كامان، كامالەك.

2) پۈكۈلگەن، ئېگىلگەن:

باقىپ چۈن كۆردى قەددىن ئۈيلەكىم ياي،

دېگەيسەن، كۆردى دىۋانە ياڭى ئاي.

— نەۋايى.

ياياغ [ياياغ] «ياياق» قا قاراڭ.

ياياق [ياياق] ياياق، پىيادە.

ياياق **چېرىك** — پىيادە ئەسكەر.

يايقالماق [يايقالماق] چايقالماق؛ يېيىلماق:

ۋەھكى، ھەجرىندە جەھان بولدى كۆزۈمگە زۇلۇمات،
كىم بارۇر يايقالىبۇ قايتماس ئول ئابى ھەيات.

— نەۋايى.

يايقاماق [يايقاماق] چايقىماق، يايماق:

تەگمەسە بەزمىگدە مەي، بەسدۇرۇر ئول سۇۋ ماڭا،
كىم سەن ئىچەر جامنى سۇۋچى ئالىپ يايقامىش.

— نەۋايى.

يايماق [يايماق] يايماق، چاچماق؛ ئاشكارا قىلماق، مەلۇم قىلماق؛ يەشمەك، چۇۋۇماق (چاچ ئۆرۈمىلىرىنى):

سەن بىر ھۇمايى مەن بىر گەدايىڭ،
يايغىل باشىمغە چەترى سەئادەت.

— موللا بىلال.

يايىپ بەرگىنى چۇن زۇلفى ئەرۇسان،
چىقىپتۇر ئاتەشىن تاجۇ خۇرۇسان.

— زەلىلى.

يەباب [يباب] (ئە) خاراب؛ كەمبەغەل، نامرات.

يابابۇ **خەراب** — نامرات ۋە خاراب، يوقسۇل؛ ئۈزۈل-كېسىل ۋەيران بولغان، ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولغان.

يەبان [يبان] (پ) چۆل، باياۋان، «يابان» غا قاراڭ.

يەتاقچى [يتاق چى] ياتاق باشقۇرغۇچى، ياتاقتا قارىغۇچى؛ قونالغۇ نۆۋەتچىسى، قونالغۇ (ياتاق) خىزمەتچىسى:

قىلىپ ھەملە دەرھال سەگ ھۇشمەندە،
يەتاقچى بۇلارنى تۇتۇپ قىلدى بەند.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يەتتى [يىتى] يەتتە (سان).

يەتتى **كەۋكەب** — يەتتە يۇلتۇز، قۇتۇپ يۇلتۇز.

يەتكەزمەك [يىتكازماك] كۆرسەتمەك، خىزمەت كۆرسەتمەك؛ يەتكۈزمەك:

ئانىڭ سارى خىدمەت يەتكەزىپ فاش،
كىم بولغاي ئانىڭ ئىشىغە پاداش.

— نەۋايى.

يەتكۈرمەك [يتكورماك/يىتكورماك] يەتكۈزمەك، ئۇلاشتۇرماق، ئېرىشتۈرمەك، كەلتۈرمەك؛ كۆرسەتمەك؛ ئېيتماق، خەۋەر بەرمەك، خەۋەر قىلماق:

سەبا بۇ ئەرزى ئەرشىنىكىم ئول يارىمغە يەتكۈرگىل،
كى يالغۇزلۇق بەلاسى ئۆرتەگەن زارىمغە يەتكۈرگىل،
فىراقى ئىچرە ئول مەجنۇنى بىمارىمغە يەتكۈرگىل،
كى ئاندىن سەۋتى دىلكەش بۇ مېنىڭ تارىمغە يەتكۈرگىل،
نەۋا تۇرلۇك چېكەي شەمئى شەبىستانىمدىن ئايرىلغاچ.

— ئەرشى.

يەتمەك [يىتماك] يەتمەك، بارماق؛ ئۇچرىماق، يولۇقماق؛ ئېرىشمەك، كەلمەك؛ يېتەرلىك بولماق؛ ھاسىل بولماق؛ كۇپايە قىلماق؛ ئاڭلىماق، ئاڭلانماق؛ چۈشەنمەك.

يەتۈرمەك [يتورماك/يىتورماك] يەتكۈزمەك، ئەۋەتمەك؛ ئاپارماق، كەلتۈرمەك، «يەتۈزمەك» كە قاراڭ:

دېدىكىم: *پىيالە كەتۈرگىل ماڭا،*
لەبالەب قۇيۇپ مەي يەتۈرگىل ماڭا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

سالىپ گەردەنىمغە قارا رىشتەنى،
بۇتنىڭ قاشىغە يەتۈردى مېنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يەتۈرمەمەك [يىتورماماك] يەتكۈزمەسلىك، ئەۋەتمەسلىك:

...

جەھان خاكى ئېرۇر بىر كىمسەك، ۋەلى ناپاك،
ئېتەك يەتۈرمەمەك ئەلا مۇلەۋۋەس ئولسە گۇلۇغ.

— ئا. نىزارى.

يەتۈزمەك [يتوزماك] يەتكۈزمەك:

يەتۈز ئاھىم ئوقىن ئاتقان ھەدەفكە،
چۈكۈر دەريا ئارا دۇربار سەدەفكە.

— گۇمنام.

يەتۈشمەك [يىتوشماك] يېتىشمەك، يېتىلمەك.

يەتۈشكەن **ئېل** — يېتىلگەن ئادەملەر، يېتۈك كىشىلەر.

يەتىشمەك [يىتيشماك] 1) مۇيەسسەر بولماق، قولغا كىرگۈزمەك، يەتمەك، يېتىشمەك. 2) پۈتمەك، ئاخىرىغا يەتمەك. 3) ئاڭلىماق، ئىشتىمەك.

يەتىم [يتيم] (ئە) 1) يېتىم؛ ئاتا-ئانىسىز:

ئاھ نەيلەي، مەن يەتىمنىڭ قەدرى يوق يار ئالدىدا،
ئاي يۈزىنىڭ شەۋقىدىن بولدۇم گىرىفتار ئالدىدا.

— نەۋبەتى.

2) خىزمەتكار:

ئايدى يەتىم: «ئەي، ئەرەبى راھۋار،
ئۆزگە شۇتۇرنىڭكى ئاياغلەرى بار.»

— زەلىلى.

3) يېگانە، تەنھا، تەڭدىشى يوق:

سەن كەبى چىقماس نەبۇۋۋەت بەھرىدىن دۇررى يەتىم،

توغرا بولماس ئىككى ئالەمنىڭ خىراجىدىن خىراج.
— شەۋقى.

يەتمانە [يتيمانە] (ئە + پ) يېتىملارچە، «يەتىم» گە قاراڭ.

يەخ [يخ] (پ) مۇز:
نەۋائىي ئاھىنى زاھىد كەم ئەتمەدى سۆز ئىلە،
نېدىنكى دۇد ئولۇر ئەفزۇن، قاتىلسە ئوت ئىلە يەخ.
— نەۋايى.

يەد [يد] (ئە) قول؛ زور، كۈچ، قۇدرەت.

يەدى بەيزا — ئاق قول، ئاپئاق قول، پارقىراق قول، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ قولىغا ئوخشاش قول؛ كۈچ، قۇدرەت:
ئايۇ كۈن ھىلكىم يەدى بەيزاغە پەرتەۋ سالدى بۇ،
كىم كۆرۈپتۇر بۇ كەبى دەھر ئىچرە دىيدارى يەنە.
— ئەرشى.

يەدى تۇلا — قولى ئۇزۇن، قولى ھەر نەرسىگە يېتىدىغان.

يەدا [يدا] (ئە) «يەد» كە قاراڭ:
يەنە بىر مىسال: ئانداغكى، «يەدا» لەفزىن «سەدا» بىلە قافىيە قىلسە بولۇر، «بادە» بىلە ھەم قىلسە بولۇر.
— نەۋايى.

يەدۇللاھ [يدالله] (ئە) ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىك قولى، قۇدرەت، كۈچ:
غەزۋەدە نەرون يەدۇللاھ ئاغا،
ھەق لەقەب ئەيلەپ ئەسەدۇللاھ ئاغا.
— نەۋايى.

يەر [ير] يەر، زېمىن، تۇپراق:
ئەگەر يۈز يىل ئەمرى سەلتەنەت ئەۋجىگە يەتكەندە،
ۋۇجۇدۇم فانى ئەيلەپ، يەر يۇتۇپ قىلغاي ئانى مەھكەم.
— ئەرشى.
2) ئورۇن، جاي، ماكان. 3) دەرىجە، مەرتىۋە. 4) يەر يۈزى، ئالەم، دۇنيا؛ مەملىكەت، ۋەتەن.

يەر بەرمەك — جاي بەرمەك، ئورۇن بەرمەك، جايلاشتۇرماق.

يەر بىرلە ھەمۋار ئەيلەمەك — خورلىماق، كەمسىتمەك؛ ئېزىپ تاشلىماق؛ يوق قىلماق؛ مەغلۇپ قىلماق.

يەر بىرلە يەكسان ئەيلەمەك — خورلىماق، كەمسىتمەك؛ ئېزىپ تاشلىماق؛ يوق قىلماق.

يەر بىرلە تەڭ قىلماق — خورلىماق، كەمسىتمەك؛ مەغلۇپ قىلماق.

يەر تاپماق — ۋۇجۇدقا كەلمەك.

يەر تۇبى — كۆرۈنمەس جاي.

يەر تۇتماق — جايلاشماق، ئورناشماق.

يەر سالماق — جاي ھازىرلىماق.

يەرگە تۇشمەك — ئېگىلىپ تەزىم قىلماق.

يەرگە كۆز تىكمەك — خىجىل بولماق، خىجالەت بولماق؛ خىجىللىق تارتماق.

يەرگە كىرمەك — خورلانماق؛ خىجىللىقتا پاتماق.

يەرگە يۈز قويماق — سەجدە قىلماق، تەزىم قىلماق.

يەر ئۇزار بولماق — گۇللەنمەك، ياشناماق.

يەرۇ كۆك — ھەممە جاي، پۈتۈن ئالەم.

يەر ئۆپمەك — ئۆزرە سورىماق.

يەر ئۆزرە كەلمەك — دۇنياغا كەلمەك، تۇغۇلماق.

يەر ئېلى — يەر يۈزىدە ياشىغۇچى خەلق.

يەر يىرتماك — يەر ھەيدىمەك، يەر ئاغدۇرماق.

يەرا [يرا] يارا، جاراھەت.

يەراسىغە تۇز سەپمەك — يارىسىغا تۇز سەپمەك، گەپ ياكى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن دەردىنى كۈچەيتمەك.

يەراغە مەرھەم ياقماق — يارىغا مەلھەم قويماق.

يەرا يېمەك — يارىلانماق، جاراھەتلەنمەك.

يەراغ [يراغ] 1) قورال ـ ياراغ؛ زۆرۈر ئەسۋاب ـ جابدۇق:
كى مەغرىب سارىدىن قاراقچى كېلىپ،
يەراغۇ ئىگىن ھەم ئوزۇقنى ئالىپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
2) ھازىرلىق، تەييارلىق:
يۈزۈڭ ئالىدە ئۆلمەكتۇر يەراغىم،
دۇئاگويىمەن ساڭا تا جان بارىنچە.
— سەيىد ئەھمەد.

يەراغ ئەتمەك — تەييارلىماق، ھازىرلىماق.

يەراغ ئەيلەمەك — ھازىرلىق كۆرمەك.

يەراغ قىلماق — ھازىرلىماق، تەييارلىماق.

يول يەراغىن ئەيلەمەك — يول ھازىرلىقىنى كۆرمەك.

يەراغلاماق [يراغلاماق] تەييارلىماق، ھازىرلىماق:
يەنە چۈن «سەبئەئى سەييار» رەسەدىن زەمىرىم باغلاپدۇر، ئىشرەف «ھەفت پەيكەر» نىڭ يەتتى ھۈرۋەشىن يېشكەشىمغە يەراغلاپدۇر.
— نەۋايى.

يەرەقان [يرقان] (ئە) سېرىق كېسەللىكى:
يەرەقان بولدۇمۇ دېھقانى قەزا،
زەئفەران ئەكتى ياشىم ئارىغىغە.
— نەۋايى.

يەرغاغ [يرغاغ] كاسسا، خالتا، ھەميان:
سۇنبۇلۇڭغە بىر خىتائىي بەندەدۇر مۇشكى خوتەن،

گەر دەلىل ئىستەر ئېسەڭ، باردۇر لىباسى يەرغاغى.

— نەۋايى.

يەزە [يزه] ئاۋۋال، ئالدىن، ئالدىن بارغۇچى.

يەزەك [يزک] (پ) كېچە قاراۋۇلى، لەشكەرگاھنى قورۇقلىغۇچى (كۆزەتكۈچى) ئاتلىقلار، قورۇقچى:

يەزەك قىلسە تۇتۇپ ئول ئەۋج بارە،
كېچە خەندەك سۇيى سارى نەزارە.

— نەۋايى.

يەزەكدار [يزک دار] (پ) كېچە قاراۋۇللىرى باشلىقى، قورۇقچىلار باشلىقى:

چەمەنلەر رەڭگىنىڭ شاھىغە بالىن بولدى خەمرى گۈل،
يەزەكدار ئولدى ئول دەرگەھدە بۇلبۇل ئۆزى ئەيلەپ قۇل.

— ئا. نىزارى.

يەزدان [يزدان] (پ) خۇدا، تەڭرى.

يەزدانى پاك — پاك خۇدا، پاك، يېگانە تەڭرى:

ئايتايىن ھەمدىڭنى، ئەي يەزدانى پاك،
ئىچتىلەر خۇنى جىگەر مەرانى پاك.

— خەراباتى.

يەزدانپەرەست [يزدان پرست] (پ) خۇدا پەرەس، خۇداغا چوقۇنغۇچى:

ئۇشۇل ھەيىن ئارا ئېردى يەزدانپەرەست،
خەلايىق ئىدى بارچە شەيتانپەرەست.

— ئا. نىزارى.

يەزدانى [يزدانى] (پ) خۇداغا ئائىت، ئاللاغا تېگىشلىك، ئاللاغا مەنسۇپ:

شۈكرىكىم يەتتى لۇتفى يەزدانى،
قالمادى زۇلمى نەفسى زۇلمانى.

— نەۋايى.

يەسار [يسار] (ئە) چەپ، چەپ تەرەپ؛ قوشۇننىڭ چەپ تەرىپى:

بالۇ پەرى مەئنىنى يەسار ئىلە يەمىن قىل،
بىر يەردە تۇرۇپ سەيرى ھەمە رويى زەمىن قىل.

— زەلىلى.

قەبۇل تۇشسە شەھغە بىرۇرمىز سەمەن،
بۇ فەرمانىنى بىلسۇن يەسارى يەمەن.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يەساغ [يساغ] «ياساق» قا قاراڭ.

يەساغ تارتماق — جازاغا تارتماق، جازالانماق.

يەساغلىغ [يساغليغ] «يەساغلىق» قا قاراڭ.

يەساغلىغ ئىشى — ئەسكىرىي ئىشلار، تەرتىپ - ئىنتىزام يوللىرى.

يەساغلىق [يساغليق] 1) سەپتىكى ئەسكەر:

يەساغلىق دېگەن قارا چېرىك، يەئجۇج ۋە مەئجۇج خەيلىغە شىبىرىك.

— نەۋايى.

2) ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى، پەرمان بەرگۈچى.

يەساق [يساق] «ياساق» قا قاراڭ:

ياقىن بىلكى شەيتان توزاقى ئېرۇر،
يەنە دىۋەلەرنىڭ يەساقى ئېرۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يەساق تارتماق — سەپ تارتماق، سەپ تۈزمەك.

شاھ يەساقى — پادىشاھ جازاسى، سىلىقى.

يەساقى [يساقى] ئەسكەر، چېرىك:

سالماق ئوت بەرلاسۇ تەرخان ئارەزى نى سۇدكىم،
بىزنى كۆيگەن چېھرە بىرلە بىر يەساقى كۆيدۇرۇر.

— نەۋايى.

يەسال [يسال] سەپ، قاتار؛ جەڭگىۋار تەرتىپ.

يەسال تارتماق — سەپ تارتماق، سەپ تۈزمەك.

يەسال تۈزمەك — «يەسال تارتماق» قا قاراڭ.

يەساۋۇل [يساول] ئىنتىزام، تەرتىپ ساقلىغۇچى، ياساۋۇل:

يەساۋۇلغە بەردى تۇتۇپ نامەنى،
مۇھىبلەر يۈ بەرگەي بۇ ھەنگامەنى.

— موللا يۇسۇپ.

يەسرىب [يثرب] (ئە) مەدىنە شەھىرىنىڭ قەدىمىي نامى.

يەسىر [يسير] (ئە) ئوڭاي، ئاسان؛ قولايلىق:

كىشىنى يوق ئەتمەك ئەگەرچە يەسىر،
ۋەلى زىندە قىلماق ئېرۇر كۆپ بەسىر.

— ئا. نىزارى.

يەشم [يشم] (ئە) يېشىل رەڭلىك قىممەت باھا تاش؛ يېشىل رەڭلىك تاش:

ئەيكى، ئىستەرسەن چاقىن دەفئىغە يەشم،
ئۆزگە تەگمەككە بېرىپ ئىمكانغە يول.

— نەۋايى.

يەشۇنماق [يشونماق] بېكىنمەك، يوشۇرۇنماق:

يەشۇندى بەرگى گۈل تۇفراغ ئىچىندە،
نىھان ئولدى شەجەر يەفراغ ئىچىندە.

— نەۋايى.

يەغما I [يغما] (پ) تالان - تاراج، بۇزغۇنچىلىق:

داغلىغ كۆڭلۈم تالاشقان قاش ئىلە كۆزلەرگە باق،
پۇللۇق ئۆي ئۆزرە بۇ كۆلگەن لەشكەرى يەغمانى كۆر.

— ئىرشى.

يەغما ئەيلەمەك — تالان - تاراج قىلماق، بۇلاپ -

تالىماق، ھۇجۇم قىلماق، ۋەيران قىلماق، بۇزغۇنچىلىق قىلماق.

يەغما چەكمەك — تالانغا ئۇچرىماق، بۇلانماق.

يەغما سالماق — سوقۇشتۇرماق، ئاداۋەت پەيدا قىلماق، ئاداۋەت ساقلىماق.

يەغما قىلماق — بۇلىماق، تالىماق، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماق.

يەغما II [يغما] ياغما (قەبىلە نامى):

چىگىل بىرلە يەغمانى ئەيلەپ ئۇبۇر،
(چىگىل ۋە ياغما يۇرتلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ.)

— نەۋايى.

يەغماگەر [يغماكر] (پ) تالان ـ تاراج قىلغۇچى، بۇلاڭچى، بۇزغۇنچى:

ۋەھكى، دىنىم كىشۋەرىن تاراج قىلدى كافەرى،
كۇفر ئېلىغە ھامىيى دىن ئەھلىغە يەغماگەرى.

— نەۋايى.

يەغمايى [يغماى] ياغما قەبىلىسىدىن:

ناز بىرلە نىگارى يەغمايى،
شاھغە تۇتتى جامى مىنايى.

— نەۋايى.

يەفراغ [يفراغ] 1) ياپراق، بەرگ؛ «يافراق» قا قاراڭ:

خەزان يېلى ئۇچۇرماقدۇر نەسىبى،
شەجەرلەر ئۈزرە كۆپدۇر گەرچە يەفراغ.

— ئەرشى.

2) دەردمەن ئاشىق:

خەزانىي باغ ئارا گۈل ئاي تەنۇ چېھرەمنى كۆرگەن چاغى،
دېگەيكىم، بىر قۇرۇق شاھ ئۈزرە قالمىش بىر سارىغ يەفراغ.

— نەۋايى.

سىيم ئاگا چۇن ساقى سۇمەنسا بولۇپ،
يەفراغى تەھنۇقرەئى مىينا بولۇپ.

— نەۋايى.

يەقىن I [يقين] يېقىن، تەخمىنىي:

ئىشىتتى فىسانە بەرەھمەن لەئىن،
دېدى: *شەھ قاشىغە بارالى يەقىن.*

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يەقىن ئەيلەمەك — يېقىنلاشتۇرماق.

يەقىن تۇتماق — يېقىنلاشتۇرماق.

يەقىن II [يقين] (ئە) ئېنىق؛ ئىشەنچلىك؛ مۇقەررەر.

يەقىن ئەھلى — ئەۋلىيالار.

يەقىنىي [يقينى] (ئە) ھەقىقەتكە توغرا كېلىدىغان، ئۆزلەشتۈرگەن، ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان.

ئۇلۇمى دىنىيەدىن كۆڭلى مۈلكى مەئمۇر كىبرەك ۋە يەقىنىي
فەراسەتدىن خاتىرى جەمئىيەت بىغۇتۇر.

— نەۋايى.

يەك I [يک] (پ) بىر، يەككە، يېگانە.

يەكايەك — بىرمۇ بىر، بىردىن ـ بىردىن، يەككىمۇ يەككە.

يەك ـ بەيەك — بىرمۇ بىر؛ تامامەن، پۈتۈنلەي:

بەناگاھ تۇشۇپ تورغە بىر چولڭ سەمەك،
تۇتۇپ ئول زەمان ئۈچ بالىق يەك ـ بەيەك.

— ئا. نىزارى.

يەك II [يک] يامان، خۇنۇك، پەس؛ قوپال مۇئامىلە.

يەكە [يکه] ئاتنىڭ بىر تۈرى.

يەكبار [يكبار] (پ) «يەكبارە» گە قاراڭ:

نەچە كەزگىل سۈرەييانى، سەرانى تارت مىلڭ مېھنەت،
تاپالماسەن، ئىلىك يىغ بارچەدىن يەكبار مەن يەڭلىغ.

— گۇمنام.

يەكبارە [يكباره] (پ) بىر يولى، بىر يولىلا، بىراقلا:

قەلەندەرلىك قەناەت ئىقلىمىنى ئىختىيار ئەتمەك،
زەلىلى ھىرسى دۇنيا تەركىنى يەكبارە ئەيلەرمەن.

— زەلىلى.

يەكبەند [يكبند] (پ) بىر يولىلا، باشتىن ـ ئاياغ:

سەھرانى تۇتۇپ تېۋەسى يەكبەند،
ھەيكەل ئارا بارچە كۇھ مانەند.

— نەۋايى.

يەكپارە [يكپاره] (پ) بىر پۈتۈن، پۈتۈنلەي، «يەكبارە» گە قاراڭ.

يەكتا [يكتا] (پ) يەككە، يېگانە، تەڭداشسىز:

تۇشۇپ مەزمۇن رەڭگىنكىم، بۇ گۈل كۆڭلىگە سالغاچ بەرق،
گۈلىستانى سۇخەن ئىچرە بولۇر بىر نەۋگۈل يەكتا.

— ئەرشى.

يەكجەھەت [يك جهت] (پ + ئە)، بىر تەرەپلىمە؛ بىرگە، ئاجرالماس؛ بىر ئېغىزدىن، ھەممىسى بىردەك:

چۇ دەفن ئەيلەمەكنى قىلىپ مەسلىھەت،
ھەمە ئولتۇرۇپ بولدىلار يەكجەھەت.

— ئا. نىزارى.

يەكجەھەتلىغ [يكجهت ليغ] بىرلىك، ئاجرالماسلىق، ئىتتىپاقلىق.

يەكجەھەتلىغ ئەيلەمەك — بىرلەشمەك، ئىتتىپاقلاشماق؛ يان باسماق.

يەكدانە [يک دانه] (پ) يېگانە، تەڭداشسىز؛ بىردىنبىر:

زاتى ئىنسان جەۋھەر ئىچرە گەۋھەرى يەكدانەدۇر،
چۇنكى ئىنسان ئىشق نەقدىغە تۇزمەتكەن خانەدۇر.

— گۇمنام.

يەكدەست [يک داست] (پ) 1) ماھىر، چاققان؛ ھۈنەرۋەن؛ ھەممىباپ:

زىمۇل مۇشك ئۈزە ئەبر كافۇرېز،
جەھان ئۈزرە يەكدەست كافۇر رېز.

— نەۋايى.

2) ئۇلۇغ، كاتتا:

ھەر كىشى ئوقۇسە بىلۇركى «دەرياگى ئەبرار» دىن يەكدەستىراق ۋە رەڭگىنىراق.

— نەۋايى.

يەكدىگەر [يکديکر] (پ) ئۆزئارا، بىر - بىرىگە، بىر - بىرىدىن، بىر - بىرلەپ:

كۇفرىدىندۇر زىدى يەكدىگەر نە مەئلۇم ئەيلەيىن،
بەس بۇ مەزمۇنى سۇخەندە ماجرا كەلتۈرمىشەم.

— زەلىلى.

يەكدىل [يک دل] (پ) پىكرى، مەقسىتى بىر، ئىناق، ئىتتىپاق:

نىچە مىڭ كىشى يەكدىلۇ يەكجىھەت،
جەلادەت كېلىپ بارچەسىغە سىفەت.

— نەۋايى.

يەكران [يکران] (پ) ئالا - چىپار ئات، چاپقۇر ئات، ياخشى نەسىللىك ئات.

يەكرانى تازى — ياخشى نەسىللىك ئەرەب ئېتى؛ ئارغىماق.

يەكرەڭ [يەک رنک] (پ) بىر خىل، بىر تۈسلۈك، بىر رەڭلىك؛ بىر تۇردىكى؛ ئۆزگەرمەيدىغان، توغرا، تىل ۋە دىلى بىر، ۋاپادار:

تانماغۇڭ بۇ باغ ئارا يەكرەڭ بىرلە يەكزەبان،
نې گۈلى رەئناسىدىن، نې سەۋسەنى ئازادىدىن.

— نەۋايى.

يەكروي [يکروي] (پ) توغرا سۆزلۈك، بىر سۆزلۈك:

خاجە ھۈسەين ... ئۆزى مۇجىد ۋە سۇلب ۋە يەكروي كىشىدۇر.

— نەۋايى.

يەكزەبان [يک زبان] (پ) بىر سۆزلۈك؛ ۋاپادار:

تانماغۇڭ بۇ باغ ئارا يەكرەڭ بىرلە يەكزەبان،
نى گۈلى رەئناسىدىن، نې سەۋسەنى ئازادىدىن.

— نەۋايى.

يەكسان [يکسان] (پ) باراۋەر، تەڭ، پەرقسىز، بىر خىل:

تەكيەگاھى خەلق گۆرىستاندۇرۇر،
شاھۇ گەدا قەبردە يەكساندۇرۇر.

— زەلىلى.

يەكسان ئەيلەمەك — «يەكسان قىلماق» قا قاراڭ.

ئەي ئەجەل، ئاھىستەرەۋ، زۇلىم نەمايان ئەيلەدىڭ،
قىبلەگاھىمنى قارا يەر بىرلە يەكسان ئەيلەدىڭ.

— ئا. نىزارى.

يەكسان بولماق — بىر خىل بولماق، تەڭ بولماق.

يەكسان قىلماق — باراۋەر قىلماق، تەڭ قىلماق.

يەر بىرلە يەكسان ئەيلەمەك — ھالاك قىلماق، ئۆلتۈرمەك.

يەكسەر [يکسر] (پ) 1) تەنھا، يەككە:

خىلاق ھەققە يەكسەر بولما بىھۇش،
ھەلال ئولسا شىكار ئەھلى سالۇر قۇش.

— خىرقىتى.

2) بىردىن، بىر باشتىن، بىردىنلا، بىراقلا؛ پۈتۈنلەي؛ بىۋاستە:

ساچايىن ئىشق ئېلى ئالىغە يەكسەر،
ئانىڭدىن كىم تەلەپ قىلغاندىن ئەكسەر.

— خىرقىتى.

يەكسو [يکسو] (پ) بىر تەرەپ، بىر تامان:

ئانغەچەكى بۇ خەيل يەكسو بولۇپ،
ئۆلۈس باغرى ئول ۋەھمدىن سۇۋ بولۇپ.

— نەۋايى.

يەكفەن [يکفن] (پ + ئە) ماھىر، يېگانە؛ ئىختىساسلىق؛ ئۆز ھۈنىرىدە يېگانە:

تۆكەرسەن قان كۆزۈڭ بىرلە، بېرۇرسەن جان سۆزۈڭ بىرلە،
ئەجايىپ زۇفۇنۇنى سەنكى، ھەرفەن ئىچرەسەن يەكفەن.

— نەۋايى.

يەكقەلەم [يک قلم] (پ + ئە) 1) بىر يولى، بىراقلا، پۈتۈنلەي. 2) تەقدىردىن پۈتۈلگىنى، بىردىنبىر ئۆزگەرمەس. 3) بىرلىشىش، تەڭلىشىش.

يەكقەلەم ئەيلەمەك — بىرلەشتۈرمەك، بىرىكتۈرمەك.

يەكقەلەمە [يک قلمه] (پ + ئە) پۈتۈنلەي؛ بىردىنبىر؛ داڭدار:

خاجە خۇرد سەمەرقەند تەختىنىڭ يەكقەلەمە قازىسى ۋە «ئۇلۇغ بېك مىرزا» مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسىدۇر.

— نەۋايى.

يەكنەفەر [يک نفر] (پ + ئە) يەككە، يالغۇز.

يەكنەفەر قىلماق — يالغۇز قالدۇرماق، ئايرىۋەتمەك.

يەكې [يکى] (پ) بىرى:

دەر ھەقىقەت لۇتفۇ قەھرى ھەر يەكې ھەقدىن ھەمان،
ئۇشبۇ يەڭلىغ مىڭ ئەجايىب ھېچ ئەر ئەردىن ئەمەس.

— شەۋقى.

سەد يەكي — يۈزدىن بىرى.

يەڭشەماغ [ينكشماغ] سايرىماق:

ھەقكوي قۇشنىڭ تەمكىن بىلە زىكىر ئېيتۇرى قاشىدە قارلۇ.
غاچىنىڭ بىمالال يەڭشەماغ مەلالەت كەلتۇرۇر.

— نەۋايى.

يەڭلىغ [ينكليغ] دەك، تەك؛ ئوخشاش:

قەددى سەرۋى يەڭلىغ يۈزى گۈل ئېرۇر،
ھەمە ھۆسن ئەھلى ئاڭا قۇل ئېرۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يەل I [يل/ييل] 1) شامال؛ يەل:

قورقار ئىدۇڭ خەزان يەلىدىن،
پىنھان بولۇبان جەھان ئېلىدىن.

— موللا سالىھ.

2) ئۈچقۇر ئات، دۇلدۇل:

چۇ چىقتى يەلگە گۈلبەرگى تەرىدەك،
فەلەك رەخشىغە مىھرى خاۋەرىدەك.

— نەۋايى.

يەل ئاسا — يەل كەبى، يەلدەك.

يەل سۇئۇبەتى — شامال تەشۇشى، قىيىنچىلىقى.

يەل قويماق — شامال چىقماق:

مۇخالىف يەل قويۇپ، چايقالدى دەريا،
قىيامەتدىن قاتىغ كۈن بولدى پەيدا.

— لۇتفى.

يەلگە بارماق — ئۇچماق، ئۇچۇپ كەتمەك.

يەلگە بەرمەك — ھالاك قىلماق، يوقاتماق؛ سورۇماق، سورۇۋەتمەك.

يەل II [يل] (پ) قەھرىمان، پالۋان، باتۇر:

كۆڭۈل مىژگان خەدەڭگىڭ كۆزلەرىڭدە ناگەھان كۆرگەچ،
ھەراسان يەلدەك ئولمىش كافىر ئىلكىدە سىنان كۆرگەچ.

— ئەرشى.

يەلى خەسمبەند — دۈشمەننى ئەسىر قىلغۇچى پالۋان، باتۇر.

يەلاغ [يلاغ] ئىتقا يېمەكلىك تۆكۈپ بېرىدىغان ئىدىش، يالاق:

ماڭا مەي ئولمادى روزى تەرەب ئەياغىندە،
تەرەبدۇرۇر ئىچە ئالسام ئانىڭ يەلاغىندە.

— نەۋايى.

يەلاڭ [يلانك] يالاڭ، يالىڭاچ؛ كەمبەغەل، يوقسۇل، نامرات.

يەلاڭ ئەيلەمەك — يالىڭاچلىماق.

يەلاۋ [يلاو] 1) بايراق، تۇغ، ئەلەم:

تامۇغ شۇئلەسى بارچە رەڭگىن يەلاۋ،
بىلىنىپ يەلاۋ جىلۋەسىدىن قىلاۋ.

— نەۋايى.

2) پارلاق، يالتىراق، جىلۋىلىك. 3) قالپاقتا ئورلىدىغان يىپەك لېنتا:

داۋۇلغاندا چىنىي يەلاۋ دىلپەزىر،
يەنە جەۋشەن ئۈستىگە چىنىي ھەرىر.

— نەۋايى.

يەلە [يلە] (پ) قۇۋۋەتلىك، شىجائەتلىك؛ «يەل II» گە قاراڭ؛

شىرى يەلە — شىجائەتلىك شىر.

ھىزەبرى يەلە — شىجائەتلىك شىر، ئارسلان، باھادىر.

يەلەك [يلك] (پ) لېچەك؛ ئاياللار بويىنىغا ئاسىدىغان ئاق رەخت:

ۋە مەئمۇدىي ئەلبىسەدىن مىسلى: دەستار ۋە قالپاق ۋە نەۋرۇزىي ۋە تونى ۋە شىرداغ ۋە دەكلە ۋە يەلەك ۋە ياغلىغ ۋە تەرلىك ۋە قۇر يوسۇنلۇغ نىمەلەرنى بارىسىن تۈرك تىلى بىلە ئايتۇرلەر.

— نەۋايى.

يەلپاڭ [يلپانك] يالپاڭ، ياپىلاق:

كۆرۈنۈر يۈزى كۆزگۈ ئىچرە بۇزۇق،
ئۇزۇن، يوقسە يەلپاڭ، كىچىك يا ئۇلۇغ.

— نەۋايى.

يەلپىمەك [يلپى ماك] يەلپۈمەك:

سەرۋى نازىم گۈل چاغى گۈلشەنغە كىردى، ئەي نەسىم،
ھەم ئانى يەلپىپ ھەم گۈل يەفراغىن باشىغە ساچ.

— نەۋايى.

يەلدا [يلدا] (پ) قارا قىش، قىش كېچىسى:

كۆرگۈزۈپ ئارەزدە خالى كۈن چاغى يەلدا كەبى،
روزگار ئېلتۇرنى بىزگە ئەيلەدى مۇشكىل يىگىت.

— ئەرشى.

يەلدا تۈنى — قىشنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ ۋە ئەڭ ئۇزۇن كېچىسى:

زۇلفى ئۆلتۈرمەككە يۈز تىرگۈزگەلى قىلمىش جەدەل،
چۈن قىلۇر يەلدا تۈنى خۇرشىدى تابان بىرلە بەھس.

— ئەرشى.

يەللەنمەك [ييل لاناماك/يل لاناماك] 1) ھاۋالانماق. 2) مەغرۇرلانماق.

يەلمەك [يل ماك/ييل ماك] يۈگۈرمەك، چاپماق:

فىراق دەشتىدە ئىتكەن كۆڭۈل يەلىپ چىقا ئالماس،
ئانىڭ بۇ ۋادى ئاراغۇل رەھنەمۇنىمۇ ئېركىن؟

— نەۋايى.

يەم I [يم] يەم، يەمچۈك:

كۆرسەت جەمالىڭ ئەي پەرى، قىلمە جانىمغە كۆپ سىتەم،
تاشلاپ بۇ ھىجران دەشتىغە غەم قۇشلارىغە قىلما يەم،
— موللا سالىھ.

یەم II [يم] (ئە) دەريا، دېڭىز:
«يا» بىلە «مىم» گە قىلىپ ئىزھار يەم،
ئەيلەگەلى غەرقەگى بەھرى كەرەم.
— نەۋايى.

یەماغ [يماغ] ياماق:
رىشتە تابى ساڭا قەيد ئولسە، نې سۇد، ئەي زاھىد،
گەر مەسىھ ئىگنەسى بىرلە ئېسە خىرقەڭ يەماغى.
— نەۋايى.

یەمەك [يماک/ييماک] يەم؛ يېمەكلىك، تائام، نان:
يېمەك لازىم ئولسە تىلەرمەن ئانى،
ئەگەر بەرسەڭىزلەر كىيەرمەن ئانى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

یەمخانە [يمخانە] يەمخانا؛ ئەلچى ۋە چاپارمەنلەرنىڭ ئات ئالماشتۇرۇش جايى، ئات ساقلىنىدىغان جاي (ئالماشتۇرۇپ مىنىش ئۈچۈن).

یەمىن [يمين] (ئە) ئوڭ، ئوڭ قول، ئوڭ تەرەپ؛ قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى:
بالۇ پەرى مەئنىنى يەسار ئىلە يەمىن قىل،
بىر يەردە تۇرۇپ سەيرى ھەمە رويى زەمىن قىل.
— زەلىلى.

یەنگىل [يينكيل] بەدىنى يېنىك؛ يەڭگىل، چاققان؛
فەقر ۋادىيسىغە كىرگەن تاشلاسۇن ئۆزلۈك يۈكىن،
كىم قىلۇر يول قەتئىن ئاسانراق نەچە بولغان يەنگىل.
— نەۋايى.

یەۋاقىت [يواقيت] (ئە) [بىرلىكى: ياقۇت] «ياقۇت» قا قاراڭ.

یەۋغان [يوغان] ياغىسىز، مايسىز:
تېنىچ كۆڭۈل بىلە يەۋغان ئۇماچ ياخشىراقكىم،
تەكەللۇف ۋە مەشەققەت بىلە قەندىي كۇلاچ.
— نەۋايى.

یەۋم [يوم] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەييام] كۈن، كۈندۈز، ۋاقىت:
مۇھەررەم يەۋمى ئاشۇرا بىلەن ساھىبقىران كەلمىش،
سەفەر غەمدىن رەبىيەل - ئەۋۋەل ئاخىر شادمان كەلمىش.
— شەۋقى.

یەۋمۇ لەيل — كۈندۈز ۋە كېچە.

یەۋمۇ فەيەۋم — كۈنمۇ كۈن، كۈنسېرى:
ئول تەرەپكە يۈردىلەر مۇساۋۇ قەۋم،
سۇبھۇ شام، شەببۇشەب، يەۋمۇ فەيەۋم.
— خەراباتى.

یەۋمۇتتەناد [يوم التناد] (ئە) قىيامەت، ئاخىرەت، «يەۋمۇن - نۇشۇر» غا قاراڭ:
بۇلارغە بولۇپ زور يەۋمۇتتەناد،
قىلىپ ئاندا بىر - بىر بىلە خەيرباد.
— ئا. نىزارى.

یەۋمۇل - ئەزاب [يوم العذاب] (ئە) ئازاب كۈنى، قىيامەت:
كەلدى بەشىنچى ئاڭا يەۋمۇل - ھىساب،
دېمە ھىساب، ئايتىكى يەۋمۇل - ئەزاب.
— نەۋايى.

یەۋمۇل - قىيام [يوم القيام] (ئە) «يەۋمۇتتەناد» قا قاراڭ.

یەۋمۇل - ھىساب [يوم الحساب] (ئە) ھېساب - كىتاب كۈنى، قىيامەت كۈنى:
مە ئەلقىسسە ئول زاتى ئالىيجەناب،
شەفىئۇل - ئۇمەر شاھى يەۋمۇل - ھىساب.
— ئا. نىزارى.

یەۋمۇن - نۇشۇر [يوم النشور] (ئە) قىيامەت، ئاخىرەت.

یەئجۇج [ياعجوج] (ئە) ئەپسانىۋى بەتبەشىرە، ھەيۋەتلىك، ئادەمخور مەخلۇق.

یەئجۇج سەددى — يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسكەندەر زۇلقەرنەين تەرىپىدىن سوقۇلغان سېپىل؛ توسۇق تام.

یەئس [يأس] (ئە) مەيۇسلۇك، ئۈمىدسىزلىك، قايغۇ.

یەئسۇ بىدىللىق — غەمكىنلىك، خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك.

یەئسۇ ھىرمان — مەيۇسلۇك، ئۈمىدسىزلىك.

یەئنى [يعنى] (ئە) يەنى؛ گوياكى، ئېنىقراقى:
كۆرۈپ قاتىللىغىن بولماق نە يەئنى،
ئۈمىد ئورنىغە ئاندىن كىمسەگە پاس.
— ئەرشى.

یەياغ [يياغ] «يەياق» قا قاراڭ:
ئەيش - ئىشرەت بىلە راھەتدۇركى تاغىنىڭ يولىدە،
گاھى - گاھى ماڭسام باشىم بىرلەن گەھى ماڭسام يەياغ.
— قەلەندەر.

یەياق [يياق] پىيادە، ياياق:
مەۋلانا خۇررەمىي ... ئەنبىيا ۋە مەشايىخ مەزاراتىن يەياق بارىپ زىيارەت قىلدى.
— نەۋايى.

یورتاغ [يورتاغ] «يورتاق» قا قاراڭ:

نادانغە سۆز دېمەك ئەيغادۇر ۋە كۆپ دېمەگى يورتاغدۇر.
— نەۋايى.

يورتاق [يورتاق] سوكسوك، قىرچاڭغۇ ئات؛ ئەزمىلىك، سۇسلۇق؛ مۇجمەل:
يۈزدىن بىرىكى مەگرەكەگە يېتىپ، يورتاق چاپىش بىلەن ئۆزىن زايىئ ئېتىپ.
— نەۋايى.

يورغەچى [يورغەجى] ئىمەل، كەسىپ نامى؛ يورغەچى:
هۈنەر ۋە پېشەدە ئانداغكى، قۇشچى ۋە بارسچى ۋە قورۇقچى ۋە تامغاچى ۋە جىبەچى ۋە يورغەچى.
— نەۋايى.

يورماق [يورماق] تەربىلىمەك؛ تەبىر بەرمەك، چۈشەندۈرمەك:
ئويغانغىدە نې ئالىڭغە كەلسە قەزادىن كۆر، ئۆيقۇدە هەر نې تۈشۈڭگە كىرسە ياخشى يور.
— نەۋايى.

يوشۇنماق [يوشۇنماق] يوشۇرۇنماق، يېكىنمەك:
قارانغىدۇر كۆزۈڭ باغى جەمال ئىچرە يوشۇنۇپدۇر،
ئاتارغە ئوق ئېبرۇر مىژگانلارىڭ يا سەرۋى بوستاندۇر.
— گۇمنام.

يول [يول] 1) يول. 2) چارە، ئۇسۇل. 3) مەزھەپ، ئېتىقاد.
يول ئازىقماق — يول ئاداشماق.
يول ئەھلى — سوپىلىق يولى.
يول تۇتماق — يولغا چۈشمەك، يۈرۈشكە باشلىماق.
يول ئۇرماق — توسماق، يولدىن چىقارماق.

يولاماق [يولاماق] يېقىنلاپ بارماق، يېقىنلاشماق، يولىماق.

يولداماق [يولداماق] يوللىماق، يولغا سالماق؛ يېتەكلىمەك، قوللىماق:
كەرەم ئەيلەپ ئىككى قولۇم، قولداڭىز،
سۆز ئىقلىمى سارى مېنى يولداڭىز.
— نەۋايى.

يونماق [يونماق] 1) يونۇماق، تاراشلىماق. 2) كىرىشمەك، يېزىشقا باشلىماق:
ئالتىمىشكە ئۆمر قويغاندا قەدەم،
قۇش تىلىن شەرھ ئەتكەلى يوندىم قەلەم.
— نەۋايى.

يۇبارماق [يوبارماق] 1) ئەۋەتمەك، يولغا سالماق، يوللىماق. 2) چۈشۈرمەك، پەسكە قارىتىپ قويۇپ بەرمەك.

يۇبس [يبس] (ئە) قۇرۇق.
يۇبس تاماق — زىرىكمەك؛ زەئىپلەشمەك؛ قۇرۇماق:
ئەياقچى، تولا ئەيلە جامى فەراغ،
كى كۆپ فىكردىن يۇبس تاپمىش دىماغ.
— نەۋايى.

يۇبۇسەت [يبوست] (ئە) قۇرۇقلۇق، قۇرۇغانلىق؛ زەئىپلىك.
يۇبۇسەت تاپماق — زەئىپلەشمەك، قۇرۇماق.

يۇتماق [يوتماق] 1) يۇتماق، ئىچمەك؛ غەم يېمەك؛ ئازابلانماق:
بۇ قىزنى قىلالى ئاناسىغە ۋەسل،
كى خۇنابە يۇتقان ئاناسىغە ۋەسل.
— ئا. نىزارى.
2) يوشۇرماق؛ ئېگىللىمەك؛ يوق قىلماق، ئۆلتۈرمەك.

يۇرتاچى [يورتاجى] يېتەكچى:
خاد سۇنغۇردىن بىيىك تۇتتى مەقام،
يۇرتاچى تاۋۇس ئۆزە قىلدى خىرام.
— نەۋايى.

يۇرتچى [يورتجى] «يۇرتاچى» غا قاراڭ؛ شاھ ئوۋغا چىقىش ئالدىدا مەنزىل، چۈشكۈن تەييارلىغۇچى شەخس؛ قوشۇنغا قارارگاھ هازىرلىغۇچى مەنسەپدار.

يۇرۇتماق [يوروتماق] يۈرگۈزمەك، ئىشلەتمەك، ئىشقا سالماق:
جانۇ نالان كۆڭۈل بىلە نې ئەجەب،
پاسبانلىغ كېچە يۇرۇتسە جەرەس.
— نەۋايى.

يۇرۇماق [يوروماق] 1) يۈرۈش قىلماق. 2) ئەمەل قىلماق، يولغا قويماق. 3) كەسمەك؛ ئۆتمەك:
ۋە تىغ يۇرۇماس بولدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇيۇردىكىم، قەتلدىن ئىلىك تارتتىلەر.
— نەۋايى.

يۇرۇن [يرون] ياماق، پارچە؛
يۇرۇننى تۈز تىكمەك — (كىيىمگە) ياماق سېلىش؛ ياماقلىق كىيىم كىيىش.

يۇرۇنچقا [يورونچقا] بىر خىل ئۇسۇملۈك؛ بېدە:
يەنە ئانى دېمە سەبزەكىم، يول يۇرۇنچقادۇرۇر،
كى نېچە ياخشىراق ئورغان سايى چىقار كۆپرەك.
— نەۋايى.

يۇسر [يسر] (ئە) ئاسانلىق، قۇلايلىق؛ راھەت.

يۇگۇرماق [يوكورماق] چاپماق، يۇگۇرمەك؛ ھەرىكەت قىلماق، ئۇرۇنماق، ئۆزىنى ھەر ئىشقا ئۇرماق:
يۇگۇرماقدىن سەبا رەفتارى خۇش سۇم،
ئەرەقدىن يەرگە تۆكتى دۇررى ئەنجۇم.
— ناقىس.

يۇماق [يوماق] يۇماق، «يۇۋماق» قا قاراڭ:
دەر ئېردىكى: *ئەي جان يېمە ئەسلە غەم،*
يۇما غەم سۇيىدە ئۇزارىڭنى ھەم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

جاندىن ئىلىك يۇماق — جاندىن ئۈمىد ئۈزمەك؛ جاندىن كەچمەك؛ (جاندىن، ئۆمرىدىن) قول تارتماق، ۋاز كەچمەك.

يۇمدەك [يومديك] يۇمغاندەك، يۇمغان كەبى:
مەن ئىچرە چۇنكى ساقىي ئەكسى مۇھلىكدۇر، بۇ ساغەرنى
كىشىكىم ئىچسە، ئۈممىدى ھەياتىدىن كۆزىدىن يۇمدەك.
— نەۋايى.

يۇمرۇغ [يومروغ] «يۇمرۇق» قا قاراڭ.

يۇمرۇق [يومروق] مۇشت، مۇشتۇم.

يۇمرۇق تاشلىماق — مۇشتلىماق، مۇشت بىلەن ئۇرماق.

يۇمرۇق چەكمەك — دوق قىلماق، مۇشت كۆتۈرمەك.

يۇمرۇلماق [يومرولماق] 1) سانچىلماق. 2) يىمىرىلمەك، ئاغدۇرۇلماق.

يۇمشاتماق [يومشاتماق] مايىل قىلماق، ياخشىلىققا يۈزلەندۈرمەك، قايىل قىلماق؛ يۇمشاتماق.

يۇمشاغ [يومشاغ] «يۇمشاق» قا قاراڭ.

يۇمشاق [يومشاق] مۇلايىم، يېقىملىق، يۇمشاق.

يۇمشاماق [يومشاماق] يۇمشىماق، بوشىماق:
تۇرۇپ سۆزلەرىمنى پەرى ئاڭلادى،
كى قاتىلنىڭ ئەندەك دىلى يۇمشادى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يۇمكىن [يمكن] (ئە) مۇمكىن، ئىمكانى بار، ئىمكانىقەدەر، مۇمكىنلىك:
يۇمكىنكى، قاچان بۇ زار ئىشتىگەچ،
بۇ قىسسەئى جانگۇداز ئىشتىگەچ.
— نەۋايى.

يۇمماق [يوماق] 1) يۇمماق (كۆز يۇمماق)؛ بىپەرۋالىق قىلماق؛ كۆرمەسلىككە سالماق، كۆزنى بىپەرۋا قىلىپ كۆرسەتمەك. 2) توسماق، يوقاتماق. 3) كەچمەك، ۋاز كەچمەك.

يۇمن [يمن] (ئە) ياخشىلىق، بەرىكەت، شارابەت:
ۋە ئۈمىدىم ئولدۇركى، ئۇشبۇ رابىتە يۇمنىدىن ئاللارنىڭ
مۇھىبلەرى ۋە مۇخلىسلەرى زۇمرەسىدە مەشھۇر بولغايمەن.
— نەۋايى.

يۇمۇرماق [يومورماق] بۇزۇلماق، يىمىرىلمەك.

يۇھ [يوح] (ئە) قۇياش.

يۇھيى [يحيى] (ئە) تىرىلدۈرىدۇ.

يۇھيىل ئىزام — سۆڭەكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ.

يۇۋاشماق [يواشماق] ياۋاشلانماق، يۇمشىماق.

يۇۋماق [يوماق] 1) يۇماق، تازىلىماق، پاكىزلىمەك؛ غەشلىكنى كەتكۈزمەك؛ خاتانى تۈزەتمەك. 2) زىننەتلىمەك، زىننەت بەرمەك. 3) سۇغا سالماق، سۇغا تاشلىماق، سۇغا پاتۇرماق، غەرق قىلماق 4) ئۈمىد ئۈزمەك.

يۇۋۇنكار [يونكار] تەشۋىش، خاتىرجەمسىز.

يۇيماق [يوياق] «يۇۋماق» قا قاراڭ.

يۇدەمەك [يوداماك] ئىنچىكىرىمەك، جۇدىمەك، ئورۇقلىماق، ھالسىزلانماق:
ئەگەرچە رەنجۇ مىھنەتدىن يۇدەدىڭ،
يارانقان ئاقىبەت بەرگەي مۇرادىڭ.
— لۇتفى.

يۈز [يوز] 1) ئەپت، بەت، يۈز، چىھرە، چىراي:
يۈزىدىن پەردە ئالىپ چىقسە ئول ماھى دەۋرەفشانىم،
پەلەك ئەختەرلەرىدەك خوبلار ھەريان قاراشىپدۇر.
— گۇمنام.

2) بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستى تەرىپى، يۈزى؛ سىرت:
تۇتۇپ دۇدى ئاھىم فەلەكنىڭ يۈزىن،
تۇتۇپ پەردە يەڭلىغ سەمەكنىڭ يۈزىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) سەۋەب، ۋەج. 4) يۈز (سان)؛ كۆپ، سان ـ ساناقسىز.

يۈز پارە بولماق — ئېزىلمەك، پارچە ـ پارچە بولماق.

يۈز دەرز — كۆپ دەز، جاراھەت.

يۈز سارى — يۈز ئەتراپىدا.

يۈز قارا بولماق — ئۇياتقا قالماق، شەرمەندە بولماق.

يۈز قايتارماق — چېكىنمەك، قايتماق.

يۈز قەرالىغ — گۇناھكارلىق.

يۈز قويماق — 1) كەلمەك، كىرمەك، پەيدا بولماق؛ بارماق، خالىماق. 2) كەتمەك. 3) قەست قىلماق.

يۈز قىزىللىق — ئۇيالغان، ئۇيىلىدىغان، شەرم ـ ھايالىق.

يۈز كەلتۈرمەك — يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق:
ۋەزىر پۇر تەبىرنىڭ قىزى ئاتاسىغە بۇ ھادىسە يۈز كەلتۈرگەنىنى ئاڭلاپ، فەرەڭ ئەلچىسى بىرلە تاپىشىپ، لىباسى مەردانە كىيىپ خاجە سەگ پەرەست ئۆچۈن ئۆز شەھرىدىن خۇراسانغە ئەزىم ئەتكەنى ...
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يۈز كۆرگۈزمەك — كۆرۈنمەك، نامايان بولماق؛ يۈزە-

نى كۆرسەتمەك.

يۈز كۆرمەك — يۈزىگە قارىماق، رىئايە قىلماق.

يۈز كېتۈرمەك — 1) ئىلىشمەك، پەيدا بولماق، يۈزلەنمەك. 2) قەدەم قويماق. 3) قارغىماق.

يۈزگە چىن سالماق — يۈز پۈرۈشتۈرمەك، ئاچچىقلانماق.

يۈزگە زەئفەران ئاچماق — رەڭگى سارغايماق.

يۈزلەرىگە ئەجەل نىقابى چەكمەك — يوقاتماق.

يۈز ئۇرماق — 1) كەلمەك، كۆرمەك؛ قەدەم باسماق؛ قەدەم تەشرىپ قىلماق. 2) ئۇرۇنماق، ئىنتىلمەك.

يۈز ئۆيۈرماق — يۈز ئۆرۈمەك.

يۈزى ئاچىلماق — شادلانماق، خۇشال بولماق؛ يۈزىدىن ـ تۆپەيلىدىن، سەۋەبىدىن، يۈزىسىدىن:

مەي سۇندىكى ئەغيارغە گول، رەشك يۈزىدىن،
دەرھال قوپۇبان مەينى قولىدىن ئالا قالدىم.

— ئەرشى.

يۈزى قىزىل ئەيلەمەك — ئېتىبارلىق قىلماق، ئەزىز قىلماق، ئەزىزلىمەك.

يۈزىگە كەلتۈرمەك — يۈزىگە ئېيتماق، يۈزىگە سالماق.

يۈزىگە ئۇرماق — يۈزىگە ئېيتماق، يۈزىگە سالماق، ئەيىبىنى پاش قىلماق.

يۈزلەنمەك [يوزلاناماك] 1) كەتمەك، ئاتلانماق، يوللانماق. 2) كەلمەك، بارماق؛ پەيدا بولماق؛ كۆرۈنمەك؛ توغرا كەلمەك، دۇچ كەلمەك؛ يېقىنلاشماق؛ يۈزلەنمەك:

جەۋانلىق كېتىپ يۈزلەنىپ پىرلىق،
بولۇپ مىسلى رۇباھ كېتىپ شىرلىق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يۈك [يوك] 1) يۈك، ئېغىرلىق، زورلۇق:

بولۇپ خەم قامەتىڭ مىننەت يۈكىدىن،
قىلۇرسەن بەندەلىك، يوق زەرق تائات.

— ئابىت.

2) مېۋە؛ مال ـ دۇنيا:

نەزەر سالمايىن ئەل يۈكۈ مالىغە،
تەمەللۇقغە چىقتى ئەۋان ئالىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يۈك تارتماق — ئېغىرلىق، قاتتىقچىلىق كۆرمەك، قىيىنچىلىق كۆرمەك، مۇشەققەت تارتماق.

يۈك چەكمەك — كۆتۈرمەك.

يۈككە كىيۈرمەك — يۈكلىمەك، ئارتماق.

يۈكلەنمەن [يوكلاناماك] 1) يۈكلەنمەك، بويىنغا (ئۈستىگە) ئارتىلماق؛ ئىقرار قىلماق، بويىنغا ئالماق؛ . 2) ھامىلىدار بولماق:

سەئادەت بىرلە يۈكلەندى ۋۇجۇدى،
يېتىلگەچ مەددى مەملىنىڭ مۇدۇدى.

— لۇتفى.

يېگۈلۈك [ييكولوك] يېيىشكە لايىق نەرسە؛ ئوزۇق ـ تۈلۈك، تائام، يېمەكلىك.

يىبارماق [ييبارماق] ئەۋەتمەك، ماڭدۇرماق.

يىبەرمەك [ييبارماك] «يىبارماق» قا قاراڭ:

قىلىپ گۈلنى يىگىتلەر بەستە ـ بەستە،
يىبەرۇر مەشۇقىغە دەستە ـ دەستە.

— خىرقەتى.

يىتەرمەك [ييتارماك] «يېتۈرمەك» كە قاراڭ:

كۆيدۈرۈپ ئوتدەك مېنى ئوتدەك ئۆزىن كۆزدىن يىتەر،
ئاپەتى دەۋرانمۇ بۇ يا تەبئى ئىرانمۇ دەيمەن.

— ئەرشى.

يىتمەك [ييتماك] يىتمەك، يوقالماق، يوق بولماق:

بىلمەڭ ئەيىۋەمەنناس يىتتى بالام،
ئانى بەرسە ئورنىغە بەرگۈم غۇلام.

— ئا. نىزارى.

يىتۈرمەك [ييتورماك] يىتتۈرمەك، يوق قىلماق:

يىتۈردۈم جانۇ كۆڭلۈم، بىگۇمان، سەندىن گۇمان ئەتتىم،
سۈيۈنگەندەك تاپىپ گۆھەر، شەكەر خەندىڭ گۇۋاھىمدۇر.

— گۇمنام.

يىر [يير] ناخشا؛ قوشاق، جىر.

يىراقماق [ييراقماق] يىراق قىلماق، يىراقلاشتۇرماق، ئۇزاقلاشتۇرماق، چەتلەشتۈرمەك.

يىراۋ [ييراو] باخشى؛ داستان ئېيتقۇچى، ھېكايىچى؛ قوشاقچى:

ئەي يىراۋ، سەن ھەم ئىشىكنى كۆرگۈز،
يا توغان بىرلە ئۇلۇغ ئىرنى تۈز.

— نەۋايى.

يىرلاغۇچى [ييرلاغوجى] جىرلىغۇچى، كۈيلىگۈچى؛ قوشاق قاتقۇچى.

يىرلاماق [ييرلاماق] جىرلىماق، كۈيلىمەك؛ قوشاق قاتماق.

يىغاچ [يىغاچ] 1) دەرەخ؛ ياغاچ:

يىغاچ سەندەل ئۆزە چىقىپدۇر ئۆزى،
شەھەنشاھلاردەك ئەدالىق سۆزى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئۆلچەم، مۇساپە ئۆلچىمى، ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

بىر يىغاچ مەسافە — ئون ئىككى مىڭ قەدەم (بىر قەدەم

تەخمىنەن بىر مېتىرغا باراۋەر)؛

يىغاچ مەراكىپ — ياغاچ كېمىلەر.

يىغلامسىنماق [ييغلامسيناق] يىغلامسىرىماق، يىغلىغاندەك بولماق.

يىغى [ييغى] يىغا، يىغا - زار:

ئالىپ كەلدى مۇردە بۇ ئەتۋار ئىلە،
كى بىر قىزنى ئانچە يىغى زار ئىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يىغىنلىق [ييغينليق] توپلىنىش، جەمئىيەت.

يىقماق [ييقماق] يىقىلماق، غۇلىماق؛ غۇلاتماق، ئاغدۇرماق، يىقىتماق:

بىر ئوق بىرلە رۇستەمنى ئاتتىن يىقار،
نىچە ئاتسا قىلماس خىتا كۆزلەرىڭ.

— سەيفى سەرايى.

يىقۇغ [ييقوغ] «يىقۇق» قا قاراڭ:

بېرىپ غەم نەقدى، ئەيلەپ دىلرە بالىغ، ۋەئدە قىلدىڭ ۋىسل،
كەرەم قىلدىڭ، يىقۇغ كۆڭلۈمنى ئالدىڭ، لۇتف كۆرگۈزدۈڭ.

— نەۋايى.

يىقۇق [ييقوق] يىقىق، يىقىلغان، ئاغدۇرۇلغان:

سەراسىمەلىكتە ئۆتۈپ ئىككى ئاي،
تاپىلسا يىقۇق تام بىلىپ خوش سەراي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يىقىلغۇر [ييقيلغور] يىقىلىدىغان، يىقىلىشقا يېقىنلاشقان:

كۆلبەم ئەيۋانىن فەلەك يىقتانى سور ئول زاردىن،
كىم ئانىسى يوق، يىقىلغۇر كۆلبەسى ئەيۋانىدە.

— نەۋايى.

يېگانە [يكانه] (پ) تەڭسىز، تەڭداشسىز؛ يەككە، يېگانە، تەنھا:

بۇ مەجمۇئە بىرلە رەۋانە بولۇپ،
ۋەلى دىندا ئانداغ يېگانە بولۇپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يېگانەئى ئافاق — دۇنيادا تەڭدىشى يوق، ئەڭ ياخشى.

يېگانەئى ئەسر — زاماننىڭ تەڭدىشى يوق يېگانىسى؛

يېگانەئى دەۋر — دەۋر تەڭدىشى يوق يېگانىسى.

يېگانەئى دەۋران — دەۋرنىڭ تەڭدىشى يوق يېگانىسى:

ۋاقتىكى، بۇ ئەزىز شېئىرىي مۇئەممە فەننىدە يېگانەئى دەۋران، نادىرى زەمان ئېردى.

— مۆجىزى.

يېگانەئى زەمانە — دەۋر يېگانىسى، زاماننىڭ يەككە - يېگانىسى.

يېگانەئى مۇفلىس — مەشھۇر، تەڭداشسىز.

يىگىرمى [ييكيرمى] يىگىرمە (سان).

يىلان [ييلان] يىلان:

قۇش بالاسى ئاشيان ئۆزرە يىلان كۆرگەچ كەبى،
خاتىرى شەيداۋۇ زۇلفى تابىدىن غەۋغانى كۆر.

— گەرشى.

يىلان مۇھرە — نەشتەر، يىلاننىڭ زەھەرلىك نەشتىرى.

يىلەك [ييلاك] يەڭسىز، نېپىز ئۈست كىيىم، نىمچە:

كۆڭلەك ئورنىغە يىلەك كىيدىڭ ھەمانا، ئەي قۇياش،
كىم يادى بەيزاغە مانەند بولماغاي ھەر سارى يەڭ.

— نەۋايى.

يىلچىلەي [ييلجى لاى] يىللارچە:

ئايۇ يىل دىۋانەيۇ مەست ئولماغىڭدىن تويمادىڭ،
يىلچىلەي ئول ئاي بارۇر، بىر لەھزە ئايىل، ئەي كۆڭۈل.

— نەۋايى.

يىلدام [ييلدام] تېز، ئىلدام، چاپسان، دەرھال:

ئالىپ باردى يىلدام قولۇمدىن تۇتۇپ،
بىسى ياخشى سۆزلەپ كۆڭۈل ئاۋۇتۇپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

يىلىك [ييليك] يىلىك (سۆڭەك يىلىكى).

يىمرۇلماق [ييمرولماق] كولانماق؛ يىمىرىلمەك، يىمىرىلىپ چۈشمەك.

يىمۇرماق [ييمورماق] يىمىرماق، كولىماق، ئاغدۇرماق، يىقىتماق.

يىيىنماق [ييينماق] يىغماق، توپلانماق.